بسم الله الرّحمن الرّحیم

# التفسير الميسر

إعداد نخبة من العلماء

قام بترجمته إلى اللغة الأويغورية: محمد يوسف محمد تورسون

جمعية علماء تركستان الشرقية

# تەپسىرى مۇيەسسەر

بىر گۇرۇپپا ئۆلىمالار تەييارلىغان

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد يۈسۈپ

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى

# تەپسىرى مۇيەسسەر | التفسير الميسر

بىر گۇرۇپپا ئۆلىمالار تەييارلىغان | إعداد نخبة من العلماء

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن
قام بترجمته إلى اللغة الأويغورية: محمد يوسف محمد تورسون

تەھرىرلىگۈچىلەر: ئابدۇرېھىم دۆلەت، ئەبۇ بەكرى قارىھاجىم

كوررېكتورى: ئا. ئاقھۇن

ئىككىنچى نەشرى | الطبعة الثانية

2023 ـ يىلى فېۋرال، ئىستانبۇل

ISBN: 978-625-00-1136-2

پالۋان مەرىپەت فوندىنىڭ ماددىي ياردىمى بىلەن بېسىلدى

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشر قىلدى

ئىستانبۇل ـ تۈركىيە

# مۇندەرىجە


تەرجىمە قىلغۇچىدىن 0003
كىرىش 0013
فاتىھە سۈرىسى 0015
بەقەرە سۈرىسى 0017
ئال ئىمران سۈرىسى 0088
نىسا سۈرىسى 0129
مائىدە سۈرىسى 0168
ئەنئام سۈرىسى 0198
ئەئراف سۈرىسى 0233
ئەنفال سۈرىسى 0273
تەۋبە سۈرىسى 0288
يۇنۇس سۈرىسى 0316
ھۇد سۈرىسى 0337
يۇسۇف سۈرىسى 0359
رەئد سۈرىسى 0379
ئىبراھىم سۈرىسى 0389
ھىجر سۈرىسى 0399
نەھل سۈرىسى 0409
ئىسرا سۈرىسى 0432
كەھف سۈرىسى 0451
مەريەم سۈرىسى 0469
تاھا سۈرىسى 0481
ئەنبىيا سۈرىسى 0498
ھەج سۈرىسى 0514
مۇئمىنۇن سۈرىسى 0529
نۇر سۈرىسى 0544
فۇرقان سۈرىسى 0558
شۇئەرا سۈرىسى 0569
نەمل سۈرىسى 0588
قەسەس سۈرىسى 0602
ئەنكەبۇت سۈرىسى 0618
رۇم سۈرىسى 0631
لۇقمان سۈرىسى 0642
سەجدە سۈرىسى 0649
ئەھزاب سۈرىسى 0655
سەبەئ سۈرىسى 0670
فاتىرسۈرىسى 0681
ياسىن سۈرىسى 0690
سافقات سۈرىسى 0701
ساد سۈرىسى 0716
زۇمەر سۈرىسى 0726
غافىر سۈرىسى 0741
فۇسسىلەت سۈرىسى 0756
شۇرا سۈرىسى 0766
زۇخرۇف سۈرىسى 0776
دۇخان سۈرىسى 0789
جاسىيە سۈرىسى 0795
ئەھقاف سۈرىسى 0802
مۇھەممەد سۈرىسى 0809
فەتھ سۈرىسى 0816
ھۇجۇرات سۈرىسى 0823
قاف سۈرىسى 0828
زارىيات سۈرىسى 0834
تۇر سۈرىسى 0840

نەجم سۈرىسى ..... 0845
قەمەر سۈرىسى ..... 0850
رەھمان سۈرىسى ..... 0856
ۋاقىئە سۈرىسى ..... 0862
ھەدىد سۈرىسى ..... 0868
مۇجادەلە سۈرىسى ..... 0875
ھەشر سۈرىسى ..... 0881
مۇمتەھىنە سۈرىسى ..... 0887
سەف سۈرىسى ..... 0891
جۇمۇئە سۈرىسى ..... 0894
مۇنافىقۇن سۈرىسى ..... 0897
تەغابۇن سۈرىسى ..... 0900
تالاق سۈرىسى ..... 0904
تەھرىم سۈرىسى ..... 0907
مۇلك سۈرىسى ..... 0911
قەلەم سۈرىسى ..... 0916
ھاققە سۈرىسى ..... 0921
مەئارىج سۈرىسى ..... 0925
نۇھ سۈرىسى ..... 0928
جىن سۈرىسى ..... 0931
مۇززەممىل سۈرىسى ..... 0935
مۇددەسسىر سۈرىسى ..... 0938
قىيامەت سۈرىسى ..... 0942
ئىنسان سۈرىسى ..... 0945
مۇرسەلات سۈرىسى ..... 0949
نەبەئ سۈرىسى ..... 0953
نازىئات سۈرىسى ..... 0956
ئەبەسە سۈرىسى ..... 0959
تەكۋىر سۈرىسى ..... 0961
ئىنفىتار سۈرىسى ..... 0963
مۇتەففىفىن سۈرىسى ..... 0965
ئىنشىقاق سۈرىسى ..... 0968
بۇرۇج سۈرىسى ..... 0970
تارىق سۈرىسى ..... 0972
ئەئلا سۈرىسى ..... 0974
غاشىيە سۈرىسى ..... 0976
فەجر سۈرىسى ..... 0978
بەلەد سۈرىسى ..... 0980
شەمس سۈرىسى ..... 0982
لەيل سۈرىسى ..... 0983
دۇھا سۈرىسى ..... 0985
شەرھ سۈرىسى ..... 0986
تىين سۈرىسى ..... 0987
ئەلەق سۈرىسى ..... 0988
قەدر سۈرىسى ..... 0990
بەييىنە سۈرىسى ..... 0991
زەلزەلە سۈرىسى ..... 0993
ئادىيات سۈرىسى ..... 0994
قارىئە سۈرىسى ..... 0995
تەكاسۇر سۈرىسى ..... 0996
ئەسر سۈرىسى ..... 0997
ھۇمەزە سۈرىسى ..... 0998
فىل سۈرىسى ..... 0999
قۇرەيش سۈرىسى ..... 1000
مائۇن سۈرىسى ..... 1001
كەۋسەر سۈرىسى ..... 1002
كافىرۇن سۈرىسى ..... 1003
نەسر سۈرىسى ..... 1004
مەسەد سۈرىسى ..... 1005
ئىخلاس سۈرىسى ..... 1006
فەلەق سۈرىسى ..... 1007
ناس سۈرىسى ..... 1008
«قۇرئان كەرىم» ھەققىدە ..... 1009
تەرجىمە قىلغۇچى ھەققىدە ..... 1016

# تەرجىمە قىلغۇچىدىن

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ئەڭ گۈزەل ماختاشلار ۋە ئەڭ مۇكەممەل مەدھىيەلەر خالىس ئىبادەت قىلىنىشقا تامامەن ھەقلىق بولغان، بارچە ئالەملەرنىڭ رەببى — ياراتقۇچىسى، ئىگىسى ۋە پەرۋىشكارى، ھەق دىنىنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە ئاتىغان ئەڭ كاتتا نېمىتىنى تاماملىغان ۋە «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت مەڭگۈ ئۆچمەس ھىدايەت مەشئىلىنى نازىل قىلىپ دىللارنى نۇرلاندۇرغان ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالاغا جىمى مەۋجۇداتنىڭ سانىچە ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، ئۇنى چىن يۈرىكىمدىن سۆيىمەن ۋە مەدھىيەلەيمەن. ئىنسانىيەتكە ھەق دىنىنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىمان، ھىدايەت ۋە ئىلىم -مەرىپەتنىڭ نۇرىغا يېتەكلىگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد، دۇئا ۋە سالام يوللايمەن، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان مۆئمىنلەرگە، شۇنداقلا تا قىيامەتكىچە ئۇنىڭ يولىدا ماڭىدىغان مۆئمىن قېرىنداشلىرىمغا جانابى ئاللاھ تائالادىن رەھمەت ۋە مەغپىرەت تىلەيمەن.

دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىم ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەيمەن، گۇناھلىرىم ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىستىغپار ئېيتىمەن، ئۇنىڭغا سىغىنىپ نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن، ئەمەللىرىمنىڭ ناچارلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ، ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلمىغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقلۇقىغا، ئۇنىڭ ھېچبىر شېرىكى يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ۋە ھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە چىن قەلبىمدىن گۇۋاھلىق بېرىمەن.

شەكسىزكى، ئەڭ ھەق كىتاب ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولغان قۇرئان كەرىمدۇر. قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان مەڭگۈلۈك مۆجىزىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ دەستۇرى ۋە ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەنبەسى. قۇرئان كەرىم پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن جىبرىل ئىسىملىك پەرىشتە ۋەھيى يولى بىلەن ئېلىپ كەلگەن ساماۋى كىتابتۇر. ئۇ ئىككى ئالەملىك بەخت - سائادەتنىڭ كېپىلى ۋە كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ مەنبەسىدۇر. قۇرئان كەرىم شۇنداق كىتابكى، ئۇنىڭ لەۋزىنى ئوقۇش بىلەن ئىبادەت قىلغىلى، مەزمۇنىغا ئەمەل قىلىش بىلەن توغرا يول تاپقىلى ۋە ئىككى ئالەملىك بەخت - سائادەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ، ئۇنى ئوقۇش بىلەن كۆڭۈللەر ھۇزۇر - ھالاۋەت ھېس قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئاجايىباتلىرى تۈگەپ قالمايدۇ، دىللارغا بېرىدىغان تەسىرى توختاپ قالمايدۇ، ئىنسانىيەت ئۇزۇن يىللىق تارىخى جەريانىدا دىللارغا تەسىر قىلىشتا قۇرئان كەرىمگە ئوخشايدىغان ياكى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىدىغان بىرەر كىتابنى كۆرۈپ باقمىدى. ئاللاھ تائالا بۇ كىتابنى پەيغەمبەرلەرنىڭ

ئەڭ ئاخىرقىسى ۋە جىمى ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە چۈشۈردى.

قۇرئان كەرىم مىلادىيەنىڭ 610 ـ يىلى مەككىدىكى ھىرا غارىدا ئەڭ دەسلەپكى ۋەھيى بىلەن نازىل بولۇشقا باشلىغان. بۇ رامىزان ئېيىنىڭ 17 ـ كۈنى بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تولۇق 40 ياشتا ئىدى. ﴿شَهۡرُ رَمَضَانَ ٱلَّذِيٓ أُنزِلَ فِيهِ ٱلۡقُرۡءَانُ هُدٗى لِّلنَّاسِ وَبَيِّنَٰتٖ مِّنَ ٱلۡهُدَىٰ وَٱلۡفُرۡقَانِۚ﴾ يەنى«رامىزان ئېيى ئىنسانلارغا يېتەكچى، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى روشەن (ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىغان ئايدۇر»[1].

قۇرئان كەرىمدىن تۇنجى قېتىم نازىل بولغان ئايەتلەر ئەلەق سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى مۇشۇ بەش ئايەتتۇر: ﴿ٱقۡرَأۡ بِٱسۡمِ رَبِّكَ ٱلَّذِي خَلَقَ ١ خَلَقَ ٱلۡإِنسَٰنَ مِنۡ عَلَقٍ ٢ ٱقۡرَأۡ وَرَبُّكَ ٱلۡأَكۡرَمُ ٣ ٱلَّذِي عَلَّمَ بِٱلۡقَلَمِ ٤ عَلَّمَ ٱلۡإِنسَٰنَ مَا لَمۡ يَعۡلَمۡ﴾ يەنى «ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى ئەلەقتىن[2] ياراتتى. سەن ئوقۇغىن. رەببىڭ ئىنسانغا قەلەم بىلەن يېزىشنى ئۆگەتكەن، بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرگەن ئەڭ كەرەملىك زاتتۇر»[3].

قۇرئان كەرىم ۋەزىيەت ۋە شارائىتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئاز ـ ئازدىن نازىل بولۇپ، جەمئىي 23 يىلدا تولۇق نازىل بولۇپ بولغان. ﴿وَقُرۡءَانٗا فَرَقۡنَٰهُ لِتَقۡرَأَهُۥ عَلَى ٱلنَّاسِ عَلَىٰ مُكۡثٖ وَنَزَّلۡنَٰهُ تَنزِيلٗا﴾ يەنى «قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە ـ دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ نازىل قىلدۇق، ئۇنى تەدرىجىي نازىل قىلدۇق»[4].

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىم ئارقىلىق ئىنسانىيەتنى قۇللۇقنىڭ زۇلمەتلىرىدىن ئازاد قىلىپ ئىمان، تەۋھىد ۋە ئىلىمنىڭ نۇرىغا چىقاردى. ﴿يَهۡدِي بِهِ ٱللَّهُ مَنِ ٱتَّبَعَ رِضۡوَٰنَهُۥ سُبُلَ ٱلسَّلَٰمِ وَيُخۡرِجُهُم مِّنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِ بِإِذۡنِهِۦ وَيَهۡدِيهِمۡ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ﴾ يەنى «ئاللاھ شۇ كىتاب ئارقىلىق رازىلىقىنى ئىزدىگەنلەرنى نىجاتلىق يوللىرىغا يېتەكلەيدۇ، ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقلىرىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ»[5].

قۇرئان كەرىم ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆلچەيدىغان تارازىدۇر. ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ ھىدايىتىگە ئەگىشىپ، ئۇنى ھاياتلىقنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە تەتبىقلىغان، دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىنى ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن قىلغان مۇددەت بويىچە تىنچ، ئامانلىق، بەخت ـ سائادەت ئىچىدە كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك بولۇپ ياشايدۇ. ئۇلار ئەمەلىيەتتە شۇنداق ياشىغان. ئۇلار قۇرئان كەرىمدىن يىراقلاشقان، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ھاياتلىق ساھەلىرىدە تەتبىقلاشتىن ئاجىزلاشقانسېرى خارلىق، زەبۇنلۇق، ئاجىزلىق، پارچىلىنىش ۋە باشقىلارغا بېقىندى بولۇپ قېلىش قاتارلىق مۇسىبەتلەرگە ئۇچرايدۇ ۋە ئۇچرىماقتا. ئاللاھ

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 185 ـ ئايەت.

[2] ئەلەق — تۆرەلمە بولۇشقا تاللىنىپ، بالياتقۇ تېمىغا ئېسىلىپ قالغان ئۇرۇق.

[3] ئەلەق سۈرىسى: 1 ـ 5 ـ ئايەتلەر.

[4] ئىسرا سۈرىسى106 ـ ئايەت.

[5] مائىدە سۈرىسى: 16 ـ ئايەت.

تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان كەرىم توغرۇلۇق ﴿وَإِنَّهُۥ لَذِكۡرٞ لَّكَ وَلِقَوۡمِكَۖ﴾ يەنى «شەكسىزكى، بۇ (قۇرئان) ساڭا ۋە قەۋمىڭگە ئەلۋەتتە كاتتا شەرەپتۇر»[1] دېگەن. قۇرئان كەرىمنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان ئەرەبلەرنىڭ تىلىدا نازىل بولغانلىقى ئۇلارغا ئەلۋەتتە كاتتا شەرەپ ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ قۇرئان كەرىمگە ئەمەل قىلىشتا باشلامچى بولۇشى تەلەپ قىلىنغان. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبىرىڭلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: ‹ئاللاھ بۇ كىتاب ئارقىلىق بەزى قەۋملەرنى ئەزىز قىلىدۇ ۋە بەزىلىرىنى خار قىلىدۇ› دېگەن»[2].

ئاللاھ تائالا بۇ كىتابنى ساقلاشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ﴿إِنَّا نَحۡنُ نَزَّلۡنَا ٱلذِّكۡرَ وَإِنَّا لَهُۥ لَحَٰفِظُونَ﴾ يەنى «قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆزىمىز قوغدايمىز»[3]. ﴿لَّا يَأۡتِيهِ ٱلۡبَٰطِلُ مِنۢ بَيۡنِ يَدَيۡهِ وَلَا مِنۡ خَلۡفِهِۦۖ تَنزِيلٞ مِّنۡ حَكِيمٍ حَمِيدٖ﴾ يەنى «ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقانداق تەرەپتىن) باتىل (ساختىلىق) يۈزلەنمەيدۇ. ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيەگە لايىق ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر»[4]. قۇرئان كەرىم يادقا ئېلىش ۋە يېزىپ قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى يول بىلەن ساقلىنىپ كەلگەن. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاز - ئازدىن نازىل بولۇپ تۇرغان قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا ساھابىلىرىگە يادقا ئالدۇرۇش ۋە تېرىلەرگە، خورما ياغاچلىرىغا يازدۇرۇش ئارقىلىق ساقلاپ، ئىسلام ئۈممىتىگە ئۆز پېتى سالامەت يەتكۈزگەن. بۇ كىتاب ھازىرمۇ قارىيلارنىڭ دىلىدا ۋە قۇرئان كەرىم نۇسخىلىرىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

قۇرئان كەرىم كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلغان، ۋە - نەسىھەتلىرىدىن ئىبرەت ئالغان، ھالال - ھارام ھەققىدىكى بەلگىلىمىلىرىدىن چەتنەپ كەتمىگەن ھەربىر مۇسۇلماننى ئىككىلا ئالەمنىڭ خارلىقىدىن ساقلاشقا كېپىلدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ كىتابنىڭ لەۋزىنى ئوقۇش ۋە يادلاش ئۈچۈن ئوڭاي قىلىپ بەرگەندەك، مەنىسىنىمۇ چۈشىنىش ۋە بىلىش ئۈچۈن ئوڭاي قىلىپ بەرگەن.

﴿وَلَقَدۡ يَسَّرۡنَا ٱلۡقُرۡءَانَ لِلذِّكۡرِ فَهَلۡ مِن مُّدَّكِرٖ﴾ يەنى «ھەقىقەتەن بىز بۇ قۇرئاننى ئوقۇش ۋە يادلاش ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، (ئۇنىڭدىن) ۋەز - نەسىھەت ئالغۇچى بارمۇ؟»[5].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە قۇرئان كەرىمنىڭ لەۋزىنى ئۆگەتكەندەك، مەنىسىنىمۇ بايان قىلىپ بەرگەن. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا: ﴿وَأَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلذِّكۡرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيۡهِمۡ وَلَعَلَّهُمۡ يَتَفَكَّرُونَ﴾ يەنى «(ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن (ئەھكاملار)نى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (قۇرئان

---

[1] زۇخرۇف سۈرىسى:44- ئايەت.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى، 817- ھەدىس.

[3] ھىجر سۈرىسى: 9- ئايەت.

[4] فۇسسىلەت سۈرىسى: 42- ئايەت.

[5] قەمەر سۈرىسى:17- ئايەت.

ئۇستىدە) تەپەككۇر قىلسۇن، دەپ نازىل قىلدۇق»[1] دەپ ئەمر قىلغان. ساھابىلەر قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن چۈشەنمىگەن يەرلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ ئۆگىنەتتى. ساھابىلەرنىڭ زامانىدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قولىدا يېتىشكەن تابىئىن[2] ئۆلىمالىرى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئۆز زامانىسىدىكى كىشىلەرگە قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن چۈشەنمىگەن يەرلىرىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن.

تەپسىر — قۇرئان كەرىمنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، ئەھكاملىرىنى ۋە ھېكمەتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان ئىلىم دېمەكتۇر[3]. قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن باشلانغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنجى مۇپەسسىر ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن زامانىمىزغا قەدەر بۇ ئىش داۋاملىشىپ كەلمەكتە. تەپسىر بىر قانچە باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن.

تەپسىر ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچىسى، رىۋايەت تەپسىرى (التفسير بالمأثور)، ئىككىنچىسى، رەيى تەپسىرى (التفسير بالرأي) دىن ئىبارەتتۇر.

رىۋايەت تەپسىرى — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يېتىپ كەلگەن تەپسىرگە ياكى ساھابىلەردىن رىۋايەت قىلىنىپ كەلگەن تەپسىرگە ئاساسلىنىپ قىلىنغان تەپسىر دېگەنلىكتۇر. رىۋايەت تەپسىرى بارلىق تەپسىر تۈرلىرىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ئەڭ ئىشەنچلىكى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇنداق تەپسىردە مۇپەسسىر ئاللاھ تائالانىڭ كالامىنى ئاللاھ تائالانىڭ كالامى بىلەن ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەپسىر قىلغىنى بويىچە تەپسىر قىلغان بولىدۇ. ساھابىلەرنىڭ تەپسىرىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەپسىر قىلغىنىغا ئاساسلانغانلىقتىن، ساھابىلەرنىڭ تەپسىرى بويىچە تەپسىر قىلغانلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەپسىرى بويىچە تەپسىر قىلغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

رىۋايەت تەپسىرلىرىنىڭ مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. تەپسىرى تەبەرىي (جامع البيان في تفسير القرآن).
2. تەپسىرى سەمەرقەندى (بحر العلوم).
3. تەپسىرى بەغەۋىي (معالم التنزيل).
4. تەپسىر سۇئەلەبىي (الكشف والبيان عن تفسير القرآن).
5. تەپسىرى ئىبنى ئەتىيە (المحرر الوجيز في تفسير الكتاب العزيز).
6. تەپسىرى سۇيۇتىي (الدر المنثور في التفسير بالمأثور).
7. تەپسىرى ئىبنى كەسىر (تفسير القرآن العظيم).
8. تەپسىرى سەئلەبىي (الجواهر الحسان في تفسير القرآن).
9. تەپسىرى شەۋكانىي(فتح القدير).
10. تەپسىرى شىنقىتىي(أضواء البيان في إيضاح القرآن).

---

[1] نەھل سۈرىسى:44- ئايەت.

[2] تابىئىنلار — مۇسۇلمان ھالىتىدە ساھابىلەر بىلەن كۆرۈشكەن ۋە مۇسۇلمان ھالىتىدە ۋاپات بولغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

[3] ئەللامە زەركەشىنىڭ «البرهان فی علوم القرآن» ناملىق ئەسىرى 1- توم، 13- بەت.

رەيى تەپسىرى — قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەقلىي كۈچى (ئىجتىھاد) بىلەن تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ خىل تەپسىر ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ، بىرى، ئىسلام ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن بىردەك قوبۇل قىلىنغان تەپسىر، يەنە بىرى، قوبۇل قىلىنمىغان تەپسىردۇر.

قوبۇل قىلىنغان تەپسىرى — قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە تايانغان تەپسىر بولۇپ، مۇپەسسىرنىڭ ئەرەب تىلىنى پىششىق بىلىدىغان، ئەرەب تىلىنىڭ قائىدە-ئۇسلۇبلىرىنى، شەرىئەت پرىنسىپلىرى ۋە ئەھكاملىرىنى پىششىق بىلىدىغان بولۇشى شەرتتۇر. مۇپەسسىر بۇ يەردە ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بارچە ئەقلىي ۋە ئىلمىي كۈچىنى سەرپ قىلىدۇ، ئەرەب تىلىدىكى ۋە شەرىئەت ئىلىملىرىدىكى ماھارىتىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

قوبۇل قىلىنمىغان رەيى تەپسىر — قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى ھېچقانداق دىنىي نەقىلنى ئاساس قىلماي، ئۆز ئەقلىگە ۋە خاھىشىغا تايىنىپ تەپسىر قىلىشتۇر. كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق تەپسىرنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىدۇ.

قوبۇل قىلىنغان رەيى تەپسىرلىرىنىڭ مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. تەپسىرى كەششاف (الكشاف).
2. تەپسىر رازىي (مفاتيح الغيب).
3. تەپسىرى خازىن (لباب التأويل في معاني التنزيل).
4. تەپسىر ئىبنى ھەيياں (البحر المحيط).
5. تەپسىرى بەيداۋىي (أنوار التنزيل وأسرار التأويل).
6. تەپسىرى جەلالەيىن (تفسير الجلالين).
7. تەپسىرى ئەبۇ سۇئۇد (إرشاد العقل السليم الى مزايا الكتاب الكريم).
8. تەپسىرى ئالۇسى (روح المعاني في تفسير القران العظيم والسبع المثاني).
9. تەپسىرى مەنار (تفسير المنار).
10. تەسىرى فى زىلالىل قۇرئان (في ظلال القرآن).
11. تەپسىرى ۋادىھ (التفسير الواضح).

## ◈ تەپسىر قىلىش ئۇسلۇبى

مۇپەسسىرلەر ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل ئۇسلۇبنى قوللانغان:

1. تەھلىل قىلىپ تەپسىر قىلىش (التفسير التحليلي).
2. ئومۇمىي مەنىسىنى تەپسىر قىلىش(التفسير الإجمالي).
3. سېلىشتۇرۇپ تەپسىر قىلىش (التفسير المقارن)
4. ماۋزۇلارغا بۆلۈپ تەپسىر قىلىش (التفسير الموضوعي).

**بىرىنچى: تەھلىل قىلىپ تەپسىر قىلىش**

تەھلىل قىلىپ تەپسىر قىلىشتا مۇپەسسىر ئايەتلەرنى «قۇرئان كەرىم»دىكى

تەرتىپى بويىچە تەپسىر قىلىپ، ئايەتتىكى ھەربىر كەلىمە، ھەربىر جۈملىنى گىراماتىكا، ئىستىلىستىكا تەرەپتىن ئىنچىكە تەتقىق قىلىدۇ، ھەربىر ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى، ئۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان شەرىئەت ھۆكمى ۋە ئومۇمىي مەنىسى قاتارلىق تەرەپلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. شەكسىزكى، مۇنداق تەپسىر قىلىش ئۇسلۇبى ئەڭ قەدىمىي ئۇسلۇب بولۇپ، تەپسىر يېزىش ئىشى باشلانغان دەسلەپكى چاغلاردا مۇشۇنداق تەپسىر قىلىناتتى.

بۇ خىلدىكى تەپسىرلەرنىڭ مەشھۇرلىرى:

1. تەپسىرى تەبەرىي (جامع البيان في تفسير القرآن).
2. تەپسىرى خازىن (لباب التأويل في معاني التنزيل).
3. تەپسىرى سەئلەبىي (الجواهر الحسان في تفسير القرآن).
4. تەپسىرى ۋاھىدىي (الوسيط في تفسير القان المجيد).
5. تەپسىرى بەغەۋىي (معالم التنزيل).
6. تەپسىرى ئىبنى ئەتىيە (المحرر الوجيز في تفسير الكتاب العزيز).
7. تەپسىرى شەۋكانىي (فتح القدير)..
8. تەپسىرى ئىبنى كەسىر (تفسير القرآن العظيم) قاتارلىقلاردۇر.

بۇ ئۇسۇلدىكى تەپسىرلەر بەزىسى ئىخچام ھەتتا بىر توملۇق، بەزىسى چوڭ ھەجىملىك ھەتتا ئوتتۇز توملۇق بولۇپ چىققان.

### ئىككىنچى: ئومۇمىي مەنىسىنى تەپسىر قىلىش

ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسىنى تەپسىر قىلىشتا مۇپەسسىر «قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرىنى بىر قانچە پارچىغا بۆلۈپ چىقىپ، ھەربىر پارچىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشلىك سۆزلەر بىلەن ئوچۇقلايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئومۇمىي تەپسىرىنى قىلىدۇ. بۇ خىلدىكى تەپسىرلەرنىڭ مەشھۇرلىرى:

1. تەپسىرى سەئدىي (تيسيركريم الرحمن في تفسير كلام المنان).
2. تەپسىرى ناسىرىي (التيسير في أحاديث التفسير).
3. تەپسىرى شەلتۇت (تفسير الأجزاء العشرة الأولى) قاتارلىقلاردۇر.

### ئۈچىنچى: سېلىشتۇرۇپ تەپسىر قىلىش

سېلىشتۇرۇپ تەپسىر قىلىشتا مۇپەسسىر بىر ياكى بىر قانچە ئايەتنى تەپسىر قىلىش ئۈچۈن، شۇ ماۋزۇدا كەلگەن ئايەتلەردىن، ھەدىسلەردىن، ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن، تابىئىن ئۆلىمالىرىنىڭ سۆزلىرىدىن ۋە مۇپەسسىرلەرنىڭ كۆز قاراشلىرىدىن ئىبارەت دەلىللەرنى توپلايدۇ. ئاندىن بۇ دەلىللەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ، كۆزقاراشلارنىڭ قايسى كۈچلۈك، قايسى ئاجىز ھەممىنى كۆرۈپ چىقىدۇ، ئاندىن دەلىلى ئەڭ كۈچلۈك بولغان كۆزقاراشنى تەرجىھ قىلىدۇ (كۈچلەندۈرىدۇ). بۇ خىل تەپسىر قىلىش ئۇسلۇبىنىڭ ساھەسى كەڭ ۋە تۈرلىرى كۆپ بولىدۇ.

بۇ خىل تەپسىردە ئايەت بىلەن ئايەتنى، ئايەت بىلەن ھەدىسنى سېلىشتۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق ئايەتتە مەقسەت قىلىنغان مەنىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ، ھەتتا بەزىدە ئايەت بىلەن «تەۋرات» تېكىستلىرىنى سېلىشتۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەۋزەللىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بەزىدە مۇپەسسىرلەرنىڭ بىرەر ئايەت ئۈستىدىكى بايانلىرىنى ۋە ھەربىرىنىڭ كەلتۈرگەن دەلىللىرىنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق دەلىلى ئەڭ كۈچلۈك بولغاننى كۈچلەندۈرىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا يېزىلغان تەپسىرلەرنىڭ ئەڭ تۇنجىسى تەپسىرى تەبەرىيدۇر.

بۇ خىل سېلىشتۇرۇش ئۇسلۇبىدا يېزىلغان ئەسەرلەرمۇ كۆپتۇر. دوكتور مۇررىس بۇكايىنىڭ «قۇرئان، تەۋرات، ئىنجىل ۋە ئىلىم» ناملىق ئەسىرى، ئىبراھىم خەلىلنىڭ «تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئاندا تەسۋىرلەنگەن مۇھەممەد» ناملىق ئەسىرى بۇنىڭ مىسالى.

**تۆتىنچى: ماۋزۇلارغا بۆلۈپ تەپسىر قىلىش**

بۇ ئۇسلۇبتا مۇپەسسىر ئايەتلەرنى «قۇرئان كەرىم»دىكى تەرتىپى بويىچە تەپسىر قىلماي، ئۆزى توختالماقچى بولغان ماۋزۇدا كەلگەن بارلىق ئايەتلەرنى توپلاپ چىقىپ، شۇ ئايەتلەرنى تەپسىر قىلىش ئارقىلىق بۇ ئايەتلەردىكى ئورتاق مەقسەتنى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بۇ خىل ئۇسلۇبتا تەپسىر قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن باشلانغان بولۇپ، زامانىمىزدىمۇ داۋاملاشماقتا. ئەمما (التفسير الموضوعي) دېگەن بۇ ئاتالغۇ ھىجرىيە ئون تۆتىنچى ئەسىردىن بېرى قوللىنىلىپ كەلمەكتە. بۇنداق تەپسىر قىلىشنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپ بولۇپ، قۇرئاننى قۇرئان بىلەن تەپسىر قىلىش، يەنى بىر ماۋزۇدا كەلگەن ئايەتلەرنى توپلاپ تەپسىر قىلىش، ئەھكام ئايەتلىرىنى تەپسىر قىلىش بۇنىڭ مىسالى.

بۇ خىلدىكى تەپسىرلەرنىڭ مەشھۇرلىرى:

1. ئەل ئەشباھ ۋە ۋەننەزائىر (الأشباه والنظائر في القرآن).
2. ئەل مۇفرەدات فىل قۇرئان (المفردات في القرآن).
3. ئەھكامۇل قۇرئان (أحكام القرآن).
4. تەئۋىل مۇشكىلىل قۇرئان (تأويل مُشكل القرآن).

## ◈ تەپسىرى مۇيەسسەر

«تەپسىرى مۇيەسسەر»دىن ئىبارەت بۇ شانلىق تەپسىرنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان:

«زامانىمىزدىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، تەپسىر پىرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن، سەلەف سالىھلارنىڭ يولىغا مۇۋاپىق، ئىشەنچ قىلغىلى بولىدىغان، ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى ۋە مەقسەت، غايىلىرىنى روشەن بايان قىلىپ بېرىدىغان، مەزمۇنلۇق، ئىخچام بىر تەپسىر ھازىرلاپ چىقىش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ قالغان ئىدى. مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدىكى ‹پادىشاھ فەھد قۇرئان نەشر قىلىش ئاكادېمىيەسى› بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىشقا مۇناسىپ، ئىبارىلىرى ئوڭاي، بايانلىرى راۋان بىر تەپسىر ھازىرلاپ چىقىشنى قارار قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر تەپسىرنىڭ سىناق نۇسخىسىنى تەييارلاپ چىقىشقا تەپسىر ئىلمىدە توشقان، بۇ ساھەدىكى مول ئەمگەكلىرى بىلەن تونۇلغان مەشھۇر ئۇستازلار تەكلىپ قىلىندى ۋە تۆۋەندىكى شەرتلەر قويۇلدى:

1. ئايەتلەرنى سەلەف سالىھلارنىڭ ئېتىقادىغا ئۇيغۇن، ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائە مەزھىپىدە تەپسىر قىلىش.

2. رىۋايەت تەپسىرلىرىنى باشقا تەپسىرلەرنىڭ ئالدىغا قويۇش.

3. رىۋايەت تەپسىرنى نەقىل كەلتۈرۈشتە توغرا دەپ قارالغانلىرى بىلەن كۇپايىلىنىش.

4. تەپسىر جەريانىدا قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ۋە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش.

5. تەپسىردە ئىشلەتكەن سۆزلەر ئاددىي ۋە ئىخچام بولۇشى ۋە تەپسىر جەريانىدا بەزى يات سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاش.

6. توختىلىۋاتقان ئايەتنىڭ مەنىسىنىلا تەپسىر قىلىش، مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىنى شۇ ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىشقا قالدۇرۇش.

7. ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىنى نەقىلگە ھاجەت بولماستىن ئۇدۇل بايان قىلىش، پەقەت زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندىلا شۇنىڭغا قاراپ ئىش كۆرۈش.

8. تەپسىرنىڭ ھەفسنىڭ ئاسىمدىن ئۆگەنگەن قىرائىتىگە مۇۋاپىق بولۇشى[1].

9. قىرائەت تۈرلىرى، گراماتىكا، مورفولوگىيە ۋە ئىستىلىستىكا دېگەندەك پەنلەرگە كىرمەسلىك.

10. ھەربىر ئايەتنى مۇستەقىل تەپسىر قىلىش، مەنىسى بىر - بىرىگە باغلىنىش بولغانلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تەپسىر قىلىش، ئايەتنىڭ لەۋزىنى زۆرۈر بولۇپ قالمىغان ئەھۋالدا تەكرارلىماسلىق ۋە ھەربىر ئايەتنىڭ نومۇرىنى شۇ ئايەتنىڭ بېشىغا قويۇش.

11. تەپسىر قۇرئان بەتلىرىنىڭ ئەتراپىغا سىغقۇدەك ئىخچام بولۇشى.

12. مۇيەسسىرلەرنىڭ بۇ تەپسىرنىڭ كۆپ تىللارغا تەرجىمە قىلىنىدىغانلىقىنى قەتئىي ئېسىدىن چىقارماسلىقى. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمىدە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىش قىيىن بولىدىغان سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىشى.

بۇ تەپسىرنى تەييارلاش ۋەزىپىسىنى ئۈز ئۈستىگە ئالغان مۇيەسسىر ئۇستازلار يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شەرتلەرگە تولۇق رىئايە قىلغان ھالدا ئىش كۆرۈپ بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ‹پادىشاھ فەھد قۇرئان نەشر قىلىش ئاكادېمىيەسى› دە تەشكىللەنگەن مەخسۇس كومىتېت تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ چىقىلدى. ئاندىن ‹سەئۇدى ئەرەبىستان دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىكى› گە قاراشلىق ئايرىم ئىككى كومىتېت تەرىپىدىن قاراپ چىقىلدى. ئاندىن بۇ تەپسىرنىڭ تۇنجى نۇسخىسى نەشر قىلىندى.

[1] ھەفس ئۇستازى ئاسىم ئىبنى ئەبۇ نەجۇد دېگەن كىشىدىن ئۆگەنگەن ۋە تالىپلىرىغا ئومۇملاشتۇرغان قىرائەت تۈرى بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىدا كەڭ ئومۇملاشقان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە توققۇز خىل قىرائەت تۈرى مەۋجۇت.

مەزكۇر تەپسىرنىڭ بىرىنچى نۇسخىسى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوڭايلىقى، ئىبارىلىرىنىڭ يەڭگىل ۋە چۈشىنىشلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىنى ئاشۇردى ۋە ھەركىم ئۇنىڭدىن بىرنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىشقا ئالدىرىدى. ئىنسانلار قىلغان ئىشلارنىڭ خاتالىقتىن خالىي ۋە مۇكەممەل بولۇشى مۇمكىن بولمىغانىدەك، بۇ تەپسىردىمۇ بەزى خاتالىقلار ۋە سەۋەنلىكلەر يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۇلار ئوقۇرمەنلەردىن كەلگەن باھا ۋە ئىنكاسلاردىن مەلۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەخسۇس تەكشۈرۈش كومىتېتى ئەزالىرى بۇ ئىنكاسلارنى بىر - بىرلەپ ئوقۇپ چىقىپ، كۆرۈلگەن خاتالىقلارنى ۋە غەلەتلەرنى ئەستايىدىل تۈزىتىپ چىقتى.

تەپسىرلەردە كۆپ ئىشلىتىلىپ كەلگەن «يا محمد!» (ئى مۇھەممەد!) دېگەن خىتاب ﴿يَا أَيُّهَا الرَّسُولُ﴾، ﴿يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ﴾ (ئى پەيغەمبەر!) دەپ ئۆزگەرتىلدى. پەقەت ئۇن بىر ئورۇندىلا ئۆز پېتى قالدۇرۇلدى. بۇ مۇشۇ ئۇن بىر ئورۇندىكى خىتابىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلارنىڭ تىلىدىن ھېكايە قىلىنغان خىتابلار بولغانلىقى سەۋەبتىن ئىدى»[1].

«تەپسىرى مۇيەسسەر» ناملىق بۇ تەپسىر زامانىمىزغا قەدەر يېتىپ كەلگەن ئىشەنچلىك تەپسىرلەردىن يۈزلەرچە تەپسىرنىڭ جەۋھەرلىرى تاللاپ ئېلىنغان ۋە تەپسىر ساھەسىدە ئالاھىدە تونۇلغان مۇپەسسىر ئۇستازلار تەرىپىدىن تەييارلانغان ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ ئىخچام ۋە ئەڭ چۈشىنىشلىك تەپسىر بولۇپ، بۇ تەپسىر «پادىشاھ فەھد قۇرئان نەشر قىلىش ئاكادېمىيەسى» تەرىپىدىن ئوتتۇزدىن كۆپرەك مىللەتنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ تارقىتىلغان بولسىمۇ، ھازىرغىچە ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى بارلىققا كەلمىگەن ئىدى. مەن ئۆزۈمدىن بېرى مۇشۇنداق ئىخچام ۋە مەزمۇنلۇق بىر تەپسىرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ئىنتىلىپ كەلگەن ئىدىم. ئاللاھ تائالانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بۇ تەپسىرنى ئۇچراتتىم ۋە مۇقەددىمىسىنى ئوقۇپ چىقىپلا بۇ تەپسىرنىڭ مەن ئىزدەۋاتقان تەپسىر ئىكەنلىكىنى بىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەپ تەرجىمە قىلىشقا باشلىدىم. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە تەرجىمىنى پۈتتۈرۈپ بولدۇم.

2020 ـ يىلىنىڭ بېشىدا بۇ تەپسىرنىڭ تۇنجى نەشرى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇنىڭغا خەلقىمىزنىڭ قىزىقىشى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بولدى. تەپسىر نەشردىن چىقىپ بىر ھەپتىگە بارمايلا تۈگەپ كەتتى، «مۇشۇ تەپسىردىن بىرەر نۇسخا كېرەك ئىدى» دېگەن تەلەپلەر ئارقا-ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ بۇ تەپسىرنى قايتا نەشر قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇق. ئىككىنچى نەشرىنى تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىپ تەييارلاش ئۈچۈن، قايتا كۆزدىن كەچۈرۈش مەقسىتى بىلەن قېرىندىشىم ئەبۇ بەكرى قارىھاجىمدىن بۇ تەپسىرنى ئەرەبچە نۇسخىسىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ چىقىشىنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ كىشى بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، تەپسىرنى كۆرۈپ چىقتى ۋە تۈزىتىشكە تېگىشلىك جايلارنى تۈزىتىپ بىزگە سۇندى. ئاندىن يەنە ئۆلىمالىرىمىزدىن بىر قانچە ئۇستازغا بىرەر نۇسخىدىن ئەۋەتىپ، تەرجىمىنى كۆرۈپ بېرىشىنى ئۆتۈندۇق. ئۇستازلار ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىش ئارقىلىق بەزى تەكلىپلەرنى ۋە

[1] مەزكۇر تەپسىرنىڭ مۇقەددىمىسىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

تۈزىتىشلەرنى بەردى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇستاز مۇھەممەدئىمىن بېشارەت تەپسىرنى باشتىن ئاخىر كۆرۈپ چىقىپ يەنە بەزى تۈزىتىشلەرنى ۋە تەكلىپلەرنى بەرگەن بولدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇقىرىقى ئۇستازلارغا، خۇسۇسەن، تەپسىرنى ئەرەبچىسىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ چىققان ئەبۇ بەكرى قارىھاجىمغا ۋە ئۇنى ئۇيغۇر تىلى نۇقتىسىدىن كۆرۈپ چىققان قېرىندىشىمىز ئابدۇرېھىم دۆلەتكە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، ھەممىمىزگە ئاللاھ تائالادىن ئەجىر- ساۋاب تىلەيمەن.

ئاللاھ تائالادىن خەلقىمىزنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشىنىپ، ئۇنىڭ يولىدا ئىزچىل ماڭىدىغان ۋە ئىككىلا ئالەملىك بەخت- سائادەتكە ئېرىشىدىغان كىشىلەردىن قىلىشىنى ۋە بۇ تەرجىمىنى خەلقىمىز ئۈچۈن مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن تىلەيمەن.

مۇھەممەد يۈسۈپ

1444- يىلى، سەپەر ئاينىڭ 19- كۈنى،

2022- يىلى، 15- سېنتەبىر، پەيشەنبە.

جىددە — سەئۇدى ئەرەبىستان.

# كىرىش

أَعُوذُ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ

ئاللاھ تائالا قۇرئان ئوقۇماقچى بولغان ھەربىر كىشىنى ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿فَإِذَا قَرَأْتَ ٱلْقُرْءَانَ فَٱسْتَعِذْ بِٱللَّهِ مِنَ ٱلشَّيْطَٰنِ ٱلرَّجِيمِ﴾ يەنى «سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتان(نىڭ ئازدۇرۇشى)دىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىگىن»[1]. چۈنكى قۇرئان كەرىم كىشىلەرگە ھىدايەت، دىللارغا شىپادۇر. شەيتان بولسا بارلىق يامانلىقنىڭ ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ سەۋەبىدۇر. شۇڭا، ئاللاھ تائالا قۇرئان ئوقۇماقچى بولغان ھەربىر كىشىنى ئۆزىگە سىغىنىپ، لەنىتى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن ۋە دىللارغا ۋەسۋەسە سېلىشىدىن پاناھ تىلەشكە بۇيرۇغان.

مۇپەسسىرلەر ﴿أَعُوذُ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ﴾ دېگەن كەلىمەنىڭ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ قاتارىدىن ئەمەسلىكىدە بىرلىككە كەلگەن. شۇڭا، بۇ كەلىمە قۇرئان كەرىمگە كىرگۈزۈلمىگەن.

﴿أَعُوذُ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ﴾ دېگەن كەلىمەنىڭ مەنىسى: ئىنسان ۋە جىنىدىن بولۇپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغان ھەرقانداق مۇتەكەببىر، ئاسىي ـ گۇناھكارنىڭ مېنى تائەت ـ ئىبادەتتىن ۋە قۇرئان ئوقۇشتىن ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھلىنىمەن ۋە قوغدىنىمەن، دېگەنلىكتۇر.

[1] نەھل سۈرىسى:98 ـ ئايەت.

# فاتىھە سۈرىسى

بۇ سۈرە قۇرئان كەرىمنىڭ باشلىنىشىدىكى سۈرە بولغانلىقى ئۈچۈن فاتىھە (ئاچقۇچى)، نامازنىڭ ھەربىر رەكئىتىدە تەكرار ئوقۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن مەسانى (تەكرارلانغۇچى) دەپ ئاتالغان. بۇ سۈرىنىڭ باشقا ئىسىملىرىمۇ بار.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴿١﴾

1 - مەن قۇرئان ئوقۇشنى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيمەن.
﴿اَللّٰهُ﴾ ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق بولغان ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھنىڭ خاس ئىسمى بولۇپ،
بۇ ئىسىم بىلەن ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم ئاتالمايدۇ. ﴿اَلرَّحْمٰنُ﴾، ﴿اَلرَّحِيْمُ﴾ ئاللاھ
تائالانىڭ ئىسىملىرىدىن بولۇپ، ھەر ئىككىسى «اَلرَّحْمَةُ» دېگەن ئىسىمدىن تۈرلىنىپ
چىققان. «اَلرَّحْمَةُ» ئاللاھ تائالادىن كېلىدىغان بارلىق ياخشىلىقلارنى ۋە نېمەتلەرنى
ئىپادىلەيدىغان سۆزدۇر. ﴿اَلرَّحْمٰنُ﴾ بۇ دۇنيادا جىمى مەخلۇقاتقا ناھايىتى رەھىم -
شەپقەت قىلغۇچى، ﴿اَلرَّحِيْمُ﴾ ئاخىرەتتە مۇئمىنلەرگىلا شەپقەت قىلغۇچىدۇر.

ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٢﴾

2 - بارلىق ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى، ئەڭ مۇكەممەل سۈپەتلەرنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق نېمەتلىرى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىمىز. بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى ئۆزىگە ھەمدۇسانا ئېيتىشقا بۇيرۇغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ھەمدۇساناغا تامامەن ھەقلىق بولغان يېگانە زات بولۇپ، ئۇ بارلىق مەخلۇقاتنىڭ ياراتقۇچىسى، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ۋە ئۇلارنى چەكسىز نېمەتلىرى بىلەن پەرۋىش قىلىپ تۇرغۇچى، دوستلىرىنى (يەنى ئىخلاسمەن بەندىلىرىنى) ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴿٣﴾

3 - ئاللاھ بارلىق مەخلۇقاتقا رەھىم - شەپقەت قىلغۇچىدۇر، (ئاخىرەتتە) مۇئمىنلەرگىلا رەھىم - شەپقەت قىلغۇچىدۇر.

مَٰلِكِ يَوۡمِ ٱلدِّينِ ﴿٤﴾

4 - ئاللاھ بەندىلەرنىڭ ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىگە مۇكاپات ۋە جازا بېرىلىدىغان قىيامەت كۈنىنىڭ يېگانە ئىگىسىدۇر. (مۇسۇلمان ئادەم ھەر كۈنى نامىزىدا بۇ ئايەتنى ئوقۇش ئارقىلىق ئاخىرەتنى ئەسكە ئالىدۇ. بۇ ئايەت ئۇنى ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىشقا ۋە يامان ئىشلارنى تاشلاشقا ئۈندەيدۇ).

إِيَّاكَ نَعۡبُدُ وَإِيَّاكَ نَسۡتَعِينُ ﴿٥﴾

5 - (ئى رەببىمىز!) بىز ساڭىلا ئىبادەت[1] قىلىمىز، بارلىق ئىشلىرىمىزدا پەقەت سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز. ھەممە ئىش سېنىڭ قولۇڭدىدۇر، ھېچكىم زەررىچىلىك ئىشقا ئىگە بولالمايدۇ. (بۇ ئايەتتىن مەلۇمكى، دۇئا، ياردەم تىلەش، قۇربانلىق قىلىش، كەئبىنى تاۋاپ قىلىش قاتارلىق ئىبادەتلەرنىڭ ھېچبىرىنى ئاللاھتىن باشقىسىغا قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. بۇ ئايەتتە ئاللاھنى قويۇپ مەخلۇقاتقا ئېتىقاد قىلىش، رىياكارلىق، تەكەببۇرلۇق قاتارلىق ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شىپالىق بار).

ٱهۡدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ ٦

6 - (ئى ئاللاھ!) بىزنى توغرا يولغا يېتەكلىگىن ۋە مۇۋەپپەق قىلغىن، بىزنى بۇ يولدا سەن بىلەن ئۇچرىشىدىغان كۈنگە قەدەر مۇستەھكەم قىلغىن. شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ۋە جەننىتىگە ئېلىپ بارىدىغان توغرا يول — پەقەتلا ئىسلام دىنىدۇر. بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلغان روشەن يولدۇر. بەندىنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئىسلامدا مۇستەھكەم تۇرۇشتىن باشقا يول يوقتۇر.

صِرَٰطَ ٱلَّذِينَ أَنۡعَمۡتَ عَلَيۡهِمۡ غَيۡرِ ٱلۡمَغۡضُوبِ عَلَيۡهِمۡ وَلَا ٱلضَّآلِّينَ ٧

7 - (ئى ئاللاھ!) بىزنى سەن ئىنئام قىلغان پەيغەمبەرلەرنىڭ، راستچىللارنىڭ، شېھىتلەرنىڭ ۋە ياخشىلارنىڭ يولىغا باشلىغىن. چۈنكى ئۇلار ھىدايەت ۋە ئىستىقامەت ئەھلىدۇر. (ئى ئاللاھ!) بىزنى يەھۇدىيلارغا ئوخشاش ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئەمەل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن غەزەپ قىلىنغانلارنىڭ ياكى خىرىستىيانلارغا ئوخشاش نادانلىقتىن ھىدايەت يولىغا كىرمىگەن ۋە توغرا يولدىن ئازغانلارنىڭ يولىدا قىلمىغىن. (بۇ دۇئا مۆئمىن ئادەمنىڭ قەلبىنى نادانلىق، ئازغۇنلۇق ۋە ئىنكارچىلىق ئىللەتلىرىدىن ساقلايدىغان شىپادۇر. بۇ دۇئا يەنە ئەڭ كاتتا نېمەتنىڭ ئىسلام نېمىتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ھەقىقەتنى ھەممىدىن ئوبدان تونۇغان، ئۇنىڭغا ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە ئەگەشكەن ئادەم توغرا يولدا ماڭغان ئادەمدۇر. شەكسىزكى، پەيغەمبەرلەردىن قالسا، ساھابىلەر توغرا يولنىڭ يېتەكچىلىرىدۇر. بۇ ئايەت ئۇلارنىڭ پەزىلىتىگە، يۇقىرى مەرتىۋىسىگە دالالەت قىلىدۇ).

نامازدا فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن «ئامىن» دېيىش مۇستەھەپتۇر. «ئامىن» (ئى ئاللاھ! دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغىن) دېگەنلىك بولۇپ، بۇنىڭ فاتىھە سۈرىسىنىڭ ئايەتلىرىدىن ئەمەسلىكىدە ئىسلام ئۆلىمالىرى بىرلىككە كەلگەن. شۇڭا، ئۇ قۇرئان كەرىمگە يېزىلمىغان.

[1] ئىبادەت - ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىپ، ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھايات كەچۈرۈش دېگەنلىكتۇر.

# بەقەرە سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

الٓمٓ ﴿١﴾

1 - ئەلىف، لام، مىيم (بەزى سۈرىلەرنىڭ بېشىدا كەلگەن بۇ ئۈزۈك ھەرپلەر قۇرئاننىڭ مۆجىزە
ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئەرەب مۇشرىكلىرى قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ
سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەنلىكتىن، ئۇلاردىن قۇرئان سۈرىلىرىگە ئوخشايدىغان بىر
سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىشى تەلەپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇلار بىرەر سۈرىنى ئەمەس،
ئون ئايەتنىمۇ مەيدانغا كەلتۈرەلمىگەن، يەنى ئەرەبلەر ئەدەبىيات ۋە شېئىرىيەتتە ئەڭ
يۇقىرى پەللىگە يەتكەن ۋە ئۇلارنىڭ تىلى مۇشۇ ھەرپلەردىن تەركىب تاپقان تۇرۇپ،
ئۇلارنىڭ قۇرئان سۈرىلىرىگە ئوخشايدىغان بىرەر سۈرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتىن ئاجىز
كەلگەنلىكى قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن).

ذَٰلِكَ ٱلۡكِتَٰبُ لَا رَيۡبَۛ فِيهِۛ هُدٗى لِّلۡمُتَّقِينَ ﴿٢﴾

2 - بۇ قۇرئان ئاللاھتىن كەلگەنلىكىدە قىلچە شەك بولمىغان ئۇلۇغ كىتابتۇر. شۇڭا بۇنىڭغا
ھېچكىمنىڭ شەك كەلتۈرۈشىگە ئورۇن يوق. چۈنكى ئۇنىڭ ھەق كىتاب ئىكەنلىكى
ناھايىتى ئېنىقتۇر. تەقۋادار كىشىلەر قۇرئاندىن ئىلىم - ھېكمەت ھاسىل قىلىدۇ ۋە
ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدۇ. ئۇلار ئاللاھتىن قورقىدىغان، ئۇنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا
ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەردۇر.

ٱلَّذِينَ يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡغَيۡبِ وَيُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَمِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ يُنفِقُونَ ﴿٣﴾

3 - ئۇلار سەزگۈ ئەزالىرى بىلەن بىلەلمەيدىغان ۋە ئەقلى بىلەن ئىدراك قىلالمايدىغان
غەيب مەسىلىلىرىگە ئىشىنىدۇ. چۈنكى غەيب ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ۋەھيى
قىلىشى ئارقىلىقلا بىلىنىدىغان ساھە بولۇپ، ئۇ پەرىشتە، جەننەت ۋە دوزاخ قاتارلىقلارغا
ئىمان كەلتۈرۈشكە ئوخشاش، ئاللاھ ياكى ئۇنىڭ پەيغەمبىرى خەۋەر بەرگەن ئىشلارنى
كۆرسىتىدۇ (ئىمان—ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە،
قىيامەت كۈنىگە، ياخشىلىق - يامانلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا چىن
ئىشىنىپ، تىل بىلەن ئىقرار قىلىش ۋە ئەمەل بىلەن نامايەن قىلىش دېگەنلىكتۇر).
تەقۋادار كىشىلەر غەيبكە ئىشىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نامازلىرىنى ئاللاھ پەيغەمبىرىگە
كۆرسەتكەن بويىچە ۋاقتىدا، مۇكەممەل ۋە دۇرۇس ئادا قىلىدىغان، بىز ئاتا قىلغان پۇل
- مالنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىدىغان، سەدىقە بېرىدىغان كىشىلەردۇر.

وَٱلَّذِينَ يُؤۡمِنُونَ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيۡكَ وَمَآ أُنزِلَ مِن قَبۡلِكَ وَبِٱلۡأٓخِرَةِ هُمۡ يُوقِنُونَ ﴿٤﴾

4 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلار ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئان بىلەن سۈننەتكە[1] ۋە سەندىن ئىلگىرىكى
پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان تەۋرات، ئىنجىل قاتارلىق ساماۋى كىتابلارغا، ئۆلگەندىن
كېيىنكى ھاياتقا، ئاخىرەتتىكى ھېساب، مۇكاپات ۋە جازا قاتارلىقلارغا قەتئىي ئىشىنىدىغان،
ئۆزىنىڭ ئىشەنگەنلىكىنى تىلى ۋە ئەمەللىرى ئارقىلىق ئىسپاتلاپ تۇرىدىغان كىشىلەردۇر.
(بۇ ئايەتتە ئاخىرەتكە ئىشىنىش ئالاھىدە بايان قىلىنغان. چۈنكى، ئاخىرەتكە ئىشىنىش
كىشىنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا، ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشقا ۋە ئۆزىدىن ئۆزى
ھېساب ئېلىپ تۇرۇشقا ئۈندەيدىغان ئەڭ كۈچلۈك تۈرتكىدۇر).

أُوْلَٰٓئِكَ عَلَىٰ هُدٗى مِّن رَّبِّهِمۡۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ٥

5 - يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان تەقۋادار كىشىلەر ئاللاھ ئاتا قىلغان ھىدايەت نۇرى
سايىسىدا، ئاللاھنىڭ توغرا يولىدا ماڭغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار ھەقىقەتەن مەقسەتكە
ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئۆزلىرى قاچقان نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن قۇتۇلغۇچىلاردۇر.

سَوَآءٌ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ سَوَآءٌ عَلَيۡهِمۡ ءَأَنذَرۡتَهُمۡ أَمۡ لَمۡ تُنذِرۡهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ٦

6 - ئى پەيغەمبەر! ساڭا رەببىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن
باش تارتىپ، ئۇنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرامسەن
ياكى ئاگاھلاندۇرمامسەن، ئۇلار ئۈچۈن بەربىردۇر. چۈنكى ئۇلار چوڭچىلىق قىلىپ ۋە
ھەددىدىن ئېشىپ، ئۆزلىرىنىڭ باتىل ئېتىقادىغا چىڭ ئېسىلىۋالغانلىقتىن، ھەرگىز
ئىمان ئېيتمايدۇ.

خَتَمَ ٱللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ وَعَلَىٰ سَمۡعِهِمۡۖ وَعَلَىٰٓ أَبۡصَٰرِهِمۡ غِشَٰوَةٞۖ وَلَهُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٞ ٧

7 - ئۇلار كۇفرىلىقى، تۇزكورلۇقى ۋە ھەقىقەت ئۆزلىرىگە ئېنىق بولغاندىن كېيىنمۇ ئازغۇنلۇقىدا
چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى سەۋەبلىك، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، قۇلاقلىرىنى پېچەتلىۋەتتى
ۋە كۆزلىرىنى پەردىلىۋەتتى. شۇڭا ئاللاھ ئۇلارنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلمىدى، ئۇلارغا
دوزاختا قاتتىق ئازاب بار.

وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَقُولُ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَبِٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَمَا هُم بِمُؤۡمِنِينَ ٨

8 - بەزى كىشىلەر مۆئمىنلەر بىلەن كاپىرلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قايسىسىغا تەۋە بولۇشىنى
بىلەلمەي، گاڭگىراپ يۈرىدىغان بولۇپ، ئۇلار دىلىدا ئىشەنمەي تۇرۇپ، ئېغىزىنىڭ
ئۇچىدا «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويىدىغان مۇناپىقلاردۇر.

يُخَٰدِعُونَ ٱللَّهَ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَمَا يَخۡدَعُونَ إِلَّآ أَنفُسَهُمۡ وَمَا يَشۡعُرُونَ ٩

9 - ئۇ مۇناپىقلار نادانلىقىدىن، ئاغزىدا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ، دىلىدا كۇفرىنى يوشۇرۇش
ئارقىلىق ئاللاھنى ۋە مۆئمىنلەرنى ئالدىيالايمىز دەپ ئويلايدۇ. ئەمما ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىلا
ئالدايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇ ئالدامچىلىقىنىڭ زىيىنى ئۆزلىرىگە بولىدۇ. ئۇلار ئىنتايىن
نادانلىقى ۋە ئىچكى دۇنياسىنىڭ بۇزۇقلۇقىدىن ئۆزىنى ئۆزى ئالداۋاتقانلىقىنى ھېس

[1] سۈننەت - پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى، ئىش - پائالىيەتلىرى، ئەمەل - ئىبادەتلىرى ۋە باشقىلاردىن سادىر بولغان ئىشلاردىن دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىرىنى مۇۋاپىق كۆرگەنلىرى دېگەنلىكتۇر. ھەدىس - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى بولۇپ، كۆپ سانلىق ئۆلىمالار سۈننەت بىلەن ھەدىسنى بىر مەنىدە ئىشلىتىدۇ. سۈننەت قۇرئاننىڭ ئەمەلدىكى تەتبىقاتىدۇر. سۈننەتمۇ ۋەھيى سانىلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ مەنىسى ئاللاھتىن، لەۋزى رەسۇلۇللاھتىن كەلگەن.

قىلمايدۇ.

فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٌ فَزَادَهُمُ ٱللَّهُ مَرَضًاۖ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمُۢ بِمَا كَانُواْ يَكْذِبُونَ ﴿١٠﴾

10 - ئۇلارنىڭ قەلبىدە شەك ۋە بۇزۇقلۇق بار. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئازابقا ئۇچرىتىدىغان شۇنداق قىلمىشلارغا مۇپتىلا بولغان بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى شەكنى تېخىمۇ زىيادە قىلىۋەتتى. ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ يالغانچىلىقى ۋە مۇناپىقلىقى تۈپەيلى تولىمۇ ئەلەملىك، تولىمۇ قاتتىق ئازاب بار.

وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ لَا تُفْسِدُواْ فِي ٱلْأَرْضِ قَالُوٓاْ إِنَّمَا نَحْنُ مُصْلِحُونَ ﴿١١﴾

11 - ئۇلارغا كۇفرى ۋە گۇناھ - مەئسىيەت بىلەن يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن، مۇئمىنلەرنىڭ سىرلىرىنى ئاشكارىلاپ قويۇشتىن (بۇ ئارقىلىق ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىشتىن) ۋە كاپىرلارنىڭ تەرەپدارى بولۇشتىن يېنىش ھەققىدە نەسىھەت قىلىنسا، ئۇلار يالغاندىن: «بىز پەقەتلا ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز» دېيىشىدۇ.

أَلَآ إِنَّهُمْ هُمُ ٱلْمُفْسِدُونَ وَلَٰكِن لَّا يَشْعُرُونَ ﴿١٢﴾

12 - ئۇلارنىڭ ئىسلاھ دەۋالغان نەرسىسى بۇزغۇنچىلىقنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقىدىن ۋە جاھىللىقىدىن بۇنى ھېس قىلمايدۇ.

وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ ءَامِنُواْ كَمَآ ءَامَنَ ٱلنَّاسُ قَالُوٓاْ أَنُؤْمِنُ كَمَآ ءَامَنَ ٱلسُّفَهَآءُۗ أَلَآ إِنَّهُمْ هُمُ ٱلسُّفَهَآءُ
وَلَٰكِن لَّا يَعْلَمُونَ ﴿١٣﴾

13 - ئۇ مۇناپىقلارغا: «سىلەرمۇ ساھابىلەردەك دىلىڭلار، تىلىڭلار ۋە ئەمەلىيىتىڭلار بىلەن ئىمان ئېيتىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار جېدەللىشىپ: «بىز ئاشۇ ئەخمەق كىشىلەر ئىمان ئېيتقاندەك ئىمان ئېيتامدۇق؟ ئۇ چاغدا بىزمۇ ئاشۇلارغا ئوخشاش ئەخمەق بولۇپ قالامدۇق؟» دەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ، ئەخمەقلەر دەل ئاشۇ مۇناپىقلارنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ چوڭقۇر ئازغۇنلۇق ۋە زىيان ئىچىدە ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بۇنى بىلمەيۋاتقانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

وَإِذَا لَقُواْ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ قَالُوٓاْ ءَامَنَّا وَإِذَا خَلَوْاْ إِلَىٰ شَيَٰطِينِهِمْ قَالُوٓاْ إِنَّا مَعَكُمْ إِنَّمَا نَحْنُ
مُسْتَهْزِءُونَ ﴿١٤﴾

14 - ئۇ مۇناپىقلار مۇئمىنلەر بىلەن ئۇچراشقان چاغلىرىدا: «بىزمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ، ئەمما ئۇلار مۇئمىنلەردىن ئايرىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان كاپىر كاتتىباشلىرىنىڭ يېنىغا بارغان چاغلىرىدا بولسا، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىنى ۋە كۇفرىدىن يانمىغانلىقىنى، پەقەتلا مۇئمىنلەرنى كۆزگە ئىلمىغانلىقتىن، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ شۇنداق دەپ قويغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ.

ٱللَّهُ يَسْتَهْزِئُ بِهِمْ وَيَمُدُّهُمْ فِي طُغْيَٰنِهِمْ يَعْمَهُونَ ﴿١٥﴾

15 - ئاللاھ ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ (يەنى ئۇلارغا مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلغانلىقىنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ). ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقتا تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىشى، تېخىمۇ گاڭگىرىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا مۆھلەت بېرىدۇ، مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلغانلىقىنىڭ جازاسىنى تېتىتىدۇ.

أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ ٱشْتَرَوُاْ ٱلضَّلَٰلَةَ بِٱلْهُدَىٰ فَمَا رَبِحَت تِّجَٰرَتُهُمْ وَمَا كَانُواْ مُهْتَدِينَ ﴿١٦﴾

16 ـ ئەنە ئاشۇ مۇناپىقلار زىيانلىق بىر تىجارەتكە ئۆزىنى ساتقان بولۇپ، ئىماننى بېرىپ، كۇفرىنى سېتىۋالدى ـ دە، نەتىجىدە، ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىدى، بەلكى ھىدايەتتىن مەھرۇم قالدى. مانا بۇ ئوپئوچۇق زىياندۇر.

مَثَلُهُمۡ كَمَثَلِ ٱلَّذِي ٱسۡتَوۡقَدَ نَارٗا فَلَمَّآ أَضَآءَتۡ مَا حَوۡلَهُۥ ذَهَبَ ٱللَّهُ بِنُورِهِمۡ وَتَرَكَهُمۡ فِي ظُلُمَٰتٖ لَّا يُبۡصِرُونَ ﴿١٧﴾

17 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن دىنغا دىلىدا ئەمەس، تىلىنىڭ ئۇچىدىلا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقىنى ئاشكارىلىغان، شۇنىڭ بىلەن ئازغۇنلۇق پاتقاقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرگەن ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇق ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمىغان مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالى قاراڭغۇ كېچىدە ئىسسىنىش ۋە ئەتراپىنى يورۇتۇش ئۈچۈن مەشئەل ياققان، مەشئەل ئەتراپىنى يورۇتقاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز ئۆچۈپ قېلىپ قاراڭغۇلۇقتا قالغان ۋە ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىگەنلىكتىن، يولنى تاپالماي گاڭگىراپ قالغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ.

صُمُّۢ بُكۡمٌ عُمۡيٞ فَهُمۡ لَا يَرۡجِعُونَ ﴿١٨﴾

18 ـ مۇناپىقلار ھەقىقەتنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاشتىن گاس، ھەقىقەتنى سۆزلەشتىن گاچا، ھىدايەتنىڭ نۇرىنى كۆرۈشتىن كوردۇر. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرى ۋاز كېچىپ كۇفرىغا تېگىشكەن ئىمانغا قايتالمايدۇ.

أَوۡ كَصَيِّبٖ مِّنَ ٱلسَّمَآءِ فِيهِ ظُلُمَٰتٞ وَرَعۡدٞ وَبَرۡقٞ يَجۡعَلُونَ أَصَٰبِعَهُمۡ فِيٓ ءَاذَانِهِم مِّنَ ٱلصَّوَٰعِقِ حَذَرَ ٱلۡمَوۡتِۚ وَٱللَّهُ مُحِيطُۢ بِٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿١٩﴾

19 ـ بۇ مۇناپىقلارنىڭ گاھ ھەقىقەتنى كۆرەلىگەن، گاھ ئۇنىڭدىن شەكلىنىپ قالغان ئەھۋالى خۇددى چۆلدە كېتىۋاتقاندا قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، ئۈستى ـ ئۈستىگە قاراڭغۇلۇق، گۈلدۈرماما ۋە چاقماق ئاستىدا قالغان، چاقماق ئاۋازىنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقۇپ كېتىپ قۇلاقلىرىنى قوللىرى بىلەن ئېتىۋالغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ كاپىرلارنى ھەر تەرەپتىن قورشاپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇلار ئاللاھتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ۋە ئاللاھقا غالىب كېلەلمەيدۇ.

يَكَادُ ٱلۡبَرۡقُ يَخۡطَفُ أَبۡصَٰرَهُمۡۖ كُلَّمَآ أَضَآءَ لَهُم مَّشَوۡاْ فِيهِ وَإِذَآ أَظۡلَمَ عَلَيۡهِمۡ قَامُواْۚ وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ لَذَهَبَ بِسَمۡعِهِمۡ وَأَبۡصَٰرِهِمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿٢٠﴾

20 ـ چاقماق قاتتىقلىقىدىن ئۇلارنىڭ كۆز نۇرىنى ئېلىپ كەتكىلى تاس قالدۇ. شۇنداقتىمۇ، ھەر قېتىم چاقماق چاققىنىدا، ئۇلار چاقماقنىڭ يورۇقىدا مېڭىۋالدۇ. چاقماق ئۆچۈپ ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باسقاندا بولسا ئۇلار ئۆز جايىدا تۇرۇپ قالدۇ. ئەگەر ئاللاھ ئۇلارغا مۆھلەت بەرمىسە ئىدى، ئۇلارنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش ئىقتىدارىنى يوق قىلىۋەتكەن بولاتتى. ئاللاھ شۇنداق قىلىشنى خالىسا ئەلۋەتتە قىلالايدۇ، چۈنكى، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱعۡبُدُواْ رَبَّكُمُ ٱلَّذِي خَلَقَكُمۡ وَٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَتَّقُونَ ﴿٢١﴾

21 ـ ئاللاھتىن بارلىق ئىنسانىيەتكە شۇنداق نىدا قىلىنىدۇكى، سىلەرنى تۈرلۈك نېمەتلىرى بىلەن پەرۋىش قىلىپ تۇرۇۋاتقان رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن قورقۇڭلار،

ئۇنىڭ دىنىدىن چەتنەشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدىغان ۋە ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولىدىغان تەقۋادار كىشىلەردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە ئاتا - بوۋىلىرىڭلارنى يوقتىن ياراتتى.

ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ ٱلْأَرْضَ فِرَٰشًا وَٱلسَّمَآءَ بِنَآءً وَأَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَخْرَجَ بِهِۦ مِنَ ٱلثَّمَرَٰتِ رِزْقًا لَّكُمْ ۖ فَلَا تَجْعَلُوا۟ لِلَّهِ أَندَادًا وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٢٢﴾

22 - سىلەرنىڭ رەببىڭلار تىرىكچىلىكىڭلارنىڭ قولاي بولۇشى ئۈچۈن سىلەرگە زېمىننى سېلىنچا قىلىپ بەرگەن، ئاسماننى تورۇس قىلىپ ياراتقان، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، زېمىندىن سىلەرگە تۈرلۈك مېۋىلەرنى، ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەرنى رىزىق قىلىپ چىقىرىپ بەرگەن زاتتۇر. شۇڭا، سىلەر ئاللاھنىڭ يېگانە ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى، ھەممىگە رىزىق بېرىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ۋە يالغۇز ئىبادەت قىلىنىشقا تامامەن ھەقلىق زات ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئىبادەتتە ئاللاھقا مەخلۇقاتنى شېرىك قىلىۋالماڭلار.

وَإِن كُنتُمْ فِى رَيْبٍ مِّمَّا نَزَّلْنَا عَلَىٰ عَبْدِنَا فَأْتُوا۟ بِسُورَةٍ مِّن مِّثْلِهِۦ وَٱدْعُوا۟ شُهَدَآءَكُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿٢٣﴾

23 - ئى كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان كاپىرلار! ئەگەر سىلەر بىز بەندىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان بۇ قۇرئانغا شەك كەلتۈرسەڭلار ۋە ئۇنى ئاللاھنىڭ سۆزى ئەمەس دەپ گۇمان قىلساڭلار، قۇرئاننىڭ سۈرىلىرىگە ئوخشايدىغان بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار، ئەگەر سىلەر بۇ دەۋايىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، سىلەرگە بۇ ئىشتا ياردەم قىلالايدىغان بارلىق ياردەمچىلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىپ ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىڭلار.

فَإِن لَّمْ تَفْعَلُوا۟ وَلَن تَفْعَلُوا۟ فَٱتَّقُوا۟ ٱلنَّارَ ٱلَّتِى وَقُودُهَا ٱلنَّاسُ وَٱلْحِجَارَةُ ۖ أُعِدَّتْ لِلْكَٰفِرِينَ ﴿٢٤﴾

24 - ئەگەر سىلەر ھازىر بىرەر سۈرە كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەن بولساڭلار، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئەلۋەتتە ئاجىز كېلىسىلەر، بۇنىڭدا قىلچە شەك يوق. ئۇنداقتا، سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىش ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق يېقىلغۇسى ئادەم ۋە تاشلاردىن بولغان دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىڭلار. دوزاخ ئوتى ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلاندى.

وَبَشِّرِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أَنَّ لَهُمْ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ ۖ كُلَّمَا رُزِقُوا۟ مِنْهَا مِن ثَمَرَةٍ رِّزْقًا ۙ قَالُوا۟ هَٰذَا ٱلَّذِى رُزِقْنَا مِن قَبْلُ ۖ وَأُتُوا۟ بِهِۦ مُتَشَٰبِهًا ۖ وَلَهُمْ فِيهَآ أَزْوَٰجٌ مُّطَهَّرَةٌ ۖ وَهُمْ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٢٥﴾

25 - ئى پەيغەمبەر! ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى شادلاندۇرىدىغان بىر ياخشىلىقتىن خەۋەر بەرگىنكى، ئاخىرەتتە ئۇلارغا ئالىي قەسىرلىرى ۋە قويۇق دەل - دەرەخلىرى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان ئاجايىپ گۈزەل باغلار بار. بۇ باغلارنىڭ دەرەخلىرى ئۇلارغا سايە تاشلاپ تۇرىدۇ، ئاللاھ جەننەت ئەھلىنى ھەر قېتىم ئەڭ لەززەتلىك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغاندا، ئۇلار: «ئاللاھ بىزنى بۇنىڭغا ئوخشايدىغان مېۋىلەر بىلەن ئىلگىرىمۇ رىزىقلاندۇرغان ئىدى» دەيدۇ. گەرچە بۇ مېۋىلەرنىڭ ئىسمى، رەڭگى ۋە شەكلى بىر - بىرىگە ئوخشاپ كەتسىمۇ، ئۇلار بۇ مېۋىلەرنى ھەر قېتىم تېتىغاندا، باشقىچە لەززەت، باشقىچە تەمدىن ھۇزۇر ئالىدۇ. ئۇلارغا جەننەتتە يەنە ھەيز ۋە نىپاسقا ئوخشاش جىسمانىي پاسكىنىچىلىقلاردىن،

يالغانچىلىق ئەخلاق سىزلىقتا ئوخشاش مەنىۋى ئىللەتلەردىن تامامەن خالىي بولغان پاك جۈپلەر بار. ئۇلار جەننەتتىن ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىدىن مەڭگۈلۈك بەھرىمەن بولىدۇ، ئۇلار جەننەتتە ئۆلمەيدۇ، ئۇنىڭدىن چىقىرىۋېتىلمەيدۇ.

۞ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَسۡتَحۡيِۦٓ أَن يَضۡرِبَ مَثَلٗا مَّا بَعُوضَةٗ فَمَا فَوۡقَهَاۚ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ فَيَعۡلَمُونَ أَنَّهُ ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّهِمۡۖ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَيَقُولُونَ مَاذَآ أَرَادَ ٱللَّهُ بِهَٰذَا مَثَلٗاۘ يُضِلُّ بِهِۦ كَثِيرٗا وَيَهۡدِي بِهِۦ كَثِيرٗاۚ وَمَا يُضِلُّ بِهِۦٓ إِلَّا ٱلۡفَٰسِقِينَ ﴿٢٦﴾

26 ـ ئاللاھ ھەقىقەتنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن، مەيلى پاشا ۋە چىۋىنغا ئوخشاش ئەڭ ئاددىي ۋە ئەڭ كىچىك نەرسە بولسۇن، ئۇنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ. ئاللاھ بۇ مىساللارنى بەزى كىشىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەرنىڭ نەقەدەر ئاجىز مەخلۇقات ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن كەلتۈرگەن بولۇپ، مۆئمىنلەر ئاللاھنىڭ مەيلى چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن، قانداقلا بىر نەرسىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشىدە، ئەلۋەتتە، بىر ھېكمەت بار ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئەمما كاپىرلار مەسخىرە قىلىپ: «ئاللاھ بۇنداق ئاددىي ھاشارەتلەرنى مىسال كەلتۈرۈپ نېمە قىلماقچىكىنا؟» دېيىشىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ، مۇنداق نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن مەقسەت سىناش، مۆئمىنلەرنى كاپىرلاردىن ئايرىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. شۇڭا، ئاللاھ بۇ مىسال ئارقىلىق ئۇنى مەسخىرە قىلغان نۇرغۇن كىشىلەرنى ھەقىقەتتىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ، يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىمانىنى، ھىدايىتىنى زىيادە قىلىدۇ ۋە كۈچەيتىدۇ. ئاللاھ ھېچكىمگە ئۇۋال قىلمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان ئادەملەرنىلا ھەقىقەتتىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

ٱلَّذِينَ يَنقُضُونَ عَهۡدَ ٱللَّهِ مِنۢ بَعۡدِ مِيثَٰقِهِۦ وَيَقۡطَعُونَ مَآ أَمَرَ ٱللَّهُ بِهِۦٓ أَن يُوصَلَ وَيُفۡسِدُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِۚ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡخَٰسِرُونَ ﴿٢٧﴾

27 ـ ئاللاھ ئۆزىنىڭ بىرلىكىگە ئېتىقاد قىلىش ۋە ئۆزىگە ئىتائەت قىلىش ھەققىدە ئەھدە ئالغان، ئاندىن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش، كىتابلارنى نازىل قىلىش ئارقىلىق بۇ ئەھدىنى تەكىتلىگەندىن كېيىن، ئەھدىنى بۇزىدىغان، تۇغقانچىلىقتا ئوخشاش ئاللاھ داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرۇغان ئىشلارنى ئۈزۈپ قويۇش ۋە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىش ئارقىلىق ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىدىغان ئادەملەرگە كەلسەك، ئەنە شۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

كَيۡفَ تَكۡفُرُونَ بِٱللَّهِ وَكُنتُمۡ أَمۡوَٰتٗا فَأَحۡيَٰكُمۡۖ ثُمَّ يُمِيتُكُمۡ ثُمَّ يُحۡيِيكُمۡ ثُمَّ إِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ ﴿٢٨﴾

28 ـ ئى مۇشرىكلار! سىلەر قانداقسىگە ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقلۇقىغا ئۆزۈڭلاردا كەسكىن دەلىل ـ ئىسپاتلار بار تۇرۇقلۇق، سىلەر قانداقمۇ ئىبادەتتە ئاللاھقا مەخلۇقاتنى شېرىك قىلىۋالىسىلەر؟ سىلەر ئەسلىدە يوق ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى يوقتىن يارىتىپ، سىلەرگە ھاياتلىق ئاتا قىلدى، ئاندىن يەنە ئەجىلىڭلار توشقان چاغدا جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن قىيامەت كۈنى سىلەرنى يەنە تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن سىلەر ئەمەللىڭلاردىن ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىرىلىسىلەر.

هُوَ ٱلَّذِي خَلَقَ لَكُم مَّا فِي ٱلۡأَرۡضِ جَمِيعٗا ثُمَّ ٱسۡتَوَىٰٓ إِلَى ٱلسَّمَآءِ فَسَوَّىٰهُنَّ سَبۡعَ سَمَٰوَٰتٖۚ وَهُوَ

بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٞ ﴿٢٩﴾

29 - ئاللاھ زېمىندا سىلەر پايدىلىنىۋاتقان نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى سىلەر ئۈچۈن ئۆزى يالغۇز ياراتقان، ئاندىن ئاسمانلارنى يارىتىشقا يۈزلىنىپ، ئۇنى نۇقسانسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ ياراتقان زاتتۇر. ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇنىڭ ئىلمى (بىلىشى) مەخلۇقاتىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

وَإِذۡ قَالَ رَبُّكَ لِلۡمَلَٰٓئِكَةِ إِنِّي جَاعِلٞ فِي ٱلۡأَرۡضِ خَلِيفَةٗۖ قَالُوٓاْ أَتَجۡعَلُ فِيهَا مَن يُفۡسِدُ فِيهَا وَيَسۡفِكُ ٱلدِّمَآءَ وَنَحۡنُ نُسَبِّحُ بِحَمۡدِكَ وَنُقَدِّسُ لَكَۖ قَالَ إِنِّيٓ أَعۡلَمُ مَا لَا تَعۡلَمُونَ ﴿٣٠﴾

30 - ئى پەيغەمبەر! كىشىلەرگە رەببىڭنىڭ ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە دېگەن سۆزىنى بايان قىلىپ بەرگىن. رەببىڭ: «مەن يەر يۈزىدە بىر - بىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ يەر يۈزىنى ئاۋات قىلىدىغان بىر قەۋمنى يارىتىمەن» دېگەندە، پەرىشتىلەر: «ئى رەببىمىز! سېنىڭ يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ناھەق قان تۆكىدىغان ئاشۇ قەۋمنى يارىتىشىڭنىڭ ھېكمىتى ۋە ھاجىتى نېمە؟ بۇنى بىزگە بىلدۈرگەن بولساڭكەن، چۈنكى بىز ئەمرىڭگە ئىتائەت قىلىمىز، سېنى ئۇلۇغلاپ، ساڭا تەسبىھ ئېيتىمىز، ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىمىز ۋە سېنى بارلىق ئېسىل سۈپەتلىرىڭ بىلەن مەدھىيەلەيمىز» دېدى. ئاللاھ ئۇلارغا: «مەن ئۇلارنى يارىتىشتا ھەقىقەتەن سىلەر بىلمىگەن ھېكمەتلەرنى بىلىمەن» دېدى.

وَعَلَّمَ ءَادَمَ ٱلۡأَسۡمَآءَ كُلَّهَا ثُمَّ عَرَضَهُمۡ عَلَى ٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ فَقَالَ أَنۢبِـُٔونِي بِأَسۡمَآءِ هَٰٓؤُلَآءِ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٣١﴾

31 - ئاللاھ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرىشتىلەردە بولمىغان ئارتۇقچىلىقىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆگەتتى، ئاندىن ئىسىملىرى ئاتالغان شەيئىلەرنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئۇلارغا: «سىلەر يەر يۈزىدە ئورۇنباسارلىق قىلىشتا بىز ئۇلاردىن ئەۋزەل دېگەن گۇمانىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، قېنى بۇ مەۋجۇداتلارنىڭ ئىسىملىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار» دېدى.

قَالُواْ سُبۡحَٰنَكَ لَا عِلۡمَ لَنَآ إِلَّا مَا عَلَّمۡتَنَآۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلۡعَلِيمُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٣٢﴾

32 - پەرىشتىلەر: «ئى رەببىمىز! سېنى بارچە نۇقسانلاردىن ئەلۋەتتە پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز، بىز پەقەت سەن بىزگە بىلدۈرگەنلەرنىلا بىلىمىز. ھەقىقەتەن سەن مەخلۇقاتىڭنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىسەن، بارلىق تەدبىرلىرىڭدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن» دېدى.

قَالَ يَٰٓـَٔادَمُ أَنۢبِئۡهُم بِأَسۡمَآئِهِمۡۖ فَلَمَّآ أَنۢبَأَهُم بِأَسۡمَآئِهِمۡ قَالَ أَلَمۡ أَقُل لَّكُمۡ إِنِّيٓ أَعۡلَمُ غَيۡبَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَأَعۡلَمُ مَا تُبۡدُونَ وَمَا كُنتُمۡ تَكۡتُمُونَ ﴿٣٣﴾

33 - ئاللاھ: «ئى ئادەم! ئۇلارغا ئۆزلىرى دەپ بېرەلمىگەن شۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بەرگىن» دېدى. ئادەم ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بەرگەندە، ئاللاھ پەرىشتىلەرگە: «مەن سىلەرگە ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىمەن، ھەمدە سىلەرنىڭ ئاشكارا قىلغان ۋە يوشۇرۇن قىلغان ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىمەن دېگەن ئەمەسمىدىم؟» دېدى.

وَإِذۡ قُلۡنَا لِلۡمَلَٰٓئِكَةِ ٱسۡجُدُواْ لِأٓدَمَ فَسَجَدُوٓاْ إِلَّآ إِبۡلِيسَ أَبَىٰ وَٱسۡتَكۡبَرَ وَكَانَ مِنَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٣٤﴾

34 - ئى پەيغەمبەر! ئىنسانلارغا ئاللاھنىڭ ئادەمنى قانداق ھۆرمەتلىگەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگىن. ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ پەرىشتىلەرگە: «ئادەمنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار» دېگەن ئىدى. پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسى سەجدە قىلدى، پەقەتلا ئىبلىس قەلبىدىكى كىبىر ۋە ھەسەت سەۋەبىدىن، ئادەمگە ھەسەت قىلىپ، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشتىن باش تارتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاللاھنى ئىنكار قىلغۇچىلاردىن ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغۇچىلاردىن بولۇپ كەتتى.

وَقُلۡنَا يَٰٓـَٔادَمُ ٱسۡكُنۡ أَنتَ وَزَوۡجُكَ ٱلۡجَنَّةَ وَكُلَا مِنۡهَا رَغَدًا حَيۡثُ شِئۡتُمَا وَلَا تَقۡرَبَا هَٰذِهِ ٱلشَّجَرَةَ فَتَكُونَا مِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ (٣٥)

35 - ئاللاھ ئادەمگە دېدى: «ئى ئادەم! سەن ۋە ئايالىڭ ھەۋۋا جەننەتتە بىللە تۇرغىن! جەننەتتە سىلەر خالىغان جايلاردا يېرىپ، ئۇنىڭ مېۋىلىرىدىن كەڭتاشا يەڭلار، گۇناھ - مەئسىيەتكە چۈشۈپ قېلىپ، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار».

فَأَزَلَّهُمَا ٱلشَّيۡطَٰنُ عَنۡهَا فَأَخۡرَجَهُمَا مِمَّا كَانَا فِيهِۖ وَقُلۡنَا ٱهۡبِطُواْ بَعۡضُكُمۡ لِبَعۡضٍ عَدُوّٞۖ وَلَكُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ مُسۡتَقَرّٞ وَمَتَٰعٌ إِلَىٰ حِينٖ (٣٦)

36 - شەيتان ئۇلارغا ۋەسۋەسە قىلىپ تېيىلدۇردى - دە، ئۇلار ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يەپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن شەيتان ئۇلارنىڭ جەننەتتىن چىقىرىلىشىغا ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىدىن مەھرۇم قېلىشىغا سەۋەب بولدى. ئاللاھ ئۇلارغا (يەنى ئادەمگە، ھەۋۋاغا، ئىبلىسقا): «سىلەر بىر - بىرىڭلار بىلەن دۈشمەنلەشكەن ھالدا جەننەتتىن زېمىنغا چۈشۈپ كېتىڭلار، سىلەرگە ئەجىلىڭلار توشقانغا قەدەر يەر يۈزىدە ياشاش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا رۇخسەت قىلىندى» دېدى.

فَتَلَقَّىٰٓ ءَادَمُ مِن رَّبِّهِۦ كَلِمَٰتٖ فَتَابَ عَلَيۡهِۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ (٣٧)

37 - ئادەم تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئاللاھتىن بىر قانچە سۆز تەلىم ئالدى، ئاللاھ ئۇنىڭغا تەۋبە - ئىستىغفارنى بىلدۈردى. ئۇ: «ئى رەببىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزنى مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمىز» دەپ تەۋبە قىلدى، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى، خاتالىقىنى ئەپۇ قىلدى. چۈنكى ئاللاھ تەۋبە قىلغان بەندىسىنى ناھايىتى بەك مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

قُلۡنَا ٱهۡبِطُواْ مِنۡهَا جَمِيعٗاۖ فَإِمَّا يَأۡتِيَنَّكُم مِّنِّي هُدٗى فَمَن تَبِعَ هُدَايَ فَلَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ (٣٨)

38 - ئاللاھ ئۇلارغا: «ھەممىڭلار جەننەتتىن چۈشۈڭلار، سىلەرگە ۋە سىلەردىن كېيىن ئۆزلۈمەي كېلىپ تۇرىدىغان ئەۋلادىڭلارغا مەن تەرەپتىن سىلەرنى ھىدايەتكە يېتەكلەيدىغان يول كۆرسەتكۈچى كېلىدۇ. شۇ چاغدا مېنىڭ يولۇمغا ئەگەشكەنلەرگە ئاخىرەتتە ھېچقانداق قورقۇنچ بولمايدۇ، ئۇلار بۇ دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا ھەرگىز قايغۇرمايدۇ» دېدى.

وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَكَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَآ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ (٣٩)

39 - ھەق دىننى ئىنكار قىلغان، ئوقۇپ بېرىلىۋاتقان ئايەتلىرىمىزنى ۋە ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنى يالغانغا چىقارغانلارغا كەلسەك، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن ھەرگىز چىقالمايدۇ.

يَٰبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱذۡكُرُواْ نِعۡمَتِيَ ٱلَّتِيٓ أَنۡعَمۡتُ عَلَيۡكُمۡ وَأَوۡفُواْ بِعَهۡدِيٓ أُوفِ بِعَهۡدِكُمۡ وَإِيَّٰيَ فَٱرۡهَبُونِ ﴿٤٠﴾

40 - ئى ئىسرائىل ئەۋلادى![1] مېنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىمنى ئەسلەڭلار، ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، مېنىڭ: «كىتابلىرىمنىڭ ۋە پەيغەمبەرلىرىمنىڭ ھەممىسىگە ئىمان ئېيتىڭلار، مېنىڭ شەرىئىتىمگە ئەمەل قىلىڭلار» دېگەن تەۋسىيەلىرىمنى چىڭ تۇتۇڭلار. ئەگەر سىلەر شۇنداق قىلساڭلار، مەن سىلەرگە بۇ دۇنيادا نېمەت ئاتا قىلىش ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ۋەدەمنى ئىشقا ئاشۇرىمەن. سىلەر مەندىنلا قورقۇڭلار، مېنى ئىنكار قىلىپ، ئەھدىڭلارنى بۇزۇپ مېنىڭ ئازابىمغا تېگىشلىك بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار.

وَءَامِنُواْ بِمَآ أَنزَلۡتُ مُصَدِّقٗا لِّمَا مَعَكُمۡ وَلَا تَكُونُوٓاْ أَوَّلَ كَافِرِۭ بِهِۦۖ وَلَا تَشۡتَرُواْ بِـَٔايَٰتِي ثَمَنٗا قَلِيلٗا وَإِيَّٰيَ فَٱتَّقُونِ ﴿٤١﴾

41 - ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن پەيغەمبىرىم مۇھەممەدكە نازىل قىلغان، ئەسلى تەۋراتتىن سىلەر بىلىدىغان ھەقىقەتكە مۇۋاپىق كېلىدىغان قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار. سىلەر ئەھلى كىتاب ئىچىدىن قۇرئاننى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنىڭ تۇنجىسى بولماڭلار، مېنىڭ ئايەتلىرىمنى دۇنيانىڭ ئەرزىمەس مەنپەئەتلىرىدىن بولغان ئازغىنە پۇلغا سېتىۋەتمەڭلار، ماڭىلا ئىتائەت قىلىڭلار، گۇناھ - مەئسىيەتنى تاشلاڭلار.

وَلَا تَلۡبِسُواْ ٱلۡحَقَّ بِٱلۡبَٰطِلِ وَتَكۡتُمُواْ ٱلۡحَقَّ وَأَنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ﴿٤٢﴾

42 - مەن سىلەرگە بايان قىلىپ بەرگەن ھەقىقەتنى ئۆزۈڭلار ئويدۇرۇپ چىقارغان باتىلغا ئارىلاشتۇرماڭلار، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كىتابىڭلاردىكى سۈپەتلىرىدىن ئىبارەت بۇ ئوپئوچۇق ھەقىقەتنى يوشۇرۇشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، ھالبۇكى، سىلەر بۇ سۈپەتلەرنىڭ ئۆز قولۇڭلاردىكى كىتابىڭلاردا بارلىقىنى ئوبدان بىلىسىلەر.

وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ وَٱرۡكَعُواْ مَعَ ٱلرَّٰكِعِينَ ﴿٤٣﴾

43 - نامازنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆگەتكەن بويىچە توغرا يوسۇندا مۇكەممەل ئوقۇش، پەرز قىلىنغان زاكاتنى تولۇق ئادا قىلىش ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئىچىدىن ئاللاھقا رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە بولۇش ئارقىلىق ئىسلام دىنىغا كىرىڭلار.

۞ أَتَأۡمُرُونَ ٱلنَّاسَ بِٱلۡبِرِّ وَتَنسَوۡنَ أَنفُسَكُمۡ وَأَنتُمۡ تَتۡلُونَ ٱلۡكِتَٰبَۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ﴿٤٤﴾

44 - سىلەرنىڭ ۋە ئۆلىمالىرىڭلارنىڭ كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇپ تۇرۇپ، ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇپ قېلىشىڭلار نېمىدېگەن قەبىھ ئىش! كىشىلەرنى ئىسلامدىن ئىبارەت بۇ كاتتا ياخشىلىققا دەۋەت قىلمامسىلەر؟ ھالبۇكى سىلەر تەۋراتنى ئوقۇپ تۇرىسىلەر، ئۇنىڭدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىسىلەر ئەمەسمۇ؟ سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟

[1] ئىسرائىل ئەۋلادى - ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇشتىدىن كەلگەن قەۋمنى كۆرسىتىدۇ. ئىسرائىل ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىدۇر. ئىسرائىل ئەۋلادى يەھۇدىيلارنى ۋە خىرىستىيانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

وَٱسۡتَعِينُواْ بِٱلصَّبۡرِ وَٱلصَّلَوٰةِۚ وَإِنَّهَا لَكَبِيرَةٌ إِلَّا عَلَى ٱلۡخَٰشِعِينَ ﴿٤٥﴾ ٱلَّذِينَ يَظُنُّونَ أَنَّهُم مُّلَٰقُواْ رَبِّهِمۡ وَأَنَّهُمۡ إِلَيۡهِ رَٰجِعُونَ ﴿٤٦﴾

45 ـ 46 ـ مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىش، تائەت ـ ئىبادەتلەردە چىداملىق بولۇش، گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن ساقلىنىشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن ۋە نامازنى مۇكەممەل ئوقۇش بىلەن بارلىق ئىشىڭلاردا ئاللاھتىن ياردەم تىلەڭلار، شەكسىزكى، ناماز ئاللاھتىن قورقىدىغان، جەننەتنى ئۈمىد قىلىدىغان، ئۆلگەندىن كېيىن رەببىگە ئۇچرىشىدىغانلىقىغا، ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىش ۋە مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدىغان كىشىلەردىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن ئېغىر كېلىدۇ.

يَٰبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱذۡكُرُواْ نِعۡمَتِيَ ٱلَّتِيٓ أَنۡعَمۡتُ عَلَيۡكُمۡ وَأَنِّي فَضَّلۡتُكُمۡ عَلَى ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٤٧﴾

47 ـ ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىمنى ئەسلەڭلار، بۇ نېمەتلەر يۈزىسىدىن ماڭا شۈكۈر قىلىپ مىننەتدارلىقىڭلارنى بىلدۈرۈڭلار، مېنىڭ (ئۆز ۋاقتىدا) سىلەرگە نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش ۋە تەۋرات، ئىنجىل قاتارلىق ساماۋى كىتابلارنى نازىل قىلىش ئارقىلىق سىلەرنى شۇ زامانلاردىكى جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلغانلىقىمنى ئەسلەڭلار،

وَٱتَّقُواْ يَوۡمٗا لَّا تَجۡزِي نَفۡسٌ عَن نَّفۡسٖ شَيۡـٔٗا وَلَا يُقۡبَلُ مِنۡهَا شَفَٰعَةٞ وَلَا يُؤۡخَذُ مِنۡهَا عَدۡلٞ وَلَا هُمۡ يُنصَرُونَ ﴿٤٨﴾

48 ـ قىيامەت كۈنىدىن قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە ھېچكىم ھېچكىمگە قىلچىلىك ياردەم قىلالمايدۇ، ئۇ كۈندە ئاللاھ كاپىرلارغا شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلمايدۇ، كاپىرلار دۇنيانىڭ پۈتۈن بايلىقىغا ئىگە بولغان (ئازابتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەممىنى بەرگەن) تەقدىردىمۇ، ئۇلاردىن فىدىيە قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇلارغا ياردەم قىلىش ۋە ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

وَإِذۡ نَجَّيۡنَٰكُم مِّنۡ ءَالِ فِرۡعَوۡنَ يَسُومُونَكُمۡ سُوٓءَ ٱلۡعَذَابِ يُذَبِّحُونَ أَبۡنَآءَكُمۡ وَيَسۡتَحۡيُونَ نِسَآءَكُمۡۚ وَفِي ذَٰلِكُم بَلَآءٞ مِّن رَّبِّكُمۡ عَظِيمٞ ﴿٤٩﴾

49 ـ (ئى ئىسرائىل ئەۋلادى!) بىزنىڭ سىلەرنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ قاتتىق زۇلۇمىدىن قۇتقۇزغانلىقتىن ئىبارەت نېمىتىمىزنى ئەسلەڭلار، ئۇلار سىلەرگە ئەڭ قاتتىق ئازابلارنى تېتىتاتتى، ئوغۇللىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىڭلارنى خىزمەتكە سېلىش ۋە خارلاش ئۈچۈن تىرىك قالدۇراتتى. بۇنىڭدا رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەر ئۈچۈن سىناق، شۇنداقلا سىلەرنى شۇ ئازابلاردىن قۇتۇلدۇرغانلىقىدەك كاتتا نېمەت باردۇر. بۇ سىلەرنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىڭلارنىڭ ھەر زامان ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

وَإِذۡ فَرَقۡنَا بِكُمُ ٱلۡبَحۡرَ فَأَنجَيۡنَٰكُمۡ وَأَغۡرَقۡنَآ ءَالَ فِرۡعَوۡنَ وَأَنتُمۡ تَنظُرُونَ ﴿٥٠﴾

50 ـ (ئى ئىسرائىل ئەۋلادى!) سىلەر ئۈچۈن دېڭىزنى يېرىپ بەرگەنلىكىمىزنى ئەسلەڭلار. ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەر ئۈچۈن دېڭىزدىن قۇرۇق يول ئېچىپ بەرگەن ۋە سىلەر شۇ يول بىلەن قارشى تەرەپكە سالامەت ئۆتۈپ كەتكەن ئىدىڭلار. بىز سىلەرنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىدىن، شۇنداقلا سۇدا ھالاك بولۇشتىن قۇتقۇزغان ئىدۇق. پىرئەۋن قوشۇنى بىلەن دېڭىزغا كىرگەن چاغدا، بىز ئۇلارنى سىلەرنىڭ كۆز ئالدىڭلاردا سۇغا

غـەرق قىلىنىشىنى كـۆرۈپ تـۇرغـان ھـالـەتتـە، ئـۇلارنى غـەرق قىلىۋەتكـەن ئـىدۇق.

وَإِذْ وَٰعَدْنَا مُوسَىٰٓ أَرْبَعِينَ لَيْلَةً ثُمَّ ٱتَّخَذْتُمُ ٱلْعِجْلَ مِنۢ بَعْدِهِۦ وَأَنتُمْ ظَٰلِمُونَ ﴿٥١﴾

51 - سىلەرگە نـۇر ۋە ھىدايـەت بولغـان تەۋراتنـى نازىـل قىلىـش ئۈچـۈن، مۇساغا قىرىـق كېچىنى ۋەدە قىلغانلىـق نېمىتىمىزنـى ئەسـلەڭلار. ئـۇ چاغـدا سـىلەر مۇسـانىڭ ۋاقىتلىـق يوقلۇقىدىـن پايدىلىنىـپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشـنى قويـۇپ، ئـۆز قولـۇڭلار بىلـەن ياسـىۋالغان موزاينىـڭ ھەيكىلىنى مەبـۇد قىلىۋالدىـڭلار. بـۇ ئاللاھقا قىلىنغـان ئـەڭ قەبىـھ كۇفرىلىـق ئىـدى. سـىلەر موزاينـى مەبـۇد قىلىۋېلىـش ئارقىلىـق ئۆزۈڭلارغـا زۇلـۇم قىلغـان ئىدىـڭلار.

ثُمَّ عَفَوْنَا عَنكُم مِّنۢ بَعْدِ ذَٰلِكَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿٥٢﴾

52 - ئاندىـن بىـز سـىلەرنى ئاللاھنىـڭ نېمەتلىرىگـە شـۈكۈر قىلسـۇن، كۇفرىـدا ۋە زورلـۇق - زومبۇلۇقتا ھەددىدىـن ئاشمىسـۇن دەپ، سـىلەرنىڭ بـۇ قەبىـھ قىلمىشـىڭلارنى ئەپـۇ قىلـدۇق، مۇسـا قايتىـپ كەلگەنـدىن كېيىـن تەۋبەڭلارنـى قوبـۇل قىلـدۇق.

وَإِذْ ءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْفُرْقَانَ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ ﴿٥٣﴾

53 - ئـۆز ۋاقتىـدا بىـز سـىلەرنى ئازغۇنلۇقتىـن ھىدايـەت تاپسـۇن دەپ، مۇسـاغا ھەقىقـەت بىلـەن باتىلنى ئايرىـپ بېرىدىغـان نۇرلـۇق كىتـاب - تەۋراتنـى نازىـل قىلىـش ئارقىلىـق، سـىلەرگە ئاتـا قىلغـان نېمىتىمىزنـى ئەسـلەڭلار.

وَإِذْ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوْمِهِۦ يَٰقَوْمِ إِنَّكُمْ ظَلَمْتُمْ أَنفُسَكُم بِٱتِّخَاذِكُمُ ٱلْعِجْلَ فَتُوبُوٓا۟ إِلَىٰ بَارِئِكُمْ فَٱقْتُلُوٓا۟ أَنفُسَكُمْ ذَٰلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ عِندَ بَارِئِكُمْ فَتَابَ عَلَيْكُمْ ۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٥٤﴾

54 - شـۇ نېمىتىمىزنىمۇ ئەسلەڭلاركى، ئـۆز ۋاقتىـدا مۇسا ئـۆز قەۋمىگـە: «(ئـى قەۋمىـم!) سـىلەر موزاينـى مەبـۇد قىلىۋېلىـپ، ھەقىقەتـەن ئۆزۈڭلارغا زۇلـۇم قىلدىـڭلار، ئەمـدى سـىلەر موزايغا چوقۇنمىغانلىرىـڭلار چوقۇنغانلارنـى ئۆلتـۈرۈش ئارقىلىـق ياراتقۇچىـڭلار بولغـان ئاللاھقا تەۋبە قىلىـڭلار، مۇنـداق قىلىـش سـىلەر ئۈچـۈن ياراتقۇچىڭلارنىـڭ دەرگاھىـدا مەڭگۈلـۈك دوزاختا قېلىشـتىن ياخشـىدۇر» دېگـەن ئـىدى. سـىلەر بـۇ پەرمانـنى ئورۇنـدىدىڭلار، شـۇنىڭ بىلـەن ئاللاھ تەۋبەڭلارنـى قوبـۇل قىلـدى. چۈنكـى ئاللاھ تەۋبـە قىلغـان بەندىلىرىنىـڭ تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبـۇل قىلغۇچىـدۇر، ئۇلارغـا ناھايىتـى شـەپقەتلىكتۇر.

وَإِذْ قُلْتُمْ يَٰمُوسَىٰ لَن نُّؤْمِنَ لَكَ حَتَّىٰ نَرَى ٱللَّهَ جَهْرَةً فَأَخَذَتْكُمُ ٱلصَّٰعِقَةُ وَأَنتُمْ تَنظُرُونَ ﴿٥٥﴾

55 - شـۇنىمۇ ئەسـلەڭلاركى، ئـۆز ۋاقتىـدا سـىلەر: «ئـى مۇسـا! بىـز ئاللاھنـى ئاشـكارا كۆرمىگۈچـە، سـەندىن ئاڭلىغـان سـۆزلەرنىڭ ئاللاھنىـڭ سـۆزلىرى ئىكەنلىكىگـە ھەرگىـز ئىشـەنمەيمىز» دېگـەن ئىدىـڭلار. شـۇنىڭ بىلـەن سـىلەر قاراپ تۇرغانـدا سـىلەرگە ھـالاك قىلغۇچـى ئـازاب كېلىـپ، سـىلەرنى چاقمـاق سـوقتى - دە، گۇناھـڭلار ۋە ئاللاھقـا ئەدەپسـىزلىك قىلىشـقا جۈرئـەت قىلغانلىقـڭلار تۈپەيلىدىـن ھـالاك قىلىـپ تاشـلىدى.

ثُمَّ بَعَثْنَٰكُم مِّنۢ بَعْدِ مَوْتِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿٥٦﴾

56 - ئاندىـن يەنـە سـىلەرنى ئاللاھنىـڭ نېمىتىگـە شـۈكۈر قىلسـۇن دەپ، چاقمـاق سـوقۇپ ئۆلگىنىڭلاردىـن كېيىـن تىرىلـدۈردۇق. (بـۇ ئۆلـۈم ئۇلارغـا بېرىلگـەن جازا بولـۇپ، ئاندىـن ئاللاھ ئۇلارنـى ئەجىلى توشـقۇچە ياشـىتىش ئۈچـۈن تىرىلدۈرگـەن ئـىدى).

وَظَلَّلْنَا عَلَيْكُمُ ٱلْغَمَامَ وَأَنزَلْنَا عَلَيْكُمُ ٱلْمَنَّ وَٱلسَّلْوَىٰ ۖ كُلُوا۟ مِن طَيِّبَٰتِ مَا رَزَقْنَٰكُمْ ۖ

وَمَا ظَلَمُونَا وَلَٰكِن كَانُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ يَظۡلِمُونَ ٥٧

57 - سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمىتىمىزنى ئۇنتۇماڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر سىنا چۆلدە ئادىشىپ يۈرگەندە، قاتتىق ئىسسىق سەۋەبىدىن بۇلۇتنى سىلەرگە سايىۋەن قىلىپ بەرگەن، سىلەرگە تەرەنجىۋىل ھالۋىسى بىلەن بۆدۈنە كاۋىپى چۈشۈرۈپ بېرىپ: «بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن پاك، شېرىن نەرسىلەردىن يەڭلار، دىنىڭلارنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپلىق قىلماڭلار» دېگەن ئىدۇق. ئەمما سىلەر بۇ پەرماننى ئورۇندىمىدىڭلار. بۇ يەھۇدىيلار نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىپ بىزگە ئەمەس، پەقەت ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلدى. چۈنكى ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۆزلىرى تارتىدۇ.

وَإِذۡ قُلۡنَا ٱدۡخُلُواْ هَٰذِهِ ٱلۡقَرۡيَةَ فَكُلُواْ مِنۡهَا حَيۡثُ شِئۡتُمۡ رَغَدٗا وَٱدۡخُلُواْ ٱلۡبَابَ سُجَّدٗا وَقُولُواْ
حِطَّةٞ نَّغۡفِرۡ لَكُمۡ خَطَٰيَٰكُمۡۚ وَسَنَزِيدُ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ٥٨

58 - سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمىتىمىزنى ئەسلەڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەرگە: «بەيتۇلمۇقەددەس شەھىرىگە كىرىڭلار، ئۇنىڭدىكى پاك، شېرىن رىزىقلاردىن خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەڭلار، ئۇنىڭ دەرۋازىسىدىن ئاللاھقا بويسۇنۇپ ئېگىلگەن ھالدا، كەمتەرلىك بىلەن كىرىڭلار ۋە ‹ئى رەببىمىز! گۇناھىمىزنى كەچۈرگىن› دەڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، تىلىكىڭلارنى قوبۇل قىلىمىز، گۇناھىڭلارنى كەچۈرىمىز ۋە ئۇنى يۆگەيمىز. (تائەت - ئىبادەتنى) ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغۇچىلارغا ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ئاشۇرۇپ بېرىمىز» دېگەن ئىدۇق.

فَبَدَّلَ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ قَوۡلًا غَيۡرَ ٱلَّذِي قِيلَ لَهُمۡ فَأَنزَلۡنَا عَلَى ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ رِجۡزٗا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ
بِمَا كَانُواْ يَفۡسُقُونَ ٥٩

59 - ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىكى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، ئۇنى سۆزدە ۋە ئەمەلدە ئۆزگەرتىۋېتىپ، بەيتۇلمۇقەددەس شەھىرىگە ئۆملەپ كىردى ۋە ئاغزىنى بۇغداي سورايمىز دەپ، ئاللاھنىڭ دىنىنى مەسخىرە قىلدى. ئۇلارنىڭ ھەددىدىن ئاشقانلىقى ۋە ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارغا ئاسماندىن ئازاب چۈشۈردى.

۞ وَإِذِ ٱسۡتَسۡقَىٰ مُوسَىٰ لِقَوۡمِهِۦ فَقُلۡنَا ٱضۡرِب بِّعَصَاكَ ٱلۡحَجَرَۖ فَٱنفَجَرَتۡ مِنۡهُ ٱثۡنَتَا عَشۡرَةَ عَيۡنٗاۖ
قَدۡ عَلِمَ كُلُّ أُنَاسٖ مَّشۡرَبَهُمۡۖ كُلُواْ وَٱشۡرَبُواْ مِن رِّزۡقِ ٱللَّهِ وَلَا تَعۡثَوۡاْ فِي ٱلۡأَرۡضِ مُفۡسِدِينَ ٦٠

60 - سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمىتىمىزنى ئەسلەڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر چۆلدە قاتتىق ئۇسساپ كەتكەنلىكىڭلار ئۈچۈن، پەيغەمبىرىڭلار مۇسا بىزگە ئىلتىجا قىلىپ سۇ تىلىگەندە، بىز ئۇنىڭغا: «ھاساڭ بىلەن تاشنى ئۇرغىن» دېدۇق. ئۇ تاشنى ئۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن سىلەردىكى قەبىلىلەرنىڭ سانىغا باراۋەر ئون ئىككى بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى، ئۇلار سۇ تالىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ھەركىم ئۆزىگە خاس قىلىنغان بۇلاقنى بىلدى. بىز ئۇلارغا: «ئاللاھ ئاتا قىلغان رىزىقتىن يەڭلار، ئىچىڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» دېدۇق.

وَإِذۡ قُلۡتُمۡ يَٰمُوسَىٰ لَن نَّصۡبِرَ عَلَىٰ طَعَامٖ وَٰحِدٖ فَٱدۡعُ لَنَا رَبَّكَ يُخۡرِجۡ لَنَا مِمَّا تُنۢبِتُ ٱلۡأَرۡضُ مِنۢ
بَقۡلِهَا وَقِثَّآئِهَا وَفُومِهَا وَعَدَسِهَا وَبَصَلِهَاۖ قَالَ أَتَسۡتَبۡدِلُونَ ٱلَّذِي هُوَ أَدۡنَىٰ بِٱلَّذِي هُوَ خَيۡرٌۚ ٱهۡبِطُواْ

مِصۡرًا فَإِنَّ لَكُم مَّا سَأَلۡتُمۡۗ وَضُرِبَتۡ عَلَيۡهِمُ ٱلذِّلَّةُ وَٱلۡمَسۡكَنَةُ وَبَآءُو بِغَضَبٍ مِّنَ ٱللَّهِۗ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ كَانُواْ يَكۡفُرُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَيَقۡتُلُونَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّۗ ذَٰلِكَ بِمَا عَصَواْ وَّكَانُواْ يَعۡتَدُونَ ﴿٦١﴾

61 ـ سىلەر شۇنىمۇ ئەسلەڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەرگە لەززەتلىك تاماق بىلەن ئۇچارلىقلارنىڭ گۆشىنى چۈشۈرۈپ بەرگەن ئىدۇق، ئەمما سىلەر ناشۈكۈرلۈك ئادىتىڭلار بويىچە نېمەتنى كۆزگە ئىلمىدىڭلار، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە تارچىلىق، قاتتىقچىلىق يۈزلەندى. چۈنكى سىلەر شۇ چاغدا پەيغەمبىرىڭلارغا: «ئى مۇسا بىز كۈن بويى بىر خىل تاماقنى يەۋېرىشتىن زېرىكتۇق، رەببىڭگە دۇئا قىلغىن، بىزگە تەرخەمەك، سامساق، يېسىمۇق ۋە پىياز قاتارلىق زېمىننىڭ كۆكتاتلىرىدىن بولغان تائاملارنى چىقىرىپ بەرسۇن» دېدىڭلار. مۇسا سىلەرگە كايىپ: «ئاللاھ سىلەرگە تاللاپ بەرگەن پايدىلىق تائاملارنى قويۇپ، مۇشۇ ئاددىي نەرسىلەرنى تىلەمسىلەر؟ ئۇنداقتا، سىلەر بۇ قىشلاقتىن چىقىپ، ئۆزۈڭلار خالىغان بىر شەھەرگە بېرىڭلار، سىلەر تىلىگەن نەرسىلەرنىڭ كۆپىنى شۇ شەھەردىكى ئېتىزلىقلار ۋە بازارلاردىن تاپىسىلەر» دېدى. ئۇلار شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ھەر دائىم ۋە ھەر يەردە ئۆز تاللاشلىرىنى ئاللاھنىڭ تاللىشىنىڭ ئالدىغا قويۇۋاتقانلىقى، نەپسىنىڭ ئىستەكلىرىنى ئاللاھنىڭ ئۇلارغا تاللاپ بەرگەنلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇۋاتقانلىقى ئېنىق بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خارلىق ۋە مەنىۋى نامراتلىققا يۈزلەندى. ئۇلار ئاللاھنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىدى. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلاتتى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرەتتى. بۇ جازا ئۇلارنىڭ ئاسىيلىقى ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىقىدىن بولدى.

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَٱلَّذِينَ هَادُواْ وَٱلنَّصَٰرَىٰ وَٱلصَّٰبِـِٔينَ مَنۡ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَعَمِلَ صَٰلِحًا فَلَهُمۡ أَجۡرُهُمۡ عِندَ رَبِّهِمۡ وَلَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ ﴿٦٢﴾

62 ـ مۇشۇ ئۈممەتتىن ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاللاھ نازىل قىلغان شەرىئەت بويىچە ئەمەل قىلغان مۇئمىنلەر ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىشتىن بۇرۇنقى يەھۇدىيلار، خرىستىيانلار ۋە سابىئىيلار (تۇغۇلۇشتىكى ھالىتى بىلەن قالغان ۋە بىرەر دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار)دىن ئىبارەت ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر، ئەگەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە سەمىمىي ئىمان ئېيتسا، ئاللاھنى رازى قىلىدىغان رەۋىشتە ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، ئۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا ئاخىرەتتە ھېچقانداق قورقۇنچ يوقتۇر، ئۇلار بۇ دۇنيادا قىلالمىغان ئىشلىرى ئۈچۈن ھەرگىز قايغۇرمايدۇ. ئەمما پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنجىسى، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبىرى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنىدىن باشقا ھېچبىر دىن قوبۇل قىلىنمايدۇ.

وَإِذۡ أَخَذۡنَا مِيثَٰقَكُمۡ وَرَفَعۡنَا فَوۡقَكُمُ ٱلطُّورَ خُذُواْ مَآ ءَاتَيۡنَٰكُم بِقُوَّةٍ وَٱذۡكُرُواْ مَا فِيهِ لَعَلَّكُمۡ تَتَّقُونَ ﴿٦٣﴾

63 ـ ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! شۇنى ئەسلەڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەردىن ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش، ئىبادەتنى ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا قىلىش توغرۇلۇق مەھكەم ئەھدە ئالغان ئىدۇق ۋە ئۈستۈڭلارغا تۇر تېغىنى تىكلەپ تۇرۇپ سىلەرگە: «بىز سىلەرگە ئاتا قىلغان كىتابنى چىڭ تۇتۇڭلار، ئۇنى ئوبدان قوغداپ ئەمەل قىلىڭلار، ئەگەر شۇنداق قىلمىساڭلار، ئۈستۈڭلارغا تاغنى باستۇرىمىز. ماڭا تەقۋالىق قىلىش ۋە ئازابىمدىن

ساقلىنىش ئۈچۈن، گەپ - سۆزلىرىڭلاردا ۋە ئىش - ھەرىكىتىڭلاردا تەۋراتقا ئەمەل قىلىڭلار» دېگەن ئىدۇق.

ثُمَّ تَوَلَّيۡتُم مِّنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَۖ فَلَوۡلَا فَضۡلُ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ وَرَحۡمَتُهُۥ لَكُنتُم مِّنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ ﴿٦٤﴾

64 - سىلەردىن مەھكەم ئەھدە ئېلىنغان ۋە ئۈستۈڭلارغا تۇر تېغىنى تىكلەپ قويغاندىن كېيىن، سىلەر بۇرۇنقى يامان ئادىتىڭلار بويىچە يەنە بىر قېتىم رەببىڭلارغا ئاسىيلىق قىلدىڭلار، ئۇنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلدىڭلار. سىلەرگە ئاللاھنىڭ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىپ، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىشتىن ئىبارەت كاتتا پەزل - مەرھەمتى ۋە رەھىم - شەپقىتى بولمىسا ئىدى، سىلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولاتتىڭلار.

وَلَقَدۡ عَلِمۡتُمُ ٱلَّذِينَ ٱعۡتَدَوۡاْ مِنكُمۡ فِي ٱلسَّبۡتِ فَقُلۡنَا لَهُمۡ كُونُواْ قِرَدَةً خَٰسِـِٔينَ ﴿٦٥﴾

65 - ئى يەھۇدىيلار! ئەجدادلىرىڭلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى بىلىسىلەر. ئۇلار دېڭىز بويىدىكى شەھەر ئاھالىسى ئىدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ شەنبە كۈنىنى ئۇلۇغلاش (يەنى شەنبە كۈنلۈكتە بېلىق تۇتماسلىق) ھەققىدىكى ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، شەنبە كۈنلۈكتە دېڭىزغا تور سېلىپ قويۇش ۋە دېڭىز بويىغا كۆلچەكلەرنى كولاپ قويۇش ئارقىلىق، ھارامغا ھىيلە ئىشلىتىپ بېلىقلارنى ئاشۇ كۆلچەكلەرگە توپلىغاندىن كېيىن، يەكشەنبە كۈنلۈكتە تۇتاتتى. ئۇلار شۇنداق قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ ئۇلارغا: «خار مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار» دېگەن ئىدى.

فَجَعَلۡنَٰهَا نَكَٰلٗا لِّمَا بَيۡنَ يَدَيۡهَا وَمَا خَلۡفَهَا وَمَوۡعِظَةٗ لِّلۡمُتَّقِينَ ﴿٦٦﴾

66 - بىز بۇ شەھەرنى بۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازابنىڭ خەۋىرى يەتكەن باشقا شەھەرلەرنىڭ ئاھالىلىرىغا، ئۇلاردىن كېيىن مۇشۇنداق گۇناھلارنى قىلىدىغانلارغا ئىبرەت بولسۇن، سالىھ كىشىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ھەق يولدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ، شۇ يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشى ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەت بولسۇن، دەپ شۇنداق قىلدۇق.

وَإِذۡ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوۡمِهِۦٓ إِنَّ ٱللَّهَ يَأۡمُرُكُمۡ أَن تَذۡبَحُواْ بَقَرَةٗۖ قَالُوٓاْ أَتَتَّخِذُنَا هُزُوٗاۖ قَالَ أَعُوذُ بِٱللَّهِ
أَنۡ أَكُونَ مِنَ ٱلۡجَٰهِلِينَ ﴿٦٧﴾

67 - ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! ئەجدادىڭلارنىڭ قىلمىشلىرى، جىنايەتلىرى ھەققەتەن كۆپتۇر. ئۇلارنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلىش، (يولسىزلىق قىلىپ) ئۇنىڭ بىلەن تالاش - تارتىش قىلىش قاتارلىق قىلمىشلىرى ئاز ئەمەس. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاللاھ سىلەرنى بىر كالا بوغۇزلاشقا بۇيرىدى» دېگەن ئەمرىگە بويسۇنماي، ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ: «ئى مۇسا! سەن بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟» دېگەندە، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ: «مەن كىشىلەرنى مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قېلىشتىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېگەن ئىدى.

قَالُواْ ٱدۡعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن لَّنَا مَا هِيَۚ قَالَ إِنَّهُۥ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٞ لَّا فَارِضٞ وَلَا بِكۡرٌ عَوَانُۢ بَيۡنَ
ذَٰلِكَۖ فَٱفۡعَلُواْ مَا تُؤۡمَرُونَ ﴿٦٨﴾

68 - ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: (ئى مۇسا!) رەببىڭگە ئىلتىجا قىلغىن، بىزگە ئۇ كالىنىڭ قانداق كالا ئىكەنلىكىنى دەپ بەرسۇن دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «ئاللاھ سىلەرگە ئۇ كالا قېرىمۇ ئەمەس، ياشمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا ياش بولسۇن دەپ ئېيتتى، سىلەر رەببىڭلارنىڭ بۇ ئەمرىنى دەرھال ئورۇنداڭلار» دېدى.

قَالُواْ ٱدْعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن لَّنَا مَا لَوْنُهَاۚ قَالَ إِنَّهُۥ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٌ صَفْرَآءُ فَاقِعٌ لَّوْنُهَا تَسُرُّ ٱلنَّٰظِرِينَ ﴿٦٩﴾

69 ـ ئۇلار يەنە مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن تارتىشىپ، ئى مۇسا! رەببىڭگە ئىلتىجا قىلغىن، بىزگە ئۇ كالىنىڭ قانداق رەڭدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرسۇن دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «رەببىڭلار ئۇ كالىنىڭ رەڭگى قارىغۇچىلارنى زوقلاندۇرىدىغان ساپسېرىق بولسۇن دېدى» دەپ جاۋاب بەردى.

قَالُواْ ٱدْعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن لَّنَا مَا هِىَ إِنَّ ٱلْبَقَرَ تَشَٰبَهَ عَلَيْنَا وَإِنَّآ إِن شَآءَ ٱللَّهُ لَمُهْتَدُونَ ﴿٧٠﴾

70 ـ ئىسرائىل ئەۋلادى مۇساغا مۇنداق دېدى: «رەببىڭگە ئىلتىجا قىلغىن، بىزگە ئۇ كالىنىڭ باشقا سۈپەتلىرىنىمۇ ئېيتىپ بەرسۇن، چۈنكى بۇنداق كالىلار كۆپتۇر. شۇڭا بىز قانداق كالا بوغۇزلايدىغانلىقىمىزنى بىلەلمەي قالدۇق. (كالىنىڭ سۈپىتى ئېنىق بولغاندىن كېيىن) ئاللاھ خالىسا، بىز بۇيرۇلغان كالىنى بوغۇزلاشنىڭ يولىنى چوقۇم تاپىمىز».

قَالَ إِنَّهُۥ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٌ لَّا ذَلُولٌ تُثِيرُ ٱلْأَرْضَ وَلَا تَسْقِى ٱلْحَرْثَ مُسَلَّمَةٌ لَّا شِيَةَ فِيهَاۚ قَالُواْ ٱلْـَٰٔنَ جِئْتَ بِٱلْحَقِّۚ فَذَبَحُوهَا وَمَا كَادُواْ يَفْعَلُونَ ﴿٧١﴾

71 ـ مۇسا ئۇلارغا ئېيتتى: «ئاللاھ ئۇ كالىنىڭ يەر ھەيدەشكە، زىرائەت سۇغۇرۇشقا كۆندۈرۈلمىگەن، بېجىرىم، رەڭگىدە تېرىسىنىڭ رەڭگىدىن باشقا ئالامىتى يوق كالا بولسۇن دەيدۇ». ئۇلار: «ئەمدى تېخى ئۇ كالىنى تولۇق بايان قىلدىڭ» دېدى. ئۇلار ئۇزۇن بىر ئۇرۇنۇشتىن كېيىن كالىنى بوغۇزلاشقا مەجبۇر بولدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گەدەنكەشلىكى تۈپەيلىدىن بۇ ئەمرنى ئورۇندىيالماي قالغىلى تاس قالدى. ئۇلار كۆپ سوئال سوراپ ئىشنى قىيىنلاشتۇرۇۋېدى، ئاللاھمۇ ئۇلارغا قىيىنلاشتۇردى.

وَإِذْ قَتَلْتُمْ نَفْسًا فَٱدَّٰرَْٔتُمْ فِيهَاۖ وَٱللَّهُ مُخْرِجٌ مَّا كُنتُمْ تَكْتُمُونَ ﴿٧٢﴾

72 ـ (ئى ئىسرائىل ئەۋلادى!) شۇنى ئۇنتۇماڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىر ئادەمنى ئۆلتۈردۈڭلار، سىلەر ئۇنىڭ قاتىلىنى ئىزدەپ، قاتىللىق جىنايىتىنى بىر ـ بىرىڭلارغا ئارتىپ، قۇتۇلماقچى بولۇپ، تالاش ـ تارتىش قىلىشقان ئىدىڭلار. ئاللاھ سىلەرنىڭ قاتىلنى يوشۇرغان قىلمىشىڭلارنى ئوتتۇرىغا چىقارغۇچىدۇر.

فَقُلْنَا ٱضْرِبُوهُ بِبَعْضِهَاۚ كَذَٰلِكَ يُحْىِ ٱللَّهُ ٱلْمَوْتَىٰ وَيُرِيكُمْ ءَايَٰتِهِۦ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ ﴿٧٣﴾

73 ـ (ئۇلارغا مۇسانىڭ تىلى ئارقىلىق) دېدۇقكى، «بوغۇزلانغان مۇشۇ كالىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرۇڭلار، ئاللاھ ئۇنى تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ قاتىلىنى ئېيتىپ بېرىدۇ». ئۇلار كالىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرۇۋىدى، ئاللاھ ئۇنى تىرىلدۈردى، ئۇ ئۆزىنىڭ قاتىلىنى ئېيتىپ بەردى. ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۆلۈكلەرنى ئەنە شۇنداق تىرىلدۈرىدۇ. ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەرنى ئەقلىنى ئىشلىتىپ تەپەككۇر قىلىپ، ئاسىيلىق قىلىشتىن يانسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە ئۆزىنىڭ كامالىي قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان مۆجىزىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ثُمَّ قَسَتْ قُلُوبُكُم مِّنۢ بَعْدِ ذَٰلِكَ فَهِىَ كَٱلْحِجَارَةِ أَوْ أَشَدُّ قَسْوَةًۚ وَإِنَّ مِنَ ٱلْحِجَارَةِ لَمَا يَتَفَجَّرُ مِنْهُ ٱلْأَنْهَٰرُۚ وَإِنَّ مِنْهَا لَمَا يَشَّقَّقُ فَيَخْرُجُ مِنْهُ ٱلْمَآءُۚ وَإِنَّ مِنْهَا لَمَا يَهْبِطُ مِنْ خَشْيَةِ ٱللَّهِۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ ﴿٧٤﴾

74 ـ ئەمما سىلەرگە بۇنىڭ پايدىسى بولمىدى، چۈنكى سىلەر ئاشۇ ئادەتتىن تاشقىرى
مۆجىزىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، دىلىڭلار تېخىمۇ قارىيىپ كەتتى، يۈرىكىڭلار قېتىپ
كەتتى، دىلىڭلارغا ھېچبىر ياخشىلىق كىرەلمىدى، مەن سىلەرگە كۆرسەتكەن مۆجىزىلەر
ئۇنى يۇمشىتالمىدى، دىلىڭلار قاتتىق تاشتەك، ھەتتا تاشتىنمۇ بەك قېتىپ كەتتى.
چۈنكى تاشلارنىڭ ئارىسىدا ئىچىدىن كېڭىيىپ ئېچىلىدىغان، ئارىسىدىن سۇ ئېتىلىپ
چىقىپ ئېرىقلار ھاسىل بولىدىغانلىرى ۋە يېرىلىپ ئارىسىدىن بۇلاقلار چىقىدىغانلىرى
بار. تاشلاردىن يەنە ئاللاھتىن قورقۇپ تاغ چوققىلىرىدىن چۈشۈپ كېتىدىغانلىرىمۇ بار.
ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر.

﴿أَفَتَطْمَعُونَ أَن يُؤْمِنُوا لَكُمْ وَقَدْ كَانَ فَرِيقٌ مِّنْهُمْ يَسْمَعُونَ كَلَامَ اللَّهِ ثُمَّ يُحَرِّفُونَهُ مِن بَعْدِ مَا عَقَلُوهُ وَهُمْ يَعْلَمُونَ ۝٧٥﴾

75 ـ ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟
يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى تەۋراتتىكى ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلاپ چۈشەنگەندىن كېيىن،
بىلىپ تۇرۇپ قەستەن گاھ ئۇنىڭ مەنىسىنى بۇرمىلاپ، گاھ ئۇنىڭ تېكىستلىرىنى باشقا
سۆزلەرگە ئالماشتۇرۇپ ئۆزگەرتىۋەتكەن تۇرسا، سىلەر ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى
تەمە قىلىۋاتامسىلەر؟

﴿وَإِذَا لَقُوا الَّذِينَ آمَنُوا قَالُوا آمَنَّا وَإِذَا خَلَا بَعْضُهُمْ إِلَىٰ بَعْضٍ قَالُوا أَتُحَدِّثُونَهُم بِمَا فَتَحَ اللَّهُ عَلَيْكُمْ لِيُحَاجُّوكُم بِهِ عِندَ رَبِّكُمْ ۚ أَفَلَا تَعْقِلُونَ ۝٧٦﴾

76 ـ ئۇ يەھۇدىيلار مۆئمىنلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا، ئۇلارغا تىلىنىڭ ئۇچىدا: «بىز
سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا ۋە تەۋراتتا بىشارەت بېرىلگەن پەيغەمبىرىڭلار مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈردۇق» دەپ قويىدۇ، بۇ مۇناپىق يەھۇدىيلار ئۆزئارا يالغۇز
قالغان چاغلىرىدا بولسا، بىر - بىرىگە كايىپ: «سىلەر مۆئمىنلەرگە تەۋراتتىكى
مۇھەممەد توغرۇلۇق ھەقىقەتلەرنى ئېيتىپ بېرەمسىلەر؟ بۇنداق قىلىش قىيامەت كۈنى
رەببىڭلارنىڭ ئالدىدا سىلەرگە قارشى دەلىل بولۇپ قالامدۇ؟ ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىپ
مۇنداق گەپ قىلىشتىن ھەزەر ئەيلىسەڭلار بولمامدۇ؟» دەيدۇ.

﴿أَوَلَا يَعْلَمُونَ أَنَّ اللَّهَ يَعْلَمُ مَا يُسِرُّونَ وَمَا يُعْلِنُونَ ۝٧٧﴾

77 ـ ئۇ يەھۇدىيلار مۇشۇنداق جىنايەتلەرنى قىلىۋېرەمدۇ؟ ئۇلار قىلغان ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن
بارلىق قىلمىشلارنى ئاللاھنىڭ بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟!

﴿وَمِنْهُمْ أُمِّيُّونَ لَا يَعْلَمُونَ الْكِتَابَ إِلَّا أَمَانِيَّ وَإِنْ هُمْ إِلَّا يَظُنُّونَ ۝٧٨﴾

78 ـ يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدە نە ئوقۇش - يېزىشنى، نە تەۋراتنى، نە مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتا بايان قىلىنغان سۈپەتلىرىنى بىلمەيدىغان بىر جامائە بار،
ئۇلار پەقەتلا ئويدۇرمىلارغا ۋە پەرەزلەرگە تايىنىدىغان ساۋاتسىزلاردۇر.

﴿فَوَيْلٌ لِّلَّذِينَ يَكْتُبُونَ الْكِتَابَ بِأَيْدِيهِمْ ثُمَّ يَقُولُونَ هَٰذَا مِنْ عِندِ اللَّهِ لِيَشْتَرُوا بِهِ ثَمَنًا قَلِيلًا ۖ فَوَيْلٌ لَّهُم مِّمَّا كَتَبَتْ أَيْدِيهِمْ وَوَيْلٌ لَّهُم مِّمَّا يَكْسِبُونَ ۝٧٩﴾

79 ـ ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان تەۋراتقا ئوخشىمايدىغان بىر كىتابنى ئۆز
قولى بىلەن يېزىپ چىقىپ، ئاندىن ئۇنى پەقەت دۇنيا مەنپەئەتىگە ئېرىشىش ئۈچۈنلا
«بۇ ئاللاھتىن نازىل بولغان» دەپ بىلجىرلايدىغان يەھۇدىي ئۆلىمالىرىغا ھالاكەت

بولسۇنكى، ئۇلار ئۇ ساختا كىتابنى قوللىرى بىلەن يېزىپ چىققانلىقى ئۈچۈن ھالاك قىلغۇچى ئازابقا قالدۇ، يەنە ئۇلار بۇ توقۇلما كىتابنى يېزىپ چىقىش بەدىلىگە ئالغان ھارام پۇل ۋە پارا ئۈچۈن قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

وَقَالُواْ لَن تَمَسَّنَا ٱلنَّارُ إِلَّآ أَيَّامٗا مَّعۡدُودَةٗۚ قُلۡ أَتَّخَذۡتُمۡ عِندَ ٱللَّهِ عَهۡدٗا فَلَن يُخۡلِفَ ٱللَّهُ عَهۡدَهُۥٓۖ أَمۡ تَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ مَا لَا تَعۡلَمُونَ ﴿٨٠﴾

80 - يەھۇدىيلار: «بىزنى دوزاخ ئوتى ساناقلىق كۈنلەرلا كۆيدۈرىدۇ» دېدى. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئاللاھ شۇنداق قىلىشقا ۋەدە بەرگەنمۇ؟ (ئەگەر ۋەدە بەرگەن بولسا) ئاللاھ ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ. بەلكى سىلەر بۇ يالغاننى ئويدۇرۇپ چىقىرىش ئارقىلىق، ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسىنى ئاللاھ نامىدىن توقۇۋاتىسىلەر».

بَلَىٰۚ مَن كَسَبَ سَيِّئَةٗ وَأَحَٰطَتۡ بِهِۦ خَطِيٓـَٔتُهُۥ فَأُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٨١﴾

81 - (ئەمەلىيەت سىلەر دېگەننىڭ ئەكسىچە بولۇپ) ئاللاھنىڭ ھۆكمى سابىتتۇر. گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى قىلىۋەرگەنلىكتىن، قىلمىشلىرى كۇفرىلىققا ئېلىپ بارغان ۋە گۇناھلارغا پېتىپ كەتكەن ئادەملەرگە كەلسەك، ئەنە شۇلار كاپىرلار ۋە مۇشرىكلار بولۇپ، ئۇلار دوزاختىن مەڭگۈ ئايرىلالمايدۇ.

وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَنَّةِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٨٢﴾

82 - بۇلارنىڭ ئەكسىچە ئەمەل قىلغانلار ئۈچۈنمۇ ئاللاھنىڭ ھۆكمى سابىتتۇر. ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە چىن دىلىدىن ئىشەنگەن ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ۋەھيى قىلغان شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئۇيغۇن مەنپەئەتلىك ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلار جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن مەڭگۈ بەھرىمەن بولىدۇ.

وَإِذۡ أَخَذۡنَا مِيثَٰقَ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ لَا تَعۡبُدُونَ إِلَّا ٱللَّهَ وَبِٱلۡوَٰلِدَيۡنِ إِحۡسَانٗا وَذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينِ وَقُولُواْ لِلنَّاسِ حُسۡنٗا وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ ثُمَّ تَوَلَّيۡتُمۡ إِلَّا قَلِيلٗا مِّنكُمۡ وَأَنتُم مُّعۡرِضُونَ ﴿٨٣﴾

83 - ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! شۇنى ئەسلەڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەردىن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەي، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىش، ئاتا - ئانىغا ياخشى خىزمەت قىلىش، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش، يېتىملەر (بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇن ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەن باللار)نىڭ بېشىنى سىلاش، ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ھاجىتىنى قامدىيالمايدىغان موھتاجلارغا ياردەم قىلىش، كىشىلەرگە ئەڭ ياخشى سۆزلەرنى قىلىش، نامازنى مۇكەممەل ئوقۇش، زاكاتنى ئادا قىلىش ھەققىدە مەھكەم ئەھدە ئالغان ئىدۇق. ئەمما ئاراڭلاردىكى ئازغىنە كىشىدىن باشقىلىرىڭلار بۇ ئەھدىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتىن باش تارتتىڭلار. سىلەر ھەمىشە شۇنداق ئەھدەڭلارغا ئەمەل قىلىشتىن باش تارتىسىلەر.

وَإِذۡ أَخَذۡنَا مِيثَٰقَكُمۡ لَا تَسۡفِكُونَ دِمَآءَكُمۡ وَلَا تُخۡرِجُونَ أَنفُسَكُم مِّن دِيَٰرِكُمۡ ثُمَّ أَقۡرَرۡتُمۡ وَأَنتُمۡ تَشۡهَدُونَ ﴿٨٤﴾

84 - ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! شۇنى ئەسلەڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا بىز تەۋراتتا سىلەردىن بىر - بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكمەسلىك، بىر - بىرىڭلارنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقارماسلىق

توغرۇلۇق مەھكەم ئەھدە ئالغان ئىدۇق. كېيىن ئۇنى ئېتىراپ قىلغان ئىدىڭلار، بۇنىڭ راستلىقىغا ئۆزۈڭلارمۇ گۇۋاھ.

ثُمَّ أَنتُمْ هَٰٓؤُلَآءِ تَقْتُلُونَ أَنفُسَكُمْ وَتُخْرِجُونَ فَرِيقًا مِّنكُم مِّن دِيَٰرِهِمْ تَظَٰهَرُونَ عَلَيْهِم بِٱلْإِثْمِ وَٱلْعُدْوَٰنِ وَإِن يَأْتُوكُمْ أُسَٰرَىٰ تُفَٰدُوهُمْ وَهُوَ مُحَرَّمٌ عَلَيْكُمْ إِخْرَاجُهُمْ ۚ أَفَتُؤْمِنُونَ بِبَعْضِ ٱلْكِتَٰبِ وَتَكْفُرُونَ بِبَعْضٍ ۚ فَمَا جَزَآءُ مَن يَفْعَلُ ذَٰلِكَ مِنكُمْ إِلَّا خِزْىٌ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا ۖ وَيَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ يُرَدُّونَ إِلَىٰٓ أَشَدِّ ٱلْعَذَابِ ۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ ﴿٨٥﴾

85 ـ ھالبۇكى، كېيىن سىلەر — ئى يەھۇدىيلار! — (ئەھدىنى بۇزۇپ) بىر - بىرىڭلارنى ئۆلتۈردۈڭلار، ئاراڭلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقاردىڭلار، سىلەردىن ھەربىر پىرقە يولسىزلىق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قېرىنداشلىرىغا قارشى بىر - بىرى بىلەن ھەمكارلاشتى، ئۇلار دۈشمەنلەرنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالسا، فىدىيە بېرىپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋالىسىلەر، ھالبۇكى، ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىش سىلەرگە ھارام قىلىنغان ئىدى. سىلەرنىڭ تەۋراتنىڭ بىر قىسمىغا ئىشىنىپ، يەنە بىر قىسمىنى ئىنكار قىلىشىڭلار نېمىدېگەن قەبىھ ئىشتۇر! سىلەردىن شۇنداق قىلغانلارنىڭ جازاسى دۇنيا ھاياتىدا رەسۋا بولۇش، قىيامەت كۈنى دوزاختا ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا دۇچار بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر.

أُو۟لَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ ٱشْتَرَوُا۟ ٱلْحَيَوٰةَ ٱلدُّنْيَا بِٱلْءَاخِرَةِ ۖ فَلَا يُخَفَّفُ عَنْهُمُ ٱلْعَذَابُ وَلَا هُمْ يُنصَرُونَ ﴿٨٦﴾

86 ـ ئەنە شۇلار دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتلىكتىن ئەۋزەل كۆرگەنلەر بولۇپ، ئۇلاردىن ئازاب يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلارغا ياردەم بېرىپ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قالىدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ.

وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَٰبَ وَقَفَّيْنَا مِنۢ بَعْدِهِۦ بِٱلرُّسُلِ ۖ وَءَاتَيْنَا عِيسَى ٱبْنَ مَرْيَمَ ٱلْبَيِّنَٰتِ وَأَيَّدْنَٰهُ بِرُوحِ ٱلْقُدُسِ ۗ أَفَكُلَّمَا جَآءَكُمْ رَسُولٌۢ بِمَا لَا تَهْوَىٰٓ أَنفُسُكُمُ ٱسْتَكْبَرْتُمْ فَفَرِيقًا كَذَّبْتُمْ وَفَرِيقًا تَقْتُلُونَ ﴿٨٧﴾

87 ـ شەك - شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا تەۋراتنى نازىل قىلدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەرلەرنى ئارقىمۇئارقا ئەۋەتتۇق، مەريەم ئوغلى ئىيساغا ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلدۇق، ئۇنى جىبرىل ئەلەيھىسسالام بىلەن كۈچلەندۈردۇق. ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەرگە قانداقلا بىر پەيغەمبەر نەپسى خاھىشىڭلارغا ماس كەلمەيدىغان نەرسە ئېلىپ كەلسە، ئۇنىڭغا قارشى چىقتىڭلار، بۇ پەيغەمبەرلەردىن بىر قىسمىنى يالغانچى دېدىڭلار، يەنە بىر قىسمىنى ئۆلتۈردۈڭلار.

وَقَالُوا۟ قُلُوبُنَا غُلْفٌۢ ۚ بَل لَّعَنَهُمُ ٱللَّهُ بِكُفْرِهِمْ فَقَلِيلًا مَّا يُؤْمِنُونَ ﴿٨٨﴾

88 ـ ئىسرائىل ئەۋلادى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: «بىزنىڭ دىللىرىمىز پەردىلەنگەن، شۇڭا سېنىڭ سۆزلىرىڭ دىللىرىمىزغا كىرمەيدۇ» دېدى. ئىش ئۇلار بىلجىرلىغاندەك ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ دىلى لەنەتلەنگەن بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنكارچىلىقى تۈپەيلىدىن ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىندى. شۇڭا ئۇلار بەكمۇ ئاز ئىمان ئېيتىدۇ (يەنى تولۇق ئىمان ئېيتمايدۇ. شۇڭا، بۇ ئىماننىڭ ئۇلارغا ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ.

وَلَمَّا جَآءَهُمۡ كِتَٰبٞ مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِ مُصَدِّقٞ لِّمَا مَعَهُمۡ وَكَانُواْ مِن قَبۡلُ يَسۡتَفۡتِحُونَ عَلَى ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ
فَلَمَّا جَآءَهُم مَّا عَرَفُواْ كَفَرُواْ بِهِۦۚ فَلَعۡنَةُ ٱللَّهِ عَلَى ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٨٩﴾

89 - ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ قولىدىكى تەۋراتنى تەستىقلايدىغان ساماۋى كىتاب - قۇرئان كەلگەن چاغدا، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىمۇ ئىنكار قىلىشتى. ھالبۇكى، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى مۇشرىكلارغا تەھدىت سېلىپ: «ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى يېقىنلاشتى، ئۇ كەلگەندە بىز ئۇنىڭ دىنىغا كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىمىز» دەيتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كېلىۋىدى، ئۇلار (ئۇنىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرى ئارقىلىق) ئۇنىڭ راستچىللىقىنى ۋە بارچە ئىسىل سۈپەتلىرىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق، ئۇنى ئىنكار قىلدى، ئۇنىڭغا كەلگەن دىننى قوبۇل قىلمىدى. ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان قۇرئاننى ئىنكار قىلغان ھەربىر كاپىرغا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن!

بِئۡسَمَا ٱشۡتَرَوۡاْ بِهِۦٓ أَنفُسَهُمۡ أَن يَكۡفُرُواْ بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ بَغۡيًا أَن يُنَزِّلَ ٱللَّهُ مِن فَضۡلِهِۦ عَلَىٰ مَن يَشَآءُ
مِنۡ عِبَادِهِۦۖ فَبَآءُو بِغَضَبٍ عَلَىٰ غَضَبٖۚ وَلِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابٞ مُّهِينٞ ﴿٩٠﴾

90 - ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئاللاھنىڭ ئۆز پەزلى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننى نازىل قىلغانلىقىغا ھەسەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشنىڭ ئورنىغا كۇفرىنى تاللىغانلىقى ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشتۇر. ئۇلار تەۋراتنى ئۆزگەرتىۋېتىپ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، بۇ قىلمىشى تۈپەيلىدىن يەنە ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە تانغان ھەرقانداق كاپىرغا قاتتىق ئازاب بار.

وَإِذَا قِيلَ لَهُمۡ ءَامِنُواْ بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ قَالُواْ نُؤۡمِنُ بِمَآ أُنزِلَ عَلَيۡنَا وَيَكۡفُرُونَ بِمَا وَرَآءَهُۥ وَهُوَ ٱلۡحَقُّ
مُصَدِّقٗا لِّمَا مَعَهُمۡۗ قُلۡ فَلِمَ تَقۡتُلُونَ أَنۢبِيَآءَ ٱللَّهِ مِن قَبۡلُ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿٩١﴾

91 - بەزى مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلارغا: «ئاللاھ نازىل قىلغان قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار» دېسە، ئۇلار: «بىز ئۆز پەيغەمبەرلىرىمىزگە نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرىمىز» دەيدۇ. ئۇلار ئاشۇ كىتابلاردىن باشقا ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارنى ئىنكار قىلىدۇ. ھالبۇكى، قۇرئان ئۇلارغا نازىل قىلىنغان تەۋرات، ئىنجىل قاتارلىق ساماۋى كىتابلارنى تەستىقلايدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىدىكى ساماۋى كىتابلارغا راستتىنلا ئىمان كەلتۈرگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە قۇرئانغىمۇ ئىمان كەلتۈرگەن بولاتتى. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئاللاھ سىلەرگە نازىل قىلغان كىتابلارغا ئىمان ئېيتقان بولساڭلار، ئىلگىرى نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئۆلتۈردۈڭلار؟».

۞ وَلَقَدۡ جَآءَكُم مُّوسَىٰ بِٱلۡبَيِّنَٰتِ ثُمَّ ٱتَّخَذۡتُمُ ٱلۡعِجۡلَ مِنۢ بَعۡدِهِۦ وَأَنتُمۡ ظَٰلِمُونَ ﴿٩٢﴾

92 - (ئى يەھۇدىيلار!) ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇسا ھەقىقەتەن سىلەرگە ئۆزىنىڭ راستچىللىقىنى ئىسپاتلاپ، كەلكۈن، چېكەتكە، پىت ۋە پاقا قاتارلىق ئاپەتلەرنى ۋە بۇلاردىن باشقا ئاللاھ ئۇلۇغ قۇرئاندا بايان قىلغان نۇرغۇنلىغان مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەن ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، مۇسا ئەلەيھىسسالام رەببى بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن كەتكەندە، سىلەر موزاينى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار. سىلەر ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان قەۋم ئىكەنسىلەر.

وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَٰقَكُمْ وَرَفَعْنَا فَوْقَكُمُ ٱلطُّورَ خُذُوا۟ مَآ ءَاتَيْنَٰكُم بِقُوَّةٍ وَٱسْمَعُوا۟ ۖ قَالُوا۟ سَمِعْنَا
وَعَصَيْنَا وَأُشْرِبُوا۟ فِى قُلُوبِهِمُ ٱلْعِجْلَ بِكُفْرِهِمْ ۚ قُلْ بِئْسَمَا يَأْمُرُكُم بِهِۦٓ إِيمَٰنُكُمْ إِن كُنتُم
مُّؤْمِنِينَ ﴿٩٣﴾

93 - شۇنى ئەسلەڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەردىن مۇسا تەۋراتتا سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن ھەققەتلەرنى قوبۇل قىلىش ھەققىدە مەھكەم ئەھدە ئالغان ئىدۇق. ئەمما سىلەر ئەھدىنى بۇزدۇڭلار. شۇنىڭ بىلەن تۇر تېغىنى ئۈستۈڭلارغا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، «سىلەرگە بېرىلگەن تەۋراتنى چىڭ تۇتۇڭلار، رەببىڭلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار ۋە ئىتائەت قىلىڭلار، بولمىسا بۇ تاغنى ئۈستۈڭلارغا تاشلايمىز» دېدۇق. (شۇ چاغدا) سىلەر: «سۆزۈڭنى ئاڭلىدۇق، ئەمما ئەمرىڭگە ئىتائەت قىلمىدۇق» دېدىڭلار. چۈنكى سىلەرنىڭ كۇفرىدا چوڭقۇرلاپ كېتىشىڭلار سەۋەبلىك موزايغا چوقۇنۇش دىلىڭلارغا سىڭدۈرۈۋېتىلگەن ئىدى. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر راستتىنلا ئىمان ئېيتقانلاردىن بولساڭلار، سىلەرنى كۇفرىغا ۋە ئازغۇنلۇققا چاقىرىدىغان بۇ ئىمانىڭلار نېمىدېگەن يامان!».

قُلْ إِن كَانَتْ لَكُمُ ٱلدَّارُ ٱلْءَاخِرَةُ عِندَ ٱللَّهِ خَالِصَةً مِّن دُونِ ٱلنَّاسِ فَتَمَنَّوُا۟ ٱلْمَوْتَ إِن كُنتُمْ
صَٰدِقِينَ ﴿٩٤﴾

94 - ئى پەيغەمبەر! ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى ۋە يېقىنلىرى دەپ بىلجىرلاپ: «جەننەت بىزلەرگىلا خاس» دەيدىغان يەھۇدىيلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئەمەلىيەت سىلەر دېگەندەك بولسا ۋە سىلەرنىڭ گېپىڭلار راست بولىدىغان بولسا، ئۆزۈڭلارغا ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلارچۇ، قېنى!».

وَلَن يَتَمَنَّوْهُ أَبَدًۢا بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيهِمْ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌۢ بِٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٩٥﴾

95 - ئۇلار بۇنى ھەرگىز قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلغانلىقى، ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلغانلىقى ۋە ئۆزلىرىنى جەننەتتىن مەھرۇم قىلىپ دوزاخقا كىرگۈزىدىغان كۇفرىلىق، ئاسىيلىق قاتارلىق قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن، ھەرگىز ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمايدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىدىن (كۇفرىلىقنى تاللاپ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇلارنى شۇ سەۋەبلىك جازالايدۇ.

وَلَتَجِدَنَّهُمْ أَحْرَصَ ٱلنَّاسِ عَلَىٰ حَيَوٰةٍ وَمِنَ ٱلَّذِينَ أَشْرَكُوا۟ ۚ يَوَدُّ أَحَدُهُمْ لَوْ يُعَمَّرُ أَلْفَ سَنَةٍ وَمَا هُوَ
بِمُزَحْزِحِهِۦ مِنَ ٱلْعَذَابِ أَن يُعَمَّرَ ۗ وَٱللَّهُ بَصِيرٌۢ بِمَا يَعْمَلُونَ ﴿٩٦﴾

96 - ئى پەيغەمبەر! شۇنى بىلگىنكى، يەھۇدىيلار ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە ئىنتايىن ھېرىستۇر، مەيلى ئۇ ھايات خارلىق، زەبۇنلۇق ئىچىدە ئۆتسۇن، ئۇلار يەنىلا ھېرىس قىلىدۇ، بەلكى ئۇلار ھاياتقا مۇشرىكلاردىنمۇ بەك ھېرىستۇر. يەھۇدىيلاردىن ھەربىرى مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلار ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇزۇن ئۆمۈر ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالالمايدۇ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئاللاھقا مەخپىي ئەمەس، ئاللاھ ئۇلارغا تېگىشلىك جازانى بېرىدۇ.

قُلْ مَن كَانَ عَدُوًّا لِّجِبْرِيلَ فَإِنَّهُۥ نَزَّلَهُۥ عَلَىٰ قَلْبِكَ بِإِذْنِ ٱللَّهِ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ وَهُدًى
وَبُشْرَىٰ لِلْمُؤْمِنِينَ ﴿٩٧﴾

97 - ئى پەيغەمبەر! جىبرىل پەرىشتىلەر ئىچىدىكى بىزنىڭ دۈشمىنىمىزدۇر، دېگەن يەھۇدىيلارغا ئېيتقىنكى، «كىمكى جىبرىلغا دۈشمەن بولىدىكەن، شۇنى بىلسۇنكى، جىبرىل ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچى، كىشىلەرنى ھەق دىنغا باشلىغۇچى، ئىمان ئېيتقانلارغا ئىككى ئالەمنىڭ ياخشىلىقلىرى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى ئۇلۇغ قۇرئاننى سېنىڭ قەلبىڭگە چۈشۈردى.

مَن كَانَ عَدُوًّا لِّلَّهِ وَمَلَٰٓئِكَتِهِۦ وَرُسُلِهِۦ وَجِبْرِيلَ وَمِيكَىٰلَ فَإِنَّ ٱللَّهَ عَدُوٌّ لِّلْكَٰفِرِينَ (٩٨)

98 - كىمكى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، پەيغەمبەرلىرىگە، خۇسۇسەن جىبرىل ۋە مىكائىل قاتارلىق پەرىشتىلەرگە دۈشمەن بولىدىكەن، ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويغىنكى، جىبرىلغا دۈشمەن بولغان ئادەم مىكائىلغىمۇ دۈشمەن بولغان بولىدۇ، شۇنداقلا ئاللاھقىمۇ دۈشمەن بولغان بولىدۇ (چۈنكى يەھۇدىيلار جىبرىل بىزنىڭ دۈشمىنىمىز، مىكائىل بولسا دوستىمىزدۇر، دەپ ئېتىقاد قىلاتتى). شەكسىزكى، ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان قۇرئاننى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنىڭ دۈشمىنىدۇ».

وَلَقَدْ أَنزَلْنَآ إِلَيْكَ ءَايَٰتٍۭ بَيِّنَٰتٍ ۖ وَمَا يَكْفُرُ بِهَآ إِلَّا ٱلْفَٰسِقُونَ (٩٩)

99 - ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا سېنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلايدىغان ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى نازىل قىلدۇق. ئاللاھنىڭ دىنىدىن چىققان كاپىرلاردىن باشقىسى بۇ مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلمايدۇ.

أَوَكُلَّمَا عَٰهَدُوا۟ عَهْدًا نَّبَذَهُۥ فَرِيقٌ مِّنْهُم ۚ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ (١٠٠)

100 - يەھۇدىيلارنىڭ ئەھدىسىنى بۇزۇشى نېمىدېگەن قەبىھ ئىش! ئۇلار قاچان بىرەر ئەھدە تۈزۈشسە، ئۇلاردىن بىر تۈركۈمى ئۇنى بۇزىدۇ. ئۇلار بۇگۈن ئەھدە تۈزسە، ئەتىسى ئۇنى بۇزىدۇ. بەلكى ئۇلارنىڭ تولىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ھەق دىنغا ئىشەنمەيدۇ.

وَلَمَّا جَآءَهُمْ رَسُولٌ مِّنْ عِندِ ٱللَّهِ مُصَدِّقٌ لِّمَا مَعَهُمْ نَبَذَ فَرِيقٌ مِّنَ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ كِتَٰبَ ٱللَّهِ وَرَآءَ ظُهُورِهِمْ كَأَنَّهُمْ لَا يَعْلَمُونَ (١٠١)

101 - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئۇلارنىڭ قولىدىكى تەۋراتنى تەستىقلايدىغان قۇرئاننى ئاللاھ تەرىپىدىن ئېلىپ كېلىۋىدى، كىتاب بېرىلگەنلەرنىڭ بىر قىسمى (ئۆلىمالىرى) خۇددى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى بىلمەيدىغاندەك ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان تەۋراتنى ئارقىلىرىغا چۆرىۋەتتى (ۋە ئۇنىڭدىن تامامەن يۈز ئۆرىدى).

وَٱتَّبَعُوا۟ مَا تَتْلُوا۟ ٱلشَّيَٰطِينُ عَلَىٰ مُلْكِ سُلَيْمَٰنَ ۖ وَمَا كَفَرَ سُلَيْمَٰنُ وَلَٰكِنَّ ٱلشَّيَٰطِينَ كَفَرُوا۟ يُعَلِّمُونَ ٱلنَّاسَ ٱلسِّحْرَ وَمَآ أُنزِلَ عَلَى ٱلْمَلَكَيْنِ بِبَابِلَ هَٰرُوتَ وَمَٰرُوتَ ۚ وَمَا يُعَلِّمَانِ مِنْ أَحَدٍ حَتَّىٰ يَقُولَآ إِنَّمَا نَحْنُ فِتْنَةٌ فَلَا تَكْفُرْ ۖ فَيَتَعَلَّمُونَ مِنْهُمَا مَا يُفَرِّقُونَ بِهِۦ بَيْنَ ٱلْمَرْءِ وَزَوْجِهِۦ ۚ وَمَا هُم بِضَآرِّينَ بِهِۦ مِنْ أَحَدٍ إِلَّا بِإِذْنِ ٱللَّهِ ۚ وَيَتَعَلَّمُونَ مَا يَضُرُّهُمْ وَلَا يَنفَعُهُمْ ۚ وَلَقَدْ عَلِمُوا۟ لَمَنِ ٱشْتَرَىٰهُ مَا لَهُۥ فِى ٱلْءَاخِرَةِ مِنْ خَلَٰقٍ ۚ وَلَبِئْسَ مَا شَرَوْا۟ بِهِۦٓ أَنفُسَهُمْ ۚ لَوْ كَانُوا۟ يَعْلَمُونَ (١٠٢)

102 - يەھۇدىيلار شەيتانلارنىڭ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى سېھىرگەرلەر

توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەن نەرسىلىرىگە ئەگەشتى. سۇلەيمان كاپىر بولغان ئەمەس، سېھىر ئۆگەنگەنمۇ ئەمەس، لېكىن شەيتانلار كىشىلەرنىڭ دىنىنى بۇزۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا سېھىر ئۆگىتىش بىلەن ئاللاھقا كۇفرىلىق قىلغان مەخلۇقلاردۇر. يەھۇدىيلار يەنە ئاللاھ بەندىلىرىنى سىناش ئۈچۈن ئىراقنىڭ بابىل دېگەن يېرىگە ئەۋەتكەن ھارۇت، مارۇت دېگەن ئىككى پەرىشتىگە چۈشۈرۈلگەن سېھىرگە ئەگەشتى. بۇ ئىككى پەرىشتە «سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنىش ۋە شەيتانغا ئەگىشىش بىلەن كاپىر بولۇپ كەتمە» دەپ ئاگاھلاندۇرماي تۇرۇپ، ھېچكىمگە سېھىر ئۆگەتكەن ئەمەس. ئىنسانلار بۇ ئىككى پەرىشتىدىن ئەر - ئايالنى بىر - بىرىگە ئۆچ قىلىپ، ئۇلارنى ئايرىۋېتىدىغان سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنىدۇ. سېھىرگەرلەر ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ ئىرادىسىسىز ھېچكىمگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇ سېھىرگەرلەر پەقەت ئۆزىگە زىيىنى بار، پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگىنىدۇ. شەيتانلار سېھىرگەرلىكنى يەھۇدىيلارغا ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا سېھىرگەرلىك ئەۋج ئېلىپ، ئۇلار سېھىرنى ئاللاھنىڭ كىتابىدىنمۇ ئارتۇق كۆرىدىغان بولۇپ كەتتى. ھالبۇكى، يەھۇدىيلار سېھىرنى تاللاپ، ھەقنى تەرك ئەتكەن ئادەمگە ئاخىرەتتە ياخشىلىقتىن ھېچبىر نېسىۋە يوقلۇقىنى ئوبدان بىلەتتى. يەھۇدىيلارنىڭ ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش بەدىلىگە، ئۆزلىرى ئۈچۈن راۋا كۆرگەن سېھىرگەرلىك بىلەن كۇفرىلىق نېمىدېگەن يامان! ئۇلاردا ئۆزلىرىگە قىلىنغان ۋەز - نەسىھەتنى قوبۇل قىلىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا تۈرتكە بولغۇدەك ئىلىم بولغان بولسا ئىدى (ئۇلار ئۇنداق قىلمايتتى).

وَلَوۡ أَنَّهُمۡ ءَامَنُواْ وَٱتَّقَوۡاْ لَمَثُوبَةٞ مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِ خَيۡرٞۚ لَّوۡ كَانُواْ يَعۡلَمُونَ ﴿١٠٣﴾

103 - يەھۇدىيلار ئەگەر ئاللاھقا ھەقىقىي ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭدىن قورققان بولسا ئىدى، ئۇلارغا ئاللاھ بېرىدىغان ساۋابنىڭ سېھىرگەرلىكتىن ۋە سېھىرگەرلىك ئارقىلىق تاپقان مال - دۇنيادىن ياخشى ئىكەنلىكىنى ئەلۋەتتە بىلگەن بولاتتى، ئىمان ۋە تەقۋالىقنىڭ ئاخىرەتتىكى كاتتا مۇكاپاتىنى ھەقىقىي بىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتقان بولاتتى.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَقُولُواْ رَٰعِنَا وَقُولُواْ ٱنظُرۡنَا وَٱسۡمَعُواْۗ وَلِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿١٠٤﴾

104 - ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «رائىنا»[1] دەپ خىتاب قىلماي، «ئۇنزۇرنا» دەپ خىتاب قىلىڭلار. بۇ سۆز سىلەر مەقسەت قىلغان مەنىنى توغرا شەكىلدە ئىپادىلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، يەھۇدىيلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولغان قاتتىق ئۆچمەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۇنى سۆكۈش ۋە تىللاش ئۈچۈن تىلىنى قەستەن تولغاپ شۇنداق ئىككى بىسلىق سۆزلەرنى ئىشلىتەتتى. ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرگە تىلاۋەت قىلىنىۋاتقان قۇرئانغا قۇلاق سېلىڭلار، ئۇنى ياخشى چۈشىنىڭلار. ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا ئەلەملىك ئازاب بار.

مَّا يَوَدُّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ وَلَا ٱلۡمُشۡرِكِينَ أَن يُنَزَّلَ عَلَيۡكُم مِّنۡ خَيۡرٖ مِّن رَّبِّكُمۡۚ وَٱللَّهُ يَخۡتَصُّ بِرَحۡمَتِهِۦ مَن يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ ذُو ٱلۡفَضۡلِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿١٠٥﴾

105 - ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىرلار ۋە مۇشرىكلار رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە قۇرئان،

---

[1] رائىنا - يەھۇدىيلارنىڭ تىلى بولغان ئىبرانى تىلدا ھاقارەت مەنىسىنى، ئەرەب تىلىدا بولسا «بىزگە قاراپ قويساڭكەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، پەيغەمبەرگە مۇنداق ئىككى مەنىلىك سۆزنى ئىشلەتمەي، ئەرەبچىدە «بىزگە قاراپ قويساڭكەن» دېگەننى بىلدۈرىدىغان «ئۇنزۇرنا» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىش تەلەپ قىلىنغان.

ئىلىم - مەرىپەت، نۇسرەت ۋە بېشارەت قاتارلىق ياخشىلىقلاردىن ئازراق بولسىمۇ چۈشۈشىنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ. ئاللاھ پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت رەھمىتىنى بەندىلىرىدىن كىمنى خالىسا شۇنىڭغا ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ كاتتا ۋە كەڭ پەزىل - كەرەم ھەم ئاتا - ئېھسان ئىگىسىدۇر.

مَا نَنسَخْ مِنْ ءَايَةٍ أَوْ نُنسِهَا نَأْتِ بِخَيْرٍ مِّنْهَآ أَوْ مِثْلِهَآ ۗ أَلَمْ تَعْلَمْ أَنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ١٠٦

106 - بىز بىرەر ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرساق ياكى ئۇنى دىللاردىن ئۆچۈرۈپ تاشلىساق، ئەلۋەتتە سىلەر ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ مەنپەئەتلىكرەك ئايەتنى كەلتۈرىمىز ياكى ساۋاب ۋە ئەمەل جەھەتتە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر ئايەتنى كەلتۈرىمىز، ھەربىر ئىشىمىزدا ئەلۋەتتە ھېكمەت بار. ئى پەيغەمبەر! سەن ۋە ئۈممىتىڭ ئاللاھنىڭ ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىلەر؟

أَلَمْ تَعْلَمْ أَنَّ ٱللَّهَ لَهُۥ مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۗ وَمَا لَكُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ مِن وَلِىٍّ وَلَا نَصِيرٍ ١٠٧

107 - ئى پەيغەمبەر! سەن ۋە ئۈممىتىڭ ئاللاھنىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسى ۋە ئىدارە قىلغۇچىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىلەر؟ ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، خالىغىنى بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ، بەندىلىرىنى ئۆزى خالىغان ئىشقا بۇيرۇيدۇ ۋە خالىغان ئىشتىن توسىدۇ، بەندىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئىتائەت قىلىشى پەرزدۇر. ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان ئادەم ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قالىدىغان ھېچقانداق مەدەتكار ۋە ياردەمچى يوقلۇقىنى بىلىپ قالسۇن!.

أَمْ تُرِيدُونَ أَن تَسْـَٔلُوا۟ رَسُولَكُمْ كَمَا سُئِلَ مُوسَىٰ مِن قَبْلُ ۗ وَمَن يَتَبَدَّلِ ٱلْكُفْرَ بِٱلْإِيمَٰنِ فَقَدْ ضَلَّ سَوَآءَ ٱلسَّبِيلِ ١٠٨

108 - ئى ئىنسانلار! ئىلگىرى يەھۇدىيلار مۇساغا تەلەپ قويغاندەك، سىلەرمۇ تەرسالىق ۋە ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ پەيغەمبىرىڭلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەلەپ قويماقچىمۇ؟ بىلىڭلاركى، كىمكى ئىماننى قويۇپ، كۇفرىنى تاللايدىكەن، ئۇ ئاللاھنىڭ توغرا يولىدىن ئېزىپ، ئازغۇنلۇققا كىرىپ كەتكەن بولىدۇ.

وَدَّ كَثِيرٌ مِّنْ أَهْلِ ٱلْكِتَٰبِ لَوْ يَرُدُّونَكُم مِّنۢ بَعْدِ إِيمَٰنِكُمْ كُفَّارًا حَسَدًا مِّنْ عِندِ أَنفُسِهِم مِّنۢ بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ ٱلْحَقُّ ۖ فَٱعْفُوا۟ وَٱصْفَحُوا۟ حَتَّىٰ يَأْتِىَ ٱللَّهُ بِأَمْرِهِۦٓ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ١٠٩

109 - ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقى ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئۆزلىرىگە ئوپئوچۇق ئايان بولغاندىن كېيىن، پەقەتلا دىلىغا توشۇپ كەتكەن ھەسەت ۋە دۈشمەنلىك تۈپەيلىدىن، سىلەرنى ئىمانىڭلاردىن قايتۇرۇپ ئاۋۋالقىدەك بۇتلارغا چوقۇنىدىغان كاپىرلاردىن قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ھەققىدىكى پەرمانى كەلگەنگە قەدەر، سىلەر يەنىلا ئۇلارنى ئەپۇ قىلىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ نادانلىقىنى كەچۈرۈڭلار. ئاللاھ ئۇلارنى بۇ قىلمىشى سەۋەبلىك ئەلۋەتتە جازالايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر، ئۇ ھېچقانداق بىر ئىشتىن ئاجىز كەلمەيدۇ.

وَأَقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُوا۟ ٱلزَّكَوٰةَ ۚ وَمَا تُقَدِّمُوا۟ لِأَنفُسِكُم مِّنْ خَيْرٍ تَجِدُوهُ عِندَ ٱللَّهِ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ بِمَا

تَعۡمَلُونَ بَصِيرٞ ﴿١١٠﴾

110 - ئى ئىمان ئېيتقانلار! نامازنى توغرا شەكىلدە مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، پەرز قىلىنغان زاكاتنى تولۇق بېرىڭلار. بىلىڭلاركى، سىلەر ئۆزۈڭلار ئۈچۈن قىلغان ھەرقانداق ياخشى ئەمەلنىڭ مۇكاپاتىنى ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تاپىسىلەر. شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرنىڭ بارلىق ئەمەللىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ئەمەللىڭلارغا قاراپ سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

وَقَالُواْ لَن يَدۡخُلَ ٱلۡجَنَّةَ إِلَّا مَن كَانَ هُودًا أَوۡ نَصَٰرَىٰۗ تِلۡكَ أَمَانِيُّهُمۡۗ قُلۡ هَاتُواْ بُرۡهَٰنَكُمۡ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿١١١﴾

111 - يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار جەننەتنىڭ ئۆزلىرىگىلا خاس ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزلىرىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ جەننەتكە كىرەلمەيدىغانلىقىنى دەۋا قىلىپ بىلجىرلايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ قۇرۇق ئارزۇسىدۇر. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا: «ئەگەر بۇ دەۋايىڭلارنىڭ توغرىلىقىدا راستچىل بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار» دېگىن.

بَلَىٰۚ مَنۡ أَسۡلَمَ وَجۡهَهُۥ لِلَّهِ وَهُوَ مُحۡسِنٞ فَلَهُۥٓ أَجۡرُهُۥ عِندَ رَبِّهِۦ وَلَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ ﴿١١٢﴾

112 - ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇلار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، جەننەت ھەرگىز بىر تائىپە كىشىلەرگىلا خاس ئەمەس. جەننەتكە پەقەت ئاللاھقا چىن ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بارلىق گەپ - سۆزلىرىدە ۋە ئەمەللىرىدە ئىزچىل ئەگەشكەن كىشىلەر كىرىدۇ. كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا چوقۇم تاپىدۇ. ئاخىرەتتىكى مۇكاپات جەننەتتۇر. ئۇلارغا ئاخىرەتتە ھېچقانداق قورقۇنچ يوقتۇر، ئۇلار بۇ دۇنيادا ئېرىشەلمەي كەتكەن دۇنيا لەززەتلىرى ئۈچۈن قايغۇرمايدۇ.

وَقَالَتِ ٱلۡيَهُودُ لَيۡسَتِ ٱلنَّصَٰرَىٰ عَلَىٰ شَيۡءٖ وَقَالَتِ ٱلنَّصَٰرَىٰ لَيۡسَتِ ٱلۡيَهُودُ عَلَىٰ شَيۡءٖ وَهُمۡ يَتۡلُونَ ٱلۡكِتَٰبَۗ كَذَٰلِكَ قَالَ ٱلَّذِينَ لَا يَعۡلَمُونَ مِثۡلَ قَوۡلِهِمۡۚ فَٱللَّهُ يَحۡكُمُ بَيۡنَهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ فِيمَا كَانُواْ فِيهِ يَخۡتَلِفُونَ ﴿١١٣﴾

113 - يەھۇدىيلار: «خىرىستىيانلار توغرا دىندا ئەمەس» دېدى، خىرىستىيانلارمۇ: «يەھۇدىيلار توغرا دىندا ئەمەس» دېدى. ھالبۇكى، ئۇلار تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى ئوقۇپ تۇرىدۇ، بۇ ئىككى كىتابتا بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى يېزىلغان. ئەرەب مۇشرىكلىرىدىن ئىبارەت نادان قەۋممۇ شۇنداق دېدى، يەنى ئۆزىنىڭ دىنىدا بولمىغانلارنىڭ ھەممىسىنى توغرا دىندا ئەمەس دەپ قارىدى. ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ دىن توغرىسىدىكى تالاش - تارتىشى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ ۋە ھەربىرىگە قىلمىشىغا قاراپ جازا بېرىدۇ.

وَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّن مَّنَعَ مَسَٰجِدَ ٱللَّهِ أَن يُذۡكَرَ فِيهَا ٱسۡمُهُۥ وَسَعَىٰ فِي خَرَابِهَآۚ أُوْلَٰٓئِكَ مَا كَانَ لَهُمۡ أَن يَدۡخُلُوهَآ إِلَّا خَآئِفِينَۚ لَهُمۡ فِي ٱلدُّنۡيَا خِزۡيٞ وَلَهُمۡ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ عَذَابٌ عَظِيمٞ ﴿١١٤﴾

114 - ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىدە ناماز ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنى زىكىر قىلىشنى مەنئى قىلغان، ئۇ مەسجىدلەرنى يىقىپ تاشلاش ياكى تاقىۋېلىش

ۋەياكى مۇئمىنلەرنى ئۇنىڭغا كىرىشتىن توسۇش قاتارلىق قىلمىشلار بىلەن ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ بۇ زالىملار مەسجىدلەرگە پەقەت ئاللاھتىن قورققان ھالدىلا كىرىشى كېرەك. ئۇلارغا دۇنيادا خارلىق ۋە رەسۋالىق، ئاخىرەتتە بولسا قاتتىق ئازاب بار.

وَلِلَّهِ ٱلْمَشْرِقُ وَٱلْمَغْرِبُ ۚ فَأَيْنَمَا تُوَلُّوا۟ فَثَمَّ وَجْهُ ٱللَّهِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ وَٰسِعٌ عَلِيمٌ ﴿١١٥﴾

115 - كۈنچىقىشمۇ، كۈنپېتىشمۇ ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى تەرەپلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ پۈتكۈل زېمىننىڭ ئىگىسىدۇر. شۇڭا سىلەر ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئاساسەن نامازدا قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلار، ئاللاھ بەلگىلىگەن تەرەپكە يۈزلەنگەن بولىسىلەر، ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن ۋە ئىتائىتىدىن چىقىپ كەتمەيسىلەر. ئاللاھ بەندىلىرىگە چەكسىز رەھىم - شەپقەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ بارلىق ئەمەللىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېچ نەرسە ئۇنىڭ ئىلمىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

وَقَالُوا۟ ٱتَّخَذَ ٱللَّهُ وَلَدًا ۗ سُبْحَٰنَهُۥ ۖ بَل لَّهُۥ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ كُلٌّ لَّهُۥ قَٰنِتُونَ ﴿١١٦﴾

116 - يەھۇدىيلار، خىرىستىيانلار ۋە مۇشرىكلار: «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دېدى. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئاللاھقا مەنسۇپ قىلغان نەرسىدىن ئاللاھ ئەلۋەتتە پاكتۇر. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىدۇر، ھەممىسى ئۇنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىدۇر.

بَدِيعُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ وَإِذَا قَضَىٰٓ أَمْرًا فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ﴿١١٧﴾

117 - ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقان زاتتۇر. ئاللاھ بىرەر ئىشنى تەقدىر قىلىپ ئۇنى يارىتىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا پەقەت «بول!» دەيدۇ - دە، ئۇ دەرھال بولىدۇ.

وَقَالَ ٱلَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ لَوْلَا يُكَلِّمُنَا ٱللَّهُ أَوْ تَأْتِينَآ ءَايَةٌ ۗ كَذَٰلِكَ قَالَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِم مِّثْلَ قَوْلِهِمْ ۘ تَشَٰبَهَتْ قُلُوبُهُمْ ۗ قَدْ بَيَّنَّا ٱلْءَايَٰتِ لِقَوْمٍ يُوقِنُونَ ﴿١١٨﴾

118 - ئەھلى كىتابتىن ۋە باشقىلاردىن بولغان نادان ئادەملەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشتىن باش تارتىپ، ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ: «ئاللاھ نېمىشقا بىزگە بىۋاسىتە گەپ قىلىپ، سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى ئېيتىپ بەرمەيدۇ ياكى سەن نېمىشقا بىزگە ئاللاھتىن سېنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر مۆجىزە كەلتۈرمەيسەن؟» دېدى. ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرمۇ ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ مۇشۇنداق سۆزنى قىلغان ئىدى. بۇ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق كاپىرلارنىڭ دىللىرىنىڭ كۇفرىلىقتا ۋە ئازغۇنلۇقتا بىر - بىرىگە ئوخشايدىغانلىقىدىندۇر. ھەقىقەتەن بىز ئايەتلىرىمىزنى ئاللاھقا جەزمەن ئىشىنىدىغان، ئۇنىڭ نازىل قىلغان شەرىئىتى بويىچە ئەمەل قىلىدىغان مۇئمىن قەۋم ئۈچۈن ئوچۇق بايان قىلدۇق.

إِنَّآ أَرْسَلْنَٰكَ بِٱلْحَقِّ بَشِيرًا وَنَذِيرًا ۖ وَلَا تُسْـَٔلُ عَنْ أَصْحَٰبِ ٱلْجَحِيمِ ﴿١١٩﴾

119 - ئى پەيغەمبەر! ھەقىقەتەن بىز سېنى دەلىل - ئىسپات ۋە مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتۇق. سەن بۇ دىننى كىشىلەرگە يەتكۈزگىن، مۇئمىنلەرگە ئىككى ئالەملىك ياخشىلىقلار بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن، ھەق دىننى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان مۇتەكەببىر كاپىرلارنى ئاخىرەتتە ئۇلارنى كۈتۈۋالىدىغان

قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرغىن. سەن ھەق دىنىنى تولۇق يەتكۈزگەندىن كېيىنمۇ، كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارنىڭ كاپىرلىقىغا سەن جاۋابكار ئەمەسسەن، قىيامەت كۈنى ئۇلار دوزاختا تاشلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن ھەرگىز چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

وَلَن تَرۡضَىٰ عَنكَ ٱلۡيَهُودُ وَلَا ٱلنَّصَٰرَىٰ حَتَّىٰ تَتَّبِعَ مِلَّتَهُمۡۗ قُلۡ إِنَّ هُدَى ٱللَّهِ هُوَ ٱلۡهُدَىٰۗ وَلَئِنِ ٱتَّبَعۡتَ أَهۡوَآءَهُم بَعۡدَ ٱلَّذِي جَآءَكَ مِنَ ٱلۡعِلۡمِ مَا لَكَ مِنَ ٱللَّهِ مِن وَلِيّٖ وَلَا نَصِيرٍ ﴿١٢٠﴾

120 - ئى پەيغەمبەر! سەن دىنىڭنى تاشلاپ، يەھۇدىيلارنىڭ ۋە خىرىستىيانلارنىڭ دىنىغا ئەگەشمىگۈچە ئۇلار سەندىن ھەرگىز رازى بولمايدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ھەق دىن ئىسلام دىنىدۇر». ساڭا ۋەھيى ئارقىلىق ھەقىقەت كەلگەندىن كېيىن، ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشكەن بولساڭ، سېنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قالىدىغان ھېچقانداق دوست، ساڭا ياردەم قىلىدىغان ھېچقانداق مەدەتكار چىقمايدۇ. (گەرچە بۇ خىتاب مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دېيىلگەن بولسىمۇ، ئۇ پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتىگە قارىتىلغان).

ٱلَّذِينَ ءَاتَيۡنَٰهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ يَتۡلُونَهُۥ حَقَّ تِلَاوَتِهِۦٓ أُوْلَٰٓئِكَ يُؤۡمِنُونَ بِهِۦۗ وَمَن يَكۡفُرۡ بِهِۦ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡخَٰسِرُونَ ﴿١٢١﴾

121 - بىز كىتاب بەرگەن يەھۇدىيلارنىڭ ۋە خىرىستىيانلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى مۇئمىنلەر ئۇ كىتابنى تەلەپكە لايىق ئوقۇيدۇ، ئۇنىڭغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئەمەل قىلىدۇ، ئۇنىڭدىكى ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، خۇسۇسەن ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشتىن ئىبارەت ھەقىقەتكە چىن ئىشىنىدۇ، بۇ ھەقىقەتلەرنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ. ئەنە شۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭغا كەلگەن قۇرئانغا ئىشىنىدىغان مۇئمىنلەردۇر. ئەمما تەۋرات ۋە ئىنجىل قاتارلىق كىتابلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، بەزى ھەقىقەتلىرىنى يوشۇرغانلارغا كەلسەك، ئاشۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭغا كەلگەن قۇرئاننى ئىنكار قىلغان كاپىرلاردۇر. كىمكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ قاتتىق زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

يَٰبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱذۡكُرُواْ نِعۡمَتِيَ ٱلَّتِيٓ أَنۡعَمۡتُ عَلَيۡكُمۡ وَأَنِّي فَضَّلۡتُكُمۡ عَلَى ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٢٢﴾

122 - ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن سانسىز نېمەتلىرىمنى ۋە بىر زامانلاردا ئاراڭلاردىن كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرنى چىقىرىپ، ئۇلارغا كىتابلارنى نازىل قىلىش ئارقىلىق سىلەرنى جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلغانلىقىمنى ئەسلەڭلار.

وَٱتَّقُواْ يَوۡمٗا لَّا تَجۡزِي نَفۡسٌ عَن نَّفۡسٖ شَيۡـٔٗا وَلَا يُقۡبَلُ مِنۡهَا عَدۡلٞ وَلَا تَنفَعُهَا شَفَٰعَةٞ وَلَا هُمۡ يُنصَرُونَ ﴿١٢٣﴾

123 - سىلەر قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب بېرىشتىن قورقۇڭلاركى، ئۇ چاغدا ھېچكىم ھېچكىمگە قىلچىلىك ياردەم قىلالمايدۇ، ئاللاھ ھېچكىمدىن ئازابتىن قۇتۇلۇپ قېلىشى ئۈچۈن فىديە قوبۇل قىلمايدۇ، شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ، كاپىرلارغا ھېچكىم ياردەم قىلالمايدۇ.

۞ وَإِذِ ٱبۡتَلَىٰٓ إِبۡرَٰهِـۧمَ رَبُّهُۥ بِكَلِمَٰتٖ فَأَتَمَّهُنَّۖ قَالَ إِنِّي جَاعِلُكَ لِلنَّاسِ إِمَامٗاۖ قَالَ وَمِن ذُرِّيَّتِيۖ قَالَ

لَا يَنَالُ عَهۡدِي ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٢٤﴾

124 - ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ ئىبراھىمنى ئۇنىڭغا بۇيرۇلغان بەزى ئەھكاملار بىلەن سىنىغان، ئىبراھىممۇ ئۇلارنى تولۇق ئورۇندىغان ئىدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا: «سېنى چوقۇم ئىنسانلارغا پېشۋا قىلىمەن» دېدى، ئىبراھىم: «ئى رەببىم! ئۆز پەزلى - مەرھەمىتىڭ بىلەن مېنىڭ ئەۋلادىمدىن ئىچىدىنمۇ پېشۋالارنى چىقارغىن» دەپ تىلىدى. ئاللاھ جاۋاب بېرىپ: «(سېنىڭ نەسلىڭدىن بولغان تەقدىردىمۇ، يامان ئىش قىلىپ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار دىنىدا پېشۋا بولالمايدۇ» دېدى.

وَإِذۡ جَعَلۡنَا ٱلۡبَيۡتَ مَثَابَةٗ لِّلنَّاسِ وَأَمۡنٗا وَٱتَّخِذُواْ مِن مَّقَامِ إِبۡرَٰهِـۧمَ مُصَلّٗىۖ وَعَهِدۡنَآ إِلَىٰٓ إِبۡرَٰهِـۧمَ وَإِسۡمَٰعِيلَ أَن طَهِّرَا بَيۡتِيَ لِلطَّآئِفِينَ وَٱلۡعَٰكِفِينَ وَٱلرُّكَّعِ ٱلسُّجُودِ ﴿١٢٥﴾

125 - ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا بىز كەئبىنى كىشىلەر ئۈچۈن ھەج، ئۆمرە، تاۋاپ، ناماز قاتارلىق ئىبادەتلەردە جەم بولىدىغان ئورۇن ۋە دۈشمەنلەر ھۇجۇم قىلالمايدىغان ئامان جاي قىلىپ بەرگەن ۋە ئۇلارغا: «ماقامى ئىبراھىمنى ناماز ئوقۇيدىغان جاي قىلىڭلار» دېگەن ئىدۇق. ماقامى ئىبراھىم - ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەئبىنى بىنا قىلغاندا ئۈستىگە چىقىپ تۇرغان تاشنىڭ ئورنىدۇر. ئىبراھىم بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمائىلغا: «مېنىڭ ئۆيۈم بولغان كەئبىنى تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار ۋە سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن بارلىق پاسكىنىچىلىقلاردىن تازىلاپ پاك تۇتۇڭلار» دەپ بۇيرۇدۇق.

وَإِذۡ قَالَ إِبۡرَٰهِـۧمُ رَبِّ ٱجۡعَلۡ هَٰذَا بَلَدًا ءَامِنٗا وَٱرۡزُقۡ أَهۡلَهُۥ مِنَ ٱلثَّمَرَٰتِ مَنۡ ءَامَنَ مِنۡهُم بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِۚ قَالَ وَمَن كَفَرَ فَأُمَتِّعُهُۥ قَلِيلٗا ثُمَّ أَضۡطَرُّهُۥٓ إِلَىٰ عَذَابِ ٱلنَّارِۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ ﴿١٢٦﴾

126 - ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم رەببىگە ئىلتىجا قىلىپ: «ئى رەببىم! مەككە شەھىرىنى قورقۇنچلاردىن ئامان ۋە تىنچ شەھەر قىلىپ بەرگىن، ئاھالىسىدىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن» دېگەن ئىدى. ئاللاھ: «ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن كاپىر بولغان ئادەمنىمۇ بۇ دۇنيادا رىزىقلاندۇرىمەن، دۇنيا نېمەتلىرىدىن ئازغىنە مۇددەت بەھرىمەن قىلىمەن، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭغا دوزاخ ئازابىنى تېتىتىمەن» دېدى. دوزاخ نېمىدېگەن يامان قارارگاھ!

وَإِذۡ يَرۡفَعُ إِبۡرَٰهِـۧمُ ٱلۡقَوَاعِدَ مِنَ ٱلۡبَيۡتِ وَإِسۡمَٰعِيلُ رَبَّنَا تَقَبَّلۡ مِنَّآۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ﴿١٢٧﴾

127 - ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەئبىنىڭ ئۇلىنى سېلىۋېتىپ، ناھايىتى ئىخلاس بىلەن مۇنداق دۇئا قىلدى: «ئى رەببىمىز! بىزنىڭ ياخشى ئەمەللىرىمىزنى ۋە دۇئايىمىزنى قوبۇل قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن بەندىلىرىڭنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، ئەھۋاللىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىسەن.

رَبَّنَا وَٱجۡعَلۡنَا مُسۡلِمَيۡنِ لَكَ وَمِن ذُرِّيَّتِنَآ أُمَّةٗ مُّسۡلِمَةٗ لَّكَ وَأَرِنَا مَنَاسِكَنَا وَتُبۡ عَلَيۡنَآۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٢٨﴾

128 - ئى رەببىمىز! بىز ئىككىمىزنى ئىسلامدا مۇستەھكەم قىلغىن، ئەمر - پەرمانلىرىڭغا ئىتائەت قىلغۇچى قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە ئىتائەت قىلىدىغان مۇئمىن ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەج ئىبادىتىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن،

تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن بەندىلىرىڭنىڭ تەۋبىلىرىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، بەندىلىرىڭگە چەكسىز مېھىر - شەپقەتلىكسەن.

رَبَّنَا وَٱبۡعَثۡ فِيهِمۡ رَسُولٗا مِّنۡهُمۡ يَتۡلُواْ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتِكَ وَيُعَلِّمُهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡحِكۡمَةَ وَيُزَكِّيهِمۡۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿١٢٩﴾

129 - ئى رەببىمىز! مۇشۇ ئۇممەت ئىچىدە ئىسمائىل ئەۋلادى ئارىسىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، قۇرئاننى ۋە سۈننەتنى ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى مۇشرىكلىكتىن ۋە ناچار ئەخلاقتىن پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن. شەكسىزكى، سەن نېمىنى خالىساڭ ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن».

وَمَن يَرۡغَبُ عَن مِّلَّةِ إِبۡرَٰهِـۧمَ إِلَّا مَن سَفِهَ نَفۡسَهُۥۚ وَلَقَدِ ٱصۡطَفَيۡنَٰهُ فِي ٱلدُّنۡيَاۖ وَإِنَّهُۥ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ لَمِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٣٠﴾

130 - ئەقىلسىزلەردىن ۋە ئەخمەقلەردىن باشقا ھېچكىم ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن — ئىسلام دىنىدىن — يۈز ئۆرۈمەيدۇ. ھەقىقەتەن بىز ئىبراھىمنى بۇ دۇنيادا پەيغەمبەر ۋە ئەلچى قىلىپ تاللىدۇق، ئۇ ئاخىرەتتە يۇقىرى مەرتىۋىلىك سالىھلاردىن بولىدۇ.

إِذۡ قَالَ لَهُۥ رَبُّهُۥٓ أَسۡلِمۡۖ قَالَ أَسۡلَمۡتُ لِرَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٣١﴾

131 - ئىبراھىمنىڭ بۇ كاتتا مەرتىۋىگە تاللىنىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ ئىسلامنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن دەرھال قوبۇل قىلغانلىقىدۇر. ئۇ ۋاقىتتا رەببى ئۇنىڭغا: «ئۆزۈڭنى ئاللاھقا تاپشۇرغان ھالدا ئۇنىڭغا بويسۇنغىن» دېگەندە، ئۇ ئاللاھقا بولغان بارچە ئىخلاسى ۋە سەممىي مۇھەببىتى بىلەن: «مەن ئالەملەرنىڭ رەببىگە بويسۇندۇم» دېگەن ئىدى.

وَوَصَّىٰ بِهَآ إِبۡرَٰهِـۧمُ بَنِيهِ وَيَعۡقُوبُ يَٰبَنِيَّ إِنَّ ٱللَّهَ ٱصۡطَفَىٰ لَكُمُ ٱلدِّينَ فَلَا تَمُوتُنَّ إِلَّا وَأَنتُم مُّسۡلِمُونَ ﴿١٣٢﴾

132 - ئىبراھىم بىلەن يەئقۇب ئۆز ئوغۇللىرىغا ئىسلامدا مۇستەھكەم تۇرۇشنى ۋەسىيەت قىلىپ: «ئى ئوغۇللىرىم! ئاللاھ سىلەرگە ئىسلام دىنىنى تاللىدى، شۇڭا سىلەر ھاياتلا بولساڭلار بۇ دىنىدىن قەتئىي ئايرىلماڭلار، سىلەر ئۆلگەندىمۇ پەقەت مۇسۇلمان ھالىتىڭلار بىلەنلا ئۆلۈڭلار» دېدى.

أَمۡ كُنتُمۡ شُهَدَآءَ إِذۡ حَضَرَ يَعۡقُوبَ ٱلۡمَوۡتُ إِذۡ قَالَ لِبَنِيهِ مَا تَعۡبُدُونَ مِنۢ بَعۡدِيۖ قَالُواْ نَعۡبُدُ إِلَٰهَكَ وَإِلَٰهَ ءَابَآئِكَ إِبۡرَٰهِـۧمَ وَإِسۡمَٰعِيلَ وَإِسۡحَٰقَ إِلَٰهٗا وَٰحِدٗا وَنَحۡنُ لَهُۥ مُسۡلِمُونَ ﴿١٣٣﴾

133 - ئى يەھۇدىيلار! يەئقۇب جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا سىلەر ئۇنىڭ يېنىدا بارمىدىڭلار؟ شۇ چاغدا يەئقۇب بارلىق ئوغۇللىرىنى يىغىپ ئۇلاردىن: «مەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن سىلەر نېمىگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلار: «سېنىڭ ئىلاھىڭ ۋە ئاتا - بوۋىلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىمىز» دېدى.

تِلۡكَ أُمَّةٞ قَدۡ خَلَتۡۖ لَهَا مَا كَسَبَتۡ وَلَكُم مَّا كَسَبۡتُمۡۖ وَلَا تُسۡـَٔلُونَ عَمَّا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿١٣٤﴾

134 - ئۇلار سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن بىر ئۇممەتتۇر، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ئۆزى ئۈچۈندۇر،

سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر. سىلەر ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى توغرۇلۇق سوئال - سوراق قىلىنمايسىلەر، ئۇلارمۇ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار توغرۇلۇق سوئال - سوراق قىلىنمايدۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى كۆرىدۇ، ھېچكىم باشقىسىنىڭ قىلمىشى سەۋەبلىك جازالانمايدۇ، ھەركىمگە ئۆزىنىڭ ئىمانى ۋە تەقۋالىقىدىن باشقا ھېچ نەرسە ئەسقاتمايدۇ.

وَقَالُواْ كُونُواْ هُودًا أَوْ نَصَٰرَىٰ تَهۡتَدُواْۗ قُلۡ بَلۡ مِلَّةَ إِبۡرَٰهِـۧمَ حَنِيفٗاۖ وَمَا كَانَ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ١٣٥

135 - يەھۇدىيلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە: «سىلەر يەھۇدىي دىنىغا كىرىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار ھىدايەت تاپىسىلەر» دېدى، خىرىستىيانلارمۇ شۇنداق دېدى (يەنى خىرىستىيانلارمۇ ئۇلارغا: «خىرىستىيان دىنىغا كىرىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار ھىدايەت تاپىسىلەر» دېدى). ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ھىدايەت (سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا ئەگىشىشتە ئەمەس) بەلكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەگىشىشتە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بارلىق باتىل دىنلاردىن يۈز ئۆرۈپ ھەق دىنغا ئەگەشكەن زاتتۇر، ئۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن ئەمەس ئىدى».

قُولُوٓاْ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيۡنَا وَمَآ أُنزِلَ إِلَىٰٓ إِبۡرَٰهِـۧمَ وَإِسۡمَٰعِيلَ وَإِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَ وَٱلۡأَسۡبَاطِ وَمَآ أُوتِيَ مُوسَىٰ وَعِيسَىٰ وَمَآ أُوتِيَ ٱلنَّبِيُّونَ مِن رَّبِّهِمۡ لَا نُفَرِّقُ بَيۡنَ أَحَدٖ مِّنۡهُمۡ وَنَحۡنُ لَهُۥ مُسۡلِمُونَ ١٣٦

136 - ئى مۇئمىنلەر! يەھۇدىيلارغا ۋە خىرىستىيانلارغا ئېيتىڭلاركى، «بىز يەككە - يېگانە مەبۇد بولغان ئاللاھقا، ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق بىزگە نازىل قىلغان قۇرئانغا، ئىبراھىمغا، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئىسمائىل ۋە ئىسھاققا، ئىسھاقنىڭ ئوغلى يەئقۇبقا، يەئقۇبنىڭ ئوغۇللىرىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان سەھىپىلەرگە، مۇساغا بېرىلگەن تەۋراتقا، ئىيساغا بېرىلگەن ئىنجىلغا، بارلىق پەيغەمبەرلەرگە رەببى تەرىپىدىن بېرىلگەن ۋەھيىگە ئىمان ئېيتتۇق، بىز بۇ پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىشتا ئۇلاردىن ھېچكىمنى ئايرىپ قويمايمىز (ھەممىسىگە ئىمان ئېيتىمىز). بىز ئاللاھقا تائەت - ئىبادەت قىلىش بىلەن بويسۇنغۇچىلارمىز».

فَإِنۡ ءَامَنُواْ بِمِثۡلِ مَآ ءَامَنتُم بِهِۦ فَقَدِ ٱهۡتَدَواْۖ وَّإِن تَوَلَّوۡاْ فَإِنَّمَا هُمۡ فِي شِقَاقٖۖ فَسَيَكۡفِيكَهُمُ ٱللَّهُۚ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ١٣٧

137 - ئەگەر يەھۇدىيلار، خىرىستىيانلار ۋە باشقا كاپىرلار سىلەر ئىمان ئېيتقاندەك، پەيغەمبەر ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتكە ئىمان ئېيتسا، ئۇلار ئەلۋەتتە، توغرا يول تاپقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتسا، ئەلۋەتتە، (سىلەر بىلەن) قاتتىق دۈشمەنلىك ئىچىدە بولغان بولىدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا قارشى تۇرۇشتا ئاللاھ ساڭا يېتەرلىكتۇر، ئاللاھ سېنى ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلايدۇ ۋە ساڭا ئۇلارغا قارشى ياردەم قىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئەھۋالىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

صِبۡغَةَ ٱللَّهِ وَمَنۡ أَحۡسَنُ مِنَ ٱللَّهِ صِبۡغَةٗۖ وَنَحۡنُ لَهُۥ عَٰبِدُونَ ١٣٨

138 - ئاللاھنىڭ دىنىنى چىڭ تۇتۇڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، ئاللاھنىڭ دىنىدىن ياخشى دىن يوقتۇر. شۇڭا بۇ دىننى چىڭ تۇتۇڭلار ۋە «بىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەگىشىش ئارقىلىق، رەببىمىز ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچىلارمىز» دەڭلار.

قُلْ أَتُحَآجُّونَنَا فِى ٱللَّهِ وَهُوَ رَبُّنَا وَرَبُّكُمْ وَلَنَآ أَعْمَٰلُنَا وَلَكُمْ أَعْمَٰلُكُمْ وَنَحْنُ لَهُۥ مُخْلِصُونَ ﴿١٣٩﴾

139 - ئى پەيغەمبەر! ئەھلى كىتابقا ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە (ئىبادەتنىڭ ئۇنىڭغىلا خاس ئىكەنلىكى توغرۇلۇق بىز بىلەن مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇ بىرەر قەۋمنىڭلا ئەمەس، بارچە ئالەملەرنىڭ رەببىدۇر، (ئۇ بىزنىڭمۇ رەببىمىز، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر). بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، بىز ئاللاھقا تائەت - ئىبادەتنى خالىس قىلىمىز، ئۇنىڭغا ھېچكىمنى شېرىك قىلمايمىز، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمگە ئىبادەت قىلمايمىز.

أَمْ تَقُولُونَ إِنَّ إِبْرَٰهِـۧمَ وَإِسْمَٰعِيلَ وَإِسْحَٰقَ وَيَعْقُوبَ وَٱلْأَسْبَاطَ كَانُواْ هُودًا أَوْ نَصَٰرَىٰ ۗ قُلْ ءَأَنتُمْ أَعْلَمُ أَمِ ٱللَّهُ ۗ وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّن كَتَمَ شَهَٰدَةً عِندَهُۥ مِنَ ٱللَّهِ ۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ ﴿١٤٠﴾

140 - ياكى سىلەر: ‹ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇب ۋە يەئقۇبنىڭ نەسلىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەر يەھۇدىي ئىدى ياكى خىرىستىيان ئىدى› دەمسىلەر؟ بۇ ئوپئوچۇق يالغاندۇر. چۈنكى ئۇلار تەۋرات ۋە ئىنجىل نازىل قىلىنىشتىن ئىلگىرى كەلگەن پەيغەمبەرلەردۇر». ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئۇلارنىڭ قايسى دىندا ئىكەنلىكىنى سىلەر ئوبدان بىلەمسىلەر ياكى ئاللاھمۇ؟ ئاللاھ قۇرئاندا ئۇلارنىڭ توغرا دىندىكى مۇسۇلمانلار ئىكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر بەردى. قولۇڭلاردا ئاللاھتىن كەلگەن گۇۋاھلىق بار تۇرۇپ، سىلەر ئۇنى يوشۇرۇۋاتىسىلەر ۋە بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇپ، ئۇنىڭ ئەكسىنى دەۋا قىلىۋاتىسىلەر. سىلەردەك ئاللاھتىن كەلگەن گۇۋاھلىقنى يوشۇرغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەس، ئاللاھ ئەلۋەتتە ئۇنى ساناپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاساسەن سىلەرنى جازالايدۇ».

تِلْكَ أُمَّةٌ قَدْ خَلَتْ ۖ لَهَا مَا كَسَبَتْ وَلَكُم مَّا كَسَبْتُمْ ۖ وَلَا تُسْـَٔلُونَ عَمَّا كَانُواْ يَعْمَلُونَ ﴿١٤١﴾

141 - ئۇلار سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن بىر ئۈممەتتۇر، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ئۆزى ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر. سىلەر ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى توغرۇلۇق سوئال - سوراق قىلىنمايسىلەر، ئۇلارمۇ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار توغرۇلۇق سوئال - سوراق قىلىنمايدۇ. (بۇ ئايەت باشقىلارنىڭ ئەمەللىرىدىن پايدىلانغىلى بولمايدىغانلىقىغا ۋە ئەجدادلارنىڭ ئەمەللىرى بىلەن پەخىرلىنىپ مەغرۇرلىنىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىگە، بۇنداق قىلىشنىڭ ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغانلىقىغا، ئەسقاتىدىغان نەرسىنىڭ ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش، ئۇنىڭغا خالىس ئىبادەت قىلىش، پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىش ئىكەنلىكىگە ۋە كىمكى پەيغەمبەرلەردىن بىرەرسىنى ئىنكار قىلىدىكەن، بۇ قىلمىشىنىڭ بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ).

۞ سَيَقُولُ ٱلسُّفَهَآءُ مِنَ ٱلنَّاسِ مَا وَلَّىٰهُمْ عَن قِبْلَتِهِمُ ٱلَّتِى كَانُواْ عَلَيْهَا ۚ قُل لِّلَّهِ ٱلْمَشْرِقُ وَٱلْمَغْرِبُ ۚ يَهْدِى مَن يَشَآءُ إِلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿١٤٢﴾

142 - يەھۇدىيلار ۋە ئۇلارغا ئوخشىغان بەزى ئەخمەق ۋە ئەقىلسىز ئادەملەر (ھەقىقەتنى مەسخىرە قىلىپ ۋە ئېتىراز بىلدۈرۈپ: «مۇسۇلمانلارنى ئىسلامنىڭ دەسلەپىدە نامازلىرىدا يۈزلىنىپ كېلىۋاتقان قىبلىسى (بەيتۇلمۇقەددەس)دىن نېمە بۇرىۋەتكەندۇ؟» دەيدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «كۈنچىقىشمۇ، كۈنپېتىشمۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى تەرەپلەرمۇ ئاللاھنىڭدۇر، تەرەپلەردىن ھېچقانداق بىر تەرەپ ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىنىڭ

سىرتىدا ئەمەس، ئاللاھ بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمنى ھىدايەتنىڭ داغدام يولىغا يېتەكلەيدۇ». (بۇ ئايەت ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى شەرتسىز ئورۇنداش كېرەكلىكىگە ۋە ئاللاھ بىزنى قايسى تەرەپكە يۈزلىنىشكە بۇيرۇسا شۇ تەرەپكە يۈزلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە ئىشارەت قىلىدۇ).

وَكَذَٰلِكَ جَعَلۡنَٰكُمۡ أُمَّةٗ وَسَطٗا لِّتَكُونُواْ شُهَدَآءَ عَلَى ٱلنَّاسِ وَيَكُونَ ٱلرَّسُولُ عَلَيۡكُمۡ شَهِيدٗاۗ وَمَا جَعَلۡنَا ٱلۡقِبۡلَةَ ٱلَّتِي كُنتَ عَلَيۡهَآ إِلَّا لِنَعۡلَمَ مَن يَتَّبِعُ ٱلرَّسُولَ مِمَّن يَنقَلِبُ عَلَىٰ عَقِبَيۡهِۚ وَإِن كَانَتۡ لَكَبِيرَةً إِلَّا عَلَى ٱلَّذِينَ هَدَى ٱللَّهُۗ وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيُضِيعَ إِيمَٰنَكُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِٱلنَّاسِ لَرَءُوفٞ رَّحِيمٞ ﴿١٤٣﴾

143 - ئى مۇسۇلمانلار! بىز سىلەرنى دىنىدا توغرا يولغا ھىدايەت قىلغاندەك، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز ئۈممەتلىرىگە دىنىنى تولۇق يەتكۈزگەنلىكى ھەققىدە ئاخىرەتتە گۇۋاھ بولۇشۇڭلار، بۇ پەيغەمبەر (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نىڭمۇ سىلەرگە دىنىنى تولۇق يەتكۈزگەنلىكىگە گۇۋاھ بولۇشى ئۈچۈن، سىلەرنى ئادالەتلىك، ياخشى ئۈممەت قىلدۇق. ئى پەيغەمبەر! سەن يۈزلىنىپ كېلىۋاتقان قىبلە - بەيتۇلمۇقەددەسنى مەككىدىكى كەئبىگە ئۆزگەرتكەنلىكىمىز پەقەتلا ساڭا ئەمەلىي رەۋىشتە ئەگىشىپ سەن قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭ شۇ تەرەپكە سەن بىلەن بىللە يۈزلىنىدىغان ئىتائەتمەن مۇئمىنلەردىن ئىمانى ئاجىز بولغانلىقتىن، دىنىدا شەكلىنىپ ئۇنىڭدىن يېنىۋالىدىغان مۇناپىقلارنى ئايرىپ چىقىشىمىز ئۈچۈندۇر. نامازدا تۇرۇپ بەيتۇلمۇقەددەستىن كەئبە تەرەپكە يۈزلىنىش ئاللاھ ھىدايەت قىلغان، ئىماندا مۇستەھكەم قىلغان ۋە تەقۋالىق ئاتا قىلغان كىشىلەردىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن ئېغىر كېلىدىغان ئەھۋالدۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى، ئىلگىرى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ ئىنسانلارغا تولىمۇ مېھرىباندۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر.

قَدۡ نَرَىٰ تَقَلُّبَ وَجۡهِكَ فِي ٱلسَّمَآءِۖ فَلَنُوَلِّيَنَّكَ قِبۡلَةٗ تَرۡضَىٰهَاۚ فَوَلِّ وَجۡهَكَ شَطۡرَ ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِۚ وَحَيۡثُ مَا كُنتُمۡ فَوَلُّواْ وُجُوهَكُمۡ شَطۡرَهُۥۗ وَإِنَّ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ لَيَعۡلَمُونَ أَنَّهُ ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّهِمۡۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَٰفِلٍ عَمَّا يَعۡمَلُونَ ﴿١٤٤﴾

144 - ئى پەيغەمبەر! بىز سېنىڭ قىبلە توغرۇلۇق بىرەر ۋەھيي كېلىشىنى كۈتۈپ، قايتا - قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. مانا ئەمدى بىز سېنى بەيتۇلمۇقەددەستىن سەن ياقتۇرىدىغان ۋە مەمنۇن بولىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. ئۇ مەككىدىكى مەسجىدى ھەرەمدۇر. ناماز ئوقۇماقچى بولغاندا يۈزۈڭنى شۇ مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن. ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرمۇ قەيەردە بولساڭلار ناماز ئوقۇماقچى بولغاندا يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلىڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ساماۋى كىتابلارنى ئاتا قىلغان يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلار قىبلىنىڭ بەيتۇلمۇقەددەستىن كەئبىگە ئۆزگەرتىلىدىغانلىقىنىڭ ئۆز كىتابلىرىدا ئورۇن ئالغان شەكسىز ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ ھەقىقەتكە شەك كەلتۈرۈش، قارشى چىقىش قاتارلىق بارلىق قىلمىشىدىن ھەرگىز غاپىل ئەمەس، ئۇلارنى قىلمىشىغا يارىشا جازالايدۇ.

وَلَئِنۡ أَتَيۡتَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ بِكُلِّ ءَايَةٖ مَّا تَبِعُواْ قِبۡلَتَكَۚ وَمَآ أَنتَ بِتَابِعٖ قِبۡلَتَهُمۡۚ وَمَا بَعۡضُهُم بِتَابِعٖ قِبۡلَةَ بَعۡضٖۚ وَلَئِنِ ٱتَّبَعۡتَ أَهۡوَآءَهُم مِّنۢ بَعۡدِ مَا جَآءَكَ مِنَ ٱلۡعِلۡمِ إِنَّكَ إِذٗا

لَّمِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٤٥﴾

145 - ئى پەيغەمبەر! سەن تەۋرات، ئىنجىل قاتارلىق ساماۋى كىتابلار بېرىلگەن يەھۇدىيلارغا ۋە خىرىستىيانلارغا سېنىڭ نامازدا كەئبىگە يۈزلىنىشىڭنىڭ ئاللاھتىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ بارلىق دەلىل - ئىسپاتلارنى كەلتۈرسەڭمۇ، ئۇلار تەرسالىقىدىن ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ سېنىڭ قىبلەڭگە ئەگەشمەيدۇ، سەنمۇ قايتا ئۇلارنىڭ قىبلىسىگە ئەگەشمەيسەن؛ ئۇلارمۇ بىر - بىرىنىڭ قىبلىسىگە ئەگەشمەيدۇ. قىبلىنىڭ كەئبىگە ئۆزگەرگەنلىكى ۋە باشقا مەسىلىلەردە سېنىڭ توغرا ئىش قىلغۇاتقانلىقىڭنى، ئۇلارنىڭ بولسا ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ساڭا ئىلىم كەلگەندىن كېيىن، مۇبادا ئۇلارنىڭ خاھىشىغا ئەگەشسەڭ، ئۇ چاغدا سەن چوقۇم ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن. (بۇ خىتاب بارلىق ئىسلام ئۇممىتىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئىسلام شەرىئىتىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەنلەرنى ئاگاھلاندۇرغان).

ٱلَّذِينَ ءَاتَيْنَٰهُمُ ٱلْكِتَٰبَ يَعْرِفُونَهُۥ كَمَا يَعْرِفُونَ أَبْنَآءَهُمْ ۖ وَإِنَّ فَرِيقًا مِّنْهُمْ لَيَكْتُمُونَ ٱلْحَقَّ وَهُمْ يَعْلَمُونَ ﴿١٤٦﴾

146 - بىز تەۋرات، ئىنجىل قاتارلىق كىتابلارنى بەرگەن يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ ئۆلىمالىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ئۆز كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان سۈپەتلىرى ئارقىلىق ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ. (ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ)، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە راستچىللىقىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىپ تۇرۇپ، بۇ ھەقىقەتنى يوشۇرىدۇ.

ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّكَ فَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلْمُمْتَرِينَ ﴿١٤٧﴾

147 - ئى پەيغەمبەر! ساڭا ۋەھيى قىلىنغانلىرى رەببىڭ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتتۇر. سەن ھەرگىز بۇنىڭغا شەك كەلتۈرگۈچىلەردىن بولمىغىن. (بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان خىتاب بولسىمۇ، بارلىق ئىسلام ئۇممىتىگە قارىتىلغان ئومۇمىي خىتابتۇر).

وَلِكُلٍّ وِجْهَةٌ هُوَ مُوَلِّيهَا ۖ فَٱسْتَبِقُوا۟ ٱلْخَيْرَٰتِ ۚ أَيْنَ مَا تَكُونُوا۟ يَأْتِ بِكُمُ ٱللَّهُ جَمِيعًا ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿١٤٨﴾

148 - ئۇممەتلەردىن ھەربىر ئۇممەتنىڭ مەخسۇس قىبلىسى بولۇپ، ئۇلار نامازلىرىدا شۇ قىبلىسىگە يۈزلىنىدۇ. ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئاللاھ ئىسلام دىنىدا بۇيرۇغان ياخشى ئەمەللەرنى بەس - بەستە قىلىشقا ئالدىراڭلار. قەيەردە بولساڭلار بولۇڭلار، ئاللاھ ئاخىرەت كۈنى ھەممىڭلارنى ھېساب مەيدانىغا يىغىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

وَمِنْ حَيْثُ خَرَجْتَ فَوَلِّ وَجْهَكَ شَطْرَ ٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ ۖ وَإِنَّهُۥ لَلْحَقُّ مِن رَّبِّكَ ۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ ﴿١٤٩﴾

149 - ئى پەيغەمبەر! سەن قەيەردىن سەپەرگە چىقساڭ ۋە ئۇ يەردە ناماز ئوقۇماقچى بولساڭ، نامازدا يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن؛ چۈنكى سېنىڭ ئۇنىڭغا يۈزلىنىشىڭ رەببىڭ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتتۇر، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرسىز ئەمەس، شۇنىڭغا قاراپ سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

وَمِنْ حَيْثُ خَرَجْتَ فَوَلِّ وَجْهَكَ شَطْرَ ٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِۚ وَحَيْثُ مَا كُنتُمْ فَوَلُّوا۟ وُجُوهَكُمْ شَطْرَهُۥ لِئَلَّا يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَيْكُمْ حُجَّةٌ إِلَّا ٱلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ مِنْهُمْ فَلَا تَخْشَوْهُمْ وَٱخْشَوْنِى وَلِأُتِمَّ نِعْمَتِى عَلَيْكُمْ وَلَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ ﴿١٥٠﴾

150 - ئى پەيغەمبەر! قەيەردىن يولغا چىقساڭ، نامازدا يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن. ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرمۇ قەيەردە بولساڭلار، نامىزىڭلاردا يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلىڭلار. بۇ ئىنسانلارغا سىلەرگە قارشى مۇنازىرىدە دەلىل - ئىسپات بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، چۈنكى ئۇلار تالاش - تارتىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. سىلەر ئۇلاردىن قورقماي، ماڭا ئىتائەت قىلىش بىلەن مەندىنلا قورقۇڭلار. بۇ سىلەرگە ئەڭ مۇكەممەل شەرىئەتنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق سىلەرگە نېمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزۈشۈم ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ھەقىقەتنى ۋە توغرا يولنى تېپىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

كَمَآ أَرْسَلْنَا فِيكُمْ رَسُولًا مِّنكُمْ يَتْلُوا۟ عَلَيْكُمْ ءَايَٰتِنَا وَيُزَكِّيكُمْ وَيُعَلِّمُكُمُ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْحِكْمَةَ وَيُعَلِّمُكُم مَّا لَمْ تَكُونُوا۟ تَعْلَمُونَ ﴿١٥١﴾

151 - سىلەرگە كەئبىنى قىبلە قىلىپ، نېمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزگىنىمدەك، ئاراڭلاردىن سىلەرگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، سىلەرنى كۇفرىدىن، مۇشرىكلىكتىن ۋە رەزىل قىلىقلاردىن پاك قىلىدىغان، سىلەرگە قۇرئاننى، سۈننەتنى ۋە شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئۆگىتىدىغان، سىلەرگە پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىدىن، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن بىلمىگەنلىرىڭلارنى بىلدۈرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق.

فَٱذْكُرُونِىٓ أَذْكُرْكُمْ وَٱشْكُرُوا۟ لِى وَلَا تَكْفُرُونِ ﴿١٥٢﴾

152 - ئى ئىمان ئېيتقانلار! ماڭا تىلىڭلار ۋە ئەمەلىڭلار بىلەن شۈكۈر قىلىش ئارقىلىق مېنى ياد ئېتىڭلار، مەنمۇ سىلەرنى پەرىشتىلەرنىڭ يېنىدا ياد ئېتىمەن، نېمەتلىرىمگە ھەرگىز تۇزكورلۇق قىلماڭلار. (ئاللاھ بۇ ئايەتتە مۇئمىن بەندىلىرىنى ئۆزىنى ياد ئېتىشكە بۇيرۇغان ۋە ئۇلارغا ئەڭ ئەۋزەل مۇكاپاتنى ۋەدە قىلغان. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ ئۇلارنى پەرىشتىلەرنىڭ يېنىدا ياد ئېتىشىدۇر).

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱسْتَعِينُوا۟ بِٱلصَّبْرِ وَٱلصَّلَوٰةِۚ إِنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿١٥٣﴾

153 - ئى مۇئمىنلەر! مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىش، تائەت - ئىبادەتلەردە چىدامىلىق بولۇش، گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن ساقلىنىشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن ۋە نامازنى دىلنى ئارام تاپقۇزىدىغان، گۇناھتىن ۋە قەبىھ ئىشلاردىن توسىدىغان رەۋىشتە مۇكەممەل ئوقۇش بىلەن بارلىق ئىشلىرىڭلاردا ئاللاھتىن ياردەم ۋە مەدەت تىلەڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر، ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ. (بۇ ئايەت ئاللاھنىڭ مۇئمىن بەندىلىرى بىلەن ئۇلارغا ياردەم قىلىش ۋە ئۇلارنى قوغداشتا بىللە ئىكەنلىكىنى، ئەمما بارلىق مەخلۇقات بىلەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇشتا بىللە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ).

وَلَا تَقُولُوا۟ لِمَن يُقْتَلُ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ أَمْوَٰتٌۢۚ بَلْ أَحْيَآءٌ وَلَٰكِن لَّا تَشْعُرُونَ ﴿١٥٤﴾

154 - ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن مۇجاھىدلارنى ئۆلۈك دېمەڭلار، بەلكى

ئۇلار ئۆز قەبرىلىرىدە ئۆزىگە خاس بىر ھاياتتا تىرىكتۇر، بۇ تىرىكلىكنىڭ قانداق
ئىكەنلىكىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، ئەمما سىلەر ئۇنى ھېس قىلالمايسىلەر (بۇ ئايەت
مۇئمىنلەرنىڭ قەبرىلىرىدە نېمەتلىنىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ).

وَلَنَبۡلُوَنَّكُم بِشَيۡءٖ مِّنَ ٱلۡخَوۡفِ وَٱلۡجُوعِ وَنَقۡصٖ مِّنَ ٱلۡأَمۡوَٰلِ وَٱلۡأَنفُسِ وَٱلثَّمَرَٰتِۗ وَبَشِّرِ ٱلصَّٰبِرِينَ ١٥٥

155 - بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز ئاچارچىلىق بىلەن، پۇل - ماللىرىڭلارنى
يوق قىلىۋېتىش ياكى پۇل - مالغا ئېرىشىشىڭلارنى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىش بىلەن،
ئۆلۈم ياكى ئاللاھ يولىدا شېھىت بولۇش بىلەن، خورما، ئۈزۈم ۋە ئاشلىق قاتارلىق
زىرائەتلىرىڭلارنىڭ ھوسۇلىنى كېمەيتىۋېتىش ياكى نابۇت قىلىۋېتىش بىلەن سىنايمىز.
ئى پەيغەمبەر! مۇشۇنداق مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە
خۇشال قىلىدىغان ياخشى ئاقىۋەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن.

ٱلَّذِينَ إِذَآ أَصَٰبَتۡهُم مُّصِيبَةٞ قَالُوٓاْ إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّآ إِلَيۡهِ رَٰجِعُونَ ١٥٦

156 - ئاشۇ سەۋر قىلغۇچىلارنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇلار ئۆزىگە بىرەر مۇسىبەت كەلگەن
چاغدا: «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى بەندىلەرمىز، ئاللاھ بىزنى ئۆز
ئىرادىسى ۋە ئەمرى بويىچە ئىدارە قىلىدۇ، بىز ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم ئۇنىڭ
دەرگاھىغا قايتىمىز، ئاندىن قىيامەتتە ھېساب مەيدانىغا يىغىلىپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا
چىقىرىلىمىز» دەيدۇ.

أُوْلَٰٓئِكَ عَلَيۡهِمۡ صَلَوَٰتٞ مِّن رَّبِّهِمۡ وَرَحۡمَةٞۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُهۡتَدُونَ ١٥٧

157 - ئەنە ئاشۇ سەۋر قىلغۇچىلار رەببىنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە كاتتا رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر،
ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر.

۞إِنَّ ٱلصَّفَا وَٱلۡمَرۡوَةَ مِن شَعَآئِرِ ٱللَّهِۖ فَمَنۡ حَجَّ ٱلۡبَيۡتَ أَوِ ٱعۡتَمَرَ فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡهِ أَن يَطَّوَّفَ بِهِمَاۚ وَمَن تَطَوَّعَ خَيۡرٗا فَإِنَّ ٱللَّهَ شَاكِرٌ عَلِيمٌ ١٥٨

158 - سافا بىلەن مەرۋە - كەئبىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئىككى كىچىك تاغ - ئاللاھنىڭ
دىنىنىڭ ئاشكارا ئالامەتلىرىدىن بولۇپ، ئاللاھ بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلىشنى
ئىبادەت قاتارىدىن قىلغان. شۇڭا، ھەج ياكى ئۆمرە قىلغۇچىلار بۇ ئىككى تاغنىڭ
ئارىسىدا سەئيى قىلسا، ئۇلارغا ھەرگىز گۇناھ بولمايدۇ، ئەكسىچە شۇنداق قىلىشى
پەرزدۇر. كىمكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئاللاھقا ئىخلاس باغلاپ بىرەر ياخشى ئەمەلنى
قىلىدىكەن، ئاللاھ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئازغىنە ئەمەلىگە كۆپلەپ مۇكاپات بەرگۈچىدۇر،
بەندىلىرىنىڭ بارلىق ئەمەللىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ ھېچكىمنىڭ ئەمەلىنى بىكار
قىلىۋەتمەيدۇ، قىلچىلىكمۇ كېمەيتىۋەتمەيدۇ.

إِنَّ ٱلَّذِينَ يَكۡتُمُونَ مَآ أَنزَلۡنَا مِنَ ٱلۡبَيِّنَٰتِ وَٱلۡهُدَىٰ مِنۢ بَعۡدِ مَا بَيَّنَّٰهُ لِلنَّاسِ فِي ٱلۡكِتَٰبِ أُوْلَٰٓئِكَ يَلۡعَنُهُمُ ٱللَّهُ وَيَلۡعَنُهُمُ ٱللَّٰعِنُونَ ١٥٩

159 بىز نازىل قىلغان ئايەتلەردىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىگە،
ئۇنىڭغا كەلگەن دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان روشەن پاكىتلارنى ۋە
تەۋرات، ئىنجىل قاتارلىق ساماۋى كىتابلاردا بىز كىشىلەرگە ئوپئوچۇق بايان قىلىپ

بەرگەن ھەقىقەتلەرنى يوشۇرىدىغان يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان موللىلىرىنى ئاللاھ ئۆز رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ، ئۇلارغا بارچە مەۋجۇدات لەنەت ئوقۇيدۇ.

إِلَّا ٱلَّذِينَ تَابُواْ وَأَصۡلَحُواْ وَبَيَّنُواْ فَأُوْلَـٰٓئِكَ أَتُوبُ عَلَيۡهِمۡ وَأَنَا ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٦٠﴾

160 - پەقەت ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقلىرىدىن يانغان، ئۆزى بۇزغان ئىشلارنى تۈزىگەن، بۇرۇن يوشۇرغانلىرىنى ئاشكارا قىلغان كىشىلەرگە كەلسەك، مەن ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىمەن، گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىمەن. مەن تەۋبە قىلغان بەندىلىرىمنىڭ تەۋبىسىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىمەن، ئۇلارغا بەكمۇ رەھىم قىلغۇچىمەن، چۈنكى، مەن ئۇلارنى تەۋبە قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلدىم ۋە تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدىم.

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَمَاتُواْ وَهُمۡ كُفَّارٌ أُوْلَـٰٓئِكَ عَلَيۡهِمۡ لَعۡنَةُ ٱللَّهِ وَٱلۡمَلَـٰٓئِكَةِ وَٱلنَّاسِ أَجۡمَعِينَ ﴿١٦١﴾

161 - شەكسىزكى، (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىن ئىبارەت) ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان، ئۇنى يوشۇرغان ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شۇنداق قىلىپ، كاپىر پېتى ئۆلگەنلەرگە كەلسەك، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىش بىلەن ئۇنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ، شۇنداقلا پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق ئىنسانلارنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ.

خَـٰلِدِينَ فِيهَا لَا يُخَفَّفُ عَنۡهُمُ ٱلۡعَذَابُ وَلَا هُمۡ يُنظَرُونَ ﴿١٦٢﴾

162 - ئۇلار لەنەتتە ۋە دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇلاردىن ئازاب يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازاب كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

وَإِلَـٰهُكُمۡ إِلَـٰهٌ وَٰحِدٌۖ لَّآ إِلَـٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلرَّحۡمَـٰنُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٦٣﴾

163 - ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىرلا ئىلاھتۇر، ئاللاھ ئىسىم - سۈپەتلىرىدە ۋە بارلىق ئىش - ھەرىكەتلىرىدە يېگانە بولۇپ، ھېچقانداق مەخلۇقاتقا ئوخشىمايدۇ، ئاللاھتىن باشقا تائەت-ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر؛ ئاللاھ بارلىق مەخلۇقاتىغا ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، مۇئمىنلەرگە تولىمۇ مېھرىباندۇر.

إِنَّ فِى خَلۡقِ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَٱخۡتِلَـٰفِ ٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِ وَٱلۡفُلۡكِ ٱلَّتِى تَجۡرِى فِى ٱلۡبَحۡرِ بِمَا يَنفَعُ ٱلنَّاسَ وَمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مِن مَّآءٍ فَأَحۡيَا بِهِ ٱلۡأَرۡضَ بَعۡدَ مَوۡتِهَا وَبَثَّ فِيهَا مِن كُلِّ دَآبَّةٍ وَتَصۡرِيفِ ٱلرِّيَـٰحِ وَٱلسَّحَابِ ٱلۡمُسَخَّرِ بَيۡنَ ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِ لَأٓيَـٰتٍ لِّقَوۡمٍ يَعۡقِلُونَ ﴿١٦٤﴾

164 - شەكسىزكى، ئاسمانلارنىڭ شۇ ئېگىزلىكى، شۇ كەڭلىكى بىلەن، زېمىننىڭ شۇ تۈزلەڭلىكلىرى، تاغلىرى ۋە دېڭىز - ئوكيانلىرى بىلەن يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ بىر - بىرى بىلەن نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئۇزۇن - قىسقا، يورۇق - قاراڭغۇ بولۇپ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا، كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرىدىغان كېمىلەردە، ئاللاھ بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بېرىپ سۇسىزلىقتىن ئۆلگەن قاقاس زېمىننى جانلاندۇرىدىغان ۋە قۇپقۇرۇق ھالىتىدىن ياپيېشىل ھالەتكە كەلتۈرىدىغان يامغۇردا، يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن جانلىقلاردا، شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا، ئاسمان - زېمىن ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا ئەقلىنى ئىشلىتىپ، دەلىل - ئىسپاتلارنى چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى، ئىبادەتكە ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ۋە كاتتا نېمەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر بار.

وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَتَّخِذُ مِن دُونِ ٱللَّهِ أَندَادًا يُحِبُّونَهُمْ كَحُبِّ ٱللَّهِ ۖ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ أَشَدُّ حُبًّا
لِّلَّهِ ۗ وَلَوْ يَرَى ٱلَّذِينَ ظَلَمُوٓا۟ إِذْ يَرَوْنَ ٱلْعَذَابَ أَنَّ ٱلْقُوَّةَ لِلَّهِ جَمِيعًا وَأَنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلْعَذَابِ ﴿١٦٥﴾

165 ـ ئاللاھنىڭ بىرلا ئىلاھ ئىكەنلىكىگە مۇشۇنداق كەسكىن دەلىل ـ ئىسپاتلار تۇرۇقلۇق، بەزى ئىنسانلار بۇت، ھەيكەل قاتارلىق نەرسىلەرنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋېلىپ، ئۇلارغا ئاللاھتىن باشقىسىغا لايىق كەلمەيدىغان ئىلاھىي سۈپەتلەرنى بېرىدۇ، ئۇلارنى خۇددى مۇئمىنلەر ئاللاھنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدۇ. ھالبۇكى، ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتى مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھقا ۋە بارلىق ساختا ئىلاھلىرىغا بولغان مۇھەببىتىدىن ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر. چۈنكى مۇئمىنلەر بارچە مۇھەببىتىنى ئاللاھقا بېغىشلايدۇ، مۇشرىكلار بولسا مۇھەببىتىنى ئاللاھقىلا بېغىشلىماي، بۇتلاردىن ئىبارەت ئۆزلىرىنىڭ ساختا ئىلاھلىرىغىمۇ بېغىشلايدۇ. مەخلۇقاتنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋېلىپ ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان ئاشۇ مۇشرىكلار ئاخىرەتتە ئازابنى كۆرگەن چاغدا (بىلگەنگە ئوخشاش)، پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ ئاللاھقىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى مۇشۇ دۇنيادا بىلسە ئىدى، ئۇلار (ھەرگىزمۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەيتتى)، ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارغا چوقۇنمايتتى ۋە بۇتلاردىن ئاللاھقا يېقىنلىق ئىزدىمەيتتى.

إِذْ تَبَرَّأَ ٱلَّذِينَ ٱتُّبِعُوا۟ مِنَ ٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُوا۟ وَرَأَوُا۟ ٱلْعَذَابَ وَتَقَطَّعَتْ بِهِمُ ٱلْأَسْبَابُ ﴿١٦٦﴾

166 ـ ئاخىرەتتە ئازابنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتە باشلامچى بولغانلار ئۆزلىرىگە ئەگەشكەنلەردىن ئادا ـ جۇدا بولۇشىدۇ ۋە دۇنيادىكى چاغلىرىدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولۇپ كەلگەن دوستلۇق، دىنداشلىق ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈزۈلگەن بولىدۇ.

وَقَالَ ٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُوا۟ لَوْ أَنَّ لَنَا كَرَّةً فَنَتَبَرَّأَ مِنْهُمْ كَمَا تَبَرَّءُوا۟ مِنَّا ۗ كَذَٰلِكَ يُرِيهِمُ ٱللَّهُ أَعْمَٰلَهُمْ
حَسَرَٰتٍ عَلَيْهِمْ ۖ وَمَا هُم بِخَٰرِجِينَ مِنَ ٱلنَّارِ ﴿١٦٧﴾

167 ـ ئەگەشكۈچىلەر: «كاشكى بىزگە دۇنياغا قايتىش مۇمكىن بولسا ئىدى، دۇنيادا بىزنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرگەنلەر بۈگۈن بىزدىن ئادا ـ جۇدا ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغاندەك، بىزمۇ ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا ئىكەنلىكىمىزنى ئېلان قىلاتتۇق» دەپ پەرياد قىلىشىدۇ. ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى كۆرسەتكەندەك، باتىل قىلمىشلىرىنى ئۇلارغا ھەسرەت ـ نادامەت قىلىپ كۆرسىتىدۇ، ئۇلار دوزاختىن قەتئىي چىقالمايدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ كُلُوا۟ مِمَّا فِى ٱلْأَرْضِ حَلَٰلًا طَيِّبًا وَلَا تَتَّبِعُوا۟ خُطُوَٰتِ ٱلشَّيْطَٰنِ ۚ إِنَّهُۥ لَكُمْ عَدُوٌّ
مُّبِينٌ ﴿١٦٨﴾

168 ـ ئى ئىنسانلار! ئاللاھ سىلەرگە ھالال قىلىپ بەرگەن پاك ۋە پايدىلىق نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ھارامنى ھالال، ھالالنى ھارام قىلىۋالماڭلار، بىدئەت ۋە گۇناھ سادىر قىلماڭلار. چۈنكى، شەيتان سىلەرگە ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر.

إِنَّمَا يَأْمُرُكُم بِٱلسُّوٓءِ وَٱلْفَحْشَآءِ وَأَن تَقُولُوا۟ عَلَى ٱللَّهِ مَا لَا تَعْلَمُونَ ﴿١٦٩﴾

169 ـ شەيتان سىلەرنى پەقەت سىلەرگە يامانلىق ئېلىپ كېلىدىغان بارچە گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرگە، ھەممە قەبىھ قىلمىشلارغا، ھالالنى ھارام قىلىۋېلىشتەك، ھېچ نەرسىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇشقا بۇيرۇيدۇ.

وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ ٱتَّبِعُوا۟ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ قَالُوا۟ بَلْ نَتَّبِعُ مَآ أَلْفَيْنَا عَلَيْهِ ءَابَآءَنَآ ۗ أَوَلَوْ كَانَ ءَابَآؤُهُمْ لَا
يَعْقِلُونَ شَيْـًٔا وَلَا يَهْتَدُونَ ﴿١٧٠﴾

170 - مۆئمىنلەر ئازغۇنلارغا نەسىھەت قىلىپ: «ئاللاھ نازىل قىلغان قۇرئانغا ۋە ھىدايەتكە ئەگىشىڭلار» دېسە، ئۇلار ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكى مۇشرىكلارنى تەقلىد قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ: «بىز سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا ئەگەشمەيمىز، بىز پەقەت ئەجدادلىرىمىزنىڭ دىنىغا ئەگىشىمىز» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئاللاھ توغرىسىدا ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدىغان ۋە توغرا يولنى بىلمىگەن تۇرسىمۇ ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟

وَمَثَلُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ كَمَثَلِ ٱلَّذِى يَنْعِقُ بِمَا لَا يَسْمَعُ إِلَّا دُعَآءً وَنِدَآءً ۚ صُمٌّۢ بُكْمٌ عُمْىٌ فَهُمْ لَا
يَعْقِلُونَ ﴿١٧١﴾

171 - (ھىدايەتكە دەۋەت قىلغۇچىغا قۇلاق سالمىغان) كاپىرلارنىڭ ئەھۋالى پادىچىنىڭ چاقىرىقىنى چۈشەنمەي، تاۋۇشنى ۋە نىدانىلا ئاڭلىغان ھايۋانلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. (چۈنكى) ئۇ كاپىرلارنىڭ قۇلاقلىرى ھەقىقەتنىڭ ساداسىنى ئاڭلاشتىن گاستۇر، ئۇلارنىڭ تىللىرى ھەقىقەتنى سۆزلەشتىن گاچىدۇر ۋە ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ھەقىقەتنىڭ دەلىل - ئىسپاتلىرىنى كۆرۈشتىن كوردۇر. شۇڭا ئۇلار ئەقلىنى ئۆزلىرىگە پايدىلىق ئىشلارغا ئىشلەتمەيدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ كُلُوا۟ مِن طَيِّبَٰتِ مَا رَزَقْنَٰكُمْ وَٱشْكُرُوا۟ لِلَّهِ إِن كُنتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ ﴿١٧٢﴾

172 - ئى مۆئمىنلەر! بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال يېمەكلىكلەردىن يەڭلار، كاپىرلارغا ئوخشاش ھالالنى ھارام قىلىۋالىدىغان ۋە ھارامنى ھالال قىلىۋالىدىغانلاردىن بولماڭلار. ئەگەر سىلەر راستتىنلا ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغۇچى، ئەمرىگە ئىتائەت قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلغۇچى بولساڭلار، ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان كاتتا نېمەتلىرىگە تىلىڭلار بىلەن، دىلىڭلار بىلەن ۋە ئەمەلىيىتىڭلار بىلەن شۈكۈر قىلىڭلار.

إِنَّمَا حَرَّمَ عَلَيْكُمُ ٱلْمَيْتَةَ وَٱلدَّمَ وَلَحْمَ ٱلْخِنزِيرِ وَمَآ أُهِلَّ بِهِۦ لِغَيْرِ ٱللَّهِ ۖ فَمَنِ ٱضْطُرَّ غَيْرَ
بَاغٍ وَلَا عَادٍ فَلَآ إِثْمَ عَلَيْهِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١٧٣﴾

173 - ئاللاھ سىلەرگە شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بوغۇزلانماي ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان، توڭگۇز گۆشى، ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋان قاتارلىق سىلەرگە زىيانلىق نەرسىلەرنىلا ھارام قىلدى. ئاللاھ سىلەرگە ئۆز پەزلىدىن ئوڭايلىق يارىتىپ بەرگەنلىكتىن، سىلەرگە مۇشۇ ھارام نەرسىلەرنى چارىسىز قالغاندا يېيىشنى ھالال قىلدى. كىمكى بۇ نەرسىلەردىن ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجسىزلىقتىن ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك مىقدارنى يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا بەكمۇ مېھرىباندۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ يَكْتُمُونَ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ مِنَ ٱلْكِتَٰبِ وَيَشْتَرُونَ بِهِۦ ثَمَنًا قَلِيلًا ۙ أُو۟لَٰٓئِكَ مَا يَأْكُلُونَ
فِى بُطُونِهِمْ إِلَّا ٱلنَّارَ وَلَا يُكَلِّمُهُمُ ٱللَّهُ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ وَلَا يُزَكِّيهِمْ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿١٧٤﴾

174 - شەكسىزكى، ئاللاھ ساماۋى كىتابلاردا نازىل قىلغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتى ۋە باشقا ھەقىقەتلەرنى يوشۇرىدىغانلار ۋە بۇ يوشۇرۇش بەدىلىگە دۇنيانىڭ

ئەرزىمەس مەنپەئەتكە ئېرىشىشكە قىزىقىدىغانلار ئۇنىڭ بەدىلىگە پەقەتلا يالقۇنجاپ تۇرغان دوزاخ ئوتىنى يەيدۇ، ئاللاھ ئۇلارغا غەزەپ قىلغانلىقتىن، قىيامەت كۈنى ئۇلارغا سۆز قىلمايدۇ، ئۇلارنى كاپىرلىقىدىن ۋە گۇناھلىرىدىن پاكلىمايدۇ، ئۇلارغا ئەلەملىك ئازاب بار.

أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ ٱشۡتَرَوُاْ ٱلضَّلَٰلَةَ بِٱلۡهُدَىٰ وَٱلۡعَذَابَ بِٱلۡمَغۡفِرَةِۚ فَمَآ أَصۡبَرَهُمۡ عَلَى ٱلنَّارِ ﴿١٧٥﴾

175 - مۇشۇ سۈپەتلەرنىڭ ئىگىسى بولغان كىشىلەر ھىدايەت بەدىلىگە ئازغۇنلۇقنى، ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى بەدىلىگە ئازابنى تاللىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەللىرىنى قىلىش ئارقىلىق دوزاخقا كىرىشكە نېمە دېگەن جۈرئەتلىك! ئاللاھ دوزاخقا كىرىشتىن قورقمايدىغان بۇنداق ئادەملەرنىڭ ھالىغا ئەجەبلىنىدۇ، ئى ئىنسانلار! سىلەرمۇ ئۇلارنىڭ دوزاخقا كىرىشكە جۈرئەت قىلغانلىقىدىن ۋە دوزاخ ئازابىدا مەڭگۈ قېلىشقا نەقەدەر چىداملىق ئىكەنلىكىدىن ئەجەبلىنىڭلار.

ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ نَزَّلَ ٱلۡكِتَٰبَ بِٱلۡحَقِّۗ وَإِنَّ ٱلَّذِينَ ٱخۡتَلَفُواْ فِي ٱلۡكِتَٰبِ لَفِي شِقَاقِۭ بَعِيدٖ ﴿١٧٦﴾

176 - ئۇلارنىڭ بۇنداق قاتتىق ئازابقا قېلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئاللاھ كىتابلىرىنى پەيغەمبەرلەرگە ئوپئوچۇق ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا نازىل قىلدى، ئۇ كاپىرلار بولسا بۇ ھەقىقەتلەرنى ئىنكار قىلدى. ساماۋى كىتابلار توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ، ئۇ كىتابلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلغۇچىلار ھىدايەتتىن ۋە ھەقىقەتتىن ئىنتايىن يىراق بىر تالاش - تارتىش ئىچىدىدۇر.

۞ لَّيۡسَ ٱلۡبِرَّ أَن تُوَلُّواْ وُجُوهَكُمۡ قِبَلَ ٱلۡمَشۡرِقِ وَٱلۡمَغۡرِبِ وَلَٰكِنَّ ٱلۡبِرَّ مَنۡ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ
ٱلۡأٓخِرِ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ وَٱلۡكِتَٰبِ وَٱلنَّبِيِّـۧنَ وَءَاتَى ٱلۡمَالَ عَلَىٰ حُبِّهِۦ ذَوِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينَ
وَٱبۡنَ ٱلسَّبِيلِ وَٱلسَّآئِلِينَ وَفِي ٱلرِّقَابِ وَأَقَامَ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَى ٱلزَّكَوٰةَ وَٱلۡمُوفُونَ بِعَهۡدِهِمۡ إِذَا عَٰهَدُواْۖ
وَٱلصَّٰبِرِينَ فِي ٱلۡبَأۡسَآءِ وَٱلضَّرَّآءِ وَحِينَ ٱلۡبَأۡسِۗ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ صَدَقُواْۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُتَّقُونَ ﴿١٧٧﴾

177 - ئاللاھ بۇيرۇمىغان بولسا، نامازدا كۈنچىقىش ۋە كۈنپېتىش تەرەپكە يۈزلىنىشنىڭ ئۆزى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ياخشىلىققا ياتمايدۇ، پەقەت ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى بولمىغان يېگانە مەبۇد ئىكەنلىكىگە چىن ئىشەنگەن، ئاخىرەت كۈنىگە ۋە ئۇ كۈندىكى ھېساب بېرىش، مۇكاپات ۋە جازا قاتارلىقلارغا، پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسىگە، ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىگە، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىپ قويماي ھەممىسىگە ئىمان ئېيتقان، پۇل - مال ئۆزىگە شۇنچە سۆيۈملۈك تۇرۇپ، تۇغقانلارغا، موھتاجلىقتا قالغان يېتىملەرگە، ھېچ نەرسىسى يوق مىسكىنلەرگە، ئائىلىسىدىن ۋە پۇل - مېلىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا، قاتتىق موھتاجلىقى سەۋەبلىك تىلەشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان سائىللارغا، قۇللارنىڭ، ئەسىرلەرنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشىگە ياردەم بەرگەن، نامازنى مۇكەممەل ئوقۇغان، زاكات بەرگەن، ئەھدىگە ۋاپا قىلغان، يوقسۇللۇقتا، كېسەللىكتە سەۋر قىلغان، جىھادتا بەرداشلىق بەرگەن ئادەملەرنىڭ ئىمانى ھەقىقىي ياخشىلىققا ياتىدۇ. مۇشۇ سۈپەتلەرگە ئېرىشكەن كىشىلەر ئىمانىدا راستچىل كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلانغان كىشىلەردۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُتِبَ عَلَيۡكُمُ ٱلۡقِصَاصُ فِي ٱلۡقَتۡلَىۖ ٱلۡحُرُّ بِٱلۡحُرِّ وَٱلۡعَبۡدُ بِٱلۡعَبۡدِ وَٱلۡأُنثَىٰ

بِٱلۡأُنثَىٰۚ فَمَنۡ عُفِيَ لَهُۥ مِنۡ أَخِيهِ شَيۡءٞ فَٱتِّبَاعُۢ بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَأَدَآءٌ إِلَيۡهِ بِإِحۡسَٰنٖۗ ذَٰلِكَ تَخۡفِيفٞ مِّن رَّبِّكُمۡ وَرَحۡمَةٞۗ فَمَنِ ٱعۡتَدَىٰ بَعۡدَ ذَٰلِكَ فَلَهُۥ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿١٧٨﴾

178 - ئى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! ئاللاھ سىلەرگە قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلدىن بىرگەبىر قىساس ئېلىشنى بۇيرىدى. ئازاد قاتىل ئۆزى ئۆلتۈرگەن ئازاد ئادەم ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ، قۇل قاتىل ئۆزى ئۆلتۈرگەن قۇل ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئايال قاتىل ئۆزى ئۆلتۈرگەن ئايال ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرى قاتىلدىن قىساس ئېلىشنى ئەپۇ قىلىپ، ئورنىغا دىيەت (تۆلەم) ئېلىشقا ماقۇل بولسا، ھەر ئىككى تەرەپ ئىسلام ئەخلاقى بويىچە ئىش كۆرۈپ، كەچۈرۈم قىلغۇچى قاتىلدىن دىيەتنى قوپاللىق قىلماي، چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى، قاتىلنىڭمۇ دىيەتنى كېچىكتۈرمەي، كېمەيتمەي تولۇق بېرىشى لازىم. قىساسنىڭ ئورنىغا دىيەت ئېلىشتىن ئىبارەت بۇ ھۆكۈم رەببىڭلار تەرىپىدىن كەلگەن يېنىكلىتىشتۇر ۋە سىلەرگە رەھمەتتۇر. چۈنكى بۇنىڭدا سىلەرگە ئوڭايلىق ۋە مەنپەئەت بار. كىمكى قاتىلنى كەچۈرۈپ، ئۇنىڭدىن دىيەتنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئۇ يا بۇ دۇنيادا قىساس ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلۈپ ئازابلىنىدۇ ياكى ئاخىرەتتە دوزاختا تاشلىنىپ جازالىنىدۇ.

وَلَكُمۡ فِي ٱلۡقِصَاصِ حَيَوٰةٞ يَٰٓأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِ لَعَلَّكُمۡ تَتَّقُونَ ﴿١٧٩﴾

179 - ئى ساغلام ئەقىل ئىگىلىرى! قاتىلدىن قىساس ئېلىشقا بۇيرۇش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشتا سىلەر ئۈچۈن خاتىرجەم ھاياتلىق بار[1]. بۇ سىلەرنىڭ ئاللاھقا تائەت - ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق تەقۋالىقىڭلارنى كۈچەيتىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

كُتِبَ عَلَيۡكُمۡ إِذَا حَضَرَ أَحَدَكُمُ ٱلۡمَوۡتُ إِن تَرَكَ خَيۡرًا ٱلۡوَصِيَّةُ لِلۡوَٰلِدَيۡنِ وَٱلۡأَقۡرَبِينَ بِٱلۡمَعۡرُوفِۖ حَقًّا عَلَى ٱلۡمُتَّقِينَ ﴿١٨٠﴾

180 - سىلەردىن بىرەيلەنگە ئۆلۈمنىڭ بېشارەتلىرى ياكى ئۇنىڭ ئالامەتلىرى كەلگەندە — ئەگەر ئۇ مال - دۇنيا قالدۇرىدىغان بولسا — مال - دۇنياسىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ئادالەت بىلەن ۋەسىيەت قىلىشى پەرز قىلىندى[2]. ۋەسىيەتنى يوقسۇللارنى قايرىپ قويۇپ بايلارغا قىلىش ۋە مال - دۇنياسىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن كۆپرەكىنى ۋەسىيەت قىلىش توغرا ئەمەس. بۇ ئاللاھتىن قورقىدىغان تەقۋادار كىشىلەرنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىدۇر. (بۇ مىراس ئايىتى چۈشۈشتىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمدۇر).

فَمَنۢ بَدَّلَهُۥ بَعۡدَ مَا سَمِعَهُۥ فَإِنَّمَآ إِثۡمُهُۥ عَلَى ٱلَّذِينَ يُبَدِّلُونَهُۥٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٞ ﴿١٨١﴾

181 - كىمكى مېيىتنىڭ جان ئۈزۈشتىن ئىلگىرىكى ۋەسىيىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆزگەرتىۋېتىدىكەن، بۇنىڭ گۇناھى ئۇنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلەرگە بولىدۇ. شەكسىزكى،

---

[1] يەنى قاتىلنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى بىلگەن ئادەم قاتىللىقتىن ساقلىنىدۇ.

[2] بۇ ئايەتتە پەرز قىلىنغان ۋەسىيەتنىڭ ئۆلگۈچىنىڭ مىراسى تېگىدىغان تۇغقانلىرىغا بولغان پەرزلىكى نىسا سۈرىسىدىكى مىراس ئايىتىنىڭ نازىل بولۇشى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ۋارىسقا ۋەسىيەت قىلىش يوق» دېگەن ھەدىسى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، ئەمما ئۆلگۈچىنىڭ مىراسى تەگمەيدىغان ئۇرۇق- تۇغقانلىرىغا ۋەسىيەت قىلىشنىڭ پەرزلىكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان.

ئاللاھ سىلەرنىڭ ۋەسىيەتلىرىڭلارنى ۋە بارلىق سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، سىلەرنىڭ ئادالەت ۋە ھەققەت تەرەپدارى بولۇش ياكى ئۇنىڭدىن چەتنەپ كېتىش قاتارلىق دىلىڭلاردا يوشۇرغىنىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

فَمَنْ خَافَ مِن مُّوصٍ جَنَفًا أَوْ إِثْمًا فَأَصْلَحَ بَيْنَهُمْ فَلَآ إِثْمَ عَلَيْهِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١٨٢﴾

182 ـ كىمكى ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ ۋەسىيەتتە سەھۋەنلىك بىلەن ياكى قەستەنلىك بىلەن ھەقىقەتتىن چەتنەپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، ۋەسىيەت قىلىنغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ئادالەتلىك ئىش قىلىش توغرۇلۇق نەسىھەت قىلسا، ئەگەر نەسىھەت قىلالمىسا، (ۋەسىيەت قىلغۇچى ۋاپات بولغاندىن كېيىن) ۋەسىيەتنى شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان شەكىلدە ئۆزگەرتىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاپ قويسا، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ[1]. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىگە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرباندۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ كُتِبَ عَلَيْكُمُ ٱلصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ ﴿١٨٣﴾

183 ـ ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! تەقۋالىققا ئېرىشىشىڭلار ۋە ئاللاھقا تائەت ـ ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە روزىنى پەرز قىلغاندەك، سىلەرگىمۇ روزىنى پەرز قىلدى.

أَيَّامًا مَّعْدُودَٰتٍ ۚ فَمَن كَانَ مِنكُم مَّرِيضًا أَوْ عَلَىٰ سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِّنْ أَيَّامٍ أُخَرَ ۚ وَعَلَى ٱلَّذِينَ يُطِيقُونَهُۥ فِدْيَةٌ طَعَامُ مِسْكِينٍ ۖ فَمَن تَطَوَّعَ خَيْرًا فَهُوَ خَيْرٌ لَّهُۥ ۚ وَأَن تَصُومُوا۟ خَيْرٌ لَّكُمْ ۖ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿١٨٤﴾

184 ـ ئاللاھ سىلەرگە پەرز قىلغان روزا ساناقلىق كۈنلەر بولۇپ، ئۇ رامىزان ئېيىنىڭ كۈنلىرىدۇر. سىلەردىن كىمكى كېسەل بولۇپ، روزا تۇتۇش قىيىن كەلسە ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ قالسا، روزا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ. روزا تۇتالمىغان كۈنلەرنىڭ قازاسىنى رامىزاندىن باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن، ياشىنىپ قالغانلىق ياكى ساقىيىشتىن ئۈمىد ئۈزۈلگەن كېسەللىك سەۋەبىدىن روزا تۇتۇشتا تاقەت قىلغۇسىز دەرىجىدە مۇشەققەت تارتىپ قالىدىغان بولسا، روزا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ ۋە تۇتالمىغان ھەربىر كۈنى ئۈچۈن بىر يوقسۇلنى تويغۇزغىدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم. كىمكى فىدىيەنى بەلگىلەنگەن مىقداردىن ئارتۇق بەرسە، بۇ ئۇزى ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر سىلەر روزا تۇتۇشنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى كاتتا ساۋابىنى بىلسەڭلار، جاپاغا چىداپ روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن تۇتماي فىدىيە بەرگەندىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر.

شَهْرُ رَمَضَانَ ٱلَّذِىٓ أُنزِلَ فِيهِ ٱلْقُرْءَانُ هُدًى لِّلنَّاسِ وَبَيِّنَٰتٍ مِّنَ ٱلْهُدَىٰ وَٱلْفُرْقَانِ ۚ فَمَن شَهِدَ مِنكُمُ ٱلشَّهْرَ فَلْيَصُمْهُ ۖ وَمَن كَانَ مَرِيضًا أَوْ عَلَىٰ سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِّنْ أَيَّامٍ أُخَرَ ۗ يُرِيدُ ٱللَّهُ بِكُمُ ٱلْيُسْرَ وَلَا يُرِيدُ بِكُمُ ٱلْعُسْرَ وَلِتُكْمِلُوا۟ ٱلْعِدَّةَ وَلِتُكَبِّرُوا۟ ٱللَّهَ عَلَىٰ مَا هَدَىٰكُمْ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿١٨٥﴾

---

[1] ۋەسىيەت قىلغۇچى مال ـ دۇنياسىدىن ئۈچتىنىڭ بىرىدىن ئېشىپ كەتمىگەن مىقدارىنى ۋەسىيەت قىلىش ھەققى بار، بۇنىڭدىن ئارتۇقىنى ۋەسىيەت قىلماقچى بولغان ئادەم ۋارىسلىرىنىڭ ھەققىنى باشقىلارغا بۆلۈپ بەرمەكچى بولغانلىقى ئۈچۈن ۋارىسلىرى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت چىقىدۇ. شۇڭا بۇنى بىلگەنلەر ئىككى تەرەپنى ياخشىلاپ قويسا گۇناھ بولمايدۇ، بەلكى ساۋاب بولىدۇ.

185 - رامىزان ئېيى ئىنسانلارنى ھەق دىنغا ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن، ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئان نازىل قىلىنىشقا باشلىغان ئايدۇر. شۇڭا، سىلەردىن كىمكى تېنى ساق، سەپەر ئۈستىدە بولمىغان ھالەتتە رامىزان ئېيىغا يېتىشسە، ئۇنىڭ كۈندۈزلىرى روزا تۇتسۇن. كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ روزا تۇتماسلىقىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ، ئۇلار تۇتالمىغان كۈنلىرىنىڭ قازاسىنى باشقا كۈنلەردە تۇتىدۇ. ئاللاھ دىنىدا سىلەرگە ئاسانلىقنى ۋە كەڭچىلىكنى خالايدۇ، تەسلىكنى ۋە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى رامىزان كۈنلىرىنىڭ سانىنى تولدۇرۇشۇڭلار، روزا ھېيت كۈنى ئاللاھقا تەكبىر ئېيتىپ روزىنى ئاخىرلاشتۇرۇشۇڭلار، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلار ۋە ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان ھىدايەت، تەۋپىق ۋە ئاسانلىق قاتارلىق نېمەتلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِى عَنِّى فَإِنِّى قَرِيبٌۖ أُجِيبُ دَعْوَةَ ٱلدَّاعِ إِذَا دَعَانِۖ فَلْيَسْتَجِيبُوا۟ لِى وَلْيُؤْمِنُوا۟ بِى لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ ﴿١٨٦﴾

186 - ئى پەيغەمبەر! مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا، ئۇلارغا دېگىنكى، «مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن. ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن. ئۇلار دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا توغرا يول تېپىش ئۈچۈن، مەن بۇيرۇغان ۋە توسقان ئىشلاردا ماڭا ئىتائەت قىلسۇن ۋە ماڭا ئىشەنسۇن». (بۇ ئايەت ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە تولىمۇ يېقىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ).

أُحِلَّ لَكُمْ لَيْلَةَ ٱلصِّيَامِ ٱلرَّفَثُ إِلَىٰ نِسَآئِكُمْۚ هُنَّ لِبَاسٌ لَّكُمْ وَأَنتُمْ لِبَاسٌ لَّهُنَّۗ عَلِمَ ٱللَّهُ أَنَّكُمْ كُنتُمْ تَخْتَانُونَ أَنفُسَكُمْ فَتَابَ عَلَيْكُمْ وَعَفَا عَنكُمْۖ فَٱلْـَٔـٰنَ بَـٰشِرُوهُنَّ وَٱبْتَغُوا۟ مَا كَتَبَ ٱللَّهُ لَكُمْۚ وَكُلُوا۟ وَٱشْرَبُوا۟ حَتَّىٰ يَتَبَيَّنَ لَكُمُ ٱلْخَيْطُ ٱلْأَبْيَضُ مِنَ ٱلْخَيْطِ ٱلْأَسْوَدِ مِنَ ٱلْفَجْرِۖ ثُمَّ أَتِمُّوا۟ ٱلصِّيَامَ إِلَى ٱلَّيْلِۚ وَلَا تُبَـٰشِرُوهُنَّ وَأَنتُمْ عَـٰكِفُونَ فِى ٱلْمَسَـٰجِدِۗ تِلْكَ حُدُودُ ٱللَّهِ فَلَا تَقْرَبُوهَاۗ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ ءَايَـٰتِهِۦ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَّقُونَ ﴿١٨٧﴾

187 - ئاللاھ سىلەرگە رامىزان كېچىلىرىدە ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىشنى ھالال قىلدى. ئۇلار سىلەر ئۈچۈن پەردە ۋە ساقلىغۇچىدۇر، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن پەردە ۋە ساقلىغۇچىسىلەر. ئاللاھ سىلەرنىڭ رامىزان كېچىسىدە ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىپ، گۇناھ سادىر قىلىش ئارقىلىق[1] ئۆزۈڭلارغا خىيانەت قىلغانلىقىڭلارنى بىلدى، تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىپ، سىلەرنى ئەپۇ قىلدى ۋە بۇ ئىشتا سىلەرگە كەڭچىلىكنى يولغا قويدى. ئەمدى ئۇلارغا رامىزان كېچىلىرىدىمۇ يېقىنچىلىق قىلىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە تەقدىر قىلغان پەرزەنتنى تەلەپ قىلىڭلار، تاكى تاڭ ئېتىپ، سەھەرنىڭ يورۇقى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ئايرىلغانغا قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار، ئاندىن كۈن پېتىپ، كېچە كىرگەنگە قەدەر روزا تۇتۇڭلار، سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار ۋە يېقىنچىلىق قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلاردىنمۇ ساقلىنىڭلار. ئاللاھ سىلەرگە بەلگىلەپ بەرگەن بۇ ئەھكاملار ئاللاھنىڭ ھالال بىلەن ھارام ئوتتۇرىسىدىكى چېگرالىرىدۇر، ھارام ئىشلارغا چۈشۈپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن بۇ چېگرالارغا يېقىنلاشماڭلار. ئىنسانلار ئاللاھتىن قورقسۇن ۋە تەقۋالىقنى ئاشۇرسۇن دەپ،

[1] ئىسلامنىڭ دەسلىپىدە رامىزاندا ئاياللارغا يېقىنچىلىق قىلىش چەكلەنگەن ئىدى.

ئاللاھ ئۇلارغا ئايەتلىرىنى ۋە ئەھكاملىرىنى ئەنە شۇنداق تەپسىلىي ۋە روشەن بايان قىلىپ بېرىدۇ.

وَلَا تَأۡكُلُوٓاْ أَمۡوَٰلَكُم بَيۡنَكُم بِٱلۡبَٰطِلِ وَتُدۡلُواْ بِهَآ إِلَى ٱلۡحُكَّامِ لِتَأۡكُلُواْ فَرِيقٗا مِّنۡ أَمۡوَٰلِ ٱلنَّاسِ بِٱلۡإِثۡمِ وَأَنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ﴿١٨٨﴾

188 - يالغان ئېشقا قەسەم قىلىش، بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق، پارىخورلۇق، جازانىخورلۇق قاتارلىق قىلمىشلار بىلەن بىر - بىرىڭلارنىڭ پۇل - ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار، هارامىلىقنى بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ پۇل - ماللىرىدىن بىر قىسمىنى يولسىزلىق بىلەن، ساختا دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ئەمەلدارلارغا پارا بەرمەڭلار.

۞ يَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلۡأَهِلَّةِۖ قُلۡ هِيَ مَوَٰقِيتُ لِلنَّاسِ وَٱلۡحَجِّۗ وَلَيۡسَ ٱلۡبِرُّ بِأَن تَأۡتُواْ ٱلۡبُيُوتَ مِن ظُهُورِهَا وَلَٰكِنَّ ٱلۡبِرَّ مَنِ ٱتَّقَىٰۗ وَأۡتُواْ ٱلۡبُيُوتَ مِنۡ أَبۡوَٰبِهَاۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ﴿١٨٩﴾

189 - ئى پەيغەمبەر! ساھابىلىرىڭ سەندىن يېڭى چىققان ئايلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشچان ئەھۋالى توغرۇلۇق سورىشىدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئاللاھ يېڭى چىققان ئاينى كىشىلەرنىڭ ھەج، روزا قاتارلىق ئىبادەتلەر ۋە مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ ۋاقىتلىرىنى بېكىتىشى ئۈچۈن بەلگىلەر قىلدى». ياخشىلىق سىلەر جاھىلىيەت دەۋرىدە ئادەتلىنىپ قالغاندەك ۋەياكى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا قىلغىنىڭلاردەك ساۋاب بولىدۇ دېگەن گۇمان بىلەن ئېھرامدىكى چېغىڭلاردا ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدىن (تۈشۈك ئېچىپ) كىرىش ئەمەس، بەلكى ياخشىلىق دېگىنىمىز گۇناھ - مەئسىيەتتىن ساقلانغان ۋە ئاللاھتىن قورققان ئادەمنىڭ ياخشىلىقىدۇر. شۇڭا سىلەر ھەجگە ياكى ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغان چېغىڭلاردا ئۆيلەرگە ئىشىكىدىن كىرىڭلار، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بارلىق ئىشىڭلاردا مۇرادىڭلارغا يېتىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىڭلار.

وَقَٰتِلُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ ٱلَّذِينَ يُقَٰتِلُونَكُمۡ وَلَا تَعۡتَدُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُعۡتَدِينَ ﴿١٩٠﴾

190 - ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقانلارغا قارشى ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، دۈشمەنلەرنىڭ ئەزالىرىنى كېسىپ قىيناش، بالىلارنى، ئاياللارنى ۋە ياشانغانلارنى ئۆلتۈرۈش قاتارلىق مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلماڭلار. چۈنكى، ئاللاھ چەكتىن ئېشىپ، ھارامنى ھالال سانىغۇچىلارنى قەتئىي ياخشى كۆرمەيدۇ.

وَٱقۡتُلُوهُمۡ حَيۡثُ ثَقِفۡتُمُوهُمۡ وَأَخۡرِجُوهُم مِّنۡ حَيۡثُ أَخۡرَجُوكُمۡۚ وَٱلۡفِتۡنَةُ أَشَدُّ مِنَ ٱلۡقَتۡلِۚ وَلَا تُقَٰتِلُوهُمۡ عِندَ ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِ حَتَّىٰ يُقَٰتِلُوكُمۡ فِيهِۖ فَإِن قَٰتَلُوكُمۡ فَٱقۡتُلُوهُمۡۗ كَذَٰلِكَ جَزَآءُ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿١٩١﴾

191 - سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغان مۇشرىكلارنى تاپقان يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، ئۇلار سىلەرنى چىقىرىۋەتكەن مەككىدىن سىلەرمۇ ئۇلارنى چىقىرىۋېتىڭلار. پىتنە (يەنى ئاللاھقا كۇفرىلىق قىلىش، شېرىك كەلتۈرۈش ۋە كىشىلەرنى ئىسلامدىن توسۇش) ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر. تاكى ئۇلار ئۆزى ئۇرۇش ئاچمىغۇچە مەسجىدى ھەرەمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن مەسجىدى ھەرەمدە ئۇرۇش ئاچماڭلار، ئەگەر ئۇلار مەسجىدى ھەرەمدە ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچسا، سىلەرمۇ ئۇلارنى مەسجىدى ھەرەمدە ئۆلتۈرۈڭلار، كاپىرلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇنداق ئىبرەتلىك بولىدۇ.

فَإِنِ ٱنتَهَوۡاْ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿١٩٢﴾

192 ـ ئەگەر ئۇلار مەسجىدى ھەرەمدە ئۇرۇش قىلىشتىن، كۇفرىدىن ۋاز كېچىپ ئىمان
ئېيتسا، شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا
بەكمۇ مېھرىباندۇر.

وَقَٰتِلُوهُمْ حَتَّىٰ لَا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ ٱلدِّينُ لِلَّهِ ۖ فَإِنِ ٱنتَهَوْا۟ فَلَا عُدْوَٰنَ إِلَّا عَلَى ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٩٣﴾

193 ـ ئى مۇئمىنلەر! تاكى مۇسۇلمانلارغا قارىتا سۇيىقەست ۋە زىيانكەشلىكلەر تۈگىگەنگە،
دىن ئاللاھقىلا خالىس بولغانغا ۋە ئىنسانلار ئاللاھقا قوشۇپ مەخلۇقاتقا ئىبادەت
قىلمايدىغان بولغانغا قەدەر، تاجاۋۇزچى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇشنى داۋاملاشتۇرۇڭلار.
ئەگەر ئۇلار كۇفرىدىن ۋە سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن ۋاز كەچسە، سىلەرمۇ
ئۇرۇشۇشتىن ۋاز كېچىڭلار. ئازاب پەقەت كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان ۋە مۇسۇلمانلارغا
زىيانكەشلىك قىلىشتىن قول يىغمىغان زالىملارغا بولىدۇ.

ٱلشَّهْرُ ٱلْحَرَامُ بِٱلشَّهْرِ ٱلْحَرَامِ وَٱلْحُرُمَٰتُ قِصَاصٌ ۚ فَمَنِ ٱعْتَدَىٰ عَلَيْكُمْ فَٱعْتَدُوا۟ عَلَيْهِ بِمِثْلِ مَا
ٱعْتَدَىٰ عَلَيْكُمْ ۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلْمُتَّقِينَ ﴿١٩٤﴾

194 ـ ئى مۇئمىنلەر! سىلەرنىڭ ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايدا سىلەرگە ئۇرۇش
ئاچقان مۇشرىكلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشىڭلار ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ئايدا سىلەرگە ئۇرۇش
ئاچقانلىقىنىڭ جازاسىدۇر. ئاللاھ ئۇرۇش قىلىشنى ھارام قىلغان جاي ۋە ۋاقىتلاردا
ئۇرۇش ئاچقانلار شۇ جاي ۋە شۇ ۋاقىتلاردا ئۆز قىلمىشىغا يارىشا جازالىنىدۇ. كىم
سىلەرگە ئۇرۇش ئېچىش ياكى باشقا زىيانكەشلىك بىلەن قانچىلىك چېقىلغان بولسا،
سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار، بۇنىڭدا سىلەرگە گۇناھ بولمايدۇ، چۈنكى
دۈشمەنلىكنى باشلىغانلار ئاشۇلاردۇر. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، جازالاشتا ھەددىڭلاردىن
ئاشماڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ پەرزلەرنى ئورۇنداپ، ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇرۇپ،
تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.

وَأَنفِقُوا۟ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ وَلَا تُلْقُوا۟ بِأَيْدِيكُمْ إِلَى ٱلتَّهْلُكَةِ ۛ وَأَحْسِنُوٓا۟ ۛ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿١٩٥﴾

195 ـ ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد
قىلىش ئۈچۈن پۇل ـ مال سەرپ قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇڭلار، ئاللاھ يولىدا جىھاد
قىلىشتىن ۋە ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشتىن باش تارتىپ ئۆزۈڭلارنى
ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنى، ئۇنىڭ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ
قىلىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈڭلار، بارلىق ئەمەللىرىڭلارنى ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ خالىس
قىلىڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىش قىلغۇچىلارنى[1] ياخشى كۆرىدۇ.

وَأَتِمُّوا۟ ٱلْحَجَّ وَٱلْعُمْرَةَ لِلَّهِ ۚ فَإِنْ أُحْصِرْتُمْ فَمَا ٱسْتَيْسَرَ مِنَ ٱلْهَدْىِ ۖ وَلَا تَحْلِقُوا۟ رُءُوسَكُمْ حَتَّىٰ
يَبْلُغَ ٱلْهَدْىُ مَحِلَّهُۥ ۚ فَمَن كَانَ مِنكُم مَّرِيضًا أَوْ بِهِۦٓ أَذًى مِّن رَّأْسِهِۦ فَفِدْيَةٌ مِّن صِيَامٍ أَوْ
صَدَقَةٍ أَوْ نُسُكٍ ۚ فَإِذَآ أَمِنتُمْ فَمَن تَمَتَّعَ بِٱلْعُمْرَةِ إِلَى ٱلْحَجِّ فَمَا ٱسْتَيْسَرَ مِنَ ٱلْهَدْىِ ۚ فَمَن لَّمْ
يَجِدْ فَصِيَامُ ثَلَٰثَةِ أَيَّامٍ فِى ٱلْحَجِّ وَسَبْعَةٍ إِذَا رَجَعْتُمْ ۗ تِلْكَ عَشَرَةٌ كَامِلَةٌ ۗ ذَٰلِكَ لِمَن لَّمْ يَكُنْ
أَهْلُهُۥ حَاضِرِى ٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ ۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ ﴿١٩٦﴾

---

[1] ئايەتتىكى ﴿المحسنين﴾ دېگەن سۆز ﴿الاحسان﴾ (ئېھسان) دېگەن سۆز يىلتىزىدىن كەلگەن بولۇپ، ئېھسان — ھەربىر ئىشنى قېتىرقىنىپ، ئىخلاس قىلىپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. (تەپسىرى تەبەرىي).

196 ـ ھەج بىلەن ئۆمرەنى ئاللاھ ئۈچۈن تولۇق ئورۇنداڭلار، ھەج ۋە ئۆمرىگە ئېھرام
باغلىغاندىن كېيىن، ئەگەر بۇ ئىككىسىنى ئادا قىلىشقا دۈشمەن ياكى كېسەللىك
قاتارلىقلار توسقۇنلۇق قىلسا، چېچىڭلارنى چۈشۈرۈش ياكى قىرقىش ئارقىلىق ئېھرامدىن
چىقىشىڭلار ئۈچۈن، تۆگە، كالا ۋە قوي قاتارلىق قۇربانلىققا يارايدىغان چارۋىلاردىن
نېمىنى تاپالىساڭلار، ئاللاھقا يېقىنلىق ئىزدەپ شۇنى قۇربانلىق قىلىڭلار. قۇربانلىق
قىلىدىغان مال بەلگىلەنگەن ھەرەم دائىرىسىگە يەتمىگۈچە ياكى سىلەر توسقۇنلۇققا
ئۇچراپ قىلىپ قۇربانلىقىڭلارنى خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەدە قۇربانلىق
قىلغاندىن كېيىن چېچىنى چۈشۈرگەندەك، قۇربانلىق قىلمىغۇچە چېچىڭلارنى چۈشۈرمەڭلار
(يەنى ھەج قىلىشقا مۇيەسسەر بولغانلار قۇربانلىقنى ھەرەم دائىرىسىدە قۇربان ھېيت
كۈنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ كۈن ئىچىدە قىلىدۇ. يولى توسۇلۇپ قالغانلار بولسا
قۇربانلىقنى توسۇلۇپ قالغان يېرىدىلا قىلىدۇ). سىلەردىن كىمكى كېسەللىك ياكى
بېشىغا چىقىپ قالغان جاراھەت سەۋەبىدىن، چېچىنى ئېھرام ئىچىدە چۈشۈرۈشكە
مەجبۇر بولۇپ قالسا، چۈشۈرسە بولىدۇ، ئەمما فىدىيە لازىم كېلىدۇ. فىدىيە ئۈچ كۈن
روزا تۇتۇش، ياكى ئالتە مىسكىنگە بىر ۋاخ تاماق بېرىش، ياكى بىرەر مال قۇربانلىق
قىلىپ مەككىنىڭ پېقىرلىرىغا تارقىتىپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. سىلەر خاتىرجەملىكتە ۋە
تەن ساقلىقتا بولغان چېغىڭلاردا، ئاراڭلاردىن ئۆمرە قىلغاندىن كېيىن ھەج قىلىشتىن
بەھرىمەن بولغان(يەنى ئۆمرە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېھرامدىن چىقىپ، ھەج
قىلىدىغان ۋاقتىدا قايتا ئېھرام باغلىغان) ئادەم نېمە ئوڭاي بولسا شۇنى قۇربانلىق
قىلسۇن. قۇربانلىق قىلالمىغان ئادەم ھەج ئايلىرىدا (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى
ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئالدىنقى ئون كۈنىدە) ئۈچ كۈن، ئۆز ۋەتىنىگە قايتقاندىن
كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتسۇن، بۇ تولۇق ئون كۈن بولىدۇ. قۇربانلىق ۋە روزا تۇتۇش
قاتارلىق بۇ ئەھكاملار مەسجىدى ھەرەم دائىرىسىدە (مەككىدە) ئولتۇرۇشلۇق بولمىغان
كىشىلەر ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش، توسقانلىرىنى تەرك ئېتىش
ئارقىلىق ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، ئۇنىڭ جازاسىدىن قورقۇڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ
ئۆزىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا رىئايە قىلمىغانلارنى قاتتىق جازالىغۇچىدۇر.

ٱلۡحَجُّ أَشۡهُرٞ مَّعۡلُومَٰتٞۚ فَمَن فَرَضَ فِيهِنَّ ٱلۡحَجَّ فَلَا رَفَثَ وَلَا فُسُوقَ وَلَا جِدَالَ فِي ٱلۡحَجِّۗ وَمَا
تَفۡعَلُواْ مِنۡ خَيۡرٖ يَعۡلَمۡهُ ٱللَّهُۗ وَتَزَوَّدُواْ فَإِنَّ خَيۡرَ ٱلزَّادِ ٱلتَّقۡوَىٰۖ وَٱتَّقُونِ يَٰٓأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِ ١٩٧

197 ـ ھەج ۋاقتى مەلۇم بىر قانچە ئاي بولۇپ، ئۇلار شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە
زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئالدىنقى ئون كۈنىدۇر. بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىپ
ئېھرام باغلىغان ئادەمنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلىشى ۋە شۇنىڭغا ئېلىپ بارىدىغان سۆز ۋە
ھەرىكەتلەرنى قىلىشى، گۇناھ قىلىپ ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىشى، ھەج جەريانىدا
غەزەپلىنىشكە ۋە ئۆچمەنلىككە ئېلىپ بارىدىغان جېدەل ـ ماجىرالارنى قىلىشى قەتئىي
مەنئى قىلىنىدۇ. سىلەر قانداقلىكى ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى ئەلۋەتتە
بىلىپ تۇرىدۇ ۋە ھەركىمگە ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات بېرىدۇ. سىلەر ھەج سەپىرىڭلارغا
يەتكۈدەك يېمەك ـ ئىچمەك قاتارلىق ئوزۇقلۇق ئېلىۋېلىڭلار، ئاخىرەتلىككىڭلار ئۈچۈنمۇ
ئوزۇقلۇق تەييارلاڭلار، شەكسىزكى، ئەڭ ياخشى ئوزۇقلۇق تەقۋالىقتۇر. ئى ساغلام ئەقىل
ئىگىلىرى! مەندىن قورقۇڭلار.

لَيۡسَ عَلَيۡكُمۡ جُنَاحٌ أَن تَبۡتَغُواْ فَضۡلٗا مِّن رَّبِّكُمۡۚ فَإِذَآ أَفَضۡتُم مِّنۡ عَرَفَٰتٖ فَٱذۡكُرُواْ ٱللَّهَ عِندَ
ٱلۡمَشۡعَرِ ٱلۡحَرَامِۖ وَٱذۡكُرُوهُ كَمَا هَدَىٰكُمۡ وَإِن كُنتُم مِّن قَبۡلِهِۦ لَمِنَ ٱلضَّآلِّينَ ١٩٨

198 - ھەج مەزگىلىدە تىجارەت قىلىش ئارقىلىق رەببىڭلاردىن رىزىق تەلەپ قىلساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. زۇلھەججىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى كۈن پاتقاندىن كېيىن ئەرەفاتتىن قايتقان چېغىڭلاردا مەشئەرۇلھەرامدا (مۇزدەلىفەدە) ئاللاھقا تەسبىھ ۋە تەلبىيە (لەببەيكە) ئېيتىش، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار، ئاللاھنى ئاللاھ سىلەرگە بىلدۈرگەن بويىچە توغرا رەۋىشتە ياد ئېتىڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى بۇنىڭغا ھىدايەت قىلىشتىن ئىلگىرى سىلەر ھەقىقەتنى تونۇمايدىغان چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا ئىدىڭلار.

ثُمَّ أَفِيضُواْ مِنۡ حَيۡثُ أَفَاضَ ٱلنَّاسُ وَٱسۡتَغۡفِرُواْ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿١٩٩﴾

199 - سىلەرنىڭ ئەرەفاتتىن قايتىشىڭلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قايتقىنىدەك بولسۇن، جاھىلىيەت ئەھلىنىڭ ئەرەفاتتا تۇرمايلا قايتىدىغان ئادىتىگە ئوخشاپ قالمىسۇن. ئاللاھتىن گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەڭلار. چۈنكى، ئاللاھ تەۋبە قىلغان بەندىلىرىنىڭ گۇناھىنى بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

فَإِذَا قَضَيۡتُم مَّنَٰسِكَكُمۡ فَٱذۡكُرُواْ ٱللَّهَ كَذِكۡرِكُمۡ ءَابَآءَكُمۡ أَوۡ أَشَدَّ ذِكۡرٗاۗ فَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَقُولُ
رَبَّنَآ ءَاتِنَا فِي ٱلدُّنۡيَا وَمَا لَهُۥ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ مِنۡ خَلَٰقٖ ﴿٢٠٠﴾

200 - سىلەر ئىبادەتلىرىڭلارنى تاماملاپ، ھەج ئەمەللىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاللاھقا كۆپلەپ زىكىر ۋە تەسبىھ ئېيتىڭلار، ئاللاھنى ئاتا - بوۋىلىرىڭلارنىڭ پەخىرلىك ئىشلىرىنى ياد ئەتكەنىدەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ياد ئېتىڭلار. بەزى كىشىلەر: «ئى رەببىمىز! بىزگە بۇ دۇنيادا تەن ساقلىقى، پۇل - مال ۋە پەرزەنت بەرگىن» دەيدۇ. مۇنداق ئادەملەرگە ئاخىرەتتە ياخشىلىقتىن ھېچبىر نېسىۋە يوقتۇر. چۈنكى ئۇلار ئاخىرەتتىن يۈز ئۆرۈپ، بارلىق ھىممىتىنى بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىگىلا قاراتقاندۇر.

وَمِنۡهُم مَّن يَقُولُ رَبَّنَآ ءَاتِنَا فِي ٱلدُّنۡيَا حَسَنَةٗ وَفِي ٱلۡأٓخِرَةِ حَسَنَةٗ وَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ ﴿٢٠١﴾

201 - مۇئمىنلەر دۇئالىرىدا: «ئى رەببىمىز! بىزگە دۇنيادا تەن ساقلىقى، رىزىق، مەنپەئەتلىك ئىلىم ئاتا قىلغىن ۋە ياخشى ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلغىن، ئاخىرەتتە بىزگە جەننەتنى ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەيدۇ. (بۇ دۇئا مەنىسى چوڭقۇر دۇئالاردىن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى كۆپ قىلاتتى).

أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ نَصِيبٞ مِّمَّا كَسَبُواْۚ وَٱللَّهُ سَرِيعُ ٱلۡحِسَابِ ﴿٢٠٢﴾

202 - مۇشۇ دۇئا بىلەن دۇئا قىلىدىغان ئاشۇ كىشىلەر ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقى ئۈچۈن كاتتا ئەجىر - ساۋابقا ئېرىشىدۇ، ئاللاھ ناھايىتى تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر، بەندىلىرىنىڭ ئەمەللىرىگە، ئۇلارغا تېگىشلىك مۇكاپات ياكى جازا بەرگۈچىدۇر.

۞ وَٱذۡكُرُواْ ٱللَّهَ فِيٓ أَيَّامٖ مَّعۡدُودَٰتٖۚ فَمَن تَعَجَّلَ فِي يَوۡمَيۡنِ فَلَآ إِثۡمَ عَلَيۡهِ وَمَن تَأَخَّرَ فَلَآ إِثۡمَ
عَلَيۡهِۖ لِمَنِ ٱتَّقَىٰۗ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّكُمۡ إِلَيۡهِ تُحۡشَرُونَ ﴿٢٠٣﴾

203 - تەشرىق (يەنى زۇلھەججىنىڭ ئون بىرىنچى، ئون ئىككىنچى ۋە ئون ئۈچىنچى) كۈنلىرىدىن ئىبارەت ساناقلىق كۈنلەردە، ئاللاھقا كۆپلەپ تەسبىھ ۋە تەكبىر ئېيتىش ئارقىلىق ئۇنى ياد ئېتىڭلار. كىمكى ئالدىراپ قالسا ۋە زۇلھەججىنىڭ ئون ئىككىنچى كۈنى شەيتانغا تاش ئېتىپ بولۇپ، مىنادىن كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى قايتىپ كەتسە، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، كىمكى كېچىكىپ، مىنادا يەنە بىر كۈن قونۇپ،

زۇلھەججىنىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنىمۇ شەيتانغا تاش ئېتىشىتىپ ئاندىن قايتسىمۇ، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. بۇ تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ئۈچۈن بولۇپ، كېچىكىش ئەۋزەلدۇر. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئىبادەتنى كۆپ قىلغانلىق ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغىنىنى قىلغانلىقتۇر. ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەممە ئىشىڭلارنى ئاللاھ مېنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، دېگەن ئاساستا قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەر ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن ئەمەلىڭلاردىن ھېساب بېرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر.

وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يُعۡجِبُكَ قَوۡلُهُۥ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَيُشۡهِدُ ٱللَّهَ عَلَىٰ مَا فِي قَلۡبِهِۦ وَهُوَ أَلَدُّ ٱلۡخِصَامِ ﴿٢٠٤﴾

204 - ئى پەيغەمبەر! مۇناپىقلارنىڭ ئارىسىدا شۇنداق ئادەملەر باركى، ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكنى ئەمەس، دۇنيا مەنپەئەتلىرىنىلا كۆزلىگەن جەلپكار سۆزلىرى سېنى قىزىقتۇرىدۇ. ئۇ ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا ئەشەددىي دۈشمەن تۇرۇقلۇق، دىلىدا ئىسلامغا قارىتا مۇھەببىتىنىڭ بارلىقىغا ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىپ قەسەم قىلىدۇ. بۇ، مۇناپىقلارنىڭ ئاللاھتىن قورقمايدىغانلىقىنى، ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا ئاداۋىتىنىڭ تولىمۇ قاتتىقلىقىنى ئىپادىلەيدۇ

وَإِذَا تَوَلَّىٰ سَعَىٰ فِي ٱلۡأَرۡضِ لِيُفۡسِدَ فِيهَا وَيُهۡلِكَ ٱلۡحَرۡثَ وَٱلنَّسۡلَۚ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ ٱلۡفَسَادَ ﴿٢٠٥﴾

205 - ئۇ ھۇزۇرۇڭدىن قايتقاندىن كېيىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، كىشىلەرنىڭ زىرائەتلىرىنى نابۇت قىلىش، ھايۋانلىرىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ. ئاللاھ بۇزغۇنچىلىقنى ياقتۇرمايدۇ.

وَإِذَا قِيلَ لَهُ ٱتَّقِ ٱللَّهَ أَخَذَتۡهُ ٱلۡعِزَّةُ بِٱلۡإِثۡمِۚ فَحَسۡبُهُۥ جَهَنَّمُۖ وَلَبِئۡسَ ٱلۡمِهَادُ ﴿٢٠٦﴾

206 - ئاشۇ بۇزغۇنچى مۇناپىققا: «ئاللاھتىن قورققىن، ئۇنىڭ جازاسىدىن ھەزەر ئەيلىگىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن ۋاز كەچكىن» دەپ نەسىھەت قىلىنسا، ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇقى ۋە جاھىلىيەتنىڭ مۇتەئەسسىپلىكى قوزغىلىپ، تېخىمۇ كۆپ گۇناھقا پاتىدۇ. بۇنداق ئادەمگە دوزاخ يېتەرلىك جازادۇر. دوزاخ بەكمۇ يامان جايدۇر.

وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَشۡرِي نَفۡسَهُ ٱبۡتِغَآءَ مَرۡضَاتِ ٱللَّهِۚ وَٱللَّهُ رَءُوفُۢ بِٱلۡعِبَادِ ﴿٢٠٧﴾

207 - بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتايدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىگە تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر، مۇئمىن بەندىلىرىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چەكسىز رەھىم - شەپقىتىنى بېغىشلايدۇ، ئۇلارنى ئەڭ ياخشى مۇكاپاتلار بىلەن مۇكاپاتلايدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱدۡخُلُواْ فِي ٱلسِّلۡمِ كَآفَّةٗ وَلَا تَتَّبِعُواْ خُطُوَٰتِ ٱلشَّيۡطَٰنِۚ إِنَّهُۥ لَكُمۡ عَدُوّٞ مُّبِينٞ ﴿٢٠٨﴾

208 - ئى ئاللاھنى رەببىم، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبىرىم، ئىسلامنى دىنىم دەپ ئىمان ئېيتقانلار! ئىسلام شەرىئىتىنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىڭلار، ئۇنىڭ بارلىق ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىڭلار، قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەللەردىن ھېچقايسىسىنى تەرك ئەتمەڭلار. شەيتاننىڭ سىلەرنى گۇناھ - مەئسىيەتلەرگە قىزىقتۇرىدىغان يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار. چۈنكى، شەيتان سىلەرگە ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر، ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەڭلار.

فَإِن زَلَلۡتُم مِّنۢ بَعۡدِ مَا جَآءَتۡكُمُ ٱلۡبَيِّنَٰتُ فَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٢٠٩﴾

209 - سىلەرگە قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئىبارەت ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرى كەلگەندىن كېيىن، ھەق يولدىن ئېزىپ كەتسەڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ پادىشاھلىقىدا ھەقىقەتەن غالىبتۇر، بۇيرۇغان ۋە توسقانلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەر نەرسىنى ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇنغا قويغۇچىدۇر.

هَلۡ يَنظُرُونَ إِلَّآ أَن يَأۡتِيَهُمُ ٱللَّهُ فِي ظُلَلٖ مِّنَ ٱلۡغَمَامِ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ وَقُضِيَ ٱلۡأَمۡرُۚ وَإِلَى ٱللَّهِ تُرۡجَعُ ٱلۡأُمُورُ ﴿٢١٠﴾

210 - ئاشۇ جاھىل كاپىرلار ئۆزلىرىگە ئوپئوچۇق دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن، پەقەتلا ئاللاھنىڭ قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، بۇلۇتلارنىڭ سايىسىدا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە كېلىشىنى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتىدۇ. شۇ چاغدا ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ، بەندىلەرنىڭ بارلىق ئىشلىرى ئاللاھنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا قايتۇرۇلىدۇ.

سَلۡ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ كَمۡ ءَاتَيۡنَٰهُم مِّنۡ ءَايَةِۭ بَيِّنَةٖۗ وَمَن يُبَدِّلۡ نِعۡمَةَ ٱللَّهِ مِنۢ بَعۡدِ مَا جَآءَتۡهُ فَإِنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ ﴿٢١١﴾

211 - ئى پەيغەمبەر! ساڭا قارشىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئىسرائىل ئەۋلادىدىن سورىغىنكى، بىز ئۇلارغا ئۆز كىتابلىرىدا ئۇلارنى ھىدايەتكە يېتەكلەشكە يېتەرلىك نۇرغۇنلىغان روشەن دەلىللەرنى ئاتا قىلدۇق. ئۇلار ئۇنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلدى ۋە قوبۇل قىلىشتىن باش تارتتى، بۇ دەلىللەرنىڭ ئورۇنلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. كىمكى ئاللاھنىڭ كاتتا نېمىتى بولغان ھەق دىنىنى تونۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنىڭ دەلىللىرىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئۆزگەرتىۋېتىدىكەن، مۇنداق كىشىگە ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر.

زُيِّنَ لِلَّذِينَ كَفَرُواْ ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَا وَيَسۡخَرُونَ مِنَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْۘ وَٱلَّذِينَ ٱتَّقَوۡاْ فَوۡقَهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۗ وَٱللَّهُ يَرۡزُقُ مَن يَشَآءُ بِغَيۡرِ حِسَابٖ ﴿٢١٢﴾

212 - ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا دۇنيا ھاياتى ۋە ئۇنىڭدىكى لەززەتلەر، مەنپەئەتلەر چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار ئىمان ئېيتقانلارنى مەسخىرە قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھتىن قورققىدىغان بۇ مۇئمىنلەر قىيامەت كۈنى بارلىق كاپىرلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ ئۇلارنى ئەڭ ئالىي جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، كاپىرلارنى دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستى قەۋىتىگە تاشلايدۇ، ئاللاھ بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ.

كَانَ ٱلنَّاسُ أُمَّةٗ وَٰحِدَةٗ فَبَعَثَ ٱللَّهُ ٱلنَّبِيِّـۧنَ مُبَشِّرِينَ وَمُنذِرِينَ وَأَنزَلَ مَعَهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ بِٱلۡحَقِّ لِيَحۡكُمَ بَيۡنَ ٱلنَّاسِ فِيمَا ٱخۡتَلَفُواْ فِيهِۚ وَمَا ٱخۡتَلَفَ فِيهِ إِلَّا ٱلَّذِينَ أُوتُوهُ مِنۢ بَعۡدِ مَا جَآءَتۡهُمُ ٱلۡبَيِّنَٰتُ بَغۡيَۢا بَيۡنَهُمۡۖ فَهَدَى ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لِمَا ٱخۡتَلَفُواْ فِيهِ مِنَ ٱلۡحَقِّ بِإِذۡنِهِۦۗ وَٱللَّهُ يَهۡدِي مَن يَشَآءُ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٍ ﴿٢١٣﴾

213 - ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان بىر جامائە ئىدى. كېيىن ئۇلار دىنىدا ئىختىلاپلىشىپ بۆلۈنۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى ئۆزىنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغۇچى، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلارغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر

بەرگۈچى، ئاللاھنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغانلارنى دوزاختىن ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئىنسانلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇ پەيغەمبەرلەر بىلەن بىرگە ھەق يولنى كۆرسەتكۈچى ساماۋى كىتابلارنى نازىل قىلدى. پەقەت يەھۇدىيلارلا ئۆزلىرىگە بېرىلگەن تەۋراتتا ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرى كەلگەندىن كېيىن ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ۋە ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشتى. ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بىلەن مۇئمىنلەرنى ھەقنى باتىلدىن ئايرىشقا مۇۋەپپەق قىلدى ۋە ئۇلارنى يەھۇدىيلار بىرلىككە كېلەلمىگەن ھەقىقەتكە ھىدايەت قىلدى. ئاللاھ بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ.

أَمْ حَسِبْتُمْ أَن تَدْخُلُواْ ٱلْجَنَّةَ وَلَمَّا يَأْتِكُم مَّثَلُ ٱلَّذِينَ خَلَوْاْ مِن قَبْلِكُم ۖ مَّسَّتْهُمُ ٱلْبَأْسَآءُ وَٱلضَّرَّآءُ وَزُلْزِلُواْ حَتَّىٰ يَقُولَ ٱلرَّسُولُ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَعَهُۥ مَتَىٰ نَصْرُ ٱللَّهِ ۗ أَلَآ إِنَّ نَصْرَ ٱللَّهِ قَرِيبٌ ﴿٢١٤﴾

214 - ئى مۇئمىنلەر! سىلەر تېخى ئىلگىرى ئۆتكەن مۇئمىنلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن سىناقلار سىلەرنىڭمۇ بېشىڭلارغا كەلمەي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ ئۇلارنىڭ بېشىغا شۇنداق قاتتىق يوقسۇللۇق، كېسەللىك، قورقۇنچ، ئەندىشە قاتارلىقلار كەلدىكى، ئۇلار تۈرلۈك ئەندىشىلەر بىلەن ساراسىمىگە چۈشۈرۈلدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئالدىراپ كېتىپ: «ئاللاھنىڭ ياردىمى قاچانمۇ كېلەر؟» دەپ كەتكەن ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى مۇئمىنلەرگە ھەقىقەتەن يېقىندۇر.

يَسْـَٔلُونَكَ مَاذَا يُنفِقُونَ ۖ قُلْ مَآ أَنفَقْتُم مِّنْ خَيْرٍ فَلِلْوَٰلِدَيْنِ وَٱلْأَقْرَبِينَ وَٱلْيَتَٰمَىٰ وَٱلْمَسَٰكِينِ وَٱبْنِ ٱلسَّبِيلِ ۗ وَمَا تَفْعَلُواْ مِنْ خَيْرٍ فَإِنَّ ٱللَّهَ بِهِۦ عَلِيمٌ ﴿٢١٥﴾

215 - ئى پەيغەمبەر! ساھابىلىرىڭ سەندىن ئاللاھنىڭ يېقىنلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئاللاھ يولىدا پۇل - مېلىدىن قانداق نەرسىنى ۋە كىمگە سەرپ قىلسا بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ھالالدىن تاپقان مال - مۈلۈكۈڭلاردىن قانداقلا بىر نەرسىنى سەرپ قىلىشقا چامىڭلار يەتسە، ئۇنى ئاتا - ئاناڭلارغا، يېقىن تۇغقانلىرىڭلارغا، ئاتىسىدىن كىچىك قالغان يېتىملەرگە، ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان ھېچ نەرسىسى بولمىغان يوقسۇللارغا، ئائىلىسىدىن ۋە پۇل - مېلىدىن يىراقتا قېلىپ يول خىراجىتى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا سەرپ قىلساڭلار بولىدۇ. سىلەر ياخشىلىقتىن نېمىنى سەرپ قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرىدۇ».

كُتِبَ عَلَيْكُمُ ٱلْقِتَالُ وَهُوَ كُرْهٌ لَّكُمْ ۖ وَعَسَىٰٓ أَن تَكْرَهُواْ شَيْـًٔا وَهُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ ۖ وَعَسَىٰٓ أَن تُحِبُّواْ شَيْـًٔا وَهُوَ شَرٌّ لَّكُمْ ۗ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لَا تَعْلَمُونَ ﴿٢١٦﴾

216 - ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ سىلەرگە كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى پەرز قىلدى. ئۇرۇش جاپالىق، خەتىرى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسان تەبىئىتى ئۇنى ياقتۇرمايدۇ، شۇڭا سىلەر ئەمەلىيەتتە ئۆزۈڭلار ئۈچۈن پايدىلىق بولغان نەرسىنى ياقتۇرماي قېلىشىڭلار، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن زىيانلىق بولغان نەرسىنى ئۇنىڭدا ۋاقىتلىق ھۇزۇر ۋە راھەت بولغانلىقى ئۈچۈن ياقتۇرۇپ قېلىشىڭلار مۇمكىن. ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىق نەرسىنى ئوبدان

بىلىدۇ، سىلەر ئۇنى بىلمەيسىلەر، شۇڭا سىلەر ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىڭلار.

يَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلشَّهْرِ ٱلْحَرَامِ قِتَالٍ فِيهِ ۖ قُلْ قِتَالٌ فِيهِ كَبِيرٌ ۖ وَصَدٌّ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ وَكُفْرٌۢ بِهِۦ وَٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ وَإِخْرَاجُ أَهْلِهِۦ مِنْهُ أَكْبَرُ عِندَ ٱللَّهِ ۚ وَٱلْفِتْنَةُ أَكْبَرُ مِنَ ٱلْقَتْلِ ۗ وَلَا يَزَالُونَ يُقَـٰتِلُونَكُمْ حَتَّىٰ يَرُدُّوكُمْ عَن دِينِكُمْ إِنِ ٱسْتَطَـٰعُوا۟ ۚ وَمَن يَرْتَدِدْ مِنكُمْ عَن دِينِهِۦ فَيَمُتْ وَهُوَ كَافِرٌ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ حَبِطَتْ أَعْمَـٰلُهُمْ فِى ٱلدُّنْيَا وَٱلْـَٔاخِرَةِ ۖ وَأُو۟لَـٰٓئِكَ أَصْحَـٰبُ ٱلنَّارِ ۖ هُمْ فِيهَا خَـٰلِدُونَ ﴿٢١٧﴾

217 - ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلار سەندىن: «ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟» دەپ سورىشىدۇ. سەن ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايدا ئۇرۇش قىلىپ بۇ ئاينىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىش، قان تۆكۈش چوڭ گۇناھتۇر؛ سىلەرنىڭ كىشىلەرنى ئازابلاپ، قورقۇتۇپ، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرىشتىن توسۇشۇڭلار، ئاللاھنى، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە ئۇنىڭ دىنىنى ئىنكار قىلىشىڭلار، مۇسۇلمانلارنى مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشتىن توسۇشۇڭلار ۋە مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئاھالىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى، ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى ئۇ جايدىن ھەيدەپ چىقىرىشىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇرۇش چەكلەنگەن ئايدا ئۇرۇش قىلغاندىنمۇ ئەلۋەتتە چوڭ گۇناھ ۋە ئېغىر جىنايەتتۇر. سىلەرنىڭ ھازىرقى مۇشرىكلىك ھالىتىڭلار ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ ئېغىر گۇناھتۇر». ئاشۇ كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ جىنايىي قىلمىشلىرىدىن ھەرگىز قول ئۈزمەيدۇ. بەلكى ئۇلار قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى ئىسلامدىن كۇفرىلىققا قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇش قىلىپ تۇرىدۇ. ئى مۇسۇلمانلار! سىلەردىن كىمكى كاپىرلارغا ئىتائەت قىلىپ، ئۆز دىنىدىن يېنىپ كاپىر پېتى ئۆلىدىكەن، ئۇنىڭ بارلىق ياخشى ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر دوزاخ ئەھلىدۇر ۋە دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر، ئۇلار دوزاختىن ھەرگىز چىقالمايدۇ.

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَٱلَّذِينَ هَاجَرُوا۟ وَجَـٰهَدُوا۟ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ أُو۟لَـٰٓئِكَ يَرْجُونَ رَحْمَتَ ٱللَّهِ ۚ وَٱللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٢١٨﴾

218 - شۈبھىسىزكى، ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان، ئۆز دىيارىنى تاشلاپ (ئاللاھ ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان ۋە) ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان ئاشۇ كىشىلەر ئاللاھنىڭ پەزل - كەرەمىنى ۋە مۇكاپاتىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئاللاھ مۇئمىن بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا چەكسىز مېھرىباندۇر.

۞ يَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلْخَمْرِ وَٱلْمَيْسِرِ ۖ قُلْ فِيهِمَآ إِثْمٌ كَبِيرٌ وَمَنَـٰفِعُ لِلنَّاسِ وَإِثْمُهُمَآ أَكْبَرُ مِن نَّفْعِهِمَا ۗ وَيَسْـَٔلُونَكَ مَاذَا يُنفِقُونَ قُلِ ٱلْعَفْوَ ۗ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمُ ٱلْـَٔايَـٰتِ لَعَلَّكُمْ تَتَفَكَّرُونَ ﴿٢١٩﴾

219 - ئى پەيغەمبەر! مۇسۇلمانلار سەندىن ھاراق ئىچىش، ئۇنى سېتىش ۋە سېتىۋېلىشنىڭ ھۆكمى توغرۇلۇق سورايدۇ (ھاراق - مەيلى ئىچىملىك بولسۇن ياكى يېمەكلىك بولسۇن، ئادەمنى مەست قىلىدىغان نەرسىگە قويۇلغان ئىسىمدۇر). ئۇلار يەنە سەندىن قىمارنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا سورايدۇ (قىمار - پۇل تىكىپ، ئۇتۇشقا ئوينايدىغان ھەرقانداق

ئويۇننى كۆرسىتىدۇ)، سەن ئۇلارغا: «ھاراق بىلەن قىمارنىڭ ھەر ئىككىسىدە دىن ۋە دۇنيالىق ئۇچۇن كۆپلىگەن زىيانلار بار، بۇ ئىككىسىنىڭ ئىنسانىنىڭ ئەقلىگە ۋە ئىقتىسادىغا يەتكۈزىدىغان زىيىنى ئاز ئەمەس، بۇ ئىككىسىدە كىشىلەرگە ئازغىنە نەپمۇ بار، لېكىن بۇ ئىككىسىدىكى زىيان نەپكە قارىغاندا بەك چوڭدۇر. چۈنكى بۇ ئىككىسى ئىنساننى ئاللاھنىڭ زىكرىدىن، نامازدىن توسىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت پەيدا قىلىدۇ، پۇل - مالنى زايە قىلىدۇ» دېگىن. (بۇ ئايەت ھاراق بىلەن قىمار ھارام قىلىنىشتىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ ھارام قىلىنىشىنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر). ئۇلار يەنە سەندىن پۇل - مېلىدىن قانچىلىك سەدىقە قىلىش توغرۇلۇق سورايدۇ. ئۇلارغا : «ئېھتىياجىڭلاردىن ئارتۇقىنى سەدىقە قىلىڭلار» دېگىن. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سىلەرگە مەنپەئەتلىك ئىشلار ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە ئايەتلەرنى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى مۇشۇنداق ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدۇ.

فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِۗ وَيَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلۡيَتَٰمَىٰۖ قُلۡ إِصۡلَاحٞ لَّهُمۡ خَيۡرٞۖ وَإِن تُخَالِطُوهُمۡ فَإِخۡوَٰنُكُمۡۚ
وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ ٱلۡمُفۡسِدَ مِنَ ٱلۡمُصۡلِحِۚ وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ لَأَعۡنَتَكُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٞ ﴿٢٢٠﴾

220 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلار سەندىن يېتىملەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ پۇل - مېلىنى قانداق قىلىش توغرۇلۇق سورىشىدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، « ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرسەڭلار ئۇلار ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئۇلارغا ھەمىشە ئەڭ پايدىلىق ئىشلارنى قىلىڭلار، سىلەر ھەممە ئىشتا ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىساڭلار بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. قېرىنداش ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئاللاھ يېتىملەرنىڭ پۇل - مېلىنى قوغداشقا ھېرىس قىلغۇچىنى ۋە ئۇنى زايە قىلىۋەتكۈچىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، سىلەرگە يېتىملەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشاشنى ھارام قىلىش ئارقىلىق، سىلەرنى چوقۇم جاپاغا ۋە قىيىنچىلىققا سالغان بولاتتى». ئاللاھ پادىشاھلىقىدا غالىبتۇر، بارلىق تەدبىرىدە، شەرىئەت بەلگىلەشتە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

وَلَا تَنكِحُواْ ٱلۡمُشۡرِكَٰتِ حَتَّىٰ يُؤۡمِنَّۚ وَلَأَمَةٞ مُّؤۡمِنَةٌ خَيۡرٞ مِّن مُّشۡرِكَةٖ وَلَوۡ أَعۡجَبَتۡكُمۡۗ وَلَا تُنكِحُواْ
ٱلۡمُشۡرِكِينَ حَتَّىٰ يُؤۡمِنُواْۚ وَلَعَبۡدٞ مُّؤۡمِنٌ خَيۡرٞ مِّن مُّشۡرِكٖ وَلَوۡ أَعۡجَبَكُمۡۗ أُوْلَٰٓئِكَ يَدۡعُونَ إِلَى ٱلنَّارِۖ
وَٱللَّهُ يَدۡعُوٓاْ إِلَى ٱلۡجَنَّةِ وَٱلۡمَغۡفِرَةِ بِإِذۡنِهِۦۖ وَيُبَيِّنُ ءَايَٰتِهِۦ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمۡ يَتَذَكَّرُونَ ﴿٢٢١﴾

221 - ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر بۇتلارغا چوقۇنىدىغان مۇشرىك ئاياللار ئىسلامغا كىرمىگۈچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار. بىلىڭلاركى، مۇشرىك ئايال سىلەرگە يېقىپ قالغان تەقدىردىمۇ، پۇل - مېلى يوق، ئابرۇيىمۇ يوق مۇئمىن چۆرە، ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ياخشىدۇر. مۇشرىك ئەرلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرمىگۈچە مۇئمىن ئاياللارنى (مەيلى ئۇ ئاياللار دېدەك بولسىمۇ) ئۇلارغا ياتلىق قىلماڭلار. بىلىڭلاركى، مۇشرىك ئەرلەر سىلەرگە يېقىپ قالغان تەقدىردىمۇ، بىر مۇئمىن قۇل يوقسۇل بولسىمۇ، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن ياخشىدۇر. ئەنە شۇ مۇشرىك ئەرلەر بىلەن مۇشرىك ئاياللار ئۇلار بىلەن ئۆيلەنگەن ھەرقانداق كىشىنى دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان يامان ئىشلارغا چاقىرىدۇ، ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بىلەن بەندىلىرىنى جەننەتكە ۋە مەغپىرەتكە ئېلىپ بارىدىغان ھەق دىنغا دەۋەت قىلىدۇ. ئىنسانلارنى ۋەز - نەسىھەت ۋە ئىبرەت ئالسۇن دەپ، ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

وَيَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلۡمَحِيضِۖ قُلۡ هُوَ أَذٗى فَٱعۡتَزِلُواْ ٱلنِّسَآءَ فِي ٱلۡمَحِيضِ وَلَا تَقۡرَبُوهُنَّ حَتَّىٰ يَطۡهُرۡنَۖ

فَإِذَا تَطَهَّرْنَ فَأْتُوهُنَّ مِنْ حَيْثُ أَمَرَكُمُ ٱللَّهُ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلتَّوَّٰبِينَ وَيُحِبُّ ٱلْمُتَطَهِّرِينَ ﴿٢٢٢﴾

222 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلار سەندىن ھەيز (يەنى ئاياللارنىڭ ئايلىق ئادىتى) توغرۇلۇق سورايدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئۇ پاسكىنا نەرسىدۇر، ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان ئادەمگە زىيانلىقتۇر، شۇڭا ھەيز مەزگىلىدىكى ئاياللار ھەيزدىن پاك بولمىغۇچە، ئۇلارغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنلاشماڭلار، ئۇلار ھەيزدىن پاكلىنىپ، غۇسلى قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئاللاھ سىلەرگە ھالال قىلىپ بەرگەن جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار (يەنى ئالدى تەرىپىگە كېلىڭلار)». شەكسىزكى، ئاللاھ كۆپ تەۋبە - ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرىدىغان بەندىلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ، زىنادىن ۋە پاسكىنىچىلىقلاردىن يىراق تۇرىدىغان پاك كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ.

نِسَآؤُكُمْ حَرْثٌ لَّكُمْ فَأْتُوا۟ حَرْثَكُمْ أَنَّىٰ شِئْتُمْ ۖ وَقَدِّمُوا۟ لِأَنفُسِكُمْ ۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّكُم
مُّلَٰقُوهُ ۗ وَبَشِّرِ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٢٢٣﴾

223 - ئاياللىرىڭلار سىلەرنىڭ زىرائەت تېرىيدىغان يېرىڭلار بولۇپ، سىلەر مەنىنى ئۇلارنىڭ بالىياتقۇسىغا تۆكۈسىلەر، ئاندىن ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۇنىڭدىن پەرزەنتلەر مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇلارغا (يەنى ئۇلارنىڭ ئاللاھ ھالال قىلىپ بەرگەن يېرىگە) خالىغان رەۋىشتە يېقىنچىلىق قىلىڭلار، ئەمما ئاللاھ ھالال قىلىپ بەرگەن جايدىنلا كېلىڭلار. ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا رىئايە قىلىپ، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە بىلىڭلاركى، سىلەر قىيامەت كۈنى ھېساب بېرىش ئۈچۈن، چوقۇم ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارىسىلەر. ئى پەيغەمبەر! مۇئمىنلەرگە ئاخىرەتتىكى ياخشى مۇكاپاتتىن ئىبارەت ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان ئىش بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن.

وَلَا تَجْعَلُوا۟ ٱللَّهَ عُرْضَةً لِّأَيْمَٰنِكُمْ أَن تَبَرُّوا۟ وَتَتَّقُوا۟ وَتُصْلِحُوا۟ بَيْنَ ٱلنَّاسِ ۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٢٢٤﴾

224 - ئى مۇئمىنلەر! سىلەر كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا، تەقۋادار بولۇشقا، كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشقا چاقىرىلغان چېغىڭلاردا، ئىلگىرى بۇنداق قىلماسلىققا ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغانلىقىڭلارنى بۇ ئىشلارنى قىلىشقا توسالغۇ قىلىۋالماڭلار. بۇنداق ئەھۋالدا قەسەم قىلغۇچى قەسىمنى بۇزۇپ، قەسەمگە كاپارەت بېرىپ، ياخشى ئىشنى قولدىن بەرمەسلىكى كېرەك. ئاللاھ سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بارلىق ئەھۋالىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

لَّا يُؤَاخِذُكُمُ ٱللَّهُ بِٱللَّغْوِ فِىٓ أَيْمَٰنِكُمْ وَلَٰكِن يُؤَاخِذُكُم بِمَا كَسَبَتْ قُلُوبُكُمْ ۗ وَٱللَّهُ غَفُورٌ
حَلِيمٌ ﴿٢٢٥﴾

225 - ئاللاھ سىلەرنى مەقسەتسىز ئىچكەن قەسىمىڭلار سەۋەبلىك جازالىمايدۇ. ئەمما قەستەن ئىچكەن قەسىمىڭلار ئۈچۈن جازالايدۇ. ئاللاھ تەۋبە قىلغان بەندىسىگە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئازابقا تېگىشلىك بولغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر.

لِّلَّذِينَ يُؤْلُونَ مِن نِّسَآئِهِمْ تَرَبُّصُ أَرْبَعَةِ أَشْهُرٍ ۖ فَإِن فَآءُو فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٢٢٦﴾

226 - ئاياللىرىغا مەڭگۈلۈك ياكى تۆت ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەنلەر تۆت ئاي كۈتۈشى كېرەك. ئەگەر ئۇلار بۇ تۆت ئاي ئۆتۈپ كېتىشتىن بۇرۇن

(ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىپ) قەسەمدىن قايتسا، شۇنى بىلسۇنكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قەسەم قىلىپ بۇزۇۋەتكەنلىكىنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

وَإِنْ عَزَمُوا۟ ٱلطَّلَـٰقَ فَإِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٢٢٧﴾

227 - ئەگەر ئۇلار قەسەمنى داۋاملاشتۇرۇپ ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىق ئارقىلىق ئۇلارنى تالاق قىلىش نىيىتىگە كەلسە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، نىيىتىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇلارغا بۇنىڭغا ئاساسەن مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

وَٱلْمُطَلَّقَـٰتُ يَتَرَبَّصْنَ بِأَنفُسِهِنَّ ثَلَـٰثَةَ قُرُوٓءٍ ۚ وَلَا يَحِلُّ لَهُنَّ أَن يَكْتُمْنَ مَا خَلَقَ ٱللَّهُ فِىٓ أَرْحَامِهِنَّ إِن كُنَّ يُؤْمِنَّ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْـَٔاخِرِ ۚ وَبُعُولَتُهُنَّ أَحَقُّ بِرَدِّهِنَّ فِى ذَٰلِكَ إِنْ أَرَادُوٓا۟ إِصْلَـٰحًا ۚ وَلَهُنَّ مِثْلُ ٱلَّذِى عَلَيْهِنَّ بِٱلْمَعْرُوفِ ۚ وَلِلرِّجَالِ عَلَيْهِنَّ دَرَجَةٌ ۗ وَٱللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٢٢٨﴾

228 - تالاق قىلىنغان ئاياللار نىكاھلانماي ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە ئىددەت تۇتىدۇ (يەنى ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرۈپ ئۈچ قېتىم پاكلانغۇچىلىك ياكى ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرگۈچىلىك كۈتىدۇ). بۇ ئۇلارنىڭ بالىياتقۇلىرىنىڭ بوش ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈندۇر. ئۇلارنىڭ ئىددەت ئىچىدە باشقا بىرىگە نىكاھلىنىشى جائىز ئەمەس. ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە جەزمەن ئىشىنىدىغان مۆئمىن ئاياللار بولسا، ئۇلارنىڭ بالىياتقۇسىدىكى ئاللاھ ياراتقان تۆرەلمىنى ياكى ھەيزنى يوشۇرماسلىقى لازىم. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئەپلىشىپ قېلىشنى خالىسا، شۇ تۆت ئايلىق مۇددەت ئىچىدە ئۇلارنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىقتۇر. بۇنىڭدا ئەرلەرنىڭ نىيىتى راستتىنلا ئەپلىشىپ قېلىش بولۇشى، ئاياللىرىنىڭ ئىددىتىنى ئۇزارتىپ ئۇلارغا زىيان يەتكۈزۈشنى كۆزلىمىگەن بولۇشى لازىم. ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللىرىنىڭمۇ شەرىئەت بەلگىلىگەن ھەقلىرى بار. ئەرلەر ئائىلىسىنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن چىقىش، ئايالىنى ئۆز زىممىسىدە تۇتۇش ۋە ئۇلارنى ياخشى تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش جەھەتتە ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە. ئاللاھ غالىبتۇر، قەھر قىلغۇچى كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگىدۇر، ھەربىر ئىشنى ئۆزىگە مۇناسىپ رەۋىشتە بەلگىلەشتە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

ٱلطَّلَـٰقُ مَرَّتَانِ ۖ فَإِمْسَاكٌۢ بِمَعْرُوفٍ أَوْ تَسْرِيحٌۢ بِإِحْسَـٰنٍ ۗ وَلَا يَحِلُّ لَكُمْ أَن تَأْخُذُوا۟ مِمَّآ ءَاتَيْتُمُوهُنَّ شَيْـًٔا إِلَّآ أَن يَخَافَآ أَلَّا يُقِيمَا حُدُودَ ٱللَّهِ ۖ فَإِنْ خِفْتُمْ أَلَّا يُقِيمَا حُدُودَ ٱللَّهِ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْهِمَا فِيمَا ٱفْتَدَتْ بِهِۦ ۗ تِلْكَ حُدُودُ ٱللَّهِ فَلَا تَعْتَدُوهَا ۚ وَمَن يَتَعَدَّ حُدُودَ ٱللَّهِ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّـٰلِمُونَ ﴿٢٢٩﴾

229 - يېنىۋېلىشقا بولىدىغان تالاق ئايرىم - ئايرىم ھالدا قىلىنغان ئىككى قېتىملىق تالاقتۇر، ھەر قېتىملىق تالاقتىن كېيىن، ئايالىنى قايتۇرۇۋالغان ئادەم ئايالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتۈشى ياكى ئۇنىڭ ھەققىنى تولۇق بېرىپ، ئۇنى چىرايلىقچە قويۇۋېتىشى، ئايالىنىڭ ئەيىبىنى ئاچماسلىقى لازىم. ئى ئەرلەر! ئاياللىرىڭلارغا مەھرى ياكى تويلۇق ئۈچۈن بەرگەن نەرسىلىرىڭلاردىن بىرەر نەرسە قايتۇرۇۋېلىش سىلەرگە ھالال بولمايدۇ. ئەمما ئەر - ئايال ئىككىسى ئەر - ئاياللىق ھەق - ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلالماسلىقىدىن قورقسا، بۇ چاغدا ئۆزلىرىنىڭ مەسىلىسىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىگە - چاقىلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىگە - چاقىسى بولغانلار ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىقىدىن ئەنسىرىسە، ئايالىنىڭ ئاجرىشىش بەدىلىگە ئېرىگە بىر نەرسە بېرىشىدە ھېچبىر گۇناھ يوقتۇر. ئەنە شۇ ئەھكاملار ئاللاھنىڭ ھالال بىلەن ھارام ئوتتۇرىسىدىكى چېگراسىدۇر. سىلەر

بۇ چېگرادىن ھەرگىز ئۆتۈپ كەتمەڭلار. كىمكى ئاللاھ بەلگىلىگەن چېگرادىن ئۆتۈپ كېتىدىكەن، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ ئازابىغا تېگىشلىك قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغۇچىلار بولۇپ قالىدۇ.

فَإِن طَلَّقَهَا فَلَا تَحِلُّ لَهُۥ مِنۢ بَعۡدُ حَتَّىٰ تَنكِحَ زَوۡجًا غَيۡرَهُۥۗ فَإِن طَلَّقَهَا فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡهِمَآ أَن يَتَرَاجَعَآ إِن ظَنَّآ أَن يُقِيمَا حُدُودَ ٱللَّهِۗ وَتِلۡكَ حُدُودُ ٱللَّهِ يُبَيِّنُهَا لِقَوۡمٍ يَعۡلَمُونَ ﴿٢٣٠﴾

230 - ئەگەر ئەر ئايالىنى ئۈچىنچى قېتىم تالاق قىلسا، ئۇ ئايال باشقا ئەرگە تەگمىگۈچە، تەگكەندىمۇ بىرىنچى ئېرىگە قايتىش ئۈچۈن يول چىقىرىش مەقسىتىدە ئەمەس، بەلكى مەڭگۈلۈك خوتۇن بولۇش ئۈچۈن تەگمىگۈچە ۋە ئوتتۇرىدا جىنسىي مۇناسىۋەت ئەمەلگە ئاشمىغۇچە، ئۇ ئايال بىرىنچى ئېرىگە قايتالمايدۇ. كېيىنكى ئەر ئۇ ئايالنى تالاق قىلغان ياكى ئۆلۈپ كەتكەن سەۋەب بىلەن بۇ ئايال ئۇ ئەرنىڭ نىكاھىدىن چىققان ئەھۋالدا، بۇ ئايال بىلەن بۇرۇنقى ئېرى ئىككىسى ئاللاھنىڭ ئائىلە ھەققىدە بەلگىلىگەن بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنسە، ئۇ ئايال ئىددىتىنى توشقۇزۇپ بولۇپ، بۇرۇنقى ئېرى بىلەن يېڭى نىكاھ ۋە يېڭى تويلۇق بىلەن قايتىدىن يارىشىۋالسا، بۇ ئىككىسىگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. بۇ ئاللاھ بەلگىلىگەن ئەھكاملار بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى قۇرئاننىڭ ئەھكاملىرىنى ۋە بەلگىلىمىلىرىنى بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بايان قىلىپ بېرىدۇ، چۈنكى بۇ ئەھكاملاردىن مەنپەئەتلىنىدىغان كىشىلەر ئاشۇلاردۇر.

وَإِذَا طَلَّقۡتُمُ ٱلنِّسَآءَ فَبَلَغۡنَ أَجَلَهُنَّ فَأَمۡسِكُوهُنَّ بِمَعۡرُوفٍ أَوۡ سَرِّحُوهُنَّ بِمَعۡرُوفٖۚ وَلَا تُمۡسِكُوهُنَّ ضِرَارًا لِّتَعۡتَدُواْۚ وَمَن يَفۡعَلۡ ذَٰلِكَ فَقَدۡ ظَلَمَ نَفۡسَهُۥۚ وَلَا تَتَّخِذُوٓاْ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ هُزُوٗاۚ وَٱذۡكُرُواْ نِعۡمَتَ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ وَمَآ أَنزَلَ عَلَيۡكُم مِّنَ ٱلۡكِتَٰبِ وَٱلۡحِكۡمَةِ يَعِظُكُم بِهِۦۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٞ ﴿٢٣١﴾

231 - سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلساڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشاي دەپ قالسا، ئۇلار بىلەن يارىشىپ، ئۇلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى شەرىئەت ۋە قائىدە - يوسۇن بويىچە ئادا قىلىش نىيىتى بىلەن ئۇلارنى چىرايلىقچە نىكاھىڭلاردا تۇتۇڭلار ياكى ئۇلارنى ئىددىتى توشقۇچە تەرك ئېتىپ ياخشىلىق بىلەن قويۇپ بېرىڭلار. ئاياللارنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىش نىيىتى بىلەن ئۇلارغا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرۇشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار. كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھنىڭ ئازابىغا تېگىشلىك بولۇش ئارقىلىق ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئەھكاملىرىنى كۈلكە - چاقچاق قىلىۋالماڭلار. ئاللاھنىڭ سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغانلىقى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت كاتتا نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئاللاھنىڭ قۇرئاندىن ۋە سۈننەتتىن سىلەرگە بىلدۈرگەنلىرىنى ئەسلەڭلار ۋە بۇ ئۇلۇغ نېمەت ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكۈر قىلىڭلار. ئاللاھ سىلەرگە بۇ نېمەتلەرنى ئەسلىتىدۇ، سىلەرنى ئەمر - پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھنىڭ سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر، ئاللاھ ھەركىمگە ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

وَإِذَا طَلَّقۡتُمُ ٱلنِّسَآءَ فَبَلَغۡنَ أَجَلَهُنَّ فَلَا تَعۡضُلُوهُنَّ أَن يَنكِحۡنَ أَزۡوَٰجَهُنَّ إِذَا تَرَٰضَوۡاْ بَيۡنَهُم بِٱلۡمَعۡرُوفِۗ ذَٰلِكَ يُوعَظُ بِهِۦ مَن كَانَ مِنكُمۡ يُؤۡمِنُ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِۗ ذَٰلِكُمۡ أَزۡكَىٰ لَكُمۡ

وَأَطۡهَرُۚ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ وَأَنتُمۡ لَا تَعۡلَمُونَ ﴿٢٣٢﴾

232 ـ ئى ئاياللارنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرى! ئەگەر سىلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىڭلاردىكى ئاياللارنى ئەرلىرى ئۈچ تالاقنىڭ تۆۋىنىدە تالاق قىلغان بولسا ۋە ئەرلىرى قايتۇرۇۋالماستىن، ئىددىتى توشۇپ قالغان بولسا، بۇ ئاياللار ئۆز ئەرلىرى بىلەن يارىشىپ قېلىشنى ئىرادە قىلىپ، ئۆز ئارىسىدا پۈتۈشكەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆز ئەرلىرىگە يېڭى نىكاھ بىلەن قايتىشىغا توسقۇنلۇق قىلماڭلار. ئاراڭلاردىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە چىن ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەرگە بۇنىڭ بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنىدۇ، ئەرلەرنىڭ ئۆز ئاياللىرى بىلەن قايتا يارىشىۋېلىشىغا يول قويۇشۇڭلار سىلەرنىڭ يۈز ـ ئابرۇيۇڭلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى، ساۋاب تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق ئىشتۇر. سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر.

۞ وَٱلۡوَٰلِدَٰتُ يُرۡضِعۡنَ أَوۡلَٰدَهُنَّ حَوۡلَيۡنِ كَامِلَيۡنِۖ لِمَنۡ أَرَادَ أَن يُتِمَّ ٱلرَّضَاعَةَۚ وَعَلَى ٱلۡمَوۡلُودِ لَهُۥ رِزۡقُهُنَّ وَكِسۡوَتُهُنَّ بِٱلۡمَعۡرُوفِۚ لَا تُكَلَّفُ نَفۡسٌ إِلَّا وُسۡعَهَاۚ لَا تُضَآرَّ وَٰلِدَةُۢ بِوَلَدِهَا وَلَا مَوۡلُودٞ لَّهُۥ بِوَلَدِهِۦۚ وَعَلَى ٱلۡوَارِثِ مِثۡلُ ذَٰلِكَۗ فَإِنۡ أَرَادَا فِصَالًا عَن تَرَاضٖ مِّنۡهُمَا وَتَشَاوُرٖ فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡهِمَاۗ وَإِنۡ أَرَدتُّمۡ أَن تَسۡتَرۡضِعُوٓاْ أَوۡلَٰدَكُمۡ فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ إِذَا سَلَّمۡتُم مَّآ ءَاتَيۡتُم بِٱلۡمَعۡرُوفِۗ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٞ ﴿٢٣٣﴾

233 ـ ئانىلار بوۋاقلىرىنى ئىككى يىل تولۇق ئېمىتىشى لازىم. بۇ تولۇق ئېمىتىشنى خالىغان كىشى ئۈچۈندۇر. ئاتىلار ئۆزلىرى تالاق قىلغان ۋە بالىلىرىنى ئېمىتىۋاتقان ئاياللارنى شەرىئەتتە بۇيرۇلغان قائىدە ـ يوسۇن بويىچە يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك. چۈنكى ئاللاھ ھېچكىمنى قۇدرىتى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ. ئاتا بىلەن ئانا ئىككىسى بوۋىقى سەۋەبلىك زىيان تارتماسلىقى لازىم. ئاتا ئۆلۈپ كەتكەن ئەھۋالدا، ئۇنىڭ ۋارىسى ئاتىغا ئوخشاش ئايالنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنى ۋە كىيىم ـ كېچىكىنى تولۇقلاپ بېرىشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. ئەگەر ئاتا ـ ئانا كېڭىشىپ، ھەر ئىككىسىنىڭ رازىلىقى بىلەن بوۋىقىنى ئىككى يىل توشۇشتىن بۇرۇن سۈتتىن ئايرىۋەتمەكچى بولسا، ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەگەر ئاتا بىلەن ئانا بوۋىقىنى ئانىسىدىن باشقا ئايالغا (ئىنىكئانىغا) ئېمىتمەكچى بولسا، ئاتا ئانىنىڭ ھەققىنى ۋە ئىنىكئانىنىڭ ئېمىتكەنلىك ھەققىنى قائىدە ـ يوسۇن بويىچە بەرسە، ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. بارلىق ئەھۋالىڭلاردا ئاللاھتىن قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، قىيامەت كۈنى سىلەرگە شۇ ئەمەللىرىڭلارغا قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

وَٱلَّذِينَ يُتَوَفَّوۡنَ مِنكُمۡ وَيَذَرُونَ أَزۡوَٰجٗا يَتَرَبَّصۡنَ بِأَنفُسِهِنَّ أَرۡبَعَةَ أَشۡهُرٖ وَعَشۡرٗاۖ فَإِذَا بَلَغۡنَ أَجَلَهُنَّ فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ فِيمَا فَعَلۡنَ فِيٓ أَنفُسِهِنَّ بِٱلۡمَعۡرُوفِۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرٞ ﴿٢٣٤﴾

234 ـ ئاراڭلاردىن ئېرى ۋاپات بولۇپ كېتىپ تۇل قالغان ئاياللار بولسا، ئۇلار تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى لازىم. ئۇلار بۇ مۇددەت ئىچىدە ئەرنىڭ ئۆيىدىن چىقمايدۇ (ۋە چىقىرىلمايدۇ)، زىننەتلەنمەيدۇ، ياتلىق بولمايدۇ. مەزكۇر مۇددەت توشقاندىن كېيىن، ئۇلار سىرتقا چىقسا، زىننەتلەنسە ۋە شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن قائىدە ـ يوسۇن بويىچە ياتلىق بولسا، ئى ئاياللارنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرى! سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا سىلەر قىلىۋاتقان ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق ئەمەللىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر،

سىلەرگە شۇنىڭغا قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

وَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ فِيمَا عَرَّضۡتُم بِهِۦ مِنۡ خِطۡبَةِ ٱلنِّسَآءِ أَوۡ أَكۡنَنتُمۡ فِيٓ أَنفُسِكُمۡۚ عَلِمَ ٱللَّهُ
أَنَّكُمۡ سَتَذۡكُرُونَهُنَّ وَلَٰكِن لَّا تُوَاعِدُوهُنَّ سِرًّا إِلَّآ أَن تَقُولُواْ قَوۡلٗا مَّعۡرُوفٗاۚ وَلَا تَعۡزِمُواْ عُقۡدَةَ
ٱلنِّكَاحِ حَتَّىٰ يَبۡلُغَ ٱلۡكِتَٰبُ أَجَلَهُۥۚ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ يَعۡلَمُ مَا فِيٓ أَنفُسِكُمۡ فَٱحۡذَرُوهُۚ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ
ٱللَّهَ غَفُورٌ حَلِيمٞ ٢٣٥

235 - ئى ئەرلەر! ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ئۈچ تالاق قىلىنىپ، ئىددەتتە تۇرۇۋاتقان ئاياللارغا ئۆيلىنىش تەلىپىنى پۇرىتىپ ئۆتۈشتە ياكى ئىددەتتىن چىققاندىن كېيىن ئۆيلىنىشنى دىلىڭلاردا يوشۇرۇشتا سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوق. سىلەرنىڭ ئىنسانىي ئاجىزلىقىڭلار تۈپەيلىدىن جىم تۇرالمايدىغانلىقىڭلار، بەربىر ئۇلارغا بۇ توغرىدا ئېغىز ئاچىدىغانلىقىڭلار ئاللاھقا مەلۇمدۇر. شۇڭا ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن ئۇلارغا ئۆيلىنىش ئارزۇيۇڭلار بارلىقىنى پۇرىتىپ قويۇشقا ياكى دىلىڭلاردا يوشۇرۇشقا رۇخسەت قىلدى. لېكىن، ئۇلار بىلەن زىنا قىلىشقا ياكى ئىددەتتە تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا نىكاھلىنىشقا يوشۇرۇن ۋەدىلىشىپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، پەقەت ئۇلارغا ئوخشاش بىرى بىلەن ئۆيلىنىش ئارزۇيۇڭلارنىڭ بارلىقى ئىپادىلىنىدىغان سۆزلەرنى قىلساڭلار بولىدۇ. ئاياللارنىڭ ئىددەتتە تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا ئىددەت ئىچىدە نىكاھ قىلىشنى قارار قىلماڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھتىن قورقۇڭلار. شۇنىمۇ بىلىڭلاركى، ئاللاھ گۇناھىغا تەۋبە قىلغان بەندىسىگە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، گۇناھكار بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر.

لَّا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ إِن طَلَّقۡتُمُ ٱلنِّسَآءَ مَا لَمۡ تَمَسُّوهُنَّ أَوۡ تَفۡرِضُواْ لَهُنَّ فَرِيضَةٗۚ وَمَتِّعُوهُنَّ عَلَى
ٱلۡمُوسِعِ قَدَرُهُۥ وَعَلَى ٱلۡمُقۡتِرِ قَدَرُهُۥ مَتَٰعَۢا بِٱلۡمَعۡرُوفِۖ حَقًّا عَلَى ٱلۡمُحۡسِنِينَ ٢٣٦

236 - ئى ئەرلەر! سىلەر ئاياللارغا نىكاھلىنىپ يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى تالاق قىلغان بولساڭلار ۋە مەھرىنى تېخى تەيىنلىمىگەن بولساڭلار، ئۇلارنى تالاق قىلساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىش، تالاقتىن كېيىنكى يالغۇزلۇقىغا تەسەللى بېرىش ۋە ئۆچمەنلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى پۇل - مالدىن بەھرىمەن قىلىڭلار. بەھرىمەن قىلىش تالاق قىلغۇچىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ بولىدۇ. باي ئۆزىنىڭ بايلىقىغا يارىشا، كەمبەغەلمۇ ئۆزىنىڭ ھالىغا تۇشلۇق قائىدە بويىچە بەھرىمەن قىلسۇن. بۇ تالاق قىلىنغان ئاياللارغا ياخشىلىق قىلىدىغان، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەن ئۆزىگە ياخشىلىق قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر.

وَإِن طَلَّقۡتُمُوهُنَّ مِن قَبۡلِ أَن تَمَسُّوهُنَّ وَقَدۡ فَرَضۡتُمۡ لَهُنَّ فَرِيضَةٗ فَنِصۡفُ مَا فَرَضۡتُمۡ إِلَّآ
أَن يَعۡفُونَ أَوۡ يَعۡفُوَاْ ٱلَّذِي بِيَدِهِۦ عُقۡدَةُ ٱلنِّكَاحِۚ وَأَن تَعۡفُوٓاْ أَقۡرَبُ لِلتَّقۡوَىٰۚ وَلَا تَنسَوُاْ ٱلۡفَضۡلَ
بَيۡنَكُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٌ ٢٣٧

237 - سىلەر ئاياللارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىپ يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى تالاق قىلساڭلار، ئەمما ئۇلارغا مەلۇم مىقداردا مەھرى بېرىشكە كېلىشكەن بولساڭلار، كېلىشكەن شۇ مەھرىنىڭ يېرىمىنى ئۇلارغا بېرىشىڭلار پەرزدۇر. ئەمما تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان مەزكۇر يېرىم مەھرىنى ئېلىشتىن ۋاز كەچسىمۇ ياكى تالاق قىلغان

ئەر كېلىشكەن مەھرىنىڭ ھەممىسىنى بېرىۋەتسىمۇ بولىدۇ. ئى ئەر - ئاياللار! بىر - بىرىڭلارغا يول قويۇشۇڭلار ئاللاھتىن قورقۇشقا ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا ئەڭ يېقىندۇر. ئى ئىنسانلار! ئۈستۈڭلارغا پەرز بولمىغان بولسىمۇ، ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن بېرىش ۋە ئېلىشقا تېگىشلىكلىرىڭلارنى كەچۈرۈۋېتىش ئارقىلىق بىر - بىرىڭلارغا ئېھسان قىلىشنى ئۇنتۇماڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ئاللاھ سىلەرنى ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ، پەزىلەتلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدۇ.

حَٰفِظُواْ عَلَى ٱلصَّلَوَٰتِ وَٱلصَّلَوٰةِ ٱلۡوُسۡطَىٰ وَقُومُواْ لِلَّهِ قَٰنِتِينَ ﴿٢٣٨﴾

238 - ئى مۇسۇلمانلار! سىلەرگە پەرز قىلىنغان بەش ۋاخ نامازنى بارلىق شەرتلىرىگە، پەرزلىرىگە، ۋاجىپلىرىغا رىئايە قىلغان ھالدا ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرىڭلار، بولۇپمۇ ئوتتۇرىدىكى ناماز - ئەسىر نامىزىغا ئەھمىيەت بېرىڭلار. نامىزىڭلاردا ئاللاھتىن ئەيمەنگەن ھالدا ئىتائەتمەنلىك ۋە كەمتەرلىك بىلەن تۇرۇڭلار.

فَإِنۡ خِفۡتُمۡ فَرِجَالًا أَوۡ رُكۡبَانٗاۖ فَإِذَآ أَمِنتُمۡ فَٱذۡكُرُواْ ٱللَّهَ كَمَا عَلَّمَكُم مَّا لَمۡ تَكُونُواْ تَعۡلَمُونَ ﴿٢٣٩﴾

239 - ئەگەر سىلەر دۈشمىنىڭلار تەرەپتىن قورقۇنچتا بولساڭلار، نامازنى پىيادىمۇ ياكى ئۇلاغ ئۈستىدە كېتىپ بېرىپمۇ، قانداق شەكىلدە ئوقۇشقا كۈچۈڭلار يەتسە شۇنداق ئوقۇساڭلار بولىدۇ، ھەتتا ئىما - ئىشارەت بىلەن ئوقۇساڭلارمۇ، قىبلىگە يۈزلىنىشكە ئىمكانىيەت بولمىسا، خالىغان تەرەپكە يۈزلىنىپ ئوقۇساڭلارمۇ بولىدۇ. قورقۇنچ يوق بولغاندا، نامازنى ئەسلىدىكى قائىدىسى بويىچە ئۆزگەرتمەي ئوقۇڭلار. ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار، ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئىبادەت قىلىشنىڭ قائىدە - تەرتىپلىرىدىن ۋە دىنىڭلارنىڭ ئەھكاملىرىدىن بىلمىگەنلىرىڭلارنى بىلدۈرگەنلىكىگە شۈكۈر قىلىڭلار.

وَٱلَّذِينَ يُتَوَفَّوۡنَ مِنكُمۡ وَيَذَرُونَ أَزۡوَٰجٗا وَصِيَّةٗ لِّأَزۡوَٰجِهِم مَّتَٰعًا إِلَى ٱلۡحَوۡلِ غَيۡرَ إِخۡرَاجٖۚ فَإِنۡ خَرَجۡنَ فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ فِي مَا فَعَلۡنَ فِيٓ أَنفُسِهِنَّ مِن مَّعۡرُوفٖۗ وَٱللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٞ ﴿٢٤٠﴾

240 - ئاراڭلاردىن ئۆزلىرى ئۆلۈپ كېتىپ ئاياللىرى قېلىپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئەرلەر ۋارىسلىرىنىڭ بۇ ئاياللارنى ئەرلىرىنىڭ ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقارماسلىقى، ئۇلارنى ئەرلىرى ۋاپات بولغان ۋاقتىدىن باشلاپ تولۇق بىر يىل نەپىقە بىلەن تەمىنلىشى ھەققىدە ۋەسىيەت قىلسۇن. بۇ، ئايالغا تەسەللى بېرىش، ۋاپات بولغان كىشىنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلىش ئۈچۈندۇر. ئەگەر مەزكۇر ئاياللار بىر يىل توشۇشتىن بۇرۇن ئەرلىرىنىڭ ئۆيىدىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن چىقىپ كەتسە، - ئى ۋارىسلار! - بۇنىڭدا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، ئۇ ئاياللارنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدە قىلغان قائىدە - يوسۇنلۇق ئىشلىرىدا ئۇلارغىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، بۇيرۇغان ۋە توسقان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. (بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئاللاھ تائالانىڭ «ئاراڭلاردا ئېرى ۋاپات بولۇپ كېتىپ تۇل قالغان ئاياللار بولسا، ئۇلار تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى لازىم» دىگەن سۆزى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان).

وَلِلۡمُطَلَّقَٰتِ مَتَٰعُۢ بِٱلۡمَعۡرُوفِۖ حَقًّا عَلَى ٱلۡمُتَّقِينَ ﴿٢٤١﴾

241 - تالاق قىلىنغان ئاياللارنىڭ شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن قائىدە بويىچە نەپىقىسىنى بېرىش كېرەك. بۇ ئاللاھتىن قورقىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغان تەقۋادار كىشىلەرنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر.

كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمْ ءَايَٰتِهِۦ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ ﴿٢٤٢﴾

242 ـ سىلەرنى ئەقلىنى ئىشلەتسۇن ۋە ئەمەل قىلسۇن دەپ، ئاللاھ بالىلار ۋە ئاياللار
ھەققىدىكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تەپسىلىي بايان قىلغاندەك، ئايەتلىرىنى، دىن ۋە
دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىڭلاردا سىلەر ئېھتىياجلىق بولىدىغان مەسىلىلەرنىڭ ئەھكاملىرىنى
مۇشۇنداق تولۇق، تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىدۇ.

۞ أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ خَرَجُوا۟ مِن دِيَٰرِهِمْ وَهُمْ أُلُوفٌ حَذَرَ ٱلْمَوْتِ فَقَالَ لَهُمُ ٱللَّهُ مُوتُوا۟ ثُمَّ أَحْيَٰهُمْ ۚ
إِنَّ ٱللَّهَ لَذُو فَضْلٍ عَلَى ٱلنَّاسِ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَشْكُرُونَ ﴿٢٤٣﴾

243 ـ ئى پەيغەمبەر! ئۆزلىرى مىڭلارچە تۇرۇقلۇق، (دۈشمەنگە قارشى تۇرماي) ئۆلۈمدىن
قورقۇپ يۇرت ـ ماكانلىرىدىن ۋە ئۆيلىرىدىن قېچىپ چىققان كىشىلەرنىڭ قىسسىسىدىن
خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ ئاللاھ ئۇلارغا: «ئۆلۈڭلار» دېدى ـ دە، ئۇلار ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن
قاچقانلىقىنىڭ جازاسى بىلەن دەرھال ئۆلدى، ئاندىن ئاللاھ ئۇلارنى ئەجىلى توشقانغا
قەدەر ياشىشى ۋە ئىبرەت ئېلىپ تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن تىرىلدۈردى. ئاللاھ ئىنسانلارغا
سانسىزلىغان نېمەتلىرى بىلەن ھەققەتەن كاتتا مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر، لېكىن
ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان بۇ پەزل ـ مەرھەمىتىگە
شۈكۈر قىلمايدۇ.

وَقَٰتِلُوا۟ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٢٤٤﴾

244 ـ ئى مۇسۇلمانلار! كاپىرلارغا قارشى ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش يولىدا
جىھاد قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، نىيىتىڭلارنى ۋە
ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

مَّن ذَا ٱلَّذِى يُقْرِضُ ٱللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا فَيُضَٰعِفَهُۥ لَهُۥٓ أَضْعَافًا كَثِيرَةً ۚ وَٱللَّهُ يَقْبِضُ وَيَبْصُۜطُ
وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ﴿٢٤٥﴾

245 ـ كىم ساۋاب ئىزدەپ ئاللاھ يولىدا خالىس پۇل ـ مال سەرپ قىلىدۇ؟ ئاللاھ ئۇنىڭغا
ساناپ بولغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە نەچچە ھەسسە كۆپ ساۋاب ۋە مۇكاپات بېرىدۇ.
ئاللاھ بەندىلەرنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ ۋە كەڭ قىلىدۇ، سىلەر پۇل ـ مېلىڭلارنى
ئاللاھ يولىدا قورقماي سەرپ قىلىڭلار، چۈنكى رىزىق بەرگۈچى زات ـ ئاللاھتۇر. ئاللاھ
بەندىلىرىنىڭ ئىچىدىن ئۆزى خالىغان كىشىلەرنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ، خالىغان
كىشىلەرنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ. ئاللاھ ئەلۋەتتە بۇنى چوڭقۇر ھېكمەت بىلەن
شۇنداق قىلىدۇ. سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، شۇ
چاغدا، ئاللاھ سىلەرگە ئەمەللىرىڭلارغا قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلْمَلَإِ مِنۢ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ مِنۢ بَعْدِ مُوسَىٰٓ إِذْ قَالُوا۟ لِنَبِىٍّ لَّهُمُ ٱبْعَثْ لَنَا مَلِكًا نُّقَٰتِلْ
فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ ۖ قَالَ هَلْ عَسَيْتُمْ إِن كُتِبَ عَلَيْكُمُ ٱلْقِتَالُ أَلَّا تُقَٰتِلُوا۟ ۖ قَالُوا۟ وَمَا لَنَآ أَلَّا نُقَٰتِلَ
فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ وَقَدْ أُخْرِجْنَا مِن دِيَٰرِنَا وَأَبْنَآئِنَا ۖ فَلَمَّا كُتِبَ عَلَيْهِمُ ٱلْقِتَالُ تَوَلَّوْا۟ إِلَّا قَلِيلًا
مِّنْهُمْ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌۢ بِٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٢٤٦﴾

246 ـ ئى پەيغەمبەر! مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن كېيىن كەلگەن ئىسرائىل ئەۋلادى
ئىچىدىكى ئابرۇيلۇق كاتتىباشلارنىڭ قىسسىسىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار

ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىدىن ئۆزلىرىگە: بىر پادىشاھ تىكلەپ بېرىشىنى ۋە ئۇنىڭ باشچىلىقىدا ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنى تىلىگەن ئىدى. پەيغەمبىرى ئۇلارغا: «ئەگەر سىلەرگە جىھاد قىلىش پەرز بولۇپ قالسا، سىلەر — مەن ئويلىغاندەك، — جىھاد قىلماي تۇرۇۋالساڭلارچۇ؟ چۈنكى، مەن سىلەرنى قورقۇنچاقلىق قىلىپ جىھادتىن قاچىدۇ، دەپ ئويلايمەن» دېدى. ئۇلار پەيغەمبىرىنىڭ ئويلىغانلىرىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن: «بىزنى دۈشمەنلىرىمىز ئۆز يۇرتىمىزدىن ھەيدەپ چىقارغان، ئەھلى ئەۋلادىمىزنى ئۆلتۈرۈش ۋە ئەسىرگە ئېلىش ئارقىلىق بىزنى ئۇلاردىن جۇدا قىلغان تۇرسا، بىز ئەمدى ئاللاھ يولىدا قانداقمۇ جىھاد قىلمايلى؟» دېدى. ئۇلارغا پادىشاھ تەيىنلىنىپ جىھاد قىلىش پەرز قىلىنغان چاغدا، ئۇلار قورقۇنچاقلىق قىلىپ جىھاد قىلىشتىن باش تارتتى، پەقەت ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمىلا ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن جىھاد مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇردى. مۇنداق ۋەدىسىنى بۇزۇپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

وَقَالَ لَهُمۡ نَبِيُّهُمۡ إِنَّ ٱللَّهَ قَدۡ بَعَثَ لَكُمۡ طَالُوتَ مَلِكٗاۚ قَالُوٓاْ أَنَّىٰ يَكُونُ لَهُ ٱلۡمُلۡكُ عَلَيۡنَا وَنَحۡنُ أَحَقُّ بِٱلۡمُلۡكِ مِنۡهُ وَلَمۡ يُؤۡتَ سَعَةٗ مِّنَ ٱلۡمَالِۚ قَالَ إِنَّ ٱللَّهَ ٱصۡطَفَىٰهُ عَلَيۡكُمۡ وَزَادَهُۥ بَسۡطَةٗ فِي ٱلۡعِلۡمِ وَٱلۡجِسۡمِۖ وَٱللَّهُ يُؤۡتِي مُلۡكَهُۥ مَن يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٞ ﴿٢٤٧﴾

247 - پەيغەمبىرى ئۇلارغا: «شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرنىڭ تىلىكىڭلارنى قوبۇل قىلىپ، سىلەرگە تالۇتنى پادىشاھ قىلىپ ئەۋەتتى، ئۇ سىلەرگە دۈشمىنىڭلارغا قارشى جىھادتا قوماندانلىق قىلىدۇ» دېدى. ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ كاتتىباشلىرى: «تالۇت قانداقمۇ بىزگە پادىشاھ بولالايدۇ؟ ئۇ پادىشاھ بولۇشقا ھەقلىق ئەمەس. چۈنكى ئۇ پادىشاھ جەمەتىدىن ياكى پەيغەمبەر ئائىلىسىدىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ پادىشاھلىققا ئىشلەتكىلى يەتكۈدەك كۆپ مال - مۈلۈكى يوق. شۇڭا، پادىشاھلىققا ئۇنىڭغا قارىغاندا بىز بەكرەك ھەقلىقمىز» دېدى. پەيغەمبىرى ئۇلارغا: «ئاللاھ ئۇنى سىلەرگە پادىشاھ قىلىپ تاللىدى، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ئاللاھ ئۇنى ئىلىمدە، دۈشمەنلەرگە قارشى جىھاد قىلىشى ئۈچۈن كۈچلۈك بەدەندە (سىلەردىن) ئارتۇق قىلدى، ئاللاھ پادىشاھلىقنىڭ ۋە ھەممىنىڭ يېگانە ئىگىسى بولۇپ، ئۇ پادىشاھلىقنى بەندىلىرىدىن خالىغان بىرىگە بېرىدۇ. ئاللاھ پەزل - كەرەمى كەڭ، ئاتا - ئېھسانلىرى كۆپ زاتتۇر، ئۇ ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىنى تولۇق بىلىدىغان زات بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر» دېدى.

وَقَالَ لَهُمۡ نَبِيُّهُمۡ إِنَّ ءَايَةَ مُلۡكِهِۦٓ أَن يَأۡتِيَكُمُ ٱلتَّابُوتُ فِيهِ سَكِينَةٞ مِّن رَّبِّكُمۡ وَبَقِيَّةٞ مِّمَّا تَرَكَ ءَالُ مُوسَىٰ وَءَالُ هَٰرُونَ تَحۡمِلُهُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗ لَّكُمۡ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿٢٤٨﴾

248 - پەيغەمبىرى ئۇلارغا ئېيتتى: «تالۇتنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، سىلەرگە بىر ساندۇق كېلىدۇ، ئەسلىدە ئۇنى دۈشمەنلىرىڭلار سىلەردىن تارتىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭدا رەببىڭلار تەرىپىدىن ئىخلاسمەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرىدىغان خاتىرجەملىك بولىدۇ، يەنە ئۇنىڭدا مۇسا ۋە ھارۇن جەمەتى قالدۇرۇپ كەتكەن ھاسا ۋە تەۋرات تاختىلىرىنىڭ پارچىلىرى بولىدۇ، ئۇنى پەرىشتىلەر كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەر بولساڭلار، بۇنىڭدا ئاللاھنىڭ تالۇتنى سىلەرگە پادىشاھ قىلىپ تىكلىگەنلىكىنى كۈچلەندۈرىدىغان ئەڭ چوڭ دەلىل - ئىسپات بار».

فَلَمَّا فَصَلَ طَالُوتُ بِٱلْجُنُودِ قَالَ إِنَّ ٱللَّهَ مُبْتَلِيكُم بِنَهَرٍ فَمَن شَرِبَ مِنْهُ فَلَيْسَ مِنِّي وَمَن لَّمْ يَطْعَمْهُ فَإِنَّهُۥ مِنِّيٓ إِلَّا مَنِ ٱغْتَرَفَ غُرْفَةًۢ بِيَدِهِۦۚ فَشَرِبُواْ مِنْهُ إِلَّا قَلِيلًا مِّنْهُمْۚ فَلَمَّا جَاوَزَهُۥ هُوَ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَعَهُۥ قَالُواْ لَا طَاقَةَ لَنَا ٱلْيَوْمَ بِجَالُوتَ وَجُنُودِهِۦۚ قَالَ ٱلَّذِينَ يَظُنُّونَ أَنَّهُم مُّلَٰقُواْ ٱللَّهِ كَم مِّن فِئَةٍ قَلِيلَةٍ غَلَبَتْ فِئَةً كَثِيرَةًۢ بِإِذْنِ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ مَعَ ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿٢٤٩﴾

249 ـ تالۇت ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئەمالىقە (پەلەستىندە ياشايدىغان بەستلىك قەۋم) لەرگە قارشى جىھاد قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققان چاغدا، ئۇ ئەسكەرلىرىگە مۇنداق دېدى: «ئاللاھ مۆئمىننى مۇناپىقتىن ئايرىش ئۈچۈن، ھەقىقەتەن سىلەرنى ئالدىڭلاردىكى بىر دەريا بىلەن سىنايدۇ، كىمكى دەريا سۈيىدىن ئىچىدىكەن، ئۇ ماڭا تەۋە ئەمەس، ئۇ مەن بىلەن بىللە جىھاد قىلىشقا لاياقەتلىك ئەمەس. كىمكى دەريا سۈيىنى تېتىمايدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ماڭا تەۋەدۇر، چۈنكى ئۇ ماڭا ئىتائەت قىلغۇچى كىشى بولۇپ، مەن بىلەن بىللە جىھاد قىلىشقا لايىقتۇر. دەريا سۈيىدىن قولى بىلەن بىر ئوچۇم ئىچكەن ئادەمگە مالامەت قىلىنمايدۇ، چۈنكى ئۇ بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغان سانالمايدۇ» دېدى. ئۇلار دەريا بويىغا يېتىپ كېلە ـ كەلمەيلا، ئۆزلىرىنى سۇغا ئاتتى، سۇنى قانغۇدەك ئىچتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئازغىنە كىشى ئۇسسۇزلۇققا ۋە قاتتىق ئىسسىققا بەرداشلىق بەردى ۋە قولى بىلەن پەقەت بىر ئوۋۇچلا سۇ ئىچىپ بولدى قىلدى. بۇ چاغدا بۇيرۇققا ئەمەل قىلمىغان ئاسىيلار قوشۇندىن ئايرىلىپ قالدى. تالۇت دۈشمەن بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن، يېنىدا قالغان ئاز ساندىكى (ئۈچ يۈز نەچچە نەپەر) مۆئمىنلەر بىلەن دەريادىن ئۆتكەن چاغدا، ئۇلار دۈشمەننىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى: «بۈگۈن بىز جالۇت ۋە ئۇنىڭ كۈچلۈك ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەيمىز» دېدى. تالۇتنىڭ ئەسكەرلىرى ئارىسىدىكى ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئالدىغا بېرىشقا قەتئىي ئىشىنىدىغان كىشىلەر سەپداشلىرىغا ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ئەسلىتىپ: «ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز سانلىق چىداملىق، مۆئمىن جامائە كۆپ سانلىق ھەددىدىن ئاشقان كاپىر جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، ئاللاھ چىدامچانلىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر، ئۇلارغا نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى غەلىبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا ئۇلارنى ئەڭ ياخشى مۇكاپاتلار بىلەن مۇكاپاتلايدۇ» دېدى.

وَلَمَّا بَرَزُواْ لِجَالُوتَ وَجُنُودِهِۦ قَالُواْ رَبَّنَآ أَفْرِغْ عَلَيْنَا صَبْرًا وَثَبِّتْ أَقْدَامَنَا وَٱنصُرْنَا عَلَى ٱلْقَوْمِ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٢٥٠﴾

250 ـ ئۇلار جالۇت ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى بىلەن تۇتۇشقان چاغدا، ھەقىقىي خەتەرنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەنلىكتىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى ۋە ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ: «ئى رەببىمىز! قەلبىمىزنى چىدامچانلىق بىلەن تولدۇرغىن، قەدەملىرىمىزنى كاپىرلار بىلەن جىھاد قىلىشتا مۇستەھكەم قىلغىن، ياردىمىڭ بىلەن بىزنى كاپىر قەۋم ئۈستىدىن غالىب قىلغىن» دېدى.

فَهَزَمُوهُم بِإِذْنِ ٱللَّهِ وَقَتَلَ دَاوُۥدُ جَالُوتَ وَءَاتَىٰهُ ٱللَّهُ ٱلْمُلْكَ وَٱلْحِكْمَةَ وَعَلَّمَهُۥ مِمَّا يَشَآءُۗ وَلَوْلَا دَفْعُ ٱللَّهِ ٱلنَّاسَ بَعْضَهُم بِبَعْضٍ لَّفَسَدَتِ ٱلْأَرْضُ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ ذُو فَضْلٍ عَلَى ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٢٥١﴾

251 ـ نىھايەت، تالۇتنىڭ قوماندانلىقىدىكى مۆئمىنلەر ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن دۈشمەنلىرىنى يەڭدى، داۋۇد ئەلەيھىسسالام دۈشمەنلەرنىڭ قوماندانى جالۇتنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭدىن

كېيىن، ئاللاھ داۋۇدقا پادىشاھلىق ئاتا قىلدى، ئۇنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا پەيغەمبەر قىلدى. ئۇنىڭغا ئىلىملەردىن ئۆزى خالىغان نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. ئاللاھ ئىتائەتمەن، مۆئمىن بەندىلىرى ئارقىلىق ئاسىي - گۇناھكار كاپىرلارنى چەكلەپ تۇرمىسا ئىدى، كۇفرىنىڭ يامراپ كېتىشى، زالىملارنىڭ ۋە گۇناھكارلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن يەر يۈزى خارابىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتى، لېكىن ئاللاھ بارلىق مەخلۇقاتىغا ناھايىتى مەرھەمەتلىكتۇر.

تِلْكَ ءَايَٰتُ ٱللَّهِ نَتْلُوهَا عَلَيْكَ بِٱلْحَقِّ ۚ وَإِنَّكَ لَمِنَ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿٢٥٢﴾

252 - ئى پەيغەمبەر! بۇ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ۋە ھۆججەتلىرى بولۇپ، ئۇنى بىز ساڭا راستچىللىق بىلەن ئوقۇپ بېرىۋاتىمىز. شەكسىزكى، سەن ئەلۋەتتە راستچىل پەيغەمبەرلەردىنسەن.

۞ تِلْكَ ٱلرُّسُلُ فَضَّلْنَا بَعْضَهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ ۘ مِّنْهُم مَّن كَلَّمَ ٱللَّهُ ۖ وَرَفَعَ بَعْضَهُمْ دَرَجَٰتٍ ۚ وَءَاتَيْنَا عِيسَى ٱبْنَ مَرْيَمَ ٱلْبَيِّنَٰتِ وَأَيَّدْنَٰهُ بِرُوحِ ٱلْقُدُسِ ۗ وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ مَا ٱقْتَتَلَ ٱلَّذِينَ مِنۢ بَعْدِهِم مِّنۢ بَعْدِ مَا جَآءَتْهُمُ ٱلْبَيِّنَٰتُ وَلَٰكِنِ ٱخْتَلَفُوا۟ فَمِنْهُم مَّنْ ءَامَنَ وَمِنْهُم مَّن كَفَرَ ۚ وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ مَا ٱقْتَتَلُوا۟ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَفْعَلُ مَا يُرِيدُ ﴿٢٥٣﴾

253 - ئاللاھ ئاشۇ پەيغەمبەرلەرگە ئاتا قىلغان پەزل - كەرەمگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئەۋزەل قىلدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن مۇسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتارلىق بەزى پەيغەمبەرلەرگە سۆز قىلدى (بۇ ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە سۆزلەيدىغان سۈپەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ). ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى قىلدى. بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئۇ زاتنى بارلىق ئىنسانىيەتكە ئورتاق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش، پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى قىلىش، ئۇنىڭ ئۈممىتىنى بارلىق ئۈممەتلەردىن ئۈستۈن قىلىش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر بىلەن ئۇنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى قىلدى. ئاللاھ مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن تۇغما كورنى ساقايتىش، ئاق كېسەلنى داۋالاش، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش قاتارلىق ناھايىتى روشەن مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلدى، ئۇنى جىبرىل ئەلەيھىسسالام بىلەن كۈچلەندۈردى. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئۇ پەيغەمبەرلەردىن كېيىن كەلگەن ئۈممەتلەر ئۆزلىرىگە ئوپئوچۇق دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئۇرۇشمىغان بولاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۆلۈنۈش پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىماندا مەھكەم تۇردى، بەزىسى كۇفرىدا چىڭ تۇردى. ئۇلار ئۇرۇشۇشقا سەۋەب بولىدىغان بۆلۈنۈشتىن كېيىن ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشمىغان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى ئىمانغا ۋە ئىتائەتمەنلىككە مۇۋەپپەق قىلىدۇ، خالىغان بەندىسىنى ھىدايەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىدۇ ۋە كاپىر بولىدۇ، چۈنكى ئاللاھ خالىغىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ أَنفِقُوا۟ مِمَّا رَزَقْنَٰكُم مِّن قَبْلِ أَن يَأْتِىَ يَوْمٌ لَّا بَيْعٌ فِيهِ وَلَا خُلَّةٌ وَلَا شَفَٰعَةٌ ۗ وَٱلْكَٰفِرُونَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٢٥٤﴾

254 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! سودىلىشىپ پايدا تاپقىلى بولمايدىغان، دوستلۇق قۇتقۇزۇپ قالالمايدىغان ۋە ھېچكىم شاپائەت قىلىپ سىلەردىن ئازابنى يېنىكلىتەلمەيدىغان

قىيامەت كۈنى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە پەرز قىلىنغان زاكاتنى بېرىڭلار ۋە ئاللاھ سىلەرگە ئاتا قىلغان مال - دۇنيادىن سەدىقە قىلىڭلار، كاپىرلار ئاللاھنىڭ چەكلىمىلىرىدىن چەتنەپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر.

ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلۡحَيُّ ٱلۡقَيُّومُۚ لَا تَأۡخُذُهُۥ سِنَةٞ وَلَا نَوۡمٞۚ لَّهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۗ مَن ذَا ٱلَّذِي يَشۡفَعُ عِندَهُۥٓ إِلَّا بِإِذۡنِهِۦۚ يَعۡلَمُ مَا بَيۡنَ أَيۡدِيهِمۡ وَمَا خَلۡفَهُمۡۖ وَلَا يُحِيطُونَ بِشَيۡءٖ مِّنۡ عِلۡمِهِۦٓ إِلَّا بِمَا شَآءَۚ وَسِعَ كُرۡسِيُّهُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَۖ وَلَا يَـُٔودُهُۥ حِفۡظُهُمَاۚ وَهُوَ ٱلۡعَلِيُّ ٱلۡعَظِيمُ ﴿٢٥٥﴾

255 - بىر ئاللاھتىن باشقا تائەت-ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئىلاھلىقىغا لايىق سۈپىتى بىلەن مۇكەممەل مەنىدە هاياتتۇر، ئۇ ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭ مۈلۈكىدۇر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچكىم شاپائەت قىلىشقا جاسارەت قىلالمايدۇ، ئاللاھنىڭ ئىلمى پۈتۈن كائىناتنىڭ ئۆتمۈشىنى، ھازىرىنى ۋە كېلەچىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاللاھ جىمى خالايىقنىڭ كېلەچەكتىكى ۋە ئۆتمۈشتىكى ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ھېچكىم ئاللاھ ئۆز ئىلمىدىن بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن باشقا نەرسىنى بىلمەيدۇ. ئاللاھنىڭ كۇرسى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاسمان - زېمىن ئىككىسىنى ساقلاش ئاللاھقا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئاللاھ زاتىدا ۋە سۈپەتلىرىدە بارلىق مەخلۇقاتتىن ئۈستۈندۇر، بارچە ئۇلۇغلۇق ۋە كاتتىلىق سۈپەتلىرىنى ئۆزىدە توپلىغاندۇر. (بۇ ئايەت قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئايەت بولۇپ، «ئايەتۇل كۇرسى» دەپ ئاتىلىدۇ).

لَآ إِكۡرَاهَ فِي ٱلدِّينِۖ قَد تَّبَيَّنَ ٱلرُّشۡدُ مِنَ ٱلۡغَيِّۚ فَمَن يَكۡفُرۡ بِٱلطَّٰغُوتِ وَيُؤۡمِنۢ بِٱللَّهِ فَقَدِ ٱسۡتَمۡسَكَ بِٱلۡعُرۡوَةِ ٱلۡوُثۡقَىٰ لَا ٱنفِصَامَ لَهَاۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٢٥٦﴾

256 - ئىسلام دىنى ئىنتايىن مۇكەممەل ۋە روشەن دىن بولغانلىقتىن، كىشىلەرنى ئۇنىڭغا كىرىشكە مەجبۇرلاشقا هاجەت يوقتۇر. ھەق دىنىنىڭ دەلىللىرى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ھەق باتىلدىن، ھىدايەت ئازغۇنلۇقتىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ، كىمكى بارچە ساختا مەبۇدلارنى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرغان، شۇ يولدا دادىل قەدەم باسقان ۋە قەتئىي سۇنمايدىغان، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ نىيەتلىرىنى ۋە ئەمەللىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلارغا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

ٱللَّهُ وَلِيُّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ يُخۡرِجُهُم مِّنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِۖ وَٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَوۡلِيَآؤُهُمُ ٱلطَّٰغُوتُ يُخۡرِجُونَهُم مِّنَ ٱلنُّورِ إِلَى ٱلظُّلُمَٰتِۗ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٢٥٧﴾

257 - ئاللاھ مۇئمىنلەرنى غەلىبىگە ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈش، يامانلىقلاردىن قوغداش ئارقىلىق ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، ئۇلارنى كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىماننىڭ يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ؛ كاپىرلارنىڭ ياردەمچىلىرى ۋە مەددەتكارى ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قايرىپ قويۇپ چوقۇنغان بۇتلىرى ۋە بارلىق ساختا ئىلاھلىرىدۇر. ئۇلار ئۇ كاپىرلارنى ئىماننىڭ يورۇقلۇقىدىن چىقىرىپ كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىغا كىرگۈزىدۇ. ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلار بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھەرگىز چىقالمايدۇ.

أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِى حَآجَّ إِبْرَٰهِـۧمَ فِى رَبِّهِۦٓ أَنْ ءَاتَىٰهُ ٱللَّهُ ٱلْمُلْكَ إِذْ قَالَ إِبْرَٰهِـۧمُ رَبِّىَ ٱلَّذِى يُحْىِۦ وَيُمِيتُ قَالَ أَنَا۠ أُحْىِۦ وَأُمِيتُ ۖ قَالَ إِبْرَٰهِـۧمُ فَإِنَّ ٱللَّهَ يَأْتِى بِٱلشَّمْسِ مِنَ ٱلْمَشْرِقِ فَأْتِ بِهَا مِنَ ٱلْمَغْرِبِ فَبُهِتَ ٱلَّذِى كَفَرَ ۗ وَٱللَّهُ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿٢٥٨﴾

258 - ئى پەيغەمبەر! ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە ئۇنىڭ بارلىق مەۋجۇداتنىڭ رەببى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ئادەم (نەمرۇد)نىڭ ئەھۋالىدىنمۇ ئەجەبلىنەرلىك بىر ئەھۋالنى كۆردۈڭمۇ؟ چۈنكى، ئۇ ئاللاھ پادىشاھلىق ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن، ھاكاۋۇرلۇقتا ھەددىدىن ئېشىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن: «رەببىڭ كىم؟» دەپ سورىدى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «مېنىڭ رەببىم مەخلۇقاتقا ھاياتلىق بېرىپ تىرىلدۈرىدىغان، ئۇلاردىن ھاياتلىقنى تارتىۋېلىپ ئۆلتۈرىدىغان زاتتۇر، تىرىلدۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرگۈچى پەقەت رەببىمدۇر» دېدى. نەمرۇد: «مەنمۇ تىرىلدۈرەلەيمەن ۋە ئۆلتۈرەلەيمەن، يەنى مەن ئۆلتۈرۈشنى خالىغان ئادەمنى ئۆلتۈرىمەن، مەن ھايات قالدۇرۇشنى خالىغان ئادەمنى ھايات قالدۇرىمەن» دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «مەن ئىبادەت قىلىدىغان ئاللاھ كۈننى مەشرىقتىن چىقىرىدۇ، سەن بۇ ئىلاھىي قانۇنىيەتنى ئۆزگەرتىپ، كۈننى مەغرىبتىن چىقىرالامسەن؟» دېۋىدى، ئۇ كاپىر گاڭگىراپ ئېغىز ئاچالماي قالدى. ئۇمۇ كۇفرىلىقنى تاللاش ئارقىلىق ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان كاپىر بولۇپ، ئاللاھ مۇنداقلارنى ھەقىقەتكە ۋە توغرىلىققا مۇۋەپپەق قىلمايدۇ.

أَوْ كَٱلَّذِى مَرَّ عَلَىٰ قَرْيَةٍ وَهِىَ خَاوِيَةٌ عَلَىٰ عُرُوشِهَا قَالَ أَنَّىٰ يُحْىِۦ هَـٰذِهِ ٱللَّهُ بَعْدَ مَوْتِهَا ۖ فَأَمَاتَهُ ٱللَّهُ مِا۟ئَةَ عَامٍ ثُمَّ بَعَثَهُۥ ۖ قَالَ كَمْ لَبِثْتَ ۖ قَالَ لَبِثْتُ يَوْمًا أَوْ بَعْضَ يَوْمٍ ۖ قَالَ بَل لَّبِثْتَ مِا۟ئَةَ عَامٍ فَٱنظُرْ إِلَىٰ طَعَامِكَ وَشَرَابِكَ لَمْ يَتَسَنَّهْ ۖ وَٱنظُرْ إِلَىٰ حِمَارِكَ وَلِنَجْعَلَكَ ءَايَةً لِّلنَّاسِ ۖ وَٱنظُرْ إِلَى ٱلْعِظَامِ كَيْفَ نُنشِزُهَا ثُمَّ نَكْسُوهَا لَحْمًا ۚ فَلَمَّا تَبَيَّنَ لَهُۥ قَالَ أَعْلَمُ أَنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿٢٥٩﴾

259 - ياكى سەن ئى پەيغەمبەر! تام، ئۆگزىلىرى يىقىلىپ ۋەيران بولغان خارابە شەھەردىن ئۆتۈپ، ئاللاھ بۇ شەھەرنىڭ ئۆلگەن ئاھالىسىنى قانداقمۇ تىرىلدۈرەر؟» دېگەن ئادەمگە ئوخشاش بىر ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىپ ئۆلۈك ھالىتىدە يۈز يىل تۇرغۇزۇپ ئاندىن تىرىلدۈردى. ۋە ئۇنىڭدىن: «سەن بۇ ئۆلۈك ھالەتتە قانچىلىك ۋاقىت تۇردۇڭ؟» دەپ سورىۋىدى. ئۇ: «بىر كۈن ياكى بىركۈنگىمۇ يەتمەيدىغان ۋاقىت تۇردۇم» دېدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۆلۈك ھالىتىدە يۈز يىل تۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلدى ۋە ئۇنى يېمەك - ئىچمىكىگە قاراپ بېقىشقا، ئاللاھنىڭ بۇ ئىككىسىنى مۇشۇنچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە ئۆزگىرىپ كېتىشتىن قانداق ساقلاپ قالغانلىقىغا، ئېشىكىنىڭ سۆڭەكلىرى چىرىپ پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى قانداق تىرىلدۈرۈپ ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىگە قاراپ بېقىشقا بۇيرىدى. ئۇنىڭغا: «سېنى كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنىڭ ئوپئوچۇق دەلىلى قىلىشىمىز ئۈچۈن مۇشۇ ئىشلارنى قىلدۇق» دېدى. ئۇنى بۇ سۆڭەكلەرگە قاراپ بېقىشقا، ئاللاھنىڭ ئۇنى بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرىنى قويۇپ قانداق قۇراشتۇرغانلىقىغا، ئاندىن ئۇنىڭغا قانداق گۆش قوندۇرغانلىقىغا، ئاندىن ئۇنى ھاياتقا قانداق قايتۇرغانلىقىغا قاراپ بېقىشقا بۇيرىدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئېنىق بولغان چاغدا، ئۇ ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە ئۇنىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇ ۋەقە كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىلگە ئايلاندى.

وَإِذْ قَالَ إِبْرَٰهِـۧمُ رَبِّ أَرِنِى كَيْفَ تُحْىِ ٱلْمَوْتَىٰ ۖ قَالَ أَوَلَمْ تُؤْمِن ۖ قَالَ بَلَىٰ وَلَٰكِن لِّيَطْمَئِنَّ قَلْبِى ۖ قَالَ فَخُذْ أَرْبَعَةً مِّنَ ٱلطَّيْرِ فَصُرْهُنَّ إِلَيْكَ ثُمَّ ٱجْعَلْ عَلَىٰ كُلِّ جَبَلٍ مِّنْهُنَّ جُزْءًا ثُمَّ ٱدْعُهُنَّ يَأْتِينَكَ سَعْيًا ۚ وَٱعْلَمْ أَنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٢٦٠﴾

260 - ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم رەببىدىن ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىشىنى تىلىدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا : «سەن بۇنىڭغا ئىشەنمىدىڭمۇ؟» دېدى. ئىبراھىم: «ئەلۋەتتە، ئىشەندىم، لېكىن ئىشەنچىمگە ئىشەنچ قوشاي دەپ، بۇنى تەلەپ قىلىۋاتىمەن» دېدى. ئاللاھ ئېيتتى: «ئۇنداقتا، قۇشتىن تۆتنى تۇتۇپ، ئۆزۈڭگە توپلىغىن، ئاندىن ئۇلارنى بوغۇزلاپ، پارچىلاپ، ھەربىر تاغقا ئۇلاردىن بىر بۆلۈكىنى قويغىن، ئاندىن ئۇلارنى چاقىرغىن، ئۇلار دەرھال سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىدۇ». ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلىپ بولۇپ، ئۇلارنى چاقىرىۋىدى، قۇشلارنىڭ ھەممە پارچىسى ئۆز ئورنىغا قايتىدىن قۇراشتۇرۇلۇپ، ناھايىتى تېز يېتىپ كېلىشتى. بىلگىنكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ئۇنى ھېچ نەرسە يېڭەلمەيدۇ، ئۇ بارلىق ئىشلىرىدا، سۆزلىرىدە، قانۇن - پىرىنسىپلىرىدا ۋە بەلگىلىمىلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

مَّثَلُ ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَٰلَهُمْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ كَمَثَلِ حَبَّةٍ أَنۢبَتَتْ سَبْعَ سَنَابِلَ فِى كُلِّ سُنۢبُلَةٍ مِّاْئَةُ حَبَّةٍ ۗ وَٱللَّهُ يُضَٰعِفُ لِمَن يَشَآءُ ۚ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٌ ﴿٢٦١﴾

261 - مۇئمىنلەرگە ئەڭ چوڭ پايدىسى تېگىدىغان ئەمەل — ئاللاھ يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلىشتۇر. مۇئمىنلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغان پۇل - مېلى يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشقىدا يۈز تالدىن دان تۇتقان بىر تال ئۇرۇققا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ئۇنىڭ ئىمانى ۋە ئىخلاسىنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ ھەسسىلەپ كۆپەيتىپ بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ پەزل - كەرەمى كەڭدۇر، بەندىلىرىنىڭ نىيەتلىرىنى ۋە پەزل - كەرەمگە تېگىشلىك بولغانلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَٰلَهُمْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ ثُمَّ لَا يُتْبِعُونَ مَآ أَنفَقُوا۟ مَنًّا وَلَآ أَذًى لَّهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ وَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿٢٦٢﴾

262 - پۇل - مېلىنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ۋە بارلىق ياخشىلىق يوللىرى ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاندىن قىلغان ياخشىلىقىغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە خەير - ساخاۋىتىگە ئېرىشكەن كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزمەيدىغان، مەيلى گەپ - سۆزدە ياكى ئىش ھەرىكىتىدە ئۆزىنىڭ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغانلىقىنى ھېس قىلدۇرمايدىغان كىشىلەرگە رەببىنىڭ دەرگاھىدا كاتتا مۇكاپاتلار بار. ئاخىرەتتە ئۇلارغا ھېچقانداق قورقۇنچ يوقتۇر، ئۇلار بۇ دۇنيادا ئېرىشەلمىگەن نەرسىلىرىگە قايغۇرمايدۇ.

۞ قَوْلٌ مَّعْرُوفٌ وَمَغْفِرَةٌ خَيْرٌ مِّن صَدَقَةٍ يَتْبَعُهَآ أَذًى ۗ وَٱللَّهُ غَنِىٌّ حَلِيمٌ ﴿٢٦٣﴾

263 - سائىلنى چىرايلىق سۆز بىلەن قايتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ قاشاڭلىق قىلىپ تىلىگەنلىكىنى كەچۈرۈۋېتىش ئۇنىڭغا سەدىقە بېرىپ بولۇپ ئەزىيەت قىلغاندىن ياخشىدۇر. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ سەدىقىلىرىگە موھتاج ئەمەستۇر، ئۇ، گۇناھكارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تُبْطِلُوا۟ صَدَقَٰتِكُم بِٱلْمَنِّ وَٱلْأَذَىٰ كَٱلَّذِى يُنفِقُ مَالَهُۥ رِئَآءَ ٱلنَّاسِ وَلَا يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِ ۖ فَمَثَلُهُۥ كَمَثَلِ صَفْوَانٍ عَلَيْهِ تُرَابٌ فَأَصَابَهُۥ وَابِلٌ فَتَرَكَهُۥ صَلْدًا ۖ لَّا يَقْدِرُونَ عَلَىٰ شَىْءٍ مِّمَّا كَسَبُوا۟ ۗ وَٱللَّهُ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٢٦٤﴾

264 - ئى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلار! بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار. بۇنداق قىلىش پۇل - مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان كىشىگە ئوخشاپ قالغانلىقتۇر. بۇنداق ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا - چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن، بۇ توپا - چاڭ يۇيۇلۇپ بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ. كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ ئەمەللىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەنە شۇنداق يوق بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلار قىلغان سەدىقىلىرى ئۈچۈن ئاخىرەتتە ساۋابتىن ھېچقانداق نېسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئاللاھ كاپىرلارنى مەيلى پۇل - مال سەرپ قىلىشتا بولسۇن ياكى باشقا ئىشلاردا بولسۇن، توغرا ئىش قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلمايدۇ.

وَمَثَلُ ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَٰلَهُمُ ٱبْتِغَآءَ مَرْضَاتِ ٱللَّهِ وَتَثْبِيتًا مِّنْ أَنفُسِهِمْ كَمَثَلِ جَنَّةٍۭ بِرَبْوَةٍ أَصَابَهَا وَابِلٌ فَـَٔاتَتْ أُكُلَهَا ضِعْفَيْنِ فَإِن لَّمْ يُصِبْهَا وَابِلٌ فَطَلٌّ ۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿٢٦٥﴾

265 - پۇل -ماللىرىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ، ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە چىن كۆڭلىدىن ئىشىنىپ سەرپ قىلىدىغانلار ئېگىزلىككە جايلاشقان، قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولسا مېۋىسى ئىككى ھەسسە كۆپ بولىدىغان، قاتتىق يامغۇر ياغمىسىمۇ، شەبنەم بىلەن قېنىپ ھەسسىلەپ مېۋە بېرىدىغان كاتتا باغقا ئوخشايدۇ. ئاللاھ يولىدا خالىس پۇل - مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ سەرپ قىلغان نەرسىسى مەيلى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ئۇنىڭ ساۋابى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەنە شۇنداق ھەسسىلەپ كۆپ بولىدۇ. ئاللاھ بارلىق سىرلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلىنغان بارلىق ئەمەللەرنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ھەركىشىگە ئىخلاسىغا يارىشا مۇكاپات بېرىدۇ.

أَيَوَدُّ أَحَدُكُمْ أَن تَكُونَ لَهُۥ جَنَّةٌ مِّن نَّخِيلٍ وَأَعْنَابٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ لَهُۥ فِيهَا مِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِ وَأَصَابَهُ ٱلْكِبَرُ وَلَهُۥ ذُرِّيَّةٌ ضُعَفَآءُ فَأَصَابَهَآ إِعْصَارٌ فِيهِ نَارٌ فَٱحْتَرَقَتْ ۗ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمُ ٱلْءَايَٰتِ لَعَلَّكُمْ تَتَفَكَّرُونَ ﴿٢٦٦﴾

266 - سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن بىر كىشى ئۆزىنىڭ خورمىلىق ۋە ئۈزۈملۈك، دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئېرىقلار ئېقىپ تۇرىدىغان، مېۋىلەرنىڭ ھەممە خىللىرى بولغان بىر بېغى بولۇشىنى، ئۆزى ياشىنىپ قالغان، باللىرى ئۇششاق بولغانلىقتىن بۇ باغقا ئىشلەشكە كۈچى يەتمەيدىغان بولۇپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ ۋە باللىرىنىڭ بۇ باغقا ناھايىتى زور ئېھتىياجى بولۇۋاتقان بىر پەيتتە، ئوت ئارىلاش بوران كېلىپ، ئۇ باغنىڭ كۆيۈپ كېتىشىنى خالامدۇ؟ پۇل - مېلىنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن سەرپ قىلماي، كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان كىشىنىڭ سەرپ قىلغان نەرسىسىنىڭ ساۋابى ئەنە شۇنداق كۆيۈپ كېتىدۇ. بۇ خالىس ئىش قىلمايدىغان ئادەمنىڭ ئەمەلىنىڭ ئەڭ ئېھتىياجلىق ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ئەسقاتمايدىغانلىقىغا كەلتۈرۈلگەن مىسالدۇر. ئاللاھ سىلەرنى پىكىر يۈرگۈزسۇن ۋە پۇل - مېلىنى خالىس ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىشنى ئۆگەنسۇن دەپ، سىلەرگە ئايەتلىرىنى مۇشۇنداق بايان قىلىپ بېرىدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَنفِقُواْ مِن طَيِّبَٰتِ مَا كَسَبْتُمْ وَمِمَّآ أَخْرَجْنَا لَكُم مِّنَ ٱلْأَرْضِ ۖ وَلَا تَيَمَّمُواْ ٱلْخَبِيثَ مِنْهُ تُنفِقُونَ وَلَسْتُم بِـَٔاخِذِيهِ إِلَّآ أَن تُغْمِضُواْ فِيهِ ۚ وَٱعْلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ غَنِىٌّ حَمِيدٌ ﴿٢٦٧﴾

267 - ئى ماڭا ئىمان ئېيتقان، مەن ئەۋەتكەن پەيغەمبەرگە ئەگەشكەن كىشىلەر! سىلەر هالالدىن تاپقان پۇل - مالدىن ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەردىن سەدىقە قىلىڭلار، يوقسۇللارغا سىلەرگە بېرىلگەن تەقدىردە كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالمساڭلار ئالغۇڭلار كەلمەيدىغان دەرىجىدىكى ناچار نەرسىلەرنى ئىلغاپ سەدىقە قىلماڭلار. سىلەر ئۆزۈڭلار ئېلىشنى خالىمايدىغان نەرسىلەرنى قانداقمۇ ئاللاهقا راۋا كۆرىسىلەر؟ بىلىڭلاركى، سىلەرنى رىزىقلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان زات - ئاللاھ سىلەرنىڭ سەدىقەڭلارغا موهتاج ئەمەس، ئۇ زات هەممە هالەتتە ماختاشقا هەقلىقتۇر، مەدهىيەگە لايىقتۇر.

ٱلشَّيْطَٰنُ يَعِدُكُمُ ٱلْفَقْرَ وَيَأْمُرُكُم بِٱلْفَحْشَآءِ ۖ وَٱللَّهُ يَعِدُكُم مَّغْفِرَةً مِّنْهُ وَفَضْلًا ۗ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٌ ﴿٢٦٨﴾

268 - بۇنداق بېخىللىق ۋە ناچار نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىش شەيتاندىن بولۇپ، شەيتان سىلەرنى پېقىرلىق بىلەن قورقۇتىدۇ، بېخىللىققا قىزىقتۇرىدۇ، يامان ئىشلارغا، ئاللاهقا ئاسىيلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ پۇل - مال سەرپ قىلغانلىقىڭلارنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن، ئۆز پەزلىدىن گۇناهىڭلارنى مەغپىرەت قىلىشنى ۋە سىلەرگە كەڭتاشا رىزىق بېرىشنى ۋەدە قىلىدۇ. ئاللاهنىڭ پەزل - كەرەمى كەڭدۇر، نىيەتلەرنى ۋە ئەمەللەرنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

يُؤْتِى ٱلْحِكْمَةَ مَن يَشَآءُ ۚ وَمَن يُؤْتَ ٱلْحِكْمَةَ فَقَدْ أُوتِىَ خَيْرًا كَثِيرًا ۗ وَمَا يَذَّكَّرُ إِلَّآ أُوْلُواْ ٱلْأَلْبَٰبِ ﴿٢٦٩﴾

269 - ئاللاھ توغرا سۆز ۋە توغرا ئىش قىلىشنى بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىگە نېسىپ قىلىدۇ، ئاللاھ بۇ خۇسۇسىيەتنى ئاتا قىلغان ئادەمگە كۆپلىگەن ياخشىلىق ئاتا قىلغان بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئاللاهنىڭ هىدايىتى ۋە نۇرى بىلەن دىلى پارلىغان، ساغلام ئەقىل ئىگىسى بولغان ئادەملەرلا ئۆگۈت ئالىدۇ ۋە مەنپەئەتلىنىدۇ.

وَمَآ أَنفَقْتُم مِّن نَّفَقَةٍ أَوْ نَذَرْتُم مِّن نَّذْرٍ فَإِنَّ ٱللَّهَ يَعْلَمُهُۥ ۗ وَمَا لِلظَّٰلِمِينَ مِنْ أَنصَارٍ ﴿٢٧٠﴾

270 - ئاللاهنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ پۇل - مالدىن ياكى باشقا نەرسىدىن مەيلى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، نېمىنى سەدىقە قىلساڭلار ياكى ئاللاھ يولىدا پۇل - مالدىن ياكى باشقا نەرسىدىن نېمىنى بېرىشنى ۋەدە قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ نىيەتلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. شۇنىڭغا قاراپ سىلەرگە ساۋاب بېرىدۇ. كىمكى (زاكات ۋە سەدىقىدىن ئىبارەت) ئاللاھ بۇيرۇغان هەقنى بەرمەيدىكەن (ياكى پۇل - مېلىنى گۇناھ ئىشلارغا سەرپ قىلىدىكەن)، ئۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر. ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنى قىيامەت كۈنى ئاللاهنىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالىدىغان هېچقانداق مەدەتكار چىقمايدۇ.

إِن تُبْدُواْ ٱلصَّدَقَٰتِ فَنِعِمَّا هِىَ ۖ وَإِن تُخْفُوهَا وَتُؤْتُوهَا ٱلْفُقَرَآءَ فَهُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ ۚ وَيُكَفِّرُ عَنكُم مِّن سَيِّـَٔاتِكُمْ ۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ ﴿٢٧١﴾

271 - ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلىدىغان نەرسەڭلارنى ئاشكارا بەرسەڭلار، بۇ نىمىدېگەن ياخشى! ئەگەر ئۇنى مەخپىي بەرسەڭلار ۋە يوقسۇللارغا بەرسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى. چۈنكى، مۇنداق قىلىش رىياكارلىقتىن يىراق تۇرغانلىقتۇر. ئاللاھقا ئىخلاس قىلىپ سەدىقە قىلىش سىلەرنىڭ بەزى گۇناھلىرىڭلارنى يوقىتىپ چىقىرىدۇ. ئاللاھ ئىشلارنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى بىلىدۇ، ئۇنىڭغا سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلاردىن ھېچقانداق ئىش مەخپىي ئەمەستۇر، ئاللاھ ھەركىمگە ئۇنىڭ ئەمەلىگە قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

۞ لَّيۡسَ عَلَيۡكَ هُدَىٰهُمۡ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَهۡدِي مَن يَشَآءُۗ وَمَا تُنفِقُواْ مِنۡ خَيۡرٖ فَلِأَنفُسِكُمۡۚ وَمَا تُنفِقُونَ إِلَّا ٱبۡتِغَآءَ وَجۡهِ ٱللَّهِۚ وَمَا تُنفِقُواْ مِنۡ خَيۡرٖ يُوَفَّ إِلَيۡكُمۡ وَأَنتُمۡ لَا تُظۡلَمُونَ ٢٧٢

272 - ئى پەيغەمبەر! سەن كاپىرلارنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلىشقا مەسئۇل ئەمەسسەن. لېكىن، ئاللاھ خالىغان بەندىسىنىڭ دىلىنى ھىدايەتكە ئاچىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ. پۇل - مېلىڭلاردىن نېمىنى سەدىقە قىلساڭلار، سەدىقە قىلغان نەرسەڭلارنىڭ پايدىسى ئاللاھتىن سىلەرگە قايتىدۇ. مۇئمىنلەر سەدىقىنى ۋە ھەرقانداق بىر خەير - ساخاۋەتنى پەقەت ئاللاھ رازىلىقىنى ئىزدەپ قىلىدۇ. خالىس ئاللاھ رازىلىقىنى ئىزدەپ پۇل - مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير - ساخاۋەت قىلساڭلار، ئۇنىڭ ئەجرى سىلەرگە تولۇق بېرىلىدۇ، ئەجرىڭلار سىلەرگە ھەرگىز كېمەيتىلمەيدۇ.

لِلۡفُقَرَآءِ ٱلَّذِينَ أُحۡصِرُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ لَا يَسۡتَطِيعُونَ ضَرۡبٗا فِي ٱلۡأَرۡضِ يَحۡسَبُهُمُ ٱلۡجَاهِلُ أَغۡنِيَآءَ مِنَ ٱلتَّعَفُّفِ تَعۡرِفُهُم بِسِيمَٰهُمۡ لَا يَسۡـَٔلُونَ ٱلنَّاسَ إِلۡحَافٗاۗ وَمَا تُنفِقُواْ مِنۡ خَيۡرٖ فَإِنَّ ٱللَّهَ بِهِۦ عَلِيمٌ ٢٧٣

273 - سەدىقىنى ۋە بارلىق خەير - ساخاۋەتنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆزىنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا ئاتىۋەتكەنلىكتىن، رىزىق ئىزدەپ يىراق جايلارغا بارالمايدىغان يوقسۇللارغا بېرىڭلار. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقمىغان كىشىلەر ئۇلارنىڭ بىر نەرسە تىلىمىگەنلىكىگە قاراپ، ئۇلارنى بايمىكىن دەپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ نامراتلىقىنى ئەپتىدىن بىلىۋالالايسەن، ئۇلار كىشىلەردىن قەتئىي بىر نەرسە تىلىمەيدۇ، قاتتىق ئېھتىياجى سەۋەبلىك بىر نەرسە سوراپ قالسىمۇ، ھەرگىز كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ. پۇل - مېلىڭلاردىن ئاللاھ يولىدا قانداق نەرسىنى سەدىقە قىلساڭلار، ئاللاھ ئەلۋەتتە ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ئەڭ مۇكەممەل ۋە تولۇق مۇكاپات بېرىدۇ.

ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمۡوَٰلَهُم بِٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِ سِرّٗا وَعَلَانِيَةٗ فَلَهُمۡ أَجۡرُهُمۡ عِندَ رَبِّهِمۡ وَلَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ ٢٧٤

274 - پۇل - ماللىرىنى كېچە - كۈندۈز، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ سەدىقە قىلىدىغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى رەببىنىڭ دەرگاھىدا تولۇق بېرىلىدۇ، ئۇلارغا ئاخىرەتتە ھېچقانداق قورقۇنچ يوقتۇر، ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىدىن ئېرىشەلمىگەن نەرسىلىرىگە قايغۇرمايدۇ. مانا بۇ ئاللاھ يولىدا پۇل - مال سەدىقە قىلىش توغرىسىدىكى ئىلاھىي قانۇن، ئىسلام كۆرسەتمىسى ۋە ھېكمەتلىك تەدبىردۇر. بۇنىڭدا مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى يوقسۇللارنى خىجالەتتە قويماستىن، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى چۈشۈرمەستىن ھاجىتىنى راۋا قىلىش، قول ئىلكىدە بار كىشىلەرنىڭ پۇل - مېلىنى يوقسۇللارنىڭ ھەققىدىن پاكلاش، ياخشىلىققا ۋە تەقۋالىققا ياردەملىشىشتىن ئىبارەت ئىلاھىي پەرماننى ئىختىيارىي ھالدا، كۆڭۈل شادلىقى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش كۆزدە تۇتۇلغان.

ٱلَّذِينَ يَأۡكُلُونَ ٱلرِّبَوٰاْ لَا يَقُومُونَ إِلَّا كَمَا يَقُومُ ٱلَّذِي يَتَخَبَّطُهُ ٱلشَّيۡطَٰنُ مِنَ ٱلۡمَسِّۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ
قَالُوٓاْ إِنَّمَا ٱلۡبَيۡعُ مِثۡلُ ٱلرِّبَوٰاْۗ وَأَحَلَّ ٱللَّهُ ٱلۡبَيۡعَ وَحَرَّمَ ٱلرِّبَوٰاْۚ فَمَن جَآءَهُۥ مَوۡعِظَةٞ مِّن رَّبِّهِۦ فَٱنتَهَىٰ
فَلَهُۥ مَا سَلَفَ وَأَمۡرُهُۥٓ إِلَى ٱللَّهِۖ وَمَنۡ عَادَ فَأُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٢٧٥﴾

275 - ئۆسۈم بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلار قىيامەت كۈنى قەبرىلىرىدىن پەقەت جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەكلا قوپىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار: «سودا - سېتىق بىلەن جازانە ھالاللىقتا ۋە پايدا كەلتۈرۈشتە ئوخشاشتۇر» دېدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ يالغان سۆزىگە رەددىيە بېرىپ، ئۆزىنىڭ سودا - سېتىقنى ھالال قىلغانلىقىنى، جازانىنى بولسا ھارام قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى، سودا - سېتىقتا شەخسلەر ۋە كوللېكتىپ ئۈچۈن مەنپەئەت بار، جازانىخورلۇقتا پۇرسەتپەرەسلىك ۋە ھالاكەت بار. كىمكى رەببىنىڭ جازانىنى ھارام قىلغانلىق ئەمرى يەتكەندىن كېيىن، جازانە قىلىشتىن يانسا، جازانىنىڭ ھاراملىقىنى بىلىشتىن بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، ئۇنىڭ كېيىنكى ئىشلىرى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ، ئەگەر ئۇ كىشى تەۋبىسىنى داۋاملاشتۇرسا ۋە جازانىخورلۇققا قايتمىسا، ئاللاھ مۇنداق ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. كىمكى جازانىخورلۇققا قايتىدىكەن ۋە ئاللاھ ھارام قىلغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ جازانە مۇئامىلىسى قىلىدىكەن، مۇنداقلار ئاللاھنىڭ جازاسىغا تېگىشلىك بولىدۇ، ئۇنىڭ دوزاخ ئەھلىدىن بولۇشىغا يېتەرلىك دەلىل - ئىسپات تۇرغۇزۇلغان بولىدۇ. شۇڭا ئاللاھ مۇنداقلار توغرۇلۇق: «ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلى بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ» دېدى.

يَمۡحَقُ ٱللَّهُ ٱلرِّبَوٰاْ وَيُرۡبِي ٱلصَّدَقَٰتِۗ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ كُلَّ كَفَّارٍ أَثِيمٍ ﴿٢٧٦﴾

276 - ئاللاھ جازانىنىڭ ھەممىسىنى توزۇتۇۋېتىدۇ، جازانە مۇئامىلىسى قىلغان ئادەمنى پۇل - مېلىنىڭ بەرىكىتىدىن ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتىن مەھرۇم قىلىۋېتىدۇ. سەدىقىنى بولسا كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سەدىقە قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى ھەسسىلەپ بېرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ پۇل - مېلىغا بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان، جازانىنى ھالال سانىغان ۋە ئاسىيلىقتا ھەددىدىن ئاشقان ھەرقانداق گۇناھكارنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ.

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَأَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَوُاْ ٱلزَّكَوٰةَ لَهُمۡ أَجۡرُهُمۡ عِندَ رَبِّهِمۡ
وَلَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ ﴿٢٧٧﴾

277 - ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، نامازنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بۇيرۇغاندەك مۇكەممەل ئوقۇغان ۋە پۇل - مېلىنىڭ زاكىتىنى ئايرىغان كىشىلەرگە رەببىنىڭ دەرگاھىدا خاس ئىنئام ۋە تولۇق مۇكاپات بار. ئۇلارغا ئاخىرەتتە ھېچقانداق قورقۇنچ بولمايدۇ، ئۇلار دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن ئېرىشەلمىگەن نەرسىلەر ئۈچۈن قايغۇرمايدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَذَرُواْ مَا بَقِيَ مِنَ ٱلرِّبَوٰٓاْ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿٢٧٨﴾

278 - ئى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگەشكەن كىشىلەر! ئەگەر سىلەر ئىمانىڭلارنى سۆزۈڭلار ۋە ئەمەلىيىتىڭلار بىلەن ئىسپاتلاپ كۆرسەتمەكچى بولساڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، جازانە ھارام قىلىنىشتىن بۇرۇن سىلەر جازانە قىلىپ، كىشىلەرنىڭ زىممىسىدە قېلىپ قالغان جازانىنى ئالماڭلار.

فَإِن لَّمۡ تَفۡعَلُواْ فَأۡذَنُواْ بِحَرۡبٖ مِّنَ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦۖ وَإِن تُبۡتُمۡ فَلَكُمۡ رُءُوسُ أَمۡوَٰلِكُمۡ لَا تَظۡلِمُونَ وَلَا تُظۡلَمُونَ ﴿٢٧٩﴾

279 ـ ئەگەر سىلەر ئاللاھ مەنئى قىلغان ئىشتىن قول ئۈزمىسەڭلار، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىدىن سىلەرگە قارشى ئۇرۇش ئېچىلغانلىقىنى بىلىپ قىلىڭلار. ئەگەر سىلەر رەببىڭلارغا تەۋبە بىلەن قايتساڭلار ۋە جازانە يېيىشنى تاشلىساڭلار، كىشىلەرنىڭ ئۈستىدە قالغان قەرزىڭلارنى ئۆسۈمسىز ئالساڭلار بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سىلەر كىشىلەرگە ئۇۋال قىلىپ سەرمايەڭلاردىن ئارتۇق نەرسىنى ئالمىغان بولىسىلەر، باشقىلارمۇ سىلەرنىڭ قەرزىڭلارنى تولۇق تۆلىمەي سىلەرگە ئۇۋال قىلمىغان بولىدۇ.

وَإِن كَانَ ذُو عُسۡرَةٖ فَنَظِرَةٌ إِلَىٰ مَيۡسَرَةٖۚ وَأَن تَصَدَّقُواْ خَيۡرٞ لَّكُمۡ إِن كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ﴿٢٨٠﴾

280 ـ ئەگەر قەرزدارنىڭ قولى قىسقا بولۇپ، قەرزنى ۋاقتىدا تۆلىيەلمىسە، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشىلىنىپ، قەرزىڭلارنى تۆلىيەلەيدىغان ھالغا كەلگۈچىلىك ئۇنىڭغا مۆھلەت بېرىڭلار. ئەگەر بىلسەڭلار، ئۇ قەرزنىڭ ھەممىسى ياكى بەزىسىدىن ئۆتۈۋېتىپ، ئۇ كىشىنى قەرزدىن قۇتقۇزۇپ قويساڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئەڭ ياخشى ئىشتۇر.

وَٱتَّقُواْ يَوۡمٗا تُرۡجَعُونَ فِيهِ إِلَى ٱللَّهِۖ ثُمَّ تُوَفَّىٰ كُلُّ نَفۡسٖ مَّا كَسَبَتۡ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ﴿٢٨١﴾

281 ـ ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدىغان قىيامەت كۈنىدىن قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە ئەمەللىرىڭلاردىن ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئالدىغا چىقىرىلىسىلەر، ئاللاھ سىلەردىن ھەربىر ئادەمگە ئۆزىنىڭ قىلغان ياخشى ۋە يامان ئەمەلىگە يارىشا قىلچە ئۇۋال قىلمىغان ھالدا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. (بۇ ئايەتتە ئاللاھ ھارام قىلغان ئۆسۈم مۇئامىلىسىدىن يىراق تۇرۇش ئىماننىڭ تولۇقلانمىسى ئىكەنلىكىگە ۋە ئىماننىڭ ئاساسلىق تەلەپلىرى نامازنى مۇكەممەل ئوقۇش، زاكات بېرىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىنىغان).

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا تَدَايَنتُم بِدَيۡنٍ إِلَىٰٓ أَجَلٖ مُّسَمّٗى فَٱكۡتُبُوهُۚ وَلۡيَكۡتُب بَّيۡنَكُمۡ كَاتِبُۢ بِٱلۡعَدۡلِۚ وَلَا يَأۡبَ كَاتِبٌ أَن يَكۡتُبَ كَمَا عَلَّمَهُ ٱللَّهُۚ فَلۡيَكۡتُبۡ وَلۡيُمۡلِلِ ٱلَّذِي عَلَيۡهِ ٱلۡحَقُّ وَلۡيَتَّقِ ٱللَّهَ رَبَّهُۥ وَلَا يَبۡخَسۡ مِنۡهُ شَيۡـٔٗاۚ فَإِن كَانَ ٱلَّذِي عَلَيۡهِ ٱلۡحَقُّ سَفِيهًا أَوۡ ضَعِيفًا أَوۡ لَا يَسۡتَطِيعُ أَن يُمِلَّ هُوَ فَلۡيُمۡلِلۡ وَلِيُّهُۥ بِٱلۡعَدۡلِۚ وَٱسۡتَشۡهِدُواْ شَهِيدَيۡنِ مِن رِّجَالِكُمۡۖ فَإِن لَّمۡ يَكُونَا رَجُلَيۡنِ فَرَجُلٞ وَٱمۡرَأَتَانِ مِمَّن تَرۡضَوۡنَ مِنَ ٱلشُّهَدَآءِ أَن تَضِلَّ إِحۡدَىٰهُمَا فَتُذَكِّرَ إِحۡدَىٰهُمَا ٱلۡأُخۡرَىٰۚ وَلَا يَأۡبَ ٱلشُّهَدَآءُ إِذَا مَا دُعُواْۚ وَلَا تَسۡـَٔمُوٓاْ أَن تَكۡتُبُوهُ صَغِيرًا أَوۡ كَبِيرًا إِلَىٰٓ أَجَلِهِۦۚ ذَٰلِكُمۡ أَقۡسَطُ عِندَ ٱللَّهِ وَأَقۡوَمُ لِلشَّهَٰدَةِ وَأَدۡنَىٰٓ أَلَّا تَرۡتَابُوٓاْ إِلَّآ أَن تَكُونَ تِجَٰرَةً حَاضِرَةٗ تُدِيرُونَهَا بَيۡنَكُمۡ فَلَيۡسَ عَلَيۡكُمۡ جُنَاحٌ أَلَّا تَكۡتُبُوهَاۗ وَأَشۡهِدُوٓاْ إِذَا تَبَايَعۡتُمۡۚ وَلَا يُضَآرَّ كَاتِبٞ وَلَا شَهِيدٞۚ وَإِن تَفۡعَلُواْ فَإِنَّهُۥ فُسُوقُۢ بِكُمۡۗ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۖ وَيُعَلِّمُكُمُ ٱللَّهُۗ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٞ ﴿٢٨٢﴾

282 ـ ئى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن كىشىلەر! مۇددەت بەلگىلەپ ئۆزئارا قەرز مۇئامىلىسى قىلىشساڭلار، پۇل ـ مالنى قوغداش ۋە تالاش ـ تارتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنى يېزىپ قويۇڭلار، ئۇنى ئاراڭلاردىكى ئىشەنچلىك بىر ئادەم ئادىللىق بىلەن يازسۇن، ئاللاھ يېزىش قابىلىيىتىنى ئاتا قىلغان

ئادەم ئۇنى يېزىپ بېرىشنى رەت قىلمىسۇن، قەرزدار ئادەم ئۈستىدىكى قەرزنى ئەينەن ئېيتىپ بەرسۇن، ئاللاھنىڭ ئۇنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇمىسۇن، ئۈستىدىكى قەرزدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتمەي تولۇق ئېيتىپ بەرسۇن، ئەگەر قەرز ئالغۇچى ئادەم گالۋاڭ، ساراڭ، كىچىك بالا بولغانلىقى ياكى تىلسىزلىقى ۋەياكى ئىسراپخورلۇقى تۈپەيلىدىن ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ھەق - ھوقۇقلارنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىشتىن مەنئى قىلىنغان ۋە ئەھۋالىنى ئۆزى ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان ھالدا بولسا، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئادەم ئادىللىق بىلەن ئېيتىپ بېرىپ يازدۇرسۇن، سىلەر ئاراڭلاردىن بالىغ، ئاقىل ۋە ئادالەتلىك ئىككى ئەر كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار؛ ئەگەر ئىككى ئەر كىشى تېپىلمىسا، سىلەر گۇۋاھلىق بېرىشىگە رازى بولىدىغان كىشىلەردىن بىر ئەر، ئىككى ئايالنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار، بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرى ئۇنتۇپ قالسا، ئىككىنچىسى ئېسىگە سالىدۇ. گۇۋاھچىلار گۇۋاھلىققا چاقىرىلغان ۋاقتىدا گۇۋاھ بولۇشتىن باش تارتمىسۇن. قەرز مەيلى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ئۇنى قايتۇرۇش ۋاقتى بىلەن قوشۇپ يېزىشتىن ئېرىنمەڭلار. بۇنداق قىلىش ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئادالەتلىكتۇر، گۇۋاھلىقنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئەڭ كۈچلۈك ئىسپاتتۇر ۋە قەرزنىڭ ۋاقتى، مىقدارى ھەققىدە شەكلىنىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىقتۇر. لېكىن، ئاراڭلاردا قىلىشقان قولمۇقول ۋە نەقمۇنەق ئېلىم - سېتىم ئىشلىرىدا ھۆججەت يازمىساڭلارمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ كېيىنكى تالاش - تارتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا گۇۋاھچىلارنى چاقىرىپ گۇۋاھلىق بەرگۈزۈشۈڭلار ياخشىدۇر. گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىقنى ئاللاھ بۇيرۇغان بويىچە توغرا ئادا قىلىشى، پۈتۈكچىنىڭمۇ توغرا ۋە ئادالەتلىك يېزىشى لازىم. ھەق ئىگىسىنىڭ ياكى ئۈستىدە ھەق بولغان كىشىنىڭ گۇۋاھچىلارنى ۋە پۈتۈكچىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىقى، شۇنىڭدەك، گۇۋاھچىلارنىڭمۇ، پۈتۈكچىنىڭمۇ ئۆزلىرىگە ھاجەت بولۇپ كەلگەن كىشىلەرنى زىيانغا ئۇچراتماسلىقى لازىم. ئەگەر سىلەر ئاللاھ مەنئى قىلغان بۇ ئىشلارنى قىلساڭلار، ئېنىقكى، بۇ سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققىنىڭلار دېمەكتۇر، بۇنىڭ جازاسىنى چوقۇم تارتىسىلەر. ئاللاھ بۇيرۇغان ۋە توسقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن قورقۇڭلار. ئاللاھ سىلەرگە دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىڭلاردا سىلەر ئېھتىياجلىق بولىدىغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇنداق ئۆگىتىدۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر، ئاللاھ شۇ بىلگىنىگە ئاساسەن سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

۞ وَإِن كُنتُمۡ عَلَىٰ سَفَرٖ وَلَمۡ تَجِدُواْ كَاتِبٗا فَرِهَٰنٞ مَّقۡبُوضَةٞۖ فَإِنۡ أَمِنَ بَعۡضُكُم بَعۡضٗا فَلۡيُؤَدِّ ٱلَّذِي ٱؤۡتُمِنَ أَمَٰنَتَهُۥ وَلۡيَتَّقِ ٱللَّهَ رَبَّهُۥۗ وَلَا تَكۡتُمُواْ ٱلشَّهَٰدَةَۚ وَمَن يَكۡتُمۡهَا فَإِنَّهُۥٓ ءَاثِمٞ قَلۡبُهُۥۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ عَلِيمٞ ﴿٢٨٣﴾

283 - ئەگەر سىلەر سەپەر ئۈستىدە بولۇپ، خەت يازالايدىغان ئادەم تاپالمىساڭلار، بۇ چاغدا قەرز ئىگىسىنىڭ ھەققىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قەرزنى قايتۇرغانغا قەدەر بىرەر نەرسىنى رەنىگە تاپشۇرساڭلار بولىدۇ؛ ئاراڭلاردا بىر - بىرىڭلارغا ئىشەنچ قىلالىساڭلار، بۇ چاغدا قەرزنى يېزىش، گۇۋاھ قىلدۇرۇش ۋە رەنە قويۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلمىساڭلارمۇ سىلەرگە گۇناھ بولمايدۇ. بۇ چاغدا قەرز قەرز ئالغۇچىنىڭ زىممىسىدە ئامانەت بولۇپ قالىدۇ، قەرز ئالغۇچى ئادەم ئۇنى ئىگىسىگە ۋاقتىدا قايتۇرۇشى لازىم، ئاللاھنىڭ ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىقى ۋە قەرز

بەرگۈچىنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلماسلىقى لازىم. ئەگەر قەرز ئالغۇچى ئادەم ئۈستىدىكى قەرزنى ئىنكار قىلىپ تۇرىۋالسا ۋە ئۇ يەردە قەرزگە گۇۋاھ بولغان گۇۋاھچى بولسا، گۇۋاھچى گۇۋاھلىقنى ئادا قىلىشى ۋە ئۇنى يوشۇرماسلىقى لازىم. كىمكى گۇۋاھلىقنى يوشۇرىدىكەن، ئۇ خىيانەتكار ۋە گۇناھكار دىلنىڭ ئىگىسىدۇر. ئاللاھ بارلىق سىرلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇنىڭ ئىلمى سىلەرنىڭ ھەممە ئىشلىرىڭلارنى قورشاپ تۇرىدۇ. ئاخىرەتتە سىلەرگە شۇنىڭغا ئاساسەن مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

لِّلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۗ وَإِن تُبۡدُواْ مَا فِيٓ أَنفُسِكُمۡ أَوۡ تُخۡفُوهُ يُحَاسِبۡكُم بِهِ ٱللَّهُۖ
فَيَغۡفِرُ لِمَن يَشَآءُ وَيُعَذِّبُ مَن يَشَآءُۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ﴿٢٨٤﴾

284 - ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ مۈلۈكىدۇر. ئاللاھ ھەممىنىڭ ئىگىسىدۇر، ھەممىنى ئۆزى يالغۇز ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ، ھېچ نەرسە ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەس. دىلىڭلاردىكى سىرلارنى مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار ياكى يوشۇرۇڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىنى جازالايدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا كاتتا ئىلتىپات قىلىپ، كۆڭۈلگە كەچكەن (خىيال، ۋەسۋەسە)لەرنى، سۆز ياكى ئەمەل بىلەن ئىپادىلىمىگەنلا بولسا، ئۇنى ئەپۇ قىلىۋېتىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىنمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلىندى.

ءَامَنَ ٱلرَّسُولُ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيۡهِ مِن رَّبِّهِۦ وَٱلۡمُؤۡمِنُونَۚ كُلٌّ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَمَلَٰٓئِكَتِهِۦ وَكُتُبِهِۦ وَرُسُلِهِۦ لَا
نُفَرِّقُ بَيۡنَ أَحَدٖ مِّن رُّسُلِهِۦۚ وَقَالُواْ سَمِعۡنَا وَأَطَعۡنَاۖ غُفۡرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيۡكَ ٱلۡمَصِيرُ ﴿٢٨٥﴾

285 - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام رەببى تەرىپىدىن ئۆزىگە قىلىنغان ۋەھيىگە چىن قەلبىدىن ئىشەندى ۋە ئۇنىڭغا جەزم قىلدى، مۇئمىنلەرمۇ ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈردى ۋە ئۇلۇغ قۇرئانغا ئەمەل قىلدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ مۇكەممەل سۈپەتلەرگە ئىگە يېگانە ئىلاھ ۋە بىردىنبىر رەب ئىكەنلىكىگە، ئاللاھنىڭ ھۆرمەتلىك پەرىشتىلىرىنىڭ بارلىقىغا، ئۇنىڭ ساماۋى كىتابلارنى نازىل قىلغانلىقىغا، بەندىلىرىگە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈردى. ئۇلار: «بىز مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ بەزىسىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز، بەلكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىمان ئېيتىمىز» دەيدۇ. پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەر بىرلىكتە: «ئى رەببىمىز! سەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلغان ھەققەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدۇق ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىتائەت قىلدۇق، ئۆز پەزلىڭ بىلەن بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىشىڭنى تىلەيمىز، سەن سانسىزلىغان نېمەتلىرىڭ بىلەن بىزنى پەرۋىش قىلىپ يېتىشتۈرگەن زاتسەن، بىزنىڭ قايتىدىغان جايىمىز يالغۇز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دەيدۇ.

لَا يُكَلِّفُ ٱللَّهُ نَفۡسًا إِلَّا وُسۡعَهَاۚ لَهَا مَا كَسَبَتۡ وَعَلَيۡهَا مَا ٱكۡتَسَبَتۡۗ رَبَّنَا لَا تُؤَاخِذۡنَآ إِن نَّسِينَآ أَوۡ
أَخۡطَأۡنَاۚ رَبَّنَا وَلَا تَحۡمِلۡ عَلَيۡنَآ إِصۡرٗا كَمَا حَمَلۡتَهُۥ عَلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِنَاۚ رَبَّنَا وَلَا تُحَمِّلۡنَا مَا لَا طَاقَةَ
لَنَا بِهِۦۖ وَٱعۡفُ عَنَّا وَٱغۡفِرۡ لَنَا وَٱرۡحَمۡنَآۚ أَنتَ مَوۡلَىٰنَا فَٱنصُرۡنَا عَلَى ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٢٨٦﴾

286 - ئاللاھنىڭ دىنى ناھايىتى ئاسان بولۇپ، ئۇنىڭدا قىيىنچىلىق يوقتۇر، ئاللاھ بەندىلىرىدىن ئۇلارنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان نەرسىنى تەلەپ قىلمايدۇ. كىمكى ياخشى

ئىش قىلسا، ئۇ ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ، كىمكى يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇ يامانلىقنىڭ جازاسىنى كۆرىدۇ. ئۇ مۇئمىنلەر يەنە: «ئى رەببىمىز! ئەگەر بىز سەن پەرز قىلغان ئىشلاردىن بىرەرسىنى ئۇنتۇپ قالغان ياكى سەن مەنئى قىلغان ئىشلاردىن بىرەرسىنى قىلىپ قويۇپ خاتالاشقان بولساق، بىزنى جازالىمىغىن. ئى رەببىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكى گۇناھكارلارغا قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئېغىر مەجبۇرىيەتلەرنى يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش، بىزگە ئېغىر مەجبۇرىيەت يۈكلىمىگىن. ئى رەببىمىز! دىنني مەجبۇرىيەتلەردىن ۋە مۇسىبەتلەردىن بىز كۆتۈرەلمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، ئەيىبلىرىمىزنى يوشۇرغىن، بىزگە ياخشىلىق قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ۋە تەقدىرىمىز سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر، سېنىڭ دىنىڭنى ئىنكار قىلغان، يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىڭنى ئېتىراپ قىلمىغان، سېنىڭ پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنى يالغانغا چىقارغان كاپىرلارغا قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇلارغا قارشى بىزگە گۈزەل ئاقىۋەت ئاتا قىلغىن» دەيدۇ.

# ئال ئىمران سۈرىسى

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

الٓمٓ ﴿١﴾

1 ـ ئەلىف، لام، مىيم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ باياني بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلْحَىُّ ٱلْقَيُّومُ ﴿٢﴾

2 ـ ئۇ ئاللاھ ئۆزىدىن باشقا تائەت ـ ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ھېچقانداق ئىلاھ بولمىغان، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە ھايات تۇرغۇچى، ھەممە ئىشنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى زاتتۇر.

نَزَّلَ عَلَيْكَ ٱلْكِتَٰبَ بِٱلْحَقِّ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ وَأَنزَلَ ٱلتَّوْرَىٰةَ وَٱلْإِنجِيلَ ﴿٣﴾ مِن قَبْلُ هُدًى لِّلنَّاسِ وَأَنزَلَ ٱلْفُرْقَانَ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ لَهُمْ عَذَابٌ شَدِيدٌ وَٱللَّهُ عَزِيزٌ ذُو ٱنتِقَامٍ ﴿٤﴾

3 ـ 4 ـ ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ قۇرئاننى ساڭا قىلچە شەك بولمىغان ھەقىقەت ئاساسىدا ھېكمەت بىلەن تەدرىجىي نازىل قىلدى. قۇرئان ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان كىتابلارنىڭ راستلىقىغا ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھتۇر. ئاللاھ تەقۋادارلارنى ئىمانغا يېتەكلەش، ئۇلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىنى ياخشىلاپ بېرىش ئۈچۈن، ئىلگىرى تەۋراتنى مۇساغا، ئىنجىلنى ئىيساغا نازىل قىلغان ئىدى؛ ئەمدى بولسا ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلدى. ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەرنى ئىنكار قىلغانلارغا چوڭ ئازاب بار، ئاللاھ غالىبتۇر، ئۇنى ھېچكىم يېڭەلمەيدۇ، ئۆزىنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ھۆججەتلىرىنى ۋە دەلىللىرىنى ئىنكار قىلغانلارنى قاتتىق جازالىغۇچىدۇر.

إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَخْفَىٰ عَلَيْهِ شَىْءٌ فِى ٱلْأَرْضِ وَلَا فِى ٱلسَّمَآءِ ﴿٥﴾

5 ـ ئاللاھ ئۆزىنىڭ چەكسىز ئىلمى بىلەن بارچە مەخلۇقاتنى قورشاپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ئاسمان ـ زېمىندا مەيلى ئاز بولسۇن، ياكى كۆپ بولسۇن، ھېچقانداق نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر.

هُوَ ٱلَّذِى يُصَوِّرُكُمْ فِى ٱلْأَرْحَامِ كَيْفَ يَشَآءُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٦﴾

6 ـ ئۇ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدا ئۆزى خالىغانچە ئەركەك ـ چىشى، چىرايلىق ـ كۆرۈمسىز قىلىپ يارىتىدىغان يېگانە زاتتۇر. ئاللاھتىن باشقا تائەت ـ ئىبادەتكە ھەقلىق

بولغان ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېچكىم ئۇنى يېڭەلمەيدۇ، ئۇ بارلىق ئىشلىرىنى ۋە تەدبىرلىرىنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچىدۇر.

هُوَ ٱلَّذِيٓ أَنزَلَ عَلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ مِنۡهُ ءَايَٰتٞ مُّحۡكَمَٰتٌ هُنَّ أُمُّ ٱلۡكِتَٰبِ وَأُخَرُ مُتَشَٰبِهَٰتٞۖ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمۡ زَيۡغٞ فَيَتَّبِعُونَ مَا تَشَٰبَهَ مِنۡهُ ٱبۡتِغَآءَ ٱلۡفِتۡنَةِ وَٱبۡتِغَآءَ تَأۡوِيلِهِۦۖ وَمَا يَعۡلَمُ تَأۡوِيلَهُۥٓ إِلَّا ٱللَّهُۗ وَٱلرَّٰسِخُونَ فِي ٱلۡعِلۡمِ يَقُولُونَ ءَامَنَّا بِهِۦ كُلّٞ مِّنۡ عِندِ رَبِّنَاۗ وَمَا يَذَّكَّرُ إِلَّآ أُوْلُواْ ٱلۡأَلۡبَٰبِ ٧

7 - ئۇ ساڭا قۇرئاننى نازىل قىلغان زاتتۇر. قۇرئاندا بەزى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە مۇراجىئەت قىلىنىدىغان مەنىسى ئېنىق ئايەتلەر بار. بۇ ئايەتلەر قۇرئاننىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ، قۇرئاندا يەنە كۆپ مەنىگە دالالەت قىلغانلىقتىن، پەقەت مەنىسى ئېنىق ئايەتلەرگە مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىقلا ئايدىڭلىشىدىغان ئايەتلەرمۇ بار. دىللىرىدا كېسەللىك ئىللىتى بار كىشىلەر نىيىتىنىڭ يامانلىقىدىن، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا پىتنە - پاسات تېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئازدۇرۇش ۋە ئۆزىنىڭ باتىل كۆز قارىشى بويىچە تەۋىل قىلىش ئۈچۈن، مۇشۇنداق مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس ئايەتلەرگىلا ئېسىلىۋالىدۇ. بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى پەقەتلا ئاللاھ بىلىدۇ. ئىلىمدە چوڭقۇر كىشىلەر: «بىز قۇرئانغا ئىمان كەلتۈردۇق، قۇرئاننىڭ ھەممىسى بىزگە رەببىمىز ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن ھەقىقەتتۇر» دەيدۇ، كۆپ مەنىگە دالالەت قىلىدىغان، مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس ئايەتلەرنى مەنىسى ئېنىق ئايەتلەرگە مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق چۈشىنىۋالىدۇ. بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى ئەڭ توغرا شەكىلدە چۈشىنىدىغان كىشىلەر ساغلام ئەقىل ئىگىلىرىدۇر.

رَبَّنَا لَا تُزِغۡ قُلُوبَنَا بَعۡدَ إِذۡ هَدَيۡتَنَا وَهَبۡ لَنَا مِن لَّدُنكَ رَحۡمَةًۚ إِنَّكَ أَنتَ ٱلۡوَهَّابُ ٨

8 - (ئىلىمدە چوڭقۇر كىشىلەر) يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئى رەببىمىز! سەن بىزگە ھىدايەت ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئىنئام قىلغاندىن كېيىن، بىزنىڭ قەلبىمىزنى ئىماندىن بۇرۇۋەتمىگىن، ئۆز پەزلىڭدىن بىزگە كەڭ رەھمەت ئاتا قىلغىن. شەكسىزكى، سەن ئاتا - ئېھسانى كۆپ ۋە خالىغان بەندىسىگە ھېسابسىز بېرىدىغان زاتسەن.

رَبَّنَآ إِنَّكَ جَامِعُ ٱلنَّاسِ لِيَوۡمٖ لَّا رَيۡبَ فِيهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُخۡلِفُ ٱلۡمِيعَادَ ٩

9 - ئى رەببىمىز! بىز شۇنداق ئىشىنىمىز ۋە گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، سەن كېلىدىغانلىقىدا قىلچە شەك بولمىغان قىيامەت كۈنىدە، ئىنسانلارنى ئەلۋەتتە توپلايسەن. چۈنكى سەن بەندىلىرىڭگە بەرگەن ۋەدەڭگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايسەن».

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَن تُغۡنِيَ عَنۡهُمۡ أَمۡوَٰلُهُمۡ وَلَآ أَوۡلَٰدُهُم مِّنَ ٱللَّهِ شَيۡـٔٗاۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمۡ وَقُودُ ٱلنَّارِ ١٠

10 - شەكسىزكى، ھەق دىنىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىلىقىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارنىڭ پۇل - ماللىرى، باللىرى دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئازابى ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. ئۇلار قىيامەت كۈنى دوزاخنىڭ يېقىلغۇسى بولىدۇ.

كَدَأۡبِ ءَالِ فِرۡعَوۡنَ وَٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡۚ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا فَأَخَذَهُمُ ٱللَّهُ بِذُنُوبِهِمۡۗ وَٱللَّهُ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ ١١

11 - كاپىرلارنىڭ ھەق دىنىنى ئىنكار قىلىشى ۋە جازالىنىشىدىكى ئەھۋالى پىرئەۋن تەۋەلىرىنىڭ ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىنكارچىلىقى ۋە

كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىشى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى دەرھال جازالىدى، ئاللاھ رەببىنى ئىنكار قىلغان ۋە پەيغەمبەرلىرىنى يالغانچى دېگەن كاپىرلارنى قاتتىق جازالايدىغان زاتتۇر.

قُل لِّلَّذِينَ كَفَرُواْ سَتُغۡلَبُونَ وَتُحۡشَرُونَ إِلَىٰ جَهَنَّمَۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمِهَادُ ﴿١٢﴾

12 - ئى پەيغەمبەر! يەھۇدىيلاردىن ۋە باشقىلاردىن بولغان بارلىق كاپىرلارغا ۋە سېنىڭ بەدرى ئۇرۇشىدىكى غەلبەڭنى ئاددىي سانىغانلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر بۇ دۇنيادا پات يېقىندا مەغلۇپ قىلىنىسىلەر ۋە كاپىر پېتى ئۆلىسىلەر، ئاخىرەتتە جەھەننەمگە توپلىنىسىلەر، ئۇ جايدا مەڭگۈ قالىسىلەر، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!».

قَدۡ كَانَ لَكُمۡ ءَايَةٞ فِي فِئَتَيۡنِ ٱلۡتَقَتَاۖ فِئَةٞ تُقَٰتِلُ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَأُخۡرَىٰ كَافِرَةٞ يَرَوۡنَهُم مِّثۡلَيۡهِمۡ رَأۡيَ ٱلۡعَيۡنِۚ وَٱللَّهُ يُؤَيِّدُ بِنَصۡرِهِۦ مَن يَشَآءُۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَعِبۡرَةٗ لِّأُوْلِي ٱلۡأَبۡصَٰرِ ﴿١٣﴾

13 - ئى كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان ھاكاۋۇر يەھۇدىيلار! بەدرى ئۇرۇشىدا ئۇچراشقان ئىككى گۇرۇھتا سىلەر ئۈچۈن كاتتا ئىبرەت بار ئىدى، ئۇلارنىڭ بىرى ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچۈن ئۇرۇشۇۋاتقان گۇرۇھ بولۇپ، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىدۇر، يەنە بىرى باتىل ئۈچۈن ئۇرۇشۇۋاتقان كاپىرلار گۇرۇھى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئۆزلىرىدەك ئىككى ھەسسە كۆرۈنۈپ كەتكەن ئىدى. ئاللاھ بۇ ئىشنى مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن سەۋەب قىلىپ بەرگەن. ئاللاھ بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىنى ياردىمى بىلەن قوللايدۇ. بۇ ۋەقەدە ئاللاھنىڭ ئىشلىرىدىكى ھېكمەتنى چۈشىنىدىغان ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار.

زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ ٱلشَّهَوَٰتِ مِنَ ٱلنِّسَآءِ وَٱلۡبَنِينَ وَٱلۡقَنَٰطِيرِ ٱلۡمُقَنطَرَةِ مِنَ ٱلذَّهَبِ وَٱلۡفِضَّةِ وَٱلۡخَيۡلِ ٱلۡمُسَوَّمَةِ وَٱلۡأَنۡعَٰمِ وَٱلۡحَرۡثِۗ ذَٰلِكَ مَتَٰعُ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۖ وَٱللَّهُ عِندَهُۥ حُسۡنُ ٱلۡمَـَٔابِ ﴿١٤﴾

14 - ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن - كۈمۈشتىن توپلانغان پۇل -ماللار، ئارغىماقلار، قوي، كالا، تۆگە قاتارلىق چارۋىلار ۋە تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن تۇتۇلغان يەرلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل ئارزۇ قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا ھاياتىنىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىرى ۋە زىننەتلىرىدۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بولسا مۇكاپاتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان جەننەتتىن ئىبارەت گۈزەل جاي بار.

۞ قُلۡ أَؤُنَبِّئُكُم بِخَيۡرٖ مِّن ذَٰلِكُمۡۖ لِلَّذِينَ ٱتَّقَوۡاْ عِندَ رَبِّهِمۡ جَنَّٰتٞ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا وَأَزۡوَٰجٞ مُّطَهَّرَةٞ وَرِضۡوَٰنٞ مِّنَ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ بَصِيرُۢ بِٱلۡعِبَادِ ﴿١٥﴾

15 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە بۇ دۇنيادا ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلگەن ۋە كۆڭۈل ئارزۇ قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇ بولسا ئاللاھتىن قورققان ۋە ئۇنىڭ كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقارمىغان ھالدا ئەمەل قىلغان كىشىلەر ئۈچۈن تەييارلانغان، قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل - دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، كىرگەنلەر مەڭگۈ تۇرىدىغان ئېسىل جەننەتلەردۇر. ئۇ جەننەتلەردە ئۇلارغا ھېيز، نىپاس، ۋە ناچار قىلىقلاردىن پاك جۈپلەر بار. ئۇلارغا يەنە ئاللاھنىڭ رازى بولۇشىدىن ئىبارەت بۇنىڭدىنمۇ كاتتا نېمەت بار. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ بارلىق سىرلىرىنى، جىمى ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلارغا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ».

ٱلَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَآ إِنَّنَآ ءَامَنَّا فَٱغۡفِرۡ لَنَا ذُنُوبَنَا وَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ ﴿١٦﴾

16 - ئاشۇ تەقۋادار بەندىلەر دەيدۇكى، «ئى رەببىمىز! بىز ھەقىقەتەن ساڭا ئىمان كەلتۈردۇق، پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشتۇق. بىزنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمىزنى ئۆچۈرۈۋەتكىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن».

ٱلصَّٰبِرِينَ وَٱلصَّٰدِقِينَ وَٱلۡقَٰنِتِينَ وَٱلۡمُنفِقِينَ وَٱلۡمُسۡتَغۡفِرِينَ بِٱلۡأَسۡحَارِ ﴿١٧﴾

17 - ئۇلار تائەت - ئىبادەتكە بەرداشلىق بېرىدىغان، گۇناھ - مەئسىيەتتىن ۋاز كېچىدىغان ۋە بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىدىغان، سۆزىدە ۋە ئەمەلىدە راستچىللىق بىلەن ئىش كۆرىدىغان، ئاللاھقا مۇكەممەل ئىتائەت قىلىدىغان، ئاللاھ يولىدا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پۇل - مال سەرپ قىلىدىغان، كېچىنىڭ دۇئالار ئىجابەت بولىدىغان، تەۋبىلەر قوبۇل قىلىنىدىغان ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا ئىستىغپار ئېيتىدىغان كىشىلەردۇر.

شَهِدَ ٱللَّهُ أَنَّهُۥ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ وَأُوْلُواْ ٱلۡعِلۡمِ قَآئِمَۢا بِٱلۡقِسۡطِۚ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿١٨﴾

18 - ئاللاھ ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا، ئۆزىنىڭ يەككە - يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەردى، ئۆزىنىڭ بۇ گۇۋاھلىقىغا پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلتۈردى. ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ غالىبتۇر، ئۆزى ئىرادە قىلغان ھەرقانداق ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى، سۆزلىرىدە ۋە بارلىق ئىشلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زاتتۇر.

إِنَّ ٱلدِّينَ عِندَ ٱللَّهِ ٱلۡإِسۡلَٰمُۗ وَمَا ٱخۡتَلَفَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ إِلَّا مِنۢ بَعۡدِ مَا جَآءَهُمُ ٱلۡعِلۡمُ بَغۡيَۢا بَيۡنَهُمۡۗ وَمَن يَكۡفُرۡ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ فَإِنَّ ٱللَّهَ سَرِيعُ ٱلۡحِسَابِ ﴿١٩﴾

19 - ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن تاللىغان دىن ئىسلام دىنى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا دىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئاللاھ پەيغەمبەرلىرىنى مۇشۇ دىن بىلەن ئەۋەتكەن. ئىسلام - ئاللاھقا بويسۇنۇپ ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭغا بەندە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ ئۆزىنى تاپشۇرۇش، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق دىنى بولغان ئىسلام دىنىغا ئەمەل قىلىش دېگەنلىكتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن، ئاللاھ ئىسلامدىن باشقا ھېچقايسى دىننى ھېچكىمدىن قوبۇل قىلمايدۇ. يەھۇدىيلار ۋە خرىستىيانلاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتابنىڭ پىرقە - پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىشى پەقەت ئۆزلىرىگە پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلىپ، كىتابلار نازىل قىلىنىپ، دەلىل - ئىسپاتلار تۇرغۇزۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر - بىرىگە ھەسەت قىلىشى ۋە دۇنيا مەنپەئەتىگىلا بېرىلىشى تۈپەيلىدىن بولغان. كىمكى ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەرنى ۋە ئاللاھنىڭ ئىلاھلىقتا، مەبۇدلۇقتا يېگانە ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن ناھايىتى تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر ۋە ئۇلارنى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن جازالىغۇچىدۇر.

فَإِنۡ حَآجُّوكَ فَقُلۡ أَسۡلَمۡتُ وَجۡهِيَ لِلَّهِ وَمَنِ ٱتَّبَعَنِۗ وَقُل لِّلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡأُمِّيِّـۧنَ ءَأَسۡلَمۡتُمۡۚ فَإِنۡ أَسۡلَمُواْ فَقَدِ ٱهۡتَدَواْۖ وَّإِن تَوَلَّوۡاْ فَإِنَّمَا عَلَيۡكَ ٱلۡبَلَٰغُۗ وَٱللَّهُ بَصِيرُۢ بِٱلۡعِبَادِ ﴿٢٠﴾

20 - ئى پەيغەمبەر! سەن ئەھلى كىتابقا ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە ئىبادەتنىڭ ئۇنىڭغا خاسلىقى ھەققىدە يېتەرلىك دەلىل - پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ئەگەر ئۇلار سەن

بىلەن يەنە مۇنازىرىلەشسە، ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «مەن ھەقىقەتەن ئاللاھقا دىنىمنى خالىس قىلدىم، ئۇنىڭغا ھېچكىمنى شېرىك قىلمايمەن، ماڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرمۇ دىنىنى ئاللاھقا خالىس قىلدى، ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ ئىتائەت قىلدى». (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا، مۇشرىك ئەرەبلەرگە ۋە باشقا بارلىق كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، « ئەگەر ئىمان ئېيتساڭلار، سىلەر ئەلۋەتتە توغرا يولدا، ھىدايەت ۋە ھەقىقەت ئۈستىدە بولغان بولىسىلەر، ئەگەر ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتساڭلار، سىلەردىن ھېساب ئېلىش ئاللاھقا ئائىتتۇر، مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم پەقەت دىنىنى يەتكۈزۈشتۇر. مەن سىلەرگە دىنىنى يەتكۈزدۈم، سىلەرنىڭ ئازغۇنلۇقۇڭلارغا قارشى دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. ئاللاھ بەندىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ھېچبىر ئىش مەخپىي قالمايدۇ».

إِنَّ ٱلَّذِينَ يَكۡفُرُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَيَقۡتُلُونَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ بِغَيۡرِ حَقّٖ وَيَقۡتُلُونَ ٱلَّذِينَ يَأۡمُرُونَ بِٱلۡقِسۡطِ مِنَ ٱلنَّاسِ فَبَشِّرۡهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ﴿٢١﴾

21 ـ ئوپئوچۇق دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ۋە پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ھەق دىنىنى ئىنكار قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئادالەتلىك بولۇشقا، پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىشكە دەۋەت قىلغان كىشىلەرنى ناھەق ئۆلتۈرىدىغان كاپىرلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن »خۇش خەۋەر» بەرگىن.

أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ حَبِطَتۡ أَعۡمَٰلُهُمۡ فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِ وَمَا لَهُم مِّن نَّٰصِرِينَ ﴿٢٢﴾

22 ـ ئەنە شۇلار دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتكەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچبىر ئەمەلى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغان ھېچبىر ياردەمچى چىقمايدۇ.

أَلَمۡ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ أُوتُواْ نَصِيبٗا مِّنَ ٱلۡكِتَٰبِ يُدۡعَوۡنَ إِلَىٰ كِتَٰبِ ٱللَّهِ لِيَحۡكُمَ بَيۡنَهُمۡ ثُمَّ يَتَوَلَّىٰ فَرِيقٞ مِّنۡهُمۡ وَهُم مُّعۡرِضُونَ ﴿٢٣﴾

23 ـ ئى پەيغەمبەر! سەن تەۋرات بىلىملىرىدىن نېسىۋە بېرىلگەن ئاشۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئەھۋالىدىنمۇ ئەجەبلىنەرلىك بىر ئەھۋالنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇلار سەن ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆز ئارىسىدىكى ئىختىلاپقا ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان قۇرئان بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشقا چاقىرىلسا، بۇ ھۆكۈم ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئادىتى ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈشتۇر.

ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ قَالُواْ لَن تَمَسَّنَا ٱلنَّارُ إِلَّآ أَيَّامٗا مَّعۡدُودَٰتٖۖ وَغَرَّهُمۡ فِي دِينِهِم مَّا كَانُواْ يَفۡتَرُونَ ﴿٢٤﴾

24 ـ ئەھلى كىتابنىڭ ھەقىقەتتىن ئاشۇنداق يۈز ئۆرۈشىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ: «دوزاخ ئوتى بىزنى ساناقلىق كۈنلەرلا كۆيدۈرىدۇ» دەيدىغان بۇزۇق ئېتىقادى تۈپەيلىدىندۇر. بۇ بۇزۇق ئېتىقاد ئۇلارنى ئاللاھقا شۇنداق جۈرئەت قىلىشقا، ئۇنىڭ دىنىنى مەسخىرە قىلىشقا ۋە ئۆزلىرىنىڭ ساختا دىنىنى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ئالدىشىغا ئېلىپ بارغاندۇر.

فَكَيۡفَ إِذَا جَمَعۡنَٰهُمۡ لِيَوۡمٖ لَّا رَيۡبَ فِيهِ وَوُفِّيَتۡ كُلُّ نَفۡسٖ مَّا كَسَبَتۡ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ﴿٢٥﴾

25 ـ كېلىدىغانلىقىدا قىلچە شەك بولمىغان قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ ئۇلارنى ھېساب ئېلىش

ئۇچۇن تۇپلىغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىنىڭ قىلمىشىنىڭ جازاسىنى، ھېچبىر ئۇۋال
قىلىنماستىن تولۇق تارتقان چاغدا ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟

قُلِ ٱللَّهُمَّ مَٰلِكَ ٱلۡمُلۡكِ تُؤۡتِي ٱلۡمُلۡكَ مَن تَشَآءُ وَتَنزِعُ ٱلۡمُلۡكَ مِمَّن تَشَآءُ وَتُعِزُّ مَن تَشَآءُ وَتُذِلُّ
مَن تَشَآءُۖ بِيَدِكَ ٱلۡخَيۡرُۖ إِنَّكَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ٢٦

26 - ئى پەيغەمبەر! رەببىڭگە ئىلتىجا قىلىپ ئېيتقىنكى، «ئى پۈتكۈل پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى
بولغان ئاللاھ! سەن بەندىلىرىڭدىن خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى، مال - مۈلۈكنى ۋە
يەر يۈزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاتا قىلىسەن، خالىغان ئادەمدىن تارتىۋالىسەن، خالىغان
ئادەمنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن، ھەممە
ياخشىلىق سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. سەن يالغۇز ھەممىگە قادىرسەن.

تُولِجُ ٱلَّيۡلَ فِي ٱلنَّهَارِ وَتُولِجُ ٱلنَّهَارَ فِي ٱلَّيۡلِۖ وَتُخۡرِجُ ٱلۡحَيَّ مِنَ ٱلۡمَيِّتِ وَتُخۡرِجُ ٱلۡمَيِّتَ مِنَ ٱلۡحَيِّۖ
وَتَرۡزُقُ مَن تَشَآءُ بِغَيۡرِ حِسَابٖ ٢٧

27 - (ئى ئاللاھ!) سېنىڭ قۇدرىتىڭنىڭ دەلىللىرىدىن بىرى شۇكى، سەن كېچىنى كۈندۈزگە،
كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن، شۇنىڭ بىلەن بىرى ئۇزۇن، بىرى قىسقا بولىدۇ.
سەن ئۇرۇقتىن ئۆسۈملۈكنى چىقارغاندەك، كاپىر ئادەمنىڭ نەسلىدىن مۇئمىن ئادەمنى
چىقارغاندەك ئۆلۈكتىن تىرىكنى چىقىرىسەن، توخۇدىن تۇخۇمنى چىقارغاندەك تىرىكتىن
ئۆلۈكنى چىقىرىسەن، بەندىلىرىڭدىن خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن».

لَّا يَتَّخِذِ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ٱلۡكَٰفِرِينَ أَوۡلِيَآءَ مِن دُونِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَۖ وَمَن يَفۡعَلۡ ذَٰلِكَ فَلَيۡسَ مِنَ ٱللَّهِ فِي شَيۡءٍ
إِلَّآ أَن تَتَّقُواْ مِنۡهُمۡ تُقَىٰةٗۗ وَيُحَذِّرُكُمُ ٱللَّهُ نَفۡسَهُۥۗ وَإِلَى ٱللَّهِ ٱلۡمَصِيرُ ٢٨

28 - ئاللاھ مۇئمىنلەرنىڭ مۇئمىنلەرنى قايرىپ قويۇپ، كاپىرلارنى دوست تۇتۇشىنى ۋە
ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىشىنى مەنئى قىلىدۇ. كىمكى كاپىرلارنى دوست تۇتىدىكەن،
ئۇ ئاللاھتىن ئادا - جۇدا بولغان بولىدۇ، ئاللاھمۇ ئۇنىڭدىن ئادا جۇدا بولىدۇ. پەقەت
ئاجىزلىقتىن قۇدرەت تاپقانغا قەدەر كاپىرلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارغا
يالغاندىن دوستلۇق ئىزھار قىلىش بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. ئاللاھ سىلەرنى ئۆزىدىن
قورقۇتىدۇ، ئۇنىڭدىن قورقۇڭلار، ئازابىدىن ھەزەر ئەيلەڭلار. بەندىلەرنىڭ ھەممىسى
ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا تۇپلىنىدۇ.

قُلۡ إِن تُخۡفُواْ مَا فِي صُدُورِكُمۡ أَوۡ تُبۡدُوهُ يَعۡلَمۡهُ ٱللَّهُۗ وَيَعۡلَمُ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ
كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ٢٩

29 - ئى پەيغەمبەر! مۇئمىنلەرگە ئېيتقىنكى، «سىلەر دىلىڭلاردىكى كاپىرلار بىلەن بولغان
دوستلۇقۇڭلارنى ۋە ئۇلارنى قوللىشىڭلارنى مەيلى يوشۇرۇڭلار ياكى ئاشكارا قىلىڭلار،
ئۇنىڭدىن ئاللاھقا ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئىلمى ئاسمانلاردىكى
ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى قورشىغان بولۇپ (ھەممىنى تولۇق بىلىدۇ)، ھەر
نەرسىگە تولۇق كۈچى يېتىدۇ».

يَوۡمَ تَجِدُ كُلُّ نَفۡسٖ مَّا عَمِلَتۡ مِنۡ خَيۡرٖ مُّحۡضَرٗا وَمَا عَمِلَتۡ مِن سُوٓءٖ تَوَدُّ لَوۡ أَنَّ بَيۡنَهَا
وَبَيۡنَهُۥٓ أَمَدَۢا بَعِيدٗاۗ وَيُحَذِّرُكُمُ ٱللَّهُ نَفۡسَهُۥۗ وَٱللَّهُ رَءُوفُۢ بِٱلۡعِبَادِ ٣٠

30 - قىيامەت كۈنىدىن ئىبارەت مۇكاپات ۋە جازا كۈنىدە، ھەربىر ئىنسان تېگىشلىك بولغان

مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى ئېلىشى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ياخشىلىقتىن ۋە يامانلىقتىن قىلغان بارلىق ئەمەللىرىنىڭ ئۇنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. يامان ئىش قىلغان ئادەم ئۆزى بىلەن يامان ئىشلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇزۇن بىر ۋاقىتنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭا سىلەر بۇ كۈن ئۈچۈن ئۇبدان تەييارلىق قىلىڭلار، قەھر قىلغۇچى ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قورقۇڭلار. گەرچە ئاللاھنىڭ ئازابى شۇنداق قاتتىق بولسىمۇ، يەنىلا بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

قُلْ إِن كُنتُمْ تُحِبُّونَ ٱللَّهَ فَٱتَّبِعُونِى يُحْبِبْكُمُ ٱللَّهُ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ ۗ وَٱللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٣١﴾

31 - ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئاللاھنى راستتىنلا ياخشى كۆرسەڭلار ماڭا ئەگىشىڭلار، چىن دىلىڭلاردىن ماڭا ئىمان ئېيتىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ مۇئمىن بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر». (بۇ ئايەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى قىلىپ، توسقانلىرىنى تاشلاپ، ئۇنىڭغا ئەمەلىي رەۋىشتە ئەگەشمەي تۇرۇپ، ئۇنى ياخشى كۆرىمەن دەۋالىدىغان ھەرقانداق يالغانچىنى پاش قىلىدىغان ئايەتتۇر).

قُلْ أَطِيعُوا۟ ٱللَّهَ وَٱلرَّسُولَ ۖ فَإِن تَوَلَّوْا۟ فَإِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٣٢﴾

32 - ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، «ئاللاھنىڭ كىتابىغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلىش ئارقىلىق پەيغەمبەرگە ئەگىشىڭلار». ئەگەر ئۇلار ساڭا ئەگىشىشتىن باش تارتسا ۋە ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىلىقى ۋە ئازغۇنلۇقىدا قېلىشتا چىڭ تۇرۇۋالسا، بىلگىنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە لايىق ئەمەستۇر. چۈنكى ئاللاھ مۇنداق كاپىرلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

۞ إِنَّ ٱللَّهَ ٱصْطَفَىٰٓ ءَادَمَ وَنُوحًا وَءَالَ إِبْرَٰهِيمَ وَءَالَ عِمْرَٰنَ عَلَى ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٣٣﴾

33 - شەكسىزكى، ئاللاھ ئادەمنى، نۇھنى، ئىبراھىم ئەۋلادىنى، ئىمران ئەۋلادىنى تاللىدى ۋە ئۇلارنى ئۆز زامانىسىدىكى جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلدى.

ذُرِّيَّةًۢ بَعْضُهَا مِنۢ بَعْضٍ ۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٣٤﴾

34 - ئاشۇ پەيغەمبەرلەر ئاللاھقا ئىخلاس قىلىشتا، ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىشىنىشتىن ئىبارەت تەۋھىد ئەقىدىسىدە ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتا زەنجىرسىمان كەلگەن پاك زاتلاردۇر. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ۋە دۇئالىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئاللاھ ئۇلارغا ئەمەللىرىگە قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

إِذْ قَالَتِ ٱمْرَأَتُ عِمْرَٰنَ رَبِّ إِنِّى نَذَرْتُ لَكَ مَا فِى بَطْنِى مُحَرَّرًا فَتَقَبَّلْ مِنِّىٓ ۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٣٥﴾

35 - ئى پەيغەمبەر! ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ ياكى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ بىلجىرلايدىغان كاپىرلارغا رەددىيە بېرىشىڭ ئۈچۈن، مەريەم، ئۇنىڭ ئانىسى ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى قىسسىنى بايان قىلغىن. ئۆز ۋاقتىدا ئىمراننىڭ ئايالى مەريەمگە ھامىلىدار بولغاندا: «ئى رەببىم! مەن قورسىقىمدىكى پەرزەنتىمنى ساڭا خالىس قىلىپ بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ئاتىدىم، بۇنى مەندىن قوبۇل قىلغىن. سەن ھەققەتەن دۇئايىمنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، نىيىتىمنى بىلىپ تۇرغۇچىسەن» دېگەن

ئىدى.

فَلَمَّا وَضَعَتْهَا قَالَتْ رَبِّ إِنِّي وَضَعْتُهَآ أُنثَىٰ وَٱللَّهُ أَعْلَمُ بِمَا وَضَعَتْ وَلَيْسَ ٱلذَّكَرُ كَٱلْأُنثَىٰ ۖ وَإِنِّي سَمَّيْتُهَا مَرْيَمَ وَإِنِّيٓ أُعِيذُهَا بِكَ وَذُرِّيَّتَهَا مِنَ ٱلشَّيْطَٰنِ ٱلرَّجِيمِ ﴿٣٦﴾

36 - ئۇ هامىلدارلىقى ئاخىرلىشىپ قىز بوۋىقىنى تۇغقان ۋاقتىدا: «ئى رەببىم! مەن قىز تۇغۇپ قالدىم، - هالبۇكى، ئۇنىڭ نېمە تۇغقانلىقىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ - ، بۇ بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ خىزمىتىگە يارىمايدۇ، مەن تەلەپ قىلغان ئوغۇل بۇ قىز بىلەن ئوخشاش ئەمەس، چۈنكى ئوغۇل دېگەن كۈچلۈك ۋە خىزمەتكە ياراملىق بولىدۇ، مەن ئۇنىڭغا مەريەم[1] دەپ ئات قويدۇم، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ساڭا سىغىنىپ، قوغلاندى شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېدى.

فَتَقَبَّلَهَا رَبُّهَا بِقَبُولٍ حَسَنٍ وَأَنۢبَتَهَا نَبَاتًا حَسَنًا وَكَفَّلَهَا زَكَرِيَّا ۖ كُلَّمَا دَخَلَ عَلَيْهَا زَكَرِيَّا ٱلْمِحْرَابَ وَجَدَ عِندَهَا رِزْقًا ۖ قَالَ يَٰمَرْيَمُ أَنَّىٰ لَكِ هَٰذَا ۖ قَالَتْ هُوَ مِنْ عِندِ ٱللَّهِ ۖ إِنَّ ٱللَّهَ يَرْزُقُ مَن يَشَآءُ بِغَيْرِ حِسَابٍ ﴿٣٧﴾

37 - ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى، ئۇنىڭ قىلغان نەزرىنى گۈزەل بىر رەۋىشتە قوبۇل قىلدى، ئۇنىڭ قىزى مەريەمنىڭ تەربىيەسىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنى ئوبدان ئۆستۈردى، ئۇنى تەربىيەلەشنى زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامغا تاپشۇردى. زەكەرىييا ھەر قېتىم مەريەمنىڭ ئىبادەتگاھىغا كىرسە، ئۇنىڭ يېنىدا يېمەكلىك ئۇچرىتاتتى. ئۇ: «ئى مەريەم! بۇ ساڭا قەيەردىن كەلدى؟» دەيتتى، مەريەم: «بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلدى. شەكسىزكى، ئاللاھ خالىغان ئادەمگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ» دەيتتى.

هُنَالِكَ دَعَا زَكَرِيَّا رَبَّهُۥ ۖ قَالَ رَبِّ هَبْ لِي مِن لَّدُنكَ ذُرِّيَّةً طَيِّبَةً ۖ إِنَّكَ سَمِيعُ ٱلدُّعَآءِ ﴿٣٨﴾

38 - زەكەرىييا ئاللاھنىڭ مەريەمگە ئاتا قىلغان رىزقىنى ۋە پەزل - كەرەمىنى كۆرۈپ، ئاللاھقا يۈزلەندى ۋە : «ئى رەببىم! ماڭا ئۆز پەزلىڭدىن ياخشى بىر پەرزەنت ئاتا قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن» دەپ ئىلتىجا قىلدى.

فَنَادَتْهُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ وَهُوَ قَآئِمٌ يُصَلِّي فِي ٱلْمِحْرَابِ أَنَّ ٱللَّهَ يُبَشِّرُكَ بِيَحْيَىٰ مُصَدِّقًۢا بِكَلِمَةٍ مِّنَ ٱللَّهِ وَسَيِّدًا وَحَصُورًا وَنَبِيًّا مِّنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٣٩﴾

39 - زەكەرىييا ناماز گاھىدا ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىپ تۇرۇۋاتقان پەيتتە، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا نىدا قىلىپ: «ئاللاھ ساڭا سېنى خۇش قىلىدىغان بىر خەۋەر بېرىدۇكى، سېنىڭ يەھيا ئىسىملىك بىر پەرزەنتىڭ بولىدۇ، ئۇ ئاللاھنىڭ ‹بول!› دېگەن كەلىمىسىدىن تۆرەلگەن ئىيسانى ئېتىراپ قىلىدىغان، قەۋمى ئىچىدە يۇقىرى ئىززەت - ئابرۇيلۇق، نەپسى خاھىشىغا بېرىلمەيدىغان، گۇناھتىن يىراق تۇرىدىغان، يولباشچى، ياخشىلىقتا كامالىغا يەتكەن، تەقۋادار ۋە ياخشىلار قاتارىدىكى پەيغەمبەرلەردىن بولىدۇ» دېدى.

قَالَ رَبِّ أَنَّىٰ يَكُونُ لِي غُلَٰمٌ وَقَدْ بَلَغَنِيَ ٱلْكِبَرُ وَٱمْرَأَتِي عَاقِرٌ ۖ قَالَ كَذَٰلِكَ ٱللَّهُ يَفْعَلُ مَا يَشَآءُ ﴿٤٠﴾

---

[1] مەريەم ـ ئىبرانى تىلىدا «ئاللاھنىڭ خىزمەتكارى» دېگەن مەنىدە.

40 - زەكەرىييا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق خۇشاللىقتىن ھاياجانلىنىپ: «ئى رەببىم! مەن قېرىلىقنىڭ چېكىگە يېتىپ قالغان تۇرسام، ئايالىم تۇغماس تۇرسا، قانداقمۇ مېنىڭ ئوغلۇم بولسۇن؟!» دېدى. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «ئاللاھ ئاشۇنداق ئادەتتىن تاشقىرى ئاجايىپ ئىشلاردىن خالىغىنىنى قىلىدۇ» دېدى.

قَالَ رَبِّ ٱجْعَل لِّيٓ ءَايَةً ۖ قَالَ ءَايَتُكَ أَلَّا تُكَلِّمَ ٱلنَّاسَ ثَلَٰثَةَ أَيَّامٍ إِلَّا رَمْزًا ۗ وَٱذْكُر رَّبَّكَ كَثِيرًا وَسَبِّحْ بِٱلْعَشِيِّ وَٱلْإِبْكَٰرِ ﴿٤١﴾

41 - زەكەرىييا: «ئى رەببىم! خۇشاللىققا ئېرىشىشىم ئۈچۈن ماڭا ئايالىمنىڭ مەندىن ھامىلىدار بولغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىرەر ئالامەت ئاتا قىلغىن» دېدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا: «ساڭا بېرىلىدىغان بەلگە شۇكى، سەن ھەرقانداق بىر ئىللەتتىن ساق تۇرۇقلۇق، ئۈچ كۈنگىچە كىشىلەرگە گەپ قىلالمايسەن، پەقەت ئىشارەتلا قىلىسەن. بۇ مۇددەت ئىچىدە رەببىڭنى كۆپ ياد ئەتكىن، كەچقۇرۇنلۇقى ۋە ئەتىگەنلىك ۋاقىتلىرىدا ناماز ئوقۇغىن ۋە كۆپ تەسبىھ ئېيتقىن» دېدى.

وَإِذْ قَالَتِ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ يَٰمَرْيَمُ إِنَّ ٱللَّهَ ٱصْطَفَىٰكِ وَطَهَّرَكِ وَٱصْطَفَىٰكِ عَلَىٰ نِسَآءِ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٤٢﴾

42 - ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەر ئېيتتى: «ئى مەريەم! ئاللاھ ھەقىقەتەن سېنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشىڭ ئۈچۈن تاللىدى، سېنى بارچە رەزىل ئىللەتلەردىن پاك قىلدى، سېنى زامانىڭدىكى پۈتۈن دۇنيا ئاياللىرىدىن ئەۋزەل قىلدى.

يَٰمَرْيَمُ ٱقْنُتِي لِرَبِّكِ وَٱسْجُدِي وَٱرْكَعِي مَعَ ٱلرَّٰكِعِينَ ﴿٤٣﴾

43 - ئى مەريەم! رەببىڭگە تائەت - ئىبادەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرغىن، رەببىڭنىڭ ساڭا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغان ھالدا، ئۇنىڭغا كامالىي ئىخلاس ۋە كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلغىن، سەجدە قىلغىن ۋە رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلغىن».

ذَٰلِكَ مِنْ أَنۢبَآءِ ٱلْغَيْبِ نُوحِيهِ إِلَيْكَ ۚ وَمَا كُنتَ لَدَيْهِمْ إِذْ يُلْقُونَ أَقْلَٰمَهُمْ أَيُّهُمْ يَكْفُلُ مَرْيَمَ وَمَا كُنتَ لَدَيْهِمْ إِذْ يَخْتَصِمُونَ ﴿٤٤﴾

44 - ئى پەيغەمبەر! ساڭا ئېيتىپ بېرىلىۋاتقان بۇ قىسسىلەر بىز ساڭا ۋەھيى قىلىۋاتقان غەيب خەۋەرلىرىدىندۇر. چۈنكى ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار مەريەمنى ئۆز كاپالىتىگە ئېلىشنى تالىشىپ جېدەللەشكەن ۋە تالاش - تارتىشنى چەك تاشلاش ئارقىلىق ھەل قىلىشقا كېلىشىپ قەلەملىرىنى سۇغا تاشلىغان ۋە چەك زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامغا چىقىپ، مەريەمنى ئۆز كاپالىتىگە ئېلىشتا ئۇتۇپ چىققان چاغدا، سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ.

إِذْ قَالَتِ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ يَٰمَرْيَمُ إِنَّ ٱللَّهَ يُبَشِّرُكِ بِكَلِمَةٍ مِّنْهُ ٱسْمُهُ ٱلْمَسِيحُ عِيسَى ٱبْنُ مَرْيَمَ وَجِيهًا فِى ٱلدُّنْيَا وَٱلْءَاخِرَةِ وَمِنَ ٱلْمُقَرَّبِينَ ﴿٤٥﴾ وَيُكَلِّمُ ٱلنَّاسَ فِى ٱلْمَهْدِ وَكَهْلًا وَمِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٤٦﴾

45 - 46 - ئى پەيغەمبەر! ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەر مەريەمگە: «ئى مەريەم! ئاللاھ ساڭا ئۆزىنىڭ ‹بول!› دېگەن كەلىمىسى ئارقىلىق تۆرىلىدىغان بىر پەرزەنت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئىسمى مەسىھ مەريەم ئوغلى ئىيسادۇر، ئۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ئابرۇيلۇق ۋە قىيامەت كۈنى ئاللاھقا يېقىن كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن بولىدۇ. ئۇ گەپ قىلىدىغان يېشىغا يېتىشتىن بۇرۇنقى بوۋاق چېغىدىمۇ، چوڭ بولۇپ قورامىغا يەتكەن

چىقىدىمۇ، ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھيىگە ئاساسلىنىپ، پەيغەمبەرگە خاس ئۇسۇل بىلەن كىشىلەرنى ئاللاھقا دەۋەت قىلىپ سۆزلەيدۇ، سۆزىدە ۋە ئەمەلىيىتىدە ئۈلگىلىك ۋە پەزىلەتلىك زاتلار قاتارىدىن بولىدۇ» دېگەن چاغدا، سەن ئۇ يەردە يوق ئىدىڭ.

قَالَتْ رَبِّ أَنَّىٰ يَكُونُ لِي وَلَدٌ وَلَمْ يَمْسَسْنِي بَشَرٌ ۖ قَالَ كَذَٰلِكِ ٱللَّهُ يَخْلُقُ مَا يَشَآءُ ۚ إِذَا قَضَىٰٓ أَمْرًا فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ﴿٤٧﴾

47 - مەريەم بۇ ئىشقا ئەجەبلىنىپ: «مەن ياتلىق بولمىغان تۇرسام ياكى بۇزۇقچىلىق قىلمىغان تۇرسام، مېنىڭ قانداق بالام بولىدۇ؟» دېدى، پەرىشتە ئۇنىڭغا: «بۇ ئىش ئاللاھقا قىيىن ئەمەس، چۈنكى ئاللاھ خالىغان نەرسىنى يارىتىدىغان، ھەممىگە قادىر ئىلاھتۇر، ئۇ قانداقلا بىر نەرسىنى ياراتماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ‹بول› ! دەيدۇ - دە، ئۇ دەرھال بولىدۇ» دېدى.

وَيُعَلِّمُهُ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْحِكْمَةَ وَٱلتَّوْرَىٰةَ وَٱلْإِنجِيلَ ﴿٤٨﴾

48 - ئاللاھ ئۇنىڭغا خەت يېزىشنى، گەپ - سۆزدە ۋە ئىش - ھەرىكەتتە دانالىقنى، تەۋراتنى ۋە ئىنجىلنى ئۆگىتىدۇ.

وَرَسُولًا إِلَىٰ بَنِيٓ إِسْرَٰٓءِيلَ أَنِّي قَدْ جِئْتُكُم بِـَٔايَةٍ مِّن رَّبِّكُمْ أَنِّيٓ أَخْلُقُ لَكُم مِّنَ ٱلطِّينِ كَهَيْـَٔةِ ٱلطَّيْرِ فَأَنفُخُ فِيهِ فَيَكُونُ طَيْرًۢا بِإِذْنِ ٱللَّهِ ۖ وَأُبْرِئُ ٱلْأَكْمَهَ وَٱلْأَبْرَصَ وَأُحْيِ ٱلْمَوْتَىٰ بِإِذْنِ ٱللَّهِ ۖ وَأُنَبِّئُكُم بِمَا تَأْكُلُونَ وَمَا تَدَّخِرُونَ فِي بُيُوتِكُمْ ۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَءَايَةً لَّكُمْ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿٤٩﴾

49 - ئۇنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدۇ، ئۇ ئۇلارغا: « شەكسىزكى، مەن سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن مېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم، ئۇ مۆجىزە شۇكى، مەن سىلەر ئۈچۈن لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدەك بىر نەرسە ياسايمەن، ئاندىن ئۇنىڭغا پۈۋلەيمەن - دە، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۇ ھەقىقىي بىر قۇش بولىدۇ. يەنە ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن تۇغما كورنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتىمەن، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمەن، سىلەر ئۆيۈڭلاردا يەۋاتقان ۋە ساقلاۋاتقان يېمەكلىكلەردىن خەۋەر بېرىمەن. شەكسىزكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھ نازىل قىلغان ئالامەت ۋە دەلىل - ئىسپاتلارغا ئىشىنىدىغان بولساڭلار، ئىنسانىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان بۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلاردا، ئەلۋەتتە مېنىڭ راستتىنلا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل - ئىسپاتلار بار.

وَمُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيَّ مِنَ ٱلتَّوْرَىٰةِ وَلِأُحِلَّ لَكُم بَعْضَ ٱلَّذِي حُرِّمَ عَلَيْكُمْ ۚ وَجِئْتُكُم بِـَٔايَةٍ مِّن رَّبِّكُمْ فَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ﴿٥٠﴾

50 - مەن تەۋراتتىكى ھەقىقەتلەرنى تەستىقلىغان ھالدا كەلدىم، ئىلگىرى ئاللاھ سىلەرگە ھارام قىلغان بەزى نەرسىلەرنى ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە يېنىكلىتىش ئەمرى بىلەن ھالال قىلىش ئۈچۈن كەلدىم. مەن سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن يەتكۈزگەن سۆزۈمنىڭ راست ئىكەنلىكىگە دەلىل ئېلىپ كەلدىم. شۇڭا سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار، مېنىڭ ئەمرىمگە خىلاپلىق قىلماڭلار ۋە مەن ئاللاھتىن سىلەرگە يەتكۈزگەن ئىشلاردا ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار.

إِنَّ ٱللَّهَ رَبِّي وَرَبُّكُمْ فَٱعْبُدُوهُ ۗ هَٰذَا صِرَٰطٌ مُّسْتَقِيمٌ ﴿٥١﴾

51 - شەكسىزكى، مەن سىلەرنى دەۋەت قىلىۋاتقان ئاللاھ بىردۇر، ئۇ مېنىڭمۇ رەببىمدۇر،

سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر. شۇڭا سىلەر ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىشتا ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتا مەن ۋە سىلەر ئوخشاشمىز، بۇ ھېچبىر قىڭغىرلىقى بولمىغان توپتوغرا يولدۇر».

﴿فَلَمَّآ أَحَسَّ عِيسَىٰ مِنۡهُمُ ٱلۡكُفۡرَ قَالَ مَنۡ أَنصَارِيٓ إِلَى ٱللَّهِۖ قَالَ ٱلۡحَوَارِيُّونَ نَحۡنُ أَنصَارُ ٱللَّهِ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَٱشۡهَدۡ بِأَنَّا مُسۡلِمُونَ ﴿٥٢﴾﴾

52 - ئىيسا ئۇلارنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى سەزگەن چاغدا، ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىچىدىكى ئىخلاسمەن كىشىلەرگە نىدا قىلىپ: «ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش يولىدا ماڭا كىملەر ياردەمچى بولىدۇ؟» دېدى. ئۇ ئىخلاسمەن كىشىلەر ئېيتتى: «بىز ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بەرگۈچىلەرمىز ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭغا دەۋەت قىلغۇچىلارمىز، بىز ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق، ساڭا ئەگەشتۇق. گۇۋاھ بولغىنكى، بىز شەكسىز مۇسۇلمانلارمىز (يەنى ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز) ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىلارمىز».

﴿رَبَّنَآ ءَامَنَّا بِمَآ أَنزَلۡتَ وَٱتَّبَعۡنَا ٱلرَّسُولَ فَٱكۡتُبۡنَا مَعَ ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿٥٣﴾﴾

53 - ئى رەببىمىز! سەن نازىل قىلغان ئىنجىلغا ئىمان كەلتۈردۇق، پەيغەمبىرىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشتۇق. بىزنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتىدىن ئىبارەت سېنىڭ بىرلىكىڭگە ۋە پەيغەمبەرلىرىڭنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرنىڭ قاتارىدا قىلغىن، چۈنكى ئۇلار بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەق دىنىنى ئۆز ئۈممەتلىرىگە يەتكۈزگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ».

﴿وَمَكَرُواْ وَمَكَرَ ٱللَّهُۖ وَٱللَّهُ خَيۡرُ ٱلۡمَٰكِرِينَ ﴿٥٤﴾﴾

54 - ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىكى كاپىرلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سۇيىقەست پىلانلاپ، ئۇنى ھىيلە - مىكىر بىلەن ئۆلتۈرۈشنى بىرسىگە تاپشۇردى. ئاللاھ ئىيسانى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا يول باشلاپ ماڭغان ئادەمنى ئىيساغا ئوخشىتىپ قويدى، ئاندىن ئۇلار ئۇ ئادەمنى تۇتۇۋالدى ۋە ئۇنى ئىيسا دەپ ئويلاپ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈردى. ئاللاھ تۇزاق قۇرغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر (يەنى تۇزاق قۇرغۇچىلارنىڭ ۋە ھىيلە - مىكىر ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ تۇزاقلىرىنى ۋە ھىيلە-مىكىرلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تەدبىر بىلەن بەربات قىلغۇچىدۇر. (بۇ ئايەت ئاللاھنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ۋە كامالىتىگە لايىق شەكىلدە تۇزاق قۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ).

﴿إِذۡ قَالَ ٱللَّهُ يَٰعِيسَىٰٓ إِنِّي مُتَوَفِّيكَ وَرَافِعُكَ إِلَيَّ وَمُطَهِّرُكَ مِنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَجَاعِلُ ٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُوكَ فَوۡقَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِۖ ثُمَّ إِلَيَّ مَرۡجِعُكُمۡ فَأَحۡكُمُ بَيۡنَكُمۡ فِيمَا كُنتُمۡ فِيهِ تَخۡتَلِفُونَ ﴿٥٥﴾﴾

55 - ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ ئىيساغا مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئى ئىيسا! ساڭا قىلچە يامانلىق يەتمەستىن، مەن سېنى زېمىندىن ئېلىپ كېتىمەن، سېنى ئۆز دەرگاھىمغا جىسمىڭ ۋە روھىڭ بىلەن بىرلىكتە كۆتۈرىمەن، سېنى كاپىرلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتقۇزىمەن. ساڭا ئەگەشكەنلەرنى(يەنى سېنىڭ دىنىڭغا ۋە سەن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق ئاللاھ تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن بېشارەتلەرگە ئىشىنىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدىغان، ئۇنىڭ شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەرنى) سېنى ئىنكار قىلغان كاپىرلاردىن تا قىيامەتكىچە ئۈستۈن

قىلمەن. ئاندىن ھەممىڭلار مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر. شۇ چاغدا، سىلەر ئىسا توغرۇلۇق ئىختىلاپ قىلىشقان ئىشلار ئۈستىدە ئاراڭلاردا مەن ھۆكۈم چىقىرىمەن.

فَأَمَّا ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَأُعَذِّبُهُمْ عَذَابًا شَدِيدًا فِي ٱلدُّنْيَا وَٱلْأٓخِرَةِ وَمَا لَهُم مِّن نَّٰصِرِينَ ﴿٥٦﴾

56 - يەھۇدىيلار ئىچىدىكى ئىيسانى ئىنكار قىلغانلارنى، خىرىستىيانلار ئىچىدىن ئۇنى ئىلاھ قىلىۋالغانلارنى دۇنيادا ئۆلتۈرۈش، مال - مۈلۈكىدىن ئايرىۋېتىش، سەلتەنىتىنى يوق قىلىش بىلەن، ئاخىرەتتە بولسا قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايمەن، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان ھېچبىر مەدەتكار چىقمايدۇ».

وَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فَيُوَفِّيهِمْ أُجُورَهُمْۗ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٥٧﴾

57 - ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتلىرىنى قىلچە كېمەيتمەستىن تولۇق بېرىدۇ. ئاللاھ كۇفرىنى ۋە شېرىكنى تاللاش بىلەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

ذَٰلِكَ نَتْلُوهُ عَلَيْكَ مِنَ ٱلْأٓيَٰتِ وَٱلذِّكْرِ ٱلْحَكِيمِ ﴿٥٨﴾

58 - (ئى پەيغەمبەر!) ئىيسا توغرۇلۇق ساڭا بىز ئوقۇپ بېرىۋاتقان بۇ ئايەتلەر سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى ۋە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىپ بېرىدىغان بۇ ھېكمەتلىك قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەرنىڭ قاتارىدىندۇر.

إِنَّ مَثَلَ عِيسَىٰ عِندَ ٱللَّهِ كَمَثَلِ ءَادَمَۖ خَلَقَهُۥ مِن تُرَابٍ ثُمَّ قَالَ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ﴿٥٩﴾

59 - ئاللاھنىڭ ئىيسانى ئاتىسىز ياراتقانلىقى ئۇنىڭ ئادەمنى ئاتىسىز ۋە ئانىسىز ياراتقانلىقىغا ئوخشاشتۇر. ئاللاھ ئادەمنى تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: «ئىنسان بول!» دېدى - دە، دەرھال ئىنسان بولدى. ئىيسانى ئاتىسىز دۇنياغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئىلاھ دېيىلىش ئۇيئۇچۇق سەپسەتىدۇر. چۈنكى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاتىسىز ۋە ئانىسىز يارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىنى ھەممە بىردەك قوبۇل قىلغاندۇر.

ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّكَ فَلَا تَكُن مِّنَ ٱلْمُمْتَرِينَ ﴿٦٠﴾

60 - ئى پەيغەمبەر! ئىيسا ھەققىدە رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا كەلگەن شەكسىز ھەقىقەت مۇشۇدۇر. شۇڭا سەن بۇ ئېتىقادىڭدا چىڭ تۇرغىن، ھەرگىز شەك قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن. (بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇشقا ئۈندەش ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇش كۆزدە تۇتۇلغان).

فَمَنْ حَآجَّكَ فِيهِ مِنۢ بَعْدِ مَا جَآءَكَ مِنَ ٱلْعِلْمِ فَقُلْ تَعَالَوْاْ نَدْعُ أَبْنَآءَنَا وَأَبْنَآءَكُمْ وَنِسَآءَنَا وَنِسَآءَكُمْ وَأَنفُسَنَا وَأَنفُسَكُمْ ثُمَّ نَبْتَهِلْ فَنَجْعَل لَّعْنَتَ ٱللَّهِ عَلَى ٱلْكَٰذِبِينَ ﴿٦١﴾

61 - ئى پەيغەمبەر! ساڭا ئىيسا توغرۇلۇق ھەقىقىي مەلۇمات كەلگەندىن كېيىن، كىمكى سەن بىلەن مۇنازىرىلەشسە، ئۇلارغا: «كېلىڭلار! بىزنىڭ ئوغۇللىرىمىزنى، سىلەرنىڭ ئوغۇللىرىڭلارنى، بىزنىڭ ئاياللىرىمىزنى، سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلارنى چاقىرايلى، ئۆزىمىزمۇ كېلەيلى، ئاندىن ئاللاھنىڭ لەنىتى ۋە جازاسى ھەقىقەتنى قوبۇل قىلمىغان يالغانچىلارغا بولسۇن، دەپ ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلايلى» دېگىن.

إِنَّ هَٰذَا لَهُوَ ٱلْقَصَصُ ٱلْحَقُّۚ وَمَا مِنْ إِلَٰهٍ إِلَّا ٱللَّهُۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٦٢﴾

62 - ئى پەيغەمبەر! ئىيسا توغرىسىدا مەن ساڭا بىلدۈرگەن بۇ قىسسە راستلىقتا قىلچە

شەك بولمىغان ھەقىقىي قىسسىدۇر. بىر ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ پادىشاھلىقىدا ھەقىقەتەن غالىبتۇر، بارلىق تەدبىرلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

فَإِن تَوَلَّوۡاْ فَإِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمُۢ بِٱلۡمُفۡسِدِينَ ﴿٦٣﴾

63 - ئەگەر ئۇلار ساڭا ئىمان ئېيتىشتىن ۋە ساڭا ئەگىشىشتىن يۈز ئۆرۈسە، شەكسىزكى، ئۇلار بۇزغۇنچىلاردۇر، ئاللاھ بۇنداق بۇزغۇنچىلارنى ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرىدۇ، شۇنىڭغا ئاساسەن جازا - مۇكاپات بېرىدۇ.

قُلۡ يَٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ تَعَالَوۡاْ إِلَىٰ كَلِمَةٖ سَوَآءِۭ بَيۡنَنَا وَبَيۡنَكُمۡ أَلَّا نَعۡبُدَ إِلَّا ٱللَّهَ وَلَا نُشۡرِكَ بِهِۦ شَيۡـٔٗا وَلَا يَتَّخِذَ بَعۡضُنَا بَعۡضًا أَرۡبَابٗا مِّن دُونِ ٱللَّهِۚ فَإِن تَوَلَّوۡاْ فَقُولُواْ ٱشۡهَدُواْ بِأَنَّا مُسۡلِمُونَ ﴿٦٤﴾

64 - ئى پەيغەمبەر! يەھۇدىيلاردىن ۋە خىرىستىيانلاردىن ئىبارەت بارلىق ئەھلى كىتابقا: «ئى ئەھلى كىتاب! پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرگە بۇتلارغا ۋە ھەرقانداق مەخلۇققا چوقۇنماسلىق، ئاللاھنى قويۇپ بىر - بىرىمىزگە ئىتائەت قىلماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان كەلىمە (تەۋھىد)گە كېلىڭلار» دېگىن. ئەگەر ئۇلار مۇشۇ گۈزەل دەۋەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتسا، ئى مۇئمىنلەر! ئۇلارغا دەڭلاركى، «ئۇنداقتا، سىلەر بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە، رەببىمىزگە ئىبادەت ۋە ئىخلاس بىلەن ئىتائەت قىلغۇچى ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار». (ئورتاق كەلىمەگە دەۋەت قىلىش يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارغا قارىتىلغاندەك، ئۇلارغا ئوخشىغان كاپىرلارنىڭ ھەممىسىگە قارىتىلغاندۇر).

يَٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ لِمَ تُحَآجُّونَ فِيٓ إِبۡرَٰهِيمَ وَمَآ أُنزِلَتِ ٱلتَّوۡرَىٰةُ وَٱلۡإِنجِيلُ إِلَّا مِنۢ بَعۡدِهِۦٓۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ﴿٦٥﴾

65 - ئى يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلاردىن ئىبارەت ساماۋى كىتاب ئىگىلىرى! تەۋرات بىلەن ئىنجىل پەقەت ئىبراھىمدىن كېيىن نازىل قىلىنغان تۇرسا، سىلەر قانداقمۇ ئىبراھىم بىزنىڭ دىنىمىزدا ئىدى، دەپ دەۋا قىلىسىلەر؟ يەھۇدىيلىق بىلەن خىرىستىيانلىقنىڭ ئىبراھىم ۋاپات بولۇپ بىر زاماندىن كېيىن كەلگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، «ئىبراھىم يەھۇدىي ئىدى ياكى خىرىستىيان ئىدى» دېگەن سۆزۈڭلارنىڭ خاتالىقىنى چۈشەنمەمسىلەر؟

هَٰٓأَنتُمۡ هَٰٓؤُلَآءِ حَٰجَجۡتُمۡ فِيمَا لَكُم بِهِۦ عِلۡمٞ فَلِمَ تُحَآجُّونَ فِيمَا لَيۡسَ لَكُم بِهِۦ عِلۡمٞۚ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ وَأَنتُمۡ لَا تَعۡلَمُونَ ﴿٦٦﴾

66 - ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇنازىرىلەشكەنلەر! سىلەر شۇنداق كىشىلەر ئىكەنسىلەركى، دىنىڭلار توغرۇلۇق ئۆزۈڭلار بىلىدىغان ۋە كىتابىڭلاردا ھەق دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان نەرسىلەر توغرىسىدا مۇنازىرىلەشتىڭلار، ئەمدى سىلەر ئىبراھىم توغرىسىدا، يەنى، ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسە توغرىسىدا نېمىشقا مۇنازىرىلىشىسىلەر؟ ئاللاھ ئىشلارنىڭ يوشۇرۇن تەرەپلىرىنى بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر.

مَا كَانَ إِبۡرَٰهِيمُ يَهُودِيّٗا وَلَا نَصۡرَانِيّٗا وَلَٰكِن كَانَ حَنِيفٗا مُّسۡلِمٗا وَمَا كَانَ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ﴿٦٧﴾

67 - ئىبراھىم يەھۇدىيمۇ ئەمەس، خىرىستىيانمۇ ئەمەس ئىدى، يەھۇدىيلىق بىلەن

خرىستىيانلىق پەقەت ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن پەيدا بولغان، ئىبراھىم ئاللاھنىڭ
ئەمرىگە ئىتائەت قىلىدىغان بىر مۇسۇلمان ئىدى، مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى.

إِنَّ أَوْلَى ٱلنَّاسِ بِإِبْرَٰهِيمَ لَلَّذِينَ ٱتَّبَعُوهُ وَهَٰذَا ٱلنَّبِيُّ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ۗ وَٱللَّهُ وَلِىُّ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٦٨﴾

68 - شەكسىزكى، ئۆزىنى ئىبراھىمغا مەنسۇپ قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىمان
كەلتۈرگەن، ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشكەنلەردۇر، بۇ پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)
ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلاردۇر. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان ۋە شەرىئىتىگە ئەگەشكەن
كىشىلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر.

وَدَّت طَّآئِفَةٌ مِّنْ أَهْلِ ٱلْكِتَٰبِ لَوْ يُضِلُّونَكُمْ وَمَا يُضِلُّونَ إِلَّآ أَنفُسَهُمْ وَمَا يَشْعُرُونَ ﴿٦٩﴾

69 - ئى مۇسۇلمانلار! يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر سىلەرنى
ئىسلامدىن ئازدۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۆزلىرىنى ۋە ئۆزلىرىگە
ئەگەشكەنلەرنىلا ئازدۇرالايدۇ، ئۇلار بولسا بۇنى بىلمەيدۇ ۋە تۇيمايدۇ.

يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ لِمَ تَكْفُرُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَأَنتُمْ تَشْهَدُونَ ﴿٧٠﴾

70 - ئى تەۋرات بىلەن ئىنجىلدىن ئىبارەت ساماۋى كىتاب ئىگىلىرى! سىلەر نېمە ئۈچۈن ئۆز
كىتابلىرىڭلاردىكى ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەرنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ ئۇنىڭدا مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا كەلگەن دىنىنىڭ ھەق
ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان تۇرسا، سىلەر ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولۇپ تۇرۇقلۇق، يەنە ئىنكار
يولىنى تۇتامسىلەر؟

يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ لِمَ تَلْبِسُونَ ٱلْحَقَّ بِٱلْبَٰطِلِ وَتَكْتُمُونَ ٱلْحَقَّ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٧١﴾

71 - ئى تەۋرات ۋە ئىنجىلدىن ئىبارەت ساماۋى كىتاب ئىگىلىرى! نېمە ئۈچۈن كىتابىڭلاردىكى
ھەقىقەتنى ئۆز قولۇڭلاردا ئۆزگەرتىپ يېزىۋالغان ساختا مەلۇماتلارغا ئالماشتۇرىسىلەر؟
نېمە ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ،
ئۇنىڭ كىتابىڭلاردا بايان قىلىنغان سۈپەتلىرىنى ۋە بېشارەتلەرنى يوشۇرىسىلەر؟

وَقَالَت طَّآئِفَةٌ مِّنْ أَهْلِ ٱلْكِتَٰبِ ءَامِنُوا۟ بِٱلَّذِىٓ أُنزِلَ عَلَى ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَجْهَ ٱلنَّهَارِ وَٱكْفُرُوٓا۟
ءَاخِرَهُۥ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ ﴿٧٢﴾

72 - يەھۇدىيلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر: «مۇھەممەدكە نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە ئەتىگىنى
ئىمان ئېيتىپ، كەچقۇرۇنلۇقى يېنىۋېلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، مۇئمىنلەر ئۆز دىنىدا
شەك - شۈبھىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭدىن يېنىپ كېتىشى مۇمكىن،

وَلَا تُؤْمِنُوٓا۟ إِلَّا لِمَن تَبِعَ دِينَكُمْ قُلْ إِنَّ ٱلْهُدَىٰ هُدَى ٱللَّهِ أَن يُؤْتَىٰٓ أَحَدٌ مِّثْلَ مَآ أُوتِيتُمْ أَوْ
يُحَآجُّوكُمْ عِندَ رَبِّكُمْ ۗ قُلْ إِنَّ ٱلْفَضْلَ بِيَدِ ٱللَّهِ يُؤْتِيهِ مَن يَشَآءُ ۗ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٌ ﴿٧٣﴾

73 - سىلەر دىنىڭلارغا ئەگەشكەن يەھۇدىي بولغان كىشىدىن باشقىسىغا قەتئىي ئىشەنمەڭلار»
دېدى. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «شەكسىزكى، ھىدايەت ۋە تەۋپىق ئاللاھنىڭ
توغرا ئىمانغا ھىدايەت قىلىشى ۋە مۇۋەپپەق قىلىشىدۇر». يەھۇدىيلار يەنە «سىلەر
بىلىدىغان مەلۇماتلارنى مۇسۇلمانلارغا ئاشكارا قىلماڭلار، بولمىسا ئۇلار سىلەردىن
ئۆگىنىۋېلىپ، ئىلىمدە سىلەر بىلەن باراۋەر بولۇپ قالىدۇ، ئۇلار سىلەرنىڭ
ئالدىڭلارغا ئۆتۈپ كېتىدۇ ياكى ئۇلار قىيامەت كۈنى رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەرگە

قارشى دەلىللەرنى كەلتۈرۈپ سىلەرنى يېڭىۋالىدۇ» دېيىشىدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «پەزل - كەرەم، ئاتا - ئېھسان ۋە ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ۋە باشقۇرۇشى ئاستىدىدۇر. ئاللاھ ئۇنى ئۆزىگە ۋە ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەر ئىچىدىن خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، ئاللاھنىڭ پەزل - كەرەمى كەڭ ۋە ئىلمى چەكسىزدۇر، ئاللاھنىڭ ئىلمى ۋە ئاتا - ئېھسانى ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغان بارلىق مەخلۇقاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ».

يَخۡتَصُّ بِرَحۡمَتِهِۦ مَن يَشَآءُۗ وَٱللَّهُ ذُو ٱلۡفَضۡلِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿٧٤﴾

74 - ئاللاھ پەيغەمبەرلىكنى ۋە ئەڭ مۇكەممەل شەرىئەتكە ھىدايەت قىلىشنى بەندىلىرىدىن ئۆزى خالىغان كىشىگە خاس قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەڭ مۇكەممەل شەرىئەتنى ئاتا قىلىدۇ، ئاللاھ كەڭ پەزل - كەرەم ۋە سانسىز ئاتا - ئېھسان ئىگىسىدۇر.

۞ وَمِنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ مَنۡ إِن تَأۡمَنۡهُ بِقِنطَارٖ يُؤَدِّهِۦٓ إِلَيۡكَ وَمِنۡهُم مَّنۡ إِن تَأۡمَنۡهُ بِدِينَارٖ لَّا يُؤَدِّهِۦٓ إِلَيۡكَ إِلَّا مَا دُمۡتَ عَلَيۡهِ قَآئِمٗاۗ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ قَالُواْ لَيۡسَ عَلَيۡنَا فِي ٱلۡأُمِّيِّـۧنَ سَبِيلٞ وَيَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلۡكَذِبَ وَهُمۡ يَعۡلَمُونَ ﴿٧٥﴾

75 - ئەھلى كىتابتىن بولغان يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدە كۆپ پۇل - مال ئامانەت قويساڭمۇ، ئۇنى ساڭا خىيانەت قىلماي قايتۇرۇپ بېرىدىغان كىشىلەر بار، يەنە ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر دىنار ئامانەت قويساڭمۇ، ئۇنىڭ بېشىدا تىكىلىپ تۇرمىغۇچە، ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بەرمەيدىغان خىيانەتكار ئىنسانلارمۇ بار. بۇ ئۇلاردىكى بۇزۇق ئەقىدىنىڭ سەۋەبى بىلەن بولغان بولۇپ، ئۇلار ئەرەبلەرنىڭ پۇل - مېلىنى يولسىزلىق بىلەن يەۋېلىشنى ھالال سانايدۇ. ئۇلار: «بىزنىڭ دىنىمىزدا بولمىغانلارنىڭ پۇل - مېلىغا خىيانەت قىلساق بىزگە گۇناھ بولمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ ئۇنى بىزگە ھالال قىلىپ بەرگەن» دەيدۇ. بۇ ئاللاھقا توقۇلغان ئوپئوچۇق يالغاندۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئاللاھ نامىدىن شۇنداق يالغاننى توقۇيدۇ.

بَلَىٰۚ مَنۡ أَوۡفَىٰ بِعَهۡدِهِۦ وَٱتَّقَىٰ فَإِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلۡمُتَّقِينَ ﴿٧٦﴾

76 - ئەمەلىيەت ھەرگىزمۇ ئۇ كاززابلار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس(يەنى ئۇلار باشقا دىندىكىلەرگە زۇلۇم قىلسا ئەلۋەتتە گۇناھ بولىدۇ). ھەقىقىي تەقۋادار ئادەم ئامانەتنى ئادا قىلىش، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىش، ئۇنىڭ شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ئەھدىسىگە ۋاپا قىلغان، ئاللاھتىن قورقۇپ، ئۇنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلغان، توسقانلىرىدىن يانغان كىشىدۇر. ئاللاھ كۇفرىدىن ۋە مۇشرىكلىكتىن ساقلىنىدىغان تەقۋادار كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ.

إِنَّ ٱلَّذِينَ يَشۡتَرُونَ بِعَهۡدِ ٱللَّهِ وَأَيۡمَٰنِهِمۡ ثَمَنٗا قَلِيلًا أُوْلَٰٓئِكَ لَا خَلَٰقَ لَهُمۡ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ وَلَا يُكَلِّمُهُمُ ٱللَّهُ وَلَا يَنظُرُ إِلَيۡهِمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ وَلَا يُزَكِّيهِمۡ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿٧٧﴾

77 - ئاللاھ پەيغەمبەرلىرىگە نازىل قىلغان كىتابلىرىدا بۇيرۇغان ئەمر - پەرمانلارنى ۋە ئاللاھنىڭ ئەھدىسىنى دۇنيانىڭ ئەرزىمەس مەنپەئەتلىرىدىن ئازغىنا بەدەلگە تېگىشىدىغانلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلارنىڭ ئاخىرەتتە مۇكاپاتتىن ھېچبىر نېسۋىسى بولمايدۇ، ئاللاھ ئۇلارغا ئۇلارنى خۇش قىلىدىغان بىرەر سۆزمۇ قىلمايدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلارغا رەھمەت نەزىرى بىلەنمۇ قارىمايدۇ، ئۇلارنى كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن پاكلىمايدۇ، ئۇلارغا دەرتلىك

ئازاب بار.

وَإِنَّ مِنۡهُمۡ لَفَرِيقٗا يَلۡوُۥنَ أَلۡسِنَتَهُم بِٱلۡكِتَٰبِ لِتَحۡسَبُوهُ مِنَ ٱلۡكِتَٰبِ وَمَا هُوَ مِنَ ٱلۡكِتَٰبِ وَيَقُولُونَ
هُوَ مِنۡ عِندِ ٱللَّهِ وَمَا هُوَ مِنۡ عِندِ ٱللَّهِ وَيَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلۡكَذِبَ وَهُمۡ يَعۡلَمُونَ ﴿٧٨﴾

78 - يەھۇدىيلاردىن بىر تۈركۈمى تەۋراتتا بولمىغان نەرسىلەرنى سىلەرنىڭ ئاللاھ نازىل قىلغان تەۋراتتا بار ئىكەن دەپ ئويلىشىڭلار ئۈچۈن، تىللىرىنى تولغاپ تۇرۇپ ئوقۇيدۇ، ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئورنىدىن ئۆزگەرتىۋېتىدۇ ۋە «بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن مۇساغا كەلگەن ۋەھىيدۇر» دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان ئەمەس، ئۇلار دۇنيالىق مەنپەئەتنى كۆزلەپ، ئۆزلىرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئاللاھ نامىدىن شۇنداق يالغاننى توقۇيدۇ.

مَا كَانَ لِبَشَرٍ أَن يُؤۡتِيَهُ ٱللَّهُ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡحُكۡمَ وَٱلنُّبُوَّةَ ثُمَّ يَقُولَ لِلنَّاسِ كُونُواْ عِبَادٗا لِّي مِن دُونِ
ٱللَّهِ وَلَٰكِن كُونُواْ رَبَّٰنِيِّـۧنَ بِمَا كُنتُمۡ تُعَلِّمُونَ ٱلۡكِتَٰبَ وَبِمَا كُنتُمۡ تَدۡرُسُونَ ﴿٧٩﴾

79 - ئاللاھ بىرەر ئىنسانغا كىتابنى نازىل قىلغان، ئۇنىڭغا كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىنى بەرگەن ۋە ئۇنى پەيغەمبەر قىلىپ تاللىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىشىلەرگە: «ئاللاھنى قويۇپ ماڭا ئىبادەت قىلىڭلار» دېيىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەكسىچە ئۇ: «سىلەر ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئۆگەنگەن ۋە باشقىلارغا ئۆگەتكەن ئىكەنسىلەر، فەقىھ (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تولۇق بىلگۈچى)، ئۆلىما ۋە ھۆكۈمالاردىن بولۇڭلار» دەيدۇ.

وَلَا يَأۡمُرَكُمۡ أَن تَتَّخِذُواْ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةَ وَٱلنَّبِيِّـۧنَ أَرۡبَابًاۗ أَيَأۡمُرُكُم بِٱلۡكُفۡرِ بَعۡدَ إِذۡ أَنتُم مُّسۡلِمُونَ ﴿٨٠﴾

80 - ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھېچ بىرىنىڭ سىلەرنى ئاللاھنى قويۇپ پەرىشتىلەرنى، پەيغەمبەرلەرنى ئىلاھ قىلىۋېلىپ ئۇلارغا چوقۇنۇشقا بۇيرۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئى ئىنسانلار! پەيغەمبەر سىلەرنى مۇسۇلمان بولغىنىڭلاردىن كېيىن كۇفرىلىققا بۇيرۇمدۇ؟

وَإِذۡ أَخَذَ ٱللَّهُ مِيثَٰقَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ لَمَآ ءَاتَيۡتُكُم مِّن كِتَٰبٖ وَحِكۡمَةٖ ثُمَّ جَآءَكُمۡ رَسُولٞ مُّصَدِّقٞ
لِّمَا مَعَكُمۡ لَتُؤۡمِنُنَّ بِهِۦ وَلَتَنصُرُنَّهُۥۚ قَالَ ءَأَقۡرَرۡتُمۡ وَأَخَذۡتُمۡ عَلَىٰ ذَٰلِكُمۡ إِصۡرِيۖ قَالُوٓاْ أَقۡرَرۡنَاۚ قَالَ
فَٱشۡهَدُواْ وَأَنَا۠ مَعَكُم مِّنَ ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿٨١﴾

81 - ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۇز ۋاقتىدا ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىدىن: «مەن سىلەرگە كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئاتا قىلسام، ئاندىن مەن تەرەپتىن سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىكى شۇ كىتابنى ئىسپاتلىغۇچى پەيغەمبەر (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلسە، ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتىشىڭلار ۋە چوقۇم ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك» دەپ چىن ئەھدە ئالغان ئىدى. ئاللاھ: «بۇ ئەھدەمنى ئېتىراپ قىلىپ قوبۇل قىلدىڭلارمۇ؟» دېگەندە، ئۇلار: «ئېتىراپ قىلدۇق ۋە قوبۇل قىلدۇق» دېگەن ئىدى. ئاندىن ئاللاھ: «ئۇنداقتا، بىر - بىرىڭلارغا گۇۋاھ بولۇڭلار، ئۆز ئۇممىتىڭلەرگىمۇ بۇ ھەقتە گۇۋاھ بولۇڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە سىلەرگە ۋە ئۇلارغا گۇۋاھ بولغۇچىلاردىنمەن» دېدى. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ بارلىق پەيغەمبەرلەردىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىشكە ئەھدە ئالغان بولدى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ بارلىق ئۇممەتلىرىدىنمۇ شۇنداق ئەھدە ئالغان بولدى.

فَمَن تَوَلَّىٰ بَعۡدَ ذَٰلِكَ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡفَٰسِقُونَ ﴿٨٢﴾

82 - مۇشۇ باياندىن ۋە ئاللاھ پەيغەمبەرلەردىن ئالغان مۇشۇ ئەھدە - مىساقتىن كېيىن، كىمكى ئىسلام دەۋىتىنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىدىكەن، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ دىنىدىن ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن چىقىپ كەتكەنلەردۇر.

أَفَغَيْرَ دِينِ ٱللَّهِ يَبْغُونَ وَلَهُۥٓ أَسْلَمَ مَن فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ طَوْعًا وَكَرْهًا وَإِلَيْهِ يُرْجَعُونَ ﴿٨٣﴾

83 - ئەھلى كىتابنىڭ ئىچىدىكى ئاشۇ پاسىقلار ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان ئىسلام دىنىدىن باشقا بىر دىننى تەلەپ قىلىشۋاتامدۇ؟ ھالبۇكى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەر مۇئمىنلەرگە ئوخشاش ئىختىيارىي رەۋىشتە ياكى كاپىرلارغا ئوخشاش بېشىغا قاتتىق كۈنلەر كەلگەندە ئىختىيارسىز رەۋىشتە ئاللاھقا بويسۇنىدۇ. شۇنىڭدەك، كائىناتتىكى جانلىق، جانسىز ھەر نەرسە ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىگە بويسۇنىدۇ. بارلىق مەۋجۇدات ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئۆز ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ بارلىق ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا بېرىشنىڭ خەتىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇشىدۇر.

قُلْ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَمَآ أُنزِلَ عَلَيْنَا وَمَآ أُنزِلَ عَلَىٰٓ إِبْرَٰهِيمَ وَإِسْمَٰعِيلَ وَإِسْحَٰقَ وَيَعْقُوبَ وَٱلْأَسْبَاطِ وَمَآ أُوتِىَ مُوسَىٰ وَعِيسَىٰ وَٱلنَّبِيُّونَ مِن رَّبِّهِمْ لَا نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِّنْهُمْ وَنَحْنُ لَهُۥ مُسْلِمُونَ ﴿٨٤﴾

84 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «بىز ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىمىز. بىزنىڭ ئاللاھتىن باشقا رەببىمىز يوق، ئۇنىڭدىن باشقا مەبۇدىمىز يوقتۇر. ئاللاھ بىزگە نازىل قىلغان، ئىبراھىمغا، ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ۋە ئىسھاق قاتارلىقلارغا، ئىسھاقنىڭ ئوغلى يەئقۇبقا، ئۇنىڭ نەسلىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان ۋەھىيگە، مۇساغا بېرىلگەن تەۋراتقا، ئىيساغا بېرىلگەن ئىنجىلغا، ۋە ئاللاھ باشقا پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىگە ئىمان ئېيتتۇق، ئىمان ئېيتىشتا ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز، بىز پەقەتلا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىلارمىز، ئۇنىڭ ئىلاھلىقتا، مەبۇدلۇقتا يېگانە ئىكەنلىكىگە چىن ئېتىقاد قىلىمىز، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىبادەت قىلىمىز».

وَمَن يَبْتَغِ غَيْرَ ٱلْإِسْلَٰمِ دِينًا فَلَن يُقْبَلَ مِنْهُ وَهُوَ فِى ٱلْءَاخِرَةِ مِنَ ٱلْخَٰسِرِينَ ﴿٨٥﴾

85 - كىمكى ئىسلامدىن باشقا دىننى تەلەپ قىلىدىكەن، ئۇنىڭ دىنى قەتئىي قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرىدىن مەھرۇم قېلىش بىلەن زىيان تارتىدىغانلارنىڭ قاتارىدىن بولىدۇ. ئىسلام — ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە چىن ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا بويسۇنۇش، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش، پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭ يولىغا ئەگىشىش، ئۇنى چىن دىلىدىن سۆيۈش دېگەنلىكتۇر.

كَيْفَ يَهْدِى ٱللَّهُ قَوْمًا كَفَرُوا۟ بَعْدَ إِيمَٰنِهِمْ وَشَهِدُوٓا۟ أَنَّ ٱلرَّسُولَ حَقٌّ وَجَآءَهُمُ ٱلْبَيِّنَٰتُ ۚ وَٱللَّهُ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٨٦﴾

86 - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان، ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە، ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن دەلىل - ئىسپات ۋە مۆجىزىلەرنىڭ راست ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭغا كەلگەن دىنىنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىپ كاپىر بولغان قەۋمنى ئاللاھ

قانداقمۇ ئۆزىگە ۋە پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن؟! ئاللاھ بۇنداق ئىمانىنىڭ ئورنىغا كۇفرىنى تاللىغان، ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈپ ئازغۇنلۇقنى ئۆزىگە راۋا كۆرگەن زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

أُوْلَٰٓئِكَ جَزَآؤُهُمۡ أَنَّ عَلَيۡهِمۡ لَعۡنَةَ ٱللَّهِ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ وَٱلنَّاسِ أَجۡمَعِينَ ٨٧

87 - ئاشۇ زالىملارنىڭ جازاسى ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق ئىنسانلارنىڭ لەنىتىگە ئۇچراشتۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنغان كىشىلەردۇر.

خَٰلِدِينَ فِيهَا لَا يُخَفَّفُ عَنۡهُمُ ٱلۡعَذَابُ وَلَا هُمۡ يُنظَرُونَ ٨٨

88 - ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇلاردىن ئازاب قەتئىي يەڭگىللىتىلمەيدۇ، ئازراقمۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ھېچبىر ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

إِلَّا ٱلَّذِينَ تَابُواْ مِنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَ وَأَصۡلَحُواْ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٌ ٨٩

89 - پەقەت كاپىر بولۇپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغاندىن كېيىن، سەممىي تەۋبە قىلىپ رەببىنىڭ دىنىغا قايتقان، بۇرۇن قىلغان يامان ئەمەللىرىنى تەۋبە بىلەن تۈزەتكەن كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاللاھ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا بەكمۇ مېھرىباندۇر.

141

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بَعۡدَ إِيمَٰنِهِمۡ ثُمَّ ٱزۡدَادُواْ كُفۡرٗا لَّن تُقۡبَلَ تَوۡبَتُهُمۡ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلضَّآلُّونَ ٩٠

90 - شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كاپىر بولغان ۋە شۇ كاپىرلىقنى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر داۋاملاشتۇرغانلارنىڭ سەكراتتا قىلغان تەۋبىسى ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەنە شۇلار توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن ۋە ھاياتىنى خاتالىق ئۈستىگە قۇرغانلاردۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَمَاتُواْ وَهُمۡ كُفَّارٞ فَلَن يُقۡبَلَ مِنۡ أَحَدِهِم مِّلۡءُ ٱلۡأَرۡضِ ذَهَبٗا وَلَوِ ٱفۡتَدَىٰ بِهِۦٓۗ
أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ وَمَا لَهُم مِّن نَّٰصِرِينَ ٩١

91 - شۈبھىسىزكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە تانغان ھالدا كاپىر پېتى ئۆلگەنلەر قىيامەت كۈنى ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يەر يۈزى تولغۇدەك ئالتۇن فىدىيە بەرگەن تەقدىردىمۇ، بۇ فىدىيە ئۇلارنىڭ ھېچبىرىدىن قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەنە شۇلارغا قاتتىق ئازاب بار، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان ھېچبىر مەدەتكار چىقمايدۇ.

لَن تَنَالُواْ ٱلۡبِرَّ حَتَّىٰ تُنفِقُواْ مِمَّا تُحِبُّونَۚ وَمَا تُنفِقُواْ مِن شَيۡءٖ فَإِنَّ ٱللَّهَ بِهِۦ عَلِيمٞ ٩٢

92 - سىلەر ياخشى كۆرىدىغان نەرسەڭلارنى سەدىقە قىلمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، مەيلى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، قانداقلا بىر نەرسىنى سەدىقە قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھەربىر سەدىقە قىلغۇچىغا ئەمەلىگە قاراپ مۇكاپات بەرگۈچىدۇر.

۞ كُلُّ ٱلطَّعَامِ كَانَ حِلّٗا لِّبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ إِلَّا مَا حَرَّمَ إِسۡرَٰٓءِيلُ عَلَىٰ نَفۡسِهِۦ مِن قَبۡلِ أَن تُنَزَّلَ
ٱلتَّوۡرَىٰةُۚ قُلۡ فَأۡتُواْ بِٱلتَّوۡرَىٰةِ فَٱتۡلُوهَآ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ٩٣

93 - تەۋرات چۈشۈشتىن ئىلگىرى، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام كېسەللىك سەۋەبىدىن ئۆزىگە

هارام قىلىۋالغان يېمەكلىكلەردىن باشقا پاك يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىغا ھالال ئىدى. تەۋرات نازىل قىلىنغاندىن كېيىن، ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ يولسىزلىقى ۋە كۇفرىلىقى تۈپەيلىدىن، ئاللاھ ئىلگىرى ھالال قىلىنغان بەزى يېمەكلىكلەرنى ئۇلارغا ھارام قىلىۋەتتى. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ‹يەئقۇب ئۆزىگە ھارام قىلىۋەتكەن يېمەكلىكلەرنىڭ ھاراملىقى توغرۇلۇق ئاللاھ ئايەت نازىل قىلغان› دېگەن سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، قېنى تەۋراتنى ئېلىپ كېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، تەۋرات بېرىلىشتىن ئىلگىرى ئاللاھنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىغا يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ھارام قىلىۋالغان يېمەكلىكلەردىن باشقا ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمىغانلىقى ھەققىدىكى قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ نەقەدەر راست ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسىلەر».

فَمَنِ ٱفۡتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ ٱلۡكَذِبَ مِنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٩٤﴾

94 - كىمكى تەۋراتنى ئوقۇپ، ئۆزىگە ھەقىقەت ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇيدىكەن، مۇنداقلار ئاللاھقا تۆھمەت چاپلاپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ.

قُلۡ صَدَقَ ٱللَّهُۗ فَٱتَّبِعُواْ مِلَّةَ إِبۡرَٰهِيمَ حَنِيفٗاۖ وَمَا كَانَ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ﴿٩٥﴾

95 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئاللاھ بەرگەن بارلىق خەۋەرلىرىدە ۋە نازىل قىلغان شەرىئىتىدە راست ئېيتتى، ئەگەر سىلەر راستتىنلا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا مەنسۇپ بولساڭلار ۋە ئۇنى ياخشى كۆرسەڭلار، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ئىسلام دىنىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ھەق دىنىغا ئەگىشىڭلار، چۈنكى، ئۇنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوقتۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئەقىدىسىدىمۇ، ئىبادەتلىرىدىمۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن ئەمەس ئىدى».

إِنَّ أَوَّلَ بَيۡتٖ وُضِعَ لِلنَّاسِ لَلَّذِي بِبَكَّةَ مُبَارَكٗا وَهُدٗى لِّلۡعَٰلَمِينَ ﴿٩٦﴾

96 - شەكسىزكى، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يەر يۈزىدە تۇنجى سېلىنغان ئۆي - مەككىدىكى مەسجىدى ھەرەمدۇر، بۇ ئۆي ناھايىتى بەرىكەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا قىلىنغان ئىبادەتلەرگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى، بەرىكىتى يېغىپ تۇرىدۇ، نامازدا ئۇنىڭغا يۈزلىنىشتە، ھەج ۋە ئۆمرە ئىبادەتلىرىنى شۇ جايدا ئادا قىلىشتا بارلىق ئىنسانلارغا بەرىكەت ۋە ھىدايەت بار.

فِيهِ ءَايَٰتُۢ بَيِّنَٰتٞ مَّقَامُ إِبۡرَٰهِيمَۖ وَمَن دَخَلَهُۥ كَانَ ءَامِنٗاۗ وَلِلَّهِ عَلَى ٱلنَّاسِ حِجُّ ٱلۡبَيۡتِ مَنِ ٱسۡتَطَاعَ إِلَيۡهِ سَبِيلٗاۚ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَنِيٌّ عَنِ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٩٧﴾

97 - بۇ ئۆيدە كەئبىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بىنا قىلغانلىقىغا ۋە مەسجىدى ھەرەمنى ئاللاھنىڭ ناھايىتى ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك قىلغانلىقىغا دائىر ئوپئوچۇق ئالامەتلەر باركى، ماقامى ئىبراھىم (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە كەئبىنى بىنا قىلغاندا ئۈستىگە دەسسەپ تۇرغان تاش) شۇلارنىڭ بىرىدۇر، مەسجىدى ھەرەمگە كىرگەن ئادەم خاتىرجەملىككە ئېرىشىدۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىم يامانلىق قىلالمايدۇ. قادىر بولالىغان كىشىلەرگە ئاللاھ مەسجىدى ھەرەمگە كېلىپ ھەج قىلىشنى پەرز قىلدى. كىمكى ھەج پەرزىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ كاپىر بولىدۇ، مۇنداق كىشىگە ئاللاھنىڭ ھاجىتى يوق، ئاللاھ ئۇنىڭ ۋە بارلىق ئىنسانلارنىڭ ھەجىگە ۋە ئەمەل - ئىبادەتلىرىگە ئەسلا موھتاج ئەمەس.

قُلْ يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ لِمَ تَكْفُرُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَٱللَّهُ شَهِيدٌ عَلَىٰ مَا تَعْمَلُونَ ﴿٩٨﴾

98 - ئى پەيغەمبەر! يەھۇدىيلار ۋە خرىستىيانلاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتابقا ئېيتقىنكى، «سىلەر نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دىنى ئىسلام دىنى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل - ئىسپاتلارنى ۋە كىتابىڭلاردىكى بۇنى كۈچلەندۈرىدىغان پاكىتلارنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىسىلەر؟ ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارغا گۇۋاھتۇر». (بۇ ئايەت ئەھلى كىتابقا قارىتىلغان قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

قُلْ يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ لِمَ تَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ مَنْ ءَامَنَ تَبْغُونَهَا عِوَجًا وَأَنتُمْ شُهَدَآءُ ۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ ﴿٩٩﴾

99 - ئى پەيغەمبەر! يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر (مەن دەۋەت قىلىۋاتقان) ئىسلام دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دىنىنى ئەگرى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ، ئۇ دىنغا كىرمەكچى بولغان كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن توسىسىلەر؟ ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن ھەرگىز غاپىل ئەمەس، ئاللاھ سىلەرنى بۇ قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىن چوقۇم جازالايدۇ».

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِن تُطِيعُوا۟ فَرِيقًا مِّنَ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ يَرُدُّوكُم بَعْدَ إِيمَٰنِكُمْ كَٰفِرِينَ ﴿١٠٠﴾

100 - ئى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان، ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! ئەگەر سىلەر يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلار ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرگە ئىتائەت قىلساڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئازدۇرۇۋېتىدۇ، دىنىڭلار ھەققىدە سىلەرنى شەك - شۈبھىگە چۈشۈرۈپ، سىلەر ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كاپىرلىققا قايتۇرۇۋېتىدۇ. شۇڭا سىلەر ئۇلارغا ئىشەنمەڭلار، ئۇلارنىڭ سۆزىنى تىڭشىماڭلار ۋە ھېچبىر تەكلىپىنى قوبۇل قىلماڭلار.

وَكَيْفَ تَكْفُرُونَ وَأَنتُمْ تُتْلَىٰ عَلَيْكُمْ ءَايَٰتُ ٱللَّهِ وَفِيكُمْ رَسُولُهُۥ ۗ وَمَن يَعْتَصِم بِٱللَّهِ فَقَدْ هُدِىَ إِلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿١٠١﴾

101 - ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئوقۇپ بېرىلىۋاتسا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاراڭلاردا تۇرۇپ دىنىنى يەتكۈزۈۋاتسا، سىلەر قانداقمۇ كاپىر بولۇپ كېتىسىلەر؟ كىمكى ئاللاھقا تايىنىپ، قۇرئان بىلەن سۈننەتكە چىڭ ئېسىلىدىكەن، ئۇ ئۇپئوچۇق توغرا يولغا ۋە ھەق دىنغا يېتەكلەنگەن بولىدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ حَقَّ تُقَاتِهِۦ وَلَا تَمُوتُنَّ إِلَّا وَأَنتُم مُّسْلِمُونَ ﴿١٠٢﴾

102 - ئى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! ئاللاھقا ھەقىقىي رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، بۇ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلماي ئىتائەت قىلىش، تۇزكورلۇق قىلماي شۈكۈر قىلىش ۋە ئۇنى ئۇنتۇماي ياد ئېتىش بىلەن بولىدۇ. ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئىمانىڭلار بىلەن بېرىشىڭلار ئۈچۈن، ھاياتىڭلارنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئىسلامدا مەھكەم تۇرۇڭلار.

وَٱعْتَصِمُوا۟ بِحَبْلِ ٱللَّهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا۟ ۚ وَٱذْكُرُوا۟ نِعْمَتَ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ إِذْ كُنتُمْ أَعْدَآءً فَأَلَّفَ بَيْنَ قُلُوبِكُمْ فَأَصْبَحْتُم بِنِعْمَتِهِۦٓ إِخْوَٰنًا وَكُنتُمْ عَلَىٰ شَفَا حُفْرَةٍ مِّنَ ٱلنَّارِ فَأَنقَذَكُم مِّنْهَا ۗ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمْ ءَايَٰتِهِۦ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ ﴿١٠٣﴾

103 - ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىڭلارنىڭ يولىغا مەھكەم ئېسىلىڭلار، بۆلۈنۈپ كېتىشىڭلارغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى قىلماڭلار، ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن كاتتا نېمىتىنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار. ئى مۇئمىنلەر! ئىسلامدىن ئىلگىرىكى چاغلاردا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان مۇھەببەت بىلەن بىرلەشتۈردى، دىلىڭلارغا بىر - بىرىڭلارنىڭ مۇھەببىتىنى سالدى، شۇنىڭ بىلەن سىلەر ئاللاھنىڭ پەزل - كەرەمى سايىسىدا ئۆزئارا بىر - بىرىڭلارنى ياخشى كۆرىدىغان قېرىنداش بولدۇڭلار. سىلەر دوزاخ چوڭقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە (كۇفرى ئىچىدە) ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلىپ، سىلەرنى دوزاختىن قۇتقۇزدى. ئاللاھ سىلەرگە ھەقىقىي ئىماننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەندەك، ھىدايەت تېپىشىڭلار ۋە ھېچ ئېزىپ كەتمەي، توغرا يولدا مېڭىشىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە كېرەكلىك بولغان ئىشلارنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

وَلۡتَكُن مِّنكُمۡ أُمَّةٞ يَدۡعُونَ إِلَى ٱلۡخَيۡرِ وَيَأۡمُرُونَ بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَيَنۡهَوۡنَ عَنِ ٱلۡمُنكَرِۚ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ١٠٤

104 - ئى مۇئمىنلەر! سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كىشىلەرنى خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، شەرىئەت ۋە ئەقىل چاقىرىدىغان ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، شەرىئەتتە چەكلەنگەن يامان ئىشلاردىن توسىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار نازۇنېمەتلىك جەننەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.

وَلَا تَكُونُواْ كَٱلَّذِينَ تَفَرَّقُواْ وَٱخۡتَلَفُواْ مِنۢ بَعۡدِ مَا جَآءَهُمُ ٱلۡبَيِّنَٰتُۚ وَأُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٞ ١٠٥

105 - ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئۆزلىرىگە ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرى كەلگەندىن كېيىن، ئارىسىدا ئاداۋەت، دۈشمەنلىك يۈز بەرگەنلىكتىن پىرقىلەرگە، گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ، دىنىنىڭ ئۇسۇلىدا (ئېتىقادىدا) ئىختىلاپلاشقان يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلاردەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار ئەڭ قاتتىق ۋە ئەڭ چوڭ ئازابقا تېگىشلىك بولىدۇ.

يَوۡمَ تَبۡيَضُّ وُجُوهٞ وَتَسۡوَدُّ وُجُوهٞۚ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ٱسۡوَدَّتۡ وُجُوهُهُمۡ أَكَفَرۡتُم بَعۡدَ إِيمَٰنِكُمۡ فَذُوقُواْ ٱلۡعَذَابَ بِمَا كُنتُمۡ تَكۡفُرُونَ ١٠٦

106 - قىيامەت كۈنى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلغان سائادەتمەن كىشىلەرنىڭ يۈزى ئاقىرىپ ۋە پارلاپ كېتىدۇ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغان بەختسىزلەرنىڭ يۈزى قارىداپ كېتىدۇ. يۈزى قارىداپ كەتكەنلەرگە كايىپ: «سىلەر ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن كاپىر بولدۇڭلارمۇ؟ كاپىرلىقنى ئىمان ئېيتىشتىن ئەۋزەل كۆردۈڭلارمۇ؟ كاپىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن قاتتىق ئازابنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ.

وَأَمَّا ٱلَّذِينَ ٱبۡيَضَّتۡ وُجُوهُهُمۡ فَفِي رَحۡمَةِ ٱللَّهِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ١٠٧

107 - نېمەتلەنگەنلىكتىن، ئاڭلىغان خۇش خەۋەرنىڭ شادلىقىدىن يۈزى ئاقىرىپ كەتكەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار جەننەتتە ۋە نېمەت ئىچىدە بولىدۇ، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىدۇ، ھەرگىز چىقىرىلمايدۇ.

تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱللَّهِ نَتۡلُوهَا عَلَيۡكَ بِٱلۡحَقِّۗ وَمَا ٱللَّهُ يُرِيدُ ظُلۡمٗا لِّلۡعَٰلَمِينَ ١٠٨

108 - ئى پەيغەمبەر! بۇلار ئاللاھنىڭ روشەن ئايەتلىرى ۋە كەسكىن دەلىل - ئىسپاتلىرى
بولۇپ، بۇلارنى بىز ساڭا ھەقىقەتنى بىلەن ئوقۇپ بېرىۋاتىمىز. ئاللاھ بەندىلىرىدىن
ھېچكىمگە ئۇۋۇال قىلىشنى خالىمايدۇ، ھېچكىمنىڭ ياخشى ئەمەلىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ
ۋە ھېچكىمنىڭ گۇناھىنى كۆپەيتىۋەتمەيدۇ، چۈنكى ئاللاھ ئادالەتلىك پادىشاھ بولۇپ،
ھەرگىز ئۇۋۇال قىلمايدۇ.

وَلِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۚ وَإِلَى ٱللَّهِ تُرۡجَعُ ٱلۡأُمُورُ ١٠٩

109 - ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بارچە مەۋجۇدات يالغۇز ئاللاھنىڭلا مۈلۈكىدۇر، ئاللاھ
ئۇلارنى ئۆزى يالغۇز ئىدارە قىلىدۇ، بارلىق مەخلۇقاتنىڭ قايتىدىغان يېرى ئاللاھنىڭ
دەرگاھى بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارغا ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

كُنتُمۡ خَيۡرَ أُمَّةٍ أُخۡرِجَتۡ لِلنَّاسِ تَأۡمُرُونَ بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَتَنۡهَوۡنَ عَنِ ٱلۡمُنكَرِ وَتُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِۗ وَلَوۡ
ءَامَنَ أَهۡلُ ٱلۡكِتَٰبِ لَكَانَ خَيۡرٗا لَّهُمۚ مِّنۡهُمُ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ وَأَكۡثَرُهُمُ ٱلۡفَٰسِقُونَ ١١٠

110 - ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى! سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن
ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، (كىشىلەرنى) شەرىئەت ۋە ئەقىل نەزىرىدىكى ياخشى ئىشلارغا
بۇيرۇپ، شەرىئەت ۋە ئەقىل نەزىرىدىكى يامان ئىشلاردىن توسىدىغان، ئاللاھقا چىن
ئىمان ئېيتىپ ئۇنى ئەمەلدە كۆرسىتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر. ئەگەر يەھۇدىيلار
ۋە خىرىستىيانلاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتابمۇ سىلەر ئىمان ئېيتقاندەك مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۆزلىرىگە ئاللاھتىن كەلگەن ھەقىقەتلەرگە ئىمان ئېيتقان بولسا،
ئۇلار ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ئىسلام دىنىغا ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدىغانلارمۇ
بار، ئەمما ئۇلار ئاز ساندىكى كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ تولىسى ئاللاھنىڭ دىنىدىن
چەتنەپ كەتكەن، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان پاسىقلاردۇر.

لَن يَضُرُّوكُمۡ إِلَّآ أَذٗىۖ وَإِن يُقَٰتِلُوكُمۡ يُوَلُّوكُمُ ٱلۡأَدۡبَارَ ثُمَّ لَا يُنصَرُونَ ١١١

111 - ئۇ پاسىقلار كۇفرى سۆزلەرنى قىلىپ سىلەرگە ئازار بېرىشتىن باشقا ھېچقانداق زىيان
- زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ؛ ئۇلار سىلەر بىلەن ئۇرۇشسا يېڭىلىپ كېتىدۇ ۋە سىلەرگە
ئارقىسىنى قىلىپ تىكىۋېتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار سىلەرگە ھەرگىز تەڭ كېلەلمەيدۇ.

ضُرِبَتۡ عَلَيۡهِمُ ٱلذِّلَّةُ أَيۡنَ مَا ثُقِفُوٓاْ إِلَّا بِحَبۡلٖ مِّنَ ٱللَّهِ وَحَبۡلٖ مِّنَ ٱلنَّاسِ وَبَآءُو بِغَضَبٖ مِّنَ
ٱللَّهِ وَضُرِبَتۡ عَلَيۡهِمُ ٱلۡمَسۡكَنَةُۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ كَانُواْ يَكۡفُرُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَيَقۡتُلُونَ ٱلۡأَنۢبِيَآءَ
بِغَيۡرِ حَقّٖۚ ذَٰلِكَ بِمَا عَصَواْ وَّكَانُواْ يَعۡتَدُونَ ١١٢

112 - ئاللاھ يەھۇدىيلارغا خارلىق ۋە زەبۇنلۇقنى پۈتۈۋەتكەن بولۇپ، ئۇلار قەيەردە بولسۇن،
ھەمىشە خارلىققا مەھكۇمدۇر، پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاللاھنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ
ھىمايىسىدە بولغانلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلار ئىسلام قانۇنىغا بويسۇندۇرۇلغانلىقى
ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ جېنى ۋە مال - مۈلۈكى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. يەھۇدىيلار
ئۇمۇمەن ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان، ئاللاھ تەرىپىدىن خارلىققا مەھكۇم قىلىنغان
بولۇپ، ئۇلار ئىمان ئەھلىدىن قورقۇپلا ياشايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ
ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە ئاللاھ قويغان
چەكلىمىلەردىن چەتنەپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىندۇر.

۞ لَيْسُوا۟ سَوَآءً ۗ مِّنْ أَهْلِ ٱلْكِتَٰبِ أُمَّةٌ قَآئِمَةٌ يَتْلُونَ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ ءَانَآءَ ٱلَّيْلِ وَهُمْ يَسْجُدُونَ ﴿١١٣﴾

113 - ئەھلى كىتابنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىدىغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن، كېچىلىرى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان، نامازلىرىدا ئاللاھقا مۇناجات قىلىپ تۇرىدىغان، دىنغا مەھكەم بىر جامائە بار.

يُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِ وَيَأْمُرُونَ بِٱلْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ ٱلْمُنكَرِ وَيُسَٰرِعُونَ فِى ٱلْخَيْرَٰتِ ۖ وَأُو۟لَٰٓئِكَ مِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١١٤﴾

114 - ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدۇ، كىشىلەرنى بارلىق ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، بارچە يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىدۇ، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرى قاتارىدىندۇر.

وَمَا يَفْعَلُوا۟ مِنْ خَيْرٍ فَلَن يُكْفَرُوهُ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌۢ بِٱلْمُتَّقِينَ ﴿١١٥﴾

115 - ئۇلار مەيلى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ھەرقانداق ياخشى ئەمەلنى قىلسا، ئۇلارنىڭ ئەمەلى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا زايە بولۇپ كەتمەيدۇ، ئۇلار ئەلۋەتتە مۇكاپاتلىنىدۇ. ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئىزدەپ ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان، ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇرىدىغان تەقۋادارلارنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ.

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لَن تُغْنِىَ عَنْهُمْ أَمْوَٰلُهُمْ وَلَآ أَوْلَٰدُهُم مِّنَ ٱللَّهِ شَيْـًٔا ۖ وَأُو۟لَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلنَّارِ ۚ هُمْ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿١١٦﴾

116 - شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى يالغانغا چىقارغانلارنىڭ پۇل - ماللىرى ۋە بالىلىرى ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالالمايدۇ. ئۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن ھەرگىز چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

مَثَلُ مَا يُنفِقُونَ فِى هَٰذِهِ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا كَمَثَلِ رِيحٍ فِيهَا صِرٌّ أَصَابَتْ حَرْثَ قَوْمٍ ظَلَمُوٓا۟ أَنفُسَهُمْ فَأَهْلَكَتْهُ ۚ وَمَا ظَلَمَهُمُ ٱللَّهُ وَلَٰكِنْ أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ ﴿١١٧﴾

117 - كاپىرلارنىڭ بۇ دۇنيادا ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلغان نەرسىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كۈتكەن ساۋابى مول ھوسۇلنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان بىر قەۋمنىڭ سوغۇق شامال نابۇت قىلىۋەتكەن زىرائىتىگە ئوخشايدۇكى، ئۇلارنىڭ قىلمىشى سەۋەبلىك بوران ئۇلارنىڭ زىرائىتىنى پۈتۈنلەي نابۇت قىلىۋەتكەن. ئەنە شۇ كاپىرلار ئاخىرەتتە ھېچقانداق ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا ئۇۋال قىلمىدى، بەلكى ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلدى.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تَتَّخِذُوا۟ بِطَانَةً مِّن دُونِكُمْ لَا يَأْلُونَكُمْ خَبَالًا وَدُّوا۟ مَا عَنِتُّمْ قَدْ بَدَتِ ٱلْبَغْضَآءُ مِنْ أَفْوَٰهِهِمْ وَمَا تُخْفِى صُدُورُهُمْ أَكْبَرُ ۚ قَدْ بَيَّنَّا لَكُمُ ٱلْءَايَٰتِ ۖ إِن كُنتُمْ تَعْقِلُونَ ﴿١١٨﴾

118 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! سىلەر مۇئمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارغا سىرىڭلارنى ئېيتماڭلار، چۈنكى، ئۇلار سىلەرگە زىيان يەتكۈزىدىغان ھەر پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيدۇ، سىلەرگە بىرەر زىيان - زەخمەت يەتسە خۇشال بولىدۇ. ئۇلارنىڭ

سىلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن نامايان بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ سىلەرگە قارشى دىلىدا يوشۇرغان ئۆچمەنلىكى ۋە دۈشمەنلىكى تېخىمۇ چوڭدۇر. شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىدىغان بولساڭلار، ۋەز - نەسىھەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە بىز نۇرغۇنلىغان دەلىل - ئىسپاتلارنى ۋە روشەن ئايەتلەرنى بايان قىلىپ بەردۇق.

هَٰٓأَنتُمۡ أُوْلَآءِ تُحِبُّونَهُمۡ وَلَا يُحِبُّونَكُمۡ وَتُؤۡمِنُونَ بِٱلۡكِتَٰبِ كُلِّهِۦ وَإِذَا لَقُوكُمۡ قَالُوٓاْ ءَامَنَّا وَإِذَا خَلَوۡاْ عَضُّواْ عَلَيۡكُمُ ٱلۡأَنَامِلَ مِنَ ٱلۡغَيۡظِۚ قُلۡ مُوتُواْ بِغَيۡظِكُمۡۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمُۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ١١٩

119 - سىلەرنىڭ كاپىرلارنى ياخشى كۆرۈشتىكى خاتالىقىڭلارنىڭ ئوپئوچۇق دەلىلى شۇكى، سىلەر ئۇلارنى ياخشى كۆرىسىلەر، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىسىلەر. ھالبۇكى، ئۇلار سىلەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ، سىلەرگە دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك ساقلايدۇ، سىلەر ساماۋى كىتابلارنىڭ ھەممىسىگە، ھەتتا ئۇلارنىڭ كىتابلىرىغىمۇ ئىشىنىسىلەر، ئەمما ئۇلار سىلەرنىڭ كىتابىڭلارغا ئىشەنمەيدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، سىلەر قانداقلارچە ئۇلارنى ياخشى كۆرىسىلەر؟ ئۇلار سىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا، «ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ، ئۆزلىرىنىڭ دىنىدىكىلەر بىلەن يالغۇز قالغان چاغدا بولسا، ئىسلامنىڭ قۇدرەت تاپقانلىقى، مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچلەنگەنلىكى، كاپىرلارنىڭ ئاجىزلاشقانلىقى قاتارلىقلارغا ھەسرەتلىنىپ، سىلەرگە بولغان قاتتىق ئاچچىقىدىن بارماقلىرىنى چىشلەيدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئاشۇ قاتتىق ئاچچىقىڭلار بىلەن ئۆلۈۋېلىڭلار! ئاللاھ سىلەرنىڭ دىلىڭلاردا يوشۇرغان بارلىق رەزىللىكلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ ۋە ھەركىمگە ئۇنىڭ قىلغان ياخشى ۋە يامان ئەمەلىگە قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ».

إِن تَمۡسَسۡكُمۡ حَسَنَةٞ تَسُؤۡهُمۡ وَإِن تُصِبۡكُمۡ سَيِّئَةٞ يَفۡرَحُواْ بِهَاۖ وَإِن تَصۡبِرُواْ وَتَتَّقُواْ لَا يَضُرُّكُمۡ كَيۡدُهُمۡ شَيۡـًٔاۗ إِنَّ ٱللَّهَ بِمَا يَعۡمَلُونَ مُحِيطٞ ١٢٠

120 - ئى مۇئمىنلەر! ئۇلارنىڭ سىلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، سىلەرگە غەلىبە، غەنىيمەت قاتارلىق بىرەر ياخشىلىق يەتسە، ئۇلار بۇنىڭدىن قاتتىق قايغۇرۇپ كېتىدۇ؛ ئەگەر سىلەرگە مەغلۇبىيەت، پۇل - مال، جان، ئاشلىق، زىرائەت تەرەپتىن بىرەر زىيان يەتسە، ئۇلار بۇنىڭدىن خوشال بولىدۇ. ئەگەر سىلەر بېشىڭلارغا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلساڭلار، ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارنى ئورۇنداش، توسقان ئىشلارنى تاشلاش ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەقۋالىق قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ ھىيلىسى سىلەرگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇ كاپىرلارنىڭ بارلىق بۇزغۇنچىلىق قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇلارغا شۇ قىلمىشىغا تېگىشلىك جازا بېرىدۇ.

وَإِذۡ غَدَوۡتَ مِنۡ أَهۡلِكَ تُبَوِّئُ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ مَقَٰعِدَ لِلۡقِتَالِۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ١٢١

121 - ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا سەن ئەتىگەندە ئۆيۈڭدىن ئۇرۇش كىيىمىنى كىيىپ چىقىپ، ئۇھۇد مەيدانىدا ساھابىلىرىڭنىڭ سەپلىرىنى رەتلەپ، مۇشرىكلارغا قارشى ئۇرۇش نۇقتىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان ئىدىڭ. ئاللاھ سىلەرنىڭ بارلىق سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئەمەلىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

إِذۡ هَمَّت طَّآئِفَتَانِ مِنكُمۡ أَن تَفۡشَلَا وَٱللَّهُ وَلِيُّهُمَاۗ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلۡيَتَوَكَّلِ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ١٢٢

122 - ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەردىن بەنى سەلىمە ۋە بەنى ھارىسە قەبىلىلىرىدىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھ كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن

قورققانلىقتىن، مۇناپىقلارنىڭ كاتتىبېشى ئابدۇللاھ ئىبنى سەلۇلنىڭ سۆزىگە كىرىپ،
قايتىپ كەتمەكچى بولغان ئىدى. لېكىن ئاللاھ ئۇلارنى مۇنداق قىلىشتىن ساقلىدى،
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سەن بىلەن بىرلىكتە ئاللاھقا تايىنىپ ئۇرۇش مەيدانىغا ماڭدى.
مۇئمىنلەر ئاللاھقا تايانسۇن!.

وَلَقَدۡ نَصَرَكُمُ ٱللَّهُ بِبَدۡرٖ وَأَنتُمۡ أَذِلَّةٞۖ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ﴿١٢٣﴾

123 - ئى مۇئمىنلەر! بەدرى ئۇرۇشىدا سىلەرنىڭ كۈچۈڭلار ئاجىز، سانىڭلار ئاز بولسىمۇ،
ئاللاھ سىلەرگە مۇشرىكلارغا قارشى نۇسرەت ئاتا قىلدى. سىلەر ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە
شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن، ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىدىن
يېنىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەقۋالىق قىلىڭلار.

إِذۡ تَقُولُ لِلۡمُؤۡمِنِينَ أَلَن يَكۡفِيَكُمۡ أَن يُمِدَّكُمۡ رَبُّكُم بِثَلَٰثَةِ ءَالَٰفٖ مِّنَ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ مُنزَلِينَ ﴿١٢٤﴾

124 - ئى پەيغەمبەر! بەدرى ئۇرۇشىدا ساھابىلىرىڭ دۇچار بولغان ئەھۋالنى ئەسلىگىنكى،
ئۇ چاغدا ئۇلار مۇشرىكلارغا كەلگەن ياردەمدىن قاتتىق ئەندىشىگە چۈشكەندە، بىزدىن
كەلگەن ۋەھيىگە ئاساسەن سەن ئۇلارغا: «رەببىڭلار سىلەرگە سىلەر بىلەن بىر سەپتە
تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن، ئاسماندىن يەر يۈزىگە ئۈچ مىڭ پەرىشتە چۈشۈرۈپ
ياردەم بەرسە، يەنە يەتمەمدۇ؟» دېگەن ئىدىڭ.

بَلَىٰٓۚ إِن تَصۡبِرُواْ وَتَتَّقُواْ وَيَأۡتُوكُم مِّن فَوۡرِهِمۡ هَٰذَا يُمۡدِدۡكُمۡ رَبُّكُم بِخَمۡسَةِ ءَالَٰفٖ مِّنَ
ٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ مُسَوِّمِينَ ﴿١٢٥﴾

125 - بۇنچىلىك پەرىشتە سىلەرگە ئەلۋەتتە يېتىدۇ. سىلەرگە يەنە بىر بېشارەت شۇكى،
ئەگەر سىلەر دۈشمەن بىلەن ئېلىشىشتا چىدامچانلىق كۆرسەتسەڭلار ۋە ئاللاھنىڭ
بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىپ تەقۋالىق قىلساڭلار، مەككىنىڭ
كاپىرلىرى سىلەرنى يوق قىلىۋېتىش ئۈچۈن دەرھال ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە، رەببىڭلار
سىلەرگە بەش مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىدۇ. ئۇ پەرىشتىلەر ئۆزلىرىنى ۋە ئاتلىرىنى
روشەن ئالامەتلەر بىلەن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

وَمَا جَعَلَهُ ٱللَّهُ إِلَّا بُشۡرَىٰ لَكُمۡ وَلِتَطۡمَئِنَّ قُلُوبُكُم بِهِۦۗ وَمَا ٱلنَّصۡرُ إِلَّا مِنۡ عِندِ ٱللَّهِ ٱلۡعَزِيزِ
ٱلۡحَكِيمِ ﴿١٢٦﴾

126 - ئاللاھ پەرىشتىلەر بىلەن مەدەت بېرىشنى پەقەتلا سىلەرگە خۇش خەۋەر بولسۇن ۋە
ئاللاھنىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىغا دىلىڭلار خاتىرجەم بولسۇن دەپ قىلدى. ياردەم ۋە
مەدەت پەقەت ھەممىدىن غالىب، قەتئىي يېڭىلمەيدىغان، بارلىق تەدبىرلىرىدە ۋە ھەممە
ئىشىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىن كېلىدۇ.

لِيَقۡطَعَ طَرَفٗا مِّنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَوۡ يَكۡبِتَهُمۡ فَيَنقَلِبُواْ خَآئِبِينَ ﴿١٢٧﴾

127 - ئاللاھنىڭ بەدرى ئۇرۇشىدا سىلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلغانلىقى كۇفرىدا چىڭ
تۇرۇۋالغانلارنىڭ بىر تۈركۈمىنى ئۆلتۈرۈپ يوق قىلىش، ئۆلۈمدىن ساق قالغانلىرىنىڭ
رەسۋا بولغان، غەلىبىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ھالدا قايتىشى ئۈچۈندۇر.

لَيۡسَ لَكَ مِنَ ٱلۡأَمۡرِ شَيۡءٌ أَوۡ يَتُوبَ عَلَيۡهِمۡ أَوۡ يُعَذِّبَهُمۡ فَإِنَّهُمۡ ظَٰلِمُونَ ﴿١٢٨﴾

128 - ئى پەيغەمبەر! بەندىلەرنىڭ تەقدىرى سېنىڭ ئىلكىڭدە ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھەممە

ئىشى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. بەلكى سەن بىلەن ئۇرۇش قىلغان ئاشۇ كاپىرلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ دىلى ئىسلامغا ئېچىلىپ مۇسۇلمان بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، قالغانلىرى كۇفرىدا چىڭ تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئازابلايدۇ.

وَلِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۚ يَغۡفِرُ لِمَن يَشَآءُ وَيُعَذِّبُ مَن يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿١٢٩﴾

129 - ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى پەقەتلا ئاللاھنىڭ مۈلۈكىدۇر، ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ئۆزىنىڭ رەھمىتى ۋە پەزل - كەرەمى بىلەن مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان بەندىسىگە ئۆزىنىڭ ئادالىتى بىلەن ئازاب قىلىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا تولىمۇ مېھرىباندۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَأۡكُلُواْ ٱلرِّبَوٰٓاْ أَضۡعَٰفٗا مُّضَٰعَفَةٗۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ﴿١٣٠﴾

130 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! جازانىنىڭ بارلىق تۈرلىرىدىن ھەزەر ئەيلەڭلار، قەرز بەرگەندە، ئەسلى پۇلۇڭلارنىڭ ئۈستىدىن ئازراقمۇ پايدا ئالماڭلار (بۇنداق قىلىش شەكسىز ھارامدۇر). ھەر قېتىم قەرزنى تۆلەشنىڭ ۋاقتى كەلگەندە، ئۆسۈم ھەسسىلەپ ئاشىدىغان تۇرسا، قانداقمۇ (ئۇنى ئالىسىلەر؟ بۇ ئەلۋەتتە قاتمۇقات ھارام يېگەنلىك ئەمەسمۇ؟). دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار.

وَٱتَّقُواْ ٱلنَّارَ ٱلَّتِيٓ أُعِدَّتۡ لِلۡكَٰفِرِينَ ﴿١٣١﴾

131 - كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار.

وَأَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَٱلرَّسُولَ لَعَلَّكُمۡ تُرۡحَمُونَ ﴿١٣٢﴾

132 - ئى مۆئمىنلەر! رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ۋە ئازابتىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش، جازانە يېيىش قاتارلىق ئاللاھ مەنئى قىلغان ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرنىڭ يولىغا ئەگىشىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار.

۞ وَسَارِعُوٓاْ إِلَىٰ مَغۡفِرَةٖ مِّن رَّبِّكُمۡ وَجَنَّةٍ عَرۡضُهَا ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلۡأَرۡضُ أُعِدَّتۡ لِلۡمُتَّقِينَ ﴿١٣٣﴾

133 - رەببىڭلارنىڭ كاتتا مەغپىرىتىگە ئېرىشىشىڭلار ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان - زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە كىرىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشقا ئالدىراڭلار.

ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ فِي ٱلسَّرَّآءِ وَٱلضَّرَّآءِ وَٱلۡكَٰظِمِينَ ٱلۡغَيۡظَ وَٱلۡعَافِينَ عَنِ ٱلنَّاسِۗ وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿١٣٤﴾

134 - تەقۋادارلار پۇل - ماللىرىنى باياشاتچىلىقتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغانلار، ئاچچىقىقا سەۋر قىلىپ ئۆزىنى بېسىۋالالايدىغان، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلاردىن ئۆچ ئېلىشقا كۈچى يېتىدىغان تۇرۇپ، ئۇلارنى كەچۈرەلەيدىغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ مانا مۇشۇنداق ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

وَٱلَّذِينَ إِذَا فَعَلُواْ فَٰحِشَةً أَوۡ ظَلَمُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ ذَكَرُواْ ٱللَّهَ فَٱسۡتَغۡفَرُواْ لِذُنُوبِهِمۡ وَمَن يَغۡفِرُ

ٱلذُّنُوبَ إِلَّا ٱللَّهُ وَلَمْ يُصِرُّواْ عَلَىٰ مَا فَعَلُواْ وَهُمْ يَعْلَمُونَ ﴿١٣٥﴾

135 - ئۇلار بىرەر چوڭ گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۇنىڭ تۆۋىنىدىكى گۇناھلارنى سادىر قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلىپ قالسا، دەرھال ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئېسىگە ئېلىپ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگەن ھالدا ئاللاھقا قايتىدۇ، ئۇلار گۇناھلارنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمنىڭ مەغپىرەت قىلالمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار گۇناھنى داۋاملاشتۇرمايدۇ، ئۇلار تەۋبە قىلسا ئاللاھنىڭ ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

أُوْلَـٰٓئِكَ جَزَآؤُهُم مَّغْفِرَةٌ مِّن رَّبِّهِمْ وَجَنَّـٰتٌ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَـٰرُ خَـٰلِدِينَ فِيهَا ۚ وَنِعْمَ أَجْرُ ٱلْعَـٰمِلِينَ ﴿١٣٦﴾

136 - ئاشۇ كاتتا سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ مۇكاپاتى رەببىنىڭ ئۇلارنىڭ ئەيىبلىرىنى يۆگىشى، گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشىدۇر. ئۇلار قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل - دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ، ئۇلار بۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن ھەرگىز چىقىرىلمايدۇ. ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتى بولغا مەغپىرەت ۋە جەننەت نېمىدېگەن ياخشى!

قَدْ خَلَتْ مِن قَبْلِكُمْ سُنَنٌ فَسِيرُواْ فِى ٱلْأَرْضِ فَٱنظُرُواْ كَيْفَ كَانَ عَـٰقِبَةُ ٱلْمُكَذِّبِينَ ﴿١٣٧﴾

137 - ئاللاھ ئوھود ئۇرۇشىدا تالاپەتكە ئۇچرىغان مۇئمىنلەرگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن، ئۇلارغا مۇنداق خىتاب قىلىدۇ: «سىلەردىن ئىلگىرىمۇ كۆپلىگەن ئۈممەتلەر ئۆتكەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇئمىنلەر كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىش بىلەن سىنالغان ۋە ئاخىرقى غەلىبە يەنىلا مۇئمىنلەرگە مەنسۇپ بولغان ئىدى. شۇڭا سىلەر ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن، يەر يۈزىنى كېزىڭلار».

هَـٰذَا بَيَانٌ لِّلنَّاسِ وَهُدًى وَمَوْعِظَةٌ لِّلْمُتَّقِينَ ﴿١٣٨﴾

138 - بۇ قۇرئان ئىنسانلارغا باياندۇر، ھەق يولنىڭ يېتەكچىسىدۇر ۋە ئاللاھتىن قورقىدىغان تەقۋادارلارنىڭ دىللىرىنى يۇمشىتىدىغان ۋەز - نەسىھەتتۇر. ۋەز - نەسىھەتنىڭ تەقۋادارلارغا خاس قىلىنغانلىقى قۇرئاندىن مەنپەئەت ئالغۇچىلارنىڭ پەقەت شۇلار ئىكەنلىكى ئۈچۈندۇر.

وَلَا تَهِنُواْ وَلَا تَحْزَنُواْ وَأَنتُمُ ٱلْأَعْلَوْنَ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿١٣٩﴾

139 - ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ھەقىقىي ئىشىنىدىغان بولساڭلار، دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى جىھاد قىلىشتا ئاجىزلىق قىلماڭلار، ئوھود ئۇرۇشىدا يەتكەن تالاپەتتىن مەيۈسلەنمەڭلار، سىلەر غالىبسىلەر، ئاخىرقى غەلىبە سىلەرگە مەنسۇپتۇر.

إِن يَمْسَسْكُمْ قَرْحٌ فَقَدْ مَسَّ ٱلْقَوْمَ قَرْحٌ مِّثْلُهُۥ ۚ وَتِلْكَ ٱلْأَيَّامُ نُدَاوِلُهَا بَيْنَ ٱلنَّاسِ وَلِيَعْلَمَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَيَتَّخِذَ مِنكُمْ شُهَدَآءَ ۗ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿١٤٠﴾

140 - ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە ئوھود ئۇرۇشىدا يارىلىنىش ياكى ئۆلتۈرۈلۈش دېگەندەك تالاپەت يېتىپ غەمكىن بولغان بولساڭلار، مۇشرىكلارغىمۇ بەدرى ئۇرۇشىدا يارىلىنىش ۋە

ئۆلتۈرۈلۈش دېگەندەك ئوخشاش تالاپەت يەتكەن ئىدى. ئاللاھ بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا بىر قېتىم غەلىبە، يەنە بىر قېتىم مەغلۇبىيەت يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئەلۋەتتە بۇنىڭدا ھېكمەت بار. ئاللاھ بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئىلمى ئەزەلىدە يېزىلغان نەرسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ھەقىقىي ئىمان ئېيتقانلارنى باشقىلاردىن ئايرىشى ۋە سىلەردىن نۇرغۇن كىشىلەرنى شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە نائىل قىلىشى ئۈچۈندۇر. ئاللاھ جىھاد قىلىشتىن باش تارتىپ، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

وَلِيُمَحِّصَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَيَمۡحَقَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿١٤١﴾

141 - ئۇھۇد ئۇرۇشىدا يۈز بەرگەن بۇ مەغلۇبىيەت ئاللاھنىڭ سىنىقى بولۇپ، ھەقىقىي مۇئمىنلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش، ئۇلارنى مۇناپىقلاردىن ئايرىش ۋە كاپىرلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈندۇر.

أَمۡ حَسِبۡتُمۡ أَن تَدۡخُلُواْ ٱلۡجَنَّةَ وَلَمَّا يَعۡلَمِ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ جَٰهَدُواْ مِنكُمۡ وَيَعۡلَمَ ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿١٤٢﴾

142 - ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى! سىلەر جىھاد ۋە ھەر خىل قاتتىقچىلىقلار بىلەن سىنالماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلىدىڭلارمۇ؟ سىلەر سىنالماي تۇرۇپ، ئاللاھ ئاراڭلاردىكى جىھاد قىلغۇچىلارنى ۋە دۈشمەنلەر بىلەن ئېلىشىشتا چىداملىق بولغۇچىلارنى ئوتتۇرىغا چىقارماي تۇرۇپ، جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر.

وَلَقَدۡ كُنتُمۡ تَمَنَّوۡنَ ٱلۡمَوۡتَ مِن قَبۡلِ أَن تَلۡقَوۡهُ فَقَدۡ رَأَيۡتُمُوهُ وَأَنتُمۡ تَنظُرُونَ ﴿١٤٣﴾

143 - ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئوھود ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى بەدرى ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان قېرىنداشلىرىڭلارغا ئوخشاش ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ، شېھىتلىق شەربىتىنى ئىچىش ئۈچۈن دۈشمەنلەر بىلەن ئېلىشىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىڭلار. مانا ئەمدى سىلەر ئارزۇ قىلغان ۋە تەلەپ قىلغان ئۇرۇش يۈز بەردى، دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىڭلار ۋە چىداملىق بولۇڭلار.

وَمَا مُحَمَّدٌ إِلَّا رَسُولٞ قَدۡ خَلَتۡ مِن قَبۡلِهِ ٱلرُّسُلُۚ أَفَإِيْن مَّاتَ أَوۡ قُتِلَ ٱنقَلَبۡتُمۡ عَلَىٰٓ أَعۡقَٰبِكُمۡۚ وَمَن يَنقَلِبۡ عَلَىٰ عَقِبَيۡهِ فَلَن يَضُرَّ ٱللَّهَ شَيۡـٔٗاۗ وَسَيَجۡزِي ٱللَّهُ ٱلشَّٰكِرِينَ ﴿١٤٤﴾

144 - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەقەت ئىلگىرى ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەردۇر. ئۇ ئەجىلى يېتىپ ۋاپات بولسا ياكى دۈشمەنلەر ئىغۋا تارقاتقاندەك ئۆلتۈرۈلسە، پەيغەمبىرىڭلار ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنى تاشلاپ، دىنىڭلاردىن يېنىۋالامسىلەر؟ ئاراڭلاردىن كىمكى دىنىدىن يېنىۋالىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۇ پەقەت ئۆزىگىلا زىيان يەتكۈزىدۇ، ئەمما ئىمانىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ئىسلامغا ھىدايەت قىلغانلىقىغا شۈكۈر قىلغان كىشىنى ئاللاھ ئەڭ ياخشى مۇكاپات بىلەن تارتۇقلايدۇ.

وَمَا كَانَ لِنَفۡسٍ أَن تَمُوتَ إِلَّا بِإِذۡنِ ٱللَّهِ كِتَٰبٗا مُّؤَجَّلٗاۗ وَمَن يُرِدۡ ثَوَابَ ٱلدُّنۡيَا نُؤۡتِهِۦ مِنۡهَا وَمَن يُرِدۡ ثَوَابَ ٱلۡأٓخِرَةِ نُؤۡتِهِۦ مِنۡهَاۚ وَسَنَجۡزِي ٱلشَّٰكِرِينَ ﴿١٤٥﴾

145 - ھېچكىم ئاللاھ بەلگىلىگەن ئەجىلى توشماستىن ئۆلمەيدۇ، ئۆلۈم ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەنلا بولىدۇ. ئاللاھ ئۆلۈمنى ۋاقتى - سائىتى بىلەن يازغان بولۇپ، ئۇ ئىلگىرى كېيىن بولمايدۇ. كىمكى قىلغان ئەمەلى بىلەن دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭغا بىز

تەقدىر قىلىنغان رىزىقتىن بېرىمىز، ئەمما ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكتىن ھېچقانداق نېسىۋىسى بولمايدۇ؛ كىمكى قىلغان ئەمەلى بىلەن ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىشنى كۆزلىسە، ئۇنىڭغا تەلەپ قىلغان نەرسىسىنى بېرىمىز، ئۇنىڭغا دۇنيادا تەقدىر قىلىنغان رىزقىنى تولۇق بېرىش بىلەن بىرگە، ئاخىرەتلىك مۇكاپاتىنىمۇ تولۇق بېرىمىز. چۈنكى ئۇ بىزگە ئىتائەت قىلىش بىلەن، بىزنىڭ يولىمىزدا جىھاد قىلىش بىلەن بىزگە شۈكۈر قىلدى. شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلايمىز

وَكَأَيِّن مِّن نَّبِيٍّ قَٰتَلَ مَعَهُۥ رِبِّيُّونَ كَثِيرٌ فَمَا وَهَنُواْ لِمَآ أَصَابَهُمۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَمَا ضَعُفُواْ وَمَا ٱسۡتَكَانُواْۗ وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿١٤٦﴾

146 - ئىلگىرى ئۆتكەن نۇرغۇنلىغان پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن ساھابىلىرى بىر سەپتە تۇرۇپ جىھاد قىلدى، ئۇلار جىھاد مەيدانلىرىدا يارىلانسىمۇ، ئۆلتۈرۈلسىمۇ ۋاز كەچمىدى، چۈنكى ئۇ ئاللاھ يولىدىكى جىھاد ئىدى. ئۇلار دۈشمەنلىرىگە باش ئەگمىدى، قەتئىي ئاجىزلىق قىلمىدى، بەلكى بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىقلار ئالدىدا چىداملىق بولدى، ئاللاھ چىدامىلىق بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

وَمَا كَانَ قَوۡلَهُمۡ إِلَّآ أَن قَالُواْ رَبَّنَا ٱغۡفِرۡ لَنَا ذُنُوبَنَا وَإِسۡرَافَنَا فِيٓ أَمۡرِنَا وَثَبِّتۡ أَقۡدَامَنَا وَٱنصُرۡنَا عَلَى ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿١٤٧﴾

147 - ئۇلارنىڭ تىلىكى: «ئى رەببىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، دىنىمىزنىڭ ئىشلىرىدا كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، دۈشمەنلىرىمىز بىلەن ئېلىشىشنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز ئۈچۈن، قەدەملىرىمىزنى جەڭ مەيدانىدا مۇستەھكەم قىلغىن، سېنىڭ بىرلىكىڭنى ۋە پەيغەمبەرلىرىڭنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دېگەندىن باشقىسى بولمىدى.

فَـَٔاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ ثَوَابَ ٱلدُّنۡيَا وَحُسۡنَ ثَوَابِ ٱلۡأٓخِرَةِۗ وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿١٤٨﴾

148 - ئاللاھ ئەنە ئاشۇ چىدامىلىق بولغۇچىلارنى بۇ دۇنيادا دۈشمەنلىرىگە غالىب قىلىش، يەر يۈزىگە ھۆكۈمران قىلىش بىلەن، ئاخىرەتتە جەننەتتىن ئىبارەت ئەڭ ئېسىل ۋە ئەڭ كاتتا نېمەت بىلەن مۇكاپاتلىدى. ئاللاھ ئەمەل - ئىبادەتنى ۋە بەندىلەر بىلەن قىلىدىغان مۇئامىلىسىنى مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِن تُطِيعُواْ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يَرُدُّوكُمۡ عَلَىٰٓ أَعۡقَٰبِكُمۡ فَتَنقَلِبُواْ خَٰسِرِينَ ﴿١٤٩﴾

149 - ئى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! ئەگەر سىلەر يەھۇدىيلار، خرىستىيانلار ۋە مۇشرىكلاردىن ئىبارەت مېنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىمنى ئىنكار قىلغان، پەيغەمبەرلىرىمگە ئىشەنمىگەن كاپىرلارنىڭ سۆزىگە كىرىپ ئۇلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، ئۇلار سىلەرنى ھەق يولدىن ئازدۇرۇۋېتىدۇ. ئۇ چاغدا سىلەر دىنىڭلاردىن يېنىپ كېتىسىلەر، شۇنىڭ بىلەن ئوپئوچۇق زىيان تارتقۇچىلاردىن ۋە چوقۇم ھالاك بولغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر.

بَلِ ٱللَّهُ مَوۡلَىٰكُمۡۖ وَهُوَ خَيۡرُ ٱلنَّٰصِرِينَ ﴿١٥٠﴾

150 - ئۇ كاپىرلار سىلەرگە ياردەم قىلالمايدۇ، بەلكى ئاللاھ سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلاردۇر، ئۇ ياردەم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. شۇڭا ئاللاھنىڭ ياردىمىگە تېگىشلىك بولغان ئادەم ھېچكىمنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولمايدۇ.

سَنُلْقِي فِي قُلُوبِ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ٱلرُّعْبَ بِمَآ أَشْرَكُوا۟ بِٱللَّهِ مَا لَمْ يُنَزِّلْ بِهِۦ سُلْطَٰنًا ۖ وَمَأْوَىٰهُمُ ٱلنَّارُ ۚ وَبِئْسَ مَثْوَى ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٥١﴾

151 ـ ئۇ كاپىرلار ئاللاھ ئىلاھلىقىغا ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن ئاتالمىش ئىلاھلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قاتتىق قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە سالىمىز. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتى پەقەتلا مۆئمىنلەردىن قورقۇش ۋە (ئۆز جېنىدىن) ئەنسىرەش بىلەن ئۆتىدۇ، ئۇلار مۆئمىنلەرگە دۈشمەنلىك قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاختۇر. زالىملار ئۈچۈن بۇ جاي نېمىدېگەن يامان!

وَلَقَدْ صَدَقَكُمُ ٱللَّهُ وَعْدَهُۥٓ إِذْ تَحُسُّونَهُم بِإِذْنِهِۦ ۖ حَتَّىٰٓ إِذَا فَشِلْتُمْ وَتَنَٰزَعْتُمْ فِي ٱلْأَمْرِ وَعَصَيْتُم مِّنۢ بَعْدِ مَآ أَرَىٰكُم مَّا تُحِبُّونَ ۚ مِنكُم مَّن يُرِيدُ ٱلدُّنْيَا وَمِنكُم مَّن يُرِيدُ ٱلْءَاخِرَةَ ۚ ثُمَّ صَرَفَكُمْ عَنْهُمْ لِيَبْتَلِيَكُمْ ۖ وَلَقَدْ عَفَا عَنكُمْ ۗ وَٱللَّهُ ذُو فَضْلٍ عَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿١٥٢﴾

152 ـ شەكسىزكى، سىلەر ئۇھۇد ئۇرۇشىدا ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن كاپىرلارنى قىرىۋاتقان چېغىڭلاردا، ئاللاھ سىلەرگە غەلىبە ئاتا قىلىش ھەققىدە بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىدى. سىلەر بوشاڭلىق ۋە قورقۇنچاقلىق قىلىپ، پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئورنۇڭلاردىن ئايرىلماي تۇرۇش ياكى غەنىيمەت يىغىش ئۈچۈن مۇداپىئەنى تەرك ئېتىش توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش قىلىشتىڭلار، پەيغەمبەرنىڭ: «ئەھۋال قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئورنۇڭلاردىن قەتئىي ئايرىلماڭلار» دېگەن ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلدىڭلار. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ سىلەر ئارزۇلىغان غەلىبىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، سىلەرگە مەغلۇبىيەت يۈزلەندى. بەزىلىرىڭلارنىڭ دۇنيانى كۆزلەيدىغانلىقىڭلار، بەزىلىرىڭلارنىڭ ئاخىرەتنى ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆزلەيدىغانلىقىڭلار ئوچۇق ئاشكارا بولدى. ئاندىن ئاللاھ سىناش ئۈچۈن سىلەرنى دۈشمەنلىرىڭلار بىلەن ئېلىشىشتىن چېكىندۈردى. ئاللاھ سىلەرنىڭ پۇشايمان قىلغانلىقىڭلارنى بىلدى، تەۋبەڭلارنى ئاڭلىدى ۋە سىلەرنى ئەپۇ قىلدى. ئاللاھ مۆئمىنلەرگە كاتتا مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر.

۞ إِذْ تُصْعِدُونَ وَلَا تَلْوُۥنَ عَلَىٰٓ أَحَدٍ وَٱلرَّسُولُ يَدْعُوكُمْ فِيٓ أُخْرَىٰكُمْ فَأَثَٰبَكُمْ غَمًّۢا بِغَمٍّ لِّكَيْلَا تَحْزَنُوا۟ عَلَىٰ مَا فَاتَكُمْ وَلَا مَآ أَصَٰبَكُمْ ۗ وَٱللَّهُ خَبِيرٌۢ بِمَا تَعْمَلُونَ ﴿١٥٣﴾

153 ـ ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى! ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر جىھاد مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ، سىلەرنى: «ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! مەن تەرەپكە قايتىپ كېلىڭلار» دەپ ئارقاڭلاردىن چاقىرىپ تۇرسىمۇ، سىلەر بۇ نىداغا قۇلاق سالماي، دۈشمەندىن قورقۇپ ھېچكىمگە قارىماي قېچىپ، تاغقا ئۆرلەشكە باشلىغان ئىدىڭلار. نەتىجىدە، سىلەرگە بېرىلگەن جازا قاتمۇقات غەمگە مۇپتىلا بولۇشتىن ئىبارەت بولدى. ئاللاھ بۇنى قولۇڭلاردىن كەتكەن غەلىبە ۋە غەنىيمەتكە، بېشىڭلارغا كەلگەن قورقۇنچ ۋە مەغلۇبىيەتكە قايغۇرماسلىقىڭلار ئۈچۈن قىلدى. ئاللاھ سىلەرنىڭ بارلىق قىلمىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر.

ثُمَّ أَنزَلَ عَلَيْكُم مِّنۢ بَعْدِ ٱلْغَمِّ أَمَنَةً نُّعَاسًا يَغْشَىٰ طَآئِفَةً مِّنكُمْ ۖ وَطَآئِفَةٌ قَدْ أَهَمَّتْهُمْ أَنفُسُهُمْ يَظُنُّونَ بِٱللَّهِ غَيْرَ ٱلْحَقِّ ظَنَّ ٱلْجَٰهِلِيَّةِ ۖ يَقُولُونَ هَل لَّنَا مِنَ ٱلْأَمْرِ مِن شَيْءٍ ۗ قُلْ إِنَّ ٱلْأَمْرَ كُلَّهُۥ لِلَّهِ ۗ يُخْفُونَ فِيٓ أَنفُسِهِم مَّا لَا يُبْدُونَ لَكَ ۖ يَقُولُونَ لَوْ كَانَ لَنَا مِنَ ٱلْأَمْرِ شَيْءٌ

مَّا قُتِلْنَا هَٰهُنَا ۗ قُل لَّوْ كُنتُمْ فِي بُيُوتِكُمْ لَبَرَزَ ٱلَّذِينَ كُتِبَ عَلَيْهِمُ ٱلْقَتْلُ إِلَىٰ مَضَاجِعِهِمْ ۖ
وَلِيَبْتَلِيَ ٱللَّهُ مَا فِي صُدُورِكُمْ وَلِيُمَحِّصَ مَا فِي قُلُوبِكُمْ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿١٥٤﴾

154 - ئاندىن ئاللاھ ئىخلاسمەن مۆئمىنلەرگە ئۆز پەزلىدىن رەھمەت ئاتا قىلىپ، ئۇلارغا يەتكەن شۇنچە غەم - قايغۇدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دىلىغا خاتىرجەملىك ۋە تەمكىنلىك چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەقلىقىگە بولغان ئىشەنچىسى كۈچلەندى. ئاللاھ چۈشۈرگەن بۇ خاتىرجەملىكنىڭ نەتىجىسىدە ئىمانى كامىل، ئىخلاسمەن مۆئمىنلەرنى مۈگدەك باستى. مۇناپىقلار ئۆز غېمى بىلەن بولۇپ كەتكەن، ئىرادىسى بوشىشىپ، ئىشەنچىسى ئاجىزلاپ قالغان ۋە جاھىلىيەت ئەھلىگە ئوخشاش، ئاللاھقا قارىتا ناتوغرا قاراشتا بولغان بولۇپ، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ئەمەلگە ئاشمايدۇ، ئىسلام كۈچلەنمەيدۇ، مۇسۇلمانلار غەلىبە قازىنالمايدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى. ئۇلار جىھادقا چىققانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ بىر - بىرىگە: «بىز جىھادقا ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن چىققانمۇ؟» دەيدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ھەقىقەتەن ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، سىلەرنىڭ جىھادقا چىقىشىڭلارنى ۋە بېشىڭلارغا كەلگەنلەرنى تەقدىر قىلغان زات ئاللاھتۇر». ئۇلار جىھادقا چىققانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلغۇاتقانلىقىنى ساڭا ئاشكارا قىلماستىن ئىچىدە يوشۇرۇشىدۇ؛ ئۇلار: «ئەگەر بىزدە ئازراق بولسىمۇ ئىختىيارلىق بولسا ئىدى، بىز ئۇ يەردە ئۆلتۈرۈلمەيتتۇق» دەيدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئەجەللەر ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئەگەر سىلەر ئۆيلىرىڭلاردا قالغان تەقدىردىمۇ، ئاراڭلاردىكى ئۆلتۈرۈلۈشى پۈتۈلۈپ كەتكەنلەر چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىدىغان جايىغا بارغان بولاتتى. ئاللاھنىڭ بۇنداق قىلىشى دىلىڭلاردىكىنى سىناش ۋە ئۇنىڭدىكى شەك، مۇناپىقلىق قاتارلىق ئىللەتلەرنى تازىلاش، ياخشى بىلەن ياماننى ئايرىش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ دىللىرىدىكىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، ئاللاھقا ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ».

إِنَّ ٱلَّذِينَ تَوَلَّوْاْ مِنكُمْ يَوْمَ ٱلْتَقَى ٱلْجَمْعَانِ إِنَّمَا ٱسْتَزَلَّهُمُ ٱلشَّيْطَٰنُ بِبَعْضِ مَا كَسَبُواْ ۖ وَلَقَدْ عَفَا
ٱللَّهُ عَنْهُمْ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ حَلِيمٌ ﴿١٥٥﴾

155 - ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى! ئۇھۇدتا مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلاردىن ئىبارەت ئىككى قوشۇن بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقان كۈندە، ئاراڭلاردىكى جەڭدىن چېكىنگەن كىشىلەرنى بەزى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن شەيتان مۇشۇنداق بىر گۇناھقا چۈشۈردى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ گۇناھىنى ئەپۇ قىلدى ۋە ئۇلارنى جازالىمىدى. چۈنكى ئاللاھ تەۋبە قىلغان گۇناھكار بەندىلىرىگە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، جازاغا تېگىشلىك بولغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَكُونُواْ كَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَقَالُواْ لِإِخْوَٰنِهِمْ إِذَا ضَرَبُواْ فِي ٱلْأَرْضِ أَوْ كَانُواْ
غُزًّى لَّوْ كَانُواْ عِندَنَا مَا مَاتُواْ وَمَا قُتِلُواْ لِيَجْعَلَ ٱللَّهُ ذَٰلِكَ حَسْرَةً فِي قُلُوبِهِمْ ۗ وَٱللَّهُ يُحْيِۦ وَيُمِيتُ ۗ
وَٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿١٥٦﴾

156 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! سىلەر ئاللاھنىڭ كەڭ زېمىنىدا ئۆزىنىڭ رىزقىنى تېپىپ يېيىش ئۈچۈن سەپەرگە چىققان ياكى ئۇرۇشقا چىققانلار بىلەن بىللە چىقىپ ئۆلگەن ياكى ئۆلتۈرۈلگەن كاپىر قېرىنداشلىرى ھەققىدە: «ئۇلار ئۇرۇشقا چىقماي بىزنىڭ يېنىمىزدا قالغان بولسا، ئۆلمەيتتى ۋە ئۆلتۈرۈلمەيتتى» دېيىشكەن كاپىرلارنى دورىماڭلار. بۇ سۆز

ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى ھەسرەت ـ نادامەتنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ. ئەمما مۇئمىنلەر بۇ ئىشلارنى ئاللاھنىڭ تەقدىرى دەپ بىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىلىنى سەۋرگە يېتەكلەيدۇ، ئۇلارنىڭ قايغۇلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئەجىلى توشمىغان كىشى مەيلى جىھادتا چىققان ياكى سەپەرگە ئاتلانغان بولسۇن، ئاللاھ ئۇنى چوقۇم ياشىتىدۇ، ئەجىلى توشقان كىشى گەرچە ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرغان بولسىمۇ ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، شۇنىڭغا يارىشا سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بەرگۈچىدۇر.

وَلَئِن قُتِلۡتُمۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ أَوۡ مُتُّمۡ لَمَغۡفِرَةٞ مِّنَ ٱللَّهِ وَرَحۡمَةٌ خَيۡرٞ مِّمَّا يَجۡمَعُونَ ١٥٧

157 ـ ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلسەڭلار ياكى جىھاد جەريانىدا ئۆلسەڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ ۋە ئۆز دەرگاھىدىن سىلەرگە رەھمەت بېغىشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئېسىل جەننەتلەرگە ئېرىشىسىلەر. مانا بۇ دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن ۋە دۇنياغا بېرىلگەنلەر توپلايدىغان پۇل ـ مالدىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر.

وَلَئِن مُّتُّمۡ أَوۡ قُتِلۡتُمۡ لَإِلَى ٱللَّهِ تُحۡشَرُونَ ١٥٨

158 ـ ئەگەر سىلەرنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەجىلىڭلار توشۇپ، ياتقان يېرىڭلاردا ئۆلسەڭلارمۇ ياكى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئۆلتۈرۈلسەڭلارمۇ، سىلەر ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە ئەمەللىرىڭلارغا قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

فَبِمَا رَحۡمَةٖ مِّنَ ٱللَّهِ لِنتَ لَهُمۡۖ وَلَوۡ كُنتَ فَظًّا غَلِيظَ ٱلۡقَلۡبِ لَٱنفَضُّواْ مِنۡ حَوۡلِكَۖ فَٱعۡفُ عَنۡهُمۡ وَٱسۡتَغۡفِرۡ لَهُمۡ وَشَاوِرۡهُمۡ فِي ٱلۡأَمۡرِۖ فَإِذَا عَزَمۡتَ فَتَوَكَّلۡ عَلَى ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلۡمُتَوَكِّلِينَ ١٥٩

159 ـ ئى پەيغەمبەر! ئاللاھنىڭ ساڭا ۋە ساھابىلىرىڭغا بولغان رەھمىتى بىلەن سەن ساھابىلىرىڭغا سىلىق مۇئامىلىدە بولدۇڭ، ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق، ئەخلاقى ناچار بىرى بولغان بولساڭ، ئەلۋەتتە ئۇلار سېنىڭ ئەتراپىڭدىن تارقىلىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ ئوھۇد ئۇرۇشىدا ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنى ئەپۇ قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن، كېڭىشىشكە ئېھتىياجلىق ئىشلاردا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن. كېڭىشىپ بولغاندىن كېيىن بىرەر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تايانغان ھالدا ئۇنى يۈرگۈزگىن. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۆزىگە تايانغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

إِن يَنصُرۡكُمُ ٱللَّهُ فَلَا غَالِبَ لَكُمۡۖ وَإِن يَخۡذُلۡكُمۡ فَمَن ذَا ٱلَّذِي يَنصُرُكُم مِّنۢ بَعۡدِهِۦۗ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلۡيَتَوَكَّلِ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ١٦٠

160 ـ ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە ئۆز پەزلىدىن ياردەم ۋە نۇسرەت بېرىپ سىلەرنى كۈچلەندۈرسە، سىلەرنى ھېچكىم يېڭەلمەيدۇ. ئەگەر ئاللاھ سىلەردىن ياردىمىنى توختاتسا، سىلەرنى تاشلىۋەتسە، ئاللاھ سىلەرنى تاشلىۋەتكەندىن كېيىن، سىلەرگە كىم ياردەم بېرەلەيدۇ؟ شۇڭا، مۇئمىنلەر يالغۇز ئاللاھقا تايانسۇن!

وَمَا كَانَ لِنَبِيٍّ أَن يَغُلَّۚ وَمَن يَغۡلُلۡ يَأۡتِ بِمَا غَلَّ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۚ ثُمَّ تُوَفَّىٰ كُلُّ نَفۡسٖ مَّا كَسَبَتۡ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ١٦١

161 ـ ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر غەنىيمەتتىن ئۆزىگە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىنى ئېلىپ، ئۆز ساھابىلىرىگە خىيانەت قىلمايدۇ. كىمكى غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىدىكەن، ئۇ

قىيامەت كۈنى رەسۋا بولۇش ئۈچۈن ئۆزى خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن كېلىدۇ. ئاندىن ھەر كىشىگە ئۆزىنىڭ قىلغان ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتى ياكى جازاسى تولۇق بېرىلىدۇ، ئۇلارغا قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ.

أَفَمَنِ ٱتَّبَعَ رِضۡوَٰنَ ٱللَّهِ كَمَنۢ بَآءَ بِسَخَطٖ مِّنَ ٱللَّهِ وَمَأۡوَىٰهُ جَهَنَّمُۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ ﴿١٦٢﴾

162 - مەقسىتى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش بولغان كىشى گۇناھ - مەئسىيەتكە پېتىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان ۋە بارىدىغان جايى جەھەننەم بولغان كىشى بىلەن باراۋەرمۇ؟ جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!

هُمۡ دَرَجَٰتٌ عِندَ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ بَصِيرُۢ بِمَا يَعۡمَلُونَ ﴿١٦٣﴾

163 - ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغان جەننەت ئەھلىنىڭ دەرىجىسى بىر خىل بولمايدۇ، ئاللاھ رازى بولمايدىغان ئىشلارنى قىلىدىغان دوزاخ ئەھلىنىڭ دەرىجىسىمۇ بىر خىل بولمايدۇ، ئۇلار باراۋەر ئەمەس. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچقانداق بىر ئىش ئاللاھقا مەخپىي ئەمەستۇر.

لَقَدۡ مَنَّ ٱللَّهُ عَلَى ٱلۡمُؤۡمِنِينَ إِذۡ بَعَثَ فِيهِمۡ رَسُولٗا مِّنۡ أَنفُسِهِمۡ يَتۡلُواْ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتِهِۦ وَيُزَكِّيهِمۡ وَيُعَلِّمُهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡحِكۡمَةَ وَإِن كَانُواْ مِن قَبۡلُ لَفِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٍ ﴿١٦٤﴾

164 - ئاللاھ ئەرەبلەردىن بولغان مۇئمىنلەرگە كاتتا ئىنئام قىلدى. چۈنكى ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان، ئۇلارنى مۇشرىكلىكتىن ۋە ناچار قىلىقلاردىن پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا قۇرئاننى ۋە سۈننەتنى ئۆگىتىدىغان بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتتى. ھالبۇكى، ئۇلار بۇ پەيغەمبەر كېلىشتىن بۇرۇن ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئىدى.

أَوَلَمَّآ أَصَٰبَتۡكُم مُّصِيبَةٞ قَدۡ أَصَبۡتُم مِّثۡلَيۡهَا قُلۡتُمۡ أَنَّىٰ هَٰذَاۖ قُلۡ هُوَ مِنۡ عِندِ أَنفُسِكُمۡۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿١٦٥﴾

165 - ئى مۇئمىنلەر! ئوھود ئۇرۇشىدا سىلەرگە يەتكەن تالاپەت سىلەر بەدرى ئۇرۇشىدا دۈشمەنلەرگە يەتكۈزگەن تالاپەتنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان تۇرسا، سىلەر بۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ: «بىز مۇسۇلمان تۇرساق، پەيغەمبىرىمىز ئارىمىزدا تۇرسا، دۈشمەنلىرىمىز مۇشرىك تۇرسا، بۇ تالاپەت بىزگە قەيەردىن كەلدى؟» دېدىڭلار. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلارنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، غەنىيمەت توپلاشقا كېتىپ قالغانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن بۇ تالاپەت ئۆزۈڭلاردىن كەلدى». شەكسىزكى، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، خالىغىنىچە ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ ھۆكمىگە قارشى چىقالمايدۇ.

وَمَآ أَصَٰبَكُمۡ يَوۡمَ ٱلۡتَقَى ٱلۡجَمۡعَانِ فَبِإِذۡنِ ٱللَّهِ وَلِيَعۡلَمَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١٦٦﴾

166 - مۇئمىنلەر قوشۇنى بىلەن مۇشرىكلار قوشۇنى ئۇچراشقان ئوھود ئۇرۇشىدا سىلەرگە يەتكەن يارىلىنىش ۋە ئۆلتۈرۈلۈش قاتارلىق مۇسىبەتلەر، غەلىبىنىڭ ئاۋۋال مۇئمىنلەرگە، ئاندىن مۇشرىكلارغا مەنسۇپ بولغانلىقى ھەممىسى ئاللاھنىڭ تەقدىرى ۋە ئىرادىسى بىلەن بولدى. بۇ ئاللاھنىڭ ئۆز ئىلمىدىكى ئىشنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى ۋە ئاراڭلاردىن راستچىل مۇئمىنلەرنى ئايرىپ چىقىشى ئۈچۈندۇر.

وَلِيَعۡلَمَ ٱلَّذِينَ نَافَقُواْۚ وَقِيلَ لَهُمۡ تَعَالَوۡاْ قَٰتِلُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ أَوِ ٱدۡفَعُواْۖ قَالُواْ لَوۡ نَعۡلَمُ قِتَالٗا لَّٱتَّبَعۡنَٰكُمۡۗ هُمۡ لِلۡكُفۡرِ يَوۡمَئِذٍ أَقۡرَبُ مِنۡهُمۡ لِلۡإِيمَٰنِۚ يَقُولُونَ بِأَفۡوَٰهِهِم مَّا لَيۡسَ فِي قُلُوبِهِمۡۚ وَٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِمَا يَكۡتُمُونَ ﴿١٦٧﴾

167 ـ بۇ يەنە مۇناپىقلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى پاش قىلىش ئۈچۈن بولۇپ، مۇئمىنلەر ئۇلارغا: «كېلىڭلار، ئاللاھ يولىدا بىز بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلىڭلار ياكى سانىڭلار بىلەن بىزگە ياردەم قىلىڭلار» دېگەندە، ئۇلار: «سىلەرنىڭ باشقىلار بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىڭلارنى بىلگەن بولساق، ئەلۋەتتە، سىلەرگە ئەگەشكەن بولاتتۇق» دېدى. ئۇ كۈندە ئۇلار ئىمانغا قارىغاندا كۇفرىغا يېقىن ئىدى. چۈنكى ئۇلار كۆڭۈللىرىدە يوق نەرسىلەرنى ئېغىزلىرىدا سۆزلەيتتى. ھالبۇكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ.

ٱلَّذِينَ قَالُواْ لِإِخۡوَٰنِهِمۡ وَقَعَدُواْ لَوۡ أَطَاعُونَا مَا قُتِلُواْۗ قُلۡ فَٱدۡرَءُواْ عَنۡ أَنفُسِكُمُ ٱلۡمَوۡتَ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿١٦٨﴾

168 ـ ئاشۇ مۇناپىقلار جىھادقا چىقماي ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپ، ئوھۇد ئۇرۇشىدا مۇشرىكلارغا قارشى مۇئمىنلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ جىھاد قىلىپ شېھىت بولغان قېرىنداشلىرى ھەققىدە: «ئەگەر ئۇلار بىزنىڭ سۆزىمىزگە كىرگەن بولسا ئۆلتۈرۈلمەيتتى» دېدى. ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇناپىقلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ‹ئۇلار جىھادقا چىقمىغان بولسا ئۆلمەيتتى، بىز ئۆيىمىزدە قالغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۆلمىدۇق› دېگەن سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، قېنى ئۆلۈمنى ئۆزۈڭلاردىن توسۇپ بېقىڭلارچۇ؟!».

وَلَا تَحۡسَبَنَّ ٱلَّذِينَ قُتِلُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ أَمۡوَٰتَۢاۚ بَلۡ أَحۡيَآءٌ عِندَ رَبِّهِمۡ يُرۡزَقُونَ ﴿١٦٩﴾

169 ـ ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى ھەرگىز ئۆلۈك، ھېچ نەرسىنى سەزمەيدۇ دەپ قارىمىغىن، بەلكى ئۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بەرزەخ[1] ھاياتىدا ياشاۋاتقان تىرىكلەردۇر، ئۇلار ئاللاھ ئۈچۈن جىھاد قىلىپ، ئۇنىڭ يولىدا شېھىت بولغان كىشىلەر بولغانلىقتىن، ئۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرىدۇ.

فَرِحِينَ بِمَآ ءَاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ مِن فَضۡلِهِۦ وَيَسۡتَبۡشِرُونَ بِٱلَّذِينَ لَمۡ يَلۡحَقُواْ بِهِم مِّنۡ خَلۡفِهِمۡ أَلَّا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ ﴿١٧٠﴾

170 ـ ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان كاتتا نېمىتىگە، كۆزلەرگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان سانسىز ئاتا ـ ئېھسانىغا ۋە رازىلىقىغا ئېرىشكەن چېغىدا، ئۇلارنىڭ قەلبى چوڭقۇر بەخت ـ سائادەتكە تولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن مۇجاھىد قېرىنداشلىرى ئەگەر ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ شېھىت بولسا، ئاخىرەتتە ئۇلارغا ھېچبىر قورقۇنچ يوق ئىكەنلىكىدىن، دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغىمۇ قىلچە قايغۇرمايدىغانلىقىدىن سۆيۈنىدۇ.

۞ يَسۡتَبۡشِرُونَ بِنِعۡمَةٖ مِّنَ ٱللَّهِ وَفَضۡلٖ وَأَنَّ ٱللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجۡرَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١٧١﴾

171 ـ ئۇلار ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن نېمەتلەردىن، ئاتا ـ ئېھسانلاردىن ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئەجرىنى ئاللاھنىڭ ھەرگىز بىكار قىلىۋەتمەيدىغانلىقىدىن، ئۇنى ئۆزىنىڭ پەزل ـ كەرەمى بىلەن

[1] بەرزەخ — بۇ دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ئوتتۇرىسىدىكى ھاياتتۇر.

تېخىمۇ ئاشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىدىن قاتتىق سۆيۈنىدۇ.

ٱلَّذِينَ ٱسۡتَجَابُواْ لِلَّهِ وَٱلرَّسُولِ مِنۢ بَعۡدِ مَآ أَصَابَهُمُ ٱلۡقَرۡحُۚ لِلَّذِينَ أَحۡسَنُواْ مِنۡهُمۡ وَٱتَّقَوۡاْ أَجۡرٌ عَظِيمٌ ﴿١٧٢﴾

172 - ئوھود ئۇرۇشىدا تالاپەتكە ئۇچراپ ئېغىر يارىلانغاندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشۇپ، «ھەمرائۇل ئەسەد» دېگەن جايغا مۇشرىكلارنى قوغلاپ چىققان، ئاللاھ يولىدا بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ۋە تەقۋادار بولغانلار ئۈچۈن كاتتا مۇكاپات بار.

ٱلَّذِينَ قَالَ لَهُمُ ٱلنَّاسُ إِنَّ ٱلنَّاسَ قَدۡ جَمَعُواْ لَكُمۡ فَٱخۡشَوۡهُمۡ فَزَادَهُمۡ إِيمَٰنٗا وَقَالُواْ حَسۡبُنَا ٱللَّهُ وَنِعۡمَ ٱلۡوَكِيلُ ﴿١٧٣﴾

173 - ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى، بىر قىسىم مۇشرىكلار ئۇلارغا: «شەك - شۈبھىسىزكى، ئەبۇ سۇفيان باشچىلىقىدىكى مۇشرىكلار سىلەرگە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، سىلەرنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن قوشۇن توپلىدى، سىلەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، چۈنكى ئۇلارغا كۈچۈڭلار يەتمەيدۇ» دەپ قورقۇتماقچى بولغانىدا، بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ياردىمىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى قىلچە تەۋرىتەلمىدى، ئۇلار ئاللاھ ئىرادە قىلغان تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى ۋە: «بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمە دېگەن ياخشى ھامىي!» دېدى.

فَٱنقَلَبُواْ بِنِعۡمَةٖ مِّنَ ٱللَّهِ وَفَضۡلٖ لَّمۡ يَمۡسَسۡهُمۡ سُوٓءٞ وَٱتَّبَعُواْ رِضۡوَٰنَ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ ذُو فَضۡلٍ عَظِيمٍ ﴿١٧٤﴾

174 - شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «ھەمرائۇل ئەسەد» دېگەن جايدىن ئاللاھنىڭ كاتتا ئىنئامىغا ۋە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشكەن، ھېچقانداق ئۆلۈم-يېتىمگە ۋە قوراللىق توقۇنۇشقا ئۇچرىمىغان، ئىمانىغا ئىمان قوشۇلغان، ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان مۇشرىكلارنى مەغلۇپ قىلغان ھالدا مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەن ئىدى. ئاللاھ ئۇلارغا ۋە باشقىلىرىغا كاتتا ئىنئام قىلغۇچىدۇر، سانسىز پەزل - كەرەم ئىگىسىدۇر.

إِنَّمَا ذَٰلِكُمُ ٱلشَّيۡطَٰنُ يُخَوِّفُ أَوۡلِيَآءَهُۥ فَلَا تَخَافُوهُمۡ وَخَافُونِ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿١٧٥﴾

175 - بۇ ئىشتا سىلەرنى توختىتىپ قويىدىغان پەقەت ئاشۇ شەيتاندۇر. ئۇ سىلەرنى ئۆز دوستلىرى بولغان كاپىرلاردىن قورقۇتىدۇ. ئەگەر ماڭا ئىمان كەلتۈرگەن، مېنىڭ پەيغەمبىرىمگە ئەگەشكەن كىشىلەر بولساڭلار، مۇشرىكلاردىن قورقماڭلار، چۈنكى، ئۇلار ئاجىزلاردۇر، ئۇلارغا ياردەم قىلغۇچى يوقتۇر. شۇڭا سىلەر ماڭا ئىتائەت قىلىپ، مەندىنلا قورقۇڭلار.

وَلَا يَحۡزُنكَ ٱلَّذِينَ يُسَٰرِعُونَ فِي ٱلۡكُفۡرِۚ إِنَّهُمۡ لَن يَضُرُّواْ ٱللَّهَ شَيۡـٔٗاۚ يُرِيدُ ٱللَّهُ أَلَّا يَجۡعَلَ لَهُمۡ حَظّٗا فِي ٱلۡأٓخِرَةِۖ وَلَهُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴿١٧٦﴾

176 - ئى پەيغەمبەر! كۇفرىغا ئۆزىنى ئاتقانلارنىڭ قىلمىشى سېنى غەمكىن قىلمىسۇن، (دىلىڭنى ئازابلىمىسۇن)، چۈنكى (ئۇ كاپىرلار كۇفرىدا، ئازغۇنلۇقتا قانچىلىك ئىلگىرىلەپ كەتسىمۇ)، ئۇلار بۇ قىلمىشى بىلەن ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، پەقەت ئۆزلىرىنى ئىمانىنىڭ ھالاۋىتىدىن ۋە ئاللاھنىڭ كاتتا مۇكاپاتىدىن مەھرۇم قىلىش

ئارقىلىق ئۆزلىرىگىلا زىيان يەتكۈزىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا ئاخىرەتتە ياخشىلىقتىن ھېچقانداق نېسىۋە بەرمەسلىكنى خالايدۇ، چۈنكى ئۇلار ھەق دىننىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتتى، ئۇلارغا چوڭ ئازاب بار.

إِنَّ ٱلَّذِينَ ٱشۡتَرَوُاْ ٱلۡكُفۡرَ بِٱلۡإِيمَٰنِ لَن يَضُرُّواْ ٱللَّهَ شَيۡـٔٗاۖ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿١٧٧﴾

177 - ئىماننى كۇفرىغا تېگىشكەنلەر ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، بەلكى بۇ قىلمىشىنىڭ زىيىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قايتىدۇ، ئۇلارغا ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بار.

وَلَا يَحۡسَبَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَنَّمَا نُمۡلِي لَهُمۡ خَيۡرٞ لِّأَنفُسِهِمۡۚ إِنَّمَا نُمۡلِي لَهُمۡ لِيَزۡدَادُوٓاْ إِثۡمٗاۖ وَلَهُمۡ عَذَابٞ مُّهِينٞ ﴿١٧٨﴾

178 - ناۋادا بىز كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلساق، ئۇلارنى دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن كۆپرەك پايدىلاندۇرساق، ئۇلارنى كاپىرلىقى ۋە گۇناھلىرى تۈپەيلى جازالىمىساق، ئۇلار بۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ ئويلاپ قالمىسۇن، ئۇلارنىڭ جازاسىنى ۋە ئەجىلىنى كېچىكتۈرگەنلىكىمىز، پەقەت ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ گۇناھ سادىر قىلىشى، تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىشى ئۈچۈندۇر. ئۇلارغا ئۇلارنى خار قىلىدىغان ۋە دەرد - ئەلەمگە چۆمدۈرىدىغان ئازاب بار.

مَّا كَانَ ٱللَّهُ لِيَذَرَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ عَلَىٰ مَآ أَنتُمۡ عَلَيۡهِ حَتَّىٰ يَمِيزَ ٱلۡخَبِيثَ مِنَ ٱلطَّيِّبِۗ وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيُطۡلِعَكُمۡ عَلَى ٱلۡغَيۡبِ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَجۡتَبِي مِن رُّسُلِهِۦ مَن يَشَآءُۖ فَـَٔامِنُواْ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦۚ وَإِن تُؤۡمِنُواْ وَتَتَّقُواْ فَلَكُمۡ أَجۡرٌ عَظِيمٞ ﴿١٧٩﴾

179 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! ، مۇناپىقلارنىڭ مۆئمىنلەردىن ئايرىلىپ تۇرۇشى ئۈچۈن، ئاللاھ يامانىنى ياخشىدىن ئايرىمىغۇچە، ئۇ سىلەرنى ئاراڭلاردا مۆئمىنلەر بىلەن مۇناپىقلار ئايرىلمىغان ھازىرقى ھالىتىڭلار بويىچە ھەرگىز تاشلاپ قويمايدۇ. ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھ ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن، ھەقىقىي مۆئمىن بىلەن مۇناپىقنى ئايرىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك غەيبلەردىن ھەرگىز خەۋەردار قىلمايدۇ، ئەمما ئاللاھ ئۇلارنى قىيىن سىناقلاردىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئايرىپ چىقىدۇ. لېكىن ئاللاھ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆزى خالىغان كىشىنى تاللاپ، ئۇنىڭغا بەزى غەيبلەرنى ۋەھيى ئارقىلىق بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، سىلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، ئەگەر سىلەر چىن ئىمان ئېيتساڭلار ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەن تەقۋالىق قىلساڭلار، سىلەرگە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كاتتا مۇكاپات بار.

وَلَا يَحۡسَبَنَّ ٱلَّذِينَ يَبۡخَلُونَ بِمَآ ءَاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ مِن فَضۡلِهِۦ هُوَ خَيۡرٗا لَّهُمۖ بَلۡ هُوَ شَرّٞ لَّهُمۡۖ سَيُطَوَّقُونَ مَا بَخِلُواْ بِهِۦ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۗ وَلِلَّهِ مِيرَٰثُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرٞ ﴿١٨٠﴾

180 - ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىشقا بېخىللىق قىلغۇچىلار بۇ بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ ئويلاپ قالمىسۇن، بۇ ئۇلار ئۈچۈن يامان ئىشتۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ توپلىغان مال - دۇنياسى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بوينىغا ئوتتىن تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ. ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا پادىشاھلىقنىڭ ۋە ھەممىنىڭ ئىگىسىدۇر. ئۇ بارچە مەخلۇقات يوق بولغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ھايات

تۇرىدىغان زاتتۇر، ئۇ بەندىلىرىنىڭ بارلىق ئەمەللىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلارغا شۇ ئەمەللىرىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

لَّقَدْ سَمِعَ ٱللَّهُ قَوْلَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓا۟ إِنَّ ٱللَّهَ فَقِيرٌ وَنَحْنُ أَغْنِيَآءُ ۘ سَنَكْتُبُ مَا قَالُوا۟ وَقَتْلَهُمُ ٱلْأَنۢبِيَآءَ بِغَيْرِ حَقٍّ وَنَقُولُ ذُوقُوا۟ عَذَابَ ٱلْحَرِيقِ ﴿١٨١﴾

181 - ئاللاھ يەھۇدىيلارنىڭ: «ئاللاھ پېقىردۇر، شۇڭا بىزدىن قەرز سورايدۇ، بىز بولساق باي» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىدى، بىز ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىنى خاتىرىلەپ قويىمىز، يەنە ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى ئەجدادلىرىنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىك قىلمىشىنى قوللايدىغانلىقىنىمۇ يېزىپ قويىمىز. ئاخىرەتتە ئۇلارنى بۇ قىلمىشى سەۋەبلىك جازالايمىز، ئۇلار دوزاختا ئازابلىنىۋاتقان چاغدا، ئۇلارغا: «كۆيدۈرگۈچى قاتتىق ئازابنى تېتىڭلار!» دەيمىز.

ذَٰلِكَ بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيكُمْ وَأَنَّ ٱللَّهَ لَيْسَ بِظَلَّامٍ لِّلْعَبِيدِ ﴿١٨٢﴾

182 - بۇ قاتتىق ئازاب سىلەر دۇنيادىكى چاغلىرىڭلاردا ئېتىقاد، ئەمەل ۋە گەپ - سۆزدە سادىر قىلغان قىلمىشىڭلار ئۈچۈندۇر. ئاللاھ بەندىلىرىگە قىلچە ئۇۋال قىلمايدۇ.

ٱلَّذِينَ قَالُوٓا۟ إِنَّ ٱللَّهَ عَهِدَ إِلَيْنَآ أَلَّا نُؤْمِنَ لِرَسُولٍ حَتَّىٰ يَأْتِيَنَا بِقُرْبَانٍ تَأْكُلُهُ ٱلنَّارُ ۗ قُلْ قَدْ جَآءَكُمْ رُسُلٌ مِّن قَبْلِى بِٱلْبَيِّنَٰتِ وَبِٱلَّذِى قُلْتُمْ فَلِمَ قَتَلْتُمُوهُمْ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿١٨٣﴾

183 - ئاشۇ يەھۇدىيلار ئىسلامغا دەۋەت قىلغاندا :«ئاللاھ بىزگە تەۋراتتا ھەرقانداق بىر ئادەم ‹مەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى› دەپ كەلسە، ئۇ ئاللاھقا يېقىنلىق ئىزدەپ بىرەر سەدىقە تەقدىم قىلمىغۇچە ۋە ئۇ سەدىقىنى ئاسماندىن بىر ئوت كېلىپ كۆيدۈرمىگۈچە، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشەنمەڭلار، دەپ كەسكىن بۇيرۇغان» دەپ بىلجىرلايدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، سىلەر (پەيغەمبەرلىكنى ئىسپاتلاشنى بىرلا مۆجىزىگە خاس قىلىشتا) يالغان سۆزلەۋاتىسىلەر، چۈنكى، مەندىن ئىلگىرى سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلارغا كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەر كەلدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى روشەن مۆجىزىلەر ۋە ئوپئوچۇق دەلىللەر بىلەن ۋە سەدىقىنى ئاسماندىن ئوت كېلىپ كۆيدۈرۈشىدىن ئىبارەت سىلەر ئېيتقان مۆجىزە بىلەن ئىسپاتلىدى. ئەگەر سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلار ئاشۇ پەيغەمبەرلەرنى نېمىشقا ئۆلتۈردى؟

فَإِن كَذَّبُوكَ فَقَدْ كُذِّبَ رُسُلٌ مِّن قَبْلِكَ جَآءُو بِٱلْبَيِّنَٰتِ وَٱلزُّبُرِ وَٱلْكِتَٰبِ ٱلْمُنِيرِ ﴿١٨٤﴾

184 - ئى پەيغەمبەر! ئەگەر ئاشۇ يەھۇدىيلار ۋە باشقا كاپىرلار سېنى ئىنكار قىلسا، بۇنىڭغا غەمكىن بولمىغىن، چۈنكى ئىلگىرىكى كاپىرلارمۇ ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئىدى. ھالبۇكى، ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەربىرى ئۆز قەۋمىگە روشەن مۆجىزىلەرنى، ئوپئوچۇق دەلىل - ئىسپاتلارنى ۋە كۇفرىنىڭ زۇلمەتلىرىدىن ئىماننىڭ يورۇقلۇقىغا چىقىرىدىغان نۇرلۇق كىتابلارنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

كُلُّ نَفْسٍ ذَآئِقَةُ ٱلْمَوْتِ ۗ وَإِنَّمَا تُوَفَّوْنَ أُجُورَكُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ ۖ فَمَن زُحْزِحَ عَنِ ٱلنَّارِ وَأُدْخِلَ ٱلْجَنَّةَ فَقَدْ فَازَ ۗ وَمَا ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَآ إِلَّا مَتَٰعُ ٱلْغُرُورِ ﴿١٨٥﴾

185 - ھەربىر جان ئىگىسى چوقۇم ئۆلۈمنى تېتىيدۇ، بۇنىڭ بىلەن بارلىق خالايىق ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىرىلىدۇ. سىلەر قىيامەت كۈنى بارلىق ياخشى ئەمەلىڭلارنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق ئالىسىلەر. ئاللاھ كىمگە ئىنئام

قىلىپ، ئۇنى دوزاختىن قۇتقۇزسا ۋە جەننەتكە كىرگۈزسە، ئۇ كىشى بارلىق ئارمانىغا يەتكەن بولىدۇ. دۇنيا ھاياتى ۋاقىتلىق مەنپەئەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس، سىلەر ھەرگىز مەغرۇرلىنىپ قالماڭلار.

۞ لَتُبۡلَوُنَّ فِيٓ أَمۡوَٰلِكُمۡ وَأَنفُسِكُمۡ وَلَتَسۡمَعُنَّ مِنَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ مِن قَبۡلِكُمۡ وَمِنَ ٱلَّذِينَ
أَشۡرَكُوٓاْ أَذٗى كَثِيرٗاۚ وَإِن تَصۡبِرُواْ وَتَتَّقُواْ فَإِنَّ ذَٰلِكَ مِنۡ عَزۡمِ ٱلۡأُمُورِ ﴿١٨٦﴾

186 - ئى مۇئمىنلەر! سىلەر پۇل - مېلىڭلاردىن زاكات ۋە سەدىقە قاتارلىقلارنى چىقىرىش بىلەن، بېشىڭلارغا كېلىدىغان زىيان - زەخمەت بىلەن، ئىبادەتكە بۇيرۇلۇش بىلەن، ئۆلۈم - يېتىم ۋە يېقىنلىرىڭلاردىن ئايرىلىپ قېلىش بىلەن چوقۇم سىنىلىسىلەر. بۇ ھەقىقىي سادىق مۇئمىننىڭ مۇناپىقلاردىن ئايرىلىشى ئۈچۈندۇر. سىلەر يەھۇدىيلاردىن، خرىستىيانلاردىن ۋە مۇشرىكلاردىن دىنىڭلارغا تەنە قىلىدىغان كۆپلىگەن كۇفرى سۆزلەرنى ئاڭلايسىلەر. ئەگەر بۇلارنىڭ ھەممىسىگە سەۋر قىلساڭلار، ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، گۇناھتىن يىراق تۇرۇپ ئاللاھقا تەقۋالىق قىلساڭلار، بۇ ھەقىقەتەن بەسلىشىپ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

وَإِذۡ أَخَذَ ٱللَّهُ مِيثَٰقَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ لَتُبَيِّنُنَّهُۥ لِلنَّاسِ وَلَا تَكۡتُمُونَهُۥ فَنَبَذُوهُ وَرَآءَ ظُهُورِهِمۡ
وَٱشۡتَرَوۡاْ بِهِۦ ثَمَنٗا قَلِيلٗاۖ فَبِئۡسَ مَا يَشۡتَرُونَ ﴿١٨٧﴾

187 - ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۇز ۋاقتىدا، ئاللاھ كىتاب بېرىلگەن يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلاردىن: «كىتابنى كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىسىلەر ۋە يوشۇرمايسىلەر» دەپ ئەھدە ئالغان ئىدى. يەھۇدىيلار تەۋراتقا، خرىستىيانلار ئىنجىلغا ئەمەل قىلىشقا، بۇ ئىككى كىتابتىكى ھەقىقەتلەرنى كىشىلەرگە بايان قىلىپ بېرىشكە، يوشۇرماسلىققا، ئۆزگەرتمەسلىككە بۇيرۇلغان تۇرۇقلۇق، ئۇلار بۇ ئەھدىنى ئارقىسىغا چۆرۈۋەتتى، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىدى، بۇ كىتابلارنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىچىدىكى ھەقىقەتلەرنى يوشۇرۇش بەدىلىگە، دۇنيانىڭ ئەرزىمەس پۇلىنى ئېلىپ خەجلىدى. ئۇلارنىڭ ئەھدىنى بۇزۇش ۋە كىتابنى ئۆزگەرتىش بەدىلىگە ئالغان نەرسىسى نېمىدېگەن يامان!

لَا تَحۡسَبَنَّ ٱلَّذِينَ يَفۡرَحُونَ بِمَآ أَتَواْ وَّيُحِبُّونَ أَن يُحۡمَدُواْ بِمَا لَمۡ يَفۡعَلُواْ فَلَا تَحۡسَبَنَّهُم بِمَفَازَةٖ
مِّنَ ٱلۡعَذَابِۖ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿١٨٨﴾

188 - (ئى پەيغەمبەر!) يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلارغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ قەبىھ قىلمىشىدىن خۇشاللىنىدىغان، قىلمىغان ئىشلىرى بىلەن مەدھىيەلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنى بۇ دۇنيادا ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇ، دەپ ئويلىمىغىن، ئۇلارغا ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بار. (بۇ ئايەتتە ھەرقانداق بىر يامان ئىشنى كۆڭۈل خۇشاللىقى بىلەن قىلىدىغان، باشقىلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلمىغان ئىشىدىن پەخىرلىنىدىغان كىشىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن).

وَلِلَّهِ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ﴿١٨٩﴾

189 - ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى يالغۇز ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

إِنَّ فِي خَلۡقِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَٱخۡتِلَٰفِ ٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِ لَأٓيَٰتٖ لِّأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِ ﴿١٩٠﴾

190 - شەكسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ ئۆرنەكسىز يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن
كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئۇزۇن، قىسقا بولۇپ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا ساغلام
ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان كاتتا دەلىللەر بار.

ٱلَّذِينَ يَذْكُرُونَ ٱللَّهَ قِيَٰمًا وَقُعُودًا وَعَلَىٰ جُنُوبِهِمْ وَيَتَفَكَّرُونَ فِى خَلْقِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ رَبَّنَا
مَا خَلَقْتَ هَٰذَا بَٰطِلًا سُبْحَٰنَكَ فَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ ﴿١٩١﴾

191 - ساغلام ئەقىل ئىگىلىرى بولغان كىشىلەر ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ،
يەنى ھەممە ھالەتلىرىدە ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ يارىتىلىشى
توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «ئى رەببىمىز! سەن بۇنى ھەرگىز
بىكار ياراتمىدىڭ. سەن ھېكمەتسىز ئىش قىلىشتىن ئەلۋەتتە پاكتۇرسەن! بىزنى دوزاخ
ئازابىدىن ساقلىغىن؛

رَبَّنَآ إِنَّكَ مَن تُدْخِلِ ٱلنَّارَ فَقَدْ أَخْزَيْتَهُۥ ۖ وَمَا لِلظَّٰلِمِينَ مِنْ أَنصَارٍ ﴿١٩٢﴾

192 - ئى رەببىمىز! بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. چۈنكى سەن - ئى رەببىمىز! -
گۇناھى تۈپەيلىدىن كىمنى دوزاخقا كىرگۈزسەڭ، ئۇنى ئەلۋەتتە رەسۋا قىلغان ۋە خار
قىلغان بولىسەن. گۇناھ - مەئسىيەتلىرى سەۋەبلىك ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنى قىيامەت
كۈنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قالىدىغان ھېچقانداق مەدەتكار چىقمايدۇ؛

رَّبَّنَآ إِنَّنَا سَمِعْنَا مُنَادِيًا يُنَادِى لِلْإِيمَٰنِ أَنْ ءَامِنُوا۟ بِرَبِّكُمْ فَـَٔامَنَّا ۚ رَبَّنَا فَٱغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَكَفِّرْ
عَنَّا سَيِّـَٔاتِنَا وَتَوَفَّنَا مَعَ ٱلْأَبْرَارِ ﴿١٩٣﴾

193 - (ئى رەببىمىز!) بىز ھەقىقەتەن ‹رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار› دەپ كىشىلەرنى سېنىڭ
بىر ئىكەنلىكىڭگە ئىمان كەلتۈرۈشكە ۋە سېنىڭ شەرىئىتىڭگە ئەمەل قىلىشقا دەۋەت
قىلغۇچى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلاپ، ئۇنى قوبۇل قىلدۇق، ئۇنىڭ
پەيغەمبەرلىكىگە جەزم قىلىپ ئىمان ئېيتتۇق، ئى رەببىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى
مەغپىرەت قىلغىن، ئەيىبلىرىمىزنى يۆگىگىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا ۋاپات
قىلدۇرغىن، ئۇلار بىلەن بىللە قىلغىن؛

رَبَّنَا وَءَاتِنَا مَا وَعَدتَّنَا عَلَىٰ رُسُلِكَ وَلَا تُخْزِنَا يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ ۗ إِنَّكَ لَا تُخْلِفُ ٱلْمِيعَادَ ﴿١٩٤﴾

194 - ئى رەببىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نۇسرەت، ئىمكانىيەت،
ھىدايەت ۋە تەۋپىق قاتارلىق ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلغىن، قىيامەت كۈنى بىزنى
گۇناھلىرىمىز سەۋەبلىك رەسۋا قىلمىغىن. چۈنكى سەن كەرەملىكسەن، بەندىلىرىڭگە
قىلغان ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن».

فَٱسْتَجَابَ لَهُمْ رَبُّهُمْ أَنِّى لَآ أُضِيعُ عَمَلَ عَٰمِلٍ مِّنكُم مِّن ذَكَرٍ أَوْ أُنثَىٰ ۖ بَعْضُكُم مِّنۢ بَعْضٍ ۖ
فَٱلَّذِينَ هَاجَرُوا۟ وَأُخْرِجُوا۟ مِن دِيَٰرِهِمْ وَأُوذُوا۟ فِى سَبِيلِى وَقَٰتَلُوا۟ وَقُتِلُوا۟ لَأُكَفِّرَنَّ عَنْهُمْ سَيِّـَٔاتِهِمْ
وَلَأُدْخِلَنَّهُمْ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ ثَوَابًا مِّنْ عِندِ ٱللَّهِ ۗ وَٱللَّهُ عِندَهُۥ حُسْنُ ٱلثَّوَابِ ﴿١٩٥﴾

195 - ئاللاھ ئۇلارنىڭ دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇلاردىن مەيلى ئەر بولسۇن،
مەيلى ئايال بولسۇن، ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى
بىكار قىلىۋەتمەيدىغانلىقىنى، ئەر بىلەن ئايال دىنىي قېرىنداشلىقتا، ئەمەللىرىنىڭ
قوبۇل بولۇشىدا ۋە ياخشى - يامان ئەمەللىرىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا ئېلىشتا

ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ ھىجرەت قىلغانلارنىڭ، ئۆز يۇرتىدىن
ھەيدەپ چىقىرىلغانلارنىڭ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش يولىدا ۋە دىن يولىدا ئەزىيەت
تارتقانلارنىڭ، ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن جىھاد قىلىپ
ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى ئەلۋەتتە يوققا چىقىرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى
بۇ دۇنيادا يۆگىگەندەك ئاخىرەتتىمۇ يۆگەپ، ئۇلارنى جازاغا تارتمايدىغانلىقىنى،
ئۇلارنى قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل - دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان
جەننەتلەرگە كىرگۈزىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپات
بولۇپ، مۇكاپاتلارنىڭ ياخشىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر.

لَا يَغُرَّنَّكَ تَقَلُّبُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فِى ٱلْبِلَٰدِ ﴿١٩٦﴾

196 - ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارنىڭ تۇرمۇشتا باياشاتلىق ۋە رىزىقتا مولچىلىق ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقى،
ئۇلارنىڭ تىجارەت قىلىپ مال - دۇنياغا ئېرىشىش ئۈچۈن شەھەرلەر ئارىسىدا كېزىپ
يۈرۈشلىرى سېنى ئالداپ قويمىسۇن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئېرىشكەن نەرسىلىرى پات ئارىدا
قولىدىن كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يامان ئەمەللىرىنىڭ مەھبۇسلىرىغا
ئايلىنىپ قالىدۇ.

مَتَٰعٌ قَلِيلٌ ثُمَّ مَأْوَىٰهُمْ جَهَنَّمُ ۚ وَبِئْسَ ٱلْمِهَادُ ﴿١٩٧﴾

197 - بۇ ئازغىنە بەھرىمەن بولۇشتۇر، ئاندىن قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى
جەھەننەم بولىدۇ. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان ئورۇن!

لَٰكِنِ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوْاْ رَبَّهُمْ لَهُمْ جَنَّٰتٌ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا نُزُلًا مِّنْ عِندِ
ٱللَّهِ ۗ وَمَا عِندَ ٱللَّهِ خَيْرٌ لِّلْأَبْرَارِ ﴿١٩٨﴾

198 - ئەمما رەببىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئورۇندىغان، ئۇ مەنئى قىلغان
ئىشلاردىن يىراق تۇرغان كىشىلەر قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل - دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن
ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار ئۈچۈن تەييارلانغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ، ئۇلار
جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن ھەرگىز چىقىرىلمايدۇ. بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن
كۈتۈۋېلىشتۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نېمەتلەر ياخشىلار ئۈچۈن كاپىرلارنىڭ دۇنيادا
ئېرىشكەن نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە ئەۋزەلدۇر ۋە ئەڭ ياخشىدۇر.

وَإِنَّ مِنْ أَهْلِ ٱلْكِتَٰبِ لَمَن يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيْكُمْ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيْهِمْ خَٰشِعِينَ لِلَّهِ لَا
يَشْتَرُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ ثَمَنًا قَلِيلًا ۗ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ سَرِيعُ ٱلْحِسَابِ ﴿١٩٩﴾

199 - ئەھلى كىتاب ئارىسىدا ھەقىقەتەن ئاللاھقا بويسۇنغان ۋە ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ
خار بەندە ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلغان ھالدا ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرىدىغان، سىلەرگە
نازىل قىلىنغان قۇرئان ئايەتلىرىگە ۋە ئۆزلىرىگە نازىل قىلىنغان تەۋرات ۋە ئىنجىل
قاتارلىق ساماۋى كىتابلارغا ئىشىنىدىغان كىشىلەر بار. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى
دۇنيالىق مەنپەئەتلەرگە سېتىۋەتمەيدۇ، ئاللاھ نازىل قىلغان ھەقىقەتلەرنى يوشۇرمايدۇ،
باشقىلارغا ئوخشاش ئۆزگەرتمەيدۇ. ئەنە شۇلار رەببىگە ئۇچرىشىدىغان قىيامەت كۈنىدە
رەببىنىڭ كاتتا مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ مۇكاپاتىنى كېمەيتمەي تولۇق
بېرىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى ساناش ۋە
ھەربىرىگە تېگىشلىك مۇكاپات ياكى جازا بېرىش ئاللاھقا ھەرگىز قىيىن كەلمەيدۇ.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱصْبِرُوا۟ وَصَابِرُوا۟ وَرَابِطُوا۟ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ﴿٢٠٠﴾

200 ـ ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! رەببىڭلارغا تائەت ـ ئىبادەت قىلىشتا چىداملىق بولۇڭلار، بېشىڭلارغا كەلگەن زىيان ـ زەخمەت ۋە بالا ـ قازالارغا سەۋر قىلىڭلار، چىدامچانلىقتا دۈشمەنلىرىڭلاردىن ئۈستۈن تۇرۇڭلار، مېنىڭ دۈشمىنىم ۋە سىلەرنىڭمۇ دۈشمىنىڭلار بولغان كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىش ئۈچۈن، ھەر زامان تەييار تۇرۇڭلار، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىپ مۇرادىڭلارغا يېتىشىڭلار ئۈچۈن، ھەممە ئەھۋالدا ئاللاھتىن قورقۇڭلار.

# نسا سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱتَّقُواْ رَبَّكُمُ ٱلَّذِي خَلَقَكُم مِّن نَّفۡسٖ وَٰحِدَةٖ وَخَلَقَ مِنۡهَا زَوۡجَهَا وَبَثَّ
مِنۡهُمَا رِجَالٗا كَثِيرٗا وَنِسَآءٗۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ ٱلَّذِي تَسَآءَلُونَ بِهِۦ وَٱلۡأَرۡحَامَۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلَيۡكُمۡ
رَقِيبٗا ﴿١﴾

1 - ئى ئىنسانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئۇنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلىڭلار، توسقانلىرىدىن يىراق تۇرۇڭلار. ئاللاھ سىلەرنى ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ياراتقان، ئۇنىڭدىن ئايالى ھەۋۋانى ياراتقان، بۇ ئىككىسىنىڭ نەسلىدىن دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىگە كۆپلىگەن ئەرلەر ۋە ئاياللارنى تارقاتقان زاتتۇر. بىر - بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا ئىسمىنى ئاتايدىغان ئاللاھنىڭ سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇماڭلاركى، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار. شەك - شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنىڭ بارلىق ئەمەللىرىڭلارنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.

وَءَاتُواْ ٱلۡيَتَٰمَىٰٓ أَمۡوَٰلَهُمۡۖ وَلَا تَتَبَدَّلُواْ ٱلۡخَبِيثَ بِٱلطَّيِّبِۖ وَلَا تَأۡكُلُوٓاْ أَمۡوَٰلَهُمۡ إِلَىٰٓ أَمۡوَٰلِكُمۡۚ إِنَّهُۥ
كَانَ حُوبٗا كَبِيرٗا ﴿٢﴾

2 - سىلەر يېتىملەرنىڭ ئىشىغا مەسئۇل بولساڭلار، ئۇلار بالاغەتكە يېتىپ، ئۇلاردىن مال - مۈلۈكنى مۇھاپىزەت قىلالايدىغان ئىقتىدارنى بايقىساڭلار، ئۇلارغا مال - مۈلۈكنى بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكىنىڭ ياخشىسىنى ناچارغا تېگىشىۋالماڭلار؛ ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكىنى يەۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ئۆزۈڭلارنىڭ مال - مۈلۈكىگە قوشۇۋالماڭلار. بۇنىڭغا جۈرئەت قىلغان ئادەم چوڭ گۇناھنى سادىر قىلغان بولىدۇ.

وَإِنۡ خِفۡتُمۡ أَلَّا تُقۡسِطُواْ فِي ٱلۡيَتَٰمَىٰ فَٱنكِحُواْ مَا طَابَ لَكُم مِّنَ ٱلنِّسَآءِ مَثۡنَىٰ وَثُلَٰثَ وَرُبَٰعَۖ
فَإِنۡ خِفۡتُمۡ أَلَّا تَعۡدِلُواْ فَوَٰحِدَةً أَوۡ مَا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُكُمۡۚ ذَٰلِكَ أَدۡنَىٰٓ أَلَّا تَعُولُواْ ﴿٣﴾

3 - ئەگەر سىلەر قول ئاستىڭلاردىكى يېتىم قىزلارغا ئۆيلىنىپ، ئۇلارنىڭ مەھرى ھەققىنى باشقا ئاياللارغا بەرگەندەك بېرەلمەي ئادالەتلىك بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، ئۇ قىزلارنى ئالماي، ئۆزۈڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئالساڭلار بولىدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادالەتلىك بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلىنىڭلار. بۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ ئاياللارغا زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىك قىلماسلىقىڭلارغا ئەڭ يېقىندۇر.

وَءَاتُواْ ٱلنِّسَآءَ صَدُقَٰتِهِنَّ نِحۡلَةٗۚ فَإِن طِبۡنَ لَكُمۡ عَن شَيۡءٖ مِّنۡهُ نَفۡسٗا فَكُلُوهُ هَنِيٓـٔٗا مَّرِيٓـٔٗا ﴿٤﴾

4 ـ ئى ئەرلەر! ئاياللارغا ئۇلارنىڭ بەلگىلەنگەن مەھرى ھەققىنى كۆڭلۈڭلاردىن چىقىرىپ تولۇق بېرىڭلار. ئەگەر ئۇلار مەھرى ھەققىدىن بىر قىسمىنى ئۆز كۆڭلىدىن چىقىرىپ سىلەرگە بېرىۋەتسە، سىلەر ئۇنى قوبۇل قىلىپ بىمالال ئىشلەتسەڭلار بولىدۇ، ئۇ سىلەرگە ھالالدۇر.

وَلَا تُؤْتُوا۟ ٱلسُّفَهَآءَ أَمْوَٰلَكُمُ ٱلَّتِى جَعَلَ ٱللَّهُ لَكُمْ قِيَٰمًا وَٱرْزُقُوهُمْ فِيهَا وَٱكْسُوهُمْ وَقُولُوا۟ لَهُمْ قَوْلًا مَّعْرُوفًا ﴿٥﴾

5 ـ ئى ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى مۇھاپىزەت قىلالمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئىشىغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلار! ئەر ـ ئايال ۋە باللاردىن پۇل ـ مالنى بۇزۇپ ـ چاچىدىغانلارنىڭ قولىغا ئۇلارنىڭ پۇل ـ مېلىنى تۇتقۇزۇپ قويماڭلار، پۇل ـ مال ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم ئاساسىدۇر. بۇ پۇل ـ ماللاردىن ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىڭلار، ئۇلارغا چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىڭلار، گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىڭلار.

وَٱبْتَلُوا۟ ٱلْيَتَٰمَىٰ حَتَّىٰٓ إِذَا بَلَغُوا۟ ٱلنِّكَاحَ فَإِنْ ءَانَسْتُم مِّنْهُمْ رُشْدًا فَٱدْفَعُوٓا۟ إِلَيْهِمْ أَمْوَٰلَهُمْ ۖ وَلَا تَأْكُلُوهَآ إِسْرَافًا وَبِدَارًا أَن يَكْبَرُوا۟ ۚ وَمَن كَانَ غَنِيًّا فَلْيَسْتَعْفِفْ ۖ وَمَن كَانَ فَقِيرًا فَلْيَأْكُلْ بِٱلْمَعْرُوفِ ۚ فَإِذَا دَفَعْتُمْ إِلَيْهِمْ أَمْوَٰلَهُمْ فَأَشْهِدُوا۟ عَلَيْهِمْ ۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ حَسِيبًا ﴿٦﴾

6 ـ قول ئاستىڭلاردىكى يېتىملەرنى بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر سىناپ تۇرۇڭلار، ئۇلار بالاغەت يېشىغا يەتسە ۋە ئۇلاردا دىنىيەتنى مال ـ مۈلۈكنى باشقۇرالايدىغان ئىقتىدارنى بايقىساڭلار، ئۇلارغا مال ـ مۈلۈكنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار؛ ئۇلار چوڭ بولۇپ قالسا، مال ـ مۈلۈكنى بىزدىن ئېلىۋالىدۇ دەپ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى ئۇلار چوڭ بولۇشتىن بۇرۇن يەۋېلىشقا ئۇرۇنماڭلار، بۇزۇپ ـ چاچماڭلار، كېرەكسىز يەرگە ئىشلەتمەڭلار. ئاراڭلاردىكى يېتىمنى باققان كىشىلەر ئەگەر باي بولسا، ئۇ يېتىمنى باققانلىق ھاھانىسى بىلەن يېتىمنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى يەۋېلىشتىن ئۆزىنى ساقلىسۇن، ئەگەر ئۇ كىشى يوقسۇل بولسا، ئۆزىنىڭ يېتىمنى باققانلىق ئەمگىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مال ـ مۈلۈكىدىن ئۆزىنىڭ ھاجىتىگە تۇشلۇق، مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسە بولىدۇ. سىلەر يېتىملەر بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۆز مال ـ مۈلۈكىنى مۇھاپىزەت قىلالايدىغان ھالغا كەلگەنلىكىنى بايقاپ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى ئۆزىگە تاپشۇرۇپ بېرىدىغان چاغدا، ھەق ـ ھوقۇقلارنىڭ ئۇلارغا تولۇق يېتىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە (كېيىنچە) ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا تېنىۋالماسلىقى ئۈچۈن، باشقىلارنى گۇۋاھ قىلىپ قويۇڭلار. ئاللاھنىڭ سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقى ۋە سىلەرنىڭ بارلىق ئەمەللىرىڭلاردىن تولۇق ھېساب ئېلىشى سىلەر ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

لِّلرِّجَالِ نَصِيبٌ مِّمَّا تَرَكَ ٱلْوَٰلِدَانِ وَٱلْأَقْرَبُونَ وَلِلنِّسَآءِ نَصِيبٌ مِّمَّا تَرَكَ ٱلْوَٰلِدَانِ وَٱلْأَقْرَبُونَ مِمَّا قَلَّ مِنْهُ أَوْ كَثُرَ ۚ نَصِيبًا مَّفْرُوضًا ﴿٧﴾

7 ـ ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار، ئەرلەر مەيلى چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن، مىراس مەيلى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ھەربىر ئادەم ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن ھەسسىسىنى ئالىدۇ. ئاياللارمۇ شۇنداق.

وَإِذَا حَضَرَ ٱلْقِسْمَةَ أُو۟لُوا۟ ٱلْقُرْبَىٰ وَٱلْيَتَٰمَىٰ وَٱلْمَسَٰكِينُ فَٱرْزُقُوهُم مِّنْهُ وَقُولُوا۟ لَهُمْ قَوْلًا مَّعْرُوفًا ﴿٨﴾

8 ـ مىراسنى تەقسىم قىلىدىغان چاغدا، مېيىتنىڭ مىراسىدىن نېسىۋىسى بولمىغان ئۇرۇق ـ

تۇغقانلىرى ياكى يېتىم (يەنى بالاغەتكە يەتمەستىن ئاتىسى ۋاپات بولغان) باللار ۋە يوقسۇللار هازىر بولسا، مىراسنى تەقسىم قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارغىمۇ ئاز - تولا بىر نەرسە بېرىڭلار، ئۇلارغا چىرايلىق گەپ قىلىڭلار، ئەزىيەت بەرمەڭلار.

وَلْيَخْشَ ٱلَّذِينَ لَوْ تَرَكُوا۟ مِنْ خَلْفِهِمْ ذُرِّيَّةً ضِعَٰفًا خَافُوا۟ عَلَيْهِمْ فَلْيَتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَلْيَقُولُوا۟ قَوْلًا
سَدِيدًا ﴿٩﴾

9 - ئەگەر ئارقىسىدا چارىسىز نارەسىدە باللىرىنى قويۇپ كەتكەن بولسا، ئۇلارنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىشىدىن ۋە هەق - هوقۇقىنىڭ زايە بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدىغانلار، قول ئاستىدىكى يېتىملەر هەققىدە ئاللاھتىن قورقسۇن، ئۇلارنى ياخشى تەربىيەلىسۇن، ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكىنى ياخشى قوغدىسۇن، ئۇلارنى زىيان - زەخمەتلەردىن قوغدىسۇن ۋە ئۇلارغا توغرا ۋە هەق گەپنى قىلسۇن.

إِنَّ ٱلَّذِينَ يَأْكُلُونَ أَمْوَٰلَ ٱلْيَتَٰمَىٰ ظُلْمًا إِنَّمَا يَأْكُلُونَ فِى بُطُونِهِمْ نَارًا ۖ وَسَيَصْلَوْنَ سَعِيرًا ﴿١٠﴾

10 - يېتىملەرنىڭ مال - مۈلۈكىگە قول ئۇزىتىپ، ئۇنى ناهەق يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قىيامەت كۈنى قورسىقىدا يالقۇنجاپ تۇرىدىغان ئوتنى يەيدۇ ۋە لاۋۇلداپ تۇرغان دوزاخ ئوتىغا كىرىدۇ.

يُوصِيكُمُ ٱللَّهُ فِىٓ أَوْلَٰدِكُمْ ۖ لِلذَّكَرِ مِثْلُ حَظِّ ٱلْأُنثَيَيْنِ ۚ فَإِن كُنَّ نِسَآءً فَوْقَ ٱثْنَتَيْنِ فَلَهُنَّ ثُلُثَا
مَا تَرَكَ ۖ وَإِن كَانَتْ وَٰحِدَةً فَلَهَا ٱلنِّصْفُ ۚ وَلِأَبَوَيْهِ لِكُلِّ وَٰحِدٍ مِّنْهُمَا ٱلسُّدُسُ مِمَّا تَرَكَ إِن كَانَ
لَهُۥ وَلَدٌ ۚ فَإِن لَّمْ يَكُن لَّهُۥ وَلَدٌ وَوَرِثَهُۥٓ أَبَوَاهُ فَلِأُمِّهِ ٱلثُّلُثُ ۚ فَإِن كَانَ لَهُۥٓ إِخْوَةٌ فَلِأُمِّهِ ٱلسُّدُسُ ۚ
مِنۢ بَعْدِ وَصِيَّةٍ يُوصِى بِهَآ أَوْ دَيْنٍ ۗ ءَابَآؤُكُمْ وَأَبْنَآؤُكُمْ لَا تَدْرُونَ أَيُّهُمْ أَقْرَبُ لَكُمْ نَفْعًا ۚ
فَرِيضَةً مِّنَ ٱللَّهِ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلِيمًا حَكِيمًا ﴿١١﴾

11 - ئاللاھ باللىرىڭلارغا تېگىدىغان مىراس هەققىدە سىلەرگە شۇنى بۇيرۇپ ۋەسىيەت قىلىدۇكى، سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن بىرەيلەن ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئوغۇل - قىز پەرزەنتلىرى قالسا، ئۇلاردىن باشقا ۋارىس بولمىسا، مىراسنىڭ هەممىسى شۇلارغا قالىدۇ. بىر ئوغۇلغا ئىككى قىزنىڭ هەسسىسى تېگىدۇ، ئەگەر مېيىتنىڭ قىز پەرزەنتلىرىلا بولۇپ، ئۇلار ئىككى ياكى ئىككىدىن كۆپ بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلارغا مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككى هەسسىسى تېگىدۇ، ئەگەر ۋارىس بىرلا قىز بولسا، ئۇنىڭغا مىراسنىڭ يېرىمى تېگىدۇ. ئەگەر مېيىتنىڭ باللىرى بولسا،— ئۇلار مەيلى قىز بولسۇن ياكى ئوغۇل بولسۇن، بىر بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، — بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ هەربىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر مېيىتنىڭ باللىرى بولماي مىراسقا پەقەت ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئانىسىغا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى تېگىدۇ، قالغىنى ئاتىسىغا قالىدۇ. ئەگەر مېيىتنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن باشقا يەنە قېرىنداشلىرى بولسا، ئانىسىغا مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ، قالغىنى ئاتىسىغا قالىدۇ، قېرىنداشلىرىغا هېچ نەرسە تەگمەيدۇ. بۇ تەقسىمات پەقەت مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئۇنىڭ قالدۇرغان مىراسىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئورۇندالغان ۋە قەرزى بولسا تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. سىلەر مىراس بەلگىلەنگەن ئاتا - ئاناڭلار ۋە باللىرىڭلاردىن قايسىسىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەنپەئەت جەهەتتىن سىلەرگە ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر، شۇڭا سىلەر ئۇلارنىڭ بىرىنى بىرىدىن

ئۈستۈن كۆرمەڭلار. سىلەرگە قىلغان بۇ تەۋسىيە ئاللاھ تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ئۆلچەمدۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇلارغا بەلگىلەپ بەرگەن نەرسىلەردە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

۞ وَلَكُمۡ نِصۡفُ مَا تَرَكَ أَزۡوَٰجُكُمۡ إِن لَّمۡ يَكُن لَّهُنَّ وَلَدٞۚ فَإِن كَانَ لَهُنَّ وَلَدٞ فَلَكُمُ ٱلرُّبُعُ مِمَّا تَرَكۡنَۚ مِنۢ بَعۡدِ وَصِيَّةٖ يُوصِينَ بِهَآ أَوۡ دَيۡنٖۚ وَلَهُنَّ ٱلرُّبُعُ مِمَّا تَرَكۡتُمۡ إِن لَّمۡ يَكُن لَّكُمۡ وَلَدٞۚ فَإِن كَانَ لَكُمۡ وَلَدٞ فَلَهُنَّ ٱلثُّمُنُ مِمَّا تَرَكۡتُمۚ مِّنۢ بَعۡدِ وَصِيَّةٖ تُوصُونَ بِهَآ أَوۡ دَيۡنٖۗ وَإِن كَانَ رَجُلٞ يُورَثُ كَلَٰلَةً أَوِ ٱمۡرَأَةٞ وَلَهُۥٓ أَخٌ أَوۡ أُخۡتٞ فَلِكُلِّ وَٰحِدٖ مِّنۡهُمَا ٱلسُّدُسُۚ فَإِن كَانُوٓاْ أَكۡثَرَ مِن ذَٰلِكَ فَهُمۡ شُرَكَآءُ فِي ٱلثُّلُثِۚ مِنۢ بَعۡدِ وَصِيَّةٖ يُوصَىٰ بِهَآ أَوۡ دَيۡنٍ غَيۡرَ مُضَآرّٖۚ وَصِيَّةٗ مِّنَ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَلِيمٞ ﴿١٢﴾

12 ـ ئى ئەرلەر! ئاياللىرىڭلار ۋاپات بولۇپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ ئوغۇل ياكى قىز بالىلىرى بولمىسا، بۇ چاغدا ئۇلار قالدۇرغان مىراسنىڭ يېرىمى سىلەرگە تېگىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بالىلىرى بولسا، ئۇلار قالدۇرغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى سىلەرگە تېگىدۇ. بۇ تەقسىمات مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇندالغان ۋە قەرزى بولسا تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئى ئەرلەر! سىلەر ۋاپات بولۇپ كېتىپ، سىلەرنىڭ ئاشۇ ئاياللىرىڭلاردىن ياكى باشقا ئاياللىرىڭلاردىن بالىلىرىڭلار بولمىسا، بۇ چاغدا ئاياللىرىڭلارغا سىلەر قالدۇرغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى تېگىدۇ، ئەگەر سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلار بولسا، بۇ چاغدا ئاياللىڭلارغا سىلەر قالدۇرغان مىراستىن سەككىزدىن بىرى تېگىدۇ (سىلەردىن كېيىن قالغان ئاياللىرىڭلار بىردىن كۆپ بولسا تۆتتىن بىرىنى ياكى سەككىزدىن بىرىنى ئۆز ئارىسىدا تەڭدىن بۆلۈشىدۇ، ئەگەر بىرلا ئايال بولسا ھەممىنى ئۆزى ئالىدۇ). بۇ تەقسىمات مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇندالغان ۋە قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچى ئەر ياكى ئايالنىڭ ئاتىسى ياكى بالىسى يوق بولۇپ، ئۇنىڭ پەقەت ئانا بىر قېرىندىشى ياكى ئانا بىر ھەمشىرىسى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ ئانا بىر، ئاتا باشقا قېرىنداشلىرى ۋە ھەمشىرىلىرى بىردىن كۆپ بولسا، ئۇ چاغدا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەڭدىن تەقسىم قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا قىز بىلەن ئوغۇلنىڭ پەرقى يوق. بۇ تەقسىمات مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇندالغان ۋە قەرزى بولسا تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. مىراس قالدۇرغۇچى ئادەمنىڭ ۋەسىيىتى ۋارىسلارغا زىيان يەتكۈزمەيدىغان بولۇشى كېرەك. بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن سىلەرگە قىلىنغان تەۋسىيەدۇر. ئاللاھ بەندىلىرىگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ئۇلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر.

تِلۡكَ حُدُودُ ٱللَّهِۚ وَمَن يُطِعِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ يُدۡخِلۡهُ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَاۚ وَذَٰلِكَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ﴿١٣﴾

13 ـ ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ يېتىملەر، ئاياللار ۋە مىراس ھەققىدە بەلگىلىگەن ئىلاھىي قانۇنىدۇر، كىمكى بۇ قانۇنغا ئەمەل قىلىپ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى قەسىرلىرىنىڭ ئاستىدىن ۋە دەل ـ دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار شۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن ھەرگىز چىقىرىلمايدۇ. بۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

وَمَن يَعۡصِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَيَتَعَدَّ حُدُودَهُۥ يُدۡخِلۡهُ نَارًا خَٰلِدٗا فِيهَا وَلَهُۥ عَذَابٞ مُّهِينٞ ﴿١٤﴾

14 - كىمكى ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىنى ئىنكار قىلىپ ياكى ئۇنى ئۆزگەرتىپ ۋەياكى ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇنىڭغا خارلىغۇچى ئازاب بار.

وَٱلَّـٰتِي يَأۡتِينَ ٱلۡفَٰحِشَةَ مِن نِّسَآئِكُمۡ فَٱسۡتَشۡهِدُواْ عَلَيۡهِنَّ أَرۡبَعَةٗ مِّنكُمۡۖ فَإِن شَهِدُواْ فَأَمۡسِكُوهُنَّ فِي ٱلۡبُيُوتِ حَتَّىٰ يَتَوَفَّىٰهُنَّ ٱلۡمَوۡتُ أَوۡ يَجۡعَلَ ٱللَّهُ لَهُنَّ سَبِيلٗا ﴿١٥﴾

15 - ئى ئەرلەر! ئاياللىرىڭلار ئىچىدىن زىنا قىلغانلار كۆرۈلسە، بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى ئادالەتلىك ئەرلەردىن تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرۈڭلار؛ ئەگەر ئۇلار مەزكۇر ئاياللارنىڭ زىنا قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەرسە، تاكى ئۇ ئاياللار ۋاپات بولغانغا ياكى ئاللاھ ئۇلارغا بىر چىقىش يولى بەرگەنگە قەدەر ئۇلارنى ئۆيدە تۇتۇپ تۇرۇڭلار.

وَٱلَّذَانِ يَأۡتِيَٰنِهَا مِنكُمۡ فَـَٔاذُوهُمَاۖ فَإِن تَابَا وَأَصۡلَحَا فَأَعۡرِضُواْ عَنۡهُمَآۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ تَوَّابٗا رَّحِيمًا ﴿١٦﴾

16 - ئىچىڭلاردىن زىنا قىلغان ھەر ئىككى كىشىنى ئەدەپلەش ۋە قاتتىق كايىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن جازالاڭلار؛ ئەگەر ئۇلار قىلمىشىغا تەۋبە قىلىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق ئەمەلىنى ۋە ئەخلاقىنى تۈزەتسە، ئۇلارنى جازالاشتىن ۋاز كېچىڭلار ۋە كەچۈرۈڭلار[1]. (بۇ ئايەت ۋە بۇئايەتنىڭ ئالدىدىكى ئايەتتىن ئەرلەر زىنا قىلسا قاتتىق كايىش، ئەدەپلەش ۋە يالغۇز قالدۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن جازالىنىدىغانلىقى، ئاياللار زىنا قىلسا قاماش، ئەدەپلەش ۋە قاتتىق كايىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن جازالىنىدىغانلىقى، قاماشنىڭ غايىسى ئۆلۈم، جازانىڭ ناھايىتى تەۋبە ۋە ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ). شەكسىزكى، ئاللاھ تەۋبە قىلغان بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا تولىمۇ مېھرىباندۇر.

إِنَّمَا ٱلتَّوۡبَةُ عَلَى ٱللَّهِ لِلَّذِينَ يَعۡمَلُونَ ٱلسُّوٓءَ بِجَهَٰلَةٖ ثُمَّ يَتُوبُونَ مِن قَرِيبٖ فَأُوْلَـٰٓئِكَ يَتُوبُ ٱللَّهُ عَلَيۡهِمۡۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمٗا ﴿١٧﴾

17 - ئاللاھ قوبۇل قىلىدىغان تەۋبە پەقەتلا گۇناھ - مەئسىيەتنى ۋە يامانلىقنى نادانلىقتىن، ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى بىلمەي قىلىپ قويۇپ، ئاندىن قىلمىشىغا تەۋبە قىلغان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن ئاللاھقا قايتقان كىشىلەرنىڭ تەۋبىسىدۇر، ئاللاھ ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. (سەھۋەنلىكتىن ياكى قەستەن گۇناھ سادىر قىلغان ھەرقانداق ئادەم گەرچە ئۇ گۇناھنى بىلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا نادانلىقتىن قىلغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ). ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، تەقدىر ۋە تەدبىر ئىشلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

وَلَيۡسَتِ ٱلتَّوۡبَةُ لِلَّذِينَ يَعۡمَلُونَ ٱلسَّيِّـَٔاتِ حَتَّىٰٓ إِذَا حَضَرَ أَحَدَهُمُ ٱلۡمَوۡتُ قَالَ إِنِّي تُبۡتُ ٱلۡـَٰٔنَ وَلَا ٱلَّذِينَ يَمُوتُونَ وَهُمۡ كُفَّارٌۚ أُوْلَـٰٓئِكَ أَعۡتَدۡنَا لَهُمۡ عَذَابًا أَلِيمٗا ﴿١٨﴾

18 - داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىۋەرگەن، ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر قىلمىشلىرىدىن يانمىغان ۋە

[1] بۇ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋردىكى ھۆكۈم بولۇپ، «نۇر» سۈرىسىنىڭ 2 - ئايىتى چۈشكەندىن كېيىن، بۇ ھۆكۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

رەببىگە قايتىپ تەۋبە قىلمىغان، پەقەت بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدىلا، «ئەمدى تەۋبە قىلدىم» دېگەنلەرنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ، شۇنىڭدەك ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىپ كاپىر پېتى ئۆلگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەنە شۇلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا يَحِلُّ لَكُمْ أَن تَرِثُواْ ٱلنِّسَآءَ كَرْهًاۖ وَلَا تَعْضُلُوهُنَّ لِتَذْهَبُواْ بِبَعْضِ مَآ ءَاتَيْتُمُوهُنَّ إِلَّآ أَن يَأْتِينَ بِفَٰحِشَةٍ مُّبَيِّنَةٍۚ وَعَاشِرُوهُنَّ بِٱلْمَعْرُوفِۚ فَإِن كَرِهْتُمُوهُنَّ فَعَسَىٰٓ أَن تَكْرَهُواْ شَيْـًٔا وَيَجْعَلَ ٱللَّهُ فِيهِ خَيْرًا كَثِيرًا ﴿١٩﴾

19 - ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاتاڭلارنىڭ ئاياللىرىنى مىراس ئورنىدا قىلىۋېلىپ، ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىشىڭلار ياكى ئۇلارنى خالىغان كىشىلىرى بىلەن نىكاھلىنىشتىن مەنئى قىلىشىڭلار ۋەياكى ئۇلارنى ئۆزلىرى خالىمايدىغان كىشىلەرگە زورلاپ ياتلىق قىلىشىڭلار توغرا ئەمەس، شۇنىڭدەك ئاياللىرىڭلارغا بەرگەن مەھرىدىن بىر قىسمىنى يۇلۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بېسىم ئىشلىتىشىڭلار توغرا ئەمەس، ئەگەر ئۇلار ئوپئوچۇق بىر پاھىشە ئىشنى قىلغان بولسا، بۇ چاغدا ئۇلارغا بەرگەن مەھرىڭلارنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرساڭلار بولىدۇ. سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلارغا قىلىدىغان مۇئامىلەڭلار مۇھەببەت ۋە ھۆرمەتنى ئاساس قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى تولۇق ئادا قىلغان ھالدا بولۇشى لازىم. ئەگەر ئۇلارنى قايسىبىر سەۋەبتىن يامان كۆرۈپ قالساڭلار، بۇنىڭغا سەۋر قىلىڭلار، بەلكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان ئىشتا ئاللاھ كۆپ ياخشىلىقلارنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

وَإِنْ أَرَدتُّمُ ٱسْتِبْدَالَ زَوْجٍ مَّكَانَ زَوْجٍ وَءَاتَيْتُمْ إِحْدَىٰهُنَّ قِنطَارًا فَلَا تَأْخُذُواْ مِنْهُ شَيْـًٔاۚ أَتَأْخُذُونَهُۥ بُهْتَٰنًا وَإِثْمًا مُّبِينًا ﴿٢٠﴾

20 - ئەگەر سىلەر بىر خوتۇننى قويۇۋېتىپ، ئورنىغا باشقا بىر خوتۇننى ئالماقچى بولساڭلار، قويۇۋەتمەكچى بولغان خوتۇنغا كۆپ مىقداردا تويلۇق بەرگەن بولساڭلارمۇ، ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش سىلەرگە ھالال ئەمەس. سىلەر ئۇنى ئايالغا قارا چاپلاپ ۋە ئوپئوچۇق زۇلۇم قىلىپ ئالامسىلەر؟

وَكَيْفَ تَأْخُذُونَهُۥ وَقَدْ أَفْضَىٰ بَعْضُكُمْ إِلَىٰ بَعْضٍ وَأَخَذْنَ مِنكُم مِّيثَٰقًا غَلِيظًا ﴿٢١﴾

21 - سىلەر بىر تۆشەكتە ياتقان تۇرساڭلار، ئۇ خوتۇن سىلەرنىڭ نىكاھلىنىش تەلىپىڭلارنى قوبۇل قىلىپ، سىلەردىن چىرايلىقچە ساقلاش ياكى ياخشىلىق بىلەن قويۇۋېتىش توغرىسىدا مۇستەھكەم ئەھدە ئالغان تۇرسا، ئەمدى سىلەر ئۇنىڭغا مەھرى ئۈچۈن بەرگەن نەرسەڭلارنى قانداقمۇ قايتۇرۇۋالىسىلەر؟

وَلَا تَنكِحُواْ مَا نَكَحَ ءَابَآؤُكُم مِّنَ ٱلنِّسَآءِ إِلَّا مَا قَدْ سَلَفَۚ إِنَّهُۥ كَانَ فَٰحِشَةً وَمَقْتًا وَسَآءَ سَبِيلًا ﴿٢٢﴾

22 - ئاتىلىرىڭلار ئالغان خوتۇنلارنى ئالماڭلار، لېكىن بۇرۇن جاھىلىيەت دەۋرىدە سىلەردىن ئۆتكەن خاتالىقلاردىن ھېساب ئېلىنمايدۇ. بۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ قەبىھ ئىشتۇر، سەسكىنىشلىك قىلىقتۇر، بۇ نېمىدېگەن يامان ئادەت!

حُرِّمَتْ عَلَيْكُمْ أُمَّهَٰتُكُمْ وَبَنَاتُكُمْ وَأَخَوَٰتُكُمْ وَعَمَّٰتُكُمْ وَخَٰلَٰتُكُمْ وَبَنَاتُ ٱلْأَخِ وَبَنَاتُ

ٱلۡأُخۡتِ وَأُمَّهَٰتُكُمُ ٱلَّٰتِيٓ أَرۡضَعۡنَكُمۡ وَأَخَوَٰتُكُم مِّنَ ٱلرَّضَٰعَةِ وَأُمَّهَٰتُ نِسَآئِكُمۡ وَرَبَٰٓئِبُكُمُ
ٱلَّٰتِي فِي حُجُورِكُم مِّن نِّسَآئِكُمُ ٱلَّٰتِي دَخَلۡتُم بِهِنَّ فَإِن لَّمۡ تَكُونُواْ دَخَلۡتُم بِهِنَّ فَلَا جُنَاحَ
عَلَيۡكُمۡ وَحَلَٰٓئِلُ أَبۡنَآئِكُمُ ٱلَّذِينَ مِنۡ أَصۡلَٰبِكُمۡ وَأَن تَجۡمَعُواْ بَيۡنَ ٱلۡأُخۡتَيۡنِ إِلَّا مَا قَدۡ سَلَفَۗ
إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ غَفُورٗا رَّحِيمٗا ٢٣

23 - ئاللاھ سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى ئېلىشنى ھارام قىلدى. بۇ ھۆكۈم ئاتا تەرەپتىن ياكى ئانا تەرەپتىن بولغان مومىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ سىلەرگە يەنە قىزلىرىڭلارنى ئېلىشنى ھارام قىلدى. بۇ ھۆكۈم بالىلىرىڭلارنىڭ قىزلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ سىلەرگە يەنە بىر ئانا، بىر ئاتىدىن بولغان ياكى ئانا تەرەپتىن ياكى ئاتا تەرەپتىن بولغان ھەمشىرىلىرىڭلارنى، ئاتاڭلارنىڭ، ئاناڭلارنىڭ، چوڭ داداڭلارنىڭ ۋە چوڭ ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ھەمشىرىلىرىڭلارنىڭ قىزلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ قىزلىرىنى، ئىنىكئانىلىرىڭلارنى، ئېمىلداش ھەمشىرىلىرىڭلارنى، قېيىن ئاناڭلارنى (مەيلى ئاياللار بىلەن بىر تۆشەكتە ياتقان بولۇڭلار ياكى ياتمىغان بولۇڭلار)، سىلەر بىر تۆشەكتە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ باشقا ئەردىن بولغان، ئۆيۈڭلاردا ياكى باشقا ئۆيلەردە ئۆسكەن قىزلىرىنى ئېلىشنى ھارام قىلدى. ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ ئانىلىرى بىلەن نىكاھلىنىپ بىر تۆشەكتە بولۇشتىن بۇرۇن تالاق قىلغان بولساڭلار ياكى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ چاغدا ئۇ قىزلارنى
151 ئالساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، يەنە ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان ۋە ئېمىلداشلىق سەۋەبلىك سىلەرگە قوشۇلغان ئوغۇللىرىڭلارنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلار ۋە نەسەبتىن ياكى ئېمىلداشلىقتىن بولغان ئاچا - سىڭىلنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىڭلاردا ساقلىشىڭلار ھارام قىلىندى. لېكىن، جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆتكەن ئىشلار ئەپۇ قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، ھەدىسكە ئاساسەن، ئايالنى ئۇنىڭ تاغا ئاچىسى بىلەن بىر ۋاقىتتا نىكاھتا ساقلاش ھارامدۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغان بەندىلىرىنى تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر، شۇڭا ئۇلارنى قۇدرىتى يەتمەيدىغان ئىشلارغا بۇيرۇمايدۇ.

۞ وَٱلۡمُحۡصَنَٰتُ مِنَ ٱلنِّسَآءِ إِلَّا مَا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُكُمۡۖ كِتَٰبَ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡۚ وَأُحِلَّ لَكُم مَّا
وَرَآءَ ذَٰلِكُمۡ أَن تَبۡتَغُواْ بِأَمۡوَٰلِكُم مُّحۡصِنِينَ غَيۡرَ مُسَٰفِحِينَۚ فَمَا ٱسۡتَمۡتَعۡتُم بِهِۦ مِنۡهُنَّ فَـَٔاتُوهُنَّ
أُجُورَهُنَّ فَرِيضَةٗۚ وَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ فِيمَا تَرَٰضَيۡتُم بِهِۦ مِنۢ بَعۡدِ ٱلۡفَرِيضَةِۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلِيمًا
حَكِيمٗا ٢٤

24 - ئېرى بار ئاياللارنى ئېلىشمۇ سىلەرگە ھارام قىلىندى، ئەمما جىھادتا ئولجا ئېلىنغان ئاياللار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. چۈنكى، ئۇلار بىر ھەيز بىلەن بالىياتقۇسى پاكلانغاندىن كېيىن، سىلەرگە ھالال بولىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەلگىلىگەن ھۆكمىدۇر. بۇلاردىن باشقىلىرىنى زىنادىن ساقلىنىپ، ئىپپەتلىك بولغان ھالىتىڭلاردا، مال - مۈلۈكۈڭلاردىن مەھرىنى بېرىپ، نىكاھلاپ ئېلىش سىلەرگە ھالال قىلىندى. ئاياللاردىن قايسىنى نىكاھلاپ ئېلىپ ئۇلاردىن پايدىلانساڭلار، ئۇ ئايالغا ئاللاھ پەرز قىلغان ۋە سىلەر نىكاھتا كېلىشكەن مەھرى ھەققىنى بېرىڭلار. مەھرى بېكىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، مەھرىنى ئازايتىش ياكى كۆپەيتىش توغرىسىدا ئۆزئارا پۈتۈشسەڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلگۈچىدۇر،

بەلگىلىگەن ھۆكۈملىرىدە ۋە تەدبىرلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

وَمَن لَّمۡ يَسۡتَطِعۡ مِنكُمۡ طَوۡلًا أَن يَنكِحَ ٱلۡمُحۡصَنَٰتِ ٱلۡمُؤۡمِنَٰتِ فَمِن مَّا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُكُم مِّن فَتَيَٰتِكُمُ ٱلۡمُؤۡمِنَٰتِۚ وَٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِإِيمَٰنِكُمۚ بَعۡضُكُم مِّنۢ بَعۡضٖۚ فَٱنكِحُوهُنَّ بِإِذۡنِ أَهۡلِهِنَّ وَءَاتُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ بِٱلۡمَعۡرُوفِ مُحۡصَنَٰتٍ غَيۡرَ مُسَٰفِحَٰتٖ وَلَا مُتَّخِذَٰتِ أَخۡدَانٖۚ فَإِذَآ أُحۡصِنَّ فَإِنۡ أَتَيۡنَ بِفَٰحِشَةٖ فَعَلَيۡهِنَّ نِصۡفُ مَا عَلَى ٱلۡمُحۡصَنَٰتِ مِنَ ٱلۡعَذَابِۚ ذَٰلِكَ لِمَنۡ خَشِيَ ٱلۡعَنَتَ مِنكُمۡۚ وَأَن تَصۡبِرُواْ خَيۡرٞ لَّكُمۡۗ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٢٥﴾

25 - سىلەردىن ھۆر مۇئمىن ئاياللارنى ئېلىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلار قول ئاستىڭلاردىكى مۇئمىن چۆرىلەردىن ئالسۇن. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ. سىلەر بىر - بىرىڭلار بىلەن دىنداشسىلەر. شۇڭا ئۇلارنى خوجايىنلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن خوتۇنلۇققا ئالساڭلار بولىدۇ، ئۇلارغا سىلەر كېلىشكەن مەھرى ھەققىنى قائىدە - يوسۇن بويىچە بېرىڭلار، (ئەمما) ئۇلار ئېپپەتلىك ياشايدىغان، زىنا قىلمايدىغان، ئاشنا تۇتمايدىغان بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇلار ئەرگە تەگكەندىن كېيىن زىنا قىلسا، ئۇلارغا ھۆر ئاياللارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ. يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان مۇئمىن چۆرىلەرنى ئېلىشقا رۇخسەت قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ھۆكۈم ئاراڭلاردىكى زىنا قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيدىغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر. چۆرىلەرنى ئالماي سەۋر قىلالىساڭلار ۋە ئېپپىتىڭلارنى ساقلىيالىساڭلار، سىلەر ئۈچۈن بۇ تېخىمۇ ياخشىدۇر. ئاللاھ گۇناھىڭلارنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئاللاھنىڭ ھۆر ئاياللارنى ئېلىشقا قۇربى يەتمەيدىغان كىشىلەرگە چۆرىلەرنى ئېلىشنى رۇخسەت قىلغانلىقى ئۇنىڭ چەكسىز مېھرىبانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

يُرِيدُ ٱللَّهُ لِيُبَيِّنَ لَكُمۡ وَيَهۡدِيَكُمۡ سُنَنَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِكُمۡ وَيَتُوبَ عَلَيۡكُمۡۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ﴿٢٦﴾

26 - ئاللاھ بۇ ئەھكاملارنى بۇيرۇش ئارقىلىق سىلەرگە دىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىشنى، سىلەرنى سىلەردىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ياخشى كىشىلەرنىڭ ھالال - ھارام مەسىلىسىدىكى ھەق يولىغا باشلاشنى، گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىشنى خالايدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، بەلگىلىگەن ھۆكۈملىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

وَٱللَّهُ يُرِيدُ أَن يَتُوبَ عَلَيۡكُمۡ وَيُرِيدُ ٱلَّذِينَ يَتَّبِعُونَ ٱلشَّهَوَٰتِ أَن تَمِيلُواْ مَيۡلًا عَظِيمٗا ﴿٢٧﴾

27 - ئاللاھ سىلەرنىڭ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىشنى، خاتالىقىڭلارنى ئەپۇ قىلىشنى خالايدۇ. (ئەمما) ئۆزلىرىنىڭ ھاۋايى ھەۋەسلىگە ۋە لەززەتلىرىگە ئەگىشىدىغانلار سىلەرنىڭ توغرا دىندىن پۈتۈنلەي چىقىپ كېتىشىڭلارنى خالايدۇ.

يُرِيدُ ٱللَّهُ أَن يُخَفِّفَ عَنكُمۡۚ وَخُلِقَ ٱلۡإِنسَٰنُ ضَعِيفٗا ﴿٢٨﴾

28 - ئاللاھ بارلىق بەلگىلىمىلىرىدە سىلەرگە ئاسانلىقنى ۋە تەسىلىكتە قويماسلىقنى خالايدۇ. چۈنكى سىلەر ئاجىز يارىتىلغان.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَأۡكُلُوٓاْ أَمۡوَٰلَكُم بَيۡنَكُم بِٱلۡبَٰطِلِ إِلَّآ أَن تَكُونَ تِجَٰرَةً عَن تَرَاضٖ مِّنكُمۡۚ وَلَا تَقۡتُلُوٓاْ أَنفُسَكُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِكُمۡ رَحِيمٗا ﴿٢٩﴾

29 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان

كىشىلەر! بىر - بىرىڭلارنىڭ مال - مۈلۈكىنى يولسىزلىق بىلەن يەۋېلىش سىلەرگە ھالال ئەمەس، پەقەت شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا - سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسىلا ھالالدۇر. سىلەر بىر-بىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشنى قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىش ئارقىلىق ئۆزۈڭلارنى ھالاك قىلماڭلار. ئاللاھ بۇيرۇغان ۋە مەنئى قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە سىلەرگە ھەقىقەتەن بەكمۇ مېھرىباندۇر.

وَمَن يَفۡعَلۡ ذَٰلِكَ عُدۡوَٰنٗا وَظُلۡمٗا فَسَوۡفَ نُصۡلِيهِ نَارٗاۚ وَكَانَ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرًا ﴿٣٠﴾

30 - كىمكى شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسىدىن چەتنەپ، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق ۋە ئالدامچىلىق قاتارلىق ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلارنى قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، بۇ ئاللاھقا ناھايىتى ئاساندۇر.

إِن تَجۡتَنِبُواْ كَبَآئِرَ مَا تُنۡهَوۡنَ عَنۡهُ نُكَفِّرۡ عَنكُمۡ سَيِّـَٔاتِكُمۡ وَنُدۡخِلۡكُم مُّدۡخَلٗا كَرِيمٗا ﴿٣١﴾

31 - ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا - ئانىنى قاقشىتىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش قاتارلىق چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار، سىلەرنىڭ كىچىك گۇناھلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىمىز ۋە سىلەرنى جەننەتتىن ئىبارەت ئېسىل ماكانغا كىرگۈزىمىز.

وَلَا تَتَمَنَّوۡاْ مَا فَضَّلَ ٱللَّهُ بِهِۦ بَعۡضَكُمۡ عَلَىٰ بَعۡضٖۚ لِّلرِّجَالِ نَصِيبٞ مِّمَّا ٱكۡتَسَبُواْۖ وَلِلنِّسَآءِ نَصِيبٞ مِّمَّا ٱكۡتَسَبۡنَۚ وَسۡـَٔلُواْ ٱللَّهَ مِن فَضۡلِهِۦٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٗا ﴿٣٢﴾

32 - ئاللاھ قابىلىيەت، رىزىق ۋە باشقا ئىشلاردا بىرىڭلارنى بىرىڭلاردىن ئارتۇق قىلغان نەرسىلەرنى تەمە قىلماڭلار، ئاللاھ ئەرلەرگە ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا نېسىۋە ئاتا قىلىدۇ، ئاياللارغىمۇ ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا نېسىۋە ئاتا قىلىدۇ. سىلەر بىر - بىرىڭلارنىڭ قولىدىكىسىنى تەمە قىلماي، كەرەملىك ئاللاھتىن ئۇنىڭ پەزل - كەرەمىنى تىلەڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر، ئاللاھ ياخشىلىقلارنى بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىشتا ئۇلارغا نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ.

وَلِكُلّٖ جَعَلۡنَا مَوَٰلِيَ مِمَّا تَرَكَ ٱلۡوَٰلِدَانِ وَٱلۡأَقۡرَبُونَۚ وَٱلَّذِينَ عَقَدَتۡ أَيۡمَٰنُكُمۡ فَـَٔاتُوهُمۡ نَصِيبَهُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ شَهِيدًا ﴿٣٣﴾

33 - سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن ھەربىر كىشى ئۆلۈپ كەتسە ئاتا - ئانىلار، تۇغقانلار ۋە سىلەر بىلەن ئۆزئارا ياردەملىشىش ۋە بىر - بىرىگە ۋارىس بولۇش ھەققىدە قەسەم قىلىشقان كىشىلەر[1] قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسنى ئالىدىغان ۋارىسلارنى قىلدۇق. سىلەر ئۇلارنىڭ نېسىۋىلىرىنى بېرىڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، شۇنىڭغا ئاساسەن سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

ٱلرِّجَالُ قَوَّٰمُونَ عَلَى ٱلنِّسَآءِ بِمَا فَضَّلَ ٱللَّهُ بَعۡضَهُمۡ عَلَىٰ بَعۡضٖ وَبِمَآ أَنفَقُواْ مِنۡ أَمۡوَٰلِهِمۡۚ فَٱلصَّٰلِحَٰتُ قَٰنِتَٰتٌ حَٰفِظَٰتٞ لِّلۡغَيۡبِ بِمَا حَفِظَ ٱللَّهُۚ وَٱلَّٰتِي تَخَافُونَ نُشُوزَهُنَّ فَعِظُوهُنَّ وَٱهۡجُرُوهُنَّ فِي ٱلۡمَضَاجِعِ

---

[1] بىر - بىرىگە ۋارىس بولۇش توغرۇلۇق قەسەم قىلىش ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكى ھۆكۈم بولۇپ، مىراس ئايەتلىرى نازىل بولغاندىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

وَٱضۡرِبُوهُنَّۖ فَإِنۡ أَطَعۡنَكُمۡ فَلَا تَبۡغُواْ عَلَيۡهِنَّ سَبِيلًاۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلِيّٗا كَبِيرٗا ﴿٣٤﴾

34 ـ ئەرلەر ئاياللارنى قوغداش ۋە ئۇلارغا يول كۆرسىتىشتە ئۇلارنىڭ هامىيلىرىدۇر. بۇ ئاللاھنىڭ ئەرلەرنى ئۇلارغا خاس خۇسۇسىيەت بىلەن ئاياللاردىن ئارتۇق قىلغانلىقىدىن ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل ـ ماللىرىدىن ئاياللارغا مەھرى ۋە نەپىقە بەرگەنلىكىدىندۇر. ياخشى ئاياللار ئاللاھقا ۋە ئەرلىرىگە ئىتائەت قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ دىنىدا مۇستەھكەم تۇرىدىغان، ئەرلىرى يېنىدا بولمىغان چاغلاردىمۇ ئاللاھنىڭ ساقلىشى ۋە تەۋپىقى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى ساقلايدىغان ئاياللاردۇر. سىلەرگە ئىتائەت قىلماسلىقىدىن ئەنسىرەيدىغان ئاياللارغا چىرايلىق سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلىڭلار، ئۇلارغا چىرايلىق نەسىھەت ئۈنۈم بەرمىسە، ئۇلار بىلەن بىر تۆشەكتە ياتماڭلار، ئۇلارغا يېقىنلاشماڭلار، بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە، ئۇلارنى يېنىك ئۇرۇڭلار. ئەگەر ئۇلار سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنى بوزەك قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار. شەكسىزكى، ئۇلارنىڭ ئىگىسى كاتتا مەرتىۋىلىك ئۇلۇغ ئاللاھتۇر، ئاللاھ ئاياللارغا زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن ئىنتىقام ئالغۇچىدۇر.

وَإِنۡ خِفۡتُمۡ شِقَاقَ بَيۡنِهِمَا فَٱبۡعَثُواْ حَكَمٗا مِّنۡ أَهۡلِهِۦ وَحَكَمٗا مِّنۡ أَهۡلِهَآ إِن يُرِيدَآ إِصۡلَٰحٗا يُوَفِّقِ ٱللَّهُ بَيۡنَهُمَآۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلِيمًا خَبِيرٗا ﴿٣٥﴾

35 ـ ئى ئەر ـ ئاياللىنىڭ ئىگە چاقلىرى! ئەگەر بۇ ئىككىيلەن ئىناقسىز بولۇپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىسەڭلار، ئەر تەرەپتىن ئادالەتلىك بىر كىشىنى، ئايال تەرەپتىن ئادالەتلىك بىر كىشىنى ئەۋەتىڭلار، ئۇلار بۇ ئىككىيلەننى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشقا تىرىشسۇن. ئەگەر بۇ ئىككى كىشى ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش نىيىتىدە چىرايلىق ئۇسلۇب بىلەن ئىش كۆرسە، ئاللاھ ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئىناقلىق سالىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇنىڭغا بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچبىرى مەخپىي ئەمەس، ئاللاھ يەنە بەندىلىرىنىڭ دىللىرىدىكى سىرلاردىنمۇ خەۋەرداردۇر.

۞ وَٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ وَلَا تُشۡرِكُواْ بِهِۦ شَيۡـٔٗاۖ وَبِٱلۡوَٰلِدَيۡنِ إِحۡسَٰنٗا وَبِذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينِ وَٱلۡجَارِ ذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡجَارِ ٱلۡجُنُبِ وَٱلصَّاحِبِ بِٱلۡجَنۢبِ وَٱبۡنِ ٱلسَّبِيلِ وَمَا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُكُمۡۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ مَن كَانَ مُخۡتَالٗا فَخُورًا ﴿٣٦﴾

36 ـ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىتائەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ئېتىقادتا ۋە ئىبادەتتە ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىڭلار، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىڭلار، يېقىن ـ تۇغقانلىرىڭلارنىڭ، يېتىملەرنىڭ، كۆڭلۈك ئېھتىياجىنى قامدىيالمايدىغان يوقسۇللارنىڭ، سىلەرگە يېقىن قوشنىنىڭ، يىراق قوشنىنىڭ، سەپەردىكى ھەمراھنىڭ، ياندىكى ھەمراھنىڭ، ياردەمگە موھتاج بولۇپ قالغان مۇساپىرنىڭ، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل ـ چۆرىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى ئادا قىلىڭلار، شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدىكى مۇتەكەببىرلەرنى، كىشىلەرگە ماختىنىدىغانلارنى ياقتۇرمايدۇ.

ٱلَّذِينَ يَبۡخَلُونَ وَيَأۡمُرُونَ ٱلنَّاسَ بِٱلۡبُخۡلِ وَيَكۡتُمُونَ مَآ ءَاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ مِن فَضۡلِهِۦۗ وَأَعۡتَدۡنَا لِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابٗا مُّهِينٗا ﴿٣٧﴾

37 ـ ئۇلار ئاللاھ بەرگەن مال ـ دۇنيادىن ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىشقا بېخىللىق قىلىدىغان، باشقىلارنىمۇ بېخىللىققا بۇيرۇيدىغان، ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نېمەتلەرگە

تانىدىغان، ئاللاھنىڭ پەزلىنى يوشۇرىدىغان ئادەملەردۇر. بىز بۇنداق تۇزكورلار ئۈچۈن خارلىغۇچى ئازابنى تەييارلىدۇق.

وَٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمۡوَٰلَهُمۡ رِئَآءَ ٱلنَّاسِ وَلَا يُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَلَا بِٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِۗ وَمَن يَكُنِ ٱلشَّيۡطَٰنُ لَهُۥ قَرِينٗا فَسَآءَ قَرِينٗا ﴿٣٨﴾

38 - بۇ ئازابنى بىز يەنە پۇل - ماللىرىنى رىيا قىلىش (كىشىلەرگە كۆرسىتىش) ۋە ئابرۇي قازىنىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئېتىقادىدا ۋە ئەمەلىيىتىدە ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان كىشىلەرگە تەييارلىدۇق. شەيتان ئەنە شۇنداق يامان ئىشلارغا چاقىرىدۇ. كىمكى شەيتاننى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالىدىكەن، شەيتان نېمىدېگەن يامان ھەمراھ!

وَمَاذَا عَلَيۡهِمۡ لَوۡ ءَامَنُواْ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَأَنفَقُواْ مِمَّا رَزَقَهُمُ ٱللَّهُۚ وَكَانَ ٱللَّهُ بِهِمۡ عَلِيمًا ﴿٣٩﴾

39 - ئەگەر ئۇلار ئېتىقادىدا ۋە ئەمەلىيىتىدە ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتسا ۋە ئاللاھ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان پۇل - مالدىن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ، ئىخلاس بىلەن سەرپ قىلسا، ئۇلارغا نېمە زىيىنى بولاتتى؟ ئاللاھ ئۇلارنى ۋە قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلاردىن ھېساب ئالىدۇ.

إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَظۡلِمُ مِثۡقَالَ ذَرَّةٖۖ وَإِن تَكُ حَسَنَةٗ يُضَٰعِفۡهَا وَيُؤۡتِ مِن لَّدُنۡهُ أَجۡرًا عَظِيمٗا ﴿٤٠﴾

40 - شەكسىزكى، ئاللاھ ھېچكىمنىڭ ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتىنى زەررىچىلىكمۇ كېمەيتىۋەتمەيدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچىلىك ياخشىلىقى بولسا، ئاللاھ ئۇنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىدۇ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنىمۇ زىيادە قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئۆز دەرگاھىدىن جەننەتتىن ئىبارەت كاتتا مۇكاپاتنى ئاتا قىلىدۇ.

فَكَيۡفَ إِذَا جِئۡنَا مِن كُلِّ أُمَّةِۭ بِشَهِيدٖ وَجِئۡنَا بِكَ عَلَىٰ هَٰٓؤُلَآءِ شَهِيدٗا ﴿٤١﴾

41 - قىيامەت كۈنى ئاللاھ ھەربىر ئۈممەتنىڭ پەيغەمبىرىنى ئۇ ئۈممەتنىڭ ئەمەلىگە گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن، ئى پەيغەمبەر! سېنىمۇ ئۆز ئۈممىتىڭگە رەببىڭنىڭ دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىڭگە گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چاغدا ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟

يَوۡمَئِذٖ يَوَدُّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَعَصَوُاْ ٱلرَّسُولَ لَوۡ تُسَوَّىٰ بِهِمُ ٱلۡأَرۡضُ وَلَا يَكۡتُمُونَ ٱللَّهَ حَدِيثٗا ﴿٤٢﴾

42 - ئاشۇ ئىشلار يۈز بەرگەن كۈندە (قىيامەت كۈنىدە)، ئاللاھنى ئىنكار قىلغان ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلمىغانلار ئۆزلىرىنىڭ يەر بىلەن يەكسان بولۇپ توپىغا ئايلىنىپ كېتىشىنى ۋە تىرىلدۈرۈلمەسلىكىنى ئارزۇ قىلىدۇ، كۆڭلىدىكى ھېچبىر ئىشنى ئاللاھتىن يوشۇرالمايدۇ. چۈنكى ئۇ كۈندە ئۇلارنىڭ تىلى پېچەتلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەزالىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَقۡرَبُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَأَنتُمۡ سُكَٰرَىٰ حَتَّىٰ تَعۡلَمُواْ مَا تَقُولُونَ وَلَا جُنُبًا إِلَّا عَابِرِي سَبِيلٍ حَتَّىٰ تَغۡتَسِلُواْۚ وَإِن كُنتُم مَّرۡضَىٰٓ أَوۡ عَلَىٰ سَفَرٍ أَوۡ جَآءَ أَحَدٞ مِّنكُم مِّنَ ٱلۡغَآئِطِ أَوۡ لَٰمَسۡتُمُ ٱلنِّسَآءَ فَلَمۡ تَجِدُواْ مَآءٗ فَتَيَمَّمُواْ صَعِيدٗا طَيِّبٗا فَٱمۡسَحُواْ بِوُجُوهِكُمۡ وَأَيۡدِيكُمۡۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَفُوًّا غَفُورًا ﴿٤٣﴾

43 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! سىلەر مەست بولۇپ قالغان چېغىڭلاردا ئەقلىڭلارغا كېلىپ نېمە

دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگۈدەك بولغۇچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار ۋە ناماز ئوقۇماڭلار[1]، شۇنىڭدەك جۇنۇپ بولۇپ قالغاندا غۇسلى قىلمىغۇچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار ۋە مەسجىدلەرگە كىرمەڭلار، (مەسجىدنىڭ ھويلىسىدىن) ئۆتۈپ كېتىدىغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئەگەر سىلەر كېسەل بولۇپ سۇ ئىشلىتەلمىسەڭلار، سەپەر ئۈستىدە بولساڭلار ياكى ھاجەت قىلساڭلار ۋەياكى ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسەڭلار، ئاندىن پاكلىنىش ئۈچۈن سۇ تاپالمىساڭلار، ئىككى ئالقىنىڭلارنى پاك تۇپراققا ئۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارنى ۋە قولۇڭلارنى سىلاپ تەيەممۇم قىلىڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، سىلەرنىڭ يامانلىقىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ، ئەيىبىڭلارنى يۆگەيدۇ.

أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ أُوتُواْ نَصِيبًا مِّنَ ٱلْكِتَٰبِ يَشْتَرُونَ ٱلضَّلَٰلَةَ وَيُرِيدُونَ أَن تَضِلُّواْ ٱلسَّبِيلَ ﴿٤٤﴾

44 - ئى پەيغەمبەر! ئۆزلىرىگە كەلگەن تەۋرات ئىلمىدىن نېسىۋە بېرىلگەن يەھۇدىيلارنىڭ ئىشىنى بىلمەمسەن؟ ئۇلار ھىدايەتنى ئازغۇنلۇققا تېگىشىدۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان پاكىتلارنى يوشۇرىدۇ، ئى مۇئمىنلەر! ئۇلار سىلەرنىڭ توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىپ ئۆزلىرىدەك ئازغۇنلاردىن بولۇشۇڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ.

وَٱللَّهُ أَعْلَمُ بِأَعْدَآئِكُمْۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ وَلِيًّا وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ نَصِيرًا ﴿٤٥﴾

45 - ئى مۇئمىنلەر! ئاشۇ يەھۇدىيلارنىڭ سىلەرگە بولغان دۈشمەنلىكىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرنى قوغداشقا ۋە دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى سىلەرگە ياردەم بېرىشكە يېتەرلىكتۇر.

مِّنَ ٱلَّذِينَ هَادُواْ يُحَرِّفُونَ ٱلْكَلِمَ عَن مَّوَاضِعِهِۦ وَيَقُولُونَ سَمِعْنَا وَعَصَيْنَا وَٱسْمَعْ غَيْرَ مُسْمَعٍ وَرَٰعِنَا لَيًّۢا بِأَلْسِنَتِهِمْ وَطَعْنًا فِى ٱلدِّينِۚ وَلَوْ أَنَّهُمْ قَالُواْ سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا وَٱسْمَعْ وَٱنظُرْنَا لَكَانَ خَيْرًا لَّهُمْ وَأَقْوَمَ وَلَٰكِن لَّعَنَهُمُ ٱللَّهُ بِكُفْرِهِمْ فَلَا يُؤْمِنُونَ إِلَّا قَلِيلًا ﴿٤٦﴾

46 - يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدە ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغان ئېيتىپ، تەۋراتنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلىدىكى ھالىدىن ئۆزگەرتىۋېتىدىغان بىر پىرقىمۇ بار، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «سۆزۈڭنى ئاڭلىدۇق، ئەمرىڭگە خىلاپلىق قىلىمىز، سەن بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلىغىن، ئاڭلىماس بولۇپ كېتەرسەن!» دەيدۇ، دىنغا تەنە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تىلىدىكى «رائىنا» دېگەن ھاقارەت سۆزنى تىللىرىنى ئەگرى - بۈگرى قىلىپ ئېيتىدۇ. ئەگەر ئۇلار يۇقىرىقىدەك، «بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلىغىن، ئاڭلىماس بولۇپ كېتەرسەن» دېگەن گەپنى قىلىشنىڭ ئورنىغا، «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلىمىز، قۇلاق سالغايلا، ئۈنىزۈرنا»[2] دېگەن بولسا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ ئادالەتلىك بولاتتى، لېكىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، ئۇلار ھەقىقەتكە تولىمۇ ئاز ئىشىنىدۇ، شۇڭا ئۇلارغا بۇ ئىشەنگەنىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلْكِتَٰبَ ءَامِنُواْ بِمَا نَزَّلْنَا مُصَدِّقًا لِّمَا مَعَكُم مِّن قَبْلِ أَن نَّطْمِسَ

---

[1] بۇ ھاراق ھارام قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى ھۆكۈم ئىدى.

[2] بەقەرە سۈرىسىنىڭ 104 - ئايىتىدە ئىزاھ بېرىلدى.

وُجُوهًا فَنَرُدَّهَا عَلَىٰٓ أَدْبَارِهَآ أَوْ نَلْعَنَهُمْ كَمَا لَعَنَّآ أَصْحَـٰبَ ٱلسَّبْتِ ۚ وَكَانَ أَمْرُ ٱللَّهِ مَفْعُولًا ﴿٤٧﴾

47 - ئى كىتاب بېرىلگەنلەر! بىز نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يۈزلىرىنى ئۆزگەرتىپ[1] ئارقىسىغا قىلىپ قويۇشىمىزدىن ياكى ئۇلارغا شەنبە كۈنىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىمىغانلارغا لەنەت قىلغاندەك لەنەت قىلىشىمىزدىن ئىلگىرى، قولۇڭلاردىكى كىتابلارنى تەستىقلايدىغان قۇرئان ئايەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار ۋە ئەمەل قىلىڭلار. ئاللاھنىڭ ئەمرى ھەر زامان ئەمەلگە ئاشقۇچىدۇر.

إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِۦ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَٰلِكَ لِمَن يَشَآءُ ۚ وَمَن يُشْرِكْ بِٱللَّهِ فَقَدِ ٱفْتَرَىٰٓ إِثْمًا عَظِيمًا ﴿٤٨﴾

48 - شەكسىزكى، ئاللاھ ئۆزىگە مەخلۇقاتىدىن بىرەرسىنى شېرىك كەلتۈرگەن ياكى چوڭ كۇفرىلىقتىن ھەرقانداق بىرىنى سادىر قىلغان كىشىنىڭ گۇناھىنى قەتئىي كەچۈرمەيدۇ، بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىكتىن باشقا گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى مەخلۇقاتنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ چوڭ گۇناھنى سادىر قىلغان بولىدۇ.

أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ يُزَكُّونَ أَنفُسَهُم ۚ بَلِ ٱللَّهُ يُزَكِّى مَن يَشَآءُ وَلَا يُظْلَمُونَ فَتِيلًا ﴿٤٩﴾

49 - ئى پەيغەمبەر! ئۆزلىرىنى ۋە قىلغان ئىشلىرىنى ماختايدىغان، گۇناھتىن يىراق ئىكەنلىكىنى ۋە پاك ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدىغانلارنى بىلمەمدىڭمۇ؟ ئىش ھەرگىز ئۇلار دېگەندەك ئەمەس، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئەمەللىرىنى تولۇق بىلگەنلىكتىن ئۇلاردىن خالىغان كىشىنى ماختايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىدىن زەررىچىلىكمۇ كېمەيتىلمەيدۇ.

ٱنظُرْ كَيْفَ يَفْتَرُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلْكَذِبَ ۖ وَكَفَىٰ بِهِۦٓ إِثْمًا مُّبِينًا ﴿٥٠﴾

50 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلارنىڭ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى قانداق توقۇۋاتقانلىقىغا ئەجەبلىنىش بىلەن قارىغىن، ئاللاھ بارلىق نالايىق سۈپەتلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر. ئۇلارنىڭ بۇ يالغانلارنى توقۇپ چىققانلىقى ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادىنىڭ بۇزۇقلۇقىنى ئېچىپ بېرىشكە يېتەرلىك چوڭ گۇناھتۇر.

أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ نَصِيبًا مِّنَ ٱلْكِتَـٰبِ يُؤْمِنُونَ بِٱلْجِبْتِ وَٱلطَّـٰغُوتِ وَيَقُولُونَ لِلَّذِينَ كَفَرُوا۟ هَـٰٓؤُلَآءِ أَهْدَىٰ مِنَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ سَبِيلًا ﴿٥١﴾

51 - ئى پەيغەمبەر! ئىلىمدىن نېسىۋە بېرىلگەن ئاشۇ يەھۇدىيلارنىڭ قىلمىشىنى بىلمەمدىڭمۇ؟ ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارغا، ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىدىن ئىبارەت بارلىق ساختا مەبۇدلارغا ئىشىنىدۇ، بۇ ئۇلارنى ئاللاھنىڭ قانۇنىدىن باشقا باتىل قانۇنلارغا ئەرز، شىكايەت قىلىشقا ئۈندەيدۇ، ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنى كۆرسىتىپ: «ئەنە شۇ كاپىرلارنىڭ يولى مۆئمىنلەرنىڭكىدىن توغرا ۋە ئادالەتلىكتۇر» دەيدۇ.

أُو۟لَـٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ لَعَنَهُمُ ٱللَّهُ ۖ وَمَن يَلْعَنِ ٱللَّهُ فَلَن تَجِدَ لَهُۥ نَصِيرًا ﴿٥٢﴾

52 - بۇزغۇنچىلىقىقا ۋە ئازغۇنلۇققا پاتقان ئاشۇلار ئاللاھ ئۆز رەھمىتىدىن يىراق قىلغان

[1] بۇ ئايەت كاپىرلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى بىتچىت قىلىۋېتىپ، ئۇلارنى ئارقىسىغا چېكىندۇرۇشنى ئىپادىلەيدۇ.

كىشىلەردۇر. ئاللاھ كىمنى رەھمىتىدىن يىراق قىلسا، ئۇنىڭغا ئۇنى ئازابتىن ساقلاپ قالىدىغان ھېچبىر مەدەتكار تاپالمايسەن.

أَمۡ لَهُمۡ نَصِيبٞ مِّنَ ٱلۡمُلۡكِ فَإِذٗا لَّا يُؤۡتُونَ ٱلنَّاسَ نَقِيرًا ﴿٥٣﴾

53 - ياكى ئۇلارنىڭ پادىشاھلىقتىن نېسىۋىسى بارمۇ؟ ئەگەر ئۇلارنىڭ شۇنداق نېسىۋىسى بولسا ئىدى، ئۇلار كىشىلەرگە ئۇنىڭدىن قىلچىلىك نەرسىنىمۇ بەرمەيتتى.

أَمۡ يَحۡسُدُونَ ٱلنَّاسَ عَلَىٰ مَآ ءَاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ مِن فَضۡلِهِۦۖ فَقَدۡ ءَاتَيۡنَآ ءَالَ إِبۡرَٰهِيمَ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡحِكۡمَةَ وَءَاتَيۡنَٰهُم مُّلۡكًا عَظِيمٗا ﴿٥٤﴾

54 - ياكى ئۇلار ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان پەيغەمبەرلىك نېمىتىگە ھەسەت قىلىشامدۇ؟ ئاللاھ ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە ئاتا قىلغان ھىدايەت، تەۋپىق، پەيغەمبەرگە ئەگىشىش ۋە ھاكىمىيەت تىكلەش قاتارلىق نېمەتلەرگە چىدىمايۋاتامدۇ؟ ئۇلار بۇ نېمەتلەرنىڭ زاۋال تېپىشىنى تىلەمدۇ؟ ئىلگىرى بىز ھەقىقەتەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىغا كىتاب، ھېكمەت ۋە بۈيۈك پادىشاھلىق ئاتا قىلدۇق.

فَمِنۡهُم مَّنۡ ءَامَنَ بِهِۦ وَمِنۡهُم مَّن صَدَّ عَنۡهُۚ وَكَفَىٰ بِجَهَنَّمَ سَعِيرًا ﴿٥٥﴾

55 - ئىلىمدىن نېسىۋە بېرىلگەن ئاشۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغانلارمۇ، ئۇنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭ دەۋىتىدىن توسقانلارمۇ بار. ئى ئىنكارچىلار! سىلەرگە جەھەننەمنىڭ يېنىپ تۇرغان ئوتى يېتەرلىكتۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِـَٔايَٰتِنَا سَوۡفَ نُصۡلِيهِمۡ نَارٗا كُلَّمَا نَضِجَتۡ جُلُودُهُم بَدَّلۡنَٰهُمۡ جُلُودًا غَيۡرَهَا لِيَذُوقُواْ ٱلۡعَذَابَۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَزِيزًا حَكِيمٗا ﴿٥٦﴾

56 - شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى، ۋەھيى قىلىنغان كىتابىنى ۋە ھەق ئىكەنلىكىنىڭ دەلىللىرىنى ئىنكار قىلغانلارنى دوزاختا كىرگۈزىمىز، ھەرقاچان ئۇلارنىڭ تېرىلىرى كۆيۈپ تۈگىسە، ئازابنى داۋاملىق تېتىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەپ تۇرىمىز. شەكسىزكى، ئاللاھ غالىبتۇر، خالىغانلىرىنى قىلىدۇ، بارلىق ھۆكۈملىرىدە ۋە تەدبىرلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ سَنُدۡخِلُهُمۡ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدٗاۖ لَّهُمۡ فِيهَآ أَزۡوَٰجٞ مُّطَهَّرَةٞۖ وَنُدۡخِلُهُمۡ ظِلّٗا ظَلِيلًا ﴿٥٧﴾

57 - ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىش بىلەن دىللىرى ئارام تاپقان، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتا چىڭ تۇرغان كىشىلەرنى قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل - دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمىز، ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە نېمەتلەردىن مەڭگۈ بەھرىمەن بولىدۇ، ئۇلار ئۇ جەننەتلەردىن ھەرگىز چىقىرىلمايدۇ، ئۇ جەننەتلەردە ئۇلارغا ئاللاھ ھەر تەرەپتىن پاك قىلغان جۈپلەر بولىدۇ، ئۇلارنى جەننەتتىكى سوزۇلغان قويۇق سايىغا داخىل قىلىمىز.

۞ إِنَّ ٱللَّهَ يَأۡمُرُكُمۡ أَن تُؤَدُّواْ ٱلۡأَمَٰنَٰتِ إِلَىٰٓ أَهۡلِهَا وَإِذَا حَكَمۡتُم بَيۡنَ ٱلنَّاسِ أَن تَحۡكُمُواْ بِٱلۡعَدۡلِۚ إِنَّ ٱللَّهَ نِعِمَّا يَعِظُكُم بِهِۦٓۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ سَمِيعَۢا بَصِيرٗا ﴿٥٨﴾

58 - شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ھەرقانداق ئامانەتنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ،

شۇڭا ئۇنىڭغا خىيانەت قىلماڭلار. ئاللاھ يەنە سىلەرنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ سىلەرگە نېمىدېگەن ياخشى ئۆگۈتلەرنى بېرىدۇ! شەكسىزكى، ئاللاھ سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، نىيىتىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، بارلىق ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَ وَأُوْلِي ٱلْأَمْرِ مِنكُمْۖ فَإِن تَنَٰزَعْتُمْ فِي شَيْءٖ فَرُدُّوهُ إِلَى ٱللَّهِ وَٱلرَّسُولِ إِن كُنتُمْ تُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْأٓخِرِۚ ذَٰلِكَ خَيْرٞ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلًا ﴿٥٩﴾

59 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى قوبۇل قىلىڭلار، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلماڭلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ھەق دىنىنى قوبۇل قىلىڭلار، ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئاللاھقا ئاسىيلىق بولمايدىغان ئىشلاردا ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىرەر مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، — سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ھەقىقىي ئىشىنىدىغان بولساڭلار، — بۇ توغرىدا ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە (يەنى ئىش - ئىزلىرىغا) مۇراجىئەت قىلىڭلار. ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش سىلەر ئۈچۈن تالاش - تارتىش قىلىشقاندىن ۋە ئۆز رايىڭلار بىلەن ئىش كۆرگەندىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ئەڭ گۈزەلدۇر.

أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ يَزْعُمُونَ أَنَّهُمْ ءَامَنُواْ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيْكَ وَمَآ أُنزِلَ مِن قَبْلِكَ يُرِيدُونَ أَن يَتَحَاكَمُوٓاْ إِلَى ٱلطَّٰغُوتِ وَقَدْ أُمِرُوٓاْ أَن يَكْفُرُواْ بِهِۦۖ وَيُرِيدُ ٱلشَّيْطَٰنُ أَن يُضِلَّهُمْ ضَلَٰلَۢا بَعِيدٗا ﴿٦٠﴾

60 - ئى پەيغەمبەر! ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئانغا ۋە سەندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان مۇناپىقلارنى بىلمەمسەن؟ ئۇلار تاغۇتنى[1] ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ دەۋالىرىنى ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى تاشلاپ قويۇپ، تاغۇتنىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا سۇنماقچى بولۇۋاتىدۇ. شەيتان ئۇلارنى توغرا يولدىن قاتتىق ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. (بۇ ئايەت ھەقىقىي ئىماننىڭ ھەممە ئىشتا ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە تولۇق بويسۇنۇشنى ۋە بارلىق دەۋا ئىشلىرىنى ئاللاھنىڭ كىتابىدا بەلگىلەنگەن قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، ئاللاھنىڭ قانۇنىدىن تاغۇتنىڭ قانۇنىنى ئەۋزەل كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۆزىنى مۇئمىن دەپ سانىغان ئادەم يالغانچىدۇر).

وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ تَعَالَوْاْ إِلَىٰ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ وَإِلَى ٱلرَّسُولِ رَأَيْتَ ٱلْمُنَٰفِقِينَ يَصُدُّونَ عَنكَ صُدُودٗا ﴿٦١﴾

61 - ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ: «ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرەپكە كېلىڭلار» دېيىلسە، يالغاندىن ئىمان ئېيتىپ قويۇپ، كۆڭلىدە كۇفرىنى يوشۇرغان مۇناپىقلارنىڭ سەندىن قاتتىق يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرىسەن.

فَكَيْفَ إِذَآ أَصَٰبَتْهُم مُّصِيبَةُۢ بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيهِمْ ثُمَّ جَآءُوكَ يَحْلِفُونَ بِٱللَّهِ إِنْ أَرَدْنَآ إِلَّآ إِحْسَٰنٗا

---

[1] تاغۇت - بارلىق ساختا ئىلاھلارغا، ئازغۇن يولباشچىلار ۋە زالىم ھۆكۈمدارلارغا قارىتىلغان ئاتالغۇ بولۇپ، شەيتانمۇ شۇلارنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ.

وَتَوۡفِيقًا ﴿٦٢﴾

62 - ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ، ئاللاھنىڭ نامىنى ئاتاپ يالغاندىن قەسەم قىلغان ھالدا: «بىز پەقەت ياخشىلىق ۋە يارىشىشنىلا مەقسەت قىلغان ئىدۇق» دېگەن ئاشۇ مۇناپىقلارنىڭ بېشىغا قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىرەر پالاكەت كەلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولار؟!

أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ يَعۡلَمُ ٱللَّهُ مَا فِي قُلُوبِهِمۡ فَأَعۡرِضۡ عَنۡهُمۡ وَعِظۡهُمۡ وَقُل لَّهُمۡ فِيٓ أَنفُسِهِمۡ قَوۡلَۢا بَلِيغٗا ﴿٦٣﴾

63 - ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدىكى مۇناپىقلىقتىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ. ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇ مۇناپىقلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلارنى قىلمىشلىرىنىڭ يامانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇلارنىڭ دىلىغا تەسىر قىلغۇدەك ۋە ئۇلارنى قىلمىشلىرىدىن توسقۇدەك سۆزلەرنى قىلغىن.

وَمَآ أَرۡسَلۡنَا مِن رَّسُولٍ إِلَّا لِيُطَاعَ بِإِذۡنِ ٱللَّهِۚ وَلَوۡ أَنَّهُمۡ إِذ ظَّلَمُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ جَآءُوكَ فَٱسۡتَغۡفَرُواْ ٱللَّهَ وَٱسۡتَغۡفَرَ لَهُمُ ٱلرَّسُولُ لَوَجَدُواْ ٱللَّهَ تَوَّابٗا رَّحِيمٗا ﴿٦٤﴾

64 - بىز بارلىق پەيغەمبەرلىرىمىزنى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن پەقەت ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىنسۇن دەپلا ئەۋەتتۇق. ئى پەيغەمبەر! ساڭا ئىتائەت قىلماي ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان ئاشۇ مۇناپىقلار سېنىڭ ھايات ۋاقتىڭدا ئالدىڭغا كېلىپ ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگەن بولسا، سەنمۇ ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگەن بولساڭ، ئەلۋەتتە، ئۇلار ئاللاھنىڭ تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان زات ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالاتتى.

فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤۡمِنُونَ حَتَّىٰ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيۡنَهُمۡ ثُمَّ لَا يَجِدُواْ فِيٓ أَنفُسِهِمۡ حَرَجٗا مِّمَّا قَضَيۡتَ وَيُسَلِّمُواْ تَسۡلِيمٗا ﴿٦٥﴾

65 - ئاللاھ ئۆز نامى بىلەن قەسەم قىلىپ دېدىكى، ئى پەيغەمبەر! ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشتا سەن ھايات ۋاقتىڭدا ساڭا ھۆكۈم قىلدۇرمىغۇچە، سەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن سېنىڭ سۈننىتىڭگە مۇراجىئەت قىلىپ ھۆكۈم چىقارغۇزمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكۈمۈڭگە دىللىرىدا قىلچە غۇم قالماستىن رازى بولمىغۇچە ۋە ساڭا پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ. ھاياتلىقنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە تولۇق رازىمەنلىك بىلەن ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بويىچە ئىش كۆرۈش ھەقىقىي ئىماننىڭ ئىپادىسىدۇر.

وَلَوۡ أَنَّا كَتَبۡنَا عَلَيۡهِمۡ أَنِ ٱقۡتُلُوٓاْ أَنفُسَكُمۡ أَوِ ٱخۡرُجُواْ مِن دِيَٰرِكُم مَّا فَعَلُوهُ إِلَّا قَلِيلٞ مِّنۡهُمۡۖ وَلَوۡ أَنَّهُمۡ فَعَلُواْ مَا يُوعَظُونَ بِهِۦ لَكَانَ خَيۡرٗا لَّهُمۡ وَأَشَدَّ تَثۡبِيتٗا ﴿٦٦﴾ وَإِذٗا لَّأٓتَيۡنَٰهُم مِّن لَّدُنَّآ أَجۡرًا عَظِيمٗا ﴿٦٧﴾ وَلَهَدَيۡنَٰهُمۡ صِرَٰطٗا مُّسۡتَقِيمٗا ﴿٦٨﴾

66 - 68 - ئەگەر بىز تاغۇتقا ھۆكۈم قىلدۇرماقچى بولغان ئاشۇ مۇناپىقلارنى: «ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار» دەپ بۇيرۇغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى بۇنى ئىجرا قىلمايتتى. ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان ۋەز - نەسىھەتكە ئەمەل قىلسا ئىدى، ئەلۋەتتە، بۇ ئۇلار ئۈچۈن ياخشى بولغان ۋە ئىمانى تېخىمۇ مۇستەھكەم بولغان بولاتتى. بىز ئەلۋەتتە، ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە دەرگاھىمىزدىن كاتتا ئەجىر ئاتا قىلغان ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلىگەن بولاتتۇق.

وَمَن يُطِعِ ٱللَّهَ وَٱلرَّسُولَ فَأُوْلَٰٓئِكَ مَعَ ٱلَّذِينَ أَنْعَمَ ٱللَّهُ عَلَيْهِم مِّنَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ وَٱلصِّدِّيقِينَ
وَٱلشُّهَدَآءِ وَٱلصَّٰلِحِينَۚ وَحَسُنَ أُوْلَٰٓئِكَ رَفِيقًا ﴿٦٩﴾

69 ـ كىمكى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلسا، ئەنە شۇلار كاتتا مەرتىۋىلەرگە ئېرىشىدۇ، ئۇلار جەننەتتە ئاللاھ ئىنئام قىلغان پەيغەمبەرلەر، ئېتىقاد، ئەمەل ۋە گەپ ـ سۆزىدە ئىمانى مۇكەممەل بولغان راستچىل كىشىلەر، ئاللاھ يولىدا شېھىت بولغانلار ۋە سالىھ مۇئمىنلەر بىلەن بىللە بولىدۇ. ئۇلار جەننەتتە نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار!

ذَٰلِكَ ٱلْفَضْلُ مِنَ ٱللَّهِۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ عَلِيمًا ﴿٧٠﴾

70 ـ بۇ پەزل ـ كەرەم پەقەتلا ئاللاھ تەرىپىدىن بولىدۇ. بەندىلىرىنىڭ بارلىق ئەھۋالىنى ۋە كىمنىڭ ياخشى ئەمەل قىلىپ كاتتا مۇكاپاتقا لايىق بولىدىغانلىقىنى بىلىشتە ئاللاھنىڭ ئىلمى يېتەرلىكتۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ خُذُواْ حِذْرَكُمْ فَٱنفِرُواْ ثُبَاتٍ أَوِ ٱنفِرُواْ جَمِيعًا ﴿٧١﴾

71 ـ ئى مۇئمىنلەر! دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى تولۇق تەييارلىق ھالىتىدە، ھوشيار ۋە ئېھتىياتچان بولۇپ تۇرۇڭلار، ئۇرۇشقا تۈركۈم ـ تۈركۈم بولۇپ ياكى ھەممىڭلار بىر بولۇپ چىقىڭلار.

وَإِنَّ مِنكُمْ لَمَن لَّيُبَطِّئَنَّ فَإِنْ أَصَٰبَتْكُم مُّصِيبَةٌ قَالَ قَدْ أَنْعَمَ ٱللَّهُ عَلَيَّ إِذْ لَمْ أَكُن مَّعَهُمْ
شَهِيدًا ﴿٧٢﴾

72 ـ شۈبھىسىزكى، ئاراڭلاردا دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشقا چىقمايدىغان، باشقىلارنى قەستەن ئۇرۇشتىن قېلىپ قېلىشقا دەۋەت قىلىدىغانلار بار. ئەگەر سىلەرگە بىرەر تالاپەت يېتىپ قالسا، ئۇ مۇناپىقلار خۇشاللىقتىن، «ئاللاھ مېنى ساقلاپتۇ، ھەر نېمە بولسا مەن ئاشۇ تالاپەتكە ئۇچرىغانلار بىلەن بىللە بولماپتىمەن» دەيدۇ.

وَلَئِنْ أَصَٰبَكُمْ فَضْلٌ مِّنَ ٱللَّهِ لَيَقُولَنَّ كَأَن لَّمْ تَكُنۢ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُۥ مَوَدَّةٌ يَٰلَيْتَنِي كُنتُ
مَعَهُمْ فَأَفُوزَ فَوْزًا عَظِيمًا ﴿٧٣﴾

73 ـ ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلىدىن بىرەر زەپەر ئاتا قىلىنسا، ئۇ ھەسرەتلىنىپ گويا سىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرۈنۈشتە ھېچبىر دوستلۇق يوقتەكلا: «كاشكى، مەنمۇ ئاشۇلار بىلەن بىللە بولغان بولسامچۇ، ئەلۋەتتە مەنمۇ نۇسرەت ۋە غەنىيمەت جەھەتتىن چوڭ بىر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەركەنمەن» دەيدۇ.

۞ فَلْيُقَٰتِلْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ ٱلَّذِينَ يَشْرُونَ ٱلْحَيَوٰةَ ٱلدُّنْيَا بِٱلْءَاخِرَةِۚ وَمَن يُقَٰتِلْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ فَيُقْتَلْ أَوْ
يَغْلِبْ فَسَوْفَ نُؤْتِيهِ أَجْرًا عَظِيمًا ﴿٧٤﴾

74 ـ شۇڭا، دۇنيا مەنپەئەتىدىن ۋاز كېچىپ ئاخىرەتلىكنى كۆزلەيدىغان كىشىلەر ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلسۇن، كىمكى ئاللاھ يولىدا خالىس جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى غەلىبە قىلسا، بىز ئۇنىڭغا كاتتا مۇكاپات ئاتا قىلىمىز.

وَمَا لَكُمْ لَا تُقَٰتِلُونَ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱلْمُسْتَضْعَفِينَ مِنَ ٱلرِّجَالِ وَٱلنِّسَآءِ وَٱلْوِلْدَٰنِ ٱلَّذِينَ يَقُولُونَ

رَبَّنَآ أَخْرِجْنَا مِنْ هَٰذِهِ ٱلْقَرْيَةِ ٱلظَّالِمِ أَهْلُهَا وَٱجْعَل لَّنَا مِن لَّدُنكَ وَلِيًّا وَٱجْعَل لَّنَا مِن لَّدُنكَ نَصِيرًا ﴿٧٥﴾

75 - ئى مۇئمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش يولىدا ۋە «ئى رەببىمىز! ئاھالىسى كۇفرىلىق قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان ۋە مۇئمىنلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈپ ئۇلارغا ھەقسىزلىق قىلغان مەككە شەھىرىدىن بىزنى چىقارغىن، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە ئىشلىرىمىزغا ئىگە بولىدىغان، زالىملارغا قارشى بىزگە ياردەم بېرىدىغان، بىر مەدەتكارنى ئاتا قىلغىن» دەپ دۇئا قىلىۋاتقان ئاجىز ئەر - ئاياللار ۋە باللارنى قۇتقۇزۇش يولىدا جىھاد قىلمايسىلەر؟

ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ يُقَٰتِلُونَ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ ۖ وَٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ يُقَٰتِلُونَ فِى سَبِيلِ ٱلطَّٰغُوتِ فَقَٰتِلُوٓا۟ أَوْلِيَآءَ ٱلشَّيْطَٰنِ ۖ إِنَّ كَيْدَ ٱلشَّيْطَٰنِ كَانَ ضَعِيفًا ﴿٧٦﴾

76 - ئېتىقادىدا ۋە ئەمەلىدە راستچىل بولغان مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ دىنىنى ۋە ئىسلام ئەھلىنى قوغداش يولىدا جىھاد قىلىدۇ، كاپىرلار بولسا تاجاۋۇزچىلىق قىلىش ۋە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىش يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ. ئى مۇئمىنلەر! شەيتاننى دوست تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان كاپىرلار ۋە مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار. شەكسىزكى، شەيتاننىڭ ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىگە پىلانلاپ بەرگەن ھىيلە - مىكىرلىرى ئاجىزدۇر.

أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ قِيلَ لَهُمْ كُفُّوٓا۟ أَيْدِيَكُمْ وَأَقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُوا۟ ٱلزَّكَوٰةَ فَلَمَّا كُتِبَ عَلَيْهِمُ ٱلْقِتَالُ إِذَا فَرِيقٌ مِّنْهُمْ يَخْشَوْنَ ٱلنَّاسَ كَخَشْيَةِ ٱللَّهِ أَوْ أَشَدَّ خَشْيَةً ۚ وَقَالُوا۟ رَبَّنَا لِمَ كَتَبْتَ عَلَيْنَا ٱلْقِتَالَ لَوْلَآ أَخَّرْتَنَآ إِلَىٰٓ أَجَلٍ قَرِيبٍ ۗ قُلْ مَتَٰعُ ٱلدُّنْيَا قَلِيلٌ وَٱلْءَاخِرَةُ خَيْرٌ لِّمَنِ ٱتَّقَىٰ وَلَا تُظْلَمُونَ فَتِيلًا ﴿٧٧﴾

77 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ كىشىلەرنىڭ قىلمىشىنى بىلمەمسەن؟ جىھادقا رۇخسەت قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئۇلارغا: «مۇشرىكلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن قولۇڭلارنى يىغىڭلار، ناماز ۋە زاكاتتىن ئىبارەت ئاللاھ سىلەرگە پەرز قىلغان ئەمەللەرنى تولۇق ئورۇنداڭلار» دېيىلگەن. ئەمما جىھاد پەرز قىلىنىۋىدى، ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى دۈشمەندىن خۇددى ئاللاھتىن قورققاندەك، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك قورقۇپ، دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلىگەنلىكتىن: «ئى رەببىمىز! بىزگە نېمە ئۈچۈن جىھادنى پەرز قىلدىڭ؟ بۇ پەرزنى بىزگە يېقىن ۋاقىتقا قەدەر كېچىكتۈرگەن بولساڭچۇ» دېدى. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «دۇنيانىڭ مەنپەئەتى ئازدۇر، ئاللاھ بۇيرۇغاننى ئورۇنداپ، ئاللاھ مەنئى قىلغان ئىشلاردىن يىراق تۇرىدىغان تەقۋادار كىشىلەر ئۈچۈن، ئاخىرەت ۋە ئۇنىڭدىكى نېمەتلەر ئەڭ ياخشى ۋە مەڭگۈلۈكتۇر. ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ قىلچىلىك ياخشى ئەمەلىڭلار بولسىمۇ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىسىلەر، رەببىڭ ھېچ كىشىگە قىلچىلىك زۇلۇم قىلمايدۇ».

أَيْنَمَا تَكُونُوا۟ يُدْرِككُّمُ ٱلْمَوْتُ وَلَوْ كُنتُمْ فِى بُرُوجٍ مُّشَيَّدَةٍ ۗ وَإِن تُصِبْهُمْ حَسَنَةٌ يَقُولُوا۟ هَٰذِهِۦ مِنْ عِندِ ٱللَّهِ ۖ وَإِن تُصِبْهُمْ سَيِّئَةٌ يَقُولُوا۟ هَٰذِهِۦ مِنْ عِندِكَ ۚ قُلْ كُلٌّ مِّنْ عِندِ ٱللَّهِ ۖ فَمَالِ هَٰٓؤُلَآءِ ٱلْقَوْمِ لَا يَكَادُونَ يَفْقَهُونَ حَدِيثًا ﴿٧٨﴾

78 - سىلەر قەيەردە بولساڭلار بولۇڭلار، ھەتتا سىلەر ئۇرۇش مەيدانىدىن يىراق مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ، ئەجىلىڭلار كەلسە، ئۆلۈم سىلەرنى ئەلۋەتتە تاپىدۇ. ئەگەر ئۇ مۇناپىقلار دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن ئۆزلىرىنى خۇشال قىلىدىغان بىرەر نەرسىگە

ئېرىشسە، ئۇنى ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىپ: «بۇ ئاللاھتىن بولدى» دەيدۇ، ئەگەر بىرەر زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىسا، ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقىدىن ئۇنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۆڭگەپ، «بۇ سەندىن بولدى» دەيدۇ. ئۇلار ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ تەقدىرى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بۇ قەۋمگە نېمە بولدىكىن، سېنىڭ ھېچبىر سۆزۈڭنى چۈشەنمەي دېمەيدۇ؟

مَّآ أَصَابَكَ مِنۡ حَسَنَةٖ فَمِنَ ٱللَّهِۖ وَمَآ أَصَابَكَ مِن سَيِّئَةٖ فَمِن نَّفۡسِكَۚ وَأَرۡسَلۡنَٰكَ لِلنَّاسِ رَسُولٗاۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ شَهِيدٗا ﴿٧٩﴾

79 - ئى ئىنسان! ساڭا كەلگەن ھەرقانداق ياخشىلىق ۋە نېمەت ئاللاھنىڭ پەزلىدىندۇر، ساڭا يەتكەن يامانلىق ۋە جاپا ئۆز خاتالىقىڭدىن ۋە ئۆز گۇناھىڭدىندۇر. ئى پەيغەمبەر! سېنى بىز بارلىق ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئۇلارغا رەببىڭنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈشتۇر، سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھ بولۇشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر.

مَّن يُطِعِ ٱلرَّسُولَ فَقَدۡ أَطَاعَ ٱللَّهَۖ وَمَن تَوَلَّىٰ فَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ عَلَيۡهِمۡ حَفِيظٗا ﴿٨٠﴾

80 - كىمكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلسا ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ئەمەل قىلسا، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئەمر - پەرمانىنى ئورۇندىغان بولىدۇ. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىدىكەن، ئى پەيغەمبەر! بىلگىنكى، بىز سېنى ئىتائەتتىن باش تارتقان ئاشۇ ئاسىيلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى ۋە ئۇلاردىن ھېساب ئالغۇچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر.

وَيَقُولُونَ طَاعَةٞ فَإِذَا بَرَزُواْ مِنۡ عِندِكَ بَيَّتَ طَآئِفَةٞ مِّنۡهُمۡ غَيۡرَ ٱلَّذِي تَقُولُۖ وَٱللَّهُ يَكۡتُبُ مَا يُبَيِّتُونَۖ فَأَعۡرِضۡ عَنۡهُمۡ وَتَوَكَّلۡ عَلَى ٱللَّهِۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ وَكِيلًا ﴿٨١﴾

81 - ئىتائەتتىن باش تارتقان ئاشۇ مۇناپىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىدە بولغان چاغلىرىدا، ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەجلىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر كېچىسى يوشۇرۇن ھالدا، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئۆزلىرى ئېيتقان سۆزلەرنىڭ ئەكسىچە رەزىل پىلانلارنى تۈزىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىگە تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلارغا پەرۋا قىلمىغىن، ئۇلار ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئاللاھقا تايانغىن، ئاللاھ ساڭا ياردەم قىلىشقا ۋە ئىگە بولۇشقا يېتەرلىك تايانچتۇر.

أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ ٱلۡقُرۡءَانَۚ وَلَوۡ كَانَ مِنۡ عِندِ غَيۡرِ ٱللَّهِ لَوَجَدُواْ فِيهِ ٱخۡتِلَٰفٗا كَثِيرٗا ﴿٨٢﴾

82 - ئۇلار قۇرئان ۋە ئۇنىڭدا كەلگەن ھەقىقەتلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئۇنىڭ ئاللاھتىن كەلگەنلىكىدە قىلچە شەك يوقلۇقىنى بىلمەمدۇ؟ ئەگەر قۇرئان ئاللاھتىن باشقا بىرى تەرىپىدىن كەلگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلار ئۇنىڭدىن نۇرغۇنلىغان زىتلىقلارنى تاپقان بولاتتى.

وَإِذَا جَآءَهُمۡ أَمۡرٞ مِّنَ ٱلۡأَمۡنِ أَوِ ٱلۡخَوۡفِ أَذَاعُواْ بِهِۦۖ وَلَوۡ رَدُّوهُ إِلَى ٱلرَّسُولِ وَإِلَىٰٓ أُوْلِي ٱلۡأَمۡرِ مِنۡهُمۡ

لَعَلِمَهُ ٱلَّذِينَ يَسۡتَنۢبِطُونَهُۥ مِنۡهُمۡۗ وَلَوۡلَا فَضۡلُ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ وَرَحۡمَتُهُۥ لَٱتَّبَعۡتُمُ ٱلشَّيۡطَٰنَ إِلَّا قَلِيلٗا ﴿٨٣﴾

83 - دىلىغا ئىمان ئورناشمىغان ئاشۇ مۇناپىقلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ ئامانلىقى ياكى ئىسلامنىڭ غەلىبىسىگە مۇناسىۋەتلىك ۋەياكى كۆڭۈللەرگە قورقۇنچ سالىدىغان، شۇنداقلا يوشۇرۇشقا تېگىشلىك بىرەر خەۋەر يەتسە، ئۇلار ئۇ خەۋەرنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تارقىتىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇ خەۋەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياكى مۆئمىنلەر ئىچىدىكى ئىلىم ئەھلىلىرىگە، ئىش ئۈستىدىكىلەرگە مەلۇم قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەھلىل ۋە تەتقىق ئىگىلىرى ئەلۋەتتە، ئۇ خەۋەرنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىۋالاتتى. ئى مۆئمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى - مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئازلا كىشىلەردىن باشقىلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى، ئەلۋەتتە، شەيتانغا ئەگىشىپ كېتەتتىڭلار.

فَقَٰتِلۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ لَا تُكَلَّفُ إِلَّا نَفۡسَكَۚ وَحَرِّضِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَۖ عَسَى ٱللَّهُ أَن يَكُفَّ بَأۡسَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْۚ وَٱللَّهُ أَشَدُّ بَأۡسٗا وَأَشَدُّ تَنكِيلٗا ﴿٨٤﴾

84 - ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ يولىدا، ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش يولىدا جىھاد قىلغىن. سەن باشقىلارنىڭ قىلمىشىدىن جاۋابكار ئەمەس. مۆئمىنلەرنى جىھاد قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغىن، ئۇلارنى ئۇنىڭغا قىزىقتۇرغىن، شۇنداق قىلساڭ، سېنىڭ ۋە مۆئمىنلەرنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاللاھ كاپىرلارنىڭ يامانلىقىنى توسۇپ قالىدۇ. ئاللاھنىڭ كۈچى ئەڭ زوردۇر، كاپىرلارغا بېرىدىغان جازاسى ئەڭ قاتتىقتۇر.

مَّن يَشۡفَعۡ شَفَٰعَةً حَسَنَةٗ يَكُن لَّهُۥ نَصِيبٞ مِّنۡهَاۖ وَمَن يَشۡفَعۡ شَفَٰعَةٗ سَيِّئَةٗ يَكُن لَّهُۥ كِفۡلٞ مِّنۡهَاۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ مُّقِيتٗا ﴿٨٥﴾

85 - كىمكى باشقىلارنىڭ ياخشىلىققا ئېرىشىشىگە ۋاستە بولسا، ئۇنىڭغا ۋاستە بولغانلىقى ئۈچۈن ساۋابتىن بىر نېسىۋە بولىدۇ؛ كىمكى باشقىلارغا يامانلىق يەتكۈزۈش ئۈچۈن ۋاستە بولسا، ئۇنىڭغا گۇناھتىن بىر نېسىۋە بولىدۇ. ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

وَإِذَا حُيِّيتُم بِتَحِيَّةٖ فَحَيُّواْ بِأَحۡسَنَ مِنۡهَآ أَوۡ رُدُّوهَآۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٍ حَسِيبًا ﴿٨٦﴾

86 - سىلەرگە بىرەر مۇسۇلمان ئادەم سالام بەرسە، سىلەر ئۇنىڭ سالىمىنى تېخىمۇ ياخشى سۆز ۋە گۈزەل ئىپادىلەر بىلەن قايتۇرۇڭلار ياكى ئۇنىڭ سالىمىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار. ھەركىمگە قىلغان ئەمەلىنىڭ ساۋابى ۋە گۇناھى يېزىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنىڭ ھېسابىنى ئالغۇچىدۇر.

ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۚ لَيَجۡمَعَنَّكُمۡ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ لَا رَيۡبَ فِيهِۗ وَمَنۡ أَصۡدَقُ مِنَ ٱللَّهِ حَدِيثٗا ﴿٨٧﴾

87 - ئاللاھ بارلىق مەخلۇقاتنىڭ يەككە - يېگانە ئىلاھىدۇر. بولىدىغانلىقىدا قىلچە شەك بولمىغان قىيامەت كۈنىدە، ئاللاھ بارلىق خالايىقنى ھېساب ئېلىش، مۇكاپات ياكى جازا بېرىش ئۈچۈن ھېساب مەيدانىغا چوقۇم توپلايدۇ. ئاللاھتىنمۇ توغرا سۆزلۈك ھېچكىم يوقتۇر.

۞ فَمَا لَكُمۡ فِي ٱلۡمُنَٰفِقِينَ فِئَتَيۡنِ وَٱللَّهُ أَرۡكَسَهُم بِمَا كَسَبُوٓاْۚ أَتُرِيدُونَ أَن تَهۡدُواْ مَنۡ أَضَلَّ ٱللَّهُۖ وَمَن يُضۡلِلِ ٱللَّهُ فَلَن تَجِدَ لَهُۥ سَبِيلٗا ﴿٨٨﴾

88 - ئى مۆئمىنلەر! سىلەر نېمىشقا مۇناپىقلار توغرىسىدا ئىككى پىرقىگە بۆلۈنۈپ كېتىپ،

بىر پىرقە مۇناپىقلارنى ئۆلتۈرەيلى دېسە، يەنە بىر پىرقە باشقىچە قاراشتا بولسىلەر؟ ئاللاھ ئۇ مۇناپىقلارنى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن كۇفرىغا ۋە ئازغۇنلۇققا تاشلىدى، ئاللاھ قەلبىنى ھىدايەتتىن بۇرۇۋەتكەن كىشىلەرنى سىلەر ھىدايەت قىلماقچى بولامسىلەر؟ بىلىڭلاركى، ئاللاھ كىمنى ئۆز دىنىدىن ۋە پەرمانىغا ئەگىشىشتىن بۇرۇۋەتسە، ئۇنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا ھېچقانداق يول يوقتۇر.

وَدُّواْ لَوْ تَكۡفُرُونَ كَمَا كَفَرُواْ فَتَكُونُونَ سَوَآءٗۖ فَلَا تَتَّخِذُواْ مِنۡهُمۡ أَوۡلِيَآءَ حَتَّىٰ يُهَاجِرُواْ
فِي سَبِيلِ ٱللَّهِۚ فَإِن تَوَلَّوۡاْ فَخُذُوهُمۡ وَٱقۡتُلُوهُمۡ حَيۡثُ وَجَدتُّمُوهُمۡۖ وَلَا تَتَّخِذُواْ مِنۡهُمۡ وَلِيّٗا وَلَا
نَصِيرًا ﴿٨٩﴾

89 - ئى مۇئمىنلەر! مۇناپىقلار سىلەرنىڭمۇ ئۆزلىرىدەك كاپىر بولۇشۇڭلارنى، دىلىڭلاردا ئىشەنگەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشىڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرنىڭمۇ ئاشۇلار بىلەن كاپىرلىقتا ئوخشاش بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىمانىنى نامايان قىلىشى ئۈچۈن، ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلمىغۇچە ئۇلارنى ھەرگىز دوست تۇتماڭلار، ئەگەر ئۇلار سىلەر دەۋەت قىلغان بۇ ئىشتىن باش تارتسا، ئۇلارنى قەيەردە تاپساڭلارشۇ يەردە تۇتۇپ ئۆلتۈرۈڭلار، سىلەر ئاللاھنى قايرىپ قويۇپ، ئۇلارنى ئۆزۈڭلارغا ياردەم قىلغۇچى ياكى مەدەتكار قىلىۋالماڭلار.

إِلَّا ٱلَّذِينَ يَصِلُونَ إِلَىٰ قَوۡمِۭ بَيۡنَكُمۡ وَبَيۡنَهُم مِّيثَٰقٌ أَوۡ جَآءُوكُمۡ حَصِرَتۡ صُدُورُهُمۡ أَن يُقَٰتِلُوكُمۡ
أَوۡ يُقَٰتِلُواْ قَوۡمَهُمۡۚ وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ لَسَلَّطَهُمۡ عَلَيۡكُمۡ فَلَقَٰتَلُوكُمۡۚ فَإِنِ ٱعۡتَزَلُوكُمۡ فَلَمۡ يُقَٰتِلُوكُمۡ
وَأَلۡقَوۡاْ إِلَيۡكُمُ ٱلسَّلَمَ فَمَا جَعَلَ ٱللَّهُ لَكُمۡ عَلَيۡهِمۡ سَبِيلٗا ﴿٩٠﴾

90 - لېكىن سىلەر بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدا ئەھدە - مىساق بولغان بىر قەۋمگە قوشۇلغانلار بىلەن ئۇرۇشماڭلار، شۇنىڭدەك سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن ياكى ئۆز قەۋمىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن يۈرەكلىرى سىقىلىپ يېنىڭلارغا كەلگەن، سىلەر تەرەپتىمۇ تۇرمىغان، ئۆز قەۋمى تەرەپتىمۇ تۇرمىغان كىشىلەر بىلەنمۇ ئۇرۇش قىلماڭلار. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئۇلارنى سىلەرگە قارشى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىپ قوياتتى، ئاندىن ئەلۋەتتە، مۇشرىكلار بىلەن بىرلىشىپ سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلاتتى، لېكىن ئاللاھ ئۆز پەزلى ۋە چەكسىز قۇدرىتى بىلەن سىلەرنى ئۇلارنىڭ يامانلىق قىلىشىدىن ساقلىدى. ئەگەر ئۇلار سىلەردىن يىراق تۇرسا، سىلەر بىلەن ئۇرۇشمىسا ۋە تەسلىم بولۇپ سىلەرگە بويسۇنسا، سىلەرنىڭ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشىڭلارغا قەتئىي يول يوقتۇر.

سَتَجِدُونَ ءَاخَرِينَ يُرِيدُونَ أَن يَأۡمَنُوكُمۡ وَيَأۡمَنُواْ قَوۡمَهُمۡ كُلَّ مَا رُدُّوٓاْ إِلَى ٱلۡفِتۡنَةِ أُرۡكِسُواْ فِيهَاۚ
فَإِن لَّمۡ يَعۡتَزِلُوكُمۡ وَيُلۡقُوٓاْ إِلَيۡكُمُ ٱلسَّلَمَ وَيَكُفُّوٓاْ أَيۡدِيَهُمۡ فَخُذُوهُمۡ وَٱقۡتُلُوهُمۡ حَيۡثُ ثَقِفۡتُمُوهُمۡۚ
وَأُوْلَٰٓئِكُمۡ جَعَلۡنَا لَكُمۡ عَلَيۡهِمۡ سُلۡطَٰنٗا مُّبِينٗا ﴿٩١﴾

91 - سىلەر مۇناپىقلاردىن يەنە شۇنداق قەۋمنى ئۇچرىتىسىلەركى، ئۇلار سىلەرگە ئىمانىنى نامايان قىلىپ، سىلەردىن ئامانلىققا ئېرىشمەكچى بولىدۇ، ئۆز قەۋمىگە كاپىرلىقىنى ئاشكارا قىلىپ، ئۇلاردىن ئامانلىققا ئېرىشمەكچى بولىدۇ. ئۇلار ھەر قاچان كۇفرى دىيارىغا ۋە كاپىرلارنىڭ يېنىغا قايتۇرۇلسا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ناچارلىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر بۇ مۇناپىقلار سىلەردىن يىراق تۇرمىسا، سىلەرگە پۈتۈنلەي بويسۇنمىسا، سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن قول يىغمىسا، ئۇلارنى قاتتىق تۇتۇڭلار ۋە تاپقان يەردە

ئۆلتۈرۈۋەتكىلى بولمايدۇ. بۇ دەرىجىگە يەتكەن مۇناپىقلارنى باشقا كىشىلەردىن ئوچۇق ئايرىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشۈڭلار ياكى ئەسىرگە ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، بىزسىلەرگە ئوپئوچۇق دەلىل - پاكىت تۇرغۇزۇپ بەردۇق.

وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ أَن يَقْتُلَ مُؤْمِنًا إِلَّا خَطَـًٔا ۚ وَمَن قَتَلَ مُؤْمِنًا خَطَـًٔا فَتَحْرِيرُ رَقَبَةٍ مُّؤْمِنَةٍ وَدِيَةٌ
مُّسَلَّمَةٌ إِلَىٰٓ أَهْلِهِۦٓ إِلَّآ أَن يَصَّدَّقُوا۟ ۚ فَإِن كَانَ مِن قَوْمٍ عَدُوٍّ لَّكُمْ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَتَحْرِيرُ رَقَبَةٍ مُّؤْمِنَةٍ ۖ
وَإِن كَانَ مِن قَوْمٍۭ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُم مِّيثَـٰقٌ فَدِيَةٌ مُّسَلَّمَةٌ إِلَىٰٓ أَهْلِهِۦ وَتَحْرِيرُ رَقَبَةٍ مُّؤْمِنَةٍ ۖ فَمَن لَّمْ
يَجِدْ فَصِيَامُ شَهْرَيْنِ مُتَتَابِعَيْنِ تَوْبَةً مِّنَ ٱللَّهِ ۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا ﴿٩٢﴾

92- سەۋەنلىكتىن بولمىسىلا، بىر مۆئمىن ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىندىشى بولغان بىر مۆئمىن ئادەمنى ئۆلتۈرۈش ھەققى يوق. كىمكى بىرەر مۆئمىننى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن، ئۇ بىر مۆئمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئائىلىسىگە دىيەت (تۆلەم) تۆلىشى كېرەك. پەقەت ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئائىلىسىنىڭ دىيەتنى كەچۈرۈۋېتىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا، (بۇ چاغدا قاتىل دىيەت تۆلىمىسىمۇ بولىدۇ). ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى ئادەم ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ھەقىقەتكە ئىمان كەلتۈرگەن مۆئمىن ئادەم بولۇپ، ئۇ سىلەرگە دۈشمەن قەۋمدىن بولسا، بۇ چاغدا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغان ئادەم بىر مۆئمىن قۇلنىلا ئازاد قىلسا بولىدۇ؛ ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى ئادەم ئاراڭلاردا تىنچلىق كېلىشىمى بار قەۋمدىن بولسا، قاتىل ئۇنىڭ ئائىلىسىگە دىيەت تۆلەيدۇ ۋە بىر مۆئمىن قۇلنى ئازاد قىلىدۇ. قۇل ئازاد قىلىشقا قۇربى يەتمىگەن ئادەم ئاللاھقا تەۋبە قىلىش يۈزىسىدىن ئۈزلۈكسىز ئىككى ئاي روزا تۇتۇشى لازىم. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئەزەلدىن ئوبدان بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇلارغا بۇيرۇغان ئەمر - پەرمانلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

وَمَن يَقْتُلْ مُؤْمِنًا مُّتَعَمِّدًا فَجَزَآؤُهُۥ جَهَنَّمُ خَـٰلِدًا فِيهَا وَغَضِبَ ٱللَّهُ عَلَيْهِ وَلَعَنَهُۥ وَأَعَدَّ لَهُۥ عَذَابًا
عَظِيمًا ﴿٩٣﴾

93- كىمكى بىر مۆئمىن ئادەمنى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا بۇ ئېغىر جىنايىتى سەۋەبلىك قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ. ئەمما ئاللاھ مۆئمىن ئادەمنى جەھەننەمدە مەڭگۈلۈك ئازابلىمايدۇ. (ئۇ گۇناھىغا لايىق ئازابلانغاندىن كېيىن، ئىمانى يۈزىسىدىن دوزاختىن چىقىرىلىدۇ).

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِذَا ضَرَبْتُمْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ فَتَبَيَّنُوا۟ وَلَا تَقُولُوا۟ لِمَنْ أَلْقَىٰٓ إِلَيْكُمُ ٱلسَّلَـٰمَ لَسْتَ
مُؤْمِنًا تَبْتَغُونَ عَرَضَ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا فَعِندَ ٱللَّهِ مَغَانِمُ كَثِيرَةٌ ۚ كَذَٰلِكَ كُنتُم مِّن قَبْلُ فَمَنَّ ٱللَّهُ
عَلَيْكُمْ فَتَبَيَّنُوٓا۟ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرًا ﴿٩٤﴾

94- ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىپ چىققان ۋاقتىڭلاردا، قىلىشقا تېگىشلىك ۋە قىلماسلىققا تېگىشلىك (پۈتۈن) ئىشلىرىڭلاردا پاكىتقا تايىنىپ ئىش كۆرۈڭلار، ئۆزىنىڭ مۆئمىن ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەردىن بىرەرسى كۆرۈنگەن ۋە سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلمىغان ئادەمنىڭ ئىمانىنى يوشۇرغان بىر مۆئمىن بولۇش ئېھتىمالى بولغانلىقى ئۈچۈن، — دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەپ —، ئۇنىڭغا: «سەن مۆئمىن ئەمەس» دېمەڭلار. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا سىلەرنى مۇنداق قىلىشتىن

بىھاجەت قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان ئىسىل نېمەتلەر ۋە كاتتا مۇكاپاتلار بار. ئىلگىرى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا سىلەرمۇ مۇشرىكلاردىن قورقۇپ شۇنداق ئىمانىڭلارنى يوشۇراتتىڭلار، كېيىن ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن سىلەرگە كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلدى، شۇڭا (سىلەر ئالدىڭلارغا ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمان ياكى ئەمەسلىكىنى) ئېنىقلاپ ئىش كۆرۈڭلار. چۈنكى ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان بارلىق ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر، ئەڭ مەخپىي ئىشىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ ۋە سىلەرگە شۇ ئەمەللىرىڭلارغا يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ

لَّا يَسْتَوِى ٱلْقَٰعِدُونَ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُو۟لِى ٱلضَّرَرِ وَٱلْمُجَٰهِدُونَ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ بِأَمْوَٰلِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ ۚ فَضَّلَ ٱللَّهُ ٱلْمُجَٰهِدِينَ بِأَمْوَٰلِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ عَلَى ٱلْقَٰعِدِينَ دَرَجَةً ۚ وَكُلًّا وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلْحُسْنَىٰ ۚ وَفَضَّلَ ٱللَّهُ ٱلْمُجَٰهِدِينَ عَلَى ٱلْقَٰعِدِينَ أَجْرًا عَظِيمًا ﴿٩٥﴾

95- مۇئمىنلەردىن ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلار ئاللاھ يولىدا پۇل - ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولالمايدۇ. ئاللاھ پۇل - ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى جىھادقا چىقمىغانلاردىن ئۈستۈن قىلدى، جەننەتتىكى مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلىپ كۆتۈردى. گەرچە ئاللاھ مۇجاھىدلار بىلەن ئۆزرىسى سەۋەبلىك جىھادقا چىقالمىغان مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسىگە جەننەتنى ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، مۇجاھىدلارغا كاتتا مۇكاپات ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى جىھادقا چىقمىغانلاردىن ئۈستۈن قىلدى.

دَرَجَٰتٍ مِّنْهُ وَمَغْفِرَةً وَرَحْمَةً ۚ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا ﴿٩٦﴾

96- بۇ كاتتا مۇكاپات جەننەتلەردىكى يۇقىرى مەرتىۋىلەر بولۇپ، ئاللاھ بۇ يۇقىرى مەرتىۋىلەرنى ھەق يولىدا جىھاد قىلغان مۇجاھىد بەندىلىرىگە خاس قىلدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا كاتتا رەھمەت ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ئەمەلىنى تۈزەتكەن كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئىتائەتمەن بەندىلىرىگە ۋە ھەق يولىدىكى مۇجاھىدلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ تَوَفَّىٰهُمُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ ظَالِمِىٓ أَنفُسِهِمْ قَالُوا۟ فِيمَ كُنتُمْ ۖ قَالُوا۟ كُنَّا مُسْتَضْعَفِينَ فِى ٱلْأَرْضِ ۚ قَالُوٓا۟ أَلَمْ تَكُنْ أَرْضُ ٱللَّهِ وَٰسِعَةً فَتُهَاجِرُوا۟ فِيهَا ۚ فَأُو۟لَٰٓئِكَ مَأْوَىٰهُمْ جَهَنَّمُ ۖ وَسَآءَتْ مَصِيرًا ﴿٩٧﴾

97- ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىشنى خالىماي، كۇفرى دىيارىدا قېلىشنى ئەۋزەل بىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلارغا كايىپ: «سىلەر بۇرۇن دىن خۇسۇسىدا قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟» دەپ سوئال قويىدۇ. ئۇلار: «بىز ئۆز دىيارىمىزدا زۇلۇم قىلىنغان ۋە زالىملارغا تەڭ كېلەلمىگەن ئىدۇق» دەيدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارغا يەنە كايىپ: «ئۇنداقتا، ئۆز دىيارىڭلاردىن چىقىپ، دىنىڭلارنى قوغدالايدىغان بىرەر خاتىرجەم جايغا ھىجرەت قىلساڭلار بولمامتى؟ ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟» دەيدۇ. ئەنە شۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!

إِلَّا ٱلْمُسْتَضْعَفِينَ مِنَ ٱلرِّجَالِ وَٱلنِّسَآءِ وَٱلْوِلْدَٰنِ لَا يَسْتَطِيعُونَ حِيلَةً وَلَا يَهْتَدُونَ سَبِيلًا ﴿٩٨﴾

98- ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن زۇلۇمغا قارشى تۇرالمايدىغان، زۇلۇمنىڭ قۇتۇلۇشنىڭ

يوللىرىنىمۇ بىلمەيدىغان ئەرلەر، ئاياللار ۋە بالىلار يۇقىرىقىلاردىن مۇستەسنادۇر.

فَأُوْلَـٰٓئِكَ عَسَى ٱللَّهُ أَن يَعْفُوَ عَنْهُمْۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَفُوًّا غَفُورًا ﴿٩٩﴾

99- ئەنە ئاشۇ ئاجىزلارنى ئاللاھنىڭ ئەپۇ قىلىشىدىن ئۈمىد بار. چۈنكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى بىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ ئەيىبلىرىنى ياپقۇچىدۇر.

۞ وَمَن يُهَاجِرْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ يَجِدْ فِي ٱلْأَرْضِ مُرَٰغَمًا كَثِيرًا وَسَعَةًۚ وَمَن يَخْرُجْ مِنۢ بَيْتِهِۦ مُهَاجِرًا
إِلَى ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ ثُمَّ يُدْرِكْهُ ٱلْمَوْتُ فَقَدْ وَقَعَ أَجْرُهُۥ عَلَى ٱللَّهِۗ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا ﴿١٠٠﴾

100- كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىنى قوغداش ئۈچۈن ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ كۇفرى دىيارىدىن ئىسلام دىيارىغا چىقىدىكەن، ئۇ زېمىندا چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ، ئۆز دىنىنى كۈچلەندۈرۈش، دۈشمەنلىرىگە غالىب كېلىش، تۇرمۇشتا ئازادىچىلىك قاتارلىق پۇرسەتلەرگە ئېرىشىدۇ. كىمكى ئۆيىدىن ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇش نىيىتى بىلەن ھىجرەت قىلىپ چىقىپ، بارىدىغان جايىغا يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن يولدا ۋاپات بولسا، ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن ئۇنىڭ ئەمەلىنىڭ ئەجرىنى بېرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

وَإِذَا ضَرَبْتُمْ فِي ٱلْأَرْضِ فَلَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَن تَقْصُرُواْ مِنَ ٱلصَّلَوٰةِ إِنْ خِفْتُمْ أَن يَفْتِنَكُمُ ٱلَّذِينَ
كَفَرُوٓاْۚ إِنَّ ٱلْكَـٰفِرِينَ كَانُواْ لَكُمْ عَدُوًّا مُّبِينًا ﴿١٠١﴾

101- ئى مۇئمىنلەر! سىلەر سەپەردە كاپىرلارنىڭ سىلەرگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقساڭلار، نامازنى (تۆت رەكئەتنى ئىككى رەكئەتكە) قىسقارتىپ ئوقۇساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. كاپىرلار سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر، ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىدىن ھوشيار بولۇڭلار. (سەپەردە پەرز نامازلارنى قەسر قىلىپ ئوقۇش سەپەر مەيلى قورقۇنچلۇق بولسۇن ياكى خاتىرجەملىك بولسۇن، ھەممە ھالەتتە رۇخسەتتۇر).

وَإِذَا كُنتَ فِيهِمْ فَأَقَمْتَ لَهُمُ ٱلصَّلَوٰةَ فَلْتَقُمْ طَآئِفَةٌ مِّنْهُم مَّعَكَ وَلْيَأْخُذُوٓاْ أَسْلِحَتَهُمْۖ فَإِذَا سَجَدُواْ
فَلْيَكُونُواْ مِن وَرَآئِكُمْ وَلْتَأْتِ طَآئِفَةٌ أُخْرَىٰ لَمْ يُصَلُّواْ فَلْيُصَلُّواْ مَعَكَ وَلْيَأْخُذُواْ حِذْرَهُمْ
وَأَسْلِحَتَهُمْۗ وَدَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَوْ تَغْفُلُونَ عَنْ أَسْلِحَتِكُمْ وَأَمْتِعَتِكُمْ فَيَمِيلُونَ عَلَيْكُم مَّيْلَةً
وَٰحِدَةًۚ وَلَا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ إِن كَانَ بِكُمْ أَذًى مِّن مَّطَرٍ أَوْ كُنتُم مَّرْضَىٰٓ أَن تَضَعُوٓاْ أَسْلِحَتَكُمْۖ
وَخُذُواْ حِذْرَكُمْۗ إِنَّ ٱللَّهَ أَعَدَّ لِلْكَـٰفِرِينَ عَذَابًا مُّهِينًا ﴿١٠٢﴾

102- ئى پەيغەمبەر! سەن مۇئمىنلەر بىلەن جىھاد مەيدانىدا بولۇپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، ئۇلارنى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلگىن، بىرىنچى گۇرۇپپا سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن، قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسۇن، ئۇلار سەجدە قىلىۋاتقاندا، ئىككىنچى گۇرۇپپا ئارقاڭلاردا دۈشمەنلەرگە روبىرو ھالەتتە تۇرسۇن، بىرىنچى گۇرۇپپا (ئاۋۋالقى رەكئەتنى سەن بىلەن بىللە تاماملىغاندىن كېيىن) ئىككىنچى رەكئەتنى (ئۆزلىرى) تاماملاپ سالام بەرسۇن، ئاندىن ناماز ئوقۇمىغان ئىككىنچى گۇرۇپپا كېلىپ سەن بىلەن بىرلىكتە بىرىنچى رەكئەت نامىزىنى ئوقۇپ، ئاندىن ئىككىنچى رەكئەتنى ئۆزلىرى تاماملىسۇن، دۈشمەنىنىڭ سۇيىقەستىدىن ھوشيار تۇرسۇن، قوراللىرىنى يېنىدا

تۇتسۇن. ئاللاھنىڭ دىنىنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلار سىلەرنىڭ قورالىرىڭلارنى، ماددىي
ئەشيالىرىڭلارنى تاشلاپ قويۇپ دىققەتسىزلىك قىلىشىڭلارنى، (شۇ پۇرسەتتە) سىلەرگە
بىردىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، سىلەرنى يوقىتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەگەر سىلەرگە
يامغۇر سەۋەبلىك قىيىنچىلىق تۇغۇلسا ياكى كېسەل بولساڭلار، (بۇ چاغدا) قورالىرىڭلارنى
قويۇپ قويساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، ئەمما تەدبىرلىك ۋە ھوشيار بولۇڭلار.
شەكسىزكى، ئاللاھ ھەق دىنىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا خار قىلغۇچى ئازاب تەييارلىدى.

فَإِذَا قَضَيْتُمُ ٱلصَّلَوٰةَ فَٱذْكُرُواْ ٱللَّهَ قِيَٰمًا وَقُعُودًا وَعَلَىٰ جُنُوبِكُمْۚ فَإِذَا ٱطْمَأْنَنتُمْ فَأَقِيمُواْ
ٱلصَّلَوٰةَۚ إِنَّ ٱلصَّلَوٰةَ كَانَتْ عَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ كِتَٰبًا مَّوْقُوتًا ﴿١٠٣﴾

103 - نامازنى ئوقۇپ بولغان ۋاقتىڭلاردا، ئۆرە تۇرۇپمۇ، ئولتۇرۇپمۇ ۋە يېتىپ تۇرۇپمۇ ئاللاھنى
ياد ئېتىشنى داۋاملاشتۇرۇڭلار. قورقۇنچ يوق بولۇپ، خاتىرجەم بولغان چېغىڭلاردا بولسا
نامازنى تولۇق ئادا قىلىڭلار، ناماز ھەققىدە بىپەرۋالىق قىلماڭلار (نامازنىڭ ۋاقتىغا
رىئايە قىلىڭلار). چۈنكى، ناماز دىندا ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرزدۇر.

وَلَا تَهِنُواْ فِي ٱبْتِغَآءِ ٱلْقَوْمِۖ إِن تَكُونُواْ تَأْلَمُونَ فَإِنَّهُمْ يَأْلَمُونَ كَمَا تَأْلَمُونَۖ وَتَرْجُونَ مِنَ ٱللَّهِ
مَا لَا يَرْجُونَۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا ﴿١٠٤﴾

104 - دۈشمەنىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا ۋە ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا سۇسلۇق قىلماڭلار.
سىلەر ئۇرۇشتىن ۋە ئۇنىڭ تالاپەتلىرىدىن ئەلەم تارتساڭلار، دۈشمەنلىرىڭلارمۇ سىلەرگە
ئوخشاشلا ئەلەم تارتىدۇ. ئۇلار شۇنداق تۇرۇقلۇق سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن
قول ئۈزمەيدۇ، شۇڭا ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا سىلەر ئۇلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ھەقلىق.
چۈنكى سىلەر ئاللاھتىن ئەجىر - مۇكاپات، نۇسرەت ئۈمىد قىلىسىلەر، ئۇلار بولسا
بۇلارنى ئۈمىد قىلمايدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ بارلىق ئەھۋالىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر،
بەلگىلىمىلىرىدە ۋە تەدبىرلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

إِنَّآ أَنزَلْنَآ إِلَيْكَ ٱلْكِتَٰبَ بِٱلْحَقِّ لِتَحْكُمَ بَيْنَ ٱلنَّاسِ بِمَآ أَرَىٰكَ ٱللَّهُۚ وَلَا تَكُن لِّلْخَآئِنِينَ
خَصِيمًا ﴿١٠٥﴾

105 - ئى پەيغەمبەر! شەكسىزكى، بىز سېنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنى
بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب — قۇرئاننى
نازىل قىلدۇق. سەن ھەقىقەتنى يوشۇرۇپ ئۆزىگە خىيانەت قىلغانلارنى قوغدىغۇچى
بولمىغىن.

وَٱسْتَغْفِرِ ٱللَّهَۖ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ غَفُورًا رَّحِيمًا ﴿١٠٦﴾

106 - ھەممە ئەھۋالىڭدا ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن. چۈنكى، ئاللاھ ئەزەلدىن پەزل -
رەھمىتىنى ۋە مەغپىرىتىنى تىلىگەن ئادەمنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇنىڭغا
بەكمۇ مېھرىباندۇر.

وَلَا تُجَٰدِلْ عَنِ ٱلَّذِينَ يَخْتَانُونَ أَنفُسَهُمْۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ مَن كَانَ خَوَّانًا أَثِيمًا ﴿١٠٧﴾

107 - سەن ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ ئۆزىگە زىيان سالىدىغان خىيانەتچىلەرنىڭ تەرىپىنى
ئالمىغىن. شەكسىزكى، ئاللاھ خىيانەتكە ئادەتلەنگەن، گۇناھقا پاتقان ئادەمنى قەتئىي
ياقتۇرمايدۇ.

يَسۡتَخۡفُونَ مِنَ ٱلنَّاسِ وَلَا يَسۡتَخۡفُونَ مِنَ ٱللَّهِ وَهُوَ مَعَهُمۡ إِذۡ يُبَيِّتُونَ مَا لَا يَرۡضَىٰ مِنَ ٱلۡقَوۡلِۚ وَكَانَ
ٱللَّهُ بِمَا يَعۡمَلُونَ مُحِيطًا ﴿١٠٨﴾

108 - ئۇلار قەبىھ قىلمىشلىرىنى ئىنسانلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يوشۇرىدۇ - يۇ، ئاللاھتىن يوشۇرمايدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ چەكسىز ئىلمى بىلەن ئۇ خىيانەتكارلارنىڭ يېنىدا ھەر دائىم بىللە تۇرسىمۇ، ئۇلار ئاللاھ رازى بولمايدىغان گەپلەرنى قىلىشنى يوشۇرۇن مەسلىھەتلەشكەن چاغدا ئاللاھ ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۇنىڭدىن ھايا قىلمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنى، گەپ - سۆزلىرىنى تامامەن بىلگۈچىدۇر.

هَٰٓأَنتُمۡ هَٰٓؤُلَآءِ جَٰدَلۡتُمۡ عَنۡهُمۡ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا فَمَن يُجَٰدِلُ ٱللَّهَ عَنۡهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ أَم مَّن يَكُونُ
عَلَيۡهِمۡ وَكِيلٗا ﴿١٠٩﴾

109 - ئى مۇئمىنلەر! سىلەر شۇنداق كىشىلەركى، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان ئاشۇ خىيانەتكارلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ بۇ دۇنيادا جېدەل قىلدىڭلار، ئەمما قىيامەت كۈنى ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن كىم قوغداپ قالالايدۇ؟ ئاللاھتىن باشقا كىممۇ ئۇلارغا مەدەتكار بولالايدۇ؟

وَمَن يَعۡمَلۡ سُوٓءًا أَوۡ يَظۡلِمۡ نَفۡسَهُۥ ثُمَّ يَسۡتَغۡفِرِ ٱللَّهَ يَجِدِ ٱللَّهَ غَفُورٗا رَّحِيمٗا ﴿١١٠﴾

110 - كىمكى بىرەر يامان ئىشنى قىلىپ سالغاندىن كېيىن ياكى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغاندىن كېيىن، گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ قىلمىشلىرىنى تۈزەتسە ۋە ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىسە، ئۇ كىشى ئەلۋەتتە، ئاللاھنىڭ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ۋە بەندىلىرىگە تولىمۇ مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ.

وَمَن يَكۡسِبۡ إِثۡمٗا فَإِنَّمَا يَكۡسِبُهُۥ عَلَىٰ نَفۡسِهِۦۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمٗا ﴿١١١﴾

111 - كىمكى بىلىپ تۇرۇپ گۇناھ ئىشنى قىلىدىكەن، گۇناھىنىڭ زىيىنى پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا بولىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ئەمر - پەرمانلىرىدا ۋە چىقارغان ھۆكۈملىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

وَمَن يَكۡسِبۡ خَطِيٓـَٔةً أَوۡ إِثۡمٗا ثُمَّ يَرۡمِ بِهِۦ بَرِيٓـٔٗا فَقَدِ ٱحۡتَمَلَ بُهۡتَٰنٗا وَإِثۡمٗا مُّبِينٗا ﴿١١٢﴾

112 - كىمكى سەۋەنلىكتىن بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ ياكى قەستەن بىرەر گۇناھ قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئۇنى بىگۇناھ ئادەمنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويىدىكەن، ئۇ ئاشۇ بوھتاننى ۋە ئوپئوچۇق گۇناھنى ئۆز ئۈستىگە يۈكلىۋالغان بولىدۇ.

وَلَوۡلَا فَضۡلُ ٱللَّهِ عَلَيۡكَ وَرَحۡمَتُهُۥ لَهَمَّت طَّآئِفَةٞ مِّنۡهُمۡ أَن يُضِلُّوكَ وَمَا يُضِلُّونَ إِلَّآ أَنفُسَهُمۡۖ وَمَا
يَضُرُّونَكَ مِن شَيۡءٖۚ وَأَنزَلَ ٱللَّهُ عَلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡحِكۡمَةَ وَعَلَّمَكَ مَا لَمۡ تَكُن تَعۡلَمُۚ وَكَانَ
فَضۡلُ ٱللَّهِ عَلَيۡكَ عَظِيمٗا ﴿١١٣﴾

113 - ئى پەيغەمبەر! ئەگەر ئاللاھ ساڭا پەيغەمبەرلىك نېمىتى بىلەن پەزلى - مەرھەمەت ئاتا قىلىپ، سېنى قوغدىمىغان بولسا ئىدى، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم سېنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇشقا بەل باغلىغان بولاتتى. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىلا ئازدۇرىدۇ، ئاللاھ سېنى قوغدىغان ئىكەن، ئۇلار ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ ساڭا قۇرئاننى نازىل قىلدى، قۇرئاننى بايان قىلىپ

بېرىدىغان سۆزنەتنى ئاتا قىلدى، ساڭا سەن ئىلگىرى بىلمەيدىغان ئىلىملەرنى بىلدۈردى. ئاللاھنىڭ ساڭا قىلغان ئىلتىپاتى ھەقىقەتەن كاتتىدۇر.

لَّا خَيْرَ فِي كَثِيرٍ مِّن نَّجْوَىٰهُمْ إِلَّا مَنْ أَمَرَ بِصَدَقَةٍ أَوْ مَعْرُوفٍ أَوْ إِصْلَٰحٍۭ بَيْنَ ٱلنَّاسِ ۚ وَمَن يَفْعَلْ ذَٰلِكَ ٱبْتِغَآءَ مَرْضَاتِ ٱللَّهِ فَسَوْفَ نُؤْتِيهِ أَجْرًا عَظِيمًا ﴿١١٤﴾

114 - كىشىلەرنىڭ پىچىرلىشىشلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ياخشىلىق يوقتۇر. پەقەت يوقسۇللارغا سەدىقە قىلىشقا ياكى ياخشى گەپ قىلىشقا ۋەياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشقا بۇيرۇغان كىشىلەرنىڭ پىچىرلىشىشلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. كىمكى بۇ ئىشلارنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ۋە مۇكاپاتىنى ئىزدەپ قىلىدىكەن، بىز ئۇنىڭغا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز.

وَمَن يُشَاقِقِ ٱلرَّسُولَ مِنۢ بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُ ٱلْهُدَىٰ وَيَتَّبِعْ غَيْرَ سَبِيلِ ٱلْمُؤْمِنِينَ نُوَلِّهِۦ مَا تَوَلَّىٰ وَنُصْلِهِۦ جَهَنَّمَ ۖ وَسَآءَتْ مَصِيرًا ﴿١١٥﴾

115 - كىمكى ئۆزىگە ھەقىقەت ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلىدىكەن ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ھەق يولىدىن باشقا يوللارغا ئەگىشىدىكەن، بىز ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ياخشىلىققا يېتەكلىمەيمىز، ئاخىرەتتە ئۇنى جەھەننەم ئوتىغا كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!

إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِۦ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَٰلِكَ لِمَن يَشَآءُ ۚ وَمَن يُشْرِكْ بِٱللَّهِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَٰلًۢا بَعِيدًا ﴿١١٦﴾

116 - ئاللاھ ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرگەنلىكنىڭ گۇناھىنى ئەلۋەتتە كەچۈرمەيدۇ. شېرىك كەلتۈرۈشتىن باشقا گۇناھلارنى ئۆزى خالىغان بەندىلىرىدىن كەچۈرۈۋېتىدۇ، كىمكى يېگانە ئاللاھقا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرىدىكەن، مۇنداق ئادەم ھەقىقەتتىن بەكمۇ يىراقلىشىپ كەتكەن بولىدۇ.

إِن يَدْعُونَ مِن دُونِهِۦٓ إِلَّآ إِنَٰثًا وَإِن يَدْعُونَ إِلَّا شَيْطَٰنًا مَّرِيدًا ﴿١١٧﴾

117 - مۇشرىكلار ئاللاھنى قويۇپ، ھېچكىمگە پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتلارغىلا چوقۇنىدۇ، ئۇلار ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان ۋە بوزغۇنچىلىقتا ھەددىدىن ئاشقان شەيتانغىلا چوقۇنىدۇ.

لَّعَنَهُ ٱللَّهُ ۘ وَقَالَ لَأَتَّخِذَنَّ مِنْ عِبَادِكَ نَصِيبًا مَّفْرُوضًا ﴿١١٨﴾

118 - ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ شەيتاننى رەھمىتىدىن قوغلىغان ئىدى. شەيتان مۇنداق دېگەن: «مەن ئەلۋەتتە سېنىڭ بەندىلىرىڭدىن مۇئەييەن ساندىكىلەرنى ئازدۇرۇپ كېتىمەن.

وَلَأُضِلَّنَّهُمْ وَلَأُمَنِّيَنَّهُمْ وَلَءَامُرَنَّهُمْ فَلَيُبَتِّكُنَّ ءَاذَانَ ٱلْأَنْعَٰمِ وَلَءَامُرَنَّهُمْ فَلَيُغَيِّرُنَّ خَلْقَ ٱللَّهِ ۚ وَمَن يَتَّخِذِ ٱلشَّيْطَٰنَ وَلِيًّا مِّن دُونِ ٱللَّهِ فَقَدْ خَسِرَ خُسْرَانًا مُّبِينًا ﴿١١٩﴾

119 - شۇنداقلا ماڭا ئەگەشكەن كىشىلەرنى توغرا يولدىن چوقۇم ئازدۇرىمەن، ئۇلارنى يالغاندىن ئۈمىدلەندۈرىمەن، ئۇلارغا يامان ئىشلارنى چىرايلىق كۆرسىتىمەن، ئۇلارنى چوقۇم ھايۋانلارنىڭ قۇلاقلىرىنى يېرىشقا، ئاللاھنىڭ ياراتقان مەخلۇقاتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە بۇيرۇيمەن». كىمكى شەيتاننىڭ چاقىرىقىنى قوبۇل قىلىدىكەن ۋە ھەممىگە قادىر

ئاللاھنى قويۇپ، شەيتاننى ئۆزىگە مەدەتكار قىلىۋالىدىكەن، مۇنداق ئادەم ئوپئوچۇق زىيان تارتقان بولىدۇ.

يَعِدُهُمْ وَيُمَنِّيهِمْ ۖ وَمَا يَعِدُهُمُ ٱلشَّيْطَٰنُ إِلَّا غُرُورًا ﴿١٢٠﴾

120 - شەيتان ئۆزىگە ئەگەشكەن كىشىلەرگە يالغان ۋەدىلەرنى بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى قۇرۇق ئۈمىدلەر بىلەن ئالدايدۇ، شەيتان ئۇلارغا پەقەت راستلىقتا ھېچقانداق دەلىلى بولمىغان ئوپئوچۇق يالغاننىلا ۋەدە قىلىدۇ.

أُولَٰئِكَ مَأْوَىٰهُمْ جَهَنَّمُ وَلَا يَجِدُونَ عَنْهَا مَحِيصًا ﴿١٢١﴾

121 - ئەنە شۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر، ئۇلار جەھەننەمدىن قاچىدىغان جاي تاپالماي قالىدۇ.

وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ سَنُدْخِلُهُمْ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًا ۖ وَعْدَ ٱللَّهِ حَقًّا ۚ وَمَنْ أَصْدَقُ مِنَ ٱللَّهِ قِيلًا ﴿١٢٢﴾

122 - ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىمانىغا لايىق ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرنى ئاللاھ ئۆز پەزلى - رەھمىتى بىلەن قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل - دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ۋەدىسى بولۇپ، ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. سۆزلىرىدە ۋە بەرگەن ۋەدىسىدە ئاللاھتىن راستچىل ھېچكىم يوقتۇر.

لَّيْسَ بِأَمَانِيِّكُمْ وَلَآ أَمَانِىِّ أَهْلِ ٱلْكِتَٰبِ ۗ مَن يَعْمَلْ سُوٓءًا يُجْزَ بِهِۦ وَلَا يَجِدْ لَهُۥ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَلِيًّا وَلَا نَصِيرًا ﴿١٢٣﴾

123 - ئى مۇسۇلمانلار! جەننەتتىن ئىبارەت بۇ كاتتا نېمەت سىلەرنىڭ ۋە ئەھلى كىتابتىن بولغان يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ، ئۇ پەقەت ئاللاھقا بولغان چىن ئىمان، چوڭقۇر ئىخلاس ۋە ئاللاھ رازى بولىدىغان شەكىلدە قىلىنغان ياخشى ئەمەللەر بىلەنلا قولغا كېلىدۇ. كىمكى بىرەر يامان ئەمەلنى قىلىدىكەن، ئۇ بۇنىڭ جازاسىنى چوقۇم تارتىدۇ، ئۇنى ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قۇتقۇزۇپ قالىدىغان ھېچقانداق مەدەتكار چىقمايدۇ، ئۇنىڭغا ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم ياردەم قىلالمايدۇ.

وَمَن يَعْمَلْ مِنَ ٱلصَّٰلِحَٰتِ مِن ذَكَرٍ أَوْ أُنثَىٰ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَأُو۟لَٰٓئِكَ يَدْخُلُونَ ٱلْجَنَّةَ وَلَا يُظْلَمُونَ نَقِيرًا ﴿١٢٤﴾

124 - ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاللاھ نازىل قىلغان قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرگەن ھالدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، ئەنە شۇلارنى ئاللاھ مەڭگۈلۈك نېمەت ماكانى بولغان ئېسىل جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتى قىلچە كېمەيتىلمەي تولۇق بېرىلىدۇ.

وَمَنْ أَحْسَنُ دِينًا مِّمَّنْ أَسْلَمَ وَجْهَهُۥ لِلَّهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ وَٱتَّبَعَ مِلَّةَ إِبْرَٰهِيمَ حَنِيفًا ۗ وَٱتَّخَذَ ٱللَّهُ إِبْرَٰهِيمَ خَلِيلًا ﴿١٢٥﴾

125 - چىن قەلبى ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغان، سۆزى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن بۇنى ۋايىغا يەتكۈزگەن، رەببىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغان، بۇزۇق ئەقىدىلەردىن ۋە باتىل يوللاردىن يىراق بولغان ھالدا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ۋە شەرىئىتىگە

ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ دىنى ياخشى ئادەم بارمۇ؟ ئاللاھ بەندىلىرى ئارىسىدىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىگە دوست قىلىپ تاللىغان ئىدى. (بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ خالىغان بەندىلىرىنى دوست تۇتۇش سۈپىتىنىڭ بارلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. بۇ مۇھەببەت دەرىجىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر).

وَلِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلْأَرْضِ ۚ وَكَانَ ٱللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ مُّحِيطًا ﴿١٢٦﴾

126 ـ كائىناتتىكى مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھ ئۆزىنىڭ چەكسىز ئىلمى بىلەن ھەممە نەرسىنى قورشاپ تۇرغۇچىدۇر، بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچقانداق ئىش ئاللاھقا مەخپىي ئەمەستۇر.

وَيَسْتَفْتُونَكَ فِي ٱلنِّسَآءِ ۖ قُلِ ٱللَّهُ يُفْتِيكُمْ فِيهِنَّ وَمَا يُتْلَىٰ عَلَيْكُمْ فِي ٱلْكِتَٰبِ فِي يَتَٰمَى ٱلنِّسَآءِ ٱلَّٰتِي لَا تُؤْتُونَهُنَّ مَا كُتِبَ لَهُنَّ وَتَرْغَبُونَ أَن تَنكِحُوهُنَّ وَٱلْمُسْتَضْعَفِينَ مِنَ ٱلْوِلْدَٰنِ وَأَن تَقُومُوا۟ لِلْيَتَٰمَىٰ بِٱلْقِسْطِ ۚ وَمَا تَفْعَلُوا۟ مِنْ خَيْرٍ فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِهِۦ عَلِيمًا ﴿١٢٧﴾

127 ـ ئى پەيغەمبەر! ئىنسانلار سەندىن ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى بايان قىلىپ بېرىشىڭنى تەلەپ قىلىشىۋاتىدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئاللاھ سىلەرگە بايان قىلىپ بېرىدۇ. قۇرئاندا سىلەرگە ئوقۇپ بېرىلىۋاتقان ئايەتلەر باركى، ئۇ ئايەتلەر سىلەر ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن مەھرى، مىراس قاتارلىق ھەققىنى بەرمەيدىغان (مىراس قولىمىزدىن كېتىپ قالمىسۇن دەپ) ئەرگىمۇ بەرمەيدىغان (ياكى چىرايى كۆرۈمسىز دەپ، ئۆزۈڭلارمۇ ئالماي تۇتۇپ تۇرىدىغان) يېتىم قىزلار توغرىسىدىكى ۋە بوزەك قىلىنىغان باللار ۋە يېتىملەرگە ئادالەتلىك بولۇپ، زۇلۇم قىلماسلىقىڭلار توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ياخشىلىقتىن نېمىنى قىلساڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھقا بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچقانداق ئىش مەخپىي ئەمەستۇر.

وَإِنِ ٱمْرَأَةٌ خَافَتْ مِنۢ بَعْلِهَا نُشُوزًا أَوْ إِعْرَاضًا فَلَا جُنَاحَ عَلَيْهِمَآ أَن يُصْلِحَا بَيْنَهُمَا صُلْحًا ۚ وَٱلصُّلْحُ خَيْرٌ ۗ وَأُحْضِرَتِ ٱلْأَنفُسُ ٱلشُّحَّ ۚ وَإِن تُحْسِنُوا۟ وَتَتَّقُوا۟ فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرًا ﴿١٢٨﴾

128 ـ ئەگەر بىرەر ئايال ئېرىنىڭ ئۆزىدىن كۆڭلى سوۋۇپ قېلىشىدىن ياكى يۈز ئۆرۈشىدىن ئەنسىرىسە، ئايال ئېرىنىڭ نىكاھىدىن چىقىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىنىڭ نەپىقە دېگەندەك بەزى ھەقلىرىدىن ۋاز كېچىش بەدىلىگە بولسىمۇ، ئەر ـ ئايال ئۆز ئارىسىدا كېلىشىپ ئىش كۆرسە ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. كېلىشىپ ئىش قىلىش ئاجرىشىشتىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر. بېخىللىق، ئاچكۆزلۈك قاتارلىق ئىللەتلەر ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە گويا ئۇنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسىدەكلا سىڭدۈرۈۋېتىلگەن. (ئى ئەرلەر!) ئەگەر سىلەر ئاياللىرىڭلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلساڭلار، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشتىن ساقلانساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىشىدا ئاللاھتىن قورقساڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان بارلىق ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئىش مەخپىي ئەمەس، ئاخىرەتتە شۇنىڭغا ئاساسەن سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بەلگىلەيدۇ.

وَلَن تَسْتَطِيعُوٓا۟ أَن تَعْدِلُوا۟ بَيْنَ ٱلنِّسَآءِ وَلَوْ حَرَصْتُمْ ۖ فَلَا تَمِيلُوا۟ كُلَّ ٱلْمَيْلِ فَتَذَرُوهَا كَٱلْمُعَلَّقَةِ ۚ وَإِن تُصْلِحُوا۟ وَتَتَّقُوا۟ فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ غَفُورًا رَّحِيمًا ﴿١٢٩﴾

129 - ئـى ئەرلـەر! سىلەر هـەر قانچە تىرىشساڭلارمۇ ئاياللىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا مۇھەببەتتە، كۆڭۈل مايىللىقىدا تولۇق ئادىل بولۇشقا قادىر ئەمەسسىلەر. شۇڭا سىلەر ئاياللارنى ئۇلارنىڭ بىرسىگە پۈتۈنلەي مايىل بولۇپ كېتىپ ئىككىنچىسىنى (ئېرى بار - يوقنىڭ ئورنىدا) ئېسىپ قويۇلغان ئايالدەك تاشلاپ قويۇپ گۇناھكار بولماڭلار، ئەگەر ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەتسەڭلار، ئاياللىرىڭلار ئارىسىدىكى ئىشلاردا ئادىل بولساڭلار، ئاللاھتىن قورقۇپ ئاياللارغا زۇلۇم قىلىشتىن ساقلانساڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ بەندىلىرىگە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا بەكمۇ رەھىم قىلغۇچىدۇر.

وَإِن يَتَفَرَّقَا يُغْنِ ٱللَّهُ كُلًّا مِّن سَعَتِهِۦ ۚ وَكَانَ ٱللَّهُ وَٰسِعًا حَكِيمًا ﴿١٣٠﴾

130 - ئەگەر ئەر - ئايال ئىككىسى ئاجرىشىپ كەتسە، ئاللاھ ئۆز پەزل - كەرىمى بىلەن ئۇلارنى بىر - بىرىدىن بىھاجەت قىلىدۇ، چۈنكى ئاللاھنىڭ پەزل - كەرىمى ناھايىتى كەڭدۇر، ئاللاھ بەندىلىرى ئارىسىدا هۆكۈم قىلىشتا هېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

وَلِلَّهِ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ ۗ وَلَقَدْ وَصَّيْنَا ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ مِن قَبْلِكُمْ وَإِيَّاكُمْ أَنِ ٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ ۚ وَإِن تَكْفُرُوا۟ فَإِنَّ لِلَّهِ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ ۚ وَكَانَ ٱللَّهُ غَنِيًّا حَمِيدًا ﴿١٣١﴾

131 - ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. ئـى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولغان مۇسۇلمانلار! بىز سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەن يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىشقا بۇيرۇغان ئىدۇق، سىلەرنىمۇ شۇنىڭغا بۇيرىدۇق. يەنە سىلەرگە شۇنى بايان قىلدۇقكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھ نازىل قىلغان قانۇننى ئىنكار قىلساڭلار، (بىلىڭلاركى) ئاللاھنىڭ سىلەرگە ھاجىتى يوقتۇر. چۈنكى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھ ئەزەلدىن بەندىلىرىگە موھتاج ئەمەس، ئۇ بارلىق سۈپەتلىرىدە، ھەممە ئىشلىرىدا مەدھىيەگە لايىقتۇر.

وَلِلَّهِ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ ۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ وَكِيلًا ﴿١٣٢﴾

132 - كائىناتتىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ بەندىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئۆزى يالغۇز كۇپايىدۇر.

إِن يَشَأْ يُذْهِبْكُمْ أَيُّهَا ٱلنَّاسُ وَيَأْتِ بِـَٔاخَرِينَ ۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلَىٰ ذَٰلِكَ قَدِيرًا ﴿١٣٣﴾

133 - ئـى ئىنسانلار! ئەگەر ئاللاھ خالىسا، سىلەرنى ھالاك قىلىۋېتىپ، ئورنۇڭلارغا باشقا قەۋمنى كەلتۈرىدۇ، چۈنكى، ئاللاھ شۇنداق قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر.

مَّن كَانَ يُرِيدُ ثَوَابَ ٱلدُّنْيَا فَعِندَ ٱللَّهِ ثَوَابُ ٱلدُّنْيَا وَٱلْـَٔاخِرَةِ ۚ وَكَانَ ٱللَّهُ سَمِيعًۢا بَصِيرًا ﴿١٣٤﴾

134 - ئـى ئىنسانلار! سىلەردىن كىمكى دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىنى كۆزلەپ ئاخىرەتتىن يـۈز ئۆرۈيدىكەن، (بىلىپ قويسۇنكى) دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر. شۇڭا ھەركىم دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ياخشىلىقلارنى ئاللاھنىڭ ئۆزىدىن تىلىسۇن، چۈنكى ئاللاھ ھەممىنىڭ ئىگىسىدۇر. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ نىيەتلىرىنى ۋە ئەمەللىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

۞ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ كُونُوا۟ قَوَّٰمِينَ بِٱلْقِسْطِ شُهَدَآءَ لِلَّهِ وَلَوْ عَلَىٰٓ أَنفُسِكُمْ أَوِ ٱلْوَٰلِدَيْنِ

وَٱلۡأَقۡرَبِينَۚ إِن يَكُنۡ غَنِيًّا أَوۡ فَقِيرٗا فَٱللَّهُ أَوۡلَىٰ بِهِمَاۖ فَلَا تَتَّبِعُواْ ٱلۡهَوَىٰٓ أَن تَعۡدِلُواْۚ وَإِن تَلۡوُۥٓاْ أَوۡ
تُعۡرِضُواْ فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرٗا ﴿١٣٥﴾

135 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا - ئاناڭلار ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىشكە توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ باي ياكى كەمبەغەل بولۇشىغا قارىماي، ئادالەتتە چىڭ تۇرىدىغان، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن دۇرۇس گۇۋاھلىق بېرىدىغان بولۇڭلار. ئاللاھ ئۇلارغا سىلەردىن بەكرەك يېقىندۇر، ئۇلارغا نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا نەپسى خاھىشىڭلارغا بېرىلىش، يېقىنلىرىڭلارغا يان بېسىش سىلەرنى ئادىل (گۇۋاھلىق) بەرمەسلىككە ئېلىپ بارمىسۇن، ئەگەر سىلەر ھەقىقەتنى بۇرمىلاپ، گۇۋاھلىقنى ئۆزگەرتىۋەتسەڭلار ياكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتىپ، ۋەياكى ئۇنى يوشۇرۇپ، دۇرۇس گۇۋاھلىق بېرىشتىن يۈز ئۆرۈسەڭلار. (بىلىڭلاركى) ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدۇ، سىلەرگە شۇنىڭغا قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بەلگىلەيدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ ءَامِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَٱلۡكِتَٰبِ ٱلَّذِي نَزَّلَ عَلَىٰ رَسُولِهِۦ وَٱلۡكِتَٰبِ ٱلَّذِيٓ
أَنزَلَ مِن قَبۡلُۚ وَمَن يَكۡفُرۡ بِٱللَّهِ وَمَلَٰٓئِكَتِهِۦ وَكُتُبِهِۦ وَرُسُلِهِۦ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ فَقَدۡ ضَلَّ
ضَلَٰلَۢا بَعِيدًا ﴿١٣٦﴾

136 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! سىلەر ئاللاھقا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، قۇرئانغا، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتابلارغا بولغان ئاشۇ چىن ئىمانىڭلارنى، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت ياخشى ئەمەللىڭلارنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇڭلار. كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ ھۆرمەتلىك پەرىشتىلىرىنى، ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەتنى ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلغان كىتابلىرىنى، ھەق دىنىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئاللاھ ئىنسانلار ئارىسىدىن تاللاپ چىقارغان پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئىنسانلار بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى - يامان بارلىق ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىش ئۈچۈن تىرىلدۈرۈلۈپ، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بارىدىغان ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھنىڭ دىنىدىن چىقىپ كەتكەن، ھەقىقەتنىڭ يولىدىن تامامەن يىراقلىشىپ قاتتىق ئازغان بولىدۇ.

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ثُمَّ كَفَرُواْ ثُمَّ ءَامَنُواْ ثُمَّ كَفَرُواْ ثُمَّ ٱزۡدَادُواْ كُفۡرٗا لَّمۡ يَكُنِ ٱللَّهُ لِيَغۡفِرَ
لَهُمۡ وَلَا لِيَهۡدِيَهُمۡ سَبِيلَۢا ﴿١٣٧﴾

137 - ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئىماندىن يېنىۋېلىپ كاپىرلىققا قايتقان، ئاندىن يەنە ئىمان ئېيتقان، ئاندىن يەنە كاپىرلىققا قايتقان، ئاندىن كاپىرلىقىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ، شۇ كاپىرلىقىنى داۋاملاشتۇرغانلارنى ئاللاھ ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ، ئۇلارنى يامان ئاقىۋەتتىن ساقلايدىغان توغرا يولغىمۇ يېتەكلىمەيدۇ.

بَشِّرِ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ بِأَنَّ لَهُمۡ عَذَابًا أَلِيمًا ﴿١٣٨﴾

138 - ئى پەيغەمبەر! تىلىدا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ، دىلىدا كاپىرلىقنى يوشۇرىدىغان مۇناپىقلارغا ئاخىرەتتىكى قاتتىق ئازابتىن «بېشارەت» بەرگىن.

ٱلَّذِينَ يَتَّخِذُونَ ٱلْكَٰفِرِينَ أَوْلِيَآءَ مِن دُونِ ٱلْمُؤْمِنِينَ ۚ أَيَبْتَغُونَ عِندَهُمُ ٱلْعِزَّةَ فَإِنَّ ٱلْعِزَّةَ لِلَّهِ جَمِيعًا ﴿١٣٩﴾

139 - مۇئمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارغا تەرەپدار بولىدىغان، ئۇلارنى ياخشى كۆرۈپ ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىدىغان، مۇئمىنلەرنى يامان كۆرىدىغان كىشىلەر كۈچ - قۇۋۋەتنى ئاشۇ كاپىرلارنىڭ قېشىدىن ئىزدەۋاتامدۇ؟ ئۇلار بىلىپ قويسۇنكى، كاپىرلار ئۇلارغا قىلچە ياردەم قىلالمايدۇ، چۈنكى ياردەم ۋە كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر.

وَقَدْ نَزَّلَ عَلَيْكُمْ فِى ٱلْكِتَٰبِ أَنْ إِذَا سَمِعْتُمْ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ يُكْفَرُ بِهَا وَيُسْتَهْزَأُ بِهَا فَلَا تَقْعُدُوا۟ مَعَهُمْ حَتَّىٰ يَخُوضُوا۟ فِى حَدِيثٍ غَيْرِهِۦٓ ۚ إِنَّكُمْ إِذًا مِّثْلُهُمْ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ جَامِعُ ٱلْمُنَٰفِقِينَ وَٱلْكَٰفِرِينَ فِى جَهَنَّمَ جَمِيعًا ﴿١٤٠﴾

140 - ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ ئۆزىنىڭ كىتابىدا سىلەرگە شۇنداق ھۆكۈم چۈشۈردىكى، سىلەر ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئىنكار قىلىنىۋاتقانلىقىنى ۋە مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىساڭلار، ئۇ كاپىرلار كۇفرى ۋە مەسخىرىدىن باشقا پاراڭلارغا يۆتكەلمىگۈچە، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار، ئۇلار شۇ ھالەتتىلا بولىدىكەن، ئەگەر ئۇلار بىلەن ئولتۇرساڭلار، چوقۇم سىلەرمۇ ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر. چۈنكى سىلەر بۇ ھالەتتە ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىشىغا ۋە مەسخىرە قىلىشىغا رازى بولغان بولىسىلەر. گۇناھ - مەئسىيەتكە رازى بولغان ئادەم ئۇنى قىلغانغا ئوخشاش گۇناھكار بولىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ مۇناپىقلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنى جەھەننەمگە توپلايدۇ ۋە ئۇلار قاتتىق ئازابقا ئۇچرايدۇ.

ٱلَّذِينَ يَتَرَبَّصُونَ بِكُمْ فَإِن كَانَ لَكُمْ فَتْحٌ مِّنَ ٱللَّهِ قَالُوٓا۟ أَلَمْ نَكُن مَّعَكُمْ وَإِن كَانَ لِلْكَٰفِرِينَ نَصِيبٌ قَالُوٓا۟ أَلَمْ نَسْتَحْوِذْ عَلَيْكُمْ وَنَمْنَعْكُم مِّنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ۚ فَٱللَّهُ يَحْكُمُ بَيْنَكُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ ۗ وَلَن يَجْعَلَ ٱللَّهُ لِلْكَٰفِرِينَ عَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ سَبِيلًا ﴿١٤١﴾

141 - ئى مۇئمىنلەر! سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا خاپىلىق كېلىشىنى كۈزىتىپ تۇرۇۋاتقانلار دەل ئاشۇ مۇناپىقلاردۇر. ئەگەر ئاللاھنىڭ پەزلىدىن سىلەرگە بىرەر زەپەر نېسىپ بولۇپ، دۈشمەنلەرگە غالىب كەلسەڭلار ۋە غەنىيمەتكە ئېرىشسەڭلار، ئۇلار: «بىز سىلەر بىلەن بىللە ئەمەسمىدۇق، سىلەرگە ياردەم بەرگەن ئەمەسمىدۇق؟» دەيدۇ. ئەگەر كاپىرلار تەرەپ غەلىبە قازانسا، بۇ مۇناپىقلار ئۇ كاپىرلارغا: «بىز سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غالىب كەلگەن تۇرۇپ، سىلەرنى مۇئمىنلەردىن قوغدىمىدۇقمۇ؟» دەيدۇ. ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئاللاھ كاپىرلارغا ھەقىقىي مەنىدىكى مۇئمىنلەرنى بويسۇندۇرۇشقا قەتئىي يول بەرمەيدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ياخشى ئاقىۋەت ھەقىقىي مۇئمىنلەرگە خاستۇر.

إِنَّ ٱلْمُنَٰفِقِينَ يُخَٰدِعُونَ ٱللَّهَ وَهُوَ خَٰدِعُهُمْ وَإِذَا قَامُوٓا۟ إِلَى ٱلصَّلَوٰةِ قَامُوا۟ كُسَالَىٰ يُرَآءُونَ ٱلنَّاسَ وَلَا يَذْكُرُونَ ٱللَّهَ إِلَّا قَلِيلًا ﴿١٤٢﴾

142 - شۈبھىسىزكى، بۇ مۇناپىقلارنىڭ ئىشى ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئاللاھتىن يوشۇرۇپ قالالايمىز دەپ ئويلاپ، كاپىرلىقىنى يوشۇرۇپ، يالغاندىن ئۆزىنى مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئاللاھنى ئالداشقا ئۇرۇنۇشتۇر. ھالبۇكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا

جازاسىنى بېرىدۇ. ئۇ مۇناپىقلار نامازغا تۇرغاندىمۇ پەقەت خۇشياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ، نامازنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈنلا ئوقۇيدۇ، ئاللاھنى بەكمۇ ئاز ياد ئېتىدۇ.

مُّذَبْذَبِينَ بَيْنَ ذَٰلِكَ لَآ إِلَىٰ هَٰٓؤُلَآءِ وَلَآ إِلَىٰ هَٰٓؤُلَآءِۚ وَمَن يُضْلِلِ ٱللَّهُ فَلَن تَجِدَ لَهُۥ سَبِيلًا ﴿١٤٣﴾

143 - ئۇ مۇناپىقلار پەقەت شەكلىنىش، ئىككىلىنىش ۋە ئىزتىراپ ئىچىدىلا ئۆتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى بىرخىل تۇرمايدۇ، ئۇلار مۇئمىنلەرگىمۇ، كاپىرلارغىمۇ تەۋە ئەمەس، كۇفرى بىلەن ئىمان ئارىسىدا ئارىسالدى بولۇپ يۈرىدۇ، ئاللاھ كىمنىڭ قەلبىنى ئىماندىن بۇرىۋەتسە، ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇنى ھىدايەتكە يېتەكلەشكە ھېچبىر يول تاپالمايسەن.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَّخِذُواْ ٱلْكَٰفِرِينَ أَوْلِيَآءَ مِن دُونِ ٱلْمُؤْمِنِينَۚ أَتُرِيدُونَ أَن تَجْعَلُواْ لِلَّهِ عَلَيْكُمْ سُلْطَٰنًا مُّبِينًا ﴿١٤٤﴾

144 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! سىلەر مۇئمىنلەرنى قويۇپ، ئاللاھنىڭ دىنىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنى دوست تۇتماڭلار. سىلەر دۈشمەنلىرىڭلارنى دوست تۇتۇش ئارقىلىق ئۆزۈڭلارنىڭ ئىمان دەۋاسىدا راستچىل ئەمەسلىكىڭلار توغرۇلۇق ئاللاھقا ئوپئوچۇق بىر پاكىت ھازىرلاپ بېرىشنى خالامسىلەر؟

إِنَّ ٱلْمُنَٰفِقِينَ فِى ٱلدَّرْكِ ٱلْأَسْفَلِ مِنَ ٱلنَّارِ وَلَن تَجِدَ لَهُمْ نَصِيرًا ﴿١٤٥﴾

145 - مۇناپىقلار قىيامەت كۈنى چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە تاشلىنىدۇ. ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلارنى يامان ئاقىۋەتتىن قوغداپ قالىدىغان بىرەر مەدەتكار تاپالمايسەن.

إِلَّا ٱلَّذِينَ تَابُواْ وَأَصْلَحُواْ وَٱعْتَصَمُواْ بِٱللَّهِ وَأَخْلَصُواْ دِينَهُمْ لِلَّهِ فَأُوْلَٰٓئِكَ مَعَ ٱلْمُؤْمِنِينَۖ وَسَوْفَ يُؤْتِ ٱللَّهُ ٱلْمُؤْمِنِينَ أَجْرًا عَظِيمًا ﴿١٤٦﴾

146 - پەقەت مۇناپىقلىقتىن يېنىپ، ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى بارلىق ئەھۋالىنى تۈزەتكەن، مۇئمىنلەرنى دوست تۇتۇپ، ئاللاھنىڭ دىنىغا چىڭ ئېسىلغان، دىنىنى ئاللاھقا خالىس قىلغان كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مۇئمىنلەر بىلەن بىللىدۇر. ئاللاھ ئاخىرەتتە مۇئمىنلەرگە كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىدۇ.

مَّا يَفْعَلُ ٱللَّهُ بِعَذَابِكُمْ إِن شَكَرْتُمْ وَءَامَنتُمْۚ وَكَانَ ٱللَّهُ شَاكِرًا عَلِيمًا ﴿١٤٧﴾

147 - ئەگەر سىلەر ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەپ، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ھەقىقىي رەۋىشتە ئىمان ئېيتساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئازاب قىلىپ نېمە قىلىدۇ؟ شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىگە موھتاج ئەمەس، پەقەتلا گۇناھكار بەندىلىرىنى جازالايدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ تائەت - ئىبادەتلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ھەسسىلەپ بەرگۈچىدۇر، ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

۞ لَّا يُحِبُّ ٱللَّهُ ٱلْجَهْرَ بِٱلسُّوٓءِ مِنَ ٱلْقَوْلِ إِلَّا مَن ظُلِمَۚ وَكَانَ ٱللَّهُ سَمِيعًا عَلِيمًا ﴿١٤٨﴾

148 - ئاللاھ ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ ئاشكارا يامان سۆز قىلىشىنى ياقتۇرمايدۇ، ئەمما زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشى زالىمنىڭ (ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ) يامانلىقىنى ئوتتۇرىغا چىقارسا

بولىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاشكارا ئېيتقانلىرىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، سىلەرنىڭ يوشۇرغانلىرىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

إِن تُبْدُواْ خَيْرًا أَوْ تُخْفُوهُ أَوْ تَعْفُواْ عَن سُوٓءٍ فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَفُوًّا قَدِيرًا ﴿١٤٩﴾

149 - ئاللاھ ئەپۇچانلىقتا چاقىرىدۇ، بۇ چاقىرىقتا يول ھازىرلايدۇ، مۇئمىنلەرنىڭ ياخشىلىقنى ئاشكارا قىلىش ياكى مەخپىي قىلىش ئىختىيارىدۇر. شۇنىڭدەك يامانلىق قىلغۇچىنىڭ يامانلىقىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ياكى ئۇنى ئەپۇ قىلىۋېتىشمۇ ئۇلارنىڭ ئىختىيارى بولۇپ، ئەپۇ قىلىش ئەۋزەلدۇر. ئاللاھنىڭ ئېسىل سۈپەتلىرىدىن بىرى گۇناھكار بەندىلىرىگە كۆچى يېتىدىغان تۇرۇپ ئۇلارنى ئەپۇ قىلىشتۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ يَكْفُرُونَ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦ وَيُرِيدُونَ أَن يُفَرِّقُواْ بَيْنَ ٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦ وَيَقُولُونَ نُؤْمِنُ بِبَعْضٍ وَنَكْفُرُ بِبَعْضٍ وَيُرِيدُونَ أَن يَتَّخِذُواْ بَيْنَ ذَٰلِكَ سَبِيلًا ﴿١٥٠﴾ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْكَٰفِرُونَ حَقًّاۚ وَأَعْتَدْنَا لِلْكَٰفِرِينَ عَذَابًا مُّهِينًا ﴿١٥١﴾

150 - 151 - شۈبھىسىزكى، يەھۇدىيلار ۋە خرىستىيانلار ئىچىدىن ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلار، ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلىش ياكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، بەزىسىنى ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغان سۆزلىدى، دېگەن تۆھمەت بىلەن ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتمەكچى بولغانلار، ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرا يول تۇتماقچى بولغانلار - ئەنە شۇلار شەكسىز كاپىرلاردۇر، كاپىرلارغا خارلىغۇچى ئازاب تەييارلىدۇق.

وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦ وَلَمْ يُفَرِّقُواْ بَيْنَ أَحَدٍ مِّنْهُمْ أُوْلَٰٓئِكَ سَوْفَ يُؤْتِيهِمْ أُجُورَهُمْۚ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا ﴿١٥٢﴾

152 - ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاللاھ ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان، ئىمان ئېيتىشتا پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمىگەن ۋە شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر بارغۇ، ئاللاھ ئەنە شۇ كىشىلەرنىڭ ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتلىرىنى ۋە ئەجرىنى تولۇق بېرىدۇ، ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

يَسْـَٔلُكَ أَهْلُ ٱلْكِتَٰبِ أَن تُنَزِّلَ عَلَيْهِمْ كِتَٰبًا مِّنَ ٱلسَّمَآءِۚ فَقَدْ سَأَلُواْ مُوسَىٰٓ أَكْبَرَ مِن ذَٰلِكَ فَقَالُوٓاْ أَرِنَا ٱللَّهَ جَهْرَةً فَأَخَذَتْهُمُ ٱلصَّٰعِقَةُ بِظُلْمِهِمْۚ ثُمَّ ٱتَّخَذُواْ ٱلْعِجْلَ مِنۢ بَعْدِ مَا جَآءَتْهُمُ ٱلْبَيِّنَٰتُ فَعَفَوْنَا عَن ذَٰلِكَۚ وَءَاتَيْنَا مُوسَىٰ سُلْطَٰنًا مُّبِينًا ﴿١٥٣﴾

153 - ئى پەيغەمبەر! يەھۇدىيلار سەندىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسىگە ئوخشاش سېنىڭ راستچىللىقىڭغا دالالەت قىلىدىغان بىر مۆجىزە تەلەپ قىلىدۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن تەۋراتنى ئېلىپ كەلگەنىدەك، ئۆزلىرىگە ئاسماندىن (ساماۋى خەتلەر بىلەن) يېزىلغان بىر كىتاب ئېلىپ چۈشۈشۈڭنى تەلەپ قىلىدۇ. ئى پەيغەمبەر! سەن بۇنىڭغا ئەجەبلەنمە. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن بۇنىڭدىنمۇ چوڭراقنى تەلەپ قىلىپ: «بىزگە ئاللاھنى ئوچۇق - ئاشكارا كۆرسەتكىن» دېگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەققى بولمىغان بۇنداق تەلەپنى

قويۇش بىلەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن، ھالاك قىلغۇچى ئازابقا ئۇچرىغان ۋە ئۇلارنى چاقماق سوققان ئىدى. ئاندىن ئۇلارنى چاقماق سوققاندىن كېيىن ئاللاھ تىرىلدۈرگەندە، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا موزايغا چوقۇنۇشنىڭ ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇق ۋە كۇفرىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان روشەن دەلىل - پاكىتلارنى كۆرۈپ تۇرۇقلۇق، يەنە موزاينى مەبۇد قىلىۋالدى. ئۇلار تەۋبە قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ موزايغا چوقۇنغانلىق گۇناھىنىمۇ كەچۈرۈۋەتتۇق. بىز مۇساغا ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان كاتتا دەلىل - پاكىت ئاتا قىلغان ئىدۇق.

وَرَفَعۡنَا فَوۡقَهُمُ ٱلطُّورَ بِمِيثَٰقِهِمۡ وَقُلۡنَا لَهُمُ ٱدۡخُلُواْ ٱلۡبَابَ سُجَّدٗا وَقُلۡنَا لَهُمۡ لَا تَعۡدُواْ فِي
ٱلسَّبۡتِ وَأَخَذۡنَا مِنۡهُم مِّيثَٰقًا غَلِيظٗا ﴿١٥٤﴾

154 - ئۇلار تەۋراتقا ئەمەل قىلىش ھەققىدە مەھكەم ئەھدە بېرىشنى رەت قىلىپ تۇرۇۋالغاندا، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تۇر تېغىنى تىكلەپ قويدۇق ۋە ئۇلارغا: «بەيتۇلمۇقەددەس شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىدىن ئېگىلگەن ھالدا كىرىڭلار» دېگەن بولساقمۇ، ئۇلار ئۇ جايغا ھاكاۋۇرلۇق بىلەن كىرىشتى. يەنە بىز ئۇلارغا: «شەنبە كۈنى بېلىق تۇتماڭلار» دېگەن بولساقمۇ، ئۇلار شەنبە كۈنى بېلىق تۇتۇۋەردى، ئۇلاردىن مەھكەم ئەھدە ئالغان بولساقمۇ، ئۇلار ئەھدىنى بۇزدى.

فَبِمَا نَقۡضِهِم مِّيثَٰقَهُمۡ وَكُفۡرِهِم بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَقَتۡلِهِمُ ٱلۡأَنۢبِيَآءَ بِغَيۡرِ حَقّٖ وَقَوۡلِهِمۡ قُلُوبُنَا غُلۡفُۢۚ
بَلۡ طَبَعَ ٱللَّهُ عَلَيۡهَا بِكُفۡرِهِمۡ فَلَا يُؤۡمِنُونَ إِلَّا قَلِيلٗا ﴿١٥٥﴾

155 - ئۇلار ئەھدىنى بۇزغانلىقى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە «بىزنىڭ دىللىرىمىز پەردىلەنگەن، شۇڭا سېنىڭ سۆزۈڭنى چۈشەنمەيمىز» دېگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى رەھمىتىمىزدىن يىراق قىلدۇق. بەلكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى تۈپەيلىدىن دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكەن، شۇڭا ئۇلار بەكمۇ ئاز ئىمان ئېيتىدۇ (يەنى تولۇق ئىمان ئېيتمايدۇ).

وَبِكُفۡرِهِمۡ وَقَوۡلِهِمۡ عَلَىٰ مَرۡيَمَ بُهۡتَٰنًا عَظِيمٗا ﴿١٥٦﴾

156 - يەنە ئۇلارنىڭ كاپىرلىقى ۋە پاك مەريەمگە زىنا قىلدى دەپ چوڭ بوھتاننى چاپلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق.

وَقَوۡلِهِمۡ إِنَّا قَتَلۡنَا ٱلۡمَسِيحَ عِيسَى ٱبۡنَ مَرۡيَمَ رَسُولَ ٱللَّهِ وَمَا قَتَلُوهُ وَمَا صَلَبُوهُ وَلَٰكِن
شُبِّهَ لَهُمۡۚ وَإِنَّ ٱلَّذِينَ ٱخۡتَلَفُواْ فِيهِ لَفِي شَكّٖ مِّنۡهُۚ مَا لَهُم بِهِۦ مِنۡ عِلۡمٍ إِلَّا ٱتِّبَاعَ ٱلظَّنِّۚ وَمَا
قَتَلُوهُ يَقِينَۢا ﴿١٥٧﴾

157 - يەنە ئۇلار ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مەريەم ئوغلى مەسىھ — ئىيسانى ئۆلتۈردۇق دېگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق. ھالبۇكى، ئۇلار ئىيسانى ئۆلتۈرگەنمۇ ئەمەس، دارغا ئاسقانمۇ ئەمەس، لېكىن ئۇلار ئىيساغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئادەمنى ئىيسا دەپ ئويلاپ دارغا ئاسقان. ئىيسانى ئۆلتۈردۇق دەۋالغان يەھۇدىيلار ۋە ئۇلارغا ئىيسانى تاپشۇرۇپ بەرگەن خىرىستىيانلار ھەممىسى شەك ۋە ھەيرانلىق ئىچىدىدۇر. ئۇلار (بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتى توغرىسىدا) ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، پەقەت گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ، ئۇلار ئۇ ئادەمنى ئىيسا دەپ ھەقىقىي ئىشىنىپ ئۆلتۈرمىدى، بەلكى

شۇبھىنىلىپ تۇرۇپ ئۆلتۈردى.

بَل رَّفَعَهُ ٱللَّهُ إِلَيۡهِۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَزِيزًا حَكِيمًا ﴿١٥٨﴾

158 - ئەكسىچە، ئاللاھ ئىيسانى بەدىنى ۋە روھى بىلەن ھايات ھالىتىدە ئۆز تەرىپىگە كۆتۈردى، ئۇنى كاپىرلاردىن قۇتقۇزدى. ئاللاھ پادىشاھلىقىدا غالىبتۇر، ھۆكۈملىرىدە ۋە تەدبىرلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

وَإِن مِّنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ إِلَّا لَيُؤۡمِنَنَّ بِهِۦ قَبۡلَ مَوۡتِهِۦۖ وَيَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ يَكُونُ عَلَيۡهِمۡ شَهِيدًا ﴿١٥٩﴾

159 - ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاخىر زاماندا ئاسماندىن چۈشكەندىن كېيىن، ئەھلى كىتابتىن ھەربىر كىشى ئىيسا ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا چوقۇم ئىمان ئېيتىدۇ، ئىيسا قىيامەت كۈنىدە ئۆزىگە ئىمان ئېيتقانلارنىڭ راستچىللىقىغا ۋە ئۆزىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ يالغانچىلىقىغا گۇۋاھ بولىدۇ.

فَبِظُلۡمٍ مِّنَ ٱلَّذِينَ هَادُواْ حَرَّمۡنَا عَلَيۡهِمۡ طَيِّبَٰتٍ أُحِلَّتۡ لَهُمۡ وَبِصَدِّهِمۡ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ كَثِيرًا ﴿١٦٠﴾ وَأَخۡذِهِمُ ٱلرِّبَوٰاْ وَقَدۡ نُهُواْ عَنۡهُ وَأَكۡلِهِمۡ أَمۡوَٰلَ ٱلنَّاسِ بِٱلۡبَٰطِلِۚ وَأَعۡتَدۡنَا لِلۡكَٰفِرِينَ مِنۡهُمۡ عَذَابًا أَلِيمًا ﴿١٦١﴾

160 - 161 - يەھۇدىيلار چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلىقى، كۆپ كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلىقى، ھارام قىلىنغان جازانىنى يېگەنلىكى، كىشىلەرنىڭ پۇل - مېلىنى ناھەق يەۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ ئىلگىرى ھالال قىلغان پاكىز نەرسىلەرنى ئۇلارغا ھارام قىلىۋەتتى. يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىدىن ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب ھازىرلىدۇق.

لَّٰكِنِ ٱلرَّٰسِخُونَ فِي ٱلۡعِلۡمِ مِنۡهُمۡ وَٱلۡمُؤۡمِنُونَ يُؤۡمِنُونَ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيۡكَ وَمَآ أُنزِلَ مِن قَبۡلِكَۚ وَٱلۡمُقِيمِينَ ٱلصَّلَوٰةَۚ وَٱلۡمُؤۡتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَٱلۡمُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ أُوْلَٰٓئِكَ سَنُؤۡتِيهِمۡ أَجۡرًا عَظِيمًا ﴿١٦٢﴾

162 - ئەمما يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدە ئاللاھ نازىل قىلغان ئەھكاملارنى بىلىشتە بىلىمى چوڭقۇر بولغانلارغا، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە، ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئانغا ۋە سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن تەۋرات ۋە ئىنجىل قاتارلىق كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرگەن، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، پۇل - مېلىنىڭ زاكىتىنى بېرىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن مۇئمىنلەرگە جەننەتتىن ئىبارەت كاتتا مۇكاپات ئاتا قىلىمىز.

۞ إِنَّآ أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ كَمَآ أَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰ نُوحٍ وَٱلنَّبِيِّـۧنَ مِنۢ بَعۡدِهِۦۚ وَأَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰٓ إِبۡرَٰهِيمَ وَإِسۡمَٰعِيلَ وَإِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَ وَٱلۡأَسۡبَاطِ وَعِيسَىٰ وَأَيُّوبَ وَيُونُسَ وَهَٰرُونَ وَسُلَيۡمَٰنَۚ وَءَاتَيۡنَا دَاوُۥدَ زَبُورًا ﴿١٦٣﴾

163 - ئى پەيغەمبەر! شەكسىزكى، كىشىلەرگە ھەق دىنىنى يەتكۈزۈش توغرۇلۇق نۇھقا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك، ساڭىمۇ ۋەھيى قىلدۇق، ھەمدە ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا، يەئقۇبنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان پەيغەمبەرلەرگە، ئىيساغا، ئەييۇبقا، يۇنۇسقا، ھارۇنغا، سۇلەيمانغا ۋەھيى قىلغان ئىدۇق، داۋۇدقا ساماۋى كىتاب زەبۇرنى ئاتا قىلغان ئىدۇق.

وَرُسُلًا قَدۡ قَصَصۡنَٰهُمۡ عَلَيۡكَ مِن قَبۡلُ وَرُسُلًا لَّمۡ نَقۡصُصۡهُمۡ عَلَيۡكَۚ وَكَلَّمَ ٱللَّهُ مُوسَىٰ

تَكۡلِيمٗا ﴿١٦٤﴾

164- بىز ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارىسىدا، بىز ساڭا مۇشۇ ئايەتتىن ئىلگىرىكى ئايەتلەردە بايان قىلغان پەيغەمبەرلەرمۇ، ھېكمىتىمىزنىڭ تەقەززاسى بويىچە، بايان قىلمىغان پەيغەمبەرلەرمۇ بار. ئاللاھ مۇساغا بىۋاستە سۆز قىلىش ئارقىلىق ئۇنى شەرەپلەندۈردى. (بۇ ئايەت ئاللاھنىڭ «سۆزلىگۈچى» دېگەن سۈپىتىنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بىۋاستە سۆز قىلغان).

رُّسُلٗا مُّبَشِّرِينَ وَمُنذِرِينَ لِئَلَّا يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَى ٱللَّهِ حُجَّةُۢ بَعۡدَ ٱلرُّسُلِۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَزِيزًا حَكِيمٗا ﴿١٦٥﴾

165- بىزنىڭ پەيغەمبەرلەرنى خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىمىز كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەرلەر كەلگەندىن كېيىن (ئىمان ئېيتمىغانلىقىغا) ئاللاھنىڭ ئالدىدا باھانە كۆرسەتمەسلىكى ئۈچۈندۇر. ئاللاھ ئۆز پادىشاھلىقىدا غالىبتۇر، تەدبىرلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

لَّٰكِنِ ٱللَّهُ يَشۡهَدُ بِمَآ أَنزَلَ إِلَيۡكَۖ أَنزَلَهُۥ بِعِلۡمِهِۦۖ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ يَشۡهَدُونَۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ شَهِيدًا ﴿١٦٦﴾

166- ئى پەيغەمبەر! يەھۇدىيلار ۋە باشقا كاپىرلار سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭنى ئىنكار قىلغان بولسا، ئاللاھ ساڭا ئۆزى نازىل قىلغان قۇرئان ئارقىلىق سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئاللاھ قۇرئاننى ئۆز ئىلمى بىلەن نازىل قىلدى، پەرىشتىلەرمۇ ساڭا كەلگەن ۋەھيىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ گۇۋاھلىقى يېتەرلىكتۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَصَدُّواْ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ قَدۡ ضَلُّواْ ضَلَٰلَۢا بَعِيدًا ﴿١٦٧﴾

167- شۈبھىسىزكى، سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى ئىنكار قىلغان ۋە كىشىلەرنى ئىسلام دىنىدىن توسقانلار ھەقىقەتەن ھەق يولدىن ئىنتايىن بەك يىراقلىشىپ كەتكەنلەردۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَظَلَمُواْ لَمۡ يَكُنِ ٱللَّهُ لِيَغۡفِرَ لَهُمۡ وَلَا لِيَهۡدِيَهُمۡ طَرِيقًا ﴿١٦٨﴾

168- شۈبھىسىزكى، ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغان، كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارنىڭ گۇناھىنى ئاللاھ ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ، ئۇلارنى نىجاتلىققا ئېلىپ چىقىدىغان يولغىمۇ باشلىمايدۇ.

إِلَّا طَرِيقَ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدٗاۚ وَكَانَ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٗا ﴿١٦٩﴾

169- ئۇلارنى پەقەت دوزاخنىڭ يولىغىلا قويۇۋېتىدۇ، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر، ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ قَدۡ جَآءَكُمُ ٱلرَّسُولُ بِٱلۡحَقِّ مِن رَّبِّكُمۡ فَـَٔامِنُواْ خَيۡرٗا لَّكُمۡۚ وَإِن تَكۡفُرُواْ فَإِنَّ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمٗا ﴿١٧٠﴾

170- ئى ئىنسانلار! سىلەرگە بىزنىڭ ئەلچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام رەببىڭلار تەرىپىدىن ھەق دىن بولغان ئىسلام دىنىنى ئېلىپ كەلدى. سىلەر ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىڭلار، ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار. چۈنكى ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر سىلەر كۇفرىنى داۋاملاشتۇرساڭلار، بىلىپ قويۇڭلاركى، ئاللاھنىڭ سىلەرگە ۋە سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارغا ھاجىتى يوق. چۈنكى ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ

ھەممىسىنىڭ ئىگىسىدۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىڭلارنى ۋە قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، قانۇن بەلگىلەشتە ۋە ئۇنىڭغا بۇيرۇشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئاسمانلار ۋە زېمىن ئاللاھقا بويسۇنغان ئىكەن، سىلەرنىڭمۇ ئاللاھ تائالاغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈشۈڭلار سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر. (بۇ ئايەتتە پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق جاھان ئەھلىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە دەلىل بار).

يَٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ لَا تَغۡلُواْ فِي دِينِكُمۡ وَلَا تَقُولُواْ عَلَى ٱللَّهِ إِلَّا ٱلۡحَقَّۚ إِنَّمَا ٱلۡمَسِيحُ عِيسَى ٱبۡنُ مَرۡيَمَ رَسُولُ ٱللَّهِ وَكَلِمَتُهُۥٓ أَلۡقَىٰهَآ إِلَىٰ مَرۡيَمَ وَرُوحٞ مِّنۡهُۖ فَـَٔامِنُواْ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦۖ وَلَا تَقُولُواْ ثَلَٰثَةٌۚ ٱنتَهُواْ خَيۡرٗا لَّكُمۡۚ إِنَّمَا ٱللَّهُ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞۖ سُبۡحَٰنَهُۥٓ أَن يَكُونَ لَهُۥ وَلَدٞۘ لَّهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۗ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ وَكِيلٗا ﴿١٧١﴾

171 - ئى خىرىستىيانلار! دىنىڭلار ھەققىدە توغرا ئېتىقادتا بولۇشتىن چەتنەپ كەتمەڭلار، ئاللاھ ھەققىدە پەقەت ھەق گەپنىلا قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ئايال ۋە بالىنى مەنسۇپ قىلماڭلار. مەسىھ - مەريەم ئوغلى ئىيسا پەقەتلا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر، ئاللاھ ئۇنى ھەق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى، ئۇنى جىبرىل ئارقىلىق مەريەمگە ئەۋەتكەن «بول!» دېگەن كەلىمىسىدىن ياراتتى. ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن پۈۋلەنگەن روھ بولۇپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن جىبرىل پۈۋلىدى. شۇڭا، سىلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، پەيغەمبەرلەر ئاللاھتىن ئېلىپ كەلگەن ۋەھيىگە ئەمەل قىلىڭلار، ئىيسانى ۋە ئۇنىڭ ئانىسى مەريەمنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالماڭلار، «(ئاللاھ) ئۈچتۇر»[1] دېگەن سەپسەتەڭلاردىن يېنىڭلار، بۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ناھايىتى ياخشىدۇر. ئاللاھ پەقەت بىرلا ئىلاھتۇر، ئۇ (ئايالدىن ۋە بالىلىق بولۇشتىن) پاكتۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، ئاللاھنىڭ ئۆز مەخلۇقاتى ئىچىدىن قانداقمۇ شېرىكى ياكى بالىسى بولسۇن؟! ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى قوغداش ئۈچۈن يېتەرلىك ھامىيدۇر.

لَّن يَسۡتَنكِفَ ٱلۡمَسِيحُ أَن يَكُونَ عَبۡدٗا لِّلَّهِ وَلَا ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ ٱلۡمُقَرَّبُونَۚ وَمَن يَسۡتَنكِفۡ عَنۡ عِبَادَتِهِۦ وَيَسۡتَكۡبِرۡ فَسَيَحۡشُرُهُمۡ إِلَيۡهِ جَمِيعٗا ﴿١٧٢﴾

172 - مەسىھ ئاللاھقا بەندە بولۇشتىن ھەرگىز باش تارتمايدۇ، ئاللاھقا يېقىن پەرىشتىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتمايدۇ. كىمكى ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىشتىن، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىدىكەن ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىدىكەن، بىلىپ قويسۇنكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز دەرگاھىغا توپلايدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە تېگىشلىك مۇكاپات ياكى جازاسىنى بېرىدۇ.

فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فَيُوَفِّيهِمۡ أُجُورَهُمۡ وَيَزِيدُهُم مِّن فَضۡلِهِۦۖ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ ٱسۡتَنكَفُواْ وَٱسۡتَكۡبَرُواْ فَيُعَذِّبُهُمۡ عَذَابًا أَلِيمٗا وَلَا يَجِدُونَ لَهُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ وَلِيّٗا وَلَا نَصِيرٗا ﴿١٧٣﴾

173 - ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىماننى ئېتىقاد، ئەمەل ۋە گەپ - سۆزدە ئىسپاتلىغان،

[1] خىرىستىيانلارنىڭ بەزىسى « ئاللاھ، مەريەم ۋە ئىيسا ئۈچى بىر ئىلاھتۇر» دېسە، يەنە بەزىسى «ئاللاھ، ئىيسا ۋە رۇھۇلقۇدۇس ئۈچى بىر ئىلاھتۇر» دەيدۇ.

ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدە مۇستەھكەم تۇرغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىدۇ، ئۆز پەزلىدىن تېخىمۇ ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. ئەمما ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان ۋە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىشقا بويۇنتاۋلۇق قىلغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنى قاتتىق ئازابلايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغان ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ قَدۡ جَآءَكُم بُرۡهَٰنٞ مِّن رَّبِّكُمۡ وَأَنزَلۡنَآ إِلَيۡكُمۡ نُورٗا مُّبِينٗا ﴿١٧٤﴾

174 - ئى ئىنسانلار! سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن ئوپئوچۇق دەلىل - پاكىت كەلدى، ئۇ بولسىمۇ، بىزنىڭ ئەلچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا كەلگەن روشەن ھۆججەت ۋە مۆجىزىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى قۇرئاندۇر. قۇرئان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك زەنجىرىنى تاماملىغۇچى ئاخىرقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. دېمەك، بىز سىلەرگە بۇ ئوپئوچۇق نۇر بولغان قۇرئاننى نازىل قىلدۇق.

فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱللَّهِ وَٱعۡتَصَمُواْ بِهِۦ فَسَيُدۡخِلُهُمۡ فِي رَحۡمَةٖ مِّنۡهُ وَفَضۡلٖ وَيَهۡدِيهِمۡ إِلَيۡهِ صِرَٰطٗا مُّسۡتَقِيمٗا ﴿١٧٥﴾

175 - ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىماننى ئېتىقاد، ئەمەل ۋە گەپ - سۆزدە ئىسپاتلىغان، ئۆزلىرىگە نازىل قىلىنغان ئوپئوچۇق نۇر - قۇرئانغا چىڭ ئېسىلغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنى ئاخىرەتتە ئۆز رەھمىتى ۋە پەزل - كەرەمى بىلەن جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، بۇ دۇنيادا بولسا ئۇلارنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ.

يَسۡتَفۡتُونَكَ قُلِ ٱللَّهُ يُفۡتِيكُمۡ فِي ٱلۡكَلَٰلَةِۚ إِنِ ٱمۡرُؤٌاْ هَلَكَ لَيۡسَ لَهُۥ وَلَدٞ وَلَهُۥٓ أُخۡتٞ فَلَهَا نِصۡفُ مَا تَرَكَۚ وَهُوَ يَرِثُهَآ إِن لَّمۡ يَكُن لَّهَا وَلَدٞۚ فَإِن كَانَتَا ٱثۡنَتَيۡنِ فَلَهُمَا ٱلثُّلُثَانِ مِمَّا تَرَكَۚ وَإِن كَانُوٓاْ إِخۡوَةٗ رِّجَالٗا وَنِسَآءٗ فَلِلذَّكَرِ مِثۡلُ حَظِّ ٱلۡأُنثَيَيۡنِۗ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمۡ أَن تَضِلُّواْۗ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمُۢ ﴿١٧٦﴾

176 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلار سەندىن بالىسى يوق، ئاتىسىمۇ يوق مېيىتنىڭ مىراسى توغرۇلۇق پەتىۋا سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەرگە بۇ مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ھۆكۈمنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئەگەر بىر كىشى ۋاپات بولۇپ بالىسى بولمىسا، ئاتىسىمۇ بولمىسا، پەقەت ئانىسى ۋە دادىسى بىر، ياكى ئانىسى باشقا، دادىسى بىر بىرلا ھەمشىرىسى بولسا، ئۇ ھەمشىرىسى مىراسنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ؛ ئەگەر ئۆلگۈچى ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ بىرلا ئەر بىر تۇغقىنىلا بولسا، ئۇ ئەر شۇ ھەمشىرىسىنىڭ مىراسىنىڭ ھەممىسىنى ئالىدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچىنىڭ ئىككى ھەمشىرىسى بولسا، ئۇلار مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئېلىپ ئۆز ئارىسىدا تەڭدىن ئۈلۈشىدۇ. ئەگەر ۋارىسلار ھەم ئەر، ھەم ئايال بىر تۇغقانلار بولسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ئۈلۈشى بېرىلىدۇ. سىلەرنىڭ مىراس ئىشلىرىدا ھەقىقەتتىن چەتنەپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە مىراس تەقسىماتىنى ۋە بالىسىمۇ، ئاتىسىمۇ يوق مېيىتنىڭ مىراسىنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئاللاھ ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ۋە بەندىلىرىگە نېمىنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر».

# مائىدە سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَوۡفُواْ بِٱلۡعُقُودِۚ أُحِلَّتۡ لَكُم بَهِيمَةُ ٱلۡأَنۡعَٰمِ إِلَّا مَا يُتۡلَىٰ عَلَيۡكُمۡ غَيۡرَ مُحِلِّي
ٱلصَّيۡدِ وَأَنتُمۡ حُرُمٌۗ إِنَّ ٱللَّهَ يَحۡكُمُ مَا يُرِيدُ ﴿١﴾

1 ـ ئى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان
كىشىلەر! دىنىڭ قانۇن ـ پىرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتىن ئىبارەت
ئاللاھقا بەرگەن ئەھدەڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار، ئۆز ئاراڭلاردىكى ئامانەت ۋە ئېلىم ـ سېتىم
قاتارلىق ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە مۇۋاپىق ئېلىپ
بېرىلغان ئەھدىلىرىڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار. ئاللاھ سىلەرگە چارۋىلاردىن تۆگە، كالا، قوي
قاتارلىقلارنى ھالال قىلدى، لېكىن ھارامىلىقىنى سىلەرگە بايان قىلىپ بەرگەن ئۆزى
ئۆلۈپ قالغان مال ۋە قان قاتارلىقلارنى، شۇنداقلا سىلەر ھەج ياكى ئۆمرىگە ئېھرام
باغلىغان چېغىڭلاردا ئوۋ ئوۋلاشنى ھالال سانىماڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ
ھېكمىتى ۋە ئادالىتىگە ئاساسەن ئۆزى خالىغانچە ھۆكۈم قىلىدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تُحِلُّواْ شَعَٰٓئِرَ ٱللَّهِ وَلَا ٱلشَّهۡرَ ٱلۡحَرَامَ وَلَا ٱلۡهَدۡيَ وَلَا ٱلۡقَلَٰٓئِدَ وَلَآ ءَآمِّينَ
ٱلۡبَيۡتَ ٱلۡحَرَامَ يَبۡتَغُونَ فَضۡلٗا مِّن رَّبِّهِمۡ وَرِضۡوَٰنٗاۚ وَإِذَا حَلَلۡتُمۡ فَٱصۡطَادُواْۚ وَلَا يَجۡرِمَنَّكُمۡ شَنَـَٔانُ
قَوۡمٍ أَن صَدُّوكُمۡ عَنِ ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِ أَن تَعۡتَدُواْۘ وَتَعَاوَنُواْ عَلَى ٱلۡبِرِّ وَٱلتَّقۡوَىٰۖ وَلَا تَعَاوَنُواْ عَلَى ٱلۡإِثۡمِ
وَٱلۡعُدۡوَٰنِۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۖ إِنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ ﴿٢﴾

2 ـ ئى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان
كىشىلەر! ئاللاھ بېكىتكەن چەك ـ چېگرالاردىن ۋە كۆرسەتمىلەردىن چەتنەپ كەتمەڭلار،
زۇلقەئدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم ۋە رەجەبتىن ئىبارەت ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايدا
ئۇرۇش قىلىشنى ھالال سانىماڭلار (ئەگەر دۈشمەنلەر سىلەرگە بۇ ئايلاردا ئۇرۇش ئاچسا،
ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار). شۇنىڭدەك، قۇربانلىق مالغا، قۇربانلىق مالنىڭ بوينىغا بۇ
مالنىڭ قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال ئىكەنلىكى ۋە مالنى ھەيدەپ كەلگەن كىشىنىڭ ھەج
قىلماقچى ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتى سۈپىتىدە ئېسىپ قويۇلغان بويۇنچۇقلارغا، رەببىنىڭ
پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەپ بەيتۇللاھقا كەلگۈچىلەرگە چېقىلىشنى ھالال سانىماڭلار.
سىلەر ئېھرامدىن چىققاندىن كېيىن، سىلەرگە ئوۋ ئوۋلاش ھالال بولىدۇ. ھۇدەيبىيەدە
بولغانىدەك، بىرەر قەۋمنىڭ سىلەرنى مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشتىن توسقانلىقى
سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئۆچمەنلىك ھەرگىزمۇ سىلەرنى ئۇلارغا چېقىلىشقا ئېلىپ
بارمىسۇن. ئى مۇئمىنلەر! ئۆز ئاراڭلاردا ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار،
گۇناھ بولىدىغان ۋە ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىدىن چەتنەپ كېتىشكە سەۋەب بولىدىغان

ئىشلارغا ياردەملەشمەڭلار، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار. چۈنكى ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.

حُرِّمَتۡ عَلَيۡكُمُ ٱلۡمَيۡتَةُ وَٱلدَّمُ وَلَحۡمُ ٱلۡخِنزِيرِ وَمَآ أُهِلَّ لِغَيۡرِ ٱللَّهِ بِهِۦ وَٱلۡمُنۡخَنِقَةُ وَٱلۡمَوۡقُوذَةُ وَٱلۡمُتَرَدِّيَةُ وَٱلنَّطِيحَةُ وَمَآ أَكَلَ ٱلسَّبُعُ إِلَّا مَا ذَكَّيۡتُمۡ وَمَا ذُبِحَ عَلَى ٱلنُّصُبِ وَأَن تَسۡتَقۡسِمُواْ بِٱلۡأَزۡلَٰمِۚ ذَٰلِكُمۡ فِسۡقٌۗ ٱلۡيَوۡمَ يَئِسَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِن دِينِكُمۡ فَلَا تَخۡشَوۡهُمۡ وَٱخۡشَوۡنِۚ ٱلۡيَوۡمَ أَكۡمَلۡتُ لَكُمۡ دِينَكُمۡ وَأَتۡمَمۡتُ عَلَيۡكُمۡ نِعۡمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ ٱلۡإِسۡلَٰمَ دِينٗاۚ فَمَنِ ٱضۡطُرَّ فِي مَخۡمَصَةٍ غَيۡرَ مُتَجَانِفٖ لِّإِثۡمٖ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ٣

3 - ئاللاھ سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، ئېقىتىلغان قان، توڭگۇز (چوشقا) گۆشى، ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئېگىز جايدىن يىقىلىپ ئۆلگەن ھايۋان، ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، يولۋاس، شىر ۋە بۆرە قاتارلىق يىرتقۇچلار يەپ قويغان ھايۋان قاتارلىقلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ھارام قىلدى. ئاللاھ يۇقىرىقى ھايۋانلار ئىچىدىن ئاخىرقى (بەش خىل) ھايۋاندىن جېنى چىقىپ بولغۇچە بوغۇزلىۋالغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ھالال قىلدى. ئاللاھ يەنە بۇتلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ۋە بىر ئىشنى باشلاشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ خەيرلىك بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، پال ئوقلىرى بىلەن پال سالىدىغان جاھىلىيەت ئادىتىنى ھارام قىلدى. بۇ ئايەتتە ھارام قىلىنغان ئىشلارنى قىلىش ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلىقتۇر ۋە ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغانلىقتۇر. مەن سىلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلغاندىن كېيىن، كاپىرلار ھازىر سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى يوقىتىشتىن ۋە سىلەرنى ئىماندىن كۇفرىغا قايتۇرۇشتىن ئۈمىدىنى ئۈزدى، شۇڭا ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىنلا قورقۇڭلار. بۈگۈن مەن سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولغان ئىسلام دىنىغا نۇسرەت ئاتا قىلىش ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تاماملاش ئارقىلىق سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى كامالىغا يەتكۈزدۈم، سىلەرنى كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىماننىڭ نۇرىغا چىقىرىش ئارقىلىق سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلامنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم، ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىڭلار، ئۇنى قويۇپ بەرمەڭلار. كىمكى ئاچلىقتا قېلىپ، ئىلاجسىزلىقتىن، گۇناھنى مەقسەت قىلماستىن ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن يېسە، ئۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئۇنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ئىنتايىن مېھرىباندۇر.

يَسۡـَٔلُونَكَ مَاذَآ أُحِلَّ لَهُمۡۖ قُلۡ أُحِلَّ لَكُمُ ٱلطَّيِّبَٰتُ وَمَا عَلَّمۡتُم مِّنَ ٱلۡجَوَارِحِ مُكَلِّبِينَ تُعَلِّمُونَهُنَّ مِمَّا عَلَّمَكُمُ ٱللَّهُۖ فَكُلُواْ مِمَّآ أَمۡسَكۡنَ عَلَيۡكُمۡ وَٱذۡكُرُواْ ٱسۡمَ ٱللَّهِ عَلَيۡهِۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَرِيعُ ٱلۡحِسَابِ ٤

4 - ئى پەيغەمبەر! ساھابىلىرىڭ سەندىن يېمەكلىكلەردىن ئۆزلىرىگە نېمىلەرنىڭ ھالال قىلىنغانلىقىنى سورايدۇ، ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەرگە پاك نەرسىلەر، ئاللاھنىڭ سىلەرگە بىلدۈرگىنى بويىچە، سىلەر تەربىيەلەپ شىكار قىلىشنى ئۆگەتكەن ئىت، تايغان، لاچىن ۋە قارچىغىغا ئوخشاش ئوۋچى جانىۋارلارنىڭ ئوۋلىغان نەرسىلىرى ھالال قىلىندى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ سىلەر ئۈچۈن ئوۋلاپ بەرگەن نەرسىلىرىدىن يەڭلار، ئوۋچى جانىۋارلارنى ئوۋغا قويۇپ بەرگەن چېغىڭلاردا ‹بىسمىللاھ› دەڭلار، ئاللاھنىڭ ئەمر -

پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلىشتىن قورقۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر».

ٱلْيَوْمَ أُحِلَّ لَكُمُ ٱلطَّيِّبَٰتُ ۖ وَطَعَامُ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ حِلٌّ لَّكُمْ وَطَعَامُكُمْ حِلٌّ لَّهُمْ ۖ وَٱلْمُحْصَنَٰتُ مِنَ ٱلْمُؤْمِنَٰتِ وَٱلْمُحْصَنَٰتُ مِنَ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ مِن قَبْلِكُمْ إِذَآ ءَاتَيْتُمُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ مُحْصِنِينَ غَيْرَ مُسَٰفِحِينَ وَلَا مُتَّخِذِىٓ أَخْدَانٍ ۗ وَمَن يَكْفُرْ بِٱلْإِيمَٰنِ فَقَدْ حَبِطَ عَمَلُهُۥ وَهُوَ فِى ٱلْءَاخِرَةِ مِنَ ٱلْخَٰسِرِينَ ﴿٥﴾

5 - ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بۈگۈن ئاتا قىلغان كاتتا نېمەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئاللاھ بۈگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلدى، يەھۇدىيلارنىڭ ۋە خرىستىيانلارنىڭ بوغۇزلىغان نەرسىلىرى ئۆزلىرىنىڭ شەرىئىتىگە مۇۋاپىق ھالدا بوغۇزلانغان بولسا، ئۇنى يېيىش سىلەرگە ھالالدۇر ۋە سىلەرنىڭ بوغۇزلىغان ماللىرىڭلارمۇ ئۇلارغا ھالالدۇر. ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ سىلەرگە يەنە ئىپپەتلىك مۇئمىن ئاياللارنى، يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلاردىن بولغان ئىپپەتلىك ئاياللارنى نىكاھلاپ ئېلىشنى ھالال قىلدى. ئۇ ئاياللارنى ئېلىشنىڭ شەرتى ئۇلارنىڭ مەھرىنى بېرىش، ئىپپەتلىك بولۇش، زىنانى كۆزلىمەسلىك، ئۇلارنى يوشۇرۇن ئاشنا تۇتماسلىق ۋە يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلارنىڭ دىنىغا مايىل بولۇپ كەتمەسلىكتىن ئەمىن بولۇشتۇر. كىمكى ئىماندىن يېنىۋالىدىكەن، ئۇنىڭ بارلىق ياخشى ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِذَا قُمْتُمْ إِلَى ٱلصَّلَوٰةِ فَٱغْسِلُوا۟ وُجُوهَكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ إِلَى ٱلْمَرَافِقِ وَٱمْسَحُوا۟ بِرُءُوسِكُمْ وَأَرْجُلَكُمْ إِلَى ٱلْكَعْبَيْنِ ۚ وَإِن كُنتُمْ جُنُبًا فَٱطَّهَّرُوا۟ ۚ وَإِن كُنتُم مَّرْضَىٰٓ أَوْ عَلَىٰ سَفَرٍ أَوْ جَآءَ أَحَدٌ مِّنكُم مِّنَ ٱلْغَآئِطِ أَوْ لَٰمَسْتُمُ ٱلنِّسَآءَ فَلَمْ تَجِدُوا۟ مَآءً فَتَيَمَّمُوا۟ صَعِيدًا طَيِّبًا فَٱمْسَحُوا۟ بِوُجُوهِكُمْ وَأَيْدِيكُم مِّنْهُ ۚ مَا يُرِيدُ ٱللَّهُ لِيَجْعَلَ عَلَيْكُم مِّنْ حَرَجٍ وَلَٰكِن يُرِيدُ لِيُطَهِّرَكُمْ وَلِيُتِمَّ نِعْمَتَهُۥ عَلَيْكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿٦﴾

6 - ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ناماز ئوقۇماقچى بولغاندا تاھارەتسىز بولساڭلار، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار؛ ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار، ناماز ئوقۇشتىن بۇرۇن غۇسلى قىلىپ پاكلىنىڭلار، ئەگەر (سۇ زىيان قىلىدىغان دەرىجىدە) كېسەل بولساڭلار ياكى ساق بولساڭلارمۇ سەپەر ئۈستىدە بولساڭلار ياكى ھاجەتتىن كەلگەن بولساڭلار ۋەياكى ئاياللار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغان بولۇپ، پاكلىنىش ئۈچۈن سۇ تاپالمىساڭلار، قولۇڭلارنى پاك تۇپراققا ئۇرۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارنى ۋە قولۇڭلارنى سىلاڭلار (يەنى تەيەممۇم قىلىڭلار)، ئاللاھ سىلەرنى تاھارەت ۋە غۇسلى ئىشىدا مۇشەققەتتە قويۇشنى خالىمايدۇ، شۇڭا ئاللاھ سىلەرگە رەھىم - شەپقەت قىلىش ۋە كەڭچىلىك قىلىش يۈزىسىدىن، تەيەممۇم قىلىشقا رۇخسەت قىلدى. چۈنكى ئاللاھ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاپ بېرىشنى خالايدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ سۇ بىلەن پاكلىنىشنىڭ ئورنىغا تەيەممۇم قىلىشقا رۇخسەت قىلغانلىقى شۈكۈر قىلىشقا تېگىشلىك كاتتا نېمەتتۇر. ئاللاھقا شۈكۈر قىلىش ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىدىن يېنىش بىلەن بولىدۇ.

وَٱذْكُرُوا۟ نِعْمَةَ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ وَمِيثَٰقَهُ ٱلَّذِى وَاثَقَكُم بِهِۦٓ إِذْ قُلْتُمْ سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا ۖ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ

عَلِيمُۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿٧﴾

7 - ئاللاھنىڭ سىلەرگە دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى يېنىكلىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت نېمىتىنى ۋە ئۆزۈڭلارنىڭ ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىش ئارقىلىق «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلىمىز» دەپ ئاللاھقا بەرگەن ۋەدەڭلارنى ئۇنتۇماڭلار، ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار. چۈنكى ئاللاھ دىلىڭلاردا يوشۇرغان سىرلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُونُواْ قَوَّٰمِينَ لِلَّهِ شُهَدَآءَ بِٱلْقِسْطِۖ وَلَا يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَـَٔانُ قَوْمٍ عَلَىٰٓ أَلَّا تَعْدِلُواْۚ ٱعْدِلُواْ هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَىٰۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ خَبِيرُۢ ﴿٨﴾

8 - ئى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇڭلار ۋە ئادالەتلىك گۇۋاھچىلار بولۇڭلار. بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار سىلەرنى ئۇلارغا ئادالەتسىزلىك قىلىشقا ئېلىپ بارمىسۇن، دۈشمەنلەرگىمۇ، دوستلارغىمۇ ئوخشاشلا ئادالەتلىك بولۇڭلار، بۇنداق ئادالەتلىك بولۇش ئاللاھتىن قورقۇشقا ئەڭ يېقىندۇر، زۇلۇم قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، چۈنكى ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر، شۇنىڭغا ئاساسەن سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَهُم مَّغْفِرَةٌ وَأَجْرٌ عَظِيمٌ ﴿٩﴾

9 - ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە ئاللاھ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشنى ۋە ئۇلارغا كاتتا مۇكاپات — جەننەتنى ئاتا قىلىشنى ۋەدە قىلدى. ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ.

وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَكَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَآ أُوْلَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلْجَحِيمِ ﴿١٠﴾

10 - ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ كەلتۈرگەن دەلىللىرىنى يالغانغا چىقارغان كاپىرلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱذْكُرُواْ نِعْمَتَ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ إِذْ هَمَّ قَوْمٌ أَن يَبْسُطُوٓاْ إِلَيْكُمْ أَيْدِيَهُمْ فَكَفَّ أَيْدِيَهُمْ عَنكُمْۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ ٱلْمُؤْمِنُونَ ﴿١١﴾

11 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان خاتىرجەملىك نېمىتىنى ۋە سىلەرنى يوق قىلماقچى بولغان دۈشمىنىڭلارنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ سالغانلىق نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئەينى زاماندا كاپىرلار سىلەرگە قول سالماقچى بولغان ئىدى، ئاللاھ ئۇلارنى مۇرادىغا يەتكۈزمىدى. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئۇنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا تايىنىڭلار، ئۇنىڭ ياردىمىگە ۋە نۇسرىتىگە ئىشىنىڭلار.

۞ وَلَقَدْ أَخَذَ ٱللَّهُ مِيثَٰقَ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ وَبَعَثْنَا مِنْهُمُ ٱثْنَىْ عَشَرَ نَقِيبًاۖ وَقَالَ ٱللَّهُ إِنِّى مَعَكُمْۖ لَئِنْ أَقَمْتُمُ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَيْتُمُ ٱلزَّكَوٰةَ وَءَامَنتُم بِرُسُلِى وَعَزَّرْتُمُوهُمْ وَأَقْرَضْتُمُ ٱللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا لَّأُكَفِّرَنَّ عَنكُمْ سَيِّـَٔاتِكُمْ وَلَأُدْخِلَنَّكُمْ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُۚ فَمَن كَفَرَ بَعْدَ ذَٰلِكَ مِنكُمْ فَقَدْ ضَلَّ سَوَآءَ ٱلسَّبِيلِ ﴿١٢﴾

12 - شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلىش ھەققىدە مەھكەم ئەھدە ئالغان ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ھەربىر قەبىلىسىدىن ئۇلارغا ۋەكىللىك قىلىش ۋە ئۇلاردىن ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش توغرۇلۇق ۋەدە ئېلىش ئۈچۈن، ئون ئىككى كىشىنى تاللاپ چىقىرىشقا بۇيرىدى. ئاللاھ ئىسرائىل ئەۋلادىغا: «مەن سىلەر بىلەن بىللىدۇرمەن، سىلەرگە ياردەم قىلىمەن ۋە نۇسرەت ئاتا قىلىمەن، ئەگەر سىلەر نامازنى مۇكەممەل ئوقۇساڭلار، زاكاتنى تېگىشلىك بولغان كىشىلەرگە تولۇق بەرسەڭلار، پەيغەمبەرلىرىمگە ئىمان ئېيتساڭلار، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنسەڭلار ۋە ئۇلارغا ياردەم بەرسەڭلار، مېنىڭ يولۇمدا پۇل - مېلىڭلارنى سەرپ قىلساڭلار، ئەلۋەتتە، سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىمەن، سىلەرنى ئەلۋەتتە، قەسىرلىرىنىڭ، دەل - دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن. سىلەردىن كىمكى بۇ ئەھدىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە توغرا يولدىن ئېزىپ ئازغۇنلۇققا چۈشۈپ قالغان بولىدۇ» دېدى.

فَبِمَا نَقۡضِهِم مِّيثَٰقَهُمۡ لَعَنَّٰهُمۡ وَجَعَلۡنَا قُلُوبَهُمۡ قَٰسِيَةٗۖ يُحَرِّفُونَ ٱلۡكَلِمَ عَن مَّوَاضِعِهِۦ وَنَسُواْ حَظّٗا مِّمَّا ذُكِّرُواْ بِهِۦۚ وَلَا تَزَالُ تَطَّلِعُ عَلَىٰ خَآئِنَةٖ مِّنۡهُمۡ إِلَّا قَلِيلٗا مِّنۡهُمۡۖ فَٱعۡفُ عَنۡهُمۡ وَٱصۡفَحۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿١٣﴾

13 - ئاشۇ يەھۇدىيلار مۇستەھكەم ئەھدىسىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۇلارنى رەھمىتىمىزدىن يىراق قىلدۇق ۋە دىللىرىنى ئىمانغا يۇمشىمايدىغان دەرىجىدە قاتتىق قىلدۇق. ئۇلار ئاللاھنىڭ سۆزى بولغان تەۋراتنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىدى. ئى پەيغەمبەر! يەھۇدىيلارنىڭ خىيانەتچى ئىكەنلىكىنى، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىدىغانلىقىنى بايقاپ تۇرىسەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمىدىن باشقا ھەممىسى شۇ خىيانەتكار ئەجدادلىرىنىڭ يولىدا ماڭىدۇ، سەن ئۇلارنىڭ ساڭا قىلغان يامان مۇئامىلىسىنى ئەپۇ قىلغىن ۋە كەچۈرگىن. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۆزىگە يامانلىق قىلغانلارنى ئەپۇ قىلغان كىشىنى ياخشى كۆرىدۇ.

وَمِنَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓاْ إِنَّا نَصَٰرَىٰٓ أَخَذۡنَا مِيثَٰقَهُمۡ فَنَسُواْ حَظّٗا مِّمَّا ذُكِّرُواْ بِهِۦ فَأَغۡرَيۡنَا بَيۡنَهُمُ ٱلۡعَدَاوَةَ وَٱلۡبَغۡضَآءَ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِۚ وَسَوۡفَ يُنَبِّئُهُمُ ٱللَّهُ بِمَا كَانُواْ يَصۡنَعُونَ ﴿١٤﴾

14 - ئۆزلىرىنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى دەۋالغان خىرىستىيانلاردىنمۇ، ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئالغاندەك پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش ۋە ئۇنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەش ھەققىدە مەھكەم ئەھدە ئالغان ئىدۇق. ئەمما ئۇلارمۇ خۇددى يەھۇدىيلارغا ئوخشاشلا ئۆز دىنىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، ئىنجىلدا ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى ۋە ئەمەل قىلمىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىيامەتكە قەدەر داۋام قىلىدىغان ئۆچمەنلىكنى ۋە دۈشمەنلىكنى سالدۇق. قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا بارلىق قىلمىشلىرىنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بېرىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلارنى جازالايدۇ.

يَٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ قَدۡ جَآءَكُمۡ رَسُولُنَا يُبَيِّنُ لَكُمۡ كَثِيرٗا مِّمَّا كُنتُمۡ تُخۡفُونَ مِنَ ٱلۡكِتَٰبِ وَيَعۡفُواْ عَن كَثِيرٖۚ قَدۡ جَآءَكُم مِّنَ ٱللَّهِ نُورٞ وَكِتَٰبٞ مُّبِينٞ ﴿١٥﴾

15 - ئى يەھۇدىيلاردىن ۋە خىرىستىيانلاردىن بولغان ئەھلى كىتاب! تەۋرات ۋە ئىنجىل

قاتارلىق كىتابلىرىڭلاردا سىلەر كىشىلەردىن يوشۇرغان نەرسىلەرنىڭ نۇرغۇنىنى سىلەرگە
ئاشكارا بايان قىلىپ بېرىدىغان ۋە نۇرغۇنىنى پايدىسى بولمىغانلىقتىن، بايان قىلماي
ئۆتۈپ كېتىدىغان ئەلچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلدى، ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاللاھ
تەرىپىدىن نۇر ۋە قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت روشەن كىتاب كەلدى.

يَهۡدِي بِهِ ٱللَّهُ مَنِ ٱتَّبَعَ رِضۡوَٰنَهُۥ سُبُلَ ٱلسَّلَٰمِ وَيُخۡرِجُهُم مِّنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِ بِإِذۡنِهِۦ
وَيَهۡدِيهِمۡ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ﴿١٦﴾

16 - ئاللاھ بۇ روشەن كىتاب ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەن كىشىلەرنى نىجاتلىق
يوللىرىغا يېتەكلەيدۇ، ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئۇلارنى كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن
ئىماننىڭ يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى ھەق دىنغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ.

لَّقَدۡ كَفَرَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡمَسِيحُ ٱبۡنُ مَرۡيَمَۚ قُلۡ فَمَن يَمۡلِكُ مِنَ ٱللَّهِ شَيۡـًٔا إِنۡ أَرَادَ
أَن يُهۡلِكَ ٱلۡمَسِيحَ ٱبۡنَ مَرۡيَمَ وَأُمَّهُۥ وَمَن فِي ٱلۡأَرۡضِ جَمِيعٗاۗ وَلِلَّهِ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا
بَيۡنَهُمَاۚ يَخۡلُقُ مَا يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿١٧﴾

17 - «ئاللاھ — مەريەم ئوغلى مەسىھتۇر» دېگەن خىرىستىيانلار ھەقىقەتەن كاپىر بولدى.
ئى پەيغەمبەر! خىرىستىيانلارنىڭ ئىچىدىكى ئاشۇ نادانلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر مەسىھ
سىلەر دەۋا قىلىۋاتقاندەك راستتىنلا ئىلاھ بولىدىغان بولسا، ئۆزىگە، ئانىسىغا ۋە بارلىق
ئىنسانلارغا كەلگەن ئۆلۈمنى توسۇپ قالالىغان بولاتتى. مەسىھنىڭ ئانىسى مەريەم ئۆلدى،
مەسىھ ئۇنىڭغا كەلگەن ئەجەلنى توسۇپ قالالمىدى، ھەتتا ئۆزىگە كەلگەن ئەجەلنىمۇ
توسۇپ قالالمايدۇ». چۈنكى، ئۇ ئىككىسى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن ئىدى ۋە بېشىغا
كەلگەن ھالاكەتتىن ئۆزىنى قوغداپ قالالمايدۇ. مانا بۇ مەسىھ بىلەن ئانىسى ئىككىسىنىڭ
باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاشلا ئىنسان ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى
ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ مۈلۈكىدۇر، ئاللاھ خالىغان
نەرسىنى يارىتىدۇ ۋە پەيدا قىلىدۇ، ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. (ئاللاھنى بىر
بىلىشتىن ئىبارەت تەۋھىد ئەقىدىسى ئاللاھنىڭ زاتىدا، سۈپەتلىرىدە ۋە جىمى ئىشلىرىدا
يەككە - يېگانە ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ ئەقىدە قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.
نۇرغۇن كىشىلەر خۇددى خىرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھلىق دەرىجىسىگە
كۆتۈرۈۋالغاندەك، پەيغەمبەرلەرنى ۋە سالىھلارنى ئۇلۇغلاشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ،
شېرىك ۋە ئازغۇنلۇق پاتقاقلىرىغا پېتىپ قالىدۇ. ھەقىقەت شۇكى، پۈتۈن كائىنات
ئاللاھنىڭدۇر، يارىتىش پەيدا قىلىش يالغۇز بىر ئاللاھنىڭ قولىدىدۇر، يۈز بېرىۋاتقان
كارامەت ۋە مۆجىزىلەر ئاللاھ تەرىپىدىن بولۇپ، ئۇ خالىغاننى يارىتىدۇ ۋە خالىغاننى
قىلىدۇ).

وَقَالَتِ ٱلۡيَهُودُ وَٱلنَّصَٰرَىٰ نَحۡنُ أَبۡنَٰٓؤُاْ ٱللَّهِ وَأَحِبَّٰٓؤُهُۥۚ قُلۡ فَلِمَ يُعَذِّبُكُم بِذُنُوبِكُمۖ بَلۡ أَنتُم
بَشَرٞ مِّمَّنۡ خَلَقَۚ يَغۡفِرُ لِمَن يَشَآءُ وَيُعَذِّبُ مَن يَشَآءُۚ وَلِلَّهِ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا بَيۡنَهُمَاۖ
وَإِلَيۡهِ ٱلۡمَصِيرُ ﴿١٨﴾

18 - يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلار: «بىز ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئۇنىڭ ياخشى كۆرگەن
كىشىلىرىدۇرمىز» دېدى. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئۇنداقتا، ئاللاھ نېمە
ئۈچۈن سىلەرگە گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن ئازاب قىلىدۇ؟ ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ ياخشى

كۆرگەن كىشىلىرى بولساڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ھەرگىز ئازابلىمىغان بولاتتى. چۈنكى ئاللاھ پەقەت ئۆزىگە ئىتائەت قىلغان بەندىلىرىنىلا ياخشى كۆرىدۇ. ئەكسىچە، سىلەرمۇ بارلىق ئادەم ئەۋلادىغا ئوخشاش ئاللاھ ياراتقان ئىنسان. ياخشى ئەمەل قىلساڭلار، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىسىلەر، يامان ئىش قىلساڭلار، ئۇنىڭ جازاسىنى تېتىيسىلەر، ئاللاھ خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ھەممىنىڭ ئىگىسى بولۇپ، ئۆزى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ، ھەممە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ، شۇ چاغدا بەندىلىرى ئارىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ھەركىمگە قىلغان ياخشى - يامان ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

يَٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ قَدۡ جَآءَكُمۡ رَسُولُنَا يُبَيِّنُ لَكُمۡ عَلَىٰ فَتۡرَةٖ مِّنَ ٱلرُّسُلِ أَن تَقُولُواْ مَا جَآءَنَا مِنۢ بَشِيرٖ وَلَا نَذِيرٖۖ فَقَدۡ جَآءَكُم بَشِيرٞ وَنَذِيرٞۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ١٩

19 - ئى ئەھلى كىتاب! سىلەرنىڭ: «بىزگە خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىگەن ئىدى» دەپ تۇرۇۋالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، مەريەم ئوغلى ئىيسادىن كېيىن، پەيغەمبەرلەر ئۈزۈلۈپ قالغان بىر زاماندا، راستىنلا سىلەرگە ھەقىقەتنى، ھىدايەتنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ئەلچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلدى. سىلەرگە پەيغەمبەر كەلگەندىن كېيىن ئىمان ئېيتماسلىققا ھېچقانداق ئۆزرەڭلار قالمىدى. ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن ئىمان ئېيتقانلارغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى، ئىماندىن باش تارتقانلارنى دوزاخ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەر كەلدى. ئاللاھ ئاسىي - گۇناھكارلارنى جازالاشتا ۋە ياخشى مۇئمىنلەرنى مۇكاپاتلاشتا ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

وَإِذۡ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوۡمِهِۦ يَٰقَوۡمِ ٱذۡكُرُواْ نِعۡمَةَ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ إِذۡ جَعَلَ فِيكُمۡ أَنۢبِيَآءَ وَجَعَلَكُم مُّلُوكٗا وَءَاتَىٰكُم مَّا لَمۡ يُؤۡتِ أَحَدٗا مِّنَ ٱلۡعَٰلَمِينَ ٢٠

20 - ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا، مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئاللاھ ئاراڭلاردىن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن، سىلەرنى پىرئەۋننىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن، ئىچىڭلاردىن سىلەرنى باشقۇرىدىغان پادىشاھلارنى چىقارغان، جاھان ئەھلىدىن ھېچكىمگە بەرمىگەن تۈرلۈك نېمەتلەرنى سىلەرگە بەرگەن ئىدى.

يَٰقَوۡمِ ٱدۡخُلُواْ ٱلۡأَرۡضَ ٱلۡمُقَدَّسَةَ ٱلَّتِي كَتَبَ ٱللَّهُ لَكُمۡ وَلَا تَرۡتَدُّواْ عَلَىٰٓ أَدۡبَارِكُمۡ فَتَنقَلِبُواْ خَٰسِرِينَ ٢١

21 - ئى قەۋمىم! ئاللاھ سىلەرگە كىرىشنى بۇيرۇغان مۇقەددەس زېمىن - بەيتۇلمۇقەددەسكە كىرىڭلار، ئۇ جايدىكى كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىڭلار، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشتىن قورقۇپ ئارقاڭلارغا چېكىنمەڭلار، بولمىسا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر».

قَالُواْ يَٰمُوسَىٰٓ إِنَّ فِيهَا قَوۡمٗا جَبَّارِينَ وَإِنَّا لَن نَّدۡخُلَهَا حَتَّىٰ يَخۡرُجُواْ مِنۡهَا فَإِن يَخۡرُجُواْ مِنۡهَا فَإِنَّا دَٰخِلُونَ ٢٢

22 - ئۇلار: «ئى مۇسا! مۇقەددەس زېمىندا ناھايىتى كۈچلۈك بىر قەۋم بار، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا بىزنىڭ كۈچىمىز يەتمەيدۇ، ئۇلار چىقىپ كەتمىگۈچە بىز ئۇ يەرگە ھەرگىز كىرەلمەيمىز، ئۇلار ئۇ يەردىن چىقىپ كەتسە چوقۇم كىرىمىز» دېدى.

قَالَ رَجُلَانِ مِنَ ٱلَّذِينَ يَخَافُونَ أَنۡعَمَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِمَا ٱدۡخُلُواْ عَلَيۡهِمُ ٱلۡبَابَ فَإِذَا دَخَلۡتُمُوهُ فَإِنَّكُمۡ

غَٰلِبُونَۚ وَعَلَى ٱللَّهِ فَتَوَكَّلُوٓاْ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿٢٣﴾

23 - ئاللاھتىن قورقىدىغانلاردىن بولغان، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ كاتتا نېمىتىگە ئېرىشكەن ئىككى ئادەم ئىسرائىل ئەۋلادىغا: «ئاشۇ كۈچلۈك قەۋمگە شەھەرنىڭ دەرۋازىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىڭلار، ئەگەر سىلەر دەرۋازىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرسەڭلار، چوقۇم غەلىبە قىلىسىلەر، ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئۇ زات ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئىمان كەلتۈرگەن، ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان ھەقىقىي مۇئمىن بولساڭلار، ئاللاھقىلا تايىنىڭلار» دېدى.

قَالُواْ يَٰمُوسَىٰٓ إِنَّا لَن نَّدۡخُلَهَآ أَبَدٗا مَّا دَامُواْ فِيهَا فَٱذۡهَبۡ أَنتَ وَرَبُّكَ فَقَٰتِلَآ إِنَّا هَٰهُنَا قَٰعِدُونَ ﴿٢٤﴾

24 - مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا: «ئى مۇسا! ئاشۇ كۈچلۈك قەۋم شۇ شەھەردىلا بولىدىكەن، بىز ئۇ شەھەرگە ھەرگىز كىرمەيمىز. شۇڭا، سەن رەببىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، بىز ئۇرۇش قىلماي، بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى» دېدى. بۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز پەيغەمبىرىگە قىلغان ئاسىيلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

قَالَ رَبِّ إِنِّي لَآ أَمۡلِكُ إِلَّا نَفۡسِي وَأَخِيۖ فَٱفۡرُقۡ بَيۡنَنَا وَبَيۡنَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡفَٰسِقِينَ ﴿٢٥﴾

25 - مۇسا رەببىگە ئىلتىجا قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئى رەببىم! شەكسىزكى، مەن ئۆزۈمدىن ۋە قېرىندىشىمدىن باشقىسىغا ئىگە بولالمايمەن. بىز بىلەن بۇ پاسىق قەۋمنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتكىن».

قَالَ فَإِنَّهَا مُحَرَّمَةٌ عَلَيۡهِمۡۛ أَرۡبَعِينَ سَنَةٗۛ يَتِيهُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِۚ فَلَا تَأۡسَ عَلَى ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡفَٰسِقِينَ ﴿٢٦﴾

26 - ئاللاھ پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: «ئاشۇ يەھۇدىيلارنىڭ مۇقەددەس زېمىنگە كىرىشى قىرىق يىلغىچە چەكلىنىدۇ، بۇ جەرياندا ئۇلار زېمىندا ئادىشىپ يۈرىدۇ. ئى مۇسا! رەببىڭنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان بۇ قەۋم ئۈچۈن قايغۇرمىغىن».

۞ وَٱتۡلُ عَلَيۡهِمۡ نَبَأَ ٱبۡنَيۡ ءَادَمَ بِٱلۡحَقِّ إِذۡ قَرَّبَا قُرۡبَانٗا فَتُقُبِّلَ مِنۡ أَحَدِهِمَا وَلَمۡ يُتَقَبَّلۡ مِنَ ٱلۡأٓخَرِ قَالَ لَأَقۡتُلَنَّكَۖ قَالَ إِنَّمَا يَتَقَبَّلُ ٱللَّهُ مِنَ ٱلۡمُتَّقِينَ ﴿٢٧﴾

27 - ئى پەيغەمبەر! ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھابىل ۋە قابىل دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى ئوغلىنىڭ قىسسىسىنى ئەينەن بايان قىلىپ بەرگىن، بۇ ھەق خەۋەردۇر. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئىككىيلەن قۇربانلىق قىلغان ئىدى. ھابىل تەقۋادار بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇنىڭ قۇربانلىقىنى قوبۇل قىلدى، قابىلنىڭ قۇربانلىقىنى قوبۇل قىلمىدى. چۈنكى، ئۇ تەقۋادار ئەمەس ئىدى. قابىل ھابىلغا ھەسەت قىلدى ۋە ئۇنىڭغا: «مەن سېنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن» دېدى. ھابىل ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ: «ئاللاھ پەقەت تەقۋادار بولغان كىشىلەردىن قوبۇل قىلىدۇ» دېدى.

لَئِنۢ بَسَطتَ إِلَيَّ يَدَكَ لِتَقۡتُلَنِي مَآ أَنَا۠ بِبَاسِطٖ يَدِيَ إِلَيۡكَ لِأَقۡتُلَكَۖ إِنِّيٓ أَخَافُ ٱللَّهَ رَبَّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٢٨﴾

28 - ھابىل قېرىندىشى قابىلغا ۋەز - نەسىھەت قىلىپ يەنە مۇنداق دېدى: «ئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ماڭا قول ئۇزاتىدىغان بولساڭ، مەن سېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قول ئۇزاتمايمەن. چۈنكى مەن ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھتىن قورقىمەن».

إِنِّيٓ أُرِيدُ أَن تَبُوٓأَ بِإِثۡمِي وَإِثۡمِكَ فَتَكُونَ مِنۡ أَصۡحَٰبِ ٱلنَّارِۚ وَذَٰلِكَ جَزَٰٓؤُاْ ٱلظَّٰلِمِينَ ٢٩

29 - مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ مېنى ئۆلتۈرگەنلىك گۇناھىڭنى ۋە بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى
گۇناھلىرىڭنى يۈدۈپ (رەببىڭگە) قايتىپ دوزاخ ئەھلىدىن بولۇشۇڭنى تىلەيمەن،
زالىملارنىڭ جازاسى ئەنە شۇدۇر».

فَطَوَّعَتۡ لَهُۥ نَفۡسُهُۥ قَتۡلَ أَخِيهِ فَقَتَلَهُۥ فَأَصۡبَحَ مِنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ ٣٠

30 - نىھايەت، قابىلنىڭ نەپسى ئۇنىڭغا ئۆز قېرىندىشى ھابىلنى ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق
كۆرسەتتى - دە، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. قابىل شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى
دۇنيالىقى ئۈچۈن سېتىۋېتىپ زىيان تارتقانلاردىن بولدى.

فَبَعَثَ ٱللَّهُ غُرَابٗا يَبۡحَثُ فِي ٱلۡأَرۡضِ لِيُرِيَهُۥ كَيۡفَ يُوَٰرِي سَوۡءَةَ أَخِيهِۚ قَالَ يَٰوَيۡلَتَىٰٓ أَعَجَزۡتُ أَنۡ
أَكُونَ مِثۡلَ هَٰذَا ٱلۡغُرَابِ فَأُوَٰرِيَ سَوۡءَةَ أَخِيۖ فَأَصۡبَحَ مِنَ ٱلنَّٰدِمِينَ ٣١

31 - قابىل ئۆز قېرىندىشى ھابىلنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسىتىنى قانداق قىلىش
توغرۇلۇق گاڭگىراپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇنىڭغا قېرىندىشىنىڭ جەسىتىنى
قانداق كۆمۈشنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر قاغا ئەۋەتتى. ئۇ قاغا قابىلغا ئۆلۈكنى قانداق
كۆمۈشنى ئۆگەتمەكچى بولۇپ، بىر ئۆلۈك قاغىنى كۆمۈش ئۈچۈن يەرنى كولاۋاتاتتى.
قابىل بۇنى كۆرۈپ ئەجەبلەنگەن ھالدا: «ۋاي ئىسىت! مەن قېرىندىشىمنىڭ جەسىتىنى
كۆمۈشتە مۇشۇ قاغىچىلىكمۇ بولالماپتىمەنغۇ!» دېدى ۋە قېرىندىشى ھابىلنىڭ جەسىتىنى
كۆمدى. ئۇ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولغاندىن كېيىن، ئاللاھ ئۇنى ھەسرەت - نادامەت
قىلدۇرۇش بىلەن جازالىدى.

مِنۡ أَجۡلِ ذَٰلِكَ كَتَبۡنَا عَلَىٰ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ أَنَّهُۥ مَن قَتَلَ نَفۡسَۢا بِغَيۡرِ نَفۡسٍ أَوۡ فَسَادٖ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَكَأَنَّمَا
قَتَلَ ٱلنَّاسَ جَمِيعٗا وَمَنۡ أَحۡيَاهَا فَكَأَنَّمَآ أَحۡيَا ٱلنَّاسَ جَمِيعٗاۚ وَلَقَدۡ جَآءَتۡهُمۡ رُسُلُنَا بِٱلۡبَيِّنَٰتِ ثُمَّ إِنَّ
كَثِيرٗا مِّنۡهُم بَعۡدَ ذَٰلِكَ فِي ٱلۡأَرۡضِ لَمُسۡرِفُونَ ٣٢

32 - شۇ قاتىللىق جىنايىتى سەۋەبلىك ئىسرائىل ئەۋلادىغا شۇنداق قانۇن بەلگىلىدۇقكى،
كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر
ئادەمنى ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ. بۇ قاتىللىقنىڭ
جازاسىنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئىنتايىن ئېغىرلىقىنى كۆرسىتىدۇ. كىمكى بىر ئادەمنىڭ
ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالسا، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزغاندەك بولىدۇ.
بىرەر ئىنساننىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش بارلىق ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ
قالغانلىق بىلەن باراۋەردۇر. بىزنىڭ پەيغەمبەرلىرىمىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئۆزلىرى
دەۋەت قىلىۋاتقان ئىلاھىي دەۋەتنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى ئېلىپ
كەلگەن ئىدى. ئۇلارغا پەيغەمبەرلەر كەلگەندىن كېيىنمۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ تولىسى ئاللاھ
بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلماي، ئۇ ھارام قىلغان ئىشلارنى قىلىپ، يەر يۈزىدە ھەددىدىن
ئاشقۇچىلاردىن بولدى.

إِنَّمَا جَزَٰٓؤُاْ ٱلَّذِينَ يُحَارِبُونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَيَسۡعَوۡنَ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَسَادًا أَن يُقَتَّلُوٓاْ أَوۡ يُصَلَّبُوٓاْ أَوۡ تُقَطَّعَ
أَيۡدِيهِمۡ وَأَرۡجُلُهُم مِّنۡ خِلَٰفٍ أَوۡ يُنفَوۡاْ مِنَ ٱلۡأَرۡضِۚ ذَٰلِكَ لَهُمۡ خِزۡيٞ فِي ٱلدُّنۡيَاۖ وَلَهُمۡ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ
عَذَابٌ عَظِيمٌ ٣٣

33 - ئاللاھقا قارشى ئۇرۇش ئاچقان، ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلغان، ئۇنىڭ ئەھكاملىرىغا

ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەھكاملىرىغا قارشى چىققان، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، كىشىلەرنىڭ مال - مۈلۈكىنى تارتىۋېلىش قاتارلىق قىلمىشلارنى سادىر قىلىپ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قولى بىلەن سول پۇتى كېسىلىشى ياكى باشقا يۇرتقا پالىنىپ، تەۋبە قىلمىغۇچە شۇ يۇرتنىڭ تۈرمىسىدە جازالىنىشى كېرەك. ئاللاھ بەلگىلىگەن بۇ جازا ئۇلارنى دۇنيادا رەسۋا قىلىدۇ، ئەگەر ئۇلار قىلمىشىغا تەۋبە قىلىپ ئەمەلىنى تۈزەتمىسە، ئاخىرەتتە ئۇلارغا چوڭ ئازاب باردۇر.

إِلَّا ٱلَّذِينَ تَابُواْ مِن قَبۡلِ أَن تَقۡدِرُواْ عَلَيۡهِمۡۖ فَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٣٤﴾

34 - لېكىن يۇقىرىقىلارنىڭ ئىچىدىن سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلىپ يېنىڭلارغا كەلگەنلەر جازادىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. بىلىڭلاركى، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَٱبۡتَغُوٓاْ إِلَيۡهِ ٱلۡوَسِيلَةَ وَجَٰهِدُواْ فِي سَبِيلِهِۦ لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ﴿٣٥﴾

35 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! ئاخىرەتتە جەننەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلىق ھاسىل قىلىشنىڭ يولىنى ئىزدەڭلار، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار.

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَوۡ أَنَّ لَهُم مَّا فِي ٱلۡأَرۡضِ جَمِيعٗا وَمِثۡلَهُۥ مَعَهُۥ لِيَفۡتَدُواْ بِهِۦ مِنۡ عَذَابِ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ مَا تُقُبِّلَ مِنۡهُمۡۖ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿٣٦﴾

36 - ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ نۇرلۇق شەرىئىتىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلار يەر يۈزىدىكى بارلىق نەرسىلەرگە، يەنە شۇنىڭدەك بىر ھەسسە كېلىدىغان نەرسىلەرگە ئىگە بولغان ۋە قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنى فىديە قىلىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ فىديەسى ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇلارغا ئەلەملىك ئازاب بار.

يُرِيدُونَ أَن يَخۡرُجُواْ مِنَ ٱلنَّارِ وَمَا هُم بِخَٰرِجِينَ مِنۡهَاۖ وَلَهُمۡ عَذَابٞ مُّقِيمٞ ﴿٣٧﴾

37 - ئۇ كاپىرلار دوزاختا قاتتىق ئازابلانغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن چىقىپ كەتمەكچى بولىدۇ - يۇ، ئەمما ھەرگىز چىقالمايدۇ، ئۇلارغا ئۈزۈلمەس ئازاب بار.

وَٱلسَّارِقُ وَٱلسَّارِقَةُ فَٱقۡطَعُوٓاْ أَيۡدِيَهُمَا جَزَآءَۢ بِمَا كَسَبَا نَكَٰلٗا مِّنَ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٞ ﴿٣٨﴾

38 - ئى ئىش باشقۇرغۇچىلار! ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ باشقىلارنىڭ پۇل - مېلىنى ھەقسىز يەۋالغان قىلمىشىنى شەرىئەت بويىچە جازالاش، بۇ ئوغرىلارنى خەلقى ئالەمگە ئىبرەت قىلىش ۋە بۇ ئارقىلىق باشقىلارنى بۇنىڭغا ئوخشاش جىنايەت سادىر قىلىشتىن توسۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قوللىرىنى كېسىڭلار، ئاللاھ ئۆز پادىشاھلىقىدا غالىبتۇر، بۇيرۇغانلىرىدا ۋە توسقانلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

فَمَن تَابَ مِنۢ بَعۡدِ ظُلۡمِهِۦ وَأَصۡلَحَ فَإِنَّ ٱللَّهَ يَتُوبُ عَلَيۡهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٌ ﴿٣٩﴾

39 - كىمكى ئوغرىلىق قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلىپ بارلىق ئەمەللىرىنى تۈزەتسە، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ

بەندىلىرىنىڭ گۇناھىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

أَلَمْ تَعْلَمْ أَنَّ ٱللَّهَ لَهُۥ مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ يُعَذِّبُ مَن يَشَآءُ وَيَغْفِرُ لِمَن يَشَآءُ ۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿٤٠﴾

40- ئى پەيغەمبەر! بىلمەمسەنكى، ئاللاھ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ياراتقۇچىسى، باشقۇرغۇچىسى ۋە ئىگىسىدۇر. ئاللاھ نېمىنى خالىسا، ئۇنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىدۇر، خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

۞ يَٰٓأَيُّهَا ٱلرَّسُولُ لَا يَحْزُنكَ ٱلَّذِينَ يُسَٰرِعُونَ فِى ٱلْكُفْرِ مِنَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓا۟ ءَامَنَّا بِأَفْوَٰهِهِمْ وَلَمْ تُؤْمِن قُلُوبُهُمْ ۛ وَمِنَ ٱلَّذِينَ هَادُوا۟ ۛ سَمَّٰعُونَ لِلْكَذِبِ سَمَّٰعُونَ لِقَوْمٍ ءَاخَرِينَ لَمْ يَأْتُوكَ ۖ يُحَرِّفُونَ ٱلْكَلِمَ مِنۢ بَعْدِ مَوَاضِعِهِۦ ۖ يَقُولُونَ إِنْ أُوتِيتُمْ هَٰذَا فَخُذُوهُ وَإِن لَّمْ تُؤْتَوْهُ فَٱحْذَرُوا۟ ۚ وَمَن يُرِدِ ٱللَّهُ فِتْنَتَهُۥ فَلَن تَمْلِكَ لَهُۥ مِنَ ٱللَّهِ شَيْـًٔا ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ لَمْ يُرِدِ ٱللَّهُ أَن يُطَهِّرَ قُلُوبَهُمْ ۚ لَهُمْ فِى ٱلدُّنْيَا خِزْىٌ ۖ وَلَهُمْ فِى ٱلْـَٔاخِرَةِ عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴿٤١﴾

41- ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە دىللىرىدا ئىشەنمەي تۇرۇپ، ئېغىزلىرىدا يالغاندىن ئىمان ئېيتىپ قويىدىغان مۇناپىقلارنىڭ كۇفرىغا ئۆزىنى ئېتىۋاتقانلىقى سېنى ھەرگىز غەمكىن قىلمىسۇن، مەن ئۇلارغا قارشى ساڭا ئەلۋەتتە ياردەم قىلىمەن. يەھۇدىيلارنىڭ سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭنى ئىنكار قىلىشقا ئالدىراپ كېتىۋاتقانلىقىمۇ سېنى غەمكىن قىلمىسۇن، چۈنكى ئۇلار يالغانغا بەكرەك قۇلاق سالىدۇ، جانباقار موللىلىرىنىڭ ئويدۇرۇپ چىقارغان توقۇلمىلىرىغا ئىشىنىدۇ، سېنىڭ سۆھبىتىڭگە ھازىر بولمىغان باشقا بىر قەۋمنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىدۇ. مەزكۇر باشقا قەۋم ئاللاھنىڭ تەۋراتتىكى سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئۇلار: «ئەگەر سىلەرگە مۇھەممەد تەرىپىدىن تەۋراتنىڭ بىز ئۆزگەرتىۋەتكەن ئەھكاملىرىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ھۆكۈملەر كەلسە، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار، ئەگەر بىز دەپ بەرگەن ئەھكاملارغا ئوخشىمايدىغان بىر نەرسە كەلسە، ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار» دەيدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ قانداقلا بىر بەندىسىنىڭ ئازغۇن بولۇشىنى ئىرادە قىلسا، سەن ئۇ ئازغۇنلۇقنى ئۇنىڭدىن ھەرگىز توسۇپ قالالمايسەن، ئۇنى ھىدايەتمۇ قىلالمايسەن. ئاللاھ ئاشۇ مۇناپىقلار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ دىللىرىنى كۇفرىنىڭ پاسكىنىلىقلىرىدىن پاك قىلىشنى خالىمىغان بولۇپ، ئۇلارغا دۇنيادا خارلىق ۋە رەسۋالىق، ئاخىرەتتە بولسا چوڭ ئازاب بار.

سَمَّٰعُونَ لِلْكَذِبِ أَكَّٰلُونَ لِلسُّحْتِ ۚ فَإِن جَآءُوكَ فَٱحْكُم بَيْنَهُمْ أَوْ أَعْرِضْ عَنْهُمْ ۖ وَإِن تُعْرِضْ عَنْهُمْ فَلَن يَضُرُّوكَ شَيْـًٔا ۖ وَإِنْ حَكَمْتَ فَٱحْكُم بَيْنَهُم بِٱلْقِسْطِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُقْسِطِينَ ﴿٤٢﴾

42- ئاشۇ يەھۇدىيلار يالغانغا قۇلاق سېلىش بىلەن ھارام يېيىشنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان كىشىلەردۇر. ئى پەيغەمبەر! ئەگەر ئۇلار سېنىڭ ئالدىڭغا دەۋا سوراپ كەلسە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىپ قويساڭمۇ ياكى ئۇنى رەت قىلساڭمۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشنى رەت قىلساڭ، ئۇلار ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلماقچى بولساڭ، ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلغىن. چۈنكى، ئاللاھ ئادالەت بىلەن ئىش قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

وَكَيْفَ يُحَكِّمُونَكَ وَعِندَهُمُ ٱلتَّوْرَىٰةُ فِيهَا حُكْمُ ٱللَّهِ ثُمَّ يَتَوَلَّوْنَ مِنۢ بَعْدِ ذَٰلِكَ ۚ وَمَآ أُو۟لَـٰٓئِكَ بِٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٤٣﴾

43 - ئەنە شۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئىشى ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىكتۇر. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارنىڭ قولىدا ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەۋرات تۇرۇقلۇق، سەندىن ھۆكۈم تەلەپ قىلىپ كېلىدۇ، ئاندىن سەن چىقارغان ھۆكۈم ئۇلارنىڭ رازى قىلمىسا، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدىغان تۇرۇقلۇق، يەنە قانداقلارچە سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلىدۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شەرىئىتىنى ئىنكار قىلغان، سەن چىقارغان ھۆكۈمدىن كىشىلەر بولۇپ، مۇشۇ ئىللەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن كىشىلەر ھەرگىزمۇ ئاللاھقا ۋە ساڭا ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەردىن ئەمەس.

إِنَّآ أَنزَلْنَا ٱلتَّوْرَىٰةَ فِيهَا هُدًى وَنُورٌ ۚ يَحْكُمُ بِهَا ٱلنَّبِيُّونَ ٱلَّذِينَ أَسْلَمُوا۟ لِلَّذِينَ هَادُوا۟ وَٱلرَّبَّـٰنِيُّونَ وَٱلْأَحْبَارُ بِمَا ٱسْتُحْفِظُوا۟ مِن كِتَـٰبِ ٱللَّهِ وَكَانُوا۟ عَلَيْهِ شُهَدَآءَ ۚ فَلَا تَخْشَوُا۟ ٱلنَّاسَ وَٱخْشَوْنِ وَلَا تَشْتَرُوا۟ بِـَٔايَـٰتِى ثَمَنًا قَلِيلًا ۚ وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْكَـٰفِرُونَ ﴿٤٤﴾

44 - شەكسىزكى، بىز كىشىلەرنى ئازغۇنلۇقتىن ھىدايەتكە چىقىرىدىغان، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەۋراتنى نازىل قىلغان ئىدۇق، ئىتائەتمەن پەيغەمبەرلەر يەھۇدىيلار ئارىسىدا ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلغان، تەۋراتنى ئۆزگەرتىۋەتمىگەن ۋە ئۇنىڭدىكى ئەمر - پەرمانلارغا خىلاپلىق قىلمىغان ئىدى. يەھۇدىيلارنىڭ زاھىتلىرى بىلەن كىشىلەرنى توغرا يولغا سالىدىغان ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان تەۋرات بىلەن ھۆكۈم قىلاتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا تەۋراتنىڭ ئەھكاملىرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشنى ۋە ئۆگىتىشنى تاپشۇرغان. يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىدىكى زاھىتلار بىلەن ئىلىم ئەھلىلىرى پەيغەمبەرلىرىنىڭ يەھۇدىيلار ئىچىدە تەۋراتنىڭ ئەھكاملىرى بىلەن ھۆكۈم قىلغانلىقىغا گۇۋاھ ئىدى. ئاللاھ ئۇلارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئى يەھۇدىي ئالىملىرى! مەن نازىل قىلغان ئەھكاملارنى ئىجرا قىلىشتا كىشىلەردىن قورقماڭلار، چۈنكى، ئۇلار سىلەرگە قىلچە پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. شۇڭا سىلەر مەندىنلا قورقۇڭلار، چۈنكى مەن سىلەرگە بىردىنبىر پايدا - زىيان يەتكۈزگۈچى يېگانە زاتمەن. مېنىڭ ئايەتلىرىمنى دۇنيانىڭ ئەرزىمەس مەنپەئەتىگە سېتىۋەتمەڭلار، ئاللاھنىڭ كىتابى بويىچە ھۆكۈم قىلماسلىق كاپىرلارنىڭ ئەمەللىرىدىندۇر». كىمكى ئاللاھ كىتابىدا نازىل قىلغان ئەھكاملارنى يوشۇرۇش، ئىنكار قىلىش ۋە باشقىسى بىلەن ھۆكۈم قىلىشنى دۇرۇس ساناپ، شۇنداق قىلىش ئارقىلىق بۇرمىلايدىكەن، ئەنە شۇلار كاپىرلاردۇر.

وَكَتَبْنَا عَلَيْهِمْ فِيهَآ أَنَّ ٱلنَّفْسَ بِٱلنَّفْسِ وَٱلْعَيْنَ بِٱلْعَيْنِ وَٱلْأَنفَ بِٱلْأَنفِ وَٱلْأُذُنَ بِٱلْأُذُنِ وَٱلسِّنَّ بِٱلسِّنِّ وَٱلْجُرُوحَ قِصَاصٌ ۚ فَمَن تَصَدَّقَ بِهِۦ فَهُوَ كَفَّارَةٌ لَّهُۥ ۚ وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّـٰلِمُونَ ﴿٤٥﴾

45 - ئىسرائىل ئەۋلادىغا تەۋراتتا شۇنداق بەلگىلىدۇقكى، بىراۋنى ناھەق ئۆلتۈرگەن ئادەم ئۆلتۈرۈلىدۇ، بىراۋنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋەتكەن ئادەمنىڭ كۆزى قۇيۇلىدۇ، بىراۋنىڭ بۇرنىنى كېسىۋەتكەن ئادەمنىڭ بۇرنى كېسىلىدۇ، بىراۋنىڭ قۇلىقىنى كېسىۋەتكەن ئادەمنىڭ قۇلىقى كېسىلىدۇ، بىراۋنىڭ چىشىنى تۆككەننىڭ چىشى تۆكۈلىدۇ، بىرى يەنە بىرىنى قانداق يارىدار قىلغان بولسا، ئۇمۇ شۇنداق يارىدار قىلىنىش بىلەن قىساس ئېلىنىدۇ، كىمكى جىنايەتچىنى ئەپۇ قىلىۋەتسە (يەنى قىساس ئالمىسا)، بۇ ئۇنىڭ گۇناھلىرىغا

كاپارەت بولىدۇ. كىمكى قىساس ۋە باشقا مەسىلىلەردە ئاللاھ نازىل قىلغان ئەھكاملار بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدىن چەتنەپ كېتىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر.

وَقَفَّيْنَا عَلَىٰٓ ءَاثَٰرِهِم بِعِيسَى ٱبْنِ مَرْيَمَ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ ٱلتَّوْرَىٰةِ ۖ وَءَاتَيْنَٰهُ ٱلْإِنجِيلَ فِيهِ هُدًى وَنُورٌ وَمُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ ٱلتَّوْرَىٰةِ وَهُدًى وَمَوْعِظَةً لِّلْمُتَّقِينَ ﴿٤٦﴾

46 - ئىسرائىل ئەۋلادى ئارىسىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ كەينىدىن، مەريەم ئوغلى ئىيسانى ئىلگىرى يەھۇدىيلارغا بېرىلگەن تەۋراتتىكى ھەقىقەتلەرگە ئىمان كەلتۈرگۈچى، ئۇنىڭدىكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان ئەھكاملارغا ئەمەل قىلغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئىيساغا ئىنجىلنى نازىل قىلدۇقكى، ئىنجىل كىشىلەرنى ھەق دىنغا يېتەكلەيدۇ، ئاللاھ نازىل قىلغان ئەھكاملارنى كىشىلەرگە بىلدۈرىدۇ، ئەسلى تەۋرات ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەھكاملارنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولىدۇ. ئۇنى بىز ئاللاھتىن قورقىدىغان كىشىلەرگە ۋەز - نەسىھەت ۋە ئۇلارنى گۇناھ - مەئسىيەتتىن توسقۇچى قىلدۇق.

وَلْيَحْكُمْ أَهْلُ ٱلْإِنجِيلِ بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فِيهِ ۚ وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْفَٰسِقُونَ ﴿٤٧﴾

47 - ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولغان خىرىستىيانلار ئاللاھ نازىل قىلغان ئەھكاملار بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن. كىمكى ئاللاھ نازىل قىلغان ئەھكاملار بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان ئاسىيلاردۇر.

وَأَنزَلْنَآ إِلَيْكَ ٱلْكِتَٰبَ بِٱلْحَقِّ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ ٱلْكِتَٰبِ وَمُهَيْمِنًا عَلَيْهِ ۖ فَٱحْكُم بَيْنَهُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ ۖ وَلَا تَتَّبِعْ أَهْوَآءَهُمْ عَمَّا جَآءَكَ مِنَ ٱلْحَقِّ ۚ لِكُلٍّ جَعَلْنَا مِنكُمْ شِرْعَةً وَمِنْهَاجًا ۚ وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ لَجَعَلَكُمْ أُمَّةً وَٰحِدَةً وَلَٰكِن لِّيَبْلُوَكُمْ فِى مَآ ءَاتَىٰكُمْ ۖ فَٱسْتَبِقُوا۟ ٱلْخَيْرَٰتِ ۚ إِلَى ٱللَّهِ مَرْجِعُكُمْ جَمِيعًا فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ فِيهِ تَخْتَلِفُونَ ﴿٤٨﴾

48 - ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا قۇرئاننى نازىل قىلدۇق. ئۇنىڭدىكى بايانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنىڭ راستلىقىغا ۋە ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدىغان ھەقىقەتلەردۇر. قۇرئان ئۇ كىتابلاردىكى بۇرمىلانمىغان ئەھكاملارنى تەستىقلىغۇچى، بۇرمىلانغانلىرىنى پاش قىلغۇچى ۋە بەزى ئەھكاملارنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى كىتابتۇر. ئى پەيغەمبەر! يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدىن سەندىن ھۆكۈم تەلەپ قىلىپ كەلگەنلەر ئارىسىدا ساڭا نازىل قىلىنغان مۇشۇ قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقىقەتتىن چەتنەپ، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن. (ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى!) بىز ھەربىر ئۈممەتنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن بىر خىل شەرىئەت ۋە ئوپئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، سىلەرنىڭ شەرىئەتلىرىڭلارنى بىر قىلغان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ سىلەرنى سىناپ ئىتائەت قىلغۇچى بىلەن ئاسىيلىق قىلغۇچىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن، سىلەرگە ھەر خىل شەرىئەت تەيىن قىلدى. شۇڭا، سىلەر قۇرئانغا ئىزچىل ئەمەل قىلىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سىلەرگە پايدىلىق بولغان ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىراڭلار. ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر توغرىسىدا ئاللاھ سىلەرگە خەۋەر بېرىدۇ ۋە ھەركىمگە ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بەلگىلەيدۇ.

وَأَنِ ٱحْكُم بَيْنَهُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ وَلَا تَتَّبِعْ أَهْوَآءَهُمْ وَٱحْذَرْهُمْ أَن يَفْتِنُوكَ عَنۢ بَعْضِ مَآ

أَنزَلَ ٱللَّهُ إِلَيۡكَۖ فَإِن تَوَلَّوۡاْ فَٱعۡلَمۡ أَنَّمَا يُرِيدُ ٱللَّهُ أَن يُصِيبَهُم بِبَعۡضِ ذُنُوبِهِمۡۗ وَإِنَّ كَثِيرٗا مِّنَ
ٱلنَّاسِ لَفَٰسِقُونَ ﴿٤٩﴾

49 - ئى پەيغەمبەر! يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، سەندىن ھۆكۈم تەلەپ قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگەشمىگىن، ئۇلارنىڭ سېنى ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان ئەھكاملارنىڭ بىر قىسمىدىن ۋاز كەچتۈرۈشىدىن ھەزەر ئەيلىگىن. ئەگەر ئۇلار سەن چىقارغان ھۆكۈمدىن يۈز ئۆرۈسە، بىلگىنكى، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئاللاھ ئۇلارنى ھىدايەتتىن مەھرۇم قىلىشنى ئىرادە قىلغان. شەكسىزكى، ئىنسانلارنىڭ نۇرغۇنى ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چەتنەپ كەتكۈچىلەردۇر.

أَفَحُكۡمَ ٱلۡجَٰهِلِيَّةِ يَبۡغُونَۚ وَمَنۡ أَحۡسَنُ مِنَ ٱللَّهِ حُكۡمٗا لِّقَوۡمٖ يُوقِنُونَ ﴿٥٠﴾

50 - ئۇ يەھۇدىيلار سېنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇشرىكلار ئادەتلىنىپ كەلگەن جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئازغۇنلۇقى بويىچە ھۆكۈم قىلىپ بېرىشىڭنى تەلەپ قىلىۋاتامدۇ؟ ئۇ ھەرگىز بۇنداق بولمايدۇ. ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىنىڭ ھەق ۋە ئەڭ ئادالەتلىك ئىكەنلىكىگە جەزم قىلىپ ئىشەنگەن قەۋم ئۈچۈن ھۆكۈمدە ئاللاھتىنمۇ ئادالەتلىك كىم بار؟

۞ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَّخِذُواْ ٱلۡيَهُودَ وَٱلنَّصَٰرَىٰٓ أَوۡلِيَآءَۘ بَعۡضُهُمۡ أَوۡلِيَآءُ بَعۡضٖۚ وَمَن
يَتَوَلَّهُم مِّنكُمۡ فَإِنَّهُۥ مِنۡهُمۡۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٥١﴾

51 - ئى ئىمان ئېيتقانلار! يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلارنى مۇئمىنلەرگە قارشى ئۆزۈڭلارغا ئىتتىپاقداش قىلىۋالماڭلار، ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار. چۈنكى، ئۇ يەھۇدىيلار مۇئمىنلەرنىڭ دوستى ئەمەس، بەلكى بىر - بىرىنىڭ دوستىدۇر. خرىستىيانلارمۇ شۇنداق. بۇ ئىككى پىرقە سىلەرگە دۈشمەنلىك قىلىشتا بىرلىشەلەيدۇ. ئى مۇئمىنلەر! سىلەرنىڭ بىر - بىرىڭلار بىلەن ياردەملىشىشىڭلار تېخىمۇ زۆرۈردۇر. كىمكى سىلەردىن ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ شۇ كاپىرلارنىڭ قاتارىدىن سانىلىپ، ئۇنىڭ ھۆكمىمۇ كاپىرلارنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ، شەكسىزكى، ئاللاھ كاپىرلارنى دوست تۇتۇپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

فَتَرَى ٱلَّذِينَ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٞ يُسَٰرِعُونَ فِيهِمۡ يَقُولُونَ نَخۡشَىٰٓ أَن تُصِيبَنَا دَآئِرَةٞۚ فَعَسَى ٱللَّهُ أَن
يَأۡتِيَ بِٱلۡفَتۡحِ أَوۡ أَمۡرٖ مِّنۡ عِندِهِۦ فَيُصۡبِحُواْ عَلَىٰ مَآ أَسَرُّواْ فِيٓ أَنفُسِهِمۡ نَٰدِمِينَ ﴿٥٢﴾

52 - ئاللاھ يەھۇدىيلار بىلەن دوست بولۇشقا ئالدىرىشىۋاتقان بىر توپ مۇناپىقلار ھەققىدە خەۋەر بېرىدۇكى، ئۇلارنىڭ دىللىرى شەك ۋە ئىككى يۈزلىمىچىلىك بىلەن تولغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يەھۇدىيلارغا تەرەپدار بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ: «يەھۇدىيلار غەلىبە قازىنىپ، مۇسۇلمانلار مەغلۇپ بولسا، بىزنىڭمۇ مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە بېشىمىزغا بىرەر پالاكەت كېلىپ قېلىشتىن قورقىمىز» دەيدۇ. ئاللاھ يېقىندا مۇسۇلمانلارغا غەلىبە ئاتا قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ، مۇسۇلمانلارنى ۋە ئىسلامنى كۈچلەندۈرىدۇ، كاپىرلارنى بولسا مەغلۇپ قىلىدۇ، مەككە فەتھى قىلىنىدۇ، ياكى يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان بىر ئىشنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ - دە، ئۇلار مۇئمىنلەرگە بويسۇنىدىغان بولىدۇ. ئۇ چاغدا مۇناپىقلار يەھۇدىيلارنى يوشۇرۇن دوست تۇتقانلىقى ئۈچۈن قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ.

وَيَقُولُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَهَـٰٓؤُلَآءِ ٱلَّذِينَ أَقْسَمُواْ بِٱللَّهِ جَهْدَ أَيْمَـٰنِهِمْ إِنَّهُمْ لَمَعَكُمْ ۚ حَبِطَتْ أَعْمَـٰلُهُمْ
فَأَصْبَحُواْ خَـٰسِرِينَ ﴿٥٣﴾

53 - شۇ چاغدا — ئۇلارنىڭ قىلمىشى پاش قىلىنغاندا — بەزى مۆئمىنلەر مۇناپىقلارنىڭ ھالىغا ئەجەبلەنگەنلىكتىن بىر - بىرىگە قارىشىپ: «بىز چوقۇم سىلەر بىلەن بىللە دەپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن كۈچلۈك قەسەم ئىچكەنلەر مۇشۇلارمۇ؟» دېيىشىدۇ. نەتىجىدە، مۇناپىقلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى بىكار بولۇپ كەتتى. چۈنكى، ئۇلار بۇ ياخشى ئەمەللەرنى ئىمانسىز ھالدا قىلغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَن يَرْتَدَّ مِنكُمْ عَن دِينِهِۦ فَسَوْفَ يَأْتِى ٱللَّهُ بِقَوْمٍ يُحِبُّهُمْ وَيُحِبُّونَهُۥٓ أَذِلَّةٍ
عَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى ٱلْكَـٰفِرِينَ يُجَـٰهِدُونَ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ وَلَا يَخَافُونَ لَوْمَةَ لَآئِمٍ ۚ ذَٰلِكَ فَضْلُ ٱللَّهِ
يُؤْتِيهِ مَن يَشَآءُ ۚ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٌ ﴿٥٤﴾

54 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! سىلەردىن كىمكى دىنىدىن يېنىۋېلىپ، مۇشرىك، يەھۇدىي ياكى خىرىستىيان بولۇپ كېتىدىكەن، ئۇلار ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئاللاھ ئۇزاققا قالماي ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان، ئاللاھمۇ ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغان، مۆئمىنلەرگە شەپقەتلىك، كاپىرلارغا قاتتىق قول، ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى جىھاد قىلىدىغان، بۇ يولدا مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقۇپ قالمايدىغان بىر قەۋمنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. بۇ ئىنئام ئاللاھنىڭ پەزلى بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى خالىغان بەندىسىگە بېرىدۇ، ئاللاھ پەزل - كەرەمى كەڭ زاتتۇر، ئۇ پەزل - كەرەمگە كىمنىڭ تېگىشلىك بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

إِنَّمَا وَلِيُّكُمُ ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱلَّذِينَ يُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤْتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَهُمْ رَٰكِعُونَ ﴿٥٥﴾

55 - ئى مۆئمىنلەر! سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلار ئاللاھتۇر، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر ۋە نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، زاكات بېرىدىغان مۆئمىنلەردۇر. ئۇلار ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر.

وَمَن يَتَوَلَّ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ فَإِنَّ حِزْبَ ٱللَّهِ هُمُ ٱلْغَـٰلِبُونَ ﴿٥٦﴾

56 - كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە مۆئمىنلەرنى ياخشى كۆرسە، شەكسىزكى، ئۇ ئاللاھنىڭ قوشۇنىدۇر. ئاللاھنىڭ قوشۇنى ئەلۋەتتە غالىبتۇر.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَّخِذُواْ ٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ دِينَكُمْ هُزُوًا وَلَعِبًا مِّنَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلْكِتَـٰبَ مِن
قَبْلِكُمْ وَٱلْكُفَّارَ أَوْلِيَآءَ ۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿٥٧﴾

57 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى دىنىڭلارنى مەسخىرە قىلىدىغان ۋە ئۇنى ئويۇن - تاماشا ئورنىدا كۆرىدىغانلارنى ۋە كاپىرلارنى قەتئىي دوست تۇتماڭلار. ئەگەر ھەقىقىي مۆئمىن بولساڭلار ئاللاھتىن قورقۇڭلار.

وَإِذَا نَادَيْتُمْ إِلَى ٱلصَّلَوٰةِ ٱتَّخَذُوهَا هُزُوًا وَلَعِبًا ۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَّا يَعْقِلُونَ ﴿٥٨﴾

58 - ئى مۆئمىنلەر! مۇئەززىن نامازغا ئەزان ئېيتسا، يەھۇدىيلار، خىرىستىيانلار ۋە مۇشرىكلار

سىلەرنىڭ نامازغا چاقىرغىنىڭلارنى مەسخىرە قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار رەببىنى تونۇمايدىغان، ئەقلىنى ئىشلىتىپ نامازنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەنمەيدىغان ئازغۇن قەۋمدۇر.

قُلْ يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ هَلْ تَنقِمُونَ مِنَّآ إِلَّآ أَنْ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيْنَا وَمَآ أُنزِلَ مِن قَبْلُ وَأَنَّ أَكْثَرَكُمْ فَٰسِقُونَ ﴿٥٩﴾

59- ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مەسخىرە قىلغۇچى كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر بىزنىڭ ئاللاھقا، بىزگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ۋە بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا ئىمان ئېيتقانلىقىمىز ۋە سىلەرنىڭ كۆپچىلىكىڭلار توغرا يولدىن چەتنەپ كەتكەنلىكىڭلار ئۈچۈنلا بىزنى ئەيىبلەۋاتامسىلەر؟ ئەمەلىيەتتە سىلەر بىزنى ئەيىبلىگەن ئىش بىز ئۈچۈن ماختاشقا تېگىشلىك پەزىلەتتۇر».

قُلْ هَلْ أُنَبِّئُكُم بِشَرٍّ مِّن ذَٰلِكَ مَثُوبَةً عِندَ ٱللَّهِ ۚ مَن لَّعَنَهُ ٱللَّهُ وَغَضِبَ عَلَيْهِ وَجَعَلَ مِنْهُمُ ٱلْقِرَدَةَ وَٱلْخَنَازِيرَ وَعَبَدَ ٱلطَّٰغُوتَ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ شَرٌّ مَّكَانًا وَأَضَلُّ عَن سَوَآءِ ٱلسَّبِيلِ ﴿٦٠﴾

60- ئى پەيغەمبەر! مۇئمىنلەرگە ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئاشۇ پاسىقلاردىنمۇ قاتتىق ئازابقا قالىدىغانلارنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇلار ئىلگىرىكى يەھۇدىيلار بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلغان ۋە ئۇلارغا قاتتىق غەزەپ قىلغان، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى مايمۇن ۋە توڭگۇزغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن، بىر قىسمىنى شەيتانغا چوقۇنىدىغان قىلىۋەتكەن. ئەنە شۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئورنى (دوزاختىن ئىبارەت) ئىنتايىن يامان جاي بولىدۇ، ئۇلار دۇنيادا توغرا يولدىن بەكمۇ ئېزىپ كەتكەن ئادەملەردۇر».

وَإِذَا جَآءُوكُمْ قَالُوٓا۟ ءَامَنَّا وَقَد دَّخَلُوا۟ بِٱلْكُفْرِ وَهُمْ قَدْ خَرَجُوا۟ بِهِۦ ۚ وَٱللَّهُ أَعْلَمُ بِمَا كَانُوا۟ يَكْتُمُونَ ﴿٦١﴾

61- ئى مۇئمىنلەر! يەھۇدىيلارنىڭ مۇناپىقلىرى يېنىڭلارغا كەلسە، كۇفرىلىقتىن ۋاز كەچمەي تۇرۇپ، «بىز ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ. ئۇلار يېنىڭلارغا دىللىرىدا ئېتىقاد قىلىدىغان كۇفرىلىقى بىلەن كىرىپ، يەنە شۇ كۇفرىلىقىدا چىڭ تۇرغان ھالدا چىقىپ كېتىدۇ. گەرچە ئۇلار ئۇنىڭ ئەكسىنى ئىزھار قىلسىمۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ يوشۇرغانلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ.

وَتَرَىٰ كَثِيرًا مِّنْهُمْ يُسَٰرِعُونَ فِى ٱلْإِثْمِ وَٱلْعُدْوَٰنِ وَأَكْلِهِمُ ٱلسُّحْتَ ۚ لَبِئْسَ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٦٢﴾

62- ئى پەيغەمبەر! سەن يەھۇدىيلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ يالغان ئېيتىشقا، بوھتان چاپلاشقا، ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىغا دۈشمەنلىك قىلىشقا ۋە كىشىلەرنىڭ پۇل - مېلىنى يولسىزلىق قىلىپ يەۋېلىشقا ئالدىراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!

لَوْلَا يَنْهَىٰهُمُ ٱلرَّبَّٰنِيُّونَ وَٱلْأَحْبَارُ عَن قَوْلِهِمُ ٱلْإِثْمَ وَأَكْلِهِمُ ٱلسُّحْتَ ۚ لَبِئْسَ مَا كَانُوا۟ يَصْنَعُونَ ﴿٦٣﴾

63- گۇناھقا ۋە دۈشمەنلىك قىلىشقا ئالدىراۋاتقان ئاشۇ يەھۇدىيلارنى نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ پېشۋا - يېتەكچىلىرى، ئالىم - ئۆلىمالىرى يالغان سۆزلەشتىن، توھمەت چاپلاشتىن ۋە يولسىزلىق قىلىپ كىشىلەرنىڭ پۇل - مېلىنى يەۋېلىشتىن توسمايدۇ؟ ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، يامان ئىشتىن توسۇشتىن ئىبارەت مەجبۇرىيىتىنى ئۇنتۇپ، سادىر قىلغان قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!

وَقَالَتِ ٱلْيَهُودُ يَدُ ٱللَّهِ مَغْلُولَةٌۚ غُلَّتْ أَيْدِيهِمْ وَلُعِنُواْ بِمَا قَالُواْۘ بَلْ يَدَاهُ مَبْسُوطَتَانِ يُنفِقُ كَيْفَ
يَشَآءُۚ وَلَيَزِيدَنَّ كَثِيرًا مِّنْهُم مَّآ أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ طُغْيَٰنًا وَكُفْرًاۚ وَأَلْقَيْنَا بَيْنَهُمُ ٱلْعَدَٰوَةَ
وَٱلْبَغْضَآءَ إِلَىٰ يَوْمِ ٱلْقِيَٰمَةِۚ كُلَّمَآ أَوْقَدُواْ نَارًا لِّلْحَرْبِ أَطْفَأَهَا ٱللَّهُۚ وَيَسْعَوْنَ فِى ٱلْأَرْضِ فَسَادًاۚ وَٱللَّهُ
لَا يُحِبُّ ٱلْمُفْسِدِينَ ﴿٦٤﴾

64 ـ ئاللاھ پەيغەمبىرگە يەھۇدىيلارنىڭ — ئۆز ئارىسىدا يوشۇرغان — بەزى قىلمىشلىرىنى بىلدۈردۈكى، يەھۇدىيلار ئۆز ئارىسىدا: «ئاللاھنىڭ قولى ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىن باغلاقلىقتۇر، ئۇ بىزگە رىزىق بېرىشكە، باياشاتلىق ئاتا قىلىشقا بېخىللىق قىلىدۇ» دېگەن ئىدى. ئۇلار بۇ سۆزنى قەھەتچىلىك بولغان چاغدا دېگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قوللىرى باغلاندى — ياخشى ئىشلارنى قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى—. ئۇلار مۇشۇ كۇفرى سۆزى سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلاندى. ئەمەلىيەتتە ئىش ھەرگىزمۇ بۇ يەھۇدىيلار ئېيتقاندەك ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ئىككى قولى ئوچۇقتۇر، ئاللاھنىڭ پەزلىنى ھېچكىم توسۇۋالالمايدۇ، ئاللاھ ئۆز پەزلى بىلەن خالىغان بەندىسىگە رىزىق بېرىدۇ، ئاللاھ پەزلىنى بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ھېكمەت بىلەن ئاتا قىلىدۇ. يەھۇدىيلار ساڭا ھەسەت قىلغانلىقتىن ۋە ئۆچمەنلىكىدىن كۇفرىلىقتا تېخىمۇ ئەزۋەيلەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ سېنى پەيغەمبەرلىككە تاللىدى. ئاللاھ سېنى شۇنىڭدىن خەۋەردار قىلىدۇكى، يەھۇدىيلار تا قىيامەتكىچە بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك قىلىپ ئۆتىدۇ، بىر ـ بىرىدىن نەپرەتلىنىدۇ، ئۇلار ھەرقاچان مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش ئوتىنى ياقماقچى بولسا، ئاللاھ ئۇنى ئۆچۈرىدۇ، ئۇلار ھەرقانداق بىر پىتنىنى قوزغىماقچى بولسا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى قايتۇرۇۋېتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇۋېتىدۇ، يەھۇدىيلار ھەمىشە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق ۋە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدىغان قىلمىشلار بىلەنلا يۈرىدۇ، ئاللاھ بۇزغۇنچىلارنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ. (بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق ئىككى قولى بارلىقى ئىسپاتلىنىدۇ) .

وَلَوْ أَنَّ أَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ ءَامَنُواْ وَٱتَّقَوْاْ لَكَفَّرْنَا عَنْهُمْ سَيِّـَٔاتِهِمْ وَلَأَدْخَلْنَٰهُمْ جَنَّٰتِ ٱلنَّعِيمِ ﴿٦٥﴾

65 ـ ئەگەر يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتسا، ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى قىلىپ، توسقانلىرىدىن يانسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلاتتۇق، ئۇلارنى ئاخىرەتتە چوقۇم نازۇنېمەتلىك جەننەتكە كىرگۈزەتتۇق.

وَلَوْ أَنَّهُمْ أَقَامُواْ ٱلتَّوْرَىٰةَ وَٱلْإِنجِيلَ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيْهِم مِّن رَّبِّهِمْ لَأَكَلُواْ مِن فَوْقِهِمْ وَمِن تَحْتِ
أَرْجُلِهِمۚ مِّنْهُمْ أُمَّةٌ مُّقْتَصِدَةٌۖ وَكَثِيرٌ مِّنْهُمْ سَآءَ مَا يَعْمَلُونَ ﴿٦٦﴾

66 ـ ئى پەيغەمبەر! ئەگەر ئۇلار تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە ساڭا رەببىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان قۇرئانغا ھەقىقىي ئەمەل قىلسا ئىدى، ئۇلار ئەلۋەتتە ھەممە تەرەپتىن رىزىقلاندۇرۇلاتتى، ئۇلارغا مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىپ، ھەر خىل مېۋىلەرنى چىقىرىپ بېرەتتۇق. بۇ پەقەت مۇشۇ دۇنيادىكى مۇكاپاتتۇر. ئەھلى كىتاب ئارىسىدىن توغرا يولدا بولۇپ دىندا مۇستەھكەم تۇرغان بىر تۈركۈم كىشىلەر بار بولسىمۇ، نۇرغۇنلىرى يامان ئىش قىلغان ۋە توغرا يولدىن چەتنەپ كەتكەن كىشىلەردۇر.

۞ يَٰٓأَيُّهَا ٱلرَّسُولُ بَلِّغْ مَآ أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَۖ وَإِن لَّمْ تَفْعَلْ فَمَا بَلَّغْتَ رِسَالَتَهُۥۚ وَٱللَّهُ

يَعْصِمُكَ مِنَ ٱلنَّاسِ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٦٧﴾

67 - ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمەي، ۋەھيىنىڭ بىر قىسمىنى يوشۇرساڭ، سەن ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزمىگەن بولىسەن. (شەكسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ۋەھيىنى ئىنسانىيەتكە تولۇق يەتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى كامىل ئادا قىلغان ئىدى. كىمكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىڭ بىر قىسمىنى يوشۇرۇپ قالغان دەيدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ھەقىقەتەن چوڭ تۆھمەتنى چاپلىغان بولىدۇ). ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ ۋە ساڭا دۈشمەنلىرىڭگە قارشى ياردەم قىلىدۇ، سەن پەقەتلا ھەقىقەتنى تولۇق يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلدۇڭ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەق يولدىن ئاداشقان، سەن ئېلىپ كەلگەن دىنىنى ئىنكار قىلغان قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

قُلْ يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ لَسْتُمْ عَلَىٰ شَىْءٍ حَتَّىٰ تُقِيمُوا۟ ٱلتَّوْرَىٰةَ وَٱلْإِنجِيلَ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيْكُم مِّن رَّبِّكُمْ ۗ وَلَيَزِيدَنَّ كَثِيرًا مِّنْهُم مَّآ أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ طُغْيَٰنًا وَكُفْرًا ۖ فَلَا تَأْسَ عَلَى ٱلْقَوْمِ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٦٨﴾

68 - ئى پەيغەمبەر! يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن قۇرئانغا تولۇق ئەمەل قىلمىغۇچە، سىلەر ھەق دىندىن ھېچ نەرسىدە ئەمەسسىلەر». قۇرئاننىڭ ساڭا نازىل قىلىنغانلىقى يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىنى ۋە ئىنكارچىلىقىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ساڭا ھەسەت قىلىشىدۇ، ئاللاھنىڭ سېنى ئاخىرقى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقارغانلىقى ئۇلارنىڭ ئوغىسىنى قايىنتىدۇ. ئى پەيغەمبەر ئۇلارنىڭ ئىنكارچىلىقىغا ھەرگىز قايغۇرمىغىن.

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَٱلَّذِينَ هَادُوا۟ وَٱلصَّٰبِـُٔونَ وَٱلنَّصَٰرَىٰ مَنْ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِ وَعَمِلَ صَٰلِحًا فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿٦٩﴾

69 - ئىمان ئېيتقانلار (يەنى مۇسۇلمانلار)، يەھۇدىيلار، سابىئىيلار (يەنى تۇغۇلۇشتىكى ھالىتى بىلەن قالغان ۋە بىرەر دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار) ۋە ناسارالار (يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى) ئىچىدىن ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىپ، ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا ئاخىرەتتە ھېچقانداق غەم - قايغۇ يوقتۇر، ئۇلار دۇنيادا قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلىرى ئۈچۈنمۇ قايغۇرمايدۇ.

لَقَدْ أَخَذْنَا مِيثَٰقَ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ وَأَرْسَلْنَآ إِلَيْهِمْ رُسُلًا ۖ كُلَّمَا جَآءَهُمْ رَسُولٌۢ بِمَا لَا تَهْوَىٰٓ أَنفُسُهُمْ فَرِيقًا كَذَّبُوا۟ وَفَرِيقًا يَقْتُلُونَ ﴿٧٠﴾

70 - شەكسىزكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن تەۋراتتىكى ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىش توغرۇلۇق چىن ۋەدە ئالغان ۋە ئۇلارغا بۇنى بايان قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ئىدۇق. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىدىن ئېلىنغان ئەھدىنى بۇزدى ۋە ھاۋايى ھەۋەسلىرىگە ئەگەشتى، ئۇلارغا ھەر قاچان بىرەر پەيغەمبەر ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشىغا ياقمايدىغان

بىر نەرسىنى (بىرەر ئەھكامنى) ئېلىپ كەلسە، ئۇلار بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئىنكار قىلدى، يەنە بىر قىسمىنى ئۆلتۈردى.

وَحَسِبُوٓاْ أَلَّا تَكُونَ فِتۡنَةٞ فَعَمُواْ وَصَمُّواْ ثُمَّ تَابَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِمۡ ثُمَّ عَمُواْ وَصَمُّواْ كَثِيرٞ مِّنۡهُمۡۚ وَٱللَّهُ
بَصِيرُۢ بِمَا يَعۡمَلُونَ ﴿٧١﴾

71- ئاشۇ گۇناھكارلار ئاللاھ بىزنى ئاسىيلىقىمىز ۋە بارچە يامان قىلمىشىمىز تۈپەيلى جازالىمايدۇ، دەپ ئويلاپ، يامان ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى، ھەقىقەت ئالدىدا كور ۋە گاس بولۇۋېلىپ، ھىدايەتتىن يۈز ئۆرىدى ۋە ھىدايەتنىڭ دەلىللىرىنى كۆرمىدى، ھەقىقەتنىڭ ساداسىنى ئاڭلاشنى خالىمىدى، شۇنىڭ بىلەن ھىدايەتتىن مەھرۇم قالدى، ئاندىن ئاللاھ ئۇلارغا ئازابىنى چۈشۈردى. ئۇلار تەۋبە قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى ئۆزلىرىگە ھەقىقەت ئېنىق بولغاندىن كېيىن، يەنە كور ۋە گاس بولۇۋالدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ئاخىرەتتە ئۇلارنى شۇنىڭغا ئاساسەن جازالايدۇ.

لَقَدۡ كَفَرَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡمَسِيحُ ٱبۡنُ مَرۡيَمَۖ وَقَالَ ٱلۡمَسِيحُ يَٰبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ
رَبِّي وَرَبَّكُمۡۖ إِنَّهُۥ مَن يُشۡرِكۡ بِٱللَّهِ فَقَدۡ حَرَّمَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِ ٱلۡجَنَّةَ وَمَأۡوَىٰهُ ٱلنَّارُۖ وَمَا لِلظَّٰلِمِينَ مِنۡ
أَنصَارٖ ﴿٧٢﴾

72- ئاللاھ قەسەم بىلەن تەكىتلەيدۇكى، «ئاللاھ مەريەم ئوغلى ئىيسادۇر» دېگۈچىلەر مۇشۇ سۆزى بىلەن راستتىنلا كاپىر بولدى. ئاللاھ خەۋەر بېرىدۇكى، ئىيسا ئۆز ۋاقتىدا ئىسرائىل ئەۋلادىغا: «ئاللاھقا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىڭلار، مەن بىلەن سىلەر ئاللاھقا بەندىچىلىكتە ئوخشاشىمىز، كىمكى ئاللاھقا قوشۇپ يەنە بىر مەبۇدقا ئىبادەت قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، ئۇنى دوزاختىن قۇتقۇزۇپ قويىدىغان بىرەر مەدەتكار بولمايدۇ» دېگەن ئىدى.

لَّقَدۡ كَفَرَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ ثَالِثُ ثَلَٰثَةٖۘ وَمَا مِنۡ إِلَٰهٍ إِلَّآ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞۚ وَإِن لَّمۡ يَنتَهُواْ عَمَّا يَقُولُونَ
لَيَمَسَّنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنۡهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٧٣﴾

73- شەكسىزكى، خىرىستىيانلارنىڭ ئارىسىدىكى «ئاللاھ: ئاتا، بالا ۋە رۇھۇلقۇددۇس قاتارلىق ئۈچتىن تەركىپ تاپقان» دېگۈچىلەر ھەقىقەتەن كاپىر بولدى. ئۇ خىرىستىيانلار بىر ئىلاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تۇغۇلمىغان ۋە بالىلىق بولمىغان زات ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟ ئەگەر ئۇلار ئېيتىۋاتقان بۇ كۇفرى سۆزلىرىدىن يانمىسا، ئۇلار كۇفرىلىقى تۈپەيلى قاتتىق ئازابقا قالىدۇ.

أَفَلَا يَتُوبُونَ إِلَى ٱللَّهِ وَيَسۡتَغۡفِرُونَهُۥۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٧٤﴾

74- ئاشۇ خىرىستىيانلار ئاللاھقا قايتىپ، ئېيتقان سۆزلىرىگە تەۋبە قىلمامدۇ؟ گۇناھلىرىغا مەغپىرەت تەلەپ قىلمامدۇ؟ ھالبۇكى، ئاللاھ تەۋبە قىلغان بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

مَّا ٱلۡمَسِيحُ ٱبۡنُ مَرۡيَمَ إِلَّا رَسُولٞ قَدۡ خَلَتۡ مِن قَبۡلِهِ ٱلرُّسُلُ وَأُمُّهُۥ صِدِّيقَةٞۖ كَانَا يَأۡكُلَانِ
ٱلطَّعَامَۗ ٱنظُرۡ كَيۡفَ نُبَيِّنُ لَهُمُ ٱلۡأٓيَٰتِ ثُمَّ ٱنظُرۡ أَنَّىٰ يُؤۡفَكُونَ ﴿٧٥﴾

75 - مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاشلا بىر پەيغەمبەردۇر.
ئۇنىڭ ئانىسى ناھايىتى راستچىل ئايال ئىدى، ئۇ ئىككىسى باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاشلا
تاماق يېيىشكە موھتاج ئىدى. ياشاش ئۈچۈن تاماق يېيىشكە ئېھتىياجلىق بولغان بىرى
ھەرگىزمۇ ئىلاھ بولالمايدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ كاپىرلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئويلاپ
باققىن، بىز ئۇلارغا ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ بەزى
پەيغەمبەرلەرنى ئىلاھ قىلىۋېلىشىنىڭ ئازغۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل
- پاكىتلارنى تولۇق بايان قىلىپ بەردۇق. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىز
يېتەكلىگەن ھەقىقەتتىن قانداق باش تارتىۋاتقانلىقىغا قارىغىن.

قُلْ أَتَعْبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَمْلِكُ لَكُمْ ضَرًّا وَلَا نَفْعًا ۚ وَٱللَّهُ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٧٦﴾

76 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر قانداقلارچە، سىلەرگە پايدا
يەتكۈزەلمەيدىغان، سىلەرنى زىياندىنمۇ توسۇپ قالالمايدىغان نەرسىلەرنى (ئىبادەتتە)
ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالىسىلەر؟». ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ
تۇرغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

قُلْ يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ لَا تَغْلُوا۟ فِى دِينِكُمْ غَيْرَ ٱلْحَقِّ وَلَا تَتَّبِعُوٓا۟ أَهْوَآءَ قَوْمٍ قَدْ ضَلُّوا۟ مِن قَبْلُ
وَأَضَلُّوا۟ كَثِيرًا وَضَلُّوا۟ عَن سَوَآءِ ٱلسَّبِيلِ ﴿٧٧﴾

77 - ئى پەيغەمبەر! خىرىستىيانلارغا ئېيتقىنكى، «ئىيسا توغرىسىدىكى ئېتىقادىڭلاردا
ھەقىقەتتىن چەتنەپ كەتمەڭلار، يەھۇدىيلارغا ئوخشاش دىن ئىشىدا ئۆزۈڭلارنىڭ نەپسى
خاھىشىغا ئەگەشمەڭلار. يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ ئازغۇنلۇققا
پېتىپ قالدى، ئۇلار ئۆزلىرى ئازغاننى ئاز دېگەندەك نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ كاپىر
قىلىۋەتتى، نەتىجىدە ھەممىسى توغرا يولدىن ئېزىپ ئازغۇنلۇق يولىغا كىرىپ كەتتى».

لُعِنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِنۢ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ عَلَىٰ لِسَانِ دَاوُۥدَ وَعِيسَى ٱبْنِ مَرْيَمَ ۚ ذَٰلِكَ بِمَا عَصَوا۟
وَّكَانُوا۟ يَعْتَدُونَ ﴿٧٨﴾

78 - ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىن چىققان كاپىرلارغا قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن داۋۇد
ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان زەبۇردا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ئىنجىلدا
لەنەت قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنى ئۆز رەھمىتىدىن يىراق قىلغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىدۇ.

كَانُوا۟ لَا يَتَنَاهَوْنَ عَن مُّنكَرٍ فَعَلُوهُ ۚ لَبِئْسَ مَا كَانُوا۟ يَفْعَلُونَ ﴿٧٩﴾

79 - چۈنكى ئاشۇ يەھۇدىيلار ئوچۇق ئاشكارا يامان ئىشلارنى قىلاتتى، يامان ئىشلارغا رازى
بولۇپ سۈكۈت قىلاتتى، ئۇلار بىر - بىرىنى ھېچقانداق يامان ئىشتىن توسمايتتى. مانا
بۇ ئۇلارنىڭ يامان ئەمەللىرى بولۇپ، ئۇلار مۇشۇ يامان ئەمەللىرى سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ
رەھمىتىدىن قوغلىنىشقا تېگىشلىك بولدى.

تَرَىٰ كَثِيرًا مِّنْهُمْ يَتَوَلَّوْنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ۚ لَبِئْسَ مَا قَدَّمَتْ لَهُمْ أَنفُسُهُمْ أَن سَخِطَ ٱللَّهُ عَلَيْهِمْ
وَفِى ٱلْعَذَابِ هُمْ خَٰلِدُونَ ﴿٨٠﴾

80 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ يەھۇدىيلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ مۇشرىكلارنى دوست تۇتقانلىقىنى
كۆرىسەن. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى نېمىدېگەن يامان! ئۇلار مۇشۇ قىلمىشى سەۋەبلىك
ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىدى ۋە مەڭگۈلۈك دوزاختا قېلىشقا تېگىشلىك بولدى.

وَلَوۡ كَانُواْ يُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلنَّبِيِّ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيۡهِ مَا ٱتَّخَذُوهُمۡ أَوۡلِيَآءَ وَلَٰكِنَّ كَثِيرٗا مِّنۡهُمۡ فَٰسِقُونَ ﴿٨١﴾

81- مۇشرىكلارغا ياردەم قىلىۋاتقان ئاشۇ يەھۇدىيلار ئەگەر ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئاللاھ ئۇنىڭغا نازىل قىلغان قۇرئانغا ئىمان ئېيتقان بولسا ئىدى، ئۇلار ھەرگىزمۇ كاپىرلارنى ئۆزلىرىگە دوست ۋە ياردەملەشكۈچى قىلىۋالمىغان بولاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقۇچىلاردۇر.

۞ لَتَجِدَنَّ أَشَدَّ ٱلنَّاسِ عَدَٰوَةٗ لِّلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱلۡيَهُودَ وَٱلَّذِينَ أَشۡرَكُواْۖ وَلَتَجِدَنَّ أَقۡرَبَهُم مَّوَدَّةٗ لِّلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱلَّذِينَ قَالُوٓاْ إِنَّا نَصَٰرَىٰۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّ مِنۡهُمۡ قِسِّيسِينَ وَرُهۡبَانٗا وَأَنَّهُمۡ لَا يَسۡتَكۡبِرُونَ ﴿٨٢﴾

82- ئى پەيغەمبەر! سەن يەھۇدىيلار بىلەن مۇشرىكلارنىڭ ساڭا ئىمان ئېيتقان ۋە ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بايقايسەن. بۇ ئاشۇ يەھۇدىيلارنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى، ئىنكارچىلىقى ۋە ھەقىقەتنى كۆزگە ئىلماسلىقى تۈپەيلىدىن ئىدى. «بىز ناسارا»[1] دېگەن كىشىلەرنىڭ دوستلۇق جەھەتتە مۇئمىنلەرگە ھەممىدىن يېقىن ئىكەنلىكىنىمۇ چوقۇم بايقايسەن. بۇنداق بولۇشى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆز دىنىغا سادىق ئۆلىمالارنىڭ، ئىبادەت بىلەن بولىدىغان راھىبلارنىڭ بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتمايدىغانلىقىدىندۇر. ئەنە شۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەردۇر.

وَإِذَا سَمِعُواْ مَآ أُنزِلَ إِلَى ٱلرَّسُولِ تَرَىٰٓ أَعۡيُنَهُمۡ تَفِيضُ مِنَ ٱلدَّمۡعِ مِمَّا عَرَفُواْ مِنَ ٱلۡحَقِّۖ يَقُولُونَ رَبَّنَآ ءَامَنَّا فَٱكۡتُبۡنَا مَعَ ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿٨٣﴾

83- ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر پىرقە كىشىلەرنىڭ قۇرئان ئايەتلىرىنى ئاڭلىغان چاغدا، ئۇنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكتىن، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ ئۆزلىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى قاتارىدا قىيامەت كۈنىدە باشقا ئۈممەتلەرگە گۇۋاھ بولۇش شەرىپىگە ئىگە قىلىشىنى تىلەيدۇ.

وَمَا لَنَا لَا نُؤۡمِنُ بِٱللَّهِ وَمَا جَآءَنَا مِنَ ٱلۡحَقِّ وَنَطۡمَعُ أَن يُدۡخِلَنَا رَبُّنَا مَعَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٨٤﴾

84- ئۇلار دەيدۇكى، «بىزنىڭ ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەنلىكىمىز، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھتىن كەلگەن ھەق دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىمىز، رەببىمىزنىڭ بىزنى ئاخىرەتتە ئىتائەتمەن بەندىلىرى قاتارىدا جەننەتكە كىرگۈزۈشىنى ئۈمىد قىلغانلىقىمىز قانداقمۇ مالامەتكە تېگىشلىك ئىش بولۇپ قالسۇن؟!».

فَأَثَٰبَهُمُ ٱللَّهُ بِمَا قَالُواْ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَاۚ وَذَٰلِكَ جَزَآءُ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿٨٥﴾

85- ئۇلارنىڭ ئۆز ئىمانى بىلەن ئىپتىخارلىنىپ ئېيتقان سۆزلىرى ۋە ئاللاھنىڭ ئىتائەتمەن

---

[1] بۇ ئايەتتىكى «ناسارا» دېگەن سۆزدىن خىرىستىيانلار ئارىسىدىكى ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر دەپ ئېتىراپ قىلىدىغان پىرقە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇلارنىڭ ھەبەشىستاندىن كەلگەن ئەقىدىسى دۇرۇس خىرىستىيانلار ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

بەندىلىرى قاتارىدىن بولۇشنى تىلىگەنلىكلىرى يۈزىسىدىن، ئاللاھ ئۇلارنى قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل - دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ سۆزدە ۋە ئەمەلدە سەممىي بولۇپ، مۇكەممەل ئىش قىلغانلىقىغا بېرىلىدىغان مۇكاپاتتۇر.

وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَكَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَآ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَحِيمِ ﴿٨٦﴾

86 ـ ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ۋە
بىز پەيغەمبەرلىرىمىزگە نازىل قىلغان ئايەتلىرىمىزنى يالغان دېگەنلەرگە كەلسەك، ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تُحَرِّمُواْ طَيِّبَٰتِ مَآ أَحَلَّ ٱللَّهُ لَكُمۡ وَلَا تَعۡتَدُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُعۡتَدِينَ ﴿٨٧﴾

87 ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ سىلەرگە ھالال قىلغان پاك يېمەك - ئىچمەكلەرنى،
ئاياللارغا ئۆيلىنىشنى ئۆزۈڭلارغا ھارام قىلىۋالماڭلار. بۇنداق قىلساڭلار ئاللاھ بەرگەن كەڭچىلىكنى تارلاشتۇرۇۋالغان بولىسىلەر. ئاللاھ بەلگىلىگەن چەكتىن ئاشماڭلار. چۈنكى ئاللاھ چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ.

وَكُلُواْ مِمَّا رَزَقَكُمُ ٱللَّهُ حَلَٰلٗا طَيِّبٗاۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ ٱلَّذِيٓ أَنتُم بِهِۦ مُؤۡمِنُونَ ﴿٨٨﴾

88 ـ ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال، پاك نەرسىلەردىن يەڭلار،
ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش، توسقانلىرىنى تاشلاش بىلەن ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار. چۈنكى، سىلەرنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىمانىڭلار ئاللاھتىن قورقۇشۇڭلارنى ۋە ئاللاھنىڭ سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارماسلىقىڭلارنى تەقەززا قىلىدۇ.

لَا يُؤَاخِذُكُمُ ٱللَّهُ بِٱللَّغۡوِ فِيٓ أَيۡمَٰنِكُمۡ وَلَٰكِن يُؤَاخِذُكُم بِمَا عَقَّدتُّمُ ٱلۡأَيۡمَٰنَۖ فَكَفَّٰرَتُهُۥٓ إِطۡعَامُ عَشَرَةِ مَسَٰكِينَ مِنۡ أَوۡسَطِ مَا تُطۡعِمُونَ أَهۡلِيكُمۡ أَوۡ كِسۡوَتُهُمۡ أَوۡ تَحۡرِيرُ رَقَبَةٖۖ فَمَن لَّمۡ يَجِدۡ فَصِيَامُ ثَلَٰثَةِ أَيَّامٖۚ ذَٰلِكَ كَفَّٰرَةُ أَيۡمَٰنِكُمۡ إِذَا حَلَفۡتُمۡۚ وَٱحۡفَظُوٓاْ أَيۡمَٰنَكُمۡۚ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمۡ ءَايَٰتِهِۦ لَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ﴿٨٩﴾

89 ـ ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھ سىلەرنى قەسەم قىلىشنى مەقسەت قىلمىغان ھالدا، «ۋەللاھى»
دېگەنگە ئوخشاش قەسەم سۆزىنى ئېيتقىنىڭلار سەۋەبلىك جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، لېكىن رەسمىي قىلغان قەسىمىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى جاۋابكارلىققا تارتىدۇ، رەسمىي قىلغان قەسەمنى بۇزساڭلار، ئاللاھ بۇنىڭ گۇناھىنى ئۆزى بۇيرۇغان بەزى ئىشلارنى قىلغان كىشىدىن مەغپىرەت قىلىدۇ. مەسىلەن: ئائىلەڭلاردىكىلەرگە بېرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىننى بىر ۋاخ غىزالاندۇرۇش ياكى ئۇلارغا بىر قۇردىن كىيىم بېرىش ۋەياكى بىر قۇلنى ئازاد قىلىش قاتارلىقلار. يەنى قەسەم قىلىپ، قەسىمىدە تۇرالمىغان ئادەم مۇشۇ ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنى قىلىش ئارقىلىق قەسەمنى بۇزغانلىقنىڭ گۇناھىدىن قۇتۇلىدۇ. كىمكى بۇنداق قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى لازىم. مانا بۇ سىلەر قەسەم قىلىپ بۇزۇۋەتكەن قەسىمىڭلارنىڭ كاپارىتىدۇر. ئى مۇسۇلمانلار! قەسىمىڭلارغا رىئايە قىلىڭلار، يەنى قەسەم قىلماڭلار، ئەگەر قەسەم قىلساڭلار ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىڭلار، قەسىمىڭلارنى بۇزۇۋەتكەن ئەھۋالدا يۇقىرىقى ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنى قىلىپ كاپارەت تۆلەڭلار. ئاللاھ سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغانلىقىغا

شۈكۈر قىلسۇن دەپ، دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى بايان قىلىپ بەرگەندەك، قەسەمنىڭ ھۆكۈمىنىمۇ ئەنە شۇنداق بايان قىلىپ بېرىدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِنَّمَا ٱلْخَمْرُ وَٱلْمَيْسِرُ وَٱلْأَنصَابُ وَٱلْأَزْلَٰمُ رِجْسٌ مِّنْ عَمَلِ ٱلشَّيْطَٰنِ فَٱجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ﴿٩٠﴾

90- ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، مۇشرىكلار ئىلاھ دەپ تىكلىۋالغان نەرسىلەرگە چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، جەننەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن بۇ گۇناھلاردىن يىراق تۇرۇڭلار.

إِنَّمَا يُرِيدُ ٱلشَّيْطَٰنُ أَن يُوقِعَ بَيْنَكُمُ ٱلْعَدَٰوَةَ وَٱلْبَغْضَآءَ فِى ٱلْخَمْرِ وَٱلْمَيْسِرِ وَيَصُدَّكُمْ عَن ذِكْرِ ٱللَّهِ وَعَنِ ٱلصَّلَوٰةِ ۖ فَهَلْ أَنتُم مُّنتَهُونَ ﴿٩١﴾

91- شەيتان سىلەرگە ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش قاتارلىق گۇناھلارنى چىرايلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى مەست قىلىش، قىمار بىلەن مەشغۇل قىلىپ قويۇش ئارقىلىق ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن، خۇسۇسەن، نامازدىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى ھاراق بىلەن قىماردىن دەرھال يېنىڭلار.

وَأَطِيعُوا۟ ٱللَّهَ وَأَطِيعُوا۟ ٱلرَّسُولَ وَٱحْذَرُوا۟ ۚ فَإِن تَوَلَّيْتُمْ فَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّمَا عَلَىٰ رَسُولِنَا ٱلْبَلَٰغُ ٱلْمُبِينُ ﴿٩٢﴾

92- ئى مۇسۇلمانلار! قىلىشقا تېگىشلىك ۋە قىلماسلىققا تېگىشلىك بارلىق ئىشلىرىڭلاردا ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئاللاھ بۇيرۇغاننى قىلىپ، توسقاننى تاشلاڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار. ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ، ئاللاھ توسقان ئىشلارنى قىلساڭلار، بىلىڭلاركى، ئەلچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەتلا دىنىنى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر.

لَيْسَ عَلَى ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ جُنَاحٌ فِيمَا طَعِمُوٓا۟ إِذَا مَا ٱتَّقَوا۟ وَّءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ ثُمَّ ٱتَّقَوا۟ وَّءَامَنُوا۟ ثُمَّ ٱتَّقَوا۟ وَّأَحْسَنُوا۟ ۗ وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٩٣﴾

93- ھاراق ھارام قىلىنىشتىن ئىلگىرى ھاراق ئىچكەن كىشىلەر ئەگەر ھاراق ئىچىشنى ۋە بارلىق ھارام ئىشلارنى تاشلاپ ئىمان ئېيتسا ۋە شۇ ئىمانىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، ئاندىن ھارامدىن داۋاملىق ساقلىنىپ ئىمانىدا چىڭ تۇرسا ۋە ئاللاھنىڭ ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېسىدىن چىقارماي، ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئەمەل قىلىدىغان بولسا، ئۇلار ئىلگىرى ھاراق ئىچكەنلىكى سەۋەبلىك گۇناھكار بولمايدۇ. ئاللاھ قېتىرقىنىپ، ئىخلاس بىلەن ئەمەل قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَيَبْلُوَنَّكُمُ ٱللَّهُ بِشَىْءٍ مِّنَ ٱلصَّيْدِ تَنَالُهُۥٓ أَيْدِيكُمْ وَرِمَاحُكُمْ لِيَعْلَمَ ٱللَّهُ مَن يَخَافُهُۥ بِٱلْغَيْبِ ۚ فَمَنِ ٱعْتَدَىٰ بَعْدَ ذَٰلِكَ فَلَهُۥ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٩٤﴾

94- ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! ھېچقابداق ئادەم بولمىغان خىلۋەت جايلاردىمۇ ئاللاھتىن

قورقىدىغانلارنى ئايرىش ئۈچۈن، ئاللاھ چوقۇم سىلەرنى ئېھرام باغلاقلىق چېغىڭلاردا
ئوۋ ئوۋلاشتىن، ھەتتا قولۇڭلار ۋە نەيزەڭلار بىلەن ئاسانلا ئوۋلىغىلى بولىدىغان ئوۋنىمۇ
ئوۋلاشتىن مەنئىي قىلىش ئارقىلىق سىنايدۇ. كىمكى بۇ باياندىن كېيىن، ھەددىدىن
ئېشىپ ئۆزى ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلايدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازابقا تېگىشلىك بولىدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَقْتُلُواْ ٱلصَّيْدَ وَأَنتُمْ حُرُمٌۚ وَمَن قَتَلَهُۥ مِنكُم مُّتَعَمِّدًا فَجَزَآءٌ مِّثْلُ
مَا قَتَلَ مِنَ ٱلنَّعَمِ يَحْكُمُ بِهِۦ ذَوَا عَدْلٍ مِّنكُمْ هَدْيًۢا بَٰلِغَ ٱلْكَعْبَةِ أَوْ كَفَّٰرَةٌ طَعَامُ مَسَٰكِينَ
أَوْ عَدْلُ ذَٰلِكَ صِيَامًا لِّيَذُوقَ وَبَالَ أَمْرِهِۦۗ عَفَا ٱللَّهُ عَمَّا سَلَفَۚ وَمَنْ عَادَ فَيَنتَقِمُ ٱللَّهُ مِنْهُۚ
وَٱللَّهُ عَزِيزٌ ذُو ٱنتِقَامٍ ﴿٩٥﴾

95 - ئى ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل
قىلىدىغان كىشىلەر! سىلەر ھەجگە ياكى ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغان ياكى ھەرەمنىڭ
چېگراسى ئىچىدە تۇرغان چېغىڭلاردا قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنى ئۆلتۈرمەڭلار. سىلەردىن
كىمكى بىرەر قۇرۇقلۇق ھايۋىنىنى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، بۇنىڭ جازاسى ئاراڭلاردىن
ئادالەتلىك ئىككى كىشىنىڭ باھالىشى بىلەن تۆگە، كالا ۋە قوي قاتارلىق چارۋىلاردىن
ھېلىقى ئۆلتۈرۈلگەن ئوۋغا تەڭداش كېلىدىغان بىرىنى كەئبىگە ئېلىپ بېرىپ
بوغۇزلاپ، مەككىنىڭ پېقىرلىرىغا تارقىتىپ بېرىشتۇر ياكى ئۇنىڭ قىممىتىگە ئاشلىق
سېتىۋېلىپ، ھەرەمنىڭ پېقىرلىرىدىن ھەربىر پېقىرغا بىر سا[1] دىن تارقىتىپ بېرىش
ياكى ھەربىر پېقىرغا بېرىدىغان ئاشلىقنىڭ ئورنىغا بىر كۈندىن روزا تۇتۇشتۇر. ئاللاھ
بۇ جازانى يۇقىرىقى قىلمىشىنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن پەرز قىلدى. ئېھرامدا تۇرۇپ
قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنى ئوۋلاش ھارام قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئوۋلىغانلارنىڭ قىلمىشىنى
ئاللاھ ئەپۇ قىلدى. كىمكى بۇ ئىشنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ قىلسا، ئۇ
ئۆزىنى ئاللاھنىڭ جازاسىغا تۇتقان بولىدۇ. ئاللاھ كۈچلۈكتۇر، پادىشاھلىقىدا غالىبتۇر،
ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى خالىغان چاغدا جازالىغۇچىدۇر، ئاللاھنىڭ ئىشىغا
ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ.

أُحِلَّ لَكُمْ صَيْدُ ٱلْبَحْرِ وَطَعَامُهُۥ مَتَٰعًا لَّكُمْ وَلِلسَّيَّارَةِۖ وَحُرِّمَ عَلَيْكُمْ صَيْدُ ٱلْبَرِّ مَا دُمْتُمْ
حُرُمًاۗ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ ٱلَّذِيٓ إِلَيْهِ تُحْشَرُونَ ﴿٩٦﴾

96 - ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھ سىلەرنىڭ ۋە يولۇچىلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن، سىلەرگە
دېڭىز ھايۋانلىرىنى تۇتۇشنى ۋە يېيىشنى ھالال قىلىپ بەردى. ئاللاھ سىلەرگە ھەج ياكى
ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن ئېھرام ئىچىدە بولغان چېغىڭلاردا، قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنى ئوۋلاشنى
ھارام قىلدى. قىيامەت كۈنى ھېساب مەيدانىغا توپلانغاندا ئازابتىن ساقلىنىشىڭلار ۋە
ئاللاھنىڭ كاتتا مۇكاپاتلىرىغا نائىل بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھنىڭ
بۇيرۇغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنداڭلار، ئاللاھ توسقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن يىراق
تۇرۇڭلار.

۞ جَعَلَ ٱللَّهُ ٱلْكَعْبَةَ ٱلْبَيْتَ ٱلْحَرَامَ قِيَٰمًا لِّلنَّاسِ وَٱلشَّهْرَ ٱلْحَرَامَ وَٱلْهَدْيَ وَٱلْقَلَٰٓئِدَۚ ذَٰلِكَ لِتَعْلَمُوٓاْ
أَنَّ ٱللَّهَ يَعْلَمُ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلْأَرْضِ وَأَنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ ﴿٩٧﴾

---

[1] سا — قەدىمقى ئۆلچەكلەردىن بولۇپ، بىر سا كۆپ سانلىق فەقىھلەرنىڭ نەزىرىدە 2.04، ھەنەفىي مەزھىپىدە 3.25 كىلوغا تەڭ.

97 - ئاللاھ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئەسلىتىدۇكى، ئاللاھ ھۆرمەتلىك ئۆيى كەئبىنى ئۇلارنىڭ دىنىنىڭ تۈۋرۈكى، ئۇلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ئامان جاي قىلىپ بەردى. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈردى، ئاللاھ بۇيرۇغان پەرزلەرنى ئورۇندىدى. ئاللاھ ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايلاردا (يەنى زۇلقەئدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم ۋە رەجەب ئايلىرىدا) زوراۋانلىق قىلىشنى، ئۇرۇش ئېچىشنى ھارام قىلدى. شۇڭا بۇ ئايلاردا ھېچكىم ھېچكىمگە چېقىلالمايدۇ. ئاللاھ يەنە ھەرەمگە ئاپىرىپ قۇربانلىق قىلىدىغانماللارغا، بۇ ماللارنىڭ قۇربانلىق ماللار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ بوينىغا ئېسىپ قويۇلغان بويۇنچۇقلارغا چېقىلىشنى ھارام قىلدى. بۇ ئاللاھنىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھقا ھېچقانداق نەرسىنىڭ مەخپىي ئەمەسلىكىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

ٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ وَأَنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٩٨﴾

98 - ئى ئىنسانلار! بىلىڭلاركى، ئاللاھ ئاسىي - گۇناھكارلارغا ھەقىقەتەن ئازابى قاتتىق زاتتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ تەۋبە قىلغان بەندىسىگە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

مَّا عَلَى ٱلرَّسُولِ إِلَّا ٱلۡبَلَٰغُۗ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ مَا تُبۡدُونَ وَمَا تَكۡتُمُونَ ﴿٩٩﴾

99 - پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەتلا كىشىلەرگە دىننى يەتكۈزۈش ۋە ئۇلارغا يول كۆرسىتىشتۇر. توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىش پەقەتلا ئاللاھنىڭ قولىدىدۇر. ئىنسانلار ھىدايەت ياكى ئازغۇنلۇقتىن نېمىنى يوشۇرسا ياكى ئاشكارا قىلسا، ئۇنى ئاللاھ بىلىپ تۇرىدۇ.

قُل لَّا يَسۡتَوِي ٱلۡخَبِيثُ وَٱلطَّيِّبُ وَلَوۡ أَعۡجَبَكَ كَثۡرَةُ ٱلۡخَبِيثِۚ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ يَٰٓأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِ لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ﴿١٠٠﴾

100 - ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسان! گەرچە ناپاك نەرسىلەرنىڭ ۋە ناپاك ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكى سېنى ھەيران قالدۇرسىمۇ، ھەرقانداق نەرسىدە ناپاك بىلەن پاك ھەرگىز باراۋەر ئەمەس، شۇنىڭدەك، كاپىر بىلەن مۇئمىن، ئاسىي بىلەن ئىتائەتمەن، نادان بىلەن ئالىم، بىدئەتچى بىلەن سۈننەتكە ئەمەل قىلغۇچى، ھارام مال بىلەن ھالال مال باراۋەر ئەمەس». ئى ئەقىل ئىگىلىرى! ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىپ، جەننەتكە كىرىشتىن ئىبارەت ئەڭ چوڭ مۇرادىڭلارغا يېتىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىپ، ئۇنىڭغا تەقۋالىق قىلىڭلار.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَسۡـَٔلُواْ عَنۡ أَشۡيَآءَ إِن تُبۡدَ لَكُمۡ تَسُؤۡكُمۡ وَإِن تَسۡـَٔلُواْ عَنۡهَا حِينَ يُنَزَّلُ ٱلۡقُرۡءَانُ تُبۡدَ لَكُمۡ عَفَا ٱللَّهُ عَنۡهَاۗ وَٱللَّهُ غَفُورٌ حَلِيمٞ ﴿١٠١﴾

101 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! سىلەر دىندا بۇيرۇلمىغان ئىشلار توغرۇلۇق سوئال سورىماڭلار. ئەگەر سىلەر ئۇ ئىشلارغا بۇيرۇلساڭلار، سىلەرگە چوقۇم ئېغىر كېلىدۇ. ئەگەر قۇرئان نازىل بولۇۋاتقان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھايات چاغدا ئۇ ئىشلار توغرۇلۇق سورىساڭلار، سىلەرگە ئۇ ئىشلارنىڭ ھۆكمى بىلدۈرۈلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىشلار سىلەرگە پەرز قىلىنسا، ئۇنى ئورۇندىيالمايسىلەر، شۇڭا ئاللاھ بەندىلىرىنى ئاسراپ، ئۇلارغا ئۇ ئىشلارنى پەرز قىلمىدى. ئاللاھ تەۋبە قىلغان بەندىلىرىگە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر،

گۇناھكارلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ.

قَدۡ سَأَلَهَا قَوۡمٞ مِّن قَبۡلِكُمۡ ثُمَّ أَصۡبَحُواْ بِهَا كَٰفِرِينَ ﴿١٠٢﴾

102- سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن بىر قەۋم ئۆز پەيغەمبىرىدىن شۇنداق ئىشلار توغرۇلۇق سوئال سورىغان ئىدى، بۇ ئىشلار ئۇلارغا پەرز قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى ۋە ئورۇندىمىدى. سىلەرمۇ ئاشۇلاردەك بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار.

مَا جَعَلَ ٱللَّهُ مِنۢ بَحِيرَةٖ وَلَا سَآئِبَةٖ وَلَا وَصِيلَةٖ وَلَا حَامٖ وَلَٰكِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يَفۡتَرُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلۡكَذِبَۖ وَأَكۡثَرُهُمۡ لَا يَعۡقِلُونَ ﴿١٠٣﴾

103- بەھىيرە[1]، سائىبە[2]، ۋەسىلە[3] ۋە ھام[4] ناملىق تۆگىلەرنى بۇتلارغا ئاتاشتىن ئىبارەت مۇشرىكلار پەيدا قىلىۋالغان ئادەتنى ئاللاھ بۇيرۇغان ئەمەس، لېكىن كاپىرلار ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇپ، ئاللاھ شۇنداق بۇيرۇغان دەيدۇ. كاپىرلارنىڭ تولىسى ھەقىقەت بىلەن ساختىلىقنىڭ پەرقىنى ئايرىيالمايدۇ.

وَإِذَا قِيلَ لَهُمۡ تَعَالَوۡاْ إِلَىٰ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ وَإِلَى ٱلرَّسُولِ قَالُواْ حَسۡبُنَا مَا وَجَدۡنَا عَلَيۡهِ ءَابَآءَنَآۚ أَوَلَوۡ كَانَ ءَابَآؤُهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ شَيۡـٔٗا وَلَا يَهۡتَدُونَ ﴿١٠٤﴾

104- ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھارام قىلىۋالغان ئاشۇ كاپىرلارغا: «ئاللاھ نازىل قىلغان قۇرئانغا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرگە ھالال - ھارام مەسىلىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ» دېيىلسە، ئۇلار: «بىزگە ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئادەتلىرى ۋە سۆزلىرى يېتەرلىكتۇر» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ۋە ھىدايەت تاپمىغان ئادەملەر تۇرسا؟ بۇ مۇشرىكلار قانداقلارچە ئۇلارغا ئەگىشىدۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىدىنمۇ ئازغۇن ۋە نادان ئادەملەرگە ئەگەشمەكتە.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ عَلَيۡكُمۡ أَنفُسَكُمۡۖ لَا يَضُرُّكُم مَّن ضَلَّ إِذَا ٱهۡتَدَيۡتُمۡۚ إِلَى ٱللَّهِ مَرۡجِعُكُمۡ جَمِيعٗا فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿١٠٥﴾

105- ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، كىشىلەر سىلەرگە ئەگەشمىگەن تەقدىردىمۇ، سىلەر توغرا يولدا مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇڭلار. سىلەر توغرا يولدا بولساڭلار، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيىتىڭلارنى ئادا قىلساڭلار، توغرا يولدىن ئازغانلارنىڭ ئازغۇنلۇقى سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاخىرەتتە ھەممىڭلارنىڭ

---

[1] بەھىرە - بەشنى تۇغقان، بەشىنچىسىنى چىشى تۇغقان ھىنگان تۆگە بولۇپ، جاھىلىيەت ئەرەبلىرى بۇ تۆگىنىڭ قۇلىقىنى تىلىپ ئەن سېلىپ قويۇپ، ئىشلەتمەي ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى.

[2] سائىبە - ئىلاھلارغا ئاتالغان چىشى تۆگە بولۇپ، مىنىلمەيتتى، قىرقىلمايتتى، ئەركىن قويۇپ بېرىلەتتى، خالىغان جايدا ئوتلايتتى، سۈتى مۇساپىرلارغىلا بېرىلەتتى.

[3] ۋەسىلە - ئەركەك ۋە چىشى ئىككىنى بىر ۋاقىتتا تۇغقان ھىنگان تۆگە بولۇپ، جاھىلىيەت ئەرەبلىرى ئۇنى ئەركىگە قويۇپ بېرەتتى ۋە ئىلاھلىرىغا خاس قىلاتتى.

[4] ھام - ئون بوتىلاقنىڭ ئاتىسى بولغان بۇغرا تۆگە بولۇپ، ئۇلار ئۇنى مىنمەي، يېمەك - ئىچمەكتە ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى.

قايتىدىغان جايى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر، ئاللاھ شۇ چاغدا سىلەرگە ئەمەللىرىڭلارنى
ئېيتىپ بېرىدۇ ۋە شۇنىڭغا يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ شَهَٰدَةُ بَيۡنِكُمۡ إِذَا حَضَرَ أَحَدَكُمُ ٱلۡمَوۡتُ حِينَ ٱلۡوَصِيَّةِ ٱثۡنَانِ ذَوَا عَدۡلٖ
مِّنكُمۡ أَوۡ ءَاخَرَانِ مِنۡ غَيۡرِكُمۡ إِنۡ أَنتُمۡ ضَرَبۡتُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَأَصَٰبَتۡكُم مُّصِيبَةُ ٱلۡمَوۡتِۚ تَحۡبِسُونَهُمَا
مِنۢ بَعۡدِ ٱلصَّلَوٰةِ فَيُقۡسِمَانِ بِٱللَّهِ إِنِ ٱرۡتَبۡتُمۡ لَا نَشۡتَرِي بِهِۦ ثَمَنٗا وَلَوۡ كَانَ ذَا قُرۡبَىٰ وَلَا نَكۡتُمُ
شَهَٰدَةَ ٱللَّهِ إِنَّآ إِذٗا لَّمِنَ ٱلۡأٓثِمِينَ ١٠٦

106 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل
قىلىدىغان كىشىلەر! ئاراڭلاردىن بىرىگە ئۆلۈم يېقىنلاشقاندا ۋەسىيەت قىلماقچى بولسا،
ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلاردىن ئادالەتلىك ئىككى كىشى گۇۋاھ بولسۇن، ياكى سىلەر سەپەردە
بولۇپ، ئەجىلىڭلار يېتىپ كەلگەندە، ئىككى مۇسۇلمان گۇۋاھچى تېپىلمىسا، مۇسۇلمان
ئەمەس كىشىلەردىن ئىككى كىشى گۇۋاھ بولسۇن. ئەگەر سىلەر مۇسۇلمان ئەمەس
ئىككى گۇۋاھچىنىڭ راستچىللىقىدىن گۇمانلانساڭلار، نامازدىن كېيىن، خۇسۇسەن ئەسىر
نامىزىدىن كېيىن، ئۇلارنى ئېلىپ قېلىڭلار، ئۇلار ئۆزلىرى گۇۋاھلىق بەرمەكچى بولغان
كىشىلەر ئۇلارنىڭ يېقىن تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، دۇنيا مەنپەئەتىگە ئالدىنىپ
يالغاندىن گۇۋاھلىق بەرمەيدىغانلىقىغا، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بېرىلىدىغان گۇۋاھلىقنى
قەتئىي يوشۇرمايدىغانلىقىغا، ناۋادا گۇۋاھلىقنى يوشۇرسا، ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا
گۇناھكارلاردىن بولىدىغانلىقىغا ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن.

فَإِنۡ عُثِرَ عَلَىٰٓ أَنَّهُمَا ٱسۡتَحَقَّآ إِثۡمٗا فَـَٔاخَرَانِ يَقُومَانِ مَقَامَهُمَا مِنَ ٱلَّذِينَ ٱسۡتَحَقَّ عَلَيۡهِمُ ٱلۡأَوۡلَيَٰنِ
فَيُقۡسِمَانِ بِٱللَّهِ لَشَهَٰدَتُنَآ أَحَقُّ مِن شَهَٰدَتِهِمَا وَمَا ٱعۡتَدَيۡنَآ إِنَّآ إِذٗا لَّمِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ١٠٧

107 - ئەگەر ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ ئىگە - چاقىلىرى ئۇ ئىككى گۇۋاھچىنىڭ يالغان
گۇۋاھلىق بەرگەنلىكىنى ياكى ۋەسىيەتنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى بىلسە، ئۇ ئىككى
گۇۋاھچىنىڭ ئورنىغا مېيىتنىڭ ئەڭ يېقىن ۋارىسلىرىدىن ئىككى كىشى: «بىزنىڭ
گۇۋاھلىقىمىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىدىن توغرىدۇر، بىز گۇۋاھلىق بېرىشتە
ھەقىقەتتىن چەتنەپ كەتمىدۇق، ئەگەر بىز ھەقىقەتتىن چەتنەپ كېتىپ، يالغاندىن
گۇۋاھلىق بەرگەن بولساق، بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ چەكلىمىسىدىن چەتنەپ كېتىپ
ئۆزگىگە زۇلۇم قىلغانلاردىن بولۇپ قالىمىز» دەپ، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن.

ذَٰلِكَ أَدۡنَىٰٓ أَن يَأۡتُواْ بِٱلشَّهَٰدَةِ عَلَىٰ وَجۡهِهَآ أَوۡ يَخَافُوٓاْ أَن تُرَدَّ أَيۡمَٰنُۢ بَعۡدَ أَيۡمَٰنِهِمۡۗ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ
وَٱسۡمَعُواْۗ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡفَٰسِقِينَ ١٠٨

108 - ئىككى گۇۋاھچىدىن شەكلىنىپ قالغاندا، ئۇلارنى نامازدىن كېيىن قەسەم قىلدۇرۇش ۋە
گۇۋاھلىقنى قوبۇل قىلماسلىقتىن ئىبارەت بۇ ئۇسۇل گۇۋاھچىلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن
قورقۇپ ئەڭ توغرا گۇۋاھلىق بېرىدىغان قىلىشقا ياكى قىلغان يالغان قەسىمىنىڭ
ۋارىسلارنىڭ قەسىمى بىلەن رەت قىلىنىپ بۇ دۇنيادا رەسۋا بولۇشتىن قورقىدىغان
قىلىشقا ئەڭ يېقىندۇر. ئى ئىنسانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، يالغان ئىشقا قەسەم قىلىشتىن
ۋە يالغان قەسەم قىلىپ ھارامدىن پۇل تېپىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، سىلەرگە قىلىنغان
ۋەز - نەسىھەتكە قۇلاق سېلىڭلار. ئاللاھ ئۆزگىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان پاسىق
قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

۞ يَوْمَ يَجْمَعُ ٱللَّهُ ٱلرُّسُلَ فَيَقُولُ مَاذَآ أُجِبْتُمْ ۖ قَالُوا۟ لَا عِلْمَ لَنَآ ۖ إِنَّكَ أَنتَ عَلَّٰمُ ٱلْغُيُوبِ ﴿١٠٩﴾

109 - ئى ئىنسانلار قىيامەت كۈننى ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ ئۇ كۈنى پەيغەمبەرلەرنى يىغىپ، ئۇلاردىن دۇنيادىكى چېغىدا قەۋمىنى ئىمانغا دەۋەت قىلغاندا قەۋمىنىڭ ئۇلارغا قانداق جاۋاب بەرگەنلىكى ھەققىدە سورايدۇ. پەيغەمبەرلەر ئاللاھقا جاۋاب بېرىپ: «بىز بۇ ھەقتە ھېچ نەرسە بىلمەيمىز، چۈنكى بىز كىشىلەرنىڭ دىلىدىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ بىزدىن كېيىن قانداق ئىشلارنى قىلغانلىقىنى بىلمەيمىز. شەكسىزكى، سەن ئۇلارنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممە ئىشلىرىنى ناھايىتى ئوبدان بىلگۈچىسەن» دەيدۇ.

إِذْ قَالَ ٱللَّهُ يَٰعِيسَى ٱبْنَ مَرْيَمَ ٱذْكُرْ نِعْمَتِى عَلَيْكَ وَعَلَىٰ وَٰلِدَتِكَ إِذْ أَيَّدتُّكَ بِرُوحِ ٱلْقُدُسِ تُكَلِّمُ ٱلنَّاسَ فِى ٱلْمَهْدِ وَكَهْلًا ۖ وَإِذْ عَلَّمْتُكَ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْحِكْمَةَ وَٱلتَّوْرَىٰةَ وَٱلْإِنجِيلَ ۖ وَإِذْ تَخْلُقُ مِنَ ٱلطِّينِ كَهَيْـَٔةِ ٱلطَّيْرِ بِإِذْنِى فَتَنفُخُ فِيهَا فَتَكُونُ طَيْرًۢا بِإِذْنِى ۖ وَتُبْرِئُ ٱلْأَكْمَهَ وَٱلْأَبْرَصَ بِإِذْنِى ۖ وَإِذْ تُخْرِجُ ٱلْمَوْتَىٰ بِإِذْنِى ۖ وَإِذْ كَفَفْتُ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ عَنكَ إِذْ جِئْتَهُم بِٱلْبَيِّنَٰتِ فَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِنْهُمْ إِنْ هَٰذَآ إِلَّا سِحْرٌ مُّبِينٌ ﴿١١٠﴾

110 - شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! ساڭا ۋە سېنىڭ ئاناڭغا ئاتا قىلغان نېمەتىمنى ئەسلىگىنكى، سېنى ئاتىسىز ياراتتىم، ئاناڭنى دۇنيادىكى ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى قىلىپ تاللىدىم، ئۇنى يەھۇدىيلارنىڭ تۆھمەتلىرىدىن ئاقلىدىم. ئى ئىيسا! ئۆز ۋاقتىدا ساڭا جىبرىل ئارقىلىق مەدەت بەردىم، بۆشۈكتىكى چېغىڭدىلا سۆزلەيتتىڭ، ئوتتۇرا ياش ۋاقتىڭدا كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلاتتىڭ، مەن ساڭا ۋەھيى قىلغان چاغدا كۈچ - قۇۋۋىتىڭ ۋە ئەقلىڭ توشقان ئىدى. يەنە ساڭا مۇئەللىمسىز ھالدا ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەتتىم، ئەقىل - ئىدراك ۋە پەم - پاراسەت ئاتا قىلدىم، تەۋراتنى ۋە ئىنجىلنى بىلدۈردۈم. سەن شۇ چاغدا مېنىڭ ئىرادەم بىلەن لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدە بىر نەرسە ياساپ، ئۇنى پۈۋلىسەڭ، ئۇ مېنىڭ ئىرادەم بىلەن ئۇچىدىغان قۇش بولاتتى، سەن مېنىڭ ئىرادەم بىلەن تۇغما كورنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتاتتىڭ، شۇ چاغدا سەن مېنىڭ ئىرادەم بىلەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈپ قەبرىلىرىدىن چىقىراتتىڭ. بۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى كۆچلەندۈرىدىغان ئوپئوچۇق مۆجىزىلەر ئىدى. ئىسرائىل ئەۋلادى سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئۇلارنى ساڭا چېقىلىشتىن توستۇم، سەن ئۇلارغا روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن چېغىڭدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىرلار: ‹ئىيسا كۆرسەتكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت ئوپئوچۇق سېھىردىنلا ئىبارەتتۇر› دېيىشكەن ئىدى.

وَإِذْ أَوْحَيْتُ إِلَى ٱلْحَوَارِيِّـۧنَ أَنْ ءَامِنُوا۟ بِى وَبِرَسُولِى قَالُوٓا۟ ءَامَنَّا وَٱشْهَدْ بِأَنَّنَا مُسْلِمُونَ ﴿١١١﴾

111 - ئى ئىيسا! ساڭا ئاتا قىلغان نېمەتىمنى ئۇنتۇمىغىنكى، شۇ چاغدا مەن ھاۋارىيلار (ساڭا ئەگەشكەن مۇخلىس كىشىلەر) نىڭ قەلبىگە: ‹مېنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىمگە ۋە ئىيسانىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىڭلار› دەپ ئىلھام قىلغان ئىدىم. ئۇلار: ‹ئى رەببىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ ساڭا بويسۇنغۇچى ۋە ئەمرىڭگە ئىتائەت قىلغۇچى ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولغىن› دېگەن ئىدى».

إِذْ قَالَ ٱلْحَوَارِيُّونَ يَٰعِيسَى ٱبْنَ مَرْيَمَ هَلْ يَسْتَطِيعُ رَبُّكَ أَن يُنَزِّلَ عَلَيْنَا مَآئِدَةً مِّنَ ٱلسَّمَآءِ ۖ قَالَ ٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿١١٢﴾

112- شۇ چاغدا ھاۋارىيلار: «ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! ئەگەر سەن رەببىڭدىن تىلىسەڭ، ئۇ بىزگە ئاسماندىن تاماق بار بىر داستىخان چۈشۈرۈپ بېرەلەمدۇ؟» دېگەندە، ئىيسا ئۇلارغا : «ئەگەر سىلەر ھەقىقىي مۇئمىن بولساڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇڭلار» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى.

قَالُواْ نُرِيدُ أَن نَّأۡكُلَ مِنۡهَا وَتَطۡمَئِنَّ قُلُوبُنَا وَنَعۡلَمَ أَن قَدۡ صَدَقۡتَنَا وَنَكُونَ عَلَيۡهَا مِنَ
ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿١١٣﴾

113- ھاۋارىيلار: «بىز ئاشۇ داستىخاندىن تاماق يېيىشنى، ئۇنى كۆرۈپ كۆڭلىمىزنىڭ ئارام تېپىشىنى، شۇنىڭ بىلەن سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە جەزم قىلىشنى ۋە ئاللاھنىڭ بۇ مۆجىزىنى ئۆزىنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنىڭ دەلىلى قىلىپ نازىل قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەردىن بولۇشنى خالايمىز» دېگەن ئىدى.

قَالَ عِيسَى ٱبۡنُ مَرۡيَمَ ٱللَّهُمَّ رَبَّنَآ أَنزِلۡ عَلَيۡنَا مَآئِدَةً مِّنَ ٱلسَّمَآءِ تَكُونُ لَنَا عِيدًا لِّأَوَّلِنَا
وَءَاخِرِنَا وَءَايَةً مِّنكَۖ وَٱرۡزُقۡنَا وَأَنتَ خَيۡرُ ٱلرَّٰزِقِينَ ﴿١١٤﴾

114- مەريەم ئوغلى ئىيسا ھاۋارىيلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەن ھالدا ئاللاھقا دۇئا قىلىپ: «ئى رەببىمىز ئاللاھ! بىزگە ئاسماندىن ئىچىدە تاماق بار بىر داستىخان چۈشۈرۈپ بەرگىنكى، داستىخان چۈشكەن كۈننى بىز ۋە بىزدىن كېيىنكىلەر ئۈچۈن بايرام كۈنى قىلايلى، ئۇ داستىخان سېنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىڭگە ۋە مېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمگە دەلىل بولۇپ قالسۇن، بىزگە چەكسىز نېمەتلىرىڭدىن ئاتا قىلغىن. سەن رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن» دېگەن ئىدى.

قَالَ ٱللَّهُ إِنِّي مُنَزِّلُهَا عَلَيۡكُمۡۖ فَمَن يَكۡفُرۡ بَعۡدُ مِنكُمۡ فَإِنِّيٓ أُعَذِّبُهُۥ عَذَابًا لَّآ أُعَذِّبُهُۥٓ أَحَدًا مِّنَ
ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١١٥﴾

115- ئاللاھ: «مەن سىلەرگە ئىچىدە تاماق بار داستىخاننى چوقۇم چۈشۈرىمەن، ئەمما داستىخان نازىل قىلىنغاندىن كېيىن، سىلەردىن كىمكى مېنىڭ بىر ئىكەنلىكىمنى ۋە سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى ئىنكار قىلىدىكەن، مەن ئۇنى ئەھلى جاھاندىن ھېچكىمنى ئازابلىمىغان ئازاب بىلەن ئازابلايمەن» دېگەن ئىدى. داستىخان ئاللاھ ۋەدە قىلغان بويىچە ئۇلارغا چۈشۈرۈپ بېرىلگەن ئىدى.

وَإِذۡ قَالَ ٱللَّهُ يَٰعِيسَى ٱبۡنَ مَرۡيَمَ ءَأَنتَ قُلۡتَ لِلنَّاسِ ٱتَّخِذُونِي وَأُمِّيَ إِلَٰهَيۡنِ مِن دُونِ ٱللَّهِۖ قَالَ
سُبۡحَٰنَكَ مَا يَكُونُ لِيٓ أَنۡ أَقُولَ مَا لَيۡسَ لِي بِحَقٍّۚ إِن كُنتُ قُلۡتُهُۥ فَقَدۡ عَلِمۡتَهُۥۚ تَعۡلَمُ مَا فِي
نَفۡسِي وَلَآ أَعۡلَمُ مَا فِي نَفۡسِكَۚ إِنَّكَ أَنتَ عَلَّٰمُ ٱلۡغُيُوبِ ﴿١١٦﴾

116- شۇنى ئەسلىگىنكى، ئاللاھ قىيامەت كۈنى: «ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! سەن كىشىلەرگە ‹ئاللاھنى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار› دېگەنمىدىڭ؟» دەيدۇ. ئىيسا بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىپ: «ئى رەببىم! ئۇلۇغ شەنىڭگە لايىق كەلمەيدىغان سۈپەتلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇرسەن. كىشىلەرگە ھەقىقەتتىن باشقىسىنى ئېيتىش ماڭا ھەرگىزمۇ لايىق ئەمەس. ئەگەر مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام، سەن ئۇنى چوقۇم بىلگەن بولاتتىڭ. چۈنكى، ھېچ نەرسە ساڭا مەخپىي ئەمەستۇر، سەن مېنىڭ زاتىمدىكىنى بىلىسەن، ئەمما مەن سېنىڭ زاتىڭدىكىنى بىلمەيمەن. شەكسىزكى،

سەن ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىسەن».

مَا قُلْتُ لَهُمْ إِلَّا مَآ أَمَرْتَنِي بِهِۦٓ أَنِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ رَبِّي وَرَبَّكُمْ ۚ وَكُنتُ عَلَيْهِمْ شَهِيدًا مَّا دُمْتُ فِيهِمْ ۖ فَلَمَّا تَوَفَّيْتَنِي كُنتَ أَنتَ ٱلرَّقِيبَ عَلَيْهِمْ ۚ وَأَنتَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ شَهِيدٌ ﴿١١٧﴾

117 ـ ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «ئى رەببىم! مەن ئۇلارغا پەقەت سەن ماڭا ۋەھيى قىلغان ۋە مېنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان ‹مېنىڭ رەببىم ۋە سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلار بولغان ئاللاھنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ئىبادەتنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىڭلار› دېگەن سۆزنىلا ئېيتقان ئىدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەت ئىچىدە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى، ئىشلىرىنى ۋە گەپ ـ سۆزلىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىم، سەن مېنىڭ يەر يۈزىدىكى ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، مېنى تىرىك تۇرغۇزۇپ ئاسمانغا ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ۋە سىرلىرىنى سەن ئۆزۈڭ كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ، سەن ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىسەن. ساڭا ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھېچقانداق نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر.

إِن تُعَذِّبْهُمْ فَإِنَّهُمْ عِبَادُكَ ۖ وَإِن تَغْفِرْ لَهُمْ فَإِنَّكَ أَنتَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿١١٨﴾

118 ـ ئى ئاللاھ! ئەگەر ئۇلارنى ئازابلىساڭ، ئۇلار ئەلۋەتتە سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر، سەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىسەن، ئۇلارغا ئادالىتىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىسەن. سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كەچۈرۈمگە لايىق بولغانلىرىنى ئۆز پەزلىڭ بىلەن كەچۈرسەن، شەكسىزكى، سەن ھەممىدىن غالىبسەن، ساڭا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ، تەدبىرلىرىڭدە ۋە ئەمر ـ پەرمانلىرىڭدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن». (بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ چەكسىز ئىلمىگە، ھېكمىتىگە ۋە ئادالىتىگە مەدھىيە ئوقۇلغان).

قَالَ ٱللَّهُ هَٰذَا يَوْمُ يَنفَعُ ٱلصَّٰدِقِينَ صِدْقُهُمْ ۚ لَهُمْ جَنَّٰتٌ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًا ۖ رَّضِىَ ٱللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا۟ عَنْهُ ۚ ذَٰلِكَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ ﴿١١٩﴾

119 ـ ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىدۇكى، «بۇ كۈن راستچىللارنىڭ رەببىگە بولغان ئىمانىدىكى، ئېتائەتىدىكى، نىيىتىدىكى، ئەمەللىرىدىكى ۋە گەپ ـ سۆزلىرىدىكى راستچىللىقى ئەسقاتىدىغان كۈندۇر. ئۇلار قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل ـ دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ، ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھ ئاتا قىلغان سانسىز مۇكاپاتلارغا رازى بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر».

لِلَّهِ مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَمَا فِيهِنَّ ۚ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌۢ ﴿١٢٠﴾

120 ـ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلاردىكى پۈتكۈل مەۋجۇداتنىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە ھېچ نەرسە تەڭ كېلەلمەيدۇ.

# ئەنئام سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ ٱلَّذِي خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ وَجَعَلَ ٱلظُّلُمَٰتِ وَٱلنُّورَۖ ثُمَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِرَبِّهِمۡ يَعۡدِلُونَ ﴿١﴾

1 ـ جىمى ھەمدۇسانا بارچە كامالىي سۈپەتلەرنىڭ ئىگىسى، بەندىلىرىگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن، دىن ۋە دۇنيالىق چەكسىز نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان، قۇدرەت كامالى بىلەن ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەۋجۇداتنى ياراتقان، كېچە بىلەن كۈندۈزنى بىر ـ بىرىگە ئەگىشىپ كېلىدىغان قىلىپ يارىتىپ قاراڭغۇلۇقلارنى ۋە يورۇقلۇقنى پەيدا قىلغان زات ئاللاھقا خاستۇر! بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا، ئىبادەت قىلىنىشقا تامامەن ھەقلىق بولغان يېگانە زات ئىكەنلىكىگە، ئاللاھقا مەخلۇقاتىدىن بىرەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ قەتئىي توغرا ئەمەسلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. ئەھۋال شۇنداق ئېنىق تۇرسىمۇ، كاپىرلار مەخلۇقاتنى ئاللاھقا تەڭ قىلىۋاتىدۇ، ئۇلارنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈۋاتىدۇ.

هُوَ ٱلَّذِي خَلَقَكُم مِّن طِينٖ ثُمَّ قَضَىٰٓ أَجَلٗاۖ وَأَجَلٞ مُّسَمًّى عِندَهُۥۖ ثُمَّ أَنتُمۡ تَمۡتَرُونَ ﴿٢﴾

2 ـ ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاتاڭلار ئادەمنى لايدىن ياراتقان زاتتۇر. سىلەر ئۇنىڭ نەسلىدىن كەلگەن، ئاندىن ئاللاھ سىلەرنىڭ يەر يۈزىدە ياشايدىغان ئەجىلىڭلارنى بېكىتتى. ئاللاھ يەنە سىلەرگە باشقا بىر ئەجەلنىمۇ ياراتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئاللاھ ئۆزىلا بىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، قىيامەتتۇر. ئاندىن سىلەر ئى كاپىرلار! مۇشۇ باياندىن كېيىنمۇ ئاللاھنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىگە شەك كەلتۈرۈۋاتىسىلەر.

وَهُوَ ٱللَّهُ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَفِي ٱلۡأَرۡضِ يَعۡلَمُ سِرَّكُمۡ وَجَهۡرَكُمۡ وَيَعۡلَمُ مَا تَكۡسِبُونَ ﴿٣﴾

3 ـ ئاللاھ تائالا ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئىبادەت قىلىنىشقا تېگىشلىك يېگانە ئىلاھتۇر. ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنىڭ دەلىللىرىدىن بىرى شۇكى، ئاللاھ سىلەرنىڭ يوشۇرغان ۋە ئاشكارا قىلغان بارلىق ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا دەيمىزكى، ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر.

وَمَا تَأۡتِيهِم مِّنۡ ءَايَةٖ مِّنۡ ءَايَٰتِ رَبِّهِمۡ إِلَّا كَانُواْ عَنۡهَا مُعۡرِضِينَ ﴿٤﴾

4 ـ ئاللاھقا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرىدىغان ئاشۇ كاپىرلارغا ئاللاھنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئوپئوچۇق دەلىل ـ پاكىتلار ۋە روشەن

ئايەتلەر كەلدى. لېكىن ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن بىرەر ئايەت كەلسىلا، ئۇلار ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن يۈز ئۆرۈيدۇ ۋە ئىمان ئېيتمايدۇ.

فَقَدۡ كَذَّبُواْ بِٱلۡحَقِّ لَمَّا جَآءَهُمۡ فَسَوۡفَ يَأۡتِيهِمۡ أَنۢبَٰٓؤُاْ مَا كَانُواْ بِهِۦ يَسۡتَهۡزِءُونَ ٥

5 - ئاشۇ كاپىرلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ھەق دىنىنى ئىنكار قىلدى ۋە ئۇ دىنغا دەۋەت قىلغۇچىلارنى مەسخىرە قىلدى. ئۇلار بۇ قىلمىشنى ئاللاھنى تونۇمىغانلىقى ۋە ئاللاھنىڭ جازاسىنى سەل چاغلىغانلىقىدىن شۇنداق قىلدى. ئۇلار ئۇزاققا قالماي ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان دىنىنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ. شۇ چاغدا ئاللاھ بۇ ئىنكارچىلارنىڭ قىلمىشىنى ئېيتىپ بېرىدۇ ۋە ئۇلارغا تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ.

أَلَمۡ يَرَوۡاْ كَمۡ أَهۡلَكۡنَا مِن قَبۡلِهِم مِّن قَرۡنٖ مَّكَّنَّٰهُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ مَا لَمۡ نُمَكِّن لَّكُمۡ وَأَرۡسَلۡنَا ٱلسَّمَآءَ عَلَيۡهِم مِّدۡرَارٗا وَجَعَلۡنَا ٱلۡأَنۡهَٰرَ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهِمۡ فَأَهۡلَكۡنَٰهُم بِذُنُوبِهِمۡ وَأَنشَأۡنَا مِنۢ بَعۡدِهِمۡ قَرۡنًا ءَاخَرِينَ ٦

6 - ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى، يالغۇز ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان ئاشۇ كاپىرلار ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغان نۇرغۇن قەۋملەرنى قانداق ھالاك قىلغانلىقىمىزنى بىلمەمدۇ؟ ئى كاپىرلار! بىز ئۇلارغا يەر يۈزىدە سىلەرگە بەرمىگەن ئىمكانىيەتلەرنى بەرگەن ئىدۇق، ئۇلارغا مول يامغۇرلارنى ياغدۇرۇپ بەرگەن ئىدۇق ئۇلارنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەرنى ئېقىپ تۇرىدىغان قىلىپ بەرگەن ئىدۇق. بۇ ئىنئاملار ئۇلارنى سىناش ۋە ئاستا - ئاستا ھالاكەتكە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇلار نېمەتلەرگە تۇزكورلۇق قىلدى، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى، شۇڭا بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقا خەلقنى پەيدا قىلدۇق.

وَلَوۡ نَزَّلۡنَا عَلَيۡكَ كِتَٰبٗا فِي قِرۡطَاسٖ فَلَمَسُوهُ بِأَيۡدِيهِمۡ لَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّا سِحۡرٞ مُّبِينٞ ٧

7 - ئى پەيغەمبەر! ئەگەر بىز ساڭا ئۇلار تەلەپ قىلغاندەك قەغەزگە يېزىلغان بىر كىتابنى نازىل قىلغان، ئاشۇ مۇشرىكلار ئۇنى قوللىرى بىلەن تۇتۇپ كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە ئۇلار: «ئى مۇھەممەد! سەن ئېلىپ كەلگەن بۇ كىتاب ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دەيتتى.

وَقَالُواْ لَوۡلَآ أُنزِلَ عَلَيۡهِ مَلَكٞۖ وَلَوۡ أَنزَلۡنَا مَلَكٗا لَّقُضِيَ ٱلۡأَمۡرُ ثُمَّ لَا يُنظَرُونَ ٨

8 - ئۇ مۇشرىكلار: «مۇھەممەدنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن ئاللاھ ئۇنىڭغا ئاسماندىن بىر پەرىشتە چۈشۈرمىدى؟» دېدى، ئەگەر بىز ئۇ مۇشرىكلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاسماندىن پەرىشتە چۈشۈرگەن بولساق، ئەلۋەتتە ئۇلارنى ھالاك قىلىش ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى، ئاندىن ئۇلارغا تەۋبە قىلىش ئۈچۈن مۆھلەتمۇ بېرىلمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقى ئاللاھنىڭ ئىلمىدە ئەزەلدىن مەلۇم ئىدى.

وَلَوۡ جَعَلۡنَٰهُ مَلَكٗا لَّجَعَلۡنَٰهُ رَجُلٗا وَلَلَبَسۡنَا عَلَيۡهِم مَّا يَلۡبِسُونَ ٩

9 ـ ئۇلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قايىل بولمىدى دەپ، ئۇلارغا ئەۋەتىدىغان پەيغەمبەرنى
پەرىشتىدىن قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇ پەرىشتىنىڭ ئۇلار بىلەن سۆزلىشەلىشى ئۈچۈن،
ئۇنى ئەلۋەتتە ئىنسان شەكلىدە قىلاتتۇق. ناۋادا پەرىشتە ئادەم سۈرىتىدە كەلسە،
ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن شەكلىنىپ قالغاندەك، ئۇنىڭدىنمۇ شەكلىنىپ قالغان
بولاتتى.

وَلَقَدِ ٱسْتُهْزِئَ بِرُسُلٍ مِّن قَبْلِكَ فَحَاقَ بِٱلَّذِينَ سَخِرُوا۟ مِنْهُم مَّا كَانُوا۟ بِهِۦ يَسْتَهْزِءُونَ ﴿١٠﴾

10 ـ مۇشرىكلارنىڭ پەرىشتە چۈشۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلىشى پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى
مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن قويۇلغان تەلەپ بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى
مەسخىرە قىلىشنىڭ يېڭى ئىش ئەمەسلىكىنى، ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ
كاپىرلارنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرىغانلىقىنى ۋە ئۇ كاپىرلارنى ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان
ئازابنىڭ ھالاك قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

قُلْ سِيرُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ ثُمَّ ٱنظُرُوا۟ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلْمُكَذِّبِينَ ﴿١١﴾

11 ـ ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «يەر يۈزىنى كېزىڭلار، ئاندىن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار
قىلغانلارنىڭ ئاقىۋەتتە قانداق ھالاك بولغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار، ئۇلارغا ئوخشاش
ھالاك بولۇپ كېتىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار».

قُل لِّمَن مَّا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ قُل لِّلَّهِ ۚ كَتَبَ عَلَىٰ نَفْسِهِ ٱلرَّحْمَةَ ۚ لَيَجْمَعَنَّكُمْ إِلَىٰ يَوْمِ ٱلْقِيَٰمَةِ
لَا رَيْبَ فِيهِ ۚ ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓا۟ أَنفُسَهُمْ فَهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ ﴿١٢﴾

12 ـ ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلاردىن: «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەۋجۇداتلار
كىمنىڭ؟» دەپ سورىغىن، ئاندىن ئۆزۈڭ جاۋاب بېرىپ: «ئۇلار ئاللاھنىڭدۇر، بۇنى
سىلەرمۇ بىلىسىلەر، شۇڭا سىلەر ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئاللاھ رەھمەت
قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، شۇڭا بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ، چوقۇم
بولىدىغان قىيامەت كۈنى ئاللاھ سىلەرنى ئەلۋەتتە يىغىدۇ» دېگىن. كۇفرىلىقنى تاللاش
بىلەن ئۆزىگە ئۆزى زىيان سالغانلار ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتمايدۇ،
ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ۋە ئاگاھلاندۇرۇشىغا ئىشەنمەيدۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ
پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلمايدۇ.

۞ وَلَهُۥ مَا سَكَنَ فِى ٱلَّيْلِ وَٱلنَّهَارِ ۚ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿١٣﴾

13 ـ ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ھەرىكەت قىلىۋاتقان، جىم تۇرۇۋاتقان، ئاشكارا ۋە مەخپىي
ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ دۇر، ھەممە ئۇنىڭ بەندىسىدۇر، ئۇنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىدۇر.
ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى ۋە
مەخپىيەتلىكلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

قُلْ أَغَيْرَ ٱللَّهِ أَتَّخِذُ وَلِيًّا فَاطِرِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَهُوَ يُطْعِمُ وَلَا يُطْعَمُ ۗ قُلْ إِنِّىٓ أُمِرْتُ أَنْ
أَكُونَ أَوَّلَ مَنْ أَسْلَمَ ۖ وَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿١٤﴾

14 ـ ئى پەيغەمبەر! ئاللاھقا مەخلۇقاتنى شېرىك قىلىۋالغان ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى،
«ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى جىمى مەۋجۇداتنى يوقتىن بار
قىلغۇچى، ھەممىگە رىزىق بەرگۈچى ۋە ھېچكىمدىن رىزىق تەلەپ قىلمايدىغان زات

ئاللاھتىن باشقىسىنى ئىگەم دەۋالسام بولامدۇ؟ ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، «مەن بۇ ئۇممەت ئىچىدە مۇسۇلمان بولۇپ، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچىلارنىڭ تۇنجىسى بولۇشقا ۋە مەخلۇقاتنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن بولماسلىققا بۇيرۇلدۇم».

قُلْ إِنِّيٓ أَخَافُ إِنْ عَصَيْتُ رَبِّي عَذَابَ يَوْمٍ عَظِيمٍ ﴿١٥﴾

15 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر مەن رەببىمگە ئاسىيلىق قىلسام، ئۇنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلسام، ئىبادەتتە ئۇنىڭغا مەخلۇقاتنى شېرىك قىلىۋالسام، قىيامەت كۈنى ماڭا چوڭ ئازاب چۈشۈشىدىن ئەلۋەتتە قورقىمەن».

مَّن يُصْرَفْ عَنْهُ يَوْمَئِذٍ فَقَدْ رَحِمَهُۥ ۚ وَذَٰلِكَ ٱلْفَوْزُ ٱلْمُبِينُ ﴿١٦﴾

16 - ئاللاھ كىمنى ئاشۇ ئازابتىن يىراق قىلسا، ئۇنىڭغا زور شەپقەت قىلغان بولىدۇ. ئاخىرەتتە ئازابتىن يىراق قىلىنىش ئوپئوچۇق نىجاتلىقنىڭ ئۆزىدۇر.

وَإِن يَمْسَسْكَ ٱللَّهُ بِضُرٍّ فَلَا كَاشِفَ لَهُۥٓ إِلَّا هُوَ ۖ وَإِن يَمْسَسْكَ بِخَيْرٍ فَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ ﴿١٧﴾

17 - ئى ئىنسان! ئەگەر ئاللاھ ساڭا يوقسۇللۇق، كېسەللىك دېگەندەك بىرەر كۈلپەت يەتكۈزسە، ئۇنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ، ئەگەر ئاللاھ ساڭا تەن ساقلىقى، بايلىق دېگەندەك بىرەر ياخشىلىق يەتكۈزسە، ئاللاھنىڭ پەزلىنى ھېچكىم توسۇۋالالمايدۇ، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

وَهُوَ ٱلْقَاهِرُ فَوْقَ عِبَادِهِۦ ۚ وَهُوَ ٱلْحَكِيمُ ٱلْخَبِيرُ ﴿١٨﴾

18 - ئاللاھ ھەممىگە غالىب كەلگۈچىدۇر، بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدىن تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممە ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ، ئەڭ كۈچلۈكلەرمۇ ئۇنىڭغا تىز پۈكىدۇ، ئاللاھ ھەممە ئىشلارنى ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرغۇچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر، ئۇنىڭغا ھېچبىر نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر. مۇشۇنداق مۇكەممەل سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان زاتقا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرۈش قەتئىي توغرا ئەمەس. (بۇ ئايەت ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن مۇتلەق ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ).

قُلْ أَيُّ شَيْءٍ أَكْبَرُ شَهَٰدَةً ۖ قُلِ ٱللَّهُ ۖ شَهِيدٌۢ بَيْنِي وَبَيْنَكُمْ ۚ وَأُوحِيَ إِلَيَّ هَٰذَا ٱلْقُرْءَانُ لِأُنذِرَكُم بِهِۦ
وَمَنۢ بَلَغَ ۚ أَئِنَّكُمْ لَتَشْهَدُونَ أَنَّ مَعَ ٱللَّهِ ءَالِهَةً أُخْرَىٰ ۚ قُل لَّآ أَشْهَدُ ۚ قُلْ إِنَّمَا هُوَ إِلَٰهٌ وَٰحِدٌ وَإِنَّنِي
بَرِيٓءٌ مِّمَّا تُشْرِكُونَ ﴿١٩﴾

19 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «مېنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلاشقا قايسى نەرسە ئەڭ چوڭ گۇۋاھ؟» ئېيتقىنكى، «ئاللاھ مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا گۇۋاھتۇر، يەنى ئاللاھ مەن ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ۋە سىلەرنىڭ ماڭا نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ئاللاھ بۇ قۇرئاننى ماڭا سىلەرنى ۋە قۇرئان يەتكەن كىشىلەرنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشۇم ئۈچۈن ۋەھيى قىلدى. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق، سىلەر ئاللاھ بىلەن بىرلىكتە باشقا ئىلاھلارمۇ بار دەۋاتىسىلەر». ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «مەن ھەرگىز سىلەر ئېتىقاد قىلغاندەك ئېتىقاد قىلمايمەن، بەلكى شۇنداق ئېتىقاد قىلىمەنكى، ئاللاھ بىرلا ئىلاھتۇر، ئۇنىڭ ھېچبىر شېرىكى يوقتۇر، مەن سىلەر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈۋاتقان نەرسىلەردىن ئەلۋەتتە يىراقمەن».

ٱلَّذِينَ ءَاتَيْنَٰهُمُ ٱلْكِتَٰبَ يَعْرِفُونَهُۥ كَمَا يَعْرِفُونَ أَبْنَآءَهُمُ ۘ ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓا۟ أَنفُسَهُمْ فَهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ ﴿٢٠﴾

20 ـ بىز تەۋرات، ئىنجىل قاتارلىق ساماۋى كىتابلارنى ئاتا قىلغان يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆز كىتابلىرىدىكى سۈپەتلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ. خۇددى ئۆز ئوغۇللىرىنى باشقىلارغا ئوخشىتىپ قالمىغاندەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىمۇ باشقىسىغا ئوخشىتىپ قالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كىتابىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى مۇشۇنداق ئىنچىكە تونۇشتۇرۇلغان. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى.

وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَوْ كَذَّبَ بِـَٔايَٰتِهِۦٓ ۗ إِنَّهُۥ لَا يُفْلِحُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٢١﴾

21 ـ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇپ، ئاللاھنىڭ شېرىكى بار دېگەن ياكى ئۇنىڭ بالىسى بار دېگەن ۋەياكى ئاللاھ پەيغەمبەرلىرىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن نازىل قىلغان ئايەتلەرنى، دەلىل ـ پاكىتلارنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇش ئارقىلىق ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەرگىز مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ.

وَيَوْمَ نَحْشُرُهُمْ جَمِيعًا ثُمَّ نَقُولُ لِلَّذِينَ أَشْرَكُوٓا۟ أَيْنَ شُرَكَآؤُكُمُ ٱلَّذِينَ كُنتُمْ تَزْعُمُونَ ﴿٢٢﴾

22 ـ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ئاشۇ مۇشرىكلار ئاگاھ بولسۇنكى، قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىمىز، ئاندىن ئۇلارغا: «سىلەر ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ چوقۇنغان مەبۇدلىرىڭلار قېنى؟ سىلەرگە شاپائەت قىلسۇنچۇ!» دەيمىز.

ثُمَّ لَمْ تَكُن فِتْنَتُهُمْ إِلَّآ أَن قَالُوا۟ وَٱللَّهِ رَبِّنَا مَا كُنَّا مُشْرِكِينَ ﴿٢٣﴾

23 ـ ئاندىن ئۇ مۇشرىكلارنىڭ مەبۇدلىرى ھەققىدە سوئال قىلىنغاندا بېرىدىغان جاۋابى پەقەتلا ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇش ۋە ئۆزلىرىنىڭ مۇشرىكلاردىن بولمىغانلىقىغا رەببى ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

ٱنظُرْ كَيْفَ كَذَبُوا۟ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمْ ۚ وَضَلَّ عَنْهُم مَّا كَانُوا۟ يَفْتَرُونَ ﴿٢٤﴾

24 ـ ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى قانداق يالغان ئېيتقانلىقىغا قارىغىن[1]. ئۇلار ئاخىرەتتە شېرىكتىن ۋازكېچىدۇ، ئۇلارنىڭ مەبۇدلىرىمىز بىزگە شاپائەت قىلىدۇ دېگەن گۇمانلىرى يوققا چىقىدۇ.

وَمِنْهُم مَّن يَسْتَمِعُ إِلَيْكَ ۖ وَجَعَلْنَا عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ أَكِنَّةً أَن يَفْقَهُوهُ وَفِىٓ ءَاذَانِهِمْ وَقْرًا ۚ وَإِن يَرَوْا۟ كُلَّ ءَايَةٍ لَّا يُؤْمِنُوا۟ بِهَا ۚ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءُوكَ يُجَٰدِلُونَكَ يَقُولُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟ إِنْ هَٰذَآ إِلَّآ أَسَٰطِيرُ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿٢٥﴾

25 ـ ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارنىڭ ئىچىدە سېنىڭ قىرائىتىڭگە قۇلاق سالىدىغانلار بار، ئەمما بۇ ئۇلارنىڭ قەلبىگە يېتىپ بارمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەنلىكى ئۈچۈن، بىزمۇ قۇرئاننى چۈشەنمىسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پەردىلىدۇق، قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلدۇق، شۇڭا ئۇلار ھەق سۆزنى ئاڭلىمايدۇ، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مۆجىزىلەرنىڭ

---

[1] مۇشرىكلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى يالغان ئېيتقانلىقى ئۇلارنىڭ «بۇتلار بىزگە شاپائەت قىلىدۇ» دېگەن سۆزىدۇر. (تەپسىرى قۇرتۇبىي، تەپسىرى جەزائىرى).

ھەممىسىنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. ئى پەيغەمبەر! ھەتتاكى بۇ كاپىرلار سېنىڭ يېنىڭغا مۇنازىرىلىشىپ كەلگەن چاغدىمۇ: «بىز ئاڭلاۋاتقان بۇ قۇرئان بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دەيدۇ.

وَهُمْ يَنْهَوْنَ عَنْهُ وَيَنْـَٔوْنَ عَنْهُ ۖ وَإِن يُهْلِكُونَ إِلَّآ أَنفُسَهُمْ وَمَا يَشْعُرُونَ ﴿٢٦﴾

26 - ئاشۇ مۇشرىكلار كىشىلەرنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشتىن، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاشتىن توسىدۇ، ئۆزلىرىمۇ ئۇنىڭدىن يىراق قاچىدۇ. ئۇلار كىشىلەرنى ھەق دىنىدىن توسۇش ئارقىلىق پەقەت ئۆزلىرىنىلا ھالاك قىلىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى ئۆزلىرىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئورا كولاۋاتقانلىقىنى تۇيمايدۇ.

وَلَوْ تَرَىٰٓ إِذْ وُقِفُوا۟ عَلَى ٱلنَّارِ فَقَالُوا۟ يَـٰلَيْتَنَا نُرَدُّ وَلَا نُكَذِّبَ بِـَٔايَـٰتِ رَبِّنَا وَنَكُونَ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٢٧﴾

27 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالىنى بىر كۆرسەڭ، ئاجايىپ ئەھۋالنى كۆرەتتىڭ. چۈنكى، ئۇلار دوزاخنىڭ ئۈستىدە توختىتىلغان چاغدا، دوزاختىكى ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى، زەنجىر - كىشەنلەرنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ: «كاشكى دۇنيا ھاياتىغا قايتۇرۇلغان بولساق ئىدۇق، رەببىمىزنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلاتتۇق ۋە مۆمىنلەردىن بولاتتۇق» دەپ كېتىدۇ.

بَلْ بَدَا لَهُم مَّا كَانُوا۟ يُخْفُونَ مِن قَبْلُ ۖ وَلَوْ رُدُّوا۟ لَعَادُوا۟ لِمَا نُهُوا۟ عَنْهُ وَإِنَّهُمْ لَكَـٰذِبُونَ ﴿٢٨﴾

28 - ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. ئۇ مۇشرىكلارنىڭ دۇنيادىكى بارلىق قىلمىشلىرى قىيامەت كۈنى ئۆزىگە ئاشكارا كۆرۈنىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شۇنداق ئارزۇ قىلىدۇ. ناۋادا ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار بۇرۇنقى كۇفرىلىقىغا ۋە ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشقا قايتىۋالىدۇ. چۈنكى ئۇلار: «ئەگەر بىز دۇنياغا قايتۇرۇلساق ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلاتتۇق» دېگەن سۆزىدە شەكسىز يالغانچىلاردۇر.

وَقَالُوٓا۟ إِنْ هِىَ إِلَّا حَيَاتُنَا ٱلدُّنْيَا وَمَا نَحْنُ بِمَبْعُوثِينَ ﴿٢٩﴾

29 - ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدىغان ئاشۇ مۇشرىكلار: «ھاياتلىق دېگەن پەقەتلا بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ ھاياتىمىزدۇر، بىز ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈلمەيمىز» دېگەن ئىدى.

وَلَوْ تَرَىٰٓ إِذْ وُقِفُوا۟ عَلَىٰ رَبِّهِمْ ۚ قَالَ أَلَيْسَ هَـٰذَا بِٱلْحَقِّ ۚ قَالُوا۟ بَلَىٰ وَرَبِّنَا ۚ قَالَ فَذُوقُوا۟ ٱلْعَذَابَ بِمَا كُنتُمْ تَكْفُرُونَ ﴿٣٠﴾

30 - ئى پەيغەمبەر! ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغان ئاشۇ كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈنى ھېساب ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئالدىدا توختىتىلغان چاغدىكى ھالىتىنى بىر كۆرسەڭ، ئۇلارنى ئەڭ يامان ئەھۋالدا كۆرەتتىڭ. چۈنكى ئاللاھ ئۇلارغا: «سىلەر دۇنيادىكى چاغدا ئىنكار قىلغان بۇ تىرىلىش راست ئەمەسمىكەن؟» دەيدۇ. ئۇلار: «رەببىمىزنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، تىرىلىش راست ئىكەن» دەيدۇ. ئاللاھ: «ئۇنداقتا، سىلەر دۇنيادىكى چاغدا ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن بۇ ئازابنى تېتىڭلار» دەيدۇ.

قَدْ خَسِرَ ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِلِقَآءِ ٱللَّهِ ۖ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَتْهُمُ ٱلسَّاعَةُ بَغْتَةً قَالُوا۟ يَـٰحَسْرَتَنَا عَلَىٰ مَا فَرَّطْنَا فِيهَا وَهُمْ يَحْمِلُونَ أَوْزَارَهُمْ عَلَىٰ ظُهُورِهِمْ ۚ أَلَا سَآءَ مَا يَزِرُونَ ﴿٣١﴾

31 - ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغان بۇ كاپىرلار ھەقىقەتەن زىيان تارتتى، قىيامەت تۇيۇقسىز كەلگەن، ئۇلار ئاقىۋەتنىڭ ئىنتايىن يامان بولىدىغانلىقىنى

بىلگەن چاغدا، ھايات ۋاقتىدا ئىمان ئېيتىش پۇرسىتىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىگە قاتتىق
ھەسرەتلىنىپ تۇۋلاپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۆز گۇناھلىرىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە
ئالغان نەرسىسى نېمىدېگەن يامان!

وَمَا ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَآ إِلَّا لَعِبٞ وَلَهۡوٞۖ وَلَلدَّارُ ٱلۡأٓخِرَةُ خَيۡرٞ لِّلَّذِينَ يَتَّقُونَۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ﴿٣٢﴾

32 - دۇنيا ھاياتى كۆپىنچە ئەھۋاللاردا پەقەتلا ئالدىنىش ۋە ساختىلىقتۇر. ئاللاھتىن
قورقىدىغان، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىدىن يېنىش بىلەن ئۇنىڭغا
ئىتائەت قىلىدىغانلار ئۈچۈن ئاخىرەت يۇرتى ھەممىدىن ياخشىدۇر. ئى دۇنيا مەنپەئەتىگە
ئالدىنىپ كەتكەن مۇشرىكلار! ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىپ ئەبەدىي يوقالمايدىغان ئاخىرەت
نېمىتىنى تېزلا تۈگەپ كېتىدىغان دۇنيالىقنىڭ ئالدىغا قويساڭلار بولمامدۇ؟

قَدۡ نَعۡلَمُ إِنَّهُۥ لَيَحۡزُنُكَ ٱلَّذِي يَقُولُونَۖ فَإِنَّهُمۡ لَا يُكَذِّبُونَكَ وَلَٰكِنَّ ٱلظَّٰلِمِينَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ
يَجۡحَدُونَ ﴿٣٣﴾

33 - ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭنىڭ ئىنكارچىلىقىنىڭ سېنى قايغۇغا سالىدىغانلىقىنى بىلىپ
تۇرۇۋاتىمىز. سەۋر قىل، تەمكىن بول! ئەسلىدە ئۇلار سېنى يالغانچى دېمەيدۇ،
چۈنكى، ئۇلار سېنىڭ راستچىللىقىڭنى ئوبدان بىلىدۇ. لېكىن ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم
قىلىپ، سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل - پاكىتلارنى ۋە
سەن ئېلىپ كەلگەن دىنىنى ئىنكار قىلىدۇ.

وَلَقَدۡ كُذِّبَتۡ رُسُلٞ مِّن قَبۡلِكَ فَصَبَرُواْ عَلَىٰ مَا كُذِّبُواْ وَأُوذُواْ حَتَّىٰٓ أَتَىٰهُمۡ نَصۡرُنَاۚ وَلَا مُبَدِّلَ
لِكَلِمَٰتِ ٱللَّهِۚ وَلَقَدۡ جَآءَكَ مِن نَّبَإِيْ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿٣٤﴾

34 - سەندىن ئىلگىرى ئاللاھ ھەرقايسى ئۈممەتلەرگە ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىنغان،
ئۇلار ئاللاھ يولىدا تۈرلۈك ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىغان ئىدى. ئەمما ئۇلار بۇ تۆھمەتلەرگە
ۋە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى، دەۋەتنى ۋە جىھادنى بىزنىڭ ياردىمىمىزگە
ئېرىشكەنگە قەدەر داۋاملاشتۇردى. ئاللاھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەنلىرىگە
قارشى نۇسرەت ئاتا قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى سۆزلىرىنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ.
ئى پەيغەمبەر! ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرى، ئۇلارنى
ئىنكار قىلغانلارنىڭ ھالاك قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى قىسسىلىرىدىن بىر قىسمى ساڭا
يەتكۈزۈلدى. ساڭا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتىدا ئۈرنەك بار. (بۇنىڭدا پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بار).

وَإِن كَانَ كَبُرَ عَلَيۡكَ إِعۡرَاضُهُمۡ فَإِنِ ٱسۡتَطَعۡتَ أَن تَبۡتَغِيَ نَفَقٗا فِي ٱلۡأَرۡضِ أَوۡ سُلَّمٗا فِي ٱلسَّمَآءِ
فَتَأۡتِيَهُم بِـَٔايَةٖۚ وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ لَجَمَعَهُمۡ عَلَى ٱلۡهُدَىٰۚ فَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلۡجَٰهِلِينَ ﴿٣٥﴾

35 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارنىڭ قىلمىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھەق دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن
باش تارتقانلىقى ساڭا ئېغىر كەلگەن بولسا، قولۇڭدىن كەلسە، يەر ئاستىغا كىرىشكە
يول ياكى ئاسمانغا چىقىشقا شوتا تېپىپ، ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلاشتا،
ئۇلارغا ساڭا بېرىلگەن مۆجىزىلەردىن باشقا بىر مۆجىزە كەلتۈرەلىسەڭ كەلتۈرۈپ باققىن.
ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى خۇددى سىلەردەك ئىمان ۋە
ھىدايەت ئۈستىدە بىرلەشتۈرەتتى. ئەمما ئاللاھ ئۆز ھېكمىتى بىلەن ئۇنداق قىلىشنى
خالىمىدى. شۇڭا سەن ئى پەيغەمبەر! ھەرگىز قايغۇ - ھەسرەتكە چۆكۈپ كەتكەن

نادانلاردىن بولمىغىن.

۞ إِنَّمَا يَسْتَجِيبُ ٱلَّذِينَ يَسْمَعُونَۘ وَٱلْمَوْتَىٰ يَبْعَثُهُمُ ٱللَّهُ ثُمَّ إِلَيْهِ يُرْجَعُونَ ﴿٣٦﴾

36 - ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ دەۋىتىڭنى پەقەت دەۋىتىڭگە سەممىي قۇلاق سالىدىغان كىشىلەرلا قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما كاپىرلار ئۆلۈكلەرنىڭ قاتارىدىدۇر. چۈنكى، ھەقىقىي ھايات پەقەت ئىسلام بىلەن بولىدۇ. ئۆلۈكلەرنى ئاللاھ قەبرىلىرىدىن تىرىلدۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئاندىن ئۇلار قىيامەت كۈنى ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىش ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ.

وَقَالُواْ لَوْلَا نُزِّلَ عَلَيْهِ ءَايَةٌ مِّن رَّبِّهِۦۚ قُلْ إِنَّ ٱللَّهَ قَادِرٌ عَلَىٰٓ أَن يُنَزِّلَ ءَايَةً وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٣٧﴾

37 - مۇشرىكلار ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ: «ئاللاھ نېمە ئۈچۈن مۇھەممەدنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ (بىز تەلەپ قىلغان تۈردىن) بىرەر مۆجىزە چۈشۈرمىدى؟» دەيدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئاللاھ مۆجىزە چۈشۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر». لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى مۆجىزە چۈشۈرۈشنىڭ ئاللاھنىڭ ھېكمىتىگە ئاساسەن بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

وَمَا مِن دَآبَّةٍ فِى ٱلْأَرْضِ وَلَا طَٰٓئِرٍ يَطِيرُ بِجَنَاحَيْهِ إِلَّآ أُمَمٌ أَمْثَالُكُمۚ مَّا فَرَّطْنَا فِى ٱلْكِتَٰبِ مِن شَىْءٍۚ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّهِمْ يُحْشَرُونَ ﴿٣٨﴾

38 - مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان جانىۋار بولسۇن، ياكى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەتلەردۇر. بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا ھېچ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويماي ھەممىنى تولۇق يازدۇق. ئۇلار ھەممىسى قىيامەت كۈنى رەببىنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىدۇ، ئاندىن ئاللاھ ھەممە ئادەمدىن ھېساب ئالىدۇ ۋە ھەركىمگە مۇكاپات ياكى جازادىن تېگىشلىك بولغىنىنى بېرىدۇ.

وَٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا صُمٌّ وَبُكْمٌ فِى ٱلظُّلُمَٰتِۗ مَن يَشَإِ ٱللَّهُ يُضْلِلْهُ وَمَن يَشَأْ يَجْعَلْهُ عَلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿٣٩﴾

39 - ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار پايدىلىق سۆزلەرنى ئاڭلىمايدىغان گاسلاردۇر، ھەقىقەتنى ئېيتالمايدىغان گاچىلاردۇر. ئۇلار قاراڭغۇلۇق ئىچىدە گاڭگىراپ قالغان كىشىلەردۇر. ئۇلار توغرا يولدا مېڭىشنى خالىمىدى. ئاللاھ كىمنى ئازدۇرۇشنى خالىسا، ئۇنى ئازدۇرىدۇ، كىمنى ھىدايەت قىلىشنى خالىسا، ئۇنى توغرا يولغا سالىدۇ.

قُلْ أَرَءَيْتَكُمْ إِنْ أَتَىٰكُمْ عَذَابُ ٱللَّهِ أَوْ أَتَتْكُمُ ٱلسَّاعَةُ أَغَيْرَ ٱللَّهِ تَدْعُونَ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿٤٠﴾

40 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر چوقۇنۇۋاتقان ئىلاھلىرىڭلارنى پايدا- زىيان يەتكۈزەلەيدۇ دېگەن گۇمانىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، سىلەرگە بۇ دۇنيادا ئاللاھنىڭ ئازابى چۈشسە ياكى قىيامەت قايىم بولسا، سىلەر بېشىڭلارغا كەلگەن بالانى كۆتۈرىۋېتىشى ئۈچۈن، ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىلتىجا قىلامسىلەر؟

بَلْ إِيَّاهُ تَدْعُونَ فَيَكْشِفُ مَا تَدْعُونَ إِلَيْهِ إِن شَآءَ وَتَنسَوْنَ مَا تُشْرِكُونَ ﴿٤١﴾

41 - ئۇنداق قىلمايسىلەر، بەلكى ئۇ چاغدا يېگانە رەببىڭلار ئاللاھقىلا ئىلتىجا قىلىسىلەر،

ئۇنىڭدىن مەدەت تىلەيسىلەر، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ خالىسا، سىلەرگە چۈشكەن چوڭ بالانى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئۇ چاغدا سىلەر ئاللاھقا شېرىك قىلغان بۇتلارنى ئۇنتۇپ كېتىسىلەر».

وَلَقَدْ أَرْسَلْنَآ إِلَىٰٓ أُمَمٍ مِّن قَبْلِكَ فَأَخَذْنَٰهُم بِٱلْبَأْسَآءِ وَٱلضَّرَّآءِ لَعَلَّهُمْ يَتَضَرَّعُونَ ﴿٤٢﴾

42 - ئى پەيغەمبەر! بىز سەندىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگىمۇ ئۇلارنى ئاللاھقا باشلايدىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ئىدۇق. ئۇ ئۈممەتلەر پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، رەببىگە يېلىنسۇن، ئىتائەت قىلسۇن ۋە ئىبادەتنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلسۇن دەپ، ئۇلارنى نامراتلىق ۋە ئاغرىق - سىلاق بىلەن سىنىدۇق.

فَلَوْلَآ إِذْ جَآءَهُم بَأْسُنَا تَضَرَّعُوا۟ وَلَٰكِن قَسَتْ قُلُوبُهُمْ وَزَيَّنَ لَهُمُ ٱلشَّيْطَٰنُ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٤٣﴾

43 - ئاشۇ ئىنكارچى ئۈممەتلەرگە بىزنىڭ ئازابىمىز كەلگەن چاغدا، نېمىشقا بىزگە يېلىنمىدى؟ لېكىن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتكەن ئىدى، شەيتان ئۇلارغا تۈرلۈك يامان قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسەتكەن ئىدى. (شۇڭا ئۇلار بىزگە ئىلتىجا قىلمىدى).

فَلَمَّا نَسُوا۟ مَا ذُكِّرُوا۟ بِهِۦ فَتَحْنَا عَلَيْهِمْ أَبْوَٰبَ كُلِّ شَىْءٍ حَتَّىٰٓ إِذَا فَرِحُوا۟ بِمَآ أُوتُوٓا۟ أَخَذْنَٰهُم بَغْتَةً فَإِذَا هُم مُّبْلِسُونَ ﴿٤٤﴾

44 - ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتتىن يۈز ئۆرۈپ، ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتىن باش تارتقان چاغدا، ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن، ئۇلارغا پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ يوقسۇللۇقنى باياشاتلىققا، ئاغرىق - سىلاقلىرىنى ساقلىققا ئالماشتۇرۇپ بەردۇق. ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن بۇ نېمەتلەرگە تازا كۆرەڭلەپ تۇرغان چاغدا، ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق، ئۇلار ھەممە ياخشىلىقتىن ئايرىلىپ (ھەسرەتتە) قالدى.

فَقُطِعَ دَابِرُ ٱلْقَوْمِ ٱلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ ۚ وَٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٤٥﴾

45 - شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ قەۋمنىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلدى، ئۇلاردىن ھېچكىم ھايات قالمىدى. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنى ئىنكار قىلغان، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى يالغانچى دېگەن ئىدى. پۈتكۈل ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە يېگانە رەببى بولغان ئاللاھ ئۆزىنىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە ياردەم قىلىپ، ھەقىقەت دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا چەكسىز ھەمدۇسانالار بولسۇن!

قُلْ أَرَءَيْتُمْ إِنْ أَخَذَ ٱللَّهُ سَمْعَكُمْ وَأَبْصَٰرَكُمْ وَخَتَمَ عَلَىٰ قُلُوبِكُم مَّنْ إِلَٰهٌ غَيْرُ ٱللَّهِ يَأْتِيكُم بِهِ ۗ ٱنظُرْ كَيْفَ نُصَرِّفُ ٱلْءَايَٰتِ ثُمَّ هُمْ يَصْدِفُونَ ﴿٤٦﴾

46 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «دەپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر ئاللاھ سىلەرنىڭ قۇلىقىڭلارنى گاس، كۆزۈڭلارنى كور قىلىپ قويسا، دىللىرىڭلارنى پېچەتلىۋەتسە، شۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق گەپنى چۈشەنمەيدىغان بولۇپ قالساڭلار، ئۇلارنى ئاللاھتىن باشقا قايسى ئىلاھ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ؟». ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئايەتلىرىمىزنى قانداق بايان قىلىپ بېرىۋاتقانلىقىمىزغا، ئاندىن ئۇلارنىڭ ۋەز - نەسىھەت ئېلىشتىن قانداق يۈز ئۆرۈۋاتقانلىقىغا قارىغىن.

قُلْ أَرَءَيْتَكُمْ إِنْ أَتَىٰكُمْ عَذَابُ ٱللَّهِ بَغْتَةً أَوْ جَهْرَةً هَلْ يُهْلَكُ إِلَّا ٱلْقَوْمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٤٧﴾

47- ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر سىلەرگە
ئاللاھنىڭ ئازابى سىلەر ھېس قىلمىغان بىر پەيتتە ئۇشتۇمتۇت چۈشسە ياكى سىلەر
كۆرۈپ تۇرغاندا ئاشكارا كەلسە، ھالاك بولىدىغانلار دەل شۇ كۇفرىلىق قىلىپ، ئاللاھتىن
باشقىسىغا ئىبادەت قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان قەۋم بولماي، كىملەر بولسۇن؟!»

وَمَا نُرْسِلُ ٱلْمُرْسَلِينَ إِلَّا مُبَشِّرِينَ وَمُنذِرِينَ ۖ فَمَنْ ءَامَنَ وَأَصْلَحَ فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ
يَحْزَنُونَ ﴿٤٨﴾

48- بىز پەيغەمبەرلەرنى پەقەت ئىتائەتمەن مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر
بەرگۈچى ۋە گۇناھكارلارنى ئاخىرەتتىكى قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپلا
ئەۋەتىمىز. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتسا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى
قىلسا، ئۇلارغا رەببىنىڭ ئالدىغا چىقىرىلىدىغان قىيامەت كۈنىدە قىلچە قورقۇنچ ۋە
ئەنسىرەش بولمايدۇ، بۇ دۇنيادا ئېرىشەلمەي كەتكەن نەرسىلىرى ئۈچۈنمۇ قىلچە
ھەسرەت چەكمەيدۇ. (چۈنكى ئاخىرەتتە ئەڭ ياخشىسى بار).

وَٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا يَمَسُّهُمُ ٱلْعَذَابُ بِمَا كَانُوا۟ يَفْسُقُونَ ﴿٤٩﴾

49- بىزنىڭ قۇرئاندىكى ئايەتلىرىمىزنى ۋە چۈشۈرگەن مۆجىزىلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارغا
كەلسەك، ئۇلار ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن،
قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

قُل لَّآ أَقُولُ لَكُمْ عِندِى خَزَآئِنُ ٱللَّهِ وَلَآ أَعْلَمُ ٱلْغَيْبَ وَلَآ أَقُولُ لَكُمْ إِنِّى مَلَكٌ ۖ إِنْ أَتَّبِعُ إِلَّا مَا
يُوحَىٰٓ إِلَىَّ ۚ قُلْ هَلْ يَسْتَوِى ٱلْأَعْمَىٰ وَٱلْبَصِيرُ ۚ أَفَلَا تَتَفَكَّرُونَ ﴿٥٠﴾

50- ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە، ‹مەندە ئاسمانلارنىڭ ۋە
زېمىننىڭ خەزىنىلىرى بار› دېمەيمەن، ‹مەن غەيبنى بىلمەن› دېمۇ ئېيتمايمەن،
يەنە سىلەرگە ‹مەن بولسام بىر پەرىشتە› دېمۇ ئېيتمايمەن، مەن پەقەتلا ئاللاھ
تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەرمەن، مەن ماڭا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەگىشىمەن،
ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنى كىشىلەرگە يەتكۈزىمەن». ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا
ئېيتقىنكى، «ئاللاھنىڭ روشەن ئايەتلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى كۆرمەي، ئۇنىڭغا
ئىمان ئېيتمىغان كاپىر ئادەم بىلەن ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ،
ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان ئادەم باراۋەر بولامدۇ؟ ھەقىقەتنى كۆرۈۋېلىپ ئىمان ئېيتىشىڭلار
ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلمامسىلەر؟»

وَأَنذِرْ بِهِ ٱلَّذِينَ يَخَافُونَ أَن يُحْشَرُوٓا۟ إِلَىٰ رَبِّهِمْ ۙ لَيْسَ لَهُم مِّن دُونِهِۦ وَلِىٌّ وَلَا شَفِيعٌ لَّعَلَّهُمْ
يَتَّقُونَ ﴿٥١﴾

51- ئى پەيغەمبەر! رەببىنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغانلارنىڭ
ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىپ تەقۋادار كىشىلەردىن
بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى قۇرئان بىلەن ئاگاھلاندۇرغىنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ ۋەدىلىرىنىڭ
ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ، ئۆزلىرىگە ئاللاھتىن باشقا
ھېچقانداق مەدەتكار ياكى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قويىدىغان ھېچقانداق
شاپائەتچى يوق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

وَلَا تَطۡرُدِ ٱلَّذِينَ يَدۡعُونَ رَبَّهُم بِٱلۡغَدَوٰةِ وَٱلۡعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجۡهَهُۥۖ مَا عَلَيۡكَ مِنۡ حِسَابِهِم مِّن شَيۡءٖ وَمَا مِنۡ حِسَابِكَ عَلَيۡهِم مِّن شَيۡءٖ فَتَطۡرُدَهُمۡ فَتَكُونَ مِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٥٢﴾

52 - ئى پەيغەمبەر! ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا رەببىگە ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاجىز مۇسۇلمانلارنى مەجلىسىڭدىن قوغلىۋەتمىگىن، ئاشۇ يوقسۇل مۇسۇلمانلارنىڭ ھېسابىدىن ساڭا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ، چۈنكى، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش پەقەت ئاللاھنىڭ ئىشىدۇر. شۇنىڭدەك، سېنىڭ ھېسابىڭدىنمۇ ئۇلارغا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ. ئەگەر سەن ئۇلارنى مەجلىسىڭدىن قوغلىۋەتسەڭ، ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدىن چەتنەپ كەتكەنلەردىن بولۇپ قالىسەن.

وَكَذَٰلِكَ فَتَنَّا بَعۡضَهُم بِبَعۡضٖ لِّيَقُولُوٓاْ أَهَٰٓؤُلَآءِ مَنَّ ٱللَّهُ عَلَيۡهِم مِّنۢ بَيۡنِنَآۗ أَلَيۡسَ ٱللَّهُ بِأَعۡلَمَ بِٱلشَّٰكِرِينَ ﴿٥٣﴾

53 - شۇنىڭدەك، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ نېسىۋىلىرىنى رىزىق ۋە ئەخلاق جەھەتتە پەرقلىق قىلىپ، بەزىسىنى بەزىسى بىلەن سىنىدى، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى باي قىلسا، بەزىسىنى يوقسۇل قىلدى، بەزىسىنى كۈچلۈك قىلسا، بەزىسىنى ئاجىز قىلدى، بەزىسىنى بەزىسىگە موھتاج قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى سىناقتۇر. شۇنىڭ بىلەن مال - دۇنياسى كۆپ بولغان كاپىرلار: «ئاللاھ ئارىمىزدىن ئىسلامغا ھىدايەت قىلىپ ئاشۇ يالاڭ تۆشلەرگە ئىنئام قىلىپتۇمۇ؟» دېيىشىدۇ. ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئوبدان بىلىپ، ئاشۇلارنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلدۇ ئەمەسمۇ؟

وَإِذَا جَآءَكَ ٱلَّذِينَ يُؤۡمِنُونَ بِـَٔايَٰتِنَا فَقُلۡ سَلَٰمٌ عَلَيۡكُمۡۖ كَتَبَ رَبُّكُمۡ عَلَىٰ نَفۡسِهِ ٱلرَّحۡمَةَ أَنَّهُۥ مَنۡ عَمِلَ مِنكُمۡ سُوٓءَۢا بِجَهَٰلَةٖ ثُمَّ تَابَ مِنۢ بَعۡدِهِۦ وَأَصۡلَحَ فَأَنَّهُۥ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٥٤﴾

54 - ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلايدىغان قۇرئان ئايەتلىرىگە ۋە باشقا دەلىللەرگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەر بۇرۇنقى گۇناھلىرىغا تەۋبە بار - يوقلۇقى ھەققىدە سەندىن سوراپ كەلسە، ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، ئۇلارنى ئىززەتلىگىن، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ كەڭ رەھمىتى بىلەن خۇش بېشارەت بەرگىن ۋە ئاللاھ بەندىلىرىگە ئۆز پەزلىدىن رەھمەت ئاتا قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىنى، سىلەردىن كىمكى گۇناھ - مەئسىيەتنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى ۋە ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار قىلىدىغانلىقىنى بىلمەستىن، بىرەر گۇناھنى سادىر قىلىپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن تەۋبە قىلسا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرسا، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدىغانلىقىنى ئېيتقىن. چۈنكى ئاللاھ تەۋبە قىلغان بەندىلىرىنىڭ گۇناھىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا بەكمۇ شەپقەتلىكتۇر» دېگىن.

وَكَذَٰلِكَ نُفَصِّلُ ٱلۡأٓيَٰتِ وَلِتَسۡتَبِينَ سَبِيلُ ٱلۡمُجۡرِمِينَ ﴿٥٥﴾

55 - ئى پەيغەمبەر! ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقسۇن ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغان گۇناھكارلارنىڭ يولى ئېنىق ئايرىلسۇن دەپ، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا دەلىل - پاكىتلىرىمىزنى ۋە ئايەتلىرىمىزنى ئەنە شۇنداق ئوچۇق بايان قىلىمىز.

قُلۡ إِنِّي نُهِيتُ أَنۡ أَعۡبُدَ ٱلَّذِينَ تَدۡعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِۚ قُل لَّآ أَتَّبِعُ أَهۡوَآءَكُمۡ قَدۡ ضَلَلۡتُ إِذٗا وَمَآ أَنَا۠ مِنَ ٱلۡمُهۡتَدِينَ ﴿٥٦﴾

56 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «مەن ھەقىقەتەن سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن مەنئى قىلىندىم». ئۇلارغا يەنە ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرنىڭ نەپسى خاھىشلىرىڭلارغا ئەگەشمەيمەن، ئەگەر مەن سىلەرنىڭ نەپسى خاھىشىڭلارغا ئەگەشسەم، ئەلۋەتتە، توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن بولىمەن ۋە ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولالماي قالىمەن».

قُلۡ إِنِّي عَلَىٰ بَيِّنَةٖ مِّن رَّبِّي وَكَذَّبۡتُم بِهِۦۚ مَا عِندِي مَا تَسۡتَعۡجِلُونَ بِهِۦٓۚ إِنِ ٱلۡحُكۡمُ إِلَّا لِلَّهِۖ يَقُصُّ ٱلۡحَقَّۖ وَهُوَ خَيۡرُ ٱلۡفَٰصِلِينَ ﴿٥٧﴾

57 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «مەن رەببىم تەرىپىدىن ماڭا ۋەھيى قىلىنغان روشەن شەرىئەتكە ئاساسلىنىمەن. ئۇ بولسىمۇ، ئىبادەتنى ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا قىلىشتۇر. ھالبۇكى، سىلەر ئۇ شەرىئەتنى ئىنكار قىلدىڭلار، سىلەر تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلىۋاتقان ئازابنى چۈشۈرۈشكە مېنىڭ قۇدرىتىم يەتمەيدۇ. ئۇ ئازابنىڭ كېچىكتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەقىقەتنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ، ئاللاھ ئۆز ھۆكمى ئارقىلىق ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر».

قُل لَّوۡ أَنَّ عِندِي مَا تَسۡتَعۡجِلُونَ بِهِۦ لَقُضِيَ ٱلۡأَمۡرُ بَيۡنِي وَبَيۡنَكُمۡۗ وَٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٥٨﴾

58 - ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، «سىلەر تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلغان ئازاب مېنىڭ قولۇمدىن كەلسە ئىدى، ئۇ ئازابنى ئەلۋەتتە چۈشۈرگەن بولاتتىم ۋە مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئىش چوقۇم بىر تەرەپ قىلىنىپ بولغان بولاتتى. لېكىن ئازاب چۈشۈرۈش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئۇ ھەددىدىن ئېشىپ ئاللاھقا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ».

۞ وَعِندَهُۥ مَفَاتِحُ ٱلۡغَيۡبِ لَا يَعۡلَمُهَآ إِلَّا هُوَۚ وَيَعۡلَمُ مَا فِي ٱلۡبَرِّ وَٱلۡبَحۡرِۚ وَمَا تَسۡقُطُ مِن وَرَقَةٍ إِلَّا يَعۡلَمُهَا وَلَا حَبَّةٖ فِي ظُلُمَٰتِ ٱلۡأَرۡضِ وَلَا رَطۡبٖ وَلَا يَابِسٍ إِلَّا فِي كِتَٰبٖ مُّبِينٖ ﴿٥٩﴾

59 - غەيبنىڭ خەزىنىلىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەتلا ئاللاھ بىلىدۇ. قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى، يامغۇرنىڭ قاچان ياغىدىغانلىقى، بالىياتقۇلاردىكى بوۋاقلارنىڭ قانداق ئىكەنلىكى، كېلەچەكتە نېمە بولىدىغانلىقى ۋە ئىنساننىڭ نەدە ئۆلىدىغانلىقى قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى غەيبنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇلارنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئاللاھ يەنە قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىلمى سىرتىدا بىرەر تال ياپراقمۇ تۆكۈلمەيدۇ، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر تال ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسىلەر بولسۇن، ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا ئېنىق ۋە تەپسىلىي يېزىلغاندۇر.

وَهُوَ ٱلَّذِي يَتَوَفَّىٰكُم بِٱلَّيۡلِ وَيَعۡلَمُ مَا جَرَحۡتُم بِٱلنَّهَارِ ثُمَّ يَبۡعَثُكُمۡ فِيهِ لِيُقۡضَىٰٓ أَجَلٞ مُّسَمّٗىۖ ثُمَّ إِلَيۡهِ مَرۡجِعُكُمۡ ثُمَّ يُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٦٠﴾

60 - ئاللاھ كېچىسى سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئۆلگەن چېغىڭلاردا ئالغاندەك ئېلىپ تۇرىدىغان، كۈندۈزدە قىلغان ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدىغان، ئاندىن ئەجىلىڭلار توشقىچە ياشىشىڭلار ئۈچۈن، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرگەندەك كۈندۈزدە سىلەرنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىش ئارقىلىق جېنىڭلارنى بەدىنىڭلارغا قايتۇرىدىغان زاتتۇر. ئاندىن قىيامەت كۈنى سىلەر تىرىلىپ قەبرەڭلاردىن چىقىرىلغاندىن كېيىن، سىلەرنىڭ قايتىدىغان جايىڭلار ئاللاھنىڭ

دەرگاھىدۇر، ئاندىن ئاللاھ سىلەرنىڭ دۇنيا ھاياتىدا قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن سىلەرگە خەۋەر بېرىدۇ، ئاندىن شۇ ئەمەللىرىڭلارغا قاراپ سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

وَهُوَ ٱلْقَاهِرُ فَوْقَ عِبَادِهِۦ ۖ وَيُرْسِلُ عَلَيْكُمْ حَفَظَةً حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَ أَحَدَكُمُ ٱلْمَوْتُ تَوَفَّتْهُ رُسُلُنَا وَهُمْ لَا يُفَرِّطُونَ ﴿٦١﴾

61- ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدىن تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر، بۇ ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتىكى ئۈستۈنلۈك بولۇپ، ئاللاھ ھەممە جەھەتتىن ئۈستۈندۇر، ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ۋە كاتتىلىقىغا بويسۇنغۇچىدۇر. ئاللاھ بەندىلىرىگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىدىغان ۋە خاتىرىلەپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىدۇ، نىھايەت بەندىلەرنىڭ بىرىگە ئۆلۈم كەلگەندە، ئۆلۈم پەرىشتىسى ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدۇ، ئۇلار بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشتا قىلچە بىپەرۋالىق قىلمايدۇ.

ثُمَّ رُدُّوٓاْ إِلَى ٱللَّهِ مَوْلَىٰهُمُ ٱلْحَقِّ ۚ أَلَا لَهُ ٱلْحُكْمُ وَهُوَ أَسْرَعُ ٱلْحَـٰسِبِينَ ﴿٦٢﴾

62- ئاندىن ئاشۇ جېنى ئېلىنغان ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ. بىلىڭلاركى، قىيامەت كۈنى بەندىلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش يالغۇز ئاللاھقىلا خاستۇر، ئاللاھ ئەڭ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر.

قُلْ مَن يُنَجِّيكُم مِّن ظُلُمَـٰتِ ٱلْبَرِّ وَٱلْبَحْرِ تَدْعُونَهُۥ تَضَرُّعًا وَخُفْيَةً لَّئِنْ أَنجَىٰنَا مِنْ هَـٰذِهِۦ لَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلشَّـٰكِرِينَ ﴿٦٣﴾

63- ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ زۇلمەتلىرىدىكى ئەندىشىلەردىن سىلەرنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟ سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا بالا كەلگەن چاغدا، سىلەر ئىنتايىن تۆۋەنچىلىك بىلەن ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا ئىلتىجا قىلىدىغان زات ئاللاھ ئەمەسمۇ؟ بېشىڭلارغا بالا كەلگەندە سىلەر ‹ئەگەر ئاللاھ بىزنى بۇ بالادىن قۇتقۇزسا، ئەلۋەتتە بىز ئىبادەتنى ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا قىلىپ، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز› دەپ ئاللاھقا يالۋۇرۇپ، تۆۋەنچىلىك بىلەن دۇئا قىلىسىلەر».

قُلِ ٱللَّهُ يُنَجِّيكُم مِّنْهَا وَمِن كُلِّ كَرْبٍ ثُمَّ أَنتُمْ تُشْرِكُونَ ﴿٦٤﴾

64- ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەرنى ئاشۇ زۇلمەتلەردىن ۋە بارلىق غەم - قايغۇلاردىن ئاللاھ قۇتقۇزىدۇ، ئاندىن سىلەر ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتا يەنە باشقىلارنى شېرىك كەلتۈرىسىلەر».

قُلْ هُوَ ٱلْقَادِرُ عَلَىٰٓ أَن يَبْعَثَ عَلَيْكُمْ عَذَابًا مِّن فَوْقِكُمْ أَوْ مِن تَحْتِ أَرْجُلِكُمْ أَوْ يَلْبِسَكُمْ شِيَعًا وَيُذِيقَ بَعْضَكُم بَأْسَ بَعْضٍ ۗ ٱنظُرْ كَيْفَ نُصَرِّفُ ٱلْـَٔايَـٰتِ لَعَلَّهُمْ يَفْقَهُونَ ﴿٦٥﴾

65- ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن توپان بالاسىغا ئوخشاش بىر ئازابنى ئەۋەتىشكە ياكى ئايىغىڭلار ئاستىدىن يەر تەۋرەش ۋە يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىش دېگەندەك بىرەر ئازابنى ئەۋەتىشكە، ياكى سىلەرنىڭ بىرلىكىڭلارنى پارچىلاپ، بىر - بىرىڭلارنى ئۆلتۈرىدىغان پىرقىلەرگە ئايرىۋېتىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر». ئى پەيغەمبەر! سەن ئاشۇ مۇشرىكلارنى چۈشەنسۇن دەپ، ئايەتلىرىمىزنى ۋە دەلىل - پاكىتلىرىمىزنى قانداق تەپسىلىي بايان قىلىۋاتقىنىمىزغا قارىغىن.

وَكَذَّبَ بِهِۦ قَوْمُكَ وَهُوَ ٱلْحَقُّ ۚ قُل لَّسْتُ عَلَيْكُم بِوَكِيلٍ ﴿٦٦﴾

66 - ئى پەيغەمبەر! قۇرئان پۈتۈنلەي ھەق كىتاب تۇرۇقلۇق، سېنىڭ قەۋمىڭ ئىچىدىكى كاپىرلار ئۇنى ئىنكار قىلدى. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە ھامىي ئەمەس، مەن پەقەت ئاللاھنىڭ ئەلچىسىمەن، مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم ئاللاھتىن ماڭا كەلگەن ۋەھيىنى سىلەرگە يەتكۈزۈشتۇر».

لِّكُلِّ نَبَإٍ مُّسْتَقَرٌّ ۚ وَسَوْفَ تَعْلَمُونَ ﴿٦٧﴾

67 - ئاللاھ تەرىپىدىن ئالدىنئالا بېرىلگەن ھەربىر خەۋەرنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغان ۋە توختايدىغان ۋاقتى بار، ھەقىقەت باتىلدىن ئايرىلدى. ئى كاپىرلار! سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب چۈشكەن چاغدا، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىپ قالىسىلەر.

وَإِذَا رَأَيْتَ ٱلَّذِينَ يَخُوضُونَ فِىٓ ءَايَٰتِنَا فَأَعْرِضْ عَنْهُمْ حَتَّىٰ يَخُوضُوا۟ فِى حَدِيثٍ غَيْرِهِۦ ۚ وَإِمَّا يُنسِيَنَّكَ
ٱلشَّيْطَٰنُ فَلَا تَقْعُدْ بَعْدَ ٱلذِّكْرَىٰ مَعَ ٱلْقَوْمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٦٨﴾

68 - ئى پەيغەمبەر! قۇرئان ئايەتلىرى ھەققىدە قالايمىقان گەپلەرنى قىلىۋاتقان ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتقان مۇشرىكلارنى كۆرگىنىڭدە، ئۇلار بۇنىڭدىن باشقا گەپكە يۆتكەلمىگۈچە ئۇلاردىن يىراقلاشقىن. ئەگەر بۇ ئىشنى شەيتان ساڭا ئۇنتۇلدۇرغان بولسا، ئېسىڭگە كەلگەندىن كېيىن، بۇنداق ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچى قەۋم بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن.

وَمَا عَلَى ٱلَّذِينَ يَتَّقُونَ مِنْ حِسَابِهِم مِّن شَىْءٍ وَلَٰكِن ذِكْرَىٰ لَعَلَّهُمْ يَتَّقُونَ ﴿٦٩﴾

69 - ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يىراق تۇرىدىغان تەقۋادار مۇئمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىدىغان كاپىرلارنىڭ ھېسابىدىن ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ. لېكىن، مۇئمىنلەر ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلمىشتىن ساقلىنىشى ئۈچۈن ئۇلارغا ۋەز - نەسىھەت قىلىشى كېرەك.

وَذَرِ ٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُوا۟ دِينَهُمْ لَعِبًا وَلَهْوًا وَغَرَّتْهُمُ ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَا ۚ وَذَكِّرْ بِهِۦٓ أَن تُبْسَلَ نَفْسٌۢ بِمَا
كَسَبَتْ لَيْسَ لَهَا مِن دُونِ ٱللَّهِ وَلِىٌّ وَلَا شَفِيعٌ وَإِن تَعْدِلْ كُلَّ عَدْلٍ لَّا يُؤْخَذْ مِنْهَآ ۗ أُو۟لَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ
أُبْسِلُوا۟ بِمَا كَسَبُوا۟ ۖ لَهُمْ شَرَابٌ مِّنْ حَمِيمٍ وَعَذَابٌ أَلِيمٌۢ بِمَا كَانُوا۟ يَكْفُرُونَ ﴿٧٠﴾

70 - ئى پەيغەمبەر! ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىپ، دىنىنى ئويۇن - تاماشا ئورنىدا قىلىۋالغان ۋە دۇنيا تىرىكچىلىكىگە ئالدىنىپ كەتكەن ئاشۇ مۇشرىكلارنى قويۇپ تۇرغىن. ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆز قىلمىشى سەۋەبلىك ھالاك بولۇشتىن ساقلىنىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا ۋە باشقا كاپىرلارغا قۇرئان بىلەن ۋەز- نەسىھەت قىلغىن. گۇناھكار ئادەمنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويىدىغان ھېچقانداق مەدەتكار يوق، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا شاپائەت قىلىدىغان بىرەر شاپائەتچىمۇ يوق. ئۇ گۇناھكار ئادەم ھەرقانداق فىدىيە بەرسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەنە شۇلار قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك بولىدىغانلاردۇر. ئۇلار ئاللاھ تائالانى، ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئىسلام دىنىنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاخىرەتتە قايناپ تۇرغان شاراب ۋە قاتتىق ئازاب بار.

قُلْ أَنَدْعُوا۟ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَنفَعُنَا وَلَا يَضُرُّنَا وَنُرَدُّ عَلَىٰٓ أَعْقَابِنَا بَعْدَ إِذْ هَدَىٰنَا ٱللَّهُ كَٱلَّذِى
ٱسْتَهْوَتْهُ ٱلشَّيَٰطِينُ فِى ٱلْأَرْضِ حَيْرَانَ لَهُۥٓ أَصْحَٰبٌ يَدْعُونَهُۥٓ إِلَى ٱلْهُدَى ٱئْتِنَا ۗ قُلْ إِنَّ هُدَى ٱللَّهِ هُوَ

ٱلْهُدَىٰ ۖ وَأُمِرْنَا لِنُسْلِمَ لِرَبِّ ٱلْعَـٰلَمِينَ ﴿٧١﴾

71 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «بىز ئاللاھنى قويۇپ بىزگە پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان، زىياندىن توسالمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامدۇق؟ ئاللاھ بىزنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن، بىز بۇرۇنقى كۇفرىلىققا قايتامدۇق؟ ئەگەر بىز شۇنداق قىلىدىغان بولساق، شەيتانلار ئازدۇرۇپ بىر چۆلگە باشلاپ بارغان، چۆلدە تېڭىرقاپ قالغان، مۇئمىن دوستلىرى ئۇنى بىرى كەل دەپ توغرا يولغا چاقىرىۋاتسىمۇ قوبۇل قىلمىغان (شۇنىڭ بىلەن ھالاك بولغان) ئادەمگە ئوخشاپ قالىمىز». ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ماڭا ئاتا قىلغان ھىدايەتلا ھەقىقىي ھىدايەتتۇر، بىز ھەممىمىز ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇق، ئاللاھ ھەممىمىزنىڭ ئىگىسىدۇر.

وَأَنْ أَقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَٱتَّقُوهُ ۚ وَهُوَ ٱلَّذِىٓ إِلَيْهِ تُحْشَرُونَ ﴿٧٢﴾

72 - بىز يەنە نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىشقا، ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يىراق تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلىشقا بۇيرۇلدۇق. ئەنە شۇ ئاللاھ قىيامەت كۈنى بارچە خالايىق دەرگاھىغا توپلىنىدىغان زاتتۇر».

وَهُوَ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ بِٱلْحَقِّ ۖ وَيَوْمَ يَقُولُ كُن فَيَكُونُ ۚ قَوْلُهُ ٱلْحَقُّ ۚ وَلَهُ ٱلْمُلْكُ يَوْمَ يُنفَخُ فِى ٱلصُّورِ ۚ عَـٰلِمُ ٱلْغَيْبِ وَٱلشَّهَـٰدَةِ ۚ وَهُوَ ٱلْحَكِيمُ ٱلْخَبِيرُ ﴿٧٣﴾

73 - ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتقان زاتتۇر. ئى پەيغەمبەر! قىيامەت كۈنىنى ئەسلىگىنكى، ئاللاھ قانداقلا بىر ئىشقا «بول!» دېسە، ئۇ ئىش كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئاز ۋاقىت ئىچىدە بارلىققا كېلىدۇ. ئاللاھنىڭ سۆزى ھەقىقەتتىنىڭ ئۆزىدۇر. سۈر[1] چېلىنغان كۈندىكى پادىشاھلىق ئاللاھقا خاستۇر. سۈر چېلىشقا مەسئۇل پەرىشتە ئىككىنچى قېتىم سۈر چالغاندا، بارلىق ئۆلۈكلەر تىرىلىدۇ. ئى ئىنسانلار! ئاللاھ سىلەر بىلمەيدىغان ۋە سىلەر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئاللاھ ھەممە ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلىدىغان، بەندىلىرىنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرىدىغان زاتتۇر. ئاللاھ يۇقىرىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىشقا قادىر بولغان يېگانە ئىلاھتۇر، بەندىلەرنىڭ ئۇنىڭغا شەرتسىز بويسۇنۇشى ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشى، ئۇنىڭ ھۆكمىگە رازىلىق بىلدۈرۈشى، ئۇنىڭ رازىلىقىغا ۋە مەغپىرىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى زۆرۈردۇر.

۞ وَإِذْ قَالَ إِبْرَٰهِيمُ لِأَبِيهِ ءَازَرَ أَتَتَّخِذُ أَصْنَامًا ءَالِهَةً ۖ إِنِّىٓ أَرَىٰكَ وَقَوْمَكَ فِى ضَلَـٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٧٤﴾

74 - ئى پەيغەمبەر! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى ئازەر بىلەن ئېلىپ بارغان مۇنازىرىسىنى ئەسلىگىن، ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا: «سەن ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارنى ئىلاھ قىلىۋالامسەن؟ شەكسىزكى، مەن سېنى ۋە قەۋمىڭنى ھەقىقەتتىن تامامەن يىراق بولغان ئوپئوچۇق بىر ئازغۇنلۇقتا كۆرۈۋاتىمەن» دېگەن ئىدى.

وَكَذَٰلِكَ نُرِىٓ إِبْرَٰهِيمَ مَلَكُوتَ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَلِيَكُونَ مِنَ ٱلْمُوقِنِينَ ﴿٧٥﴾

75 - بىز ئىبراھىمنى ھەق دىنغا ھىدايەت قىلغاندەك، ئۇنىڭ ئىمانى تېخىمۇ كۈچلۈك

---

[1] سۈر–بۇ دۇنيا ھاياتى ئاخىرلاشقاندا بىر قېتىم، ئاخىرەتتە ئۆلۈكلەر تىرىلىدىغان چاغدا يەنە بىر قېتىم چېلىنىدىغان كاناي.

بولسۇن دەپ، بىز ئۇنىڭغا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بۈيۈك سەلتەنىتىمىزنىڭ ۋە چەكسىز قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسەتتۇق.

فَلَمَّا جَنَّ عَلَيۡهِ ٱلَّيۡلُ رَءَا كَوۡكَبٗاۖ قَالَ هَٰذَا رَبِّيۖ فَلَمَّآ أَفَلَ قَالَ لَآ أُحِبُّ ٱلۡأٓفِلِينَ ﴿٧٦﴾

76 - ئىبراھىم كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقان چاغدا، ئۆز قەۋمىنىڭ ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا دەلىللەپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قەۋمى يۇلتۇزلارغا چوقۇناتتى. ئىبراھىم قەۋمىنى يۇلتۇزغا چوقۇنۇشتىن ئىختىيارىي ھالدا ۋاز كەچتۈرۈش نىيىتى بىلەن بىر يۇلتۇزغا تەۋھىد ئەقىدىسىگە[1] كەلتۈرۈش نىيىتى بىلەن بىر يۇلتۇزغا قاراپ: «بۇ مېنىڭ رەببىمدۇر» دېدى. ئاندىن يۇلتۇز پېتىپ كېتىۋىدى، «مەن پېتىپ كەتكۈچىلەرنى ياقتۇرمايمەن» دېدى.

فَلَمَّا رَءَا ٱلۡقَمَرَ بَازِغٗا قَالَ هَٰذَا رَبِّيۖ فَلَمَّآ أَفَلَ قَالَ لَئِن لَّمۡ يَهۡدِنِي رَبِّي لَأَكُونَنَّ مِنَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلضَّآلِّينَ ﴿٧٧﴾

77 - ئىبراھىم ئاينىڭ تۇغقانلىقىنى كۆرۈپ قەۋمىنى ئەقىدىسىدىن ئىختىيارىي ھالدا ۋاز كەچتۈرۈش نىيىتى بىلەن ئۇلارغا: «بۇ مېنىڭ رەببىمدۇر» دېدى. ئاندىن ئاي پېتىپ كېتىۋىدى، «ئەگەر رەببىم مېنى تەۋھىد ئەقىدىسىگە مۇۋەپپەق قىلمىغان بولسا، مەن ئەلۋەتتە ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنىدىغان ئازغۇن قەۋمنىڭ قاتارىدا بولۇپ قالىدىكەنمەن» دېدى.

فَلَمَّا رَءَا ٱلشَّمۡسَ بَازِغَةٗ قَالَ هَٰذَا رَبِّي هَٰذَآ أَكۡبَرُۖ فَلَمَّآ أَفَلَتۡ قَالَ يَٰقَوۡمِ إِنِّي بَرِيٓءٞ مِّمَّا تُشۡرِكُونَ ﴿٧٨﴾

78 - ئۇ قۇياشنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قەۋمىگە: «بۇ مېنىڭ رەببىمدۇر، چۈنكى بۇ يۇلتۇز ۋە ئايدىن چوڭ ئىكەن» دېدى. قۇياش پېتىپ كېتىۋىدى، ئۇ قەۋمىگە ئېيتتىكى، «ئى قەۋمىم! مەن سىلەر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ چوقۇنۇۋاتقان يۇلتۇز، بۇت قاتارلىق نەرسىلەردىن ئەلۋەتتە يىراقمەن».

إِنِّي وَجَّهۡتُ وَجۡهِيَ لِلَّذِي فَطَرَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ حَنِيفٗاۖ وَمَآ أَنَا۠ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ﴿٧٩﴾

79 - شەكسىزكى، مەن شېرىك ئەقىدىسىدىن يىراق تۇرۇپ، تەۋھىد ئەقىدىسىنى تاللاپ، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زاتقا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن يۈزلەندىم، مەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ قاتارىدىن ئەمەسمەن».

وَحَآجَّهُۥ قَوۡمُهُۥۚ قَالَ أَتُحَٰٓجُّوٓنِّي فِي ٱللَّهِ وَقَدۡ هَدَىٰنِۚ وَلَآ أَخَافُ مَا تُشۡرِكُونَ بِهِۦٓ إِلَّآ أَن يَشَآءَ رَبِّي شَيۡـٔٗاۚ وَسِعَ رَبِّي كُلَّ شَيۡءٍ عِلۡمًاۚ أَفَلَا تَتَذَكَّرُونَ ﴿٨٠﴾

80 - ئىبراھىمنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ تەۋھىد ئەقىدىسى ئۈستىدە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشتى، ئىبراھىم ئېيتتىكى، «ئاللاھ مېنى تەۋھىد ئەقىدىسىگە ھىدايەت قىلغان تۇرسا، سىلەر مەن بىلەن ئىبادەتنى ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا قىلىدىغان ئەقىدەم ھەققىدە مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ مەن سىلەرنىڭ ‹ئىلاھلىرىمىز سېنى جازالايدۇ› دېگەن تەھدىتلىرىڭلاردىن قورقۇپ قالمايمەن. چۈنكى ئۇ نەرسىلەر ماڭا قىلچە زىيان - زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت

[1] تەۋھىد ئەقىدىسى - ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگۈچىلىك بارلىق پەيغەمبەرلەر كىشىلەرنى دەۋەت قىلىپ كەلگەن قەدىمىي ئەقىدە بولۇپ، ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىش ۋە ئاللاھقا ھېچبىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكنى ئاساس قىلىدۇ.

رەببىمنىڭ ئىرادە قىلغىنىلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. رەببىمنىڭ ئىلمى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. سىلەر بۇنى ئويلاپ كۆرمەمسىلەر؟ ئاللاھنىڭ ئىبادەت قىلىنىشقا تولىمۇ ھەقلىق يېگانە مەبۇد ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەمسىلەر؟

وَكَيْفَ أَخَافُ مَآ أَشْرَكْتُمْ وَلَا تَخَافُونَ أَنَّكُمْ أَشْرَكْتُم بِٱللَّهِ مَا لَمْ يُنَزِّلْ بِهِۦ عَلَيْكُمْ سُلْطَٰنًا ۚ فَأَىُّ ٱلْفَرِيقَيْنِ أَحَقُّ بِٱلْأَمْنِ ۖ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٨١﴾

81- سىلەر ئۆزۈڭلارنى ۋە ھېچقانداق ئاساسسىز ھالدا چوقۇنۇۋاتقان ئاشۇ بۇتلىرىڭلارنى ياراتقان ئاللاھتىن قورقمىغان تۇرساڭلار، مەن سىلەرنىڭ بۇتلىرىڭلاردىن قانداق قورقىمەن؟ ئەگەر بىلسەڭلار ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، مۇشرىكلار بىلەن مۇئمىنلەردىن ئىبارەت بۇ ئىككى پىرقىنىڭ قايسىسى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئەمىن بولۇشقا تېگىشلىك؟».

ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَلَمْ يَلْبِسُوٓا۟ إِيمَٰنَهُم بِظُلْمٍ أُو۟لَٰٓئِكَ لَهُمُ ٱلْأَمْنُ وَهُم مُّهْتَدُونَ ﴿٨٢﴾

82- ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان، ئىمانىغا ھېچقانداق مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەر بارغۇ، ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئەنە شۇلارغا خاستۇر، ئۇلار توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىنغۇچىلاردۇر.

وَتِلْكَ حُجَّتُنَآ ءَاتَيْنَٰهَآ إِبْرَٰهِيمَ عَلَىٰ قَوْمِهِۦ ۚ نَرْفَعُ دَرَجَٰتٍ مَّن نَّشَآءُ ۗ إِنَّ رَبَّكَ حَكِيمٌ عَلِيمٌ ﴿٨٣﴾

83- ئىبراھىم ئۆز قەۋمىنى مات قىلىپ قويغان ئاشۇ دەلىل - پاكىتلار بىز ئىبراھىمغا قەۋمىنى قايىل قىلسۇن دەپ ئاتا قىلغان دەلىللىرىمىزدۇر. بەندىلىرىمىزنىڭ ئىچىدىن بىز خالىغان ئادەمنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىر قانچە دەرىجە كۆتۈرىمىز. شەكسىزكى، رەببىڭ بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

وَوَهَبْنَا لَهُۥٓ إِسْحَٰقَ وَيَعْقُوبَ ۚ كُلًّا هَدَيْنَا ۚ وَنُوحًا هَدَيْنَا مِن قَبْلُ ۖ وَمِن ذُرِّيَّتِهِۦ دَاوُۥدَ وَسُلَيْمَٰنَ وَأَيُّوبَ وَيُوسُفَ وَمُوسَىٰ وَهَٰرُونَ ۚ وَكَذَٰلِكَ نَجْزِى ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٨٤﴾

84- بىز ئىبراھىمغا ئىسھاقنى ئوغۇل قىلىپ بەردۇق، يەئقۇبنى نەۋرە بىلىپ بەردۇق، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى توغرا يولغا يېتەكلىدۇق. ئۇلاردىن ئىلگىرى نۇھنى توغرا يولغا يېتەكلىگەن ئىدۇق. نۇھنىڭ نەسلىدىن كەلگەن داۋۇد، سۇلەيمان، ئەييۇب، يۈسۈپ، مۇسا، ھارۇن قاتارلىقلارنىمۇ توغرا يولغا يېتەكلىدۇق. ئاشۇ پەيغەمبەرلەرنى مۇكاپاتلىغاندەك ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىمۇ شۇنداق مۇكاپاتلايمىز.

وَزَكَرِيَّا وَيَحْيَىٰ وَعِيسَىٰ وَإِلْيَاسَ ۖ كُلٌّ مِّنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٨٥﴾

85- زەكەرىييا، يەھيا، ئىيسا ۋە ئىلياس قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنىمۇ توغرا يولغا يېتەكلىدۇق. ئاشۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ياخشى زاتلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

وَإِسْمَٰعِيلَ وَٱلْيَسَعَ وَيُونُسَ وَلُوطًا ۚ وَكُلًّا فَضَّلْنَا عَلَى ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٨٦﴾

86- ئىسمائىل، ئەليەسەئ، يۇنۇس ۋە لۇت قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنىمۇ توغرا يولغا يېتەكلىدۇق. ئاشۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز زامانىسىدىكى جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلدۇق.

وَمِنْ ءَابَآئِهِمْ وَذُرِّيَّٰتِهِمْ وَإِخْوَٰنِهِمْ ۖ وَٱجْتَبَيْنَٰهُمْ وَهَدَيْنَٰهُمْ إِلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿٨٧﴾

87 - ئاشۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن، قېرىنداشلىرىدىن بىز ھىدايەت قىلىشنى خالىغان كىشىلەرنى ھىدايەت قىلدۇق، ئۇلارنى كىشىلەرگە دىنىمىزنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ تاللىدۇق، ئۇلارنى ھېچقانداق قىڭغىرلىقى بولمىغان توپتوغرا يولغا يېتەكلىدۇق. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىدىغان ھەق دىنىدۇر.

ذَٰلِكَ هُدَى ٱللَّهِ يَهۡدِي بِهِۦ مَن يَشَآءُ مِنۡ عِبَادِهِۦۚ وَلَوۡ أَشۡرَكُواْ لَحَبِطَ عَنۡهُم مَّا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ٨٨

88 - ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ ھىدايىتى بولۇپ، ئاللاھ بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىلەرنى ئۇنىڭ بىلەن توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. ناۋادا ئاشۇ پەيغەمبەرلەر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتەتتى، چۈنكى ئاللاھ مۇشرىكلارنىڭ ئەمەلىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ ءَاتَيۡنَٰهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡحُكۡمَ وَٱلنُّبُوَّةَۚ فَإِن يَكۡفُرۡ بِهَا هَٰٓؤُلَآءِ فَقَدۡ وَكَّلۡنَا بِهَا قَوۡمٗا لَّيۡسُواْ بِهَا بِكَٰفِرِينَ ٨٩

89 - ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەر بىز ھىدايەت قىلغان ۋە پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلغان كىشىلەر بولۇپ، بىز ئۇلارغا تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل قاتارلىق ساماۋى كىتابلارنى ئاتا قىلدۇق، ئۇلارغا شۇ كىتابلارنى چۈشىنىش ئىقتىدارى ئاتا قىلدۇق، ئۇلارنى ۋەھىيمىزنى يەتكۈزۈشكە تاللىدۇق. ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ قەۋمىڭ ئىچىدىكى كاپىرلار بۇ قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان بولسا، مۇھاجىرلار، ئەنسارلار ۋە تا قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەردىن ئىبارەت باشقا قەۋملەرنى ئىمانغا ھىدايەت قىلدۇق، ئۇلار ھەق دىنىنى ئىنكار قىلمايدۇ، ئۇلار ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر.

أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ هَدَى ٱللَّهُۖ فَبِهُدَىٰهُمُ ٱقۡتَدِهۡۗ قُل لَّآ أَسۡـَٔلُكُمۡ عَلَيۡهِ أَجۡرًاۖ إِنۡ هُوَ إِلَّا ذِكۡرَىٰ لِلۡعَٰلَمِينَ ٩٠

90 - ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەر ئاللاھ ھەق دىنغا يېتەكلىگەن كىشىلەردۇر. ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن. مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «مەن ئىسلامنى يەتكۈزگەنلىكىمگە سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، چۈنكى مېنىڭ ئەجرىمنى ئاللاھ ئۆزى بېرىدۇ. ئىسلام دىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە كەلگەن ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان، سىلەرنى ۋە سىلەرگە ئوخشاش ئازغۇنلۇققا پاتقانلارنى يامان ئاقىۋەتتىن ئاگاھلاندۇرىدىغان بىردىنبىر ھەق دىندۇر».

وَمَا قَدَرُواْ ٱللَّهَ حَقَّ قَدۡرِهِۦٓ إِذۡ قَالُواْ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ عَلَىٰ بَشَرٖ مِّن شَيۡءٖۗ قُلۡ مَنۡ أَنزَلَ ٱلۡكِتَٰبَ ٱلَّذِي جَآءَ بِهِۦ مُوسَىٰ نُورٗا وَهُدٗى لِّلنَّاسِۖ تَجۡعَلُونَهُۥ قَرَاطِيسَ تُبۡدُونَهَا وَتُخۡفُونَ كَثِيرٗاۖ وَعُلِّمۡتُم مَّا لَمۡ تَعۡلَمُوٓاْ أَنتُمۡ وَلَآ ءَابَآؤُكُمۡۖ قُلِ ٱللَّهُۖ ثُمَّ ذَرۡهُمۡ فِي خَوۡضِهِمۡ يَلۡعَبُونَ ٩١

91 - ئاشۇ مۇشرىكلار ئاللاھنى ئۆز لايىقىدا ئۇلۇغلىمىدى. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىنسانلاردىن تاللاپ چىقىرىلغان پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلدى. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئىش سىلەر گۇمان قىلغاندەك بولىدىغان بولسا، مۇسا ئېلىپ كەلگەن ۋە كىشىلەرگە نۇر ھەم ھىدايەت بولغان كىتابنى كىم نازىل قىلدى؟». ئى يەھۇدىيلار! سىلەرگە مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھتىن ئېلىپ كەلگەن تەۋراتنى پارچە - پارچە قەغەزلەرگە كۆچۈرۈپ، خالىغىنىڭلارنى ئاشكارىلاپ، كۆپ قىسمىنى يوشۇردۇڭلار، خۇسۇسەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى يوشۇردۇڭلار. ئى ئەرەبلەر! ئاللاھ سىلەرگە قۇرئان ئارقىلىق سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن قەۋملەرنىڭ، سىلەردىن كېيىن كېلىدىغانلارنىڭ ۋە سىلەر

ئۆلگەندىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنىڭ خەۋەرلىرىنى، شۇنداقلا ئۆزۈڭلار ۋە ئاتا - بوۋاڭلار بىلمىگەن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. ئى پەيغەمبەر! «ئۇ كىتابنى ئاللاھ نازىل قىلدى» دېگىن، ئاندىن ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلار يالغان سۆزلەرنى قىلىپ ئۆز ئازغۇنلۇقىدا ئويناپ يۈرسۇن.

وَهَٰذَا كِتَٰبٌ أَنزَلۡنَٰهُ مُبَارَكٞ مُّصَدِّقُ ٱلَّذِي بَيۡنَ يَدَيۡهِ وَلِتُنذِرَ أُمَّ ٱلۡقُرَىٰ وَمَنۡ حَوۡلَهَاۚ وَٱلَّذِينَ يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡأٓخِرَةِ يُؤۡمِنُونَ بِهِۦۖ وَهُمۡ عَلَىٰ صَلَاتِهِمۡ يُحَافِظُونَ ﴿٩٢﴾

92- ئى پەيغەمبەر! بۇ قۇرئان ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان ناھايىتى پايدىلىق كىتابتۇر. بۇ قۇرئاننى سېنىڭ مەككە ئاھالىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن نازىل قىلدۇق. قۇرئان ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ۋە ھەممىسىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇچى مۇبارەك كىتابتۇر. ئاخىرەت ھاياتىغا ئىشىنىدىغان كىشىلەر قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىدۇ، نامازلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا مۇكەممەل ئادا قىلىدۇ.

وَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّنِ ٱفۡتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَوۡ قَالَ أُوحِيَ إِلَيَّ وَلَمۡ يُوحَ إِلَيۡهِ شَيۡءٞ وَمَن قَالَ سَأُنزِلُ مِثۡلَ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُۗ وَلَوۡ تَرَىٰٓ إِذِ ٱلظَّٰلِمُونَ فِي غَمَرَٰتِ ٱلۡمَوۡتِ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ بَاسِطُوٓاْ أَيۡدِيهِمۡ أَخۡرِجُوٓاْ أَنفُسَكُمُۖ ٱلۡيَوۡمَ تُجۡزَوۡنَ عَذَابَ ٱلۡهُونِ بِمَا كُنتُمۡ تَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ غَيۡرَ ٱلۡحَقِّ وَكُنتُمۡ عَنۡ ءَايَٰتِهِۦ تَسۡتَكۡبِرُونَ ﴿٩٣﴾

93- ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇپ، ئاللاھ ئىنسانلاردىن ھېچكىمگە ۋەھيى قىلمىغان دېگەن ياكى ئۆزىگە ھېچ نەرسە ۋەھيى قىلىنمىغان تۇرۇقلۇق، ماڭا ۋەھيى قىلىندى دېگەن ۋەياكى ئاللاھ نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەنمۇ چۈشۈرەلەيمەن دېگەن ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ ئى پەيغەمبەر! ئەگەر سەن بۇ زالىملارنى سەكراتقا چۈشكەن ۋاقتىدا بىر كۆرسەڭ، ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ئەھۋالنى كۆرگەن بولاتتىڭ. ئۇ چاغدا پەرىشتىلەر قوللىرىنى سوزۇپ ئۇلارغا: «جېنىڭلارنى چىقىرىڭلار! سىلەر ئاللاھ توغرىسىدا ناتوغرا سۆزلەرنى قىلغانلىقىڭلار ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى كۆزگە ئىلمىغان، پەيغەمبەرگە ئەگىشىشتىن باش تارتقانلىقىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن خارلىغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر» دەيدۇ.

وَلَقَدۡ جِئۡتُمُونَا فُرَٰدَىٰ كَمَا خَلَقۡنَٰكُمۡ أَوَّلَ مَرَّةٖ وَتَرَكۡتُم مَّا خَوَّلۡنَٰكُمۡ وَرَآءَ ظُهُورِكُمۡۖ وَمَا نَرَىٰ مَعَكُمۡ شُفَعَآءَكُمُ ٱلَّذِينَ زَعَمۡتُمۡ أَنَّهُمۡ فِيكُمۡ شُرَكَٰٓؤُاْۚ لَقَد تَّقَطَّعَ بَيۡنَكُمۡ وَضَلَّ عَنكُم مَّا كُنتُمۡ تَزۡعُمُونَ ﴿٩٤﴾

94- سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا بىز ئاتا قىلغان مال - دۇنيانى ئارقاڭلاردا قالدۇرۇپ، بىز سىلەرنى دۇنيادا دەسلەپتە ياراتقان چاغدىكىدەكلا تەنھا كەپسىلەرغۇ؟ سىلەر ئۆزۈڭلارچە ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ ئاتىۋالغان شاپائەتچىلىرىڭلارنى بۇ يەردە سىلەر بىلەن بىللە كۆرمەيۋاتىمىزغۇ؟ ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى مۇناسىۋەت ئاللىقاچان ئۈزۈلدى، سىلەر شاپائەتچىلىرىمىز دەپ گۇمان قىلغان مەبۇدلىرىڭلار ئاللىقاچان سىلەرنىڭ كۆزۈڭلاردىن غايىب بولدى. شۇنىڭ بىلەن سىلەرنىڭ ئۆزىنى، ئائىلىسىنى ۋە پۇل - مېلىنى زىيانغا ئۇچرىتىپ ۋەيران قىلىۋەتكەن كىشىلەر ئىكەنلىكىڭلار ئايان بولدى».

۞ إِنَّ ٱللَّهَ فَالِقُ ٱلْحَبِّ وَٱلنَّوَىٰ ۖ يُخْرِجُ ٱلْحَيَّ مِنَ ٱلْمَيِّتِ وَمُخْرِجُ ٱلْمَيِّتِ مِنَ ٱلْحَيِّ ۚ ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ ۖ فَأَنَّىٰ تُؤْفَكُونَ ﴿٩٥﴾

95 - شەكسىزكى، ئاللاھ داننى يېرىپ ئۈنگۈدىن زىرائەتنى ئۈندۈرگۈچىدۇر، ئۇرۇقنى يېرىپ ئۈنگۈدىن دەل - دەرەخلەرنى چىقارغۇچىدۇر، تىرىكنى ئۆلۈكتىن ۋە ئۆلۈكنى تىرىكتىن چىقارغۇچىدۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغۇچى پەقەت ئاللاھتۇر، ئاللاھنىڭ ھېچقانداق شېرىكى يوقتۇر، ئىبادەت قىلىنىشقا تامامەن ھەقلىقتۇر. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، سىلەر قانداقلارچە ھەقىقەتتىن بۇرۇلۇپ كېتىپ، ئاللاھقا قوشۇپ ساختا مەبۇدلارغا چوقۇنىسىلەر؟

فَالِقُ ٱلْإِصْبَاحِ وَجَعَلَ ٱلَّيْلَ سَكَنًا وَٱلشَّمْسَ وَٱلْقَمَرَ حُسْبَانًا ۚ ذَٰلِكَ تَقْدِيرُ ٱلْعَزِيزِ ٱلْعَلِيمِ ﴿٩٦﴾

96 - ئاللاھ سۈبھىنىڭ يورۇقلۇقىنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن يېرىپ چىقارغان، كېچىنى كۈندۈزنىڭ ھارغىنلىقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئارام ئېلىش ۋاقتى قىلغان، قۇياش بىلەن ئاينى ئۆز ئوربىتىسىدا مۇئەييەن قانۇنىيەت بويىچە مۇنتىزىم ئايلىنىپ تۇرىدىغان قىلغان زاتتۇر. ئەنە شۇلار پادىشاھلىقىدا يېگانە، ھەممىگە غالىب، بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ئىشلارنى ئوبدان بىلگۈچى ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدۇر.

وَهُوَ ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ ٱلنُّجُومَ لِتَهْتَدُوا۟ بِهَا فِى ظُلُمَـٰتِ ٱلْبَرِّ وَٱلْبَحْرِ ۗ قَدْ فَصَّلْنَا ٱلْـَٔايَـٰتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ ﴿٩٧﴾

97 - ئى ئىنسانلار! ئاللاھ قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا يولۇڭلاردىن ئېزىپ كېتىپ گاڭگىراپ قالغان چېغىڭلاردا، سىلەرنىڭ يوللارنى تېپىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە يۇلتۇزلارنى يارىتىپ بەرگەن زاتتۇر. ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلىدىغان ئىلىم ئەھلىلىرىنى تەپەككۇر قىلسۇن دەپ، بۇ دەلىل - پاكىتلارنى ئەنە شۇنداق بايان قىلدۇق.

وَهُوَ ٱلَّذِىٓ أَنشَأَكُم مِّن نَّفْسٍ وَٰحِدَةٍ فَمُسْتَقَرٌّ وَمُسْتَوْدَعٌ ۗ قَدْ فَصَّلْنَا ٱلْـَٔايَـٰتِ لِقَوْمٍ يَفْقَهُونَ ﴿٩٨﴾

98 - ئى ئىنسانلار! ئاللاھ سىلەرنى يارىتىشنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلىغان زاتتۇر. چۈنكى ئاللاھ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن سىلەرنى ئۇنىڭ نەسلىدىن بارلىققا كەلتۈردى، سىلەرگە ئاناڭلارنىڭ بالىياتقۇسىنى قارارگاھ قىلىپ بەردى، ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىنى ساقلايدىغان ئورۇن قىلىپ بەردى. دەلىل - پاكىتلىرىمىزنى چۈشىنىدىغان، ئىبرەت ئېلىشنى بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، بىز دەلىل - پاكىتلىرىمىزنى ھەقىقەتەن ئوچۇق ۋە تەپسىلىي بايان قىلدۇق.

وَهُوَ ٱلَّذِىٓ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَخْرَجْنَا بِهِۦ نَبَاتَ كُلِّ شَىْءٍ فَأَخْرَجْنَا مِنْهُ خَضِرًا نُّخْرِجُ مِنْهُ حَبًّا مُّتَرَاكِبًا وَمِنَ ٱلنَّخْلِ مِن طَلْعِهَا قِنْوَانٌ دَانِيَةٌ وَجَنَّـٰتٍ مِّنْ أَعْنَابٍ وَٱلزَّيْتُونَ وَٱلرُّمَّانَ مُشْتَبِهًا وَغَيْرَ مُتَشَـٰبِهٍ ۗ ٱنظُرُوٓا۟ إِلَىٰ ثَمَرِهِۦٓ إِذَآ أَثْمَرَ وَيَنْعِهِۦٓ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكُمْ لَـَٔايَـٰتٍ لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ ﴿٩٩﴾

99 - ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇرنى چۈشۈرۈپ بېرىپ، شۇ يامغۇر بىلەن بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى چىقارغان، يەنە يېشىل مايسىلارنى چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن بىر - بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن بۇغداي، گۈرۈچ ۋە ئارپىغا ئوخشاش دانلارنى، خورما دەرىخىنىڭ چېچەكلىرىدىن يەرگە يېقىن ساڭگىلاپ تۇرىدىغان خورما ساپاقلىرىنى، ئۈزۈملۈك باغلارنى، غازاڭلىرى بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان، مېۋىسى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان زەيتۇن، ئانار

دەرەخلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن زاتتۇر. ئى ئىنسانلار! مۇشۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يېڭى تۈتقان مېۋىسىگە ۋە پىشقان مېۋىسىگە قاراپ بېقىڭلار، ئۇلاردا ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، بۇ ئۆسۈملۈكلەرنى ياراتقان زاتنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە ۋە ھېكمىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئوپئوچۇق ئالامەتلەر بار.

وَجَعَلُوا لِلَّهِ شُرَكَاءَ الْجِنَّ وَخَلَقَهُمْ ۖ وَخَرَقُوا لَهُ بَنِينَ وَبَنَاتٍ بِغَيْرِ عِلْمٍ ۚ سُبْحَانَهُ وَتَعَالَىٰ عَمَّا يَصِفُونَ ﴿١٠٠﴾

100 - ئاشۇ مۇشرىكلارنى ۋە جىنلارنى ئاللاھ ياراتقان تۇرسا، ئۇ مۇشرىكلار: «جىنلار بىزگە پايدا يەتكۈزەلەيدۇ ۋە بىزنى زىيان - زەخمەتتىن قوغدايدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلىپ، ئۇلارنى ئاللاھقا ئىبادەتتە شېرىك قىلىۋېلىشتى. ھالبۇكى، ئاللاھ يېگانە ياراتقۇچىدۇر. شۇڭا ئۇ يالغۇز ئىبادەت قىلىنىشقا تېگىشلىكتۇر. مۇشرىكلار يەنە نادانلىقتىن، «ئاللاھنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى بار» دېگەن سەپسەتىنى ئويدۇرۇپ چىقىشتى. ھالبۇكى، ئاللاھ مۇشرىكلار مەنسۇپ قىلغان يالغانلاردىن ۋە توقۇلمىلاردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر.

بَدِيعُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ ۖ أَنَّىٰ يَكُونُ لَهُ وَلَدٌ وَلَمْ تَكُن لَّهُ صَاحِبَةٌ ۖ وَخَلَقَ كُلَّ شَيْءٍ ۖ وَهُوَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ ﴿١٠١﴾

101 - ئاللاھ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەخلۇقاتنى ئۆرنەكسىز ياراتقان زاتتۇر. ئاللاھنىڭ جۈپتى بولمىسا قانداقمۇ ئۇنىڭ بالىسى بولسۇن؟ ئاللاھ مۇشرىكلار سۈپەتلىگەن نەرسىلەردىن ئەلۋەتتە ئۈستۈندۇر. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى يوقتىن ياراتقان زاتتۇر، مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچقانداق ئىش ئاللاھقا مەخپىي ئەمەستۇر.

ذَٰلِكُمُ اللَّهُ رَبُّكُمْ ۖ لَا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ۖ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ فَاعْبُدُوهُ ۚ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ وَكِيلٌ ﴿١٠٢﴾

102 - ئى مۇشرىكلار! ئەنە شۇ سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولغان ئاللاھتۇر، ئاللاھتىن باشقا تائەت - ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار. ئاللاھ ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر، بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

لَّا تُدْرِكُهُ الْأَبْصَارُ وَهُوَ يُدْرِكُ الْأَبْصَارَ ۖ وَهُوَ اللَّطِيفُ الْخَبِيرُ ﴿١٠٣﴾

103 - كۆزلەر بۇ دۇنيادا ئاللاھنى كۆرەلمەيدۇ، ئەمما ئاخىرەتتە مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ جامالىنى چەكلىك رەۋىشتە كۆرىدۇ. ئاللاھ كۆزلەرنى تولۇق كۆرۈپ تۇرىدۇ، كۆزلەرنىڭ ھەرىكىتىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ئىشلارنىڭ ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

قَدْ جَاءَكُم بَصَائِرُ مِن رَّبِّكُمْ ۖ فَمَنْ أَبْصَرَ فَلِنَفْسِهِ ۖ وَمَنْ عَمِيَ فَعَلَيْهَا ۚ وَمَا أَنَا عَلَيْكُم بِحَفِيظٍ ﴿١٠٤﴾

104 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان قۇرئاندا، ھىدايەتنى زالالەتتىن ئايرىۋالغىلى بولىدىغان ئوپئوچۇق دەلىل - پاكىتلار كەلدى، كىمكى بۇ دەلىل - پاكىتلارنى كۆرۈپ ھەقىقەتكە ئىمان ئېيتسا، بۇنىڭ پايدىسى ئۇنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ، كىمكى ئوپئوچۇق دەلىل - پاكىتلار كەلگەندىن كېيىنمۇ ھەقىقەتنى كۆرمىسە، بۇنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ.

مەن سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى ساناپ تۇرىدىغان كۆزەتچى ئەمەس، مەن پەقەتلا ھەق دىننى يەتكۈزگۈچى پەيغەمبەرمەن. ئاللاھ ئۆزىنىڭ ھېكمىتى ۋە ئىلمىگە ئاساسەن بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىنى ئازدۇرىدۇ».

وَكَذَٰلِكَ نُصَرِّفُ ٱلۡأٓيَٰتِ وَلِيَقُولُواْ دَرَسۡتَ وَلِنُبَيِّنَهُۥ لِقَوۡمٖ يَعۡلَمُونَ ﴿١٠٥﴾

105 - بۇ قۇرئاندا مۇشرىكلارغا ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكى ۋە قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى دەلىل - پاكىتلارنى بايان قىلغاندەك، ئۇلارغا يەنە ئۇلار بىلمەيدىغان مەسىلىلەرنىڭ دەلىل - پاكىتلىرىنى بايان قىلىپ بەرگەن چاغدا، ئۇلار تۆھمەت قىلىپ: «ئى مۇھەممەد! سەن بۇلارنى ئەھلى كىتابتىن ئۆگەندىڭ» دەيدۇ. بىز ئايەتلىرىمىزنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەن مۇئمىنلەرگە مۇشۇنداق خىلمۇخىل شەكىلدە بايان قىلىمىز.

ٱتَّبِعۡ مَآ أُوحِيَ إِلَيۡكَ مِن رَّبِّكَۖ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۖ وَأَعۡرِضۡ عَنِ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ﴿١٠٦﴾

106 - ئى پەيغەمبەر! ساڭا رەببىڭ تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان ئەمر - پەرمانلارنىڭ ھەممىسىگە ئەمەل قىلغىن. بۇ ئەمر - پەرمانلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى بىلىش ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىشتۇر. سەن مۇشرىكلارنىڭ تەرسالىقىغا ۋە باتىل دەۋالىرىغا پەرۋا قىلمىغىن.

وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ مَآ أَشۡرَكُواْۗ وَمَا جَعَلۡنَٰكَ عَلَيۡهِمۡ حَفِيظٗاۖ وَمَآ أَنتَ عَلَيۡهِم بِوَكِيلٖ ﴿١٠٧﴾

107 - ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، مۇشرىكلار ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەيتتى، لېكىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ مۇشرىكلىكنى تاللايدىغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگىشىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگەن. ئى پەيغەمبەر! بىز سېنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزەتكۈچى قىلىپ ئەۋەتكىنىمىز يوق، سەن ئۇلارنىڭ قىلمىشىنى بىر تەرەپ قىلغۇچى ئەمەس، ئۇلارغا ھامىيمۇ ئەمەس.

وَلَا تَسُبُّواْ ٱلَّذِينَ يَدۡعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ فَيَسُبُّواْ ٱللَّهَ عَدۡوَۢا بِغَيۡرِ عِلۡمٖۗ كَذَٰلِكَ زَيَّنَّا لِكُلِّ أُمَّةٍ عَمَلَهُمۡ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّهِم مَّرۡجِعُهُمۡ فَيُنَبِّئُهُم بِمَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿١٠٨﴾

108 - ئى مۇسۇلمانلار! مۇشرىكلار چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنى تىللىماڭلار. سىلەرنىڭ بۇ ئىشىڭلار ئۇلارنى نادانلىقتىن ھەددىدىن ئېشىپ، ئاللاھنى تىللاشقا ئېلىپ بارمىسۇن. بىز ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئۆزلىرىنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسەتكەندەك، ھەربىر ئۈممەتكە ئۆزىنىڭ ئەمەلىنى چىرايلىق كۆرسەتتۇق، ئاندىن ھەممىسىنىڭ قايتىپ بارىدىغان جايى رەببىنىڭ دەرگاھىدۇر. شۇ چاغدا ئاللاھ ئۇلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىنى ئۆزلىرىگە ئېيتىپ بېرىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئۇلارغا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

وَأَقۡسَمُواْ بِٱللَّهِ جَهۡدَ أَيۡمَٰنِهِمۡ لَئِن جَآءَتۡهُمۡ ءَايَةٞ لَّيُؤۡمِنُنَّ بِهَاۚ قُلۡ إِنَّمَا ٱلۡأٓيَٰتُ عِندَ ٱللَّهِۖ وَمَا يُشۡعِرُكُمۡ أَنَّهَآ إِذَا جَآءَتۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ﴿١٠٩﴾

109 - ئاشۇ مۇشرىكلار: «ئەگەر مۇھەممەد بىز تەلەپ قىلغان مۆجىزىنى كەلتۈرەلىسە، بىز ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىمىز» دەپ قاتتىق قەسەم ئىچىشىدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «مۆجىزىلەر پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىنلا كېلىدۇ، چۈنكى مۆجىزە كەلتۈرۈشكە بىردىنبىر قادىر زات ئاللاھتۇر». ئى مۇئمىنلەر! سىلەر نەدىن بىلىسىلەر؟

بەلكى مۆجىزىلەر كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ مۇشرىكلار ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ.

وَنُقَلِّبُ أَفۡـِٔدَتَهُمۡ وَأَبۡصَٰرَهُمۡ كَمَا لَمۡ يُؤۡمِنُواْ بِهِۦٓ أَوَّلَ مَرَّةٖ وَنَذَرُهُمۡ فِي طُغۡيَٰنِهِمۡ يَعۡمَهُونَ ﴿١١٠﴾

110 - ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، كۆزلىرىنى ھەقىقەتتىن بۇرىۋېتىمىز، ئۇلارنى ئايەتلىرىمىزدىن مەنپەئەت ئېلىشتىن توسۇپ قويىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قۇرئان ئايەتلىرىگە — ئۇ دەسلەپ نازىل بولۇشقا باشلىغاندا ئىشەنمىگەندەك — ئىشەنمەيدۇ. ئۇلارنى شۇنداق ئۆز ئازغۇنلۇقىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويىۋېتىمىز-دە، ئۇلار ھەقىقەتكە ۋە توغرا يولغا مۇۋەپپەق بولالمايدۇ.

۞ وَلَوۡ أَنَّنَا نَزَّلۡنَآ إِلَيۡهِمُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةَ وَكَلَّمَهُمُ ٱلۡمَوۡتَىٰ وَحَشَرۡنَا عَلَيۡهِمۡ كُلَّ شَيۡءٖ قُبُلٗا مَّا كَانُواْ لِيُؤۡمِنُوٓاْ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَهُمۡ يَجۡهَلُونَ ﴿١١١﴾

111 - بىز ئاشۇ مۇشرىكلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئاسماندىن پەرىشتە چۈشۈرگەن ۋە ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈپ، ئۇلار بىلەن سۆزلەشتۈرگەن، بىز ھەممە نەرسىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا يىغىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئى پەيغەمبەر! ئۇلار سەن دەۋەت قىلغان دىنغا بەرىبىر ئىشەنمەيدۇ، پەقەت ئاللاھ ھىدايەت قىلىشنى ئىرادە قىلغان كىشىلەرلا ئىمان ئېيتىدۇ. لېكىن ئاشۇ كاپىرلارنىڭ تولىسى سەن ئاللاھ تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

١٨١

وَكَذَٰلِكَ جَعَلۡنَا لِكُلِّ نَبِيٍّ عَدُوّٗا شَيَٰطِينَ ٱلۡإِنسِ وَٱلۡجِنِّ يُوحِي بَعۡضُهُمۡ إِلَىٰ بَعۡضٖ زُخۡرُفَ ٱلۡقَوۡلِ غُرُورٗاۚ وَلَوۡ شَآءَ رَبُّكَ مَا فَعَلُوهُۖ فَذَرۡهُمۡ وَمَا يَفۡتَرُونَ ﴿١١٢﴾

112 - ئى پەيغەمبەر! بىز مۇشرىكلارنى ساڭا دۈشمەن قىلىش ئارقىلىق سېنى سىنىغاندەك، (سەندىن ئىلگىرى) ئۆتكەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىمۇ قەۋمىنىڭ كاپىرلىرىدىن بولغان دۈشمەنلەر بىلەن ۋە جىن - شەيتانلاردىن بولغان دۈشمەنلەر بىلەن سىنىغان ئىدۇق. ئۇلار ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن، ساختىلىقنى ھەقىقەت قىلىپ كۆرسىتىدىغان شېرىن - شېكەر سۆزلىرى بىلەن بىر- بىرىنى ئالداپ ۋەسۋەسە قىلىشىدۇ، ئەگەر رەببىڭ خالىسا ئىدى، ئۇلار بۇنداق قىلالمايتتى. لېكىن ئۇ ئاللاھتىن كەلگەن سىناقتۇر. شۇڭا ئۇلارنى ئۆزلىرى توقۇپ چىققان يالغانلىرىغا قويۇپ بەرگىن.

وَلِتَصۡغَىٰٓ إِلَيۡهِ أَفۡـِٔدَةُ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡأٓخِرَةِ وَلِيَرۡضَوۡهُ وَلِيَقۡتَرِفُواْ مَا هُم مُّقۡتَرِفُونَ ﴿١١٣﴾

113 - ئۇلار (يەنى جىن - شەيتانلار) ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ دىللىرى بۇ شېرىن سۆزلەرگە مايىل بولسۇن، ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولسۇن ۋە قىلىۋاتقان گۇناھلىرىنى داۋاملاشتۇرسۇن دەپ، شۇنداق ۋەسۋەسە قىلىدۇ (بۇ ئايەتتە كاپىرلارغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بار).

أَفَغَيۡرَ ٱللَّهِ أَبۡتَغِي حَكَمٗا وَهُوَ ٱلَّذِيٓ أَنزَلَ إِلَيۡكُمُ ٱلۡكِتَٰبَ مُفَصَّلٗاۚ وَٱلَّذِينَ ءَاتَيۡنَٰهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ يَعۡلَمُونَ أَنَّهُۥ مُنَزَّلٞ مِّن رَّبِّكَ بِٱلۡحَقِّۖ فَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلۡمُمۡتَرِينَ ﴿١١٤﴾

114 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەرگە ھەقىقەتنى ئوپئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدىغان قۇرئاننى نازىل قىلغان زات تۇرسا، مەن بىلەن ئاراڭلاردا ئاللاھتىن باشقا بىر ھۆكۈم قىلغۇچىنى ئىزدەمدىمەن؟». بىز تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى ئاتا قىلغان ئىسرائىل ئەۋلادىمۇ قۇرئاننىڭ ھەقىقەتەن رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل

قىلىنغان ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدۇ. شۇڭا سەن بىز ساڭا ۋەھيى قىلغان ھەقىقەتلەر توغرۇلۇق ھەرگىز شەك قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن.

وَتَمَّتْ كَلِمَتُ رَبِّكَ صِدْقًا وَعَدْلًا ۚ لَّا مُبَدِّلَ لِكَلِمَٰتِهِۦ ۚ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿١١٥﴾

115 - رەببىڭنىڭ سۆزى بولغان قۇرئان بارلىق خەۋەرلىرىدىكى، باياnlىرىدىكى راستچىللىقىدا ۋە ئەھكاملىرىدىكى ئادالەتتە ۋايىغا يەتكەن مۇكەممەل كىتابتۇر، ئاللاھنىڭ سۆزىنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممە ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

وَإِن تُطِعْ أَكْثَرَ مَن فِى ٱلْأَرْضِ يُضِلُّوكَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ ۚ إِن يَتَّبِعُونَ إِلَّا ٱلظَّنَّ وَإِنْ هُمْ إِلَّا يَخْرُصُونَ ﴿١١٦﴾

116 - ئى پەيغەمبەر! ناۋادا سەن يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە ئىتائەت قىلساڭ، ئۇ چاغدا ئۇلار سېنى ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ دىنىدىن ئازدۇرۇپ كېتىدۇ؛ ئۇلار پەقەت ئەجدادلىرىنى دوراپ پەرەزگىلا ئەگىشىدۇ، ئۇلار پەقەت يالغاننىلا سۆزلەيدۇ.

إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعْلَمُ مَن يَضِلُّ عَن سَبِيلِهِۦ ۖ وَهُوَ أَعْلَمُ بِٱلْمُهْتَدِينَ ﴿١١٧﴾

117 - ئى پەيغەمبەر! شەكسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەنلەرنى ئوبدان بىلىدۇ، سىلەردىن ۋە ئۇلاردىن توغرا يولدا ئىزچىل ماڭغانلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.

فَكُلُوا۟ مِمَّا ذُكِرَ ٱسْمُ ٱللَّهِ عَلَيْهِ إِن كُنتُم بِـَٔايَٰتِهِۦ مُؤْمِنِينَ ﴿١١٨﴾

118 - ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرگۈچى بولساڭلار، ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يەڭلار.

وَمَا لَكُمْ أَلَّا تَأْكُلُوا۟ مِمَّا ذُكِرَ ٱسْمُ ٱللَّهِ عَلَيْهِ وَقَدْ فَصَّلَ لَكُم مَّا حَرَّمَ عَلَيْكُمْ إِلَّا مَا ٱضْطُرِرْتُمْ إِلَيْهِ ۗ وَإِنَّ كَثِيرًا لَّيُضِلُّونَ بِأَهْوَآئِهِم بِغَيْرِ عِلْمٍ ۗ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعْلَمُ بِٱلْمُعْتَدِينَ ﴿١١٩﴾

119 - ئى مۇسۇلمانلار! زۆرۈرىيەت بولمىغۇچە يېيىش ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى ئاللاھ سىلەرگە ئوچۇق بايان قىلغان تۇرسا، ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى نېمىشقا يېمەيسىلەر؟ ئاچلىقتىن چارىسىز قالغاندا، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسىگە ئوخشاش ھارام نەرسىلەردىن جاننى قوغداپ قالغۇدەك مىقداردا ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ، چۈنكى بۇنداق ۋاقىتتا ئۇنى يېيىشكە بولىدۇ. نۇرغۇنلىغان ئازغۇن كىشىلەر نادانلىقىدىن ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ، ھالال - ھارام مەسىلىسىدە باشقىلارنى ئازدۇرىدۇ، ئى پەيغەمبەر! شۈبھىسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ بۇ مەسىلىدە ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش ۋە جازاسىنى بېرىش ئۇنىڭغا خاستۇر.

وَذَرُوا۟ ظَٰهِرَ ٱلْإِثْمِ وَبَاطِنَهُۥٓ ۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَكْسِبُونَ ٱلْإِثْمَ سَيُجْزَوْنَ بِمَا كَانُوا۟ يَقْتَرِفُونَ ﴿١٢٠﴾

120 - ئى ئىنسانلار! گۇناھنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممىسىنى تاشلاڭلار، شەكسىزكى، رەببىڭ گۇناھ - مەئسىيەت سادىر قىلغۇچىلارنى بۇ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك جازالايدۇ.

وَلَا تَأْكُلُوا۟ مِمَّا لَمْ يُذْكَرِ ٱسْمُ ٱللَّهِ عَلَيْهِ وَإِنَّهُۥ لَفِسْقٌ ۗ وَإِنَّ ٱلشَّيَٰطِينَ لَيُوحُونَ إِلَىٰٓ أَوْلِيَآئِهِمْ لِيُجَٰدِلُوكُمْ ۖ وَإِنْ أَطَعْتُمُوهُمْ إِنَّكُمْ لَمُشْرِكُونَ ﴿١٢١﴾

121 - ئى مۇسۇلمانلار! ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ياكى بۇتلارغا ۋە جىنلارغا ئاتاپ بوغۇزلانغان ھايۋانغا ئوخشاش بوغۇزلىغاندا ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلمىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى

يېمەڭلار. چۈنكى، مۇنداق گۆشنى يېيىش ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلىقتۇر. شۈبھىسىزكى، جىنلاردىن بولغان شەيتانلار ئۆزلىرىنىڭ ئادىمىي شەيتانلاردىن بولغان دوستلىرىنى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا شەك - شۈبھىلەرگە سالىدۇ ۋە ئۇلارنى سىلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىپ: «ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئۆزى ئۆلۈپ قالغان مالنىڭ گۆشىنى يېمەيمىز دېيىش ئارقىلىق ئاللاھ ئۆلتۈرۈپ بەرگەننى يېمەي، ئۆزۈڭلار ئۆلتۈرگەننى يەيسىلەر» دېيىشكە بۇيرۇيدۇ. ئى مۇسۇلمانلار! ئەگەر سىلەر ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، سىلەرمۇ چوقۇم ئاشۇلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ قالىسىلەر.

أَوَمَن كَانَ مَيۡتٗا فَأَحۡيَيۡنَٰهُ وَجَعَلۡنَا لَهُۥ نُورٗا يَمۡشِي بِهِۦ فِي ٱلنَّاسِ كَمَن مَّثَلُهُۥ فِي ٱلظُّلُمَٰتِ
لَيۡسَ بِخَارِجٖ مِّنۡهَاۚ كَذَٰلِكَ زُيِّنَ لِلۡكَٰفِرِينَ مَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ١٢٢

122 - ئازغۇنلۇقتا مەنىۋى جەھەتتىن ئۆلۈككە ئايلىنىپ قالغان، بىز ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمان بىلەن تىرىلدۈرگەن، ھىدايەت قىلغان، پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىدا مېڭىشقا مۇۋەپپەق قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ھىدايەتنىڭ نۇرى ئىچىدە ياشايدىغان ئادەم بىلەن، ئازغۇنلۇقنىڭ، ھاۋايى ھەۋەسنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا قېلىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ چىقىشقا يول تاپالمىغان ئادەم ئوخشاشمۇ؟ بۇلار ھەرگىز ئوخشاش ئەمەس. ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر بىلەن جېدەللەشكەن ئاشۇ كاپىرنى مات قىلىپ، ئۇنىڭ بارلىق يامان ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا چىرايلىق كۆرسەتكىنىمدەك، ئىنكارچىلارنىڭ ئازابقا تېگىشلىك بولۇشى ۋە قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تېتىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىنكارىنى چىرايلىق كۆرسەتتىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز قىلمىشلىرىنى توغرا ۋە يوللۇق دەپ بىلدى.

وَكَذَٰلِكَ جَعَلۡنَا فِي كُلِّ قَرۡيَةٍ أَكَٰبِرَ مُجۡرِمِيهَا لِيَمۡكُرُواْ فِيهَاۖ وَمَا يَمۡكُرُونَ إِلَّا بِأَنفُسِهِمۡ وَمَا
يَشۡعُرُونَ ١٢٣

123 - مەككىدە كاپىرلارنىڭ كاتتىباشلىرى كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىدىن توسقاندەك، ھەربىر شەھەردە كىشىلەرنى دىنىدىن توسۇش ئۈچۈن ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىدىغان كاتتىباشلارنى باش گۇناھكارلار قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرى پەقەتلا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە يانىدۇ، ئەمما ئۇلار بۇنى سەزمەيدۇ.

وَإِذَا جَآءَتۡهُمۡ ءَايَةٞ قَالُواْ لَن نُّؤۡمِنَ حَتَّىٰ نُؤۡتَىٰ مِثۡلَ مَآ أُوتِيَ رُسُلُ ٱللَّهِۘ ٱللَّهُ أَعۡلَمُ حَيۡثُ يَجۡعَلُ
رِسَالَتَهُۥۗ سَيُصِيبُ ٱلَّذِينَ أَجۡرَمُواْ صَغَارٌ عِندَ ٱللَّهِ وَعَذَابٞ شَدِيدُۢ بِمَا كَانُواْ يَمۡكُرُونَ ١٢٤

124 - ئاشۇ مەككىلىك مۇشرىكلارغا سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر روشەن مۆجىزە كەلسىلا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇتەكەببىرلەر: «ئاللاھ بىزگىمۇ بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە بەرگەندەك مۆجىزە بەرمىگۈچە، مۇھەممەدنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى قەيەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى، يەنى كىمنى پەيغەمبەر قىلىپ تاللاشنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ». بۇ گۇناھكارلار ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ھىيلە - مىكىر ئىشلەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا خارلىققا ۋە قاتتىق ئازابقا ئۇچرايدۇ.

فَمَن يُرِدِ ٱللَّهُ أَن يَهۡدِيَهُۥ يَشۡرَحۡ صَدۡرَهُۥ لِلۡإِسۡلَٰمِۖ وَمَن يُرِدۡ أَن يُضِلَّهُۥ يَجۡعَلۡ صَدۡرَهُۥ ضَيِّقًا حَرَجٗا
كَأَنَّمَا يَصَّعَّدُ فِي ٱلسَّمَآءِۚ كَذَٰلِكَ يَجۡعَلُ ٱللَّهُ ٱلرِّجۡسَ عَلَى ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ ١٢٥

125 - ئاللاھ كىمنى ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭ كۆڭلى - كۆكسىنى ئىمانغا ۋە ئىسلامغا كېڭەيتىدۇ، ئاللاھ كىمنى ئازغۇنلۇقىدا قالدۇرۇشنى ئىرادە قىلسا، ھىدايەتنى قوبۇل قىلىشتا ئۇنىڭ كۆڭلى - كۆكسىنى ناھايىتى بەك تارايتىۋېتىدۇ. خۇددى يۇقىرى ئۇپۇققا ئۆرلىگەندە ھاۋا يەتمىگەنلىكتىن نەپەسى سىقىلىپ كەتكەن كىشىگە ئوخشاش، كاپىر ئادەمنىڭ كۆكسىنى شۇنداق تار قىلىۋېتىدۇ. ئىمان ئېيتمىغانلارنى ئاللاھ مۇشۇنداق ئازابلايدۇ.

وَهَٰذَا صِرَٰطُ رَبِّكَ مُسۡتَقِيمٗاۗ قَدۡ فَصَّلۡنَا ٱلۡأٓيَٰتِ لِقَوۡمٖ يَذَّكَّرُونَ ﴿١٢٦﴾

126 - ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا بايان قىلىپ بەرگەن بۇ (يول) رەببىڭنىڭ رازىلىقىغا ۋە جەننىتىگە ئېلىپ بارىدىغان داغدام يولدۇر. ئەقلى بار كىشىلەرنى ئىبرەت ئالسۇن دەپ، دەلىل - پاكىتلارنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق.

۞ لَهُمۡ دَارُ ٱلسَّلَٰمِ عِندَ رَبِّهِمۡۖ وَهُوَ وَلِيُّهُم بِمَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿١٢٧﴾

127 - ئىبرەت ئالغۇچىلارغا رەببىنىڭ دەرگاھىدا ئامانلىق يۇرتى بولغان جەننەت بار، ئۇلارنى قىلغان ياخشى ئەمەللىرى يۈزىسىدىن مۇكاپاتلاش ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارغا مەدەتكاردۇر ۋە ھامىيدۇر.

وَيَوۡمَ يَحۡشُرُهُمۡ جَمِيعٗا يَٰمَعۡشَرَ ٱلۡجِنِّ قَدِ ٱسۡتَكۡثَرۡتُم مِّنَ ٱلۡإِنسِۖ وَقَالَ أَوۡلِيَآؤُهُم مِّنَ ٱلۡإِنسِ رَبَّنَا ٱسۡتَمۡتَعَ بَعۡضُنَا بِبَعۡضٖ وَبَلَغۡنَآ أَجَلَنَا ٱلَّذِيٓ أَجَّلۡتَ لَنَاۚ قَالَ ٱلنَّارُ مَثۡوَىٰكُمۡ خَٰلِدِينَ فِيهَآ إِلَّا مَا شَآءَ ٱللَّهُۚ إِنَّ رَبَّكَ حَكِيمٌ عَلِيمٞ ﴿١٢٨﴾

128 - ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ كاپىرلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ جىن - شەيتانلاردىن بولغان يانتاياقلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىدىغان قىيامەت كۈنىنى ئەسلىگىنكى، ئاللاھ ئۇلارغا: «ئى جىنلار تائىپىسىدىن بولغان شەيتانلار جامائەسى! سىلەر ھەقىقەتەن ئىنسانلاردىن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردۇڭلار» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىكى كاپىر يانتاياقلىرى: «ئى رەببىمىز! بىز بىر - بىرىمىزدىن پايدىلاندۇق، بىز ئەمدى دۇنيادىكى ھاياتىمىز ئاخىرلىشىپ سەن بەلگىلىگەن ئەجەلگە يەتتۇق» دەيدۇ، ئاللاھ: «دوزاخ سىلەرنىڭ قارارگاھىڭلاردۇر، سىلەر ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىسىلەر، پەقەتلا مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدىكى گۇناھكار كىشىلەر دىن، ئاللاھ دوزاختا مەڭگۈ قالماسلىقىنى ئىرادە قىلغان كىشىلەرلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا» دەيدۇ. شۈبھىسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ بارلىق ئىشلىرىدا ۋە تەدبىرلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلگۈچىدۇر.

وَكَذَٰلِكَ نُوَلِّي بَعۡضَ ٱلظَّٰلِمِينَ بَعۡضَۢا بِمَا كَانُواْ يَكۡسِبُونَ ﴿١٢٩﴾

129 - جىنلاردىن بولغان شەيتانلارنى ئىنسانلاردىن بولغان كاپىرلارنىڭ ئۈستىگە مۇسەللەت قىلغىنىمىزدەك ، ئىنسانلاردىن بولغان زالىملارنى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بۇ دۇنيادا بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە شۇنداق مۇسەللەت قىلىمىز ۋە ھۆكۈمران قىلىمىز.

يَٰمَعۡشَرَ ٱلۡجِنِّ وَٱلۡإِنسِ أَلَمۡ يَأۡتِكُمۡ رُسُلٞ مِّنكُمۡ يَقُصُّونَ عَلَيۡكُمۡ ءَايَٰتِي وَيُنذِرُونَكُمۡ لِقَآءَ يَوۡمِكُمۡ هَٰذَاۚ قَالُواْ شَهِدۡنَا عَلَىٰٓ أَنفُسِنَاۖ وَغَرَّتۡهُمُ ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَا وَشَهِدُواْ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمۡ أَنَّهُمۡ كَانُواْ كَٰفِرِينَ ﴿١٣٠﴾

130 - ئۇلارغا: «ئى جىنلار ۋە ئىنسانلاردىن بولغان مۇشرىكلار! سىلەرگە ئاراڭلاردىن مېنىڭ ئايەتلىرىمنى بايان قىلىپ بېرىدىغان، بۇ كۈنۈڭلاردىكى ئۇچرىششتىن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىدىمۇ؟» دېيىلگەندە، ئۇلار: «بىز ئۆزىمىزگە قارشى گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، سەن ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەر بىزگە سېنىڭ ئايەتلىرىڭنى يەتكۈزگەن، بىزنى بۇ كۈندىكى ئۇچرىششتىن ئاگاھلاندۇرغان ئىدى، ئەمما بىز ئۇ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئىدۇق» دەيدۇ. ئەسلىدە ئۇ مۇشرىكلارنى دۇنيا تىرىكچىلىكى ئالداپ قويغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئىنكار قىلغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى يالغانغا چىقارغانلىقىغا ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى گۇۋاھ بولىدۇ.

ذَٰلِكَ أَن لَّمْ يَكُن رَّبُّكَ مُهْلِكَ ٱلْقُرَىٰ بِظُلْمٍ وَأَهْلُهَا غَٰفِلُونَ ﴿١٣١﴾

131 - ئۆزىگە دەۋەت يېتىپ بارمىغان ھېچقانداق بىر ئادەمنىڭ ناھەق جازالانماسلىقى ئۈچۈن، بىز پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتىش، كىتابلارنى نازىل قىلىش ئارقىلىق ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ (ئىمان ئېيتماسلىقىغا) ھېچقانداق باھانە - سەۋەب قويمىدۇق. بىز پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ ھېچكىمنى ئازابلىمىدۇق.

وَلِكُلٍّ دَرَجَٰتٌ مِّمَّا عَمِلُوا۟ ۚ وَمَا رَبُّكَ بِغَٰفِلٍ عَمَّا يَعْمَلُونَ ﴿١٣٢﴾

132 - ھەربىر ئادەمنىڭ ياخشى ۋە يامان ئەمەلىگە يارىشا دەرىجىسى بولىدۇ، ئاللاھ ئۇلارغا شۇ ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ بەندىلىرىنىڭ قىلمىشلىرىدىن غاپىل ئەمەستۇر.

وَرَبُّكَ ٱلْغَنِىُّ ذُو ٱلرَّحْمَةِ ۚ إِن يَشَأْ يُذْهِبْكُمْ وَيَسْتَخْلِفْ مِنۢ بَعْدِكُم مَّا يَشَآءُ كَمَآ أَنشَأَكُم
مِّن ذُرِّيَّةِ قَوْمٍ ءَاخَرِينَ ﴿١٣٣﴾

133 - ئى پەيغەمبەر! ئىنسانلارنى ئىبادەتكە بۇيرۇغان رەببىڭ ھېچكىمگە موھتاج ئەمەس، ئەكسىچە، ھەممە ئاللاھقا موھتاجدۇر، ئاللاھ كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر. ئەگەر ئاللاھ خالىسا، سىلەرنى ھالاك قىلىۋېتىپ، سىلەرنى خۇددى سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن باشقا بىر قەۋمنىڭ نەسلىدىن پەيدا قىلغاندەك، سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا ئۆزىنىڭ ئەمرىنى تۇتىدىغان باشقا بىر قەۋمنى قويىدۇ.

إِنَّ مَا تُوعَدُونَ لَءَاتٍ ۖ وَمَآ أَنتُم بِمُعْجِزِينَ ﴿١٣٤﴾

134 - ئى مۇشرىكلار! سىلەرنىڭ كاپىرلىقىڭلار سەۋەبلىك رەببىڭلار سىلەرنى ئاگاھلاندۇرغان ئازاب سىلەرگە چوقۇم چۈشىدۇ، سىلەر بۇ ئازابتىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، بەدىنىڭلار چىرىپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر.

قُلْ يَٰقَوْمِ ٱعْمَلُوا۟ عَلَىٰ مَكَانَتِكُمْ إِنِّى عَامِلٌ ۖ فَسَوْفَ تَعْلَمُونَ مَن تَكُونُ لَهُۥ عَٰقِبَةُ ٱلدَّارِ ۗ إِنَّهُۥ
لَا يُفْلِحُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿١٣٥﴾

135 - ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، «ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆز يولۇڭلار بويىچە ئىش قىلىۋېرىڭلار، مەنمۇ ئاللاھ كۆرسەتكەن يول بويىچە ئىش قىلىۋېرەي. سىلەرگە ئازاب چۈشكەن چاغدا كىمنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسىلەر. شۇ ئېنىقكى، ئاللاھقا

شېرىك كەلتۈرۈپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان ۋە گۇناھ - مەئسىيەتتە ھەددىدىن ئاشقانلار ۋە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلەر ھەرگىز ئاللاھنى رازى قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ جەننىتىگە كىرەلمەيدۇ».

وَجَعَلُواْ لِلَّهِ مِمَّا ذَرَأَ مِنَ ٱلۡحَرۡثِ وَٱلۡأَنۡعَٰمِ نَصِيبٗا فَقَالُواْ هَٰذَا لِلَّهِ بِزَعۡمِهِمۡ وَهَٰذَا لِشُرَكَآئِنَاۖ فَمَا كَانَ لِشُرَكَآئِهِمۡ فَلَا يَصِلُ إِلَى ٱللَّهِۖ وَمَا كَانَ لِلَّهِ فَهُوَ يَصِلُ إِلَىٰ شُرَكَآئِهِمۡۗ سَآءَ مَا يَحۡكُمُونَ ﴿١٣٦﴾

136 - مۇشرىكلار ئاللاھ ياراتقان ئېكىنلەردىن، مېۋىلەردىن ۋە چارۋىلاردىن ئاللاھ ئۈچۈن بىر نېسىۋە ئايرىيتتى، ئۇنى يوقسۇللارغا ۋە مېھمانلارغا خاس قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇتلىرى ئۈچۈن يەنە بىر نېسىۋە ئايرىپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە بۇتلىرىغا خاس قىلىنغان نېسىۋە بۇتلارغا يېتەتتى، ئەمما ئاللاھقا يەتمەيتتى، ئاللاھقا خاس قىلىنغان نېسىۋە ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا يېتەتتى. ئۇلار چىقارغان بۇ ھۆكۈم نېمىدېگەن قەبىھ!

وَكَذَٰلِكَ زَيَّنَ لِكَثِيرٖ مِّنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ قَتۡلَ أَوۡلَٰدِهِمۡ شُرَكَآؤُهُمۡ لِيُرۡدُوهُمۡ وَلِيَلۡبِسُواْ عَلَيۡهِمۡ دِينَهُمۡۖ وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ مَا فَعَلُوهُۖ فَذَرۡهُمۡ وَمَا يَفۡتَرُونَ ﴿١٣٧﴾

137 - شەيتان مۇشرىكلارغا ئېكىنلەردىن ۋە چارۋىلاردىن ئاللاھ ئۈچۈن بىر نېسىۋە، بۇتلىرى ئۈچۈن يەنە بىر نېسىۋە ئايرىپ قويۇشنى چىرايلىق كۆرسەتكەندەك، مۇشرىكلارنى ئازدۇرۇپ ھالاك قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ دىنىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، كۆپلىگەن مۇشرىكلارغا پېقىرلىقتىن قورقۇپ ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئۇلار بۇ قەبىھ ئىشنى قىلالمايتتى، لېكىن ئاللاھ ئۇ مۇشرىكلارنىڭ نىيىتىنىڭ، ئەمەلىنىڭ ۋە ئاقىۋىتىنىڭ يامانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشىنى ئىرادە قىلدى. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارنى ئۆز ھالىغا قويۇۋەتكىن، ئۇلار ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇش ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسۇن، ئاللاھ سەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

وَقَالُواْ هَٰذِهِۦٓ أَنۡعَٰمٞ وَحَرۡثٌ حِجۡرٞ لَّا يَطۡعَمُهَآ إِلَّا مَن نَّشَآءُ بِزَعۡمِهِمۡ وَأَنۡعَٰمٌ حُرِّمَتۡ ظُهُورُهَا وَأَنۡعَٰمٞ لَّا يَذۡكُرُونَ ٱسۡمَ ٱللَّهِ عَلَيۡهَا ٱفۡتِرَآءً عَلَيۡهِۚ سَيَجۡزِيهِم بِمَا كَانُواْ يَفۡتَرُونَ ﴿١٣٨﴾

138 - مۇشرىكلار ئۆز گۇمانىچە: «بۇ ھايۋانلار ۋە ئېكىنلەر ئىبادەتخانىنىڭ راھىبلىرى رۇخسەت بەرگەن ئادەملەردىن باشقىلارغا ھارامدۇر، بۇ ھايۋانلارنى مىنىشكە قەتئىي بولمايدۇ، بۇ ھايۋانلارنى بوغۇزلىغاندا ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلمايدۇ» دېدى. ئۇلار بۇ قىلمىشلارنى ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇپ تۇرۇپ قىلدى. ئاللاھ ئۇلارنى توقۇپ چىققان بۇ يالغانلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە جازالايدۇ.

وَقَالُواْ مَا فِي بُطُونِ هَٰذِهِ ٱلۡأَنۡعَٰمِ خَالِصَةٞ لِّذُكُورِنَا وَمُحَرَّمٌ عَلَىٰٓ أَزۡوَٰجِنَاۖ وَإِن يَكُن مَّيۡتَةٗ فَهُمۡ فِيهِ شُرَكَآءُۚ سَيَجۡزِيهِمۡ وَصۡفَهُمۡۚ إِنَّهُۥ حَكِيمٌ عَلِيمٞ ﴿١٣٩﴾

139 - مۇشرىكلار يەنە: «بۇ ھايۋانلارنىڭ قورساقلىرىدىكى باللىرى تىرىك تۇغۇلسا، ئۇلار بىزنىڭ ئەرلىرىمىزگە خاستۇر، ئاياللىرىمىزغا ھارامدۇر، ئەگەر ئۆلۈك تۇغۇلسا، ئۇلار ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئارىسىدا ئورتاقتۇر، ھەممەيلەن تەڭ يەيدۇ» دېيىشتى. ئاللاھ ئۇلارنى ھالال - ھارام مەسىلىسىدە ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇپ چىققانلىقى ئۈچۈن جازالايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

قَدْ خَسِرَ ٱلَّذِينَ قَتَلُوٓاْ أَوْلَـٰدَهُمْ سَفَهًۢا بِغَيْرِ عِلْمٍ وَحَرَّمُواْ مَا رَزَقَهُمُ ٱللَّهُ ٱفْتِرَآءً عَلَى ٱللَّهِ ۚ قَدْ ضَلُّواْ وَمَا كَانُواْ مُهْتَدِينَ ﴿١٤٠﴾

140 - نادانلىقى ۋە ئەخمەقلىقىدىن ئۆز بالىلىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغان ئېيتىپ، ئاللاھ رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام سانىغان كىشىلەر ھەقىقەتەن زىيان تارتتى، ئۇلار توغرا يولدىن ئېزىپ كەتتى، ئۇلار ھىدايەت تاپقانلاردىن بولمىدى. ھالال - ھارامنى بەلگىلەش ئاللاھنىڭ ئىشى بولۇپ، ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسە ھالال، ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسە ھارامدۇر، ھېچكىمنىڭ ئاللاھ نامىدىن قانۇن تۈرغۇزۇش ھەققى يوقتۇر.

۞ وَهُوَ ٱلَّذِىٓ أَنشَأَ جَنَّـٰتٍ مَّعْرُوشَـٰتٍ وَغَيْرَ مَعْرُوشَـٰتٍ وَٱلنَّخْلَ وَٱلزَّرْعَ مُخْتَلِفًا أُكُلُهُۥ وَٱلزَّيْتُونَ وَٱلرُّمَّانَ مُتَشَـٰبِهًا وَغَيْرَ مُتَشَـٰبِهٍ ۚ كُلُواْ مِن ثَمَرِهِۦٓ إِذَآ أَثْمَرَ وَءَاتُواْ حَقَّهُۥ يَوْمَ حَصَادِهِۦ ۖ وَلَا تُسْرِفُوٓاْ ۚ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلْمُسْرِفِينَ ﴿١٤١﴾

141 - ئاللاھ سىلەرگە بېدىشلىك ۋە بېدىشسىز باغلارنى بەرپا قىلغان، مېۋىلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان خورما دەرەخلىرىنى، زىرائەتلەرنى، (رەڭگى ۋە شەكلى) بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان، تەمى ئوخشىمايدىغان زەيتۇن ۋە ئانارنى ياراتقان زاتتۇر. ئى ئىنسانلار! بۇ مېۋە دەرەخلىرى مېۋە بەرگەندە ئۇنىڭ مېۋىسىدىن يەڭلار، مېۋىنى يىغقان كۈندە ئۇنىڭ ئۆشرىسىنى ئادا قىلىڭلار، پۇل - مال سەرپ قىلىشتا، يەپ - ئىچىشتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ ئىسراپ قىلماڭلار، ئوتتۇراھال ئىش كۆرۈڭلار. چۈنكى ئاللاھ پۇل - مالنى ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ۋە ئۇنى ئۆز يولىغا ئىشلەتمەيدىغانلارنى ياقتۇرمايدۇ.

وَمِنَ ٱلْأَنْعَـٰمِ حَمُولَةً وَفَرْشًا ۚ كُلُواْ مِمَّا رَزَقَكُمُ ٱللَّهُ وَلَا تَتَّبِعُواْ خُطُوَٰتِ ٱلشَّيْطَـٰنِ ۚ إِنَّهُۥ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ ﴿١٤٢﴾

142 - ئاللاھ چارۋىلاردىن تۆگىگە ئوخشاش ئۈستىگە يۈك ئارتقىلى بولىدىغان چوڭ ۋە ئېگىز بويلۇق ھايۋانلارنى، قويغا ئوخشاش ئۈستىگە يۈك ئارتقىلى بولمايدىغان ھايۋانلارنى ياراتتى. ئاللاھ سىلەرگە بۇ ھايۋانلاردىن ھالال قىلىپ بەرگەنلىرىنى يەڭلار، شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرمەڭلار، مۇشرىكلارغا ئوخشاش شەيتانغا ئەگىشىپ ھالالنى ھارام قىلىۋالماڭلار. چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر.

ثَمَـٰنِيَةَ أَزْوَٰجٍ ۖ مِّنَ ٱلضَّأْنِ ٱثْنَيْنِ وَمِنَ ٱلْمَعْزِ ٱثْنَيْنِ ۗ قُلْ ءَآلذَّكَرَيْنِ حَرَّمَ أَمِ ٱلْأُنثَيَيْنِ أَمَّا ٱشْتَمَلَتْ عَلَيْهِ أَرْحَامُ ٱلْأُنثَيَيْنِ ۖ نَبِّـُٔونِى بِعِلْمٍ إِن كُنتُمْ صَـٰدِقِينَ ﴿١٤٣﴾

143 - ئاللاھ بەندىلىرىگە رىزىق قىلىپ ئاتا قىلغان تۆگە، كالا ۋە قوي قاتارلىق چارۋىلار ئەركەك - چىشى بولۇپ سەككىز تۈرلۈكتۇر. ئۇلار قويدىن قوچقار ۋە ساغلىق، ئۆچكىدىن تېكە ۋە ئۇرغاچى بولۇپ جەمئىي تۆتتۇر. ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «ئاللاھ قوچقار بىلەن تېكەنى ھارام قىلدىمۇ؟» ئەگەر ئۇلار «ھەئە» دېسە، ئۇلار يالغانچىلاردۇر. چۈنكى ئۇلار قوچقار بىلەن تېكىنىڭ ھەممىسىنى ھارام دېمەيدۇ. يەنە ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ساغلىق بىلەن ئۇرغاچىنى ھارام قىلدىمۇ؟». ئەگەر ئۇلار «ھەئە» دېسە، ئۇلار يەنىلا يالغانچىلاردۇر. چۈنكى ئۇلار ساغلىق بىلەن ئۇرغاچىنىڭ ھەممىسىنى ھارام دېمەيدۇ. يەنە ئۇلاردىن: «ساغلىق بىلەن ئۇرغاچىنىڭ قورسىقىدىكى قوزا بىلەن ئوغلاقنى ھارام قىلدىمۇ؟» دەپ سورىغىن. ئەگەر ئۇلار «ھەئە» دېسە، ئۇلار

يالغانچىلاردۇر. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر مۇشۇنداق دېيىشنى ئاللاھ بۇيرۇغان دېگەن سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، سۆزۈڭلارنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەرنى كەلتۈرۈڭلارچۇ؟!».

وَمِنَ ٱلۡإِبِلِ ٱثۡنَيۡنِ وَمِنَ ٱلۡبَقَرِ ٱثۡنَيۡنِۗ قُلۡ ءَآلذَّكَرَيۡنِ حَرَّمَ أَمِ ٱلۡأُنثَيَيۡنِ أَمَّا ٱشۡتَمَلَتۡ عَلَيۡهِ أَرۡحَامُ ٱلۡأُنثَيَيۡنِۖ أَمۡ كُنتُمۡ شُهَدَآءَ إِذۡ وَصَّىٰكُمُ ٱللَّهُ بِهَٰذَاۚ فَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّنِ ٱفۡتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبٗا لِّيُضِلَّ ٱلنَّاسَ بِغَيۡرِ عِلۡمٍۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٤٤﴾

144 - ئاللاھ سىلەرگە يەنە تۆت تۈرلۈك چارۋىنى ئاتا قىلدى، ئۇلار تۆگىدىن ئەركەك - چىشى، كالىدىن ئەركەك - چىشىدۇر. ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ئىككى ئەركەكنى ھارام قىلدىمۇ؟ ياكى ئىككى چىشىنى ۋەياكى ئىككى چىشىنىڭ قورسىقىدىكى بوتىلاق بىلەن موزاينى ھارام قىلدىمۇ؟ ياكى ئاللاھ بۇ چارۋىلارنى ھارام قىلغان چاغدا سىلەر ھازىرمىدىڭلار؟ كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن، بىلمەي تۇرۇپ ئاللاھ نامىدىن يالغان ئېيتقان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھەددىدىن ئېشىپ رەببىنىڭ نامىدىن يالغان ئېيتىش ۋە كىشىلەرنى ئازدۇرۇش بىلەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارنى توغرا يولغا يېتەكلىمەيدۇ».

قُل لَّآ أَجِدُ فِي مَآ أُوحِيَ إِلَيَّ مُحَرَّمًا عَلَىٰ طَاعِمٖ يَطۡعَمُهُۥٓ إِلَّآ أَن يَكُونَ مَيۡتَةً أَوۡ دَمٗا مَّسۡفُوحًا أَوۡ لَحۡمَ خِنزِيرٖ فَإِنَّهُۥ رِجۡسٌ أَوۡ فِسۡقًا أُهِلَّ لِغَيۡرِ ٱللَّهِ بِهِۦۚ فَمَنِ ٱضۡطُرَّ غَيۡرَ بَاغٖ وَلَا عَادٖ فَإِنَّ رَبَّكَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿١٤٥﴾

145 - ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، «ماڭا ۋەھيى قىلىنغان ئەھكاملار ئىچىدە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان مالدىن ياكى ئېقىتىلغان قاندىن ۋە چوشقا گۆشىنى يېيىشتىن باشقىسىنى ھېچبىر ئادەمگە ھارام كۆرمەيمەن. چۈنكى، چوشقا گۆشى پاسكىنىدۇر. شۇنىڭدەك، ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلىنىپ گۇناھقا سەۋەب بولغان مالنىڭ گۆشىمۇ ھارامدۇر. كىمكى مۇشۇ ھارام نەرسىلەردىن يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ بىلەن لەززەتلىنىشنى كۆزلىمىگەن، ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك مىقداردىن ئاشۇرۇۋەتمىگەن ھالدا يېسە، ئاللاھ ئۇنى كەچۈرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ بەندىلىرىگە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر. (يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن مەگەن چىشلىق، يىرتقۇچ قۇشلاردىن تىرناقلىق بولغانلىرىنىڭ گۆشىنى يېيىشمۇ ھارامدۇر. بۇ ھەدىس بىلەن بەلگىلەنگەن).

وَعَلَى ٱلَّذِينَ هَادُواْ حَرَّمۡنَا كُلَّ ذِي ظُفُرٖۖ وَمِنَ ٱلۡبَقَرِ وَٱلۡغَنَمِ حَرَّمۡنَا عَلَيۡهِمۡ شُحُومَهُمَآ إِلَّا مَا حَمَلَتۡ ظُهُورُهُمَآ أَوِ ٱلۡحَوَايَآ أَوۡ مَا ٱخۡتَلَطَ بِعَظۡمٖۚ ذَٰلِكَ جَزَيۡنَٰهُم بِبَغۡيِهِمۡۖ وَإِنَّا لَصَٰدِقُونَ ﴿١٤٦﴾

146 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا بىزنىڭ يەھۇدىيلارغا تۆگە ۋە تۆگە قۇشقا ئوخشىغان تۇياقلىرى يېرىق ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى، كالا ۋە قويلارنىڭ دۇمبىسىدىكى ياكى ئۈچەيلىرىدىكى ۋەياكى سۆڭەككە چاپلىشىقلىق ياغلىرىدىن باشقا ياغلىرىنى ھارام قىلغانلىقىمىزنى بىلدۈرگىن. يەھۇدىيلارغا خاس قىلىنغان بۇ ھاراملار ئۇلارنىڭ ئاسىيلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلارغا بەرگەن جازايىمىزدۇر، بىز ئۇلار توغرۇلۇق بەرگەن خەۋەرلىرىمىزدە ئەلۋەتتە راستچىلمىز.

فَإِن كَذَّبُوكَ فَقُل رَّبُّكُمۡ ذُو رَحۡمَةٖ وَٰسِعَةٖ وَلَا يُرَدُّ بَأۡسُهُۥ عَنِ ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡمُجۡرِمِينَ ﴿١٤٧﴾

147 - ئى پەيغەمبەر! يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىكلار قاتارلىق كاپىرلار سېنى يالغانچى دېسە، ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «رەببىڭلار كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر، (ئەمما) ئۇنىڭ ئازابى گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى ۋە يامان ئىشلارنى قىلغان گۇناھكار قەۋمدىن قايتۇرۇلمايدۇ». (بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى بايان قىلغان).

سَيَقُولُ ٱلَّذِينَ أَشْرَكُواْ لَوْ شَآءَ ٱللَّهُ مَآ أَشْرَكْنَا وَلَآ ءَابَآؤُنَا وَلَا حَرَّمْنَا مِن شَيْءٍۚ كَذَٰلِكَ كَذَّبَ
ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ حَتَّىٰ ذَاقُواْ بَأْسَنَاۗ قُلْ هَلْ عِندَكُم مِّنْ عِلْمٍ فَتُخْرِجُوهُ لَنَآۖ إِن تَتَّبِعُونَ إِلَّا
ٱلظَّنَّ وَإِنْ أَنتُمْ إِلَّا تَخْرُصُونَ ﴿١٤٨﴾

148 - مۇشرىكلار: «ئەگەر ئاللاھ بىزنىڭ ۋە ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ شېرىك كەلتۈرمەسلىكىمىزنى ۋە بىرەر نەرسىنى ھارام قىلماسلىقىمىزنى ئىرادە قىلغان بولسا ئىدى، بىز بۇلارنى قىلمىغان بولاتتۇق» دەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ دەيدۇكى، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەن كاپىرلارمۇ مۇشۇنداق سەپسەتىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، پەيغەمبەرلىرىنىڭ دەۋەتلىرىنى ئىنكار قىلغان، تاكى بىزنىڭ ئازابىمىزنى تېتىغانغا قەدەر شۇ يولدا داۋام قىلغان ئىدى. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ھارام قىلىۋالغان چارۋىلارنى ۋە زىرائەتلەرنى ئاللاھنىڭ ھارام قىلغانلىقىغا، سىلەرنىڭ ئاللاھ بىزنىڭ كاپىر بولۇشىمىزنى ئىرادە قىلغان ۋە ئۇنىڭغا رازى بولىدۇ دەيدىغان سەپسەتەڭلارنىڭ راستلىقىغا پاكىتىڭلار بارمۇ؟ ئەگەر بولسا بىزگە چىقىرىڭلار! ئېنىقكى، سىلەر پەقەتلا پەرەزلەرگە ئەگىشىسىلەر، سىلەر پەقەتلا يالغان گەپ قىلىسىلەر».

قُلْ فَلِلَّهِ ٱلْحُجَّةُ ٱلْبَٰلِغَةُۖ فَلَوْ شَآءَ لَهَدَىٰكُمْ أَجْمَعِينَ ﴿١٤٩﴾

149 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «(سىلەرنىڭ پاكىتىڭلار بولمىسا) ئاللاھنىڭ يېتەرلىك پاكىتى بار، ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن سىلەرنىڭ يالغانچىلىقىڭلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ھەممىڭلارنى ئەلۋەتتە، توغرا يولدا مېڭىشقا مۇۋەپپەق قىلغان بولاتتى».

قُلْ هَلُمَّ شُهَدَآءَكُمُ ٱلَّذِينَ يَشْهَدُونَ أَنَّ ٱللَّهَ حَرَّمَ هَٰذَاۖ فَإِن شَهِدُواْ فَلَا تَشْهَدْ مَعَهُمْۚ وَلَا
تَتَّبِعْ أَهْوَآءَ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا وَٱلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِٱلْأٓخِرَةِ وَهُم بِرَبِّهِمْ يَعْدِلُونَ ﴿١٥٠﴾

150 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا: «سىلەر ھارام قىلىۋالغان چارۋىلارنى ۋە زىرائەتلەرنى ئاللاھ ھارام قىلغان ئىدى، دەپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان گۇۋاھچىلىرىڭلارنى چاقىرىپ كېلىڭلار» دېگىن. ئەگەر ئۇلار شۇنداق دەپ يالغاندىن گۇۋاھلىق بەرسە، سەن ئۇلارغا ھەرگىز ئىشەنمىگىن، ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھارام دەۋالغان ۋە ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھالال سانىغان ئاشۇ ئازغۇنلارنىڭ قىلمىشىنى قوللىمىغىن. ئى پەيغەمبەر! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرگە بۇتلارغىمۇ چوقۇنىدىغان، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان ۋە ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئەمەل قىلمايدىغان ئاشۇ كاپىرلارنىڭ نەپسى خاھىشىغا ھەرگىز ئەگەشمىگىن.

۞ قُلْ تَعَالَوْاْ أَتْلُ مَا حَرَّمَ رَبُّكُمْ عَلَيْكُمْۖ أَلَّا تُشْرِكُواْ بِهِۦ شَيْـًٔاۖ وَبِٱلْوَٰلِدَيْنِ إِحْسَٰنًاۖ وَلَا
تَقْتُلُوٓاْ أَوْلَٰدَكُم مِّنْ إِمْلَٰقٍ نَّحْنُ نَرْزُقُكُمْ وَإِيَّاهُمْۖ وَلَا تَقْرَبُواْ ٱلْفَوَٰحِشَ مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَمَا بَطَنَۖ
وَلَا تَقْتُلُواْ ٱلنَّفْسَ ٱلَّتِي حَرَّمَ ٱللَّهُ إِلَّا بِٱلْحَقِّۚ ذَٰلِكُمْ وَصَّىٰكُم بِهِۦ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ ﴿١٥١﴾

151- ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «كېلىڭلار، مەن سىلەرگە رەببىڭلارنىڭ نېمىلەرنى
هارام قىلغانلىقىنى ئوقۇپ بېرەي: سىلەر ئاللاهقا ئىبادەت قىلىشتا ئۇنىڭغا ھېچبىر
مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاللاھتىن قورقۇش، رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش،
ئۇنىڭغا دۇئا قىلىش قاتارلىق بارلىق ئىبادەتلەرنى ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا قىلىڭلار، ئاتا
- ئاناڭلارغا كۆيۈنۈپ ياخشى خىزمەت قىلىڭلار، نامراتلىق تۈپەيلىدىن بالاڭلارنى
ئۆلتۈرمەڭلار، چۈنكى، ئاللاھ سىلەرگىمۇ، ئۇلارغىمۇ رىزىق بېرىدۇ، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن
قەبىھ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىغا يېقىنلاشماڭلار، ئاللاھ ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغان جاننى
ئۆلتۈرمەڭلار. پەقەتلا قاتىلدىن ھەقلىق رەۋىشتە قىساس ئېلىش، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق
تۇرۇقلۇق زىنا قىلغانلارنى جازالاش ۋە مۇرتەدنى ئۆلتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر.
سىلەرنى ئەقلىنى ئىشلىتىپ، ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەردىن ۋە مەنئى قىلغان
ئىشلاردىن يىراق تۇرسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلدى.

وَلَا تَقۡرَبُواْ مَالَ ٱلۡيَتِيمِ إِلَّا بِٱلَّتِي هِيَ أَحۡسَنُ حَتَّىٰ يَبۡلُغَ أَشُدَّهُۥۚ وَأَوۡفُواْ ٱلۡكَيۡلَ وَٱلۡمِيزَانَ بِٱلۡقِسۡطِۖ لَا
نُكَلِّفُ نَفۡسًا إِلَّا وُسۡعَهَاۖ وَإِذَا قُلۡتُمۡ فَٱعۡدِلُواْ وَلَوۡ كَانَ ذَا قُرۡبَىٰۖ وَبِعَهۡدِ ٱللَّهِ أَوۡفُواْۚ ذَٰلِكُمۡ وَصَّىٰكُم
بِهِۦ لَعَلَّكُمۡ تَذَكَّرُونَ ﴿١٥٢﴾

152- ئى ۋەسىيلەر! ئىلكىڭلاردىكى يېتىمنىڭ مال - مۈلۈكىگە يېقىنلاشماڭلار، ئۆزىنىڭ
مال - مۈلۈكىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلالايدىغان ھالغا كەلگەنگە قەدەر (ئۇنىڭ مال -
مۈلۈكىنى قوغداش كۆپەيتىش مەقسىتىدە) ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە يېقىنلىشىش بۇنىڭدىن
مۇستەسنا؛ يېتىم ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلالىغۇدەك بولسا، ئۇنىڭ مال - مۈلۈكىنى
ئۆزىگە تاپشۇرۇپ بېرىڭلار، ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا ۋە دۇرۇس تۇتۇڭلار. سىلەر ھەر
ئىشنى توغرا ۋە ئادالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە، قېتىرقىنىپ ئىش
قىلغاندىن كېيىن، يەنىلا بەزى كەمچىلىكلەر يۈز بېرىپ قالسا، ئاللاھ ئۇنى ئەپۇ
قىلىدۇ. بىز ھېچقانداق ئادەمگە كۈچى يەتمەيدىغان ئىشنى يۈكلىمەيمىز. مەيلى خەۋەر
يەتكۈزۈشتە بولسۇن ياكى گۇۋاھلىق بېرىشتە بولسۇن ۋەياكى ھۆكۈم قىلىشتا بولسۇن،
گەپ قىلغان چېغىڭلاردا توغرا ۋە ئادىل گەپ قىلىڭلار، سىلەر ھەققىدە گەپ قىلغان
ئادەم تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ، ئادالەتلىك بولۇڭلار، ھەقىقەتتىن بۇرۇلۇپ
كەتمەڭلار، ئاللاھنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار. سىلەرگە
تىلاۋەت قىلىنغان بۇ ئايەتلەر مەسئۇلىيىتىڭلارنى ئېسىڭلاردا تۇتۇشۇڭلار ۋە ئويلاپ ئىش
قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە تەۋسىيە قىلغان ئىشلاردۇر».

وَأَنَّ هَٰذَا صِرَٰطِي مُسۡتَقِيمًا فَٱتَّبِعُوهُۖ وَلَا تَتَّبِعُواْ ٱلسُّبُلَ فَتَفَرَّقَ بِكُمۡ عَن سَبِيلِهِۦۚ ذَٰلِكُمۡ وَصَّىٰكُم
بِهِۦ لَعَلَّكُمۡ تَتَّقُونَ ﴿١٥٣﴾

153- ئاللاھ سىلەرگە تەۋسىيە قىلغان ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى، ئىسلام دىنى ئاللاھنىڭ
تۈپتۈز توغرا يولىدۇر، سىلەر مۇشۇ يولدا مېڭىڭلار، ئازغۇنلارنىڭ يوللىرىدا ماڭماڭلار،
بولمىسا ئۇ ئازغۇنلارنىڭ يوللىرى سىلەرنى پىرقىلەرگە بۆلۈۋېتىدۇ، ئاللاھنىڭ يولىدىن
ئايرىۋېتىدۇ. ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يىراقلىشىپ، ئاللاھنىڭ
ئازابىدىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرنى توغرا يولغا شۇنداق يۈزلىنىشكە
بۇيرۇيدۇ.

ثُمَّ ءَاتَيۡنَا مُوسَى ٱلۡكِتَٰبَ تَمَامًا عَلَى ٱلَّذِيٓ أَحۡسَنَ وَتَفۡصِيلًا لِّكُلِّ شَيۡءٖ وَهُدٗى وَرَحۡمَةٗ لَّعَلَّهُم بِلِقَآءِ

رَبِّهِمۡ يُؤۡمِنُونَ ﴿١٥٤﴾

154 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئاخىرەتكە ۋە ئاخىرەتتىكى ھېساب بېرىش، ياخشى ئەمەللەرنىڭ مۇكاپاتىنى، يامان ئەمەللەرنىڭ جازاسىنى كۆرۈش قاتارلىق ھەقىقەتلەرگە ئىمان ئېيتسۇن، شۇنداقلا شۇ مۇكاپاتلار ئۈچۈن تىرىشسۇن دەپ، ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن ياخشىلىق قىلىپ، ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا نېمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بېرىش، ئۇلارغا دىندا ئېھتىياجلىق بولغان ھەربىر مەسىلىنى تەپسىلي بايان قىلىپ بېرىش، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن، مۇساغا ئەلەيھىسسالامغا تەۋراتنى ئاتا قىلدى».

وَهَٰذَا كِتَٰبٌ أَنزَلۡنَٰهُ مُبَارَكٞ فَٱتَّبِعُوهُ وَٱتَّقُواْ لَعَلَّكُمۡ تُرۡحَمُونَ ﴿١٥٥﴾

155 - بۇ قۇرئان بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر، ئۇنىڭدا كۆپلىگەن ياخشىلىقلار بار. شۇڭا، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىپ، ئازابتىن قۇتۇلۇپ قېلىشىڭلار ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئانغا ئەگىشىڭلار ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن ساقلىنىڭلار.

أَن تَقُولُوٓاْ إِنَّمَآ أُنزِلَ ٱلۡكِتَٰبُ عَلَىٰ طَآئِفَتَيۡنِ مِن قَبۡلِنَا وَإِن كُنَّا عَن دِرَاسَتِهِمۡ لَغَٰفِلِينَ ﴿١٥٦﴾

156 - ئى ئەرەب كاپىرلىرى! بىزنىڭ قۇرئاننى نازىل قىلغانلىقىمىز سىلەرنىڭ: «پەقەت بىزدىن ئىلگىرىكى يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلاردىن ئىبارەت ئىككى تائىپىگىلا (ئۆز تىلىدا) كىتاب نازىل قىلىنغان، بىز بولساق ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇشنى بىلمەيتتۇق» دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر.

أَوۡ تَقُولُواْ لَوۡ أَنَّآ أُنزِلَ عَلَيۡنَا ٱلۡكِتَٰبُ لَكُنَّآ أَهۡدَىٰ مِنۡهُمۡۚ فَقَدۡ جَآءَكُم بَيِّنَةٞ مِّن رَّبِّكُمۡ وَهُدٗى وَرَحۡمَةٞۚ فَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّن كَذَّبَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَصَدَفَ عَنۡهَاۗ سَنَجۡزِي ٱلَّذِينَ يَصۡدِفُونَ عَنۡ ءَايَٰتِنَا سُوٓءَ ٱلۡعَذَابِ بِمَا كَانُواْ يَصۡدِفُونَ ﴿١٥٧﴾

157 - ياكى سىلەرنىڭ: «ئەگەر بىزگىمۇ يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارغا نازىل قىلىنغاندەك ئاسماندىن كىتاب نازىل قىلىنغان بولسا ئىدى، بىز ئەلۋەتتە ئۇلاردىن ئارتۇق ھىدايەت تاپقان بولاتتۇق» دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر. ھەقىقەتەن سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن ئۆز تىلىڭلاردا روشەن كىتاب كەلدى. بۇ كىتاب رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە كەلگەن ئۇيغۇچۇق دەلىل - ئىسپات ۋە سىلەرنى ئىسلامغا يېتەكلەيدىغان ھىدايەت ۋە ئاللاھنىڭ ئىسلام ئۈممىتىگە قىلغان كاتتا رەھمىتىدۇر. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە دەلىل - ئىسپاتلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ھەق دىننى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ بىز ئۇلارنى بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى ۋە كىشىلەرنى بىزنىڭ دىنىمىزدىن توسقانلىقى ئۈچۈن جەھەننەمنىڭ ئازابى بىلەن قاتتىق جازالايمىز.

هَلۡ يَنظُرُونَ إِلَّآ أَن تَأۡتِيَهُمُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ أَوۡ يَأۡتِيَ رَبُّكَ أَوۡ يَأۡتِيَ بَعۡضُ ءَايَٰتِ رَبِّكَۗ يَوۡمَ يَأۡتِي بَعۡضُ ءَايَٰتِ رَبِّكَ لَا يَنفَعُ نَفۡسًا إِيمَٰنُهَا لَمۡ تَكُنۡ ءَامَنَتۡ مِن قَبۡلُ أَوۡ كَسَبَتۡ فِيٓ إِيمَٰنِهَا خَيۡرٗاۗ قُلِ ٱنتَظِرُوٓاْ إِنَّا مُنتَظِرُونَ ﴿١٥٨﴾

158 - ئى پەيغەمبەر! ئاللاھنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن توسقان مۇشرىكلار، پەقەتلا ئەزرائىل بىلەن ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ جېنىنى ئېلىشقا

كېلىشىنى ياكى رەببىڭنىڭ قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن كېلىشىنى ۋەياكى قۇياشنىڭ كۈنپېتىشتىن چىقىشىدىن ئىبارەت قىيامەتنىڭ بەزى ئالامەتلىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتىدۇ. ئۇ چاغدا ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ئەمدى ئېيتقان ئىمانى پايدا بەرمەيدۇ ياكى ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، شۇ ئىمانىنى ئىپادىلەيدىغان بىرەر ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئەمدى قىلغان ياخشى ئەمەلى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈڭلار، شۇ چاغدا ھەقىقەت بىلەن ساختىلىقنىڭ، ياخشى بىلەن يامانىنىڭ پەرقىنى بىلىپ قالىسىلەر، بىزمۇ ئەلۋەتتە شۇنى كۈتىمىز».

إِنَّ ٱلَّذِينَ فَرَّقُواْ دِينَهُمۡ وَكَانُواْ شِيَعٗا لَّسۡتَ مِنۡهُمۡ فِي شَيۡءٍۚ إِنَّمَآ أَمۡرُهُمۡ إِلَى ٱللَّهِ ثُمَّ يُنَبِّئُهُم بِمَا كَانُواْ
يَفۡعَلُونَ ﴿١٥٩﴾

159 - ئى پەيغەمبەر! ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئېتىقاد قىلىش ۋە ئۇنىڭ شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت ھەق دىنىدا بىرلەشكەندىن كېيىن، دىنىدا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ تۈرلۈك پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلەر بىلەن سېنىڭ ھېچبىر مۇناسىۋىتىڭ يوق، سەن ئۇلاردىن ئەمەسسەن. ئۇلارنىڭ ئىشىنى پەقەتلا ئاللاھ بىر تەرەپ قىلىدۇ، ئاندىن قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزلىرىگە ئېيتىپ بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن تەۋبە قىلىپ ياخشى ئەمەل قىلغانلارنى ياخشىلىقى ئۈچۈن مۇكاپاتلايدۇ، يامان ئىش قىلغانلارنى يامانلىقى سەۋەبلىك جازالايدۇ.

مَن جَآءَ بِٱلۡحَسَنَةِ فَلَهُۥ عَشۡرُ أَمۡثَالِهَاۖ وَمَن جَآءَ بِٱلسَّيِّئَةِ فَلَا يُجۡزَىٰٓ إِلَّا مِثۡلَهَا وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ﴿١٦٠﴾

161 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «ھەقىقەتەن رەببىم مېنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان تۈپتۈز يولغا باشلىدى. ئۇ تۈپتۈز يول ئىنسانىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك قىلىدىغان ئىسلام دىنىدۇر، ئىسلام دىنى تەۋھىد (يەنى ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئېتىقاد قىلىشنى يادرو قىلغان) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى بولغان ھەق دىنىدۇر، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى».

قُلۡ إِنَّنِي هَدَىٰنِي رَبِّيٓ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ دِينٗا قِيَمٗا مِّلَّةَ إِبۡرَٰهِيمَ حَنِيفٗاۚ وَمَا كَانَ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ﴿١٦١﴾

160 - قىيامەت كۈنى كىمكى ئاللاھنىڭ ئالدىغا بىرەر ياخشى ئەمەل بىلەن بارسا، ئۇ كىشى ئون ھەسسە ئارتۇق مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، كىمكى رەببىنىڭ ئالدىغا بىرەر يامان ئەمەل بىلەن بارسا، ئۇ پەقەتلا شۇ يامانلىقىغا يارىشا جازاغا تارتىلىدۇ، ئۇلار قىلچىلىك ئۇۋۇالچىلىققا ئۇچرىمايدۇ.

قُلۡ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحۡيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٦٢﴾

162 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم ۋە قۇربانلىقىم، ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ ئۈچۈندۇر، ھەرگىزمۇ سىلەر قۇربانلىق قىلىدىغان بۇت، ئۆلۈك ۋە جىن قاتارلىق نەرسىلەر ئۈچۈن ئەمەستۇر. مېنىڭ ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ رەببى ئۈچۈندۇر.

لَا شَرِيكَ لَهُۥۖ وَبِذَٰلِكَ أُمِرۡتُ وَأَنَا۠ أَوَّلُ ٱلۡمُسۡلِمِينَ ﴿١٦٣﴾

163 - ئاللاھنىڭ ھېچبىر شېرىكى يوقتۇر، ئۇ زاتىدا ۋە بارلىق ئىسىم - سۈپەتلىرىدە يېگانىدۇر. ئاللاھ مېنى مۇشۇ خالىس تەۋھىد ئېتىقادى بويىچە ئېتىقاد قىلىشقا بۇيرىدى، مەن بۇ ئۈممەتنىڭ ئىچىدە ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىلارنىڭ تۇنجىسىمەن».

قُلْ أَغَيْرَ ٱللَّهِ أَبْغِى رَبًّا وَهُوَ رَبُّ كُلِّ شَىْءٍ ۚ وَلَا تَكْسِبُ كُلُّ نَفْسٍ إِلَّا عَلَيْهَا ۚ وَلَا تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَىٰ ۚ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّكُم مَّرْجِعُكُمْ فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ فِيهِ تَخْتَلِفُونَ ﴿١٦٤﴾

164 - ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى، ئىگىسى ۋە باشقۇرغۇچىسى تۇرسا، مەن ئاللاھنى قويۇپ باشقا بىر ئىلاھ ئىزدەمدىمەن؟». ھەربىر ئىنسان ئۆزى قىلغان گۇناھقا ئۆزىلا جاۋابكار بولىدۇ. ھېچقانداق بىر گۇناھكار ئادەم باشقىسىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ. ئاندىن قىيامەت كۈنى ھەممىڭلارنىڭ قايتىدىغان جايىڭلار رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىدۇر. رەببىڭلار شۇ چاغدا سىلەرگە سىلەر بۇ دۇنيادا دىن توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقان ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

وَهُوَ ٱلَّذِى جَعَلَكُمْ خَلَٰٓئِفَ ٱلْأَرْضِ وَرَفَعَ بَعْضَكُمْ فَوْقَ بَعْضٍ دَرَجَٰتٍ لِّيَبْلُوَكُمْ فِى مَآ ءَاتَىٰكُمْ ۗ إِنَّ رَبَّكَ سَرِيعُ ٱلْعِقَابِ وَإِنَّهُۥ لَغَفُورٌ رَّحِيمٌۢ ﴿١٦٥﴾

165 - ئاللاھ سىلەرنى ئۆزۈڭلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن، تائەت - ئىبادەت بىلەن يەر يۈزىنى گۈللەندۈرسۇن دەپ سىلەرنى زېمىنغا تاراتقان زاتتۇر. ئاللاھ سىلەرنى نېمەتلىرى بىلەن سىناپ، تۇزكورلۇق قىلغۇچىدىن شۈكرى قىلغۇچىنى ئايرىش ئۈچۈن، بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن بايلىقتا، كۈچ - قۇۋۋەتتە بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى قىلدى. ئى پەيغەمبەر! شەكسىزكى، رەببىڭ كاپىرلارنى، گۇناھكارلارنى تېز جازالىغۇچىدۇر، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغانلارنى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

# ئەئراف سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

الٓمٓصٓ ١

1 ـ ئەلىف، لام، مىيم، ساد (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ باياني بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

كِتَٰبٌ أُنزِلَ إِلَيۡكَ فَلَا يَكُن فِي صَدۡرِكَ حَرَجٞ مِّنۡهُ لِتُنذِرَ بِهِۦ وَذِكۡرَىٰ لِلۡمُؤۡمِنِينَ ٢

2 ـ ئى پەيغەمبەر! بۇ قۇرئان ناھايىتى ئۇلۇغ كىتابتۇر. ئاللاھ ئۇنى ساڭا نازىل قىلدى. ئۇنىڭ ئاللاھتىن نازىل قىلىنغانلىقىغا كۆڭلۈڭدە قىلچە شەك بولمىسۇن، ئۇنى ئىنسانلارغا تولۇق يەتكۈزۈشتىن، ئۇلارنى ئۇنىڭ بىلەن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ھەرگىز سىقىلمىغىن. ساڭا بۇ كىتابنى كاپىرلارنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرسۇن، مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرسۇن دەپ نازىل قىلدۇق.

ٱتَّبِعُواْ مَآ أُنزِلَ إِلَيۡكُم مِّن رَّبِّكُمۡ وَلَا تَتَّبِعُواْ مِن دُونِهِۦٓ أَوۡلِيَآءَۗ قَلِيلٗا مَّا تَذَكَّرُونَ ٣

3 ـ ئى ئىنسانلار! رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان قۇرئانغا، پەيغەمبىرىڭلارنىڭ يولىغا ئەگىشىڭلار، ئاللاھنى قويۇپ، شەيتانلارغا، راھىبلارغا ۋە يەھۇدىيلارنىڭ موللىلىرىغا ئوخشاش ساختا مەبۇدلارغا ئەگەشمەڭلار، سىلەر تولىمۇ ئاز ئىبرەت ئالىسىلەر، شۇڭا ھەقىقەتكە قايتمايسىلەر.

وَكَم مِّن قَرۡيَةٍ أَهۡلَكۡنَٰهَا فَجَآءَهَا بَأۡسُنَا بَيَٰتًا أَوۡ هُمۡ قَآئِلُونَ ٤

4 ـ بىز كۆپلىگەن شەھەر ئاھالىسىنى پەيغەمبەرلەرگە ئاسىيلىق قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنى ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبلىك ھالاك قىلدۇق. بۇ ئىنكارچىلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خارلىق يۈزلەندى. بىزنىڭ ئازابىمىز ئۇلارغا بىر قېتىم ئۇلار كېچىسى ئۇخلاۋاتقاندا، يەنە بىر قېتىم چۈش ۋاقتىدا ئۇخلاۋاتقاندا كەلدى. (ئاللاھنىڭ كېچە بىلەن چۈش ۋاقتىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ۋاقىتنى تىلغا ئالغانلىقى بۇ ئىككى ۋاقىتنىڭ ئارام ئېلىپ راھەتلىنىدىغان ۋاقىتلار بولغانلىقىدىن بولۇپ، ئازابنىڭ بۇنداق ئارام ئېلىش ۋاقتىدا كېلىشى ھەقىقەتەن دەھشەتلىك ئىشتۇر).

فَمَا كَانَ دَعۡوَىٰهُمۡ إِذۡ جَآءَهُم بَأۡسُنَآ إِلَّآ أَن قَالُوٓاْ إِنَّا كُنَّا ظَٰلِمِينَ ٥

5 ـ بىزنىڭ ئازابىمىز كەلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ چەككەن پەريادى: «بىز ھەقىقەتەن ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلىپتۇق، گۇناھىمىزنى ئېتىراپ قىلدۇق، بۇ ئازاب بىزگە تېگىشلىك بولدى» دېيىشتىنلا ئىبارەت بولدى.

فَلَنَسْـَٔلَنَّ ٱلَّذِينَ أُرْسِلَ إِلَيْهِمْ وَلَنَسْـَٔلَنَّ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿٦﴾

6- بىز ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن ئۈممەتلەردىن: «سىلەر ئۇزۇڭلارغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرگە نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭلار؟» دەپ سورايمىز. شۇنىڭدەك، ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىنمۇ قەۋمىگە دىنىنى يەتكۈزگەنلىكى ۋە قەۋمىنىڭ ئۇلارغا نېمە دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى ھەققىدە سورايمىز.

فَلَنَقُصَّنَّ عَلَيْهِم بِعِلْمٍ ۖ وَمَا كُنَّا غَآئِبِينَ ﴿٧﴾

7- ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى - يامان بارلىق ئەمەللىرىنى ئەينەن ئېيتىپ بېرىمىز. بىز ئۇلار بىلەن ھەمىشە بىللە ئىدۇق.

وَٱلْوَزْنُ يَوْمَئِذٍ ٱلْحَقُّ ۚ فَمَن ثَقُلَتْ مَوَٰزِينُهُۥ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ ﴿٨﴾

8- قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرى ئادالەتنى ئاساس قىلغان، قىلچە ئۇۋال قىلمايدىغان ھەققىي تارازىدا تارتىلىدۇ. كىمنىڭ ياخشى ئەمەللىرى كۆپ بولۇپ، تارازىدا سالماق كەلسە، ئەنە شۇلار ئۇتۇپ چىققۇچىلاردۇر.

وَمَنْ خَفَّتْ مَوَٰزِينُهُۥ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓا۟ أَنفُسَهُم بِمَا كَانُوا۟ بِـَٔايَـٰتِنَا يَظْلِمُونَ ﴿٩﴾

9- كىمنىڭ يامان ئەمەللىرى كۆپ بولۇپ، ياخشى ئەمەللىرى تارازىدا يېنىك كەلسە، ئەنە شۇلار ھەددىدىن ئېشىپ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئىبارەت نېسىۋىسىدىن قۇرۇق قالغۇچىلاردۇر.

وَلَقَدْ مَكَّنَّـٰكُمْ فِى ٱلْأَرْضِ وَجَعَلْنَا لَكُمْ فِيهَا مَعَـٰيِشَ ۗ قَلِيلًا مَّا تَشْكُرُونَ ﴿١٠﴾

10- ئى ئىنسانلار! بىز ھەقىقەتەن سىلەرنى زېمىندا ماكانلاشتۇردۇق، ئۇنى سىلەر ئۈچۈن قارارگاھ قىلدۇق، يەر يۈزىدە سىلەرگە يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىرىنى پەيدا قىلدۇق. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق، سىلەر بەكمۇ ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر.

وَلَقَدْ خَلَقْنَـٰكُمْ ثُمَّ صَوَّرْنَـٰكُمْ ثُمَّ قُلْنَا لِلْمَلَـٰٓئِكَةِ ٱسْجُدُوا۟ لِـَٔادَمَ فَسَجَدُوٓا۟ إِلَّآ إِبْلِيسَ لَمْ يَكُن
مِّنَ ٱلسَّـٰجِدِينَ ﴿١١﴾

11- شەكسىزكى، بىز سىلەرنىڭ ئەسلىڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يوقتىن يارىتىش ئارقىلىق سىلەرگە كاتتا ئىنئام قىلدۇق. ئاندىن ئۇنى نۇرغۇنلىغان مەخلۇقاتقا قارىغاندا، چىرايلىق شەكىلگە كىرگۈزدۇق، ئاندىن پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىپ سالام بېرىشكە بۇيرۇدۇق. بۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ئىدى. پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسى سەجدە قىلدى، لېكىن ئۇلار بىلەن بىرگە بولغان ئىبلىسلا ئادەمنىڭ بۇنداق كاتتا ھۆرمەتكە ئېرىشكەنلىكىگە ھەسەت قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭغا سەجدە قىلغىلى ئۇنىمىدى.

قَالَ مَا مَنَعَكَ أَلَّا تَسْجُدَ إِذْ أَمَرْتُكَ ۖ قَالَ أَنَا۠ خَيْرٌ مِّنْهُ خَلَقْتَنِى مِن نَّارٍ وَخَلَقْتَهُۥ مِن طِينٍ ﴿١٢﴾

12- ئاللاھ ئىبلىسنىڭ سەجدە قىلمىغانلىقىغا كايىپ، ئۇنىڭغا: «مەن سېنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان چېغىمدا، سەن نېمىشقا سەجدە قىلمىدىڭ؟» دېدى. ئىبلىس: «مەن يارىتىلىشتا ئۇنىڭدىن ئەۋزەلمەن، چۈنكى مەن ئوتتىن يارىتىلدىم، ئۇ بولسا تۇپراقتىن يارىتىلدى» دېدى. دېمەك، ئىبلىس ئوتنى تۇپراقتىن ئۈستۈن ساندى.

قَالَ فَٱهْبِطْ مِنْهَا فَمَا يَكُونُ لَكَ أَن تَتَكَبَّرَ فِيهَا فَٱخْرُجْ إِنَّكَ مِنَ ٱلصَّـٰغِرِينَ ﴿١٣﴾

13 - ئاللاھ ئىبلىسقا: «جەننەتتىن چۈشۈپ كەت! بۇ يەردە ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇشقا ھەققىڭ
يوق، يوقال! سەن ھەقىقەتەن پەسكەش ۋە رەزىل مەخلۇقلاردىنسەن» دېدى.

قَالَ أَنظِرۡنِيٓ إِلَىٰ يَوۡمِ يُبۡعَثُونَ ١٤

14 - ئىبلىس ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەندىن كېيىن، ئاللاھقا: «مېنىڭ ئادەم
بالىلىرىنى كۆچۈمنىڭ يەتكىنىچە ئازدۇرالىشىم ئۈچۈن، ماڭا ئىنسانلار تىرىلدۈرۈلىدىغان
كۈنگە قەدەر مۆھلەت بەرگىن» دېدى.

قَالَ إِنَّكَ مِنَ ٱلۡمُنظَرِينَ ١٥

15 - ئاللاھ: «سېنى مەن بىرىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنغانغا قەدەر مۆھلەت بېرىلىدىغانلار
قاتارىدىن يېزىۋەتتىم، چۈنكى ئۇ چاغدا مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ» دېدى.

قَالَ فَبِمَآ أَغۡوَيۡتَنِي لَأَقۡعُدَنَّ لَهُمۡ صِرَٰطَكَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ ١٦

16 - لەنىتى ئىبلىس دېدىكى، «سەن مېنى ئازدۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن، مەن ئۇلارنى سېنىڭ
توغرا يولۇڭدىن ئازدۇرۇش ۋە ئىسلام دىنىدىن توسۇش ئۈچۈن بارچە كۈچۈم بىلەن
تىرىشىمەن،

ثُمَّ لَأٓتِيَنَّهُم مِّنۢ بَيۡنِ أَيۡدِيهِمۡ وَمِنۡ خَلۡفِهِمۡ وَعَنۡ أَيۡمَٰنِهِمۡ وَعَن شَمَآئِلِهِمۡۖ وَلَا تَجِدُ أَكۡثَرَهُمۡ
شَٰكِرِينَ ١٧

17 - ئاندىن ئۇلارغا ھەممە تەرىپىدىن كېلىپ، ئۇلارنى ھەقىقەتتىن توسىمەن، ساختىلىقنى
ھەقىقەت ئورنىدا كۆرسىتىمەن، دۇنيالىققا قىزىقتۇرىمەن، ئاخىرەت ھەققىدە شەككە
سالىمەن. شۇنىڭ بىلەن سەن ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ سېنىڭ نېمەتڭگە شۈكۈر
قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن».

قَالَ ٱخۡرُجۡ مِنۡهَا مَذۡءُومٗا مَّدۡحُورٗاۖ لَّمَن تَبِعَكَ مِنۡهُمۡ لَأَمۡلَأَنَّ جَهَنَّمَ مِنكُمۡ أَجۡمَعِينَ ١٨

18 - ئاللاھ ئىبلىسقا ئېيتتى: «سەن جەننەتتىن سۆكۈلگەن ۋە رەھمىتىمدىن قوغلانغان ھالدا
چىقىپ كەت! مەن جەھەننەمنى سەن ۋە ساڭا ئەگەشكەن ئادەم بالىلىرىنىڭ ھەممىسى
بىلەن تولدۇرىمەن».

وَيَٰٓـَٔادَمُ ٱسۡكُنۡ أَنتَ وَزَوۡجُكَ ٱلۡجَنَّةَ فَكُلَا مِنۡ حَيۡثُ شِئۡتُمَا وَلَا تَقۡرَبَا هَٰذِهِ ٱلشَّجَرَةَ فَتَكُونَا
مِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ١٩

19 - ئادەمگە: «ئى ئادەم! سەن ئايالىڭ ھەۋۋا بىلەن بىللە جەننەتتە تۇرۇڭلار، ئىككىڭلار
جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن خالىغىنىڭلارچە يەڭلار، (سىلەرگە كۆرسىتىلگەن) بۇ دەرەخنىڭ
مېۋىسىنى يېمەڭلار، ئەگەر سىلەر ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېسەڭلار، سىلەر ئاللاھنىڭ
چەكلىمىسىدىن ئۆتۈپ كېتىپ ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر» دېدى.

فَوَسۡوَسَ لَهُمَا ٱلشَّيۡطَٰنُ لِيُبۡدِيَ لَهُمَا مَا وُۥرِيَ عَنۡهُمَا مِن سَوۡءَٰتِهِمَا وَقَالَ مَا نَهَىٰكُمَا رَبُّكُمَا
عَنۡ هَٰذِهِ ٱلشَّجَرَةِ إِلَّآ أَن تَكُونَا مَلَكَيۡنِ أَوۡ تَكُونَا مِنَ ٱلۡخَٰلِدِينَ ٢٠

20 - شەيتان ئادەم بىلەن ھەۋۋاغا مەنئى قىلىنغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگۈزۈپ ئۇلارنىڭ
ئەۋرەت جايلىرىنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇلارنى گۇناھقا كۈشكۈرتتى. ئۇلارنى ئازدۇرۇشقا

ئۆرۈنۈپ: «رەببىڭلارنىڭ سىلەرگە بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشنى مەنئى قىلغانلىقى، پەقەت سىلەرنىڭ پەرىشتە بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە جەننەتتە مەڭگۈ تۇرغۇچىلاردىن بولۇپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر» دېدى.

وَقَاسَمَهُمَآ إِنِّي لَكُمَا لَمِنَ ٱلنَّـٰصِحِينَ ﴿٢١﴾

21 - شەيتان ئۆزىنىڭ ئادەم بىلەن ھەۋۋانى مەزكۇر دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشكە قىزىقتۇرۇشتا راستچىللا سەممىي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ نامىنى ئاتاپ قەسەم قىلىپ بەردى. ھالبۇكى، شەيتان يالغانچىدۇر.

فَدَلَّىٰهُمَا بِغُرُورٍۚ فَلَمَّا ذَاقَا ٱلشَّجَرَةَ بَدَتۡ لَهُمَا سَوۡءَٰتُهُمَا وَطَفِقَا يَخۡصِفَانِ عَلَيۡهِمَا مِن وَرَقِ ٱلۡجَنَّةِۖ وَنَادَىٰهُمَا رَبُّهُمَآ أَلَمۡ أَنۡهَكُمَا عَن تِلۡكُمَا ٱلشَّجَرَةِ وَأَقُل لَّكُمَآ إِنَّ ٱلشَّيۡطَـٰنَ لَكُمَا عَدُوٌّ مُّبِينٌ ﴿٢٢﴾

22 - شەيتان ئۇلارنى ئالداپ ئازدۇرۇپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھ يېقىنلىشىشتىن مەنئى قىلغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېدى. ئۇلار ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېۋىدى، ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالدى، ئۇلار بولسا جەننەتتىكى بەزى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى بىلەن ئەۋرەتلىرىنى يېپىشقا كىرىشتى. ئاندىن ئاللاھ ئۇلارغا: «مەن سىلەرنى بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشتىن توسقان ئەمەسمىدىم؟ ھەقىقەتەن شەيتان سىلەرگە ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر، دېمىگەنمىدىم؟» دەپ نىدا قىلدى (بۇ ئايەت ئەۋرەت ئەزالارنى ئېچىشنىڭ يامان كۆرۈلىدىغان ۋە ئىنسان تەبىئىتى قوبۇل قىلمايدىغان قەبىھ ئىش ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ).

قَالَا رَبَّنَا ظَلَمۡنَآ أَنفُسَنَا وَإِن لَّمۡ تَغۡفِرۡ لَنَا وَتَرۡحَمۡنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلۡخَـٰسِرِينَ ﴿٢٣﴾

23 - ئادەم بىلەن ھەۋۋا: «ئى رەببىمىز! بىز ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يەپ قويۇپ ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزنىڭ گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلمىساڭ ۋە بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمىز» دېدى. (ئادەم ئەلەيھىسسالام بۇ كەلىمىلەرنى ئاللاھتىن تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن دۇئا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلدى).

قَالَ ٱهۡبِطُواْ بَعۡضُكُمۡ لِبَعۡضٍ عَدُوّٞۖ وَلَكُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ مُسۡتَقَرّٞ وَمَتَـٰعٌ إِلَىٰ حِينٖ ﴿٢٤﴾

24 - ئاللاھ ئادەم، ھەۋۋا ۋە ئىبلىسقا مۇنداق دېدى: «سىلەر جەننەتتىن يەر يۈزىگە چۈشۈپ كېتىڭلار، يېقىندا سىلەر بىر-بىرىڭلارغا دۈشمەن بولىسىلەر، يەر يۈزىدە بىر مۇددەت ماكانلىشىسىلەر ۋە ئەجىلىڭلار توشقانغا قەدەر ئۇ جايدا ياشايسىلەر».

قَالَ فِيهَا تَحۡيَوۡنَ وَفِيهَا تَمُوتُونَ وَمِنۡهَا تُخۡرَجُونَ ﴿٢٥﴾

25 - ئاللاھ ئادەم، ھەۋۋا ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادىغا مۇنداق دېدى: «سىلەر دۇنيادىكى ھاياتىڭلارنى زېمىندا ئۆتكۈزىسىلەر، شۇ زېمىندا ئۆلىسىلەر، رەببىڭلار سىلەرنى يەنە شۇ زېمىندىن چىقىرىدۇ، قىيامەت كۈنى سىلەرنى تىرىلدۈرۈپ ھېساب مەيدانىغا يىغىدۇ».

يَـٰبَنِيٓ ءَادَمَ قَدۡ أَنزَلۡنَا عَلَيۡكُمۡ لِبَاسٗا يُوَٰرِي سَوۡءَٰتِكُمۡ وَرِيشٗاۖ وَلِبَاسُ ٱلتَّقۡوَىٰ ذَٰلِكَ خَيۡرٞۚ ذَٰلِكَ مِنۡ ءَايَـٰتِ ٱللَّهِ لَعَلَّهُمۡ يَذَّكَّرُونَ ﴿٢٦﴾

26 - ئى ئادەم بالىلىرى! ھەقىقەتەن بىز سىلەرگە ئەۋرەتلىرىڭلارنى يېپىپ تۇرىدىغان كىيىمنى ۋە سىلەر زىننەتلىنىدىغان كىيىمنى چۈشۈردۇق. بۇ سىلەر ئۈچۈن كامالەت ۋە نېمەتتۇر. ئاللاھ بۇيرۇغاننى قىلىپ، ئاللاھ توسقاننى قىلماسلىقتىن ئىبارەت تەقۋادارلىق كىيىمى

مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشى كىيىمدۇر. ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ۋە بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىبان ھەم كۆيۈمچان ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدىغان بۇ دەلىللەرنى سىلەرگە بايان قىلىپ بېرىش سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلەپ ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

يَٰبَنِيٓ ءَادَمَ لَا يَفۡتِنَنَّكُمُ ٱلشَّيۡطَٰنُ كَمَآ أَخۡرَجَ أَبَوَيۡكُم مِّنَ ٱلۡجَنَّةِ يَنزِعُ عَنۡهُمَا لِبَاسَهُمَا لِيُرِيَهُمَا سَوۡءَٰتِهِمَآۚ إِنَّهُۥ يَرَىٰكُمۡ هُوَ وَقَبِيلُهُۥ مِنۡ حَيۡثُ لَا تَرَوۡنَهُمۡۗ إِنَّا جَعَلۡنَا ٱلشَّيَٰطِينَ أَوۡلِيَآءَ لِلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ ﴿٢٧﴾

27 - ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتان سىلەرنىڭ ئاتا - ئاناڭلار بولغان ئادەم بىلەن ھەۋۋاغا گۇناھنى چىرايلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى جەننەتتىن چىقارغاندەك، سىلەرنىمۇ گۇناھ-مەئسىيەتنى چىرايلىق كۆرسىتىش بىلەن ئالداپ قويمىسۇن. ئۆز ۋاقتىدا شەيتان ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋەتكەن ئىدى. شەيتان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى كۆرەلەيدۇ، سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر. شۇڭا سىلەر شەيتاندىن ھەزەر ئەيلەڭلار. شەكسىزكى، بىز شەيتانلارنى ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغان، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلمايدىغان كاپىرلارنىڭ دوستى قىلدۇق.

وَإِذَا فَعَلُواْ فَٰحِشَةٗ قَالُواْ وَجَدۡنَا عَلَيۡهَآ ءَابَآءَنَا وَٱللَّهُ أَمَرَنَا بِهَاۗ قُلۡ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَأۡمُرُ بِٱلۡفَحۡشَآءِۖ أَتَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ مَا لَا تَعۡلَمُونَ ﴿٢٨﴾

28 - كاپىرلار بىرەر قەبىھ ئىشنى قىلغان چاغلىرىدا شۇ قىلمىشىغا يالغاندىن ئۆزرە ئېيتىدۇرۇپ: «ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق، ئاللاھ بىزنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان» دەيدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئاللاھ بەندىلىرىنى ھەرگىز يامان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ. ئى مۇشرىكلار! سىلەر يالغان ئېيتىپ ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئاللاھ نامىدىن توقۇمسىلەر؟».

قُلۡ أَمَرَ رَبِّي بِٱلۡقِسۡطِۖ وَأَقِيمُواْ وُجُوهَكُمۡ عِندَ كُلِّ مَسۡجِدٖ وَٱدۡعُوهُ مُخۡلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَۚ كَمَا بَدَأَكُمۡ تَعُودُونَ ﴿٢٩﴾

29 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «رەببىم مېنى ئادالەتلىك بولۇشقا بۇيرىدى، سىلەرنى ھەممە جايدا، خۇسۇسەن، مەسجىدلەردە ئاللاھقا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىشقا، تائەت-ئىبادەتلەرنى (رىيا ۋە شېرىكتىن) ساپ قىلغان ھالدا ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشقا، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرىدى. ئاللاھ سىلەرنى دەسلەپتە يوقتىن پەيدا قىلغاندەك، سىلەرنى ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىنمۇ تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر».

فَرِيقًا هَدَىٰ وَفَرِيقًا حَقَّ عَلَيۡهِمُ ٱلضَّلَٰلَةُۚ إِنَّهُمُ ٱتَّخَذُواْ ٱلشَّيَٰطِينَ أَوۡلِيَآءَ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَيَحۡسَبُونَ أَنَّهُم مُّهۡتَدُونَ ﴿٣٠﴾

30 - ئاللاھ بەندىلىرىنى ئىككى پىرقىغا ئايرىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسىنى توغرا يولغا يېتەكلىدى، يەنە بىر پىرقىسىغا ئازغۇنلۇق تېگىشلىك بولدى. چۈنكى ئۇلار

ئاللاھنى قويۇپ، شەيتانلارنى ئۆزلىرىگە ئىگە تۇتتى ۋە ئۇلار ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىپ، نادانلىقتىن ئۇلارغا ئىتائەت قىلدى.

۞ يَٰبَنِيٓ ءَادَمَ خُذُواْ زِينَتَكُمۡ عِندَ كُلِّ مَسۡجِدٖ وَكُلُواْ وَٱشۡرَبُواْ وَلَا تُسۡرِفُوٓاْۚ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُسۡرِفِينَ ﴿٣١﴾

31 - ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر قېتىم ناماز ئوقۇيدىغان چاغدا ئەۋرەت جايلىرىڭلارنى يۆگەپ تۇرىدىغان پاكىز، چىرايلىق كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار. شۇنىڭدەك، ئاللاھ سىلەرگە ئاتا قىلغان پاك رىزىقلاردىن يەڭلار، ئىچىڭلار، يېيىش - ئىچىشتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ ئىسراپ قىلماڭلار. چۈنكى، ئاللاھ يېيىش - ئىچىشتە ۋە باشقا ھەرقانداق ئىشتا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ.

قُلۡ مَنۡ حَرَّمَ زِينَةَ ٱللَّهِ ٱلَّتِيٓ أَخۡرَجَ لِعِبَادِهِۦ وَٱلطَّيِّبَٰتِ مِنَ ٱلرِّزۡقِۚ قُلۡ هِيَ لِلَّذِينَ ءَامَنُواْ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا خَالِصَةٗ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۗ كَذَٰلِكَ نُفَصِّلُ ٱلۡأٓيَٰتِ لِقَوۡمٖ يَعۡلَمُونَ ﴿٣٢﴾

32 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ نادان مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەرگە زىننەت قىلىپ بەرگەن چىرايلىق كىيىملەرنى كىم ھارام قىلدى؟ ئاللاھ رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال، پاك نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولۇشنى كىم ھارام قىلدى؟» ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ھالال قىلىپ بەرگەن يېمەك - ئىچمەكلەر ۋە كىيىم - كېچەكلەر بۇ دۇنيادا مۇئمىنلەر ئۈچۈن بولۇپ، باشقىلارمۇ بۇلاردىن پايدىلىنىدۇ، ئاخىرەت بولسا مۇئمىنلەرگىلا خاستۇر». ئۆزلىرىگە بايان قىلىپ بېرىلگەن مەسىلىلەرنى بىلەلەيدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

قُلۡ إِنَّمَا حَرَّمَ رَبِّيَ ٱلۡفَوَٰحِشَ مَا ظَهَرَ مِنۡهَا وَمَا بَطَنَ وَٱلۡإِثۡمَ وَٱلۡبَغۡيَ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّ وَأَن تُشۡرِكُواْ بِٱللَّهِ مَا لَمۡ يُنَزِّلۡ بِهِۦ سُلۡطَٰنٗا وَأَن تَقُولُواْ عَلَى ٱللَّهِ مَا لَا تَعۡلَمُونَ ﴿٣٣﴾

33 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ نادان مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «شەكسىزكى، ئاللاھ ئاشكارا - يوشۇرۇن يامان ئىشلار ۋە گۇناھ - مەئسىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى، ئىنسانلارغا يامانلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئەڭ چوڭ گۇناھنى، ئاللاھ ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋېلىشىڭلارنى، يالغاندىن ئاللاھنىڭ بالىسى بار دېيىشىڭلارنى ۋە ئاللاھ ھالال قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام قىلىۋېلىشقا ئوخشاش ئاللاھنىڭ نامىدىن قالايمىقان سۆزلىشىڭلارنى ھارام قىلدى».

وَلِكُلِّ أُمَّةٍ أَجَلٞۖ فَإِذَا جَآءَ أَجَلُهُمۡ لَا يَسۡتَأۡخِرُونَ سَاعَةٗ وَلَا يَسۡتَقۡدِمُونَ ﴿٣٤﴾

34 - ئاللاھنى ئىنكار قىلغان، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى يالغانغا چىقارغان ھەربىر ئۈممەتكە ئازاب چۈشىدىغان مۇئەييەن ۋاقىت بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھالاك بولىدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار بىردەممۇ ئىلگىرى ياكى كېيىن بولماي دەرھال ھالاك بولىدۇ.

يَٰبَنِيٓ ءَادَمَ إِمَّا يَأۡتِيَنَّكُمۡ رُسُلٞ مِّنكُمۡ يَقُصُّونَ عَلَيۡكُمۡ ءَايَٰتِي فَمَنِ ٱتَّقَىٰ وَأَصۡلَحَ فَلَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ ﴿٣٥﴾

35 - ئى ئادەم بالىلىرى! ئۆزۈڭلارنىڭ ئارىسىدىن مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم كېلىپ، سىلەرگە مېنىڭ كىتابىمنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بەرسە، ئۆزلىرىنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل - پاكىتلارنى بايان قىلىپ بەرسە، سىلەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلىڭلار. كىمكى مېنىڭ غەزىپىمگە ئۇچراپ قېلىشتىن ساقلانسا ۋە ئەمەلىنى تۈزەتسە، قىيامەت كۈنى ئۇلارغا ئاللاھنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ قېلىشتىن قورقۇنچ بولمايدۇ، ئۇلار

دۇنيادا قويۇپ كەتكەن نەرسىلىرى ئۈچۈنمۇ قىلچە قايغۇرمايدۇ.

وَٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَـٰتِنَا وَٱسْتَكْبَرُوا۟ عَنْهَآ أُو۟لَـٰٓئِكَ أَصْحَـٰبُ ٱلنَّارِ ۖ هُمْ فِيهَا خَـٰلِدُونَ ﴿٣٦﴾

36 - ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل - پاكىتلارنى ئىنكار قىلىپ، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان كاپىرلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن ھەرگىز چىقالمايدۇ.

فَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَوْ كَذَّبَ بِـَٔايَـٰتِهِۦٓ ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ يَنَالُهُمْ نَصِيبُهُم مِّنَ ٱلْكِتَـٰبِ ۖ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَتْهُمْ رُسُلُنَا يَتَوَفَّوْنَهُمْ قَالُوٓا۟ أَيْنَ مَا كُنتُمْ تَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ ۖ قَالُوا۟ ضَلُّوا۟ عَنَّا وَشَهِدُوا۟ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمْ أَنَّهُمْ كَانُوا۟ كَـٰفِرِينَ ﴿٣٧﴾

37 - ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ياكى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ مۇنداقلار دۇنيادا ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن لەۋھۇلمەھپۇزدا پۈتۈلگەن نېسىۋىلىرىگە ئېرىشىدۇ، تاكى جان ئالغۇچى پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان مەبۇدلىرىڭلار قېنى؟ ئۇلارنى چاقىرىپ بېقىڭلارچۇ، سىلەرنى قۇتقۇزۇپ قويسۇن!» دەيدۇ، ئۇلار: «مەبۇدلىرىمىز بىزنى تاشلاپ كەتتى» دەيدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادا ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

قَالَ ٱدْخُلُوا۟ فِىٓ أُمَمٍ قَدْ خَلَتْ مِن قَبْلِكُم مِّنَ ٱلْجِنِّ وَٱلْإِنسِ فِى ٱلنَّارِ ۖ كُلَّمَا دَخَلَتْ أُمَّةٌ لَّعَنَتْ أُخْتَهَا ۖ حَتَّىٰٓ إِذَا ٱدَّارَكُوا۟ فِيهَا جَمِيعًا قَالَتْ أُخْرَىٰهُمْ لِأُولَىٰهُمْ رَبَّنَا هَـٰٓؤُلَآءِ أَضَلُّونَا فَـَٔاتِهِمْ عَذَابًا ضِعْفًا مِّنَ ٱلنَّارِ ۖ قَالَ لِكُلٍّ ضِعْفٌ وَلَـٰكِن لَّا تَعْلَمُونَ ﴿٣٨﴾

38 - ئاللاھ ئاشۇ تۆھمەتچى مۇشرىكلارغا : «سىلەر ئۆزۈڭلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان كاپىر جامائەتلەر بىلەن بىرلىكتە دوزاخقا كىرىڭلار» دەيدۇ. ھەرقاچان بىر ئۈممەت دوزاخقا كىرسە، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئۈممەتكە (ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئېزىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن) لەنەت ئوقۇيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دوزاختا كىرىپ بولۇپ جەم بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كېيىن كىرگەنلەر ئىلگىرى كىرگەنلەرگە قارىتىپ: «ئى رەببىمىز! ئاشۇلار بىزنى ھەق يولدىن ئازدۇرغان ئىدى. شۇڭا ئۇلارغا ئىككى ھەسسە دوزاخ ئازابى بەرگىن» دەيدۇ. ئاللاھ: «ھەممىڭلار ئىككى ھەسسە ئازابقا تېگىشلىك بولدۇڭلار، لېكىن سىلەر ئى ئەگەشكۈچىلەر! ئىچىڭلاردىكى ھەربىر پىرقىگە بولىدىغان ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى بىلمەيسىلەر» دەيدۇ.

وَقَالَتْ أُولَىٰهُمْ لِأُخْرَىٰهُمْ فَمَا كَانَ لَكُمْ عَلَيْنَا مِن فَضْلٍ فَذُوقُوا۟ ٱلْعَذَابَ بِمَا كُنتُمْ تَكْسِبُونَ ﴿٣٩﴾

39 - ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى باشلامچىلار ئەگەشكۈچىلەرگە: «سىلەر بىلەن بىز ئازغۇنلۇقتا ئوخشاشمىز، شۇڭا بېشىمىزغا كەلگەن مۇشۇ ئازابقا سەۋەب بولۇشتا سىلەرنىڭ بىزدىن ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقىڭلار يوق» دەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە قارىتىپ: «سىلەر قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىن دوزاخ ئازابىنى تېتىڭلار» دەيدۇ.

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَـٰتِنَا وَٱسْتَكْبَرُوا۟ عَنْهَا لَا تُفَتَّحُ لَهُمْ أَبْوَٰبُ ٱلسَّمَآءِ وَلَا يَدْخُلُونَ ٱلْجَنَّةَ حَتَّىٰ

يَلِجَ ٱلْجَمَلُ فِى سَمِّ ٱلْخِيَاطِ ۚ وَكَذَٰلِكَ نَجْزِى ٱلْمُجْرِمِينَ ﴿٤٠﴾

40 - شۇبھىسىزكى، ئاللاھ چۈشۈرگەن مۆجىزىلەرگە، دەلىل - پاكىتلارغا ئىشەنمىگەن، ئاللاھنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان ۋە چوڭچىلىق قىلىپ ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلمىغان كاپىرلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئەمەللىرىنىڭ، ئۆلگىنىدە جانلىرىنىڭ يۇقىرىغا ئۆرلىشى ئۈچۈن ئاسماننىڭ دەرۋازىسى ئېچىلمايدۇ، تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتسە ئۆتىدۇكى، ئۇ كاپىرلار جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. بىز ھەددىدىن ئاشقان گۇناھكارلارنى ئەنە شۇنداق جازالايمىز.

لَهُم مِّن جَهَنَّمَ مِهَادٌ وَمِن فَوْقِهِمْ غَوَاشٍ ۚ وَكَذَٰلِكَ نَجْزِى ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٤١﴾

41 - ئۇ كاپىرلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، دوزاختا ئۇلارنىڭ ئاستىغا سالىدىغان كۆرپىسىمۇ ئوتتىن، ئۈستىگە يېپىنىدىغان يوتقىنىمۇ ئوتتىن بولىدۇ. ئاللاھنىڭ چەكلىمىلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىپ، ئاللاھنى ئىنكار قىلىش، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىش بىلەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان كاپىرلارنى ئاللاھ ئەنە شۇنداق قاتتىق جازالايدۇ.

وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَا نُكَلِّفُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَآ أُو۟لَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلْجَنَّةِ ۖ هُمْ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٤٢﴾

42 - ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ، چامىنىڭ يېتىشىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار جەننەت ئەھلىدۇر، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىدۇ. بىز ھېچكىمگە قىلىشقا كۈچى يەتمەيدىغان ئىشنى يۈكلىمەيمىز.

وَنَزَعْنَا مَا فِى صُدُورِهِم مِّنْ غِلٍّ تَجْرِى مِن تَحْتِهِمُ ٱلْأَنْهَٰرُ ۖ وَقَالُوا۟ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ٱلَّذِى هَدَىٰنَا لِهَٰذَا وَمَا كُنَّا لِنَهْتَدِىَ لَوْلَآ أَنْ هَدَىٰنَا ٱللَّهُ ۖ لَقَدْ جَآءَتْ رُسُلُ رَبِّنَا بِٱلْحَقِّ ۖ وَنُودُوٓا۟ أَن تِلْكُمُ ٱلْجَنَّةُ أُورِثْتُمُوهَا بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿٤٣﴾

43 - ئاللاھ جەننەت ئەھلىنىڭ كۆڭۈللىرىدىن ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك دېگەندەك ئىللەتلەردىن نېمە بولسا ئېلىپ تاشلايدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نېمەتنىڭ كامالى شۇكى، ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى سارايلىرى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ. جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرگەن چېغىدا: «بارلىق ھەمدۇسانا بىزنى ياخشى ئەمەللەرگە يېتەكلەش ئارقىلىق، بۇ نېمەتكە مۇۋەپپەق قىلغان ئاللاھقا خاستۇر، ئۇ بىزنى توغرا يولغا يېتەكلىمىگەن ۋە ئۇنىڭدا مۇستەھكەم قىلمىغان بولسا، بىز ھەرگىزمۇ توغرا يولنى تاپالمىغان بولاتتۇق. شەكسىزكى، رەببىمىزنىڭ ئەلچىلىرى ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىپ، گۇناھكارلارنى دوزاختىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ھەقىقىي راست خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى» دەيدۇ، ئۇلارنى تەبرىكلەپ: «سىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرنى ۋارىس قىلغان جەننەت مانا مۇشۇدۇر» دەپ نىدا قىلىنىدۇ.

وَنَادَىٰٓ أَصْحَٰبُ ٱلْجَنَّةِ أَصْحَٰبَ ٱلنَّارِ أَن قَدْ وَجَدْنَا مَا وَعَدَنَا رَبُّنَا حَقًّا فَهَلْ وَجَدتُّم مَّا وَعَدَ رَبُّكُمْ حَقًّا ۖ قَالُوا۟ نَعَمْ ۚ فَأَذَّنَ مُؤَذِّنٌۢ بَيْنَهُمْ أَن لَّعْنَةُ ٱللَّهِ عَلَى ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٤٤﴾

44 - جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرىپ بولغاندىن كېيىن دوزاخ ئەھلىگە: «بىز رەببىمىز بىزگە پەيغەمبەرلىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق ئىتائەتمەنلەرنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغانلىقى ھەققىدە بەرگەن ۋەدىسىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى كۆردۇق، سىلەرمۇ رەببىڭلارنىڭ

پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق ئاسىي - گۇناھكارلارنى دوزاختا تاشلايدىغانلىقى ھەققىدە بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى كۆردۈڭلارمۇ؟» دەپ توۋلايدۇ. دوزاخ ئەھلى ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «ھەئە، رەببىمىز بىزنى ئاگاھلاندۇرغان نەرسىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى كۆردۇق» دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر جاكارچى جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلى ئوتتۇرىسىدا نىدا قىلىپ: «ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارغا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن!

ٱلَّذِينَ يَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ وَيَبۡغُونَهَا عِوَجٗا وَهُم بِٱلۡأٓخِرَةِ كَٰفِرُونَ ﴿٤٥﴾

45 - ئاشۇ كاپىرلار ئاللاھنىڭ توغرا يولىدىن يۈز ئۆرۈيتتى، كىشىلەرنى ئۇ يولدا مېڭىشتىن توساتتى، ھېچكىم بىلەلمىسۇن دەپ ئۇ يولنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەيتتى ۋە ئاخىرەتنى ئىنكار قىلاتتى» دەيدۇ.

وَبَيۡنَهُمَا حِجَابٞۚ وَعَلَى ٱلۡأَعۡرَافِ رِجَالٞ يَعۡرِفُونَ كُلَّۢا بِسِيمَىٰهُمۡۚ وَنَادَوۡاْ أَصۡحَٰبَ ٱلۡجَنَّةِ أَن سَلَٰمٌ عَلَيۡكُمۡۚ لَمۡ يَدۡخُلُوهَا وَهُمۡ يَطۡمَعُونَ ﴿٤٦﴾

46 - جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلى ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر سېپىل بولىدۇ.[1] سېپىلنىڭ ئۈستىدە بىر توپ كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار جەننەت ئەھلىنى يۈزىدىكى ئاقلىقتىن، دوزاخ ئەھلىنى يۈزىدىكى قارىلىقتىن تونۇۋالىدۇ. ئۇلار ساۋابى بىلەن گۇناھى تەڭ كېلىپ قالغانلىقتىن جەننەتكە كىرەلمىگەن، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ تۇرۇۋاتقان كىشىلەردۇر. ئۇلار جەننەت ئەھلىگە سالام بېرىپ: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەپ توۋلايدۇ.

۞ وَإِذَا صُرِفَتۡ أَبۡصَٰرُهُمۡ تِلۡقَآءَ أَصۡحَٰبِ ٱلنَّارِ قَالُواْ رَبَّنَا لَا تَجۡعَلۡنَا مَعَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٤٧﴾

47 - سېپىل ئۈستىدىكىلەرنىڭ كۆزلىرى دوزاخ ئەھلى تەرەپكە بۇرۇلغاندا ئۇلار: «ئى رەببىمىز! بىزنى كاپىرلىقى ۋە مۇشرىكلىكى تۈپەيلىدىن ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بۇ قەۋم بىلەن بىللە قىلمىغىن» دەيدۇ.

وَنَادَىٰٓ أَصۡحَٰبُ ٱلۡأَعۡرَافِ رِجَالٗا يَعۡرِفُونَهُم بِسِيمَىٰهُمۡ قَالُواْ مَآ أَغۡنَىٰ عَنكُمۡ جَمۡعُكُمۡ وَمَا كُنتُمۡ تَسۡتَكۡبِرُونَ ﴿٤٨﴾

48 - سېپىل ئۈستىدىكىلەر دوزاختا تاشلانغان كاپىر كاتتىباشلاردىن ئۆزلىرى سىماسىدىن تونۇيدىغانلارغا: «سىلەرنىڭ توپلىغان پۇل - مېلىڭلار ۋە ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشتىن باش تارتىپ تەكەببۇرلۇق قىلغىنىڭلار سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى،

أَهَٰٓؤُلَآءِ ٱلَّذِينَ أَقۡسَمۡتُمۡ لَا يَنَالُهُمُ ٱللَّهُ بِرَحۡمَةٍۚ ٱدۡخُلُواْ ٱلۡجَنَّةَ لَا خَوۡفٌ عَلَيۡكُمۡ وَلَآ أَنتُمۡ تَحۡزَنُونَ ﴿٤٩﴾

49 - سىلەر دۇنيادىكى چېغىڭلاردا ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ، ئاللاھ جەننەتكە كىرگۈزمەيدۇ، دەپ قەسەم قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟» دەپ جەننەت ئەھلى بولغان يوقسۇل مۇئمىنلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ توۋلايدۇ. (ئاندىن سېپىل ئۈستىدىكىلەرگە):

---

[1] ئايەتتىكى «حجاب» دېگەن سۆز پەردە دېگەن مەنىدە بولۇپ، تەپسىرى ئىبنى كەسىر، تەپسىرى تەبەرىي، تەپسىرى قۇرتۇبىي، تەپسىرى بەغەۋى قاتارلىق مەشھۇر تەپسىرلەردە، «حجاب» دېگەن سۆز «سېپىل» دەپ تەپسىر قىلىنغان. بۇنى ھەدىد سۈرىسىدىكى «شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر سېپىل سوقۇلىدۇ، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى بولىدۇ، دەرۋازىنىڭ ئىچى تەرىپىدە رەھمەت، تېشىدا ئازاب بولىدۇ» دېگەن ئايەت كۈچلەندۈرىدۇ. (ھەدىد سۈرىسى: 13 - ئايەت).

«جەننەتكە كىرىڭلار، سىلەرنىڭ گۇناھىڭلار مەغپىرەت قىلىندى، سىلەرگە ئاللاھ ئازاب
قىلارمۇ دەپ قورقۇش ۋە دۇنيادا تاشلاپ كەلگەن ھۇزۇر - ھالاۋەتلەرگە قايغۇرۇش
يوقتۇر» (دېيىلىدۇ).

وَنَادَىٰٓ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِ أَصۡحَٰبَ ٱلۡجَنَّةِ أَنۡ أَفِيضُواْ عَلَيۡنَا مِنَ ٱلۡمَآءِ أَوۡ مِمَّا رَزَقَكُمُ ٱللَّهُۚ قَالُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ حَرَّمَهُمَا عَلَى ٱلۡكَٰفِرِينَ ٥٠

50 - دوزاخ ئەھلى جەننەت ئەھلىدىن بىر يۇتۇم سۇ ياكى ئاللاھ ئاتا قىلغان يېمەكلىكلەردىن
ئازراق بېرىشىنى تىلەپ يالۋۇرىدۇ. جەننەت ئەھلى ئۇلارغا: «ئاللاھ سۇ ۋە يېمەكلىك
قاتارلىق نېمەتلەرنى دۇنيادا ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا
ھارام قىلدى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ دِينَهُمۡ لَهۡوٗا وَلَعِبٗا وَغَرَّتۡهُمُ ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَاۚ فَٱلۡيَوۡمَ نَنسَىٰهُمۡ كَمَا نَسُواْ لِقَآءَ يَوۡمِهِمۡ هَٰذَا وَمَا كَانُواْ بِـَٔايَٰتِنَا يَجۡحَدُونَ ٥١

51 - ئاللاھ ئاخىرەت نېمەتلىرىنى ھارام قىلغان ئاشۇ كاپىرلار ئاللاھ ئۇلارنى ئەگىشىڭلار دەپ
نازىل قىلغان ھەق دىننى ئويۇن - تاماشاغا ئايلاندۇرۇۋالغان، دۇنيا ھاياتىغا ئالدانغان
ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىننەتلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئەمەل قىلمىغان
كىشىلەردۇر. ئۇلار (دۇنيادىكى چاغلىرىدا) مۇشۇ كۈندىكى ئۇچرىشىش ئۈچۈن ئەمەل
قىلىشنى تەرك ئەتكەنلىكى ۋە بۇ كۈننىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ
ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارنى ئۇنتۇيدۇ ۋە قاتتىق
ئازابقا تەرك ئېتىدۇ.

وَلَقَدۡ جِئۡنَٰهُم بِكِتَٰبٖ فَصَّلۡنَٰهُ عَلَىٰ عِلۡمٍ هُدٗى وَرَحۡمَةٗ لِّقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ٥٢

52 - ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارغا ساڭا بىز نازىل قىلغان قۇرئان بىلەن كەلدۇق، قۇرئاننى
ئىلىم - ھېكمەت ئاساسىدا تەپسىلىي بايان قىلدۇق. شەكسىزكى، قۇرئان ئىنسانلارنى
ئازغۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ ھىدايەتكە باشلىغۇچىدۇر، ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام
شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان مۇئمىنلەرگە رەھمەتتۇر. (ئايەتتە رەھمەتنىڭ مۇئمىنلەرگە
خاس قىلىنغانلىقىنىڭ سەۋەبى، قۇرئاندىن نەپ ئالىدىغانلارنىڭ مۇئمىنلەر ئىكەنلىكىدى
ئۈچۈندۇر).

هَلۡ يَنظُرُونَ إِلَّا تَأۡوِيلَهُۥۚ يَوۡمَ يَأۡتِي تَأۡوِيلُهُۥ يَقُولُ ٱلَّذِينَ نَسُوهُ مِن قَبۡلُ قَدۡ جَآءَتۡ رُسُلُ رَبِّنَا بِٱلۡحَقِّ فَهَل لَّنَا مِن شُفَعَآءَ فَيَشۡفَعُواْ لَنَآ أَوۡ نُرَدُّ فَنَعۡمَلَ غَيۡرَ ٱلَّذِي كُنَّا نَعۡمَلُۚ قَدۡ خَسِرُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ وَضَلَّ عَنۡهُم مَّا كَانُواْ يَفۡتَرُونَ ٥٣

53 - كاپىرلار پەقەت قۇرئاندا ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىلا كۈتىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلارنى
ئازاب قورشىغان چاغدا، ھايات ۋاقتىدا قۇرئانغا ئىشەنمىگەن ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان
كاپىرلار: «بىزگە شۇنداق روشەن بولدىكى، رەببىمىزنىڭ ئەلچىلىرى بىزگە راستىنلا
ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلگەن، بىزگە ياخشى نەسىھەتلەرنى قىلغان ئىكەن. ئەمدى
رەببىمىزنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلىدىغان شاپائەتچىلەر بارمىدۇ؟ ياكى بىزنىڭ
گۇناھىتىن قول ئۈزۈپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئۈچۈن دۇنياغا قايتۇرۇلۇشىمىزغا
بولامدىغاندۇ؟» دەيدۇ. ئۇلار دوزاختا كىرىش ۋە ئۇ جايدا مەڭگۈ قېلىش بىلەن
ھەقىقەتەن ئۆزلىرىنى چوڭ زىيانغا ئۇچراتتى، ئۇلار ئويدۇرۇپ چىققان شاپائەتچىلىرى ۋە
ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان مەبۇدلىرى ئۇلاردىن غائىب بولدى.

إِنَّ رَبَّكُمُ ٱللَّهُ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ فِى سِتَّةِ أَيَّامٍ ثُمَّ ٱسْتَوَىٰ عَلَى ٱلْعَرْشِ ۖ يُغْشِى ٱلَّيْلَ ٱلنَّهَارَ يَطْلُبُهُۥ حَثِيثًا وَٱلشَّمْسَ وَٱلْقَمَرَ وَٱلنُّجُومَ مُسَخَّرَٰتٍۭ بِأَمْرِهِۦٓ ۗ أَلَا لَهُ ٱلْخَلْقُ وَٱلْأَمْرُ ۗ تَبَارَكَ ٱللَّهُ رَبُّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٥٤﴾

54 - ئى ئىنسانلار! شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە يوقتىن ياراتقان، ئاندىن ئەرشكە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە ئۆرلىگەن ئاللاھتۇر. ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزۈپ ئۇنىڭ نۇرىنى كەتكۈزىدۇ، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزۈپ ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى كەتكۈزىدۇ، بۇ ئىككىسى بىر - بىرى بىلەن ھەمىشە ئاشۇنداق قوغلىشىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى ئۆزىنىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرغان قىلىپ ياراتقان زاتتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەردىندۇر. بىلىڭلاركى، يارىتىشنىڭ ھەممىسى ۋە ئەمر - پەرماننىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ بارچە نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر.

ٱدْعُوا۟ رَبَّكُمْ تَضَرُّعًا وَخُفْيَةً ۚ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلْمُعْتَدِينَ ﴿٥٥﴾

55 - ئى مۇئمىنلەر! رەببىڭلارغا كەمتەرلىك بىلەن يالۋۇرۇپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا دۇئا قىلىڭلار. دۇئايىڭلار رىيادىن يىراق ۋە ئاللاھقا پۈتۈنلەي بېرىلگەن ھالدا بولسۇن!. شەكسىزكى، ئاللاھ قويغان چەكتىن ئېشىپ كەتكۈچىلەرنى ياقتۇرمايدۇ. شەكسىزكى، ئەڭ چوڭ چەكتىن ئېشىش ئۆلۈكلەردىن، ئاتالمىش ئەۋلىيالاردىن مەدەت تىلەش ئارقىلىق ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر.

وَلَا تُفْسِدُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ بَعْدَ إِصْلَٰحِهَا وَٱدْعُوهُ خَوْفًا وَطَمَعًا ۚ إِنَّ رَحْمَتَ ٱللَّهِ قَرِيبٌ مِّنَ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٥٦﴾

56 - ئاللاھ پەيغەمبەر ئەۋەتىپ يەر يۈزىنى ئىسلاھ قىلغان ۋە ئىتائەتمەنلەر بىلەن دۇنيانى ئاۋات قىلغاندىن كېيىن، يەر يۈزىدە ھەرقانداق بىر بۇزغۇنچىلىقنى قىلماڭلار، ئاللاھقا ئۇنىڭ ئازابىدىن قورققان، مۇكاپاتىنى ۋە رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا دۇئا قىلىڭلار، شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئەمەلنى ياخشى قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر.

وَهُوَ ٱلَّذِى يُرْسِلُ ٱلرِّيَٰحَ بُشْرًۢا بَيْنَ يَدَىْ رَحْمَتِهِۦ ۖ حَتَّىٰٓ إِذَآ أَقَلَّتْ سَحَابًا ثِقَالًا سُقْنَٰهُ لِبَلَدٍ مَّيِّتٍ فَأَنزَلْنَا بِهِ ٱلْمَآءَ فَأَخْرَجْنَا بِهِۦ مِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِ ۚ كَذَٰلِكَ نُخْرِجُ ٱلْمَوْتَىٰ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ ﴿٥٧﴾

57 - ئاللاھ شۇنداق زاتكى، ئۇ يامغۇر يېغىش ئالدىدا مەيىن شامالنى ئۆزىنىڭ رەھمىتىدىن بېشارەت قىلىپ ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن خۇش خەۋەر ئالىدۇ، شاماللار ئېغىر بۇلۇتلارنى كۆتۈرگەن چاغدا، ئاللاھ ئۇ شاماللارنى قاقاس بولۇپ كەتكەن زېمىننى، قۇرۇپ كەتكەن دەل - دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى جانلاندۇرۇپ يېشىللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ماڭدۇرىدۇ. ئاللاھ يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق، تۈرلۈك - تۈمەن ئۆسۈملۈكلەرنى، زىرائەتلەرنى ۋە دەل - دەرەخلەرنى چىقىرىپ بېرىدۇ، مېۋىلىك دەرەخلەر ھەر خىل مېۋىلەرنى بېرىدۇ. ئاللاھ دەيدۇكى، بىز قاقاسلىقتىن ئۆلگەن زېمىننى يامغۇر بىلەن تىرىلدۈرگەندەك، چىرىپ كەتكەن ئۆلۈكلەرنى ئەنە شۇنداق تىرىلدۈرۈپ قەبرىلىرىدىن چىقىرىمىز. سىلەرنى بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالسۇن

ۋە ئاللاھنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلسۇن دەپ، ئايەتلەرنى مۇشۇنداق بايان قىلىمىز.

وَٱلۡبَلَدُ ٱلطَّيِّبُ يَخۡرُجُ نَبَاتُهُۥ بِإِذۡنِ رَبِّهِۦۖ وَٱلَّذِي خَبُثَ لَا يَخۡرُجُ إِلَّا نَكِدٗاۚ كَذَٰلِكَ نُصَرِّفُ ٱلۡأٓيَٰتِ لِقَوۡمٖ يَشۡكُرُونَ ﴿٥٨﴾

58 - مۇنبەت يەرگە يامغۇر ياغسا، ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ناھايىتى ياخشى ۋە تولۇق ئۈنۈپ چىقىدۇ، مۇئمىن ئادەممۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن مەنپەئەت ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل بىر ھاياتنى بەرپا قىلىدۇ. ئەمما ناچار يەرنىڭ ئۆسۈملۈكى ناھايىتى قىيىن ۋە ناچار ئۈنىدۇ، ناچار يەردىن ياخشى ئۆسۈملۈك چىقمايدۇ، ھېچ پايدىلانغىلى بولمايدۇ، كاپىرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن مەنپەئەت ئالمايدۇ. ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىدىغان، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل - پاكىتلارنى مۇشۇنداق ھەر تۈرلۈك شەكىلدە قىلىپ بايان قىلىمىز.

لَقَدۡ أَرۡسَلۡنَا نُوحًا إِلَىٰ قَوۡمِهِۦ فَقَالَ يَٰقَوۡمِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنۡ إِلَٰهٍ غَيۡرُهُۥٓ إِنِّيٓ أَخَافُ عَلَيۡكُمۡ عَذَابَ يَوۡمٍ عَظِيمٖ ﴿٥٩﴾

59 - شەكسىزكى، بىز نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئۆز قەۋمىنى ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىشقا، ئىبادەتنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىشقا دەۋەت قىلسۇن دەپ، ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئى قەۋمىم! ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق ئىلاھ يوقتۇر. شۇڭا ئىبادەتنى ئاللاھقىلا قىلىڭلار. ئەگەر سىلەر مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلماي، بۇتلارغا چوقۇنۇشنى داۋاملاشتۇرساڭلار، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ قاتتىق ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن» دېدى.

قَالَ ٱلۡمَلَأُ مِن قَوۡمِهِۦٓ إِنَّا لَنَرَىٰكَ فِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٖ ﴿٦٠﴾

60 - ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ھاكاۋۇر كاتتىباشلىرى: «ئى نۇھ! بىز سېنى توغرا يولدىن ئازغان ۋە ئوپئوچۇق بىر ئازغۇنلۇقتىكى ئادەم دەپ قارايمىز» دېدى.

قَالَ يَٰقَوۡمِ لَيۡسَ بِي ضَلَٰلَةٞ وَلَٰكِنِّي رَسُولٞ مِّن رَّبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٦١﴾

61 - نۇھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مەن ھەرگىز ئازغۇن ئەمەس، ھېچقانداق بىر مەسىلىدە ئېزىپ كەتكەن يېرىم يوق، مەن پەقەتلا مېنىڭ ۋە سىلەرنىڭ، جۈملىدىن بارلىق ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن.

أُبَلِّغُكُمۡ رِسَٰلَٰتِ رَبِّي وَأَنصَحُ لَكُمۡ وَأَعۡلَمُ مِنَ ٱللَّهِ مَا لَا تَعۡلَمُونَ ﴿٦٢﴾

62 - مەن سىلەرگە رەببىمنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى يەتكۈزىمەن، ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلارغا ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىدىن بېشارەت بەرگەن، ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقانلارنى ئۇنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغان ھالدا، سىلەرگە نەسىھەت قىلىۋاتىمەن. مەن ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدىن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن.

أَوَعَجِبۡتُمۡ أَن جَآءَكُمۡ ذِكۡرٞ مِّن رَّبِّكُمۡ عَلَىٰ رَجُلٖ مِّنكُمۡ لِيُنذِرَكُمۡ وَلِتَتَّقُواْ وَلَعَلَّكُمۡ تُرۡحَمُونَ ﴿٦٣﴾

63 ـ سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىغا تېگىشلىك بولۇپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن،
ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ساقلانسۇن ۋە ئۇنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشسۇن دەپ،
ئاراڭلاردىن سىلەر نەسەبىنى ۋە راستچىللىقىنى بىلىدىغان بىر كىشى ئارقىلىق رەببىڭلار
تەرىپىدىن سىلەرگە ئىلاھىي نەسىھەتنىڭ كەلگەنلىكىدىن ھەيران قېلىۋاتامسىلەر؟»۔

فَكَذَّبُوهُ فَأَنجَيْنَٰهُ وَٱلَّذِينَ مَعَهُۥ فِى ٱلْفُلْكِ وَأَغْرَقْنَا ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَآ ۚ إِنَّهُمْ كَانُوا۟ قَوْمًا
عَمِينَ ﴿٦٤﴾

64 ـ ئۇلار يەنىلا نۇھنى ئىنكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز نۇھنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كېمىدە
بىللە بولغان مۇئمىنلەرنى قۇتقۇزدۇق. بىزنىڭ روشەن دەلىل ـ پاكىتلىرىمىزنى ئىنكار
قىلغان كاپىرلارنى بولسا سۇدا غەرق قىلدۇق. چۈنكى، ئۇلار ھەقىقەتنى كۆرەلمەيدىغان
دىلى كور قەۋم ئىدى.

۞ وَإِلَىٰ عَادٍ أَخَاهُمْ هُودًا ۗ قَالَ يَٰقَوْمِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَٰهٍ غَيْرُهُۥٓ ۚ أَفَلَا تَتَّقُونَ ﴿٦٥﴾

65 ـ ئاد قەۋمى ئاللاھنى قويۇپ، بۇتلارغا چوقۇنغان ۋاقىتتا، بىز ئۇلارغا ئۇلارنىڭ
قېرىندىشى ھۇدنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ھۇد ئۇلارغا: «ئى قەۋمىم! ئىبادەتنى
ئاللاھقىلا قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق ھېچقانداق ئىلاھ
يوق، شۇڭا ئىبادەتنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىڭلار. سىلەر ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ۋە ئۇنىڭ
غەزىپىدىن قورقمامسىلەر؟» دېدى.

قَالَ ٱلْمَلَأُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِن قَوْمِهِۦٓ إِنَّا لَنَرَىٰكَ فِى سَفَاهَةٍ وَإِنَّا لَنَظُنُّكَ مِنَ ٱلْكَٰذِبِينَ ﴿٦٦﴾

66 ـ ھۇد قەۋمىنىڭ كاپىر كاتتىباشلىرى: «سەن بىزنى ئىلاھلىرىمىزنى تاشلاپ بىر ئاللاھقىلا
ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، بىز سېنى ھەقىقەتەن ئەخمەق ھېسابلايمىز،
بىز سېنى ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغان ئېيتىۋاتىدۇ دەپ قارايمىز» دېدى.

قَالَ يَٰقَوْمِ لَيْسَ بِى سَفَاهَةٌ وَلَٰكِنِّى رَسُولٌ مِّن رَّبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٦٧﴾

67 ـ ھۇد ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مەن ئەخمەق ئەمەس، بەلكى مەن ئالەملەرنىڭ رەببى
تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن.

أُبَلِّغُكُمْ رِسَٰلَٰتِ رَبِّى وَأَنَا۠ لَكُمْ نَاصِحٌ أَمِينٌ ﴿٦٨﴾

68 ـ مەن سىلەرگە رەببىمنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى يەتكۈزىمەن، مەن سىلەرنى ئاللاھنىڭ
دىنىغا دەۋەت قىلىشتا سەممىي، سىلەرگە ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھيىنى يەتكۈزۈشتە
ئىشەنچلىكمەن.

أَوَعَجِبْتُمْ أَن جَآءَكُمْ ذِكْرٌ مِّن رَّبِّكُمْ عَلَىٰ رَجُلٍ مِّنكُمْ لِيُنذِرَكُمْ ۚ وَٱذْكُرُوٓا۟ إِذْ جَعَلَكُمْ
خُلَفَآءَ مِنۢ بَعْدِ قَوْمِ نُوحٍ وَزَادَكُمْ فِى ٱلْخَلْقِ بَصْۜطَةً ۖ فَٱذْكُرُوٓا۟ ءَالَآءَ ٱللَّهِ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ﴿٦٩﴾

69 ـ سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاراڭلاردىن سىلەر نەسەبىنى ۋە
راستچىللىقىنى بىلىدىغان بىر كىشى ئارقىلىق، رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە ئىلاھىي
نەسىھەتنىڭ كەلگەنلىكىدىن ھەيران قېلىۋاتامسىلەر؟ ئۆز ۋاقتىدا نۇھنىڭ قەۋمى ھالاك
بولغاندىن كېيىن، ئاللاھ سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى، سىلەرنى قامەتلىك ۋە
كۈچلۈك قىلدى. ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان سانسىزلىغان نېمەتلىرىنى ئۇنتۇماڭلار،

نىجاتلىققا ئېرىشىشكىلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ياد ئېتىپ تۇرۇڭلار».

قَالُوٓاْ أَجِئۡتَنَا لِنَعۡبُدَ ٱللَّهَ وَحۡدَهُۥ وَنَذَرَ مَا كَانَ يَعۡبُدُ ءَابَآؤُنَا فَأۡتِنَا بِمَا تَعِدُنَآ إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٧٠﴾

70 - ئاد قەۋمى ھۇد ئەلەيھىسسالامغا: «سەن بىزنى ئاتا - بوۋىلىرىمىز چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان مەبۇدلارنى تاشلاپ، يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغىلى كەلدىڭمۇ؟ ئەگەر سۆزۈڭدە راستچىل بولساڭ، سەن بىزنى قورقۇتۇپ تۇرۇۋاتقان شۇ ئازابنى بىر كەلتۈرۈپ باققىنە قېنى؟» دېدى.

قَالَ قَدۡ وَقَعَ عَلَيۡكُم مِّن رَّبِّكُمۡ رِجۡسٞ وَغَضَبٌۖ أَتُجَٰدِلُونَنِي فِيٓ أَسۡمَآءٖ سَمَّيۡتُمُوهَآ أَنتُمۡ وَءَابَآؤُكُم مَّا نَزَّلَ ٱللَّهُ بِهَا مِن سُلۡطَٰنٖۚ فَٱنتَظِرُوٓاْ إِنِّي مَعَكُم مِّنَ ٱلۡمُنتَظِرِينَ ﴿٧١﴾

71 - ھۇد ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە: «سىلەرگە رەببىڭلارنىڭ ئازابى ۋە غەزىپى چوقۇم چۈشىدۇ. سىلەر ئۆزۈڭلار ۋە ئاتا - بوۋاڭلار ئىلاھ دەۋالغان ئاشۇ بۇتلىرىڭلار ئۈستىدە مەن بىلەن مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ ھالبۇكى، ئاللاھ ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن. چۈنكى ئۇ بۇتلار ھېچ كىشىگە پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان مەخلۇقلاردۇر. ھەقىقىي ئىلاھ ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھتۇر. سىلەر ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ چۈشۈشىنى كۈتۈڭلار، مەنمۇ ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇ ئازابنىڭ چۈشۈشىنى كۈتىمەن» دېدى. (بۇ ئايەت كاپىرلارغا قىلىنغان قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان).

فَأَنجَيۡنَٰهُ وَٱلَّذِينَ مَعَهُۥ بِرَحۡمَةٖ مِّنَّا وَقَطَعۡنَا دَابِرَ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَاۖ وَمَا كَانُواْ مُؤۡمِنِينَ ﴿٧٢﴾

72 - نىھايەت، ئاللاھنىڭ ئازابى ئۇلارغا قاتتىق بوران ئاپىتىنى ئەۋەتىش بىلەن چۈشتى. ئاللاھ ھۇد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارغا ئۆز تەرىپىدىن كاتتا رەھمەت ئاتا قىلىپ ئۇلارنى قۇتقۇزدى، ئۇنىڭ قەۋمىدىن بولغان كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنى ھالاك قىلىپ، ئۇلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇپ تاشلىدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن مۇئمىنلەردىن ئەمەس ئىدى.

وَإِلَىٰ ثَمُودَ أَخَاهُمۡ صَٰلِحٗاۚ قَالَ يَٰقَوۡمِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنۡ إِلَٰهٍ غَيۡرُهُۥۖ قَدۡ جَآءَتۡكُم بَيِّنَةٞ مِّن رَّبِّكُمۡۖ هَٰذِهِۦ نَاقَةُ ٱللَّهِ لَكُمۡ ءَايَةٗۖ فَذَرُوهَا تَأۡكُلۡ فِيٓ أَرۡضِ ٱللَّهِۖ وَلَا تَمَسُّوهَا بِسُوٓءٖ فَيَأۡخُذَكُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿٧٣﴾

73 - سەمۇد قەبىلىسى ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارغا چوقۇنغانىدا، ئۇلارغا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. سالىھ ئۇلارغا: «ئى قەۋمىم! ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىق بولغان ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. شۇڭا ئىبادەتنى ئۇنىڭغا خاس قىلىڭلار. ماڭا ھەقىقەتەن رەببىڭلار تەرىپىدىن مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان ئوپئوچۇق مۆجىزە كەلدى. مەن سىلەرنىڭ تەلىپىڭلارغا ئاساسەن، سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا تۇرۇپ، ئاللاھقا دۇئا قىلىۋىدىم، بۇ چىشى تۆگىنى تاشنىڭ ئىچىدىن چىقىرىپ بەردى، سىلەر ئۇنى قويۇۋېتىڭلار، ئاللاھنىڭ زېمىنىدا ئەركىن - ئازادە ئوتلىسۇن، ئۇنىڭغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەڭلار، بولمىسا سىلەر قاتتىق ئازابقا قالىسىلەر،

وَٱذۡكُرُوٓاْ إِذۡ جَعَلَكُمۡ خُلَفَآءَ مِنۢ بَعۡدِ عَادٖ وَبَوَّأَكُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ تَتَّخِذُونَ مِن سُهُولِهَا قُصُورٗا
وَتَنۡحِتُونَ ٱلۡجِبَالَ بُيُوتٗاۖ فَٱذۡكُرُوٓاْ ءَالَآءَ ٱللَّهِ وَلَا تَعۡثَوۡاْ فِي ٱلۡأَرۡضِ مُفۡسِدِينَ (٧٤)

74 ـ ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، ئۇ ۋاقىتتا ئاللاھ سىلەرنى ئاد قەۋمىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، ياخشى جايغا ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى، سىلەر ئۇنىڭ تۈزلەڭلىرىگە كاتتا ئىمارەتلەرنى سالغان، تاغلارنى تېشىپ ئۆيلەر ياسىغان ئىدىڭلار. ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ياد ئېتىڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» دېدى.

قَالَ ٱلۡمَلَأُ ٱلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُواْ مِن قَوۡمِهِۦ لِلَّذِينَ ٱسۡتُضۡعِفُواْ لِمَنۡ ءَامَنَ مِنۡهُمۡ أَتَعۡلَمُونَ أَنَّ
صَٰلِحٗا مُّرۡسَلٞ مِّن رَّبِّهِۦۚ قَالُوٓاْ إِنَّا بِمَآ أُرۡسِلَ بِهِۦ مُؤۡمِنُونَ (٧٥)

75 ـ سالىھ قەۋمىنىڭ ھاكاۋۇر كاتتىباشلىرى يەر يۈزىدە بوزەك قىلىنغان ۋە خورلانغان مۆئمىنلەرگە: «سىلەر سالىھنى ئاللاھ بىزگە ئەۋەتكەن پەيغەمبەر دەپ بىلەمسىلەر؟» دېدى. مۆئمىنلەر: «بىز ئۇنىڭ ئاللاھ ئەۋەتكەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئەلۋەتتە ئىشىنىمىز، ئۇنىڭ دىنىغا ئەگىشىمىز» دېدى.

قَالَ ٱلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُوٓاْ إِنَّا بِٱلَّذِيٓ ءَامَنتُم بِهِۦ كَٰفِرُونَ (٧٦)

76 ـ ھېلىقى ھاكاۋۇرلار: «سىلەر پەيغەمبەر دەپ ئەگەشكەن سالىھنى بىز چوقۇم ئىنكار قىلىمىز» دېدى.

فَعَقَرُواْ ٱلنَّاقَةَ وَعَتَوۡاْ عَنۡ أَمۡرِ رَبِّهِمۡ وَقَالُواْ يَٰصَٰلِحُ ٱئۡتِنَا بِمَا تَعِدُنَآ إِن كُنتَ مِنَ
ٱلۡمُرۡسَلِينَ (٧٧)

77 ـ ئاندىن ئۇلار سالىھنىڭ شۇنچە ئاگاھلاندۇرۇشىغا قارىماي ھېلىقى چىشى تۆگىنى بوغۇزلاپ تاشلىدى، رەببىنىڭ ئەمرىنى تۇتۇشتىن باش تارتتى ۋە سالىھنى مەسخىرە قىلىپ : «ئى سالىھ! ئەگەر سەن راستتىنلا ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بولىدىغان بولساڭ، بىزنى قورقۇتقان شۇ ئازابنى كەلتۈرۈپ باققىنە» دېدى.

فَأَخَذَتۡهُمُ ٱلرَّجۡفَةُ فَأَصۡبَحُواْ فِي دَارِهِمۡ جَٰثِمِينَ (٧٨)

78 ـ شۇنىڭ بىلەن ئۇ كاپىرلارغا قاتتىق زىلزىلە يۈزلەندى ـ دە، قورقۇنچتىن ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى چىقىپ كەتتى، ئارقىدىنلا ھەممىسى ھالاك بولۇپ، تۇرغان يېرىدە قانداق تۇرغان بولسا شۇنداق قېتىپ قېلىشتى.

فَتَوَلَّىٰ عَنۡهُمۡ وَقَالَ يَٰقَوۡمِ لَقَدۡ أَبۡلَغۡتُكُمۡ رِسَالَةَ رَبِّي وَنَصَحۡتُ لَكُمۡ وَلَٰكِن لَّا تُحِبُّونَ
ٱلنَّٰصِحِينَ (٧٩)

79 ـ ئۇلار چىشى تۆگىنى بوغۇزلاپ ھالاك بولغاندا، سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈدى ۋە ئۇلارغا: «ئى قەۋمىم! مەن سىلەرگە رەببىمنىڭ يەتكۈزۈشكە بۇيرۇغان ئەمر ـ پەرمانىنى تولۇق يەتكۈزدۈم، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە سىلەرگە نەسىھەت قىلدىم، بېشارەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلارنى توختاتمىدىم، لېكىن سىلەر نەسىھەت قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدىغان قەۋم ئىكەنسىلەر، شۇڭا سىلەر نەسىھەت قىلغۇچىلاردىن يۈز ئۆرۈدۈڭلار ۋە ھەربىر قوغلاندى شەيتانغا ئەگەشتىڭلار» دېدى.

وَلُوطًا إِذْ قَالَ لِقَوْمِهِۦٓ أَتَأْتُونَ ٱلْفَٰحِشَةَ مَا سَبَقَكُم بِهَا مِنْ أَحَدٍ مِّنَ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٨٠﴾

80 ـ ئى پەيغەمبەر! لۇت ئەلەيھىسسالامنى ئەسلىگىنكى، ئۇز ۋاقتىدا ئۇ ئۆز قەۋمىگە مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر شۇنداق قەبىھ ئىشنى قىلامسىلەر؟ بۇنداق قەبىھ ئىشنى سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن ھېچقانداق ئادەم قىلىپ باقمىغان.

إِنَّكُمْ لَتَأْتُونَ ٱلرِّجَالَ شَهْوَةً مِّن دُونِ ٱلنِّسَآءِ ۚ بَلْ أَنتُمْ قَوْمٌ مُّسْرِفُونَ ﴿٨١﴾

81 ـ چۈنكى سىلەر ئاللاھ ھالال قىلىپ بەرگەن ئاياللارنى قويۇپ، ئەرلەر بىلەن جىنسىي تەلپىڭلارنى قاندۇرۇۋاتىسىلەر، بۇ قىلمىشىڭلار نەقەدەر قەبىھ ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمايسىلەر. سىلەر ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ چەكلىمىلىرىدىن چەتنەپ كەتكەن، گۇناھ ـ مەئسىيەتتە ھەددىدىن ئاشقان بىر قەۋم ئىكەنسىلەر». (ئەرلەرنىڭ ئەرلەر بىلەن جىنسىي تەلپىنى قاندۇرۇشى لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى پەيدا قىلغان ئەڭ قەبىھ قىلمىش بولۇپ، ئۇلاردىن ئىلگىرى ھېچكىم بۇ قىلىقنى قىلىپ باقمىغان).

وَمَا كَانَ جَوَابَ قَوْمِهِۦٓ إِلَّآ أَن قَالُوٓا۟ أَخْرِجُوهُم مِّن قَرْيَتِكُمْ ۖ إِنَّهُمْ أُنَاسٌ يَتَطَهَّرُونَ ﴿٨٢﴾

82 ـ لۇت ئۆز قەۋمىنىڭ بۇ قەبىھ قىلمىشىنى ئەيىبلىگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ جاۋابى: «لۇتنى ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن قوشۇپ شەھىرىڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار. چۈنكى، ئۇلار ئەرلەر بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئۆزلىرىنى پاك تۇتىدىغان كىشىلەردۇر» دېيىش بىلەنلا ئاخىرلاشتى، يەنى بىر ـ بىرىگە تەۋسىيە قىلىشتىنلا ئىبارەت بولدى.

فَأَنجَيْنَٰهُ وَأَهْلَهُۥٓ إِلَّا ٱمْرَأَتَهُۥ كَانَتْ مِنَ ٱلْغَٰبِرِينَ ﴿٨٣﴾

83 ـ ئاللاھ لۇتنى ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن بىللە شەھەردىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى قەۋمىگە چۈشكەن ئازابتىن قۇتقۇزۇپ قالدى، پەقەت ئۇنىڭ ئايالىنىلا قۇتقۇزمىدى، چۈنكى ئۇ ئايال ئازابتا قېلىپ ھالاك بولىدىغانلارنىڭ قاتارىدىن ئىدى.

وَأَمْطَرْنَا عَلَيْهِم مَّطَرًا ۖ فَٱنظُرْ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلْمُجْرِمِينَ ﴿٨٤﴾

84 ـ ئاللاھ لۇتنىڭ قەۋمىدىن بولغان كاپىرلارنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاش ياغدۇرۇپ جازالىدى، ئۇلارنىڭ شەھىرىنى كۆمتۈرۈۋەتتى. ئى پەيغەمبەر! ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلغان ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان گۇناھكارلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن.

وَإِلَىٰ مَدْيَنَ أَخَاهُمْ شُعَيْبًا ۗ قَالَ يَٰقَوْمِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَٰهٍ غَيْرُهُۥ ۖ قَدْ جَآءَتْكُم بَيِّنَةٌ مِّن رَّبِّكُمْ ۖ فَأَوْفُوا۟ ٱلْكَيْلَ وَٱلْمِيزَانَ وَلَا تَبْخَسُوا۟ ٱلنَّاسَ أَشْيَآءَهُمْ وَلَا تُفْسِدُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ بَعْدَ إِصْلَٰحِهَا ۚ ذَٰلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿٨٥﴾

85 ـ مەديەن قەبىلىسىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق بولغان ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. شۇڭا سىلەر ئىبادەتنى ئاللاھقا خاس قىلىڭلار. سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن مەن دەۋەت قىلغان دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئوپئوچۇق مۆجىزە كەلدى. ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا تۇتۇپ كىشىلەرنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىڭلار، ئۇلارنىڭ ھەققىنى يەۋالماڭلار. ئاللاھ ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئەتلىرى بىلەن يەر يۈزىنى ئىسلاھ قىلغاندىن

كېيىن، كۇفرى ۋە زۇلۇم بىلەن ئۇنىڭدا بۇزغۇنچىلىق تېرىماقچىلار، ئەگەر سىلەر مەن دەۋەت قىلىۋاتقان دىنغا ئىشەنسەڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلساڭلار كىشىلەر بولساڭلار، بۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن تولىمۇ ياخشىدۇر.

وَلَا تَقْعُدُواْ بِكُلِّ صِرَٰطٍ تُوعِدُونَ وَتَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ مَنْ ءَامَنَ بِهِۦ وَتَبْغُونَهَا عِوَجًاۚ وَٱذْكُرُوٓاْ إِذْ كُنتُمْ قَلِيلًا فَكَثَّرَكُمْۖ وَٱنظُرُواْ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلْمُفْسِدِينَ ﴿٨٦﴾

86 - سىلەر ئىنسانلار يۈرۈش - مال بەرمىسە ئۆلۈم بىلەن تەھدىت سېلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى توغرا يولدىن توسۇپ ۋە ئاللاھنىڭ يولىنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەپ ھەربىر يول ئۈستىدە ئولتۇرماڭلار. سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ نەپسى ھەۋىسىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنى توغرا يولدا مېڭىشتىن توسۇۋاتىسىلەر. ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ئەسلەڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئاز ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ سانىڭلارنى كۆپەيتىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن سىلەر كۈچلۈك ۋە غالىب بولدۇڭلار. يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار.

وَإِن كَانَ طَآئِفَةٌ مِّنكُمْ ءَامَنُواْ بِٱلَّذِىٓ أُرْسِلْتُ بِهِۦ وَطَآئِفَةٌ لَّمْ يُؤْمِنُواْ فَٱصْبِرُواْ حَتَّىٰ يَحْكُمَ ٱللَّهُ بَيْنَنَاۚ وَهُوَ خَيْرُ ٱلْحَٰكِمِينَ ﴿٨٧﴾

١٩١

87 - ئەگەر سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە ئىشەنگەن، يەنە بىر گۇرۇھ ئادەم ئىشەنمىگەن بولسا، ئى ئىنكارچىلار! مەن ئاگاھلاندۇرغان ئازاب سىلەرگە چۈشكەن چاغدا، ئاللاھ سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا قانداق ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقىنى كۈتۈڭلار. ئاللاھ ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر».

۞ قَالَ ٱلْمَلَأُ ٱلَّذِينَ ٱسْتَكْبَرُواْ مِن قَوْمِهِۦ لَنُخْرِجَنَّكَ يَٰشُعَيْبُ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَعَكَ مِن قَرْيَتِنَآ أَوْ لَتَعُودُنَّ فِى مِلَّتِنَاۚ قَالَ أَوَلَوْ كُنَّا كَٰرِهِينَ ﴿٨٨﴾

88 - شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشتىن ۋە پەيغەمبەرگە ئەگىشىشتىن باش تارتقان ھاكاۋۇر كاتتىباشلىرى: «ئى شۇئەيب! سېنى چوقۇم ساڭا ئىمان ئېيتقانلار بىلەن قوشۇپ شەھىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك» دېدى. شۇئەيب ئۇلارنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ ئۇلارغا: «بىز سىلەرنىڭ دىنىڭلارنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋە ياقتۇرمايدىغان تۇرۇپ، يەنىلا ئۇنىڭغا ئەگىشىمىزمۇ؟!» دېدى.

قَدِ ٱفْتَرَيْنَا عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا إِنْ عُدْنَا فِى مِلَّتِكُم بَعْدَ إِذْ نَجَّىٰنَا ٱللَّهُ مِنْهَاۚ وَمَا يَكُونُ لَنَآ أَن نَّعُودَ فِيهَآ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُ رَبُّنَاۚ وَسِعَ رَبُّنَا كُلَّ شَىْءٍ عِلْمًاۚ عَلَى ٱللَّهِ تَوَكَّلْنَاۚ رَبَّنَا ٱفْتَحْ بَيْنَنَا وَبَيْنَ قَوْمِنَا بِٱلْحَقِّ وَأَنتَ خَيْرُ ٱلْفَٰتِحِينَ ﴿٨٩﴾

89 - شۇئەيب ئۆز قەۋمىنىڭ ئازغۇنلۇقىنى ئەسكەرتىپ ئۇلارغا: «ئاللاھ بىزنى سىلەرنىڭ باتىل دىنىڭلاردىن قۇتقۇلدۇرغاندىن كېيىن، يەنە بىز ئۇنىڭغا قايتساق، ئەلۋەتتە، ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان بولىمىز. رەببىمىز ئاللاھ خالىمىسىلا، بىز سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا ھەرگىز قايتمايمىز. رەببىمىزنىڭ ئىلمى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ بەندىلىرىگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ، بىز ھىدايەت ۋە نۇسرەت تەلەپ قىلىشتا پەقەتلا ئاللاھقا تايىنىمىز. ئى رەببىمىز! بىز بىلەن قەۋمىمىز ئوتتۇرىسىدا

ھەق ھۆكۈم چىقارغىن، سەن ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن».

وَقَالَ ٱلْمَلَأُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِن قَوْمِهِۦ لَئِنِ ٱتَّبَعْتُمْ شُعَيْبًا إِنَّكُمْ إِذًا لَّخَـٰسِرُونَ ﴿٩٠﴾

90 - شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان كاتتىباشلىرى كىشىلەرنى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئەگەر سىلەر شۇئەيبكە ئەگەشسەڭلار، ئۇ چاغدا سىلەر چوقۇم ھالاك بولىسىلەر» دېدى.

فَأَخَذَتْهُمُ ٱلرَّجْفَةُ فَأَصْبَحُوا۟ فِى دَارِهِمْ جَـٰثِمِينَ ﴿٩١﴾

91 - ئۇلارغا قاتتىق زىلزىلە يۈزلىنىش بىلەن ئۇلار ئۆيلىرىدە ھالاك بولۇپ مۈردىلارغا ئايلىنىپ قالدى.

ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ شُعَيْبًا كَأَن لَّمْ يَغْنَوْا۟ فِيهَا ۚ ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ شُعَيْبًا كَانُوا۟ هُمُ ٱلْخَـٰسِرِينَ ﴿٩٢﴾

92 - شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلار پۈتۈنلەي ھالاك بولۇپ، گويا ئۇ دىياردا ياشىمىغاندەك بولۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ دىيارى ۋەيران بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچبىر ئىزى قالمىدى، ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق زىيان تارتتى.

فَتَوَلَّىٰ عَنْهُمْ وَقَالَ يَـٰقَوْمِ لَقَدْ أَبْلَغْتُكُمْ رِسَـٰلَـٰتِ رَبِّى وَنَصَحْتُ لَكُمْ ۖ فَكَيْفَ ءَاسَىٰ عَلَىٰ قَوْمٍ كَـٰفِرِينَ ﴿٩٣﴾

93 - شۇئەيب ئۇلارغا قاتتىق ئازاب يۈزلىنىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ: «ئى قەۋمىم! مەن سىلەرگە رەببىمنىڭ پەرمانلىرىنى يەتكۈزدۇم، ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرىش ۋە بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن ۋاز كېچىش توغرۇلۇق نەسىھەت قىلدىم، ئەمما سىلەر مېنىڭ نەسىھىتىمگە قۇلاق سالمىدىڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلمىدىڭلار. مەن ئەمدى ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئىنكار قىلغان، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى يالغانغا چىقارغان بىر قەۋمگە قانداقمۇ قايغۇراي!» دېدى.

وَمَآ أَرْسَلْنَا فِى قَرْيَةٍ مِّن نَّبِىٍّ إِلَّآ أَخَذْنَآ أَهْلَهَا بِٱلْبَأْسَآءِ وَٱلضَّرَّآءِ لَعَلَّهُمْ يَضَّرَّعُونَ ﴿٩٤﴾

94 - بىز قانداقلا شەھەرگە قەۋمىنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىدىغان ۋە بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن توسىدىغان بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولساق ۋە ئۇلار پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغان بولسا، بىز ئۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسىنى ئاللاھنى تونۇسۇن، قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلسۇن ۋە ھەققەتكە قايتسۇن دەپ، يوقسۇللۇققا ۋە ئاغرىق - سىلاقلارغا گىرىپتار قىلدۇق.

ثُمَّ بَدَّلْنَا مَكَانَ ٱلسَّيِّئَةِ ٱلْحَسَنَةَ حَتَّىٰ عَفَوا۟ وَّقَالُوا۟ قَدْ مَسَّ ءَابَآءَنَا ٱلضَّرَّآءُ وَٱلسَّرَّآءُ فَأَخَذْنَـٰهُم بَغْتَةً وَهُمْ لَا يَشْعُرُونَ ﴿٩٥﴾

95 - ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۇ ناچار ھالىتىنى ياخشى ھالەتكە ئۆزگەرتىپ بەردۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ساقلىققا، پاراۋانلىققا ئېرىشتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشى ئۈچۈن بېرىلگەن مۆھلەت ئىدى. ئەمما ئۇلارغا بۇ مۆھلەتنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى، ئۇلار ھالىتىدىن ئىبرەت ئالمىدى، قىلمىشلىرىدىن يانمىدى، ھەددىدىن ئېشىپ: «بۇ زامانىنىڭ تەقەززاسىدۇر، بەزىدە ياخشىلىق، بەزىدە يامانلىق بولىدۇ، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزغىمۇ شۇنداق كۈلپەتلىك ۋە نېمەتلىك كۈنلەر كەلگەن ئىكەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خاتىرجەم تۇرغان ۋە ئويلىمىغان پەيتىدە، ئۇلارنى تۇيۇقسىز ھالاك قىلدۇق.

وَلَوْ أَنَّ أَهْلَ ٱلْقُرَىٰٓ ءَامَنُوا۟ وَٱتَّقَوْا۟ لَفَتَحْنَا عَلَيْهِم بَرَكَـٰتٍ مِّنَ ٱلسَّمَآءِ وَٱلْأَرْضِ وَلَـٰكِن
كَذَّبُوا۟ فَأَخَذْنَـٰهُم بِمَا كَانُوا۟ يَكْسِبُونَ ﴿٩٦﴾

96 - (پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى مەزكۇر پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىپ، ئۇلارغا ئەگەشكەن ۋە ئاللاھ مەنئى قىلغان ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئاللاھ ئۇلارغا ھەر تەرەپتىن ياخشىلىقنىڭ ئىشىكلىرىنى ئاچقان بولاتتى. لېكىن ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقى ۋە ھەققەتكە قارشى چىققانلىقى تۈپەيلىدىن قاتتىق جازالىدى.

أَفَأَمِنَ أَهْلُ ٱلْقُرَىٰٓ أَن يَأْتِيَهُم بَأْسُنَا بَيَـٰتًا وَهُمْ نَآئِمُونَ ﴿٩٧﴾

97 - ئاشۇ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى كېچىسى ئۇخلاۋاتقان چاغلىرىدا ئاللاھنىڭ ئازابى كېلىپ ھالاك قىلىۋېتىشىدىن قورقمامدۇ؟

أَوَأَمِنَ أَهْلُ ٱلْقُرَىٰٓ أَن يَأْتِيَهُم بَأْسُنَا ضُحًى وَهُمْ يَلْعَبُونَ ﴿٩٨﴾

98 - ياكى ئاشۇ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ چاشگاھ ۋاقتىدا - ئۇلار ئويناپ تۇرغاندا كېلىپ ھالاك قىلىۋېتىشىدىن قورقمامدۇ؟ (ئاللاھنىڭ بۇ ئىككى ۋاقىتنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشى بۇ ۋاقىتلاردا ئىنسانلارنىڭ بەكرەك غەپلەتتە قالىدىغانلىقىدىندۇر).

أَفَأَمِنُوا۟ مَكْرَ ٱللَّهِ ۚ فَلَا يَأْمَنُ مَكْرَ ٱللَّهِ إِلَّا ٱلْقَوْمُ ٱلْخَـٰسِرُونَ ﴿٩٩﴾

99 - ياكى ئاشۇ شەھەرلەرنىڭ ئىنكارچى ئاھالىسى ئاللاھنىڭ ئۇلارغا قارشى چارە كۆرۈشىدىن ۋە تەدرىجىي جازالىشىدىن قورقمامدۇ؟ ھالاك بولغۇچى قەۋمدىن باشقىسى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن خاتىرجەم بولمايدۇ.

أَوَلَمْ يَهْدِ لِلَّذِينَ يَرِثُونَ ٱلْأَرْضَ مِنۢ بَعْدِ أَهْلِهَآ أَن لَّوْ نَشَآءُ أَصَبْنَـٰهُم بِذُنُوبِهِمْ ۚ وَنَطْبَعُ عَلَىٰ
قُلُوبِهِمْ فَهُمْ لَا يَسْمَعُونَ ﴿١٠٠﴾

100 - ئۇلار قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىنغاندىن كېيىن، زېمىندا ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلغانلار، ئەگەر بىز خالىساق ئۇلارنىمۇ گۇناھلىرى سەۋەبلىك بۇرۇنقىلارنى ھالاك قىلغاندەك ھالاك قىلىۋېتىدىغانلىقىمىزنى بىلمەمدىمۇ؟ بىز ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋېتىمىز - دە، ئۇلار ۋەز - نەسىھەتنى ئاڭلىمايدىغان، دىلىغا ھەق سۆز كىرمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

تِلْكَ ٱلْقُرَىٰ نَقُصُّ عَلَيْكَ مِنْ أَنۢبَآئِهَا ۚ وَلَقَدْ جَآءَتْهُمْ رُسُلُهُم بِٱلْبَيِّنَـٰتِ فَمَا كَانُوا۟ لِيُؤْمِنُوا۟
بِمَا كَذَّبُوا۟ مِن قَبْلُ ۚ كَذَٰلِكَ يَطْبَعُ ٱللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِ ٱلْكَـٰفِرِينَ ﴿١٠١﴾

101 - بىز بايان قىلغان شەھەرلەر نۇھ، ھۇد سالىھ، لۇت ۋە شۇئەيب قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ شەھەرلىرى بولۇپ، ئى پەيغەمبەر! كىشىلەر ئىبرەت ئالسۇن، كاپىرلار قىلمىشلىرىدىن يانسۇن دەپ، بىز ساڭا مەزكۇر شەھەرلەرنىڭ ۋە شۇ شەھەرلەرگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىۋاتىمىز، شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئوپئوچۇق دەلىل - پاكىتلارنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. لېكىن ئۇلار ئىلگىرى ھەققەتنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن دىنىنىمۇ ئىنكار قىلدى. ئاللاھ

ئاشۇ كاپىرلارنىڭ دىللىرىنى ھەقنى قوبۇل قىلىشتىن پېچەتلىۋەتكەندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنىڭ دىللىرىنىمۇ شۇنداق پېچەتلىۋېتىدۇ.

وَمَا وَجَدْنَا لِأَكْثَرِهِم مِّنْ عَهْدٍۢ ۖ وَإِن وَجَدْنَآ أَكْثَرَهُمْ لَفَٰسِقِينَ ﴿١٠٢﴾

102 ـ ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ كۆپىنچىلىرىدە ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتدارلىق دېگەننى كۆرمىدۇق. ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ ئاللاھنىڭ تائىتىدىن چىققان پاسىقلار ئىكەنلىكىنى كۆردۇق.

ثُمَّ بَعَثْنَا مِنۢ بَعْدِهِم مُّوسَىٰ بِـَٔايَٰتِنَآ إِلَىٰ فِرْعَوْنَ وَمَلَإِي۟هِۦ فَظَلَمُوا۟ بِهَا ۖ فَٱنظُرْ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلْمُفْسِدِينَ ﴿١٠٣﴾

103 ـ ئاندىن مەزكۇر پەيغەمبەرلەردىن كېيىن، ئىمران ئوغلى مۇسانى روشەن مۆجىزىلىرىمىز بىلەن پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا ئەۋەتتۇق، ئەمما ئۇلار ھەقسىزلىق قىلىپ بۇ مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلدى. ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارنى مۇسانىڭ كۆزى ئالدىدا قانداق غەرق قىلغانلىقىمىزغا ئىبرەت كۆزى بىلەن قارىغىن. مانا بۇ بۇزغۇنچىلارنىڭ ئاقىۋىتىدۇر.

وَقَالَ مُوسَىٰ يَٰفِرْعَوْنُ إِنِّى رَسُولٌ مِّن رَّبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٠٤﴾

104 ـ مۇسا پىرئەۋنگە ھەقىقەتنى يەتكۈزگەن ۋە مۇنازىرىلەشكەن ھالدا ئېيتتى: «مەن راستىنلا بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچى بولغان ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن.

حَقِيقٌ عَلَىٰٓ أَن لَّآ أَقُولَ عَلَى ٱللَّهِ إِلَّا ٱلْحَقَّ ۚ قَدْ جِئْتُكُم بِبَيِّنَةٍ مِّن رَّبِّكُمْ فَأَرْسِلْ مَعِىَ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ ﴿١٠٥﴾

105 ـ ئاللاھ نامىدىن پەقەت ھەقىقەتنىلا ئېيتىش ھەققىم بار، شۇڭا مەن بۇنىڭغا رىئايە قىلىمەن. مەن سىلەرگە ئېيتىدىغانلىرىمنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە ئوپئوچۇق مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم. ئى پىرئەۋن! شۇڭا سەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىپ، مەن بىلەن بىللە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن كەتكىلى قويغىن».

قَالَ إِن كُنتَ جِئْتَ بِـَٔايَةٍ فَأْتِ بِهَآ إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿١٠٦﴾

106 ـ پىرئەۋن مۇساغا: «ئۆزۈڭنى ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دېگەن دەۋايىڭدا راستچىل بولىدىغان بولساڭ، راست گەپ قىلىۋاتقانلىقىڭنى ۋە دەۋىتىڭنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىرەر مۆجىزە ئېلىپ كەلگەن بولساڭ، قېنى ئۇنى بىزگە كۆرسەتكىن» دېدى.

فَأَلْقَىٰ عَصَاهُ فَإِذَا هِىَ ثُعْبَانٌ مُّبِينٌ ﴿١٠٧﴾

107 ـ مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ئۇ ھاسا شۇ ھامان كاتتا بىر ئەجدىھاغا ئايلاندى.

وَنَزَعَ يَدَهُۥ فَإِذَا هِىَ بَيْضَآءُ لِلنَّٰظِرِينَ ﴿١٠٨﴾

108 ـ مۇسا قولىنى قوينىدىن چىقىرىپ مەيدىسىگە قويۇۋىدى، شۇ ھامان ئۇنىڭ قولى سۈتتەك ئاق بولۇپ كۆرۈندى، قولىنى مەيدىسىدىن تارتىۋىدى، ئۇ بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتتى. ئۇنىڭ قولىنىڭ بۇنداق كۆرۈنۈشى ئاق كېسەللىك ياكى باشقا سەۋەبتىن ئەمەس، پەقەتلا پىرئەۋنگە كۆرسىتىش ئۈچۈن مۆجىزە سۈپىتىدە شۇنداق كۆرۈندى.

قَالَ ٱلْمَلَأُ مِن قَوْمِ فِرْعَوْنَ إِنَّ هَٰذَا لَسَٰحِرٌ عَلِيمٌ ﴿١٠٩﴾

109 - پىرئەۋن قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرى ئېيتتى: «مۇسا راستتىنلا ناھايىتى ئۇستا سېھىرگەر
ئىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇستىلىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى باغلىۋالدى، شۇنىڭ
بىلەن كىشىلەر ھاسىنى ئەجدىھا دەپ ئويلاپ قالدى،

يُرِيدُ أَن يُخْرِجَكُم مِّنْ أَرْضِكُمْ ۖ فَمَاذَا تَأْمُرُونَ ﴿١١٠﴾

110 - ئۇ سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتمەكچى». پىرئەۋن ئېيتتى:
«ئى كاتتىلار! مۇسانى قانداق قىلىش توغرۇلۇق ماڭا نېمە مەسلىھەت بېرىسىلەر؟».

قَالُوٓا۟ أَرْجِهْ وَأَخَاهُ وَأَرْسِلْ فِى ٱلْمَدَآئِنِ حَٰشِرِينَ ﴿١١١﴾

111 - پىرئەۋنىنىڭ مۇسا بىلەن ئېلىپ بارغان مۇنازىرىسىگە ھازىر بولغان كاتتىباشلار
ئېيتتى: «مۇسا بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشى ھارۇننى بىرئاز ساقلاتقىن، مىسىرنىڭ بارلىق
شەھەرلىرىگە سېھىرگەرلەرنى يىغىپ كېلىدىغان ساقچىلارنى ئەۋەتكىن.

يَأْتُوكَ بِكُلِّ سَٰحِرٍ عَلِيمٍ ﴿١١٢﴾

112 - ئۇلار بارلىق ئۇستا ۋە ماھارەتلىك سېھىرگەرلەرنى سېنىڭ ھوزۇرۇڭغا ئېلىپ كەلسۇن».

وَجَآءَ ٱلسَّحَرَةُ فِرْعَوْنَ قَالُوٓا۟ إِنَّ لَنَا لَأَجْرًا إِن كُنَّا نَحْنُ ٱلْغَٰلِبِينَ ﴿١١٣﴾

113 - سېھىرگەرلەر پىرئەۋنىنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇلار: «ئەگەر بىز مۇسانى يېڭىپ چىقساق،
بىزگە چوقۇم مۇكاپات ۋە مال - دۇنيا بېرىلەمدۇ؟» دېدى.

قَالَ نَعَمْ وَإِنَّكُمْ لَمِنَ ٱلْمُقَرَّبِينَ ﴿١١٤﴾

114 - پىرئەۋن: «ھەئە، ئەگەر مۇسانى يېڭىۋالساڭلار، سىلەرگە مۇكاپات بېرىلىدۇ، ھەمدە
سىلەر چوقۇم مېنىڭ يېقىن كىشىلىرىم بولۇپ قالىسىلەر» دېدى.

قَالُوا۟ يَٰمُوسَىٰٓ إِمَّآ أَن تُلْقِىَ وَإِمَّآ أَن نَّكُونَ نَحْنُ ٱلْمُلْقِينَ ﴿١١٥﴾

115 - پىرئەۋنىنىڭ سېھىرگەرلىرى مۇسانى كۆزگە ئىلمىغانلىقتىن، مۇتەكەببىرلىك بىلەن:
«ئى مۇسا! سەن ھاساڭنى ئاۋۋال تاشلامسەن، ياكى (تاشلايدىغىنىمىزنى) بىز ئاۋۋال
تاشلامدۇق؟» دېدى.

قَالَ أَلْقُوا۟ ۖ فَلَمَّآ أَلْقَوْا۟ سَحَرُوٓا۟ أَعْيُنَ ٱلنَّاسِ وَٱسْتَرْهَبُوهُمْ وَجَآءُو بِسِحْرٍ عَظِيمٍ ﴿١١٦﴾

116 - مۇسا سېھىرگەرلەرگە: «سىلەر تاشلاڭلار!» دېدى. ئۇلار ئارغامچا ۋە ھاسا قاتارلىق
نەرسىلىرىنى تاشلاپ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى باغلىۋالدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن
سېھىرلىرى كىشىلەرنىڭ كۆزىدە ھەقىقەتتەك كۆرۈندى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكىنى
بىر خىل سەنئەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى، ئۇلار كىشىلەرنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى
ۋە چوڭ بىر سېھىرنى كۆرسەتكەن بولدى.

۞ وَأَوْحَيْنَآ إِلَىٰ مُوسَىٰٓ أَنْ أَلْقِ عَصَاكَ ۖ فَإِذَا هِىَ تَلْقَفُ مَا يَأْفِكُونَ ﴿١١٧﴾

117 - ھەقىقەت بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ باشلىنىۋاتقان مۇشۇنداق ھالقىلىق
پەيتتە، ئاللاھ بەندىسى ۋە ئەلچىسى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى قولىدىكى ھاسىسىنى يەرگە
تاشلاشقا بۇيرىدى. مۇسا ھاسىسىنى تاشلىشى بىلەنلا ئۇ ھاسا (ئەجدىھاغا ئايلىنىپ)

ئۇلار تاشلىغان ۋە كىشىلەرگە ھەقىقەتتەك كۆرۈنگەن نەرسىلەرنى دەرھال يۇتۇۋەتتى.

فَوَقَعَ ٱلْحَقُّ وَبَطَلَ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١١٨﴾

118 - شۇنىڭ بىلەن مۇسا توغرىسىدىكى ھەقىقەت مەيدانغا ھازىر بولغان كىشىلەرگە ئوپئوچۇق ئايان بولدى، ئۇنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكى ۋە ھەقىقەتكە دەۋەت قىلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرى بەربات بولدى.

فَغُلِبُوا۟ هُنَالِكَ وَٱنقَلَبُوا۟ صَٰغِرِينَ ﴿١١٩﴾

119 - بۇ يەردە سېھىرگەرلەرنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولدى، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى خار ۋە رەسۋا بولغان ھالدا مەيداندىن چىقىپ كەتتى.

وَأُلْقِىَ ٱلسَّحَرَةُ سَٰجِدِينَ ﴿١٢٠﴾

120 - سېھىرگەرلەر ئاللاھنىڭ كاتتا قۇدرىتىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلار ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا سەجدە قىلىپ يۈزىنى يەرگە قويدى.

قَالُوٓا۟ ءَامَنَّا بِرَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٢١﴾ رَبِّ مُوسَىٰ وَهَٰرُونَ ﴿١٢٢﴾

121 - 122 - ئۇلار دېدى: «بىز ئالەملەرنىڭ رەببىگە - مۇسا ۋە ھارۇننىڭ رەببىگە ئىمان ئېيتتۇقكى، ئىبادەت پەقەتلا شۇ ئاللاھنىڭ ئۆزىگە قىلىنىدۇ».

قَالَ فِرْعَوْنُ ءَامَنتُم بِهِۦ قَبْلَ أَنْ ءَاذَنَ لَكُمْ ۖ إِنَّ هَٰذَا لَمَكْرٌ مَّكَرْتُمُوهُ فِى ٱلْمَدِينَةِ لِتُخْرِجُوا۟ مِنْهَآ أَهْلَهَا ۖ فَسَوْفَ تَعْلَمُونَ ﴿١٢٣﴾

123 - پىرئەۋن سېھىرگەرلەرگە ئېيتتى: «سىلەرگە مەن رۇخسەت بەرمىگەن تۇرسام ئاللاھقا ئىمان ئېيتتىڭلارمۇ؟ سىلەرنىڭ ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ، مۇسانى پەيغەمبەر دەپ تونۇشۇڭلار، ئەسلىدە شەھەردىكى چىغىڭلاردا ئاھالىنى شەھەردىن ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن، مۇسا بىلەن ئالدىن پىلانلىغان ھىيلەڭلار ئىكەن. ئى سېھىرگەرلەر! بېشىڭلارغا كېلىدىغان ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى ئۇزاققا قالماي بىلىپ قالىسىلەر.

لَأُقَطِّعَنَّ أَيْدِيَكُمْ وَأَرْجُلَكُم مِّنْ خِلَٰفٍ ثُمَّ لَأُصَلِّبَنَّكُمْ أَجْمَعِينَ ﴿١٢٤﴾

124 - ئى سېھىرگەرلەر! مەن سىلەرنىڭ قولۇڭلارنى، پۇتۇڭلارنى ئوڭ - سول قىلىپ، يەنى ئوڭ قولۇڭلار بىلەن سول پۇتۇڭلارنى ياكى ئوڭ پۇتۇڭلار بىلەن سول قولۇڭلارنى چوقۇم كېسىپ جازالايمەن، ئاندىن كىشىلەرگە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن ھەممىڭلارنى چوقۇم دارغا ئاسىمەن».

قَالُوٓا۟ إِنَّآ إِلَىٰ رَبِّنَا مُنقَلِبُونَ ﴿١٢٥﴾

125 - سېھىرگەرلەر پىرئەۋنگە ئېيتتى: «بىز شۇنى بىلىپ يەتتۇقكى، ھەممىمىز رەببىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز، ئاللاھنىڭ ئازابى سېنىڭ ئازابىڭدىن ئەلۋەتتە قاتتىقتۇر، ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىز بۈگۈن سېنىڭ ئازابىڭغا بەرداشلىق بېرىمىز.

وَمَا تَنقِمُ مِنَّآ إِلَّآ أَنْ ءَامَنَّا بِـَٔايَٰتِ رَبِّنَا لَمَّا جَآءَتْنَا ۚ رَبَّنَآ أَفْرِغْ عَلَيْنَا صَبْرًا وَتَوَفَّنَا مُسْلِمِينَ ﴿١٢٦﴾

126 - ئى پىرئەۋن! سەن بىزنى پەقەتلا بىزنىڭ رەببىمىز تەرىپىدىن مۇساغا كەلگەن

ھەقىقەتلەرگە ئىمان ئېيتقانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئەيىبلەۋاتىسەن، سەن ئۇ ھەقىقەتلەرگە ئوخشاش بىر ھەقىقەتنى ھەرگىز كەلتۈرەلمەيسەن، ئۇنى ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم كەلتۈرەلمەيدۇ. ئى رەببىمىز! بىزگە سەۋرچانلىق ۋە چىدامچانلىق ئاتا قىلغىن، بىزنىڭ جېنىمىزنى ساڭا ئىتائەت قىلغان، پەيغەمبىرىڭگە ئەگەشكەن ھالىتىمىزدە ئالغىن».

وَقَالَ ٱلۡمَلَأُ مِن قَوۡمِ فِرۡعَوۡنَ أَتَذَرُ مُوسَىٰ وَقَوۡمَهُۥ لِيُفۡسِدُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَيَذَرَكَ وَءَالِهَتَكَۚ قَالَ سَنُقَتِّلُ أَبۡنَآءَهُمۡ وَنَسۡتَحۡيِۦ نِسَآءَهُمۡ وَإِنَّا فَوۡقَهُمۡ قَٰهِرُونَ ﴿١٢٧﴾

127 - پىرئەۋن قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرى پىرئەۋنگە: «مۇسا بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ مىسىر زېمىنىدا كىشىلەرنى ساڭا ۋە سېنىڭ ئىلاھلىرىڭغا چوقۇنۇشتىن ۋازكەچكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ دىنىنى بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان دىنغا ئۆزگەرتىۋېتىش ئارقىلىق بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا يول قويامسەن؟» دېدى. پىرئەۋن: «ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن ھايات قالدۇرىمىز. بىز ئەلۋەتتە، ھۆكۈمرانلىقىمىز ۋە قەھرىمىز بىلەن ئۇلارغا غالىبمىز» دېدى.

قَالَ مُوسَىٰ لِقَوۡمِهِ ٱسۡتَعِينُواْ بِٱللَّهِ وَٱصۡبِرُوٓاْۖ إِنَّ ٱلۡأَرۡضَ لِلَّهِ يُورِثُهَا مَن يَشَآءُ مِنۡ عِبَادِهِۦۖ وَٱلۡعَٰقِبَةُ لِلۡمُتَّقِينَ ﴿١٢٨﴾

128 - مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە قارشى ئاللاھتىن مەدەت تىلەڭلار، پىرئەۋننىڭ سىلەرگە ۋە ئەۋلادلىرىڭلارغا سالغان زۇلۇملىرىغا سەۋر قىلىڭلار. يەر يۈزى پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىلەرنى ئۇنىڭغا ۋارىس قىلىدۇ، ياخشى ئاقىۋەت ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇندىغان، توسقانلىرىدىن يانغان تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر» دېدى.

قَالُوٓاْ أُوذِينَا مِن قَبۡلِ أَن تَأۡتِيَنَا وَمِنۢ بَعۡدِ مَا جِئۡتَنَاۚ قَالَ عَسَىٰ رَبُّكُمۡ أَن يُهۡلِكَ عَدُوَّكُمۡ وَيَسۡتَخۡلِفَكُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَيَنظُرَ كَيۡفَ تَعۡمَلُونَ ﴿١٢٩﴾

129 -مۇسانىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا: «سەن بىزگە پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشتىن بۇرۇنمۇ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى تەرىپىدىن ئوغۇللىرىمىز ئۆلتۈرۈلۈپ، قىزلىرىمىز خىزمەتچىلىككە تۇتۇلۇپ خارلىنىپ كەلگەن ئىدۇق، سەن كەلگەندىن كېيىنمۇ ئەھۋالىمىز شۇنداق بولۇۋاتىدۇ» دېدى. مۇسا: «رەببىڭلار دۈشمىنىڭلار بولغان پىرئەۋننى ھالاك قىلىپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىغا چوقۇم سىلەرنى ئىگە قىلىدۇ، ئاندىن سىلەر بۇنىڭغا شۈكۈر قىلامسىلەر ياكى تۇزكورلۇق قىلامسىلەر، ئاللاھ بۇنىڭغا قارايدۇ» دېدى.

وَلَقَدۡ أَخَذۡنَآ ءَالَ فِرۡعَوۡنَ بِٱلسِّنِينَ وَنَقۡصٖ مِّنَ ٱلثَّمَرَٰتِ لَعَلَّهُمۡ يَذَّكَّرُونَ ﴿١٣٠﴾

130 - شەكسىزكى، بىز پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى ئىبرەت ئالسۇن، ئازغۇنلۇقىدىن يانسۇن ۋە ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ ئىلتىجا قىلسۇن دەپ، ئۇلارنى قۇرغاقچىلىق، قەھەتچىلىك بىلەن، مېۋىلىرىنىڭ ھوسۇلىنى ۋە كىرىمىنى كېمەيتىۋېتىش بىلەن سىنىدۇق.

فَإِذَا جَآءَتۡهُمُ ٱلۡحَسَنَةُ قَالُواْ لَنَا هَٰذِهِۦۖ وَإِن تُصِبۡهُمۡ سَيِّئَةٞ يَطَّيَّرُواْ بِمُوسَىٰ وَمَن مَّعَهُۥٓۗ أَلَآ إِنَّمَا طَٰٓئِرُهُمۡ عِندَ ٱللَّهِ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿١٣١﴾

131 - پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمى مولچىلىق ۋە بايلىق قاتارلىق نېمەتكە ئېرىشسە، «بۇ

بىزگە تېگىشلىك ھەقتۇر، چۈنكى بىز بۇنىڭغا ھەقلىق ئىدۇق» دەيدۇ. ئەگەر ئۇلارغا قۇرغاقچىلىق ۋە قەھەتچىلىك قاتارلىق كۆلپەتلەر يەتسە، «بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى» دەيدۇ. ئۇلارغا يەتكەن كۆلپەتلەر ئۆزلىرىنىڭ گۇناھى سەۋەبلىك ئاللاھتىن كەلگەن قىسمەتتۇر، لېكىن پىرئەۋن قەۋمىنىڭ تولىسى جاھالەتكە پېتىپ كەتكەن قەۋم بولغانلىقتىن، بۇ ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ.

وَقَالُوا۟ مَهۡمَا تَأۡتِنَا بِهِۦ مِنۡ ءَايَةٖ لِّتَسۡحَرَنَا بِهَا فَمَا نَحۡنُ لَكَ بِمُؤۡمِنِينَ ﴿١٣٢﴾

132 - پىرئەۋن قەۋمى مۇساغا: «سەن بىزنى پىرئەۋننىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈتۈش ئۈچۈن ھەرقانچە كاتتا مۆجىزە ۋە ئېنىق دەلىل - پاكىتلارنى كەلتۈرسەڭمۇ، بىز ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدى.

فَأَرۡسَلۡنَا عَلَيۡهِمُ ٱلطُّوفَانَ وَٱلۡجَرَادَ وَٱلۡقُمَّلَ وَٱلضَّفَادِعَ وَٱلدَّمَ ءَايَٰتٖ مُّفَصَّلَٰتٖ فَٱسۡتَكۡبَرُوا۟ وَكَانُوا۟ قَوۡمٗا مُّجۡرِمِينَ ﴿١٣٣﴾

133 - بىز ئۇلارغا كەلكۈن، چېكەتكە، پىت، پاقا، قان ئاپەتلىرىنى ئوپئوچۇق مۆجىزە قىلىپ ئەۋەتتۇق. كەلكۈن ئاپىتى ئۇلارنىڭ زىرائەت ۋە مېۋىلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتتى، چېكەتكە ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرىنى، مېۋىلىرىنى، ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى، كىيىم - كېچەكلىرىنى يەپ كەتتى، پىت ئۇلارنىڭ مېۋە - چېۋىلىرىنى، زىرائەتلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى، چارۋىلىرىنى ھالاك قىلىۋەتتى، پاقا ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە، قازان - قومۇچلىرىغا ۋە ياتىدىغان جايلىرىغا توشۇپ كەتتى، قان ئۇلارنىڭ قۇدۇقلىرى، دەريا - ئۆستەڭلىرىنى قىپقىزىل بوياۋەتتى، ئۇلار ئىچىدىغان پاكىز سۇ تاپالمايدىغان ھالەتكە يەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا ئەۋەتكەن مۆجىزىلەر ئىدى. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق، پىرئەۋن قەۋمى ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتتى. ئۇلار ئەزەلدىنلا شۇنداق گۇناھكار، گەدەنكەش قەۋم ئىدى.

وَلَمَّا وَقَعَ عَلَيۡهِمُ ٱلرِّجۡزُ قَالُوا۟ يَٰمُوسَى ٱدۡعُ لَنَا رَبَّكَ بِمَا عَهِدَ عِندَكَۖ لَئِن كَشَفۡتَ عَنَّا ٱلرِّجۡزَ لَنُؤۡمِنَنَّ لَكَ وَلَنُرۡسِلَنَّ مَعَكَ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ﴿١٣٤﴾

134 - پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ بېشىغا بۇ بالايىئاپەتلەر چۈشكەن چاغدا، ئۇلار مۇساغا يالۋۇرۇپ: «ئى مۇسا! سەن رەببىڭنىڭ تەۋبە قىلغان بەندىلىرىدىن ئازابنى كۆتۈرۈۋېتىدىغانلىقى ھەققىدىكى ساڭا قىلغان ۋەھيىنى ۋاستە قىلىپ، رەببىڭگە بىز ئۈچۈن دۇئا قىلغىن، قەسەمكى، ئەگەر بىزدىن بۇ ئاپەتلەرنى كۆتۈرۈۋەتسەڭ، بىز ساڭا چوقۇم ئىمان ئېيتىمىز ۋە سەن دەۋەت قىلغان دىنغا ئەگىشىمىز، ئىسرائىل ئەۋلادىنى چوقۇم سەن بىلەن قويۇپ بېرىمىز، ئۇلار خالىغان جايلارغا كەتسە بولىدۇ» دېگەن ئىدى.

فَلَمَّا كَشَفۡنَا عَنۡهُمُ ٱلرِّجۡزَ إِلَىٰٓ أَجَلٍ هُم بَٰلِغُوهُ إِذَا هُمۡ يَنكُثُونَ ﴿١٣٥﴾

135 - ئاللاھ ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاپەتلەرنى ۋاقىتلىق كۆتۈرۈۋېتىۋىدى، ئۇلار ئىلگىرى رەببىگە ۋە مۇساغا بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزۇپ، بۇرۇنقى كۇفرىلىقىغا ۋە ئازغۇنلۇقىغا قايتىۋالدى.

فَٱنتَقَمۡنَا مِنۡهُمۡ فَأَغۡرَقۡنَٰهُمۡ فِي ٱلۡيَمِّ بِأَنَّهُمۡ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا وَكَانُوا۟ عَنۡهَا غَٰفِلِينَ ﴿١٣٦﴾

136 - نىھايەت، ئۇلارنى ھالاك قىلىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى يېتىپ كەلگەندە، ئۇلارنى

جازالىدۇق، ئۇلارنى مۇسا ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن مۆجىزىلەرنى يالغان دېگەنلىكى ۋە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەردىن غەپلەتتە قالغانلىقى تۈپەيلىدىن، دېڭىزغا غەرق قىلىپ جازالىدۇق. ئۇلارنىڭ غەپلەتتە قالغانلىقى ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشىغا سەۋەب بولغان.

وَأَوۡرَثۡنَا ٱلۡقَوۡمَ ٱلَّذِينَ كَانُواْ يُسۡتَضۡعَفُونَ مَشَٰرِقَ ٱلۡأَرۡضِ وَمَغَٰرِبَهَا ٱلَّتِي بَٰرَكۡنَا فِيهَاۖ وَتَمَّتۡ كَلِمَتُ رَبِّكَ ٱلۡحُسۡنَىٰ عَلَىٰ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ بِمَا صَبَرُواْۖ وَدَمَّرۡنَا مَا كَانَ يَصۡنَعُ فِرۡعَوۡنُ وَقَوۡمُهُۥ وَمَا كَانُواْ يَعۡرِشُونَ ﴿١٣٧﴾

137 - (پىرئەۋن تەۋەلىرى تەرىپىدىن) بوزەك قىلىنغان ئىسرائىل ئەۋلادىنى بىز زىرائەت ۋە مېۋىلەرنى چىقىرىش، ئۆستەڭلەرنى ئاققۇزۇش بىلەن بەرىكەتلىك قىلغان شام زېمىنىنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىگە ۋارىس قىلدۇق. ئى پەيغەمبەر! ئىسرائىل ئەۋلادى پىرئەۋن تەۋەلىرىنىڭ جەۋر - زۇلۇملىرىغا سەۋر قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى شۇ زېمىنغا ھۆكۈمران قىلىشتىن ئىبارەت رەببىڭنىڭ ئۇلارغا قىلغان گۈزەل ۋەدىسى تولۇق ئىشقا ئاشتى، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ سالغان ئىمارەتلىرىنى ۋە بىنا قىلغان باغۇ - بوستانلىرىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتتۇق.

وَجَٰوَزۡنَا بِبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱلۡبَحۡرَ فَأَتَوۡاْ عَلَىٰ قَوۡمٖ يَعۡكُفُونَ عَلَىٰٓ أَصۡنَامٖ لَّهُمۡۚ قَالُواْ يَٰمُوسَى ٱجۡعَل لَّنَآ إِلَٰهٗا كَمَا لَهُمۡ ءَالِهَةٞۚ قَالَ إِنَّكُمۡ قَوۡمٞ تَجۡهَلُونَ ﴿١٣٨﴾

138 - بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، ئۇلار بۇتقا چوقۇنۇۋاتقان بىر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە: «ئى مۇسا! بىزگىمۇ ئاشۇ قەۋمنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشايدىغان بۇتلارنى ئورنىتىپ بەرگىن، ئۇلار بۇتقا چوقۇنغانغا ئوخشاش بىزمۇ بۇتقا چوقۇنايلى» دېدى. مۇسا ئۇلارغا: «ئى قەۋم! سىلەر ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە ئىبادەتنىڭ پەقەتلا ئاللاھقا قىلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان نادان قەۋم ئىكەنسىلەر» دېدى.

إِنَّ هَٰٓؤُلَآءِ مُتَبَّرٞ مَّا هُمۡ فِيهِ وَبَٰطِلٞ مَّا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿١٣٩﴾

139 - بۇتقا چوقۇنىدىغان ھېلىقى قەۋمگە كەلسەك، ئۇلار ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ھالاكەتكە مەھكۇمدۇر، ئۇلارنىڭ ھېچكىمنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزالمايدىغان بۇتلارغا چوقۇنۇش بىلەن قىلغان ئەمەللىرى پۈتۈنلەي بىكاردۇر.

قَالَ أَغَيۡرَ ٱللَّهِ أَبۡغِيكُمۡ إِلَٰهٗا وَهُوَ فَضَّلَكُمۡ عَلَى ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٤٠﴾

140 - مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «ئاللاھ سىلەرنى يوقتىن ياراتقان، سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرنى چىقىرىش، دۈشمەنلىرىڭلارنى ھالاك قىلىش ۋە نۇرغۇنلىغان مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلىش ئارقىلىق سىلەرنى ئۆز زامانىڭلاردىكى جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلغان تۇرسا، ئىبادەت قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ ئىزدەمدىمەن؟» دېدى.

وَإِذۡ أَنجَيۡنَٰكُم مِّنۡ ءَالِ فِرۡعَوۡنَ يَسُومُونَكُمۡ سُوٓءَ ٱلۡعَذَابِ يُقَتِّلُونَ أَبۡنَآءَكُمۡ وَيَسۡتَحۡيُونَ نِسَآءَكُمۡۚ وَفِي ذَٰلِكُم بَلَآءٞ مِّن رَّبِّكُمۡ عَظِيمٞ ﴿١٤١﴾

141 - ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! بىزنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمىتىمىزنى ئۇنتۇماڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قۇللۇقىدىن قۇتقۇزغان ئىدۇق، ئۇلار

سىلەرگە قاتتىق ئازابنى ۋە خارلىقنى تېتىتقان بولۇپ، ئوغۇللىرىڭلارنى ئۆلتۈرەتتى، خوتۇن - قىزلىرىڭلارنى خارلاپ خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن ئېلىپ قالاتتى. پىرئەۋننىڭ سىلەرنى ئەڭ ۋەھشىي ئازاب - ئوقۇبەتلەر بىلەن قىيىنىشى، ئاندىن ئاللاھنىڭ سىلەرنى ئۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇشى قاتارلىق ئىشلار سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن كەلگەن چوڭ سىناق ۋە كاتتا نېمەت ئىدى.

۞ وَوَٰعَدۡنَا مُوسَىٰ ثَلَٰثِينَ لَيۡلَةٗ وَأَتۡمَمۡنَٰهَا بِعَشۡرٖ فَتَمَّ مِيقَٰتُ رَبِّهِۦٓ أَرۡبَعِينَ لَيۡلَةٗۚ وَقَالَ مُوسَىٰ لِأَخِيهِ هَٰرُونَ ٱخۡلُفۡنِي فِي قَوۡمِي وَأَصۡلِحۡ وَلَا تَتَّبِعۡ سَبِيلَ ٱلۡمُفۡسِدِينَ ١٤٢

142 - ئاللاھ مۇسانىڭ مۇناجات قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئوتتۇز كېچىنى (ئۆتكۈزگەندىن كېيىن سۆزلىشىشنى) ۋەدە قىلغان ئىدى، ئاندىن ئۇنىڭغا يەنە ئون كېچىنى قوشتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ مۇساغا بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىت قىرىق كېچە بولدى. مۇسا ئاللاھقا مۇناجات قىلىش ئۈچۈن مېڭىش ئالدىدا قېرىندىشى ھارۇنغا: «مەن قايتىپ كەلگەنگە قەدەر سەن بۇ قەۋمگە مېنىڭ ئورۇنباسارىم بولۇپ تۇرغىن، ئۇلارنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغىن، سەن ھەرگىز بۇزغۇنچىلارنىڭ يولىدا ماڭمىغىن» دېدى.

وَلَمَّا جَآءَ مُوسَىٰ لِمِيقَٰتِنَا وَكَلَّمَهُۥ رَبُّهُۥ قَالَ رَبِّ أَرِنِيٓ أَنظُرۡ إِلَيۡكَۚ قَالَ لَن تَرَىٰنِي وَلَٰكِنِ ٱنظُرۡ إِلَى ٱلۡجَبَلِ فَإِنِ ٱسۡتَقَرَّ مَكَانَهُۥ فَسَوۡفَ تَرَىٰنِيۚ فَلَمَّا تَجَلَّىٰ رَبُّهُۥ لِلۡجَبَلِ جَعَلَهُۥ دَكّٗا وَخَرَّ مُوسَىٰ صَعِقٗاۚ فَلَمَّآ أَفَاقَ قَالَ سُبۡحَٰنَكَ تُبۡتُ إِلَيۡكَ وَأَنَا۠ أَوَّلُ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ١٤٣

143 - مۇسا بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا تۇر تېغىغا كەلگەن ۋە رەببى ئۇنىڭغا بىۋاسىتە سۆز قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا بەزى ئەمر - پەرمانلارنى چۈشۈرگەن چاغدا، ئۇ ئاللاھنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ، ئاللاھتىن ئۆزىنىڭ جامالىنى كۆرسىتىشىنى تەلەپ قىلىۋىدى، ئاللاھ ئۇنىڭغا: «سەن مېنى بۇ دۇنيادا ھەرگىز كۆرەلمەيسەن، لېكىن، سەن شۇ تاغقا قارىغىن، مەن نۇرۇمنى چۈشۈرگەندە ئەگەر ئۇ تاغ ئۆز ئورنىدا مەھكەم تۇرالىسا، سەن مېنى كۆرەلەيسەن» دېدى. رەببىنىڭ ئۆز نۇرىنى تاغقا غىل - پال چۈشۈرۈشى بىلەن تاغ تۈزلىنىپ يەر بىلەن تەڭ بولۇپ كەتتى، مۇسا بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، رەببىگە ئىلتىجا قىلىپ: «ئى رەببىم! سەن ئۆزۈڭگە لايىق كەلمەيدىغان سۈپەتلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇرسەن، مەن سېنى مۇشۇ دۇنيادا كۆرۈشنى تەلەپ قىلغانلىقىم ئۈچۈن تەۋبە قىلدىم، مەن قەۋمىم ئىچىدىن ساڭا ئىمان ئېيتقانلارنىڭ تۇنجىسىمەن» دېدى.

قَالَ يَٰمُوسَىٰٓ إِنِّي ٱصۡطَفَيۡتُكَ عَلَى ٱلنَّاسِ بِرِسَٰلَٰتِي وَبِكَلَٰمِي فَخُذۡ مَآ ءَاتَيۡتُكَ وَكُن مِّنَ ٱلشَّٰكِرِينَ ١٤٤

144 - ئاللاھ ئېيتتى: «ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن پەيغەمبەرلىككە ۋە مەن بىلەن بىۋاسىتە سۆزلىشىشكە تاللىدىم. مەن ساڭا بەرگەن ئەمر - پەرمانلارنى قوبۇل قىلغىن، ئۇلارنى چىڭ تۇتقىن، ئۇلارغا ئەمەل قىلغىن، ئاللاھنىڭ سېنى پەيغەمبەر قىلغانلىقىغا ۋە سەن بىلەن سۆزلەشكەنلىكىگە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن».

وَكَتَبۡنَا لَهُۥ فِي ٱلۡأَلۡوَاحِ مِن كُلِّ شَيۡءٖ مَّوۡعِظَةٗ وَتَفۡصِيلٗا لِّكُلِّ شَيۡءٖ فَخُذۡهَا بِقُوَّةٖ وَأۡمُرۡ قَوۡمَكَ يَأۡخُذُواْ بِأَحۡسَنِهَاۚ سَأُوْرِيكُمۡ دَارَ ٱلۡفَٰسِقِينَ ١٤٥

145 ـ بىز مۇساغا تەۋراتتا ئۇ ئېھتىياجلىق بولىدىغان دىن ئەھكاملىرىنى، ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى، ھالال ـ ھارام مەسىلىلىرىنى، ئەمىر ـ پەرمانلارنى، قىسسىلەرنى، ئەقىدە مەسىلىلىرىنى ۋە غەيبكە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئىشلارنى تەپسىلىي ۋە تولۇق يازدۇق. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئى مۇسا! تەۋراتنى مەھكەم تۇتقىن، قەۋمىڭنى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇغىن. سېنىڭ قەۋمىڭ ئىچىدىن ياكى باشقا قەۋملەردىن كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، مەن ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە پاسىقلارنىڭ جايىنى كۆرسىتىپ قويىمەن. ئۇ جاي بولسا ئاللاھنىڭ تائىتىدىن چىققانلارغا تەييارلانغان دوزاخ ئوتىدۇر.

سَأَصۡرِفُ عَنۡ ءَايَٰتِيَ ٱلَّذِينَ يَتَكَبَّرُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّ وَإِن يَرَوۡاْ كُلَّ ءَايَةٖ لَّا يُؤۡمِنُواْ بِهَا وَإِن يَرَوۡاْ سَبِيلَ ٱلرُّشۡدِ لَا يَتَّخِذُوهُ سَبِيلٗا وَإِن يَرَوۡاْ سَبِيلَ ٱلۡغَيِّ يَتَّخِذُوهُ سَبِيلٗاۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا وَكَانُواْ عَنۡهَا غَٰفِلِينَ ﴿١٤٦﴾

146 ـ ماڭا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان، ئىنسانلارغا يولسىزلىق قىلغان، ھاكاۋۇرلۇق قىلغان، چوڭچىلىق قىلىپ پەيغەمبەرگە ئەگەشمىگەن ۋە ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىغان مۇتەكەببىرلەرنىڭ دىلىنى مېنىڭ ئايەتلىرىمنى، بارلىقىمغا، بىرلىكىمگە ۋە چەكسىز قۇدرىتىمگە دالالەت قىلىدىغان دەلىل ـ پاكىتلارنى ۋە مەن نازىل قىلغان ھەق دىنىنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى چۈشەنمەيدىغان قىلىۋېتىمەن. ئىماندىن باش تارتقان ئۇ مۇتەكەببىرلەر ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى يامان كۆرگەنلىكتىن، بارلىق مۆجىزىلەرنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئىمان ئېيتمايدۇ، ئۇلار توغرا يولنى كۆرسىمۇ ئۇنىڭدا ماڭمايدۇ، ئەگەر ئۇلار ئازغۇنلۇق يولىنى كۆرسە، ئۇنىڭدا ماڭىدۇ، ئۇنى دىن دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى، ئۇ ئايەتلەر ۋە ئۇ ئايەتلەر دالالەت قىلىدىغان نەرسىلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلمىغانلىقى سەۋەبىدىندۇر.

وَٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا وَلِقَآءِ ٱلۡأٓخِرَةِ حَبِطَتۡ أَعۡمَٰلُهُمۡۚ هَلۡ يُجۡزَوۡنَ إِلَّا مَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿١٤٧﴾

147 ـ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى، ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىل ـ پاكىتلارنى ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ (ئەمەللەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن شەرت قىلىنغان) ئىماندىن ئىبارەت ئاساسلىق شەرتنى يوقىتىپ قويغانلىقىدىندۇر. ئۇلارغا ئاخىرەتتە پەقەتلا مۇشۇ دۇنيادىكى كۇفرىلىق، گۇناھ ـ مەئسىيەت قاتارلىق قىلمىشلىرىغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ جازاسى مەڭگۈلۈك دوزاختۇر.

وَٱتَّخَذَ قَوۡمُ مُوسَىٰ مِنۢ بَعۡدِهِۦ مِنۡ حُلِيِّهِمۡ عِجۡلٗا جَسَدٗا لَّهُۥ خُوَارٌۚ أَلَمۡ يَرَوۡاْ أَنَّهُۥ لَا يُكَلِّمُهُمۡ وَلَا يَهۡدِيهِمۡ سَبِيلًاۘ ٱتَّخَذُوهُ وَكَانُواْ ظَٰلِمِينَ ﴿١٤٨﴾

148 ـ مۇسانىڭ قەۋمى مۇسا ئاللاھقا مۇناجات قىلىش ئۈچۈن تۇر تېغىغا كېتىپ قالغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىدىكى ئالتۇنلارنى يىغىپ، ئۇنىڭدىن خۇددى كالىدەك مۆرەيدىغان بىر مۇزاي ھەيكىلىنى ياساپ چىقىپ، ئۇنى مەبۇد قىلىۋېلىشتى. ئۇلار بۇ موزاينىڭ ئۇلار بىلەن سۆزلىشەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارغا يول كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ ئۇلار بۇ قەبىھ قىلمىشنى سادىر قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلدى.

وَلَمَّا سُقِطَ فِيٓ أَيۡدِيهِمۡ وَرَأَوۡاْ أَنَّهُمۡ قَدۡ ضَلُّواْ قَالُواْ لَئِن لَّمۡ يَرۡحَمۡنَا رَبُّنَا وَيَغۡفِرۡ لَنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ ﴿١٤٩﴾

149 - مۇسا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، موزايىنى مەبۇد قىلىۋالغانلار ئۆز قىلمىشىغا پۇشايمان قىلغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ راستتىنلا ئاللاھنىڭ ھەق دىنىدىن ئېزىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن چاغدا، ئىبادەتنىڭ ئاللاھقىلا قىلىنىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا ۋە ئىستىغپار ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇلار: «ئەگەر رەببىمىز بىزنىڭ تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلىپ بىزگە رەھىم قىلمىسا ۋە گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلمىسا، بىز ئەلۋەتتە، بارلىق ئەمەلى بىكار بولۇپ كېتىپ ھالاك بولغۇچىلار قاتارىدىن بولۇپ قالىمىز» دېدى.

وَلَمَّا رَجَعَ مُوسَىٰٓ إِلَىٰ قَوۡمِهِۦ غَضۡبَٰنَ أَسِفٗا قَالَ بِئۡسَمَا خَلَفۡتُمُونِي مِنۢ بَعۡدِيٓۖ أَعَجِلۡتُمۡ أَمۡرَ رَبِّكُمۡۖ وَأَلۡقَى ٱلۡأَلۡوَاحَ وَأَخَذَ بِرَأۡسِ أَخِيهِ يَجُرُّهُۥٓ إِلَيۡهِۚ قَالَ ٱبۡنَ أُمَّ إِنَّ ٱلۡقَوۡمَ ٱسۡتَضۡعَفُونِي وَكَادُواْ يَقۡتُلُونَنِي فَلَا تُشۡمِتۡ بِيَ ٱلۡأَعۡدَآءَ وَلَا تَجۡعَلۡنِي مَعَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٥٠﴾

150 - مۇسا قاتتىق غەزەپلەنگەن ۋە ئېچىنغان ھالدا قەۋمىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. چۈنكى ئاللاھ ئۇنىڭغا قەۋمىنى سامىرىي دېگەن ئادەمنىڭ ئازدۇرۇپ كەتكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر بەرگەن ئىدى. مۇسا قەۋمىگە: «مېنى يوق دەپ موزايغا چوقۇنۇپ بەكمۇ يامان ئىش قىلىپسىلەر - ھە! سىلەر رەببىڭلارنىڭ ئىشىغا ئالدىراپ كەتتىڭلارمۇ؟ (يەنى مېنىڭ قايتىپ كېلىشىم ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسى بىلەن بولىدىغان تۇرسا، سىلەر بۇنىڭغا ئالدىراپ قالدىڭلارمۇ؟) دېدى - دە، موزايغا چوقۇنغان قەۋمىگە ۋە قېرىندىشى ھارۇنغا غەزەپلىنىپ قولىدىكى تەۋرات تاختىلىرىنى يەرگە تاشلىدى، ئاندىن قېرىندىشى ھارۇننىڭ چېچىدىن تۇتۇپ، ئۇنى ئۆز تەرىپىگە تارتتى. ھارۇن يېلىنىپ تۇرۇپ: «ئى قېرىندىشىم! بۇ قەۋم مېنى بوزەك تاپتى، ئاجىز كۆرۈپ قالدى، ھەتتا مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى. مېنى جازالاپ دۈشمەنلەرنى خۇشال قىلمىغىن، مېنى ساڭا ئاسىيلىق قىلىپ موزايغا چوقۇنغان بۇ زالىم قەۋمنىڭ قاتارىدىن سانىمىغىن» دېدى.

قَالَ رَبِّ ٱغۡفِرۡ لِي وَلِأَخِي وَأَدۡخِلۡنَا فِي رَحۡمَتِكَۖ وَأَنتَ أَرۡحَمُ ٱلرَّٰحِمِينَ ﴿١٥١﴾

151 - ھارۇننىڭ چارىسىز قالغانلىقى ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە سەل قارىمىغانلىقى ئېنىقلانغاندىن كېيىن، مۇسا ئېيتتى: «ئى رەببىم! غەزەپلەنگەنلىكىم ئۈچۈن مېنى ئەپۇ قىلغىن، قېرىندىشىمنىمۇ ئىسرائىل ئەۋلادىنى يامان ئىشتىن توسالمىغانلىقى سەۋەبلىك ئەپۇ قىلغىن، بىزنى سېنىڭ كەڭ رەھمىتىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزگىن. چۈنكى سەن بىزگە ھەرقانداق بىر رەھىم قىلغۇچىدىنمۇ بەك رەھىم قىلغۇچىسەن».

إِنَّ ٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ ٱلۡعِجۡلَ سَيَنَالُهُمۡ غَضَبٞ مِّن رَّبِّهِمۡ وَذِلَّةٞ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۚ وَكَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلۡمُفۡتَرِينَ ﴿١٥٢﴾

152 - شەكسىزكى، موزايىنى مەبۇد قىلىۋالغانلار رەببىنىڭ قاتتىق غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، كاپىرلىقى سەۋەبلىك بۇ دۇنيادا خارلىققا قالىدۇ. ئاللاھنىڭ دىنىدا يالغاننى ئويدۇرىدىغان بىدئەتچىلەرگە بىز ئەنە شۇنداق جازا بېرىمىز. ھەرقانداق بىدئەتچى خار ۋە زەبۇندۇر.

وَٱلَّذِينَ عَمِلُواْ ٱلسَّيِّـَٔاتِ ثُمَّ تَابُواْ مِنۢ بَعۡدِهَا وَءَامَنُوٓاْ إِنَّ رَبَّكَ مِنۢ بَعۡدِهَا لَغَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿١٥٣﴾

153 - كاپىرلىق ۋە گۇناھ - مەئسىيەت قاتارلىق يامان ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ، ئاندىن قايتا ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، گۇناھىغا تەۋبە قىلغان ۋە ئىمانىدا سەمىمىي بولغانلارغا كەلسەك، شەكسىزكى، رەببىڭ ئۇلارنى قىلمىشلىرىغا سەمىمىي تەۋبە قىلغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ۋە ئۇلارغا ئوخشاش تەۋبە قىلغۇچىلارغا رەھىم قىلغۇچىدۇر.

وَلَمَّا سَكَتَ عَن مُّوسَى ٱلْغَضَبُ أَخَذَ ٱلْأَلْوَاحَ ۖ وَفِى نُسْخَتِهَا هُدًى وَرَحْمَةٌ لِّلَّذِينَ هُمْ لِرَبِّهِمْ
يَرْهَبُونَ ﴿١٥٤﴾

154 - مۇسانىڭ ئاچچىقى بېسىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزى يەرگە ئاتقان تەۋرات تاختىلىرىنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭدا ھەقىقەتنىڭ بايانى ۋە رەببىدىن قورققۇچىلار ئۈچۈن رەھمەت بار ئىدى.

وَٱخْتَارَ مُوسَىٰ قَوْمَهُۥ سَبْعِينَ رَجُلًا لِّمِيقَـٰتِنَا ۖ فَلَمَّآ أَخَذَتْهُمُ ٱلرَّجْفَةُ قَالَ رَبِّ لَوْ شِئْتَ
أَهْلَكْتَهُم مِّن قَبْلُ وَإِيَّـٰىَ ۖ أَتُهْلِكُنَا بِمَا فَعَلَ ٱلسُّفَهَآءُ مِنَّآ ۖ إِنْ هِىَ إِلَّا فِتْنَتُكَ تُضِلُّ بِهَا مَن
تَشَآءُ وَتَهْدِى مَن تَشَآءُ ۖ أَنتَ وَلِيُّنَا فَٱغْفِرْ لَنَا وَٱرْحَمْنَا ۖ وَأَنتَ خَيْرُ ٱلْغَـٰفِرِينَ ﴿١٥٥﴾

155 - مۇسا ئۆز قەۋمى ئىچىدىكى ياخشى كىشىلەردىن يەتمىش كىشىنى تاللاپ چىقىپ، ئۇلارنى ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتا تۇر تېغىغا ئېلىپ چىقتى، چۈنكى ئاللاھ ئۇلارنى ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىكى موزايغا چوقۇنغانلارنىڭ گۇناھىنى تىلىشى ئۈچۈن قوبۇل قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە بەرگەن ئىدى. ئۇلار تۇر تېغىغا كەلگەن چاغدا مۇساغا: «ئى مۇسا! بىز ئاللاھنى كۆرمىگۈچە ساڭا قەتئىي ئىشەنمەيمىز، سەن ھەقىقەتەن ئاللاھ بىلەن سۆزلەشتىڭ، قېنى ئۇنى بىزگە كۆرسەتكىن» دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا قاتتىق زىلزىلە يۈزلىنىشى بىلەنلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلدى. مۇسا ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ ئېيتتى: «ئى رەببىم! ئەمدى مەن ئىسرائىل ئەۋلادىغا نېمە دەيمەن، ئۇلارنىڭ تاللانغان ئادەملىرىنى ھالاك قىلىۋەتتىڭ. ئەگەر خالىساڭ ئۇلارنى ۋە مېنى بۇ ئىشتىن بۇرۇنلا ھالاك قىلىۋەتكەن بولاتتىڭ. چۈنكى، ئاشۇ ماڭا (بۇنىڭدىن) يېنىكرەك ئىدى. ئى رەببىم! ئارىمىزدىكى ئەخمەقلەرنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟ بۇ قەۋمىمنىڭ موزايدىن ياسالغان ھەيكەلگە چوقۇنغانلىقى سەندىن كەلگەن سىناقتۇر، سەن ئۇنىڭ بىلەن خالىغان بەندەڭنى ئازدۇرىسەن، خالىغان بەندەڭنى ھىدايەت قىلىسەن. سەن بىزنىڭ ئىگىمىز ۋە مەدەتكارىمىزسەن، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن. سەن گۇناھكارلارنى ئەپۇ قىلغۇچىلارنىڭ ۋە خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەيىبىنى يۆگىگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن.

۞ وَٱكْتُبْ لَنَا فِى هَـٰذِهِ ٱلدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِى ٱلْـَٔاخِرَةِ إِنَّا هُدْنَآ إِلَيْكَ ۚ قَالَ عَذَابِىٓ أُصِيبُ بِهِۦ مَنْ
أَشَآءُ ۖ وَرَحْمَتِى وَسِعَتْ كُلَّ شَىْءٍ ۚ فَسَأَكْتُبُهَا لِلَّذِينَ يَتَّقُونَ وَيُؤْتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَٱلَّذِينَ هُم بِـَٔايَـٰتِنَا
يُؤْمِنُونَ ﴿١٥٦﴾

156 - بىزنى بۇ دۇنيادا ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قىلغىن. شەكسىزكى، بىز گۇناھلىرىمىزغا تەۋبە قىلىپ ساڭا قايتتۇق». ئاللاھ مۇساغا ئېيتتى: «مەن ئازابىم بىلەن قەۋمىڭ ئىچىدىكى ئاشۇ كىشىلەرنى ئازابلىغاندەك، باشقا بەندىلىرىم ئىچىدىنمۇ خالىغان كىشىنى ئازابلايمەن، مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتىمنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر. رەھمىتىمنى مەندىن قورقىدىغان، مېنىڭ ئازابىمدىن ھەزەر ئەيلەيدىغان، بۇيرۇغان پەرزلىرىمنى ئادا قىلىدىغان، گۇناھ - مەئسىيەتتىن يىراق تۇرىدىغان، مېنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىمگە دالالەت قىلىدىغان دەلىل - پاكىتلارغا ئىشىنىدىغان كىشىلەرگە تېگىشلىك قىلىمەن».

ٱلَّذِينَ يَتَّبِعُونَ ٱلرَّسُولَ ٱلنَّبِىَّ ٱلْأُمِّىَّ ٱلَّذِى يَجِدُونَهُۥ مَكْتُوبًا عِندَهُمْ فِى ٱلتَّوْرَىٰةِ وَٱلْإِنجِيلِ يَأْمُرُهُم

بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَيَنۡهَىٰهُمۡ عَنِ ٱلۡمُنكَرِ وَيُحِلُّ لَهُمُ ٱلطَّيِّبَٰتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيۡهِمُ ٱلۡخَبَٰٓئِثَ وَيَضَعُ عَنۡهُمۡ
إِصۡرَهُمۡ وَٱلۡأَغۡلَٰلَ ٱلَّتِي كَانَتۡ عَلَيۡهِمۡۚ فَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِهِۦ وَعَزَّرُوهُ وَنَصَرُوهُ وَٱتَّبَعُواْ ٱلنُّورَ ٱلَّذِيٓ
أُنزِلَ مَعَهُۥٓ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ﴿١٥٧﴾

157 - رەھمىتىمنى يەنە ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەنمىگەن ئەلچى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشىدىغان كىشىلەرگە خاس قىلىمەن. ئۇلار ئۆزلىرىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتىنىڭ مۇنداق يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ: «ئۇ پەيغەمبەر ئۇلارنى ئاللاھنىڭ يەككە - يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشقا، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا ۋە دىندا ياخشى دەپ قارالغان ھەرقانداق ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، ئۇلارنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن، ئاسىيلىق قىلىشتىن ۋە دىندا يامان دەپ قارالغان ھەرقانداق ئىشلاردىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى يېيىش - ئىچىشنى ۋە ئۆيلىنىشنى ھالال قىلىدۇ، چوشقا گۆشىگە ئوخشاش ناپاك نەرسىلەرنى يېيىشنى ۋە ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىشنى ھارام قىلىدۇ، پاسكىنا بولۇپ قالغان يەرنى كېسىپ تاشلاش، غەنىيمەتلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىش، سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىنىمۇ ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئىلگىرى ئۇلارغا بۇيرۇلغان ئېغىر دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. بۇ پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتقان، ئۇنى ھۆرمەتلىگەن، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان قۇرئانغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە كەلسەك، ئەنە شۇلار ئاللاھ مۇئمىن بەندىلىرىگە ۋەدە قىلغان مۇكاپاتلارغا ئېرىشكۈچىلەردۇر».

قُلۡ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنِّي رَسُولُ ٱللَّهِ إِلَيۡكُمۡ جَمِيعًا ٱلَّذِي لَهُۥ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ يُحۡيِۦ
وَيُمِيتُۖ فَـَٔامِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِ ٱلنَّبِيِّ ٱلۡأُمِّيِّ ٱلَّذِي يُؤۡمِنُ بِٱللَّهِ وَكَلِمَٰتِهِۦ وَٱتَّبِعُوهُ لَعَلَّكُمۡ تَهۡتَدُونَ ﴿١٥٨﴾

158 - ئى پەيغەمبەر! ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىگە ئېيتقىنكى، «مەن ھەقىقەتەن ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ ھەممىڭلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىسىمەن. مەن بىرەر مىللەتكە ياكى بىرەر قەبىلىگە خاس ئەمەس (بەلكى بارلىق ئىنسانىيەتكە كەلگەن پەيغەمبەرمەن). تائەت - ئىبادەتنى ئاللاھتىن باشقىسىغا قىلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق زات يوقتۇر، ئاللاھ مەخلۇقاتنى يوقتىن بار قىلىشقا، ئۇلارنى يوق قىلىشقا ۋە قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىردۇر. شۇڭا سىلەر ئاللاھقا، ئۇنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ئاللاھقا، ئاللاھتىن ئۆزىگە ۋە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرىدىغان، ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، توغرا يولدا مېڭىشقا مۇۋەپپەق بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداڭلار».

وَمِن قَوۡمِ مُوسَىٰٓ أُمَّةٞ يَهۡدُونَ بِٱلۡحَقِّ وَبِهِۦ يَعۡدِلُونَ ﴿١٥٩﴾

159 - مۇسانىڭ قەۋمى ئىچىدە ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرىدىغان، كىشىلەرنى ھەق يولغا باشلايدىغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەق بىلەن ئادىل ھۆكۈم قىلىدىغان بىر جامائە بار.

وَقَطَّعۡنَٰهُمُ ٱثۡنَتَيۡ عَشۡرَةَ أَسۡبَاطًا أُمَمٗاۚ وَأَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰ مُوسَىٰٓ إِذِ ٱسۡتَسۡقَىٰهُ قَوۡمُهُۥٓ أَنِ ٱضۡرِب بِّعَصَاكَ
ٱلۡحَجَرَۖ فَٱنۢبَجَسَتۡ مِنۡهُ ٱثۡنَتَا عَشۡرَةَ عَيۡنٗاۖ قَدۡ عَلِمَ كُلُّ أُنَاسٖ مَّشۡرَبَهُمۡۚ وَظَلَّلۡنَا عَلَيۡهِمُ ٱلۡغَمَٰمَ
وَأَنزَلۡنَا عَلَيۡهِمُ ٱلۡمَنَّ وَٱلسَّلۡوَىٰۖ كُلُواْ مِن طَيِّبَٰتِ مَا رَزَقۡنَٰكُمۡۚ وَمَا ظَلَمُونَا وَلَٰكِن كَانُوٓاْ

أَنفُسَهُمۡ يَظۡلِمُونَ ﴿١٦٠﴾

160 - بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئۇلارنىڭ ئېچىدىكى ئايماقلارنىڭ سانى بويىچە ئون ئىككى قەبىلىگە بۆلۈۋەتتۇق. ھەربىر ئايماق يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىدىن بارلىققا كەلگەن ئىدى. ھەربىر قەبىلە ئاشۇ قەبىلىنىڭ باشلىقىنىڭ نامى بىلەن تونۇلاتتى. مۇسانىڭ قەۋمى باياۋاندا تەشنالىقتىن ئۇنىڭدىن سۇ تەلەپ قىلغاندا، بىز مۇساغا: «ھاساڭ بىلەن تاشنى ئۇرغىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق. مۇسا ھاسىسى بىلەن تاشنى ئۇرۇۋىدى، ئۇنىڭدىن ئون ئىككى بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى، ئون ئىككى قەبىلىنىڭ ھەربىرى ئۆزىنىڭ سۇ ئىچىدىغان ئورنىنى بىلدى، بىرى يەنە بىرىنىڭ ئورنىغا بېرىۋالمايدىغان بولدى. ئۇلارغا بۇلۇتنى سايىۋەن قىلىپ بەردۇق، ئۇلارغا تەرەنجىۋىل ھالۋىسى بىلەن بۆدۈنە كاۋىپىنى چۈشۈرۈپ بەردۇق. ئۇلارغا: «بىز ئاتا قىلغان پاك نەرسىلەردىن يەڭلار» دېدۇق. ئۇلار بىر خىل نەرسىنى يەۋېرىپ ئۇنىڭدىن زېرىكىپ قالدى، ئۇنى يەيۋېرىشكە تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە بۇ ياخشى نەرسىلەرنى ناچار نەرسىلەرگە ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار بۇنداق تۇزكورلۇق قىلىش بىلەن بىزگە زىيان يەتكۈزەلمىدى، لېكىن ئۆزىگە زىيان سالدى. چۈنكى كۆپلىگەن ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قالدى ۋە ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ جازاسىغا تېگىشلىك قىلدى.

وَإِذۡ قِيلَ لَهُمُ ٱسۡكُنُواْ هَٰذِهِ ٱلۡقَرۡيَةَ وَكُلُواْ مِنۡهَا حَيۡثُ شِئۡتُمۡ وَقُولُواْ حِطَّةٞ وَٱدۡخُلُواْ ٱلۡبَابَ سُجَّدٗا نَّغۡفِرۡ لَكُمۡ خَطِيٓـَٰٔتِكُمۡۚ سَنَزِيدُ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿١٦١﴾

161 - ئى پەيغەمبەر! ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئاسىيلىقىنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان، مۇساغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان ۋە ئۇلارغا: «سىلەر بۇ بەيتۇلمۇقەددەس شەھرىدە تۇرۇڭلار، ئۇ يەرنىڭ مېۋىلىرىدىن، ئاشلىقلىرىدىن خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەڭلار، ‹ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن› دەڭلار، شەھەر دەرۋازىسىدىن ئاللاھقا ئېگىلگەن ھالدا كىرىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، بىز سىلەرنىڭ بارلىق گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىمىز، تائەت - ئىبادەتنى مۇكەممەل قىلغۇچىلارغا ئىككى ئالەمدە مۇكاپاتنى ئاشۇرۇپ بېرىمىز» دېيىلگەندە، ئۇلار ئۆزلىرىگە دېيىلگەن سۆزلەرنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىدى.

فَبَدَّلَ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ مِنۡهُمۡ قَوۡلًا غَيۡرَ ٱلَّذِي قِيلَ لَهُمۡ فَأَرۡسَلۡنَا عَلَيۡهِمۡ رِجۡزٗا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ بِمَا كَانُواْ يَظۡلِمُونَ ﴿١٦٢﴾

162 - ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىرلار ئاللاھ ئېيتقان ئەمر - پەرمانلارنى باشقا سۆزلەرگە ئۆزگەرتىۋەتتى، شەھەر دەرۋازىسىدىن ساغرىسىنى يەرگە سۈركەپ كەينىچىلەپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ئاسىيلىقى ۋە ھەقسىزلىقى سەۋەبلىك، ئاسماندىن ئازاب ئەۋەتىپ ھالاك قىلىۋەتتۇق.

وَسۡـَٔلۡهُمۡ عَنِ ٱلۡقَرۡيَةِ ٱلَّتِي كَانَتۡ حَاضِرَةَ ٱلۡبَحۡرِ إِذۡ يَعۡدُونَ فِي ٱلسَّبۡتِ إِذۡ تَأۡتِيهِمۡ حِيتَانُهُمۡ يَوۡمَ سَبۡتِهِمۡ شُرَّعٗا وَيَوۡمَ لَا يَسۡبِتُونَ لَا تَأۡتِيهِمۡۚ كَذَٰلِكَ نَبۡلُوهُم بِمَا كَانُواْ يَفۡسُقُونَ ﴿١٦٣﴾

163 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ يەھۇدىيلاردىن دېڭىز بويىدىكى شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق سوراپ باققىن. بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى ھەر شەنبە كۈنلۈكتە بېلىق تۇتۇش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ چەكلىمىسىدىن چەتنەپ ھەددىدىن ئاشاتتى. چۈنكى ئاللاھ ئۇلارنى شەنبە كۈنىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاشقا بۇيرۇغان ۋە شەنبە كۈنلۈكتە بېلىق تۇتۇشتىن

مەنئىي قىلغان. ئاللاھ ئۇلارنى شۇنداق سىنىغانكى، شەنبە كۈنلىرىدە بېلىقلار قىرغاققا يېقىن جايلاردا لەيلەپ يۈرەتتى، شەنبىدىن باشقا كۈنلەردە بۇ بېلىقلار دېڭىزنىڭ چوڭقۇر جايلىرىغا كېتىپ قالاتتى ۋە ئۇلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيتتى. شۇڭا ئۇلار ھىيلە ئىشلىتىپ، بېلىقلارنى شەنبە كۈنلىرىدە كۆلچەكلەرگە باشلاپ سولاپ قوياتتى، ئاندىن باشقا كۈنلەردە ئۇلارنى تۇتاتتى. بىز ئۇلارنى شەنبە كۈنلىرىدە بېلىق تۇتماسلىققا بۇيرۇش بىلەن سىنىغاندەك، ئۇلارنى يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئاسىيلىقى تۈپەيلىدىن ھەر خىل سىناقلار بىلەن سىنايمىز.

وَإِذۡ قَالَتۡ أُمَّةٞ مِّنۡهُمۡ لِمَ تَعِظُونَ قَوۡمًا ٱللَّهُ مُهۡلِكُهُمۡ أَوۡ مُعَذِّبُهُمۡ عَذَابٗا شَدِيدٗاۖ قَالُواْ مَعۡذِرَةً إِلَىٰ رَبِّكُمۡ وَلَعَلَّهُمۡ يَتَّقُونَ ﴿١٦٤﴾

164 - ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدىكى بىر جامائە كىشىلەر شەنبە كۈنلىرىدە ھەددىدىن ئاشقان ۋە ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلارغا ۋەز - نەسىھەت قىلىۋاتقان يەنە بىر جامائە كىشىلەرگە: «قىلمىشلىرى سەۋەبلىك ئاللاھ بۇ دۇنيادا ھالاك قىلىدىغان ياكى ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابلايدىغان قەۋمگە نېمە ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەت قىلىسىلەر؟» دېگەن. ۋەز - نەسىھەت قىلغۇچىلار بولسا: «كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشتىن ئىبارەت ئاللاھ بىزگە پەرز قىلغان مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلدۇق دەپ ئاللاھ ئالدىدا ئۆزرە ئېيتىشىمىز ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەت قىلىمىز، بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن قورقۇشىنى، ئۇنىڭ ئازابىدىن ھەزەر ئەيلىشىنى، ئاللاھنىڭ چەكلىمىلىرىدىن چەتنەپ كەتكەن گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېگەن ئىدى.

فَلَمَّا نَسُواْ مَا ذُكِّرُواْ بِهِۦٓ أَنجَيۡنَا ٱلَّذِينَ يَنۡهَوۡنَ عَنِ ٱلسُّوٓءِ وَأَخَذۡنَا ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ بِعَذَابِۭ بَـِٔيسِۭ بِمَا كَانُواْ يَفۡسُقُونَ ﴿١٦٥﴾

165 - ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى شەنبە كۈنلىرىدە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلىپ بېلىق تۇتقان جامائە ئۆزىگە قىلىنغان ۋەز - نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىغان، گۇناھ - مەئسىيەتتە تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقان، ۋەز - نەسىھەت قىلغۇچىلارنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمىغان چاغدا، ئاللاھ ۋەز - نەسىھەت قىلغۇچىلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىپ، شەنبە كۈنلىرىدە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلىپ بېلىق تۇتقان جامائەنى قىلمىشلىرى سەۋەبلىك شىددەتلىك ئازاب بىلەن جازالىدى.

فَلَمَّا عَتَوۡاْ عَن مَّا نُهُواْ عَنۡهُ قُلۡنَا لَهُمۡ كُونُواْ قِرَدَةً خَٰسِـِٔينَ ﴿١٦٦﴾

166 - ئۇلار ئاللاھنىڭ شەنبە كۈنلىرىدە بېلىق تۇتماڭلار دېگەن ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ ھەددىدىن ئاشقانلىقى ۋە ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارغا: «ھەرقانداق ياخشىلىقتىن يىراق، خار مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار» دېدى ۋە ئۇلار شۇنداق بولۇپ كەتتى.

وَإِذۡ تَأَذَّنَ رَبُّكَ لَيَبۡعَثَنَّ عَلَيۡهِمۡ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ مَن يَسُومُهُمۡ سُوٓءَ ٱلۡعَذَابِۗ إِنَّ رَبَّكَ لَسَرِيعُ ٱلۡعِقَابِ وَإِنَّهُۥ لَغَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿١٦٧﴾

167 - ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ يەھۇدىيلارغا تا قىيامەتكە قەدەر ئۇلارنى قاتتىق ئازابلايدىغان ۋە خارلايدىغان كىشىلەرنى چوقۇم ئەۋەتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇچۇق ئېلان قىلدى. شەكسىزكى، رەببىڭ كاپىرلىقى ۋە گۇناھكارلىقى سەۋەبلىك

ئازابقا تېگىشلىك بولغانلارنى ناھايىتى تېز جازالىغۇچىدۇر، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغان بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا تولىمۇ مېھرىباندۇر.

وَقَطَّعْنَٰهُمْ فِى ٱلْأَرْضِ أُمَمًا ۖ مِّنْهُمُ ٱلصَّٰلِحُونَ وَمِنْهُمْ دُونَ ذَٰلِكَ ۖ وَبَلَوْنَٰهُم بِٱلْحَسَنَٰتِ وَٱلسَّيِّـَٔاتِ
لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ ﴿١٦٨﴾

168 - بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى يەر يۈزىدە تۈرلۈك پىرقىلەرگە بۆلۈۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئورۇنداپ، كىشىلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى قوغدايدىغان ياخشىلىرىمۇ بار، گۇناھ - مەئسىيەت سادىر قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلىدىغانلىرىمۇ بار، ئۇلارنى يامان ئىشلىرىنى تاشلاپ، رەببىگە تەۋبە قىلسۇن دەپ، رىزقىنى كەڭ قىلىپ باياشاتچىلىق بىلەن سىنىدۇق، ئۇلارنى يەنە رىزقىنى تار قىلىپ، زىيان - زەخمەتلەرگە دۇچار قىلىپ قاتتىقچىلىق بىلەنمۇ سىنىدۇق.

فَخَلَفَ مِنۢ بَعْدِهِمْ خَلْفٌ وَرِثُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ يَأْخُذُونَ عَرَضَ هَٰذَا ٱلْأَدْنَىٰ وَيَقُولُونَ سَيُغْفَرُ لَنَا
وَإِن يَأْتِهِمْ عَرَضٌ مِّثْلُهُۥ يَأْخُذُوهُ ۚ أَلَمْ يُؤْخَذْ عَلَيْهِم مِّيثَٰقُ ٱلْكِتَٰبِ أَن لَّا يَقُولُوا۟ عَلَى ٱللَّهِ إِلَّا
ٱلْحَقَّ وَدَرَسُوا۟ مَا فِيهِ ۗ وَٱلدَّارُ ٱلْءَاخِرَةُ خَيْرٌ لِّلَّذِينَ يَتَّقُونَ ۗ أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴿١٦٩﴾

169 - يۇقىرىدا سۈپەتى بايان قىلىنغانلاردىن كېيىن، ئۇلارنىڭ نەسلىدىن شۇنداق ناچار ئەۋلادلار بارلىققا كەلدىكى، ئۇلار تەۋراتقا ۋارىسلىق قىلدى، تەۋراتنى ئوقۇپ ئۆگەندى، ئەمما ئۇنىڭ ئەھكاملىرىغا خىلاپلىق قىلدى. ئۇلار مال - دۇنياغا بولغان قاتتىق ھېرىسلىقىدىن، بۇ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس نەرسىلىرىگە بېرىلىپ پارا ئېلىشقا ئوخشاش ئەڭ رەزىل قىلمىشلارنى سادىر قىلىدۇ. ئۇلار شۇنداق قىلمىشلارنى سادىر قىلىپ تۇرۇقلۇق، قۇرۇق ئارزۇ - ھەۋەسلەرگە بېرىلىپ: «ئاللاھ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىدۇ» دەپ جۆيلۈيدۇ. ئۇلار ھارام يېيىشتىن قورقمايدۇ، ھارام پۇل - مال ئۇلارنىڭ قولىغا كەلسىلا، ھېچبىر ئىككىلەنمەي ئالىدۇ ۋە ھارامنى ھالال ساناپ يەيدۇ، ئۇلار گۇناھتىن قول ئۈزمەيدۇ. ئاشۇ يەھۇدىيلاردىن تەۋراتقا ئەمەل قىلىش، ئاللاھ توغرۇلۇق پەقەت ھەقىقەتنىلا ئېيتىش، يالغان ئېيتماسلىق ھەققىدە چىڭ ۋەدە ئېلىنغان ئەمەسمىدى؟ ھالبۇكى، ئۇلار تەۋراتنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگەندى، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىدى، بۇ ھەقتە ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلدى. شەكسىزكى، ئاللاھتىن قورقۇپ، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇندىغان، توسقانلىرىدىن يانغان كىشىلەر ئۈچۈن ئاخىرەت يۇرتى ئەڭ ياخشىدۇر، ھارام يېيىشتىن قورقمايدىغان ئاشۇ يەھۇدىيلار تەقۋادارلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تەييارلانغان مۇكاپاتلارنىڭ نەقەدەر ياخشى ۋە مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەمدۇ؟ (ئۇلار ئەقلىنى ئىشلەتمەمدۇ؟).

وَٱلَّذِينَ يُمَسِّكُونَ بِٱلْكِتَٰبِ وَأَقَامُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ إِنَّا لَا نُضِيعُ أَجْرَ ٱلْمُصْلِحِينَ ﴿١٧٠﴾

170 - كىتابقا چىڭ ئېسىلىدىغان، ئۇنىڭدىكى ئەقىدە، ئەھكام مەسىلىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئەمەل قىلىدىغان، نامازنى ئۆز ۋاقتىدا مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان كىشىلەرگە كەلسەك، شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ شۇ ياخشى ئىش ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى تولۇق بېرىدۇ، ئۇنى ھەرگىز بىكار قىلىۋەتمەيدۇ.

۞ وَإِذْ نَتَقْنَا ٱلْجَبَلَ فَوْقَهُمْ كَأَنَّهُۥ ظُلَّةٌ وَظَنُّوٓا۟ أَنَّهُۥ وَاقِعٌۢ بِهِمْ خُذُوا۟ مَآ ءَاتَيْنَٰكُم بِقُوَّةٍ وَٱذْكُرُوا۟
مَا فِيهِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ ﴿١٧١﴾

171 - ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا بىز تۇر تېغىنى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئۈستىگە سايىۋەندەك تىكلىگەن ئىدۇق. ئۇلار ناۋادا بىز تەۋراتنىڭ ئەھكاملىرىنى قوبۇل قىلمىساق، تاغ ئۈستىمىزگە چۈشۈپ كېتىدىغان بولدى دەپ ئويلىدى. ئاندىن ئۇلارغا ئېيتتۇقكى، «رەببىڭلاردىن قورقۇشۇڭلار ۋە ئۇنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىپ قېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئۆزۈڭلارغا بېرىلگەن ساماۋى كىتاب - تەۋراتقا مەھكەم ئېسىلىڭلار، ئۇنىڭ ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىڭلار، ئۇنىڭدىكى ئەھدە - مىساقلارنى ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار».

وَإِذۡ أَخَذَ رَبُّكَ مِنۢ بَنِيٓ ءَادَمَ مِن ظُهُورِهِمۡ ذُرِّيَّتَهُمۡ وَأَشۡهَدَهُمۡ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمۡ أَلَسۡتُ بِرَبِّكُمۡۖ قَالُواْ بَلَىٰ شَهِدۡنَآۚ أَن تَقُولُواْ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ إِنَّا كُنَّا عَنۡ هَٰذَا غَٰفِلِينَ ﴿١٧٢﴾ أَوۡ تَقُولُوٓاْ إِنَّمَآ أَشۡرَكَ ءَابَآؤُنَا مِن قَبۡلُ وَكُنَّا ذُرِّيَّةٗ مِّنۢ بَعۡدِهِمۡۖ أَفَتُهۡلِكُنَا بِمَا فَعَلَ ٱلۡمُبۡطِلُونَ ﴿١٧٣﴾

172 - 173 - ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ ئادەم باللىرىنى ئاتىلىرىنىڭ پۇشتىدىن چىقىرىپ، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە، ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئىگىسى ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت يارىتىلىشتىن بېرى تەبىئىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلدۇرۇپ: («مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېدى. ئۇلار: «ھەئە، رەببىمىزسەن، بىز بۇنىڭغا گۇۋاھ بولدۇق» دېدى). ئۇلارنى بۇنداق ئېتىراپ قىلدۇرۇش قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ: «بىز بۇنى بىلمىگەنتۇق، بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز» دېمەسلىكى ياكى «ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن ۋە ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىنى بۇزغان ئىكەن، بىزمۇ ئۇلارغا ئەگەشكەن ئىدۇق، بىزنىڭ پەقەتلا ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالغان يېرىمىز بار، ئازغۇنلارنىڭ ئىبادەتتە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك قىلمىشى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟» دېمەسلىكى ئۈچۈندۇر.

وَكَذَٰلِكَ نُفَصِّلُ ٱلۡأٓيَٰتِ وَلَعَلَّهُمۡ يَرۡجِعُونَ ﴿١٧٤﴾

174 - ئايەتلىرىمىزنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرگەندەك، ئۇلارنى كۇفرىدىن ۋە شېرىكتىن ۋاز كېچىپ ئىمانغا قايتسۇن دەپ، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى قىلمىشلىرى سەۋەبلىك قانداق جازالىغانلىقىمىز توغرىسىدىكى ۋەقەلەرنىمۇ شۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

وَٱتۡلُ عَلَيۡهِمۡ نَبَأَ ٱلَّذِيٓ ءَاتَيۡنَٰهُ ءَايَٰتِنَا فَٱنسَلَخَ مِنۡهَا فَأَتۡبَعَهُ ٱلشَّيۡطَٰنُ فَكَانَ مِنَ ٱلۡغَاوِينَ ﴿١٧٥﴾

175 - ئى پەيغەمبەر! ئۈممىتىڭگە ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان شۇنداق بىر ئادەمنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىنكى، بىز ئۇ ئادەمگە ساماۋى كىتابنىڭ ئىلىملىرىنى ئاتا قىلغان ئىدۇق، ئۇ دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىپ بولۇپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى، بىلگەنلىرىنى تاشلىۋەتتى، شەيتان ئۇنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازغۇنلاردىن بولۇپ كەتتى.

وَلَوۡ شِئۡنَا لَرَفَعۡنَٰهُ بِهَا وَلَٰكِنَّهُۥٓ أَخۡلَدَ إِلَى ٱلۡأَرۡضِ وَٱتَّبَعَ هَوَىٰهُۚ فَمَثَلُهُۥ كَمَثَلِ ٱلۡكَلۡبِ إِن تَحۡمِلۡ عَلَيۡهِ يَلۡهَثۡ أَوۡ تَتۡرُكۡهُ يَلۡهَثۚ ذَّٰلِكَ مَثَلُ ٱلۡقَوۡمِ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَاۚ فَٱقۡصُصِ ٱلۡقَصَصَ لَعَلَّهُمۡ يَتَفَكَّرُونَ ﴿١٧٦﴾

176 - ئەگەر خالىساق، بىز ئاتا قىلغان بۇ دىنىي ئىلىم بىلەن ئۇنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرەتتۇق، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلاتتۇق، لېكىن ئۇ دۇنياغا بېرىلىپ كەتتى، نەپسى خاھىشىغا بويسۇندى، دۇنيالىق لەززىتىنى ۋە راھىتىنى ئاخىرەتلىكىنىڭ

ئالدىغا قويۇۋالدى، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلدى. ئۇ ئادەمنىڭ قىلىقى ئىتقا ئوخشايدۇكى، ئىتنى قوغلىۋەتسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھاسىرايدۇ، قوغلىۋەتمىسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھاسىرايدۇ، خۇددى شۇنىڭدەك، مۇنداق ئادەمگە دەۋەت قىلساڭمۇ ياكى دەۋەتتىن ۋاز كەچسەڭمۇ بەربىر ئۆزىنىڭ كاپىرلىقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئى پەيغەمبەر! بۇ بىزنىڭ دىنىمىز يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئازغۇنلۇق پاتقاقلىرىغا پېتىپ كەتكەن ئازغۇن قەۋمنىڭ مىسالىدۇر. ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭنىڭ تەپەككۇر قىلىشى، ئاندىن ئىمان ئېيتىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ قىسسىلىرىنى سۆزلەپ بەرگىن.

سَآءَ مَثَلًا ٱلْقَوْمُ ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا وَأَنفُسَهُمْ كَانُوا۟ يَظْلِمُونَ ﴿١٧٧﴾

177 - ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىپ، دەلىل - پاكىتلىرىنى يالغانغا چىقىرىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان قەۋمنىڭ مىسالى نېمىدېگەن يامان!

مَن يَهْدِ ٱللَّهُ فَهُوَ ٱلْمُهْتَدِى ۖ وَمَن يُضْلِلْ فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْخَٰسِرُونَ ﴿١٧٨﴾

178 - ئاللاھ كىمنى ئىمانغا ۋە تائەت - ئىبادەتكە مۇۋەپپەق قىلسا، ھىدايەت تاپقۇچى ئەنە شۇدۇر، ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلمىسا ۋە ئازغۇنلۇقتا قالدۇرسا، ھەقىقىي زىيان تارتقۇچىلار ئەنە شۇلاردۇر.

وَلَقَدْ ذَرَأْنَا لِجَهَنَّمَ كَثِيرًا مِّنَ ٱلْجِنِّ وَٱلْإِنسِ ۖ لَهُمْ قُلُوبٌ لَّا يَفْقَهُونَ بِهَا وَلَهُمْ أَعْيُنٌ لَّا يُبْصِرُونَ بِهَا وَلَهُمْ ءَاذَانٌ لَّا يَسْمَعُونَ بِهَآ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ كَٱلْأَنْعَٰمِ بَلْ هُمْ أَضَلُّ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْغَٰفِلُونَ ﴿١٧٩﴾

179 - شەك - شۈبھىسىزكى، بىز جىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دوزاخ ئۈچۈن ياراتتۇق، ئۇلارنىڭ دىللىرى بار بولغىنى بىلەن ئەقلىنى ئىشلىتىپ، ھەقىقەتنى چۈشەنمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار ساۋابنى كۆزلىمەيدۇ، ئازابتىن قورقمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بار بولغىنى بىلەن ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلىرىنى كۆرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى بار بولغىنى بىلەن ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ۋە ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالمايدۇ. ئۇلار چۈشەنمەسلىكتە، بىلمەسلىكتە، ئۆزىگە پايدىلىق نەرسىنى كۆرمەسلىكتە گويا ھايۋانلارغا ئوخشايدۇ، بەلكى ئۇلار ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ئازغۇندۇر. چۈنكى ھايۋانلار ئۆزىگە پايدىلىق نەرسىلەرنى كۆرىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ باققۇچىسىغا بويسۇنىدۇ. ھالبۇكى، دوزاخ ئۈچۈن يارىتىلغان بۇ كىشىلەر ھايۋانچىلىكمۇ بولالمايدۇ. ئەنە شۇلار ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتىن غەپلەتتە قالغانلاردۇر.

وَلِلَّهِ ٱلْأَسْمَآءُ ٱلْحُسْنَىٰ فَٱدْعُوهُ بِهَا ۖ وَذَرُوا۟ ٱلَّذِينَ يُلْحِدُونَ فِىٓ أَسْمَٰٓئِهِۦ ۚ سَيُجْزَوْنَ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١٨٠﴾

180 - ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ۋە كامالىي قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان گۈزەل ئىسىملىرى بار. ئاللاھنىڭ ھەممە ئىسىملىرى گۈزەلدۇر. سىلەر تىلەكلىرىڭلارنى ئاللاھنىڭ شۇ گۈزەل ئىسىملىرىنى ئاتاش بىلەن تىلەڭلار، ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنىڭ مەنىسىنى ئۆزگەرتىدىغان ياكى مۇشرىكلار بۇتلىرىنى ئاللاھنىڭ ئىسىملىرى بىلەن ئاتىۋالغاندەك، ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنى نالايىق نەرسىلەرگە قوللىنىدىغانلار بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىغا قارىتا سادىر قىلغان قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى چوقۇم تارتىدۇ.

وَمِمَّنْ خَلَقْنَآ أُمَّةٌ يَهْدُونَ بِٱلْحَقِّ وَبِهِۦ يَعْدِلُونَ ﴿١٨١﴾

181 - بىز ياراتقان ئۈممەتلەر ئىچىدە ھەق يولغا ھىدايەت قىلىنغان، كىشىلەرنى ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىدىغان ۋە ھەق بىلەن ئادىل ھۆكۈم قىلىدىغان ئېسىل بىر جامائە بار. ئۇلار ھىدايەتنىڭ يولباشچىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئىمان ئېيتىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇيەسسەر بولۇشتىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ كاتتا نېمىتىگە ئېرىشكەن كىشىلەردۇر.

وَٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا سَنَسۡتَدۡرِجُهُم مِّنۡ حَيۡثُ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿١٨٢﴾

182 - بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان، ئۇ ئايەتلەر بىلەن قىلىنغان ۋەز - نەسىھەتلەردىن يۈز ئۆرۈگەن كاپىرلارغا كەلسەك، ئۇلارغا ئالدى بىلەن باياشاتلىقنىڭ ئىشىكلىرىنى ئاچىمىز، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزىگە ئىشىنىپ كېتىپ تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشىدۇ. ئاندىن ئۇلارنى ئۇلار ئويلاپ باقمىغان تەرەپتىن تۇيۇقسىز جازالايمىز. بۇ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقنىڭ جازاسىدۇر.

وَأُمۡلِي لَهُمۡۚ إِنَّ كَيۡدِي مَتِينٌ ﴿١٨٣﴾

183 - بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا مۆھلەت بېرىمەن. ئۇلار قىلمىشلىرىمىزنىڭ جازاسىنى تارتمايمىز دەپ گۇمان قىلىپ، كۇفرىدا ۋە زورلۇق - زومبۇلۇقتا تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازاب ھەسسىلەپ كۆپىيىدۇ. مېنىڭ تەدبىرىم ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، ئازابىم قاتتىقتۇر. مېنىڭ ئازابىمغا كۈچ بىلەنمۇ، ھىيلە بىلەنمۇ ھېچكىم تاقابىل تۇرالمايدۇ.

أَوَلَمۡ يَتَفَكَّرُواْۗ مَا بِصَاحِبِهِم مِّن جِنَّةٍۚ إِنۡ هُوَ إِلَّا نَذِيرٞ مُّبِينٌ ﴿١٨٤﴾

184 - بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ئاشۇ كاپىرلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەجنۇن ئەمەسلىكىنى، ئەقلى جايىدا ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىدىمۇ؟ ئۇلار ئەقلىنى ئىشلەتمىدىمۇ؟ ھالبۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىمان ئېيتمىسا ئاللاھنىڭ ئازابىغا ئۇچرايدىغانلىقى ھەققىدە پەقەتلا ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە ئۇلارغا سەممىي نەسىھەت قىلغۇچى پەيغەمبەردۇر.

أَوَلَمۡ يَنظُرُواْ فِي مَلَكُوتِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا خَلَقَ ٱللَّهُ مِن شَيۡءٖ وَأَنۡ عَسَىٰٓ أَن يَكُونَ قَدِ
ٱقۡتَرَبَ أَجَلُهُمۡۖ فَبِأَيِّ حَدِيثِۭ بَعۡدَهُۥ يُؤۡمِنُونَ ﴿١٨٥﴾

185 - ئاشۇ ئىنكارچىلار ئاللاھنىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسى ۋە ھەممىنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان كائىنات ئالامەتلىرىگە، ئاللاھ ياراتقان مەخلۇقاتلارغا نەزەر سالمىدىمۇ؟ ئۇلار يۇقىرىقىلارغا تەپەككۇر كۆزى بىلەن نەزەر سېلىپ، ئىبرەت ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەجىلى يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنىڭ مۇمكىنلىكى ۋە كاپىرلىق ھالىتىدە ئۆلسە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ قاتتىق ئازابىغا دۇچار بولىدىغانلىقى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئۇلار قۇرئاننىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا ئىشەنمىسە، باشقا قايسى ئاگاھلاندۇرۇشقا ئىشىنىدۇ؟

مَن يُضۡلِلِ ٱللَّهُ فَلَا هَادِيَ لَهُۥۚ وَيَذَرُهُمۡ فِي طُغۡيَٰنِهِمۡ يَعۡمَهُونَ ﴿١٨٦﴾

186 - ئاللاھ كىمنى ئازدۇرسا، ئۇنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز كاپىرلىقىدا قويۇپ بېرىدۇ، ئۇلار بولسا تېڭىرقاپ يۈرىدۇ.

يَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلسَّاعَةِ أَيَّانَ مُرۡسَىٰهَاۖ قُلۡ إِنَّمَا عِلۡمُهَا عِندَ رَبِّيۖ لَا يُجَلِّيهَا لِوَقۡتِهَآ إِلَّا هُوَۚ ثَقُلَتۡ

فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ لَا تَأۡتِيكُمۡ إِلَّا بَغۡتَةٗۗ يَسۡـَٔلُونَكَ كَأَنَّكَ حَفِيٌّ عَنۡهَاۖ قُلۡ إِنَّمَا عِلۡمُهَا عِندَ
ٱللَّهِ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿١٨٧﴾

187 - ئى پەيغەمبەر! مەككىلىك كاپىرلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىلىم پەقەتلا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەت ئاللاھ ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا مەيدانغا چىقىرىدۇ، قىيامەتنىڭ ۋاقتى ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئەھلىگە مەخپىيدۇر، ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئاللاھقا ئەڭ يېقىن پەيغەمبەرمۇ ۋە ئەڭ كاتتا پەرىشتىلەرمۇ بىلمەيدۇ، ئۇ سىلەرگە پەقەتلا تۇيۇقسىز كېلىدۇ». ئۇلار گويا سەن قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بىلىشكە ھېرىسمەن بولۇپ كەتكەندەك ئۇنىڭ ۋاقتىنى سەندىن سورىشىدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «قىيامەتنىڭ ۋاقتى توغرىسىدىكى ئىلىم ئاسمانلار ۋە زېمىندىكى بارلىق غەيبلەرنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ».

قُل لَّآ أَمۡلِكُ لِنَفۡسِي نَفۡعٗا وَلَا ضَرًّا إِلَّا مَا شَآءَ ٱللَّهُۚ وَلَوۡ كُنتُ أَعۡلَمُ ٱلۡغَيۡبَ لَٱسۡتَكۡثَرۡتُ مِنَ
ٱلۡخَيۡرِ وَمَا مَسَّنِيَ ٱلسُّوٓءُۚ إِنۡ أَنَا۠ إِلَّا نَذِيرٞ وَبَشِيرٞ لِّقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ﴿١٨٨﴾

188 - ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، «ئاللاھنىڭ خالىغىنىدىن باشقا، ئۆزۈمگە پايدا يەتكۈزۈش، ئۆزۈمنى زىياندىن قوغداپ قېلىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. ئەگەر مەن غەيبنى بىلىدىغان بولسام، ئۆزۈمگە كۆپلەپ پايدا كەلتۈرۈشنىڭ سەۋەبلىرىنى قىلغان ۋە زىيان - زەخمەت كېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدىن ساقلانغان بولاتتىم. مەن پەقەت ئاللاھ سىلەرگە ئەۋەتكەن بىر پەيغەمبەرمەن. مېنىڭ ئىشىم سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش، ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان، مېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلغان ۋە ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەرگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشتۇر.

۞ هُوَ ٱلَّذِي خَلَقَكُم مِّن نَّفۡسٖ وَٰحِدَةٖ وَجَعَلَ مِنۡهَا زَوۡجَهَا لِيَسۡكُنَ إِلَيۡهَاۖ فَلَمَّا تَغَشَّىٰهَا
حَمَلَتۡ حَمۡلًا خَفِيفٗا فَمَرَّتۡ بِهِۦۖ فَلَمَّآ أَثۡقَلَت دَّعَوَا ٱللَّهَ رَبَّهُمَا لَئِنۡ ءَاتَيۡتَنَا صَٰلِحٗا لَّنَكُونَنَّ
مِنَ ٱلشَّٰكِرِينَ ﴿١٨٩﴾

189 - ئاللاھ سىلەرنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت بىر جاندىن ياراتقان، ئۇنىڭ ئۇنىسى - ئۇلپەت ئېلىشى ئۈچۈن، ئايالىنى ئۇنىڭ ئۆز تېنىدىن ياراتقان زاتتۇر. ئۇ ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن، ئايالى يېنىككىنە ھامىلىدار بولدى. بۇ ھامىلىدارلىق ئاخىرلىشىپ ئايالىنىڭ تۇغۇتى يېقىنلاشقاندىن كېيىن، ئەر - ئايال ئىككىيلەن رەببى ئاللاھقا: «ئەگەر بىزگە بېجىرىم پەرزەنت ئاتا قىلساڭ، ئەلۋەتتە بىز سېنىڭ بۇ نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز» دەپ دۇئا قىلدى.

فَلَمَّآ ءَاتَىٰهُمَا صَٰلِحٗا جَعَلَا لَهُۥ شُرَكَآءَ فِيمَآ ءَاتَىٰهُمَاۚ فَتَعَٰلَى ٱللَّهُ عَمَّا يُشۡرِكُونَ ﴿١٩٠﴾

190 - ئاللاھ ئۇ ئەر - ئايال ئىككىسىگە بېجىرىم ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىۋىدى، ئۇلار ئاللاھ ئۆزى ياراتقان ئاشۇ پەرزەنت توغرۇلۇق ئاللاھقا شېرىكلەرنى قىلىۋالدى، ئۇ پەرزەنتنى ئاللاھتىن باشقىسىغا چوقۇنىدىغان قىلىپ يېتىشتۈردى. ھالبۇكى، ئاللاھ ھەرقانداق بىر شېرىكتىن ئەلۋەتتە پاكتۇر.

أَيُشْرِكُونَ مَا لَا يَخْلُقُ شَيْـًٔا وَهُمْ يُخْلَقُونَ ﴿١٩١﴾

191 - ئاشۇ مۇشرىكلار ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان، بەلكى ئۆزلىرى يارىتىلغان ئاشۇ ئاجىز نەرسىلەرنى ئاللاھقا شېرىك قىلىشۋالامدۇ؟

وَلَا يَسْتَطِيعُونَ لَهُمْ نَصْرًا وَلَآ أَنفُسَهُمْ يَنصُرُونَ ﴿١٩٢﴾

192 - ھالبۇكى، ئۇ نەرسىلەر نە چوقۇنغۇچىلىرىغا ياردەم بېرىشكە، نە ئۆزىنى زىيان - زەخمەتتىن قوغداشقا قادىر ئەمەس. ئۇ نەرسىلەر چوقۇنغۇچىلىرىغا بىرەر پايدا يەتكۈزەلمىسە ياكى ئۇلارنى زىياندىن قوغداپ قالالمىسا ۋەياكى ئۆزىنى قوغدىيالمىسا، بۇ مۇشرىكلار قانداقمۇ ئۇ نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ؟ قانداقمۇ ئۇ نەرسىلەرنى ئاللاھقا شېرىك قىلىشۋالىدۇ؟ بۇ ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇق، ئۇچىغا چىققان ئەقىلسىزلىق ۋە ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟!

وَإِن تَدْعُوهُمْ إِلَى ٱلْهُدَىٰ لَا يَتَّبِعُوكُمْ ۚ سَوَآءٌ عَلَيْكُمْ أَدَعَوْتُمُوهُمْ أَمْ أَنتُمْ صَـٰمِتُونَ ﴿١٩٣﴾

193 - ئى مۇشرىكلار! سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان ئاشۇ بۇتلىرىڭلارنى توغرا يولغا دەۋەت قىلساڭلارمۇ، ئۇلار سىلەرنىڭ دەۋىتىڭلارنى ئاڭلىمايدۇ ۋە سىلەرگە ئەگەشمەيدۇ. مەيلى ئۇلارنى دەۋەت قىلىڭلار، ياكى جىم تۇرۇڭلار، ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىردۇر. چۈنكى، ئۇ نەرسىلەر سىلەرنىڭ دەۋىتىڭلارنى ئاڭلىمايدۇ ۋە سىلەرنى كۆرمەيدۇ، ھېچكىمنى ھىدايەت قىلالمايدۇ ۋە ھىدايەتنىمۇ قوبۇل قىلالمايدۇ.

إِنَّ ٱلَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ عِبَادٌ أَمْثَالُكُمْ ۖ فَٱدْعُوهُمْ فَلْيَسْتَجِيبُوا۟ لَكُمْ إِن كُنتُمْ صَـٰدِقِينَ ﴿١٩٤﴾

194 - ئى مۇشرىكلار! سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار سىلەرگە ئوخشاشلا ئاللاھ ياراتقان مەخلۇقاتتۇر. ئەگەر سىلەر ئۇ نەرسىلەر چوقۇنۇشقا ئەرزىيدۇ دېگەن گۇمانىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، سىلەر ئۇلارغا دۇئا قىلىپ بېقىڭلار، ئۇلار دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىپ باقسۇن! ئەگەر دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلسا، تىلىگىنىڭلارنى بېرەلىسە، سىلەرنى راستچىل دېگىلى بولىدۇ، ئەگەر سىلەرنىڭ تىلىگىنىڭلارنى بېرەلمىسە، سىلەرنىڭ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان يالغانچىلار ئىكەنلىكىڭلار ئاشكارىلانغان بولىدۇ.

أَلَهُمْ أَرْجُلٌ يَمْشُونَ بِهَآ ۖ أَمْ لَهُمْ أَيْدٍ يَبْطِشُونَ بِهَآ ۖ أَمْ لَهُمْ أَعْيُنٌ يُبْصِرُونَ بِهَآ ۖ أَمْ لَهُمْ ءَاذَانٌ يَسْمَعُونَ بِهَا ۗ قُلِ ٱدْعُوا۟ شُرَكَآءَكُمْ ثُمَّ كِيدُونِ فَلَا تُنظِرُونِ ﴿١٩٥﴾

195 - بۇ بۇتلارنىڭ سىلەر بىلەن مېڭىپ ھاجىتىڭلارنى راۋا قىلىپ بېرىدىغان پۇتلىرى بارمۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ سىلەرگە بىر نەرسە ئۇزىتالايدىغان ياكى سىلەرگە يامانلىق قىلماقچى بولغانلاردىن سىلەرنى توسۇپ قالالايدىغان قوللىرى بارمۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ سىلەر كۆرمىگەننى كۆرسىتىپ قويىدىغان كۆزلىرى بارمۇ؟ ۋەياكى ئۇلارنىڭ سىلەر ئاڭلىمىغان نەرسىلەرنى ئاڭلاپ سىلەرگە خەۋەر بېرىدىغان قۇلاقلىرى بارمۇ؟ سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇ ئىلاھلىرىڭلار يۇقىرىقى ئىشلارنى قىلالمىسا، سىلەر ئۇلارغا نېمىشقا چوقۇنىسىلەر؟ ئۇ نەرسىلەر سىلەرگە بىرەر پايدا كەلتۈرەلەمدۇ؟ ياكى سىلەرنى زىياندىن قوغداپ قالالامدۇ؟ ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان شۇ بۇتلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار، ئاندىن ماڭا قارشى ھەممىڭلار بىرلىشىپ، ئازراقمۇ مۆھلەت بەرمەي، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە زىيانكەشلىك قىلىپ بېقىڭلار. مەن سىلەرنىڭ ئاتالمىش ئىلاھلىرىڭلارغا قىلچە پەرۋا قىلمايمەن، چۈنكى مېنى ئاللاھ قوغدايدۇ.

إِنَّ وَلِـِّۧيَ ٱللَّهُ ٱلَّذِي نَزَّلَ ٱلۡكِتَٰبَۖ وَهُوَ يَتَوَلَّى ٱلصَّٰلِحِينَ ١٩٦

196 ـ شەكسىزكى، مېنى قوغدايدىغان، ماڭا ياردەم قىلىدىغان ئەگەم ماڭا قۇرئاننى نازىل قىلغان ئاللاھتۇر، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئىچىدىكى سالىھ كىشىلەرگە ئەگىدارچىلىق قىلىدۇ، ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى دۈشمەنلىرىدىن قوغدايدۇ.

وَٱلَّذِينَ تَدۡعُونَ مِن دُونِهِۦ لَا يَسۡتَطِيعُونَ نَصۡرَكُمۡ وَلَآ أَنفُسَهُمۡ يَنصُرُونَ ١٩٧

197 ـ ئى مۇشرىكلار! سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان شۇ بۇتلىرىڭلار سىلەرگە ھەرگىز ياردەم بېرەلمەيدۇ، ھەتتا ئۆزىگىمۇ ياردەم بېرەلمەيدۇ».

وَإِن تَدۡعُوهُمۡ إِلَى ٱلۡهُدَىٰ لَا يَسۡمَعُواْۖ وَتَرَىٰهُمۡ يَنظُرُونَ إِلَيۡكَ وَهُمۡ لَا يُبۡصِرُونَ ١٩٨

198 ـ ئى پەيغەمبەر! ئەگەر سەن بۇتلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇ نەرسىلەر دەۋىتىڭنى ئاڭلىمايدۇ، ئۇلار ساڭا قاراپ تۇرغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ نەرسىلەردە كۆرۈش ئىقتىدارى يوق.

خُذِ ٱلۡعَفۡوَ وَأۡمُرۡ بِٱلۡعُرۡفِ وَأَعۡرِضۡ عَنِ ٱلۡجَٰهِلِينَ ١٩٩

199 ـ ئى پەيغەمبەر! سەن ۋە سېنىڭ قەۋمىڭ كىشىلەرنىڭ ياخشى ئەمەللىرىگە ۋە ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە ئەھمىيەت بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ئەپۇ قىلىڭلار، ئۇلاردىن ئۆزىگە ئېغىر كېلىدىغان ئىشلارنى تەلەپ قىلماڭلار. ئەگەر تەلەپ قىلساڭلار، ئۇلارنى قاچۇرۇپ قويىسىلەر. كىشىلەرنى بارچە گۈزەل ئەخلاققا ۋە ياخشى ئەمەلگە بۇيرۇڭلار، نادانلار بىلەن تەڭ بولماڭلار، ئەقىلسىزلەر بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلماڭلار.

وَإِمَّا يَنزَغَنَّكَ مِنَ ٱلشَّيۡطَٰنِ نَزۡغٞ فَٱسۡتَعِذۡ بِٱللَّهِۚ إِنَّهُۥ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ٢٠٠

200 ـ ئى پەيغەمبەر! ئەگەر شەيتاندىن سېنى غەزەپلىنىشكە كۈشكۈرتىدىغان ياكى ياخشىلىقتىن سوۋۇپ كېتىشكە چاقىرىدىغان ۋەياكى يامانلىققا ئۈندەيدىغان بىرەر ۋەسۋەسىنى ھېس قىلساڭ، دەرھال ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىگىن. چۈنكى ئاللاھ بارلىق گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوۡاْ إِذَا مَسَّهُمۡ طَٰٓئِفٞ مِّنَ ٱلشَّيۡطَٰنِ تَذَكَّرُواْ فَإِذَا هُم مُّبۡصِرُونَ ٢٠١

201 ـ ئاللاھتىن قورقىدىغان، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلىدىغان كىشىلەر شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئۇچرىسا، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنىڭ ۋە تەۋبە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېسىگە ئالىدۇ ـ دە، گۇناھ ـ مەئسىيەت سادىر قىلىشتىن ساقلىنىدۇ.

وَإِخۡوَٰنُهُمۡ يَمُدُّونَهُمۡ فِي ٱلۡغَيِّ ثُمَّ لَا يُقۡصِرُونَ ٢٠٢

202 ـ ئازغۇنلار شەيتانلارنىڭ دوستلىرىدۇر. جىن ـ شەيتانلار ئادىمىي شەيتانلارنى ئازدۇرۇشتىن قەتئىي توختاپ قالمايدۇ، ئادىمىي شەيتانلارمۇ جىن ـ شەيتانلارنىڭ نەيرەڭلىرىگە ئەگىشىشتىن توختاپ قالمايدۇ.

وَإِذَا لَمۡ تَأۡتِهِم بِـَٔايَةٖ قَالُواْ لَوۡلَا ٱجۡتَبَيۡتَهَاۚ قُلۡ إِنَّمَآ أَتَّبِعُ مَا يُوحَىٰٓ إِلَيَّ مِن رَّبِّيۚ هَٰذَا بَصَآئِرُ مِن
رَّبِّكُمۡ وَهُدٗى وَرَحۡمَةٞ لِّقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ٢٠٣

203 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا سەن ئۆزۈڭنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۇلار تەلەپ قىلغاندەك بىرەر مۆجىزە كەلتۈرمىسەڭ، ئۇلار: «ئۆزۈڭلا ئويدۇرۇپ چىقساڭ بولمامدۇ؟» دېيىشىدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «خالىغان مۆجىزىنى كەلتۈرۈش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇنى ئاللاھ ئاتا قىلىدۇ. مەن پەقەت رەببىم تەرىپىدىن ماڭا ۋەھيى قىلىنغان قۇرئانغىلا ئەمەل قىلىمەن، ئاللاھ مېنى شۇنىڭغا بۇيرىدى. مەن سىلەرگە ئوقۇپ بېرىۋاتقان بۇ قۇرئان رەببىڭلار تەرىپىدىن كەلگەن دەلىل - پاكىتتۇر، مۆئمىنلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان بايان ۋە ئۇلارغا ئاللاھ ئاتا قىلغان رەھمەتتۇر».

وَإِذَا قُرِئَ ٱلۡقُرۡءَانُ فَٱسۡتَمِعُواْ لَهُۥ وَأَنصِتُواْ لَعَلَّكُمۡ تُرۡحَمُونَ ﴿٢٠٤﴾

204 - ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن جىم تۇرۇپ ئاڭلاڭلار.

وَٱذۡكُر رَّبَّكَ فِي نَفۡسِكَ تَضَرُّعٗا وَخِيفَةٗ وَدُونَ ٱلۡجَهۡرِ مِنَ ٱلۡقَوۡلِ بِٱلۡغُدُوِّ وَٱلۡأٓصَالِ وَلَا تَكُن مِّنَ ٱلۡغَٰفِلِينَ ﴿٢٠٥﴾

205 - ئى پەيغەمبەر! رەببىڭنى چىن ئىخلاس بىلەن يېلىنغان ۋە ئەيمەنگەن ھالدا، ئەتىگەندە - ئاخشامدا ياد ئېتىپ تۇرغىن، ئاۋازىڭنى يۇقىرىمۇ ئەمەس، بەك تۆۋەنمۇ ئەمەس، ئوتتۇراھال قىلغىن، سەن ھەرگىز ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن غەپلەتتە قالغۇچىلاردىن بولمىغىن.

إِنَّ ٱلَّذِينَ عِندَ رَبِّكَ لَا يَسۡتَكۡبِرُونَ عَنۡ عِبَادَتِهِۦ وَيُسَبِّحُونَهُۥ وَلَهُۥ يَسۡجُدُونَ۩ ﴿٢٠٦﴾

206 - رەببىڭنىڭ دەرگاھىدىكى پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتمايدۇ، ئۇنىڭغا مۇكەممەل ئىتائەت قىلىدۇ، كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئۇنى نالايىق سۈپەتلەردىن پاك دەپ مەدھىيەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىپ سەجدە قىلىدۇ.

# ئەنفال سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

يَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلۡأَنفَالِۖ قُلِ ٱلۡأَنفَالُ لِلَّهِ وَٱلرَّسُولِۖ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَأَصۡلِحُواْ ذَاتَ بَيۡنِكُمۡۖ وَأَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥٓ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿١﴾

1 - ئى پەيغەمبەر! ساھابىلىرىڭ سەندىن بەدرى ئۇرۇشىدا قولغا كەلگەن غەنىيمەتلەرنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قانداق تەقسىم قىلىشىڭ توغرۇلۇق سورىشىدۇ، ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «غەنىيمەتلەرنىڭ تەقسىماتى ھەققىدە ھۆكۈم بەرگۈچى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدۇر. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئۇنى ئاللاھ كۆرسەتكەن بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، غەنىيمەت توغرىسىدا تالاش - تارتىش قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، ئاراڭلارنى تۈزەڭلار. ئەگەر سىلەر ھەقىقىي مۇئمىن بولساڭلار، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار. چۈنكى ئىمان سىلەرنىڭ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشىڭلارنى تەلەپ قىلىدۇ».

إِنَّمَا ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ٱلَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ ٱللَّهُ وَجِلَتۡ قُلُوبُهُمۡ وَإِذَا تُلِيَتۡ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتُهُۥ زَادَتۡهُمۡ إِيمَٰنٗا وَعَلَىٰ رَبِّهِمۡ يَتَوَكَّلُونَ ﴿٢﴾

2 - ھەقىقىي مۇئمىنلەر ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانىغا ئىمان قوشۇلىدىغان، ھەر ئىشتا ئاللاھقا تايىنىدىغان، ئاللاھتىن باشقىسىغا ئۈمىد باغلىمايدىغان، ئۇنىڭدىن باشقىسىدىن قورقمايدىغان كىشىلەردۇر.

ٱلَّذِينَ يُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَمِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ يُنفِقُونَ ﴿٣﴾

3 - ئۇلار نامازنى ئۆز ۋاقتىدا مۇكەممەل ئوقۇيدىغان، بىز ئاتا قىلغان پۇل - مالدىن بىز بۇيرۇغان جايلارغا سەرپ قىلىدىغان كىشىلەردۇر.

أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ حَقّٗاۚ لَّهُمۡ دَرَجَٰتٌ عِندَ رَبِّهِمۡ وَمَغۡفِرَةٞ وَرِزۡقٞ كَرِيمٞ ﴿٤﴾

4 - يۇقىرىقى ئەمەللەرنى مۇكەممەل قىلىدىغان ئاشۇ كىشىلەر ئاللاھ نازىل قىلغان ۋەھىيگە دىلىدا ئىمان كەلتۈرۈپ، ئەمەلىيىتىدە ئىسپاتلىغان ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر. ئۇلارغا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلەر، گۇناھلىرىغا مەغپىرەت ۋە ئېسىل رىزىق بار.

كَمَآ أَخۡرَجَكَ رَبُّكَ مِنۢ بَيۡتِكَ بِٱلۡحَقِّ وَإِنَّ فَرِيقٗا مِّنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ لَكَٰرِهُونَ ﴿٥﴾

5 - ئى مۇئمىنلەر! سىلەر غەنىيمەت توغرۇلۇق ئىختىلاپ قىلىشقاندا، ئاللاھ ئۇنى سىلەردىن ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەقسىم قىلىپ بېرىشىگە تاپشۇرغاندەك، ئى پەيغەمبەر!

رەببىڭ سېنى ئۆز ھېكمىتى بىلەن قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ شامدىن كېلىۋاتقان كارۋىنىنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن چىقىشقا بۇيرىدى. مۇئمىنلەردىن بىر گۇرۇھ كىشى ئۇرۇشقا چىقىشنى ياقتۇرمىغان بولسىمۇ، بۇ ئاللاھ ساڭا جىبرىل ئارقىلىق ۋەھيى قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىشتۇر.

يُجَٰدِلُونَكَ فِي ٱلۡحَقِّ بَعۡدَ مَا تَبَيَّنَ كَأَنَّمَا يُسَاقُونَ إِلَى ٱلۡمَوۡتِ وَهُمۡ يَنظُرُونَ ﴿٦﴾

6 - ئى پەيغەمبەر! مۇئمىنلەردىن بىر گۇرۇھ كىشىلەر ھەقىقەت ئايدىڭلاشقاندىن كېيىنمۇ، گويا كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقان ئۆلۈمگە ھەيدىلىۋاتقاندەك ئۇرۇشقا چىقماسلىق ئۈچۈن سەن بىلەن مۇنازىرىلىشىۋاتىدۇ.

وَإِذۡ يَعِدُكُمُ ٱللَّهُ إِحۡدَى ٱلطَّآئِفَتَيۡنِ أَنَّهَا لَكُمۡ وَتَوَدُّونَ أَنَّ غَيۡرَ ذَاتِ ٱلشَّوۡكَةِ تَكُونُ لَكُمۡ وَيُرِيدُ ٱللَّهُ أَن يُحِقَّ ٱلۡحَقَّ بِكَلِمَٰتِهِۦ وَيَقۡطَعَ دَابِرَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٧﴾

7 - ئى تالاش - تارتىش قىلغۇچىلار ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ سىلەرگە مۇشرىكلارنىڭ كارۋىنى بىلەن مۇشرىكلار قوشۇنىدىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھتىن بىرىنىڭ قولۇڭلارغا چۈشىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان ئىدى. سىلەر بولساڭلار كارۋاننى ئۇرۇشسىز قولغا چۈشۈرۈشنى ياقتۇراتتىڭلار، ئاللاھ ئۆز ئەمرى ئارقىلىق ئىسلامنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشنى، كاپىرلارنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇپ تاشلاشنى خالايدۇ.

لِيُحِقَّ ٱلۡحَقَّ وَيُبۡطِلَ ٱلۡبَٰطِلَ وَلَوۡ كَرِهَ ٱلۡمُجۡرِمُونَ ﴿٨﴾

8 - ئاللاھنىڭ بۇنداق قىلىشى مۇشرىكلار قانچىلىك يامان كۆرۈپ كەتسىمۇ، ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلىش، شېرىك ئەقىدىسىنى ۋە مۇشرىكلارنى پۈتۈنلەي يوق قىلىش ئۈچۈندۇر.

إِذۡ تَسۡتَغِيثُونَ رَبَّكُمۡ فَٱسۡتَجَابَ لَكُمۡ أَنِّي مُمِدُّكُم بِأَلۡفٖ مِّنَ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ مُرۡدِفِينَ ﴿٩﴾

9 - ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈندە ئاتا قىلغان نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۇ چاغدا سىلەر ئاللاھتىن دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى نۇسرەت تەلەپ قىلغان ئىدىڭلار، ئاللاھ: «سىلەرگە ئارقىمۇئارقا چۈشىدىغان مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن» دەپ تىلىكىڭلارنى قوبۇل قىلغان ئىدى.

وَمَا جَعَلَهُ ٱللَّهُ إِلَّا بُشۡرَىٰ وَلِتَطۡمَئِنَّ بِهِۦ قُلُوبُكُمۡۚ وَمَا ٱلنَّصۡرُ إِلَّا مِنۡ عِندِ ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿١٠﴾

10 - ئاللاھ بۇ نۇسرەتنى پەقەتلا سىلەرگە غەلىبىدىن بېشارەت بېرىش، كۆڭلۈڭلارنى ئارام تاپقۇزۇش ۋە ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئىشەنچ قىلىشىڭلار ئۈچۈنلا قىلدى. ياردەم سىلەرنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىڭلاردىن ئەمەس، پەقەتلا ئاللاھ تەرىپىدىن كېلىدۇ. ئاللاھ پادىشاھلىقىدا ھەممىدىن غالىبتۇر، تەدبىرلىرىدە ۋە بەلگىلىمىلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

إِذۡ يُغَشِّيكُمُ ٱلنُّعَاسَ أَمَنَةٗ مِّنۡهُ وَيُنَزِّلُ عَلَيۡكُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءٗ لِّيُطَهِّرَكُم بِهِۦ وَيُذۡهِبَ عَنكُمۡ رِجۡزَ ٱلشَّيۡطَٰنِ وَلِيَرۡبِطَ عَلَىٰ قُلُوبِكُمۡ وَيُثَبِّتَ بِهِ ٱلۡأَقۡدَامَ ﴿١١﴾

11 - ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ سىلەرنى دۈشمەن قورقۇنچىسىدىن تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن سىلەرگە يەڭگىل بىر ئۈيقۇ بېغىشلىغان ئىدى. ئاللاھ سىلەرنى زاھىرىي پاسكىنىچىلىقلاردىن

پاكلاش، سىلەردىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى كەتكۈزۈش، قەلبىڭلارنى مۇستەھكەم قىلىش ۋە قۇملۇقتا قەدىمىڭلارنى مەزمۇت تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن ئىدى.

إِذْ يُوحِي رَبُّكَ إِلَى ٱلْمَلَٰٓئِكَةِ أَنِّي مَعَكُمْ فَثَبِّتُوا۟ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ۚ سَأُلْقِي فِي قُلُوبِ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ٱلرُّعْبَ فَٱضْرِبُوا۟ فَوْقَ ٱلْأَعْنَاقِ وَٱضْرِبُوا۟ مِنْهُمْ كُلَّ بَنَانٍ ﴿١٢﴾

12 - ئى پەيغەمبەر! ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ بەدرى ئۇرۇشىدا مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلغان پەرىشتىلەرگە: «مەن سىلەر بىلەن بىللە، سىلەرگە ياردەم بېرىمەن، مۇئمىنلەرنى جىھاد مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرغۇزۇڭلار، مەن كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قاتتىق قورقۇنچ ۋە خارلىقنى سالىمەن» دېگەن ۋە مۇئمىنلەرگە: «ئى مۇئمىنلەر! كاپىرلارنىڭ گەدەنلىرىگە قىلىچ بىلەن ئۇرۇڭلار، ئۇلارنىڭ پۇت - قوللىرىنىڭ ھەممە بوغۇملىرىغا قىلىچ بىلەن چېپىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلغان ئىدى.

ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ شَآقُّوا۟ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ ۚ وَمَن يُشَاقِقِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَإِنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ ﴿١٣﴾

13 - كاپىرلارنىڭ گەدەنلىرىگە، پۇت - قوللىرىنىڭ ھەممە بوغۇملىرىغا مۇنداق قاتتىق قىلىچ ئۇرۇلۇشى ئۇلارنىڭ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن ئىدى. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق جازالايدۇ.

ذَٰلِكُمْ فَذُوقُوهُ وَأَنَّ لِلْكَٰفِرِينَ عَذَابَ ٱلنَّارِ ﴿١٤﴾

14 - ئى كاپىرلار! سىلەرگە كەلگەن بۇ ئازاب قىلمىشىڭلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا بېرىلگەن جازادۇر. شۇڭا سىلەر بۇنى مۇشۇ دۇنيادا تېتىڭلار، ئاخىرەتتە بولسا سىلەرگە دوزاخ ئازابى بار.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِذَا لَقِيتُمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ زَحْفًا فَلَا تُوَلُّوهُمُ ٱلْأَدْبَارَ ﴿١٥﴾

15 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! سىلەر ئۇرۇش مەيدانىدا كاپىرلار قوشۇنى بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، ھەرگىز قاچماڭلار. ئەگەر قاچساڭلار يېڭىلىپ كېتىسىلەر. شۇڭا سىلەر ئۇرۇش مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرۇڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ ۋە دۈشمىنىڭلارغا قارشى سىلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ.

وَمَن يُوَلِّهِمْ يَوْمَئِذٍ دُبُرَهُۥٓ إِلَّا مُتَحَرِّفًا لِّقِتَالٍ أَوْ مُتَحَيِّزًا إِلَىٰ فِئَةٍ فَقَدْ بَآءَ بِغَضَبٍ مِّنَ ٱللَّهِ وَمَأْوَىٰهُ جَهَنَّمُ ۖ وَبِئْسَ ٱلْمَصِيرُ ﴿١٦﴾

16 - كىمكى دۈشمەننى قايمۇقتۇرۇش ياكى ئۇرۇش قىلىۋاتقان مۇئمىنلەر قوشۇنىغا قوشۇلۇشتىن باشقا بىر غەرەز بىلەن، جەڭ مەيدانىدىن قاچىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ غەزىپىگە تېگىشلىك بولىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!

فَلَمْ تَقْتُلُوهُمْ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ قَتَلَهُمْ ۚ وَمَا رَمَيْتَ إِذْ رَمَيْتَ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ رَمَىٰ ۚ وَلِيُبْلِىَ ٱلْمُؤْمِنِينَ مِنْهُ بَلَآءً حَسَنًا ۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿١٧﴾

17 - ئى مۇئمىنلەر! بەدرى ئۇرۇشىدا مۇشرىكلارنى سىلەر ئۆلتۈرمىدىڭلار، بەلكى ئۇلارنى

ئاللاھ ئۆلتۈردى، چۈنكى ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشۈڭلار ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمەلگە ئاشتى. ئى پەيغەمبەر! بىر سىقىم توپىنى كاپىرلارغا ئاتقان چېغىڭدا، ئۇنى سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئۇنى ئاللاھ ئاتتى، چۈنكى ئۇنى كاپىرلارنىڭ كۆزىگە تەگكۈزگەن زات ئاللاھتۇر. ئاللاھنىڭ مۇنداق قىلىشى مۇئمىنلەرنى سىناش، ئۇلارنى جىھاد ئارقىلىق يۇقىرى مەرتىۋىگە يەتكۈزۈش ۋە نېمەتلىرىنى تونۇتۇش ئۈچۈندۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ئاشكارا قىلغان ۋە يوشۇرغان بارلىق گەپ - سۆزۈڭلارنى، دۇئا ۋە مۇناجاتلىرىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بەندىلىرىگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلگۈچىدۇر.

ذَٰلِكُمۡ وَأَنَّ ٱللَّهَ مُوهِنُ كَيۡدِ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿١٨﴾

18 - مۇشرىكلارنى مەغلۇپ قىلىش، ئۇلارغا ئېتىلغان توپىنى ئۇلارنىڭ كۆزىگە تەگكۈزۈش، دۈشمەنلەرگە قارشى ياردەم بېرىش ئارقىلىق مۇئمىنلەرنى سىناش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھتىن مۇئمىنلەرگە ئاتا قىلىنغان ئىنئامدۇر. ئاللاھ كاپىرلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىنى چوقۇم مەغلۇپ قىلغۇچىدۇر. شۇنىڭ بىلەن كاپىرلار يا ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولىدۇ ياكى ئۇرۇشۇپ ھالاك بولىدۇ.

إِن تَسۡتَفۡتِحُواْ فَقَدۡ جَآءَكُمُ ٱلۡفَتۡحُۖ وَإِن تَنتَهُواْ فَهُوَ خَيۡرٞ لَّكُمۡۖ وَإِن تَعُودُواْ نَعُدۡ وَلَن تُغۡنِيَ
عَنكُمۡ فِئَتُكُمۡ شَيۡـٔٗا وَلَوۡ كَثُرَتۡ وَأَنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١٩﴾

19 - ئى كاپىرلار جامائەسى! ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان زالىملارغا چۈشۈشىنى تىلىسەڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ئازابىنى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا چۈشۈرگەن چاغدا، سىلەرنىڭ تەلىپىڭلارنى ئىجابەت قىلغان ئىدى. چۈنكى سىلەر ھەددىڭلاردىن ئاشقان زالىم قەۋمسىلەر. ئەگەر سىلەر ئاللاھنى، ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىشتىن ۋە ئۇ پەيغەمبەرگە دۈشمەنلىك قىلىشتىن ۋاز كەچسەڭلار، بۇ سىلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەنلىك قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا قايتساڭلار، بىزمۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشقا، سىلەرنى بەدرىدە مەغلۇپ قىلغاندەك مەغلۇپ قىلىشقا قايتىمىز، قوشۇنۇڭلار كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ، بەدرى ئۇرۇشىدا سىلەر كۆپ قوشۇنلۇق تۇرۇقلۇق، ئاز قوشۇنلۇق مۇئمىنلەرگە يېڭىلگەنىدەك يېڭىلىسىلەر، قوشۇنۇڭلارنىڭ كۆپ بولغانلىقى سىلەرگە ئەسقاتمايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ياردىمى ۋە نۇسرىتى بىلەن مۇئمىنلەرنىڭ يېنىدىدۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَلَا تَوَلَّوۡاْ عَنۡهُ وَأَنتُمۡ تَسۡمَعُونَ ﴿٢٠﴾

20 - ئى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىپ، سىلەرگە نېمىنى بۇيرۇغان بولسا شۇنى قىلىڭلار، سىلەرنى نېمىدىن توسقان بولسا شۇ ئىشتىن قايتىڭلار، سىلەر ئۆزۈڭلارغا ئوقۇپ بېرىلىۋاتقان قۇرئان ئايەتلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتماڭلار.

وَلَا تَكُونُواْ كَٱلَّذِينَ قَالُواْ سَمِعۡنَا وَهُمۡ لَا يَسۡمَعُونَ ﴿٢١﴾

21 - ئى مۇئمىنلەر! سىلەر مۇشرىكلار بىلەن مۇناپىقلارغا ئوخشاش قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى ئاڭلىسا، ئۇنىڭ مەنىسىنى ئويلىماي ۋە ھېچبىر تەپەككۇر قىلماي تۇرۇپ، «قۇلاقلىرىمىز بىلەن ئاڭلىدۇق» دېگەن كىشىلەرنى دورىماڭلار.

﴿إِنَّ شَرَّ ٱلدَّوَآبِّ عِندَ ٱللَّهِ ٱلصُّمُّ ٱلۡبُكۡمُ ٱلَّذِينَ لَا يَعۡقِلُونَ ٢٢﴾

22 - شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە جانلىقلارنىڭ ئەڭ يامىنى قۇلاقلىرى ھەقىقەتنى ئاڭلاشتىن توسۇلۇپ قالغان، تىلى ھەقىقەتنى ئېيتىشتىن گاچا بولۇپ قالغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئاللاھنىڭ بۇيرۇغان ۋە توسقانلىرى ھەققىدە قىلچە ئەقلىنى ئىشلەتمەيدۇ.

﴿وَلَوۡ عَلِمَ ٱللَّهُ فِيهِمۡ خَيۡرٗا لَّأَسۡمَعَهُمۡۖ وَلَوۡ أَسۡمَعَهُمۡ لَتَوَلَّواْ وَّهُم مُّعۡرِضُونَ ٢٣﴾

23 - ئەگەر ئاللاھ ئۇلاردا بىرەر ياخشىلىق بار دەپ بىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىتاتتى ۋە ئۇلارمۇ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ۋە دەلىل - پاكىتلىرى ئۈستىدە ئەقلىلىرىنى ئىشلىتەتتى، لېكىن ئاللاھقا ئېنىق مەلۇمكى، ئۇلاردا قىلچە ياخشىلىق يوقتۇر، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ، ناۋادا ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەقىقەتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ ئاڭلاتقان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ھەممىنى بىلىپ ۋە چۈشىنىپ بولۇپ يەنىلا ئىمان ئېيتىشتىن، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىدۇ، ئۇلار ھېچبىر يول بىلەن ھەقىقەتكە يۈزلەنمەيدۇ.

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱسۡتَجِيبُواْ لِلَّهِ وَلِلرَّسُولِ إِذَا دَعَاكُمۡ لِمَا يُحۡيِيكُمۡۖ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ يَحُولُ بَيۡنَ ٱلۡمَرۡءِ وَقَلۡبِهِۦ وَأَنَّهُۥٓ إِلَيۡهِ تُحۡشَرُونَ ٢٤﴾

24 - ئى ئاللاھنىڭ ياراتقۇچى ئىگە ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەر! ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەقىقىي بەختلىك ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان ھەقىقەتكە چاقىرغان چاغدا، سىلەر ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەممە ئىشنى باشقۇرغۇچىدۇر ، ئۇ ئىنسان بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى ئىستىگەن نەرسىسى ئوتتۇرىسىغا توساق قويالايدۇ، رەببىڭلارنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشۇشۇڭلار كېرەك، ھەممە ئىشنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇنىڭ ئىلكىدىدۇر. بىلىڭلاركى، قىيامەت كۈنى سىلەر چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر، شۇ چاغدا، ئاللاھ ھەممىڭلارغا تېگىشلىك مۇكاپات ياكى جازايىڭلارنى بېرىدۇ.

﴿وَٱتَّقُواْ فِتۡنَةٗ لَّا تُصِيبَنَّ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ مِنكُمۡ خَآصَّةٗۖ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ ٢٥﴾

25 - ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئاراڭلاردىكى يامان ئىش قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يامان ئىشنى توسۇشقا كۈچى يېتىدىغان تۇرۇقلۇق، توسمىغان ياخشىلارنىڭمۇ بېشىغا كېلىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك ئازابقا دۇچار بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ئازابى ئۇنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلغانلار ئۈچۈن تولىمۇ قاتتىقتۇر.

﴿وَٱذۡكُرُوٓاْ إِذۡ أَنتُمۡ قَلِيلٞ مُّسۡتَضۡعَفُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ تَخَافُونَ أَن يَتَخَطَّفَكُمُ ٱلنَّاسُ فَـَٔاوَىٰكُمۡ وَأَيَّدَكُم بِنَصۡرِهِۦ وَرَزَقَكُم مِّنَ ٱلطَّيِّبَٰتِ لَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ٢٦﴾

26 - ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ئۇنتۇماڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر مەككىدە ئاز ئىدىڭلار، ئۇ يەردە بوزەك قىلىنغان ئىدىڭلار، مەككىلىك كاپىرلارنىڭ تالان - تاراج قىلىشىدىن قورقاتتىڭلار، شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرنى مەدىنىدە ماكانلاشتۇردى، بەدرى ئۇرۇشىدا ئۆز ياردىمى بىلەن سىلەرنى كۈچلەندۈردى. سىلەرگە ھالال نەرسىلەردىن رىزىق بەردى، ئۇرۇشلاردا ئالغان غەنىيمەتلىرىڭلارمۇ بۇنىڭدىن جۈملىسىدىندۇر.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تَخُونُوا۟ ٱللَّهَ وَٱلرَّسُولَ وَتَخُونُوٓا۟ أَمَـٰنَـٰتِكُمْ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٢٧﴾

27 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! سىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى قىلماسلىق، توسقانلىرىدىن يانماسلىق بىلەن ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەر ئامانەتكە ۋاپا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئاللاھ سىلەرگە تاپشۇرغان ئامانەتلەرگە خىيانەت قىلماڭلار،

وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّمَآ أَمْوَٰلُكُمْ وَأَوْلَـٰدُكُمْ فِتْنَةٌ وَأَنَّ ٱللَّهَ عِندَهُۥٓ أَجْرٌ عَظِيمٌ ﴿٢٨﴾

28 - ئى مۇئمىنلەر! بىلىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى ئىگە قىلغان پۇل - ماللىرىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئاتا قىلغان پەرزەنتلىرىڭلار سىلەرنى شۈكۈر قىلامدۇ ياكى تۇزكورلۇق قىلامدۇ، دەپ بېرىلگەن سىناقتۇر. بىلىڭلاركى، ئىتائەت قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپات ۋە ياخشىلىق ناھايىتى كاتتىدۇر.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِن تَتَّقُوا۟ ٱللَّهَ يَجْعَل لَّكُمْ فُرْقَانًا وَيُكَفِّرْ عَنكُمْ سَيِّـَٔاتِكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ۗ وَٱللَّهُ ذُو ٱلْفَضْلِ ٱلْعَظِيمِ ﴿٢٩﴾

29 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، مەنئى قىلغانلىرىدىن يېنىپ، ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىۋالالايدىغان ئاڭ - سېزىم ئاتا قىلىدۇ، ئۆتكەنكى بارلىق گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى ئەپۇ قىلىدۇ، جازاغا تارتمايدۇ. ئاللاھ كاتتا پەزل - كەرەم ئىگىسىدۇر.

وَإِذْ يَمْكُرُ بِكَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لِيُثْبِتُوكَ أَوْ يَقْتُلُوكَ أَوْ يُخْرِجُوكَ ۚ وَيَمْكُرُونَ وَيَمْكُرُ ٱللَّهُ ۖ وَٱللَّهُ خَيْرُ ٱلْمَـٰكِرِينَ ﴿٣٠﴾

30 - ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا قەۋمىڭدىن بولغان مۇشرىكلار سېنى مەككىدە قاماققا ئېلىش ياكى ئۆلتۈرۈش ۋەياكى ئۆز يۇرتۇڭدىن ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن سۇيىقەست پىلانلىغان ئىدى. ئۇلار سۇيىقەست پىلانلىغان بىلەن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى بەربات قىلىپ ئۆزلىرىگە قايتۇرۇۋەتتى. ئاللاھ كاپىرلارنىڭ پىلانلىرىنى ئەنە شۇنداق بەربات قىلىدۇ، ئاللاھ سۇيىقەستلەرنى بەربات قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. ئاللاھ ئۇلارنى ئۇلار تۇيمىغان يەردىن جازالايدۇ.

وَإِذَا تُتْلَىٰ عَلَيْهِمْ ءَايَـٰتُنَا قَالُوا۟ قَدْ سَمِعْنَا لَوْ نَشَآءُ لَقُلْنَا مِثْلَ هَـٰذَآ ۙ إِنْ هَـٰذَآ إِلَّآ أَسَـٰطِيرُ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿٣١﴾

31 - ئاللاھنى ئىنكار قىلغان ئاشۇ كاپىرلارغا قۇرئان ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا، ئۇلار نادانلىقىدىن: «بىز بۇنداق سۆزلەرنى بۇرۇنمۇ ئاڭلىغان ئىدۇق، ئەگەر خالىساق، بىزمۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى قىلالايتتۇق، ئى مۇھەممەد! سەن بىزگە ئوقۇپ بېرىۋاتقان بۇ قۇرئان بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دېدى.

وَإِذْ قَالُوا۟ ٱللَّهُمَّ إِن كَانَ هَـٰذَا هُوَ ٱلْحَقَّ مِنْ عِندِكَ فَأَمْطِرْ عَلَيْنَا حِجَارَةً مِّنَ ٱلسَّمَآءِ أَوِ ٱئْتِنَا

بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ﴿٣٢﴾

32 - ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى سۆزلىرىنى ئەسلىگىنكى، ئۇلار ئاللاھقا دۇئا قىلىپ: «ئى ئاللاھ! مۇھەممەد دەۋەت قىلىۋاتقان بۇ دىن ئەگەر ھەق بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن، ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن!» دېدى.

وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيُعَذِّبَهُمْ وَأَنتَ فِيهِمْۚ وَمَا كَانَ ٱللَّهُ مُعَذِّبَهُمْ وَهُمْ يَسْتَغْفِرُونَ ﴿٣٣﴾

33 - ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇ مۇشرىكلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان مۇددەت ئىچىدە ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ، ئۇلار گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ تۇرغاندا، ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ.

وَمَا لَهُمْ أَلَّا يُعَذِّبَهُمُ ٱللَّهُ وَهُمْ يَصُدُّونَ عَنِ ٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ وَمَا كَانُوٓاْ أَوْلِيَآءَهُۥٓۚ إِنْ أَوْلِيَآؤُهُۥٓ إِلَّا ٱلْمُتَّقُونَ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٣٤﴾

34 - ئۇلار ئاللاھنىڭ دوستلىرى بولغان مۇئمىنلەرنى مەسجىدى ھەرەمگە كىرىپ كەئبىنى تاۋاپ قىلىشتىن ۋە ئۇ جايدا ناماز ئوقۇشتىن توسقان تۇرسا، ئاللاھ ئۇلارغا قانداقمۇ ئازاب قىلمىسۇن؟ ھالبۇكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ دوستلىرى ئەمەس، ئاللاھنىڭ دوستلىرى پەقەت ئاللاھ بۇيرۇغان پەرزلەرنى ئادا قىلىپ، مەنئى قىلغان ئىشلاردىن يىراق تۇرىدىغان تەقۋادارلاردۇر، لېكىن بۇ كاپىرلارنىڭ تولىسى بۇ ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار باشقىلار ئەڭ ھەقلىق بولغان ئىشنى ئۆزلىرىگە مەنسۇپ قىلىۋالىدۇ.

وَمَا كَانَ صَلَاتُهُمْ عِندَ ٱلْبَيْتِ إِلَّا مُكَآءً وَتَصْدِيَةًۚ فَذُوقُواْ ٱلْعَذَابَ بِمَا كُنتُمْ تَكْفُرُونَ ﴿٣٥﴾

35 - ئۇلارنىڭ مەسجىدى ھەرەمنىڭ يېنىدىكى ئىبادىتى پەقەت ئىسقىرتىش، چاۋاك چېلىشتىنلا ئىبارەت بولدى. ئى كاپىرلار! سىلەر ھەق دىننى ئىنكار قىلغانلىقىڭلار ۋە كۇفرىدا ھەددىڭلاردىن ئېشىپ ئەڭ قەبىھ قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈندىكى ئۆلتۈرۈلۈش ۋە ئەسىرگە ئېلىنىشتىن بۇ ئازابنى ئوبدان تېتىڭلار.

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يُنفِقُونَ أَمْوَٰلَهُمْ لِيَصُدُّواْ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِۚ فَسَيُنفِقُونَهَا ثُمَّ تَكُونُ عَلَيْهِمْ حَسْرَةً ثُمَّ يُغْلَبُونَۗ وَٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِلَىٰ جَهَنَّمَ يُحْشَرُونَ ﴿٣٦﴾

36 - شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئىنكار قىلغان ۋە پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلغان كاپىرلار پۇل - مېلىنى ئۆزلىرىگە ئوخشاش مۇشرىكلارغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرىشتىن توسۇشى ۋە مۇئمىنلەرنى ئىماندىن چىقىرىشى ئۈچۈن سەرپ قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە سەرپ قىلىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ سەرپ قىلغان نەرسىلىرى ئۇلارغا ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ پۇل - مېلى بىكارغا كېتىدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ دىنىنى يوق قىلىش ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن توسۇشتا غەلىبە قىلالمايدۇ، مۇئمىنلەر ئاخىرى ئۇلارنى مەغلۇپ قىلماي قالمايدۇ. كاپىرلار جەھەننەمگە توپلىنىپ، شۇ يەردە ئازابلىنىدۇ.

لِيَمِيزَ ٱللَّهُ ٱلْخَبِيثَ مِنَ ٱلطَّيِّبِ وَيَجْعَلَ ٱلْخَبِيثَ بَعْضَهُۥ عَلَىٰ بَعْضٍ فَيَرْكُمَهُۥ جَمِيعًا فَيَجْعَلَهُۥ فِي جَهَنَّمَۚ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْخَٰسِرُونَ ﴿٣٧﴾

37 - ئاللاھ ناپاك ئادەمنى پاك ئادەمدىن ئايرىپ چىقىش ۋە ھەممە ناپاك ئادەملەر بىلەن ئاللاھنىڭ دىنىغا قارشى سەرپ قىلىنغان ھارام ماللارنى ئۈستى - ئۈستىگە دۆۋىلەپ

دوزاختا تاشلاش ئۈچۈن، رەببىنى ئىنكار قىلغان، كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن
توسۇشتا ماللىرىنى خىراجەت قىلغان ئاشۇ كاپىرلارنى جەھەننەمگە توپلايدۇ ۋە
رەسۋاقىلىدۇ. ئاشۇ كاپىرلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

قُل لِّلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِن يَنتَهُواْ يُغۡفَرۡ لَهُم مَّا قَدۡ سَلَفَ وَإِن يَعُودُواْ فَقَدۡ مَضَتۡ سُنَّتُ
ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٣٨﴾

38 - ئى پەيغەمبەر! ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر
ئۇلار كاپىرلىقتىن ۋاز كەچسە ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە دۈشمەنلىك قىلىشتىن يېنىپ
ئىمان ئېيتسا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئۆتكەنكى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، چۈنكى ئىمان
ئېيتقان كىشىنىڭ كاپىرلىق ۋاقتىدىكى گۇناھلىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئەگەر
ئۇ كاپىرلار سەن بىلەن ئۇرۇشۇشقا يەنە قايتسا، يەنە ساڭا دۈشمەنلىك قىلسا،
پەيغەمبەرگە دۈشمەن بولغانلارنى ھالاك قىلىشتىكى ئىلاھىي قانۇن داۋاملىشىدۇ- دە،
ئۇ كاپىرلار تېزلا ھالاك قىلىنىدۇ.

وَقَٰتِلُوهُمۡ حَتَّىٰ لَا تَكُونَ فِتۡنَةٞ وَيَكُونَ ٱلدِّينُ كُلُّهُۥ لِلَّهِۚ فَإِنِ ٱنتَهَوۡاْ فَإِنَّ ٱللَّهَ بِمَا يَعۡمَلُونَ
بَصِيرٞ ﴿٣٩﴾

39 - ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىدىن توسۇش
قاتارلىق قىلمىشلار تۈگىگەن، دىن، ئىتائەت ۋە ئىبادەت پۈتۈنلەي ئاللاھ ئۈچۈن بولغان
ۋە يەر يۈزىدە مۇسۇلمانلاردىن بالا كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار.
ئەگەر ئۇلار كىشىلەرنى دىنىدىن توسۇشتىن يېنىپ، سىلەر بىلەن بىرلىكتە ھەق يولدا
مېڭىشنى تاللىسا، شەكسىزكى، ئۇلارنىڭ كۇفرىدىن يېنىپ، ئىماننى تاللىغانلىقىنى
ئاللاھ بىلىپ تۇرىدۇ.

101

وَإِن تَوَلَّوۡاْ فَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ مَوۡلَىٰكُمۡۚ نِعۡمَ ٱلۡمَوۡلَىٰ وَنِعۡمَ ٱلنَّصِيرُ ﴿٤٠﴾

40 - ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر ئاشۇ مۇشرىكلار سىلەرنىڭ ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان
ئېيتىش ۋە سىلەر بىلەن ئۇرۇشۇشنى توختىتىشتىن ئىبارەت دەۋىتىڭلاردىن يۈز ئۆرۈسە،
كۇفرىدىن ۋە سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن ۋازكەچمىسە، بىلىڭلاركى، ئاللاھ
سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلاردۇر، ئۇلارغا قارشى سىلەرگە ياردەم بېرىدۇ. ئاللاھ سىلەرگە
نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار، دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى نېمىدېگەن ياخشى ياردەم
قىلغۇچى!

۞ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّمَا غَنِمۡتُم مِّن شَيۡءٖ فَأَنَّ لِلَّهِ خُمُسَهُۥ وَلِلرَّسُولِ وَلِذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينِ
وَٱبۡنِ ٱلسَّبِيلِ إِن كُنتُمۡ ءَامَنتُم بِٱللَّهِ وَمَآ أَنزَلۡنَا عَلَىٰ عَبۡدِنَا يَوۡمَ ٱلۡفُرۡقَانِ يَوۡمَ ٱلۡتَقَى ٱلۡجَمۡعَانِۗ
وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ﴿٤١﴾

41 - ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ۋە ھەق بىلەن باتىل ئايرىلغان
كۈندە — ئىككى قوشۇن بەدرىدە ئۇچراشقان كۈندە — ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا
نازىل قىلغان ئايەتلەرگە ئىمان كەلتۈرگەن مۇئمىنلەردىن بولساڭلار، بىلىڭلاركى،
سىلەر ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ دۈشمەندىن ئالغان غەنىيمەتنىڭ بەشتىن تۆتى
جىھادقا چىققان مۇجاھىدلارغا بۆلۈپ بېرىلىدۇ، قالغان بەشتىن بىرى بەش ئۈلۈشكە
بۆلۈپ تەقسىم قىلىنىدۇ: بىرىنچى ئۈلۈشى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس

قىلىنىپ، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ، ئىككىنچى ئۈلۈشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىغا بېرىلىدۇ، ئۇلار ھاشىم ۋە ئابدۇلمۇتتەلىب ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئۇلارغا سەدىقە بېرىش جائىز بولمايدۇ. ئۈچىنچى ئۈلۈشى يېتىم باللارغا، تۆتىنچى ئۈلۈشى يوقسۇللارغا، بەشىنچى ئۈلۈشى خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا بۆلۈپ بېرىلىدۇ. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر، ئۇنى ھېچ نەرسە ئاجىز قىلالمايدۇ.

إِذْ أَنتُم بِٱلْعُدْوَةِ ٱلدُّنْيَا وَهُم بِٱلْعُدْوَةِ ٱلْقُصْوَىٰ وَٱلرَّكْبُ أَسْفَلَ مِنكُمْ ۚ وَلَوْ تَوَاعَدتُّمْ لَٱخْتَلَفْتُمْ فِى ٱلْمِيعَـٰدِ ۙ وَلَـٰكِن لِّيَقْضِىَ ٱللَّهُ أَمْرًا كَانَ مَفْعُولًا لِّيَهْلِكَ مَنْ هَلَكَ عَنۢ بَيِّنَةٍ وَيَحْيَىٰ مَنْ حَىَّ عَنۢ بَيِّنَةٍ ۗ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَسَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٤٢﴾

42 - شۇنى ئەسلەڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ۋادىنىڭ مەدىنىگە يېقىن تەرىپىدە ئىدىڭلار، دۈشمەنلىرىڭلار بولسا ۋادىنىڭ مەدىنىگە يىراق تەرىپىدە ئىدى. قۇرەيشنىڭ سودا كارۋىنى سىلەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىڭلاردا قىزىل دېڭىزغا يېقىن ئىدى. ئەگەر سىلەر (مۇشرىكلار بىلەن ئۇچرىشىشنى) ۋەدىلەشكەن بولساڭلار، سىلەر (ئۆزۈڭلارنىڭ ئازلىقىنى، مۇشرىكلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ) ئەلۋەتتە بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغان بولاتتىڭلار، لېكىن ئاللاھ مۇئمىن بەندىلىرىگە ياردەم قىلىش، دۈشمەنلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ياكى ئەسىرگە ئېلىپ مەغلۇپ قىلىشتىن ئىبارەت ئۆز ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھالاك بولىدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ھالاك بولۇشى ئۈچۈن، ياشايدىغانلارنىڭمۇ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ياشىشى ئۈچۈن سىلەرنى ۋەدىسىز ئۇچراشتۇردى. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەر ئىككى پىرقىنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ نىيىتىنى ۋە ئەمەللىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

إِذْ يُرِيكَهُمُ ٱللَّهُ فِى مَنَامِكَ قَلِيلًا ۖ وَلَوْ أَرَىٰكَهُمْ كَثِيرًا لَّفَشِلْتُمْ وَلَتَنَـٰزَعْتُمْ فِى ٱلْأَمْرِ وَلَـٰكِنَّ ٱللَّهَ سَلَّمَ ۗ إِنَّهُۥ عَلِيمٌۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿٤٣﴾

43 - ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ چۈشۈڭدە ساڭا دۈشمەنلىنىڭ سانىنى ئاز كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن سەن بۇ ئەھۋالنى مۇئمىنلەرگە ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىرادىسى كۈچەيدى، غەلىبىگە ب ولغان ئىشەنچىسى ئاشتى. ئەگەر ئاللاھ ساڭا دۈشمەنلىنىڭ سانىنى كۆپ كۆرسەتكەن بولسا ئىدى، ساھابىلىرىڭ دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتا ئىككىلىنىپ قالغان، قورقۇپ كەتكەن ۋە ئۇرۇش قىلىش توغرۇلۇق چوقۇم تالاش - تارتىش قىلغان بولاتتى، لېكىن ئاللاھ سىلەرنى مەغلۇپ بولۇشتىن ساقلىدى. شەكسىزكى، ئاللاھ دىللاردىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

وَإِذْ يُرِيكُمُوهُمْ إِذِ ٱلْتَقَيْتُمْ فِىٓ أَعْيُنِكُمْ قَلِيلًا وَيُقَلِّلُكُمْ فِىٓ أَعْيُنِهِمْ لِيَقْضِىَ ٱللَّهُ أَمْرًا كَانَ مَفْعُولًا ۗ وَإِلَى ٱللَّهِ تُرْجَعُ ٱلْأُمُورُ ﴿٤٤﴾

44 - شۇنىمۇ ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا دۈشمەن ئۇرۇش مەيدانىغا كىرگەن چاغدا، سىلەر ئۇلارنىڭ سانىنى ئاز كۆرۈپ قالدىڭلار، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدىڭلار، ئاللاھ ئۇلارنى تەييارلىقسىز تۇرسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ كۆزىدە سىلەرنىڭ سانىڭلارنى ئاز كۆرسەتتى، بۇ ئاللاھنىڭ سىلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت بولۇشقا ئۆزى ۋەدە قىلغان ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ سۆزى ئۈستۈن بولدى، كاپىرلارنىڭ سۆزى بولسا يەر بىلەن يەكسان بولدى. ھەممە ئىش ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ،

ئاللاھ ھەركىمگە تېگىشلىك مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا لَقِيتُمْ فِئَةً فَٱثْبُتُواْ وَٱذْكُرُواْ ٱللَّهَ كَثِيرًا لَّعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ﴿٤٥﴾

45 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! كاپىرلاردىن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقىلى كەلگەن قانداقلا بىر توپقا ئۇچراشقان چېغىڭلاردا مۇستەھكەم تۇرۇڭلار، ھەرگىز يېڭىلىپ كەتمەڭلار. مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەڭلار.

وَأَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَلَا تَنَٰزَعُواْ فَتَفْشَلُواْ وَتَذْهَبَ رِيحُكُمْ ۖ وَٱصْبِرُوٓاْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿٤٦﴾

46 - بارلىق ئىشلاردا ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار. ئۇنداق قىلساڭلار، دىلىڭلار، سۆزۈڭلار بىرلىسەلمەي قالىدۇ، كۈچ - قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ. دۈشمەنلەر بىلەن تۇتۇشقاندا چىداملىق بولۇڭلار. چۈنكى، ئاللاھ چىداملىق بولغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر، ئۇلارنى قوللايدۇ، ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ.

وَلَا تَكُونُواْ كَٱلَّذِينَ خَرَجُواْ مِن دِيَٰرِهِم بَطَرًا وَرِئَآءَ ٱلنَّاسِ وَيَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ ۚ وَٱللَّهُ بِمَا يَعْمَلُونَ مُحِيطٌ ﴿٤٧﴾

47 - سىلەر ئۆز دىيارىدىن چوڭچىلىق قىلىش، ئۆزىنى كۆرسىتىش ۋە كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىدىن توسۇش ئۈچۈن چىققان مۇشرىكلارغا ئوخشاش بولماڭلار. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئاللاھتىن ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ.

وَإِذْ زَيَّنَ لَهُمُ ٱلشَّيْطَٰنُ أَعْمَٰلَهُمْ وَقَالَ لَا غَالِبَ لَكُمُ ٱلْيَوْمَ مِنَ ٱلنَّاسِ وَإِنِّى جَارٌ لَّكُمْ ۖ فَلَمَّا تَرَآءَتِ ٱلْفِئَتَانِ نَكَصَ عَلَىٰ عَقِبَيْهِ وَقَالَ إِنِّى بَرِىٓءٌ مِّنكُمْ إِنِّىٓ أَرَىٰ مَا لَا تَرَوْنَ إِنِّىٓ أَخَافُ ٱللَّهَ ۚ وَٱللَّهُ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ ﴿٤٨﴾

48 - ئۇنتۇماڭلاركى، ئۇز ۋاقتىدا شەيتان مۇشرىكلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزلىرىگە چىرايلىق كۆرسىتىپ: «بۈگۈن سىلەرنى ھېچكىم يېڭەلمەيدۇ، چۈنكى، مەن سىلەرگە مەدەتكار» دېگەن ئىدى. ئەمما ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان چاغدا، شەيتان كاپىرلار قوشۇنى بىلەن بىللە، پەرىشتىلەر مۇئمىنلەر قوشۇنى بىلەن بىللە ئىدى. شەيتان پەرىشتىلەرنى كۆرۈپ ئارقىغا چېكىندى ۋە : «مېنىڭ سىلەر بىلەن ھېچبىر ئالاقەم يوق، مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ۋە سىلەر كۆرمەيۋاتقان پەرىشتىلەرنى مەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، مەن راستتىنلا ئاللاھتىن قورقىمەن» دەپ ئۇلارنى مات قىلدى. شەكسىزكى، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ، گۇناھىغا سەمىمىي تەۋبە قىلمىغانلارغا ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر دېدى.

إِذْ يَقُولُ ٱلْمُنَٰفِقُونَ وَٱلَّذِينَ فِى قُلُوبِهِم مَّرَضٌ غَرَّ هَٰٓؤُلَآءِ دِينُهُمْ ۗ وَمَن يَتَوَكَّلْ عَلَى ٱللَّهِ فَإِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٤٩﴾

49 - شۇنى ئەسلەڭلاركى، ئۇز ۋاقتىدا دىللىرى ئىككى يۈزلىمچىلىك ۋە شەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنىڭ ئازلىقىنى ۋە دۈشمەنلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ: «مۇسۇلمانلارنى ئۇلارنىڭ دىنى ئالداپ قويدى، شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرىدىن كۆپ سانلىق قوشۇن بىلەن ئۇرۇشتى» دېگەن ئىدى. ئۇ مۇناپىقلار ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە چىن ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا چىن قەلبى بىلەن تايانغان

كىشىلەرنىڭ چوقۇم غەلىبىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدىغانلىقىنى بىلمىگەن ئىدى. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ئۇنى ھېچ نەرسە ئاجىز قىلالمايدۇ، ئاللاھ بارلىق تەدبىرلىرىدە ۋە ئەمر - پەرمانلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

وَلَوْ تَرَىٰٓ إِذْ يَتَوَفَّى ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ يَضْرِبُونَ وُجُوهَهُمْ وَأَدْبَٰرَهُمْ وَذُوقُوا۟ عَذَابَ ٱلْحَرِيقِ ﴿٥٠﴾

50 - ئى پەيغەمبەر! جان ئالغۇچى پەرىشتىلەر بەدرى ئۇرۇشىدا كاپىرلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە قاچقانلىرىنىڭ ئارقىلىرىغا قاتتىق ئۇرغان ھالدا، ئۇلارغا: «دوزاخنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئازابىنى تېتىڭلار!» دەپ تۇرۇپ، جانلىرىنى ئېلىۋاتقان ھالەتنى كۆرگەن بولساڭ، تولىمۇ قورقۇنچلۇق ھالەتنى كۆرگەن بولاتتىڭ.

ذَٰلِكَ بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيكُمْ وَأَنَّ ٱللَّهَ لَيْسَ بِظَلَّٰمٍ لِّلْعَبِيدِ ﴿٥١﴾

51 - ئى مۇشرىكلار! سىلەرگە يەتكەن بۇ ئازاب سىلەرنىڭ دۇنيا ھاياتىڭلاردا ئۆز قوللىرىڭلار بىلەن سادىر قىلغان قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىندۇر. ئاللاھ ھېچقانداق بەندىسىگە قىلچىلىكمۇ ئۇۋال قىلمايدۇ، بەلكى، ئاللاھ قىلچە ئۇۋال قىلمايدىغان، ئادالەت ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر.

كَدَأْبِ ءَالِ فِرْعَوْنَ وَٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ ۚ كَفَرُوا۟ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ فَأَخَذَهُمُ ٱللَّهُ بِذُنُوبِهِمْ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ قَوِىٌّ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ ﴿٥٢﴾

52 - شۇ كۈندە مۇشرىكلارغا چۈشكەن ئازاب ئاللاھنىڭ ھەددىدىن ئاشقان زالىم كاپىرلارنى جازالاشتىكى قانۇنىيىتى بولۇپ، پىرئەۋن جامائەسى ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ ھەممىسى قىلمىشلىرى سەۋەبلىك شۇنداق جازالانغان. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى يالغانغا چىقىرىۋىدى، ئاللاھ ئۇلارنى گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىۋەتتى. شەكسىزكى، ئاللاھ كۈچلۈكتۇر، ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئازابى گۇناھىغا تەۋبە قىلمىغانلار ئۈچۈن ناھايىتى قاتتىقتۇر.

ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ لَمْ يَكُ مُغَيِّرًا نِّعْمَةً أَنْعَمَهَا عَلَىٰ قَوْمٍ حَتَّىٰ يُغَيِّرُوا۟ مَا بِأَنفُسِهِمْ ۙ وَأَنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٥٣﴾

53 - بۇ قاتتىق ئازابنىڭ چۈشۈشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ياخشى ھالىتىنى يامانغا ئۆزگەرتمىگۈچە ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى توختىتىپ قويمايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز ئىلمىنىڭ ۋە ئىرادىسىنىڭ تەقەززاسى بويىچە مۇئامىلە قىلىدۇ.

كَدَأْبِ ءَالِ فِرْعَوْنَ وَٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ ۚ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِ رَبِّهِمْ فَأَهْلَكْنَٰهُم بِذُنُوبِهِمْ وَأَغْرَقْنَآ ءَالَ فِرْعَوْنَ ۚ وَكُلٌّ كَانُوا۟ ظَٰلِمِينَ ﴿٥٤﴾

54 - ئۇ كاپىرلارنىڭ ئەھۋالى مۇسانى ئىنكار قىلغان پىرئەۋن قەۋمىنىڭ ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدى. پىرئەۋن تەۋەلىرىنى دېڭىزغا غەرق قىلىۋەتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى يالغانچى دېيىش، ئاللاھ چۈشۈرگەن دەلىل - پاكىتلارنى ئىنكار قىلىش ۋە ئىبادەتتە ئاللاھقا مەخلۇقاتنى

شېرىك كەلتۈرۈش قاتارلىق قەبىھ قىلمىشلار بىلەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان كاپىرلار ئىدى.

إِنَّ شَرَّ ٱلدَّوَآبِّ عِندَ ٱللَّهِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ﴿٥٥﴾

55 ـ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە جانلىقلارنىڭ ئەڭ يامىنى كۇفرىلىقتا چىڭ تۇرۇۋالغان كاپىرلار بولۇپ، ئۇلار ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمەيدۇ، ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ ۋە ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشمەيدۇ.

ٱلَّذِينَ عَٰهَدتَّ مِنۡهُمۡ ثُمَّ يَنقُضُونَ عَهۡدَهُمۡ فِي كُلِّ مَرَّةٖ وَهُمۡ لَا يَتَّقُونَ ﴿٥٦﴾

56 ـ سەن بىلەن ئۇرۇشماسلىققا ۋە ساڭا قارشى ھېچكىمگە ياردەم بەرمەسلىككە ئەھدە تۈزۈشكەندىن كېيىن، ھەر قېتىمدا ئەھدىسىنى بۇزۇپ كېلىۋاتقان ۋە ئاللاھتىن قورقمايدىغان يەھۇدىيلارمۇ ئەنە شۇ ناچار كىشىلەردىن سانىلىدۇ.

فَإِمَّا تَثۡقَفَنَّهُمۡ فِي ٱلۡحَرۡبِ فَشَرِّدۡ بِهِم مَّنۡ خَلۡفَهُمۡ لَعَلَّهُمۡ يَذَّكَّرُونَ ﴿٥٧﴾

57 ـ ئەگەر ئۇرۇشتا ئاشۇ ئەھدىسىنى بۇزىدىغانلار بىلەن تۇتۇشۇپ قالساڭ، ئۇلارنى قاتتىق جازالاش ئارقىلىق ئارقىدىكىلىرىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتكىنكى، ئۇلارنىڭ بىرلىكى بۇزۇلسۇن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار سىلەردىن قورقۇپ ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالسۇن.

وَإِمَّا تَخَافَنَّ مِن قَوۡمٍ خِيَانَةٗ فَٱنۢبِذۡ إِلَيۡهِمۡ عَلَىٰ سَوَآءٍۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلۡخَآئِنِينَ ﴿٥٨﴾

58 ـ ئى پەيغەمبەر! ئەگەر سەن ئاراڭلاردا كېلىشىم تۈزۈشكەن قەۋمنىڭ كېلىشىمگە ۋاپاسىزلىق قىلىدىغانلىقىنىڭ شەپىسىنى ھېس قىلساڭ، بۇ كۈندىن باشلاپ كېلىشىمنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى ئۇلارغا ئوچۇق-ئاشكارا بىلدۈرۈپ قويغىن. ئاللاھ ئەھدىسىگە ۋاپاسىزلىق قىلىدىغان خائىنلارنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ.

وَلَا يَحۡسَبَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ سَبَقُوٓاْۚ إِنَّهُمۡ لَا يُعۡجِزُونَ ﴿٥٩﴾

59 ـ بەدرى غازىتىدا ھايات قالغان كاپىرلار قۇتۇلدۇق دەپ ئويلىمىسۇن. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

وَأَعِدُّواْ لَهُم مَّا ٱسۡتَطَعۡتُم مِّن قُوَّةٖ وَمِن رِّبَاطِ ٱلۡخَيۡلِ تُرۡهِبُونَ بِهِۦ عَدُوَّ ٱللَّهِ وَعَدُوَّكُمۡ وَءَاخَرِينَ مِن دُونِهِمۡ لَا تَعۡلَمُونَهُمُ ٱللَّهُ يَعۡلَمُهُمۡۚ وَمَا تُنفِقُواْ مِن شَيۡءٖ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ يُوَفَّ إِلَيۡكُمۡ وَأَنتُمۡ لَا تُظۡلَمُونَ ﴿٦٠﴾

60 ـ ئى مۇسۇلمانلار جامائەسى! دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا قارشى قولۇڭلاردىن كېلىشىچە كۈچ، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار. بۇنىڭ بىلەن سىلەرنى يوق قىلىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈپ ياتقان دۈشمەنلىرىڭلارنى، ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى ۋە ئۇلاردىن باشقا ھازىرچە سىلەرگە دۈشمەنلىكى ئاشكارا بولمىغان دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر، ئۇلارنىڭ دىلىرىغا قورقۇنچ سالىسىلەر، ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، ئەمما ئاللاھ ئۇلارنى تونۇيدۇ، ئۇلارنىڭ نىيىتىنى بىلىدۇ. سىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغان نەرسەڭلار مەيلى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ئاللاھ سىلەرگە ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى دۇنيادا تولۇق بېرىدۇ، ئۇنىڭ ساۋابىنى ئاخىرەتكە ساقلاپ قويىدۇ، قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ ئەجرى قىلچە كېمەيتىلمەيدۇ.

۞ وَإِن جَنَحُواْ لِلسَّلۡمِ فَٱجۡنَحۡ لَهَا وَتَوَكَّلۡ عَلَى ٱللَّهِۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ﴿٦١﴾

61 - ئى پەيغەمبەر! ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى تاشلاشقا ۋە سىلەر بىلەن تىنچلىق ئىچىدە ئۆتۈشكە مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ئاللاھقا تاپشۇرغىن. چۈنكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، نىيىتىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

وَإِن يُرِيدُوٓاْ أَن يَخۡدَعُوكَ فَإِنَّ حَسۡبَكَ ٱللَّهُۚ هُوَ ٱلَّذِيٓ أَيَّدَكَ بِنَصۡرِهِۦ وَبِٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٦٢﴾ وَأَلَّفَ بَيۡنَ
قُلُوبِهِمۡۚ لَوۡ أَنفَقۡتَ مَا فِي ٱلۡأَرۡضِ جَمِيعٗا مَّآ أَلَّفۡتَ بَيۡنَ قُلُوبِهِمۡ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ أَلَّفَ بَيۡنَهُمۡۚ إِنَّهُۥ عَزِيزٌ
حَكِيمٞ ﴿٦٣﴾

62 - 63 - سەن بىلەن سۈلھى قىلغانلار ئەگەر ساڭا ھىيلە - مىكىر ئىشلەتمەكچى بولسا، شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكرىنى بەربات قىلىپ، سېنى زىيان - زەخمەتتىن قوغداشقا يېتەرلىكتۇر. ئاللاھ ساڭا نۇسرەت ئاتا قىلغان، سېنى مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن ئىبارەت مۆئمىنلەر بىلەن كۈچلەندۈرگەن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بۆلۈنۈشتىن كېيىن بىرلەشتۈرگەن زاتتۇر. سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ. لېكىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ئىماندا بىرلەشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر - بىرىنى سۆيىدىغان قېرىنداشلاردىن بولدى. شەكسىزكى ئاللاھ پادىشاھلىقىدا غالىبتۇر، ئەمر - پەرمانلىرىدا ۋە تەدبىرلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ حَسۡبُكَ ٱللَّهُ وَمَنِ ٱتَّبَعَكَ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٦٤﴾

64 - ئى پەيغەمبەر! ساڭىمۇ ۋە ساڭا ئەگەشكەن مۆئمىنلەرگىمۇ ئاللاھ يېتەرلىكتۇر، ئاللاھ سىلەرنى دۈشمەنلەرنىڭ يامانلىقىدىن ساقلايدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ حَرِّضِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ عَلَى ٱلۡقِتَالِۚ إِن يَكُن مِّنكُمۡ عِشۡرُونَ صَٰبِرُونَ يَغۡلِبُواْ مِاْئَتَيۡنِۚ وَإِن
يَكُن مِّنكُم مِّاْئَةٞ يَغۡلِبُوٓاْ أَلۡفٗا مِّنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِأَنَّهُمۡ قَوۡمٞ لَّا يَفۡقَهُونَ ﴿٦٥﴾

65 - ئى پەيغەمبەر! مۆئمىنلەرنى ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگىن، سىلەر دۈشمەن بىلەن ئېلىشقاندا سىلەردە چىداملىق يىگىرمە مۇجاھىد بولىدىغان بولسا، دۈشمەندىن ئىككى يۈزنى يېڭەلەيدۇ؛ ئەگەر سىلەردە چىداملىق يۈز مۇجاھىد بولىدىغان بولسا، كاپىرلاردىن مىڭنى يېڭەلەيدۇ؛ چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ مۇجاھىدلارغا تەييارلىغان كاتتا مۇكاپاتلىرىدىن خەۋەرسىز، ھەقىقەتنى چۈشەنمەيدىغان قەۋم بولۇپ، ئۇلار يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈك تالىشىش ۋە بۇزغۇنچىلىق تېرىش يولىدا ئۇرۇشىدۇ.

ٱلۡـَٰٔنَ خَفَّفَ ٱللَّهُ عَنكُمۡ وَعَلِمَ أَنَّ فِيكُمۡ ضَعۡفٗاۚ فَإِن يَكُن مِّنكُم مِّاْئَةٞ صَابِرَةٞ يَغۡلِبُواْ مِاْئَتَيۡنِۚ
وَإِن يَكُن مِّنكُمۡ أَلۡفٞ يَغۡلِبُوٓاْ أَلۡفَيۡنِ بِإِذۡنِ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ مَعَ ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿٦٦﴾

66 - ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھ سىلەردىكى ئاجىزلىقنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئەمدى سىلەردىن (بۇ ھۆكۈمنى) يەڭگىللەتتى، ئەگەر سىلەردە چىداملىق يۈز مۇجاھىد بولىدىغان بولسا، دۈشمەندىن ئىككى يۈز كىشىنى يېڭەلەيدۇ، ئەگەر سىلەردە چىداملىق مىڭ مۇجاھىد بولىدىغان بولسا، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۇلاردىن ئىككى مىڭ كىشىنى يېڭەلەيدۇ. ئاللاھ چىداملىق بولغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر، ئۇلارغا ياردەم بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى كۈچلەندۈرىدۇ.

مَا كَانَ لِنَبِيٍّ أَن يَكُونَ لَهُۥٓ أَسْرَىٰ حَتَّىٰ يُثْخِنَ فِى ٱلْأَرْضِ ۚ تُرِيدُونَ عَرَضَ ٱلدُّنْيَا وَٱللَّهُ يُرِيدُ ٱلْءَاخِرَةَ ۗ
وَٱللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٦٧﴾

67 ـ ھېچقانداق پەيغەمبەرنىڭ دۈشمەننى كۆپرەك يوقاتماي (ۋە كۇفرنىڭ بېلىنى سۇندۇرماي تۇرۇپ)، دۈشمەنلەرنى ئەسىرگە ئېلىشى ھەرگىز توغرا ئەمەس. ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىشنى خالايسىلەر، ھالبۇكى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىشنى ۋە سىلەرگە ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتىنى ئاتا قىلىشنى كۆزلەيدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، ئۇنى ھېچكىم ئاجىز قىلالمايدۇ، بارلىق بەلگىلىمىلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

لَّوْلَا كِتَٰبٌ مِّنَ ٱللَّهِ سَبَقَ لَمَسَّكُمْ فِيمَآ أَخَذْتُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴿٦٨﴾

68 ـ ئاللاھ ئىسلام ئۈممىتىگە غەنىيمەتنى ھالال قىلغانلىقى ۋە ئەسىرلەرنى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىشنىڭ جائىزلىقى توغرىسىدا ئالدىن ھۆكۈم بەلگىلىمىگەن بولسا ئىدى، غەنىيمەت ئالغانلىقىڭلار ۋە ئەسىرلەرنى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بەرگەنلىكىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە چوڭ ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار.

فَكُلُوا۟ مِمَّا غَنِمْتُمْ حَلَٰلًا طَيِّبًا ۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٦٩﴾

69 ـ سىلەر ئالغان غەنىيمەتلىرىڭلارنى ۋە ئەسىرلەردىن ئالغان فىدىيەنى ھالال ۋە پاك بىلىپ يەڭلار، ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلىڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِىُّ قُل لِّمَن فِىٓ أَيْدِيكُم مِّنَ ٱلْأَسْرَىٰٓ إِن يَعْلَمِ ٱللَّهُ فِى قُلُوبِكُمْ خَيْرًا يُؤْتِكُمْ خَيْرًا
مِّمَّآ أُخِذَ مِنكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ۗ وَٱللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٧٠﴾

70 ـ ئى پەيغەمبەر! بەدرى ئۇرۇشىدا قولۇڭلارغا چۈشكەن ئەسىرلەرگە ئېيتقىنكى، «سىلەردىن ئېلىنغان فىدىيە ئۈچۈن بىئارام بولماڭلار، ئەگەر ئاللاھ دىلىڭلاردا بىرەر ياخشىلىقنىڭ بارلىقىنى بىلسە، سىلەرگە سىلەردىن ئېلىنغان فىدىيەدىنمۇ ياخشىراقىنى بېرىدۇ ۋە گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ تەۋبە قىلغان بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر».

وَإِن يُرِيدُوا۟ خِيَانَتَكَ فَقَدْ خَانُوا۟ ٱللَّهَ مِن قَبْلُ فَأَمْكَنَ مِنْهُمْ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿٧١﴾

71 ـ ئى پەيغەمبەر! سەن قويۇپ بەرگەن ئاشۇ ئەسىرلەر ساڭا يەنە خىيانەت قىلماقچى بولسا، بۇنىڭغا قايغۇرۇپ كەتمىگىن، چۈنكى ئۇلار ئىلگىرى ئاللاھقىمۇ خىيانەت قىلغان ۋە ساڭا قارشى ئۇرۇش ئاچقان ئىدى. ئاللاھ ئۇلارغا قارشى ساڭا ياردەم بەردى. ئاللاھ دىللاردىكىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَهَاجَرُوا۟ وَجَٰهَدُوا۟ بِأَمْوَٰلِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱلَّذِينَ ءَاوَوا۟ وَّنَصَرُوٓا۟
أُو۟لَٰٓئِكَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَآءُ بَعْضٍ ۚ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَلَمْ يُهَاجِرُوا۟ مَا لَكُم مِّن وَلَٰيَتِهِم مِّن شَىْءٍ
حَتَّىٰ يُهَاجِرُوا۟ ۚ وَإِنِ ٱسْتَنصَرُوكُمْ فِى ٱلدِّينِ فَعَلَيْكُمُ ٱلنَّصْرُ إِلَّا عَلَىٰ قَوْمٍۭ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُم مِّيثَٰقٌ ۗ
وَٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿٧٢﴾

72 - ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلغان، ئىسلام دىيارىغا ياكى ئىبادەتلىرىنى بىمالال قىلالايدىغان بىر دۆلەتكە ھىجرەت قىلغان، پۇل - ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان، مۇھاجىرلار بىلەن ئۇلارغا جاي بەرگەن ۋە ھەر تۈرلۈك ياردەملەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار ئەلۋەتتە بىر - بىرى بىلەن ھەقىقىي دوستلاردۇر. ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، كۇفرى دىيارىدىن ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت قىلمىغان كىشىلەر تاكى ھىجرەت قىلغانغا قەدەر، ئۇلارنى قوغداشقا ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە مەجبۇر ئەمەسسىلەر. ئەگەر ئۇلار كاپىرلار تەرىپىدىن زۇلۇمغا ئۇچراپ، سىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېلىشىم بولمىسىلا، ئۇلارغا چوقۇم ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ھەربىرىڭلارغا نىيىتىڭلار ۋە ئەمەللىرىڭلارغا قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بَعۡضُهُمۡ أَوۡلِيَآءُ بَعۡضٍۚ إِلَّا تَفۡعَلُوهُ تَكُن فِتۡنَةٞ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَفَسَادٞ كَبِيرٞ ﴿٧٣﴾

73 - كاپىرلار بىر - بىرى بىلەن ھەمكارلىق ۋە ياردەم ئىچىدىدۇر. ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەر ئۆزئارا ھەمكارلاشمىساڭلار، مۇئمىنلەرنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى، كىشىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرىشتىن مەنئى قىلىنىشى ۋە يەر يۈزىدە كۇفرىنىڭ كۈچلىنىپ كېتىشى قاتارلىق چوڭ بۇزغۇنچىلىقلار يۈز بېرىدۇ.

وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَهَاجَرُواْ وَجَٰهَدُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱلَّذِينَ ءَاوَواْ وَّنَصَرُوٓاْ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ حَقّٗاۚ لَّهُم مَّغۡفِرَةٞ وَرِزۡقٞ كَرِيمٞ ﴿٧٤﴾

74 - ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن كۇفرى دىيارىنى تاشلاپ ئىسلام دىيارىغا ياكى ئىبادەتلىرىنى بىمالال قىلالايدىغان بىرەر دۆلەتكە ھىجرەت قىلغان، ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش يولىدا جىھاد قىلغان، مۇھاجىرلار ۋە ئۇلارنى كۈتۈۋېلىپ، ئۇلارغا جاي بەرگەن، پۇل - مال ۋە قوللاش بىلەن ھەر تۈرلۈك ياردەملەرنى قىلغان كىشىلەر — ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر، ئۇلارغا ئاخىرەتتە كەڭ مەغپىرەت ۋە ئېسىل رىزىق بار، ئۇلار جەننەتلەردە نېمەتلىنىدۇ.

وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنۢ بَعۡدُ وَهَاجَرُواْ وَجَٰهَدُواْ مَعَكُمۡ فَأُوْلَٰٓئِكَ مِنكُمۡۚ وَأُوْلُواْ ٱلۡأَرۡحَامِ بَعۡضُهُمۡ أَوۡلَىٰ بِبَعۡضٖ فِي كِتَٰبِ ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمُۢ ﴿٧٥﴾

75 - ئاشۇ مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلاردىن كېيىن، ئىمان ئېيتىپ ھىجرەت قىلغان ۋە سىلەر بىلەن بىللە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلارغا كەلسەك، ئى مۇئمىنلەر! ئۇلار سىلەردىن سانىلىدۇ، ئۇلارغا سىلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىر - بىرىگە مىراسخور بولۇشقا ئەڭ ھەقلىقتۇر، شەكسىزكى، ئاللاھ ھەر شەيئىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بىلەن بىر - بىرىدىن مىراس ئېلىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن بىر- بىرىدىن مىراس ئېلىشىنى بەلگىلەشتە، ئۇلارغا نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ.

# تەۋبە سۈرىسى

بَرَآءَةٌ مِّنَ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦٓ إِلَى ٱلَّذِينَ عَٰهَدتُّم مِّنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿١﴾

1 - بۇ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىدىن، مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىملەرنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنىڭ ئېلانىدۇر.

فَسِيحُواْ فِى ٱلْأَرْضِ أَرْبَعَةَ أَشْهُرٍ وَٱعْلَمُوٓاْ أَنَّكُمْ غَيْرُ مُعْجِزِى ٱللَّهِ وَأَنَّ ٱللَّهَ مُخْزِى ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٢﴾

2 - ئى مۇشرىكلار! يەر يۈزىدە مۆئمىنلەرنىڭ چېقىلىشىدىن خاتىرجەم هالدا، خالىغان يەرگە بېرىپ، تۆت ئاي ئازادە يۈرۈۋېلىڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەر ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، شۇنىمۇ بىلىپ قويۇڭلاركى، ئاللاھ كاپىرلارنى خار قىلغۇچىدۇر، ئۇلارنى دۇنيادا رەسۋا قىلىپ، ئاخىرەتتە دوزاختا تاشلاپ جازالىغۇچىدۇر. (بۇ ئايەت مۇددەتسىز ئەھدە تۈزۈشكەن ياكى تۆت ئايدىن ئاز مۇددەتلىك ئەھدە تۈزۈشكەنلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، تۆت ئايدىن ئاز مۇددەتلىك ئەھدە تۈزۈشكەنلەر تۆت ئاينى تولۇقلايدۇ).

وَأَذَٰنٌ مِّنَ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦٓ إِلَى ٱلنَّاسِ يَوْمَ ٱلْحَجِّ ٱلْأَكْبَرِ أَنَّ ٱللَّهَ بَرِىٓءٌ مِّنَ ٱلْمُشْرِكِينَ وَرَسُولُهُۥ ۚ فَإِن
تُبْتُمْ فَهُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ ۖ وَإِن تَوَلَّيْتُمْ فَٱعْلَمُوٓاْ أَنَّكُمْ غَيْرُ مُعْجِزِى ٱللَّهِ ۗ وَبَشِّرِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِعَذَابٍ
أَلِيمٍ ﴿٣﴾

3 - بۇ هەج كۈنىدە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىدىن ئىنسانلارغا چىقىرىلغان ئېلاندۇركى، ئاللاھ مۇشرىكلاردىن ئادا - جۇدادۇر، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىمۇ ئادا - جۇدادۇر. ئى مۇشرىكلار! ئەگەر سىلەر مۇشرىكلىك ئەقىدەڭلەردىن يېنىپ، هەق دىنىنى قوبۇل قىلساڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر هەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىپ، ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرىشكە ئۇنىمساڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەر ئاللاھنىڭ جازاسىدىن هەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر. ئى پەيغەمبەر! ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈگەن كاپىرلارنى ئاللاھنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغىن.

إِلَّا ٱلَّذِينَ عَٰهَدتُّم مِّنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ثُمَّ لَمْ يَنقُصُوكُمْ شَيْـًٔا وَلَمْ يُظَٰهِرُواْ عَلَيْكُمْ أَحَدًا فَأَتِمُّوٓاْ إِلَيْهِمْ
عَهْدَهُمْ إِلَىٰ مُدَّتِهِمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُتَّقِينَ ﴿٤﴾

4 - مۇشرىكلار ئىچىدىكى سىلەر بىلەن ۋاقىتلىق كېلىشىم تۈزگەن، كېلىشىمگە هېچقانداق خىلاپلىق قىلمىغان، سىلەرگە قارشى هېچقانداق ئادەمگە ياردەم بەرمىگەن كىشىلەر يۇقىرىقى هۆكۈمدىن مۇستەسنادۇر. ئۇلار بىلەن تۈزگەن بۇ كېلىشىمگە ئۇنىڭ ۋاقتى توشقانغا قەدەر رىئايە قىلىڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇندايدىغان، مۇشرىكلىك، خىيانەت قاتارلىق گۇناهلاردىن ساقلانغان تەقۋادار كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ.

فَإِذَا ٱنسَلَخَ ٱلْأَشْهُرُ ٱلْحُرُمُ فَٱقْتُلُواْ ٱلْمُشْرِكِينَ حَيْثُ وَجَدتُّمُوهُمْ وَخُذُوهُمْ وَٱحْصُرُوهُمْ وَٱقْعُدُواْ
لَهُمْ كُلَّ مَرْصَدٍ ۚ فَإِن تَابُواْ وَأَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَوُاْ ٱلزَّكَوٰةَ فَخَلُّواْ سَبِيلَهُمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٥﴾

5 ـ سىلەر مۇشرىكلارغا مۆھلەت بەرگەن تۆت ئاي توشقاندا، مۇشرىكلارغا قارشى ئۇرۇش
ئېلان قىلىڭلار، ئۇلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، ئەسىرگە ئېلىڭلار،
ئەتراپىنى قورشاڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭلار، ئەگەر ئۇلار
كۇفرىدىن يېنىپ ئىسلامنى قوبۇل قىلسا ۋە ناماز ئوقۇپ، زاكات بېرىپ، ئىسلام پەرزلىرىنى
ئادا قىلسا، ئۇلارنى قويۇۋېتىڭلار، چۈنكى ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىڭلارغا
ئايلانغان بولىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ تەۋبە قىلغان بەندىسىنىڭ گۇناھىنى ناھايىتى
مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

وَإِنْ أَحَدٌ مِّنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ٱسْتَجَارَكَ فَأَجِرْهُ حَتَّىٰ يَسْمَعَ كَلَٰمَ ٱللَّهِ ثُمَّ أَبْلِغْهُ مَأْمَنَهُۥ ۚ ذَٰلِكَ
بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَّا يَعْلَمُونَ ﴿٦﴾

6 ـ ئى پەيغەمبەر! ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە، تاكى ئۇ
قۇرئاننى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يېتەلىگۈدەك قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن،
ئاندىن يەنە ئىمان ئېيتمىسا ئۇنى ئۆزى ئامان تاپىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويغىن، بۇ
شۇنىڭ ئۈچۈنكى، كاپىرلار ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەيدىغان قەۋمدۇر. بەلكى ئۇلار
ئۆزلىرىدىكى جاھالەت كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن.

كَيْفَ يَكُونُ لِلْمُشْرِكِينَ عَهْدٌ عِندَ ٱللَّهِ وَعِندَ رَسُولِهِۦٓ إِلَّا ٱلَّذِينَ عَٰهَدتُّمْ عِندَ ٱلْمَسْجِدِ
ٱلْحَرَامِ ۖ فَمَا ٱسْتَقَٰمُوا۟ لَكُمْ فَٱسْتَقِيمُوا۟ لَهُمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُتَّقِينَ ﴿٧﴾

7 ـ ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ نەزىرىدە، مۇشرىكلاردا قانداقمۇ ئەھدە دېگەن
نەرسە بولسۇن؟ ئەمما مەسجىدى ھەرەمنىڭ يېنىدا «ھۇدەيبىيە سۈلھىسى»دە سىلەر
بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلار سىلەر بىلەن تۈزۈشكەن
كېلىشىمگە ۋاپا قىلسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ئەھدىسىگە
ۋاپا قىلىدىغان تەقۋادار كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ.

كَيْفَ وَإِن يَظْهَرُوا۟ عَلَيْكُمْ لَا يَرْقُبُوا۟ فِيكُمْ إِلًّا وَلَا ذِمَّةً ۚ يُرْضُونَكُم بِأَفْوَٰهِهِمْ وَتَأْبَىٰ قُلُوبُهُمْ
وَأَكْثَرُهُمْ فَٰسِقُونَ ﴿٨﴾

8 ـ مۇشرىكلار غەلىبە قىلالمىغان چاغلاردا ئەھدىلىرىگە ۋاپا قىلىدۇ، ئەمما ئۇلار مۇئمىنلەرنى
يېڭىپ چۈشىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان چاغلىرىدا بولسا، ئۇلار نە تۇغقانچىلىقىا، نە
كېلىشىمگە رىئايە قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ سىلەردىن قورقىدىغان چاغدا سىلەرگە قىلىدىغان
ساختا مۇئامىلىسىگە ۋە شېرىن سۆزلىرىگە ئالدىنىپ قالماڭلار. چۈنكى ئۇلار سىلەرنى
خۇش قىلىش ئۈچۈن كۆڭلىدە بولمىغان ياسالما سۆزلەرنى قىلىدۇ، دىللىرىدا (ۋەدىسىدە
تۇرۇشنى) خالىمايدۇ، ئۇلارنىڭ تولىسى ئىسلامغا قارشى ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە سىلەر
بىلەن تۈزگەن ئەھدىلىرىنى بۇزىدۇ.

ٱشْتَرَوْا۟ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ ثَمَنًا قَلِيلًا فَصَدُّوا۟ عَن سَبِيلِهِۦٓ ۚ إِنَّهُمْ سَآءَ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٩﴾

9 ـ ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى دۇنيانىڭ ئەرزىمەس نەرسىلىرىگە سېتىۋەتتى، ھەقنى قوبۇل
قىلىشتىن باش تارتتى ۋە ئىسلامغا كىرىشكە قىزىققان كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن توستى.
ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!

لَا يَرْقُبُونَ فِى مُؤْمِنٍ إِلًّا وَلَا ذِمَّةً ۚ وَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُعْتَدُونَ ﴿١٠﴾

10 - ئۇ مۇشرىكلار ئىمانغا ۋە مۆئمىنلەرگە قارشى كۈرەش قىلىدۇ، ئۇلار نە مۆئمىنلەر بىلەن بولغان تۇغقانچىلىققا، نە تۈزۈلگەن كېلىشىمگە رىئايە قىلمايدۇ، ئەنە شۇلار ھەقىقەتكە دۈشمەنلىك قىلىشتا ۋە كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىشتا ھەقىقەتتەن ھەددىدىن ئاشقانلاردۇر.

فَإِن تَابُواْ وَأَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَوُاْ ٱلزَّكَوٰةَ فَإِخۡوَٰنُكُمۡ فِي ٱلدِّينِۗ وَنُفَصِّلُ ٱلۡأٓيَٰتِ لِقَوۡمٖ يَعۡلَمُونَ ﴿١١﴾

11 - ئەگەر ئۇلار ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنۇشتىن ۋاز كېچىپ، بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتسا، ناماز ئوقۇپ، زاكات بېرىپ، ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلسا، ئۇ چاغدا ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلارغا ئايلىنىدۇ. ھەقىقەتنى بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئايەتلەرنى ئەنە شۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

وَإِن نَّكَثُوٓاْ أَيۡمَٰنَهُم مِّنۢ بَعۡدِ عَهۡدِهِمۡ وَطَعَنُواْ فِي دِينِكُمۡ فَقَٰتِلُوٓاْ أَئِمَّةَ ٱلۡكُفۡرِ إِنَّهُمۡ لَآ أَيۡمَٰنَ لَهُمۡ لَعَلَّهُمۡ يَنتَهُونَ ﴿١٢﴾

12 - ئەگەر ئۇ مۇشرىكلار سىلەر بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكەندىن كېيىن، ئەھدىلىرىنى بۇزسا ۋە ئىسلام دىنىغا ھاقارەت قىلسا، ئۇلار كاپىرلىقتىن ۋە ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلىشتىن يانغانغا قەدەر، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار. چۈنكى ئۇلار كۇفرىنىڭ كاتتىباشلىرىدۇر، ئۇلارنىڭ نە ئەھدىسىنىڭ، نە قەسىمىنىڭ ھېچقانداق ئېتىبارى يوقتۇر.

أَلَا تُقَٰتِلُونَ قَوۡمٗا نَّكَثُوٓاْ أَيۡمَٰنَهُمۡ وَهَمُّواْ بِإِخۡرَاجِ ٱلرَّسُولِ وَهُم بَدَءُوكُمۡ أَوَّلَ مَرَّةٍۚ أَتَخۡشَوۡنَهُمۡۚ فَٱللَّهُ أَحَقُّ أَن تَخۡشَوۡهُ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿١٣﴾

13 - ئى مۆئمىنلەر! ئەھدىنى بۇزغان، پەيغەمبەرنى مەككىدىن ھەيدەپ چىقىرىشقا ئۇرۇنغان، سىلەرگە ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلغان قەۋمگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن ئىككىلىنەمسىلەر. سىلەر ئۇلاردىن قورقامسىلەر؟ ياكى ئۇلار بىلەن ئۇرۇش مەيدانىدا ئۇچرىشىشتىن قورقامسىلەر؟ ئەگەر سىلەر ھەقىقىي مۆئمىن بولساڭلار، سىلەرنىڭ قورقۇشۇڭلار ئۈچۈن ئاللاھ ئەڭ لايىقتۇر.

قَٰتِلُوهُمۡ يُعَذِّبۡهُمُ ٱللَّهُ بِأَيۡدِيكُمۡ وَيُخۡزِهِمۡ وَيَنصُرۡكُمۡ عَلَيۡهِمۡ وَيَشۡفِ صُدُورَ قَوۡمٖ مُّؤۡمِنِينَ ﴿١٤﴾ وَيُذۡهِبۡ غَيۡظَ قُلُوبِهِمۡۗ وَيَتُوبُ ٱللَّهُ عَلَىٰ مَن يَشَآءُۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿١٥﴾

14 - 15 - ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن جازالايدۇ، ئۇلارنى يېڭىلىش ۋە رەسۋالىق بىلەن خار قىلىدۇ، سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ، ھەق دىننى ئۈستۈن قىلىدۇ، سىلەرنىڭ مۇشرىكلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرى سەۋەبلىك غەم - قايغۇغا تولغان كۆڭلۈڭلەرگە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىش ئارقىلىق تەسەللى بېرىدۇ، مۆئمىنلەرنى دىللىرىدىكى ئاچچىقتىن خالاس قىلىدۇ. كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان ئاشۇ كاپىرلاردىن كىمكى قىلمىشلىرىغا تەۋبە قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ خالىغان بەندىسىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئاللاھ تەۋبە قىلغۇچىنىڭ سەمىمىيىتىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، تەدبىرلىرىدە، ئىشلىرىدا ۋە بەندىلىرىگە قانۇن بەلگىلەشتە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

أَمۡ حَسِبۡتُمۡ أَن تُتۡرَكُواْ وَلَمَّا يَعۡلَمِ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ جَٰهَدُواْ مِنكُمۡ وَلَمۡ يَتَّخِذُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَلَا رَسُولِهِۦ وَلَا ٱلۡمُؤۡمِنِينَ وَلِيجَةٗۚ وَٱللَّهُ خَبِيرُۢ بِمَا تَعۡمَلُونَ ﴿١٦﴾

16 - بەندىلىرىنى سىناش ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن بىرىدۇر. ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھ سىلەرنىڭ

ئاراڭلاردىن ئىخلاس بىلەن جىھاد قىلغانلارنى، ئاللاھتىن، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە مۇئمىنلەردىن باشقىسىنى سىرداش قىلىۋالمىغانلارنى ئوتتۇرىغا چىقارماي تۇرۇپ، ئۆزۈڭلارنى سىناقسىز تاشلاپ قويىدۇ دەپ ئويلىماڭلار. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ھەربىر ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

مَا كَانَ لِلْمُشْرِكِينَ أَن يَعْمُرُوا۟ مَسَٰجِدَ ٱللَّهِ شَٰهِدِينَ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِم بِٱلْكُفْرِ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ حَبِطَتْ أَعْمَٰلُهُمْ وَفِى ٱلنَّارِ هُمْ خَٰلِدُونَ ﴿١٧﴾

17 - مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقىنى ئېلان قىلىپ ۋە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىش سالاھىيىتى يوقتۇر. ئۇ مۇشرىكلارنىڭ ياخشىلىق دەپ قىلغان بارلىق ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.

إِنَّمَا يَعْمُرُ مَسَٰجِدَ ٱللَّهِ مَنْ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِ وَأَقَامَ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَى ٱلزَّكَوٰةَ وَلَمْ يَخْشَ إِلَّا ٱللَّهَ ۖ فَعَسَىٰٓ أُو۟لَٰٓئِكَ أَن يَكُونُوا۟ مِنَ ٱلْمُهْتَدِينَ ﴿١٨﴾

18 - ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى پەقەت ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، نامازنى مۇكەممەل ئوقۇغان، زاكات بەرگەن، ئاللاھنىڭ دىنىنى قوغداشتا ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمىغان كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلغان ئاشۇ كىشىلەر توغرا يولغا مۇۋەپپەق بولغانلاردۇر.

۞ أَجَعَلْتُمْ سِقَايَةَ ٱلْحَآجِّ وَعِمَارَةَ ٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ كَمَنْ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِ وَجَٰهَدَ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ ۚ لَا يَسْتَوُۥنَ عِندَ ٱللَّهِ ۗ وَٱللَّهُ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٩﴾

19 - ئى قەۋم! سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلىگەنلەرنى، مەسجىدى ھەرەمنى ئاۋات قىلغانلارنى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلار بىلەن ئوخشاش دەپ ھېسابلامسىلەر؟ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مۇئمىنلەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن كاپىرلارنىڭ ئەھۋالى تەڭ ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئاللاھ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان قەۋمنى ياخشى ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلمايدۇ.

ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَهَاجَرُوا۟ وَجَٰهَدُوا۟ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ بِأَمْوَٰلِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ أَعْظَمُ دَرَجَةً عِندَ ٱللَّهِ ۚ وَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْفَآئِزُونَ ﴿٢٠﴾

20 - ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان، كۇفرى دىيارىنى تاشلاپ ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت قىلغان، ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش يولىدا پۇل - مېلىنى ۋە جېنىنى ئاتاپ جىھاد قىلغان كىشىلەرنىڭ دەرىجىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر. ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت كاتتا ئۇتۇقنى قازانغۇچىلاردۇر.

يُبَشِّرُهُمْ رَبُّهُم بِرَحْمَةٍ مِّنْهُ وَرِضْوَٰنٍ وَجَنَّٰتٍ لَّهُمْ فِيهَا نَعِيمٌ مُّقِيمٌ ﴿٢١﴾

21 - ئاشۇ مۇھاجىر مۇئمىنلەرگە ئاللاھ ئۆزىنىڭ كەڭ رەھمىتى، مەڭگۈلۈك رازىلىقى ۋە نېمەتلىرى تۈگىمەي قالمايدىغان جەننەتلەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ.

خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًاۚ إِنَّ ٱللَّهَ عِندَهُۥٓ أَجۡرٌ عَظِيمٞ ﴿٢٢﴾

22 - ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ، ئۇ جەننەتلەرنىڭ نېمەتلىرى تۈگەپ قالمايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ھاياتىدا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىدۇر. شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىنى تەرك ئېتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كاتتا مۇكاپات بار.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَّخِذُوٓاْ ءَابَآءَكُمۡ وَإِخۡوَٰنَكُمۡ أَوۡلِيَآءَ إِنِ ٱسۡتَحَبُّواْ ٱلۡكُفۡرَ عَلَى ٱلۡإِيمَٰنِۚ وَمَن يَتَوَلَّهُم مِّنكُمۡ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٢٣﴾

23 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! ئەگەر ئاتىلىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار ۋە يېقىن تۇغقانلىرىڭلار كاپىرلىقتا چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئىسلامغا قارشى تۇرۇشنى داۋاملاشتۇرسا، ئۇلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ مەخپىيەتلىكىگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى قىلىشىدىغان، مۇھىم ئىشلىرىڭلاردا مەسلىھەتلىشىدىغان سىرداشلىرىڭلار قاتارىدىن سانىماڭلار. سىلەردىن كىمكى، ئۇلارنى يېقىن سىرداش ھېسابلايدىكەن ۋە ئۆزلىرىگە دوست قىلىۋالىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان ۋە ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ.

قُلۡ إِن كَانَ ءَابَآؤُكُمۡ وَأَبۡنَآؤُكُمۡ وَإِخۡوَٰنُكُمۡ وَأَزۡوَٰجُكُمۡ وَعَشِيرَتُكُمۡ وَأَمۡوَٰلٌ ٱقۡتَرَفۡتُمُوهَا وَتِجَٰرَةٞ تَخۡشَوۡنَ كَسَادَهَا وَمَسَٰكِنُ تَرۡضَوۡنَهَآ أَحَبَّ إِلَيۡكُم مِّنَ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَجِهَادٖ فِي سَبِيلِهِۦ فَتَرَبَّصُواْ حَتَّىٰ يَأۡتِيَ ٱللَّهُ بِأَمۡرِهِۦۗ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡفَٰسِقِينَ ﴿٢٤﴾

24 - ئى پەيغەمبەر! مۇئمىنلەرگە ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئاتىلىرىڭلارنى، ئوغۇللىرىڭلارنى، قېرىنداشلىرىڭلارنى، ئاياللىرىڭلارنى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭلارنى، تاپقان پۇل - ماللىرىڭلارنى، ئاقماي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن تىجارىتىڭلارنى، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلارنى ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىن ئەۋزەل كۆرسەڭلار، سىلەر ئاللاھنىڭ ئازابىنى كۈتسەڭلار بولىدۇ. ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان قەۋمنى ھىدايەتكە ۋە ياخشى ئىشقا مۇۋەپپەق قىلمايدۇ».

لَقَدۡ نَصَرَكُمُ ٱللَّهُ فِي مَوَاطِنَ كَثِيرَةٖ وَيَوۡمَ حُنَيۡنٍ إِذۡ أَعۡجَبَتۡكُمۡ كَثۡرَتُكُمۡ فَلَمۡ تُغۡنِ عَنكُمۡ شَيۡـٔٗا وَضَاقَتۡ عَلَيۡكُمُ ٱلۡأَرۡضُ بِمَا رَحُبَتۡ ثُمَّ وَلَّيۡتُم مُّدۡبِرِينَ ﴿٢٥﴾

25 - شەكسىزكى، سىلەر قولۇڭلاردىن كەلگەن سەۋەبلەرنى قىلغان ۋە ئاللاھقا چىن ئىشەنچ بىلەن تايانغان چېغىڭلاردا، ئاللاھ سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ياردەم بەردى. ھۇنەيىن ئۇرۇشى بولغان كۈندە سىلەرنى سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى مەغرۇرلاندۇرغان ۋە «بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپتۇر، شۇڭا يېڭىلمەيمىز» دېگەن ئىدىڭلار، سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى، دۈشمەن سىلەرگە غالىب كەلدى، شۇنچە كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى، شۇنىڭ بىلەن سىلەر ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭلار.

ثُمَّ أَنزَلَ ٱللَّهُ سَكِينَتَهُۥ عَلَىٰ رَسُولِهِۦ وَعَلَى ٱلۡمُؤۡمِنِينَ وَأَنزَلَ جُنُودٗا لَّمۡ تَرَوۡهَا وَعَذَّبَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْۚ وَذَٰلِكَ جَزَآءُ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٢٦﴾

26 - ئاندىن ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جىھاد مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇردى. ئاللاھ ئۇلارغا ئۇلار ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان پەرىشتىلەر قوشۇنىنى چۈشۈردى، ئۇلارغا دۈشمەنلىرىگە قارشى نۇسرەت ئاتا قىلدى،

كاپىرلارنى بولسا قاتتىق جازالىدى. مانا بۇ كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىدىن توسقان، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنىڭ جازاسىدۇر.

ثُمَّ يَتُوبُ ٱللَّهُ مِنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَ عَلَىٰ مَن يَشَآءُۗ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٢٧﴾

27 ـ شۇنىڭدىن كېيىن، كىمكى كۇفرىدىن يېنىپ ئىسلامنى قوبۇل قىلسا، ئاللاھ ئۇلاردىن خالىغان كىشىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِنَّمَا ٱلۡمُشۡرِكُونَ نَجَسٞ فَلَا يَقۡرَبُواْ ٱلۡمَسۡجِدَ ٱلۡحَرَامَ بَعۡدَ عَامِهِمۡ هَٰذَاۚ وَإِنۡ خِفۡتُمۡ عَيۡلَةٗ فَسَوۡفَ يُغۡنِيكُمُ ٱللَّهُ مِن فَضۡلِهِۦٓ إِن شَآءَۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ﴿٢٨﴾

28 ـ ئى مۇئمىنلەر! مۇشرىكلار پەقەتلا نىجىستۇر. شۇڭا مۇشۇ يىلدىن (يەنى ھىجرىيەنىڭ 9 ـ يىلىدىن) كېيىن ئۇلارنى مەسجىدى ھەرەمگە يېقىنلاشتۇرماڭلار. ئەگەر سىلەرنىڭ ئۇلار بىلەن قىلىدىغان تىجارىتىڭلار ئۈزۈلۈپ قېلىش سەۋەبلىك پېقىر بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىسەڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرگە ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىدۇ، ئاللاھ خالىسا، سىلەرنى ئۇزاققا قالماي ئۆز پەزلى بىلەن باي قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

قَٰتِلُواْ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَلَا بِٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَلَا يُحَرِّمُونَ مَا حَرَّمَ ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥ وَلَا يَدِينُونَ دِينَ ٱلۡحَقِّ مِنَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ حَتَّىٰ يُعۡطُواْ ٱلۡجِزۡيَةَ عَن يَدٖ وَهُمۡ صَٰغِرُونَ ﴿٢٩﴾

29 ـ ئى مۇسۇلمانلار! يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلاردىن ئىبارەت ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى چەكلىگەن ئىشلاردىن چەكلەنمەيدىغان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلمايدىغان كاپىرلار تاكى سىلەرگە بويسۇنۇپ، سىلەر بەلگىلەپ بەرگەن جىزيەنى ياۋاشلىق بىلەن تۆلىگەنگە قەدەر، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار.

وَقَالَتِ ٱلۡيَهُودُ عُزَيۡرٌ ٱبۡنُ ٱللَّهِ وَقَالَتِ ٱلنَّصَٰرَى ٱلۡمَسِيحُ ٱبۡنُ ٱللَّهِۖ ذَٰلِكَ قَوۡلُهُم بِأَفۡوَٰهِهِمۡۖ يُضَٰهِـُٔونَ قَوۡلَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِن قَبۡلُۚ قَٰتَلَهُمُ ٱللَّهُۖ أَنَّىٰ يُؤۡفَكُونَ ﴿٣٠﴾

30 ـ يەھۇدىيلار: «ئۇزەير ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» دەپ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈردى، خىرىستىيانلارمۇ: «مەسىھ ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» دەپ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈردى. ئۇلار بۇ يالغاننى ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىقتى. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزى ئىلگىرىكى مۇشرىكلارنىڭ سۆزلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئاللاھ بۇ كاپىرلارنىڭ ھەممىسىگە لەنەت قىلسۇن! ئۇلار ھەقىقەتتىن قانداقلارچە باتىلغا بۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟

ٱتَّخَذُوٓاْ أَحۡبَارَهُمۡ وَرُهۡبَٰنَهُمۡ أَرۡبَابٗا مِّن دُونِ ٱللَّهِ وَٱلۡمَسِيحَ ٱبۡنَ مَرۡيَمَ وَمَآ أُمِرُوٓاْ إِلَّا لِيَعۡبُدُوٓاْ إِلَٰهٗا وَٰحِدٗاۖ لَّآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۚ سُبۡحَٰنَهُۥ عَمَّا يُشۡرِكُونَ ﴿٣١﴾

31 ـ يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار ئاللاھنى قويۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىمالىرىنى، راھىبلىرىنى ئىلاھ قىلىۋېلىپ ئۇلار چىقارغان ھۆكۈملەرگە بويسۇندى. خىرىستىيانلار مەريەم ئوغلى مەسىھنى ئىلاھ قىلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا چوقۇندى. ھالبۇكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يالغۇز ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئىدى. چۈنكى ئاللاھ ھەقىقىي ئىلاھتۇر،

ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ئازغۇنلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر.

يُرِيدُونَ أَن يُطْفِـُٔوا۟ نُورَ ٱللَّهِ بِأَفْوَٰهِهِمْ وَيَأْبَى ٱللَّهُ إِلَّآ أَن يُتِمَّ نُورَهُۥ وَلَوْ كَرِهَ ٱلْكَٰفِرُونَ ﴿٣٢﴾

32 - كاپىرلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى ۋە ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل - پاكىتلارنى يوق قىلماقچى بولىدۇ. ھەقىقەت شۇكى، كاپىرلار قانچىلىك يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئەلۋەتتە ئۆز دىنىنى تاماملىماي قالمايدۇ، بۇ دىننى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىدۇ ۋە ئىمان كەلتۈرمىسىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قىلىدۇ.

هُوَ ٱلَّذِىٓ أَرْسَلَ رَسُولَهُۥ بِٱلْهُدَىٰ وَدِينِ ٱلْحَقِّ لِيُظْهِرَهُۥ عَلَى ٱلدِّينِ كُلِّهِۦ وَلَوْ كَرِهَ ٱلْمُشْرِكُونَ ﴿٣٣﴾

33 - مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئىسلام دىنىنى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قۇرئان ۋە ئىسلام دىنى بىلەن ئەۋەتكەن زاتتۇر.

۞ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِنَّ كَثِيرًا مِّنَ ٱلْأَحْبَارِ وَٱلرُّهْبَانِ لَيَأْكُلُونَ أَمْوَٰلَ ٱلنَّاسِ بِٱلْبَـٰطِلِ وَيَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ ۗ وَٱلَّذِينَ يَكْنِزُونَ ٱلذَّهَبَ وَٱلْفِضَّةَ وَلَا يُنفِقُونَهَا فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ فَبَشِّرْهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ﴿٣٤﴾

34 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! ئەھلى كىتابنىڭ ئۆلىمالىرىدىن ۋە راھىبلىرىدىن[1] نۇرغۇنلىرى كىشىلەرنىڭ پۇل - ماللىرىنى پارىخورلۇققا ئوخشىغان ھارام يوللار بىلەن يەۋالىدۇ، كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا مېڭىشتىن توسىدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئالتۇن - كۈمۈش يىغىپ، ئۇنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلمايدىغانلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن.

يَوْمَ يُحْمَىٰ عَلَيْهَا فِى نَارِ جَهَنَّمَ فَتُكْوَىٰ بِهَا جِبَاهُهُمْ وَجُنُوبُهُمْ وَظُهُورُهُمْ ۖ هَـٰذَا مَا كَنَزْتُمْ لِأَنفُسِكُمْ فَذُوقُوا۟ مَا كُنتُمْ تَكْنِزُونَ ﴿٣٥﴾

35 - قىيامەت كۈنى ئالتۇن - كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىغا تاشلىنىپ تازا قىزىتىلىدۇ، قىزىتىلغان بۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەر بىلەن دۇنيادا بۇلارنى توپلىغان ئىگىلىرىنىڭ پېشانىلىرى، بىقىنلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا كايىپ مۇنداق دېيىلىدۇ: «مانا بۇ سىلەر يىغىپ، زاكىتىنى ئادا قىلمىغان ئالتۇن - كۈمۈشلەردۇر. ئەمدى، پۇل - مال يىغىپ، زاكىتىنى بەرمىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭ ئازابىنى تارتىڭلار».

إِنَّ عِدَّةَ ٱلشُّهُورِ عِندَ ٱللَّهِ ٱثْنَا عَشَرَ شَهْرًا فِى كِتَـٰبِ ٱللَّهِ يَوْمَ خَلَقَ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ مِنْهَآ أَرْبَعَةٌ حُرُمٌ ۚ ذَٰلِكَ ٱلدِّينُ ٱلْقَيِّمُ ۚ فَلَا تَظْلِمُوا۟ فِيهِنَّ أَنفُسَكُمْ ۚ وَقَـٰتِلُوا۟ ٱلْمُشْرِكِينَ كَآفَّةً كَمَا يُقَـٰتِلُونَكُمْ كَآفَّةً ۚ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلْمُتَّقِينَ ﴿٣٦﴾

36 - شەكسىزكى، ئاللاھ ئاسمان ۋە زېمىننى ياراتقاندىن تارتىپ، بىر يىللىق تەشكىل قىلىدىغان ئايلارنىڭ سانى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان بويىچە ئاللاھنىڭ ھۆكمىدە ئون

[1] يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى «ھاخام»، خرىستىيانلارنىڭ ئۆلىمالىرى «قىسسىس» دەپ ئاتىلىدۇ. راھىب - خرىستىيان دىنىدا تەركىدۇنيالىق يولىغا كىرىپ، ئۆزىنى ئىبادەتكە ئاتىغان ئادەمنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىككى ئايدۇر، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تۆت ئاي ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايلار بولۇپ، ئۇلار: زۇلقەئدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم، رەجەبتىن ئىبارەتتۇر. بۇ توغرا دىنىدۇر، شۇڭا بۇ ئايلاردا چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ ئۆزۈڭلارغا زىيان سالماڭلار، چۈنكى بۇ ئايلاردا قىلغان يامان ئىشنىڭ گۇناھى چوڭ بولىدۇ. مۇشرىكلار سىلەر بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇشقاندەك، سىلەرمۇ ئۇلار بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇشۇڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەقىقەتەن تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر، ئۇلارنى قوللايدۇ ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ.

إِنَّمَا ٱلنَّسِيٓءُ زِيَادَةٞ فِي ٱلۡكُفۡرِۖ يُضَلُّ بِهِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يُحِلُّونَهُۥ عَامٗا وَيُحَرِّمُونَهُۥ عَامٗا لِّيُوَاطِـُٔواْ عِدَّةَ مَا حَرَّمَ ٱللَّهُ فَيُحِلُّواْ مَا حَرَّمَ ٱللَّهُۚ زُيِّنَ لَهُمۡ سُوٓءُ أَعۡمَٰلِهِمۡۗ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ٣٧

37 - ئەرەبلەرنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدە ھەر يىلدىن خالىغان تۆت ئاينى ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئاي قىلىپ بەلگىلىۋېلىپ، ئاندىن بۇ ئايلارنى ئۆز خاھىشى بويىچە ئالدى - كەينىگە سۈرۈشى، ئۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولغان چاغلىرىدا چەكلەنگەن ئاينىڭ ئورنىغا چەكلەنمىگەن ئاينى قويۇۋېلىشى ھەقىقەتەن كۇفرىدا ھەددىدىن ئاشقانلىقتۇر. شەيتان بۇنىڭ بىلەن كاپىرلارنى ئازدۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ كاپىرلار ئاللاھ ئۇرۇش قىلىشنى چەكلىگەن ئايلارنىڭ سانىغا مۇۋاپىقلىشىش ئۈچۈن، بۇ ئايلارنى بىر يىل ئۇرۇش قىلىش چەكلەنمىگەن ئايلاردىن سانىسا، ئىككىنچى يىلى ئۇ ئايلارنى ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايلاردىن سانايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلارنى چەكلىمىگەن ئىشلارغا ئايلاندۇرۇۋالىدۇ. شەيتان ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ بۇ يامان ئەمەللىرىنى شۇنداق چىرايلىق كۆرسەتكەن. ئاللاھ كاپىر قەۋمنى توغرا ئىشقا مۇۋەپپەق قىلمايدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَا لَكُمۡ إِذَا قِيلَ لَكُمُ ٱنفِرُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ ٱثَّاقَلۡتُمۡ إِلَى ٱلۡأَرۡضِۚ أَرَضِيتُم بِٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا مِنَ ٱلۡأٓخِرَةِۚ فَمَا مَتَٰعُ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا فِي ٱلۡأٓخِرَةِ إِلَّا قَلِيلٌ ٣٨

38 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! سىلەرگە «دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى ئاللاھ يولىدا جىھادقا ئاتلىنىڭلار» دېيىلسە، نېمىشقا ئورنۇڭلاردىن قىمىرلىماي يېتىۋالىسىلەر؟ نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغۇڭلار كەلمەيدۇ؟ سىلەر بۇ دۇنيالىق مەنپەئەتلەرنى ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەۋزەل كۆردۈڭلارمۇ؟ بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ دۇنيادا مەنپەئەتلىنىدىغان نەرسەڭلار ئاز ۋە ۋاقىتلىقتۇر، ئەمما ئاللاھ مۇجاھىدلارغا تەييارلىغان ئاخىرەت نېمەتلىرى كۆپ ۋە دائىملىقتۇر.

إِلَّا تَنفِرُواْ يُعَذِّبۡكُمۡ عَذَابًا أَلِيمٗا وَيَسۡتَبۡدِلۡ قَوۡمًا غَيۡرَكُمۡ وَلَا تَضُرُّوهُ شَيۡـٔٗاۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ٣٩

39 - ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەر دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى جىھادقا ئاتلانمىساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئازابىنى چۈشۈرىدۇ، سىلەرنى ھالاك قىلىۋېتىپ، ئورنۇڭلارغا جىھادقا ئەمر قىلىنسا دەرھال ئورۇندايدىغان، ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. سىلەر جىھاد قىلىشتىن باش تارتىش بىلەن ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، ئاللاھنىڭ سىلەرگە ھاجىتى يوق، ئەمما سىلەر ئاللاھقا موھتاجسىلەر. ئاللاھ ئىرادە قىلغان ئىش ئەلۋەتتە ئەمەلگە ئاشىدۇ، چۈنكى ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر، ئۇ سىلەرسىزمۇ ئۆزىنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىشقا، پەيغەمبىرىگە نۇسرەت ئاتا

قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر.

إِلَّا تَنصُرُوهُ فَقَدْ نَصَرَهُ ٱللَّهُ إِذْ أَخْرَجَهُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ ثَانِيَ ٱثْنَيْنِ إِذْ هُمَا فِى ٱلْغَارِ إِذْ يَقُولُ لِصَٰحِبِهِۦ
لَا تَحْزَنْ إِنَّ ٱللَّهَ مَعَنَا ۖ فَأَنزَلَ ٱللَّهُ سَكِينَتَهُۥ عَلَيْهِ وَأَيَّدَهُۥ بِجُنُودٍ لَّمْ تَرَوْهَا وَجَعَلَ كَلِمَةَ ٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ ٱلسُّفْلَىٰ ۗ وَكَلِمَةُ ٱللَّهِ هِىَ ٱلْعُلْيَا ۗ وَٱللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٤٠﴾

40 - ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى! ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن بىللە جىھادقا چىقمىساڭلار، ئۇنىڭغا ياردەم قىلمىساڭلار، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم قىلىدۇ. چۈنكى، ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆز يۇرتى بولغان مەككە شەھىرىدىن ھەيدەپ چىقارغاندا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان ۋە ئۇنى قوغدىغان ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئەبۇ بەكرى سىددىقتىن ئىبارەت بىرلا كىشى ھەمراھ ئىدى. ئۇلار مەككىدىكى سۇر غارىغا كىرىۋالغان بولۇپ، ئۇلار ئۇ يەردە ئۈچ كېچە تۇرغان ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەمراھى ئەبۇ بەكرىنىڭ چىرايىدا قورقۇنچىنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا: «غەم قىلمىغىن، ئاللاھ بىز بىلەن بىللىدۇر، بىزنى قوللايدۇ ۋە بىزگە ياردەم قىلىدۇ» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك بېغىشلىغان، ئۇنىڭغا ئىنسانلار كۆرۈپ باقمىغان پەرىشتىلەر قوشۇنى بىلەن مەدەت بەرگەن ئىدى. ئاللاھ كاپىرلارنىڭ سۆزى (مۇشرىكلىك)نى پەس قىلدى. ئاللاھنىڭ سۆزى (تەۋھىد) بولسا ئەڭ ئۈستۈندۇر. ئاللاھ پادىشاھلىقىدا غالىبتۇر، بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

ٱنفِرُواْ خِفَافًا وَثِقَالًا وَجَٰهِدُواْ بِأَمْوَٰلِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ ۚ ذَٰلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ
تَعْلَمُونَ ﴿٤١﴾

41 - ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ يولىدا جىھادقا چىقىڭلار، مەيلى سىلەر ياش بولۇڭلار ياكى قېرى بولۇڭلار، قىيىنچىلىقتا بولۇڭلار ياكى ئازادىچىلىكتە بولۇڭلار، ھەرقانداق ھالەتتە جىھادقا چىقىڭلار. پۇل - مېلىڭلارنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىڭلار، ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، جېنىڭلارنى پىدا قىلىپ جىھاد قىلىڭلار. ئەگەر سىلەر جىھاد قىلىشنىڭ پەزىلىتىنى ۋە ئۇنىڭ كاتتا ساۋابىنى بىلسەڭلار، جىھادقا چىقىش، جىھادقا پۇل - مال سەرپ قىلىش ۋە جاننى ئاتاش سىلەر ئۈچۈن، جىھادقا چىقمىغاندىن ئەلۋەتتە ياخشى ۋە ئەۋزەلدۇر. ئەگەر سىلەر بۇنى بىلگەن بولساڭلار، ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئورۇنداڭلار.

لَوْ كَانَ عَرَضًا قَرِيبًا وَسَفَرًا قَاصِدًا لَّٱتَّبَعُوكَ وَلَٰكِنۢ بَعُدَتْ عَلَيْهِمُ ٱلشُّقَّةُ ۚ وَسَيَحْلِفُونَ بِٱللَّهِ لَوِ
ٱسْتَطَعْنَا لَخَرَجْنَا مَعَكُمْ يُهْلِكُونَ أَنفُسَهُمْ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ إِنَّهُمْ لَكَٰذِبُونَ ﴿٤٢﴾

42 - ئاللاھ بىر قىسىم مۇناپىقلارنىڭ يالغان ئۆزرىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تەبۇك غازىتىغا چىقماسلىق ھەققىدە رۇخسەت سورىغانلىقىغا كايىپ مۇنداق دېگەن: «ئى پەيغەمبەر! ئەگەر ئۇ مۇناپىقلار دەۋەت قىلىنغان بۇ جىھاد يېقىن مۇساپىلىك، جاپاسىز، ئوڭاي سەپەردە ئاسانلا قولغا كېلىدىغان غەنىيمەت بولسا ئىدى، ئۇ مۇناپىقلار چوقۇم ساڭا ئەگىشىپ جىھادقا چىقاتتى. لېكىن ئۇلار قاتتىق ئىسسىق كۈنلەردە شام ئەتراپىدا رىملىقلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا دەۋەت قىلىنغان چاغدا، بۇ ئارىلىق ئۇلارغا يىراق بىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جىھادقا چىقىشتىن ۋازكەچتى ۋە مۇھاجىدلاردىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇلار يېقىندا: ‹ئەگەر چىقىشقا قادىر بولالىغان بولساق،

ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىللە چىقاتتۇق› دەپ، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىپ، چىقالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتىدۇ. ھالبۇكى، يالغانچىلىق ۋە مۇناپىقلىق بىلەن ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلىدۇ. ئاللاھ بىلىدۇكى، ئۇلار شەك - شۈبھىسىز يالغانچىلاردۇر، ئۇلار ساڭا يالغاندىن ئۆزرە ئېيتىدۇ».

عَفَا ٱللَّهُ عَنكَ لِمَ أَذِنتَ لَهُمۡ حَتَّىٰ يَتَبَيَّنَ لَكَ ٱلَّذِينَ صَدَقُواْ وَتَعۡلَمَ ٱلۡكَٰذِبِينَ ﴿٤٣﴾

43 - ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ سېنىڭ مۇناپىقلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلغانلىق خاتالىقىڭنى كەچۈردى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى راست ئۆزرىسى بارلىرى ساڭا ئېنىق بولمىغۇچە ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يالغانچىلارنى بىلمىگۈچە، نېمىشقا ئۇلارنىڭ جىھادقا چىقماسلىقىغا رۇخسەت بەردىڭ؟

لَا يَسۡتَـٔۡذِنُكَ ٱلَّذِينَ يُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ أَن يُجَٰهِدُواْ بِأَمۡوَٰلِهِمۡ وَأَنفُسِهِمۡۗ وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ بِٱلۡمُتَّقِينَ ﴿٤٤﴾

44 - ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەر سەندىن پۇل - مېلىنى سەرپ قىلىپ، جېنىنى ئاتاپ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىن قېلىپ قېلىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىمايدۇ. (ئۆزرىسىز تۇرۇپ) جىھادقا چىقماسلىق ئۈچۈن رۇخسەت سوراش پەقەتلا مۇناپىقلارنىڭ ئىشىدۇر. ئاللاھ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىنى تەرك ئېتىدىغان تەقۋادارلارنى ئوبدان بىلىدۇ.

إِنَّمَا يَسۡتَـٔۡذِنُكَ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَٱرۡتَابَتۡ قُلُوبُهُمۡ فَهُمۡ فِي رَيۡبِهِمۡ يَتَرَدَّدُونَ ﴿٤٥﴾

45 - ئى پەيغەمبەر! جىھادقا چىقماسلىق ئۈچۈن سەندىن رۇخسەت سورايدىغانلار پەقەت ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان، ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ياخشى ئەمەل قىلمايدىغان، سەن ئېلىپ كەلگەن ھەق دىن توغرۇلۇق دىلىدا شەك بار كىشىلەردۇر. ئۇلار ھەمىشە شەك - شۈبھىلىرى ئىچىدە تېڭىرقاپ يۈرىدۇ.

۞ وَلَوۡ أَرَادُواْ ٱلۡخُرُوجَ لَأَعَدُّواْ لَهُۥ عُدَّةٗ وَلَٰكِن كَرِهَ ٱللَّهُ ٱنۢبِعَاثَهُمۡ فَثَبَّطَهُمۡ وَقِيلَ ٱقۡعُدُواْ مَعَ ٱلۡقَٰعِدِينَ ﴿٤٦﴾

46 - ئى پەيغەمبەر! ئەگەر ئاشۇ مۇناپىقلار جىھادقا چىقىشنى خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە جىھادقا چىقىش ئۈچۈن ئوزۇق - تۈلۈك ۋە ئات - ئۇلاغ قاتارلىقلارنى تەييارلىغان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ چىقىشىنى ياقتۇرمىدى، شۇڭا جىھادقا چىقىشنى ئۇلارغا ئېغىر كۆرسەتتى. (يەنى گەرچە ئاللاھ ئۇلارنى جىھادقا چىقىشقا ئەمر قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ چىقمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارغا چىقماسلىقنى تەقدىر قىلدى). ئۇلارغا: «ئۆيلىرىدە قېلىپ قالىدىغان ئاياللار، كىچىك بالىلار ۋە ياشانغانلار بىلەن بىللە قېلىڭلار» دېيىلدى.

لَوۡ خَرَجُواْ فِيكُم مَّا زَادُوكُمۡ إِلَّا خَبَالٗا وَلَأَوۡضَعُواْ خِلَٰلَكُمۡ يَبۡغُونَكُمُ ٱلۡفِتۡنَةَ وَفِيكُمۡ سَمَّٰعُونَ لَهُمۡۗ وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ بِٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٤٧﴾

47 - ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر ئۇ مۇناپىقلار سىلەر بىلەن بىللە جىھادقا چىققان بولسا ئىدى، ئۇلار ئەلۋەتتە مۇجاھىدلار سېپىدە پىتنە - پاسات ۋە بۇزغۇنچىلىق تېرىيتتى، ئاراڭلارغا

بۆلگۈنچىلىك سېلىش ۋە سىلەرنى بىر - بىرىڭلارغا ئۆچ قىلىش ئۈچۈن چوقۇم سۇخەنچىلىك قىلاتتى. مۇناپىقلار سىلەرنى جىھادتىن توسماقچى بولىدۇ. ئاراڭلاردا ئۇلارنىڭ كۆز - قۇلاقلىرى بار، ئۇلار سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى كاتتىباشلىرىغا يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان ئاشۇ مۇناپىقلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇلارغا تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ.

لَقَدِ ٱبْتَغَوُاْ ٱلْفِتْنَةَ مِن قَبْلُ وَقَلَّبُواْ لَكَ ٱلْأُمُورَ حَتَّىٰ جَآءَ ٱلْحَقُّ وَظَهَرَ أَمْرُ ٱللَّهِ وَهُمْ كَٰرِهُونَ ﴿٤٨﴾

48 - مۇناپىقلار تەبۇك غازىتىدىن ئىلگىرىمۇ مۇئمىنلەرنىڭ سېپىنى بۆلۈشكە ۋە ئۇلارنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىن توسۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، مەقسىتىگە يېتەلمىگەن ئىدى. ئى پەيغەمبەر! بۇ مۇناپىقلار سەن ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇنماقتا. ئۇلار ئۇھۇد ۋە خەندەك غازاتلىرىدىمۇ شۇنداق قىلغان ۋە ساڭا قارشى سۇيىقەست پىلانلىغان ئىدى. ئاللاھنىڭ ياردىمى كەلدى، ئاللاھ ئىسلام قوشۇنلىرىنى كۈچلەندۈردى. كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئۆز دىنىنى بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلدى.

وَمِنْهُم مَّن يَقُولُ ٱئْذَن لِّى وَلَا تَفْتِنِّىٓ ۚ أَلَا فِى ٱلْفِتْنَةِ سَقَطُواْ ۗ وَإِنَّ جَهَنَّمَ لَمُحِيطَةٌۢ بِٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٤٩﴾

49 - مۇناپىقلارنىڭ ئارىسىدا جىھادقا چىقماسلىق ئۈچۈن باھانە ئىزدەپ: «ماڭا رۇخسەت قىلغىن، مېنى ئاياللارنىڭ پىتنىسىگە گىرىپتار قىلمىغىن» دېگۈچىلەرمۇ بار. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار مۇناپىقلىقتىن ئىبارەت چوڭ بالاغا ئاللىبۇرۇن گىرىپتار بولۇپ بولدى. شەكسىزكى، جەھەننەم كاپىرلارنى چوقۇم قورشىغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى جەھەننەمدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

إِن تُصِبْكَ حَسَنَةٌ تَسُؤْهُمْ ۖ وَإِن تُصِبْكَ مُصِيبَةٌ يَقُولُواْ قَدْ أَخَذْنَآ أَمْرَنَا مِن قَبْلُ وَيَتَوَلَّواْ وَّهُمْ فَرِحُونَ ﴿٥٠﴾

50 - ئى پەيغەمبەر! ساڭا غەنىيمەت، خۇشاللىق دېگەندەك قانداقلا بىر ياخشىلىق يەتسە، مۇناپىقلار قاتتىق بىئارام بولىدۇ، ساڭا مەغلۇبىيەت ۋە قىيىنچىلىق دېگەندەك قانداقلا بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇلار: «بىز تەدبىرلىك كىشىلەرمىز، شۇڭا بىز مۇھەممەد بىلەن جىھادقا چىقماي، ئوبدان تەدبىر ئالغان ئىكەنمىز» دېيىشىپ، ئۆز قىلمىشلىرىدىن ۋە ساڭا يەتكەن كۆڭۈلسىزلىكتىن خۇشال بولۇپ قايتىشىدۇ.

قُل لَّن يُصِيبَنَآ إِلَّا مَا كَتَبَ ٱللَّهُ لَنَا هُوَ مَوْلَىٰنَا ۚ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ ٱلْمُؤْمِنُونَ ﴿٥١﴾

51 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇناپىقلارغا ئېيتقىنكى، «بىزگە پەقەت ئاللاھنىڭ لەۋھۇلمەھپۇزدا تەقدىر قىلغان نەرسىسىلا يېتىدۇ، ئاللاھ بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزگە قارشى مەدەتكارىمىزدۇر. مۇئمىنلەر بىر ئاللاھقىلا تايانسۇن».

قُلْ هَلْ تَرَبَّصُونَ بِنَآ إِلَّآ إِحْدَى ٱلْحُسْنَيَيْنِ ۖ وَنَحْنُ نَتَرَبَّصُ بِكُمْ أَن يُصِيبَكُمُ ٱللَّهُ بِعَذَابٍ مِّنْ عِندِهِۦٓ أَوْ بِأَيْدِينَا ۖ فَتَرَبَّصُوٓاْ إِنَّا مَعَكُم مُّتَرَبِّصُونَ ﴿٥٢﴾

52 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر پەقەتلا بىزنىڭ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ شېھىت بولۇشىمىزنى ياكى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غەلىبە قىلىشىمىزنى كۈتۈۋاتىسىلەر، بىزمۇ ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئۆز دەرگاھىدىن ئازاب چۈشۈرۈشىنى ياكى بىزنىڭ قولىمىز ئارقىلىق سىلەرنى جازالىشىنى كۈتۈۋاتىمىز، سىلەرمۇ كۈتۈڭلار، شەكسىزكى، بىزمۇ

ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىللە ئاللاھنىڭ بىزگە ۋە سىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى
كۈتىمىز».

قُلْ أَنفِقُواْ طَوْعًا أَوْ كَرْهًا لَّن يُتَقَبَّلَ مِنكُمْ إِنَّكُمْ كُنتُمْ قَوْمًا فَٰسِقِينَ ﴿٥٣﴾

53 - ئى پەيغەمبەر! مۇناپىقلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھ يولىدا ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي
يوسۇندا قانچىلىك پۇل - مال سەرپ قىلىپ كېتىڭلار، ئاللاھ ئۇنى سىلەردىن ھەرگىز
قوبۇل قىلمايدۇ، چۈنكى سىلەر ئاللاھنىڭ دىنىدىن چىقىپ كەتكەن ۋە ئاللاھنىڭ
ئىتائىتىدىن يۈز ئۆرۈگەن قەۋمسىلەر».

وَمَا مَنَعَهُمْ أَن تُقْبَلَ مِنْهُمْ نَفَقَٰتُهُمْ إِلَّآ أَنَّهُمْ كَفَرُواْ بِٱللَّهِ وَبِرَسُولِهِۦ وَلَا يَأْتُونَ ٱلصَّلَوٰةَ إِلَّا
وَهُمْ كُسَالَىٰ وَلَا يُنفِقُونَ إِلَّا وَهُمْ كَٰرِهُونَ ﴿٥٤﴾

54 - ئۇلارنىڭ سەرپ قىلغان نەرسىلىرىنىڭ قوبۇل بولماسلىقىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار
ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى يوشۇرىدۇ، نامازغا پەقەت
خۇش ياقمىغان ھالدا كېلىدۇ، پۇل - مېلىنى پەقەتلا كۆڭلى ياقتۇرمىغان ھالدا سەرپ
قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاخىرەتكە ئىشەنمىگەنلىكتىن، ئىسلام پەرزلىرىنى ئادا قىلىشنىڭ
ساۋابىنىمۇ ئۈمىد قىلمايدۇ، ئادا قىلماسلىقنىڭ گۇناھىدىنمۇ قورقمايدۇ.

فَلَا تُعْجِبْكَ أَمْوَٰلُهُمْ وَلَآ أَوْلَٰدُهُمْۚ إِنَّمَا يُرِيدُ ٱللَّهُ لِيُعَذِّبَهُم بِهَا فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَتَزْهَقَ
أَنفُسُهُمْ وَهُمْ كَٰفِرُونَ ﴿٥٥﴾

55 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇناپىقلارنىڭ پۇل - مېلى ۋە پەرزەنتلىرى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن،
ئاللاھ دۇنيا ھاياتىدا پەقەت شۇ پۇل - مالنى ھاسىل قىلىش يولىدا ئۇلارنى جاپا -
مۇشەققەتكە سېلىپ ئازابلاشنى ۋە ئۇلارنىڭ كاپىر پېتى ئۆلۈشنى ئىرادە قىلىدۇ.

وَيَحْلِفُونَ بِٱللَّهِ إِنَّهُمْ لَمِنكُمْ وَمَا هُم مِّنكُمْ وَلَٰكِنَّهُمْ قَوْمٌ يَفْرَقُونَ ﴿٥٦﴾

56 - ئى مۇئمىنلەر! ئۇ مۇناپىقلار سىلەرنى ئالداش ئۈچۈن يالغاندىن: «بىزمۇ ئەلۋەتتە
سىلەرنىڭ قاتارىڭلاردىنمىز» دەپ، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىدۇ. ئەمەلىيەتتە،
ئۇلار سىلەردىن ئەمەس، لېكىن ئۇلار قورقۇنچاق قەۋم بولغانلىقتىن، سىلەردىن
قورققانلىقى ئۈچۈنلا (يالغاندىن) قەسەم ئىچىدۇ.

لَوْ يَجِدُونَ مَلْجَـًٔا أَوْ مَغَٰرَٰتٍ أَوْ مُدَّخَلًا لَّوَلَّوْاْ إِلَيْهِ وَهُمْ يَجْمَحُونَ ﴿٥٧﴾

57 - ئەگەر ئاشۇ مۇناپىقلار ئۆزلىرىنى سىلەرنىڭ جازايىڭلاردىن ساقلاش ئۈچۈن، بىرەر
پاناھگاھ ياكى غار ۋەياكى گەمە دېگەندەك نەرسىنى تېپىۋالسا، ئەلۋەتتە ئۇلار شۇ
تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلايدۇ.

وَمِنْهُم مَّن يَلْمِزُكَ فِى ٱلصَّدَقَٰتِ فَإِنْ أُعْطُواْ مِنْهَا رَضُواْ وَإِن لَّمْ يُعْطَوْاْ مِنْهَآ إِذَا هُمْ
يَسْخَطُونَ ﴿٥٨﴾

58 - ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇناپىقلارنىڭ ئارىسىدا سېنىڭ يوقسۇللارغا سەدىقىلەرنى تەقسىم
قىلىپ بېرىشىڭنى ئەيىبلەيدىغانلىرىمۇ بار. مۇنداقلارغا سەدىقىدىن بېرىلسە، خۇشال
بولۇشىدۇ ۋە ئېغىزلىرىنى يۇمۇشىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا ئۇ سەدىقىلەردىن بېرىلمىسە، دەرھال
خاپا بولۇشىدۇ ۋە سېنى ئەيىبلەشكە باشلايدۇ.

وَلَوْ أَنَّهُمْ رَضُواْ مَآ ءَاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥ وَقَالُواْ حَسْبُنَا ٱللَّهُ سَيُؤْتِينَا ٱللَّهُ مِن فَضْلِهِۦ وَرَسُولُهُۥٓ
إِنَّآ إِلَى ٱللَّهِ رَٰغِبُونَ ﴿٥٩﴾

59 - سەدىقىلەرنى تەقسىم قىلىش ئىشلىرىدا سېنى ئەيىبلىگەن ئاشۇ مۇناپىقلار، ئەگەر ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئىلتىپات قىلغىنىغا رازى بولۇپ: «ئاللاھ بىزگە يېتەرلىكتۇر، ئاللاھ بىزگە يېقىندا ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئاللاھ ئاتا قىلغان بايلىقنى بىزگە تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. بىز پەقەت ئاللاھنىڭ بىزگە كەڭ رىزىق ئاتا قىلىشىنى ۋە كىشىلەرنىڭ سەدىقىسىنى يېيىشكە موهتاج قىلماسلىقىنى تىلىگۈچىلەرمىز» دېسە ئىدى، ئۇلار ئۈچۈن تولىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى.

۞ إِنَّمَا ٱلصَّدَقَٰتُ لِلْفُقَرَآءِ وَٱلْمَسَٰكِينِ وَٱلْعَٰمِلِينَ عَلَيْهَا وَٱلْمُؤَلَّفَةِ قُلُوبُهُمْ وَفِى ٱلرِّقَابِ وَٱلْغَٰرِمِينَ
وَفِى سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱبْنِ ٱلسَّبِيلِ فَرِيضَةً مِّنَ ٱللَّهِ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿٦٠﴾

60 - زاكات پەقەت ھېچ نەرسىسى يوق پېقىرلارغا، ھاجىتىنى قامدىغۇدەك بىر نەرسىسى بولمىغان مىسكىنلەرگە، زاكاتلارنى يىغىشقا بەلگىلەنگەن كىشىلەرگە، مۇسۇلمان بولۇشى كۈتۈلىدىغان ياكى ئىمانىنى كۈچەيتىشكە موهتاج بولۇپ قالغان كىشىلەرگە ياكى مۇسۇلمانلارغا پايدىسى تېگىدىغان ۋەياكى مۇسۇلمانلارغا يامانلىق قىلىشىدىن ساقلىنىش كۆزدە تۇتۇلغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈمىد قىلىنغان كىشىلەرگە، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، قەرزگە پېتىپ قالغانلارغا، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان مۇجاھىدلارغا، يول خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا بېرىلىدۇ. بۇ ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن تەقسىماتتۇر. ئاللاھ بەندىلىرىگە نېمىنىڭ مەنپەئەتلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، تەدبىرلىرىدە ۋە ئەمر - پەرمانلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

وَمِنْهُمُ ٱلَّذِينَ يُؤْذُونَ ٱلنَّبِىَّ وَيَقُولُونَ هُوَ أُذُنٌ قُلْ أُذُنُ خَيْرٍ لَّكُمْ يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ وَيُؤْمِنُ لِلْمُؤْمِنِينَ
وَرَحْمَةٌ لِّلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنكُمْ وَٱلَّذِينَ يُؤْذُونَ رَسُولَ ٱللَّهِ لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٦١﴾

61 - مۇناپىقلارنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نالايىق سۆزلەر بىلەن ئەزىيەت يەتكۈزۈپ: «ئۇ ئاڭلىغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىۋېرىدۇ» دەيدىغانلار بار. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئۇ پەيغەمبەر ھەرقانداق ياخشى سۆزگە قۇلاق سالىدۇ، ئاللاھقا ئىشىنىدۇ، مۇئمىنلەرنىڭ بەرگەن خەۋەرلىرىگە ئىشىنىدۇ، ئۇ ئىمان ئېيتقان ۋە يولىغا ئەگەشكەن كىشىلەر ئۈچۈن رەھمەتتۇر». شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەرقانداق بىر شەكىلدە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغانلارغا تولىمۇ قاتتىق ۋە ئەلەملىك ئازاب بار.

يَحْلِفُونَ بِٱللَّهِ لَكُمْ لِيُرْضُوكُمْ وَٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥٓ أَحَقُّ أَن يُرْضُوهُ إِن كَانُواْ مُؤْمِنِينَ ﴿٦٢﴾

62 - مۇناپىقلار مۇئمىنلەرنى قايىل قىلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نامىنى قوللىنىپ يالغاندىن قەسەم قىلىدۇ ۋە يالغان ئۆزرىلەرنى ئېيتىپ تۇرۇۋالىدۇ. ئەگەر ئۇلار ھەقىقىي مۇئمىنلەردىن بولىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىش ۋە ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رازى قىلىشى ھەممىدىن ئەۋزەل ۋە ھەممىدىن مۇھىمدۇر.

أَلَمْ يَعْلَمُوٓاْ أَنَّهُۥ مَن يُحَادِدِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَأَنَّ لَهُۥ نَارَ جَهَنَّمَ خَٰلِدًا فِيهَا ذَٰلِكَ ٱلْخِزْىُ ٱلْعَظِيمُ ﴿٦٣﴾

63 - ئۇ مۇناپىقلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى تۇرۇش ئاچقانلارنىڭ ئاقىۋىتى دوزاخ ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ دوزاختا مەڭگۈلۈك ئازابلىنىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ مۇناپىقلارنىڭ ئاقىۋىتى چوڭ رەسۋالىق ۋە مەڭگۈلۈك خارلىقتۇر (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش ۋە ئۇنى سۆكۈش ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئاچقانلىقتۇر).

يَحۡذَرُ ٱلۡمُنَٰفِقُونَ أَن تُنَزَّلَ عَلَيۡهِمۡ سُورَةٞ تُنَبِّئُهُم بِمَا فِي قُلُوبِهِمۡۚ قُلِ ٱسۡتَهۡزِءُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ مُخۡرِجٞ مَّا تَحۡذَرُونَ ﴿٦٤﴾

64 - مۇناپىقلار ئۆزلىرى توغرىسىدا بىرەر سۈرە چۈشۈپ، دىللىرىدا يوشۇرۇپ كەلگەن كۇفرىنى مۇئمىنلەرگە پاش قىلىپ قويۇشىدىن قورقىدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر (ئاللاھنىڭ دىنىنى) مەسخىرە قىلىش ۋە مازاق قىلىشتىن ئىبارەت ھازىرقى ھالىتىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىڭلار، سىلەر قورقىدىغان نەرسىنىڭ ھەقىقىتىنى ئاللاھ چوقۇم ئاشكارا قىلىدۇ».

وَلَئِن سَأَلۡتَهُمۡ لَيَقُولُنَّ إِنَّمَا كُنَّا نَخُوضُ وَنَلۡعَبُۚ قُلۡ أَبِٱللَّهِ وَءَايَٰتِهِۦ وَرَسُولِهِۦ كُنتُمۡ تَسۡتَهۡزِءُونَ ﴿٦٥﴾

65 - ئەگەر سەن ئۇلاردىن سېنى ۋە ساھابىلىرىڭنى نېمە ئۈچۈن مەسخىرە قىلغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلساڭ، ئۇلار: «بىز پەقەت چاقچاق قىلىپ ۋە ئوينىشىپ شۇنداق دەپ قويغان ئىدۇق» دەيدۇ. ئۇ مۇناپىقلارغا: «سىلەر ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟» دېگىن.

لَا تَعۡتَذِرُواْ قَدۡ كَفَرۡتُم بَعۡدَ إِيمَٰنِكُمۡۚ إِن نَّعۡفُ عَن طَآئِفَةٖ مِّنكُمۡ نُعَذِّبۡ طَآئِفَةَۢ بِأَنَّهُمۡ كَانُواْ مُجۡرِمِينَ ﴿٦٦﴾

66 - ئى مۇناپىقلار جامائەسى! سىلەر يالغاندىن ئۆزرە ئېيتماڭلار، چۈنكى ئۆزرەڭلارنىڭ پايدىسى يوق. سىلەر مەسخىرە قىلىپ ئېيتقان مۇشۇ سۆزۈڭلار بىلەن ئاشكارا كاپىر بولدۇڭلار، سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن سەمىمىي تەۋبە قىلىپ، ھەقىقەتكە قايتقان بىر گۇرۇھنى ئەپۇ قىلساقمۇ، يەنە بىر گۇرۇھنى مۇشۇ كۇفرى سۆزلەرنى قىلغانلىق گۇناھى ئۈچۈن جازالايمىز.

ٱلۡمُنَٰفِقُونَ وَٱلۡمُنَٰفِقَٰتُ بَعۡضُهُم مِّنۢ بَعۡضٖۚ يَأۡمُرُونَ بِٱلۡمُنكَرِ وَيَنۡهَوۡنَ عَنِ ٱلۡمَعۡرُوفِ وَيَقۡبِضُونَ أَيۡدِيَهُمۡۚ نَسُواْ ٱللَّهَ فَنَسِيَهُمۡۚ إِنَّ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ هُمُ ٱلۡفَٰسِقُونَ ﴿٦٧﴾

67 - مۇناپىق ئەرلەر بىلەن مۇناپىق ئاياللار يالغاندىن ئىمان ئېيتىپ قويۇپ، كۆڭلىدە كۇفرىنى يوشۇرۇشتا بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار بىر - بىرىنى ئاللاھنى ئىنكار قىلىشقا، پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، كىشىلەرنى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشتىن ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتىن توسىدۇ، ئاللاھ يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلىشتىن بېخىللىق قىلىدۇ. ئۇلار ئاللاھنى ئۇنتۇپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھمۇ ئۇلارنى ئۆز رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلدى ۋە ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلمىدى. شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقانلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ وَٱلۡمُنَٰفِقَٰتِ وَٱلۡكُفَّارَ نَارَ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ فِيهَاۚ هِيَ حَسۡبُهُمۡۚ وَلَعَنَهُمُ ٱللَّهُۖ وَلَهُمۡ عَذَابٞ مُّقِيمٞ ﴿٦٨﴾

68 - ئاللاھ مۇناپىق ئەرلەرگە، مۇناپىق ئاياللار ۋە بارلىق كاپىرلارغا دوزاخ ئوتىنى ۋەدە قىلدى،
ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. دوزاخ ئۇلارنىڭ ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلىق قىلمىشى ئۈچۈن
يېتەرلىك جازادۇر، ئاللاھ ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى. ئۇلارغا مەڭگۈلۈك ئازاب
بار.

كَٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِكُمۡ كَانُوٓاْ أَشَدَّ مِنكُمۡ قُوَّةٗ وَأَكۡثَرَ أَمۡوَٰلٗا وَأَوۡلَٰدٗا فَٱسۡتَمۡتَعُواْ بِخَلَٰقِهِمۡ فَٱسۡتَمۡتَعۡتُم
بِخَلَٰقِكُمۡ كَمَا ٱسۡتَمۡتَعَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِكُم بِخَلَٰقِهِمۡ وَخُضۡتُمۡ كَٱلَّذِي خَاضُوٓاْۚ أُوْلَٰٓئِكَ حَبِطَتۡ
أَعۡمَٰلُهُمۡ فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡخَٰسِرُونَ ﴿٦٩﴾

69 - ئى مۇناپىقلار جامائەسى! سىلەرنىڭ ھەق دىنىنى مەسخىرە قىلىش ۋە ئاللاھنى ئىنكار
قىلىش قاتارلىق قىلمىشلىرىڭلار سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئازغۇن ئۈممەتلەرنىڭ قىلمىشىغا
ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلار كۈچ - قۇۋۋەتتە سىلەردىن كۈچلۈك ئىدى، ئۇلارنىڭ مال -
مۈلكى ۋە ئەۋلادلىرى سىلەرنىڭكىدىن كۆپ ئىدى. ئۇلار دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن
ۋە بارچە مەنپەئەتلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولغان ئىدى. ئى مۇناپىقلار جامائەسى!
سىلەرمۇ خۇددى سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر بەھرىمەن بولغاندەك، دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن
ۋە مەنپەئەتلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولدۇڭلار، ئۇلار كۇفرىنىڭ ئازگاللىرىغا پېتىپ
كەتكەندەك، سىلەرمۇ كۇفرىنىڭ ئازگاللىرىغا پېتىپ كەتتىڭلار. مۇشۇ ناچار ئەخلاق
بىلەن سۈپەتلەنگەن ئىنسانلارنىڭ ياخشىلىق دەپ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى دۇنيا
ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كەتتى، ئەنە شۇلار ئاخىرەتنىڭ مەڭگۈلۈك نېمەتلىرىنى بۇ
دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن سېتىۋېتىش بىلەن زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

أَلَمۡ يَأۡتِهِمۡ نَبَأُ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡ قَوۡمِ نُوحٖ وَعَادٖ وَثَمُودَ وَقَوۡمِ إِبۡرَٰهِيمَ وَأَصۡحَٰبِ مَدۡيَنَ وَٱلۡمُؤۡتَفِكَٰتِۚ
أَتَتۡهُمۡ رُسُلُهُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِۖ فَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيَظۡلِمَهُمۡ وَلَٰكِن كَانُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ يَظۡلِمُونَ ﴿٧٠﴾

70 - ئۇ مۇناپىقلارغا ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن نۇھ قەۋمىنىڭ، ئاد ۋە سەمۇد
قەبىلىلىرىنىڭ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ، مەديەن ئاھالىسىنىڭ، شەھەرلىرى
بىلەن قوشۇپ كۆمتۈرۈۋېتىلگەن لۇت قەۋمىنىڭ خەۋەرلىرى كەلمىدىمۇ؟ ئۇ قەۋملەرگە
پەيغەمبەرلىرى ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنى ۋە روشەن ئايەتلىرىنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ،
ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنى جازالاپ، ئۇلارنىڭ
ھەممىسىگە ئازابىنى چۈشۈردى. ئاللاھ ئۇلارغا قىلچە ئۇۋال قىلمىدى، لېكىن ئۇلار ھەق
دىنىنى ئىنكار قىلىش ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئاسىيلىق قىلىش بىلەن ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم
قىلدى.

وَٱلۡمُؤۡمِنُونَ وَٱلۡمُؤۡمِنَٰتُ بَعۡضُهُمۡ أَوۡلِيَآءُ بَعۡضٖۚ يَأۡمُرُونَ بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَيَنۡهَوۡنَ عَنِ ٱلۡمُنكَرِ وَيُقِيمُونَ
ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤۡتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَيُطِيعُونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥٓۚ أُوْلَٰٓئِكَ سَيَرۡحَمُهُمُ ٱللَّهُۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٞ ﴿٧١﴾

71 - ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللار بىر
- بىرىگە مەدەت بەرگۈچىدۇر، ئۇلار كىشىلەرنى ئىمان ئېيتىشقا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى
قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇلارنى كۇفرىدىن ۋە گۇناھ - مەئسىيەتتىن توسىدۇ، نامازنى
مۇكەممەل ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ،
مەنئى قىلىنغان ئىشلاردىن توسۇلىدۇ. ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ، ئۇلارنى
ئازابتىن ساقلايدۇ ۋە جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ پادىشاھلىقىدا غالىبتۇر،
بارلىق بەلگىلىمىلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَٰتِ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا وَمَسَٰكِنَ
طَيِّبَةً فِى جَنَّٰتِ عَدْنٍۚ وَرِضْوَٰنٌ مِّنَ ٱللَّهِ أَكْبَرُۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ ﴿٧٢﴾

72 ـ ئاللاھ مۇئمىن ئەرلەر بىلەن مۇئمىن ئاياللارغا قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل ـ دەرەخلىرىنىڭ
ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان، نېمەتلىرى تۈگەپ
قالمايدىغان جەننەتلەرنى ۋە ئۇ جەننەتلەردىكى دائىملىق ئېسىل تۇرالغۇلارنى ۋەدە
قىلدى. ئاللاھنىڭ جەننەت ئەھلىدىن رازى بولۇشى بۇ نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر،
مانا بۇ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِىُّ جَٰهِدِ ٱلْكُفَّارَ وَٱلْمُنَٰفِقِينَ وَٱغْلُظْ عَلَيْهِمْۚ وَمَأْوَىٰهُمْ جَهَنَّمُۖ وَبِئْسَ ٱلْمَصِيرُ ﴿٧٣﴾

73 ـ ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارغا قارشى قىلىچ بىلەن، مۇناپىقلارغا قارشى تىلىڭ بىلەن ۋە
دەلىل ـ پاكىتلار بىلەن جىھاد قىلغىن، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە قاتتىق قول بولغىن.
ئۇلارنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى دوزاخ بولىدۇ، ئۇلار بارىدىغان جاي نېمىدېگەن يامان جاي!

يَحْلِفُونَ بِٱللَّهِ مَا قَالُوا۟ وَلَقَدْ قَالُوا۟ كَلِمَةَ ٱلْكُفْرِ وَكَفَرُوا۟ بَعْدَ إِسْلَٰمِهِمْ وَهَمُّوا۟ بِمَا لَمْ يَنَالُوا۟ۚ
وَمَا نَقَمُوٓا۟ إِلَّآ أَنْ أَغْنَىٰهُمُ ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥ مِن فَضْلِهِۦۚ فَإِن يَتُوبُوا۟ يَكُ خَيْرًا لَّهُمْۖ وَإِن يَتَوَلَّوْا۟
يُعَذِّبْهُمُ ٱللَّهُ عَذَابًا أَلِيمًا فِى ٱلدُّنْيَا وَٱلْءَاخِرَةِۚ وَمَا لَهُمْ فِى ٱلْأَرْضِ مِن وَلِىٍّ وَلَا نَصِيرٍ ﴿٧٤﴾

74 ـ مۇناپىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلار ھەققىدە يامان گەپ قىلمىغانلىقىغا
ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدۇ. ئۇلار شەكسىز يالغانچىلاردۇر. ئۇلار ھەقىقەتەن
كۇفرى سۆزىنى ئېيتتى ۋە بۇ سۆز بىلەن ئىماندىن ئايرىلىپ كاپىر بولدى. ئۇلار
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇلارنى بۇ
رەزىل مەقسىتىگە يەتكۈزمىدى. مۇناپىقلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەقەت ئاللاھنىڭ
ئۇنىڭغا ئۆز پەزلىدىن بايلىق ۋە بەرىكەت ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى باي قىلغانلىقى ئۈچۈنلا
ئەيىبلەيدۇ. ئەگەر ئاشۇ كاپىرلار گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ ئىمانغا قايتسا، بۇ ئۇلار ئۈچۈن
ياخشىدۇر. ئەگەر ئۇلار ئىماندىن داۋاملىق يۈز ئۆرۈسە ۋە ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىسە، ئاللاھ
ئۇلارنى بۇ دۇنيادا مۇئمىنلەرنىڭ قولى بىلەن جازالايدۇ، ئاخىرەتتە جەھەننەم ئوتى
بىلەن ئازابلايدۇ. ئۇلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان ھېچقانداق دوست ياكى مەدەتكار
تېپىلمايدۇ.

۞ وَمِنْهُم مَّنْ عَٰهَدَ ٱللَّهَ لَئِنْ ءَاتَىٰنَا مِن فَضْلِهِۦ لَنَصَّدَّقَنَّ وَلَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٧٥﴾

75 ـ مۇناپىقلارنىڭ يوقسۇللىرى ئارىسىدا ئاللاھقا ۋەدە بېرىپ: «ئەگەر ئاللاھ بىزگە ئۆز
پەزلىدىن بايلىق ئاتا قىلسا، بىز چوقۇم شۇ بايلىقتىن يوقسۇللارغا سەدىقە بېرىمىز،
چوقۇم ياخشى ئىشلارنى قىلىمىز ۋە ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىپ توغرا يولدا ماڭىمىز»
دېگەنلەر بار.

فَلَمَّآ ءَاتَىٰهُم مِّن فَضْلِهِۦ بَخِلُوا۟ بِهِۦ وَتَوَلَّوا۟ وَّهُم مُّعْرِضُونَ ﴿٧٦﴾

76 ـ ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن بايلىق ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى باي قىلىۋىدى، سەدىقە
بېرىشكە ۋە پۇل ـ مېلىنى ياخشىلىق يوللىرىغا ئىشلىتىشكە بېخىللىق قىلىشتى،
ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈپ، بەرگەن ۋەدىسىدىن يېنىۋالدى.

فَأَعْقَبَهُمْ نِفَاقًا فِى قُلُوبِهِمْ إِلَىٰ يَوْمِ يَلْقَوْنَهُۥ بِمَآ أَخْلَفُوا۟ ٱللَّهَ مَا وَعَدُوهُ وَبِمَا كَانُوا۟ يَكْذِبُونَ ﴿٧٧﴾

77 - ئۇلارنىڭ جازاسى ۋە قىلمىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتى شۇنداق بولدىكى، بۇ قىلمىش ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتتى، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارىدىغان قىيامەت كۈنىگە قەدەر دىللىرىدىكى مۇناپىقلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ۋە يالغانچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر.

أَلَمْ يَعْلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ يَعْلَمُ سِرَّهُمْ وَنَجْوَىٰهُمْ وَأَنَّ ٱللَّهَ عَلَّٰمُ ٱلْغُيُوبِ ﴿٧٨﴾

78 - ئاشۇ مۇناپىقلار دىللىرىدا يوشۇرغان سىرلىرىنى، سورۇنلىرىدا تۈزۈشكەن سۇيىقەستلىرىنى ۋە رەزىل پىلانلىرىنى ئاللاھنىڭ بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ غەيبلەرنى تولۇق بىلگۈچى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا جازا بېرىدىغانلىقىنى ئۇقمامدۇ؟

ٱلَّذِينَ يَلْمِزُونَ ٱلْمُطَّوِّعِينَ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ فِى ٱلصَّدَقَٰتِ وَٱلَّذِينَ لَا يَجِدُونَ إِلَّا جُهْدَهُمْ فَيَسْخَرُونَ مِنْهُمْ سَخِرَ ٱللَّهُ مِنْهُمْ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٧٩﴾

79 - مۇناپىقلار شۇنداق بېخىل مەخلۇقلاركى، پۇل - مېلىنى سەدىقە قىلىدىغان كىشىلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىدىن ئامان قالمايدۇ. چۈنكى، بۇ مۇناپىقلار بايلار ئۆز بايلىقىغا يارىشا سەدىقە قىلسا، ئۇلارنى «ئۆزىنى سېخىيلەرچە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەدىقە بەردى» دەپ ئەيىبلەيدۇ، يوقسۇللار ئۆزىنىڭ يوقسۇللۇقىغا يارىشا (ئاز) سەدىقە قىلسا، ئۇلارنى: «بۇ سەدىقە بىلەن كىم ھاجىتىنى راۋا قىلالايدۇ؟» دەپ مەسخىرە قىلىدۇ. ئاللاھ بۇ مۇناپىقلارغا مەسخىرە قىلغانلىقىنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ، ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار.

ٱسْتَغْفِرْ لَهُمْ أَوْ لَا تَسْتَغْفِرْ لَهُمْ إِن تَسْتَغْفِرْ لَهُمْ سَبْعِينَ مَرَّةً فَلَن يَغْفِرَ ٱللَّهُ لَهُمْ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ كَفَرُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَٱللَّهُ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلْفَٰسِقِينَ ﴿٨٠﴾

80 - ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇناپىقلار ئۈچۈن مەيلى ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلغىن ياكى تەلەپ قىلمىغىن، ھەتتا ئۇلار ئۈچۈن قايتا - قايتا مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى، ئاللاھ ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان قەۋمنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلمايدۇ.

فَرِحَ ٱلْمُخَلَّفُونَ بِمَقْعَدِهِمْ خِلَٰفَ رَسُولِ ٱللَّهِ وَكَرِهُوٓاْ أَن يُجَٰهِدُواْ بِأَمْوَٰلِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ وَقَالُواْ لَا تَنفِرُواْ فِى ٱلْحَرِّ قُلْ نَارُ جَهَنَّمَ أَشَدُّ حَرًّا لَّوْ كَانُواْ يَفْقَهُونَ ﴿٨١﴾

81 - ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: «جىھادقا چىقىڭلار» دېگەن ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغان مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ جىھادقا چىقماي مەدىنىدە قېلىپ قالغىنىغا خۇشال بولۇشتى، ئۇلار ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا پۇل - مېلىنى سەرپ قىلىپ، جېنىنى پىدا قىلىپ جىھاد قىلىشنى ياقتۇرمىدى. ئۇلار بىر - بىرىگە: «ئىسسىقتا جىھادقا چىقماڭلار» دېيىشتى. ئۇلار دەۋەت قىلىنغان تەبۇك غازىتى قاتتىق ئىسسىق كۈنلەردە بولغان ئىدى. ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇناپىقلارغا: «جەھەننەمنىڭ ئوتى تېخىمۇ قىزىقتۇر» دېگىن. كاشكى ئۇلار بۇنى بىلگەن بولسىچۇ!

فَلْيَضْحَكُواْ قَلِيلًا وَلْيَبْكُواْ كَثِيرًا جَزَآءًۢ بِمَا كَانُواْ يَكْسِبُونَ ﴿٨٢﴾

82 - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تەبۇك غازىتىغا چىقىشتىن قېلىپ قالغان ئاشۇ مۇناپىقلار كۇفرىلىقىنىڭ ۋە مۇناپىقلىقىنىڭ جازاسى ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ئاز كۈلسۇن، ئاخىرەتتە دوزاخ ئوتىدا كۆيگەندە كۆپ يىغلىسۇن.

فَإِن رَّجَعَكَ ٱللَّهُ إِلَىٰ طَآئِفَةٍ مِّنْهُمْ فَٱسْتَـْٔذَنُوكَ لِلْخُرُوجِ فَقُل لَّن تَخْرُجُواْ مَعِىَ أَبَدًا وَلَن تُقَـٰتِلُواْ مَعِىَ عَدُوًّا ۖ إِنَّكُمْ رَضِيتُم بِٱلْقُعُودِ أَوَّلَ مَرَّةٍ فَٱقْعُدُواْ مَعَ ٱلْخَـٰلِفِينَ ﴿٨٣﴾

83 - ئى پەيغەمبەر! ئەگەر ئاللاھ ساڭا تەبۇك غازىتىدىن قايتىپ كېلىشنى نېسىپ قىلىپ، سېنى جىھادقا چىقمىغان مۇناپىقلاردىن بىر تۈركۈمى بىلەن ئۇچراشتۇرسا، ئۇلار سەندىن بۇنىڭدىن كېيىنكى جىھادلارغا چىقىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىسا، ئۇلارغا ئېيتقىنكى: «سىلەر مەن بىلەن بىللە ھېچقانداق جىھادقا مەڭگۈ چىقمايسىلەر، ھەرگىز مەن بىلەن بىللە چىقىپ دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلمايسىلەر. چۈنكى سىلەر ئىشنىڭ بېشىدىلا جىھادقا چىقىشتىن قېلىپ قېلىشقا رازى بولدۇڭلار، ئەمدى سىلەر بۇنىڭدىن كېيىنمۇ، پەيغەمبەر بىلەن جىھادقا چىقىشتىن قېلىپ قالغۇچىلار بىلەن قېلىڭلار».

وَلَا تُصَلِّ عَلَىٰٓ أَحَدٍ مِّنْهُم مَّاتَ أَبَدًا وَلَا تَقُمْ عَلَىٰ قَبْرِهِۦٓ ۖ إِنَّهُمْ كَفَرُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَمَاتُواْ وَهُمْ فَـٰسِقُونَ ﴿٨٤﴾

84 - ئى پەيغەمبەر! مۇناپىقلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچقانداق ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگىن، دۇئا قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن، چۈنكى، ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى ۋە ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان ھالدا ئۆلدى (بۇ مۇناپىقلىقى بىلىنگەن ھەرقانداق ئادەمگە قارىتىلغان ئومۇمىي ھۆكۈمدۇر).

وَلَا تُعْجِبْكَ أَمْوَٰلُهُمْ وَأَوْلَـٰدُهُمْ ۚ إِنَّمَا يُرِيدُ ٱللَّهُ أَن يُعَذِّبَهُم بِهَا فِى ٱلدُّنْيَا وَتَزْهَقَ أَنفُسُهُمْ وَهُمْ كَـٰفِرُونَ ﴿٨٥﴾

85 - ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇناپىقلارنىڭ پۇل - مېلى ۋە پەرزەنتلىرى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن، ئاللاھ دۇنيادا پەقەت بۇ مال - دۇنيا ۋە ئەۋلادلار ئارقىلىق ئۇلارنى جازالاشنى ۋە ئۇلارنىڭ كاپىر پېتى جېنىنى ئېلىشنى ئىرادە قىلدۇ.

وَإِذَآ أُنزِلَتْ سُورَةٌ أَنْ ءَامِنُواْ بِٱللَّهِ وَجَـٰهِدُواْ مَعَ رَسُولِهِ ٱسْتَـْٔذَنَكَ أُوْلُواْ ٱلطَّوْلِ مِنْهُمْ وَقَالُواْ ذَرْنَا نَكُن مَّعَ ٱلْقَـٰعِدِينَ ﴿٨٦﴾

86 - ئى پەيغەمبەر! ساڭا ئاللاھ تەرىپىدىن: «ئاللاھقا ئىمان ئېيتىڭلار، ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىڭلار ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن بىللە جىھاد قىلىڭلار» دەپ ئەمر قىلىدىغان بىرەر سۈرە چۈشسىلا، مۇناپىقلارنىڭ ئارىسىدىكى بايلار سەندىن جىھادقا چىقماسلىق توغرۇلۇق رۇخسەت سورايدۇ، ئۇلار: «بىزنى جىھادقا چىقماي قېلىپ قالىدىغان ئاجىزلار بىلەن قالدۇرۇپ قويغىن» دەيدۇ.

رَضُواْ بِأَن يَكُونُواْ مَعَ ٱلْخَوَالِفِ وَطُبِعَ عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ فَهُمْ لَا يَفْقَهُونَ ﴿٨٧﴾

87 - ئۇ مۇناپىقلار نومۇس قىلماي، ئۆيدە قالىدىغان ئاياللار، باللار ۋە ئاجىزلار بىلەن قېلىشقا رازى بولدى. ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھادقا چىقىشتىن قاچقانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتتى. شۇڭا ئۇلار ھەقىقەتنى چۈشەنمەيدۇ، ئۆزىگە پايدىلىق ئىشلارنى بىلمەيدۇ.

لَـٰكِنِ ٱلرَّسُولُ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَعَهُۥ جَـٰهَدُواْ بِأَمْوَٰلِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ ۚ وَأُوْلَـٰٓئِكَ لَهُمُ ٱلْخَيْرَٰتُ ۖ وَأُوْلَـٰٓئِكَ

هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ﴿٨٨﴾

88 ـ ئۇ مۇناپىقلار جىهادقا چىقىشتىن قاچقان بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن مۇئمىنلەر پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلىپ، جېنىنى پىدا قىلىپ، ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلدى. ئەنە شۇلار بۇ دۇنيادا غەلىبە ۋە غەنىيمەتتىن ئىبارەت ياخشىلىقلارغا ئېرىشىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا ئىززەت ـ ئىكرامغا ۋە جەننەتكە ئېرىشىدۇ. ئەنە شۇلار مۇرادىغا يەتكۈچىلەردۇر.

أَعَدَّ ٱللَّهُ لَهُمۡ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَاۚ ذَٰلِكَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ﴿٨٩﴾

89 ـ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئاخىرەتلىك مۇكاپاتى ئۈچۈن، ئۇلارغا قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل ـ دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ، بۇ چوڭ ئۇتۇقتۇر.

وَجَآءَ ٱلۡمُعَذِّرُونَ مِنَ ٱلۡأَعۡرَابِ لِيُؤۡذَنَ لَهُمۡ وَقَعَدَ ٱلَّذِينَ كَذَبُواْ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥۚ سَيُصِيبُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنۡهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿٩٠﴾

90 ـ مەدىنىنىڭ ئەتراپىدىكى سەھرالىق ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدىن بىر گۇرۇھ كىشى جىهادقا چىقماسلىق ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سوراپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئاجىزلىق، چارىسىزلىك قاتارلىق جىهادقا چىقالماسلىقنىڭ ئۆزرىلىرىنى بايان قىلىشتى. يەنە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغان بىر گۇرۇھ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ ئۆزرىمۇ ئېيتمىدى، جىهادقىمۇ چىقمىدى. يۇقىرىقىلارنىڭ ئارىسىدىكى كاپىرلار بۇ دۇنيادا ئۆلتۈرۈلۈش قاتارلىق قاتتىق ئازابلار بىلەن جازالىنىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا دوزاخقا تاشلىنىدۇ.

لَّيۡسَ عَلَى ٱلضُّعَفَآءِ وَلَا عَلَى ٱلۡمَرۡضَىٰ وَلَا عَلَى ٱلَّذِينَ لَا يَجِدُونَ مَا يُنفِقُونَ حَرَجٌ إِذَا نَصَحُواْ لِلَّهِ وَرَسُولِهِۦۚ مَا عَلَى ٱلۡمُحۡسِنِينَ مِن سَبِيلٖۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٩١﴾

91 ـ ئاجىزلار، كېسەللەر ۋە يوقسۇللۇقتىن جىهادقا چىقىش ئۈچۈن جابدۇنۇشقا خىراجەت تاپالمىغان ئۆزرىلىك كىشىلەر ئەگەر ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىخلاسمەن بولسا ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلسا، ئۇلارغا جىهادقا چىقمىغانلىقى سەۋەبلىك گۇناھ بولمايدۇ. ئۆزرىسى سەۋەبلىك جىهادقا چىقالمىغان بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ دىنىغا سادىق بولۇپ، ياخشى ئىشلارنى قىلغان كىشىلەرنى ئەيىبلەشكە يول يوق. ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا رەھىم قىلغۇچىدۇر.

وَلَا عَلَى ٱلَّذِينَ إِذَا مَآ أَتَوۡكَ لِتَحۡمِلَهُمۡ قُلۡتَ لَآ أَجِدُ مَآ أَحۡمِلُكُمۡ عَلَيۡهِ تَوَلَّواْ وَّأَعۡيُنُهُمۡ تَفِيضُ مِنَ ٱلدَّمۡعِ حَزَنًا أَلَّا يَجِدُواْ مَا يُنفِقُونَ ﴿٩٢﴾

92 ـ شۇنىڭدەك، ئى پەيغەمبەر! جىهادقا چىقىش ئۈچۈن سەندىن ئۇلاغ سوراپ كەلگەن بولسىمۇ، سەن ئۇلارغا: «مېنىڭ سىلەرنى تەمىنلەيدىغان ئۇلاغلىرىم يوق» دېگەندە، جىهادقا جابدۇنۇش ئۈچۈن بىر نەرسە تاپالمىغانلىقى سەۋەبلىك، بۇ شەرەپلىك ئۇلۇغ ئىشتىن ۋە ئۇنىڭ ساۋابىدىن مەھرۇم قالغانلىقىغا ھەسرەتلىنىپ، كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا قايتىشقان كىشىلەرنىمۇ ئەيىبلەشكە يول يوق.

۞ إِنَّمَا ٱلسَّبِيلُ عَلَى ٱلَّذِينَ يَسۡتَـٔۡذِنُونَكَ وَهُمۡ أَغۡنِيَآءُۚ رَضُواْ بِأَن يَكُونُواْ مَعَ ٱلۡخَوَالِفِ وَطَبَعَ

ٱللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ فَهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٩٣﴾

93 - ئى پەيغەمبەر! ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك كىشىلەر پەقەت جىھاد ئۈچۈن جابدۇنۇشقا شارائىتى بار تۇرۇقلۇق، سەندىن جىھادقا چىقماسلىق توغرۇلۇق رۇخسەت سورىغانلاردۇر. ئۇلار جىھادقا چىقماي، ئاياللار ۋە بالىلار قاتارلىق ئۆزرىلىكلەر بىلەن بىللە ئۆيدە قېلىشنى ئىختىيار قىلغان مۇناپىق بايلاردۇر. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى مۇناپىقلىق ئىللىتى بىلەن پېچەتلىۋەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىلىغا ئىمان كىرمەيدۇ. ئۇلار ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى سەۋەبلىك، ئۆزلىرىنى قانداق يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ.

يَعۡتَذِرُونَ إِلَيۡكُمۡ إِذَا رَجَعۡتُمۡ إِلَيۡهِمۡۚ قُل لَّا تَعۡتَذِرُواْ لَن نُّؤۡمِنَ لَكُمۡ قَدۡ نَبَّأَنَا ٱللَّهُ مِنۡ أَخۡبَارِكُمۡۚ وَسَيَرَى ٱللَّهُ عَمَلَكُمۡ وَرَسُولُهُۥ ثُمَّ تُرَدُّونَ إِلَىٰ عَٰلِمِ ٱلۡغَيۡبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٩٤﴾

94 - ئى مۇئمىنلەر! سىلەر تەبۇك غازىتىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سىلەر بىلەن جىھادقا چىقىشتىن قېلىپ قالغان ئاشۇ مۇناپىقلار سىلەرگە يالغان ئۆزرىلەرنى ئېيتىدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا: ئېيتقىنكى، «سىلەر بىكارغا ئۆزرە ئېيتماڭلار، گېپىڭلارغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز. ئاللاھ بىزنى سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلار توغرۇلۇق سىلەرنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىڭلارنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە قىلدى. ئەگەر سىلەر مۇناپىقلىقتىن تەۋبە قىلىپ، ئۆزۈڭلارنى ئىسلاھ قىلساڭلار، بۇنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى كۆرىدۇ، ئەمەلىڭلار بۇ دۇنيادا كىشىلەرگە ئايان بولىدۇ، ئاندىن سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھەممە ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدىغان زات - ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە بارلىق ئەمەللىرىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ ۋە شۇنىڭغا يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ».

سَيَحۡلِفُونَ بِٱللَّهِ لَكُمۡ إِذَا ٱنقَلَبۡتُمۡ إِلَيۡهِمۡ لِتُعۡرِضُواْ عَنۡهُمۡۖ فَأَعۡرِضُواْ عَنۡهُمۡۖ إِنَّهُمۡ رِجۡسٞۖ وَمَأۡوَىٰهُمۡ جَهَنَّمُ جَزَآءَۢ بِمَا كَانُواْ يَكۡسِبُونَ ﴿٩٥﴾

95 - سىلەر غازاتتىن قايتىپ كەلگەن چېغىڭلاردا، ئۇ مۇناپىقلار سىلەرنى ئەيىبلىمىسۇن دەپ، يالغان ئۆزرىلەرنى بايان قىلىپ، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىشقا باشلايدۇ. سىلەر ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلمەڭلار، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار. چۈنكى، ئۇلار ئىچكى دۇنياسى رەزىللىك بىلەن تولۇپ كەتكەن نىجىس ئادەملەردۇر، قىلمىشلىرى سەۋەبلىك، ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر.

يَحۡلِفُونَ لَكُمۡ لِتَرۡضَوۡاْ عَنۡهُمۡۖ فَإِن تَرۡضَوۡاْ عَنۡهُمۡ فَإِنَّ ٱللَّهَ لَا يَرۡضَىٰ عَنِ ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡفَٰسِقِينَ ﴿٩٦﴾

96 - ئى مۇئمىنلەر! ئۇ مۇناپىقلار سىلەرنى رازى قىلىش ئۈچۈن، سىلەرگە يالغاندىن قەسەملەرنى ئىچىپ بېرىدۇ، سىلەر ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىنى بىلمىگەنلىكتىن، ئۇلاردىن رازى بولغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئۇلاردىن ۋە ئۇلارغا ئوخشاش ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان پاسىق قەۋمدىن ھەرگىز رازى بولمايدۇ.

ٱلۡأَعۡرَابُ أَشَدُّ كُفۡرٗا وَنِفَاقٗا وَأَجۡدَرُ أَلَّا يَعۡلَمُواْ حُدُودَ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ عَلَىٰ رَسُولِهِۦۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ﴿٩٧﴾

97 - سەھرالىق ئەرەبلەرنىڭ كۇفرىلىقى ۋە مۇناپىقلىقى شەھەرلىكلەرنىڭكىدىن قاتتىقتۇر. بۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنىڭ قاتتىقلىقى، ئىلىمدىن، ئۆلىمالاردىن يىراق ھالدا ياشىغانلىقى، ۋەز - نەسىھەت سورۇنلىرىغا بارمىغانلىقى سەۋەبتىندۇر. شۇڭا ئۇلار دىنىنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ۋە ئاللاھ چۈشۈرگەن ئەھكاملارنى بىلمەسلىككە ئەڭ يېقىندۇر. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگۈچىدۇر، بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

وَمِنَ ٱلۡأَعۡرَابِ مَن يَتَّخِذُ مَا يُنفِقُ مَغۡرَمٗا وَيَتَرَبَّصُ بِكُمُ ٱلدَّوَآئِرَۚ عَلَيۡهِمۡ دَآئِرَةُ ٱلسَّوۡءِۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٞ ﴿٩٨﴾

98 - سەھرالىق ئەرەبلەردىن بەزىلىرى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغان نەرسىلىرىنى بىر تۈرلۈك سېلىق، زىيان - زەخمەت دەپ قارايدۇ، ئۇنىڭدىن ساۋابنى ئۈمىد قىلمايدۇ. ئۇلار سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا بالا - قازا ۋە خاپىلىقلارنىڭ كېلىشىنى كۈتىدۇ، ئەمما ئۇلار كۈتكەن بالا - قازا ۋە خاپىلىقلار مۇسۇلمانلارغا ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە كېلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ يامان نىيىتىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

وَمِنَ ٱلۡأَعۡرَابِ مَن يُؤۡمِنُ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَيَتَّخِذُ مَا يُنفِقُ قُرُبَٰتٍ عِندَ ٱللَّهِ وَصَلَوَٰتِ ٱلرَّسُولِۚ أَلَآ إِنَّهَا قُرۡبَةٞ لَّهُمۡۚ سَيُدۡخِلُهُمُ ٱللَّهُ فِي رَحۡمَتِهِۦٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٩٩﴾

99 - سەھرالىق ئەرەبلەرنىڭ بەزىلىرى ئاللاھقا، ئۇنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە، ئاخىرەتتىكى جەننەت ۋە دوزاخنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان پۇل - مېلىنى ئاللاھنىڭ دوستلۇقىغا، ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىغا سازاۋەر بولۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇلارنىڭ بۇ ياخشى ئەمەللىرى ئۇلارنى راستتىنلا ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ئېسىل جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا تولىمۇ مېھرىباندۇر.

وَٱلسَّٰبِقُونَ ٱلۡأَوَّلُونَ مِنَ ٱلۡمُهَٰجِرِينَ وَٱلۡأَنصَارِ وَٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُوهُم بِإِحۡسَٰنٖ رَّضِيَ ٱللَّهُ عَنۡهُمۡ وَرَضُواْ عَنۡهُ وَأَعَدَّ لَهُمۡ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي تَحۡتَهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدٗاۚ ذَٰلِكَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ﴿١٠٠﴾

100 - يۇرتىنى ۋە قەۋم - قېرىنداشلىرىنى تەرك ئېتىپ، ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلار بىلەن ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ۋە ئىسلام دۈشمەنلىرىگە قارشى جىھاد قىلىش يولىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر سەپتە بولغان ئەنسارلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەممىدىن بۇرۇن ئىمان ئېيتقان پېشقەدەم ساھابىلەردىن، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ، ئېتىقادتا، گەپ - سۆزدە ۋە ئەمەل - ئىبادەتلەردە ئۇلارغا مۇكەممەل رەۋىشتە ئەگەشكەن مۇئمىنلەردىن ۋە ئۇلارنىڭ تائەت - ئىبادەتلىرىدىن ئاللاھ رازى بولدى. ئۇلارمۇ ئاللاھ ئاتا قىلغان مۇكاپاتلاردىن رازى بولدى. ئاللاھ ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى، ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر. (بۇ ئايەتلەر ساھابىلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى بايان قىلغان ۋە ئۇلارنى ماختىغان بولۇپ، ساھابىلەرنى ھۆرمەتلەش ئىماننىڭ تەلەپلىرىدىن بىرىدۇر).

وَمِمَّنْ حَوْلَكُم مِّنَ ٱلْأَعْرَابِ مُنَٰفِقُونَ ۖ وَمِنْ أَهْلِ ٱلْمَدِينَةِ مَرَدُوا۟ عَلَى ٱلنِّفَاقِ لَا تَعْلَمُهُمْ ۖ نَحْنُ
نَعْلَمُهُمْ ۚ سَنُعَذِّبُهُم مَّرَّتَيْنِ ثُمَّ يُرَدُّونَ إِلَىٰ عَذَابٍ عَظِيمٍ ﴿١٠١﴾

101 ـ مەدىنىنىڭ ئەتراپىدىكى سەھرالىق ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدە مۇناپىقلار بار، مەدىنە ئاھالىسى ئىچىدىمۇ مۇناپىقلىققا ئادەتلىنىپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭدا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ كەتكەنلەر بار. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارنى سەن بىلمەيسەن، بىز بىلىمىز، ئۇلارنى بۇ دۇنيادا ئۆلتۈرۈش، ئەسىرگە ئېلىش ۋە رەسۋا قىلىش بىلەن، ئۆلگىنىدىن كېيىن قەبرە ئازابى بىلەن ئىككى قېتىم جازالايمىز. ئاندىن ئۇلار قىيامەت كۈنى دوزاخ ئوتىدىن ئىبارەت چوڭ ئازابقا دۇچار قىلىنىدۇ.

وَءَاخَرُونَ ٱعْتَرَفُوا۟ بِذُنُوبِهِمْ خَلَطُوا۟ عَمَلًا صَٰلِحًا وَءَاخَرَ سَيِّئًا عَسَى ٱللَّهُ أَن يَتُوبَ عَلَيْهِمْ ۚ
إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١٠٢﴾

102 ـ مەدىنە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ ئاھالىلىرىدىن يەنە بىر گۇرۇھ كىشىلەر ئۆز گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلدى، قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلدى ۋە ئاللاھقا تەۋبە قىلدى. ئۇلار بۇ ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن بىرلىكتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە جىھادقا چىقىشتىن قېلىپ قېلىشتىن ئىبارەت يامان ئىشنىمۇ قىلدى. ئاللاھنىڭ ئۇلارنى تەۋبە قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىشى ۋە قىلغان تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشى ئۈمىدلىكتۇر، چۈنكى ئاللاھ تەۋبە قىلغان بەندىلىرىنىڭ گۇناھىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

خُذْ مِنْ أَمْوَٰلِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِم بِهَا وَصَلِّ عَلَيْهِمْ ۖ إِنَّ صَلَوٰتَكَ سَكَنٌ لَّهُمْ ۗ وَٱللَّهُ
سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿١٠٣﴾

103 ـ ئى پەيغەمبەر! ياخشى ئىشلارنى يامان ئىش بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپ تەۋبە قىلغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە مۇناپىقلارنىڭ دەرىجىسىدىن ئىخلاسمەنلەر دەرىجىسىگە كۆتۈرگەيسەن. ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى ۋە گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى تىلەپ دۇئا قىلغىن، شەكسىزكى، سېنىڭ دۇئايىڭ ئۇلارغا ھۇزۇر ۋە خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ، ئاللاھ ھەرقانداق دۇئانى ۋە گەپ ـ سۆزنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، بەندىلىرىنىڭ نىيىتىنى ۋە ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ ھەركىمگە ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

أَلَمْ يَعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ هُوَ يَقْبَلُ ٱلتَّوْبَةَ عَنْ عِبَادِهِۦ وَيَأْخُذُ ٱلصَّدَقَٰتِ وَأَنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلتَّوَّابُ
ٱلرَّحِيمُ ﴿١٠٤﴾

104 ـ جىھادقا چىقىشتىن قېلىپ قالغان ئاشۇ كىشىلەر ۋە باشقىلار ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغان، بەرگەن سەدىقىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ساۋاب ئاتا قىلىدىغان يېگانە زات ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ، تائەت ـ ئىبادەت قىلىشقا باشلىغان بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچى، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟

وَقُلِ ٱعْمَلُوا۟ فَسَيَرَى ٱللَّهُ عَمَلَكُمْ وَرَسُولُهُۥ وَٱلْمُؤْمِنُونَ ۖ وَسَتُرَدُّونَ إِلَىٰ عَٰلِمِ ٱلْغَيْبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ

فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿١٠٥﴾

105 - ئى پەيغەمبەر! جىهادتىن قېلىپ قالغان ئاشۇ كىشىلەرگە ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش، پەرزلەرنى ئورۇنداش، گۇناھلاردىن يىراق تۇرۇش قاتارلىق ئاللاھ رازى بولىدىغان ئەمەللەرنى قىلىڭلار، ئەمەلىڭلارنى ئاللاھ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۇئمىنلەر كۆرىدۇ. قىيامەت كۈنى سىلەر ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممىنى ئېنىق بىلىپ تۇرغۇچى زات - ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، شۇ چاغدا ئاللاھ سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ» (بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئازغۇنلۇقىنى داۋاملاشتۇرغۇچىلارغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن).

وَءَاخَرُونَ مُرْجَوْنَ لِأَمْرِ ٱللَّهِ إِمَّا يُعَذِّبُهُمْ وَإِمَّا يَتُوبُ عَلَيْهِمْ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿١٠٦﴾

106 - ئى مۇئمىنلەر! تەبۇك غازىتىغا چىقىشتىن قېلىپ قالغانلار ئىچىدە ئاللاھنىڭ بىر تەرەپ قىلىشى ئۈچۈن توختىتىپ قويۇلغان يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشى ئاللاھنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ. ئۇلار قىلمىشىغا پۇشايمان قىلغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار: مۇرارە ئىبنى رەبىئ، كەئب ئىبنى مالىك ۋە ھىلال ئىبنى ئۇمەييە قاتارلىقلاردۇر. ئاللاھ ئۇلارنى يا جازالايدۇ، ياكى ئەپۇ قىلىدۇ. ئاللاھ ئازابقا ياكى كەچۈرۈمگە تېگىشلىك بولغانلارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ئەمر - پەرمانلىرىدا ۋە سۆزلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

وَٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ مَسْجِدًا ضِرَارًا وَكُفْرًا وَتَفْرِيقًۢا بَيْنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ وَإِرْصَادًا لِّمَنْ حَارَبَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ مِن قَبْلُ ۚ وَلَيَحْلِفُنَّ إِنْ أَرَدْنَآ إِلَّا ٱلْحُسْنَىٰ ۖ وَٱللَّهُ يَشْهَدُ إِنَّهُمْ لَكَٰذِبُونَ ﴿١٠٧﴾

107 - مۇئمىنلەرگە زىيان يەتكۈزۈش، كۇفرىلىقنى كۈچەيتىش، مۇئمىنلەرنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، ئىلگىرى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى تۇرغان ئەبۇ ئامىر راھىب[1] ئىسىملىك پاسىقنىڭ كېلىشىنى كۈتۈش مەقسىتىدە مەدىنىدە زىرار ئىسىملىك مەسجىدنى بىنا قىلغان مۇناپىقلار: «بىز بۇ مەسجىدنى پەقەتلا ياخشى نىيەت بىلەن، يەنى ياشىنىپ قالغان ۋە تېنى ئاجىز مۇسۇلمانلار مەسجىدى قۇباغا بارىمىز دەپ جاپا تارتىپ قالمىسۇن دېگەن نىيەت بىلەن بىنا قىلدۇق» دەپ قەسەم قىلىدۇ. ئاللاھ گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، ئۇلار چوقۇم يالغان ئىشقا قەسەم قىلغۇچىلاردۇر.

لَا تَقُمْ فِيهِ أَبَدًا ۚ لَّمَسْجِدٌ أُسِّسَ عَلَى ٱلتَّقْوَىٰ مِنْ أَوَّلِ يَوْمٍ أَحَقُّ أَن تَقُومَ فِيهِ ۚ فِيهِ رِجَالٌ يُحِبُّونَ أَن يَتَطَهَّرُواْ ۚ وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلْمُطَّهِّرِينَ ﴿١٠٨﴾

108 - ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇ مەسجىدتە مەڭگۈ ناماز ئوقۇمىغىن، بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپلا تەقۋالىق ئاساسىغا سېلىنغان مەسجىد - قۇبا مەسجىدى سېنىڭ ناماز ئوقۇشۇڭ ئۈچۈن ئەڭ لايىقتۇر. ئۇ مەسجىدتە سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىپ پاسكىنىچىلىقلاردىن ۋە تەۋبە - ئىستىغپار بىلەن بارلىق گۇناھلاردىن پاكلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئەرلەر بار، ئاللاھ گۇناھلاردىن ۋە پاسكىنىچىلىقلاردىن پاكلانغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ. (قۇبا مەسجىدى بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپ تەقۋالىق ئاساسىغا سېلىنغان دەپ سۈپەتلەنگەن يەردە، مەسجىدى نەبەۋى شۇنداق سۈپەتلىنىشكە تېخىمۇ لايىقدۇر).

---

[1] مەزكۇر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى جەڭ ئېلان قىلغان ۋە ئاخىرى رىم ئىمپېرىيەسىدىن مۇسۇلمانلارغا قارشى ياردەم سورىغىلى كەتكەن ئەبۇ ئامىر ئىسىملىك بىر راھىب بولۇپ، بۇ مۇناپىقلار ئۇنىڭ كېلىشىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مۇسۇلمانلاردىن ئىنتىقام ئېلىشنى كۈتەتتى.

أَفَمَنۡ أَسَّسَ بُنۡيَٰنَهُۥ عَلَىٰ تَقۡوَىٰ مِنَ ٱللَّهِ وَرِضۡوَٰنٍ خَيۡرٌ أَم مَّنۡ أَسَّسَ بُنۡيَٰنَهُۥ عَلَىٰ شَفَا جُرُفٍ هَارٖ فَٱنۡهَارَ بِهِۦ فِي نَارِ جَهَنَّمَۗ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٠٩﴾

109 ـ ئۆزىنىڭ ھايات بىناسىنى ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش ئاساسىغا سالغان ئادەم بىلەن، ئۇنى يىقىلاي دەپ قالغان يارنىڭ لېۋىگە سېلىپ، ئۆزىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە دوزاخ ئوتىغا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئادەم باراۋەر ئەمەس. مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ئۈچۈن زىرار مەسجىدى سېلىۋىدى، بۇ ئۇلارنىڭ دوزاخنىڭ ئازگاللىرىغا چۈشۈشىگە سەۋەب بولدى. ئاللاھ دىنىنىڭ چەكلىمىلىرىدىن چەتنەپ كېتىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان قەۋمنى توغرا يولغا يېتەكلىمەيدۇ.

لَا يَزَالُ بُنۡيَٰنُهُمُ ٱلَّذِي بَنَوۡاْ رِيبَةٗ فِي قُلُوبِهِمۡ إِلَّآ أَن تَقَطَّعَ قُلُوبُهُمۡۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿١١٠﴾

110 ـ مۇناپىقلارنىڭ يۈرەكلىرى پارە- پارە بولۇپ كەتمىگۈچە ياكى ئۆلمىگۈچە ۋەياكى قاتتىق پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلمىغۇچە، ئۇلار سالغان زىرار مەسجىدى ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى شەك ۋە گۇماننىڭ يىلتىزى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. ئاللاھ مۇناپىقلارنىڭ بارلىق ئەھۋالىنى ۋە رەزىل نىيىتىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

۞ إِنَّ ٱللَّهَ ٱشۡتَرَىٰ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ أَنفُسَهُمۡ وَأَمۡوَٰلَهُم بِأَنَّ لَهُمُ ٱلۡجَنَّةَۚ يُقَٰتِلُونَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ فَيَقۡتُلُونَ وَيُقۡتَلُونَۖ وَعۡدًا عَلَيۡهِ حَقّٗا فِي ٱلتَّوۡرَىٰةِ وَٱلۡإِنجِيلِ وَٱلۡقُرۡءَانِۚ وَمَنۡ أَوۡفَىٰ بِعَهۡدِهِۦ مِنَ ٱللَّهِۚ فَٱسۡتَبۡشِرُواْ بِبَيۡعِكُمُ ٱلَّذِي بَايَعۡتُم بِهِۦۚ وَذَٰلِكَ هُوَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ﴿١١١﴾

111 ـ شۈبھىسىزكى، مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش يولىدا جېنىنى پىدا قىلىپ، پۇل - مېلىنى سەرپ قىلىپ، جىھاد قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارغا ئاخىرەتتە جەننەت ۋە سانسىز نېمەت ئاتا قىلىش بەدىلىگە ئۇلارنىڭ جانلىرىنى سېتىۋالدى. ئۇلار ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ. (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت) بۇ ۋەدە ئاللاھنىڭ تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئاندا بايان قىلىنغان راست ۋەدىسىدۇر. ۋەدىسىگە ئاللاھتىنمۇ بەك ۋاپا قىلىدىغان ھېچكىم يوقتۇر. ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ بىلەن قىلىشقان بۇ سوداڭلاردىن ۋە ئاللاھ ۋەدە قىلغان ئاخىرەت نېمەتلىرىدىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلىك سودىدۇر.

ٱلتَّٰٓئِبُونَ ٱلۡعَٰبِدُونَ ٱلۡحَٰمِدُونَ ٱلسَّٰٓئِحُونَ ٱلرَّٰكِعُونَ ٱلسَّٰجِدُونَ ٱلۡأٓمِرُونَ بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَٱلنَّاهُونَ عَنِ ٱلۡمُنكَرِ وَٱلۡحَٰفِظُونَ لِحُدُودِ ٱللَّهِۗ وَبَشِّرِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١١٢﴾

112 ـ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىنغان مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇلار گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ يامان كۆرىدىغان ئىشلارنى تاشلاپ، ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىدىغان، ئاللاھ ئۈچۈن نىيىتىنى خالىس قىلىپ، ئىبادەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىدىغان، ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بارلىق ياخشىلىق ۋە يامانلىققا شۈكۈر قىلىدىغان، روزىغا ئوخشاش نەپلە ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىدىغان، نامازنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىنى مۇكەممەل قىلىدىغان، كىشىلەرنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بۇيرۇغان ئىشلارغا بۇيرۇپ، مەنئى قىلغان ئىشلاردىن مەنئى قىلىدىغان، ئاللاھ بۇيرۇغان پەرزلەرنى تولۇق ئادا قىلىدىغان، مەنئى قىلىنغان ئىشلارغا يېقىنلاشمايدىغان، ئاللاھنىڭ

بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلىدىغان كىشىلەردۇر. ئى پەيغەمبەر! يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان مۇئمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئۇلاردىن رازى بولىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىدىغانلىقى ھەققىدە خۇش خەۋەر بەرگىن.

مَا كَانَ لِلنَّبِيِّ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَن يَسۡتَغۡفِرُواْ لِلۡمُشۡرِكِينَ وَلَوۡ كَانُوٓاْ أُوْلِي قُرۡبَىٰ مِنۢ بَعۡدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمۡ أَنَّهُمۡ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَحِيمِ ﴿١١٣﴾

113 ـ مۇشرىكلار كاپىر ھالىتىدە ئۆلگەن ۋە ئۇلارنىڭ كاپىر پېتى ئۆلگەنلىكى ئۇچۇن دوزاخقا كىرىدىغانلىقى ئېنىق بولغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە مۇئمىنلەرنىڭ — مۇشرىكلار گەرچە ئۇلارنىڭ يېقىن تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ،— ئۇلار ئۇچۇن مەغپىرەت تىلىشى ھەرگىز لايىق ئەمەس. ئاللاھ نىسا سۈرىسىنىڭ 48 ـ ئايىتىدە: «ئاللاھ ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرگەنلىكنىڭ گۇناھىنى قەتئىي كەچۈرمەيدۇ» دېگەن، يەنە مائىدە سۈرىسىنىڭ 72 ـ ئايىتىدە: «كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ» دېگەن.

وَمَا كَانَ ٱسۡتِغۡفَارُ إِبۡرَٰهِيمَ لِأَبِيهِ إِلَّا عَن مَّوۡعِدَةٖ وَعَدَهَآ إِيَّاهُ فَلَمَّا تَبَيَّنَ لَهُۥٓ أَنَّهُۥ عَدُوّٞ لِّلَّهِ تَبَرَّأَ مِنۡهُۚ إِنَّ إِبۡرَٰهِيمَ لَأَوَّٰهٌ حَلِيمٞ ﴿١١٤﴾

114 ـ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشرىك ئاتىسىغا ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگەنلىكى ئۇنىڭ ئىلگىرى ئاتىسىغا: «مەن رەببىمدىن ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن»[1] دېگەن ۋەدىسىنى ئورۇنلاش يۈزىسىدىن ئىدى. ئىبراھىمغا ئاتىسىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى، ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقى ۋە ئاخىرى كاپىر پېتى ئۆلىدىغانلىقى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەشنى تاشلىدى ۋە ئۇنىڭدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزدى. شەكسىزكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا كۆپ ئىلتىجا قىلىدىغان، ئۆزىگە يامانلىق قىلغانلارنى ھەمىشە ئەپۇ قىلىدىغان زات ئىدى.

وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيُضِلَّ قَوۡمَۢا بَعۡدَ إِذۡ هَدَىٰهُمۡ حَتَّىٰ يُبَيِّنَ لَهُم مَّا يَتَّقُونَۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٌ ﴿١١٥﴾

115 ـ ئاللاھ بىرەر قەۋمنى ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ۋە دىنىنىڭ ئەھكاملىرىدىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەرنى بايان قىلماي تۇرۇپ، ئۇلارنى ئازغۇن قىلمايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ سىلەرگە بىلمىگەنلىرىڭلارنى ئۆگەتكەن، سىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بەرگەن ۋە سىلەرگە ھەق دىننى تولۇق يەتكۈزگەن زاتتۇر.

إِنَّ ٱللَّهَ لَهُۥ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ يُحۡيِۦ وَيُمِيتُۚ وَمَا لَكُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ مِن وَلِيّٖ وَلَا نَصِيرٖ ﴿١١٦﴾

116 ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ يېگانە ئىگىسىدۇر. ئاللاھنىڭ يارىتىشتا، مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا، ئىبادەت قىلىنىشتا ۋە قانۇن چىقىرىشتا ھېچقانداق شېرىكى ياكى ياردەمچىسى يوقتۇر. خالىغان بەندىلىرىگە ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ، خالىغان بەندىلىرىنى ھاياتلىقتىن مەھرۇم قىلىدۇ، ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە ئىگە بولىدىغان، ياردەم قىلىدىغان ۋە دۈشمىنىڭلارغا قارشى نۇسرەت ئاتا قىلىدىغان زات يوقتۇر.

[1] مەريەم سۈرىسى: 47 ـ ئايەت.

لَّقَد تَّابَ ٱللَّهُ عَلَى ٱلنَّبِيِّ وَٱلْمُهَٰجِرِينَ وَٱلْأَنصَارِ ٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُوهُ فِي سَاعَةِ ٱلْعُسْرَةِ مِنۢ بَعْدِ مَا كَادَ يَزِيغُ قُلُوبُ فَرِيقٍ مِّنْهُمْ ثُمَّ تَابَ عَلَيْهِمْ إِنَّهُۥ بِهِمْ رَءُوفٌ رَّحِيمٌ ﴿١١٧﴾

117 - ئاللاھ ھەقىقەتەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىگە يۈزلىنىشكە ۋە تائەت - ئىبادەتكە مۇۋەپپەق قىلدى، ئاللاھ يولىدا ئۆز يۇرتىنى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى تاشلاپ ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلار بىلەن تەبۇك غازىتى بولغان كۈنى ھاۋانىڭ قاتتىق ئىسسىقلىقىغا، ئات - ئۇلاغ ۋە ئوزۇقلۇقنىڭ ئازلىقىغا قارىماي، ئىنتايىن قىيىن بىر شارائىتتا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگىشىپ جىھادقا چىققان ئەنسارلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ دىللىرى ھەقتىن بۇرۇلۇپ، تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىككە بېرىلىپ كېتىشكە تاس قالغاندىن كېيىن، ئاللاھ ئۇلارنى مۇستەھكەم قىلدى ۋە تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى. چۈنكى ئاللاھ ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە تولىمۇ كۆيۈمچاندۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئاللاھنىڭ ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلغانلىقى، تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە ھەق يولدا مۇستەھكەم قىلغانلىقى ئۇلارغا قىلغان شەپقىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

وَعَلَى ٱلثَّلَٰثَةِ ٱلَّذِينَ خُلِّفُواْ حَتَّىٰٓ إِذَا ضَاقَتْ عَلَيْهِمُ ٱلْأَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ وَضَاقَتْ عَلَيْهِمْ أَنفُسُهُمْ وَظَنُّوٓاْ أَن لَّا مَلْجَأَ مِنَ ٱللَّهِ إِلَّآ إِلَيْهِ ثُمَّ تَابَ عَلَيْهِمْ لِيَتُوبُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١١٨﴾

118 - ئاللاھ شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە جىھادقا چىقىشتىن قېلىپ قالغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، گۇناھىغا سەممىي تەۋبە قىلغان كەئب ئىبنى مالىك، ھىلال ئىبنى ئۇمەييە ۋە مۇراره ئىبنى رەبىئ قاتارلىق ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىمۇ قوبۇل قىلدى. جىھادتىن قېلىپ قالغانلىقىغا ھەسرەت - نادامەت چېكىپ، شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلارغا تارلىشىپ كەتكەن، غەم - قايغۇدىن ئىچى سىقىلغان، ئاللاھقا تەۋبە قىلماي تۇرۇپ ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ يەتكەن ئىدى. ئاندىن ئاللاھ ئۇلارنى ئىتائەتمەنلىككە ۋە ئاللاھنى رازى قىلىدىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلدى. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى ناھايىتى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَكُونُواْ مَعَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿١١٩﴾

119 - ئى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگەشكەن كىشىلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھنىڭ سىلەرنى ۋە قىلىۋاتقان ھەربىر ئىشىڭلارنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېسىڭلاردىن قەتئىي چىقىرىپ قويماڭلار، قەسەملىرىدە، ۋەدىلىرىدە ۋە ھاياتلىقتىكى بارلىق ئىشلىرىدا راستچىل بولغۇچىلار بىلەن بىللە بولۇڭلار.

مَا كَانَ لِأَهْلِ ٱلْمَدِينَةِ وَمَنْ حَوْلَهُم مِّنَ ٱلْأَعْرَابِ أَن يَتَخَلَّفُواْ عَن رَّسُولِ ٱللَّهِ وَلَا يَرْغَبُواْ بِأَنفُسِهِمْ عَن نَّفْسِهِۦ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ لَا يُصِيبُهُمْ ظَمَأٌ وَلَا نَصَبٌ وَلَا مَخْمَصَةٌ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَلَا يَطَـُٔونَ مَوْطِئًا يَغِيظُ ٱلْكُفَّارَ وَلَا يَنَالُونَ مِنْ عَدُوٍّ نَّيْلًا إِلَّا كُتِبَ لَهُم بِهِۦ عَمَلٌ صَٰلِحٌ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجْرَ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿١٢٠﴾

120 - مەدىنە ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى سەھرالىق ئەرەبلەرنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە جىھادقا چىقىشتىن قېلىپ قېلىشى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى جاپا - مۇشەققەت چەكسە، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ راھەت - پاراغىتى بىلەن بولۇپ كېتىشى قەتئىي توغرا

ئەمەس. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا جىھادقا چىقىش جەريانىدا بېشىغا كەلگەن ئۇسسۇزلۇق، جاپا-مۇشەققەت، ئاچلىق، ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى پەرىشان قىلىدىغان ھەربىر قەدىمى، دۈشمەنلىرىنى يېڭىپ قازانغان ھەربىر غەلىبىسى ئۈچۈن، ئۇلارغا ياخشى ئەمەلنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئورۇنداشقا ئالدىرايدىغان، ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىدىغان ۋە مەخلۇقاتنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ.

وَلَا يُنفِقُونَ نَفَقَةً صَغِيرَةً وَلَا كَبِيرَةً وَلَا يَقْطَعُونَ وَادِيًا إِلَّا كُتِبَ لَهُمْ لِيَجْزِيَهُمُ ٱللَّهُ أَحْسَنَ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١٢١﴾

121 - ئۇلارنىڭ ئاللاھ يولىدا مەيلى كىچىك بولسۇن ياكى چوڭ بولسۇن، سەرپ قىلغان ھەربىر نەرسىسىگە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ جىھاد ئۈچۈن باسقان ھەربىر قەدىمىگە ساۋاب يېزىلىدۇ. (بۇ) ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ئەڭ ياخشى قىلغان ئەمەللىرى بويىچە مۇكاپاتلىشى ئۈچۈندۇر.

۞ وَمَا كَانَ ٱلْمُؤْمِنُونَ لِيَنفِرُوا۟ كَآفَّةً ۚ فَلَوْلَا نَفَرَ مِن كُلِّ فِرْقَةٍ مِّنْهُمْ طَآئِفَةٌ لِّيَتَفَقَّهُوا۟ فِى ٱلدِّينِ وَلِيُنذِرُوا۟ قَوْمَهُمْ إِذَا رَجَعُوٓا۟ إِلَيْهِمْ لَعَلَّهُمْ يَحْذَرُونَ ﴿١٢٢﴾

122 - مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادتىن قىلىپ قېلىشى توغرا بولمىغاندەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشىمۇ لايىق ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەربىر جامائەسىدىن بىر تۈركۈمى جىھادقا چىقسا، قالغانلىرى دىنىي ئىلىملەرنى مۇكەممەل ئۆگىنىپ، جىھادقا چىققانلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن، ئۆگەنگەنلىرىنى ئۇلارغا ئۆگىتىش ئۈچۈن نېمىشقا قىلىپ قالمىدى؟

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ قَٰتِلُوا۟ ٱلَّذِينَ يَلُونَكُم مِّنَ ٱلْكُفَّارِ وَلْيَجِدُوا۟ فِيكُمْ غِلْظَةً ۚ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلْمُتَّقِينَ ﴿١٢٣﴾

123 - ئى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگەشكەن كىشىلەر! كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇشنى ئۇلارنىڭ ئىسلام دىيارىغا يېقىن جايدىكىلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشتىن باشلاڭلار. ئۇلار سىلەردىن قاتتىق قوللۇقنى ۋە كۈچ - قۇۋۋەتنى كۆرسۇن. بىلىڭلاركى، ئاللاھ چوقۇم تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر، ئۇلارنى قوللايدۇ ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىدۇ.

وَإِذَا مَآ أُنزِلَتْ سُورَةٌ فَمِنْهُم مَّن يَقُولُ أَيُّكُمْ زَادَتْهُ هَٰذِهِۦٓ إِيمَٰنًا ۚ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ فَزَادَتْهُمْ إِيمَٰنًا وَهُمْ يَسْتَبْشِرُونَ ﴿١٢٤﴾

124 - ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان سۈرىلىرىدىن قانداقلا بىر سۈرىنى نازىل قىلسا، بەزى مۇناپىقلار ئۇ سۈرىنى مەسخىرە قىلىپ: «بۇ سۈرە قايسىڭلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىپتۇ؟» دەيدۇ. ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن مۇئمىنلەرگە كەلسەك، نازىل قىلىنغان ھەربىر سۈرە ئۇلارنىڭ ئىمانىنى زىيادە قىلدى، ئۇلار ھەربىر سۈرىنىڭ مەنىسىنى بىلىپ، ئۇستىدە تەپەككۇر قىلىپ، ھەق ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىپ ۋە مەزمۇنىغا ئەمەل قىلىپ ماڭغانلىقتىن، بۇ سۈرىلەر ئۇلارنىڭ ئىمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى، ئۇلار ئاللاھ ئاتا قىلغان ئىمان ۋە چىن ئېتىقاد بىلەن سۆيۈنۈپ كېتىدۇ.

وَأَمَّا ٱلَّذِينَ فِى قُلُوبِهِم مَّرَضٌ فَزَادَتْهُمْ رِجْسًا إِلَىٰ رِجْسِهِمْ وَمَاتُوا۟ وَهُمْ كَٰفِرُونَ ﴿١٢٥﴾

125 - ئاللاھنىڭ دىنىغا قارىتا دىللىرىدا مۇناپىقلىق ۋە شەك بار كىشىلەرگە كەلسەك، نازىل

قىلىنغان ھەربىر سۈرە ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقىغا مۇناپىقلىق، شەك - شۈبھىسىگە شەك - شۈبھە قوشىدۇ. ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىپ، كاپىر پېتى ئۆلىدۇ.

أَوَلَا يَرَوْنَ أَنَّهُمْ يُفْتَنُونَ فِي كُلِّ عَامٍ مَّرَّةً أَوْ مَرَّتَيْنِ ثُمَّ لَا يَتُوبُونَ وَلَا هُمْ يَذَّكَّرُونَ ﴿١٢٦﴾

126 - ئۇ مۇناپىقلار ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ھەر يىلى بىر ياكى ئىككى قېتىم ئاچلىق ۋە قەھەتچىلىك بىلەن، ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقىنى پاش قىلىش بىلەن سىنايدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقىدىن، مۇناپىقلىقىدىن تەۋبە قىلمايدۇ، ئاللاھنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، (ئۇلار ئۇستىدە) تەپەككۇر قىلمايدۇ.

وَإِذَا مَآ أُنزِلَتْ سُورَةٌ نَّظَرَ بَعْضُهُمْ إِلَىٰ بَعْضٍ هَلْ يَرَىٰكُم مِّنْ أَحَدٍ ثُمَّ ٱنصَرَفُوا۟ ۚ صَرَفَ ٱللَّهُ قُلُوبَهُم بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَّا يَفْقَهُونَ ﴿١٢٧﴾

127 - مۇناپىقلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىغان بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا، ئۇلار بۇ سۈرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ۋە قاتتىق نەپرەتلەنگەنلىكتىن، بىر - بىرىگە قارىشىپ كۆز قىسىشىدۇ، ئاندىن: «مۇھەممەدنىڭ مەجلىسىدىن تۇرۇپ كەتسەڭلار، سىلەرنى بىرى كۆرۈپ قالارمۇ؟» دېيىشىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى كۆرۈپ قالغان بىرەرسى بولمىسا، ئۇلار رەسۋا بولۇشتىن ئەنسىرەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەجلىسىدىن ئايرىلىپ، دەرھال تىكىۋېتىدۇ، ئۇلار ھەقىقەتنى چۈشەنمەيدىغان قەۋم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ئىماندىن بۇرىۋەتتى.

لَقَدْ جَآءَكُمْ رَسُولٌ مِّنْ أَنفُسِكُمْ عَزِيزٌ عَلَيْهِ مَا عَنِتُّمْ حَرِيصٌ عَلَيْكُم بِٱلْمُؤْمِنِينَ رَءُوفٌ رَّحِيمٌ ﴿١٢٨﴾

128 - ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە ئۆزۈڭلارنىڭ قەۋمىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ، ئۇ سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارغا ۋە ئەھۋالىڭلارنىڭ ياخشىلىنىشىغا بەكمۇ ھېرىستۇر، مۇئمىنلەرگە ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر.

فَإِن تَوَلَّوْا۟ فَقُلْ حَسْبِيَ ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ۖ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ ۖ وَهُوَ رَبُّ ٱلْعَرْشِ ٱلْعَظِيمِ ﴿١٢٩﴾

129 - ئى پەيغەمبەر! ئەگەر مۇشرىكلار بىلەن مۇناپىقلار ساڭا ئىمان كەلتۈرۈشتىن باش تارتسا، ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ماڭا يېتەرلىكتۇر، ئۇ مېنى غەمكىن قىلغان ھەممە ئىشلار ئۈچۈن كۇپايىدۇر، ئاللاھتىن باشقا تائەت-ئىبادەت لايىق ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھقىلا تايانىدىم، بارلىق ئىشلىرىمنى ئۇنىڭغا تاپشۇردۇم، چۈنكى، ئاللاھ ماڭا ياردەم قىلغۇچىدۇر، مېنىڭ مەدەتكارىمدۇر، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر. ئاللاھنىڭ ئەرشى مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ بۈيۈكىدۇر»

# يۇنۇس سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

الٓرۚ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱلۡكِتَٰبِ ٱلۡحَكِيمِ ﴿١﴾

1 ـ ئەلىف، لام، را (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى). بۇلار ئاللاھ مۇكەممەل قىلغان ۋە بەندىلىرىگە بايان قىلىپ بەرگەن ھېكمەتلىك كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر.

أَكَانَ لِلنَّاسِ عَجَبًا أَنۡ أَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰ رَجُلٖ مِّنۡهُمۡ أَنۡ أَنذِرِ ٱلنَّاسَ وَبَشِّرِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَنَّ لَهُمۡ
قَدَمَ صِدۡقٍ عِندَ رَبِّهِمۡۗ قَالَ ٱلۡكَٰفِرُونَ إِنَّ هَٰذَا لَسَٰحِرٞ مُّبِينٌ ﴿٢﴾

2 ـ ئىنسانلار ئارىسىدىن بىر ئادەمنى تاللاپ چىقىپ، ئۇنىڭغا: «ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغىن، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقانلارغا قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ياخشى مۇكاپات بارلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن» دەپ ۋەھيى قىلغانلىقىمىز ئۇلار ئۈچۈن ئەجەبلىنەرلىك ئىش بولۇپ قاپتۇمۇ؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى بىلەن كېلىپ، ئۇنى ئۇلارغا ئوقۇپ بەرگەندە، كاپىرلار: «مۇھەممەد سېھىرگەردۇر، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نەرسىلەر ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېدى.

إِنَّ رَبَّكُمُ ٱللَّهُ ٱلَّذِي خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ فِي سِتَّةِ أَيَّامٖ ثُمَّ ٱسۡتَوَىٰ عَلَى ٱلۡعَرۡشِۖ يُدَبِّرُ ٱلۡأَمۡرَۖ
مَا مِن شَفِيعٍ إِلَّا مِنۢ بَعۡدِ إِذۡنِهِۦۚ ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمۡ فَٱعۡبُدُوهُۚ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ﴿٣﴾

3 ـ شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئاللاھ ئاسمانلارنى، زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقان، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق شەكىلدە ئەرشنىڭ ئۈستىگە ئۆرلىگەن ۋە بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان زاتتۇر. ئۇنىڭ ھۆكمىگە ھېچكىم قارشى چىقالمايدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچكىم ھېچكىمگە شاپائەتچى بولالمايدۇ. شۇڭا سىلەر بۇ سۈپەتلەرنىڭ ئىگىسى بولغان رەببىڭلار ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئىبادەتنى ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلەن قىلىڭلار. سىلەر بۇ ئايەتلەردىن ۋە بۇ دەلىل ـ پاكىتلاردىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالامسىلەر؟

إِلَيۡهِ مَرۡجِعُكُمۡ جَمِيعٗاۖ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقًّاۚ إِنَّهُۥ يَبۡدَؤُاْ ٱلۡخَلۡقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥ لِيَجۡزِيَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ
وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ بِٱلۡقِسۡطِۚ وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَهُمۡ شَرَابٞ مِّنۡ حَمِيمٖ وَعَذَابٌ أَلِيمُۢ بِمَا كَانُواْ
يَكۡفُرُونَ ﴿٤﴾

4 - قىيامەت كۈنى ھەممىڭلارنىڭ قايتىدىغان يېرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر. بۇ ئاللاھنىڭ ۋەدىسى بولۇپ، ئۇ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاللاھ مەخلۇقاتنى دەسلەپتە يوقتىن ياراتقان، ئاندىن ئۇنى ئۆلگىنىدىن كېيىن تىرىلدۈرىدىغان زاتتۇر. ئاللاھ ئىمان ئېيتقان ۋە شۇ ئىمانىنىڭ تەلىپى بويىچە ياخشى ئىشلارنى قىلغان كىشىلەرنى ئادىللىق بىلەن مۇكاپاتلاش ئۈچۈن، ئىنسانلارنى تىرىلدۈرۈپ ئەسلىگە قايتۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقى ۋە ئازغۇنلۇقى تۈپەيلىدىن يۈزلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان ۋە ئۈچەيلىرىنى ئۈزۈۋېتىدىغان قايناق سۇدىن ئىچىملىك ۋە ئەلەملىك ئازاب بار.

هُوَ ٱلَّذِى جَعَلَ ٱلشَّمْسَ ضِيَآءً وَٱلْقَمَرَ نُورًا وَقَدَّرَهُۥ مَنَازِلَ لِتَعْلَمُوا۟ عَدَدَ ٱلسِّنِينَ وَٱلْحِسَابَ ۚ مَا خَلَقَ ٱللَّهُ ذَٰلِكَ إِلَّا بِٱلْحَقِّ ۚ يُفَصِّلُ ٱلْءَايَٰتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ ﴿٥﴾

5 - ئاللاھ قۇياشنى نۇر چاچقۇچى ۋە ئاينى نۇرلۇق قىلغان، يىللارنىڭ سانىنى، ئايلارنىڭ ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئايغا مەنزىللەرنى بەلگىلىگەن زاتتۇر. قۇياش ئارقىلىق كۈنلەرنى، ئاي ئارقىلىق ئايلارنى ۋە يىللارنى بىلگىلى بولىدۇ. ئاللاھ كۈن بىلەن ئاينى ئالاھىدە چوڭ ھېكمەت بىلەن ياراتتى. بۇلار ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە چوڭقۇر ئىلمىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ يارىتىشنىڭ ھېكمەتلىرىنى چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن، دەلىل - پاكىتلارنى ۋە ئايەتلەرنى مانا مۇشۇنداق ئوچۇق بايان قىلىدۇ.

إِنَّ فِى ٱخْتِلَٰفِ ٱلَّيْلِ وَٱلنَّهَارِ وَمَا خَلَقَ ٱللَّهُ فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يَتَّقُونَ ﴿٦﴾

6 - شەكسىزكى، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئاللاھ ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ياراتقان ئاجايىپ مەۋجۇداتلاردا، كائىناتتا بېكىتىۋەتكەن ئىنچىكە نىزام ۋە مۇكەممەل قانۇنىيەتلەردە، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئەلۋەتتە كۆپلىگەن روشەن دەلىل - پاكىتلار بار.

إِنَّ ٱلَّذِينَ لَا يَرْجُونَ لِقَآءَنَا وَرَضُوا۟ بِٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَٱطْمَأَنُّوا۟ بِهَا وَٱلَّذِينَ هُمْ عَنْ ءَايَٰتِنَا غَٰفِلُونَ ﴿٧﴾
أُو۟لَٰٓئِكَ مَأْوَىٰهُمُ ٱلنَّارُ بِمَا كَانُوا۟ يَكْسِبُونَ ﴿٨﴾

7 - 8 شەكسىزكى، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ئىشەنمىگەنلىكتىن، ھېساب بېرىش ئۈچۈن بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىدىغانلىقىغا ۋە ئاخىرەتتە ياخشى - يامان بارلىق ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتى ياكى جازاسى بېرىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغان، ئاخىرەتلىكنىڭ ئورنىغا بۇ دۇنيا ھاياتىغا رازى بولغان، ئۇنىڭ بىلەن كۆڭلى ئارام تاپقان ۋە بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان كائىنات دەلىللىرىدىن، قۇرئان ئايەتلىرىدىن غەپلەتتە قالغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئەنە شۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى جايى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن دوزاخ بولىدۇ.

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ يَهْدِيهِمْ رَبُّهُم بِإِيمَٰنِهِمْ ۖ تَجْرِى مِن تَحْتِهِمُ ٱلْأَنْهَٰرُ فِى جَنَّٰتِ ٱلنَّعِيمِ ﴿٩﴾

9 - شۈبھىسىزكى، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرنى رەببى ئۇلارنىڭ ئىمانى يۈزىسىدىن جەننەتنىڭ يولىغا يېتەكلەيدۇ، ئۇلارنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل - دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، نازۇنېمەتلەر بىلەن تولغان جەننەتلەرگە كىرگۈزۈش ۋە ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى بېرىش بىلەن مۇكاپاتلايدۇ.

دَعْوَىٰهُمْ فِيهَا سُبْحَٰنَكَ ٱللَّهُمَّ وَتَحِيَّتُهُمْ فِيهَا سَلَٰمٌۚ وَءَاخِرُ دَعْوَىٰهُمْ أَنِ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٠﴾

10 - ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى دۇئاسى: «ئى رەببىمىز! سەن ھەرقانداق نۇقساندىن ئەلۋەتتە پاكتۇرسەن» دېيىشتىن ئىبارەت بولىدۇ، ئۇلارغا ئۇلارغا ئاللاھنىڭ سالىمى، پەرىشتىلەرنىڭ سالىمى يېتىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقان چاغدىكى سالىمى: «ئامان بولۇڭلار!» دېيىشتىن، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنىڭ ئاخىرى: «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر!» دېيىشتىن، يەنى بارلىق شۈكۈر ۋە مەدھىيە بارچە مەخلۇقاتنى ياراتقان ۋە ئۇلارنى نېمەتلىرى بىلەن پەرۋىش قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئاللاھقا خاستۇر دېيىشتىن ئىبارەتتۇر.

۞ وَلَوْ يُعَجِّلُ ٱللَّهُ لِلنَّاسِ ٱلشَّرَّ ٱسْتِعْجَالَهُم بِٱلْخَيْرِ لَقُضِىَ إِلَيْهِمْ أَجَلُهُمْۖ فَنَذَرُ ٱلَّذِينَ لَا
يَرْجُونَ لِقَآءَنَا فِى طُغْيَٰنِهِمْ يَعْمَهُونَ ﴿١١﴾

11 - ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ ياخشىلىق تىلەپ قىلغان دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىشقا ئالدىرىغاندەك، ئۇلارنىڭ بەتدۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىشقا ئالدىرىسا ئىدى، ئۇلار ئەلۋەتتە ھالاك بولغان بولاتتى. بىزنىڭ جازايىمىزدىن قورقمايدىغان ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ئىشەنمەيدىغان ئازغۇنلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇپ بېرىمىز.

وَإِذَا مَسَّ ٱلْإِنسَٰنَ ٱلضُّرُّ دَعَانَا لِجَنۢبِهِۦٓ أَوْ قَاعِدًا أَوْ قَآئِمًا فَلَمَّا كَشَفْنَا عَنْهُ ضُرَّهُۥ مَرَّ كَأَن لَّمْ
يَدْعُنَآ إِلَىٰ ضُرٍّ مَّسَّهُۥۚ كَذَٰلِكَ زُيِّنَ لِلْمُسْرِفِينَ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١٢﴾

12 - ئىنساننىڭ بېشىغا بىرەر قىيىنچىلىق كەلسە، ئۇ ياتسىمۇ، ئولتۇرسىمۇ، ئۆرە تۇرسىمۇ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشىمىزنى تىلەپ بىزگە دۇئا قىلىدۇ، ئۇنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويغان چېغىمىزدا، ئۇ بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە تۇزكورلۇقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىقنى ۋە ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىشنى تىلەپ بىزگە دۇئا قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، ئۇنى قىيىنچىلىقتىن چىقىرىپ قويغان ئاللاھقا شۈكۈر قىلمايدۇ. ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن قىيىنچىلىقتىن ۋە زىيان - زەخمەتتىن قۇتۇلغان بۇ ئىنسانغا ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ ئازغۇنلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇش چىرايلىق كۆرسىتىلگەندەك، ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلىشتا ھەددىدىن ئاشقان كاپىرلارنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە گۇناھ سادىر قىلىش قاتارلىق قىلمىشلىرى ئۇلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى.

وَلَقَدْ أَهْلَكْنَا ٱلْقُرُونَ مِن قَبْلِكُمْ لَمَّا ظَلَمُوا۟ وَجَآءَتْهُمْ رُسُلُهُم بِٱلْبَيِّنَٰتِ وَمَا كَانُوا۟ لِيُؤْمِنُوا۟ۚ
كَذَٰلِكَ نَجْزِى ٱلْقَوْمَ ٱلْمُجْرِمِينَ ﴿١٣﴾

13 - ئى مۇشرىكلار! شەكسىزكى، بىز سىلەردىن ئىلگىرى ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان كۆپلىگەن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلىۋەتتۇق. ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئۆزلىرى دەۋەت قىلىۋاتقان دىنىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ھەق دىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى ۋە روشەن دەلىل - پاكىتلارنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ ئۈممەتلەر پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلدى، ئۇلارغا ئەگىشىشتىن باش تارتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھالاكەتكە تېگىشلىك بولدى. بىز ئاللاھنىڭ چەكلىمىسىدىن چەتنەپ كەتكەن ھەرقانداق گۇناھكار قەۋمنى ئەنە شۇنداق جازالايمىز.

ثُمَّ جَعَلۡنَٰكُمۡ خَلَٰٓئِفَ فِي ٱلۡأَرۡضِ مِنۢ بَعۡدِهِمۡ لِنَنظُرَ كَيۡفَ تَعۡمَلُونَ ﴿١٤﴾

14 - شۇنىڭدىن كېيىن ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ قانداق ئەمەل قىلىدىغانلىقىڭلارنى كۆرۈپ بېقىش، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە ئەمەلىڭلارغا يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىش ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ھالاك قىلىنغان ئاشۇ ئۈممەتلەرنىڭ ئورنىغا دەسسەتتۇق.

وَإِذَا تُتۡلَىٰ عَلَيۡهِمۡ ءَايَاتُنَا بَيِّنَٰتٖ قَالَ ٱلَّذِينَ لَا يَرۡجُونَ لِقَآءَنَا ٱئۡتِ بِقُرۡءَانٍ غَيۡرِ هَٰذَآ أَوۡ بَدِّلۡهُۚ قُلۡ مَا يَكُونُ لِيٓ أَنۡ أُبَدِّلَهُۥ مِن تِلۡقَآيِٕ نَفۡسِيٓۖ إِنۡ أَتَّبِعُ إِلَّا مَا يُوحَىٰٓ إِلَيَّۖ إِنِّيٓ أَخَافُ إِنۡ عَصَيۡتُ رَبِّي عَذَابَ يَوۡمٍ عَظِيمٖ ﴿١٥﴾

15 - ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان روشەن ئايەتلەر مۇشرىكلارغا ئوقۇپ بېرىلگەندە، ئاخىرەتتە ھېساب بېرىشتىن قورقمايدىغان، ساۋابنى ئۈمىد قىلمايدىغان ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلار: «بۇنىڭدىن باشقا بىر قۇرئاننى كەلتۈرگىن ياكى ئۇنى ئۆزگەرتكىن، ئۇنىڭدىكى ھارامنى ھالال، ھالالنى ھارام قىلىپ بەرگىن، ئىلاھلىرىمىزنى سۆكىدىغان ئايەتلەرنى سۆكمەيدىغان ئايەتلەرگە ئالماشتۇرغىن» دېدى. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «مەن ئۇنى ئۆزلۈمچە ئۆزگەرتەلمەيمەن، مەن سىلەرگە بۇيرۇغان ۋە توسقان بارلىق ئىشلاردا پەقەتلا ئاللاھ ماڭا بۇيرۇغان ئەمرگە ۋە قىلىنغان ۋەھيىگە ئەگىشىمەن. ئەگەر مەن رەببىمگە ئاسىيلىق قىلسام، ئەلۋەتتە، بۈيۈك كۈننىڭ — قىيامەت كۈنىنىڭ — ئازابىغا قېلىشتىن قورقىمەن».

قُل لَّوۡ شَآءَ ٱللَّهُ مَا تَلَوۡتُهُۥ عَلَيۡكُمۡ وَلَآ أَدۡرَىٰكُم بِهِۦۖ فَقَدۡ لَبِثۡتُ فِيكُمۡ عُمُرٗا مِّن قَبۡلِهِۦٓۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ﴿١٦﴾

16 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئاللاھ خالىسا، مەن سىلەرگە بۇ قۇرئاننى ئوقۇپ بەرمىگەن بولاتتىم، ئاللاھمۇ ئۇنى سىلەرگە بىلدۈرمىگەن بولاتتى. بىلىڭلاركى، قۇرئان ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتتۇر. ماڭا قۇرئان ۋەھيى قىلىنىشتىن ۋە سىلەرگە ئۇنى ئوقۇپ بېرىشتىن ئىلگىرى ئاراڭلاردا ئۇزاق ۋاقىت تۇرغانلىقىمنى سىلەر ئوبدان بىلىسىلەر. سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىپ ئويلاپ كۆرمەمسىلەر؟».

فَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّنِ ٱفۡتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَوۡ كَذَّبَ بِـَٔايَٰتِهِۦٓۚ إِنَّهُۥ لَا يُفۡلِحُ ٱلۡمُجۡرِمُونَ ﴿١٧﴾

17 - ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ياكى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم يوقتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلار ھەرگىز مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ.

وَيَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَضُرُّهُمۡ وَلَا يَنفَعُهُمۡ وَيَقُولُونَ هَٰٓؤُلَآءِ شُفَعَٰٓؤُنَا عِندَ ٱللَّهِۚ قُلۡ أَتُنَبِّـُٔونَ ٱللَّهَ بِمَا لَا يَعۡلَمُ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَلَا فِي ٱلۡأَرۡضِۚ سُبۡحَٰنَهُۥ وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يُشۡرِكُونَ ﴿١٨﴾

18 - ئاشۇ مۇشرىكلار ئاللاھنى قويۇپ، ئۆزلىرىگە يا دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە ھېچقانداق پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان، زىيانغىمۇ ئۇچرىتالمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ. ئۇلار: «بىز ئۇلارغا پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلسۇن دەپلا چوقۇنىمىز» دېيىشىدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئەجەبا، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا بۇ شاپائەتچىلەرنىڭ ئاللاھ بىلمىگەن بىر ئىشى بولۇپ، سىلەر ئۇنى ئاللاھقا ئېيتىپ بەرمەكچىمۇ؟». ئەگەر ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا سىلەر گۇمان قىلغاندەك شاپائەتچىلەر بولسا ئىدى، ئۇنى سىلەر بىلىشتىن بۇرۇن ئاللاھ بىلگەن بولاتتى. ئاللاھ ئۇ مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن

نەرسىلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە يۈكسەكتۇر.

وَمَا كَانَ ٱلنَّاسُ إِلَّآ أُمَّةً وَٰحِدَةً فَٱخۡتَلَفُواْۚ وَلَوۡلَا كَلِمَةٌ سَبَقَتۡ مِن رَّبِّكَ لَقُضِيَ بَيۡنَهُمۡ فِيمَا فِيهِ يَخۡتَلِفُونَ ﴿١٩﴾

19 - ئىنسانلار ئىسلامدىن ئىبارەت بىر دىندا ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار بۆلۈندى، بەزىسى دىندا مەھكەم تۇردى، يەنە بەزىسى دىننى ئىنكار قىلدى. ئەگەر ئاللاھنىڭ گۇناھكارلارغا مۆھلەت بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرۈش ھەققىدە ئالدىن چىقارغان ھۆكمى بولمىسا ئىدى، ئاللاھ ئەلۋەتتە مۇئمىنلەرنى قۇتقۇزۇپ، كاپىرلارنى ھالاك قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلغان بولاتتى.

وَيَقُولُونَ لَوۡلَآ أُنزِلَ عَلَيۡهِ ءَايَةٞ مِّن رَّبِّهِۦۖ فَقُلۡ إِنَّمَا ٱلۡغَيۡبُ لِلَّهِ فَٱنتَظِرُوٓاْ إِنِّي مَعَكُم مِّنَ ٱلۡمُنتَظِرِينَ ﴿٢٠﴾

20 - ئاشۇ ھاكاۋۇر كاپىرلار: «بىز مۇھەممەدنىڭ ھەق دىن ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز ئۈچۈن، نېمىشقا ئۇنىڭغا رەببى تەرىپىدىن (بىز تەلەپ قىلغاندەك) بىرەر مۆجىزە چۈشۈرۈلمىدى؟» دەيدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «غەيبنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، سىلەر تەلەپ قىلغان مۆجىزىنى ئاللاھ خالىسا كەلتۈرىدۇ، خالىمىسا كەلتۈرمەيدۇ. ئى قەۋم! سىلەر ئاللاھنىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقىرىشىنى، زالىملارنىڭ جازاسىنى تېزلىتىپ، مۇئمىنلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلىشىنى كۈتۈڭلار، ئەلۋەتتە مەنمۇ سىلەر بىلەن شۇنى كۈتىمەن».

وَإِذَآ أَذَقۡنَا ٱلنَّاسَ رَحۡمَةٗ مِّنۢ بَعۡدِ ضَرَّآءَ مَسَّتۡهُمۡ إِذَا لَهُم مَّكۡرٞ فِيٓ ءَايَاتِنَاۚ قُلِ ٱللَّهُ أَسۡرَعُ مَكۡرًاۚ إِنَّ رُسُلَنَا يَكۡتُبُونَ مَا تَمۡكُرُونَ ﴿٢١﴾

21 - مۇشرىكلارنىڭ بېشىغا زور قىيىنچىلىقلار، بالايىئاپەتلەر ۋە چوڭ غەم - قايغۇلار يەتكەندىن كېيىن، بىز ئۇلارغا ئاسانلىق، خۇشاللىق ۋە كەڭتاشاچىلىق ئاتا قىلساق، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىشقا ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن پىلان تۈزۈشكە ئالدىرايدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇناپىقلارغا ئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەرنىڭ پىلانىڭلارنى بەربات قىلىشتا ۋە سىلەرنى جازالاشتا ئەڭ تېزدۇر». شۈبھىسىزكى، بىز ئەۋەتكەن پەرىشتىلىرىمىز سىلەرنىڭ ئايەتلىرىمىز ھەققىدە تۈزگەن رەزىل پىلانىڭلارنى يېزىپ تۇرىدۇ، ئاندىن سىلەردىن شۇنىڭغا ئاساسەن ھېساب ئالىمىز.

هُوَ ٱلَّذِي يُسَيِّرُكُمۡ فِي ٱلۡبَرِّ وَٱلۡبَحۡرِۖ حَتَّىٰٓ إِذَا كُنتُمۡ فِي ٱلۡفُلۡكِ وَجَرَيۡنَ بِهِم بِرِيحٖ طَيِّبَةٖ وَفَرِحُواْ بِهَا جَآءَتۡهَا رِيحٌ عَاصِفٞ وَجَآءَهُمُ ٱلۡمَوۡجُ مِن كُلِّ مَكَانٖ وَظَنُّوٓاْ أَنَّهُمۡ أُحِيطَ بِهِمۡ دَعَوُاْ ٱللَّهَ مُخۡلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ لَئِنۡ أَنجَيۡتَنَا مِنۡ هَٰذِهِۦ لَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلشَّٰكِرِينَ ﴿٢٢﴾

22 - ئى ئىنسانلار! ئاللاھ سىلەرنى قۇرۇقلۇقتا ئۇلاغ بىلەن، دېڭىزدا كېمە بىلەن سەپەر قىلدۇرىدىغان زاتتۇر. سىلەرنى ئېلىپ ماڭغان كېمە مەيىن شامالدا مېڭىۋاتقان ۋە يولۇچىلار بۇ مەيىن شامالدىن خۇشاللىنىۋاتقان چاغدا، بىردىنلا قاتتىق بوران چىقىپ، يولۇچىلار تەرەپ - تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە قالىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھالاكەت قورشاۋىدا قالغانلىقىغا كۆزى يەتكەن چاغدا، ئۆزلىرى چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان بارلىق ساختا مەبۇدلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىپ، ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ: «ئى

ئاللاھ! ئەگەر سەن بىزنى مۇشۇ ھالاكەتتىن قۇتقۇزساڭ، بىز چوقۇم سېنىڭ نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز» دەپ چىن ئىخلاسى بىلەن دۇئا قىلىدۇ.

فَلَمَّآ أَنجَىٰهُمۡ إِذَا هُمۡ يَبۡغُونَ فِى ٱلۡأَرۡضِ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّۗ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنَّمَا بَغۡيُكُمۡ عَلَىٰٓ أَنفُسِكُمۖ مَّتَٰعَ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۖ ثُمَّ إِلَيۡنَا مَرۡجِعُكُمۡ فَنُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٢٣﴾

23 - ئاللاھ ئۇلارنى ھالاكەت گىرداۋىدىن قۇتقۇزۇپ قويسا، ئۇلار يەنىلا يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىيدۇ، ۋە ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلىدۇ. ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىڭلارنىڭ ۋابالى پەقەتلا ئۆزۈڭلارغا بولىدۇ، سىلەر دۇنيا ھاياتىنىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىسىلەر، ئاندىن سىلەرنىڭ قايتىدىغان جايىڭلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزدۇر. شۇ چاغدا بىز سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمىز ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن سىلەردىن ھېساب ئالىمىز.

إِنَّمَا مَثَلُ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا كَمَآءٍ أَنزَلۡنَٰهُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ فَٱخۡتَلَطَ بِهِۦ نَبَاتُ ٱلۡأَرۡضِ مِمَّا يَأۡكُلُ ٱلنَّاسُ وَٱلۡأَنۡعَٰمُ حَتَّىٰٓ إِذَآ أَخَذَتِ ٱلۡأَرۡضُ زُخۡرُفَهَا وَٱزَّيَّنَتۡ وَظَنَّ أَهۡلُهَآ أَنَّهُمۡ قَٰدِرُونَ عَلَيۡهَآ أَتَىٰهَآ أَمۡرُنَا لَيۡلًا أَوۡ نَهَارًا فَجَعَلۡنَٰهَا حَصِيدًا كَأَن لَّمۡ تَغۡنَ بِٱلۡأَمۡسِۚ كَذَٰلِكَ نُفَصِّلُ ٱلۡأٓيَٰتِ لِقَوۡمٍ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٢٤﴾

24 - دۇنيا ھاياتى ۋە دۇنيادا ئىنسانلار ماختىنىدىغان زىبۇزىننەت ۋە مال - مۈلۈكلەر شۇنىڭغا ئوخشايدۇكى، بىز ئاسماندىن چۈشۈرگەن يامغۇر بىلەن زېمىندىن ئىنسانلار ئوزۇقلىنىدىغان، ھايۋانلار يەيدىغان تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەر ئۈنۈپ چىقىپ، بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن، ھەتتا زېمىن گۈزەل تۈسكە كىرگەن، چىرايلىق ياسانغان، زېمىن ئىگىلىرى ئۇنىڭدىن مول ھوسۇل ئالىدىغان بولدۇق دەپ تۇرغان چاغدا، بىزنىڭ ھالاك قىلىش ئەمرىمىز كېچىسى ياكى كۈندۈزى ئۇنىڭغا ئۇشتۇمتۇت كەلدى - دە، ئۇ ئۆسۈملۈكلەرنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ نابۇت قىلىۋېتىپ، بۇرۇن بۇ يەردە ئۆسۈملۈك بولۇپ باقمىغاندەك بىر ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدۇق. ئى ئىنسانلار! سىلەر ماختىنىدىغان دۇنيا مەنپەئەتىڭمۇ ئاشۇ ئۆسۈملۈكلەرگە ئوخشاش نابۇت بولىدىغان ۋاقتى كېلىدۇ. بۇنى سىلەرگە بايان قىلغىنىمىزدەك، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان كائىنات ئالامەتلىرى ۋە قۇرئان ئايەتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

وَٱللَّهُ يَدۡعُوٓاْ إِلَىٰ دَارِ ٱلسَّلَٰمِ وَيَهۡدِى مَن يَشَآءُ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ﴿٢٥﴾

25 - ئاللاھ سىلەرنى ياخشى بەندىلىرىگە تەييارلىغان جەننەتكە دەۋەت قىلىدۇ، بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىپ، ئۇنى ئىسلامدىن ئىبارەت توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ.

۞ لِّلَّذِينَ أَحۡسَنُواْ ٱلۡحُسۡنَىٰ وَزِيَادَةٞۖ وَلَا يَرۡهَقُ وُجُوهَهُمۡ قَتَرٞ وَلَا ذِلَّةٌۚ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَنَّةِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٢٦﴾

26 - ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن قېتىرقىنىپ قىلىدىغان، ھەممە ئىشتا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدىغان مۇئمىنلەرگە جەننەتكە كىرىش، جەننەتتە ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈش، ئۇنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئېسىل مۇكاپاتلار بار. ئۇلارنىڭ يۈزىنى دوزاخ ئەھلىنىڭ يۈزىنى قاپلىغاندەك قارىلىق ۋە خارلىق قاپلىمايدۇ. يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان كىشىلەر جەننەت ئەھلى بولۇپ، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ تۇرغۇچىلاردۇر.

وَٱلَّذِينَ كَسَبُوا۟ ٱلسَّيِّـَٔاتِ جَزَآءُ سَيِّئَةٍۭ بِمِثْلِهَا وَتَرْهَقُهُمْ ذِلَّةٌ ۖ مَّا لَهُم مِّنَ ٱللَّهِ مِنْ عَاصِمٍ ۖ كَأَنَّمَآ
أُغْشِيَتْ وُجُوهُهُمْ قِطَعًا مِّنَ ٱلَّيْلِ مُظْلِمًا ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ أَصْحَـٰبُ ٱلنَّارِ ۖ هُمْ فِيهَا خَـٰلِدُونَ ﴿٢٧﴾

27 - بۇ دۇنيادا ئاللاھنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغانلار ئاخىرەتتە قىلمىشلىرىغا يارىشا ئاللاھ تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن جازاسىنى تارتىدۇ، ئۇلارنى قاتتىق خارلىق قورشىۋالىدۇ، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قالغۇچى چىقمايدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى گويا قاراڭغۇ كېچىنىڭ زۇلمىتى بىلەن ئورالغاندەك قارىيىپ كېتىدۇ، ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلى بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.

وَيَوْمَ نَحْشُرُهُمْ جَمِيعًا ثُمَّ نَقُولُ لِلَّذِينَ أَشْرَكُوا۟ مَكَانَكُمْ أَنتُمْ وَشُرَكَآؤُكُمْ ۚ فَزَيَّلْنَا بَيْنَهُمْ ۖ
وَقَالَ شُرَكَآؤُهُم مَّا كُنتُمْ إِيَّانَا تَعْبُدُونَ ﴿٢٨﴾ فَكَفَىٰ بِٱللَّهِ شَهِيدًۢا بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ إِن كُنَّا عَنْ
عِبَادَتِكُمْ لَغَـٰفِلِينَ ﴿٢٩﴾

28 - 29 - ئى پەيغەمبەر! بىز خالايىقنىڭ ھەممىسىنى ھېساب مەيدانىغا يىغىدىغان قىيامەت كۈنىنى ئەسلىگىن، بىز ئۇ چاغدا مۇشرىكلارغا: «سىلەر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىڭلار بىلەن بىللە ئورنۇڭلاردا جىم تۇرۇپ جازايىڭلارنى كۈتۈڭلار» دەيمىز ۋە ئۇ مۇشرىكلارنىڭ مەبۇدلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تامامەن ئۈزۈپ تاشلايمىز. ئۇلار دۇنيادىكى ۋاقتىدا چوقۇنغان مەبۇدلىرىدىن ئادا - جۇدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دۇنيادا چوقۇنغان مەبۇدلىرى ئۇلارغا: «سىلەر بىزگە چوقۇنمايتتىڭلار. سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا گۇۋاھ بولۇشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇركى، سىلەرنىڭ بىز توغرۇلۇق نېمە دەۋاتقانلىقىڭلارنى ۋە نېمە قىلىۋاتقانلىقىڭلارنى بىلمەيتتۇق، بىزگە چوقۇنغانلىقىڭلاردىنمۇ غەپلەتتە ئىدۇق، ئۇنى ھېس قىلمايتتۇق » دەيدۇ.

هُنَالِكَ تَبْلُوا۟ كُلُّ نَفْسٍ مَّآ أَسْلَفَتْ ۚ وَرُدُّوٓا۟ إِلَى ٱللَّهِ مَوْلَىٰهُمُ ٱلْحَقِّ ۖ وَضَلَّ عَنْهُم مَّا كَانُوا۟
يَفْتَرُونَ ﴿٣٠﴾

30 - بۇ ھېساب كۈنىدە ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ئەھۋالىنى ۋە قىلغان ئەمەللىرىنى ئىزدەيدۇ ۋە ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ، ياخشى ئەمەل قىلغان بولسا مۇكاپاتىنى ئالىدۇ، يامان ئىش قىلغان بولسا جازاسىنى تارتىدۇ. خالايىقنىڭ ھەممىسى ئادالەتلىك ھۆكۈم چىقارغۇچى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ، جەننەت ئەھلى بولغانلار جەننەتكە، دوزاخ ئەھلى بولغانلار دوزاخقا كىرگۈزۈلىدۇ، مۇشرىكلارنىڭ شاپائەت ئۈمىد قىلىپ چوقۇنغان مەبۇدلىرى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن غايىب بولىدۇ.

قُلْ مَن يَرْزُقُكُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ وَٱلْأَرْضِ أَمَّن يَمْلِكُ ٱلسَّمْعَ وَٱلْأَبْصَـٰرَ وَمَن يُخْرِجُ ٱلْحَىَّ مِنَ
ٱلْمَيِّتِ وَيُخْرِجُ ٱلْمَيِّتَ مِنَ ٱلْحَىِّ وَمَن يُدَبِّرُ ٱلْأَمْرَ ۚ فَسَيَقُولُونَ ٱللَّهُ ۚ فَقُلْ أَفَلَا تَتَّقُونَ ﴿٣١﴾

31 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، زېمىندىن ئۈسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ سىلەرگە رىزىق بېرىۋاتقان زات كىم؟ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش ئىقتىدارىڭلارنى ئاتا قىلغان ۋە ئۇنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان زات كىم؟ كائىناتتىكى جانلىقلارغا ھايات بېغىشلايدىغان ۋە ئۇلارنى ھاياتتىن مەھرۇم قىلىدىغان زات كىم؟ سىلەر بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان مەخلۇقات ئارىسىدا تىرىكلەرنى ئۆلۈكتىن، ئۆلۈكلەرنى تىرىكتىن چىقىرىدىغان زات كىم؟ كائىناتنىڭ ئىشلىرى ۋە سىلەرنىڭ تەقدىرىڭلار ئىلكىدە بولغان زات كىم؟». ئۇلار سېنىڭ بۇ سوئاللىرىڭغا جاۋاب بېرىپ:

«ئاللاھ» دەيدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئۇنداقتا، سىلەر شۇ ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارغا
چوقۇنساڭلار، ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقماسسىلەر؟»

فَذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمُ ٱلْحَقُّ ۖ فَمَاذَا بَعْدَ ٱلْحَقِّ إِلَّا ٱلضَّلَٰلُ ۖ فَأَنَّىٰ تُصْرَفُونَ ﴿٣٢﴾

32 - ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلىشىڭلارغا ھەقلىق بولغان ھەقىقىي
رەببىڭلاردۇر. ھەقىقەتتىن قالسا، ئازغۇنلۇقتىن باشقا نېمە قالىدۇ؟ ئەھۋال شۇنداق
تۇرسا، سىلەر قانداقمۇ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن بۇتلارغا چوقۇنۇشقا بۇرۇلۇپ
كېتىسىلەر؟»

كَذَٰلِكَ حَقَّتْ كَلِمَتُ رَبِّكَ عَلَى ٱلَّذِينَ فَسَقُوٓا۟ أَنَّهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ ﴿٣٣﴾

33 - ئاشۇ مۇشرىكلارنىڭ كۇفرىنى داۋاملاشتۇرۇشى ئالدىن تەقدىر قىلىنىپ بولغانىدەك،
ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن باش تارتىپ، كۇفرى ۋە گۇناھ - مەئسىيەتكە چۆكۈپ كەتكەنلەر
توغرىسىدىكى: «ئۇلار ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ
ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلمايدۇ» دېگەن سۆزى
ۋە ھۆكمى مانا مۇشۇنداق ئەمەلگە ئاشتى.

قُلْ هَلْ مِن شُرَكَآئِكُم مَّن يَبْدَؤُا۟ ٱلْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥ ۚ قُلِ ٱللَّهُ يَبْدَؤُا۟ ٱلْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥ ۖ فَأَنَّىٰ
تُؤْفَكُونَ ﴿٣٤﴾

34 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەرنىڭ ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان مەبۇدلىرىڭلار
ئىچىدە بىرەر نەرسىنى يوقتىن بار قىلالايدىغان، ئاندىن ئۇنى يوق قىلىۋېتىپ قايتىدىن
ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىغان بىرى بارمۇ؟» ئۇلار ئاللاھتىن باشقا بىرى شۇنداق قىلالايدۇ
دەپ ھەرگىز ئېيتالمايدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، «ئاللاھ مەۋجۇداتنى يوقتىن بار
قىلىپ، ئاندىن يوق قىلىپ، ئاندىن ئۇنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىغان يېگانە
زاتتۇر. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، سىلەر قانداقلارچە ھەقىقەتتىن ئازغۇنلۇققا بۇرۇلۇپ
كېتىسىلەر؟»

قُلْ هَلْ مِن شُرَكَآئِكُم مَّن يَهْدِىٓ إِلَى ٱلْحَقِّ ۚ قُلِ ٱللَّهُ يَهْدِى لِلْحَقِّ ۗ أَفَمَن يَهْدِىٓ إِلَى ٱلْحَقِّ أَحَقُّ أَن
يُتَّبَعَ أَمَّن لَّا يَهِدِّىٓ إِلَّآ أَن يُهْدَىٰ ۖ فَمَا لَكُمْ كَيْفَ تَحْكُمُونَ ﴿٣٥﴾

35 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەرنىڭ ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان
مەبۇدلىرىڭلار ئارىسىدا كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلىيەلەيدىغان بىرەرسى بارمۇ؟»
ئۇلار بۇنى ھەرگىز قىلالمايدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ئېزىپ كەتكەنلەرنى
ھەقىقەتكە يېتەكلەيدىغان يېگانە زاتتۇر. قايسىسىغا ئەگىشىش كېرەك؟ كىشىلەرنى توغرا
يولغا يېتەكلەيدىغان زاتقىمۇ، ياكى ئۆزى ئازغۇن بولغانلىقتىن ھېچكىمنى توغرا يولغا
يېتەكلىيەلمەيدىغان، ئۆزىمۇ ھىدايەت تاپالمىغان، باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە موھتاج
بولغان نەرسىلەرگىمۇ؟ سىلەرگە نېمە بولدى؟ سىلەر قانداقلارچە ئاللاھنى ئۇنىڭ
مەخلۇقاتى بىلەن ئوخشاش كۆرىسىلەر؟ شەكسىزكى، بۇ خاتا ھۆكۈمدۇر».

وَمَا يَتَّبِعُ أَكْثَرُهُمْ إِلَّا ظَنًّا ۚ إِنَّ ٱلظَّنَّ لَا يُغْنِى مِنَ ٱلْحَقِّ شَيْـًٔا ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌۢ بِمَا يَفْعَلُونَ ﴿٣٦﴾

36 - ئاشۇ مۇشرىكلارنىڭ تولىسى بۇتلارغا چوقۇنۇشتا ۋە ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا شاپائەت
قىلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىشتا بىرەر ئىلمىي ئاساسقا ئەمەس، پەقەتلا گۇمانغا تايىنىدۇ،
گۇمان دېگەن ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشتا ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئاشۇ

مۇشرىكلارنىڭ كۇفرى ۋە ئىنكاردىن ئىبارەت بارلىق قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

وَمَا كَانَ هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانُ أَن يُفۡتَرَىٰ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَلَٰكِن تَصۡدِيقَ ٱلَّذِي بَيۡنَ يَدَيۡهِ وَتَفۡصِيلَ ٱلۡكِتَٰبِ لَا رَيۡبَ فِيهِ مِن رَّبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ٣٧

37 - بۇ قۇرئاننى ئاللاھتىن باشقا بىرىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىرالىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. ئاللاھ بۇ قۇرئاننى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن ساماۋى كىتابلارنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلىغۇچى قىلىپ نازىل قىلدى. چۈنكى ئاللاھنىڭ دىنى ئەزەلدىن بىردۇر. بۇ قۇرئان ئاللاھ ئىسلام ئۈممىتىگە نازىل قىلغان شەرىئەتنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىدىغان كىتابتۇر، بۇ قۇرئاننىڭ ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيى ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوقتۇر.

أَمۡ يَقُولُونَ ٱفۡتَرَىٰهُۖ قُلۡ فَأۡتُواْ بِسُورَةٖ مِّثۡلِهِۦ وَٱدۡعُواْ مَنِ ٱسۡتَطَعۡتُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ٣٨

38 - ياكى ئۇلار: «بۇ قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىققان» دېيىشەمدۇ؟ ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزلىرىگە ئوخشاش بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق دېيىشەمدۇ؟ ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر بۇ دەۋايىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا چاقىرالايدىغان بارلىق كىشىلىرىڭلارنى چاقىرىپ، بەدىئىيلىكتە، كىشىلەرنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلىشتا قۇرئانغا ئوخشايدىغان بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار».

بَلۡ كَذَّبُواْ بِمَا لَمۡ يُحِيطُواْ بِعِلۡمِهِۦ وَلَمَّا يَأۡتِهِمۡ تَأۡوِيلُهُۥۚ كَذَٰلِكَ كَذَّبَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡۖ فَٱنظُرۡ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلظَّٰلِمِينَ ٣٩

39 - بەلكى ئۇلار قۇرئان ئايەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلماي تۇرۇپ، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىش، جەننەت، دوزاخ قاتارلىق ھەقىقەتلەرنىڭ تېگىگە يەتمەي تۇرۇپ، قۇرئاننى ئىنكار قىلىشقا ئالدىراپ كەتتى. مۇشرىكلار ئاللاھنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى ئىنكار قىلغاندەك، ئۇلاردىن ئىلگىرىكى كاپىرلارمۇ ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنى يالغانچى دېگەن ئىدى. ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن. ئاللاھ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى كۆمتۈرۈش بىلەن، بەزىسىنى سۇغا غەرق قىلىش بىلەن ۋە بەزىسىنى باشقا ئۇسۇلدا ھالاك قىلدى.

وَمِنۡهُم مَّن يُؤۡمِنُ بِهِۦ وَمِنۡهُم مَّن لَّا يُؤۡمِنُ بِهِۦۚ وَرَبُّكَ أَعۡلَمُ بِٱلۡمُفۡسِدِينَ ٤٠

40 - ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ قەۋمىڭ ئىچىدە قۇرئانغا ئىشىنىدىغانلارمۇ بار، ئۇنىڭغا ئىشەنمەي، كاپىر پېتى ئۆلىدىغانلارمۇ بار، رەببىڭ قۇرئانغا ئىشەنمەيدىغان، كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدىغان ۋە يەر يۈزىدە قالايمىقانچىلىق تېرىيدىغان بۇزغۇنچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇلارنى بۇزغۇنچىلىقى سەۋەبلىك قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايدۇ.

وَإِن كَذَّبُوكَ فَقُل لِّي عَمَلِي وَلَكُمۡ عَمَلُكُمۡۖ أَنتُم بَرِيٓـُٔونَ مِمَّآ أَعۡمَلُ وَأَنَا۠ بَرِيٓءٞ مِّمَّا تَعۡمَلُونَ ٤١

41 - ئى پەيغەمبەر! ئەگەر ئاشۇ مۇشرىكلار يەنىلا سېنى يالغانغا چىقارسا، ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «مېنىڭ دىنىم ۋە ئەمەلىم ئۆزۈم ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭمۇ دىنىڭلار ۋە ئەمەلىڭلار ئۆزۈڭلار

ئۇچۇندۇر، سىلەر مېنىڭ ئەمەللىرىمدىن جاۋابكار ئەمەسسىلەر، مەنمۇ سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن جاۋابكار ئەمەس».

وَمِنْهُم مَّن يَسْتَمِعُونَ إِلَيْكَ أَفَأَنتَ تُسْمِعُ ٱلصُّمَّ وَلَوْ كَانُوا۟ لَا يَعْقِلُونَ ﴿٤٢﴾

42 - كاپىرلارنىڭ ئىچىدە سېنىڭ ھەق سۆزلىرىڭنى ئاڭلايدىغان ۋە سېنىڭ قۇرئان تىلاۋىتىڭگە قۇلاق سالىدىغانلارمۇ بار. ئەمما ئۇلار ھىدايەت تاپمايدۇ. سەن گاس ئادەملەرگە سۆزۈڭنى ئاڭلىتالامسەن؟ خۇددى شۇنىڭدەك، ئاللاھ ھىدايەت قىلىشنى خالىمىسا، سەن ئۇلارنى ھىدايەت قىلالمايسەن. چۈنكى ئۇلار ھەق گەپنى ئاڭلاشتىن گاستۇر، ئۇلار ئەقلىنى ئىشلەتمەيدۇ.

وَمِنْهُم مَّن يَنظُرُ إِلَيْكَ أَفَأَنتَ تَهْدِى ٱلْعُمْىَ وَلَوْ كَانُوا۟ لَا يُبْصِرُونَ ﴿٤٣﴾

43 - ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارنىڭ ئىچىدە ساڭا ۋە سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەرگە قارايدىغانلار بار. ئەمما ئۇلار ھەقىقەتنى ۋە ئىماننىڭ نۇرىنى كۆرەلمەيدۇ. ئى پەيغەمبەر! سەن كور ئادەمگە كۆرىدىغان كۆز ئاتا قىلالامسەن؟ خۇددى شۇنىڭدەك، مەنىۋى كورلارنى ھىدايەت قىلالمايسەن. بۇ پەقەتلا ئاللاھقا خاس ئىشتۇر.

إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَظْلِمُ ٱلنَّاسَ شَيْـًٔا وَلَـٰكِنَّ ٱلنَّاسَ أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ ﴿٤٤﴾

44 - شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئىنسانلارغا قىلچە ئۇۋال قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كۆپەيتىپ، ساۋابلىرىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ. لېكىن ئىنسانلار كۇفرى، گۇناھ - مەئسىيەت سادىر قىلىش، ئاللاھنىڭ بۇيرۇغان ۋە توسقانلىرىغا خىلاپلىق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىدۇ.

وَيَوْمَ يَحْشُرُهُمْ كَأَن لَّمْ يَلْبَثُوٓا۟ إِلَّا سَاعَةً مِّنَ ٱلنَّهَارِ يَتَعَارَفُونَ بَيْنَهُمْ قَدْ خَسِرَ ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِلِقَآءِ ٱللَّهِ وَمَا كَانُوا۟ مُهْتَدِينَ ﴿٤٥﴾

45 - ئاللاھ ئاشۇ مۇشرىكلاردىن ھېساب ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى يىغىدىغان كۈندە، ئۇلارغا دۇنيادا تۇرغان مۇددىتى كۈندۈزنىڭ ئاز قىسمىدىلا تۇرغاندەك بىلىنىدۇ، ئۇلار دۇنيادىكىدەك بىر-بىرى بىلەن تونۇشىدۇ. ئاندىن بۇ تونۇشۇش ۋە ئاشۇ سائەت ئاخىرلىشىدۇ. ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىنى، جەننەت بىلەن دوزاخنى ئىنكار قىلغان ۋە توغرا ئىش قىلىشقا مۇۋەپپەق بولمىغان كاپىرلار چوقۇم زىيان تارتىدۇ.

وَإِمَّا نُرِيَنَّكَ بَعْضَ ٱلَّذِى نَعِدُهُمْ أَوْ نَتَوَفَّيَنَّكَ فَإِلَيْنَا مَرْجِعُهُمْ ثُمَّ ٱللَّهُ شَهِيدٌ عَلَىٰ مَا يَفْعَلُونَ ﴿٤٦﴾

46 - ئى پەيغەمبەر! بىز ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابنىڭ بىر قىسمىنى ساڭا مۇشۇ دۇنيادا سەن ھايات چاغدا كۆرسەتسەكمۇ ياكى ئۇنى كۆرسەتمەي تۇرۇپ سېنى ۋاپات قىلدۇرساقمۇ، ئىككىلا ھالەتتە ئۇلارنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىش بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى قىلمىشلىرىغا گۇۋاھتۇر. ئاللاھقا ھېچقانداق ئىش مەخپىي ئەمەس، ئاللاھ ئۇلارغا تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ.

وَلِكُلِّ أُمَّةٍ رَّسُولٌ فَإِذَا جَآءَ رَسُولُهُمْ قُضِىَ بَيْنَهُم بِٱلْقِسْطِ وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ ﴿٤٧﴾

47 - ئى ئىنسانلار! بىز سىلەرگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندەك، سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ھەربىر ئۈممەتكە، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا دەۋەت قىلسۇن دەپ، ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەۋەتكەن

ئىدۇق. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرى ھېساب مەيدانىغا كەلگەندە، ئۇلار بىلەن پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇلارغا مۇكاپات ياكى جازا بېرىشتە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ.

وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَٰذَا ٱلۡوَعۡدُ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٤٨﴾

48 - ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭ ئىچىدىكى مۇشرىكلار: «ئى مۆھەممەد! قىيامەت قاچان بولىدۇ؟ ئەگەر سەن ۋە ساڭا ئەگەشكەنلەر راستچىل بولساڭلار، قېنى ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئېيتىپ بەرمەمسىلەر؟» دەيدۇ.

قُل لَّآ أَمۡلِكُ لِنَفۡسِي ضَرّٗا وَلَا نَفۡعًا إِلَّا مَا شَآءَ ٱللَّهُۗ لِكُلِّ أُمَّةٍ أَجَلٌۚ إِذَا جَآءَ أَجَلُهُمۡ فَلَا يَسۡتَـٔۡخِرُونَ سَاعَةٗ وَلَا يَسۡتَقۡدِمُونَ ﴿٤٩﴾

49 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى: «مەن ئۆزۈمنى بىرەر زىيان - زەخمەتتىن قوغداپ قېلىشقا ياكى ئۆزۈمگە بىرەر پايدا كەلتۈرۈشكە قادىر ئەمەسمەن. پەقەتلا ئاللاھ مېنى زىيان - زەخمەتتىن قوغداپ قېلىشنى خالىسا، ئەلۋەتتە مېنى قوغداپ قالىدۇ، ئەگەر ماڭا بىرەر پايدا يەتكۈزۈشنى خالىسا، ئەلۋەتتە ئۇنى يەتكۈزىدۇ. ھەربىر ئۈممەتنىڭ ياشايدىغان مۇددىتى ۋە ئەجىلى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ شۇ مۇددىتى تۈگەپ، ئەجىلى يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار ئۇنى بىردەممۇ كېچىكتۈرەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئەجىلى بەلگىلەنگەن مۇددەتتىن ئىلگىرى كەلمەيدۇ».

قُلۡ أَرَءَيۡتُمۡ إِنۡ أَتَىٰكُمۡ عَذَابُهُۥ بَيَٰتًا أَوۡ نَهَارٗا مَّاذَا يَسۡتَعۡجِلُ مِنۡهُ ٱلۡمُجۡرِمُونَ ﴿٥٠﴾

50 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! ئەگەر ئاللاھنىڭ ئازابى سىلەرگە كېچىسى ياكى كۈندۈزى كەلسە نېمە قىلارسىلەر؟ ئى گۇناھكارلار! سىلەر ئازابنىڭ تېز چۈشۈشىنى تىلەپ نېمىگە ئالدىرايسىلەر؟

أَثُمَّ إِذَا مَا وَقَعَ ءَامَنتُم بِهِۦٓۚ ءَآلۡـَٰٔنَ وَقَدۡ كُنتُم بِهِۦ تَسۡتَعۡجِلُونَ ﴿٥١﴾

51 - ئى مۇشرىكلار! سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئازابى چۈشكەندىن كېيىن، ئىمان ئېيتقانلىقىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدىغان بىر ۋاقىتتا ئىمان ئېيتامسىلەر؟ سىلەرگە ئۇ چاغدا: ‹ئەمدى ئىمان ئېيتامسىلەر؟ سىلەر بەك كېچىكىپ قالدىڭلار، ھالبۇكى، سىلەر بۇرۇن بۇ ئازابنىڭ تېزرەك چۈشۈشىنى تەلەپ قىلاتتىڭلارغۇ؟› دېيىلىدۇ».

ثُمَّ قِيلَ لِلَّذِينَ ظَلَمُواْ ذُوقُواْ عَذَابَ ٱلۡخُلۡدِ هَلۡ تُجۡزَوۡنَ إِلَّا بِمَا كُنتُمۡ تَكۡسِبُونَ ﴿٥٢﴾

52 - ئاندىن كېيىن ئاللاھنى ئىنكار قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارغا: «ئاللاھنىڭ مەڭگۈلۈك ئازابىنى تېتىڭلار، سىلەرگە پەقەت دۇنيادىكى ۋاقىتىڭلاردا قىلغان گۇناھ - مەئسىيەتلىرىڭلارنىڭ جازاسىلا بېرىلىدۇ» دېيىلىدۇ.

۞ وَيَسۡتَنۢبِـُٔونَكَ أَحَقٌّ هُوَۖ قُلۡ إِي وَرَبِّيٓ إِنَّهُۥ لَحَقّٞۖ وَمَآ أَنتُم بِمُعۡجِزِينَ ﴿٥٣﴾

53 - ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭ ئىچىدىكى مۇشرىكلار سەندىن: «قىيامەت كۈنى راستىنلا ئازاب بارمۇ؟» دەپ سورايدۇ، سەن ئۇلارغا: «ھەئە، رەببىمنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئازاب ئەلۋەتتە راستتۇر، سىلەر ئاللاھنى سىلەرگە ئازاب ئەۋەتىشتىن ۋە جازالاشتىن توسۇپ قالالمايسىلەر، ئازاب كەلگەندە ئۇ ئازابتىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، سىلەر ئاللاھنىڭ چاڭگىلىدىن ۋە باشقۇرۇشىدىن چىقىپ كېتەلمەيسىلەر» دېگىن.

وَلَوْ أَنَّ لِكُلِّ نَفْسٍ ظَلَمَتْ مَا فِي ٱلْأَرْضِ لَٱفْتَدَتْ بِهِۦ ۗ وَأَسَرُّوا۟ ٱلنَّدَامَةَ لَمَّا رَأَوُا۟ ٱلْعَذَابَ ۖ وَقُضِيَ بَيْنَهُم بِٱلْقِسْطِ ۚ وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ ﴿٥٤﴾

54 - شەكسىزكى، ئاللاھنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈپ، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان ھەربىر ئادەم ئەگەر يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىگە ئىگە بولسا ۋە ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇلارنى پىدا قىلالىسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ھەممىسىنى بېرىۋېتەتتى، ئۇ كاپىرلار ئازابنىڭ ئۆزلىرىگە چۈشكەنلىكىنى كۆرگەن چاغدا ھەسرەت - نادامەتلىرىنى يوشۇرىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئۇلارغا قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ گۇناھسىز ئادەمنى ھەرگىز جازالىمايدۇ.

أَلَآ إِنَّ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۗ أَلَآ إِنَّ وَعْدَ ٱللَّهِ حَقٌّ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٥٥﴾

55 - ئۇنتۇماڭلاركى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسى ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭدۇر. شۇنىمۇ ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھنىڭ مۇشرىكلارنى جازالايدىغانلىقى ھەق ۋە راستتۇر، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى بۇ ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ.

هُوَ يُحْيِۦ وَيُمِيتُ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ﴿٥٦﴾

56 - ئاللاھ تىرىلدۈرگۈچىدۇر ۋە ئۆلتۈرگۈچىدۇر، ئاللاھقا ئىنسانلارنىڭ ئەجىلى توشقان چاغدا ئۇلارنىڭ جېنىنى ئېلىش قىيىن بولمىغاندەك، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلارنى تىرىلدۈرۈشمۇ ھەرگىز قىيىن ئەمەس. ئىنسانلار ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ قَدْ جَآءَتْكُم مَّوْعِظَةٌ مِّن رَّبِّكُمْ وَشِفَآءٌ لِّمَا فِي ٱلصُّدُورِ وَهُدًى وَرَحْمَةٌ لِّلْمُؤْمِنِينَ ﴿٥٧﴾

57 - ئى ئىنسانلار! سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان، دىللاردىكى نادانلىق، كۇفرىلىق قاتارلىق مەنىۋى كېسەللەرگە شىپا بولغان قۇرئان كەلدى. قۇرئان ئايەتلىرى سىلەرنىڭ ئەخلاقىڭلارنى ئىسلاھ قىلىدىغان، ئەمەلىڭلارنى تۈزەيدىغان ۋەز - نەسىھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. قۇرئانغا ئەگەشكەن ئادەم دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ھالاكەتلىرىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ. ئاللاھ قۇرئاننى مۇئمىنلەرگە نېمەت ۋە ھىدايەت قىلدى. چۈنكى مۇئمىنلەر قۇرئاندىن مەنپەئەت ئالىدىغان كىشىلەردۇر، ئەمما كاپىرلار قۇرئاننىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ نۇرىنى كۆرەلمەيدۇ.

قُلْ بِفَضْلِ ٱللَّهِ وَبِرَحْمَتِهِۦ فَبِذَٰلِكَ فَلْيَفْرَحُوا۟ هُوَ خَيْرٌ مِّمَّا يَجْمَعُونَ ﴿٥٨﴾

58 - ئى پەيغەمبەر! بارلىق ئىنسانلارغا ئېيتقىنكى، «ئۇلار ئىسلامدىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ بۇ پەزلى ۋە رەھمىتىدىن خۇشال بولسۇن، شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنى دەۋەت قىلغان ئىسلام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان قۇرئان ئۇلارنىڭ يىغقان مال - دۇنيالىرىدىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر».

قُلْ أَرَءَيْتُم مَّآ أَنزَلَ ٱللَّهُ لَكُم مِّن رِّزْقٍ فَجَعَلْتُم مِّنْهُ حَرَامًا وَحَلَٰلًا قُلْ ءَآللَّهُ أَذِنَ لَكُمْ ۖ أَمْ عَلَى ٱللَّهِ تَفْتَرُونَ ﴿٥٩﴾

59 - ۋەھيىنى ئىنكار قىلغان ئاشۇ كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! ئاللاھ سىلەرگە يارىتىپ بەرگەن چارۋا، ئۆسۈملۈك قاتارلىق كۆپلىگەن رىزىقلارنىڭ بىر قىسمىنى ھارام، يەنە بىر قىسمىنى بولسا ھالال قىلىۋالدىڭلار». ئۇلاردىن: «ئاللاھ سىلەرگە مۇشۇنداق قىلىشقا رۇخسەت بەرگەنمۇ ياكى سىلەر ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇۋاتامسىلەر؟»

دەپ سوراپ باققىن.

وَمَا ظَنُّ ٱلَّذِينَ يَفْتَرُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلْكَذِبَ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَذُو فَضْلٍ عَلَى ٱلنَّاسِ وَلَٰكِنَّ
أَكْثَرَهُمْ لَا يَشْكُرُونَ ﴿٦٠﴾

60 - ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇپ، ئاللاھ ھالال قىلغان رىزىقلارنى ھارام قىلىۋالغان
بۇ يالغانچىلار قىيامەت كۈنىدە ئاللاھقا قانداق جاۋاب بېرىمىز دەپ ئويلايدىغاندۇ؟ ئۇلار
بۇ يالغانچىلىقىنىڭ جازاسىدىن قورقمامدىغاندۇ؟ ئۇلار ئاللاھ بىزنىڭ يالغانچىلىقىمىزنى
كەچۈرۈۋېتىدۇ دەپ ئويلامدىغاندۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئىنسانلارغا تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر،
شۇڭا ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان گۇناھكارلارنىڭ جازاسىنى دەرھال بۇ دۇنيادا
بەرمەستىن، ئاخىرەتكە قەدەر كېچىكتۈرىدۇ. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئاللاھنىڭ
ئۇلارغا بۇنداق كەڭچىلىك قىلغانلىقىغا شۈكۈر قىلمايدۇ.

وَمَا تَكُونُ فِي شَأْنٍ وَمَا تَتْلُوا۟ مِنْهُ مِن قُرْءَانٍ وَلَا تَعْمَلُونَ مِنْ عَمَلٍ إِلَّا كُنَّا عَلَيْكُمْ
شُهُودًا إِذْ تُفِيضُونَ فِيهِ ۚ وَمَا يَعْزُبُ عَن رَّبِّكَ مِن مِّثْقَالِ ذَرَّةٍ فِي ٱلْأَرْضِ وَلَا فِي ٱلسَّمَآءِ وَلَآ
أَصْغَرَ مِن ذَٰلِكَ وَلَآ أَكْبَرَ إِلَّا فِي كِتَٰبٍ مُّبِينٍ ﴿٦١﴾

61 - ئى پەيغەمبەر! سەن قانداق ھالەتتە بولغىن، قۇرئاندىن قايسى ئايەتنى ئوقۇغىن،
مۇشۇ ئۇممەتتىن قانداقلا بىر كىشى ياخشى ۋە يامان ئىشلاردىن قايسى بىر ئىشنى
قىلسۇن، بىز ئەلۋەتتە، سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىمىز ۋە ئۇنى بىلىپ تۇرىمىز. شۇ ۋاقىتتا
سىلەر ئالغان ۋە قىلغان ھەممىنى سىلەرنىڭ نامە-ئەمەل دەپتىرىڭلاردا ساقلاپ قويۇپ،
ئاخىرەتتە شۇنىڭغا ئاساسەن مۇكاپات ياكى جازا بېرىمىز. ئاسمان - زېمىندىكى زەررە
چاغلىق نەرسىمۇ ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن چەتتە قالمايدۇ، مەيلى ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى
چوڭ نەرسە بولسۇن، ھەممىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغاندۇر.

أَلَآ إِنَّ أَوْلِيَآءَ ٱللَّهِ لَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿٦٢﴾

62 - بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا ئاخىرەتتە ئازابتىن ھېچقانداق قورقۇنچ يوقتۇر،
ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن دۇنيا نېمەتلىرى ئۈچۈن قىلچە قايغۇرمايدۇ.

ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَكَانُوا۟ يَتَّقُونَ ﴿٦٣﴾

63 - ئاللاھنىڭ دوستلىرىنىڭ سۈپەتلىرى شۇكى، ئۇلار ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان، ئاللاھنىڭ
پەيغەمبىرىگە ئەگەشكەن، ئاللاھنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلغان ۋە ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى
ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق تەقۋادارلىق قىلغان كىشىلەردۇر.

لَهُمُ ٱلْبُشْرَىٰ فِي ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَفِي ٱلْءَاخِرَةِ ۚ لَا تَبْدِيلَ لِكَلِمَٰتِ ٱللَّهِ ۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ ﴿٦٤﴾

64 - ئاشۇ ئاللاھ دوستلىرىغا ئاللاھ تەرىپىدىن بۇ دۇنيادا ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان
نەرسىلەر بىلەن «خۇش خەۋەر» بار. مۇئمىن ئادەم كۆرىدىغان ياخشى چۈشمۇ بۇنىڭ
قاتارىدىندۇر. ئۇلارغا ئاخىرەتتە بولسا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بار. ئاللاھ ۋەدىسىگە
خىلاپلىق قىلمايدۇ، ئۇنى ئۆزگەرتمەيدۇ. بۇ كاتتا ئۇتۇقتۇر. چۈنكى ئۇ ۋەدە ئۇلارنى
بارلىق قورقۇنچلىرىدىن خاتىرجەم قىلىشنى ۋە ھەممە ئارزۇ - ئارمانلىرىغا ئېرىشتۈرۈشنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

وَلَا يَحْزُنكَ قَوْلُهُمْ إِنَّ ٱلْعِزَّةَ لِلَّهِ جَمِيعًا ۚ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٦٥﴾

65 - ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھ توغرۇلۇق ئېيتقان سۆزلىرى، تۆھمەتلىرى ۋە ئۇنىڭغا
بۇتلارنى شېرىك قىلىۋېلىشى سېنى قايغۇغا سالمىسۇن. چۈنكى ئاللاھ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە
تەڭداشسىز كۈچ - قۇۋۋەتكە ۋە يېگانە قۇدرەتكە ئىگە زاتتۇر. ئاللاھ ئۇلارنىڭ گەپ -
سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ نىيىتىنى ۋە ئەمەللىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

أَلَآ إِنَّ لِلَّهِ مَن فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَن فِى ٱلْأَرْضِ ۗ وَمَا يَتَّبِعُ ٱلَّذِينَ يَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ شُرَكَآءَ ۚ إِن يَتَّبِعُونَ
إِلَّا ٱلظَّنَّ وَإِنْ هُمْ إِلَّا يَخْرُصُونَ ﴿٦٦﴾

66 - بىلىڭلاركى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئىنسان، جىن، پەرىشتە ۋە بارلىق مەۋجۇدات
ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھنى قويۇپ ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنىدىغانلار نېمىگە ئەگىشىدۇ؟ ئۇلار
پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئاللاھ نامىدىن ئېيتقان ھەربىر سۆزىدە پەقەت
يالغانىلا ئېيتىدۇ.

هُوَ ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ ٱلَّيْلَ لِتَسْكُنُوا۟ فِيهِ وَٱلنَّهَارَ مُبْصِرًا ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يَسْمَعُونَ ﴿٦٧﴾

67 - ئى ئىنسانلار! ئاللاھ كېچىنى سىلەرنىڭ ئارام ئېلىشىڭلار ۋە كۈندۈزنىڭ جاپالىق
ئىشلىرىدىن راھەتلىنىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزنى دۇنيانىڭ يورۇقىنى كۆرۈشۈڭلار ۋە
تىرىكچىلىك يولىدا ئىشلىشىڭلار ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن زاتتۇر. شەكسىزكى، كېچە
بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشىدا، كېشىلەرنىڭ كېچە ۋە كۈندۈزدىكى ئەھۋالىنىڭ
ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا، ئاللاھنىڭ بىر ۋە ئىبادەت قىلىنىشقا تولىمۇ ھەقلىق ئىكەنلىكى
ھەققىدە، ھەق سۆزگە قۇلاق سالىدىغان ۋە ئەقلىنى ئىشلىتىپ تەپەككۇر قىلىدىغان
قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن دەلىللەر بار.

قَالُوا۟ ٱتَّخَذَ ٱللَّهُ وَلَدًا ۗ سُبْحَٰنَهُۥ ۖ هُوَ ٱلْغَنِىُّ ۖ لَهُۥ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ ۚ إِنْ عِندَكُم مِّن سُلْطَٰنٍۭ
بِهَٰذَآ ۚ أَتَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ مَا لَا تَعْلَمُونَ ﴿٦٨﴾

68 - مۇشرىكلار: «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دېدى، بۇ ئۇلارنىڭ: «پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ
قىزلىرىدۇر» دېگەن سۆزلىرىدە، خرىستىيانلارنىڭ: «ئىيسا ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر»
دېگەن سۆزىدە ئىپادىسىنى تاپتى. ھالبۇكى، ئاللاھنىڭ بالىسى يوق، چۈنكى ئۇ بالىغا
ھاجەت ئەمەس. ئاللاھ بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر، ئۇ بارچە مەخلۇقاتتىن
بىھاجەتتۇر. ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بارچە مەخلۇقاتنىڭ يېگانە ئىگىسى
تۇرۇپ، قانداقمۇ بالىغا موھتاج بولسۇن؟! ئى كاپىرلار! سىلەرنىڭ بۇ يالغان سۆزۈڭلارغا
ھېچقانداق پاكىتىڭلار يوق، ھەقىقەتنى ۋە توغرىلىقنى ئۆزۈڭلارمۇ بىلمەيدىغان نەرسىنى
يالغاندىن ئاللاھقا چاپلامسىلەر؟

قُلْ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَفْتَرُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلْكَذِبَ لَا يُفْلِحُونَ ﴿٦٩﴾

69 - ئېيتقىنكى، «ئاللاھنىڭ بالىسى بار دەپ، ئۇنىڭ ھەققىدە يالغاننى توقۇيدىغان كاپىرلار
دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ».

مَتَٰعٌ فِى ٱلدُّنْيَا ثُمَّ إِلَيْنَا مَرْجِعُهُمْ ثُمَّ نُذِيقُهُمُ ٱلْعَذَابَ ٱلشَّدِيدَ بِمَا كَانُوا۟ يَكْفُرُونَ ﴿٧٠﴾

70 - ئۇ كاپىرلار بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن ئاز ۋاقىت بەھرىمەن بولىدۇ، ئاندىن ئەجىلى
توشقاندا بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ
ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى يالغانغا چىقارغانلىقى ئۈچۈن،

ئۇلارغا جەھەننەم ئازابىنى تېتىتىمىز.

۞ وَٱتۡلُ عَلَيۡهِمۡ نَبَأَ نُوحٍ إِذۡ قَالَ لِقَوۡمِهِۦ يَٰقَوۡمِ إِن كَانَ كَبُرَ عَلَيۡكُم مَّقَامِي وَتَذۡكِيرِي بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ فَعَلَى ٱللَّهِ تَوَكَّلۡتُ فَأَجۡمِعُوٓاْ أَمۡرَكُمۡ وَشُرَكَآءَكُمۡ ثُمَّ لَا يَكُنۡ أَمۡرُكُمۡ عَلَيۡكُمۡ غُمَّةٗ ثُمَّ ٱقۡضُوٓاْ إِلَيَّ وَلَا تُنظِرُونِ ﴿٧١﴾

71 - ئى پەيغەمبەر! مەككە كاپىرلىرىغا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىن، ئۆز ۋاقتىدا نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىگە: «ئى قەۋمىم! ئەگەر سىلەرگە مېنىڭ ئىچىڭلاردا تۇرۇشۇم، سىلەرگە ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى بايان قىلغان ئايەتلەرنى ۋە دەلىل - پاكىتلارنى ئەسلىتىشىم ئېغىر كەلگەن بولسا، شۇنى ياخشى بىلىڭلاركى، مەن يالغۇز ئاللاھقىلا تاياندىم، ماڭا ئاللاھنىڭ ياردەم قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كاملدۇر. سىلەر ئاللاھقا قوشۇۋالغان شېرىكلىرىڭلار بىلەن بىرلىكتە ماڭا قارشى پىلانىڭلارنى تۈزۈۋېرىڭلار. ئۇ پىلانىڭلار سىلەرگە تۇتۇق بولۇپ قالمىسۇن، ئوچۇق ۋە ئاشكارا بولسۇن. ئاندىن سىلەر مېنى قانداق جازالىماقچى بولساڭلار ماڭا ئازراقمۇ مۆھلەت بەرمەي جازالاڭلار.

فَإِن تَوَلَّيۡتُمۡ فَمَا سَأَلۡتُكُم مِّنۡ أَجۡرٍۖ إِنۡ أَجۡرِيَ إِلَّا عَلَى ٱللَّهِۖ وَأُمِرۡتُ أَنۡ أَكُونَ مِنَ ٱلۡمُسۡلِمِينَ ﴿٧٢﴾

72 - ئەگەر سىلەر مېنىڭ دەۋىتىمدىن يۈز ئۆرۈسەڭلار، بىلىڭلاركى، مەن سىلەردىن ھېچبىر ھەق سورىغىنىم يوق. چۈنكى مەن ئەجرىمنى پەقەت ئاللاھتىنلا كۈتىمەن، مەن ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنغۇچىلاردىن بولۇشقا بۇيرۇلدۇم» دېدى.

فَكَذَّبُوهُ فَنَجَّيۡنَٰهُ وَمَن مَّعَهُۥ فِي ٱلۡفُلۡكِ وَجَعَلۡنَٰهُمۡ خَلَٰٓئِفَ وَأَغۡرَقۡنَا ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَاۖ فَٱنظُرۡ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلۡمُنذَرِينَ ﴿٧٣﴾

73 - نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ ئاللاھ ھەققىدە بەرگەن خەۋەرلىرىنى يالغانغا چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كېمىدە بىللە بولغانلارنى قۇتقۇزدۇق، ئۇلارنى يەر يۈزىدە كاپىرلارنىڭ ئورنىغا ئىگە قىلدۇق، بىزنىڭ دەلىل - پاكىتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنى بولسا غەرق قىلدۇق. ئى پەيغەمبەر! پەيغەمبەرلىرى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرسىمۇ، ئىمان ئېيتمىغان قەۋمنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن.

ثُمَّ بَعَثۡنَا مِنۢ بَعۡدِهِۦ رُسُلًا إِلَىٰ قَوۡمِهِمۡ فَجَآءُوهُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِ فَمَا كَانُواْ لِيُؤۡمِنُواْ بِمَا كَذَّبُواْ بِهِۦ مِن قَبۡلُۚ كَذَٰلِكَ نَطۡبَعُ عَلَىٰ قُلُوبِ ٱلۡمُعۡتَدِينَ ﴿٧٤﴾

74 - نۇھتىن كېيىن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئۆزلىرىنىڭ قەۋمىگە ئەۋەتتۇق (ھۇد، سالىھ، ئىبراھىم، لۇت، شۇئەيب قاتارلىق پەيغەمبەرلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر). ھەربىر پەيغەمبەر قەۋمىگە ئۆزىنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ۋە قىلىۋاتقان دەۋىتىنىڭ ھەققانىي دەۋەت ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار نۇھ قەۋمى ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن قەۋملەر ئىنكار قىلىشقان ھەقىقەتكە ئىمان ئېيتمىدى. ئاللاھ ئاشۇ قەۋملەرنىڭ دىللىرىنى ئىمان ئېيتىشتىن پېچەتلىۋەتكەندەك، ئۇلاردىن كېيىنكى قەۋملەر ئىچىدە ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن چەتنەپ كەتكەن ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئاسىيلىق قىلغانلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋېتىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ كاپىرلىقىغا بېرىلگەن جازادۇر.

ثُمَّ بَعَثۡنَا مِنۢ بَعۡدِهِم مُّوسَىٰ وَهَٰرُونَ إِلَىٰ فِرۡعَوۡنَ وَمَلَإِيْهِۦ بِـَٔايَٰتِنَا فَٱسۡتَكۡبَرُواْ وَكَانُواْ قَوۡمٗا مُّجۡرِمِينَ ﴿٧٥﴾

75 ـ ئاندىن ئاشۇ پەيغەمبەرلەردىن كېيىن، مۇسا بىلەن ھارۇننى پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىغا بۇ ئىككى پەيغەمبەرنىڭ راستچىللىقىغا دالالەت قىلىدىغان مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق. ئۇلار ھەقنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتتى. ئۇلار ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىدىغان گۇناھكار قەۋم ئىدى.

فَلَمَّا جَآءَهُمُ ٱلۡحَقُّ مِنۡ عِندِنَا قَالُوٓاْ إِنَّ هَٰذَا لَسِحۡرٞ مُّبِينٞ ﴿٧٦﴾

76 ـ پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە مۇسا ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەت يېتىپ بارغان چاغدا، ئۇلار: «مۇسانىڭ ئېلىپ كەلگەنلىرى پەقەتلا ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېدى.

قَالَ مُوسَىٰٓ أَتَقُولُونَ لِلۡحَقِّ لَمَّا جَآءَكُمۡۖ أَسِحۡرٌ هَٰذَا وَلَا يُفۡلِحُ ٱلسَّٰحِرُونَ ﴿٧٧﴾

77 ـ مۇسا ئۇلارنىڭ ئىنكارچىلىقىغا ھەيران قېلىپ: «سىلەرگە كەلگەن ھەقىقەتنى سېھىر دەمسىلەر؟ سىلەر ئۆزۈڭلارغا كەلگەن مۆجىزىلەر ئۈستىدە ئوبدان ئويلاپ كۆرسەڭلار، ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر. (چۈنكى) سېھىرگەرلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ» دېدى.

قَالُوٓاْ أَجِئۡتَنَا لِتَلۡفِتَنَا عَمَّا وَجَدۡنَا عَلَيۡهِ ءَابَآءَنَا وَتَكُونَ لَكُمَا ٱلۡكِبۡرِيَآءُ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَمَا نَحۡنُ لَكُمَا بِمُؤۡمِنِينَ ﴿٧٨﴾

78 ـ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرى مۇساغا: «سەن بىزنىڭ يېنىمىزغا بىزنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىدىن ۋاز كەچتۈرۈش ۋە ھارۇن بىلەن مىسىر زېمىنىدا سەلتەنەت ئىگىسى بولۇۋېلىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ بىز ئىككىڭلارنىڭ بىزنى بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭلارغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدى.

وَقَالَ فِرۡعَوۡنُ ٱئۡتُونِي بِكُلِّ سَٰحِرٍ عَلِيمٖ ﴿٧٩﴾

79 ـ پىرئەۋن: «مېنىڭ ئالدىمغا بارلىق ئۇستا سېھىرگەرلەرنى ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى.

فَلَمَّا جَآءَ ٱلسَّحَرَةُ قَالَ لَهُم مُّوسَىٰٓ أَلۡقُواْ مَآ أَنتُم مُّلۡقُونَ ﴿٨٠﴾

80 ـ سېھىرگەرلەر پىرئەۋننىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەندە، مۇسا ئۇلارغا: «ئېلىپ كەلگەن ئارغامچا، ھاسا قاتارلىق نەرسىلىرىڭلارنى يەرگە تاشلاڭلار» دېدى.

فَلَمَّآ أَلۡقَوۡاْ قَالَ مُوسَىٰ مَا جِئۡتُم بِهِ ٱلسِّحۡرُۖ إِنَّ ٱللَّهَ سَيُبۡطِلُهُۥٓ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُصۡلِحُ عَمَلَ ٱلۡمُفۡسِدِينَ ﴿٨١﴾

81 ـ ئۇلار ئارغامچا ۋە ھاسا قاتارلىق نەرسىلىرىنى تاشلىغان چاغدا، مۇسا ئۇلارغا: «سىلەرنىڭ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ يەرگە تاشلىغان نەرسەڭلار سېھىردۇر، ئاللاھ سىلەرنىڭ سېھىرىڭلارنى چوقۇم بەربات قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئىشىنى تۈزىمەيدۇ.

وَيُحِقُّ ٱللَّهُ ٱلۡحَقَّ بِكَلِمَٰتِهِۦ وَلَوۡ كَرِهَ ٱلۡمُجۡرِمُونَ ﴿٨٢﴾

82 ـ ئاللاھ مەن ئېلىپ كەلگەن ھەق دىننى مۇستەھكەم قىلىدۇ، پىرئەۋن تەۋەلىرىنىڭ گۇناھكارلىرى قانچىلىك يامان كۆرسىمۇ، ئۇ دىننى ئۆزىنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى ئارقىلىق

سىلەرنىڭ باتىل نەرسەڭلاردىن ئۈستۈن قىلىدۇ» دېدى.

فَمَآ ءَامَنَ لِمُوسَىٰٓ إِلَّا ذُرِّيَّةٌ مِّن قَوْمِهِۦ عَلَىٰ خَوْفٍ مِّن فِرْعَوْنَ وَمَلَإِيْهِمْ أَن يَفْتِنَهُمْ ۚ وَإِنَّ فِرْعَوْنَ لَعَالٍ فِى ٱلْأَرْضِ وَإِنَّهُۥ لَمِنَ ٱلْمُسْرِفِينَ ﴿٨٣﴾

83 ـ مۇسا ئەلەيھىسسالام شۇنچىلىك كۆپ مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئۆز قەۋمى بولغان ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىكى بىر توپ ياشلارلا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىنىڭ قاتتىق قىيناش ئارقىلىق دىنىدىن ياندۇرۇۋېتىشىدىن قورقۇپ تۇرۇپ ئىمان ئېيتتى. پىرئەۋن بولسا يەر يۈزىدە ھەددىدىن ئاشقان زالىم ھۆكۈمدار بولۇپ، ئۇ كاپىرلىقتا ۋە بۇزغۇنچىلىقتا ھەقىقەتەن چېكىدىن ئاشقان ئىدى.

وَقَالَ مُوسَىٰ يَٰقَوْمِ إِن كُنتُمْ ءَامَنتُم بِٱللَّهِ فَعَلَيْهِ تَوَكَّلُوٓا۟ إِن كُنتُم مُّسْلِمِينَ ﴿٨٤﴾

84 ـ مۇسا: «ئى قەۋمىم! ئەگەر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان بولساڭلار، ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇڭلار، ئەگەر ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدىغان بولساڭلار، ئۇنىڭغا تايىنىڭلار» دېدى.

فَقَالُوا۟ عَلَى ٱللَّهِ تَوَكَّلْنَا رَبَّنَا لَا تَجْعَلْنَا فِتْنَةً لِّلْقَوْمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٨٥﴾

85 ـ مۇسانىڭ قەۋمى مۇنداق دېدى: «بىز ئاللاھقىلا تاياندۇق، ئىشىمىزنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردۇق. ئى رەببىمىز! زالىم قەۋمنى بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن غەلىبە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن. ئەگەر ئۇنداق قىلساڭ، بىزنىڭ دىنىدىن يېنىپ كېتىشىمىزگە ياكى كاپىرلارنىڭ ‹ئەگەر ئۇلارنىڭ دىنى ھەق بولسا ئىدى، بىزگە يېڭىلمىگەن بولاتتى› دېيىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ.

وَنَجِّنَا بِرَحْمَتِكَ مِنَ ٱلْقَوْمِ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٨٦﴾

86 ـ رەھمىتىڭ بىلەن بىزنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ كاتتىباشلىرىدىن ئىبارەت كاپىر قەۋمدىن قۇتقۇزغىن» (چۈنكى ئۇلار ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئېغىر ئەمگەكلەرگە سالاتتى).

وَأَوْحَيْنَآ إِلَىٰ مُوسَىٰ وَأَخِيهِ أَن تَبَوَّءَا لِقَوْمِكُمَا بِمِصْرَ بُيُوتًا وَٱجْعَلُوا۟ بُيُوتَكُمْ قِبْلَةً وَأَقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ ۗ وَبَشِّرِ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٨٧﴾

87 ـ بىز مۇساغا ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى ھارۇنغا: «قەۋمىڭلارنىڭ پاناھلىنىشى ئۈچۈن مىسىردا ئۆيلەرنى ياساڭلار، ئۆيلىرىڭلاردا ناماز ئوقۇيدىغان جايلارنى قىلىڭلار، پەرز نامازلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇڭلار، ئى مۇسا! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدىغان مۇئمىنلەرگە بۇ دۇنيادىكى غەلىبە ۋە ئاخىرەتتىكى مۇكاپات بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق.

وَقَالَ مُوسَىٰ رَبَّنَآ إِنَّكَ ءَاتَيْتَ فِرْعَوْنَ وَمَلَأَهُۥ زِينَةً وَأَمْوَٰلًا فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا رَبَّنَا لِيُضِلُّوا۟ عَن سَبِيلِكَ ۖ رَبَّنَا ٱطْمِسْ عَلَىٰٓ أَمْوَٰلِهِمْ وَٱشْدُدْ عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ فَلَا يُؤْمِنُوا۟ حَتَّىٰ يَرَوُا۟ ٱلْعَذَابَ ٱلْأَلِيمَ ﴿٨٨﴾

88 ـ مۇسا ئېيتتى: «ئى رەببىمىز! سەن پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىغا دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن تۈرلۈك زىننەتلەرنى ۋە مال ـ مۈلۈكلەرنى ئاتا قىلدىڭ. ئەمما ئۇلار ساڭا شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا، بۇ نېمەتلەرنى كىشىلەرنى سېنىڭ دىنىڭدىن ئازدۇرۇشقا ئىشلەتتى. ئى رەببىمىز! ئۇلارنىڭ مال ـ دۇنياسىنى ۋەيران قىلىۋەتكىن، پايدىلىنالمايدىغان قىلىۋەتكىن، ئۇنىڭدىن پايدىلىنالماي قالسۇن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى

ئىمانغا ئېچىلمايدىغان شەكىلدە پېچەتلىۋەتكىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەردلىك ئازابنى كۆرمىگۈچە ئىمان ئېيتمىسۇن!».

قَالَ قَدْ أُجِيبَت دَّعْوَتُكُمَا فَٱسْتَقِيمَا وَلَا تَتَّبِعَآنِّ سَبِيلَ ٱلَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٨٩﴾

89 - ئاللاھ ئۇلارغا ئېيتتى: «ئىككىڭلارنىڭ پىرئەۋننى، ئۇنىڭ تەۋەلىرىنى ۋە مال - دۇنياسىنى ھالاك قىلىۋېتىشنى تىلەپ قىلغان دۇئايىڭلار ئىجابەت بولدى، دىنىڭلاردا مۇستەھكەم بولۇپ، دەۋىتىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار، مېنىڭ سۆزلىرىمنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەيدىغان نادانلارنىڭ يولىغا ئەگەشمەڭلار».

۞ وَجَٰوَزْنَا بِبَنِيٓ إِسْرَٰٓءِيلَ ٱلْبَحْرَ فَأَتْبَعَهُمْ فِرْعَوْنُ وَجُنُودُهُۥ بَغْيًا وَعَدْوًا ۖ حَتَّىٰٓ إِذَآ أَدْرَكَهُ ٱلْغَرَقُ
قَالَ ءَامَنتُ أَنَّهُۥ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا ٱلَّذِيٓ ءَامَنَتْ بِهِۦ بَنُوٓاْ إِسْرَٰٓءِيلَ وَأَنَا۠ مِنَ ٱلْمُسْلِمِينَ ﴿٩٠﴾

90 - بىز ئىسرائىل ئەۋلادى ئۈچۈن دېڭىزنى يېرىپ بەردۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دېڭىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى زوراۋانلىق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن دېڭىزغا كىردى. پىرئەۋن ئۆزىنىڭ غەرق بولىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن چاغدا: «ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، مەن ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن بولدۇم» دېدى.

ءَآلْـَٰٔنَ وَقَدْ عَصَيْتَ قَبْلُ وَكُنتَ مِنَ ٱلْمُفْسِدِينَ ﴿٩١﴾

91 - ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىلدى: «ئى پىرئەۋن! بېشىڭغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدا ئەمدى ئىمان ئېيتامسەن؟ ھالبۇكى سەن ئىلگىرى ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان ۋە كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىدىن توسقان بۇزغۇنچىلاردىن ئىدىڭ. ئۆلۈمنى كۆرگەن چېغىڭدا ئېيتقان ئىمانىڭنىڭ ساڭا پايدىسى يوق.

فَٱلْيَوْمَ نُنَجِّيكَ بِبَدَنِكَ لِتَكُونَ لِمَنْ خَلْفَكَ ءَايَةً ۚ وَإِنَّ كَثِيرًا مِّنَ ٱلنَّاسِ عَنْ ءَايَٰتِنَا لَغَٰفِلُونَ ﴿٩٢﴾

92 - سېنى كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولسۇن ۋە سېنىڭ ھالاك بولغانلىقىڭنى ئىنكار قىلىدىغانلار كۆرسۇن دەپ، بىز بۈگۈن سېنىڭ جەسىتىڭنى دېڭىزدىن قىرغاققا چىقىرىپ قويىمىز». شەكسىزكى، نۇرغۇن كىشىلەر بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن ۋە دەلىل - پاكىتلىرىمىزدىن غاپىلدۇر. ئۇلار بۇ ھەقتە ئىزدەنمەيدۇ ۋە تەپەككۇر قىلمايدۇ.

وَلَقَدْ بَوَّأْنَا بَنِيٓ إِسْرَٰٓءِيلَ مُبَوَّأَ صِدْقٍ وَرَزَقْنَٰهُم مِّنَ ٱلطَّيِّبَٰتِ فَمَا ٱخْتَلَفُواْ حَتَّىٰ جَآءَهُمُ ٱلْعِلْمُ ۚ إِنَّ
رَبَّكَ يَقْضِي بَيْنَهُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ فِيمَا كَانُواْ فِيهِ يَخْتَلِفُونَ ﴿٩٣﴾

93 - شەكسىزكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى شام ۋە مىسىر زېمىنلىرىدا ياخشى جايلارغا ئورۇنلاشتۇردۇق، ئۇلارنى مۇبارەك زېمىنىنىڭ ھالال رىزىقلىرى بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلار ئۆزلىرىگە بىرلىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدىكى ئىلىم كەلگەندىن كېيىنلا دىن ئىشىدا ئىختىلاپلاشتى. ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە كەلگەن تەۋرات بېشارەتلىرىمۇ ئۇلار ئىختىلاپلاشقان مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىدۇ ۋە سەن توغرۇلۇق قىلىشقان ئىختىلاپىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئىنكارچىلارنى دوزاخقا، مۇئمىنلەرنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.

فَإِن كُنتَ فِي شَكٍّ مِّمَّآ أَنزَلْنَآ إِلَيْكَ فَسْـَٔلِ ٱلَّذِينَ يَقْرَءُونَ ٱلْكِتَٰبَ مِن قَبْلِكَ ۚ لَقَدْ جَآءَكَ

ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّكَ فَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلۡمُمۡتَرِينَ ٩٤

94 - ئى پەيغەمبەر! ئەگەر سەن بىز بەرگەن خەۋەرلەردىن شەكلەنسەڭ، بىز ساڭا قۇرئاننى
نازىل قىلىشتىن ئىلگىرى نازىل قىلغان تەۋرات ۋە ئىنجىل قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇغان
كىشىلەردىن سوراپ باققىن، چۈنكى بۇ خەۋەرلەر ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا بار. شۈبھىسىزكى،
ساڭا سېنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭ توغرىسىدا
شەكسىز ھەقىقەت كەلدى، ئاشۇ يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار بۇنى ئۆبدان بىلىدۇ
ۋە كىتابلىرىدىن بۇنى ئوقۇيدۇ. ئەمما ئۇلار بۇ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىدۇ. سەن ھەرگىز
بۇ ھەقىقەتكە شەك كەلتۈرگۈچىلەردىن بولمىغىن.

وَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ فَتَكُونَ مِنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ ٩٥

95 - ئى پەيغەمبەر! سەن ھەرگىز ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە دەلىل - پاكىتلىرىنى ئىنكار
قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن. ئەگەر ئۇنداق بولساڭ، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە تېگىشلىك
بولغان، ئۇنىڭ ئازابىغا ئۇچرىغان زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن.

إِنَّ ٱلَّذِينَ حَقَّتۡ عَلَيۡهِمۡ كَلِمَتُ رَبِّكَ لَا يُؤۡمِنُونَ ٩٦ وَلَوۡ جَآءَتۡهُمۡ كُلُّ ءَايَةٍ حَتَّىٰ يَرَوُاْ ٱلۡعَذَابَ
ٱلۡأَلِيمَ ٩٧

96 - 97 - شۈبھىسىزكى، رەببىڭنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىپ ئازابقا تېگىشلىك بولغانلارغا
پۈتۈن مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن ۋە ئىبرەتلىك ۋەز - نەسىھەتلەر ئاڭلىتىلغان تەقدىردىمۇ،
ئۇلار قاتتىق ئازابنى كۆرمىگۈچە ئىمان ئېيتمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئازابنى كۆرگەندە ئېيتقان
ئىمانىنىڭ ئۇلارغا قىلچە پايدىسى بولمايدۇ.

فَلَوۡلَا كَانَتۡ قَرۡيَةٌ ءَامَنَتۡ فَنَفَعَهَآ إِيمَٰنُهَآ إِلَّا قَوۡمَ يُونُسَ لَمَّآ ءَامَنُواْ كَشَفۡنَا عَنۡهُمۡ عَذَابَ
ٱلۡخِزۡيِ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَمَتَّعۡنَٰهُمۡ إِلَىٰ حِينٍ ٩٨

98 - يۇنۇسنىڭ قەۋمىدىن باشقا، ئازابنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىمان ئېيتقان شەھەر
ئاھالىسىگە ئۇ ۋاقىتتىكى ئىمانىنىڭ پايدىسى بولغىنى يوق. يۇنۇس قەۋمى ئۆزلىرىگە
ئازابنىڭ چۈشىدىغانلىقىغا جەزم قىلىپ، ئاللاھقا سەممىي تەۋبە قىلىشىدى، ئاللاھ
ئۇلارنىڭ سەممىي تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى، ھالاك قىلىنىشقا تاس قالغان ئازابنى
ئۇلاردىن كۆتۈرىۋەتتى ۋە ئۇلارنى ئەجىلى توشقانغا قەدەر ھاياتلىقتىن بەھرىمەن بولۇشقا
قويۇپ بەردى.

وَلَوۡ شَآءَ رَبُّكَ لَأٓمَنَ مَن فِي ٱلۡأَرۡضِ كُلُّهُمۡ جَمِيعًاۚ أَفَأَنتَ تُكۡرِهُ ٱلنَّاسَ حَتَّىٰ يَكُونُواْ
مُؤۡمِنِينَ ٩٩

99 - ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى
خالىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى سەن ئېلىپ كەلگەن دىنغا
ئىمان كەلتۈرگەن بولاتتى. لېكىن ئاللاھنىڭ ھېكمىتى شۇنى تەقەززا قىلغان. ئاللاھ
ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ، خالىغان بەندىسىنى
ئازدۇرىدۇ. سەن كىشىلەرنى ئىمان ئېيتىشقا مەجبۇرلىيالمايسەن.

وَمَا كَانَ لِنَفۡسٍ أَن تُؤۡمِنَ إِلَّا بِإِذۡنِ ٱللَّهِۚ وَيَجۡعَلُ ٱلرِّجۡسَ عَلَى ٱلَّذِينَ لَا يَعۡقِلُونَ ١٠٠

100 - ھەرقانداق ئادەم پەقەت ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە تەۋپىقى بىلەنلا ئىمان ئېيتىدۇ.

شۇڭا سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان قىلالىتتىم دەپ ئۆزۈڭنى قىينىمىغىن. چۈنكى ئۇلارنى
ھىدايەت قىلىش ئاللاھنىڭ ئىشىدۇر. ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرى ھەققىدە ئەقلىنى
ئىشلەتمەيدىغانلارنى ئاللاھ بۇ دۇنيادا خارلىققا، ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا مەھكۇم قىلىدۇ.

قُلِ ٱنظُرُواْ مَاذَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ وَمَا تُغۡنِي ٱلۡأٓيَٰتُ وَٱلنُّذُرُ عَن قَوۡمٖ لَّا يُؤۡمِنُونَ ﴿١٠١﴾

101 ـ ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە: «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە
بىرلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان ئالامەتلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈڭلار ۋە ئىبرەت
ئېلىڭلار» دېگىن. ئەمما بۇ ئىبرەتلەر ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرى ئىمان
ئېيتمايدىغان قەۋمگە پايدا بەرمەيدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ تەرسالىقى ۋە ھەقنى قوبۇل قىلىشتىن
يۈز ئۆرۈگەنلىكى سەۋەبىدىندۇر.

فَهَلۡ يَنتَظِرُونَ إِلَّا مِثۡلَ أَيَّامِ ٱلَّذِينَ خَلَوۡاْ مِن قَبۡلِهِمۡۚ قُلۡ فَٱنتَظِرُوٓاْ إِنِّي مَعَكُم مِّنَ ٱلۡمُنتَظِرِينَ ﴿١٠٢﴾

102 ـ ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىگە ئاللاھتىن بۇرۇنقى كاپىر قەۋملەرگە كەلگەن ئازابلىق كۈنلەرگە
ئوخشاش ئاللاھنىڭ ئازابىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرىدىغان بىر كۈننى كۈتىدۇ. ئى
پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھنىڭ جازاسىنى كۈتۈڭلار، مەنمۇ ئەلۋەتتە،
سىلەر بىلەن بىللە سىلەرنىڭ جازايىڭلارنى كۈتكۈچىلەردىنمەن».

ثُمَّ نُنَجِّي رُسُلَنَا وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْۚ كَذَٰلِكَ حَقًّا عَلَيۡنَا نُنجِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١٠٣﴾

103 ـ ئاندىن كېيىن پەيغەمبەرلىرىمىزنى ۋە ئۇلارغا ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى
قۇتقۇزىمىز. ئى پەيغەمبەر! بىز ئاشۇلارنى قۇتقۇزغاندەك، سېنى ۋە ساڭا ئىمان ئېيتقان
مۇئمىنلەرنىمۇ، ئەلۋەتتە پەزلى ـ مەرھەمىتىمىز بىلەن قۇتقۇزىمىز.

قُلۡ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِن كُنتُمۡ فِي شَكّٖ مِّن دِينِي فَلَآ أَعۡبُدُ ٱلَّذِينَ تَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَلَٰكِنۡ
أَعۡبُدُ ٱللَّهَ ٱلَّذِي يَتَوَفَّىٰكُمۡۖ وَأُمِرۡتُ أَنۡ أَكُونَ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١٠٤﴾

104 ـ ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ ئىنسانلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر مەن سىلەرنى دەۋەت قىلىۋاتقان
دىنىنىڭ ھەقلىقىغا، مېنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىمگە شەك قىلساڭلار ۋە مېنى دىنىمدىن
قايتۇرماقچى بولساڭلار، بىلىڭلاركى، مەن ھېچقانداق بىر ئەھۋال ئاستىدا سىلەر
چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا چوقۇنمايمەن، لېكىن مەن سىلەرنى ئۆلتۈرۈپ جېنىڭلارنى
ئالىدىغان ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىمەن، مەن مۇئمىنلەردىن بولۇشقا بۇيرۇلدۇم».

وَأَنۡ أَقِمۡ وَجۡهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفٗا وَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ﴿١٠٥﴾

105 ـ يەنە (ماڭا): «سەن ئۆزۈڭنى ئىسلام دىنىدا مۇستەھكەم تۇرغۇزغىن، يەھۇدىي ياكى
خىرىستىيان دىنىغا ۋەياكى ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىشقا قەتئىي مايىل
بولمىغىن، ئىبادەتتە رەببىڭگە مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرىدىغان مۇشرىكلاردىن بولمىغىن،
ئەگەر شۇنداق قىلساڭ ھالاك بولغۇچىلاردىن بولىسەن.

وَلَا تَدۡعُ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَنفَعُكَ وَلَا يَضُرُّكَۖ فَإِن فَعَلۡتَ فَإِنَّكَ إِذٗا مِّنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٠٦﴾

106 ـ ئى پەيغەمبەر! سەن ھەرگىز ئاللاھنى قايرىپ قويۇپ، بۇتلارغا چوقۇنمىغىن، چۈنكى
ئۇ نەرسىلەر ھېچكىمگە پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، زىيانمۇ يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەگەر سەن ئاشۇ
نەرسىلەرگە چوقۇنساڭ، ئۇچاغدا سەن چوقۇم ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ ئۆزىگە زۇلۇم
قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن. (گەرچە بۇ يەردىكى خىتاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا
قارىتىلغان بولسىمۇ، پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ).

وَإِن يَمۡسَسۡكَ ٱللَّهُ بِضُرّٖ فَلَا كَاشِفَ لَهُۥٓ إِلَّا هُوَۖ وَإِن يُرِدۡكَ بِخَيۡرٖ فَلَا رَآدَّ لِفَضۡلِهِۦۚ يُصِيبُ بِهِۦ مَن يَشَآءُ مِنۡ عِبَادِهِۦۚ وَهُوَ ٱلۡغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٠٧﴾

107 ـ ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت ياكى بالا ـ قازا يەتكۈزسە، ئۇنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ، ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر ياخشىلىق ياكى نېمەت ئاتا قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى ھېچكىم توسۇۋالالمايدۇ. ئاللاھ پايدا ۋە زىياننى بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە يەتكۈزىدۇ، ئاللاھ تەۋبە قىلغان بەندىسىنىڭ گۇناھىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئىمان ئېيتقان ۋە ئىتائەت قىلغان بەندىسىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر» (دېيىلدى. بۇ ئايەتلەردىكى خىتاب گەرچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان بولسىمۇ، بارلىق ئىسلام ئۇممىتىگە قارىتىلغان).

قُلۡ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ قَدۡ جَآءَكُمُ ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّكُمۡۖ فَمَنِ ٱهۡتَدَىٰ فَإِنَّمَا يَهۡتَدِي لِنَفۡسِهِۦۖ وَمَن ضَلَّ فَإِنَّمَا يَضِلُّ عَلَيۡهَاۖ وَمَآ أَنَا۠ عَلَيۡكُم بِوَكِيلٖ ﴿١٠٨﴾

108 ـ ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ ئىنسانلارغا ئېيتقىنكى، «شەكسىزكى، سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى ھىدايەتكە يېتەكلەيدىغان قۇرئاننى ئېلىپ كەلدى. كىمكى قۇرئاننىڭ ھىدايىتى بىلەن توغرا يولغا كىرىدىكەن، بۇ ئەمەلنىڭ مېۋىسىنى ئۆزى كۆرىدۇ، كىمكى ھەقىقەتتىن ئازىدىكەن ۋە ئازغۇنلۇقىنى داۋاملاشتۇرىدىكەن، ئازغۇنلۇقىنىڭ زىيىنىنى ئۆزى تارتىدۇ، مەن سىلەرنى ئىمان ئېيتقۇزۇشقا مەسئۇل ئەمەسمەن، مەن پەقەتلا ماڭا كەلگەن دىننى يەتكۈزگۈچىمەن».

وَٱتَّبِعۡ مَا يُوحَىٰٓ إِلَيۡكَ وَٱصۡبِرۡ حَتَّىٰ يَحۡكُمَ ٱللَّهُۚ وَهُوَ خَيۡرُ ٱلۡحَٰكِمِينَ ﴿١٠٩﴾

109 ـ ئى پەيغەمبەر! ئاللاھنىڭ ساڭا قىلغان ۋەھيىگە ئەگەشكىن ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغىن، ئاللاھ ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقارغانغا قەدەر، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتا ۋە گۇناھتىن يىراق تۇرۇشتا چىداملىق بولغىن، دىننى يەتكۈزۈش يولىدا ساڭا ئەزىيەت يەتكۈزگەنلەرنىڭ قىلمىشىغا سەۋر قىلغىن، ئاللاھ ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، ئۇنىڭ چىقىرىدىغان ھۆكۈمى ئەڭ ئادالەتلىك ھۆكۈمدۇر.

# هۇد سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

الٓرۚ كِتَٰبٌ أُحۡكِمَتۡ ءَايَٰتُهُۥ ثُمَّ فُصِّلَتۡ مِن لَّدُنۡ حَكِيمٍ خَبِيرٍ ١

1 ـ ئەلىف، لام، را (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان بۇ كىتاب ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ھېكمەت
بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىن ئايەتلىرى
ھەرقانداق نۇقساندىن ۋە باتىلدىن خالىي ھالدا پۇختا بېكىتىلگەن، ئاندىن ئاللاھنىڭ
بۇيرۇغان ۋە توسقانلىرى، ھالال ـ ھارام ئەھكاملىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان كىتابتۇر.

أَلَّا تَعۡبُدُوٓاْ إِلَّا ٱللَّهَۚ إِنَّنِي لَكُم مِّنۡهُ نَذِيرٞ وَبَشِيرٞ ٢

2 ـ ئاللاھنىڭ قۇرئاننى نازىل قىلىپ، ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى پۇختا قىلىشى ۋە ئەھكاملىرىنى
تەپسىلىي بايان قىلىشى سىلەرنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەي، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت
قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر. ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ ئىنسانلارغا ئېيتقىنكى، «شۈبھىسىزكى، مەن
سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇش خەۋەر بەرگۈچىمەن.
كاپىرلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرىمەن، مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن خۇش
خەۋەر بېرىمەن.

وَأَنِ ٱسۡتَغۡفِرُواْ رَبَّكُمۡ ثُمَّ تُوبُوٓاْ إِلَيۡهِ يُمَتِّعۡكُم مَّتَٰعًا حَسَنًا إِلَىٰٓ أَجَلٖ مُّسَمّٗى وَيُؤۡتِ كُلَّ ذِي فَضۡلٖ
فَضۡلَهُۥۖ وَإِن تَوَلَّوۡاْ فَإِنِّيٓ أَخَافُ عَلَيۡكُمۡ عَذَابَ يَوۡمٖ كَبِيرٍ ٣

3 ـ رەببىڭلاردىن گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەڭلار، ئاندىن قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان
قىلىپ ئاللاھ تەرەپكە قايتىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى دۇنيادا ئەجىلىڭلار توشقانغا قەدەر
كۆڭۈللۈك ھاياتتا ئوبدان ياشىتىدۇ، ئىلىم ۋە ئەمەل ئىگىلىرىگە ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى
تولۇق بېرىدۇ. ئەگەر سىلەر مېنىڭ دەۋىتىمدىن يۈز ئۆرۈسەڭلار، مەن سىلەرنىڭ
قىيامەت كۈنىنىڭ قاتتىق ئازابىغا ئۇچرىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن. (بۇ ئاللاھنىڭ
ئەمر ـ پەرمانلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغانلار ئۈچۈن قاتتىق
ئاگاھلاندۇرۇشتۇر).

إِلَى ٱللَّهِ مَرۡجِعُكُمۡۖ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ٤

4 ـ ئۆلگەندىن كېيىن ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، شۇڭا ئۇنىڭ ئازابىدىن
ھەزەر ئەيلەڭلار، ئاللاھ سىلەرنى تىرىلدۈرۈشكە، ھېساب مەيدانىغا يىغىشقا ۋە ئەمەلىڭلارغا
مۇكاپات ياكى جازا بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر».

أَلَآ إِنَّهُمۡ يَثۡنُونَ صُدُورَهُمۡ لِيَسۡتَخۡفُواْ مِنۡهُۚ أَلَا حِينَ يَسۡتَغۡشُونَ ثِيَابَهُمۡ يَعۡلَمُ مَا يُسِرُّونَ وَمَا

يُعۡلِنُونَۚ إِنَّهُۥ عَلِيمُۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ٥

5 ـ ئاشۇ مۇشرىكلار ئاللاھ بىزنىڭ يوشۇرغانلىرىمىزنى بىلمەيدۇ دەپ گۇمان قىلىپ كۆكلىدە كۇفرىنى يوشۇرىدۇ. ئۇلار كىيىملىرى بىلەن چۈمكىنىۋالغان چاغلىرىدىمۇ، ئۇلارنىڭ يوشۇرغان ۋە ئاشكارا قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھنىڭ بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟ شەكسىزكى، ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغان سىر ـ ئەسرارلىرىنى، نىيەت ـ ئىقباللىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

۞ وَمَا مِن دَآبَّةٖ فِي ٱلۡأَرۡضِ إِلَّا عَلَى ٱللَّهِ رِزۡقُهَا وَيَعۡلَمُ مُسۡتَقَرَّهَا وَمُسۡتَوۡدَعَهَاۚ كُلّٞ فِي كِتَٰبٖ
مُّبِينٖ ٦

6 ـ ئاللاھ ئۆز پەزل ـ كەرەمى بىلەن يەر يۈزىدە يۈرىدىغان ھەربىر جان ئىگىسىنىڭ رىزقىنى بېرىشنى ئۈستىگە ئالغان. ئاللاھ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى تۇرىدىغان جايىنى، ئۆلىدىغان ئورنىنى بىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزغا روشەن يېزىلغاندۇر.

وَهُوَ ٱلَّذِي خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ فِي سِتَّةِ أَيَّامٖ وَكَانَ عَرۡشُهُۥ عَلَى ٱلۡمَآءِ لِيَبۡلُوَكُمۡ أَيُّكُمۡ أَحۡسَنُ
عَمَلٗاۗ وَلَئِن قُلۡتَ إِنَّكُم مَّبۡعُوثُونَ مِنۢ بَعۡدِ ٱلۡمَوۡتِ لَيَقُولَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّا سِحۡرٞ
مُّبِينٞ ٧

7 ـ ئاللاھ قايسىڭلارنىڭ ئاللاھقا ئىخلاس قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ ياخشى ئەمەل قىلىدىغانلىقىڭلارنى سىناش ئۈچۈن، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقان زاتتۇر. ئىلگىرى ئاللاھنىڭ ئەرشى سۇ ئۈستىدە ئىدى. ئى پەيغەمبەر! قەسەمكى، ئەگەر سەن ئاشۇ مۇشرىكلارغا: «سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم تىرىلىسىلەر!» دېسەڭ، ئۇلار: «سەن بىزگە ئوقۇپ بېرىۋاتقان بۇ قۇرئان ئوپئوچۇق سېھىردىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر» دەپ ئىنكار قىلىشقا ئالدىرايدۇ.

وَلَئِنۡ أَخَّرۡنَا عَنۡهُمُ ٱلۡعَذَابَ إِلَىٰٓ أُمَّةٖ مَّعۡدُودَةٖ لَّيَقُولُنَّ مَا يَحۡبِسُهُۥٓۗ أَلَا يَوۡمَ يَأۡتِيهِمۡ لَيۡسَ
مَصۡرُوفًا عَنۡهُمۡ وَحَاقَ بِهِم مَّا كَانُواْ بِهِۦ يَسۡتَهۡزِءُونَ ٨

8 ـ ئەگەر بىز ئاشۇ مۇشرىكلاردىن بەلگىلەنگەن ئازابنى مەلۇم ۋاقىت كېچىكتۈرسەك، ئۇلار ئازابنى كەلمەيدۇ دەپ ئويلايدۇ ۋە مەسخىرە قىلىپ: «بىزگە ئازابنىڭ چۈشىدىغانلىقى راست بولىدىغان بولسا، ئۇ ئازابنى كىم توسۇپ قالدى؟» دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئازابى چۈشكەن كۈندە، ئۇ ئازابنى ئۇلاردىن ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ ۋە ئارقىغا قايتۇرالمايدۇ، ئۇلار چۈشمەيدۇ دەپ مەسخىرە قىلغان بۇ ئازاب ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن قورشىۋالىدۇ.

وَلَئِنۡ أَذَقۡنَا ٱلۡإِنسَٰنَ مِنَّا رَحۡمَةٗ ثُمَّ نَزَعۡنَٰهَا مِنۡهُ إِنَّهُۥ لَيَـُٔوسٞ كَفُورٞ ٩

9 ـ ئەگەر بىز ئىنسانغا تەن ساقلىقى ۋە خاتىرجەملىك قاتارلىق بىرەر نېمەت ئاتا قىلىپ، ئاندىن ئۇنى تارتىۋالساق، ئۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن تامامەن ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ ۋە ئاللاھ ئاتا قىلغان نېمەتلەرگە كۆپ تۈزكورلۇق قىلىدۇ.

وَلَئِنۡ أَذَقۡنَٰهُ نَعۡمَآءَ بَعۡدَ ضَرَّآءَ مَسَّتۡهُ لَيَقُولَنَّ ذَهَبَ ٱلسَّيِّـَٔاتُ عَنِّيٓۚ إِنَّهُۥ لَفَرِحٞ فَخُورٌ ١٠

121

10 ـ ئەگەر بىز ئىنسانغا قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئۇگايلىق، يوقسۇللۇقتىن كېيىن باياشاتلىق ئاتا قىلساق، ئۇ چوقۇم: «مەن ئەمدى قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلدۇم» دەپ كۆرەڭلەيدۇ ۋە بەك مەغرۇرلىنىپ كېتىدۇ.

إِلَّا ٱلَّذِينَ صَبَرُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُم مَّغۡفِرَةٞ وَأَجۡرٞ كَبِيرٞ ﴿١١﴾

11 ـ ئەمما بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا ئاللاھنىڭ ئەجىر ـ ساۋاب بېرىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىپ سەۋر قىلغان، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىپ ياخشى ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلارنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئاخىرەتتە كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ.

فَلَعَلَّكَ تَارِكُۢ بَعۡضَ مَا يُوحَىٰٓ إِلَيۡكَ وَضَآئِقُۢ بِهِۦ صَدۡرُكَ أَن يَقُولُواْ لَوۡلَآ أُنزِلَ عَلَيۡهِ كَنزٌ أَوۡ جَآءَ مَعَهُۥ مَلَكٌۚ إِنَّمَآ أَنتَ نَذِيرٞۚ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ وَكِيلٌ ﴿١٢﴾

12 ـ ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارنىڭ سەن توغرۇلۇق: «نېمىشقا ئۇنىڭ كۆپ مال ـ دۇنياسى بولمىدى ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىرەر پەرىشتە كېلىپ ئۇنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرمىدى؟» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن سەندىن (ئىلىكىدە بولمىغان) بەزى نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ساڭا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىڭ بىر قىسمىنى يەتكۈزگۈڭ كەلمەسلىكى مۇمكىن، يەتكۈزۈشتىن يۈرىكىڭ سىقىلىشى مۇمكىن. ئى پەيغەمبەر! ساڭا قىلغان ۋەھيىلىرىمنى تولۇق يەتكۈزگىن، شەكسىزكى، سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ساڭا كەلگەن ۋەھيى بىلەن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشتۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر، بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ھېكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرغۇچىدۇر.

أَمۡ يَقُولُونَ ٱفۡتَرَىٰهُۖ قُلۡ فَأۡتُواْ بِعَشۡرِ سُوَرٖ مِّثۡلِهِۦ مُفۡتَرَيَٰتٖ وَٱدۡعُواْ مَنِ ٱسۡتَطَعۡتُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿١٣﴾

13 ـ مەككىلىك مۇشرىكلار: «قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىقتى» دەۋاتامدۇ؟ ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئىش سىلەر گۇمان قىلغاندەك بولسا ۋە بۇ سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا چاقىرالايدىغان بارلىق كىشىلىرىڭلارنى ياردەمگە چاقىرىپ، قۇرئانغا ئوخشايدىغان ئون سۈرە كەلتۈرۈپ بېقىڭلار».

فَإِلَّمۡ يَسۡتَجِيبُواْ لَكُمۡ فَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّمَآ أُنزِلَ بِعِلۡمِ ٱللَّهِ وَأَن لَّآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۖ فَهَلۡ أَنتُم مُّسۡلِمُونَ ﴿١٤﴾

14 ـ ئى پەيغەمبەر ۋە ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەر! ئەگەر ئۇ مۇشرىكلار سىلەر تەلەپ قىلغان ئىشنى قىلالمىسا، بىلىڭلاركى، ئاللاھ بۇ قۇرئاننى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەقەتلا ئۆز ئىلمى بىلەن نازىل قىلدى، ئۇ ئىنسان سۆزى ئەمەس. بىلىڭلاركى، ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىق ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، بۇنچىلىك روشەن دەلىل ـ پاكىتلاردىن كېيىن، سىلەر ئەمدىغۇ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بويسۇنىدىغانسىلەر؟ ئەمدىغۇ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانسىلەر؟

مَن كَانَ يُرِيدُ ٱلۡحَيَوٰةَ ٱلدُّنۡيَا وَزِينَتَهَا نُوَفِّ إِلَيۡهِمۡ أَعۡمَٰلَهُمۡ فِيهَا وَهُمۡ فِيهَا لَا يُبۡخَسُونَ ﴿١٥﴾

15 ـ كىمكى قىلغان ئەمەلى بىلەن دۇنيا ھاياتىنى ۋە ئۇنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىكەن، مۇنداقلارغا قىلغان ئەمەلىنىڭ مېۋىسىنى تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ.

أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ لَيۡسَ لَهُمۡ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ إِلَّا ٱلنَّارُۖ وَحَبِطَ مَا صَنَعُواْ فِيهَا وَبَٰطِلٞ مَّا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ١٦

16 - ئەنە شۇلارغا ئاخىرەتتە دوزاخ ئوتىدىن باشقا بېرىدىغان نەرسە يوقتۇر، ئۇلارنىڭ
(دۇنيادا ياخشىلىق دەپ) قىلغانلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار قىلغان ئەمەللىرىدە
ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى پايدىسىزدۇر.

أَفَمَن كَانَ عَلَىٰ بَيِّنَةٖ مِّن رَّبِّهِۦ وَيَتۡلُوهُ شَاهِدٞ مِّنۡهُ وَمِن قَبۡلِهِۦ كِتَٰبُ مُوسَىٰٓ إِمَامٗا وَرَحۡمَةًۚ
أُوْلَٰٓئِكَ يُؤۡمِنُونَ بِهِۦۚ وَمَن يَكۡفُرۡ بِهِۦ مِنَ ٱلۡأَحۡزَابِ فَٱلنَّارُ مَوۡعِدُهُۥۚ فَلَا تَكُ فِي مِرۡيَةٖ مِّنۡهُۚ
إِنَّهُ ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّكَ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يُؤۡمِنُونَ ١٧

17 - رەببى تەرىپىدىن كەلگەن، جىبرىلنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن، قۇرئاندىن
ئىلگىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇئمىنلەر ئۈچۈن يېتەكچى ۋە رەھمەت قىلىپ نازىل
قىلىنغان تەۋرات بىلەنمۇ كۈچلەندۈرۈلگەن روشەن دەلىل - پاكىتقا ئاساسلىنىپ ئىمان
ئېيتقان ئادەم بارچە غېمى مۇشۇ دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى مەنپەئەتىدىن ئىبارەت بولغان
ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟ ئەنە ئاشۇنداق كىشىلەر قۇرئانغا ھەقىقىي ئىشىنىدۇ. پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامغا قارشى بىرلىك سەپ تۈزگەن تائىپىلەردىن كىمكى قۇرئاننى ئىنكار
قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى دوزاختۇر. ئى پەيغەمبەر! سەن بۇ دەلىل - پاكىتلارنى
كۆرگەندىن كېيىن، قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىدىن ھەرگىز شەكلەنمىگىن.
بىلگىنكى، بۇ دىن ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتتۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى
ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ.

وَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّنِ ٱفۡتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًاۚ أُوْلَٰٓئِكَ يُعۡرَضُونَ عَلَىٰ رَبِّهِمۡ وَيَقُولُ ٱلۡأَشۡهَٰدُ هَٰٓؤُلَآءِ
ٱلَّذِينَ كَذَبُواْ عَلَىٰ رَبِّهِمۡۚ أَلَا لَعۡنَةُ ٱللَّهِ عَلَى ٱلظَّٰلِمِينَ ١٨

18 - ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇغان كىشىدىنمۇ زالىم ئادەم يوقتۇر. ئۇلار قىلمىشلىرىدىن
ھېساب بېرىش ئۈچۈن، قىيامەت كۈنى رەببىنىڭ ھوزۇرىغا چىقىرىلىدۇ، پەيغەمبەرلەر،
پەرىشتىلەر قاتارلىق گۇۋاھچىلار: «ئاشۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا ئاللاھنىڭ نامىدىن
يالغاننى توقۇغان كىشىلەردۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن زالىملارغا غەزەپ قىلدى، ئۇلارغا
مەڭگۈلۈك لەنەت قىلدى. چۈنكى، ئۇلار زۇلۇمنى ئادەت قىلىۋالغان كىشىلەر ئىدى»
دەيدۇ.

ٱلَّذِينَ يَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ وَيَبۡغُونَهَا عِوَجٗا وَهُم بِٱلۡأٓخِرَةِ هُمۡ كَٰفِرُونَ ١٩

19 - بۇ زالىملار كىشىلەرنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان توغرا يولدىن توسىدىغان
ۋە بۇ يولنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەيدىغان، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىدىغان، ئۆلگەندىن
كېيىنكى تىرىلىشكە ۋە ئاخىرەتتىكى مۇكاپات - جازاغا قەتئىي ئىشەنمەيدىغانلاردۇر.

أُوْلَٰٓئِكَ لَمۡ يَكُونُواْ مُعۡجِزِينَ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَمَا كَانَ لَهُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ مِنۡ أَوۡلِيَآءَۘ يُضَٰعَفُ لَهُمُ
ٱلۡعَذَابُۚ مَا كَانُواْ يَسۡتَطِيعُونَ ٱلسَّمۡعَ وَمَا كَانُواْ يُبۡصِرُونَ ٢٠

20 - ئاشۇ كاپىرلار بۇ دۇنيادا ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ
ئازابىدىن قوغداپ قالىدىغان ھېچقانداق مەدەتكار چىقمايدۇ، ئۇلارغا دوزاخ ئازابى
قاتمۇقات ئاشۇرۇلىدۇ. چۈنكى ئۇلار دۇنيادا ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقى بىلەن بەند بولۇپ
قالغانلىقتىن، تىلاۋەت قىلىنىۋاتقان قۇرئان ئايەتلىرىنى ئاڭلىيالمايتتى، ئاللاھنىڭ

قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ تۇرىۋاتقان كائىنات ئالامەتلىرىنى كۆرەلمەيتتى.

أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ وَضَلَّ عَنۡهُم مَّا كَانُواْ يَفۡتَرُونَ ﴿٢١﴾

21 - ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى زىيانغا ئۇچراتقانلاردۇر. ئۇلارنىڭ: «بىزگە شاپائەت قىلىدۇ» دەپ چوقۇنغان ساختا مەبۇدلىرى ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالدى.

لَا جَرَمَ أَنَّهُمۡ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ هُمُ ٱلۡأَخۡسَرُونَ ﴿٢٢﴾

22 - شەكسىزكى، ئۇلار ئاخىرەتتە ئەڭ چوڭ زىيان تارتقۇچىلاردۇر. چۈنكى ئۇلار جەننەتنى دوزاختقا تېگىشىپ، دوزاختا تاشلانغان كىشىلەردۇر. شەكسىزكى، بۇ ئوپئوچۇق زىياندۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَأَخۡبَتُوٓاْ إِلَىٰ رَبِّهِمۡ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَنَّةِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٢٣﴾

23 - شەكسىزكى، ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاللاھ بۇيرۇغان ۋە توسقان بارلىق ئىشلاردا ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئەنە شۇلار جەننەت ئەھلىدۇر، ئۇلار جەننەتتە ئۆلمەيدۇ، ئۇنىڭدىن چىقمايدۇ ۋە مەڭگۈ تۇرىدۇ.

۞ مَثَلُ ٱلۡفَرِيقَيۡنِ كَٱلۡأَعۡمَىٰ وَٱلۡأَصَمِّ وَٱلۡبَصِيرِ وَٱلسَّمِيعِۚ هَلۡ يَسۡتَوِيَانِ مَثَلًاۚ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ﴿٢٤﴾

24 - كاپىرلار بىلەن مۆئمىنلەردىن ئىبارەت بۇ ئىككى پىرقىنىڭ بىرى كور بىلەن گاسقا، يەنە بىرى كۆزى كۆرىدىغان ۋە قۇلىقى ئاڭلايدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. چۈنكى، كاپىرلار پىرقىسى ھەقىقەتنى كۆرمەيدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا ئەگەشمەيدۇ، ئاللاھنىڭ دەۋەتچىسىنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلىمايدۇ، شۇڭا توغرا يول تاپمايدۇ. ئەمما مۆئمىنلەر پىرقىسى ئاللاھنىڭ دەلىل - پاكىتلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆرىدۇ، ئاللاھنىڭ دەۋەتچىسىنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلاپ ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ ئىككى پىرقە بىر - بىرىگە ئوخشامدۇ؟ سىلەر بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالماسلەر؟ ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟

وَلَقَدۡ أَرۡسَلۡنَا نُوحًا إِلَىٰ قَوۡمِهِۦٓ إِنِّي لَكُمۡ نَذِيرٞ مُّبِينٌ ﴿٢٥﴾

25 - شۈبھىسىزكى، بىز نۇھنى ئۆز قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. نۇھ ئۇلارغا: «مەن سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە ئاللاھ ماڭا چۈشۈرگەن ئەمر - پەرمانلارنى سىلەرگە چۈشىنىشلىك بايان قىلىپ بەرگۈچىمەن.

أَن لَّا تَعۡبُدُوٓاْ إِلَّا ٱللَّهَۖ إِنِّيٓ أَخَافُ عَلَيۡكُمۡ عَذَابَ يَوۡمٍ أَلِيمٖ ﴿٢٦﴾

26 - مەن سىلەرنى ئاللاھنى قويۇپ، ساختا مەبۇدلارغا چوقۇنماسلىققا ۋە ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇيمەن. ئەگەر سىلەر ئىبادەتنى يۆلۈنلەي ئاللاھقا قىلمىساڭلار، سىلەرنىڭ ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن» دېدى.

فَقَالَ ٱلۡمَلَأُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِن قَوۡمِهِۦ مَا نَرَىٰكَ إِلَّا بَشَرٗا مِّثۡلَنَا وَمَا نَرَىٰكَ ٱتَّبَعَكَ إِلَّا ٱلَّذِينَ هُمۡ أَرَاذِلُنَا بَادِيَ ٱلرَّأۡيِ وَمَا نَرَىٰ لَكُمۡ عَلَيۡنَا مِن فَضۡلِۭ بَلۡ نَظُنُّكُمۡ كَٰذِبِينَ ﴿٢٧﴾

27 - نۇھ قەۋمىنىڭ كاپىر كاتتىباشلىرى: «سەن پادىشاھ ئەمەس، پەقەتلا بىزدەك بىر ئىنسان. بىز تۇرغان يەردە قانداقلارچە ساڭا ۋەھيى كېلىدۇ؟ ھەمدە ساڭا ئارىمىزدىكى چولتا پىكىرلىك پەس ئادەملەردىن باشقىسىنىڭ ئەگەشمىگەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئى نۇھقا ئەگەشكەنلەر! بىزنىڭچە، سىلەر بۇ دىنغا كىرگەن بىلەن بىزدىن يا مال -

دۇنيادا ياكى باياشاتچىلىقتا ئېشىپ كەتكىنىڭلار يوق. شۇڭا، بىز سىلەرنى يالغانچى دەپ ئويلايمىز» دېدى.

قَالَ يَٰقَوۡمِ أَرَءَيۡتُمۡ إِن كُنتُ عَلَىٰ بَيِّنَةٖ مِّن رَّبِّي وَءَاتَىٰنِي رَحۡمَةٗ مِّنۡ عِندِهِۦ فَعُمِّيَتۡ عَلَيۡكُمۡ أَنُلۡزِمُكُمُوهَا وَأَنتُمۡ لَهَا كَٰرِهُونَ ﴿٢٨﴾

28 - نۇھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئېيتىڭلارچۇ، مەن سىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىشتا رەببىم تەرىپىدىن كەلگەن، مېنىڭ ھەق ئۈستىدە ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان ئېنىق دەلىل - پاكىتقا ئاساسلانغان ۋە پەيغەمبەرلىك نېمىتىگە ئېرىشكەن بولسام، سىلەر نادانلىقىڭلار سەۋەبلىك بۇ دەلىل - پاكىتنى بىلمىگەن بولساڭلار، سىلەر بۇ دىننى يامان كۆرۈپ تۇرساڭلارمۇ، سىلەرنى ئۇنىڭغا زورلاش توغرىمۇ؟ بىز ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمىز، سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى ئاللاھقا تاپشۇرىمىز، ئاللاھ ئۇنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

وَيَٰقَوۡمِ لَآ أَسۡـَٔلُكُمۡ عَلَيۡهِ مَالًاۖ إِنۡ أَجۡرِيَ إِلَّا عَلَى ٱللَّهِۚ وَمَآ أَنَا۠ بِطَارِدِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْۚ إِنَّهُم مُّلَٰقُواْ رَبِّهِمۡ وَلَٰكِنِّيٓ أَرَىٰكُمۡ قَوۡمٗا تَجۡهَلُونَ ﴿٢٩﴾

29 - ئى قەۋمىم! مەن سىلەرگە دىننى يەتكۈزگەنلىكىمنىڭ بەدىلىگە سىلەردىن پۇل - مال تەلەپ قىلمايمەن، لېكىن قىلغان دەۋىتىمنىڭ ساۋابىنى (ئاللاھتىن كۈتىمەن، چۈنكى ساۋاب) بېرىشنى ئاللاھ ئۈستىگە ئالغان. مۆئمىنلەرنى يېنىمدىن قوغلىۋېتىش ماڭا لايىق كەلمەيدۇ. شەكسىزكى، ئۇلار قىيامەت كۈنى رەببىگە ئۇچرىشىدىغان كىشىلەردۇر. لېكىن مەن سىلەرنى نادان قەۋم دەپ قارايمەن. چۈنكى سىلەر ئاللاھنىڭ دوستلىرىنى يېنىمدىن قوغلىۋېتىشىمنى ۋە ئۆزۈمدىن يىراق قىلىشىمنى تەلەپ قىلىۋاتىسىلەر.

وَيَٰقَوۡمِ مَن يَنصُرُنِي مِنَ ٱللَّهِ إِن طَرَدتُّهُمۡۚ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ﴿٣٠﴾

30 - ئى قەۋمىم! ئەگەر مەن ئۇ مۆئمىنلەرنى يېنىمدىن قوغلىۋەتسەم، ئاللاھ مېنى بۇ ئىشىم ئۈچۈن جازالىسا، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن مېنى كىم قۇتقۇزالايدۇ؟ سىلەر ئىشلارنى ئوبدان ئويلاپ باقمامسىلەر؟ ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ۋە ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلەتتىڭلار.

وَلَآ أَقُولُ لَكُمۡ عِندِي خَزَآئِنُ ٱللَّهِ وَلَآ أَعۡلَمُ ٱلۡغَيۡبَ وَلَآ أَقُولُ إِنِّي مَلَكٞ وَلَآ أَقُولُ لِلَّذِينَ تَزۡدَرِيٓ أَعۡيُنُكُمۡ لَن يُؤۡتِيَهُمُ ٱللَّهُ خَيۡرًاۖ ٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِمَا فِيٓ أَنفُسِهِمۡ إِنِّيٓ إِذٗا لَّمِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٣١﴾

31 - مەن سىلەرگە ئاللاھنىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرىمەن دېمەيمەن، مەن غەيبنى بىلمەيمەن، ئەلۋەتتە مەن ئۆزۈمنى پەرىشتىمۇ دېمەيمەن، سىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان ئاشۇ مۆئمىنلەرگە: ‹ئاللاھ سىلەرنىڭ ياخشى ئەمەللىرىڭلارنىڭ مۇكاپاتىنى بەرمەيدۇ› دېمەيمەن. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئەگەر مەن شۇنداق دېسەم ئۇ چاغدا مەن چوقۇم ئۆزۈمگە ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىمەن».

قَالُواْ يَٰنُوحُ قَدۡ جَٰدَلۡتَنَا فَأَكۡثَرۡتَ جِدَٰلَنَا فَأۡتِنَا بِمَا تَعِدُنَآ إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٣٢﴾

32 - ئۇلار: «ئى نۇھ! سەن بىز بىلەن جېدەللەشتىڭ، جېدەللەشكەندىمۇ كۆپ جېدەللىشىپ كەتتىڭ. ئەگەر سەن دېگەن سۆزلىرىڭدە راستچىل بولساڭ، بىزنى قورقۇتۇۋاتقان شۇ ئازابنى بىر كەلتۈرۈپ باققىنە!» دېدى.

قَالَ إِنَّمَا يَأۡتِيكُم بِهِ ٱللَّهُ إِن شَآءَ وَمَآ أَنتُم بِمُعۡجِزِينَ ٣٣

33 - نۇھ قەۋمىگە ئېيتتى: «ئەگەر ئاللاھ خالىسا، ئۇ ئازابنى سىلەرگە پەقەت ئۆزى كەلتۈرەلەيدۇ. ئاللاھ سىلەرنى ئازابلىماقچى بولسا، سىلەر ئۇنىڭدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر. چۈنكى، ئاللاھنى ھېچ نەرسە ئاجىز قىلالمايدۇ.

وَلَا يَنفَعُكُمۡ نُصۡحِيٓ إِنۡ أَرَدتُّ أَنۡ أَنصَحَ لَكُمۡ إِن كَانَ ٱللَّهُ يُرِيدُ أَن يُغۡوِيَكُمۡۚ هُوَ رَبُّكُمۡ وَإِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ ٣٤

34 - مەن سىلەرگە نەسىھەت قىلماقچى بولسام، ئاللاھ سىلەرنى ئازدۇرماقچى بولسا، مېنىڭ نەسىھەتىمنىڭ، ئىمانغا دەۋەت قىلىشتىكى تىرىشچانلىقىمنىڭ سىلەرگە پايدىسى بولمايدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر، سىلەر قىلمىشىڭلاردىن ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر».

أَمۡ يَقُولُونَ ٱفۡتَرَىٰهُۖ قُلۡ إِنِ ٱفۡتَرَيۡتُهُۥ فَعَلَيَّ إِجۡرَامِي وَأَنَا۠ بَرِيٓءٞ مِّمَّا تُجۡرِمُونَ ٣٥

35 - نۇھنىڭ قەۋمىدىن بولغان ئاشۇ مۇشرىكلار: «بۇ سۆزنى نۇھ ئۆزى توقۇپ چىققان» دېيىشەمدۇ؟ ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر مەن ئۇ سۆزنى ئاللاھ نامىدىن توقۇپ چىققان بولسام، بۇنىڭ گۇناھى ئۆزۈمگە بولىدۇ. ئەگەر مېنىڭ ئېيتقانلىرىم راست بولسا، ئۇ چاغدا سىلەر گۇناھكار بولىسىلەر. سىلەرنىڭ كاپىرلىقىڭلار ۋە قىلمىشىڭلار بىلەن مېنىڭ ھېچبىر مۇناسىۋىتىم يوق».

وَأُوحِيَ إِلَىٰ نُوحٍ أَنَّهُۥ لَن يُؤۡمِنَ مِن قَوۡمِكَ إِلَّا مَن قَدۡ ءَامَنَ فَلَا تَبۡتَئِسۡ بِمَا كَانُواْ يَفۡعَلُونَ ٣٦

36 - نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئازابقا تېگىشلىك بولغاندا، ئاللاھ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ ۋەھيى قىلدى: «شەكسىزكى، سېنىڭ قەۋمىڭ ئىچىدىن ئىلگىرى ساڭا ئىمان ئېيتقانلاردىن باشقا ئىمان ئېيتىدىغانلار چىقمايدۇ. شۇڭا سەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن قايغۇرمىغىن.

وَٱصۡنَعِ ٱلۡفُلۡكَ بِأَعۡيُنِنَا وَوَحۡيِنَا وَلَا تُخَٰطِبۡنِي فِي ٱلَّذِينَ ظَلَمُوٓاْ إِنَّهُم مُّغۡرَقُونَ ٣٧

37 - سەن بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا، بىزنىڭ ئەمرىمىز ۋە ياردىمىمىز بىلەن بىر كېمە ياسىغىن، سەن مەندىن قەۋمىڭ ئىچىدىكى كاپىرلارغا مۆھلەت بېرىشىمنى تىلىمىگىن. چۈنكى ئۇلار توپان بالاسىدا ھالاك بولىدۇ». (بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق كۆزى بارلىقىغا دەلىل بار).

وَيَصۡنَعُ ٱلۡفُلۡكَ وَكُلَّمَا مَرَّ عَلَيۡهِ مَلَأٞ مِّن قَوۡمِهِۦ سَخِرُواْ مِنۡهُۚ قَالَ إِن تَسۡخَرُواْ مِنَّا فَإِنَّا نَسۡخَرُ مِنكُمۡ كَمَا تَسۡخَرُونَ ٣٨

38 - نۇھ كېمە ياساۋاتاتتى، ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرى قاچانلا ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتسە ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى. نۇھ ئۇلارغا ئېيتتى: «ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن بىزنى مەسخىرە قىلساڭلار، شەكسىزكى، سىلەر ئەتە توپان بالاسىدا غەرق بولغاندا بىزمۇ سىلەرنى خۇددى سىلەر بىزنى مەسخىرە قىلغاندەك مەسخىرە قىلىمىز.

فَسَوۡفَ تَعۡلَمُونَ مَن يَأۡتِيهِ عَذَابٞ يُخۡزِيهِ وَيَحِلُّ عَلَيۡهِ عَذَابٞ مُّقِيمٌ ٣٩

39 - ئاللاھنىڭ جازالاش ئەمرى كەلگەن چاغدا، سىلەر خار قىلغۇچى قاتتىق ئازابنىڭ كىمنىڭ

ئۇستىگە كېلىدىغانلىقىنى، ئاخىرەتتىكى دائىمىي ئازابنىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى
بىلىپ قالىسىلەر».

حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَ أَمۡرُنَا وَفَارَ ٱلتَّنُّورُ قُلۡنَا ٱحۡمِلۡ فِيهَا مِن كُلّٖ زَوۡجَيۡنِ ٱثۡنَيۡنِ وَأَهۡلَكَ إِلَّا مَن سَبَقَ
عَلَيۡهِ ٱلۡقَوۡلُ وَمَنۡ ءَامَنَۚ وَمَآ ءَامَنَ مَعَهُۥٓ إِلَّا قَلِيلٞ ﴿٤٠﴾

40 ـ ئۇلگىرى بىز نۇھقا ۋەدە قىلغىنىمىزدەك، كاپىرلارنى ھالاك قىلىش ھەققىدىكى ئەمرىمىز
كېلىپ، ئازابنىڭ كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە تونۇردىن سۇ شىددەت بىلەن
ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىغان چاغدا، نۇھقا دېدۇقكى: «جانلىقلارنىڭ ھەربىر تۈرىدىن
ئەركەك ـ چىشى قىلىپ بىر جۈپتىن ۋە ئائىلەڭدىكىلەردىن غەرق بولىدىغانلىقى ھەققىدە
ھۆكۈم قىلىنىپ بولغان ئايالىڭ ۋە ئوغلۇڭدىن باشقىلارنى، شۇنداقلا ساڭا ئەگەشكەن
مۇئمىنلەرنى كېمىگە ئېلىۋالغىن» دېدۇق. ئۇنىڭ قەۋمى ئىچىدىن پەقەت ئازغىنە كىشى
ئىمان ئېيتقان ئىدى.

۞وَقَالَ ٱرۡكَبُواْ فِيهَا بِسۡمِ ٱللَّهِ مَجۡرٜىٰهَا وَمُرۡسَىٰهَآۚ إِنَّ رَبِّي لَغَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٤١﴾

41 ـ نۇھ ئۆزىگە ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقان كىشىلەرگە ئېيتتى: «كېمىگە چىقىڭلار، ئۇنىڭ
مېڭىشى ۋە توختىشى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، مېنىڭ رەببىم
قىلمىشىغا تەۋبە قىلغان بەندىلىرىنىڭ گۇناھىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر،
ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر».

وَهِيَ تَجۡرِي بِهِمۡ فِي مَوۡجٖ كَٱلۡجِبَالِ وَنَادَىٰ نُوحٌ ٱبۡنَهُۥ وَكَانَ فِي مَعۡزِلٖ يَٰبُنَيَّ ٱرۡكَب مَّعَنَا وَلَا
تَكُن مَّعَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٤٢﴾

42 ـ كېمە ئۇلارنى ئېلىپ تاغدەك دولقۇنلار ئىچىدە ئۈزۈپ باراتتى، نۇھ ئۆزىدىن يىراقتا
تۇرغان ئوغلىنى چاقىرىپ: «ئى ئوغلۇم، بىز بىلەن بىللە كېمىگە چىقىۋالغىن، كاپىرلار
بىلەن بىللە بولمىغىن، ھالاك بولۇپ كېتىسەن» دەپ توۋلىدى.

قَالَ سَـَٔاوِيٓ إِلَىٰ جَبَلٖ يَعۡصِمُنِي مِنَ ٱلۡمَآءِۚ قَالَ لَا عَاصِمَ ٱلۡيَوۡمَ مِنۡ أَمۡرِ ٱللَّهِ إِلَّا مَن رَّحِمَۚ
وَحَالَ بَيۡنَهُمَا ٱلۡمَوۡجُ فَكَانَ مِنَ ٱلۡمُغۡرَقِينَ ﴿٤٣﴾

43 ـ نۇھنىڭ ئوغلى: «مەن مېنى سۇدىن ساقلاپ قالىدىغان بىر تاغنىڭ ئۈستىگە
چىقىۋالىمەن، ئۇ مېنى غەرق بولۇشتىن ساقلاپ قالىدۇ» دېدى. نۇھ: «بۈگۈن
ئاللاھ تەقدىر قىلغان ھالاكەتتىن، پەقەتلا ئاللاھ رەھىم قىلغان ۋە بىز بىلەن بىللە
كېمىگە چىقىۋالغان ئادەمدىن باشقا ھېچكىم قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ. ئىمان ئېيت، بىز
بىلەن كېمىگە چىقىۋال» دېدى. يۈكسىلىپ كەلگەن دولقۇن نۇھ بىلەن ئوغلىنى بىر
ـ بىرىدىن ئايرىۋەتتى ـ دە، ئۇنىڭ ئوغلى توپان بالاسىدا سۇغا غەرق بولۇپ ھالاك
بولغۇچىلارنىڭ قاتارىدىن بولدى.

وَقِيلَ يَٰٓأَرۡضُ ٱبۡلَعِي مَآءَكِ وَيَٰسَمَآءُ أَقۡلِعِي وَغِيضَ ٱلۡمَآءُ وَقُضِيَ ٱلۡأَمۡرُ وَٱسۡتَوَتۡ عَلَى ٱلۡجُودِيِّۖ
وَقِيلَ بُعۡدٗا لِّلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٤٤﴾

44 ـ ئاللاھ نۇھ قەۋمىنى ھالاك قىلىۋەتكەندىن كېيىن، زېمىنغا خىتاب قىلىپ: «ئى زېمىن!
سۈيۈڭنى يۇتقىن، ئى بۇلۇت! يامغۇرنى توختاتقىن» دېدى، سۇ تارتىلدى، ئاللاھنىڭ

نۇھ قەۋمىنى ھالاك قىلىش ئەمرى ئەمەلگە ئاشتى. كېمە جۇدى[1] تېغىنىڭ ئۈستىدە توختىدى. «ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدىن چەتنەپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىغان قەۋم ھالاك بولسۇن!» دېيىلدى.

وَنَادَىٰ نُوحٌ رَّبَّهُۥ فَقَالَ رَبِّ إِنَّ ٱبْنِى مِنْ أَهْلِى وَإِنَّ وَعْدَكَ ٱلْحَقُّ وَأَنتَ أَحْكَمُ ٱلْحَـٰكِمِينَ ﴿٤٥﴾

45 - نۇھ رەببىگە ئىلتىجا قىلىپ: «ئى رەببىم! سەن مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەرنى ھالاكەتتىن ساقلاپ قېلىشقا ۋەدە قىلغان ئىدىڭ. ئوغلۇم مېنىڭ ئائىلەمدىندۇر. شەكسىزكى، سېنىڭ ۋەدەڭ ئەلۋەتتە ھەقتۇر، سەن ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچىسەن» دېدى.

قَالَ يَـٰنُوحُ إِنَّهُۥ لَيْسَ مِنْ أَهْلِكَ ۖ إِنَّهُۥ عَمَلٌ غَيْرُ صَـٰلِحٍ ۖ فَلَا تَسْـَٔلْنِ مَا لَيْسَ لَكَ بِهِۦ عِلْمٌ ۖ إِنِّىٓ أَعِظُكَ أَن تَكُونَ مِنَ ٱلْجَـٰهِلِينَ ﴿٤٦﴾

46 - ئاللاھ ئېيتتى: «ئى نۇھ! ھالاك بولۇپ كەتكەن ئۇ ئوغلۇڭ مەن قۇتقۇزىمەن دەپ ۋەدە قىلغان ئائىلە ئەزالىرىڭ قاتارىدىن ئەمەس. بۇ ئۇنىڭ كاپىرلىقى ۋە ئەمەلىنىڭ يامانلىقى سەۋەبىدىندۇر. سەن ھەقىقىتىنى ئۆزۈڭ بىلمەيدىغان نەرسىنى مەندىن تىلىمىگىن، نادانلار قاتارىدىن بولۇپ قالماسلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا نەسىھەت قىلىۋاتىمەن».

قَالَ رَبِّ إِنِّىٓ أَعُوذُ بِكَ أَنْ أَسْـَٔلَكَ مَا لَيْسَ لِى بِهِۦ عِلْمٌ ۖ وَإِلَّا تَغْفِرْ لِى وَتَرْحَمْنِىٓ أَكُن مِّنَ ٱلْخَـٰسِرِينَ ﴿٤٧﴾

47 - نۇھ ئېيتتى: «ئى رەببىم! ئۆزۈم ھەقىقىتىنى بىلمىگەن نەرسىنى سەندىن تىلەشتىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. ئەگەر مېنىڭ گۇناھىمنى كەچۈرمىسەڭ ۋە ماڭا رەھىم قىلمىساڭ، مەن ئۆز نەپسىگە ئالدىنىپ كېتىپ ھالاك بولغۇچىلاردىن بولۇپ قالىمەن».

قِيلَ يَـٰنُوحُ ٱهْبِطْ بِسَلَـٰمٍ مِّنَّا وَبَرَكَـٰتٍ عَلَيْكَ وَعَلَىٰٓ أُمَمٍ مِّمَّن مَّعَكَ ۚ وَأُمَمٌ سَنُمَتِّعُهُمْ ثُمَّ يَمَسُّهُم مِّنَّا عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٤٨﴾

48 - ئاللاھ ئېيتتى: «ئى نۇھ! سەن ساڭا ۋە سەن بىلەن كېمىگە چىققانلارغا بىز تەرەپتىن بېرىلگەن ئامانلىق، سالامەتلىك ۋە بەرىكەتلەر بىلەن كېمىدىن چۈشكىن. (ئۇلارنىڭ نەسلىدىن) شۇنداق بەدبەخت جامائەلەر كېلىدۇكى، ئۇلارنى ئەجىلى توشقانغا قەدەر دۇنيا مەنپەئەتىدىن بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىلىقى سەۋەبلىك بىزنىڭ قاتتىق ئازابىمىزغا ئۇچرايدۇ».

تِلْكَ مِنْ أَنۢبَآءِ ٱلْغَيْبِ نُوحِيهَآ إِلَيْكَ ۖ مَا كُنتَ تَعْلَمُهَآ أَنتَ وَلَا قَوْمُكَ مِن قَبْلِ هَـٰذَا ۖ فَٱصْبِرْ ۖ إِنَّ ٱلْعَـٰقِبَةَ لِلْمُتَّقِينَ ﴿٤٩﴾

49 - ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا بايان قىلىپ بەرگەن ئاشۇ قىسسىلەر ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ خەۋەرلىرى بولۇپ، ئۇلارنى بىز ساڭا ۋەھيى ئارقىلىق بىلدۈرۈۋاتىمىز. چۈنكى سەن ۋە سېنىڭ قەۋمىڭ بۇ باياندىن ئىلگىرى ھېچ نەرسە بىلمەيتتىڭلار. شۇڭا سەن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك، قەۋمىڭنىڭ ئىنكارچىلىقىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلغىن. شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشى ئاقىۋەت ئاللاھتىن قورقىدىغان تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر.

---

[1] جۇدى تېغى تۈركىيەنىڭ سۈرىيە ۋە ئىراق چېگرىسى ئەتراپىغا جايلاشقان.

وَإِلَىٰ عَادٍ أَخَاهُمۡ هُودٗاۚ قَالَ يَٰقَوۡمِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنۡ إِلَٰهٍ غَيۡرُهُۥٓۖ إِنۡ أَنتُمۡ إِلَّا مُفۡتَرُونَ ٥٠

50 ـ ئاد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى ھۇدنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. ھۇد ئۇلارغا
ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىڭلار، چۈنكى سىلەرگە ئاللاھتىن
باشقا ئىبادەتكە لايىق مەبۇد يوقتۇر. شۇڭا ئىبادەتنى ئۇنىڭغىلا خاس قىلىڭلار. سىلەر
ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇۋاتىسىلەر.

يَٰقَوۡمِ لَآ أَسۡـَٔلُكُمۡ عَلَيۡهِ أَجۡرًاۖ إِنۡ أَجۡرِيَ إِلَّا عَلَى ٱلَّذِي فَطَرَنِيٓۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ٥١

51 ـ ئى قەۋمىم! مەن سىلەرنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا ۋە بۇتلارنى تاشلاشقا دەۋەت
قىلغانلىقىمنىڭ بەدىلىگە سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مېنىڭ ئەجرىمنى پەقەتلا
ئاللاھ ئۆزى بېرىدۇ، سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىپ، ھەق بىلەن باتىلنى، توغرا بىلەن
خاتانى ئايرىمامسىلەر؟.

وَيَٰقَوۡمِ ٱسۡتَغۡفِرُواْ رَبَّكُمۡ ثُمَّ تُوبُوٓاْ إِلَيۡهِ يُرۡسِلِ ٱلسَّمَآءَ عَلَيۡكُم مِّدۡرَارٗا وَيَزِدۡكُمۡ قُوَّةً إِلَىٰ
قُوَّتِكُمۡ وَلَا تَتَوَلَّوۡاْ مُجۡرِمِينَ ٥٢

52 ـ ئى قەۋمىم! رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن
گۇناھىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار. ئەگەر سىلەر شۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە كۆپ
يېغىن ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مول ھوسۇللۇقلار ئاشىدۇ، پەرزەنتلىرىڭلارنى
ۋە نېمەتلەرنى زىيادە قىلىش ئارقىلىق سىلەرنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلارغا كۈچ ـ قۇۋۋەت
قوشىدۇ. شۇڭا، سىلەر ماڭا ئاسىيلىق قىلىشنى تاشلاڭلار، مېنىڭ دەۋىتىمدىن يۈز
ئۆرۈمەڭلار».

قَالُواْ يَٰهُودُ مَا جِئۡتَنَا بِبَيِّنَةٖ وَمَا نَحۡنُ بِتَارِكِيٓ ءَالِهَتِنَا عَن قَوۡلِكَ وَمَا نَحۡنُ لَكَ بِمُؤۡمِنِينَ ٥٣

53 ـ ئۇلار ئېيتتى: «ئى ھۇد! سەن دەۋەت قىلىۋاتقان دىنىڭنىڭ راستلىقى توغرۇلۇق بىزگە
ھېچقانداق روشەن دەلىل كەلتۈرمىدىڭ، بىز چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان مەبۇدلىرىمىزنى
سېنىڭ سۆزۈڭگە كىرىپ تاشلىمايمىز، بىز سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگىمۇ ئىشەنمەيمىز.

إِن نَّقُولُ إِلَّا ٱعۡتَرَىٰكَ بَعۡضُ ءَالِهَتِنَا بِسُوٓءٖۗ قَالَ إِنِّيٓ أُشۡهِدُ ٱللَّهَ وَٱشۡهَدُوٓاْ أَنِّي بَرِيٓءٞ مِّمَّا
تُشۡرِكُونَ ٥٤ مِن دُونِهِۦۖ فَكِيدُونِي جَمِيعٗا ثُمَّ لَا تُنظِرُونِ ٥٥

54 ـ 55 ـ بىز پەقەت ‹سېنىڭ بىزنى مەبۇدلىرىمىزغا چوقۇنۇشتىن توسقانلىقىڭ ئۈچۈن،
مەبۇدلىرىمىزنىڭ بەزىسى سېنى ساراڭ قىلىپ قويۇپتۇ› دەيمىز». ھۇد ئۇلارغا ئېيتتى:
«ھەقىقەتەن مەن سۆزۈمگە ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىمەن، سىلەرمۇ گۇۋاھ بولۇڭلاركى،
مەن سىلەرنىڭ ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان بۇتلىرىڭلاردىن ئەلۋەتتە يىراقمەن. سىلەر ۋە
بۇتلىرىڭلار بىرلىشىپ ماڭا سۇيىقەست قىلىشقا ئۇرۇنۇپ بېقىڭلار، ھەتتا ماڭا ئازراقمۇ
مۆھلەت بەرمەي تۇتۇش قىلىڭلار». چۈنكى ھۇد ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ۋە قەۋمى
چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنىڭ ئۇنىڭغا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىغا چىن ئىشىنەتتى.

إِنِّي تَوَكَّلۡتُ عَلَى ٱللَّهِ رَبِّي وَرَبِّكُمۚ مَّا مِن دَآبَّةٍ إِلَّا هُوَ ءَاخِذُۢ بِنَاصِيَتِهَآۚ إِنَّ رَبِّي عَلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ٥٦

56 ـ شەكسىزكى، مەن مېنىڭ رەببىم ۋە سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلار بولغان ئاللاھقا تاياندىم.
ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلۈكىدۇر ۋە ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر. ماڭا رەببىمنىڭ ئىرادىسى
سىرتىدا ھېچ نەرسە بولمايدۇ، ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر، يەر يۈزىدىكى جانلىقلارنىڭ

ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. رەببىم توغرا يولدىدۇر، يەنى ھۆكۈملىرىدە، بەلگىلىمىلىرىدە ئادالەتلىكتۇر، ياخشىلارنى ياخشىلىقىغا ئاساسەن مۇكاپاتلايدۇ، يامانلارنى يامانلىقى سەۋەبلىك جازالايدۇ.

فَإِن تَوَلَّوْاْ فَقَدْ أَبْلَغْتُكُم مَّآ أُرْسِلْتُ بِهِۦٓ إِلَيْكُمْۚ وَيَسْتَخْلِفُ رَبِّى قَوْمًا غَيْرَكُمْ وَلَا تَضُرُّونَهُۥ شَيْـًٔاۚ إِنَّ رَبِّى عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ حَفِيظٌ ﴿٥٧﴾

57 - ئەگەر سىلەر مېنىڭ: ‹ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي مەبۇد يوق› دېگەن دەۋىتىمنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتساڭلار، مەن سىلەرگە رەببىمنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈپ قويدۇم. سىلەرگە قارشى پاكىت مەيدانغا چىقتى (سىلەر ئەمدى دەۋەتنى ئاڭلىمىدۇق دېيەلمەيسىلەر). ئاللاھقا ئىمان ئېيتمىساڭلار، ئاللاھ خالىسا سىلەرنى ھالاك قىلىۋېتىپ، ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى سىلەرنىڭ يەر - ماكانلىرىڭلارغا ۋە مال - مۈلۈكلىرىڭلارغا ئىگە قىلىدۇ، ئۇلار ئاللاھقا خالىس ئىبادەت قىلىدۇ. سىلەر ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر. رەببىم ھەقىقەتەن ھەربىر نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇ مېنى سىلەرنىڭ يامانلىقىڭلاردىن ساقلايدۇ».

وَلَمَّا جَآءَ أَمْرُنَا نَجَّيْنَا هُودًا وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَعَهُۥ بِرَحْمَةٍ مِّنَّا وَنَجَّيْنَٰهُم مِّنْ عَذَابٍ غَلِيظٍ ﴿٥٨﴾

58 - بىزنىڭ ھۇد قەۋمىنى جازالاش ھەققىدىكى بۇيرۇقىمىز كەلگەندە، ھۇدنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۇئمىنلەرنى رەھمىتىمىز بىلەن قۇتقۇزدۇق، ئۇلارنى ئاد قەۋمىگە چۈشكەن قاتتىق ئازابتىن خالاس قىلدۇق.

وَتِلْكَ عَادٌۖ جَحَدُواْ بِـَٔايَٰتِ رَبِّهِمْ وَعَصَوْاْ رُسُلَهُۥ وَٱتَّبَعُوٓاْ أَمْرَ كُلِّ جَبَّارٍ عَنِيدٍ ﴿٥٩﴾

59 - ئەنە شۇ ئاد قەۋمى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلدى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلدى، ئۇلار ھەقىقەتنى قوبۇل قىلمايدىغان ھەرقانداق مۇتەكەببىرنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلدى.

وَأُتْبِعُواْ فِى هَٰذِهِ ٱلدُّنْيَا لَعْنَةً وَيَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِۗ أَلَآ إِنَّ عَادًا كَفَرُواْ رَبَّهُمْۗ أَلَا بُعْدًا لِّعَادٍ قَوْمِ هُودٍ ﴿٦٠﴾

60 - ئۇلار بۇ دۇنيادا ئاللاھنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىدى، قىيامەت كۈنىمۇ لەنەتكە ئۇچرايدۇ. بىلىڭلاركى، ئاد قەۋمى ئاللاھنى ئىنكار قىلدى، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى يالغانغا چىقاردى. ئاد قەۋمى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكى ۋە ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىندى ۋە ھالاك بولۇپ تۈگەشتى.

۞ وَإِلَىٰ ثَمُودَ أَخَاهُمْ صَٰلِحًاۚ قَالَ يَٰقَوْمِ ٱعْبُدُواْ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَٰهٍ غَيْرُهُۥۖ هُوَ أَنشَأَكُم مِّنَ ٱلْأَرْضِ وَٱسْتَعْمَرَكُمْ فِيهَا فَٱسْتَغْفِرُوهُ ثُمَّ تُوبُوٓاْ إِلَيْهِۚ إِنَّ رَبِّى قَرِيبٌ مُّجِيبٌ ﴿٦١﴾

61 - سەمۇد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، سالىھ ئۇلارغا ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەي، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاتاڭلار ئادەمنى تۇپراقتىن ياراتقان، سىلەرنى زېمىننى ئاۋاتلاشتۇرغۇچى قىلغان زاتتۇر. سىلەر ئاللاھتىن گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەڭلار، ئاللاھ تەرەپكە قايتىپ تەۋبە قىلىڭلار. چۈنكى رەببىم ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلغان ۋە ئۆزىگە تەۋبە بىلەن يۈزلەنگەن بەندىسىگە ئەڭ يېقىندۇر، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغۇچىدۇر».

قَالُواْ يَٰصَٰلِحُ قَدۡ كُنتَ فِينَا مَرۡجُوّٗا قَبۡلَ هَٰذَآۖ أَتَنۡهَىٰنَآ أَن نَّعۡبُدَ مَا يَعۡبُدُ ءَابَآؤُنَا وَإِنَّنَا لَفِي
شَكّٖ مِّمَّا تَدۡعُونَآ إِلَيۡهِ مُرِيبٖ ﴿٦٢﴾

62 - سەمۇد قەۋمى ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرى سالىھ ئەلەيھىسسالامغا: «ئى سالىھ! سەن بىزگە بۇ سۆزۈڭنى ئېيتىشتىن بۇرۇن، بىز سېنىڭ ئارىمىزدا سۆزى ئۆتىدىغان، ھەممە ئىتائەت قىلىدىغان، ھۆرمەتلىك كىشى بولۇشۇڭنى ئارزۇ قىلاتتۇق. ئەمدى سەن بىزنى ئاتا - بوۋىلىرىمىز چوقۇنۇپ كەلگەن مەبۇدلارغا چوقۇنۇشتىن توسامسەن؟ شەك - شۈبھىسىزكى، بىز سېنىڭ بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىدىغان دەۋىتىڭ توغرۇلۇق ھەقىقەتەن چوڭقۇر شەك ئىچىدىمىز» دېيىشتى.

قَالَ يَٰقَوۡمِ أَرَءَيۡتُمۡ إِن كُنتُ عَلَىٰ بَيِّنَةٖ مِّن رَّبِّي وَءَاتَىٰنِي مِنۡهُ رَحۡمَةٗ فَمَن يَنصُرُنِي مِنَ ٱللَّهِ إِنۡ
عَصَيۡتُهُۥۖ فَمَا تَزِيدُونَنِي غَيۡرَ تَخۡسِيرٖ ﴿٦٣﴾

63 - سالىھ قەۋمىگە ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئېيتىڭلارچۇ، ئەگەر مەن رەببىم تەرىپىدىن ئېنىق دەلىلگە ئاساسلانغان بولۇپ تۇرۇپ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىك نېمىتىگە سازاۋەر بولۇپ تۇرۇپ، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلسام، ئۇنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈشنى ۋە سىلەرگە نەسىھەت قىلىشنى تەرك ئەتسەم، مېنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن كىم قۇتقۇزۇپ قويىدۇ؟ ئۇ چاغدا سىلەر ماڭا ئازدۇرۇشتىن ۋە ياخشىلىقتىن مەھرۇم قىلىشتىن باشقا ھېچ نەرسە قىلىپ بېرەلمەيسىلەر.

وَيَٰقَوۡمِ هَٰذِهِۦ نَاقَةُ ٱللَّهِ لَكُمۡ ءَايَةٗۖ فَذَرُوهَا تَأۡكُلۡ فِيٓ أَرۡضِ ٱللَّهِۖ وَلَا تَمَسُّوهَا بِسُوٓءٖ فَيَأۡخُذَكُمۡ
عَذَابٞ قَرِيبٞ ﴿٦٤﴾

64 - ئى قەۋمىم! ئاللاھنىڭ (تاشتىن چىقىرىپ بەرگەن) بۇ چىشى تۆگىسى سىلەرگە مېنىڭ راستىنلا ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان مۆجىزىدۇر. شۇڭا سىلەر ئۇ تۆگىنى قويۇۋېتىڭلار، ئاللاھنىڭ زېمىنىدا ئوتلىسۇن، ئۇنىڭ رىزقىنى سىلەر بەرمەيسىلەر، ئۇنىڭغا قىلچە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەڭلار. ئەگەر سىلەر شۇنداق قىلساڭلار، يېقىندا ئاللاھ تەرىپىدىن كېلىدىغان بىر ئازاب سىلەرنى ھالاك قىلىدۇ».

فَعَقَرُوهَا فَقَالَ تَمَتَّعُواْ فِي دَارِكُمۡ ثَلَٰثَةَ أَيَّامٖۖ ذَٰلِكَ وَعۡدٌ غَيۡرُ مَكۡذُوبٖ ﴿٦٥﴾

65 - ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى يالغانغا چىقاردى ۋە چىشى تۆگىنى بوغۇزلىدى. سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سىلەر يۇرتۇڭلاردا ھاياتلىقتىن ئۈچ كۈن بەھرىمەن بولۇۋېلىڭلار، شۇنىڭدىن كېيىن سىلەرگە چوقۇم ئازاب چۈشىدۇ، بۇ ئاللاھنىڭ ۋەدىسى بولۇپ، بۇنىڭ قىلچە يالغىنى يوق ۋە چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ» دېدى.

فَلَمَّا جَآءَ أَمۡرُنَا نَجَّيۡنَا صَٰلِحٗا وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَعَهُۥ بِرَحۡمَةٖ مِّنَّا وَمِنۡ خِزۡيِ يَوۡمِئِذٍۚ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ
ٱلۡقَوِيُّ ٱلۡعَزِيزُ ﴿٦٦﴾

66 - بىزنىڭ سەمۇد قەۋمىنى ھالاك قىلىش توغرىسىدىكى ئەمرىمىز كەلگەندە، سالىھنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلارنى رەھمىتىمىز بىلەن ھالاكەتتىن قۇتقۇزدۇق، ئۇلارنى شۇ كۈننىڭ رەسۋالىقىدىن ۋە خارلىقىدىن خالاس قىلدۇق. ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، ھەممىدىن غالىبتۇر. ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ زالىملارنى ھالاك قىلىپ، مۆئمىنلەرنى قۇتقۇزغانلىقىدۇر.

وَأَخَذَ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ ٱلصَّيۡحَةُ فَأَصۡبَحُواْ فِي دِيَٰرِهِمۡ جَٰثِمِينَ ﴿٦٧﴾

67 - ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان سەمۇد قەۋمىگە قاتتىق ئاۋاز يۈزلەندى- دە، ئۇلار ئۆيلىرىدە دۈم چۈشكەن پېتى ئۆلۈپ قېتىپ قالدى.

كَأَن لَّمۡ يَغۡنَوۡاْ فِيهَآۗ أَلَآ إِنَّ ثَمُودَاْ كَفَرُواْ رَبَّهُمۡۗ أَلَا بُعۡدٗا لِّثَمُودَ ﴿٦٨﴾

68 - ئۇلار تېز ھالاك بولۇپ كەتكەنلىكتىن گويا ئۆز دىيارىدا ياشىمىغاندەكلا بولۇپ قالدى. بىلىڭلاركى، سەمۇد قەۋمى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە مۆجىزىسىنى ئىنكار قىلدى، سەمۇد قەۋمى ئۆز قىلمىشى سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىندى. بۇ نېمىدېگەن چوڭ بەختسىزلىك؟!

وَلَقَدۡ جَآءَتۡ رُسُلُنَآ إِبۡرَٰهِيمَ بِٱلۡبُشۡرَىٰ قَالُواْ سَلَٰمٗاۖ قَالَ سَلَٰمٞۖ فَمَا لَبِثَ أَن جَآءَ بِعِجۡلٍ حَنِيذٖ ﴿٦٩﴾

69 - شۈبھىسىزكى، پەرىشتىلەر ئىبراھىم بىلەن ئايالىغا ئىسھاق ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىدىغان يەئقۇب توغرۇلۇق خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدى ۋە «ساڭا ئامانلىق بولسۇن» دەپ سالام بەردى. ئىبراھىممۇ: «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن» دەپ سالامنى ئىلىك ئالدى، ئاندىن تېزلا كىرىپ كېتىپ، بىر موزاينى كاۋاپ قىلىپ ئېلىپ كەلدى.

فَلَمَّا رَءَآ أَيۡدِيَهُمۡ لَا تَصِلُ إِلَيۡهِ نَكِرَهُمۡ وَأَوۡجَسَ مِنۡهُمۡ خِيفَةٗۚ قَالُواْ لَا تَخَفۡ إِنَّآ أُرۡسِلۡنَآ إِلَىٰ قَوۡمِ لُوطٖ ﴿٧٠﴾

70 - ئىبراھىم ئۇلارنىڭ كاۋاپقا قول ئۇزاتمايۋاتقانلىقىنى ۋە پەقەت يېمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ قورقۇپ قالدى، (شۇنداقتىمۇ) ئۇلارغا بىلىندۈرمىدى. پەرىشتىلەر ئىبراھىمنىڭ قورقۇپ كەتكەنلىكىگە قاراپ: «قورقمىغىن، بىز رەببىڭنىڭ لۇتنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن پەرىشتىلىرىمىز» دېدى.

وَٱمۡرَأَتُهُۥ قَآئِمَةٞ فَضَحِكَتۡ فَبَشَّرۡنَٰهَا بِإِسۡحَٰقَ وَمِن وَرَآءِ إِسۡحَٰقَ يَعۡقُوبَ ﴿٧١﴾

71 - ئىبراھىمنىڭ ئايالى سارە پەردىنىڭ ئارقىسىدا ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇراتتى، ئاڭلىغانلىرىغا ئەجەبلىنىپ كۈلۈپ كەتتى. بىز پەرىشتىلىرىمىز ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىبراھىمدىن بىر ئوغۇل تۇغىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنى ئىسھاق قويىدىغانلىقى، ئىسھاقنىڭ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ يەئقۇب ئىسىملىك ئوغلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە خۇش - خەۋەر بەردۇق.

قَالَتۡ يَٰوَيۡلَتَىٰٓ ءَأَلِدُ وَأَنَا۠ عَجُوزٞ وَهَٰذَا بَعۡلِي شَيۡخًاۖ إِنَّ هَٰذَا لَشَيۡءٌ عَجِيبٞ ﴿٧٢﴾

72 - سارە ئۆزىنىڭ تۇغىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ: «ۋىيەي! مەن بىر موماي تۇرسام، ئېرىم بىر بوۋاي تۇرسا، قانداقمۇ مېنىڭ ئوغلۇم بولسۇن؟ مەن ۋە ئېرىمدەك ياشىنىپ قالغان بىرلىرىنىڭ بۇ ياشتا پەرزەنت كۆرۈشى ھەقىقەتەن قىزىق ئىشقۇ!» دېدى.

قَالُوٓاْ أَتَعۡجَبِينَ مِنۡ أَمۡرِ ٱللَّهِۖ رَحۡمَتُ ٱللَّهِ وَبَرَكَٰتُهُۥ عَلَيۡكُمۡ أَهۡلَ ٱلۡبَيۡتِۚ إِنَّهُۥ حَمِيدٞ مَّجِيدٞ ﴿٧٣﴾

73 - پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: «ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە ھەيران قېلىۋاتامسىز؟ ئى پەيغەمبەر ئائىلىسىدىكىلەر! ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى سىلەرگە بولسۇن! شەكسىزكى، ئاللاھ بارلىق سۈپەتلىرىدە ۋە ئىشلىرىدا مەدھىيەگە لايىقتۇر، ئۇلۇغلاشقا سازاۋەردۇر» دېدى.

فَلَمَّا ذَهَبَ عَنۡ إِبۡرَٰهِيمَ ٱلرَّوۡعُ وَجَآءَتۡهُ ٱلۡبُشۡرَىٰ يُجَٰدِلُنَا فِي قَوۡمِ لُوطٍ ﴿٧٤﴾

74 - مېهمانلارنىڭ تاماق يېمىگەنلىكىدىن پەيدا بولغان قورقۇنچ ئىبراھىمدىن يوقالغان ۋە ئىسھاق بىلەن يەئقۇب توغرۇلۇق خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ بىز ئەۋەتكەن پەرىشتىلەر بىلەن لۇتنىڭ قەۋمى ۋە ئۇلارنىڭ ھالاكەت خەۋىرى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىشكە باشلىدى.

إِنَّ إِبۡرَٰهِيمَ لَحَلِيمٌ أَوَّٰهٞ مُّنِيبٞ ﴿٧٥﴾

75 - ئىبراھىم ھەقىقەتەن دىلى يۇمشاق، گۇناھكارلارنى جازالاشقا ئالدىراپ قالمايدىغان، ئاللاھقا كۆپ ئىلتىجا قىلىدىغان ۋە كۆپ تەۋبە قىلىدىغان كىشى ئىدى.

يَٰٓإِبۡرَٰهِيمُ أَعۡرِضۡ عَنۡ هَٰذَآۖ إِنَّهُۥ قَدۡ جَآءَ أَمۡرُ رَبِّكَۖ وَإِنَّهُمۡ ءَاتِيهِمۡ عَذَابٌ غَيۡرُ مَرۡدُودٖ ﴿٧٦﴾

76 - پەرىشتىلەر ئېيتتى: «ئى ئىبراھىم! لۇتنىڭ قەۋمى توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشىشتىن ۋە ئۇلارغا ئېچ ئاغرىتىشتىن ۋاز كەچكىن. چۈنكى ئۇلار ئازابقا تېگىشلىك بولدى ۋە رەببىڭنىڭ ئۇلارنى جازالاش ھەققىدىكى پەرمانى ئاللىبۇرۇن چۈشۈپ بولدى، ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن قايتۇرغىلى بولمايدىغان بىر ئازاب چۈشىدۇ».

وَلَمَّا جَآءَتۡ رُسُلُنَا لُوطٗا سِيٓءَ بِهِمۡ وَضَاقَ بِهِمۡ ذَرۡعٗا وَقَالَ هَٰذَا يَوۡمٌ عَصِيبٞ ﴿٧٧﴾

77 - بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز لۇتنىڭ يېنىغا كەلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ كېلىشى لۇتنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى ۋە يۈرىكى سىقىلدى. چۈنكى لۇت ئۇلارنىڭ پەرىشتە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. شۇڭا قەۋمىنىڭ ئۇلارغا يامانلىق قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ: «بۇ بىر قىيىن كۈن بولدى» دېدى.

وَجَآءَهُۥ قَوۡمُهُۥ يُهۡرَعُونَ إِلَيۡهِ وَمِن قَبۡلُ كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ٱلسَّيِّـَٔاتِۚ قَالَ يَٰقَوۡمِ هَٰٓؤُلَآءِ بَنَاتِي هُنَّ أَطۡهَرُ لَكُمۡۖ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَلَا تُخۡزُونِ فِي ضَيۡفِيٓۖ أَلَيۡسَ مِنكُمۡ رَجُلٞ رَّشِيدٞ ﴿٧٨﴾

78 - لۇتنىڭ قەۋمى (ئۇنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ) بەچچىۋازلىق قىلىش ئۈچۈن ئالدىراپ كېلىشتى، ئۇلار بۇرۇنمۇ شۇنداق بەچچىۋازلىق قىلاتتى. لۇت قەۋمىگە ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مانا بۇلار مېنىڭ قىزلىرىمدۇر، ئۇلارغا ئۆيلىنىڭلار، ئۇلار سىلەرگە سىلەر تەلەپ قىلىۋاتقان ئەرلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئۇنىڭ ئازابىدىن ھەزەر ئەيلەڭلار، مېھمانلىرىمغا چېقىلىپ قويۇپ، مېنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلماڭلار، ئاراڭلاردا ئىشلارنى توغرا يولغا قويۇپ، قەبىھ ئىشلاردىن توسىدىغان بىرەر ئەقىللىق ئادەم يوقمۇ؟ مېھمانلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىش تولىمۇ قەبىھ ئىشتۇر، ئۇنى ئەخمەقلەردىن باشقىسى قىلمايدۇ». (لۇت ئەلەيھىسسالام قەۋمى ئىچىدىكى قىزلارنى «قىزلىرىم» دەپ ئاتىغان. چۈنكى ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىنىڭ ئاتىسىغا ئوخشاشتۇر).

قَالُواْ لَقَدۡ عَلِمۡتَ مَا لَنَا فِي بَنَاتِكَ مِنۡ حَقّٖ وَإِنَّكَ لَتَعۡلَمُ مَا نُرِيدُ ﴿٧٩﴾

79 - لۇتنىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا ئېيتتى: «قىزلىرىڭغا ھاجىتىمىز يوقلۇقىنى سەن بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئوبدان بىلىسەن، شۇنىڭدەك بىزنىڭ نېمىنى مەقسەت قىلىۋاتقانلىقىمىزنىمۇ ئوبدان بىلىسەن، يەنى بىز ئەرلەرنى تەلەپ قىلىمىز، چۈنكى بىزنىڭ ئاياللارغا رىغبىتىمىز يوق».

قَالَ لَوۡ أَنَّ لِي بِكُمۡ قُوَّةً أَوۡ ءَاوِيٓ إِلَىٰ رُكۡنٖ شَدِيدٖ ﴿٨٠﴾

80 - لۇتنىڭ قەۋمى بۇ قەبىھ ئىشتىن باشقىسىنى قوبۇل قىلماسلىقتا چىڭ تۇرۇۋالغاندا، لۇت
ئۇلارغا: «كاشكى، مېنىڭ سىلەرگە قارشى تۇرغۇدەك كۈچ - قۇۋۋىتىم ياكى تايانغۇدەك
كۈچلۈك جەمەتىم بولغان بولسىچۇ! ئەگەر شۇنداق بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە سىلەرنى بۇ
قەبىھ ئىشتىن توسۇۋالغان بولاتتىم» دېدى.

قَالُواْ يَٰلُوطُ إِنَّا رُسُلُ رَبِّكَ لَن يَصِلُوٓاْ إِلَيۡكَۖ فَأَسۡرِ بِأَهۡلِكَ بِقِطۡعٖ مِّنَ ٱلَّيۡلِ وَلَا يَلۡتَفِتۡ مِنكُمۡ
أَحَدٌ إِلَّا ٱمۡرَأَتَكَۖ إِنَّهُۥ مُصِيبُهَا مَآ أَصَابَهُمۡۚ إِنَّ مَوۡعِدَهُمُ ٱلصُّبۡحُۚ أَلَيۡسَ ٱلصُّبۡحُ بِقَرِيبٖ ﴿٨١﴾

81 - پەرىشتىلەر: «ئى لۇت! شەكسىزكى، بىز رەببىڭنىڭ ئەلچىلىرىمىز، بىزنى سېنىڭ
قەۋمىڭنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئۇلار ساڭا ھەرگىز زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ،
ئائىلەڭدىكىلەرنى ئېلىپ كېچىنىڭ ئاخىرىدا يۇرتۇڭدىن چىقىپ كەتكىن، ھالاك
بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن سىلەردىن ھېچ كىشى ئارقىسىغا قارىمىسۇن. لېكىن ئاياللىڭ
كۇفرىلىق ۋە مۇناپىقلىق قىلىپ ساڭا خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، قەۋمىڭگە كېلىدىغان
ھالاكەت ئۇنىڭغىمۇ كېلىدۇ. شەكسىزكى، ئۇلارغا ئازاب چۈشىدىغان چاغ تاڭ يورۇش
ۋاقتىدۇر، تاڭنىڭ يورۇشى يېقىندۇر» دېدى.

فَلَمَّا جَآءَ أَمۡرُنَا جَعَلۡنَا عَٰلِيَهَا سَافِلَهَا وَأَمۡطَرۡنَا عَلَيۡهَا حِجَارَةٗ مِّن سِجِّيلٖ مَّنضُودٖ ﴿٨٢﴾ مُّسَوَّمَةً
عِندَ رَبِّكَۖ وَمَا هِيَ مِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ بِبَعِيدٖ ﴿٨٣﴾

82 - 83 - بىزنىڭ ئازاب چۈشۈرۈش ئەمرىمىز كەلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ياشاۋاتقان يۇرتلىرىنى
ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ پۈتۈنلەي كۆمتۈرۈۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە رەببىڭنىڭ
دەرگاھىدا مەخسۇس بەلگە سېلىنغان ساپال تاشلارنى ئۈستى- ئۈستىلەپ ياغدۇردۇق.
بىز لۇتنىڭ قەۋمىگە ياغدۇرغان تاش قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈشتىن يىراق
ئەمەس. (بۇ ئايەتتە ھەربىر ئاسىي - گۇناھكار ئۈچۈن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بار).

۞ وَإِلَىٰ مَدۡيَنَ أَخَاهُمۡ شُعَيۡبٗاۚ قَالَ يَٰقَوۡمِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنۡ إِلَٰهٍ غَيۡرُهُۥۖ وَلَا تَنقُصُواْ ٱلۡمِكۡيَالَ
وَٱلۡمِيزَانَۖ إِنِّيٓ أَرَىٰكُم بِخَيۡرٖ وَإِنِّيٓ أَخَافُ عَلَيۡكُمۡ عَذَابَ يَوۡمٖ مُّحِيطٖ ﴿٨٤﴾

84 - مەديەن ئاھالىسىغا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. شۇئەيب
ئۇلارغا: «ئى قەۋمىم! ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا
ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق مەبۇد يوقتۇر، ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كىشىلەرنىڭ ھەققىنى
كەم بەرمەڭلار. مەن ھەقىقەتەن سىلەرنى بايلىق ئىچىدە كۆرۈۋاتىمەن، مەن راستىنلا
سىلەرنىڭ ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بەرگىنىڭلار سەۋەبلىك ھەممىنى قورشاپ تۇرىدىغان
قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن.

وَيَٰقَوۡمِ أَوۡفُواْ ٱلۡمِكۡيَالَ وَٱلۡمِيزَانَ بِٱلۡقِسۡطِۖ وَلَا تَبۡخَسُواْ ٱلنَّاسَ أَشۡيَآءَهُمۡ وَلَا تَعۡثَوۡاْ فِي ٱلۡأَرۡضِ
مُفۡسِدِينَ ﴿٨٥﴾

85 - ئى قەۋمىم! ئۆلچەمدە، تارازىدا ئادىللىق بىلەن تارتىڭلار، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى كەم
تارتىپ بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە گۇناھ - مەئسىيەت سادىر قىلىپ، قالايمىقانچىلىق تېرىپ
يۈرمەڭلار.

بَقِيَّتُ ٱللَّهِ خَيۡرٞ لَّكُمۡ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَۚ وَمَآ أَنَا۠ عَلَيۡكُم بِحَفِيظٖ ﴿٨٦﴾

86 - ئۆلچەم ۋە تارازىدا دۇرۇس تارتىپ بېرىپ ئالغان ھالال پايداڭلار كەم تارتىپ بېرىپ

ئالغان هارام پايدىدىن ئەلۋەتتە بەرىكەتلىك ۋە ياخشىدۇر. ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ھەقىقىي ئىمان ئېيتقان كىشىلەر بولساڭلار، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، مەن سىلەرگە ئەمەللىرىڭلارنى ساناپ بېرىدىغان كۆزەتچى ئەمەسمەن» دېدى.

قَالُواْ يَٰشُعَيۡبُ أَصَلَوٰتُكَ تَأۡمُرُكَ أَن نَّتۡرُكَ مَا يَعۡبُدُ ءَابَآؤُنَآ أَوۡ أَن نَّفۡعَلَ فِيٓ أَمۡوَٰلِنَا مَا نَشَٰٓؤُاْۖ إِنَّكَ لَأَنتَ ٱلۡحَلِيمُ ٱلرَّشِيدُ ﴿٨٧﴾

87 - ئۇلار: «ئى شۇئەيب! سەن داۋاملاشتۇرۇۋاتقان مۇشۇ نامىزىڭ سېنى ئاتا - بوۋىلىرىمىز چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان بۇتلارنى تاشلىشىمىزغا ياكى بىزنى ئۆزىمىز خالىغانچە ھىيلە - مىكىر ۋە ساختىلىق ئىشلىتىپ پۇل تېپىشتىن توسۇشقا بۇيرۇمدۇ؟» دېدى. ئۇلار يەنە شۇئەيبنى مەسخىرە قىلىپ: «سەن تازىمۇ كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، تازىمۇ توغرا يول تاپقان بىر ئادەمسەن - دە» دېدى.

قَالَ يَٰقَوۡمِ أَرَءَيۡتُمۡ إِن كُنتُ عَلَىٰ بَيِّنَةٖ مِّن رَّبِّي وَرَزَقَنِي مِنۡهُ رِزۡقًا حَسَنٗاۚ وَمَآ أُرِيدُ أَنۡ أُخَالِفَكُمۡ إِلَىٰ مَآ أَنۡهَىٰكُمۡ عَنۡهُۚ إِنۡ أُرِيدُ إِلَّا ٱلۡإِصۡلَٰحَ مَا ٱسۡتَطَعۡتُۚ وَمَا تَوۡفِيقِيٓ إِلَّا بِٱللَّهِۚ عَلَيۡهِ تَوَكَّلۡتُ وَإِلَيۡهِ أُنِيبُ ﴿٨٨﴾

88 - شۇئەيب ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، مەن سىلەرنى ئىبادەتنى ئاللاھقا قىلىشقا دەۋەت قىلىشىمدا، هارامدىن پۇل - مال تېپىشتىن توسۇشۇمدا رەببىم تەرىپىدىن كەلگەن ئوپئوچۇق دەلىل - پاكىتقا ئاساسلانغان تۇرسام ۋە رەببىم مېنى ئۆز تەرىپىدىن هالال رىزىق بىلەن رىزىقلاندۇرغان تۇرسا (مەن سىلەرنى بۇتلارغا چوقۇنۇشنى تەرك ئېتىشكە ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن قول يىغىشقا بۇيرۇمىسام بولامدۇ؟). مەن سىلەرنى توسقان ئىشنى ئۆزۈممۇ قىلىشنى خالىمايمەن، مەن سىلەرنى بۇيرۇغان ۋە توسقان ئىشلاردا، پەقەتلا قولۇمدىن كېلىشىچە سىلەرنى ئىسلاھ قىلىشنى خالايمەن، مېنىڭ سىلەرنى ئىسلاھ قىلىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىم پەقەتلا ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن بولىدۇ. مەن ئاللاھقا تاياندىم ۋە ئۇنىڭغىلا يۈزلىنىمەن.

وَيَٰقَوۡمِ لَا يَجۡرِمَنَّكُمۡ شِقَاقِيٓ أَن يُصِيبَكُم مِّثۡلُ مَآ أَصَابَ قَوۡمَ نُوحٍ أَوۡ قَوۡمَ هُودٍ أَوۡ قَوۡمَ صَٰلِحٖۚ وَمَا قَوۡمُ لُوطٖ مِّنكُم بِبَعِيدٖ ﴿٨٩﴾

89 - ئى قەۋمىم! سىلەرنىڭ ماڭا بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار ۋە مېنىڭ باشقا دىندا بولغانلىقىم سىلەرنى كۇفرىدا تىخىمۇ چىڭ تۇرۇۋېلىشقا ئېلىپ بارمىسۇن. ئۇ چاغدا سىلەر نۇھنىڭ قەۋمىگە ياكى هۇدنىڭ قەۋمىگە ۋەياكى سالىهنىڭ قەۋمىگە يەتكەن ئازابقا دۇچار بولۇپ قالىسىلەر. لۇتنىڭ قەۋمى ۋە ئۇلارغا چۈشكەن ئازاب زامان ئېتىبارى بىلەنمۇ، ماكان ئېتىبارى بىلەنمۇ سىلەردىن يىراق ئەمەس.

وَٱسۡتَغۡفِرُواْ رَبَّكُمۡ ثُمَّ تُوبُوٓاْ إِلَيۡهِۚ إِنَّ رَبِّي رَحِيمٞ وَدُودٞ ﴿٩٠﴾

90 - گۇناهلىرىڭلار ئۈچۈن رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش يولىغا كىرىپ، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇڭلار. شەكسىزكى، رەببىم گۇناهىغا تەۋبە قىلىپ ھەق يولغا قايتقان بەندىسىگە ناهايىتى رەھىم - شەپقەتلىكتۇر، ناهايىتى مېهىر-مۇھەببەتلىكتۇر، ئۇنىڭغا رەھىم قىلىدۇ ۋە تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ». (بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق رەھىم-شەپقەت ۋە مېهىر-مۇھەببەت دېگەن سۈپىتىنىڭ بارلىقىغا دەلىل بار).

قَالُوا۟ يَـٰشُعَيۡبُ مَا نَفۡقَهُ كَثِيرٗا مِّمَّا تَقُولُ وَإِنَّا لَنَرَىٰكَ فِينَا ضَعِيفٗاۖ وَلَوۡلَا رَهۡطُكَ لَرَجَمۡنَٰكَۖ وَمَآ
أَنتَ عَلَيۡنَا بِعَزِيزٖ ﴿٩١﴾

91 ـ ئۇلار: «ئى شۇئەيب! بىز سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنىڭ كۆپلىرىنى چۈشەنمەيمىز. بىز ئەلۋەتتە
سېنى ئارىمىزدا يا بايلىقتا ياكى مەنسەپتە يوق، ئاجىز بىر ئادەم دەپ قارايمىز،
جەمەتىڭنىڭ خاتىرىسىنى قىلمىغان بولساق، ئەلۋەتتە سېنى چوقۇم چالما ـ كېسەك
قىلىپ ئۆلتۈرگەن بولاتتۇق. ــــ ئۇنىڭ جەمەتى ئۇلارنىڭ دىنىدا ئىدى، ــــ سەن بىزگە
ئەتىۋارلىق ئەمەس، كۆڭلىمىزدە ھېچقانچە قەدىر ـ قىممىتىڭ يوق» دېدى.

قَالَ يَـٰقَوۡمِ أَرَهۡطِيٓ أَعَزُّ عَلَيۡكُم مِّنَ ٱللَّهِ وَٱتَّخَذۡتُمُوهُ وَرَآءَكُمۡ ظِهۡرِيًّاۖ إِنَّ رَبِّي بِمَا تَعۡمَلُونَ مُحِيطٞ ﴿٩٢﴾

92 ـ شۇئەيب ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مېنىڭ قەۋمىم ـ قېرىنداشلىرىم سىلەرگە ئاللاھتىنمۇ
ئەتىۋارلىقمۇ؟ سىلەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئارقاڭلارغا چۆرۈۋەتتىڭلار، ئۇنىڭ
بۇيرۇغانلىرىنى قىلمايسىلەر، توسقانلىرىدىن يانمايسىلەر. شەكسىزكى، رەببىم سىلەرنىڭ
قىلمىشلىرىڭلاردىن ئەلۋەتتە تولۇق خەۋەرداردۇر. شۇنىڭغا ئاساسەن سىلەرگە تېز ياكى
كېچىكتۈرۈپ جازا بېرىدۇ.

وَيَـٰقَوۡمِ ٱعۡمَلُوا۟ عَلَىٰ مَكَانَتِكُمۡ إِنِّي عَٰمِلٞۖ سَوۡفَ تَعۡلَمُونَ مَن يَأۡتِيهِ عَذَابٞ يُخۡزِيهِ وَمَنۡ هُوَ كَٰذِبٞۖ
وَٱرۡتَقِبُوٓا۟ إِنِّي مَعَكُمۡ رَقِيبٞ ﴿٩٣﴾

93 ـ ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆز يولۇڭلار ۋە ئۆز ئەھۋالىڭلار بويىچە ئەمەل قىلىڭلار، مەنمۇ
ئەلۋەتتە ئۆز يولۇم بويىچە سىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرىمەن.
سىلەر ئۇزاقتا قالماي قايسىمىزنىڭ رەسۋا قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىنى ۋە
قايسىمىزنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسىلەر. سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ بېشىغا
كېلىدىغان ئىشلارنى كۈتۈڭلار! مەنمۇ ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن شۇنى كۈتىمەن».

وَلَمَّا جَآءَ أَمۡرُنَا نَجَّيۡنَا شُعَيۡبٗا وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ مَعَهُۥ بِرَحۡمَةٖ مِّنَّا وَأَخَذَتِ ٱلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ ٱلصَّيۡحَةُ
فَأَصۡبَحُوا۟ فِي دِيَٰرِهِمۡ جَٰثِمِينَ ﴿٩٤﴾

94 ـ بىزنىڭ شۇئەيب قەۋمىنى ھالاك قىلىش توغرىسىدىكى پەرمانىمىز چۈشكەن چاغدا،
رەھمىتىمىز بىلەن شۇئەيبنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى
قۇتقۇزدۇق، ئىمان ئېيتماي ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارغا قاتتىق بىر ئاۋاز يۈزلەندى ـ دە،
ئۇلار دىيارلىرىدا تۇرغان پېتى ئۆلۈپ قېتىپ قالدى.

كَأَن لَّمۡ يَغۡنَوۡا۟ فِيهَآۗ أَلَا بُعۡدٗا لِّمَدۡيَنَ كَمَا بَعِدَتۡ ثَمُودُ ﴿٩٥﴾

95 ـ ئۇلارنىڭ دىيارى گويا ئۇلار ئۇ يەردە ھېچ ياشىمىغاندەكلا بولۇپ قالدى. بىلىڭلاركى،
مەديەن ئاھالىسى سەمۇد قەۋمى ھالاك بولغاندەكلا ھالاك بولۇپ تۈگەشتى.

وَلَقَدۡ أَرۡسَلۡنَا مُوسَىٰ بِـَٔايَٰتِنَا وَسُلۡطَٰنٖ مُّبِينٍ ﴿٩٦﴾ إِلَىٰ فِرۡعَوۡنَ وَمَلَإِيْهِۦ فَٱتَّبَعُوٓا۟ أَمۡرَ فِرۡعَوۡنَۖ وَمَآ
أَمۡرُ فِرۡعَوۡنَ بِرَشِيدٖ ﴿٩٧﴾

96 ـ 97 ـ شەكسىزكى، بىز مۇسانى مۆجىزىلىرىمىز بىلەن ۋە ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە دالالەت
قىلىدىغان ئوپئوچۇق دەلىللەر بىلەن پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىغا
ئەۋەتتۇق. پىرئەۋن مۇسانى ئىنكار قىلدى ۋە قەۋمىنى مۇساغا ئەمەس، ئۆزىگە ئىتائەت
قىلىشقا بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇساغا ئاسىيلىق قىلدى، پىرئەۋنگە ئىتائەت

قىلدى، ئۇنىڭ بۇيرۇقى خاتا تۇرسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئۇنىڭغا بويسۇندى. پىرئەۋن توغرا يولدا ئەمەس ئىدى، بەلكى ئازغۇنلۇقتا، نادانلىقتا ۋە كۇفرىلىقتا ئىدى.

يَقْدُمُ قَوْمَهُۥ يَوْمَ ٱلْقِيَـٰمَةِ فَأَوْرَدَهُمُ ٱلنَّارَ ۖ وَبِئْسَ ٱلْوِرْدُ ٱلْمَوْرُودُ ﴿٩٨﴾

98 - پىرئەۋن قىيامەت كۈنى قەۋمىگە باشلامچىلىق قىلىپ[1] ئۇلارنى دوزاخقا باشلاپ كىرىدۇ، ئۇلار كىرىدىغان جاي نېمىدېگەن يامان!

وَأُتْبِعُوا۟ فِى هَـٰذِهِۦ لَعْنَةً وَيَوْمَ ٱلْقِيَـٰمَةِ ۚ بِئْسَ ٱلرِّفْدُ ٱلْمَرْفُودُ ﴿٩٩﴾

99 - ئاللاھ ئۇلارنى دېڭىزغا غەرق قىلىپ جازالاش بىلەن بىرگە ئۇلارغا لەنەت قىلدى. ئاللاھ قىيامەت كۈنىدىمۇ ئۇلارنى دوزاخقا كىرگۈزۈش بىلەن بىرگە ئۇلارغا يەنە لەنەت قىلىدۇ. ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابى بىلەن لەنەتنى بىرلىشىپ كەلگەنلىكى نېمىدېگەن يامان!

ذَٰلِكَ مِنْ أَنۢبَآءِ ٱلْقُرَىٰ نَقُصُّهُۥ عَلَيْكَ ۖ مِنْهَا قَآئِمٌ وَحَصِيدٌ ﴿١٠٠﴾

100 - ئى پەيغەمبەر! ساڭا كەلگەن بۇ خەۋەرلەر ئاھالىسى ھالاك قىلىنغان شەھەرلەرنىڭ خەۋەرلىرىدىن بولۇپ، بىز ئۇنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىۋاتىمىز. ئۇ شەھەرلەردىن (سەمۇد قەۋمىنىڭ يۇرتلىرىدەك) ئىزى قالغانلىرىمۇ بار، (ئاد قەۋمىنىڭ يۇرتلىرىدەك) ھېچبىر ئىزى قالمىغانلىرىمۇ بار.

وَمَا ظَلَمْنَـٰهُمْ وَلَـٰكِن ظَلَمُوٓا۟ أَنفُسَهُمْ ۖ فَمَآ أَغْنَتْ عَنْهُمْ ءَالِهَتُهُمُ ٱلَّتِى يَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مِن شَىْءٍ لَّمَّا جَآءَ أَمْرُ رَبِّكَ ۖ وَمَا زَادُوهُمْ غَيْرَ تَتْبِيبٍ ﴿١٠١﴾

101 - ئۇلار بىكارغا ھالاك قىلىنمىدى، لېكىن ئۇلار ئاللاھقا كۇفرىلىق قىلىش ۋە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن ھالاك قىلىندى. رەببىڭنىڭ ئۇلارنى ھالاك قىلىش ئەمرى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان مەبۇدلىرى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى (ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالالمىدى)، ئۇلارنىڭ مەبۇدلىرى ئۇلارغا زىيان سېلىشتىن ۋە ھالاكەتكە ئۇچرىتىشتىن باشقىسىغا يارىمىدى.

وَكَذَٰلِكَ أَخْذُ رَبِّكَ إِذَآ أَخَذَ ٱلْقُرَىٰ وَهِىَ ظَـٰلِمَةٌ ۚ إِنَّ أَخْذَهُۥٓ أَلِيمٌ شَدِيدٌ ﴿١٠٢﴾

102 - ئاللاھ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلىش ۋە پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان شەھەر ئاھالىسىنى جازالىغاندەك، باشقا شەھەر ئاھالىلىرىمۇ ئەگەر ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلسا، ئاللاھ ئۇلارنىمۇ ئەنە شۇنداق جازالايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ ئازابى بەكمۇ ئەلەملىك ۋە تولىمۇ قاتتىقتۇر.

إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَـَٔايَةً لِّمَنْ خَافَ عَذَابَ ٱلْـَٔاخِرَةِ ۚ ذَٰلِكَ يَوْمٌ مَّجْمُوعٌ لَّهُ ٱلنَّاسُ وَذَٰلِكَ يَوْمٌ مَّشْهُودٌ ﴿١٠٣﴾

103 - يۇقىرىقى شەھەر ئاھالىسىنى جازالىشىمىزدا، ئاللاھنىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسىدىن،

[1] يەنى پىرئەۋن خۇددى بۇ دۇنيادا قەۋمىگە باشلامچىلىق قىلىپ ئۇلارنى ئازدۇرغاندەك ۋە دېڭىزغا باشلاپ بېرىپ ئۇلارنىڭ غەرق بولۇشىغا سەۋەب بولغاندەك، قىيامەت كۈنىمۇ ئۆز قەۋمىگە باشلامچىلىق قىلىپ ئۇلارنى دوزاخقا باشلاپ بارىدۇ.

ئاخىرەتتىكى ئازابىدىن قورقىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار. ئەنە شۇ ئاخىرەت كۈنى پۈتۈن ئىنسانلار ھېساب بېرىش ۋە تېگىشلىك مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى ئېلىش ئۈچۈن ھېساب مەيدانىغا توپلىنىدىغان كۈندۇر، ئەنە شۇ كۈن ھەممە خالايىق ھازىر بولىدىغان كۈندۇر.

وَمَا نُؤَخِّرُهُۥٓ إِلَّا لِأَجَلٍ مَّعۡدُودٍ ﴿١٠٤﴾

104 - قىيامەت كۈنىنى پەقەتلا بىز ئالدىن بەلگىلىگەن مۇددەتكە قەدەر كېچىكتۈرىمىز. بىز بەلگىلىگەن ۋاقىتتىن كەم - زىيادە بولمايدۇ.

يَوۡمَ يَأۡتِ لَا تَكَلَّمُ نَفۡسٌ إِلَّا بِإِذۡنِهِۦۚ فَمِنۡهُمۡ شَقِيّٞ وَسَعِيدٞ ﴿١٠٥﴾

105 - ئاشۇ قىيامەت كۈنىدە، ئاللاھنىڭ ئىجازىتىسىز ھېچكىم سۆز قىلالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بەزىسى بەختسىزلەردىن بولۇپ، ئازابقا تېگىشلىك بولىدۇ، يەنە بەزىسى سائادەتمەنلەردىن بولۇپ، مۇكاپاتقا سازاۋەر بولىدۇ.

فَأَمَّا ٱلَّذِينَ شَقُواْ فَفِي ٱلنَّارِ لَهُمۡ فِيهَا زَفِيرٞ وَشَهِيقٌ ﴿١٠٦﴾

106 - بۇ دۇنيادا ئەقىدىسىنىڭ بۇزۇقلۇقى، ئەمەلىنىڭ يامانلىقى سەۋەبلىك بەختسىزلەر قاتارىدىن بولغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، دوزاخ ئازابىنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئۇلار (ئېشەك ھاڭرىغاندەك) تولىمۇ يېقىمسىز بىر ئاۋازدا ئىگىز - پەس توۋلاپ نالە - پەرياد قىلىدۇ.

خَٰلِدِينَ فِيهَا مَا دَامَتِ ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلۡأَرۡضُ إِلَّا مَا شَآءَ رَبُّكَۚ إِنَّ رَبَّكَ فَعَّالٞ لِّمَا يُرِيدُ ﴿١٠٧﴾

107 - دوزاخنىڭ ئاسمان - زېمىنى مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، ئۇلار دوزاختا داۋاملىق تۇرۇۋېرىدۇ. گۇناھىغا تېگىشلىك ئازابلىنىپ بولۇپ، پەقەتلا ئىمانى يۈزىسىدىن دوزاختىن چىقىرىلىدىغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ ئەلۋەتتە خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر.

۞ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ سُعِدُواْ فَفِي ٱلۡجَنَّةِ خَٰلِدِينَ فِيهَا مَا دَامَتِ ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلۡأَرۡضُ إِلَّا مَا شَآءَ رَبُّكَۖ عَطَآءً غَيۡرَ مَجۡذُوذٖ ﴿١٠٨﴾

108 - سائادەتمەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، جەننەتنىڭ ئاسمان - زېمىنى مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، ئۇلار جەننەتتە داۋاملىق تۇرۇۋېرىدۇ. پەقەتلا مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدىن ئاللاھ جەننەتكە كىرىشىنى كېچىكتۈرگەن ئاسىي - گۇناھكار كىشىلەر گۇناھىغا تېگىشلىك دوزاختا ئازابلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بىلەن جەننەتكە كىرگۈزۈلىدۇ، ئاللاھ جەننەت ئەھلىگە ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئىنئاملارنى قىلىدۇ.

فَلَا تَكُ فِي مِرۡيَةٖ مِّمَّا يَعۡبُدُ هَٰٓؤُلَآءِۚ مَا يَعۡبُدُونَ إِلَّا كَمَا يَعۡبُدُ ءَابَآؤُهُم مِّن قَبۡلُۚ وَإِنَّا لَمُوَفُّوهُمۡ نَصِيبَهُمۡ غَيۡرَ مَنقُوصٖ ﴿١٠٩﴾

109 - ئى پەيغەمبەر! سەن قەۋمىڭ ئىچىدىكى ئاشۇ مۇشرىكلارنىڭ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىنىڭ باتىللىقىدىن قىلچە شەكلەنمىگىن. ئۇلار يەنىلا ئىلگىرى ئاتا - بوۋىلىرى چوقۇنغان بۇتلارنىڭ ئۆزىگە چوقۇنىدۇ. شەكسىزكى، بىز ۋەدە قىلغان ئازابنى ئۇلارغا كېمەيتمەستىن تولۇق بېرىمىز.

وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَٰبَ فَٱخْتُلِفَ فِيهِ ۚ وَلَوْلَا كَلِمَةٌ سَبَقَتْ مِن رَّبِّكَ لَقُضِىَ بَيْنَهُمْ ۚ
وَإِنَّهُمْ لَفِى شَكٍّ مِّنْهُ مُرِيبٍ ﴿١١٠﴾

110 - شۈبهىسىزكى، بىز مۇساغا تەۋراتنى ئاتا قىلدۇق. ئۇنىڭ قەۋمى بۇ كىتاب توغرىسىدا ئىختىلاپلىشىپ، بەزىسى ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرسە، بەزىسى ئۇنى ئىنكار قىلدى. رەببىڭنىڭ بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىرىماسلىق ھەققىدىكى پەرمانى چىقىپ بولمىغان بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىنكارچىلارنى ھالاك قىلىپ، مۆئمىنلەرنى قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت بەلگىلىمىسى مۇشۇ دۇنيادىلا ئەمەلگە ئاشقان بولاتتى. ئى پەيغەمبەر! شەكسىزكى، سېنىڭ قەۋمىڭ بۇ قۇرئان توغرۇلۇق چوڭقۇر شەك ئىچىدىدۇر.

وَإِنَّ كُلًّا لَّمَّا لَيُوَفِّيَنَّهُمْ رَبُّكَ أَعْمَٰلَهُمْ ۚ إِنَّهُۥ بِمَا يَعْمَلُونَ خَبِيرٌ ﴿١١١﴾

111 - ئى پەيغەمبەر! ساڭا بىز قىسسىلىرىنى بايان قىلىپ بەرگەن ھەر خىل قەۋملەرنىڭ ھەربىرىگە رەببىڭ قىيامەت كۈنى ئەمەللىنىڭ بەدىلىنى بېرىدۇ، ياخشىلارغا مۇكاپات، يامانلارغا جازا بېرىدۇ. شەكسىزكى، رەببىڭ مۇشرىكلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر، چۈنكى ئۇنىڭغا بەندىلىرىنىڭ ھېچقانداق ئىشى مەخپىي ئەمەستۇر.

فَٱسْتَقِمْ كَمَآ أُمِرْتَ وَمَن تَابَ مَعَكَ وَلَا تَطْغَوْا۟ ۚ إِنَّهُۥ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿١١٢﴾

112 - ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ سېنى بۇيرۇغاندەك توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرغىن، سەن بىلەن بىللە تەۋبە قىلغانلارمۇ شۇنداق قىلسۇن. ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن چەتنەپ كەتمەڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇنىڭغا سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلاردىن ھېچقانداق نەرسە مەخپىي ئەمەس، ئاللاھ سىلەرگە شۇنىڭغا يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

وَلَا تَرْكَنُوٓا۟ إِلَى ٱلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ فَتَمَسَّكُمُ ٱلنَّارُ وَمَا لَكُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ مِنْ أَوْلِيَآءَ ثُمَّ لَا
تُنصَرُونَ ﴿١١٣﴾

113 - ئاشۇ زالىم كاپىرلارغا قەتئىي مايىل بولماڭلار، ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، سىلەر دوزاخ ئازابىغا قالىسىلەر. (ئۇ چاغدا) ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە ياردەم قىلىپ، ئىشلىرىڭلارغا ئىگە بولىدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ.

وَأَقِمِ ٱلصَّلَوٰةَ طَرَفَىِ ٱلنَّهَارِ وَزُلَفًا مِّنَ ٱلَّيْلِ ۚ إِنَّ ٱلْحَسَنَٰتِ يُذْهِبْنَ ٱلسَّيِّـَٔاتِ ۚ ذَٰلِكَ ذِكْرَىٰ
لِلذَّٰكِرِينَ ﴿١١٤﴾

114 - ئى پەيغەمبەر! كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە — ئەتىگەندە، كەچتە — ۋە كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا نامازنى مۇكەممەل ئوقۇغىن. شەكسىزكى، ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئىلگىرىكى گۇناھلار يۇيۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ ئىبرەت ئالىدىغانلار ئۈچۈن بىر نەسىھەتتۇر.

وَٱصْبِرْ فَإِنَّ ٱللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجْرَ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿١١٥﴾

115 - ئى پەيغەمبەر! نامازنى داۋاملاشتۇرۇشتا چىداملىق بولغىن، قەۋمىڭدىن كەلگەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلغىن. چۈنكى، ئاللاھ ئەمەل - ئىبادەتنى ۋە ھەرقانداق ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى زايە قىلىۋەتمەيدۇ.

فَلَوۡلَا كَانَ مِنَ ٱلۡقُرُونِ مِن قَبۡلِكُمۡ أُوْلُواْ بَقِيَّةٖ يَنۡهَوۡنَ عَنِ ٱلۡفَسَادِ فِي ٱلۡأَرۡضِ إِلَّا قَلِيلٗا مِّمَّنۡ أَنجَيۡنَا مِنۡهُمۡۗ وَٱتَّبَعَ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ مَآ أُتۡرِفُواْ فِيهِ وَكَانُواْ مُجۡرِمِينَ ﴿١١٦﴾

116 - سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن قەۋملەرنىڭ ئارىسىدا كاپىرلارنى كۇفرىلىقتىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن توسىدىغان پەزىلەتلىك كىشىلەر تېپىلغان بولسىچۇ! ئاشۇ قەۋملەرنىڭ ئارىسىدىكى مۆئمىنلەردىن بۇنداق كىشىلەر ئىنتايىن ئاز چىقتى. ئاللاھ ئۇلارنى كاپىرلارغا چۈشۈرگەن ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قالدى. ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر ئىچىدىن ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلار دۇنيانىڭ لەززەتلىرىنى ۋە مەنپەئەتلىرىنى قوغلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گۇناھكار ۋە زالىملارغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئازابقا تېگىشلىك بولدى (بۇ ئايەتتە مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى گۇناھكار كىشىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار).

وَمَا كَانَ رَبُّكَ لِيُهۡلِكَ ٱلۡقُرَىٰ بِظُلۡمٖ وَأَهۡلُهَا مُصۡلِحُونَ ﴿١١٧﴾

117 - ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ ئاھالىسى بۇزغۇنچىلىققا قارشى تۇرۇپ، كىشىلەرنى ئىسلاھ قىلىدىغان شەھەرلەرنى ناھەق ۋەيران قىلىۋەتمەيدۇ، ئاللاھ پەقەتلا زالىملارنى ۋە بۇزغۇنچىلارنى ھالاك قىلىدۇ.

وَلَوۡ شَآءَ رَبُّكَ لَجَعَلَ ٱلنَّاسَ أُمَّةٗ وَٰحِدَةٗۖ وَلَا يَزَالُونَ مُخۡتَلِفِينَ ﴿١١٨﴾

118 - رەببىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت بىرلا دىندا قىلغان بولاتتى. لېكىن رەببىڭ مۇنداق قىلىشنى خالىمىدى. شۇڭا ئىنسانلار ھەر خىل دىندا بولۇپ كەلمەكتە. بۇ رەببىڭنىڭ ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسىدۇر.

إِلَّا مَن رَّحِمَ رَبُّكَۚ وَلِذَٰلِكَ خَلَقَهُمۡۗ وَتَمَّتۡ كَلِمَةُ رَبِّكَ لَأَمۡلَأَنَّ جَهَنَّمَ مِنَ ٱلۡجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ أَجۡمَعِينَ ﴿١١٩﴾

119 - پەقەتلا رەببىڭنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئەگەشكەن كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە پەيغەمبەرلەر دەۋەت قىلغان دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشمايدۇ. ئاللاھنىڭ ھېكمىتى ئىنسانلارنى ھەممىسى بىرلا دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان قىلىپ يارىتىشنى تەقەززا قىلغان، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بەختلىك كىشىلەرمۇ، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان بەختسىز كىشىلەرمۇ بار. ھەربىر ئادەم ئۈچۈن ئۆزى قايسى ئىشقا يارىتىلغان بولسا شۇ ئىش ئوڭايدۇر. بۇنىڭ بىلەن رەببىڭنىڭ: «مەن دوزاخنى جىن ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىرلار بىلەن توشقۇزىمەن» دېگەن سۆزى ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

وَكُلّٗا نَّقُصُّ عَلَيۡكَ مِنۡ أَنۢبَآءِ ٱلرُّسُلِ مَا نُثَبِّتُ بِهِۦ فُؤَادَكَۚ وَجَآءَكَ فِي هَٰذِهِ ٱلۡحَقُّ وَمَوۡعِظَةٞ وَذِكۡرَىٰ لِلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١٢٠﴾

120 - ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ خەۋەرلىرىدىن، سېنىڭ كۆڭلۈڭنى تىنىدۇرىدىغان ھەربىر خەۋەرنى بايان قىلىپ بېرىمىز. بۇ سۈرىدە ۋە بۇ سۈرە ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسسىلەردە ساڭا سەن دەۋەت قىلىۋاتقان دىنىنىڭ ھەقىقەتى كەلدى، يەنە مۆئمىنلەر ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەت، كاپىرلار ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇش كەلدى.

وَقُل لِّلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ ٱعۡمَلُواْ عَلَىٰ مَكَانَتِكُمۡ إِنَّا عَٰمِلُونَ ﴿١٢١﴾ وَٱنتَظِرُوٓاْ إِنَّا مُنتَظِرُونَ ﴿١٢٢﴾

121 - 122 - ئى پەيغەمبەر! ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىگە قارشى تۇرۇش ۋە پەيغەمبەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈش يولىدا

قولۇڭلاردىن كەلگەننى قىلىڭلار، بىزمۇ ئۆز دىنىمىزدا مۇستەھكەم تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇنداش يولىدا پىداكارلىق بىلەن تىرىشىمىز. سىلەر بىزنىڭ ئىشىمىزنىڭ نەتىجىسىنى كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى كۈتىمىز». (بۇ ئايەتتە كاپىرلارغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن).

وَلِلَّهِ غَيْبُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَإِلَيْهِ يُرْجَعُ ٱلْأَمْرُ كُلُّهُۥ فَٱعْبُدْهُ وَتَوَكَّلْ عَلَيْهِ ۚ وَمَا رَبُّكَ بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ ﴿١٢٣﴾

123 - ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلىش ئاللاھقا خاستۇر، قىيامەت كۈنى ھەممە ئىش ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن، ھەممە ئىشىڭنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغىن. رەببىڭ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ياخشى - يامان ئىشلىرىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر، ئۇ ھەركىمگە ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

# يۈسۈف سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن(باشلايمەن).

الٓرۚ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱلۡكِتَٰبِ ٱلۡمُبِينِ ﴿١﴾

1 ـ ئەلىف، لام، را (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى). بۇلار مەنىسى، كۆرسەتمىلىرى، ھالال ـ ھارامدىكى بەلگىلىمىلىرى ناھايىتى ئېنىق ۋە روشەن كىتاب ــ قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدۇر.

إِنَّآ أَنزَلۡنَٰهُ قُرۡءَٰنًا عَرَبِيّٗا لَّعَلَّكُمۡ تَعۡقِلُونَ ﴿٢﴾

2 ـ ئى ئەرەبلەر! بىز بۇ قۇرئاننى سىلەرنى چۈشەنسۇن ۋە مەنىسىگە ئەمەل قىلسۇن دەپ، ئەرەب تىلىدا نازىل قىلدۇق.

نَحۡنُ نَقُصُّ عَلَيۡكَ أَحۡسَنَ ٱلۡقَصَصِ بِمَآ أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانَ وَإِن كُنتَ مِن قَبۡلِهِۦ لَمِنَ ٱلۡغَٰفِلِينَ ﴿٣﴾

3 ـ ئى پەيغەمبەر! بىز بۇ قۇرئاننى ساڭا ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق ساڭا ئەڭ ئېسىل قىسسىنى بايان قىلىپ بېرىمىز. ھەقىقەتەن سەن قۇرئان نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى بۇ قىسسىلەردىن خەۋەرسىز ئىدىڭ، بۇ ھەقتە ھېچ نەرسە بىلمەيتتىڭ.

إِذۡ قَالَ يُوسُفُ لِأَبِيهِ يَٰٓأَبَتِ إِنِّي رَأَيۡتُ أَحَدَ عَشَرَ كَوۡكَبٗا وَٱلشَّمۡسَ وَٱلۡقَمَرَ رَأَيۡتُهُمۡ لِي سَٰجِدِينَ ﴿٤﴾

4 ـ ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە يۈسۈفنىڭ ئاتىسىغا ئېيتقان سۆزىنى ئەسلەتكىن، ئۆز ۋاقتىدا يۈسۈف ئاتىسىغا: «ئى ئاتا! مەن چۈشۈمدە ئون بىر يۇلتۇزنىڭ ۋە ئاي بىلەن كۈننىڭ ماڭا سەجدە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم» دېگەن ئىدى. بۇ چۈش يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە كاتتا مەرتىۋىگە ئېرىشىشىنىڭ خۇش خەۋىرى ئىدى.

قَالَ يَٰبُنَيَّ لَا تَقۡصُصۡ رُءۡيَاكَ عَلَىٰٓ إِخۡوَتِكَ فَيَكِيدُواْ لَكَ كَيۡدًاۖ إِنَّ ٱلشَّيۡطَٰنَ لِلۡإِنسَٰنِ عَدُوّٞ مُّبِينٞ ﴿٥﴾

5 ـ يەئقۇب ئوغلى يۈسۈفكە: «ئى ئوغلۇم! بۇ چۈشۈڭنى قېرىنداشلىرىڭغا ئېيتمىغىن، ئۇلار ساڭا ھەسەت قىلىپ، سېنى يوق قىلىش ئۈچۈن سۇيىقەست قىلىپ قويمىسۇن. چۈنكى شەيتان ئىنسانغا ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر» دېدى.

وَكَذَٰلِكَ يَجۡتَبِيكَ رَبُّكَ وَيُعَلِّمُكَ مِن تَأۡوِيلِ ٱلۡأَحَادِيثِ وَيُتِمُّ نِعۡمَتَهُۥ عَلَيۡكَ وَعَلَىٰٓ ءَالِ يَعۡقُوبَ كَمَآ أَتَمَّهَا عَلَىٰٓ أَبَوَيۡكَ مِن قَبۡلُ إِبۡرَٰهِيمَ وَإِسۡحَٰقَۚ إِنَّ رَبَّكَ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ﴿٦﴾

6 ـ رەببىڭ ساڭا بۇ چۈشنى كۆرسەتكەندەك، سېنى پەيغەمبەرلىككە تاللايدۇ ۋە ساڭا كىشىلەرنىڭ كۆرگەن چۈشلىرىگە تەبىر بېرىش ئىلمىنى بىلدۈرىدۇ، ئىلگىرى ئەجدادلىرىڭ ئىبراھىم ۋە ئىسھاقلارغا پەيغەمبەرلىك نېمىتىنى تاماملىغىنىغا ئوخشاش،

ساڭا ۋە يەئقۇب ئائىلىسىگىمۇ پەيغەمبەرلىك نېمىتىنى تاماملايدۇ. شۈبھىسىزكى، رەببىڭ بەندىلىرىدىن كىمنى تاللاشنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

۞ لَّقَدْ كَانَ فِي يُوسُفَ وَإِخْوَتِهِۦٓ ءَايَٰتٌ لِّلسَّآئِلِينَ ۝٧

7 - يۇسۇف ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ قىسسىسىدە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىغۇچىلار ۋە بىلىشكە قىزىققۇچىلار ئۈچۈن كۆپلىگەن ئىبرەت ۋە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە، ھېكمىتىگە دالالەت قىلىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر بار.

إِذْ قَالُواْ لَيُوسُفُ وَأَخُوهُ أَحَبُّ إِلَىٰٓ أَبِينَا مِنَّا وَنَحْنُ عُصْبَةٌ إِنَّ أَبَانَا لَفِي ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ۝٨

8 - ئۆز ۋاقتىدا يۇسۇفنىڭ ئاتا بىر قېرىنداشلىرى: «يۇسۇف ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى بۇنيامىن ئاتىمىزغا بىزدىنمۇ سۆيۈملۈك بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، ئاتام ئۇلارنى بىزدىن بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ. بىز سانىمىز كۆپ بىر جامائە تۇرساق، ئېنىقكى، ئاتىمىزنىڭ ئۇلارنى بىزدىن ئۈستۈن كۆرۈشى ئوپئوچۇق بىر خاتالىقتۇر. چۈنكى ئاتىمىز ئۇلارنى ھېچبىر سەۋەبسىز بىزدىن ئۈستۈن كۆرۈۋاتىدۇ.

ٱقْتُلُواْ يُوسُفَ أَوِ ٱطْرَحُوهُ أَرْضًا يَخْلُ لَكُمْ وَجْهُ أَبِيكُمْ وَتَكُونُواْ مِنۢ بَعْدِهِۦ قَوْمًا صَٰلِحِينَ ۝٩

9 - يۇسۇفنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار ياكى ئۇنى شەھەردىن يىراق، ئادەمزات ياشىمايدىغان بىر جايغا تاشلىۋېتىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار ئاتاڭلارنىڭ مۇھەببىتى سىلەرگىلا قالىدۇ، سىلەردىن باشقىسىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بولىدۇ. سىلەر يۇسۇفنى ئۆلتۈرگەن ياكى ئۇنى (ئاتىمىزدىن) يىراقلاشتۇرغاندىن كېيىن، گۇناھىڭلارغا تەۋبە قىلىپ ياخشى ئادەم بولۇپ كېتىسىلەر» دېدى.

قَالَ قَآئِلٌ مِّنْهُمْ لَا تَقْتُلُواْ يُوسُفَ وَأَلْقُوهُ فِي غَيَٰبَتِ ٱلْجُبِّ يَلْتَقِطْهُ بَعْضُ ٱلسَّيَّارَةِ إِن كُنتُمْ فَٰعِلِينَ ۝١٠

10 - يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرىدىن يەنە بىرى: «يۇسۇفنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئەگەر ئۇنى ئاتىمىزدىن يىراق قىلماقچى بولساڭلار، ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋېتىڭلار، يولدىن ئۆتكەن كارۋان ئېلىۋالسۇن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇسىلەر، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە كېرەك قالمايدۇ» دېدى.

قَالُواْ يَٰٓأَبَانَا مَا لَكَ لَا تَأْمَ۫نَّا عَلَىٰ يُوسُفَ وَإِنَّا لَهُۥ لَنَٰصِحُونَ ۝١١

11 - ئۇلار يۇسۇفتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىدا كېلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئاتىسىغا مۇنداق دېيىشتى: «ئى ئاتىمىز! بىز يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى تۇرساق، نېمىشقا ئۇنىڭ ئىشىدا بىزگە ئىشەنمەيسەن؟ بىز ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياخشى قارايمىز، ئۇنى ئاسرايمىز ئەمەسمۇ؟!

أَرْسِلْهُ مَعَنَا غَدًا يَرْتَعْ وَيَلْعَبْ وَإِنَّا لَهُۥ لَحَٰفِظُونَ ۝١٢

12 - ئەتە ئۇنى بىزگە قوشۇپ قويغىن، بىز بىلەن بىللە يايلاققا چىقىپ خالىغانچە يەپ-ئىچىپ، ئويناپ- كۈلۈپ كەلسۇن، ئۇنى بىز چوقۇم ياخشى مۇھاپىزەت قىلىمىز».

قَالَ إِنِّي لَيَحْزُنُنِيٓ أَن تَذْهَبُواْ بِهِۦ وَأَخَافُ أَن يَأْكُلَهُ ٱلذِّئْبُ وَأَنتُمْ عَنْهُ غَٰفِلُونَ ۝١٣

13 - يەئقۇب: «سىلەر ئۇنى يايلاققا ئېلىپ كەتسەڭلار، مەن راستتىنلا خاتىرجەم بولالمايمەن، سىلەر غەپلەتتە قىلىپ، ئۇنى بۆرە يەپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن» دېدى.

قَالُواْ لَئِنۡ أَكَلَهُ ٱلذِّئۡبُ وَنَحۡنُ عُصۡبَةٌ إِنَّآ إِذٗا لَّخَٰسِرُونَ ﴿١٤﴾

14 - ئۇلار: «ئى ئاتا! بىز دېگەن بىر توپ جامائە تۇرۇپ ئۇنى بۆرىگە يېگۈزۈپ قويساق، بىز چوقۇم زىيان تارتىمىز، ئۇ چاغدا بىزدىن ھېچقانداق ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدۇ» دېيىشتى.

فَلَمَّا ذَهَبُواْ بِهِۦ وَأَجۡمَعُوٓاْ أَن يَجۡعَلُوهُ فِي غَيَٰبَتِ ٱلۡجُبِّۚ وَأَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡهِ لَتُنَبِّئَنَّهُم بِأَمۡرِهِمۡ هَٰذَا وَهُمۡ لَا يَشۡعُرُونَ ﴿١٥﴾

15 - يەئقۇب يۈسۈفنى قېرىنداشلىرىغا قوشۇپ قويدى، قېرىنداشلىرى ئۇنى يايلاققا ئېلىپ چىقىپ چوڭقۇر قۇدۇققا تاشلاشنى بىردەك قارار قىلىشقان (ئاندىن يۈسۈفكە قىلىدىغان ئەسكىلىكلىرىنى قىلىپ، ئۇنى قۇدۇققا تاشلىغان) چاغدا، چاغدا، بىز يۈسۈفكە: «سەن ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىنى كەلگۈسىدە ئۇلار سېنىڭ يۈسۈف ئىكەنلىكىڭنى ئۇقمايدىغان بىر پەيتتە، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئېيتىپ بېرىسەن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق.

وَجَآءُوٓ أَبَاهُمۡ عِشَآءٗ يَبۡكُونَ ﴿١٦﴾

16 - يۈسۈفنىڭ قېرىنداشلىرى كەچ كىرگەندە ئاتىسىنىڭ ئالدىغا پەرياد قىلغان ھالدا يىغلاپ كېلىشتى.

قَالُواْ يَٰٓأَبَانَآ إِنَّا ذَهَبۡنَا نَسۡتَبِقُ وَتَرَكۡنَا يُوسُفَ عِندَ مَتَٰعِنَا فَأَكَلَهُ ٱلذِّئۡبُۖ وَمَآ أَنتَ بِمُؤۡمِنٖ لَّنَا وَلَوۡ كُنَّا صَٰدِقِينَ ﴿١٧﴾

17 - ئۇلار: «ئى ئاتىمىز! بىز يۈسۈفنى نەرسە-كېرەكلىرىمىزنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ قويۇپ، يۈگۈرۈپ ۋە ئوق ئېتىپ ئويىنىغىلى كېتىپ قاپتۇق. بىز يۈسۈفنى ياخشى ساقلىغان ۋە ئىشەنچلىك جايدا قالدۇرۇپ قويغان ئىدۇق. ئەپسۇسكى ئۇنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ. بىز راست گەپ قىلساقمۇ، سەن يۈسۈفنى ناھايىتى بەك ياخشى كۆرگەنلىكتىن بىزنىڭ گېپىمىزگە ئىشەنمەيسەن» دېيىشتى.

وَجَآءُو عَلَىٰ قَمِيصِهِۦ بِدَمٖ كَذِبٖۚ قَالَ بَلۡ سَوَّلَتۡ لَكُمۡ أَنفُسُكُمۡ أَمۡرٗاۖ فَصَبۡرٞ جَمِيلٞۖ وَٱللَّهُ ٱلۡمُسۡتَعَانُ عَلَىٰ مَا تَصِفُونَ ﴿١٨﴾

18 - ئۇلار ئاتىسىنى يالغان سۆزلىرىگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، يۈسۈفنىڭ كۆڭلىكىنى يۈسۈفنىڭ قېنى بولمىغان بىر قان بىلەن بوياپ ئېلىپ كېلىشكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقى مانا مەن چىقىپ تۇراتتى، چۈنكى، ئۇلار ئېلىپ كەلگەن كۆڭلەك يىرتىلمىغان ئىدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئىش سىلەر دېگەندەك ئەمەس، بۇ قەبىھ قىلمىشنى سىلەرنىڭ يامانلىققا كۆپ بۇيرۇيدىغان ئاشۇ نەپسىڭلار سىلەرگە چىرايلىق كۆرسىتىپ قىلدۇرۇپتۇ. مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن، ھېچقانداق بەندىگە دەرد تۆكمەيمەن، سىلەرنىڭ بۇ يالغانلىرىڭلارغا سەۋر قىلىشىم ئۈچۈن، ئاللاھتىن ياردەم تىلەيمەن» دېدى.

وَجَآءَتۡ سَيَّارَةٞ فَأَرۡسَلُواْ وَارِدَهُمۡ فَأَدۡلَىٰ دَلۡوَهُۥۖ قَالَ يَٰبُشۡرَىٰ هَٰذَا غُلَٰمٞۚ وَأَسَرُّوهُ بِضَٰعَةٗۚ وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ بِمَا يَعۡمَلُونَ ﴿١٩﴾

19 - بۇ يەردىن بىر كارۋان ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ سۇچىسىنى سۇ ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى، سۇچى چېلەكنى قۇدۇققا تاشلىۋىدى، يۈسۈف چېلەككە ئېسىلىۋالدى. سۇچى يۈسۈفنى كۆرۈپ: «خۇش خەۋەر! مانا بىر ئوغۇل بالا» دېدى. يۈسۈفنىڭ قېرىنداشلىرى يېقىن بىر جايدا ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇراتتى، يۈسۈفنىڭ ئۆز قېرىندىشى ئىكەنلىكىنى يوشۇردى، يۈسۈفمۇ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقۇپ ئۇلارنى تونۇماسقا سالدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ يۈسۈفكە قىلغانلىرىنى بىلىپ تۇراتتى.

وَشَرَوۡهُ بِثَمَنِۭ بَخۡسٖ دَرَٰهِمَ مَعۡدُودَةٖ وَكَانُواْ فِيهِ مِنَ ٱلزَّٰهِدِينَ ﴿٢٠﴾

20 - يۈسۈفنى قېرىنداشلىرى بۇ كارۋانغا بىر قانچە تەڭگىگە ئەرزان باھادا سېتىۋەتتى. چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭدىن قۇتۇلماقچى ئىدى. ئۇلار يۈسۈفنىڭ كەلگۈسىدە كاتتا مەرتىۋىلىك كىشى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

وَقَالَ ٱلَّذِي ٱشۡتَرَىٰهُ مِن مِّصۡرَ لِٱمۡرَأَتِهِۦٓ أَكۡرِمِي مَثۡوَىٰهُ عَسَىٰٓ أَن يَنفَعَنَآ أَوۡ نَتَّخِذَهُۥ وَلَدٗاۚ وَكَذَٰلِكَ مَكَّنَّا لِيُوسُفَ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلِنُعَلِّمَهُۥ مِن تَأۡوِيلِ ٱلۡأَحَادِيثِۚ وَٱللَّهُ غَالِبٌ عَلَىٰٓ أَمۡرِهِۦ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٢١﴾

21 - كارۋان يۈسۈفنى ئېلىپ مىسىرغا بارغاندىن كېيىن، مىسىر ۋەزىرى ئەزىز يۈسۈفنى ئۇلاردىن سېتىۋالدى، ئۇنى ئۆيىگە ئەكىلىپ ئايالىغا: «بۇ بالىنى ياخشى كۈتكىن، بىزگە ئەسقېتىپ قالار ياكى بالا قىلىۋالارمىز» دېدى. بىز يۈسۈفنى قۇتقۇزغىنىمىزدەك ۋە مىسىر ۋەزىرى ئەزىزنىڭ مېھرىبانلىقىغا ئېرىشتۈرگىنىمىزدەك، ئۇنى مىسىردا تۇرغۇزدۇق، مىسىرنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان قىلدۇق. بۇ ئۇنىڭ ئادالەتلىك ھۆكۈم سۈرۈشى ۋە بىزنىڭ ئۇنىڭغا چۈش تەبىرىنى بىلدۈرۈشىمىز ئۈچۈن قىلدۇق. ئاللاھ ئۆزى ئىرادە قىلغان ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر، ئۇنىڭ ھۆكمى يۈرگۈچىدۇر، ئۇنىڭغا ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

وَلَمَّا بَلَغَ أَشُدَّهُۥٓ ءَاتَيۡنَٰهُ حُكۡمٗا وَعِلۡمٗاۚ وَكَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿٢٢﴾

22 - يۈسۈف قىرانىغا يەتكەن چاغدا، ئۇنىڭغا ئىلىم - ھېكمەت ۋە مەسىلىلەرنى توغرا چۈشىنىش قابىلىيىتى ئاتا قىلدۇق، بىز يۈسۈفنى قىلغان مۇكەممەل ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپاتلىغاندەك، ئىشنى مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى ئەمەلىگە يارىشا شۇنداق مۇكاپاتلايمىز (بۇ ئايەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىلگەن).

وَرَٰوَدَتۡهُ ٱلَّتِي هُوَ فِي بَيۡتِهَا عَن نَّفۡسِهِۦ وَغَلَّقَتِ ٱلۡأَبۡوَٰبَ وَقَالَتۡ هَيۡتَ لَكَۚ قَالَ مَعَاذَ ٱللَّهِۖ إِنَّهُۥ رَبِّيٓ أَحۡسَنَ مَثۡوَايَۖ إِنَّهُۥ لَا يُفۡلِحُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٢٣﴾

23 - يۈسۈف تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئايال خوجايىنى يۇمشاق ۋە سىلىق ئۇسۇللار بىلەن يۈسۈفنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە تارتماقچى بولدى - دە، ئىشىكلەرنى تاقىۋېتىپ: «بېرى كەل!» دېدى. يۈسۈف: «ئاللاھ ساقلىسۇن! مەن سىزنىڭ تەلپىڭىزنى قوبۇل قىلىپ، ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتقان ۋە مېنى ھۆرمەتلىگەن خوجايىنىمغا خىيانەت قىلىشتىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. شەكسىزكى، قىلماسلىقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدۇ» دېدى.

وَلَقَدْ هَمَّتْ بِهِۦ ۖ وَهَمَّ بِهَا لَوْلَآ أَن رَّءَا بُرْهَٰنَ رَبِّهِۦ ۚ كَذَٰلِكَ لِنَصْرِفَ عَنْهُ ٱلسُّوٓءَ وَٱلْفَحْشَآءَ ۚ إِنَّهُۥ مِنْ عِبَادِنَا ٱلْمُخْلَصِينَ ﴿٢٤﴾

24 - ئەزىزنىڭ ئايالى يۇسۇف بىلەن يامان ئىش قىلىشقا بەل باغلىغان ئىدى. يۇسۇف رەببىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش ئالامىتىنى كۆرمىگەن بولسا ئىدى، ئۇ ئاشۇ ئايالنىڭ تەلپىگە مايىل بولۇپ كەتكەن بولاتتى. بىزنىڭ يۇسۇفكە ئۇ ئالامەتنى كۆرسەتكەنلىكىمىز پەقەتلا يامانلىقنى ۋە سەتچىلىكنى ئۇنىڭدىن يىراق قىلىش ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى ئۇ پەيغەمبەرلىككە تاللانغان، رەببىگە ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىدىغان بەندىلىرىمىزدىن ئىدى.

وَٱسْتَبَقَا ٱلْبَابَ وَقَدَّتْ قَمِيصَهُۥ مِن دُبُرٍ وَأَلْفَيَا سَيِّدَهَا لَدَا ٱلْبَابِ ۚ قَالَتْ مَا جَزَآءُ مَنْ أَرَادَ بِأَهْلِكَ سُوٓءًا إِلَّآ أَن يُسْجَنَ أَوْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٢٥﴾

25 - يۇسۇف ئۆيدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئىشىككە قاراپ يۈگۈردى، ئايالمۇ ئۇنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئىشىككە قاراپ يۈگۈردى ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى ئارقىسىدىن تارتىپ يىرتىۋەتتى. ئۇلار ئىشىك ئالدىدا (ئايالنىڭ ئېرى) ئەزىز بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىشتى. ئايال: «سېنىڭ ئائىلەڭگە يامانلىق قىلماقچى بولغان ئادەمنى پەقەت زىندانغا تاشلاش ياكى قاتتىق قىيناش بىلەن جازالاش كېرەك» دېدى.

قَالَ هِىَ رَٰوَدَتْنِى عَن نَّفْسِى ۚ وَشَهِدَ شَاهِدٌ مِّنْ أَهْلِهَآ إِن كَانَ قَمِيصُهُۥ قُدَّ مِن قُبُلٍ فَصَدَقَتْ وَهُوَ مِنَ ٱلْكَٰذِبِينَ ﴿٢٦﴾

26 - يۇسۇف: «مېنى بۇ يامان ئىشقا زورلىماقچى بولغان كىشى سىزنىڭ ئايالىڭىزدۇر» دېدى. ئايالنىڭ ئائىلىسىدىكى بىر بوۋاق بۆشۈكتە تۇرۇپ گۇۋاھلىق بېرىپ: «ئەگەر يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكى ئالدى تەرىپىدىن يىرتىلغان بولسا، ئايال يۇسۇفنى ئەيىبلەشتە راست گەپ قىلغان بولىدۇ، يۇسۇف بولسا يالغانچىلاردىن بولىدۇ.

وَإِن كَانَ قَمِيصُهُۥ قُدَّ مِن دُبُرٍ فَكَذَبَتْ وَهُوَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٢٧﴾

27 - ئەگەر ئۇنىڭ كۆڭلىكى ئارقا تەرىپىدىن يىرتىلغان بولسا، ئايال يالغان گەپ قىلغان بولىدۇ، يۇسۇف راست گەپ قىلغانلاردىن بولىدۇ» دېدى.

فَلَمَّا رَءَا قَمِيصَهُۥ قُدَّ مِن دُبُرٍ قَالَ إِنَّهُۥ مِن كَيْدِكُنَّ ۖ إِنَّ كَيْدَكُنَّ عَظِيمٌ ﴿٢٨﴾

28 - ئەزىز يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن يىرتىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى بىلدى، ئاندىن ئايالىغا: «بۇ يىگىتنى قارىلاپ ئېيتقان بۇ يالغان سۆزۈڭ سىلەرنىڭ ھىيلە - مىكرىڭلارنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئەي ئاياللار جامائەسى! سىلەرنىڭ ھىيلەڭلار ھەقىقەتەن چوڭدۇر» دېدى.

يُوسُفُ أَعْرِضْ عَنْ هَٰذَا ۚ وَٱسْتَغْفِرِى لِذَنۢبِكِ ۖ إِنَّكِ كُنتِ مِنَ ٱلْخَاطِـِٔينَ ﴿٢٩﴾

29 - ئەزىز يۇسۇفكە: «ئى يۇسۇف! ئايالىمنىڭ ئىشىنى كىشىلەرگە دەپ يۈرمىگىن» دېدى. ئايالىغا: «ئەي خوتۇن! سەن ئۆز گۇناھىڭغا كەچۈرۈم سورىغىن. چۈنكى، سەن يۇسۇفنى يامان ئىش قىلىشقا زورلاپ، ئۇنىڭغا قارا چاپلاپ قاتتىق گۇناھكار بولدۇڭ» دېدى.

۞ وَقَالَ نِسْوَةٌ فِى ٱلْمَدِينَةِ ٱمْرَأَتُ ٱلْعَزِيزِ تُرَٰوِدُ فَتَىٰهَا عَن نَّفْسِهِۦ ۖ قَدْ شَغَفَهَا حُبًّا ۖ إِنَّا لَنَرَىٰهَا فِى

ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٣٠﴾

30 - بۇ خەۋەر شەھەردىكى ئاياللارغا يېتىپ باردى. ئاياللار بۇ خەۋەرنى ئۆز ئارىسىدا
تارقاتتى ۋە ئەزىزنىڭ ئايالىنى ئەيىبلەپ: «ئەزىزنىڭ ئايالى ئۆزىنىڭ قۇلىغا كۆيۈپ
قېلىپ، ئۇنى ئۆزى بىلەن يامان ئىش قىلىشقا قايىل قىلماقچى بوپتۇ، بىز ئۇنى،
ئەلۋەتتە ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا كۆرۈۋاتىمىز» دېيىشتى.

فَلَمَّا سَمِعَتْ بِمَكْرِهِنَّ أَرْسَلَتْ إِلَيْهِنَّ وَأَعْتَدَتْ لَهُنَّ مُتَّكَـًٔا وَءَاتَتْ كُلَّ وَٰحِدَةٍ مِّنْهُنَّ سِكِّينًا
وَقَالَتِ ٱخْرُجْ عَلَيْهِنَّ ۖ فَلَمَّا رَأَيْنَهُۥٓ أَكْبَرْنَهُۥ وَقَطَّعْنَ أَيْدِيَهُنَّ وَقُلْنَ حَٰشَ لِلَّهِ مَا هَٰذَا بَشَرًا
إِنْ هَٰذَآ إِلَّا مَلَكٌ كَرِيمٌ ﴿٣١﴾

31 - ئەزىزنىڭ ئايالى ئۇلارنىڭ سۆز - چۆچەكلىرىنى ۋە ئەيىبلەشلىرىنى ئاڭلاپ قېلىپ،
ئۇلارنى چاقىرىپ كېلىدىغانغا ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلارغا يۆلىنىپ ئولتۇرىدىغان تەكىيە -
ياستۇقلارنى ۋە يېمەكلىكلەرنى تەييارلىدى، يەيدىغانلىرىنى كېسىپ يېسۇن دەپ ئۇلارنىڭ
ھەر بىرىگە بىردىن پىچاق بەردى. ئاندىن ئەزىزنىڭ ئايالى يۈسۈفكە: «ئۇلارنىڭ
ئالدىغا چىققىن» دېدى. ئاياللار ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا ھاڭ - تاڭ بولۇپ قېلىشتى
ۋە قاتتىق ھەيرانلىقتا قالغانلىقتىن ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىنى كېسىۋېلىشتى. ئۇلار: «ئاللاھ
ساقلىسۇن! بۇ ئادەمزات ئەمەس، چۈنكى ئادەم بۇنداق چىرايلىق بولمايدۇ، بۇ پەقەت
بىر ئېسىل پەرىشتە ئىكەنغۇ» دېيىشتى.

قَالَتْ فَذَٰلِكُنَّ ٱلَّذِى لُمْتُنَّنِى فِيهِ ۖ وَلَقَدْ رَٰوَدتُّهُۥ عَن نَّفْسِهِۦ فَٱسْتَعْصَمَ ۖ وَلَئِن لَّمْ يَفْعَلْ مَآ
ءَامُرُهُۥ لَيُسْجَنَنَّ وَلَيَكُونًا مِّنَ ٱلصَّٰغِرِينَ ﴿٣٢﴾

32 - ئەزىزنىڭ ئايالى قوللىرىنى كېسىۋالغان ئاياللارغا: «مانا بۇ سىلەرنىڭ مېنى ئەيىبلىشىڭلارغا
سەۋەب بولغان ھېلىقى يىگىتتۇر، ئۇنىڭدىن مەن بىلەن يامان ئىش قىلىشنى تەلەپ
قىلدىم، تەلىپىمنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن ئۇنى قايىل قىلىشقا ئۇرۇندۇم، لېكىن ئۇ
ئۆزىنى ساقلىدى، تەلىپىمنى رەت قىلدى. ئەگەر ئۇ يەنىلا بۇيرۇقۇمغا ئۇنىمىسا، چوقۇم
زىندانغا تاشلىنىپ جازالىنىدۇ، چوقۇم خارلانغۇچىلاردىن بولۇپ قالىدۇ» دېدى.

قَالَ رَبِّ ٱلسِّجْنُ أَحَبُّ إِلَىَّ مِمَّا يَدْعُونَنِىٓ إِلَيْهِ ۖ وَإِلَّا تَصْرِفْ عَنِّى كَيْدَهُنَّ أَصْبُ إِلَيْهِنَّ وَأَكُن
مِّنَ ٱلْجَٰهِلِينَ ﴿٣٣﴾

33 - يۈسۈف ئاياللارنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن
ئاللاھقا سىغىنىپ: «ئى رەببىم! ماڭا ئۇلار مېنى ئۈندىگەن زىنا - پاھىشىدىن زىندان
سۆيۈملۈكتۇر، ئەگەر سەن مېنى ئۇلارنىڭ ھىيلىسىدىن ساقلىمىساڭ، مەن ئۇلارغا مايىل
بولۇپ كېتىپ نادانلاردىن بولۇپ قالىمەن» دېدى.

فَٱسْتَجَابَ لَهُۥ رَبُّهُۥ فَصَرَفَ عَنْهُ كَيْدَهُنَّ ۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٣٤﴾

34 - شۇنىڭ بىلەن رەببى ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنى ئەزىزنىڭ ئايالى ۋە
باشقا ئاياللار پىلانلىغان قەبىھ ئىشتىن ساقلىدى. شەكسىزكى، ئاللاھ يۈسۈفنىڭ ۋە دۇئا
قىلغان ھەرقانداق بەندىنىڭ دۇئايىنى ئاڭلىغۇچىدۇر، يۈسۈفنىڭ ۋە ھەممە بەندىلىرىنىڭ
تەلىپىنى، ھاجىتىنى ۋە ئۇلارغا نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.

ثُمَّ بَدَا لَهُم مِّنۢ بَعۡدِ مَا رَأَوُاْ ٱلۡأٓيَٰتِ لَيَسۡجُنُنَّهُۥ حَتَّىٰ حِينٖ ﴿٣٥﴾

35 - ئاندىن ئەزىزگە ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىغا يۇسۇفنىڭ گۇناھسىز ۋە پاك ئىكەنلىكىگە دائىر پاكىتلار ئوچۇق بولغاندىن كېيىن، ئۇلار رەسۋا بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يۇسۇفنى بىر مەزگىل قاماپ قويۇشنى لايىق تاپتى.

وَدَخَلَ مَعَهُ ٱلسِّجۡنَ فَتَيَانِۖ قَالَ أَحَدُهُمَآ إِنِّيٓ أَرَىٰنِيٓ أَعۡصِرُ خَمۡرٗاۖ وَقَالَ ٱلۡأٓخَرُ إِنِّيٓ أَرَىٰنِيٓ أَحۡمِلُ فَوۡقَ رَأۡسِي خُبۡزٗا تَأۡكُلُ ٱلطَّيۡرُ مِنۡهُۖ نَبِّئۡنَا بِتَأۡوِيلِهِۦٓۖ إِنَّا نَرَىٰكَ مِنَ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿٣٦﴾

36 - زىندانغا يۇسۇف بىلەن ئىككى يىگىت بىللە كىرگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى: «مەن چۈشۈمدە هاراق ياساش ئۈچۈن ئۈزۈمنى سىققۇدەكمەن» دېدى. ئىككىنچىسى: «مەن چۈشۈمدە بېشىمدا نان كۆتۈرۈپ تۇرغۇدەكمەن، ناننى قۇشلار يەۋاتقۇدەك. ئى يۇسۇف! بۇ چۈشىمىزنىڭ تەبىرىنى بىزگە ئېيتىپ بەرسەڭ. چۈنكى بىز سېنى رەببىڭگە ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىدىغان، ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىدىغان بىرى دەپ قارايمىز» دېدى.

قَالَ لَا يَأۡتِيكُمَا طَعَامٞ تُرۡزَقَانِهِۦٓ إِلَّا نَبَّأۡتُكُمَا بِتَأۡوِيلِهِۦ قَبۡلَ أَن يَأۡتِيَكُمَاۚ ذَٰلِكُمَا مِمَّا عَلَّمَنِي رَبِّيٓۚ إِنِّي تَرَكۡتُ مِلَّةَ قَوۡمٖ لَّا يُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَهُم بِٱلۡأٓخِرَةِ هُمۡ كَٰفِرُونَ ﴿٣٧﴾

37 - يۇسۇف ئۇلارغا: «قانداقلا بىر ۋاقىتتا ئىككىڭلارغا ئوزۇقلىنىش ئۈچۈن سىرتتىن قانداقلا تاماق كەلسە، ئۇ تاماق كېلىشتىن بۇرۇن، مەن ئۇنىڭ قانداق تاماق ئىكەنلىكىنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەلەيمەن، (مەن سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدىغان) بۇ تەبىر رەببىم ماڭا بىلدۈرگەن ئىلىملەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. شۈبھىسىزكى، مەن ئاللاھقا ئىمان ئېيتتىم، ئىبادەتنى ئۇنىڭغا خالىس قىلدىم، مەن ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغان، ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنى ۋە ھېساب بېرىشنى ئىنكار قىلىدىغان قەۋمنىڭ دىنىدىن ئەلۋەتتە يىراقمەن.

وَٱتَّبَعۡتُ مِلَّةَ ءَابَآءِيٓ إِبۡرَٰهِيمَ وَإِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَۚ مَا كَانَ لَنَآ أَن نُّشۡرِكَ بِٱللَّهِ مِن شَيۡءٖۚ ذَٰلِكَ مِن فَضۡلِ ٱللَّهِ عَلَيۡنَا وَعَلَى ٱلنَّاسِ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَشۡكُرُونَ ﴿٣٨﴾

38 - مەن ئاتا - بوۋىلىرىم ئىبراھىم، ئىسھاق، يەئقۇبلارنىڭ دىنىغا ئەگەشتىم، ئاللاھقا خالىس ئىبادەت قىلدىم، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا مەخلۇقاتنى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈش بىزگە لايىق ئەمەس. ئاللاھقا خالىس ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت تەۋھىد ئەقىدىسى ئاللاھنىڭ بىزگە ۋە ئىنسانلارغا قىلغان كاتتا نېمىتىدۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇ كاتتا نېمەتنى ئاتا قىلغان ئاللاھقا شۈكۈر قىلمايدۇ.

يَٰصَٰحِبَيِ ٱلسِّجۡنِ ءَأَرۡبَابٞ مُّتَفَرِّقُونَ خَيۡرٌ أَمِ ٱللَّهُ ٱلۡوَٰحِدُ ٱلۡقَهَّارُ ﴿٣٩﴾

39 - ئى زىندانداشلىرىم! كۆپ خىل مەبۇدلارغا چوقۇنۇش ياخشىمۇ؟ ياكى قەھر قىلغۇچى بىرلا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشمۇ؟

مَا تَعۡبُدُونَ مِن دُونِهِۦٓ إِلَّآ أَسۡمَآءٗ سَمَّيۡتُمُوهَآ أَنتُمۡ وَءَابَآؤُكُم مَّآ أَنزَلَ ٱللَّهُ بِهَا مِن سُلۡطَٰنٍۚ إِنِ ٱلۡحُكۡمُ إِلَّا لِلَّهِ أَمَرَ أَلَّا تَعۡبُدُوٓاْ إِلَّآ إِيَّاهُۚ ذَٰلِكَ ٱلدِّينُ ٱلۡقَيِّمُ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٤٠﴾

40 - سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار پەقەتلا سىلەر ۋە ئاتا - بوۋىلىرىڭلار ئاتىۋالغان قۇرۇق ناملاردىن باشقا نەرسە ئەمەس. سىلەر ۋە ئاتا - بوۋىلىرىڭلار نادانلىقتىن ئاشۇ نەرسىلەرنى مەبۇد دەۋالدىڭلار، ھالبۇكى، ئاللاھ ئۇ نەرسىلەرنىڭ مەبۇدلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق دەلىل - پاكىت چۈشۈرگەن ئەمەس. بارچە

ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر، ئاللاھنىڭ ھېچبىر شېرىكى يوقتۇر. ئاللاھ سىلەرنى ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىتائەت قىلماسلىققا ۋە ئىبادەتنى پەقەتلا ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا قىلىشقا بۇيرۇغان. بۇ توغرا دىندۇر، ئۇنىڭدا قىلچە ئەگرىلىك يوقتۇر. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەيدۇ.

يَٰصَٰحِبَيِ ٱلسِّجۡنِ أَمَّآ أَحَدُكُمَا فَيَسۡقِي رَبَّهُۥ خَمۡرٗاۖ وَأَمَّا ٱلۡأٓخَرُ فَيُصۡلَبُ فَتَأۡكُلُ ٱلطَّيۡرُ مِن
رَّأۡسِهِۦۚ قُضِيَ ٱلۡأَمۡرُ ٱلَّذِي فِيهِ تَسۡتَفۡتِيَانِ ﴿٤١﴾

41 - زىندانداشلىرىم! سىلەرگە كۆرگەن چۈشۈڭلارنىڭ تەبىرىنى دەپ بېرەي، ئۈزۈم سىقىپ چۈش كۆرگەن كىشىگە كەلسەك، ئۇ زىنداندىن چىقىدۇ ۋە بۇرۇنقىدەكلا پادىشاھقا ساقىيلىق قىلىدۇ، ئەمما بېشىدا نان كۆتۈرۈپ چۈش كۆرگەن كىشى دارغا ئېسىلىدۇ ۋە داردا تەرك ئېتىلىدۇ، ئۇنىڭ كاللىسىنى قۇشلار يەيدۇ. سىلەر سورىغان ئىشلار توغرىسىدا مۇشۇنداق تەقدىر قىلىنىپ بولدى».

وَقَالَ لِلَّذِي ظَنَّ أَنَّهُۥ نَاجٖ مِّنۡهُمَا ٱذۡكُرۡنِي عِندَ رَبِّكَ فَأَنسَىٰهُ ٱلشَّيۡطَٰنُ ذِكۡرَ رَبِّهِۦ فَلَبِثَ فِي
ٱلسِّجۡنِ بِضۡعَ سِنِينَ ﴿٤٢﴾

42 - يۈسۈف ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زىنداندىن چىقىپ كېتىدىغانلىقى بىلىنگەن بىرىگە: «پادىشاھنىڭ ئالدىدا مېنى ئېسىڭگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا مېنىڭ ناھەق زىندانغا تاشلانغانلىقىمنى ئېيتىپ قويغىن» دېگەن ئىدى. ئەمما شەيتان ئۇنىڭغا يۈسۈفنىڭ ئەھۋالىنى پادىشاھقا ئېيتىپ قويۇشنى ئۇنتۇلدۇردى. يۈسۈف شۇنىڭدىن كېيىن زىنداندا بىر نەچچە يىل يېتىپ قالدى.

وَقَالَ ٱلۡمَلِكُ إِنِّيٓ أَرَىٰ سَبۡعَ بَقَرَٰتٖ سِمَانٖ يَأۡكُلُهُنَّ سَبۡعٌ عِجَافٞ وَسَبۡعَ سُنۢبُلَٰتٍ خُضۡرٖ وَأُخَرَ
يَابِسَٰتٖۖ يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡمَلَأُ أَفۡتُونِي فِي رُءۡيَٰيَ إِن كُنتُمۡ لِلرُّءۡيَا تَعۡبُرُونَ ﴿٤٣﴾

43 - پادىشاھ ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن چۈشۈمدە يەتتە ئورۇق كالىنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى يەپ كەتكەنلىكىنى ۋە يەتتە يېشىل باشاق بىلەن يەتتە قۇرۇق باشاقنى كۆردۈپتىمەن، ئى كاتتىلار! سىلەر چۈش تەبىرىنى بىلسەڭلار، مېنىڭ بۇ چۈشۈمگە تەبىر بېرىپ بېقىڭلار».

قَالُوٓاْ أَضۡغَٰثُ أَحۡلَٰمٖۖ وَمَا نَحۡنُ بِتَأۡوِيلِ ٱلۡأَحۡلَٰمِ بِعَٰلِمِينَ ﴿٤٤﴾

44 - ئۇلار ئېيتتى: «سىز كۆرگەن بۇ چۈش قالايمىقان چۈش ئىكەن، بىز بۇنداق قالايمىقان چۈشكە تەبىر بېرەلمەيمىز».

وَقَالَ ٱلَّذِي نَجَا مِنۡهُمَا وَٱدَّكَرَ بَعۡدَ أُمَّةٍ أَنَا۠ أُنَبِّئُكُم بِتَأۡوِيلِهِۦ فَأَرۡسِلُونِ ﴿٤٥﴾

45 - يۈسۈف بىلەن زىنداندا ياتقان ئىككىيلەندىن زىنداندىن قۇتۇلغان ۋە ئۇزاق مۇددەتتىن كېيىن يۈسۈفنى ئېسىگە ئالغان بىرى: «مەن سىلەرگە بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى خەۋەر قىلىمەن، مېنى يۈسۈفنىڭ قېشىغا ئەۋەتىڭلار، مەن ئۇنىڭ تەبىرىنى بىلىپ كېلەي» دېدى.

يُوسُفُ أَيُّهَا ٱلصِّدِّيقُ أَفۡتِنَا فِي سَبۡعِ بَقَرَٰتٖ سِمَانٖ يَأۡكُلُهُنَّ سَبۡعٌ عِجَافٞ وَسَبۡعِ سُنۢبُلَٰتٍ
خُضۡرٖ وَأُخَرَ يَابِسَٰتٖ لَّعَلِّيٓ أَرۡجِعُ إِلَى ٱلنَّاسِ لَعَلَّهُمۡ يَعۡلَمُونَ ﴿٤٦﴾

46 - ئۇ ئادەم زىندانغا بېرىپ، يۇسۇفنىڭ يېنىغا كىردى - دە، ئۇنىڭغا: «يۇسۇف! ئى راستچىل كىشى! چۈشىدە يەتتە ئورۇق كالىنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى يەپ كەتكەنلىكىنى ۋە يەتتە يېشىل باشاق بىلەن يەتتە قۇرۇق باشاق كۆرگەن كىشىنىڭ چۈشىگە تەبىر بەرگىن. ئۈمىدكى، مەن پادىشاھ بىلەن ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ يېنىغا توغرا تەبىر بىلەن قايتسام، پادىشاھ چۈشىنىڭ تەبىرىنى بىلىۋالىدۇ ۋە سېنىڭ قەدرىڭنى ۋە پەزىلىتىڭنى بىلىپ قالىدۇ» دېدى.

قَالَ تَزۡرَعُونَ سَبۡعَ سِنِينَ دَأَبٗا فَمَا حَصَدتُّمۡ فَذَرُوهُ فِي سُنۢبُلِهِۦٓ إِلَّا قَلِيلٗا مِّمَّا تَأۡكُلُونَ ﴿٤٧﴾

47 - يۇسۇف پادىشاھنىڭ چۈشى ھەققىدە تەبىر سورىغان كىشىگە ئېيتتى: «بۇ چۈشىنىڭ تەبىرى شۇكى، سىلەر يەتتە يىل ئۈزۈلدۈرمەي تېرىقچىلىق قىلىڭلار، ئالغان ھوسۇلۇڭلارنىڭ ئاز بىر قىسمىنىلا يېيىشكە ئېلىۋېلىپ، قالغىنىنىڭ ھەممىسىنى باشىقى بىلەن ساقلاڭلار.

ثُمَّ يَأۡتِي مِنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَ سَبۡعٞ شِدَادٞ يَأۡكُلۡنَ مَا قَدَّمۡتُمۡ لَهُنَّ إِلَّا قَلِيلٗا مِّمَّا تُحۡصِنُونَ ﴿٤٨﴾

48 - ئاندىن مۇشۇ مول ھوسۇللۇق يىللاردىن كېيىن، قەھەتچىلىك بولىدىغان يەتتە يىل كېلىدۇ، بۇ يىللاردا ئىلگىرى توپلىۋالغان ئاشلىقىڭلاردىن ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن ساقلاپ قويۇلىدىغان ئاز بىر قىسمىدىن باشقىسىنى يەيسىلەر.

ثُمَّ يَأۡتِي مِنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَ عَامٞ فِيهِ يُغَاثُ ٱلنَّاسُ وَفِيهِ يَعۡصِرُونَ ﴿٤٩﴾

49 - شۇ قەھەتچىلىك يىللاردىن كېيىن مولچىلىق بولىدىغان يىل كېلىدۇ، ئۇنىڭدا ھۆل - يېغىن كۆپ بولىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، مېۋە - چېۋىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن كىشىلەر بۇ مېۋىلەردىن تۈرلۈك ئىچىملىكلەرنى سىقىپ چىقىرىدۇ».

وَقَالَ ٱلۡمَلِكُ ٱئۡتُونِي بِهِۦۖ فَلَمَّا جَآءَهُ ٱلرَّسُولُ قَالَ ٱرۡجِعۡ إِلَىٰ رَبِّكَ فَسۡـَٔلۡهُ مَا بَالُ ٱلنِّسۡوَةِ ٱلَّٰتِي قَطَّعۡنَ أَيۡدِيَهُنَّۚ إِنَّ رَبِّي بِكَيۡدِهِنَّ عَلِيمٞ ﴿٥٠﴾

50 - پادىشاھ قول ئاستىدىكىلەرگە: «بۇ چۈشكە تەبىر بەرگەن كىشىنى زىنداندىن چىقىرىپ، مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى. پادىشاھنىڭ ئەلچىسى يۇسۇفنىڭ يېنىغا بارغاندا، يۇسۇف ئۇنىڭغا: «سەن پادىشاھنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ھېلىقى قوللىرىنى كېسىۋالغان ئاياللارنىڭ دەردى نېمە ئىكەن ۋە مەن بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار ئىكەن سوراپ باققىن. شۇنىڭ بىلەن ھەقىقەت ھەممىگە ئايان بولىدۇ ۋە مېنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىم ئىسپاتلىنىدۇ. شەكسىزكى، رەببىم ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ، ئاللاھقا ھېچقانداق نەرسە مەخپىي ئەمەس» دېدى.

قَالَ مَا خَطۡبُكُنَّ إِذۡ رَٰوَدتُّنَّ يُوسُفَ عَن نَّفۡسِهِۦۚ قُلۡنَ حَٰشَ لِلَّهِ مَا عَلِمۡنَا عَلَيۡهِ مِن سُوٓءٖۚ قَالَتِ ٱمۡرَأَتُ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡـَٰٔنَ حَصۡحَصَ ٱلۡحَقُّ أَنَا۠ رَٰوَدتُّهُۥ عَن نَّفۡسِهِۦ وَإِنَّهُۥ لَمِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٥١﴾

51 - پادىشاھ قوللىرىنى كېسىۋالغان ئاشۇ ئاياللارنى يىغىپ، ئۇلاردىن: «زىياپەت كۈنى سىلەر يۇسۇفنى ئۆزۈڭلارغا تارتماقچى بولغاندا، ئەھۋال قانداق بولغان؟ يۇسۇفتە شەك پەيدا قىلىدىغان بىرەر ئەھۋالنى كۆردۈڭلارمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «ئاللاھ ساقلىسۇن، بىز ئۇنىڭدا ھېچقانداق بىر گۇناھ بارلىقىنى بىلمىدۇق» دېدى. ئەزىزنىڭ ئايالى: «بىر مەزگىل يېپىلىپ قالغاندىن كېيىن، ئەمدى ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇنى ئۆزۈمگە تارتىپ يولدىن چىقىرىشقا ئۇرۇنغان كىشى مەن ئىدىم. ئەمما ئۇ مېنىڭ تەلپىمنى

قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلدى. شەكسىزكى، ئۇ ئېيتقان بارلىق سۆزلىرىدە راستچىللاردىن
ئىدى.

ذَٰلِكَ لِيَعۡلَمَ أَنِّي لَمۡ أَخُنۡهُ بِٱلۡغَيۡبِ وَأَنَّ ٱللَّهَ لَا يَهۡدِي كَيۡدَ ٱلۡخَآئِنِينَ ٥٢

52 - مېنىڭ يۇسۇفنى ئاقلاپ بۇ سۆزلەرنى قىلغانلىقىم ۋە ئۆزۈمنىڭ يۇسۇفنى ئازدۇرۇشقا
ئۇرۇنغان گۇناھىمنى ئېتىراپ قىلغانلىقىم ئېرىمگە يالغان ئېيتمىغانلىقىمنى ۋە زىنا
قىلمىغانلىقىمنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈندۇر. مەن مېنىڭ ۋە يۇسۇفنىڭ زىنادىن
پاك ئىكەنلىكىمىزنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن ھەممىنى ئېتىراپ قىلدىم. ئاللاھ ئامانەتكە
خىيانەت قىلغۇچىلارنى ھىدايەت قىلمايدۇ، ئۇلارنى خىيانىتىدە ھېچبىر مۇۋەپپەقىيەتكە
ئېرىشتۈرمەيدۇ» دېدى.

۞ وَمَآ أُبَرِّئُ نَفۡسِيٓۚ إِنَّ ٱلنَّفۡسَ لَأَمَّارَةُۢ بِٱلسُّوٓءِ إِلَّا مَا رَحِمَ رَبِّيٓۚ إِنَّ رَبِّي غَفُورٞ رَّحِيمٞ ٥٣

53 - ئەزىزنىڭ ئايالى يەنە: «مەن ئۆزۈمنى ئاقلىمايمەن. چۈنكى نەپس دېگەن ئۆزىنىڭ
لەززىتى ئۈچۈن ئادەمنى يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدىغان نەرسىدۇر. پەقەت ئاللاھ
ساقلىغان ئادەملا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. شەكسىزكى، ئاللاھ تەۋبە قىلغان بەندىسىنىڭ
گۇناھىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا بەكمۇ مېھرىباندۇر» دېدى.

وَقَالَ ٱلۡمَلِكُ ٱئۡتُونِي بِهِۦٓ أَسۡتَخۡلِصۡهُ لِنَفۡسِيۖ فَلَمَّا كَلَّمَهُۥ قَالَ إِنَّكَ ٱلۡيَوۡمَ لَدَيۡنَا مَكِينٌ
أَمِينٞ ٥٤

131

54 - مىسىر پادىشاھىغا يۇسۇفنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكى يەتكەندىن كېيىن: «ئۇنى
مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، مەن ئۇنى ئۆزۈمنىڭ خاس ئادەملىرىمدىن ۋە
مەسلىھەتچىلىرىمدىن قىلىۋالىمەن» دېدى. يۇسۇف يېتىپ كېلىپ، پادىشاھ ئۇنىڭ
بىلەن سۆزلەشكەن، ئۇنىڭ پاك ئىكەنلىكىنى، راستچىللىقىنى، گۈزەل ئەخلاقىنى ۋە
قابىلىيىتىنى بىلىپ يەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا: «سەن بۈگۈن بىزنىڭ ئالدىمىزدا
ھەقىقەتەن يۇقىرى مەرتىۋىلىك ۋە ناھايىتى ئىشەنچلىك ئادەمسەن» دېدى.

قَالَ ٱجۡعَلۡنِي عَلَىٰ خَزَآئِنِ ٱلۡأَرۡضِۖ إِنِّي حَفِيظٌ عَلِيمٞ ٥٥

55 - يۇسۇف ئىنسانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادالەتنى بەرپا قىلىشنى
ئويلاپ پادىشاھقا: «مېنى مىسىر زېمىنىنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگىن.
چۈنكى مەن ئامانەتنى ساقلاشتا ئىشەنچلىك، ئۇنىڭ يولىنى ئوبدان بىلىدىغان
ئادەممەن» دېدى.

وَكَذَٰلِكَ مَكَّنَّا لِيُوسُفَ فِي ٱلۡأَرۡضِ يَتَبَوَّأُ مِنۡهَا حَيۡثُ يَشَآءُۚ نُصِيبُ بِرَحۡمَتِنَا مَن نَّشَآءُۖ وَلَا نُضِيعُ
أَجۡرَ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ٥٦

56 - ئاللاھ ئۆز پەزلى بىلەن يۇسۇفنى زىنداندىن چىقارغاندەك، ئۇنى مىسىردا ئۈستۈنلۈككە
ئېرىشتۈردى، مىسىر زېمىنىدا خالىغان جايغا بېرىپ تۇرالايدىغان قىلدى. ئاللاھ ئۆزىنىڭ
رەھمىتىنى تەقۋادار بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىگە ئاتا قىلىدۇ، ياخشى ئەمەللەرنى
ئىخلاس بىلەن قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ.

وَلَأَجۡرُ ٱلۡأٓخِرَةِ خَيۡرٞ لِّلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَكَانُواْ يَتَّقُونَ ٥٧

57 - ئاللاھتىن قورقىدىغان، ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىدىغان تەقۋادار مۇئمىن كىشىلەر ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتى بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىدىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر.

وَجَآءَ إِخۡوَةُ يُوسُفَ فَدَخَلُواْ عَلَيۡهِ فَعَرَفَهُمۡ وَهُمۡ لَهُۥ مُنكِرُونَ ﴿٥٨﴾

58 - يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ يۇرتىدا قەھەتچىلىك يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار ئاشلىق ئەكىلىش ئۈچۈن مىسىرغا كېلىپ، يۇسۇفنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى. يۇسۇف ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى بىلەن تونۇۋالدى، ئەمما ئۇلار ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتكەنلىكى ۋە چىرايىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى سەۋەبلىك يۇسۇفنى تونۇمىدى.

وَلَمَّا جَهَّزَهُم بِجَهَازِهِمۡ قَالَ ٱئۡتُونِي بِأَخٖ لَّكُم مِّنۡ أَبِيكُمۡۚ أَلَا تَرَوۡنَ أَنِّيٓ أُوفِي ٱلۡكَيۡلَ وَأَنَا۠ خَيۡرُ ٱلۡمُنزِلِينَ ﴿٥٩﴾

59 - يۇسۇف ئادەملىرىگە ئۇلارنى ياخشى مېھمان قىلىشنى تاپىلىدى، ئاندىن ئۇلارغا ئۆزلىرى تەلەپ قىلغان ئاشلىقنى تەييارلاپ بەردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتا بىر قېرىندىشىدىن يەنە بىرسى بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئاتىسى بىلەن يۇرتىدا قالغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، يۇسۇف ئۇلارغا ئېيتتى: «سىلەر مېنىڭ ئالدىمغا ئاتا بىر ئۇكاڭلارنى ئېلىپ كېلىڭلار، مېنىڭ سىلەرنى ئوبدان مېھمان قىلغانلىقىمنى، ئاشلىقنى تولۇق ئۆلچەپ بەرگەنلىكىمنى ۋە مېنىڭ ناھايىتى مېھماندوست ئىكەنلىكىمنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟

فَإِن لَّمۡ تَأۡتُونِي بِهِۦ فَلَا كَيۡلَ لَكُمۡ عِندِي وَلَا تَقۡرَبُونِ ﴿٦٠﴾

60 - ئەگەر ئۇنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەلمىسەڭلار، مېنىڭ يېنىمدا سىلەرگە بېرىدىغان ئاشلىق يوق، ماڭا يېقىن يولىماڭلار».

قَالُواْ سَنُرَٰوِدُ عَنۡهُ أَبَاهُ وَإِنَّا لَفَٰعِلُونَ ﴿٦١﴾

61 - ئۇلار: «ئىنىمىزنى بىزگە قوشۇپ قويۇشقا ئاتىمىزنى قايىل قىلىش ئۈچۈن قولىمىزدىن كەلگەنچە تىرىشىمىز، بىز بۇ تەلەپنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىمىز» دېدى.

وَقَالَ لِفِتۡيَٰنِهِ ٱجۡعَلُواْ بِضَٰعَتَهُمۡ فِي رِحَالِهِمۡ لَعَلَّهُمۡ يَعۡرِفُونَهَآ إِذَا ٱنقَلَبُوٓاْ إِلَىٰٓ أَهۡلِهِمۡ لَعَلَّهُمۡ يَرۡجِعُونَ ﴿٦٢﴾

62 - يۇسۇف خىزمەتچىلىرىگە: «ئۇلار ئالغان ئاشلىقنىڭ پۇلىنى تۇيدۇرماستىن، ئۇلارنىڭ يۈك - تاقلىرىنىڭ ئارىسىغا سېلىپ قويۇڭلار، ئۇلار ئائىلىسىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇنى كۆرۈپ، بىزنىڭ ئۇلارغا قانداق ياخشىلىق قىلغانلىقىمىزنى بىلىشى ۋە يەنە ئاشلىق بېرىشىمىزنى ئۈمىد قىلىپ قايتا كېلىشى مۇمكىن» دېدى.

فَلَمَّا رَجَعُوٓاْ إِلَىٰٓ أَبِيهِمۡ قَالُواْ يَٰٓأَبَانَا مُنِعَ مِنَّا ٱلۡكَيۡلُ فَأَرۡسِلۡ مَعَنَآ أَخَانَا نَكۡتَلۡ وَإِنَّا لَهُۥ لَحَٰفِظُونَ ﴿٦٣﴾

63 - ئۇلار ئاتىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئاتىسىغا مىسىر ئەزىزىنىڭ ئۆزلىرىنى قانداق مېھمان قىلغانلىقىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئۇلار ئاتىسىغا: «ئىنىمىزنى بىللە ئېلىپ بارمىساق، بىزگە قايتا ئاشلىق بەرمەيدىغان بولدى، شۇڭا ئىنىمىز بۇنيامىننى بىز بىلەن بىللە ئەۋەتكىن، ئاشلىق ئېلىپ كېلەيلى، بىز ئۇنى چوقۇم ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىشقا ئەھدە قىلىمىز» دېدى.

قَالَ هَلۡ ءَامَنُكُمۡ عَلَيۡهِ إِلَّا كَمَآ أَمِنتُكُمۡ عَلَىٰٓ أَخِيهِ مِن قَبۡلُ فَٱللَّهُ خَيۡرٌ حَٰفِظٗاۖ وَهُوَ أَرۡحَمُ

ٱلرَّٰحِمِينَ ﴿٦٤﴾

64 - ئاتىسى ئۇلارغا ئېيتتى: «مەن بۇنيامىننى سىلەرگە قوشۇپ قويۇشقا قانداق خاتىرجەم
بولالايمەن؟ ئىلگىرى سىلەرگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭ قېرىندىشى يۇسۇفنى قوشۇپ قويغان
ئىدىم، سىلەر ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىش توغرىسىدا بەرگەن ۋەدەڭلەرگە ۋاپا قىلدىڭلارمۇ؟
شۇڭا مەن سىلەرگە ئىشەنچ قىلالمايمەن. پەقەتلا ئاللاھقا ئىشەنچ قىلىمەن. چۈنكى ئاللاھ
ئەڭ ياخشى ساقلىغۇچىدۇر، ئاللاھ مەرھەمەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ مەرھەمەتلىكىدۇر،
رەببىمنىڭ ماڭا رەھىم قىلىشىنى ۋە ئوغلۇمنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

وَلَمَّا فَتَحُواْ مَتَٰعَهُمْ وَجَدُواْ بِضَٰعَتَهُمْ رُدَّتْ إِلَيْهِمْۖ قَالُواْ يَٰٓأَبَانَا مَا نَبْغِيۖ هَٰذِهِۦ بِضَٰعَتُنَا رُدَّتْ
إِلَيْنَاۖ وَنَمِيرُ أَهْلَنَا وَنَحْفَظُ أَخَانَا وَنَزْدَادُ كَيْلَ بَعِيرٍۖ ذَٰلِكَ كَيْلٌ يَسِيرٌ ﴿٦٥﴾

65 - ئۇلار يۈكلىرىنى ئاچقاندا ئاشلىق ئېلىش ئۈچۈن تاپشۇرغان ماللىرىنىڭ پۇلىنىڭ
ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىكىنى كۆرۈپ: «ئى ئاتىمىز! بىز بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە
نېمە تەلەپ قىلىمىز؟ مانا بۇ بىزنىڭ ماللىرىمىزنىڭ پۇلى، مىسىر ئەزىزى ئۇنى بىزگە
قايتۇرۇپ بېرىپتۇ، سەن ئىنىمىزنى بىزگە قوشۇپ قويۇشتىن ئەنسىرىمىگىن، ئۇنى
بىزگە قوشۇپ قويغىن، ئائىلىمىزگە يەتكۈدەك ئاشلىق ئېلىپ كېلەيلى. بىز ئىنىمىزنى
چوقۇم ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىمىز، بىر تۆگە ئاشلىقنى ئارتۇق ئالىمىز. چۈنكى مىسىر
ئەزىزى ھەربىر ئادەمگە بىر تۆگە ئاشلىق بېرىدۇ، بۇنچىلىك ئاشلىق ئۇنىڭغا نىسبەتەن
ئازغىنە ئاشلىقتۇر» دېدى.

قَالَ لَنْ أُرْسِلَهُۥ مَعَكُمْ حَتَّىٰ تُؤْتُونِ مَوْثِقًا مِّنَ ٱللَّهِ لَتَأْتُنَّنِي بِهِۦٓ إِلَّآ أَن يُحَاطَ بِكُمْۖ فَلَمَّآ
ءَاتَوْهُ مَوْثِقَهُمْ قَالَ ٱللَّهُ عَلَىٰ مَا نَقُولُ وَكِيلٌ ﴿٦٦﴾

66 - يەئقۇب ئۇلارغا ئېيتتى: «سىلەر چارىسىز ھالغا چۈشۈپلا قالمىساڭلار بۇنيامىننى
چوقۇم ماڭا قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىشكە ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ چىن ۋەدە
بەرمىگۈچە، مەن ئۇنى سىلەر بىلەن بىللە ئەۋەتمەيمەن». ئۇلار يەئقۇب تەلەپ قىلغان
بويىچە ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ چىن ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، يەئقۇب:
«بىزنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىمىزگە ئاللاھ گۇۋاھتۇر، ئاللاھنىڭ گۇۋاھلىقى ۋە قوغدىشى
بىزگە يېتەرلىكتۇر» دېدى.

وَقَالَ يَٰبَنِيَّ لَا تَدْخُلُواْ مِنۢ بَابٍ وَٰحِدٍ وَٱدْخُلُواْ مِنْ أَبْوَٰبٍ مُّتَفَرِّقَةٍۖ وَمَآ أُغْنِي عَنكُم مِّنَ
ٱللَّهِ مِن شَيْءٍۖ إِنِ ٱلْحُكْمُ إِلَّا لِلَّهِۖ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُۖ وَعَلَيْهِ فَلْيَتَوَكَّلِ ٱلْمُتَوَكِّلُونَ ﴿٦٧﴾

67 - ئۇلارنىڭ ئاتىسى يەنە مۇنداق دېدى: «ئى ئوغۇللىرىم! سىلەر مىسىر زېمىنىغا كىرگەندە،
يامان كۆزلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەممىڭلار بىر دەرۋازىدىن كىرمەي، باشقا - باشقا
دەرۋازىلاردىن كىرىڭلار. مەن سىلەرگە بۇنداق قىلىشنى تەۋسىيە قىلغىنىم بىلەن ئاللاھ
سىلەرگە تەقدىر قىلغان ئىشنى توسۇپ قالالمايمەن، ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقا خاستۇر،
مەن ئۇنىڭغا تاياندىم، ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلدىم، مۇئمىنلەر ئاللاھقا تايانسۇن!» دېدى.

وَلَمَّا دَخَلُواْ مِنْ حَيْثُ أَمَرَهُمْ أَبُوهُم مَّا كَانَ يُغْنِي عَنْهُم مِّنَ ٱللَّهِ مِن شَيْءٍ إِلَّا حَاجَةً فِي
نَفْسِ يَعْقُوبَ قَضَىٰهَاۚ وَإِنَّهُۥ لَذُو عِلْمٍ لِّمَا عَلَّمْنَٰهُ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٦٨﴾

68 - ئۇلار ئاتىسىنىڭ تەۋسىيەسى بويىچە شەھەرگە باشقا - باشقا دەرۋازىلاردىن كىرگەندە،

بۇ تەدبىر ئاللاھ تەقدىر قىلغان ئىشتىن ھېچ نەرسىنى توسۇپ قالالمىدى. ئەسلىدە يەئقۇب ئوغۇللىرىغا كۆيۈنگەنلىكتىن، ئۇلارنى يامان كۆزلەردىن ساقلىنىپ قالارمىكىن دەپ شۇنداق تەۋسىيە قىلغان ئىدى. شەكسىزكى، يەئقۇب ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى ۋە تەلىماتى سايىسىدا دىنىنىڭ ئىشلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلگەن كاتتا ئىلىم ئەھلى ئىدى. لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ۋە شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرىپىنى بىلمەيدۇ، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بىلگەن دىنىي مەسىلىلەرنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ.

وَلَمَّا دَخَلُواْ عَلَىٰ يُوسُفَ ءَاوَىٰٓ إِلَيۡهِ أَخَاهُۖ قَالَ إِنِّيٓ أَنَا۠ أَخُوكَ فَلَا تَبۡتَئِسۡ بِمَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿٦٩﴾

69 - يۈسۈفنىڭ قېرىنداشلىرى ئىنىسى بۇنيامىن بىلەن بىرلىكتە يۈسۈفنىڭ زىياپەت بېرىدىغان سارىيىغا كىرگەندە، يۈسۈف ئىنىسى بۇنيامىننى قۇچاقلىدى ۋە ئۇنىڭ قۇلىقىغا: «مەن راستىنلا سېنىڭ ئاكاڭ بولىمەن. بۇرۇن ئۇلارنىڭ بىزگە قىلغانلىرىدىن قايغۇرمىغىن» دېدى. ئۆزى بىلەن تونۇشقانلىقىنى ئاكىلىرىغا دېمەسلىكنى تاپىلىدى.

فَلَمَّا جَهَّزَهُم بِجَهَازِهِمۡ جَعَلَ ٱلسِّقَايَةَ فِي رَحۡلِ أَخِيهِ ثُمَّ أَذَّنَ مُؤَذِّنٌ أَيَّتُهَا ٱلۡعِيرُ إِنَّكُمۡ لَسَٰرِقُونَ ﴿٧٠﴾

70 - يۈسۈف ئۇلارغا بېرىدىغان ئاشلىقنى تەييارلاپ، تۆگىلىرىگە ئارتىپ بولغاندىن كېيىن، خەزىنەتچىلىرىدىن بىرىنى بۇيرۇپ، ئۆزىنىڭ سۇ قاچىسىنى ئىنىسى بۇنيامىننىڭ يۈكى ئىچىگە تىقىدۇرماي سېلىپ قويغۇزدى. ئۇلار قوزغىلىپ ماڭغاندىن كېيىن، بىر جاكارچى: «ئى كارۋانلار! سىلەر چوقۇم ئوغرى ئىكەنسىلەر» دەپ توۋلىدى.

قَالُواْ وَأَقۡبَلُواْ عَلَيۡهِم مَّاذَا تَفۡقِدُونَ ﴿٧١﴾

71 - يۈسۈفنىڭ قېرىنداشلىرى جاكارچىغا يۈزلىنىپ: «نېمەڭلارنى يوقىتىپ قويدۇڭلار؟» دېدى.

قَالُواْ نَفۡقِدُ صُوَاعَ ٱلۡمَلِكِ وَلِمَن جَآءَ بِهِۦ حِمۡلُ بَعِيرٖ وَأَنَا۠ بِهِۦ زَعِيمٞ ﴿٧٢﴾

72 - يۈسۈفنىڭ خەزىنەتچىلىرى: «پادىشاھنىڭ سۇ قاچىسىنى يوقىتىپ قويدۇق، ئۇنى تېپىپ كەلگەن كىشىگە بىر تۆگە ئاشلىق مۇكاپات بېرىلىدۇ، مەن بۇنىڭغا كېپىل» دېدى.

قَالُواْ تَٱللَّهِ لَقَدۡ عَلِمۡتُم مَّا جِئۡنَا لِنُفۡسِدَ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَمَا كُنَّا سَٰرِقِينَ ﴿٧٣﴾

73 - يۈسۈفنىڭ قېرىنداشلىرى: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر بىزنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىمىزنى بىلىسىلەر، بىز بۇ يەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن كەلمىدۇق، بىز ئوغرى ئەمەس» دېدى.

قَالُواْ فَمَا جَزَٰٓؤُهُۥٓ إِن كُنتُمۡ كَٰذِبِينَ ﴿٧٤﴾

74 - سۇ قاچىسىنى ئىزدەشكە مەسئۇل بولغانلار يۈسۈفنىڭ قېرىنداشلىرىدىن: «ئەگەر سىلەر بىز ئوغرى ئەمەس دېگەن سۆزۈڭلاردا يالغانچى چىقىپ قالساڭلار، ئۇ چاغدا سىلەرنىڭ شەرىئىتىڭلاردا ئوغرىنىڭ جازاسى قانداق بولىدۇ؟» دەپ سورىدى.

قَالُواْ جَزَٰٓؤُهُۥ مَن وُجِدَ فِي رَحۡلِهِۦ فَهُوَ جَزَٰٓؤُهُۥۚ كَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٧٥﴾

75 - يۈسۈفنىڭ قېرىنداشلىرى: «ئوغرىنىڭ جازاسى سۇ قاچىسى كىمنىڭ يۈكىدىن چىقسا شۇنى جازالاشتۇر، يەنى ئۇنى ئوغرىلىغان نەرسىسى بىلەن قوشۇپ، مال ئىگىسىگە تاپشۇرۇش ۋە ئۇنىڭ يېنىدا قۇل قىلىشتۇر. بىز ئوغرىلارغا مۇشۇنداق جازا بېرىمىز» دېدى.

فَبَدَأَ بِأَوۡعِيَتِهِمۡ قَبۡلَ وِعَآءِ أَخِيهِ ثُمَّ ٱسۡتَخۡرَجَهَا مِن وِعَآءِ أَخِيهِۚ كَذَٰلِكَ كِدۡنَا لِيُوسُفَۖ مَا كَانَ لِيَأۡخُذَ أَخَاهُ فِي دِينِ ٱلۡمَلِكِ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُۚ نَرۡفَعُ دَرَجَٰتٖ مَّن نَّشَآءُۗ وَفَوۡقَ كُلِّ ذِي عِلۡمٍ عَلِيمٞ ﴿٧٦﴾

76 ـ يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىشتى، يۇسۇف ئۇلارنىڭ يۈكلىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ئىنىسىنىڭ يۈكىنى ئاختۇرۇشتىن ئىلگىرى، باشتا ئاكىلىرىنىڭ يۈكىنى ئاختۇرۇپ چىقتى، ئاندىن ئىنىسىنىڭ يۈكىدىن سۇ قاچىسىنى تېپىۋالدى. بىز يۇسۇفكە قېرىندىشىنى ئېلىپ قېلىشى ئۈچۈن مۇشۇ تەدبىرنى كۆرسەتتۇق. مىسىر پادىشاھىنىڭ قانۇنىغا كۆرە، يۇسۇپ قېرىندىشىنى ھەرگىز ئېلىپ قالالمايتتى. چۈنكى، مىسىر پادىشاھىنىڭ قانۇنىدا ئوغرىنى قۇل قىلىش يوق ئىدى. پەقەتلا ئاللاھنىڭ ئىرادىسى مۇشۇ تەدبىرنى قوللىنىشنى ۋە يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ شەرىئىتىدىكى ئوغرىنى قۇل قىلىش قانۇنى بويىچە ھۆكۈم قىلىشنى تەقەززا قىلدى. بىز يۇسۇفنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلغاندەك، بۇ دۇنيادا خالىغان ئادەمنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلىمىز، ھەربىر بىلىملىك ئادەمنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭدىنمۇ بىلىملىك بىرى بار. ئىلىم ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغان ئاللاھقا يېتىپ توختىغانغا قەدەر شۇنداق داۋاملىشىدۇ.

۞ قَالُوٓاْ إِن يَسۡرِقۡ فَقَدۡ سَرَقَ أَخٞ لَّهُۥ مِن قَبۡلُۚ فَأَسَرَّهَا يُوسُفُ فِي نَفۡسِهِۦ وَلَمۡ يُبۡدِهَا لَهُمۡۚ قَالَ أَنتُمۡ شَرّٞ مَّكَانٗاۖ وَٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِمَا تَصِفُونَ ﴿٧٧﴾

77 ـ يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى: «ئەگەر ئۇ ئوغرىلىق قىلغان بولسا، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ قېرىندىشىمۇ ئوغرىلىق قىلغان ئىدى» دېيىشتى. يۇسۇف ئاڭلىغانلىرىنى ئىچىدە ساقلىدى، ئۇلارغا چاندۇرمىدى، ئىچىدە: «سىلەر ئەلۋەتتە ئۆزۈڭلار تۆھمەت قىلغان كىشىڭلاردىن تۆۋەن دەرىجىدىكى ئەڭ يامان ئادەمسىلەر. سىلەر ئۇنىڭغا سۈيىقەست قىلدىڭلار. ئاللاھ سىلەرنىڭ قانداق تۆھمەت چاپلىغانلىقىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ» دېدى.

قَالُواْ يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡعَزِيزُ إِنَّ لَهُۥٓ أَبٗا شَيۡخٗا كَبِيرٗا فَخُذۡ أَحَدَنَا مَكَانَهُۥٓۖ إِنَّا نَرَىٰكَ مِنَ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿٧٨﴾

78 ـ ئۇلار ئاتىسىغا بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش ئۈچۈن يۇسۇفتىن مەرھەمەت تىلەپ: «ئى ئەزىز[1]! بۇنيامىننىڭ ياشىنىپ قالغان بىر ئاتىسى بار، ئاتىسى ئۇنى كۆرمىسە تۇرالمايدۇ، چۈنكى ئۇنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئورنىغا بىزنىڭ بىرىمىزنى ئېلىپ قالغىن، شەكسىزكى، بىز سېنى بىزگە ۋە باشقا ھەممە ئادەمگە ئادىل مۇئامىلە قىلىدىغان، ياخشى زات دەپ قارايمىز» دېدى.

قَالَ مَعَاذَ ٱللَّهِ أَن نَّأۡخُذَ إِلَّا مَن وَجَدۡنَا مَتَٰعَنَا عِندَهُۥٓ إِنَّآ إِذٗا لَّظَٰلِمُونَ ﴿٧٩﴾

79 ـ يۇسۇف: «ئاللاھ ساقلىسۇن! بىز سۇ قاچىسىنى كىمنىڭ يۈكىدىن تاپقان بولساق شۇنى ئېلىپ قالىمىز. ئەگەر بىز سىلەر تەلەپ قىلغاندەك قىلساق، بىز چوقۇم زالىملاردىن بولۇپ قالىمىز» دېدى.

فَلَمَّا ٱسۡتَيۡـَٔسُواْ مِنۡهُ خَلَصُواْ نَجِيّٗاۖ قَالَ كَبِيرُهُمۡ أَلَمۡ تَعۡلَمُوٓاْ أَنَّ أَبَاكُمۡ قَدۡ أَخَذَ عَلَيۡكُم مَّوۡثِقٗا

[1] «ئەزىز» دېگەن سۆز مىسىرنىڭ ۋالىيلىرى ئۈچۈن بىر ئۇنۋان سۈپىتىدە قوللىنىلاتتى. (ئەيسەرۇتتەفاسىر 2- توم، 636 ـ بەت).

مِّنَ ٱللَّهِ وَمِن قَبْلُ مَا فَرَّطتُمْ فِى يُوسُفَ ۖ فَلَنْ أَبْرَحَ ٱلْأَرْضَ حَتَّىٰ يَأْذَنَ لِىٓ أَبِىٓ أَوْ يَحْكُمَ ٱللَّهُ لِى ۖ وَهُوَ خَيْرُ ٱلْحَٰكِمِينَ ﴿٨٠﴾

80 - ئۇلار تەلپىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن، چەترەك يەرگە بېرىپ مەخپىي مەسلىھەتلەشتى، ئۇلارنىڭ ياشتا چوڭراق بىرى ئېيتتى: «ئاتاڭلار (چارىسىز قالمىساڭلار) بۇنيامىننى چوقۇم قايتۇرۇپ كېلىشىڭلار توغرۇلۇق سىلەردىن ئالغان مەھكەم ۋەدىنى ۋە بۇنىڭدىن ئىلگىرى يۇسۇفكە قىلغان سۇيىقەستىڭلارنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟ شۇڭا ئاتام مېنى قايتىپ كەلگىن دېمىگۈچە ياكى ئاللاھ مېنى ئىنىمنى ئېلىپ بۇ مىسىر زېمىنىدىن چىقارمىغۇچە، مەن بۇ يەردىن ھەرگىز كەتمەيمەن، ئاللاھ كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئادالەتلىكى ۋە ئەڭ ياخشىسىدۇر.

ٱرْجِعُوٓا۟ إِلَىٰٓ أَبِيكُمْ فَقُولُوا۟ يَٰٓأَبَانَآ إِنَّ ٱبْنَكَ سَرَقَ وَمَا شَهِدْنَآ إِلَّا بِمَا عَلِمْنَا وَمَا كُنَّا لِلْغَيْبِ حَٰفِظِينَ ﴿٨١﴾

81 - سىلەر ئاتاڭلارنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا بۇ يەردە بولغان ئىشلاردىن خەۋەر بېرىڭلار ۋە ئۇنىڭغا دەڭلاركى، ‹ئى ئاتىمىز! سېنىڭ ئوغلۇڭ بۇنيامىن ئوغرىلىق قىلدى، بىز ئېنىقلىماي تۇرۇپ گۇۋاھلىق بەرگىنىمىز يوق، سۇ قاچىسىنىڭ بۇنيامىننىڭ يۈكىدىن چىققانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئاندىن گۇۋاھلىق بەردۇق. بىز بۇنيامىننى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ساڭا ۋەدە بەرگەن چېغىمىزدا، ئۇنىڭ ئوغرىلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتۇق› ».

وَسْـَٔلِ ٱلْقَرْيَةَ ٱلَّتِى كُنَّا فِيهَا وَٱلْعِيرَ ٱلَّتِىٓ أَقْبَلْنَا فِيهَا ۖ وَإِنَّا لَصَٰدِقُونَ ﴿٨٢﴾

82 - ئۇلار ئاتىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرىشتى ۋە ئۇنىڭغا دېدى: «ئى ئاتىمىز! ئەگەر بىزگە ئىشەنمىسەڭ، مىسىرلىقلاردىن ۋە ئۇ يەردە بىز بىلەن بىللە بولغان كارۋاندىن سوراپ باققىن، بىز ساڭا چوقۇم راست گەپ قىلىۋاتىمىز».

قَالَ بَلْ سَوَّلَتْ لَكُمْ أَنفُسُكُمْ أَمْرًا ۖ فَصَبْرٌ جَمِيلٌ ۖ عَسَى ٱللَّهُ أَن يَأْتِيَنِى بِهِمْ جَمِيعًا ۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلْعَلِيمُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٨٣﴾

83 - يەئقۇب (ئوغۇللىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ) ئۇلارغا: «بەلكى يامان نەپسىڭلار سىلەرگە بۇ سۇيىقەستنى چىرايلىق كۆرسەتتى - دە، شۇنىڭ بىلەن سىلەر ئۇنىڭغا ئىلگىرى يۇسۇفكە سۇيىقەست قىلغانىدەك سۇيىقەست قىلدىڭلار. مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن، ئاللاھنىڭ ماڭا يۇسۇف، بۇنيامىن ۋە رۇبىل[1] قاتارلىق ئۈچ ئوغلۇمنىڭ ھەممىسىنى كەلتۈرۈپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شەكسىزكى، ئاللاھ مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، بارلىق تەدبىرلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» دېدى.

وَتَوَلَّىٰ عَنْهُمْ وَقَالَ يَٰٓأَسَفَىٰ عَلَىٰ يُوسُفَ وَٱبْيَضَّتْ عَيْنَاهُ مِنَ ٱلْحُزْنِ فَهُوَ كَظِيمٌ ﴿٨٤﴾

84 - يەئقۇب ئوغۇللىرىنىڭ سۆزلىرىدىن كۆڭلى سىقىلغانلىقتىن، ئۇلاردىن يۈزىنى يۆرۈپ: «ئاھ يۇسۇف!» دېدى، قايغۇ - ھەسرەتتىن (كۆپ يىغلاپ) ئىككى كۆزىنىڭ قارىسىنى يوقىلىپ، ئاقىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى دەردكە تولۇپ تاشقان ئىدى، لېكىن دەردىنى ئاشكارىلىمايتتى.

[1] رۇبىل - ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىردا قالغان ئوغلىنىڭ ئىسمىدۇر. ( ئەيسەرۇتتەفاسىر 2 - توم، 639 - بەت).

قَالُواْ تَٱللَّهِ تَفۡتَؤُاْ تَذۡكُرُ يُوسُفَ حَتَّىٰ تَكُونَ حَرَضًا أَوۡ تَكُونَ مِنَ ٱلۡهَٰلِكِينَ ﴿٨٥﴾

85 ـ ئوغۇللىرى: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن يۇسۇفنى ئويلاۋېرىپ، قايغۇ ـ ھەسرەتتىن ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويىدىغان ياكى ھالاك بولىدىغان بولدۇڭ، ئۆزۈڭنى ئاسرىغىن» دېدى.

قَالَ إِنَّمَآ أَشۡكُواْ بَثِّي وَحُزۡنِيٓ إِلَى ٱللَّهِ وَأَعۡلَمُ مِنَ ٱللَّهِ مَا لَا تَعۡلَمُونَ ﴿٨٦﴾

86 ـ يەئقۇب ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «مەن قايغۇ ـ ھەسرىتىمنى پەقەت ئاللاھقىلا ئېيتىمەن. چۈنكى غەم ـ قايغۇدىن خالاس قىلغۇچى ۋە زىيان ـ زەخمەتتىن قۇتۇلدۇرغۇچى زات پەقەتلا ئاللاھتۇر. مەن ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى ۋە مەرھەمىتى بىلەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن.

يَٰبَنِيَّ ٱذۡهَبُواْ فَتَحَسَّسُواْ مِن يُوسُفَ وَأَخِيهِ وَلَا تَاْيۡـَٔسُواْ مِن رَّوۡحِ ٱللَّهِۖ إِنَّهُۥ لَا يَاْيۡـَٔسُ مِن رَّوۡحِ ٱللَّهِ إِلَّا ٱلۡقَوۡمُ ٱلۡكَٰفِرُونَ ﴿٨٧﴾

87 ـ ئى ئوغۇللىرىم! مىسىرغا قايتىپ بېرىڭلار، يۇسۇف بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسىنى ئىزدەڭلار، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدىڭلارنى ئۈزمەڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىر قەۋمدىن باشقىسى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ».

فَلَمَّا دَخَلُواْ عَلَيۡهِ قَالُواْ يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡعَزِيزُ مَسَّنَا وَأَهۡلَنَا ٱلضُّرُّ وَجِئۡنَا بِبِضَٰعَةٖ مُّزۡجَىٰةٖ فَأَوۡفِ لَنَا ٱلۡكَيۡلَ وَتَصَدَّقۡ عَلَيۡنَآۖ إِنَّ ٱللَّهَ يَجۡزِي ٱلۡمُتَصَدِّقِينَ ﴿٨٨﴾

88 ـ ئۇلار مىسىرغا ئۈچىنچى قېتىم يېتىپ بېرىپ، يۇسۇفنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەندىن كېيىن: «ئى ئەزىز! بىزگە ۋە ئائىلىمىزگە ئاچارچىلىق يەتتى. سېنىڭ ئالدىڭغا ناچار، ئۆتمەس ماللارنى ئېلىپ كېلىپ قالدۇق. ئېلىپ كەلگەن نەرسىمىز ناچار بولسىمۇ، سەن بىزگە بۇرۇن بەرگەنىدەك ئاشلىقنى تولۇق بەرگىن، بىزگە ياخشىلىق قىلغىن. شەكسىزكى، ئاللاھ موھتاجلارغا ياخشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ» دېدى.

قَالَ هَلۡ عَلِمۡتُم مَّا فَعَلۡتُم بِيُوسُفَ وَأَخِيهِ إِذۡ أَنتُمۡ جَٰهِلُونَ ﴿٨٩﴾

89 ـ يۇسۇف ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتتى ۋە ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ: «سىلەر نادان ۋاقتىڭلاردا يۇسۇف بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسىغا قانداق يامانلىق قىلغانلىقىڭلارنى بىلەمسىلەر؟» دېدى.

قَالُوٓاْ أَءِنَّكَ لَأَنتَ يُوسُفُۖ قَالَ أَنَا۠ يُوسُفُ وَهَٰذَآ أَخِيۖ قَدۡ مَنَّ ٱللَّهُ عَلَيۡنَآۖ إِنَّهُۥ مَن يَتَّقِ وَيَصۡبِرۡ فَإِنَّ ٱللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجۡرَ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿٩٠﴾

90 ـ ئۇلار: «سەن راستتىنلا يۇسۇفمۇ؟» دېدى. يۇسۇف: «ھەئە مەن يۇسۇف بولىمەن، بۇ مېنىڭ ئىنىم. ئاللاھ ھەقىقەتەن بىزگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىپ بىزنى ئۇزۇن يىللىق ئايرىلىشتىن كېيىن بىرلەشتۈردى. چۈنكى كىمكى ئاللاھتىن قورقۇپ، قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلىدىكەن، شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ، ئۇنى ئەڭ ياخشى دەرىجىدە مۇكاپاتلايدۇ» دېدى.

قَالُواْ تَٱللَّهِ لَقَدۡ ءَاثَرَكَ ٱللَّهُ عَلَيۡنَا وَإِن كُنَّا لَخَٰطِـِٔينَ ﴿٩١﴾

91 ـ ئۇلار: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن سېنى ئىلىمدە، ئېغىر

بىسەۋەبتىن ئەمەس) ۋە پەزل - كەرەمدە بىزدىن ئارتۇق قىلىپتۇ. بىز ساڭا ۋە ئىنىڭغا يامانلىق قىلىپ ھەقىقەتەن خاتا ئىش قىلىپتۇق» دېيىشتى.

قَالَ لَا تَثْرِيبَ عَلَيْكُمُ ٱلْيَوْمَ يَغْفِرُ ٱللَّهُ لَكُمْ وَهُوَ أَرْحَمُ ٱلرَّٰحِمِينَ ﴿٩٢﴾

92 - يۇسۇف ئۇلارغا ئېيتتى: «بۈگۈن سىلەر كايىشقا ئۇچرىمايسىلەر، ئاللاھ سىلەرنى كەچۈرسۇن! ئاللاھ گۇناھىغا تەۋبە قىلغان بەندىلىرىگە ناھايىتى رەھىم قىلغۇچىدۇر».

ٱذْهَبُوا۟ بِقَمِيصِى هَٰذَا فَأَلْقُوهُ عَلَىٰ وَجْهِ أَبِى يَأْتِ بَصِيرًا وَأْتُونِى بِأَهْلِكُمْ أَجْمَعِينَ ﴿٩٣﴾

93 - يۇسۇف ئۇلاردىن ئاتىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىۋىدى، ئۇلار ئاتىسىنىڭ كۆپ يىغلاپ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. ئاندىن يۇسۇف ئۇلارغا: «سىلەر مېنىڭ بۇ كۆڭلىكىمنى ئاتامنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە يېپىڭلار، كۆزى ئېچىلىدۇ. ئاندىن پۈتۈن ئائىلە تەۋەلىرىڭلارنى مېنىڭ يېنىمغا ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى.

وَلَمَّا فَصَلَتِ ٱلْعِيرُ قَالَ أَبُوهُمْ إِنِّى لَأَجِدُ رِيحَ يُوسُفَ لَوْلَآ أَن تُفَنِّدُونِ ﴿٩٤﴾

94 - كارۋان كۆڭلەكنى ئېلىپ مىسىردىن قوزغالغان چاغدا، يەئقۇب يېنىدىكىلەرگە: «سىلەر مېنى ئالجىپ قاپتۇ دەپ مەسخىرە قىلمىساڭلار، مەن راستىنلا يۇسۇفنىڭ ھىدىنى ئېلىۋاتىمەن» دېدى.

قَالُوا۟ تَٱللَّهِ إِنَّكَ لَفِى ضَلَٰلِكَ ٱلْقَدِيمِ ﴿٩٥﴾

95 - يەئقۇبنىڭ يېنىدىكىلەر: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن تېخىچە بۇرۇنقى خاتا قارىشىڭدا ئىكەنسەن، سەن يۇسۇفنى زادىلا ئۇنتۇپ كېتەلمىگەندەكسەن» دېدى.

فَلَمَّآ أَن جَآءَ ٱلْبَشِيرُ أَلْقَىٰهُ عَلَىٰ وَجْهِهِۦ فَٱرْتَدَّ بَصِيرًا قَالَ أَلَمْ أَقُل لَّكُمْ إِنِّىٓ أَعْلَمُ مِنَ ٱللَّهِ مَا لَا تَعْلَمُونَ ﴿٩٦﴾

96 - يەئقۇبقا يۇسۇفنىڭ ھايات ئىكەنلىكى ھەققىدە خۇش خەۋەر بېرىدىغانلار كېلىپ كۆڭلەكنى يەئقۇبنىڭ يۈزىگە يېپىۋىدى، دەرھال ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلدى، ھەممە خۇشال بولۇشتى. ئاندىن يەئقۇب يېنىدىكىلەرگە: «مەن سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزل - كەرەمى ۋە مەرھەمىتى بىلەن سىلەر بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلىمەن، دېمىگەنمىدىم» دېدى.

قَالُوا۟ يَٰٓأَبَانَا ٱسْتَغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَآ إِنَّا كُنَّا خَٰطِـِٔينَ ﴿٩٧﴾

97 - ئوغۇللىرى: «ئى ئاتىمىز! بىزنىڭ گۇناھىمىزنى تىلەپ ئاللاھقا دۇئا قىلغىن. چۈنكى بىز يۇسۇف بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسىغا يامانلىق قىلىپ ھەقىقەتەن گۇناھكار بوپتىمىز» دېيىشتى.

قَالَ سَوْفَ أَسْتَغْفِرُ لَكُمْ رَبِّىٓ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلْغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٩٨﴾

98 - يەئقۇب: «رەببىمدىن سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەيمەن. ھەقىقەتەن ئاللاھ تەۋبە قىلغان بەندىلىرىنىڭ گۇناھىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر» دېدى.

فَلَمَّا دَخَلُوا۟ عَلَىٰ يُوسُفَ ءَاوَىٰٓ إِلَيْهِ أَبَوَيْهِ وَقَالَ ٱدْخُلُوا۟ مِصْرَ إِن شَآءَ ٱللَّهُ ءَامِنِينَ ﴿٩٩﴾

99 - يەئقۇب ئائىلىسىنى ئېلىپ يۇسۇفنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن مىسىرغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار مىسىرغا يېتىپ بېرىپ، يۇسۇفنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، يۇسۇف ئاتا -

ئانىسىنى قۇچاقلىدى ۋە ئۇلارغا: «ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن، مىسىرغا ئامان - ئېسەن كىرىڭلار!» دېدى.

وَرَفَعَ أَبَوَيۡهِ عَلَى ٱلۡعَرۡشِ وَخَرُّواْ لَهُۥ سُجَّدٗاۖ وَقَالَ يَٰٓأَبَتِ هَٰذَا تَأۡوِيلُ رُءۡيَٰيَ مِن قَبۡلُ قَدۡ
جَعَلَهَا رَبِّي حَقّٗاۖ وَقَدۡ أَحۡسَنَ بِيٓ إِذۡ أَخۡرَجَنِي مِنَ ٱلسِّجۡنِ وَجَآءَ بِكُم مِّنَ ٱلۡبَدۡوِ مِنۢ بَعۡدِ أَن
نَّزَغَ ٱلشَّيۡطَٰنُ بَيۡنِي وَبَيۡنَ إِخۡوَتِيٓۚ إِنَّ رَبِّي لَطِيفٞ لِّمَا يَشَآءُۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلۡعَلِيمُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿١٠٠﴾

100 - يۇسۇف ئاتا - ئانىسىنى ھۆرمەتلەپ ئۆز تەختىنىڭ بىر تەرىپىدە ئولتۇرغۇزدى، ئاتا - ئانىسى، ئۇن بىر قېرىندىشى ھەممىسى يۇسۇفكە ھۆرمەت سەجدىسى قىلىشتى[1]. يۇسۇف ئاتىسىغا: «مانا بۇ سەجدە كىچىك ۋاقتىمدا كۆرگەن چۈشۈمنىڭ تەبىرىدۇر، رەببىم ئۇنى راستقا چىقاردى، رەببىم مېنى زىنداندىن چىقىرىپ كاتتا ياخشىلىق قىلدى. شەيتان مەن بىلەن قېرىنداشلىرىمنىڭ ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق رىشتىسىنى بۇزۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، رەببىم سىلەرنى سەھرادىن بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى. شەكسىزكى، رەببىم ئۆز ئىرادىسىنى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئىشقا ئاشۇرغۇچىدۇر، بەندىلىرىگە نېمىنىڭ مەنپەئەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلگۈچىدۇر، بارلىق ئەمر - پەرمانلىرىدا ۋە ئىش - پائالىيەتلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» دېدى.

۞ رَبِّ قَدۡ ءَاتَيۡتَنِي مِنَ ٱلۡمُلۡكِ وَعَلَّمۡتَنِي مِن تَأۡوِيلِ ٱلۡأَحَادِيثِۚ فَاطِرَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ أَنتَ
وَلِيِّۦ فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِۖ تَوَفَّنِي مُسۡلِمٗا وَأَلۡحِقۡنِي بِٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٠١﴾

101 - ئاندىن يۇسۇف ئاللاھقا دۇئا قىلىپ: «ئى رەببىم! سەن ماڭا مىسىرنىڭ ھاكىمىيىتىنى بەردىڭ، چۈشلەرگە توغرا تەبىر بېرىش قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگەتتىڭ، ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقان ئىگەم! سەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەمسەن، مېنىڭ ھەممە ئىشلىرىم سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر. ئى رەببىم! جېنىمنى مۇسۇلمان ھالىتىمدە ئالغىن، مېنى پەيغەمبەرلەر، سالىھلار قاتارلىق ياخشى بەندىلىرىڭنىڭ قاتارىغا قوشقىن» دېدى.

ذَٰلِكَ مِنۡ أَنۢبَآءِ ٱلۡغَيۡبِ نُوحِيهِ إِلَيۡكَۖ وَمَا كُنتَ لَدَيۡهِمۡ إِذۡ أَجۡمَعُوٓاْ أَمۡرَهُمۡ وَهُمۡ يَمۡكُرُونَ ﴿١٠٢﴾

102 - ئى پەيغەمبەر! يۇسۇفنىڭ مەزكۇر قىسسىسى غەيبنىڭ خەۋەرلىرىدىن بولۇپ، بىز ئۇنى ساڭا ۋەھيى قىلىۋاتىمىز. يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋېتىپ قۇتۇلۇش ئۈچۈن پىلان تۈزگەن، ئۇنىڭغا ۋە ئاتىسىغا ھىيلە - مىكىر ئىشلەتكەن چاغدا، سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ. بۇ قىسسە سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە دالالەت قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇنى ساڭا ۋەھيى ئارقىلىق بىلدۈردى.

وَمَآ أَكۡثَرُ ٱلنَّاسِ وَلَوۡ حَرَصۡتَ بِمُؤۡمِنِينَ ﴿١٠٣﴾

103 - ئى پەيغەمبەر! سەن قەۋمىڭنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا نەقەدەر ھېرىسمەن بولساڭمۇ، ئۇلارنىڭ تولىسى ساڭا ئىشەنمەيدۇ ۋە ئەگەشمەيدۇ. سەن بۇنىڭغا قايغۇرمىغىن.

وَمَا تَسۡـَٔلُهُمۡ عَلَيۡهِ مِنۡ أَجۡرٍۚ إِنۡ هُوَ إِلَّا ذِكۡرٞ لِّلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٠٤﴾

[1] ئۇلارنىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا قىلغان سەجدىسى ئىبادەت مەنىسىدىكى سەجدە بولماستىن، پەقەتلا ھۆرمەت سەجدىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەرىئىتىدە ھۆرمەت سەجدىسى جائىز ئىدى، ئەمما ئىسلام شەرىئىتىدە ئاللاھتىن باشقىسىغا سەجدە قىلىشقا بولمايدۇ.

104 - سەن قەۋمىڭنى ھىدايەتكە باشلىغانلىقىڭغا ئۇلاردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايسەن. ساڭا كەلگەن قۇرئان بىلەن ھىدايەت بارلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن پەقەتلا ۋەز - نەسىھەتتۇر. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن ھىدايەت تاپىدۇ.

وَكَأَيِّن مِّنْ ءَايَةٍ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ يَمُرُّونَ عَلَيْهَا وَهُمْ عَنْهَا مُعْرِضُونَ ﴿١٠٥﴾

105 - ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان كائىنات ئالامەتلىرى ئاسمانلار ۋە زېمىنغا كەڭ تارقالغاندۇر. كۈن، ئاي، تاغلار، دەل - دەرەخلەر شۇ ئالامەتلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇلار بۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يېنىدىن پەرۋا قىلماي ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇلار كۆرگەنلىرى ئۈستىدە ئازراقمۇ تەپەككۇر قىلىپ قويمايدۇ، ۋەز - نەسىھەت ئالمايدۇ.

وَمَا يُؤْمِنُ أَكْثَرُهُم بِٱللَّهِ إِلَّا وَهُم مُّشْرِكُونَ ﴿١٠٦﴾

106 - ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەردىن يۈز ئۆرۈيدىغان ئاشۇ غاپىللارنىڭ تولىسى ئاللاھنىڭ يېگانە ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى ۋە ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق زات ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتقىنى بىلەن، ئۇلار ئىبادەتتە بۇتلارنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە ئۈستۈندۇر.

أَفَأَمِنُوٓاْ أَن تَأْتِيَهُمْ غَٰشِيَةٌ مِّنْ عَذَابِ ٱللَّهِ أَوْ تَأْتِيَهُمُ ٱلسَّاعَةُ بَغْتَةً وَهُمْ لَا يَشْعُرُونَ ﴿١٠٧﴾

107 - ئۇلاردا ئۆزلىرىنى دۇنيادا ئاللاھنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئازاب چۈشۈرۈشىدىن ياكى ئۇلار بەخىرامان تۇرغاندا قىيامەتنىڭ تۇيۇقسىز كېلىشىدىن خاتىرجەم قىلىدىغان نەرسە بارمۇ؟

قُلْ هَٰذِهِۦ سَبِيلِيٓ أَدْعُوٓاْ إِلَى ٱللَّهِ ۚ عَلَىٰ بَصِيرَةٍ أَنَا۠ وَمَنِ ٱتَّبَعَنِي ۖ وَسُبْحَٰنَ ٱللَّهِ وَمَآ أَنَا۠ مِنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿١٠٨﴾

108 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، مەن ئاللاھتىن كەلگەن ئېنىق دەلىل - ئىسپاتقا ئاساسلىنىپ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىمەن، ماڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرمۇ شۇنداق قىلىدۇ. ئاللاھنى شېرىكتىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، مەن ئاللاھقا باشقىلارنى شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن ئەمەسمەن».

وَمَآ أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ إِلَّا رِجَالًا نُّوحِيٓ إِلَيْهِم مِّنْ أَهْلِ ٱلْقُرَىٰٓ ۗ أَفَلَمْ يَسِيرُواْ فِي ٱلْأَرْضِ فَيَنظُرُواْ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ ۗ وَلَدَارُ ٱلْءَاخِرَةِ خَيْرٌ لِّلَّذِينَ ٱتَّقَوْاْ ۚ أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴿١٠٩﴾

109 - ئى پەيغەمبەر! بىز ئىنسانلارغا سەندىن ئىلگىرى پەقەت شەھەر ئاھالىسىدىن بولغان ئەرلەرنىلا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۇلارغا ۋەھيى قىلدۇق. چۈنكى ئۇلار دىنىنى ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىنى ياخشى چۈشىنىدۇ. ھەقىقەتنى ئىزدىگەنلەر ئۇلارغا ئىمان ئېيتىدۇ، ئازغۇنلار ئۇلارنى ئىنكار قىلىدۇ. مۇشرىكلار يەر يۈزىدە كېزىپ يۈرۈپ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكى ئىنكارچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ قانداق ھالاك قىلىنغانلىقىنى بىلمىدىمۇ؟ ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭدىن قورقىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتى بۇ دۇنيادىن ۋە بۇ دۇنيادىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر. سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟ ئىبرەت ئالمامسىلەر؟

حَتَّىٰٓ إِذَا ٱسْتَيْـَٔسَ ٱلرُّسُلُ وَظَنُّوٓاْ أَنَّهُمْ قَدْ كُذِبُواْ جَآءَهُمْ نَصْرُنَا فَنُجِّيَ مَن نَّشَآءُ ۖ وَلَا يُرَدُّ بَأْسُنَا عَنِ ٱلْقَوْمِ ٱلْمُجْرِمِينَ ﴿١١٠﴾

110 - ئى پەيغەمبەر! سېنى ئىنكار قىلغان كاپىرلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا ئالدىراپ

كەتمىگەن. شەكسىزكى، ھېكمەتىمىزنىڭ تەقەززاسى بويىچە، سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگىمۇ غەلىبە تېز كەلمىگەن. ئۇلار ئۆز قەۋملىرىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن ۋە قەۋمى ئۇلارنى ئاللاھ توغرىسىدا بەرگەن خەۋەرلىرىدە يالغان ئېيتتى دەپ تۇرغاندا، ئۇلارغا بىزنىڭ ياردىمىمىز يېتىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىز پەيغەمبەرلەر ۋە مۇئمىنلەردىن خالىغان كىشىلەرنى قۇتقۇزدۇق. بىزنىڭ ئازابىمىز ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان گۇناھكار قەۋمدىن قايتۇرۇلمايدۇ. (بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىلگەن).

لَقَدْ كَانَ فِي قَصَصِهِمْ عِبْرَةٌ لِّأُولِي ٱلْأَلْبَٰبِ مَا كَانَ حَدِيثًا يُفْتَرَىٰ وَلَٰكِن تَصْدِيقَ ٱلَّذِي بَيْنَ
يَدَيْهِ وَتَفْصِيلَ كُلِّ شَيْءٍ وَهُدًى وَرَحْمَةً لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ ﴿١١١﴾

111 - پەيغەمبەرلەرنىڭ بىز ساڭا بايان قىلىپ بەرگەن قىسسىلىرىدە، ئىنكارچىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ھالاكەتلەردە ئەقلى ساغلام كىشىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار. بۇ قۇرئان توقۇپ چىقىرىلغان سۆز ئەمەس، لېكىن بىز ئۇنى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنى تەستىقلايدىغان، ئىنسانلار ئېھتىياجلىق بولغان ھالال - ھارام مەسىلىلىرىنى ۋە بارلىق شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىدىغان، كىشىلەرنى ئازغۇنلۇقتىن چىقىرىپ توغرا يولغا باشلايدىغان، ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ياخشىلىققا يېتەكلەيدىغان ۋە ئۇلارنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە سازاۋەر قىلىدىغان كىتاب قىلىپ نازىل قىلدۇق.

# رەئد سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

الٓمٓرۚ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱلۡكِتَٰبِۗ وَٱلَّذِيٓ أُنزِلَ إِلَيۡكَ مِن رَّبِّكَ ٱلۡحَقُّ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يُؤۡمِنُونَ ١

1 ـ ئەلىف، لام، مىيم، را (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ باياني بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى). بۇلار ئۇلۇغ قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدۇر. ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان بۇ قۇرئان ھەق كىتابتۇر، مۇشرىكلار تۆھمەت قىلغاندەك سەن ئۇنى ئۆزۈڭ توقۇپ چىقمىدىڭ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ ۋە ئەمەل قىلمايدۇ.

ٱللَّهُ ٱلَّذِي رَفَعَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ بِغَيۡرِ عَمَدٖ تَرَوۡنَهَاۖ ثُمَّ ٱسۡتَوَىٰ عَلَى ٱلۡعَرۡشِۖ وَسَخَّرَ ٱلشَّمۡسَ وَٱلۡقَمَرَۖ كُلّٞ يَجۡرِي لِأَجَلٖ مُّسَمّٗىۚ يُدَبِّرُ ٱلۡأَمۡرَ يُفَصِّلُ ٱلۡأٓيَٰتِ لَعَلَّكُم بِلِقَآءِ رَبِّكُمۡ تُوقِنُونَ ٢

2 ـ ئاللاھ ئاسمانلارنى سىلەر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئۈز قۇدرىتى بىلەن تۈۋرۈكسىز بەرپا قىلغان، ئاندىن ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئەرشكە ئۆرلىگەن، كۈن بىلەن ئاينى بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئوربىتىسىدا قىيامەتكە قەدەر ئايلىنىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى يالغۇز باشقۇرىدۇ، سىلەرنى ئۆزىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە، قىيامەت كۈنى ئالدىغا بارىدىغانلىقىڭلارغا، ۋەدىلىرىگە ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا ئىشەنسۇن، ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلسۇن دەپ، چەكسىز قۇدرىتىگە ۋە يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ.

وَهُوَ ٱلَّذِي مَدَّ ٱلۡأَرۡضَ وَجَعَلَ فِيهَا رَوَٰسِيَ وَأَنۡهَٰرٗاۖ وَمِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِ جَعَلَ فِيهَا زَوۡجَيۡنِ ٱثۡنَيۡنِۖ يُغۡشِي ٱلَّيۡلَ ٱلنَّهَارَۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يَتَفَكَّرُونَ ٣

3 ـ ئاللاھ يەر يۈزىنى سوزۇپ كەڭ ياراتقان، ئۇنى سىلەرنىڭ ياشىشىڭلار ئۈچۈن ھازىرلاپ بەرگەن، ئۇنىڭدا زېمىننى تۇتۇپ تۇرىدىغان تاغلارنى، ئىچىش ۋە پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن دەريالارنى ياراتقان، مېۋىلەرنىڭ ھەربىر تۈرىنى ئىككى خىل قىلغان، ئۇلاردىن ئاق، قارا، تاتلىق ۋە چۈچۈمەل ھەممىسىنى ياراتقان، كۈندۈزنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن يېپىقان زاتتۇر. شەكسىزكى، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە تەپەككۇر قىلىدىغان ۋە ۋەز - نەسىھەت ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.

وَفِي ٱلۡأَرۡضِ قِطَعٞ مُّتَجَٰوِرَٰتٞ وَجَنَّٰتٞ مِّنۡ أَعۡنَٰبٖ وَزَرۡعٞ وَنَخِيلٞ صِنۡوَانٞ وَغَيۡرُ صِنۡوَانٖ يُسۡقَىٰ بِمَآءٖ وَٰحِدٖ وَنُفَضِّلُ بَعۡضَهَا عَلَىٰ بَعۡضٖ فِي ٱلۡأُكُلِۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يَعۡقِلُونَ ٤

4 ـ يەر يۈزىدە بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن يەرلەر بار، ئۇلارنىڭ بەزىسى كىشىلەرگە

پايدىلىق زىرائەتلەر ئۈنىدىغان يەرلەر، يەنە بەزىسى ھېچ نەرسە ئۈنمەيدىغان قاتتىق يەرلەردۇر. يەر يۈزىدە يەنە ئۈزۈملۈك باغلار، تۈرلۈك زىرائەتلەر، شاخلىغان ۋە شاخلىمىغان خورما دەرەخلىرى بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل يەردە ئۆسىدۇ، بىر خىل سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ. لېكىن ئۇ مېۋىلەر تەمدە، ھەجىمدە بىر خىل بولمايدۇ، بىرى تاتلىق، يەنە بىرى چۈچۈمەل، بەزىسى بەزىسىدىن يېيىشلىك بولىدۇ. شەكسىزكى، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە، ئەقلىنى ئىشلىتىپ ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى چۈشىنىدىغان ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئالامەتلەر بار.

۞ وَإِن تَعۡجَبۡ فَعَجَبٌ قَوۡلُهُمۡ أَءِذَا كُنَّا تُرَٰبًا أَءِنَّا لَفِي خَلۡقٖ جَدِيدٍۗ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِرَبِّهِمۡۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ ٱلۡأَغۡلَٰلُ فِيٓ أَعۡنَاقِهِمۡۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ٥

5 - ئى پەيغەمبەر! مۇشۇ دەلىل - پاكىتلاردىن كېيىنمۇ، كاپىرلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىغا ئەجەبلىنىدىغان بولساڭ، ئۇلارنىڭ: «بىز توپىغا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن قايتىدىن تىرىلەمدۇق؟» دېگەن سۆزىگە ئەجەبلەنسەڭ بولىدۇ. ئەنە شۇلار ئۆزلىرىنى يوقتىن بار قىلغان ئۇلۇغ رەببىنى ئىنكار قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار قىيامەت كۈنى بويۇنلىرىغا ئوتتىن زەنجىر سېلىنىدىغانلاردۇر. ئەنە شۇلار دوزاخقا كىرىدۇ، دوزاختىن مەڭگۈ چىقالمايدۇ.

وَيَسۡتَعۡجِلُونَكَ بِٱلسَّيِّئَةِ قَبۡلَ ٱلۡحَسَنَةِ وَقَدۡ خَلَتۡ مِن قَبۡلِهِمُ ٱلۡمَثُلَٰتُۗ وَإِنَّ رَبَّكَ لَذُو مَغۡفِرَةٖ لِّلنَّاسِ عَلَىٰ ظُلۡمِهِمۡۖ وَإِنَّ رَبَّكَ لَشَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ ٦

6 - ئىنكارچىلار سەندىن ئۆزلىرىگە ئامانلىق ۋە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىشى كۈتۈلگەن ئىماندىن ئىلگىرى مەن كېچىكتۈرگەن ئازابنىڭ تېزرەك چۈشۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئىنكارچى قەۋملەرگە كۆپلىگەن ئازابلار كەلگەن ئىدى. ئۇلار نېمىشقا ئاشۇلارنىڭ ھالاكىتىدىن ئىبرەت ئالمايدۇ؟ ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئۇلار گۇناھ قىلىپ ئۆزىگە قانچىلىك كۆپ زۇلۇم قىلسىمۇ، ئەگەر گۇناھىغا تەۋبە قىلسىلا، رەببىڭ ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كۇفرىلىقنى، ئازغۇنلۇقنى ۋە گۇناھ - مەئسىيەتنى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلار ئۈچۈن رەببىڭنىڭ ئازابى تولىمۇ قاتتىقتۇر.

وَيَقُولُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَوۡلَآ أُنزِلَ عَلَيۡهِ ءَايَةٞ مِّن رَّبِّهِۦٓۗ إِنَّمَآ أَنتَ مُنذِرٞۖ وَلِكُلِّ قَوۡمٍ هَادٍ ٧

7 - مەككىنىڭ كاپىرلىرى: «نېمىشقا مۇھەممەدكىمۇ مۇسانىڭ ھاسىسىغا، سالىھنىڭ چىشى تۆگىسىگە ئوخشاش تۇتقىلى بولىدىغان مۆجىزىلەر بېرىلمىدى؟» دېيىشىدۇ. ئى پەيغەمبەر! بۇ سېنىڭ ئىلكىڭدىكى ئىش ئەمەس، سەن پەقەتلا ئۇلارغا دىنىنى يەتكۈزگۈچى ۋە ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن. ھەربىر قەۋمنىڭ ئۇلارنى ئاللاھقا يېتەكلەيدىغان بىرەر پەيغەمبىرى بولغان.

ٱللَّهُ يَعۡلَمُ مَا تَحۡمِلُ كُلُّ أُنثَىٰ وَمَا تَغِيضُ ٱلۡأَرۡحَامُ وَمَا تَزۡدَادُۖ وَكُلُّ شَيۡءٍ عِندَهُۥ بِمِقۡدَارٍ ٨

8 - ئاللاھ ھەربىر چىشىنىڭ نېمىگە ھامىلىدار بولغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇ ئوغۇل تۇغامدۇ ياكى قىزمۇ؟ تۇغۇلىدىغان بالا بەختلىك بولامدۇ ياكى بەختسىزمۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا مەلۇمدۇر. بالىياتقۇلارنىڭ نېمىنى كېمەيتىپ نېمىنى زىيادە قىلىدىغانلىقىنى (يەنى بوۋاقنىڭ چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى ياكى توققۇز ئايدىن بۇرۇن ۋەياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتكەندە تۇغۇلىدىغانلىقىنى) ئاللاھ بىلىدۇ. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە

ئۆلچەملىكتۇر.

عَلِمُ ٱلْغَيْبِ وَٱلشَّهَدَةِ ٱلْكَبِيرُ ٱلْمُتَعَالِ ﴿٩﴾

9 - ئاللاھ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلگۈچىدۇر، زاتىدا، ئىش - پائالىيەتلىرىدە ۋە ئىسىم - سۈپەتلىرىدە مۇكەممەلدۇر ۋە ھەممىدىن بۈيۈكتۇر، بارلىق مەخلۇقاتىدىن ئۈستۈندۇر.

سَوَآءٌ مِّنكُم مَّنْ أَسَرَّ ٱلْقَوْلَ وَمَن جَهَرَ بِهِۦ وَمَنْ هُوَ مُسْتَخْفٍۭ بِٱلَّيْلِ وَسَارِبٌۢ بِٱلنَّهَارِ ﴿١٠﴾

10 - ئاللاھنىڭ ئىلمىگە نىسبەتەن گەپ - سۆزىنى يوشۇرغان، ئاشكارا قىلغان، ئىشلىرىنى كېچىسى مەخپىي قىلغان، كۈندۈزى ئاشكارا قىلغان ئادەم ئوخشاشتۇر.

لَهُۥ مُعَقِّبَٰتٌ مِّنۢ بَيْنِ يَدَيْهِ وَمِنْ خَلْفِهِۦ يَحْفَظُونَهُۥ مِنْ أَمْرِ ٱللَّهِ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّىٰ يُغَيِّرُوا۟ مَا بِأَنفُسِهِمْ ۗ وَإِذَآ أَرَادَ ٱللَّهُ بِقَوْمٍ سُوٓءًا فَلَا مَرَدَّ لَهُۥ ۚ وَمَا لَهُم مِّن دُونِهِۦ مِن وَالٍ ﴿١١﴾

11 - ھەربىر ئادەمنىڭ ئالدى - كەينىدە ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان، ئۇنىڭدىن سادىر بولغان ياخشى - يامان ئىشلارنى خاتىرىلەپ تۇرىدىغان نۆۋەتچى پەرىشتىلەر بار. شەكسىزكى، ھەرقانداق بىر قەۋم ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلىپ ئۇنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارغا ئاتا قىلىپ كېلىۋاتقان نېمەتلىرىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. ئاللاھ ھەرقانداق قەۋمگە بىرەر بالا - قازانى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭدىن ھەرگىز قاچقىلى بولمايدۇ، ئۇلارغا ئاللاھتىن باشقا ئىشلىرىغا ئىگە بولىدىغان، ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىنى بېرىدىغان، زىيان - زەخمەتتىن قوغدايدىغان ھېچقانداق مەدەتكار چىقمايدۇ.

هُوَ ٱلَّذِى يُرِيكُمُ ٱلْبَرْقَ خَوْفًا وَطَمَعًا وَيُنشِئُ ٱلسَّحَابَ ٱلثِّقَالَ ﴿١٢﴾

12 - ئاللاھ كۆيدۈرگۈچى چاقماقتىن قورقۇتقان ۋە يامغۇردىن ئۈمىدلەندۈرگەن ھالدا، سىلەرگە قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بولغان چاقماقنى كۆرسىتىدىغان ۋە سىلەرگە مەنپەئەتلىك، مول يامغۇرنى كۆتۈرگەن قويۇق، ئېغىر بۇلۇتلارنى پەيدا قىلىدىغان زاتتۇر.

وَيُسَبِّحُ ٱلرَّعْدُ بِحَمْدِهِۦ وَٱلْمَلَٰٓئِكَةُ مِنْ خِيفَتِهِۦ وَيُرْسِلُ ٱلصَّوَٰعِقَ فَيُصِيبُ بِهَا مَن يَشَآءُ وَهُمْ يُجَٰدِلُونَ فِى ٱللَّهِ وَهُوَ شَدِيدُ ٱلْمِحَالِ ﴿١٣﴾

13 - گۈلدۈرماما ئاللاھنى مەدھىيەلەپ، ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ئەيمىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئاللاھ ھالاك قىلغۇچى چاقماقلارنى ئەۋەتىپ، بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمنى ھالاك قىلىدۇ، كاپىرلار ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغان قۇدرىتى توغرىسىدا دەتالاش قىلىشماقتا. ئاللاھ ئاسىي - گۇناھكارلارنى جازالاشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر.

لَهُۥ دَعْوَةُ ٱلْحَقِّ ۖ وَٱلَّذِينَ يَدْعُونَ مِن دُونِهِۦ لَا يَسْتَجِيبُونَ لَهُم بِشَىْءٍ إِلَّا كَبَٰسِطِ كَفَّيْهِ إِلَى ٱلْمَآءِ لِيَبْلُغَ فَاهُ وَمَا هُوَ بِبَٰلِغِهِۦ ۚ وَمَا دُعَآءُ ٱلْكَٰفِرِينَ إِلَّا فِى ضَلَٰلٍ ﴿١٤﴾

14 - ھەقىقىي دەۋەت «ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر» دېگەن تەۋھىد دەۋىتىدۇر، ئىبادەت ۋە دۇئا ئاللاھقىلا قىلىنىدۇ. مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنىدىغان مەبۇدلىرى دۇئا قىلغۇچىلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلالمايدۇ، ئۇلارنىڭ

ھېچقانداق ھاجىتىنى راۋا قىلالمايدۇ. بۇتلارغا دۇئا قىلغان ئادەم ئاغزىمغا سۇ يەتسۇن دەپ ئىككى ئالىقىنىنى سۇغا قارىتىپ ئېچىپ تۇرغان بولسىمۇ، سۇ ئاغزىغا يەتمىگەن ئادەمگىلا ئوخشايدۇ. كاپىرلارنىڭ مەبۇدلىرىغا قىلغان دۇئاسى توغرىلىقتىن پۈتۈنلەي يىراق بولغانلىقتىن، پەقەتلا بىكاردۇر.

وَلِلَّهِ يَسۡجُدُ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ طَوۡعٗا وَكَرۡهٗا وَظِلَٰلُهُم بِٱلۡغُدُوِّ وَٱلۡأٓصَالِ۩ ﴿١٥﴾

15 - ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھقا بويسۇنىدۇ. مۇئمىنلەر ئاللاھقا ئىختىيارىي بويسۇنسا، كاپىرلار مەجبۇرىي يوسۇندا بويسۇنىدۇ. چۈنكى كاپىرلار ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتسىمۇ، ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە مەجبۇرىي بويسۇنىدۇ. ئەتىگەن - ئاخشامدا مەخلۇقاتنىڭ سايىلىرىمۇ ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا بويسۇنىدۇ. چۈنكى سايىلەر ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن يۆتكىلىپ تۇرىدۇ.

قُلۡ مَن رَّبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ قُلِ ٱللَّهُۚ قُلۡ أَفَٱتَّخَذۡتُم مِّن دُونِهِۦٓ أَوۡلِيَآءَ لَا يَمۡلِكُونَ لِأَنفُسِهِمۡ نَفۡعٗا وَلَا ضَرّٗاۚ قُلۡ هَلۡ يَسۡتَوِي ٱلۡأَعۡمَىٰ وَٱلۡبَصِيرُ أَمۡ هَلۡ تَسۡتَوِي ٱلظُّلُمَٰتُ وَٱلنُّورُۗ أَمۡ جَعَلُواْ لِلَّهِ شُرَكَآءَ خَلَقُواْ كَخَلۡقِهِۦ فَتَشَٰبَهَ ٱلۡخَلۡقُ عَلَيۡهِمۡۚ قُلِ ٱللَّهُ خَٰلِقُ كُلِّ شَيۡءٖ وَهُوَ ٱلۡوَٰحِدُ ٱلۡقَهَّٰرُ ﴿١٦﴾

16 - ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلاردىن: «ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ رەببى ۋە ئۇلارنى باشقۇرغۇچى كىم؟» دەپ سورىغىن ۋە «ئاللاھ ياراتقۇچى ۋە باشقۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر، سىلەرمۇ بۇنى ئېتىراپ قىلىسىلەر» دەپ جاۋاب بەرگىن. ئاندىن ئۇلارغا: «ئەمەلىيەت شۇنداق تۇرسىمۇ، سىلەر ئاللاھنى قويۇپ، سىلەرگە تۇگۇل ئۆزىگىمۇ پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرنى مەبۇد قىلىۋالدىڭلارمۇ؟» دېگىن. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا يەنە «مەنىۋى جەھەتتىن كور بولغان كاپىر ئادەم بىلەن مەنىۋى كۆزى ئوچۇق مۇئمىن ئادەم باراۋەر بولامدۇ؟ ياكى كۇفرى بىلەن ئىمانغا ئوخشاش قاراڭغۇلۇقلار بىلەن نۇر باراۋەر بولامدۇ؟» دېگىن، ياكى ئۇلارنىڭ ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان ساختا مەبۇدلىرى ئاللاھ ياراتقان مەخلۇقاتقا ئوخشاش مەخلۇقات ياراتقان بولۇپ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ياراتقانلىرى بىلەن بۇ ساختا مەبۇدلىرىنىڭ ياراتقانلىرىنى ئايرىيالماي قېلىپ، ئاتالمىش مەبۇدلىرىنىمۇ ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىق دەپ ئويلاپ قالدىمۇ؟ ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ھەممە مەۋجۇداتنى يوقتىن ياراتقان، ئىبادەت قىلىنىشقا تامامەن ھەقلىق بولغان ۋە ھەممىگە غالىب كېلىدىغان يېگانە زاتتۇر. ئۇلارنىڭ ساختا مەبۇدلىرى ھېچ نەرسىنى ياراتقان ئەمەس، ئۇلار ھېچكىمگە پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، زىيانمۇ يەتكۈزەلمەيدۇ».

أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءٗ فَسَالَتۡ أَوۡدِيَةُۢ بِقَدَرِهَا فَٱحۡتَمَلَ ٱلسَّيۡلُ زَبَدٗا رَّابِيٗاۖ وَمِمَّا يُوقِدُونَ عَلَيۡهِ فِي ٱلنَّارِ ٱبۡتِغَآءَ حِلۡيَةٍ أَوۡ مَتَٰعٖ زَبَدٞ مِّثۡلُهُۥۚ كَذَٰلِكَ يَضۡرِبُ ٱللَّهُ ٱلۡحَقَّ وَٱلۡبَٰطِلَۚ فَأَمَّا ٱلزَّبَدُ فَيَذۡهَبُ جُفَآءٗۖ وَأَمَّا مَا يَنفَعُ ٱلنَّاسَ فَيَمۡكُثُ فِي ٱلۡأَرۡضِۚ كَذَٰلِكَ يَضۡرِبُ ٱللَّهُ ٱلۡأَمۡثَالَ ﴿١٧﴾

17 - ئاندىن ئاللاھ ھەقنىڭ باتىل ئۈستىدىن قانداق غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا يامغۇر بىلەن مەدەننى مىسال قىلىپ كەلتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇلۇتلاردىن ياغدۇرۇپ بەرگەن يامغۇر زېمىننىڭ جىلغىلىرىدا ئېقىپ كەلكۈن ھاسىل قىلىدۇ، كەلكۈن سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ. كىشىلەر زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساش ياكى باشقا مەنپەئەتلەر ئۈچۈن ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن مەدەنلەرنى ئوتقا سېلىپ ئېرىتىدۇ، بۇ مەدەنلەرنىڭمۇ سۇنىڭ كۆپۈكىگە ئوخشايدىغان كۆپۈكى بولىدۇ. مەدەن قىزىتىلغاندىن كېيىن، ئۈنىڭدىكى پايدىسىز نەرسىلەر چىقىپ كېتىدۇ. ئاللاھ ھەق بىلەن باتىلغا مۇشۇنداق

مىسال كەلتۈرىدۇ. كۆپۈك ئېقىپ تۈگەيدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭدا ئىنسانلارغا پايدا يوق. ئەمما ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغان پاك سۇ بىلەن ساپ مەدەن زېمىندا قېلىپ قالىدۇ، ئاللاھ ھەقنى باتىلدىن، ھىدايەتنى ئازغۇنلۇقتىن ئايرىپ بېرىش ئۈچۈن مۇشۇنداق مىساللارنى كەلتۈرىدۇ.

لِلَّذِينَ ٱسْتَجَابُواْ لِرَبِّهِمُ ٱلْحُسْنَىٰۚ وَٱلَّذِينَ لَمْ يَسْتَجِيبُواْ لَهُۥ لَوْ أَنَّ لَهُم مَّا فِى ٱلْأَرْضِ جَمِيعًا وَمِثْلَهُۥ مَعَهُۥ لَٱفْتَدَوْاْ بِهِۦٓۚ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمْ سُوٓءُ ٱلْحِسَابِ وَمَأْوَىٰهُمْ جَهَنَّمُۖ وَبِئْسَ ٱلْمِهَادُ ﴿١٨﴾

18 - ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان مۇئمىنلەرنىڭ مۇكاپاتى جەننەتتۇر، ئىتائەتتىن باش تارتقان كاپىرلارنىڭ جازاسى دوزاختۇر. كاپىرلار يەر يۈزىدىكى بايلىقلارنىڭ ھەممىسىگە، يەنە ئۇنىڭ بىر ھەسسىسىگە ئىگە بولغان بولسا، قىيامەت كۈنى ئۇلار ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ھەممىسىنى فىديە قىلىپ بېرىۋەتكەن بولاتتى. ئۇلار شۇنداق فىديە بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ فىديەسى ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەنە شۇلار قىلغان بارلىق يامان ئىشلىرىنىڭ ھېسابىنى بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاخ بولىدۇ، ئۇلار قىلمىشلىرى سەۋەبلىك ئۆزىگە تەييارلىغان دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!

۞ أَفَمَن يَعْلَمُ أَنَّمَآ أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ ٱلْحَقُّ كَمَنْ هُوَ أَعْمَىٰٓۚ إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُوْلُواْ ٱلْأَلْبَٰبِ ﴿١٩﴾
ٱلَّذِينَ يُوفُونَ بِعَهْدِ ٱللَّهِ وَلَا يَنقُضُونَ ٱلْمِيثَٰقَ ﴿٢٠﴾

19 - 20 - ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا كەلگەن دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەن ئادەم، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرمىگەن دىلى كور ئادەم بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟ بۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ ئەھدىسىگە[1] ۋاپا قىلىدىغان، ئۇستىدىكى ئەھدىنى بۇزمايدىغان، ئەقلى ساغلام كىشىلەرلا ۋەز - نەسىھەت ئالىدۇ.

وَٱلَّذِينَ يَصِلُونَ مَآ أَمَرَ ٱللَّهُ بِهِۦٓ أَن يُوصَلَ وَيَخْشَوْنَ رَبَّهُمْ وَيَخَافُونَ سُوٓءَ ٱلْحِسَابِ ﴿٢١﴾

21 - ئۇلار ئاللاھ داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرۇغان تۇغقانچىلىق ۋە دىنىي قېرىنداشلىق رىشتىسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، ئاللاھنىڭ ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ، بارلىق قىلمىشلىرىدىن ئاللاھنىڭ قاتتىق ھېساب ئېلىشىدىن ۋە مەغپىرەت قىلماسلىقىدىن قورقىدۇ.

وَٱلَّذِينَ صَبَرُواْ ٱبْتِغَآءَ وَجْهِ رَبِّهِمْ وَأَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَأَنفَقُواْ مِمَّا رَزَقْنَٰهُمْ سِرًّا وَعَلَانِيَةً وَيَدْرَءُونَ بِٱلْحَسَنَةِ ٱلسَّيِّئَةَ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمْ عُقْبَى ٱلدَّارِ ﴿٢٢﴾

22 - ئۇلار رەببىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، تائەت - ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشتا، گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن ساقلىنىشتا چىداملىق بولغان، يەتكەن ئەزىيەتكە ۋە جاپا - مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلغان، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلغان، پۇل - مېلىنىڭ زاكىتىنى تولۇق بەرگەن، يوقسۇللارغا يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا خەير - ئېھسان قىلغان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈپ تۇرىدىغان كىشىلەردۇر. مۇشۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان كىشىلەر ئاخىرەتتە گۈزەل ئاقىۋەتكە ئېرىشىدۇ.

جَنَّٰتُ عَدْنٍ يَدْخُلُونَهَا وَمَن صَلَحَ مِنْ ءَابَآئِهِمْ وَأَزْوَٰجِهِمْ وَذُرِّيَّٰتِهِمْۖ وَٱلْمَلَٰٓئِكَةُ يَدْخُلُونَ

---

[1] بەقەرە سۈرىسىنىڭ 27 - ئايىتىگە بېرىلگەن ئىزاھاتقا قارالسۇن.

عَلَيۡهِم مِّن كُلِّ بَابٖ ﴿٢٣﴾ سَلَٰمٌ عَلَيۡكُم بِمَا صَبَرۡتُمۡۚ فَنِعۡمَ عُقۡبَى ٱلدَّارِ ﴿٢٤﴾

23 ـ 24 ـ ئاشۇ ئاقىۋەت دائىملىق تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەر بولۇپ، ئۇلار شۇ جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك تۇرىدۇ، ئۇ جەننەتلەردىن باشقا جايغا كەتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى، ئاياللىرى ۋە ئەۋلادلىرى ئىچىدىكى ياخشىلارمۇ (شۇ جەننەتلەردە) ئۇلار بىلەن بىللە بولىدۇ. پەرىشتىلەر جەننەتنىڭ ھەربىر دەرۋازىسىدىن ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرىپ: «ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتا چىدامچانلىق كۆرسەتكەنلىكىڭلار ئۈچۈن، بارچە يامانلىقلاردىن ساقلىنىپ قالدىڭلار، جەننەتتىن ئىبارەت گۈزەل ئاقىۋەت نېمىدېگەن ياخشى!» دەپ، ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ.

وَٱلَّذِينَ يَنقُضُونَ عَهۡدَ ٱللَّهِ مِنۢ بَعۡدِ مِيثَٰقِهِۦ وَيَقۡطَعُونَ مَآ أَمَرَ ٱللَّهُ بِهِۦٓ أَن يُوصَلَ وَيُفۡسِدُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمُ ٱللَّعۡنَةُ وَلَهُمۡ سُوٓءُ ٱلدَّارِ ﴿٢٥﴾

25 ـ ئەمما گۇناھكارلار بولسا مۇئمىنلەر سۈپەتلەنگەن سۈپەتلەرنىڭ ئەكسى بىلەن سۈپەتلەنگەن بولۇپ، ئۇلار ئىبادەتنى خالىس قىلىش ھەققىدە ئاللاھقا مۇستەھكەم ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، ۋەدىسىنى بۇزىدىغان، ئاللاھ داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرۇغان تۇغقانچىلىق ۋە دىنىي قېرىنداشلىق رىشتىسى قاتارلىق ئىشلارنى داۋاملاشتۇرمايدىغان، گۇناھ ـ مەئسىيەت سادىر قىلىپ يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتە ناھايىتى قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

ٱللَّهُ يَبۡسُطُ ٱلرِّزۡقَ لِمَن يَشَآءُ وَيَقۡدِرُۚ وَفَرِحُواْ بِٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَمَا ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَا فِي ٱلۡأٓخِرَةِ إِلَّا مَتَٰعٞ ﴿٢٦﴾

26 ـ ئاللاھ بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ ۋە خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ. كاپىرلار دۇنيا ھاياتىدىكى باياشاتلىق بىلەن كۆرەڭلەپ كەتتى. ھالبۇكى، دۇنيا ھاياتى ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرىگە نىسبەتەن ئىنتايىن ئاز مەنپەئەت بولۇپ، تېزلا تۈگەپ قالىدۇ.

وَيَقُولُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَوۡلَآ أُنزِلَ عَلَيۡهِ ءَايَةٞ مِّن رَّبِّهِۦۚ قُلۡ إِنَّ ٱللَّهَ يُضِلُّ مَن يَشَآءُ وَيَهۡدِيٓ إِلَيۡهِ مَنۡ أَنَابَ ﴿٢٧﴾

27 ـ كاپىرلار ئىمان ئېيتماسلىق ئۈچۈن باھانە ئىزدەپ: «نېمىشقا مۇھەممەدكىمۇ مۇسا ۋە ئىيسانىڭ مۆجىزىسىگە ئوخشاش تۇتقىلى بولىدىغان مۆجىزە چۈشۈرۈلمىدى؟» دەيدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «شەكسىزكى، ئاللاھ ئازغۇنلۇقتا چىڭ تۇرۇۋالغانلاردىن خالىغان كىشىنى ئاسىيلىقى تۈپەيلىدىن ئازدۇرىدۇ، مۇنداقلارغا مۆجىزىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. ئاللاھ توغرا يول تېپىشنى ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى ئىزدىگەن بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ».

ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَتَطۡمَئِنُّ قُلُوبُهُم بِذِكۡرِ ٱللَّهِۗ أَلَا بِذِكۡرِ ٱللَّهِ تَطۡمَئِنُّ ٱلۡقُلُوبُ ﴿٢٨﴾

28 ـ ئاللاھ دىلى ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىمان ئېيتىش بىلەن، كۆڭلى ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدىغان كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىدۇ. بىلىڭلاركى، كۆڭۈللەر ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەن، ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ۋە ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىنى ئۈمىد قىلىش بىلەن ئارام تاپىدۇ.

ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ طُوبَىٰ لَهُمْ وَحُسْنُ مَـَٔابٍ ﴿٢٩﴾

29 - ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە خۇشاللىق ۋە گۈزەل قارارگاھ بار. ئۇلار ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ھالدا ئىسىل جەننەتلەردە بولىدۇ.

كَذَٰلِكَ أَرْسَلْنَٰكَ فِىٓ أُمَّةٍ قَدْ خَلَتْ مِن قَبْلِهَآ أُمَمٌ لِّتَتْلُوَا۟ عَلَيْهِمُ ٱلَّذِىٓ أَوْحَيْنَآ إِلَيْكَ وَهُمْ يَكْفُرُونَ بِٱلرَّحْمَٰنِ ۚ قُلْ هُوَ رَبِّى لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَإِلَيْهِ مَتَابِ ﴿٣٠﴾

30 - ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا ۋەھيى قىلغان قۇرئاننى مۇشۇ ئۇممەتكە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، سەندىن ئىلگىرى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەندەك، سېنى مۇشۇ ئۇممەتكە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. ئۇلاردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۇممەتلەر ئۆتكەن. سېنىڭ قەۋمىڭ تېخىچە رەھمان ئاللاھنى ئىنكار قىلماقتا. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر يەككە - يېگانە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلمىغان رەھمان ئاللاھ مېنىڭ رەببىمدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا تائەت - ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، مەن ئۇنىڭغا تاياندىم، ئۇنىڭغا ئىشەنچ باغلىدىم، مەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا قايتىمەن».

وَلَوْ أَنَّ قُرْءَانًا سُيِّرَتْ بِهِ ٱلْجِبَالُ أَوْ قُطِّعَتْ بِهِ ٱلْأَرْضُ أَوْ كُلِّمَ بِهِ ٱلْمَوْتَىٰ ۗ بَل لِّلَّهِ ٱلْأَمْرُ جَمِيعًا ۗ أَفَلَمْ يَا۟يْـَٔسِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ أَن لَّوْ يَشَآءُ ٱللَّهُ لَهَدَى ٱلنَّاسَ جَمِيعًا ۗ وَلَا يَزَالُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ تُصِيبُهُم بِمَا صَنَعُوا۟ قَارِعَةٌ أَوْ تَحُلُّ قَرِيبًا مِّن دَارِهِمْ حَتَّىٰ يَأْتِىَ وَعْدُ ٱللَّهِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُخْلِفُ ٱلْمِيعَادَ ﴿٣١﴾

31 - ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھېسسىي مۆجىزە كېلىشىنى تەلەپ قىلغان كاپىرلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: مۇبادا بۇ يەردە قۇرئان ئوقۇلۇپ، ئۇنىڭ تەسىرىدىن تاغلار يۆتكەلگەن ياكى يەر يېرىلىپ ئۆستەڭلەر ئاققان ۋەياكى ئۆلۈكلەر تىرىلىپ سۆزلىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار بەرىبىر ئىمان ئېيتمايدۇ. ھەقىقەت شۇكى، مۆجىزە مەسىلىسىدە ۋە باشقا بارلىق ئىشلاردا ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. مۇئمىنلەر ئاللاھ خالىسا ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ھېچبىر مۆجىزىنى كۆرمەستىن ئىمان ئېيتىدىغانلىقىنى بىلمىدىمۇ؟ ئاللاھنىڭ مۇئمىنلەرگە بەرگەن ۋەدىسى ئەمەلگە ئاشقانغا قەدەر، كاپىرلار ئۆز قىلمىشلىرى سەۋەبلىك، مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈش، ئەسىرگە ئېلىنىش قاتارلىق تۈرلۈك مۇسىبەتلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ ياكى بۇ مۇسىبەتلەر ئۇلارنىڭ يۇرتىغا يېقىن بىر جايغا چۈشىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ.

وَلَقَدِ ٱسْتُهْزِئَ بِرُسُلٍ مِّن قَبْلِكَ فَأَمْلَيْتُ لِلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ثُمَّ أَخَذْتُهُمْ ۖ فَكَيْفَ كَانَ عِقَابِ ﴿٣٢﴾

32 - ئى پەيغەمبەر! بۇ كاپىرلار سېنىڭ دەۋىتىڭنى مەسخىرە قىلغان بولسا، سەندىن ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرنىڭ ئىچىدىكى كاپىرلارمۇ ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى مەسخىرە قىلغان. بۇنىڭغا قايغۇرمىغىن. مەن ئۇ كاپىرلارغا مۆھلەت بەردىم، ئاندىن ئۇلارنى جازالىدىم، مېنىڭ ئۇلارغا بەرگەن جازايىم ھەقىقەتەن قاتتىق بولدى.

أَفَمَنْ هُوَ قَآئِمٌ عَلَىٰ كُلِّ نَفْسٍۭ بِمَا كَسَبَتْ ۗ وَجَعَلُوا۟ لِلَّهِ شُرَكَآءَ قُلْ سَمُّوهُمْ ۚ أَمْ تُنَبِّـُٔونَهُۥ بِمَا لَا يَعْلَمُ فِى ٱلْأَرْضِ أَم بِظَٰهِرٍ مِّنَ ٱلْقَوْلِ ۗ بَلْ زُيِّنَ لِلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مَكْرُهُمْ وَصُدُّوا۟ عَنِ ٱلسَّبِيلِ ۗ وَمَن يُضْلِلِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِنْ هَادٍ ﴿٣٣﴾

33 - ھەربىر كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى كۆزىتىپ ۋە خاتىرىلەپ تۇرىدىغان زات - ئاللاھ ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىقمۇ ياكى مۇشرىكلار چوقۇنۇۋاتقان ئاشۇ ئاجىز مەخلۇقاتمۇ؟

مۇشرىكلار نادانلىقىدىن ئۆزلىرى چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەرنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالدى. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلەرنىڭلارنىڭ ئىسىملىرىنى ۋە سۈپەتلىرىنى ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئۇ نەرسىلىرىڭلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ سۈپىتىدە ئۇلارنى ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق قىلىدىغان نەرسە تېپىلمايدۇ. ياكى سىلەر ئاللاھقا ئاللاھنىڭ زېمىنىدا ئۇزى بىلمەيدىغان شېرىكلىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بەرمەكچىمۇ؟ ياكى ئەمەلىيەتتە يوق نەرسىلەرنى ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ ئاتىۋېلىپ ئۆزۈڭلارنى ئالداۋاتامسىلەر؟» ھەقىقەت شۇكى، شەيتانلار كاپىرلارغا ئۇلارنىڭ يالغان سۆزلىرىنى ياخشى ۋە يوللۇق قىلىپ كۆرسەتكەن، ئۇلارنى توغرا يولدىن توسقان. ئاللاھ ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلمىغان ئادەمنى ھېچكىم ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلالمايدۇ، توغرا يولغا يېتەكلىيەلمەيدۇ.

لَّهُمْ عَذَابٌ فِي ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا ۖ وَلَعَذَابُ ٱلْـَٔاخِرَةِ أَشَقُّ ۖ وَمَا لَهُم مِّنَ ٱللَّهِ مِن وَاقٍ ﴿٣٤﴾

34 ـ كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسىدىغان ئاشۇ كاپىرلارغا دۇنيا ھاياتىدا ئۆلتۈرۈلۈش، ئەسىرگە ئېلىنىش ۋە خارلىنىش قاتارلىق ئازابلار بار، ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئازابى تېخىمۇ قاتتىق ۋە ئېغىر بولىدۇ. ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن توسۇپ قالىدىغان ھېچكىم يوقتۇر.

۞ مَّثَلُ ٱلْجَنَّةِ ٱلَّتِى وُعِدَ ٱلْمُتَّقُونَ ۖ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ ۖ أُكُلُهَا دَآئِمٌ وَظِلُّهَا ۚ تِلْكَ عُقْبَى ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوا۟ ۖ وَّعُقْبَى ٱلْكَٰفِرِينَ ٱلنَّارُ ﴿٣٥﴾

35 ـ ئاللاھتىن قورقىدىغان كىشىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇنىڭ قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل ـ دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ، مېۋىلىرى ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، سايىسى كېمىيىپ قالمايدۇ ۋە يوقىلىپ كەتمەيدۇ. جەننەت بىلەن مۇشۇنداق مۇكاپاتلىنىش ئاللاھتىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلانغان، ئاللاھ بەلگىلىگەن پەرزلەرنى ئادا قىلغان كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتىدۇر. ئەمما كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى دوزاختۇر.

وَٱلَّذِينَ ءَاتَيْنَٰهُمُ ٱلْكِتَٰبَ يَفْرَحُونَ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيْكَ ۖ وَمِنَ ٱلْأَحْزَابِ مَن يُنكِرُ بَعْضَهُۥ ۚ قُلْ إِنَّمَآ أُمِرْتُ أَنْ أَعْبُدَ ٱللَّهَ وَلَآ أُشْرِكَ بِهِۦٓ ۚ إِلَيْهِ أَدْعُوا۟ وَإِلَيْهِ مَـَٔابِ ﴿٣٦﴾

36 ـ ئى پەيغەمبەر! بىز كىتاب بەرگەن يەھۇدىيلاردىن ۋە خىرىستىيانلاردىن ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ۋە نەجاشىيغا ئوخشاش مۇسۇلمان بولغان كىشىلەر ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئان بىلەن خۇشال بولىدۇ. بۇ قۇرئاننىڭ ئۇلارنىڭ كىتابىدىكى ھەقىقەتلەرگە ئۇيغۇن كەلگەنلىكىدىندۇر. ساڭا قارشى ئىتتىپاق تۈزگەن سەييىد، ئاقىب ۋە كەئب ئىبنى ئەشرەف قاتارلىق كاپىرلار ساڭا چۈشكەن ھەقىقەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئاللاھ مېنى يەقەتلا ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە بۇيرىدى، مەن ئىنسانلارنى شۇنىڭغا دەۋەت قىلىمەن، مېنىڭ قايتىدىغان جايىم ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر».

وَكَذَٰلِكَ أَنزَلْنَٰهُ حُكْمًا عَرَبِيًّا ۚ وَلَئِنِ ٱتَّبَعْتَ أَهْوَآءَهُم بَعْدَ مَا جَآءَكَ مِنَ ٱلْعِلْمِ مَا لَكَ مِنَ ٱللَّهِ مِن وَلِىٍّ وَلَا وَاقٍ ﴿٣٧﴾

37 ـ ئى پەيغەمبەر! بىز سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئۆز تىلىدا كىتابلارنى نازىل

قىلغانىدەك، قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ئۇنى ساڭا ئەرەب تىلىدا نازىل قىلدۇق. ساڭا ئاللاھ تەرىپىدىن ھەقىقەت كەلگەندىن كېيىن، ئەگەر سەن مۇشرىكلارنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشتەك نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگىشىپ كېتىدىغان بولساڭ، ساڭا ھېچبىر ياردەم بەرگۈچى ۋە سېنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالغۇچى يوقتۇر.

وَلَقَدۡ أَرۡسَلۡنَا رُسُلٗا مِّن قَبۡلِكَ وَجَعَلۡنَا لَهُمۡ أَزۡوَٰجٗا وَذُرِّيَّةٗۚ وَمَا كَانَ لِرَسُولٍ أَن يَأۡتِيَ بِـَٔايَةٍ إِلَّا بِإِذۡنِ ٱللَّهِۗ لِكُلِّ أَجَلٖ كِتَابٞ ﴿٣٨﴾

38 - ئەگەر ئۇلار ساڭا: «ئى مۇھەممەد! سەن نېمىشقا ئاياللارغا ئۆيلىنىسەن؟» دېسە، سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىمۇ ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىن چىقارغان ۋە ئۇلارغا ئاياللارنى ۋە باللارنى بەرگەن ئىدۇق. ئەگەر ئۇلار: «مۇھەممەد ئەگەر ھەق پەيغەمبەر بولىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە بىز تەلەپ قىلغان مۆجىزىنى كەلتۈرگەن بولاتتى» دېسە، ئۇلارغا دېگىنكى، «ھېچبىر پەيغەمبەر قەۋمى تەلەپ قىلدى دەپ، ئاللاھنىڭ ئىجازىتىسىز مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ، ھەربىر ئىشنىڭ ئاللاھ بەلگىلىگەن ۋاقتى بولىدۇ، ئۇ ئالدىغا ياكى كەينىگە سۈرۈلمەيدۇ.

يَمۡحُواْ ٱللَّهُ مَا يَشَآءُ وَيُثۡبِتُۖ وَعِندَهُۥٓ أُمُّ ٱلۡكِتَٰبِ ﴿٣٩﴾

39 - ئاللاھ ئۆزى بەلگىلىگەن ئەھكاملاردىن خالىغىنىنى بىكار قىلىدۇ، خالىغىنىنى ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئۆز پېتى قالدۇرۇپ قويىدۇ. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەخلۇقاتنىڭ تا قىيامەتكە قەدەر بارلىق ئەھۋالى پۈتۈلگەن ئاساسلىق كىتاب — لەۋھۇلمەھپۇز بار».

وَإِن مَّا نُرِيَنَّكَ بَعۡضَ ٱلَّذِي نَعِدُهُمۡ أَوۡ نَتَوَفَّيَنَّكَ فَإِنَّمَا عَلَيۡكَ ٱلۡبَلَٰغُ وَعَلَيۡنَا ٱلۡحِسَابُ ﴿٤٠﴾

40 - ئى پەيغەمبەر! دۈشمەنلىرىڭنى قاتتىق جازالاش ۋە خار قىلىش قاتارلىق بىز ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابنىڭ بىر قىسمىنى بۇ دۇنيادا ساڭا كۆرسەتسەكمۇ ياكى سېنى شۇ ئازابتىن بۇرۇن ۋاپات قىلدۇرساقمۇ، سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەتلا دىنىنى يەتكۈزۈشتۇر، ئەمما ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش ۋە جازالاش بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر.

أَوَلَمۡ يَرَوۡاْ أَنَّا نَأۡتِي ٱلۡأَرۡضَ نَنقُصُهَا مِنۡ أَطۡرَافِهَاۚ وَٱللَّهُ يَحۡكُمُ لَا مُعَقِّبَ لِحُكۡمِهِۦۚ وَهُوَ سَرِيعُ ٱلۡحِسَابِ ﴿٤١﴾

41 - ئاشۇ كاپىرلار بىزنىڭ زېمىنىنى ئەتراپىدىن قانداق تارايتىۋاتقانلىقىمىزنى، يەنى مۇشرىكلارنىڭ يۇرتلىرىنى پەتھى قىلىپ، ئۇنى ئىسلام دىيارىغا قوشۇپ كېلىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرمەمدۇ؟ ئاللاھ ئۆزى خالىغان بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ، ئۇنىڭ ھۆكمىنى ھېچكىم رەت قىلالمايدۇ، ئاللاھ ناھايىتى تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر، گۇناھكارلارنى جازالاشقا ئالدىراپ قالمايدۇ.

وَقَدۡ مَكَرَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡ فَلِلَّهِ ٱلۡمَكۡرُ جَمِيعٗاۖ يَعۡلَمُ مَا تَكۡسِبُ كُلُّ نَفۡسٖۗ وَسَيَعۡلَمُ ٱلۡكُفَّٰرُ لِمَنۡ عُقۡبَى ٱلدَّارِ ﴿٤٢﴾

42 - بۇ كاپىرلار ساڭا سۇيىقەست پىلانلىغانىدەك، بۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرمۇ ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە قارشى ھەر خىل سۇيىقەستلەرنى پىلانلىغان ئىدى. بارلىق سۇيىقەستلەرنى بەربات قىلىدىغان تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۇيىقەستلىرىنى بىكار قىلىۋېتىپ، ساڭا قىلماقچى بولغان يامانلىقلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قايتۇرۇۋېتىدۇ، ئۇلارنى ھەسرەت - نادامەتكە مۇپتىلا قىلىدۇ. ئاللاھ ھەربىر

ئادەمنىڭ قىلىۋاتقان ياخشى - يامان بارلىق ئەمەللىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇلارغا شۇ ئەمەللىرىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. كاپىرلار ياخشى ئاقىۋەتنىڭ كىمگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارغان ۋاقتىدا بىلىپ قالىدۇ. ياخشى ئاقىۋەت پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكەن مۆئمىنلەرگە خاستۇر. (بۇ ئايەتتە كاپىرلارغا ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن).

وَيَقُولُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَسۡتَ مُرۡسَلٗاۚ قُلۡ كَفَىٰ بِٱللَّهِ شَهِيدَۢا بَيۡنِي وَبَيۡنَكُمۡ وَمَنۡ عِندَهُۥ عِلۡمُ ٱلۡكِتَٰبِ ﴿٤٣﴾

43 - ئى پەيغەمبەر! كاپىرلار: «ئى مۇھەممەد! سەن پەيغەمبەر ئەمەسسەن» دەيدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنىڭ راستلىقىغا، سىلەرنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىڭلارغا گۇۋاھلىق بولۇش ئۈچۈن ئاللاھ يېتەرلىكتۇر. يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلار ئىچىدىكى ئاللاھنىڭ كىتابىنى بىلىدىغان، ماڭا كەلگەن دىنىنى ئېتىراپ قىلىپ مېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرىپ مۇسۇلمان بولغان، بۇ گۇۋاھلىقىنى ۋە ئۆزلىرى بىلگەن ھەقىقەتلەرنى قەتئىي يوشۇرماي، دادىل ئوتتۇرىغا قويغان كىشىلەرنىڭ گۇۋاھلىقى يېتەرلىكتۇر».

# ئىبراھىم سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن(باشلايمەن).

الٓرۚ كِتَٰبٌ أَنزَلۡنَٰهُ إِلَيۡكَ لِتُخۡرِجَ ٱلنَّاسَ مِنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِ بِإِذۡنِ رَبِّهِمۡ إِلَىٰ صِرَٰطِ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡحَمِيدِ ﴿١﴾

1 ـ ئەلىف، لام، را (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى). ئى پەيغەمبەر! بۇ قۇرئان بىز ساڭا ۋەھيى قىلغان كىتابتۇر، بىز ئۇنى ئىنسانلارنى رەببىڭنىڭ ئىرادىسى ۋە تەۋپىقى بىلەن ئازغۇنلۇقنىڭ زۇلمەتلىرىدىن ئىماننىڭ نۇرىغا، ھەممىدىن غالىب، ھەممە ھالەتلەردە مەدھىيەلەنگۈچى ئاللاھنىڭ يولىغا ـــ ئىسلام يولىغا ئېلىپ چىقىشىڭ ئۈچۈن نازىل قىلدۇق.

ٱللَّهِ ٱلَّذِي لَهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۗ وَوَيۡلٞ لِّلۡكَٰفِرِينَ مِنۡ عَذَابٖ شَدِيدٍ ﴿٢﴾

2 ـ ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى، ئىگىسى ۋە باشقۇرغۇچىسىدۇر. ئىبادەت ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا قىلىنىشى لازىم. ئاللاھنى ئىنكار قىلغان، پەيغەمبەرگە ئەگەشمىگەن كاپىرلار قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا ئۇچرايدۇ.

ٱلَّذِينَ يَسۡتَحِبُّونَ ٱلۡحَيَوٰةَ ٱلدُّنۡيَا عَلَى ٱلۡأٓخِرَةِ وَيَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ وَيَبۡغُونَهَا عِوَجًاۚ أُوْلَٰٓئِكَ فِي ضَلَٰلِۭ بَعِيدٖ ﴿٣﴾

3 ـ ئاشۇ ئىنكارچىلار دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرىدىغان، دۇنيالىقنى دەپ ئاخىرەتلىكنى ئۇنتۇپ كېتىدىغان، كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا ئەگىشىشتىن توسىدىغان، ئاللاھنىڭ يولىنى ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغا مۇۋاپىقلىشىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەيدىغان كىشىلەردۇر. ئەنە شۇ يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر ھىدايەتتىن ۋە ھىدايەتكە ئېلىپ بارىدىغان بارلىق سەۋەبلەردىن ئىنتايىن يىراقلاشقان ۋە ئازغۇنلۇققا چوڭقۇر پاتقان كىشىلەردۇر.

وَمَآ أَرۡسَلۡنَا مِن رَّسُولٍ إِلَّا بِلِسَانِ قَوۡمِهِۦ لِيُبَيِّنَ لَهُمۡۖ فَيُضِلُّ ٱللَّهُ مَن يَشَآءُ وَيَهۡدِي مَن يَشَآءُۚ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٤﴾

4 ـ ئى پەيغەمبەر! سەندىن ئىلگىرى قانداقلا بىر پەيغەمبەر ئەۋەتسەك، بىز ئۇنى ئۆز قەۋمىگە ئاللاھنىڭ دىنىنى بايان قىلىپ بەرسۇن دەپ، ئۆز قەۋمىنىڭ تىلىدا سۆزلەيدىغان قىلىپ ئەۋەتتۇق. ئاللاھ خالىغان ئادەمنى ھىدايەتتىن يىراقلاشتۇرىدۇ، خالىغان ئادەمنى ھەقىقەتكە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. ئاللاھ پادىشاھلىقىدا غالىبتۇر، ھەممە ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچىدۇر.

وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا مُوسَىٰ بِـَٔايَٰتِنَآ أَنْ أَخْرِجْ قَوْمَكَ مِنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِ وَذَكِّرْهُم بِأَيَّىٰمِ ٱللَّهِۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّكُلِّ صَبَّارٍ شَكُورٍ ﴿٥﴾

5 - شەكسىزكى، بىز مۇسانى ئىسرائىل ئەۋلادىغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇنى ئۆزىنىڭ راستچىللىقىغا دالالەت قىلىدىغان مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈردۇق، قەۋمىنى ئازغۇنلۇقتىن ھىدايەتكە چىقىرىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلىشقا ۋە ئۇلارغا ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە جازاسىنى ئەسلىتىشكە بۇيرۇدۇق. بۇ ئەسلىتىشتە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتا چىداملىق بولغۇچى، ھارام ئىشلارغا بېرىلىشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالغۇچى، ئاللاھتىن كەلگەن مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلغۇچى، ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش بىلەن ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغۇچى مۇئمىن ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە نۇرغۇن ۋەز - نەسىھەتلەر بار. چۈنكى بۇ ئەسلىتىشتىن ئىبرەت ئالىدىغان ۋە غەپلەتتە قالمايدىغان كىشىلەر ئاشۇلاردۇر.

وَإِذْ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوْمِهِ ٱذْكُرُوا۟ نِعْمَةَ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ إِذْ أَنجَىٰكُم مِّنْ ءَالِ فِرْعَوْنَ يَسُومُونَكُمْ سُوٓءَ ٱلْعَذَابِ وَيُذَبِّحُونَ أَبْنَآءَكُمْ وَيَسْتَحْيُونَ نِسَآءَكُمْۚ وَفِى ذَٰلِكُم بَلَآءٌ مِّن رَّبِّكُمْ عَظِيمٌ ﴿٦﴾

6 - ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە مۇسانىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ بەرگىن. مۇسا ئۆز ۋاقتىدا ئىسرائىل ئەۋلادىغا مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئاللاھ سىلەرنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىدىن قۇتقۇزدى. ئۇلار سىلەرنى قاتتىق ئازابلايتتى، پىرئەۋنىنىڭ تەختىنى ئۆرۈۋەتمىسۇن دەپ ئوغۇل باللىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈپ تۇراتتى، قىز - ئاياللىرىڭلارنى خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن ھايات قالدۇراتتى. بۇ بالادا ۋە بۇ قۇتقۇزۇشتا رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە چوڭ بىر سىناق بار».

وَإِذْ تَأَذَّنَ رَبُّكُمْ لَئِن شَكَرْتُمْ لَأَزِيدَنَّكُمْۖ وَلَئِن كَفَرْتُمْ إِنَّ عَذَابِى لَشَدِيدٌ ﴿٧﴾

7 - مۇسا يەنە ئۇلارغا: «رەببىڭلارنىڭ سىلەرگە: ‹ئەگەر سىلەر مەن بەرگەن نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلساڭلار، سىلەرگە ئاتا قىلىۋاتقان نېمىتىمنى تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن، ئەگەر مېنىڭ نېمىتىمگە ناشۈكۈرلۈك قىلساڭلار، مەن سىلەرنى ئەلۋەتتە قاتتىق ئازابلايمەن› دەپ كەسكىن جاكارلىدى،

وَقَالَ مُوسَىٰٓ إِن تَكْفُرُوٓا۟ أَنتُمْ وَمَن فِى ٱلْأَرْضِ جَمِيعًا فَإِنَّ ٱللَّهَ لَغَنِىٌّ حَمِيدٌ ﴿٨﴾

8 - ئەگەر سىلەر ۋە پۈتۈن يەر يۈزىدىكىلەر ئاللاھنى ئىنكار قىلىپ كاپىر بولۇپ كەتسەڭلارمۇ، ئاللاھقا قىلچىلىك زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر. چۈنكى ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ھېچ نەرسىسىگە موھتاج ئەمەس، ھەممە ئەھۋالدا مەدھىيەگە ۋە ماختاشلارغا تامامەن لايىقتۇر» دېگەن ئىدى.

أَلَمْ يَأْتِكُمْ نَبَؤُا۟ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ قَوْمِ نُوحٍ وَعَادٍ وَثَمُودَ وَٱلَّذِينَ مِنۢ بَعْدِهِمْ لَا يَعْلَمُهُمْ إِلَّا ٱللَّهُۚ جَآءَتْهُمْ رُسُلُهُم بِٱلْبَيِّنَٰتِ فَرَدُّوٓا۟ أَيْدِيَهُمْ فِىٓ أَفْوَٰهِهِمْ وَقَالُوٓا۟ إِنَّا كَفَرْنَا بِمَآ أُرْسِلْتُم بِهِۦ وَإِنَّا لَفِى شَكٍّ مِّمَّا تَدْعُونَنَآ إِلَيْهِ مُرِيبٍ ﴿٩﴾

9 - ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى! سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن قەۋملەردىن نۇھ، ھۇد ۋە سالىھ قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرىنىڭ ۋە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن، سانىنى ئاللاھلا بىلىدىغان نۇرغۇن قەۋملەرنىڭ خەۋىرى سىلەرگە يەتمىدىمۇ؟ پەيغەمبەرلىرى

ئۇلارغا روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتىپ، ئاچچىقتىن قوللىرىنى چىشلىگەن ھالدا پەيغەمبەرلىرىگە: «بىز سىلەر ئېلىپ كەلگەن دىنغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز، بىز سىلەر دەۋەت قىلىۋاتقان ئىمان، تەۋھىد دېگەن ئىشلاردىن ھەقىقەتەن چوڭقۇر شەك ئىچىدىمىز» دېدى.

۞ قَالَتْ رُسُلُهُمْ أَفِي ٱللَّهِ شَكٌّ فَاطِرِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ يَدْعُوكُمْ لِيَغْفِرَ لَكُم مِّن ذُنُوبِكُمْ وَيُؤَخِّرَكُمْ إِلَىٰٓ أَجَلٍ مُّسَمًّى ۚ قَالُوٓا۟ إِنْ أَنتُمْ إِلَّا بَشَرٌ مِّثْلُنَا تُرِيدُونَ أَن تَصُدُّونَا عَمَّا كَانَ يَعْبُدُ ءَابَآؤُنَا فَأْتُونَا بِسُلْطَٰنٍ مُّبِينٍ ﴿١٠﴾

10 - پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يوقلۇقتىن ئۆرنەكسىز ياراتقان ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىدا ۋە ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق ئىكەنلىكىدە شەك بارمۇ؟ ئاللاھ سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلاردىن بىر قىسمىنى مەغپىرەت قىلىش ۋە دۇنيادىكى ھاياتىڭلارنى ئەجىلىڭلار توشقانغا قەدەر كېچىكتۈرۈش ۋە بۇ دۇنيادا ئازابلىماسلىق ئۈچۈن، سىلەرنى ئىمانغا دەۋەت قىلىۋاتىدۇ» دېدى. ئۇلار پەيغەمبەرلىرىگە ئېيتتى: «سىلەرمۇ بىزگە ئوخشاشلا ئىنسان، سۈپىتىڭلار بىزنىڭ سۈپىتىمىزگە ئوخشايدۇ، سىلەرنىڭ پەيغەمبەر بولۇشۇڭلار ئۈچۈن بىزدىن ھېچقانداق ئارتۇق تەرىپىڭلار يوق. سىلەر بىزنى ئاتا - بوۋىلىرىمىز چوقۇنۇپ كەلگەن ئىلاھلارغا چوقۇنۇشتىن توسماقچى بولۇۋاتىسىلەر. ئۇنداقتا، سۆزۈڭلارنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتىڭلار بولسا، ئۇنى بىزگە كۆرسىتىڭلار».

قَالَتْ لَهُمْ رُسُلُهُمْ إِن نَّحْنُ إِلَّا بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَمُنُّ عَلَىٰ مَن يَشَآءُ مِنْ عِبَادِهِۦ ۖ وَمَا كَانَ لَنَآ أَن نَّأْتِيَكُم بِسُلْطَٰنٍ إِلَّا بِإِذْنِ ٱللَّهِ ۚ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ ٱلْمُؤْمِنُونَ ﴿١١﴾

11 - پەيغەمبەرلەر قەۋملىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئېيتتى: «توغرا، بىزمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا ئىنسانمىز، لېكىن ئاللاھ خالىغان بەندىلىرىگە ئىنئام قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى پەيغەمبەرلىككە تاللايدۇ. سىلەر تەلەپ قىلغان دەلىل - پاكىتنى بىز ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن كەلتۈرەلمەيمىز، ئۇنى پەقەت ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەنلا كۆرسىتەلەيمىز. مۇئمىنلەر بارلىق ئىشلىرىدا بىر ئاللاھقىلا تايانسۇن!

وَمَا لَنَآ أَلَّا نَتَوَكَّلَ عَلَى ٱللَّهِ وَقَدْ هَدَىٰنَا سُبُلَنَا ۚ وَلَنَصْبِرَنَّ عَلَىٰ مَآ ءَاذَيْتُمُونَا ۚ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ ٱلْمُتَوَكِّلُونَ ﴿١٢﴾

12 - ئاللاھ بىزنى ھەق دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەگىشىش ئارقىلىق ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىپ قېلىشنىڭ يولىغا باشلىغان تۇرسا، بىز قانداقمۇ ئۇنىڭغا تايانمايلى؟ بىز سىلەردىن يەتكەن يامان سۆزلەرگە ۋە ھەرقانداق ئەزىيەتكە ئەلۋەتتە سەۋر قىلىمىز، مۇئمىنلەر دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىدا ۋە دۈشمەنلىرىگە قارشى ياردەم تىلەشتە بىر ئاللاھقا تايىنىشى لازىم».

وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لِرُسُلِهِمْ لَنُخْرِجَنَّكُم مِّنْ أَرْضِنَآ أَوْ لَتَعُودُنَّ فِى مِلَّتِنَا ۖ فَأَوْحَىٰٓ إِلَيْهِمْ رَبُّهُمْ
لَنُهْلِكَنَّ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٣﴾ وَلَنُسْكِنَنَّكُمُ ٱلْأَرْضَ مِنۢ بَعْدِهِمْ ۚ ذَٰلِكَ لِمَنْ خَافَ مَقَامِى وَخَافَ وَعِيدِ ﴿١٤﴾

13 - 14 - پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىدىن كۆڭلى سىقىلغان كاپىرلار ئۇلارغا: «سىلەر بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتمايدىغان بولساڭلار، بىز سىلەرنى چوقۇم يۇرتىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز» دېدى. ئاللاھ پەيغەمبەرلىرىگە ئېيتتى: «كاپىرلارنى چوقۇم ھالاك قىلىمىز. ئۇلارنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرلەرنى ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرنى ئاشۇ كاپىرلارنىڭ

زېمىنلىرىدا تۇرغۇزىمىز. كاپىرلارنى ھالاك قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىدا مۇئمىنلەرنى تۇرغۇزۇش قىيامەت كۈنى مېنىڭ ئالدىمدا ھېساب بېرىشتىن ۋە ئازابىمدىن قورققان كىشىلەر ئۈچۈن بەلگىلىنىپ بولغان ئىشتۇر».

وَٱسْتَفْتَحُواْ وَخَابَ كُلُّ جَبَّارٍ عَنِيدٍ ﴿١٥﴾

15 - پەيغەمبەرلەر ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ، ئۇنىڭدىن دۈشمەنلىرىگە قارشى نۇسرەت تىلىۋىدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلدى ۋە ھەقىقەتنى قوبۇل قىلمايدىغان، ئاللاھنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ۋە ئىبادەتنى ئۇنىڭغا قىلىش كېرەكلىكىگە ئىشەنمەيدىغان ھەرقانداق ھاكاۋۇر كاپىر ھالاك بولدى.

مِّن وَرَآئِهِۦ جَهَنَّمُ وَيُسْقَىٰ مِن مَّآءٍ صَدِيدٍ ﴿١٦﴾

16 - ئۇ كاپىرنىڭ ئالدىدا جەھەننەم تۇرىدۇ، ئۇ جەھەننەمگە تاشلىنىپ، جەھەننەم ئەھلىنىڭ تەنلىرىدىن چىققان قان ۋە يىرىڭ ئارىلاش سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ.

يَتَجَرَّعُهُۥ وَلَا يَكَادُ يُسِيغُهُۥ وَيَأْتِيهِ ٱلْمَوْتُ مِن كُلِّ مَكَانٍ وَمَا هُوَ بِمَيِّتٍ ۖ وَمِن وَرَآئِهِۦ عَذَابٌ غَلِيظٌ ﴿١٧﴾

17 - ئۇ كاپىر بۇ قان بىلەن يىرىڭنى بىر قېتىمدىلا يۇتۇۋەتمەكچى بولسىمۇ، ئۇنى پاسكىنىچىلىقىدىن، ئاچچىقلىقىدىن ۋە قىزىقلىقىدىن يۇتالمايدۇ، شۇڭا ئۇنى تەسلىكتە يۇتۇملاپ ئىچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۈچەيلىرى پارە-پارە بولۇپ كېتىدۇ، تۈرلۈك قاتتىق ئازابلار ھەر تەرەپتىن كېلىپ ئۇنى قورشىۋالىدۇ، ئۇ ئۆلۈپ راھەتلەنمەيدۇ، ئۇنىڭغا بۇ ئازابتىن كېيىن يەنە باشقا قاتتىق ئازابلار بار.

مَّثَلُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِرَبِّهِمْ ۖ أَعْمَٰلُهُمْ كَرَمَادٍ ٱشْتَدَّتْ بِهِ ٱلرِّيحُ فِى يَوْمٍ عَاصِفٍ ۖ لَّا يَقْدِرُونَ مِمَّا كَسَبُواْ عَلَىٰ شَىْءٍ ۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلضَّلَٰلُ ٱلْبَعِيدُ ﴿١٨﴾

18 - كاپىرلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشىلىق قىلىش، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنى داۋاملاشتۇرۇش قاتارلىق ئەمەللىرى بورانلىق كۈندە شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن بىر دۆۋە كۈلگە ئوخشايدۇ، ئۇلار بۇ ئەمەللىرىدىن ھېچقانداق ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ. خۇددى بوران كۈلنى ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك، ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى ئۇلارنىڭ كاپىرلىقى يوق قىلىۋېتىدۇ. مانا بۇ ئىمانسىز قىلغان ئەمەلنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتۇر.

أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ بِٱلْحَقِّ ۚ إِن يَشَأْ يُذْهِبْكُمْ وَيَأْتِ بِخَلْقٍ جَدِيدٍ ﴿١٩﴾

19 - ئى ئىنسان! ئاللاھنىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆزىنىڭ ھېكمىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئەڭ توغرا شەكىلدە ياراتقانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاللاھ ئاسمان - زېمىننى بىكارغا ياراتقان ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى ئۆزىنىڭ يېگانە ياراتقۇچى ئىكەنلىكىگە ۋە چەكسىز قۇدرىتىگە دەلىل قىلىپ ياراتقان. ئىنسانلار ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان. ئەگەر ئاللاھ خالىسا سىلەرنى يوق قىلىۋېتىپ، ئورنۇڭلارغا سىلەردىنمۇ بەك ئىتائەتمەن بىر خەلقنى كەلتۈرىدۇ.

وَمَا ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ بِعَزِيزٍ ﴿٢٠﴾

20 - سىلەرنى ھالاك قىلىۋېتىش ۋە ئورنۇڭلارغا باشقا خەلقنى كەلتۈرۈش ئاللاھقا ھەرگىز

قىيىن ئەمەس.

وَبَرَزُواْ لِلَّهِ جَمِيعًا فَقَالَ ٱلضُّعَفَٰٓؤُاْ لِلَّذِينَ ٱسْتَكْبَرُوٓاْ إِنَّا كُنَّا لَكُمْ تَبَعًا فَهَلْ أَنتُم مُّغْنُونَ عَنَّا مِنْ عَذَابِ ٱللَّهِ مِن شَىْءٍ ۚ قَالُواْ لَوْ هَدَىٰنَا ٱللَّهُ لَهَدَيْنَٰكُمْ ۖ سَوَآءٌ عَلَيْنَآ أَجَزِعْنَآ أَمْ صَبَرْنَا مَا لَنَا مِن مَّحِيصٍ ﴿٢١﴾

21 ـ قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى قەبرىلىرىدىن چىقىپ، ئاللاھقا ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا يىغىلىدۇ. بۇ دۇنيادا ساختا مەبۇدلارغا چوقۇنغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ باشلامچىلىرىغا: «بىز دۇنيادىكى ۋاقتىمىزدا ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىڭلار ئىدۇق، سىلەرگە ئىتائەت قىلغان ئىدۇق، بۈگۈن سىلەر بىزنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئازراق بولسىمۇ توسۇپ قالالامسىلەر؟» دەيدۇ. باشلامچىلار: «ئەگەر ئاللاھ بىزنى ھىدايەت قىلغان بولسا ئىدى، بىزمۇ ئەلۋەتتە سىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلىگەن بولاتتۇق. لېكىن بىزنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلمىدى. نەتىجىدە بىز ئېزىپ كەتتۇق، سىلەرنىمۇ ئازدۇردۇق. ئەمدى سىلەر بىلەن بىز قانچىلىك نالە ـ پەرياد قىلساقمۇ، سەۋر قىلساقمۇ، بەرىبىر ئوخشاش، بىزگە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قېچىپ پاناھلىنىدىغان ھېچقانداق جاي يوق» دەيدۇ .

وَقَالَ ٱلشَّيْطَٰنُ لَمَّا قُضِىَ ٱلْأَمْرُ إِنَّ ٱللَّهَ وَعَدَكُمْ وَعْدَ ٱلْحَقِّ وَوَعَدتُّكُمْ فَأَخْلَفْتُكُمْ ۖ وَمَا كَانَ لِىَ عَلَيْكُم مِّن سُلْطَٰنٍ إِلَّآ أَن دَعَوْتُكُمْ فَٱسْتَجَبْتُمْ لِى ۖ فَلَا تَلُومُونِى وَلُومُوٓاْ أَنفُسَكُم ۖ مَّآ أَنَا۠ بِمُصْرِخِكُمْ وَمَآ أَنتُم بِمُصْرِخِىَّ إِنِّى كَفَرْتُ بِمَآ أَشْرَكْتُمُونِ مِن قَبْلُ ۗ إِنَّ ٱلظَّٰلِمِينَ لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٢٢﴾

22 ـ ئاللاھ بەندىلىرىدىن ھېساب ئېلىشنى تاماملاپ، ھۆكۈم ئېلان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، جەننەتكە ھەقلىق بولغانلار جەننەتكە، دوزاخقا تېگىشلىك بولغانلار دوزاخقا بېرىپ بولغان چاغدا، شەيتان: «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن تىرىلدۈرۈش ۋە سىلەردىن ھېساب ئېلىش ھەققىدە ھەق ۋەدىنى قىلغان ئىدى، مەن سىلەرگە ئاخىرەتتە تىرىلىش يوق، ھېساب بېرىش يوق دەپ يالغان ۋەدىلەرنى قىلغان ئىدىم، ئەمما مەن ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلدىم. مەن دۇنيادىكى چاغدا سىلەرنى زورلاپ ئۆزۈمگە ئەگەشتۈرمىدىم، چۈنكى مەندە ئۇنداق قىلغۇدەك كۈچ ـ قۇدرەت يوق ئىدى. لېكىن مەن سىلەرنى كۇفرىلىققا ۋە ئازغۇنلۇققا دەۋەت قىلدىم، سىلەر دەۋىتىمنى قوبۇل قىلىپ ماڭا ئەگەشتىڭلار. شۇڭا سىلەر مېنى ئەيىبلىمەڭلار، ئۆزۈڭلارنى ئەيىبلەڭلار، چۈنكى گۇناھ سىلەرنىڭ گۇناھىڭلاردۇر. بۈگۈن مەن سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزالمايمەن، سىلەرمۇ مېنى قۇتقۇزالمايسىلەر. سىلەرنىڭ دۇنيادىكى چېغىڭلاردا ئاللاھقا تائەت ـ ئىبادەت قىلىشتا مېنى ئۇنىڭغا شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئېتىراپ قىلمايمەن. شۈبھىسىزكى، ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ، كۇفرىلىقنى تاللاپ ئۆزىگە ئۇۋال قىلغان زالىملارغا قاتتىق ئازاب بار» دەيدۇ.

وَأُدْخِلَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا بِإِذْنِ رَبِّهِمْ ۖ تَحِيَّتُهُمْ فِيهَا سَلَٰمٌ ﴿٢٣﴾

23 ـ ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر رەببىنىڭ ئىرادىسى بىلەن، قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل ـ دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ، ئۇلار بۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ، ئۇلارغا

ئاللاھتىن، پەرىشتىلەردىن ۋە مۆمىنلەردىن «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن» دېگەن سالام يېغىپ تۇرىدۇ.

أَلَمْ تَرَ كَيْفَ ضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلًا كَلِمَةً طَيِّبَةً كَشَجَرَةٍ طَيِّبَةٍ أَصْلُهَا ثَابِتٌ وَفَرْعُهَا فِى ٱلسَّمَآءِ ﴿٢٤﴾
تُؤْتِىٓ أُكُلَهَا كُلَّ حِينٍۭ بِإِذْنِ رَبِّهَا ۗ وَيَضْرِبُ ٱللَّهُ ٱلْأَمْثَالَ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ ﴿٢٥﴾

24 - 25 - ئى پەيغەمبەر! ئاللاھنىڭ مۇنداق بىر مىسال كەلتۈرگەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ «لائىلاھە ئىللەللاھ» دېگەن تەۋھىد كەلىمىسى يىلتىزى زېمىننىڭ تېگىدە مۇستەھكەم بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان، رەببىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ۋاقتى - ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخ — خورما دەرىخىگە ئوخشايدۇ. ئىمان دەرىخىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، يىلتىزى مۆمىن ئادەمنىڭ قەلبىدە مەھكەم ئورۇنلاشقان بولىدۇ، شاخلىرى بولغان ياخشى ئەمەل، گۈزەل ئەخلاق قاتارلىقلار مۆمىن ئادەمنى ئاللاھقا كۆتۈرىدۇ، ئۇ ئادەم ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىغا ھەر ۋاقىت ئېرىشىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۆگۈت، ۋەز - نەسىھەت ۋە ئىبرەت ئالسۇن دەپ، مۇشۇنداق مىساللارنى كەلتۈرىدۇ.

وَمَثَلُ كَلِمَةٍ خَبِيثَةٍ كَشَجَرَةٍ خَبِيثَةٍ ٱجْتُثَّتْ مِن فَوْقِ ٱلْأَرْضِ مَا لَهَا مِن قَرَارٍ ﴿٢٦﴾

26 - كۇفرى سۆزى يەردىن قومۇرۇپ تاشلانغان، يىلتىزى يوق، شاخلىرىمۇ يوق، ھېچكىمگە پايدىسى يوق، ناچار دەرەخكە ئوخشايدۇ. كاپىر ئادەممۇ مۇشۇ ناچار دەرەخكە ئوخشاش بولۇپ، ئۇ تۇراقسىز، پايدىسىز ۋە ئاللاھقا ئۆرلەيدىغان ياخشى ئەمەلى يوق ئادەمدۇر.

يُثَبِّتُ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ بِٱلْقَوْلِ ٱلثَّابِتِ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَفِى ٱلْءَاخِرَةِ ۖ وَيُضِلُّ ٱللَّهُ ٱلظَّٰلِمِينَ ۚ
وَيَفْعَلُ ٱللَّهُ مَا يَشَآءُ ﴿٢٧﴾

27 - ئاللاھ ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى دۇنيادا، جان ئۈزگەن چېغىدا، قەبرىسىدە «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەن شاھادەت كەلىمىسى ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرغۇزىدۇ. ئاللاھ كۇفرىلىقنى ئىختىيار قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارنى توغرا يولدىن بۇرۇۋېتىدۇ، مۆمىنلەرنى ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلىش ۋە كاپىرلارنى جازالاش قاتارلىق ئىشلاردىن ئۆزى خالىغاننى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

۞ أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ بَدَّلُوا۟ نِعْمَتَ ٱللَّهِ كُفْرًا وَأَحَلُّوا۟ قَوْمَهُمْ دَارَ ٱلْبَوَارِ ﴿٢٨﴾ جَهَنَّمَ يَصْلَوْنَهَا ۖ
وَبِئْسَ ٱلْقَرَارُ ﴿٢٩﴾

28 - 29 - ئى ئىنسان! ئاللاھنىڭ ھەرەمدە ئامانلىق ئاتا قىلغان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن كاتتا نېمىتىگە شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا كۇفرىلىق قىلغان ۋە ئۆز قەۋمىنى ئازدۇرۇپ بەدرى ئۇرۇشىغا ئېلىپ چىقىش ئارقىلىق، ئۇلارنى جەھەننەمنىڭ ھالاكىتىگە تاشلىغان قۇرەيش كاپىرلىرىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار جەھەننەمگە كىرىدۇ، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!

وَجَعَلُوا۟ لِلَّهِ أَندَادًا لِّيُضِلُّوا۟ عَن سَبِيلِهِۦ ۗ قُلْ تَمَتَّعُوا۟ فَإِنَّ مَصِيرَكُمْ إِلَى ٱلنَّارِ ﴿٣٠﴾

30 - ئاشۇ كاپىرلار ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزلىرى چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالدى. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «بۇ دۇنيادا كەيىپ - ساپا سۈرۈۋېلىڭلار، دۇنيا مەنپەئەتلىرى تېزلا تۈگەپ كېتىدۇ. شەكسىزكى،

سىلەرنىڭ بارىدىغان جايىڭلار دوزاختۇر».

قُل لِّعِبَادِيَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ يُقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُنفِقُواْ مِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ سِرّٗا وَعَلَانِيَةٗ مِّن قَبۡلِ أَن يَأۡتِيَ يَوۡمٞ لَّا بَيۡعٞ فِيهِ وَلَا خِلَٰلٌ ﴿٣١﴾

31 ـ ئى پەيغەمبەر! مېنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار نامازنى مۇكەممەل ئوقۇسۇن، فىدىيە ياكى دوستلۇق ئەسقاتمايدىغان قىيامەت كۈنى كېلىشتىن بۇرۇن، بىز ئاتا قىلغان پۇل ـ مالدىن ياخشىلىق يوللىرىغا يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەرپ قىلسۇن.

ٱللَّهُ ٱلَّذِي خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ وَأَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءٗ فَأَخۡرَجَ بِهِۦ مِنَ ٱلثَّمَرَٰتِ رِزۡقٗا لَّكُمۡۖ وَسَخَّرَ لَكُمُ ٱلۡفُلۡكَ لِتَجۡرِيَ فِي ٱلۡبَحۡرِ بِأَمۡرِهِۦۖ وَسَخَّرَ لَكُمُ ٱلۡأَنۡهَٰرَ ﴿٣٢﴾

32 ـ ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن، شۇ يامغۇر بىلەن زېمىننى ياشارتقان، زېمىندىن سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى چىقىرىپ بەرگەن، سىلەرگە كېمىلەرنى ئۇ ئۆز ئەمرى بويىچە دېڭىزدا قاتنايدىغان قىلىپ بەرگەن ۋە دەريالارنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن، چارۋىلىرىڭلارنى، زىرائەتلىرىڭلارنى سۇغىرىشىڭلار ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر.

وَسَخَّرَ لَكُمُ ٱلشَّمۡسَ وَٱلۡقَمَرَ دَآئِبَيۡنِۖ وَسَخَّرَ لَكُمُ ٱلَّيۡلَ وَٱلنَّهَارَ ﴿٣٣﴾

33 ـ ئاللاھ سىلەرنىڭ مەنپەئەتلىنىشىڭلار ئۈچۈن ئاي بىلەن كۈننى مۇنتىزىم ھەرىكەت قىلىدىغان قىلىپ بەردى، كېچىنى ئارام ئېلىپ راھەتلىنىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزنى بولسا ئاللاھنىڭ پەزلىنى تىلەپ تىرىكچىلىك قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى.

وَءَاتَىٰكُم مِّن كُلِّ مَا سَأَلۡتُمُوهُۚ وَإِن تَعُدُّواْ نِعۡمَتَ ٱللَّهِ لَا تُحۡصُوهَآۗ إِنَّ ٱلۡإِنسَٰنَ لَظَلُومٞ كَفَّارٞ ﴿٣٤﴾

34 ـ ئاللاھ سىلەرگە تەلەپ قىلغان نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسىدىن ئاتا قىلدى، ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن، ئۇ نېمەتلەرنى ساناپ بولۇشقا تاقىتىڭلار يەتمەيدۇ، ساناپمۇ تۈگىتىپ بولالمايسىلەر. شەكسىزكى، ئىنسان ھەقىقەتەن ناھايىتى بەك ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە ئىنتايىن تۇزكورلۇق قىلغۇچىدۇر.

وَإِذۡ قَالَ إِبۡرَٰهِيمُ رَبِّ ٱجۡعَلۡ هَٰذَا ٱلۡبَلَدَ ءَامِنٗا وَٱجۡنُبۡنِي وَبَنِيَّ أَن نَّعۡبُدَ ٱلۡأَصۡنَامَ ﴿٣٥﴾

35 ـ ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئوغلى ئىسمائىل بىلەن ئايالى ھاجەرنى مەككىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، رەببىگە دۇئا قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئى رەببىم! مەككە شەھىرىنى پۇقرالىرى ئامانلىق ئىچىدە ياشايدىغان تىنچ شەھەر قىلىپ بەرگىن، مېنى ۋە مېنىڭ ئەۋلادلىرىمنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يىراق قىلغىن.

رَبِّ إِنَّهُنَّ أَضۡلَلۡنَ كَثِيرٗا مِّنَ ٱلنَّاسِۖ فَمَن تَبِعَنِي فَإِنَّهُۥ مِنِّيۖ وَمَنۡ عَصَانِي فَإِنَّكَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٣٦﴾

36 ـ ئى رەببىم! ئۇ بۇتلار ھەقىقەتەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. كىمكى ئاللاھنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىشتا ماڭا ئەگەشسە، ئۇ كىشى مېنىڭ دىنىمدا ۋە مېنىڭ يولۇمدا بولغان بولىدۇ. كىمكى شېرىكنىڭ تۆۋەنىدىكى گۇناھلارنى قىلىپ ماڭا ئاسىيلىق قىلىدىكەن، شەكسىزكى،

سەن ئۆز پەزلىڭ بىلەن گۇناھكارلارنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىبانسەن. سەن ئۇلاردىن خالىغان كىشىلەرنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىسەن.

رَّبَّنَآ إِنِّيٓ أَسۡكَنتُ مِن ذُرِّيَّتِي بِوَادٍ غَيۡرِ ذِي زَرۡعٍ عِندَ بَيۡتِكَ ٱلۡمُحَرَّمِ رَبَّنَا لِيُقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ فَٱجۡعَلۡ أَفۡـِٔدَةٗ مِّنَ ٱلنَّاسِ تَهۡوِيٓ إِلَيۡهِمۡ وَٱرۡزُقۡهُم مِّنَ ٱلثَّمَرَٰتِ لَعَلَّهُمۡ يَشۡكُرُونَ ﴿٣٧﴾

37 - ئى رەببىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى گىياھسىز، سۇسىز بىر ۋادىغا ئورۇنلاشتۇردۇم، ئى رەببىمىز! مەن بۇ ئىشنى سېنىڭ ئەمرىڭ بىلەن قىلدىم، ئى رەببىمىز! ئۇلار نامازنى مۇكەممەل ئوقۇيدىغان بولسۇن. ئى رەببىمىز! ئىنسانلاردىن بىر قىسمىنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا ئىشتىياق باغلايدىغان قىلغىن، ئۇلارنىڭ سەن ئاتا قىلغان كاتتا نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى بۇ جايدا تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن. (ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى).

رَبَّنَآ إِنَّكَ تَعۡلَمُ مَا نُخۡفِي وَمَا نُعۡلِنُۗ وَمَا يَخۡفَىٰ عَلَى ٱللَّهِ مِن شَيۡءٖ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلَا فِي ٱلسَّمَآءِ ﴿٣٨﴾

38 - ئى رەببىمىز! سەن بىزنىڭ يوشۇرغان ۋە ئاشكارا قىلغان ھەممە ئىشىمىزنى بىلىپ تۇرىسەن». ئاسمان - زېمىندىكى ھېچ نەرسە ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ ٱلَّذِي وَهَبَ لِي عَلَى ٱلۡكِبَرِ إِسۡمَٰعِيلَ وَإِسۡحَٰقَۚ إِنَّ رَبِّي لَسَمِيعُ ٱلدُّعَآءِ ﴿٣٩﴾

39 - ئىبراھىم ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىپ مۇنداق دېدى: «مەن ئاللاھتىن سالىھ پەرزەنت تىلەپ دۇئا قىلغىنىمدىن كېيىن، ياشىنىپ قالغان ۋاقتىمدا ماڭا ئىسمائىل بىلەن ئىسھاقنى ئاتا قىلغان ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇن! بارچە مەدھىيە ئاللاھقا خاستۇر! شەكسىزكى، رەببىم دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. مەن ئاللاھتىن پەرزەنت تىلەپ دۇئا قىلغان ئىدىم، دۇئايىمنى ئىجابەت قىلدى.

رَبِّ ٱجۡعَلۡنِي مُقِيمَ ٱلصَّلَوٰةِ وَمِن ذُرِّيَّتِيۚ رَبَّنَا وَتَقَبَّلۡ دُعَآءِ ﴿٤٠﴾

40 - ئى رەببىم! مېنى نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ۋە ئەڭ مۇكەممەل دەرىجىدە ئادا قىلىدىغان قىلغىن، مېنىڭ نەسلىمدىن كېلىدىغانلارنىمۇ نامازغا ئەھمىيەت بېرىدىغان قىلغىن[1]، ئى رەببىمىز! دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغىن، ئىبادىتىمنى قوبۇل قىلغىن.

رَبَّنَا ٱغۡفِرۡ لِي وَلِوَٰلِدَيَّ وَلِلۡمُؤۡمِنِينَ يَوۡمَ يَقُومُ ٱلۡحِسَابُ ﴿٤١﴾

41 - ئى رەببىمىز! مېنىڭ ۋە ئاتا - ئانامنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغىن، ئىنسانلار بۇ دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىش ۋە مۇكاپات ياكى جازالىرىنى ئېلىش ئۈچۈن ھازىر بولۇپ تۇرىدىغان قىيامەت كۈنىدە مۇئمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن».

وَلَا تَحۡسَبَنَّ ٱللَّهَ غَٰفِلًا عَمَّا يَعۡمَلُ ٱلظَّٰلِمُونَۚ إِنَّمَا يُؤَخِّرُهُمۡ لِيَوۡمٖ تَشۡخَصُ فِيهِ ٱلۡأَبۡصَٰرُ ﴿٤٢﴾

42 - ئى پەيغەمبەر! سېنى ۋە سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىش، مۇئمىنلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈش قاتارلىق گۇناھلارنى سادىر قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان كاپىرلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئاللاھنى خەۋەرسىز دەپ ئويلىمىغىن! ئاللاھ ئۇلارنىڭ جازاسىنى قورقۇنچتىن كۆزلەر چەكچىيىپ قالىدىغان قىيامەت كۈنىگە كېچىكتۈرىدۇ. (بۇ

---

[1] تەپسىر قۇرتۇبىيدا ئايەتكە: «بىزنى دىنىدا مۇستەھكەم قىلغىن» دەپ مەنە ئېيتىلغان.

ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىلگەن).

مُهۡطِعِينَ مُقۡنِعِي رُءُوسِهِمۡ لَا يَرۡتَدُّ إِلَيۡهِمۡ طَرۡفُهُمۡۖ وَأَفۡـِٔدَتُهُمۡ هَوَآءٞ ﴿٤٣﴾

43 - قىيامەت كۈنى ئاشۇ زالىملار باشلىرىنى كۆتۈرگەن ھالدا، قەبرىلىرىدىن تېزلىكتە چىقىپ، چاقىرىلغان تەرەپكە قاراپ يۈگۈرىدۇ، كۆزلىرى قورقۇنچتىن ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ، دىللىرى بولسا (ئەقىل - ئىدراكتىن) خالىي بولۇپ قالىدۇ.

وَأَنذِرِ ٱلنَّاسَ يَوۡمَ يَأۡتِيهِمُ ٱلۡعَذَابُ فَيَقُولُ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ رَبَّنَآ أَخِّرۡنَآ إِلَىٰٓ أَجَلٖ قَرِيبٖ نُّجِبۡ دَعۡوَتَكَ وَنَتَّبِعِ ٱلرُّسُلَۗ أَوَلَمۡ تَكُونُوٓاْ أَقۡسَمۡتُم مِّن قَبۡلُ مَا لَكُم مِّن زَوَالٖ ﴿٤٤﴾

44 - ئى پەيغەمبەر! كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغىن. كاپىرلىقنى تاللاپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلار شۇ چاغدا: «ئى رەببىمىز! بىزگە ئازراق مۆھلەت بەرگىن، دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلايلى، پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشەيلى» دەپ يالۋۇرىدۇ. ئۇلارغا كايىغان ھالدا دېيىلىدۇكى، «سىلەر دۇنيادىكى چېغىڭلاردا ‹بىز ھەرگىز يوقالمايمىز، ئاخىرەتكە بارمايمىز› دەپ قەسەم ئىچكەن ۋە بۇگۈنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغان ئەمەسمىدىڭلار؟

وَسَكَنتُمۡ فِي مَسَٰكِنِ ٱلَّذِينَ ظَلَمُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ وَتَبَيَّنَ لَكُمۡ كَيۡفَ فَعَلۡنَا بِهِمۡ وَضَرَبۡنَا لَكُمُ ٱلۡأَمۡثَالَ ﴿٤٥﴾

45 - سىلەر ئۆزىگە زۇلۇم قىلىپ ھالاك بولغان ئاد، سەمۇد قاتارلىق كاپىر قەۋملەرنىڭ يۇرتلىرىدا ماكانلاشقان ئىدىڭلار، ئۇلارنى قانداق ھالاك قىلغانلىقىمىزنى ئاڭلىغان ۋە بىلگەن ئىدىڭلار، قۇرئاندا سىلەرگە بۇ توغرىدا كۆپلىگەن مىساللارنى كەلتۈرگەن ئىدۇق، ئەمما سىلەر ئىبرەت ئالمىدىڭلار».

وَقَدۡ مَكَرُواْ مَكۡرَهُمۡ وَعِندَ ٱللَّهِ مَكۡرُهُمۡ وَإِن كَانَ مَكۡرُهُمۡ لِتَزُولَ مِنۡهُ ٱلۡجِبَالُ ﴿٤٦﴾

46 - مۇشرىكلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن سۇيىقەست پىلانلىدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇۋەتتى. ئۇلارنىڭ سۇيىقەستلىرى تاغنى ئۆرۈۋەتكۈدەك دەرىجىدە كۈچلۈك بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى بەربات قىلىدۇ. ئۇلار ئاللاھقا قىلچىلىك زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، پەقەت ئۆزلىرىگە زىيان سالىدۇ.

فَلَا تَحۡسَبَنَّ ٱللَّهَ مُخۡلِفَ وَعۡدِهِۦ رُسُلَهُۥٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٞ ذُو ٱنتِقَامٖ ﴿٤٧﴾

47 - ئى پەيغەمبەر! ئاللاھنى پەيغەمبەرلىرىگە نۇسرەت ئاتا قىلىش، كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلىش ھەققىدە بەرگەن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ دەپ ئويلىمىغىن. شەكسىزكى، ئاللاھ مۇتلەق غالىبتۇر، ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ، دۈشمەنلىرىدىن ئەڭ قاتتىق ئىنتىقام ئالغۇچىدۇر (بۇ خىتاب بارلىق ئىسلام ئۇممىتىگە قارىتىلغان).

يَوۡمَ تُبَدَّلُ ٱلۡأَرۡضُ غَيۡرَ ٱلۡأَرۡضِ وَٱلسَّمَٰوَٰتُۖ وَبَرَزُواْ لِلَّهِ ٱلۡوَٰحِدِ ٱلۡقَهَّارِ ﴿٤٨﴾

48 - ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىشى قىيامەت كۈنىدە بولىدۇ. ئۇ كۈندە زېمىن باشقا بىر زېمىنغا ئايلىنىپ كۈمۈشتەك ئاپئاق ۋە تۈپتۈز بولۇپ قالىدۇ، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىدۇ، بارچە خالايىق ئۆز زاتىدا، ئىسىم - سۈپەتلىرىدە ۋە بارلىق ئىشلىرىدا يېگانە بولغان، ھەر نەرسىنى قەھرى بىلەن بويسۇندۇرغان، قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ ئالدىغا بېرىش ئۈچۈن قەبرىلىرىدىن تىرىلىپ چىقىدۇ.

وَتَرَى ٱلۡمُجۡرِمِينَ يَوۡمَئِذٖ مُّقَرَّنِينَ فِي ٱلۡأَصۡفَادِ ﴿٤٩﴾

49 - ئى پەيغەمبەر! قىيامەت كۈنىدە گۇناھكارلارنى پۇت - قوللىرى زەنجىرلەر بىلەن بىر - بىرىگە چېتىلىپ باغلانغان ھالدا ۋە ئىنتايىن خارلىق ئىچىدە كۆرىسەن.

سَرَابِيلُهُم مِّن قَطِرَانٖ وَتَغۡشَىٰ وُجُوهَهُمُ ٱلنَّارُ ﴿٥٠﴾

50 - ئۇلارنىڭ كۆڭلىكى تېزلا ئوت تۇتىشىدىغان قارىمايدىن بولىدۇ، ئوت ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئوربىۋېلىپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ.

لِيَجۡزِيَ ٱللَّهُ كُلَّ نَفۡسٖ مَّا كَسَبَتۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَرِيعُ ٱلۡحِسَابِ ﴿٥١﴾

51 - ئاللاھ ئۇلارغا بۇنى ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى قىلمىشلىرىغا جازا بېرىش ئۈچۈن قىلىدۇ. ھەربىر ئادەمگە ياخشى - يامان ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى بېرىدۇ. ئاللاھ ئەلۋەتتە تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر.

هَٰذَا بَلَٰغٞ لِّلنَّاسِ وَلِيُنذَرُواْ بِهِۦ وَلِيَعۡلَمُوٓاْ أَنَّمَا هُوَ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞ وَلِيَذَّكَّرَ أُوْلُواْ ٱلۡأَلۡبَٰبِ ﴿٥٢﴾

52 - ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا نازىل قىلغان بۇ قۇرئان ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى بىلىشى ۋە ئەقلى ساغلام كىشىلەرنىڭ ۋەز - نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن، ئىنسانلارغا بىز تەرەپتىن ئۇقتۇرۇش ۋە ئېلاندۇر.

# ھىجر سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

الٓرۚ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱلۡكِتَٰبِ وَقُرۡءَانٖ مُّبِينٖ ﴿١﴾

1 ـ ئەلىف، لام، را (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى). بۇ ئۇلۇغ ئايەتلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان كىتابنىڭ، يەنى ھەقىقەتنى ئەڭ ياخشى سۆزلەر بىلەن، ئەڭ روشەن دەلىللەر بىلەن ئوپئوچۇق بايان قىلىپ بەرگەن قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدۇر.

رُّبَمَا يَوَدُّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَوۡ كَانُواْ مُسۡلِمِينَ ﴿٢﴾

2 ـ كاپىرلار مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدىكى گۇناھكار كىشىلەرنىڭ دوزاختىن چىقىرىلغانلىقىنى كۆرگەن چاغدا، كاشكى بىزمۇ ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىشەنگەن مۇئمىنلەردىن بولۇپ، ئۇلار دوزاختىن چىقىرىلغاندەك چىقىرىلساقچۇ، دەپ ئارزۇلاپ كېتىدۇ.

ذَرۡهُمۡ يَأۡكُلُواْ وَيَتَمَتَّعُواْ وَيُلۡهِهِمُ ٱلۡأَمَلُۖ فَسَوۡفَ يَعۡلَمُونَ ﴿٣﴾

3 ـ ئى پەيغەمبەر! ئۇ كاپىرلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلار يەپ ـ ئىچىپ، دۇنيا لەززەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرسۇن، ئۇلاردىكى دۇنيالىق ئارزۇ ـ ئارمانلار ئۇلارنى ئاللاھقا تائەت ـ ئىبادەت قىلىشتىن بەند قىلىپ تۇرسۇن. ئۇلار ئۇزاققا قالماي قىلمىشلىرىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى زىيانلىق ئاقىۋىتىنى بىلىپ قالىدۇ.

وَمَآ أَهۡلَكۡنَا مِن قَرۡيَةٍ إِلَّا وَلَهَا كِتَابٞ مَّعۡلُومٞ ﴿٤﴾

4 ـ ئى پەيغەمبەر! كاپىرلار سېنى ئىنكار قىلىپ، ئۆزلىرىگە ئازاب چۈشۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلىشمۇ، بىز ھېچقانداق بىر شەھەرنى بەلگىلەنگەن ۋاقتىدىن بۇرۇن ھالاك قىلمىدۇق. ئۇلارنىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ بۇرۇنقى ھالاك قىلىنغان قەۋملەرگە تامامەن ئوخشىمىغۇچە ھالاك قىلمايمىز.

مَّا تَسۡبِقُ مِنۡ أُمَّةٍ أَجَلَهَا وَمَا يَسۡتَـٔۡخِرُونَ ﴿٥﴾

5 ـ ھېچقانداق بىر ئۈممەت ئۆزىنىڭ ئەجىلىدىن ئېشىپ كېتىپ، ئۇنى ئۇزارتالمايدۇ ياكى ئەجىلىدىن بۇرۇن ھالاك بولۇپ، ئۇنى كېمەيتەلمەيدۇ.

وَقَالُواْ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِي نُزِّلَ عَلَيۡهِ ٱلذِّكۡرُ إِنَّكَ لَمَجۡنُونٞ ﴿٦﴾ لَّوۡ مَا تَأۡتِينَا بِٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٧﴾

6 ـ 7 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلار ئۇنى مەسخىرە قىلىپ: «ئى

قۇرئان نازىل قىلىنغان ئادەم! سەن ئەقىلدىن ئازغان ئادەم ئىكەنسەن. ئەگەر سەن «ئاللاھ مېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى» دېگەن سۆزۈڭدە راستچىل بولساڭ، ساڭا گۇۋاھلىق بېرىدىغان پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا ئېلىپ كەلسەڭچۇ؟» دېدى.

مَا نُنَزِّلُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةَ إِلَّا بِٱلْحَقِّ وَمَا كَانُوٓاْ إِذًا مُّنظَرِينَ ﴿٨﴾

8 - ئاللاھ ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ: «بىز پەرىشتىلەرنى پەقەت ئازابقا تېگىشلىك بولغانلارنى ئىمان ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن كېچىكتۈرمەي جازالاش ئۈچۈنلا چۈشۈرىمىز، پەرىشتىلەر ئازاب بىلەن چۈشكەن چاغدا ئۇلارغا ھەرگىز مۆھلەت بېرىلمەيدۇ» دېدى.

إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا ٱلذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُۥ لَحَٰفِظُونَ ﴿٩﴾

9 - قۇرئاننى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنىڭغا بىر نەرسە قوشۇش قويۇش ياكى ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى ئېلىۋېتىشتىن ئەلۋەتتە ئۇنى ئۆزىمىز قوغدايمىز.

وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ فِى شِيَعِ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿١٠﴾ وَمَا يَأْتِيهِم مِّن رَّسُولٍ إِلَّا كَانُواْ بِهِۦ يَسْتَهْزِءُونَ ﴿١١﴾

10 - 11 - ئى پەيغەمبەر! شەكسىزكى، سەندىن ئىلگىرى بۇرۇنقى ئۈممەتلەر ئىچىدىمۇ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ئىدۇق. ئۇ ئۈممەتلەرگە قانداقلا بىر پەيغەمبەر كەلسە، ئۇلار ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى. (بۇ ئايەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىلگەن. چۈنكى ئەرەب مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلغاندەك، بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭ ئىچىدىكى كاپىرلارمۇ ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى مەسخىرە قىلغان).

كَذَٰلِكَ نَسْلُكُهُۥ فِى قُلُوبِ ٱلْمُجْرِمِينَ ﴿١٢﴾ لَا يُؤْمِنُونَ بِهِۦ وَقَدْ خَلَتْ سُنَّةُ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿١٣﴾

12 - 13 - ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ئىچىدىكى گۇناھكارلارنىڭ دىللىرىغا پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىش ۋە مەسخىرە قىلىشتىن ئىبارەت كۇفرىلىقنى سالغىنىمىزدەك، ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ قەۋمىڭ ئىچىدىكى ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغان، قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەن مۇشرىكلارنىڭ دىللىرىغىمۇ كۇفرىلىقنى سالىمىز. ئىنكارچىلارنى ھالاك قىلىش بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن قانۇنىيەتتۇر، ئەرەب مۇشرىكلىرىمۇ شۇلارغا ئوخشاشتۇر، بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقىنى ۋە ئىنكارچىلىقىنى داۋاملاشتۇرغانلارمۇ يېقىندا ھالاك بولىدۇ.

وَلَوْ فَتَحْنَا عَلَيْهِم بَابًا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ فَظَلُّواْ فِيهِ يَعْرُجُونَ ﴿١٤﴾ لَقَالُوٓاْ إِنَّمَا سُكِّرَتْ أَبْصَٰرُنَا بَلْ نَحْنُ
قَوْمٌ مَّسْحُورُونَ ﴿١٥﴾

14 - 15 - بىز مەككىلىك كاپىرلارغا ئاسماندىن بىر ئىشىك ئېچىپ بەرگەن ۋە ئۇلار بۇ ئىشىكتىن ئاسمانغا ئۆرلەپ ئۇ يەردە ئاللاھنىڭ ئاجايىب سەلتەنىتىنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئىشەنمەيتتى ۋە: «كۆزلىرىمىز سېھىرلەندى، بىز كۆرمىگەن نەرسىلەرنى كۆرگەندەك خىيالغا كەپ قالدۇق، مۇھەممەد بىزنىڭ ئەقلىمىزنى سېھىرلەپ قويدى» دېگەن بولاتتى.

وَلَقَدْ جَعَلْنَا فِى ٱلسَّمَآءِ بُرُوجًا وَزَيَّنَّٰهَا لِلنَّٰظِرِينَ ﴿١٦﴾

16 - بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىدىن بىرى شۇكى، ئەڭ يېقىن ئاسماندا يۇلتۇزلارغا ئۆربىتىلارنى قىلدۇق، ئۇلار ئارقىلىق يوللارنى كۆرگىلى، ۋاقىتلارنى ھېسابلىغىلى، مۇنبەت ۋە قاقاس يەرلەرنى بىلگىلى بولىدۇ. قاراپ تەپەككۇر قىلىدىغان ۋە ئىبرەت

ئالىدىغانلار ئۈچۈن بۇ ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدۇق.

وَحَفِظْنَٰهَا مِن كُلِّ شَيْطَٰنٍ رَّجِيمٍ ﴿١٧﴾

17 - بىز ئاسماننى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغان ھەربىر شەيتاننىڭ يېتىپ بېرىشىدىن
قوغدىدۇق.

إِلَّا مَنِ ٱسْتَرَقَ ٱلسَّمْعَ فَأَتْبَعَهُۥ شِهَابٌ مُّبِينٌ ﴿١٨﴾

18 - پەقەت قىسمەن شەيتانلارنىڭ بەزى ۋاقىتلاردا ئاسماندىكى پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن
ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋالىدىغانلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. لېكىن روشەن ئاقار يۇلتۇز ئۇنى
قوغلاپ يۈرۈپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. ئاقار يۇلتۇز كۆيدۈرۈشتىن بۇرۇن بەزى شەيتانلار
ئاڭلىۋالغان خەۋەرلەرنى يەر يۈزىدىكى ئادىمىي شەيتانلىرىغا يەتكۈزۈپ بولىدۇ.

وَٱلْأَرْضَ مَدَدْنَٰهَا وَأَلْقَيْنَا فِيهَا رَوَٰسِىَ وَأَنۢبَتْنَا فِيهَا مِن كُلِّ شَىْءٍ مَّوْزُونٍ ﴿١٩﴾

19 - يەر يۈزىنى يېيىپ كەڭ قىلدۇق، زېمىننى تۇتۇپ تۇرسۇن دەپ ئۈستىگە تاغلارنى
ئورناتتۇق، يەر يۈزىدە ئىنسانلار ئېھتىياجلىق بولىدىغان ھەرخىل ئۆسۈملۈكلەرنى
ئۆلچەملىك ئۆستۈردۇق.

وَجَعَلْنَا لَكُمْ فِيهَا مَعَٰيِشَ وَمَن لَّسْتُمْ لَهُۥ بِرَٰزِقِينَ ﴿٢٠﴾

20 - بىز سىلەرگە يەر يۈزىدە زىرائەت، چارۋا، تۈرلۈك ھۈنەر قاتارلىق تىرىكچىلىك
كەسىپلىرىنى ياراتتۇق. سىلەرگە يەنە باللارنى، خىزمەتچىلەرنى ۋە چارۋىلارنى ئاتا
قىلدۇق، سىلەر ئۇلاردىن مەنپەئەتلىنىسىلەر، ئەمما ئۇلارنىڭ رىزقىنى سىلەر بەرمەيسىلەر،
ئۇلارنىڭ رىزقىنى ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ ئۆزى بېرىدۇ، بۇ ئاللاھنىڭ ئۆز
پەزلىدىن ئاتا قىلغان ئىنئامى ۋە ئىززەت - ئىكرامىدۇر.

وَإِن مِّن شَىْءٍ إِلَّا عِندَنَا خَزَآئِنُهُۥ وَمَا نُنَزِّلُهُۥٓ إِلَّا بِقَدَرٍ مَّعْلُومٍ ﴿٢١﴾

21 - ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىدىن قانداقلا نەرسە بولسۇن، ئۇنىڭ ھەممە تۈرىنىڭ
خەزىنىلىرى بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىدۇر، بىز ئۇنى پەقەت مەلۇم مىقداردىلا چۈشۈرىمىز.
خەزىنىلەر ئاللاھنىڭ قولىدا بولۇپ، بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ، خالىغان
ئادەمگە بەرمەيدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە ھېكمىتىگە ئاساسەن بولىدۇ.

وَأَرْسَلْنَا ٱلرِّيَٰحَ لَوَٰقِحَ فَأَنزَلْنَا مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَسْقَيْنَٰكُمُوهُ وَمَآ أَنتُمْ لَهُۥ بِخَٰزِنِينَ ﴿٢٢﴾

22 - بىز شاماللارنى ئەۋەتىپ، بۇلۇتلارنى يامغۇرغا تولدۇردۇق، بۇلۇتتىن سىلەرنى،
چارۋىلىرىڭلارنى ۋە زىرائەتلىرىڭلارنى سۇغىرىشقا يېتەرلىك يامغۇرنى ياغدۇرۇپ بەردۇق،
يامغۇر سۈيىنى سۇ ئامبارلىرىڭلارغا قاچىلىۋېلىپ ساقلاش سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن
كەلمەيدۇ، لېكىن سىلەرگە رەھىم قىلغانلىقتىن، ئۇنى بىز ساقلاپ بېرىمىز.

وَإِنَّا لَنَحْنُ نُحْىِۦ وَنُمِيتُ وَنَحْنُ ٱلْوَٰرِثُونَ ﴿٢٣﴾

23 - شەكسىزكى، بىز ھاياتلىقتا يوق بولغان بىرنى يارىتىپ ياشىتىمىز، ھاياتلىقتا بار
بولغان بىرنى ئەجىلى توشقاندىن كېيىن ئۆلتۈرىمىز، زېمىنغا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە
مەۋجۇداتقا بىز ۋارىسلىق قىلىمىز.

وَلَقَدْ عَلِمْنَا ٱلْمُسْتَقْدِمِينَ مِنكُمْ وَلَقَدْ عَلِمْنَا ٱلْمُسْتَـْٔخِرِينَ ﴿٢٤﴾

24 ـ شەكسىزكى، بىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن بېرى بۇ دۇنياغا كېلىپ كەتكەنلەرنى، ھاياتتا تۇرۇۋاتقانلارنى ۋە قىيامەتكە قەدەر دۇنياغا كېلىدىغانلارنى ئەلۋەتتە، ئوبدان بىلىمىز.

وَإِنَّ رَبَّكَ هُوَ يَحْشُرُهُمْ إِنَّهُۥ حَكِيمٌ عَلِيمٌ ﴿٢٥﴾

25 ـ شەكسىزكى، رەببىڭ قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرىدىن ھېساب ئېلىش ۋە ئۇلارغا مۇكاپات ياكى جازا بېرىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ھېساب مەيدانىغا يىغىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن بارلىق تەدبىرلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەس.

وَلَقَدْ خَلَقْنَا ٱلْإِنسَـٰنَ مِن صَلْصَـٰلٍ مِّنْ حَمَإٍ مَّسْنُونٍ ﴿٢٦﴾

26 ـ شەكسىزكى، بىز ئادەمنى چەكسە ئاۋاز چىققۇدەك قۇرۇغان قارا لايدىن ياراتتۇق. بۇ قۇرۇغان قارا لاي ئۇزۇن ۋاقىت تۇرغانلىقتىن رەڭگى ۋە ھىدى ئەسلىدىكى ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ كەتكەن لاي ئىدى.

وَٱلْجَآنَّ خَلَقْنَـٰهُ مِن قَبْلُ مِن نَّارِ ٱلسَّمُومِ ﴿٢٧﴾

27 ـ جىنلارنىڭ ئاتىسى ئىبلىسنى ئادەمنى يارىتىشتىن ئىلگىرى تۈتۈنسىز ئوت يالقۇنىدىن ياراتقان ئىدۇق.

وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَـٰٓئِكَةِ إِنِّى خَـٰلِقٌۢ بَشَرًا مِّن صَلْصَـٰلٍ مِّنْ حَمَإٍ مَّسْنُونٍ ﴿٢٨﴾

28 ـ ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، رەببىڭ ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە: «مەن ھەقىقەتەن چەكسە ئاۋاز چىققۇدەك قۇرۇغان قارا لايدىن ئىنسان يارىتىمەن.

فَإِذَا سَوَّيْتُهُۥ وَنَفَخْتُ فِيهِ مِن رُّوحِى فَقَعُوا۟ لَهُۥ سَـٰجِدِينَ ﴿٢٩﴾

29 ـ مەن ئۇنى يارىتىپ، شەكلىگە كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن چاغدا، سىلەر ئۇنىڭغا ھۆرمەت ۋە ئىززەت سەجدىسى قىلىڭلار» دېگەن ئىدى.

فَسَجَدَ ٱلْمَلَـٰٓئِكَةُ كُلُّهُمْ أَجْمَعُونَ ﴿٣٠﴾ إِلَّآ إِبْلِيسَ أَبَىٰٓ أَن يَكُونَ مَعَ ٱلسَّـٰجِدِينَ ﴿٣١﴾

30 ـ 31 ـ پەرىشتىلەرنىڭ بىرىمۇ قالماي ھەممىسى سەجدە قىلدى، لېكىن ئىبلىس پەرىشتىلەر بىلەن بىللە سەجدە قىلىشتىن باش تارتتى.

قَالَ يَـٰٓإِبْلِيسُ مَا لَكَ أَلَّا تَكُونَ مَعَ ٱلسَّـٰجِدِينَ ﴿٣٢﴾

32 ـ ئاللاھ ئىبلىسقا: «سەن نېمىشقا پەرىشتىلەر بىلەن بىللە سەجدە قىلمىدىڭ؟» دېدى.

قَالَ لَمْ أَكُن لِّأَسْجُدَ لِبَشَرٍ خَلَقْتَهُۥ مِن صَلْصَـٰلٍ مِّنْ حَمَإٍ مَّسْنُونٍ ﴿٣٣﴾

33 ـ ئىبلىس ئۆزىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىنى ۋە ھەسەتخورلۇقىنى ئاشكارىلىغان ھالدا: «سەن رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتكەن قۇرۇق قارا لايدىن ياراتقان ئىنسان مېنىڭ سەجدە قىلىشىمغا لايىق ئەمەس» دېدى.

قَالَ فَٱخْرُجْ مِنْهَا فَإِنَّكَ رَجِيمٌ ﴿٣٤﴾ وَإِنَّ عَلَيْكَ ٱللَّعْنَةَ إِلَىٰ يَوْمِ ٱلدِّينِ ﴿٣٥﴾

34 ـ 35 ـ ئاللاھ ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا، سەن جەننەتتىن يوقال! سەن ئەمدى بارچە ياخشىلىقتىن

يىراق قىلىندىڭ، مېنىڭ رەھمىتىمدىن قوغلاندىڭ. شەكسىزكى، ئىنسانلار ئەمەللىرىدىن
ھېساب بېرىش ۋە مۇكاپات ياكى جازالىرىنى ئېلىش ئۈچۈن تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگە
قەدەر ساڭا لەنەت يېغىپ تۇرىدۇ» دېدى.

قَالَ رَبِّ فَأَنظِرۡنِيٓ إِلَىٰ يَوۡمِ يُبۡعَثُونَ ﴿٣٦﴾

36 - ئىبلىس: «ئى رەببىم! بەندىلىرىڭ تىرىلدۈرۈلىدىغان قىيامەت كۈنىگە قەدەر مېنى
دۇنيادا قالدۇرغىن» دېدى.

قَالَ فَإِنَّكَ مِنَ ٱلۡمُنظَرِينَ ﴿٣٧﴾ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡوَقۡتِ ٱلۡمَعۡلُومِ ﴿٣٨﴾

37 ـ 38 - ئاللاھ ئۇنىڭغا: «بولىدى، سەن بارلىق مەخلۇقات تىرىلدۈرۈلىدىغان قىيامەت
كۈنىگە قەدەر ئەمەس، بەلكى بىرىنچى قېتىملىق سۈر چېلىنغاندىن كېيىن، بارلىق
مەخلۇقات ئۆلىدىغان كۈنگە قەدەر ھايات قالىسەن» دېدى. ئاللاھنىڭ ئىبلىسقا مۇنداق
پۇرسەت بېرىشى ئۇنىڭ گۇناھىنى تېخىمۇ كۆپەيتىش ۋە ئىنسانلارنى سىناش ئۈچۈندۇر.

قَالَ رَبِّ بِمَآ أَغۡوَيۡتَنِي لَأُزَيِّنَنَّ لَهُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلَأُغۡوِيَنَّهُمۡ أَجۡمَعِينَ ﴿٣٩﴾ إِلَّا عِبَادَكَ مِنۡهُمُ
ٱلۡمُخۡلَصِينَ ﴿٤٠﴾

39 ـ 40 - ئىبلىس ئاللاھقا: «ئى رەببىم! سەن مېنى ئازدۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن، يەر يۈزىدە ئادەم
بالىلىرىغا گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى ئەلۋەتتە چىرايلىق كۆرسىتىمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى
چوقۇم ئازدۇرىمەن. لېكىن سەن ھىدايەت قىلغان، ساڭا ئىتائەت قىلىشقا تاللىغان ۋە
بۇنىڭغا زىت كېلىدىغان ئىشلاردىن پاك قىلغان بەندىلىرىڭنى ئازدۇرالمايمەن» دېدى.

قَالَ هَٰذَا صِرَٰطٌ عَلَيَّ مُسۡتَقِيمٌ ﴿٤١﴾ إِنَّ عِبَادِي لَيۡسَ لَكَ عَلَيۡهِمۡ سُلۡطَٰنٌ إِلَّا مَنِ ٱتَّبَعَكَ مِنَ
ٱلۡغَاوِينَ ﴿٤٢﴾

41 - 42 - ئاللاھ: «بۇ ماڭا ۋە مېنىڭ جەننىتىمگە ئېلىپ بارىدىغان توپتوغرا يولدۇر.
شەكسىزكى، ماڭا ئىخلاس قىلىدىغان بەندىلىرىمنىڭ دىلىغا سېنى ھەرگىز ئىگە
قىلمايمەن، ئۇلارنى توغرا يولدىن ئازدۇرالمايسەن. لېكىن سەن ماڭا ئىتائەت قىلىشتىن
باش تارتىپ، ساڭا ئەگەشكەن ئازغۇنلارنىلا ئازدۇرالايسەن» دېدى.

وَإِنَّ جَهَنَّمَ لَمَوۡعِدُهُمۡ أَجۡمَعِينَ ﴿٤٣﴾

43 - شەك - شۈبھىسىزكى، دەھشەتلىك دوزاخ ئوتى ئىبلىس ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ
ھەممىسىگە ۋەدە قىلىنغان جايدۇر.

لَهَا سَبۡعَةُ أَبۡوَٰبٖ لِّكُلِّ بَابٖ مِّنۡهُمۡ جُزۡءٞ مَّقۡسُومٌ ﴿٤٤﴾

44 - جەھەننەمنىڭ يەتتە دەرۋازىسى بولۇپ، ھەربىر دەرۋازا يەنە بىرىدىن تۆۋەندۇر[1]،
ئىبلىسنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ھەربىرى ئەمەللىرىگە كۆرە مۇئەييەن دەرۋازىدىن كىرىدۇ.

إِنَّ ٱلۡمُتَّقِينَ فِي جَنَّٰتٖ وَعُيُونٍ ﴿٤٥﴾ ٱدۡخُلُوهَا بِسَلَٰمٍ ءَامِنِينَ ﴿٤٦﴾ وَنَزَعۡنَا مَا فِي صُدُورِهِم مِّنۡ غِلٍّ
إِخۡوَٰنًا عَلَىٰ سُرُرٖ مُّتَقَٰبِلِينَ ﴿٤٧﴾ لَا يَمَسُّهُمۡ فِيهَا نَصَبٞ وَمَا هُم مِّنۡهَا بِمُخۡرَجِينَ ﴿٤٨﴾

---

[1] بەزى مۇپەسسىرلەر جەھەننەم يەتتە قەۋەتلىك بولۇپ، ھەر - بىر قەۋەتكە مۇئەييەن ئادەملەر كىرىدۇ، دەپ
قارايدۇ («تەپسىرى قۇرتۇبىي» 10 - توم، 28 - بەت).

45 ـ 48 ـ ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىپ، ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلغان كىشىلەر، ئەلۋەتتە جەننەت باغچىلىرىدا ۋە بۇلاقلارنىڭ يېنىدا بولىدۇ. ئۇلارغا: «بۇ جەننەتلەرگە ھەرقانداق كۆڭۈلسىزلىكتىن ئامان بولغان ۋە ئازابتىن خاتىرجەم بولغان ھالدا كىرىڭلار!» دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ھەسەت ۋە دۈشمەنلىكتىن نېمە بولسا ئۇنى چىقىرىپ تاشلايمىز، ئۇلار جەننەتلەردە ئۆزئارا قېرىنداش بولۇپ ياشايدۇ، تەختلەر ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ. جەننەتتە ئۇلارغا ھېچقانداق چارچاش بولمايدۇ، ئۇلار جەننەتتىن چىقىرىۋېتىلمەيدۇ، بەلكى مەڭگۈ تۇرىدۇ.

۞ نَبِّئۡ عِبَادِيٓ أَنِّيٓ أَنَا ٱلۡغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٤٩﴾ وَأَنَّ عَذَابِي هُوَ ٱلۡعَذَابُ ٱلۡأَلِيمُ ﴿٥٠﴾

49 ـ 50 ـ ئى پەيغەمبەر! بەندىلىرىمگە خەۋەر قىلغىنكى، مەن تەۋبە قىلغان مۇئمىن بەندىلىرىمنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىمەن، ئۇلارغا ناھايىتى رەھىم قىلغۇچىمەن. گۇناھىغا تەۋبە قىلمىغانلارغا مېنىڭ ئازابىم ھەقىقەتەن ناھايىتى قاتتىق ئازابتۇر.

وَنَبِّئۡهُمۡ عَن ضَيۡفِ إِبۡرَٰهِيمَ ﴿٥١﴾

51 ـ ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە ئىبراھىمنىڭ پەرىشتىلەردىن بولغان مېھمانلىرى ھەققىدىكى خەۋەر بەرگىن. ئۇلار ئىبراھىمغا بالىسى بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىش ۋە لۇت قەۋمىنىڭ ھالاك قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى.

إِذۡ دَخَلُواْ عَلَيۡهِ فَقَالُواْ سَلَٰمٗا قَالَ إِنَّا مِنكُمۡ وَجِلُونَ ﴿٥٢﴾

52 ـ پەرىشتىلەر ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كىرگەن چېغىدا، ئۇنىڭغا سالام بەردى، ئىبراھىم ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى، ئاندىن ئۇلارغا تاماق ئېلىپ كەلدى، ئەمما ئۇلار يېمىدى. ئىبراھىم بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ: «بىز ھەقىقەتەن سىلەردىن قورقۇۋاتىمىز» دېدى.

قَالُواْ لَا تَوۡجَلۡ إِنَّا نُبَشِّرُكَ بِغُلَٰمٍ عَلِيمٖ ﴿٥٣﴾

53 ـ پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: «قورقمىغىن، بىز ھەقىقەتەن ساڭا دىنىدا كاتتا ئالىم بولىدىغان بىر ئوغلۇڭ بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق خۇش خەۋەر بېرىمىز» دېدى. مەزكۇر ئوغۇل ئىسھاق ئىدى.

قَالَ أَبَشَّرۡتُمُونِي عَلَىٰٓ أَن مَّسَّنِيَ ٱلۡكِبَرُ فَبِمَ تُبَشِّرُونَ ﴿٥٤﴾

54 ـ ئىبراھىم ھەيران قېلىپ: «مەن ۋە ئايالىم قېرىپ كەتكەن تۇرساق، ماڭا بالام بولىدىغانلىقى ھەققىدە خۇش خەۋەر بەردىڭلارمۇ؟ ماڭا قانداق ھەيران قالارلىق ئىش بىلەن خۇش خەۋەر بېرىۋاتىسىلەر؟» دېدى.

قَالُواْ بَشَّرۡنَٰكَ بِٱلۡحَقِّ فَلَا تَكُن مِّنَ ٱلۡقَٰنِطِينَ ﴿٥٥﴾

55 ـ ئۇلار: «بىز ساڭا ئاللاھ بىزگە بىلدۈرگەن ھەقىقەت بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق، بالاڭ بولۇشتىن ئۈمىدسىزلەنمىگىن» دېدى.

قَالَ وَمَن يَقۡنَطُ مِن رَّحۡمَةِ رَبِّهِۦٓ إِلَّا ٱلضَّآلُّونَ ﴿٥٦﴾ قَالَ فَمَا خَطۡبُكُمۡ أَيُّهَا ٱلۡمُرۡسَلُونَ ﴿٥٧﴾

56 ـ 57 ـ ئىبراھىم: «توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەنلەردىن باشقا ھېچكىم رەببىمنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ. ئى ئەلچىلەر! سىلەر ئاللاھ تەرىپىدىن قانداق مۇھىم

ئىش بىلەن كەلدىڭلار؟» دېدى.

قَالُوٓاْ إِنَّآ أُرۡسِلۡنَآ إِلَىٰ قَوۡمٖ مُّجۡرِمِينَ ﴿٥٨﴾ إِلَّآ ءَالَ لُوطٍ إِنَّا لَمُنَجُّوهُمۡ أَجۡمَعِينَ ﴿٥٩﴾ إِلَّا ٱمۡرَأَتَهُۥ قَدَّرۡنَآ إِنَّهَا لَمِنَ ٱلۡغَٰبِرِينَ ﴿٦٠﴾

58 - 60 - پەرىشتىلەر: «ئاللاھ بىزنى ئازغۇن مۇشرىك قەۋم - لۇت قەۋمىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى، پەقەتلا لۇت ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆئمىنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلارنى ھالاك قىلمايمىز، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قۇتقۇزىمىز. لېكىن لۇتنىڭ ئايالىنى قۇتقۇزمايمىز، كاپىرلىقى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ھالاك بولىدىغانلار قاتارىدا ھالاك بولۇشىنى ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن بەلگىلىدۇق» دېدى.

فَلَمَّا جَآءَ ءَالَ لُوطٍ ٱلۡمُرۡسَلُونَ ﴿٦١﴾ قَالَ إِنَّكُمۡ قَوۡمٞ مُّنكَرُونَ ﴿٦٢﴾

61 - 62 - ئەلچىلەر لۇتنىڭ ئائىلىسىگە كەلگەن چاغدا، لۇت ئۇلارغا: «سىلەر ھەقىقەتەن ماڭا ناتونۇش ئادەملەرغۇ؟» دېدى.

قَالُواْ بَلۡ جِئۡنَٰكَ بِمَا كَانُواْ فِيهِ يَمۡتَرُونَ ﴿٦٣﴾ وَأَتَيۡنَٰكَ بِٱلۡحَقِّ وَإِنَّا لَصَٰدِقُونَ ﴿٦٤﴾ فَأَسۡرِ بِأَهۡلِكَ بِقِطۡعٖ مِّنَ ٱلَّيۡلِ وَٱتَّبِعۡ أَدۡبَٰرَهُمۡ وَلَا يَلۡتَفِتۡ مِنكُمۡ أَحَدٞ وَٱمۡضُواْ حَيۡثُ تُؤۡمَرُونَ ﴿٦٥﴾

63 - 65 - پەرىشتىلەر ئېيتتى: «قورقمىغىن، بىز سېنىڭ قەۋمىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەن ۋە شەك قىلىپلا تۇرغان شۇ ئازابنى ئېلىپ كەلدۇق. بىز ساڭا ئاللاھ تەرىپىدىن ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدۇق، بىز ئەلۋەتتە راست گەپ قىلۋاتىمىز. كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئائىلەڭدىكى مۆئمىنلەرنى ئېلىپ قەۋمىڭدىن ئايرىلىپ يولغا چىققىن، يولغا چىققان كىشىلەر ئارقاڭدا قېلىپ ئازابقا دۇچار بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، سەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ماڭغىن، سىلەردىن ھېچبىر ئادەم ئارقىسىغا قارىمىسۇن، بىخەتەر ئورۇنغا يۆتكىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ بۇيرۇغان يەرگە قاراپ تېز ئىلگىرىلەڭلار».

وَقَضَيۡنَآ إِلَيۡهِ ذَٰلِكَ ٱلۡأَمۡرَ أَنَّ دَابِرَ هَٰٓؤُلَآءِ مَقۡطُوعٞ مُّصۡبِحِينَ ﴿٦٦﴾

66 - لۇتقا: «سەھەر ۋاقتىدا قەۋمىڭ پۈتۈنلەي ھالاك بولۇپ تۈگىشىدۇ» دەپ ۋەھيى قىلدۇق.

وَجَآءَ أَهۡلُ ٱلۡمَدِينَةِ يَسۡتَبۡشِرُونَ ﴿٦٧﴾

67 - شەھەر ئاھالىسى لۇتنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇلار بىلەن بەچچىۋازلىق قىلىش ئۈچۈن خۇشاللىنىپ، لۇتنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىشتى.

قَالَ إِنَّ هَٰٓؤُلَآءِ ضَيۡفِي فَلَا تَفۡضَحُونِ ﴿٦٨﴾ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَلَا تُخۡزُونِ ﴿٦٩﴾

68 - 69 - لۇت ئۇلارغا: «بۇلار مېنىڭ مېھمىنىمدۇر ۋە مېنىڭ ھىمايەمدىدۇر، سىلەر بۇلارغا چېقىلىپ قويۇپ مېنى رەسۋا قىلماڭلار، ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قورقۇڭلار، ئۇلارغا چېقىلماڭلار، مېھمانلىرىمغا چېقىلىپ قويساڭلار، مېنى قاتتىق خىجالەتتە قويىسىلەر» دېدى.

قَالُوٓاْ أَوَلَمۡ نَنۡهَكَ عَنِ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٧٠﴾

70 - لۇتنىڭ قەۋمى: «بىز ساڭا كەلگەن ھېچكىمنى مېھمان قىلمىغىن، چۈنكى بىز ئۇنىڭ بىلەن بەچچىۋازلىق قىلمىز دېمىگەنمىدۇق؟» دېدى.

قَالَ هَٰٓؤُلَآءِ بَنَاتِيٓ إِن كُنتُمۡ فَٰعِلِينَ ﴿٧١﴾

71 - لۇت ئۇلارغا: «ئەگەر شەھۋىتىڭلارنى قاندۇرماقچى بولساڭلار، بۇلار مېنىڭ قىزلىرىمدۇر، ئۇلارنى نىكاھلاپ ئېلىڭلار، شەھۋىتىڭلارنى ئاياللىرىڭلار ئارقىلىق قاندۇرۇپ، ئەرلەرگە چېقىلىشتەك ئاللاھ ھارام قىلغان قەبىھ ئىشنى قىلماڭلار» دېدى.

لَعَمۡرُكَ إِنَّهُمۡ لَفِي سَكۡرَتِهِمۡ يَعۡمَهُونَ ﴿٧٢﴾ فَأَخَذَتۡهُمُ ٱلصَّيۡحَةُ مُشۡرِقِينَ ﴿٧٣﴾

72 - 73 - ئاللاھ ئۆزى خالىغان مەخلۇقاتىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، خالىغان ئىشقا قەسەم قىلىدۇ، ئەمما ئىنسانلار پەقەت ئاللاھنىڭ نامى بىلەنلا قەسەم قىلالايدۇ. ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلىپ مۇنداق دېدى: «لۇت قەۋمى ئەتىگەن كۈن چىقىش ۋاقتىدا قاتتىق ئازابقا يولۇققانغا قەدەر، ئۇلار چوڭقۇر ئازغۇنلۇق ئىچىدە تېڭىرقاپ يۈرۈشىدۇ».

فَجَعَلۡنَا عَٰلِيَهَا سَافِلَهَا وَأَمۡطَرۡنَا عَلَيۡهِمۡ حِجَارَةٗ مِّن سِجِّيلٍ ﴿٧٤﴾

74 - ئۇلارنىڭ يۇرتىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتۇق ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ساپال تاشلارنى ياغدۇردۇق.

إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّلۡمُتَوَسِّمِينَ ﴿٧٥﴾ وَإِنَّهَا لَبِسَبِيلٖ مُّقِيمٍ ﴿٧٦﴾ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗ لِّلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٧٧﴾

75 - 77 - شەكسىزكى، ئۇلارغا كەلگەن ھالاكەتتە ئىبرەت نەزىرى بىلەن قارىغۇچىلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئىبرەت بار. ئۇلارنىڭ كۆمتۈرۈلگەن يۇرتىنىڭ خارابىسى ھېلىھەم يول ئۈستىدە تۇرماقتا. ئۇ جايدىن ئۆتكەن يولۇچىلار كۆرۈپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ ئۇلارنى ھالاك قىلىشىمىزدا مۆئمىنلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە روشەن ئىبرەت بار.

وَإِن كَانَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡأَيۡكَةِ لَظَٰلِمِينَ ﴿٧٨﴾ فَٱنتَقَمۡنَا مِنۡهُمۡ وَإِنَّهُمَا لَبِإِمَامٖ مُّبِينٖ ﴿٧٩﴾

78 - 79 - ئورمانلىق شەھەرنىڭ ئاھالىسى بولغان شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان كاپىرلار ئىدى. شۇڭا بىز ئۇلارنى قاتتىق زىلزىلە بىلەن ھالاك قىلدۇق، لۇت قەۋمىنىڭ شەھىرى بىلەن ئورمانلىق شەھەرنىڭ خارابىلىرى ھېلىھەم يولۇچىلار ئۆتۈپ تۇرىدىغان يول ئۈستىدە ئوپئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرماقتا.

وَلَقَدۡ كَذَّبَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡحِجۡرِ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿٨٠﴾

80 - ھىجر ۋادىسىنىڭ ئاھالىسى بولغان سەمۇد قەۋمىمۇ سالىھ ئەلەيھىسسالامنى يالغانچى دەپ ئىنكار قىلىش ئارقىلىق بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان بولدى. چۈنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرەرسىنى ئىنكار قىلىش ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر، چۈنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى بىر دىندىدۇر.

وَءَاتَيۡنَٰهُمۡ ءَايَٰتِنَا فَكَانُواْ عَنۡهَا مُعۡرِضِينَ ﴿٨١﴾

81 - بىز سەمۇد قەۋمىگە سالىھ ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مۆجىزىلىرىمىزنى كەلتۈرگەن بولساقمۇ، ئۇلار بۇ مۆجىزىلەردىن ئىبرەت ئېلىشنىڭ ئورنىغا، بۇ مۆجىزىلەردىن يۈز ئۆرۈدى.

وَكَانُواْ يَنۡحِتُونَ مِنَ ٱلۡجِبَالِ بُيُوتًا ءَامِنِينَ ﴿٨٢﴾

82 - ئۇلار تۈرلۈك ئاپەتلەردىن ئامانلىق ئىچىدە ياشايمىز دەپ تاغلارنى تېشىپ ئۆيلەرنى

ياسايتتى.

فَأَخَذَتْهُمُ ٱلصَّيْحَةُ مُصْبِحِينَ ﴿٨٣﴾ فَمَآ أَغْنَىٰ عَنْهُم مَّا كَانُوا۟ يَكْسِبُونَ ﴿٨٤﴾

83 - 84- لېكىن ئۇلارنى قاتتىق بىر ئاۋاز سەھەردىلا ھالاك قىلدى. ئۇلارنىڭ پۇل - مېلى،
تاغلارغا سالغان قورغانلىرى، كۈچ - قۇدرىتى ۋە ئىززەت -ئابرۇيى ئۇلارنى ئاللاھنىڭ
ئازابىدىن ساقلاپ قالالمىدى.

وَمَا خَلَقْنَا ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَآ إِلَّا بِٱلْحَقِّ ۗ وَإِنَّ ٱلسَّاعَةَ لَءَاتِيَةٌ ۖ فَٱصْفَحِ ٱلصَّفْحَ ٱلْجَمِيلَ ﴿٨٥﴾

85 - بىز ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى پەقەتلا ياراتقۇچىنىڭ
مۇكەممەللىكىگە، چەكسىز قۇدرىتىگە ۋە يالغۇز ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق ئىكەنلىكىگە
دالالەت قىلىدىغان قىلىپ، ھەق ۋە ھېكمەت بىلەن ياراتتۇق، ھەربىر ئادەمنىڭ
ياخشى - يامان ئەمەللىرىگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىش ئۈچۈن، قىيامەتنىڭ بولۇشىدا
قىلچە شەك يوق. ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارنى ئەپۇ قىلغىن، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى
كەچۈرگىن.

إِنَّ رَبَّكَ هُوَ ٱلْخَلَّٰقُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٨٦﴾

86 - شەكسىزكى، رەببىڭ ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر، ئۇلارنىڭ بارلىق ئەھۋالىنى
بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاسمان - زېمىندا ھېچقانداق نەرسە ئاللاھنى ئاجىز قىلالمايدۇ،
ھېچ نەرسە ئاللاھقا مەخپىي قالمايدۇ.

وَلَقَدْ ءَاتَيْنَٰكَ سَبْعًا مِّنَ ٱلْمَثَانِى وَٱلْقُرْءَانَ ٱلْعَظِيمَ ﴿٨٧﴾

87 - ئى پەيغەمبەر! ھەقىقەتەن بىز ساڭا ھەربىر نامازدا تەكرار ئوقۇلۇپ تۇرىدىغان يەتتە
ئايەتلىك فاتىھە سۈرىسىنى ئۇلۇغ قۇرئاننى ئاتا قىلدۇق.

لَا تَمُدَّنَّ عَيْنَيْكَ إِلَىٰ مَا مَتَّعْنَا بِهِۦٓ أَزْوَٰجًا مِّنْهُمْ وَلَا تَحْزَنْ عَلَيْهِمْ وَٱخْفِضْ جَنَاحَكَ لِلْمُؤْمِنِينَ ﴿٨٨﴾

88 - بىز بەزى كاپىرلارنى بەھرىمەن قىلغان دۇنيا مەنپەئەتىگە كۆز سالمىغىن، ئۇنىڭغا
قىزىقمىغىن، ئۇلارنى ئىمان ئېيتمىدى دەپ قايغۇرمىغىن، مۇئمىنلەرگە كەمتەر بولغىن.

وَقُلْ إِنِّىٓ أَنَا ٱلنَّذِيرُ ٱلْمُبِينُ ﴿٨٩﴾ كَمَآ أَنزَلْنَا عَلَى ٱلْمُقْتَسِمِينَ ﴿٩٠﴾

89 - 90- ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا: «مەن ھەقىقەتەن كىشىلەرنى ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا
ئىمان كەلتۈرۈشكە ئېلىپ بارىدىغان ھەقىقەتنى بايان قىلىپ بەرگۈچى، سىلەرگە
قۇرئاننىڭ بەزىسىگە ئىشىنىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلغان يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارغا
چۈشكەن ئازابقا ئوخشاش ئازاب چۈشۈشىدىن سىلەرنى ئوپئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن»
دېگىن.

ٱلَّذِينَ جَعَلُوا۟ ٱلْقُرْءَانَ عِضِينَ ﴿٩١﴾

91 - ئۇلار قۇرئاننىڭ بەزىسىگە ئىشىنىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق بىر پۈتۈن
قۇرئاننى پارچىلارغا بۆلۈۋەتكۈچىلەردۇر. ئۇلار كىشىلەرنى قۇرئاننىڭ ھىدايىتىدىن

تۇسۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈل- خاھىشلىرى بويىچە تۈرلۈك شەكىلدە
باھا بېرىدۇ، بەزىسى ئۇنى «سېھىر» دەيدۇ، بەزىسى «كاھىنىنىڭ سۆزى» دەيدۇ،
يەنە بەزىسى باشقا نەرسە دەيدۇ.

فَوَرَبِّكَ لَنَسْـَٔلَنَّهُمْ أَجْمَعِينَ ﴿٩٢﴾ عَمَّا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٩٣﴾

92 - 93- رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قۇرئاننى
بۆلۈۋەتكەن، مەنىسىنى ئۆزگەرتكەن قىلمىشلىرى، بۇتلارغا چوقۇنغانلىقى ۋە بارلىق
گۇناھلىرى سەۋەبلىك قاتتىق جازالايمىز. (بۇ ئايەت مەزكۇر قەبىھ قىلمىشلارنى
داۋاملاشتۇرۇشنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ).

فَٱصْدَعْ بِمَا تُؤْمَرُ وَأَعْرِضْ عَنِ ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿٩٤﴾

94 - ئاللاھ ساڭا ئەمر قىلغان ئىسلام دەۋىتىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن،
مۇشرىكلارغا پەرۋا قىلمىغىن، ئاللاھ سېنى ئۇلارنىڭ تۆھمەتلىرىدىن پاكلىدى.

إِنَّا كَفَيْنَٰكَ ٱلْمُسْتَهْزِءِينَ ﴿٩٥﴾ ٱلَّذِينَ يَجْعَلُونَ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ ۚ فَسَوْفَ يَعْلَمُونَ ﴿٩٦﴾

95 - 96- سېنى مەسخىرە قىلىدىغان قۇرەيش كاپىرلىرىغا بىز چوقۇم تېتىيمىز. ئۇلار باشقا
مەبۇدلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالدى. ئۇلار بۇ قىلمىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى دۇنيا ۋە
ئاخىرەتتە بىلىپ قالىدۇ.

وَلَقَدْ نَعْلَمُ أَنَّكَ يَضِيقُ صَدْرُكَ بِمَا يَقُولُونَ ﴿٩٧﴾

97 - ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارنىڭ سەن توغرۇلۇق ئېيتقان سۆزلىرى سەۋەبلىك يۈرىكىڭ
سىقىلىۋاتقانلىقىنى ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرىۋاتىمىز.

فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَكُن مِّنَ ٱلسَّٰجِدِينَ ﴿٩٨﴾

98 - يۈرىكىڭ سىقىلغاندا رەببىڭگە ئىلتىجا قىلغىن، ئۇنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن،
رەببىڭگە ئىبادەت قىلغۇچىلاردىن بولغىن. چۈنكى شۇنداق قىلساڭ بارلىق دەرد -
قايغۇلىرىڭدىن خالاس بولىسەن.

وَٱعْبُدْ رَبَّكَ حَتَّىٰ يَأْتِيَكَ ٱلْيَقِينُ ﴿٩٩﴾

99 - ساڭا ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر رەببىڭگە ئىبادەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرغىن. (پەيغەمبىرىمىز
مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، ھاياتىنىڭ
ئاخىرقى لەھزىلىرىگە قەدەر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى توختاتمىغان).

# نەھل سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

أَتَىٰٓ أَمۡرُ ٱللَّهِ فَلَا تَسۡتَعۡجِلُوهُۚ سُبۡحَٰنَهُۥ وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يُشۡرِكُونَ ١

1 ـ ئى كاپىرلار! قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاللاھنىڭ سىلەرنى جازالاش ئەمرى بەلگىلىنىپ بولدى. سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى مەسخىرە قىلىپ ئاللاھنىڭ ئازابىغا ئالدىراپ كەتمەڭلار. ئاللاھ مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ۋە ئۇلار مەنسۇپ قىلغان بارلىق شېرىكلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر.

يُنَزِّلُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةَ بِٱلرُّوحِ مِنۡ أَمۡرِهِۦ عَلَىٰ مَن يَشَآءُ مِنۡ عِبَادِهِۦٓ أَنۡ أَنذِرُوٓاْ أَنَّهُۥ لَآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنَا۠ فَٱتَّقُونِ ٢

2 ـ ئاللاھ پەرىشتىلەرنى ئۆز ئىرادىسى بويىچە پەيغەمبەرلەردىن ئۆزى خالىغان بەندىلىرىگە چۈشۈرۈپ: «ئىنسانلارنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ئاگاھلاندۇرۇڭلار، ئۇلارغا مەندىن باشقا تائەت ـ ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ھېچقانداق ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈڭلار، بارچە ئىبادەتنى ۋە ئىخلاسنى ماڭا قىلىش ئارقىلىق مېنىڭ ئازابىمدىن ساقلىنىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلىدۇ.

خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ بِٱلۡحَقِّۚ تَعَٰلَىٰ عَمَّا يُشۡرِكُونَ ٣

3 ـ ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتتى. بۇ ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، يالغۇز ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ مۇشرىكلار شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلەردىن پاك ۋە ئۈستۈندۇر.

خَلَقَ ٱلۡإِنسَٰنَ مِن نُّطۡفَةٖ فَإِذَا هُوَ خَصِيمٞ مُّبِينٞ ٤

4 ـ ئاللاھ ئىنساننى ئەرزىمەس سۇدىن (ئابمەنىيدىن) ياراتتى. ئۇ ئىنسان كۈچلىنىۋىدى، كۆرەڭلەپ كەتتى ۋە ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلىپ، «چىرىپ كەتكەن بۇ سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟»[1] دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىپ، ياراتقۇچى ئاللاھ بىلەن جېدەللىشىدىغان بولۇپ قالدى، ئاللاھنىڭ ئۆزىنى يوقتىن ياراتقانلىقىنى ئۇنتۇدى.

وَٱلۡأَنۡعَٰمَ خَلَقَهَاۖ لَكُمۡ فِيهَا دِفۡءٞ وَمَنَٰفِعُ وَمِنۡهَا تَأۡكُلُونَ ٥

5 ـ ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تۆگە، كالا ۋە قوي قاتارلىق چارۋىلارنى سىلەر ئۈچۈن ياراتتى، ئۇلارنىڭ يۇڭىنى ۋە تېرىسىنى سىلەرنى ئىسسىتىدىغان قىلدى، يەنە ئۇنىڭدا

[1] ياسىن سۈرىسى: 78 ـ ئايەت.

نەسىللەندۈرۈش، سۈتىنى سېغىش، مىنىش، ۋە تېرىسىدىن پايدىلىنىش دېگەندەك
نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار، سىلەر ئۇلارنىڭ گۆشلىرىدىن يەيسىلەر.

وَلَكُمۡ فِيهَا جَمَالٌ حِينَ تُرِيحُونَ وَحِينَ تَسۡرَحُونَ ﴿٦﴾

6 - بۇ چارۋىلارنى كەچتە ئوتلاقتىن قايتۇرۇپ كەلگەن ۋە ئەتىگەندە ئوتلاققا ئېلىپ چىققان
ۋاقىتلاردا، ئۇلار سىلەرگە خۇشاللىق بېغىشلايدۇ.

وَتَحۡمِلُ أَثۡقَالَكُمۡ إِلَىٰ بَلَدٖ لَّمۡ تَكُونُواْ بَٰلِغِيهِ إِلَّا بِشِقِّ ٱلۡأَنفُسِۚ إِنَّ رَبَّكُمۡ لَرَءُوفٞ رَّحِيمٞ ﴿٧﴾

7 - بۇ چارۋىلار سىلەرنىڭ يۈك - تاقىلىرىڭلارنى يىراق جايلارغا كۆتۈرۈپ بارىدۇ، ئەگەر
بۇ چارۋىلار بولمىسا ئىدى، سىلەر ئەلۋەتتە كۆپ جاپا تارتىپ قالاتتىڭلار ۋە مۇشەققەت
تارتىپ ئاران يېتىپ بارالايتتىڭلار. شەكسىزكى، رەببىڭلار سىلەرگە ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر
ۋە تولىمۇ مېھرىباندۇر. چۈنكى رەببىڭلار سىلەرگە ئاشۇ چارۋىلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردى
ۋە سىلەر ھاجەت بولىدىغان ھەممە نەرسىنى تولۇقلاپ بەردى. ئاللاھ ھەمدۇساناغا ۋە
شۈكۈرگە تولىمۇ لايىقتۇر.

وَٱلۡخَيۡلَ وَٱلۡبِغَالَ وَٱلۡحَمِيرَ لِتَرۡكَبُوهَا وَزِينَةٗۚ وَيَخۡلُقُ مَا لَا تَعۡلَمُونَ ﴿٨﴾

8 - ئاللاھ سىلەرگە ئاتنى، قېچىرنى ۋە ئېشەكنى مىنىشىڭلار ئۈچۈن ۋە زىننەت ئۈچۈن
يارىتىپ بەردى، ئىمانىڭلارنى كۈچەيتىشىڭلار ۋە تېخىمۇ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن،
ئاللاھ يەنە سىلەرگە سىلەر بىلمەيدىغان قاتناش قوراللىرىنى يارىتىپ بېرىدۇ.

وَعَلَى ٱللَّهِ قَصۡدُ ٱلسَّبِيلِ وَمِنۡهَا جَآئِرٞۚ وَلَوۡ شَآءَ لَهَدَىٰكُمۡ أَجۡمَعِينَ ﴿٩﴾

9 - سىلەرنى ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن ئىسلامنى بايان قىلىپ بېرىشنى ئاللاھ ئۈستىگە
ئالغان. بەزى يوللار ئەگرى بولۇپ، توغرا يولغا ئېلىپ بارالمايدۇ، ئۇلار ئىسلامغا
زىت كېلىدىغان بارلىق يوللاردۇر. ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلىشنى خالىسا ئىدى،
ھەممىڭلارنى ئەلۋەتتە ئىمانغا مۇۋەپپەق قىلغان بولاتتى.

هُوَ ٱلَّذِيٓ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءٗۖ لَّكُم مِّنۡهُ شَرَابٞ وَمِنۡهُ شَجَرٞ فِيهِ تُسِيمُونَ ﴿١٠﴾

10 - ئاللاھ سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن سىلەر ئىچىدىغان سۇنى قىلىپ
بەرگەن، چارۋىلىرىڭلارنى باقىدىغان دەل - دەرەخلەرنى ۋە ئوتلارنى چىقىرىپ بەرگەن
زاتتۇر.

يُنۢبِتُ لَكُم بِهِ ٱلزَّرۡعَ وَٱلزَّيۡتُونَ وَٱلنَّخِيلَ وَٱلۡأَعۡنَٰبَ وَمِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗ لِّقَوۡمٖ
يَتَفَكَّرُونَ ﴿١١﴾

11 - ئاللاھ سىلەرگە شۇ بىر خىل يامغۇر بىلەن زېمىندىن تۈرلۈك زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈپ
بېرىدۇ، زەيتۇن، خورما، ئۈزۈم ۋە تۈرلۈك مېۋىلەرنى چىقىرىپ بېرىدۇ. تەپەككۇر قىلىپ
ئىبرەت ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئەلۋەتتە، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان
ئوپئوچۇق دەلىل بار.

وَسَخَّرَ لَكُمُ ٱلَّيۡلَ وَٱلنَّهَارَ وَٱلشَّمۡسَ وَٱلۡقَمَرَۖ وَٱلنُّجُومُ مُسَخَّرَٰتُۢ بِأَمۡرِهِۦٓۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ
لِّقَوۡمٖ يَعۡقِلُونَ ﴿١٢﴾

12 - ئاللاھ سىلەرگە كېچىنى ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزنى تىرىكچىلىك قىلىشىڭلار ئۈچۈن، بويسۇندۇرۇپ بەردى، كۈننى يورۇق قىلىپ، ئاينى نۇرلۇق قىلىپ بەردى، كۈن بىلەن ئاي ئارقىلىق يىللارنىڭ، ئايلارنىڭ ھېسابىنى بىلىسىلەر، يەنە باشقا پايدىلىرىمۇ بار. ئاسماندىكى يۇلتۇزلارمۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن بويسۇندۇرۇلغان بولۇپ، سىلەر يۇلتۇزلار ئارقىلىق ۋاقىتنى ھېسابلايسىلەر، مېۋە ۋە زىرائەتلەرنىڭ پىشىدىغان ۋاقتىنى بىلىسىلەر، يۇلتۇزلاردىن كېچىدە يول ماڭغانلار پايدىلىنىدۇ. شەكسىزكى، ئەقلىنى ئىشلىتىپ ئاللاھ نازىل قىلغان دەلىل - پاكىتلار ھەققىدە تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئوپئوچۇق دەلىللەر بار.

وَمَا ذَرَأَ لَكُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ مُخۡتَلِفًا أَلۡوَٰنُهُۥٓۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗ لِّقَوۡمٖ يَذَّكَّرُونَ ﴿١٣﴾

13 - ئاللاھ يەنە يەر يۈزىدە سىلەر ئۈچۈن ياراتقان چارۋا، مېۋە - چېۋە، مەدەن قاتارلىق رەڭگى ۋە مەنپەئەتلىرى ھەر خىل بولغان نەرسىلەرنىمۇ بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئىبرەت ئېلىپ، بۇ نەرسىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بېرىشتە ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ۋە ئىبادەت قىلىنىشقا تامامەن ھەقلىق ئىكەنلىكىگە ئوپئوچۇق ئالامەت بارلىقىنى بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، بۇنداق يارىتىشتا ھەمدە رەڭ ۋە مەنپەئەتلەرنىڭ ھەر خىل بولۇشىدا ئەلۋەتتە ئىبرەت بار.

وَهُوَ ٱلَّذِي سَخَّرَ ٱلۡبَحۡرَ لِتَأۡكُلُواْ مِنۡهُ لَحۡمٗا طَرِيّٗا وَتَسۡتَخۡرِجُواْ مِنۡهُ حِلۡيَةٗ تَلۡبَسُونَهَاۖ وَتَرَى ٱلۡفُلۡكَ مَوَاخِرَ فِيهِ وَلِتَبۡتَغُواْ مِن فَضۡلِهِۦ وَلَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ﴿١٤﴾

14 - ئاللاھ سىلەرنى دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ يېڭى گۆشلىرىنى يېسۇن، مەرۋايىت ۋە مارجان قاتارلىق تاقايدىغان زىننەت بۇيۇملىرىنى چىقارسۇن دەپ، سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر. سەن كېمىلەرنىڭ دېڭىزدا دولقۇن يېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ۋە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. سىلەر تىجارەت بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن بۇ كېمىلەرگە چىقىسىلەر. بۇ سىلەرنىڭ ئاللاھ ئاتا قىلغان كاتتا ئىنئاملارغا شۈكۈر قىلىشىڭلار ۋە ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

وَأَلۡقَىٰ فِي ٱلۡأَرۡضِ رَوَٰسِيَ أَن تَمِيدَ بِكُمۡ وَأَنۡهَٰرٗا وَسُبُلٗا لَّعَلَّكُمۡ تَهۡتَدُونَ ﴿١٥﴾

15 - زېمىننىڭ سىلەرنى تەۋرىتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇنىڭغا مۇستەھكەم تاغلارنى ئورۇنلاشتۇردى، سۇغا بولغان ھاجىتىڭلارنى قاندۇرۇشۇڭلار ئۈچۈن ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى، نىشانلىغان يېرىڭلارغا يېتىپ بېرىشىڭلار ئۈچۈن يوللارنى بەرپا قىلدى.

وَعَلَٰمَٰتٖۚ وَبِٱلنَّجۡمِ هُمۡ يَهۡتَدُونَ ﴿١٦﴾

16 - ئاللاھ سىلەرگە كۈندۈزدە يول ئىشارەتلىرىنى قىلىپ بەرگەندەك، كېچىدە يۇلتۇزلارنى يول كۆرسەتكۈچى قىلىپ بەردى.

أَفَمَن يَخۡلُقُ كَمَن لَّا يَخۡلُقُۚ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ﴿١٧﴾

17 - بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ۋە باشقا نەرسىلەرنىمۇ ياراتقان ئاللاھنى ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان ئاشۇ ساختا ئىلاھلارغا ئوخشاش قىلىۋالامسىلەر؟ سىلەر ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئويلاپ ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلمامسىلەر؟

وَإِن تَعُدُّواْ نِعۡمَةَ ٱللَّهِ لَا تُحۡصُوهَآۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَغَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿١٨﴾

18 - ئەگەر ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلىۋاتقان نېمەتلىرىنى سانىماقچى بولساڭلار، سانىنىڭ

ۋە تۇرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇنى ھېسابلاپ بولالمايسىلەر. شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرگە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر. چۈنكى ئاللاھ سىلەرنىڭ نېمەتكە شۈكۈر قىلىشتىكى كەمچىلىكلىرىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ، گۇناھىڭلار سەۋەبلىك نېمىتىنى سىلەردىن توختىتىپ قويمايدۇ، سىلەرنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ.

وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ مَا تُسِرُّونَ وَمَا تُعۡلِنُونَ ﴿١٩﴾

19 - ئاللاھ سىلەرنىڭ ھەممە ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، مەيلى يوشۇرۇڭلار ياكى كىشىلەرگە ئاشكارا قىلىڭلار ھەممە ئىشىڭلار ئاللاھقا ئاياندۇر، ئاللاھ شۇنىڭغا ئاساسەن سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

وَٱلَّذِينَ يَدۡعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ لَا يَخۡلُقُونَ شَيۡـٔٗا وَهُمۡ يُخۡلَقُونَ ﴿٢٠﴾

20 - مۇشرىكلار چوقۇنۇۋاتقان ساختا ئىلاھلار ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدۇ، بەلكى بۇ نەرسىلەر كاپىرلار ئۆز قوللىرى بىلەن ياسىۋالغان نەرسىلەردۇر. ئۇلار مۇشۇنداق نەرسىلەرگە قانداق ئىبادەت قىلىدۇ؟

أَمۡوَٰتٌ غَيۡرُ أَحۡيَآءٖۖ وَمَا يَشۡعُرُونَ أَيَّانَ يُبۡعَثُونَ ﴿٢١﴾

21 - ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى جانسىز نەرسىلەردۇر، ئۇ نەرسىلەردە ھاياتلىق يوق. ئۇلار ئۆزلىرىگە چوقۇنغان مۇشرىكلارنىڭ قاچان تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى ئۇقمايدۇ. ئۇ نەرسىلەر قىيامەت كۈنى مۇشرىكلار بىلەن بىللە دوزاخقا تاشلىنىدۇ.

إِلَٰهُكُمۡ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞۚ فَٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡأٓخِرَةِ قُلُوبُهُم مُّنكِرَةٞ وَهُم مُّسۡتَكۡبِرُونَ ﴿٢٢﴾

22 - سىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق بولغان ئىلاھىڭلار بىرلا ئىلاھ بولۇپ، ئۇ ئاللاھتۇر. ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئىنكار قىلغۇچىدۇر، شۇڭا ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقمايدۇ. ئۇلار ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن، يالغۇز ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتقۇچىلاردۇر.

لَا جَرَمَ أَنَّ ٱللَّهَ يَعۡلَمُ مَا يُسِرُّونَ وَمَا يُعۡلِنُونَۚ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُسۡتَكۡبِرِينَ ﴿٢٣﴾

23 - ھېچبىر شەك يوقكى، ئاللاھ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدىن، ئەمەللىرىدىن ۋە گەپ - سۆزلىرىدىن نېمىنى يوشۇرسۇن ۋە نېمىنى ئاشكارا قىلسۇن، ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ، شۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇلارغا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ئىبادەتتىن، ئىتائەتتىن باش تارتقۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئۇلارنى بۇ مۇتەكەببىرلىكى سەۋەبلىك جازالايدۇ.

وَإِذَا قِيلَ لَهُم مَّاذَآ أَنزَلَ رَبُّكُمۡ قَالُوٓاْ أَسَٰطِيرُ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٢٤﴾

24 - ئۇ مۇشرىكلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان قۇرئان ھەققىدە سورالسا، يالغان ئېيتىپ، تۆھمەت قىلىپ، «ئۇ قەدىمكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرىدىن باشقا ھېچ نەرسە ئېلىپ كەلمىدى» دېيىشىدۇ.

لِيَحۡمِلُوٓاْ أَوۡزَارَهُمۡ كَامِلَةٗ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ وَمِنۡ أَوۡزَارِ ٱلَّذِينَ يُضِلُّونَهُم بِغَيۡرِ عِلۡمٍۗ أَلَا سَآءَ مَا يَزِرُونَ ﴿٢٥﴾

25 - ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ۋە ئۆزلىرى يالغان ئېيتىپ

ئىسلامدىن ئازدۇرغان كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى تولۇق ئۈستىگە ئېلىشتىن ئىبارەت
بولىدۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ھېچقانداق نەرسە ئەپۇ قىلىنمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە
ئالغانلىقى بىلەن ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ گۇناھىدىنمۇ ھېچ نەرسە كېمىيىپ كەتمەيدۇ،
ئۇلار ئۈستىگە يۈكلىۋالغان گۇناھلار نېمىدېگەن يامان!

قَدۡ مَكَرَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡ فَأَتَى ٱللَّهُ بُنۡيَٰنَهُم مِّنَ ٱلۡقَوَاعِدِ فَخَرَّ عَلَيۡهِمُ ٱلسَّقۡفُ مِن فَوۡقِهِمۡ
وَأَتَىٰهُمُ ٱلۡعَذَابُ مِنۡ حَيۡثُ لَا يَشۡعُرُونَ ﴿٢٦﴾

26 - بۇ مۇشرىكلاردىن ئىلگىرىكى كاپىرلارمۇ ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ئۇلار ئېلىپ كەلگەن
دىنغا قارشى سۇيىقەستلەرنى پىلانلىغان ئىدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ كۇفرىدىن تۇرغۇزۇلغان
بىناسىنى تەلتۆكۈس ۋەيران قىلىۋەتتى، ئۇنىڭ ئۆگزىسى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشتى،
ئازاب ئۇلارغا ئويلىمىغان يەردىن كەلدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە مۇنداق ئازابنىڭ كېلىشىنى
خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى.

ثُمَّ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ يُخۡزِيهِمۡ وَيَقُولُ أَيۡنَ شُرَكَآءِيَ ٱلَّذِينَ كُنتُمۡ تُشَٰٓقُّونَ فِيهِمۡۚ قَالَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡعِلۡمَ
إِنَّ ٱلۡخِزۡيَ ٱلۡيَوۡمَ وَٱلسُّوٓءَ عَلَى ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٢٧﴾ ٱلَّذِينَ تَتَوَفَّىٰهُمُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ ظَالِمِيٓ أَنفُسِهِمۡۖ فَأَلۡقَوُاْ ٱلسَّلَمَ
مَا كُنَّا نَعۡمَلُ مِن سُوٓءِۭۚ بَلَىٰٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمُۢ بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٢٨﴾

27 - 28 - ئاندىن كېيىن ئاللاھ ئۇلارنى قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازاب بىلەن رەسۋا قىلىدۇ
ۋە ئۇلارغا: «سىلەر ماڭا شېرىك قىلىۋالغان ئىلاھلىرىڭلار قېنى؟ ئۇلار سىلەرگە
چۈشكەن ئازابنى توسۇۋالسىچۇ، سىلەر مۇشۇ ساختا ئىلاھلىرىڭلارنى قوغداش ئۈچۈن،
پەيغەمبەرلەرگە ۋە مۆمىنلەرگە دۈشمەن بولدۇڭلار، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلدىڭلار»
دەيدۇ. ئىلىم ئىگىلىرى بولسا: «بۈگۈن رەسۋالىق ۋە قاتتىق ئازاب ئەلۋەتتە ئاللاھنى،
ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا تېگىشلىكتۇر» دەيدۇ. ئۇ كاپىرلار
ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ ئۆزلىرىگە زىيان سېلىۋاتقان پەيتتە پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ
جېنىنى ئالىدۇ، ئۇلار ئۆلۈمنى كۆرگەندىن كېيىن ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنىدۇ ۋە
ئىلگىرى بۇتلارغا چوقۇنغانلىقىنى ئىنكار قىلىپ: «بىز ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىغان
ئىدۇق» دېيىشىدۇ. ئاندىن ئۇلارغا: «يالغان ئېيتتىڭلار، سىلەر بارچە يامان ئىشلارنى
قىلاتتىڭلار، شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرنىڭ بارلىق قىلمىشىڭلارنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.

فَٱدۡخُلُوٓاْ أَبۡوَٰبَ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ فِيهَاۖ فَلَبِئۡسَ مَثۡوَى ٱلۡمُتَكَبِّرِينَ ﴿٢٩﴾

29 - سىلەر ئەمدى، جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، ئۇنىڭدىن ھەرگىز چىقالمايسىلەر.
ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشتىن ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتقان مۇتەكەببىرلەرنىڭ
بارىدىغان جايى نېمىدېگەن يامان!» دېيىلىدۇ.

۞ وَقِيلَ لِلَّذِينَ ٱتَّقَوۡاْ مَاذَآ أَنزَلَ رَبُّكُمۡۚ قَالُواْ خَيۡرٗاۗ لِّلَّذِينَ أَحۡسَنُواْ فِي هَٰذِهِ ٱلدُّنۡيَا حَسَنَةٞۚ وَلَدَارُ
ٱلۡأٓخِرَةِ خَيۡرٞۚ وَلَنِعۡمَ دَارُ ٱلۡمُتَّقِينَ ﴿٣٠﴾

30 - ئاللاھتىن قورقىدىغان مۆمىنلەرگە: «ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نېمىلەرنى نازىل
قىلدى؟» دېيىلسە، ئۇلار: «ئاللاھ ئۇنىڭغا ياخشىلىق ۋە ھىدايەت نازىل قىلدى»
دېيىشىدۇ. بۇ دۇنيادا ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، كىشىلەرنى ئىمانغا
دەۋەت قىلغان كىشىلەر بۇ دۇنيادا كەڭ رىزىققا، ياردەم ۋە نۇسرەتكە ئېرىشىدۇ،
ئۇلار ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغان ياخشىلىقلار بۇ دۇنيانىڭ بارلىق نېمەتلىرىدىن ئەلۋەتتە
ياخشىدۇر. ئاللاھتىن قورقىدىغان تەقۋادار كىشىلەرنىڭ تۇرالغۇسى بولغان جەننەت

نېمىدېگەن گۈزەل!

جَنَّٰتُ عَدۡنٖ يَدۡخُلُونَهَا تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُۖ لَهُمۡ فِيهَا مَا يَشَآءُونَۚ كَذَٰلِكَ يَجۡزِي ٱللَّهُ ٱلۡمُتَّقِينَ ﴿٣١﴾

31 - ئۇلار قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل - دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، دائىملىق تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ، ئۇلار ئۇ جەننەتلەردىن قەتئىي چىقىرىلمايدۇ، ئۇ جەننەتلەردە ئۇلارغا كۆڭلى تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار. ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، مۇكاپاتىنى ئۈمىد قىلىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان تەقۋادار كىشىلەرنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلايدۇ.

ٱلَّذِينَ تَتَوَفَّىٰهُمُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ طَيِّبِينَ يَقُولُونَ سَلَٰمٌ عَلَيۡكُمُ ٱدۡخُلُواْ ٱلۡجَنَّةَ بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٣٢﴾

32 - پەرىشتىلەر ئۇلارنى كۇفرىدىن ۋە بارلىق گۇناھلاردىن پاك ھالىتىدە ۋاپات قىلدۇرىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇلارغا: «خۇش كەلدىڭلار، بارلىق ئازابلاردىن ئامان بولۇڭلار، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش قاتارلىق ياخشى ئەمەلىڭلار يۈزىسىدىن جەننەتكە كىرىڭلار» دەيدۇ.

هَلۡ يَنظُرُونَ إِلَّآ أَن تَأۡتِيَهُمُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ أَوۡ يَأۡتِيَ أَمۡرُ رَبِّكَۚ كَذَٰلِكَ فَعَلَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡۚ وَمَا ظَلَمَهُمُ ٱللَّهُ وَلَٰكِن كَانُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ يَظۡلِمُونَ ﴿٣٣﴾

33 - مۇشرىكلار جان ئالغۇچى پەرىشتىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ كاپىرلىق ھالىتىدە جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن كېلىشىنى ياكى ئاللاھنىڭ ئىلگىرىكى كاپىرلارنى ھالاك قىلغاندەك، ئۇلارنى ھالاك قىلىش ئەمرىنىڭ كېلىشىنىلا كۈتىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى ھالاك قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئۇۋال قىلمىدى، بەلكى ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ ئازابىغا تېگىشلىك قىلىدىغان يامان ئەمەللەرنى قىلىپ ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان ئىدى.

فَأَصَابَهُمۡ سَيِّـَٔاتُ مَا عَمِلُواْ وَحَاقَ بِهِم مَّا كَانُواْ بِهِۦ يَسۡتَهۡزِءُونَ ﴿٣٤﴾

34 - ئۇلارغا قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى چۈشتى، ئىلگىرى ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان ئازاب ئۇلارنى ھەر تەرىپىدىن قورشىۋالدى.

وَقَالَ ٱلَّذِينَ أَشۡرَكُواْ لَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ مَا عَبَدۡنَا مِن دُونِهِۦ مِن شَيۡءٖ نَّحۡنُ وَلَآ ءَابَآؤُنَا وَلَا حَرَّمۡنَا مِن دُونِهِۦ مِن شَيۡءٖۚ كَذَٰلِكَ فَعَلَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡۚ فَهَلۡ عَلَى ٱلرُّسُلِ إِلَّا ٱلۡبَلَٰغُ ٱلۡمُبِينُ ﴿٣٥﴾

35 - مۇشرىكلار: «ئەگەر ئاللاھ بىزنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىمىزنى خالىغان بولسا ئىدى، بىز ۋە ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئاللاھنى قويۇپ ھېچ نەرسىگە چوقۇنمىغان بولاتتۇق ۋە ئاللاھ ھارام قىلمىغان ھېچ نەرسىنى ھارام دېمىگەن بولاتتۇق» دېدى. بۇلاردىن ئىلگىرىكى كاپىرلارمۇ شۇنداق ئاقماس گەپلەرنى قىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يالغانچىلاردۇر. ئاللاھ ئۇلارنى ئىمان ئېيتىشقا بۇيرىدى، كۇفرىلىقتىن توستى ۋە ئۇلارغا بۇيرۇلغان ئىشنى قىلىشتا ئىختىيار ۋە كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلدى. ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتىگە ئەگەشمەي، ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقىنى داۋاملاشتۇرغانلىقىنى قازا ۋە قەدەرگە ئارتىپ قويۇشى قەتئىي توغرا ئەمەس. پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى دىننى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر.

وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَّسُولًا أَنِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ وَٱجْتَنِبُوا۟ ٱلطَّٰغُوتَ ۖ فَمِنْهُم مَّنْ هَدَى ٱللَّهُ وَمِنْهُم مَّنْ حَقَّتْ عَلَيْهِ ٱلضَّلَٰلَةُ ۚ فَسِيرُوا۟ فِي ٱلْأَرْضِ فَٱنظُرُوا۟ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلْمُكَذِّبِينَ ﴿٣٦﴾

36 ـ بىز ھەقىقەتەن ھەربىر ئۈممەتكە: «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۆزۈڭلار پەيدا قىلىۋالغان ساختا ئىلاھلاردىن يىراق تۇرۇڭلار» دەپ ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەر پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشتى، كاپىرلىقتا چىڭ تۇرىۋالغانلار ئازغۇنلۇققا تېگىشلىك بولدى. ئاللاھ ئۇلارنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلمىدى. يەر يۈزىنى كېزىڭلار، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈڭلار.

إِن تَحْرِصْ عَلَىٰ هُدَىٰهُمْ فَإِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهْدِي مَن يُضِلُّ ۖ وَمَا لَهُم مِّن نَّٰصِرِينَ ﴿٣٧﴾

37 ـ ئى پەيغەمبەر! سەن ئاشۇ مۇشرىكلارنى ھىدايەتكە باشلاش ئۈچۈن قانچىلىك تىرىشساڭمۇ، شۇنى بىلگىنكى، ئاللاھ ئازدۇرغان ئادەمنى ھىدايەت قىلمايدۇ، ئۇلارغا ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم ياردەم قىلمايدۇ ۋە ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچكىم قۇتقۇزۇپ قويالمايدۇ.

وَأَقْسَمُوا۟ بِٱللَّهِ جَهْدَ أَيْمَٰنِهِمْ ۙ لَا يَبْعَثُ ٱللَّهُ مَن يَمُوتُ ۚ بَلَىٰ وَعْدًا عَلَيْهِ حَقًّا وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٣٨﴾

38 ـ ئاشۇ مۇشرىكلار: «ئۆلۈپ جەسەتى تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەن ئادەمنى ئاللاھ تىرىلدۈرمەيدۇ» دەپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشتى. ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇلار دېگەندەك ئەمەس، بەلكى ئاللاھ بارلىق ئۆلۈكلەرنى چوقۇم تىرىلدۈرىدۇ، بۇ ئاللاھنىڭ ۋەدىسىدۇر، ئاللاھ ۋەدىسىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئاللاھنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار بۇنى ئىنكار قىلىدۇ.

لِيُبَيِّنَ لَهُمُ ٱلَّذِي يَخْتَلِفُونَ فِيهِ وَلِيَعْلَمَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟ أَنَّهُمْ كَانُوا۟ كَٰذِبِينَ ﴿٣٩﴾

39 ـ ئاللاھ بەندىلىرىگە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشتىن ئىبارەت ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان ھەقىقەتنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن، مۇئمىنلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەت ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن، كاپىرلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرمەيدۇ دەپ قەسەم ئىچىشتە شەكسىز يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، قىيامەت كۈنى جىمى بەندىلىرىنى تىرىلدۈرىدۇ.

إِنَّمَا قَوْلُنَا لِشَيْءٍ إِذَآ أَرَدْنَٰهُ أَن نَّقُولَ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ﴿٤٠﴾

40 ـ شەكسىزكى، ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرۈش بىزگە ناھايىتى ئاساندۇر. چۈنكى بىز بىرەر ئىشنى ئىرادە قىلساق، ئۇنىڭغا: «بول!» دەيمىز ـ دە، ئۇ شۇ ھامان بولىدۇ.

وَٱلَّذِينَ هَاجَرُوا۟ فِي ٱللَّهِ مِنۢ بَعْدِ مَا ظُلِمُوا۟ لَنُبَوِّئَنَّهُمْ فِي ٱلدُّنْيَا حَسَنَةً ۖ وَلَأَجْرُ ٱلْءَاخِرَةِ أَكْبَرُ ۚ لَوْ كَانُوا۟ يَعْلَمُونَ ﴿٤١﴾

41 ـ ئاللاھ يولىدا ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغان، زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ھىجرەت قىلغان كىشىلەرنى دۇنيادا چوقۇم ياخشى جايغا ئورۇنلاشتۇرىمىز، ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتى تېخىمۇ چوڭدۇر. چۈنكى ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتى جەننەتتۇر. ھىجرەتتىن قېلىپ قالغۇچىلار ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلارغا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تەييارلانغان ئىسىل

مۇكاپاتلارنى بىلسە ئىدى، ئۇلاردىن ھېچكىم ھەرگىز ھىجرەتتىن قېلىپ قالمايتتى.

ٱلَّذِينَ صَبَرُواْ وَعَلَىٰ رَبِّهِمۡ يَتَوَكَّلُونَ ﴿٤٢﴾

42 - ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغان ئاشۇ مۇھاجىرلار ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداشتا ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلارنى تاشلاشتا چىداملىق بولغان، يەتكەن بالا - قازالارغا سەۋرلىك بولغان، ئاللاھقا ئىشەنچ بىلەن تايىنىدىغان كىشىلەردۇر. شۇڭا ئۇلار مۇشۇنداق ئېسىل مۇكاپاتلارغا ۋە ئەڭ ئالىي مەرتىۋىلەرگە تېگىشلىكتۇر.

وَمَآ أَرۡسَلۡنَا مِن قَبۡلِكَ إِلَّا رِجَالٗا نُّوحِيٓ إِلَيۡهِمۡۖ فَسۡـَٔلُوٓاْ أَهۡلَ ٱلذِّكۡرِ إِن كُنتُمۡ لَا تَعۡلَمُونَ ﴿٤٣﴾

43 - ئى پەيغەمبەر! سەندىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرگە پەرىشتىلەرنى ئەمەس، پەقەت ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەرلەرنىلا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلارغا ۋەھيى قىلدۇق. ئى مۇشرىكلار! ئەگەر سىلەر بۇنى بىلمىسەڭلار، يەھۇدىيلارنىڭ ۋە خىرىستىيانلارنىڭ ئۆلىمالىرىدىن سوراڭلار. ئەگەر سىلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى بىلمىسەڭلار، ئۇلار سىلەرگە پەيغەمبەرلەرنىڭ پەرىشتە ئەمەس، بەلكى ئىنسانلار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. (بۇ ئايەت دىنىنىڭ بارلىق مەسىلىلىرىنى دىنىي ئەھكاملارنى ئوبدان بىلىدىغان ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراپ ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىپادىلەيدۇ).

بِٱلۡبَيِّنَٰتِ وَٱلزُّبُرِۗ وَأَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلذِّكۡرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيۡهِمۡ وَلَعَلَّهُمۡ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٤٤﴾

44 - بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنى ئوپئوچۇق مۆجىزىلەر ۋە مۇقەددەس كىتابلار بىلەن ئەۋەتتۇق. ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۇلارغا بايان قىلىپ بەرسۇن ۋە ئۇلار تەپەككۇر قىلىپ ھەقىقەتنى بىلىۋالسۇن، ئۇنىڭ بىلەن ھىدايەت تاپسۇن دەپ نازىل قىلدۇق.

أَفَأَمِنَ ٱلَّذِينَ مَكَرُواْ ٱلسَّيِّـَٔاتِ أَن يَخۡسِفَ ٱللَّهُ بِهِمُ ٱلۡأَرۡضَ أَوۡ يَأۡتِيَهُمُ ٱلۡعَذَابُ مِنۡ حَيۡثُ لَا يَشۡعُرُونَ ﴿٤٥﴾ أَوۡ يَأۡخُذَهُمۡ فِي تَقَلُّبِهِمۡ فَمَا هُم بِمُعۡجِزِينَ ﴿٤٦﴾ أَوۡ يَأۡخُذَهُمۡ عَلَىٰ تَخَوُّفٖ فَإِنَّ رَبَّكُمۡ لَرَءُوفٞ رَّحِيمٌ ﴿٤٧﴾

45 - 47 - ھەقىقەتكە قارشى تۈرلۈك ھىيلە - مىكىرلەرنى پىلانلىغان ئاشۇ كاپىرلار ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ قارۇننى يەرگە يۇتقۇزغاندەك يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن ياكى ئۆزلىرى ئويلىمىغان يەردىن ئازاب كېلىشىدىن ۋەياكى ئۆزلىرىنىڭ سەپەر ئۈستىدىكى چاغلىرىدا جازاغا ئۇچرىشىدىن قورقمامدۇ؟ بۇ چاغدا ئۇلار ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ ناھايىتى كۈچلۈكتۇر، ئۇنى ھېچكىم ئاجىز قىلالمايدۇ. ياكى ئۇلار ئۆزلىرىگە كېلىدىغان قاتتىق بوراندىن، پۇل - مېلىنىڭ ۋە ئاشلىقىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدىن ۋەياكى ئۆزلىرىنىڭ جازالىنىشىدىن قورقۇپ تۇرغان پەيتىدە، ئاللاھنىڭ ئۇلارنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋېتىشىدىن قورقمامدۇ؟ شەكسىزكى، رەببىڭلار بەندىلىرىگە مەرھەمەتلىكتۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

أَوَلَمۡ يَرَوۡاْ إِلَىٰ مَا خَلَقَ ٱللَّهُ مِن شَيۡءٖ يَتَفَيَّؤُاْ ظِلَٰلُهُۥ عَنِ ٱلۡيَمِينِ وَٱلشَّمَآئِلِ سُجَّدٗا لِّلَّهِ وَهُمۡ دَٰخِرُونَ ﴿٤٨﴾

48 - ئاشۇ كاپىرلار كور بولۇپ قالدىمۇ؟ ئۇلار ئاللاھ ياراتقان تاغ، دەل - دەرەخ قاتارلىق سايە تاشلايدىغان شەيئىلەرنىڭ سايىلىرىنىڭ كۈننىڭ كۈندۈزدە ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ،

بەزىدە ئۇگغا، بەزىدە سولغا مايىل بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا قارىمامدۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ۋە كاتتىلىقىغا بويسۇنىدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشى ۋە بويسۇندۇرۇشى ئاستىدا ھەرىكەت قىلىدۇ.

وَلِلَّهِ يَسۡجُدُ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِ مِن دَآبَّةٖ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ وَهُمۡ لَا يَسۡتَكۡبِرُونَ ﴿٤٩﴾

49 - ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بارچە جانلىقلار ئاللاھقا سەجدە قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. پەرىشتىلەرمۇ ئاللاھقا سەجدە قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدۇ، ئۇلار ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن قەتئىي باش تارتمايدۇ.

يَخَافُونَ رَبَّهُم مِّن فَوۡقِهِمۡ وَيَفۡعَلُونَ مَا يُؤۡمَرُونَ۩ ﴿٥٠﴾

50 - پەرىشتىلەر زاتى، قەھرى ۋە مۇكەممەل سۈپەتلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان رەببى ئاللاھتىن قورقۇپ تۇرىدۇ، ئاللاھ بۇيرۇغان تائەت-ئىبادەتنى ئورۇنداپ تۇرىدۇ. (بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ بارلىق مەخلۇقاتتىن ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە يۇقىرىلىق ۋە ئۈستۈنلۈك سۈپىتىنىڭ بارلىقى ئىسپاتلىنىدۇ).

۞ وَقَالَ ٱللَّهُ لَا تَتَّخِذُوٓاْ إِلَٰهَيۡنِ ٱثۡنَيۡنِۖ إِنَّمَا هُوَ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞ فَإِيَّٰيَ فَٱرۡهَبُونِ ﴿٥١﴾

51 - ئاللاھ بەندىلىرىگە: «سىلەر ئىككى ئىلاھقا ئىبادەت قىلماڭلار، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار پەقەت بىرلا ئىلاھتۇر. شۇڭا مەندىنلا قورقۇڭلار» دېدى.

وَلَهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَلَهُ ٱلدِّينُ وَاصِبًاۚ أَفَغَيۡرَ ٱللَّهِ تَتَّقُونَ ﴿٥٢﴾

52 - ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ياراتقۇچىسى، ئىگىسى ۋە باشقۇرغۇچىسىدۇر، تائەت - ئىبادەت، ئىخلاس ۋە بەندىچىلىك ھەمىشە ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا قىلىنىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنداق تۇرسا، سىلەر ئاللاھتىن باشقىسىدىن قورقساڭلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلساڭلار بولامدۇ؟

وَمَا بِكُم مِّن نِّعۡمَةٖ فَمِنَ ٱللَّهِۖ ثُمَّ إِذَا مَسَّكُمُ ٱلضُّرُّ فَإِلَيۡهِ تَجۡـَٔرُونَ ﴿٥٣﴾

53 - سىلەر بەھرىمەن بولۇۋاتقان ھىدايەت نېمىتى بولسۇن، ياكى تەن ساقلىق نېمىتى بولسۇن ۋەياكى رىزىقنىڭ موللۇقى، بالىلارنىڭ كۆپلۈكى دېگەندەك نېمەتلەر بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھتىندۇر. چۈنكى ئاللاھ بەندىلىرىگە نېمەت بەرگۈچى يېگانە زاتتۇر. ئاندىن سىلەرگە ئاغرىق - سىلاق، يوقسۇللۇق، قەھەتچىلىك دېگەندەك بىرەر زىيان - زەخمەت يەتسە، ئاللاھقىلا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىسىلەر.

ثُمَّ إِذَا كَشَفَ ٱلضُّرَّ عَنكُمۡ إِذَا فَرِيقٞ مِّنكُم بِرَبِّهِمۡ يُشۡرِكُونَ ﴿٥٤﴾

54 - ئاندىن ئاللاھ سىلەرگە كەلگەن بۇ زىيان - زەخمەتلەرنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاراڭلاردىن بىر بۆلۈك ئادەم شۇ ھامان رەببىگە مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرىدۇ.

لِيَكۡفُرُواْ بِمَآ ءَاتَيۡنَٰهُمۡۚ فَتَمَتَّعُواْ فَسَوۡفَ تَعۡلَمُونَ ﴿٥٥﴾

55 - ئۇلار(نىڭ شېرىك كەلتۈرۈشى) بىزنىڭ بەرگەن نېمىتىمىزگە ۋە ئۆزلىرىدىن زىيان - زەخمەتلەرنى كۆتۈرۈۋەتكەنلىكىمىزگە ناشۈكۈرلۈك قىلىش ئۈچۈندۇر. ئى كاپىرلار! سىلەر دۇنيالىقىڭلاردىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇڭلار، دۇنيالىقتىن ئېرىشكەن نەرسىلىرىڭلار زاۋال تاپماي قالمايدۇ. سىلەر كاپىرلىقىڭلارنىڭ ۋە ئاسىيلىقىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۇزاققا قالماي بىلىپ قالىسىلەر.

وَيَجْعَلُونَ لِمَا لَا يَعْلَمُونَ نَصِيبًا مِّمَّا رَزَقْنَٰهُمْ ۗ تَٱللَّهِ لَتُسْـَٔلُنَّ عَمَّا كُنتُمْ تَفْتَرُونَ ﴿٥٦﴾

56 ـ ئۇلارنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرى ماھىيىتىنى ۋە ھەقىقىتىنى بىلمەيدىغان بۇتلىرىغا بىز ئاتا قىلغان پۇل ـ مالدىن نېسىۋە ئايرىيدۇ. ئى مۇشرىكلار! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئۆزۈڭلار ئاللاھنىڭ نامىدىن توقۇپ چىققان نەرسەڭلار توغرۇلۇق قىيامەت كۈنى چوقۇم سوراققا تارتىلىسىلەر.

وَيَجْعَلُونَ لِلَّهِ ٱلْبَنَٰتِ سُبْحَٰنَهُۥ ۙ وَلَهُم مَّا يَشْتَهُونَ ﴿٥٧﴾

57 ـ كاپىرلار قىزلارنى ئاللاھقا تەۋە قىلىپ: «پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر» دەيدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تۆھمەتلىرىدىن پاكتۇر، ئۇلار ئۆزلىرىگە بولسا ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان ئوغۇللارنى تەۋە قىلىدۇ.

وَإِذَا بُشِّرَ أَحَدُهُم بِٱلْأُنثَىٰ ظَلَّ وَجْهُهُۥ مُسْوَدًّا وَهُوَ كَظِيمٌ ﴿٥٨﴾

58 ـ ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە ئايالىنىڭ قىز تۇغقانلىق خەۋىرى يەتكۈزۈلسە، ئاڭلىغان بۇ خەۋەرنى يامان كۆرگەنلىكتىن، غەزەپلىنىپ چىرايى قارىداپ كېتىدۇ ۋە چوڭقۇر غەم ـ قايغۇغا پاتىدۇ.

يَتَوَٰرَىٰ مِنَ ٱلْقَوْمِ مِن سُوٓءِ مَا بُشِّرَ بِهِۦٓ ۚ أَيُمْسِكُهُۥ عَلَىٰ هُونٍ أَمْ يَدُسُّهُۥ فِى ٱلتُّرَابِ ۗ أَلَا سَآءَ مَا يَحْكُمُونَ ﴿٥٩﴾

59 ـ ئۇلار قىز بالىسى بولدى دېگەن نومۇستىن ۋە غەم ـ قايغۇدىن قەۋمىگە كۆرۈنمەي يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. ئۇ قىزنى نومۇسقا چىداپ ساقلاپ قالامدۇ؟ ياكى ئۇنى تىرىك تۇرغۇزۇپ تۇپراققا كۆمۈۋېتەمدۇ؟ دەپ باش قاتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ قىزلار ئاللاھنىڭ، ئوغۇللار بىزنىڭ دەپ چىقارغان ھۆكۈمى نېمىدېگەن قەبىھ!

لِلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِٱلْـَٔاخِرَةِ مَثَلُ ٱلسَّوْءِ ۖ وَلِلَّهِ ٱلْمَثَلُ ٱلْأَعْلَىٰ ۚ وَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٦٠﴾

60 ـ ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلار كاپىر، نادان، ئاجىز، بىچارە، ئەقىلسىز دېگەندەك يامان سۈپەتلەرگە ئىگىدۇر، باشقىلاردىن بىھاجەت، كامالەت ئىگىسى دېگەندەك ئەڭ ئېسىل سۈپەتلەر ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، مەخلۇقاتىغا موھتاج ئەمەستۇر، پادىشاھلىقىدا غالىبتۇر، بارلىق تەدبىرلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

وَلَوْ يُؤَاخِذُ ٱللَّهُ ٱلنَّاسَ بِظُلْمِهِم مَّا تَرَكَ عَلَيْهَا مِن دَآبَّةٍ وَلَٰكِن يُؤَخِّرُهُمْ إِلَىٰٓ أَجَلٍ مُّسَمًّى ۖ فَإِذَا جَآءَ أَجَلُهُمْ لَا يَسْتَـْٔخِرُونَ سَاعَةً ۖ وَلَا يَسْتَقْدِمُونَ ﴿٦١﴾

61 ـ ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ كاپىرلىقى، يالغاننى توقۇغانلىقى تۈپەيلىدىن تېز جازالايدىغان بولسا ئىدى، يەر يۈزىدە قىمىرلاپ تۇرىدىغان ھېچبىر جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى، لېكىن ئاللاھ ئۇلارنى ئەجىلى توشقانغا قەدەر قالدۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەجىلى كەلگەن چاغدا، ئۇلار ئۇ ئەجەلدىن قىلچە كېچىكىپ قالمايدۇ، ئىلگىرىلەپمۇ كېتەلمەيدۇ.

وَيَجْعَلُونَ لِلَّهِ مَا يَكْرَهُونَ ۚ وَتَصِفُ أَلْسِنَتُهُمُ ٱلْكَذِبَ أَنَّ لَهُمُ ٱلْحُسْنَىٰ ۖ لَا جَرَمَ أَنَّ لَهُمُ ٱلنَّارَ وَأَنَّهُم مُّفْرَطُونَ ﴿٦٢﴾

62 ـ ئۇلارنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرى يامان كۆرىدىغان قىزلارنى

ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تىللىرى ‹ئەڭ ياخشى ئاقىۋەت بىزگە مەنسۇپتۇر› دەپ يالغان سۆزلەيدۇ. شەكسىزكى، ئۇلارغا ئەلۋەتتە دوزاخ بار، ئۇلار دوزاختا تاشلىنىپ قالغۇچىلاردۇر.

تَٱللَّهِ لَقَدۡ أَرۡسَلۡنَآ إِلَىٰٓ أُمَمٖ مِّن قَبۡلِكَ فَزَيَّنَ لَهُمُ ٱلشَّيۡطَٰنُ أَعۡمَٰلَهُمۡ فَهُوَ وَلِيُّهُمُ ٱلۡيَوۡمَ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿٦٣﴾

63 - ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرگىمۇ ئەلۋەتتە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ئىدۇق، ئەمما شەيتان ئۇ ئۈممەتلەرگە ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىق، بۇتلارغا چوقۇنۇش قاتارلىق يامان ئەمەللىرىنى چىرايلىق كۆرسەتتى، شەيتان دۇنيادا ئۇلارنى ئازدۇرىدىغان دوستىدۇر. ئاخىرەتتە ئۇلارغا ئەلەملىك ئازاب بار.

وَمَآ أَنزَلۡنَا عَلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ إِلَّا لِتُبَيِّنَ لَهُمُ ٱلَّذِي ٱخۡتَلَفُواْ فِيهِ وَهُدٗى وَرَحۡمَةٗ لِّقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ﴿٦٤﴾

64 - ئى پەيغەمبەر! ساڭا بىز بۇ قۇرئاننى پەقەتلا سېنىڭ كىشىلەرگە ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان دىن ئەھكاملىرىنى بايان قىلىپ بېرىشىڭ ۋە ئىمان ئېيتىدىغان قەۋمگە ھىدايەت ھەم رەھمەت بولسۇن ئۈچۈن نازىل قىلدۇق.

وَٱللَّهُ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءٗ فَأَحۡيَا بِهِ ٱلۡأَرۡضَ بَعۡدَ مَوۡتِهَآۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗ لِّقَوۡمٖ يَسۡمَعُونَ ﴿٦٥﴾

65 - ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، سۇسىزلىقتىن ئۆلگەن زېمىننى ئۇنىڭ بىلەن تىرىلدۈردى ۋە زېمىندىن ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىپ بەردى. شەكسىزكى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇشتا ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىشتە ھەق سۆزنى ئاڭلايدىغان، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن قورقىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرۈشتىن ئىبارەت قۇدرىتىگە ۋە يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئەلۋەتتە دەلىل بار.

وَإِنَّ لَكُمۡ فِي ٱلۡأَنۡعَٰمِ لَعِبۡرَةٗۖ نُّسۡقِيكُم مِّمَّا فِي بُطُونِهِۦ مِنۢ بَيۡنِ فَرۡثٖ وَدَمٖ لَّبَنًا خَالِصٗا سَآئِغٗا لِّلشَّٰرِبِينَ ﴿٦٦﴾

66 - ئى ئىنسانلار! تۆگە، كالا ۋە قوي قاتارلىق چارۋىلاردا سىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار. سىلەر كۆرۈۋاتىسىلەركى، بىز سىلەرنى ئۇ چارۋىلارنىڭ قارنىدىكى سىڭدۈرۈلگەن يېمەكلىك ۋە قان ئارىسىدىن ئايرىلىپ چىققان ساپ، لەززەتلىك ۋە سىڭىشلىك سۈت بىلەن سۇغىرىمىز.

وَمِن ثَمَرَٰتِ ٱلنَّخِيلِ وَٱلۡأَعۡنَٰبِ تَتَّخِذُونَ مِنۡهُ سَكَرٗا وَرِزۡقًا حَسَنًاۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗ لِّقَوۡمٖ يَعۡقِلُونَ ﴿٦٧﴾

67 - سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىمىزدىن بىرى، سىلەرنىڭ خورمىدىن، ئۈزۈمدىن شارابلارنى ۋە پاكىز يېمەكلىكلەرنى ياسىشىڭلاردۇر. بۇنىڭدا ئەقلىنى ئىشلىتىپ ئاللاھنىڭ دەلىل - پاكىتلىرىنى چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان دەلىللەر بار.

وَأَوۡحَىٰ رَبُّكَ إِلَى ٱلنَّحۡلِ أَنِ ٱتَّخِذِي مِنَ ٱلۡجِبَالِ بُيُوتٗا وَمِنَ ٱلشَّجَرِ وَمِمَّا يَعۡرِشُونَ ﴿٦٨﴾

68 - ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ ھەسەل ھەرىسىگە: «تاغلارغا، دەرەخلەرگە ۋە كىشىلەر ياسىغان ساندۇقلارغا ئۇۋا تۈزگىن.

ثُمَّ كُلِي مِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِ فَٱسْلُكِي سُبُلَ رَبِّكِ ذُلُلًاۚ يَخْرُجُ مِنۢ بُطُونِهَا شَرَابٌ مُّخْتَلِفٌ أَلْوَٰنُهُۥ فِيهِ شِفَآءٌ لِّلنَّاسِۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَةً لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٦٩﴾

69 ـ ئاندىن كۆكلۈك تارتقان تۈرلۈك مېۋىلەردىن يېگىن، تاغلاردا ۋە دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا رىزقىڭنى ئىزدەپ يىيىش ئۈچۈن رەببىڭ ساڭا ئوڭايلاشتۇرۇپ بەرگەن يوللاردا يۈرگىن، ئازلىق ئۇزۇن بولسىمۇ ئۇۋاڭغا قايتىشتا ئېزىپ كەتمىگىن» دەپ ئىلھام قىلدى. ھەسەل ھەرىسىنىڭ قارنىدىن ئىنسانلارغا شىپا بولىدىغان، ئاق، سېرىق ۋە قىزىل ھەر خىل رەڭلىك ھەسەل چىقىدۇ. ھەسەلدە ئىنسانلارغا شىپا بار. تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھەسەل ھەرىسىنىڭ بۇ ئىشىدا ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان دەلىللەر بار.

وَٱللَّهُ خَلَقَكُمْ ثُمَّ يَتَوَفَّىٰكُمْۚ وَمِنكُم مَّن يُرَدُّ إِلَىٰٓ أَرْذَلِ ٱلْعُمُرِ لِكَىْ لَا يَعْلَمَ بَعْدَ عِلْمٍ شَيْـًٔاۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌ قَدِيرٌ ﴿٧٠﴾

70 ـ ئاللاھ سىلەرنى ياراتتى، ئاندىن ئەجىلىڭلار توشقاندا سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاراڭلاردا ئۆمۈرنىڭ ئەڭ قېرىلىق باسقۇچىغا يېتىدىغانلارمۇ بار، ئۇلار بالىلىق ھالىتىگە ئوخشاپ قېلىپ، ئىلگىرى بىلگەنلىرىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. شەكسىزكى ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر ۋە ھەممىگە قادىردۇر، ئۇنىڭ ئىلمى ۋە قۇدرىتى ھەممە نەرسىنى قورشاپ تۇرىدۇ. ئىنساننى ئاشۇ ھالەتكە يەتكۈزۈشكە قادىر بولغان ئاللاھ ئۇلارنى ئۆلگىنىدىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر.

وَٱللَّهُ فَضَّلَ بَعْضَكُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ فِى ٱلرِّزْقِۚ فَمَا ٱلَّذِينَ فُضِّلُوا۟ بِرَآدِّى رِزْقِهِمْ عَلَىٰ مَا مَلَكَتْ أَيْمَٰنُهُمْ فَهُمْ فِيهِ سَوَآءٌۚ أَفَبِنِعْمَةِ ٱللَّهِ يَجْحَدُونَ ﴿٧١﴾

71 ـ ئاللاھ دۇنيادا سىلەرگە رىزىقنى تەقسىم قىلىشتا بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن ئارتۇق قىلدى. شۇڭا سىلەرنىڭ بەزىلىرىڭلار باي، بەزىلىرىڭلار يوقسۇل، بەزىلىرىڭلار خوجايىن، بەزىلىرىڭلار خىزمەتچى بولۇپ ياشايسىلەر. بايلىققا ئېرىشكەنلەر بايلىقنى يوقسۇللارغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن بايلىقتا ئوخشاش بولۇپ قېلىشنى خالىمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن بۇ ئىشنى راۋا كۆرمەيدىغان تۇرۇپ، ئاللاھقا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرۈشنى قانداق راۋا كۆردى؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدۇ؟ بۇ ئاللاھنىڭ نېمىتىگە قارىتا ئەڭ چوڭ ھەقسىزلىق ۋە تۇزكورلۇق قىلغانلىقتۇر.

وَٱللَّهُ جَعَلَ لَكُم مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَٰجًا وَجَعَلَ لَكُم مِّنْ أَزْوَٰجِكُم بَنِينَ وَحَفَدَةً وَرَزَقَكُم مِّنَ ٱلطَّيِّبَٰتِۚ أَفَبِٱلْبَٰطِلِ يُؤْمِنُونَ وَبِنِعْمَتِ ٱللَّهِ هُمْ يَكْفُرُونَ ﴿٧٢﴾

72 ـ ئاياللار بىلەن كۆڭلۈڭلارنى راھەتلەندۈرۈشۈڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئۆز تىپىڭلاردىن ئاياللارنى ياراتتى، سىلەرگە ئۇلاردىن ئوغۇللارنى، قىزلانى ۋە ئۇلارنىڭ نەسلىدىن نەۋرىلەرنى ئاتا قىلدى، سىلەرنى مېۋە، ئاشلىق، گۆش قاتارلىق تۈرلۈك شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردى. ئەمەلىيەت شۇنداق تۇرسىمۇ، ئۇ كاپىرلار ساختا ئىلاھلارغا ئىشىنىپ ئاللاھنىڭ سانسىز نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلامدۇ؟ ئۇلار ئىبادەتنى ئاللاھقا خاس قىلىپ ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلسا بولمامدۇ؟

وَيَعْبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَمْلِكُ لَهُمْ رِزْقًا مِّنَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ شَيْـًٔا وَلَا يَسْتَطِيعُونَ ﴿٧٣﴾

73 ـ مۇشرىكلار ئۆزلىرىگە ھېچ نەرسە قىلىپ بېرەلمەيدىغان، يا بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرەلمەيدىغان، ياكى زېمىندىن زىرائەت ئۈندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان بۇتلارغا چوقۇنىدۇ. ئۇ نەرسىلەر چوقۇنغۇچىلىرىغا قىلچە پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

فَلَا تَضۡرِبُواْ لِلَّهِ ٱلۡأَمۡثَالَۚ إِنَّ ٱللَّهَ يَعۡلَمُ وَأَنتُمۡ لَا تَعۡلَمُونَ ﴿٧٤﴾

74 ـ ئى ئىنسانلار! بۇتلارنىڭ سىلەرگە قىلچە پايدا يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەن بولساڭلار، ئاللاھقا ھېچبىر مەخلۇقاتنى ئوخشاتماڭلار، ئاللاھقا قىلىنىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئەمما سىلەر بولساڭلار غەپلەتتە بولۇپ، ئۆز خاتالىقىڭلارنىمۇ، ئاقىۋەتىڭلارنىڭ يامانلىقىنىمۇ بىلمەيسىلەر.

۞ ضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلًا عَبۡدًا مَّمۡلُوكًا لَّا يَقۡدِرُ عَلَىٰ شَيۡءٖ وَمَن رَّزَقۡنَٰهُ مِنَّا رِزۡقًا حَسَنًا فَهُوَ يُنفِقُ مِنۡهُ سِرًّا وَجَهۡرًاۖ هَلۡ يَسۡتَوُۥنَۚ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِۚ بَلۡ أَكۡثَرُهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٧٥﴾

75 ـ ئاللاھ مۇشرىكلارنىڭ ئەقىدىسىنىڭ خاتالىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق بىر مىسال كەلتۈرىدۇ: ئۆز ئالدىغا ئىش قىلالمايدىغان، ھېچ نەرسىگە ئىگە بولمىغان بىر قۇل بىلەن، ھەممە ئىشنى قىلالايدىغان، قول ئىلكىدە بار، ئاللاھ ئاتا قىلغان مال ـ دۇنيادىن ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن سەدىقە قىلىدىغان ھۆر ئادەم باراۋەرمۇ؟ ئەقلى بار ئادەم بۇ ئىككىسى ئوخشاش دەپ قارامدۇ؟ خۇددى شۇنىڭدەك، ياراتقۇچى ئاللاھ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتقا ئوخشىمايدۇ. سىلەر ئاللاھنى قانداقمۇ مەخلۇقات بىلەن باراۋەر سانايسىلەر؟ بارچە ھەمدۇسانا ئاللاھنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ بارچە مەدھىيەگە لايىقتۇر. مۇشرىكلارنىڭ تولىسى ئاللاھنىڭ ھەمدۇساناغا لايىق ئىكەنلىكىنى، بارچە نېمەتنىڭ ئاللاھتىن ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ يالغۇز ئىبادەت قىلىنىشقا تامامەن ھەقلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

وَضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلٗا رَّجُلَيۡنِ أَحَدُهُمَآ أَبۡكَمُ لَا يَقۡدِرُ عَلَىٰ شَيۡءٖ وَهُوَ كَلٌّ عَلَىٰ مَوۡلَىٰهُ أَيۡنَمَا يُوَجِّههُّ لَا يَأۡتِ بِخَيۡرٍ هَلۡ يَسۡتَوِي هُوَ وَمَن يَأۡمُرُ بِٱلۡعَدۡلِ وَهُوَ عَلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ﴿٧٦﴾

76 ـ ئاللاھ مۇشرىكلارنىڭ ئەقىدىسىنىڭ خاتالىقىغا يەنە ئىككى ئادەمنى مىسال قىلىپ كەلتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى، ھېچ ئىش قىلالمايدىغان ۋە ئىگىسىگە يۈك بولۇپ قالغان گاچا ئادەم بولۇپ، ئىگىسى ئۇنى مەيلى قانداقلا بىر ئىشقا ئەۋەتسۇن، ئۇ ھېچقانداق بىر ئىشنى بېجىرىپ پايدا ئېلىپ كېلەلمەيدۇ، يەنە بىرى، ئۆزى ساغلام، ئۆزگە ۋە باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدىغان، كىشىلەرنى ھەققانىي بولۇشقا بۇيرۇيدىغان، توغرا يولدا ماڭغان ئادەمدۇر. ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە بۇ ئىككى ئادەم باراۋەرمۇ؟ ئى مۇشرىكلار سىلەر قانداقلارچە ئاشۇ گاس، گاچا بۇتلارنى ھەممىگە قادىر، ھەممىگە رىزىق بېرىپ تۇرۇۋاتقان ئۇلۇغ ئاللاھقا تەڭ قىلىسىلەر؟

وَلِلَّهِ غَيۡبُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ وَمَآ أَمۡرُ ٱلسَّاعَةِ إِلَّا كَلَمۡحِ ٱلۡبَصَرِ أَوۡ هُوَ أَقۡرَبُۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿٧٧﴾

77 ـ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلىش ئاللاھقا خاستۇر، قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ تېزدۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

وَٱللَّهُ أَخْرَجَكُم مِّنۢ بُطُونِ أُمَّهَٰتِكُمْ لَا تَعْلَمُونَ شَيْـًٔا وَجَعَلَ لَكُمُ ٱلسَّمْعَ وَٱلْأَبْصَٰرَ وَٱلْأَفْـِٔدَةَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿٧٨﴾

78 ـ ئاللاھ سىلەرنى تۇغۇلىدىغان ۋاقتىڭلار كەلگەندە ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدىن چىقاردى، سىلەر ئۇ چاغدا ئەتراپىڭلاردىكى نەرسىلەردىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيتتىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ، سىلەرگە قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەك قاتارلىق ئەزالارنى ئاتا قىلدى.

أَلَمْ يَرَوْا۟ إِلَى ٱلطَّيْرِ مُسَخَّرَٰتٍ فِى جَوِّ ٱلسَّمَآءِ مَا يُمْسِكُهُنَّ إِلَّا ٱللَّهُ ۗ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ ﴿٧٩﴾

79 ـ مۇشرىكلار ھاۋا بوشلۇقىدا ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇچۇش ئۈچۈن بويسۇندۇرۇلغان قۇشلارنى كۆرمىدىمۇ؟ ئۇلارنى ھاۋا بوشلۇقىدا يەرگە چۈشۈپ كېتىشتىن پەقەتلا ئاللاھ تۇتۇپ تۇرىدۇ. شەكسىزكى، قۇشلارنى بۇنداق ئۇچىدىغان قىلىشتا ۋە ئۇلارنى ھاۋا بوشلۇقىدا تۇتۇپ تۇرۇشتا، كۆرگەن دەلىللەرگە ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر بار.

وَٱللَّهُ جَعَلَ لَكُم مِّنۢ بُيُوتِكُمْ سَكَنًا وَجَعَلَ لَكُم مِّن جُلُودِ ٱلْأَنْعَٰمِ بُيُوتًا تَسْتَخِفُّونَهَا يَوْمَ ظَعْنِكُمْ وَيَوْمَ إِقَامَتِكُمْ ۙ وَمِنْ أَصْوَافِهَا وَأَوْبَارِهَا وَأَشْعَارِهَآ أَثَٰثًا وَمَتَٰعًا إِلَىٰ حِينٍ ﴿٨٠﴾

80 ـ ئاللاھ سىلەرگە مۇقىم ھالەتلەردە ئۆيۈڭلارنى ئائىلە ئەزالىرىڭلار بىلەن ئارام ئالىدىغان راھەت جاي قىلىپ بەردى، سەپەرلىرىڭلاردا بولسا ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىدىن چېدىرلارنى قىلىپ بەردى، بۇ چېدىرلارنى كۆچكەن كۈنۈڭلاردىمۇ، تۇرغان كۈنۈڭلاردىمۇ ئوڭايلا توشۇپ كېتەلەيسىلەر. سىلەرگە يەنە قويلارنىڭ يۇڭلىرىدىن، تۆگىلەرنىڭ يۇڭلىرىدىن، ئۆچكىلەرنىڭ يۇڭلىرىدىن كىيىم ـ كېچەكلەرنى، بىساتلارنى ۋە باشقا ئۆي سەرەمجانلىرىنى قىلىپ بەردى. سىلەر بۇ نەرسىلەردىن مەلۇم ۋاقىتقا قەدەر پايدىلىنىسىلەر.

وَٱللَّهُ جَعَلَ لَكُم مِّمَّا خَلَقَ ظِلَٰلًا وَجَعَلَ لَكُم مِّنَ ٱلْجِبَالِ أَكْنَٰنًا وَجَعَلَ لَكُمْ سَرَٰبِيلَ تَقِيكُمُ ٱلْحَرَّ وَسَرَٰبِيلَ تَقِيكُم بَأْسَكُمْ ۚ كَذَٰلِكَ يُتِمُّ نِعْمَتَهُۥ عَلَيْكُمْ لَعَلَّكُمْ تُسْلِمُونَ ﴿٨١﴾

81 ـ ئاللاھ سىلەرگە (ھاۋانىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە) سايىدايدىغان دەل ـ دەرەخلەرنى يارىتىپ بەردى، ھاجىتىڭلار چۈشكەندە پاناھلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە تاغلاردىكى ئۆڭكۈرلەرنى خاتىرجەم جاي قىلىپ بەردى، پاختا ۋە يۇڭ قاتارلىق نەرسىلەردىن سىلەرنى ئىسسىقتىن ۋە سوغۇقتىن ساقلايدىغان كىيىملەرنى قىلىپ بەردى، تۆمۈردىن ئۇرۇشلاردا سىلەرنى قوغدايدىغان ساۋۇتلارنى تەييارلاپ بەردى. ئاللاھ سىلەرگە شۇنداق مۇكەممەل نېمەتلەرنى ئاتا قىلغاندەك، سىلەرنى ئىتائەت قىلسۇن، ئىبادەتتە ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن دەپ، دىننى مەسىلىلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىپ نېمىتىنى تاماملايدۇ.

فَإِن تَوَلَّوْا۟ فَإِنَّمَا عَلَيْكَ ٱلْبَلَٰغُ ٱلْمُبِينُ ﴿٨٢﴾

82 ـ ئى پەيغەمبەر! ئەگەر ئۇلار مۇشۇ ئايەتلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ، يەنىلا سەندىن يۈز ئۆرۈسە، سەن بۇنىڭغا قايغۇرمىغىن. چۈنكى سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەتلا دىننى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر. ئەمما ھىدايەت بىزنىڭ ئىلكىمىزدىدۇر.

يَعۡرِفُونَ نِعۡمَتَ ٱللَّهِ ثُمَّ يُنكِرُونَهَا وَأَكۡثَرُهُمُ ٱلۡكَٰفِرُونَ ٨٣

83 ـ ئاشۇ مۇشرىكلار ئاللاھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلىپ
ئەۋەتكەنلىك نېمىتىنى تونۇيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ.
ئۇلارنىڭ تولىسى ئۇنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلاردۇر.

وَيَوۡمَ نَبۡعَثُ مِن كُلِّ أُمَّةٖ شَهِيدٗا ثُمَّ لَا يُؤۡذَنُ لِلَّذِينَ كَفَرُواْ وَلَا هُمۡ يُسۡتَعۡتَبُونَ ٨٤

84 ـ ئى پەيغەمبەر! ئۇلارنى قىيامەت كۈنى بېشىغا كېلىدىغان ئەھۋاللاردىن ئاگاھلاندۇرغىن. ئۇ
چاغدا ھەربىر ئۇممەتتىن ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ
ئىمانىغا ۋە كاپىر بولغانلارنىڭ كاپىرلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگۈچى قىلىپ چىقىرىمىز.
ئۇنىڭدىن كېيىن، كاپىرلارغا قىلمىشلىرى سەۋەبلىك ئۆزرە ئېيتىشقا رۇخسەت بېرىلمەيدۇ،
ئۇلاردىن گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ ئاللاھنى رازى قىلىشمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ. (چۈنكى)
ئۇ چاغدا تەۋبە قىلىشنىڭ ۋە ياخشى ئەمەل قىلىشنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ.

وَإِذَا رَءَا ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ ٱلۡعَذَابَ فَلَا يُخَفَّفُ عَنۡهُمۡ وَلَا هُمۡ يُنظَرُونَ ٨٥

85 ـ كاپىرلار قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئازابىنى كۆرگەن چېغىدا، ئازاب ئۇلاردىن قىلچە
يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلارغا مۆھلەت بېرىلمەيدۇ ۋە ئازاب كېچىكتۈرۈلمەيدۇ.

وَإِذَا رَءَا ٱلَّذِينَ أَشۡرَكُواْ شُرَكَآءَهُمۡ قَالُواْ رَبَّنَا هَٰٓؤُلَآءِ شُرَكَآؤُنَا ٱلَّذِينَ كُنَّا نَدۡعُواْ مِن دُونِكَۖ فَأَلۡقَوۡاْ
إِلَيۡهِمُ ٱلۡقَوۡلَ إِنَّكُمۡ لَكَٰذِبُونَ ٨٦

86 ـ مۇشرىكلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرى دۇنيادا چوقۇنغان ئىلاھلىرىنى كۆرگەن چاغدا: «ئى
رەببىمىز! بۇلار بىز دۇنيادىكى ۋاقتىمىزدا چوقۇنغان بۇتلىرىمىزدۇر» دەيدۇ، بۇ چاغدا
بۇتلار زۇۋانغا كېلىپ، ئۇلارغا: «ئى مۇشرىكلار! سىلەر ھەقىقەتەن يالغانچىسىلەر،
سىلەر بىزنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرگە بىزگىمۇ
چوقۇندۇڭلار. ئەمما بىز سىلەرنى ئۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان ئەمەس، بىز ئۆزىمىزنى
چوقۇنۇشقا لايىق دەپ دەۋا قىلغانمۇ ئەمەس، بىزگە چوقۇنغانلىق گۇناھى ئۆزۈڭلاردىدۇر»
دەپ رەددىيە بېرىدۇ.

وَأَلۡقَوۡاْ إِلَى ٱللَّهِ يَوۡمَئِذٍ ٱلسَّلَمَۖ وَضَلَّ عَنۡهُم مَّا كَانُواْ يَفۡتَرُونَ ٨٧

87 ـ قىيامەت كۈنى مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھقا بويسۇنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ
ئىلاھلىرىمىز بىزگە شاپائەت قىلىدۇ دەپ، توقۇپ چىققان يالغانلىرى يوققا چىقىدۇ.

ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَصَدُّواْ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ زِدۡنَٰهُمۡ عَذَابٗا فَوۡقَ ٱلۡعَذَابِ بِمَا كَانُواْ يُفۡسِدُونَ ٨٨

88 ـ ئى پەيغەمبەر! ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى ئىنكار
قىلغان ۋە كىشىلەرنى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىشتىن توسقان
كاپىرلارنى ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلىشتىن توسۇش، گۇناھ ـ
مەئسىيەتلەر بىلەن ئازدۇرۇش قاتارلىق بۇزغۇنچىلىقلىرى سەۋەبلىك ئازاب ئۈستىگە ئازاب
قوشۇپ جازالايمىز.

وَيَوۡمَ نَبۡعَثُ فِي كُلِّ أُمَّةٖ شَهِيدًا عَلَيۡهِم مِّنۡ أَنفُسِهِمۡۖ وَجِئۡنَا بِكَ شَهِيدًا عَلَىٰ هَٰٓؤُلَآءِۚ وَنَزَّلۡنَا عَلَيۡكَ
ٱلۡكِتَٰبَ تِبۡيَٰنٗا لِّكُلِّ شَيۡءٖ وَهُدٗى وَرَحۡمَةٗ وَبُشۡرَىٰ لِلۡمُسۡلِمِينَ ٨٩

89 ـ ئى پەيغەمبەر! قىيامەت كۈنىنى ئەسلىگىن. بىز ئۇ كۈندە ھەربىر ئۇممەتكە ئۆزىنىڭ

پەيغەمبىرىنى گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرىمىز. ئى پەيغەمبەر! سېنىمۇ ئۆز ئۈممىتىڭگە گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرىمىز. بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى بايان قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ھالال - ھارام، مۇكاپات ۋە جازا قاتارلىق مەسىلىلەرنى روشەن بايان قىلغان، ئىنسانلارغا ھىدايەت، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىپ ئەمەل قىلغان مۇئمىنلەرگە رەھمەت بولغان ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكىنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقى ھەققىدە خۇش خەۋەر بەرگەن ھالدا نازىل قىلدۇق.

۞ إِنَّ ٱللَّهَ يَأۡمُرُ بِٱلۡعَدۡلِ وَٱلۡإِحۡسَٰنِ وَإِيتَآيِٕ ذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَيَنۡهَىٰ عَنِ ٱلۡفَحۡشَآءِ وَٱلۡمُنكَرِ وَٱلۡبَغۡيِۚ يَعِظُكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَذَكَّرُونَ ﴿٩٠﴾

90 - شەكسىزكى، ئاللاھ بۇ قۇرئاندا بەندىلىرىنى ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىمان ئېيتىپ،
ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۆزىگە قارىتا ئادالەتلىك ۋە ئىنساپلىق بولۇشقا، ھەربىر ھەق ئىگىسىنىڭ تېگىشلىك ھەققىنى بېرىپ، بەندىلەرگە قارىتا ئادالەتلىك ئىنساپلىق بولۇشقا بۇيرۇيدۇ، پەرزلىرىنى بۇيرۇلغان بويىچە ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىشقا، ئىنسانلارغا گەپ - سۆزدە ۋە مۇئامىلىدە دۇرۇس بولۇشقا، يېقىن تۇغقانلارغا ياردەم بېرىشكە بۇيرۇيدۇ، ھەرقانداق قەبىھ سۆز - ھەرىكەتلەردىن، ئاللاھ رازى بولمايدىغان ئىشلاردىن، گۇناھ - مەئسىيەتتىن، بارلىق يامان ئىشلاردىن ۋە كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. ئاللاھنىڭ بۇيرۇغان ۋە توسقانلىرىنى ئېسىڭلارغا ئېلىپ ئەمەل قىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ بۇ ئەمر - پەرمانلىرى ۋە بۇ چەكلىمىلىرى ئارقىلىق سىلەرگە پەند - نەسىھەت قىلىدۇ.

وَأَوۡفُواْ بِعَهۡدِ ٱللَّهِ إِذَا عَٰهَدتُّمۡ وَلَا تَنقُضُواْ ٱلۡأَيۡمَٰنَ بَعۡدَ تَوۡكِيدِهَا وَقَدۡ جَعَلۡتُمُ ٱللَّهَ عَلَيۡكُمۡ كَفِيلًاۚ إِنَّ ٱللَّهَ يَعۡلَمُ مَا تَفۡعَلُونَ ﴿٩١﴾

91 - سىلەر مەيلى ئاللاھقا بەرگەن ئەھدەڭلارغا بولسۇن ياكى بىر - بىرىڭلار بىلەن قىلىشقا
ئەھدەڭلارغا بولسۇن، ئىشقىلىپ قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ روھىغا زىت كەلمەيدىغان ھەر قانداق ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ پۇختىلىغان قەسەمڭلارنى ھەرگىز بۇزماڭلار. چۈنكى سىلەر قەسەم قىلغان چېغىڭلاردا ئۇنىڭغا ئاللاھنى كېپىل قىلدىڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ قىلغان ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

وَلَا تَكُونُواْ كَٱلَّتِي نَقَضَتۡ غَزۡلَهَا مِنۢ بَعۡدِ قُوَّةٍ أَنكَٰثٗا تَتَّخِذُونَ أَيۡمَٰنَكُمۡ دَخَلَۢا بَيۡنَكُمۡ أَن تَكُونَ أُمَّةٌ هِيَ أَرۡبَىٰ مِنۡ أُمَّةٍۚ إِنَّمَا يَبۡلُوكُمُ ٱللَّهُ بِهِۦۚ وَلَيُبَيِّنَنَّ لَكُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ مَا كُنتُمۡ فِيهِ تَخۡتَلِفُونَ ﴿٩٢﴾

92 - قەسەمڭلارنى ۋە ۋەدەڭلارنى بۇزماڭلار، ئۇ چاغدا سىلەر يىپ ئېگىرىپ، ئۇنى
پىششىقلىغاندىن كېيىن چۇۋۇۋەتكەن ئايالغا ئوخشاپ قالىسىلەر. قەسەمڭلارنى ئالدامچىلىقنىڭ ۋاستىسى قىلىۋېلىپ، سىلەر ۋەدىلەشكەن جامائەدىن كۆپرەك پۇل بېرىدىغان جامائەنى تاپقان چاغدا بۇرۇنقى ۋەدەڭلارنى بۇزماڭلار. ئاللاھ سىلەرنى ۋەدىگە ۋاپا قىلىشقا بۇيرۇش ۋە ۋەدىنى بۇزۇشتىن توسۇش بىلەن سىنايدۇ، سىلەر دۇنيادا ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىشتىن ئىبارەت سىلەر تالاش - تارتىش قىلىشۋاتقان بۇ مەسىلىنى قىيامەت كۈنى ئاللاھ سىلەرگە چوقۇم ئوچۇقلاپ بېرىدۇ.

وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ لَجَعَلَكُمۡ أُمَّةٗ وَٰحِدَةٗ وَلَٰكِن يُضِلُّ مَن يَشَآءُ وَيَهۡدِي مَن يَشَآءُۚ وَلَتُسۡـَٔلُنَّ عَمَّا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٩٣﴾

93 ـ ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنى ئىسلامدىن ئىبارەت بىرلا دىندا قىلاتتى. لېكىن ئاللاھ خالىغان ئادەمنى ئۇنىڭ ھىدايەت تاپمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆز ئازغۇنلۇقىدا قالدۇرۇپ قويىدۇ، ئۇنى ھىدايەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنى ئۇنىڭ ھىدايەتنى خالايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆز پەزلىدىن ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. قىيامەت كۈنى سىلەر بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ۋە يامان بارلىق ئەمەللىرىڭلار ئۈستىدە سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر. ئاللاھ شۇنىڭغا ئاساسەن سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

وَلَا تَتَّخِذُوٓاْ أَيۡمَٰنَكُمۡ دَخَلَۢا بَيۡنَكُمۡ فَتَزِلَّ قَدَمُۢ بَعۡدَ ثُبُوتِهَا وَتَذُوقُواْ ٱلسُّوٓءَ بِمَا صَدَدتُّمۡ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ وَلَكُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٞ ﴿٩٤﴾

94 ـ قەسەمڭلارنى بىر ـ بىرىڭلارنى ئالداشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالماڭلار، چۈنكى ئەگەر سىلەر قەسەم قىلىپ كىشىلەرنى ئالدىساڭلار، مەزمۇت تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن پۇتى تېيىپ كەتكەن ئادەمدەك خاتىرجەم ھاياتىڭلارنى ھالاكەتكە تاشلايسىلەر. بۇ قىلمىشىڭلار ئارقىلىق كىشىلەرگە يامان ئۈرنەك بولۇپ، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ دىنىدىن توسۇشقا سەۋەب بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن، بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىسىلەر، ئاخىرەتتە بولسا چوڭ ئازابقا قالىسىلەر.

وَلَا تَشۡتَرُواْ بِعَهۡدِ ٱللَّهِ ثَمَنٗا قَلِيلًاۚ إِنَّمَا عِندَ ٱللَّهِ هُوَ خَيۡرٞ لَّكُمۡ إِن كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ﴿٩٥﴾

95 ـ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس مال ـ دۇنياسىغا ئالدىنىپ، ئاللاھقا بەرگەن ئەھدەڭلارنى بۇزماڭلار! ئەگەر بىلسەڭلار، ئاللاھنىڭ ئەھدىگە ۋاپا قىلغانلارغا بېرىدىغان مۇكاپاتى سىلەر ئۈچۈن بۇ ئەرزىمەس نەرسىدىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر.

مَا عِندَكُمۡ يَنفَدُ وَمَا عِندَ ٱللَّهِ بَاقٖۗ وَلَنَجۡزِيَنَّ ٱلَّذِينَ صَبَرُوٓاْ أَجۡرَهُم بِأَحۡسَنِ مَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿٩٦﴾

96 ـ سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىكى مال ـ دۇنيا تۈگەپ كېتىدۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپاتلار ۋە نېمەتلەر ھەرگىز تۈگىمەيدۇ. ئەھدىگە ۋاپا قىلىش قاتارلىق دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش يولىدا چىداملىق بولغانلارنىڭ مۇكاپاتىنى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بويىچە بېرىمىز، يەنى ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاددىي ئەمەلگىمۇ ئەڭ كاتتا ئەمەلگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتنى بېرىمىز.

مَنۡ عَمِلَ صَٰلِحٗا مِّن ذَكَرٍ أَوۡ أُنثَىٰ وَهُوَ مُؤۡمِنٞ فَلَنُحۡيِيَنَّهُۥ حَيَوٰةٗ طَيِّبَةٗۖ وَلَنَجۡزِيَنَّهُمۡ أَجۡرَهُم بِأَحۡسَنِ مَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿٩٧﴾

97 ـ مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، كىمكى ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان ئىمانى مۇستەھكەم ھالدا ياخشى ئەمەل قىلسا، گەرچە ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسى ئاز بولسىمۇ، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە كۆڭۈللۈك بىر ھاياتتا ياشىتىمىز ۋە ئاخىرەتتە ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ مۇكاپاتىنى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بويىچە بېرىمىز.

فَإِذَا قَرَأۡتَ ٱلۡقُرۡءَانَ فَٱسۡتَعِذۡ بِٱللَّهِ مِنَ ٱلشَّيۡطَٰنِ ٱلرَّجِيمِ ﴿٩٨﴾

98 ـ ئى مۇئمىن! ئەگەر سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولساڭ، «ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىم» دەپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغان لەنەتتى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن

ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىگىن.

إِنَّهُۥ لَيۡسَ لَهُۥ سُلۡطَٰنٌ عَلَى ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَلَىٰ رَبِّهِمۡ يَتَوَكَّلُونَ ﴿٩٩﴾

99 - شەكسىزكى، شەيتان ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ھەر ئىشتا ئاللاھقا تايانغان كىشىلەرنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ.

إِنَّمَا سُلۡطَٰنُهُۥ عَلَى ٱلَّذِينَ يَتَوَلَّوۡنَهُۥ وَٱلَّذِينَ هُم بِهِۦ مُشۡرِكُونَ ﴿١٠٠﴾

100 - شەيتان پەقەتلا ئۇنى ئۆزىگە مەدەتكار قىلىۋالغان ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش بىلەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەملەرنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلالايدۇ.

وَإِذَا بَدَّلۡنَآ ءَايَةٗ مَّكَانَ ءَايَةٖ وَٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِمَا يُنَزِّلُ قَالُوٓاْ إِنَّمَآ أَنتَ مُفۡتَرِۭۚ بَلۡ أَكۡثَرُهُمۡ لَا
يَعۡلَمُونَ ﴿١٠١﴾

101 - بىز بىر ئايەتنى يەنە بىر ئايەتنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرغىنىمىزدا - ئاللاھ بەندىلىرىگە قايسى ۋاقىتتا قايسى ھۆكۈمنىڭ ئەڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ - كاپىرلار: «ئى مۇھەممەد! سەن ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇۋاتىسەن» دەيدۇ، ئۇنداق ئەمەس، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس. بەلكى ئۇ كاپىرلارنىڭ تولىسى ئۆزلىرىنىڭ رەببىنى ۋە ئۇنىڭ دىنىنى بىلمەيدۇ.

قُلۡ نَزَّلَهُۥ رُوحُ ٱلۡقُدُسِ مِن رَّبِّكَ بِٱلۡحَقِّ لِيُثَبِّتَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَهُدٗى وَبُشۡرَىٰ لِلۡمُسۡلِمِينَ ﴿١٠٢﴾

102 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «قۇرئاننى مەن توقۇپ چىقمىدىم، بەلكى ئۇنى جىبرىل مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانىنى مۇستەھكەم قىلىش، مۇسۇلمانلارنى توغرا يولغا باشلاش ۋە ئۇلارغا خۇش خەۋەر بېرىش ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە راستچىللىق بىلەن ئېلىپ چۈشتى».

وَلَقَدۡ نَعۡلَمُ أَنَّهُمۡ يَقُولُونَ إِنَّمَا يُعَلِّمُهُۥ بَشَرٞۗ لِّسَانُ ٱلَّذِي يُلۡحِدُونَ إِلَيۡهِ أَعۡجَمِيّٞ وَهَٰذَا لِسَانٌ
عَرَبِيّٞ مُّبِينٌ ﴿١٠٣﴾

103 - بىز مۇشرىكلارنىڭ: «مۇھەممەدكە قۇرئاننى بىر ئىنسان ئۆگىتىپ تۇرىدۇ» دېگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمىز. ھالبۇكى ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننى ئۆگەتكەن دەپ تۆھمەت قىلغان ئادەم ئەرەب ئەمەس، ئۇ ئەرەب تىلىنى بىلمەيدۇ، قۇرئان بولسا ئاشكارا ئەرەب تىلىدىكى بىر كىتابتۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ لَا يَهۡدِيهِمُ ٱللَّهُ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿١٠٤﴾

104 - شەكسىزكى، قۇرئانغا ئىشەنمەيدىغانلارنى ئاللاھ ھەقىقەتكە يېتىشكە مۇۋەپپەق قىلمايدۇ، ئاخىرەتتە ئۇلارغا ئەلەملىك ئازاب بار.

إِنَّمَا يَفۡتَرِي ٱلۡكَذِبَ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡكَٰذِبُونَ ﴿١٠٥﴾

105 - يالغاننى پەقەت ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلار توقۇيدۇ. ئەنە ئاشۇلار يالغانچىلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يالغان ئېيتىشى ۋە ئاللاھ ئېيتمىغان سۆزلەرنى ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

مَن كَفَرَ بِٱللَّهِ مِنۢ بَعۡدِ إِيمَٰنِهِۦٓ إِلَّا مَنۡ أُكۡرِهَ وَقَلۡبُهُۥ مُطۡمَئِنُّۢ بِٱلۡإِيمَٰنِ وَلَٰكِن مَّن شَرَحَ

بِٱلْكُفْرِ صَدْرًا فَعَلَيْهِمْ غَضَبٌ مِّنَ ٱللَّهِ وَلَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴿١٠٦﴾

106 - ئاللاھقا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىماندىن يېنىۋالغان ۋە كۇفرى سۆزنى قىلغان كاپىرلاردىن باشقىسى يالغاننى توقۇمايدۇ، مۇنداقلار ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ. ئەمما كۇفرى سۆزنى ئېيتىشقا مەجبۇرلانغانلىقتىن، قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرۇپ، ھالاك بولۇپ كېتىشتىن قورقۇپ ئۆزىنىڭ ئىماندىن يېنىۋالغانلىقىنى بىلدۈرگەن كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. لېكىن كىمكى كۇفرى سۆزنى كۆڭلىدىن ئېيتىدىكەن، مۇنداقلار ئاللاھنىڭ قاتتىق غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، ئۇلارغا ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بار.

ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمُ ٱسْتَحَبُّوا۟ ٱلْحَيَوٰةَ ٱلدُّنْيَا عَلَى ٱلْـَٔاخِرَةِ وَأَنَّ ٱللَّهَ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿١٠٧﴾

107 - بۇ ئۇلارنىڭ دۇنيانىڭ مەنپەئەتىنى ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتلىرىدىن ئارتۇق كۆرگەنلىكى ئۈچۈندۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھەقىقەتكە ۋە توغرىلىققا مۇۋەپپەق قىلمايدۇ.

أُو۟لَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ طَبَعَ ٱللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ وَسَمْعِهِمْ وَأَبْصَٰرِهِمْ ۖ وَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْغَٰفِلُونَ ﴿١٠٨﴾

108 - ئەنە شۇلار ئاللاھ دىللىرىنى كۇفرىلىققا ۋە دۇنيالىقنى ئاخىرەتلىكتىن ئەۋزەل كۆرۈشكە پېچەتلىۋەتكەن كىشىلەردۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ دىلىغا ھىدايەتنىڭ نۇرى كىرمەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىنى ھەق سۆزنى ئاڭلىمايدىغان قىلىپ قويغان بولۇپ، شۇڭا ئۇلار قۇرئان ئايەتلىرىنى ھەققانىي مەيداندا تۇرۇپ ئاڭلىمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىۋەتكەن بولۇپ، شۇڭا ئۇلار ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان كائىنات دەلىللىرىنى كۆرمەيدۇ. ئەنە شۇلار ئاخىرەتتە ئۆزلىرىگە تەييارلانغان ئازابتىن غەپلەتتىدۇر.

لَا جَرَمَ أَنَّهُمْ فِى ٱلْـَٔاخِرَةِ هُمُ ٱلْخَٰسِرُونَ ﴿١٠٩﴾

109 - شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئاخىرەتتە چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردۇر. (چۈنكى) ئۇلار ئۆمرىنى ئۆزلىرىگە ئازاب ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلارغا سەرپ قىلغان ئادەملەردۇر.

ثُمَّ إِنَّ رَبَّكَ لِلَّذِينَ هَاجَرُوا۟ مِنۢ بَعْدِ مَا فُتِنُوا۟ ثُمَّ جَٰهَدُوا۟ وَصَبَرُوٓا۟ إِنَّ رَبَّكَ مِنۢ بَعْدِهَا لَغَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١١٠﴾

110 - ئاندىن ئى پەيغەمبەر! ھەقىقەتەن رەببىڭ مەككىدە مۇشرىكلار ئىماندىن ياندۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق ئازابلىغاندىن كېيىن، قەلبى ئىماندا مۇستەھكەم تۇرغان ھالدا كۇفرى سۆزنى ئاغزاكى ئېيتىپ قويغان، ئاندىن ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان، ئاندىن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان ۋە دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشتا چىداملىق بولغان كىشىلەرنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

۞ يَوْمَ تَأْتِى كُلُّ نَفْسٍ تُجَٰدِلُ عَن نَّفْسِهَا وَتُوَفَّىٰ كُلُّ نَفْسٍ مَّا عَمِلَتْ وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ ﴿١١١﴾

111 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا قىيامەتنى ئەسلەتكىن. ئۇ كۈندە ھەربىر ئادەم ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن تىرىشىدۇ، بارلىق ئۆزرىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ھەربىر ئادەمگە قىلغان ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتى ياكى جازاسى كەم - زىيادە قىلىنماي تولۇق بېرىلىدۇ، ئۇلارغا قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى جازاسى كۆپەيتىلمەيدۇ، مۇكاپاتى كېمەيتىلمەيدۇ).

وَضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلًا قَرْيَةً كَانَتْ ءَامِنَةً مُّطْمَئِنَّةً يَأْتِيهَا رِزْقُهَا رَغَدًا مِّن كُلِّ مَكَانٍ فَكَفَرَتْ

بِأَنْعُمِ ٱللَّهِ فَأَذَٰقَهَا ٱللَّهُ لِبَاسَ ٱلْجُوعِ وَٱلْخَوْفِ بِمَا كَانُوا۟ يَصْنَعُونَ ﴿١١٢﴾

112 - ئاللاھ مەككە شەھرىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرىدۇ، بۇ شەھەر دۈشمەندىن ئامان، رىزقىنىڭ تارلىشىپ قېلىشىدىن خاتىرجەم بايىاشاتلىق بىر شەھەر ئىدى، ئۇنىڭ رىزقى تەرەپ - تەرەپتىن كەڭتاشا كېلىپ تۇراتتى. شۇنداق تۇرسىمۇ، بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلدى، ئاللاھقا شۈكۈر قىلمىدى، رىزىق بەرگەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلماي، بۇتلارغا چوقۇندى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنى ئاچارچىلىق بىلەن جازالىدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام باشچىلىقىدىكى ئىسلام قوشۇنى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خاتىرجەملىكىنى ئەنسىزلىككە ئايلاندۇرۇپ قويىدى. بۇ جازالارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ كاپىرلىقى ۋە گۇناھ - مەئسىيەتلىرى تۈپەيلىدىن بولدى.

وَلَقَدْ جَآءَهُمْ رَسُولٌ مِّنْهُمْ فَكَذَّبُوهُ فَأَخَذَهُمُ ٱلْعَذَابُ وَهُمْ ظَٰلِمُونَ ﴿١١٣﴾

113 - ئاللاھ مەككىلىكلەرگە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتى. ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. مەككىلىكلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبىنى، گۈزەل ئەخلاقىنى ۋە راستچىللىقىنى ئوبدان بىلىپ تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭغا كەلگەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىدى، ئۇنىڭ: «مەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى» دېگەن سۆزىگە ئىشەنمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭ دىنىدىن توسۇش ئارقىلىق ئۆزىگە زۇلۇم قىلىۋاتقان بىر پەيتتە، ئاچارچىلىق بىلەن، قورقۇنچ بىلەن ۋە كاتتىباشلىرىنى بەدرى ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈش بىلەن قاتتىق جازالىدى.

فَكُلُوا۟ مِمَّا رَزَقَكُمُ ٱللَّهُ حَلَٰلًا طَيِّبًا وَٱشْكُرُوا۟ نِعْمَتَ ٱللَّهِ إِن كُنتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ ﴿١١٤﴾

114 - ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھ سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال، شېرىن يېمەكلىكلەردىن يەڭلار، ئەگەر ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمەتلىرىنى تونۇش ۋە ئۇنى ئاللاھ رازى بولىدىغان ئىشلارغا ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىڭلار.

إِنَّمَا حَرَّمَ عَلَيْكُمُ ٱلْمَيْتَةَ وَٱلدَّمَ وَلَحْمَ ٱلْخِنزِيرِ وَمَآ أُهِلَّ لِغَيْرِ ٱللَّهِ بِهِۦ ۖ فَمَنِ ٱضْطُرَّ غَيْرَ بَاغٍ وَلَا عَادٍ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١١٥﴾

115 - ئاللاھ سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، بوغۇزلانغان ھايۋاندىن ئېقىتىلغان قاننى، چوشقا گۆشىنى، ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى ھارام قىلدى. لېكىن ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىش خەۋپى تۇغۇلغاندا، ئىلاجسىزلىقتىن مۇشۇ ھارام نەرسىلەردىن ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك مىقداردىن ئاشۇرۇۋەتمەي يېسە، ئاللاھ ئۇنى بۇ ئىشى سەۋەبلىك جازالىمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ ئۇنى ناھايىتى بەك مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇنىڭغا تولىمۇ مېھرىباندۇر.

وَلَا تَقُولُوا۟ لِمَا تَصِفُ أَلْسِنَتُكُمُ ٱلْكَذِبَ هَٰذَا حَلَٰلٌ وَهَٰذَا حَرَامٌ لِّتَفْتَرُوا۟ عَلَى ٱللَّهِ ٱلْكَذِبَ ۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَفْتَرُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلْكَذِبَ لَا يُفْلِحُونَ ﴿١١٦﴾

116 - ئى مۇشرىكلار! ئاغزىڭلارغا كەلگەن يالغاننى ئويدۇرۇپ، ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسىنى ھارام، ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىنى ھالال دېمەڭلار، چۈنكى، مۇنداق دېسەڭلار، ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇغان بولىسىلەر، شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىغا ئېرىشەلمەيدۇ.

مَتَٰعٞ قَلِيلٞ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿١١٧﴾

117 - ئۇلارنىڭ دۇنيادا ئېرىشىدىغان نەرسىسى ئازغىنە مەنپەئەتتۇر. ئاخىرەتتە ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار.

وَعَلَى ٱلَّذِينَ هَادُواْ حَرَّمۡنَا مَا قَصَصۡنَا عَلَيۡكَ مِن قَبۡلُۖ وَمَا ظَلَمۡنَٰهُمۡ وَلَٰكِن كَانُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ يَظۡلِمُونَ ﴿١١٨﴾

118 - ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا بايان قىلغان نەرسىلەرنى ئىلگىرى يەھۇدىيلارغا ھارام قىلغان ئىدۇق[1]، ئۇلار تىرناقلىق ھايۋانلارنىڭ گۆشى، كالا ۋە قويلارنىڭ دۇمبىسىدىكى، ئۈچەيلىرىدىكى ۋە سۆڭەككە چاپلىشقىلىق ياغلىرىدىن باشقا ياغلىرىدۇر. بىز يەھۇدىيلارغا بۇ نەرسىلەرنى ھارام قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئۇۋال قىلمىدۇق، لېكىن ئۇلار نېمەتكە كۇفرىلىق قىلىش ۋە گۇناھ - مەئسىيەتتە ھەددىدىن ئېشىش بىلەن ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جازاغا تېگىشلىك بولدى.

ثُمَّ إِنَّ رَبَّكَ لِلَّذِينَ عَمِلُواْ ٱلسُّوٓءَ بِجَهَٰلَةٖ ثُمَّ تَابُواْ مِنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَ وَأَصۡلَحُوٓاْ إِنَّ رَبَّكَ مِنۢ بَعۡدِهَا لَغَفُورٞ رَّحِيمٌ ﴿١١٩﴾

119 - ئاندىن گۇناھ - مەئسىيەتلەرنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراشقا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەنلىكتىن ياكى بىلگەن بولسىمۇ ئاددىي سانىغانلىقتىن گۇناھ - مەئسىيەت سادىر قىلىپ، كېيىن گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغان، ئاندىن ئۆزىنى ھەم ئەخلاقىنى تۈزەتكەن كىشىلەرگە كەلسەك، ھەقىقەتەن رەببىڭ ئۇلار تەۋبە قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە ئۇلارغا ناھايىتى رەھىم قىلغۇچىدۇر.

إِنَّ إِبۡرَٰهِيمَ كَانَ أُمَّةٗ قَانِتٗا لِّلَّهِ حَنِيفٗا وَلَمۡ يَكُ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ﴿١٢٠﴾

120 - شەكسىزكى، ئىبراھىم ياخشى ئىشلاردا پېشۋا ئىدى، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچى ۋە بويسۇنغۇچى ئىدى، ئۇ ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلاتتى، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەيتتى، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى بولغان ئىسلام دىنىدا مۇستەھكەم ئىدى.

شَاكِرٗا لِّأَنۡعُمِهِۚ ٱجۡتَبَىٰهُ وَهَدَىٰهُ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ﴿١٢١﴾

121 - ئىبراھىم ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغۇچى ئىدى. ئاللاھ ئۇنى پەيغەمبەرلىككە تاللىدى ۋە ئىسلامدىن ئىبارەت توغرا يولغا يېتەكلىدى.

وَءَاتَيۡنَٰهُ فِي ٱلدُّنۡيَا حَسَنَةٗۖ وَإِنَّهُۥ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ لَمِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٢٢﴾

122 - ئۇنىڭغا دۇنيادا ياخشى پەرزەنت، كېيىنكىلەرنىڭ مەدھىيەسىگە سازاۋەر بولۇش ۋە ئۇلارغا ئۈلگە بولۇشتىن ئىبارەت كاتتا ياخشىلىق ئاتا قىلدۇق، شەك - شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتتىمۇ ئۇ ئەلۋەتتە ياخشىلارنىڭ قاتارىدا ۋە مەرتىۋىلىك زاتلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ.

ثُمَّ أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ أَنِ ٱتَّبِعۡ مِلَّةَ إِبۡرَٰهِيمَ حَنِيفٗاۖ وَمَا كَانَ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ﴿١٢٣﴾

123 - ئى پەيغەمبەر! ئاندىن بىز ساڭا: «ئىبراھىم ئىسلام دىنىغا ئەگەشكەندەك، سەنمۇ

[1] ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بايان قىلىنغان نەرسىلەردىن ئەنئام سۈرىسىنىڭ 146 - ئايىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. (تەپسىر جەلالەيىن شەرھى، 4 - توم، 277 - بەت).

ئۇنىڭغا ئىزچىل ئەگەشكىن، ئۇنىڭدا مۇستەھكەم تۇرغىن، ئۇنىڭدىن ھەرگىز بۇرۇلۇپ كەتمىگىن. شەكسىزكى، ئىبراھىم ئاللاھقا مەخلۇقاتنى شېرىك قىلغۇچىلاردىن ئەمەس ئىدى» دەپ ۋەھيى قىلدۇق.

إِنَّمَا جُعِلَ ٱلسَّبْتُ عَلَى ٱلَّذِينَ ٱخْتَلَفُواْ فِيهِۚ وَإِنَّ رَبَّكَ لَيَحْكُمُ بَيْنَهُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ فِيمَا كَانُواْ فِيهِ يَخْتَلِفُونَ ﴿١٢٤﴾

124 - ئاللاھ شەنبە كۈنى ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇش ئارقىلىق ئۇ كۈننى ئۇلۇغلاشنى پەقەت ئۇ كۈن توغرۇلۇق پەيغەمبىرى بىلەن ئىختىلاپلاشقان ۋە ئۇلۇغلاشقا بۇيرۇلغان جۈمە كۈنىنىڭ ئورنىغا شەنبە كۈننى تاللىغان يەھۇدىيلار ئۈچۈنلا بەلگىلىدى. ئى پەيغەمبەر! شەكسىزكى، رەببىڭ قىيامەت كۈنى ئۇلار پەيغەمبىرى بىلەن ئىختىلاپلاشقان ئىش توغرىسىدا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چوقۇم ھۆكۈم چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە تېگىشلىك بولغان جازاسىنى بېرىدۇ.

ٱدْعُ إِلَىٰ سَبِيلِ رَبِّكَ بِٱلْحِكْمَةِ وَٱلْمَوْعِظَةِ ٱلْحَسَنَةِۖ وَجَٰدِلْهُم بِٱلَّتِي هِيَ أَحْسَنُۚ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعْلَمُ بِمَن ضَلَّ عَن سَبِيلِهِۦ وَهُوَ أَعْلَمُ بِٱلْمُهْتَدِينَ ﴿١٢٥﴾

125 - ئى پەيغەمبەر! سەن ۋە ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەر كىشىلەرنى رەببىڭلارنىڭ دىنىغا ۋە ئۇنىڭ توغرا يولىغا قۇرئاندا ساڭا ۋەھيى قىلىنغان ھېكمەتلىك ئۇسلۇب بىلەن دەۋەت قىلىڭلار. كىشىلەرگە مۇناسىپ ئۇسلۇبتا گەپ قىلىڭلار، ئۇلارغا ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا رىغبەتلەندۈرىدىغان، يامان ئىشلاردىن نەپرەتلەندۈرىدىغان ياخشى سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلىڭلار. ئۇلار بىلەن يۇمشاق، سىلىق ئۇسۇلدا ئەڭ ياخشى رەۋىشتە مۇنازىرىلىشىڭلار. ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئىسلام دىنىنى كىشىلەرگە تولۇق يەتكۈزۈشتىنلا ئىبارەتتۇر. سەن ئۇنى تولۇق يەتكۈزدۈڭ. ئەمما ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش ئاللاھقا خاس ئىشتۇر، ئاللاھ توغرا يولدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.

وَإِنْ عَاقَبْتُمْ فَعَاقِبُواْ بِمِثْلِ مَا عُوقِبْتُم بِهِۦۖ وَلَئِن صَبَرْتُمْ لَهُوَ خَيْرٌ لِّلصَّٰبِرِينَ ﴿١٢٦﴾

126 - ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەر سىلەرگە تاجاۋۇز قىلغانلارنى جازالىماقچى بولساڭلار، ئۇلارنى سىلەرگە قىلغان يامانلىقىدىن ئارتۇق جازالىماڭلار، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر، رەببىڭلار سەۋر قىلىپ باشقىلارنى كەچۈرۈۋەتكەنلەرنى بۇ دۇنيادا نۇسرەت ۋە غەلىبە بىلەن، ئاخىرەتتە كاتتا ئەجىر - ساۋاب بىلەن مۇكاپاتلايدۇ.

وَٱصْبِرْ وَمَا صَبْرُكَ إِلَّا بِٱللَّهِۚ وَلَا تَحْزَنْ عَلَيْهِمْ وَلَا تَكُ فِي ضَيْقٍ مِّمَّا يَمْكُرُونَ ﴿١٢٧﴾

127 - ئى پەيغەمبەر! ساڭا بىر چىقىش يولى تېپىلغانغا قەدەر، ئاللاھ يولىدا ساڭا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىپ تۇرغىن. سېنىڭ سەۋرچانلىقىڭ پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەنلا بولىدۇ، سېنى سەۋرچانلىققا يېتەكلەيدىغان ۋە قەلبىڭنى ئۇنىڭدا مۇستەھكەم قىلىدىغان زات ئاللاھتۇر. سېنىڭ دەۋىتىڭگە قۇلاق سالمىغان ۋە ساڭا قارشى مەيداندا تۇرغانلار ئۈچۈن قايغۇرمىغىن، ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىدىن يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن. چۈنكى ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى چوقۇم چېكىدۇ.

إِنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَواْ وَّٱلَّذِينَ هُم مُّحْسِنُونَ ﴿١٢٨﴾

128 ـ شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ نۇسرىتى ۋە ئىنايىتى ئۆزىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئورۇنداش، مەنئىي قىلغان ئىشلىرىدىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق تەقۋالىق دائىرىسىدە ئىش كۆرىدىغان ۋە پەرزلەرنى ئادا قىلىشتا، ھەق ـ ھوقۇقلارنى قوغداشتا، تائەت ـ ئىبادەتتە قېتىرقىنىپ، ئىخلاس بىلەن ئىش قىلىدىغان كىشىلەر بىلەن بىللىدۇر. ئاللاھ ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ، كۈچلەندۈرىدۇ، ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ ۋە نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ.

# ئىسرا سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

سُبۡحَٰنَ ٱلَّذِيٓ أَسۡرَىٰ بِعَبۡدِهِۦ لَيۡلٗا مِّنَ ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِ إِلَى ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡأَقۡصَا ٱلَّذِي بَٰرَكۡنَا حَوۡلَهُۥ
لِنُرِيَهُۥ مِنۡ ءَايَٰتِنَآۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡبَصِيرُ ١

1 - ئاللاھتىن باشقا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىشقا لايىق ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ بەندىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنىڭ، تەڭداشسىز قۇدرىتىنىڭ ۋە چەكسىز ئىلمىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بەزىسىنى ۋە يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۇنى كېچىنىڭ بىر قىسمىدا مەسجىدى ھەرەمدىن، ئەتراپىنى زىرائەت ۋە مېۋىلەر بىلەن بەرىكەتلىك قىلغان، كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەتىنى بولغان مەسجىدى ئەقساغا ئويغاق ھالىتىدە روھى ۋە بەدىنى بىلەن ئېلىپ باردى. شەكسىزكى، ئاللاھ بارلىق ئاۋازلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەممىگە تېگىشلىك بولغاننى بېرىدۇ.

وَءَاتَيۡنَا مُوسَى ٱلۡكِتَٰبَ وَجَعَلۡنَٰهُ هُدٗى لِّبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ أَلَّا تَتَّخِذُواْ مِن دُونِي وَكِيلٗا ٢

2 - ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىسرا - مىراج بىلەن ئىنئام قىلغاندەك، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋراتنى ئاتا قىلىش بىلەن ئىنئام قىلدى. تەۋرات ئۆز ۋاقتىدا ھەق دىنىنىڭ دەستۇرى ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ يېتەكچىسى بولۇپ، ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىشتىن مەنئى قىلاتتى.

ذُرِّيَّةَ مَنۡ حَمَلۡنَا مَعَ نُوحٍۚ إِنَّهُۥ كَانَ عَبۡدٗا شَكُورٗا ٣

3 - ئى بىز نۇھ بىلەن بىللە كېمىگە چىقىرىپ توپان بالاسىدىن قۇتقۇزغانلارنىڭ ئەۋلادلىرى! ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىڭلار، نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىڭلار. چۈنكى، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا تىلى، دىلى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن ھەمىشە شۈكۈر قىلغۇچى بەندە ئىدى.

وَقَضَيۡنَآ إِلَىٰ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ فِي ٱلۡكِتَٰبِ لَتُفۡسِدُنَّ فِي ٱلۡأَرۡضِ مَرَّتَيۡنِ وَلَتَعۡلُنَّ عُلُوّٗا كَبِيرٗا ٤

4 - بىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئاتا قىلغان تەۋراتتا ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ بەيتۇلمۇقەددەس شەھىرىدە پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرۈپ، ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلىپ ئىككى قېتىم چوڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلىقى ۋە بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەرگەن ئىدۇق.

فَإِذَا جَآءَ وَعۡدُ أُولَىٰهُمَا بَعَثۡنَا عَلَيۡكُمۡ عِبَادٗا لَّنَآ أُوْلِي بَأۡسٖ شَدِيدٖ فَجَاسُواْ خِلَٰلَ ٱلدِّيَارِۚ وَكَانَ
وَعۡدٗا مَّفۡعُولٗا ٥

5 ـ ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەر ئالدىن خەۋەر بېرىلگەن بىرىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىقنى قىلغان چاغدا، سىلەرنى مەغلۇپ قىلىش، ئۆلتۈرۈش ۋە يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقىرىش ئارقىلىق جازالاش ئۈچۈن، ناھايىتى كۈچلۈك بەندىلىرىمىزنى ئەۋەتتۇق. ئۇلار ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ سىلەرنى ئىزدىدى. بۇزغۇنچىلىق يۈز بەرگەندە ئۇنىڭ جازاسىنىڭ كېلىدىغانلىقى ئەمەلگە ئاشىدىغان بىر ۋەدە ئىدى.

ثُمَّ رَدَدۡنَا لَكُمُ ٱلۡكَرَّةَ عَلَيۡهِمۡ وَأَمۡدَدۡنَٰكُم بِأَمۡوَٰلٖ وَبَنِينَ وَجَعَلۡنَٰكُمۡ أَكۡثَرَ نَفِيرًا ﴿٦﴾

6 ـ ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! كېيىنچە سىلەرگە نۇسرەت ۋە غەلىبە ئاتا قىلىپ، سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارغا بولغان ئۈستۈنلۈكۈڭلارنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق، سىلەرنىڭ مال ـ مۈلۈكۈڭلارنى ۋە ئەۋلادلىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بەردۇق، سىلەرنى كۈچلەندۈردۇق ۋە سانىڭلارنى دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ سانىدىن زىيادە قىلدۇق. بۇ سىلەرنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىقىڭلار ۋە ياخشى ئىش قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئىدى.

إِنۡ أَحۡسَنتُمۡ أَحۡسَنتُمۡ لِأَنفُسِكُمۡۖ وَإِنۡ أَسَأۡتُمۡ فَلَهَاۚ فَإِذَا جَآءَ وَعۡدُ ٱلۡأٓخِرَةِ لِيَسُـُٔواْ وُجُوهَكُمۡ
وَلِيَدۡخُلُواْ ٱلۡمَسۡجِدَ كَمَا دَخَلُوهُ أَوَّلَ مَرَّةٖ وَلِيُتَبِّرُواْ مَا عَلَوۡاْ تَتۡبِيرًا ﴿٧﴾

7 ـ ئەگەر سىلەر ئەمەللىرىڭلارنى ۋە گەپ ـ سۆزۈڭلارنى ئىسلاھ قىلساڭلار، بۇنى ئۆزۈڭلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن قىلغان بولىسىلەر، چۈنكى بۇ ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى سىلەرگە بولىدۇ. ئەگەر يامان ئىش قىلساڭلارمۇ، ئۇنىڭ جازاسىنى ئۆزۈڭلار تارتىسىلەر. سىلەرنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىقىڭلارنى جازالاشنىڭ ۋاقتى كەلگەن چاغدا، دۈشمەنلىرىڭلارنى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا ئەۋەتتۇق. بۇ ئۇلارنىڭ سىلەرنى مەغلۇپ قىلىشى، خارلىشى ۋە خارلىق ئالامەتلىرىنىڭ يۈزۈڭلاردا كۆرۈلۈشى، ئۇلارنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسكە كىرىشى، ئۇنى دەسلەپكى قېتىمدا ۋەيران قىلغىنىدەك ۋەيران قىلىشى ۋە ئىشغال قىلغان جايلارنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىشى ئۈچۈن ئىدى.

عَسَىٰ رَبُّكُمۡ أَن يَرۡحَمَكُمۡۚ وَإِنۡ عُدتُّمۡ عُدۡنَاۚ وَجَعَلۡنَا جَهَنَّمَ لِلۡكَٰفِرِينَ حَصِيرًا ﴿٨﴾

8 ـ ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! ئەگەر سىلەر گۇناھلىرىڭلارغا تەۋبە قىلىپ، (ئەمەللىرىڭلارنى) تۈزەتسەڭلار، رەببىڭلار سىلەرنى جازالاپ بولغاندىن كېيىن، سىلەرگە رەھىم قىلىشى مۇمكىن. ئەگەر سىلەر بۇرۇنقى بۇزغۇنچىلىقىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىشقا قايتساڭلار، بىزمۇ سىلەرنى جازالاشقا ۋە خار قىلىشقا قايتىمىز. جەھەننەمنى سىلەرگە ۋە بارلىق كاپىرلارغا زىندان قىلىمىز. ئۇنىڭدىن ھەرگىز چىقالمايسىلەر. (بۇ ئايەتلەردە ئىسلام ئۈممىتى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولۇپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇلغان. چۈنكى ئاللاھنىڭ گۇناھكارلارنى جازالاشتىكى قانۇنىيىتى بىردۇر ، ئۇ ئۆزگەرمەيدۇ).

إِنَّ هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانَ يَهۡدِي لِلَّتِي هِيَ أَقۡوَمُ وَيُبَشِّرُ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ٱلَّذِينَ يَعۡمَلُونَ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أَنَّ لَهُمۡ
أَجۡرٗا كَبِيرٗا ﴿٩﴾ وَأَنَّ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡأٓخِرَةِ أَعۡتَدۡنَا لَهُمۡ عَذَابًا أَلِيمٗا ﴿١٠﴾

9 ـ 10ـ شەكسىزكى، بىز بەندىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان بۇ قۇرئان ئىنسانلارنى ئىسلام يولىدىن ئىبارەت ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ئاللاھ بۇيرۇغان ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان ۋە ئاللاھ توسقان يامان ئىشلاردىن چەكلىنىدىغان مۇئمىنلەرگە، ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ، ھەمدە

ئاخىرەتتە، ئۇنىڭدىكى مۇكاپات ۋە جازاغا ئىشەنمەيدىغان كاپىرلارنى، ئۇلار ئۈچۈن بىز تەييارلىغان قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

وَيَدۡعُ ٱلۡإِنسَٰنُ بِٱلشَّرِّ دُعَآءَهُۥ بِٱلۡخَيۡرِۖ وَكَانَ ٱلۡإِنسَٰنُ عَجُولٗا ﴿١١﴾

11 - ئىنسان ئۆزىگە ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلغاندەك، ئۆزىنىڭ نادانلىقىدىن ۋە سەۋرسىزلىكىدىن بەزىدە ئۆزىگە ياكى بالىلىرىغا ۋەياكى مال - مۈلۈكىگە بەددۇئا قىلىدۇ. چۈنكى ئىنسان بەكمۇ ئالدىراقسان كېلىدۇ.

وَجَعَلۡنَا ٱلَّيۡلَ وَٱلنَّهَارَ ءَايَتَيۡنِۖ فَمَحَوۡنَآ ءَايَةَ ٱلَّيۡلِ وَجَعَلۡنَآ ءَايَةَ ٱلنَّهَارِ مُبۡصِرَةٗ لِّتَبۡتَغُواْ فَضۡلٗا مِّن رَّبِّكُمۡ وَلِتَعۡلَمُواْ عَدَدَ ٱلسِّنِينَ وَٱلۡحِسَابَۚ وَكُلَّ شَيۡءٖ فَصَّلۡنَٰهُ تَفۡصِيلٗا ﴿١٢﴾

12 - كېچە بىلەن كۈندۈزنى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان ئىككى ئالامەت قىلدۇق. كېچىنىڭ ئالامىتى بولغان ئاينى ئۆچۈرىۋېتىپ، كۈندۈزنىڭ ئالامىتى بولغان قۇياشنى يورۇق قىلدۇق. بۇ كىشىلەر كۈندۈزنىڭ يورۇقىدا ھاياتلىق ئىشلىرىنى قىلىشى، كېچىدە ئارام ئېلىشى ۋە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىپ كېلىشى ئارقىلىق يىللارنىڭ سانىنى، ئايلارنىڭ ۋە كۈنلەرنىڭ ھېسابىنى بىلىشى ئۈچۈندۇر. بىز ھەممە نەرسىنى تەپسىلىي بايان قىلدۇق.

وَكُلَّ إِنسَٰنٍ أَلۡزَمۡنَٰهُ طَٰٓئِرَهُۥ فِي عُنُقِهِۦۖ وَنُخۡرِجُ لَهُۥ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ كِتَٰبٗا يَلۡقَىٰهُ مَنشُورًا ﴿١٣﴾

13 - ئاللاھ ھەربىر ئىنساننىڭ ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىنى ئۇنىڭ بىلەن ھەمراھ قىلىپ قويىدۇ، ئۇنىڭ ئەمەلىدىن باشقىلار ھېساب بەرمەيدۇ، ئۇمۇ باشقىلارنىڭ ئەمەلىدىن ھېساب بەرمەيدۇ. قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭغا نامە - ئەمالىنى چىقىرىپ بېرىدۇ، ئۇ ئۇنى ئېچىلغان ھالدا كۆرىدۇ.

ٱقۡرَأۡ كِتَٰبَكَ كَفَىٰ بِنَفۡسِكَ ٱلۡيَوۡمَ عَلَيۡكَ حَسِيبٗا ﴿١٤﴾

14 - ئۇنىڭغا: «نامە - ئەمالىڭنى ئوقۇغىن» دېيىلىدۇ - دە، ئۇ ئوقۇيدۇ، گەرچە بۇ دۇنيادا خەت ئوقۇيالمايدىغان ئادەم بولسىمۇ، ئاخىرەتتە ئوقۇيالايدىغان بولىدۇ. ئاندىن يەنە ئۇنىڭغا: «بۈگۈن ئۆز ئەمەللىرىڭنى ھېسابلاپ چىقىشىڭ ساڭا يېتەرلىكتۇر، شۇنىڭغا قاراپ ئۆزۈڭگە قانداق مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالىسەن» دېيىلىدۇ. شەكسىزكى، ئىنساننى ئۆزىدىن ئۆزى ھېساب ئېلىشقا قويۇپ بېرىش ئادالەت ۋە ئىنساپنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر.

مَّنِ ٱهۡتَدَىٰ فَإِنَّمَا يَهۡتَدِي لِنَفۡسِهِۦۖ وَمَن ضَلَّ فَإِنَّمَا يَضِلُّ عَلَيۡهَاۚ وَلَا تَزِرُ وَازِرَةٞ وِزۡرَ أُخۡرَىٰۗ وَمَا كُنَّا مُعَذِّبِينَ حَتَّىٰ نَبۡعَثَ رَسُولٗا ﴿١٥﴾

15 - كىمكى ھىدايەت تېپىپ توغرا يولغا ئەگەشسە، ئۇنىڭ ھىدايەت تاپقانلىقىنىڭ پايدىسى پەقەت ئۆزىگە بولىدۇ. كىمكى توغرا يولدىن ئېزىپ، باتىل (خاتا) يولغا ئەگەشسىدىكەن، ئۇنىڭ ئېزىپ كەتكەنلىكىنىڭ زىيىنى پەقەت ئۆزىگە بولىدۇ. ھېچقانداق گۇناھكار ئادەم باشقا بىر گۇناھكار ئادەمنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ، ئاللاھ پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، كىتابلارنى چۈشۈرۈپ، ئاگاھلاندۇرماي تۇرۇپ ھېچكىمنى ئازابلىمايدۇ.

وَإِذَآ أَرَدۡنَآ أَن نُّهۡلِكَ قَرۡيَةً أَمَرۡنَا مُتۡرَفِيهَا فَفَسَقُواْ فِيهَا فَحَقَّ عَلَيۡهَا ٱلۡقَوۡلُ فَدَمَّرۡنَٰهَا تَدۡمِيرٗا ﴿١٦﴾

16 - ئەگەر بىز بىرەر شەھەر ئاھالىسىنى قىلمىشلىرى سەۋەبلىك ھالاك قىلماقچى بولساق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دۆلەتمەن ئادەملەرنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا، ئاللاھنىڭ

پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇيمىز، باشقىلارمۇ شۇلارغا ئەگىشىپ ئىش كۆرىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ئازابقا تېگىشلىك بولىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەھەرنى ئاھالىسى بىلەن قوشۇپ پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋېتىمىز.

وَكَمْ أَهْلَكْنَا مِنَ ٱلْقُرُونِ مِنۢ بَعْدِ نُوحٍۢ ۗ وَكَفَىٰ بِرَبِّكَ بِذُنُوبِ عِبَادِهِۦ خَبِيرًۢا بَصِيرًا ﴿١٧﴾

17 - ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى نۇھتىن كېيىن، ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق. ئى پەيغەمبەر! رەببىڭنىڭ بەندىلىرىنىڭ بارلىق ئەمەللىرىنى تولۇق بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرۇشى يېتەرلىكتۇر ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر.

مَّن كَانَ يُرِيدُ ٱلْعَاجِلَةَ عَجَّلْنَا لَهُۥ فِيهَا مَا نَشَآءُ لِمَن نُّرِيدُ ثُمَّ جَعَلْنَا لَهُۥ جَهَنَّمَ يَصْلَىٰهَا مَذْمُومًا مَّدْحُورًا ﴿١٨﴾

18 - كىمكى مۇشۇ تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان دۇنيانى كۆزلەپ، دۇنيالىققىلا بېرىلىپ ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىدىكەن ۋە ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئەمەل قىلمايدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۆزى بېرىشنى خالىغان ۋە لەۋھۇلمەھپۇزدا يازغان نەرسىنىلا بېرىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە جەھەننەمنى نېسىپ قىلىدۇ. ئۇ دۇنيانى كۆزلىگەنلىكى ۋە ئاخىرەتنى قويۇپ، دۇنيالىق ئۈچۈنلا ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنغان ۋە ئەيىبلەنگەن ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ.

وَمَنْ أَرَادَ ٱلْـَٔاخِرَةَ وَسَعَىٰ لَهَا سَعْيَهَا وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ كَانَ سَعْيُهُم مَّشْكُورًا ﴿١٩﴾

19 - كىمكى ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرى بىلەن ئاخىرەت ھاياتىنى كۆزلەيدىكەن، ھەمدە ئاللاھقا، ئۇنىڭ مۇكاپاتىغا چىن ئىشەنگەن ھالدا، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ، ئاخىرەتلىك ئۈچۈن لايىق ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ ئەمەلى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە ئاخىرەتكە ساقلاپ قويۇلۇپ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق ئالىدۇ.

كُلًّا نُّمِدُّ هَـٰٓؤُلَآءِ وَهَـٰٓؤُلَآءِ مِنْ عَطَآءِ رَبِّكَ ۚ وَمَا كَانَ عَطَآءُ رَبِّكَ مَحْظُورًا ﴿٢٠﴾

20 - پانىي دۇنيا ئۈچۈن ئىشلىگەن پىرقە بىلەن باقىي ئاخىرەت ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان پىرقىنىڭ ھەربىرىگە رىزىق بېرىمىز، بۇ دۇنيادا مۇئمىن، كاپىر ھەممىسىگە رىزىق بېرىمىز. چۈنكى رىزىق رەببىڭنىڭ ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلىدىغان ئاتا - ئېھسانى بولۇپ، رەببىڭنىڭ ئاتا - ئېھسانى مەيلى مۇئمىن بولسۇن ياكى كاپىر بولسۇن، ھېچقانداق بەندىگە توسۇلۇپ قالمايدۇ.

ٱنظُرْ كَيْفَ فَضَّلْنَا بَعْضَهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ ۚ وَلَلْـَٔاخِرَةُ أَكْبَرُ دَرَجَـٰتٍ وَأَكْبَرُ تَفْضِيلًا ﴿٢١﴾

21 - ئى پەيغەمبەر! ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى بۇ دۇنيادا رىزىقتا ۋە ئەمەلدە بەزىسىنى بەزىسىدىن قانداق ئارتۇق قىلغانلىقى ھەققىدە تەپەككۇر قىلغىن. مۇئمىنلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى دەرىجىلىرى تېخىمۇ يۇقىرى ۋە (ئۇنىڭدىكى) پەزل - مەرھەمەت تېخىمۇ كاتتا بولىدۇ.

لَّا تَجْعَلْ مَعَ ٱللَّهِ إِلَـٰهًا ءَاخَرَ فَتَقْعُدَ مَذْمُومًا مَّخْذُولًا ﴿٢٢﴾

22 - ئى ئىنسان! ئاللاھقا ئىبادەتتە ھېچقانداق مەبۇدنى شېرىك قىلمىغىن، ئەگەر شۇنداق

قىلساڭ، ئەيىبلەنگەن ۋە خارلانغان هالەتكە چۈشۈپ قالىسەن.

﴿وَقَضَىٰ رَبُّكَ أَلَّا تَعۡبُدُوٓاْ إِلَّآ إِيَّاهُ وَبِٱلۡوَٰلِدَيۡنِ إِحۡسَٰنًاۚ إِمَّا يَبۡلُغَنَّ عِندَكَ ٱلۡكِبَرَ أَحَدُهُمَآ أَوۡ كِلَاهُمَا فَلَا تَقُل لَّهُمَآ أُفّٖ وَلَا تَنۡهَرۡهُمَا وَقُل لَّهُمَا قَوۡلٗا كَرِيمٗا ٢٣﴾

23 ـ ئى ئىنسان! رەببىڭ سېنى ئىبادەتلەرنى پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىشقا بۇيرىدى، شۇنداق قىلىشنى ساڭا پەرز قىلدى. رەببىڭ سېنى يەنە ئاتىغا، ئانىغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىشقا بۇيرىدى ۋە شۇنى پەرز قىلدى، خۇسۇسەن، ئاتا ـ ئاناڭنىڭ بىرى يا ئىككىلىسى ياشىنىپ قالغان بولسا، ئۇلارغا هەرگىز يامان گەپ قىلمىغىن، ئۇلار رەنجىپ قالىدىغان سۆزلەرنى قەتئىي قىلمىغىن، هەتتا ئۇلارغا ئەڭ ئاددىي «ئۇف!» دېگەن گەپنىمۇ قىلمىغىن، ئۇلارغا قوپاللىق قىلمىغىن، ئۇلارغا هەمىشە ياخشى مۇئامىلە قىلغىن، ئۇلارغا هەر دائىم هۆرمەت بىلەن يۇمشاق ۋە سىلىق گەپ قىلغىن.

﴿وَٱخۡفِضۡ لَهُمَا جَنَاحَ ٱلذُّلِّ مِنَ ٱلرَّحۡمَةِ وَقُل رَّبِّ ٱرۡحَمۡهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرٗا ٢٤﴾

24 ـ ئاتا ـ ئاناڭغا چوڭقۇر مېهرىبانلىقتىن ناهايىتى كەمتەر بولغىن، تۆۋەنچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغىن، ئۇلار سېنى كىچىك ۋاقتىڭدىكى ئاجىز ۋە چارىسىز چېغىڭدا ئاسراپ بېقىپ چوڭ قىلغاندەك، سەنمۇ ئۇلارنىڭ هايات ۋە ماماتىدا ئاللاهنىڭ ئۇلارغا چەكسىز رەهىم ـ شەپقەت قىلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلغىن.

﴿رَّبُّكُمۡ أَعۡلَمُ بِمَا فِي نُفُوسِكُمۡۚ إِن تَكُونُواْ صَٰلِحِينَ فَإِنَّهُۥ كَانَ لِلۡأَوَّٰبِينَ غَفُورٗا ٢٥﴾

25 ـ ئى ئىنسانلار! رەببىڭلار دىلىڭلاردىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ئەگەر سىلەرنىڭ نىيىتىڭلار ۋە مەقسىتىڭلار ئاللاهنىڭ رازىلىقىغا ۋە يېقىنلىقىغا ئېرىشىش بولسا، شۇنى بىلىڭلاركى، ئاللاه تەۋبە ئارقىلىق ئۆزىگە هەمىشە ئىلتىجا قىلىپ تۇرغۇچىلارنىڭ گۇناهلىرىنى ناهايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. بەندىنىڭ قەلبىدە پەقەتلا ئاللاهقا تەۋبە قىلىش تۇيغۇسى ۋە ئاللاهنىڭ مۇهەببىتى بولسا، ئاللاه ئۇنىڭ كىچىك گۇناهلىرىنى تەۋبىسىزمۇ كەچۈرۈۋېتىدۇ. چۈنكى كىچىك گۇناهلار ئىنسانلىق ئېتىبارى بىلەن هەر قانداق ئادەمدىن سادىر بولۇپ تۇرىدۇ.

﴿وَءَاتِ ذَا ٱلۡقُرۡبَىٰ حَقَّهُۥ وَٱلۡمِسۡكِينَ وَٱبۡنَ ٱلسَّبِيلِ وَلَا تُبَذِّرۡ تَبۡذِيرًا ٢٦﴾

26 ـ سەن بىلەن تۇغقانچىلىقى بار كىشىلەرنىڭ هەممىسىگە ياخشىلىق قىلغىن، ئۇلارغا خەير ـ ئېهسان ئارقىلىق هەققىنى بەرگىن. تاپقىنى چىقىمىغا يەتمەيدىغان مىسكىنگە، پۇل ـ مېلىدىن ئايرىلىپ يولدا قالغان مۇساپىرغا ياخشىلىق قىلغىن، ئۇلارغا خەير ـ ئېهسان قىلىشتىن ئىبارەت بولغان هەققىنى بەرگىن، پۇل ـ مېلىڭنى گۇناه بولىدىغان ئىشلارغا ئىشلەتمىگىن، ئۇنى بۇزۇپ ـ چاچمىغىن.

﴿إِنَّ ٱلۡمُبَذِّرِينَ كَانُوٓاْ إِخۡوَٰنَ ٱلشَّيَٰطِينِۖ وَكَانَ ٱلشَّيۡطَٰنُ لِرَبِّهِۦ كَفُورٗا ٢٧﴾

27 ـ شەكسىزكى، پۇل ـ مېلىنى گۇناه بولىدىغان ئىشلارغا ئىشلىتىدىغانلار، ئۇنى بۇزۇپ ـ چاچىدىغانلار يامانلىقتا، بۇزغۇنچىلىقتا ۋە ئاللاهنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلىشتا شەيتانلارغا ئوخشاش ئادەملەردۇر، شەيتان ئاللاهنىڭ نېمەتلىرىگە داۋاملىق تۇزكورلۇق قىلىدىغان مەخلۇقتۇر.

﴿وَإِمَّا تُعۡرِضَنَّ عَنۡهُمُ ٱبۡتِغَآءَ رَحۡمَةٖ مِّن رَّبِّكَ تَرۡجُوهَا فَقُل لَّهُمۡ قَوۡلٗا مَّيۡسُورٗا ٢٨﴾

28 ـ مەن سېنى ياردەم قىلىشقا بۇيرۇغان ئاشۇ يوقسۇل كىشىلەرگە بېرىدىغان نەرسەڭ

بولمىغانلىقتىن، ئەگەر سەن رەببىڭدىن كۈتۈۋاتقان رىزىقنى كۆزدە تۇتۇپ، ھازىرچە ئۇلارنى قۇرۇق قول قايتۇرماقچى بولساڭ، ئۇلارغا ئاللاھتىن رىزىق تىلەپ دۇئا قىلىش، تەسەللى بېرىش قاتارلىق چىرايلىق سۆزلەرنى قىلغىن ۋە كېيىنچە ئاللاھ ساڭا موللۇق ئاتا قىلسا، ئۇلارغا ياردەم قىلىدىغانلىقىڭنى ۋەدە قىلىپ ئۇلارنى چىرايلىقچە قايتۇرغىن.

وَلَا تَجۡعَلۡ يَدَكَ مَغۡلُولَةً إِلَىٰ عُنُقِكَ وَلَا تَبۡسُطۡهَا كُلَّ ٱلۡبَسۡطِ فَتَقۡعُدَ مَلُومٗا مَّحۡسُورًا ﴿٢٩﴾

29 - ئۆزۈڭنى، ئائىلەڭدىكىلەرنى ۋە ياردەمگە موھتاج كىشىلەرنى تارچىلىقتا قويۇپ پۇل - سەرپ قىلىشقا بېخىللىق قىلمىغىن، ھەددىدىن زىيادە چىقىم قىلىپ پۇل - مېلىڭنى ئىسراپ قىلمىغىن. ئەگەر شۇنداق قىلساڭ، كىشىلەرنىڭ مالامىتىگە قالىسەن ۋە ئىسراپخورلۇقۇڭ سەۋەبلىك پۇشايمانغا قالىسەن.

إِنَّ رَبَّكَ يَبۡسُطُ ٱلرِّزۡقَ لِمَن يَشَآءُ وَيَقۡدِرُۚ إِنَّهُۥ كَانَ بِعِبَادِهِۦ خَبِيرَۢا بَصِيرٗا ﴿٣٠﴾

30 - شۈبھىسىزكى، رەببىڭ ئۆز ئىلمىگە ۋە ھېكمىتىگە ئاساسەن، بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ بەندىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇلار يوشۇرغان ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

وَلَا تَقۡتُلُوٓاْ أَوۡلَٰدَكُمۡ خَشۡيَةَ إِمۡلَٰقٖۖ نَّحۡنُ نَرۡزُقُهُمۡ وَإِيَّاكُمۡۚ إِنَّ قَتۡلَهُمۡ كَانَ خِطۡـٔٗا كَبِيرٗا ﴿٣١﴾

31 - ئى ئىنسانلار! رىزىقنىڭ ئاللاھنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولساڭلار، كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار[1]. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ رىزقىنى بەرگۈچىدۇر، ئۇ سىلەرگە رىزىق بەرگەندە، سىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىڭلارغىمۇ رىزىق بەرگۈچىدۇر. شەكسىزكى، بالىلارنى ئۆلتۈرۈش چوڭ گۇناھتۇر.

وَلَا تَقۡرَبُواْ ٱلزِّنَىٰٓۖ إِنَّهُۥ كَانَ فَٰحِشَةٗ وَسَآءَ سَبِيلٗا ﴿٣٢﴾

32 - زىناغا چۈشۈپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، زىناغا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلارغا ھەرگىز يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى زىنا ناھايىتى قەبىھ ئىشتۇر ۋە زىنانىڭ يولى بەكمۇ يامان يولدۇر.

وَلَا تَقۡتُلُواْ ٱلنَّفۡسَ ٱلَّتِي حَرَّمَ ٱللَّهُ إِلَّا بِٱلۡحَقِّۗ وَمَن قُتِلَ مَظۡلُومٗا فَقَدۡ جَعَلۡنَا لِوَلِيِّهِۦ سُلۡطَٰنٗا
فَلَا يُسۡرِف فِّي ٱلۡقَتۡلِۖ إِنَّهُۥ كَانَ مَنصُورٗا ﴿٣٣﴾

33 - ئاللاھ ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغان جاننى قەتئىي ئۆلتۈرمەڭلار، پەقەتلا قاتىلدىن قىساس ئېلىش، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق تۇرۇپ زىنا قىلغان كىشىنى ۋە مۇرتەدنى جازالاش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. كىمكى ناھەق ئۆلتۈرۈلىدىكەن، ئۆلگۈچىنىڭ ئىگە چاقىلىرىغا قاتىلدىن قىساس ياكى دىيەت تەلەپ قىلىش ھوقۇقىنى بەردۇق. ئەمما ئۆلگۈچىنىڭ ئىگە چاقىلىرىنىڭ قىساس ئېلىشتا ئاللاھ بەلگىلىگەن چەكتىن ئېشىپ كېتىپ، بىر ئادەم ئۈچۈن ئىككى - ئۈچ ئادەمنى ياكى بىرەر جامائەتنى ئۆلتۈرۈش ھەققى يوق. ئاللاھ ئۆلگۈچىنىڭ ئىگە چاقىسىغا قاتىلدىن قىساس ئېلىشى ئۈچۈن ياردەم قىلىدۇ.

---

[1] جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بىر قىسىم ئەرەبلەر نامراتلىقتىن قورقۇپ ياكى نومۇس قىلىپ، قىزلىرىنى تىرىك كۆمۈۋېتەتتى.

وَلَا تَقۡرَبُواْ مَالَ ٱلۡيَتِيمِ إِلَّا بِٱلَّتِي هِيَ أَحۡسَنُ حَتَّىٰ يَبۡلُغَ أَشُدَّهُۥۚ وَأَوۡفُواْ بِٱلۡعَهۡدِۖ إِنَّ ٱلۡعَهۡدَ كَانَ مَسۡـُٔولٗا ﴿٣٤﴾

34 ـ كىيىنلىكىڭلار ئاستىدىكى يېتىم بالىلار بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكىگە يېقىنلاشماڭلار، پەقەتلا ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋە شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن ئۇسۇلدا كۆپەيتىپ بېرىش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەر تۈزگەن ھەرقانداق ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار. چۈنكى ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئەھدە تۈزگەنلەرنىڭ ئەھدىسى ھەققىدە سوئال ـ سوراق قىلىدۇ، ئەھدىسىگە ۋاپا قىلغانلارغا مۇكاپات، خىيانەت قىلغانلارغا جازا بېرىدۇ.

وَأَوۡفُواْ ٱلۡكَيۡلَ إِذَا كِلۡتُمۡ وَزِنُواْ بِٱلۡقِسۡطَاسِ ٱلۡمُسۡتَقِيمِۚ ذَٰلِكَ خَيۡرٞ وَأَحۡسَنُ تَأۡوِيلٗا ﴿٣٥﴾

35 ـ ئۆلچەمنى دۇرۇس تۇتۇڭلار، كىشىلەرگە ئۆلچەپ بەرگەن ۋاقتىڭلاردا تولۇق ئۆلچەڭلار ۋە توغرا تارازىدا تارتىڭلار. ئۆلچەمدە ئادالەتلىك بولۇش سىلەرگە بۇ دۇنيادا ياخشىلىق، ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بارغاندا گۈزەل ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدۇ.

وَلَا تَقۡفُ مَا لَيۡسَ لَكَ بِهِۦ عِلۡمٌۚ إِنَّ ٱلسَّمۡعَ وَٱلۡبَصَرَ وَٱلۡفُؤَادَ كُلُّ أُوْلَٰٓئِكَ كَانَ عَنۡهُ مَسۡـُٔولٗا ﴿٣٦﴾

36 ـ ئى ئىنسان! ئۆزۈڭ بىلمەيدىغان نەرسىگە ئەگەشمىگىن، ئاۋۋال ئۇنى ئېنىقلىغىن. چۈنكى ئىنسان قۇلاق، كۆز، دىل قاتارلىق ئەزالىرىنى نېمىگە ئىشلەتكەنلىكى ھەققىدە سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ. ئىنسان بۇ ئەزالىرىنى ياخشى ئىشلارغا ئىشلەتسە ساۋابقا ئېرىشىدۇ، يامان ئىشلارغا ئىشلەتسە جازاغا تارتىلىدۇ.

وَلَا تَمۡشِ فِي ٱلۡأَرۡضِ مَرَحًاۖ إِنَّكَ لَن تَخۡرِقَ ٱلۡأَرۡضَ وَلَن تَبۡلُغَ ٱلۡجِبَالَ طُولٗا ﴿٣٧﴾

37 ـ سەن زېمىندا مۇتەكەببىرلىك بىلەن غادىيىپ ماڭمىغىن. شەكسىزكى، سەن بۇنداق ھاكاۋۇرلۇق بىلەن مېڭىپ زېمىننى تېشۋېتەلمەيسەن، غادىيىپ ۋە چوڭچىلىق قىلىپ ئېگىزلىكتە تاغلارغا تەڭلىشەلمەيسەن.

كُلُّ ذَٰلِكَ كَانَ سَيِّئُهُۥ عِندَ رَبِّكَ مَكۡرُوهٗا ﴿٣٨﴾

38 ـ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى قەبىھ قىلمىشلار بولۇپ، ئاللاھ ئۇ ئىشلارنى يامان كۆرىدۇ ۋە بەندىلىرى ئۇچۇن راۋا كۆرمەيدۇ.

ذَٰلِكَ مِمَّآ أَوۡحَىٰٓ إِلَيۡكَ رَبُّكَ مِنَ ٱلۡحِكۡمَةِۗ وَلَا تَجۡعَلۡ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ فَتُلۡقَىٰ فِي جَهَنَّمَ مَلُومٗا مَّدۡحُورًا ﴿٣٩﴾

39 ـ ئى پەيغەمبەر! ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئەمر قىلىپ، رەزىل ئەخلاقتىن توسۇشتىن ئىبارەت، بىز بايان قىلغان ئەھكاملار ساڭا قىلىنغان ۋەھيىنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئى ئىنسان! ئىبادەتتە ئاللاھقا باشقا بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمىغىن، ئەگەر شۇنداق قىلساڭ، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ مالامەت قىلغان ۋە ئىنسانلارنىڭ كايىشىغا ئۇچرىغان ھالدا دوزاخقا تاشلىنىسەن، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ۋە بارچە ياخشىلىقتىن مەڭگۈلۈك يىراق قىلىنىسەن.

أَفَأَصۡفَىٰكُمۡ رَبُّكُم بِٱلۡبَنِينَ وَٱتَّخَذَ مِنَ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ إِنَٰثًاۚ إِنَّكُمۡ لَتَقُولُونَ قَوۡلًا عَظِيمٗا ﴿٤٠﴾

40 ـ ئى مۇشرىكلار! ئەجەبا، ئاللاھ ئوغۇللارنى سىلەرگە بېرىپ، پەرىشتىلەرنى ئۆزىنىڭ

قىزلىرى قىلىۋالغانمۇ؟[1] شەكسىزكى، سىلەرنىڭ بۇ سۆزۈڭلار تولىمۇ قەبىھ سۆز بولۇپ، ئاللاھنىڭ شەنىگە ھەرگىز لايىق كەلمەيدۇ.

وَلَقَدۡ صَرَّفۡنَا فِي هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانِ لِيَذَّكَّرُواْ وَمَا يَزِيدُهُمۡ إِلَّا نُفُورٗا ﴿٤١﴾

41 - شەكسىزكى، ئىنسانلار ئىبرەت ئالسۇن، ئۆزلىرىگە مەنپەئەتلىك بولغانلارنى قىلىپ، زىيانلىق ئىشلارنى تاشلىسۇن دەپ، بۇ قۇرئاندا ئەھكاملارنى، مىساللارنى ۋە ۋەز - نەسىھەتلەرنى تۈرلۈك شەكىلدە بايان قىلدۇق. ئەمما بۇ بايانلار كۇفرىلىقنى تاللىۋېلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارغا، پەقەتلا ھەقىقەتتىن يىراقلىشىشنى ۋە تەپەككۇر قىلىشتىن غەپلەتتە قېلىشنى زىيادە قىلدى.

قُل لَّوۡ كَانَ مَعَهُۥٓ ءَالِهَةٞ كَمَا يَقُولُونَ إِذٗا لَّٱبۡتَغَوۡاْ إِلَىٰ ذِي ٱلۡعَرۡشِ سَبِيلٗا ﴿٤٢﴾

42 - ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار ئېيتقاندەك، ئاللاھ بىلەن بىرگە يەنە باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇ ئىلاھلار ئەرشنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھقا غالىب كېلىش ئۈچۈن يول ئىزدىگەن بولاتتى.

سُبۡحَٰنَهُۥ وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يَقُولُونَ عُلُوّٗا كَبِيرٗا ﴿٤٣﴾

43 - ئاللاھ مۇشرىكلار چاپلىغان بوھتانلاردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە مەرتىۋىسى تولىمۇ يۇقىرى ۋە كاتتىدۇر.

تُسَبِّحُ لَهُ ٱلسَّمَٰوَٰتُ ٱلسَّبۡعُ وَٱلۡأَرۡضُ وَمَن فِيهِنَّۚ وَإِن مِّن شَيۡءٍ إِلَّا يُسَبِّحُ بِحَمۡدِهِۦ وَلَٰكِن لَّا تَفۡقَهُونَ تَسۡبِيحَهُمۡۚ إِنَّهُۥ كَانَ حَلِيمًا غَفُورٗا ﴿٤٤﴾

44 - يەتتە قات ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى بارلىق مەخلۇقات ئاللاھنى پاك دەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، كائىناتتىكى ھەرقانداق نەرسە ئاللاھنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ. لېكىن ئى ئىنسانلار! سىلەر ئۇلارنىڭ ئېيتقان تەسبىھىنى سەزمەيسىلەر. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىبان بولغانلىقتىن، ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

وَإِذَا قَرَأۡتَ ٱلۡقُرۡءَانَ جَعَلۡنَا بَيۡنَكَ وَبَيۡنَ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡأٓخِرَةِ حِجَابٗا مَّسۡتُورٗا ﴿٤٥﴾

45 - ئى پەيغەمبەر! سەن قۇرئان تىلاۋەت قىلغان چېغىڭدا ئاشۇ مۇشرىكلار ئۇنى ئاڭلىدى. بىز ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان بۇ كاپىرلار بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا، ئۇلارنى قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشتىن توسۇپ تۇرىدىغان پەردە پەيدا قىلدۇق. بۇ ئۇلارنىڭ كاپىرلىقىنىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسىدۇر.

وَجَعَلۡنَا عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ أَكِنَّةً أَن يَفۡقَهُوهُ وَفِيٓ ءَاذَانِهِمۡ وَقۡرٗاۚ وَإِذَا ذَكَرۡتَ رَبَّكَ فِي ٱلۡقُرۡءَانِ وَحۡدَهُۥ وَلَّوۡاْ عَلَىٰٓ أَدۡبَٰرِهِمۡ نُفُورٗا ﴿٤٦﴾

46 - قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيلا كەتسۇن دەپ، ئاشۇ مۇشرىكلارنىڭ دىللىرىنى پەردىلىدۇق، ئۇنى ئاڭلىمىسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلدۇق. شۇڭا سەن قۇرئاندىكى رەببىڭنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ئايەتلەرنى ئوقۇپ

[1] بۇ «پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر» دەيدىغان مۇشرىكلارغا بېرىلگەن رەددىيەدۇر.

بېرىپ، ئۇلارنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن توسقان چاغدا، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش ئېغىر كەلگەنلىكتىن، ئۇلار سېنىڭ سۆزۈڭدىن ئۈركۈپ ئارقىسىغا يانىدۇ.

نَّحۡنُ أَعۡلَمُ بِمَا يَسۡتَمِعُونَ بِهِۦٓ إِذۡ يَسۡتَمِعُونَ إِلَيۡكَ وَإِذۡ هُمۡ نَجۡوَىٰٓ إِذۡ يَقُولُ ٱلظَّٰلِمُونَ إِن تَتَّبِعُونَ إِلَّا رَجُلٗا مَّسۡحُورًا ﴿٤٧﴾

47 - مۇشرىكلارنىڭ كاتتىباشلىرى ساڭا (يەنى سېنىڭ تىلاۋىتىڭگە) قۇلاق سالغاندا، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن قۇلاق سالىدىغانلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز. ئۇلار توغرا يول تېپىش، ھەقنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، يامان نىيەت بىلەن (قۇلاق سالىدۇ). ئۇلارنىڭ ئۆزئارا پىچىرلاشقاندا: «سىلەر پەقەت سېھىرلەنگەن بىر ئادەمگىلا ئەگىشىۋاتىسىلەر» دېگەن سۆزىنىمۇ ئوبدان بىلىمىز.

ٱنظُرۡ كَيۡفَ ضَرَبُواْ لَكَ ٱلۡأَمۡثَالَ فَضَلُّواْ فَلَا يَسۡتَطِيعُونَ سَبِيلٗا ﴿٤٨﴾

48 - ئى پەيغەمبەر! بۇ كاپىرلارنىڭ ئەقىلسىزلىكىگە قارىمامسەن، ئۇلار سەن توغرۇلۇق: «مۇھەممەد سېھىرگەردۇر، مەجنۇندۇر» دېيىشىدۇ. ئۇلار ھەقسىزلىق قىلدى، توغرا يولدىن ئېزىپ كەتتى. شۇڭا ھەق يولغا ۋە توغرىلىققا مۇۋەپپەق بولمىدى.

وَقَالُوٓاْ أَءِذَا كُنَّا عِظَٰمٗا وَرُفَٰتًا أَءِنَّا لَمَبۡعُوثُونَ خَلۡقٗا جَدِيدٗا ﴿٤٩﴾

49 - مۇشرىكلار ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلىپ: «بىز قۇرۇق سۆڭەك ۋە چىرىپ توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، چوقۇم تىرىلىپ يېڭىدىن ئادەم بولامدۇق؟» دېيدى.

۞ قُلۡ كُونُواْ حِجَارَةً أَوۡ حَدِيدًا ﴿٥٠﴾ أَوۡ خَلۡقٗا مِّمَّا يَكۡبُرُ فِي صُدُورِكُمۡۚ فَسَيَقُولُونَ مَن يُعِيدُنَاۖ قُلِ ٱلَّذِي فَطَرَكُمۡ أَوَّلَ مَرَّةٖۚ فَسَيُنۡغِضُونَ إِلَيۡكَ رُءُوسَهُمۡ وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هُوَۖ قُلۡ عَسَىٰٓ أَن يَكُونَ قَرِيبٗا ﴿٥١﴾

50 - 51 - ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «قولۇڭلاردىن كەلسە، تاش ياكى تۆمۈر بولۇپ كېتىڭلار ۋەياكى ھاياتلىقنى قوبۇل قىلىشنى ئەقلىڭلار تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان بىر نەرسىگە ئايلىنىپ كېتىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى چوقۇم تىرىلدۈرىدۇ». ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىدىغانلار: «بىزنى ئۆلگىنىمىزدىن كېيىن كىم تىرىلدۈرىدۇ؟» دەيدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەرنى دەسلەپتە يوقتىن ياراتقان ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە يېڭىدىن ھاياتقا قايتۇرىدۇ». ئۇلار بۇ رەددىيەنى ئاڭلاپ مەسخىرە قىلغانلىقتىن، باشلىرىنى چايقاپ تۇرۇپ: «ئۇ تىرىلىش قاچان بولىدۇ؟» دېيىشىدۇ. ئېيتقىنكى، «بەلكىم سىلەر ئىنكار قىلىۋاتقان بۇ تىرىلىش يېقىندا بولۇشى مۇمكىن».

يَوۡمَ يَدۡعُوكُمۡ فَتَسۡتَجِيبُونَ بِحَمۡدِهِۦ وَتَظُنُّونَ إِن لَّبِثۡتُمۡ إِلَّا قَلِيلٗا ﴿٥٢﴾

52 - سىلەرنىڭ ئىگەڭلار بولغان ئاللاھ سىلەرنى قەبرەڭلاردىن چىقىشقا چاقىرىدىغان كۈندە، سىلەر ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ دەرھال چىقىسىلەر. ھەممە ھالەتلەردە بارچە مەدھىيە ئاللاھقا خاستۇر. سىلەر قىيامەتنىڭ دەھشىتى ۋە ھېساب كۈنىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن، دۇنيادا پەقەت ئازغىنە ۋاقىت تۇرغاندەك ئويلاپ قالىسىلەر.

وَقُل لِّعِبَادِي يَقُولُواْ ٱلَّتِي هِيَ أَحۡسَنُۚ إِنَّ ٱلشَّيۡطَٰنَ يَنزَغُ بَيۡنَهُمۡۚ إِنَّ ٱلشَّيۡطَٰنَ كَانَ لِلۡإِنسَٰنِ عَدُوّٗا مُّبِينٗا ﴿٥٣﴾

53 - مېنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار ئۆزئارا سۆزلەشكەندە ۋە مۇشرىكلار بىلەن
مۇنازىرىلەشكەندە ئەڭ چىرايلىق سۆزلەرنى قىلسۇن. ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلمىسا،
شەيتان ئۇلارنىڭ ئارىسىغا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت ۋە بۇزغۇنچىلىق سالىدۇ. چۈنكى
شەيتان ئىنسانغا ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر.

رَّبُّكُمۡ أَعۡلَمُ بِكُمۡۖ إِن يَشَأۡ يَرۡحَمۡكُمۡ أَوۡ إِن يَشَأۡ يُعَذِّبۡكُمۡۚ وَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ عَلَيۡهِمۡ وَكِيلٗا ﴿٥٤﴾

54 - ئى ئىنسانلار! رەببىڭلار سىلەرنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، خالىسا سىلەرگە رەھىم قىلىپ
سىلەرنى ئىمانغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ، خالىسا كاپىرلىق ھالىتىڭلاردا جېنىڭلارنى ئېلىپ
سىلەرنى ئازابلايدۇ. ئى پەيغەمبەر! بىز سېنى ئۇلارغا ھامىيلىق قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ
ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ۋە قىلمىشلىرىنى جازالايدىغان قىلىپ ئەۋەتمىدۇق.
سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەتلا ساڭا كەلگەن دىنىنى يەتكۈزۈش ۋە توغرا يولنى بايان
قىلىپ بېرىشتۇر.

وَرَبُّكَ أَعۡلَمُ بِمَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۗ وَلَقَدۡ فَضَّلۡنَا بَعۡضَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ عَلَىٰ بَعۡضٖۖ وَءَاتَيۡنَا دَاوُۥدَ
زَبُورٗا ﴿٥٥﴾

55 - ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەخلۇقاتنىڭ ئەھۋالىنى
ھەممىدىن ئوبدان بىلگۈچىدۇر. بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنى ئەخلاق - پەزىلىتى،
ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە كىتاب چۈشۈرۈلۈشى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر -
بىرىدىن ئۈستۈن قىلدۇق، داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق.

قُلِ ٱدۡعُواْ ٱلَّذِينَ زَعَمۡتُم مِّن دُونِهِۦ فَلَا يَمۡلِكُونَ كَشۡفَ ٱلضُّرِّ عَنكُمۡ وَلَا تَحۡوِيلًا ﴿٥٦﴾

56 - ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر چوقۇنۇۋاتقان ۋە بېشىڭلارغا بالا كەلگەندە
مەدەت تىلەيدىغان ئاشۇ مەبۇدلار سىلەرگە ياردەم قىلالمايدۇ، ئۇلار سىلەردىن بالانى
كۆتۈرۈۋېتىشكىمۇ ياكى ئۇ بالانى سىلەردىن ئېلىپ باشقىلارغا يۆتكەپ قويۇشقىمۇ قادىر
ئەمەس. بۇنىڭغا پەقەتلا ئاللاھ قادىردۇر». (بۇ ئايەت ئاللاھتىن باشقا ھەرقانداق
بىرىدىن مەدەت تىلەشنىڭ ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ ئىلتىجا قىلىشنىڭ قەتئىي توغرا
ئەمەسلىكىنى جاكارلايدۇ. مەيلى ئۇ پەيغەمبەر بولسۇن ياكى سالىھ كىشى بولسۇن،
ئۇنىڭدىن مەدەت تىلەشكە ۋە دۇئا قىلىپ ئىلتىجا قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھتىن
باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئىبادەت ۋە دۇئا ئاللاھقىلا قىلىنىدۇ، ھەرقانداق مەدەت
ئاللاھتىنلا تىلىنىدۇ).

أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ يَدۡعُونَ يَبۡتَغُونَ إِلَىٰ رَبِّهِمُ ٱلۡوَسِيلَةَ أَيُّهُمۡ أَقۡرَبُ وَيَرۡجُونَ رَحۡمَتَهُۥ وَيَخَافُونَ
عَذَابَهُۥٓۚ إِنَّ عَذَابَ رَبِّكَ كَانَ مَحۡذُورٗا ﴿٥٧﴾

57 - مۇشرىكلار ئاللاھقا قوشۇپ دۇئا قىلىدىغان پەيغەمبەرلەر، سالىھ كىشىلەر ۋە پەرىشتىلەر
ئەسلىدە ئۆزلىرى رەببىگە يېقىن بولۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن ياخشى ئەمەللەرنى
بەس - بەستە قىلىدىغان، رەببىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقىدىغان
زاتلاردۇر. رەببىڭنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن بەندىلەر ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئازابتۇر.

وَإِن مِّن قَرۡيَةٍ إِلَّا نَحۡنُ مُهۡلِكُوهَا قَبۡلَ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ أَوۡ مُعَذِّبُوهَا عَذَابٗا شَدِيدٗاۚ كَانَ ذَٰلِكَ فِي
ٱلۡكِتَٰبِ مَسۡطُورٗا ﴿٥٨﴾

58 ـ ئاللاھ كاپىرلارنى شۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇكى، ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن، ئازابقا ھەقلىق بولغان قانداقلا بىر شەھەر ئاھالىسى بولسۇن، ئاللاھ ئۇنى قىيامەت كۈنىدىن بۇرۇن مۇشۇ دۇنيادىلا ھالاك قىلىش بىلەن ياكى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايدۇ. بۇ ئاللاھ لەۋھۇلمەھپۇزدا ئالدىن پۈتۈۋەتكەن تەقدىر بولۇپ، ئۇ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.

وَمَا مَنَعَنَآ أَن نُّرْسِلَ بِٱلْـَٔايَـٰتِ إِلَّآ أَن كَذَّبَ بِهَا ٱلْأَوَّلُونَ ۚ وَءَاتَيْنَا ثَمُودَ ٱلنَّاقَةَ مُبْصِرَةً فَظَلَمُوا۟ بِهَا ۚ وَمَا نُرْسِلُ بِٱلْـَٔايَـٰتِ إِلَّا تَخْوِيفًا ﴿٥٩﴾

59 ـ مۇشرىكلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەرنى چۈشۈرمەسلىكىمىز پەقەت ئۇلاردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئۇلار تەلەپ قىلغان مۆجىزە بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇلار بۇ مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھالاك قىلىنغان. بىز سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان سەمۇد قەۋمىگە ئوپئوچۇق مۆجىزە سۈپىتىدە بىر چىشى تۆگىنى بەرگەن ئىدۇق. ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق. بىزنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ قولىدا تۈرلۈك مۆجىزىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغانلىقىمىز، پەقەتلا كىشىلەرنىڭ قورقۇپ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈندۇر.

وَإِذْ قُلْنَا لَكَ إِنَّ رَبَّكَ أَحَاطَ بِٱلنَّاسِ ۚ وَمَا جَعَلْنَا ٱلرُّءْيَا ٱلَّتِىٓ أَرَيْنَـٰكَ إِلَّا فِتْنَةً لِّلنَّاسِ وَٱلشَّجَرَةَ ٱلْمَلْعُونَةَ فِى ٱلْقُرْءَانِ ۚ وَنُخَوِّفُهُمْ فَمَا يَزِيدُهُمْ إِلَّا طُغْيَـٰنًا كَبِيرًا ﴿٦٠﴾

60 ـ ئى پەيغەمبەر! بىزنىڭ ساڭا ئېيتقان سۆزىمىزنى ئەسكە ئالغىن، ئۆز ۋاقتىدا بىز ساڭا «شەكسىزكى، رەببىڭ ئىنسانلارنى ئۆز ئىلمى ۋە قۇدرىتى بىلەن قورشاپ تۇرىدۇ» دېگەن ئىدۇق. بىز ساڭا ئىسرا ـ مىراج كېچىسى كۆرسەتكەن كۆرۈنۈشنى، پەقەتلا ئىنسانلارنى سىناش ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇئمىنلەر بىلەن كاپىرلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن كۆرسەتتۇق. قۇرئاندا لەنەت قىلىنغان زەققۇم دەرىخىنىمۇ پەقەتلا ئىنسانلارنى سىناش ئۈچۈن ياراتتۇق. بىز مۇشرىكلارنى تۈرلۈك ئازاب ۋە مۆجىزىلەر بىلەن ئاگاھلاندۇرىمىز. ئۇلارغا بېرىلگەن بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلار ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقىنى ۋە ئازغۇنلۇقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلَـٰٓئِكَةِ ٱسْجُدُوا۟ لِـَٔادَمَ فَسَجَدُوٓا۟ إِلَّآ إِبْلِيسَ قَالَ ءَأَسْجُدُ لِمَنْ خَلَقْتَ طِينًا ﴿٦١﴾

61 ـ پەرىشتىلەرگە دېگەن سۆزلىرىمىزنى ئەسلىگىن، ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سالام بېرىش ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار!» دېگەن ئىدۇق، ئىبلىستىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى سەجدە قىلدى. ئىبلىس: «سەن لايدىن ياراتقان ئاشۇ ئاجىز مەخلۇققا سەجدە قىلامدىمەن؟» دەپ ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، ئادەمگە سەجدە قىلىشتىن باش تارتتى.

قَالَ أَرَءَيْتَكَ هَـٰذَا ٱلَّذِى كَرَّمْتَ عَلَىَّ لَئِنْ أَخَّرْتَنِ إِلَىٰ يَوْمِ ٱلْقِيَـٰمَةِ لَأَحْتَنِكَنَّ ذُرِّيَّتَهُۥٓ إِلَّا قَلِيلًا ﴿٦٢﴾

62 ـ ئىبلىس ئاللاھقا ئەدەپسىزلىك قىلىپ: «سەن مەندىن ئۈستۈن قىلغان ئادەم دېگەن مۇشۇ مەخلۇقنىڭ زادى قانداق ئارتۇقچىلىقى بار؟ مېنى قىيامەت كۈنىگە قەدەر ھايات قالدۇرساڭ، مەن ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ كۆپ قىسمىنى قولۇمغا چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى توغرا يولدىن ئازدۇرىمەن. پەقەتلا ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇرىدىغان ئىخلاسمەن كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلار ئازدۇر» دېدى.

قَالَ ٱذْهَبْ فَمَن تَبِعَكَ مِنْهُمْ فَإِنَّ جَهَنَّمَ جَزَآؤُكُمْ جَزَآءً مَّوْفُورًا ﴿٦٣﴾

63 ـ ئاللاھ ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: «بارغىن (ساڭا مۆھلەت بەردىم)، سېنىڭ ۋە ساڭا ئەگەشكەن، ساڭا ئىتائەت قىلغان ئادەم باللىرىنىڭ جازايىڭلار جەھەننەم ئوتىدۇر.

وَٱسۡتَفۡزِزۡ مَنِ ٱسۡتَطَعۡتَ مِنۡهُم بِصَوۡتِكَ وَأَجۡلِبۡ عَلَيۡهِم بِخَيۡلِكَ وَرَجِلِكَ وَشَارِكۡهُمۡ فِي ٱلۡأَمۡوَٰلِ وَٱلۡأَوۡلَٰدِ وَعِدۡهُمۡۚ وَمَا يَعِدُهُمُ ٱلشَّيۡطَٰنُ إِلَّا غُرُورًا ٦٤

64 ـ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن گۇناھ ـ مەئسىيەتكە چاقىرىپ قوزغىتالايدىغانلىكى ئادەمنى قوزغاتقىن، ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنلىرىڭ بىلەن ئۇلارغا كۈچۈڭنىڭ يېتىشىچە ھۇجۇم قىلغىن، بۇزغۇنچىلىقنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىغا ۋە باللىرىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارغا ھارامدىن پۇل تېپىشنى، باللىرىغا زىنا ـ پاھىشىنى، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلىشنى چىرايلىق كۆرسەتكىن. ئادەم باللىرىدىن بولغان ئەگەشكۈچىلىرىڭگە يالغان ۋەدىلەرنى بەرگىن. شۈبھىسىزكى، شەيتاننىڭ بارلىق ۋەدىلىرى پەقەتلا ئالدامچىلىقتىن ئىبارەتتۇر.

إِنَّ عِبَادِي لَيۡسَ لَكَ عَلَيۡهِمۡ سُلۡطَٰنٞۚ وَكَفَىٰ بِرَبِّكَ وَكِيلٗا ٦٥

65 ـ شەكسىزكى، ماڭا ئىتائەت قىلىدىغان مۇئمىن، مۇخلىس بەندىلىرىمنى سەن ھەرگىز ئازدۇرالمايسەن». ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ مۇئمىن بەندىلىرىنى شەيتاننىڭ ھىيلە ـ مىكرلىرىدىن ساقلاشقا ۋە قوغداشقا ئەلۋەتتە يېتەرلىكتۇر.

رَّبُّكُمُ ٱلَّذِي يُزۡجِي لَكُمُ ٱلۡفُلۡكَ فِي ٱلۡبَحۡرِ لِتَبۡتَغُواْ مِن فَضۡلِهِۦٓۚ إِنَّهُۥ كَانَ بِكُمۡ رَحِيمٗا ٦٦

66 ـ ئى ئىنسانلار! رەببىڭلار سىلەرنى تەقدىر قىلىنغان رىزقىنى ئىزدىسۇن دەپ، سەپەرلىرىڭلاردا ۋە سودا ئىشلىرىڭلاردا كېمىلەرنى سىلەر ئۈچۈن دېڭىزدا ماڭدۇرۇپ بېرىدىغان زاتتۇر، شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

وَإِذَا مَسَّكُمُ ٱلضُّرُّ فِي ٱلۡبَحۡرِ ضَلَّ مَن تَدۡعُونَ إِلَّآ إِيَّاهُۖ فَلَمَّا نَجَّىٰكُمۡ إِلَى ٱلۡبَرِّ أَعۡرَضۡتُمۡۚ وَكَانَ ٱلۡإِنسَٰنُ كَفُورًا ٦٧

67 ـ سىلەر دېڭىزدا يۈرگەندە ئاپەتكە يولۇقۇپ، ئۆلۈمنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ قالغان چېغىڭلاردا، سىلەر چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان مەبۇدلىرىڭلار ئەقلىڭلارغا كەلمەيدۇ، بۇ چاغدا پەقەتلا ئاللاھ ئېسىڭلارغا كېلىدۇ، ئۇنىڭدىنلا مەدەت ۋە ياردەم تىلەيسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە ياردەم قىلىپ، سىلەرنى ئۆلۈم ھالاكىتىدىن قۇتقۇزۇپ، قۇرۇقلۇققا چىقىرىپ قويسا، دەرھال ئاللاھتىن يۈز ئۆرۈيسىلەر، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشتىن ۋە ئىخلاس بىلەن ياخشى ئەمەل قىلىشتىن باش تارتىسىلەر. بۇ ئىنساننىڭ نادانلىقى ۋە كۇفرىلىقىدىندۇر. چۈنكى ئىنسان ئاللاھنىڭ نېمىتىگە تۇزكورلۇق قىلغۇچىدۇر.

أَفَأَمِنتُمۡ أَن يَخۡسِفَ بِكُمۡ جَانِبَ ٱلۡبَرِّ أَوۡ يُرۡسِلَ عَلَيۡكُمۡ حَاصِبٗا ثُمَّ لَا تَجِدُواْ لَكُمۡ وَكِيلًا ٦٨

68 ـ ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاللاھنىڭ ئازابىدىن غەپلەتتە قالدىڭلارمۇ؟ سىلەرنى يەر يۇتۇپ كېتىشىدىن ياكى ئاللاھنىڭ ئۈستۈڭلەرگە ئاسماندىن تاش ياغدۇرۇپ ھالاك قىلىۋېتىشىدىن، ئاندىن ئۆزۈڭلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالىدىغان ھېچقانداق مەدەتكار تاپالماي قېلىشىڭلادىن ئەنسىرىمەمسىلەر؟

أَمۡ أَمِنتُمۡ أَن يُعِيدَكُمۡ فِيهِ تَارَةً أُخۡرَىٰ فَيُرۡسِلَ عَلَيۡكُمۡ قَاصِفٗا مِّنَ ٱلرِّيحِ فَيُغۡرِقَكُم بِمَا كَفَرۡتُمۡ

ثُمَّ لَا تَجِدُواْ لَكُمْ عَلَيْنَا بِهِۦ تَبِيعًا ﴿٦٩﴾

69 - ياكى سىلەر ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ سىلەرنى دېڭىزدا قايتا قاتناتقۇزۇپ، ئۈستۈڭلارغا قارا بوراننى ئەۋەتىپ، تۇزكورلۇق قىلغانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن سىلەرنى غەرق قىلىۋېتىشىدىن، ئاندىن سىلەرگە (بىزدىن ئىنتىقام ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن) بىزنى ئىزدەپ سورايدىغان ھېچكىمنى تاپالمىغانلىقىڭلاردىن قورقماسسىلەر؟ شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرگە زەررىچىلىك زۇلۇم قىلمىدى.

۞ وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِيٓ ءَادَمَ وَحَمَلْنَٰهُمْ فِي ٱلْبَرِّ وَٱلْبَحْرِ وَرَزَقْنَٰهُم مِّنَ ٱلطَّيِّبَٰتِ وَفَضَّلْنَٰهُمْ عَلَىٰ كَثِيرٖ مِّمَّنْ خَلَقْنَا تَفْضِيلٗا ﴿٧٠﴾

70 - شەكسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلىش ۋە پەيغەمبەر ئەۋەتىش ئارقىلىق ئەزىز قىلدۇق. ئۇلارغا كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلارغا سەپەر قىلىشى ۋە يۈك ئارتىشى ئۈچۈن، قۇرۇقلۇقتا ئۇلاغلارنى، دېڭىزدا كېمە قاتارلىقلارنى ئاتا قىلدۇق. ئۇلارنى شېرىن ۋە پاك يېمەك - ئىچمەك بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، يەنە ئۇلارنى مەخلۇقاتىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئالاھىدە ئۈستۈن قىلدۇق.

يَوْمَ نَدْعُواْ كُلَّ أُنَاسِۭ بِإِمَٰمِهِمْۖ فَمَنْ أُوتِيَ كِتَٰبَهُۥ بِيَمِينِهِۦ فَأُوْلَٰٓئِكَ يَقْرَءُونَ كِتَٰبَهُمْ وَلَا يُظْلَمُونَ فَتِيلٗا ﴿٧١﴾

71 - ئى پەيغەمبەر! ئىنسانلار تىرىلدىغان قىيامەت كۈنىنى ئەسلىگىن، بۇ كۈن ھەققىدە مۇئمىنلەرگە خۇش خەۋەر بەرگىن، كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرغىن. ئاللاھ ئۇ كۈندە ھەربىر جامائەتنى دۇنيادىكى چاغلىرىدا ئۆزلىرى ئەگەشكەن يولباشچىلىرى بىلەن بىرلىكتە چاقىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كىمنىڭ ئەمەلى ياخشى بولغان بولسا، ئۇنىڭ نامە - ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلىدۇ، ئۇلار نامە - ئەمالىنى خۇشاللىق ئىچىدە ئوقۇيدۇ، ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەلى قىلچە كېمەيتىلمەيدۇ.

وَمَن كَانَ فِي هَٰذِهِۦٓ أَعْمَىٰ فَهُوَ فِي ٱلْأٓخِرَةِ أَعْمَىٰ وَأَضَلُّ سَبِيلٗا ﴿٧٢﴾

72 - كىمكى بۇ دۇنيادا ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان كائىنات ئالامەتلىرىنى كۆرۈشتىن كور بولۇۋېلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن دىنغا ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقان بولسا، ئۇ ئادەم ئاخىرەتتىمۇ كور ۋە توغرا يولدىن تېخىمۇ ئازغان بولۇپ قويىدۇ.

وَإِن كَادُواْ لَيَفْتِنُونَكَ عَنِ ٱلَّذِيٓ أَوْحَيْنَآ إِلَيْكَ لِتَفْتَرِيَ عَلَيْنَا غَيْرَهُۥۖ وَإِذٗا لَّٱتَّخَذُوكَ خَلِيلٗا ﴿٧٣﴾

73 - ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلار ھەقىقەتەن سېنى ئاللاھ ساڭا ۋەھيى قىلغان قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈتۈپ، بىز چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى بىزنىڭ نامىمىزدىن توقۇپ چىقارغۇزۇشقا تاس قالدى، ئەگەر سەن ئۇلار تەلەپ قىلغان بويىچە ئىش قىلغان بولساڭ، ئۇ چاغدا ئۇلار ئەلۋەتتە سېنى يېقىن دوست قىلىۋالاتتى.

وَلَوْلَآ أَن ثَبَّتْنَٰكَ لَقَدْ كِدتَّ تَرْكَنُ إِلَيْهِمْ شَيْـٔٗا قَلِيلًا ﴿٧٤﴾

74 - ئەگەر بىز سېنى ھەقىقەتتە مۇستەھكەم تۇرغۇزمىغان ۋە مۇشرىكلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىشتىن ساقلىمىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا بولغان ھېرىسلىقىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى سەۋەبلىك، ئۇلارغا ئازراق مايىل بولۇپ كەتكىلى تاس قالغان بولاتتىڭ.

إِذًا لَّأَذَقْنَاكَ ضِعْفَ الْحَيَاةِ وَضِعْفَ الْمَمَاتِ ثُمَّ لَا تَجِدُ لَكَ عَلَيْنَا نَصِيرًا ﴿٧٥﴾

75 - ئى پەيغەمبەر! ئەگەر سەن ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئازراق مايىل بولۇپ كەتكەن بولساڭ، ئەلۋەتتە بىز ساڭا دۇنيانىڭ قاتمۇقات ئازابىنى ۋە ئاخىرەتنىڭ قاتمۇقات ئازابىنى تېتىتقان بولاتتۇق. ئۇ چاغدا سەن ئۆزۈڭگە ياردەم قىلىدىغان ۋە سېنى بىزنىڭ ئازابىمىزدىن ساقلاپ قالىدىغان ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايتتىڭ. ئاللاھ ئۆز پەزل - كەرەمى بىلەن سېنى مۇشرىكلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىدىن ساقلىدى.

وَإِن كَادُوا لَيَسْتَفِزُّونَكَ مِنَ الْأَرْضِ لِيُخْرِجُوكَ مِنْهَا ۖ وَإِذًا لَّا يَلْبَثُونَ خِلَافَكَ إِلَّا قَلِيلًا ﴿٧٦﴾

76 - كاپىرلار ھەقىقەتەن سېنى بىئارام قىلىپ، مەككىدىن چىقىرىۋېتىشكە تاس قالدى، ئەگەر ئۇلار سېنى ئۇ يەردىن چىقىرىۋەتكەن تەقدىردە، سەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئۇ يەردە پەقەت ئۆزلىرىگە ئازاب چۈشكەنگە قەدەر ئازغىنە ۋاقىت تۇرالايتتى.

سُنَّةَ مَن قَدْ أَرْسَلْنَا قَبْلَكَ مِن رُّسُلِنَا ۖ وَلَا تَجِدُ لِسُنَّتِنَا تَحْوِيلًا ﴿٧٧﴾

77 - ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارنى بۇنداق جازالاش ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرگە قارشى چىققان قەۋمنى جازالاش ھەققىدىكى ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتىدۇر. بىزنىڭ قانۇنىيىتىمىزدە ھېچقانداق ئۆزگىرىشنى ياكى ۋەدىمىزگە خىلاپلىق قىلغانلىقىمىزنى تاپالمايسەن.

أَقِمِ الصَّلَاةَ لِدُلُوكِ الشَّمْسِ إِلَىٰ غَسَقِ اللَّيْلِ وَقُرْآنَ الْفَجْرِ ۖ إِنَّ قُرْآنَ الْفَجْرِ كَانَ مَشْهُودًا ﴿٧٨﴾

78 - ئى پەيغەمبەر! كۈن قايرىلغان ۋاقىتتىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىتقا قەدەر (بەلگىلەنگەن ۋاقىتلاردا) ناماز ئوقۇغىن[1]. بامدات نامىزىنىمۇ ئوقۇغىن، ئۇنىڭ قىرائىتىنى ئۇزۇنراق ئوقۇغىن، چۈنكى بامدات نامىزىغا كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ پەرىشتىلىرى ھازىر بولىدۇ.

وَمِنَ اللَّيْلِ فَتَهَجَّدْ بِهِ نَافِلَةً لَّكَ عَسَىٰ أَن يَبْعَثَكَ رَبُّكَ مَقَامًا مَّحْمُودًا ﴿٧٩﴾

79 - كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئۇيقۇڭدىن تۇرۇپ، تەھەججۇد نامىزىنى ئوقۇغىن، تەھەججۇد نامىزى سېنىڭ قەدرىڭنى كۆتۈرىدۇ، مەرتىۋەڭنى يۈكسەلدۈرىدۇ. ئاللاھنىڭ سېنى قىيامەت كۈنى كىشىلەرگە شاپائەت قىلىدىغان ۋە ئاۋۋالقىلار بىلەن كېيىنكىلەر مەدھىيەلەيدىغان كاتتا مەرتىۋىگە كۆتۈرىدىغانلىقى ئېنىقتۇر.

وَقُل رَّبِّ أَدْخِلْنِي مُدْخَلَ صِدْقٍ وَأَخْرِجْنِي مُخْرَجَ صِدْقٍ وَاجْعَل لِّي مِن لَّدُنكَ سُلْطَانًا نَّصِيرًا ﴿٨٠﴾

80 - سەن «ئى رەببىم! مېنى مەن ئۇچۇن ياخشىلىق بولىدىغان جايغا ئوڭۇشلۇق كىرگۈزگىن، مېنى مەن ئۇچۇن يامانلىق بولىدىغان جايدىن ئوڭۇشلۇق چىقارغىن، بارلىق كاپىرلار ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشىم ئۈچۈن، ئۆز دەرگاھىڭدىن ماڭا كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن» دېگىن.

وَقُلْ جَاءَ الْحَقُّ وَزَهَقَ الْبَاطِلُ ۚ إِنَّ الْبَاطِلَ كَانَ زَهُوقًا ﴿٨١﴾

[1] بۇ يەردە پېشىن، ئەسىر، شام، خۇپتەن نامازلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

81 - ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «ئىسلام كەلدى، مۇشرىكلىك يوقالدى. چۈنكى باتىل داۋام قىلالمايدۇ ۋە مەھكەم تۇرالمايدۇ، ئەمما ھەق مەھكەم تۇرىدۇ ۋە مەڭگۈلۈك داۋاملىشىدۇ».

وَنُنَزِّلُ مِنَ ٱلْقُرْءَانِ مَا هُوَ شِفَآءٌ وَرَحْمَةٌ لِّلْمُؤْمِنِينَ وَلَا يَزِيدُ ٱلظَّٰلِمِينَ إِلَّا خَسَارًا ﴿٨٢﴾

82 - بىز بۇ ئۇلۇغ قۇرئاندىن نادانلىق، شەك، مۇناپىقلىق قاتارلىق دىللارنىڭ كېسەللىكلىرىگە ۋە ئوقۇپ شىپالىق تىلىسە بەدەننىڭ كېسەللىكلىرىگىمۇ شىپا بولىدىغان، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكىلى بولىدىغان ئايەتلەرنى چۈشۈرىمىز. كاپىرلار بۇ ئايەتلەرنى ئاڭلىغان چاغدا، ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە ئىمان ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كاپىرلىقى ۋە ئازغۇنلۇقى تېخىمۇ ئېشىپ كېتىدۇ.

وَإِذَآ أَنْعَمْنَا عَلَى ٱلْإِنسَٰنِ أَعْرَضَ وَنَـَٔا بِجَانِبِهِۦ ۖ وَإِذَا مَسَّهُ ٱلشَّرُّ كَانَ يَـُٔوسًا ﴿٨٣﴾

83 - ئىنسانغا مال - دۇنيا، تەن ساقلىقى قاتارلىق نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان چېغىمىزدا، ئۇ بىزگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىدۇ ۋە بىزدىن يىراقلىشىدۇ، ئۇنىڭغا يوقسۇللۇق، ئاغرىق - سىلاق دېگەندەك بىرەر قىيىنچىلىق يەتسە، بەك ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ، چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ پەزل - كەرەمىگە ئىشەنچ قىلمايدۇ. پەقەتلا ئاللاھ ساقلىغان كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلار ئازادىچىلىك چاغلىرىدىمۇ، قىيىنچىلىق چاغلىرىدىمۇ ئاللاھنىڭ پەزلىدىن ئۈمىدىنى ئۈزمەيدۇ.

قُلْ كُلٌّ يَعْمَلُ عَلَىٰ شَاكِلَتِهِۦ فَرَبُّكُمْ أَعْلَمُ بِمَنْ هُوَ أَهْدَىٰ سَبِيلًا ﴿٨٤﴾

84 - ئى پەيغەمبەر! ئىنسانلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەردىن ھەركىم ئۆز يولى بويىچە ئىش قىلىدۇ، رەببىڭلار كىمنىڭ ئەڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ».

وَيَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلرُّوحِ ۖ قُلِ ٱلرُّوحُ مِنْ أَمْرِ رَبِّى وَمَآ أُوتِيتُم مِّنَ ٱلْعِلْمِ إِلَّا قَلِيلًا ﴿٨٥﴾

85 - كاپىرلار تەرسالىق قىلىپ سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سورىشىدۇ. ئۇلارغا شۇنداق جاۋاب بەرگىنكى، «روھنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش ئاللاھ ئۆزىگە خاس قىلغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر. سىلەرگە ۋە بارلىق ئىنسانلارغا پەقەت ئازغىنە ئىلىم بېرىلگەن».

وَلَئِن شِئْنَا لَنَذْهَبَنَّ بِٱلَّذِىٓ أَوْحَيْنَآ إِلَيْكَ ثُمَّ لَا تَجِدُ لَكَ بِهِۦ عَلَيْنَا وَكِيلًا ﴿٨٦﴾

86 - ئەگەر بىز قۇرئاننى سېنىڭ دىلىڭدىن ئۆچۈرۈۋېتىشنى خالىغان بولساق، ئەلۋەتتە ئۇنى قىلالايتتۇق. ئۇ چاغدا سەن بىزنى ئۇنداق قىلىشتىن توسۇپ قالىدىغان ياكى قۇرئاننى دىلىڭغا قايتۇرۇپ كېلىدىغان ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايتتىڭ.

إِلَّا رَحْمَةً مِّن رَّبِّكَ ۚ إِنَّ فَضْلَهُۥ كَانَ عَلَيْكَ كَبِيرًا ﴿٨٧﴾

87 - ئەمما ئاللاھ ساڭا رەھىم قىلدى، قۇرئاننى دىلىڭدا مەھكەم قىلدى. شەكسىزكى، رەببىڭنىڭ ساڭا قىلغان پەزل - كەرەمى ھەقىقەتەن چوڭدۇر. ئاللاھ ساڭا بۇ ئۇلۇغ قۇرئاننى، قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىش ھوقۇقىنى ۋە جاھان ئەھلىدىن ھېچكىمگە ئاتا قىلمىغان كۆپلىگەن ئىنئاملارنى ئاتا قىلدى.

قُل لَّئِنِ ٱجْتَمَعَتِ ٱلْإِنسُ وَٱلْجِنُّ عَلَىٰٓ أَن يَأْتُوا۟ بِمِثْلِ هَٰذَا ٱلْقُرْءَانِ لَا يَأْتُونَ بِمِثْلِهِۦ وَلَوْ كَانَ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ ظَهِيرًا ﴿٨٨﴾

88 - ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئىنسانلار بىلەن جىنلار بەدىئىيلىكتە، مۆجىزىۋىيلىكتە ۋە گۈزەل

ئىپادىلەشتە مۇشۇ قۇرئانغا ئوخشايدىغان بىر قۇرئاننى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر - بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئۇنى ھەرگىز بارلىققا كەلتۈرەلمەيدۇ».

وَلَقَدْ صَرَّفْنَا لِلنَّاسِ فِي هَٰذَا ٱلْقُرْءَانِ مِن كُلِّ مَثَلٍ فَأَبَىٰٓ أَكْثَرُ ٱلنَّاسِ إِلَّا كُفُورًا ﴿٨٩﴾

89 - شەكسىزكى، بىز ئىنسانلارنى قۇرئانغا ئەگەشسۇن ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلسۇن دەپ، ئۇلارغا پاكىت كۆرسىتىش ئۈچۈن، بۇ قۇرئاندا ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك تۈرلۈك مىساللارنى خىلمۇخىل شەكىلدە بايان قىلىپ بەردۇق، ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشتىن ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى يالغانغا چىقىرىشتىن باشقىسىغا ئۇنىمىدى.

وَقَالُوا۟ لَن نُّؤْمِنَ لَكَ حَتَّىٰ تَفْجُرَ لَنَا مِنَ ٱلْأَرْضِ يَنۢبُوعًا ﴿٩٠﴾

90 - قۇرئان مۇشرىكلارنى يېڭىپ چۈشۈپ ئۇلارنى چارىسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەپسى ھەۋىسىگە ماس كېلىدىغان مۆجىزىلەرنى تەلەپ قىلىپ: «ئى مۇھەممەد! سەن بىزگە مەككە زېمىنىنىڭ ئاستىدىن بىر بۇلاقنى ئېتىلدۇرۇپ چىقارمىغۇچە بىز ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز، دېگىنىڭگە ئەمەل قىلمايمىز.

أَوْ تَكُونَ لَكَ جَنَّةٌ مِّن نَّخِيلٍ وَعِنَبٍ فَتُفَجِّرَ ٱلْأَنْهَٰرَ خِلَٰلَهَا تَفْجِيرًا ﴿٩١﴾

91 - ياكى سېنىڭ خورما ۋە ئۈزۈملەرنىڭ ھەممە تۈرلىرى بولغان، ئوتتۇرىسىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان بىر بېغىڭ بولسۇن،

أَوْ تُسْقِطَ ٱلسَّمَآءَ كَمَا زَعَمْتَ عَلَيْنَا كِسَفًا أَوْ تَأْتِيَ بِٱللَّهِ وَٱلْمَلَٰٓئِكَةِ قَبِيلًا ﴿٩٢﴾

92 - ياكى سەن ئېيتقاندەك ئۈستىمىزگە ئاسماننى پارچە- پارچە قىلىپ چۈشۈرگىن، ياكى راستچىللىقىڭغا گۇۋاھچى قىلىپ ئاللاھنى ۋە پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا كەلتۈرگىن. بىز ئۇلارنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرەيلى،

أَوْ يَكُونَ لَكَ بَيْتٌ مِّن زُخْرُفٍ أَوْ تَرْقَىٰ فِي ٱلسَّمَآءِ وَلَن نُّؤْمِنَ لِرُقِيِّكَ حَتَّىٰ تُنَزِّلَ عَلَيْنَا كِتَٰبًا نَّقْرَؤُهُۥ ۗ قُلْ سُبْحَانَ رَبِّي هَلْ كُنتُ إِلَّا بَشَرًا رَّسُولًا ﴿٩٣﴾

93 - ياكى سېنىڭ ئالتۇندىن ئۆيۈڭ بولسۇن ياكى سەن ئاسمانغا چىققىن تاكى ئاللاھ تەرىپىدىن سېنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭ يېزىلغان ۋە بىز ئوقۇيالايدىغان بىر كىتابنى ئېلىپ چۈشمىگۈچە سېنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقىڭغىمۇ ئىشەنمەيمىز» دېيىشىدۇ. ئى پەيغەمبەر! بۇ كاپىرلارنىڭ تەرسالىقىغا ئەجەبلىنىپ ئېيتقىنكى، «رەببىم پاكتۇر، مەن پەقەت ئاللاھنىڭ بەندىلىرى قاتارىدىن بىر بەندە ۋە ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈشكە تەيىنلەنگەن پەيغەمبەرمەن. سىلەر تەلەپ قىلغان ئىشلارنى قىلىش قانداقمۇ قولۇمدىن كەلسۇن؟!».

وَمَا مَنَعَ ٱلنَّاسَ أَن يُؤْمِنُوٓا۟ إِذْ جَآءَهُمُ ٱلْهُدَىٰٓ إِلَّآ أَن قَالُوٓا۟ أَبَعَثَ ٱللَّهُ بَشَرًا رَّسُولًا ﴿٩٤﴾

94 - كاپىرلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئوپئوچۇق ھەقىقەت كەلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ، پەيغەمبەرگە ئەگىشىشىگە توسالغۇ بولغان نەرسە، پەقەتلا ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ: «ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىن بىرىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپتىمۇ؟» دېگەنلىكى ئىدى.

قُل لَّوْ كَانَ فِي ٱلْأَرْضِ مَلَٰٓئِكَةٌ يَمْشُونَ مُطْمَئِنِّينَ لَنَزَّلْنَا عَلَيْهِم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ مَلَكًا رَّسُولًا ﴿٩٥﴾

95 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا رەددىيە بېرىپ ئېيتقىنكى، «مۇبادا يەر يۈزىدە خاتىرجەم مېڭىپ يۈرىدىغان پەرىشتىلەر بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئاسماندىن ئۆز جىنسىدىن پەرىشتىنى پەيغەمبەر قىلىپ چۈشۈرگەن بولاتتۇق. ئەمما يەر يۈزىدىكىلەر پەرىشتىلەر ئەمەس، ئىنسانلاردۇر. شۇڭا ئۇلارغا ئەۋەتىلىدىغان پەيغەمبەرمۇ ئۇلارغا گېپىنى ئۇقتۇرالىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئوخشاش ئىنسان بولۇشى لازىم».

قُلْ كَفَىٰ بِٱللَّهِ شَهِيدًۢا بَيْنِي وَبَيْنَكُمْ ۚ إِنَّهُۥ كَانَ بِعِبَادِهِۦ خَبِيرًۢا بَصِيرًا ﴿٩٦﴾

96 - ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «مېنىڭ راستچىللىقىمغا ۋە پەيغەمبەرلىكىمنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئاللاھ مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا گۇۋاھ بولۇشقا يېتەرلىكتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئاخىرەتتە ئۇلارغا شۇنىڭغا يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ».

وَمَن يَهْدِ ٱللَّهُ فَهُوَ ٱلْمُهْتَدِ ۖ وَمَن يُضْلِلْ فَلَن تَجِدَ لَهُمْ أَوْلِيَآءَ مِن دُونِهِۦ ۖ وَنَحْشُرُهُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ عَلَىٰ وُجُوهِهِمْ عُمْيًا وَبُكْمًا وَصُمًّا ۖ مَّأْوَىٰهُمْ جَهَنَّمُ ۖ كُلَّمَا خَبَتْ زِدْنَٰهُمْ سَعِيرًا ﴿٩٧﴾

97 - ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلسا، ئۇ ھەقىقەتكە يېتەكلەنگەن بولىدۇ، ئاللاھ كىمنى ئازدۇرسا، ئۇنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئاشۇ ئازغۇنلارنى كور، گاچا، گاس ھالىتىدە يۈزىچە سۆرەپ ھېساب مەيدانىغا يىغىدۇ. دوزاخنىڭ يېنىپ تۇرغان ئوتى ئۇلارنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى بولىدۇ، جەھەننەمنىڭ ئوت يالقۇنى پەسلەپ قالسا، ئۇلارغا يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتنىڭ شىددىتىنى ئاشۇرىمىز.

ذَٰلِكَ جَزَآؤُهُم بِأَنَّهُمْ كَفَرُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا وَقَالُوٓا۟ أَءِذَا كُنَّا عِظَٰمًا وَرُفَٰتًا أَءِنَّا لَمَبْعُوثُونَ خَلْقًا جَدِيدًا ﴿٩٨﴾

98 - يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بۇ ئازاب مۇشرىكلارنىڭ جازاسىدۇر. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان، پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن دەلىل - پاكىتلارنى يالغانغا چىقارغان ۋە پەيغەمبەرلەرگە ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ: «بىز چىرىگەن سۆڭەك ۋە توپىغا ئايلانغىنىمىزدىن كېيىن راستتىنلا تىرىلىپ يېڭىدىن ئادەم بولامدۇق؟» دېگەن ئىدى.

۞ أَوَلَمْ يَرَوْا۟ أَنَّ ٱللَّهَ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ قَادِرٌ عَلَىٰٓ أَن يَخْلُقَ مِثْلَهُمْ وَجَعَلَ لَهُمْ أَجَلًا لَّا رَيْبَ فِيهِ فَأَبَى ٱلظَّٰلِمُونَ إِلَّا كُفُورًا ﴿٩٩﴾

99 - ئۇ مۇشرىكلار ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەۋجۇداتنى ئۆرنەكسىز ياراتقان ئاللاھنىڭ، ئۇلارغا ئوخشاش ئىنسانلارنى ئۆلگىنىدىن كېيىن قايتىدىن يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟ ئاللاھ ئاشۇ مۇشرىكلارنىڭ ئۆلۈمى ۋە جازاسى ئۈچۈن مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى، ئۇ ۋاقىتنىڭ كېلىشىدە قىلچە شەك يوق. ھەقىقەت شۇنچە روشەن، دەلىل - پاكىتلار تولۇق تۇرسىمۇ، كاپىرلار ئاللاھنىڭ دىنىنى ئىنكار قىلىشتىن باشقىسىغا ئۇنىمىدى.

قُل لَّوْ أَنتُمْ تَمْلِكُونَ خَزَآئِنَ رَحْمَةِ رَبِّىٓ إِذًا لَّأَمْسَكْتُمْ خَشْيَةَ ٱلْإِنفَاقِ ۚ وَكَانَ ٱلْإِنسَٰنُ قَتُورًا ﴿١٠٠﴾

100 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «رەببىمنىڭ تۈگىمەس رەھمەت خەزىنىلىرى ناۋادا سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بولغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا سىلەر ئەلۋەتتە بېخىللىق قىلاتتىڭلار ۋە تۈگەپ كېتىشىدىن قورقۇپ ھېچكىمگە بىر نەرسە بەرمەيتتىڭلار. (چۈنكى) ئىنسان قولىدىكى نەرسىگە بېخىللىق قىلىدىغان مەخلۇقاتتۇر، پەقەت ئىمانى

يۈزىسىدىن ئاللاھ بىخىللىقتىن ساقلىغان كىشىلەرلا بۇنداق ئەمەس».

وَلَقَدۡ ءَاتَيۡنَا مُوسَىٰ تِسۡعَ ءَايَٰتِۭ بَيِّنَٰتٖۖ فَسۡـَٔلۡ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ إِذۡ جَآءَهُمۡ فَقَالَ لَهُۥ فِرۡعَوۡنُ إِنِّي لَأَظُنُّكَ يَٰمُوسَىٰ مَسۡحُورٗا ﴿١٠١﴾

101 - بىز مۇساغا ئۆزىنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشى ئۈچۈن، ناھايىتى روشەن توققۇز مۆجىزە ئاتا قىلغان ئىدۇق. ئۇلار: ھاسىسىنىڭ ئەجدىھاغا ئايلىنىشى، قولىنىڭ چىراقتەك يېنىشى، پىرئەۋن قەۋمىگە كەلگەن ئاچارچىلىق، قەھەتچىلىك، مېۋىلەرنىڭ كېمىيىپ كېتىشى، كەلكۈن بالاسى، چېكەتكە بالاسى، پىت بالاسى، پاقا ۋە قان بالاسى قاتارلىقلاردۇر. ئى پەيغەمبەر! ئىسرائىل ئەۋلادىدىن سورىغىنكى، مۇسا پەيغەمبەر بولۇپ ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەن چاغدا، پىرئەۋن ئۇنىڭغا: «ئى مۇسا! مەن سېنى چوقۇم ئەقلىدىن ئازغان بىر سېھىرگەر دەپ قارايمەن» دېدى.

قَالَ لَقَدۡ عَلِمۡتَ مَآ أَنزَلَ هَٰٓؤُلَآءِ إِلَّا رَبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ بَصَآئِرَ وَإِنِّي لَأَظُنُّكَ يَٰفِرۡعَوۡنُ مَثۡبُورٗا ﴿١٠٢﴾

102 - مۇسا پىرئەۋنگە رەددىيە بېرىپ: «ئى پىرئەۋن! ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ رەببى ئاللاھ بۇ مۆجىزىلەرنى مېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنىڭ دەلىلى قىلىپ چۈشۈرگەنلىكىنى ۋە بۇ مۆجىزىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئوپئوچۇق دالالەت قىلىدىغانلىقىنى سەن ئېنىق بىلىدىڭ، ئى پىرئەۋن! مەنمۇ سېنى چوقۇم ھالاك بولغۇچى ۋە لەنەتكە ئۇچرىغۇچى، دەپ قارايمەن» دېدى.

فَأَرَادَ أَن يَسۡتَفِزَّهُم مِّنَ ٱلۡأَرۡضِ فَأَغۡرَقۡنَٰهُ وَمَن مَّعَهُۥ جَمِيعٗا ﴿١٠٣﴾

103 - نىھايەت، پىرئەۋن مۇسانى پاراكەندە قىلماقچى ۋە ئۇنى ئىسرائىل ئەۋلادى بىلەن بىرلىكتە مىسىردىن چىقىرىۋەتمەكچى بولۇۋىدى، بىز پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىققان ئەسكەرلىرىنى جازالاپ دېڭىزغا غەرق قىلىۋەتتۇق.

وَقُلۡنَا مِنۢ بَعۡدِهِۦ لِبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱسۡكُنُواْ ٱلۡأَرۡضَ فَإِذَا جَآءَ وَعۡدُ ٱلۡأٓخِرَةِ جِئۡنَا بِكُمۡ لَفِيفٗا ﴿١٠٤﴾

104 - بىز پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى غەرق قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئىسرائىل ئەۋلادىغا دېدۇقكى، «سىلەر شام زېمىنىدا يەرلىشىڭلار، قىيامەت قايىم بولغان كۈنى ھەممىڭلارنى قەبرەڭلاردىن چىقىرىپ ھېساب مەيدانىغا ئېلىپ بارىمىز».

وَبِٱلۡحَقِّ أَنزَلۡنَٰهُ وَبِٱلۡحَقِّ نَزَلَۗ وَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ إِلَّا مُبَشِّرٗا وَنَذِيرٗا ﴿١٠٥﴾

105 - بىز بۇ قۇرئاننى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر دەستۇر قىلىپ نازىل قىلدۇق، ئۇ ئۆزگەرتىلىشتىن، بۇرمىلىنىشتىن ساقلانغان ھالدا ھەق ۋە ھېكمەت بىلەن، راستچىللىق ۋە ئادالەت بىلەن نازىل قىلىندى. ئى پەيغەمبەر! بىز سېنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلارغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى، ئاللاھنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغانلارنى دوزاختىن ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپلا ئەۋەتتۇق.

وَقُرۡءَانٗا فَرَقۡنَٰهُ لِتَقۡرَأَهُۥ عَلَى ٱلنَّاسِ عَلَىٰ مُكۡثٖ وَنَزَّلۡنَٰهُ تَنزِيلٗا ﴿١٠٦﴾

106 - ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا قۇرئاننى نازىل قىلىپ، مەنىسىنى تەپسىلىي بايان قىلدۇق،

ھەق بىلەن باتىلنى ئېنىق ئايرىپ بەردۇق، كىشىلەرگە توختاپ - توختاپ ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، ئۇنى ۋەزىيەت ۋە ۋەقەلەرنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن ئاز - ئازدىن، تەدرىجىي نازىل قىلدۇق.

قُلۡ ءَامِنُواْ بِهِۦٓ أَوۡ لَا تُؤۡمِنُوٓاْۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡعِلۡمَ مِن قَبۡلِهِۦٓ إِذَا يُتۡلَىٰ عَلَيۡهِمۡ يَخِرُّونَ لِلۡأَذۡقَانِ سُجَّدٗا ﴿١٠٧﴾

107 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ ئىنكارچىلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر قۇرئانغا ئىمان ئېيتىڭلار ياكى ئىمان ئېيتماڭلار، سىلەرنىڭ ئىمانىڭلار قۇرئانغا كامالەت قوشالمايدۇ، كاپىرلىقىڭلارمۇ ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. قۇرئاندىن ئىلگىرى ساماۋى كىتابلار بېرىلگەن، ۋەھيىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلگەن ئۆلىمالارغا قۇرئان ئايەتلىرى ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇلارنىڭ دىللىرى يۇمشاپ كېتىدۇ ۋە ئاللاھنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىپ يۈزىنى سەجدىگە قويىدۇ.

وَيَقُولُونَ سُبۡحَٰنَ رَبِّنَآ إِن كَانَ وَعۡدُ رَبِّنَا لَمَفۡعُولٗا ﴿١٠٨﴾

108 - ئاشۇ ئۆلىمالار قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا: ‹ئۇلۇغ رەببىمىز مۇشرىكلارنىڭ سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر، رەببىمىزنىڭ ئىتائەت قىلغانلارنى جەننەتكە، ئاسىيلىق قىلغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزۈش ھەققىدىكى ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ› دەيدۇ.

وَيَخِرُّونَ لِلۡأَذۡقَانِ يَبۡكُونَ وَيَزِيدُهُمۡ خُشُوعٗا ۩ ﴿١٠٩﴾

109 - ئاشۇلار قۇرئاننىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىدىن تەسىرلەنگەنلىكتىن، يىغلاپ تۇرۇپ يۈزىنى سەجدىگە قويىدۇ، قۇرئان تىلاۋىتىنى ئاڭلاش ئۇلارنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىتائەتمەنلىكىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ».

قُلِ ٱدۡعُواْ ٱللَّهَ أَوِ ٱدۡعُواْ ٱلرَّحۡمَٰنَۖ أَيّٗا مَّا تَدۡعُواْ فَلَهُ ٱلۡأَسۡمَآءُ ٱلۡحُسۡنَىٰۚ وَلَا تَجۡهَرۡ بِصَلَاتِكَ وَلَا تُخَافِتۡ بِهَا وَٱبۡتَغِ بَيۡنَ ذَٰلِكَ سَبِيلٗا ﴿١١٠﴾

110 - ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ: «يا ئاللاھ! يا رەھمان!» دەپ دۇئا قىلىشىڭغا قارشى چىققان مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «ئاللاھ دەپ ئاتىساڭلارمۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىدىن قايسىبىرىنى ئاتاپ دۇئا قىلساڭلار شۇ بىر ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتىغان بولىسىلەر. چۈنكى، ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ھەممىسى گۈزەلدۇر». ئى پەيغەمبەر! نامىزىڭدا قىرائەت قىلغاندا ئاۋازىڭنى مۇشرىكلار ئاڭلاپ قالىدىغان دەرىجىدە بەك يۇقىرى قىلمىغىن، يېنىڭدىكى مۇئمىنلەر ئاڭلىمايدىغان دەرىجىدە بەك تۆۋەنمۇ قىلمىغىن. يۇقىرى ۋە تۆۋەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىش كۆرگىن.

وَقُلِ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ ٱلَّذِي لَمۡ يَتَّخِذۡ وَلَدٗا وَلَمۡ يَكُن لَّهُۥ شَرِيكٞ فِي ٱلۡمُلۡكِ وَلَمۡ يَكُن لَّهُۥ وَلِيّٞ مِّنَ ٱلذُّلِّۖ وَكَبِّرۡهُ تَكۡبِيرَۢا ﴿١١١﴾

111 - ئى پەيغەمبەر! «جىمى ھەمدۇسانا بالىسى بولۇشتىن، ئىلاھلىقتا شېرىكى بولۇشتىن پاك ۋە ئۈستۈن بولغان ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ بەندىلىرىدىن بىرەر دوستقا موھتاج ئەمەس، بارچە مەۋجۇدات ئۇنىڭغا موھتاجدۇر، ئۇ ھەممىدىن بىھاجەتتۇر، ھەممىدىن كۈچلۈكتۇر» دېگىن ۋە ئىبادەتنى ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا قىلىش، دىننى ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي خاس قىلىش بىلەن ئۇنى ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە ئۇلۇغلىغىن.

# كەھف سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ ٱلَّذِيٓ أَنزَلَ عَلَىٰ عَبۡدِهِ ٱلۡكِتَٰبَ وَلَمۡ يَجۡعَل لَّهُۥ عِوَجَاۜ ١

1 ـ جىمى ھەمدۇسانا بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەقىقەتتىن قىلچىلىك
چەتنەپ كەتمىگەن قۇرئاننى نازىل قىلغان، دىن ۋە دۇنيالىق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن
بارلىق نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان ۋە ئەڭ مۇكەممەل سۈپەتلەرنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھقا
خاستۇر.

قَيِّمٗا لِّيُنذِرَ بَأۡسٗا شَدِيدٗا مِّن لَّدُنۡهُ وَيُبَشِّرَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ٱلَّذِينَ يَعۡمَلُونَ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أَنَّ لَهُمۡ أَجۡرًا
حَسَنٗا ٢ مَّٰكِثِينَ فِيهِ أَبَدٗا ٣ وَيُنذِرَ ٱلَّذِينَ قَالُواْ ٱتَّخَذَ ٱللَّهُ وَلَدٗا ٤

2 ـ 4ـ ئاللاھ كاپىرلارنى ۋە «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دەيدىغان مۇشرىكلارنى ئاخىرەتنىڭ
قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈپ،
ياخشى ئىشلارنى قىلغان مۆئمىنلەرگە، مەڭگۈلۈك نېمەتلىنىدىغان جەننەتتىن ئىبارەت
كاتتا مۇكاپات بىلەن خۇش بېشارەت بېرىش ئۈچۈن، بۇ قۇرئاننى ھەرقانداق زىتلىق
ياكى ئەيىبتىن خالىي كىتاب قىلدى.

مَّا لَهُم بِهِۦ مِنۡ عِلۡمٖ وَلَا لِأٓبَآئِهِمۡۚ كَبُرَتۡ كَلِمَةٗ تَخۡرُجُ مِنۡ أَفۡوَٰهِهِمۡۚ إِن يَقُولُونَ إِلَّا كَذِبٗا ٥

5 ـ ئۇ مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھنىڭ بالىسى بار دېگەن دەۋاسىنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى
يوق، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭمۇ شۇنداق. ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆز
نېمىدېگەن چوڭ كۇفرلۇق! ئۇلار پەقەت يالغاننىلا ئېيتىدۇ.

فَلَعَلَّكَ بَٰخِعٞ نَّفۡسَكَ عَلَىٰٓ ءَاثَٰرِهِمۡ إِن لَّمۡ يُؤۡمِنُواْ بِهَٰذَا ٱلۡحَدِيثِ أَسَفًا ٦

6 ـ ئى پەيغەمبەر! ئەگەر قەۋمىڭ بۇ قۇرئانغا ئىمان ئېيتمىسا ۋە ئەمەل قىلمىسا، ئۇلارنىڭ
سەندىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىگە ئەپسۇسلىنىپ ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋېتىدىغاندەك تۇرىسەن.

إِنَّا جَعَلۡنَا مَا عَلَى ٱلۡأَرۡضِ زِينَةٗ لَّهَا لِنَبۡلُوَهُمۡ أَيُّهُمۡ أَحۡسَنُ عَمَلٗا ٧

7 ـ ئىنسانلارنىڭ قايسىسى بىزگە ئىتائەت قىلىپ ئەڭ ياخشى ئەمەل قىلىدۇ؟ قايسىسى بىزگە
ئاسىيلىق قىلىپ يامان ئىش قىلىدۇ؟ دەپ ئۇلارنى سىناش ۋە ھەربىرىگە تېگىشلىك
مۇكاپات ياكى جازا بېرىش ئۈچۈن، زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى زېمىن ئۈچۈن
زىننەت، زېمىن ئەھلى ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىپ ياراتتۇق.

وَإِنَّا لَجَٰعِلُونَ مَا عَلَيۡهَا صَعِيدٗا جُرُزًا ٨

8 - دۇنيا ھاياتى ئاخىرلاشقاندا، بىز يەر يۈزىدىكى ئاشۇ زىننەتلەرنىڭ ھەممىسىنى يوق
قىلىۋېتىپ، ئۇنى ئۆسۈملۈكسىز تۇپتۈز باياۋانغا ئايلاندۇرىمىز.

أَمۡ حَسِبۡتَ أَنَّ أَصۡحَٰبَ ٱلۡكَهۡفِ وَٱلرَّقِيمِ كَانُواْ مِنۡ ءَايَٰتِنَا عَجَبًا ٩

9 - ئى پەيغەمبەر! ئەسھابۇلكەھفنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغان تاختىنى قۇدرىتىمىزنىڭ
ئاجايىپ ئالامەتلىرىدىن بىرى دەپ ئويلاپ قالمىغىن، چۈنكى ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە
ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەۋجۇداتلارنىڭ يارىتىلىشى بۇنىڭدىنمۇ ئاجايىپتۇر.

إِذۡ أَوَى ٱلۡفِتۡيَةُ إِلَى ٱلۡكَهۡفِ فَقَالُواْ رَبَّنَآ ءَاتِنَا مِن لَّدُنكَ رَحۡمَةٗ وَهَيِّئۡ لَنَا مِنۡ أَمۡرِنَا رَشَدٗا ١٠

10 - ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا بىر قانچە نەپەر مۆئمىن يىگىت
قەۋمىنىڭ ئۆزلىرىنى ئىماندىن ياندۇرۇشىدىن ۋە بۇتلارغا چوقۇنۇشقا مەجبۇرلىشىدىن
ئەنسىرەپ، ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇنۇۋالغان ۋە مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئى رەببىمىز! بىزگە
ئۆز دەرگاھىڭدىن رەھمەت ئاتا قىلغىن، بىزنى ئىمانىمىزدا مۇستەھكەم قىلغىن،
يامانلىقتىن ساقلىغىن، بىزنىڭ ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولۇشىمىز ئۈچۈن، بىزنى سەن
ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن».

فَضَرَبۡنَا عَلَىٰٓ ءَاذَانِهِمۡ فِي ٱلۡكَهۡفِ سِنِينَ عَدَدٗا ١١

11 - بىز ئۇلارغا قاتتىق ئۇيقۇ بەردۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆڭكۈردە ئۇزۇن يىللار (ئۇيقۇلۇق
ھالىتىدە) قالدى.

ثُمَّ بَعَثۡنَٰهُمۡ لِنَعۡلَمَ أَيُّ ٱلۡحِزۡبَيۡنِ أَحۡصَىٰ لِمَا لَبِثُوٓاْ أَمَدٗا ١٢

12 - ئاندىن ئەزەلىي ئىلمىمىزدىكى مەلۇماتنى كىشىلەرگە ئاشكارا قىلىپ، ئەسھابۇلكەھفنىڭ
ئۆڭكۈردە تۇرغان مۇددىتى ھەققىدە بىركۈنمۇ؟ ياكى بىركۈننىڭ بىرقىسمىمۇ؟ ۋەياكى
ئۇزۇن بىر مۇددەتمۇ؟ دەپ دەتالاش قىلغۇچى ئىككى گۇرۇھتىن قايسىسىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە
ھېسابلايدىغانلىقىنى ئايرىپ بېرىش ئۈچۈن، بىز ئۇلارنى ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتۇق.

نَّحۡنُ نَقُصُّ عَلَيۡكَ نَبَأَهُم بِٱلۡحَقِّۚ إِنَّهُمۡ فِتۡيَةٌ ءَامَنُواْ بِرَبِّهِمۡ وَزِدۡنَٰهُمۡ هُدٗى ١٣

13 - ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا ئۇلارنىڭ قىسسىسىنى ئەينەن ئېيتىپ بېرىمىز، ئەسھابۇلكەھف
ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغان يىگىتلەر ئىدى، بىز
ئۇلارنىڭ ھىدايىتىگە ھىدايەت قوشتۇق، ئۇلارنى ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلدۇق.

وَرَبَطۡنَا عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ إِذۡ قَامُواْ فَقَالُواْ رَبُّنَا رَبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ لَن نَّدۡعُوَاْ مِن دُونِهِۦٓ إِلَٰهٗاۖ لَّقَدۡ
قُلۡنَآ إِذٗا شَطَطًا ١٤

14 - ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار زالىم پادىشاھ ئالدىدا باش ئەگمەي تۇرغاندا، بىز ئۇلارنىڭ دىلىنى
ئىمان بىلەن كۈچلەندۈرگەن، ئىرادىسىنى مۇستەھكەم قىلغان ئىدۇق. زالىم پادىشاھ
ئۇلارنى بۇددىستلىق دىنىنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەيىبلەۋاتقاندا، ئۇلار پادىشاھقا
قەتئىيلىك بىلەن رەددىيە بېرىپ: «بىز ئىبادەت قىلىۋاتقان رەببىمىز ئاسمانلارنىڭ ۋە
زېمىننىڭ رەببىدۇر، بىز ھەرگىز ئۇنىڭدىن باشقىسىغا چوقۇنمايمىز. ئەگەر بىز بۇنىڭدىن
باشقا سۆزنى قىلساق، ئەلۋەتتە بىز ھەقىقەتتىن تولىمۇ يىراق بولغان ھەقسىز گەپنى
قىلغان بولىمىز» دېدى.

هَٰٓؤُلَآءِ قَوۡمُنَا ٱتَّخَذُواْ مِن دُونِهِۦٓ ءَالِهَةٗۖ لَّوۡلَا يَأۡتُونَ عَلَيۡهِم بِسُلۡطَٰنِۭ بَيِّنٖۖ فَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّنِ

ٱفۡتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبٗا ﴿١٥﴾

15 - ئاندىن ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ ئېيتتى: «بىزنىڭ بۇ قەۋمىمىز ئاللاھنى قويۇپ، ساختا ئىلاھلارغا چوقۇندى. ئۇلار ئۇ نەرسىلەرگە چوقۇنۇشىنىڭ توغرىلىقى ھەققىدە نېمىشقا روشەن دەلىل - ئىسپاتى بولسا كەلتۈرمەيدۇ؟ ئىبادەتتە (ئاتالمىش ئىلاھلارنى) ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم يوقتۇر.

وَإِذِ ٱعۡتَزَلۡتُمُوهُمۡ وَمَا يَعۡبُدُونَ إِلَّا ٱللَّهَ فَأۡوُۥٓاْ إِلَى ٱلۡكَهۡفِ يَنشُرۡ لَكُمۡ رَبُّكُم مِّن رَّحۡمَتِهِۦ وَيُهَيِّئۡ لَكُم مِّنۡ أَمۡرِكُم مِّرۡفَقٗا ﴿١٦﴾

16 - سىلەر دىنىڭلارنى قوغداش يۈزىسىدىن ئۆز قەۋمىڭلاردىن ئايرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان مەبۇدلىرىنى تەرك ئەتكەن ئىكەنسىلەر، يالغۇز رەببىڭلارغىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئۆڭكۈرنى پاناھ جاي قىلىڭلار، رەببىڭلار سىلەرگە ئىككىلا دۇنيالىق رەھمىتىنى كەڭ قىلىدۇ ۋە سىلەرنىڭ ھاياتىڭلاردا مەنپەئەتلىك بولغان ياشاش يوللىرىنى سىلەرگە ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ».

۞ وَتَرَى ٱلشَّمۡسَ إِذَا طَلَعَت تَّزَٰوَرُ عَن كَهۡفِهِمۡ ذَاتَ ٱلۡيَمِينِ وَإِذَا غَرَبَت تَّقۡرِضُهُمۡ ذَاتَ ٱلشِّمَالِ وَهُمۡ فِي فَجۡوَةٖ مِّنۡهُۚ ذَٰلِكَ مِنۡ ءَايَٰتِ ٱللَّهِۗ مَن يَهۡدِ ٱللَّهُ فَهُوَ ٱلۡمُهۡتَدِۖ وَمَن يُضۡلِلۡ فَلَن تَجِدَ لَهُۥ وَلِيّٗا مُّرۡشِدٗا ﴿١٧﴾

17 - ئۇلار شۇنداق قىلىشىدى، ئاللاھ ئۇلارغا ئۇيقۇ بەردى ۋە ئۇلارنى خەتەرلەردىن قوغدىدى. ئى پەيغەمبەر! (ئەگەر سەن ئۇ يەردە بولسا ئىدىڭ) كۈن چىققان چاغدا كۈننىڭ ئۇلار تۇرغان ئۆڭكۈرنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ۋە پاتقان چاغدا كۈننىڭ ئۆڭكۈرنىڭ سول تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن بولاتتىڭ. ئۇلار بولسا ئاپتاپ چۈشۈپ ياكى ھاۋا كىرمەي بىئارام بولماستىن، ئۆڭكۈرنىڭ ئازادە يېرىدە ئۇخلىماقتا ئىدى. بۇ يىگىتلەرگە قىلىنغان بۇ ئىش ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان دەلىللەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئاللاھ ئايەتلىرى ئارقىلىق كىمنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلسا، ئۇ ھەقىقەتنى تاپقان بولىدۇ، ئاللاھ كىمنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلمىسا، سەن ئۇنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايسەن. چۈنكى ھىدايەت قىلىش ۋە ئازدۇرۇش ئاللاھنىڭ قولىدىدۇر.

وَتَحۡسَبُهُمۡ أَيۡقَاظٗا وَهُمۡ رُقُودٞۚ وَنُقَلِّبُهُمۡ ذَاتَ ٱلۡيَمِينِ وَذَاتَ ٱلشِّمَالِۖ وَكَلۡبُهُم بَٰسِطٞ ذِرَاعَيۡهِ بِٱلۡوَصِيدِۚ لَوِ ٱطَّلَعۡتَ عَلَيۡهِمۡ لَوَلَّيۡتَ مِنۡهُمۡ فِرَارٗا وَلَمُلِئۡتَ مِنۡهُمۡ رُعۡبٗا ﴿١٨﴾

18 - (ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا بولغان بولساڭ) ئۇلار ئۇيقۇدا تۇرسىمۇ، سەن ئۇلارنى ئويغاق دەپ قالاتتىڭ، ئۇلارنى زېمىن تۈگەشتۈرۈۋەتمىسۇن دەپ، ئۇلارنى ئۇخلاۋاتقان ھالىتىدە ئوڭ ۋە سول تەرەپكە ئۆرۈپ تۇرىمىز. ئۇلارنىڭ ئىتى ئۆڭكۈرنىڭ بوسۇغىسىغا ئالدى ئىككى پۇتىنى سوزۇپ ياتاتتى. ئەگەر ئۇلارنى كۆرگەن بولساڭ، ئەلۋەتتە ئۇلاردىن قاتتىق قورقۇپ كېتىپ، چوقۇم ئارقاڭغا داجىپ قاچقان بولاتتىڭ.

وَكَذَٰلِكَ بَعَثۡنَٰهُمۡ لِيَتَسَآءَلُواْ بَيۡنَهُمۡۚ قَالَ قَآئِلٞ مِّنۡهُمۡ كَمۡ لَبِثۡتُمۡۖ قَالُواْ لَبِثۡنَا يَوۡمًا أَوۡ بَعۡضَ يَوۡمٖۚ قَالُواْ رَبُّكُمۡ أَعۡلَمُ بِمَا لَبِثۡتُمۡ فَٱبۡعَثُوٓاْ أَحَدَكُم بِوَرِقِكُمۡ هَٰذِهِۦٓ إِلَى ٱلۡمَدِينَةِ فَلۡيَنظُرۡ أَيُّهَآ أَزۡكَىٰ طَعَامٗا

فَلْيَأْتِكُم بِرِزْقٍ مِّنْهُ وَلْيَتَلَطَّفْ وَلَا يُشْعِرَنَّ بِكُمْ أَحَدًا ﴿١٩﴾

19 - بىز ئۇلارنى ئۇزۇن ۋاقىت ئۇخلىتىپ ساقلىغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئۆڭكۈردە
قانچىلىك ۋاقىت تۇرغانلىقىنى بىر - بىرىدىن سوراشسۇن دەپ، ئۇلارنى ئۇيقۇسىدىن
ئويغىتىپ ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەلتۈردۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسى: «بۇ ئۆڭكۈردە ئۇخلىغان
ھالەتتە قانچىلىك ۋاقىت تۇردۇڭلار؟» دەپ سورىدى. بەزىسى بۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ:
«بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز تۇردۇق» دېيىشتى. يەنە بەزىسى قانچىلىك
تۇرغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ
مۇنداق دېدى: «سىلەرنىڭ ئۆڭكۈردە قانچىلىك ئۇزاق تۇرغانلىقىڭلارنى رەببىڭلار ئوبدان
بىلىدۇ. سىلەر ئىچىڭلاردىن بىرىڭلارنى بۇ كۈمۈش تەڭگىلەر بىلەن شەھىرىمىزگە
ئەۋەتىڭلار، ئۇ قاراپ بېقىپ، شەھەر ئەھلىدىن قايسىسىنىڭ تامىقى ئەڭ پاك ۋە ئەڭ
پاكىز بولسا، ئۇنىڭدىن سىلەرگە بىرئاز ئېلىپ كەلسۇن، ئاشكارىلىنىپ قالماسلىقىمىز
ئۈچۈن تاماق سېتىۋېلىشتا ساتقۇچىغا سىلىق مۇئامىلە قىلسۇن، سىلەرنى ھېچ كىشىگە
تۇيدۇرمىسۇن.

إِنَّهُمْ إِن يَظْهَرُواْ عَلَيْكُمْ يَرْجُمُوكُمْ أَوْ يُعِيدُوكُمْ فِي مِلَّتِهِمْ وَلَن تُفْلِحُوٓاْ إِذًا أَبَدًا ﴿٢٠﴾

20 - چۈنكى قەۋمىڭلار سىلەرنى بىلىپ قالسا، ئۇلار سىلەرنى چالما - كېسەك قىلىپ
ئۆلتۈرىدۇ ياكى سىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا قايتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇ چاغدا سىلەر كاپىر
بولۇپ كېتىسىلەر، نەتىجىدە، جەننەتكە كىرىشتىن ئىبارەت تىلىكىڭلارغا مەڭگۈ
ئېرىشەلمەيسىلەر».

وَكَذَٰلِكَ أَعْثَرْنَا عَلَيْهِمْ لِيَعْلَمُوٓاْ أَنَّ وَعْدَ ٱللَّهِ حَقٌّ وَأَنَّ ٱلسَّاعَةَ لَا رَيْبَ فِيهَآ إِذْ يَتَنَٰزَعُونَ بَيْنَهُمْ
أَمْرَهُمْ فَقَالُواْ ٱبْنُواْ عَلَيْهِم بُنْيَٰنًا رَّبُّهُمْ أَعْلَمُ بِهِمْ قَالَ ٱلَّذِينَ غَلَبُواْ عَلَىٰٓ أَمْرِهِمْ لَنَتَّخِذَنَّ عَلَيْهِم
مَّسْجِدًا ﴿٢١﴾

21 - ئۇلارنى ئۇزۇن يىللار ئۇخلىتىپ قويغىنىمىزدەك، ئىنسانلارغا ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنىڭ
ھەقلىقىنى ۋە قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىدا شەك - شۈبھە يوقلۇقىنى بىلدۈرۈش
ئۈچۈن، شۇ زاماندىكى ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلدۇق. چۈنكى
ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەن كىشىلەر قىيامەت توغرۇلۇق ئۆز ئارىسىدا تالاش
- تارتىش قىلىشقان بولۇپ، بەزىسى قىيامەتكە ئىشەنسە، بەزىسى ئۇنى ئىنكار قىلغان
ئىدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەسھابۇلكەھفنى بىلىپ قالغانلىقىنى مۇئمىنلەرنىڭ ئۆلگەندىن
كېيىنكى تىرىلىشنى ئىسپاتلىشى ئۈچۈن كاپىرلارغا قارشى دەلىل - پاكىت قىلىپ
بەردى. ئەسھابۇلكەھف ئاشكارىلىنىپ قالغان ۋە شۇ ئۆڭكۈردە ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلارنى
كۆرگەنلەردىن بەزىلەر: «ئۆڭكۈرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا تام سېلىپ ئۇلارنى توسۇپ
قويۇڭلار، ئۇلار شۇ پېتى قالسۇن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئەڭ ئوبدان بىلگۈچىدۇر»
دېدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى گېپى ئۆتىدىغانلار: «ئۇلارنىڭ ئورنىغا چوقۇم بىر مەسجىد
سالايلى» دېدى. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە سالىھلارنىڭ قەبرىلىرى
ئۈستىگە مەسجىد بىنا قىلىشنى مەنئى قىلغان ھەتتا ئاخىرقى ۋەسىيىتىدە قەبرىلەرنىڭ
ئۈستىگە مەسجىد سېلىشنى، قەبرىلەرنى قاتۇرۇشنى ۋە ئۈستىگە خەت يېزىشنى مەنئى
قىلغان ۋە شۇنداق قىلغانلارغا لەنەت قىلغان، چۈنكى بۇنداق قىلىشنىڭ قەبرىلەردىكى
كىشىلەرگە چوقۇنۇشقا ئېلىپ بېرىش خەۋپى بار).

سَيَقُولُونَ ثَلَٰثَةٌ رَّابِعُهُمْ كَلْبُهُمْ وَيَقُولُونَ خَمْسَةٌ سَادِسُهُمْ كَلْبُهُمْ رَجْمًۢا بِٱلْغَيْبِ وَيَقُولُونَ سَبْعَةٌ

وَثَامِنُهُمْ كَلْبُهُمْ ۚ قُل رَّبِّىٓ أَعْلَمُ بِعِدَّتِهِم مَّا يَعْلَمُهُمْ إِلَّا قَلِيلٌ ۗ فَلَا تُمَارِ فِيهِمْ إِلَّا مِرَآءً ظَٰهِرًا وَلَا تَسْتَفْتِ فِيهِم مِّنْهُمْ أَحَدًا ﴿٢٢﴾

22 ـ ئەھلى كىتابتىن بەزىلەر: «ئەسھابۇلكەھف ئۈچ بولۇپ، تۆتىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ، يەنە بەزىلەر: «ئۇلار بەش بولۇپ، ئالتىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ، بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ئېيتقىنى ھېچقانداق دەلىل ـ پاكىتسىز ھالدا پۇتۇنلەي قارىسىغا ئېيتىلغان سۆزدۇر. ئۈچىنچى پىرقە كىشىلىرى: «ئۇلار يەتتە بولۇپ، سەككىزىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا: «ئۇلارنىڭ سانىنى رەببىم ئوبدان بىلىدۇ، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە پەقەت ئازغىنە كىشى بىلىدۇ» دېگىن. شۇڭا سەن ئەھلى كىتاب بىلەن ئۇلارنىڭ سانى توغرۇلۇق پەقەت يۈزەكىلا مۇنازىرىلىشىپ قويغىن، ئۇلارغا ۋەھيى ئارقىلىق ساڭا بىلدۈرۈلگەن ھەقىقەتنىلا بايان قىلىپ بەرگىن، ئەسھابۇلكەھفنىڭ سانى ۋە ئەھۋالى توغرۇلۇق ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن سورىمىغىن، چۈنكى ئۇلار بىلمەيدۇ.

وَلَا تَقُولَنَّ لِشَاْىْءٍ إِنِّى فَاعِلٌ ذَٰلِكَ غَدًا ﴿٢٣﴾ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُ ۚ وَٱذْكُر رَّبَّكَ إِذَا نَسِيتَ وَقُلْ عَسَىٰٓ أَن يَهْدِيَنِ رَبِّى لِأَقْرَبَ مِنْ هَٰذَا رَشَدًا ﴿٢٤﴾

23 ـ 24 ـ سەن بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولساڭ، «ئۇ ئىشنى ئەتە چوقۇم قىلىمەن» دېمەي، ئۇنى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە باغلاپ: «ئاللاھ خالىسا» دېگەن سۆزنى قوشۇپ دېگىن، ئۇنى ئۇنتۇپ قالساڭ، «ئاللاھ خالىسا» دەپ رەببىڭنى ياد ئەتكىن، قاچانلا شۇنداق دېيىشنى ئۇنتۇپ قالساڭ، رەببىڭنى ياد ئەتكىن، چۈنكى ئاللاھنى ياد ئېتىش ئۇنتۇپ قېلىشتىن ساقلايدۇ. سەن: «كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەشتە، رەببىمنىڭ ماڭا مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەردىن ئەسھابۇلكەھفنىڭ قىسسىسىدىنمۇ يېقىن ۋە روشەن دەلىللەرنى ئاتا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگىن.

وَلَبِثُوا۟ فِى كَهْفِهِمْ ثَلَٰثَ مِا۟ئَةٍ سِنِينَ وَٱزْدَادُوا۟ تِسْعًا ﴿٢٥﴾

25 ـ ئۇ يىگىتلەر قەمەرىيە يىل[1] ھېسابى بويىچە ئۆڭكۈردە ئۈچ يۈز توققۇز يىل ئۇخلىغان ھالدا قالدى.

قُلِ ٱللَّهُ أَعْلَمُ بِمَا لَبِثُوا۟ ۖ لَهُۥ غَيْبُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ أَبْصِرْ بِهِۦ وَأَسْمِعْ ۚ مَا لَهُم مِّن دُونِهِۦ مِن وَلِىٍّ وَلَا يُشْرِكُ فِى حُكْمِهِۦٓ أَحَدًا ﴿٢٦﴾

26 ـ ئى پەيغەمبەر! ئۇلارنىڭ ئۆڭكۈردە قانچىلىك ۋاقىت تۇرغانلىقى ھەققىدە سورالساڭ ۋە سەندە بۇ توغرۇلۇق مەلۇمات بولمىسا، بىر نەرسە دېمىگىن ۋە مۇنداق دېگىن: «ئۇلارنىڭ قانچىلىك تۇرغانلىقىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلىش ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھنىڭ كۆرۈشى ۋە ئاڭلىشى نېمىدېگەن مۇكەممەل! مەخلۇقاتقا ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق مەدەتكار يوقتۇر، ئاللاھنىڭ ھۆكۈم قىلىشتا ۋە بەلگىلىمە چىقىرىشتا ھېچقانداق شېرىكى يوقتۇر».

وَٱتْلُ مَآ أُوحِىَ إِلَيْكَ مِن كِتَابِ رَبِّكَ ۖ لَا مُبَدِّلَ لِكَلِمَٰتِهِۦ وَلَن تَجِدَ مِن دُونِهِۦ مُلْتَحَدًا ﴿٢٧﴾

---

[1] قەمەرىيە يىلى — ئاينىڭ ئايلىنىش مۇددىتى بويىچە ھېسابلىنىدىغان كالېندار بولۇپ، ئاينىڭ ھەربىر ئايلىنىش مۇددىتى بىر ئايلىقتۇر. ئۇ 12 ئايدا تولۇق ئايلىنىپ بولىدۇ.

27 - ئى پەيغەمبەر! قۇرئاندىن ساڭا ۋەھيى قىلىنغان ئايەتلەرنى ئوقۇغىن، ئۇ ھەقلىقى ۋە راستلىقىدىن قەتئىي ئۆزگەرتىلمەيدىغان كىتابتۇر. سەن ھەرگىزمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن باشقا پاناھلىنىدىغان بىرەر جاي تاپالمايسەن.

وَٱصۡبِرۡ نَفۡسَكَ مَعَ ٱلَّذِينَ يَدۡعُونَ رَبَّهُم بِٱلۡغَدَوٰةِ وَٱلۡعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجۡهَهُۥۖ وَلَا تَعۡدُ عَيۡنَاكَ عَنۡهُمۡ تُرِيدُ زِينَةَ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۖ وَلَا تُطِعۡ مَنۡ أَغۡفَلۡنَا قَلۡبَهُۥ عَن ذِكۡرِنَا وَٱتَّبَعَ هَوَىٰهُ وَكَانَ أَمۡرُهُۥ فُرُطٗا ﴿٢٨﴾

28 - ئى پەيغەمبەر! سەن رەببىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىدىغان، ئەتىگەن - ئاخشاملىرى ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدىغان يوقسۇل مۆئمىنلەر بىلەن بىللە بولغىن، ئۇلار بىلەن ئولتۇرغىن، ئۇلار بىلەن ئارىلاشقىن، دۇنيا ھاياتىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، ئۇلارنى كۆرمەسكە سېلىپ، كاپىرلارغا يۈزلەنمىگىن. بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، رەببىگە ئىتائەت قىلىشتىن نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىشنى ئەۋزەل كۆرگەن، بارلىق ئىشلىرىدا ھالاكەتكە قاراپ كېتىپ بارغان كاپىرلارغا ھەرگىز بويسۇنمىغىن.

وَقُلِ ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّكُمۡۖ فَمَن شَآءَ فَلۡيُؤۡمِن وَمَن شَآءَ فَلۡيَكۡفُرۡۚ إِنَّآ أَعۡتَدۡنَا لِلظَّٰلِمِينَ نَارًا أَحَاطَ بِهِمۡ سُرَادِقُهَاۚ وَإِن يَسۡتَغِيثُواْ يُغَاثُواْ بِمَآءٖ كَٱلۡمُهۡلِ يَشۡوِي ٱلۡوُجُوهَۚ بِئۡسَ ٱلشَّرَابُ وَسَآءَتۡ مُرۡتَفَقًا ﴿٢٩﴾

29 - ئاشۇ غاپىللارغا ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن دىن رەببىڭلار تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتتۇر. ئاراڭلاردىن كىم ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىپ ئەمەل قىلىشنى خالىسا، شۇنداق قىلسۇن، بۇنداق قىلىش شۇ ئادەم ئۈچۈن ياخشىدۇر. كىمكى ئىنكار قىلىشنى خالىسىمۇ، شۇنداق قىلسۇن. ئۇ چاغدا، ئۇ پەقەتلا ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ». شەكسىزكى، بىز كاپىرلار ئۈچۈن تۇتۇن پەردىلىرى ئۇلارنى ئورىۋالىدىغان دەھشەتلىك دوزاخ ئوتىنى تەييارلىدۇق، ئۇ كاپىرلار دوزاختا قاتتىق ئۇسسۇزلۇقتىن سۇ تەلەپ قىلىپ پەرياد قىلسا، ئۇلارغا مەدەن ئېرىتمىسىگە ئوخشاش، يۈزلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان يۇقىرى ھارارەتلىك قايناق سۇ بېرىلىدۇ، بۇ نېمىدېگەن يامان ئىچىملىك! ئۇ ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتەلمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇسسۇزلۇقنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى بولغان جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! (بۇ ئايەتتە ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان كاپىرلارغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن).

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ إِنَّا لَا نُضِيعُ أَجۡرَ مَنۡ أَحۡسَنَ عَمَلًا ﴿٣٠﴾

30 - ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە كاتتا ساۋاب بېرىلىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ھەرگىز زايە قىلىۋەتمەيمىز ۋە كېمەيتىۋەتمەيمىز.

أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ جَنَّٰتُ عَدۡنٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهِمُ ٱلۡأَنۡهَٰرُ يُحَلَّوۡنَ فِيهَا مِنۡ أَسَاوِرَ مِن ذَهَبٖ وَيَلۡبَسُونَ ثِيَابًا خُضۡرٗا مِّن سُندُسٖ وَإِسۡتَبۡرَقٖ مُّتَّكِـِٔينَ فِيهَا عَلَى ٱلۡأَرَآئِكِۚ نِعۡمَ ٱلثَّوَابُ وَحَسُنَتۡ مُرۡتَفَقٗا ﴿٣١﴾

31 - ئەنە ئاشۇ مۆئمىنلەر دائىملىق تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ سارايلىرىنىڭ، ئارامگاھلىرىنىڭ ئاستىدىن تاتلىق سۇلار ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇلار جەننەتتە ئالتۇن بىلەزۈكلەرنى سالىدۇ، نېپىز ۋە قېلىن يىپەكتىن ئىشلەنگەن يېشىل كىيىملەرنى كىيىدۇ، ئېسىل تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ. بۇ نېمىدېگەن ياخشى مۇكاپات! ئۇلارنىڭ مەنزىلى بولغان جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل جاي!

۞ وَٱضۡرِبۡ لَهُم مَّثَلٗا رَّجُلَيۡنِ جَعَلۡنَا لِأَحَدِهِمَا جَنَّتَيۡنِ مِنۡ أَعۡنَٰبٖ وَحَفَفۡنَٰهُمَا بِنَخۡلٖ وَجَعَلۡنَا

بَيْنَهُمَا زَرْعًا ﴿٣٢﴾

32 - ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارغا ئۆتكەن ئۈممەتلەردىن مۇنداق ئىككى ئادەمنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگىن: ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرى كاپىر، يەنە بىرى مۇئمىن ئىدى، كاپىر ئادەمگە تاللىق ئىككى باغ ئاتا قىلىپ، ھەر ئىككى باغنىڭ ئەتراپىنى خورما دەرەخلىرى بىلەن ئورىدۇق، ئوتتۇرىسىنى ئېكىنزارلىق قىلدۇق.

كِلْتَا ٱلْجَنَّتَيْنِ ءَاتَتْ أُكُلَهَا وَلَمْ تَظْلِم مِّنْهُ شَيْـًٔا ۚ وَفَجَّرْنَا خِلَٰلَهُمَا نَهَرًا ﴿٣٣﴾

33 - ھەر ئىككىلىسى كەم - كوتىسىز، تولۇق مېۋە بېرىدىغان باغلار بولۇپ، بۇ ئىككى باغنى سۇغىرىش قولاي بولسۇن ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ تۇرىدىغان بىر ئۆستەڭ بەرپا قىلدۇق.

وَكَانَ لَهُۥ ثَمَرٌ فَقَالَ لِصَٰحِبِهِۦ وَهُوَ يُحَاوِرُهُۥٓ أَنَا۠ أَكْثَرُ مِنكَ مَالًا وَأَعَزُّ نَفَرًا ﴿٣٤﴾

34 - باغ ئىگىسىنىڭ باشقا كىرىملىرىمۇ بار ئىدى، ئۇ ئادەم بايلىقىغا مەغرۇرلانغان ھالدا مۇئمىن بۇرادىرى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ: «مەن پۇل - مالدا سەندىن باي، ئادەملىرىمنىڭ كۆپلۈكىدىمۇ سەندىن ئۈستۈن تۇرىمەن» دېدى.

وَدَخَلَ جَنَّتَهُۥ وَهُوَ ظَالِمٌ لِّنَفْسِهِۦ قَالَ مَآ أَظُنُّ أَن تَبِيدَ هَٰذِهِۦٓ أَبَدًا ﴿٣٥﴾ وَمَآ أَظُنُّ ٱلسَّاعَةَ

قَآئِمَةً وَلَئِن رُّدِدتُّ إِلَىٰ رَبِّى لَأَجِدَنَّ خَيْرًا مِّنْهَا مُنقَلَبًا ﴿٣٦﴾

35 - 36 - ئۇ بېغىغا كىرىپ، ئۆزىنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ كۆرەڭلىگەن ھالدا ئېيتتى: «بۇ باغ مەڭگۈ يوقالمايدۇ، دەپ قارايمەن، قىيامەتنىمۇ بولمايدۇ دەپ قارايمەن. ئى مۇئمىن بۇرادىرىم! سەن گۇمان قىلغاندەك، قىيامەت بولىدۇ، دەپ پەرەز قىلىنغان ۋە مەن رەببىمنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، رەببىمنىڭ ھۇزۇرىدا ھۆرمىتىم ۋە ئورنۇم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە مەن ئۇنىڭ يېنىدا بۇ باغدىنمۇ ياخشىراق بىر باغنى تاپالايمەن».

قَالَ لَهُۥ صَاحِبُهُۥ وَهُوَ يُحَاوِرُهُۥٓ أَكَفَرْتَ بِٱلَّذِى خَلَقَكَ مِن تُرَابٍ ثُمَّ مِن نُّطْفَةٍ ثُمَّ سَوَّىٰكَ

رَجُلًا ﴿٣٧﴾

37 - مۇئمىن بۇرادىرى ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە ئۇنىڭغا ۋەز - نەسىھەت قىلغان ھالدا مۇنداق دېدى: «سېنى تۇپراقتىن، ئاندىن ئاتا-ئانىنىڭ ئابمەنىيسىدىن يارىتىپ، ئاندىن سېنى راۋرۇس ئىنسان قىلغان ئاللاھنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسەن؟

لَّٰكِنَّا۠ هُوَ ٱللَّهُ رَبِّى وَلَآ أُشْرِكُ بِرَبِّىٓ أَحَدًا ﴿٣٨﴾

38 - لېكىن مەن سەندەك كۇفرى سۆزنى قىلمايمەن، مەن دەيمەنكى، ‹ئۇز پەزلىدىن نېمەت بەرگۈچى زات - مېنىڭ رەببىم بولغان ئاللاھتۇر، مەن رەببىمگە ئىبادەت قىلىشتا ئۇنىڭغا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن› .

وَلَوْلَآ إِذْ دَخَلْتَ جَنَّتَكَ قُلْتَ مَا شَآءَ ٱللَّهُ لَا قُوَّةَ إِلَّا بِٱللَّهِ ۚ إِن تَرَنِ أَنَا۠ أَقَلَّ مِنكَ مَالًا

وَوَلَدًا ﴿٣٩﴾ فَعَسَىٰ رَبِّىٓ أَن يُؤْتِيَنِ خَيْرًا مِّن جَنَّتِكَ وَيُرْسِلَ عَلَيْهَا حُسْبَانًا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ فَتُصْبِحَ

صَعِيدًا زَلَقًا ﴿٤٠﴾ أَوْ يُصْبِحَ مَآؤُهَا غَوْرًا فَلَن تَسْتَطِيعَ لَهُۥ طَلَبًا ﴿٤١﴾

39 ـ 40 ـ 41ـ سەن بېغىڭغا كىرىپ، ئۇنىڭدىن خۇشاللانغان چېغىڭدا، ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتساڭچۇ!، ‹ماشائاللاھ! لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ (يەنى ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولىدى، ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ)› دېسەڭچۇ! گەرچە سەن مېنى ئۆزۈڭگە قارىغاندا پۇل ـ مېلى ۋە پەرزەنتلىرى ئاز دەپ كۆرسەڭمۇ، رەببىم ماڭا سېنىڭ بېغىڭدىن ياخشىراق نەرسە ئاتا قىلىشى، سېنىڭ تۇزكورلۇقۇڭ سەۋەبلىك سەندىكى نېمەتلەرنى تارتىۋېلىشى، بېغىڭغا بولسا ئاسماندىن ئاپەت يۇزلەندۇرۇشى ئارقىلىق بېغىڭ تۇپتۇز قاقاس يەرگە ئايلىنىپ قېلىشى ياكى ئۇنىڭ سۈيى يەرگە سىڭىپ كېتىپ، ئۇنى چىقىرىش سېنىڭ قولۇڭدىن كەلمەيدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن».

وَأُحِيطَ بِثَمَرِهِۦ فَأَصْبَحَ يُقَلِّبُ كَفَّيْهِ عَلَىٰ مَآ أَنفَقَ فِيهَا وَهِىَ خَاوِيَةٌ عَلَىٰ عُرُوشِهَا وَيَقُولُ يَٰلَيْتَنِى لَمْ أُشْرِكْ بِرَبِّىٓ أَحَدًا ﴿٤٢﴾

42 ـ ئۇنىڭ مۇئمىن بۇرادىرى دېگەن ئىش ئەمەلگە ئاشتى، باغقا ۋەيرانچىلىق يۇزلەندى، كاپىر ئادەمنىڭ بېغى ۋە ھەممە بايلىقى ۋەيران بولدى، تېلىنىڭ بېدىشلىرى يەرگە يىقىلدى، ئۇ ئادەم باغقا سەرپ قىلغان چىقىملىرىغا ھەسرەت چېكىپ، ئىككى ئالقىنىنى ئۇۋۇلىغىلى تۇردى ھەمدە ئۇ: «كاشكى رەببىمنىڭ نېمەتلىرىنى تونۇپ، رەببىمگە ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن بولسامچۇ!» دەپ ھەسرەت ـ نادامەتتە قالدى. بۇ پۇشايمان ئەسقاتمايدىغان چاغدا قىلىنغان پۇشايمان ئىدى.

وَلَمْ تَكُن لَّهُۥ فِئَةٌ يَنصُرُونَهُۥ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَمَا كَانَ مُنتَصِرًا ﴿٤٣﴾

43 ـ ئۆزى ئىشەنچ قىلىدىغان ئادەملىرىدىن ھېچقانداق گۇرۇھ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قۇتقۇزۇپ قويالمىدى، ئۇ ئۆزىنى ئۆزىمۇ جازادىن ساقلاپ قالالمىدى.

هُنَالِكَ ٱلْوَلَٰيَةُ لِلَّهِ ٱلْحَقِّ هُوَ خَيْرٌ ثَوَابًا وَخَيْرٌ عُقْبًا ﴿٤٤﴾

44 ـ ئەنە شۇنداق دەھشەتلىك چاغلاردا ھىمايە قىلىش ۋە قوغداش يېگانە ئاللاھنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. ئاللاھ ئۆزىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدىكى مۇئمىن بەندىلىرىگە ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرگۈچىدۇر، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ئەڭ ياخشى قىلغۇچىدۇر.

وَٱضْرِبْ لَهُم مَّثَلَ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا كَمَآءٍ أَنزَلْنَٰهُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ فَٱخْتَلَطَ بِهِۦ نَبَاتُ ٱلْأَرْضِ فَأَصْبَحَ هَشِيمًا تَذْرُوهُ ٱلرِّيَٰحُ ۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ مُّقْتَدِرًا ﴿٤٥﴾

45 ـ ئى پەيغەمبەر! ئىنسانلارغا، خۇسۇسەن، بۇ ئۆتكۈنچى دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىرىگە ئالدىنىپ كەتكەن مۇتەكەببىرلەرگە مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرگىن: دۇنيانىڭ ئەھۋالى ئاللاھ ئاسماندىن چۈشۈرگەن يامغۇرغا ئوخشايدۇكى، شۇ يامغۇر بىلەن زېمىننىڭ ئۆسۈملۈكلىرى چىقىدۇ ۋە بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ ياشىرىپ باراقسانلىشىدۇ، كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا بۇ ئۆسۈملۈكلەر قۇرۇپ تۆكۈلۈپ، بوران تەرەپ ـ تەرەپكە ئۇچۇرۇپ يۈرىدىغان ئوت ـ خەسكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

ٱلْمَالُ وَٱلْبَنُونَ زِينَةُ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا ۖ وَٱلْبَٰقِيَٰتُ ٱلصَّٰلِحَٰتُ خَيْرٌ عِندَ رَبِّكَ ثَوَابًا وَخَيْرٌ أَمَلًا ﴿٤٦﴾

46 ـ پۇل ـماللار ۋە بالىلار مۇشۇ پانىي دۇنيانىڭ زىنىتى ۋە كۆچىدۇر، ياخشى

ئەمەللەرنىڭ، خۇسۇسەن، ئاللاھقا ھەمدۇسانا، تەسبىھ، تەھلىل، تەكبىر[1] ئېيتىش قاتارلىق ئەمەللەرنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپاتى مال - دۇنيا ۋە بالىلاردىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر. بۇ ياخشى ئەمەللەر ئىنسان ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ساۋابىنى ئۈمىد قىلىدىغان ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى بولۇپ، ئىنسان ئۇ ئارقىلىق ئاخىرەتتە دۇنيادا قىلغان ئارزۇ-ئارمانلىرىغا يېتەلەيدۇ.

وَيَوۡمَ نُسَيِّرُ ٱلۡجِبَالَ وَتَرَى ٱلۡأَرۡضَ بَارِزَةٗ وَحَشَرۡنَٰهُمۡ فَلَمۡ نُغَادِرۡ مِنۡهُمۡ أَحَدٗا ﴿٤٧﴾

47 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا بىز تاغلارنى ئورنىدىن يۆتكىۋېتىدىغان قىيامەت كۈنىنى ئەسلەتكىن، ئۇ كۈندە زېمىننىڭ ھېچ نەرسە يوق تۈزلەڭلىك بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرىسەن، بىز ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى ھېساب مەيدانىغا يىغىمىز، ئۇلاردىن ھېچكىمنى قالدۇرۇپ قويمايمىز.

وَعُرِضُواْ عَلَىٰ رَبِّكَ صَفّٗا لَّقَدۡ جِئۡتُمُونَا كَمَا خَلَقۡنَٰكُمۡ أَوَّلَ مَرَّةِۭۚ بَلۡ زَعَمۡتُمۡ أَلَّن نَّجۡعَلَ لَكُم مَّوۡعِدٗا ﴿٤٨﴾

48 - ئۇلار (يەنى جىمى خالايىق) سەپ - سەپ بولۇشۇپ رەببىڭگە توغرىلىنىدۇ، ئۇلاردىن ھېچكىم سىرتتا قالمايدۇ. (كاپىرلارغا): «ھەقىقەتەن بىز سىلەرنى تىرىلدۈردۇق، ئالدىمىزغا بىز سىلەرنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق شۇ ھالەتتە مال - دۇنياسىز، بالىلارسىز، تەنھا بولۇپ كەلدىڭلار. ھالبۇكى، سىلەر (دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا) بىزنىڭ مۇنداق بىر ھېساب كۈنىنى بەلگىلەپ، شۇ كۈندە سىلەرنى تىرىلدۈرۈپ، ئەمەلىڭلاردىن ھېساب ئېلىشىمىزغا ۋە سىلەرگە ئەمەلىڭلارغا تېگىشلىك مۇكاپات ياكى جازا بېرىشىمىزگە ئىشەنمىگەن ئىدىڭلار» (دەيمىز).

وَوُضِعَ ٱلۡكِتَٰبُ فَتَرَى ٱلۡمُجۡرِمِينَ مُشۡفِقِينَ مِمَّا فِيهِ وَيَقُولُونَ يَٰوَيۡلَتَنَا مَالِ هَٰذَا ٱلۡكِتَٰبِ لَا يُغَادِرُ صَغِيرَةٗ وَلَا كَبِيرَةً إِلَّآ أَحۡصَىٰهَاۚ وَوَجَدُواْ مَا عَمِلُواْ حَاضِرٗاۗ وَلَا يَظۡلِمُ رَبُّكَ أَحَدٗا ﴿٤٩﴾

49 - ھەربىر ئادەمنىڭ نامە - ئەمال دەپتىرى ئۇنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىگە قويۇلىدۇ، گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدا خاتىرىلەنگەن قىلمىشلىرىدىن قورقۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن، ئۇلار ئۆز قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ: «ۋاي ئىسىت! بۇ قانداق كىتاب؟ بىزنىڭ چوڭ - كىچىك ھېچبىر قىلمىشىمىزنى چالا قويماي، ھەممىنى تولۇق خاتىرىلەپتۇغۇ؟» دەيدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇلار قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى نامە - ئەمالغا يېزىلغان ھالدا كۆرىدۇ. رەببىڭ ھېچكىمگە قىلچىلىكمۇ ئۇۋال قىلمايدۇ، ياخشىلارنىڭ مۇكاپاتىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ، گۇناھكارلارنىڭ جازاسىنى ئاشۇرۇۋەتمەيدۇ.

وَإِذۡ قُلۡنَا لِلۡمَلَٰٓئِكَةِ ٱسۡجُدُواْ لِأٓدَمَ فَسَجَدُوٓاْ إِلَّآ إِبۡلِيسَ كَانَ مِنَ ٱلۡجِنِّ فَفَسَقَ عَنۡ أَمۡرِ رَبِّهِۦٓۗ أَفَتَتَّخِذُونَهُۥ وَذُرِّيَّتَهُۥٓ أَوۡلِيَآءَ مِن دُونِي وَهُمۡ لَكُمۡ عَدُوُّۢۚ بِئۡسَ لِلظَّٰلِمِينَ بَدَلٗا ﴿٥٠﴾

---

[1] ھەمدۇسانا — ئاللاھنى مەدھىيەلەش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش دېمەكتۇر. مەسىلەن: ﴿اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ﴾ «بارچە مەدھىيە ۋە ماختاشلار ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىمەن» دېگەنگە ئوخشاش. تەسبىھ — ئاللاھنى بارچە نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن پاك دەپ تەرىپلەش دېمەكتۇر. مەسىلەن: ﴿سُبْحَانَ اللّٰهِ﴾ «ئاللاھ پاكتۇر» دېگەنگە ئوخشاش. تەكبىر — ئاللاھنى ئۇلۇغلاش دېمەكتۇر. مەسىلەن: ﴿اَللّٰهُ أَكْبَرْ﴾ «ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر» دېگەنگە ئوخشاش. تەھلىل — ئاللاھنىڭ يالغۇزلۇقىنى ۋە شېرىكى يوقلۇقىنى جاكارلاش دېمەكتۇر. مەسىلەن: ﴿لاَ اِلٰهَ اِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ﴾ «ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر» دېگەنگە ئوخشاش.

50 - شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرنى ئادەمگە ھۆرمەت سەجدىسى قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە ئىبلىسنىمۇ شۇنىڭغا بۇيرۇغان ئىدۇق، پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسى سەجدە قىلدى، لېكىن كېلىپ چىقىشى جىنلاردىن بولغان ئىبلىس ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتتى، ھەسەت ۋە گەدەنكەشلىك قىلىپ، ئادەمگە سەجدە قىلمىدى. ئى ئىنسانلار! سىلەر مېنى قويۇپ ئىبلىس ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى ئۆزۈڭلارغا مەدەتكار قىلىۋالامسىلەر؟ ئۇلار سىلەرگە ئەشەددىي دۈشمەن تۇرسىمۇ، يەنىلا سىلەر ماڭا ئاسىيلىق قىلىپ، ئۇلارغا ئىتائەت قىلامسىلەر؟ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئورنىغا شەيتانلارغا ئىتائەت قىلىشى نېمىدېگەن يامان قىلمىش!

۞ مَّآ أَشۡهَدتُّهُمۡ خَلۡقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَلَا خَلۡقَ أَنفُسِهِمۡ وَمَا كُنتُ مُتَّخِذَ ٱلۡمُضِلِّينَ عَضُدٗا ﴿٥١﴾

51 - سىلەر ئىتائەت قىلغان ئىبلىس بىلەن ئۇنىڭ ئەۋلادىنى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىشقا ھازىر قىلىپ، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىشتا ئۇلاردىن ياردەم تىلىگىنىم يوق، ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ يارىتىلىشىنىمۇ بەزىسىگە كۆرسەتكىنىم يوق. مەن ھەممىنى ئۆزۈم يالغۇز ياراتتىم. مەن كىشىلەرنى ئازدۇرىدىغان بۇ شەيتانلارنى ۋە باشقا مەخلۇقاتنى ئۆزۈمگە ياردەمچى قىلىۋالغىنىممۇ يوق. ھەممىنى مەن ياراتقان تۇرسام، سىلەر قانداقمۇ مېنىڭ يالغۇز ئىبادەت قىلىنىش ۋە ئىتائەت قىلىنىشتىن ئىبارەت تەبىئىي ھەققىمنى ئادا قىلماي، شەيتانلارغا ئىتائەت قىلىسىلەر؟ قانداقمۇ ماڭا ئىبادەت قىلىشنى قايرىپ قويۇپ، ئۇلارغا چوقۇنىسىلەر؟

وَيَوۡمَ يَقُولُ نَادُواْ شُرَكَآءِيَ ٱلَّذِينَ زَعَمۡتُمۡ فَدَعَوۡهُمۡ فَلَمۡ يَسۡتَجِيبُواْ لَهُمۡ وَجَعَلۡنَا بَيۡنَهُم مَّوۡبِقٗا ﴿٥٢﴾

52 - ئۇلارغا قىيامەت كۈنىنى ئەسلەتكىنكى، ئاللاھ ئۇ كۈندە مۇشرىكلارغا: «دۇنيادىكى چاغلىرىڭلاردا، سىلەر ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ گۇمان قىلىپ، ئىبادەتتە ماڭا شېرىك قىلىۋالغان مەبۇدلىرىڭلارنى چاقىرىپ بېقىڭلار، ئۇلار سىلەرنى مېنىڭ ئازابىمدىن قۇتقۇزۇپ باقسۇن!» دەيدۇ. ئۇلار چاقىرىدۇ - يۇ، ئاتالمىش مەبۇدلار ئۇلارغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ. بىز چوقۇنغۇچىلار بىلەن چوقۇنۇلغان مەبۇدلار ئارىسىدا، جەھەننەمدىن ئىبارەت ھالاكەت جايىنى تەيىن قىلىمىز، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدا ھالاك بولىدۇ. ئەمما جەھەننەمدە ئۆلۈم يوق، شۇڭا ئۇلار مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە بولىدۇ.

وَرَءَا ٱلۡمُجۡرِمُونَ ٱلنَّارَ فَظَنُّوٓاْ أَنَّهُم مُّوَاقِعُوهَا وَلَمۡ يَجِدُواْ عَنۡهَا مَصۡرِفٗا ﴿٥٣﴾

53 - گۇناھكارلار دوزاخنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا چوقۇم تاشلىنىدىغانلىقىغا جەزم قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن قاچىدىغان جاي تاپالماي قالىدۇ.

وَلَقَدۡ صَرَّفۡنَا فِي هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانِ لِلنَّاسِ مِن كُلِّ مَثَلٖۚ وَكَانَ ٱلۡإِنسَٰنُ أَكۡثَرَ شَيۡءٖ جَدَلٗا ﴿٥٤﴾

54 - شەكسىزكى، ئىنسانلارنى ۋەز - نەسىھەت ئېلىپ ئىمان ئېيتسۇن دەپ، بىز بۇ قۇرئاندا ئىنسانلارغا تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق. ئىنسان ئەڭ كۆپ جېدەللىشىدىغان مەخلۇقاتتۇر.

وَمَا مَنَعَ ٱلنَّاسَ أَن يُؤۡمِنُوٓاْ إِذۡ جَآءَهُمُ ٱلۡهُدَىٰ وَيَسۡتَغۡفِرُواْ رَبَّهُمۡ إِلَّآ أَن تَأۡتِيَهُمۡ سُنَّةُ ٱلۡأَوَّلِينَ أَوۡ يَأۡتِيَهُمُ ٱلۡعَذَابُ قُبُلٗا ﴿٥٥﴾

55 - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارغا ھىدايەت يېتەكچىسى بولغان قۇرئاننى ئېلىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلارنى ئىمان ئېيتىشتىن ۋە رەببىدىن مەغپىرەت تىلەپ ئىستىغپار

ئېيتىشتىن توسقان نەرسە، پەقەت ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرغانلىقى ۋە ئاللاھنىڭ كاپىرلارنى ھالاك قىلىشتا بۇرۇنقىلارغا تۇتقان يولىنىڭ ئۆزلىرىگە كېلىشىنى ياكى ئۆزلىرىگە كېلىدىغان ئازابنى كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشنى تەلەپ قىلغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

وَمَا نُرۡسِلُ ٱلۡمُرۡسَلِينَ إِلَّا مُبَشِّرِينَ وَمُنذِرِينَۚ وَيُجَٰدِلُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِٱلۡبَٰطِلِ لِيُدۡحِضُواْ بِهِ
ٱلۡحَقَّۖ وَٱتَّخَذُوٓاْ ءَايَٰتِي وَمَآ أُنذِرُواْ هُزُوٗا ﴿٥٦﴾

56 - بىز پەيغەمبەرلەرنى پەقەت ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئىماندىن باش تارتقان گۇناھكارلارنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپلا ئەۋەتىمىز. ھەقىقەت ناھايىتى روشەن تۇرسىمۇ، كاپىرلار پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ سەپسەتىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ، ئۇلار يەنە مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ۋە ئۇلارنى ئازابتىن ئاگاھلاندۇرغان دەلىللىرىمنى مەسخىرە قىلىشىدۇ.

وَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّن ذُكِّرَ بِـَٔايَٰتِ رَبِّهِۦ فَأَعۡرَضَ عَنۡهَا وَنَسِيَ مَا قَدَّمَتۡ يَدَاهُۚ إِنَّا جَعَلۡنَا عَلَىٰ
قُلُوبِهِمۡ أَكِنَّةً أَن يَفۡقَهُوهُ وَفِيٓ ءَاذَانِهِمۡ وَقۡرٗاۖ وَإِن تَدۡعُهُمۡ إِلَى ٱلۡهُدَىٰ فَلَن يَهۡتَدُوٓاْ إِذًا أَبَدٗا ﴿٥٧﴾

57 - رەببىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن پەند - نەسىھەت قىلىنغان تۇرسىمۇ، ئۇ ئايەتلەردىن يۈز ئۆرۈپ ئۆزىنىڭ سەپسەتىلىرىدە چىڭ تۇرۇۋالغان ۋە ئۆزى قىلغان قەبىھ گۇناھلارنى ئۇنتۇپ، ئاللاھقا تەۋبە قىلمىغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم يوق. شەكسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ئۇلارنى قۇرئاننىڭ مەنىسىنى بىلىشتىن ۋە ئۇنىڭدىكى ياخشىلىقنى چۈشىنىشتىن توسۇپ تۇرىدىغان پەردىلەرنى تارتتۇق، قۇلاقلىرىنى ئاڭلىمايدىغان دەرىجىدە ئېغىر قىلدۇق. شۇڭا سەن ئۇلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلساڭمۇ، ئۇلار سېنىڭ دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە ھەرگىز ھىدايەتكە ئېرىشەلمەيدۇ.

وَرَبُّكَ ٱلۡغَفُورُ ذُو ٱلرَّحۡمَةِۖ لَوۡ يُؤَاخِذُهُم بِمَا كَسَبُواْ لَعَجَّلَ لَهُمُ ٱلۡعَذَابَۚ بَل لَّهُم مَّوۡعِدٞ لَّن
يَجِدُواْ مِن دُونِهِۦ مَوۡئِلٗا ﴿٥٨﴾

58 - رەببىڭ تەۋبە قىلغان بەندىلىرىنىڭ گۇناھىنى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى رەھىم - شەپقەتلىكتۇر. ئەگەر ئاللاھ ئاشۇ ئىنكارچىلارنى سادىر قىلغان گۇناھلىرى ۋە قەبىھ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك دەرھال جازالايدىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئازابنى تېزلەتكەن بولاتتى، لېكىن ئاللاھ بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر، ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدىغان مەلۇم بىر ۋاقىت بار، ئۇ ۋاقىت كەلگەندە ئۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن باشقا پاناھگاھ تاپالمايدۇ.

وَتِلۡكَ ٱلۡقُرَىٰٓ أَهۡلَكۡنَٰهُمۡ لَمَّا ظَلَمُواْ وَجَعَلۡنَا لِمَهۡلِكِهِم مَّوۡعِدٗا ﴿٥٩﴾

59 - ھۇد، سالىھ، لۇت ۋە شۇئەيب قاتارلىق پەيغەمبەرلەر ياشىغان ئاشۇ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىلىرى ھەق دىنىنى ئىنكار قىلىپ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق. بىز ئۇلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىگەن ئىدۇق، ئاشۇ ۋاقىتنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ئاللاھنىڭ ئازابى چۈشتى ۋە ئۇلار ھالاك بولدى.

وَإِذۡ قَالَ مُوسَىٰ لِفَتَىٰهُ لَآ أَبۡرَحُ حَتَّىٰٓ أَبۡلُغَ مَجۡمَعَ ٱلۡبَحۡرَيۡنِ أَوۡ أَمۡضِيَ حُقُبٗا ﴿٦٠﴾

60 - ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا مۇسا خىزمەتچىسى يۇشەئ ئىبنى نۇنغا:
«ئىككى دېڭىزنىڭ قوشۇلىدىغان جايىغا يېتىپ بارمىغۇچە مېڭىشنى توختاتمايمەن ياكى
بىلمىگەنلىرىمنى سوراپ ئۆگىنىشىم ئۈچۈن سالىھ بەندىنى[1] تاپقانغا قەدەر ئۇزۇن ۋاقىت
مېڭىشنى داۋاملاشتۇرىمەن» دېگەن ئىدى.

فَلَمَّا بَلَغَا مَجۡمَعَ بَيۡنِهِمَا نَسِيَا حُوتَهُمَا فَٱتَّخَذَ سَبِيلَهُۥ فِي ٱلۡبَحۡرِ سَرَبٗا ﴿٦١﴾

61 - ئۇلار مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئىككى دېڭىزنىڭ قوشۇلىدىغان جايىغا يېتىپ بېرىپ
تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغاندا، ئۇلار غىزالىنىش ئۈچۈن ئېلىۋالغان بېلىقنى ئۇنتۇپ
قالغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىشتى، بېلىق بولسا دەرياغا چۈشۈپ يول ئېلىپ كەتكەن ئىدى.

فَلَمَّا جَاوَزَا قَالَ لِفَتَىٰهُ ءَاتِنَا غَدَآءَنَا لَقَدۡ لَقِينَا مِن سَفَرِنَا هَٰذَا نَصَبٗا ﴿٦٢﴾

62 - ئۇلار بېلىقنى ئۇنتۇپ قالغان جايدىن ئۆتۈپ كەتكەن چاغدا، مۇسانىڭ قورسىقى
ئېچىپ يېنىدىكى خىزمەتچىسىگە: «ئەتىگەنلىك تامىقىمىزنى ئېلىپ كەلگىن، بۇ
سەپىرىمىزدە ھەقىقەتەن چارچاپ كەتتۇق» دېدى.

قَالَ أَرَءَيۡتَ إِذۡ أَوَيۡنَآ إِلَى ٱلصَّخۡرَةِ فَإِنِّي نَسِيتُ ٱلۡحُوتَ وَمَآ أَنسَىٰنِيهُ إِلَّا ٱلشَّيۡطَٰنُ أَنۡ أَذۡكُرَهُۥۚ وَٱتَّخَذَ
سَبِيلَهُۥ فِي ٱلۡبَحۡرِ عَجَبٗا ﴿٦٣﴾

63 - خىزمەتچىسى ئۇنىڭغا: «بىز چوڭ تاشنىڭ ئاستىدا ئارام ئالغان ۋاقتىمىز ئېسىڭدە
بارمۇ؟ بېلىقتا نېمە بولغانلىقىنى مەن شۇ جايدا ساڭا ئېيتىشنى ئۇنتۇپتىمەن. ئۇنى
ساڭا ئېيتىشىمنى پەقەتلا شەيتان ئۇنتۇلدۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا ئاشۇ ئۆلۈك بېلىق تىرىلىپ
ھەيران قالارلىق ھالدا دەرياغا سەكرەپ كىرىپ، ئۈزۈپ كەتكەن ئىدى» دېدى.

قَالَ ذَٰلِكَ مَا كُنَّا نَبۡغِۚ فَٱرۡتَدَّا عَلَىٰٓ ءَاثَارِهِمَا قَصَصٗا ﴿٦٤﴾

64 - مۇسا: «بىزنىڭ ئىزدەيدىغىنىمىز دەل مۇشۇ ئىدى، بۇ سالىھ بەندىنى تېپىشىم ئۈچۈن
ماڭا بېرىلگەن ئىشارەتتۇر» دېدى - دە، ئىككىسى كەلگەن ئىزى بويىچە كەينىگە
قايتىپ، ھېلىقى تاشنىڭ يېنىدا توختىدى.

فَوَجَدَا عَبۡدٗا مِّنۡ عِبَادِنَآ ءَاتَيۡنَٰهُ رَحۡمَةٗ مِّنۡ عِندِنَا وَعَلَّمۡنَٰهُ مِن لَّدُنَّا عِلۡمٗا ﴿٦٥﴾

65 - ئاندىن ئۇلار ئۇ جايدا بىزنىڭ سالىھ بەندىمىز خىزىرنى ئۇچراتتى. ئۇ بىزنىڭ چوڭ
مەرھەمىتىمىزگە ئېرىشكەن ۋە دەرگاھىمىزدىن كاتتا ئىلىم ئاتا قىلىنغان كىشى ئىدى.
(ئۆلىمالارنىڭ كۆپ سانلىقى خىزىرنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ھاياتتا
ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ).

قَالَ لَهُۥ مُوسَىٰ هَلۡ أَتَّبِعُكَ عَلَىٰٓ أَن تُعَلِّمَنِ مِمَّا عُلِّمۡتَ رُشۡدٗا ﴿٦٦﴾

66 - مۇسا ئۇنىڭغا سالام قىلدى ۋە مۇنداق دېدى: «ساڭا بىلدۈرۈلگەن ئىلىملەردىن ماڭا
توغرىنى كۆرسىتىدىغان ئىلىمنى ئۆگىتىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئەگىشەيمۇ؟».

قَالَ إِنَّكَ لَن تَسۡتَطِيعَ مَعِيَ صَبۡرٗا ﴿٦٧﴾

67 - خىزىر ئۇنىڭغا: «ئى مۇسا! سەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋر - تاقەت قىلىپ
تۇرالمايسەن.

---

[1] سالىھ بەندە - خىزىر ئەلەيھىسسالامدۇر.

وَكَيْفَ تَصْبِرُ عَلَىٰ مَا لَمْ تُحِطْ بِهِۦ خُبْرًا ﴿٦٨﴾

68 - ئاللاھ ماڭا بىلدۈرگەن ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىنى سەن بىلمەيدىغان تۇرساڭ، ئۇنىڭغا
قانداقمۇ سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرالايسەن؟» دېدى.

قَالَ سَتَجِدُنِيٓ إِن شَآءَ ٱللَّهُ صَابِرًا وَلَآ أَعْصِي لَكَ أَمْرًا ﴿٦٩﴾

69 - مۇسا ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئاللاھ خالىسا مېنىڭ سەن قىلىدىغان ئىشقا سەۋر قىلىپ
تۇرالايدىغانلىقىمنى بىلىپ قالىسەن، مەن سېنىڭ بۇيرۇقۇڭغا خىلاپلىق قىلمايمەن».

قَالَ فَإِنِ ٱتَّبَعْتَنِي فَلَا تَسْـَٔلْنِي عَن شَيْءٍ حَتَّىٰٓ أُحْدِثَ لَكَ مِنْهُ ذِكْرًا ﴿٧٠﴾

70 - خىزىر ئۇنىڭ تىلىكىنى قوبۇل قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئەگەر سەن ماڭا ئەگەشمەكچى
بولساڭ، سەن قوبۇل قىلالمىغان ئىش توغرىسىدا، مەن ساڭا دەپ بەرمىگۈچە مەندىن
سوئال سورىما».

فَٱنطَلَقَا حَتَّىٰٓ إِذَا رَكِبَا فِي ٱلسَّفِينَةِ خَرَقَهَاۖ قَالَ أَخَرَقْتَهَا لِتُغْرِقَ أَهْلَهَا لَقَدْ جِئْتَ شَيْـًٔا
إِمْرًا ﴿٧١﴾

161

71 - شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دېڭىز بويىدا مېڭىپ كېلىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ يېنىدىن بىر كېمە
ئۆتتى، ئۇلار كېمىچىدىن ئۆزلىرىنى بىرگە ئېلىۋېلىشىنى سوراپ، كېمىگە چىقىۋالدى.
ئاندىن خىزىر كېمىنىڭ بىر تاختىسىنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنى تېشىۋەتتى. مۇسا ئۇنىڭغا:
«كېمىچى بىزنى بىكارغا چىقىرىۋالغان تۇرسا، سەن كېمىدىكىلەرنى غەرق بولۇپ
كەتسۇن دەپ كېمىنى تېشىۋەتتىڭمۇ؟ سەن ھەقىقەتەن يامان ئىش قىلدىڭ» دېدى.

قَالَ أَلَمْ أَقُلْ إِنَّكَ لَن تَسْتَطِيعَ مَعِيَ صَبْرًا ﴿٧٢﴾

72 - خىزىر ئۇنىڭغا: «مەن ئىشىنىڭ بېشىدىلا سەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا ھەرگىز سەۋر
- تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن دېمىدىممۇ؟» دېدى.

قَالَ لَا تُؤَاخِذْنِي بِمَا نَسِيتُ وَلَا تُرْهِقْنِي مِنْ أَمْرِي عُسْرًا ﴿٧٣﴾

73 - مۇسا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ: «سەن ماڭا قويغان شەرتنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىم سەۋەبلىك
مېنى ئەيىبلىمە، مېنى سەندىن ئۆگىنىشتە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويما، ماڭا سىلىق
مۇئامىلە قىلغىن» دېدى.

فَٱنطَلَقَا حَتَّىٰٓ إِذَا لَقِيَا غُلَٰمًا فَقَتَلَهُۥ قَالَ أَقَتَلْتَ نَفْسًا زَكِيَّةَۢ بِغَيْرِ نَفْسٍ لَّقَدْ جِئْتَ شَيْـًٔا
نُّكْرًا ﴿٧٤﴾

74 - خىزىر ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلدى، ئاندىن ئۇلار كېمىدىن چۈشتى ۋە دېڭىز
بويىدا كېتىپ بېرىپ، توساتتىن ئويناۋاتقان بىر بالىنى ئۇچراتتى، خىزىر ئۇنى
ئۆلتۈرۈۋەتتى. مۇسا ئۇنىڭغا نارازى بولۇپ: «سەن بىگۇناھ جاننى ناھەق ئۆلتۈردۈڭ،
سەن ھەقىقەتەن چوڭ بىر گۇناھ ئىشنى قىلدىڭ» دېدى.

۞ قَالَ أَلَمْ أَقُل لَّكَ إِنَّكَ لَن تَسْتَطِيعَ مَعِيَ صَبْرًا ﴿٧٥﴾

75 - خىزىر مۇساغا كايىپ (ۋە ئىلگىرىكى سۆزلىرىنى ئەسلىتىپ): «ساڭا مەن بىلەن بىللە
بولۇشقا ھەرگىز سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن دېمىدىممۇ؟» دېدى.

قَالَ إِن سَأَلْتُكَ عَن شَيْءٍۭ بَعْدَهَا فَلَا تُصَٰحِبْنِي ۖ قَدْ بَلَغْتَ مِن لَّدُنِّي عُذْرًا ﴿٧٦﴾

76 - مۇسا ئۇنىڭغا: «مۇشۇ قېتىمدىن كېيىن مەن يەنە سەندىن بىرەر ئىش توغرۇلۇق سورىسام، مېنى تاشلىۋەتكىن ۋە ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلمىغىن. چۈنكى سەن مېنىڭ سوئاللىرىمدىن زېرىكىپ ئۆزرە ئېيتىدىغان يەرگە يەتتىڭ، ئىشنىڭ بېشىدىلا مېنىڭ سەن قىلىدىغان ئىشلارغا سەۋر-تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغانلىقىمنى ئېيتقان ئىدىڭ» دېدى.

فَٱنطَلَقَا حَتَّىٰٓ إِذَآ أَتَيَآ أَهْلَ قَرْيَةٍ ٱسْتَطْعَمَآ أَهْلَهَا فَأَبَوْا۟ أَن يُضَيِّفُوهُمَا فَوَجَدَا فِيهَا جِدَارًا يُرِيدُ
أَن يَنقَضَّ فَأَقَامَهُۥ ۖ قَالَ لَوْ شِئْتَ لَتَّخَذْتَ عَلَيْهِ أَجْرًا ﴿٧٧﴾

77 - مۇسا بىلەن خىزىر بىللە مېڭىپ بىر شەھەرگە يېتىپ كېلىپ، شەھەر ئاھالىسىدىن ئۆزلىرىنى مېھمان قىلىپ غىزالاندۇرۇشىنى سورىۋىدى، شەھەر ئاھالىسى ئۇلارنى مېھمان قىلغىلى ئۇنىمىدى. ئۇلار بۇ شەھەردە ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان بىر تامنى ئۇچراتتى، خىزىر ئۇنى تۈزلەپ قويدى. مۇسا ئۇنىڭغا: «ئەگەر خالىساڭ بۇ ئىشقا ئەلۋەتتە ئىش ھەققى ئېلىپ، ئۇنى بىزنىڭ ئوزۇقلىنىشىمىزغا سەرپ قىلغان بولاتتىڭ» دېدى.

قَالَ هَٰذَا فِرَاقُ بَيْنِي وَبَيْنِكَ ۚ سَأُنَبِّئُكَ بِتَأْوِيلِ مَا لَمْ تَسْتَطِع عَّلَيْهِ صَبْرًا ﴿٧٨﴾

78 - خىزىر مۇساغا ئېيتتى: «بۇ ئىككىمىزنىڭ ئايرىلىش ۋاقتىدۇر. ئەمدى مەن ساڭا سەن نارازى بولغان ۋە سوئال سورىماي تۇرۇشقا سەۋر - تاقەت قىلالمىغان ئىشلىرىمنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەندۈرۈپ قوياي:

أَمَّا ٱلسَّفِينَةُ فَكَانَتْ لِمَسَٰكِينَ يَعْمَلُونَ فِى ٱلْبَحْرِ فَأَرَدتُّ أَنْ أَعِيبَهَا وَكَانَ وَرَآءَهُم مَّلِكٌ يَأْخُذُ كُلَّ
سَفِينَةٍ غَصْبًا ﴿٧٩﴾

79 - مەن تېشىۋەتكەن كېمىگە كەلسەك، ئۇ دېڭىزدا ئىشلەيدىغان بىرقانچە كەمبەغەلنىڭ كېمىسى ئىدى، ئۇلار مۇشۇ كېمە بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى. مەن ئۇنى تېشىۋېتىپ ئەيىبلىك قىلىپ قويماقچى بولدۇم، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھەرقانداق ساق كېمىنى ئىگىسىدىن زورلۇق بىلەن تارتىۋالىدىغان بىر پادىشاھ بار ئىدى.

وَأَمَّا ٱلْغُلَٰمُ فَكَانَ أَبَوَاهُ مُؤْمِنَيْنِ فَخَشِينَآ أَن يُرْهِقَهُمَا طُغْيَٰنًا وَكُفْرًا ﴿٨٠﴾

80 - ئەمدى مەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھېلىقى بالىغا كەلسەك، ئۇ بالىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقى ئاللاھقا مەلۇم ئىدى، ئۇنىڭ ئاتىسى بىلەن ئانىسى مۇئمىن كىشىلەر ئىدى. بۇ بالا ھايات قالغان تەقدىردە، ئاتا - ئانىسىنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتى ۋە ھاجىتى سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ چەكلىمىلىرىدىن چەتنەشكە ۋە كۇفرىلىققا زورلىشىدىن ئەنسىرىدۇق.

فَأَرَدْنَآ أَن يُبْدِلَهُمَا رَبُّهُمَا خَيْرًا مِّنْهُ زَكَوٰةً وَأَقْرَبَ رُحْمًا ﴿٨١﴾

81 - شۇڭا ئاللاھنىڭ ئۇلارغا ئۇ بالىدىنمۇ ياخشى، دىيانەتلىك ۋە كۆيۈمچان پەرزەنت ئاتا قىلىشىنى كۆزلىدۇق.

وَأَمَّا ٱلْجِدَارُ فَكَانَ لِغُلَٰمَيْنِ يَتِيمَيْنِ فِى ٱلْمَدِينَةِ وَكَانَ تَحْتَهُۥ كَنزٌ لَّهُمَا وَكَانَ أَبُوهُمَا صَٰلِحًا
فَأَرَادَ رَبُّكَ أَن يَبْلُغَآ أَشُدَّهُمَا وَيَسْتَخْرِجَا كَنزَهُمَا رَحْمَةً مِّن رَّبِّكَ ۚ وَمَا فَعَلْتُهُۥ عَنْ أَمْرِى ۚ
ذَٰلِكَ تَأْوِيلُ مَا لَمْ تَسْطِع عَّلَيْهِ صَبْرًا ﴿٨٢﴾

82 ـ ئەمدى مەن تۈزلەپ قويغان تامغا كەلسەك، ئۇ تام شەھەردىكى ئىككى يېتىم بالىنىڭ بولۇپ، تام ئاستىدا ئۇلارنىڭ ئالتۇن، كۈمۈشتىن ئىبارەت خەزىنىسى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئاتىسى ياخشى ئادەم ئىدى. رەببىڭ ئۇلارغا كۆيۈنگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ چوڭ بولغاندا تام ئاستىدىكى خەزىنىسىنى چىقىرىۋېلىشىنى ئىرادە قىلدى. ئى مۇسا! مەن قىلغان ئىشلارنىڭ ھېچبىرىنى ئۆز خاھىشىم بويىچە قىلمىدىم، ئۇ ئىشلارنى پەقەت ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن قىلدىم. سەن نارازى بولغان ۋە سوئال سورىماي تۇرۇشقا سەۋر ـ تاقەت قىلالمىغان ئىشلىرىمنىڭ ھەقىقىتى مانا مۇشۇدۇر».

وَيَسۡـَٔلُونَكَ عَن ذِي ٱلۡقَرۡنَيۡنِۖ قُلۡ سَأَتۡلُواْ عَلَيۡكُم مِّنۡهُ ذِكۡرًا ﴿٨٣﴾

83 ـ ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلار سەندىن ياخشى پادىشاھ زۇلقەرنەيىن توغرۇلۇق سورىشىدۇ. ئۇلارغا: «سىلەرنىڭ ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، مەن سىلەرگە ئۇنىڭ قىسسىلىرىدىن بەزىسىنى ئوقۇپ بېرەي» دېگىن.

إِنَّا مَكَّنَّا لَهُۥ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَءَاتَيۡنَٰهُ مِن كُلِّ شَيۡءٖ سَبَبٗا ﴿٨٤﴾

84 ـ بىز ئۇنىڭغا زېمىندا ھەقىقەتەن كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى بويسۇندۇرۇشى، شەھەرلەرنى پەتھى قىلىشى ۋە باشقا بارلىق غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ھەر ئىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ۋە يوللىرىنى ھازىرلاپ بەردۇق.

فَأَتۡبَعَ سَبَبًا ﴿٨٥﴾

85 ـ زۇلقەرنەيىن شۇ سەۋەبلەرنى قىلىپ ۋە شۇ يوللارغا كىرىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشتى.

حَتَّىٰٓ إِذَا بَلَغَ مَغۡرِبَ ٱلشَّمۡسِ وَجَدَهَا تَغۡرُبُ فِي عَيۡنٍ حَمِئَةٖ وَوَجَدَ عِندَهَا قَوۡمٗاۗ قُلۡنَا يَٰذَا ٱلۡقَرۡنَيۡنِ إِمَّآ أَن تُعَذِّبَ وَإِمَّآ أَن تَتَّخِذَ فِيهِمۡ حُسۡنٗا ﴿٨٦﴾

86 ـ ئۇ كۈنپېتىش تەرەپكە يېتىپ بارغاندا، كۈننى خۇددى قارا لايلىق (ۋە ھارارەتلىك) بۇلاققا پېتىپ كېتىۋاتقاندەك كۆردى ([1]). بۇلاقنىڭ يېنىدا بىر قەۋمنى ئۇچراتتى. بىز: «ئى زۇلقەرنەيىن! ئەگەر ئۇلار كاپىرلىقتا چىڭ تۇرىۋالسا ئۇلارنى ئۆلتۈرگىن ياكى باشقا ئۇسۇل بىلەن جازالىغىن ۋەياكى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىپ ھىدايەتنىڭ يوللىرىنى ئۆگەتكىن» دېدۇق.

قَالَ أَمَّا مَن ظَلَمَ فَسَوۡفَ نُعَذِّبُهُۥ ثُمَّ يُرَدُّ إِلَىٰ رَبِّهِۦ فَيُعَذِّبُهُۥ عَذَابٗا نُّكۡرٗا ﴿٨٧﴾

87 ـ زۇلقەرنەيىن ئېيتتى: «ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كىمكى رەببىگە كۇفرىلىق قىلىپ، ئۆزىگە زۇلۇم قىلىدىكەن، بىز ئۇنى دۇنيادا جازالايمىز، ئاندىن ئۇ رەببىنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ، رەببى ئۇنى دوزاخ ئازابى بىلەن قاتتىق جازالايدۇ.

وَأَمَّا مَنۡ ءَامَنَ وَعَمِلَ صَٰلِحٗا فَلَهُۥ جَزَآءً ٱلۡحُسۡنَىٰۖ وَسَنَقُولُ لَهُۥ مِنۡ أَمۡرِنَا يُسۡرٗا ﴿٨٨﴾

88 ـ ئەمما كىمكى ئۇلاردىن رەببىگە ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەتتىن ئىبارەت ئەڭ ياخشى مۇكاپات بار، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىمىز، يۇمشاق

[1] ئەمەلىيەتتە بۇنداق بولمىسىمۇ، كىشىگە كۈن خۇددى دېڭىزغا ياكى تاغنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

سۆز قىلمىز».

ثُمَّ أَتْبَعَ سَبَبًا ﴿٨٩﴾

89 - ئاندىن زۇلقەرنەيىن ئاللاھ ئاتا قىلغان سەۋەبلەرنى قىلىپ، كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى.

حَتَّىٰٓ إِذَا بَلَغَ مَطْلِعَ ٱلشَّمْسِ وَجَدَهَا تَطْلُعُ عَلَىٰ قَوْمٍ لَّمْ نَجْعَل لَّهُم مِّن دُونِهَا سِتْرًا ﴿٩٠﴾

90 - ئۇ كۈنچىقىش تەرەپكە يېتىپ بارغاندا، كۈن نۇرىنىڭ ئۆزلىرىنى ئىسسىقتىن توسۇپ تۇرىدىغان بىنالىرى ياكى سايە تاشلايدىغان دەل - دەرەخلىرى بولمىغان بىر قەۋمنىڭ ئۈستىگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى.

كَذَٰلِكَ وَقَدْ أَحَطْنَا بِمَا لَدَيْهِ خُبْرًا ﴿٩١﴾

91 - ئەھۋال شۇنداق بولدى (يەنى زۇلقەرنەيىن كۈنچىقىش تەرەپتىكى كىشىلەرگىمۇ كۈنپېتىش تەرەپتىكى كىشىلەرگە قىلغان مۇئامىلىنى قىلدى). بىز ئۇنىڭ ئىلكىدىكى بارلىق مال - مۈلۈك، ئەسكەر ۋە ئەسلىھەلەردىن تولۇق خەۋەردار ئىدۇق.

ثُمَّ أَتْبَعَ سَبَبًا ﴿٩٢﴾

92 - زۇلقەرنەيىن ئاندىن يەنە بىز ئاتا قىلغان سەۋەب ۋە چارىلەرنى قوللىنىپ، بىز كۆرسەتكەن يوللارنى تۇتۇپ ئىلگىرىلىدى.

حَتَّىٰٓ إِذَا بَلَغَ بَيْنَ ٱلسَّدَّيْنِ وَجَدَ مِن دُونِهِمَا قَوْمًا لَّا يَكَادُونَ يَفْقَهُونَ قَوْلًا ﴿٩٣﴾

93 - ئۇ ئىككى تاغ ئارىسىغا يېتىپ بارغاندا، تاغنىڭ ئارقىسىدا باشقىلارنىڭ تىلىنى ئوقۇيالىق بىلەن چۈشەنمەيدىغان بىر قەۋمنى ئۇچراتتى.

قَالُوا۟ يَـٰذَا ٱلْقَرْنَيْنِ إِنَّ يَأْجُوجَ وَمَأْجُوجَ مُفْسِدُونَ فِى ٱلْأَرْضِ فَهَلْ نَجْعَلُ لَكَ خَرْجًا عَلَىٰٓ أَن تَجْعَلَ بَيْنَنَا وَبَيْنَهُمْ سَدًّا ﴿٩٤﴾

94 - ئۇلار: «ئى زۇلقەرنەيىن! يەجۇج بىلەن مەجۇجدىن ئىبارەت ئىككى قەۋم ئىنسانلارنى ھالاك قىلىپ، زىرائەتلەرنى نابۇت قىلىپ، يەر يۈزىدە ھەقىقەتەن چوڭ بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلاردۇر، شۇڭا بىز ساڭا پۇل تۆلىسەك، سەن بىز بىلەن ئاشۇ قەۋمنىڭ ئارىسىغا بىر توسما سېلىپ بەرسەڭ بولامدۇ؟» دېدى.

قَالَ مَا مَكَّنِّى فِيهِ رَبِّى خَيْرٌ فَأَعِينُونِى بِقُوَّةٍ أَجْعَلْ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُمْ رَدْمًا ﴿٩٥﴾

95 - زۇلقەرنەيىن ئېيتتى: «رەببىم ماڭا ئاتا قىلغان پادىشاھلىق ۋە كۈچ - قۇدرەت سىلەرنىڭ ماڭا بەرمەكچى بولغان پۇل - مېلىڭلاردىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر، ماڭا ئادەم كۈچى بىلەن ياردەم قىلىڭلار، مەن ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا مۇستەھكەم بىر توسما سېلىپ بېرەي.

ءَاتُونِى زُبَرَ ٱلْحَدِيدِ حَتَّىٰٓ إِذَا سَاوَىٰ بَيْنَ ٱلصَّدَفَيْنِ قَالَ ٱنفُخُوا۟ حَتَّىٰٓ إِذَا جَعَلَهُۥ نَارًا قَالَ ءَاتُونِىٓ أُفْرِغْ عَلَيْهِ قِطْرًا ﴿٩٦﴾

96 - سىلەر ماڭا تۆمۈر پارچىلىرىنى ئەكىلىپ بېرىڭلار». ئۇلار ئېلىپ كەلگەن تۆمۈر پارچىلىرى بىلەن ئىككى تاغنىڭ ئارىسى توسۇپ تەكشى بولغاندا، زۇلقەرنەيىن ئىشچىلارغا: «كۆرەكلەر بىلەن پۈۋلەڭلار» دېدى. پۈتۈن تۆمۈر پارچىلىرى قىزىپ ئوتتەك بولغاندا،

ئۇ: «ماڭا ئىبرتىلگەن مىسنى كەلتۈرۈڭلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆكەي» دېدى.

فَمَا ٱسْطَٰعُوٓاْ أَن يَظْهَرُوهُ وَمَا ٱسْتَطَٰعُواْ لَهُۥ نَقْبًا ﴿٩٧﴾

97 ـ شۇنىڭ بىلەن مەجۇج بىلەن يەجۇج توسمىنىڭ ئۈستىگە چىقىشقىمۇ، ئۇنىڭ ئاستى تەرىپىدىن تېشىپ ئۆتۈشكىمۇ قادىر بولالمىدى. چۈنكى توسما بەك ئېگىز، ئۇنىڭ كەڭلىكى بەك كەڭ ۋە قاتتىق ئىدى.

قَالَ هَٰذَا رَحْمَةٌ مِّن رَّبِّى ۖ فَإِذَا جَآءَ وَعْدُ رَبِّى جَعَلَهُۥ دَكَّآءَ ۖ وَكَانَ وَعْدُ رَبِّى حَقًّا ﴿٩٨﴾

98 ـ زۇلقەرنەيىن: «مەن ياسىغان بۇ توسما رەببىمنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېمىتىدۇر. رەببىمنىڭ يەجۇج بىلەن مەجۇجنىڭ توسمىنىڭ ئارقىسىدىن چىقىشىدىن ئىبارەت ۋەدىسى ئەمەلگە ئاشىدىغان ۋاقىت كەلگەن چاغدا، رەببىم ئۇ توسمىنى تۈپتۈز قىلىپ يەر بىلەن تەڭ قىلىۋېتىدۇ، رەببىمنىڭ ۋەدىسى ئەزەلدىن ھەقتۇر» دېدى.

۞ وَتَرَكْنَا بَعْضَهُمْ يَوْمَئِذٍ يَمُوجُ فِى بَعْضٍ ۖ وَنُفِخَ فِى ٱلصُّورِ فَجَمَعْنَٰهُمْ جَمْعًا ﴿٩٩﴾

99 ـ بىزنىڭ ۋەدىمىز ئەمەلگە ئاشىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگەن كۈندە، يەجۇج بىلەن مەجۇجنى بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ گىرەلەشكەن ھالدا تەرك ئېتىمىز. قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن سۇر چېلىنىدۇ. شۇ چاغدا خالايىقنىڭ ھەممىسىنى ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىشى ۋە تېگىشلىك مۇكاپات ياكى جازالىرىنى ئېلىشى ئۈچۈن ھېساب مەيدانىغا يىغىمىز.

وَعَرَضْنَا جَهَنَّمَ يَوْمَئِذٍ لِّلْكَٰفِرِينَ عَرْضًا ﴿١٠٠﴾

100 ـ ئۇ كۈندە كاپىرلارغا قىلمىشلىرىنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا جەھەننەمنى كۆرسىتىمىز.

ٱلَّذِينَ كَانَتْ أَعْيُنُهُمْ فِى غِطَآءٍ عَن ذِكْرِى وَكَانُواْ لَا يَسْتَطِيعُونَ سَمْعًا ﴿١٠١﴾

101 ـ دۇنيادىكى چاغدا ئۇ كاپىرلارنىڭ كۆزلىرى مېنى ئېسىگە سالىدىغان دەلىللەردىن پەردىلەنگەن بولۇپ، مېنىڭ ھەق ئىكەنلىكىمگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى كۆرمەيتتى، ئۇلار ماڭا ۋە مېنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىشقا ئېلىپ بارىدىغان دەلىل ـ پاكىتلىرىمنى ئاڭلاشقا تاقەت قىلالمايتتى.

أَفَحَسِبَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَن يَتَّخِذُواْ عِبَادِى مِن دُونِىٓ أَوْلِيَآءَ ۚ إِنَّآ أَعْتَدْنَا جَهَنَّمَ لِلْكَٰفِرِينَ نُزُلًا ﴿١٠٢﴾

102 ـ ئۇ كاپىرلار مېنى قويۇپ بەندىلىرىمنى مەبۇد قىلىۋېلىشنى توغرا دەپ ئويلامدۇ؟ شەكسىزكى، بىز كاپىرلار ئۈچۈن جەھەننەمنى قارارگاھ قىلىپ تەييارلىدۇق.

قُلْ هَلْ نُنَبِّئُكُم بِٱلْأَخْسَرِينَ أَعْمَٰلًا ﴿١٠٣﴾

103 ـ ئى پەيغەمبەر! ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئەمەلدە ئەڭ كۆپ زىيان تارتىدىغان كىشىلەرنى ئېيتىپ بېرەيلىمۇ؟

ٱلَّذِينَ ضَلَّ سَعْيُهُمْ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَهُمْ يَحْسَبُونَ أَنَّهُمْ يُحْسِنُونَ صُنْعًا ﴿١٠٤﴾

104 ـ ئۇلار ئۆزلىرى ياخشى ئەمەل قىلدۇق دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، دۇنيا ھاياتىدا قىلغان ئەمەللىرى يوققا چىققان، ئۆزلىرى ھىدايەت ۋە توغرا يولنىڭ ئۈستىدە بولمىغان مۇشرىكلار ۋە ئۇلارغا ئوخشاش ئازغۇنلاردۇر.

أُولَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِـَٔايَٰتِ رَبِّهِمۡ وَلِقَآئِهِۦ فَحَبِطَتۡ أَعۡمَٰلُهُمۡ فَلَا نُقِيمُ لَهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ وَزۡنٗا ﴿١٠٥﴾

105 - ئەمەلدە ئەڭ زىيان تارتىدىغان ئاشۇ كىشىلەر رەببىنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە قىيامەت كۈنى رەببىگە ئۇچرىشىشقا ئىشەنمىگەنلىكى سەۋەبلىك بارلىق ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتكەن كىشىلەردۇر». قىيامەت كۈنى ئۇلارنى قىلچە ئېتىبارغا ئالمايمىز.

ذَٰلِكَ جَزَآؤُهُمۡ جَهَنَّمُ بِمَا كَفَرُواْ وَٱتَّخَذُوٓاْ ءَايَٰتِي وَرُسُلِي هُزُوًا ﴿١٠٦﴾

106 - كاپىرلارنىڭ ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارغا تەييارلانغان ئاشۇ جازا — جەھەننەم ئوتى بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلىقى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى، پەيغەمبىرىگە ئاتا قىلغان مۆجىزىلىرىنى مەسخىرە قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ كَانَتۡ لَهُمۡ جَنَّٰتُ ٱلۡفِرۡدَوۡسِ نُزُلًا ﴿١٠٧﴾

107 - شەكسىزكى، ماڭا ئىمان ئېيتقان، پەيغەمبەرلىرىمنى تەستىقلىغان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرنىڭ قارارگاھى جەننەتلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى ۋە ئەڭ ئەۋزىلى بولغان فىردەۋس بولىدۇ.

خَٰلِدِينَ فِيهَا لَا يَبۡغُونَ عَنۡهَا حِوَلٗا ﴿١٠٨﴾

108 - ئۇلار ئۇ جايدا مەڭگۈ تۇرىدۇ، ئۇ جاينى ياخشى كۆرگەنلىكتىن، ئۇنىڭدىن باشقا جايغا يۆتكىلىشنى قەتئىي خالىمايدۇ.

قُل لَّوۡ كَانَ ٱلۡبَحۡرُ مِدَادٗا لِّكَلِمَٰتِ رَبِّي لَنَفِدَ ٱلۡبَحۡرُ قَبۡلَ أَن تَنفَدَ كَلِمَٰتُ رَبِّي وَلَوۡ جِئۡنَا بِمِثۡلِهِۦ مَدَدٗا ﴿١٠٩﴾

109 - ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، «رەببىمنىڭ سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن، ئەگەر دېڭىز سۈيى سىياھ بولغان، بىز يەنە شۇ دېڭىز سۈيىگە ئوخشايدىغان كۆپ دېڭىزلارنىڭ سۈيىنى سىياھ قىلىپ كەلتۈرگەن تەقدىردىمۇ، رەببىمنىڭ سۆزلىرى تۈگىمەي تۇرۇپ، دېڭىزلارنىڭ سۈيى ئەلۋەتتە تۈگەپ كەتكەن بولاتتى»[1]. (بۇ ئايەت ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە سۆزلەرش سۈپىتىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ).

قُلۡ إِنَّمَآ أَنَا۠ بَشَرٞ مِّثۡلُكُمۡ يُوحَىٰٓ إِلَيَّ أَنَّمَآ إِلَٰهُكُمۡ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞۖ فَمَن كَانَ يَرۡجُواْ لِقَآءَ رَبِّهِۦ فَلۡيَعۡمَلۡ عَمَلٗا صَٰلِحٗا وَلَا يُشۡرِكۡ بِعِبَادَةِ رَبِّهِۦٓ أَحَدَۢا ﴿١١٠﴾

110 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «ئەلۋەتتە مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسان، ماڭا رەببىم تەرىپىدىن ‹سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىرلا ئىلاھتۇر› دەپ ۋەھيى قىلىنىدۇ. شۇڭا، كىمكى رەببىنىڭ ئالدىغا بارىدىغان قىيامەت كۈنىدە ئۇنىڭ ئازابىغا ئۇچراپ قېلىشتىن قورقسا ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۈمىد قىلسا، رەببىنىڭ كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق ھالدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلسۇن، رەببىگە قىلىدىغان ئىبادەتتە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن».

[1] «ئاللاھنىڭ سۆزلىرى»دىن ئاللاھ تائالانىڭ قانداقلا بىر نەرسىنى ياراتماقچى بولغىنىدا، ئۇنىڭغا: «بول!» دەپ ئەمر قىلىدىغان پەرمان سۆزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

# مەريەم سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

كٓهيعٓصٓ ۝١

1 ـ كاف، ھا، يا، ئەين، ساد (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

ذِكۡرُ رَحۡمَتِ رَبِّكَ عَبۡدَهُۥ زَكَرِيَّآ ۝٢

2 ـ بۇ رەببىڭنىڭ بەندىسى زەكەرىيياغا قىلغان مەرھەمىتىنىڭ بايانىدۇر. بىز ئۇنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىمىز. چۈنكى بۇنىڭدا ئىبرەت ئالىدىغانلار ئۈچۈن كۆپلىگەن پەند ـ نەسىھەتلەر بار.

إِذۡ نَادَىٰ رَبَّهُۥ نِدَآءً خَفِيّٗا ۝٣ قَالَ رَبِّ إِنِّي وَهَنَ ٱلۡعَظۡمُ مِنِّي وَٱشۡتَعَلَ ٱلرَّأۡسُ شَيۡبٗا وَلَمۡ أَكُنۢ بِدُعَآئِكَ رَبِّ شَقِيّٗا ۝٤

3 ـ 4 ـ ئۇ ئۆز ۋاقتىدا رەببىگە قىلىدىغان دۇئاسى ئەڭ ئىخلاسلىق، ئىجابەتكە ئەڭ يېقىن بولۇشى ئۈچۈن، پەس ئاۋازدا مۇناجات قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئى رەببىم! مەن ھەقىقەتەن ياشىنىپ قالدىم، سۆڭىكىم بوشىشىپ كەتتى، چېچىم ئاقاردى. ئى رەببىم! مەن ساڭا دۇئا قىلىپ دۇئايىم ئىجابەت بولماي قالمىغان ئىدى.

وَإِنِّي خِفۡتُ ٱلۡمَوَٰلِيَ مِن وَرَآءِي وَكَانَتِ ٱمۡرَأَتِي عَاقِرٗا فَهَبۡ لِي مِن لَّدُنكَ وَلِيّٗا ۝٥

5 ـ مەن ئۆلگەندىن كېيىن، ماڭا ۋارىسلىق قىلىدىغان تۇغقانلىرىمنىڭ دىنىنى مەھكەم تۇتۇشتا ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىشتا مېنىڭ ئورنۇمنى باسالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ئايالىم تۇغماستۇر. ئى رەببىم! ماڭا ئۆز پەزلىڭدىن (ماڭا) ۋارىس ۋە ياردەمچى بولىدىغان بىر پەرزەنت ئاتا قىلغىن.

يَرِثُنِي وَيَرِثُ مِنۡ ءَالِ يَعۡقُوبَۖ وَٱجۡعَلۡهُ رَبِّ رَضِيّٗا ۝٦

6 ـ ئۇ مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە ۋە يەئقۇب ئائىلىسىنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ۋارىسلىق قىلغاي، ئۇ پەرزەنتنى سېنىڭ رازىلىقىڭغا، بەندىلىرىڭنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدىغان قىلغىن».

يَٰزَكَرِيَّآ إِنَّا نُبَشِّرُكَ بِغُلَٰمٍ ٱسۡمُهُۥ يَحۡيَىٰ لَمۡ نَجۡعَل لَّهُۥ مِن قَبۡلُ سَمِيّٗا ۝٧

7 ـ ئاللاھ ئېيتتى: «ئى زەكەرىييا! بىز ھەقىقەتەن سېنىڭ دۇئايىڭنى ئىجابەت قىلىپ، ساڭا يەھيا ئىسىملىك بىر ئوغۇل ئاتا قىلىدىغانلىقىمىز بىلەن خۇش خەۋەر بېرىمىز، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچ ئادەمنى بۇ ئىسىم بىلەن ئاتىمىغان ئىدۇق».

قَالَ رَبِّ أَنَّىٰ يَكُونُ لِي غُلَٰمٌ وَكَانَتِ ٱمۡرَأَتِي عَاقِرًا وَقَدۡ بَلَغۡتُ مِنَ ٱلۡكِبَرِ عِتِيًّا ﴿٨﴾

8 - زەكەرىييا بۇ خۇش خەۋەرگە ھەيران قېلىپ: «ئى رەببىم! ئايالىم تۇغماس تۇرسا، مەن قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن تۇرسام، مېنىڭ قانداقمۇ ئوغلۇم بولىدۇ؟» دېدى.

قَالَ كَذَٰلِكَ قَالَ رَبُّكَ هُوَ عَلَيَّ هَيِّنٞ وَقَدۡ خَلَقۡتُكَ مِن قَبۡلُ وَلَمۡ تَكُ شَيۡـٔٗا ﴿٩﴾

9 - پەرىشتە ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: «ئەمەلىيەت سەن دېگەندەكتۇر، يەنى سەن راستتىنلا ياشىنىپ قالدىڭ، ئايالىڭ بولسا تۇغماستۇر، لېكىن رەببىڭ: › يەھيانى مۇشۇنداق يارىتىش مەن ئۈچۈن ئاساندۇر ‹ دېدى». ئاندىن ئاللاھ زەكەرىيياغا ئۇنىڭ سورىغىنىدىنمۇ ئاجايىپ بىر ھەقىقەتنى ئەسلىتىپ: «مەن سېنى يەھيادىن بۇرۇن ياراتتىم، ئۇ چاغدا سەن تىلغا ئالغۇدەك نەرسە ئەمەس ئىدىڭ، ھەتتا مەۋجۇت ئەمەس ئىدىڭ» دېدى.

قَالَ رَبِّ ٱجۡعَل لِّيٓ ءَايَةٗۖ قَالَ ءَايَتُكَ أَلَّا تُكَلِّمَ ٱلنَّاسَ ثَلَٰثَ لَيَالٖ سَوِيّٗا ﴿١٠﴾

10 - زەكەرىييا كۆڭلىنى تېخىمۇ تەسكىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن: «ئى رەببىم! پەرىشتىلەر بەرگەن خۇش خەۋەرنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى بىلدۈرۈپ ماڭا بىرەر بەلگە بەرسەڭ» دېدى. ئاللاھ ئېيتتى: «ساڭا بېرىلىدىغان بەلگە شۇكى، سەن ساق تۇرۇپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز كىشىلەرگە گەپ قىلالمايسەن».

فَخَرَجَ عَلَىٰ قَوۡمِهِۦ مِنَ ٱلۡمِحۡرَابِ فَأَوۡحَىٰٓ إِلَيۡهِمۡ أَن سَبِّحُواْ بُكۡرَةٗ وَعَشِيّٗا ﴿١١﴾

11 - زەكەرىييا نامازگاھىدىن قەۋمىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارغا: «ئەتىگەن - ئاخشامدا ئاللاھقا شۈكۈر قىلىپ تەسبىھ ئېيتىڭلار» دەپ ئىشارەت قىلدى.

يَٰيَحۡيَىٰ خُذِ ٱلۡكِتَٰبَ بِقُوَّةٖۖ وَءَاتَيۡنَٰهُ ٱلۡحُكۡمَ صَبِيّٗا ﴿١٢﴾

12 - يەھيا تۇغۇلۇپ گەپنى چۈشىنىدىغان ياشقا كەلگەندە، ئاللاھ ئۇنى تەۋراتقا چىڭ ئېسىلىشقا بۇيرۇپ: «ئى يەھيا! تەۋراتنىڭ تېكىستىنى ئوبدان يادلاپ، مەنىسىنى چۈشىنىپ، تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ئۇنى چىڭ تۇتقىن» دېدى. بىز ئۇنىڭغا باللىقىدا چېغىدىلا ھېكمەت ۋە ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلدۇق.

وَحَنَانٗا مِّن لَّدُنَّا وَزَكَوٰةٗۖ وَكَانَ تَقِيّٗا ﴿١٣﴾

13 - بىز ئۇنىڭغا دەرگاھىمىزدىن مېھرىبانلىق، مۇھەببەت ۋە گۇناھتىن پاكلىق ئاتا قىلدۇق، ئۇ ئاللاھتىن قورقىدىغان، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغان، پەرزلەرنى ئادا قىلىدىغان، ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇرىدىغان زات ئىدى،

وَبَرَّۢا بِوَٰلِدَيۡهِ وَلَمۡ يَكُن جَبَّارًا عَصِيّٗا ﴿١٤﴾

14 - ئۇ ئاتا - ئانىسىغا كۆيۈمچان ۋە ئىتائەتچان ئىدى. ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىدىغان ۋە ئاسىيلىق قىلىدىغان ئەمەس ئىدى.

وَسَلَٰمٌ عَلَيۡهِ يَوۡمَ وُلِدَ وَيَوۡمَ يَمُوتُ وَيَوۡمَ يُبۡعَثُ حَيّٗا ﴿١٥﴾

15 - يەھيا تۇغۇلغان كۈندە، ۋاپات بولىدىغان كۈندە ۋە تىرىلىپ قەبرىسىدىن چىقىرىلىدىغان قىيامەت كۈنىدە ئاللاھتىن كېلىدىغان ئامانلىق ئۇنىڭدە بولىدۇ.

وَٱذۡكُرۡ فِي ٱلۡكِتَٰبِ مَرۡيَمَ إِذِ ٱنتَبَذَتۡ مِنۡ أَهۡلِهَا مَكَانٗا شَرۡقِيّٗا ﴿١٦﴾

16 - ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە قۇرئاندىكى مەريەم قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىن، ئۆز ۋاقتىدا
مەريەم ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ كۈنچىقىش تەرەپتىكى بىر جايىنى ئۆزىگە ماكان قىلىۋالغان
ئىدى.

فَٱتَّخَذَتۡ مِن دُونِهِمۡ حِجَابٗا فَأَرۡسَلۡنَآ إِلَيۡهَا رُوحَنَا فَتَمَثَّلَ لَهَا بَشَرٗا سَوِيّٗا ﴿١٧﴾

17 - مەريەم ئۆزى بىلەن ئائىلىسىدىكىلەر ۋە باشقىلار ئوتتۇرىسىدا پەردە تۇتتۇۋەتتى (يەنى
كۆرۈنمەيدىغان بولدى). بىز ئۇنىڭغا ئەلچىمىز جىبرىلنى ئەۋەتتۇق، جىبرىل ئۇنىڭغا
بېجىرىم ئادەم سۈرىتىدە كۆرۈندى..

قَالَتۡ إِنِّيٓ أَعُوذُ بِٱلرَّحۡمَٰنِ مِنكَ إِن كُنتَ تَقِيّٗا ﴿١٨﴾

18 - مەريەم جىبرىلغا: «مەن ھەقىقەتەن رەھمان ئاللاھقا سىغىنىپ سېنىڭ چېقىلىشىڭدىن
پاناھ تىلەيمەن، ئەگەر سەن تەقۋادار بولساڭ ماڭا چېقىلمىغىن» دېدى.

قَالَ إِنَّمَآ أَنَا۠ رَسُولُ رَبِّكِ لِأَهَبَ لَكِ غُلَٰمٗا زَكِيّٗا ﴿١٩﴾

19 - جىبرىل مەريەمگە ئېيتتى: «مەن رەببىڭنىڭ ئەلچىسىمەن، مېنى ساڭا گۇناھتىن پاك
بىر ئوغۇل بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى».

قَالَتۡ أَنَّىٰ يَكُونُ لِي غُلَٰمٞ وَلَمۡ يَمۡسَسۡنِي بَشَرٞ وَلَمۡ أَكُ بَغِيّٗا ﴿٢٠﴾

20 - مەريەم جىبرىلغا: «ماڭا ھېچقانداق ئىنسان ھالال نىكاھ بىلەن يېقىنلاشمىغان تۇرسا،
مەن زىنا قىلمىغان تۇرسام، قانداقمۇ مېنىڭ ئوغلۇم بولسۇن؟» دېدى.

قَالَ كَذَٰلِكِ قَالَ رَبُّكِ هُوَ عَلَيَّ هَيِّنٞۖ وَلِنَجۡعَلَهُۥٓ ءَايَةٗ لِّلنَّاسِ وَرَحۡمَةٗ مِّنَّاۚ وَكَانَ أَمۡرٗا مَّقۡضِيّٗا ﴿٢١﴾

21 - جىبرىل مەريەمگە ئېيتتى: «ئۇغۇ شۇنداق، يەنى ساڭا ھېچقانداق ئىنسان يېقىنلاشمىدى،
سەن زىنامۇ قىلمىدىڭ، ئەمما رەببىڭ ئېيتتىكى: ‹بۇ ئىش ماڭا ئاساندۇر. ئۇ بوۋاق
ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان دەلىل، ئانىسىغا ۋە كىشىلەرگە ئاللاھ
تەرىپىدىن بېرىلگەن بىر رەھمەت بولىدۇ. ئىيسانىڭ بۇنداق دۇنياغا كېلىشى ئالدىن
بەلگىلىنىپ بولغان، لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلىپ بولغان ئىشتۇر، ئۇ چوقۇم ئەمەلگە
ئاشىدۇ›».

۞ فَحَمَلَتۡهُ فَٱنتَبَذَتۡ بِهِۦ مَكَانٗا قَصِيّٗا ﴿٢٢﴾

22 - جىبرىل مەريەمنىڭ كۆڭلىكىنىڭ يېڭىغا پۈۋلەپ قويغاندىن كېيىن، بۇ پۈۋلەش ئۇنىڭ
بالىياتقۇسىغا يېتىپ بېرىشى بىلەنلا ئۇ ھامىلىدار بولدى، مەريەم شۇنىڭ بىلەن
كىشىلەردىن يىراق چەت بىر جايغا كەتتى.

فَأَجَآءَهَا ٱلۡمَخَاضُ إِلَىٰ جِذۡعِ ٱلنَّخۡلَةِ قَالَتۡ يَٰلَيۡتَنِي مِتُّ قَبۡلَ هَٰذَا وَكُنتُ نَسۡيٗا مَّنسِيّٗا ﴿٢٣﴾

23 - تولغاقنىڭ قاتتىقلىقى مەريەمنى بىر خورما دەرىخىگە يۆلىنىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى.
مەريەم ئېيتتى: «كاشكى مۇشۇ كۈن كېلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسەمچۇ! ئۇنتۇلۇپ
كەتكەنلەردىن، ھېچكىم بىلمەيدىغان كىشىلەردىن بولۇپ كەتسەمچۇ!».

فَنَادَىٰهَا مِن تَحۡتِهَآ أَلَّا تَحۡزَنِي قَدۡ جَعَلَ رَبُّكِ تَحۡتَكِ سَرِيّٗا ﴿٢٤﴾

24 - جىبرىل (ياكى ئىيسا) مەريەمگە خورما دەرىخىنىڭ ئاستىدىن نىدا قىلىپ مۇنداق

دېدى: «غەم قىلمىغىن، رەببىڭ سېنىڭ ئايىغىڭنىڭ ئاستىدىن ئاقىدىغان بىر ئېرىق پەيدا قىلدى.

وَهُزِّىٓ إِلَيْكِ بِجِذْعِ ٱلنَّخْلَةِ تُسَٰقِطْ عَلَيْكِ رُطَبًا جَنِيًّا ﴿٢٥﴾

25 - خورما دەرىخىنى ئۆز تەرىپىڭگە ئىرغىتقىن، ئالدىڭغا پىشقان يېڭى خورمىلار تۆكۈلىدۇ.

فَكُلِى وَٱشْرَبِى وَقَرِّى عَيْنًا ۖ فَإِمَّا تَرَيِنَّ مِنَ ٱلْبَشَرِ أَحَدًا فَقُولِىٓ إِنِّى نَذَرْتُ لِلرَّحْمَٰنِ صَوْمًا فَلَنْ أُكَلِّمَ ٱلْيَوْمَ إِنسِيًّا ﴿٢٦﴾

26 - بۇ يېڭى خورمىدىن يېگىن، بۇ سۇدىن ئىچكىن ۋە بوۋىقىڭ بىلەن شاتلانغىن، ئەگەر سەن بىرەر ئادەمنى كۆرسەڭ، ئۇ سېنىڭ ئەھۋالىڭ توغرۇلۇق سورىسا، ئۇنىڭغا: ‹مەن گەپ قىلمايمەن دەپ رەھمان ئاللاھقا ۋەدە بەرگەن ئىدىم، شۇڭا بۈگۈن ھېچكىمگە گەپ قىلمايمەن› دېگىن». چۈنكى گەپ قىلماسلىق ئۇلارنىڭ شەرىئىتىدە ئىبادەت سانىلاتتى.

فَأَتَتْ بِهِۦ قَوْمَهَا تَحْمِلُهُۥ ۖ قَالُوا۟ يَٰمَرْيَمُ لَقَدْ جِئْتِ شَيْـًٔا فَرِيًّا ﴿٢٧﴾

27 - نىھايەت، مەريەم يىراق يەردىن بوۋاقنى كۆتۈرۈپ قەۋمىنىڭ ئالدىغا كەلدى. مەريەمنىڭ قەۋمى ئۇنى بۇ ھالدا كۆرگەندىن كېيىن، مۇنداق دېدى: «ئى مەريەم! سەن ھەقىقەتەن غەلىتە بىر ئىشنى قىلىپ قويدۇڭ.

يَٰٓأُخْتَ هَٰرُونَ مَا كَانَ أَبُوكِ ٱمْرَأَ سَوْءٍ وَمَا كَانَتْ أُمُّكِ بَغِيًّا ﴿٢٨﴾

28 - ئى ياخشى ئادەمنىڭ - ھارۇننىڭ ھەمشىرىسى! سېنىڭ ئاتاڭ زىنا قىلىدىغان ناچار ئادەم ئەمەس ئىدى، ئاناڭمۇ يولدىن چىققان خوتۇن ئەمەس ئىدى».

فَأَشَارَتْ إِلَيْهِ ۖ قَالُوا۟ كَيْفَ نُكَلِّمُ مَن كَانَ فِى ٱلْمَهْدِ صَبِيًّا ﴿٢٩﴾

29 - بۇ چاغدا مەريەم ئۇلار سوئاللىرىنى ئىيسادىن سورىسۇن دەپ، ئۇلارغا بوۋىقى — ئىيسانى كۆرسىتىپ قويدى، ئۇلار مەريەمگە كايىپ: «بۆشۈكتىكى بوۋاققا قانداق گەپ قىلىمىز؟» دېدى.

قَالَ إِنِّى عَبْدُ ٱللَّهِ ءَاتَىٰنِىَ ٱلْكِتَٰبَ وَجَعَلَنِى نَبِيًّا ﴿٣٠﴾

30 - ئىيسا بۆشۈكتە يېتىپ مۇنداق دېدى: «شەكسىزكى، مەن ئاللاھنىڭ بەندىسىمەن، ئاللاھ ماڭا ئىنجىل ناملىق كىتاب بېرىدۇ ۋە مېنى پەيغەمبەر قىلىدۇ.

وَجَعَلَنِى مُبَارَكًا أَيْنَ مَا كُنتُ وَأَوْصَٰنِى بِٱلصَّلَوٰةِ وَٱلزَّكَوٰةِ مَا دُمْتُ حَيًّا ﴿٣١﴾

31 - قەيەردىلا بولسام، ئاللاھ مېنى كاتتا ياخشىلىق كەلتۈرىدىغان بىرى قىلدى، ھاياتلا بولسام، ناماز ئوقۇشۇمنى، زاكات بېرىشىمنى تەۋسىيە قىلدى.

وَبَرًّۢا بِوَٰلِدَتِى وَلَمْ يَجْعَلْنِى جَبَّارًا شَقِيًّا ﴿٣٢﴾

32 - مېنى ئانامغا كۆيۈمچان قىلدى، مېنى چوڭچىلىق قىلىدىغان، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىدىغان بەختسىز قىلمىدى.

وَٱلسَّلَٰمُ عَلَىَّ يَوْمَ وُلِدتُّ وَيَوْمَ أَمُوتُ وَيَوْمَ أُبْعَثُ حَيًّا ﴿٣٣﴾

33 - مەن تۇغۇلغان كۈندە، ۋاپات بولىدىغان كۈندە، قىيامەت كۈنى تىرىلىپ قەبرەمدىن تۇرغۇزۇلىدىغان كۈندە ئاللاھنىڭ ئامانلىقى ئىچىدە بولىمەن».

ذَٰلِكَ عِيسَى ٱبْنُ مَرْيَمَ ۚ قَوْلَ ٱلْحَقِّ ٱلَّذِى فِيهِ يَمْتَرُونَ ﴿٣٤﴾

34 - ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا قىسسىسىنى بايان قىلىپ بەرگەن بۇ زات مەريەم ئوغلى ئىيسادۇر. بىزنىڭ ئېيتقانلىرىمىز شەكسىز ھەق سۆزدۇر. يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار بۇ سۆز ھەققىدە شەك قىلىشىدۇ.

مَا كَانَ لِلَّهِ أَن يَتَّخِذَ مِن وَلَدٍ ۖ سُبْحَٰنَهُۥٓ ۚ إِذَا قَضَىٰٓ أَمْرًا فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ﴿٣٥﴾

35 - ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن بىرىنى بالا قىلىۋېلىشى ئۇنىڭ ئۇلۇغ مەرتىۋىسىگە ھەرگىز لايىق ئەمەس، ئاللاھ مۇنداق تۆھمەتلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر. ئاللاھ مەيلى چوڭ ياكى كىچىك قانداقلا بىر ئىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى ئەلۋەتتە قىلالايدۇ، پەقەتلا ئۇنىڭغا: «بول!» دەيدۇ - دە، ئۇ شۇ ھامان ئاللاھ خالىغان ۋە ئىرادە قىلغان شەكىلدە بولىدۇ.

وَإِنَّ ٱللَّهَ رَبِّى وَرَبُّكُمْ فَٱعْبُدُوهُ ۚ هَٰذَا صِرَٰطٌ مُّسْتَقِيمٌ ﴿٣٦﴾

36 - ئىيسا قەۋمىگە مۇنداق دېدى: «شەكسىزكى، مەن سىلەرنى دەۋەت قىلىۋاتقان ئاللاھ بىردۇر، ئۇ مېنىڭ رەببىمدۇر، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر. شۇڭا سىلەر ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىڭلار، مەن بىلەن سىلەر ئاللاھقا بەندىچىلىكتە ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتا ئوخشاشمىز، مانا بۇ ھېچقانداق قىڭغىرلىقى بولمىغان توپتوغرا يولدۇر».

فَٱخْتَلَفَ ٱلْأَحْزَابُ مِنۢ بَيْنِهِمْ ۖ فَوَيْلٌ لِّلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِن مَّشْهَدِ يَوْمٍ عَظِيمٍ ﴿٣٧﴾

37 - ئەھلى كىتاب ئىيسا توغرۇلۇق ئۆز ئارىسىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ بىر قانچە پىرقىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. خىرىستىيانلار ئىيسانى ئۆز مەرتىۋىسىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، بەزىسى ئۇنى «ئاللاھ» دېسە، بەزىسى «ئاللاھنىڭ ئوغلى» دېدى، يەنە بەزىسى ئۇنى «ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرى» دېدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر. يەھۇدىيلار ئىيساغا تۆھمەت قىلىپ، بەزىسى ئۇنى «سېھىرگەر» دېسە، يەنە بەزىسى «ياغاچچى يۈسۈفنىڭ ئوغلى» دېدى. بۇ كاپىرلارنىڭ ھەممە خالايىق ھازىر قىلىنىدىغان بۈيۈك قىيامەت كۈنىدىكى ھالىغا ۋاي!

أَسْمِعْ بِهِمْ وَأَبْصِرْ يَوْمَ يَأْتُونَنَا ۖ لَٰكِنِ ٱلظَّٰلِمُونَ ٱلْيَوْمَ فِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٣٨﴾

38 - قىيامەت كۈنى ئۇلار ئاللاھنىڭ ئالدىغا چىقىرىلغاندا، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى ھەق سۆزنى ناھايىتى ئاڭلايدىغان، كۆزلىرى ھەقىقەتنى ناھايىتى كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇ چاغدىكى ئاڭلىغىنى ۋە كۆرگىنى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. لېكىن بۇ كاپىرلار بۇ دۇنيادا ھەقىقەتتىن تامامەن يىراقلىشىپ ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا تۇرۇۋاتىدۇ.

وَأَنذِرْهُمْ يَوْمَ ٱلْحَسْرَةِ إِذْ قُضِىَ ٱلْأَمْرُ وَهُمْ فِى غَفْلَةٍ وَهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ ﴿٣٩﴾

39 - ئى پەيغەمبەر! ئىنسانلارنى ھەممە ئىش بىر تەرەپ قىلىنىدىغان، كاپىرلار ھەسرەت چېكىدىغان قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرغىن. ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، جەننەتكە لايىق بولغانلار جەننەتتىن، دوزاخقا تېگىشلىك بولغانلار دوزاختىن ئورۇن ئالىدۇ. كاپىرلار بۇ دۇنيادا بارلىق ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن غەپلەت ئىچىدە يۈرىدۇ، ئۇلار ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدۇ، شۇڭا، ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلمايدۇ.

إِنَّا نَحۡنُ نَرِثُ ٱلۡأَرۡضَ وَمَنۡ عَلَيۡهَا وَإِلَيۡنَا يُرۡجَعُونَ ﴿٤٠﴾

40 - زېمىنغا ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى بارلىق مەۋجۇداتقا ھەقىقەتەن بىز ۋارىسلىق قىلىمىز، ئۇلار زاۋال تاپقاندىن كېيىن بىز قالىمىز. ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىدۇ ۋە ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىدۇ، بىز ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە قارىتا مۇكاپات ياكى جازاغا بېرىمىز.

وَٱذۡكُرۡ فِي ٱلۡكِتَٰبِ إِبۡرَٰهِيمَۚ إِنَّهُۥ كَانَ صِدِّيقٗا نَّبِيًّا ﴿٤١﴾

41 - ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە قۇرئاندىكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىن، ئۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ راستچىل ۋە كاتتا مەرتىۋىلىك پەيغەمبەر ئىدى.

إِذۡ قَالَ لِأَبِيهِ يَٰٓأَبَتِ لِمَ تَعۡبُدُ مَا لَا يَسۡمَعُ وَلَا يُبۡصِرُ وَلَا يُغۡنِي عَنكَ شَيۡـٔٗا ﴿٤٢﴾

42 - ئىبراھىم ئۆز ۋاقتىدا ئاتىسى ئازەرگە ئېيتتى: «ئى ئاتا! سەن نېمىشقا ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە ئاللاھنىڭ ئالدىدا ساڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان بۇتلارغا چوقۇنىسەن.

يَٰٓأَبَتِ إِنِّي قَدۡ جَآءَنِي مِنَ ٱلۡعِلۡمِ مَا لَمۡ يَأۡتِكَ فَٱتَّبِعۡنِيٓ أَهۡدِكَ صِرَٰطٗا سَوِيّٗا ﴿٤٣﴾

43 - ئى ئاتا! ئاللاھ ماڭا ساڭا ئاتا قىلمىغان ئىلىملەرنى ئاتا قىلدى. مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلغىن، مەن دەۋەت قىلغان دىنغا ئەگەشكىن، مەن سېنى سەن ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيدىغان توغرا يولغا باشلايمەن.

يَٰٓأَبَتِ لَا تَعۡبُدِ ٱلشَّيۡطَٰنَۖ إِنَّ ٱلشَّيۡطَٰنَ كَانَ لِلرَّحۡمَٰنِ عَصِيّٗا ﴿٤٤﴾

44 - ئى ئاتا! سەن شەيتانغا ئەگىشىپ بۇتلارغا چوقۇنمىغىن. چۈنكى شەيتان رەھمان ئاللاھقا ھەقىقەتەن ئاسىيلىق قىلغان، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان مەخلۇقتۇر.

يَٰٓأَبَتِ إِنِّيٓ أَخَافُ أَن يَمَسَّكَ عَذَابٞ مِّنَ ٱلرَّحۡمَٰنِ فَتَكُونَ لِلشَّيۡطَٰنِ وَلِيّٗا ﴿٤٥﴾

45 - ئى ئاتا! سېنىڭ كاپىرلىق ھالىتىڭدە ئۆلۈپ رەھمان ئاللاھنىڭ ئازابىغا ئېلىنىشىڭدىن، دوزاختا شەيتاننىڭ ھەمراھىغا ئايلىنىپ قېلىشىڭدىن ئەنسىرەيمەن».

قَالَ أَرَاغِبٌ أَنتَ عَنۡ ءَالِهَتِي يَٰٓإِبۡرَٰهِيمُۖ لَئِن لَّمۡ تَنتَهِ لَأَرۡجُمَنَّكَۖ وَٱهۡجُرۡنِي مَلِيّٗا ﴿٤٦﴾

46 - ئىبراھىمنىڭ ئاتىسى: «ئى ئىبراھىم! سەن مېنىڭ ئىلاھلىرىمغا چوقۇنۇشتىن يۈز ئۆرۈمەكچىمۇسەن؟ قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر سەن بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىزنى سۆكۈشتىن يانمىساڭ، سېنى چوقۇم چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمەن، سەن ئۇزاققىچە مېنىڭ كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما ۋە ماڭا گەپ قىلغۇچىمۇ بولما» دېدى.

قَالَ سَلَٰمٌ عَلَيۡكَۖ سَأَسۡتَغۡفِرُ لَكَ رَبِّيٓۖ إِنَّهُۥ كَانَ بِي حَفِيّٗا ﴿٤٧﴾

47 - ئىبراھىم ئاتىسىغا ئېيتتى: «ساڭا مەندىن ئامانلىق بولسۇن، مەندىن ساڭا زىيان يەتمەيدۇ، مەن ساڭا ھىدايەت ۋە مەغپىرەت تىلەپ رەببىمگە دۇئا قىلىمەن، شەكسىزكى، رەببىم ماڭا تولىمۇ مېھرىباندۇر، دۇئا قىلسام ئىجابەت قىلىدۇ.

وَأَعۡتَزِلُكُمۡ وَمَا تَدۡعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَأَدۡعُواْ رَبِّي عَسَىٰٓ أَلَّآ أَكُونَ بِدُعَآءِ رَبِّي شَقِيّٗا ﴿٤٨﴾

48 - مەن سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلاردىن ئايرىلىمەن، رەببىمگە قىلغان ئىبادەتتە بەختسىز بولۇپ قالمايدىغانلىقىمنى ئۈمىد قىلىپ، رەببىمگە

ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىمەن.

فَلَمَّا ٱعۡتَزَلَهُمۡ وَمَا يَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَهَبۡنَا لَهُۥٓ إِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَۖ وَكُلًّا جَعَلۡنَا نَبِيًّا ﴿٤٩﴾

49 - ئىبراھىم ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىدىن يىراقلاشقان چاغدا، بىز ئۇنىڭغا ئىسھاقنى ۋە ئىسھاقنىڭ ئوغلى يەئقۇبنى ئاتا قىلدۇق، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىنى پەيغەمبەر قىلدۇق.

وَوَهَبۡنَا لَهُم مِّن رَّحۡمَتِنَا وَجَعَلۡنَا لَهُمۡ لِسَانَ صِدۡقٍ عَلِيًّا ﴿٥٠﴾

50 - ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە چەكسىز رەھمەت ئاتا قىلدۇق، ئۇلارنىڭ نام - نىشانىسىنى مەڭگۈلۈك قىلدۇق، كىشىلەرنىڭ مەدھىيەسىگە سازاۋەر قىلدۇق.

وَٱذۡكُرۡ فِي ٱلۡكِتَٰبِ مُوسَىٰٓۚ إِنَّهُۥ كَانَ مُخۡلَصًا وَكَانَ رَسُولًا نَّبِيًّا ﴿٥١﴾

51 - ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە قۇرئاندىكى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىن، شەكسىزكى، مۇسا تاللانغان ۋە ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەردىن بولغان رەسۇل ھەم نەبى[1] ئىدى.

وَنَٰدَيۡنَٰهُ مِن جَانِبِ ٱلطُّورِ ٱلۡأَيۡمَنِ وَقَرَّبۡنَٰهُ نَجِيًّا ﴿٥٢﴾

52 - بىز مۇساغا تۇر تېغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن نىدا قىلدۇق، ئۇنى بىزگە مۇناجات قىلىش شەرىپىگە ئېرىشتۈردۇق ۋە بىزگە يېقىنلاشتۇردۇق. (بۇ ئايەت ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە سۆزلەش سۈپىتىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ).

وَوَهَبۡنَا لَهُۥ مِن رَّحۡمَتِنَآ أَخَاهُ هَٰرُونَ نَبِيًّا ﴿٥٣﴾

53 - بىز مۇساغا مەرھەمەت قىلغانلىقتىن، قېرىندىشى ھارۇننى ئۇنىڭغا ياردەملەشسۇن دەپ، ئۇنىمۇ پەيغەمبەر قىلىپ بەردۇق.

وَٱذۡكُرۡ فِي ٱلۡكِتَٰبِ إِسۡمَٰعِيلَۚ إِنَّهُۥ كَانَ صَادِقَ ٱلۡوَعۡدِ وَكَانَ رَسُولًا نَّبِيًّا ﴿٥٤﴾

54 - ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە قۇرئاندىكى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىن، ئۇ ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە راستچىل رەسۇل ھەم نەبى ئىدى، قانداقلا بىر ئىشقا ۋەدە قىلسا ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ۋاپا قىلاتتى.

وَكَانَ يَأۡمُرُ أَهۡلَهُۥ بِٱلصَّلَوٰةِ وَٱلزَّكَوٰةِ وَكَانَ عِندَ رَبِّهِۦ مَرۡضِيًّا ﴿٥٥﴾

55 - ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە بۇيرۇيتتى، ئۇ رەببىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن بىرسى ئىدى.

وَٱذۡكُرۡ فِي ٱلۡكِتَٰبِ إِدۡرِيسَۚ إِنَّهُۥ كَانَ صِدِّيقًا نَّبِيًّا ﴿٥٦﴾

56 - ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە قۇرئاندىكى ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىن، ئۇ ھەقىقەتەن گەپ - سۆزدە راستچىل، ئەمەلدە سەممىي پەيغەمبەر ئىدى.

وَرَفَعۡنَٰهُ مَكَانًا عَلِيًّا ﴿٥٧﴾

---

[1] رەسۇل- ھەم ۋەھيى قىلىنغان، ھەم كىتاب نازىل قىلىنغان پەيغەمبەرنى، نەبى- ۋەھيىلا قىلىنغان پەيغەمبەرنى كۆرسىتىدۇ. ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر — نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملاردۇر.

57 - ئۇنىڭ نام - نىشانىنى جاھان ئەھلى ئىچىدە يۇقىرى كۆتۈردۇق، مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن، دەرىجىسىنى ئالىي قىلدۇق.

أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ أَنْعَمَ ٱللَّهُ عَلَيْهِم مِّنَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ مِن ذُرِّيَّةِ ءَادَمَ وَمِمَّنْ حَمَلْنَا مَعَ نُوحٍ وَمِن ذُرِّيَّةِ إِبْرَٰهِيمَ وَإِسْرَٰٓءِيلَ وَمِمَّنْ هَدَيْنَا وَٱجْتَبَيْنَآۚ إِذَا تُتْلَىٰ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتُ ٱلرَّحْمَٰنِ خَرُّواْ سُجَّدًا وَبُكِيًّا ۩ ﴿٥٨﴾

58 - ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ ساڭا قىسسىسىنى بايان قىلىپ بەرگەن ئاشۇ پەيغەمبەرلەر ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن زاتلار بولۇپ، ئۇلار ئادەمنىڭ نەسلىدىن، ئاللاھ نۇھ بىلەن بىللە كېمىگە چىقارغانلارنىڭ نەسلىدىن، ئىبراھىمنىڭ نەسلىدىن ۋە ئىسرائىل (يەئقۇب)نىڭ نەسلىدىندۇر. بىز ئۇلارغا ھىدايەت قىلغان، پەيغەمبەرلىككە تاللىغانلاردىندۇر، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا، ئۇلار ئاللاھتىن ئەيمەنگەنلىكتىن يىغلاپ تۇرۇپ دەرھال سەجدىگە بارىدۇ.

۞ فَخَلَفَ مِنۢ بَعْدِهِمْ خَلْفٌ أَضَاعُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَٱتَّبَعُواْ ٱلشَّهَوَٰتِۖ فَسَوْفَ يَلْقَوْنَ غَيًّا ﴿٥٩﴾

59 - ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن ئاشۇ زاتلاردىن كېيىن، يامان ئورۇنباسارلار كەلدى، ئۇلار نامازنى پۈتۈنلەي تەرك ئەتتى ياكى ۋاقتىدا ئوقۇمىدى ۋەياكى نامازنىڭ مۇھىم پەرزلىرىنى تەرك ئەتتى، نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشتى. شۇڭا ئۇلار دوزاختا ئازغۇنلۇقىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ .

إِلَّا مَن تَابَ وَءَامَنَ وَعَمِلَ صَٰلِحًا فَأُوْلَٰٓئِكَ يَدْخُلُونَ ٱلْجَنَّةَ وَلَا يُظْلَمُونَ شَيْـًٔا ﴿٦٠﴾

60 - ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدىن گۇناھىغا تەۋبە قىلغان، رەببىگە ئىمان ئېيتقان ۋە قىلغان تەۋبىسىنىڭ سەممىي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئاللاھ ئاشۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلار مۇئمىنلەر بىلەن بىللە جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتى قىلچە كېمەيتىلمەيدۇ.

جَنَّٰتِ عَدْنٍ ٱلَّتِي وَعَدَ ٱلرَّحْمَٰنُ عِبَادَهُۥ بِٱلْغَيْبِۚ إِنَّهُۥ كَانَ وَعْدُهُۥ مَأْتِيًّا ﴿٦١﴾

61 - (ئۇ جەننەتلەر) رەھمان ئاللاھ بەندىلىرىگە ۋەدە قىلغان ۋە ئۇلارمۇ كۆرمەي تۇرۇپ ئىشەنگەن، دائىملىق تۇرالغۇ بولغان، مەڭگۈلۈك جەننەتلەردۇر. ئاللاھنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىنى بۇ جەننەتكە كىرگۈزۈش ھەققىدىكى ۋەدىسى چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ.

لَّا يَسْمَعُونَ فِيهَا لَغْوًا إِلَّا سَلَٰمًاۖ وَلَهُمْ رِزْقُهُمْ فِيهَا بُكْرَةً وَعَشِيًّا ﴿٦٢﴾

62 - جەننەت ئەھلى جەننەتتە بىھۇدە گەپلەرنى ئاڭلىمايدۇ، پەقەت سالامنىلا ئاڭلايدۇ، ئۇلار جەننەتتە دائىملىق يېمەك - ئىچمەكلەر بىلەن نېمەتلىنىدۇ، ئۇلار كۆڭلى تارتقان ھامان ئەتىگەن - ئاخشامدا كەڭتاشا رىزىقتىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرىدۇ.

تِلْكَ ٱلْجَنَّةُ ٱلَّتِي نُورِثُ مِنْ عِبَادِنَا مَن كَانَ تَقِيًّا ﴿٦٣﴾

63 - يۇقىرىقى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن ئاشۇ جەننەتلەرگە بۇيرۇغانلىرىمىزنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىمىزدىن يانغان تەقۋادار بەندىلىرىمىزنى ۋارىس قىلىمىز.

وَمَا نَتَنَزَّلُ إِلَّا بِأَمْرِ رَبِّكَۖ لَهُۥ مَا بَيْنَ أَيْدِينَا وَمَا خَلْفَنَا وَمَا بَيْنَ ذَٰلِكَۚ وَمَا كَانَ رَبُّكَ نَسِيًّا ﴿٦٤﴾

64 - ئى جىبرىل! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئېيتقىنكى، «بىز پەرىشتىلەر ئاسماندىن زېمىنگە پەقەت ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەنلا چۈشىمىز، بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئاخىرەت ئىشلىرى، ئارقىمىزدىكى ئۆتۈپ كەتكەن دۇنيا ئىشلىرى ۋە بۇ

ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ ھېچ نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ».

رَّبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا فَٱعْبُدْهُ وَٱصْطَبِرْ لِعِبَٰدَتِهِۦ ۚ هَلْ تَعْلَمُ لَهُۥ سَمِيًّا ﴿٦٥﴾

65 - ئاللاھ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى، ئىگىسى، پەرۋىش قىلغۇچىسى ۋە باشقۇرغۇچىسىدۇر. ئى پەيغەمبەر! ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلغىن، ئۇنىڭغا ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلىشتا چىداملىق بولغىن. ساڭا ئەگەشكەن مۆئمىنلەرمۇ شۇنداق قىلسۇن. ئاللاھنىڭ زاتىدا، ئىسىم - سۈپەتلىرىدە ۋە ئىش - پائالىيەتلىرىدە ھېچبىر شېرىكى يوقتۇر.

وَيَقُولُ ٱلْإِنسَٰنُ أَءِذَا مَا مِتُّ لَسَوْفَ أُخْرَجُ حَيًّا ﴿٦٦﴾

66 - كاپىر ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلىپ: «مەن ئۆلۈپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتسەم، راستتىنلا يېقىندا تىرىلىپ قەبرەمدىن چىقىرىلامدىمەن؟» دەيدۇ.

أَوَلَا يَذْكُرُ ٱلْإِنسَٰنُ أَنَّا خَلَقْنَٰهُ مِن قَبْلُ وَلَمْ يَكُ شَيْـًٔا ﴿٦٧﴾

67 - ئۇ كاپىر ئىنسان قانداقمۇ ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ؟ ئۇ يوق ۋاقتىدا بىزنىڭ ئۇنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانلىقىمىزنى ئويلاپ باقامدۇ؟

فَوَرَبِّكَ لَنَحْشُرَنَّهُمْ وَٱلشَّيَٰطِينَ ثُمَّ لَنُحْضِرَنَّهُمْ حَوْلَ جَهَنَّمَ جِثِيًّا ﴿٦٨﴾

68 - ئى پەيغەمبەر! رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان ئاشۇ كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنى قىيامەت كۈنى شەيتانلار بىلەن بىللە ھېساب مەيدانىغا يىغىمىز، ئاندىن ئۇلارنى جەھەننەمنىڭ چۆرىسىدە تىزلاندۇرۇپ قويىمىز. ئۇلار جەھەننەمدە كۆرگەنلىرىنىڭ دەھشىتىدىن قورقۇپ كېتىپ، ئورنىدىن تۇرالماي قالىدۇ.

ثُمَّ لَنَنزِعَنَّ مِن كُلِّ شِيعَةٍ أَيُّهُمْ أَشَدُّ عَلَى ٱلرَّحْمَٰنِ عِتِيًّا ﴿٦٩﴾

69 - ئاندىن ھەربىر گۇرۇھنىڭ ئىچىدىن ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشتا ۋە كۇفرىدا ھەممىدىن بەك ھەددىدىن ئاشقانلىرىنى تارتىپ چىقىپ، ئازابلاشنى شۇلاردىن باشلايمىز.

ثُمَّ لَنَحْنُ أَعْلَمُ بِٱلَّذِينَ هُمْ أَوْلَىٰ بِهَا صِلِيًّا ﴿٧٠﴾

70 - بىز دوزاخقا كىرىشكە ۋە ئۇنىڭ قىزىق ھارارىتىنى تېتىشقا ئەڭ تېگىشلىك بولغانلارنى ئەلۋەتتە، ئوبدان بىلىمىز.

وَإِن مِّنكُمْ إِلَّا وَارِدُهَا ۚ كَانَ عَلَىٰ رَبِّكَ حَتْمًا مَّقْضِيًّا ﴿٧١﴾

71 - ئى ئىنسانلار! ئاراڭلاردىن دوزاخنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتمەيدىغان بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ. ئۆتۈش ھەربىر ئادەمنىڭ ئەمەلىگە ئاساسەن ھەر خىل بولىدۇ. بۇنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقى رەببىڭنىڭ ئۆزگەرمەس ھۆكمىدۇر.

ثُمَّ نُنَجِّى ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوا۟ وَّنَذَرُ ٱلظَّٰلِمِينَ فِيهَا جِثِيًّا ﴿٧٢﴾

72 - ئاندىن رەببىدىن قورقۇپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان ۋە گۇناھ - مەئسىيەتتىن يىراق تۇرغان مۆئمىنلەرنى قۇتقۇزىمىز، كۇفرىلىقنى تاللاش ئارقىلىق ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان

كاپىرلارنى بولسا جەھەننەمدە تىزلانغان پېتى تەرك ئېتىمىز.

وَإِذَا تُتْلَىٰ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتُنَا بَيِّنَٰتٍ قَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لِلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ أَىُّ ٱلْفَرِيقَيْنِ خَيْرٌ مَّقَامًا
وَأَحْسَنُ نَدِيًّا ﴿٧٣﴾

73 - ئىنسانلارغا بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلگەن چاغدا، ئاللاھنى ئىنكار قىلغان كاپىرلار مۇئمىنلەرگە: «سىلەر بىلەن بىزدىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھتىن قايسىمىزنىڭ ئورنى ئەڭ ياخشى، سورۇنى ئەڭ گۈزەل؟» دېدى.

وَكَمْ أَهْلَكْنَا قَبْلَهُم مِّن قَرْنٍ هُمْ أَحْسَنُ أَثَٰثًا وَرِءْيًا ﴿٧٤﴾

74 - ئى پەيغەمبەر! بىز سېنىڭ قەۋمىڭدىن چىققان كاپىرلاردىن ئىلگىرى نۇرغۇنلىغان كاپىر ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلىۋەتكەن ئىدۇق. ئۇ ئۈممەتلەر مەيلى مال - مۈلۈك جەھەتتىن بولسۇن ياكى كۆرۈنۈش جەھەتتىن بولسۇن، بۇلاردىن ئارتۇق ئىدى.

قُلْ مَن كَانَ فِى ٱلضَّلَٰلَةِ فَلْيَمْدُدْ لَهُ ٱلرَّحْمَٰنُ مَدًّا ۚ حَتَّىٰٓ إِذَا رَأَوْا۟ مَا يُوعَدُونَ إِمَّا ٱلْعَذَابَ وَإِمَّا
ٱلسَّاعَةَ فَسَيَعْلَمُونَ مَنْ هُوَ شَرٌّ مَّكَانًا وَأَضْعَفُ جُندًا ﴿٧٥﴾

75 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «كىمكى ھىدايەتكە ئەگەشمەي ئازغۇنلۇقتا يۈرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا مۆھلەت بېرىدۇ، (ئازغۇنلۇقنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشقا پۇرسەت بېرىدۇ) ئۇ بۇ دۇنيادىكى ياكى ئاخىرەتتىكى ئاللاھ ئاگاھلاندۇرغان ئازابنى كۆرگەن چاغدىلا، كىمنىڭ ئورنى يامان، كۈچى ئاجىز، لەشكىرى ئاز ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ».

وَيَزِيدُ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ٱهْتَدَوْا۟ هُدًى ۗ وَٱلْبَٰقِيَٰتُ ٱلصَّٰلِحَٰتُ خَيْرٌ عِندَ رَبِّكَ ثَوَابًا وَخَيْرٌ مَّرَدًّا ﴿٧٦﴾

76 - ئاللاھ ھەق دىنىنىڭ يولىدا ماڭغان بەندىلىرىنىڭ ھىدايىتىگە ھىدايەت قوشىدۇ. بۇ ئاللاھ بەلگىلىگەن پەرزلەرنى ئورۇنداش ئارقىلىق ئىمانىنى كۈچەيتىپ تۇرغان كىشىلەرگە ھاسىل بولىدۇ. ئاخىرەتلىك ياخشى ئەمەللەر رەببىڭنىڭ دەرگاھىدا ھەم مۇكاپات جەھەتتىن، ھەم ئاقىۋەت جەھەتتىن ئەڭ ياخشىدۇر.

أَفَرَءَيْتَ ٱلَّذِى كَفَرَ بِـَٔايَٰتِنَا وَقَالَ لَأُوتَيَنَّ مَالًا وَوَلَدًا ﴿٧٧﴾

77 - ئى پەيغەمبەر! ئاس ئىبنى ۋائىل ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كاپىرلارنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلدى ۋە: «ئاخىرەتتە ئەلۋەتتە مېنىڭ نۇرغۇن مال - مۈلۈكۈم ۋە باللىرىم بولىدۇ» دېدى.

أَطَّلَعَ ٱلْغَيْبَ أَمِ ٱتَّخَذَ عِندَ ٱلرَّحْمَٰنِ عَهْدًا ﴿٧٨﴾

78 - ئۇ كاپىر غەيبنى بىلىپ، ئۆزىنىڭ مال-مۈلۈكى ۋە ئەۋلادى بولىدۇ، دەپ قارىدىمۇ؟ ياكى ئاللاھ ئۇنىڭغا بۇ توغرىدا ۋەدە بەرگەنمۇ؟

كَلَّا ۚ سَنَكْتُبُ مَا يَقُولُ وَنَمُدُّ لَهُۥ مِنَ ٱلْعَذَابِ مَدًّا ﴿٧٩﴾

79 - ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇ كاپىر گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، ئۇ غەيبنى بىلمەيدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا ۋەدە بەرگەنمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ ئاللاھ نامىدىن ئېيتقان يالغان سۆزلىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز. ئۇ ئازغۇنلۇقتا ھەددىدىن ئاشقاندەك، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە ئازابنىڭ تۈرلىرىنى ئاشۇرىمىز.

وَنَرِثُهُۥ مَا يَقُولُ وَيَأْتِينَا فَرْدًا ﴿٨٠﴾

80 - ئۇنىڭ مال - دۇنياسىغا ۋە ئەۋلادلىرىغا بىز ۋارىسلىق قىلىمىز، ئۇ قىيامەت كۈنى
ئالدىمىزغا مال - دۇنياسىز ۋە ئەۋلادسىز تەنھا كېلىدۇ.

وَٱتَّخَذُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ ءَالِهَةً لِّيَكُونُواْ لَهُمْ عِزًّا ﴿٨١﴾

81 - مۇشرىكلار ئاللاھنى قايرىپ قويۇپ، «بىزگە مەدەت بېرىدۇ ۋە كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا
قىلىدۇ» دېگەن خام خىيال بىلەن ساختا ئىلاھلارنى قىلىۋالدى.

كَلَّاۚ سَيَكۡفُرُونَ بِعِبَادَتِهِمۡ وَيَكُونُونَ عَلَيۡهِمۡ ضِدًّا ﴿٨٢﴾

82 - ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇلار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس. ئۇلار چوقۇنۇۋاتقان ساختا ئىلاھلار
ئۇلارغا مەدەت بېرەلمەيدۇ، ئەكسىچە، قىيامەت كۈنى ئۇ ئىلاھلار بۇ مۇشرىكلارنىڭ
ئۆزلىرىگە چوقۇنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ.

أَلَمۡ تَرَ أَنَّآ أَرۡسَلۡنَا ٱلشَّيَٰطِينَ عَلَى ٱلۡكَٰفِرِينَ تَؤُزُّهُمۡ أَزًّا ﴿٨٣﴾

83 - ئى پەيغەمبەر! ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغان ئاشۇ كاپىرلارنىڭ ئۈستىگە،
ئۇلارنى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشقا قىزىقتۇرىدىغان شەيتانلارنى ئەۋەتكەنلىكىمىزنى
بىلمەمسەن؟

فَلَا تَعۡجَلۡ عَلَيۡهِمۡۖ إِنَّمَا نَعُدُّ لَهُمۡ عَدًّا ﴿٨٤﴾

84 - سەن ئۇ كاپىرلارغا ئازاب تىلەشكە ئالدىرىمىغىن، بىز ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى كۈنلىرىنى
ۋە ئەمەللىرىنى بىر - بىرلەپ ئەستايىدىل ساناپ تۇرىمىز.

يَوۡمَ نَحۡشُرُ ٱلۡمُتَّقِينَ إِلَى ٱلرَّحۡمَٰنِ وَفۡدًا ﴿٨٥﴾

85 - بىز قىيامەت كۈنى تەقۋادارلارنى رەھىم-شەپقەتلىك رەببىنىڭ دەرگاھىغا ئىززەت -
ئىكرام بىلەن يىغىمىز.

وَنَسُوقُ ٱلۡمُجۡرِمِينَ إِلَىٰ جَهَنَّمَ وِرۡدًا ﴿٨٦﴾

86 - كاپىرلارنى بولسا بىر يۇتۇم سۇغا قاتتىق تەشنا بولغان ھالىتىدە جەھەننەمگە قاتتىق
قوللۇق بىلەن ھەيدەيمىز.

لَّا يَمۡلِكُونَ ٱلشَّفَٰعَةَ إِلَّا مَنِ ٱتَّخَذَ عِندَ ٱلرَّحۡمَٰنِ عَهۡدًا ﴿٨٧﴾

87 - ئۇ كاپىرلار ھېچكىمگە شاپائەت قىلالمايدۇ، پەقەت ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ئېرىشكەن
مۆئمىنلەرلا شاپائەت قىلالايدۇ.

وَقَالُواْ ٱتَّخَذَ ٱلرَّحۡمَٰنُ وَلَدًا ﴿٨٨﴾

88 - ئۇ كاپىرلار: «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دېيىشتى.

لَّقَدۡ جِئۡتُمۡ شَيۡـًٔا إِدًّا ﴿٨٩﴾

89 - شەكسىزكى، ئى كاپىرلار! سىلەر بۇ سۆزۈڭلار بىلەن ھەقىقەتەن قەبىھ ۋە چوڭ گۇناھنى
سادىر قىلدىڭلار.

تَكَادُ ٱلسَّمَٰوَٰتُ يَتَفَطَّرۡنَ مِنۡهُ وَتَنشَقُّ ٱلۡأَرۡضُ وَتَخِرُّ ٱلۡجِبَالُ هَدًّا ﴿٩٠﴾ أَن دَعَوۡاْ لِلرَّحۡمَٰنِ وَلَدًا ﴿٩١﴾

90 ـ91ـ كاپىرلارنىڭ: «ئاللاھنىڭ بالىسى» بار دېگەن سۆزىنىڭ قەبىھلىكىگە
غەزەپلەنگەنلىكتىن ئاسمانلار پارچىلىنىپ، يەر يېرىلىپ، تاغلار پارتلاپ كەتكىلى تاس
قالدى. ئاللاھ مۇشرىكلار سۈپەتلىگەن نەرسىلەردىن ئەلۋەتتە ئۈستۈندۇر.

وَمَا يَنۢبَغِي لِلرَّحۡمَٰنِ أَن يَتَّخِذَ وَلَدًا ﴿٩٢﴾

92 ـ بالىلىق بولۇش رەھمان ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق كەلمەيدۇ. ئاللاھ بالىغا موھتاج
ئەمەس، چۈنكى بالىلىق بولۇش مەخلۇقاتقا خاس سۈپەت بولۇپ، موھتاجلىققا ۋە
نۇقسانغا دالالەت قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ ھېچكىمگە موھتاج ئەمەس، ئۇ مەخلۇقاتقا
ئوخشاپ قېلىشتىن ۋە بارچە نۇقساندىن ئەلۋەتتە پاكتۇر.

إِن كُلُّ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ إِلَّآ ءَاتِي ٱلرَّحۡمَٰنِ عَبۡدًا ﴿٩٣﴾

93 ـ ئاسمانلاردىكى پەرىشتىلەر، زېمىندىكى ئىنسان ۋە جىنلار قىيامەت كۈنى ئەلۋەتتە ئاللاھقا
بويسۇنغان ۋە ئۆزىنىڭ ئاجىز بەندە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا ئاللاھنىڭ
ھوزۇرىغا كېلىدۇ.

لَّقَدۡ أَحۡصَىٰهُمۡ وَعَدَّهُمۡ عَدًّا ﴿٩٤﴾

94 ـ شەكسىزكى، ئاللاھ مەخلۇقاتىنىڭ ھەممىسىنى ساناپ چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانىنى
تولۇق ئېگىلىدى. ئاللاھقا ئۇلارنىڭ ھېچبىرى مەخپىي ئەمەس.

وَكُلُّهُمۡ ءَاتِيهِ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ فَرۡدًا ﴿٩٥﴾

95 ـ قىيامەت كۈنى ھەربىر شەخس رەببىنىڭ ئالدىغا مال ـ دۇنياسى ۋە بالىلىرى يوق
ھالدا تەنھا كېلىدۇ.

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ سَيَجۡعَلُ لَهُمُ ٱلرَّحۡمَٰنُ وُدًّا ﴿٩٦﴾

96 ـ شەكسىزكى، ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئەگەشكەن ۋە ئىسلام
شەرىئىتىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە رەھمان ئاللاھ
بەندىلىرىنىڭ قەلبىدە سۆيگۈ ـ مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ.

فَإِنَّمَا يَسَّرۡنَٰهُ بِلِسَانِكَ لِتُبَشِّرَ بِهِ ٱلۡمُتَّقِينَ وَتُنذِرَ بِهِۦ قَوۡمًا لُّدًّا ﴿٩٧﴾

97 ـ ئى پەيغەمبەر! بىز بۇ قۇرئاننى ساڭا ئەگەشكەن تەقۋادارلارغا ئۇنىڭ بىلەن خۇش
خەۋەر بېرىشىڭ ۋە جېدەلخور كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، سېنىڭ تىلىڭ
بولغان ئەرەب تىلى بىلەن ئوڭايلاشتۇرۇپ بەردۇق.

وَكَمۡ أَهۡلَكۡنَا قَبۡلَهُم مِّن قَرۡنٍ هَلۡ تُحِسُّ مِنۡهُم مِّنۡ أَحَدٍ أَوۡ تَسۡمَعُ لَهُمۡ رِكۡزَۢا ﴿٩٨﴾

98 ـ بىز سېنىڭ قەۋمىڭدىن بۇرۇن كەلگەن نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق. سەن
ئۇلاردىن بىرەر كىشىنى كۆرەلمەيسەن ياكى ئۇلارغا تەۋە بىرەر پەس ئاۋازنىمۇ
ئاڭلىيالمايسەن. سېنىڭ قەۋمىڭ ئىچىدىكى كاپىرلارنىمۇ بۇرۇنقىلارنى ھالاك قىلغاندەك
ھالاك قىلىمىز. (بۇ ئايەت ھەق دىننى ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋالغان كاپىرلارنى
قورقۇتۇشنى ۋە ئاللاھنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

# تاھا سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

طه ﴿١﴾

1 - تا، ھا (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

مَآ أَنزَلۡنَا عَلَيۡكَ ٱلۡقُرۡءَانَ لِتَشۡقَىٰٓ ﴿٢﴾ إِلَّا تَذۡكِرَةٗ لِّمَن يَخۡشَىٰ ﴿٣﴾

2 - 3 - ئى پەيغەمبەر! ساڭا بىز بۇ قۇرئاننى سېنى تاقىتىڭ يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇپ
جاپاغا قويۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، پەرزلەرنى ئادا
قىلىپ، ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇرۇپ، ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىدىغان كىشىلەرگە ۋەز
- نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلدۇق.

تَنزِيلٗا مِّمَّنۡ خَلَقَ ٱلۡأَرۡضَ وَٱلسَّمَٰوَٰتِ ٱلۡعُلَى ﴿٤﴾

4 - بۇ قۇرئان زېمىننى ۋە ئېگىز ئاسمانلارنى ياراتقان ئاللاھ تەرىپىدىن تەدرىجىي نازىل
قىلىنغان كىتابتۇر.

ٱلرَّحۡمَٰنُ عَلَى ٱلۡعَرۡشِ ٱسۡتَوَىٰ ﴿٥﴾

5 - رەھمان ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە ئەرشكە ئۆرلىدى.

لَهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِ وَمَا بَيۡنَهُمَا وَمَا تَحۡتَ ٱلثَّرَىٰ ﴿٦﴾

6 - ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ۋە يەر ئاستىدىكى شەيئىلەرنىڭ
ھەممىسى يارىتىش، ئىگىدارچىلىق قىلىش ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىن ئاللاھنىڭدۇر.

وَإِن تَجۡهَرۡ بِٱلۡقَوۡلِ فَإِنَّهُۥ يَعۡلَمُ ٱلسِّرَّ وَأَخۡفَى ﴿٧﴾

7 - ئى پەيغەمبەر! ئاشكارا گەپ قىلساڭمۇ، مەخپىي گەپ قىلساڭمۇ، ئاللاھقا ھېچقانداق
نەرسە مەخپىي ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ ھەرقانداق سىرنى ۋە سىردىن مەخپىي ئىشلارنىمۇ،
ھەتتا ئىچىڭدە ئېيتقان سۆزلىرىڭنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ.

ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۖ لَهُ ٱلۡأَسۡمَآءُ ٱلۡحُسۡنَىٰ ﴿٨﴾

8 - ئاللاھتىن باشقا تائەت - ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. ئەڭ گۈزەل
ئىسىملار يالغۇز ئاللاھقىلا خاستۇر.

وَهَلۡ أَتَىٰكَ حَدِيثُ مُوسَىٰٓ ﴿٩﴾

9 ـ ئى پەيغەمبەر! ساڭا مۇسا ئەلەيھسسالامنىڭ مەدىيەندىن[1] مىسىرغا قاراپ يولغا چىققان ۋاقتىدىكى خەۋىرى كەلدىمۇ؟

إِذۡ رَءَا نَارٗا فَقَالَ لِأَهۡلِهِ ٱمۡكُثُوٓاْ إِنِّيٓ ءَانَسۡتُ نَارٗا لَّعَلِّيٓ ءَاتِيكُم مِّنۡهَا بِقَبَسٍ أَوۡ أَجِدُ عَلَى ٱلنَّارِ هُدٗى ﴿١٠﴾

10 ـ ئۇ چاغدا مۇسا كېچىدە كېتىۋېتىپ ئوتنىڭ يورۇقىنى كۆرۈپ قالغان ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە: «سىلەر بۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇڭلار، مەن بىر ئوتنىڭ يورۇقىنى كۆرۈپ قالدىم، ئىسسىنىشىڭلار ۋە ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر ئوتنى تۇتاشتۇرۇۋېلىشىڭلار ئۈچۈن، بىر تال چوغ ئېلىپ كېلىشىم ياكى ئۇ يەردە بىرەر يول باشلىغۇچىنى ئۇچرىتىپ قېلىشىم مۇمكىن» دېگەن ئىدى.

فَلَمَّآ أَتَىٰهَا نُودِيَ يَٰمُوسَىٰٓ ﴿١١﴾ إِنِّيٓ أَنَا۠ رَبُّكَ فَٱخۡلَعۡ نَعۡلَيۡكَ إِنَّكَ بِٱلۡوَادِ ٱلۡمُقَدَّسِ طُوٗى ﴿١٢﴾

11 ـ 12 ـ مۇسا ئاشۇ ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئاللاھ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ نىدا قىلدى: «ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ رەببىڭمەن، كەشىڭنى سالغىن. چۈنكى سەن ھازىر مۇقەددەس تۇۋا ([2]) ۋادىسىدا تۇرۇۋاتىسەن. (بۇ مۇسا ئەلەيھسسالامنى رەببىگە مۇناجات قىلىشقا تەييارلاش ئۈچۈندۇر).

وَأَنَا ٱخۡتَرۡتُكَ فَٱسۡتَمِعۡ لِمَا يُوحَىٰٓ ﴿١٣﴾

13 ـ ئى مۇسا! مەن سېنى پەيغەمبەرلىككە تاللىدىم، مەن ساڭا قىلىدىغان ۋەھيىگە قۇلاق سالغىن.

إِنَّنِيٓ أَنَا ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنَا۠ فَٱعۡبُدۡنِي وَأَقِمِ ٱلصَّلَوٰةَ لِذِكۡرِيٓ ﴿١٤﴾

14 ـ مەن ھەقىقەتەن ئاللاھمەن، مەندىن باشقا تائەت ـ ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ھېچقانداق ئىلاھ يوق، مېنىڭ ھېچبىر شېرىكىم يوق، مەن يېگانە ئىلاھمەن. شۇڭا، سەن يالغۇز ماڭىلا ئىبادەت قىلغىن، مېنى ياد ئېتىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن.

إِنَّ ٱلسَّاعَةَ ءَاتِيَةٌ أَكَادُ أُخۡفِيهَا لِتُجۡزَىٰ كُلُّ نَفۡسِۭ بِمَا تَسۡعَىٰ ﴿١٥﴾

15 ـ ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ئېلىشى ياكى جازاسىنى تارتىشى ئۈچۈن، ئىنسانلار تىرىلدۈرۈلىدىغان قىيامەت چوقۇم بولىدۇ، مەن ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئۆزۈمدىنمۇ مەخپىي تۇتقىلى تاس قالىمەن. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئىنسانلار قانداق بىلسۇن؟!

فَلَا يَصُدَّنَّكَ عَنۡهَا مَن لَّا يُؤۡمِنُ بِهَا وَٱتَّبَعَ هَوَىٰهُ فَتَرۡدَىٰ ﴿١٦﴾

16 ـ ئى مۇسا! ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان، ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئىشلىمەيدىغان ۋە ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان ئادەملەر سېنى ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىشتىن ۋە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلىشتىن توسۇپ قويمىسۇن، ئۇ چاغدا، سەن ھالاك

---

[1] مەدىيەن ـ ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بىر يۇرتنىڭ نامىدۇر.

[2] تۇۋا — مىسىرنىڭ سىنا رايونىدىكى بىر تاغنىڭ نامى بولۇپ، بۇ ئايەتتىكى «تۇۋا» دېگەن سۆزگە ئىككى قېتىم مۇقەددەس قىلىنغان جاي دەپ مەنە ئېيتقانلارمۇ بار. چۈنكى بۇ جاينىڭ ئىبراھىم ئەلەيھسسالام بىلەن مۇسا ئەلەيھسسالام ئىككىسىگە ۋەھيى قىلىنغان جاي ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ.

بولـۇپ كېتىسـەن.

وَمَا تِلْكَ بِيَمِينِكَ يَٰمُوسَىٰ ﴿١٧﴾

17 ـ ئى مۇسا! ئوڭ قولۇڭدىكى نېمە ئۇ؟»

قَالَ هِيَ عَصَايَ أَتَوَكَّؤُاْ عَلَيْهَا وَأَهُشُّ بِهَا عَلَىٰ غَنَمِي وَلِيَ فِيهَا مَـَٔارِبُ أُخْرَىٰ ﴿١٨﴾

18 ـ مۇسا ئېيتتى: «ئۇ مېنىڭ ھاسام، ئۇنىڭغا تايىنىپ ماڭىمەن، ئۇنىڭ بىلەن قويلىرىمغا غازاڭ قېقىپ بېرىمەن، ئۇنىڭدا مېنىڭ يەنە باشقا ھاجەتلىرىممۇ بار».

قَالَ أَلْقِهَا يَٰمُوسَىٰ ﴿١٩﴾

19 ـ ئاللاھ: «ئى مۇسا! ھاساڭنى يەرگە تاشلىغىن» دېدى.

فَأَلْقَىٰهَا فَإِذَا هِيَ حَيَّةٌ تَسْعَىٰ ﴿٢٠﴾

20 ـ مۇسا ھاسىسىنى يەرگە تاشلىۋىدى، ھاسا ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن شۇ ھامان تېز مېڭىۋاتقان بىر يىلانغا ئايلاندى. مۇسا (بۇ) چوڭ ۋەقەنى كۆرۈپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچتى.

قَالَ خُذْهَا وَلَا تَخَفْ سَنُعِيدُهَا سِيرَتَهَا ٱلْأُولَىٰ ﴿٢١﴾

21 ـ ئاللاھ مۇساغا ئېيتتى: «يىلاننى ئال! ئۇنىڭدىن قورقما! بىز ئۇنى دەسلەپكى ھاسا ھالىتىگە قايتۇرىمىز.

وَٱضْمُمْ يَدَكَ إِلَىٰ جَنَاحِكَ تَخْرُجْ بَيْضَآءَ مِنْ غَيْرِ سُوٓءٍ ءَايَةً أُخْرَىٰ ﴿٢٢﴾

22 ـ قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن، قولۇڭ ئاق كېسەللىكتىن ئەمەس، بەلكى يەنە بىر مۆجىزە سۈپىتىدە ئاپئاق قاردەك بولۇپ چىقىدۇ.

لِنُرِيَكَ مِنْ ءَايَٰتِنَا ٱلْكُبْرَى ﴿٢٣﴾

23 ـ ئى مۇسا! بىز بۇنى ساڭا بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنىڭ چەكسىزلىكىگە، پادىشاھلىقىمىزنىڭ كاتتىلىقىغا ۋە بىز چۈشۈرگەن دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان چوڭ دەلىللىرىمىزنىڭ بىر قىسمىنى كۆرسىتەيلى دەپ شۇنداق قىلدۇق.

ٱذْهَبْ إِلَىٰ فِرْعَوْنَ إِنَّهُۥ طَغَىٰ ﴿٢٤﴾

24 ـ ئى مۇسا! پىرئەۋننىڭ يېنىغا بارغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، رەببىگە ئاسىيلىق قىلدى. سەن ئۇنى ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغىن».

قَالَ رَبِّ ٱشْرَحْ لِي صَدْرِي ﴿٢٥﴾ وَيَسِّرْ لِيٓ أَمْرِي ﴿٢٦﴾ وَٱحْلُلْ عُقْدَةً مِّن لِّسَانِي ﴿٢٧﴾ يَفْقَهُواْ قَوْلِي ﴿٢٨﴾ وَٱجْعَل لِّي وَزِيرًا مِّنْ أَهْلِي ﴿٢٩﴾ هَٰرُونَ أَخِي ﴿٣٠﴾ ٱشْدُدْ بِهِۦٓ أَزْرِي ﴿٣١﴾ وَأَشْرِكْهُ فِيٓ أَمْرِي ﴿٣٢﴾ كَيْ نُسَبِّحَكَ كَثِيرًا ﴿٣٣﴾ وَنَذْكُرَكَ كَثِيرًا ﴿٣٤﴾ إِنَّكَ كُنتَ بِنَا بَصِيرًا ﴿٣٥﴾

25 ـ 35 ـ مۇسا ئېيتتى: «ئى رەببىم! مېنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسۈمنى كەڭ قىلغىن، ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن، ئۇلارنىڭ سۆزۈمنى چۈشىنىشى ئۈچۈن، تىلىمدىن ئېغىرلىقنى كۆتۈرۈۋەتكىن، ماڭا ئائىلەمدىن قېرىندىشىم ھارۇننى ياردەمچى قىلىپ بەرگىن، ئۇنىڭ بىلەن مېنى تېخىمۇ كۈچەيتكىن، ساڭا تېخىمۇ كۆپ تەسبىھ ئېيتىشىمىز، تېخىمۇ كۆپ

زىكىر ئېيتىشىمىز ئۈچۈن، ئۇنى ماڭا پەيغەمبەرلىكتە ۋە دىنىنى يەتكۈزۈشتە شېرىك قىلغىن. شەكسىزكى، سەن بىزنى كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزدىن ھېچقانداق نەرسە ساڭا مەخپىي قالمايدۇ».

قَالَ قَدۡ أُوتِيتَ سُؤۡلَكَ يَٰمُوسَىٰ ﴿٣٦﴾

36 - ئاللاھ ئېيتتى: «ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن ساڭا تىلىگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى بەردىم.

وَلَقَدۡ مَنَنَّا عَلَيۡكَ مَرَّةً أُخۡرَىٰٓ ﴿٣٧﴾

37 - ئى مۇسا! ساڭا بۇ نېمەتتىن ئىلگىرىمۇ باشقا نېمەت ئاتا قىلغان ئىدۇق. ئۇ چاغدا سەن بوۋاق ئىدىڭ، سېنى پىرئەۋننىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قۇتقۇزۇپ قويغان ئىدۇق.

إِذۡ أَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰٓ أُمِّكَ مَا يُوحَىٰٓ ﴿٣٨﴾ أَنِ ٱقۡذِفِيهِ فِي ٱلتَّابُوتِ فَٱقۡذِفِيهِ فِي ٱلۡيَمِّ فَلۡيُلۡقِهِ ٱلۡيَمُّ بِٱلسَّاحِلِ يَأۡخُذۡهُ عَدُوّٞ لِّي وَعَدُوّٞ لَّهُۥۚ وَأَلۡقَيۡتُ عَلَيۡكَ مَحَبَّةٗ مِّنِّي وَلِتُصۡنَعَ عَلَىٰ عَيۡنِيٓ ﴿٣٩﴾

38 - 39 - ئۆز ۋاقتىدا ئاناڭغا ئىلھام قىلىپ: ‹ئوغلۇڭ مۇسانى ساندۇققا سېلىپ، نىل دەرياسىغا قويۇپ بەرگىن، دەريا ئۇنى قىرغاققا چىقىرىپ قويىدۇ، ئاندىن مۇسانى مېنىڭمۇ دۈشمىنىم، ئۇنىڭمۇ دۈشمىنى بولغان پىرئەۋن ئېلىۋالىدۇ› دېگەن ئىدۇق. ئى مۇسا! مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ۋە ھىمايەم ئاستىدا تەربىيەلىنىشىڭ ئۈچۈن، ساڭا ئۆز تەرىپىمدىن مېھرى ئىسسىقلىق ئاتا قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولدۇڭ. (بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە كۆز سۈپىتىنىڭ بارلىقى ئىسپاتلىنىدۇ).

إِذۡ تَمۡشِيٓ أُخۡتُكَ فَتَقُولُ هَلۡ أَدُلُّكُمۡ عَلَىٰ مَن يَكۡفُلُهُۥۖ فَرَجَعۡنَٰكَ إِلَىٰٓ أُمِّكَ كَيۡ تَقَرَّ عَيۡنُهَا وَلَا تَحۡزَنَۚ وَقَتَلۡتَ نَفۡسٗا فَنَجَّيۡنَٰكَ مِنَ ٱلۡغَمِّ وَفَتَنَّٰكَ فُتُونٗاۚ فَلَبِثۡتَ سِنِينَ فِيٓ أَهۡلِ مَدۡيَنَ ثُمَّ جِئۡتَ عَلَىٰ قَدَرٖ يَٰمُوسَىٰ ﴿٤٠﴾

40 - ئۆز ۋاقتىدا ئاچاڭ سېنى (سالغان ساندۇقنى) كۆزىتىپ مېڭىپ، ئۇنى دەريادىن سۈزۈۋالغانلارغا: ‹سىلەرگە بۇ بوۋاقنى باقىدىغان ۋە ئېمىتىپ بېرىدىغان بىر ئائىلىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟› دېگەن ئىدى. ئاناڭنى سېنىڭ غەرق بولۇپ كېتىشتىن ياكى ئۆلتۈرۈلۈشتىن ئامان قالغانلىقىڭدىن خۇرسەن بولسۇن ۋە قايغۇرمىسۇن دەپ، سېنى پىرئەۋننىڭ قولىغا چۈشكەندىن كېيىن ئاناڭغا قايتۇرۇپ بەردۇق. سەن مىسىرلىق بىر ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويغان ئىدىڭ، بىز سېنى قىلمىشىڭنىڭ غېمىدىن ۋە ئۆلۈم خەۋپىدىن خالاس قىلدۇق، سېنى تۈرلۈك سىناقلار بىلەن سىنىدۇق، سەن مەديەنگە قورقۇنچ ئىچىدە بېرىپ، مەديەن ئەھلى ئىچىدە كۆپ يىللار تۇردۇڭ. ئاندىن سەن ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن سېنى پەيغەمبەر قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا مەديەندىن چىقىپ تۇر تېغىغا يېتىپ كەلدىڭ. ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر.

وَٱصۡطَنَعۡتُكَ لِنَفۡسِي ﴿٤١﴾

41 - ئى مۇسا! مەن ساڭا مۇشۇ نېمەتلەرنى ئاتا قىلىپ، مېنىڭ دىنىمنى يەتكۈزۈشۈڭ، ئەمر - پەرمانلىرىمنى ئورۇندىشىڭ ئۈچۈن، سېنى پەيغەمبەرلىككە تاللاپ چىقتىم.

ٱذۡهَبۡ أَنتَ وَأَخُوكَ بِـَٔايَٰتِي وَلَا تَنِيَا فِي ذِكۡرِي ﴿٤٢﴾

42 - ئى مۇسا! سەن ۋە قېرىندىشىڭ ھارۇن مېنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىمگە، چەكسىز قۇدرىتىمگە ۋە سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە دالالەت قىلىدىغان مۆجىزىلىرىمنى ئېلىپ بېرىڭلار، مېنى ياد ئېتىشتە سۇسلۇق قىلماڭلار.

ٱذۡهَبَآ إِلَىٰ فِرۡعَوۡنَ إِنَّهُۥ طَغَىٰ ﴿٤٣﴾

43 - سىلەر پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىڭلار، چۈنكى ئۇ ھەقىقەتەن كۇفرىدا ۋە زۇلۇمىدا ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى.

فَقُولَا لَهُۥ قَوۡلٗا لَّيِّنٗا لَّعَلَّهُۥ يَتَذَكَّرُ أَوۡ يَخۡشَىٰ ﴿٤٤﴾

44 - ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار، بەلكى ئۇ ئەقلىنى تېپىشى ياكى زۇلۇمىنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇشى مۇمكىن».

قَالَا رَبَّنَآ إِنَّنَا نَخَافُ أَن يَفۡرُطَ عَلَيۡنَآ أَوۡ أَن يَطۡغَىٰ ﴿٤٥﴾

45 - مۇسا ۋە ھارۇن: «ئى رەببىمىز! بىز ھەقىقەتەن ئۇنىڭ بىزنى ئالدىراپ جازالىۋېتىشىدىن ياكى ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىپ ئېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشىدىن قورقىمىز» دېيىشتى.

قَالَ لَا تَخَافَآۖ إِنَّنِي مَعَكُمَآ أَسۡمَعُ وَأَرَىٰ ﴿٤٦﴾ فَأۡتِيَاهُ فَقُولَآ إِنَّا رَسُولَا رَبِّكَ فَأَرۡسِلۡ مَعَنَا بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ
وَلَا تُعَذِّبۡهُمۡۖ قَدۡ جِئۡنَٰكَ بِـَٔايَةٖ مِّن رَّبِّكَۖ وَٱلسَّلَٰمُ عَلَىٰ مَنِ ٱتَّبَعَ ٱلۡهُدَىٰٓ ﴿٤٧﴾ إِنَّا قَدۡ أُوحِيَ إِلَيۡنَآ أَنَّ
ٱلۡعَذَابَ عَلَىٰ مَن كَذَّبَ وَتَوَلَّىٰ ﴿٤٨﴾

46 - 48- ئاللاھ مۇسا بىلەن ھارۇنغا ئېيتتى: «سىلەر پىرئەۋندىن قورقماڭلار! چۈنكى مەن سىلەر بىلەن بىللە، گەپ - سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىمەن ۋە قىلغان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىمەن. سىلەر ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئېيتىڭلاركى: ‹بىز ئىككىمىز ھەقىقەتەن رەببىڭنىڭ ئەلچىسى بولىمىز، ئىسرائىل ئەۋلادىنى بىز بىلەن قويۇۋەتكىن، ئۇلارنى كۆچۈپ يەتمەيدىغان ئىشلارغا سالمىغىن. بىز ھەقىقەتەن ساڭا رەببىڭ تەرىپىدىن دەۋىتىمىزنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان مۆجىزە ئېلىپ كەلدۇق. ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئامانلىق ئاللاھنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە مەنسۇپتۇر. ھەقىقەتەن رەببىڭ بىزگە شۇنداق ۋەھيى قىلدىكى، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەق دىننى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىنى ۋە بەلگىلىمىلىرىنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان كىشىلەرگە بولىدۇ› ».

قَالَ فَمَن رَّبُّكُمَا يَٰمُوسَىٰ ﴿٤٩﴾

49 - پىرئەۋن ئۇلارغا ئىنكار تەلەپپۇزىدا: «ئى مۇسا! سىلەرنىڭ رەببىڭلار كىم؟» دېدى.

قَالَ رَبُّنَا ٱلَّذِيٓ أَعۡطَىٰ كُلَّ شَيۡءٍ خَلۡقَهُۥ ثُمَّ هَدَىٰ ﴿٥٠﴾

50 - مۇسا پىرئەۋنگە: «بىزنىڭ رەببىمىز ھەممە نەرسىگە يارىتىلىشىغا لايىق مۇئەييەن شەكىل ئاتا قىلغان، ئاندىن ھەربىر مەخلۇقنى ئۆزى ئۈچۈن يارىتىلغان نەرسىلەردىن پايدىلىنىشقا يېتەكلىگەن زاتتۇر» دېدى.

قَالَ فَمَا بَالُ ٱلۡقُرُونِ ٱلۡأُولَىٰ ﴿٥١﴾

51 - پىرئەۋن ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشتىن قېچىپ مۇساغا: «ئۇنداقتا، ئۆتۈپ كەتكەن

ئۈممەتلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولغان؟ ئۇلار ئىنكاردا ۋە كۇفرىدا بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئەمەسمۇ؟» دېدى.

قَالَ عِلْمُهَا عِندَ رَبِّي فِي كِتَٰبٖۖ لَّا يَضِلُّ رَبِّي وَلَا يَنسَى ﴿٥٢﴾

52 ـ مۇسا پىرئەۋنگە ئېيتتى: «سەن سورىغان ئىش بىز سۆزلىشىۋاتقان مەسىلە دائىرىسىدە ئەمەس. ئۇلار توغرىسىدىكى مەلۇمات رەببىمنىڭ دەرگاھىدىكى لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، مەن بۇ ھەقتە ھېچ نەرسە بىلمەيمەن. رەببىم قىلىدىغان ئىشلىرىدا، بەلگىلىمىلىرىدە قىلچە خاتالاشمايدۇ ۋە ھېچ نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

ٱلَّذِي جَعَلَ لَكُمُ ٱلۡأَرۡضَ مَهۡدٗا وَسَلَكَ لَكُمۡ فِيهَا سُبُلٗا وَأَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءٗ فَأَخۡرَجۡنَا بِهِۦٓ أَزۡوَٰجٗا مِّن نَّبَاتٖ شَتَّىٰ ﴿٥٣﴾

53 ـ ئۇ زېمىننى سىلەرگە ئاسان پايدىلانغىلى بولىدىغان قىلىپ بەرگەن، سىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن يوللارنى ئېچىپ بەرگەن، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھەر تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىپ بەرگەن زاتتۇر».

كُلُواْ وَٱرۡعَوۡاْ أَنۡعَٰمَكُمۡۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّأُوْلِي ٱلنُّهَىٰ ﴿٥٤﴾

54 ـ ئى ئىنسانلار! بىز سىلەرگە يەردىن ئۈندۈرۈپ بەرگەن ھالال رىزىقتىن يەڭلار، چارۋىلىرىڭلارنى بېقىڭلار. شەكسىزكى، بۇ بايانلاردا ئەقلى ساغلام كىشىلەر ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان، ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر بار.

۞ مِنۡهَا خَلَقۡنَٰكُمۡ وَفِيهَا نُعِيدُكُمۡ وَمِنۡهَا نُخۡرِجُكُمۡ تَارَةً أُخۡرَىٰ ﴿٥٥﴾

55 ـ ئى ئىنسانلار! بىز سىلەرنى زېمىندىن ياراتتۇق، سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن، سىلەرنى يەنە شۇ زېمىنغا قايتۇرىمىز، قىيامەت كۈنى سىلەردىن ھېساب ئېلىش ۋە مۇكاپات ياكى جازا بېرىش ئۈچۈن سىلەرنى يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭدىن چىقىرىمىز.

وَلَقَدۡ أَرَيۡنَٰهُ ءَايَٰتِنَا كُلَّهَا فَكَذَّبَ وَأَبَىٰ ﴿٥٦﴾

56 ـ شەكسىزكى، بىز پىرئەۋنگە ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە، قۇدرىتىنىڭ چەكسىزلىكىگە ۋە مۇسانىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىل ـ پاكىتلىرىمىزنىڭ ھەممە تۈرىنى كۆرسەتكەن ئىدۇق. ئەمما پىرئەۋن ئۇنى ئىنكار قىلدى ۋە ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتتى.

قَالَ أَجِئۡتَنَا لِتُخۡرِجَنَا مِنۡ أَرۡضِنَا بِسِحۡرِكَ يَٰمُوسَىٰ ﴿٥٧﴾

57 ـ پىرئەۋن ئېيتتى: «ھەي مۇسا! سەن مۇشۇ سېھرىڭگە تايىنىپ بىزنى ئۆز يۇرتىمىزدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟

فَلَنَأۡتِيَنَّكَ بِسِحۡرٖ مِّثۡلِهِۦ فَٱجۡعَلۡ بَيۡنَنَا وَبَيۡنَكَ مَوۡعِدٗا لَّا نُخۡلِفُهُۥ نَحۡنُ وَلَآ أَنتَ مَكَانٗا سُوٗى ﴿٥٨﴾

58 ـ ئۇنداقتا، بىزمۇ ساڭا سېنىڭ سېھرىڭگە ئوخشاش سېھىر بىلەن تاقابىل تۇرىمىز، (يىغىلىش ئۈچۈن) سەن بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا مۇناسىپ جاي ۋە مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىگىن، سەنمۇ ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلمىغىن، بىزمۇ خىلاپلىق قىلمايلى».

قَالَ مَوْعِدُكُمْ يَوْمُ ٱلزِّينَةِ وَأَن يُحْشَرَ ٱلنَّاسُ ضُحًى ﴿٥٩﴾

59 ـ مۇسا پىرئەۋنگە ئېيتتى: «سىلەر بىلەن ئۇچرىشىدىغان ۋاقتىمىز كىشىلەر زىننەتلىنىدىغان بايرام كۈنى بولسۇن، ئۇلار ھەر تەرەپتىن كېلىپ چاشگاھ ۋاقتىدا يىغىلسۇن».

فَتَوَلَّىٰ فِرْعَوْنُ فَجَمَعَ كَيْدَهُۥ ثُمَّ أَتَىٰ ﴿٦٠﴾

60 ـ پىرئەۋن مۇسا ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈگەن ھالدا قايتىپ كېتىپ، بارلىق سېھىرگەرلىرىنى توپلىدى، ئاندىن يىغىلىدىغان جايغا يېتىپ كەلدى.

قَالَ لَهُم مُّوسَىٰ وَيْلَكُمْ لَا تَفْتَرُوا۟ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا فَيُسْحِتَكُم بِعَذَابٍ ۖ وَقَدْ خَابَ مَنِ ٱفْتَرَىٰ ﴿٦١﴾

61 ـ مۇسا پىرئەۋننىڭ سېھىرگەرلىرىگە: «سىلەرنىڭ ھالىڭلارغا ۋاي! ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇماڭلار. ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنى قاتتىق ئازاب بىلەن پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋېتىدۇ. ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ئادەم چوقۇم زىيان تارتىدۇ» دېدى.

فَتَنَٰزَعُوٓا۟ أَمْرَهُم بَيْنَهُمْ وَأَسَرُّوا۟ ٱلنَّجْوَىٰ ﴿٦٢﴾

62 ـ سېھىرگەرلەر مۇسا بىلەن ھارۇنغا قانداق تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە ئۆز ئارىسىدا تالاش ـ تارتىش قىلىشتى ۋە يوشۇرۇن مەسلىھەتلەشتى.

قَالُوٓا۟ إِنْ هَٰذَٰنِ لَسَٰحِرَٰنِ يُرِيدَانِ أَن يُخْرِجَاكُم مِّنْ أَرْضِكُم بِسِحْرِهِمَا وَيَذْهَبَا بِطَرِيقَتِكُمُ ٱلْمُثْلَىٰ ﴿٦٣﴾

63 ـ ئۇلار ئېيتتى: «بۇ ئىككىسى راستتىنلا سېھىرگەر ئىكەن. ئۇلار سېھىر قىلىش ئارقىلىق سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن چىقىرىۋەتمەكچى ۋە سىلەرنىڭ كاتتا سېھىر يولۇڭلارنى نابۇت قىلماقچى.

فَأَجْمِعُوا۟ كَيْدَكُمْ ثُمَّ ٱئْتُوا۟ صَفًّا ۚ وَقَدْ أَفْلَحَ ٱلْيَوْمَ مَنِ ٱسْتَعْلَىٰ ﴿٦٤﴾

64 ـ سىلەر ھىيلەڭلارنىڭ ھەممىسىنى جەملەپ، ھەممە بىرلىكتە بەل باغلاڭلار، ئاندىن سەپ تارتىپ كېلىڭلار، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇۋېتىڭلار ۋە مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ سېھرىنى يېڭىپ چىقىشىڭلار ئۈچۈن، قولۇڭلاردىكى سېھىرلىرىڭلارنى بىراقلا يەرگە ئېتىڭلار. بۈگۈن ئۈستۈنلۈك قازانغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ».

قَالُوا۟ يَٰمُوسَىٰٓ إِمَّآ أَن تُلْقِىَ وَإِمَّآ أَن نَّكُونَ أَوَّلَ مَنْ أَلْقَىٰ ﴿٦٥﴾

65 ـ سېھىرگەرلەر: «ئى مۇسا! ھاساڭنى سەن ئاۋۋال تاشلامسەن ياكى بىز قولىمىزدىكىلەرنى ئاۋۋال تاشلامدۇق؟» دېدى.

قَالَ بَلْ أَلْقُوا۟ ۖ فَإِذَا حِبَالُهُمْ وَعِصِيُّهُمْ يُخَيَّلُ إِلَيْهِ مِن سِحْرِهِمْ أَنَّهَا تَسْعَىٰ ﴿٦٦﴾

66 ـ مۇسا ئۇلارغا: «سىلەر ئاۋۋال تاشلاڭلار!» دېدى. ئۇلار ئارغامچىلىرىنى ۋە ھاسىلىرىنى تاشلىۋىدى، ئۇلارنىڭ سېھىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن مۇساغا ئۇ نەرسىلەر ھەرىكەتلىنىپ مېڭىۋاتقاندەك كۆرۈندى.

فَأَوْجَسَ فِى نَفْسِهِۦ خِيفَةً مُّوسَىٰ ﴿٦٧﴾

67 ـ مۇسا بىردىنلا ئۆزىدە قورقۇنچ ھېس قىلدى.

قُلْنَا لَا تَخَفْ إِنَّكَ أَنتَ ٱلْأَعْلَىٰ ﴿٦٨﴾

68 - بۇ چاغدا ئاللاھ مۇساغا: «ھېچ نەرسىدىن قورقما! سەن ئاشۇ سېھىرگەرلەرنى، پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى چوقۇم يېڭىپ چىقىسەن.

وَأَلْقِ مَا فِي يَمِينِكَ تَلْقَفْ مَا صَنَعُوٓاْۖ إِنَّمَا صَنَعُواْ كَيْدُ سَٰحِرٖۖ وَلَا يُفْلِحُ ٱلسَّاحِرُ حَيْثُ أَتَىٰ ﴿٦٩﴾

69 - ئوڭ قولۇڭدىكى ھاساڭنى يەرگە تاشلىغىن، ھاساڭ ئۇلارنىڭ ئارغامچىلىرىنى ۋە ھاسىلىرىنى يۇتۇۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ سېنىڭ ئالدىڭدا كۆرسەتكەن نەرسىسى پەقەتلا سېھىرگەرلەرنىڭ ھىيلىسىدۇر. سېھىرگەرلەر ھېچقانداق يەردە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ» دېدى.

فَأُلْقِيَ ٱلسَّحَرَةُ سُجَّدٗا قَالُوٓاْ ءَامَنَّا بِرَبِّ هَٰرُونَ وَمُوسَىٰ ﴿٧٠﴾

70 - مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ئۇنىڭ ھاسىسى سېھىرگەرلەرنىڭ كۆرسەتكەن نەرسىلىرىنى يۇتۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقتى، سېھىرگەرلەر يېڭىلدى. سېھىرگەرلەر دەرھال سەجدە قىلىپ: «ھارۇن بىلەن مۇسانىڭ رەببىگە ئىمان ئېيتتۇق، ئەگەر مۇسانىڭ كۆرسەتكەنلىرى سېھىر بولسا بىز يېڭىلمەيتتۇق» دېيىشتى.

قَالَ ءَامَنتُمْ لَهُۥ قَبْلَ أَنْ ءَاذَنَ لَكُمْۖ إِنَّهُۥ لَكَبِيرُكُمُ ٱلَّذِي عَلَّمَكُمُ ٱلسِّحْرَۖ فَلَأُقَطِّعَنَّ أَيْدِيَكُمْ وَأَرْجُلَكُم مِّنْ خِلَٰفٖ وَلَأُصَلِّبَنَّكُمْ فِي جُذُوعِ ٱلنَّخْلِ وَلَتَعْلَمُنَّ أَيُّنَآ أَشَدُّ عَذَابٗا وَأَبْقَىٰ ﴿٧١﴾

71 - پىرئەۋن سېھىرگەرلەرگە ئېيتتى: «سىلەر مەن رۇخسەت بېرىشتىن بۇرۇن مۇساغا ئىمان ئېيتتىڭلارمۇ؟ ئۇنىڭغا ئەگەشتىڭلارمۇ؟ شەكسىزكى، مۇسا چوقۇم سىلەرگە سېھىر ئۆگەتكەن چوڭۇڭلار ئىكەن، شۇڭا سىلەر ئۇنىڭغا ئەگەشتىڭلار. مەن سىلەرنىڭ قوللىرىڭلارنى، پۇتلىرىڭلارنى (يەنى ئوڭ قولۇڭلار بىلەن سول پۇتۇڭلارنى ياكى سول قولۇڭلار بىلەن ئوڭ پۇتۇڭلارنى) كېسىپ تاشلايمەن، سىلەرنى چوقۇم خورما دەرەخلىرىگە ئاسىمەن. ئى سېھىرگەرلەر! سىلەر شۇ چاغدا، مەن بىلەن مۇسانىڭ رەببىدىن قايسىمىزنىڭ ئازابى ئەڭ قاتتىق ۋە ئەڭ ئۇزۇلمەس ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىپ قالىسىلەر».

قَالُواْ لَن نُّؤْثِرَكَ عَلَىٰ مَا جَآءَنَا مِنَ ٱلْبَيِّنَٰتِ وَٱلَّذِي فَطَرَنَاۖ فَٱقْضِ مَآ أَنتَ قَاضٍۖ إِنَّمَا تَقْضِي هَٰذِهِ ٱلْحَيَوٰةَ ٱلدُّنْيَآ ﴿٧٢﴾

72 - سېھىرگەرلەر پىرئەۋنگە ئېيتتى: «بىز سېنى ۋە دىنىڭنى دەپ، مۇسا بىزگە ئۆزىنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ئەگىشىشنىڭ ۋە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن روشەن دەلىل - پاكىتلاردىن، شۇنداقلا ئۇيۇلۇپ مۆجىزىلەردىن ۋە بىزنى ياراتقان ئاللاھتىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمىز. سېنىڭ ساختا ئىلاھلىقىڭنى بىزنى ياراتقان ئاللاھنىڭ ھەقىقىي ئىلاھلىقىغا تەڭ قىلمايمىز، بىز ساڭا ئىتائەت قىلمايمىز، سېنىڭ دىنىڭغا ئەگەشمەيمىز. سەن بىزگە قولۇڭدىن كەلگەننى قىلغىن، سېنىڭ ھۆكمىڭ پەقەت مۇشۇ دۇنيادىلا ئۆتىدۇ. سەن بىزنى قانچىلىك ئازابلىساڭمۇ، سېنىڭ ئازابىڭ ۋاقىتلىقتۇر.

إِنَّآ ءَامَنَّا بِرَبِّنَا لِيَغْفِرَ لَنَا خَطَٰيَٰنَا وَمَآ أَكْرَهْتَنَا عَلَيْهِ مِنَ ٱلسِّحْرِۗ وَٱللَّهُ خَيْرٞ وَأَبْقَىٰٓ ﴿٧٣﴾

73 - رەببىمىز ئاللاھ بىزنىڭ بارلىق گۇناھلىرىمىزنى، سېنىڭ مەجبۇرلىشىڭ سەۋەبلىك مۇساغا

قارشى تۇرغانلىقىمىزنى ۋە سېھرگەرلىك قىلغانلىق گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلسۇن دەپ، ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە شەكسىز ئىمان ئېيتتۇق، بىز ئاللاھنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلىمىز. ئى پىرئەۋن! ئاللاھ سەندىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر، ئاللاھنىڭ ئىتائەت قىلغانلارغا بېرىدىغان مۇكاپاتى ئەڭ ياخشىدۇر، ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغانلارغا بېرىدىغان جازاسى دائىملىقتۇر».

إِنَّهُۥ مَن يَأۡتِ رَبَّهُۥ مُجۡرِمٗا فَإِنَّ لَهُۥ جَهَنَّمَ لَا يَمُوتُ فِيهَا وَلَا يَحۡيَىٰ ﴿٧٤﴾

74 - شەكسىزكى، كىمكى رەببىنىڭ ئالدىغا كاپىر ھالىتىدە بارىدىكەن، ئۇنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە شۇنداق قاتتىق ئازابلىنىدۇكى، يا ئۆلۈپ قۇتۇلالمايدۇ، ياكى ئوبدانراق ياشىيالمايدۇ.

وَمَن يَأۡتِهِۦ مُؤۡمِنٗا قَدۡ عَمِلَ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فَأُوْلَٰٓئِكَ لَهُمُ ٱلدَّرَجَٰتُ ٱلۡعُلَىٰ ﴿٧٥﴾ جَنَّٰتُ عَدۡنٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَاۚ وَذَٰلِكَ جَزَآءُ مَن تَزَكَّىٰ ﴿٧٦﴾

75 - 76 - شەكسىزكى، كىمكى رەببىنىڭ ئالدىغا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بىر مۇئمىن ھالىتىدە بارسا، ئۇ مەڭگۈلۈك تۇرىدىغان جەننەتلەردە ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە ئېرىشىدۇ، ئۇ تۇرىدىغان جەننەتنىڭ قەسىرلىرى ۋە دەل - دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ، جەننەت ئەھلى جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. بۇ مەڭگۈلۈك نېمەتلەر ئۆزىنى مۇشرىكلىكتىن، گۇناھ - مەئسىيەتتىن ساقلاپ پاك تۇتقان، ئاللاھقا ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلغان، ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇندىغان، توسقانلىرىدىن يىراق تۇرغان، رەببىنىڭ ھۇزۇرىغا ئىبادەتتە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىگەن ھالدا بارغان كىشىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر.

وَلَقَدۡ أَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰ مُوسَىٰٓ أَنۡ أَسۡرِ بِعِبَادِي فَٱضۡرِبۡ لَهُمۡ طَرِيقٗا فِي ٱلۡبَحۡرِ يَبَسٗا لَّا تَخَٰفُ دَرَكٗا وَلَا تَخۡشَىٰ ﴿٧٧﴾

77 - شەكسىزكى، بىز مۇساغا: «ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئىبارەت (ئېزىلگەن) بەندىلىرىمنى مىسىردىن كېچىلەپ ئېلىپ چىقىپ كەتكىن، ھاساڭنى دېڭىزغا ئۇرۇپ ئۇلارغا دېڭىزدىن قۇرۇق يول ئېچىپ بەرگىن، پىرئەۋن قوشۇنلىرىنىڭ سىلەرگە يېتىشىۋېلىشىدىن قورقمىغىن ۋە دېڭىزغا غەرق بولۇپ كېتىشتىن ئەنسىرىمىگىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق.

فَأَتۡبَعَهُمۡ فِرۡعَوۡنُ بِجُنُودِهِۦ فَغَشِيَهُم مِّنَ ٱلۡيَمِّ مَا غَشِيَهُمۡ ﴿٧٨﴾

78 - مۇسا ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئېلىپ كېچىلەپ مىسىردىن چىقىپ، دېڭىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پەيتتە، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ئۇلارنى قوغلاپ كېلىپ دېڭىزغا چۈشتى، ھەقىقەتنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلەلمەيدىغان دېڭىز سۈيى ئۇلارنى ئورىۋېلىپ پۈتۈنلەي غەرق قىلىۋەتتى، مۇسا ۋە ئۇنىڭ قەۋمى قۇتۇلۇپ قالدى.

وَأَضَلَّ فِرۡعَوۡنُ قَوۡمَهُۥ وَمَا هَدَىٰ ﴿٧٩﴾

79 - پىرئەۋن ئۆز قەۋمىگە كاپىرلىقنى ۋە ھەقنى ئىنكار قىلىشنى يوللۇق كۆرسىتىپ ئازدۇرۇۋەتتى، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلىمىدى.

يَٰبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ قَدۡ أَنجَيۡنَٰكُم مِّنۡ عَدُوِّكُمۡ وَوَٰعَدۡنَٰكُمۡ جَانِبَ ٱلطُّورِ ٱلۡأَيۡمَنَ وَنَزَّلۡنَا عَلَيۡكُمُ ٱلۡمَنَّ وَٱلسَّلۡوَىٰ ﴿٨٠﴾

80 - ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەرنى دۈشمىنىڭلار بولغان پىرئەۋندىن قۇتقۇزغانلىقىمىزنى ئەسكە ئېلىڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەرگە تەۋراتنى بېرىش ئۈچۈن تۇر تېغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۇچرىشىشنى ۋەدە قىلغان ئىدۇق، سىلەر سىنا چۆلىدە ئېزىپ كەتكەندە سىلەرگە تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنى چۈشۈرۈپ بەرگەن ئىدۇق.

كُلُواْ مِن طَيِّبَٰتِ مَا رَزَقۡنَٰكُمۡ وَلَا تَطۡغَوۡاْ فِيهِ فَيَحِلَّ عَلَيۡكُمۡ غَضَبِيۖ وَمَن يَحۡلِلۡ عَلَيۡهِ غَضَبِي فَقَدۡ هَوَىٰ ﴿٨١﴾

81 - ئۇلارغا ئېيتتۇقكى، «بىز ئاتا قىلغان پاك ۋە ھالال رىزىقلاردىن يەڭلار، بىر - بىرىڭلارنىڭ رىزقىنى يەۋېلىپ زۇلۇم قىلىشماڭلار، ھالال - ھارام مەسىلىسىدە چەكتىن ئاشماڭلار، ئەگەر ئۇنداق قىلساڭلار، سىلەرگە مېنىڭ غەزىپىم چۈشىدۇ. مېنىڭ غەزىپىم كىمگە چۈشسە، ئۇ ئادەم چوقۇم ھالاك بولماي قالمايدۇ.

وَإِنِّي لَغَفَّارٞ لِّمَن تَابَ وَءَامَنَ وَعَمِلَ صَٰلِحٗا ثُمَّ ٱهۡتَدَىٰ ﴿٨٢﴾

82 - شەكسىزكى، مەن گۇناھىغا تەۋبە قىلغان، ماڭا ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغان ۋە ئۇ يولدا مۇستەھكەم تۇرغان ئادەمنىڭ گۇناھلىرىنى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىمەن».

۞ وَمَآ أَعۡجَلَكَ عَن قَوۡمِكَ يَٰمُوسَىٰ ﴿٨٣﴾

83 - مۇساغا دېدۇقكى، «ئى مۇسا! تۇر تېغىغا قەۋمىڭدىن ئىلگىرى ئالدىراپ كېلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟».

قَالَ هُمۡ أُوْلَآءِ عَلَىٰٓ أَثَرِي وَعَجِلۡتُ إِلَيۡكَ رَبِّ لِتَرۡضَىٰ ﴿٨٤﴾

84 - مۇسا ئېيتتى: «ئۇلارمۇ كەينىمدىن كېلىۋاتىدۇ. ئى رەببىم! سېنى مەندىن بەكرەك رازى بولسۇن دەپ بۇ يەرگە ئالدىراپ كەلدىم».

قَالَ فَإِنَّا قَدۡ فَتَنَّا قَوۡمَكَ مِنۢ بَعۡدِكَ وَأَضَلَّهُمُ ٱلسَّامِرِيُّ ﴿٨٥﴾

85 - ئاللاھ مۇساغا: «سەن قەۋمىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، بىز ئۇلارنى موزاي بىلەن سىنىدۇق، ئۇلار موزايغا چوقۇندى، ئەسلىدە ئۇلارنى سامىرىي ئازدۇردى» دېدى.

فَرَجَعَ مُوسَىٰٓ إِلَىٰ قَوۡمِهِۦ غَضۡبَٰنَ أَسِفٗاۚ قَالَ يَٰقَوۡمِ أَلَمۡ يَعِدۡكُمۡ رَبُّكُمۡ وَعۡدًا حَسَنًاۚ أَفَطَالَ عَلَيۡكُمُ ٱلۡعَهۡدُ أَمۡ أَرَدتُّمۡ أَن يَحِلَّ عَلَيۡكُمۡ غَضَبٞ مِّن رَّبِّكُمۡ فَأَخۡلَفۡتُم مَّوۡعِدِي ﴿٨٦﴾

86 - مۇسا بۇنى ئاڭلاپ قەۋمىنىڭ يېنىغا غەزەپلەنگەن ۋە ئەپسۇسلانغان ھالدا قايتىپ كېلىپ، ئۇلارغا: «ئى قەۋمىم! سىلەرگە رەببىڭلار تەۋراتنى ئاتا قىلىش ھەققىدە چىرايلىق ۋەدە قىلمىغانمىدى؟ ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتۈپ، ۋەدە كېچىكىپ كەتتى، دەپ ئويلىدىڭلارمۇ؟ ياكى سىلەر ئۆزۈڭلارغا رەببىڭلارنىڭ غەزىپى چۈشىدىغان ئىشنى قىلماقچى بولۇپ، شۇڭا ماڭا بەرگەن ۋەدەڭلارغا خىلاپلىق قىلدىڭلارمۇ؟ مېنىڭ ئەمرىمگە ئاسىيلىق قىلىپ موزايغا چوقۇندۇڭلارمۇ؟» دېدى.

قَالُواْ مَآ أَخۡلَفۡنَا مَوۡعِدَكَ بِمَلۡكِنَا وَلَٰكِنَّا حُمِّلۡنَآ أَوۡزَارٗا مِّن زِينَةِ ٱلۡقَوۡمِ فَقَذَفۡنَٰهَا فَكَذَٰلِكَ أَلۡقَى ٱلسَّامِرِيُّ ﴿٨٧﴾

87 - ئۇلار: «ئى مۇسا! بىز ساڭا بەرگەن ۋەدىمىزگە ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن خىلاپلىق قىلمىدۇق، لېكىن بىز پىرئەۋن قەۋمىنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئېلىپ چىققان ئىدۇق، سامىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇ نەرسىلەرنى ئوتقا تاشلىدۇق، سامىرىمۇ جىبرىلنىڭ ئېتىنىڭ ئىزىدىن ئېلىۋالغان تۇپراقنى تاشلىدى» دېدى.

فَأَخْرَجَ لَهُمْ عِجْلًا جَسَدًا لَّهُۥ خُوَارٌ فَقَالُوا۟ هَٰذَآ إِلَٰهُكُمْ وَإِلَٰهُ مُوسَىٰ فَنَسِىَ ﴿٨٨﴾

88 - سامىرى (ئېرىتىلگەن زىننەت بۇيۇملىرىدىن) ئىسرائىل ئەۋلادىغا موزاينىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋاز چىقىرىدىغان بىر موزاي ھەيكىلى ياساپ بەردى. بۇنىڭغا ئىشىنىپ كەتكەنلەر باشقىلارغا: «بۇ سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلاردۇر، مۇسانىڭمۇ ئىلاھىدۇر. مۇسا بۇنى ئۇنتۇپ قاپتۇ» دېدى.

أَفَلَا يَرَوْنَ أَلَّا يَرْجِعُ إِلَيْهِمْ قَوْلًا وَلَا يَمْلِكُ لَهُمْ ضَرًّا وَلَا نَفْعًا ﴿٨٩﴾

89 - موزايغا چوقۇنغانلار ئۇ موزاينىڭ گەپ قىلالمايدىغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارغا بىرەر پايدا يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنى بىرەر زىيان - زەخمەتتىن قوغداپ قالالمايدىغانلىقىنى ئۇقمامدۇ؟

وَلَقَدْ قَالَ لَهُمْ هَٰرُونُ مِن قَبْلُ يَٰقَوْمِ إِنَّمَا فُتِنتُم بِهِۦ ۖ وَإِنَّ رَبَّكُمُ ٱلرَّحْمَٰنُ فَٱتَّبِعُونِى وَأَطِيعُوٓا۟ أَمْرِى ﴿٩٠﴾

90 - شەكسىزكى، مۇسا قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ھارۇن ئىسرائىل ئەۋلادىغا: «ئى قەۋمىم! ئاراڭلاردا مۇئمىن بىلەن كاپىر ئوتتۇرىغا چىقسۇن دەپ سىلەر بۇ موزاي ھەيكىلى بىلەن سىنالدىڭلار، شەكسىزكى، سىلەرنىڭ رەببىڭلار رەھمان ئاللاھتۇر، مەن سىلەرنى ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىۋاتىمەن، ماڭا ئەگىشىڭلار، مېنىڭ ئەمرىمگە ئىتائەت قىلىڭلار!» دېگەن ئىدى.

قَالُوا۟ لَن نَّبْرَحَ عَلَيْهِ عَٰكِفِينَ حَتَّىٰ يَرْجِعَ إِلَيْنَا مُوسَىٰ ﴿٩١﴾

91 - ئىسرائىل ئەۋلادى ئارىسىدىكى موزايغا چوقۇنغانلار: «مۇسا قايتىپ كەلگەنگە قەدەر بىز بۇ موزايغا چوقۇنۇشنى داۋاملاشتۇرىمىز» دېيىشتى.

قَالَ يَٰهَٰرُونُ مَا مَنَعَكَ إِذْ رَأَيْتَهُمْ ضَلُّوٓا۟ ﴿٩٢﴾ أَلَّا تَتَّبِعَنِ ۖ أَفَعَصَيْتَ أَمْرِى ﴿٩٣﴾

92 - 93- مۇسا قايتىپ كېلىپ، ئاكىسى ھارۇنغا: «ئۇلارنىڭ دىنىدىن ئېزىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن چېغىڭدا سېنىڭ ماڭا ئەگىشىشىڭگە، ئۇلارنى تەرك ئېتىپ مېنىڭ يېنىمغا كېلىشىڭگە نېمە توسالغۇ بولدى؟ سەن مېنىڭ: ‹ئۇلارغا مېنىڭ ئورۇنباسارىم بولۇپ تۇرغىن، مەندىن كېيىن (ئۇلارنىڭ ئىشىنى) تۈزىگىن› دېگەن ئەمرىمگە ئاسىيلىق قىلدىڭمۇ؟» دېدى.

قَالَ يَبْنَؤُمَّ لَا تَأْخُذْ بِلِحْيَتِى وَلَا بِرَأْسِىٓ ۖ إِنِّى خَشِيتُ أَن تَقُولَ فَرَّقْتَ بَيْنَ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ وَلَمْ تَرْقُبْ قَوْلِى ﴿٩٤﴾

94 - ئاندىن مۇسا ھارۇننىڭ ساقىلىدىن ۋە چېچىدىن تارتىپ سۆرىدى، ھارۇن مۇساغا: «ئى قېرىندىشىم! مېنىڭ ساقىلىمنى ۋە چېچىمنى تارتمىغىن، مەن ئۇلارنى تەرك ئېتىپ، سېنىڭ يېنىڭغا كەتسەم، راستتىنلا سېنىڭ مېنى ‹سەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى بۆلۈۋېتىپسەن، مېنىڭ ‹ئۇلارغا ياخشى قارىغىن› دېگەن ۋەسىيىتىمگە ئەمەل قىلماپسەن›

دېيىشكەندىن قورقتۇم» دېدى.

قَالَ فَمَا خَطْبُكَ يَٰسَٰمِرِيُّ ﴿٩٥﴾

95 - مۇسا سامىرىغا: «سېنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى غەرىزىڭ نېمە؟» دېدى.

قَالَ بَصُرْتُ بِمَا لَمْ يَبْصُرُواْ بِهِۦ فَقَبَضْتُ قَبْضَةً مِّنْ أَثَرِ ٱلرَّسُولِ فَنَبَذْتُهَا وَكَذَٰلِكَ سَوَّلَتْ لِى نَفْسِى ﴿٩٦﴾

96 - سامىرى مۇساغا: «ئىسرائىل ئەۋلادى دېڭىزدىن چىقىۋاتقان، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى غەرق بولغان ۋاقىتتا، مەن ئۇلار كۆرمىگەننى - جىبرىلنى - ئات ئۈستىدە كۆردۈم. ئاندىن جىبرىلنىڭ ئىزىدىن بىر چاڭگال توپىنى ئالدىم - دە، ئۇنى زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئۈستىگە چاچتىم، ئۇنىڭدىن بىر موزاي ياسىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ موزاينىڭ ئاۋازىدەك ئاۋاز چىقىرىدىغان بىر موزاي ھەيكىلىگە ئايلاندى. نەپسىم ماڭا مۇشۇنداق قىلىشنى چىرايلىق كۆرسەتتى» دېدى.

قَالَ فَٱذْهَبْ فَإِنَّ لَكَ فِى ٱلْحَيَوٰةِ أَن تَقُولَ لَا مِسَاسَ وَإِنَّ لَكَ مَوْعِدًا لَّن تُخْلَفَهُۥ وَٱنظُرْ إِلَىٰٓ إِلَٰهِكَ ٱلَّذِى ظَلْتَ عَلَيْهِ عَاكِفًا لَّنُحَرِّقَنَّهُۥ ثُمَّ لَنَنسِفَنَّهُۥ فِى ٱلْيَمِّ نَسْفًا ﴿٩٧﴾

97 - مۇسا سامىرىغا: «يوقال! بۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭ دۇنيا ھاياتىدىكى جازايىڭ قوغلاندى بولۇپ يالغۇز ياشاش بولىدۇ، ئۇچرىغان ھەربىر ئادەمگە دەيدىغان سۆزۈڭ: ‹ماڭا تەگمەڭلار! مەنمۇ سىلەرگە تەگمەيمەن ۋە ھېچكىمگە ئارىلاشمايمەن› دېيىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ سېنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى جازايىڭدۇر. شەكسىزكى، ئاخىرەتتە سېنى ئازابلاش ئۈچۈن بېكىتىلگەن مۇئەييەن بىر ۋاقىت بار، ئاللاھ بۇ ۋاقىتقا قەتئىي خىلاپلىق قىلمايدۇ، سەن ئۇ ئازابقا يېقىنىدا چوقۇم ئۇچرايسەن. سەن چوقۇنغان ئىلاھىڭغا قارىغىنكى، بىز ئۇنى چوقۇم كۆيدۈرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭ كۈلىنى دېڭىزغا سورۇۋېتىمىز، ئۇنى شامال ئۇچۇرتۇپ ئېلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن ھېچبىر ئەسەر قالمايدۇ» دېدى.

إِنَّمَآ إِلَٰهُكُمُ ٱللَّهُ ٱلَّذِى لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ وَسِعَ كُلَّ شَىْءٍ عِلْمًا ﴿٩٨﴾

98 - ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار پەقەت ئاللاھتۇر، ئاللاھتىن باشقا تائەت - ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.

كَذَٰلِكَ نَقُصُّ عَلَيْكَ مِنْ أَنۢبَآءِ مَا قَدْ سَبَقَ وَقَدْ ءَاتَيْنَٰكَ مِن لَّدُنَّا ذِكْرًا ﴿٩٩﴾

99 - ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا مۇسا بىلەن پىرئەۋن، ئىسرائىل ئەۋلادى بىلەن پىرئەۋن قەۋمى توغرىسىدىكى بەزى خەۋەرلەرنى بايان قىلىپ بەرگەندەك، بۇرۇن ئۆتكەن باشقا قەۋملەرنىڭ خەۋەرلىرىنىمۇ بايان قىلىپ بېرىمىز. شەكسىزكى، بۇ قۇرئاننى بىز ساڭا ئۆز دەرگاھىمىزدىن ئاتا قىلدۇق، بۇ قۇرئان ئەقلىنى ئىشلىتىپ تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەتتۇر.

مَّنْ أَعْرَضَ عَنْهُ فَإِنَّهُۥ يَحْمِلُ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ وِزْرًا ﴿١٠٠﴾

100 - كىمكى بۇ قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدىكەن ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايدىكەن، شەكسىزكى، ئۇ ئادەم قىيامەت كۈنى رەببىنىڭ ئالدىغا ئېغىر گۇناھلارنى

كۆتۈرۈپ كېلىدۇ.

خَٰلِدِينَ فِيهِۖ وَسَآءَ لَهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ حِمۡلٗا ﴿١٠١﴾

101 - ئۇلار ئازاب ئىچىدە مەڭگۈ قالىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلار كۆتۈرۈۋالغان بۇ ئېغىر گۇناھلار نېمىدېگەن يامان! چۈنكى بۇ گۇناھلار ئۇلارنى دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ.

يَوۡمَ يُنفَخُ فِي ٱلصُّورِۚ وَنَحۡشُرُ ٱلۡمُجۡرِمِينَ يَوۡمَئِذٖ زُرۡقٗا ﴿١٠٢﴾

102 - ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام تىرىلىشتىن سىگنال بېرىش ئۈچۈن، (ئىككىنچى قېتىملىق)[1] سۇر چالغان كۈندە، كاپىرلارنى ھېساب مەيدانىغا ھەيدەپ ماڭىمىز. ئۇلار قىيامەتتە بولغان ئىشلاردىن قاتتىق قورققانلىقتىن، كۆزلىرى كۆكىرىپ كەتكەن، رەڭگى - رويى ئۆچكەن ھالدا يىغىلىدۇ.

يَتَخَٰفَتُونَ بَيۡنَهُمۡ إِن لَّبِثۡتُمۡ إِلَّا عَشۡرٗا ﴿١٠٣﴾

103 - ئۇلار ئۆزئارا بىر - بىرىنىڭ قۇلىقىغا: «دۇنيادا پەقەت ئون كۈنلا تۇردۇڭلار» دېيىشىپ پىچىرلىشىدۇ.

نَّحۡنُ أَعۡلَمُ بِمَا يَقُولُونَ إِذۡ يَقُولُ أَمۡثَلُهُمۡ طَرِيقَةً إِن لَّبِثۡتُمۡ إِلَّا يَوۡمٗا ﴿١٠٤﴾

104 - ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىدىغانلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز. ئۇلارغا قىيامەت كۈنىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن دۇنيا ھاياتى ناھايىتى قىسقا تۇيۇلۇپ كېتىدۇ. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەقىللىقراق بىرى: «سىلەر دۇنيادا پەقەت بىر كۈنلا تۇردۇڭلار» دەيدۇ.

وَيَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلۡجِبَالِ فَقُلۡ يَنسِفُهَا رَبِّي نَسۡفٗا ﴿١٠٥﴾

105 - ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭ سەندىن قىيامەت كۈنى تاغلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق سورىشىدۇ، ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «رەببىم تاغلارنى ئورنىدىن قوزغاپ، توزۇتۇپ سورۇۋېتىدۇ،

فَيَذَرُهَا قَاعٗا صَفۡصَفٗا ﴿١٠٦﴾

106 - يەر يۈزىنى يېيىپ، تۈپتۈز تۈزلەڭلىككە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئۆسۈملۈك بولمايدۇ.

لَّا تَرَىٰ فِيهَا عِوَجٗا وَلَآ أَمۡتٗا ﴿١٠٧﴾

107 - ئۇ تۈزلەڭلىككە قارىغان ئادەم يا چۇقۇرنى ياكى ئېگىزلىكنى كۆرمەيدۇ».

يَوۡمَئِذٖ يَتَّبِعُونَ ٱلدَّاعِيَ لَا عِوَجَ لَهُۥۖ وَخَشَعَتِ ٱلۡأَصۡوَاتُ لِلرَّحۡمَٰنِ فَلَا تَسۡمَعُ إِلَّا هَمۡسٗا ﴿١٠٨﴾

108 - بۇ كۈندە ئىنسانلار بىر چاقىرغۇچى (ئىسرافىل) نىڭ ئاۋازىغا ئەگىشىپ ھېساب مەيدانىغا قاراپ ماڭىدۇ، چاقىرغۇچىنىڭ چاقىرىقىدىن ئەگىپ كېتەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ بارلىق خالايىققا ئورتاق چاقىرىقتۇر. رەھمان ئاللاھنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ بارلىق ئاۋازلار بېسىقىدۇ، ئۇ چاغدا پىچىرلىشىشتىن باشقا ھېچقانداق ئاۋازنى ئاڭلىمايسەن.

يَوۡمَئِذٖ لَّا تَنفَعُ ٱلشَّفَٰعَةُ إِلَّا مَنۡ أَذِنَ لَهُ ٱلرَّحۡمَٰنُ وَرَضِيَ لَهُۥ قَوۡلٗا ﴿١٠٩﴾

---

[1] سۇر — قىيامەت قايىم بولغاندا بىر قېتىم، ئاندىن ئاخىرەتتە ئىنسانلار تىرىلىدىغان چاغدا يەنە بىر قېتىم چېلىنىدىغان كانايدۇر.

109 - بۇ كۈندە ھېچقانداق ئادەمنىڭ شاپائىتى پايدا بەرمەيدۇ. پەقەتلا رەھمان ئاللاھ شاپائەت قىلغۇچىنىڭ شاپائەت قىلىشىغا رۇخسەت بەرگەن ۋە شاپائەت قىلىنغۇچىدىنمۇ رازى بولغان بولسا، ئۇ چاغدا بۇ شاپائەتنىڭ پايدىسى بولىدۇ. شاپائەت قىلىش ھوقۇقى ھەقىقىي مۇئمىن، ئىخلاسمەن كىشىلەرگىلا خاستۇر.

يَعۡلَمُ مَا بَيۡنَ أَيۡدِيهِمۡ وَمَا خَلۡفَهُمۡ وَلَا يُحِيطُونَ بِهِۦ عِلۡمٗا ﴿١١٠﴾

110 - ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ ئالدىدىكى قىيامەتنىڭ ئىشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ كەينىدىكى دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى بىلىدۇ، ئەمما ئىنسانلار بولسا ئاللاھنى تولۇق بىلەلمەيدۇ.

۞ وَعَنَتِ ٱلۡوُجُوهُ لِلۡحَيِّ ٱلۡقَيُّومِۖ وَقَدۡ خَابَ مَنۡ حَمَلَ ظُلۡمٗا ﴿١١١﴾

111 - ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ يېگانە ياراتقۇچىسى، ھاياتلىقنىڭ بارلىق مۇكەممەل سۈپەتلىرىگە ئىگە، مەڭگۈ ھايات بولغان، بارچە مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىدىن بىھاجەت بولغان، ئۇلۇغ ئاللاھقا ئېگىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ خارلىقىنى ۋە ئاجىزلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھقا مەخلۇقاتتىن بىرەرسىنى شېرىك كەلتۈرگەنلەر قىيامەت كۈنى چوقۇم زىيان تارتىدۇ.

وَمَن يَعۡمَلۡ مِنَ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَهُوَ مُؤۡمِنٞ فَلَا يَخَافُ ظُلۡمٗا وَلَا هَضۡمٗا ﴿١١٢﴾

112 - رەببىگە ئىمان ئېيتقان ھالدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر گۇناھلىرى كۆپەيتىلىپ زۇلۇم قىلىنىشتىن ياكى ساۋابلىرى كېمەيتىلىپ ئۇۋال قىلىنىشتىن ئەنسىرىمەيدۇ.

وَكَذَٰلِكَ أَنزَلۡنَٰهُ قُرۡءَانًا عَرَبِيّٗا وَصَرَّفۡنَا فِيهِ مِنَ ٱلۡوَعِيدِ لَعَلَّهُمۡ يَتَّقُونَ أَوۡ يُحۡدِثُ لَهُمۡ ذِكۡرٗا ﴿١١٣﴾

113 - مۇئمىنلەرنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگىنىمىزدەك، كاپىرلارنى گۇناھ - مەئسىيەت سادىر قىلىشتىن ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرغىنىمىزدەك، ئۇلارنى چۈشەنسۇن دەپ، بۇ قۇرئاننى ئەرەب تىلىدا نازىل قىلدۇق، ئۇلارنى رەببىدىن قورقسۇن ياكى ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن دەپ، ئۇنىڭدا تۈرلۈك ئاگاھلاندۇرۇشلارنى بايان قىلدۇق.

فَتَعَٰلَى ٱللَّهُ ٱلۡمَلِكُ ٱلۡحَقُّۗ وَلَا تَعۡجَلۡ بِٱلۡقُرۡءَانِ مِن قَبۡلِ أَن يُقۡضَىٰٓ إِلَيۡكَ وَحۡيُهُۥۖ وَقُل رَّبِّ زِدۡنِي عِلۡمٗا ﴿١١٤﴾

114 - ھەقىقىي پادىشاھ ئاللاھ ھەممىدىن ئۈستۈن ۋە مۇقەددەستۇر، بارچە نۇقسانلاردىن پاكتۇر، ئاللاھ ئۆزىنىڭ يەككە - يېگانە پادىشاھلىقى بىلەن بۇ دۇنيانىڭ بارلىق پادىشاھلىرىنى، زالىملىرىنى قەھر قىلغۇچىدۇر، كائىناتنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئۆزى يالغۇز باشقۇرغۇچىدۇر، ئاللاھ ھەقتۇر، ئۇنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، ئاگاھلاندۇرۇشلىرى ھەقتۇر، ئۇنىڭدىن كەلگەن ھەممە نەرسە ھەقتۇر. ئى پەيغەمبەر! جىبرىل ساڭا يەتكۈزۈۋاتقان قۇرئان ئايەتلىرىنى تاماملاپ بولمىغۇچە، ئۇنى ئوقۇشقا ئالدىراپ كەتمىگىن. «ئى رەببىم! ئىلمىمنى تېخىمۇ زىيادە قىلغىن!» دېگىن.

وَلَقَدۡ عَهِدۡنَآ إِلَىٰٓ ءَادَمَ مِن قَبۡلُ فَنَسِيَ وَلَمۡ نَجِدۡ لَهُۥ عَزۡمٗا ﴿١١٥﴾

115 - ئادەم مەزكۇر دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشتىن ئىلگىرى، بىز ئۇنىڭغا ئۇنى يېمەسلىكىنى تەۋسىيە قىلغان ۋە ئۇنىڭغا: «ئىبلىس ساڭا ۋە ئايالىڭغا دۈشمەندۇر، ئۇ سىلەرنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، ئۇ چاغدا سەن ۋە ئايالىڭ دۇنيادا

جاپا - مۇشەققەتتە قالىسىلەر» دېگەن ئىدۇق. شەيتان ئادەمنى ئازدۇردى، ئۇ شەيتاننىڭ
ھىيلىسىگە بويسۇندى، نەسىھەتنى يادىدىن چىقاردى، بىز ئادەمدە ئاللاھنىڭ ئەمر -
پەرمانلىرىغا رىئايە قىلىدىغان كۈچلۈك ئىرادىنى كۆرمىدۇق.

وَإِذۡ قُلۡنَا لِلۡمَلَٰٓئِكَةِ ٱسۡجُدُواْ لِأٓدَمَ فَسَجَدُوٓاْ إِلَّآ إِبۡلِيسَ أَبَىٰ ١١٦

116 - ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە ھۆرمەت
ۋە ئىززەت سەجدىسى قىلىڭلار» دېگەن ئىدۇق، ئۇلار ئەمرىمىزگە ئىتائەت قىلىپ
سەجدە قىلدى، لېكىن ئىبلىس سەجدە قىلغىلى ئۇنىمىدى.

فَقُلۡنَا يَٰٓـَٔادَمُ إِنَّ هَٰذَا عَدُوّٞ لَّكَ وَلِزَوۡجِكَ فَلَا يُخۡرِجَنَّكُمَا مِنَ ٱلۡجَنَّةِ فَتَشۡقَىٰٓ ١١٧

117 - بىز دېدۇق: «ئى ئادەم! ئىبلىس ساڭا ۋە ئايالىڭغا دۈشمەندۇر، ئۇنىڭدىن ھەزەر
ئەيلەڭلار، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماڭلار. ئەگەر سىلەر ئىبلىسقا ئىتائەت قىلساڭلار، ئۇ
سىلەرنى جەننەتتىن چىقىرىۋېتىدۇ، سىلەر جەننەتتىن چىقىپ كەتسەڭلار جاپا -
مۇشەققەتتە قالىسىلەر.

إِنَّ لَكَ أَلَّا تَجُوعَ فِيهَا وَلَا تَعۡرَىٰ ١١٨

118 - ئى ئادەم! سەن بۇ جەننەتتە نېمەتلىنىسەن، ئاچ قالمايسەن، كىيىنىسەن، يالىڭاچ
قالمايسەن.

وَأَنَّكَ لَا تَظۡمَؤُاْ فِيهَا وَلَا تَضۡحَىٰ ١١٩

119 - ھەمدە جەننەتتە ئۇسساپ قالمايسەن، كۈننىڭ ئىسسىقىدىمۇ قالمايسەن».

فَوَسۡوَسَ إِلَيۡهِ ٱلشَّيۡطَٰنُ قَالَ يَٰٓـَٔادَمُ هَلۡ أَدُلُّكَ عَلَىٰ شَجَرَةِ ٱلۡخُلۡدِ وَمُلۡكٖ لَّا يَبۡلَىٰ ١٢٠

120 - شەيتان ئادەمگە ۋەسۋەسە قىلىپ، ئۇنىڭغا: «ئى ئادەم! مەن ساڭا مېۋىسىنى
يېگەن ئادەم ھېچ ئۆلمەيدىغان، مەڭگۈ ياشايدىغان ۋە قولدىن كەتمەس پادىشاھلىققا
ئېرىشىدىغان بىر دەرەخنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېدى.

فَأَكَلَا مِنۡهَا فَبَدَتۡ لَهُمَا سَوۡءَٰتُهُمَا وَطَفِقَا يَخۡصِفَانِ عَلَيۡهِمَا مِن وَرَقِ ٱلۡجَنَّةِۚ وَعَصَىٰٓ ءَادَمُ رَبَّهُۥ
فَغَوَىٰ ١٢١

121 - نىھايەت، ئادەم بىلەن ھەۋۋا ئاللاھ مەنئى قىلغان دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن يېدى،
شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ يېپىقلىق ئەۋرىتى ئېچىلىپ قالدى، ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى يۆگەش
ئۈچۈن جەننەتتىكى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى ئۆزلىرىگە چاپلاشقا كىرىشتى. ئادەم
رەببىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلدى، ئاللاھ يېقىنلىشىشتىن مەنئى قىلغان دەرەخنىڭ
مېۋىسىنى يەپ ئېزىپ كەتتى.

ثُمَّ ٱجۡتَبَٰهُ رَبُّهُۥ فَتَابَ عَلَيۡهِ وَهَدَىٰ ١٢٢

122 - ئاندىن ئاللاھ ئادەمنى پاكلاپ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى، ئۇنى ئۆزىگە يېقىن قىلدى
ۋە ئۇنىڭغا توغرا يولنى كۆرسەتتى.

قَالَ ٱهۡبِطَا مِنۡهَا جَمِيعَۢاۖ بَعۡضُكُمۡ لِبَعۡضٍ عَدُوّٞۖ فَإِمَّا يَأۡتِيَنَّكُم مِّنِّي هُدٗى فَمَنِ ٱتَّبَعَ هُدَايَ
فَلَا يَضِلُّ وَلَا يَشۡقَىٰ ١٢٣

123 - ئاللاھ ئادەم ۋە ھەۋۋاغا ئېيتتى: «سىلەر ئىبلىس بىلەن قوشۇلۇپ ھەممىڭلار

جەننەتتىن چۈشۈڭلار، سىلەر ئەمدى بىر - بىرىڭلارغا دۈشمەن. (ئى ئادەم ئەۋلادى!) سىلەرگە مېنىڭ تەرىپىمدىن ھىدايەت ۋە ھەقىقەتنىڭ بايانى كەلگەندە، كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمگە ۋە بايانىمغا ئەگىشىپ ئەمەل قىلسا، ئۇ ئادەم بۇ دۇنيادا ھىدايەت تاپىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا ئازابقا ئۇچراپ بەختسىز بولمايدۇ.

وَمَنۡ أَعۡرَضَ عَن ذِكۡرِي فَإِنَّ لَهُۥ مَعِيشَةٗ ضَنكٗا وَنَحۡشُرُهُۥ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ أَعۡمَىٰ ﴿١٢٤﴾

124 - كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتى تار ۋە جاپالىق بولىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن قەبرىسى تارچىلىق بولىدۇ ۋە ئازابلىنىدۇ، قىيامەت كۈنى بىز ئۇنى ھېساب مەيدانىغا كور ھالىتىدە يىغىمىز».

قَالَ رَبِّ لِمَ حَشَرۡتَنِيٓ أَعۡمَىٰ وَقَدۡ كُنتُ بَصِيرٗا ﴿١٢٥﴾

125 - ئاللاھنىڭ ھىدايىتىدىن يۈز ئۆرۈگەن ئۇ ئىنسان: «ئى رەببىم! نېمىشقا مېنى كور ھالەتتە تىرىلدۈردۈڭ؟ دۇنيادا مېنىڭ كۆزۈم كۆرەتتىغۇ؟» دەيدۇ.

قَالَ كَذَٰلِكَ أَتَتۡكَ ءَايَٰتُنَا فَنَسِيتَهَاۖ وَكَذَٰلِكَ ٱلۡيَوۡمَ تُنسَىٰ ﴿١٢٦﴾

126 - ئاللاھ ئۇنىڭغا ئېيتىدۇ: «توغرا، مەن سېنى كور ھالەتتە تىرىلدۈردۈم، چۈنكى ساڭا مېنىڭ روشەن ئايەتلىرىم كەلگەن چاغدا، سەن ئۇ ئايەتلەردىن يۈز ئۆرۈدۈڭ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىدىڭ. سەن دۇنيادىكى چاغلىرىڭدا بۇ ئايەتلەرنى كۆزگە ئىلماي تاشلاپ قويغاندەك، سەنمۇ بۈگۈن دوزاختا تاشلانغان پېتى قالىسەن».

وَكَذَٰلِكَ نَجۡزِي مَنۡ أَسۡرَفَ وَلَمۡ يُؤۡمِنۢ بِـَٔايَٰتِ رَبِّهِۦۚ وَلَعَذَابُ ٱلۡأٓخِرَةِ أَشَدُّ وَأَبۡقَىٰٓ ﴿١٢٧﴾

127 - رەببىگە ئاسىيلىق قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان ئېيتمىغانلارنى بۇ دۇنيادا شۇنداق جازالايمىز، ئاخىرەتتە ئۇلارغا تەييارلانغان ئازاب تېخىمۇ قاتتىقتۇر، تېخىمۇ مەڭگۈلۈكتۇر. چۈنكى ئۇ ئۈزۈلمەيدىغان ئازابتۇر.

أَفَلَمۡ يَهۡدِ لَهُمۡ كَمۡ أَهۡلَكۡنَا قَبۡلَهُم مِّنَ ٱلۡقُرُونِ يَمۡشُونَ فِي مَسَٰكِنِهِمۡۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّأُوْلِي ٱلنُّهَىٰ ﴿١٢٨﴾

128 - ئى پەيغەمبەر! بۇرۇن ئۆتكەن نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھەق دىنىنى ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبلىك ھالاك قىلغانلىقىمىز، سېنىڭ قەۋمىڭنى ھىدايەتكە باشلاشقا يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ ھالبۇكى، سېنىڭ قەۋمىڭ ھالاك قىلىنغان ئاشۇ ئۈممەتلەرنىڭ ماكانلىرىدا كېزىپ يۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىنىڭ خارابىلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.

وَلَوۡلَا كَلِمَةٞ سَبَقَتۡ مِن رَّبِّكَ لَكَانَ لِزَامٗا وَأَجَلٞ مُّسَمّٗى ﴿١٢٩﴾

129 - رەببىڭنىڭ ئالدىن بەلگىلىگەن ھۆكمى ۋە كاپىرلارنى جازالاشنىڭ مۇئەييەن ۋاقتى بولمىسا ئىدى، ئۇلار دەرھال ھالاك بولغان بولاتتى. چۈنكى ئۇلار كاپىرلىقى سەۋەبلىك بۇ ھالاكەتكە تېگىشلىكتۇر.

فَٱصۡبِرۡ عَلَىٰ مَا يَقُولُونَ وَسَبِّحۡ بِحَمۡدِ رَبِّكَ قَبۡلَ طُلُوعِ ٱلشَّمۡسِ وَقَبۡلَ غُرُوبِهَاۖ وَمِنۡ ءَانَآيِٕ ٱلَّيۡلِ فَسَبِّحۡ وَأَطۡرَافَ ٱلنَّهَارِ لَعَلَّكَ تَرۡضَىٰ ﴿١٣٠﴾

130 - ئى پەيغەمبەر! سېنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ نالايىق سۆپەتلەشلىرىگە ۋە يالغان

سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى بامدات نامىزىدا، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن ئەسىر نامىزىدا ۋە كېچىنىڭ سائەتلىرىدە خۇپتەن نامىزىدا رەببىڭنى مەدھىيەلەپ، ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، كۈندۈزنىڭ دەسلەپكى ھەم ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا پېشىن ۋە شام نامازلىرىدا رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن. بۇ مۇشۇ ياخشى ئەمەللەر بىلەن سەن رازى بولغۇدەك مۇكاپاتقا ئېرىشىشىڭ ئۈچۈندۇر.

وَلَا تَمُدَّنَّ عَيْنَيْكَ إِلَىٰ مَا مَتَّعْنَا بِهِۦٓ أَزْوَٰجًا مِّنْهُمْ زَهْرَةَ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا لِنَفْتِنَهُمْ فِيهِ ۚ وَرِزْقُ رَبِّكَ خَيْرٌ وَأَبْقَىٰ ﴿١٣١﴾

131 - بىز ئاشۇ مۇشرىكلارنى ۋە ئۇلارغا ئوخشاش كاپىرلارنى بەھرىمەن قىلغان تۈرلۈك نېمەتلەرگە كۆز سالمىغىن. چۈنكى ئۇ نېمەتلەر دۇنيا ھاياتىنىڭ ئۆتكۈنچى زىننەتلىرىدۇر. بىز بۇ نېمەتلەرنى ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن ئاتا قىلدۇق. رەببىڭنىڭ ئاتا قىلىدىغان رىزقى ۋە مۇكاپاتى سەن ئۈچۈن ئۇلارغا بەرگەن بۇ ئۆتكۈنچى نېمەتلىرىدىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر ۋە مەڭگۈلۈكتۇر. چۈنكى ئۇ رىزىق بىلەن مۇكاپات ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملىشىدۇ.

وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِٱلصَّلَوٰةِ وَٱصْطَبِرْ عَلَيْهَا ۖ لَا نَسْـَٔلُكَ رِزْقًا ۖ نَّحْنُ نَرْزُقُكَ ۗ وَٱلْعَٰقِبَةُ لِلتَّقْوَىٰ ﴿١٣٢﴾

132 - ئى پەيغەمبەر! ئائىلەڭدىكىلەرنى ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشتا چىداملىق بولغىن، بىز سەندىن رىزىق تەلەپ قىلمايمىز، ئەكسىچە سېنى بىز رىزىقلاندۇرىمىز، ياخشى ئاقىۋەت دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە تەقۋادارلارغا خاستۇر.

وَقَالُوا۟ لَوْلَا يَأْتِينَا بِـَٔايَةٍ مِّن رَّبِّهِۦٓ ۚ أَوَلَمْ تَأْتِهِم بَيِّنَةُ مَا فِى ٱلصُّحُفِ ٱلْأُولَىٰ ﴿١٣٣﴾

133 - ئى پەيغەمبەر! سېنى ئىنكار قىلغان كاپىرلار: «رەببىڭدىن سېنىڭ راستچىللىقىڭغا دالالەت قىلىدىغان بىرەر ئالامەت ئېلىپ كەلمەمسەن؟» دېيىدۇ، ئۇلارغا بۇرۇنقى ساماۋى كىتابلاردىكى ھەقىقەتلەرنى تەستىقلايدىغان بۇ قۇرئان كەلمىدىمۇ؟!

وَلَوْ أَنَّآ أَهْلَكْنَٰهُم بِعَذَابٍ مِّن قَبْلِهِۦ لَقَالُوا۟ رَبَّنَا لَوْلَآ أَرْسَلْتَ إِلَيْنَا رَسُولًا فَنَتَّبِعَ ءَايَٰتِكَ مِن قَبْلِ أَن نَّذِلَّ وَنَخْزَىٰ ﴿١٣٤﴾

134 - ئەگەر بىز ئاشۇ كاپىرلارنى ئۆزلىرىگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتىش ۋە بىرەر كىتاب چۈشۈرۈشتىن ئىلگىرى ھالاك قىلغان بولساق، ئۇلار ئەلۋەتتە: «ئى رەببىمىز! بىزگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولساڭچۇ! بىز سېنىڭ ئازابىڭغا قېلىشتىن ۋە خار - زەبۇن بولۇشتىن ئىلگىرى، سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئىمان ئېيتىپ ھەقىقەتكە ئەگەشكەن بولار ئىدۇق» دېگەن بولاتتى.

قُلْ كُلٌّ مُّتَرَبِّصٌ فَتَرَبَّصُوا۟ ۖ فَسَتَعْلَمُونَ مَنْ أَصْحَٰبُ ٱلصِّرَٰطِ ٱلسَّوِىِّ وَمَنِ ٱهْتَدَىٰ ﴿١٣٥﴾

135 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەرمۇ، بىزمۇ زامانىنىڭ قانداق ئايلىنىدىغانلىقىنى، غەلىبە ۋە نۇسرەتنىڭ كىمگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى كۈتمەكتىمىز. كۈتۈڭلار، سىلەر بىلەن بىزدىن كىمنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىنى، كىمنىڭ ھىدايەت ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى ئۇزاققا قالماي بىلىپ قالىسىلەر».

# ئەنبىيا سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

ٱقۡتَرَبَ لِلنَّاسِ حِسَابُهُمۡ وَهُمۡ فِي غَفۡلَةٖ مُّعۡرِضُونَ ﴿١﴾

1 - ئىنسانلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى - يامان ئەمەللىرىنىڭ ھېسابىنى بېرىشىنىڭ ۋاقتى يېقىنلاشتى. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، كاپىرلار بۇ ئاگاھلاندۇرۇشتىن يۈز ئۆرۈپ، مۇشۇ ھەقىقەتتىن غەپلەت ئىچىدە يۈرمەكتە.

مَا يَأۡتِيهِم مِّن ذِكۡرٖ مِّن رَّبِّهِم مُّحۡدَثٍ إِلَّا ٱسۡتَمَعُوهُ وَهُمۡ يَلۡعَبُونَ ﴿٢﴾ لَاهِيَةٗ قُلُوبُهُمۡۗ وَأَسَرُّواْ
ٱلنَّجۡوَى ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ هَلۡ هَٰذَآ إِلَّا بَشَرٞ مِّثۡلُكُمۡۖ أَفَتَأۡتُونَ ٱلسِّحۡرَ وَأَنتُمۡ تُبۡصِرُونَ ﴿٣﴾

2 - 3 - قۇرئاندىن قانداقلا بىر يېڭى ئايەت نازىل قىلىنىپ ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇلار ئۇنىڭغا ئويۇن تاماشا قىلغان ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلغان ھالدا قۇلاق سېلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرى دۇنيانىڭ ساختا ئىشلىرى ۋە نەپسى ھەۋەسلىرى بىلەنلا بولۇپ، قۇرئاندىن پۈتۈنلەي غەپلەتتىدۇر. ئۇلار قۇرئاندىكى ھەقىقەتلەر ھەققىدە ئەقلىنى ئىشلەتمەيدۇ. قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ كاپىرلىرى ئىنسانلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشتىن توسۇش ئۈچۈن مەخپىي پىلان تۈزۈشتى، ئاندىن ئۇلارغا: «مۇھەممەد سىلەرگە ئوخشاشلا بىر ئىنسان تۇرسا، ئۇ سىلەرگە ئوقۇپ بەرگەن قۇرئان سېھىر تۇرسا، ئۇنىڭ سىلەرگە ئوخشاشلا ئىنسان ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، قانداقمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىسىلەر؟» دېدى.

قَالَ رَبِّي يَعۡلَمُ ٱلۡقَوۡلَ فِي ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِۖ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ﴿٤﴾

4 - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ مۇنداق دېدى: «رەببىم ئاسمان، زېمىندا ئېيتىلغان ھەربىر سۆزنى بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر يوشۇرغان سۆزلىرىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئەھۋالىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر». (بۇ ئايەتتە كاپىرلار ئاگاھلاندۇرۇلغان).

بَلۡ قَالُوٓاْ أَضۡغَٰثُ أَحۡلَٰمِۭ بَلِ ٱفۡتَرَىٰهُ بَلۡ هُوَ شَاعِرٞ فَلۡيَأۡتِنَا بِـَٔايَةٖ كَمَآ أُرۡسِلَ ٱلۡأَوَّلُونَ ﴿٥﴾

5 - كاپىرلار قۇرئاننى ئىنكار قىلىپلا قالماي، بەزىسى ئۇنى «سېھىردۇر» دېدى، بەزىسى «بۇ ھەقىقەتتى يوق، قالايمىقان چۈشلەردۇر» دېدى، بەزىسى «ئۇ ۋەھيى ئەمەس، بەلكى مۇھەممەد توقۇپ چىققان سۆزلەردۇر» دېدى، يەنە بەزىسى «مۇھەممەد شائىردۇر، ئۇنىڭغا كەلگەن قۇرئانمۇ شېئىردۇر» دېدى. يەنە ئۇلار «مۇھەممەد ئەگەر بىزنى ئىشەنسۇن دېسە، بىزگە سالىھنىڭ چىشى تۆگىسىگە، مۇسانىڭ ھاسىسىغا ۋە ئىيسانىڭ مۆجىزىلىرىگە ئوخشاش ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر كەلتۈرگەندەك ھېسسىي (زاھىرىي) مۆجىزىلەرنى كەلتۈرسۇن» دېدى.

مَآ ءَامَنَتْ قَبْلَهُم مِّن قَرْيَةٍ أَهْلَكْنَٰهَآ أَفَهُمْ يُؤْمِنُونَ ﴿٦﴾

6 - بۇرۇن ئۆتكەن كاپىرلار ئۆز پەيغەمبەرلىرىدىن مۆجىزە تەلەپ قىلغاندا، ئۇ پەيغەمبەرلەر قەۋمى تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەرنى كەلتۈرگەن تۇرسىمۇ، ئۇلار ئىمان ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى ھالاك قىلىۋەتكەن تۇرسا، مەككىلىك كاپىرلار ئۆزلىرى تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەر كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئىمان ئېيتامدۇ؟ ياق، ئۇلار ھەرگىز ئىمان ئېيتمايدۇ.

وَمَآ أَرْسَلْنَا قَبْلَكَ إِلَّا رِجَالًا نُّوحِىٓ إِلَيْهِمْ فَسْـَٔلُوٓا۟ أَهْلَ ٱلذِّكْرِ إِن كُنتُمْ لَا تَعْلَمُونَ ﴿٧﴾

7 - ئى پەيغەمبەر! سەندىن ئىلگىرى بىز ئىنسانلار ئارىسىدىن پەقەت ئەرلەرنىلا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇلارغا ۋەھيى قىلدۇق، پەرىشتىلەرنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتمىدۇق. ئى مەككىلىك كاپىرلار! بۇنى بىلمىسەڭلار، ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنى بىلىدىغان ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار.

وَمَا جَعَلْنَٰهُمْ جَسَدًا لَّا يَأْكُلُونَ ٱلطَّعَامَ وَمَا كَانُوا۟ خَٰلِدِينَ ﴿٨﴾

8 - بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنسان تەبىئىتىدىن ھالقىپ كەتكەن، يېيىش - ئىچىشكە موھتاج بولمايدىغان جەسەت قىلىپ ئەۋەتكىنىمىز يوق ھەمدە ئۇلار ئۆلمەي مەڭگۈ قالىدىغان كىشىلەرمۇ ئەمەس ئىدى.

ثُمَّ صَدَقْنَٰهُمُ ٱلْوَعْدَ فَأَنجَيْنَٰهُمْ وَمَن نَّشَآءُ وَأَهْلَكْنَا ٱلْمُسْرِفِينَ ﴿٩﴾

9 - ئاندىن بىز پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن مۆئمىنلەرگە بەرگەن نۇسرەت ئاتا قىلىش ھەققىدىكى ۋەدىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇردۇق، رەببىنى ئىنكار قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان كاپىرلارنى ھالاك قىلدۇق.

لَقَدْ أَنزَلْنَآ إِلَيْكُمْ كِتَٰبًا فِيهِ ذِكْرُكُمْ أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴿١٠﴾

10 - بىز بۇ قۇرئاننى سىلەرگە نازىل قىلدۇق. ئەگەر ئۇنىڭدىن نەسىھەت ئالساڭلار، ئۇنىڭدا سىلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىززىتىڭلار ۋە شان - شەرىپىڭلار بار. سىلەرگە خاس قىلىنغان بۇ ئىنئامنى ئەقىل ئىشلىتىپ ئويلاپ باقامسىلەر؟

وَكَمْ قَصَمْنَا مِن قَرْيَةٍ كَانَتْ ظَالِمَةً وَأَنشَأْنَا بَعْدَهَا قَوْمًا ءَاخَرِينَ ﴿١١﴾

11 - بىز نۇرغۇنلىغان شەھەرلەرنىڭ ئاھالىلىرىنى پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلىپ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋەتتۇق، ئۇلاردىن كېيىن باشقا قەۋملەرنى پەيدا قىلدۇق.

فَلَمَّآ أَحَسُّوا۟ بَأْسَنَآ إِذَا هُم مِّنْهَا يَرْكُضُونَ ﴿١٢﴾

12 - ئۇ كاپىرلار ئۆزلىرىگە بىزنىڭ قاتتىق ئازابىمىز چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چاغدا، ئۇلار شەھەرلىرىنى تاشلاپ دەرھال قاچىدۇ.

لَا تَرْكُضُوا۟ وَٱرْجِعُوٓا۟ إِلَىٰ مَآ أُتْرِفْتُمْ فِيهِ وَمَسَٰكِنِكُمْ لَعَلَّكُمْ تُسْـَٔلُونَ ﴿١٣﴾

13 - شۇ چاغدا ئۇلار چاقىرىلىدۇ ۋە مەسخىرە قىلىنغان ھالدا: «قاچماڭلار! باياشات تۇرمۇشۇڭلارغا ۋە تۇرالغۇ جايلىرىڭلارغا قايتىڭلار، دۇنيالىقىڭلار توغرۇلۇق سىلەردىن سورىلىشى مۇمكىن» دېيىلىدۇ.

قَالُواْ يَٰوَيۡلَنَآ إِنَّا كُنَّا ظَٰلِمِينَ ﴿١٤﴾

14 - ئۇلارنىڭ جاۋابى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ، «ۋاي ئىست! بىز كاپىر بولۇپ ھەقىقەتەن ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلىپتۇق» دېيىشتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ.

فَمَا زَالَت تِّلۡكَ دَعۡوَىٰهُمۡ حَتَّىٰ جَعَلۡنَٰهُمۡ حَصِيدًا خَٰمِدِينَ ﴿١٥﴾

15 - ئۇلارنى ئورۇلغان زىرائەتتەك ھالاك قىلىپ جانلىرىنى ئالغىنىمىزغا قەدەر، ئۇلار يۇقىرىقى پەريادىنى ۋە ئېتىراپىنى تەكرارلاپ تۇرىدۇ. ئى مۇشرىكلار! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىشىڭنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ھەزەر ئەيلەڭلار. ئەگەر پەيلىڭلاردىن يانمىساڭلار بۇرۇنقىلارغا چۈشكەن ئازاب سىلەرگىمۇ چۈشىدۇ.

وَمَا خَلَقۡنَا ٱلسَّمَآءَ وَٱلۡأَرۡضَ وَمَا بَيۡنَهُمَا لَٰعِبِينَ ﴿١٦﴾

16 - بىز ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى بىكارغا ياراتمىدۇق. بەلكى، بىز بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا قارىشى پاكىت قىلىش ئۈچۈن (قۇدرىتىمىزنىڭ ئالامەتلىرى سۈپىتىدە ياراتتۇق)، ئى ئىنسانلار! بۇلاردىن ئىبرەت ئېلىپ، بۇلارنى ياراتقان زاتنىڭ ئوخشىشى يوق ئىكەنلىكىنى ۋە ئىبادەتنىڭ پەقەت ئۇنىڭغىلا لايىق ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىڭلار.

لَوۡ أَرَدۡنَآ أَن نَّتَّخِذَ لَهۡوًا لَّٱتَّخَذۡنَٰهُ مِن لَّدُنَّآ إِن كُنَّا فَٰعِلِينَ ﴿١٧﴾

17 - ئەگەر بىز بالا ياكى ئايال بىلەن تاماشا قىلايلى دېسەك، ئەلۋەتتە بىز ئۇنى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن ئەمەس، بەلكى ئۆز دەرگاھىمىزدىن تاللىغان بولاتتۇق، ئەمما بىز ئۇنداق قىلمىدۇق. چۈنكى ئۇنداق قىلىش بىزگە لايىق ئەمەس.

بَلۡ نَقۡذِفُ بِٱلۡحَقِّ عَلَى ٱلۡبَٰطِلِ فَيَدۡمَغُهُۥ فَإِذَا هُوَ زَاهِقٞۚ وَلَكُمُ ٱلۡوَيۡلُ مِمَّا تَصِفُونَ ﴿١٨﴾

18 - بەلكى بىز باتىلغا ھەق بىلەن زەربە بېرىمىز، ھەق باتىلنى يانجىپ تاشلايدۇ، باتىل شۇ ھامان تۈزۈپ كېتىدۇ. ئى مۇشرىكلار! سىلەر ئاللاھنى ئۇنىڭغا لايىق كەلمەيدىغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەنلىكىڭلار تۈپەيلىدىن ئاخىرەتتە ئازابقا قالىسىلەر.

وَلَهُۥ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ وَمَنۡ عِندَهُۥ لَا يَسۡتَكۡبِرُونَ عَنۡ عِبَادَتِهِۦ وَلَا يَسۡتَحۡسِرُونَ ﴿١٩﴾

19 - ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى پەرىشتىلەر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتمايدۇ ۋە ھېرىپمۇ قالمايدۇ. ئاللاھقا ئۇنىڭ مەخلۇقاتى ۋە بەندىسى بولغان بىرىنى شېرىك كەلتۈرۈش قانداقمۇ دۇرۇس بولسۇن؟!

يُسَبِّحُونَ ٱلَّيۡلَ وَٱلنَّهَارَ لَا يَفۡتُرُونَ ﴿٢٠﴾

20 - ئۇلار كېچە - كۈندۈز ھەمىشە ئاللاھقا زىكىر ئېيتىپ، تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، قەتئىي بوشىشىپ قالمايدۇ.

أَمِ ٱتَّخَذُوٓاْ ءَالِهَةٗ مِّنَ ٱلۡأَرۡضِ هُمۡ يُنشِرُونَ ﴿٢١﴾

21 - مۇشرىكلارنىڭ زېمىندىن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلمەيدىغان ئاجىز مەخلۇقاتنى مەبۇد قىلىۋېلىشى قانداقمۇ دۇرۇس بولىدۇ؟

لَوۡ كَانَ فِيهِمَآ ءَالِهَةٌ إِلَّا ٱللَّهُ لَفَسَدَتَاۚ فَسُبۡحَٰنَ ٱللَّهِ رَبِّ ٱلۡعَرۡشِ عَمَّا يَصِفُونَ ٢٢

22 ـ ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە كائىناتنىڭ نىزامى بۇزۇلغان بولاتتى. ئەرشنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ ئىنكارچى كاپىرلارنىڭ سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن ۋە يالغانلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر.

لَا يُسۡـَٔلُ عَمَّا يَفۡعَلُ وَهُمۡ يُسۡـَٔلُونَ ٢٣

23 ـ ئاللاھنىڭ يېگانە ياراتقۇچى ۋە يالغۇز ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىق بولغان زات ئىكەنلىكىنىڭ دەلىللىرىدىن بىرى شۇكى، ئاللاھ مەخلۇقاتى ھەققىدە چىقارغان ھۆكۈملىرى توغرۇلۇق سورالمايدۇ، بەندىلەر بولسا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىدىن سورىلىدۇ.

أَمِ ٱتَّخَذُواْ مِن دُونِهِۦٓ ءَالِهَةًۖ قُلۡ هَاتُواْ بُرۡهَٰنَكُمۡۖ هَٰذَا ذِكۡرُ مَن مَّعِيَ وَذِكۡرُ مَن قَبۡلِيۚ بَلۡ أَكۡثَرُهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ ٱلۡحَقَّۖ فَهُم مُّعۡرِضُونَ ٢٤

24 ـ ئاشۇ مۇشرىكلار ئاللاھتىن باشقا نەرسىلەرنى پايدا يەتكۈزىدۇ، زىياندىن ساقلايدۇ، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدۇ ۋە تىرىكلەرنى ئۆلتۈرەلەيدۇ دەپ ئىلاھ قىلىۋالدىمۇ؟ ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى: «سىلەر چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلارنىڭ مەبۇد ئىكەنلىكىگە دەلىلىڭلار بولسا كەلتۈرۈڭلار، ماڭا كەلگەن قۇرئاندا ۋە مەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن ساماۋى كىتابلاردا سىلەر چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەرنىڭ مەبۇد ئىكەنلىكى ھەققىدە دەلىل يوق». ئۇلار پەقەت نادانلىق ۋە تەقلىدچىلىك بىلەنلا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدۇ، ئۇلار ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈگۈچىدۇر ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىدۇر.

وَمَآ أَرۡسَلۡنَا مِن قَبۡلِكَ مِن رَّسُولٍ إِلَّا نُوحِيٓ إِلَيۡهِ أَنَّهُۥ لَآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنَا۠ فَٱعۡبُدُونِ ٢٥

25 ـ ئى پەيغەمبەر! بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «ئاللاھتىن باشقا تائەت ـ ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھقا ئىخلاس قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق.

وَقَالُواْ ٱتَّخَذَ ٱلرَّحۡمَٰنُ وَلَدٗاۗ سُبۡحَٰنَهُۥۚ بَلۡ عِبَادٞ مُّكۡرَمُونَ ٢٦ لَا يَسۡبِقُونَهُۥ بِٱلۡقَوۡلِ وَهُم بِأَمۡرِهِۦ يَعۡمَلُونَ ٢٧

26 ـ 27 ـ مۇشرىكلار پەرىشتىلەرنى ئاللاھنىڭ قىزلىرى دەپ جۆيلۈپ، «رەھمان ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دېيىشتى. ئاللاھ بۇنىڭدىن پاكتۇر. ئەكسىچە، پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ ھۆرمەتلىك ۋە پەزىلەتلىك بەندىلىرىدۇر. ئۇلار ئىتائەتچانلىقىدىن ئاللاھ بۇيرۇغان سۆزلەرنىلا قىلىدۇ، ئاللاھ بۇيرۇمىغان ئىشنى قىلمايدۇ.

يَعۡلَمُ مَا بَيۡنَ أَيۡدِيهِمۡ وَمَا خَلۡفَهُمۡ وَلَا يَشۡفَعُونَ إِلَّا لِمَنِ ٱرۡتَضَىٰ وَهُم مِّنۡ خَشۡيَتِهِۦ مُشۡفِقُونَ ٢٨

28 ـ ئاللاھ پەرىشتىلەرنىڭ قىلىپ بولغان ۋە قىلماقچى بولغان بارلىق ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئاللاھ شاپائەت قىلىشقا رازى بولغان كىشىلەرگىلا شاپائەت قىلىدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيدۇ، ئاللاھتىن قورقۇپلا تۇرىدۇ.

۞ وَمَن يَقُلۡ مِنۡهُمۡ إِنِّيٓ إِلَٰهٞ مِّن دُونِهِۦ فَذَٰلِكَ نَجۡزِيهِ جَهَنَّمَۚ كَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلظَّٰلِمِينَ ٢٩

29 ـ پەرىشتىلەردىن بىرى ئۆزىنى ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ دەۋالدى دەپ پەرەز قىلغاندىمۇ، بىز ئۇنىداق پەرىشتىنى دوزاخ بىلەن جازالايمىز، بىز ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ ئۆزىگە زۇلۇم

قىلغان ھەرقانداق مۇشرىكنى مۇشۇنداق جازالايمىز.

أَوَلَمْ يَرَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟ أَنَّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ كَانَتَا رَتْقًا فَفَتَقْنَٰهُمَا ۖ وَجَعَلْنَا مِنَ ٱلْمَآءِ كُلَّ شَىْءٍ حَىٍّ ۖ أَفَلَا يُؤْمِنُونَ ﴿٣٠﴾

30 - ئاشۇ كاپىرلار بىلمەمدۇكى، ئاسمانلار بىلەن زېمىن بىر - بىرىگە تۇتاش ئىدى، ئاسماندىن يامغۇرمۇ ياغمايتتى، زېمىندىن ئۆسۈملۈكمۇ چىقمايتتى. بىز قۇدرىتىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتتۇق، يامغۇرنى ئاسماندىن چۈشۈردۇق، ئۆسۈملۈكلەرنى زېمىندىن چىقاردۇق، ھەممە جانلىقنى سۇدىن ياراتتۇق. ئۇ ئىنكارچىلار ئۆزلىرى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بۇ ھەقىقەتلەرگىمۇ ئىشەنمەمدۇ؟ ئىبادەتنى ئاللاھقا خاس قىلمامدۇ؟

وَجَعَلْنَا فِى ٱلْأَرْضِ رَوَٰسِىَ أَن تَمِيدَ بِهِمْ وَجَعَلْنَا فِيهَا فِجَاجًا سُبُلًا لَّعَلَّهُمْ يَهْتَدُونَ ﴿٣١﴾

31 - زېمىننى تەۋرەپ كەتمىسۇن دەپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم تاغلارنى ياراتتۇق، ئۇلارنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ۋە تىرىكچىلىك قىلىش يولىدا كۆزلىگەن جايلىرىغا يېتىپ بارسۇن دەپ، زېمىندا كەڭ يوللارنى بەرپا قىلدۇق.

وَجَعَلْنَا ٱلسَّمَآءَ سَقْفًا مَّحْفُوظًا ۖ وَهُمْ عَنْ ءَايَٰتِهَا مُعْرِضُونَ ﴿٣٢﴾

32 - ئاسماننى زېمىن ئۈچۈن بىخەتەر تورۇس قىلدۇق، ئۇ ھەرگىز چۈشۈپ كەتمەيدۇ، شەيتانلار ئۇنىڭ خەۋەرلىرىنى ئوغرىلىيالمايدۇ. (ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ)، كاپىرلار كۈن، ئاي ۋە يۇلتۇز قاتارلىق ئالامەتلىرىمىزدىن ئىبرەت ئېلىشتىن ۋە بۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلىشتىن غەپلەتتىدۇر.

وَهُوَ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلَّيْلَ وَٱلنَّهَارَ وَٱلشَّمْسَ وَٱلْقَمَرَ ۖ كُلٌّ فِى فَلَكٍ يَسْبَحُونَ ﴿٣٣﴾

33 - ئاللاھ كېچىنى كىشىلەر ئارام ئالىدىغان ۋاقىت قىلغان ۋە كۈندۈزنى تىرىكچىلىك قىلىدىغان ۋاقىت قىلغان، كۈننى كۈندۈزنىڭ، ئاينى كېچىنىڭ ئالامىتى قىلىپ ياراتقان زاتتۇر. ئۇلارنىڭ ھەربىرى بەلگىلەنگەن ئوربىتىسىدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ.

وَمَا جَعَلْنَا لِبَشَرٍ مِّن قَبْلِكَ ٱلْخُلْدَ ۖ أَفَإِي۟ن مِّتَّ فَهُمُ ٱلْخَٰلِدُونَ ﴿٣٤﴾

34 - ئى پەيغەمبەر! سەندىن ئىلگىرىمۇ ھېچ كىشىنى دۇنيادا مەڭگۈ قالىدىغان قىلمىدۇق، سەن ئۆلسەڭ، ئۇلار مەڭگۈ قالىمىز دەپ ئويلامدۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس. (بۇ ئايەت خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ، چۈنكى ئۇمۇ ئىنساندۇر).

كُلُّ نَفْسٍ ذَآئِقَةُ ٱلْمَوْتِ ۗ وَنَبْلُوكُم بِٱلشَّرِّ وَٱلْخَيْرِ فِتْنَةً ۖ وَإِلَيْنَا تُرْجَعُونَ ﴿٣٥﴾

35 - ھەربىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنى تېتىغۇچىدۇر، ئۇ قانچىلىك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسىمۇ بەربىر ئۆلمەي قالمايدۇ. ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى پەقەتلا شەرىئەتنىڭ بۇيرۇقلىرى بىلەن، ياخشىلىق ۋە يامانلىق بىلەن سىناش ئۈچۈندۇر. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەممە ئادەم ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىش ۋە مۇكاپات ياكى جازا ئېلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ.

وَإِذَا رَءَاكَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟ إِن يَتَّخِذُونَكَ إِلَّا هُزُوًا أَهَٰذَا ٱلَّذِى يَذْكُرُ ءَالِهَتَكُمْ وَهُم بِذِكْرِ ٱلرَّحْمَٰنِ هُمْ كَٰفِرُونَ ﴿٣٦﴾

36 - ئى پەيغەمبەر! كاپىرلار سېنى كۆرگەن چاغدا بىر - بىرىگە: «سىلەرنىڭ مەبۇدلىرىڭلارنى ئەيىبلەيدىغان ئادەم مۇشۇمۇ؟» دېيىشىپ سېنى مەسخىرە قىلىشىدۇ. ئۇلار رەھمان ئاللاھنى، ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاللاھ نازىل قىلغان قۇرئاننى، ھىدايەتنى ئىنكار قىلغۇچىلاردۇر.

خُلِقَ ٱلْإِنسَٰنُ مِنْ عَجَلٍۚ سَأُوْرِيكُمْ ءَايَٰتِى فَلَا تَسْتَعْجِلُونِ ﴿٣٧﴾

37 - ئىنسان ئالدىراڭغۇ يارىتىلغان بولۇپ، ئىشلارنىڭ تېز ئەمەلگە ئېشىشىنى ئالدىرايدۇ. قۇرەيش كاپىرلىرى ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىڭ تېزرەك چۈشۈشىگە ئالدىرايدۇ. شۇڭا ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزلىرى ئالدىراپ كېتىۋاتقان ئازابنى كۆرسىتىپ قويىدىغانلىقىدىن ۋە ئازابنىڭ تېز چۈشۈشىگە ئالدىراشنىڭ خەتىرىدىن ئاگاھلاندۇردى.

وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَٰذَا ٱلْوَعْدُ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿٣٨﴾

38 - كاپىرلار ئازابنىڭ چۈشۈشىگە ئالدىراپ ۋە مەسخىرە قىلىپ: «ئى مۇھەممەد! ئەگەر سەن ۋە ئېيىنىڭدىكىلەر راستچىللاردىن بولساڭلار، سەن ئاگاھلاندۇرغان بۇ ئازاب قاچان ئەمەلگە ئاشىدۇ؟» دېيىشىدۇ.

لَوْ يَعْلَمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ حِينَ لَا يَكُفُّونَ عَن وُجُوهِهِمُ ٱلنَّارَ وَلَا عَن ظُهُورِهِمْ وَلَا هُمْ يُنصَرُونَ ﴿٣٩﴾

39 - ئەگەر ئاشۇ كاپىرلار ئۇ چاغدا، يۈزلىرىدىن، دۈمبىلىرىدىن ئازابنى توسۇپ قالالمايدىغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنى ئازابتىن قۇتقۇزۇپ قويىدىغان ھېچقانداق ياردەم قىلغۇچى تاپالمايدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا، ھەرگىز كۇفرىنى داۋاملاشتۇرمايتتى ۋە ئازابنىڭ بالدۇر يۈز بېرىشىنى تەلەپ قىلمايتتى.

بَلْ تَأْتِيهِم بَغْتَةً فَتَبْهَتُهُمْ فَلَا يَسْتَطِيعُونَ رَدَّهَا وَلَا هُمْ يُنظَرُونَ ﴿٤٠﴾

40 - قىيامەت ئۇلارغا تۇيۇقسىز كېلىدۇ - دە، ئۇلارنى ئالاقزادە قىلىۋېتىدۇ، ئۇلار قاتتىق قورقۇپ كېتىدۇ، ئازابنى ئۆزلىرىدىن توسۇپ قالالمايدۇ، پۇشايمان قىلىپ ئۆزرە ئېيتىۋېلىش ۋە تەۋبە قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمەيدۇ.

وَلَقَدِ ٱسْتُهْزِئَ بِرُسُلٍ مِّن قَبْلِكَ فَحَاقَ بِٱلَّذِينَ سَخِرُوا۟ مِنْهُم مَّا كَانُوا۟ بِهِۦ يَسْتَهْزِءُونَ ﴿٤١﴾

41 - ئى پەيغەمبەر! سەندىن ئىلگىرى كەلگەن پەيغەمبەرلەرمۇ ھەقىقەتەن مەسخىرە قىلىنغان ئىدى. ئەمما ئۇلارنى مەسخىرە قىلغان كاپىرلارنى شۇ مەسخىرىسىنىڭ جازاسى بولغان ئازاب قورشاپ ھالاك قىلىۋەتكەن ئىدى.

قُلْ مَن يَكْلَؤُكُم بِٱلَّيْلِ وَٱلنَّهَارِ مِنَ ٱلرَّحْمَٰنِۗ بَلْ هُمْ عَن ذِكْرِ رَبِّهِم مُّعْرِضُونَ ﴿٤٢﴾

42 - ئى پەيغەمبەر! ئازابقا ئالدىراپ كەتكەن ئاشۇ كاپىرلارغا: «سىلەرگە كېچىدە ياكى كۈندۈزدە، ئۇخلاۋاتقان ياكى ئويغاق چېغىڭلاردا رەھمان ئاللاھنىڭ ئازابى چۈشسە، سىلەرنى ئۇ ئازابتىن ھېچكىم ساقلاپ قالالمايدۇ» دېگىن. بەلكى ئۇ كاپىرلار قۇرئاندىن ۋە رەببىنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىدىن غەپلەتتىدۇر.

أَمْ لَهُمْ ءَالِهَةٌ تَمْنَعُهُم مِّن دُونِنَاۚ لَا يَسْتَطِيعُونَ نَصْرَ أَنفُسِهِمْ وَلَا هُم مِّنَّا يُصْحَبُونَ ﴿٤٣﴾

43 - ياكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى بىزنىڭ ئازابىمىزدىن قوغداپ قالىدىغان مەبۇدلىرى بارمۇ؟ ئۇلارنىڭ مەبۇد دەۋالغان نەرسىلىرى ئۆزلىرىنى قوغدىيالمايدىغان تۇرسا، باشقىلارنى قانداقمۇ قوغدىيالىسۇن؟! ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشەلمەيدۇ.

بَلْ مَتَّعْنَا هَٰٓؤُلَآءِ وَءَابَآءَهُمْ حَتَّىٰ طَالَ عَلَيْهِمُ ٱلْعُمُرُ ۗ أَفَلَا يَرَوْنَ أَنَّا نَأْتِى ٱلْأَرْضَ نَنقُصُهَا مِنْ أَطْرَافِهَآ ۚ أَفَهُمُ ٱلْغَٰلِبُونَ ﴿٤٤﴾

44 - بۇ كاپىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى بىزنىڭ ئۇلارغا كۆپ مال - دۇنيا ۋە پەرزەنت ئاتا قىلغانلىقىمىزغا، ئۇلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغانلىقىمىزغا ۋە ئۇلارنى جازالاشنى كېچىكتۈرگەنلىكىمىزگە ئالدىنىپ قالغانلىقتىن، كۇفرىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى، كۇفرىلىقىمىزنىڭ جازاسىنى تارتمايمىز دەپ ئويلاپ قالدى، چۈنكى ئۇلار بۇرۇنقى كاپىر قەۋملەرنىڭ بېشىغا كەلگەنلەردىن غەپلەتتىدۇر. ئاللاھ مۇشرىكلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىنىڭ ئەتراپىنى قەدەممۇقەدەم تارايتىپ كېلىۋاتقان تۇرسىمۇ، ئۇلار غەپلەتتە تۇرماقتا. مەككىنىڭ كاپىرلىرى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىدىن ھالقىپ كېتەلەمدۇ ياكى ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالامدۇ؟

قُلْ إِنَّمَآ أُنذِرُكُم بِٱلْوَحْىِ ۚ وَلَا يَسْمَعُ ٱلصُّمُّ ٱلدُّعَآءَ إِذَا مَا يُنذَرُونَ ﴿٤٥﴾

45 - ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە: «مەن سىلەرنى ئازابتىن پەقەت ماڭا كەلگەن ۋەھيى قۇرئان بىلەن ئاگاھلاندۇرۇۋاتىمەن» دېگىن. ئەمما بۇ كاپىرلار ئاگاھلاندۇرۇلغان چاغدا، ئۆزلىرىگە ئاڭلىتىلغان ھەقىقەتنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ پايدىلانمايدۇ.

وَلَئِن مَّسَّتْهُمْ نَفْحَةٌ مِّنْ عَذَابِ رَبِّكَ لَيَقُولُنَّ يَٰوَيْلَنَآ إِنَّا كُنَّا ظَٰلِمِينَ ﴿٤٦﴾

46 - ئەگەر ئۇ كاپىرلارغا رەببىڭنىڭ ئازابىدىن ئازراق بىر نەرسە يەتسىلا، ئۆزلىرىنىڭ ئىنكارچىلىقىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە ھالاكەت تىلەپ: «ۋاي ئىسىت! بىز راستتىنلا ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلىپتۇق» دەيدۇ.

وَنَضَعُ ٱلْمَوَٰزِينَ ٱلْقِسْطَ لِيَوْمِ ٱلْقِيَٰمَةِ فَلَا تُظْلَمُ نَفْسٌ شَيْـًٔا ۖ وَإِن كَانَ مِثْقَالَ حَبَّةٍ مِّنْ خَرْدَلٍ أَتَيْنَا بِهَا ۗ وَكَفَىٰ بِنَا حَٰسِبِينَ ﴿٤٧﴾

47 - ئاللاھ قىيامەت كۈنى كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى تارتىش ئۈچۈن، ئادالەت تارازىلىرىنى ئورنىتىدۇ، ئۇلارغا ياكى ئۇلاردىن باشقىلارغا قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ. بىراۋنىڭ قىچا چاغلىق ياخشى ياكى يامان ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇ كىشى ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئەمەللىرىنى ساناشقا ۋە ئۇنىڭغا مۇكاپات ياكى جازا بېرىشكە يېتەرلىكتۇر.

وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا مُوسَىٰ وَهَٰرُونَ ٱلْفُرْقَانَ وَضِيَآءً وَذِكْرًا لِّلْمُتَّقِينَ ﴿٤٨﴾ ٱلَّذِينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُم بِٱلْغَيْبِ وَهُم مِّنَ ٱلسَّاعَةِ مُشْفِقُونَ ﴿٤٩﴾

48 - 49 - شەكسىزكى، بىز مۇسا بىلەن ھارۇنغا ئۆزلىرىنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل - پاكىت، پىرئەۋنگە قارشى نۇسرەت ئاتا قىلدۇق، ئۇلارغا يەنە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىپ بېرىدىغان، تەقۋادارلارغا يېتەكچى بولىدىغان نۇرلۇق كىتاب - تەۋراتنى ئاتا قىلدۇق. ئۇلار ھېچقانداق ئىنسان يوق خىلۋەت جايلاردىمۇ رەببىدىن قورقىدىغان، قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ تىترەيدىغان كىشىلەردۇر.

وَهَٰذَا ذِكْرٌ مُّبَارَكٌ أَنزَلْنَٰهُ ۚ أَفَأَنتُمْ لَهُۥ مُنكِرُونَ ﴿٥٠﴾

50 - ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان بۇ قۇرئان نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدىغان،

ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارنى ئورۇنداپ، ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق تۇرىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەتتۇر، بۇ قۇرئان ياخشىلىقى كۆپ، پايدىسى زور كىتابتۇر. قۇرئان ھەقىقەتەن شۇنداق ئوچۇق ۋە روشەن تۇرسىمۇ، يەنىلا سىلەر ئۇنى ئىنكار قىلامسىلەر؟

۞ وَلَقَدْ ءَاتَيْنَآ إِبْرَٰهِيمَ رُشْدَهُۥ مِن قَبْلُ وَكُنَّا بِهِۦ عَٰلِمِينَ ﴿٥١﴾

51 - شەكسىزكى، بىز ئىبراھىمغا مۇسا ۋە ھارۇندىن بۇرۇنلا ھىدايەت ئاتا قىلغان ئىدۇق، ئۇ كىشىلەرنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلغان ئىدى، ئۇنىڭ بۇ ئىشقا لايىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتۇق.

إِذْ قَالَ لِأَبِيهِ وَقَوْمِهِۦ مَا هَٰذِهِ ٱلتَّمَاثِيلُ ٱلَّتِىٓ أَنتُمْ لَهَا عَٰكِفُونَ ﴿٥٢﴾

52 - ئىبراھىم ئۆز ۋاقتىدا ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە: «سىلەر ئۆز قولۇڭلار بىلەن ياساپ چىقىپ چوقۇنۇۋاتقان بۇ بۇتلار نېمە؟» دېدى.

قَالُوا۟ وَجَدْنَآ ءَابَآءَنَا لَهَا عَٰبِدِينَ ﴿٥٣﴾

53 - ئۇلار: «بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق، شۇڭا بىزمۇ ئاتا - بوۋىلىرىمىزغا ئەگىشىپ ئۇلارغا چوقۇندۇق» دېدى.

قَالَ لَقَدْ كُنتُمْ أَنتُمْ وَءَابَآؤُكُمْ فِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٥٤﴾

54 - ئىبراھىم ئۇلارغا: «سىلەر ۋە ئاتا - بوۋىلىرىڭلار مۇشۇ بۇتلارغا چوقۇنۇپ ھەقىقەتتىن تامامەن يىراقلىشىپ، ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇققا پاتتىڭلار» دېدى.

قَالُوٓا۟ أَجِئْتَنَا بِٱلْحَقِّ أَمْ أَنتَ مِنَ ٱللَّٰعِبِينَ ﴿٥٥﴾

55 - ئۇلار: «سەن راست دەۋاتامسەن؟ ياكى چاقچاق قىلىۋاتامسەن؟» دېدى.

قَالَ بَل رَّبُّكُمْ رَبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ٱلَّذِى فَطَرَهُنَّ وَأَنَا۠ عَلَىٰ ذَٰلِكُم مِّنَ ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿٥٦﴾

56 - ئىبراھىم ئۇلارغا ئېيتتى: «چاقچاق قىلغىنىم يوق، ئەكسىچە، مەن سىلەرنى ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىۋاتقان رەببىڭلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئىگىسى ۋە ياراتقۇچىسىدۇر. مەن ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەردىنمەن.

وَتَٱللَّهِ لَأَكِيدَنَّ أَصْنَٰمَكُم بَعْدَ أَن تُوَلُّوا۟ مُدْبِرِينَ ﴿٥٧﴾

57 - ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، مەن چوقۇم بۇتلىرىڭلارغا قارشى پىلانلىغان تەدبىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن ۋە ئۇلارنى چېقىپ تاشلايمەن».

فَجَعَلَهُمْ جُذَٰذًا إِلَّا كَبِيرًا لَّهُمْ لَعَلَّهُمْ إِلَيْهِ يَرْجِعُونَ ﴿٥٨﴾

58 - نىھايەت، ئىبراھىم بۇتلارنى چېقىپ پارچە - پارچە قىلىۋەتتى، ئۇلار قايتىپ كېلىپ بۇتلارنى كىمنىڭ چاققانلىقىنى سوراپ باقسۇن دەپ، چوڭ بۇتنىلا قالدۇرۇپ قويدى.

قَالُوا۟ مَن فَعَلَ هَٰذَا بِـَٔالِهَتِنَآ إِنَّهُۥ لَمِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٥٩﴾

59 - قەۋم قايتىپ كېلىپ بۇتلىرىنىڭ چېقىلىپ پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ بىر - بىرىگە: «ئىلاھلىرىمىزنى مۇنداق قىلغان كىم؟ ئۇ بىزنىڭ ئۇلۇغلاشقا تېگىشلىك ئىلاھلىرىمىزغا چېقىلىشقا جۈرئەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ھەقىقەتەن زالىم ئىكەن» دېيىشتى.

قَالُواْ سَمِعۡنَا فَتًى يَذۡكُرُهُمۡ يُقَالُ لَهُۥٓ إِبۡرَٰهِيمُ ﴿٦٠﴾

60 - ئىبراھىمنىڭ بۇتلار ھەققىدىكى سۆزىنى ئاڭلىغانلاردىن بىرى: «ئىبراھىم ئاتلىق بىر
يىگىتنىڭ ئىلاھلىرىمىزنى ئەيىبلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدۇق» دېدى.

قَالُواْ فَأۡتُواْ بِهِۦ عَلَىٰٓ أَعۡيُنِ ٱلنَّاسِ لَعَلَّهُمۡ يَشۡهَدُونَ ﴿٦١﴾

61 - ئۇلارنىڭ كاتتىباشلىرى: «ئىبراھىمنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىڭلار، ئۇلار
ئىبراھىمنىڭ ئۆز قىلمىشىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ گۇۋاھ بولغاي، بۇ گۇۋاھلىق
ئىبراھىمغا قارشى پاكىت بولغاي!» دېدى.

قَالُوٓاْ ءَأَنتَ فَعَلۡتَ هَٰذَا بِـَٔالِهَتِنَا يَٰٓإِبۡرَٰهِيمُ ﴿٦٢﴾

62 - ئىبراھىم ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى، ئۇلار ئىبراھىمنى ئەيىبلەپ: «ئىلاھلىرىمىزنى
(يەنى بۇتلىرىمىزنى) چېقىپ تاشلىغان سەنمۇ؟» دېدى.

قَالَ بَلۡ فَعَلَهُۥ كَبِيرُهُمۡ هَٰذَا فَسۡـَٔلُوهُمۡ إِن كَانُواْ يَنطِقُونَ ﴿٦٣﴾

63 - ئىبراھىم ئۇلارنىڭ ھاماقەتلىكىنى خەلقى ئالدىدا نامايان قىلىپ ئۇلارنى مات
قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا: «بەلكى ئاشۇ بۇتلارنى چېقىپ تاشلىغىنى مۇشۇ چوڭ بۇتتۇر.
ئەگەر ئۇلار گەپ قىلالىسا ياكى سىلەرگە جاۋاب بېرەلىسە، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن سوراپ
بېقىڭلار!» دېدى.

فَرَجَعُوٓاْ إِلَىٰٓ أَنفُسِهِمۡ فَقَالُوٓاْ إِنَّكُمۡ أَنتُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٦٤﴾

64 - بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇلار ئويلىنىپ كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا
ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. زادى ئۇلار ئۆزلىرىدىن ھېچبىر زىيان-زەخمەتنى توسۇپ
قالالمايدىغان ياكى چاقىرغۇچىلىرىغا جاۋاب بېرەلمەيدىغان نەرسىلەرگە قانداق
چوقۇنىدۇ؟ ئۇلار بىر - بىرىگە كايىپ: «ئەسلى زالىملار سىلەر ئىكەنسىلەر» دېيىشتى.
ئۇلار شۇنداق قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىگە ئۆزى
زۇلۇم قىلغان قەۋم ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتى.

ثُمَّ نُكِسُواْ عَلَىٰ رُءُوسِهِمۡ لَقَدۡ عَلِمۡتَ مَا هَٰٓؤُلَآءِ يَنطِقُونَ ﴿٦٥﴾

65 - ئاندىن ئۇلار ئۇزۇنغا قالمايلا بۇرۇنقى كۇفرىلىقىغا قايتتى، ئۇلار ئۆزلىرىگە قارشى
پاكىتنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا قارشى پاكىت قىلماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا: «ئۇلاردىن
قانداق سورايمىز؟ سەن ئۇلارنىڭ گەپ قىلالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىسەنغۇ؟» دېدى.

قَالَ أَفَتَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَنفَعُكُمۡ شَيۡـٔٗا وَلَا يَضُرُّكُمۡ ﴿٦٦﴾ أُفّٖ لَّكُمۡ وَلِمَا تَعۡبُدُونَ
مِن دُونِ ٱللَّهِۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ﴿٦٧﴾

66 - 67- ئىبراھىم ئۇلارغا بۇتلارنىڭ ئەڭ بىچارە نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش
ئۈچۈن، ئۇلارغا كايىپ: «سىلەر چوقۇنسا قىلچە پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان، تاشلىۋەتسە
زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە قانداقمۇ چوقۇنىسىلەر؟ ئىسىت، سىلەرگە ۋە
سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرىڭلارغا! قانداق يامان ئەھۋالدا
تۇرۇۋاتقىنىڭلارنى ئويلاپ باقامسىلەر؟» دېدى.

قَالُواْ حَرِّقُوهُ وَٱنصُرُوٓاْ ءَالِهَتَكُمۡ إِن كُنتُمۡ فَٰعِلِينَ ﴿٦٨﴾ قُلۡنَا يَٰنَارُ كُونِي بَرۡدٗا وَسَلَٰمًا عَلَىٰٓ إِبۡرَٰهِيمَ ﴿٦٩﴾

68 ـ 69ـ ئۇلار ئىبراھىمنىڭ پاكىتلىرى ئالدىدا يېڭىلگەندىن كېيىن، زوراۋانلىققا يۈزلىنىپ:
«ئەگەر سىلەر راستتىنلا ئىلاھلىرىڭلارغا ياردەم بەرمەكچى بولساڭلار، ئىبراھىمنى ئوتقا
تاشلاپ كۆيدۈرۈۋېتىڭلار!» دېدى. ئاندىن ئۇلار چوڭ بىر ئوت دۆۋىسىنى ياندۇردى ۋە
ئىبراھىمنى ئۇنىڭغا تاشلىدى. ئەمما ئاللاھ ئىبراھىمنى قوغداپ ئوتقا: «ئى ئوت!
ئىبراھىمغا سوغۇق ۋە ئامانلىق بولۇپ بەرگىن» دېدى. نەتىجىدە، ئوتتا ئىبراھىمغا
قىلچە زىيان يەتمىدى.

وَأَرَادُواْ بِهِۦ كَيۡدٗا فَجَعَلۡنَٰهُمُ ٱلۡأَخۡسَرِينَ ﴿٧٠﴾

70 ـ ئۇلار ئىبراھىمنى ھالاك قىلماقچى بولۇۋىدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى بەربات
قىلىۋەتتى، ئۇلارنى يېڭىلگەن ۋە رەسۋا بولغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

وَنَجَّيۡنَٰهُ وَلُوطًا إِلَى ٱلۡأَرۡضِ ٱلَّتِي بَٰرَكۡنَا فِيهَا لِلۡعَٰلَمِينَ ﴿٧١﴾

71 ـ بىز ئىبراھىمنى ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان لۇتنى ئىراقتىن قۇتقۇزۇپ چىقىپ، بىز
كۆپلىگەن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلىش بىلەن بەرىكەتلىك قىلغان، كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەر
ئۆتكەن شام زېمىنىغا يەتكۈزدۇق.

وَوَهَبۡنَا لَهُۥٓ إِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَ نَافِلَةٗۖ وَكُلّٗا جَعَلۡنَا صَٰلِحِينَ ﴿٧٢﴾

72 ـ ئاللاھ ئىبراھىمغا ئىنئام قىلىپ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ئىسھاق
ئىسىملىك بىر پەرزەنت ئاتا قىلدى، ئۇنىڭغا يەنە ئىسھاق ئارقىلىق يەئقۇب ئىسىملىك
بىر نەۋرە ئاتا قىلدى. ئاللاھ ئىبراھىم، ئىسھاق، يەئقۇب قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى
ئىتائەتمەن، ياخشى كىشىلەر قىلدى.

وَجَعَلۡنَٰهُمۡ أَئِمَّةٗ يَهۡدُونَ بِأَمۡرِنَا وَأَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡهِمۡ فِعۡلَ ٱلۡخَيۡرَٰتِ وَإِقَامَ ٱلصَّلَوٰةِ وَإِيتَآءَ ٱلزَّكَوٰةِۖ وَكَانُواْ
لَنَا عَٰبِدِينَ ﴿٧٣﴾

73 ـ بىز ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە يەئقۇب قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بويىچە
كىشىلەرنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا دەۋەت قىلىدىغان
پېشۋالار قىلدۇق، ئۇلارغا ياخشى ئىشلارنى قىلىش، نامازنى مۇكەممەل ئوقۇش، زاكات
بېرىش ھەققىدە ۋەھيى قىلدۇق، ئۇلار بۇنىڭغا ئەمەل قىلدى، ئۇلار بىزگە ئىبادەت
قىلىدىغان كىشىلەر ئىدى.

وَلُوطًا ءَاتَيۡنَٰهُ حُكۡمٗا وَعِلۡمٗا وَنَجَّيۡنَٰهُ مِنَ ٱلۡقَرۡيَةِ ٱلَّتِي كَانَت تَّعۡمَلُ ٱلۡخَبَٰٓئِثَۚ إِنَّهُمۡ كَانُواْ قَوۡمَ
سَوۡءٖ فَٰسِقِينَ ﴿٧٤﴾

74 ـ لۇتقا پەيغەمبەرلىك، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا توغرا ھۆكۈم چىقىرىش ئىقتىدارى،
ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ۋە دىنىنى مۇكەممەل بىلىدىغان بىلىم ئاتا قىلدۇق. ئۇنى ئاھالىسى
بەچچىۋازلىق قاتارلىق يامان قىلىقلارنى قىلىدىغان سەدۇم شەھرىدىن قۇتقۇزدۇق.
چۈنكى ئۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى مەزكۇر قەبىھ قىلىقنى قىلىش ۋە كۆپلىگەن گۇناھ
ـ مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلىش بىلەن ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ كەتكەن پاسىق
قەۋم ئىدى.

وَأَدۡخَلۡنَٰهُ فِي رَحۡمَتِنَآۖ إِنَّهُۥ مِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٧٥﴾

75 ـ ئاللاھ ئۇنىڭغا نېمىتىنى تاماملاپ بەردى ۋە ئۇنى قەۋمىنىڭ بېشىغا كەلگەن ھالاكەتتىن

قۇتقۇزۇپ ئۆز رەھمىتىگە داخىل قىلدى. چۈنكى ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدىغان ياخشى كىشىلەردىن ئىدى.

وَنُوحًا إِذۡ نَادَىٰ مِن قَبۡلُ فَٱسۡتَجَبۡنَا لَهُۥ فَنَجَّيۡنَٰهُ وَأَهۡلَهُۥ مِنَ ٱلۡكَرۡبِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿٧٦﴾

76 - ئى پەيغەمبەر! نۇھنى ئەسلىگىن، ئۇ سەندىن، ئىبراھىمدىن ۋە لۇتتىن ئىلگىرى ئۆز قەۋمىگە ھالاكەت تىلەپ بەددۇئا قىلغان ئىدى. بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى مۇئمىنلەرنى توپان بالاسىدىن قۇتقۇزغان ئىدۇق.

وَنَصَرۡنَٰهُ مِنَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَآۚ إِنَّهُمۡ كَانُواْ قَوۡمَ سَوۡءٖ فَأَغۡرَقۡنَٰهُمۡ أَجۡمَعِينَ ﴿٧٧﴾

77 - ئۇنى ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان قەۋمىنىڭ سۇيىقەستىدىن ساقلىدۇق ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەردۇق. چۈنكى ئۇنىڭ قەۋمى قەبىھ ئىشلارنى قىلىدىغان قەۋم ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى توپان بالاسىدا غەرق قىلىۋەتتۇق.

وَدَاوُۥدَ وَسُلَيۡمَٰنَ إِذۡ يَحۡكُمَانِ فِي ٱلۡحَرۡثِ إِذۡ نَفَشَتۡ فِيهِ غَنَمُ ٱلۡقَوۡمِ وَكُنَّا لِحُكۡمِهِمۡ شَٰهِدِينَ ﴿٧٨﴾

78 - ئى پەيغەمبەر! ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بولغان داۋۇدنى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سۇلەيماننى ئەسلىگىن. ئۆز ۋاقتىدا بىرقەۋمنىڭ قويى كېچىسى زىرائەتنى يەپ (بۇزۇۋەتكەندە) ئۇ ئىككىسى زىرائەت توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغان ئىدى. بىز ئۇلارنىڭ ھۆكمىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدۇق. ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئىككى نەپەر دەۋاگەر كىرگەن بولۇپ، ئۇلاردىن بىرىنىڭ قويى كېچىسى يەنە بىرىنىڭ زىرائەتلىرىنى يەپ پۈتۈنلەي بۇزۇۋەتكەن ئىدى. داۋۇد قويىنىڭ قىممىتى بىلەن بۇزۇلغان زىرائەتنىڭ قىممىتى ئوخشاش دەپ قاراپ، قوينى زىرائەتنى بۇزۇۋېتىلگەن كىشىگە بېرىشنى بۇيرۇيدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ قىممىتىنى ئۆلچەشتە سۇلايمان ئەلەيھىسسالام مەسىلىگە باشقىچىراق قاراپ، قوي ئىگىسى زىرائەتنى قايتا تېرىپ بۇرۇنقىدەك ئۆستۇرۇپ بەرگەنگە قەدەر قوينىڭ زىرائەت ئىگىسىگە قالدۇرۇلۇشىنى، ئاشۇغىچە زىرائەت ئىگىسىنىڭ قويىنىڭ يۇڭى، تېرىسى ۋە تۆلىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇشىنى ئېيتىدۇ.

فَفَهَّمۡنَٰهَا سُلَيۡمَٰنَۚ وَكُلًّا ءَاتَيۡنَا حُكۡمٗا وَعِلۡمٗاۚ وَسَخَّرۡنَا مَعَ دَاوُۥدَ ٱلۡجِبَالَ يُسَبِّحۡنَ وَٱلطَّيۡرَۚ وَكُنَّا
فَٰعِلِينَ ﴿٧٩﴾

79 - بىز سۇلەيمانغا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىشنى بىلدۈردۇق. بىز داۋۇد بىلەن سۇلايمانغا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ۋە ئىلىم - ھېكمەت ئاتا قىلغان ئىدۇق. تاغلارنى، قۇشلارنى داۋۇدقا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق ۋە ئۇلارنى داۋۇد بىلەن بىللە تەسبىھ ئېيتىدىغان قىلدۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىز قىلدۇق.

وَعَلَّمۡنَٰهُ صَنۡعَةَ لَبُوسٖ لَّكُمۡ لِتُحۡصِنَكُم مِّنۢ بَأۡسِكُمۡۖ فَهَلۡ أَنتُمۡ شَٰكِرُونَ ﴿٨٠﴾

80 - ئاللاھ داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ساۋۇت ياساشنى ئۆگىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىنئام قىلغان ئىدى. ساۋۇتلار جەڭلەردە مۇجاھىدلارنى دۈشمەنلەرنىڭ قىلىچ ۋە ئوقلىرىدىن ساقلاپ قالاتتى. ئى ئىنسانلار! ئاللاھ بەندىسى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا روياپقا چىقارغان بۇ قوغدىنىش قورالى ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكۈر قىلمامسىلەر؟

وَلِسُلَيۡمَٰنَ ٱلرِّيحَ عَاصِفَةٗ تَجۡرِي بِأَمۡرِهِۦٓ إِلَى ٱلۡأَرۡضِ ٱلَّتِي بَٰرَكۡنَا فِيهَاۚ وَكُنَّا بِكُلِّ شَيۡءٍ عَٰلِمِينَ ﴿٨١﴾

81 - بىز سۇلەيمانغا قاتتىق چىقىدىغان شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئىدۇق، شامال
سۇلەيماننىڭ ئەمرى بويىچە، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنى كۆتۈرۈپ، بىز
بەرىكەتلىك قىلغان شام زېمىنىغا باراتتى، بىزنىڭ ئىلمىمىز ھەممە نەرسىنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ.

وَمِنَ ٱلشَّيَٰطِينِ مَن يَغُوصُونَ لَهُۥ وَيَعۡمَلُونَ عَمَلٗا دُونَ ذَٰلِكَۖ وَكُنَّا لَهُمۡ حَٰفِظِينَ ﴿٨٢﴾

82 - سۇلەيمانغا بىر قىسىم شەيتانلارنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئىدۇق. سۇلەيمان شەيتانلارنى
باشقىلار قىلالمايدىغان ئىشلارغا سالاتتى، شەيتانلار دېڭىزغا شۇڭغۇپ كىرىپ، ئۇنىڭدىن
سۇلەيمانغا مارجان ۋە مەرۋايىتلارنى ئېلىپ چىقاتتى، يەنە ئۇلار سۇلەيمان بۇيرۇغان
باشقا ئىشلارنىمۇ قىلاتتى، بۇيرۇلغان ئىشلارنى ئورۇنداشتىن باش تارتالمايتتى. بىز
ئۇلارنى ئۆز قۇدرىتىمىز ۋە قەھرىمىز بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتۇق.

۞ وَأَيُّوبَ إِذۡ نَادَىٰ رَبَّهُۥٓ أَنِّي مَسَّنِيَ ٱلضُّرُّ وَأَنتَ أَرۡحَمُ ٱلرَّٰحِمِينَ ﴿٨٣﴾

83 - ئى پەيغەمبەر! بەندىمىز ئەييۇبنى ئەسلىگىن. بىز ئۇنى قاتتىق كېسەللىك بىلەن،
پەرزەنتلىرىدىن، مال - دۇنياسىدىن ئايرىۋېتىش بىلەن سىنىغان ئىدۇق. ئۇ بۇ
مۇسىبەتلەرنىڭ ھەممىسىگە سەۋر قىلغان، تارتقان جاپالىرىنىڭ بەدىلىگە ئاللاھتىن
ساۋاب ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھقا مۇناجات قىلىپ: «ئى رەببىم! ھەقىقەتەن ماڭا بالا
(كېسەل) تەگدى، سەن شەپقەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ شەپقەتلىكىسەن، ماڭا رەھىم-
شەپقەت قىلغىن، ماڭا شىپالىق بەرگىن» دەپ دۇئا قىلغان ئىدى.

فَٱسۡتَجَبۡنَا لَهُۥ فَكَشَفۡنَا مَا بِهِۦ مِن ضُرّٖۖ وَءَاتَيۡنَٰهُ أَهۡلَهُۥ وَمِثۡلَهُم مَّعَهُمۡ رَحۡمَةٗ مِّنۡ عِندِنَا وَذِكۡرَىٰ
لِلۡعَٰبِدِينَ ﴿٨٤﴾

84 - بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق ۋە ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالانى كۆتۈرۈۋەتتۇق،
ئايرىلىپ قالغان پەرزەنتلىرىنى، مال - دۇنياسىنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ قايتۇرۇپ بەردۇق.
بىز بۇنى ئۇنىڭغا رەھىم - شەپقەت قىلغانلىقتىن ۋە ئۇنى بالا - قازاغا سەۋر قىلىدىغان
ھەربىر سەۋرچان كىشى ئۈچۈن ئۈلگە بولسۇن، دەپ شۇنداق قىلدۇق.

وَإِسۡمَٰعِيلَ وَإِدۡرِيسَ وَذَا ٱلۡكِفۡلِۖ كُلّٞ مِّنَ ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿٨٥﴾

85 - ئىسمائىل، ئىدرىس ۋە زۇلكىفل قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئەسلىگىن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى
ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتا چىداملىق، گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن ساقلىنىدىغان، بېشىغا
كەلگەن مۇسىبەتكە سەۋر قىلىدىغان كىشىلەر ئىدى. شۇڭا ئۇلار گۈزەل مەدھىيەلەرگە
ئېرىشكۈچى بولدى.

وَأَدۡخَلۡنَٰهُمۡ فِي رَحۡمَتِنَآۖ إِنَّهُم مِّنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٨٦﴾

86 - ئۇلارنى رەھمىتىمىز دائىرىسىگە كىرگۈزدۇق، چۈنكى ئۇلار ئىچى بىلەن تېشى بىر خىل
بولغان، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدىغان، ئاللاھ بۇيرۇغان بويىچە ئىش كۆرىدىغان، سالىھ
كىشىلەر ئىدى.

وَذَا ٱلنُّونِ إِذ ذَّهَبَ مُغَٰضِبٗا فَظَنَّ أَن لَّن نَّقۡدِرَ عَلَيۡهِ فَنَادَىٰ فِي ٱلظُّلُمَٰتِ أَن لَّآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنتَ
سُبۡحَٰنَكَ إِنِّي كُنتُ مِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٨٧﴾

87 - بېلىقنىڭ قارنىغا كىرىپ كەتكەن يۇنۇسنىڭ قىسسىسىنى ئەسلىگىن. ئاللاھ ئۇنى ئۆز

قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقىلى ئۇنىمىدى. يۇنۇس ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، ئۇلار كاپىرلىقتىن يانمىدى. ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقى سەۋەبلىك يۇنۇسنىڭ يۈركى سىقىلدى، ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا ئاللاھ بۇيرۇغان رەۋىشتە سەۋر قىلىپ تۇرالمىدى. نەتىجىدە، يۇنۇس قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىغا قاتتىق خاپا بولۇپ، ئۇلارنى تاشلاپ يۇرتىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز چىقىپ كەتسەمۇ، مېنى جازالىماسمىكىن دەپ ئويلىغان ئىدى. ئاللاھ ئۇنى قاتتىق سىقىلىش ۋە مەھبۇسلۇق بىلەن سىنىدى، تارچىلىققا مۇپتىلا قىلدى، ئۇنى دېڭىزدا بېلىق يۇتۇۋەتتى، ئۇ كېچىنىڭ، دېڭىزنىڭ ۋە بېلىقنىڭ قورسىقىدىكى ئۈچ قات قاراڭغۇلۇقتا ئاللاھقا مۇناجات قىلىپ: «ئى رەببىم! سەندىن باشقا تائەت-ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ھېچقانداق ئىلاھ يوق، سەن بارلىق كەمچىلىكلەردىن پاكتۇرسەن، مەن راستتىنلا ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم» دەپ دۇئا قىلدى.

فَٱسۡتَجَبۡنَا لَهُۥ وَنَجَّيۡنَٰهُ مِنَ ٱلۡغَمِّۚ وَكَذَٰلِكَ نُـۨجِي ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٨٨﴾

88 - ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى ئاشۇ قاتتىق غەمدىن خالاس قىلدۇق، بىز شەرىئىتىمىزگە ئەمەل قىلىدىغان مۇئمىنلەرنى ئەنە شۇنداق قۇتقۇزىمىز.

وَزَكَرِيَّآ إِذۡ نَادَىٰ رَبَّهُۥ رَبِّ لَا تَذَرۡنِي فَرۡدٗا وَأَنتَ خَيۡرُ ٱلۡوَٰرِثِينَ ﴿٨٩﴾

89 - ئى پەيغەمبەر! بەندىمىز زەكەرىييانىڭ قىسسىسىنى ئەسلىگىن. ئۇ ياشىنىپ قالغان چېغىدا ئاللاھتىن پەرزەنت تىلەپ: «ئى رەببىم! مېنى ۋارىسسىز يالغۇز قويمىغىن، ماڭا مەندىن كېيىن كىشىلەرگە دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىدىغان بىرەر ۋارىس ئاتا قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن مەڭگۈ ھايات تۇرغۇچى ۋە ماڭا ئەڭ ياخشى ۋارىس ئاتا قىلغۇچى (يېگانە رەببىمسەن)» دەپ دۇئا قىلغان ئىدى.

فَٱسۡتَجَبۡنَا لَهُۥ وَوَهَبۡنَا لَهُۥ يَحۡيَىٰ وَأَصۡلَحۡنَا لَهُۥ زَوۡجَهُۥٓۚ إِنَّهُمۡ كَانُواْ يُسَٰرِعُونَ فِي ٱلۡخَيۡرَٰتِ وَيَدۡعُونَنَا رَغَبٗا وَرَهَبٗاۖ وَكَانُواْ لَنَا خَٰشِعِينَ ﴿٩٠﴾

90 - بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇ ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا يەھيانى ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا ئايالىنى گۈزەل ئەخلاقلىق ۋە تۇغىدىغان قىلىپ بەردۇق. ھەقىقەتەن ئۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايتتى، رەھمىتىمىزنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىمىزدىن قورقۇپ بىزگە دۇئا قىلاتتى، بىزگە ۋايىغا يەتكەن كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلاتتى.

وَٱلَّتِيٓ أَحۡصَنَتۡ فَرۡجَهَا فَنَفَخۡنَا فِيهَا مِن رُّوحِنَا وَجَعَلۡنَٰهَا وَٱبۡنَهَآ ءَايَةٗ لِّلۡعَٰلَمِينَ ﴿٩١﴾

91 - ئى پەيغەمبەر! ئېپپىتىنى ھارامدىن ساقلىغان ئىمران قىزى مەريەمنى ئەسلىگىن. مەريەمگە ئەرنىڭ قولى تېگىپ باقمىغان ئىدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا جىبرىل ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتتى. جىبرىل مەريەمنىڭ كۆڭلىكىنىڭ يانچۇقىغا پۈۋلەپ قويۇۋىدى، بۇ پۈۋلەش مەريەمنىڭ بالىياتقۇسىغا يېرىپ يەتتى. ئاللاھ ئاشۇ پۈۋلەشتىن ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ياراتتى. مەريەم ھېچقانداق ئەر جىنسىغا يېقىنلاشماي تۇرۇپ ئىيساغا ھامىلىدار بولدى. مەريەم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىيسا ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە دەلىل، بارلىق ئىنسانلارغا تا قىيامەتكىچە ئىبرەت بولۇپ قالدى.

إِنَّ هَٰذِهِۦٓ أُمَّتُكُمۡ أُمَّةٗ وَٰحِدَةٗ وَأَنَا۠ رَبُّكُمۡ فَٱعۡبُدُونِ ﴿٩٢﴾

92 ـ ئاشۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دىنى بىردۇر. ئۇ بولسىمۇ ئىسلام دىنىدۇر. ئىسلام
ـ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىش دېگەنلىكتۇر.
ئاللاھ بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە يېگانە رەببىدۇر. ئى ئىنسانلار! بۇنى بىلگەن
بولساڭلار، ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار.

وَتَقَطَّعُوٓاْ أَمۡرَهُم بَيۡنَهُمۡۖ كُلٌّ إِلَيۡنَا رَٰجِعُونَ ﴿٩٣﴾

93 ـ لېكىن ئىنسانلار ئۆز پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلدى. ئۇلارنىڭ
ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ تولىسى پىرقە ـ پىرقىلەرگە، گۇرۇھ-گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى،
مەخلۇقاتقا ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىگە چوقۇندى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ
دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ ۋە قىلمىشلىرىدىن ھېساب بېرىدۇ.

فَمَن يَعۡمَلۡ مِنَ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَهُوَ مُؤۡمِنٞ فَلَا كُفۡرَانَ لِسَعۡيِهِۦ وَإِنَّا لَهُۥ كَٰتِبُونَ ﴿٩٤﴾

94 ـ كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئېيتقان ئىمانىغا ئەمەل قىلىپ، قولىدىن
كەلگەنچە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش قاتارلىق ياخشى ئەمەللەرنى
قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەلىنى زايە قىلىۋەتمەيدۇ، بەلكى ئەمەلىگە
ھەسسىلەپ كۆپ مۇكاپات ئاتا قىلىدۇ، ئۇ كىشى ئۆلگەندىن كېيىن، قىيامەت كۈنى
ئۆزىنىڭ بارلىق ياخشى ئەمەللىرىنى نامە ـ ئەمال دەپتىرىدە تولۇق تاپىدۇ. چۈنكى
پەرىشتىلەر ئۇنى يېزىپ تۇرىدۇ.

وَحَرَٰمٌ عَلَىٰ قَرۡيَةٍ أَهۡلَكۡنَٰهَآ أَنَّهُمۡ لَا يَرۡجِعُونَ ﴿٩٥﴾

95 ـ بىز كاپىرلىقى ۋە زالىملىقى سەۋەبلىك ھالاك قىلىۋەتكەن شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئىمان
ئېيتىپ مۇئمىنلەردىن بولۇشى ئۈچۈن دۇنياغا قايتىشى مۇمكىن ئەمەس.

حَتَّىٰٓ إِذَا فُتِحَتۡ يَأۡجُوجُ وَمَأۡجُوجُ وَهُم مِّن كُلِّ حَدَبٖ يَنسِلُونَ ﴿٩٦﴾ وَٱقۡتَرَبَ ٱلۡوَعۡدُ ٱلۡحَقُّ فَإِذَا هِيَ
شَٰخِصَةٌ أَبۡصَٰرُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يَٰوَيۡلَنَا قَدۡ كُنَّا فِي غَفۡلَةٖ مِّنۡ هَٰذَا بَلۡ كُنَّا ظَٰلِمِينَ ﴿٩٧﴾

96 ـ 97- يەجۇج بىلەن مەجۇج توسمىسى ئېچىۋېتىلگەن، ئۇلار زېمىنىنىڭ ھەربىر
تۆپىلىكلىرىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىپ، زېمىنىنىڭ تەرەپ-تەرەپلىرىگە تېزلىكتە
تارقالغاندا، قىيامەت يېقىنلىشىدۇ، قىيامەتنىڭ قورقۇنچلىرى باشلىنىدۇ، ئۇ چاغدا
كاپىرلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىدۇ، ئۇلار: «ۋاي ئىست! بىز مۇشۇ كۈندىن
غەپلەتتە قاپتۇق، بۇ كۈن ئۈچۈن ھېچ تەييارلىق قىلماپتۇق، بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز
زۇلۇم قىلىپتۇق» دەپ قاتتىق ھەسرەت چېكىدۇ.

إِنَّكُمۡ وَمَا تَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ حَصَبُ جَهَنَّمَ أَنتُمۡ لَهَا وَٰرِدُونَ ﴿٩٨﴾

98 ـ ئى مۇشرىكلار! شەكسىزكى، سىلەر سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان بۇتلىرىڭلار،
سىلەرنىڭ ئۆزىگە چوقۇنۇشۇڭلارنى راۋا كۆرگەن جىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان ساختا
مەبۇدلىرىڭلار بىلەن بىرلىكتە دوزاخنىڭ يېقىلغۇسى بولىسىلەر، سىلەر ۋە ئۇلار دوزاخقا
كىرىسىلەر.

لَوۡ كَانَ هَٰٓؤُلَآءِ ءَالِهَةٗ مَّا وَرَدُوهَاۖ وَكُلّٞ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٩٩﴾

99 ـ ئى مۇشرىكلار! سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان ئاشۇ نەرسىلىرىڭلار ئەمەلىيەتتە
ئىلاھ بولىدىغان بولسا ئىدى، ئۇلار سىلەر بىلەن بىللە ھەرگىزمۇ دوزاخقا كىرمىگەن
بولاتتى. چوقۇنغۇچىلار ۋە چوقۇنۇلغۇچىلار ھەممىسى دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.

لَهُمۡ فِيهَا زَفِيرٞ وَهُمۡ فِيهَا لَا يَسۡمَعُونَ ﴿١٠٠﴾

100 - دوزاختا ئازابلىنىدىغان ئاشۇ مۇشرىكلارنىڭ قانداق قاتتىق ئازاب چېكىدىغانلىقى ئۇلارنىڭ كۆكسىدىن شىددەت بىلەن چىققان نەپەسلىرىدىن ۋە دات - پەريادلىرىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ. دوزاخ ئازابىنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئۇلار ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايدۇ.

إِنَّ ٱلَّذِينَ سَبَقَتۡ لَهُم مِّنَّا ٱلۡحُسۡنَىٰٓ أُوْلَٰٓئِكَ عَنۡهَا مُبۡعَدُونَ ﴿١٠١﴾

101 - شەكسىزكى، جەننەت ئەھلىدىن بولىدىغانلىقىنى بىز ئالدىن بىلگەنلىكتىن، ياخشىلار قاتارىدىن يېزىۋەتكەن كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلار دوزاختىن يىراق قىلىنىدۇ، ئۇلار دوزاخقا كىرمەيدۇ، دوزاخقا يېقىن جايدىمۇ بولمايدۇ.

لَا يَسۡمَعُونَ حَسِيسَهَاۖ وَهُمۡ فِي مَا ٱشۡتَهَتۡ أَنفُسُهُمۡ خَٰلِدُونَ ﴿١٠٢﴾

102 - ئۇلار دوزاخنىڭ شەپىسىنىمۇ، دوزاختا يالقۇنجىغان ئوت ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىمايدۇ، ئۇلار چوقۇم جەننەتتىكى ئېسىل قەسىرلەردىن ئورۇن ئالىدۇ، جەننەتلەردە ئۇلار كۆڭلى تارتقان نازۇنېمەت ۋە لەززەتلەردىن دائىم بەھرىمەن بولۇپ تۇرىدۇ.

لَا يَحۡزُنُهُمُ ٱلۡفَزَعُ ٱلۡأَكۡبَرُ وَتَتَلَقَّىٰهُمُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ هَٰذَا يَوۡمُكُمُ ٱلَّذِي كُنتُمۡ تُوعَدُونَ ﴿١٠٣﴾

103 - قىيامەت كۈنىدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلەرمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ سالمايدۇ، بەلكى پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «مانا بۇ سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان كۈن ئۇلاردۇر، بۇ سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر» دەپ خۇش خەۋەر بېرىپ ئۇلارنى قارشى ئالىدۇ.

يَوۡمَ نَطۡوِي ٱلسَّمَآءَ كَطَيِّ ٱلسِّجِلِّ لِلۡكُتُبِۚ كَمَا بَدَأۡنَآ أَوَّلَ خَلۡقٖ نُّعِيدُهُۥۚ وَعۡدًا عَلَيۡنَآۚ إِنَّا كُنَّا فَٰعِلِينَ ﴿١٠٤﴾

104 - ئۇ كۈندە بىز ئاسماننى خۇددى پۈتۈكچى خەت يېزىلغان قەغەزنى يۆگىگەندەك يۆگەيمىز. مەخلۇقاتنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، ئانىسىدىن تۇغۇلغاندەك شۇنداق ئەسلىگە قايتۇرىمىز. بۇ ئاللاھنىڭ ۋەدىسى بولۇپ، ئاللاھ ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ. ئاللاھ: «بىز شۇنداق قىلىشنى ۋەدە قىلدۇق، ۋەدىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىزگە تېگىشلىكتۇر. چۈنكى، بىز قىلغان ۋەدىمىزنى داۋاملىق ئەمەلگە ئاشۇرىمىز» دەپ جاكارلىدى.

وَلَقَدۡ كَتَبۡنَا فِي ٱلزَّبُورِ مِنۢ بَعۡدِ ٱلذِّكۡرِ أَنَّ ٱلۡأَرۡضَ يَرِثُهَا عِبَادِيَ ٱلصَّٰلِحُونَ ﴿١٠٥﴾

105 - لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغاندىن كېيىن، بىز چۈشۈرگەن ساماۋى كىتابلاردا: «زېمىنغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن ئىبارەت، بۇيرۇلغان پەرزلەرنى تولۇق ئورۇندايدىغان، مەنئى قىلىنغان ئىشلاردىن يىراق تۇرىدىغان لاياقەتلىك بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ» دەپ يازدۇق.

إِنَّ فِي هَٰذَا لَبَلَٰغٗا لِّقَوۡمٍ عَٰبِدِينَ ﴿١٠٦﴾

106 - شەكسىزكى، ئوقۇلۇۋاتقان بۇ قۇرئاندا ئاللاھ يول قويغان، رازى بولغان شەكىلدە، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئەلۋەتتە يېتەرلىك ئىبرەت بار.

وَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ إِلَّا رَحۡمَةٗ لِّلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٠٧﴾

107 ـ ئى پەيغەمبەر! سېنى بىز بارلىق ئىنسانىيەتكە پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق. ساڭا
ئىمان ئېيتقان كىشىلەر بەختلىك بولىدۇ ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ،
ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقانلار زىيان تارتىدۇ ۋە ئاخىرەتتە ئازابقا قالىدۇ.

قُلۡ إِنَّمَا يُوحَىٰٓ إِلَيَّ أَنَّمَآ إِلَٰهُكُمۡ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞۖ فَهَلۡ أَنتُم مُّسۡلِمُونَ ١٠٨

108 ـ ئېيتقىنكى، «ماڭا قىلىنغان ۋەھيى ۋە مەن ئېلىپ كەلگەن دىن ‹سىلەرنىڭ ئىبادەت
قىلىشىڭلارغا لايىق بولغان ئىلاھىڭلار پەقەتلا بىر ئاللاھتۇر› دەپ جاكارلايدۇ. شۇڭا
سىلەر ئاللاھقا ئىمان ئېيتىڭلار، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار».

فَإِن تَوَلَّوۡاْ فَقُلۡ ءَاذَنتُكُمۡ عَلَىٰ سَوَآءٖۖ وَإِنۡ أَدۡرِيٓ أَقَرِيبٌ أَم بَعِيدٞ مَّا تُوعَدُونَ ١٠٩

109 ـ ئەگەر ئۇلار ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «مەن ئاللاھتىن كەلگەن
ۋەھيىنى ھەممىڭلارغا تولۇق يەتكۈزدۈم، مەن ئاگاھلاندۇرغان ئىشلارنىڭ ھەق
ئىكەنلىكىنى مەنمۇ، سىلەرمۇ ئوبدان بىلىمىز. سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىڭ سىلەرگە
قاچان چۈشىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن.

إِنَّهُۥ يَعۡلَمُ ٱلۡجَهۡرَ مِنَ ٱلۡقَوۡلِ وَيَعۡلَمُ مَا تَكۡتُمُونَ ١١٠

110 ـ شەكسىزكى، ئاللاھ ئاشكارا قىلىنغان سۆزۈڭلارنىمۇ، يوشۇرغانلىرىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ،
ئەلۋەتتە سىلەردىن ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ.

وَإِنۡ أَدۡرِي لَعَلَّهُۥ فِتۡنَةٞ لَّكُمۡ وَمَتَٰعٌ إِلَىٰ حِينٖ ١١١

111 ـ سىلەر ئالدىراپ كېتىۋاتقان ئازابنىڭ كېچىككەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيمەن، بەلكى
سىلەرنى سىناش ۋە ئەجىلىڭلار توشقانغا قەدەر سىلەرنى دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن
قىلىپ، سىلەر كۇفرىدا تېخىمۇ ھەددىڭلاردىن ئاشقاندىن كېيىن، ئاندىن سىلەرنى
قاتتىق ۋە چوڭ ئازابقا دۇچار قىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك».

قَٰلَ رَبِّ ٱحۡكُم بِٱلۡحَقِّۗ وَرَبُّنَا ٱلرَّحۡمَٰنُ ٱلۡمُسۡتَعَانُ عَلَىٰ مَا تَصِفُونَ ١١٢

112ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «ئى رەببىم! بىز بىلەن ھەق دىنىنى ئىنكار قىلغان
قەۋم ئوتتۇرىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن. ئى كاپىرلار! بىز سىلەرنىڭ ناھايىتى
شەپقەتلىك رەببىمىز توغرۇلۇق ئېيتقان شېرىك، يالغان ۋە بوھتان سۆزلىرىڭلارغا قارشى
ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيمىز.»

# ھەج سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱتَّقُواْ رَبَّكُمۡۚ إِنَّ زَلۡزَلَةَ ٱلسَّاعَةِ شَيۡءٌ عَظِيمٞ ١

1 ـ ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، ئۇنىڭ توسقانلىرىدىن يىراق تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئازابىدىن ھەزەر ئەيلەڭلار. قىيامەت قايىم بولغان چاغدا يۈز بېرىدىغان قورقۇنچلۇق ئىشلار، زېمىننىڭ قاتتىق تەۋرەپ، شۇ تەۋرەشتىن ئۇنىڭ ھەر تەرىپىنىڭ چاك كېتىشى ھەقىقەتەن دەھشەتلىكتۇر.

يَوۡمَ تَرَوۡنَهَا تَذۡهَلُ كُلُّ مُرۡضِعَةٍ عَمَّآ أَرۡضَعَتۡ وَتَضَعُ كُلُّ ذَاتِ حَمۡلٍ حَمۡلَهَا وَتَرَى ٱلنَّاسَ سُكَٰرَىٰ وَمَا هُم بِسُكَٰرَىٰ وَلَٰكِنَّ عَذَابَ ٱللَّهِ شَدِيدٞ ٢

2 ـ سىلەر قىيامەت قايىم بولغانلىقىنى كۆرگەن كۈندە، ئىنسانلار قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن، بالا ئېمىتىدىغان ھەربىر ئانا ئېمىتىۋاتقان بوۋىقىنى ئۇنتۇيدۇ، ھەربىر ھامىلىدار ئايالنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ، قىيامەتنىڭ دەھشىتىدىن ئىنسانلارنىڭ ئەقلى يوقىلىپ، مەستتەك بولۇپ قالىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالغان ئەمەس، لېكىن قاتتىق ئازاب ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكىنى يوق قىلىۋەتكەن.

وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يُجَٰدِلُ فِي ٱللَّهِ بِغَيۡرِ عِلۡمٖ وَيَتَّبِعُ كُلَّ شَيۡطَٰنٖ مَّرِيدٖ ٣

3 ـ كاپىرلارنىڭ بەزى كاتتىباشلىرى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى بىلمىگەنلىكتىن، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلىدىغان ھەربىر ئازغۇن يولباشچى شەيتانغا ئەگىشىپ، ئاللاھنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغان قۇدرىتىگە شەك كەلتۈرىدۇ ۋە بۇ ھەقتە مۇئمىنلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ.

كُتِبَ عَلَيۡهِ أَنَّهُۥ مَن تَوَلَّاهُ فَأَنَّهُۥ يُضِلُّهُۥ وَيَهۡدِيهِ إِلَىٰ عَذَابِ ٱلسَّعِيرِ ٤

4 ـ ئاللاھ ئۇ شەيتانغا ئۆزىگە ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئازدۇرۇشنى تەقدىر قىلغان بولۇپ، شەيتان ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلىمەيدۇ، بەلكى دوزاخنىڭ كۆيۈپ تۇرغان ئوتىغا سۆرەپ ئەكىرىدۇ. مانا بۇ شەيتانغا ئەگەشكەنىنىڭ جازاسىدۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِن كُنتُمۡ فِي رَيۡبٖ مِّنَ ٱلۡبَعۡثِ فَإِنَّا خَلَقۡنَٰكُم مِّن تُرَابٖ ثُمَّ مِن نُّطۡفَةٖ ثُمَّ مِنۡ عَلَقَةٖ ثُمَّ مِن مُّضۡغَةٖ مُّخَلَّقَةٖ وَغَيۡرِ مُخَلَّقَةٖ لِّنُبَيِّنَ لَكُمۡۚ وَنُقِرُّ فِي ٱلۡأَرۡحَامِ مَا نَشَآءُ إِلَىٰٓ أَجَلٖ مُّسَمّٗى ثُمَّ نُخۡرِجُكُمۡ طِفۡلٗا ثُمَّ لِتَبۡلُغُوٓاْ أَشُدَّكُمۡۖ وَمِنكُم مَّن يُتَوَفَّىٰ وَمِنكُم مَّن يُرَدُّ إِلَىٰٓ أَرۡذَلِ ٱلۡعُمُرِ لِكَيۡلَا يَعۡلَمَ مِنۢ بَعۡدِ عِلۡمٖ شَيۡـٔٗاۚ وَتَرَى ٱلۡأَرۡضَ هَامِدَةٗ فَإِذَآ أَنزَلۡنَا عَلَيۡهَا ٱلۡمَآءَ ٱهۡتَزَّتۡ وَرَبَتۡ وَأَنۢبَتَتۡ مِن كُلِّ زَوۡجِۭ بَهِيجٖ ٥

5 - ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغانلىقىغا شەك كەلتۈرسەڭلار، شۇنى ئۇنتۇماڭلاركى، بىز سىلەرنىڭ ئاتاڭلار ئادەمنى تۇپراقتىن ياراتتۇق، ئاندىن ئۇنىڭ ئەۋلادىنى ئابمەنىيدىن نەسىللەندۈردۇق، ئابمەنىي ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئەلەقكە[1]، ئاندىن گۆش پارچىسىغا ئايلىنىدۇ. بۇ گۆش پارچىسى بەزىدە تولۇق يارىتىلىپ ئۆزىنىڭ جانلىق ھامىلە باسقۇچىغا يېتىدۇ، بەزىدە تولۇق يارىتىلماي ۋاقتىدىن بۇرۇن چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇنى سىلەرگە يارىتىش باسقۇچىدىكى مۇكەممەل قۇدرىتىمىزنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن بايان قىلىپ بېرىۋاتىمىز. بىز خالىغان ھامىلىنى تۇغۇلىدىغان ۋاقتىغا قەدەر ئانىسىنىڭ بالىياتقۇسىدا قالدۇرىمىز، ھامىلىنىڭ بوۋاق ھالەتتە تۇغۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭ يارىتىلىش باسقۇچى تاماملانغان بولىدۇ، ئاندىن بوۋاق چوڭ بولۇپ قىران ۋاقتىغا يېتىدۇ، بۇ ۋاقىت ئۇنىڭ كۈچ - قۇۋۋەتكە ۋە ئەقىل - پاراسەتكە تولغان ۋاقتىدۇر. بەزى بالىلار قىران ۋاقتىغا يەتمەيلا ئۆلۈپ كېتىدۇ، بەزىسى چوڭ بولۇپ قېرىلىق يېشىغا قەدەر يېتىدۇ، ھەتتا ئىلگىرى بىلگەن نەرسىلىرىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالغۇدەك قېرىپ كېتىدۇ. سەن زېمىننى ھېچبىر يېشىللىق بولمىغان قاقاس ھالەتتە كۆرىسەن، ئەمما بىز ئۇنىڭغا يامغۇر ياغدۇرساق ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپۈشىدۇ، ئاندىن بۇ زېمىن قارىغۇچىلارنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە بىر - بىرىدىن چىرايلىق تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ.

ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡحَقُّ وَأَنَّهُۥ يُحۡيِ ٱلۡمَوۡتَىٰ وَأَنَّهُۥ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿٦﴾

6 - يۇقىرىقى بايانلاردا ئاللاھنىڭ بىردىنبىر ھەقىقىي مەبۇد ئىكەنلىكىگە، ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىشقا قەتئىي بولمايدىغانلىقىغا، ئاللاھنىڭ ئۆلۈكلەرنى چوقۇم تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىغا ۋە ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىگە كەسكىن دەلىل بار.

وَأَنَّ ٱلسَّاعَةَ ءَاتِيَةٞ لَّا رَيۡبَ فِيهَا وَأَنَّ ٱللَّهَ يَبۡعَثُ مَن فِي ٱلۡقُبُورِ ﴿٧﴾

7 - شۇنداقلا، قىيامەتنىڭ كېلىشىدە قىلچە شەك يوق ئىكەنلىكىگە، ئاللاھنىڭ قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرنى ھېساب ئېلىش ۋە مۇكاپات ياكى جازاسىنى بېرىش ئۈچۈن چوقۇم تىرىلدۈرىدىغانلىقىغا كەسكىن دەلىل بار.

وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يُجَٰدِلُ فِي ٱللَّهِ بِغَيۡرِ عِلۡمٖ وَلَا هُدٗى وَلَا كِتَٰبٖ مُّنِيرٖ ﴿٨﴾ ثَانِيَ عِطۡفِهِۦ لِيُضِلَّ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِۖ لَهُۥ فِي ٱلدُّنۡيَا خِزۡيٞۖ وَنُذِيقُهُۥ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ عَذَابَ ٱلۡحَرِيقِ ﴿٩﴾

8 -9- كاپىرلار ئىچىدە كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرىشتىن توسۇش ئۈچۈن، ھەقىقەتنى بىلمەي ۋە چۈشەنمەي تۇرۇپ ياكى ئۆزىگە ئاللاھ تەرىپىدىن دەلىل - پاكىتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرەر كىتاب چۈشۈرۈلمىگەن تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەرلىككە تاللىغانلىقى ۋە قۇرئاننى ئۇنىڭغا نازىل قىلغانلىقى توغرىسىدا، ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈگەن ھالدا مەغرۇرانە مۇنازىرىلىشىدىغان كىشى بار. مۇنداق كىشى بۇ دۇنيادا رەسۋا بولۇپ زىيان تارتىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا

[1] ئەلەق - ئېسىلغان، مۇئەللەقتە قالغان دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئانىنىڭ بالىياتقۇسىغا كىرگەن مىليونلارچە ئۇرۇق ئىچىدىن تۆرىلىشكە تاللىنىپ بالىياتقۇ تېمىغا ئېسىلىپ قالغان ئۇرۇقنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ھازىرقى زاماندا كەشىپ قىلىنغان مۆجىزىلىرىدىن بىرى بولۇپ، قۇرئان كەرىم نازىل بولغان چاغلاردا ئىنسانلار بۇنى بىلمەيتتى.

ئۇنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئازابلايمىز.

ذَٰلِكَ بِمَا قَدَّمَتۡ يَدَاكَ وَأَنَّ ٱللَّهَ لَيۡسَ بِظَلَّٰمٖ لِّلۡعَبِيدِ ﴿١٠﴾

10 - قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا: «ساڭا بۇ ئازاب سەن قىلغان گۇناھ - مەئسىيەتلەر تۈپەيلىدىن كەلدى، ئاللاھ ھېچقانداق بەندىسىنى بىگۇناھ ئازابلىمايدۇ» دېيىلىدۇ.

وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَعۡبُدُ ٱللَّهَ عَلَىٰ حَرۡفٖۖ فَإِنۡ أَصَابَهُۥ خَيۡرٌ ٱطۡمَأَنَّ بِهِۦۖ وَإِنۡ أَصَابَتۡهُ فِتۡنَةٌ ٱنقَلَبَ عَلَىٰ وَجۡهِهِۦ خَسِرَ ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةَۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلۡخُسۡرَانُ ٱلۡمُبِينُ ﴿١١﴾ يَدۡعُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَضُرُّهُۥ وَمَا لَا يَنفَعُهُۥۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلضَّلَٰلُ ٱلۡبَعِيدُ ﴿١٢﴾ يَدۡعُواْ لَمَن ضَرُّهُۥٓ أَقۡرَبُ مِن نَّفۡعِهِۦۚ لَبِئۡسَ ٱلۡمَوۡلَىٰ وَلَبِئۡسَ ٱلۡعَشِيرُ ﴿١٣﴾

11 - 13 - بەزىلەر ئىسلام دىنىغا شەك بىلەن كىرىدۇ، خۇددى تاغنىڭ ياكى تامنىڭ لېۋىدە تۇرغانلىقتەك، ئۇزىنى تۇتالماي قالغان ئادەمدەك، ئاللاھقا ئىككىلىنىش بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ، ئىمانىنى دۇنيالىقىغا باغلايدۇ، ئەگەر ئۇ تەن ساقلىق، باياشاتلىق ئىچىدە ياشىسا، ئىبادەتنى داۋاملاشتۇرىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا زىيان - زەخمەت ۋە تۇرمۇشتا قىيىنچىلىق يەتسە، بۇنى ئۆزىنىڭ دىنىدىن كۆرىدۇ - دە، گويا تۆز كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا قايتقان كىشىگە ئوخشاش دىنىدىن يېنىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى دۇنيادا زىيان تارتىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ كاپىرلىقى دۇنيالىقتىن ئۇنىڭغا تەقدىر قىلىنغان ئىشلارنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، ئۇ ئاخىرەتتىمۇ دوزاخقا كىرىش بىلەن زىيان تارتىدۇ. مانا بۇ ئوپئوچۇق زىياندۇر. زىيان تارتقان بۇ ئادەم ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى قويۇپ، چوقۇنمىسا زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان، چوقۇنسا پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ. مانا بۇ ھەقىقەتتىن تولىمۇ يىراقلاشقان ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتۇر. ئۇ ئادەم پايدىسى تېگىش ئۈمىدىدە ئۇيياقتا تۇرسۇن، زىيىنى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان نەرسىگە چوقۇنىدۇ. ئۇ ئادەم چوقۇنغان مەبۇد نېمىدېگەن پايدىسىز ياردەمچى، نېمىدېگەن يامان ھەمراھ!

إِنَّ ٱللَّهَ يُدۡخِلُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُۚ إِنَّ ٱللَّهَ يَفۡعَلُ مَا يُرِيدُ ﴿١٤﴾

14 - شەكسىزكى، ئاللاھ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇرغان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرنى، قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل - دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئىتائەت قىلغانلارنى ئۆز پەزلى بىلەن مۇكاپاتلاش، ئاسىيلىق قىلغانلارنى ئادالەتتى بىلەن جازالاش قاتارلىق ئۆزى خالىغان ئىشنى قىلىدۇ.

مَن كَانَ يَظُنُّ أَن لَّن يَنصُرَهُ ٱللَّهُ فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِ فَلۡيَمۡدُدۡ بِسَبَبٍ إِلَى ٱلسَّمَآءِ ثُمَّ لۡيَقۡطَعۡ فَلۡيَنظُرۡ هَلۡ يُذۡهِبَنَّ كَيۡدُهُۥ مَا يَغِيظُ ﴿١٥﴾

15 - كىمكى ئاللاھ ئىسلام دىنىنى غالىب قىلىش ئارقىلىق ئۆز پەيغەمبىرىگە دۇنيادا ياردەم قىلمايدۇ، ئاخىرەتتە ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلمايدۇ، ئۇنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنى ئازابلىمايدۇ دەپ ئويلايدىكەن، ئۇ تورۇسقا ئارغامچا سېلىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئېسىپ ئۆلۈۋالسۇن، ئاندىن قاراپ باقسۇنكى، بۇ ئىش ئۇنىڭ غەزىپىنى باسالامدىكىن؟ ئاللاھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياردەم قىلىدىغانلىقى مۇقەررەردۇر.

وَكَذَٰلِكَ أَنزَلْنَٰهُ ءَايَٰتٍۭ بَيِّنَٰتٍ وَأَنَّ ٱللَّهَ يَهْدِى مَن يُرِيدُ ﴿١٦﴾

16 - ئاللاھ ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلارغا ئۆزىنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەرنى بايان قىلغاندەك، تېكىستى ۋە مەنىسى ناھايىتى روشەن قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلدى. ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھتىن باشقا ھىدايەت قىلغۇچى يوقتۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَٱلَّذِينَ هَادُواْ وَٱلصَّٰبِـِٔينَ وَٱلنَّصَٰرَىٰ وَٱلْمَجُوسَ وَٱلَّذِينَ أَشْرَكُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ يَفْصِلُ بَيْنَهُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ شَهِيدٌ ﴿١٧﴾

17 - شەكسىزكى، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەر، يەھۇدىيلار، سابىئىيلەر (تۇغۇلۇشتىكى ھالىتى بىلەن قالغان ۋە بىرەر دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار)، خىرىستىيانلار، ئاتەشپەرەسلەر ۋە مۇشرىكلار ئارىسىدا ئاللاھ قىيامەت كۈنى ھۆكۈم چىقىرىدۇ، مۇئمىنلەرنى جەننەتكە، كاپىرلارنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى تولۇق كۆرۈپ تۇرغۇچى زات بولۇپ، بەندىلىرىنىڭ ھەممە ئەمەللىرىنى تولۇق ساناپ ۋە ھېسابلاپ تۇرىدۇ، شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلارغا مۇكاپات ياكى جازا بەلگىلەيدۇ.

أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ يَسْجُدُ لَهُۥ مَن فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَن فِى ٱلْأَرْضِ وَٱلشَّمْسُ وَٱلْقَمَرُ وَٱلنُّجُومُ وَٱلْجِبَالُ وَٱلشَّجَرُ وَٱلدَّوَآبُّ وَكَثِيرٌ مِّنَ ٱلنَّاسِ ۖ وَكَثِيرٌ حَقَّ عَلَيْهِ ٱلْعَذَابُ ۗ وَمَن يُهِنِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِن مُّكْرِمٍ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ يَفْعَلُ مَا يَشَآءُ ۩ ﴿١٨﴾

18 - ئى پەيغەمبەر! بىلمەمسەنكى، ئاسماندىكى پەرىشتىلەر، زېمىندىكى مەخلۇقات، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار، تاغلار، دەرەخلەر، ھايۋانلار ئاللاھقا بويسۇنىدۇ، ئىنسانلاردىن نۇرغۇنى ئاللاھقا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىتائەت قىلىپ سەجدە قىلىدۇ. ئۇلار مۇئمىنلەردۇر. يەنە كۆپلىگەن كىشىلەر ئازابقا تېگىشلىك بولدى، ئازابقا تېگىشلىك بولغان بۇ ئىنسانلار خارلىققا مەھكۇمدۇر. ئاللاھ قانداقلا بىر ئادەمنى خار قىلىدىكەن، ئۇنى ھېچكىم ئەزىز قىلالمايدۇ، شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرى ھەققىدە ئۆزىنىڭ ھېكمىتىگە ئاساسەن خالىغان تەدبىرلەرنى يۈرگۈزىدۇ.

۞ هَٰذَانِ خَصْمَانِ ٱخْتَصَمُواْ فِى رَبِّهِمْ ۖ فَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ قُطِّعَتْ لَهُمْ ثِيَابٌ مِّن نَّارٍ يُصَبُّ مِن فَوْقِ رُءُوسِهِمُ ٱلْحَمِيمُ ﴿١٩﴾ يُصْهَرُ بِهِۦ مَا فِى بُطُونِهِمْ وَٱلْجُلُودُ ﴿٢٠﴾ وَلَهُم مَّقَٰمِعُ مِنْ حَدِيدٍ ﴿٢١﴾ كُلَّمَآ أَرَادُوٓاْ أَن يَخْرُجُواْ مِنْهَا مِنْ غَمٍّ أُعِيدُواْ فِيهَا وَذُوقُواْ عَذَابَ ٱلْحَرِيقِ ﴿٢٢﴾

19 - 22 - رەببى توغرىسىدا جېدەللەشكەنلەر كاپىرلار بىلەن مۇئمىنلەردىن ئىبارەت ئىككى پىرقە كىشىلىرى بولۇپ، بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ھەربىرى ئۆزىنى ھەق ئۈستىدە دەپ دەۋا قىلىشىدۇ. كاپىرلارغا ئوتتىن كىيىملەر پىچىلىدۇ، ئۇلارغا شۇ كىيىملەر كىيگۈزۈلىدۇ، بۇ كىيىملەر ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىنى پىشۇرۇۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناق سۇ قۇيۇلىدۇ. قايناق سۇ ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى ئېرىتىۋېتىدۇ، ھەتتا تېرىلىرىگە ئۆتۈپ ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ باشلىرىغا قاتتىق تۆمۈر توقماقلار بىلەن ئۇرىدۇ، ھەرقاچان ئۇلار غەم - قايغۇنىڭ ۋە ئازابنىڭ قاتتىقلىقىدىن دوزاختىن چىقىشقا ئۇرۇنسا، ئۇلار دوزاخقا قايتۇرۇلىدۇ ۋە ئۇلارغا: «كۆيدۈرگۈچى ئازابنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ.

إِنَّ ٱللَّهَ يُدۡخِلُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ يُحَلَّوۡنَ فِيهَا مِنۡ أَسَاوِرَ مِن ذَهَبٖ وَلُؤۡلُؤٗاۖ وَلِبَاسُهُمۡ فِيهَا حَرِيرٞ ﴿٢٣﴾

23 ـ شەكسىزكى، ئاللاھ ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرنى قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل ـ دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، نازۇنېمەتلىرى تۈگەپ قالمايدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەزۈكلەر ۋە مەرۋايىتلاردىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقايدۇ، جەننەتتىكى ئەرلەرنىڭ ۋە ئاياللارنىڭ كىيىملىرى يىپەكتىن بولىدۇ.

وَهُدُوٓاْ إِلَى ٱلطَّيِّبِ مِنَ ٱلۡقَوۡلِ وَهُدُوٓاْ إِلَىٰ صِرَٰطِ ٱلۡحَمِيدِ ﴿٢٤﴾

24 ـ ئاللاھ ئۇلارنى دۇنيادا تەۋھىد كەلىمىسى ۋە ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىش قاتارلىق ياخشى سۆزلەرنى قىلىشقا، ئاخىرەتتە بولسا ياخشى ئاقىۋەتكە ئېرىشكەنلىكى ۋە ئىلگىرى ئۇلارنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئىسلام يولىغا باشلىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىشقا يېتەكلىدى.

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَيَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِ ٱلَّذِي جَعَلۡنَٰهُ لِلنَّاسِ سَوَآءً ٱلۡعَٰكِفُ فِيهِ وَٱلۡبَادِۚ وَمَن يُرِدۡ فِيهِ بِإِلۡحَادِۭ بِظُلۡمٖ نُّذِقۡهُ مِنۡ عَذَابٍ أَلِيمٖ ﴿٢٥﴾

25 ـ شەكسىزكى، ئاللاھنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ھەق دىننى ئىنكار قىلغان، كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن توسىدىغان، ھۇدەيبىيەدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇئمىنلەرنى مەيلى مەككە پۇقرالىرى بولسۇن، ياكى سىرتتىن كەلگەنلەر بولسۇن، بىز بارلىق ئىنسانلار ئۈچۈن ئورتاق ئىبادەتگاھ قىلغان مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشتىن توسىدىغان كاپىرلار قاتتىق ئازابقا يولۇقىدۇ. كىمكى مەسجىدى ھەرەمدە كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدىكەن ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەت سادىر قىلىپ، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىدىكەن، بىز ئۇنىڭغا تولىمۇ قاتتىق ۋە دەردلىك ئازابنى تېتىتىمىز.

وَإِذۡ بَوَّأۡنَا لِإِبۡرَٰهِيمَ مَكَانَ ٱلۡبَيۡتِ أَن لَّا تُشۡرِكۡ بِي شَيۡـٔٗا وَطَهِّرۡ بَيۡتِيَ لِلطَّآئِفِينَ وَٱلۡقَآئِمِينَ وَٱلرُّكَّعِ ٱلسُّجُودِ ﴿٢٦﴾

26 ـ ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، بىز ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بەيتۇللاھنىڭ ئورنىنى تەيىنلەپ بەردۇق، ئىلگىرى ئۇنىڭ ئورنى ئېنىق ئەمەس ئىدى. بىز ئىبراھىمنى بەيتۇللاھنى تەۋھىد ۋە تەقۋالىق ئاساسىغا قۇرۇپ چىقىشقا، تاۋاپ قىلغۇچىلار ۋە ئۇ جايدا ناماز ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن، ئۇ جاينى كۇفرى، بىدئەت ۋە پاسكىنىلىقلاردىن پاك تۇتۇشقا بۇيرۇدۇق.

وَأَذِّن فِي ٱلنَّاسِ بِٱلۡحَجِّ يَأۡتُوكَ رِجَالٗا وَعَلَىٰ كُلِّ ضَامِرٖ يَأۡتِينَ مِن كُلِّ فَجٍّ عَمِيقٖ ﴿٢٧﴾ لِّيَشۡهَدُواْ مَنَٰفِعَ لَهُمۡ وَيَذۡكُرُواْ ٱسۡمَ ٱللَّهِ فِيٓ أَيَّامٖ مَّعۡلُومَٰتٍ عَلَىٰ مَا رَزَقَهُم مِّنۢ بَهِيمَةِ ٱلۡأَنۡعَٰمِۖ فَكُلُواْ مِنۡهَا وَأَطۡعِمُواْ ٱلۡبَآئِسَ ٱلۡفَقِيرَ ﴿٢٨﴾

27 ـ 28 ـ ئىبراھىمغا ئېيتتۇقكى، «كىشىلەرگە ھەجنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغىن، ئۇلار ساڭا شارائىتىغا قاراپ پىيادە ۋە ئۇلاغلىق بولۇپ كېلىدۇ، ئۇلار ئورۇق تۆگىلەرگە مىنىپ، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىش، ئىبادەت قىلىپ ساۋاب تېپىش، تىجارەت قىلىپ پۇل تېپىش قاتارلىق دىن ۋە دۇنيالىق مەنپەئەتلىرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ. ئۇلار ئېرىشىدىغان دىن ۋە دۇنيالىق مەنپەئەتلەر: گۇناھلىرىنىڭ

مەغپىرەت قىلىنىشى، قىلغان ئىبادەتلىرىنىڭ ساۋابىنى تېپىشى، تىجارەت قىلىپ پۇل تېپىشى قاتارلىقلاردۇر. ئۇلار قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئوننىنچى كۈنىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ كۈندە ئاللاھنىڭ نېمىتىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن تۆگە، كالا ۋە قوي قاتارلىق چارۋا ماللارنى ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بوغۇزلىسۇن. ئۇلار قۇربانلىق قىلغان چارۋا ماللىرىنىڭ گۆشىدىن يېسۇن، ئۇنىڭدىن ياردەمگە قاتتىق موھتاج بولغان پېقىرلارنى غىزالاندۇرسۇن.

ثُمَّ لْيَقْضُوا۟ تَفَثَهُمْ وَلْيُوفُوا۟ نُذُورَهُمْ وَلْيَطَّوَّفُوا۟ بِٱلْبَيْتِ ٱلْعَتِيقِ ﴿٢٩﴾

29 - ئاندىن ھاجىلار ئېھرامدىن چىقىش، بەدەنلىرىدىكى كىرلىرىنى تازىلاش، تىرناقلىرىنى ئېلىش، چاچلىرىنى چۈشۈرۈش ياكى قىسقارتىش قاتارلىق ھەج ئىبادەتلىرىنىڭ قالغانلىرىنى ئورۇندىسۇن. ئۇلار ھەج، ئۆمرە، قۇربانلىق قاتارلىق ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلسۇن ۋە قەدىمىي ئىبادەت ئۆيى بولغان كەئبىنى تاۋاپ قىلسۇن».

ذَٰلِكَ وَمَن يُعَظِّمْ حُرُمَـٰتِ ٱللَّهِ فَهُوَ خَيْرٌ لَّهُۥ عِندَ رَبِّهِۦ ۗ وَأُحِلَّتْ لَكُمُ ٱلْأَنْعَـٰمُ إِلَّا مَا يُتْلَىٰ عَلَيْكُمْ ۖ فَٱجْتَنِبُوا۟ ٱلرِّجْسَ مِنَ ٱلْأَوْثَـٰنِ وَٱجْتَنِبُوا۟ قَوْلَ ٱلزُّورِ ﴿٣٠﴾

30 - يۇقىرىقى ئېھرامدىن چىقىپ كىرلىرىڭلارنى تازىلاش، ئۆز ئۈستۈڭلەرگە ئالغان ئىبادەتلەرنى ئورۇنداش ۋە كەئبىنى تاۋاپ قىلىش قاتارلىق ئىشلار ئاللاھ سىلەرگە بۇيرۇغان پەرزلەر بولۇپ، ئۇنى جايىدا ئورۇنداڭلار ۋە بۇ ئىبادەتلەرنى ئۇلۇغلاڭلار. كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلىسا ۋە ھەج ئىبادەتلىرىنى خالىس ئاللاھ ئۈچۈن تولۇق ئادا قىلسا، بۇنداق قىلىش ئۇ كىشى ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىدۇر. ئاللاھ سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش قۇرئاندا ھاراملىقى بايان قىلىنغان ھايۋانلاردىن باشقا ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ھالال قىلدى. ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەرنى يېيىشتىن، بۇتلاردىن ئىبارەت نىجىس نەرسىلەرگە چوقۇنۇشتىن ۋە ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇشتىن يىراق تۇرۇڭلار.

حُنَفَآءَ لِلَّهِ غَيْرَ مُشْرِكِينَ بِهِۦ ۚ وَمَن يُشْرِكْ بِٱللَّهِ فَكَأَنَّمَا خَرَّ مِنَ ٱلسَّمَآءِ فَتَخْطَفُهُ ٱلطَّيْرُ أَوْ تَهْوِى بِهِ ٱلرِّيحُ فِى مَكَانٍ سَحِيقٍ ﴿٣١﴾

31 - ئەمەل - ئىبادەتنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلىپ، پۈتۈنلەي ئاللاھقا يۈزلىنىدىغان، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدىغان كىشىلەردىن بولۇڭلار. كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ئىمانىنىڭ يۇقىرى دەرىجىسىدىن كۇفرىنىڭ ئازگاللىرىغا چۈشۈپ، شەيتانلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشتە، خۇددى ئاسماندىن تاشلىنىپ، قۇشلار ئېلىپ قېچىپ ئەزالىرىنى پارچە - پارچە قىلىۋەتكەن ياكى بوران يىراق جايغا تاشلىۋەتكەن ئادەمدەك بولۇپ قالىدۇ.

ذَٰلِكَ وَمَن يُعَظِّمْ شَعَـٰٓئِرَ ٱللَّهِ فَإِنَّهَا مِن تَقْوَى ٱلْقُلُوبِ ﴿٣٢﴾

32 - ئاللاھ بۇيرۇغان تەۋھىد ئەقىدىسى ۋە خالىس ئىبادەت مانا مۇشۇدۇر. كىمكى ئاللاھنىڭ ئەمرىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭ دىنىنىڭ (سىمۋوللۇق) ئالامەتلىرىنى، ھەج ئەمەللىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئورۇنلىرىنى ئۇلۇغلايدىكەن، شەكسىزكى، بۇ تەقۋادار كىشىلەرنىڭ دىللىرىنىڭ ئەمەللىرىدىن سانىلىدۇ.

لَكُمْ فِيهَا مَنَـٰفِعُ إِلَىٰٓ أَجَلٍ مُّسَمًّى ثُمَّ مَحِلُّهَآ إِلَى ٱلْبَيْتِ ٱلْعَتِيقِ ﴿٣٣﴾

33 - سىلەر قۇربانلىق ماللارنى ھەرەمنىڭ يېنىدا بوغۇزلايدىغان چاغقا قەدەر، ئۇ ماللارنىڭ يۇڭى، سۈتى، كۆچى قاتارلىق نەرسىلىرىدىن پايدىلانساڭلار بولىدۇ.

وَلِكُلِّ أُمَّةٖ جَعَلۡنَا مَنسَكٗا لِّيَذۡكُرُواْ ٱسۡمَ ٱللَّهِ عَلَىٰ مَا رَزَقَهُم مِّنۢ بَهِيمَةِ ٱلۡأَنۡعَٰمِۗ فَإِلَٰهُكُمۡ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞ فَلَهُۥٓ أَسۡلِمُواْۗ وَبَشِّرِ ٱلۡمُخۡبِتِينَ ﴿٣٤﴾

34 - ئۆتكەن ھەربىر مۆئمىن ئۈممەتكە قۇربانلىق قىلىش، قان ئېقىتىش قاتارلىق ئىبادەتلەرنى بەلگىلىدۇق. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھ ئاتا قىلغان چارۋىلارنى بوغۇزلىغاندا ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتىشى ۋە ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشى ئۈچۈندۇر. ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىرلا ئىلاھتۇر، ئۇ ئاللاھتۇر. شۇڭا سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار. ئى پەيغەمبەر! رەببىڭگە ئىتائەتمەن، كەمتەر كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرىغا ئېرىشىدىغانلىقى ھەققىدە خۇش خەۋەر بەرگىن.

ٱلَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ ٱللَّهُ وَجِلَتۡ قُلُوبُهُمۡ وَٱلصَّٰبِرِينَ عَلَىٰ مَآ أَصَابَهُمۡ وَٱلۡمُقِيمِي ٱلصَّلَوٰةِ وَمِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ يُنفِقُونَ ﴿٣٥﴾

35 - يۇقىرىقى ئىتائەتمەن ۋە كەمتەر كىشىلەرنىڭ بەزى سۈپەتلىرى شۇكى، ئاللاھ ياد ئېتىلسە، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقىدۇ، ئۇنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ، ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە ئاللاھتىن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ سەۋر قىلىدۇ، نامازنى تولۇق ئوقۇيدۇ، ئۇلار يەنە ئاللاھ ئاتا قىلغان پۇل - مالنى ئۆز ئائىلىسىگە چىقىم قىلىش، بېقىش مەجبۇرىيىتى بولغان كىشىلىرىگە خىراجەت قىلىش، زاكات بېرىش قاتارلىق ئاللاھ پەرز قىلغان ئىشلارغا ئىشلىتىدۇ، يەنە ئۇلار ئىختىيارىي ھالدا ئاللاھنىڭ يولىغا پۇل - مال سەرپ قىلىدۇ، يوقسۇللارغا سەدىقە بېرىدۇ.

وَٱلۡبُدۡنَ جَعَلۡنَٰهَا لَكُم مِّن شَعَٰٓئِرِ ٱللَّهِ لَكُمۡ فِيهَا خَيۡرٞۖ فَٱذۡكُرُواْ ٱسۡمَ ٱللَّهِ عَلَيۡهَا صَوَآفَّۖ فَإِذَا وَجَبَتۡ جُنُوبُهَا فَكُلُواْ مِنۡهَا وَأَطۡعِمُواْ ٱلۡقَانِعَ وَٱلۡمُعۡتَرَّۚ كَذَٰلِكَ سَخَّرۡنَٰهَا لَكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ﴿٣٦﴾

36 - سىلەرنىڭ ئاللاھقا يېقىنلىق ھاسىل قىلىشىڭلار ئۈچۈن تۆگىلەرنى قۇربانلىق قىلىشنى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى قىلدۇق، ئى ئاللاھقا يېقىنلىق ئىزدىگۈچىلەر! قۇربانلىق قىلىنغان چارۋىلاردا سىلەر ئۈچۈن گۆشىنى يېيىش، سەدىقە قىلىش ۋە ساۋابقا ئېرىشىش قاتارلىق كۆپلىگەن مەنپەئەتلەر بار. سىلەر قۇربانلىق چارۋىلارنى بوغۇزلىغاندا، «بىسمىللاھ» دەڭلار. تۆگە سول پۇتى باغلانغان، ئۈچ پۇتى بىلەن ئۆرە تۇرغان پېتى بوغۇزلىنىدۇ. تۆگە يان تەرىپىگە يىقىلىپ جېنى چىققاندا، ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىش ھالالدۇر. ئۇنىڭ گۆشىدىن ئۆزۈڭلارمۇ يەڭلار، ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق خىجالەتتىن بىر نەرسە سورىمايدىغان پېقىرلارغا ۋە ھاجىتىنى ئوچۇق ئېيتىپ نەرسە سورايدىغان سائىللارغا بېرىڭلار. ئاللاھ سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ، ئۇ تۆگىلەرنى سىلەرگە شۇنداق بويسۇندۇرۇپ بەردۇق.

لَن يَنَالَ ٱللَّهَ لُحُومُهَا وَلَا دِمَآؤُهَا وَلَٰكِن يَنَالُهُ ٱلتَّقۡوَىٰ مِنكُمۡۚ كَذَٰلِكَ سَخَّرَهَا لَكُمۡ لِتُكَبِّرُواْ ٱللَّهَ عَلَىٰ مَا هَدَىٰكُمۡۗ وَبَشِّرِ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿٣٧﴾

37 - ئاللاھقا بۇ قۇربانلىق چارۋىلارنىڭ گۆشلىرىدىن ياكى قانلىرىدىن ھېچ نەرسە يېتىپ بارمايدۇ، ئاللاھقا يېتىدىغان نەرسە پەقەتلا ئىخلاستۇر، يەنى قۇربانلىق قىلىشتىن مەقسەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم. ئى قۇربانلىق

قىلغۇچىلەر! ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلار ۋە ئاللاھنىڭ سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرگە ئاشۇنداق بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئى پەيغەمبەر! ئاللاھقا قىلىدىغان ئەمەل - ئىبادەتلەرنى قېتىرقىنىپ، ئىخلاس بىلەن قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىغا ياخشىلىق قىلىدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىققا، نىجاتلىققا ئېرىشىدىغانلىقى ھەققىدە خۇش خەۋەر بەرگىن.

۞ إِنَّ ٱللَّهَ يُدَٰفِعُ عَنِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ كُلَّ خَوَّانٖ كَفُورٍ ﴿٣٨﴾

38 - ئاللاھ ھەقىقىي مۇئمىنلەرنى كاپىرلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىدىن چوقۇم قوغدايدۇ. چۈنكى ئاللاھ رەببىنىڭ ئامانىتىگە خىيانەت قىلىدىغان، نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىدىغان ھەرقانداق گۇناھكارنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ.

أُذِنَ لِلَّذِينَ يُقَٰتَلُونَ بِأَنَّهُمۡ ظُلِمُواْۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ نَصۡرِهِمۡ لَقَدِيرٌ ﴿٣٩﴾

39 - مۇسۇلمانلار ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن مەنئى قىلىنغان، كاپىرلارنىڭ ھەر تۈرلۈك ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىشقا بۇيرۇلغان. مۇشرىكلارنىڭ زۇلۇم - سىتەملىرى چېكىگە يەتكەن چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. مەدىنە ئىسلام ئۈچۈن قورغانغا ئايلاندى. مەككىدە قالغان مۇسۇلمانلارغا كاپىرلارنىڭ زۇلۇم - سىتەملىرى ۋە زوراۋانلىقى داۋام قىلىۋەرگەنلىكى سەۋەبلىك، ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىشىغا رۇخسەت بەردى. شەكسىزكى، ئاللاھ مۇئمىنلەرگە ياردەم بېرىشكە ۋە ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى خار قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر.

ٱلَّذِينَ أُخۡرِجُواْ مِن دِيَٰرِهِم بِغَيۡرِ حَقٍّ إِلَّآ أَن يَقُولُواْ رَبُّنَا ٱللَّهُۗ وَلَوۡلَا دَفۡعُ ٱللَّهِ ٱلنَّاسَ بَعۡضَهُم بِبَعۡضٖ لَّهُدِّمَتۡ صَوَٰمِعُ وَبِيَعٞ وَصَلَوَٰتٞ وَمَسَٰجِدُ يُذۡكَرُ فِيهَا ٱسۡمُ ٱللَّهِ كَثِيرٗاۗ وَلَيَنصُرَنَّ ٱللَّهُ مَن يَنصُرُهُۥٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ ﴿٤٠﴾

40 - ئۆز دىيارىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلانغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە: «رەببىمىز ئاللاھتۇر» دېگەنىدىن باشقا گۇناھى يوق ئىدى. ئەگەر ئاللاھ پۈتۈن ساماۋى دىن ئەھلىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى بولغان زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ۋە ناھەقچىلىققا قورال بىلەن رەددىيە بېرىشتىن ئىبارەت بىر قانۇننى يولغا قويمىغان بولسا ئىدى، ھەقىقەت مەغلۇپ بولۇپ، باتىل دەۋر سۈرگەن، يەر يۈزى ۋەيران بولغان، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، خىرىستىيانلارنىڭ چېركاۋلىرى، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان، ئاللاھنىڭ ئىسمى كۆپ ياد ئېتىلىدىغان مەسجىدلىرى ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىنغان بولاتتى. كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش يولىدا بار كۈچىنى چىقارسا، ئەلۋەتتە ئاللاھ ئۇنىڭغا دۈشمەنلىرىگە قارشى ياردەم بېرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى كۈچلۈكتۇر، قەتئىي يېڭىلمەيدۇ، غالىبتۇر، ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىنسانلارنى تىزگىنلەپ، ئۇلارنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ تۇرىدۇ.

ٱلَّذِينَ إِن مَّكَّنَّٰهُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ أَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَوُاْ ٱلزَّكَوٰةَ وَأَمَرُواْ بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَنَهَوۡاْ عَنِ ٱلۡمُنكَرِۗ وَلِلَّهِ عَٰقِبَةُ ٱلۡأُمُورِ ﴿٤١﴾

41 - بىز نۇسرەت ئاتا قىلىشنى ۋەدە قىلغان كىشىلەر شۇنداق كىشىلەركى، ئەگەر بىز

ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىپ قىلىش بىلەن يەريۈزىدە ھۆكۈمران قىلساق، ئۇلار نامازنى ئۆز ۋاقتىدا مۇكەممەل ئادا قىلىدۇ، پۇل - مېلىنىڭ زاكىتىنى ئايرىيدۇ، كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ ھەقلىرىنى ۋە بەندىلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مەنئى قىلغان ھەرقانداق يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ، ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر.

وَإِن يُكَذِّبُوكَ فَقَدۡ كَذَّبَتۡ قَبۡلَهُمۡ قَوۡمُ نُوحٖ وَعَادٞ وَثَمُودُ ﴿٤٢﴾ وَقَوۡمُ إِبۡرَٰهِيمَ وَقَوۡمُ لُوطٖ ﴿٤٣﴾ وَأَصۡحَٰبُ مَدۡيَنَۖ وَكُذِّبَ مُوسَىٰۖ فَأَمۡلَيۡتُ لِلۡكَٰفِرِينَ ثُمَّ أَخَذۡتُهُمۡۖ فَكَيۡفَ كَانَ نَكِيرِ ﴿٤٤﴾

42 ـ 44 ـ ئى پەيغەمبەر! ئەگەر قەۋمىڭ سېنى ئىنكار قىلغان بولسا، ئۇلاردىن بۇرۇن نۇھنىڭ قەۋمى، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرى، ئىبراھىمنىڭ قەۋمى، لۇتنىڭ قەۋمى ۋە مەديەن ئاھالىسىمۇ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمى مۇسانى ئىنكار قىلغان. مەن بۇ كاپىرلارغا ھەقىقەتكە قايتىۋالسۇن دەپ مۆھلەت بەردىم، ئۇلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمىدىم، ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى تېگىشلىك ئازاب بىلەن جازالىدىم، مېنىڭ كاپىرلارنى جازالىشىم قانداق ئىكەن؟ ئۇلاردىكى نېمەتنى قانداق ھالاكەتكە ئايلاندۇرۇۋەتتىم؟

فَكَأَيِّن مِّن قَرۡيَةٍ أَهۡلَكۡنَٰهَا وَهِيَ ظَالِمَةٞ فَهِيَ خَاوِيَةٌ عَلَىٰ عُرُوشِهَا وَبِئۡرٖ مُّعَطَّلَةٖ وَقَصۡرٖ مَّشِيدٍ ﴿٤٥﴾

45 ـ نۇرغۇن شەھەرلەرنى ئاھالىلىرى كۇفرىلىق قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ۋەيران قىلىۋەتتۇق. ئۇ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىلىرى ھالاك بولۇپ، شەھەرلىرى پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ خارابىگە ئايلىنىپ كەتتى. ئۇ جايلاردا نۇرغۇنلىغان تاشلاندۇق قۇدۇقلار ۋە ئاھالىسىز ئېگىز قەسىرلەرلا قالدى. بۇ ئالىي قەسىرلەر ئاھالىسىدىن قاتتىق ئازابنى تۇسۇپ قالالمىدى.

أَفَلَمۡ يَسِيرُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَتَكُونَ لَهُمۡ قُلُوبٞ يَعۡقِلُونَ بِهَآ أَوۡ ءَاذَانٞ يَسۡمَعُونَ بِهَاۖ فَإِنَّهَا لَا تَعۡمَى ٱلۡأَبۡصَٰرُ وَلَٰكِن تَعۡمَى ٱلۡقُلُوبُ ٱلَّتِي فِي ٱلصُّدُورِ ﴿٤٦﴾

46 ـ قۇرەيش كاپىرلىرى يەر يۈزىنى كېزىپ، ۋەيران قىلىنغان مەزكۇر شەھەرلەرنىڭ خارابىلىرىنى كۆرمىدىمۇ؟ ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلغان بولسا، ئەقلىنى ئىشلىتىپ ئىبرەت ئالغان ۋە ئۇلارنىڭ قىسسىلىرىنى ئاڭلاپ ۋەز - نەسىھەت ئالغان بولاتتى. ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، بەلكى ئادەمنى ھالاك قىلىدىغان كورلۇق ھەقىقەتنى ئىدراك قىلىشتىن ۋە ئىبرەت ئېلىشتىن مەھرۇم قالغان مەنىۋى كورلۇقتۇر.

وَيَسۡتَعۡجِلُونَكَ بِٱلۡعَذَابِ وَلَن يُخۡلِفَ ٱللَّهُ وَعۡدَهُۥۚ وَإِنَّ يَوۡمًا عِندَ رَبِّكَ كَأَلۡفِ سَنَةٖ مِّمَّا تَعُدُّونَ ﴿٤٧﴾

47 ـ ئى پەيغەمبەر! قۇرەيش كاپىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقىدىن ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەنلىكىدىن، سەن ئاگاھلاندۇرغان ئازابنىڭ تېزرەك چۈشۈشىنى سەندىن تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب چۈشۈرۈش ھەققىدىكى ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ، ئۇ ئازابنى چوقۇم چۈشۈرىدۇ. ئاللاھ مەزكۇر ئازابنى ئۇلارغا بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈندە چۈشۈردى. رەببىڭنىڭ بىر كۈن (قىيامەت كۈنى) سىلەر سانايدىغان دۇنيانىڭ كۈنلىرىدىن مىڭ يىلچىلىكتۇر.

وَكَأَيِّن مِّن قَرۡيَةٍ أَمۡلَيۡتُ لَهَا وَهِيَ ظَالِمَةٞ ثُمَّ أَخَذۡتُهَا وَإِلَيَّ ٱلۡمَصِيرُ ﴿٤٨﴾

48 - نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى كاپىرلىقتا چىڭ تۇرۇۋېلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولسىمۇ،
مەن ئۇلارغا ھەقىقەتكە قايتىۋالسۇن دەپ مۆھلەت بەردىم، ئۇلارنى جازالاشقا ئالدىراپ
كەتمىدىم، ئەمما ئۇلار بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى
بۇ دۇنيادا جازالىدىم. ئۇلار ھالاك قىلىنغاندىن كېيىن، قايتىدىغان جاي مېنىڭ
دەرگاھىمدۇر. مەن ئۇلارغا تېگىشلىك جازاسىنى بېرىمەن.

قُلۡ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنَّمَآ أَنَا۠ لَكُمۡ نَذِيرٞ مُّبِينٞ ﴿٤٩﴾ فَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَهُم
مَّغۡفِرَةٞ وَرِزۡقٞ كَرِيمٞ ﴿٥٠﴾ وَٱلَّذِينَ سَعَوۡاْ فِيٓ ءَايَٰتِنَا مُعَٰجِزِينَ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَحِيمِ ﴿٥١﴾

49 ـ 51 ـ ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن
كەلگەن ئوپئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن، سىلەرگە ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزىمەن.
ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىمان دىللىرىدا ئورۇن ئالغان
ۋە شۇ ئىمانىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ
دەرگاھىدا كاتتا مەغپىرەت بار. ئاللاھ ئۇلارنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ.
ئۇلارغا يەنە جەننەتتىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك ئېسىل مۇكاپات بار. جەننەتنىڭ نېمەتلىرى
قەتئىي ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالايمىز دەپ ئويلاپ، قۇرئان
ئايەتلىرىنى يالغانغا چىقىرىش ئۈچۈن تىنىم تاپماستىن ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكەن ۋە
قولىدىن كەلگەن يامانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغان كاپىرلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار
دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاخ ئوتىدا مەڭگۈلۈك ئازابلىنىدۇ».

وَمَآ أَرۡسَلۡنَا مِن قَبۡلِكَ مِن رَّسُولٖ وَلَا نَبِيٍّ إِلَّآ إِذَا تَمَنَّىٰٓ أَلۡقَى ٱلشَّيۡطَٰنُ فِيٓ أُمۡنِيَّتِهِۦ فَيَنسَخُ ٱللَّهُ
مَا يُلۡقِي ٱلشَّيۡطَٰنُ ثُمَّ يُحۡكِمُ ٱللَّهُ ءَايَٰتِهِۦۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ﴿٥٢﴾

52 - ئى پەيغەمبەر! بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن قانداقلا بىر رەسۇل ياكى نەبى پەيغەمبەر
بولسۇن، ئۇ پەيغەمبەر ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەرنى تىلاۋەت قىلغان چاغدا، شەيتان
كىشىلەرنى بۇ ئايەتلەرنىڭ تەسىرىدىن توسۇش ئۈچۈن، ئۇ پەيغەمبەرنىڭ تىلاۋىتىگە
شۈبھىلەرنى تاشلايتتى. ئەمما ئاللاھ شەيتاننىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى بەربات قىلىپ،
شەيتان تاشلىغان شۈبھىلەرنى يوق قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ روشەن ئايەتلىرىنى
مۇستەھكەم قىلىدۇ. ئاللاھ بولغان ۋە بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلگۈچىدۇر،
بارلىق ئەمر ـ پەرمانلىرىدا ۋە بەلگىلىمىلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

لِّيَجۡعَلَ مَا يُلۡقِي ٱلشَّيۡطَٰنُ فِتۡنَةٗ لِّلَّذِينَ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٞ وَٱلۡقَاسِيَةِ قُلُوبُهُمۡۗ وَإِنَّ ٱلظَّٰلِمِينَ لَفِي
شِقَاقِۭ بَعِيدٖ ﴿٥٣﴾

53 - ئاللاھنىڭ شەيتانغا مۇنداق يول قويۇشى دىللىرىدا شەك ۋە مۇناپىقلىق كېسىلى
بولغان كىشىلەرنى، دىللىرى قېتىپ كەتكەنلىكتىن، ئاگاھلاندۇرۇش تەسىر قىلماس
بولۇپ كەتكەن مۇشرىكلارنى سىناش ئۈچۈندۇر. شەكسىزكى، بۇ مۇناپىقلار بىلەن ئاشۇ
مۇشرىكلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چوڭقۇر دۈشمەنلىك ئىچىدىدۇر، ئۇلار
ھەقىقەتتىن، دۇرۇسلۇقتىن تامامەن يىراقلاشقان بىر ۋەزىيەتتىدۇر.

وَلِيَعۡلَمَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡعِلۡمَ أَنَّهُ ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّكَ فَيُؤۡمِنُواْ بِهِۦ فَتُخۡبِتَ لَهُۥ قُلُوبُهُمۡۗ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَهَادِ
ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ﴿٥٤﴾

54 - ئى پەيغەمبەر! (ئاللاھنىڭ بۇنداق قىلىشى) ئۆزىنىڭ ئىلمى بىلەن ھەق بىلەن

باتىلنى ئايرىيالايدىغان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قۇرئاننىڭ رەببىڭ تەرىپىدىن كەلگەن شەكسىز ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى، شەيتانلارنىڭ ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ ئىمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى، شۇنداقلا دىللىرى ئۇنىڭغا تولۇق بويسۇنۇپ ئارام تېپىشى ئۈچۈندۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ۋە پەيغەمبەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىدۇر. ئۇ توغرا يول — ئىسلام يولىدۇر. ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنى ئازغۇنلۇقتىن قۇتقۇزىدۇ.

وَلَا يَزَالُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فِي مِرۡيَةٖ مِّنۡهُ حَتَّىٰ تَأۡتِيَهُمُ ٱلسَّاعَةُ بَغۡتَةً أَوۡ يَأۡتِيَهُمۡ عَذَابُ يَوۡمٍ عَقِيمٍ ﴿٥٥﴾

55 - (ئى پەيغەمبەر!) ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلار تاكى ئۇلارغا قىيامەت تۇيۇقسىز كەلگەنگە ياكى قىيامەتنىڭ دەھشەتلىك ئازابى چۈشكەنگە قەدەر، سەن ئاللاھتىن ئېلىپ كەلگەن قۇرئاندىن شەكلىنىپلا تۇرىدۇ.

ٱلۡمُلۡكُ يَوۡمَئِذٖ لِّلَّهِ يَحۡكُمُ بَيۡنَهُمۡۚ فَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فِي جَنَّٰتِ ٱلنَّعِيمِ ﴿٥٦﴾

56 - ئۇ كۈندە پادىشاھلىق ۋە ھاكىمىيەت بىر ئاللاھقىلا خاستۇر، ئاللاھ مۇئمىنلەر بىلەن كاپىرلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك نېمەتلىنىدۇ.

وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَكَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا فَأُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ عَذَابٞ مُّهِينٞ ﴿٥٧﴾

57 - ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى يالغانغا چىقارغان ۋە قۇرئاننى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلارغا جەھەننەمدە خار قىلغۇچى ئازاب بار.

وَٱلَّذِينَ هَاجَرُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ ثُمَّ قُتِلُوٓاْ أَوۡ مَاتُواْ لَيَرۡزُقَنَّهُمُ ٱللَّهُ رِزۡقًا حَسَنٗاۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَهُوَ خَيۡرُ ٱلرَّٰزِقِينَ ﴿٥٨﴾

58 - ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئۇنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش يولىدا ئۆز دىيارىدىن ھىجرەت قىلىپ چىققان كىشىلەردىن كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىپ شېھىت بولغانلارغا، جىھاد قىلماي ئۆلگەنلەرگە ئەلۋەتتە ئاللاھ جەننەتنى ۋە ئۇنىڭ ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان نازۇنېمەتلىرىنى ئاتا قىلىدۇ. شەكسىزكى، رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ھەقىقەتەن ئاللاھتۇر.

لَيُدۡخِلَنَّهُم مُّدۡخَلٗا يَرۡضَوۡنَهُۥۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَعَلِيمٌ حَلِيمٞ ﴿٥٩﴾

59 - ئاللاھ ئۇلارنى ئەلۋەتتە ئۇلار مەمنۇن بولىدىغان جايغا — جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا ھىجرەت قىلىپ چىققانلارنى ۋە دۇنيالىقنى كۆزلەپ چىققانلارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، گۇناھكارلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر.

۞ ذَٰلِكَۖ وَمَنۡ عَاقَبَ بِمِثۡلِ مَا عُوقِبَ بِهِۦ ثُمَّ بُغِيَ عَلَيۡهِ لَيَنصُرَنَّهُ ٱللَّهُۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَعَفُوٌّ غَفُورٞ ﴿٦٠﴾

60 - مۇھاجىرلارنى جەننەتكە كىرگۈزۈش ھەققىدە بىز ساڭا بايان قىلىپ بەرگەن بۇ ئىش شۇنىڭ ئۈچۈنكى، كىمكى زۇلۇمغا ئۇچرىسا ياكى ئۆزىگە يامانلىق قىلىنسا، ئۇنىڭ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان ياكى يامانلىق قىلغان ئادەمدىن ئۇنىڭ زۇلۇمىغا ۋە يامانلىقىغا تېگىشلىك ئىنتىقامىنى ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىندى، ناۋادا زۇلۇم قىلغۇچى ياكى يامانلىق قىلغۇچى بۇ قىلمىشىنى يەنە قىلسا، ئاللاھ زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىگە چوقۇم ياردەم بېرىدۇ، چۈنكى زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ زۇلۇم قىلىنغان كىشىگە ئۇنىڭ تېگىشلىك

ئىنتىقامنى ئالغانلىقى سەۋەبلىك يامانلىق قىلىش ھەققى يوقتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ گۇناھكارلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ.

ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ يُولِجُ ٱلَّيۡلَ فِي ٱلنَّهَارِ وَيُولِجُ ٱلنَّهَارَ فِي ٱلَّيۡلِ وَأَنَّ ٱللَّهَ سَمِيعُۢ بَصِيرٞ ﴿٦١﴾

61 ـ سىلەرگە بۇ ئادالەتلىك ئەھكاملارنى بايان قىلىپ بەرگەن زات ھەقتۇر. ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر. ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ (كېچىنىڭ سائەتلىرىنى قىسقارتىپ، كۈندۈزنىڭ سائەتلىرىنى ئۇزارتىش، كۈندۈزنىڭ سائەتلىرىنى قىسقارتىپ، كېچىنىڭ سائەتلىرىنى ئۇزارتىش ئارقىلىق) كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدىغانلىقىدۇر. ئاللاھ ھەممە ئاۋازنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممە ئىشنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ.

ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡحَقُّ وَأَنَّ مَا يَدۡعُونَ مِن دُونِهِۦ هُوَ ٱلۡبَٰطِلُ وَأَنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡعَلِيُّ ٱلۡكَبِيرُ ﴿٦٢﴾

62 ـ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئاللاھ ھەقتۇر، ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ، مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرى باتىلدۇر، ئۇ نەرسىلەر (ھېچكىمگە قىلچە) پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ بارلىق مەخلۇقاتتىن ئۈستۈندۇر، مەخلۇقاتقا ئوخشاپ قېلىشتىن يىراقتۇر، زاتىدا، ئىسىملىرىدە ۋە سۈپەتلىرىدە ئەڭ كاتتىدۇر، ئاللاھتىن بۈيۈك ھېچكىم يوقتۇر.

أَلَمۡ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءٗ فَتُصۡبِحُ ٱلۡأَرۡضُ مُخۡضَرَّةًۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَطِيفٌ خَبِيرٞ ﴿٦٣﴾

63 ـ ئى پەيغەمبەر! ئاللاھنىڭ بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى، شۇ يامغۇر بىلەن زېمىندىن ئۈنۈپ چىققان ئۆسۈملۈكلەر ئارقىلىق زېمىنىنىڭ يېشىللىقتا ئايلانغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاللاھ بەندىلىرىگە ھەقىقەتەن كۆيۈمچاندۇر، شۇڭا (ئاشۇ سۇ بىلەن) زېمىندىن ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىپ بېرىدۇ، ئۇلارغا نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ.

لَّهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۗ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَهُوَ ٱلۡغَنِيُّ ٱلۡحَمِيدُ ﴿٦٤﴾

64 ـ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى يارىتىش، ئىگىدارچىلىق قىلىش ۋە باشقۇرۇش تەرەپتىن پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭدۇر. ھەممە مەخلۇقات ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىغا ۋە پەزل-كەرەمىگە موھتاجدۇر، ئاللاھ بولسا ھېچكىمگە ۋە ھېچ نەرسىگە موھتاج ئەمەستۇر، ئاللاھ ھەر زامان ۋە ھەر ھالەتتە مەدھىيەگە لايىقتۇر.

أَلَمۡ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ سَخَّرَ لَكُم مَّا فِي ٱلۡأَرۡضِ وَٱلۡفُلۡكَ تَجۡرِي فِي ٱلۡبَحۡرِ بِأَمۡرِهِۦ وَيُمۡسِكُ ٱلسَّمَآءَ أَن تَقَعَ
عَلَى ٱلۡأَرۡضِ إِلَّا بِإِذۡنِهِۦٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِٱلنَّاسِ لَرَءُوفٞ رَّحِيمٞ ﴿٦٥﴾

65 ـ ئاللاھنىڭ يەر يۈزىدىكى جانلىق ـ جانسىز مەخلۇقاتنى، چارۋىلارنى، زىرائەت ۋە مېۋىلەرنى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى، شۇنداقلا دېڭىزلاردا ئۆزىنىڭ قۇدرىتى ۋە ئەمرى بىلەن ماڭىدىغان، سىلەرنى ۋە يۈكلىرىڭلارنى سىلەر خالىغان دۆلەتلەرگە ۋە شەھەرلەرگە ئېلىپ بارىدىغان كېمىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاللاھ ئاسماننى يەرگە چۈشۈپ كېتىپ زېمىن ئەھلىنى ھالاك قىلىۋېتىشتىن ساقلاپ تۇرۇۋاتقان زاتتۇر. پەقەت ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن (ئاسماننىڭ قىيامەت بولغان چاغدا) چۈشۈپ كېتىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر، ئۇلارغا ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر. ئاللاھنىڭ

يۇقىرىقى نەرسىلەرنى ۋە ئۇلاردىن باشقا نەرسىلەرنىمۇ ئىنسانلارغا بويسۇندۇرۇپ
بەرگەنلىكى ئۇنىڭ بەندىلىرىگە بولغان شەپقىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

وَهُوَ ٱلَّذِىٓ أَحۡيَاكُمۡ ثُمَّ يُمِيتُكُمۡ ثُمَّ يُحۡيِيكُمۡۗ إِنَّ ٱلۡإِنسَٰنَ لَكَفُورٞ ﴿٦٦﴾

66 - ئاللاھ سىلەرنى يولۇقتىن يارىتىش ئارقىلىق سىلەرگە ھاياتلىق ئاتا قىلغان، ئاندىن
ئەجىلىڭلار كەلگەندە سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدىغان، ئاندىن سىلەرنى ئەمەللىڭلاردىن
ھېساب ئېلىش ئۈچۈن ئاخىرەتتە تىرىلدۈرىدىغان زاتتۇر. شۇنداق تۇرسىمۇ، ئىنسان
ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئوپئوچۇق
ئالامەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ.

لِّكُلِّ أُمَّةٖ جَعَلۡنَا مَنسَكًا هُمۡ نَاسِكُوهُۖ فَلَا يُنَٰزِعُنَّكَ فِى ٱلۡأَمۡرِۚ وَٱدۡعُ إِلَىٰ رَبِّكَۖ إِنَّكَ لَعَلَىٰ هُدٗى
مُّسۡتَقِيمٖ ﴿٦٧﴾

67 - ئۆتكەن ئۈممەتلەردىن ھەربىر ئۈممەت ئۈچۈن بىر شەرىئەت ۋە مەخسۇس ئەمەل -
ئىبادەت بېكىتتۇق، ئۇلار شۇ شەرىئەتكە ئەمەل قىلىدۇ ۋە بۇيرۇلغان بويىچە ئىبادەت
قىلىدۇ. ئى پەيغەمبەر! قۇرەيش مۇشرىكلىرى سېنىڭ شەرىئىتىڭ ۋە ئاللاھ بۇيرۇغان
ئىبادەتلەر ھەققىدە سەن بىلەن جېدەللەشمىسۇن، سەن ئۇلارنى رەببىڭنىڭ بىر
ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىشقا، ئۇنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلىشقا، ئۇنىڭغا
ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن ھېچقانداق قىڭغىرلىقى
بولمىغان توغرا ۋە ھەق دىندىسەن.

وَإِن جَٰدَلُوكَ فَقُلِ ٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِمَا تَعۡمَلُونَ ﴿٦٨﴾

68 - ئەگەر ئۇلار سەن دەۋەت قىلىۋاتقان ھەق دىنغا قارشى باتىل نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا
قويۇپ سەن بىلەن جېدەللەشسە، سەن ئۇلار بىلەن جېدەللەشمىگىن. بەلكى ئۇلارغا:
«ئاللاھ سىلەرنىڭ كۇفرىلىق ۋە ئىنكارچىلىقتىن ئىبارەت قىلمىشىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ»
دېگىن. ئۇلار ھەقىقەتەن كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالىدىغان ھاكاۋۇرلاردۇر.

ٱللَّهُ يَحۡكُمُ بَيۡنَكُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ فِيمَا كُنتُمۡ فِيهِ تَخۡتَلِفُونَ ﴿٦٩﴾

69 - ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئوتتۇرىسىدا ئۇلار ئىختىلاپلاشقان
دىن ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ. (بۇ ئايەتتە ھاكاۋۇرلۇق بىلەن جېدەللەشمەكچى
بولغانلارغا چىرايلىقچە رەددىيە بېرىش ھەققىدە تەلىم بېرىلگەن).

أَلَمۡ تَعۡلَمۡ أَنَّ ٱللَّهَ يَعۡلَمُ مَا فِى ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِۚ إِنَّ ذَٰلِكَ فِى كِتَٰبٍۚ إِنَّ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٞ ﴿٧٠﴾

70 - ئى پەيغەمبەر! ئاللاھنىڭ ئاسماندىكى، زېمىندىكى شەيئىلەرنى تولۇق بىلىپ
تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى لەۋھۇلمەھپۇزغا
يازغان. شەكسىزكى، بۇ بىلىش ھەممىگە قادىر بولغان ئاللاھقا تولىمۇ ئاساندۇر.

وَيَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَمۡ يُنَزِّلۡ بِهِۦ سُلۡطَٰنٗا وَمَا لَيۡسَ لَهُم بِهِۦ عِلۡمٞۗ وَمَا لِلظَّٰلِمِينَ
مِن نَّصِيرٖ ﴿٧١﴾

71 - قۇرەيش كاپىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ خاتا يولدا ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىققان تۇرۇقلۇق،
ئاللاھقا مەخلۇقاتنى شېرىك قىلىشنى داۋاملاشتۇرماقتا. ئۇلار ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى
قويۇپ، ئىبادەت قىلسا بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئاللاھ ھېچقانداق بىر كىتابتا دەلىل

چۈشۈرمىگەن ۋە ئۆزلىرى ھەقىقىتىنى بىلمەيدىغان ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنىدۇ. ئۇلار بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئىلمىي پاكىتقا ئىگە ئەمەس، ئۇلارنىڭ پاكىتى پەقەت ئەجدادلىرىغا قارىغۇلارچە ئەگىشىشتۇر. قىيامەت كۈنى ئۇلاردىن ھېساب ئالىدىغان چاغدا، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بۇنداق كاپىرلارغا ياردەم قىلىدىغان ھېچقانداق مەدەتكار يوقتۇر، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچكىم قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ.

وَإِذَا تُتْلَىٰ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتُنَا بَيِّنَٰتٍ تَعْرِفُ فِى وُجُوهِ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ٱلْمُنكَرَ ۖ يَكَادُونَ يَسْطُونَ بِٱلَّذِينَ يَتْلُونَ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتِنَا ۗ قُلْ أَفَأُنَبِّئُكُم بِشَرٍّ مِّن ذَٰلِكُمُ ۗ ٱلنَّارُ وَعَدَهَا ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ۖ وَبِئْسَ ٱلْمَصِيرُ ﴿٧٢﴾

72 - ئۇ مۇشرىكلارغا قۇرئاننىڭ روشەن ئايەتلىرى ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا يامان كۆرگەنلىكىنىڭ ئوچۇق ئالامەتلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىپ ئاللاھقا دەۋەت قىلىۋاتقان مۇئمىنلەرگە ھۇجۇم قىلغىلى تاس قالغانلىقىنى كۆرىسەن. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلاشتىنمۇ، دەۋەت قىلغۇچىلارنى كۆرۈشتىنمۇ بەك يامان كۆرىلىدىغان بىر نەرسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ ئاخىرەتتە كاپىرلارنى تاشلاش ئۈچۈن ھازىرلىغان دوزاخ ئوتىدۇر. ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى نېمىدېگەن يامان!»

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ضُرِبَ مَثَلٌ فَٱسْتَمِعُوا۟ لَهُۥٓ ۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ لَن يَخْلُقُوا۟ ذُبَابًا وَلَوِ ٱجْتَمَعُوا۟ لَهُۥ ۖ وَإِن يَسْلُبْهُمُ ٱلذُّبَابُ شَيْـًٔا لَّا يَسْتَنقِذُوهُ مِنْهُ ۚ ضَعُفَ ٱلطَّالِبُ وَٱلْمَطْلُوبُ ﴿٧٣﴾

73 - ئى ئىنسانلار! سىلەرگە بىر مىسال كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار، ئۇنى ئوبدان ئويلاڭلار. سىلەر ئاللاھنى قايرىپ قويۇپ چوقۇنغان بۇتلارنىڭ ھەممىسى بىرلەشكەن تەقدىردىمۇ، بىر تال چىۋىننى يارىتالمايدۇ، ئۇلار ئۇنىڭدىن چوڭ نەرسىلەرنى قانداقمۇ يارىتالىسۇن! ناۋادا چىۋىن ئۇلاردىن بىرەر نەرسىنى ئېلىپ قاچسا، ئۇلار چىۋىندىن ئاشۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىشقىمۇ قادىر ئەمەس. بۇنىڭدىنمۇ بەك ئاجىزلىق بارمۇ؟ ئۇلار ئىككىلىسى ئاجىزدۇر، يەنى چىۋىن ئېلىپ قاچقان نەرسىنى ئۇنىڭدىن قايتۇرۇپ ئالالمىغان ساختا مەبۇدمۇ ئاجىز، ساختا مەبۇدنىڭ ئالدىدىكى نەرسىنى ئېلىپ قاچقان چىۋىنمۇ ئاجىز. بۇ بۇتلار بۇنداق خارلىق ھالەتتە قانداقمۇ ئىلاھ دەپ چوقۇنۇلسۇن؟!

مَا قَدَرُوا۟ ٱللَّهَ حَقَّ قَدْرِهِۦٓ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَقَوِىٌّ عَزِيزٌ ﴿٧٤﴾

74 - ئۇ مۇشرىكلار ئاللاھنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئۇلۇغلاشمىدى. چۈنكى ئۇلار ئاللاھقا مەخلۇقاتنى شېرىك قىلىۋالدى. شەكسىزكى، ئاللاھ بارچە مەخلۇقاتنى ياراتقان كۈچلۈك زاتتۇر، ئۇ ھەممىدىن غالىبتۇر، ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ.

ٱللَّهُ يَصْطَفِى مِنَ ٱلْمَلَٰٓئِكَةِ رُسُلًا وَمِنَ ٱلنَّاسِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌۢ بَصِيرٌ ﴿٧٥﴾ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ ۗ وَإِلَى ٱللَّهِ تُرْجَعُ ٱلْأُمُورُ ﴿٧٦﴾

75 - 76 - ئاللاھ پەرىشتىلەر ئارىسىدىن پەيغەمبەرلەرگە ئەۋەتىدىغان ئەلچىلەرنى تاللايدۇ، ئىنسانلار ئارىسىدىنمۇ ئىنسانلارغا ھەق دىنىنى يەتكۈزىدىغان ئەلچىلەرنى تاللايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، بەندىلىرى ئىچىدىن كىمنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. ئاللاھ پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ئەلچىلەرنىڭ يارىتىلىشتىن بۇرۇنقى ئەھۋالىنىمۇ بىلىدۇ،

ئۇلار پانىي بولغاندىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنىمۇ بىلىدۇ. بارلىق ئىشلار ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱرۡكَعُواْ وَٱسۡجُدُواْ وَٱعۡبُدُواْ رَبَّكُمۡ وَٱفۡعَلُواْ ٱلۡخَيۡرَ لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ۩ ﴿٧٧﴾
وَجَٰهِدُواْ فِي ٱللَّهِ حَقَّ جِهَادِهِۦۚ هُوَ ٱجۡتَبَىٰكُمۡ وَمَا جَعَلَ عَلَيۡكُمۡ فِي ٱلدِّينِ مِنۡ حَرَجٖۚ مِّلَّةَ أَبِيكُمۡ
إِبۡرَٰهِيمَۚ هُوَ سَمَّىٰكُمُ ٱلۡمُسۡلِمِينَ مِن قَبۡلُ وَفِي هَٰذَا لِيَكُونَ ٱلرَّسُولُ شَهِيدًا عَلَيۡكُمۡ وَتَكُونُواْ
شُهَدَآءَ عَلَى ٱلنَّاسِۚ فَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ وَٱعۡتَصِمُواْ بِٱللَّهِ هُوَ مَوۡلَىٰكُمۡۖ فَنِعۡمَ ٱلۡمَوۡلَىٰ
وَنِعۡمَ ٱلنَّصِيرُ ﴿٧٨﴾

77 ـ 78 ـ ئى ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلار! مەقسەتلىرىڭلارغا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن نامىزىڭلاردا رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار، رەببىڭلارغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىڭلار، ياخشى ئىشلارنى قىلىڭلار، نەپسىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تولۇق ئادا قىلىڭلار، ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ يولىغا چاقىرىڭلار، نىيەتلىرىڭلارنى ئاللاھقا خالىس قىلىپ، دىلىڭلارنى ۋە ئەزالىرىڭلارنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممە ھالەتتە ئاللاھقا بويسۇندۇرۇپ، پۇل ـ مېلىڭلار بىلەن تىلىڭلار بىلەن ۋە جېنىڭلار بىلەن (ئاللاھ يولىدا) جىھاد قىلىڭلار. ئاللاھ سىلەرنى بۇ دىنىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى كۆتۈرۈشكە تاللىدى، شەرىئەتلىرىنى سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن بەزى ئۈممەتلەرنىڭ شەرىئىتىدە بولغان قىيىنچىلىقلاردىن خالىي، كەڭچىل بىر شەرىئەت قىلىش ئارقىلىق، ھەقىقەتەن سىلەرگە ئىنئام قىلدى. بۇ كەڭچىل دىن ئاتاڭلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى بولغان ھەق دىندۇر. ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق دىنىنى يەتكۈزگەنلىكى ھەققىدە سىلەرگە گۇۋاھ بولۇشى ۋە سىلەرنىڭ باشقا ئۈممەتلەرگە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھەق دىنىنى ئۇلارغا يەتكۈزگەنلىكى ھەققىدە گۇۋاھ بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرنى بۇرۇنقى ساماۋى كىتابلاردا مۇسۇلمان دەپ ئاتىدى، قۇرئاندىمۇ شۇنداق دەپ ئاتىدى. شۇڭا سىلەر بۇ نېمەتنى تونۇپ، ئۇنىڭغا لايىقىدە شۈكۈر قىلىڭلار، نامازنى بارلىق شەرتلىرىگە ۋە ۋاقىتلىرىغا رىئايە قىلىپ تولۇق ۋە مۇكەممەل ئوقۇش، زاكاتنى تولۇق بېرىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ (سىمۋوللۇق) ئالامەتلىرىنى قوغداڭلار، ئاللاھقا پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭلار بىلەن يۈزلىنىش، ئۇنىڭغا چىن دىلىڭلار بىلەن باغلىنىش، ھەر ئىشتا ئۇنىڭغا تايىنىش ئارقىلىق دىنىنىڭ ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىڭلار. ئاللاھ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يۈزلەنگەن كىشى ئۈچۈن نېمىدېگەن ياخشى ئىگە! مەدەت تىلىگەن كىشى ئۈچۈن نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار!

# مۇئمىنۇن سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

قَدۡ أَفۡلَحَ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ١

1 ـ ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلغان مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن مۇرادىغا يەتتى.

ٱلَّذِينَ هُمۡ فِي صَلَاتِهِمۡ خَٰشِعُونَ ٢

2 ـ ئۇ مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى شۇكى، ئۇلار نامازلىرىنى ئاللاھتىن ئەيمەنگەن، قەلبىنى ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئاللاھقا بېغىشلاپ تۇرغان ھالدا ئوقۇغۇچىلاردۇر.

وَٱلَّذِينَ هُمۡ عَنِ ٱللَّغۡوِ مُعۡرِضُونَ ٣

3 ـ ئۇلار ياخشىلىق بولمىغان ھەرقانداق (بىھۇدە) سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى تەرك ئەتكۈچىلەردۇر.

وَٱلَّذِينَ هُمۡ لِلزَّكَوٰةِ فَٰعِلُونَ ٤

4 ـ ئۇلار ھەرخىل تۈردىكى پۇل ـ مېلىنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىش ئارقىلىق ئۆز نەپسىنى بېخىللىقتىن ۋە پۇل ـ مېلىنى ھارامدىن پاكلىغۇچىلاردۇر.

وَٱلَّذِينَ هُمۡ لِفُرُوجِهِمۡ حَٰفِظُونَ ٥

5 ـ ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى ئاللاھ ھارام قىلغان زىنا، بەچچىۋازلىق ۋە ھەر تۈرلۈك پاھىشىدىن ساقلىغۇچىلاردۇر.

إِلَّا عَلَىٰٓ أَزۡوَٰجِهِمۡ أَوۡ مَا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُهُمۡ فَإِنَّهُمۡ غَيۡرُ مَلُومِينَ ٦

6 ـ پەقەت ئۆزىنىڭ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغان ئادەم ئەيىبلەنمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئۇلارنى ھالال قىلغان.

فَمَنِ ٱبۡتَغَىٰ وَرَآءَ ذَٰلِكَ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡعَادُونَ ٧

7 ـ كىمكى ئۆزىنىڭ ئاياللىرىدىن ۋە چۆرىلىرىدىن باشقىسى بىلەن جىنسىي تەلپىنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىكەن، ئۇ ھالالدىن ھارامغا ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ ۋە ئۆزىنى چوقۇم ئاللاھنىڭ ئازابىغا تۇتقان بولىدۇ.

وَٱلَّذِينَ هُمۡ لِأَمَٰنَٰتِهِمۡ وَعَهۡدِهِمۡ رَٰعُونَ ٨

8 ـ ئۇلار ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرنى ساقلىغۇچى ۋە بەرگەن ئەھدىلىرىگە ۋاپا

قىلغۇچىلاردۇر.

وَٱلَّذِينَ هُمۡ عَلَىٰ صَلَوَٰتِهِمۡ يُحَافِظُونَ ﴿٩﴾

9 ـ ئۇلار نامازلىرىنى دىندا كۆرسىتىلگەن بويىچە، ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغۇچىلاردۇر.

أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡوَٰرِثُونَ ﴿١٠﴾

10 ـ ئەنە شۇ مۇئمىنلەر جەننەتكە ۋارىسلىق قىلغۇچىلاردۇر.

ٱلَّذِينَ يَرِثُونَ ٱلۡفِرۡدَوۡسَ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿١١﴾

11 ـ ئۇلار جەننەتلەرنىڭ ئەڭ ئېسىلى ۋە ئەڭ ئەۋزىلى بولغان فىردەۋس جەننىتىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ، ئۇلار شۇ جەننەتتە مەڭگۈلۈك تۇرىدۇ، ئۇنىڭ نېمەتلىرى ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ ۋە يوقىلىپ كەتمەيدۇ.

وَلَقَدۡ خَلَقۡنَا ٱلۡإِنسَٰنَ مِن سُلَٰلَةٖ مِّن طِينٖ ﴿١٢﴾

12 ـ ھەقىقەتەن بىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنى زېمىننىڭ ھەممە يېرىدىن ئېلىنغان لاينىڭ جەۋھىرىدىن ياراتتۇق.

ثُمَّ جَعَلۡنَٰهُ نُطۡفَةٗ فِي قَرَارٖ مَّكِينٖ ﴿١٣﴾

13 ـ ئاندىن ئۇنىڭ ئەۋلادىنى ئەرنىڭ ئومۇرتقىسىدىن چىقىپ، ئايالنىڭ بالىياتقۇسىدا ئورۇنلىشىدىغان ئىسپېرمىدىن ياراتتۇق.

ثُمَّ خَلَقۡنَا ٱلنُّطۡفَةَ عَلَقَةٗ فَخَلَقۡنَا ٱلۡعَلَقَةَ مُضۡغَةٗ فَخَلَقۡنَا ٱلۡمُضۡغَةَ عِظَٰمٗا فَكَسَوۡنَا ٱلۡعِظَٰمَ لَحۡمٗا ثُمَّ أَنشَأۡنَٰهُ خَلۡقًا ءَاخَرَۚ فَتَبَارَكَ ٱللَّهُ أَحۡسَنُ ٱلۡخَٰلِقِينَ ﴿١٤﴾

14 ـ ئاندىن ئىسپېرمىنى ئەلەقكە (يەنى تاللانغان ئۇرۇققا)[1] ئاندىن قىرىق كۈندىن كېيىن ئەلەقنى بىر پارچە گۆشكە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن بۇ بىر پارچە يۇمشاق گۆشنى سۆڭەككە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن سۆڭەككە گۆش قوندۇردۇق، ئاندىن ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئۇنى باشقا بىر مەخلۇققا (ئىنسانغا) ئايلاندۇردۇق. ھەممە نەرسىنى ئەڭ ماھىرلىق بىلەن ياراتقان ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلۇغدۇر.

ثُمَّ إِنَّكُم بَعۡدَ ذَٰلِكَ لَمَيِّتُونَ ﴿١٥﴾

15 ـ ئاندىن سىلەر ئى ئىنسانلار! شۇ ھاياتلىقىڭلارنىڭ باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن ۋە ئەجىلىڭلار توشقاندىن كېيىن چوقۇم ئۆلىسىلەر.

ثُمَّ إِنَّكُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ تُبۡعَثُونَ ﴿١٦﴾

16 ـ ئاندىن سىلەر ھەقىقەتەن ئۆلگەن ۋە دۇنيا ھاياتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، قىيامەت كۈنى ئەمەللىرىڭلاردىن ھېساب بېرىش ۋە مۇكاپاتلىرىڭلارنى ئېلىش ياكى جازايىڭلارنى تارتىش ئۈچۈن قەبرەڭلاردىن تىرىلىپ چىقىسىلەر.

وَلَقَدۡ خَلَقۡنَا فَوۡقَكُمۡ سَبۡعَ طَرَآئِقَ وَمَا كُنَّا عَنِ ٱلۡخَلۡقِ غَٰفِلِينَ ﴿١٧﴾

17 ـ بىز ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا ئۈستى ـ ئۈستىگە يەتتە قات ئاسماننى

---

[1] ئەلەق ھەققىدە ھەج سۈرىسىنىڭ 5 ـ ئايىتىگە بەت ئاستىغا بېرىلگەن ئىزاھاتقا قارالسۇن.

ياراتتۇق، بىز مەخلۇقاتتىن خەۋەرسىز ئەمەسمىز، ھېچبىر مەخلۇقتىن غاپىل ئەمەسمىز،
ئۇنى ئۇنتۇپ قالمايمىز.

وَأَنزَلۡنَا مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءَۢ بِقَدَرٖ فَأَسۡكَنَّٰهُ فِي ٱلۡأَرۡضِۖ وَإِنَّا عَلَىٰ ذَهَابِۭ بِهِۦ لَقَٰدِرُونَ ﴿١٨﴾

18 - بىز بۇلۇتتىن بەندىلەرنىڭ ھاجىتىگە يېتەرلىك ھالدا ئۆلچەملىك مىقداردا يامغۇر
ياغدۇردۇق، زېمىننى يامغۇر سۈيىنى تۇتۇپ تۇرالايدىغان قىلدۇق، بىز ئۇ سۇنى
زېمىندىن يوق قىلىۋېتىشكىمۇ ئەلۋەتتە قادىرمىز. (بۇ ئايەتتە كاپىرلار ئاگاھلاندۇرۇلغان).

فَأَنشَأۡنَا لَكُم بِهِۦ جَنَّٰتٖ مِّن نَّخِيلٖ وَأَعۡنَٰبٖ لَّكُمۡ فِيهَا فَوَٰكِهُ كَثِيرَةٞ وَمِنۡهَا تَأۡكُلُونَ ﴿١٩﴾

19 - بىز بۇ يامغۇر سۈيى بىلەن سىلەرگە خورمىلىق باغلارنى ۋە ئۈزۈملۈك باغلارنى
يېتىشتۈرۈپ بەردۇق، سىلەر ئۈچۈن ئۇ باغلاردا ھەر تۈرلۈك ۋە ھەر خىل شەكىلدىكى
مېۋىلەر بار، سىلەر شۇ مېۋىلەردىن يەيسىلەر.

وَشَجَرَةٗ تَخۡرُجُ مِن طُورِ سَيۡنَآءَ تَنۢبُتُ بِٱلدُّهۡنِ وَصِبۡغٖ لِّلۡأٓكِلِينَ ﴿٢٠﴾

20 - يەنە شۇ يامغۇر سۈيى بىلەن سىلەرگە تۇرسىنادىن چىقىدىغان زەيتۇن دەرىخىنى
يېتىشتۈرۈپ بەردۇق. ئۇنىڭدىن ماي چىقىرىلىپ، بەدەنلەر ياغلىنىدۇ ۋە تاماققا
ئىشلىتىلىدۇ.

وَإِنَّ لَكُمۡ فِي ٱلۡأَنۡعَٰمِ لَعِبۡرَةٗۖ نُّسۡقِيكُم مِّمَّا فِي بُطُونِهَا وَلَكُمۡ فِيهَا مَنَٰفِعُ كَثِيرَةٞ وَمِنۡهَا
تَأۡكُلُونَ ﴿٢١﴾

21 - ئى ئىنسانلار! تۆگە، كالا ۋە قوي قاتارلىق چارۋىلاردا ھەقىقەتەن سىلەر ئۈچۈن
ئىبرەت بار، ئۇلارنىڭ قورسىقىدىكى سۈت بىلەن سىلەرنى سۇغىرىمىز، سىلەر يەنە ئۇ
چارۋىلارنىڭ يۇڭىدىن، تېرىسىدىن پايدىلىنىسىلەر، ئۇلارنىڭ گۆشىنى يەيسىلەر.

وَعَلَيۡهَا وَعَلَى ٱلۡفُلۡكِ تُحۡمَلُونَ ﴿٢٢﴾

22 - سىلەر قۇرۇقلۇقتا تۆگە قاتارلىق ھايۋانلارغا مىنىسىلەر، دېڭىزلاردا بولسا كېمىلەرگە
ئولتۇرىسىلەر.

وَلَقَدۡ أَرۡسَلۡنَا نُوحًا إِلَىٰ قَوۡمِهِۦ فَقَالَ يَٰقَوۡمِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنۡ إِلَٰهٍ غَيۡرُهُۥٓۚ أَفَلَا
تَتَّقُونَ ﴿٢٣﴾

23 - شەكسىزكى، بىز نۇھنى ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسۇن دەپ، ئۆز قەۋمىگە
پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، نۇھ ئۇلارغا ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! سىلەر ئاللاھقىلا ئىبادەت
قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، سىلەر ئۇنىڭ ئازابىدىن
قورقمامسىلەر؟»

فَقَالَ ٱلۡمَلَؤُاْ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِن قَوۡمِهِۦ مَا هَٰذَآ إِلَّا بَشَرٞ مِّثۡلُكُمۡ يُرِيدُ أَن يَتَفَضَّلَ عَلَيۡكُمۡ وَلَوۡ
شَآءَ ٱللَّهُ لَأَنزَلَ مَلَٰٓئِكَةٗ مَّا سَمِعۡنَا بِهَٰذَا فِيٓ ءَابَآئِنَا ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٢٤﴾ إِنۡ هُوَ إِلَّا رَجُلُۢ بِهِۦ جِنَّةٞ فَتَرَبَّصُواْ
بِهِۦ حَتَّىٰ حِينٖ ﴿٢٥﴾

24 - 25 - ئۇنىڭ قەۋمى ئىچىدىكى كاتتىباشلار ئۇنى ئىنكار قىلدى ۋە ئاۋام خەلققە مۇنداق
دېدى: «بۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسان، ئۇنىڭ سىلەردىن ھېچبىر پەرقى يوق.

ئۇ بۇ سۆزلىرى بىلەن پەقەت سىلەردىن ئۈستۈن بولۇۋېلىشنى ۋە سىلەرگە ھۆكۈمدار بولۇۋېلىشنى خالايدۇ، ئەگەر ئاللاھ بىزگە پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، پەرىشتىلەرنى ئەۋەتكەن بولاتتى، بۇنداق سۆزنى بىز بۇرۇنقى ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن ئاڭلاپ باقمىغان. نۇھ پەقەتلا جىن چاپلىشىۋالغان بىر ئادەمدۇر. شۇڭا سىلەر كۈتۈڭلار، ئۇ ئەسلىگە كېلىپ بۇ دەۋىتىدىن ۋاز كېچىدۇ ياكى ئۆلۈپ تۈگىشىدۇ. شۇ چاغدا سىلەر ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇسىلەر».

قَالَ رَبِّ ٱنصُرۡنِي بِمَا كَذَّبُونِ ﴿٢٦﴾

26 - نۇھ: «ئى رەببىم! قەۋمىمگە سېنىڭ دىنىڭنى يەتكۈزگەنلىكىمدە، ئۇلارنىڭ مېنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا قارشى ماڭا ياردەم بەرگىن» دېدى.

فَأَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡهِ أَنِ ٱصۡنَعِ ٱلۡفُلۡكَ بِأَعۡيُنِنَا وَوَحۡيِنَا فَإِذَا جَآءَ أَمۡرُنَا وَفَارَ ٱلتَّنُّورُ فَٱسۡلُكۡ فِيهَا مِن كُلٍّ زَوۡجَيۡنِ ٱثۡنَيۡنِ وَأَهۡلَكَ إِلَّا مَن سَبَقَ عَلَيۡهِ ٱلۡقَوۡلُ مِنۡهُمۡۖ وَلَا تُخَٰطِبۡنِي فِي ٱلَّذِينَ ظَلَمُوٓاْ إِنَّهُم مُّغۡرَقُونَ ﴿٢٧﴾

27 - شۇنىڭ بىلەن بىز نۇھقا: «بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا، بىزنىڭ ئەمرىمىز ۋە ياردىمىمىز بىلەن يوغان بىر كېمە ياسىغىن، سەن بىزنىڭ قوغدىشىمىز ئاستىدىسەن. بىزنىڭ قەۋمىڭنى جازالاش ھەققىدىكى بۇيرۇقىمىز يېتىپ كېلىپ تопان بالاسى باشلانغاندا ۋە ئازابنىڭ كەلگەنلىكىگە بەلگە بولۇپ، ئوت كۆيۈۋاتقان تونۇردىن سۇ ئېتىلىپ چىققان چاغدا، كېمىگە بارلىق جانلىقلاردىن بىر جۈپتىن ئېلىۋالغىن. بۇ ئۇلارنىڭ نەسلىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈندۇر. ئائىلەڭدىكىلەرنىمۇ ئېلىۋالغىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئايالىڭ ۋە ئوغلۇڭ قاتارلىق ئازابقا تېگىشلىك بولغانلار بۇنىڭ سىرتىدا. چۈنكى ئۇلار كۇفرىنى تاللىدى. كۇفرىلىق بىلەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان قەۋمىڭنى قۇتقۇزۇش توغرىسىدا ماڭا سۆز ئاچمىغىن، چۈنكى ئۇلار توپان بالاسىدا چوقۇم غەرق قىلىنىدۇ» دەپ ۋەھيى قىلدۇق. (بۇئايەتتە ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق كۆز سۈپىتىنىڭ بارلىقى ئىسپاتلىنىدۇ).

فَإِذَا ٱسۡتَوَيۡتَ أَنتَ وَمَن مَّعَكَ عَلَى ٱلۡفُلۡكِ فَقُلِ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ ٱلَّذِي نَجَّىٰنَا مِنَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٢٨﴾

28 - سەن ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەر بىلەن كېمىگە چىقىپ، غەرق بولۇپ كېتىشتىن ئەمىن بولغان چېغىڭدا: «جىمى ھەمدۇسانا بىزنى كاپىر قەۋمدىن قۇتقۇزغان ئاللاھقا خاستۇر» دېگىن.

وَقُل رَّبِّ أَنزِلۡنِي مُنزَلٗا مُّبَارَكٗا وَأَنتَ خَيۡرُ ٱلۡمُنزِلِينَ ﴿٢٩﴾

29 - ھەمدە: «ئى رەببىم! مېنى خاتىرجەم، بەرىكەتلىك بىر مەنزىلگە ئورۇنلاشتۇرغىن، سەن ئەڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇرغۇچىسەن» دېگىن. (ئاللاھ بۇ ئايەت ئارقىلىق بەندىلىرىگە بىر يەرگە چۈشمەكچى بولغاندا شۇنداق دۇئا قىلىشنى ئۆگەتكەن).

إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ وَإِن كُنَّا لَمُبۡتَلِينَ ﴿٣٠﴾

30 - شەكسىزكى، كاپىرلارنى ھالاك قىلىپ، مۇئمىنلەرنى قۇتقۇزۇشتا (ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن) پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان روشەن دەلىللەر بار. ھەقىقەتەن بىز ئىنسانلارنى ئۇلارغا ئازاب چۈشۈشتىن بۇرۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش بىلەن ئەلۋەتتە سىنايمىز.

ثُمَّ أَنشَأۡنَا مِنۢ بَعۡدِهِمۡ قَرۡنًا ءَاخَرِينَ ﴿٣١﴾

31 - ئاندىن نۇھ قەۋمىنى هالاك قىلغاندىن كېيىن، ئاد قەۋمىدىن ئىبارەت باشقا بىر قەۋمنى بارلىققا كەلتۈردۇق.

فَأَرْسَلْنَا فِيهِمْ رَسُولًا مِّنْهُمْ أَنِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَٰهٍ غَيْرُهُۥٓ ۚ أَفَلَا تَتَّقُونَ ﴿٣٢﴾

32 - بىز ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق. ئۇ هۇد ئەلەيهىسسالام ئىدى. هۇد ئەلەيهىسسالام ئۇلارغا: «ئاللاهقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاهتىن باشقا هەقىقىي ئىلاه يوقتۇر. سىلەر مەخلۇقاتقا چوقۇنساڭلار، ئاللاهنىڭ ئازابىغا تېگىشلىك بولۇپ قېلىشتىن قورقامسىلەر؟» دېدى.

وَقَالَ ٱلْمَلَأُ مِن قَوْمِهِ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ وَكَذَّبُوا۟ بِلِقَآءِ ٱلْءَاخِرَةِ وَأَتْرَفْنَٰهُمْ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا مَا هَٰذَآ إِلَّا بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ يَأْكُلُ مِمَّا تَأْكُلُونَ مِنْهُ وَيَشْرَبُ مِمَّا تَشْرَبُونَ ﴿٣٣﴾

33 - ئاد قەۋمىنىڭ كاپىرلىقتا چېكى تۇرۇۋالغان، ئاخىرەت هاياتىنى ئىنكار قىلغان ۋە هەددىدىن ئاشقان دۆلەتمەن كاتتىباشلىرى: «سىلەرنى ئاللاهقا ئىبادەت قىلىڭلار دەپ دەۋەت قىلىۋاتقان ئادەم پەقەت سىلەرگە ئوخشاشلا بىر ئىنسان، ئۇ سىلەر يېگەننى يەيدۇ، سىلەر ئىچكەننى ئىچىدۇ.

وَلَئِنْ أَطَعْتُم بَشَرًا مِّثْلَكُمْ إِنَّكُمْ إِذًا لَّخَٰسِرُونَ ﴿٣٤﴾

34 - ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلارغا ئوخشاش بىر ئىنسانغا ئىتائەت قىلساڭلار، ئۇ چاغدا سىلەر ئىلاهلىرىڭلارنى تاشلاپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەتكەنلىكىڭلار ئۈچۈن چوقۇم زىيان تارتىپ قالىسىلەر.

أَيَعِدُكُمْ أَنَّكُمْ إِذَا مِتُّمْ وَكُنتُمْ تُرَابًا وَعِظَٰمًا أَنَّكُم مُّخْرَجُونَ ﴿٣٥﴾

35 - سىلەر ئۇنىڭ: ‹سىلەر ئۆلۈپ توپىغا ئايلىنىپ كەتكەن، سۆڭەكلىرىڭلار چىرىپ كەتكەندىن كېيىن، قەبرەڭلاردىن تىرىلىپ چىقىسىلەر› دەپ قورقۇتقان سۆزىگە قانداقمۇ ئىشىنىسىلەر؟

۞ هَيْهَاتَ هَيْهَاتَ لِمَا تُوعَدُونَ ﴿٣٦﴾

36 - ئى قەۋم! ‹سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن قەبرەڭلاردىن تىرىلىپ چىقىسىلەر› دەپ، سىلەرنى قورقۇتقان بۇ ئاگاهلاندۇرۇش هەقىقەتتىن تولىمۇ يىراقتۇر.

إِنْ هِىَ إِلَّا حَيَاتُنَا ٱلدُّنْيَا نَمُوتُ وَنَحْيَا وَمَا نَحْنُ بِمَبْعُوثِينَ ﴿٣٧﴾

37 - بىزنىڭ هاياتىمىز پەقەت مۇشۇ دۇنيادىكى هاياتتۇر، بىزدىكى چوڭلار ئۆلۈپ تۈرىدۇ، باللار تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ. بىز قايتا تىرىلمەيمىز.

إِنْ هُوَ إِلَّا رَجُلٌ ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا وَمَا نَحْنُ لَهُۥ بِمُؤْمِنِينَ ﴿٣٨﴾

38 - سىلەرنى ئىمانغا دەۋەت قىلىۋاتقان بۇ ئادەم پەقەت ئاللاه نامىدىن يالغاننى توقۇۋاتقان ئادەمدۇر، بىز ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە هەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدى.

قَالَ رَبِّ ٱنصُرْنِى بِمَا كَذَّبُونِ ﴿٣٩﴾

39 - ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى هۇد ئەلەيهىسسالام ئاللاهقا ئىلتىجا قىلىپ: «ئى رەببىم! ئۇلارنىڭ مېنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا قارشى ماڭا ياردەم بەرگىن» دېدى.

قَالَ عَمَّا قَلِيلٍ لَّيُصۡبِحُنَّ نَٰدِمِينَ ﴿٤٠﴾

40 - ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىغا جاۋاب بېرىپ: «ئۇلار ئۇزۇنغا قالماي قىلمىشلىرىغا چوقۇم پۇشايمان قىلىدۇ» دېدى.

فَأَخَذَتۡهُمُ ٱلصَّيۡحَةُ بِٱلۡحَقِّ فَجَعَلۡنَٰهُمۡ غُثَآءٗۚ فَبُعۡدٗا لِّلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٤١﴾

41 - ئۇزۇنغا قالماي ئۇلارغا بوران بىلەن بىرلىكتە قاتتىق بىر ئاۋاز كەلدى - دە، ئاللاھ ئۇلارنى شۇ ئاۋاز بىلەن ھالاك قىلىۋەتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلدى، ئۇلار سەل سۈپۈرۈپ كەتكەن ئەخلەتلەر سۇنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ قالغاندەك بولۇپ كەتتى. ئاشۇ زالىم قەۋم ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولسۇن! بۇنى ئاڭلىغانلار پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلىپ ئۆزلىرىگىمۇ شۇنداق بىر ئازابنىڭ كېلىشىدىن ھەزەر ئەيلىسۇن!

ثُمَّ أَنشَأۡنَا مِنۢ بَعۡدِهِمۡ قُرُونًا ءَاخَرِينَ ﴿٤٢﴾

42 - ئاشۇ ئىنكارچىلارنى ھالاك قىلىۋەتكەندىن كېيىن، لۇت، شۇئەيب، ئەييۇب، ۋە يۇنۇس قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرىگە ئوخشاش باشقا قەۋملەرنى بارلىققا كەلتۈردۇق.

مَا تَسۡبِقُ مِنۡ أُمَّةٍ أَجَلَهَا وَمَا يَسۡتَـٔۡخِرُونَ ﴿٤٣﴾

43 - بۇ ئىنكارچى ئۈممەتلەردىن ھېچقانداق بىر ئۈممەت ئۆزىنىڭ ھالاك بولۇشى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ۋاقىت كەلمەي تۇرۇپ ھالاك بولمايدۇ، ئۇلار ھالاك بولىدىغان ۋاقىتتىن كېچىكىپمۇ قالمايدۇ.

ثُمَّ أَرۡسَلۡنَا رُسُلَنَا تَتۡرَاۖ كُلَّ مَا جَآءَ أُمَّةٗ رَّسُولُهَا كَذَّبُوهُۖ فَأَتۡبَعۡنَا بَعۡضَهُم بَعۡضٗا وَجَعَلۡنَٰهُمۡ أَحَادِيثَۚ فَبُعۡدٗا لِّقَوۡمٖ لَّا يُؤۡمِنُونَ ﴿٤٤﴾

44 - ئاندىن بىز ئاشۇ ئۈممەتلەرگە پەيغەمبەرلىرىمىزنى ئارقىمۇئارقا ئەۋەتتۇق. قانداقلا بىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىنى ئاللاھقا دەۋەت قىلسا، قەۋمى ئۇنى ئىنكار قىلدى. بىزمۇ ئۇلارنى ئارقىمۇئارقىدىن ھالاك قىلىۋەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھالاك بولغانلىق خەۋىرىدىن باشقا ھېچ نەرسىسى قالمىدى، ئۇلارنىڭ قىسسىلىرىنى كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئىبرەت قىلدۇق. پەيغەمبەرلەرگە ئىشەنمەيدىغان ۋە ئۇلارغا ئەگەشمەيدىغان قەۋم ھالاك بولسۇن! ئۇلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولسۇن!

ثُمَّ أَرۡسَلۡنَا مُوسَىٰ وَأَخَاهُ هَٰرُونَ بِـَٔايَٰتِنَا وَسُلۡطَٰنٖ مُّبِينٍ ﴿٤٥﴾ إِلَىٰ فِرۡعَوۡنَ وَمَلَإِيْهِۦ فَٱسۡتَكۡبَرُواْ وَكَانُواْ قَوۡمًا عَالِينَ ﴿٤٦﴾

45 - 46 - ئاندىن مۇسا ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى ھارۇننى ھاسىسىنىڭ ئەجدىھاغا ئايلىنىشى، قولىنىڭ چىراقتەك يېنىشى، چېكەتكە، پىت، پاقا، قان بالاسى، سەل ئاپىتى، ئاچلىق ۋە قەھەتچىلىك قاتارلىق دەلىللەرنى ئىمانغا كەلتۈرىدىغان، مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىدىغان، كاپىرلىقتا چىڭ تۇرۇۋالغۇچىلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىغۇچى دەلىل - پاكىت بولىدىغان توققۇز چوڭ مۆجىزىمىز بىلەن پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىغا ئەۋەتتۇق، ئۇلار ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ مۇسا بىلەن ھارۇنغا ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتتى. ئۇلار ئەسلىدە كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى بوزەك قىلىدىغان ھاكاۋۇر قەۋم ئىدى.

فَقَالُوٓاْ أَنُؤۡمِنُ لِبَشَرَيۡنِ مِثۡلِنَا وَقَوۡمُهُمَا لَنَا عَٰبِدُونَ ﴿٤٧﴾

47 - شۇڭا ئۇلار مۇسا بىلەن ھارۇن ئىككىسى توغرۇلۇق: «بىز ئۆزىمىزگە ئوخشايدىغان بۇ ئىككى ئىنسانغا ئىمان ئېيتامدۇق؟ ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ قەۋمى بولغان ئىسرائىل ئەۋلادى بىزگە بويسۇنۇپ، خارلىق بىلەن خىزمەت قىلىدىغان قۇللاردۇر» دېيىشتى.

فَكَذَّبُوهُمَا فَكَانُواْ مِنَ ٱلْمُهْلَكِينَ ﴿٤٨﴾

48 - شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بۇ ئىككى پەيغەمبەرنى يالغانغا چىقىرىپ، ئۇلار ئېلىپ كەلگەن دىنىنى ئىنكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دېڭىزدا غەرق بولۇپ تۈگەشتى.

وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَٰبَ لَعَلَّهُمْ يَهْتَدُونَ ﴿٤٩﴾

49 - ئىسرائىل ئەۋلادىنى ھىدايەت تاپسۇن دەپ، بىز ھەقىقەتەن مۇساغا تەۋراتنى ئاتا قىلدۇق.

وَجَعَلْنَا ٱبْنَ مَرْيَمَ وَأُمَّهُۥٓ ءَايَةً وَءَاوَيْنَٰهُمَآ إِلَىٰ رَبْوَةٍ ذَاتِ قَرَارٍ وَمَعِينٍ ﴿٥٠﴾

50 - بىز ئىيسانى ۋە ئۇنىڭ ئانىسى مەريەمنى قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەت قىلدۇق، چۈنكى بىز ئىيسانى ئاتىسىز ياراتتۇق، ئانا، بالا ئىككىسىنى تۈپتۈز، ئېقىن سۇلۇق ئېگىز بىر جايغا ئورۇنلاشتۇردۇق.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلرُّسُلُ كُلُواْ مِنَ ٱلطَّيِّبَٰتِ وَٱعْمَلُواْ صَٰلِحًاۖ إِنِّى بِمَا تَعْمَلُونَ عَلِيمٌ ﴿٥١﴾

51 - ئى پەيغەمبەرلەر! ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىمەن. سىلەرنىڭ ھېچقانداق ئەمەلىڭلار ماڭا مەخپىي قالمايدۇ. (بۇ ئايەت بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئۈممەتلىرىگە قارىتىلغان. بۇ ئايەت ھالالدىن يېيىشنىڭ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغانلىقىغا، ھارام يېيىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ئېچىنىشلىق بولىدىغانلىقىغا ۋە ھارام يېگەن ئادەمنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولمايدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ).

وَإِنَّ هَٰذِهِۦٓ أُمَّتُكُمْ أُمَّةً وَٰحِدَةً وَأَنَا۠ رَبُّكُمْ فَٱتَّقُونِ ﴿٥٢﴾

52 - ئى پەيغەمبەرلەر جامائەسى! سىلەرنىڭ دىنىڭلار ھەقىقەتەن بىر دىندۇر. ئۇ بولسىمۇ ئىسلام دىنىدۇر. مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلارمەن، شۇڭا، سىلەر مېنىڭ بۇيرۇغانلىرىمنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىمدىن يېنىپ، ماڭا تەقۋالىق قىلىڭلار.

فَتَقَطَّعُوٓاْ أَمْرَهُم بَيْنَهُمْ زُبُرًاۖ كُلُّ حِزْبٍۭ بِمَا لَدَيْهِمْ فَرِحُونَ ﴿٥٣﴾

53 - دىنىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى دىنىدا ئىختىلاپلىشىپ نۇرغۇنلىغان پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى، ئۇلار بىرلىكنى ساقلاشقا بۇيرۇلغان تۇرۇقلۇق ئۆزلىرىنىڭ دىنىنى بىر قانچە دىنغا پارچىلىۋەتتى، ھەربىر پىرقە ئۆزىنى توغرا يولدا، باشقىلارنى خاتا يولدا دەپ ئويلاپ، ئۆزىنىڭ رەيى بىلەن مەمنۇن بولدى. (بۇ ئايەت دىندا پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ).

فَذَرْهُمْ فِى غَمْرَتِهِمْ حَتَّىٰ حِينٍ ﴿٥٤﴾

54 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئازاب چۈشكەنگە قەدەر ئۇلارنى ئۆز ئازغۇنلۇقىدا ۋە ئۆز نادانلىقىدا قويۇپ تۇرغىن.

أَيَحْسَبُونَ أَنَّمَا نُمِدُّهُم بِهِۦ مِن مَّالٍ وَبَنِينَ ﴿٥٥﴾ نُسَارِعُ لَهُمْ فِى ٱلْخَيْرَٰتِۚ بَل لَّا يَشْعُرُونَ ﴿٥٦﴾

55 - 56 - ئۇ كاپىرلار بىزنىڭ ئۇلارغا دۇنيادا مال - مۈلۈك ۋە ئەۋلادلارنى بەرگەنلىكىمىزنى ئۆزلىرىگە تېز ياخشىلىق قىلغانلىق دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بىزنىڭ بۇنداق قىلغانلىقىمىز ئۇلارنى ئاستا - ئاستا ھالاكەتكە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈندۇر. لېكىن ئۇلار بۇنى ھېس قىلمايدۇ.

إِنَّ ٱلَّذِينَ هُم مِّنۡ خَشۡيَةِ رَبِّهِم مُّشۡفِقُونَ ﴿٥٧﴾

57 - شەكسىزكى، رەببىنىڭ ئازابىدىن قورققۇچىلار، ئۇنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىدىن تىترەپ تۇرغۇچىلار،

وَٱلَّذِينَ هُم بِـَٔايَٰتِ رَبِّهِمۡ يُؤۡمِنُونَ ﴿٥٨﴾

58 - رەببىنىڭ قۇرئاندىكى ئايەتلىرىگە چىن ئىشىنىپ ئەمەل قىلغۇچىلار،

وَٱلَّذِينَ هُم بِرَبِّهِمۡ لَا يُشۡرِكُونَ ﴿٥٩﴾

59 - ئىبادەتنى رەببىنىڭ ئۆزىگىلا قىلىپ، ئۇنىڭغا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيدىغانلار،

وَٱلَّذِينَ يُؤۡتُونَ مَآ ءَاتَواْ وَّقُلُوبُهُمۡ وَجِلَةٌ أَنَّهُمۡ إِلَىٰ رَبِّهِمۡ رَٰجِعُونَ ﴿٦٠﴾

60 - رەببىنىڭ دەرگاھىغا ھېساب ئۈچۈن بارغاندا، ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ۋە خەير - ساخاۋەتلىرىنىڭ قوبۇل بولماي قېلىشىدىن ۋە ئۆزىنى رەببىنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزالماي قېلىشىدىن قورقۇپ تۇرۇپ، ياخشى ئىشلارنى تىرىشچانلىق بىلەن قىلىدىغان كىشىلەر،

أُوْلَٰٓئِكَ يُسَٰرِعُونَ فِي ٱلۡخَيۡرَٰتِ وَهُمۡ لَهَا سَٰبِقُونَ ﴿٦١﴾

61 - ئەنە شۇلار تائەت - ئىبادەتنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ خىسلىتى ھەرقانداق ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا ئالدىراش بولۇپ، ئۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكۈچىلەردۇر.

وَلَا نُكَلِّفُ نَفۡسًا إِلَّا وُسۡعَهَاۚ وَلَدَيۡنَا كِتَٰبٞ يَنطِقُ بِٱلۡحَقِّ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ﴿٦٢﴾

62 - بىز بەندىلىرىمىزدىن ھېچبىر بەندىنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇمايمىز، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىكى نامە - ئەمال كىتابىدا يېزىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ پەرىشتىلەر كۆتۈرىدىغان، ئۇلار ھەققىدە ھەقىقەتنى سۆزلەپ بېرىدىغان كىتابتۇر. ئۇلارغا قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ.

بَلۡ قُلُوبُهُمۡ فِي غَمۡرَةٖ مِّنۡ هَٰذَا وَلَهُمۡ أَعۡمَٰلٞ مِّن دُونِ ذَٰلِكَ هُمۡ لَهَا عَٰمِلُونَ ﴿٦٣﴾

63 - لېكىن كاپىرلارنىڭ دىللىرى بۇ قۇرئاندىن ۋە ئۇنىڭدىكى ھەقىقەتلەردىن تامامەن غەپلەتتىدۇر، ئۇلارنىڭ مۇشرىكلىكتىن باشقا يەنە نۇرغۇن يامان ئەمەللىرى بار بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارنى ئىبرەتلىك جازالاش ئۈچۈن ئۇلارغا مۆھلەت بېرىدۇ، ئۇلار بولسا بۇ يامانلىقلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ.

حَتَّىٰٓ إِذَآ أَخَذۡنَا مُتۡرَفِيهِم بِٱلۡعَذَابِ إِذَا هُمۡ يَجۡـَٔرُونَ ﴿٦٤﴾

64 - ئۇلارنىڭ ھاكاۋۇر دۆلەتمەن ئادەملىرىنى ئازابىمىز بىلەن جازالىغان ۋاقتىمىزدا، ئۇلار ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ نالە - پەرياد قىلىشقا باشلايدۇ.

لَا تَجۡـَٔرُواْ ٱلۡيَوۡمَۖ إِنَّكُم مِّنَّا لَا تُنصَرُونَ ﴿٦٥﴾

65 - ئۇلارغا ئېيتىلىدۇكى، «بۈگۈن نالە - پەرياد قىلماڭلار، چۈنكى سىلەر بۈگۈن ئۆزۈڭلارنى
ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالالمايسىلەر، سىلەرگە ھېچكىم ياردەم قىلالمايدۇ».

قَدْ كَانَتْ ءَايَٰتِى تُتْلَىٰ عَلَيْكُمْ فَكُنتُمْ عَلَىٰٓ أَعْقَٰبِكُمْ تَنكِصُونَ ﴿٦٦﴾

66 - سىلەرگە قۇرئان ئايەتلىرى ئوقۇپ بېرىلىپ تۇراتتى، سىلەر ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىنىپ
تۇراتتىڭلار، لېكىن سىلەر تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئۇنى ئاڭلاشتىن، ئۇنىڭغا ئىمان
ئېيتىشتىن ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتىن باش تارتىپ تۇراتتىڭلار.

مُسْتَكْبِرِينَ بِهِۦ سَٰمِرًا تَهْجُرُونَ ﴿٦٧﴾

67 - سىلەر ھەرەمنىڭ قوشنىسى بولغانلىقىڭلار سەۋەبلىك تەكەببۇرلۇق قىلىپ، «بىز
ھەرەمنىڭ ئىگىلىرى، بىز يېڭىلمەيمىز» دەيتتىڭلار. شۇڭا ھەرەم ئەتراپىدا يامان
سۆزلەرنى قىلىشىپ كېچىلىك سورۇنلىرىمىزنى قىزىتاتتىڭلار.

أَفَلَمْ يَدَّبَّرُوا۟ ٱلْقَوْلَ أَمْ جَآءَهُم مَّا لَمْ يَأْتِ ءَابَآءَهُمُ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿٦٨﴾

68 - ئۇلار قۇرئاننىڭ ھەقىقىتىنى بىلىش يولىدا قۇرئان ئۈستىدە چوڭقۇر تەپەككۇر
قىلمىدىمۇ؟ ياكى ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىغا كەلمىگەن كىتاب ۋە پەيغەمبەر
كەلگەنلىكى ئۈچۈن، شۇڭا ئۇلار ئىمان ئېيتمىدىمۇ؟

أَمْ لَمْ يَعْرِفُوا۟ رَسُولَهُمْ فَهُمْ لَهُۥ مُنكِرُونَ ﴿٦٩﴾

69 - ياكى ئۇلار ئۆزلىرىگە كەلگەن پەيغەمبەر — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تونۇماي
قالغانلىقتىن، ھەقىقەتكە ئەگەشمەي، شۇڭا ئۇنى ئىنكار قىلىۋاتامدۇ؟

أَمْ يَقُولُونَ بِهِۦ جِنَّةٌۢ ۚ بَلْ جَآءَهُم بِٱلْحَقِّ وَأَكْثَرُهُمْ لِلْحَقِّ كَٰرِهُونَ ﴿٧٠﴾

70 - ياكى ئۇلار ئۇنى مەجنۇن دەپ قالدىمۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇلار (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا
مەجنۇنلۇق بار دېگەن سۆزدە) يالغان ئېيتتى، ئۇ پەقەت ئۇلارغا قۇرئان، تەۋھىد
ئەقىدىسى، ھەق دىن قاتارلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. ھالبۇكى،ئۇلارنىڭ تولىسى ھەسەت
قىلغانلىقتىن ھەقىقەتنى يامان كۆرىدۇ.

وَلَوِ ٱتَّبَعَ ٱلْحَقُّ أَهْوَآءَهُمْ لَفَسَدَتِ ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلْأَرْضُ وَمَن فِيهِنَّ ۚ بَلْ أَتَيْنَٰهُم بِذِكْرِهِمْ فَهُمْ
عَن ذِكْرِهِم مُّعْرِضُونَ ﴿٧١﴾

71 - ئەگەر ئاللاھ ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا بويسۇنىدىغان بىر دىننى چۈشۈرگەن بولسا
ئىدى، ئەلۋەتتە ئاسمانلار - زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەۋجۇدات (ئىنتىزامدىن چىقىپ) بۇزۇلغان
بولاتتى. (شۇڭا ئۇنداق بولمىدى). چۈنكى بىز ئۇلارغا ئۇلارنىڭ شان - شەرىپىنى ۋە
ئىززىتىنى كۆتۈرىدىغان قۇرئاننى ئاتا قىلدۇق، ئەمما ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەكتە.

أَمْ تَسْـَٔلُهُمْ خَرْجًا فَخَرَاجُ رَبِّكَ خَيْرٌ ۖ وَهُوَ خَيْرُ ٱلرَّٰزِقِينَ ﴿٧٢﴾

72 - ئى پەيغەمبەر! ياكى سەن ئۇلارغا دىننى يەتكۈزگەنلىكىڭ ئۈچۈن ئۇلاردىن ھەق تەلەپ
قىلغانلىقتىن، ئۇلار ئۇنى بېرەلمەي شۇڭا ساڭا ئەگەشمىدىمۇ؟ سەن ھەرگىز ئۇنداق
قىلمىدىڭ. شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ ئەجىر - مۇكاپاتى ھەممىدىن ياخشىدۇر، ئاللاھ
رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، چۈنكى ھېچكىم ئاللاھ رىزىق بەرگەندەك
رىزىق بېرەلمەيدۇ.

وَإِنَّكَ لَتَدۡعُوهُمۡ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ﴿٧٣﴾

73 - ئى پەيغەمبەر! ھەقىقەتەن سەن قەۋمىڭنى ۋە باشقىلارنى ئىسلامدىن ئىبارەت توغرا دىنغا دەۋەت قىلىۋاتىسەن.

وَإِنَّ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡأٓخِرَةِ عَنِ ٱلصِّرَٰطِ لَنَٰكِبُونَ ﴿٧٤﴾

74 - ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ۋە ئەمەللەردىن ھېساب بېرىشكە ئىشەنمەيدىغان ۋە ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئەمەل قىلمايدىغانلار ھەقىقەتەن ھەق دىنىنىڭ يولىدىن چەتنەپ ئازغۇنلۇققا قاراپ كەتكەنلەردۇر.

۞ وَلَوۡ رَحِمۡنَٰهُمۡ وَكَشَفۡنَا مَا بِهِم مِّن ضُرّٖ لَّلَجُّواْ فِي طُغۡيَٰنِهِمۡ يَعۡمَهُونَ ﴿٧٥﴾

75 - ئەگەر بىز ئۇلارغا رەھىم قىلىپ، ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قەھەتچىلىك ۋە ئاچلىق قاتارلىق كۈلپەتلەرنى كۆتۈرۈۋەتسەك، ئۇلار ئەلۋەتتە يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقىدا ۋە ئازغۇنلۇقىدا داۋاملىق تېڭىرقاپ يۈرۈشەتتى.

وَلَقَدۡ أَخَذۡنَٰهُم بِٱلۡعَذَابِ فَمَا ٱسۡتَكَانُواْ لِرَبِّهِمۡ وَمَا يَتَضَرَّعُونَ ﴿٧٦﴾

76 - ئۇلارنى بىز ھەقىقەتەن ھەر تۈرلۈك كۈلپەتلەر بىلەن جازالىدۇق، ئەمما ئۇلار يەنىلا رەببىگە بويسۇنمىدى، ئېغىر كۈلپەتلىك كۈنلەردىمۇ رەببىگە يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىپ باقمىدى.

حَتَّىٰٓ إِذَا فَتَحۡنَا عَلَيۡهِم بَابٗا ذَا عَذَابٖ شَدِيدٍ إِذَا هُمۡ فِيهِ مُبۡلِسُونَ ﴿٧٧﴾

77 - تاكى ئاخىرەتتە ئۇلارغا قاتتىق ئازابنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقان چېغىمىزدا، ئۇلار بارلىق ياخشىلىقتىن دەرھال ئۈمىدىنى ئۈزىدۇ ۋە نېمە قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالىدۇ.

وَهُوَ ٱلَّذِيٓ أَنشَأَ لَكُمُ ٱلسَّمۡعَ وَٱلۡأَبۡصَٰرَ وَٱلۡأَفۡـِٔدَةَۚ قَلِيلٗا مَّا تَشۡكُرُونَ ﴿٧٨﴾

78 - ئاللاھ سىلەرگە ئاۋازلارنى ئاڭلىسۇن دەپ قۇلاقلارنى، شەيئىلەرنى كۆرسۇن دەپ كۆزلەرنى ۋە چۈشەنسۇن دەپ دىللارنى ئاتا قىلغان زاتتۇر. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، سىلەر بۇ سانسىزلىغان نېمەتلەرگە قارىتا ناھايىتى ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر.

وَهُوَ ٱلَّذِي ذَرَأَكُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَإِلَيۡهِ تُحۡشَرُونَ ﴿٧٩﴾

79 - ئاللاھ يەر يۈزىدىكى بارلىق ئىنسانلارنى ياراتقان زاتتۇر. سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر، ئاللاھ سىلەرنىڭ ياخشى - يامان بارلىق ئەمەللىرىڭلارغا مۇكاپات ۋە جازا بېرىدۇ.

وَهُوَ ٱلَّذِي يُحۡيِۦ وَيُمِيتُ وَلَهُ ٱخۡتِلَٰفُ ٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ﴿٨٠﴾

80 - ئۇ يوقتىن ھاياتلىق ئاتا قىلىدىغان ۋە ھاياتلىقتىن كېيىن ئۆلتۈرىدىغان يېگانە زاتتۇر. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ كېلىشى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. سىلەر ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتى ۋە يەككە - يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەمسىلەر؟

بَلۡ قَالُواْ مِثۡلَ مَا قَالَ ٱلۡأَوَّلُونَ ﴿٨١﴾

81 - لېكىن كاپىرلار ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ئىشەنمەيلا قالماستىن، ئۇلار ئۆزلىرىدىن بۇرۇنقى ئىنكارچى قەۋملەرنىڭ كۇفرى سۆزلىرىنىڭ ئەينىسىنى تەكرارلاپ تۇرىدۇ.

قَالُوٓاْ أَءِذَا مِتۡنَا وَكُنَّا تُرَابٗا وَعِظَٰمًا أَءِنَّا لَمَبۡعُوثُونَ ﴿٨٢﴾

82 ـ ئۇلار ئېيتتىكى، «بىز ئۆلۈپ بەدىنىمىز توپىغا ئايلىنىپ كەتكەن، سۆڭەكلىرىمىز چىرىپ كەتكەندىن كېيىن، قايتا تىرىلەمدۇق؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس، بۇ تەسەۋۋۇرمۇ قىلىنمايدۇ.

لَقَدۡ وُعِدۡنَا نَحۡنُ وَءَابَآؤُنَا هَٰذَا مِن قَبۡلُ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّآ أَسَٰطِيرُ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٨٣﴾

83 ـ ئى مۇھەممەد! سەن ئېيتقان بۇ سۆزلەر بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمىزغىمۇ ئېيتىلغان. ئەمما بىز ئۇنىڭ راستلىقىنى كۆرمىدۇق، بۇ پەقەت قەدىمكىلەردىن قالغان ئەپسانىلەردۇر».

قُل لِّمَنِ ٱلۡأَرۡضُ وَمَن فِيهَآ إِن كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ﴿٨٤﴾

84 ـ ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار(ئېيتىپ بېرىڭلارچۇ) بۇ زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى مەۋجۇداتلار كىمنىڭ؟».

سَيَقُولُونَ لِلَّهِۚ قُلۡ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ﴿٨٥﴾

85 ـ ئۇلار ئەلۋەتتە: «ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئىگىسىدۇر» دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، سىلەر ئاللاھنىڭ سىلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقامسىلەر؟».

قُلۡ مَن رَّبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ ٱلسَّبۡعِ وَرَبُّ ٱلۡعَرۡشِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿٨٦﴾

86 ـ ئېيتقىنكى، «يەتتە ئاسماننىڭ ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان ئۇلۇغ ئەرشنىڭ رەببى كىم؟».

سَيَقُولُونَ لِلَّهِۚ قُلۡ أَفَلَا تَتَّقُونَ ﴿٨٧﴾

87 ـ ئۇلار چوقۇم «ئاللاھتۇر» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئۇنداقتا، سىلەر ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلساڭلار ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقمامسىلەر؟».

قُلۡ مَنۢ بِيَدِهِۦ مَلَكُوتُ كُلِّ شَيۡءٖ وَهُوَ يُجِيرُ وَلَا يُجَارُ عَلَيۡهِ إِن كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ﴿٨٨﴾

88 ـ ئېيتقىنكى، «ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىدارچىلىقى قولىدا بولغان، ئىلتىجا قىلغانلارغا پاناھ بولالايدىغان ۋە ئۇ ھالاك قىلىشنى ئىرادە قىلغان كىشىنى ھېچكىم قوغداشقا قادىر بولالمايدىغان، ئۇ ئىرادە قىلغان زىيان ـ زەخمەتنى ھېچكىم قايتۇرالمايدىغان زات كىم؟ ئەگەر سىلەر بىلىدىغان بولساڭلار ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟!».

سَيَقُولُونَ لِلَّهِۚ قُلۡ فَأَنَّىٰ تُسۡحَرُونَ ﴿٨٩﴾

89 ـ ئۇلار ئەلۋەتتە: «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئۇنداق بولسا سىلەر نېمىدەپ ئالجىپ قالدىڭلار؟ نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشتىن، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتىن ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ئىمان كەلتۈرۈشتىن باش تارتىسىلەر؟».

بَلۡ أَتَيۡنَٰهُم بِٱلۡحَقِّ وَإِنَّهُمۡ لَكَٰذِبُونَ ﴿٩٠﴾

90 ـ ئەمەلىيەتتە، بىز ئاشۇ ئىنكارچى كاپىرلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلگەن ئىدۇق. شەكسىزكى، ئۇلار ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتە ۋە ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىشتا راستتىنلا يالغانچىلاردۇر.

مَا ٱتَّخَذَ ٱللَّهُ مِن وَلَدٍ وَمَا كَانَ مَعَهُۥ مِنْ إِلَـٰهٍ ۚ إِذًا لَّذَهَبَ كُلُّ إِلَـٰهٍۭ بِمَا خَلَقَ وَلَعَلَا بَعْضُهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ ۚ سُبْحَـٰنَ ٱللَّهِ عَمَّا يَصِفُونَ ﴿٩١﴾

91 ـ ئاللاھ بالىلىق بولمىدى، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە باشقا بىر ئىلاھمۇ بولمىدى. چۈنكى ناۋادا بىردىن كۆپ ئىلاھ بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ھەربىر ئىلاھ ئەلۋەتتە ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتنى يالغۇز ئىگىلەيتتى ـ دە، دۇنيانىڭ پادىشاھلىرىغا ئوخشاش بەزىسى بەزىسىدىن ئەلۋەتتە ئۈستۈنلۈك تالىشاتتى، شۇنىڭ بىلەن كائىناتنىڭ نىزامى بۇزۇلغان بولاتتى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ نالايىق سۈپەتلەشلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر.

عَـٰلِمِ ٱلْغَيْبِ وَٱلشَّهَـٰدَةِ فَتَعَـٰلَىٰ عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴿٩٢﴾

92 ـ ئاللاھ بەندىلىرى كۆرەلمەيدىغان ۋە ئۇلار كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلگۈچىدۇر، مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئۈستۈندۇر.

قُل رَّبِّ إِمَّا تُرِيَنِّى مَا يُوعَدُونَ ﴿٩٣﴾ رَبِّ فَلَا تَجْعَلْنِى فِى ٱلْقَوْمِ ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿٩٤﴾

93 ـ 94 ـ ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، «ئى رەببىم! ئەگەر سەن مۇشرىكلارنى ئاگاھلاندۇرغان ئاشۇ ئازابنى چوقۇم ماڭا كۆرسىتىدىغان بولساڭ، ئۇلارنى ھالاك قىلىدىغان ئازاب بىلەن مېنى ھالاك قىلمىغىن، مېنى سېنىڭ ئازابىڭدىن ۋە غەزىپىڭدىن ساقلىغىن، ئى رەببىم! مېنى ئۆزىڭگە زۇلۇم قىلغان مۇشرىك قەۋم ئىچىدە قىلمىغىن، مېنى سەن رازى بولغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن قىلغىن»

وَإِنَّا عَلَىٰٓ أَن نُّرِيَكَ مَا نَعِدُهُمْ لَقَـٰدِرُونَ ﴿٩٥﴾

95 ـ شەكسىزكى، بىز ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابنى ساڭا كۆرسىتىشكە ئەلۋەتتە قادىرمىز.

ٱدْفَعْ بِٱلَّتِى هِىَ أَحْسَنُ ٱلسَّيِّئَةَ ۚ نَحْنُ أَعْلَمُ بِمَا يَصِفُونَ ﴿٩٦﴾

96 ـ ئى پەيغەمبەر! سەن دۈشمەنلىرىڭنىڭ ساڭا قىلغان يامانلىقلىرىغا يامانلىق بىلەن تاقابىل تۇرمىغىن، بەلكى ئەپۇ ۋە ئەپۇ ياخشى چارە ـ ئۇسۇللار بىلەن تاقابىل تۇرغىن، لېكىن ئۇلارنىڭ يامانلىقىنى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش بىلەن توسقىن، بىز ئاشۇ مۇشرىكلارنىڭ ئېيتقان كۇفرى سۆزلىرىنى ۋە ئىنكارلىرىنى ئوبدان بىلىمىز، ئۇلارنى ئەڭ قاتتىق ئازابلار بىلەن جازالايمىز.

وَقُل رَّبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنْ هَمَزَٰتِ ٱلشَّيَـٰطِينِ ﴿٩٧﴾ وَأَعُوذُ بِكَ رَبِّ أَن يَحْضُرُونِ ﴿٩٨﴾

97 ـ 98 ـ ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، «ئى رەببىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسە قىلىشىدىن، ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن ۋە ھەقتىن توسۇپ قېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى رەببىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ مېنىڭ ئىشلىرىمدىن بىرەر ئىشقا يېقىنلىشىشىدىن پاناھ تىلەيمەن».

حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَ أَحَدَهُمُ ٱلْمَوْتُ قَالَ رَبِّ ٱرْجِعُونِ ﴿٩٩﴾

99 ـ ئۆزىنىڭ مۇشرىكلىكىدىن يانماي، ئۇنىڭدا چىڭ تۇرغان بىرىگە ئۆلۈم كەلگەن ۋە ئۆزىگە تەييارلانغان ئازابنى كۆرگەن چاغدا، ئۇ: «ئى رەببىم! مېنى دۇنياغا قايتۇرغىن،

لَعَلِّىٓ أَعْمَلُ صَـٰلِحًا فِيمَا تَرَكْتُ ۚ كَلَّآ ۚ إِنَّهَا كَلِمَةٌ هُوَ قَآئِلُهَا ۖ وَمِن وَرَآئِهِم بَرْزَخٌ إِلَىٰ يَوْمِ يُبْعَثُونَ ﴿١٠٠﴾

100 - بەلكى مەن قولدىن بېرىپ قويغان ئىمان، ئىسلام ۋە ئىتائەت- ئىبادەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىشىم مۇمكىن» دەيدۇ. ئۇنىڭغا مۇنداق بىر پۇرسەت يوق، بۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ تەلىپى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇنىڭغا مۆھلەتمۇ بېرىلمەيدۇ. شەكسىزكى، بۇ ئۇنىڭ يالغاندىن ئېيتىپ قويغان قۇرۇق گېپىدۇر. ئۇ (دۇنياغا) قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى ئەلۋەتتە يەنە قىلىدۇ. ئۆلگەنلەر تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگە قەدەر، ئۇنى دۇنياغا قايتىشتىن توسۇپ تۇرىدىغان بىر توساق بار.

فَإِذَا نُفِخَ فِي ٱلصُّورِ فَلَآ أَنسَابَ بَيۡنَهُمۡ يَوۡمَئِذٖ وَلَا يَتَسَآءَلُونَ ﴿١٠١﴾

101 - قىيامەت قايىم بولۇپ، ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام سۇر چالغان ۋە ئىنسانلار قەبرىلىرىدىن تىرىلىپ چىققان كۈندە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق رىشتىسى قالمايدۇ، ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ئەھۋالىنىمۇ سوراشمايدۇ.

فَمَن ثَقُلَتۡ مَوَٰزِينُهُۥ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ﴿١٠٢﴾

102 - كىمنىڭ ياخشى ئەمەللىرى كۆپ بولۇپ، تارازىدا ئېغىر كەلسە، ئەنە شۇلار جەننەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.

وَمَنۡ خَفَّتۡ مَوَٰزِينُهُۥ فَأُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ فِي جَهَنَّمَ خَٰلِدُونَ ﴿١٠٣﴾

103 - كىمنىڭ ياخشى ئەمەللىرى تارازىدا يېنىك كەلسە ۋە يامان ئەمەللىرى ياخشى ئەمەللىرىنى بېسىپ كەتسە، — يامان ئەمەللەرنىڭ ئەڭ چوڭى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر.— ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر، ئۇلار جەھەننەمدە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.

تَلۡفَحُ وُجُوهَهُمُ ٱلنَّارُ وَهُمۡ فِيهَا كَٰلِحُونَ ﴿١٠٤﴾

104 - ئوت ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى كۆيدۈرىدۇ، جەھەننەمدە ئۇلارنىڭ كالپۇكلىرى قورۇلۇپ، چىشلىرى ئېچىلىپ بەتچىراي بولۇپ قالىدۇ.

أَلَمۡ تَكُنۡ ءَايَٰتِي تُتۡلَىٰ عَلَيۡكُمۡ فَكُنتُم بِهَا تُكَذِّبُونَ ﴿١٠٥﴾

105 - ئۇلارغا: «دۇنيادىكى چاغلىرىڭلاردا سىلەرگە قۇرئان ئايەتلىرى ئوقۇپ بېرىلگەن، ئەمما سىلەر ئۇنى ئىنكار قىلغان ئەمەسمىدىڭلار؟» دېيىلىدۇ.

قَالُواْ رَبَّنَا غَلَبَتۡ عَلَيۡنَا شِقۡوَتُنَا وَكُنَّا قَوۡمٗا ضَآلِّينَ ﴿١٠٦﴾

106 - پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا (ھەق دىنىنى) يەتكۈزگەنلىكى ۋە ئۇلارنى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغانلىقى ئۈچۈن، قىيامەت كۈنى ئۇلار: «ئى رەببىمىز! بەدبەختلىكىمىز ۋە ھاۋايى - ھەۋىسىمىز بىزگە غالىب كەلگەن ۋە بىز توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن قەۋم بولۇپ قالغان ئىكەنمىز.

رَبَّنَآ أَخۡرِجۡنَا مِنۡهَا فَإِنۡ عُدۡنَا فَإِنَّا ظَٰلِمُونَ ﴿١٠٧﴾

107 - ئى رەببىمىز! بىزنى دوزاختىن چىقارغىن، بىزنى دۇنياغا قايتۇرغىن، ئەگەر بىز بۇ ئازغۇنلۇقىمىزغا يەنە قايتىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا بىز راستتىنلا ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز ئۇۋال قىلىپ ئازابقا تېگىشلىك بولغان قەۋم بولۇپ قالىمىز» دەيدۇ.

قَالَ ٱخۡسَـُٔواْ فِيهَا وَلَا تُكَلِّمُونِ ﴿١٠٨﴾

108 - ئاللاھ ئۇلارغا دەيدۇكى، «سىلەر ئەمدى جەھەننەمدە خارلانغان ھالدا قېلىڭلار، بۇ

ھەقتە ماڭا سۆز ئاچماڭلار. (شۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئۈمىدى ئۈزۈلىدۇ).

إِنَّهُۥ كَانَ فَرِيقٌ مِّنۡ عِبَادِي يَقُولُونَ رَبَّنَآ ءَامَنَّا فَٱغۡفِرۡ لَنَا وَٱرۡحَمۡنَا وَأَنتَ خَيۡرُ ٱلرَّٰحِمِينَ ﴿١٠٩﴾

109 - چۈنكى بەندىلىرىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر، يەنى مۇئمىنلەر: ‹ئى رەببىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بولساڭ رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن› دەپ دۇئا قىلاتتى.

فَٱتَّخَذۡتُمُوهُمۡ سِخۡرِيًّا حَتَّىٰٓ أَنسَوۡكُمۡ ذِكۡرِي وَكُنتُم مِّنۡهُمۡ تَضۡحَكُونَ ﴿١١٠﴾

110 - سىلەر بولساڭلار ئۇلارنى مەسخىرە قىلاتتىڭلار، ھەتتا سىلەر ئۇنىڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاللاھنى ئۇنتۇپ كەتكەن ۋە كاپىرلىقىڭلاردا قالغان ئىدىڭلار، يەنە سىلەر ئۇلارنى زاڭلىق قىلىپ كۈلەتتىڭلار.

إِنِّي جَزَيۡتُهُمُ ٱلۡيَوۡمَ بِمَا صَبَرُوٓاْ أَنَّهُمۡ هُمُ ٱلۡفَآئِزُونَ ﴿١١١﴾

111 - مەن بۈگۈن مۇئمىن بەندىلىرىمنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىدىم. بۇ ئۇلارنىڭ كاپىرلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلغانلىقى ۋە ئاللاھقا تائەت - ئىبادەت قىلىشتا چىداملىق بولغانلىقى ئۈچۈندۇر».

قَٰلَ كَمۡ لَبِثۡتُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ عَدَدَ سِنِينَ ﴿١١٢﴾

112 - دوزاختىكى بەدبەختلەردىن: «سىلەر يەر يۈزىدە قانچە يىل تۇردۇڭلار؟ قانچىلىك ئۆمرۈڭلارنى ئاللاھقا تائەت - ئىبادەت قىلماي زايە قىلىۋەتتىڭلار؟» دەپ سورىلىدۇ.

قَالُواْ لَبِثۡنَا يَوۡمًا أَوۡ بَعۡضَ يَوۡمٖ فَسۡـَٔلِ ٱلۡعَآدِّينَ ﴿١١٣﴾

113 - ئۇلار قىيامەت كۈندىكى قورقۇنچتىن ۋە ئازابىنىڭ قاتتىقلىقىدىن: «بىز دۇنيادا بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز تۇردۇق، بۇنى ئاي ۋە كۈنلەرنى ھېسابلىغۇچىلاردىن سورىغىن» دەيدۇ.

قَٰلَ إِن لَّبِثۡتُمۡ إِلَّا قَلِيلٗاۖ لَّوۡ أَنَّكُمۡ كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ﴿١١٤﴾

114 - ئۇلارغا: «ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار پەقەت ئازغىنە تۇردۇڭلار، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولساڭلار ئەلۋەتتە جەننەتكە كىرگەن بولاتتىڭلار» دەيدۇ. (چۈنكى ئۇلارنىڭ دۇنيادا تۇرغان مۇددىتى دوزاختا قالىدىغان مۇددىتىگە نىسبەتەن ناھايىتى ئازدۇر).

أَفَحَسِبۡتُمۡ أَنَّمَا خَلَقۡنَٰكُمۡ عَبَثٗا وَأَنَّكُمۡ إِلَيۡنَا لَا تُرۡجَعُونَ ﴿١١٥﴾

115 - ئى ئىنسانلار! سىلەرچە، بىز سىلەرنى ھېچ نەرسىگە بۇيرۇماي، ھېچ نەرسىدىن توسماي، مۇكاپاتمۇ يوق، جازامۇ يوق، بىكارغا ياراتقانمۇ؟ سىلەر ئۆزۈڭلارنى ھېساب بېرىش ئۈچۈن بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايمىز دەپ ئويلامسىلەر؟

فَتَعَٰلَى ٱللَّهُ ٱلۡمَلِكُ ٱلۡحَقُّۖ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ رَبُّ ٱلۡعَرۡشِ ٱلۡكَرِيمِ ﴿١١٦﴾

116 - ھەقىقىي پادىشاھ - ئاللاھ ئۇستۈندۇر، مەخلۇقاتنى بىكارغا يارىتىشتىن ئەلۋەتتە پاكتۇر. ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر.

وَمَن يَدۡعُ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ لَا بُرۡهَٰنَ لَهُۥ بِهِۦ فَإِنَّمَا حِسَابُهُۥ عِندَ رَبِّهِۦٓۚ إِنَّهُۥ لَا يُفۡلِحُ
ٱلۡكَٰفِرُونَ ﴿١١٧﴾

117 - كىمكى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرگە، ئىبادەت قىلىشقا ھېچقانداق دەلىلى يوق تۇرۇقلۇق، يەنە بىر ئىلاھقا چوقۇنىدىكەن، ئۇ يامان ئەمەلىنىڭ جازاسىنى ئاخىرەتتە رەببىنىڭ دەرگاھىدا چوقۇم تارتىدۇ. قىيامەت كۈنى كاپىرلار ھەرگىز مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ ۋە ئازابتىن قۇتۇلالمايدۇ.

وَقُل رَّبِّ ٱغۡفِرۡ وَٱرۡحَمۡ وَأَنتَ خَيۡرُ ٱلرَّٰحِمِينَ ﴿١١٨﴾

118 - ئى پەيغەمبەر! «ئى رەببىم ! گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغىن ۋە رەھىم قىلغىن، سەن گۇناھكارلارغا رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى جازالىمايدىغان زاتسەن» دېگىن.

# نۇر سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

سُورَةٌ أَنزَلۡنَٰهَا وَفَرَضۡنَٰهَا وَأَنزَلۡنَا فِيهَآ ءَايَٰتِۭ بَيِّنَٰتٖ لَّعَلَّكُمۡ تَذَكَّرُونَ ١

1 ـ بۇ بىز نازىل قىلغان، ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىشنى پەرز قىلغان كاتتا سۈرىدۇر. ئى
مۇئمىنلەر! سىلەرنىڭ (ئۆز مەجبۇرىيىتىڭلارنى) ئەستە تۇتۇشۇڭلار ۋە ئەمەل قىلىشىڭلار
ئۈچۈن، ئۇنىڭدا روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق.

ٱلزَّانِيَةُ وَٱلزَّانِي فَٱجۡلِدُواْ كُلَّ وَٰحِدٖ مِّنۡهُمَا مِاْئَةَ جَلۡدَةٖۖ وَلَا تَأۡخُذۡكُم بِهِمَا رَأۡفَةٞ فِي دِينِ ٱللَّهِ إِن كُنتُمۡ تُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِۖ وَلۡيَشۡهَدۡ عَذَابَهُمَا طَآئِفَةٞ مِّنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ٢

2 ـ تېخى ئۆيلەنمىگەن كىشىلەر ئىچىدىن زىنا قىلغۇچى ئايال بىلەن زىنا قىلغۇچى
ئەرنى قىلمىشى سەۋەبلىك جازالاپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى يۈزدىن دەررە ئۇرۇڭلار
(ھەدىستە بۇنداق كىشىلەرنى دەررە ئۇرۇش بىلەن بىرگە بىر يىل پالاش بەلگىلەنگەن).
ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، ئاللاھنىڭ دىنىغا ئەمەل
قىلىدىغان مۇئمىنلەر بولساڭلار، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ جازالاشنى تەرك ئېتىدىغان
ياكى يەڭگىللىتىدىغان ئىشنى قىلماڭلار، ئۇلارنى جازالىغاندا باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش
ئۈچۈن، مۇئمىنلەردىن بىر گۇرۇپپا كىشى جازالىغان جايغا ھازىر بولسۇن.

ٱلزَّانِي لَا يَنكِحُ إِلَّا زَانِيَةً أَوۡ مُشۡرِكَةٗ وَٱلزَّانِيَةُ لَا يَنكِحُهَآ إِلَّا زَانٍ أَوۡ مُشۡرِكٞۚ وَحُرِّمَ ذَٰلِكَ عَلَى ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ٣

3 ـ زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى زىنانىڭ ھاراملىقىنى ئېتىراپ
قىلمايدىغان مۇشرىك ئايالنىلا ئېلىشقا رازى بولىدۇ، زىنا قىلغۇچى ئايالمۇ پەقەت زىنا
قىلغۇچى ئەرگە ياكى زىنانىڭ ھاراملىقىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان مۇشرىك ئەرگىلا
تېگىشكە رازى بولىدۇ، ئەمما ئىپپەتلىك ئەرلەر ۋە ئىپپەتلىك ئاياللار بۇنىڭغا رازى
بولمايدۇ، بۇ نىكاھ مۇئمىنلەرگە ھارام قىلىندى. (بۇ ئايەتتە، زىنا قىلغۇچى ئايال
گۇناھىغا تەۋبە قىلمىغۇچە، ئۇنىڭ نىكاھلىنىشى ھارامدۇر. شۇنىڭدەك زىنا قىلغۇچى
ئەرمۇ گۇناھىغا تەۋبە قىلمىغۇچە، ئۇنىڭ نىكاھلىنىشى ھارامدۇر).

وَٱلَّذِينَ يَرۡمُونَ ٱلۡمُحۡصَنَٰتِ ثُمَّ لَمۡ يَأۡتُواْ بِأَرۡبَعَةِ شُهَدَآءَ فَٱجۡلِدُوهُمۡ ثَمَٰنِينَ جَلۡدَةٗ وَلَا تَقۡبَلُواْ لَهُمۡ شَهَٰدَةً أَبَدٗاۚ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡفَٰسِقُونَ ٤

4 ـ ئىپپەتلىك ئاياللارنى ۋە ئىپپەتلىك ئەرلەرنى زىنا قىلدى دەپ قارىلىغان، ئاندىن، بۇنى
ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئادالەتلىك، راستچىل تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن كىشىلەرنى

سەكسەن دەررە ئۇرۇڭلار، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى ھەرگىز قوبۇل قىلماڭلار. ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان پاسىق ئادەملەردۇر.

إِلَّا ٱلَّذِينَ تَابُواْ مِنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَ وَأَصۡلَحُواْ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٥﴾

5 ـ ئەمما قارا چاپلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن يانغان، گۇناھىغا تەۋبە قىلغان ۋە قىلمىشلىرىنى تۈزەتكەن ئادەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا. چۈنكى، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا رەھىم قىلىدۇ.

وَٱلَّذِينَ يَرۡمُونَ أَزۡوَٰجَهُمۡ وَلَمۡ يَكُن لَّهُمۡ شُهَدَآءُ إِلَّآ أَنفُسُهُمۡ فَشَهَٰدَةُ أَحَدِهِمۡ أَرۡبَعُ شَهَٰدَٰتِۭ بِٱللَّهِ إِنَّهُۥ لَمِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٦﴾ وَٱلۡخَٰمِسَةُ أَنَّ لَعۡنَتَ ٱللَّهِ عَلَيۡهِ إِن كَانَ مِنَ ٱلۡكَٰذِبِينَ ﴿٧﴾

6 ـ7ـ ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرىنى زىنا قىلدى دەپ قارىلىغان، بۇنىڭغا ئۆزىدىن باشقا گۇۋاھچىلىرى بولمىغان كىشىلەر ئىسلام مەھكىمىسىدە قازىنىڭ ئالدىدا: «ئايالىمنى زىنا قىلدى دېگەن سۆزۈمنىڭ راستلىقىغا ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىمەن» دەپ تۆت قېتىم گۇۋاھلىق بەرسۇن. بەشىنچى قېتىمدا: «ئەگەر يالغان ئېيتقان بولسام، ماڭا ئاللاھنىڭ لەنىتى ياغسۇن!» دېسۇن.

وَيَدۡرَؤُاْ عَنۡهَا ٱلۡعَذَابَ أَن تَشۡهَدَ أَرۡبَعَ شَهَٰدَٰتِۭ بِٱللَّهِ إِنَّهُۥ لَمِنَ ٱلۡكَٰذِبِينَ ﴿٨﴾ وَٱلۡخَٰمِسَةَ أَنَّ غَضَبَ ٱللَّهِ عَلَيۡهَآ إِن كَانَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٩﴾

8 ـ9ـ ئايال ئېرىنىڭ بۇ گۇۋاھلىقى بىلەن جازاغا تېگىشلىك بولىدۇ. ئۇ جازا چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشتۇر. ئۇ ئېرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىگە ئاللاھنىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم ئىچىپ، بەشىنچى قېتىملىق قەسىمىدە: «ئەگەر ئېرىمنىڭ گېپى راست بولىدىغان بولسا، ماڭا ئاللاھنىڭ غەزىپى ياغسۇن!» دەپ قەسەم قىلمىغۇچە، ئۇ ئايال بۇ جازادىن قۇتۇلالمايدۇ. ئايال قەسەم قىلغان ھامان ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھ ئۈزۈلىدۇ.

وَلَوۡلَا فَضۡلُ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ وَرَحۡمَتُهُۥ وَأَنَّ ٱللَّهَ تَوَّابٌ حَكِيمٌ ﴿١٠﴾

10 ـ ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر ئاللاھ ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى جېدەللەرگە مۇشۇنداق ھۆكۈملەرنى بەلگىلەش ئارقىلىق سىلەرگە پەزل ـ ئېھسان قىلمىسا ئىدى، يالغاندىن قەسەم قىلغۇچىلار ئۆزىگە تىلىگەن لەنەتكە ئۇچرىغان بولاتتى. ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ بەندىلىرى ئارىسىدىن تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھىنى بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەلگىلىمىلىرىدە ۋە تەدبىرلىرىدە ناھايىتى ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچىدۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ جَآءُو بِٱلۡإِفۡكِ عُصۡبَةٞ مِّنكُمۡۚ لَا تَحۡسَبُوهُ شَرّٗا لَّكُمۖ بَلۡ هُوَ خَيۡرٞ لَّكُمۡۚ لِكُلِّ ٱمۡرِيٕٖ مِّنۡهُم مَّا ٱكۡتَسَبَ مِنَ ٱلۡإِثۡمِۚ وَٱلَّذِي تَوَلَّىٰ كِبۡرَهُۥ مِنۡهُمۡ لَهُۥ عَذَابٌ عَظِيمٞ ﴿١١﴾

11 ـ شۈبھىسىزكى، مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى زىنا قىلدى دەپ قارىلاپ،[1] ئەڭ قەبىھ ۋە ئەڭ چوڭ بوھتاننى چاپلىغانلار ئۆزلىرىنى سىلەرگە مەنسۇپ قىلىشقان بىر گۇرۇھتۇر. ئۇلارنىڭ بۇ بوھتاننى ئۆزۈڭلار ئۈچۈن زىيانلىق دەپ قارىماڭلار، ئەكسىچە ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. چۈنكى بۇ بوھتان ئارقىلىق

[1] ئۆز ۋاقتىدا مەدىنىدىكى مۇناپىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئايالى ھەزرىتى ئائىشەگە بوھتان چاپلىغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق ئائىشەنى ئاقلىغان.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پاكلىقى ۋە ئىپپىتى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مۇشۇ بوھتان سۆزنى قىلغانلاردىن ھەربىر كىشى تېگىشلىك جازاسىنى تارتىدۇ. بۇ گۇناھنىڭ باش جىنايەتچىسى، مۇناپىقلارنىڭ كاتتىۋېشى ئابدۇللاھ ئىبنى سەلۇل بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بار. ئۇ بولسىمۇ، دوزاختا مەڭگۈ قېلىشتۇر.

لَّوۡلَآ إِذۡ سَمِعۡتُمُوهُ ظَنَّ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ وَٱلۡمُؤۡمِنَٰتُ بِأَنفُسِهِمۡ خَيۡرٗا وَقَالُواْ هَٰذَآ إِفۡكٞ مُّبِينٞ ﴿١٢﴾

12 - مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللار بۇ بوھتاننى ئاڭلىغان ۋاقتىدا بىر - بىرى ھەققىدە ياخشى ئويلاردا بولۇپ، «بۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قىلىنغان ئوپئوچۇق بوھتاندۇر» دېسە بولماتتى؟

لَّوۡلَا جَآءُو عَلَيۡهِ بِأَرۡبَعَةِ شُهَدَآءَۚ فَإِذۡ لَمۡ يَأۡتُواْ بِٱلشُّهَدَآءِ فَأُوْلَٰٓئِكَ عِندَ ٱللَّهِ هُمُ ٱلۡكَٰذِبُونَ ﴿١٣﴾

13 - بوھتان چاپلىغانلار بۇ سۆزلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، نېمىشقا تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرمىدى؟ گۇۋاھچىلارنى كەلتۈرەلمىگەن ئىكەن، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ نەزىرىدە يالغانچىلاردۇر.

وَلَوۡلَا فَضۡلُ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ وَرَحۡمَتُهُۥ فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِ لَمَسَّكُمۡ فِي مَآ أَفَضۡتُمۡ فِيهِ عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴿١٤﴾

14 - ئاللاھنىڭ جازايىڭلارنى كېچىكتۈرۈش ۋە ئاراڭلاردىن تەۋبە قىلغانلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشتىن ئىبارەت دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك پەزل - ئېھسانى ۋە رەھىم - شەپقىتى بولمىسا ئىدى، سىلەر تارقاتقان بۇ بوھتان ئۈچۈن ئەلۋەتتە چوڭ ئازابقا ئۇچرىغان بولاتتىڭلار.

إِذۡ تَلَقَّوۡنَهُۥ بِأَلۡسِنَتِكُمۡ وَتَقُولُونَ بِأَفۡوَاهِكُم مَّا لَيۡسَ لَكُم بِهِۦ عِلۡمٞ وَتَحۡسَبُونَهُۥ هَيِّنٗا وَهُوَ عِندَ ٱللَّهِ عَظِيمٞ ﴿١٥﴾

15 - ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بۇ بوھتاننى تېزلا قوبۇل قىلىپ تارقاتتىڭلار، بىلمەيدىغان نەرسەڭلارنى ئېغىزىڭلارغا ئالدىڭلار. قۇرۇق تۆھمەتلەرنى تىلغا ئېلىپ يۈرۈش ۋە ئۆزى بىلمىگەن نەرسىنى سۆزلەش ھەر ئىككىسى مەنئى قىلىنغان ئىشتۇر. سىلەر بۇ گۇناھنى ئاددىي چاغلىدىڭلار، ھالبۇكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە، ئۇ چوڭ گۇناھتۇر (بۇ ئايەت قۇرۇق سۆزلەرنى تارقىتىپ يۈرۈشنى ئاددىي ساناشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتكەن).

وَلَوۡلَآ إِذۡ سَمِعۡتُمُوهُ قُلۡتُم مَّا يَكُونُ لَنَآ أَن نَّتَكَلَّمَ بِهَٰذَا سُبۡحَٰنَكَ هَٰذَا بُهۡتَٰنٌ عَظِيمٞ ﴿١٦﴾

16 - سىلەر ئۇ بوھتاننى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، بۇنداق يالغان سۆزلەرنى قىلىش بىزگە مۇناسىپ ئەمەس، ئى ئاللاھ! بۇنداق سۆزدىن سەن ئەلۋەتتە پاكتۇرسەنكى، بۇ تولىمۇ ئېغىر گۇناھتۇر، چوڭ يالغاندۇر، ئوپئوچۇق بوھتاندۇر دېسەڭلار بولماتتى؟

يَعِظُكُمُ ٱللَّهُ أَن تَعُودُواْ لِمِثۡلِهِۦٓ أَبَدًا إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿١٧﴾

17 - ئاللاھ سىلەرگە نەسىھەت قىلىدۇ ۋە سىلەرنى بۇنداق تۆھمەتنى قايتا قىلىشتىن قاتتىق مەنئى قىلىدۇ. ئەگەر سىلەر ھەقىقىي مۇئمىنلەر بولساڭلار، بۇنداق تۆھمەتنى قايتا قىلماڭلار.

وَيُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمُ ٱلۡأٓيَٰتِۚ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿١٨﴾

18 - ئاللاھ شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ۋە ۋەز - نەسىھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايەتلەرنى
سىلەرگە شۇنداق ئوچۇق ۋە تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلارنى
ئىشلىگەنلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئەمر - پەرمانلىرىدا ۋە تەدبىرلىرىدە ناھايىتى ھېكمەت
بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ يُحِبُّونَ أَن تَشِيعَ ٱلۡفَٰحِشَةُ فِي ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِۚ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ
وَأَنتُمۡ لَا تَعۡلَمُونَ ﴿١٩﴾

19 - مۇئمىنلەر ئارىسىدا زىنا قىلدى دەپ تۆھمەت قىلىشنى ياكى ھەرقانداق بىر يامان
سۆزنىڭ تارقىلىشىنى ياقتۇرىدىغانلار بۇ دۇنيادا قارا چاپلىغانلىقىنىڭ جازاسىغا ۋە باشقا
ھەر خىل بالالارغا ئۇچرايدۇ، ئەگەر ئۇلار قىلمىشىغا تەۋبە قىلمىسا، ئاخىرەتتە دوزاخ
ئازابىغا ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقىنى پەقەتلا ئاللاھ بىلىدۇ، ئاللاھ بەندىلىرىگە
نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ۋە ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر.

وَلَوۡلَا فَضۡلُ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ وَرَحۡمَتُهُۥ وَأَنَّ ٱللَّهَ رَءُوفٞ رَّحِيمٞ ﴿٢٠﴾

20 - بۇ تۆھمەتكە قۇلاق سالغان كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىغان بولسا،
ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە تولىمۇ مېھرىبان بولمىغان بولسا ئىدى، بۇ ئەھكاملارنى ۋە
نەسىھەتلەرنى بايان قىلمىغان ۋە ئەمر-پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلغانلارنى كېچىكتۈرمەيلا
جازالىغان بولاتتى.

۞ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَّبِعُواْ خُطُوَٰتِ ٱلشَّيۡطَٰنِۚ وَمَن يَتَّبِعۡ خُطُوَٰتِ ٱلشَّيۡطَٰنِ فَإِنَّهُۥ يَأۡمُرُ
بِٱلۡفَحۡشَآءِ وَٱلۡمُنكَرِۚ وَلَوۡلَا فَضۡلُ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ وَرَحۡمَتُهُۥ مَا زَكَىٰ مِنكُم مِّنۡ أَحَدٍ أَبَدٗا وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ
يُزَكِّي مَن يَشَآءُۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٞ ﴿٢١﴾

21 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان
مۇئمىنلەر! ھەرگىز شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭلار، كىمكى شەيتاننىڭ كەينىگە
كىرىدىكەن، شەيتان ئۇنى قەبىھ ئىشلارنى، يامان ئەمەللەرنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.
ئاللاھنىڭ مۇئمىنلەرگە پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەردىن ھېچكىم
قىلمىشلىرىنىڭ گۇناھىدىن مەڭگۈ پاك بولالمايتتى، لېكىن ئاللاھ ئۆز پەزلى بىلەن
خالىغان بەندىسىنى گۇناھتىن پاك قىلىدۇ. ئاللاھ سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر،
نىيەتلىرىڭلارنى ۋە قىلمىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

وَلَا يَأۡتَلِ أُوْلُواْ ٱلۡفَضۡلِ مِنكُمۡ وَٱلسَّعَةِ أَن يُؤۡتُوٓاْ أُوْلِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينَ وَٱلۡمُهَٰجِرِينَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِۖ
وَلۡيَعۡفُواْ وَلۡيَصۡفَحُوٓاْۗ أَلَا تُحِبُّونَ أَن يَغۡفِرَ ٱللَّهُ لَكُمۡۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٌ ﴿٢٢﴾

22 - ئاراڭلاردا دىيانەت ۋە بايلىق جەھەتتە مەرتىۋىلىك بولغانلار يېقىن تۇغقانلىرى ئارىسىدىكى
يوقسۇللارغا، مىسكىنلەرگە ۋە مۇھاجىرلارغا ئۇلارنىڭ بەزى قىلمىشلىرى سەۋەبلىك
ياخشىلىق قىلماسلىققا قەسەم قىلمىسۇن، ئۇلارنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلسۇن، ئۇلارنى
جازالىمىسۇن. سىلەر ئاللاھنىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرمامسىلەر؟ ئۇنداقتا،
سىلەرمۇ باشقىلارنى كەچۈرۈڭلار. ئاللاھ بەندىلىرىگە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر،
ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر (بۇ ئايەت ئۆزگىگە يامانلىق قىلغان كىشىنى ئەپۇ قىلىشقا
تەشەببۇس قىلىدۇ).

إِنَّ ٱلَّذِينَ يَرۡمُونَ ٱلۡمُحۡصَنَٰتِ ٱلۡغَٰفِلَٰتِ ٱلۡمُؤۡمِنَٰتِ لُعِنُواْ فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِ وَلَهُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٞ ﴿٢٣﴾

23 - شەكسىزكى، يامان ئىشنى ئويلاپمۇ قويمايدىغان، ئىپپەتلىك مۇئمىن ئاياللارغا قارا چاپلايدىغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىدۇ، ئۇلارغا ئاخىرەتتە چوڭ ئازاب بار (بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن بىرەرسىنى سۆككەن ياكى قارىلىغان كىشىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ).

يَوۡمَ تَشۡهَدُ عَلَيۡهِمۡ أَلۡسِنَتُهُمۡ وَأَيۡدِيهِمۡ وَأَرۡجُلُهُم بِمَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿٢٤﴾

24 - ئۇلارنىڭ تىللىرى، قوللىرى ۋە پۇتلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدىن ئۇلارغا قارشى گۇۋاھلىق بېرىدىغان كۈن - قىيامەت كۈنىدە ئۇلارغا ئاشۇ ئازاب بار.

يَوۡمَئِذٖ يُوَفِّيهِمُ ٱللَّهُ دِينَهُمُ ٱلۡحَقَّ وَيَعۡلَمُونَ أَنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡحَقُّ ٱلۡمُبِينُ ﴿٢٥﴾

25 - شۇ كۈندە ئاللاھ ئۇلارغا قىلمىشلىرى تېگىشلىك جازاسىنى ئادالەت بىلەن تولۇق بېرىدۇ، ئۇلار ئاشۇ چوڭ ھېساب مەيدانىدا ئاللاھنىڭ ئوپئوچۇق ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى، ۋەدىسىنىڭ ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنىڭ ھەقلىقىنى، ئاللاھنىڭ ھېچكىمگە قىلچىلىكمۇ ئۇۋال قىلمايدىغان زات ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ.

ٱلۡخَبِيثَٰتُ لِلۡخَبِيثِينَ وَٱلۡخَبِيثُونَ لِلۡخَبِيثَٰتِۖ وَٱلطَّيِّبَٰتُ لِلطَّيِّبِينَ وَٱلطَّيِّبُونَ لِلطَّيِّبَٰتِۚ أُوْلَٰٓئِكَ مُبَرَّءُونَ مِمَّا يَقُولُونَۖ لَهُم مَّغۡفِرَةٞ وَرِزۡقٞ كَرِيمٞ ﴿٢٦﴾

26 - يامان ئەرلەر، يامان ئاياللار، يامان سۆزلەر، يامان قىلىقلار ئۆزىگە ئوخشاش يامانلارغا مۇناسىپتۇر ۋە شۇلارغا مۇۋاپىقتۇر. ياخشى ئەرلەر، ياخشى ئاياللار، ياخشى سۆزلەر ۋە ياخشى ئىشلار ئۆزىگە ئوخشاش ياخشىلارغا مۇناسىپتۇر ۋە شۇلارغا مۇۋاپىقتۇر. ياخشى ئەرلەر بىلەن ياخشى ئاياللار يامان ئادەملەر ئارتقان تۆھمەتلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر. ئەنە ئاشۇ ياخشىلار ئاللاھ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدىغان، جەننەتتە ئېسىل رىزىقلارغا ئېرىشىدىغان كىشىلەردۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَدۡخُلُواْ بُيُوتًا غَيۡرَ بُيُوتِكُمۡ حَتَّىٰ تَسۡتَأۡنِسُواْ وَتُسَلِّمُواْ عَلَىٰٓ أَهۡلِهَاۚ ذَٰلِكُمۡ خَيۡرٞ لَّكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَذَكَّرُونَ ﴿٢٧﴾

27 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان مۇئمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئۇلاردىن كىرىشكە ئىجازەت سورىماي ۋە ئۇ ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمەي كىرمەڭلار، بۇنىڭ سۈننەتتىكى كۆرسەتمىسى «سالام سىلەرگە، كىرسەم بولامدۇ؟» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇنداق ئىجازەت سوراپ كىرىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. بۇ ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئېسىڭلاردا تۇتۇشۇڭلار ۋە ئەمەل قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

فَإِن لَّمۡ تَجِدُواْ فِيهَآ أَحَدٗا فَلَا تَدۡخُلُوهَا حَتَّىٰ يُؤۡذَنَ لَكُمۡۖ وَإِن قِيلَ لَكُمُ ٱرۡجِعُواْ فَٱرۡجِعُواْۖ هُوَ أَزۡكَىٰ لَكُمۡۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ عَلِيمٞ ﴿٢٨﴾

28 - ئەگەر سىلەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ھېچكىمنى تاپالمىساڭلار، سىلەرگە ئىجازەت بېرىدىغان ئادەم تېپىلىپ ئىجازەت بەرمىگۈچە ئۇ ئۆيلەرگە كىرمەڭلار، ئەگەر سىلەرگە ئىجازەت بەرمەي، «قايتىپ كېتىڭلار» دېيىلسە، سىلەر شۇ ھامان قايتىپ كېتىڭلار، كىرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالماڭلار. بۇنداق ۋاقىتتا قايتىپ كېتىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى ياقتۇرمايدىغان چاغلىرى

بولىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، شۇڭلاشقا ئاساسەن سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

لَّيۡسَ عَلَيۡكُمۡ جُنَاحٌ أَن تَدۡخُلُواْ بُيُوتًا غَيۡرَ مَسۡكُونَةٖ فِيهَا مَتَٰعٞ لَّكُمۡۚ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ مَا تُبۡدُونَ وَمَا تَكۡتُمُونَ ﴿٢٩﴾

29 - ئەمما مەلۇم كىشىلەرنىڭ تۇرالغۇسى بولمىغان، خالىغان كىشىلەر كىرىپ پايدىلىنىسا بولىدىغان جايلارغا ئىجازەت سورىمايلا كىرسەڭلار ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلانساڭلار بولىدۇ. بۇنىڭدا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق ۋاقىتتا ئىجازەت سوراش قېيىنچىلىق تۇغۇلدۇرىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممە ئەھۋاللىرىڭلارنى تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ.

قُل لِّلۡمُؤۡمِنِينَ يَغُضُّواْ مِنۡ أَبۡصَٰرِهِمۡ وَيَحۡفَظُواْ فُرُوجَهُمۡۚ ذَٰلِكَ أَزۡكَىٰ لَهُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ خَبِيرُۢ بِمَا يَصۡنَعُونَ ﴿٣٠﴾

30 - ئى پەيغەمبەر! مۆئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە ھالال بولمايدىغان ئاياللارغا تىكىلىپ قارىمىسۇن، جىنسىي ئەزالىرىنى ئاللاھ ھارام قىلغان زىنا - پاھىشە ئىشلاردىن ساقلىسۇن، ئەۋرەت ئەزالىرىنى ئېچىپ يۈرمىسۇن. بۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ پاك ئىشتۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

وَقُل لِّلۡمُؤۡمِنَٰتِ يَغۡضُضۡنَ مِنۡ أَبۡصَٰرِهِنَّ وَيَحۡفَظۡنَ فُرُوجَهُنَّ وَلَا يُبۡدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنۡهَاۖ وَلۡيَضۡرِبۡنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَىٰ جُيُوبِهِنَّۖ وَلَا يُبۡدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا لِبُعُولَتِهِنَّ أَوۡ ءَابَآئِهِنَّ أَوۡ ءَابَآءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوۡ أَبۡنَآئِهِنَّ أَوۡ أَبۡنَآءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوۡ إِخۡوَٰنِهِنَّ أَوۡ بَنِيٓ إِخۡوَٰنِهِنَّ أَوۡ بَنِيٓ أَخَوَٰتِهِنَّ أَوۡ نِسَآئِهِنَّ أَوۡ مَا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُهُنَّ أَوِ ٱلتَّٰبِعِينَ غَيۡرِ أُوْلِي ٱلۡإِرۡبَةِ مِنَ ٱلرِّجَالِ أَوِ ٱلطِّفۡلِ ٱلَّذِينَ لَمۡ يَظۡهَرُواْ عَلَىٰ عَوۡرَٰتِ ٱلنِّسَآءِۖ وَلَا يَضۡرِبۡنَ بِأَرۡجُلِهِنَّ لِيُعۡلَمَ مَا يُخۡفِينَ مِن زِينَتِهِنَّۚ وَتُوبُوٓاْ إِلَى ٱللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ﴿٣١﴾

31 - مۆئمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە ھالال بولمايدىغان ئەرلەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، جىنسىي ئەزالىرىنى ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلاردىن ساقلىسۇن، كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسمىدىن باشقا زىننەتلىرىنى يات ئەرلەرگە ئاشكارا قىلمىسۇن، ئادەت بويىچە كەڭ ۋە ئازادە كىيىم كىيىپ زىننەتلىرىنى يۆگەپ يۈرسۇن، ياغلىقلىرىنى ياقىلىرى بىلەن قوشۇپ تاڭسۇن، ئىچكى زىننەتلىرىنى (يەنى ئەۋرەت سانىلىدىغان جايلىرىنى) ئەرلىرىدىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن. ئەمما يۈز، بويۇن، قول، جەينەك قاتارلىق ئەزالىرىنى ئۆز ئاتىلىرىدىن، يا قېيىنئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتكارلاردىن، يا ئاياللارنىڭ ئۆيىاتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان نارەسىدە باللاردىن يوشۇرمىسىمۇ بولىدۇ. ئاياللار يول ماڭغاندا پۇت بىلەزۈكىگە ئوخشىغان يوشۇرۇن زىننەتلىرىدىن ئاۋاز چىقىرىپ، كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن. ئى مۆئمىنلەر! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مۇرادىڭلارغا يېتىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھ تەرەپكە قايتىڭلار، ئىسلام بۇيرۇغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، جاھىلىيەتنىڭ يامان ئەمەللىرىنى تەرك ئېتىڭلار ۋە گۇناھىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار.

وَأَنكِحُواْ ٱلۡأَيَٰمَىٰ مِنكُمۡ وَٱلصَّٰلِحِينَ مِنۡ عِبَادِكُمۡ وَإِمَآئِكُمۡۚ إِن يَكُونُواْ فُقَرَآءَ يُغۡنِهِمُ ٱللَّهُ مِن فَضۡلِهِۦۗ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٞ ﴿٣٢﴾

32 - ئى مۇئمىنلەر! ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەرلەرنىڭ، ئاياللارنىڭ، ياخشى قۇل ۋە ياخشى چۆرىلىرىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار. ئەگەر ئۆيلەنمەكچى بولغان كىشىلەر يوقسۇل بولسا، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز پەزل - كەرەمى بىلەن باي قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ پەزل - كەرەمى ناھايىتى كەڭدۇر ۋە تولىمۇ كاتتىدۇر، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ بارلىق ئەھۋالىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

وَلۡيَسۡتَعۡفِفِ ٱلَّذِينَ لَا يَجِدُونَ نِكَاحًا حَتَّىٰ يُغۡنِيَهُمُ ٱللَّهُ مِن فَضۡلِهِۦۗ وَٱلَّذِينَ يَبۡتَغُونَ ٱلۡكِتَٰبَ مِمَّا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُكُمۡ فَكَاتِبُوهُمۡ إِنۡ عَلِمۡتُمۡ فِيهِمۡ خَيۡرٗاۖ وَءَاتُوهُم مِّن مَّالِ ٱللَّهِ ٱلَّذِيٓ ءَاتَىٰكُمۡۚ وَلَا تُكۡرِهُواْ فَتَيَٰتِكُمۡ عَلَى ٱلۡبِغَآءِ إِنۡ أَرَدۡنَ تَحَصُّنٗا لِّتَبۡتَغُواْ عَرَضَ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۚ وَمَن يُكۡرِههُّنَّ فَإِنَّ ٱللَّهَ مِنۢ بَعۡدِ إِكۡرَٰهِهِنَّ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٣٣﴾

33 - يوقسۇللۇقتىن ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆيلىنىشكە قادىر بولالمىغانلار ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز پەزل - كەرەمى بىلەن بىھاجەت قىلغۇچە ۋە ئۆيلىنىش ئىشىنى ئاسان قىلغۇچە، ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلاردىن ئۆزلىرىنى يىراق تۇتۇپ، ئىپپەتلىك بولسۇن. خوجايىنلىرى بىلەن توختام تۈزۈش ئارقىلىق ئازادلىققا ئېرىشىشنى خالايدىغان قۇل ۋە چۆرىلەرنىڭ خوجايىنلىرى ئۇلارنىڭ مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى بايقىسا، ئۇلار بىلەن توختام تۈزسە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشى ئۈچۈن خوجايىنلىرى ۋە باشقىلار پۇل - مال بېرىپ ئۇلارغا ياردەم قىلىشى لازىم. ئى خوجايىنلار! سىلەرنىڭ دۇنيالىق مەنپەئەتنى دەپ، چۆرىلىرىڭلارنى زىنا - پاھىشىگە مەجبۇرلىشىڭلار قەتئىي توغرا ئەمەس. ئۇلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالايدىغان تۇرسا، سىلەر ئۇلارنى قانداقمۇ زىناغا مەجبۇرلايسىلەر؟ بۇ ھەقىقەتەن قەبىھ قىلمىشتۇر. كىمكى ئۇلارنى پاھىشىگە مەجبۇرلايدىكەن، مەجبۇرلانغاندىن كېيىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا رەھىم قىلغۇچىدۇر. بۇنىڭ گۇناھى مەجبۇرلىغانلارغا بولىدۇ.

وَلَقَدۡ أَنزَلۡنَآ إِلَيۡكُمۡ ءَايَٰتٖ مُّبَيِّنَٰتٖ وَمَثَلٗا مِّنَ ٱلَّذِينَ خَلَوۡاْ مِن قَبۡلِكُمۡ وَمَوۡعِظَةٗ لِّلۡمُتَّقِينَ ﴿٣٤﴾

34 - ئى ئىنسانلار! شەكسىزكى، بىز سىلەرگە ھەقىقەتنى ئوپئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى، سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن مۇئمىن ئۇممەتلەردىن مىساللارنى، كاپىر ئۇممەتلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن ۋەقەلەردىن ئىبرەتلەرنى ۋە ئاللاھتىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى تونۇشى ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەتلەرنى نازىل قىلدۇق.

۞ ٱللَّهُ نُورُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ مَثَلُ نُورِهِۦ كَمِشۡكَوٰةٖ فِيهَا مِصۡبَاحٌۖ ٱلۡمِصۡبَاحُ فِي زُجَاجَةٍۖ ٱلزُّجَاجَةُ كَأَنَّهَا كَوۡكَبٞ دُرِّيّٞ يُوقَدُ مِن شَجَرَةٖ مُّبَٰرَكَةٖ زَيۡتُونَةٖ لَّا شَرۡقِيَّةٖ وَلَا غَرۡبِيَّةٖ يَكَادُ زَيۡتُهَا يُضِيٓءُ وَلَوۡ لَمۡ تَمۡسَسۡهُ نَارٞۚ نُّورٌ عَلَىٰ نُورٖۚ يَهۡدِي ٱللَّهُ لِنُورِهِۦ مَن يَشَآءُۚ وَيَضۡرِبُ ٱللَّهُ ٱلۡأَمۡثَٰلَ لِلنَّاسِۗ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٞ ﴿٣٥﴾

35 - ئاللاھ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرى بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئىشلارنى باشقۇرۇپ تۇرىدۇ، بەندىلىرىنى يېتەكلەيدۇ. ئاللاھ نۇردۇر، ئاللاھنىڭ پەردىسىمۇ

نۇردۇر. بارلىق كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر ئاللاھنىڭ نۇرى بىلەن يورۇيدۇ. قۇرئان بىلەن ھىدايەت ئاللاھنىڭ نۇرىدىن بىر نۇردۇر. ناۋادا ئاللاھنىڭ نۇرى بولمىسا ئىدى، زۇلمەتلەر ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەن بولاتتى. مۇئمىن ئادەمنىڭ دىلىدىكى ئاللاھ ئاتا قىلغان ئىمان بىلەن قۇرئان نۇرى خۇددى تەكچىگە قويۇلغان چىراغقا ئوخشايدۇ، چۈنكى تەكچە چىراغنىڭ نۇرىنى يىغىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇر تارىلىپ كەتمەيدۇ. چىراغ شىشىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، شىشە سۈزۈكلۈكتە گويا نۇرلۇق يۇلتۇزدۇر. ئۇ چىراغ كۈنچىقىشقىمۇ، كۈنپېتىشقىمۇ ئائىت بولمىغان، مۇبارەك زەيتۇن دەرىخىدىن چىقىرىلغان ياغ بىلەن يورۇتۇلغان، كۈنچىقىشقا ئائىت بولمىغانلىقى ئۈچۈن كەچتە قۇياش نۇرى چۈشمەيدۇ، كۈنپېتىشقا ئائىت بولمىغانلىقى ئۈچۈن سەھەردە قۇياش نۇرى چۈشمەيدۇ. ئۇنىڭ يېغى سۈزۈكلۈكىدىن ئوت تەگمىسىمۇ يورۇپ كېتەيلا دەپ قالىدۇ، ئەگەر ئوت تەگسە نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلۇپ تېخىمۇ يورۇپ كېتىدۇ. مۇئمىن ئادەمنىڭ دىلىنى يورۇتقان ھىدايەت ئەنە شۇنداق بولىدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى قۇرئانغا ئەگىشىشكە مۇۋەپپەق قىلىدۇ، ئاللاھ ئىنسانلارنى ئەقلىنى ئىشلەتسۇن دەپ، ئۇلارغا مانا مۇشۇنداق مىساللارنى ۋە ھېكمەتلەرنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر.

فِي بُيُوتٍ أَذِنَ ٱللَّهُ أَن تُرۡفَعَ وَيُذۡكَرَ فِيهَا ٱسۡمُهُۥ يُسَبِّحُ لَهُۥ فِيهَا بِٱلۡغُدُوِّ وَٱلۡأٓصَالِ ﴿٣٦﴾

36 - ئاشۇ پارلاق نۇر ئاللاھ ئۇلۇغلاشقا ۋە قۇرئان ئوقۇش، تەسبىھ، تەھلىل ئېيتىش قاتارلىقلار بىلەن ئۆز ئىسمىنى ياد ئېتىشكە بۇيرۇغان مەسجىدلەردە بولۇپ، مۇئمىنلەر ئۇ مەسجىدلەردە ئەتىگەن- ئاخشامدا ئاللاھ ئۈچۈن ناماز ئوقۇيدۇ.

رِجَالٞ لَّا تُلۡهِيهِمۡ تِجَٰرَةٞ وَلَا بَيۡعٌ عَن ذِكۡرِ ٱللَّهِ وَإِقَامِ ٱلصَّلَوٰةِ وَإِيتَآءِ ٱلزَّكَوٰةِ يَخَافُونَ يَوۡمٗا تَتَقَلَّبُ فِيهِ ٱلۡقُلُوبُ وَٱلۡأَبۡصَٰرُ ﴿٣٧﴾

37 - ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، نە تىجارەت، نە سودا - سېتىق ئۇلارنى ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن، ناماز ئوقۇشتىن ۋە زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ. ئۇلار دىللار ئازابتىن قۇتۇلۇپ قېلىشقا بولغان ئۈمىد بىلەن، ھالاك بولۇشتىن قورقۇش ئارىسىدا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، كۆزلەر ئەندىشىدە ئالاقزادە بولۇپ چەكچىيىپ كېتىدىغان قىيامەت كۈنىدىن قورقىدۇ.

لِيَجۡزِيَهُمُ ٱللَّهُ أَحۡسَنَ مَا عَمِلُواْ وَيَزِيدَهُم مِّن فَضۡلِهِۦۗ وَٱللَّهُ يَرۡزُقُ مَن يَشَآءُ بِغَيۡرِ حِسَابٖ ﴿٣٨﴾

38 - ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە ئەڭ ياخشى قىلغان ئەمەللىرى بويىچە مۇكاپات بېرىشى ۋە ئۆز پەزلىدىن ئاشۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن (شۇنداق ئىبادەت قىلىدۇ). ئاللاھ خالىغان ئادەمگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ، قىلغان ئەمەلى ئاز بولسىمۇ ھېسابسىز كۆپ ساۋاب بېرىدۇ.

وَٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَعۡمَٰلُهُمۡ كَسَرَابِۭ بِقِيعَةٖ يَحۡسَبُهُ ٱلظَّمۡـَٔانُ مَآءً حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَهُۥ لَمۡ يَجِدۡهُ شَيۡـٔٗا وَوَجَدَ ٱللَّهَ عِندَهُۥ فَوَفَّىٰهُ حِسَابَهُۥۗ وَٱللَّهُ سَرِيعُ ٱلۡحِسَابِ ﴿٣٩﴾

39 - ئاللاھنى ئىنكار قىلغان، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى يالغانچى دېگەن كاپىرلارنىڭ ياخشى ئەمەل دەپ قىلغان ئىشلىرى خۇددى ئۇسساپ كەتكەن ئادەم سۇ دەپ ئويلاپ قالىدىغان، يېنىغا كەلسە سۇدىن ھېچبىر ئەسەر تاپالمايدىغان باياۋاندىكى سەرابقا ئوخشايدۇ. كاپىرلار قىلغان ئەمەللىرىنى ئۆزلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ دەپ ئويلايدۇ،

ئەمما ئۇلار قىيامەت كۈنى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنى تاپالمايدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىنى
كۈزىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ، ئاللاھ
تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر. شۇڭا نادانلار ئاللاھ ئاگاھلاندۇرغان ئازابنى كېچىكىپ قالدى،
دەپ قارىمىسۇن. شەكسىزكى، ئۇ ئازاب ئاللاھ بەلگىلىگەن ۋاقىتتا چوقۇم كېلىدۇ.

أَوْ كَظُلُمَٰتٍ فِى بَحْرٍ لُّجِّىٍّ يَغْشَىٰهُ مَوْجٌ مِّن فَوْقِهِۦ مَوْجٌ مِّن فَوْقِهِۦ سَحَابٌ ۚ ظُلُمَٰتٌۢ بَعْضُهَا
فَوْقَ بَعْضٍ إِذَآ أَخْرَجَ يَدَهُۥ لَمْ يَكَدْ يَرَىٰهَا ۗ وَمَن لَّمْ يَجْعَلِ ٱللَّهُ لَهُۥ نُورًا فَمَا لَهُۥ مِن نُّورٍ ﴿٤٠﴾

40 - ياكى ئۇلارنىڭ ياخشى دەپ ئويلىغان ئەمەللىرى قاتمۇقات دولقۇنلار ۋە دولقۇنلارنىڭ
ئۈستىدىكى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ تۇرغان چوڭقۇر دېڭىزدىكى قاراڭغۇلۇققا ئوخشايدۇ. بۇ
قاراڭغۇلۇقتا قالغان ئادەم قاتتىق قاراڭغۇلۇق سەۋەبلىك قولىنى ئۇزاتسا بارماقلىرىنى
كۆرەلمەيدۇ. كاپىرلارمۇ شۇ ئادەمگە ئوخشايدۇ، چۈنكى كاپىرلار كاپىرلىق، مۇشرىكلىك
ۋە يامان ئەمەللەرنىڭ زۇلمەتلىرىگە كۆمۈلۈپ كەتكەن. ئاللاھ قۇرئان ۋە پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ئارقىلىق ھىدايەت تېپىشنى نېسىپ قىلمىغان ئادەم ھىدايەت
تاپالمايدۇ، ئۇنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان بىرى چىقمايدۇ.

أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ يُسَبِّحُ لَهُۥ مَن فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَٱلطَّيْرُ صَٰٓفَّٰتٍ ۖ كُلٌّ قَدْ عَلِمَ صَلَاتَهُۥ
وَتَسْبِيحَهُۥ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌۢ بِمَا يَفْعَلُونَ ﴿٤١﴾

41 - ئى پەيغەمبەر! ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەخلۇقات بىلەن ئاسماندا قاناتلىرىنى
كەرگەن ھالدا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارنىڭ ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقىنى
بىلمەمسەن؟ ئاللاھ ھەربىر مەخلۇققا ئاللاھقا قانداق ئىبادەت قىلىشنى ۋە قانداق تەسبىھ
ئېيتىشنى ئۆگەتكەن. ئاللاھ ھەربىر تەسبىھ ئېيتقۇچىنىڭ ۋە ئىبادەت قىلغۇچىنىڭ
ئەمەللىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئاللاھقا ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر، ئاللاھ ئۇلارنى
شۇنىڭغا ئاساسەن مۇكاپاتلايدۇ.

وَلِلَّهِ مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ وَإِلَى ٱللَّهِ ٱلْمَصِيرُ ﴿٤٢﴾

42 - ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى يالغۇز ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزى
يالغۇز ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ، قىيامەت كۈنى قايتىدىغان جايى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر.

أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ يُزْجِى سَحَابًا ثُمَّ يُؤَلِّفُ بَيْنَهُۥ ثُمَّ يَجْعَلُهُۥ رُكَامًا فَتَرَى ٱلْوَدْقَ يَخْرُجُ مِنْ
خِلَٰلِهِۦ وَيُنَزِّلُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مِن جِبَالٍ فِيهَا مِنۢ بَرَدٍ فَيُصِيبُ بِهِۦ مَن يَشَآءُ وَيَصْرِفُهُۥ عَن
مَّن يَشَآءُ ۖ يَكَادُ سَنَا بَرْقِهِۦ يَذْهَبُ بِٱلْأَبْصَٰرِ ﴿٤٣﴾

43 - كۆرمەمسەنكى، ئاللاھ بۇلۇتلارنى ئۆزى خالىغان جايلارغا ھەيدەيدۇ، ئۇلار پارچە-
پارچىغا بۆلۈنگەندىن كېيىن، ئۇلارنى بىر - بىرىگە قوشىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى ئۈستى-
ئۈستىگە دۆۋىلەپ توپلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن يامغۇر ياغدۇرىدۇ.
ئاللاھ ئاسماندىكى تاغدەك بۇلۇتلاردىن مۆلدۈر ياغدۇرىدۇ، ئاللاھ ئۆزىنىڭ ھېكمىتىگە
ئاساسەن ئۇنىڭ بىلەن خالىغان ئادەمگە زىيان يەتكۈزىدۇ ۋە خالىغان ئادەمنى ئۇنىڭدىن
ساقلايدۇ، بۇلۇتلاردىن چاقنىغان چاقماقنىڭ ئۆتكۈر نۇرى ئۇنىڭغا قارىغان كۆزلەرنى
نابۇت قىلىۋەتكىلى تاس قالىدۇ.

يُقَلِّبُ ٱللَّهُ ٱلَّيْلَ وَٱلنَّهَارَ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَعِبْرَةً لِّأُو۟لِى ٱلْأَبْصَٰرِ ﴿٤٤﴾

44 ـ ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىدىن بىرى شۇكى، ئاللاھ كېچە بىلەن كۈندۈزنى بىر - بىرىنىڭ ئارقىسىدىن كەلتۈرۈش، بىرىنى ئۇزۇن، بىرىنى قىسقا قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدا ئەقلى جايىدا بولغان ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار.

وَٱللَّهُ خَلَقَ كُلَّ دَآبَّةٍ مِّن مَّآءٍۖ فَمِنۡهُم مَّن يَمۡشِي عَلَىٰ بَطۡنِهِۦ وَمِنۡهُم مَّن يَمۡشِي عَلَىٰ رِجۡلَيۡنِ وَمِنۡهُم
مَّن يَمۡشِي عَلَىٰٓ أَرۡبَعٖۚ يَخۡلُقُ ٱللَّهُ مَا يَشَآءُۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿٤٥﴾

45 ـ ئاللاھ يەر يۈزىدە مېڭىۋاتقان بارلىق جانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى سۇدىن ياراتتى، سۇ ئۇلارنىڭ يارىتىلىش مەنبەسىدۇر. بۇ جانلىقلارنىڭ بەزىسى يىلانغا ئوخشاش قورسىقى بىلەن يەرگە سۈرۈلۈپ ماڭىدۇ، بەزىسى ئىنسانغا ئوخشاش ئىككى پۇتى بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى ھايۋانلارغا ئوخشاش تۆت پۇتى بىلەن ماڭىدۇ، ئاللاھ خالىغان مەخلۇقاتلارنى يارىتىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

لَّقَدۡ أَنزَلۡنَآ ءَايَٰتٖ مُّبَيِّنَٰتٖۚ وَٱللَّهُ يَهۡدِي مَن يَشَآءُ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ﴿٤٦﴾

46 ـ شۈبھىسىزكى، بىز قۇرئاندا سىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق، ئاللاھ بەندىلىرى ئىچىدىن خالىغان كىشىلەرنى ئىسلامدىن ئىبارەت توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ.

وَيَقُولُونَ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَبِٱلرَّسُولِ وَأَطَعۡنَا ثُمَّ يَتَوَلَّىٰ فَرِيقٞ مِّنۡهُم مِّنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَۚ وَمَآ أُوْلَٰٓئِكَ
بِٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٤٧﴾

47 ـ مۇناپىقلار: «بىز ئاللاھنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھتىن ئېلىپ كەلگەنلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر گۇرۇھ (شۇ گەپلەرنى دېگەندىن كېيىن ئىتائەتتىن) يۈز ئۆرۈيدۇ، پەيغەمبەرنىڭ ھۆكۈمىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەنە شۇلار ئەمەلىيەتتە مۇئمىن ئەمەس.

وَإِذَا دُعُوٓاْ إِلَى ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ لِيَحۡكُمَ بَيۡنَهُمۡ إِذَا فَرِيقٞ مِّنۡهُم مُّعۡرِضُونَ ﴿٤٨﴾

48 ـ ئۇلار ئارىلىرىدىكى دەۋا ئىشلىرى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبەرنىڭ ھۆكۈمىگە چاقىرىلسا، ئۇلاردىن بىر قىسمى ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ھۆكۈمى شەكسىز ھەق تۇرسىمۇ، ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىدۇ.

وَإِن يَكُن لَّهُمُ ٱلۡحَقُّ يَأۡتُوٓاْ إِلَيۡهِ مُذۡعِنِينَ ﴿٤٩﴾

49 ـ ئەگەر دەۋادىكى ھەقلىق تەرەپ ئۆزلىرى بولۇپ قالغاندا، ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا بويسۇنۇپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان قىياپەتتە يۈگۈرۈپ كېلىشىدۇ.

أَفِي قُلُوبِهِم مَّرَضٌ أَمِ ٱرۡتَابُوٓاْ أَمۡ يَخَافُونَ أَن يَحِيفَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِمۡ وَرَسُولُهُۥۚ بَلۡ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٥٠﴾

50 ـ ئۇلارنىڭ ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈشىنىڭ سەۋەبى دىللىرىدىكى مۇناپىقلىق كېسىلىمۇ ياكى ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىۋاتامدۇ؟ ياكى ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ناھەق ھۆكۈم چىقىرىدۇ دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ناھەق ھۆكۈم قىلىدۇ، دەپ ئويلىمايدۇ، بەلكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، ئۇلار (ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكمىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزگىگە) زۇلۇم قىلغان گۇناھكارلاردۇر.

إِنَّمَا كَانَ قَوْلَ ٱلْمُؤْمِنِينَ إِذَا دُعُوٓا۟ إِلَى ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ أَن يَقُولُوا۟ سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا ۚ وَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ ﴿٥١﴾

51 ـ ئەمما ھەقىقىي مۆئمىنلەر شۇنداق زاتلاركى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەۋا ئىشلىرىدا ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتى بويىچە ھۆكۈم قىلىشقا چاقىرىلغان چاغدا، ئۇلار ئۇنى دەرھال قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرى: «بىزگە دېيىلگەن ھەقىقەتلەرنى ئاڭلىدۇق ۋە بىزنى ھەقىقەتكە چاقىرغان زاتقا ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر، ئەنە شۇلار ئىسىل جەننەتلەردىن ئورۇن ئېلىش ئارقىلىق بارچە ئارمانلىرىغا ۋە مۇرادىغا ئېرىشكۈچىلەردۇر.

وَمَن يُطِعِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَيَخْشَ ٱللَّهَ وَيَتَّقْهِ فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْفَآئِزُونَ ﴿٥٢﴾

52 ـ كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا، ئاسىيلىق قىلىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ھەزەر ئەيلىسە، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقسا، ئەنە شۇلار جەننەت نېمەتلىرىگە ئېرىشىش ئارقىلىق مۇرادىغا يېتىدىغان كىشىلەردىن بولىدۇ.

۞ وَأَقْسَمُوا۟ بِٱللَّهِ جَهْدَ أَيْمَٰنِهِمْ لَئِنْ أَمَرْتَهُمْ لَيَخْرُجُنَّ ۖ قُل لَّا تُقْسِمُوا۟ ۖ طَاعَةٌ مَّعْرُوفَةٌ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ خَبِيرٌۢ بِمَا تَعْمَلُونَ ﴿٥٣﴾

53 ـ مۇناپىقلار ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قاتتىق قەسەم قىلىپ: «ئى مۇھەممەد! ئەگەر سەن بىزنى جىھادقا دەۋەت قىلساڭ، بىز ئەلۋەتتە سەن بىلەن بىللە چىقىمىز» دەپ ۋەدە بېرىشتى. سەن ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر يالغاندىن قەسەم قىلماڭلار، ئىتائىتىڭلار چاغلىقتۇر، چۈنكى سىلەر تىلىڭلارنىڭ ئۇچىدىلا ئىتائەت قىلىسىلەر. ئۇنتۇماڭلار، ئاللاھ قىلمىشلىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر، سىلەرنى شۇنىڭغا ئاساسەن جازالايدۇ».

قُلْ أَطِيعُوا۟ ٱللَّهَ وَأَطِيعُوا۟ ٱلرَّسُولَ ۖ فَإِن تَوَلَّوْا۟ فَإِنَّمَا عَلَيْهِ مَا حُمِّلَ وَعَلَيْكُم مَّا حُمِّلْتُمْ ۖ وَإِن تُطِيعُوهُ تَهْتَدُوا۟ ۚ وَمَا عَلَى ٱلرَّسُولِ إِلَّا ٱلْبَلَٰغُ ٱلْمُبِينُ ﴿٥٤﴾

54 ـ ئى پەيغەمبەر! ئىنسانلارغا ئېيتقىنكى، «ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر باش تارتساڭلار، شۇنى بىلىڭلاركى، پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاللاھ بۇيرۇغان ھەق دىننى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشتۇر. سىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىڭلارمۇ ئۈستۈڭلارغا بۇيرۇلغاننى ئادا قىلىشتۇر، ئەگەر پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلساڭلار، ھىدايەت تاپىسىلەر، پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت دىننى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر».

وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ مِنكُمْ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِى ٱلْأَرْضِ كَمَا ٱسْتَخْلَفَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ ٱلَّذِى ٱرْتَضَىٰ لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُم مِّنۢ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا ۚ يَعْبُدُونَنِى لَا يُشْرِكُونَ بِى شَيْـًٔا ۚ وَمَن كَفَرَ بَعْدَ ذَٰلِكَ فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْفَٰسِقُونَ ﴿٥٥﴾

55 ـ ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا، ئەگەر ئۇلار ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەي، ئىبادەتنى ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا قىلسا، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنى يەر يۈزىدە ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنى مۇشرىكلارنىڭ زېمىنلىرىغا ئىگە قىلىپ، چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان ئىسلام دىنىنى چوقۇم كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى. ئاللاھ ئۇلارغا

مەزكۇر نېمەتلەرنى ئاتا قىلغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن كىمكى كاپىر بولىدىكەن، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئەنە شۇنداقلار راستتىنلا توغرا يولدىن ئاداشقانلاردۇر.

وَأَقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُوا۟ ٱلزَّكَوٰةَ وَأَطِيعُوا۟ ٱلرَّسُولَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ ﴿٥٦﴾

56 - ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن نامازنى مۇكەممەل ئوقۇڭلار، زاكاتنى تېگىشلىك بولغان كىشىلەرگە تولۇق بېرىڭلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىڭلار.

لَا تَحْسَبَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مُعْجِزِينَ فِى ٱلْأَرْضِ ۚ وَمَأْوَىٰهُمُ ٱلنَّارُ ۖ وَلَبِئْسَ ٱلْمَصِيرُ ﴿٥٧﴾

57 - كاپىرلارنى يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالايدۇ دەپ ئويلىمىغىن، شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنى ھالاك قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاختۇر، دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لِيَسْتَـْٔذِنكُمُ ٱلَّذِينَ مَلَكَتْ أَيْمَـٰنُكُمْ وَٱلَّذِينَ لَمْ يَبْلُغُوا۟ ٱلْحُلُمَ مِنكُمْ ثَلَـٰثَ مَرَّٰتٍ ۚ مِّن قَبْلِ صَلَوٰةِ ٱلْفَجْرِ وَحِينَ تَضَعُونَ ثِيَابَكُم مِّنَ ٱلظَّهِيرَةِ وَمِنۢ بَعْدِ صَلَوٰةِ ٱلْعِشَآءِ ۚ ثَلَـٰثُ عَوْرَٰتٍ لَّكُمْ ۚ لَيْسَ عَلَيْكُمْ وَلَا عَلَيْهِمْ جُنَاحٌۢ بَعْدَهُنَّ ۚ طَوَّٰفُونَ عَلَيْكُم بَعْضُكُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ ۚ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمُ ٱلْـَٔايَـٰتِ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿٥٨﴾

58 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! قۇللىرىڭلارنى، چوڭلىرىڭلارنى ۋە بالاغەتكە يەتمىگەن باللارنى سىلەر كىيىمىڭلارنى ئالماشتۇرىدىغان ئۈچ ۋاقىتتا ھۇجراڭلارغا ئىجازەت سوراپ كىرىشكە بۇيرۇڭلار. بۇ ئۈچ ۋاقىت: ناماز بامداتتىن بۇرۇنقى ۋاقىت، چۈشتە سىلەر ئۇخلايدىغان ۋاقىت ۋە خۇپتەندىن كېيىنكى ۋاقىتتۇر. بۇ ئۈچ ۋاقىت سىلەر ئۈچۈن ئەۋرەت (يەنى بەزى ئەزالىرىڭلار ئېچىلىپ قالىدىغان ۋاقىت)تۇر، ئەمما بۇ ئۈچ ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا ئۇلار سىلەرگە ئىجازەت سورىماي كىرسە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، بۇ ۋاقىتلاردا ئۇلار خىزمەت قىلىش ۋە باشقا ھاجەتلەر ئۈچۈن سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا كىرىپ - چىقىپ تۇرىدۇ. سىلەرمۇ بىر-بىرىڭلارنىڭ يېنىغا كىرىپ تۇرىسىلەر. ئاللاھ سىلەرگە ئىجازەت سوراپ كىرىشنىڭ ئەھكاملىرىنى بايان قىلىپ بەرگەندەك، ئايەتلىرىنى، ئەھكاملىرىنى، دەلىل - پاكىتلىرىنى ۋە دىنىنىڭ بارلىق مەسىلىلىرىنى ئەنە شۇنداق بايان قىلىپ بېرىدۇ، ئاللاھ بەندىلىرىگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

وَإِذَا بَلَغَ ٱلْأَطْفَـٰلُ مِنكُمُ ٱلْحُلُمَ فَلْيَسْتَـْٔذِنُوا۟ كَمَا ٱسْتَـْٔذَنَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ ۚ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمْ ءَايَـٰتِهِۦ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿٥٩﴾

59 - كىچىك باللىرىڭلار بالاغەتكە يەتكەندە، ئۇلارمۇ ئۆزىدىن چوڭلار ئۆيگە كىرىشتە ئىجازەت سورىغاندەك، ھەممە ۋاقىتتا ئىجازەت سوراپ كىرسۇن. ئاللاھ ئۆيگە كىرىشنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرىنى بايان قىلىپ بەرگەندەك، ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىپ بېرىدۇ، ئاللاھ بەندىلىرىگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇلارغا شەرىئەت بەلگىلەشتە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

وَٱلْقَوَٰعِدُ مِنَ ٱلنِّسَآءِ ٱلَّـٰتِى لَا يَرْجُونَ نِكَاحًا فَلَيْسَ عَلَيْهِنَّ جُنَاحٌ أَن يَضَعْنَ ثِيَابَهُنَّ غَيْرَ

مُتَبَرِّجَٰتِۭ بِزِينَةٍۖ وَأَن يَسۡتَعۡفِفۡنَ خَيۡرٞ لَّهُنَّۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٞ ﴿٦٠﴾

60 ـ ياشىنىپ قالغانلىقتىن، جىنسىي ھەۋەستىن ۋە شەھۋەتتىن قېلىپ قالغان، ياتلىق بولۇشنى خالىمايدىغان ۋە ئەرلەرمۇ ئىشتىھا قىلمايدىغان ئاياللار زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىغان ھالدا، سىرتقا چىققاندا كىيىپ چىقىدىغان پۈركەنجىنى سېلىۋېتىپ، ئادەتتىكى كىيىملىرى بىلەن يۈرسىمۇ ئۇلارغا ھېچ گۇناھ يوقتۇر، ئەمما پۈركەنجىنى كىيىپ، ئېپپەتلىك يۈرۈش ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، نىيىتىڭلارنى ۋە ئەمەلىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

لَّيۡسَ عَلَى ٱلۡأَعۡمَىٰ حَرَجٞ وَلَا عَلَى ٱلۡأَعۡرَجِ حَرَجٞ وَلَا عَلَى ٱلۡمَرِيضِ حَرَجٞ وَلَا عَلَىٰٓ أَنفُسِكُمۡ أَن تَأۡكُلُواْ مِنۢ بُيُوتِكُمۡ أَوۡ بُيُوتِ ءَابَآئِكُمۡ أَوۡ بُيُوتِ أُمَّهَٰتِكُمۡ أَوۡ بُيُوتِ إِخۡوَٰنِكُمۡ أَوۡ بُيُوتِ أَخَوَٰتِكُمۡ أَوۡ بُيُوتِ أَعۡمَٰمِكُمۡ أَوۡ بُيُوتِ عَمَّٰتِكُمۡ أَوۡ بُيُوتِ أَخۡوَٰلِكُمۡ أَوۡ بُيُوتِ خَٰلَٰتِكُمۡ أَوۡ مَا مَلَكۡتُم مَّفَاتِحَهُۥٓ أَوۡ صَدِيقِكُمۡۚ لَيۡسَ عَلَيۡكُمۡ جُنَاحٌ أَن تَأۡكُلُواْ جَمِيعًا أَوۡ أَشۡتَاتٗاۚ فَإِذَا دَخَلۡتُم بُيُوتٗا فَسَلِّمُواْ عَلَىٰٓ أَنفُسِكُمۡ تَحِيَّةٗ مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِ مُبَٰرَكَةٗ طَيِّبَةٗۚ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمُ ٱلۡأٓيَٰتِ لَعَلَّكُمۡ تَعۡقِلُونَ ﴿٦١﴾

61 ـ ئەما، توكۇر ۋە كېسەلچان كىشىلەر ئۆزرىسى سەۋەبلىك جىھادقا ئوخشاش كۆز، پۇت ـ قول ۋە بەدەن ساق بولمىسا قىلغىلى بولمايدىغان بەزى پەرز ئەمەللەرنى تەرك ئەتسە، ئۇلارغا گۇناھ بولمايدۇ. ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، بالىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، ئاتىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، ئانىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، ھەمشىرىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاتاڭلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاناڭلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا سىلەرگە ئاچقۇچلىرىنى تاپشۇرۇپ قويۇپ ۋاقىتلىق كېتىپ قالغانلارنىڭ ئۆيلىرىدە، يا دوستلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە بىرەر نەرسە يېسەڭلار گۇناھ يوقتۇر، توپلىشىپ ياكى ئايرىم ـ ئايرىم يېسەڭلارمۇ سىلەرگە گۇناھ يوقتۇر، سىلەر تۇرالغۇ بولغان ياكى تۇرالغۇ بولمىغان ئۆيلەرگە كىرگەن چېغىڭلاردا، بىر ـ بىرىڭلار بىلەن «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ» دەپ ئىسلامچە سالاملىشىڭلار. ئەگەر ئۇ جايدا ھېچكىم بولمىسا «بىزگە ۋە ياخشى بەندىلەرگە ئاللاھتىن ئامانچىلىق بولسۇن» دەڭلار. بۇ ئاللاھ بۇيرۇغان سالام بولۇپ، ئاراڭلاردىكى مۇھەببەتنى ئاشۇرىدۇ. ئاللاھ سىلەرنى ئەقلىنى ئىشلىتىپ چۈشەنسۇن، ئاندىن ئەمەل قىلسۇن دەپ، ئايەتلىرىنى ۋە دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ.

إِنَّمَا ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَإِذَا كَانُواْ مَعَهُۥ عَلَىٰٓ أَمۡرٖ جَامِعٖ لَّمۡ يَذۡهَبُواْ حَتَّىٰ يَسۡتَـٔۡذِنُوهُۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَسۡتَـٔۡذِنُونَكَ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ يُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦۚ فَإِذَا ٱسۡتَـٔۡذَنُوكَ لِبَعۡضِ شَأۡنِهِمۡ فَأۡذَن لِّمَن شِئۡتَ مِنۡهُمۡ وَٱسۡتَغۡفِرۡ لَهُمُ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٦٢﴾

62 ـ ھەقىقىي مۇئمىنلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەردۇر، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر ئىش ئۈستىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن جەم بولغان چاغلىرىدا، ئۇلاردىن ھېچكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىجازەت سورىماي كېتىپ قالمايدۇ. ئى پەيغەمبەر! شۇ سەندىن ئىجازەت سورايدىغانلار، ھەقىقەتەن ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چىن

ئىمان ئېيتقان كىشىلەردۇر. شۇڭا ئۇلار مەلۇم ئۆزرىسى سەۋەبلىك قايتىشقا سەندىن ئىجازەت سورىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سەن خالىغان ئادەملەرگە ئىجازەت بەرگىن، ئۇلارغا ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن. شەكسىزكى، ئاللاھ تەۋبە قىلغان بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

لَّا تَجۡعَلُواْ دُعَآءَ ٱلرَّسُولِ بَيۡنَكُمۡ كَدُعَآءِ بَعۡضِكُم بَعۡضٗاۚ قَدۡ يَعۡلَمُ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ يَتَسَلَّلُونَ مِنكُمۡ لِوَاذٗاۚ فَلۡيَحۡذَرِ ٱلَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنۡ أَمۡرِهِۦٓ أَن تُصِيبَهُمۡ فِتۡنَةٌ أَوۡ يُصِيبَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٦٣﴾

63 - ئى مۇئمىنلەر! سىلەر رەسۇلۇللاھنى چاقىرغان چېغىڭلاردا، بىر - بىرىڭلارنى چاقىرغاندەك ھەرگىز ئۇنى «ئى مۇھەممەد!» دەپ چاقىرماڭلار، ئۇنى ھۆرمەتلەپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!» دەپ چاقىرىڭلار. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن پەيغەمبەرنىڭ سورۇنىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ، ئىجازەت سورىمايلا غىپپىدە چىقىپ كەتكەن مۇناپىقلارنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار بۇ سەۋەبلىك بۇ دۇنيادا بالاغا يولۇقۇشتىن ياكى ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولۇشتىن ھەزەر ئەيلىسۇن.

أَلَآ إِنَّ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ قَدۡ يَعۡلَمُ مَآ أَنتُمۡ عَلَيۡهِ وَيَوۡمَ يُرۡجَعُونَ إِلَيۡهِ فَيُنَبِّئُهُم بِمَا عَمِلُواْۗ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمُۢ ﴿٦٤﴾

64 - بىلىڭلاركى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ ياراتقان بولۇپ، ئۇلار ئاللاھنىڭ مۈلۈكىدۇر ۋە ئاللاھقا بويسۇنىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋاللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئىنسانلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدىغان قىيامەت كۈنىدە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ياخشى - يامان بارلىق ئەمەللىرىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى شۇنىڭغا ئاساسەن مۇكاپاتلايدۇ ياكى جازالايدۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار ۋە ئەھۋاللىرىڭلار ئۇنىڭغا ھەرگىز مەخپىي ئەمەستۇر.

# فۇرقان سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

تَبَارَكَ ٱلَّذِي نَزَّلَ ٱلۡفُرۡقَانَ عَلَىٰ عَبۡدِهِۦ لِيَكُونَ لِلۡعَٰلَمِينَ نَذِيرًا ﴿١﴾ ٱلَّذِي لَهُۥ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَلَمۡ يَتَّخِذۡ وَلَدٗا وَلَمۡ يَكُن لَّهُۥ شَرِيكٞ فِي ٱلۡمُلۡكِ وَخَلَقَ كُلَّ شَيۡءٖ فَقَدَّرَهُۥ تَقۡدِيرٗا ﴿٢﴾

1 ـ 2 ـ بەندىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلارنى ۋە جىنلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەر بولۇشى ئۈچۈن، ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى ئۇنىڭغا نازىل قىلغان، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان، بالىغا موھتاج بولمىغان، پادىشاھلىقىدا ھېچبىر شېرىكى بولمىغان، ھەر نەرسىنى يارىتىپ، ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بېكىتكەن ئاللاھ ھەقىقەتەن بۈيۈكتۇر.

وَٱتَّخَذُواْ مِن دُونِهِۦٓ ءَالِهَةٗ لَّا يَخۡلُقُونَ شَيۡـٔٗا وَهُمۡ يُخۡلَقُونَ وَلَا يَمۡلِكُونَ لِأَنفُسِهِمۡ ضَرّٗا وَلَا نَفۡعٗا وَلَا يَمۡلِكُونَ مَوۡتٗا وَلَا حَيَوٰةٗ وَلَا نُشُورٗا ﴿٣﴾

3 ـ ئەرەب مۇشرىكلىرى ئاللاھنى قويۇپ، ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان، ئەكسىچە ئۆزى يارىتىلغان، ئۆزىگە ئىگە بولالمايدىغان، ئۆزىدىن بىرەر زىياننى توسۇپ قالالمايدىغان، ئۆزىگە بىرەر پايدىمۇ كەلتۈرەلمەيدىغان، تىرىكنى ئۆلتۈرۈشكە، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈشكە ياكى ئۆلۈكلەردىن ھېچبىرىنى قەبرىدىن تىرىلدۈرۈپ چىقىرىشقا قادىر بولالمايدىغان نەرسىلەرنى مەبۇد قىلىۋالدى.

وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّآ إِفۡكٌ ٱفۡتَرَىٰهُ وَأَعَانَهُۥ عَلَيۡهِ قَوۡمٌ ءَاخَرُونَۖ فَقَدۡ جَآءُو ظُلۡمٗا وَزُورٗا ﴿٤﴾

4 ـ ئاللاھنى ئىنكار قىلغان كاپىرلار: «بۇ قۇرئان پەقەتلا توقۇلمىدۇر ۋە يالغاندۇر، ئۇنى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىققان، ئۇنىڭ توقۇپ چىقىشىغا باشقا كىشىلەر ياردەم بەرگەن» دەيدۇ. كاپىرلار بۇ سۆزى بىلەن ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە ھەقسىزلىق قىلدى ۋە قەبىھ بىر تۆھمەتنى كۆتۈرۈپ چىقىشتى. ھالبۇكى، قۇرئاننى ئىنسان توقۇپ چىقالايدىغان كىتاب ئەمەس.

وَقَالُوٓاْ أَسَٰطِيرُ ٱلۡأَوَّلِينَ ٱكۡتَتَبَهَا فَهِيَ تُمۡلَىٰ عَلَيۡهِ بُكۡرَةٗ وَأَصِيلٗا ﴿٥﴾

5 ـ ئۇلار قۇرئان توغرۇلۇق: «بۇ بۇرۇنقىلارنىڭ كىتابلىرىدا يېزىلغان ئەپسانىلەر بولۇپ، مۇھەممەد ئۇلارنى كۆچۈرۈۋالغان، بۇ ئەپسانىلەر ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئوقۇپ بېرىلىۋاتىدۇ» دېدى.

قُلۡ أَنزَلَهُ ٱلَّذِي يَعۡلَمُ ٱلسِّرَّ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ إِنَّهُۥ كَانَ غَفُورٗا رَّحِيمٗا ﴿٦﴾

6 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، «قۇرئاننى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدىغان زات ئاللاھ نازىل قىلدى. شەكسىزكى، ئاللاھ قىلمىشلىرىغا تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مەرھەمەتلىكتۇر، شۇڭا ئۇلارنى ئالدىراپ جازالىمايدۇ».

وَقَالُواْ مَالِ هَٰذَا ٱلرَّسُولِ يَأۡكُلُ ٱلطَّعَامَ وَيَمۡشِي فِي ٱلۡأَسۡوَاقِ لَوۡلَآ أُنزِلَ إِلَيۡهِ مَلَكٞ فَيَكُونَ مَعَهُۥ نَذِيرًا ﴿٧﴾

7 - ئۇ مۇشرىكلار يەنە: «ئۆزىنى پەيغەمبەر دەۋالغان بۇ ئادەم بىزگە ئوخشاش تاماق يەيدىغان، تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن بازارلاردا يۈرىدىغان قانداق پەيغەمبەركەن ئۇ؟ ئۇنىڭ راستچىللىقىغا گۇۋاھ بولۇش ئۈچۈن ئاللاھ نېمىشقا ئۇنىڭغا بىر پەرىشتە چۈشۈرمىدى؟

أَوۡ يُلۡقَىٰٓ إِلَيۡهِ كَنزٌ أَوۡ تَكُونُ لَهُۥ جَنَّةٞ يَأۡكُلُ مِنۡهَاۚ وَقَالَ ٱلظَّٰلِمُونَ إِن تَتَّبِعُونَ إِلَّا رَجُلٗا مَّسۡحُورًا ﴿٨﴾

8 - يا ئۇنىڭغا ئاسماندىن بىر خەزىنە چۈشۈرۈلسە، ياكى ئۇنىڭغا مېۋىلىرىنى يەيدىغان بىر باغ بېرىلسە بولمامتى؟» دېيىشتى. بۇ ئىنكارچى زالىملار: «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر پەقەت سېھىرلەنگەن بىر ئادەمگە ئەگىشىۋاتىسىلەر» دېدى.

ٱنظُرۡ كَيۡفَ ضَرَبُواْ لَكَ ٱلۡأَمۡثَٰلَ فَضَلُّواْ فَلَا يَسۡتَطِيعُونَ سَبِيلٗا ﴿٩﴾

9 - ئى پەيغەمبەر! ئۇ ئىنكارچىلارنىڭ سېنى يالغانغا چىقىرىشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، سەن توغرۇلۇق ئېيتقان غەلىتە يالغانلىرىغا قارىغىنكى، ئۇلارنىڭ بۇ يالغانلىرى غەلىتىلىكتە ئەپسانىلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەقىقەتتىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ كەتتى، بۇ سەۋەبتىن ئۇلار سەن توغرۇلۇق ئېيتقان تۆھمەتلىرىنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەرگىز يول تاپالمايدۇ.

تَبَارَكَ ٱلَّذِيٓ إِن شَآءَ جَعَلَ لَكَ خَيۡرٗا مِّن ذَٰلِكَ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ وَيَجۡعَل لَّكَ قُصُورَۢا ﴿١٠﴾

10 - ئاللاھ ھەقىقەتەن بۈيۈكتۇركى، ئى پەيغەمبەر! ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، مۇشۇ دۇنيادا ساڭا ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىنمۇ ياخشى، دەل - دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان كۆپلىگەن باغلارنى ۋە تولىمۇ كاتتا سارايلارنى ئاتا قىلغان بولاتتى.

بَلۡ كَذَّبُواْ بِٱلسَّاعَةِۖ وَأَعۡتَدۡنَا لِمَن كَذَّبَ بِٱلسَّاعَةِ سَعِيرًا ﴿١١﴾

11 - ئۇلار سېنى تاماق يەيدۇ، بازارلاردا يۈرىدۇ دەپ ئەيىبلەش بىلەنلا قالماي، قىيامەت كۈنىنى، ئۇ كۈندە بولىدىغان مۇكاپات ۋە جازانى ئىنكار قىلدى، بىز قىيامەتنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا ئۆزلىرى يېقىلغۇ بولىدىغان دوزاخ ئوتىنى تەييارلىدۇق.

إِذَا رَأَتۡهُم مِّن مَّكَانِۭ بَعِيدٖ سَمِعُواْ لَهَا تَغَيُّظٗا وَزَفِيرٗا ﴿١٢﴾

12 - قىيامەت كۈنى دوزاخ ئاشۇ كاپىرلارنى يىراق جايدىن كۆرگەن چاغدا، ئۇلار دوزاخنىڭ غەزەپتىن قاينىغان ۋە شىددەت بىلەن گۈركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ.

وَإِذَآ أُلۡقُواْ مِنۡهَا مَكَانٗا ضَيِّقٗا مُّقَرَّنِينَ دَعَوۡاْ هُنَالِكَ ثُبُورٗا ﴿١٣﴾

13 - ئۇلار زەنجىر بىلەن بويۇنغىچە باغلانغان ھالدا دوزاخنىڭ تار يېرىگە تاشلانغان چاغدا، ئۇلار ئازابتىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيدۇ.

لَّا تَدۡعُواْ ٱلۡيَوۡمَ ثُبُورٗا وَٰحِدٗا وَٱدۡعُواْ ثُبُورٗا كَثِيرٗا ﴿١٤﴾

14 - ئۇلارنى تېخىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارغا: «بۈگۈن سىلەر بىر ئۆلۈمنى ئەمەس، تالاي ئۆلۈملەرنى تىلەڭلار، سىلەرنىڭ بۇ تىلىكىڭلار سىلەرگە غەم - قايغۇدىن باشقا نەرسىنى زىيادە قىلمايدۇ، سىلەر بۇ غەمدىن قۇتۇلالمايسىلەر» دېيىلىدۇ.

قُلۡ أَذَٰلِكَ خَيۡرٌ أَمۡ جَنَّةُ ٱلۡخُلۡدِ ٱلَّتِي وُعِدَ ٱلۡمُتَّقُونَۚ كَانَتۡ لَهُمۡ جَزَآءٗ وَمَصِيرٗا ﴿١٥﴾

15 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەرگە سۈپەتلەپ بېرىلگەن ئاشۇ دوزاخ ياخشىمۇ ياكى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقىدىغان مۇئمىنلەرگە ۋەدە قىلىنغان مەڭگۈلۈك جەننەت ياخشىمۇ؟» جەننەت تەقۋادارلارغا بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە ئورۇنلىشىدىغان قارارگاھىدۇر.

لَّهُمۡ فِيهَا مَا يَشَآءُونَ خَٰلِدِينَۚ كَانَ عَلَىٰ رَبِّكَ وَعۡدٗا مَّسۡـُٔولٗا ﴿١٦﴾

16 - ئاشۇ ئىتائەتمەن مۇئمىنلەر جەننەتتە مەڭگۈ تۇرۇش بىلەن بىللە ئۆزى خالىغان لەززەتلىك نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. بۇ، مۇئمىن بەندىلەر رەببىڭدىن ئەمەلگە ئېشىشىنى تىلەيدىغان ۋەدىدۇر. ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ.

وَيَوۡمَ يَحۡشُرُهُمۡ وَمَا يَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ فَيَقُولُ ءَأَنتُمۡ أَضۡلَلۡتُمۡ عِبَادِي هَٰٓؤُلَآءِ أَمۡ هُمۡ ضَلُّواْ ٱلسَّبِيلَ ﴿١٧﴾

17 - قىيامەت كۈنى ئاللاھ مۇشرىكلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان مەبۇدلىرىنى بىر يەرگە توپلايدۇ، ئاندىن ئۇ مەبۇدلارغا: «مېنىڭ بۇ بەندىلىرىمنى سىلەر توغرا يولدىن ئازدۇرۇپ، ئۆزۈڭلارغا چوقۇنۇشقا بۇيرۇدۇڭلارمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىپ سىلەرگە چوقۇندىمۇ؟» دەيدۇ.

قَالُواْ سُبۡحَٰنَكَ مَا كَانَ يَنۢبَغِي لَنَآ أَن نَّتَّخِذَ مِن دُونِكَ مِنۡ أَوۡلِيَآءَ وَلَٰكِن مَّتَّعۡتَهُمۡ وَءَابَآءَهُمۡ حَتَّىٰ نَسُواْ ٱلذِّكۡرَ وَكَانُواْ قَوۡمَۢا بُورٗا ﴿١٨﴾

18 - ساختا مەبۇدلار ئېيتىدۇ: «ئى رەببىمىز! سەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇرسەن، سېنى قويۇپ باشقىلارنى ياخشى كۆرۈش بىزگە لايىق ئەمەس، لېكىن سەن ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنى دۇنيادا شۇ قەدەر نېمەتكە چۆمدۈردۈڭكى، ئۇلار سېنى ياد ئېتىشنى ئۇنتۇدى ۋە مەخلۇقاتنى ساڭا شېرىك كەلتۈردى. ئۇلار شۇنداق بەتبەخت قەۋم بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ ھالاك بولۇشقا تېگىشلىك بولۇپ قالغان ئىدى».

فَقَدۡ كَذَّبُوكُم بِمَا تَقُولُونَ فَمَا تَسۡتَطِيعُونَ صَرۡفٗا وَلَا نَصۡرٗاۚ وَمَن يَظۡلِم مِّنكُمۡ نُذِقۡهُ عَذَابٗا كَبِيرٗا ﴿١٩﴾

19 - مۇشرىكلارغا دېيىلىدۇكى: «سىلەر چوقۇنغان مەبۇدلار سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارنى ئىنكار قىلدى، ئەمدى سىلەر ئۆزۈڭلاردىن ئازابنى توسۇپ قالالمايسىلەر ۋە ياردەمگىمۇ ئېرىشەلمەيسىلەر. كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلىدىكەن، ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىدىكەن ۋە تەۋبە قىلماي شۇ پېتى ئۆلىدىكەن، ئۇنىڭغا بىز

تولىمۇ قاتتىق ۋە چوڭ ئازابنى تېتىتىمىز».

وَمَآ أَرۡسَلۡنَا قَبۡلَكَ مِنَ ٱلۡمُرۡسَلِينَ إِلَّآ إِنَّهُمۡ لَيَأۡكُلُونَ ٱلطَّعَامَ وَيَمۡشُونَ فِي ٱلۡأَسۡوَاقِۗ وَجَعَلۡنَا بَعۡضَكُمۡ لِبَعۡضٖ فِتۡنَةً أَتَصۡبِرُونَۗ وَكَانَ رَبُّكَ بَصِيرٗا ﴿٢٠﴾

20 - ئى پەيغەمبەر! بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ ئەلۋەتتە تاماق يەيدىغان، بازارلاردا مېڭىپ يۈرىدىغان ئىنسانلار ئىدى. ئى ئىنسانلار! بىز سىلەرنىڭ بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن ھىدايەت - ئازغۇنلۇق، بايلىق - پېقىرلىق، ساقلىق - كېسەللىك جەھەتتىن سىنىدۇق. سىلەر بۇ سىناقتا بەرداشلىق بېرىپ، ئاللاھ سىلەرگە بۇيرۇغان ئىشلارنى ئورۇنداپ ئۇنىڭ مۇكاپاتىغا لايىق بولامسىلەر؟ ياكى بەرداشلىق بېرەلمەي ئازابقا تېگىشلىك بولامسىلەر؟ ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ بەندىلىرى ئىچىدىكى بەرداشلىق بەرگۈچىلەر بىلەن چىدامسىزلىق قىلغۇچىلارنى، شۈكۈر قىلغۇچىلار بىلەن ناشۈكۈرلۈك قىلغۇچىلارنى ئېنىق كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

۞ وَقَالَ ٱلَّذِينَ لَا يَرۡجُونَ لِقَآءَنَا لَوۡلَآ أُنزِلَ عَلَيۡنَا ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ أَوۡ نَرَىٰ رَبَّنَاۗ لَقَدِ ٱسۡتَكۡبَرُواْ فِيٓ أَنفُسِهِمۡ وَعَتَوۡ عُتُوّٗا كَبِيرٗا ﴿٢١﴾

21 - ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغانلىقتىن، رەببىنىڭ ھۇزۇرىغا بارىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغانلار: «بىزگە مۇھەممەدنىڭ راستچىللىقىنى ئېيتىپ بېرىدىغان پەرىشتىلەر چۈشۈرۈلسە ياكى رەببىمىزنى ئۆچۈق - ئاشكارا كۆرسەك، ئۇنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى بىزگە دەپ بەرسە بولماتتى؟» دېيىشتى. شۈبھىسىزكى، ئۇ كاپىرلار ئۆزىنى تولىمۇ چوڭ ساناپ كەتتى ۋە كۇفرىلىقتا بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. شۇڭا ئۇلار مۇشۇنداق نالايىق سۆزلەرنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالىدى.

يَوۡمَ يَرَوۡنَ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةَ لَا بُشۡرَىٰ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُجۡرِمِينَ وَيَقُولُونَ حِجۡرٗا مَّحۡجُورٗا ﴿٢٢﴾

22 - ئۇلار سەكراتتا، قەبرىدە ۋە قىيامەت كۈنىدە پەرىشتىلەرنى چوقۇم كۆرىدۇ، ئەمما ئۇ چاغدا پەرىشتىلەر ئۇلارغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرمەيدۇ، بەلكى ئۇلارغا: «ئاللاھ جەننەتنى سىلەرگە ھارام قىلدى» دەيدۇ.

وَقَدِمۡنَآ إِلَىٰ مَا عَمِلُواْ مِنۡ عَمَلٖ فَجَعَلۡنَٰهُ هَبَآءٗ مَّنثُورًا ﴿٢٣﴾

23 - بىز ئۇلارنىڭ ياخشىلىق دەپ قىلغان بارلىق ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك ئۇلارغا قىلچە پايدىسىز قىلىۋېتىمىز. چۈنكى ھەرقانداق بىر ئەمەلنىڭ ئاخىرەتتە ئەسقېتىشى ئۈچۈن، شۇ ئەمەلنى قىلغۇچىنىڭ ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن، ئىخلاس قىلغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگەشكەن بولۇشى شەرتتۇر.

أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَنَّةِ يَوۡمَئِذٍ خَيۡرٞ مُّسۡتَقَرّٗا وَأَحۡسَنُ مَقِيلٗا ﴿٢٤﴾

24 - قىيامەت كۈنى جەننەت ئەھلى بولىدىغان كىشىلەر دوزاخ ئەھلى بولىدىغانلاردىن ئەلۋەتتە ئەڭ ياخشى جايدا ۋە ئەڭ ياخشى ئارامگاھتا بولىدۇ، جەننەتنىڭ نېمەتلىرى ئۇلارغا ئۇزۇلۇپ قالماي كېلىپ تۇرىدۇ، جەننەتتە ئۇلارغا قىلچىلىكمۇ غەم - قايغۇ يوقتۇر.

وَيَوۡمَ تَشَقَّقُ ٱلسَّمَآءُ بِٱلۡغَمَٰمِ وَنُزِّلَ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ تَنزِيلًا ﴿٢٥﴾

25 - ئى پەيغەمبەر! ئاسمان يېرىلىدىغان، ئۇنىڭ يېرىلغان يەرلىرىدىن ئاپئاق بۇلۇتلار

كۆرۈنىدىغان شۇ كۈندە ئاللاھ ئاسمان پەرىشتىلىرىنى چۈشۈرىدۇ، ئۇلار ھېساب
مەيدانىدىكى خالايىقنى قورشاپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئاللاھ بەندىلەر ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم
چىقىرىش ئۈچۈن ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە كېلىدۇ.

ٱلْمُلْكُ يَوْمَئِذٍ ٱلْحَقُّ لِلرَّحْمَٰنِ ۚ وَكَانَ يَوْمًا عَلَى ٱلْكَٰفِرِينَ عَسِيرًا ﴿٢٦﴾

26 ـ بۇ كۈندە ھەقىقىي پادىشاھلىق يېگانە ئىلاھ بولغان رەھمان ئاللاھقىلا خاستۇر. بۇ
كۈن كاپىرلار ئۈچۈن تولىمۇ قىيىن بىر كۈن بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار قاتتىق ئازابقا
دۇچار بولىدۇ.

وَيَوْمَ يَعَضُّ ٱلظَّالِمُ عَلَىٰ يَدَيْهِ يَقُولُ يَٰلَيْتَنِى ٱتَّخَذْتُ مَعَ ٱلرَّسُولِ سَبِيلًا ﴿٢٧﴾ يَٰوَيْلَتَىٰ لَيْتَنِى لَمْ
أَتَّخِذْ فُلَانًا خَلِيلًا ﴿٢٨﴾ لَّقَدْ أَضَلَّنِى عَنِ ٱلذِّكْرِ بَعْدَ إِذْ جَآءَنِى ۗ وَكَانَ ٱلشَّيْطَٰنُ لِلْإِنسَٰنِ خَذُولًا ﴿٢٩﴾

27 ـ 29 ـ ئى پەيغەمبەر! ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان كاپىر ئىنسان قاتتىق ھەسرەتتىن ئىككى قولىنى
چىشلەپ: «ئىسىت! كاشكى، مەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭغا
ئەگىشىپ، جەننەتكە بېرىشنىڭ يولىنى تۇتسامچۇ، ئىسىت! پالانى كاپىرنى دوست تۇتۇپ
ئۇنىڭغا ئەگەشمىگەن بولسامچۇ؟ قۇرئان ماڭا يەتكەندىن كېيىن، ئاشۇ يامان دوست
مېنى راستتىنلا ئۇنىڭدىن ئازدۇرۇپتىكەن» دەپ كېتىدۇ. شەيتان ھەقىقەتەن ئىنساننى
ئازدۇرۇپ بولۇپ تاشلىۋېتىدۇ. (بۇ ئايەت يامان دوستلارغا ئەگىشىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن
ئاگاھلاندۇرىدۇ، چۈنكى يامان دوستلار ئۆزىگە ئەگەشكەن كىشىنىڭ دوزاخقا كىرىشىگە
سەۋەب بولىدۇ).

وَقَالَ ٱلرَّسُولُ يَٰرَبِّ إِنَّ قَوْمِى ٱتَّخَذُوا۟ هَٰذَا ٱلْقُرْءَانَ مَهْجُورًا ﴿٣٠﴾

30 ـ پەيغەمبەر قەۋمىنىڭ قىلمىشىدىن زارلىنىپ: «ئى رەببىم! شۈبھىسىزكى، مېنىڭ قەۋمىم
بۇ قۇرئاننى تاشلاندۇق كىتابتەك قىلىپ قويىدى، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدى، ئۇنى
تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇشنى، ئۇنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشنى ۋە ئەمەل قىلىشنى تەرك
ئەتتى» دېدى. (بۇ ئايەتتە قۇرئاننى ئوقۇپ تۇرمىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان
كىشىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بار).

وَكَذَٰلِكَ جَعَلْنَا لِكُلِّ نَبِىٍّ عَدُوًّا مِّنَ ٱلْمُجْرِمِينَ ۗ وَكَفَىٰ بِرَبِّكَ هَادِيًا وَنَصِيرًا ﴿٣١﴾

31 ـ ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا ئۆز قەۋمىڭ ئىچىدىكى گۇناھكارلاردىن دۈشمەنلەرنى پەيدا
قىلغاندەك، سەندىن ئىلگىرىكى ھەربىر پەيغەمبەرگە قەۋمى ئىچىدىكى گۇناھكارلاردىن
دۈشمەنلەرنى قىلدۇق. شۇڭا سەنمۇ ئۇلار سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن. ساڭا يول
كۆرسىتىشكە ۋە دۈشمەنلىرىڭنى يېڭىشتە ياردەمچى بولۇشقا رەببىڭ ئەلۋەتتە يېتەرلىكتۇر.
(بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىلگەن).

وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لَوْلَا نُزِّلَ عَلَيْهِ ٱلْقُرْءَانُ جُمْلَةً وَٰحِدَةً ۚ كَذَٰلِكَ لِنُثَبِّتَ بِهِۦ فُؤَادَكَ ۖ وَرَتَّلْنَٰهُ
تَرْتِيلًا ﴿٣٢﴾

32 ـ كاپىرلار: «نېمىشقا ئۇ قۇرئان مۇھەممەدكە تەۋرات، ئىنجىل ۋە زەبۇرغا ئوخشاش بىر
قېتىمدىلا چۈشۈرۈلمىدى؟» دېيىشتى. ئاللاھ دېدىكى، «سېنىڭ دىلىڭنى كۈچلەندۈرۈش
ۋە سېنى تېخىمۇ مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، سىلەرنى ئاسان چۈشەنسۇن ۋە يادلىۋالسۇن
دەپ، بىز بۇ قۇرئاننى شۇنداق بۆلۈپ ـ بۆلۈپ نازىل قىلدۇق، ئۇنى ساڭا ئالدىرىماي،
دانە ـ دانە ئوقۇپ بەردۇق.

وَلَا يَأْتُونَكَ بِمَثَلٍ إِلَّا جِئْنَٰكَ بِٱلْحَقِّ وَأَحْسَنَ تَفْسِيرًا ﴿٣٣﴾

33 - ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلار ساڭا قانداقلا بىر دەلىل ياكى شۇبھىنى كەلتۈرسە، بىز ساڭا ھەق جاۋابنى ۋە ھەممىدىن گۈزەل چۈشەندۈرۈشنى نازىل قىلدۇق.

ٱلَّذِينَ يُحْشَرُونَ عَلَىٰ وُجُوهِهِمْ إِلَىٰ جَهَنَّمَ أُوْلَٰٓئِكَ شَرٌّ مَّكَانًا وَأَضَلُّ سَبِيلًا ﴿٣٤﴾

34 - ئەنە شۇ كاپىرلار جەھەننەمگە يۈزلىرى بىلەن سۆرىلىپ توپلىنىدۇ. ئەنە شۇلار جايى ئەڭ يامان، يولى ھەقىقەتتىن ئەڭ يىراق كىشىلەردۇر.

وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَٰبَ وَجَعَلْنَا مَعَهُۥٓ أَخَاهُ هَٰرُونَ وَزِيرًا ﴿٣٥﴾

35 - شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا تەۋراتنى ئاتا قىلدۇق ھەمدە ئۇنىڭ ئاكىسى ھارۇننى ئۇنىڭغا ياردەمچى قىلدۇق.

فَقُلْنَا ٱذْهَبَآ إِلَى ٱلْقَوْمِ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا فَدَمَّرْنَٰهُمْ تَدْمِيرًا ﴿٣٦﴾

36 - ئۇلارغا: «ئاللاھنىڭ يەككە - يىگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان پىرئەۋننىڭ ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلارنى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشقا، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا ۋە شېرىك كەلتۈرمەسلىككە دەۋەت قىلىڭلار» دېدۇق. ئۇلار شۇنداق قىلدى. ئەمما پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمى بۇ ئىككىسىنى ئىنكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارنى ھالاك قىلىپ يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتۇق.

وَقَوْمَ نُوحٍ لَّمَّا كَذَّبُواْ ٱلرُّسُلَ أَغْرَقْنَٰهُمْ وَجَعَلْنَٰهُمْ لِلنَّاسِ ءَايَةً ۖ وَأَعْتَدْنَا لِلظَّٰلِمِينَ عَذَابًا أَلِيمًا ﴿٣٧﴾

37 - نۇھنىڭ قەۋمى ئۇنى ئىنكار قىلغان چاغدا، ئۇلارنى توپان بالاسىدا غەرق قىلدۇق. بىرەر پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغانلىق بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىق بىلەن تەڭدۇر. بىز ئۇلارنىڭ غەرق بولۇپ ھالاك بولۇشىنى كىشىلەرگە ئىبرەت قىلدۇق، ئاشۇ كاپىرلارغا ۋە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلارغا ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق.

وَعَادًا وَثَمُودَاْ وَأَصْحَٰبَ ٱلرَّسِّ وَقُرُونًۢا بَيْنَ ذَٰلِكَ كَثِيرًا ﴿٣٨﴾

38 - ئاد قەۋمىنى، سەمۇد قەۋمىنى، رەس ئاھالىسىنى، ئۇلارنىڭ زامانلىرى ئارىلىقىدا ياشىغان قەۋملەرنى، يەنە ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان نۇرغۇن قەۋملەرنى (كۇفرىلىقى سەۋەبلىك) ھالاك قىلدۇق.

وَكُلًّا ضَرَبْنَا لَهُ ٱلْأَمْثَٰلَ ۖ وَكُلًّا تَبَّرْنَا تَتْبِيرًا ﴿٣٩﴾

39 - ھەربىر قەۋمگە ھەقىقەتنىڭ دەلىل - پاكىتلىرىنى تولۇق بايان قىلدۇق، باھانە كۆرسىتەلمەيدىغان دەرىجىدە ھەممىنى بىلدۈردۇق. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلار ئىمان ئېيتمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھالاك قىلدۇق.

وَلَقَدْ أَتَوْاْ عَلَى ٱلْقَرْيَةِ ٱلَّتِيٓ أُمْطِرَتْ مَطَرَ ٱلسَّوْءِ ۚ أَفَلَمْ يَكُونُواْ يَرَوْنَهَا ۚ بَلْ كَانُواْ لَا يَرْجُونَ نُشُورًا ﴿٤٠﴾

40 - مەككىلىك مۇشرىكلار سەپەرلىرىدە لۇت قەۋمىنىڭ خارابىلىرىدىن ئۆتۈپ تۇراتتى، ئۇ بولسا ئاسماندىن تاش يېغىپ ھالاك قىلىنغان سەدۇم شەھىرىدۇر. مەككىلىكلەر بۇنى

كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئىبرەت ئالمىدى، بەلكى ئۇلار ئاخىرەتتە تىرىلىشكە ۋە قىلمىشلىرى ھەققىدە ھېساب بېرىشكە ئىشەنمەيدۇ.

وَإِذَا رَأَوْكَ إِن يَتَّخِذُونَكَ إِلَّا هُزُوًا أَهَٰذَا ٱلَّذِى بَعَثَ ٱللَّهُ رَسُولًا ﴿٤١﴾ إِن كَادَ لَيُضِلُّنَا عَنْ ءَالِهَتِنَا لَوْلَآ
أَن صَبَرْنَا عَلَيْهَا ۚ وَسَوْفَ يَعْلَمُونَ حِينَ يَرَوْنَ ٱلْعَذَابَ مَنْ أَضَلُّ سَبِيلًا ﴿٤٢﴾

41 ـ 42 ـ ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ كاپىرلار سېنى كۆرسىلا: «ئاللاھ بىزگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئادەم مۇشۇمىكەن؟ ئەگەر بىز بۇتلىرىمىزغا چوقۇنۇشتا چىڭ تۇرمىغان بولساق، ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچلۈك دەلىل ـ پاكىتلىرىغا تايىنىپ، بىزنى بۇ ئىلاھلىرىمىزغا چوقۇنۇشتىن ئازدۇرۇۋەتكىلى تاس قالاتتىكەن» دەپ سېنى مەسخىرە قىلىشىدۇ. ئۇلار ئازابنى كۆرگەن چاغدا، كىمنىڭ دىنىنىڭ ئەڭ ئازغۇن ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ.

أَرَءَيْتَ مَنِ ٱتَّخَذَ إِلَٰهَهُۥ هَوَىٰهُ أَفَأَنتَ تَكُونُ عَلَيْهِ وَكِيلًا ﴿٤٣﴾

43 ـ ئى پەيغەمبەر! نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمگە قارىمامسەن؟ سەن ئۇنداق ئادەمنى ئىمانغا قايتۇرۇشقا ھامىي بولالامسەن؟

أَمْ تَحْسَبُ أَنَّ أَكْثَرَهُمْ يَسْمَعُونَ أَوْ يَعْقِلُونَ ۚ إِنْ هُمْ إِلَّا كَٱلْأَنْعَٰمِ ۖ بَلْ هُمْ أَضَلُّ سَبِيلًا ﴿٤٤﴾

44 ـ ياكى سەن ئۇلارنىڭ تولىسىنى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدىغان ياكى ئۇنىڭ ھەقىقەتلىرىنى چۈشىنىدىغان ئادەملەر دەپ ئويلامسەن؟ ئۇلار ئاڭلىغانلىرىدىن مەنپەئەت ئالماسلىقتا پەقەت ھايۋانلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ھايۋانلاردىنمۇ بەتتەر ئازغۇندۇر.

أَلَمْ تَرَ إِلَىٰ رَبِّكَ كَيْفَ مَدَّ ٱلظِّلَّ وَلَوْ شَآءَ لَجَعَلَهُۥ سَاكِنًا ثُمَّ جَعَلْنَا ٱلشَّمْسَ عَلَيْهِ دَلِيلًا ﴿٤٥﴾
ثُمَّ قَبَضْنَٰهُ إِلَيْنَا قَبْضًا يَسِيرًا ﴿٤٦﴾

45 ـ 46 ـ ئاللاھنىڭ سايىنى تاڭ سۈزۈلگەندىن كۈن چىققانغا قەدەر، قانداق سوزغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆزگەرمەيدىغان مۇقىم قىلغان بولاتتى. ئاندىن قۇياشنىڭ ئەھۋالىنى سايىنىڭ ئەھۋالىغا دەلىل قىلدۇق. ئاندىن سايە ئاستا ـ ئاستا قىسقىرايدۇ، كۈن قانچە كۆتۈرۈلگەنسېرى سايە قىسقىراشقا باشلايدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە ۋە ئۇلۇغلۇقىغا دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنىڭ بىرىدۇر.

وَهُوَ ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ ٱلَّيْلَ لِبَاسًا وَٱلنَّوْمَ سُبَاتًا وَجَعَلَ ٱلنَّهَارَ نُشُورًا ﴿٤٧﴾

47 ـ ئاللاھ سىلەرگە كېچىنى ئۆز قاراڭغۇلۇقى بىلەن خۇددى كىيىمدەك يۆگەپ تۇرىدىغان قىلغان، ئۇيقۇنى بەدىنىڭلار ئۈچۈن راھەت قىلغان، كۈندۈزنى تىرىكچىلىك قىلىشىڭلار ئۈچۈن يەر يۈزىگە تارقىلىدىغان ۋاقىت قىلغان زاتتۇر.

وَهُوَ ٱلَّذِىٓ أَرْسَلَ ٱلرِّيَٰحَ بُشْرًۢا بَيْنَ يَدَىْ رَحْمَتِهِۦ ۚ وَأَنزَلْنَا مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً طَهُورًا ﴿٤٨﴾ لِّنُحْۦِىَ بِهِۦ
بَلْدَةً مَّيْتًا وَنُسْقِيَهُۥ مِمَّا خَلَقْنَآ أَنْعَٰمًا وَأَنَاسِىَّ كَثِيرًا ﴿٤٩﴾

48 ـ 49 ـ ئاللاھ ئۆز رەھمىتىدىن يامغۇر ياغدۇرۇش ئالدىدا بۇلۇتلارنى ھەيدەپ كېلىدىغان شامالنى خۇش خەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتكەن زاتتۇر. بىز سۇسىزلىقتىن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۇرۇپ ئۆسۈملۈكلەر بىلەن ياپيېشىل قىلىش ۋە بىز ياراتقان ھايۋانلارنى، نۇرغۇن ئىنسانلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، بۇلۇتتىن پاك سۇنى چۈشۈرۈپ بەردۇق.

وَلَقَدْ صَرَّفْنَٰهُ بَيْنَهُمْ لِيَذَّكَّرُوا۟ فَأَبَىٰٓ أَكْثَرُ ٱلنَّاسِ إِلَّا كُفُورًا ﴿٥٠﴾

50 - شۈبھىسىزكى، بىز يامغۇردىن بەھرىمەن قىلغانلارنىڭ بۇ نېمەتنى ئەسكە ئېلىشى ۋە نېمەت بەرگۈچىگە شۈكۈر قىلىشى، يامغۇردىن مەھرۇم قالغانلارنىڭ گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىشقا ئالدىرىشى ئۈچۈن، يامغۇرنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ تۇردۇق. شۇنداقتىمۇ ئىنسانلارنىڭ تولىسى يەنىلا نېمەتلىرىمىزگە ناشۈكۈرلۈك قىلىشتىن باشقىسىغا ئۇنىمىدى.

وَلَوْ شِئْنَا لَبَعَثْنَا فِى كُلِّ قَرْيَةٍ نَّذِيرًا ﴿٥١﴾

51 - ئەگەر بىز خالىساق، ئەلۋەتتە ھەربىر شەھەرگە كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان بىردىن پەيغەمبەر ئەۋەتەتتۇق. ئەمما ئى پەيغەمبەر! بىز سېنى زېمىن ئەھلىنىڭ ھەممىسىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، بۇ قۇرئاننى ئۇلارغا يەتكۈزۈشكە بۇيرۇدۇق.

فَلَا تُطِعِ ٱلْكَٰفِرِينَ وَجَٰهِدْهُم بِهِۦ جِهَادًا كَبِيرًا ﴿٥٢﴾

52 - شۇنىڭ ئۈچۈن كاپىرلارغا قەتئىي ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارنىڭ سەن يەتكۈزمەكچى بولغان ۋەھىيگە توسقۇنلۇق قىلىشىغا يول قويمىغىن، ۋەزىپەڭنى تولۇق ئادا قىلىشقا تىرىشقىن، قۇرئان ئارقىلىق كاپىرلارغا قارشى بارلىق كۈچۈڭ بىلەن كۈرەش قىلغىن.

۞ وَهُوَ ٱلَّذِى مَرَجَ ٱلْبَحْرَيْنِ هَٰذَا عَذْبٌ فُرَاتٌ وَهَٰذَا مِلْحٌ أُجَاجٌ وَجَعَلَ بَيْنَهُمَا بَرْزَخًا وَحِجْرًا مَّحْجُورًا ﴿٥٣﴾

53 - ئاللاھ بىرى بەك تاتلىق، بىرى بەك تۇزلۇق بولغان ئىككى دېڭىزنى بىر - بىرىگە تۇتىشاڭغۇ قىلىپ ئاقتۇرغان ۋە تاتلىق سۇ بىلەن ئاچچىق سۇ بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توسۇق ۋە مۇستەھكەم پاسىل بەرپا قىلغان زاتتۇر.

وَهُوَ ٱلَّذِى خَلَقَ مِنَ ٱلْمَآءِ بَشَرًا فَجَعَلَهُۥ نَسَبًا وَصِهْرًا ۗ وَكَانَ رَبُّكَ قَدِيرًا ﴿٥٤﴾

54 - ئاللاھ ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئىسپېرمىسىدىن ئوغۇل، قىز باللارنى يارىتىپ، ئۇنى نەسەبلىك ۋە قۇدا - باجىلىق قىلغان زاتتۇر. رەببىڭ خالىغان نەرسىنى يارىتىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر.

وَيَعْبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَنفَعُهُمْ وَلَا يَضُرُّهُمْ ۗ وَكَانَ ٱلْكَافِرُ عَلَىٰ رَبِّهِۦ ظَهِيرًا ﴿٥٥﴾

55 - ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە ۋە ئۇنىڭ مەخلۇقاتقا ئاتا قىلىۋاتقان سانسىز نېمەتلىرىگە دالالەت قىلىدىغان شۇنداق ئوچۇق دەلىللەر تۇرۇقلۇق، كاپىرلار ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا ئۇنىماي، چوقۇنسا ئۆزلىرىگە قىلچە پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان، چوقۇنمىسا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، مۇشرىكلار ئاللاھقا ئىبادەتتە شېرىك كەلتۈرۈش ئارقىلىق ھەمىشە شەيتانغا ياردەمچى بولۇپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئاسىيلىقىغا ھەمكارلىشىپ كەلدى.

وَمَآ أَرْسَلْنَٰكَ إِلَّا مُبَشِّرًا وَنَذِيرًا ﴿٥٦﴾

56 - ئى پەيغەمبەر! بىز سېنى پەقەت مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى

ۋە كاپىرلارنى دوزاخ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپلا ئەۋەتتۇق.

قُلْ مَآ أَسْـَٔلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ إِلَّا مَن شَآءَ أَن يَتَّخِذَ إِلَىٰ رَبِّهِۦ سَبِيلًا ﴿٥٧﴾

57 - سەن ئۇلارغا: «مەن سىلەرگە دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىمگە سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، پەقەت ھىدايەت تېپىشىنى، توغرا يولدا مېڭىشىنى ۋە پۇل-مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىشنى خالىغان كىشىلەرنىڭ رەببىگە ئېلىپ بارىدىغان توغرا يولغا كىرىشىنىلا تىلەيمەن. مەن سىلەرنى ئۇنىڭغا مەجبۇرلىمايمەن. ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر» دېگىن.

وَتَوَكَّلْ عَلَى ٱلْحَىِّ ٱلَّذِى لَا يَمُوتُ وَسَبِّحْ بِحَمْدِهِۦ ۚ وَكَفَىٰ بِهِۦ بِذُنُوبِ عِبَادِهِۦ خَبِيرًا ﴿٥٨﴾

58 - ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل سۈپەتلىرىگە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە تولۇق ئىگە بولغان، ھېچ ئۆلمەيدىغان، مەڭگۈ ھايات تۇرىدىغان ئاللاھقا تايانغىن، ئۇنى بارچە نۇقسانلاردىن پاك دەپ بىلگىن. ئاللاھ بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشقا يېتەرلىكتۇر، ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسە مەخپىي قالمايدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ھېساب ئالىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلارنى جازالايدۇ.

ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا فِى سِتَّةِ أَيَّامٍ ثُمَّ ٱسْتَوَىٰ عَلَى ٱلْعَرْشِ ۚ ٱلرَّحْمَٰنُ فَسْـَٔلْ بِهِۦ
خَبِيرًا ﴿٥٩﴾

59 - ئاللاھ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتقان، ئاندىن ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئەرشكە ئۆرلىگەن زاتتۇر. ئۇ رەھماندۇر. ئى پەيغەمبەر! سەن بۇنى بىلىدىغان زات ئاللاھتىن سورىغىن. ئۇ ئۆزىنىڭ سۈپەتلىرىنى، ئۇلۇغلۇقىنى ۋە كاتتىلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ، بەندىلەردىن ھېچكىم ئاللاھتەك بىلمەيدۇ (يەنى ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ھېچكىم ئاللاھتىن ۋە پەيغەمبەردىن بەك بىلمەيدۇ).

وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ ٱسْجُدُوا۟ لِلرَّحْمَٰنِ قَالُوا۟ وَمَا ٱلرَّحْمَٰنُ أَنَسْجُدُ لِمَا تَأْمُرُنَا وَزَادَهُمْ نُفُورًا ۩ ﴿٦٠﴾

60 - كاپىرلارغا: «رەھمانغا سەجدە قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار!» دېيىلسە، ئۇلار: «بىز رەھمان دېگەننى بىلمەيمىز، بىز ساڭا ئىتائەت قىلىپ سەن بۇيرۇغانغا سەجدە قىلامدۇق؟» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاللاھقا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلۇشى ئۇلارنى ئىماندىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋەتتى.

تَبَارَكَ ٱلَّذِى جَعَلَ فِى ٱلسَّمَآءِ بُرُوجًا وَجَعَلَ فِيهَا سِرَٰجًا وَقَمَرًا مُّنِيرًا ﴿٦١﴾

61 - ئاسماندا چوڭ يۇلتۇزلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئوربىتىلىرىنى، ئەتراپىنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان كۈننى ۋە نۇرلۇق ئاينى ياراتقان ئاللاھ ھەقىقەتەن بۈيۈكتۇر، ئۇنىڭ بەرىكىتى ۋە ياخشىلىقلىرى كۆپتۇر.

وَهُوَ ٱلَّذِى جَعَلَ ٱلَّيْلَ وَٱلنَّهَارَ خِلْفَةً لِّمَنْ أَرَادَ أَن يَذَّكَّرَ أَوْ أَرَادَ شُكُورًا ﴿٦٢﴾

62 - ئىبرەت ئېلىپ ئىماننى كۈچەيتىشنى ياكى ياراتقۇچىنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشنى خالىغانلار ئۈچۈن، ئاللاھ كېچە بىلەن كۈندۈزنى بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى كېلىدىغان قىلغان زاتتۇر.

وَعِبَادُ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلَّذِينَ يَمْشُونَ عَلَى ٱلْأَرْضِ هَوْنًا وَإِذَا خَاطَبَهُمُ ٱلْجَٰهِلُونَ قَالُوا۟ سَلَٰمًا ﴿٦٣﴾

63 - رەھمان ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرى شۇنداق كىشىلەركى، ئۇلار زېمىندا ئۆزلىرىنى

تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادان ئادەملەر ئۇلارغا نالايىق سۆزلەرنى قىلىپ ئەزىيەت بەرسە، ياخشى سۆزلەر بىلەن جاۋاب بېرىدۇ، ئۇلارغا گۇناھتىن خالىي سۆزلەرنى قىلىدۇ، نادانلار بىلەن تەڭ بولمايدۇ.

وَٱلَّذِينَ يَبِيتُونَ لِرَبِّهِمْ سُجَّدًا وَقِيَٰمًا ﴿٦٤﴾

64 - ئۇلار كېچىلەردە ئاللاھقا بولغان ۋايىغا يەتكەن ئىخلاسى بىلەن تۇرۇپ تەھەججۇد نامازلىرىنى كۆپ ئوقۇيدۇ، سەجدە ۋە قىياملىرى بىلەن ئاللاھقا بولغان موھتاجلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ.

وَٱلَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا ٱصْرِفْ عَنَّا عَذَابَ جَهَنَّمَ ۖ إِنَّ عَذَابَهَا كَانَ غَرَامًا ﴿٦٥﴾ إِنَّهَا سَآءَتْ مُسْتَقَرًّا وَمُقَامًا ﴿٦٦﴾

65 - 66 - ئۇلار ئەمەل - ئىبادەتلەرنى شۇنچە كۆپ قىلىپ تۇرۇپ، يەنىلا ئاللاھتىن قورقىدۇ ۋە دوزاخ ئازابىدىن ساقلىنىشنى تىلەپ دۇئا قىلىدۇ. شەكسىزكى، دوزاخنىڭ ئازابى دائىملىق ئازابتۇر، دوزاخ ئەڭ يامان جايدۇر.

وَٱلَّذِينَ إِذَآ أَنفَقُوا۟ لَمْ يُسْرِفُوا۟ وَلَمْ يَقْتُرُوا۟ وَكَانَ بَيْنَ ذَٰلِكَ قَوَامًا ﴿٦٧﴾

67 - ئۇلار خىراجەت قىلغاندا، چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، پۇل-مېلىنى ئىسراپ قىلمايدۇ، بېخىللىق قىلىپ بەك چىڭ تۇتۇۋالمايدۇ، بەلكى ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن چىڭ تۇتۇۋېلىش ئارىسىدا ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ.

وَٱلَّذِينَ لَا يَدْعُونَ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ وَلَا يَقْتُلُونَ ٱلنَّفْسَ ٱلَّتِى حَرَّمَ ٱللَّهُ إِلَّا بِٱلْحَقِّ وَلَا يَزْنُونَ ۚ وَمَن يَفْعَلْ ذَٰلِكَ يَلْقَ أَثَامًا ﴿٦٨﴾ يُضَٰعَفْ لَهُ ٱلْعَذَابُ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ وَيَخْلُدْ فِيهِۦ مُهَانًا ﴿٦٩﴾ إِلَّا مَن تَابَ وَءَامَنَ وَعَمِلَ عَمَلًا صَٰلِحًا فَأُو۟لَٰٓئِكَ يُبَدِّلُ ٱللَّهُ سَيِّـَٔاتِهِمْ حَسَنَٰتٍ ۗ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا ﴿٧٠﴾ وَمَن تَابَ وَعَمِلَ صَٰلِحًا فَإِنَّهُۥ يَتُوبُ إِلَى ٱللَّهِ مَتَابًا ﴿٧١﴾

68 - 71 - ئۇلار ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە چىن قەلبىدىن ئىشىنىدۇ، ئاللاھنى قويۇپ ھېچقانداق ساختا ئىلاھقا ئىبادەت قىلمايدۇ ۋە ئىلتىجا قىلمايدۇ، ئۇلار ئاللاھ ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغان جاننى ناھەق ئۆلتۈرمەيدۇ (پەقەتلا مۇرتەدنى، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن زىنا قىلغاننى ۋە ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلنى ئىسلام مەھكىمىسىنىڭ قارارى بىلەن ئۆلتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا)، ئۇلار زىنا قىلمايدۇ. كىمكى بۇ چوڭ گۇناھلاردىن قانداقلا بىرىنى قىلىدىكەن، ئۇ ئاخىرەتتە جازاغا ئۇچرايدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا قىلىنىدىغان ئازاب ھەسسىلەپ ئاشۇرۇلىدۇ، ئۇ خارلانغان ھالدا ئازاب ئىچىدە مەڭگۈ قالىدۇ. (ئازابتا مەڭگۈ قېلىش يۇقىرىقى چوڭ گۇناھلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغان ياكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلەرگە قارىتىلغان). ئەمما يۇقىرىقى چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلغان كىشىلەر ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئىمانىنى يېڭىلاپ، ئاللاھقا سەممىي تەۋبە قىلسا، بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلسا، ئۇلارنىڭ پۇشايمان قىلغانلىقى ۋە سەممىي تەۋبىسى يۈزىسىدىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، ئورنىغا ياخشىلىقلىرىنى سەپلەيدۇ، ئۇلارنىڭ جايىنى جەننەتتىن قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تەۋبە قىلغان بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا بەكمۇ شەپقەتلىكتۇر. ئاللاھ ئەڭ چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلغان بەندىلىرىگىمۇ تەۋبىنىڭ ئىشىكىنى ئوچۇق قويدى. كىمكى گۇناھ قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلسا ۋە ياخشى

ئەمەللەرنى قىلسا، ئۇ كىشى بۇ ئەمەلى بىلەن راستتىنلا ئاللاھقا قايتقان بولىدۇ، ئۇ چاغدا ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ.

وَٱلَّذِينَ لَا يَشۡهَدُونَ ٱلزُّورَ وَإِذَا مَرُّواْ بِٱللَّغۡوِ مَرُّواْ كِرَامٗا ﴿٧٢﴾

72 - ئۇلار يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ، يالغان گۇۋاھلىق تەلەپ قىلىنغان جايلارغا بارمايدۇ، بەھۇدە سۆز - ھەرىكەتلەرنى قىلىدىغان كىشىلەرگە ئىختىيارسىز يولۇقۇپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا نارازىلىق بىلدۈرگەن ھالدا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

وَٱلَّذِينَ إِذَا ذُكِّرُواْ بِـَٔايَٰتِ رَبِّهِمۡ لَمۡ يَخِرُّواْ عَلَيۡهَا صُمّٗا وَعُمۡيَانٗا ﴿٧٣﴾

73 - ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىل - پاكىتلار بىلەن ۋەز - نەسىھەت قىلىنسا، گاس ۋە كورلارغا ئوخشاش ئاڭلىماس ۋە كۆرمەس بولۇۋالمايدۇ، بەلكى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە قەلبىنى ئاچىدۇ، ئاللاھقا بولغان ئىتائەتمەنلىكىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ سەجدىگە باش قويىدۇ.

وَٱلَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا هَبۡ لَنَا مِنۡ أَزۡوَٰجِنَا وَذُرِّيَّٰتِنَا قُرَّةَ أَعۡيُنٖ وَٱجۡعَلۡنَا لِلۡمُتَّقِينَ إِمَامًا ﴿٧٤﴾

74 - ئۇلار ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ: «ئى رەببىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق بەخت - سائادەت، خۇشاللىق بېغىشلىغىن، بىزنى تەقۋادار كىشىلەر ياخشى ئىشلاردا ئەگىشىدىغان پېشۋالار قىلغىن» دەيدۇ.

أُوْلَٰٓئِكَ يُجۡزَوۡنَ ٱلۡغُرۡفَةَ بِمَا صَبَرُواْ وَيُلَقَّوۡنَ فِيهَا تَحِيَّةٗ وَسَلَٰمًا ﴿٧٥﴾ خَٰلِدِينَ فِيهَاۚ حَسُنَتۡ مُسۡتَقَرّٗا وَمُقَامٗا ﴿٧٦﴾

75 - 76 - يۇقىرىقى گۈزەل سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان ئاشۇ كىشىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تائەت - ئىبادەتلەردىكى چىداملىقلىقى يۈزىسىدىن ئەڭ ئالىي مەرتىۋىلىك جەننەتلەر بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ھۆرمەت ۋە سالام بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ، ئۇلار بالا - قازادىن ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەردىن پۈتۈنلەي خالىي بولغان، مەڭگۈلۈك بەختلىك ھاياتتا ياشايدۇ، ئۇلار قەتئىي ئۆلمەيدۇ، ئۇلار جەننەتتىن باشقا جايغا يۆتكىلىشنى خالىمايدۇ، ئۇلار ئەڭ ھۆرمەتلىك مېھمان سۈپىتىدە كۈتۈلىدۇ. جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل قارارگاھ! نېمىدېگەن گۈزەل جاي!

قُلۡ مَا يَعۡبَؤُاْ بِكُمۡ رَبِّي لَوۡلَا دُعَآؤُكُمۡۖ فَقَدۡ كَذَّبۡتُمۡ فَسَوۡفَ يَكُونُ لِزَامَۢا ﴿٧٧﴾

77 - ئى پەيغەمبەر! ئىنسانلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرى ۋە دۇئالىرى بولمايدىغان بولسا، ئاللاھ ئۇلارغا پەرۋا قىلمايدۇ. ئى كاپىرلار! سىلەر ھەقىقەتنى ئىنكار قىلدىڭلار، سىلەرنىڭ بۇ كاپىرلىقىڭلار سىلەرنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھالاكەتكە، مەڭگۈ قۇتۇلالمايدىغان ئازابقا ئېلىپ بارىدۇ».

# شۇئەرا سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

طسٓمٓ ﴿١﴾

1 - تا، سىيم، مىيم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱلۡكِتَٰبِ ٱلۡمُبِينِ ﴿٢﴾

2 - بۇ ھەر نەرسىنى تەپسىلىي ۋە روشەن بايان قىلىپ بېرىدىغان، ھىدايەت بىلەن ئازغۇنلۇقنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ بېرىدىغان قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىدۇر.

لَعَلَّكَ بَٰخِعٞ نَّفۡسَكَ أَلَّا يَكُونُواْ مُؤۡمِنِينَ ﴿٣﴾

3 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلارنى ھىدايەتكە باشلاشقا بولغان قاتتىق ھېرىسلىقىڭ سەۋەبلىك ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋېتىدىغاندەك تۇرىسەن، چۈنكى ئۇلار ساڭا ئىشەنمىدى، سەن ئېلىپ كەلگەن ھىدايەتنى قوبۇل قىلمىدى. سەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمىغىن.

إِن نَّشَأۡ نُنَزِّلۡ عَلَيۡهِم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ ءَايَةٗ فَظَلَّتۡ أَعۡنَٰقُهُمۡ لَهَا خَٰضِعِينَ ﴿٤﴾

4 - ئەگەر بىز خالىساق، ئاسماندىن سېنىڭ قەۋمىڭ ئىچىدىكى ئىنكارچىلارغا ئۇلارنى قورقۇتۇپ ئىمانغا مەجبۇرلايدىغان بىرەر مۆجىزە چۈشۈرەتتۇق - دە، ئۇلار ئۇ چاغدا خارلىق ئىچىدە بويسۇنغان بولاتتى. لېكىن بىز ئۇنداق قىلمىدۇق. چۈنكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئېيتقان ئىمانلا ئادەمنى قۇتقۇزالايدۇ.

وَمَا يَأۡتِيهِم مِّن ذِكۡرٖ مِّنَ ٱلرَّحۡمَٰنِ مُحۡدَثٍ إِلَّا كَانُواْ عَنۡهُ مُعۡرِضِينَ ﴿٥﴾

5 - ئاشۇ مۇشرىكلارغا رەھمان ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇلارنى يامان ئىشتىن توسىدىغان، ياخشى ئىشقا بۇيرۇيدىغان، ھەق دىنغا دەۋەت قىلىدىغان ئايەتلەردىن يېڭى بىر ئايەت نازىل قىلىنسىلا، ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ.

فَقَدۡ كَذَّبُواْ فَسَيَأۡتِيهِمۡ أَنۢبَٰٓؤُاْ مَا كَانُواْ بِهِۦ يَسۡتَهۡزِءُونَ ﴿٦﴾

6 - شۇنداق قىلىپ ئۇلار قۇرئاننى ئىنكار قىلدى، ئۇنى مەسخىرە قىلدى. ئۇلار مەسخىرە قىلغان ئىشنىڭ خەۋەرلىرى ئۇلارغا ئۇزاققا قالماي كېلىدۇ، رەببىڭگە ئاسىيلىق قىلغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلارغا بەلگىلەنگەن ئازاب چوقۇم چۈشىدۇ.

أَوَلَمۡ يَرَوۡاْ إِلَى ٱلۡأَرۡضِ كَمۡ أَنۢبَتۡنَا فِيهَا مِن كُلِّ زَوۡجٖ كَرِيمٍ ﴿٧﴾ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗۖ وَمَا كَانَ أَكۡثَرُهُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿٨﴾ وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٩﴾

7 - 9 - ئۇلار بىزنىڭ زېمىندا قانچىلىغان پايدىلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەممە تۈرىنى ئۆستۈرۈپ

بەرگەنلىكىمىزگە قاراپ باقمىدىمۇ؟ بۇلارنى ئۇندۇرۇش ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ قولىدىن
كەلمەيدۇ. زېمىندىن ئۈسۈملۈكلەرنى چىقىرىشتا ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان
ئوپئوچۇق دەلىل بار. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ.
شەكسىزكى، رەببىڭ ھەربىر مەخلۇقاتقا كۈچى يېتىدىغان، رەھمىتى ھەممىنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدىغان زاتتۇر.

وَإِذۡ نَادَىٰ رَبُّكَ مُوسَىٰٓ أَنِ ٱئۡتِ ٱلۡقَوۡمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٠﴾ قَوۡمَ فِرۡعَوۡنَۚ أَلَا يَتَّقُونَ ﴿١١﴾

10 ـ 11 ـ ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە شۇنى ئەسلەتكىنكى، ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ مۇساغا مۇنداق
دەپ نىدا قىلغان ئىدى: «سەن ئۇ زالىم قەۋمنىڭ — پىرئەۋن قەۋمىنىڭ يېنىغا بارغىن
ۋە ئۇلارغا ‹ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قورقماسىلەر؟ كۇفرىلىقنى ۋە ئازغۇنلۇقنى تاشلاپ
ئىمان ئېيتماسىلەر؟› دېگىن».

قَالَ رَبِّ إِنِّيٓ أَخَافُ أَن يُكَذِّبُونِ ﴿١٢﴾ وَيَضِيقُ صَدۡرِي وَلَا يَنطَلِقُ لِسَانِي فَأَرۡسِلۡ إِلَىٰ هَٰرُونَ ﴿١٣﴾
وَلَهُمۡ عَلَيَّ ذَنۢبٞ فَأَخَافُ أَن يَقۡتُلُونِ ﴿١٤﴾

12 ـ 14 ـ مۇسا ئېيتتى: «ئى رەببىم! مەن ئۇلارنىڭ مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى ئىنكار
قىلىشىدىن قورقىمەن. ئۇلار مېنى ئىنكار قىلسا، يۈرىكىم سىقىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە
مېنىڭ تىلىم دەۋەت قىلىشقا راۋان ئەمەس، شۇڭا قېرىندىشىم ھارۇننىڭ ماڭا
ھەمكارلىشىشى، سۆزلىرىمنى تەستىقلىشى، دەۋەتلىرىمنى ئىزاھلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغىمۇ
پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلغىن. ئۇنىڭ تىلى مېنىڭكىدىن راۋان. مەن ئۇلارنىڭ بىر ئادىمىنى
سەۋەنلىكتىن ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئالدىدا گۇناھىم بار. شۇڭا
ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقىمەن».

قَالَ كَلَّاۖ فَٱذۡهَبَا بِـَٔايَٰتِنَآۖ إِنَّا مَعَكُم مُّسۡتَمِعُونَ ﴿١٥﴾ فَأۡتِيَا فِرۡعَوۡنَ فَقُولَآ إِنَّا رَسُولُ رَبِّ
ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٦﴾ أَنۡ أَرۡسِلۡ مَعَنَا بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ﴿١٧﴾

15 ـ 17 ـ ئاللاھ مۇساغا ئېيتتى: «ئۇنداق بولمايدۇ، ئۇلار سېنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ. سېنىڭ
ھارۇن توغرۇلۇق تەلىپىڭنى قوبۇل قىلدىم، سىلەر ئىككىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ راستچىللىقىغا
دالالەت قىلىدىغان مۆجىزىلەرنى ئېلىپ بېرىڭلار، شەكسىزكى، بىز ئەھۋالىڭلارنى بىلىپ
تۇرۇش، سىلەرنى قوغداش ۋە سىلەرگە ياردەم قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا سىلەر بىلەن
بىللىمىز، ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. سىلەر پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىپ: › بىز راستتىنلا
ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن ساڭا ۋە قەۋمىڭگە ئەۋەتىلگەن ھەق ئەلچىلەرمىز. ئىسرائىل
ئەۋلادىنى قويۇۋەتكىن، ئۇلار بىز بىلەن كەتسۇن› دەڭلار».

قَالَ أَلَمۡ نُرَبِّكَ فِينَا وَلِيدٗا وَلَبِثۡتَ فِينَا مِنۡ عُمُرِكَ سِنِينَ ﴿١٨﴾ وَفَعَلۡتَ فَعۡلَتَكَ ٱلَّتِي فَعَلۡتَ
وَأَنتَ مِنَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿١٩﴾

18 ـ 19 ـ پىرئەۋن مۇساغا مىننەت قىلىپ مۇنداق دېدى: «سېنى بىز ئۆيىمىزدە كىچىكىڭدىن
تەربىيەلەپ چوڭ قىلمىدۇقمۇ؟ بىزنىڭ پەرۋىشىمىزدە كۆپ يىللار تۇرمىدىڭمۇ؟ سەن
مېنىڭ قەۋمىمدىن بولغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ جىنايەت سادىر قىلدىڭ.
ئەمدى سەن مېنىڭ شۇ ياخشىلىقلىرىمغا تۇزكورلۇق قىلىۋاتامسەن؟».

قَالَ فَعَلۡتُهَآ إِذٗا وَأَنَا۠ مِنَ ٱلضَّآلِّينَ ﴿٢٠﴾ فَفَرَرۡتُ مِنكُمۡ لَمَّا خِفۡتُكُمۡ فَوَهَبَ لِي رَبِّي حُكۡمٗا وَجَعَلَنِي

مِنَ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿٢١﴾ وَتِلۡكَ نِعۡمَةٞ تَمُنُّهَا عَلَيَّ أَنۡ عَبَّدتَّ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ﴿٢٢﴾

20 - 22 - مۇسا پىرئەۋنگە جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: «سەن دېگەن ئىشنى ماڭا پەيغەمبەرلىك كەلمىگەن چېغىمدا سادىر قىلغان ئىدىم. مەن سەۋەنلىكتىن قىلىپ قويغان بۇ ئىش سەۋەبلىك سىلەرنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭلاردىن قورقۇپ يېنىڭلاردىن قېچىپ مەديەن دېگەن جايغا كەتتىم، شۇنىڭدىن كېيىن رەببىم ماڭا مەرھەمەت قىلىپ، پەيغەمبەرلىك ۋە ئىلىم ئاتا قىلدى، مېنى پەيغەمبەرلەردىن قىلدى. سېنىڭ مېنى ئۆيۈڭدە بېقىپ چوڭ قىلغانلىقىڭنى كاتتا نېمەت ساناپ ماڭا مىننەت قىلىۋاتىسەن، ئەمما سەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى قۇل قىلىۋالدىڭ، ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىز - ئاياللىرىنى خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن ھايات قالدۇردۇڭ».

قَالَ فِرۡعَوۡنُ وَمَا رَبُّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٢٣﴾

23 - پىرئەۋن مۇساغا ئېيتتى: «سەن ئۆزۈڭنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى دەپ دەۋا قىلىدىغان ئالەملەرنىڭ رەببى دېگەن قايسى ئۇ؟»

قَالَ رَبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا بَيۡنَهُمَآۖ إِن كُنتُم مُّوقِنِينَ ﴿٢٤﴾

24 - مۇسا ئېيتتى: «ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ ئىگىسى ۋە باشقۇرۇپ تۇرغۇچىسىدۇر. ئەگەر بۇنىڭغا جەزمەن ئىشەنسەڭلار ئىمان ئېيتىڭلار».

قَالَ لِمَنۡ حَوۡلَهُۥٓ أَلَا تَسۡتَمِعُونَ ﴿٢٥﴾

25 - پىرئەۋن ئەتراپىدىكى كاتتىباشلارغا: «مۇسانىڭ مەندىن باشقا ئىلاھ بارلىقىنى دەۋا قىلغان بۇ ئاجايىپ سۆزىنى ئاڭلاۋاتامسىلەر؟» دېدى.

قَالَ رَبُّكُمۡ وَرَبُّ ءَابَآئِكُمُ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٢٦﴾

26 - مۇسا ئېيتتى: «مەن سىلەرنى دەۋەت قىلىۋاتقان ئاشۇ ئىلاھ سىلەرنى ۋە سىلەردىن ئىلگىرى ئەجدادلىرىڭلارنى ياراتقان زاتتۇر. سىلەر قانداقلارچە ئۆزۈڭلارغا ئوخشايدىغان بىر مەخلۇقنى (يەنى پىرئەۋنگە) چوقۇنىسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇنىڭمۇ سىلەرنىڭ ئەجدادىڭلارغا ئوخشاش ئەجدادلىرى بار ئىدى، ئۆلۈپ تۈگەشتى ئەمەسمۇ؟».

قَالَ إِنَّ رَسُولَكُمُ ٱلَّذِيٓ أُرۡسِلَ إِلَيۡكُمۡ لَمَجۡنُونٞ ﴿٢٧﴾

27 - پىرئەۋن مۇسانىڭ ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقىغا چىداپ تۇرالماي، ئەتراپىدىكى كاتتىباشلارنىڭ غەزىپىنى ئۆرلىتىش ئۈچۈن: «سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بۇ ئەلچى راستتىنلا مەجنۇن ئىكەن، چۈنكى ئۇ ئەقىل قوبۇل قىلالمايدىغان گەپلەرنى قىلىۋاتىدۇ» دېدى.

قَالَ رَبُّ ٱلۡمَشۡرِقِ وَٱلۡمَغۡرِبِ وَمَا بَيۡنَهُمَآۖ إِن كُنتُمۡ تَعۡقِلُونَ ﴿٢٨﴾

28 - مۇسا ئېيتتى: «ئۇ كۈنچىقىشنىڭ، كۈنپېتىشنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەخلۇقاتنىڭ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولىدىغان يورۇقلۇق ۋە زۇلمەتنىڭ رەببىدۇر. ئەگەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتسەڭلار، بۇلار سىلەرنىڭ ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشىڭلارغا تولۇق بولىدۇ».

قَالَ لَئِنِ ٱتَّخَذۡتَ إِلَٰهًا غَيۡرِي لَأَجۡعَلَنَّكَ مِنَ ٱلۡمَسۡجُونِينَ ﴿٢٩﴾

29 - پىرئەۋن مۇساغا تەھدىت سېلىپ ئېيتتى: «ئەگەر سەن مەندىن باشقىسىنى ئىلاھ

قىلىدىغان بولساڭ، مەن چوقۇم سېنى زىندانغا تاشلانغانلار بىلەن بىللە زىندانغا
تاشلايمەن».

قَالَ أَوَلَوْ جِئْتُكَ بِشَيْءٍ مُّبِينٍ ﴿٣٠﴾

30 - مۇسا ئېيتتى: «مەن ساڭا مېنىڭ راستچىللىقىمنى ئىسپاتلايدىغان ئوپئوچۇق دەلىل
كەلتۈرگەن تۇرساممۇ، مېنى زىندانغا تاشلامسەن؟».

قَالَ فَأْتِ بِهِۦٓ إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٣١﴾

31 - پىرئەۋن: «ئەگەر سەن دەۋايىڭدا راستچىللاردىن بولساڭ، قېنى دەلىلىڭنى كەلتۈر!»
دېدى.

فَأَلْقَىٰ عَصَاهُ فَإِذَا هِيَ ثُعْبَانٌ مُّبِينٌ ﴿٣٢﴾ وَنَزَعَ يَدَهُۥ فَإِذَا هِيَ بَيْضَآءُ لِلنَّٰظِرِينَ ﴿٣٣﴾

32 - 33 - مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ئۇ دەرھال ھەقىقىي ئەجدىھاغا ئايلاندى. مۇسا
قولىنى قوينىدىن چىقىرىۋىدى، قولى ئاق كېسەلدىن ئەمەس (بەلكى مۆجىزە سۈپىتىدە)
قاردەك ئاپئاق بولۇپ كۆرۈندى، قاراپ تۇرغانلارنى ھەيران قالدۇردى.

قَالَ لِلْمَلَإِ حَوْلَهُۥٓ إِنَّ هَٰذَا لَسَٰحِرٌ عَلِيمٌ ﴿٣٤﴾ يُرِيدُ أَن يُخْرِجَكُم مِّنْ أَرْضِكُم بِسِحْرِهِۦ فَمَاذَا
تَأْمُرُونَ ﴿٣٥﴾

34 - 35 - پىرئەۋن ئەتراپىدىكى كاتتىباشلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن قورقۇپ، ئۇلارغا ئېيتتى:
«مۇسا ھەقىقەتەن ئۇستا بىر سېھىرگەر ئىكەن، ئۇ سېھرى ئارقىلىق سىلەرنى
يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئەمدى سىلەر مۇسا توغرۇلۇق ماڭا
قانداق مەسلىھەت بېرىسىلەر، مەن شۇنى قىلاي؟».

قَالُوٓاْ أَرْجِهْ وَأَخَاهُ وَٱبْعَثْ فِي ٱلْمَدَآئِنِ حَٰشِرِينَ ﴿٣٦﴾ يَأْتُوكَ بِكُلِّ سَحَّارٍ عَلِيمٍ ﴿٣٧﴾

36 - 37 - پىرئەۋننىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا ئېيتتى: «مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ ئىشىنى ھازىرچە
قويۇپ تۇرغىن، شەھەرلەرگە سېھىرگەرلەرنى توپلايدىغان ئەسكەرلەرنى ئەۋەتكىن. ئۇلار
سېنىڭ ھۇزۇرۇڭغا ئەڭ ئۇستا سېھىرگەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەلسۇن».

فَجُمِعَ ٱلسَّحَرَةُ لِمِيقَٰتِ يَوْمٍ مَّعْلُومٍ ﴿٣٨﴾ وَقِيلَ لِلنَّاسِ هَلْ أَنتُم مُّجْتَمِعُونَ ﴿٣٩﴾

38 - 39 - شۇنىڭ بىلەن سېھىرگەرلەر توپلاندى، ئۇلارغا مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلەندى.
ئۇ بولسىمۇ، ئۇلار ئىشلىرىنى تاشلاپ ئۆزلىرىنى زىننەتلەيدىغان كۈنى چاشگاھ ۋاقتى
بولۇپ، سېھىرگەرلەر شۇ كۈندە مۇسا بىلەن ئۇچرىشىشنى قارار قىلدى ۋە غەلىبە
قىلىشقا ئۈمىد باغلاپ، كىشىلەرنى شۇ كۈندە ھازىر بولۇشقا دەۋەت قىلدى.

لَعَلَّنَا نَتَّبِعُ ٱلسَّحَرَةَ إِن كَانُواْ هُمُ ٱلْغَٰلِبِينَ ﴿٤٠﴾

40 - «سېھىرگەرلەرنىڭ غالىب كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەگەر سېھىرگەرلەر غالىب كەلسە،
دىنىمىزدا تېخىمۇ چىڭ تۇرىمىز» دېيىلدى.

فَلَمَّا جَآءَ ٱلسَّحَرَةُ قَالُواْ لِفِرْعَوْنَ أَئِنَّ لَنَا لَأَجْرًا إِن كُنَّا نَحْنُ ٱلْغَٰلِبِينَ ﴿٤١﴾

41 - سېھىرگەرلەر پىرئەۋننىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىپ پىرئەۋنگە: «ئەگەر بىز مۇسانى
يېڭىۋالساق، بىزگە مال - دۇنيا ياكى يۇقىرى مەرتىۋە قاتارلىق مۇكاپاتلار چوقۇم

بېرىلەمدۇ؟» دېدى.

قَالَ نَعَمۡ وَإِنَّكُمۡ إِذٗا لَّمِنَ ٱلۡمُقَرَّبِينَ ﴿٤٢﴾

42 - پىرئەۋن: «ھەئە، ئۇ چاغدا مەن سىلەرگە تەلەپ قىلغان ئەجىرنىڭلارنى چوقۇم بېرىمەن ۋە سىلەر ئۇ چاغدا راستتىنلا مېنىڭ يېقىن ئادەملىرىمدىن بولۇپ قالىسىلەر» دېدى.

قَالَ لَهُم مُّوسَىٰٓ أَلۡقُواْ مَآ أَنتُم مُّلۡقُونَ ﴿٤٣﴾

43 - بۇ چاغدا مۇسا سېھىرگەرلەرنىڭ سېھىرنى بىكار قىلىۋېتىش ۋە ئۇلارغا ئۆزى ئېلىپ كەلگەن مۆجىزىنىڭ سېھىر ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا: «تاشلايدىغان سېھىرىڭلارنى تاشلاڭلار!» دېدى.

فَأَلۡقَوۡاْ حِبَالَهُمۡ وَعِصِيَّهُمۡ وَقَالُواْ بِعِزَّةِ فِرۡعَوۡنَ إِنَّا لَنَحۡنُ ٱلۡغَٰلِبُونَ ﴿٤٤﴾

44 - ئۇلار ئارغامچىلىرىنى ۋە ھاسىلىرىنى تاشلىغاندىن كېيىن، كىشىلەرگە مېڭىپ يۈرۈۋاتقان تىرىك ئەجدىھادەك كۆرۈندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ سېھىرگەرلەر: «پىرئەۋننىڭ قۇدرىتى بىلەن بىز چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دەپ قەسەم قىلىشتى.

فَأَلۡقَىٰ مُوسَىٰ عَصَاهُ فَإِذَا هِيَ تَلۡقَفُ مَا يَأۡفِكُونَ ﴿٤٥﴾

45 - مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ئۇ دەرھال چوڭ بىر ئەجدىھاغا ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ ساختا نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى يۇتۇۋەتتى.

فَأُلۡقِيَ ٱلسَّحَرَةُ سَٰجِدِينَ ﴿٤٦﴾ قَالُوٓاْ ءَامَنَّا بِرَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٤٧﴾ رَبِّ مُوسَىٰ وَهَٰرُونَ ﴿٤٨﴾

46 - 48 - سېھىرگەرلەر بۇنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ سېھىر ئەمەسلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئاللاھقا ئىمان ئېيتتى ۋە ئۇنىڭغا سەجدە قىلىپ: «بىز ئالەملەرنىڭ رەببىگە - مۇسا ۋە ھارۇننىڭ رەببىگە - ئىمان ئېيتتۇق» دېدى.

قَالَ ءَامَنتُمۡ لَهُۥ قَبۡلَ أَنۡ ءَاذَنَ لَكُمۡۖ إِنَّهُۥ لَكَبِيرُكُمُ ٱلَّذِي عَلَّمَكُمُ ٱلسِّحۡرَ فَلَسَوۡفَ تَعۡلَمُونَۚ لَأُقَطِّعَنَّ أَيۡدِيَكُمۡ وَأَرۡجُلَكُم مِّنۡ خِلَٰفٖ وَلَأُصَلِّبَنَّكُمۡ أَجۡمَعِينَ ﴿٤٩﴾

49 - پىرئەۋن سېھىرگەرلەرگە ئاچچىقلىنىپ: «مەن رۇخسەت قىلماي تۇرۇپ سىلەر مۇساغا ئىمان ئېيتتىڭلارمۇ؟ مۇسانىڭ قىلغان ئىشى سېھىردۇر، ئۇ سىلەرگە سېھىرنى ئۆگەتكەن چوڭۇڭلار ئىكەن، سىلەر مېنىڭ سىلەرنى قانداق جازالايدىغانلىقىمنى ئۇزۇنغا قالماي بىلىپ قالىسىلەر. قولۇڭلارنى، پۇتۇڭلارنى چوقۇم ئوڭ - سول قىلىپ (يەنى ئوڭ قولۇڭلار بىلەن سول پۇتۇڭلارنى ياكى سول قولۇڭلار بىلەن ئوڭ پۇتۇڭلارنى) كېسىمەن، ھەممىڭلارنى چوقۇم دارغا ئاسىمەن» دېدى.

قَالُواْ لَا ضَيۡرَۖ إِنَّآ إِلَىٰ رَبِّنَا مُنقَلِبُونَ ﴿٥٠﴾ إِنَّا نَطۡمَعُ أَن يَغۡفِرَ لَنَا رَبُّنَا خَطَٰيَٰنَآ أَن كُنَّآ أَوَّلَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٥١﴾

50 - 51 - سېھىرگەرلەر پىرئەۋنگە: «دۇنيانىڭ ئازابى بىزگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، چۈنكى بىز بەربىر رەببىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز، رەببىمىز بىزگە مەڭگۈلۈك نېمەت ئاتا قىلىدۇ. بىز سېنىڭ قەۋمىڭ ئىچىدە مۇساغا ھەممىدىن بۇرۇن ئىمان ئېيتقۇچىلار بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، رەببىمىزنىڭ بىزنىڭ مۇشرىكلىك قاتارلىق بارلىق گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى.

۞ وَأَوْحَيْنَآ إِلَىٰ مُوسَىٰٓ أَنْ أَسْرِ بِعِبَادِيٓ إِنَّكُم مُّتَّبَعُونَ ﴿٥٢﴾

52 - ئاللاھ مۇساغا ئەلەيھىسسالامغا: «سەن كېچىدە ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىن ئىمان ئېيتقانلارنى ئېلىپ ئاتلانغىن. چۈنكى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى سىلەرنى قوغلاپ يولغا چىقىدۇ، ئۇلار سىلەرگە يېتىشىۋېلىشتىن بۇرۇن، سىلەر دېڭىزغا يېتىپ بېرىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدى.

فَأَرْسَلَ فِرْعَوْنُ فِى ٱلْمَدَآئِنِ حَٰشِرِينَ ﴿٥٣﴾

53 - ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ يولغا چىققانلىق خەۋىرى پىرئەۋنگە يەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئەسكەرلىرىنى توپلاش ئۈچۈن شەھەرلەرگە ئادەم ئەۋەتتى.

إِنَّ هَٰٓؤُلَآءِ لَشِرْذِمَةٌ قَلِيلُونَ ﴿٥٤﴾ وَإِنَّهُمْ لَنَا لَغَآئِظُونَ ﴿٥٥﴾ وَإِنَّا لَجَمِيعٌ حَٰذِرُونَ ﴿٥٦﴾

54 - 56 - پىرئەۋن: «مۇسا بىلەن قېچىپ كەتكەن ئىسرائىل ئەۋلادى پەقەتلا بىر ئوچۇم پەس ئادەملەردۇر، ئۇلارنىڭ سانىمۇ ئاز. ئۇلار شۇنداق تۇرۇقلۇق بىزنىڭ ئاچچىقىمىزنى كەلتۈرۈپ قويدى. چۈنكى ئۇلار بىزنىڭ دىنىمىزغا خىلاپلىق قىلدى، بىزدىن رۇخسەتسىز شەھەردىن چىقىپ كەتتى، بىز بولساق ئەلۋەتتە ھوشيار جامائەمىز، ئۇلارنى جازالاشقا تەييارمىز» دېدى.

فَأَخْرَجْنَٰهُم مِّن جَنَّٰتٍ وَعُيُونٍ ﴿٥٧﴾ وَكُنُوزٍ وَمَقَامٍ كَرِيمٍ ﴿٥٨﴾ كَذَٰلِكَ وَأَوْرَثْنَٰهَا بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ ﴿٥٩﴾

57 - 59 - ئاللاھ پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى بوستانلىقلار، بۇلاقلار، ئېسىل قەسىرلەر ۋە مال - دۇنيادىن ئىبارەت خەزىنىلەر بولغان مىسىر زېمىنىدىن ئايرىۋەتتى. ئۇلاردىن كېيىن، مىسىر زېمىنىنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا مىراس قىلىپ بەردۇق.

فَأَتْبَعُوهُم مُّشْرِقِينَ ﴿٦٠﴾

60 - پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى مۇسا بىلەن بىرلىكتە قاچقان ئىسرائىل ئەۋلادىغا كۈن چىققان چاغدا يېتىشىۋالدى.

فَلَمَّا تَرَٰٓءَا ٱلْجَمْعَانِ قَالَ أَصْحَٰبُ مُوسَىٰٓ إِنَّا لَمُدْرَكُونَ ﴿٦١﴾

61 - ئىككى توپ بىر - بىرىنى كۆرۈپ تۇرۇشقان چاغدا، مۇسانىڭ ھەمراھلىرى: «پىرئەۋننىڭ قوشۇنى بىزگە يېتىشىۋالدىغان ۋە بىزنى يوقىتىۋېتىدىغان بولدى» دېدى.

قَالَ كَلَّآ ۖ إِنَّ مَعِىَ رَبِّى سَيَهْدِينِ ﴿٦٢﴾

62 - مۇسا ئۇلارغا ئېيتتى: «ئەسلا ئۇنداق بولمايدۇ! ئۇلار بىزگە ھەرگىز يېتىشىۋالالمايدۇ، چۈنكى رەببىم چوقۇم مەن بىلەن بىللىدۇر، ئۇ ماڭا ياردەم قىلىدۇ، مېنى ماڭا ۋە سىلەرگە ئامانلىق بولىدىغان يولغا يېتەكلەيدۇ».

فَأَوْحَيْنَآ إِلَىٰ مُوسَىٰٓ أَنِ ٱضْرِب بِّعَصَاكَ ٱلْبَحْرَ ۖ فَٱنفَلَقَ فَكَانَ كُلُّ فِرْقٍ كَٱلطَّوْدِ ٱلْعَظِيمِ ﴿٦٣﴾

63 - بىز مۇساغا: «ھاساڭ بىلەن دېڭىزغا ئۇرغىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق، مۇسا دېڭىزغا ئۇرۇۋىدى، دېڭىز يېرىلىپ، ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ سانى بويىچە ئون ئىككى يول ئېچىلدى، دېڭىزنىڭ يېرىلغان ھەربىر قىسمى چوڭ تاغدەك بولۇپ قالدى.

وَأَزْلَفْنَا ثَمَّ ٱلْءَاخَرِينَ ﴿٦٤﴾ وَأَنجَيْنَا مُوسَىٰ وَمَن مَّعَهُۥٓ أَجْمَعِينَ ﴿٦٥﴾ ثُمَّ أَغْرَقْنَا ٱلْءَاخَرِينَ ﴿٦٦﴾

64 - 66 - بىز ئۇ جايدا پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنىنى دېڭىزغا يېقىنلاشتۇردۇق، ئۇلار دېڭىزغا كىردى، مۇسا بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى پۈتۈنلەي قۇتقۇزدۇق. ئۇلار دېڭىزدىن ئۆتۈپ بولغانغا قەدەر دېڭىز يېرىلغان پېتى تۇردى، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ئۇلارغا ئەگىشىپ دېڭىزغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن دېڭىزنىڭ يېرىلغان يېرىنى بىرلەشتۈرۈپ، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنى سۇدا غەرق قىلدۇق.

إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَآيَةً ۖ وَمَا كَانَ أَكْثَرُهُم مُّؤْمِنِينَ ﴿٦٧﴾

67 - شەكسىزكى، بۇ ۋەقەدە ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئاجايىپ ئىبرەت بار. مۇشۇ چوڭ ھادىسىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، پىرئەۋن قەۋمىنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمىدى.

وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ الْعَزِيزُ الرَّحِيمُ ﴿٦٨﴾

68 - سېنىڭ رەببىڭ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، ئۇ ئۆزىنىڭ چەكسىز قۇدرىتى بىلەن ئىنكارچى كاپىرلارنى ھالاك قىلدى، رەھمىتى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى پىرئەۋننىڭ جازاسىدىن قۇتقۇزدى.

وَاتْلُ عَلَيْهِمْ نَبَأَ إِبْرَاهِيمَ ﴿٦٩﴾ إِذْ قَالَ لِأَبِيهِ وَقَوْمِهِ مَا تَعْبُدُونَ ﴿٧٠﴾

69 - 70 - ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارغا ئىبراھىمنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىن. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە: «سىلەر نېمىگە چوقۇنۇۋاتىسىلەر؟» دېگەن ئىدى.

قَالُوا نَعْبُدُ أَصْنَامًا فَنَظَلُّ لَهَا عَاكِفِينَ ﴿٧١﴾

71 - ئۇلار: «بىز بۇتلارغا چوقۇنۇۋاتىمىز ۋە ئۇلارغا چوقۇنۇشنى داۋاملاشتۇرىمىز» دېيىشتى.

قَالَ هَلْ يَسْمَعُونَكُمْ إِذْ تَدْعُونَ ﴿٧٢﴾ أَوْ يَنفَعُونَكُمْ أَوْ يَضُرُّونَ ﴿٧٣﴾

72 - 73 - ئىبراھىم ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقىغا ۋە يولىنىڭ باتىللىقىغا رەددىيە بېرىپ دېدىكى، «دۇئا قىلغان چېغىڭلاردا ئۇلار دۇئايىڭلارنى ئاڭلامدۇ؟ ياكى ئۇلارغا چوقۇنساڭلار ئۇلار سىلەرگە پايدا يەتكۈزەلەمدۇ؟ ياكى سىلەر ئۇلارغا چوقۇنۇشتىن ۋاز كەچسەڭلار، ئۇلار سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلەمدۇ؟»

قَالُوا بَلْ وَجَدْنَا آبَاءَنَا كَذَٰلِكَ يَفْعَلُونَ ﴿٧٤﴾

74 - ئۇلار ئېيتتى: «بۇتلىرىمىز سەن دېگەنلەردىن ھېچقايسىسىنى قىلالمايدۇ، لېكىن بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز، شۇڭا بىز ئۇلارنى تەقلىد قىلىمىز»

قَالَ أَفَرَأَيْتُم مَّا كُنتُمْ تَعْبُدُونَ ﴿٧٥﴾ أَنتُمْ وَآبَاؤُكُمُ الْأَقْدَمُونَ ﴿٧٦﴾ فَإِنَّهُمْ عَدُوٌّ لِّي إِلَّا رَبَّ الْعَالَمِينَ ﴿٧٧﴾
الَّذِي خَلَقَنِي فَهُوَ يَهْدِينِ ﴿٧٨﴾ وَالَّذِي هُوَ يُطْعِمُنِي وَيَسْقِينِ ﴿٧٩﴾ وَإِذَا مَرِضْتُ فَهُوَ يَشْفِينِ ﴿٨٠﴾ وَالَّذِي
يُمِيتُنِي ثُمَّ يُحْيِينِ ﴿٨١﴾ وَالَّذِي أَطْمَعُ أَن يَغْفِرَ لِي خَطِيئَتِي يَوْمَ الدِّينِ ﴿٨٢﴾

75 - 82 - ئىبراھىم ئېيتتى: «سىلەرنىڭ ۋە قەدىمكى ئەجدادلىرىڭلارنىڭ ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايدىغان، بىراۋغا قىلچە پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتلارغا چوقۇنغانلىقىڭلارنى ئويلاپ كۆردۈڭلارمۇ؟ شەكسىزكى، سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ دۈشمىنىمدۇر، مەن پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببى ۋە ھەممىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىمەن، ئۇ مېنى ئەڭ چىرايلىق

شەكلىدە ياراتقان، مېنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتلىك ئىشلارغا يېتەكلىگەن،
مېنى يېمەك - ئىچمەك بىلەن تەمىنلىگەن، ئاغرىپ قالسام شىپالىق بېرىدىغان،
ئەجىلىم توشقاندا مېنىڭ جېنىمنى ئالىدىغان، ئاندىن قىيامەت كۈنى تىرىلدۈرىدىغان
زاتتۇر. بۇ ئىشلارنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم قىلالمايدۇ. قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ
بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

رَبِّ هَبۡ لِي حُكۡمٗا وَأَلۡحِقۡنِي بِٱلصَّٰلِحِينَ ٨٣

83 - ئىبراھىم رەببىگە مۇنداق دەپ ئىلتىجا قىلدى: «ئى رەببىم! ماڭا ئىلىم - ھېكمەت
ئاتا قىلغىن، مېنى ياخشىلارنىڭ قاتارىغا قوشقىن، مېنى ئۇلار بىلەن جەننەتتە بىللە
قىلغىن.

وَٱجۡعَل لِّي لِسَانَ صِدۡقٖ فِي ٱلۡأٓخِرِينَ ٨٤

84 - مەندىن كېيىن كېلىدىغانلار ئىچىدە تا قىيامەتكىچە مېنىڭ ياخشى نامىنى قالدۇرغىن.

وَٱجۡعَلۡنِي مِن وَرَثَةِ جَنَّةِ ٱلنَّعِيمِ ٨٥

85 - مېنى نازۇنېمەتلىك جەننەتلەرگە ۋارىسلىق قىلىدىغان بەندىلىرىڭنىڭ قاتارىدىن قىلغىن.

وَٱغۡفِرۡ لِأَبِيٓ إِنَّهُۥ كَانَ مِنَ ٱلضَّآلِّينَ ٨٦

86 - ئاتامغا مەغپىرەت قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ئازغۇنلاردىن بولدى. (بۇ ئىبراھىم
ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ۋاقتتا قىلغان
دۇئاسى ئىدى، ئەمما ئاتىسى ئۆلگىنىگە قەدەر كۇفرىنى داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن،
ئۇنىڭدىن ئادا - جۇدا بولدى).

وَلَا تُخۡزِنِي يَوۡمَ يُبۡعَثُونَ ٨٧ يَوۡمَ لَا يَنفَعُ مَالٞ وَلَا بَنُونَ ٨٨ إِلَّا مَنۡ أَتَى ٱللَّهَ بِقَلۡبٖ سَلِيمٖ ٨٩

87 - 89 - ئىنسانلار قىلمىشلىرىدىن ھېساب بېرىش ئۈچۈن تىرىلدۈرۈلۈپ قەبرىلىرىدىن
چىقىدىغان، مال - دۇنيامۇ، بالىچاقىلارمۇ قىلچە ئەسقاتمايدىغان، پەقەت سېنىڭ
ئالدىڭغا دىلى كۇفرىدىن، نىفاقتىن پاك بولۇپ كەلگەن ئادەمگىلا دىلىنىڭ ساغلاملىقى
ئەسقاتىدىغان قىيامەت كۈنىدە مېنى رەسۋا قىلمىغىن».

وَأُزۡلِفَتِ ٱلۡجَنَّةُ لِلۡمُتَّقِينَ ٩٠

90 - كۇفرىدىن، گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن ساقلانغان ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان كىشىلەرگە
جەننەت يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ.

وَبُرِّزَتِ ٱلۡجَحِيمُ لِلۡغَاوِينَ ٩١

91 - توغرا يولدىن ئازغان، ئاللاھ بېكىتكەن چەك - چېگرادىن ئۆتۈپ كەتكەن،
پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا دوزاخ ئوچۇق كۆرسىتىلىدۇ.

وَقِيلَ لَهُمۡ أَيۡنَ مَا كُنتُمۡ تَعۡبُدُونَ ٩٢ مِن دُونِ ٱللَّهِ هَلۡ يَنصُرُونَكُمۡ أَوۡ يَنتَصِرُونَ ٩٣

92 - 93 - ئۇلارغا كايىپ: «سىلەر ئىلگىرى ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان ئىلاھلىرىڭلار قېنى؟
ئۇلارنى سىلەرگە شاپائەت قىلىدۇ دەپ گۇمان قىلاتتىڭلارغۇ؟ ئۇلار سىلەرگە ياردەم
قىلىپ ئازابتىن قوغداپ قالالامدۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرىنى ئازابتىن ساقلاپ قالالامدۇ؟

ئۇلار ھېچبىرىنى قىلالمايدۇ» دېيىلىدۇ.

فَكُبْكِبُواْ فِيهَا هُمْ وَٱلْغَاوُۥنَ ﴿٩٤﴾ وَجُنُودُ إِبْلِيسَ أَجْمَعُونَ ﴿٩٥﴾

94 ـ 95 ـ ئۇلار، ئۇلارنى ئازدۇرغانلار ۋە يامانلىقنى چىرايلىق كۆرسەتكەن ئىبلىسنىڭ
ياردەمچىلىرى ھەممىسى دوزاخقا ئۈستى ـ ئۈستىلەپ تاشلىنىدۇ، ئۇلاردىن ھېچكىم
قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

قَالُواْ وَهُمْ فِيهَا يَخْتَصِمُونَ ﴿٩٦﴾ تَٱللَّهِ إِن كُنَّا لَفِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٩٧﴾ إِذْ نُسَوِّيكُم بِرَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٩٨﴾
وَمَآ أَضَلَّنَآ إِلَّا ٱلْمُجْرِمُونَ ﴿٩٩﴾

96 ـ 99 ـ ئۇلار ئۆزلىرىنى ئازدۇرغانلار بىلەن جەھەننەمدە جېدەللىشىش جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ
گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز دۇنيادىكى
ۋاقتىمىزدا ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئۆتكەن ئىكەنمىز. ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەرنى ئالەملەرنىڭ
رەببى ۋە ئىبادەت قىلىنىشقا تامامەن لايىق بولغان يېگانە زات ئاللاھقا تەڭ قىلغۇلغان
ئىكەنمىز. بىزنى بۇ يامان ئاقىۋەتكە قويغانلار پەقەت ئاشۇ گۇناھكار بولۇپ، ئۇلار
بىزنى ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنۇشقا دەۋەت قىلغان، بىزمۇ ئۇلارغا ئەگەشكەن ئىكەنمىز.

فَمَا لَنَا مِن شَٰفِعِينَ ﴿١٠٠﴾ وَلَا صَدِيقٍ حَمِيمٍ ﴿١٠١﴾

100 ـ 101 ـ شۇڭا ئەمدى بىزگە شاپائەت قىلىپ ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان ھېچقانداق شاپائەتچى
يوق، بىزگە ياردەم قىلىدىغان بىرەر يېقىن دوستىمۇ يوق.

فَلَوْ أَنَّ لَنَا كَرَّةً فَنَكُونَ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿١٠٢﴾

102 ـ كاشكى، بىزگە دۇنياغا قايتىش مۇمكىن بولسا ئىدى، بىز ئەلۋەتتە ئازابتىن قۇتۇلغان
مۇئمىنلەردىن بولاتتۇق» دەيدۇ.

إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَةً ۖ وَمَا كَانَ أَكْثَرُهُم مُّؤْمِنِينَ ﴿١٠٣﴾ وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٠٤﴾

103 ـ 104 ـ شەكسىز، ئىبراھىمنىڭ يۇقىرىقى قىسسىسىدە ئىبرەت ئالىدىغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە
چوڭ ئىبرەت بار ئىدى، ئەمما بۇ قىسسىنى نۇرغۇن كىشىلەر ئاڭلىغان بولسىمۇ،
ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمىدى. رەببىڭ ئىنكارچى كاپىرلارنى جازالاشقا ئەلۋەتتە
قادىر ۋە كۈچلۈكتۇر، ئەمما مۇئمىن بەندىلىرىگە ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر.

كَذَّبَتْ قَوْمُ نُوحٍ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿١٠٥﴾ إِذْ قَالَ لَهُمْ أَخُوهُمْ نُوحٌ أَلَا تَتَّقُونَ ﴿١٠٦﴾ إِنِّى لَكُمْ رَسُولٌ أَمِينٌ ﴿١٠٧﴾
فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ﴿١٠٨﴾ وَمَآ أَسْـَٔلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ ۖ إِنْ أَجْرِىَ إِلَّا عَلَىٰ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٠٩﴾ فَٱتَّقُواْ
ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ﴿١١٠﴾

105 ـ 110 ـ نۇھنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلدى، ئۇلار بۇنىڭ
بىلەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان بولدى، چۈنكى ھەربىر پەيغەمبەر قەۋمنى
پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇپ كەلگەن. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا
قېرىندىشى نۇھ: «سىلەر ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنۇپ ئاللاھنىڭ جازاسىغا ئۇچراشتىن
قورقماسىلەر؟ مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە قىلغان دەۋىتىمدە ئىشەنچلىك پەيغەمبەرمەن.
سىلەر ئىمانىنى ئازابتىن ساقلىنىشنىڭ قالقىنى قىلىڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىپ سۆزۈمنى
ئاڭلاڭلار، ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماڭلار، مەن سىلەرگە ئاللاھنىڭ دىنىنى
يەتكۈزگەنلىكىمگە سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن. مېنىڭ ئەجرىمنى

پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببى، بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچى زات ئاللاھ بېرىدۇ، ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قورققۇچىلار، ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش، توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار.

۞ قَالُوٓاْ أَنُؤۡمِنُ لَكَ وَٱتَّبَعَكَ ٱلۡأَرۡذَلُونَ ١١١

111 - نۇھنىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا: «ساڭا ئەڭ تۆۋەن تەبىقىدىكى ئادەملەر ئەگەشكەن تۇرسا، بىز ساڭا قانداق ئىشىنىمىز ۋە قانداق ئەگىشىمىز؟» دېدى.

قَالَ وَمَا عِلۡمِي بِمَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ١١٢

112 - نۇھ ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «مەن ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى بىلىشكە بۇيرۇلمىدىم، پەقەتلا ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. كىشىلەرنىڭ قەدىر - قىممىتى نەسەب ياكى يۈز ئابرۇي، ھۈنەر كەسىپ ۋەياكى بايلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىمان بىلەن بولىدۇ.

إِنۡ حِسَابُهُمۡ إِلَّا عَلَىٰ رَبِّيۖ لَوۡ تَشۡعُرُونَ ١١٣

113 - ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىدىن ۋە نىيەتلىرىدىن ھېساب ئېلىش، ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى بىلىدىغان ئۇلۇغ رەببىمنىڭ ئىشىدۇر. ئەگەر سىلەر بۇ ھەقىقەتنى بىلسەڭلار، بۇنداق گەپلەرنى قىلمىغان بولاتتىڭلار.

وَمَآ أَنَا۠ بِطَارِدِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ١١٤ إِنۡ أَنَا۠ إِلَّا نَذِيرٞ مُّبِينٞ ١١٥

114 - 115 - مېنىڭ دەۋىتىمگە قۇلاق سېلىپ ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يېنىمدىن ھەرگىز قوغلىۋەتمەيمەن. مەن سىلەرنىڭ بۇ تەلىپىڭلارنى قوبۇل قىلالمايمەن. مەن پەقەتلا سىلەرنى ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن».

قَالُواْ لَئِن لَّمۡ تَنتَهِ يَٰنُوحُ لَتَكُونَنَّ مِنَ ٱلۡمَرۡجُومِينَ ١١٦

116 - نۇھنىڭ قەۋمى مۇنازىرىدىن تەھدىتكە ئۆتۈپ نۇھقا: «ئى نۇھ! ئەگەر سەن بۇ دەۋىتىڭدىن يانمىساڭ، سەن چوقۇم چالما - كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگۈچىلەردىن بولىسەن» دېدى.

قَالَ رَبِّ إِنَّ قَوۡمِي كَذَّبُونِ ١١٧ فَٱفۡتَحۡ بَيۡنِي وَبَيۡنَهُمۡ فَتۡحٗا وَنَجِّنِي وَمَن مَّعِيَ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ١١٨

117 - 118 - نۇھ ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ: «ئى رەببىم! شەكسىزكى، قەۋمىم مېنى ئىنكار قىلىشتىن يانمىدى، رەببىم! مەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شۇنداق بىر ھۆكۈم چىقارغىنكى، سېنىڭ بىر ئىكەنلىكىڭنى ۋە مېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنى ھالاك قىلىۋەتكىن، مېنى ۋە مەن بىلەن بىللە بولغان مۇئمىنلەرنى كاپىرلارنى جازالىغان ئازابتىن قۇتقۇزغىن».

فَأَنجَيۡنَٰهُ وَمَن مَّعَهُۥ فِي ٱلۡفُلۡكِ ٱلۡمَشۡحُونِ ١١٩

119 - نەتىجىدە، بىز مەخلۇقاتنىڭ ھەممە تۈرلىرى لىق تولدۇرۇلغان كېمە بىلەن ئۇنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنى قۇتقۇزدۇق.

ثُمَّ أَغۡرَقۡنَا بَعۡدُ ٱلۡبَاقِينَ ١٢٠

120 ـ ئاندىن نۇھ بىلەن مۆئمىنلەرنى قۇتقۇزغاندىن كېيىن، قەۋمى ئىچىدىكى ئىمان ئېيتمىغان ۋە ئۇنىڭ نەسىھەتلىرىنى رەت قىلغانلارنى توپان بالاسىدا غەرق قىلدۇق.

إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَآيَةً ۖ وَمَا كَانَ أَكْثَرُهُم مُّؤْمِنِينَ ﴿١٢١﴾

121 ـ شەكسىزكى، نۇھ بىلەن مۆئمىنلەرنىڭ قۇتۇلۇشىدا، كاپىرلارنىڭ ھالاك قىلىنىشىدا كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە كاتتا ئىبرەت بار ئىدى. ئەمما بۇ قىسسىنى ئاڭلىغانلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمىدى.

وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٢٢﴾

122 ـ شەكسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ كاپىرلارنى ۋە ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاشتا ئەلۋەتتە غالىبتۇر، مۆئمىن بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

كَذَّبَتْ عَادٌ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿١٢٣﴾

123 ـ ئاد قەۋمى ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى ھۇدنى ئىنكار قىلدى، ئۇلار بۇنىڭ بىلەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان بولدى، چۈنكى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەقىدىسى ۋە دەۋىتى بىر خىلدۇر.

إِذْ قَالَ لَهُمْ أَخُوهُمْ هُودٌ أَلَا تَتَّقُونَ ﴿١٢٤﴾ إِنِّي لَكُمْ رَسُولٌ أَمِينٌ ﴿١٢٥﴾ فَاتَّقُوا ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ﴿١٢٦﴾ وَمَآ أَسْـَٔلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ ۖ إِنْ أَجْرِيَ إِلَّا عَلَىٰ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٢٧﴾

124 ـ 127 ـ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا قېرىندىشى ھۇد مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر ئاللاھقا ئىبادەت قىلمامسىلەر؟ ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنۇپ ئاللاھنىڭ جازاسىغا ئۇچراشتىن قورقمامسىلەر؟ مەن ھەقىقەتەن سىلەرنى ھىدايەتكە باشلاش ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن، مەن ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈشتە ئىشەنچلىكمەن، ئۇنى ئاللاھ بۇيرۇغان بويىچە تولۇق يەتكۈزىمەن، سىلەر ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قورقۇڭلار ۋە مېنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەنلىرىمدە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار. مەن سىلەرگە دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىمگە سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مېنىڭ ئەجرىمنى ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ بېرىدۇ.

أَتَبْنُونَ بِكُلِّ رِيعٍ ءَايَةً تَعْبَثُونَ ﴿١٢٨﴾ وَتَتَّخِذُونَ مَصَانِعَ لَعَلَّكُمْ تَخْلُدُونَ ﴿١٢٩﴾ وَإِذَا بَطَشْتُم بَطَشْتُمْ جَبَّارِينَ ﴿١٣٠﴾

128 ـ 130 ـ سىلەر ھەربىر ئېگىز جايغا قەسىرلەرنى بىنا قىلىپ ئويۇن ـ تاماشا قىلامسىلەر؟ ئۇنىڭدىن بوينىڭلارنى سوزۇپ قاراپ، يولدىن ئۆتكەنلەرنى مەسخىرە قىلامسىلەر؟ بۇنداق قىلىش بىھۇدىلىكتۇر، ئىسراپچىلىقتۇر، بۇنىڭدا سىلەرگە دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىڭلاردا قىلچە پايدا يوق. سىلەر يەنە دۇنيادا مەڭگۈ قالىدىغاندەك، ھېچ ئۆلمەيدىغاندەك، ناھايىتى پۇختا ۋە مۇستەھكەم سارايلارنى سالامسىلەر؟ سىلەر بىراۋنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ياكى ئۇرۇش بىلەن جازالىساڭلار، ئۇنى ناھايىتى شەپقەتسىزلەرچە جازالايسىلەر.

فَاتَّقُوا ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ﴿١٣١﴾ وَاتَّقُوا ٱلَّذِيٓ أَمَدَّكُم بِمَا تَعْلَمُونَ ﴿١٣٢﴾ أَمَدَّكُم بِأَنْعَٰمٍ وَبَنِينَ ﴿١٣٣﴾ وَجَنَّٰتٍ وَعُيُونٍ ﴿١٣٤﴾

131 ـ 134 ـ بولدى، ئەمدى ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە مەن دەۋەت قىلغان ئىشلارغا ئەمەل قىلىڭلار. چۈنكى ئۇ سىلەرگە ئەڭ پايدىلىقتۇر، سىلەرگە سىلەر ئۈچۈن ھېچ مەخپىي

قالمايدىغان تۈرلۈك نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار. ئاللاھ سىلەرگە تۆگە، كالا، قوي قاتارلىق چارۋىلارنى، ئوغۇللارنى، مېۋىلىك باغلارنى ئاتا قىلدى، بۇلاقلاردىن تاتلىق سۇنى چىقىرىپ بەردى».

إِنِّيٓ أَخَافُ عَلَيۡكُمۡ عَذَابَ يَوۡمٍ عَظِيمٖ ﴿١٣٥﴾

135 - هۇد ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئەگەر سىلەر بۇ كۇفرىلىقنى، زۇلۇمنى ۋە تۇزكورلۇقنى داۋاملاشتۇرساڭلار، ھەقىقەتەن تولىمۇ دەھشەتلىك ۋە قورقۇنچلۇق بىر كۈندە، ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئازاب ئەۋەتىشىدىن قورقىمەن» دېدى.

قَالُواْ سَوَآءٌ عَلَيۡنَآ أَوَعَظۡتَ أَمۡ لَمۡ تَكُن مِّنَ ٱلۡوَٰعِظِينَ ﴿١٣٦﴾

136 - ئۇلار ئېيتتى: «سەن نەسىھەت قىلامسەن، قىلمامسەن، بىزگە بەرىبىر ئوخشاشتۇر، بىز ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز.

إِنۡ هَٰذَآ إِلَّا خُلُقُ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿١٣٧﴾ وَمَا نَحۡنُ بِمُعَذَّبِينَ ﴿١٣٨﴾

137 - 138 - بىزنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەتلا بۇرۇنقىلارنىڭ دىنى ۋە ئادىتىدۇر، سەن توسقان بۇ ئىشلارنى قىلىش بىلەن بىز ھەرگىز ئازابقا قالمايمىز».

فَكَذَّبُوهُ فَأَهۡلَكۡنَٰهُمۡۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗۖ وَمَا كَانَ أَكۡثَرُهُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿١٣٩﴾ وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٤٠﴾

139 - 140 - ئۇلار ھۇدنى ئىنكار قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنى قاتتىق سوغۇق بوران بىلەن ھالاك قىلىۋەتتى. شەكسىزكى، بۇ ھالاكەتتە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار ئىدى. ئەمما بۇ قىسسىلەرنى ئاڭلىغانلارنىڭ تولىسى ساڭا ئىمان ئېيتمىدى. شەكسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ ئىنكارچىلارنى ھالاك قىلىشقا، ئەلۋەتتە قادىردۇر، مۇئمىنلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

كَذَّبَتۡ ثَمُودُ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿١٤١﴾

141 - سەمۇد قەبىلىسى قېرىندىشى سالىھنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ۋە ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشقا چاقىرغان دەۋىتىنى ئىنكار قىلدى، ئۇلار بۇنىڭ بىلەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان بولدى. چۈنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلغان.

إِذۡ قَالَ لَهُمۡ أَخُوهُمۡ صَٰلِحٌ أَلَا تَتَّقُونَ ﴿١٤٢﴾ إِنِّي لَكُمۡ رَسُولٌ أَمِينٞ ﴿١٤٣﴾ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ﴿١٤٤﴾ وَمَآ أَسۡـَٔلُكُمۡ عَلَيۡهِ مِنۡ أَجۡرٍۖ إِنۡ أَجۡرِيَ إِلَّا عَلَىٰ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٤٥﴾

142 - 145 - ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا قېرىندىشى سالىھ مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ جازاسىغا قېلىشتىن قورقمامسىلەر؟ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلمامسىلەر؟ مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن. مەن بۇ دىننى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن پېتى يەتكۈزىمەن، سىلەر ئاللاھنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ قېلىشتىن قورقۇڭلار ۋە مەن دەۋەت قىلغان ئىشلارغا ئەمەل قىلىڭلار. مەن سىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغانلىقىمغا ۋە سىلەرگە نەسىھەت قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مېنىڭ ئەجرىمنى ئالەملەرنىڭ رەببى

بولغان ئاللاھ بىرىدۇ.

أَتُتْرَكُونَ فِي مَا هَٰهُنَآ ءَامِنِينَ ﴿١٤٦﴾ فِي جَنَّٰتٍ وَعُيُونٍ ﴿١٤٧﴾ وَزُرُوعٍ وَنَخْلٍ طَلْعُهَا هَضِيمٌ ﴿١٤٨﴾ وَتَنْحِتُونَ
مِنَ ٱلْجِبَالِ بُيُوتًا فَٰرِهِينَ ﴿١٤٩﴾

146 ـ 149 ـ رەببىڭلار سىلەرنى بۇ دۇنيادا ھازىرقى نازۇنېمەتلەردىن، مېۋىلىك باغلاردىن،
بۇلاقلاردىن ئېتىلىپ چىققان سۇدىن، ھەر تۈرلۈك زىرائەتلەردىن، يۇمشاق پىشقان
خورمىلاردىن بەھرىمەن قىلىپ، ئازابتىن ۋە ئۆلۈمدىن خاتىرجەم قىلغان ھالدا داۋاملىق
قالدۇرىدۇ، دەمسىلەر؟ شۇڭا سىلەر ئۇستىلىق بىلەن تاغلارنى تېشىپ ئۆيلەرنى
ياسامسىلەر؟

فَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ﴿١٥٠﴾ وَلَا تُطِيعُوٓا۟ أَمْرَ ٱلْمُسْرِفِينَ ﴿١٥١﴾ ٱلَّذِينَ يُفْسِدُونَ فِي ٱلْأَرْضِ وَلَا يُصْلِحُونَ ﴿١٥٢﴾

150 ـ 152 ـ سىلەر ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قورقۇڭلار ۋە مېنىڭ نەسىھەتلىرىمگە قۇلاق
سېلىڭلار، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى، ياخشى ئىش قىلماسلىقنى ئادەت قىلىۋالغان
گۇناھكارلارنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلماڭلار».

قَالُوٓا۟ إِنَّمَآ أَنتَ مِنَ ٱلْمُسَحَّرِينَ ﴿١٥٣﴾ مَآ أَنتَ إِلَّا بَشَرٌ مِّثْلُنَا فَأْتِ بِـَٔايَةٍ إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿١٥٤﴾

153 ـ 154 ـ سەمۇد قەبىلىسى ئۆز پەيغەمبىرى سالىھقا ئېيتتى: «سەن پەقەتلا سېھىرلەنگەن،
سېھىرلەنگەندىمۇ كۆپ سېھىرلەنگەن بىر ئادەمسەن، شۇڭا سېھىر سېنىڭ ئەقلىڭگە
تەسىر قىلغان گەپ. سەن پەقەت بىزگە ئوخشاشلا بىر ئىنسان. سەن قانداقلارچە
پەيغەمبەرلىك بىلەن بىزدىن ئۈستۈن بولىسەن؟ ئەگەر سەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى
ئىكەنلىكىڭدە راستچىللاردىن بولساڭ، سېنىڭ راستچىللىقىڭنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىرەر
مۆجىزە كەلتۈرۈپ باقامسەن؟»

قَالَ هَٰذِهِۦ نَاقَةٌ لَّهَا شِرْبٌ وَلَكُمْ شِرْبُ يَوْمٍ مَّعْلُومٍ ﴿١٥٥﴾ وَلَا تَمَسُّوهَا بِسُوٓءٍ فَيَأْخُذَكُمْ عَذَابُ يَوْمٍ
عَظِيمٍ ﴿١٥٦﴾

155 ـ 156 ـ سالىھ ئۇلارغا ئېيتتى: «مەن سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن بۇ چىشى تۆگە ئاللاھ
تاشتىن چىقارغان مۆجىزىلىك تۆگىدۇر، ئۇ قۇدۇقتىن مەلۇم بىر كۈن سۇ ئىچسۇن،
سىلەرمۇ مۇئەييەن بىر كۈن ئىچىڭلار، ئۇ سۇ ئىچكەن كۈنى سىلەر سۇ ئالماڭلار، سىلەر
سۇ ئالغان كۈنى ئۇ سۇ ئىچمىسۇن. ئۇنىڭغا ھەرگىز زىيانكەشلىك قىلماڭلار، ئەگەر
سىلەر ئۇ چىشى تۆگىنى ئۆلتۈرسەڭلار ياكى ئۇرساڭلار، ئاللاھ سىلەرنى دەھشەتلىك
بىر كۈندە ھالاك قىلىۋېتىدۇ».

فَعَقَرُوهَا فَأَصْبَحُوا۟ نَٰدِمِينَ ﴿١٥٧﴾

157 ـ نىھايەت، ئۇلار ئۇ چىشى تۆگىنى بوغۇزلىدى، ئۇلار ئۆزلىرىگە ئازاب كېلىدىغانلىقىغا
شەكسىز ئىشەنگەن چاغدا، قىلمىشىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىشتى. ئەمما پۇشايمان ئۇلارغا
پايدا بەرمىدى.

فَأَخَذَهُمُ ٱلْعَذَابُ ۗ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَـَٔايَةً ۖ وَمَا كَانَ أَكْثَرُهُم مُّؤْمِنِينَ ﴿١٥٨﴾

158 ـ ئۇلارغا سالىھ ئاگاھلاندۇرغان ئازاب چۈشتى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنى پۈتۈنلەي
ھالاك قىلىۋەتتى. شەكسىزكى، سەمۇد قەبىلىسىنىڭ ھالاك قىلىنىشىدا بۇ ئاقىۋەتتىن
ئىبرەت ئالغۇچىلارغا ئەلۋەتتە چوڭ ئىبرەت بار ئىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان
ئېيتمىدى.

وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٥٩﴾

159 - شەكسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ ئىنكارچى دۈشمەنلىرىنى جازالاشتا ئەلۋەتتە غالىبتۇر، قەھرى قىلغۇچىدۇر، ئىمان ئېيتقان بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

كَذَّبَتْ قَوْمُ لُوطٍ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿١٦٠﴾

160 - لۇتنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان بولدى. چۈنكى پەيغەمبەرلەر دەۋەت قىلغان دىنىنىڭ ئەسلى ئەزەلدىن بىردۇر.

إِذْ قَالَ لَهُمْ أَخُوهُمْ لُوطٌ أَلَا تَتَّقُونَ ﴿١٦١﴾ إِنِّي لَكُمْ رَسُولٌ أَمِينٌ ﴿١٦٢﴾ فَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ﴿١٦٣﴾
وَمَآ أَسْـَٔلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ ۖ إِنْ أَجْرِىَ إِلَّا عَلَىٰ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٦٤﴾

161 - 164 - ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا قېرىندىشى لۇت مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقماسسىلەر؟ مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن. مەن ئاللاھنىڭ دىنىنى سىلەرگە ساق يەتكۈزۈشكە ئىشەنچلىكمەن. سىلەر ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلىشنىڭ جازاسىدىن قورقۇڭلار، مېنىڭ دەۋىتىمگە ئەگىشىڭلار، مەن سىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، چۈنكى مېنىڭ ئەجرىمنى پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ ئۆزى بېرىدۇ.

أَتَأْتُونَ ٱلذُّكْرَانَ مِنَ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٦٥﴾ وَتَذَرُونَ مَا خَلَقَ لَكُمْ رَبُّكُم مِّنْ أَزْوَٰجِكُم ۚ بَلْ أَنتُمْ
قَوْمٌ عَادُونَ ﴿١٦٦﴾

165 - 166 - رەببىڭلار سىلەرنىڭ مەنپەئەتلىنىشىڭلار ۋە ئەر - خوتۇن بولۇپ نەسلىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇشۇڭلار ئۈچۈن ياراتقان ئاياللارنى تاشلاپ قويۇپ، ئەرلەر بىلەن جىنسىي ھەۋەسلىرىڭلارنى قاندۇرۇشنى تىلەمسىلەر؟ سىلەر بۇ قىلمىشىڭلار بىلەن ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن ھالال - ھارامنىڭ چەك - چېگراسىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بىر قەۋمسىلەر».

قَالُوا۟ لَئِن لَّمْ تَنتَهِ يَٰلُوطُ لَتَكُونَنَّ مِنَ ٱلْمُخْرَجِينَ ﴿١٦٧﴾

167 - لۇتنىڭ قەۋمى ئېيتتى: «ئى لۇت! ئەگەر بىزنى ئەرلەرگە يېقىنچىلىق قىلىشتىن مەنئى قىلىشنى ۋە بىزنى ئەيىبلەشنى توختاتمىساڭ، چوقۇم سەن يۇرتىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىلىدىغانلاردىن بولۇپ قالىسەن».

قَالَ إِنِّي لِعَمَلِكُم مِّنَ ٱلْقَالِينَ ﴿١٦٨﴾

168 - لۇت ئېيتتى: «مەن سىلەرنىڭ جىنسىي ھەۋەسلىرىڭلارنى ئەرلەر بىلەن قاندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ قەبىھ قىلمىشىڭلارغا قاتتىق غەزەپلەنگۈچىلەردىنمەن».

رَبِّ نَجِّنِي وَأَهْلِي مِمَّا يَعْمَلُونَ ﴿١٦٩﴾

169 - لۇت قەۋمىنىڭ دەۋەتنى قوبۇل قىلىپ، يامانلىقتىن يېنىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەندىن كېيىن، ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ: «ئى رەببىم! مېنى ۋە ئائىلەمنى قەۋمىم قىلىۋاتقان قەبىھ قىلمىشلاردىن ساقلىغىن ۋە بۇ قىلمىشلار تۈپەيلىدىن ئۇلارغا كېلىدىغان ئازابتىن قۇتقۇزغىن».

فَنَجَّيْنَٰهُ وَأَهْلَهُۥٓ أَجْمَعِينَ ﴿١٧٠﴾ إِلَّا عَجُوزًا فِى ٱلْغَٰبِرِينَ ﴿١٧١﴾

170 ـ 171 ـ شۇنىڭ بىلەن، بىز لۇتنى، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى پۈتۈنلەي قۇتقۇزدۇق، پەقەتلا قېرى ئايالى ھالاك بولىدىغانلار قاتارىدا قالدى، چۈنكى ئۇ ئايال ئىمان ئېيتمىغان ئىدى.

ثُمَّ دَمَّرْنَا ٱلْءَاخَرِينَ ﴿١٧٢﴾ وَأَمْطَرْنَا عَلَيْهِم مَّطَرًا ۖ فَسَآءَ مَطَرُ ٱلْمُنذَرِينَ ﴿١٧٣﴾

172 ـ 173 ـ ئاندىن قالغان كاپىرلارنى قاتتىق ئازاب بىلەن ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئاسماندىن تاش ياغدۇردۇق، تاش ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يامغۇردەك چۈشتى. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا ئىشەنمىگەن كاپىرلارنىڭ ئۈستىگە ياغدۇرۇلغان تاش يامغۇرى نېمىدېگەن يامان! چۈنكى ئۇلارغا ئەڭ قاتتىق ئازاب تۈرلىرى يۈزلەنگەن ئىدى.

إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَةً ۖ وَمَا كَانَ أَكْثَرُهُم مُّؤْمِنِينَ ﴿١٧٤﴾

174 ـ شەكسىزكى، لۇت قەۋمىگە چۈشكەن بۇ قاتتىق ھالاكەتتە ئەلۋەتتە ئىنكارچىلار ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك ساۋاقلار بار ئىدى، ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمىدى.

وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٧٥﴾

175 ـ شەكسىزكى، ئاللاھ ئىنكارچى كاپىرلارنى جازالاشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر، مۇئمىن بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

كَذَّبَ أَصْحَٰبُ لْـَٔيْكَةِ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿١٧٦﴾ إِذْ قَالَ لَهُمْ شُعَيْبٌ أَلَا تَتَّقُونَ ﴿١٧٧﴾ إِنِّى لَكُمْ رَسُولٌ أَمِينٌ ﴿١٧٨﴾
فَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ﴿١٧٩﴾ وَمَآ أَسْـَٔلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ ۖ إِنْ أَجْرِىَ إِلَّا عَلَىٰ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٨٠﴾

176 ـ 180 ـ يېشىل ۋادىنىڭ ئاھالىسى پەيغەمبىرى شۇئەيبنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار بۇنىڭ بىلەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان بولدى. پەيغەمبەرلەرنى يالغانچى دېدى. ئۆز ۋاقتىدا شۇئەيب ئۇلارغا مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر ئاللاھنىڭ سىلەرنى گۇناھىڭلار سەۋەبلىك جازالىشىدىن قورقماسىلەر؟ مەن سىلەرنى ھىدايەتكە باشلاش ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلدىم، ئاللاھ ماڭا ۋەھيى قىلغان دىنني سىلەرگە ساق يەتكۈزىمەن. سىلەر ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇڭلار، ھىدايەت تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمگە ئەگىشىڭلار، مەن سىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىۋاتىمەن. مەن سىلەرگە ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىمگە سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، چۈنكى مېنىڭ ئەجرىمنى پەقەت ئاللاھ ئۆزى بېرىدۇ».

۞ أَوْفُوا۟ ٱلْكَيْلَ وَلَا تَكُونُوا۟ مِنَ ٱلْمُخْسِرِينَ ﴿١٨١﴾ وَزِنُوا۟ بِٱلْقِسْطَاسِ ٱلْمُسْتَقِيمِ ﴿١٨٢﴾ وَلَا تَبْخَسُوا۟
ٱلنَّاسَ أَشْيَآءَهُمْ وَلَا تَعْثَوْا۟ فِى ٱلْأَرْضِ مُفْسِدِينَ ﴿١٨٣﴾

181 ـ 183 ـ يېشىل ۋادىنىڭ ئاھالىسى تارازىدا ۋە ئۆلچەمدە كەم بېرەتتى. شۇئەيب ئۇلارغا ئېيتتى: «كىشىلەرگە ئۆلچەپ تارتىپ بەرگەندە تولۇق تارتىپ بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ ھەققىنى كەم بېرىدىغانلاردىن بولماڭلار، تارازىنى ئادىل تۇتۇپ، دۇرۇس تارتىپ بېرىڭلار، كىلودا ياكى ئۆلچەمدە كىشىلەرنىڭ ھەققىدىن ھېچ نەرسىنى كەم بەرمەڭلار، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئادەم ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، كىشىلەرنى قورقۇتۇش ۋە گۇناھ قىلىش ئارقىلىق يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىماڭلار.

وَٱتَّقُواْ ٱلَّذِى خَلَقَكُمْ وَٱلْجِبِلَّةَ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿١٨٤﴾

184 - سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنى ياراتقان ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇڭلار».

قَالُوٓاْ إِنَّمَآ أَنتَ مِنَ ٱلْمُسَحَّرِينَ ﴿١٨٥﴾ وَمَآ أَنتَ إِلَّا بَشَرٌ مِّثْلُنَا وَإِن نَّظُنُّكَ لَمِنَ ٱلْكَٰذِبِينَ ﴿١٨٦﴾
فَأَسْقِطْ عَلَيْنَا كِسَفًا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿١٨٧﴾

185 - 187 - ئۇلار ئېيتتى: «ئى شۇئەيب! سەن ھەقىقەتەن قاتتىق سېھىرلىنىپ ئەقلىنى يوقاتقانلاردىن بىرى ئىكەنسەن. سەن پەقەتلا بىزگە ئوخشاش بىر ئىنسان، بىز تۇرغان يەردە، سەن قانداقلارچە پەيغەمبەر بولىسەن؟ شۇڭا بىز سېنى چوقۇم يالغاندىن ئۆزىنى پەيغەمبەر دەۋالغانلاردىن بىرى دەپ قارايمىز. ئەگەر سەن ئۆزۈڭنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دېگەن سۆزۈڭدە راستچىل بولساڭ، ئاللاھقا دۇئا قىلغىن، بىزگە ئاسماندىن ئازاب پارچىلىرىنى چۈشۈرۈپ بىزنى ھالاك قىلىۋەتسۇن».

قَالَ رَبِّىٓ أَعْلَمُ بِمَا تَعْمَلُونَ ﴿١٨٨﴾

188 - شۇئەيب ئۇلارغا ئېيتتى: «رەببىم سىلەرنىڭ بارلىق قىلمىشىڭلارنى ۋە سىلەرنىڭ قانداق جازالارغا تېگىشلىك ئىكەنلىكىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ».

فَكَذَّبُوهُ فَأَخَذَهُمْ عَذَابُ يَوْمِ ٱلظُّلَّةِ ۚ إِنَّهُۥ كَانَ عَذَابَ يَوْمٍ عَظِيمٍ ﴿١٨٩﴾

189 - ئۇلار شۇئەيبنى ئىنكار قىلىشتىن يانمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قاتتىق ئىسسىق قورشىۋالدى، ئۇلار سايىداش ئۈچۈن بىرەر جاينى ئىزدەۋاتاتتى، توساتتىن ئۇلارغا بىر بۇلۇت سايە تاشلىدى، ئاندىن ئۇلار ئاشۇ سايىغا بېرىپ توپلانغان چاغدا، ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر ئوت كېلىپ، ئۇلارنى كۆيدۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ قورقۇنچلۇق كۈندە ھالاك بولۇپ تۈگەشتى.

إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَةً ۖ وَمَا كَانَ أَكْثَرُهُم مُّؤْمِنِينَ ﴿١٩٠﴾

190 - ئۇلارغا چۈشكەن بۇ ئازابتا، ئاللاھنىڭ ئىنكارچى كاپىرلارنى جازالاشقا قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئوپئوچۇق ئالامەت، ئىبرەت ئالىدىغانلار ئۈچۈن چوڭ ئىبرەت بار ئىدى، ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالمىدى ۋە ئىمان ئېيتمىدى.

وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٩١﴾

191 - ئى پەيغەمبەر! شەكسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ دۈشمەنلىرىنى جازالاشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر، مۇئمىن بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

وَإِنَّهُۥ لَتَنزِيلُ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٩٢﴾ نَزَلَ بِهِ ٱلرُّوحُ ٱلْأَمِينُ ﴿١٩٣﴾ عَلَىٰ قَلْبِكَ لِتَكُونَ مِنَ ٱلْمُنذِرِينَ ﴿١٩٤﴾
بِلِسَانٍ عَرَبِىٍّ مُّبِينٍ ﴿١٩٥﴾

192 - 195 - شۈبھىسىزكى مۇشۇ راست قىسسىلەرنى بايان قىلغان قۇرئان ئالەملەرنىڭ رەببى، ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ھەممە ئىش ئىلكىدە بولغان ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. ئى پەيغەمبەر! ئۆز قەۋمىنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغان پەيغەمبەرلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇشۇڭ ۋە بۇ قۇرئان بىلەن ئىنسانلارنى، جىنلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، ئۇنى ئىشەنچلىك پەرىشتە جىبرىل ناھايىتى چۈشىنىشلىك ۋە روشەن ئەرەب تىلىدا ساڭا ئوقۇپ بەردى، سەن ئۇنى

ئوبدان چۈشىنىپ قەلبىگە ساقلىۋالدىڭ.

وَإِنَّهُۥ لَفِى زُبُرِ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿١٩٦﴾

196 - ھەقىقەتەن بۇ قۇرئان ھەققىدىكى بايانلار بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، بۇ كىتابلاردا قۇرئان توغرۇلۇق بېشارەتلەر بېرىلگەن ۋە ئۇنى تەستىقلىغان.

أَوَلَمْ يَكُن لَّهُمْ ءَايَةً أَن يَعْلَمَهُۥ عُلَمَٰٓؤُا۟ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ ﴿١٩٧﴾

197 - ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىكى ئۆلىمالارنىڭ قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ۋە ئەھلى كىتابتىن ئابدۇللاھ ئىبنى سالامغا ئوخشاش ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنىڭ گۇۋاھلىقى سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە دالالەت قىلىشقا يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟!

وَلَوْ نَزَّلْنَٰهُ عَلَىٰ بَعْضِ ٱلْأَعْجَمِينَ ﴿١٩٨﴾ فَقَرَأَهُۥ عَلَيْهِم مَّا كَانُوا۟ بِهِۦ مُؤْمِنِينَ ﴿١٩٩﴾ كَذَٰلِكَ سَلَكْنَٰهُ فِى قُلُوبِ ٱلْمُجْرِمِينَ ﴿٢٠٠﴾ لَا يُؤْمِنُونَ بِهِۦ حَتَّىٰ يَرَوُا۟ ٱلْعَذَابَ ٱلْأَلِيمَ ﴿٢٠١﴾

198 - 201 - ئەگەر بىز بۇ قۇرئاننى ئەرەب تىلىدا سۆزلەشمەيدىغان كىشىلەرنىڭ بىرىگە نازىل قىلغان بولساق، ئۇ كىشى بۇ قۇرئاننى ئەرەبلەرگە ئەرەب تىلىدا توغرا رەۋىشتە ئوقۇپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا يەنە ئىشەنمەيتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىنكارچىلىقىغا بىرەر باھانە ئىزدەشكە كىرىشەتتى. شۇنىڭدەك، بىز گۇناھكارلارنىڭ دىلىغا قۇرئاننى ئىنكار قىلىشنى سىڭدۈرەتتۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قۇرئاننى ئىنكار قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ گۇناھكارلىقى ۋە ئازغۇنلۇقى سەۋەبىدىندۇر. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان قاتتىق ئازابنى كۆرمىگۈچە، قۇرئاننى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىللەتتىن قۇتۇلالمايدۇ.

فَيَأْتِيَهُم بَغْتَةً وَهُمْ لَا يَشْعُرُونَ ﴿٢٠٢﴾ فَيَقُولُوا۟ هَلْ نَحْنُ مُنظَرُونَ ﴿٢٠٣﴾

202 - 203 - ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب ئۇلارغا بەخىرامان تۇرغان پەيتىدە ئۇشتۇمتۇت كېلىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلار بۇرۇن ئىمان ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق ھەسرەت - نادامەت چېكىپ: «بىزگە گۇناھىمىزغا تەۋبە قىلىپ ئاللاھقا قايتىشىمىز ۋە ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ مۇئمىنلەردىن بولۇشىمىز ئۈچۈن مۆھلەت بېرىلەمدىغاندۇ؟» دېيىشىپ كېتىدۇ.

أَفَبِعَذَابِنَا يَسْتَعْجِلُونَ ﴿٢٠٤﴾

204 - مېنىڭ (ئۇلارغا تەۋبە قىلىۋېلىشى ئۈچۈن مۆھلەت بېرىپ)، ئۇلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمىگەنلىكىم ئۇلارنى ئالداپ قويىدى، شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىگە ئاسماندىن ئازاب چۈشۈشىنى تىلەپ ئالدىراپ كېتىۋاتامدۇ؟

أَفَرَءَيْتَ إِن مَّتَّعْنَٰهُمْ سِنِينَ ﴿٢٠٥﴾ ثُمَّ جَآءَهُم مَّا كَانُوا۟ يُوعَدُونَ ﴿٢٠٦﴾ مَآ أَغْنَىٰ عَنْهُم مَّا كَانُوا۟ يُمَتَّعُونَ ﴿٢٠٧﴾

205 - 207 - ئى پەيغەمبەر! ئېيتىپ باققىنە! ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ ئەجىلىنى كېچىكتۈرۈپ ئۇلارنى دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن يىللارچە بەھرىمەن قىلساق، ئاندىن ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب كەلسە، ئۇلار ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئارقىلىق بەھرىمەن بولغان بۇ نېمەتلەر نېمىگە ئەسقاتىدۇ؟ ئەگەر ئۇلار كاپىرلىقتىن يېنىپ گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلمايدىكەن، ئاللاھنىڭ ئازابى ئۇلارغا يا بالدۇر ياكى كېيىن چوقۇم چۈشىدۇ.

وَمَآ أَهۡلَكۡنَا مِن قَرۡيَةٍ إِلَّا لَهَا مُنذِرُونَ ﴿٢٠٨﴾ ذِكۡرَىٰ وَمَا كُنَّا ظَٰلِمِينَ ﴿٢٠٩﴾

208 ـ 209 ـ قانداقلىكى شەھەر بولسۇن، ئۇنىڭ ئاھالىسىنى كاپىرلىقتىن ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن پەند ـ نەسىھەت قىلىدىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتمەي تۇرۇپ، ئۇنى ھالاك قىلمىدۇق، بىز بىرەر قەۋمگە پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ ئۇلارنى جازالايدىغان زالىملاردىن ئەمەسمىز.

وَمَا تَنَزَّلَتۡ بِهِ ٱلشَّيَٰطِينُ ﴿٢١٠﴾ وَمَا يَنۢبَغِي لَهُمۡ وَمَا يَسۡتَطِيعُونَ ﴿٢١١﴾ إِنَّهُمۡ عَنِ ٱلسَّمۡعِ لَمَعۡزُولُونَ ﴿٢١٢﴾

210 ـ 212 ـ قۇرئاننى ــ كاپىرلار تۆھمەت قىلغاندەك ــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا شەيتانلار ئېلىپ چۈشكىنى يوق. بۇ ئۇلار قىلىدىغان ئىش ئەمەس، زادى بۇنداق قىلىشقا ئۇلارنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار قۇرئاننى ئاسماندىن ئوغرىلىقچە تىڭشاشتىنمۇ مەنئى قىلىنغان، ئۇلارنى كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلار كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ.

فَلَا تَدۡعُ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ فَتَكُونَ مِنَ ٱلۡمُعَذَّبِينَ ﴿٢١٣﴾

213 ـ سەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن بىللە باشقا ھېچبىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلمىغىن. ئەگەر ئۇنداق قىلساڭ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ ئازابقا قالغانلارغا ئوخشاش ئازابقا قالىسەن.

وَأَنذِرۡ عَشِيرَتَكَ ٱلۡأَقۡرَبِينَ ﴿٢١٤﴾

214 ـ ئى پەيغەمبەر! ئاۋۋال قەۋمىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرىڭنى بىزنىڭ ئازابىمىزدىن ئاگاھلاندۇرغىن.

وَٱخۡفِضۡ جَنَاحَكَ لِمَنِ ٱتَّبَعَكَ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٢١٥﴾

215 ـ سېنىڭ دەۋىتىڭگە ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە كەمتەر ۋە مۇلايىم بولغىن.

فَإِنۡ عَصَوۡكَ فَقُلۡ إِنِّي بَرِيٓءٞ مِّمَّا تَعۡمَلُونَ ﴿٢١٦﴾

216 ـ ئەگەر ئۇلار سېنىڭ ئەمرىڭگە خىلاپلىق قىلىپ ساڭا ئەگەشمىسە، ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش قاتارلىق قىلمىشلىرىدىن تامامەن يىراق ئىكەنلىكىڭنى بىلدۈرۈپ قويغىن.

وَتَوَكَّلۡ عَلَى ٱلۡعَزِيزِ ٱلرَّحِيمِ ﴿٢١٧﴾ ٱلَّذِي يَرَىٰكَ حِينَ تَقُومُ ﴿٢١٨﴾ وَتَقَلُّبَكَ فِي ٱلسَّٰجِدِينَ ﴿٢١٩﴾ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ﴿٢٢٠﴾

217 ـ 220 ـ بارلىق ئىشىڭنى ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان، چەكسىز قۇدرەتلىك، ھەقىقىي ئىخلاسمەن بەندىلىرىنى قوغدايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدىغان ئاللاھقا تاپشۇرغىن. ئۇ سېنىڭ كېچىلىرى تەھەججۇد نامىزىغا تۇرغان ۋاقتىڭدىكى ھالىتىڭنى ۋە نامازغا ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ھەرىكىتىڭنى كۆرۈپ تۇرىدىغان، قۇرئان تىلاۋەت قىلغىنىڭنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان، نىيىتىڭنى بىلىپ تۇرىدىغان زاتتۇر.

هَلۡ أُنَبِّئُكُمۡ عَلَىٰ مَن تَنَزَّلُ ٱلشَّيَٰطِينُ ﴿٢٢١﴾ تَنَزَّلُ عَلَىٰ كُلِّ أَفَّاكٍ أَثِيمٖ ﴿٢٢٢﴾ يُلۡقُونَ ٱلسَّمۡعَ وَأَكۡثَرُهُمۡ كَٰذِبُونَ ﴿٢٢٣﴾

221 - 223- ئى ئىنسانلار! مەن سىلەرگە شەيتانلارنىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ شەيتانلار ھەربىر يالغانچى، گۇناھكار، پالچىغا چۈشىدۇ. شەيتانلار يۇقىرى ئۇيۇقتىكى پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشىۋېلىپ، يەر يۈزىدىكى پالچىلارغا ۋە شۇلارغا ئوخشاش پاسىقلارغا يەتكۈزىدۇ، ئۇ كازاپلارنىڭ تولىسى بىرىنىڭ بىرەر كەلىمە سۆزىگە يۈزدىن ئارتۇق يالغان سۆزنى قوشۇپ ئېيتىدۇ.

وَٱلشُّعَرَآءُ يَتَّبِعُهُمُ ٱلْغَاوُۥنَ ﴿٢٢٤﴾ أَلَمْ تَرَ أَنَّهُمْ فِى كُلِّ وَادٍ يَهِيمُونَ ﴿٢٢٥﴾ وَأَنَّهُمْ يَقُولُونَ مَا لَا يَفْعَلُونَ ﴿٢٢٦﴾

224 - 226- شائىرلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى يالغانچىلىق ۋە ساختىلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلارغا ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئازغۇنلار ئەگىشىدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارنىڭ يالغان ئېيتىش، تۆھمەت چاپلاش، كىشىلەرنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈش، ئۇلارنىڭ نەسەبلىرىنى سۆكۈش، پاك ئاياللارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش قاتارلىق يالغاننىڭ تۈرلىرىدىن ھەربىر تۈردە تېگىرقاپ يۈرىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزى قىلمايدىغان ئىشلارنى دەيدىغانلىقىنى، ھەقىقەتچى كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى تۆۋەنلىتىش ۋە ھەقىقەت دۈشمەنلىرىنى مەدھىيەلەشتە ھەددىدىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَذَكَرُوا۟ ٱللَّهَ كَثِيرًا وَٱنتَصَرُوا۟ مِنۢ بَعْدِ مَا ظُلِمُوا۟ۗ وَسَيَعْلَمُ ٱلَّذِينَ ظَلَمُوٓا۟ أَىَّ مُنقَلَبٍ يَنقَلِبُونَ ﴿٢٢٧﴾

227 - ئاللاھ شائىرلارنىڭ ئىچىدىن ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەن، شېئىرلىرىدا ئاللاھنى مەدھىيەلەپ، ئۇنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى يازغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇداپىئە قىلغان، يازغان شېئىرلىرىدا ھېكمەت، ۋەز - نەسىھەت، ئەدەپ - ئەخلاق، ھەققانىيلىق، ئىسلامغا خىزمەت قىلىش، ئىسلامنى سۆككەنلەرنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆككەنلەرنى سۆكۈش قاتارلىقلار ئەكس ئەتكەن شائىرلارنى مۇستەسنا قىلغان، يەنى ئۇلارنى ئالدىنقى ئازغۇن شائىرلار قاتارىدىن سانىمىغان. ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، گۇناھ - مەئسىيەت سادىر قىلىش، باشقىلارنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىش، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىش ۋە قارا چاپلاش قاتارلىق يامانلىقلارنى قىلغانلار ئۇزاققا قالماي، ئۆزلىرىنىڭ قانداق ھالاكەتلىك جايغا قايتىدىغانلىقىنى بىلىپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ بارىدىغان يېرى ھەقىقەتەن يامان جايدۇر. ئاللاھ بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىغاي.

# نەمل سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن.)

طسٓۚ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱلۡقُرۡءَانِ وَكِتَابٖ مُّبِينٍ ١

1 ـ تا، سىين (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى). بۇ ئايەتلەر قۇرئاننىڭ ۋە ئىلىم ـ ھېكمەتلەرنى، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تەپسىلىي ۋە ئېنىق بايان قىلىپ بېرىدىغان ئۇلۇغ كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر.

هُدٗى وَبُشۡرَىٰ لِلۡمُؤۡمِنِينَ ٢ ٱلَّذِينَ يُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤۡتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَهُم بِٱلۡأٓخِرَةِ هُمۡ يُوقِنُونَ ٣

2 ـ 3 ـ بۇ ئايەتلەر ئىمان ئېيتقان ۋە ھىدايەت يولىغا كىرگەن، بەش ۋاخ نامازنى شەرتلىرىنى ئورۇنداپ، پەرزلىرىگە ئەمەل قىلىپ مۇكەممەل ئوقۇيدىغان، زاكاتنى تېگىشلىك كىشىلەرگە تولۇق بېرىدىغان، ئاخىرەت ھاياتىغا ۋە ئاخىرەتتىكى مۇكاپات، جازا، جەننەت، دوزاخ قاتارلىق ھەقىقەتلەرگە چىن ئىشىنىدىغان مۇئمىنلەرنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەت يولىغا باشلايدىغان، ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغان كاتتا مۇكاپات (جەننەت) بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدىغان ئايەتلەردۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡأٓخِرَةِ زَيَّنَّا لَهُمۡ أَعۡمَٰلَهُمۡ فَهُمۡ يَعۡمَهُونَ ٤ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ لَهُمۡ سُوٓءُ ٱلۡعَذَابِ
وَهُمۡ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ هُمُ ٱلۡأَخۡسَرُونَ ٥

4 ـ 5 ـ ئاخىرەت ھاياتىغا ئىشەنمەيدىغان ۋە ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئەمەل قىلمايدىغانلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزلىرىگە چىرايلىق كۆرسەتتۇق، ئۇلارمۇ ئۇنى چىرايلىق سانىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشىدۇ. ئۇلار بۇ دۇنيادا ئۆلتۈرۈلۇش ياكى ئەسىرگە ئېلىنىش، خارلىنىش قاتارلىق قاتتىق ئازابلارغا دۇچار بولىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا ئازابنىڭ ئەڭ يامىنىغا ئۇچرايدۇ ۋە قاتتىق ھەسرەت ـ نادامەتكە قالىدۇ.

وَإِنَّكَ لَتُلَقَّى ٱلۡقُرۡءَانَ مِن لَّدُنۡ حَكِيمٍ عَلِيمٍ ٦

6 ـ ئى پەيغەمبەر! ساڭا بۇ قۇرئان مەخلۇقاتنى يارىتىشتا، بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنىۋاتىدۇ.

إِذۡ قَالَ مُوسَىٰ لِأَهۡلِهِۦٓ إِنِّيٓ ءَانَسۡتُ نَارٗا سَـَٔاتِيكُم مِّنۡهَا بِخَبَرٍ أَوۡ ءَاتِيكُم بِشِهَابٖ قَبَسٖ لَّعَلَّكُمۡ
تَصۡطَلُونَ ٧

7 ـ مۇسانىڭ قىسسىسىنى ئەسلىگىنكى، مۇسا مەديەندىن مىسىرغا قاراپ كېچىلەپ ماڭغان ۋاقتىدا، ئائىلىسىگە: «مەن ھەقىقەتەن بىر ئوتنى كۆردۈم، مەن بېرىپ سىلەرگە ئۇ يەردىن بىزنى يولىمىزغا يېتەكلەيدىغان بىرەر خەۋەر ئۇقۇپ كېلەي، ياكى سىلەرنىڭ

سوغۇقتىن ئىسسىنىشىڭلار ئۈچۈن ئوتتىن بىر چوغ ئېلىپ كېلەي» دېگەن ئىدى.

فَلَمَّا جَآءَهَا نُودِىَ أَنۢ بُورِكَ مَن فِى ٱلنَّارِ وَمَنْ حَوْلَهَا وَسُبْحَٰنَ ٱللَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٨﴾ يَٰمُوسَىٰٓ
إِنَّهُۥٓ أَنَا ٱللَّهُ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٩﴾ وَأَلْقِ عَصَاكَ ۚ فَلَمَّا رَءَاهَا تَهْتَزُّ كَأَنَّهَا جَآنٌّ وَلَّىٰ مُدْبِرًا وَلَمْ
يُعَقِّبْ ۚ يَٰمُوسَىٰ لَا تَخَفْ إِنِّى لَا يَخَافُ لَدَىَّ ٱلْمُرْسَلُونَ ﴿١٠﴾ إِلَّا مَن ظَلَمَ ثُمَّ بَدَّلَ حُسْنًۢا بَعْدَ
سُوٓءٍ فَإِنِّى غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١١﴾ وَأَدْخِلْ يَدَكَ فِى جَيْبِكَ تَخْرُجْ بَيْضَآءَ مِنْ غَيْرِ سُوٓءٍ ۖ فِى تِسْعِ
ءَايَٰتٍ إِلَىٰ فِرْعَوْنَ وَقَوْمِهِۦٓ ۚ إِنَّهُمْ كَانُوا۟ قَوْمًا فَٰسِقِينَ ﴿١٢﴾

8 - 12 - مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئاللاھ ئۇنى چاقىردى ۋە ئۇنىڭغا بۇ جاينىڭ مۇبارەك ۋە مۇقەددەس جاي ئىكەنلىكى، بۇ جاينىڭ ئاللاھنىڭ مۇساغا سۆز قىلىشقا ۋە ئۇنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشكە تاللانغان جاي ئىكەنلىكى، ئوتنىڭ يېنىدىكى كىشىگە ۋە ئوتنىڭ ئەتراپىدىكى پەرىشتىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلىنغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەردى. — جىمى مەۋجۇداتنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ ئۆزىگە لايىق كەلمەيدىغان سۈپەتلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر. — ئاندىن مۇساغا: «ئى مۇسا! شەكسىزكى، مەن ئىبادەت قىلىنىشقا تامامەن ھەقلىق بولغان، دۈشمەنلىرىمنى جازالاشقا قادىر، بەندىلىرىمنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان ئاللاھتۇرمەن. ھاساڭنى تاشلىغىن!» دېدى. مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ئۇ ھاسا تىرىك ئەجدىھاغا ئايلاندى، مۇسا ھاسىسىنىڭ ئەجدىھادەك ناھايىتى تېز ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچتى ۋە قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن كەينىگە قارىيالمىدى. ئاندىن ئاللاھ ئۇنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، «ئى مۇسا! قورقمىغىن. چۈنكى مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا پەيغەمبەرلەر قورقمايدۇ، لېكىن كىمكى گۇناھ قىلىپ ھەددىدىن ئاشقاندىن كېيىن، قىلمىشىغا تەۋبە قىلىپ، يامان ئىشلارنى تاشلاپ، ياخشى ئىش قىلسا، شەكسىزكى، مەن ئۇنىڭغا ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىمەن ۋە ناھايىتى مېھرىبانمەن. (شۇڭا ھېچكىم ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ۋە مەغپىرىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمىسۇن!) ئى مۇسا! قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن، ئۇ مەلۇم بىر ئەيىب ياكى نۇقساندىن ئەمەس (بەلكى مۆجىزە سۈپىتىدە)، ئاپئاق قاردەك بولۇپ چىقىدۇ، بۇ مېنىڭ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە ئېلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن بەرگەن توققۇز مۆجىزەمنىڭ ئىچىدىدۇر. ئۇلار ھەقىقەتەن ئاللاھنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان قەۋمدۇر» دېدى.

فَلَمَّا جَآءَتْهُمْ ءَايَٰتُنَا مُبْصِرَةً قَالُوا۟ هَٰذَا سِحْرٌ مُّبِينٌ ﴿١٣﴾

13 - ئۇلارغا كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم ھەقىقەتنى روشەن كۆرەلەيدىغان مۆجىزىلىرىمىز كۆرسىتىلگەندە، ئۇلار: «بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېدى.

وَجَحَدُوا۟ بِهَا وَٱسْتَيْقَنَتْهَآ أَنفُسُهُمْ ظُلْمًا وَعُلُوًّا ۚ فَٱنظُرْ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلْمُفْسِدِينَ ﴿١٤﴾

14 - ئۇلار مۇسانىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان بۇ روشەن مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار بۇ مۆجىزىلەرنىڭ ئاللاھتىن كەلگەنلىكىگە دىلىدا جەزم قىلغان بولسىمۇ، تەكەببۇرلۇق قىلىپ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىپ، ھەقىقەتنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئاغزىدا بۇ مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلدى. ئى پەيغەمبەر! ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن. ئاللاھ ئۇلارنى دېڭىزدا غەرق قىلدى. بۇنىڭدا ئىبرەت ئالىدىغانلار ئۈچۈن دەرس بار.

وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا دَاوُۥدَ وَسُلَيْمَـٰنَ عِلْمًا ۖ وَقَالَا ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ٱلَّذِى فَضَّلَنَا عَلَىٰ كَثِيرٍ مِّنْ عِبَادِهِ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿١٥﴾

15 ـ ھەقىقەتەن بىز داۋۇدقا ۋە سۇلەيمانغا ئىلىم ئاتا قىلدۇق، ئۇلار بىلگەنلىرىگە ئەمەل
قىلدى. ئۇلار: «بارلىق ھەمدۇسانا بىزنى بۇ نېمەتلەر بىلەن نۇرغۇنلىغان مۆئمىن
بەندىلىرىدىن ئارتۇق قىلغان ئاللاھقا خاستۇر!» دېدى. (بۇ ئايەتتە ئىلىمنىڭ پەزىلىتىگە
ۋە ئىلىم ئەھلىنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى مەرتىۋىسىگە ئىشارەت قىلىنغان).

وَوَرِثَ سُلَيْمَـٰنُ دَاوُۥدَ ۖ وَقَالَ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ عُلِّمْنَا مَنطِقَ ٱلطَّيْرِ وَأُوتِينَا مِن كُلِّ شَىْءٍ ۖ إِنَّ هَـٰذَا لَهُوَ
ٱلْفَضْلُ ٱلْمُبِينُ ﴿١٦﴾

16 ـ سۇلەيمان پەيغەمبەرلىك، پادىشاھلىق ۋە ئىلىم ـ ھېكمەتتە ئاتىسى داۋۇدقا ۋارىسلىق
قىلدى. سۇلەيمان قەۋمىگە خىتاب قىلىپ: «ئى ئىنسانلار! بىزگە قۇشلارنىڭ تىلى
بىلدۈرۈلدى ۋە ئېھتىياجلىق بولغان ھەممە نەرسىدىن بېرىلدى. بىزگە بۇلارنى ئاتا
قىلغان ۋە بىزنى باشقىلاردىن ئالاھىدە ئارتۇق قىلغان زات ئاللاھ تائالادۇر» دېدى.

وَحُشِرَ لِسُلَيْمَـٰنَ جُنُودُهُۥ مِنَ ٱلْجِنِّ وَٱلْإِنسِ وَٱلطَّيْرِ فَهُمْ يُوزَعُونَ ﴿١٧﴾

17 ـ سۇلەيماننىڭ جىنلاردىن، ئىنسانلاردىن ۋە قۇشلاردىن بولغان قوشۇنلىرى سەپەرگە
چىقىش ئۈچۈن توپلاندى. ئۇلارنىڭ سانى شۇنچىلىك كۆپ تۇرسىمۇ تەرتىپسىز ئەمەس
ئىدى، بەلكى ئۇلارنىڭ ھەربىر تۈرى باشتىن ئاخىرغىچە رەتلىك ۋە ئىنتىزاملىق تىزىلىپ
تۇراتتى.

حَتَّىٰٓ إِذَآ أَتَوْا۟ عَلَىٰ وَادِ ٱلنَّمْلِ قَالَتْ نَمْلَةٌ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّمْلُ ٱدْخُلُوا۟ مَسَـٰكِنَكُمْ لَا يَحْطِمَنَّكُمْ سُلَيْمَـٰنُ
وَجُنُودُهُۥ وَهُمْ لَا يَشْعُرُونَ ﴿١٨﴾ فَتَبَسَّمَ ضَاحِكًا مِّن قَوْلِهَا وَقَالَ رَبِّ أَوْزِعْنِىٓ أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ ٱلَّتِىٓ
أَنْعَمْتَ عَلَىَّ وَعَلَىٰ وَٰلِدَىَّ وَأَنْ أَعْمَلَ صَـٰلِحًا تَرْضَىٰهُ وَأَدْخِلْنِى بِرَحْمَتِكَ فِى عِبَادِكَ ٱلصَّـٰلِحِينَ ﴿١٩﴾

18 ـ 19 ـ ئۇلار چۈمۈلىلەرنىڭ ۋادىسىغا يېتىپ كەلگەندە، بىر چۈمۈلە ئېيتتى: «ئى چۈمۈلىلەر!
دەرھال ئۇۋۇلىرىڭلارغا كىرىپ كېتىڭلار، سۇلەيمان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ئۇقماستىن سىلەرنى
يانچىۋېتىپ ھالاك قىلىۋەتمىسۇن». سۇلەيمان بۇ چۈمۈلىنىڭ ئەھۋالنى بايقىغانلىقىدىن ۋە
باشقا چۈمۈلىلەرنى ئاگاھلاندۇرغان سۆزىدىن تەبەسسۇم قىلىپ كۈلدى ۋە ئاللاھنىڭ بۇ
نېمىتىنى ھېس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھقا مۇناجات قىلىپ: «ئى رەببىم! سەن
مېنى ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشقا، سەن رازى بولىدىغان
ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، مېنى رەھمىتىڭ بىلەن سەن ئەمەللىرىدىن
رازى بولغان ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىدا جەننەتكە كىرگۈزگىن» دەپ دۇئا قىلدى.

وَتَفَقَّدَ ٱلطَّيْرَ فَقَالَ مَا لِىَ لَآ أَرَى ٱلْهُدْهُدَ أَمْ كَانَ مِنَ ٱلْغَآئِبِينَ ﴿٢٠﴾ لَأُعَذِّبَنَّهُۥ عَذَابًا شَدِيدًا أَوْ
لَأَا۟ذْبَحَنَّهُۥٓ أَوْ لَيَأْتِيَنِّى بِسُلْطَـٰنٍ مُّبِينٍ ﴿٢١﴾

20 ـ 21 سۇلەيمان ئاللاھ ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن بۇ قۇشلارنىڭ ئەھۋالىنى ۋە قۇشلاردىن
يوقاپ كەتكەنلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ھۆپۈپنى تاپالمىدى، چۈنكى
ھۆپۈپ ئۇنىڭ يېنىدا ئالاھىدە قۇش ئىدى. شۇڭا ئۇ : «ماڭا نېمە بولدى؟ ھۆپۈپنى
كۆرمەيۋاتىمەنغۇ! ئۇنى كۆرمەي قالدىممۇ ياكى ئۇ يوقاپ كەتكەنلەر دىنمۇ؟» دېدى.
سۇلەيمان ھۆپۈپنىڭ راستتىنلا يوقاپ كەتكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن: «مەن ئۇنى
يوقاپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك چوقۇم قاتتىق جازالايمەن، يا ئۇنى چوقۇم بوغۇزلىۋېتىمەن
ياكى ئۇ چوقۇم ئۆزرىسىنى كۆرسىتىدىغان بىرەر روشەن دەلىل كەلتۈرىدۇ» دېدى.

فَمَكَثَ غَيْرَ بَعِيدٍ فَقَالَ أَحَطتُ بِمَا لَمْ تُحِطْ بِهِۦ وَجِئْتُكَ مِن سَبَإٍۭ بِنَبَإٍ يَقِينٍ ﴿٢٢﴾

22 ـ ھۆپۈپ كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا قايتىپ كېلىۋىدى، سۇلەيمان ئۇنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكى
ئۈچۈن ئۇنىڭغا كايىدى. ھۆپۈپ سۇلەيمانغا ئېيتتى: «مەن سەن تولۇق بىلمىگەن بىر
ئىشنى بىلىپ كەلدىم، ساڭا يەمەندىكى سەبەئ قەبىلىسى توغرىسىدا ئىشەنچلىك ۋە
تولىمۇ خەتەرلىك بىر خەۋەر ئېلىپ كەلدىم.

إِنِّي وَجَدتُّ ٱمْرَأَةً تَمْلِكُهُمْ وَأُوتِيَتْ مِن كُلِّ شَيْءٍ وَلَهَا عَرْشٌ عَظِيمٌ ﴿٢٣﴾

23 ـ مەن ھەقىقەتەن سەبەئ قەبىلىسىگە پادىشاھلىق قىلىۋاتقان بىر ئايالنى ئۇچراتتىم.
ئۇنىڭغا دۇنيالىقتىن ھەممە نەرسە بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ھەشەمەتلىك، چوڭ
بىر تەختكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئولتۇرۇپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىدىكەن.

وَجَدتُّهَا وَقَوْمَهَا يَسْجُدُونَ لِلشَّمْسِ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَزَيَّنَ لَهُمُ ٱلشَّيْطَٰنُ أَعْمَٰلَهُمْ فَصَدَّهُمْ عَنِ ٱلسَّبِيلِ فَهُمْ لَا يَهْتَدُونَ ﴿٢٤﴾

24 ـ ئۇنىڭ ۋە قەۋمىنىڭ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈپ، قۇياشقا چوقۇنۇۋاتقانلىقىنى
كۆردۈم. شەيتان ئۇلارنىڭ ئاشۇ يامان قىلمىشلىرىنى ئۆزلىرىگە چىرايلىق كۆرسىتىپ،
ئۇلارنى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ۋە ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت توغرا يولدىن
توسۇپتۇ. شۇڭا، ئۇلار ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشقا ۋە ئىبادەتلەرنى ئۇنىڭ
ئۆزىگە قىلىشقا يول تاپالماپتۇ.

أَلَّا يَسْجُدُوا۟ لِلَّهِ ٱلَّذِى يُخْرِجُ ٱلْخَبْءَ فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَيَعْلَمُ مَا تُخْفُونَ وَمَا تُعْلِنُونَ ﴿٢٥﴾ ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ رَبُّ ٱلْعَرْشِ ٱلْعَظِيمِ ۩ ﴿٢٦﴾

25 ـ 26 ـ شەيتان ئۇلارنى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى يامغۇر، ئۆسۈملۈك قاتارلىق
يوشۇرۇنغان نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغۇچى، سىلەرنىڭ يوشۇرغان ۋە ئاشكارا قىلغان
بارلىق ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھقا سەجدە قىلمىسۇن دەپ، ئۇلارغا يامان
ئەمەللىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ شۇنداق ئازدۇرۇپ كېتىپتۇ. ئاللاھتىن باشقا تائەت-
ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ئىبادەت قىلىنىشقا تولىمۇ
لايىقتۇر، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر».

۞ قَالَ سَنَنظُرُ أَصَدَقْتَ أَمْ كُنتَ مِنَ ٱلْكَٰذِبِينَ ﴿٢٧﴾ ٱذْهَب بِّكِتَٰبِى هَٰذَا فَأَلْقِهْ إِلَيْهِمْ ثُمَّ تَوَلَّ عَنْهُمْ فَٱنظُرْ مَاذَا يَرْجِعُونَ ﴿٢٨﴾

27 ـ 28 ـ سۇلەيمان ھۆپۈپكە ئېيتتى: «سەن راست دەۋاتامسەن، يا يالغانمۇ؟ سەن ئېلىپ
كەلگەن بۇ خەۋەرگە قارايمىز. سەن بۇ خېتىمنى سەبەئ ئاھالىسىگە ئېلىپ بېرىپ
ئۇلارغا تاپشۇرغىن، ئاندىن ئۇلاردىن نېرىراق بىر جايدا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارىسىدا
نېمە دېيىشىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئويلانغىن».

قَالَتْ يَٰٓأَيُّهَا ٱلْمَلَؤُا۟ إِنِّىٓ أُلْقِىَ إِلَىَّ كِتَٰبٌ كَرِيمٌ ﴿٢٩﴾ إِنَّهُۥ مِن سُلَيْمَٰنَ وَإِنَّهُۥ بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴿٣٠﴾ أَلَّا تَعْلُوا۟ عَلَىَّ وَأْتُونِى مُسْلِمِينَ ﴿٣١﴾

29 ـ 31 ـ ھۆپۈپ بېرىپ سۇلەيماننىڭ خېتىنى سەبەئ مەلىكىسىگە تاپشۇرۇپ بەردى، مەلىكە
خەتنى ئوقۇدى، ئاندىن قەۋمىنىڭ ئىچىدىكى كاتتىباشلارنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇلارغا

ئېيتتى: «ئى كاتتىلار! ماڭا شان - شەۋكەتلىك كاتتا بىر كىشىدىن بىر پارچە
قىممەتلىك خەت كەلدى. ئۇ خەتتە ‹بۇ سۇلەيماندىن، ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ
مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. سىلەر مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلىشتا
ھاكاۋۇرلۇق قىلماڭلار، چوڭچىلىق قىلماڭلار، ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتقان
ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنغان ھالدا مېنىڭ ئالدىمغا كېلىڭلار› دەپ يېزىلىپتۇ».

قَالَتۡ يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡمَلَؤُاْ أَفۡتُونِي فِيٓ أَمۡرِي مَا كُنتُ قَاطِعَةً أَمۡرًا حَتَّىٰ تَشۡهَدُونِ ﴿٣٢﴾

32 - مەلىكە يەنە ئېيتتى: «ئى كاتتىلار! بۇ ئىش توغرىسىدا ماڭا مەسلىھەت بېرىڭلار، مەن
سىلەرنى قاتناشتۇرماي تۇرۇپ ھېچبىر ئىشنى بىر تەرەپ قىلمايمەن».

قَالُواْ نَحۡنُ أُوْلُواْ قُوَّةٖ وَأُوْلُواْ بَأۡسٖ شَدِيدٖ وَٱلۡأَمۡرُ إِلَيۡكِ فَٱنظُرِي مَاذَا تَأۡمُرِينَ ﴿٣٣﴾

33 - ئۇلار مەلىكىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ: «بىز سان ۋە كۈچ - قۇۋۋەت جەھەتتە
كۈچلۈك ۋە جەڭدە جەڭگىۋار ئادەملەرمىز. بۇ ئىشنى قانداق قىلىش يەنىلا سېنىڭ
ئىختىيارىڭدىدۇر، سېنىڭ قارارىڭ بويىچە ئىش كۆرىمىز، سەن بىزنى نېمىگە
بۇيرۇيدىغانلىقىڭنى ئۆزۈڭ ئويلاپ كۆرگىن، بىز ساڭا ئىتائەت قىلىمىز» دېيىشتى.

قَالَتۡ إِنَّ ٱلۡمُلُوكَ إِذَا دَخَلُواْ قَرۡيَةً أَفۡسَدُوهَا وَجَعَلُوٓاْ أَعِزَّةَ أَهۡلِهَآ أَذِلَّةٗۚ وَكَذَٰلِكَ يَفۡعَلُونَ ﴿٣٤﴾ وَإِنِّي
مُرۡسِلَةٌ إِلَيۡهِم بِهَدِيَّةٖ فَنَاظِرَةُۢ بِمَ يَرۡجِعُ ٱلۡمُرۡسَلُونَ ﴿٣٥﴾

34 - 35 - مەلىكە ئۇلارنى سۇلەيمانغا قارىتا دۈشمەنلىك مەۋقەسىدە بولۇشنىڭ يامان
ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ: «پادىشاھلار بىرەر شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرسە، ئۇنى
خاراب قىلىدۇ، شەھەرنىڭ مۆتىۋەر ئادەملىرىنى خار قىلىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ، ئەسىرگە
ئالىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ خەلقنى بويسۇندۇرۇشتىكى ئادىتىدۇر. شۇڭا مەن سۇلەيمان بىلەن
ئۇنىڭ قەۋمىگە قىممەت باھالىق سوۋغات ئەۋەتىمەن، ئاندىن ئەلچىلەرنىڭ نېمە خەۋەر
ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كۈتىمەن» دېدى.

فَلَمَّا جَآءَ سُلَيۡمَٰنَ قَالَ أَتُمِدُّونَنِ بِمَالٖ فَمَآ ءَاتَىٰنِۦَ ٱللَّهُ خَيۡرٞ مِّمَّآ ءَاتَىٰكُمۚ بَلۡ أَنتُم بِهَدِيَّتِكُمۡ
تَفۡرَحُونَ ﴿٣٦﴾

36 - مەلىكىنىڭ ئەلچىسى سوۋغاتلىرىنى ئېلىپ سۇلەيماننىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە،
سۇلەيمان بۇ ئىشقا كايىپ، ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى بايان قىلىپ
دېدىكى، «سىلەر مېنى قايىل قىلىش ئۈچۈن ماڭا پۇل - مال بىلەن ياردەم قىلماقچىمۇ؟
ئاللاھنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان پەيغەمبەرلىك، پادىشاھلىق، بايلىق قاتارلىق نېمەتلىرى
سىلەرنىڭ بېرىدىغانلىرىڭلاردىن ئەلۋەتتە ئەۋزەل ۋە ياخشىدۇر. بەلكى سىلەر سوۋغاتلار
بىلەن خۇشال بولىدىغان ئادەملەر، چۈنكى سىلەر مال - دۇنيا بىلەن پەخىرلىنىدىغان
ۋە ئۇنى كۆپەيتىشكىلا تىرىشىدىغان قەۋمسىلەر.

ٱرۡجِعۡ إِلَيۡهِمۡ فَلَنَأۡتِيَنَّهُم بِجُنُودٖ لَّا قِبَلَ لَهُم بِهَا وَلَنُخۡرِجَنَّهُم مِّنۡهَآ أَذِلَّةٗ وَهُمۡ صَٰغِرُونَ ﴿٣٧﴾

37 - ئى ئەلچى! سەن سوۋغىتىڭنى ئېلىپ قايتىپ كەتكىن. ئەگەر ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرىگە
بويسۇنۇپ مەخلۇقاتقا چوقۇنۇشنى تەرك ئەتمىسە، بىز چوقۇم ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۇلار
تاقابىل تۇرالمايدىغان دەرىجىدە كۈچلۈك بىر قوشۇن بىلەن بارىمىز ۋە ئۇلارنى يۇرتىدىن
خار ۋە كەمسىتىلگەن ھالدا چوقۇم چىقىرىۋېتىمىز».

قَالَ يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡمَلَؤُاْ أَيُّكُمۡ يَأۡتِينِي بِعَرۡشِهَا قَبۡلَ أَن يَأۡتُونِي مُسۡلِمِينَ ﴿٣٨﴾

38 - ئاندىن سۇلەيمان ئاللاھ ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئىنسان ۋە جىنلارغا نۇتۇق سۆزلەپ: «ئى كاتتىلار! ئۇلار مېنىڭ ئالدىمغا مۇسۇلمان بولۇپ كېلىشتىن بۇرۇن، قايسىڭلار ئۇلارنىڭ مەلىكىسىنىڭ ھەشەمەتلىك تەختىنى ماڭا ئېلىپ كېلەلەيسىلەر؟» دېدى.

قَالَ عِفۡرِيتٞ مِّنَ ٱلۡجِنِّ أَنَا۠ ءَاتِيكَ بِهِۦ قَبۡلَ أَن تَقُومَ مِن مَّقَامِكَۖ وَإِنِّي عَلَيۡهِ لَقَوِيٌّ أَمِينٞ ﴿٣٩﴾

39 - جىنلارنىڭ ئارىسىدىن ئەڭ كۈچلۈك بىرى ئېيتتى: «مەن ئۇنى سەن مۇشۇ ئورنۇڭدىن تۇرۇپ بولغۇچە ساڭا ئېلىپ كېلىپ بولىمەن. چۈنكى مەن ئۇنى ئېلىپ كېلىشكە ئەلۋەتتە قادىرمەن، ئىشەنچلىكمەن، ئۇنى مەن چوقۇم ئۆز پېتى ئېلىپ كېلەلەيمەن».

قَالَ ٱلَّذِي عِندَهُۥ عِلۡمٞ مِّنَ ٱلۡكِتَٰبِ أَنَا۠ ءَاتِيكَ بِهِۦ قَبۡلَ أَن يَرۡتَدَّ إِلَيۡكَ طَرۡفُكَۚ فَلَمَّا رَءَاهُ مُسۡتَقِرًّا عِندَهُۥ قَالَ هَٰذَا مِن فَضۡلِ رَبِّي لِيَبۡلُوَنِيٓ ءَأَشۡكُرُ أَمۡ أَكۡفُرُۖ وَمَن شَكَرَ فَإِنَّمَا يَشۡكُرُ لِنَفۡسِهِۦۖ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ رَبِّي غَنِيّٞ كَرِيمٞ ﴿٤٠﴾

40 - ساماۋى كىتابتىن مەلۇماتى بار بىرسى: «مەن ئۇنىڭ تەختىنى سەن كۆزۈڭنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ساڭا ئېلىپ كېلىپ بولىمەن» دېدى. سۇلەيمان ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىۋىدى، ئاللاھقا دۇئا قىلدى ۋە مەلىكىنىڭ تەختىنى ئەكىلىپ بولدى. سۇلەيمان ئۇ تەختنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە: «بۇ مېنى ۋە بارلىق كائىناتنى ياراتقان رەببىمنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلامدىمەن ياكى شۈكۈر قىلماي تۇزكورلۇق قىلامدىمەن، بۇنى سىناش ئۈچۈن ماڭا قىلغان پەزل - كەرەمدۇر. كىمكى ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىدىكەن، بۇ شۈكۈرنىڭ پايدىسى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بولىدۇ، كىمكى شۈكۈرنى تەرك ئېتىپ نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىدىكەن، بىلىپ قالسۇنكى، رەببىم ئۇنىڭ شۈكۈر قىلىشىغا موھتاج ئەمەس، رەببىمنىڭ ئاتا - ئېھسانى كەڭ بولۇپ، بۇ دۇنيادا شۈكۈر قىلغانغىمۇ، تۇزكورلۇق قىلغانغىمۇ بېرىلىدۇ، ئاندىن رەببىم ئاخىرەتتە ئۇلاردىن ھېساب ئېلىپ، شۈكۈر قىلغانلارغا مۇكاپات، تۇزكورلۇق قىلغانلارغا جازا بېرىدۇ» دېدى.

قَالَ نَكِّرُواْ لَهَا عَرۡشَهَا نَنظُرۡ أَتَهۡتَدِيٓ أَمۡ تَكُونُ مِنَ ٱلَّذِينَ لَا يَهۡتَدُونَ ﴿٤١﴾

41 - سۇلەيمان يېنىدىكىلەرگە ئېيتتى: «ئۇنىڭ تەختىنى ئۇ بىلمەيدىغان رەۋىشتە ئۆزگەرتىۋېتىڭلار، ئۇنى تونۇيالامدۇ ياكى تونۇيالمايدىغانلاردىن بولامدۇ؟ قاراپ باقايلى».

فَلَمَّا جَآءَتۡ قِيلَ أَهَٰكَذَا عَرۡشُكِۖ قَالَتۡ كَأَنَّهُۥ هُوَۚ وَأُوتِينَا ٱلۡعِلۡمَ مِن قَبۡلِهَا وَكُنَّا مُسۡلِمِينَ ﴿٤٢﴾

42 - مەلىكە سۇلەيماننىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا: «سېنىڭ تەختىڭ مۇشۇنداقمىدى؟» دېيىلدى. ئۇ: «شۇدەك تۇرىدۇ» دېدى. سۇلەيمانغا مەلىكەنىڭ توغرا جاۋاب بەرگەنلىكى ۋە مەلىكەنىڭ ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى، سۇلەيماننىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئايان بولدى - دە، «بىزگە بۇنىڭدىن بۇرۇنلا ئاللاھ توغرۇلۇق ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتى توغرۇلۇق ئىلىم بېرىلگەن، بىز ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنغۇچىلاردىن ۋە ئىسلام دىنىغا ئەگەشكۈچىلەردىن ئىدۇق» دېدى.

وَصَدَّهَا مَا كَانَت تَّعۡبُدُ مِن دُونِ ٱللَّهِۖ إِنَّهَا كَانَتۡ مِن قَوۡمٖ كَٰفِرِينَ ﴿٤٣﴾

43 - مەلىكەنىڭ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈپ چوقۇنغان نەرسىلىرى ئۇنى ھەق دىندىن توسۇپ قويغان ئىدى. چۈنكى، ئۇ كاپىر قەۋمنىڭ ئىچىدە ياشاپ كەلگەن

كاپىر ئايال ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاشۇ باتىل ئەقىدىسىنى داۋاملاشتۇرغان، گەرچە ئۇ ئەقىللىق ۋە پاراسەتلىك ئايال بولسىمۇ، بۇزۇق ئەقىدە ئۇنىڭ قەلب كۆزىنى كور قىلىپ قويغان ئىدى.

قِيلَ لَهَا ٱدْخُلِى ٱلصَّرْحَ ۖ فَلَمَّا رَأَتْهُ حَسِبَتْهُ لُجَّةً وَكَشَفَتْ عَن سَاقَيْهَا ۚ قَالَ إِنَّهُۥ صَرْحٌ مُّمَرَّدٌ مِّن قَوَارِيرَ ۗ قَالَتْ رَبِّ إِنِّى ظَلَمْتُ نَفْسِى وَأَسْلَمْتُ مَعَ سُلَيْمَٰنَ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٤٤﴾

44 ـ ئۇنىڭغا: «قەسىرگە كىرىڭ!» دېيىلدى، قەسىرنىڭ تېگى ئەينەكتىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدا سۇ بار ئىدى. ئۇ قەسىرنىڭ تېگىنى كۆرگەندە ئۇنى دولقۇنلاپ تۇرغان سۇ دەپ ئويلاپ، سۇغا كىرىش ئۈچۈن ئېتىكىنى كۆتۈرۈپ ئىككى پاچىقىنى ئاچتى. بۇنى كۆرگەن سۇلەيمان ئۇنىڭغا: «بۇ قەسىرنىڭ تېگى ئەينەكتىن ياسالغان، سۇ ئەينەكنىڭ ئاستىدا» دېدى. مەلىكە سۇلەيماننىڭ پادىشاھلىقىنىڭ كاتتىلىقىنى بىلدى ۋە مۇنداق دېدى: «ئى رەببىم! مەن ساڭا شېرىك كەلتۈرۈپ ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم زۇلۇم قىلغان ئىكەنمەن، ئەمدى، مەن سۇلەيماننىڭ دىنىغا كىرىپ، ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان سەن ئاللاھقا بويسۇندۇم».

وَلَقَدْ أَرْسَلْنَآ إِلَىٰ ثَمُودَ أَخَاهُمْ صَٰلِحًا أَنِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ فَإِذَا هُمْ فَرِيقَانِ يَخْتَصِمُونَ ﴿٤٥﴾

45 ـ شەكسىزكى، بىز سەمۇد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنىڭ «ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىمان ئېيتىڭلار، ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ نەسىھەت قىلىشى ئۈچۈن، ئۇنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدۇق. سالىھ ئۇلارنى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىۋىدى، ئۇنىڭ قەۋمى بىرى مۇئمىن، يەنە بىرى كاپىر ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ جېدەللىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىنى ھەقلىق دەپ قارايتتى.

قَالَ يَٰقَوْمِ لِمَ تَسْتَعْجِلُونَ بِٱلسَّيِّئَةِ قَبْلَ ٱلْحَسَنَةِ ۖ لَوْلَا تَسْتَغْفِرُونَ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ ﴿٤٦﴾

46 ـ سالىھ كاپىر بولغان گۇرۇھقا ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! سىلەر نېمىشقا ئۆزۈڭلارغا ئازاب ئېلىپ كېلىدىغان كۇفرىلىق، گۇناھ ـ مەئسىيەت دېگەندەك يامان ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىراپ، سىلەرگە ساۋاب ۋە مۇكاپات ئېلىپ كېلىدىغان ئىمان ئېيتىش، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش دېگەندەك ئىشلارنى كېچىكتۈرىسىلەر؟ سىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ۋە مەغپىرىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن نېمىشقا گۇناھىڭلارغا تەۋبە قىلىپ، ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلمايسىلەر؟»

قَالُوا۟ ٱطَّيَّرْنَا بِكَ وَبِمَن مَّعَكَ ۚ قَالَ طَٰٓئِرُكُمْ عِندَ ٱللَّهِ ۖ بَلْ أَنتُمْ قَوْمٌ تُفْتَنُونَ ﴿٤٧﴾

47 ـ سالىھنىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا ئېيتتى: «بېشىمىزغا كەلگەنلەر سېنىڭ ۋە سېنىڭ دىنىڭغا كىرىپ، سەن بىلەن بىللە بولغانلارنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى». سالىھ ئۇلارغا ئېيتتى: «ئاللاھ سىلەرگە ياخشىلىقتىن ياكى يامانلىقتىن نېمىنى تەقدىر قىلغان بولسا، سىلەرگە شۇ كېلىدۇ، بەلكى سىلەر باياشاتلىق، قىيىنچىلىق، ياخشىلىق ۋە يامانلىق بىلەن سىنىلىۋاتقان بىر قەۋمسىلەر».

وَكَانَ فِى ٱلْمَدِينَةِ تِسْعَةُ رَهْطٍ يُفْسِدُونَ فِى ٱلْأَرْضِ وَلَا يُصْلِحُونَ ﴿٤٨﴾

48 ـ سالىھنىڭ شەھرىدە ـــ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان ھىجر دېگەن جايدا ـــ يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، قىلچە ياخشى ئىش قىلمايدىغان توققۇز ئادەم بار ئىدى.

قَالُواْ تَقَاسَمُواْ بِٱللَّهِ لَنُبَيِّتَنَّهُۥ وَأَهْلَهُۥ ثُمَّ لَنَقُولَنَّ لِوَلِيِّهِۦ مَا شَهِدْنَا مَهْلِكَ أَهْلِهِۦ وَإِنَّا
لَصَٰدِقُونَ ﴿٤٩﴾

49 - ئاشۇ توققۇز ئادەم بىر - بىرىگە: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىشايلى، بىر كېچىدە تۇيۇقسىز كېلىپ سالىھنى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنى چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، ئاندىن ئۇنىڭ ئىگە - چاقىسىغا: ‹ئۇ ئۆلتۈرۈلگەن چاغدا بىز ئۇ جايدا يوق ئىدۇق، بىز بۇ سۆزىمىزدە ھەقىقەتەن راستچىلمىز› دەيلى» دېيىشتى.

وَمَكَرُواْ مَكْرًا وَمَكَرْنَا مَكْرًا وَهُمْ لَا يَشْعُرُونَ ﴿٥٠﴾

50 - ئۇلار سالىھ بىلەن ئۇنىڭ تەۋەلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن شۇنداق بىر سۇيىقەستنى پىلانلىشىدى، بىز پەيغەمبىرىمىز سالىھ ئەلەيھىسسالامغا ياردەم قىلدۇق، ئۇلارنى تۇيۇقسىز جازالىدۇق، بىزنىڭ ئۇلار پىلانلىغان سۇيىقەستنى بىتچىت قىلىۋېتىشىمىزنى ئۇلار ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى.

فَٱنظُرْ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ مَكْرِهِمْ أَنَّا دَمَّرْنَٰهُمْ وَقَوْمَهُمْ أَجْمَعِينَ ﴿٥١﴾

51 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ بۇزغۇنچىلار ئۆز پەيغەمبىرى سالىھنى يوق قىلىش ئۈچۈن پىلانلىغان سۇيىقەستنىڭ ئاقىۋىتىگە ئىبرەت نەزىرى بىلەن قارىغىن. بىز ئۇ بۇزغۇنچىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ قەۋمىنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋەتتۇق.



فَتِلْكَ بُيُوتُهُمْ خَاوِيَةًۢ بِمَا ظَلَمُوٓاْ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَةً لِّقَوْمٍ يَعْلَمُونَ ﴿٥٢﴾

52 - مانا ئۇلارنىڭ ئادەمسىز قالغان ئۆي - جايلىرى! ئۇلار ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا سۇيىقەست پىلانلاش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى ھالاك قىلىۋەتتى. شەكسىزكى، بۇ ھالاكەتتە زالىملارنى قانداق جازالىغانلىقىمىزنى بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئەلۋەتتە ئىبرەت بار. پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلارنى جازالاش بىزنىڭ قانۇنىيىتىمىزدۇر.

وَأَنجَيْنَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَكَانُواْ يَتَّقُونَ ﴿٥٣﴾

53 - سەمۇد قەۋمىگە كەلگەن ھالاكەتتىن سالىھنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۇئمىنلەرنى قۇتقۇزدۇق، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقىدىغان كىشىلەر ئىدى.

وَلُوطًا إِذْ قَالَ لِقَوْمِهِۦٓ أَتَأْتُونَ ٱلْفَٰحِشَةَ وَأَنتُمْ تُبْصِرُونَ ﴿٥٤﴾ أَئِنَّكُمْ لَتَأْتُونَ ٱلرِّجَالَ شَهْوَةً مِّن
دُونِ ٱلنِّسَآءِۚ بَلْ أَنتُمْ قَوْمٌ تَجْهَلُونَ ﴿٥٥﴾

54 - 55 - لۇتنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا ئۆز قەۋمىگە: «سىلەر بىلىپ تۇرۇپ ئاشۇنداق ئىنتايىن قەبىھ ئىشلارنى قىلامسىلەر؟ ئاياللارنى قويۇپ، جىنسىي تەلپۈنلارنى ئەرلەر بىلەن قاندۇرامسىلەر؟ راستىنلا سىلەر ئاللاھنىڭ ئۇستۇڭلاردىكى ھەققىنى بىلمەيدىغان نادان قەۋم ئىكەنسىلەر، شۇڭا سىلەر ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلدىڭلار، دۇنيادا سىلەردىن ئىلگىرى ھېچكىم قىلىپ باقمىغان قەبىھ ئىشنى قىلىپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلدىڭلار» دېگەن ئىدى.

۞ فَمَا كَانَ جَوَابَ قَوْمِهِۦٓ إِلَّآ أَن قَالُوٓاْ أَخْرِجُوٓاْ ءَالَ لُوطٍ مِّن قَرْيَتِكُمْۖ إِنَّهُمْ أُنَاسٌ يَتَطَهَّرُونَ ﴿٥٦﴾

56 - لۇتنىڭ قەۋمىنىڭ بىردىنبىر جاۋابى بىر - بىرىگە: «لۇتنىڭ تەۋەلىرىنى يۇرتۇڭلاردىن

ھەيدەپ چىقىرىڭلار، چۈنكى ئۇلار ئەرلەرگە جىنسىي يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئۆزىنى پاك تۇتىدىغان ئىنسانلاردۇر» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇلار بۇ سۆزنى مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىپ ئېيتقان ئىدى.

فَأَنجَيْنَٰهُ وَأَهْلَهُۥٓ إِلَّا ٱمْرَأَتَهُۥ قَدَّرْنَٰهَا مِنَ ٱلْغَٰبِرِينَ ﴿٥٧﴾

57 - بىز لۇتنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى قەۋمىگە چۈشىدىغان ھالاكەتتىن قۇتقۇزدۇق، پەقەتلا ئۇنىڭ ئايالىنى ھالاك بولغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە ھالاك بولىدۇ دەپ بەلگىلىدۇق. چۈنكى ئۇ ئايال قەۋمىنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىغا ياردەم قىلاتتى ۋە ئۇلارنى قوللايتتى.

وَأَمْطَرْنَا عَلَيْهِم مَّطَرًا ۖ فَسَآءَ مَطَرُ ٱلْمُنذَرِينَ ﴿٥٨﴾

58 - بىز ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئاسماندىن ساپال تاشلارنى ياغدۇردۇق. ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارنىڭ ئۈستىگە ياغدۇرۇلغان ساپال تاشلار نېمىدېگەن يامان!

قُلِ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ وَسَلَٰمٌ عَلَىٰ عِبَادِهِ ٱلَّذِينَ ٱصْطَفَىٰٓ ۗ ءَآللَّهُ خَيْرٌ أَمَّا يُشْرِكُونَ ﴿٥٩﴾

59 - ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، «بارلىق ھەمدۇسانا ۋە شۈكۈر ئاللاھقا بولسۇن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىككە تاللىغان بەندىلىرىگە ئاللاھتىن ئامانلىق بولسۇن!» ئاندىن سەن قەۋمىڭ ئىچىدىكى مۇشرىكلاردىن سورىغىنكى، «كىشىلەرگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولغان ئاللاھ ياخشىمۇ؟ ياكى سىلەر ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان، ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا قىلچە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرمۇ؟».

أَمَّنْ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَأَنزَلَ لَكُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَنۢبَتْنَا بِهِۦ حَدَآئِقَ ذَاتَ بَهْجَةٍ مَّا كَانَ لَكُمْ أَن تُنۢبِتُوا۟ شَجَرَهَآ ۗ أَءِلَٰهٌ مَّعَ ٱللَّهِ ۚ بَلْ هُمْ قَوْمٌ يَعْدِلُونَ ﴿٦٠﴾

60 - ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان، سىلەرگە ئاسماندىن كىم يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ؟ ئاشۇ يامغۇر بىلەن گۈزەل باغلارنى كىم يېتىشتۈرۈپ بەردى؟ ئەگەر ئاللاھ ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرمىگەن بولسا، سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن بىر تال دەرەخنى ئۆستۈرۈشمۇ كەلمەيتتى. ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ھەقتۇر، ئاللاھتىن باشقىسىغا چوقۇنۇش ئازغۇنلۇقتۇر. مۇشۇ ئىشلارنى قىلىشتا ئاللاھ بىلەن بىللە بىرەر ئىلاھ بارمۇ؟ شۇڭا سىلەر ئاللاھقا ئۇنى قوشۇپ ئىبادەت قىلامسىلەر؟» ھەقىقەت شۇكى، ئاشۇ مۇشرىكلار ھەقىقەتنىڭ ۋە ئىماننىڭ يولىدىن ئېزىپ كەتكەن ئازغۇنلاردۇر. شۇڭا ئۇلار ئىبادەتلەردە مەخلۇقاتنى ئاللاھقا تەڭ قىلىۋالىدۇ.

أَمَّن جَعَلَ ٱلْأَرْضَ قَرَارًا وَجَعَلَ خِلَٰلَهَآ أَنْهَٰرًا وَجَعَلَ لَهَا رَوَٰسِىَ وَجَعَلَ بَيْنَ ٱلْبَحْرَيْنِ حَاجِزًا ۗ أَءِلَٰهٌ مَّعَ ٱللَّهِ ۚ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٦١﴾

61 - «ئاشۇ بۇتلارغا چوقۇنۇش ياخشىمۇ ياكى زېمىننى تۇرالغۇ قىلغان، ئۇنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە دەريالارنى ئاققۇزغان، ئۇنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم تاغلارنى قىلغان، بىرىنىڭ سۈيى تاتلىق، يەنە بىرىنىڭ سۈيى تۇزلۇق ئىككى دېڭىزنىڭ بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توسۇق پەيدا قىلغان زاتقا ئىبادەت قىلىشمۇ؟ بۇ ئىشلارنى قىلىشتا ئاللاھ بىلەن بىللە بىرەر ئىلاھ بارمۇ؟ شۇڭا سىلەر ئاللاھقا ئۇنى قوشۇپ ئىبادەت قىلامسىلەر؟» ھەقىقەت شۇكى، ئاشۇ مۇشرىكلارنىڭ تولىسى ئاللاھنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ئەگىشىپ مەخلۇقاتنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالىدۇ.

أَمَّن يُجِيبُ ٱلْمُضْطَرَّ إِذَا دَعَاهُ وَيَكْشِفُ ٱلسُّوٓءَ وَيَجْعَلُكُمْ خُلَفَآءَ ٱلْأَرْضِ ۗ أَءِلَٰهٌ مَّعَ ٱللَّهِ ۚ قَلِيلًا مَّا تَذَكَّرُونَ ﴿٦٢﴾

62 ـ «سىلەر رەببىڭلارغا شېرىك قىلىۋالغان بۇتلارغا چوقۇنۇش ياخشىمۇ ياكى بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى يەر يۈزىدە سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان زاتقا ئىبادەت قىلىشمۇ؟ سىلەرگە بۇ نېمەتلەرنى ئاتا قىلىشتا ئاللاھ بىلەن بىللە بىرەر ئىلاھ بارمۇ؟ سىلەر تولىمۇ ئاز ئويلايسىلەر، شۇڭا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا ئۇنىڭغا باشقىلارنى شېرىك قىلىۋالىسىلەر.

أَمَّن يَهْدِيكُمْ فِى ظُلُمَٰتِ ٱلْبَرِّ وَٱلْبَحْرِ وَمَن يُرْسِلُ ٱلرِّيَٰحَ بُشْرًۢا بَيْنَ يَدَىْ رَحْمَتِهِۦٓ ۗ أَءِلَٰهٌ مَّعَ ٱللَّهِ ۚ تَعَٰلَى ٱللَّهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴿٦٣﴾

63 ـ سىلەر رەببىڭلارغا شېرىك قىلىۋالغان بۇتلارغا چوقۇنۇش ياخشىمۇ ياكى سىلەر قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا ئېزىپ كەتكەندە سىلەرگە يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان، قۇرغاقچىلىقتىن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدىغان، ئىنسانلارغا ئىلاھىي رەھمەتنىڭ نامايەندىسى بولغان يامغۇرنى ياغدۇرۇشتىن ئىلگىرى، شاماللارنى بېشارەت قىلىپ ئەۋەتىدىغان زاتقا ئىبادەت قىلىشمۇ؟ بۇ ئىشلارنى قىلىشتا ئاللاھ بىلەن بىللە بىرەر ئىلاھ بارمۇ؟ ئاللاھ مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر».

أَمَّن يَبْدَؤُا۟ ٱلْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥ وَمَن يَرْزُقُكُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ وَٱلْأَرْضِ ۗ أَءِلَٰهٌ مَّعَ ٱللَّهِ ۚ قُلْ هَاتُوا۟ بُرْهَٰنَكُمْ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿٦٤﴾

64 ـ سەن ئۇلاردىن: «مەخلۇقاتنى دەسلەپتە ياراتقان، ئاندىن ئۇنى ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا يوق قىلىۋېتىدىغان، ئاندىن تىرىلدۈرىدىغان، ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىپ، زېمىندىن زىرائەتلەرنى چىقىرىپ بېرىپ سىلەرنى رىزىقلاندۇرىدىغان زات كىم؟» دەپ سورىغىن. ئاللاھتىن باشقىلار بۇ ئىشلارنى قىلالامدۇ؟ ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ شېرىكى بار دېگەن سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، دەلىلىڭلار بولسا كەلتۈرۈپ بېقىڭلار».

قُل لَّا يَعْلَمُ مَن فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ٱلْغَيْبَ إِلَّا ٱللَّهُ ۚ وَمَا يَشْعُرُونَ أَيَّانَ يُبْعَثُونَ ﴿٦٥﴾ بَلِ ٱدَّٰرَكَ عِلْمُهُمْ فِى ٱلْءَاخِرَةِ ۚ بَلْ هُمْ فِى شَكٍّ مِّنْهَا ۖ بَلْ هُم مِّنْهَا عَمُونَ ﴿٦٦﴾

65 ـ 66 ـ ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئاللاھ بىلىشنى ئۆزىگە خاس قىلغان غەيبىي ئىشلارنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىن قاچان تىرىلىپ چىقىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇلار ئاخىرەتكە بارغاندا ھەممىنى بىلىدۇ، ئۇلار قىيامەتنىڭ دەھشەتلىرىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن چاغدا، ئاخىرەت ھاياتىنىڭ ھەقىقەتەن راست ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار بۇ دۇنيادا ئاخىرەت توغرۇلۇق چوڭقۇر شەك ئىچىدە ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەقىل كۆزلىرى ئاخىرەت توغرۇلۇق كور ئىدى».

وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟ أَءِذَا كُنَّا تُرَٰبًا وَءَابَآؤُنَآ أَئِنَّا لَمُخْرَجُونَ ﴿٦٧﴾

67 - ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلار: «بىز ۋە ئاتا - بوۋىلىرىمىز
ئۆلۈپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن تىرىلىپ مۇشۇ ھالىتىمىزگە كەلتۈرۈلەمدۇق؟

لَقَدْ وُعِدْنَا هَٰذَا نَحْنُ وَءَابَآؤُنَا مِن قَبْلُ إِنْ هَٰذَآ إِلَّآ أَسَٰطِيرُ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿٦٨﴾

68 - ھەقىقەتەن بىز ۋە ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى بۇنداق تىرىلىش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇلغان
ئىدۇق. ئەمما ئۇنىڭ راست ئىكەنلىكىنى كۆرمىدۇق، شۇڭا بىز ئۇنىڭغا ئىشەنمىدۇق. بۇ
پەقەتلا بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دېدى.

قُلْ سِيرُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ فَٱنظُرُوا۟ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلْمُجْرِمِينَ ﴿٦٩﴾

69 - ئى پەيغەمبەر! بۇ ئىنكارچى كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، «يەر يۈزىنى كېزىپ، سىلەردىن
بۇرۇنقى گۇناھكارلارنىڭ خارابىگە ئايلانغان دىيارلىرىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ
قانداق بولغانلىقىنى بىلىڭلار. ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ
ئۇلارنى ھالاك قىلىۋەتكەن. ئەگەر ئىمان ئېيتمىساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىمۇ شۇنداق ھالاك
قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر».

وَلَا تَحْزَنْ عَلَيْهِمْ وَلَا تَكُن فِى ضَيْقٍ مِّمَّا يَمْكُرُونَ ﴿٧٠﴾

70 - مۇشرىكلارنىڭ سەندىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىگە ۋە سېنى ئىنكار قىلغانلىقىغا غەمكىن
بولمىغىن، ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىدىن يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن، ئاللاھ چوقۇم ئۇلارغا
قارشى ساڭا ياردەم قىلىدۇ.

وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَٰذَا ٱلْوَعْدُ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿٧١﴾

71 - ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ قەۋمىڭ ئىچىدىكى مۇشرىكلار: «سەن ۋە ساڭا ئەگەشكەن
مۇئمىنلەر بىزنى قورقۇتۇۋاتقان شۇ ئازاب قاچان چۈشىدۇ؟ ئەگەر سىلەر بۇ سۆزۈڭلاردا
راستچىل بولساڭلار، ئاشۇ ئازابنى بىر كەلتۈرۈپ باقامسىلەر؟» دەيدۇ.

قُلْ عَسَىٰٓ أَن يَكُونَ رَدِفَ لَكُم بَعْضُ ٱلَّذِى تَسْتَعْجِلُونَ ﴿٧٢﴾

72 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ئالدىراپ كەتكەن ئاشۇ ئازابنىڭ بىر قىسمى
يېقىندا بېشىڭلارغا كېلىشى مۇمكىن».

وَإِنَّ رَبَّكَ لَذُو فَضْلٍ عَلَى ٱلنَّاسِ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَشْكُرُونَ ﴿٧٣﴾

73 - شەكسىزكى، رەببىڭ ئىنسانلارغا تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر، چۈنكى ئىنسانلار ئۇنى ئىنكار
قىلسىمۇ، ئاسىيلىق قىلسىمۇ، ئاللاھ ئۇلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ. ئەھۋال
شۇنداق تۇرسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئاللاھنىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا شۈكۈر قىلمايدۇ،
ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمايدۇ ۋە خالىس ئىبادەت قىلمايدۇ.

وَإِنَّ رَبَّكَ لَيَعْلَمُ مَا تُكِنُّ صُدُورُهُمْ وَمَا يُعْلِنُونَ ﴿٧٤﴾

74 - ھەقىقەتەن رەببىڭ بەندىلىرىنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغانلىرىنىمۇ ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىنىمۇ
ئەلۋەتتە ئېنىق بىلىپ تۇرىدۇ.

وَمَا مِنْ غَآئِبَةٍ فِى ٱلسَّمَآءِ وَٱلْأَرْضِ إِلَّا فِى كِتَٰبٍ مُّبِينٍ ﴿٧٥﴾

75 - ئاسمان - زېمىندا كىشىلەر كۆرەلمەيدىغان نەرسىلەردىن لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلمىغان
ھېچ نەرسە يوقتۇر. لەۋھۇلمەھپۇز بولغان ۋە بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز

ئىچىگە ئالغاندۇر.

إِنَّ هَٰذَا ٱلْقُرْءَانَ يَقُصُّ عَلَىٰ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ أَكْثَرَ ٱلَّذِى هُمْ فِيهِ يَخْتَلِفُونَ ﴿٧٦﴾

76 - شەكسىزكى، بۇ قۇرئان ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئۇلار ئىختىلاپلاشقان كۆپلىگەن نەرسىلەر
توغرۇلۇق ھەقىقەتنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

وَإِنَّهُۥ لَهُدًى وَرَحْمَةٌ لِّلْمُؤْمِنِينَ ﴿٧٧﴾

77 - بۇ قۇرئان ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئۇنىڭ بىلەن
ھىدايەت تاپقان مۆئمىنلەر ئۈچۈن، ئۇلارنى ئازابتىن ساقلايدىغان رەھمەتتۇر،
ئازغۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان ھىدايەتتۇر.

إِنَّ رَبَّكَ يَقْضِى بَيْنَهُم بِحُكْمِهِۦ ۚ وَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٧٨﴾

78 - شەكسىزكى، رەببىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپ توغرۇلۇق
قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، گۇناھكارلارنى
جازالاپ، ياخشى ئىش قىلغانلارنى مۇكاپاتلايدۇ. ئاللاھ ھەممىگە غالىبتۇر، ئۇنىڭغا
ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ، ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىگە ھېچكىم قارشى چىقالمايدۇ،
ھەر نەرسىنى تولۇق ۋە ئېنىق بىلىدۇ، ئۇنىڭ دەرگاھىدا ھەقىقەت ساختىلىققا قىلچە
ئارىلىشىپ قالمايدۇ.

فَتَوَكَّلْ عَلَى ٱللَّهِ ۖ إِنَّكَ عَلَى ٱلْحَقِّ ٱلْمُبِينِ ﴿٧٩﴾

79 - شۇڭا، سەن ئى پەيغەمبەر! ھەممە ئىشتا ئاللاھقا ئىشەنچ قىلغىن، ئۇنىڭغا تايانغىن،
چۈنكى ئاللاھ ساڭا يېتەرلىكتۇر. ئۇنتۇمىغىنكى، سەن قىلچە شەك بولمىغان ئوپئوچۇق
ھەقىقەت ئۈستىدىسەن.

إِنَّكَ لَا تُسْمِعُ ٱلْمَوْتَىٰ وَلَا تُسْمِعُ ٱلصُّمَّ ٱلدُّعَآءَ إِذَا وَلَّوْا۟ مُدْبِرِينَ ﴿٨٠﴾

80 - ئى پەيغەمبەر! سەن ئاللاھ دىلىنى پېچەتلىۋېتىپ، مەنىۋى ئۆلۈكلەرگە ئايلاندۇرۇپ
قويغانلارغا دەۋىتىڭنى ئاڭلىتالمايسەن، شۇنىڭدەك ئاللاھ ئوپئوچۇق ھەقىقەتنى ئاڭلاشتىن
قۇلىقىنى گاس قىلىپ قويغان كىشىلەرگىمۇ سەندىن يۈز ئۆرۈپ ئارقىسىنى قىلغان
ۋاقتىدا دەۋىتىڭنى ئاڭلىتالمايسەن. چۈنكى گاس ئالدىنى قىلىپ تۇرغان ۋاقتىدىمۇ
چاقىرىقنى ئاڭلىمايدىغان تۇرسا، ئۇ ئارقىسىنى قىلىپ يۈز ئۆرۈگەن چاغدا، دەۋىتىڭنى
قانداق ئاڭلايدۇ؟

وَمَآ أَنتَ بِهَٰدِى ٱلْعُمْىِ عَن ضَلَٰلَتِهِمْ ۖ إِن تُسْمِعُ إِلَّا مَن يُؤْمِنُ بِـَٔايَٰتِنَا فَهُم مُّسْلِمُونَ ﴿٨١﴾

81 - ئى پەيغەمبەر! سەن ئاللاھ دىلىنى كور قىلىۋەتكەن ئادەمنىمۇ ئازغۇنلۇقتىن ھىدايەتكە
چىقىرالمايسەن. سەن دەۋىتىڭنى پەقەت بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان
بولغان ۋە سېنىڭ دەۋىتىڭنى ئاڭلايدىغان كىشىلەرگىلا ئاڭلىتالايسەن.

۞ وَإِذَا وَقَعَ ٱلْقَوْلُ عَلَيْهِمْ أَخْرَجْنَا لَهُمْ دَآبَّةً مِّنَ ٱلْأَرْضِ تُكَلِّمُهُمْ أَنَّ ٱلنَّاسَ كَانُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا لَا
يُوقِنُونَ ﴿٨٢﴾

82 - ئۇلارنىڭ گۇناھ - مەئسىيەتتە، ھەقىقەتكە قارشى تۇرۇۋشتا ھەددىدىن ئاشقانلىقى،
ئاللاھنىڭ دىنىدىن ۋە ئاللاھ چىقارغان ھۆكۈمدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى سەۋەبلىك ئۇلارغا

بەلگىلەنگەن ئازاب ئەمەلگە ئاشقان، ئۇلار يەر يۈزىدىكى ئەڭ ناچار قەۋم بولۇپ قالغان چاغدا، ئاخىر زاماندا ئۇلارغا زېمىندىن شۇنداق بىر مەخلۇقنى چىقىرىمىزكى، ئۇ مەخلۇق ئۇلارغا قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغان ئىنسانلارنىڭ قۇرئانغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ دىنىغا ئىشەنمەيدىغان ئادەملەرنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ.

وَيَوْمَ نَحْشُرُ مِن كُلِّ أُمَّةٍ فَوْجًا مِّمَّن يُكَذِّبُ بِـَٔايَـٰتِنَا فَهُمْ يُوزَعُونَ ﴿٨٣﴾

83 - بىز ئىنسانلارنى ھېساب مەيدانىغا توپلايدىغان كۈنى، ھەربىر ئۈممەتنىڭ ئىچىدىن بىزنىڭ دەلىل - پاكىتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلاردىن بىر توپ ئادەمنى چىقىرىمىز - دە، ئۇلارنىڭ تۈنجىسىدىن ئاخىرىغىچە ھەممىسى توپلانغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلار شۇ توپلانغان پېتى ھېساب مەيدانىغا ھەيدىلىدۇ.

حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءُو قَالَ أَكَذَّبْتُم بِـَٔايَـٰتِى وَلَمْ تُحِيطُوا۟ بِهَا عِلْمًا أَمَّاذَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿٨٤﴾ وَوَقَعَ ٱلْقَوْلُ عَلَيْهِم بِمَا ظَلَمُوا۟ فَهُمْ لَا يَنطِقُونَ ﴿٨٥﴾

84 - 85 - بىزنىڭ دەلىل - پاكىتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ھەربىر ئۈممەتتىن بىر توپ كىشى ھېساب مەيدانىغا كېلىپ توپلانغان چاغدا، ئاللاھ ئۇلارغا: «مەن پەيغەمبەرلىرىمگە نازىل قىلغان ئايەتلىرىمنى، مېنىڭ يەككە - يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىمنى ۋە ئىبادەت قىلىنىشقا تامامەن ھەقلىق بولغان ھەقىقىي مەبۇد ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل - پاكىتلىرىمنى تولۇق بىلمەي تۇرۇپ، ئۇلارنى ئىنكار قىلدىڭلارمۇ؟ ئۇنداق بولمىسا، سىلەر زادى نېمە قىلغانتىڭلار؟» دەيدۇ. ئۇلار كاپىرلىقنى تاللاپ ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغانلىقى، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئازاب تېگىشلىك بولىدى. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاشۇ قاتتىق ئازابتىن قوغداپ قالالايدىغان ھېچبىر ئۆزرە تاپالمايدۇ.

أَلَمْ يَرَوْا۟ أَنَّا جَعَلْنَا ٱلَّيْلَ لِيَسْكُنُوا۟ فِيهِ وَٱلنَّهَارَ مُبْصِرًا ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَـَٔايَـٰتٍ لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ ﴿٨٦﴾

86 - ئاشۇ ئىنكارچى كاپىرلار بىزنىڭ قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلىرىمىزنى كۆرمەمدۇ؟ بىز كېچىنى ئارام ئالىدىغان ۋە ئۇخلايدىغان ۋاقىت قىلىپ بەردۇق، كۈندۈزنى تىرىكچىلىك قىلىشى ئۈچۈن يورۇق قىلىپ بەردۇق. شەكسىزكى، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ مۇنداق ئالمىشىپ تۇرۇشىدا ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە، ئۇنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ۋە نېمەتلىرىنىڭ كاتتىلىقىغا ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئويئوچۇق ئالامەتلەر بار.

وَيَوْمَ يُنفَخُ فِى ٱلصُّورِ فَفَزِعَ مَن فِى ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَمَن فِى ٱلْأَرْضِ إِلَّا مَن شَآءَ ٱللَّهُ ۚ وَكُلٌّ أَتَوْهُ دَٰخِرِينَ ﴿٨٧﴾

87 - ئى پەيغەمبەر! ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام سۇر چالىدىغان كۈننى ئەسلىگىنكى، ئۇ كۈندە ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى قاتتىق قورقۇنچ باسىدۇ، پەقەت ئاللاھ شەپقەت قىلىپ قوغدىغان بەندىلىرىلا بۇ كۈندىكى قورقۇنچتىن ئامان قالىدۇ. ئۇ كۈندە، ھەممە مەخلۇقات ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بويسۇنغان ۋە ئىتائەت قىلغان ھالدا كېلىدۇ.

وَتَرَى ٱلْجِبَالَ تَحْسَبُهَا جَامِدَةً وَهِىَ تَمُرُّ مَرَّ ٱلسَّحَابِ ۚ صُنْعَ ٱللَّهِ ٱلَّذِىٓ أَتْقَنَ كُلَّ شَىْءٍ ۚ إِنَّهُۥ خَبِيرٌۢ بِمَا تَفْعَلُونَ ﴿٨٨﴾

88 - سەن تاغلارغا قاراپ ئۇلارنى ئۆز ئورنىدا مۇقىم تۇرىدۇ دەپ ئويلاپ قالىسەن، ھالبۇكى،

ئۇلار شامال ھەرىكەتلەندۈرىدىغان بۇلۇتلاردەك تېز سۈرئەتتە يۈرىدۇ. مانا بۇ ھەممە نەرسىنى پۇختا ياراتقان ئاللاھنىڭ سەنئىتىدۇر. ئى ئىنسانلار! ئاللاھ سىلەر قىلىۋاتقان ياخشى - يامان بارلىق ئەمەللىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر، ئاخىرەتتە سىلەرگە شۇنىڭغا قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

مَن جَآءَ بِٱلۡحَسَنَةِ فَلَهُۥ خَيۡرٞ مِّنۡهَا وَهُم مِّن فَزَعٖ يَوۡمَئِذٍ ءَامِنُونَ ﴿٨٩﴾

89 - كىمكى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھ بۇيرۇغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا كەلسە، ئۇنىڭغا كاتتا ئەجىر بار، ھەممىدىن ياخشى ۋە ئەۋزەل مۇكاپات — جەننەت بار. ئۇلار بۇ كۈندە قورقۇنچتىن ئەمىن بولىدۇ.

وَمَن جَآءَ بِٱلسَّيِّئَةِ فَكُبَّتۡ وُجُوهُهُمۡ فِي ٱلنَّارِ هَلۡ تُجۡزَوۡنَ إِلَّا مَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٩٠﴾

90 - كىمكى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە يامان ئىشلارنى قىلىش بىلەن كەلسە، ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى جازاسى يۈزىچە دوزاخقا تاشلىنىشتۇر. ئۇلارغا كايىپ: «سىلەر پەقەت دۇنيادىكى قىلمىشىڭلارغا تېگىشلىك جازالىنىسىلەر» دېيىلىدۇ.

إِنَّمَآ أُمِرۡتُ أَنۡ أَعۡبُدَ رَبَّ هَٰذِهِ ٱلۡبَلۡدَةِ ٱلَّذِي حَرَّمَهَا وَلَهُۥ كُلُّ شَيۡءٖۖ وَأُمِرۡتُ أَنۡ أَكُونَ مِنَ
ٱلۡمُسۡلِمِينَ ﴿٩١﴾ وَأَنۡ أَتۡلُوَاْ ٱلۡقُرۡءَانَۖ فَمَنِ ٱهۡتَدَىٰ فَإِنَّمَا يَهۡتَدِي لِنَفۡسِهِۦۖ وَمَن ضَلَّ فَقُلۡ إِنَّمَآ
أَنَا۠ مِنَ ٱلۡمُنذِرِينَ ﴿٩٢﴾

91 - 92 - ئى پەيغەمبەر! ئىنسانلارغا ئېيتقىنكى، «مەن مەككىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئۇلۇغ شەھەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، ئاللاھ بۇ شەھەردە ناھەق قان تۆكۈشنى، كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىشنى، قورۇقلۇق ھايۋانلىرىنى ئوۋلاشنى، بۇ شەھەرنىڭ دەل - دەرەخلىرىنى كېسىشنى ھارام قىلدى. ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭدۇر. مەن ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن بولۇشقا، قۇرئاننى كىشىلەرگە ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇلدۇم». شۇ ئېنىقكى، كىمكى قۇرئاننىڭ ھىدايىتىنى قوبۇل قىلىپ توغرا يولغا كىرىدىكەن ۋە مەن ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئەگىشىدىكەن، بۇنىڭ پايدىسى ۋە مۇكاپاتى شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. كىمكى توغرا يولدىن ئازىدىكەن، ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، «مەن پەقەت — گەرچە سىلەر ئىشەنمىسەڭلەرمۇ — سىلەرنى ئاللاھنىڭ جازاسىدىن ۋە ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن. مەن ئۆز قەۋمىنى ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىمەن، ھىدايەت مېنىڭ ئىلكىمدە ئەمەس».

وَقُلِ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ سَيُرِيكُمۡ ءَايَٰتِهِۦ فَتَعۡرِفُونَهَاۚ وَمَا رَبُّكَ بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعۡمَلُونَ ﴿٩٣﴾

93 - ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، «ئەڭ گۈزەل مەدھىيە ۋە ماختاشلار ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىكى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى (ئۆز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان) دەلىللىرىنى كۆرسىتىدۇ، سىلەر بۇ دەلىللەرنى تولۇق تونۇيسىلەر، بۇ دەلىللەر سىلەرگە ھەقىقەتنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ۋە باتىلنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ. رەببىڭ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر، سىلەرگە شۇنىڭغا قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ».

# قەسەس سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

طسٓمٓ ﴿١﴾

1 ـ تا، سىين، مىيم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱلۡكِتَٰبِ ٱلۡمُبِينِ ﴿٢﴾

2 ـ ئى پەيغەمبەر! مەن ساڭا نازىل قىلغان بۇ ئايەتلەر ئىنسانلار دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا ھاجەت بولىدىغان ھەممە نەرسىنى ئوپئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدىغان قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدۇر.

نَتۡلُواْ عَلَيۡكَ مِن نَّبَإِ مُوسَىٰ وَفِرۡعَوۡنَ بِٱلۡحَقِّ لِقَوۡمٍ يُؤۡمِنُونَ ﴿٣﴾

3 ـ بۇ قۇرئانغا ئىشىنىدىغان، ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئىبرەت بولسۇن دەپ، ساڭا مۇسا ۋە پىرئەۋن قىسسىسىنىڭ بىر قىسمىنى ھەقىقەتى بىلەن ئوقۇپ بېرىمىز.

إِنَّ فِرۡعَوۡنَ عَلَا فِي ٱلۡأَرۡضِ وَجَعَلَ أَهۡلَهَا شِيَعٗا يَسۡتَضۡعِفُ طَآئِفَةٗ مِّنۡهُمۡ يُذَبِّحُ أَبۡنَآءَهُمۡ وَيَسۡتَحۡيِۦ نِسَآءَهُمۡۚ إِنَّهُۥ كَانَ مِنَ ٱلۡمُفۡسِدِينَ ﴿٤﴾

4 ـ شۈبھىسىزكى، پىرئەۋن يەر يۈزىدە تولىمۇ ھەددىدىن ئاشتى، ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ كەتتى، مىسىر ئاھالىسىنى تەبىقىلەرگە بۆلۈپ، ئۇلاردىن بىر تەبىقىنى بوزەك قىلدى، بوزەك قىلىنغانلار ئىسرائىل ئەۋلادى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن ھايات قالدۇراتتى. چۈنكى پىرئەۋن يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلاردىن ئىدى.

وَنُرِيدُ أَن نَّمُنَّ عَلَى ٱلَّذِينَ ٱسۡتُضۡعِفُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَنَجۡعَلَهُمۡ أَئِمَّةٗ وَنَجۡعَلَهُمُ ٱلۡوَٰرِثِينَ ﴿٥﴾ وَنُمَكِّنَ لَهُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَنُرِيَ فِرۡعَوۡنَ وَهَٰمَٰنَ وَجُنُودَهُمَا مِنۡهُم مَّا كَانُواْ يَحۡذَرُونَ ﴿٦﴾

5 ـ 6 ـ بىز پىرئەۋن يەر يۈزىدە بوزەك قىلغان كىشىلەرگە مەرھەمەت قىلىشنى، ئۇلارنى ياخشى ئىشلاردا يولباشچى ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلغۇچى قىلىشنى، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دىيارىغا ئىگە قىلىشنى، ئۇلارنى ئۇ زېمىندا كۈچ ـ قۇۋۋەت ساھىبى قىلىشنى، پىرئەۋنگە، ۋەزىرى ھامانغا ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا ئىسرائىل ئەۋلادى تەرىپىدىن كېلىدۇ، دەپ ئەنسىرىگەن ھالاكەتنى كۆرسىتىشنى، ئۇلارنى ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدە تۇغۇلغان بىر بوۋاقنىڭ قولى بىلەن ئۆز دىيارىدىن چىقىرىشنى ئىرادە قىلغان ئىدۇق.

وَأَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰٓ أُمِّ مُوسَىٰٓ أَنۡ أَرۡضِعِيهِۖ فَإِذَا خِفۡتِ عَلَيۡهِ فَأَلۡقِيهِ فِي ٱلۡيَمِّ وَلَا تَخَافِي وَلَا تَحۡزَنِيٓۖ إِنَّا رَآدُّوهُ
إِلَيۡكِ وَجَاعِلُوهُ مِنَ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ۝٧ فَٱلۡتَقَطَهُۥٓ ءَالُ فِرۡعَوۡنَ لِيَكُونَ لَهُمۡ عَدُوّٗا وَحَزَنًاۗ إِنَّ فِرۡعَوۡنَ
وَهَٰمَٰنَ وَجُنُودَهُمَا كَانُواْ خَٰطِـِٔينَ ۝٨

7 - 8 - مۇسا تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئانىسى پىرئەۋنىنىڭ ئۇنىمۇ باشقا بوۋاقلارنى بوغۇزلىۋەتكەندەك بوغۇزلىۋېتىشىدىن قورقۇپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرغاندا، بىز ئۇنىڭغا: «مۇسانى خاتىرجەم هالدا ئېمىتكىن، پىرئەۋن دائىرىلىرىنىڭ ئۇنى بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىسەڭ، ئۇلارنىڭ ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقماي، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا غەمكىن بولماي، ئۇنى ساندۇققا سېلىپ نىل دەرياسىغا قويۇپ بەرگىن. بىز ئۇنى چوقۇم ساڭا قايتۇرىمىز ۋە ئۇنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىمىز» دەپ ئىلهام قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن مۇسانىڭ ئانىسى مۇسانى ساندۇققا سېلىپ نىل دەرياسىغا قويۇپ بەردى، ئۇنى پىرئەۋنىنىڭ ئادەملىرى تېپىۋېلىپ دەريادىن سۈزۈۋالدى. بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاهنىڭ مۇسانى ئۇلارغا دۈشمەن قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ مۇسانىڭ قولىدا هالاك بولۇشى ئىدى. شەكسىزكى، پىرئەۋن، هامان ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى گۇناهكار مۇشرىكلار ئىدى.

وَقَالَتِ ٱمۡرَأَتُ فِرۡعَوۡنَ قُرَّتُ عَيۡنٖ لِّي وَلَكَۖ لَا تَقۡتُلُوهُ عَسَىٰٓ أَن يَنفَعَنَآ أَوۡ نَتَّخِذَهُۥ وَلَدٗا وَهُمۡ
لَا يَشۡعُرُونَ ۝٩

9 - پىرئەۋنىنىڭ ئايالى مۇسانى كۆرگەندە، ئاللاه ئۇنىڭ قەلبىگە مۇسانىڭ مۇهەببىتىنى سالدى-دە، ئۇ پىرئەۋنگە: «بۇ بالا ماڭا ۋە ساڭا خۇشاللىق بېغىشلايدۇ، ئۇنى ئۆلتۈرمەڭلار، بەلكى ئۇ بىزگە پايدا يەتكۈزەر ياكى ئۇنى بالا قىلىۋالارمىز» دېدى. هالبۇكى، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ بالىنىڭ قولىدا هالاك بولىدىغانلىقىنى ئۇقمايتتى.

وَأَصۡبَحَ فُؤَادُ أُمِّ مُوسَىٰ فَٰرِغًاۖ إِن كَادَتۡ لَتُبۡدِي بِهِۦ لَوۡلَآ أَن رَّبَطۡنَا عَلَىٰ قَلۡبِهَا لِتَكُونَ مِنَ
ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ۝١٠

10 - مۇسانىڭ ئانىسىنىڭ قەلبى مۇسانىڭ غېمىدىن باشقا دۇنيادىكى هەممە نەرسىدىن خالىي بولۇپ قالدى، ئۇ مۇسانىلا ئويلايدىغان بولۇپ قالدى، ئەگەر بىز ئۇنى ئاللاهنىڭ ۋەدىسىگە چىن ئىشىنىدىغان مۇئمىنلەردىن بولسۇن دەپ ئۇنىڭ قەلبىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈچلەندۈرمىگەن بولساق، ئۇ مۇسانىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويغىلى تاس قالغان ئىدى.

وَقَالَتۡ لِأُخۡتِهِۦ قُصِّيهِۖ فَبَصُرَتۡ بِهِۦ عَن جُنُبٖ وَهُمۡ لَا يَشۡعُرُونَ ۝١١

11 - مۇسانىڭ ئانىسى ئۇنى نىل دەرياسىغا قويۇپ بەرگەندە، ئۇنىڭ ئاچىسىغا: «مۇسانىڭ كەينىگە چۈشكىن، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ بىلىۋالايلى» دېدى. مۇسانىڭ ئاچىسى ئۇنى يىراقتىن كۆزىتىپ ماڭدى، پىرئەۋن تەۋەلىرى ئۇ قىزنىڭ مۇسانىڭ ئاچىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

۞ وَحَرَّمۡنَا عَلَيۡهِ ٱلۡمَرَاضِعَ مِن قَبۡلُ فَقَالَتۡ هَلۡ أَدُلُّكُمۡ عَلَىٰٓ أَهۡلِ بَيۡتٖ يَكۡفُلُونَهُۥ لَكُمۡ
وَهُمۡ لَهُۥ نَٰصِحُونَ ۝١٢

12 - مۇسانى ئانىسىغا قايتۇرۇپ بېرىشىمىزدىن بۇرۇن، مۇسانى ئىنىكئانىلارنىڭ ئېمىتىشىدىن

مەھرۇم قىلغان ئىدۇق. شۇنىڭ بىلەن مۇسانىڭ ئاچىسى ئۇلارغا: «سىلەرگە مۇسانى ياخشى ئېمىتىپ ئوبدان باقىدىغان بىر ئائىلىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئۇلار مۇسانى ئىخلاس بىلەن باقىدۇ» دېدى. ئۇلار بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلدى.

فَرَدَدْنَٰهُ إِلَىٰٓ أُمِّهِۦ كَىْ تَقَرَّ عَيْنُهَا وَلَا تَحْزَنَ وَلِتَعْلَمَ أَنَّ وَعْدَ ٱللَّهِ حَقٌّ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿١٣﴾

13 - مۇسانىڭ ئانىسىنى خۇشال بولسۇن، كۆڭلى ئارام تاپسۇن، قايغۇرمىسۇن ۋە ئاللاھنىڭ ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش ۋە پەيغەمبەرلەردىن قىلىش ھەققىدىكى ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلسۇن دەپ، بىز مۇسانى ئانىسىغا قايتۇردۇق. ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇردۇق. چۈنكى مۇسا ئانىسىغا سالامەت قايتتى. ئاللاھ ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ. لېكىن مۇشرىكلار تولىسى ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

وَلَمَّا بَلَغَ أَشُدَّهُۥ وَٱسْتَوَىٰٓ ءَاتَيْنَٰهُ حُكْمًا وَعِلْمًا ۚ وَكَذَٰلِكَ نَجْزِى ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿١٤﴾

14 - مۇسا چوڭ بولۇپ، كۈچ - قۇۋۋىتى يېتىلگەن ۋە ئەقلى توشقان چاغدا، بىز ئۇنىڭغا ئىلىم - ھېكمەت ئاتا قىلدۇق، بىز ئىشنى مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى خۇددى مۇسانى تائەت - ئىبادىتى ۋە مۇكەممەل ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇكاپاتلىغاندەك مۇكاپاتلايمىز.

وَدَخَلَ ٱلْمَدِينَةَ عَلَىٰ حِينِ غَفْلَةٍ مِّنْ أَهْلِهَا فَوَجَدَ فِيهَا رَجُلَيْنِ يَقْتَتِلَانِ هَٰذَا مِن شِيعَتِهِۦ وَهَٰذَا مِنْ عَدُوِّهِۦ ۖ فَٱسْتَغَٰثَهُ ٱلَّذِى مِن شِيعَتِهِۦ عَلَى ٱلَّذِى مِنْ عَدُوِّهِۦ فَوَكَزَهُۥ مُوسَىٰ فَقَضَىٰ عَلَيْهِ ۖ قَالَ هَٰذَا مِنْ عَمَلِ ٱلشَّيْطَٰنِ ۖ إِنَّهُۥ عَدُوٌّ مُّضِلٌّ مُّبِينٌ ﴿١٥﴾

15 - مۇسا شەھەر ئاھالىسى غەپلەتتىكى بىر ۋاقىتتا مەخپىي ھالدا شەھەرگە كىردى، ئۇ شەھەردە ئىككى كىشىنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ بىرى ئۆز قەۋمىدىن بولسا، يەنە بىرى پىرئەۋننىڭ قەۋمىدىن ئىدى. ئۆز قەۋمىدىن بولغان ئادەم ئۆزىنىڭ دۈشمىنىگە قارشى ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىدى. مۇسا ئۇنى مۇشت بىلەن بىرنى ئۇرۇۋىدى، ئۇ ئادەم ئۆلۈپ قالدى. مۇسا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغاندىن كېيىن ئېيتتى: «بۇ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر، چۈنكى شەيتان مېنىڭ ئاچچىقىمنى قوزغاتتى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇ ئادەمنى ئۇردۇم ۋە ئۆلدى. شۈبھىسىزكى، شەيتان ئىنسانلارغا ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر ۋە ئۇلارنى توغرا يولدىن ئازدۇرغۇچىدۇر» (بۇ ۋەقە مۇسا ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن بولغان ئىدى).

قَالَ رَبِّ إِنِّى ظَلَمْتُ نَفْسِى فَٱغْفِرْ لِى فَغَفَرَ لَهُۥٓ ۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلْغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٦﴾

16 - مۇسا ئېيتتى: «ئى رەببىم! مەن سەن ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ ھەققەتەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم زۇلۇم قىلدىم، مېنىڭ بۇ گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن». شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇنىڭ خاتالىقىنى مەغپىرەت قىلدى. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ گۇناھىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

قَالَ رَبِّ بِمَآ أَنْعَمْتَ عَلَىَّ فَلَنْ أَكُونَ ظَهِيرًا لِّلْمُجْرِمِينَ ﴿١٧﴾

17 - مۇسا ئېيتتى: «ئى رەببىم! سەن ماڭا تەۋبە قىلىشنى نېسىپ قىلىش، گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلىش ۋە ماڭا كۆپلىگەن نېمەتلەرنى ئاتا قىلىش ئارقىلىق كاتتا مەرھەمەت قىلدىڭ، مەن بۇلارغا ئېرىشىپ تۇرۇپ، ھېچقانداق گۇناھكارنىڭ گۇناھ قىلىشىغا ۋە ئاسىيلىق قىلىشىغا ياردەمچى بولمايمەن».

فَأَصۡبَحَ فِي ٱلۡمَدِينَةِ خَآئِفٗا يَتَرَقَّبُ فَإِذَا ٱلَّذِي ٱسۡتَنصَرَهُۥ بِٱلۡأَمۡسِ يَسۡتَصۡرِخُهُۥۚ قَالَ لَهُۥ مُوسَىٰٓ إِنَّكَ لَغَوِيّٞ مُّبِينٞ ﴿١٨﴾

18 - مۇسا پىرئەۋننىڭ شەھرىدە ئەتىسى ئەتىگەندە قورقۇنچ ئىچىدە، ئۆزى ۋە ئۆلتۈرگەن ئادىمى ھەققىدە كىشىلەرنىڭ سۆز - چۆچەكلىرىنى كۆزىتىپ، شەھەر ئارىلاپ يۈرەتتى. تۇساتتىن تۈنۈگۈن ئۇنىڭدىن (پىرئەۋن قەۋمىدىن بولغان) بىر قىبتىغا قارشى ياردەم تىلىگەن ئادەم بۇ قېتىم باشقا بىر قىبتىغا قارشى مۇسادىن يەنە ياردەم تىلىدى، مۇسا ئۇنىڭغا: «سەن تولا خاتا ئىش قىلىدىغان ئوپئوچۇق ئازغۇن ئادەم ئىكەنسەن» دېدى.

فَلَمَّآ أَنۡ أَرَادَ أَن يَبۡطِشَ بِٱلَّذِي هُوَ عَدُوّٞ لَّهُمَا قَالَ يَٰمُوسَىٰٓ أَتُرِيدُ أَن تَقۡتُلَنِي كَمَا قَتَلۡتَ نَفۡسَۢا بِٱلۡأَمۡسِۖ إِن تُرِيدُ إِلَّآ أَن تَكُونَ جَبَّارٗا فِي ٱلۡأَرۡضِ وَمَا تُرِيدُ أَن تَكُونَ مِنَ ٱلۡمُصۡلِحِينَ ﴿١٩﴾

19 - مۇسا مىسىرلىق ئادەمگە (قىبتىيغا) قول ئۇزاتماقچى بولىۋىدى، ئۇ ئادەم: «ئى مۇسا! سەن تۈنۈگۈن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەندەك مېنىمۇ ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن؟ سەن زېمىندا ئىسلاھ قىلغۇچىلاردىن بولۇشنى خالىماي، پەقەت زومىگەر بولۇشنىلا خالايدىكەنسەن» دېدى.

وَجَآءَ رَجُلٞ مِّنۡ أَقۡصَا ٱلۡمَدِينَةِ يَسۡعَىٰ قَالَ يَٰمُوسَىٰٓ إِنَّ ٱلۡمَلَأَ يَأۡتَمِرُونَ بِكَ لِيَقۡتُلُوكَ فَٱخۡرُجۡ إِنِّي لَكَ مِنَ ٱلنَّٰصِحِينَ ﴿٢٠﴾

20 - بۇ ئەسنادا، بىر ئادەم شەھەرنىڭ يىراق چېتىدىن ئالدىراپ كېلىپ: «ئى مۇسا! پىرئەۋن قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرى سېنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلاۋاتىدۇ، سەن بۇ شەھەردىن دەرھال چىقىپ كەتكىن، مەن ئەلۋەتتە، ساڭا كۆيۈنۈپ سەممىي نەسىھەت قىلىۋاتىمەن» دېدى.

فَخَرَجَ مِنۡهَا خَآئِفٗا يَتَرَقَّبُۖ قَالَ رَبِّ نَجِّنِي مِنَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٢١﴾

21 - مۇسا شۇنىڭ بىلەن پىرئەۋننىڭ شەھىرىدىن قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپقا باققان ھالدا چىقىپ كەتتى ۋە ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، بۇ زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزۇشىنى تىلىدى.

وَلَمَّا تَوَجَّهَ تِلۡقَآءَ مَدۡيَنَ قَالَ عَسَىٰ رَبِّيٓ أَن يَهۡدِيَنِي سَوَآءَ ٱلسَّبِيلِ ﴿٢٢﴾

22 - مۇسا پىرئەۋننىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ، مەديەن شەھىرى تەرەپكە قاراپ يۈزلەنگەن چېغىدا: «رەببىمنىڭ مېنى مەديەنگە بارىدىغان ئەڭ ياخشى يولغا يېتەكلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.

وَلَمَّا وَرَدَ مَآءَ مَدۡيَنَ وَجَدَ عَلَيۡهِ أُمَّةٗ مِّنَ ٱلنَّاسِ يَسۡقُونَ وَوَجَدَ مِن دُونِهِمُ ٱمۡرَأَتَيۡنِ تَذُودَانِۖ قَالَ مَا خَطۡبُكُمَاۖ قَالَتَا لَا نَسۡقِي حَتَّىٰ يُصۡدِرَ ٱلرِّعَآءُۖ وَأَبُونَا شَيۡخٞ كَبِيرٞ ﴿٢٣﴾

23 - ئۇ مەديەندىكى بىر بۇلاقنىڭ يېنىغا كەلگەندە چارۋىلىرىنى سۇغىرىۋاتقان بىر توپ كىشىنى كۆردى، ئۇ يەنە بۇ بىر توپ كىشىدىن يىراقتا تۇرۇپ قويلىرىنى سۇدىن توسۇپ تۇرۇۋاتقان ئىككى قىزنى كۆردى. ئۇلار ئەرلەر چارۋىلىرىنى سۇغىرىپ بولغاندا ئۆزلىرىنىڭ قويلىرىنى سۇغىرىش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇراتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى كۆرۈپ دىلى بىردىنلا يۇمشاپ كەتتى ۋە ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتتى، ئاندىن ئۇلاردىن: «سىلەرگە نېمە بولدى؟» دەپ سورىدى، ئۇلار: «بىز ئەرلەر بىلەن قىستىلىپ

سۇغىرالمايمىز، شۇڭا پادىچىلار چارۋىلىرىنى سۇغىرىپ بولمىغۇچە، بىز قويلىرىمىزنى سۇغىرالمايمىز، ئاتىمىز بولسا ياشىنىپ قالغان بوۋايدۇر، قويلارنى سۇغىرىشقا كۈچى يەتمەيدۇ» دېدى.

فَسَقَىٰ لَهُمَا ثُمَّ تَوَلَّىٰٓ إِلَى ٱلظِّلِّ فَقَالَ رَبِّ إِنِّي لِمَآ أَنزَلْتَ إِلَيَّ مِنْ خَيْرٍ فَقِيرٌ ﴿٢٤﴾

24 - مۇسا ئۇ ئىككى قىزنىڭ قويلىرىنى سۇغىرىشىپ بەردى، ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ بىر دەرەخنىڭ سايىسىغا بېرىپ سايىداپ ئولتۇرۇپ: «ئى رەببىم! سەن ماڭا ئاتا قىلىدىغان يېمەك - ئىچمەككە ئوخشىغان ھەرقانداق بىر نېمەتكە ناھايىتى موھتاجمەن» دېدى. چۈنكى ئۇنىڭ قورسىقى قاتتىق ئېچىپ كەتكەن ئىدى.

فَجَآءَتْهُ إِحْدَىٰهُمَا تَمْشِي عَلَى ٱسْتِحْيَآءٍ قَالَتْ إِنَّ أَبِي يَدْعُوكَ لِيَجْزِيَكَ أَجْرَ مَا سَقَيْتَ لَنَا ۚ فَلَمَّا جَآءَهُۥ وَقَصَّ عَلَيْهِ ٱلْقَصَصَ قَالَ لَا تَخَفْ ۖ نَجَوْتَ مِنَ ٱلْقَوْمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٢٥﴾

25 - مۇسا قويلىرىنى سۇغىرىپ بەرگەن ھېلىقى ئىككى قىزنىڭ بىرى مۇسانىڭ يېنىغا ئۇياتچانلىق بىلەن كېلىپ: «قويلىرىمىزنى سۇغىرىپ بەرگەنلىكىڭنىڭ ھەققىنى بېرىش ئۈچۈن ئاتام سېنى چاقىرىۋاتىدۇ» دېدى. مۇسا ئۇ قىز بىلەن ئاتىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئۇ قىزلارنىڭ ئاتىسى شۇئەيبنىڭ قېشىغا بېرىپ، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمى بىلەن بېشىدىن ئۆتكەن قىسسىنى سۆزلەپ بەرگەندە، شۇئەيب ئۇنىڭغا: «قورقمىغىن، زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇڭ، چۈنكى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمى بىزنىڭ زېمىنىمىزغا ئىگە بولالمايدۇ» دېدى.

قَالَتْ إِحْدَىٰهُمَا يَٰٓأَبَتِ ٱسْتَـْٔجِرْهُ ۖ إِنَّ خَيْرَ مَنِ ٱسْتَـْٔجَرْتَ ٱلْقَوِيُّ ٱلْأَمِينُ ﴿٢٦﴾

26 - ئۇ ئىككى قىزنىڭ بىرى ئاتىسىغا: «ئى ئاتا! ئۇنى سەن قويلارنى بېقىشقا ياللاپ ئىشلەتكىن، چۈنكى سەن قويلارنى بېقىش ئۈچۈن ياللاپ ئىشلىتىدىغان ئادەملەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى قويلارنى قوغداشتا كۈچلۈك ۋە ئامانەتكە ئىشەنچلىك بولغىنىدۇر» دېدى.

قَالَ إِنِّيٓ أُرِيدُ أَنْ أُنكِحَكَ إِحْدَى ٱبْنَتَيَّ هَٰتَيْنِ عَلَىٰٓ أَن تَأْجُرَنِي ثَمَٰنِيَ حِجَجٍ ۖ فَإِنْ أَتْمَمْتَ عَشْرًا فَمِنْ عِندِكَ ۖ وَمَآ أُرِيدُ أَنْ أَشُقَّ عَلَيْكَ ۚ سَتَجِدُنِيٓ إِن شَآءَ ٱللَّهُ مِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٢٧﴾

27 - شۇئەيب مۇساغا ئېيتتى: «ماڭا سەككىز يىل ئىشلەپ بېرىشىڭ بەدىلىگە ساڭا بۇ ئىككى قىزىمنىڭ بىرىنى ياتلىق قىلىشنى خالايمەن، ئەگەر ئۇن يىلنى توشقۇزۇۋەتسەڭمۇ ئۇ سېنىڭ ياخشىلىقىڭ، ئەمما مەن ئون يىل ئىشلەپ بېرىسەن دەپ سېنى مۇشەققەتكە سېلىپ قويۇشنى خالىمايمەن، ئاللاھ خالىسا، مېنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان، يېنىدىكىلەرگە ياخشىلىق قىلىدىغان سالىھ ئادەم ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىسەن».

قَالَ ذَٰلِكَ بَيْنِي وَبَيْنَكَ ۖ أَيَّمَا ٱلْأَجَلَيْنِ قَضَيْتُ فَلَا عُدْوَٰنَ عَلَيَّ ۖ وَٱللَّهُ عَلَىٰ مَا نَقُولُ وَكِيلٌ ﴿٢٨﴾

28 - مۇسا ئېيتتى: «بۇ ئىككىمىزنىڭ ئارىمىزدىكى توختامدۇر، بۇ ئىككى مۇددەتنىڭ قايسىسىنى توشقۇزسام توشقۇزاي، مەن ۋەدەمگە ئەمەل قىلغان بولىمەن، بۇنىڭدىن زىيادە قىلىنىشىنى خالىمايمەن، ئاللاھ بىزنىڭ سۆزىمىزگە گۇۋاھتۇر، ئۇ بىزنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ، بىزنىڭ بۇ توختامىمىزنى بىلىپ تۇرىدۇ».

۞ فَلَمَّا قَضَىٰ مُوسَى ٱلْأَجَلَ وَسَارَ بِأَهْلِهِۦٓ ءَانَسَ مِن جَانِبِ ٱلطُّورِ نَارًا ۖ قَالَ لِأَهْلِهِ ٱمْكُثُوٓاْ إِنِّيٓ ءَانَسْتُ نَارًا لَّعَلِّيٓ ءَاتِيكُم مِّنْهَا بِخَبَرٍ أَوْ جَذْوَةٍ مِّنَ ٱلنَّارِ لَعَلَّكُمْ تَصْطَلُونَ ﴿٢٩﴾

29 - مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇن يىللىق مۇددەتنى توشقۇزۇپ بولۇپ، ئائىلىسىنى ئېلىپ مىسىرغا قاراپ يولغا چىققان چېغىدا، ئۇ تۇر تېغى تەرەپتە بىر ئوتنى كۆردى، ئۇ ئايالىغا: «سىلەر بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مېنى كۈتۈڭلار، چۈنكى مەن يىراقتىن بىر ئوت كۆرۈپ قالدىم، بەلكى ئۇ يەردىن بىرەر خەۋەر ياكى سىلەرنىڭ ئىسسىنىشىڭلار ئۈچۈن ئوتتىن بىر پارچە چوغ ئېلىپ كېلەرمەن» دېدى.

فَلَمَّآ أَتَىٰهَا نُودِيَ مِن شَٰطِيِٕ ٱلۡوَادِ ٱلۡأَيۡمَنِ فِي ٱلۡبُقۡعَةِ ٱلۡمُبَٰرَكَةِ مِنَ ٱلشَّجَرَةِ أَن يَٰمُوسَىٰٓ إِنِّيٓ أَنَا ٱللَّهُ رَبُّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٣٠﴾ وَأَنۡ أَلۡقِ عَصَاكَۚ فَلَمَّا رَءَاهَا تَهۡتَزُّ كَأَنَّهَا جَآنّٞ وَلَّىٰ مُدۡبِرٗا وَلَمۡ يُعَقِّبۡۚ يَٰمُوسَىٰٓ أَقۡبِلۡ وَلَا تَخَفۡۖ إِنَّكَ مِنَ ٱلۡأٓمِنِينَ ﴿٣١﴾

30 - 31 - مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئاللاھ ۋادىنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ گىرۋىكىگە توغرا كېلىدىغان مۇبارەك جايدىكى دەرەخ تەرەپتىن: «ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھمەن. سەن ھاساڭنى تاشلىغىن» دەپ نىدا قىلدى. مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ئۇ تېز ھەرىكەتلىنىدىغان بىر يىلانغا ئايلاندى، مۇسا ھاسىسىنىڭ يىلاندەك تېز ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچتى، كەينىگە قارىيالمىدى، بۇ چاغدا ئاللاھ نىدا قىلىپ: «ئى مۇسا! مەن تەرەپكە كەلگىن، ھېچ قورقمىغىن. چۈنكى سەن بارلىق قورقۇنچلاردىن ئەمىن بولغۇچىلاردىنسەن.

ٱسۡلُكۡ يَدَكَ فِي جَيۡبِكَ تَخۡرُجۡ بَيۡضَآءَ مِنۡ غَيۡرِ سُوٓءٖ وَٱضۡمُمۡ إِلَيۡكَ جَنَاحَكَ مِنَ ٱلرَّهۡبِۖ فَذَٰنِكَ بُرۡهَٰنَانِ مِن رَّبِّكَ إِلَىٰ فِرۡعَوۡنَ وَمَلَإِيْهِۦٓۚ إِنَّهُمۡ كَانُواْ قَوۡمٗا فَٰسِقِينَ ﴿٣٢﴾

32 - قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن ۋە ئۇنى چىقارغىن، ئۇ ئاق كېسەل ياكى باشقا سەۋەبتىن ئەمەس، (بەلكى مۆجىزە سۈپىتىدە) قاردەك ئاپئاق بولۇپ چىقىدۇ، قورقۇنچتىن ئامان بولۇش ئۈچۈن قوللىرىڭنى يىغىۋالغىن. ئى مۇسا! ھاسىنىڭ ئەجدىھاغا ئايلىنىشى ۋە قولۇڭنىڭ ئاپئاق بولۇپ قېلىشى قاتارلىق بۇ ئىككى مۆجىزە رەببىڭ تەرىپىدىن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىغا قارشى كەلگەن ئىككى پاكىتتۇر. شەكسىزكى، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ كاتتىباشلىرى كاپىر قەۋمدۇر» دېدى.

قَالَ رَبِّ إِنِّي قَتَلۡتُ مِنۡهُمۡ نَفۡسٗا فَأَخَافُ أَن يَقۡتُلُونِ ﴿٣٣﴾ وَأَخِي هَٰرُونُ هُوَ أَفۡصَحُ مِنِّي لِسَانٗا فَأَرۡسِلۡهُ مَعِيَ رِدۡءٗا يُصَدِّقُنِيٓۖ إِنِّيٓ أَخَافُ أَن يُكَذِّبُونِ ﴿٣٤﴾

33 - 34 - مۇسا ئېيتتى: «ئى رەببىم! مەن پىرئەۋننىڭ قەۋمىدىن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغان ئىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقۇۋاتىمەن. قېرىندىشىم ھارۇننىڭ تىلى مېنىڭكىدىن راۋان، شۇڭا ئۇنىڭ مېنى قوللاپ پەيغەمبەرلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان ياردەمچى بولۇشى ۋە ئۇلارغا سۆزلىرىمنى ئۇقتۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن، ئۇنى مەن بىلەن بىللە ئەۋەتكىن. چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ ‹مەن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن› دېگەن سۆزۈمنى ئىنكار قىلىشىدىن ئەنسىرەيمەن».

قَالَ سَنَشُدُّ عَضُدَكَ بِأَخِيكَ وَنَجۡعَلُ لَكُمَا سُلۡطَٰنٗا فَلَا يَصِلُونَ إِلَيۡكُمَا بِـَٔايَٰتِنَآۚ أَنتُمَا وَمَنِ ٱتَّبَعَكُمَا ٱلۡغَٰلِبُونَ ﴿٣٥﴾

35 - ئاللاھ مۇساغا ئېيتتى: «سېنى قېرىندىشىڭ بىلەن كۈچلەندۈرىمىز، ئىككىڭلارغا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە قارشى كۈچلۈك دەلىل - پاكىت ئاتا قىلىمىز. ئۇلار سىلەرگە ھەرگىز

زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ. ئى مۇسا، ھارۇن ئىككىڭلار ۋە سىلەرگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! سىلەر بىزنىڭ مۆجىزىلىرىمىز ئارقىلىق پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە قارشى چوقۇم غەلىبە قىلىسىلەر».

فَلَمَّا جَآءَهُم مُّوسَىٰ بِـَٔايَٰتِنَا بَيِّنَٰتٖ قَالُواْ مَا هَٰذَآ إِلَّا سِحۡرٞ مُّفۡتَرٗى وَمَا سَمِعۡنَا بِهَٰذَا فِيٓ ءَابَآئِنَا ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٣٦﴾

36 - مۇسا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىغا ئۆزىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئوپئوچۇق دەلىل - پاكىتلىرىمىز بىلەن بارغان چاغدا، ئۇلار مۇساغا: «سەن ئېلىپ كەلگەن بۇ نەرسىلەر پەقەتلا سەن ئويدۇرۇپ چىقارغان سېھىردىن باشقا نەرسە ئەمەس، بىز بۇرۇن ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ زامانىدا بۇنداق نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدۇق» دېدى.

وَقَالَ مُوسَىٰ رَبِّيٓ أَعۡلَمُ بِمَن جَآءَ بِٱلۡهُدَىٰ مِنۡ عِندِهِۦ وَمَن تَكُونُ لَهُۥ عَٰقِبَةُ ٱلدَّارِۚ إِنَّهُۥ لَا يُفۡلِحُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٣٧﴾

37 - مۇسا پىرئەۋنگە ئېيتتى: «رەببىم ئۆزىنىڭ دەرگاھىدىن كىمنىڭ ھىدايەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ۋە كىمنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ئاخىرەتتە ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ، شەكسىزكى، زالىملار ھەرگىز مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ».

وَقَالَ فِرۡعَوۡنُ يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡمَلَأُ مَا عَلِمۡتُ لَكُم مِّنۡ إِلَٰهٍ غَيۡرِي فَأَوۡقِدۡ لِي يَٰهَٰمَٰنُ عَلَى ٱلطِّينِ فَٱجۡعَل لِّي صَرۡحٗا لَّعَلِّيٓ أَطَّلِعُ إِلَىٰٓ إِلَٰهِ مُوسَىٰ وَإِنِّي لَأَظُنُّهُۥ مِنَ ٱلۡكَٰذِبِينَ ﴿٣٨﴾

38 - پىرئەۋن ئۆز قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىغا ئېيتتى: «ئى كاتتىلار! مەن ئۆزۈمدىن باشقا ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق يەنە بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. ئى ھامان! سەن خىش پىشۇرۇپ مەن ئۈچۈن ئېگىز بىر بىنا سالغىن، مەن ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ مۇسانىڭ ئىبادەت ۋە دۇئا قىلىپ كېلىۋاتقان ئىلاھىغا قاراپ باقاي، ئەمما مەن مۇسانى بىزگە ئېيتقان سۆزلىرىدە چوقۇم يالغانچىلاردىن دەپ ئويلايمەن».

وَٱسۡتَكۡبَرَ هُوَ وَجُنُودُهُۥ فِي ٱلۡأَرۡضِ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّ وَظَنُّوٓاْ أَنَّهُمۡ إِلَيۡنَا لَا يُرۡجَعُونَ ﴿٣٩﴾

39 - پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى (مىسىر) زېمىنىدا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ كۆرەڭلىدى، مۇساغا ئىمان ئېيتىشتىن ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشتىن باش تارتتى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈلمەيدىغانلىقىنى گۇمان قىلىشتى.

فَأَخَذۡنَٰهُ وَجُنُودَهُۥ فَنَبَذۡنَٰهُمۡ فِي ٱلۡيَمِّۖ فَٱنظُرۡ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٤٠﴾

40 - نەھايەت، بىز پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى جازالاپ دېڭىزغا تاشلاپ ھالاك قىلىۋەتتۇق. ئى پەيغەمبەر! ئۆزىنىڭ رەببىنى ئىنكار قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان زالىملارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن.

وَجَعَلۡنَٰهُمۡ أَئِمَّةٗ يَدۡعُونَ إِلَى ٱلنَّارِۖ وَيَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ لَا يُنصَرُونَ ﴿٤١﴾

41 - بىز پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى كىشىلەرنى دوزاخقا چاقىرىدىغان باشلامچىلار قىلدۇق، كاپىرلار ۋە پاسىقلار ئۇلارغا ئەگىشىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلار ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە كاپىرلىقتا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈندۇر.

وَأَتْبَعْنَٰهُمْ فِي هَٰذِهِ ٱلدُّنْيَا لَعْنَةً ۖ وَيَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ هُم مِّنَ ٱلْمَقْبُوحِينَ ﴿٤٢﴾

42 - بىز پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى دۇنيادا بىز تەرەپتىن خارلىققا، غەزەپكە ۋە لەنەتكە ئۇچراپ تۇرىدىغان قىلدۇق. قىيامەت كۈنى ئۇلار ئەمەلى ئەڭ يىرگىنىشلىك بولغان كىشىلەر بولىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنغۇچىلاردىن بولىدۇ.

وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَٰبَ مِنۢ بَعْدِ مَآ أَهْلَكْنَا ٱلْقُرُونَ ٱلْأُولَىٰ بَصَآئِرَ لِلنَّاسِ وَهُدًى وَرَحْمَةً لَّعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ ﴿٤٣﴾

43 - شۈبھىسىزكى، بىز نۇھنىڭ قەۋمى، ئاد، سەمۇد قەۋملىرى، لۇتنىڭ قەۋمى ۋە مەديەن ئاھالىسى قاتارلىق بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، مۇساغا تەۋراتنى ئاتا قىلدۇق. ئۇنىڭدا ئىسرائىل ئەۋلادى ئۈچۈن ھەقىقەتنىڭ دەلىل - پاكىتلىرى بار بولۇپ، ئۇلار بۇ كىتاب ئارقىلىق ئۆزلىرىگە نېمىنىڭ پايدىلىق، نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، ئۇنىڭدا ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان كىشىلەرگە رەھمەت بار ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئەسلىشى ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشى، تۈزكورلۇق قىلماسلىقى ئۈچۈن ئىدى.

وَمَا كُنتَ بِجَانِبِ ٱلْغَرْبِيِّ إِذْ قَضَيْنَآ إِلَىٰ مُوسَى ٱلْأَمْرَ وَمَا كُنتَ مِنَ ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿٤٤﴾

44 - ئى پەيغەمبەر! بىز تۇر تېغىنىڭ غەرب تەرىپىدە مۇساغا ۋەھيى قىلىپ ئەمرىمىزنى يەتكۈزگەن چاغدا، سەن ئۇ جايدا يوق ئىدىڭ، سەن بۇ ۋەقەنى كۆرگەنلەردىنمۇ ئەمەس ئىدىڭ. بۇ ۋەقە ساڭا ۋەھيى يولى بىلەن يېتىپ كەلدى.

وَلَٰكِنَّآ أَنشَأْنَا قُرُونًا فَتَطَاوَلَ عَلَيْهِمُ ٱلْعُمُرُ ۚ وَمَا كُنتَ ثَاوِيًا فِىٓ أَهْلِ مَدْيَنَ تَتْلُوا۟ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتِنَا وَلَٰكِنَّا كُنَّا مُرْسِلِينَ ﴿٤٥﴾

45 - ئەمما بىز مۇسادىن كېيىن نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى بارلىققا كەلتۈردۇق، ئۇلار ئۇزۇن زامان ياشىدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئاللاھ بىلەن بولغان ئەھدىسىنى ئۇنتۇپ قالدى، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇندىمىدى، سەن مەديەن ئاھالىسىنىڭ ئىچىدە ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئوقۇپ بەرگۈچى بولۇپ تۇرغانمۇ ئەمەسسەن، لېكىن سەن مۇسا توغرۇلۇق ئېلىپ كەلگەن بۇ خەۋەر ۋەھيىدۇر، ئۇ سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھتۇر.

وَمَا كُنتَ بِجَانِبِ ٱلطُّورِ إِذْ نَادَيْنَا وَلَٰكِن رَّحْمَةً مِّن رَّبِّكَ لِتُنذِرَ قَوْمًا مَّآ أَتَىٰهُم مِّن نَّذِيرٍ مِّن قَبْلِكَ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ ﴿٤٦﴾

46 - ئى پەيغەمبەر! بىز مۇساغا نىدا قىلغان چاغدا، سەن تۇر تېغىنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ، سەن بۇ خەۋەرنى ئۇ جايدا بىرەر نەرسىنى كۆرۈپ بىلگىنىڭ يوق. لېكىن بىز سېنى رەببىڭ تەرىپىدىن رەھمەت قىلىپ، سەندىن ئىلگىرى ھېچبىر ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىگەن بىر قەۋمنى ئاگاھلاندۇرسۇن دەپ، پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. بۇ ئۇلارنىڭ سەن ئېلىپ كەلگەن ياخشىلىققا ئەمەل قىلىشى، سەن توسقان يامان ئىشلارنى تەرك ئېتىشى ئۈچۈندۇر.

وَلَوْلَآ أَن تُصِيبَهُم مُّصِيبَةٌۢ بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيهِمْ فَيَقُولُوا۟ رَبَّنَا لَوْلَآ أَرْسَلْتَ إِلَيْنَا رَسُولًا فَنَتَّبِعَ

ءَايَٰتِكَ وَنَكُونَ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٤٧﴾

47 - ئاشۇ كاپىرلارغا ئۆزلىرىنىڭ رەببىنى ئىنكار قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ئازاب چۈشسە، «ئى رەببىمىز! بىزگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولساڭ ئىدىڭ، سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئەگىشەتتۇق ۋە مۆمىنلەردىن بولاتتۇق» دېمەسلىكلىرى ئۈچۈن (سېنى ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق).

فَلَمَّا جَآءَهُمُ ٱلْحَقُّ مِنْ عِندِنَا قَالُواْ لَوْلَآ أُوتِيَ مِثْلَ مَآ أُوتِيَ مُوسَىٰٓۚ أَوَلَمْ يَكْفُرُواْ بِمَآ أُوتِيَ مُوسَىٰ مِن قَبْلُۖ قَالُواْ سِحْرَانِ تَظَٰهَرَا وَقَالُوٓاْ إِنَّا بِكُلٍّ كَٰفِرُونَ ﴿٤٨﴾

48 - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاشۇ قەۋمگە پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشىدى، ئۇلار: «بىزگە ئەۋەتىلگەن بۇ پەيغەمبەرگىمۇ نېمىشقا مۇساغا بېرىلگەندەك مۆجىزىلەر بېرىلمىدى؟ ئۇنىڭغا كەلگەن كىتابمۇ نېمىشقا تەۋراتتەك بىراقلا نازىل قىلىنمىدى؟» دېدى. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «يەھۇدىيلار بۇرۇن مۇساغا كەلگەن تەۋراتنى ئىنكار قىلىپ، تەۋرات بىلەن قۇرئان بىر - بىرىنى كۈچلەندۈرىدىغان ئىككى سېھىردۇر، بىز ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىنى ئىنكار قىلىمىز دېدى ئەمەسمۇ؟».

قُلْ فَأْتُواْ بِكِتَٰبٍ مِّنْ عِندِ ٱللَّهِ هُوَ أَهْدَىٰ مِنْهُمَآ أَتَّبِعْهُ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿٤٩﴾

49 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر گۇمانىڭلاردا راستچىل بولىدىغان بولساڭلار، ئاللاھ تەرىپىدىن تەۋرات بىلەن قۇرئانغا قارىغاندا تېخىمۇ توغرا بىرەر كىتاب كەلتۈرۈپ بېقىڭلارچۇ، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشەي».

فَإِن لَّمْ يَسْتَجِيبُواْ لَكَ فَٱعْلَمْ أَنَّمَا يَتَّبِعُونَ أَهْوَآءَهُمْۚ وَمَنْ أَضَلُّ مِمَّنِ ٱتَّبَعَ هَوَىٰهُ بِغَيْرِ هُدًى مِّنَ ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهْدِي ٱلْقَوْمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٥٠﴾

50 - ئەگەر ئۇلار سەن تەلەپ قىلغاننى كەلتۈرەلمىسە ۋە ئۆزلىرىنىڭ سەپسەتىلىرىنى كۈچكە ئىگە قىلىدىغان ھېچقانداق دەلىل كەلتۈرەلمىسە، بىلگىنكى، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ. ئاللاھ ئاتا قىلغان ھىدايەتكە ئەگەشمەي، ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن ئادەمدىنمۇ ئازغۇن ئادەم يوقتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش ۋە بەلگىلىمىلىرىدە چەكتىن ئېشىپ كېتىش ئارقىلىق، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان كاپىر قەۋمنى توغرا يولدا مېڭىشقا مۇۋەپپەق قىلمايدۇ.

۞ وَلَقَدْ وَصَّلْنَا لَهُمُ ٱلْقَوْلَ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ ﴿٥١﴾

51 - سېنىڭ قەۋمىڭنى ئۈگۈت ئالسۇن دەپ، ئۇلارغا مەرھەمەت قىلىپ، بىز بۇ قۇرئاننى تەپسىلىي ۋە ئوچۇق بايان قىلىپ بەردۇق.

ٱلَّذِينَ ءَاتَيْنَٰهُمُ ٱلْكِتَٰبَ مِن قَبْلِهِۦ هُم بِهِۦ يُؤْمِنُونَ ﴿٥٢﴾

52 - قۇرئاندىن ئىلگىرى بىز كىتاب بەرگەن يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆز كىتابلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتمىگەن كىشىلەر قۇرئانغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىدۇ.

وَإِذَا يُتْلَىٰ عَلَيْهِمْ قَالُوٓاْ ءَامَنَّا بِهِۦٓ إِنَّهُ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّنَآ إِنَّا كُنَّا مِن قَبْلِهِۦ مُسْلِمِينَ ﴿٥٣﴾

53 - ئۇلارغا قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، ئۇلار: «بىز قۇرئانغا ئىشەندۇق، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلدۇق. شەكسىزكى، ئۇ رەببىمىز تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەقىقەتتۇر، بىز بۇ

قۇرئان نازىل بولۇشتىن ئىلگىرىمۇ مۇسۇلمان ئىدۇق. چۈنكى ئاللاھنىڭ دىنى بىردۇر، ئۇ بولسا ئىسلام دىنىدۇر» دەيدۇ.

أُوْلَٰٓئِكَ يُؤْتَوْنَ أَجْرَهُم مَّرَّتَيْنِ بِمَا صَبَرُواْ وَيَدْرَءُونَ بِٱلْحَسَنَةِ ٱلسَّيِّئَةَ وَمِمَّا رَزَقْنَٰهُمْ
يُنفِقُونَ ﴿٥٤﴾ وَإِذَا سَمِعُواْ ٱللَّغْوَ أَعْرَضُواْ عَنْهُ وَقَالُواْ لَنَآ أَعْمَٰلُنَا وَلَكُمْ أَعْمَٰلُكُمْ سَلَٰمٌ
عَلَيْكُمْ لَا نَبْتَغِي ٱلْجَٰهِلِينَ ﴿٥٥﴾

54 - 55 - يۇقىرىدا سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان كىشىلەرگە —ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇنداشتا چىدامىلىق، سەۋر - تاقەتلىك بولغانلىقى يۈزىسىدىن— قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتى ئىككى ھەسسە قىلىپ بېرىلىدۇ. بۇ ئىككى ھەسسە مۇكاپات ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىگە نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابقا ۋە قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈندۇر. ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى شۇكى، ئۇلار ياخشىلىق ئارقىلىق يامانلىقنى توسىدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىدۇ، يامان سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالسا بۇنداق سۆزلەرگە قۇلاق سالمايدۇ، يامان گەپلەرنى قىلغۇچىلارغا: «بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، بىز ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەيمىز، سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، ئۇنىڭ گۇناھى ئۆزۈڭلارغا بولىدۇ، بىز سىلەرگە رەددىيە بېرىمىز دەپ ۋاقتىمىزنى زايە قىلمايمىز، سىلەر بىزدىن پەقەت ياخشى سۆزلەرنىلا ئاڭلايسىلەر، بىز سىلەرگە نادانلىقىڭلارغا ماسلىشىپ گەپ قىلىپ ئولتۇرمايمىز. چۈنكى بىز نادانلارنىڭ يولىنى خالىمايمىز ۋە ئۇنداق يولنى ياقتۇرمايمىز». مانا بۇ كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىدىغان كىشىلەر قىلىدىغان ئەڭ ياخشى سۆزدۇر.

إِنَّكَ لَا تَهْدِي مَنْ أَحْبَبْتَ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَهْدِي مَن يَشَآءُ وَهُوَ أَعْلَمُ بِٱلْمُهْتَدِينَ ﴿٥٦﴾

56 - ئى پەيغەمبەر! سەن ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن ئادەمنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلالمايسەن، لېكىن ئۇ ئاللاھنىڭ قولىدا بولۇپ، ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ئىمانغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ. (چۈنكى) ئاللاھ كىمنىڭ ھىدايەتكە لايىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ.

وَقَالُوٓاْ إِن نَّتَّبِعِ ٱلْهُدَىٰ مَعَكَ نُتَخَطَّفْ مِنْ أَرْضِنَآ أَوَلَمْ نُمَكِّن لَّهُمْ حَرَمًا ءَامِنًا يُجْبَىٰٓ إِلَيْهِ
ثَمَرَٰتُ كُلِّ شَيْءٍ رِّزْقًا مِّن لَّدُنَّا وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٥٧﴾

57 - مەككىلىك كاپىرلار: «ئەگەر بىز سەن ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئەگىشىپ، ئۆزىمىزنىڭ مەبۇدلىرىمىزدىن يۈز ئۆرۈسەك، ئۇ چاغدا بىز ئۆلتۈرۈلۈش، ئەسىرگە ئېلىنىش، مال - مۈلۈكىمىز تالان - تاراج قىلىنىش بىلەن ئۆز يۇرتىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىلىمىز» دېدى. بىز ئۇلارنى تىنچ شەھەردە تۇرغۇزمىدۇقمۇ؟ بۇ شەھەردە قان تۆكۈشنى چەكلىمىدۇقمۇ؟ بۇ شەھەرگە بىز تەرەپتىن رىزىق قىلىپ بېرىلگەن تۈرلۈك مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى كەلتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟ لېكىن ئاشۇ مۇشرىكلارنىڭ تولىسى بۇ نېمەتلەرنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار بۇ نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان زاتقا شۈكۈر قىلمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمايدۇ.

وَكَمْ أَهْلَكْنَا مِن قَرْيَةٍ بَطِرَتْ مَعِيشَتَهَا فَتِلْكَ مَسَٰكِنُهُمْ لَمْ تُسْكَن مِّنۢ بَعْدِهِمْ إِلَّا قَلِيلًا
وَكُنَّا نَحْنُ ٱلْوَٰرِثِينَ ﴿٥٨﴾

58 - بىز ئاھالىسى كەيىپ - ساپالىق تۇرمۇشقا بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن خۇدىنى يوقىتىپ پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقان ۋە كاپىرلىقتا چېكىدىن ئاشقان تۈرۈۋېلىپ

پەيغەمبەرلەرگە قارشى چىققان نۇرغۇن شەھەرلەرنى ھالاك قىلىۋەتتۇق، مانا بۇ ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرى بولۇپ، ئۇلار ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئۇ جايلاردا ئازغىنە ۋاقىتتىن باشقا چاغلاردا ھېچكىم تۇرغان ئەمەس. بىز بەندىلىرىمىزگە شۇنداق ئىگىدارچىلىق قىلىمىزكى، ئۇلارنى ۋاپات قىلدۇرىمىز، ئاندىن دەرگاھىمىزغا قايتۇرىمىز، ئاندىن ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى - يامان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى بېرىمىز.

وَمَا كَانَ رَبُّكَ مُهۡلِكَ ٱلۡقُرَىٰ حَتَّىٰ يَبۡعَثَ فِيٓ أُمِّهَا رَسُولٗا يَتۡلُواْ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتِنَاۚ وَمَا كُنَّا مُهۡلِكِي ٱلۡقُرَىٰٓ إِلَّا وَأَهۡلُهَا ظَٰلِمُونَ ﴿٥٩﴾

59 - ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ شەھەرلەرنىڭ مەركىزى بولغان مەككە شەھىرىگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئوقۇپ بېرىدىغان بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەرنى سېنىڭ ھايات ۋاقتىڭدا ھالاك قىلمايدۇ. ئاھالىسى كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان شەھەرلەردىن باشقىسىنى ھالاك قىلمىدۇق.

وَمَآ أُوتِيتُم مِّن شَيۡءٖ فَمَتَٰعُ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَزِينَتُهَاۚ وَمَا عِندَ ٱللَّهِ خَيۡرٞ وَأَبۡقَىٰٓۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ﴿٦٠﴾

60 - ئى ئىنسانلار! سىلەرگە ئاتا قىلىنغان بالىچاقا، پۇل - مال قاتارلىقلار سىلەر بۇ دۇنيادىلا بەھرىمەن بولىدىغان نېمەت ۋە ئۆزۈڭلارنى زىننەتلەيدىغان زىننەتتۇر. ئاللاھنىڭ ئىتائەتمەن بەندىلىرىگە بېرىدىغانلىرى ئەڭ ياخشى ۋە مەڭگۈلۈكتۇر. ئى قەۋم! سىلەر تېخىچە ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟ ياخشى بىلەن ياماننىڭ پەرقىنى بىلمەمسىلەر؟

أَفَمَن وَعَدۡنَٰهُ وَعۡدًا حَسَنٗا فَهُوَ لَٰقِيهِ كَمَن مَّتَّعۡنَٰهُ مَتَٰعَ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا ثُمَّ هُوَ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ مِنَ ٱلۡمُحۡضَرِينَ ﴿٦١﴾

61 - بىزگە ئىتائەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، بىز ۋەدە قىلغان جەننەتكە ئېرىشىدىغان ئادەم بىلەن، بىز دۇنيا ھاياتىنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋەتلىرىدىن، لەززەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلغان، ئاندىن قىيامەت كۈنى ئازابقا ھازىر قىلىنغانلار قاتارىدىن بولىدىغان ئادەم ئوخشاشمۇ؟ ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. شۇڭا ھەربىر ئەقىل ئىگىسى ئۆزىگە پايدىلىق ئىشنى قىلىشى لازىم. ئەڭ پايدىلىق ئىش ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى تىلەشتۇر.

وَيَوۡمَ يُنَادِيهِمۡ فَيَقُولُ أَيۡنَ شُرَكَآءِيَ ٱلَّذِينَ كُنتُمۡ تَزۡعُمُونَ ﴿٦٢﴾

62 - ئاللاھ مۇشرىكلارنى چاقىرىدىغان قىيامەت كۈنىدە ئۇلارغا: «سىلەر ئۆز گۇمانىڭلارچە ماڭا شېرىك دەپ قوشۇۋالغان مەبۇدلىرىڭلار قېنى؟» دەيدۇ.

قَالَ ٱلَّذِينَ حَقَّ عَلَيۡهِمُ ٱلۡقَوۡلُ رَبَّنَا هَٰٓؤُلَآءِ ٱلَّذِينَ أَغۡوَيۡنَآ أَغۡوَيۡنَٰهُمۡ كَمَا غَوَيۡنَاۖ تَبَرَّأۡنَآ إِلَيۡكَۖ مَا كَانُوٓاْ إِيَّانَا يَعۡبُدُونَ ﴿٦٣﴾

63 - ئازابقا لايىق بولغان كاپىر يولباشچىلار: «ئى رەببىمىز! ئەنە شۇلار بىز ئازدۇرغان كىشىلەردۇر. بىز قانداق ئازغان بولساق، ئۇلارنىمۇ شۇنداق ئازدۇردۇق. ئەمدى ئۇلاردىن يىراقلىشىپ ساڭا سېغىندۇق. زادى ئۇلار بىزگە چوقۇنمايتتى، بەلكى شەيتانغا چوقۇناتتى» دېيىشىدۇ.

وَقِيلَ ٱدۡعُواْ شُرَكَآءَكُمۡ فَدَعَوۡهُمۡ فَلَمۡ يَسۡتَجِيبُواْ لَهُمۡ وَرَأَوُاْ ٱلۡعَذَابَۚ لَوۡ أَنَّهُمۡ كَانُواْ يَهۡتَدُونَ ﴿٦٤﴾

64 - قىيامەت كۈنى مۇشرىكلارغا: «سىلەر دۇنيادا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى قايرىپ قويۇپ

چوقۇنغان مەبۇدلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار» دېيىلگەندە، ئۇلار مەبۇدلىرىنى چاقىرىدۇ، ئەمما ئۇ مەبۇدلار ئۇلارغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ، ئۇلار ئازابنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن چاغدا، «كاشكى، دۇنيادىكى ۋاقتىمىزدا توغرا يولغا ئەگەشكەن بولساقچۇ!» دېيىشىپ كېتىدۇ.

وَيَوْمَ يُنَادِيهِمْ فَيَقُولُ مَاذَآ أَجَبْتُمُ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿٦٥﴾

65 - ئاللاھ ئاشۇ مۇشرىكلارنى چاقىرىدىغان كۈندە ئۇلارغا: «سىلەر بىز ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرگە نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭلار؟» دەيدۇ.

فَعَمِيَتْ عَلَيْهِمُ ٱلْأَنۢبَآءُ يَوْمَئِذٍ فَهُمْ لَا يَتَسَآءَلُونَ ﴿٦٦﴾

66 - ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاقلاپ كەلتۈرىدىغان دەلىل - پاكىتى بولمىغاچقا، نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالىدۇ، ھەتتا ئۇلار نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىر - بىرىدىن سورىشالمايدۇ.

فَأَمَّا مَن تَابَ وَءَامَنَ وَعَمِلَ صَٰلِحًا فَعَسَىٰٓ أَن يَكُونَ مِنَ ٱلْمُفْلِحِينَ ﴿٦٧﴾

67 - ئەمما مۇشرىكلار ئىچىدىن گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغان، ئاللاھقا ئىبادەتنى خالىس قىلغان، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بۇيرۇغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرنىڭ ئىككىلا ئالەمدە مۇرادىغا يېتىدىغانلىقى مۇقەررەردۇر[1].

وَرَبُّكَ يَخْلُقُ مَا يَشَآءُ وَيَخْتَارُ ۗ مَا كَانَ لَهُمُ ٱلْخِيَرَةُ ۚ سُبْحَٰنَ ٱللَّهِ وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴿٦٨﴾

68 - رەببىڭ نېمىنى يارىتىشنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، خالىغان بەندىسىنى ئىمان ۋە ھىدايەتكە تاللايدۇ. ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمنىڭ تاللاش ھەققى يوقتۇر. ئاللاھ پاكتۇر، ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە ئۈستۈندۇر.

وَرَبُّكَ يَعْلَمُ مَا تُكِنُّ صُدُورُهُمْ وَمَا يُعْلِنُونَ ﴿٦٩﴾

69 - رەببىڭ بەندىلىرىنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغانلىرىنىمۇ ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ.

وَهُوَ ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ۖ لَهُ ٱلْحَمْدُ فِى ٱلْأُولَىٰ وَٱلْءَاخِرَةِ ۖ وَلَهُ ٱلْحُكْمُ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ﴿٧٠﴾

70 - ئۇ يەككە - يېگانە ئاللاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا تائەت-ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ئەڭ گۈزەل مەدھىيە ۋە ماختاشلار ئۇنىڭغا خاستۇر، بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۇنىڭغا خاستۇر. سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن ئاللاھقا ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.

قُلْ أَرَءَيْتُمْ إِن جَعَلَ ٱللَّهُ عَلَيْكُمُ ٱلَّيْلَ سَرْمَدًا إِلَىٰ يَوْمِ ٱلْقِيَٰمَةِ مَنْ إِلَٰهٌ غَيْرُ ٱللَّهِ يَأْتِيكُم بِضِيَآءٍ ۖ أَفَلَا تَسْمَعُونَ ﴿٧١﴾

71 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! دەپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر ئاللاھ كېچىنى سىلەر ئۈچۈن تا قىيامەت كۈنىگە قەدەر سوزۇلىدىغان قىلسا، ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە بىر يورۇقلۇق ئېلىپ كېلەلەيدىغان ئىلاھ بارمۇ؟ سىلەر تېخىچە ھەق سۆزنى

---

[1] ئەرەب تىلىدىكى «عسى» دېگەن سۆز ئادەتتە ئۈمىد قىلىشنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما بۇ سۆز ئاللاھ تائالادىن چىققاندا، ۋەدە قىلىنغان نەرسىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنىڭ مۇقەررەر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ۋەدىسىگە ئەسلا خىلاپلىق قىلمايدۇ. «أيسر التفاسير»4-توم، 90-بەت.

ئاڭلىماسىلەر؟».

قُلْ أَرَءَيْتُمْ إِن جَعَلَ ٱللَّهُ عَلَيْكُمُ ٱلنَّهَارَ سَرْمَدًا إِلَىٰ يَوْمِ ٱلْقِيَٰمَةِ مَنْ إِلَٰهٌ غَيْرُ ٱللَّهِ يَأْتِيكُم بِلَيْلٍ تَسْكُنُونَ فِيهِ ۖ أَفَلَا تُبْصِرُونَ ﴿٧٢﴾

72 ـ ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «دەپ بېقىڭلارچۇ! ئەگەر ئاللاھ كۈندۈزنى سىلەر ئۈچۈن تا قىيامەت كۈنىگە قەدەر سوزۇلىدىغان قىلسا، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا سىلەر ئارام ئالىدىغان كېچىنى ئېلىپ كېلەلەيدىغان ئىلاھ بارمۇ؟ سىلەر تېخىچە بۇ ھەقىقەتنى كۆرمەمسىلەر؟».

وَمِن رَّحْمَتِهِۦ جَعَلَ لَكُمُ ٱلَّيْلَ وَٱلنَّهَارَ لِتَسْكُنُوا۟ فِيهِ وَلِتَبْتَغُوا۟ مِن فَضْلِهِۦ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿٧٣﴾

73 ـ ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ سىلەرنى كېچىدە ئۇخلاپ ئارام ئالسۇن، كۈندۈزدە تىرىكچىلىك قىلىپ ئاللاھنىڭ پەزلىنى ئىزدىسۇن ۋە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، كېچىنى قاراڭغۇ، كۈندۈزنى يورۇق قىلىپ ياراتقانلىقى ئۇنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان رەھمىتىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

وَيَوْمَ يُنَادِيهِمْ فَيَقُولُ أَيْنَ شُرَكَآءِىَ ٱلَّذِينَ كُنتُمْ تَزْعُمُونَ ﴿٧٤﴾

74 ـ ئاللاھ ئاشۇ مۇشرىكلارنى چاقىرىدىغان قىيامەت كۈنىدە، ئۇلارغا: «سىلەر ئۆز گۇمانىڭلارچە ماڭا شېرىك دەپ قوشۇۋالغان مەبۇدلىرىڭلار قېنى؟» دەيدۇ.

وَنَزَعْنَا مِن كُلِّ أُمَّةٍ شَهِيدًا فَقُلْنَا هَاتُوا۟ بُرْهَٰنَكُمْ فَعَلِمُوٓا۟ أَنَّ ٱلْحَقَّ لِلَّهِ وَضَلَّ عَنْهُم مَّا كَانُوا۟ يَفْتَرُونَ ﴿٧٥﴾

75 ـ بىز ھەق دىنىنى ئىنكار قىلغان ئۈممەتلەرنىڭ ھەربىرىدىن، ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ئەھۋالىغا ۋە ئۆزلىرىگە كەلگەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقىغا گۇۋاھ بولۇشى ئۈچۈن، بىرەردىن گۇۋاھچى چىقىرىمىز، ئاندىن ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان ئاشۇ ئۈممەتلەرگە: «ساختا مەبۇدلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغانلىقىڭلارغا دەلىل - پاكىتىڭلار بولسا كەلتۈرۈڭلار!» دەيمىز. ئۇلار شۇ چاغدىلا ھەقىقەتنىڭ دەلىل - پاكىتلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى، ھەقىقەتنىڭ ئاللاھقا خاس ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. دۇنيادا ئۇلار ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان مەبۇدلىرى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن غايىب بولىدۇ، ئۇلارغا ئەسقاتمايدۇ، بەلكى ئۇلارغا زىيان يەتكۈزۈپ ئۇلارنىڭ دوزاخ ئەھلى بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

۞ إِنَّ قَٰرُونَ كَانَ مِن قَوْمِ مُوسَىٰ فَبَغَىٰ عَلَيْهِمْ ۖ وَءَاتَيْنَٰهُ مِنَ ٱلْكُنُوزِ مَآ إِنَّ مَفَاتِحَهُۥ لَتَنُوٓأُ بِٱلْعُصْبَةِ أُو۟لِى ٱلْقُوَّةِ إِذْ قَالَ لَهُۥ قَوْمُهُۥ لَا تَفْرَحْ ۖ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلْفَرِحِينَ ﴿٧٦﴾

76 ـ ھەقىقەتەن قارۇن مۇسانىڭ قەۋمىدىن ئىدى. ئۇ ئۆز قەۋمىگە تەكەببۇرلۇق قىلىشتا ۋە ھاكاۋۇرلۇقتا تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. بىز قارۇنغا مال - دۇنيانىڭ خەزىنىلىرىدىن شۇ قەدەر كۆپ بەرگەن ئىدۇقكى، خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى كۆتۈرۈش ناھايىتى كۈچلۈك، ناھايىتى كۆپ كىشىلەرگىمۇ ھەقىقەتەن ئېغىر كېلەتتى. ئۆز ۋاقتىدا قەۋمى ئۇنىڭغا ئېيتتى: «سەن ئېرىشكەن مال - دۇنياغا بۇنچىلىك كۆرەڭلەپ كەتمە. چۈنكى ئاللاھ نېمەتكە كۆرەڭلەپ كەتكەن ۋە نېمەت بەرگۈچىگە شۈكۈر قىلمايدىغانلارنى ياقتۇرمايدۇ.

وَٱبْتَغِ فِيمَآ ءَاتَىٰكَ ٱللَّهُ ٱلدَّارَ ٱلْءَاخِرَةَ ۖ وَلَا تَنسَ نَصِيبَكَ مِنَ ٱلدُّنْيَا ۖ وَأَحْسِن كَمَآ أَحْسَنَ ٱللَّهُ إِلَيْكَ ۖ وَلَا تَبْغِ ٱلْفَسَادَ فِى ٱلْأَرْضِ ۖ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلْمُفْسِدِينَ ﴿٧٧﴾

77 - ئاللاھ ساڭا بەرگەن پۇل - ماللارنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىش ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن ئاخىرەتلىك ساۋابنى تىلىگىن، ھالال نېمەتلەردىن ئىسراپ قىلماي، بۇزۇپ چاچماي بەھرىمەن بولۇش ئارقىلىق دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، ئاللاھ مال - دۇنيا ئاتا قىلىپ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەنمۇ موھتاجلارغا سەدىقە قىلىپ ياخشىلىق قىلغىن، قەۋمىڭگە چوڭچىلىق قىلىپ يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى ئىزدىمىگىن. چۈنكى ئاللاھ بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ».

قَالَ إِنَّمَآ أُوتِيتُهُۥ عَلَىٰ عِلۡمٍ عِندِيٓۚ أَوَلَمۡ يَعۡلَمۡ أَنَّ ٱللَّهَ قَدۡ أَهۡلَكَ مِن قَبۡلِهِۦ مِنَ ٱلۡقُرُونِ مَنۡ هُوَ أَشَدُّ مِنۡهُ قُوَّةٗ وَأَكۡثَرُ جَمۡعٗاۚ وَلَا يُسۡـَٔلُ عَن ذُنُوبِهِمُ ٱلۡمُجۡرِمُونَ ﴿٧٨﴾

78 - قارۇن ئۆزىگە نەسىھەت قىلغان كىشىلەرگە: «مەن بۇ بايلىقلا پەقەت ئۆزۈمدىكى ئالاھىدە بىلىم ۋە ئىقتىدار بىلەن ئېرىشتىم» دېدى. قارۇن ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر ئىچىدىن ئۆزىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك، توپلىغان پۇل - مېلى تېخىمۇ كۆپ بولغانلارنى ئاللاھنىڭ ھالاك قىلىۋەتكەنلىكىنى بىلمىدىمۇ؟ ئاللاھ ھەممىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ گۇناھكارلارنىڭ گۇناھلىرى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. ئۇلاردىن پەقەت كايىش تەرىقىسىدىلا سوئال سورىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ بىلگىنىگە ئاساسەن جازالايدۇ.

فَخَرَجَ عَلَىٰ قَوۡمِهِۦ فِي زِينَتِهِۦۖ قَالَ ٱلَّذِينَ يُرِيدُونَ ٱلۡحَيَوٰةَ ٱلدُّنۡيَا يَٰلَيۡتَ لَنَا مِثۡلَ مَآ أُوتِيَ قَٰرُونُ إِنَّهُۥ لَذُو حَظٍّ عَظِيمٖ ﴿٧٩﴾

79 - قارۇن ئۆزىنىڭ بايلىقىنى ۋە شۆھرىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، ئۆز قەۋمىنىڭ ئالدىغا بارلىق زىننىتى بىلەن ھەشەمەتلىك ھالدا ياسىنىپ چىقتى. دۇنيا تىرىكچىلىكىنى كۆزلەيدىغان كىشىلەر ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن، «كاشكى بىزگىمۇ قارۇنغا بېرىلگەندەك بايلىق، شۆھرەت ۋە زىننەت بېرىلگەن بولسىچۇ، قارۇن ھەقىقەتەن دۇنيالىقتىن كاتتا نېسىۋىگە ئىگە ئىكەن» دېدى.

وَقَالَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡعِلۡمَ وَيۡلَكُمۡ ثَوَابُ ٱللَّهِ خَيۡرٞ لِّمَنۡ ءَامَنَ وَعَمِلَ صَٰلِحٗاۚ وَلَا يُلَقَّىٰهَآ إِلَّا ٱلصَّٰبِرُونَ ﴿٨٠﴾

80 - ئاللاھنى تونۇغان، ئاللاھنىڭ دىنىنى بىلگەن، ھەقىقەتنى چۈشەنگەن كىشىلەر قارۇندەك بولۇشنى ئارزۇلاپ كەتكەن ھېلىقى كىشىلەرگە: «ئىسىت سىلەرگە! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ بېرىدىغان مۇكاپاتى قارۇن ئېرىشكەن مال - دۇنيادىن كۆپ ياخشىدۇر. بۇ نەسىھەتلەرنى پەقەت ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتا چىداملىق بولغان، گۇناھ ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلىغان ۋە نەپسىنىڭ يولسىز تەلەپلىرىگە قارشى كۈرەش قىلغان كىشىلەرلا قوبۇل قىلىپ ئەمەل قىلىدۇ» دېدى.

فَخَسَفۡنَا بِهِۦ وَبِدَارِهِ ٱلۡأَرۡضَ فَمَا كَانَ لَهُۥ مِن فِئَةٖ يَنصُرُونَهُۥ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَمَا كَانَ مِنَ ٱلۡمُنتَصِرِينَ ﴿٨١﴾

81 - نىھايەت، قارۇننى ئۇنىڭ ئۆيى - جايى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزۇۋەتتۇق. ئۇنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالىدىغان بىرەر قوشۇن چىقمىدى، قارۇن ئۆزىنىمۇ ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قوغداپ قالالمىدى.

وَأَصْبَحَ ٱلَّذِينَ تَمَنَّوْاْ مَكَانَهُۥ بِٱلْأَمْسِ يَقُولُونَ وَيْكَأَنَّ ٱللَّهَ يَبْسُطُ ٱلرِّزْقَ لِمَن يَشَآءُ مِنْ عِبَادِهِۦ
وَيَقْدِرُ لَوْلَآ أَن مَّنَّ ٱللَّهُ عَلَيْنَا لَخَسَفَ بِنَا وَيْكَأَنَّهُۥ لَا يُفْلِحُ ٱلْكَٰفِرُونَ ﴿٨٢﴾

82 - تۈنۈگۈن تېخى قارۇننىڭ ئورنىدا بولۇشنى ئارزۇ قىلغانلار بۇ ۋەقەدىن ئىبرەت ئالغان ۋە ئۆزلىرىگىمۇ شۇنداق جازانىڭ چۈشۈشىدىن قاتتىق قورققان ھالدا: «ئاللاھ بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ، ئاللاھ بىزگە مەرھەمەت قىلمىغان بولسا ئىدى، بىزنىڭ ئاشۇ سۆزىمىز سەۋەبلىك بىزنىمۇ ئەلۋەتتە قارۇننى يەرگە يۇتقۇزغاندەك يۇتقۇزۇۋەتكەن بولاتتى، مانا كۆردۈڭمۇ؟ كاپىرلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ» دېيىشتى.

تِلْكَ ٱلدَّارُ ٱلْءَاخِرَةُ نَجْعَلُهَا لِلَّذِينَ لَا يُرِيدُونَ عُلُوًّا فِى ٱلْأَرْضِ وَلَا فَسَادًا وَٱلْعَٰقِبَةُ لِلْمُتَّقِينَ ﴿٨٣﴾

83 - ئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىدۇر. بىز ئۇنىڭ نېمىتىنى يەر يۈزىدە ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىپ چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلارغا خاس قىلىدۇق. ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىشتىن ئىبارەت ئەڭ ياخشى ئاقىۋەت ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن ئۆزىنى ساقلىغان كىشىلەرگە مەنسۇپتۇر.

مَن جَآءَ بِٱلْحَسَنَةِ فَلَهُۥ خَيْرٌ مِّنْهَا وَمَن جَآءَ بِٱلسَّيِّئَةِ فَلَا يُجْزَى ٱلَّذِينَ عَمِلُواْ ٱلسَّيِّـَٔاتِ إِلَّا مَا
كَانُواْ يَعْمَلُونَ ﴿٨٤﴾

84 - كىمكى ئاخىرەت يۇرتىغا ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە بولغان چىن ئىمان، ئىخلاس ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا مۇۋاپىقلاشقان ياخشى ئەمەل بىلەن كېلىدىكەن، ئۇ قىلغان ئەمەلىدىنمۇ كاتتىراق مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، ئۇ مۇكاپات بولسا جەننەت ۋە مەڭگۈلۈك نېمەتتۇر. كىمكى يامان ئىش بىلەن كېلىدىكەن، يامان ئىشلارنى قىلغانلارغا پەقەت ئۆز قىلمىشلىرىغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ.

إِنَّ ٱلَّذِى فَرَضَ عَلَيْكَ ٱلْقُرْءَانَ لَرَآدُّكَ إِلَىٰ مَعَادٍ قُل رَّبِّىٓ أَعْلَمُ مَن جَآءَ بِٱلْهُدَىٰ وَمَنْ هُوَ فِى ضَلَٰلٍ
مُّبِينٍ ﴿٨٥﴾

85 - ئى پەيغەمبەر! ساڭا قۇرئاننى نازىل قىلغان، ئۇنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشنى ۋە ئەمەل قىلىشنى پەرز قىلىپ بەلگىلىگەن زات، ئەلۋەتتە سېنى ئۆزۈڭ چىقىپ كەتكەن مەككىگە قايتۇرىدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «رەببىم كىمنىڭ ھىدايەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، كىمنىڭ ھەقىقەتتىن يىراقلىشىپ ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ».

وَمَا كُنتَ تَرْجُوٓاْ أَن يُلْقَىٰٓ إِلَيْكَ ٱلْكِتَٰبُ إِلَّا رَحْمَةً مِّن رَّبِّكَ فَلَا تَكُونَنَّ ظَهِيرًا لِّلْكَٰفِرِينَ ﴿٨٦﴾

86 - ئى پەيغەمبەر! سەن بۇرۇن قۇرئاننىڭ ساڭا ۋەھيى قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلمىغان ئىدىڭ، لېكىن ئاللاھ ساڭا رەھىم - شەپقەت قىلىپ، قۇرئاننى ساڭا نازىل قىلدى. شۇڭا سەن ئاللاھنىڭ بۇ كاتتا نېمىتىگە شۈكۈر قىلغىن، ھەرگىز مۇشرىكلارغا، ئازغۇنلارغا ياردەمچى بولۇپ قالمىغىن.

وَلَا يَصُدُّنَّكَ عَنْ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ بَعْدَ إِذْ أُنزِلَتْ إِلَيْكَ وَٱدْعُ إِلَىٰ رَبِّكَ وَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿٨٧﴾

87 - ئاللاھ ساڭا ئايەتلىرىنى نازىل قىلغاندىن كېيىن، ئۇ مۇشرىكلار سېنى مەزكۇر

ئايەتلەرنى ۋە ھەق دىنىنىڭ دەلىللىرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشتىن توسۇپ قويمىسۇن. رەببىڭنىڭ دىنىنى يەتكۈزگىن، ھەرگىزمۇ مۇشرىكلاردىن بولۇپ قالمىغىن.

وَلَا تَدۡعُ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَۘ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۚ كُلُّ شَيۡءٍ هَالِكٌ إِلَّا وَجۡهَهُۥۚ لَهُ ٱلۡحُكۡمُ وَإِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ ﴿٨٨﴾

88 ـ ئاللاھقا قوشۇپ ساختا ئىلاھلاردىن بىرەرسىگە ئىبادەت قىلمىغىن. ئاللاھتىن باشقا تائەت ـ ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھنىڭ زاتىدىن باشقا ھەممە نەرسە ئاخىرى پانىي بولغۇچىدۇر، ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقا خاستۇر، سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن، ئەمەللىڭلاردىن ھېساب بېرىش ئۈچۈن، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر. (بۇ ئايەت ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق يۈز دېگەن سۈپىتىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ).

# ئەنكەبۇت سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

الٓمٓ ﴿١﴾

1 ـ ئەلىف، لام، مىيم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

أَحَسِبَ ٱلنَّاسُ أَن يُتۡرَكُوٓاْ أَن يَقُولُوٓاْ ءَامَنَّا وَهُمۡ لَا يُفۡتَنُونَ ﴿٢﴾

2 ـ ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويسىلا، ئاللاھ ئۇلارنى سىنىماستىن، ئىمتىھان قىلماستىن تاشلاپ قويىدۇ دەپ ئويلامدۇ؟

وَلَقَدۡ فَتَنَّا ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡۖ فَلَيَعۡلَمَنَّ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ صَدَقُواْ وَلَيَعۡلَمَنَّ ٱلۡكَٰذِبِينَ ﴿٣﴾

3 ـ ئۇلاردىن بۇرۇن بىز پەيغەمبەر ئەۋەتكەن ئۈممەتلەرنىمۇ سىنىغان ۋە ئىمتىھان قىلغان ئىدۇق. ئاللاھ ئىمانىدا راستچىل بولغانلارنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ، يالغاندىن ئىمان ئېيتىپ قويغانلارنىمۇ ئەلۋەتتە بىلىدۇ.

أَمۡ حَسِبَ ٱلَّذِينَ يَعۡمَلُونَ ٱلسَّيِّـَٔاتِ أَن يَسۡبِقُونَاۚ سَآءَ مَا يَحۡكُمُونَ ﴿٤﴾

4 ـ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ھەق دىنىنى ئىنكار قىلىش قاتارلىق يامان ئىشلارنى قىلىدىغانلار ئۇلارنى بىزنىڭ جازايىمىزدىن قېچىپ قۇتۇلالايمىز، بىزنى جازالىيالمايدۇ دەپ ئويلىدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ چىقارغان بۇ ھۆكۈمى نېمىدېگەن يامان!

مَن كَانَ يَرۡجُواْ لِقَآءَ ٱللَّهِ فَإِنَّ أَجَلَ ٱللَّهِ لَأٓتٖۚ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ﴿٥﴾

5 ـ كىمكى ئاللاھنىڭ ئالدىغا بېرىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جەننىتىنى ئارزۇ قىلىدىكەن، (بىلسۇنكى) ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن ھېساب ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى تىرىلدۈرۈشكە بەلگىلىگەن ۋاقتى چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ. ئاللاھ بارلىق سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بارلىق ئەمەللەرنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

وَمَن جَٰهَدَ فَإِنَّمَا يُجَٰهِدُ لِنَفۡسِهِۦٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَغَنِيٌّ عَنِ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٦﴾

6 ـ كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش يولىدا كۈرەش قىلىدىكەن، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان بولىدۇ، چۈنكى، ئاللاھ جىمى بەندىلىرىنىڭ ئەمەللىرىدىن بىھاجەتتۇر. ئاللاھ ھەممىنىڭ ئىگىسى، ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ھەممە ئىش ئىلكىدە بولغان يېگانە زاتتۇر.

وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَنُكَفِّرَنَّ عَنۡهُمۡ سَيِّـَٔاتِهِمۡ وَلَنَجۡزِيَنَّهُمۡ أَحۡسَنَ ٱلَّذِي كَانُواْ

يَعۡمَلُونَ ﴿٧﴾

7 - ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ گۇناھلىرىنى چوقۇم ئۆچۈرۈۋېتىمىز ۋە ئەلۋەتتە ئۇلارنى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا بېرىلىدىغان ساۋاب بىلەن مۇكاپاتلايمىز.

وَوَصَّيۡنَا ٱلۡإِنسَٰنَ بِوَٰلِدَيۡهِ حُسۡنٗاۖ وَإِن جَٰهَدَاكَ لِتُشۡرِكَ بِي مَا لَيۡسَ لَكَ بِهِۦ عِلۡمٞ فَلَا تُطِعۡهُمَآۚ إِلَيَّ مَرۡجِعُكُمۡ فَأُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٨﴾

8 - ئىنساننى ئاتا - ئانىسىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەت قىلىشقا، گەپ - سۆزدە ۋە ئىش - ھەرىكەتتە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئى ئىنسان! ئەگەر ئاتا - ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا ئىبادەتتە شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن باشقا گۇناھ ئىشلارغا بۇيرۇسىمۇ ئىتائەت قىلمىغىن. (چۈنكى ئاللاھقا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشتا ئىنسانلارغا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دەپ بۇيرۇغان). سىلەر قىيامەت كۈنى مەن تەرەپكە قايتىسىلەر. شۇ چاغدا مەن سىلەرگە دۇنيادا قىلغان ياخشى - يامان بارلىق ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەر بېرىمەن ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىمەن.

وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَنُدۡخِلَنَّهُمۡ فِي ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٩﴾

9 - ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىغان كىشىلەرنى چوقۇم سالىھ بەندىلىرىمىز قاتارىدا جەننەتكە كىرگۈزىمىز.

وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَقُولُ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ فَإِذَآ أُوذِيَ فِي ٱللَّهِ جَعَلَ فِتۡنَةَ ٱلنَّاسِ كَعَذَابِ ٱللَّهِۖ وَلَئِن جَآءَ نَصۡرٞ مِّن رَّبِّكَ لَيَقُولُنَّ إِنَّا كُنَّا مَعَكُمۡۚ أَوَلَيۡسَ ٱللَّهُ بِأَعۡلَمَ بِمَا فِي صُدُورِ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٠﴾

10 - بەزى كىشىلەر: «ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ، مۇشرىكلار ئۇلارغا ئەزىيەت يەتكۈزسە، ئاللاھنىڭ ئازابىغا ئۇچرىغاندەك ۋايساپ كېتىدۇ ۋە ھەرگىز سەۋر قىلالماي ئىماندىن يېنىپ كېتىدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئەگەر مۇئمىنلەرگە ئاللاھتىن بىر نۇسرەت كەلسە، ھېلىقى مۇرتەدلەر: «ئى مۇئمىنلەر! سىلەرنىڭ دۈشمەنلەرنى يېڭىشىڭلاردا بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە ئىدۇق» دەيدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ قەلبىدىكىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟!

وَلَيَعۡلَمَنَّ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَلَيَعۡلَمَنَّ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ ﴿١١﴾

11 - ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگەشكەن مۇئمىنلەرنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، مۇناپىقلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ ۋە ھەربىر پىرقىنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ چىقىدۇ.

وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لِلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّبِعُواْ سَبِيلَنَا وَلۡنَحۡمِلۡ خَطَٰيَٰكُمۡ وَمَا هُم بِحَٰمِلِينَ مِنۡ خَطَٰيَٰهُم مِّن شَيۡءٍۖ إِنَّهُمۡ لَكَٰذِبُونَ ﴿١٢﴾

12 - ئاللاھنى ئىنكار قىلغان، ئاللاھنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا ۋە ۋەدىلىرىگە ئىشەنمەيدىغان قۇرەيش كاپىرلىرى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلارغا: «مۇھەممەدنىڭ دىنىنى تاشلاڭلار، بىزنىڭ يولىمىزغا ئەگىشىڭلار، سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى بىز ئۈستىمىزگە ئالىمىز» دېدى.

ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۇ كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىدىن ھېچ نەرسىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. شەكسىزكى، ئۇلار ئوپئوچۇق يالغانچىلاردۇر.

وَلَيَحۡمِلُنَّ أَثۡقَالَهُمۡ وَأَثۡقَالٗا مَّعَ أَثۡقَالِهِمۡۖ وَلَيُسۡـَٔلُنَّ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ عَمَّا كَانُواْ يَفۡتَرُونَ ﴿١٣﴾

13 - ئاشۇ مۇشرىكلار ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ ئۆزلىرى ئازدۇرۇپ ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقان كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. (ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ئۈستىگە ئالغانلىقتىن) ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىدىن ھېچ نەرسە كېمىيتىلمەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىقارغان يالغان سۆزلىرى ئۈچۈن، قىيامەت كۈنى ئەلۋەتتە سوراققا تارتىلىدۇ.

وَلَقَدۡ أَرۡسَلۡنَا نُوحًا إِلَىٰ قَوۡمِهِۦ فَلَبِثَ فِيهِمۡ أَلۡفَ سَنَةٍ إِلَّا خَمۡسِينَ عَامٗا فَأَخَذَهُمُ ٱلطُّوفَانُ وَهُمۡ ظَٰلِمُونَ ﴿١٤﴾

14 - شەكسىزكى، بىز نۇھنى ئۆزىنىڭ قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، نۇھ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇلارنى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىپ، شۇنداقلا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن توسۇپ توققۇز يۈز ئەللىك يىل تۇردى. ئەمما ئۇلار ئۇنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇلار كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلىۋاتقان پەيتتە، ئاللاھ ئۇلارنى توپان بالاسى بىلەن ھالاك قىلىۋەتتى.

فَأَنجَيۡنَٰهُ وَأَصۡحَٰبَ ٱلسَّفِينَةِ وَجَعَلۡنَٰهَآ ءَايَةٗ لِّلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٥﴾

15 - بىز نۇھنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېمىگە چىققان كىشىلەرنى توپان بالاسىدا غەرق بولۇپ كېتىشتىن قۇتقۇزدۇق، بىز بۇ ئىشنى جاھان ئەھلى ئۈچۈن ئىبرەت قىلدۇق.

وَإِبۡرَٰهِيمَ إِذۡ قَالَ لِقَوۡمِهِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ وَٱتَّقُوهُۖ ذَٰلِكُمۡ خَيۡرٞ لَّكُمۡ إِن كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ﴿١٦﴾

16 - ئى پەيغەمبەر! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئەسلىگىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قەۋمىگە مۇنداق دەپ دەۋەت قىلغان ئىدى: «ئىبادەتنى بىر ئاللاھقىلا قىلىڭلار، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش، توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلار ئۈچۈن نېمىنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلسەڭلار، بۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن تولىمۇ ياخشىدۇر.

إِنَّمَا تَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ أَوۡثَٰنٗا وَتَخۡلُقُونَ إِفۡكًاۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ تَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ لَا يَمۡلِكُونَ لَكُمۡ رِزۡقٗا فَٱبۡتَغُواْ عِندَ ٱللَّهِ ٱلرِّزۡقَ وَٱعۡبُدُوهُ وَٱشۡكُرُواْ لَهُۥٓۖ إِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ ﴿١٧﴾

17 - ئى قەۋم! سىلەر ئاللاھنى قويۇپ پەقەت بۇتلارغا چوقۇنۇۋاتىسىلەر ۋە سىلەر ئۇلارنى ئىلاھ دەۋېلىش ئارقىلىق يالغاننى ئويدۇرۇپ چىقىرىۋاتىسىلەر. ھەقىقەت شۇكى، سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلار سىلەرگە رىزىق بېرىشكە قادىر ئەمەس. شۇڭا، سىلەر رىزىقنى بۇتلاردىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن تەلەپ قىلىڭلار، ئاللاھقا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭ سىلەرگە رىزىق بەرگەنلىكىگە شۈكۈر قىلىڭلار. سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن، چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر. شۇ چاغدا، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارغا قاراپ سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

وَإِن تُكَذِّبُواْ فَقَدۡ كَذَّبَ أُمَمٞ مِّن قَبۡلِكُمۡۖ وَمَا عَلَى ٱلرَّسُولِ إِلَّا ٱلۡبَلَٰغُ ٱلۡمُبِينُ ﴿١٨﴾

18 - ئى ئىنسانلار! سىلەر پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سىلەرنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار دېگەن دەۋىتىنى قوبۇل قىلماي، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلساڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرمۇ ئۆز پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھەق دەۋەتلىرىنى قوبۇل قىلماي، ئۇلارنى ئىنكار قىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئازابى چۈشتى، پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت سىلەرگە ئاللاھنىڭ دىنىنى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر، ئۇ سىلەرگە بۇنى تولۇق يەتكۈزدى.

أَوَلَمۡ يَرَوۡاْ كَيۡفَ يُبۡدِئُ ٱللَّهُ ٱلۡخَلۡقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥٓۚ إِنَّ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٞ ﴿١٩﴾

19 - ئۇلار ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتنى دەسلەپتە يوقتىن قانداق بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى، ئاندىن ئۇنى ئۆلگەندىن كېيىن قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرمىدىمۇ؟ بۇ ئاللاھقا نىسبەتەن يوقتىن پەيدا قىلىش ئاسان بولغاندەك ئاساندۇر.

قُلۡ سِيرُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَٱنظُرُواْ كَيۡفَ بَدَأَ ٱلۡخَلۡقَۚ ثُمَّ ٱللَّهُ يُنشِئُ ٱلنَّشۡأَةَ ٱلۡأٓخِرَةَۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿٢٠﴾

20 - ئى پەيغەمبەر! ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر زېمىننى كېزىپ، ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتنى قانداق ياراتقانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار. ئاللاھقا يوقنى پەيدا قىلىش ئاسان بولغاندەك، بارنى يوق قىلىۋېتىپ قايتا پەيدا قىلىش تېخىمۇ ئاساندۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر، نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدۇ.

يُعَذِّبُ مَن يَشَآءُ وَيَرۡحَمُ مَن يَشَآءُۖ وَإِلَيۡهِ تُقۡلَبُونَ ﴿٢١﴾

21 - ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى دۇنيادىكى قىلمىشى سەۋەبلىك جازالايدۇ، گۇناھىغا تەۋبە قىلغان ۋە ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىگە رەھىم قىلىدۇ. سىلەر ئاخىر ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر. شۇ چاغدا سىلەرنىڭ ياخشى - يامان ئەمەللىرىڭلارغا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

وَمَآ أَنتُم بِمُعۡجِزِينَ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلَا فِي ٱلسَّمَآءِۖ وَمَا لَكُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ مِن وَلِيّٖ وَلَا نَصِيرٖ ﴿٢٢﴾

22 - ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلساڭلار، مەيلى زېمىندا بولۇڭلار، مەيلى ئاسماندا بولۇڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، ئاللاھ سىلەرنى جازالىماقچى بولسا، ئاللاھتىن باشقا سىلەرنى ئازابتىن ساقلاپ قالالايدىغان بىرەر ئىگە ۋە سىلەرگە ياردەم قىلالايدىغان بىرەر مەدەتكار يوقتۇر».

وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَلِقَآئِهِۦٓ أُوْلَٰٓئِكَ يَئِسُواْ مِن رَّحۡمَتِي وَأُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿٢٣﴾

23 - ئاللاھنىڭ ھۆججەتلىرىنى ۋە قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئالدىغا چىقىرىلىشنى ئىنكار قىلغانلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار ئاخىرەتتە ئۆزلىرىگە تەييارلانغان ئازابنى كۆرگەندىن كېيىن، مېنىڭ رەھمىتىمدىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزىدۇ. ئەنە شۇلارغا قاتتىق ئازاب بار.

فَمَا كَانَ جَوَابَ قَوۡمِهِۦٓ إِلَّآ أَن قَالُواْ ٱقۡتُلُوهُ أَوۡ حَرِّقُوهُ فَأَنجَىٰهُ ٱللَّهُ مِنَ ٱلنَّارِۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ﴿٢٤﴾

24 - ئىبراھىمنىڭ قەۋمىنىڭ جاۋابى بىر - بىرىگە: «ئىبراھىمنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار ياكى كۆيدۈرۈۋېتىڭلار!» دېيىشتىنلا ئىبارەت بولدى. ئۇلار ئىبراھىمنى ئوتقا تاشلىدى، ئاللاھ ئۇنى ئوتتىن قۇتقۇزدى، ئوتنى ئۇنىڭغا سوغۇق ۋە بىخەتەر قىلىپ بەردى. شەكسىزكى،

ئىبراھىمنى ئوتتىن قۇتقۇزغانلىقىمىزدا ئىمان ئېيتىدىغان ۋە ئىتائەت قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق دەلىللەر بار.

وَقَالَ إِنَّمَا ٱتَّخَذۡتُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ أَوۡثَٰنًا مَّوَدَّةَ بَيۡنِكُمۡ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۖ ثُمَّ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ يَكۡفُرُ بَعۡضُكُم بِبَعۡضٖ وَيَلۡعَنُ بَعۡضُكُم بَعۡضٗا وَمَأۡوَىٰكُمُ ٱلنَّارُ وَمَا لَكُم مِّن نَّٰصِرِينَ (٢٥)

25 - ئىبراھىم قەۋمىگە ئېيتتى: «ئى قەۋم! سىلەر پەقەت ئاراڭلاردىكى دۇنيا ھاياتىغا خاس دوستلۇقنى دەپلا ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار، سىلەر بۇ دۇنيادا شۇ بۇتلارغا چوقۇنۇش ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن، بىر - بىرىڭلار بىلەن دوست بولۇۋاتىسىلەر. ئاندىن قىيامەت كۈنى بىر - بىرىڭلاردىن ئادا - جۇدا بولىسىلەر، بىر - بىرىڭلارغا لەنەت ئوقۇيسىلەر، سىلەرنىڭ بارىدىغان يېرىڭلار دوزاخ بولىدۇ، سىلەرنى دوزاخقا كىرىشتىن توسۇپ قالىدىغان ھېچقانداق مەدەتكار چىقمايدۇ».

۞ فَـَٔامَنَ لَهُۥ لُوطٞۘ وَقَالَ إِنِّي مُهَاجِرٌ إِلَىٰ رَبِّيٓۖ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ (٢٦)

26 - ئىبراھىمغا (بىرىنچى بولۇپ) لۇت ئىمان ئېيتتى ۋە ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشتى. ئىبراھىم ئېيتتى: «مەن ئۆز ۋەتىنىمنى تاشلاپ شامدىن ئىبارەت ئاللاھ بۇيرۇغان مۇبارەك زېمىنغا ھىجرەت قىلىمەن. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىگە غالىبتۇر، ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ، بارلىق تەدبىرلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر».

وَوَهَبۡنَا لَهُۥٓ إِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَ وَجَعَلۡنَا فِي ذُرِّيَّتِهِ ٱلنُّبُوَّةَ وَٱلۡكِتَٰبَ وَءَاتَيۡنَٰهُ أَجۡرَهُۥ فِي ٱلدُّنۡيَاۖ وَإِنَّهُۥ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ لَمِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ (٢٧)

27 - بىز ئىبراھىمغا ئىسھاق ئىسىملىك بىر ئوغۇلنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسھاقنىڭ ئوغلى يەئقۇبنى ئاتا قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدىن پەيغەمبەرلەرنى چىقاردۇق، ئۇلارغا ساماۋى كىتابلارنى نازىل قىلدۇق. ئىبراھىمغا دۇنيادا ياخشى نام ۋە سالىھ پەرزەنتلەرنى ئاتا قىلىش ئارقىلىق جاپا - مۇشەققەتلەرگە چىداملىق بولغانلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى بەردۇق، شەكسىزكى، ئۇ ئاخىرەتتىمۇ ئەلۋەتتە ياخشىلار قاتارىدىن بولىدۇ.

وَلُوطًا إِذۡ قَالَ لِقَوۡمِهِۦٓ إِنَّكُمۡ لَتَأۡتُونَ ٱلۡفَٰحِشَةَ مَا سَبَقَكُم بِهَا مِنۡ أَحَدٖ مِّنَ ٱلۡعَٰلَمِينَ (٢٨) أَئِنَّكُمۡ لَتَأۡتُونَ ٱلرِّجَالَ وَتَقۡطَعُونَ ٱلسَّبِيلَ وَتَأۡتُونَ فِي نَادِيكُمُ ٱلۡمُنكَرَۖ فَمَا كَانَ جَوَابَ قَوۡمِهِۦٓ إِلَّآ أَن قَالُواْ ٱئۡتِنَا بِعَذَابِ ٱللَّهِ إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ (٢٩)

28 - 29 - ئى پەيغەمبەر! لۇتنى ئەسلىگىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قەۋمىگە مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر ھەقىقەتەن سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن ھېچكىم قىلىپ باقمىغان ئەڭ قەبىھ قىلمىشنى قىلىۋاتىسىلەر. سىلەر يەنە بەچچىۋازلىق قىلامسىلەر؟ يوللارنى توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلامسىلەر؟ سورۇنلىرىڭلاردا كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىش، ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە تاش ئېتىش ۋە ناتوغرا گەپلەرنى قىلىپ ئازار بېرىشتەك ئوپئوچۇق قەبىھ ئىشلارنى قىلامسىلەر؟» لۇتنىڭ قەۋمىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن جاۋابى: «گېپىڭ راست بولىدىغان بولسا، دېگەن ئىشىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان بولساڭ، بىزگە ئاللاھنىڭ ئازابىنى كەلتۈرۈپ باققىنە» دېيىشتىنلا ئىبارەت بولدى.

قَالَ رَبِّ ٱنصُرۡنِي عَلَى ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡمُفۡسِدِينَ (٣٠)

30 - لۇت: «ئى رەببىم! بۇزغۇنچى قەۋمگە ئازاب ئەۋەتىش ئارقىلىق ماڭا ياردەم بەرگىن،

چۈنكى ئۇلار بەچچىۋازلىقتىن ئىبارەت قەبىھ قىلمىشنى پەيدا قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن يانمىدى» دېدى. ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى.

وَلَمَّا جَآءَتۡ رُسُلُنَآ إِبۡرَٰهِيمَ بِٱلۡبُشۡرَىٰ قَالُوٓاْ إِنَّا مُهۡلِكُوٓاْ أَهۡلِ هَٰذِهِ ٱلۡقَرۡيَةِۖ إِنَّ أَهۡلَهَا كَانُواْ ظَٰلِمِينَ ﴿٣١﴾

31 - پەرىشتىلەر ئىبراھىمغا ئۇنىڭ ئىسھاق ئىسىملىك بىر ئوغلى بولىدىغانلىقى ۋە ئىسھاقنىڭ يەئقۇب ئىسىملىك بالىسى بولىدىغانلىقى ھەققىدە خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا: «بىز لۇت قەۋمىنىڭ يۇرتى بولغان سەدۇم شەھىرىنىڭ ئاھالىسىنى چوقۇم ھالاك قىلىمىز. چۈنكى ئۇنىڭ ئاھالىسى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان كىشىلەردۇر» دېدى.

قَالَ إِنَّ فِيهَا لُوطٗاۚ قَالُواْ نَحۡنُ أَعۡلَمُ بِمَن فِيهَاۖ لَنُنَجِّيَنَّهُۥ وَأَهۡلَهُۥٓ إِلَّا ٱمۡرَأَتَهُۥ كَانَتۡ مِنَ ٱلۡغَٰبِرِينَ ﴿٣٢﴾

32 - ئىبراھىم پەرىشتىلەرگە: «ئۇ شەھەردە لۇت بار، ئۇ زالىملاردىن ئەمەسقۇ؟» دېۋىدى. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: «بۇ شەھەردە كىملەرنىڭ بارلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، بىز لۇتنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ئەلۋەتتە قۇتقۇزىمىز، پەقەت ئۇنىڭ ئايالىلا ھالاك بولغۇچىلار ئىچىدە قالىدۇ» دېدى.

وَلَمَّآ أَن جَآءَتۡ رُسُلُنَا لُوطٗا سِيٓءَ بِهِمۡ وَضَاقَ بِهِمۡ ذَرۡعٗاۖ وَقَالُواْ لَا تَخَفۡ وَلَا تَحۡزَنۡ إِنَّا مُنَجُّوكَ وَأَهۡلَكَ إِلَّا ٱمۡرَأَتَكَ كَانَتۡ مِنَ ٱلۡغَٰبِرِينَ ﴿٣٣﴾

33 - پەرىشتىلەر لۇتنىڭ ئالدىغا كەلگەن چاغدا، لۇت (قەۋمىنىڭ مېھمانلىرىغا چېقىلىپ قويۇشىدىن) ئەنسىرەپ چوڭقۇر قايغۇغا پاتتى ۋە يۈرىكى سىقىلدى، چۈنكى ئۇلارنى ئىنسان دەپ ئويلاپ قالغان ئىدى. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ئېيتتى: «سەن بىزدىن ئەنسىرىمىگىن، چۈنكى قەۋمىڭ بىزگە يامانلىق قىلالمايدۇ، بىزنىڭ ئۇلارنى ھالاك قىلىش ھەققىدە بەرگەن خەۋىرىمىزدىن قايغۇرمىغىن، شەكسىزكى، بىز سېنى ۋە ئائىلەڭدىن باشقا كىشىلىرىڭنى چوقۇم قۇتقۇزىمىز، پەقەت ئايالىڭلا ھالاك بولىدىغان قەۋمىنىڭ ئىچىدە قالىدۇ.

إِنَّا مُنزِلُونَ عَلَىٰٓ أَهۡلِ هَٰذِهِ ٱلۡقَرۡيَةِ رِجۡزٗا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ بِمَا كَانُواْ يَفۡسُقُونَ ﴿٣٤﴾

34 - بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ بۇزۇقچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، بىز چوقۇم ئۇلارغا ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرىمىز».

وَلَقَد تَّرَكۡنَا مِنۡهَآ ءَايَةَۢ بَيِّنَةٗ لِّقَوۡمٖ يَعۡقِلُونَ ﴿٣٥﴾

35 - ئەقلىنى ئىشلىتىپ ئىبرەت ئالىدىغان قەۋم ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن دەپ، لۇت قەۋمىنىڭ شەھەر خارابىسىدىن ئوپئوچۇق بىر ئالامەت قالدۇردۇق.

وَإِلَىٰ مَدۡيَنَ أَخَاهُمۡ شُعَيۡبٗا فَقَالَ يَٰقَوۡمِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ وَٱرۡجُواْ ٱلۡيَوۡمَ ٱلۡأٓخِرَ وَلَا تَعۡثَوۡاْ فِي ٱلۡأَرۡضِ مُفۡسِدِينَ ﴿٣٦﴾

36 - مەديەن ئاھالىسىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. شۇئەيب ئۇلارغا: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئىبادىتىڭلار بىلەن ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتلارنى ئۈمىد قىلىڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىماڭلار، گۇناھنى داۋاملاشتۇرماڭلار، ئاللاھقا سەممىي تەۋبە

قىلىڭلار، ئاللاھنىڭ دىنىغا قايتىڭلار» دېدى.

فَكَذَّبُوهُ فَأَخَذَتْهُمُ ٱلرَّجْفَةُ فَأَصْبَحُواْ فِى دَارِهِمْ جَٰثِمِينَ ﴿٣٧﴾

37 ـ مەديەن ئاھالىسى شۇئەيب ئاللاھتىن ئېلىپ كەلگەن دىنىنى ئىنكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا قاتتىق زىلزىلە يۈزلەندى ـ دە، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى ھالاك بولۇپ قېتىپ قېلىشتى.

وَعَادًا وَثَمُودَاْ وَقَد تَّبَيَّنَ لَكُم مِّن مَّسَٰكِنِهِمْ وَزَيَّنَ لَهُمُ ٱلشَّيْطَٰنُ أَعْمَٰلَهُمْ فَصَدَّهُمْ عَنِ ٱلسَّبِيلِ وَكَانُواْ مُسْتَبْصِرِينَ ﴿٣٨﴾

38 ـ بىز ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىمۇ ھالاك قىلدۇق، (ئى مەككىلىكلەر!) ئۇلارنى قانداق جازالىغانلىقىمىز ۋە ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىنىڭ خارابىلىرى سىلەرگە ئوپئوچۇق مەلۇم بولۇپ تۇرماقتا، شەيتان ئۇلارغا قەبىھ قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ يولىدىن، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىشتىن توستى. ئۇلار ئاشۇ كاپىرلىقىدا ۋە ئازغۇنلۇقىدا تۇرۇپمۇ ئەقلىنى ئىشلەتسە ئىشلىتەلەيدىغان ئادەملەر ئىدى، لېكىن ئۇلار ئەقلىنى ئىشلەتمىدى، ئۇلار چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا تۇرۇقلۇق، ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ ئويلاپ قالدى.

وَقَٰرُونَ وَفِرْعَوْنَ وَهَٰمَٰنَ وَلَقَدْ جَآءَهُم مُّوسَىٰ بِٱلْبَيِّنَٰتِ فَٱسْتَكْبَرُواْ فِى ٱلْأَرْضِ وَمَا كَانُواْ سَٰبِقِينَ ﴿٣٩﴾

39 ـ قارۇننى، پىرئەۋننى ۋە (ئۇنىڭ ۋەزىرى) ھاماننى ھالاك قىلدۇق، شۈبھىسىزكى، مۇسا ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئوپئوچۇق دەلىل ـ پاكىتلار بىلەن كەلگەن ئىدى، ئەمما ئۇلار يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلدى، ھاكاۋۇرلۇق قىلدى. ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزدىن قېچىپ كېتەلمىدى، بىز ئۇلارنى جازالىدۇق.

فَكُلًّا أَخَذْنَا بِذَنۢبِهِۦ فَمِنْهُم مَّنْ أَرْسَلْنَا عَلَيْهِ حَاصِبًا وَمِنْهُم مَّنْ أَخَذَتْهُ ٱلصَّيْحَةُ وَمِنْهُم مَّنْ خَسَفْنَا بِهِ ٱلْأَرْضَ وَمِنْهُم مَّنْ أَغْرَقْنَا وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيَظْلِمَهُمْ وَلَٰكِن كَانُوٓاْ أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ ﴿٤٠﴾

40 ـ بىز مەزكۇر گۇناھكارلارنىڭ ھەربىرىنى گۇناھى تۈپەيلىدىن جازالىدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە تاش ياغدۇردۇق، ئۇلار لۇتنىڭ قەۋمى ئىدى. بەزىسىنى قاتتىق ئاۋاز ھالاك قىلدى، ئۇلار سالىھنىڭ ۋە شۇئەيبنىڭ قەۋملىرى ئىدى. بەزىسىنى قارۇنغا ئوخشاش مال ـ دۇنياسى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزدۇق، بەزىسىنى سۇدا غەرق قىلدۇق، ئۇلار نۇھنىڭ قەۋمى، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمى ئىدى. ئاللاھ ئۇلارنى باشقىلارنىڭ ئۆتكۈزۈپ قويغان گۇناھى سەۋەبلىك ھالاك قىلمىدى، بەلكى ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك ھالاك قىلدى، چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلماي، بۇتلارغا چوقۇنۇش ئارقىلىق ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان ئىدى.

مَثَلُ ٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ أَوْلِيَآءَ كَمَثَلِ ٱلْعَنكَبُوتِ ٱتَّخَذَتْ بَيْتًا وَإِنَّ أَوْهَنَ ٱلْبُيُوتِ لَبَيْتُ ٱلْعَنكَبُوتِ لَوْ كَانُواْ يَعْلَمُونَ ﴿٤١﴾

41 ـ ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋېلىپ ئۇلاردىن مەدەت تىلەيدىغانلار خۇددى ئۆزىنىڭ قوغدىنىشى ئۈچۈن ئۆي ياسىغان ئۆمۈچۈككە ئوخشايدۇ. ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيى ئۆمۈچۈكلەر ئېھتىياجلىق بولغان چاغدا ئۇلارغا ئەسقاتمىغاندەك، بۇ مۇشرىكلار ئىشەنچ قىلىپ چوقۇنغان بۇتلارمۇ ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قىلچە ئەسقاتمايدۇ. شەكسىزكى، ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىدۇر. ئەگەر ئاشۇ مۇشرىكلار بۇ بۇتلارنىڭ ئۇلارغا پايدا ياكى زىيان كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىنى بىلسە ئىدى، ھەرگىز ئۇلارغا چوقۇنمىغان بولاتتى.

إِنَّ ٱللَّهَ يَعۡلَمُ مَا يَدۡعُونَ مِن دُونِهِۦ مِن شَيۡءٖۚ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٤٢﴾

42 ـ شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ چوقۇنۇۋاتقان ۋە ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ نەرسىلەر ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرى ئاتىۋالغان قۇرۇق ئىسىملاردىنلا ئىبارەتتۇر. ئۇ نەرسىلەر چوقۇنسا ھېچكىمگە پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، چوقۇنمىسىمۇ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ ھەممىگە غالىبتۇر، كاپىرلارنى جازالاشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر، بارلىق تەدبىرلىرىدە، ئەمر ـ پەرمانلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

وَتِلۡكَ ٱلۡأَمۡثَٰلُ نَضۡرِبُهَا لِلنَّاسِۖ وَمَا يَعۡقِلُهَآ إِلَّا ٱلۡعَٰلِمُونَ ﴿٤٣﴾

43 ـ بۇ مىساللارنى ئىنسانلارغا ئىبرەت ئالسۇن ۋە ھەقىقەتنى بىلسۇن دەپ كەلتۈرۈۋاتىمىز. بۇلارنى ئاللاھنى تونۇغان، ئۇنىڭ دىنىنى ۋە شەرىئىتىنى بىلىدىغان كىشىلەرلا چۈشىنەلەيدۇ.



خَلَقَ ٱللَّهُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ بِٱلۡحَقِّۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗ لِّلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٤٤﴾

44 ـ ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت بىلەن، ئادالەت بىلەن ياراتتى. ئاللاھنىڭ بۇلارنى يارىتىشىدا ئۆزىنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى، يەككە ـ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر بار. ئاللاھ (بۇ ئورۇندا) پەقەت مۇئمىنلەرنىلا تىلغا ئالدى، چۈنكى بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالىدىغانلار مۇئمىنلەردۇر.

ٱتۡلُ مَآ أُوحِيَ إِلَيۡكَ مِنَ ٱلۡكِتَٰبِ وَأَقِمِ ٱلصَّلَوٰةَۖ إِنَّ ٱلصَّلَوٰةَ تَنۡهَىٰ عَنِ ٱلۡفَحۡشَآءِ وَٱلۡمُنكَرِۗ وَلَذِكۡرُ ٱللَّهِ أَكۡبَرُۗ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ مَا تَصۡنَعُونَ ﴿٤٥﴾

45 ـ ئى پەيغەمبەر! قۇرئاندىن ساڭا ۋەھيى قىلىنغان ئايەتلەرنى ئوقۇغىن، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغىن ۋە نامازنى بارلىق شەرتلىرىگە رىئايە قىلىپ مۇكەممەل ئادا قىلغىن. نامازنى مۇكەممەل ئوقۇش كىشىنى قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ. چۈنكى نامازنى پەرز، ۋاجىپلىرىغا، بارلىق شەرتلىرىگە رىئايە قىلىپ ئوقۇغان كىشىنىڭ قەلبى نۇرلىنىدۇ، ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇپ كۈچلىنىدۇ، ياخشى ئىش قىلىشقا بولغان رىغبىتى ئاشىدۇ، يامان ئىشقا بولغان ئىستىكى ئازىيىدۇ ياكى يوقىلىدۇ. نامازدا ياكى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاللاھنى ياد ئېتىش ھەممىدىن ئۇلۇغ، ھەممىدىن كاتتا ۋە ھەممىدىن پەزىلەتلىك ئەمەلدۇر، ئاللاھ سىلەرنىڭ ياخشى ۋە يامان بارلىق ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاخىرەتتە سىلەرگە قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى تولۇق بېرىدۇ.

۞ وَلَا تُجَٰدِلُوٓاْ أَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ إِلَّا بِٱلَّتِي هِيَ أَحۡسَنُ إِلَّا ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ مِنۡهُمۡۖ وَقُولُوٓاْ ءَامَنَّا بِٱلَّذِيٓ أُنزِلَ إِلَيۡنَا وَأُنزِلَ إِلَيۡكُمۡ وَإِلَٰهُنَا وَإِلَٰهُكُمۡ وَٰحِدٞ وَنَحۡنُ لَهُۥ مُسۡلِمُونَ ﴿٤٦﴾

46 - ئى مۆئمىنلەر! يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلار بىلەن پەقەت ئەڭ ياخشى ئۇسلۇبتا، ئەڭ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن، ھەق يولىغا ھەقىقەتكە دەۋەت قىلىش بىلەن مۇنازىرىلىشىڭلار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈگەنلەر، كۇفرىدا چىڭ تۇرغان ۋە سىلەرگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلغان كاپىرلارغا قىلىچ بىلەن تاقابىل تۇرۇڭلار، ئۇلار ئىمان ئېيتقانغا ياكى سىلەرگە بويسۇنۇپ جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار. ئۇلارغا: «بىزگە نازىل قىلىنغان قۇرئانغا ئىمان ئېيتتۇق، سىلەرگە نازىل قىلىنغان تەۋرات بىلەن ئىنجىلغىمۇ ئىمان ئېيتتۇق، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ۋە بىزنىڭ ئىلاھىمىز بىردۇر، ئۇنىڭ ئىلاھلىقىدا، مەبۇدلۇقىدا ۋە ئىسىم - سۈپەتلىرىدە ھېچقانداق شېرىكى يوقتۇر، بىز ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى تولۇق ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن دەرھال يېنىپ، ئۇنىڭغا كەمتەرلىك بىلەن ئىتائەت قىلغۇچىلارمىز».

وَكَذَٰلِكَ أَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَۚ فَٱلَّذِينَ ءَاتَيۡنَٰهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ يُؤۡمِنُونَ بِهِۦۖ وَمِنۡ هَٰٓؤُلَآءِ مَن يُؤۡمِنُ بِهِۦۚ وَمَا يَجۡحَدُ بِـَٔايَٰتِنَآ إِلَّا ٱلۡكَٰفِرُونَ ﴿٤٧﴾

47 - ئى پەيغەمبەر! سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ساماۋى كىتابلارنى نازىل قىلغاندەك ساڭا بۇرۇنقى ئاشۇ كىتابلارنى ئېتىراپ قىلىدىغان قۇرئاننى نازىل قىلدۇق. بىز ساماۋى كىتاب نازىل قىلغان ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ بىر قىسمى قۇرئاننىڭ ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ، ئاشۇ ئەرەبلەرنىڭ قۇرەيش ۋە باشقا قەبىلىلىرى ئىچىدىمۇ قۇرئانغا ئىمان ئېيتىدىغانلىرى بار. قۇرئاننى ۋە ئۇنىڭ روشەن دەلىللىرىنى ئىنكارچىلىققا ئادەتلىنىپ كەتكەن كاپىرلاردىن باشقىسى ئىنكار قىلمايدۇ ۋە شەك قىلمايدۇ.

وَمَا كُنتَ تَتۡلُواْ مِن قَبۡلِهِۦ مِن كِتَٰبٖ وَلَا تَخُطُّهُۥ بِيَمِينِكَۖ إِذٗا لَّٱرۡتَابَ ٱلۡمُبۡطِلُونَ ﴿٤٨﴾

48 - ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ روشەن مۆجىزىلىرىڭدىن بىرى شۇكى، ساڭا قۇرئان نازىل قىلىنىشتىن ئىلگىرى سەن نە كىتاب ئوقۇشنى، نە خەت يېزىشنى بىلمەيتتىڭ. سېنىڭ قەۋمىڭ بۇ ئەھۋالنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. ئەگەر سەن ساڭا ۋەھيى كېلىشتىن ئىلگىرى كىتاب ئوقۇيالايدىغان ياكى يازالايدىغان بىرى بولغان بولساڭ، ئۇ ئىنكارچىلار بۇنىڭغا شەك قىلىپ: «سەن بۇ قۇرئاننى بۇرۇنقى ساماۋى كىتابلاردىن نەقىل قىلدىڭ» دەپ تۇرۇۋالغان بولاتتى.

بَلۡ هُوَ ءَايَٰتُۢ بَيِّنَٰتٞ فِي صُدُورِ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡعِلۡمَۚ وَمَا يَجۡحَدُ بِـَٔايَٰتِنَآ إِلَّا ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٤٩﴾

49 - ئەكسىچە، قۇرئان ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان روشەن ئايەتلەر بولۇپ، ئۇنى ئۆلىمالار دىللىرىدا ساقلايدۇ، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلاردىن باشقىسى بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلمايدۇ ۋە ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە شەك قىلمايدۇ.

وَقَالُواْ لَوۡلَآ أُنزِلَ عَلَيۡهِ ءَايَٰتٞ مِّن رَّبِّهِۦۚ قُلۡ إِنَّمَا ٱلۡأٓيَٰتُ عِندَ ٱللَّهِ وَإِنَّمَآ أَنَا۠ نَذِيرٞ مُّبِينٌ ﴿٥٠﴾

50 - مۇشرىكلار: «مۇھەممەدكە رەببىدىن سالىھنىڭ چىشى تۆگىسىگە، مۇسانىڭ ھاسىسىغا ئوخشايدىغان بىز كۆرەلەيدىغان مۆجىزىلەر چۈشۈرۈلسە بولماسمىدى؟» دېدى. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «مۆجىزە چۈشۈرۈش ئىشى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئاللاھ خالىسا چۈشۈرىدۇ، خالىسا چۈشۈرمەيدۇ، مەن بولسام پەقەت ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئوپئوچۇق ئاگاھلاندۇرىدىغان ھەقىقەتنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر پەيغەمبەرمەن».

أَوَلَمۡ يَكۡفِهِمۡ أَنَّآ أَنزَلۡنَا عَلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ يُتۡلَىٰ عَلَيۡهِمۡۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَرَحۡمَةٗ وَذِكۡرَىٰ لِقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ﴿٥١﴾

51 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئوقۇپ بېرىلىۋاتقان قۇرئاننى ساڭا نازىل قىلغانلىقىمىز ئۇلارنىڭ سېنىڭ راس پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى بىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك دەلىل ئەمەسمۇ؟ شەكسىزكى، بۇ قۇرئاندا مۆئمىنلەر ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك رەھمەت بار، ئىبرەت ئالىدىغانلار ئۈچۈن كۆپلىگەن ۋەز - نەسىھەتلەر بار.

قُلۡ كَفَىٰ بِٱللَّهِ بَيۡنِي وَبَيۡنَكُمۡ شَهِيدٗاۖ يَعۡلَمُ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۗ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱلۡبَٰطِلِ وَكَفَرُواْ بِٱللَّهِ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡخَٰسِرُونَ ﴿٥٢﴾

52 - ئېيتقىنكى، «مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا مېنىڭ راستچىللىقىمغا ۋە ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمگە، سىلەرنىڭ مېنى ئورۇنسىز ئىنكار قىلغانلىقىڭلارغا ۋە رەببىڭلاردىن كەلگەن ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقانلىقىڭلارغا گۇۋاھ بولۇشقا ئاللاھ كۇپايىدۇر. ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ئاسمان - زېمىندىكى ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەس. ھەقىقەتنىڭ شۇنچە روشەن دەلىللىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ساختا ئىلاھلارغا ئىشىنىپ، ھەقىقىي ئىلاھ بولغان ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلارغا كەلسەك، ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم زىيان تارتىدۇ».

وَيَسۡتَعۡجِلُونَكَ بِٱلۡعَذَابِ وَلَوۡلَآ أَجَلٞ مُّسَمّٗى لَّجَآءَهُمُ ٱلۡعَذَابُۚ وَلَيَأۡتِيَنَّهُم بَغۡتَةٗ وَهُمۡ لَا يَشۡعُرُونَ ﴿٥٣﴾

53 - ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇشرىكلار سېنى مەسخىرە قىلغانلىقتىن، سەن ئاگاھلاندۇرغان ئازابنى ئۇلارغا تېزرەك كەلتۈرۈشۈڭنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەگەر ئاللاھ ئۇلارغا بۇ دۇنيادا چۈشىدىغان ئازابنىڭ ۋاقتىنى ئالدىن بەلگىلىۋەتمىگەن بولسا ئىدى، ئۇ ئازاب ئۇلار تەلەپ قىلغان ۋاقىتتا ئەلۋەتتە كېلىپ ئۇلارنى قورشىغان بولاتتى. ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب چوقۇم ئۇلار خەۋەرسىز تۇرغان پەيتتە ئۇشتۇمتۇت كېلىدۇ.

يَسۡتَعۡجِلُونَكَ بِٱلۡعَذَابِ وَإِنَّ جَهَنَّمَ لَمُحِيطَةُۢ بِٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٥٤﴾

54 - ئۇلار سەندىن بۇ دۇنيادا ئازابنىڭ تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئۇ ئازاب ئۇلارغا دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە چوقۇم كېلىدۇ، ئاخىرەتتە جەھەننەم ئازابى ئۇ كاپىرلارنى چوقۇم قورشىۋالىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭدىن ھەرگىز قېچىپ كېتەلمەيدۇ.

يَوۡمَ يَغۡشَىٰهُمُ ٱلۡعَذَابُ مِن فَوۡقِهِمۡ وَمِن تَحۡتِ أَرۡجُلِهِمۡ وَيَقُولُ ذُوقُواْ مَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٥٥﴾

55 - قىيامەت كۈنى ئۇ كاپىرلارنى جەھەننەم ئازابى باشلىرىنىڭ ئۈستىدىن ۋە ئاياغلىرىنىڭ ئاستىدىن ئورىۋالىدۇ، ئوت ئۇلارنى ھەممە تەرىپىدىن قورشىۋالىدۇ. شۇ چاغدا ئاللاھ ئۇلارغا: «دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا سادىر قىلغان ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش قاتارلىق گۇناھ - مەئسىيەتلىرىڭلارنىڭ جازاسىنى تېتىڭلار» دەيدۇ.

يَٰعِبَادِيَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِنَّ أَرۡضِي وَٰسِعَةٞ فَإِيَّٰيَ فَٱعۡبُدُونِ ﴿٥٦﴾

56 - ئى مېنىڭ ئىمان ئېيتقان بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەر ئىمانىڭلارنى ئاشكارا قىلىشتا ۋە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا توسقۇنلۇققا ئۇچرىساڭلار ھىجرەت قىلىڭلار. چۈنكى مېنىڭ زېمىنىم كەڭدۇر، ماڭا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىڭلار.

كُلُّ نَفۡسٖ ذَآئِقَةُ ٱلۡمَوۡتِۖ ثُمَّ إِلَيۡنَا تُرۡجَعُونَ ﴿٥٧﴾

57 - ھەربىر جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر، ئاندىن سىلەر بۇ دۇنيادا قىلغان

ياخشى - يامان ئەمەللىرىڭلاردىن ھېساب بېرىش ۋە تېگىشلىك مۇكاپات ياكى جازا ئېلىش ئۈچۈن بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىسىلەر.

وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَنُبَوِّئَنَّهُم مِّنَ ٱلْجَنَّةِ غُرَفًا تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا ۚ نِعْمَ أَجْرُ ٱلْعَٰمِلِينَ ﴿٥٨﴾

58 - ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىپ، بۇيرۇلغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەت سارايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرىمىز، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىدۇ. ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتى نېمىدېگەن ياخشى!

ٱلَّذِينَ صَبَرُواْ وَعَلَىٰ رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ ﴿٥٩﴾

59 - مەزكۇر جەننەت سارايلىرى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا چىداملىق بولغان، دىنىدا مەھكەم تۇرغان ۋە رىزىق تەلەپ قىلىشتا، دۈشمەنلەرگە قارشى جىھاد قىلىشتا ئاللاھقا تايىنىدىغان مۇئمىنلەرگە خاستۇر.

وَكَأَيِّن مِّن دَآبَّةٍ لَّا تَحْمِلُ رِزْقَهَا ٱللَّهُ يَرْزُقُهَا وَإِيَّاكُمْ ۚ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٦٠﴾

60 - يەر يۈزىدە نۇرغۇنلىغان جانلىقلار ئۆزىنىڭ يېمەك - ئىچمەكلىرىنى ئىنسانلارغا ئوخشاش ساقلىيالمايدۇ، ئاللاھ سىلەرنى رىزىقلاندۇرغاندەك ئۇلارنىمۇ رىزىقلاندۇرىدۇ. ئۇلار ئۆز رىزىقىنى تېپىپ يېيەلمەيدۇ، ئۇلارنىمۇ، سىلەرنىمۇ ئاللاھ رىزىقلاندۇرىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، قىلمىشلىرىڭلارنى ۋە نىيەتلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَسَخَّرَ ٱلشَّمْسَ وَٱلْقَمَرَ لَيَقُولُنَّ ٱللَّهُ ۖ فَأَنَّىٰ يُؤْفَكُونَ ﴿٦١﴾

61 - ئى پەيغەمبەر! ئەگەر سەن ئۇ مۇشرىكلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى مۇشۇنداق مۇكەممەل نىزام بىلەن ياراتقان، كۈننى ۋە ئاينى ئۆز ئەمرى ئاستىدا تۇتقان كىم؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: «ئۇلارنى ياراتقان زات - ئاللاھتۇر» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلار قانداقمۇ ھەممىنى ياراتقان ۋە ھەممىنى باشقۇرۇپ تۇرۇۋاتقان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتىپ، بۇتلارغا چوقۇنىدۇ؟».

ٱللَّهُ يَبْسُطُ ٱلرِّزْقَ لِمَن يَشَآءُ مِنْ عِبَادِهِۦ وَيَقْدِرُ لَهُۥٓ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌ ﴿٦٢﴾

62 - ئاللاھ بەندىلىرىگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكتىن، بەزى بەندىلىرىنىڭ رىزىقىنى كەڭ قىلىپ بېرىدۇ، يەنە بەزىسىنىڭ رىزىقىنى تار قىلىپ قويىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرنىڭ بارلىق ئەھۋالىڭلارنى ۋە ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا مەخپىي ئەمەستۇر.

وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّن نَّزَّلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَحْيَا بِهِ ٱلْأَرْضَ مِنۢ بَعْدِ مَوْتِهَا لَيَقُولُنَّ ٱللَّهُ ۚ قُلِ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ۚ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْقِلُونَ ﴿٦٣﴾

63 - ئى پەيغەمبەر! ئەگەر سەن ئۇ مۇشرىكلاردىن: «بۇلۇتتىن يامغۇرنى چۈشۈرۈپ، سۇسىزلىقتىن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرگەن كىم؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار ئاللاھنى ئېتىراپ

قىلىپ: «بۇ ئىشلارنى قىلغان زات يالغۇز ئاللاھتۇر» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۆزىنىڭ دەلىل - پاكىتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كاپىرلارنى ھەقىقەت ئالدىدا تىز پۈكتۈرگەن ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن!». ئۇلارنىڭ تولىسى ئەقلىنى ئىشلەتمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىگە نېمىنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلار ئەقلىنى ئىشلەتسە ئىدى، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگەن بولاتتى.

وَمَا هَٰذِهِ ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَآ إِلَّا لَهۡوٞ وَلَعِبٞۚ وَإِنَّ ٱلدَّارَ ٱلۡأٓخِرَةَ لَهِيَ ٱلۡحَيَوَانُۚ لَوۡ كَانُواْ يَعۡلَمُونَ ﴿٦٤﴾

64 - بۇ دۇنيا ھاياتى پەقەت ئويۇن - تاماشادىنلا ئىبارەتتۇر. چۈنكى دۇنيانىڭ لەززەتلىرى، زىبۇزىننەتلىرى ۋە مەنپەئەتلىرى تېزلا كېتىپ قالىدۇ، ھېچكىمگە ئەسقاتمايدۇ. ئەمما ھەقىقىي ھايات ئاخىرەت يۇرتىدۇر، ئۇنىڭدا ئۆلۈم يوقتۇر. ئىنسانلار بۇ ھەقىقەتنى بىلسە ئىدى، ھەرگىزمۇ دۇنيالىقنى ئاخىرەتلىكنىڭ ئالدىغا قويۇۋالمىغان بولاتتى.

فَإِذَا رَكِبُواْ فِي ٱلۡفُلۡكِ دَعَوُاْ ٱللَّهَ مُخۡلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ فَلَمَّا نَجَّىٰهُمۡ إِلَى ٱلۡبَرِّ إِذَا هُمۡ يُشۡرِكُونَ ﴿٦٥﴾

65 - كاپىرلار دېڭىزدا كېمە ئۈستىدە يۈرۈپ غەرق بولۇشتىن قورققان چاغلىرىدا، ئاللاھنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىدۇ ۋە بېشىغا قاتتىق كۈنلەر كەلگەندە چىن ئىخلاسى بىلەن ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىدۇ. ئاللاھ ئۆز پەزلى ۋە مەرھەمىتى بىلەن ئۇلارنى ئامان - ئېسەن قۇرۇقلۇققا چىقىرىپ قويغان ۋە ئۇلاردىن قورقۇنچ كەتكەن چاغدا بولسا، ئۇلار ئەسلىدىكى مۇشرىكلىك ھالىتىگە قايتىۋالىدۇ. ئۇلار ئاشۇنداق بىر - بىرىگە زىت ئىش قىلىدۇ، يەنى بېشىغا قاتتىق كۈنلەر كەلگەندە بىر ئاللاھقىلا ئىلتىجا قىلىدۇ، پاراغەتلىك كۈنلەردە ئاللاھقا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرىدۇ.

لِيَكۡفُرُواْ بِمَآ ءَاتَيۡنَٰهُمۡ وَلِيَتَمَتَّعُواْۚ فَسَوۡفَ يَعۡلَمُونَ ﴿٦٦﴾

66 - ئۇلارنى غەرق بولۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاللاھقا يەنە شېرىك كەلتۈرۈشى ئاللاھ ئاتا قىلغان نېمەتلەرگە تۇزكورلۇق قىلىش ئۈچۈندۇر. ئۇلار دۇنيا ھاياتىدىكى نېسىۋىسىدىن بەھرىمەن بولۇۋالسۇن، ئۇلار بۇ قىلمىشلىرىنىڭ يامانلىقىنى ۋە ئاخىرەتتە ئۆزلىرىگە تەييارلانغان قاتتىق ئازابنى ئۇزاققا قالماي بىلىپ قالىدۇ.

أَوَلَمۡ يَرَوۡاْ أَنَّا جَعَلۡنَا حَرَمًا ءَامِنٗا وَيُتَخَطَّفُ ٱلنَّاسُ مِنۡ حَوۡلِهِمۡۚ أَفَبِٱلۡبَٰطِلِ يُؤۡمِنُونَ وَبِنِعۡمَةِ ٱللَّهِ يَكۡفُرُونَ ﴿٦٧﴾

67 - مەككىلىك كاپىرلار ئاللاھنىڭ مەككىنى خاتىرجەملىك ئىچىدىكى مۇقەددەس جاي قىلىپ بەرگەنلىكىنى، مەككىدە تۇرغان كىشىلەرنىڭ جانلىرىغا، پۇل - ماللىرىغا زىيان - زەخمەت يېتىشتىن خاتىرجەم ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىنى، مەككىنىڭ سىرتىدىكى ئىنسانلارنىڭ قاراقچىلارنىڭ بۇلاڭچىلىقىغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرمەمدۇ؟ مەككىلىك كاپىرلار تېخىچە يالغانغا ئىشىنىپ، ئاللاھنىڭ ئۇلارغا خاس قىلىپ بەرگەن بۇ كاتتا نېمىتىنى ئىنكار قىلامدۇ؟ ئۇلار ھېلىھەم ئاللاھقا قىلىدىغان ئىبادەتلىرىگە بۇتلارنى شېرىك قىلامدۇ؟

وَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّنِ ٱفۡتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَوۡ كَذَّبَ بِٱلۡحَقِّ لَمَّا جَآءَهُۥٓۚ أَلَيۡسَ فِي جَهَنَّمَ مَثۡوٗى لِّلۡكَٰفِرِينَ ﴿٦٨﴾

68 - ھەقسىزلىق قىلىپ، ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقىنى ۋە باتىل يولىنى ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىۋالغان ۋە ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتكەن ھەق

دىننى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم يوقتۇر. ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا جەھەننەمدە ئەلۋەتتە ئورۇن بار.

وَٱلَّذِينَ جَٰهَدُواْ فِينَا لَنَهۡدِيَنَّهُمۡ سُبُلَنَاۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَمَعَ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ٦٩

69 ـ ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان كاپىرلارغا، لەنىتى شەيتانغا ۋە نەپسى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىغا قارشى جىھاد قىلغان، ئاللاھ يولىدا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلغان، جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بەرگەن كىشىلەرنى ئاللاھ ئەلۋەتتە ياخشىلىق يوللىرىغا يېتەكلەيدۇ، توغرا يولدا مۇستەھكەم قىلىدۇ. مۇشۇ ئېسىل سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان مۇئمىن كىشى ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى قېتىرقىنىپ، ئىخلاس بىلەن قىلىدىغان، باشقىلارغا قولىدىن كەلگەنچە ياخشىلىق قىلىدىغان كىشىلەردۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ قېتىرقىنىپ ئىش قىلغۇچىلار ۋە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر. ئۇلارنى قوللايدۇ ۋە قوغدايدۇ، ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ ۋە يول كۆرسىتىدۇ.

# رۇم سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

الٓمٓ ﴿١﴾

1 ـ ئەلىف، لام، مىيم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

غُلِبَتِ ٱلرُّومُ ﴿٢﴾ فِيٓ أَدۡنَى ٱلۡأَرۡضِ وَهُم مِّنۢ بَعۡدِ غَلَبِهِمۡ سَيَغۡلِبُونَ ﴿٣﴾ فِي بِضۡعِ سِنِينَۗ لِلَّهِ ٱلۡأَمۡرُ مِن قَبۡلُ وَمِنۢ بَعۡدُۚ وَيَوۡمَئِذٖ يَفۡرَحُ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ﴿٤﴾ بِنَصۡرِ ٱللَّهِۚ يَنصُرُ مَن يَشَآءُۖ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٥﴾

2 ـ 5 ـ ئىرانلىقلار رىملىقلارنى ئىرانغا يېقىن بولغان شام زېمىنىدە يەڭدى. رىملىقلار ئۈچ يىلدىن كەم بولمىغان ۋە ئون يىلغا يەتمىگەن بىر مۇددەت ئىچىدە ئىرانلىقلارنى يېڭىدۇ. رىملىقلار غەلىبە قىلىشتىن ئىلگىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. رىملىقلار ئىرانلىقلارنى يەڭگەن كۈندە مۆئمىنلەر ئاللاھنىڭ رىملىقلارغا ئىرانلىقلارغا قارشى ياردەم بەرگەنلىكىدىن خۇشال بولىدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ ۋە خالىغان كىشىدىن ياردىمىنى ئۈزىدۇ، ئاللاھ غالىبتۇر، ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ، خالىغان بەندىسىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئاللاھنىڭ بۇ ۋەدىسى ئۆز ۋاقتىدا ئەمەلگە ئاشقان بولۇپ، رىملىقلار يېڭىلىپ يەتتە يىلدىن كېيىن، ئۇلار ئىرانلىقلارنى يەڭگەن ۋە مۇسۇلمانلار خۇشال بولغان ئىدى. چۈنكى رىملىقلار ئەھلى كىتاب، ئىرانلىقلار بۇددىستلار ئىدى.

وَعۡدَ ٱللَّهِۖ لَا يُخۡلِفُ ٱللَّهُ وَعۡدَهُۥ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٦﴾ يَعۡلَمُونَ ظَٰهِرٗا مِّنَ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَهُمۡ عَنِ ٱلۡأٓخِرَةِ هُمۡ غَٰفِلُونَ ﴿٧﴾

6 ـ 7 ـ ئاللاھ رىملىقلارغا ئىرانلىقلارغا قارشى نۇسرەت ئاتا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە مۆئمىنلەرگە ۋەدە بەردى، ئاللاھ ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ، لېكىن مەككىلىك كاپىرلارنىڭ تولىسى ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، ئۇلار دۇنيا ھاياتىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدۇ، ئەمما ئاخىرەتتىن ۋە ئۆزلىرىگە پايدىلىق ئىشلاردىن غەپلەتتىدۇر. چۈنكى ئۇلار بۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلمايدۇ.

أَوَلَمۡ يَتَفَكَّرُواْ فِيٓ أَنفُسِهِمۗ مَّا خَلَقَ ٱللَّهُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ وَمَا بَيۡنَهُمَآ إِلَّا بِٱلۡحَقِّ وَأَجَلٖ مُّسَمّٗىۗ وَإِنَّ كَثِيرٗا مِّنَ ٱلنَّاسِ بِلِقَآيِٕ رَبِّهِمۡ لَكَٰفِرُونَ ﴿٨﴾

8 ـ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىغان ئاشۇ كاپىرلار ئۆزلىرىنى

ئاللاھنىڭ يوقلۇقتىن ياراتقانلىقى ھەققىدە تەپەككۇر قىلمامدۇ؟ ئۇلارنى يوقلۇقتىن ياراتقان زات ئاللاھتۇر. ئاللاھ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى پەقەتلا ئادالەتنى بەرپا قىلىش، ئۆزىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى، چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىش ۋە ئىنسانلارنى دىنىي مەجبۇرىيەتلەر بىلەن سىناپ، ئۇلارغا مۇكاپات ياكى جازا بېرىش ئۈچۈن ياراتتى. ئاللاھ بۇ كائىناتنى مەلۇم مۇددەتلىك قىلىپ ياراتقان بولۇپ، قىيامەت قايىم بولۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، ئىنسانلارنىڭ تولىسى قىيامەت كۈنى رەببىنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلماقتا. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بارىدىغانلىقتىن ئىبارەت ھەقىقەتنى بىلمىگەنلىكى ۋە ئاخىرەت توغرۇلۇق غەپلەتتە يۈرۈۋاتقانلىقى سەۋەبىدىندۇر.

أَوَلَمۡ يَسِيرُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَيَنظُرُواْ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡۚ كَانُوٓاْ أَشَدَّ مِنۡهُمۡ قُوَّةٗ وَأَثَارُواْ ٱلۡأَرۡضَ وَعَمَرُوهَآ أَكۡثَرَ مِمَّا عَمَرُوهَا وَجَآءَتۡهُمۡ رُسُلُهُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِۖ فَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيَظۡلِمَهُمۡ وَلَٰكِن كَانُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ يَظۡلِمُونَ ﴿٩﴾

9 - ئاللاھنى ئىنكار قىلىدىغان ۋە ئاخىرەتتىن غەپلەتتە يۈرىدىغان ئاشۇ كاپىرلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن، يەر يۈزىنى كەزمىدىمۇ؟ ھالاك قىلىنغان ئاشۇ قەۋملەر جىسمانىي جەھەتتە بۇ كاپىرلاردىن كۈچلۈك، دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولۇشتا بۇلاردىن ماھىر ئىدى. ئۇلار زىرائەت تېرىشتا، ئۆي - ئىمارەتلەرنى سېلىشتا بۇلاردىن (يەنى مەككىلىكلەردىن) ئۈستۈن ئىدى. ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى ۋە روشەن ئايەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار بۇ مۆجىزىلەرنى ۋە ئايەتلەرنى ئىنكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنى ھالاك قىلدى. ئۇلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتى، بايلىقى، ئېگىز ئىمارەتلىرى ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالالمىدى. ئاللاھ ئۇلارنى ھالاك قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئۇۋال قىلمىدى، لېكىن ئۇلار ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە گۇناھ - مەئسىيەت سادىر قىلىش بىلەن ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلدى.

ثُمَّ كَانَ عَٰقِبَةَ ٱلَّذِينَ أَسَٰٓـُٔواْ ٱلسُّوٓأَىٰٓ أَن كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَكَانُواْ بِهَا يَسۡتَهۡزِءُونَ ﴿١٠﴾

10 - ئاندىن ئاشۇ زالىم كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى ئەڭ يامان ئاقىۋەت بولدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە ئاللاھ پەيغەمبەرگە نازىل قىلغان ئايەتلەرنى مەسخىرە قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئىدى.

ٱللَّهُ يَبۡدَؤُاْ ٱلۡخَلۡقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥ ثُمَّ إِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ ﴿١١﴾

11 - ئاللاھ بارلىق مەخلۇقاتنى يوقتىن پەيدا قىلىشقا، ئاندىن ئۇلارنى قايتىدىن ھاياتقا قايتۇرۇشقا قادىر بولغان يېگانە زاتتۇر. ئاندىن بارلىق خالايىق ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ، ئاللاھ ياخشىلارنىڭ مۇكاپاتىنى، يامانلارنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ.

وَيَوۡمَ تَقُومُ ٱلسَّاعَةُ يُبۡلِسُ ٱلۡمُجۡرِمُونَ ﴿١٢﴾

12 - قىيامەت قايىم بولغان كۈندە گۇناھكارلار ئازابتىن قۇتۇلۇشتىن پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىنىدۇ ۋە نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي سۈكۈتكە چۆكىدۇ، ئېيتىدىغان ئۆزرىسىمۇ بولمايدۇ.

وَلَمۡ يَكُن لَّهُم مِّن شُرَكَآئِهِمۡ شُفَعَٰٓؤُاْ وَكَانُواْ بِشُرَكَآئِهِمۡ كَٰفِرِينَ ﴿١٣﴾

13 - مۇشرىكلار بۇ دۇنيادا ئىلاھلىرىمىز دەپ چوقۇنغان نەرسىلەر قىيامەت كۈنىدە ئۇلارغا

قىلچە شاپائەت قىلالمايدۇ. بەلكى ئۇ نەرسىلەر مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرىگە چوقۇنغانلىقىنى
ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئۇلارمۇ بۇ نەرسىلەردىن مۇناسىۋەتنى ئۈزىدۇ. شاپائەت ئاللاھنىڭ
ئىلكىدىدۇر، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن شاپائەت تىلەشكە بولمايدۇ.

وَيَوۡمَ تَقُومُ ٱلسَّاعَةُ يَوۡمَئِذٖ يَتَفَرَّقُونَ ﴿١٤﴾ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فَهُمۡ فِي رَوۡضَةٖ يُحۡبَرُونَ ﴿١٥﴾

14 - 15- قىيامەت قايىم بولغان كۈندە مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلار بىر - بىرىدىن ئايرىلىدۇ.
ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر
جەننەت باغچىلىرىدا ئالىي ئىززەت - ئىكرامغا ئېرىشىدۇ، تولۇپ تاشقان خۇشاللىق
ئىچىدە نېمەتلىنىدۇ.

وَأَمَّا ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَكَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا وَلِقَآيِٕ ٱلۡأٓخِرَةِ فَأُوْلَٰٓئِكَ فِي ٱلۡعَذَابِ مُحۡضَرُونَ ﴿١٦﴾

16 - ئەمما ئاللاھنى ئىنكار قىلغان، پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن دىننى ۋە ئۆلگەندىن
كېيىنكى تىرىلىشنى يالغان دېگەن كاپىرلارغا كەلسەك، ئۇلار بۇ دۇنيادىكى ئىنكارچىلىقى
سەۋەبلىك ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك ئازابقا قالىدۇ.

فَسُبۡحَٰنَ ٱللَّهِ حِينَ تُمۡسُونَ وَحِينَ تُصۡبِحُونَ ﴿١٧﴾ وَلَهُ ٱلۡحَمۡدُ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَعَشِيّٗا وَحِينَ تُظۡهِرُونَ ﴿١٨﴾

17 - 18- ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھنىڭ ھېچقانداق شېرىكى ياكى بالىسى ۋەياكى ئايالى يوق
ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭغا كۆپلەپ تەسبىھ ئېيتىڭلار، ئۇنى بارلىق مۇكەممەل
سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەڭلار، بۇنى تىلىڭلار ۋە ئەمەلىيىتىڭلار بىلەن ئىپادىلەڭلار.
ئاخشامدا، ئەتىگەندە، كەچ ۋە پېشىن ۋاقىتلىرىدا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىڭلار. ئاسمانلاردىكى
ۋە زېمىندىكى، كېچە ۋە كۈندۈزدىكى بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر.

يُخۡرِجُ ٱلۡحَيَّ مِنَ ٱلۡمَيِّتِ وَيُخۡرِجُ ٱلۡمَيِّتَ مِنَ ٱلۡحَيِّ وَيُحۡيِ ٱلۡأَرۡضَ بَعۡدَ مَوۡتِهَاۚ وَكَذَٰلِكَ تُخۡرَجُونَ ﴿١٩﴾

19 - ئاللاھ ئىنساننى مەنىيدىن، ئۇچار قۇشنى تۇخۇمدىن چىقارغاندەك، جانسىز نەرسىدىن
جانلىقنى چىقىرىدۇ، شۇنداقلا ئىنساندىن مەنىينى، ئۇچار قۇشتىن تۇخۇمنى چىقارغاندەك
جانلىقتىن جانسىز نەرسىنىمۇ چىقىرىدۇ. ئاللاھ ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىش ئارقىلىق
قۇرغاقچىلىقتىن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدۇ. ئى ئىنسانلار! قىيامەت كۈنى سىلەرمۇ
ئاللاھقا ھېساب بېرىش ۋە تېگىشلىك مۇكاپات ياكى جازايىڭلارنى ئېلىش ئۈچۈن
قەبرەڭلاردىن ئەنە شۇنداق تىرىلىپ چىقىسىلەر.

وَمِنۡ ءَايَٰتِهِۦٓ أَنۡ خَلَقَكُم مِّن تُرَابٖ ثُمَّ إِذَآ أَنتُم بَشَرٞ تَنتَشِرُونَ ﴿٢٠﴾

20 - ئاللاھنىڭ ئاتاڭلار ئادەمنى تۇپراقتىن ياراتقانلىقى، ئاندىن سىلەرنىڭ نەسلىڭلارنى
يولى ئارقىلىق كۆپەيتىپ، رىزىق ئىزدەپ يەر يۈزىگە تارقىلىپ يۈرۈشۈڭلار ئاللاھنىڭ
ئۇلۇغلۇقىغا ۋە چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلىرىدىندۇر.

وَمِنۡ ءَايَٰتِهِۦٓ أَنۡ خَلَقَ لَكُم مِّنۡ أَنفُسِكُمۡ أَزۡوَٰجٗا لِّتَسۡكُنُوٓاْ إِلَيۡهَا وَجَعَلَ بَيۡنَكُم مَّوَدَّةٗ وَرَحۡمَةًۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٢١﴾

21 ـ ئى ئەرلەر! ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئۆز تىپىڭلاردىن جۈپلەرنى قىلىپ بېرىپ، بىر ـ بىرىڭلاردىن ئۈنسى ـ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئەر ـ ئايال ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلىرىدىندۇر. بۇنىڭدا ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئويلاپ تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ۋە يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدىغان دەلىللەر بار.

وَمِنۡ ءَايَٰتِهِۦ خَلۡقُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَٱخۡتِلَٰفُ أَلۡسِنَتِكُمۡ وَأَلۡوَٰنِكُمۡۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّلۡعَٰلِمِينَ ﴿٢٢﴾

22 ـ ئاللاھنىڭ ئاسمانلارنىڭ تۈۋرۈكسىز ھالدا ئېگىز قىلىپ يارىتىلغانلىقى، زېمىننىڭ كەڭ ۋە ئازادە قىلىپ يارىتىلغانلىقى، تىللىڭلارنىڭ ۋە رەڭگىڭلارنىڭ خىلمۇخىل يارىتىلغانلىقى ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلىرىدىندۇر. شەكسىزكى، بۇنىڭدا بىلىدىغان ۋە چۈشىنىدىغان ھەربىر ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.

وَمِنۡ ءَايَٰتِهِۦ مَنَامُكُم بِٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِ وَٱبۡتِغَآؤُكُم مِّن فَضۡلِهِۦٓۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يَسۡمَعُونَ ﴿٢٣﴾

23 ـ ئاللاھنىڭ كېچىدە ياكى كۈندۈزدە ئۇخلىشىڭلارنى سىلەر ئۈچۈن راھەت قىلىپ بەرگەنلىكى، كۈندۈزنى تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن خاس قىلىپ بەرگەنلىكى ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلىرىدىندۇر. شەكسىزكى، بۇنىڭدا ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلاپ قوبۇل قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ كامالىي قۇدرىتىگە ۋە ئۆزى خالىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلالايدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدىغان نۇرغۇن ئالامەتلەر بار.

وَمِنۡ ءَايَٰتِهِۦ يُرِيكُمُ ٱلۡبَرۡقَ خَوۡفٗا وَطَمَعٗا وَيُنَزِّلُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءٗ فَيُحۡيِۦ بِهِ ٱلۡأَرۡضَ بَعۡدَ مَوۡتِهَآۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يَعۡقِلُونَ ﴿٢٤﴾

24 ـ ئاللاھنىڭ سىلەرگە چاقماقنى قورقۇنچ ۋە يامغۇر ياغىدىغانلىقىدىن ئۈمىد قىلىپ كۆرسىتىشى ۋە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، قاقاسلىقتىن ئۆلگەن زېمىننى ئۇنىڭ بىلەن تىرىلدۈرۈشى ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلىرىدىندۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا ئەقلىنى ئىشلىتىپ تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ كامالىي قۇدرىتىگە، ئۇلۇغ ھېكمىتىگە ۋە كاتتا ئىنئامىغا دالالەت قىلىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر بار.

وَمِنۡ ءَايَٰتِهِۦٓ أَن تَقُومَ ٱلسَّمَآءُ وَٱلۡأَرۡضُ بِأَمۡرِهِۦۚ ثُمَّ إِذَا دَعَاكُمۡ دَعۡوَةٗ مِّنَ ٱلۡأَرۡضِ إِذَآ أَنتُمۡ تَخۡرُجُونَ ﴿٢٥﴾

25 ـ ئاسماننىڭ ۋە زېمىننىڭ تەۋرەپ كەتمەي ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆز ئورنىدا مۇستەھكەم ۋە سابىت بولۇپ تۇرۇشى ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلىرىدىندۇر. ئاندىن ئاللاھ قىيامەت كۈنى سىلەرنى تىرىلىش ئۈچۈن چاقىرغاندا، سىلەر كۆمۈلۈپ ياتقان قەبرىلەردىن ئالدىراپ چىقىسىلەر.

وَلَهُۥ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ كُلّٞ لَّهُۥ قَٰنِتُونَ ﴿٢٦﴾

26 ـ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى پەرىشتىلەر، ئىنسانلار، جىنلار، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە بارلىق جانلىق ھەم جانسىز مەۋجۇدات ئاللاھنىڭدۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ۋە ئىرادىسىگە بويسۇنغۇچىدۇر.

وَهُوَ ٱلَّذِي يَبۡدَؤُاْ ٱلۡخَلۡقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥ وَهُوَ أَهۡوَنُ عَلَيۡهِۚ وَلَهُ ٱلۡمَثَلُ ٱلۡأَعۡلَىٰ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ وَهُوَ

ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٢٧﴾

27 - ئاللاھ مەخلۇقاتنى دەسلەپتە يوقتىن بارلىققا كەلتۈرىدىغان، ئاندىن ئۇنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرىدىغان زاتتۇر. مەخلۇقاتنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈش، ئاللاھقا نىسبەتەن ئۇلارنى دەسلەپ ياراتقاندىن بەك ئوڭايدۇر. ھەر ئىككىسى ئاللاھقا تولىمۇ ئوڭايدۇر. ئەڭ ئالىي سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا خاستۇر، ھېچقانداق مەخلۇقات ئاللاھقا ئوخشىمايدۇ، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىدىن غالىبتۇر، قەتئىي يېڭىلمەيدۇ، ئەمر - پەرمانلىرىدا، ئىش - پائالىيەتلىرىدە ۋە بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

ضَرَبَ لَكُم مَّثَلٗا مِّنۡ أَنفُسِكُمۡۖ هَل لَّكُم مِّن مَّا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُكُم مِّن شُرَكَآءَ فِي مَا رَزَقۡنَٰكُمۡ فَأَنتُمۡ فِيهِ سَوَآءٞ تَخَافُونَهُمۡ كَخِيفَتِكُمۡ أَنفُسَكُمۡۚ كَذَٰلِكَ نُفَصِّلُ ٱلۡأٓيَٰتِ لِقَوۡمٖ يَعۡقِلُونَ ﴿٢٨﴾

28 - ئى مۇشرىكلار! ئاللاھ سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىن بىر مىسال كەلتۈرىدۇ. سىلەر قول ئاستىڭلاردىكى قول - چۆرىلىرىڭلارنى مال - مۈلۈكۈڭلارغا شېرىك قىلامسىلەر؟ ئۇلارنى ئۆزۈڭلار بىلەن باراۋەر سانامسىلەر؟، ئۇلاردىن ئۆزلىرىڭلارغا ئوخشاش ئازاد كىشىلەردىن قورققاندەك قورقامسىلەر؟ سىلەر شۇنداق قىلىشقا ھەرگىز رازى بولمايسىلەر. سىلەر ئۇنىڭغا رازى بولمايدىغان تۇرۇقلۇق، قانداقمۇ ئاللاھقا ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرۈشكە رازى بولىسىلەر؟ ئەقلى ساغلام كىشىلەر مەنپەئەت ئالسۇن دەپ، دەلىل - پاكىتلىرىمىزنى مۇشۇنداق ئوچۇق بايان قىلىمىز.

بَلِ ٱتَّبَعَ ٱلَّذِينَ ظَلَمُوٓاْ أَهۡوَآءَهُم بِغَيۡرِ عِلۡمٖۖ فَمَن يَهۡدِي مَنۡ أَضَلَّ ٱللَّهُۖ وَمَا لَهُم مِّن نَّٰصِرِينَ ﴿٢٩﴾

29 - مۇشرىكلار نادانلىقتىن، ئازغۇن ئاتا - بوۋىلىرىنى تەقلىد قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگەشتى، جاھالەتتە، ئازغۇنلۇقتا ئۇلارنى دورىدى. كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ ئازدۇرغان ئادەمنى ھېچكىم توغرا يولغا يېتەكلىيەلمەيدۇ. ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قالىدىغان ھېچقانداق مەدەتكار چىقمايدۇ.

فَأَقِمۡ وَجۡهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفٗاۚ فِطۡرَتَ ٱللَّهِ ٱلَّتِي فَطَرَ ٱلنَّاسَ عَلَيۡهَاۚ لَا تَبۡدِيلَ لِخَلۡقِ ٱللَّهِۚ ذَٰلِكَ ٱلدِّينُ ٱلۡقَيِّمُ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٣٠﴾

30 - ئى پەيغەمبەر! سەن ۋە ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەر ئاللاھ بۇيرۇغان ھەق دىن - ئىسلام دىنىدا چىڭ تۇرۇڭلار، ئاللاھ ئىنسانلارنى ئاشۇ دىن بىلەن ياراتقان. سىلەرنىڭ ئىسلام دىنىدا چىڭ تۇرۇشۇڭلار ئاللاھنىڭ ياراتقىنى بويىچە ئىش كۆرگىنىڭلاردۇر. ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ۋە دىنىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، ئىسلام دىنى سىلەرنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ۋە ئۇنىڭ جەننىتىگە ئېلىپ بارىدىغان تۈپتۈز يولدۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئىسلام دىنىنىڭ بىردىنبىر ھەق دىن ئىكەنلىكىنى، باشقا دىنلارنىڭ باتىل دىنلار ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

۞ مُنِيبِينَ إِلَيۡهِ وَٱتَّقُوهُ وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَلَا تَكُونُواْ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ﴿٣١﴾

31 - ھەممىڭلار ئاللاھقا قايتىپ تەۋبە قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىڭلار،

ئاللاھ بۇيرۇغاننى قىلىش ۋە ئاللاھ توسقاننى تەرك ئېتىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، نامازنى بارلىق شەرتلىرىگە رىئايە قىلىپ مۇكەممەل ۋە تولۇق ئوقۇڭلار، ئىبادەتتە مەخلۇقاتنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىغان مۇشرىكلاردىن بولماڭلار.

مِنَ ٱلَّذِينَ فَرَّقُواْ دِينَهُمْ وَكَانُواْ شِيَعًاۖ كُلُّ حِزْبِۭ بِمَا لَدَيْهِمْ فَرِحُونَ ﴿٣٢﴾

32 - سىلەر مۇشرىكلاردىن، ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ بىدئەت ئىشلارنى قىلىدىغانلاردىن ۋە ئۆزلىرىنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتىپ، شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ بەزىسىگە ئەمەل قىلىپ، بەزىسىگە ئەمەل قىلمايدىغان، دىندا ئىختىلاپ قىلىشىپ، پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن، ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇن يولباشچىلىرىنى، ئۇلار مەنسۇپ بولغان پىرقىلىرىنى ۋە پىكىر - قاراشلىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغان، باتىل ئۈچۈن بىر - بىرىگە ياردەملىشىدىغان كىشىلەردىن بولماڭلار. ھەربىر پىرقە ئۆز دىنى بىلەن خۇشاللىنىدۇ، ئۆزىنى توغرا يولدا ساناپ، باشقىلارنى باتىل يولدا دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

وَإِذَا مَسَّ ٱلنَّاسَ ضُرّٞ دَعَوۡاْ رَبَّهُم مُّنِيبِينَ إِلَيۡهِ ثُمَّ إِذَآ أَذَاقَهُم مِّنۡهُ رَحۡمَةً إِذَا فَرِيقٞ مِّنۡهُم بِرَبِّهِمۡ يُشۡرِكُونَ ﴿٣٣﴾

33 - ئىنسانلارنىڭ بېشىغا بىرەر قىيىنچىلىق كەلسە، ئۇلار دەرھال رەببىگە يۈزلىنىپ، ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلەن مۇناجات قىلىشقا باشلايدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۇلارغا رەھىم قىلىپ، بېشىغا كەلگەن زىيان - زەخمەتنى ۋە بالانى كۆتۈرۈۋەتسە، ئۇلاردىن بىر تۈركۈمى دەرھال مۇشرىكلىككە قايتىدۇ ۋە ئاللاھقا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرىدۇ.

لِيَكۡفُرُواْ بِمَآ ءَاتَيۡنَٰهُمۡۚ فَتَمَتَّعُواْ فَسَوۡفَ تَعۡلَمُونَ ﴿٣٤﴾

34 - بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھ ئاتا قىلغان نېمەتلەرگە كۇفرىلىق قىلغانلىقىدۇر، خۇسۇسەن ئاللاھنىڭ ئۇلارنى قىيىنچىلىقتىن چىقىرىپ قويغانلىقىغا تۇزكورلۇق قىلغانلىقىدۇر. ئى مۇشرىكلار! قېنى سىلەر بۇ دۇنيادا كەيپ - ساپالىرىڭلارنى سۈرۈۋېلىڭلار، قانداق ئازابلارغا ئۇچرايدىغانلىقىڭلارنى يېقىندا بىلىپ قالىسىلەر.

أَمۡ أَنزَلۡنَا عَلَيۡهِمۡ سُلۡطَٰنٗا فَهُوَ يَتَكَلَّمُ بِمَا كَانُواْ بِهِۦ يُشۡرِكُونَ ﴿٣٥﴾

35 - ياكى بىز ئۇ مۇشرىكلارغا ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىشنى ۋە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشنى توغرا دەپ جاكارلىغان بىرەر دەلىل ياكى بىرەر كىتاب نازىل قىلدۇقمۇ؟

وَإِذَآ أَذَقۡنَا ٱلنَّاسَ رَحۡمَةٗ فَرِحُواْ بِهَاۖ وَإِن تُصِبۡهُمۡ سَيِّئَةُۢ بِمَا قَدَّمَتۡ أَيۡدِيهِمۡ إِذَا هُمۡ يَقۡنَطُونَ ﴿٣٦﴾

36 - ئەگەر بىز ئىنسانلارغا ئامانلىق، تەن ساقلىقى ۋە باياشاتلىقتىن ئىبارەت نېمىتىمىزنى تېتىتساق، ئۇلار شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا كۆرەڭلەپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇلارغا قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئاغرىق - سىلاق، يوقسۇللۇق ۋە قورقۇنچ قاتارلىق بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتسە، ئۇلار بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشتىن شۇ ھامان ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ. مانا بۇ كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىق ۋە كەڭتاشاچىلىق مەزگىللىرىدىكى خاراكتېرىدۇر.

أَوَلَمۡ يَرَوۡاْ أَنَّ ٱللَّهَ يَبۡسُطُ ٱلرِّزۡقَ لِمَن يَشَآءُ وَيَقۡدِرُۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ﴿٣٧﴾

37 - ئۇلار ئاللاھنىڭ شۈكۈر قىلامدۇ ياكى تۇزكورلۇق قىلامدۇ دەپ سىناش ئۈچۈن، خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدىغانلىقىنى، يەنە ئۇنىڭ سەۋر قىلامدۇ ياكى ئاھ ئۇرۇپ كېتەمدۇ دەپ سىناش ئۈچۈن، خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى تار قىلىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟

بۇ كەڭ قىلىش ۋە تار قىلىشتا ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ ھېكمىتىنى، رەھمىتىنى تونۇغان قەۋم ئۈچۈن ئەلۋەتتە نۇرغۇن دەلىللەر بار.

فَـَٔاتِ ذَا ٱلۡقُرۡبَىٰ حَقَّهُۥ وَٱلۡمِسۡكِينَ وَٱبۡنَ ٱلسَّبِيلِۚ ذَٰلِكَ خَيۡرٞ لِّلَّذِينَ يُرِيدُونَ وَجۡهَ ٱللَّهِۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ﴿٣٨﴾

38 - ئى مۇئمىن! يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭغا ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارغا تۇغقانچىلىقنىڭ ھەققىنى يەتكۈزگىن، يوقسۇللارغا، يول خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا زاكات، سەدىقە بېرىش ۋە ياردەم قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغىن. ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغانلار ئۈچۈن مۇنداق قىلىش ياخشىدۇر. مۇشۇ ئەمەللەرنى ۋە بۇلاردىن باشقا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ئەنە شۇ كىشىلەر ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولۇش ۋە ئۇنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت ئارزۇ - ئارمانىغا يەتكۈچىلەردۇر.

وَمَآ ءَاتَيۡتُم مِّن رِّبٗا لِّيَرۡبُوَاْ فِيٓ أَمۡوَٰلِ ٱلنَّاسِ فَلَا يَرۡبُواْ عِندَ ٱللَّهِۖ وَمَآ ءَاتَيۡتُم مِّن زَكَوٰةٖ تُرِيدُونَ وَجۡهَ ٱللَّهِ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُضۡعِفُونَ ﴿٣٩﴾

39 - سىلەر پۇل - مېلىڭلارنى باشقىلارنىڭ پۇل - مېلى ئىچىدە ئۆستۈرۈۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئۆسۈم مۇئامىلىسى بىلەن قەرز بەرگەن ھەرقانداق نەرسەڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۆسمەيدۇ، بەلكى ئاللاھ ئۇنىڭ بەرىكىتىنى يوق قىلىۋېتىدۇ. ئەمما ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ، يوقسۇللارغا بەرگەن زاكات ۋە سەدىقەڭلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ۋە پۇل - مېلىڭلارنى ھەسسىلەپ ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ.

ٱللَّهُ ٱلَّذِي خَلَقَكُمۡ ثُمَّ رَزَقَكُمۡ ثُمَّ يُمِيتُكُمۡ ثُمَّ يُحۡيِيكُمۡۖ هَلۡ مِن شُرَكَآئِكُم مَّن يَفۡعَلُ مِن ذَٰلِكُم مِّن شَيۡءٖۚ سُبۡحَٰنَهُۥ وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يُشۡرِكُونَ ﴿٤٠﴾

40 - ئى ئىنسانلار! ئاللاھ سىلەرنى ياراتقان، ئاندىن سىلەرگە بۇ ھاياتلىقتا رىزىق ئاتا قىلغان، ئاندىن ئەجىلىڭلار توشقاندىن كېيىن سىلەرنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتىڭلارنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان، ئاندىن سىلەردىن ھېساب ئېلىش ۋە تېگىشلىك مۇكاپاتىڭلارنى ياكى جازايىڭلارنى بېرىش ئۈچۈن سىلەرنى تىرىلدۈرۈپ قەبرەڭلاردىن چىقىرىدىغان زاتتۇر. سىلەر ئاللاھقا تەڭ قىلىۋالغان مەبۇدلىرىڭلار ئىچىدە بۇ ئىشلاردىن بىرەرسىنى قىلالايدىغانلار بارمۇ؟ ئاللاھ ئۇ مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر.

ظَهَرَ ٱلۡفَسَادُ فِي ٱلۡبَرِّ وَٱلۡبَحۡرِ بِمَا كَسَبَتۡ أَيۡدِي ٱلنَّاسِ لِيُذِيقَهُم بَعۡضَ ٱلَّذِي عَمِلُواْ لَعَلَّهُمۡ يَرۡجِعُونَ ﴿٤١﴾

41 - ئىنسانلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ھۆل - يېغىنىنىڭ تەرتىپى بۇزۇلۇپ قۇرغاقچىلىق، مول ھوسۇلنىڭ كېمىيىشى ۋە ئاغرىق - سىلاق دېگەندەك ئاپەتلەر يۈز بەردى. بۇ ئۇلارنىڭ گۇناھ - مەئسىيەتتىن يېنىپ، قىلمىشلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ئاللاھنىڭ دىنىغا قايتىشى ۋە ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئەخلاقىنى تۈزىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش يۈرۈشتىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن جازادۇر.

قُلْ سِيرُواْ فِي ٱلْأَرْضِ فَٱنظُرُواْ كَيْفَ كَانَ عَـٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلُ ۚ كَانَ أَكْثَرُهُم مُّشْرِكِينَ ﴿٤٢﴾

42 - ئى پەيغەمبەر! سەن دەۋەت قىلغان ئىسلام دىنىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، «ئىبرەت ئېلىش مەقسىتى بىلەن يەر يۈزىدە كېزىپ، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرى قاتارلىق ئىنكارچى قەۋملەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار. ئەگەر سىلەر شۇنداق قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ قانداق ئىبرەتلىك شەكىلدە ھالاك بولغانلىقىنى بىلىپ قالىسىلەر. ئۇلارنىڭ تولىسى سىلەرگە ئوخشاش مۇشرىكلار ئىدى».

فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ ٱلْقَيِّمِ مِن قَبْلِ أَن يَأْتِيَ يَوْمٌ لَّا مَرَدَّ لَهُۥ مِنَ ٱللَّهِ ۖ يَوْمَئِذٍ يَصَّدَّعُونَ ﴿٤٣﴾

43 - ئى پەيغەمبەر! قىيامەت كۈنى كېلىشتىن ئىلگىرى، سەن ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت توغرا دىنغا يۈزلەنگىن، ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئورۇندىغىن، ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق تۇرغىن. ھېچكىم ئارقىغا قايتۇرالمايدىغان قىيامەت كۈنى كەلگەندە، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن پىرقە - پىرقە بولۇپ ئايرىلىدۇ.

مَن كَفَرَ فَعَلَيْهِ كُفْرُهُۥ ۖ وَمَنْ عَمِلَ صَـٰلِحًا فَلِأَنفُسِهِمْ يَمْهَدُونَ ﴿٤٤﴾

44 - كىمكى ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىدىكەن، بۇ ئىنكارىنىڭ جازاسىنى ئۆزى تارتىدۇ، ئۇنىڭ جازاسى دوزاختا مەڭگۈ قېلىشتۇر. كىمكى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىشلارنى قىلسا، مۇنداق قىلغان كىشىلەر ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە ئېسىل جەننەتلەردىن قەسىرلەرنى ھازىرلىغان بولىدۇ.

لِيَجْزِيَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ مِن فَضْلِهِۦٓ ۚ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلْكَـٰفِرِينَ ﴿٤٥﴾

45 - بۇ، ئاللاھنىڭ ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرنى ئۆز پەزلىدىن مۇكاپاتلىشى ئۈچۈندۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ كاپىرلارنى قەتئىي ياخشى كۆرمەيدۇ.

وَمِنْ ءَايَـٰتِهِۦٓ أَن يُرْسِلَ ٱلرِّيَاحَ مُبَشِّرَٰتٍ وَلِيُذِيقَكُم مِّن رَّحْمَتِهِۦ وَلِتَجْرِيَ ٱلْفُلْكُ بِأَمْرِهِۦ وَلِتَبْتَغُواْ مِن فَضْلِهِۦ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿٤٦﴾

46 - ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ۋە چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللىرىدىن بىرى، ئاللاھنىڭ سىلەرنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىپ، نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، سىلەرگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق نېمەت ئاتا قىلىشى ئۈچۈن، دېڭىزلاردا كېمىلەرنىڭ مەيىن شامالدا ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە مېڭىشى ئۈچۈن، سىلەرنىڭ (دېڭىزلاردا قاتناپ) تىجارەت ۋە باشقا ئىشلار بىلەن ئاللاھنىڭ پەزلىدىن رىزقىڭلارنى تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن، يامغۇر يېغىش ئالدىدا شاماللارنى خۇش خەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتىشىدۇر.

وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ رُسُلًا إِلَىٰ قَوْمِهِمْ فَجَآءُوهُم بِٱلْبَيِّنَـٰتِ فَٱنتَقَمْنَا مِنَ ٱلَّذِينَ أَجْرَمُواْ ۖ وَكَانَ حَقًّا عَلَيْنَا نَصْرُ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٤٧﴾

47 - ئى پەيغەمبەر! شۈبھىسىزكى، بىز سەندىن ئىلگىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئۆز قەۋمىگە خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇلار قەۋمىنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن توساتتى. ئۇلار قەۋمىگە كۆپلىگەن روشەن مۆجىزىلەرنى ۋە دەلىل - پاكىتلارنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئەمما

ئۇ قەۋملەرنىڭ تولىسى ئاللاھنى ئىنكار قىلدى. شۇڭا بىز ئۇ قەۋملەرنىڭ ئىچىدىكى گۇناھكارلارنى جازالاپ، يوقىتىلدى، مۇئمىنلەرنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزدۇق. ئى پەيغەمبەر! سېنى ئىنكار قىلغان كاپىرلار ئەگەر گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ، ھەقىقەتكە قايتمىسا، ئۇلارنىمۇ خۇددى بۇرۇنقى ئىنكارچىلارنى ھالاك قىلغاندەك ھالاك قىلىۋېتىمىز. زالىملارنى ھالاك قىلىش ۋە مۆمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىكتۇر.

ٱللَّهُ ٱلَّذِى يُرۡسِلُ ٱلرِّيَٰحَ فَتُثِيرُ سَحَابٗا فَيَبۡسُطُهُۥ فِى ٱلسَّمَآءِ كَيۡفَ يَشَآءُ وَيَجۡعَلُهُۥ كِسَفٗا فَتَرَى ٱلۡوَدۡقَ يَخۡرُجُ مِنۡ خِلَٰلِهِۦۖ فَإِذَآ أَصَابَ بِهِۦ مَن يَشَآءُ مِنۡ عِبَادِهِۦٓ إِذَا هُمۡ يَسۡتَبۡشِرُونَ ﴿٤٨﴾

48 - ئاللاھ شاماللارنى ئەۋەتىپ يامغۇر بىلەن تولغان ئېغىر بۇلۇتلارنى قوزغايدىغان، ئاندىن ئۇنى ئاسماندا ئۆزى خالىغىنى بويىچە تارقىتىدىغان ۋە ئۇنى ئۇششاق پارچىلارغا بۆلىدىغان زاتتۇر. شۇ چاغدا سەن يامغۇرنىڭ بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، ئاللاھ يامغۇرنى خالىغان بەندىلىرىنىڭ ئۈستىگە ياغدۇرغان چاغدا، ئۇلار ئاللاھنىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا خۇشال بولىدۇ.

وَإِن كَانُواْ مِن قَبۡلِ أَن يُنَزَّلَ عَلَيۡهِم مِّن قَبۡلِهِۦ لَمُبۡلِسِينَ ﴿٤٩﴾

49 - ھالبۇكى، ئۇلار يامغۇر ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بۇرۇن ئۇنىڭ يېغىشىدىن ھەقىقەتەن ئۈمىدسىزلىنىپ كەتكەن ئىدى.

فَٱنظُرۡ إِلَىٰٓ ءَاثَٰرِ رَحۡمَتِ ٱللَّهِ كَيۡفَ يُحۡيِ ٱلۡأَرۡضَ بَعۡدَ مَوۡتِهَآۚ إِنَّ ذَٰلِكَ لَمُحۡيِ ٱلۡمَوۡتَىٰۖ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَىۡءٖ قَدِيرٞ ﴿٥٠﴾

50 - ئى ئىنسان! يامغۇرنىڭ ئۆسۈملۈكلەردىكى، زىرائەتلەردىكى ۋە دەل - دەرەخلەردىكى نەتىجىلىرىگە ۋە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە قارىغىن، ئاللاھ يامغۇر بىلەن قانداق تىرىلدۈرۈپ ياپيېشىل ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىدىغانلىقىغا قارىغىن، شۈبھىسىزكى، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرۈشكە قادىر بولغان ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكىمۇ ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

وَلَئِنۡ أَرۡسَلۡنَا رِيحٗا فَرَأَوۡهُ مُصۡفَرّٗا لَّظَلُّواْ مِنۢ بَعۡدِهِۦ يَكۡفُرُونَ ﴿٥١﴾

51 - ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرىگە قاتتىق بوراننى ئەۋەتسەك، ئۇلار زىرائەتلىرىنىڭ ئاشۇ بوران سەۋەبلىك خاراب بولغانلىقىنى ۋە ياپيېشىل ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ ساپسېرىق بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇلار زىرائەتلىرىنى بۇ ئەھۋالدا كۆرگەندىن كېيىن، ئاللاھنى ئىنكار قىلىشقا، ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىشقا باشلايدۇ.

فَإِنَّكَ لَا تُسۡمِعُ ٱلۡمَوۡتَىٰ وَلَا تُسۡمِعُ ٱلصُّمَّ ٱلدُّعَآءَ إِذَا وَلَّوۡاْ مُدۡبِرِينَ ﴿٥٢﴾

52 - ئى پەيغەمبەر! سەن قەلبى ئۆلگەن ۋە قۇلاقلىرى ھەقىقەتنىڭ ساداسىنى ئاڭلاشتىن توسۇلۇپ قالغان ئادەملەرگە دەۋىتىڭنى ئاڭلىتالمايسەن. ئاشۇ مۇشرىكلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىغا قايغۇرمىغىن. چۈنكى گاس ۋە ئۆلۈكلەرگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار سېنىڭ ئالدىڭدا تۇرۇپ سۆزلىرىڭنى ئاڭلىمايدۇ - يۇ، سەندىن يۈز ئۆرۈۋاتقان تۇرۇپ قانداقمۇ ئاڭلىسۇن؟!

وَمَآ أَنتَ بِهَٰدِ ٱلۡعُمۡىِ عَن ضَلَٰلَتِهِمۡۖ إِن تُسۡمِعُ إِلَّا مَن يُؤۡمِنُ بِـَٔايَٰتِنَا فَهُم مُّسۡلِمُونَ ﴿٥٣﴾

53 ـ ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ ھىدايەتنىڭ يولىنى كۆرەلمەيدىغان قىلىپ قويغان ئادەمنى سەن ھىدايەت قىلالمايسەن، سەن دەۋىتىڭنى پەقەت بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىدىغان ۋە بىزنىڭ ئەمرىمىزگە ئىتائەت قىلىدىغان كىشىلەرگىلا ئاڭلىتالايسەن.

۞ ٱللَّهُ ٱلَّذِى خَلَقَكُم مِّن ضَعْفٍ ثُمَّ جَعَلَ مِنۢ بَعْدِ ضَعْفٍ قُوَّةً ثُمَّ جَعَلَ مِنۢ بَعْدِ قُوَّةٍ ضَعْفًا وَشَيْبَةً ۚ يَخْلُقُ مَا يَشَآءُ ۖ وَهُوَ ٱلْعَلِيمُ ٱلْقَدِيرُ ﴿٥٤﴾

54 ـ ئاللاھ سىلەرنى ئاجىز ۋە ئەرزىمەس مەنىيدىن ياراتقان، ئاندىن بالىلىقنىڭ ئاجىزلىقىدىن قىرانلىقنىڭ كۈچلۈك چاغلىرىغا يەتكۈزىدىغان، ئاندىن ئاشۇ كۈچلۈكلۈكتىن قېرىلىقنىڭ ئاجىزلىقىغا يەتكۈزىدىغان زاتتۇر. ئاللاھ كۈچ ـ قۇۋۋەتتىن ۋە ئاجىزلىقتىن نېمىنى يارىتىشنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، ئۇ بەندىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر.

وَيَوْمَ تَقُومُ ٱلسَّاعَةُ يُقْسِمُ ٱلْمُجْرِمُونَ مَا لَبِثُواْ غَيْرَ سَاعَةٍ ۚ كَذَٰلِكَ كَانُواْ يُؤْفَكُونَ ﴿٥٥﴾

55 ـ قىيامەت كەلگەن، ئاللاھ خالايىقنى قەبرىلىرىدىن تىرىلدۈرۈپ چىقارغان كۈندە مۇشرىكلار دۇنيادا پەقەت ئازغىنە ۋاقىت تۇرغانلىقىغا قەسەم قىلىدۇ، ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا يالغان ئېيتقان ۋە پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ھەق دىننى ئىنكار قىلغاندەك قەسەمدىمۇ يالغان ئېيتىدۇ.

وَقَالَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلْعِلْمَ وَٱلْإِيمَٰنَ لَقَدْ لَبِثْتُمْ فِى كِتَٰبِ ٱللَّهِ إِلَىٰ يَوْمِ ٱلْبَعْثِ ۖ فَهَٰذَا يَوْمُ ٱلْبَعْثِ وَلَٰكِنَّكُمْ كُنتُمْ لَا تَعْلَمُونَ ﴿٥٦﴾

56 ـ ئۆزلىرىگە ئىلىم ۋە ئىمان ئاتا قىلىنغان پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر ۋە مۇئمىنلەر: «شەكسىزكى، ئاللاھ لەۋھۇلمەھپۇزدا ئالدىن يېزىۋەتكەن بويىچە، سىلەر يارىتىلغان كۈندىن تىرىلدىغان كۈنگە قەدەر تۇردۇڭلار، مانا بۇ تىرىلىش كۈنىدۇر، ئەمما سىلەر بۇنى بىلمەيتتىڭلار، شۇڭا سىلەر دۇنيادىكى ۋاقىتىڭلاردا بۇ كۈننى ئىنكار قىلدىڭلار» دەيدۇ.

فَيَوْمَئِذٍ لَّا يَنفَعُ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ مَعْذِرَتُهُمْ وَلَا هُمْ يُسْتَعْتَبُونَ ﴿٥٧﴾

57 ـ قىيامەت كۈنىدە زالىملارنىڭ ئۆزرىسىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ، ئۇلاردىن ئىمان ئېيتىپ، تەۋبە قىلىپ، ئاللاھنى رازى قىلىشىمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ، بەلكى ئۇلار قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن جازالىنىدۇ.

وَلَقَدْ ضَرَبْنَا لِلنَّاسِ فِى هَٰذَا ٱلْقُرْءَانِ مِن كُلِّ مَثَلٍ ۚ وَلَئِن جِئْتَهُم بِـَٔايَةٍ لَّيَقُولَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِنْ أَنتُمْ إِلَّا مُبْطِلُونَ ﴿٥٨﴾

58 ـ شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئىنسانلارنىڭ بىلمىگەنتۇق دەپ باھانە كۆرسىتىشىنىڭ ئىشىكىنى تاقاش ۋە ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، بۇ قۇرئاندا ئۇلارغا تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق. ئى پەيغەمبەر! ئەگەر سەن ئۇ كاپىرلارغا سېنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلايدىغان قانداقلا بىر دەلىل ـ پاكىت كەلتۈرسەڭ، ئۇلار ئەلۋەتتە: «ئى مۇھەممەد! سەن ۋە ساڭا ئەگەشكەن كىشىلەر پەقەت باتىلغا (يەنى ھەقىقەتتە يوق نەرسىلەرگە) ئەگىشىۋاتىسىلەر» دەيدۇ.

كَذَٰلِكَ يَطْبَعُ ٱللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِ ٱلَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٥٩﴾

59 ـ ئى پەيغەمبەر! سەن ئاللاھ تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنىڭ قىممىتىنى بىلمەيدىغانلارنىڭ دىللىرىنى ئاللاھ ئاشۇنداق پېچەتلىۋېتىدۇ.

فَٱصۡبِرۡ إِنَّ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٞۖ وَلَا يَسۡتَخِفَّنَّكَ ٱلَّذِينَ لَا يُوقِنُونَ ﴿٦٠﴾

60 ـ ئى پەيغەمبەر! ساڭا قەۋمىڭدىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋرچان بولغىن، چۈنكى ئاللاھنىڭ ساڭا نۇسرەت ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىش، سېنىڭ ئەجىر ـ ساۋابىڭنى كۆپ قىلىش ھەققىدە بەرگەن ۋەدىسى شەكسىز ھەقتۇر. ئاخىرەتكە، ئۇنىڭدىكى مۇكاپات ۋە جازاغا ئىشەنمەيدىغانلار دىنىڭ توغرۇلۇق سېنى ھەرگىز يەڭگىللىك قىلىشقا ئېلىپ بارمىسۇن!.

# لۇقمان سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

الٓمٓ ١

1 ـ ئەلىف، لام، مىيم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱلۡكِتَٰبِ ٱلۡحَكِيمِ ٢

2 ـ بۇ ئايەتلەر چوڭقۇر ھېكمەتلىك قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدۇر[1].

هُدٗى وَرَحۡمَةٗ لِّلۡمُحۡسِنِينَ ٣

3 ـ بۇ ئايەتلەر ئاللاھ قۇرئاندا نازىل قىلغان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇيرۇغان شەرىئەت ئەھكاملىرىغا مۇكەممەل ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ھىدايەت ۋە رەھمەتتۇر.

ٱلَّذِينَ يُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤۡتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَهُم بِٱلۡأٓخِرَةِ هُمۡ يُوقِنُونَ ٤

4 ـ ئۇلار نامازنى ئۆز ۋاقتىدا مۇكەممەل ئوقۇيدىغان، ئۆزلىرىگە پەرز بولغان زاكاتنى تولۇق بېرىدىغان ۋە ئاخىرەتتىكى مۇكاپات بىلەن جازاغا جەزمەن ئىشىنىدىغان كىشىلەردۇر.

أُوْلَٰٓئِكَ عَلَىٰ هُدٗى مِّن رَّبِّهِمۡۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ٥

5 ـ يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر رەببىدىن كەلگەن ھىدايەت ۋە نۇر ئۈستىدە بولغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەقسىتىگە يەتكۈچىلەردۇر.

وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَشۡتَرِي لَهۡوَ ٱلۡحَدِيثِ لِيُضِلَّ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ بِغَيۡرِ عِلۡمٖ وَيَتَّخِذَهَا هُزُوًاۚ
أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ عَذَابٞ مُّهِينٞ ٦

6 ـ ئىنسانلار ئارىسىدا ئۆزى بىلمىسىز تۇرۇپ كىشىلەرنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇش ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاللاھقا تائەت ـ ئىبادەت قىلىشتىن ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن توسىدىغان بىھۇدە گەپلەرنى سېتىۋالىدىغانلار بار. ئەنە شۇلارغا خار قىلغۇچى ئازاب بار.

وَإِذَا تُتۡلَىٰ عَلَيۡهِ ءَايَٰتُنَا وَلَّىٰ مُسۡتَكۡبِرٗا كَأَن لَّمۡ يَسۡمَعۡهَا كَأَنَّ فِيٓ أُذُنَيۡهِ وَقۡرٗاۖ فَبَشِّرۡهُ بِعَذَابٍ أَلِيمٖ ٧

7 ـ مۇنداق بىرىگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇ گويا ئۇنىڭ قۇلىقىدا ئېغىرلىق

[1] ھېكمەت ــــ توغرا سۆز، توغرا ئىش دېمەكتۇر. بۇ ئايەتتىكى ھېكمەت «قۇرئان كەرىم»دىكى ھەربىر ھۆكۈم، ھەربىر قىسسە ۋە ھەربىر مەلۇماتنىڭ ئەڭ توغرا شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

بولۇپ ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمىغاندەك تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئى پەيغەمبەر! بۇنداق ھالەتتىكى ئادەمگە قىيامەت كۈنىدىكى قاتتىق ئازابتىن بېشارەت بەرگىن.

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَهُمْ جَنَّٰتُ ٱلنَّعِيمِ ﴿٨﴾

8 - شۈبھىسىزكى، ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىپ، بۇيرۇلغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئەنە شۇلارغا جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك نېمەتلەر بار.

خَٰلِدِينَ فِيهَاۖ وَعْدَ ٱللَّهِ حَقًّاۚ وَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٩﴾

9 - ئۇلارنىڭ ئۇ جەننەتلەردىكى ھاياتى مەڭگۈلۈك ھايات بولۇپ، بۇ ھايات ئاخىرلاشمايدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بەرگەن ھەق ۋەدىسىدۇر. ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، ئۇ بارلىق ئىشلىرىدا غالىبتۇر، تەدبىرلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ بِغَيْرِ عَمَدٍ تَرَوْنَهَاۖ وَأَلْقَىٰ فِى ٱلْأَرْضِ رَوَٰسِىَ أَن تَمِيدَ بِكُمْ وَبَثَّ فِيهَا مِن كُلِّ دَآبَّةٍۚ وَأَنزَلْنَا مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَنۢبَتْنَا فِيهَا مِن كُلِّ زَوْجٍ كَرِيمٍ ﴿١٠﴾

10 - ئاللاھ سىلەر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بۇ ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز ياراتتى، زېمىن تەۋرەپ كېتىپ سىلەرنىڭ ھاياتىڭلارغا زىيان يەتمىسۇن دەپ، ئۇنىڭدا مىدىرلىمايدىغان تاغلارنى ئورناتتى، زېمىندا تۈرلۈك جانلىقلارنى تارقاتتى. بىز بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن زېمىندا ھەر تۈرلۈك پايدىلىق ۋە چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق.

هَٰذَا خَلْقُ ٱللَّهِ فَأَرُونِى مَاذَا خَلَقَ ٱلَّذِينَ مِن دُونِهِۦۚ بَلِ ٱلظَّٰلِمُونَ فِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿١١﴾

11 - ئى مۇشرىكلار! سىلەر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقىنىڭلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدۇر. ئەمدى، ماڭا كۆرسىتىپ بېرىڭلارچۇ، سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان مەبۇدلىرىڭلار نېمىنى يارىتىپتۇ؟ بەلكى ئۇ مۇشرىكلار ھەقىقەتتىن تامامەن يىراقلاشقان ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتىدۇر.

وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا لُقْمَٰنَ ٱلْحِكْمَةَ أَنِ ٱشْكُرْ لِلَّهِۚ وَمَن يَشْكُرْ فَإِنَّمَا يَشْكُرُ لِنَفْسِهِۦۖ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَنِىٌّ حَمِيدٌ ﴿١٢﴾

12 - ھەقىقەتەن بىز سالىھ بەندىمىز لۇقمانغا دىننى توغرا چۈشىنىش، ساغلام ئەقىل، توغرا گەپ قىلىشتىن ئىبارەت ھېكمەتنى ئاتا قىلدۇق. بىز ئۇنىڭغا: «ئاللاھنىڭ ساڭا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغىن، كىمكى ئاللاھقا شۈكۈر قىلسا، ئۇنىڭ پايدىسى شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. كىمكى ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىدىكەن، شۇنى ياخشى بىلسۇنكى، ئاللاھ ئۇنىڭ شۈكۈر قىلىشىغا موھتاج ئەمەس، ئاللاھ ھەممە ھالەتتە مەدھىيەگە لايىقتۇر» دېدۇق.

وَإِذْ قَالَ لُقْمَٰنُ لِٱبْنِهِۦ وَهُوَ يَعِظُهُۥ يَٰبُنَىَّ لَا تُشْرِكْ بِٱللَّهِۖ إِنَّ ٱلشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ ﴿١٣﴾

13 - ئى پەيغەمبەر! لۇقماننىڭ ئۆز ئوغلىغا قىلغان نەسىھىتىنى ئەسلىگىن. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئى ئوغلۇم! ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن. ئۇنداق قىلساڭ ئۆزۈڭگە زۇلۇم قىلغان بولىسەن. چۈنكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر ۋە ئەڭ قەبىھ بولغىنىدۇر».

وَوَصَّيْنَا ٱلْإِنسَٰنَ بِوَٰلِدَيْهِ حَمَلَتْهُ أُمُّهُۥ وَهْنًا عَلَىٰ وَهْنٍ وَفِصَٰلُهُۥ فِى عَامَيْنِ أَنِ ٱشْكُرْ لِى وَلِوَٰلِدَيْكَ
إِلَىَّ ٱلْمَصِيرُ ﴿١٤﴾

14 - بىز ئىنساننى ئاتا - ئانىسىغا ياخشى خىزمەت قىلىشقا ۋە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى قاتمۇقات ئاجىزلىق بىلەن قورسىقىدا كۆتۈردى. ئۇنىڭ سۈتتىن ئايرىلىشى ئىككى يىل ئىچىدە بولىدى. شۇڭا بىز ئۇنىڭغا: «ئاللاھقا شۈكۈر قىلغىن، ئاندىن ئاتا - ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ھەممىڭلار مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، شۇ چاغدا مەن ھەركىمگە تېگىشلىك بولغان مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى بېرىمەن.

وَإِن جَٰهَدَاكَ عَلَىٰٓ أَن تُشْرِكَ بِى مَا لَيْسَ لَكَ بِهِۦ عِلْمٌ فَلَا تُطِعْهُمَا ۖ وَصَاحِبْهُمَا فِى ٱلدُّنْيَا
مَعْرُوفًا ۖ وَٱتَّبِعْ سَبِيلَ مَنْ أَنَابَ إِلَىَّ ۚ ثُمَّ إِلَىَّ مَرْجِعُكُمْ فَأُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿١٥﴾

15 - ئى مۇئمىن ئوغۇل! ئەگەر ئاتا - ئاناڭ سېنى سېنىڭ ماڭا قىلىدىغان ئىبادىتىڭدە سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە ياكى گۇناھ ئىشلارنى قىلىشقا زورلىسا، سەن ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، چۈنكى ئاللاھقا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشتا ئىنسانلارغا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇلارغا دۇنيادا گۇناھ بولمايدىغان ياخشى ئىشلاردا ئىتائەت قىلغىن ۋە ياخشى ھەمراھ بولغىن. ئى مۇئمىن ئوغۇل! گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ ماڭا يۈزلەنگەن، مېنىڭ پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەرنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاخىرى قايتىدىغان جايىڭلار ئەلۋەتتە مېنىڭ دەرگاھىمدۇر، شۇ چاغدا مەن سىلەرگە دۇنيادا قىلغان - ئەتكەنلىرىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن ۋە سىلەرگە تېگىشلىك مۇكاپات ياكى جازا بېرىمەن» دېدۇق.

يَٰبُنَىَّ إِنَّهَآ إِن تَكُ مِثْقَالَ حَبَّةٍ مِّنْ خَرْدَلٍ فَتَكُن فِى صَخْرَةٍ أَوْ فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ أَوْ فِى ٱلْأَرْضِ يَأْتِ
بِهَا ٱللَّهُ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَطِيفٌ خَبِيرٌ ﴿١٦﴾

16 - لۇقمان ئوغلىغا ئېيتتى: «ئى ئوغلۇم! سېنىڭ قىلغان ياخشى ياكى يامان ئەمەلىڭ قىچا چاغلىق ئىنتايىن كىچىك بولۇپ، ئۇ ئۈيۈل تاشنىڭ ئىچىدە يا ئاسمانلارنىڭ قېتىدا ياكى زېمىننىڭ تېگىدە بولسىمۇ، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ. چۈنكى ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ بارلىق ئەمەللىرىدىن خەۋەرداردۇر.

يَٰبُنَىَّ أَقِمِ ٱلصَّلَوٰةَ وَأْمُرْ بِٱلْمَعْرُوفِ وَٱنْهَ عَنِ ٱلْمُنكَرِ وَٱصْبِرْ عَلَىٰ مَآ أَصَابَكَ ۖ إِنَّ ذَٰلِكَ مِنْ
عَزْمِ ٱلْأُمُورِ ﴿١٧﴾

17 - ئى ئوغلۇم! نامازنى ئەركانلىرىغا، شەرتلىرىگە ۋە پەرزلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىپ مۇكەممەل ئوقۇغىن، كىشىلەرنى كۈچۈڭنىڭ يېتىشىچە ھېكمەت بىلەن، سىلىقلىق بىلەن ۋە مېھرىبانلىق بىلەن ياخشى ئىشلارغا بۇيرىغىن، يامان ئىشلاردىن توسقىن، بۇ يولدا ساڭا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلغىن. بىلگىنكى، ئاللاھ بۇيرۇغان بۇ ئىشلار ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىشلاردىندۇر.

وَلَا تُصَعِّرْ خَدَّكَ لِلنَّاسِ وَلَا تَمْشِ فِى ٱلْأَرْضِ مَرَحًا ۖ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ ﴿١٨﴾

18 - كىشىلەرگە گەپ قىلساڭ ياكى ئۇلار ساڭا گەپ قىلسا، تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئۇلاردىن يۈزۈڭنى چۆرىمىگىن، يەر يۈزىدە كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا غادىيىپ ماڭمىغىن. چۈنكى

ئاللاھ گەپ سۆزىدە ۋە يۈرۈش - تۇرۇشىدا ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان ماختانچاقنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ.

وَٱقۡصِدۡ فِي مَشۡيِكَ وَٱغۡضُضۡ مِن صَوۡتِكَۚ إِنَّ أَنكَرَ ٱلۡأَصۡوَٰتِ لَصَوۡتُ ٱلۡحَمِيرِ ﴿١٩﴾

19 - مېڭىشىڭدا كەمتەر بولغىن، ئاۋازىڭنى پەسەيتكىن. چۈنكى ئاۋازلارنىڭ ئەڭ يېقىمسىزى، ئەڭ يامان كۆرىلىدىغىنى شەكسىزكى ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر».

أَلَمۡ تَرَوۡاْ أَنَّ ٱللَّهَ سَخَّرَ لَكُم مَّا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِ وَأَسۡبَغَ عَلَيۡكُمۡ نِعَمَهُۥ ظَٰهِرَةٗ وَبَاطِنَةٗۗ وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يُجَٰدِلُ فِي ٱللَّهِ بِغَيۡرِ عِلۡمٖ وَلَا هُدٗى وَلَا كِتَٰبٖ مُّنِيرٖ ﴿٢٠﴾

20 ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ ئاسمانلاردىكى كۈن، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ۋە زېمىندىكى جانلىقلار، دەل - دەرەخلەر، سۇ قاتارلىق سان - ساناقسىز نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى، سىلەرگە تەن، ئەزا قاتارلىق تاشقى نېمەتلەرنى، ئەقىل ۋە قەلب قاتارلىق ئىچكى نېمەتلەرنى ئاتا قىلغانلىقىنى، يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نېمەتلەرنى سىلەرگە خاس قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، بەزى كىشىلەر ھېچقانداق ئىلمى - پاكىتسىز، ئاللاھ تەرىپىدىن بىرەر بايانسىز، ئۆزىنىڭ دەۋاسىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان بىرەر كىتابسىز تۇرۇقلۇق، ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكى ۋە ئىبادەتنى ئۇنىڭغا خاس قىلىش مەسىلىسىدە جېدەللىشىدۇ.

وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ ٱتَّبِعُواْ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ قَالُواْ بَلۡ نَتَّبِعُ مَا وَجَدۡنَا عَلَيۡهِ ءَابَآءَنَآۚ أَوَلَوۡ كَانَ ٱلشَّيۡطَٰنُ يَدۡعُوهُمۡ إِلَىٰ عَذَابِ ٱلسَّعِيرِ ﴿٢١﴾

21 - ئەگەر ئاشۇ جېدەلخورلارغا: «سىلەر ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان ۋەھيىگە ئەگىشىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «ياق، بىز ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىغا ئەگىشىمىز» دەيدۇ. شەيتان ئۇلارغا ئۇلارنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىنى ۋە ئاللاھنى ئىنكار قىلىشنى چىرايلىق كۆرسىتىپ ئۇلارنى يېنىپ تۇرغان دوزاخ ئوتىغا چاقىرغان تۇرسىمۇ، ئۇلار ئاشۇ ئاتا - بوۋىلىرىغا ئەگىشەمدۇ؟

۞ وَمَن يُسۡلِمۡ وَجۡهَهُۥٓ إِلَى ٱللَّهِ وَهُوَ مُحۡسِنٞ فَقَدِ ٱسۡتَمۡسَكَ بِٱلۡعُرۡوَةِ ٱلۡوُثۡقَىٰۗ وَإِلَى ٱللَّهِ عَٰقِبَةُ ٱلۡأُمُورِ ﴿٢٢﴾

22 - كىمكى نىيىتىنى خالىس قىلىپ، گەپ - سۆزلىرىدە، ئەمەللىرىدە سەممىي بولۇپ، ئاللاھقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يۈزلىنىدىكەن، ئۇ ئۆزىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ۋە جەننىتىگە ئېلىپ بارىدىغان مەھكەم تۇتقىغا ئېسىلغان بولىدۇ. ھەممە ئىش ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ، ئاللاھ ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات بېرىدۇ، يامان ئىش قىلغانلارغا تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ.

وَمَن كَفَرَ فَلَا يَحۡزُنكَ كُفۡرُهُۥٓۚ إِلَيۡنَا مَرۡجِعُهُمۡ فَنُنَبِّئُهُم بِمَا عَمِلُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمُۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿٢٣﴾

23 - كىمكى كاپىر بولىدىكەن، ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇنىڭ كاپىر بولغانلىقى سەۋەبلىك قايغۇرمىغىن، چۈنكى سەن دىنىنى يەتكۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت ئۆز ۋەزىپەڭنى ئادا قىلدىڭ، قىيامەت كۈنى ئۇلار بىزنىڭ ئالدىمىزغا چىقىرىلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇلارغا بۇ دۇنيادا قىلغان قەبىھ قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىمىز، ئاندىن ئۇلارغا تېگىشلىك جازاسىنى بېرىمىز. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغان كۇفرىنى

ۋە شەيتانغا ئەگىشىش خاھىشىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

نُمَتِّعُهُمْ قَلِيلًا ثُمَّ نَضْطَرُّهُمْ إِلَىٰ عَذَابٍ غَلِيظٍ ﴿٢٤﴾

24 - بىز ئۇلارنى مۇشۇ پانىي دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن ئاز مۇددەت بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن قىيامەت كۈنى ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ئىبارەت ئېنتايىن قاتتىق ۋە ئەلەملىك ئازابقا ھەيدەيمىز.

وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ ٱللَّهُ ۚ قُلِ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ۚ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٢٥﴾

25 - ئى پەيغەمبەر! ئەگەر سەن ئاشۇ مۇشرىكلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلار ساڭا شۇنداق دەپ جاۋاب بەرسە، سەن ئۇلارغا: «ئاللاھقا شۈكرىكى، سىلەرگە قارشى دەلىل - پاكىت ئۆز ئاغزىڭلاردىن چىقتى» دېگىن. ئەمما ئۇ مۇشرىكلارنىڭ تولىسى ئىبادەتنى ئاللاھقىلا قىلىش كېرەكلىكىنى ۋە ھەمدۇسانانىڭ ئاللاھقىلا خاس ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىبادەتتە ئاللاھقا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرىدۇ.

لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلْغَنِيُّ ٱلْحَمِيدُ ﴿٢٦﴾

26 - ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسىنىڭ ياراتقۇچىسى، تەقدىر قىلغۇچىسى ۋە باشقۇرۇپ تۇرغۇچىسى پەقەت ئاللاھتۇر. شۇڭا ئاللاھتىن باشقىسى ئىبادەتكە لايىق ئەمەستۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ مەخلۇقاتىغا موھتاج ئەمەستۇر، بارچە مەدھىيە ۋە ماختاشلار ئاللاھقا خاستۇر.

وَلَوْ أَنَّمَا فِي ٱلْأَرْضِ مِن شَجَرَةٍ أَقْلَٰمٌ وَٱلْبَحْرُ يَمُدُّهُۥ مِنۢ بَعْدِهِۦ سَبْعَةُ أَبْحُرٍ مَّا نَفِدَتْ كَلِمَٰتُ ٱللَّهِ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٢٧﴾

27 - ئەگەر يەر يۈزىدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قەلەم بولغان، دېڭىزلار سىياھ بولغان، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىز سىياھ بولۇپ قوشۇلغان ۋە شۇ قەلەم بىلەن، شۇ سىياھ بىلەن ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى يازغان تەقدىردىمۇ، بۇ قەلەملەر سۇنۇپ تۈگەيدۇ، سىياھلار ئېقىپ تۈگەيدۇ، ئەمما ئاللاھنىڭ سۆزلىرى تۈگەپ قالمايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ كاپىرلارنى جازالاشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر، بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. (بۇ ئايەت ئاللاھنىڭ سۆزلەش سۈپىتىنى ئىسپاتلايدۇ. ئاللاھنىڭ سۆزلىشى ئۆزىگە لايىق سۈپەتتى بىلەن بولىدۇ).

مَّا خَلْقُكُمْ وَلَا بَعْثُكُمْ إِلَّا كَنَفْسٍ وَٰحِدَةٍ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌۢ بَصِيرٌ ﴿٢٨﴾

28 - ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ يارىتىلىشىڭلار ۋە قىيامەت كۈنى تىرىلدۈرۈلۈشۈڭلار (ئوڭايلىقتا) پەقەت بىر ئادەمنىڭ يارىتىلىشى ۋە تىرىلدۈرۈلۈشىگە ئوخشاشتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئەمەللىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. قىيامەت كۈنى سىلەرگە شۇنىڭغا ئاساسەن مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ يُولِجُ ٱلَّيْلَ فِي ٱلنَّهَارِ وَيُولِجُ ٱلنَّهَارَ فِي ٱلَّيْلِ وَسَخَّرَ ٱلشَّمْسَ وَٱلْقَمَرَ كُلٌّ يَجْرِيٓ إِلَىٰٓ أَجَلٍ مُّسَمًّى وَأَنَّ ٱللَّهَ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ ﴿٢٩﴾

29 - كۆرمەمسەنكى، ئاللاھ كېچىنىڭ سائەتلىرىدىن بىر قانچە سائەتنى ئالدۇ، ئۇنىڭ بىلەن كۈندۈزنى ئۇزارتىدۇ، كېچىنى قىسقارتىدۇ، كۈندۈزنىڭ سائەتلىرىدىن بىر قانچە سائەتنى ئالدۇ، ئۇنىڭ بىلەن كېچىنى ئۇزارتىدۇ، كۈندۈزنى قىسقارتىدۇ. ئاللاھ كۈن بىلەن ئاينىمۇ سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى مۇئەييەن مۇددەتكىچە ئۆز ئوربىتىسىدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ياخشى - يامان بارلىق ئەمەللىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر، ئاللاھقا ھېچقانداق نەرسە مەخپىي قالمايدۇ.

ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡحَقُّ وَأَنَّ مَا يَدۡعُونَ مِن دُونِهِ ٱلۡبَٰطِلُ وَأَنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡعَلِيُّ ٱلۡكَبِيرُ ﴿٣٠﴾

30 - بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان ئىشلار بولۇپ، بۇ ئاللاھنىڭ زاتىدا، سۈپەتلىرىدە ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىدە ھەق ئىكەنلىكىنى، مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ بارچە مەخلۇقاتتىن ئەڭ ئۈستۈن، ھەممىدىن كاتتا ئىكەنلىكىنى، ھەممە مەۋجۇداتنىڭ ئاللاھقا موھتاج ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ ئىبادەت قىلىنىشقا تولىمۇ ھەقلىق زات ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

أَلَمۡ تَرَ أَنَّ ٱلۡفُلۡكَ تَجۡرِي فِي ٱلۡبَحۡرِ بِنِعۡمَتِ ٱللَّهِ لِيُرِيَكُم مِّنۡ ءَايَٰتِهِۦٓۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّكُلِّ صَبَّارٖ شَكُورٖ ﴿٣١﴾

31 - ئى ئىنسان! كۆرمەمسەنكى، كېمىلەرنىڭ ئىنسانلارغا ئاللاھتىن بىر نېمەت بولغان ھالدا ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن دېڭىزدا يۈرۈشى، ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئۆز قۇدرىتىنىڭ بىر قىسىم دەلىللىرىنى كۆرسىتىشى ئۈچۈندۇر. كېمىلەرنىڭ دېڭىزلاردا يۈرۈشىدە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتا چىدامىلىق بولغان ۋە ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە كۆپ شۈكۈر قىلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن دەلىللەر بار.

وَإِذَا غَشِيَهُم مَّوۡجٞ كَٱلظُّلَلِ دَعَوُاْ ٱللَّهَ مُخۡلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ فَلَمَّا نَجَّىٰهُمۡ إِلَى ٱلۡبَرِّ فَمِنۡهُم مُّقۡتَصِدٞۚ وَمَا يَجۡحَدُ بِـَٔايَٰتِنَآ إِلَّا كُلُّ خَتَّارٖ كَفُورٖ ﴿٣٢﴾

32 - مۇشرىكلار كېمىلەرگە چىققان ۋە ئۇلارنى تاغدەك دولقۇنلار ئورىۋالغان چاغدا، ئۇلار دېڭىزدا غەرق بولۇپ كېتىشتىن قاتتىق قورقۇپ سەراسىمگە چۈشىدۇ ۋە چىن ئىخلاسى بىلەن ئاللاھقىلا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇپ قۇرۇقلۇققا چىقارغان چاغدا، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئوتتۇرىدا تۇرۇۋېلىپ ئاللاھقا لايىقىدا شۈكۈر قىلمايدۇ، بەزىسى بولسا ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئېنىقكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى، چەكسىز قۇدرىتىمىزنى ۋە يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىمىزنى كۆرسىتىدىغان دەلىل - پاكىتلىرىمىزنى پەقەت ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان، ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلىدىغان تۇزكور ئىنسانلارلا ئىنكار قىلىدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱتَّقُواْ رَبَّكُمۡ وَٱخۡشَوۡاْ يَوۡمٗا لَّا يَجۡزِي وَالِدٌ عَن وَلَدِهِۦ وَلَا مَوۡلُودٌ هُوَ جَازٍ عَن وَالِدِهِۦ شَيۡـًٔاۚ إِنَّ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٞۖ فَلَا تَغُرَّنَّكُمُ ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَا وَلَا يَغُرَّنَّكُم بِٱللَّهِ ٱلۡغَرُورُ ﴿٣٣﴾

33 - ئى ئىنسانلار! رەببىڭلاردىن قورقۇڭلار، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئاتا بالىسىغا ئەسقاتمايدىغان، بالىمۇ ئاتىسىغا ئەسقاتمايدىغان قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىغا قېلىشتىن قورقۇڭلار. ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن راستتۇر. شۇڭا سىلەر بۇ دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىرىگە ۋە

زىبۇزىننەتلىرىگە ھەرگىز ئالدانماڭلار، (ئۇنداق قىساڭلار) ئۇلار سىلەرگە ئاخىرەتنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. ئىنسان ۋە جىندىن بولغان شەيتانلارنىڭ سىلەرنى «ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى كەڭ، گۇناھ قىلساڭمۇ ئاللاھ مەغپىرەت قىلىۋېرىدۇ» دەپ ئالدىشىغا يول قويماڭلار.

إِنَّ ٱللَّهَ عِندَهُۥ عِلۡمُ ٱلسَّاعَةِ وَيُنَزِّلُ ٱلۡغَيۡثَ وَيَعۡلَمُ مَا فِي ٱلۡأَرۡحَامِۖ وَمَا تَدۡرِي نَفۡسٞ مَّاذَا تَكۡسِبُ غَدٗاۖ وَمَا تَدۡرِي نَفۡسُۢ بِأَيِّ أَرۡضٖ تَمُوتُۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرُۢ ﴿٣٤﴾

34 ـ شۇ بىر ھەقىقەتكى، قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى ئاللاھ ئۆزىلا بىلىدۇ. ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرىدىغان زاتتۇر، ئاللاھتىن باشقىسى بۇنى قىلالمايدۇ، ئاللاھ بالىياتقۇلاردىكىلەرنى بىلىدۇ. ھېچكىم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ھېچكىم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئەمما ئاللاھ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر، ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر.

# سەجدە سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن(باشلايمەن).

الٓمٓ ﴿١﴾

1 ـ ئەلىف، لام، مىيم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

تَنزِيلُ ٱلۡكِتَٰبِ لَا رَيۡبَ فِيهِ مِن رَّبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٢﴾

2 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن بۇ قۇرئاننىڭ ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ
تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىدا ھېچقانداق شەك يوقتۇر.

أَمۡ يَقُولُونَ ٱفۡتَرَىٰهُۚ بَلۡ هُوَ ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّكَ لِتُنذِرَ قَوۡمٗا مَّآ أَتَىٰهُم مِّن نَّذِيرٖ مِّن قَبۡلِكَ لَعَلَّهُمۡ
يَهۡتَدُونَ ﴿٣﴾

3 ـ مۇشرىكلار: «قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىقتى» دېيىشەمدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق
ئەمەس، ئۇلار يالغان ئېيتىدۇ. ئى پەيغەمبەر! بەلكى بۇ قۇرئان سەندىن ئىلگىرى
ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر كەلمىگەن بىر قەۋمنى ھىدايەت تاپسۇن دەپ، ئۇلارنى
ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، رەببىڭ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتتۇر.

ٱللَّهُ ٱلَّذِي خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ وَمَا بَيۡنَهُمَا فِي سِتَّةِ أَيَّامٖ ثُمَّ ٱسۡتَوَىٰ عَلَى ٱلۡعَرۡشِۖ مَا لَكُم
مِّن دُونِهِۦ مِن وَلِيّٖ وَلَا شَفِيعٍۚ أَفَلَا تَتَذَكَّرُونَ ﴿٤﴾

4 ـ ئاللاھ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە
ياراتقان، ئاندىن ئەرشنىڭ ئۈستىگە ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئۆرلىگەن زاتتۇر. ئاللاھ
بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ «بول!» دېگەن ئەمرى بىلەن يارىتىشقا ئەلۋەتتە قادىر
تۇرسىمۇ، ئۆزىگىلا مەلۇم ھېكمەتكە ئاساسەن ئۇلارنى شۇنداق ياراتقان. ئاللاھنىڭ
ئەرشكە ئۆرلىگەنلىكى ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە بولغان بولۇپ مەخلۇقاتنىڭ ھەرىكىتىگە
ئوخشىمايدۇ. ئى ئىنسانلار! سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قويۇش ئۈچۈن
سىلەرگە بىرەر شاپائەت قىلغۇچى ياكى بىرەر مەدەتكار يوقتۇر. ئى ئىنسانلار! سىلەر
ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئېتىقاد قىلىش ۋە ئىبادەتنى ئۇنىڭغىلا خالىس قىلىش ھەققىدە
ئويلاپ كۆرمەمسىلەر؟ ۋەز ـ نەسىھەت ئالمامسىلەر؟

يُدَبِّرُ ٱلۡأَمۡرَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ إِلَى ٱلۡأَرۡضِ ثُمَّ يَعۡرُجُ إِلَيۡهِ فِي يَوۡمٖ كَانَ مِقۡدَارُهُۥٓ أَلۡفَ سَنَةٖ مِّمَّا
تَعُدُّونَ ﴿٥﴾

5 ـ ئاللاھ ئاسماندىن زېمىنغىچە بولغان بارلىق مەخلۇقاتنىڭ ئىشنى باشقۇرۇپ تۇرىدۇ،

ئاندىن ئاشۇ ئىش ۋە باشقۇرۇش ئۈزۈنلۈقى دۇنيانىڭ كۈنلىرىدىن مىڭ يىللىق كېلىدىغان قىيامەت كۈنىدە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ.

ذَٰلِكَ عَٰلِمُ ٱلۡغَيۡبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ ٱلۡعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٦﴾

6 - مەۋجۇداتنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئاشۇ ياراتقۇچى كۆزلەر كۆرەلمەيدىغان، دىللاردا ساقلانغان يوشۇرۇن نەرسىلەرنى، شۇنداقلا كۆزلەر بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ئاشكارا نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ ھەممىگە غالىبتۇر، ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ، مۆئمىن بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھتۇر.

ٱلَّذِيٓ أَحۡسَنَ كُلَّ شَيۡءٍ خَلَقَهُۥۖ وَبَدَأَ خَلۡقَ ٱلۡإِنسَٰنِ مِن طِينٖ ﴿٧﴾

7 - ئاللاھ ھەر نەرسىنى مۇكەممەل (پۇختا) ياراتقان زاتتۇر، ئۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىشنى لايدىن باشلىغان.

ثُمَّ جَعَلَ نَسۡلَهُۥ مِن سُلَٰلَةٖ مِّن مَّآءٖ مَّهِينٖ ﴿٨﴾

8 - ئاندىن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىنى شۇ ئەرزىمەس، تولىمۇ ئاددىي مەنىيدىن ياراتتى.

ثُمَّ سَوَّىٰهُ وَنَفَخَ فِيهِ مِن رُّوحِهِۦۖ وَجَعَلَ لَكُمُ ٱلسَّمۡعَ وَٱلۡأَبۡصَٰرَ وَٱلۡأَفۡـِٔدَةَۚ قَلِيلٗا مَّا تَشۡكُرُونَ ﴿٩﴾

9 - ئاندىن ئىنساننى راۋۇرۇس قىلىپ، ئۇنىڭ يارىتىلىشىنى مۇكەممەل قىلدى، ئاندىن ئۇنىڭغا پەرىشتىنى ئەۋەتىپ جان كىرگۈزدى. ئى ئىنسانلار! ئاللاھ سىلەرگە ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قاتارلىق نېمەتلەرنى ئاتا قىلدى، سىلەر بۇ نېمەتلەر ئارقىلىق ئاۋازلارنى، رەڭلەرنى ۋە شەخسلەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋالالايسىلەر، سىلەرگە ئەقىل نېمىتىنى ئاتا قىلدى. سىلەر بۇ نېمەت ئارقىلىق ياخشى بىلەن يامانىنىڭ، پايدا بىلەن زىيانىنىڭ پەرقىنى بىلەلەيسىلەر. سىلەر ئاللاھنىڭ بۇ نېمەتلىرىگە تولىمۇ ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر.

وَقَالُوٓاْ أَءِذَا ضَلَلۡنَا فِي ٱلۡأَرۡضِ أَءِنَّا لَفِي خَلۡقٖ جَدِيدِۭۚ بَلۡ هُم بِلِقَآءِ رَبِّهِمۡ كَٰفِرُونَ ﴿١٠﴾

10 - ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغان، قىيامەتنى ئىنكار قىلىدىغان مۇشرىكلار: «يەرنىڭ ئاستىدا بىزنىڭ تېنىمىز چىرىپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، بىز راستتىنلا يېڭىدىن يارىتىلامدۇق؟» دەيدۇ. ئۇلار ھەقىقەتنى بىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى مۇمكىن ئەمەس دەپ سانىغانلىقتىن، شۇنداق سوئال سورايدۇ. چۈنكى ئۇلار قىيامەت كۈنى رەببىنىڭ ئالدىغا بېرىشنى ئىنكار قىلىدۇ.

۞ قُلۡ يَتَوَفَّىٰكُم مَّلَكُ ٱلۡمَوۡتِ ٱلَّذِي وُكِّلَ بِكُمۡ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّكُمۡ تُرۡجَعُونَ ﴿١١﴾

11 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەرنىڭ ئەجىلىڭلار توشقان چاغدا، سىلەرگە مەسئۇل قىلىنغان ئۆلۈم پەرىشتىسى دەرھال جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن سىلەر رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر. شۇ چاغدا رەببىڭلار سىلەرنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى - يامان ئەمەللىرىڭلارغا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ».

وَلَوۡ تَرَىٰٓ إِذِ ٱلۡمُجۡرِمُونَ نَاكِسُواْ رُءُوسِهِمۡ عِندَ رَبِّهِمۡ رَبَّنَآ أَبۡصَرۡنَا وَسَمِعۡنَا فَٱرۡجِعۡنَا نَعۡمَلۡ صَٰلِحًا إِنَّا مُوقِنُونَ ﴿١٢﴾

12 - ئى ئىنسان! ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغان ئاشۇ گۇناھكارلارنىڭ قىيامەت كۈنى رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا خىجالەتچىلىكتىن، خارلىقتىن ۋە نومۇستىن باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان

هالىتىنى بىر كۆرسەڭ! ئۇلار: «ئى رەببىمىز! بىز ئۆزىمىزنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىنى كۆردۇق، سەندىن پەيغەمبەرلىرىڭنىڭ دۇنيادا بىزنى بۇيرۇغان دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. بىز گۇناھلىرىمىزغا تەۋبە قىلىپ ساڭا قايتتۇق، بىزنى دۇنياغا قايتۇرغىن، بىز ساڭا ئىتائەت قىلىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلايلى، شەكسىزكى، ھازىر بىز سېنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىڭ، قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقى قاتارلىق بىز دۇنيادىكى چاغلىرىمىزدا ئىنكار قىلغان ھەقىقەتلەرنىڭ راست ئىكەنلىكىگە جەزمەن ئىشەندۇق» دەيدۇ. ئى ئىنسان! ئەگەر سەن بۇ گۇناھكارلارنىڭ ئاشۇ ھالىتىنى بىر كۆرسەڭ، ئەلۋەتتە ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ھالەتنى كۆرگەن بولاتتىڭ.

وَلَوۡ شِئۡنَا لَأٓتَيۡنَا كُلَّ نَفۡسٍ هُدَىٰهَا وَلَٰكِنۡ حَقَّ ٱلۡقَوۡلُ مِنِّي لَأَمۡلَأَنَّ جَهَنَّمَ مِنَ ٱلۡجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ أَجۡمَعِينَ ﴿١٣﴾

13 ـ ئەگەر بىز خالىساق، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن ئاشۇ مۇشرىكلارنى ھىدايەتكە نېسىپ قىلاتتۇق، لېكىن مېنىڭ: «جەھەننەمنى جىنلار ۋە ئىنسانلار ئارىسىدىكى گۇناھكارلارنىڭ ھەممىسى بىلەن چوقۇم تولدۇرىمەن» دېگەن ھۆكۈمۈم بېكىتىلىپ بولدى ۋە ئازاب ئۇلارغا تېگىشلىك بولدى. بۇ ئۇلارنىڭ ھىدايەتنى قويۇپ ئازغۇنلۇقنى تاللىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

فَذُوقُواْ بِمَا نَسِيتُمۡ لِقَآءَ يَوۡمِكُمۡ هَٰذَآ إِنَّا نَسِينَٰكُمۡۖ وَذُوقُواْ عَذَابَ ٱلۡخُلۡدِ بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿١٤﴾

14 ـ ئاشۇ مۇشرىكلار دوزاخقا تاشلانغان چاغدا ئۇلارغا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ، دۇنيانىڭ لەززەتلىرىگە بېرىلىپ كەتكەنلىكىڭلارنىڭ جازاسىنى تېتىڭلار. چۈنكى بۈگۈن بىز سىلەرنى ئازابتا تەرك ئېتىمىز، دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا ئاللاھنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلىشتىن ئىبارەت قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىن دوزاخنىڭ مەڭگۈلۈك ئازابىنى تېتىڭلار».

إِنَّمَا يُؤۡمِنُ بِـَٔايَٰتِنَا ٱلَّذِينَ إِذَا ذُكِّرُواْ بِهَا خَرُّواْ سُجَّدٗا وَسَبَّحُواْ بِحَمۡدِ رَبِّهِمۡ وَهُمۡ لَا يَسۡتَكۡبِرُونَ ۩ ﴿١٥﴾

15 ـ قۇرئان ئايەتلىرىگە شۇنداق كىشىلەرلا ئىمان ئېيتىپ ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىدۇكى، ئۇلارغا ئاشۇ ئايەتلەر بىلەن ۋەز- نەسىھەت قىلىنسا، رەببىگە ئىتائەت قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن ئەيمەنگەن ھالدا دەرھال ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدۇ، سەجدىدە رەببىنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىشتىن، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتىن ۋە خالىس ئىبادەت قىلىشتىن ھەرگىز باش تارتمايدۇ.

تَتَجَافَىٰ جُنُوبُهُمۡ عَنِ ٱلۡمَضَاجِعِ يَدۡعُونَ رَبَّهُمۡ خَوۡفٗا وَطَمَعٗا وَمِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ يُنفِقُونَ ﴿١٦﴾

16 ـ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ئاشۇ كىشىلەر كېچىلىرى تەھەججۇد نامىزىغا تۇرغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن - كۆرپىدىن يىراق تۇرىدۇ، ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، جەننەتنى ئۈمىد قىلىپ رەببىگە دۇئا قىلىدۇ، ئۇلار بىز ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ۋە ئاللاھنىڭ يولىغا سەرپ قىلىدۇ.

فَلَا تَعۡلَمُ نَفۡسٞ مَّآ أُخۡفِيَ لَهُم مِّن قُرَّةِ أَعۡيُنٖ جَزَآءَۢ بِمَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿١٧﴾

17 ـ ئاشۇ مۇئمىنلەرنىڭ دۇنيا ھاياتىدا قىلغان ياخشى ئەمەللىرى يۈزىسىدىن ئۇلارنى

مۇكاپاتلاش ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارغا تەييارلىغان نېمەتلەرنى ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا مۇكاپاتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

أَفَمَن كَانَ مُؤْمِنًا كَمَن كَانَ فَاسِقًاۚ لَّا يَسْتَوُۥنَ ﴿١٨﴾

18 - ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان، ئاللاھنىڭ ۋەدىلىرىگە ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا چىن ئىشەنگەن مۆمىن ئادەم ئاللاھنى، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلغان كاپىر ئادەمگە ئوخشامدۇ؟ ئۇلار ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھەرگىز باراۋەر ئەمەس.

أَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فَلَهُمْ جَنَّٰتُ ٱلْمَأْوَىٰ نُزُلًۢا بِمَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ ﴿١٩﴾

19 - ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ، ئاللاھ بۇيرۇغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى جەننەتلەرگە كىرىپ ئورۇنلىشىشتۇر. ئۇلار دۇنيادا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقى يۈزىسىدىن جەننەتنىڭ نېمەتلىرى بىلەن كۈتۈلىدۇ.

وَأَمَّا ٱلَّذِينَ فَسَقُواْ فَمَأْوَىٰهُمُ ٱلنَّارُۖ كُلَّمَآ أَرَادُوٓاْ أَن يَخْرُجُواْ مِنْهَآ أُعِيدُواْ فِيهَا وَقِيلَ لَهُمْ ذُوقُواْ عَذَابَ ٱلنَّارِ ٱلَّذِى كُنتُم بِهِۦ تُكَذِّبُونَ ﴿٢٠﴾

20 - ئەمدى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان ۋە گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. ئۇلار ھەرقاچان دوزاختىن چىقماقچى بولسا، ئۇلار دوزاخقا قايتۇرۇلىدۇ ۋە ئۇلارغا قاتتىق كايىپ: «سىلەر دۇنيادىكى چاغلىرىڭلاردا ئىنكار قىلغان دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ.

وَلَنُذِيقَنَّهُم مِّنَ ٱلْعَذَابِ ٱلْأَدْنَىٰ دُونَ ٱلْعَذَابِ ٱلْأَكْبَرِ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ ﴿٢١﴾

21 - بىز ئاشۇ پاسىق كاپىرلارنى گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ تەرەپكە قايتسۇن دەپ، ئۇلارغا ئاخىرەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئازابىنى تېتىتىشتىن بۇرۇن، تۈرلۈك مۇسىبەتلەر ۋە بالالار بىلەن بۇ دۇنيانىڭ ئازابلىرىنى تېتىتىمىز.

وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّن ذُكِّرَ بِـَٔايَٰتِ رَبِّهِۦ ثُمَّ أَعْرَضَ عَنْهَآۚ إِنَّا مِنَ ٱلْمُجْرِمِينَ مُنتَقِمُونَ ﴿٢٢﴾

22 - رەببىنىڭ ئايەتلىرى ۋە دەلىل - پاكىتلىرى بىلەن ۋەز - نەسىھەت قىلىنغان تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە چوڭچىلىق قىلىپ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان ئادەمدىن بەك ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان ئادەم يوقتۇر. شەكسىزكى، بىز ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن، دەلىل - پاكىتلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە ئايەتلەرگە ئەمەل قىلمىغان گۇناھكارلارنى چوقۇم جازالايمىز.

وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَٰبَ فَلَا تَكُن فِى مِرْيَةٍ مِّن لِّقَآئِهِۦۖ وَجَعَلْنَٰهُ هُدًى لِّبَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ ﴿٢٣﴾

23 - ئى پەيغەمبەر! شەك - شۈبھىسىزكى، بىز ئىلگىرى مۇساغا تەۋراتنى ئاتا قىلغاندەك، ساڭا قۇرئاننى ئاتا قىلدۇق. سەن مۇسا بىلەن ئىسرا - مىراج كېچىسىدە ئۇچرىشىدىغانلىقىڭدىن قىلچە شەكلەنمىگىن، بىز تەۋراتنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا يېتەكچى قىلدۇق، بىز ئۇنىڭ بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى توغرا يولغا دەۋەت قىلىمىز.

وَجَعَلْنَا مِنْهُمْ أَئِمَّةً يَهْدُونَ بِأَمْرِنَا لَمَّا صَبَرُواْۖ وَكَانُواْ بِـَٔايَٰتِنَا يُوقِنُونَ ﴿٢٤﴾

24 - بىز ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىن كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشقا ۋە ئىبادەتنى ئاللاھنىڭ ئۆزىگە قىلىشقا، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا دەۋەت قىلىدىغان،

كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئەگەشتۈرىدىغان پېشۋالارنى ۋە دەۋەتچىلەرنى چىقاردۇق. ئۇلار بۇ ئالىي دەرىجىگە پەقەت ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى تولۇق ئورۇنداش، ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن پۈتۈنلەي يېنىش، كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش، دەۋەت يولىدا تارتقان جاپا ۋە ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىش ئارقىلىقلا ئېرىشتى. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ۋە دەلىل - پاكىتلىرىغا چىن دىلىدىن ئىشىنىدىغان كىشىلەر ئىدى.

إِنَّ رَبَّكَ هُوَ يَفْصِلُ بَيْنَهُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَـٰمَةِ فِيمَا كَانُوا۟ فِيهِ يَخْتَلِفُونَ ﴿٢٥﴾

25 - ئى پەيغەمبەر! ھەقىقەتەن رەببىڭ قىيامەت كۈنى ئىسرائىل ئەۋلادى ۋە باشقا قەۋملەر ئىچىدىكى مۇئمىنلەر بىلەن كاپىرلار ئارىسىدا ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان دىنىي ئىشلار ئۈستىدە ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ ۋە جەننەتكە لايىق بولغانلارنى جەننەتكە، دوزاخقا مەنسۇپ بولغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزۈش ئارقىلىق ھەربىر ئىنسانغا ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى بېرىدۇ.

أَوَلَمْ يَهْدِ لَهُمْ كَمْ أَهْلَكْنَا مِن قَبْلِهِم مِّنَ ٱلْقُرُونِ يَمْشُونَ فِى مَسَـٰكِنِهِمْ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَـَٔايَـٰتٍ ۖ أَفَلَا يَسْمَعُونَ ﴿٢٦﴾

26 - پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغان ئاشۇ كاپىرلار ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن قانچىلىغان ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى بىلمەمدۇ؟ ئۇلار ھۇد، سالىھ ۋە لۇت قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرىگە ئوخشاش ھالاك قىلىنغان كۆپلىگەن قەۋملەرنىڭ شەھەر خارابىلىرىدىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ، بۇ خارابىلارنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ تۇرىدۇ. شەكسىزكى، بۇ ۋەقەلەردە ئاشۇ قەۋملەرگە كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇ قەۋملەرنىڭ شېرىكتىن ئىبارەت ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر، نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار. ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلار ئاللاھنىڭ نەسىھەتلىرىگە ۋە دەلىل - پاكىتلىرىغا قۇلاق سېلىپ ئىبرەت ئالسا بولمامدۇ؟

أَوَلَمْ يَرَوْا۟ أَنَّا نَسُوقُ ٱلْمَآءَ إِلَى ٱلْأَرْضِ ٱلْجُرُزِ فَنُخْرِجُ بِهِۦ زَرْعًا تَأْكُلُ مِنْهُ أَنْعَـٰمُهُمْ وَأَنفُسُهُمْ ۖ أَفَلَا يُبْصِرُونَ ﴿٢٧﴾

27 - ئاخىرەتتە تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدىغان ئاشۇ كاپىرلار كۆرمەمدۇكى، بىز ھېچبىر ئۆسۈملۈك يوق، قاتتىق ۋە قۇپقۇرۇق زېمىنغا سۇنى ھەيدەپ ئېلىپ بارىمىز - دە، ئاشۇ سۇ بىلەن ئۇلارنىڭ ھايۋانلىرى ۋە ئۆزلىرى يەيدىغان زىرائەتلەرنى ئۈندۈرۈپ چىقىرىمىز. ئۇلار بۇ نېمەتلەرنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇلار بۇنى كۆرگەن ئىكەن، ئاللاھنىڭ قىيامەت كۈنى ئۆلۈكلەرنى قەبرىلىرىدىن تىرىلدۈرۈپ چىقىرىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟

وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَـٰذَا ٱلْفَتْحُ إِن كُنتُمْ صَـٰدِقِينَ ﴿٢٨﴾

28 - ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىغان ئاشۇ كاپىرلار ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابقا ئالدىراپ: «ئەگەر سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ئېيتىڭلارچۇ، سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا چىقىرىلىدىغان ۋە بىزنى ئازابقا مەھكۇم قىلىدىغان ئاشۇ ھۆكۈم قاچان ئەمەلگە ئاشىدۇ؟» دەيدۇ.

قُلۡ يَوۡمَ ٱلۡفَتۡحِ لَا يَنفَعُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِيمَٰنُهُمۡ وَلَا هُمۡ يُنظَرُونَ ﴿٢٩﴾

29 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئازاب چۈشىدىغان ھۆكۈم كۈنىدە ۋە سىلەر سەكراتقا چۈشكەندە، كاپىرلارنىڭ ئېيتقان ئىمانىنىڭ قىلچە پايدىسى بولمايدۇ، ئۇلارغا تەۋبە قىلىش ئۈچۈن مۆھلەتمۇ بېرىلمەيدۇ».

فَأَعۡرِضۡ عَنۡهُمۡ وَٱنتَظِرۡ إِنَّهُم مُّنتَظِرُونَ ﴿٣٠﴾

30 - ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇ مۇشرىكلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلارنىڭ ئىنكارلىرى سەۋەبلىك بىئارام بولمىغىن، ئاللاھنىڭ ئۇلارنى جازالىشىنى كۈتكىن، ئۇلارمۇ سىلەرگە بىرەر يامانلىقنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى خار قىلىدۇ ۋە ساڭا ئۇلارغا قارشى ياردەم قىلىدۇ.

# ئەھزاب سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ ٱتَّقِ ٱللَّهَ وَلَا تُطِعِ ٱلۡكَٰفِرِينَ وَٱلۡمُنَٰفِقِينَۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلِيمًا حَكِيمًا ﴿١﴾

1 - ئى پەيغەمبەر! سەن ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق، تەقۋالىقنى داۋاملاشتۇرغىن. مۇئمىنلەرمۇ شۇنداق قىلسۇن، چۈنكى ئۇلار تەقۋالىققا سەندىن بەكرەك موھتاجدۇر. كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا بويسۇنمىغىن. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر ۋە بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، بارلىق ئەمر - پەرمانلىرىدا ۋە تەدبىرلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

وَٱتَّبِعۡ مَا يُوحَىٰٓ إِلَيۡكَ مِن رَّبِّكَۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرًا ﴿٢﴾

2 - ساڭا رەببىڭ تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنىۋاتقان قۇرئان بىلەن سۈننەتكە ئەگەشكىن. شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان بارلىق ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر، سىلەرگە شۇنىڭغا ئاساسەن مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ، ئاللاھقا ھېچقانداق نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر.

وَتَوَكَّلۡ عَلَى ٱللَّهِۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ وَكِيلًا ﴿٣﴾

3 - سەن ئاللاھقا تايانغىن، بارلىق ئىشلىرىڭنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغىن، ئاللاھقا تايانغان ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا ماڭغان كىشىلەرگە ھامىي بولۇشقا ئاللاھ ئۆزى يېتەرلىكتۇر.

مَّا جَعَلَ ٱللَّهُ لِرَجُلٖ مِّن قَلۡبَيۡنِ فِي جَوۡفِهِۦۚ وَمَا جَعَلَ أَزۡوَٰجَكُمُ ٱلَّٰٓـِٔي تُظَٰهِرُونَ مِنۡهُنَّ أُمَّهَٰتِكُمۡۚ وَمَا جَعَلَ أَدۡعِيَآءَكُمۡ أَبۡنَآءَكُمۡۚ ذَٰلِكُمۡ قَوۡلُكُم بِأَفۡوَٰهِكُمۡۖ وَٱللَّهُ يَقُولُ ٱلۡحَقَّ وَهُوَ يَهۡدِي ٱلسَّبِيلَ ﴿٤﴾

4 - ئاللاھ ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرەك ياراتقان ئەمەس، سىلەر زىھار[1] قىلغان ئاياللىرىڭلارنى ھاراملىقتا ئاناڭلارغا ئوخشاش قىلغانمۇ ئەمەس، سىلەر بالا قىلىۋالغانلارنى ئۆز بالاڭلارغا ئوخشاش قىلغانمۇ ئەمەس. زىھار قىلىنغان ئايال ئېرىگە ھاراملىقتا، ئۇ ئەرنىڭ ئانىسىغا ئوخشاش بولمايدۇ، بېقىۋېلىنغان بالىمۇ بېقىۋالغان ئادەمنىڭ نەسەبىگە قوشۇلۇپ كېتەلمەيدۇ. سىلەرنىڭ: «بۇ مېنىڭ بالامدۇر» دېگىنىڭلار ئاغزىڭلاردىكى قۇرۇق گەپتۇر، شەرئەتتە سىلەرنىڭ ئۆز بالاڭلار ھېسابلانمايدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتنى ئېيتىدۇ ۋە بەندىلىرىگە ئۇنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، ئۇلارنى توغرا يولغا

---

[1] ئەرەبلەردە «زىھار» دەيدىغان بىر ئادەت بار ئىدى. بىرى ئۆزىنىڭ ئايالىنى تالاق قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا: «سەن ماڭا نىسبەتەن ئانامنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشايسەن» دەيتتى ۋە شۇنداق دېگەن ھامان بۇ ئايال ئېرىگە ھارام بولۇپ كېتەتتى. ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئادەت ھارام قىلىنغان ۋە بۇنداق سۆزنى قىلغان ئەرلەرگە جازا بەلگىلەنگەن.

باشلايدۇ.

ٱدۡعُوهُمۡ لِأٓبَآئِهِمۡ هُوَ أَقۡسَطُ عِندَ ٱللَّهِۚ فَإِن لَّمۡ تَعۡلَمُوٓاْ ءَابَآءَهُمۡ فَإِخۡوَٰنُكُمۡ فِي ٱلدِّينِ وَمَوَٰلِيكُمۡۚ وَلَيۡسَ عَلَيۡكُمۡ جُنَاحٞ فِيمَآ أَخۡطَأۡتُم بِهِۦ وَلَٰكِن مَّا تَعَمَّدَتۡ قُلُوبُكُمۡۚ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورٗا رَّحِيمًا ﴿٥﴾

5 - سىلەر بېقىۋالغان بالىلارنى ئۇلارنىڭ ئۆز ئاتىلىرىنىڭ ئىسمىلىرى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇنداق قىلىش ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ئادالەتلىكتۇر، ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ ئۆز ئاتىسىنى بىلمىسەڭلار، ئۇ چاغدا ئۇلارنى سىلەرگە باغلايدىغان دىنىي قېرىنداشلىق نامى بىلەن چاقىرىڭلار، چۈنكى ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلار ۋە سىلەر ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان كىشىلەردۇر. سىلەرنىڭ سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان خاتالىقىڭلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن قەستەنلىكتىن سادىر قىلغان خاتالىقىڭلار سەۋەبلىك ئاللاھ سىلەرنى جازالايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ خاتالاشقانلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، گۇناھىغا تەۋبە قىلغانلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

ٱلنَّبِيُّ أَوۡلَىٰ بِٱلۡمُؤۡمِنِينَ مِنۡ أَنفُسِهِمۡۖ وَأَزۡوَٰجُهُۥٓ أُمَّهَٰتُهُمۡۗ وَأُوْلُواْ ٱلۡأَرۡحَامِ بَعۡضُهُمۡ أَوۡلَىٰ بِبَعۡضٖ فِي كِتَٰبِ ٱللَّهِ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ وَٱلۡمُهَٰجِرِينَ إِلَّآ أَن تَفۡعَلُوٓاْ إِلَىٰٓ أَوۡلِيَآئِكُم مَّعۡرُوفٗاۚ كَانَ ذَٰلِكَ فِي ٱلۡكِتَٰبِ مَسۡطُورٗا ﴿٦﴾

6 - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۆئمىنلەر ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆز جېنىدىنمۇ ئارتۇقتۇر، ئۇ ئۇلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا ئۇلارغا ئۆز جانلىرىدىنمۇ يېقىندۇر. پەيغەمبەر مۆئمىنلەرنىڭ ئاتىسىغا ئوخشاش بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرىغا ئوخشاشتۇر. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىش مۆئمىنلەرگە ھارامدۇر. ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدە ئۇرۇق - تۇغقانلار مىراس ئېلىشتا بىر - بىرىگە باشقا مۆئمىنلەردىن ۋە مۇھاجىرلاردىن يېقىندۇر (ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا مۆئمىنلەر ئىسلامىي قېرىنداشلىق ۋە ھىجرەت قىلغانلىق سەۋەبلىك بىر - بىرىدىن مىراس ئالاتتى. كېيىن ئاللاھ مىراس ئايىتىنى نازىل قىلىش بىلەن بۇ ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرغان). لېكىن ئى مۆئمىنلەر! ۋارىسلارنىڭ سىرتىدىكى يېقىنلىرىڭلارغا ياردەم قىلىشنى، تۇغقانلىرىڭلارغا تۇغقاندارچىلىق قىلىشنى، ئۇلارغا بىرەر نەرسە بېرىشنى ۋەسىيەت قىلساڭلار بولىدۇ. بۇ سىلەر ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەھكاملار بولۇپ، لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان بەلگىلىمىلەردۇر. (بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆئمىنلەر ئۈچۈن ئۆز جېنىدىنمۇ ئەۋزەل ۋە سۆيۈملۈك ئىكەنلىكى، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئۆز ئانىلىرىغا ئوخشاش كۆرۈپ ھۆرمەتلەشنىڭ پەرزلىكىگە ئىشارەت قىلغان).

وَإِذۡ أَخَذۡنَا مِنَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ مِيثَٰقَهُمۡ وَمِنكَ وَمِن نُّوحٖ وَإِبۡرَٰهِيمَ وَمُوسَىٰ وَعِيسَى ٱبۡنِ مَرۡيَمَۖ وَأَخَذۡنَا مِنۡهُم مِّيثَٰقًا غَلِيظٗا ﴿٧﴾

7 - ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا بىز پەيغەمبەرلەردىن، جۈملىدىن سەندىن، نۇھتىن، ئىبراھىمدىن، مۇسادىن، مەريەم ئوغلى ئىيسادىن دىنىنى تولۇق يەتكۈزۈش، دىنىي ئامانەتنى ئادا قىلىش ۋە بىر - بىرىنى تەستىقلاش توغرۇلۇق كۈچلۈك ئەھدە ئالغان ئىدۇق.

لِّيَسۡـَٔلَ ٱلصَّٰدِقِينَ عَن صِدۡقِهِمۡۚ وَأَعَدَّ لِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابًا أَلِيمٗا ﴿٨﴾

8 ـ ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلەردىن بۇ ئەھدىنى ئېلىشى ئۇلارنىڭ دەۋىتىگە ئۇممەتلىرىنىڭ قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىنى سوراش ئۈچۈن ئىدى. ئاللاھ مۇئمىنلەرنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدۇ، كاپىرلارغا ئاخىرەتتە جەھەننەمنىڭ قاتتىق ئازابىنى تەييارلىدى.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱذۡكُرُواْ نِعۡمَةَ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ إِذۡ جَآءَتۡكُمۡ جُنُودٞ فَأَرۡسَلۡنَا عَلَيۡهِمۡ رِيحٗا وَجُنُودٗا لَّمۡ تَرَوۡهَاۚ وَكَانَ ٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرًا ﴿٩﴾

9 ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھنىڭ سىلەرگە مەدىنىدە خەندەك ئۇرۇشى بولغان كۈنىدە ئاتا قىلغان نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا مۇشرىكلار مەدىنىنىڭ سىرتىدىن، يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلار مەدىنىنىڭ ئىچىدىن سىلەرگە قارشى قوشۇن تارتىپ كېلىپ، سىلەرنى قورشىۋالغان ئىدى. بىز ئۇلارغا قاتتىق بوران ئەۋەتتۇق، قاتتىق بوران ئۇلارنىڭ چېدىرلىرىنى ۋە قازانلىرىنى ئۆرۈپ تاشلىدى، ئاسماندىن سىلەرگە سىلەر كۆرەلمەيدىغان پەرىشتىلەرنى ئەۋەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ چۈشتى. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغان ئىشلىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ.

إِذۡ جَآءُوكُم مِّن فَوۡقِكُمۡ وَمِنۡ أَسۡفَلَ مِنكُمۡ وَإِذۡ زَاغَتِ ٱلۡأَبۡصَٰرُ وَبَلَغَتِ ٱلۡقُلُوبُ ٱلۡحَنَاجِرَ وَتَظُنُّونَ بِٱللَّهِ ٱلظُّنُونَا۠ ﴿١٠﴾

10 ـ ئەينى ۋاقىتتا دۈشمەنلەر شەرق تەرەپتىن، يەنى سىلەرنىڭ يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، غەرب تەرەپتىن، يەنى سىلەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا سىلەر قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن كۆزۈڭلار چەكچىيىپ، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا كەپلىشىپ قالغان، ئاللاھ توغرۇلۇق، «ئاللاھ بۇ دىنغا ياردەم قىلمايدىغان ئوخشايدۇ» دېگەندەك تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار.

هُنَالِكَ ٱبۡتُلِيَ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ وَزُلۡزِلُواْ زِلۡزَالٗا شَدِيدٗا ﴿١١﴾

11 ـ ئەنە ئاشۇنداق قىيىن شارائىتتا مۆمىنلەرنىڭ ئىمانى سىنالغان، ئىنسانلارنىڭ نىقابى ئېچىلىپ، مۇئمىنلەر بىلەن مۇناپىقلار ئايرىلغان، ئۇلار قورقۇنچتىن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن ئىدى. بۇ مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىش ئاللاھنىڭ ياردىمىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىدى.

وَإِذۡ يَقُولُ ٱلۡمُنَٰفِقُونَ وَٱلَّذِينَ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٞ مَّا وَعَدَنَا ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥٓ إِلَّا غُرُورٗا ﴿١٢﴾

12 ـ ئەينى ۋاقىتتا مۇناپىقلار بىلەن دىللىرىدا (شەك) كېسىلى بار، ئىمانى ئاجىز كىشىلەر: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزلەرگە: «ئاللاھ سىلەرگە ياردەم قىلىدۇ، غەلىبە قىلىسىلەر» دەپ قۇرۇق ۋەدىلەرنى بېرىپتىكەن، ئۇنىڭغا ئىشەنمەڭلار» دېيىشكەن ئىدى.

وَإِذۡ قَالَت طَّآئِفَةٞ مِّنۡهُمۡ يَٰٓأَهۡلَ يَثۡرِبَ لَا مُقَامَ لَكُمۡ فَٱرۡجِعُواْۚ وَيَسۡتَـٔۡذِنُ فَرِيقٞ مِّنۡهُمُ ٱلنَّبِيَّ يَقُولُونَ إِنَّ بُيُوتَنَا عَوۡرَةٞ وَمَا هِيَ بِعَوۡرَةٍۖ إِن يُرِيدُونَ إِلَّا فِرَارٗا ﴿١٣﴾

13 ـ ئى پەيغەمبەر! بىر تۈركۈم مۇناپىقلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى سۆزلىرىنى ئەسلىگىنكى، ئۇلار مەدىنىلىك مۇئمىنلەرنى چاقىرىپ: «ئى يەسرىبلىكلەر![1] (بۇ) مەغلۇبىيەتلىك ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش سىلەرگە ھەرگىز پايدىلىق ئەمەس، دەرھال مەدىنىگە قايتىڭلار!»

[1] يەسرىپ ـ مەدىنىنىڭ بۇرۇنقى ئىسمىلىرىدىن بىرىدۇر.

دېيىشكەن، مۇناپىقلاردىن يەنە بىر تۈركۈمى: «ئۆيلىرىمىز ھەقىقەتەن ئۇچۇقچىلىقتا (يەنى بىخەتەر ئەمەس)» دېيىشىپ، پەيغەمبەردىن رۇخسەت سورىغان ئىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئۇلار دېگەندەك ئەمەس، ئۇلار بۇ يالغان بىلەن پەقەت ئۇرۇشتىن قېچىشنىلا ئويلايتتى.

وَلَوۡ دُخِلَتۡ عَلَيۡهِم مِّنۡ أَقۡطَارِهَا ثُمَّ سُئِلُواْ ٱلۡفِتۡنَةَ لَأٓتَوۡهَا وَمَا تَلَبَّثُواْ بِهَآ إِلَّا يَسِيرٗا ﴿١٤﴾

14 - بىرلەشكەن دۈشمەن قوشۇنى ئەگەر مەدىنىگە تۆت تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كىرسە، ئاندىن ئۇ مۇناپىقلاردىن ئىماندىن يېنىپ مۇشرىك بولۇش تەلەپ قىلىنسا، ئۇلار دەرھال ئۇنى قوبۇل قىلاتتى، مۇشرىكلىككە قايتىشتىن ھەرگىز كېچىكىپ قالمايتتى.

وَلَقَدۡ كَانُواْ عَٰهَدُواْ ٱللَّهَ مِن قَبۡلُ لَا يُوَلُّونَ ٱلۡأَدۡبَٰرَۚ وَكَانَ عَهۡدُ ٱللَّهِ مَسۡـُٔولٗا ﴿١٥﴾

15 - ھالبۇكى، ئاشۇ مۇناپىقلار خەندەك ئۇرۇشى بولۇشتىن ئىلگىرى ئەگەر ئۇرۇشقا قاتناشسا، ئۇرۇشتىن قاچماسلىق ۋە ئۇرۇشقا چاقىرىلغان ھامان كېچىكمەستىن چىقىش ھەققىدە پەيغەمبەرنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئاللاھقا ۋەدە بەرگەن ئىدى، ئەمما ئۇلار ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلدى. ئاللاھ ئۇلارنى بۇ قىلمىشى سەۋەبلىك چوقۇم جازالايدۇ، بۇ ۋەدە ھەققىدە ئۇلارنى سوراققا تارتىدۇ. چۈنكى ئاللاھقا بېرىلگەن ۋەدە ئەلۋەتتە سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

قُل لَّن يَنفَعَكُمُ ٱلۡفِرَارُ إِن فَرَرۡتُم مِّنَ ٱلۡمَوۡتِ أَوِ ٱلۡقَتۡلِ وَإِذٗا لَّا تُمَتَّعُونَ إِلَّا قَلِيلٗا ﴿١٦﴾

16 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇناپىقلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەرنىڭ ئۆلۈمدىن ياكى ئۆلتۈرۈلۈشتىن قورقۇپ جىھادتىن قاچقىنىڭلارنىڭ سىلەرگە قىلچە پايدىسى يوقتۇر، بۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ ئەجىلىڭلارنى كېچىكتۈرەلمەيدۇ. ئەگەر سىلەر جىھادتىن قاچساڭلارمۇ، بۇ دۇنيادا ياشاش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئەجىلىڭلاردىن ئارتۇق ياشىيالمايسىلەر. دۇنيا ھاياتى ئاخىرەتكە نىسبەتەن ئىنتايىن ئاز ۋاقىتتۇر».

قُلۡ مَن ذَا ٱلَّذِي يَعۡصِمُكُم مِّنَ ٱللَّهِ إِنۡ أَرَادَ بِكُمۡ سُوٓءًا أَوۡ أَرَادَ بِكُمۡ رَحۡمَةٗۚ وَلَا يَجِدُونَ لَهُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ وَلِيّٗا وَلَا نَصِيرٗا ﴿١٧﴾

17 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە بىرەر يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، سىلەرنى ئاللاھتىن كىم قوغداپ قالالايدۇ، ئۇنىڭ ئازابىدىن كىم ساقلاپ قالالايدۇ؟ ياكى ئاللاھ سىلەرگە بىر رەھمەتنى تەقدىر قىلسا، ئۇنى كىم توسۇپ قالالايدۇ؟» چۈنكى بېرىش ياكى توسۇپ قېلىش، پايدا يەتكۈزۈش ياكى زىيان يەتكۈزۈش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئۇ مۇناپىقلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىگە ۋە ھېچبىر ياردەمچى تاپالمايدۇ.

۞ قَدۡ يَعۡلَمُ ٱللَّهُ ٱلۡمُعَوِّقِينَ مِنكُمۡ وَٱلۡقَآئِلِينَ لِإِخۡوَٰنِهِمۡ هَلُمَّ إِلَيۡنَاۖ وَلَا يَأۡتُونَ ٱلۡبَأۡسَ إِلَّا قَلِيلًا ﴿١٨﴾

18 - ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى باشقىلارنى جىھادتىن توسقۇچىلارنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قېرىنداشلىرىغا: «كېلىڭلار، بىزگە قوشۇلۇڭلار، مۇھەممەدنى يالغۇز تەرك ئېتىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇرۇشقا چىقماڭلار، چۈنكى بىز سىلەرنىڭ ھالاك بولۇشۇڭلاردىن ئەنسىرەيمىز» دېگۈچىلەرنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ مۇناپىقلار باشقىلارنى شۇنداق قورقۇتۇپ

تۇرۇقلۇق، بىر تەرەپتىن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا رەسۋا بولۇشتىن قورقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن رىيا قىلىپ، ئۇرۇشقا ئاز ـ تولا قاتنىشىپ قويىدۇ.

أَشِحَّةً عَلَيْكُمْ ۖ فَإِذَا جَآءَ ٱلْخَوْفُ رَأَيْتَهُمْ يَنظُرُونَ إِلَيْكَ تَدُورُ أَعْيُنُهُمْ كَٱلَّذِى يُغْشَىٰ عَلَيْهِ مِنَ
ٱلْمَوْتِ ۖ فَإِذَا ذَهَبَ ٱلْخَوْفُ سَلَقُوكُم بِأَلْسِنَةٍ حِدَادٍ أَشِحَّةً عَلَى ٱلْخَيْرِ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ لَمْ يُؤْمِنُوا۟ فَأَحْبَطَ
ٱللَّهُ أَعْمَٰلَهُمْ ۚ وَكَانَ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرًا ﴿١٩﴾

19 - ئى مۇئمىنلەر! ئۇ مۇناپىقلار سىلەرگە قارىتا دۈشمەنلىكى كۈچلۈك بولغانلىقى، ھاياتلىقنى بەك ياخشى كۆرۈپ ئۆلۈمنى قاتتىق يامان كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، جېنىنى، پۇل - مېلىنى سەرپ قىلىپ سىلەر بىلەن بىر سەپتە جىھاد قىلىشقا چىدىمايدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشقا قاتنىشىپ قالسا، ئۆلارنىڭ ئۆلۈمدىن قورقۇپ ساڭا سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇلار پۇل - مالغا قارىتا ئاچكۆزلۈك قىلىپ سىلەرنى ئۆتكۈر ۋە زەھەرلىك تىللار بىلەن رەنجىتىدۇ. غەنىيمەتلەر تەقسىم قىلىنغان چاغلاردا ئۇلارنىڭ نەقەدەر ئاچكۆز ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن. ئەنە شۇلار دىلىدىن ئىمان ئېيتقان ئەمەس. شۇڭا ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋەتتى، بۇ ئاللاھ ئۈچۈن ئاساندۇر.

يَحْسَبُونَ ٱلْأَحْزَابَ لَمْ يَذْهَبُوا۟ ۖ وَإِن يَأْتِ ٱلْأَحْزَابُ يَوَدُّوا۟ لَوْ أَنَّهُم بَادُونَ فِى ٱلْأَعْرَابِ يَسْـَٔلُونَ عَنْ
أَنۢبَآئِكُمْ ۖ وَلَوْ كَانُوا۟ فِيكُم مَّا قَٰتَلُوٓا۟ إِلَّا قَلِيلًا ﴿٢٠﴾

20 - مۇناپىقلار ئاللاھ ئەڭ قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان ئىتتىپاقداش قوشۇننى چېكىنمىدى دەپ ئويلايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئىنتايىن قورقۇنچاق ۋە نامەرد قەۋم ئىكەنلىكىدىندۇر. ئەگەر ئىتتىپاقداش قوشۇن مەدىنىگە قايتا كەلسە، ئۇ مۇناپىقلار مەدىنىدە تۇرماي، سەھرالىق ئەرەبلەرنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، سىلەرنىڭ خەۋەرلىرىڭلارنى يىراقتىن تىڭتىڭلاپ تىنىچ يېتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلار ئۇرۇش ۋاقتىدا سىلەر بىلەن بىللە بولغان تەقدىردىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ قورقۇنچاقلىقى ۋە غەلىبىگە ئىشەنمىگەنلىكىدىن جەڭگە بەك ئاز قاتنىشىپ قوياتتى.

لَّقَدْ كَانَ لَكُمْ فِى رَسُولِ ٱللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَن كَانَ يَرْجُوا۟ ٱللَّهَ وَٱلْيَوْمَ ٱلْءَاخِرَ وَذَكَرَ ٱللَّهَ كَثِيرًا ﴿٢١﴾

21 - ئى مۇئمىنلەر! ھەقىقەتەن سىلەرگە رەسۇلۇللاھنىڭ گەپ - سۆزلىرىدە، ئىش - پائالىيەتلىرىدە ۋە بارلىق ئەھۋالدا ئەڭ ياخشى ئۈلگە باردۇر. شۇڭا سىلەر ئۇنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتۇڭلار. پەقەت ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئۈمىد باغلىغان، ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىدىغان ۋە ھەممە ھالەتتە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىدىغان كىشىلەرلا رەسۇلۇللاھنىڭ يولىدا ماڭىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ.

وَلَمَّا رَءَا ٱلْمُؤْمِنُونَ ٱلْأَحْزَابَ قَالُوا۟ هَٰذَا مَا وَعَدَنَا ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥ وَصَدَقَ ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥ ۚ وَمَا زَادَهُمْ
إِلَّآ إِيمَٰنًا وَتَسْلِيمًا ﴿٢٢﴾

22 - مۆمىنلەر مەدىنىنىڭ ئەتراپىدا توپلىنىپ ئۇنى قورشىۋالغان ئىتتىپاقداش قوشۇننى كۆرگەن چاغدا، غەلبىنىڭ ۋاقتى يېقىنلاشقانلىقىنى ئويلاپ، «بۇ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ۋەدە قىلغان سىناق ۋە غەلىبىدۇر. ئاللاھ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتقان ئىكەن» دېيىشتى. ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداش قوشۇننى كۆرگەنلىكى ئۇلارنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىمانىنى ۋە ئىتائەتمەنلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

مِّنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ رِجَالٞ صَدَقُواْ مَا عَٰهَدُواْ ٱللَّهَ عَلَيۡهِۖ فَمِنۡهُم مَّن قَضَىٰ نَحۡبَهُۥ وَمِنۡهُم مَّن يَنتَظِرُۖ وَمَا بَدَّلُواْ تَبۡدِيلٗا ٢٣

23 - مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرغان، قىيىنچىلىققا ۋە ئاغرىق
- سىلاققا سەۋر قىلغان نۇرغۇن ئەرلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ
ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ شېھىت بولدى، ئۇلارنىڭ بەزىسى شېھىت بولۇش ياكى
غەلىبە قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىنى كۈتمەكتە. مۇناپىقلار ۋەدىسىگە
خىلاپلىق قىلغان بىلەن، مەزكۇر مۇئمىنلەر ۋەدىسىگە قىلچە خىلاپلىق قىلمىدى ۋە ئۇنى
قەتئىي ئۆزگەرتمىدى.

لِّيَجۡزِيَ ٱللَّهُ ٱلصَّٰدِقِينَ بِصِدۡقِهِمۡ وَيُعَذِّبَ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ إِن شَآءَ أَوۡ يَتُوبَ عَلَيۡهِمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ غَفُورٗا رَّحِيمٗا ٢٤

24 - ئاللاھ راستچىل مۇئمىنلەرنى راستچىللىقى ۋە سىناقلاردىن ئۆتكەنلىكى يۈزىسىدىن
مۇكاپاتلاش، مۇناپىقلارنى جازالاشنى خالىسا ئۇلارنى ئۆلۈشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلىشقا
مۇيەسسەر قىلماي، دوزاخ ئەھلى قىلىش ئارقىلىق دوزاختا ئازابلاش ياكى تەۋبە قىلىشقا
مۇيەسسەر قىلىپ، تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدى. شەكسىزكى،
ئاللاھ تەۋبە قىلغان بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا
ناھايىتى مېھرىباندۇر، چۈنكى ئۇلارنى سەممىي تەۋبە قىلىشقا مۇيەسسەر قىلدى.

وَرَدَّ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِغَيۡظِهِمۡ لَمۡ يَنَالُواْ خَيۡرٗاۚ وَكَفَى ٱللَّهُ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ٱلۡقِتَالَۚ وَكَانَ ٱللَّهُ قَوِيًّا عَزِيزٗا ٢٥

25 - ئاللاھ كاپىرلار قوشۇنىنى مەدىنىدىن دەرد - ئەلەمدىن ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگەن،
ھەممىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ۋە زىيان تارتقان ھالدا قايتىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇلار دۇنيا
ۋە ئاخىرەتلىك ھېچقانداق ياخشىلىققا ئېرىشەلمىدى. ئاللاھ مۇئمىنلەرنى تۈرلۈك سەۋەبلەر
بىلەن كۈچلەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇرۇشسىز غەلىبىگە ئېرىشتۈردى. ئاللاھ ھەممىدىن
كۈچلۈكتۇر، ھەممىگە غالىبتۇر.

وَأَنزَلَ ٱلَّذِينَ ظَٰهَرُوهُم مِّنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ مِن صَيَاصِيهِمۡ وَقَذَفَ فِي قُلُوبِهِمُ ٱلرُّعۡبَ فَرِيقٗا تَقۡتُلُونَ وَتَأۡسِرُونَ فَرِيقٗا ٢٦

26 - بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى مۇسۇلمانلارغا قارشى توپلانغان ئىتتىپاقداش قوشۇنغا ياردەم
بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى قورغانلىرىدىن چۈشۈردى، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا
قورقۇنچ سالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يېڭىلدى. ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئۇلارنىڭ بىر
بۆلۈكىنى ئۆلتۈردۈڭلار ۋە بىر بۆلۈكىنى ئەسىر ئالدىڭلار.

وَأَوۡرَثَكُمۡ أَرۡضَهُمۡ وَدِيَٰرَهُمۡ وَأَمۡوَٰلَهُمۡ وَأَرۡضٗا لَّمۡ تَطَـُٔوهَاۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٗا ٢٧

27 - ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ سىلەرنى ئۇلارنىڭ يەر - زېمىنلىرىغا، قورۇ - جايلىرىغا،
ئالتۇن، كۈمۈش، قورال، باغ - بوستان، مۇستەھكەم قەلئە قاتارلىق مال - مۈلۈككە
ۋە ئاھالىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى سەۋەبلىك سىلەر بۇرۇن قەدەم بېسىپ باقمىغان جايلارغا
ئىگە قىلدى. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر، ئۇنى ھېچ نەرسە ئاجىز قىلالمايدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ قُل لِّأَزۡوَٰجِكَ إِن كُنتُنَّ تُرِدۡنَ ٱلۡحَيَوٰةَ ٱلدُّنۡيَا وَزِينَتَهَا فَتَعَالَيۡنَ أُمَتِّعۡكُنَّ
وَأُسَرِّحۡكُنَّ سَرَاحٗا جَمِيلٗا ﴿٢٨﴾

28 - ئى پەيغەمبەر! سەندىن كۆپرەك نەپىقە تەلەپ قىلىپ ئالدىڭغا توپلىشىپ كەلگەن ئاياللىرىڭغا دېگىنكى، «ئەگەر سىلەر بۇ دۇنيالىق ھاياتنى ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىنىنىتىنى تىلىسەڭلار، كېلىڭلار، سىلەرگە بىر ئاز نەرسە بېرىپ، قىلچە زىيان يەتكۈزمەستىن ياكى ئەزىيەت بەرمەستىن سىلەرنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرەي.

وَإِن كُنتُنَّ تُرِدۡنَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَٱلدَّارَ ٱلۡأٓخِرَةَ فَإِنَّ ٱللَّهَ أَعَدَّ لِلۡمُحۡسِنَٰتِ مِنكُنَّ أَجۡرًا عَظِيمٗا ﴿٢٩﴾

29 - ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ رازىلىقىنى، ئاخىرەتتە ئاللاھ سىلەرگە تەييارلىغان نېمەتلەرنى تىلىسەڭلار، مۇشۇ تۇرمۇشۇڭلارغا شۈكۈر قىلىڭلار، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا چوڭ مۇكاپات تەييارلىدى».

يَٰنِسَآءَ ٱلنَّبِيِّ مَن يَأۡتِ مِنكُنَّ بِفَٰحِشَةٖ مُّبَيِّنَةٖ يُضَٰعَفۡ لَهَا ٱلۡعَذَابُ ضِعۡفَيۡنِۚ وَكَانَ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ
يَسِيرٗا ﴿٣٠﴾

30 - ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى! سىلەردىن كىمكى ئاشكارا قەبىھ ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ئىككى ھەسسە ئازاب قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسى يۇقىرى بولغانلىقتىن، ئۇلاردىن سادىر بولغان گۇناھنىڭ جازاسىمۇ ئېغىر بولىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ۋە پەيغەمبەر 1221
ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرتىۋىسىنى قوغداش ئۈچۈندۇر. ئۇلارنى جازالاش ئاللاھقا ئاساندۇر.

۞ وَمَن يَقۡنُتۡ مِنكُنَّ لِلَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَتَعۡمَلۡ صَٰلِحٗا نُّؤۡتِهَآ أَجۡرَهَا مَرَّتَيۡنِ وَأَعۡتَدۡنَا لَهَا رِزۡقٗا
كَرِيمٗا ﴿٣١﴾

31 - سىلەردىن كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا ۋە ئاللاھ بۇيرۇغان ئەمەللەرنى قىلسا، بىز ئۇنىڭغا باشقا ئاياللارغا بەرگەن مۇكاپاتنىڭ ئىككى قېتىنى بېرىمىز، ئۇنىڭغا جەننەتتىن ئىبارەت ئېسىل رىزىق تەييارلىدۇق.

يَٰنِسَآءَ ٱلنَّبِيِّ لَسۡتُنَّ كَأَحَدٖ مِّنَ ٱلنِّسَآءِ إِنِ ٱتَّقَيۡتُنَّۚ فَلَا تَخۡضَعۡنَ بِٱلۡقَوۡلِ فَيَطۡمَعَ ٱلَّذِي فِي قَلۡبِهِۦ
مَرَضٞ وَقُلۡنَ قَوۡلٗا مَّعۡرُوفٗا ﴿٣٢﴾

32 - ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى! سىلەر پەزىلەتتە ۋە مەرتىۋىدە باشقا ئاياللارنىڭ ھېچبىرىگە ئوخشىمايسىلەر. ئەگەر سىلەر ئاللاھتىن قورقساڭلار، يات ئەرلەرگە سۆز قىلغاندا نازلىنىپ گەپ قىلماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار، كۆڭلىدە بۇزۇقلۇق بار ئادەم سىلەرگە قارىتا تەمەدە بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ھەربىر ئايال ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك دىنىي مەجبۇرىيەت ۋە ئىسلامىي ئەخلاقتۇر. شۇڭا گەپ قىلغاندا گۇماندىن خالىي، دىنىمىز يامان كۆرمەيدىغان گەپلەرنى قىلىڭلار.

وَقَرۡنَ فِي بُيُوتِكُنَّ وَلَا تَبَرَّجۡنَ تَبَرُّجَ ٱلۡجَٰهِلِيَّةِ ٱلۡأُولَىٰۖ وَأَقِمۡنَ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتِينَ ٱلزَّكَوٰةَ وَأَطِعۡنَ ٱللَّهَ
وَرَسُولَهُۥٓۚ إِنَّمَا يُرِيدُ ٱللَّهُ لِيُذۡهِبَ عَنكُمُ ٱلرِّجۡسَ أَهۡلَ ٱلۡبَيۡتِ وَيُطَهِّرَكُمۡ تَطۡهِيرٗا ﴿٣٣﴾

33 - سىلەر ئۆيۈڭلاردا ئولتۇرۇڭلار، بىرەر ھاجىتىڭلار بولمىسا سىرتقا چىقماڭلار. ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى (ۋە ھازىرقى ئەسىردىكى يېرىم يالىڭاچ ئاياللاردەك) زىنىنىتىڭلارنى ياتلارغا كۆرسەتمەڭلار، — بۇ چاقىرىق ھەربىر ئەسىردە ياشىغان مۇئمىن ئاياللارغا

قارىتىلغان ئۇمۇمىي چاقىرىقتۇر.— نامازنى ئۆز ۋاقتىدا مۇكەممەل ئوقۇڭلار، زاكاتنى ئاللاھ بۇيرۇغان بويىچە بېرىڭلار، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بۇيرۇغانلىرىنى قىلىش، توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق ئىتائەت قىلىڭلار. ئى پەيغەمبەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر! ئاللاھ سىلەرگە بۇ تەۋسىيەلەرنى قىلىش ئارقىلىق سىلەرنى گۇناھلاردىن پاك قىلىشنى، سىلەردىن ئەزىيەتنى ۋە ھەر تۈرلۈك يامانلىقنى يىراق قىلىشنى ۋە سىلەرنىڭ نەپسىڭلارنى پاك - پاكىز قىلىشنى خالايدۇ.

وَٱذْكُرْنَ مَا يُتْلَىٰ فِى بُيُوتِكُنَّ مِنْ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ وَٱلْحِكْمَةِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ لَطِيفًا خَبِيرًا ﴿٣٤﴾

34 - ئۆيۈڭلاردا ئوقۇلۇۋاتقان ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى ئەستە تۇتۇڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىڭلار، ئۇنى لايىقىدا ئۇلۇغلاڭلار. چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان كاتتا نېمىتىدۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر، چۈنكى ئۇ سىلەرنى قۇرئان ۋە ھەدىس ئوقۇلۇپ تۇرىدىغان پەيغەمبەر ئائىلىسىگە مەنسۇپ قىلدى، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى ناھايىتى ئېنىق بىلگۈچىدۇر، چۈنكى ئۇ سىلەرنى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى قىلىپ تاللىدى.

إِنَّ ٱلْمُسْلِمِينَ وَٱلْمُسْلِمَٰتِ وَٱلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَٰتِ وَٱلْقَٰنِتِينَ وَٱلْقَٰنِتَٰتِ وَٱلصَّٰدِقِينَ وَٱلصَّٰدِقَٰتِ وَٱلصَّٰبِرِينَ وَٱلصَّٰبِرَٰتِ وَٱلْخَٰشِعِينَ وَٱلْخَٰشِعَٰتِ وَٱلْمُتَصَدِّقِينَ وَٱلْمُتَصَدِّقَٰتِ وَٱلصَّٰٓئِمِينَ وَٱلصَّٰٓئِمَٰتِ وَٱلْحَٰفِظِينَ فُرُوجَهُمْ وَٱلْحَٰفِظَٰتِ وَٱلذَّٰكِرِينَ ٱللَّهَ كَثِيرًا وَٱلذَّٰكِرَٰتِ أَعَدَّ ٱللَّهُ لَهُم مَّغْفِرَةً وَأَجْرًا عَظِيمًا ﴿٣٥﴾

35 - شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا بويسۇنغۇچى ئەرلەر ۋە بويسۇنغۇچى ئاياللار، ئاللاھقا چىن ئىشەنگۈچى ئەرلەر ۋە ئىشەنگۈچى ئاياللار، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئىتائەت قىلغۇچى ئاياللار، سۆز - ھەرىكەتلىرىدە راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللار، تائەت - ئىبادەتتە، گۇناھتىن يىراق تۇرۇشتا، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتا چىداملىق ئەرلەر ۋە چىداملىق ئاياللار، ئاللاھتىن قورقىدىغان ئەرلەر ۋە ئاللاھتىن قورقىدىغان ئاياللار، زاكات ۋە سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەر ۋە زاكات ۋە سەدىقە بەرگۈچى ئاياللار، پەرز ۋە نەپلى روزىلارنى تۇتقۇچى ئەرلەر ۋە پەرز ۋە نەپلى روزىلارنى تۇتقۇچى ئاياللار، ئۆزىنى زىنا ۋە ئۇنىڭ مۇقەددىمىلىرىدىن، ئەۋرەت جايلىرىنى ئېچىلىپ قېلىشتىن ساقلىغۇچى ئەرلەر ۋە ساقلىغۇچى ئاياللار، ئاللاھنى تىلى ۋە دىلى بىلەن كۆپ ياد قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاياللار — ئەنە شۇلارغا ئاللاھ گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت ۋە ئۆزلىرى ئۈچۈن جەننەتتىن ئىبارەت كاتتا مۇكاپات تەييارلىدى.

وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥٓ أَمْرًا أَن يَكُونَ لَهُمُ ٱلْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ ۗ وَمَن يَعْصِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَٰلًا مُّبِينًا ﴿٣٦﴾

36 - بارلىق ئەر - ئايال مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۇلار ھەققىدە بىرەر ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، بۇ ھۆكۈمدىن باشقىسىنى تاللاپ ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىسا قەتئىي بولمايدۇ. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن توغرا يولدىن قاتتىق ئېزىپ كەتكەن بولىدۇ.

وَإِذْ تَقُولُ لِلَّذِىٓ أَنْعَمَ ٱللَّهُ عَلَيْهِ وَأَنْعَمْتَ عَلَيْهِ أَمْسِكْ عَلَيْكَ زَوْجَكَ وَٱتَّقِ ٱللَّهَ وَتُخْفِى فِى

نَفْسِكَ مَا ٱللَّهُ مُبْدِيهِ وَتَخْشَى ٱلنَّاسَ وَٱللَّهُ أَحَقُّ أَن تَخْشَىٰهُ ۖ فَلَمَّا قَضَىٰ زَيْدٌ مِّنْهَا وَطَرًا زَوَّجْنَٰكَهَا لِكَىْ لَا يَكُونَ عَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ حَرَجٌ فِىٓ أَزْوَٰجِ أَدْعِيَآئِهِمْ إِذَا قَضَوْا۟ مِنْهُنَّ وَطَرًا ۚ وَكَانَ أَمْرُ ٱللَّهِ مَفْعُولًا ﴿٣٧﴾

37 - ئى پەيغەمبەر! ئۆز ۋاقتىدا سەن ئاللاھ ئىسلام بىلەن شەرەپلەندۈرگەن ۋە سەن بالا قىلىۋېلىپ قۇللۇقتىن ئازاد قىلغان زەيد ئىبنى ھارىسەگە: «ئاياڭ زەينەبنى تالاق قىلمىغىن، ئى زەيد! ئاللاھتىن قورققىن» دېگەن ئىدىڭ. ئى پەيغەمبەر! سەن زەيدنىڭ زەينەبنى تالاق قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇ ئايالنى نىكاھىڭغا ئالىدىغانلىقىڭ ھەققىدىكى ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنى كۆڭلۈڭدە يوشۇردۇڭ، ئەمما سەن يوشۇرغان ئىشنى ئاللاھ ئاشكارىلىغۇچىدۇر. سەن مۇناپىقلارنىڭ: «مۇھەممەد ئۆزىنىڭ بېقىۋالغان بالىسىنىڭ قويۇپ بەرگەن ئايالىنى ئالدى» دەپ تەنە قىلىشىدىن قورقاتتىڭ. ھالبۇكى، ئاللاھتىن قورقۇشۇڭ ئەڭ ھەقلىق ئىدى. مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن ئاياللىرىنى نىكاھلاپ ئالسا، ھېچبىر گۇناھ بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ۋە جاھىلىيەتنىڭ بۇ ئادىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن، زەيد ئايالىنى قويۇۋەتكەن ۋە ئۇ ئايال ئىددىتىنى توشقۇزغاندىن كېيىن، بىز ئۇنى سېنىڭ نىكاھىڭغا ئۆتكۈزدۇق. ئاللاھنىڭ ئەمرى ھېچبىر توسالغۇسىز ئورۇندالغۇچىدۇر.

مَّا كَانَ عَلَى ٱلنَّبِىِّ مِنْ حَرَجٍ فِيمَا فَرَضَ ٱللَّهُ لَهُۥ ۖ سُنَّةَ ٱللَّهِ فِى ٱلَّذِينَ خَلَوْا۟ مِن قَبْلُ ۚ وَكَانَ أَمْرُ ٱللَّهِ قَدَرًا مَّقْدُورًا ﴿٣٨﴾

38 - ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنىڭ بېقىۋالغان بالىسى قويۇپ بەرگەن ئايالى ئىددىتى توشقاندىن كېيىن ئېلىشتىن ئىبارەت ئاللاھ ھالال قىلغان ئىشتا، ئۇنىڭغا ھېچبىر گۇناھ بولمايدۇ. ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگىمۇ شۇنداق ھالال قىلىنغان ئىدى. بۇ ئاللاھنىڭ بۇرۇنقىلارغا تۇتقان يولىدۇر. ئاللاھنىڭ ئەمرى ئەزەلدىنلا بېكىتىلىپ كەتكەن ھۆكۈمدۇر، شۇڭا ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا شەك يوق.

ٱلَّذِينَ يُبَلِّغُونَ رِسَٰلَٰتِ ٱللَّهِ وَيَخْشَوْنَهُۥ وَلَا يَخْشَوْنَ أَحَدًا إِلَّا ٱللَّهَ ۗ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ حَسِيبًا ﴿٣٩﴾

39 - ئۇ پەيغەمبەرلەر ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى يەتكۈزىدىغان، ئاللاھتىن قورقىدىغان، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايدىغان كىشىلەر ئىدى. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئەمەللىرىدىن ھېساب ئېلىشقا ۋە ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرۇشقا يېتەرلىكتۇر.

مَّا كَانَ مُحَمَّدٌ أَبَآ أَحَدٍ مِّن رِّجَالِكُمْ وَلَٰكِن رَّسُولَ ٱللَّهِ وَخَاتَمَ ٱلنَّبِيِّۦنَ ۗ وَكَانَ ٱللَّهُ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمًا ﴿٤٠﴾

40 - مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن ئۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن تا قىيامەتكە قەدەر پەيغەمبەر كەلمەيدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ بارلىق ئەمەللىرىڭلارنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱذْكُرُوا۟ ٱللَّهَ ذِكْرًا كَثِيرًا ﴿٤١﴾ وَسَبِّحُوهُ بُكْرَةً وَأَصِيلًا ﴿٤٢﴾

41 - 42 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە شەرىئىتىگە ئەگەشكەن كىشىلەر! ئاللاھنى تىلىڭلار بىلەن، دىلىڭلار بىلەن ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتىڭلار بىلەن كۆپ ياد ئېتىڭلار، ئەتىگەن - ئاخشاملاردىكى ۋاقىتىڭلارنى ئاللاھنى ياد ئېتىش ۋە

ئۇنىڭغا زىكرى ئېيتىش بىلەن ئۆتكۈزۈڭلار، ھەربىر پەرز نامازدىن كېيىن ئاللاھقا زىكىر ئېيتىڭلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇيرۇلغان ئىبادەتلەردۇر. بۇنداق قىلىش سىلەرنى ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ، تىلىڭلارنى بىھۇدە گەپ - سۆزلەرنى قىلىپ گۇناھ سادىر قىلىشتىن ساقلايدۇ ۋە بارچە ياخشى ئەمەللەرگە تۈرتكە بولىدۇ.

هُوَ ٱلَّذِى يُصَلِّى عَلَيْكُمْ وَمَلَٰٓئِكَتُهُۥ لِيُخْرِجَكُم مِّنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِ ۚ وَكَانَ بِٱلْمُؤْمِنِينَ رَحِيمًا ﴿٤٣﴾

43 - ئاللاھ سىلەرنى جاھالەتنىڭ ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىسلامنىڭ نۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن، سىلەرگە رەھمىتىنى بېغىشلاپ تۇرىدىغان زاتتۇر. ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى سىلەرگە ياخشىلىق ۋە مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ مۇئمىنلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ناھايىتى مېھرىباندۇر، ئۇلار ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ، ئىخلاس بىلەن ئەمەل قىلىپلا تۇرىدىكەن، ئاللاھ ئۇلارنى ھەرگىز ئازابلىمايدۇ.

تَحِيَّتُهُمْ يَوْمَ يَلْقَوْنَهُۥ سَلَٰمٌ ۚ وَأَعَدَّ لَهُمْ أَجْرًا كَرِيمًا ﴿٤٤﴾

44 - ئۇ مۇئمىنلەر جەننەتتە ئاللاھقا ئۇچراشقان كۈندە، ئاللاھ تەرىپىدىن «سالام» دېگەن سۆز بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئامانلىق ئىچىدە بولىدۇ، ئاللاھ ئۇلارغا جەننەتتىن ئىبارەت تولىمۇ ئېسىل مۇكاپات تەييارلىدى.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِىُّ إِنَّآ أَرْسَلْنَٰكَ شَٰهِدًا وَمُبَشِّرًا وَنَذِيرًا ﴿٤٥﴾ وَدَاعِيًا إِلَى ٱللَّهِ بِإِذْنِهِۦ وَسِرَاجًا مُّنِيرًا ﴿٤٦﴾

45 - 46 - ئى پەيغەمبەر! ئەلۋەتتە بىز سېنى ئۈممىتىڭگە ئىسلام دەۋىتىنى يەتكۈزگەنلىكىڭگە گۇۋاھچى، مۇئمىنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە جەننىتى بىلەن خۇش بېشارەت بەرگۈچى، كاپىرلارنى ۋە گۇناھكارلارنى دوزاخ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشكە ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغۇچى ۋە كىشىلەرنىڭ قەلبىنى يورۇتىدىغان نۇرلۇق چىراق قىلىپ ئەۋەتتۇق. سەن ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكى خۇددى قۇياشنىڭ نۇرىدەك ئاشكارىدۇر، ئۇنى پەقەت ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىسى ئىنكار قىلمايدۇ.

وَبَشِّرِ ٱلْمُؤْمِنِينَ بِأَنَّ لَهُم مِّنَ ٱللَّهِ فَضْلًا كَبِيرًا ﴿٤٧﴾

47 - ئى پەيغەمبەر! مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن جەننەت باغچىلىرىدىن ئىبارەت كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى ھەققىدە خۇش خەۋەر بەرگىن.

وَلَا تُطِعِ ٱلْكَٰفِرِينَ وَٱلْمُنَٰفِقِينَ وَدَعْ أَذَىٰهُمْ وَتَوَكَّلْ عَلَى ٱللَّهِ ۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ وَكِيلًا ﴿٤٨﴾

48 - ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارنىڭ ۋە مۇناپىقلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە پەرۋا قىلمىغىن، ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرى سېنى دىنىنى يەتكۈزۈشتىن توسۇپ قالمىسۇن. بارلىق ئىشىڭدا ئاللاھقا ئىشەنچ قىلغىن ۋە ئۇنىڭغا تايانغىن. چۈنكى ئاللاھ سېنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك غەملىرىڭدىن خالاس قىلىشقا يېتەرلىكتۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِذَا نَكَحْتُمُ ٱلْمُؤْمِنَٰتِ ثُمَّ طَلَّقْتُمُوهُنَّ مِن قَبْلِ أَن تَمَسُّوهُنَّ فَمَا لَكُمْ عَلَيْهِنَّ مِنْ عِدَّةٍ تَعْتَدُّونَهَا ۖ فَمَتِّعُوهُنَّ وَسَرِّحُوهُنَّ سَرَاحًا جَمِيلًا ﴿٤٩﴾

49 - ئى ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل

قىلىدىغان كىشىلەر! سىلەر ئاياللارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىپ، ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى تالاق قىلىۋەتكەن بولساڭلار، بۇ چاغدا، ئۇلارنىڭ ئىددەت تۇتۇشى لازىم ئەمەس، ئەھۋالىڭلارغا يارىشا ئۇلارغا پايدىلىنىدىغان بىر نەرسە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچماي، ئەزىيەت يەتكۈزمەي چىرايلىقچە قويۇپ بېرىڭلار. (ھەنەفىي مەزھىبىدە، بۇنداق ئايالغا بەلگىلەنگەن مەھرىنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ، ئەگەر مەھرىنىڭ مىقدارى بەلگىلەنمىگەن بولسا، خالىغىنىنى بېرىپ رازى قىلسا بولىدۇ).

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ إِنَّآ أَحۡلَلۡنَا لَكَ أَزۡوَٰجَكَ ٱلَّٰتِيٓ ءَاتَيۡتَ أُجُورَهُنَّ وَمَا مَلَكَتۡ يَمِينُكَ مِمَّآ أَفَآءَ ٱللَّهُ
عَلَيۡكَ وَبَنَاتِ عَمِّكَ وَبَنَاتِ عَمَّٰتِكَ وَبَنَاتِ خَالِكَ وَبَنَاتِ خَٰلَٰتِكَ ٱلَّٰتِي هَاجَرۡنَ مَعَكَ وَٱمۡرَأَةٗ
مُّؤۡمِنَةً إِن وَهَبَتۡ نَفۡسَهَا لِلنَّبِيِّ إِنۡ أَرَادَ ٱلنَّبِيُّ أَن يَسۡتَنكِحَهَا خَالِصَةٗ لَّكَ مِن دُونِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَۗ قَدۡ
عَلِمۡنَا مَا فَرَضۡنَا عَلَيۡهِمۡ فِيٓ أَزۡوَٰجِهِمۡ وَمَا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُهُمۡ لِكَيۡلَا يَكُونَ عَلَيۡكَ حَرَجٞۗ وَكَانَ ٱللَّهُ
غَفُورٗا رَّحِيمٗا ﴿٥٠﴾

50 - ئى پەيغەمبەر! سەن مەھرىنى بېرىپ ئالغان ئاياللىرىڭنى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن غەنىيمەت ئېلىنغان ئاياللاردىن ئىلكىڭگە ئۆتكەن چۆرىلەرنى بىز ساڭا ھالال قىلدۇق، سەن بىلەن بىللە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئاتا تەرەپ تاغا - ئاچىلىرىڭنىڭ قىزلىرىنى ۋە ئانا تەرەپ تاغا - ئاچىلىرىڭنىڭ قىزلىرىنىمۇ ساڭا ھالال قىلدۇق. ئەگەر بىر مۇئمىن ئايال مەھرى تەلەپ قىلماي ئۆزىنى ساڭا تەقدىم قىلسا، سەن ئۇنى ئېلىشنى خالىساڭ، بۇنى مۇئمىنلەرگە ئەمەس، يالغۇز ساڭىلا خاس قىلدۇق. سەندىن باشقا ھېچقانداق بىر ئادەمنىڭ مەھرى بەرمەي خوتۇن ئېلىشىغا يول يوقتۇر. شەكسىزكى، مۇئمىنلەرنىڭ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرى توغرۇلۇق ئۇ مۇئمىنلەرگە بىزنىڭ نېمىنى پەرز قىلغانلىقىمىز بىزگە مەلۇمدۇر (يەنى تۆتتىن ئارتۇق ئايالنى نىكاھىدا تۇتماسلىق، نىكاھتا ۋەلى ھازىر بولۇشى، مەھرى بەلگىلىنىشى ۋە گۇۋاھچىلار ھازىر بولۇشى قاتارلىق شەرتلەرنى بەلگىلىدۇق). لېكىن بىز سەن نىكاھىڭغا ئالغان ئاياللار توغرۇلۇق قىيىنچىلىقتا قالماسلىقىڭ ئۈچۈن، ساڭا تۆتتىن ئارتۇق ئايالنى نىكاھتا ساقلاشقا رۇخسەت قىلدۇق ۋە باشقىلارغا قىلمىغان كەڭچىلىكلەرنى ساڭا قىلدۇق. (بۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلىگەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر). ئاللاھ مۇئمىن بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

۞ تُرۡجِي مَن تَشَآءُ مِنۡهُنَّ وَتُـٔۡوِيٓ إِلَيۡكَ مَن تَشَآءُۖ وَمَنِ ٱبۡتَغَيۡتَ مِمَّنۡ عَزَلۡتَ فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكَۚ
ذَٰلِكَ أَدۡنَىٰٓ أَن تَقَرَّ أَعۡيُنُهُنَّ وَلَا يَحۡزَنَّ وَيَرۡضَيۡنَ بِمَآ ءَاتَيۡتَهُنَّ كُلُّهُنَّۚ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ مَا فِي قُلُوبِكُمۡۚ وَكَانَ
ٱللَّهُ عَلِيمًا حَلِيمٗا ﴿٥١﴾

51 - ئاياللىرىڭدىن ئۆزۈڭ خالىغان بىرىنىڭ سەن بىلەن يېتىش نۆۋىتىنى ئارقىغا سۈرسەڭمۇ، خالىغىنىڭدىن بىرى بىلەن بىللە بولساڭمۇ، سەن نۆۋىتىنى كېچىكتۈرگەن ئاياللىرىڭدىن خالىغان بىرىنى قايتىدىن تەلەپ قىلساڭمۇ ساڭا گۇناھ بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ خۇشال بولۇشىغا، قايغۇرماسلىقىغا، سېنىڭ تەقسىماتىڭغا ھەممىسىنىڭ رازى بولۇشىغا ئەڭ يېقىندۇر، ئاللاھ ئەرلەرنىڭ ئاياللىرىدىن قايسىسىغا كۆڭلىنىڭ مەيلى بارلىقىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ دىللاردىكىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ گۇناھكارلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر.

لَّا يَحِلُّ لَكَ ٱلنِّسَآءُ مِنۢ بَعۡدُ وَلَآ أَن تَبَدَّلَ بِهِنَّ مِنۡ أَزۡوَٰجٖ وَلَوۡ أَعۡجَبَكَ حُسۡنُهُنَّ إِلَّا مَا مَلَكَتۡ
يَمِينُكَۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ رَّقِيبٗا ﴿٥٢﴾

52 ـ ساڭا ئەمرىڭدىكى ئاياللاردىن باشقا خوتۇن ئېلىش ياكى باشقا ئاياللارنىڭ ھۆسنى ـ جامالى سېنى قىزىقتۇرغان تەقدىردىمۇ، ئاياللىرىڭنى تالاق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقىسىنى ئېلىش ھالال ئەمەس. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنى، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە ئاخىرەتنى تاللىدى. پەقەت ئىلكىڭدە بولغان چۆرىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئۇلار ساڭا ھالالدۇر. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، ئاللاھ بىلمەي قالىدىغان ھېچقانداق ئىش يوقتۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَدۡخُلُواْ بُيُوتَ ٱلنَّبِيِّ إِلَّآ أَن يُؤۡذَنَ لَكُمۡ إِلَىٰ طَعَامٍ غَيۡرَ نَٰظِرِينَ إِنَىٰهُ
وَلَٰكِنۡ إِذَا دُعِيتُمۡ فَٱدۡخُلُواْ فَإِذَا طَعِمۡتُمۡ فَٱنتَشِرُواْ وَلَا مُسۡتَـٔۡنِسِينَ لِحَدِيثٍۚ إِنَّ ذَٰلِكُمۡ كَانَ
يُؤۡذِي ٱلنَّبِيَّ فَيَسۡتَحۡيِۦ مِنكُمۡۖ وَٱللَّهُ لَا يَسۡتَحۡيِۦ مِنَ ٱلۡحَقِّۚ وَإِذَا سَأَلۡتُمُوهُنَّ مَتَٰعٗا فَسۡـَٔلُوهُنَّ
مِن وَرَآءِ حِجَابٖۚ ذَٰلِكُمۡ أَطۡهَرُ لِقُلُوبِكُمۡ وَقُلُوبِهِنَّۚ وَمَا كَانَ لَكُمۡ أَن تُؤۡذُواْ رَسُولَ ٱللَّهِ وَلَآ
أَن تَنكِحُوٓاْ أَزۡوَٰجَهُۥ مِنۢ بَعۡدِهِۦٓ أَبَدًاۚ إِنَّ ذَٰلِكُمۡ كَانَ عِندَ ٱللَّهِ عَظِيمًا ﴿٥٣﴾

53 ـ ئى ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! سىلەرگە ئىجازەت بېرىلمىگۈچە پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرمەڭلار، تاماققا چاقىرىلغان ۋاقتىڭلاردا بۇرۇن كېلىپ، تاماقنىڭ پىشىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماڭلار، لېكىن قاچان چاقىرىلساڭلار، شۇ چاغدا كىرىپ تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرماي تارقاپ كېتىڭلار. چۈنكى سىلەرنىڭ پەيغەمبەرنىڭ ئۆيىگە تاماق پىشىشتىن بۇرۇن كېلىپ ئولتۇرۇۋشۇڭلار ۋە تاماقتىن كېيىن پاراڭ سېلىپ ئولتۇرۇۋشۇڭلار ئۇنى رەنجىتىپ قويىدۇ، پەيغەمبەرنىڭ سىلەرنى «چىقىپ كېتىڭلار» دېيىشكە ھەققى بار تۇرۇقلۇق، سىلەرگە بۇنداق دېيىشتىن تارتىنىدۇ، ئەمما ئاللاھ ھەقىقەتنى بايان قىلىشتىن تارتىنمايدۇ. ئەگەر سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن قاچا ـ قۇچا دېگەندەك بىر نەرسە سوراپ ئالماقچى بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار، مۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ بىر ـ بىرىڭلارغا بولمىغۇر خىياللاردا بولۇشتىن ئەڭ پاك تۇتىدۇ. چۈنكى بىر ـ بىرىڭلارغا قاراش پىتنىگە سەۋەب بولىدۇ. سىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنى رەنجىتىپ قويۇشۇڭلار دۇرۇس ئەمەس، رەسۇلۇللاھتىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلارمۇ مەڭگۈ دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا چوڭ گۇناھتۇر.

إِن تُبۡدُواْ شَيۡـًٔا أَوۡ تُخۡفُوهُ فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٗا ﴿٥٤﴾

54 ـ ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەزىيەت بولىدىغان قانداقلا بىر گەپنى ئاشكارا ئېيتساڭلارمۇ ياكى ئۇنى دىلىڭلاردا يوشۇرساڭلارمۇ، ئاللاھ سىلەر ئاشكارا قىلغان ۋە يوشۇرغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ، سىلەرنى شۇنىڭغا ئاساسەن جازالايدۇ.

لَّا جُنَاحَ عَلَيۡهِنَّ فِيٓ ءَابَآئِهِنَّ وَلَآ أَبۡنَآئِهِنَّ وَلَآ إِخۡوَٰنِهِنَّ وَلَآ أَبۡنَآءِ إِخۡوَٰنِهِنَّ وَلَآ أَبۡنَآءِ أَخَوَٰتِهِنَّ
وَلَا نِسَآئِهِنَّ وَلَا مَا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُهُنَّۗ وَٱتَّقِينَ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ شَهِيدًا ﴿٥٥﴾

55 ـ ئاياللارغا ئۆز ئاتىلىرى بىلەن، ئوغۇللىرى بىلەن، قېرىنداشلىرى بىلەن، قېرىنداشلىرىنىڭ

ئوغۇللىرى بىلەن، ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن، مۇئمىن ئاياللار بىلەن، قول - چۆرىلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈشتە ھېچبىر گۇناھ بولمايدۇ. ئى ئاياللار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، شەرىئەتنىڭ بەلگىلىمىسىدىن چەتنەپ كەتمەڭلار. چۈنكى ئاللاھ ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، بەندىلىرىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق ئەمەللىرىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ ۋە ئۇلارغا شۇنىڭغا ئاساسەن مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

إِنَّ ٱللَّهَ وَمَلَٰٓئِكَتَهُۥ يُصَلُّونَ عَلَى ٱلنَّبِيِّۚ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ صَلُّواْ عَلَيۡهِ وَسَلِّمُواْ تَسۡلِيمًا ﴿٥٦﴾

56 - شەكسىزكى، ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن پەرىشتىلىرىنىڭ يېنىدا ماختايدۇ، پەرىشتىلەرمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەدھىيە ئوقۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ. ئى ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىڭلار، ئۇنى ئۇلۇغلاپ سالام يوللاڭلار. ئەڭ ياخشى دۇرۇت مۇنۇ دۇرۇتتۇر: «اَللّٰهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى إبرَاهِيمَ وَعَلَى آلِ إبرَاهِيمَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ. اَللّٰهُمَّ بَارِكْ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إبرَاهِيمَ وَعَلَى آل إبرَاهِيْمَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مجِيدٌ».

إِنَّ ٱلَّذِينَ يُؤۡذُونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ لَعَنَهُمُ ٱللَّهُ فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِ وَأَعَدَّ لَهُمۡ عَذَابٗا مُّهِينٗا ﴿٥٧﴾

57 - شەكسىزكى، ئاللاھنى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈپ ياكى گۇناھ سادىر قىلىپ رەنجىتىدىغانلارنى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى گەپ - سۆزلىرى ۋە قىلىقلىرى بىلەن رەنجىتىدىغانلارنى ئاللاھ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بارلىق ياخشىلىقتىن يىراق قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا خار قىلغۇچى ئازابنى تەييارلايدۇ.

وَٱلَّذِينَ يُؤۡذُونَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ وَٱلۡمُؤۡمِنَٰتِ بِغَيۡرِ مَا ٱكۡتَسَبُواْ فَقَدِ ٱحۡتَمَلُواْ بُهۡتَٰنٗا وَإِثۡمٗا مُّبِينٗا ﴿٥٨﴾

58 - مۇئمىن ئەرلەرگە ۋە مۇئمىن ئاياللارغا ئۇلار قىلمىغان ئىشلارنى چاپلاپ ئەزىيەت يەتكۈزىدىغانلار ئەڭ قەبىھ تۆھمەتنى، ئوپئوچۇق يالغاننى ۋە ئۆزىنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ چوڭ گۇناھنى سادىر قىلغان بولىدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ قُل لِّأَزۡوَٰجِكَ وَبَنَاتِكَ وَنِسَآءِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ يُدۡنِينَ عَلَيۡهِنَّ مِن جَلَٰبِيبِهِنَّۚ ذَٰلِكَ أَدۡنَىٰٓ أَن
يُعۡرَفۡنَ فَلَا يُؤۡذَيۡنَۗ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورٗا رَّحِيمٗا ﴿٥٩﴾

59 - ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، ئۇلار سىرتقا چىققان چاغدا، (بېشىنى، يۈزىنى، كۆكسىنى يېپىپ تۇرىدىغان كەڭ ياغلىق ئارتسۇن)، بەدىنىنى يۆگەپ تۇرىدىغان كىيىملىرىنى كىيسۇن، بۇنداق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ (تەقۋادار مۇئمىن ئاياللار ئىكەنلىكى) ئوڭايلا بىلىنىدۇ - دە، تورلۇك ئەزىيەتتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، چۈنكى ئۇ سىلەرنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلدى، ناھايىتى مېھرىباندۇر، چۈنكى ئۇ سىلەرگە ھالال - ھارام مەسىلىسىنى ئېنىق بايان قىلىپ بەردى.

۞ لَّئِن لَّمۡ يَنتَهِ ٱلۡمُنَٰفِقُونَ وَٱلَّذِينَ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٞ وَٱلۡمُرۡجِفُونَ فِي ٱلۡمَدِينَةِ لَنُغۡرِيَنَّكَ بِهِمۡ ثُمَّ لَا
يُجَاوِرُونَكَ فِيهَآ إِلَّا قَلِيلٗا ﴿٦٠﴾ مَّلۡعُونِينَۖ أَيۡنَمَا ثُقِفُوٓاْ أُخِذُواْ وَقُتِّلُواْ تَقۡتِيلٗا ﴿٦١﴾

60 - 61 - دىلىدا كۇفرىنى يوشۇرۇپ، تىلىدا ئىمان ئېيتىپ قويىدىغان مۇناپىقلار، دىلىدا شەك كېسىلى بارلار، مەدىنىدە مۇسۇلمانلار توغرۇلۇق يالغان خەۋەر تارقاتقۇچىلار ئەگەر قىلمىشلىرىدىن يانمىسا، بىز سېنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە شۇنداق بىر سالىمىزكى، ئاندىن

ئۇلار ئازغىنە بىر مۇددەتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەدىنىدە ساڭا قوشنا بولۇپمۇ تۇرالمايدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغان بولىدۇ. ئۇلار مۇناپىقلىقنى ۋە مۇسۇلمان ئارىسىدا پىتنە قوزغاش ئۈچۈن يالغان خەۋەر تارقىتىشنى داۋاملاشتۇرىدىكەن، ئۇلار نەدە قولغا چۈشسە، شۇ يەردە تۇتۇلىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ.

سُنَّةَ ٱللَّهِ فِى ٱلَّذِينَ خَلَوۡاْ مِن قَبۡلُ ۖ وَلَن تَجِدَ لِسُنَّةِ ٱللَّهِ تَبۡدِيلًا ﴿٦٢﴾

62 ـ ئاللاھنىڭ بۇرۇنقى ئۈممەتلەر ئىچىدىكى مۇناپىقلار ھەققىدە تۇتقان يولى ئۇلارنىڭ تۇتۇلغان يېرىدە ئەسىرگە ئېلىنىشى ياكى ئۆلتۈرۈلۈشىدۇر. ئى پەيغەمبەر! ئاللاھنىڭ يولىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن.

يَسۡـَٔلُكَ ٱلنَّاسُ عَنِ ٱلسَّاعَةِ ۖ قُلۡ إِنَّمَا عِلۡمُهَا عِندَ ٱللَّهِ ۚ وَمَا يُدۡرِيكَ لَعَلَّ ٱلسَّاعَةَ تَكُونُ قَرِيبًا ﴿٦٣﴾

63 ـ ئى پەيغەمبەر! كىشىلەر قىيامەتنى يىراق سانىغانلىقتىن ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەنلىكتىن، سەندىن «قىيامەت قاچان بولىدۇ؟» دەپ سورايدۇ. سەن ئۇلارغا: «قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ئاللاھ ئۆزىلا بىلىدۇ» دېگىن. ئى پەيغەمبەر! سەن قانداق بىلىسەن؟ بەلكى ئۇنىڭ ۋاقتى يېقىندۇر.

إِنَّ ٱللَّهَ لَعَنَ ٱلۡكَٰفِرِينَ وَأَعَدَّ لَهُمۡ سَعِيرًا ﴿٦٤﴾ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًا ۖ لَّا يَجِدُونَ وَلِيًّا وَلَا نَصِيرًا ﴿٦٥﴾ يَوۡمَ تُقَلَّبُ وُجُوهُهُمۡ فِى ٱلنَّارِ يَقُولُونَ يَٰلَيۡتَنَآ أَطَعۡنَا ٱللَّهَ وَأَطَعۡنَا ٱلرَّسُولَا۠ ﴿٦٦﴾

64 ـ 66 ـ شەكسىزكى، ئاللاھ كاپىرلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۆزىنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلدى ۋە ئۇلارغا ئاخىرەتتە ئىنتايىن قاتتىق ھارارەتلىك دوزاخ ئوتىنى تەييارلىدى. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىگە ئىگە بولۇپ قوغدايدىغان ھېچقانداق دوست ياكى ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قويىدىغان ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ. دوزاختا كاپىرلارنىڭ يۈزلىرى تۈرۈلۈپ كېتىدىغان كۈندە، ئۇلار قاتتىق پۇشايمان قىلىپ: «كاشكى، بىز دۇنيادىكى ۋاقتىمىزدا ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ! ئەگەر شۇنداق قىلغان بولساق جەننەت ئەھلى بولىمىزكەنتۇق» دېيىشىپ كېتىدۇ.

وَقَالُواْ رَبَّنَآ إِنَّآ أَطَعۡنَا سَادَتَنَا وَكُبَرَآءَنَا فَأَضَلُّونَا ٱلسَّبِيلَا۠ ﴿٦٧﴾ رَبَّنَآ ءَاتِهِمۡ ضِعۡفَيۡنِ مِنَ ٱلۡعَذَابِ وَٱلۡعَنۡهُمۡ لَعۡنًا كَبِيرًا ﴿٦٨﴾

67 ـ 68ـ كاپىرلار قىيامەت كۈنى: «ئى رەببىمىز! بىز ھەقىقەتەن ئازغۇن يولباشچىلىرىمىزغا، ساڭا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرىدىغان كاتتىباشلىرىمىزغا ئىتائەت قىلدۇق، نەتىجىدە، ئۇلار بىزنى ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ يولىدىن چىقاردى، ئى رەببىمىز! ئۇلارغا بىزنى ئازابلىغان ئازابىڭ ئىككى ھەسسىسىنى بەرگىن ۋە ئۇلارنى رەھمىتىڭدىن تامامەن يىراق قىلغىن» دەيدۇ. (بۇ ئايەت ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئازغۇن يولباشچىلارغا ئەگىشىش ئاللاھنىڭ قاتتىق ئازابىغا ۋە لەنىتىگە ئۇچراشقا سەۋەب بولىدىغانلىقىغا، ئەگەشكۈچى ۋە ئەگەشتۈرگۈچى ھەر ئىككىسىنىڭ ئازابتا ئورتاق ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ).

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَكُونُواْ كَٱلَّذِينَ ءَاذَوۡاْ مُوسَىٰ فَبَرَّأَهُ ٱللَّهُ مِمَّا قَالُواْ ۚ وَكَانَ عِندَ ٱللَّهِ وَجِيهًا ﴿٦٩﴾

69 ـ ئى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگەشكەن كىشىلەر! ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە يا گەپ ـ سۆز بىلەن ياكى قىلىق بىلەن قەتئىي ئەزىيەت بەرمەڭلار. سىلەر ھەرگىز مۇساغا ئەزىيەت بەرگەنلەردەك بولماڭلار. ئاللاھ مۇسانى ئۇلارنىڭ يالغانلىرىدىن ۋە تۆھمەتلىرىدىن ئاقلىدى، ئۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋىلىك زاتتۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَقُولُواْ قَوۡلٗا سَدِيدٗا ﴿٧٠﴾

70 ـ ئى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگەشكەن كىشىلەر! ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ ئازابقا تېگىشلىك بولۇپ قېلىشتىن قورقۇڭلار، بارلىق ئەھۋاللاردا ۋە ئىشلىرىڭلاردا يالغاندىن يىراق بولغان، ھەقىقەتكە ئۇيغۇن توغرا سۆزنى قىلىڭلار.

يُصۡلِحۡ لَكُمۡ أَعۡمَٰلَكُمۡ وَيَغۡفِرۡ لَكُمۡ ذُنُوبَكُمۡۗ وَمَن يُطِعِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَقَدۡ فَازَ فَوۡزًا عَظِيمًا ﴿٧١﴾

71 ـ ئەگەر سىلەر ئاللاھتىن قورقساڭلار ۋە توغرا سۆزنى قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ ۋە گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلسا، ئۇ كىشى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ.

إِنَّا عَرَضۡنَا ٱلۡأَمَانَةَ عَلَى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَٱلۡجِبَالِ فَأَبَيۡنَ أَن يَحۡمِلۡنَهَا وَأَشۡفَقۡنَ مِنۡهَا وَحَمَلَهَا ٱلۡإِنسَٰنُۖ إِنَّهُۥ كَانَ ظَلُومٗا جَهُولٗا ﴿٧٢﴾

72 ـ شۈبھىسىزكى، بىز (ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، ئۇنىڭ توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق دىنني مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت) ئامانەتنى ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەكلىپ قىلدۇق، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئالمىدى، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالماي بولۇشىنىڭ قىيىنلىقىدىن قورقتى. ئىنسان بولسا ئۆزى ئاجىز تۇرۇقلۇق بۇ ئامانەتنى ئۈستىگە ئالدى. شەكسىزكى، ئىنسان ئۆزىگە ناھايىتى بەك زۇلۇم قىلغۇچى ۋە ئىنتايىن ناداندۇر.

لِّيُعَذِّبَ ٱللَّهُ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ وَٱلۡمُنَٰفِقَٰتِ وَٱلۡمُشۡرِكِينَ وَٱلۡمُشۡرِكَٰتِ وَيَتُوبَ ٱللَّهُ عَلَى ٱلۡمُؤۡمِنِينَ وَٱلۡمُؤۡمِنَٰتِۗ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورٗا رَّحِيمَۢا ﴿٧٣﴾

73 ـ (ئىنساننىڭ بۇ ئامانەتنى ئۈستىگە ئالغانلىقى) ئاللاھنىڭ تىلىدا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ، دىلىدا ئىشەنمەيدىغان مۇناپىق ئەرلەر بىلەن مۇناپىق ئاياللارنى، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا ئۇنىڭغا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرىدىغان مۇشرىك ئەرلەر بىلەن مۇشرىك ئاياللارنى ئازابلىشى، مۇئمىن ئەرلەرنىڭ ۋە مۇئمىن ئاياللارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ جازالىماسلىقى ئۈچۈندۇر. ئاللاھ بەندىلىرى ئىچىدىن تەۋبە قىلغانلارنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

# سەبەئ سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن(باشلايمەن).

ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ ٱلَّذِي لَهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلَهُ ٱلۡحَمۡدُ فِي ٱلۡأٓخِرَةِۚ وَهُوَ ٱلۡحَكِيمُ ٱلۡخَبِيرُ ١

1 ـ ئەڭ گۈزەل مەدھىيە ۋە مۇكەممەل شۈكۈر ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. ئاخىرەتتىمۇ ئەڭ گۈزەل مەدھىيە ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەربىر ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

يَعۡلَمُ مَا يَلِجُ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَمَا يَخۡرُجُ مِنۡهَا وَمَا يَنزِلُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ وَمَا يَعۡرُجُ فِيهَاۚ وَهُوَ ٱلرَّحِيمُ ٱلۡغَفُورُ ٢

2 ـ ئاللاھ زېمىننىڭ قويnىغا كىرىپ كېتىدىغان سۇ قاتارلىق نەرسىلەرنى، زېمىندىن چىقىدىغان ئۆسۈملۈك، مەدەن ۋە سۇ قاتارلىق نەرسىلەرنى، ئاسماندىن چۈشىدىغان يامغۇر، پەرىشتە ۋە كىتاب قاتارلىقلارنى، ئاسمانغا ئۆرلەيدىغان پەرىشتە، بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرى قاتارلىقلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر، شۇڭا ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ، تەۋبە قىلغان بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَا تَأۡتِينَا ٱلسَّاعَةُۖ قُلۡ بَلَىٰ وَرَبِّي لَتَأۡتِيَنَّكُمۡ عَٰلِمِ ٱلۡغَيۡبِۖ لَا يَعۡزُبُ عَنۡهُ مِثۡقَالُ ذَرَّةٖ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَلَا فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلَآ أَصۡغَرُ مِن ذَٰلِكَ وَلَآ أَكۡبَرُ إِلَّا فِي كِتَٰبٖ مُّبِينٖ ٣ لِّيَجۡزِيَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِۚ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُم مَّغۡفِرَةٞ وَرِزۡقٞ كَرِيمٞ ٤

3 ـ 4 ـ ئاخىرەتتە تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلار: «بىزگە قىيامەت كەلمەيدۇ» دەيدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئەمەلىيەت سىلەر دېگەندەك ئەمەس، رەببىمنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، قىيامەت سىلەرگە چوقۇم كېلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بارلىق غەيبلەرنى بىلگۈچى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسىمۇ ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەستۇر، مەيلى زەررىدىنمۇ كىچىك ياكى ئۇنىڭدىن چوڭراق نەرسە بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان». ھەممە نەرسىنىڭ مۇنداق خاتىرىلىنىشى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگەشكەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر. ئەنە شۇلارغا مەغپىرەت ۋە جەننەتلەردە ئېسىل رىزىقلار بار.

وَٱلَّذِينَ سَعَوۡ فِيٓ ءَايَٰتِنَا مُعَٰجِزِينَ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ عَذَابٞ مِّن رِّجۡزٍ أَلِيمٞ ٥

5 - بىزنى ئۆزلىرىگە ئازاب چۈشۈرۈشتىن ئاجىز دەپ گۇمان قىلىپ، كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇشتا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلىشتا ۋە قۇرئان ئايەتلىرىنى يوققا چىقىرىشتا قولىدىن كەلگەن يامانلىقلارنى قىلىۋاتقان كاپىرلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار ئەڭ ئەلەملىك ۋە ئەڭ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

وَيَرَى ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلْعِلْمَ ٱلَّذِيٓ أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ هُوَ ٱلْحَقَّ وَيَهْدِيٓ إِلَىٰ صِرَٰطِ ٱلْعَزِيزِ ٱلْحَمِيدِ ۝٦

6 - ئىلىم بېرىلگەنلەر رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئاننىڭ شەكسىز ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەممىگە غالىب، ھەممىگە قادىر، سۆزلىرىدە، ئىش - پائالىيەتلىرىدە ۋە بەلگىلىمىلىرىدە مەدھىيەگە لايىق ئاللاھنىڭ يولىغا باشلايدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ هَلْ نَدُلُّكُمْ عَلَىٰ رَجُلٍ يُنَبِّئُكُمْ إِذَا مُزِّقْتُمْ كُلَّ مُمَزَّقٍ إِنَّكُمْ لَفِي خَلْقٍ جَدِيدٍ ۝٧

7 - كاپىرلار مەسخىرە قىلىپ بىر - بىرىگە: «سىلەرگە سىلەر ئۆلۈپ، قەبرىلەردە چىرىپ تىتما - تىتما بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، يېڭىدىن يارىتىلىدىغانلىقىڭلاردىن خەۋەر بېرىدىغان بىر ئادەم (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نى كۆرسىتىپ قويايلىمۇ؟

أَفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَم بِهِۦ جِنَّةٌۢ ۗ بَلِ ٱلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِٱلْءَاخِرَةِ فِي ٱلْعَذَابِ وَٱلضَّلَٰلِ ٱلْبَعِيدِ ۝٨

8 - ئەجەبا، بۇ ئادەم ئاللاھقا يالغاننى توقۇدىمۇ؟ ياكى ئېلىشىپ قالغانلىقتىن شۇنداق ئۆزى بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى سۆزلەمدۇ؟» دەيدۇ. ئىش ھەرگىز ئۇ كاپىرلار دېگەندەك ئەمەس، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەڭ راستچىل پەيغەمبەردۇر. ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان ۋە ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئەمەل قىلمايدىغان كاپىرلار ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك ئازابقا دۇچار بولىدۇ، ئۇلار بۇ دۇنيادا ھەقىقەتتىن ئىنتايىن يىراقلاشقان ئەڭ ئازغۇنلۇق ئىچىدىدۇر.

أَفَلَمْ يَرَوْاْ إِلَىٰ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ وَٱلْأَرْضِ ۚ إِن نَّشَأْ نَخْسِفْ بِهِمُ ٱلْأَرْضَ أَوْ نُسْقِطْ عَلَيْهِمْ كِسَفًا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ ۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَءَايَةً لِّكُلِّ عَبْدٍ مُّنِيبٍ ۝٩

9 - ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان ئاشۇ كاپىرلار، ئۇلارنى ئالدىدىن ۋە ئارقىسىدىن قورشاپ تۇرغان ئاسمان - زېمىندىكى ئەقىلنى لال قىلىدىغان ئىلاھىي قۇدرەتكە قاراپ باقمىدىمۇ؟ ئەگەر خالىساق ئۇ كاپىرلارنى يەرگە يۇتقۇزىمىز ياكى ئاسماننى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە چۈشۈرگەندەك ئۇلارنىڭ ئۈستىگە پارچە - پارچە قىلىپ چۈشۈرىمىز. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئاسماندىن ئوت چۈشۈپ ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ ھالاك قىلىۋەتكەن ئىدى. شەكسىزكى، بۇ بايانلاردا ئاللاھقا تەۋبە بىلەن يۈزلەنگۈچى، ئۇنىڭ يەككە - يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغۇچى، ئىبادەتنى ئاللاھقىلا قىلغۇچى ھەربىر بەندە ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئوپئوچۇق دەلىل بار.

۞ وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا دَاوُۥدَ مِنَّا فَضْلًا ۖ يَٰجِبَالُ أَوِّبِي مَعَهُۥ وَٱلطَّيْرَ ۖ وَأَلَنَّا لَهُ ٱلْحَدِيدَ ۝١٠

10 - شەكسىزكى، بىز داۋۇدقا پەيغەمبەرلىك، كىتاب ۋە ئىلىم ئاتا قىلدۇق، تاغلارغا ۋە قۇشلارغا: «داۋۇت بىلەن بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتىڭلار» دېدۇق. داۋۇدقا تۆمۈرنى يۇمشىتىپ بەردۇق، تۆمۈر ئۇنىڭ ئالدىدا خېمىردەك بولاتتى، ئۇنى خالىغانچە ئىشلىتەتتى.

أَنِ ٱعْمَلْ سَٰبِغَٰتٍ وَقَدِّرْ فِى ٱلسَّرْدِ ۖ وَٱعْمَلُوا۟ صَٰلِحًا ۖ إِنِّى بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿١١﴾

11 ـ بىز داۋۇدقا: «مۇكەممەل ۋە كەڭ ساۋۇتلارنى ياسىغىن، ساۋۇتلارنى ياساشتا ئۇنىڭ هالقىلىرىنى تەكشى قىلغىن، هالقىلىرى بەك كىچىك بولۇپ قوغدىنىشقا ئاجىزمۇ بولمىسۇن، بەك چوڭ بولۇپ كىيىشكە ئېغىرمۇ بولمىسۇن. ئى داۋۇد! سەن ۋە ئائىلەڭدىكىلەر ئاللاھقا تائەت ـ ئىبادەتنى ياخشى قىلىڭلار. چۈنكى مەن سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىمەن، ماڭا هېچقانداق ئىش مەخپىي ئەمەس» دەپ ۋەھيى قىلدۇق.

وَلِسُلَيْمَٰنَ ٱلرِّيحَ غُدُوُّهَا شَهْرٌ وَرَوَاحُهَا شَهْرٌ ۖ وَأَسَلْنَا لَهُۥ عَيْنَ ٱلْقِطْرِ ۖ وَمِنَ ٱلْجِنِّ مَن يَعْمَلُ بَيْنَ يَدَيْهِ بِإِذْنِ رَبِّهِۦ ۖ وَمَن يَزِغْ مِنْهُمْ عَنْ أَمْرِنَا نُذِقْهُ مِنْ عَذَابِ ٱلسَّعِيرِ ﴿١٢﴾

12 ـ بىز سۇلەيمانغا شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇ شامال چۈشتىن ئىلگىرى بىر ئايلىق مۇساپىنى، چۈشتىن كېيىن يەنە بىر ئايلىق مۇساپىنى باساتتى، بىز يەنە ئۇنىڭغا ئېرىتىلگەن مىس بۇلىقىنى سەلدەك ئاققۇزۇپ بەردۇق، سۇلەيمان ئۇنىڭ بىلەن خالىغان نەرسىلەرنى ياسايتتى. جىنلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى رەببىنىڭ ئەمرى بويىچە سۇلەيماننىڭ ئالدىدا ئىشلەيتتى، جىنلاردىن كىمكى بىزنىڭ سۇلەيمانغا ئىتائەت قىلىڭلار، دېگەن ئەمرىمىزگە خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بىز قىزىتىلغان دوزاخ ئازابىنى تېتىتىمىز.

يَعْمَلُونَ لَهُۥ مَا يَشَآءُ مِن مَّحَٰرِيبَ وَتَمَٰثِيلَ وَجِفَانٍ كَٱلْجَوَابِ وَقُدُورٍ رَّاسِيَٰتٍ ۚ ٱعْمَلُوٓا۟ ءَالَ دَاوُۥدَ شُكْرًا ۚ وَقَلِيلٌ مِّنْ عِبَادِىَ ٱلشَّكُورُ ﴿١٣﴾

13 ـ جىنلار سۇلەيمانغا ئۇ خالىغان كاتتا مەسجىدلەرنى، ھەيكەللەرنى، كۆلدەك چوڭ لېگەنلەرنى، (چوڭلۇقىدىن) مىدىرلىمايدىغان قازانلارنى ياساپ بېرەتتى، بىز ئېيتتۇقكى، «ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر! ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش ئۈچۈن ئەمەل قىلىڭلار، بۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ۋە بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ». بەندىلىرىم ئىچىدە ئاللاھقا كۆپلەپ شۈكۈر قىلغۇچىلار بەكمۇ ئاز. داۋۇد ئائىلىسى ئاشۇ ئاز كىشىلەرنىڭ قاتارىدىندۇر.

فَلَمَّا قَضَيْنَا عَلَيْهِ ٱلْمَوْتَ مَا دَلَّهُمْ عَلَىٰ مَوْتِهِۦٓ إِلَّا دَآبَّةُ ٱلْأَرْضِ تَأْكُلُ مِنسَأَتَهُۥ ۖ فَلَمَّا خَرَّ تَبَيَّنَتِ ٱلْجِنُّ أَن لَّوْ كَانُوا۟ يَعْلَمُونَ ٱلْغَيْبَ مَا لَبِثُوا۟ فِى ٱلْعَذَابِ ٱلْمُهِينِ ﴿١٤﴾

14 ـ سۇلەيمانغا ئۆلۈمنى ھۆكۈم قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكى ھەققىدە جىنلارنى پەقەت ئۇنىڭ تايىنىپ ئولتۇرغان ھاسىسىنى يېگەن قۇرۇتلا خەۋەردار قىلدى. سۇلەيمان ھاسىسىنى قۇرۇت يەپ يىقىلغان چاغدا، جىنلارغا ئايان بولدىكى، ئەگەر ئۇلار غەيبنى بىلىدىغان بولسا ئىدى، سۇلەيماننى ھايات دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا ئىشلەش يولىدا بۇنداق خار قىلغۇچى ئازاب ۋە جاپالىق ئەمگەك ئىچىدە تۇرمىغان بولاتتى. (بۇ ئايەت جىنلار غەيبنى بىلىدۇ دەپ گۇمان قىلغۇچىلارغا قارىتىلغان رەددىيەنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى ئەگەر جىنلار غەيبنى بىلسە ئىدى، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلگەنلىكىنى دەرھال بىلگەن بولاتتى ۋە ئېغىر ئەمگەكنى داۋاملاشتۇرمىغان بولاتتى).

لَقَدْ كَانَ لِسَبَإٍ فِى مَسْكَنِهِمْ ءَايَةٌ ۖ جَنَّتَانِ عَن يَمِينٍ وَشِمَالٍ ۖ كُلُوا۟ مِن رِّزْقِ رَبِّكُمْ وَٱشْكُرُوا۟ لَهُۥ ۚ بَلْدَةٌ طَيِّبَةٌ وَرَبٌّ غَفُورٌ ﴿١٥﴾

15 - شۈبھىسىزكى، يەمەندىكى سەبەئ قەبىلىسى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تۇرىدىغان جايلىرىدا، بىزنىڭ چەكسىز قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان كاتتا بىر دەلىل بار ئىدى. ئۇ جايىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە ئىككى باغ بار ئىدى. (ئۇلارغا): «رەببىڭلار بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىڭلار. شەكسىزكى، سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلار تۇپرىقى مۇنبەت، ھاۋاسى ياخشى جايدۇر، رەببىڭلار گۇناھلىرىڭلارنى ناھايىتى بەك مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر (دېگەن ئىدۇق).

فَأَعۡرَضُواْ فَأَرۡسَلۡنَا عَلَيۡهِمۡ سَيۡلَ ٱلۡعَرِمِ وَبَدَّلۡنَٰهُم بِجَنَّتَيۡهِمۡ جَنَّتَيۡنِ ذَوَاتَيۡ أُكُلٍ خَمۡطٖ وَأَثۡلٖ وَشَيۡءٖ مِّن سِدۡرٖ قَلِيلٖ ١٦ ذَٰلِكَ جَزَيۡنَٰهُم بِمَا كَفَرُواْۖ وَهَلۡ نُجَٰزِيٓ إِلَّا ٱلۡكَفُورَ ١٧

16 - 17 - ئەمما ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشتىن ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشتىن باش تارتتى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارغا كۈچلۈك كەلكۈننى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ توسمىلىرىنى ۋە شۇ ئىككى بېغىنى ۋەيران قىلىۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ مېۋىلىك ئىككى بېغىنى ئاچچىق مېۋىلىك، يۇلغۇنلۇق، ئاز - تولا ياۋا چىلانلىق باغلارغا ئايلاندۇرۇپ قويدۇق. بىزنىڭ ئۇلارغا ياخشىسىنىڭ ئورنىغا ناچارنى ئالماشتۇرۇپ بەرگەنلىكىمىز ئۇلارنىڭ تۇزكورلۇق قىلغانلىقى، نېمەتكە شۈكۈر قىلمىغانلىقى سەۋەبىدىندۇر. بىز بۇنداق ئازاب بىلەن پەقەت بىزنىڭ نېمەتلىرىمىزگە تۇزكورلۇق قىلغان ۋە ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋالغان كاپىرلارنىلا جازالايمىز.

وَجَعَلۡنَا بَيۡنَهُمۡ وَبَيۡنَ ٱلۡقُرَى ٱلَّتِي بَٰرَكۡنَا فِيهَا قُرٗى ظَٰهِرَةٗ وَقَدَّرۡنَا فِيهَا ٱلسَّيۡرَۖ سِيرُواْ فِيهَا لَيَالِيَ وَأَيَّامًا ءَامِنِينَ ١٨

18 - يەمەندىكى سەبەئ قەبىلىسىنىڭ يۇرتى بىلەن بىز بەرىكەتلىك قىلغان شام ئارىسىدا، كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، بىر-بىرىگە تۇتاش نۇرغۇن شەھەرلەرنى بەرپا قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر ئۆتەڭدىن يەنە بىر ئۆتەڭگە ئۆتۈش مۇساپىسىنى ئۆلچەملىك ۋە مۇشەققەتسىز قىلدۇق، ئۇلارغا ئېيتتۇقكى، «بۇ شەھەرلەرنىڭ ئارىسىدا كېچە - كۈندۈز ئۆزۈڭلار خالىغان ۋاقىتتا، دۈشمەندىن قورقمىغان ياكى ئاچلىقتىن ۋەياكى ئۇسسۇزلۇقتىن ئەنسىرىمىگەن ھالدا تىنچ - ئامان مېڭىڭلار!».

فَقَالُواْ رَبَّنَا بَٰعِدۡ بَيۡنَ أَسۡفَارِنَا وَظَلَمُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ فَجَعَلۡنَٰهُمۡ أَحَادِيثَ وَمَزَّقۡنَٰهُمۡ كُلَّ مُمَزَّقٍۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّكُلِّ صَبَّارٖ شَكُورٖ ١٩

19 - ئۇلار ئازغۇنلۇقتا ھەددىدىن ئاشقانلىقتىن، ئۇلارغا بېرىلگەن راھەتلىك، خاتىرجەملىك ۋە كەڭتاشا تۇرمۇشتىن زېرىكىپ : «ئى رەببىمىز! بىزنىڭ سەپەر مەنزىللىرىمىزنىڭ ئارىلىقى يىراق بولسۇن ئۈچۈن، شەھەرلىرىمىزنى بىر - بىرىدىن يىراق قىلىپ بەرگىن، يوللىرىمىزدا ئاۋات يېزا-قىشلاقلارنى كۆرمەيلى» دېدى، كۇفرىلىق قىلىپ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق ۋە ئۇلارنى (يەنى ئۇلارنىڭ قىسسىسىنى كېيىنكىلەرگە) ئىبرەتلىك چۆچەك قىلىپ قالدۇردۇق. ئۇلارنى تىتما - تىتما قىلىپ پارچىلىۋەتتۇق، شەھەرلىرىنى خارابىگە ئايلاندۇرۇۋەتتۇق. شەكسىزكى، سەبەئ قەبىلىسىگە كەلگەن ئازابتا جاپا - مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلغۇچى ۋە ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغۇچى ھەربىر بەندە ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار.

وَلَقَدۡ صَدَّقَ عَلَيۡهِمۡ إِبۡلِيسُ ظَنَّهُۥ فَٱتَّبَعُوهُ إِلَّا فَرِيقٗا مِّنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ٢٠

20 - ئىبلىس ئۆزىنىڭ ئىنسانلارنى ئازدۇرۇپ كېتەلىشىنى، ئۇلارنىڭ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ ئۆزىگە ئەگىشىشىنى ئاز - تولا تەخمىن قىلغان ئىدى، ئەمما ئۇ بۇ ھەقتىكى تەخمىنىنى ھەقىقەتەن راستقا چىقاردى. چۈنكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتا چىڭ تۇرغان بىر تۈركۈم مۆئمىنلەردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ ئىبلىسقا ئىتائەت قىلدى.

وَمَا كَانَ لَهُۥ عَلَيۡهِم مِّن سُلۡطَٰنٍ إِلَّا لِنَعۡلَمَ مَن يُؤۡمِنُ بِٱلۡأٓخِرَةِ مِمَّنۡ هُوَ مِنۡهَا فِي شَكّٖۗ وَرَبُّكَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٍ حَفِيظٞ (٢١)

21 - ھالبۇكى، ئىبلىسنىڭ ئۇ كاپىرلارنى كۇفرىلىققا زورلىغۇدەك ھېچقانداق ھۆكۈمرانلىقى يوق ئىدى. لېكىن ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتقۇچىلار بىلەن ئۇنىڭغا شەك كەلتۈرگۈچىلەرنى بىلىۋېلىشى (يەنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى) ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھېكمىتى شەيتاننىڭ ئادەم ئەۋلاتلىرىنى ۋەسۋەسە قىلىشىنى تەقەززا قىلدى. شەكسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ ۋە خاتىرىلەپ تۇرغۇچىدۇر. ھەربىر ئادەمگە شۇنىڭغا ئاساسەن مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

قُلِ ٱدۡعُواْ ٱلَّذِينَ زَعَمۡتُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ لَا يَمۡلِكُونَ مِثۡقَالَ ذَرَّةٖ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَلَا فِي ٱلۡأَرۡضِ وَمَا لَهُمۡ فِيهِمَا مِن شِرۡكٖ وَمَا لَهُۥ مِنۡهُم مِّن ظَهِيرٖ (٢٢)

22 - ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى تەرك ئېتىپ، ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ گۇمان قىلىپ چوقۇنغان بۇت، پەرىشتە ۋە ئىنسان قاتارلىق مەبۇدلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار، قېنى ھاجەتلىرىڭلارنى ئۇلاردىن تىلەپ بېقىڭلار. شەكسىزكى، ئۇلار سىلەرنىڭ تەلىپىڭلارنى ھەرگىزمۇ ئورۇنداپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاسمانلاردا ياكى زېمىندا زەررە چاغلىق نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئاسمان - زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا ھېچبىر شېرىكچىلىكى يوق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئاللاھنىڭ يارىتىش ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىغان ھېچبىر ياردەمچىمۇ يوقتۇر. چۈنكى ئاللاھ يەككە - يېگانە ياراتقۇچى بولۇپ، ئۇ يالغۇز ئىبادەت قىلىنىشقا لايىقتۇر، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق ئەمەستۇر.

وَلَا تَنفَعُ ٱلشَّفَٰعَةُ عِندَهُۥٓ إِلَّا لِمَنۡ أَذِنَ لَهُۥۚ حَتَّىٰٓ إِذَا فُزِّعَ عَن قُلُوبِهِمۡ قَالُواْ مَاذَا قَالَ رَبُّكُمۡۖ قَالُواْ ٱلۡحَقَّۖ وَهُوَ ٱلۡعَلِيُّ ٱلۡكَبِيرُ (٢٣)

23 - ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئاللاھ ئۆزى رۇخسەت بەرگەن ئادەمدىن باشقا ھېچكىمنىڭ شاپائىتى پايدا بەرمەيدۇ. ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىدىن بىرى شۇكى، ئاللاھ سۆز قىلسا، بۇ سۆزنى ئاسمانلاردىكى پەرىشتىلەر ئېنىق ئاڭلايدۇ ۋە ئۇلار ئاللاھنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ تىترەپ كېتىدۇ، ھەتتا ھوشسىزلىنىش دەرىجىسىگە يېتىپ قالىدۇ، دىللىرىدىن قورقۇنچلىرى كۆتۈرۈلگەن چاغدا، ئۇلار بىر - بىرىگە: «رەببىڭلار نېمە دېدى؟» دەيدۇ. ئۇلار: «ئاللاھ ھەقنى دېدى، ئۇ ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، ھەممىگە غالىبتۇر، ئالىي مەرتىۋىلىكتۇر ۋە ھەممىدىن كاتتىدۇر» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

۞ قُلۡ مَن يَرۡزُقُكُم مِّنَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ قُلِ ٱللَّهُۖ وَإِنَّآ أَوۡ إِيَّاكُمۡ لَعَلَىٰ هُدًى أَوۡ فِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٖ (٢٤)

24 - ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلاردىن: «سىلەرگە ئاسمانلاردىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىپ، زېمىندىن زىرائەتلەرنى ۋە مەدەنلەرنى چىقىرىپ بېرىپ رىزىق بېرىۋاتقان كىم؟» دەپ سورىغىن، ئۇلار چوقۇم «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەگەر ئۇلار شۇنداق جاۋاب بەرمىسە، ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «رىزىق بەرگۈچى ئاللاھتۇر. شەكسىزكى، بىز بىلەن

سىلەردىن ئىبارەت بۇ ئىككى پىرقىنىڭ بىرى يا چوقۇم ھىدايەت ئۈستىدە، ياكى ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتىدۇر».

قُل لَّا تُسۡـَٔلُونَ عَمَّآ أَجۡرَمۡنَا وَلَا نُسۡـَٔلُ عَمَّا تَعۡمَلُونَ ﴿٢٥﴾

25 - ئېيتقىنكى، «بىزنىڭ قىلغان گۇناھىمىز ئۈچۈن سىلەر سوراققا تارتىلمايسىلەر، سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلار ئۈچۈن بىزمۇ سوراققا تارتىلمايمىز. چۈنكى بىز سىلەردىن ۋە سىلەرنىڭ كاپىرلىقىڭلاردىن ئەلۋەتتە بېراقمىز».

قُلۡ يَجۡمَعُ بَيۡنَنَا رَبُّنَا ثُمَّ يَفۡتَحُ بَيۡنَنَا بِٱلۡحَقِّ وَهُوَ ٱلۡفَتَّاحُ ٱلۡعَلِيمُ ﴿٢٦﴾

26 - ئېيتقىنكى، «رەببىمىز بىزنى قىيامەت كۈنى بىر ئارىغا توپلايدۇ، ئاندىن ئارىمىزدا ھەق ۋە ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئەڭ ئادالەتلىك ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر، ئۇ قانداق ھۆكۈم قىلىشنى ۋە بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ناھايىتى ياخشى بىلگۈچىدۇر، ئۇنىڭغا ھېچبىر ئىش مەخپىي ئەمەستۇر».

قُلۡ أَرُونِيَ ٱلَّذِينَ أَلۡحَقۡتُم بِهِۦ شُرَكَآءَۖ كَلَّاۚ بَلۡ هُوَ ٱللَّهُ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٢٧﴾

27 - ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ، ئىبادەتتە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكىڭلارنىڭ دەلىلىنى ماڭا بىر كۆرسىتىپ بېقىڭلارچۇ! ئۇلار بىر نەرسىنى يارىتىپتىمۇ؟ ئىش ئۇلار ئېيتقاندەك ئەمەس، بەلكى ئاللاھ يېگانە مەبۇد بولۇپ، ئىبادەت ئاللاھقىلا قىلىنىدۇ، ئاللاھ مەخلۇقاتنى ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرگەن مۇشرىكلارنى جازالاشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر، ئاللاھ بارلىق ئىش - ھەرىكەتلىرىدە، سۆزلىرىدە، بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر».

وَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ إِلَّا كَآفَّةٗ لِّلنَّاسِ بَشِيرٗا وَنَذِيرٗا وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٢٨﴾

28 - ئى پەيغەمبەر! بىز سېنى پۈتكۈل ئىنسانلارغا پەقەت ئاللاھنىڭ مۇكاپاتى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپلا ئەۋەتتۇق. ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇ ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ.

وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَٰذَا ٱلۡوَعۡدُ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٢٩﴾

29 - ئاشۇ مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلىپ: «ئەگەر سىلەر گېپىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ھەممىمىزنى بىر يەرگە توپلايدۇ، ئاندىن ئارىمىزدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ، دېگەن ۋەدەڭلار قاچان ئەمەلگە ئاشىدۇ؟» دەيدۇ .

قُل لَّكُم مِّيعَادُ يَوۡمٖ لَّا تَسۡتَـٔۡخِرُونَ عَنۡهُ سَاعَةٗ وَلَا تَسۡتَقۡدِمُونَ ﴿٣٠﴾

30 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان بىر كۈن باركى، ئۇ شەكسىز كېلىدۇ، ئۇ قىيامەت كۈنىدۇر. سىلەر تەۋبە قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن بىردەممۇ كېچىكىپ قالالمايسىلەر ۋە ئازابتىن بىردەممۇ ئىلگىرى كېتەلمەيسىلەر. شۇڭا بۇ كۈندىن قورقۇڭلار ۋە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلىڭلار».

وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَن نُّؤۡمِنَ بِهَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانِ وَلَا بِٱلَّذِي بَيۡنَ يَدَيۡهِۗ وَلَوۡ تَرَىٰٓ إِذِ ٱلظَّٰلِمُونَ مَوۡقُوفُونَ عِندَ رَبِّهِمۡ يَرۡجِعُ بَعۡضُهُمۡ إِلَىٰ بَعۡضٍ ٱلۡقَوۡلَ يَقُولُ ٱلَّذِينَ ٱسۡتُضۡعِفُواْ لِلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُواْ لَوۡلَآ أَنتُمۡ لَكُنَّا مُؤۡمِنِينَ ﴿٣١﴾

31 ـ كاپىرلار: «بۇ قۇرئاننىمۇ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى تەۋرات، ئىنجىل ۋە زەبۇر قاتارلىق
كىتابلارنىمۇ قەتئىي ئىشەنمەيمىز» دەيدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىنى
ئىنكار قىلدى. ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇ زالىملارنىڭ رەببىگىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭغا ھېساب
بېرىش ئۈچۈن توختىتىپ قويۇلغان چاغدىكى، بىر ـ بىرى بىلەن جېدەللىشىۋاتقان
ھالىنى بىر كۆرسەڭ، ئەلۋەتتە ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بىر ھالەتنى كۆرگەن بولاتتىڭ.
بوزەك قىلىنغانلار ئۆزلىرىنى ئەگەشتۈرگەن مۇتەكەببىر يولباشچىلارغا: «ئەگەر سىلەر
بىزنى ھىدايەتتىن ئازدۇرمىغان بولساڭلار، بىز چوقۇم ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە
ئىمان ئېيتاتتۇق» دەپ مالامەت قىلىشىدۇ.

قَالَ ٱلَّذِينَ ٱسْتَكْبَرُوا۟ لِلَّذِينَ ٱسْتُضْعِفُوٓا۟ أَنَحْنُ صَدَدْنَٰكُمْ عَنِ ٱلْهُدَىٰ بَعْدَ إِذْ جَآءَكُم ۖ بَلْ كُنتُم مُّجْرِمِينَ ﴿٣٢﴾

32 ـ يولباشچىلار بوزەك قىلىنغانلارغا: «سىلەرگە ھىدايەت كەلگەندىن كېيىن بىز سىلەرنى
ئۇنىڭدىن توستۇقمۇ؟ ئەكسىچە، سىلەر گۇناھكار ئادەملەر ئىدىڭلار، چۈنكى سىلەر
كاپىرلىقنى ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن تاللىدىڭلار» دەيدۇ.

وَقَالَ ٱلَّذِينَ ٱسْتُضْعِفُوا۟ لِلَّذِينَ ٱسْتَكْبَرُوا۟ بَلْ مَكْرُ ٱلَّيْلِ وَٱلنَّهَارِ إِذْ تَأْمُرُونَنَآ أَن نَّكْفُرَ بِٱللَّهِ وَنَجْعَلَ لَهُۥٓ أَندَادًا ۚ وَأَسَرُّوا۟ ٱلنَّدَامَةَ لَمَّا رَأَوُا۟ ٱلْعَذَابَ ۚ وَجَعَلْنَا ٱلْأَغْلَٰلَ فِىٓ أَعْنَاقِ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ۚ هَلْ يُجْزَوْنَ إِلَّا مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٣٣﴾

33 ـ بوزەك قىلىنغانلار ئازغۇن يولباشچىلىرىغا: «ياق! سىلەرنىڭ بىزگە قارشى كېچە
ـ كۈندۈز قىلغان ھىيلە ـ مىكىرىڭلار بىزنى بۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. چۈنكى
سىلەر ھەمىشە بىزدىن ئاللاھنى ئىنكار قىلىشىمىزنى ۋە ئىبادەتتە ئۇنىڭغا شېرىك
كەلتۈرۈشىمىزنى تەلەپ قىلاتتىڭلار» دەيدۇ. ھەر ئىككى پىرقە ئۆزلىرىگە تەييارلانغان
ئازابنى كۆرگەن چاغدا، پۇشايمانلىرىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىدۇ. كاپىرلارنىڭ بويۇنلىرىغا
تاقاقلارنى سالىمىز، ئۇلارنىڭ بۇنداق قاتتىق جازالىنىشى پەقەتلا دۇنيادىكى چاغلىرىدا
ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە قىلغان يامان ئەمەللىرى سەۋەبىدىندۇر. (بۇ ئايەتتە
ئازغۇنلارغا ئەگەشكەنلىكنىڭ خەتىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇلغان).

وَمَآ أَرْسَلْنَا فِى قَرْيَةٍ مِّن نَّذِيرٍ إِلَّا قَالَ مُتْرَفُوهَآ إِنَّا بِمَآ أُرْسِلْتُم بِهِۦ كَٰفِرُونَ ﴿٣٤﴾

34 ـ قانداقلا بىر شەھەرگە كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىپ،
ئىبادەتنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتسەكلا،
ئۇ شەھەرنىڭ راھەت ـ پاراغەت ۋە ئەيش ـ ئىشرەتكە چۆكۈپ كەتكەن دۆلەتمەن
ئادەملىرى: «ئى پەيغەمبەرلەر! بىز سىلەر دەۋەت قىلغان دىننى قەتئىي ئىنكار قىلىمىز»
دېدى.

وَقَالُوا۟ نَحْنُ أَكْثَرُ أَمْوَٰلًا وَأَوْلَٰدًا وَمَا نَحْنُ بِمُعَذَّبِينَ ﴿٣٥﴾

35 ـ ئۇلار يەنە: «سىلەرگە قارىغاندا بىزنىڭ پۇل ـ مېلىمىز ۋە باللىرىمىز كۆپ، ئاللاھ
بىزگە بۇ نېمەتلەرنى بىزدىن رازى بولغانلىقى ئۈچۈنلا بەرگەن. (شۇڭا) بىز يا دۇنيادا
ياكى ئاخىرەتتە ئازابقا ئۇچرىمايمىز» دېيىشتى.

قُلْ إِنَّ رَبِّى يَبْسُطُ ٱلرِّزْقَ لِمَن يَشَآءُ وَيَقْدِرُ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٣٦﴾

36 ـ ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «شەكسىزكى، رەببىم بۇ دۇنيادا خالىغان بەندىسىنىڭ

رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ بۇنداق قىلىشى ئۇلارنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن ياكى غەزەپلەنگەنلىكتىن ئەمەس. لېكىن ئاللاھ بەندىلىرىنى سىناش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ تولىسى بۇنىڭ سىناق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ ۋە بۇ توغرىدا ئويلاپمۇ قويمايدۇ».

وَمَآ أَمْوَٰلُكُمْ وَلَآ أَوْلَٰدُكُم بِٱلَّتِى تُقَرِّبُكُمْ عِندَنَا زُلْفَىٰٓ إِلَّا مَنْ ءَامَنَ وَعَمِلَ صَٰلِحًا فَأُو۟لَٰٓئِكَ لَهُمْ جَزَآءُ ٱلضِّعْفِ بِمَا عَمِلُوا۟ وَهُمْ فِى ٱلْغُرُفَٰتِ ءَامِنُونَ ﴿٣٧﴾

37 - سىلەرنى بىزگە يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋە مەرتىۋەڭلارنى كۆتۈرىدىغان نەرسە سىلەرنىڭ پۇل - مېلىڭلار ياكى بالىلىرىڭلار ئەمەس، لېكىن ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن ھەسسىلەپ مۇكاپات بېرىلىدۇ، بىر ياخشى ئەمەلگە ئون ھەسسە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ساۋاب بېرىلىدۇ، ئۇلار جەننەتنىڭ ئېسىل سارايلىرىدا ئازابتىن، ئۆلۈمدىن ۋە ھەرقانداق بىر كۆڭۈلسىزلىكتىن خاتىرجەم ھالدا تۇرىدۇ.

وَٱلَّذِينَ يَسْعَوْنَ فِىٓ ءَايَٰتِنَا مُعَٰجِزِينَ أُو۟لَٰٓئِكَ فِى ٱلْعَذَابِ مُحْضَرُونَ ﴿٣٨﴾

38 - بىزنىڭ دەلىل - پاكىتلىرىمىزنى بىكار قىلىش ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە ئۇرۇنغان ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىپ كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىدىن توسىدىغانلارغا كەلسەك، ئۇلار دوزاخقا كىرىدۇ، ئۇلارنى دوزاخقا قاتتىق قول پەرىشتىلەر ھازىر قىلىدۇ، ئۇلار دوزاختىن قەتئىي چىقالمايدۇ.

قُلْ إِنَّ رَبِّى يَبْسُطُ ٱلرِّزْقَ لِمَن يَشَآءُ مِنْ عِبَادِهِۦ وَيَقْدِرُ لَهُۥ ۚ وَمَآ أَنفَقْتُم مِّن شَىْءٍ فَهُوَ يُخْلِفُهُۥ ۖ وَهُوَ خَيْرُ ٱلرَّٰزِقِينَ ﴿٣٩﴾

39 - ئى پەيغەمبەر! پۇل - مېلى بىلەن ۋە پەرزەنتلىرى بىلەن ئالدانغان ئاشۇ كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، «شۈبھىسىزكى، رەببىم بەندىلىرى ئىچىدىن خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ، رەببىم بۇنى ئۆزىلا بىلىدىغان ھېكمەتكە ئاساسەن قىلىدۇ. سىلەر ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ نېمىنى سەرپ قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنىڭ ئورنىنى دۇنيادا پۇل - مال بىلەن، ئاخىرەتتە مۇكاپات بىلەن تولدۇرۇپ بېرىدۇ، ئاللاھ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. شۇڭا سىلەر رىزىقنى ئاللاھتىنلا تەلەپ قىلىڭلار ۋە ئاللاھ بۇيرۇغان سەۋەبلەرنى قىلىپ رىزىق يولىدا ئىشلەڭلار».

وَيَوْمَ يَحْشُرُهُمْ جَمِيعًا ثُمَّ يَقُولُ لِلْمَلَٰٓئِكَةِ أَهَٰٓؤُلَآءِ إِيَّاكُمْ كَانُوا۟ يَعْبُدُونَ ﴿٤٠﴾

40 - ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئاللاھ مۇشرىكلارنى، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ مەبۇد قىلىۋالغان پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسىنى توپلايدۇ، ئاندىن مۇشرىكلارغا كايىغان ھالدا پەرىشتىلەرگە: «ئاشۇلار بىزنى قويۇپ سىلەرگە چوقۇنغانمىدى؟» دەيدۇ.

قَالُوا۟ سُبْحَٰنَكَ أَنتَ وَلِيُّنَا مِن دُونِهِم ۖ بَلْ كَانُوا۟ يَعْبُدُونَ ٱلْجِنَّ ۖ أَكْثَرُهُم بِهِم مُّؤْمِنُونَ ﴿٤١﴾

41 - پەرىشتىلەر: «ئى ئاللاھ! بىز سېنى ئىبادەت قىلىنىشتا شېرىكىڭ بولۇشتىن ئەلۋەتتە پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز، سەن بىزنىڭ ئىگىمىز، بىز ساڭا ئىتائەت قىلىمىز ۋە ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز. بەلكى ئۇ مۇشرىكلار شەيتانلارغا چوقۇناتتى، ئۇلارنىڭ تولىسى شەيتانلارغا ئىشىنەتتى ۋە ئىتائەت قىلاتتى» دەيدۇ.

فَٱلْيَوْمَ لَا يَمْلِكُ بَعْضُكُمْ لِبَعْضٍ نَّفْعًا وَلَا ضَرًّا وَنَقُولُ لِلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ ذُوقُوا۟ عَذَابَ ٱلنَّارِ ٱلَّتِى

كُنتُم بِهَا تُكَذِّبُونَ ﴿٤٢﴾

42 - ئىنسانلار ھېساب مەيدانىغا توپلانغان كۈندە، مەبۇدلار ئۆزلىرىگە چوقۇنغان مۇشرىكلارغا
قىلچە پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، زىيانمۇ سالالمايدۇ. مەخلۇقاتنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش
ۋە گۇناھ سادىر قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان مۇشرىكلارغا: «سىلەر
ئىنكار قىلىپ كېلىۋاتقان دوزاخ ئازابىنى تېتىڭلار» دەيمىز.

وَإِذَا تُتۡلَىٰ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتُنَا بَيِّنَٰتٖ قَالُواْ مَا هَٰذَآ إِلَّا رَجُلٞ يُرِيدُ أَن يَصُدَّكُمۡ عَمَّا كَانَ يَعۡبُدُ ءَابَآؤُكُمۡ
وَقَالُواْ مَا هَٰذَآ إِلَّآ إِفۡكٞ مُّفۡتَرٗىۚ وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لِلۡحَقِّ لَمَّا جَآءَهُمۡ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّا سِحۡرٞ مُّبِينٞ ﴿٤٣﴾

43 - مەككىلىك كاپىرلارغا ئاللاھنىڭ روشەن ئايەتلىرى ئوقۇپ بېرىلگەندە، ئۇلار: «مۇھەممەد
پەقەتلا سىلەرنى ئاتا - بوۋىلىرىڭلار چوقۇنغان نەرسىلەرگە چوقۇنۇشتىن توسماقچى
بولغان ئادەمدۇر» دېدى، ئۇلار يەنە: «ئى مۇھەممەد! سەن بىزگە ئوقۇپ بېرىۋاتقان
بۇ قۇرئان ئاللاھتىن كەلگەن ئەمەس، بەلكى ئۆزۈڭ توقۇپ چىققان يالغان سۆزدىن
باشقا نەرسە ئەمەس» دېدى. بۇ كاپىرلار ئۆزلىرىگە يېتىپ كەلگەن قۇرئان توغرۇلۇق:
«بۇ پەقەت ئوپئوچۇق بىر سېھىردۇر» دېدى.

وَمَآ ءَاتَيۡنَٰهُم مِّن كُتُبٖ يَدۡرُسُونَهَاۖ وَمَآ أَرۡسَلۡنَآ إِلَيۡهِمۡ قَبۡلَكَ مِن نَّذِيرٖ ﴿٤٤﴾

44 - بىز ئۇ كاپىرلارغا مۇشۇ قۇرئاندىن ئىلگىرى ئۇلار ئوقۇيدىغان ھېچقانداق كىتاب
نازىل قىلمىدۇق، ئى پەيغەمبەر! سەندىن ئىلگىرى ئۇلارغا بىزنىڭ ئازابىمىزدىن
ئاگاھلاندۇرىدىغان ھېچقانداق پەيغەمبەرمۇ ئەۋەتمىگەن ئىدۇق. ئۇلار نېمىگە ئاساسلىنىپ
بۇ قۇرئاننى سېھىر دەيدۇ؟

وَكَذَّبَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡ وَمَا بَلَغُواْ مِعۡشَارَ مَآ ءَاتَيۡنَٰهُمۡ فَكَذَّبُواْ رُسُلِيۖ فَكَيۡفَ كَانَ نَكِيرِ ﴿٤٥﴾

45 - بۇ كاپىرلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئاد، سەمۇد قەۋملىرىمۇ بىزنىڭ پەيغەمبەرلىرىمىزنى
ئىنكار قىلغان. مەككىلىكلەر ئىلگىرىكىلەر ئېرىشكەن كۈچ - قۇۋۋەت، بايلىق ۋە ئۇزۇن
ئۆمۈر قاتارلىق نېمەتلەرنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ ئېرىشكىنى يوق. ئىلگىرىكىلەر مېنىڭ
پەيغەمبەرلىرىمنى ئىنكار قىلىۋىدى، ئۇلارنى ھالاك قىلىۋەتتۇق. ئى پەيغەمبەر! مېنىڭ
ئۇلارنى قانداق جازالىغانلىقىمغا قارىغىن.

۞ قُلۡ إِنَّمَآ أَعِظُكُم بِوَٰحِدَةٍۖ أَن تَقُومُواْ لِلَّهِ مَثۡنَىٰ وَفُرَٰدَىٰ ثُمَّ تَتَفَكَّرُواْۚ مَا بِصَاحِبِكُم مِّن جِنَّةٍۚ
إِنۡ هُوَ إِلَّا نَذِيرٞ لَّكُم بَيۡنَ يَدَيۡ عَذَابٖ شَدِيدٖ ﴿٤٦﴾

46 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ ئىنكارچى كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە بىر خىسلەتنى
تەۋسىيە قىلىمەن: سىلەر ئاللاھ ئۈچۈن ئىككى - ئىككىدىن، ياكى بىر - بىردىن
تۇرۇڭلار، ئاندىن ھەمراھىڭلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا قىلىنغان تۆھمەتلەر
ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈڭلار». ئۇنىڭدا ھېچقانداق مەجنۇنلۇق يوقتۇر، ئۇ پەقەت سىلەر
قاتتىق ئازابقا قېلىشتىن ئىلگىرى سىلەرنى دوزاخنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن
ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەردۇر.

قُلۡ مَا سَأَلۡتُكُم مِّنۡ أَجۡرٖ فَهُوَ لَكُمۡۖ إِنۡ أَجۡرِيَ إِلَّا عَلَى ٱللَّهِۖ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ شَهِيدٞ ﴿٤٧﴾

47 - ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، «مەن دىنغا دەۋەت قىلغانلىقىمغا سىلەردىن
ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلغىنىم يوق، مەن ئەجرىمنى پەقەت ئاللاھتىن تىلەيمەن،
ئاللاھ مېنىڭ ئەمەلىمنى ۋە سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇنىڭغا

ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر، ئۇ ھەركىمنىڭ ئەمەلگە تېگىشلىك مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى بېرىدۇ».

قُلْ إِنَّ رَبِّي يَقْذِفُ بِالْحَقِّ عَلَّامُ الْغُيُوبِ ﴿٤٨﴾

48 - ئى پەيغەمبەر! ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە ئىسلام دىنىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، «شەكسىزكى، رەببىم باتىلنى ھەقىقەتنىڭ دەلىل - پاكىتلىرى بىلەن ئېتىپ تاشلايدۇ، ئۇنى رەسۋا قىلىدۇ ۋە يوق قىلىۋېتىدۇ. ئاللاھ غەيبلەرنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، ئاسمان - زېمىندا ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭغا مەخپىي ئەمەستۇر».

قُلْ جَاءَ الْحَقُّ وَمَا يُبْدِئُ الْبَاطِلُ وَمَا يُعِيدُ ﴿٤٩﴾

49 - ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، «ئاللاھتىن ھەقىقەت كەلدى، ئۇلۇغ شەرىئەت كەلدى، باتىل يوقالدى، ئۇنىڭ قەلبلەرگە بولغان ھاكىمىيىتى تۈگەشتى. ئەمدى باتىل ھېچقانداق نەرسىنى پەيدا قىلالمايدۇ ۋە قايتۇرۇپمۇ ئەكىلەلمەيدۇ».

قُلْ إِن ضَلَلْتُ فَإِنَّمَا أَضِلُّ عَلَىٰ نَفْسِي ۖ وَإِنِ اهْتَدَيْتُ فَبِمَا يُوحِي إِلَيَّ رَبِّي ۚ إِنَّهُ سَمِيعٌ قَرِيبٌ ﴿٥٠﴾

50 - ئېيتقىنكى، «ئەگەر مەن ھەقىقەتتىن ئېزىپ كەتسەم ئازغانلىقىمنىڭ زىيىنى ئۆزۈمگىدۇر، ئەگەر مەن ھەقىقەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرسام، بۇ رەببىم ماڭا ۋەھيى قىلغان قۇرئاننىڭ سەۋەبىدىندۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ مېنىڭ سىلەرگە ئېيتقانلىرىمنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، دۇئا قىلىپ ھاجەتلىرىنى تىلىگەن بەندىسىگە يېقىندۇر».

وَلَوْ تَرَىٰ إِذْ فَزِعُوا فَلَا فَوْتَ وَأُخِذُوا مِن مَّكَانٍ قَرِيبٍ ﴿٥١﴾

51 - ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇ كاپىرلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئازابىنى كۆرۈپ قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكىنى، قاچىدىغان يەر تاپالمايۋاتقان، (ھېساب مەيدانىغا) يېقىن جايدا دوزاخقا ھەيدىلىۋاتقان چاغدىكى ھالىنى بىر كۆرسەڭ، ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ئەھۋالنى كۆرگەن بولاتتىڭ.

وَقَالُوا آمَنَّا بِهِ وَأَنَّىٰ لَهُمُ التَّنَاوُشُ مِن مَّكَانٍ بَعِيدٍ ﴿٥٢﴾

52 - كاپىرلار قىيامەت كۈنى ئازابىنى كۆرگەن ۋاقتىدا: «بىز ئاللاھقا، ئۇنىڭ كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ. ئەمما ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ ئىمانىغا ئېرىششى بۇنچە يىراق مۇساپىدىن قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن! چۈنكى ئىماننىڭ ۋاقتى دۇنيادا بولۇپ، ئىمان بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسى ئاللىقاچان توسۇلغان بولىدۇ. (يەنى ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا ئىمان ئېيتماي كاپىرلىقتا چىڭ تۇرغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە ئىمان ئېيتتۇق دېگەنلىكىنىڭ قىلچە پايدىسى بولمايدۇ).

وَقَدْ كَفَرُوا بِهِ مِن قَبْلُ ۖ وَيَقْذِفُونَ بِالْغَيْبِ مِن مَّكَانٍ بَعِيدٍ ﴿٥٣﴾

53 - ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان، پەيغەمبەرلەرنى يالغانچى دېگەن، ھەقىقەتتىن تامامەن يىراق ھالدا گۇمان بىلەن ئىش قىلغان ئىدى. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ گۇمانىنى كۈچكە ئىگە قىلىدىغان ھېچقانداق پاكىت يوق، خۇددى ناھايىتى يىراق جايدىن ئوق ئاتقان ئادەم ئوقنى تەككۈزەلمىگەندەك، ھەقىقەتتىن يىراقتا تۇرۇپ ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن يېتىشكە ھېچبىر يول يوقتۇر.

وَحِيلَ بَيْنَهُمْ وَبَيْنَ مَا يَشْتَهُونَ كَمَا فُعِلَ بِأَشْيَاعِهِم مِّن قَبْلُ ۚ إِنَّهُمْ كَانُوا فِي شَكٍّ مُّرِيبٍ ﴿٥٤﴾

54 ـ كاپىرلار بىلەن ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىش ۋە دۇنياغا قايتىپ مۇسۇلمان بولۇپ كېلىش ئىستىكى ئوتتۇرىسىغا، خۇددى ئىلگىرىكى كاپىر قەۋملەرگە قىلىنغانغا ئوخشاش توسالغۇ پەيدا قىلىندى. چۈنكى ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا پەيغەمبەرلەرنىڭ، ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنىڭ ۋە ئەمەللەردىن ھېساب بېرىشنىڭ راستلىقىدىن چوڭقۇر شەكتە ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئىمان ئېيتمىغان.

# فاتىر سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن(باشلايمەن).

ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ فَاطِرِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ جَاعِلِ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ رُسُلًا أُوْلِيٓ أَجۡنِحَةٖ مَّثۡنَىٰ وَثُلَٰثَ وَرُبَٰعَۚ يَزِيدُ فِي ٱلۡخَلۡقِ مَا يَشَآءُۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿١﴾

1 - ۋايىغا يەتكەن مەدھىيە ۋە ماختاشلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقان، پەرىشتىلەرنى ئۆزى خالىغان بەندىلىرىگە خالىغان ئەمر - پەرمانلارنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدىغان ئاللاھقا خاستۇر! ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىدىن بىرى، پەرىشتىلەرنى ئىككى قاناتلىق، ئۈچ قاناتلىق، تۆت قاناتلىق قىلىپ ياراتقانلىقىدۇر، ئاللاھ يارىتىشىدا خالىغىنىنى زىيادە قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئىش قىيىن ئەمەستۇر.

مَّا يَفۡتَحِ ٱللَّهُ لِلنَّاسِ مِن رَّحۡمَةٖ فَلَا مُمۡسِكَ لَهَاۖ وَمَا يُمۡسِكۡ فَلَا مُرۡسِلَ لَهُۥ مِنۢ بَعۡدِهِۦۚ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٢﴾

2 - ئاللاھ ئىنسانلارغا رىزىق، يامغۇر، تەن ساقلىقى ۋە ئىلىم قاتارلىق نېمەتلەردىن قانداقلا بىر نېمەتنى ئاتا قىلسا، بۇ رەھمەتنى ھېچكىم توسۇۋالالمايدۇ، ئاللاھ رەھمىتىدىن نېمىنى توسۇپ قالسا، ھېچكىم ئاللاھ توسۇپ قالغان بۇ نېمەتنى ئالالمايدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر ھەر نەرسىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر، نېمەت ئاتا قىلىش ۋە ئۇنى توسۇپ قېلىشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱذۡكُرُواْ نِعۡمَتَ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡۚ هَلۡ مِنۡ خَٰلِقٍ غَيۡرُ ٱللَّهِ يَرۡزُقُكُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِۚ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۖ فَأَنَّىٰ تُؤۡفَكُونَ ﴿٣﴾

3 - ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىگە تىلىڭلار، دىلىڭلار ۋە بارلىق ئىش - ھەرىكىتىڭلار بىلەن شۈكۈر قىلىڭلار، ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىپ، زېمىندىن سۇ، مەدەن قاتارلىقلارنى چىقىرىپ رىزىق ئاتا قىلىدىغان ياراتقۇچى يوقتۇر. ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچبىر شېرىكى يوقتۇر. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، سىلەر قانداقلارچە ئۇنىڭ بىرلىكىگە ئىمان ئېيتىشتىن ۋە ئىبادەت قىلىشتىن بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟

وَإِن يُكَذِّبُوكَ فَقَدۡ كُذِّبَتۡ رُسُلٞ مِّن قَبۡلِكَۚ وَإِلَى ٱللَّهِ تُرۡجَعُ ٱلۡأُمُورُ ﴿٤﴾

4 - ئى پەيغەمبەر! ئەگەر قەۋمىڭ سېنى ئىنكار قىلسا، ئۇنتۇمىغىنكى، سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىنغان ئىدى. ئاخىرەتتە ھەممە ئىش ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ، ئاللاھ ھەممە كىشىگە ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان مۇكاپات ياكى جازانى بېرىدۇ. (بۇ

ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىلگەن).

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنَّ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٞۖ فَلَا تَغُرَّنَّكُمُ ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَا وَلَا يَغُرَّنَّكُم بِٱللَّهِ ٱلۡغَرُورُ ﴿٥﴾ إِنَّ
ٱلشَّيۡطَٰنَ لَكُمۡ عَدُوّٞ فَٱتَّخِذُوهُ عَدُوًّاۚ إِنَّمَا يَدۡعُواْ حِزۡبَهُۥ لِيَكُونُواْ مِنۡ أَصۡحَٰبِ ٱلسَّعِيرِ ﴿٦﴾

5 - 6 - ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ ئاخىرەت، جەننەت، دوزاخ ھەققىدىكى ۋەدىسى ئەلۋەتتە ھەقتۇر، دۇنيا ھاياتى سىلەرنى شەھۋەتلىرى ۋە ئىستەكلىرى بىلەن ھەرگىز ئالداپ قويمىسۇن، ئالدامچى شەيتان سىلەرنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئالداپ كەتمىسۇن. چۈنكى شەيتان ئادەم بالىسىغا دۈشمەندۇر، سىلەرمۇ ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماڭلار. شەكسىزكى، شەيتان ئۆز تەۋەلىرىنى يالقۇنجاپ تۇرغان دوزاخنىڭ ئەھلىدىن بولسۇن دەپ، ئازغۇنلۇققا دەۋەت قىلىدۇ.

ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَهُمۡ عَذَابٞ شَدِيدٞۖ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَهُم مَّغۡفِرَةٞ وَأَجۡرٞ
كَبِيرٌ ﴿٧﴾

7 - ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئېلىپ كەلگەن دىنىنى ئىنكار قىلغانلارغا ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بار. ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ ۋە ئۇلار جەننەتتىن ئىبارەت كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ.

أَفَمَن زُيِّنَ لَهُۥ سُوٓءُ عَمَلِهِۦ فَرَءَاهُ حَسَنٗاۖ فَإِنَّ ٱللَّهَ يُضِلُّ مَن يَشَآءُ وَيَهۡدِي مَن يَشَآءُۖ فَلَا
تَذۡهَبۡ نَفۡسُكَ عَلَيۡهِمۡ حَسَرَٰتٍۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمُۢ بِمَا يَصۡنَعُونَ ﴿٨﴾

8 - شەيتان ئاللاھنى ئىنكار قىلىش، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىش ۋە بۇتلارغا چوقۇنۇش قاتارلىق يامان ئەمەلىنى چىرايلىق كۆرسەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى چىرايلىق ھېسابلىغان ئادەم، ئاللاھ ھىدايەت قىلغان، ياخشىلىقنى ياخشىلىق، يامانلىقنى يامانلىق دەپ بىلگەن ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟ شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىنى ئازدۇرىدۇ، خالىغان كىشىگە ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) شۇڭا، سەن ئۇ ئازغۇنلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىغا قايغۇرۇپ ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋەتمىگىن، چۈنكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ بارچە قەبىھ قىلمىشلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ، شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلارغا ئەڭ ئېغىر جازانى بېرىدۇ.

وَٱللَّهُ ٱلَّذِيٓ أَرۡسَلَ ٱلرِّيَٰحَ فَتُثِيرُ سَحَابٗا فَسُقۡنَٰهُ إِلَىٰ بَلَدٖ مَّيِّتٖ فَأَحۡيَيۡنَا بِهِ ٱلۡأَرۡضَ بَعۡدَ مَوۡتِهَاۚ
كَذَٰلِكَ ٱلنُّشُورُ ﴿٩﴾

9 - ئاللاھ شاماللارنى ئەۋەتىپ، بۇلۇتنى قوزغايدىغان زاتتۇر. ئاللاھ بۇلۇتنى سۇسىزلىقتىن ئۆلگەن قاقاس زېمىنغا قوزغاپ يامغۇر ياغدۇرىدۇ، ئاندىن شۇ يامغۇر بىلەن قاقاس زېمىننى تىرىلدۈرىدۇ. نەتىجىدە، ئاشۇ قاقاس زېمىن زىرائەت بىلەن يېشىللىققا ئايلىنىدۇ. ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۆلۈكلەرنى ئەنە شۇنداق تىرىلدۈرىدۇ.

مَن كَانَ يُرِيدُ ٱلۡعِزَّةَ فَلِلَّهِ ٱلۡعِزَّةُ جَمِيعًاۚ إِلَيۡهِ يَصۡعَدُ ٱلۡكَلِمُ ٱلطَّيِّبُ وَٱلۡعَمَلُ ٱلصَّٰلِحُ يَرۡفَعُهُۥۚ
وَٱلَّذِينَ يَمۡكُرُونَ ٱلسَّيِّـَٔاتِ لَهُمۡ عَذَابٞ شَدِيدٞۖ وَمَكۡرُ أُوْلَٰٓئِكَ هُوَ يَبُورُ ﴿١٠﴾

10 - كىمكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە شان - شەۋكەت ۋە كۈچ - قۇدرەت ئىزدەيدىكەن، ئۇنى

ئاللاھتىن تىلىسۇن. ئۇنىڭغا پەقەت ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەن ئېرىشكىلى بولىدۇ.
شان - شەۋكەت بىلەن كۈچ - قۇدرەتكە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەن ئېرىشكىلى
بولىدۇ، چۈنكى بارچە كۈچ - قۇۋۋەت ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. كىمكى ئۇنى مەخلۇقاتتىن
ئىزدەيدىكەن، ئاللاھ ئۇنى خار قىلىدۇ، كىمكى ئۇنى ئاللاھتىن تىلەيدىكەن، ئاللاھ
ئۇنى ئەزىز قىلىدۇ. ياخشى سۆز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەل ئۇنى
كۆتۈرىدۇ. يامان ئىشلارنى قىلغانلارغا كەلسەك، ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار. ئۇلارنىڭ
ھىيلە - مىكىرلىرى بەربات بولىدۇ ۋە ئۇلارغا قىلچە پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ.

وَٱللَّهُ خَلَقَكُم مِّن تُرَابٍ ثُمَّ مِن نُّطْفَةٍ ثُمَّ جَعَلَكُمْ أَزْوَٰجًا ۚ وَمَا تَحْمِلُ مِنْ أُنثَىٰ وَلَا تَضَعُ إِلَّا
بِعِلْمِهِۦ ۚ وَمَا يُعَمَّرُ مِن مُّعَمَّرٍ وَلَا يُنقَصُ مِنْ عُمُرِهِۦٓ إِلَّا فِى كِتَٰبٍ ۚ إِنَّ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٌ ﴿١١﴾

11 - ئاللاھ ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقتىن، ئۇنىڭ نەسلىنى ئەرزىمەس سۇنىڭ
جەۋھەرىدىن (ئابمەنىيدىن) ياراتتى. ئاندىن سىلەرنى ئەر ۋە ئايالدىن ئىبارەت جۈپلەر
قىلدى، ھېچقانداق بىر چىشىنىڭ ھامىلىدار بولۇشى ۋە تۇغۇشى ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ
سىرتىدا ئەمەس، ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى ئاللاھنىڭ
دەرگاھىدىكى كىتاب — لەۋھۇلمەھپۇزدا ئالدىنئالا يېزىلىپ بولغان، ئاللاھ بۇلارنى
يارىتىشتىن بۇرۇن بىلىپ ۋە ھېسابلاپ چىققان بولۇپ، ئاللاھنىڭ يازغىنىدىن زىيادە
ياكى كەم بولمايدۇ. شەكسىزكى، سىلەرنى يارىتىش، بارلىق ئەھۋالىڭلارنى بىلىش ۋە
ئۇنى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىش ئاللاھقا ناھايىتى ئاساندۇر.

وَمَا يَسْتَوِى ٱلْبَحْرَانِ هَٰذَا عَذْبٌ فُرَاتٌ سَآئِغٌ شَرَابُهُۥ وَهَٰذَا مِلْحٌ أُجَاجٌ ۖ وَمِن كُلٍّ تَأْكُلُونَ لَحْمًا
طَرِيًّا وَتَسْتَخْرِجُونَ حِلْيَةً تَلْبَسُونَهَا ۖ وَتَرَى ٱلْفُلْكَ فِيهِ مَوَاخِرَ لِتَبْتَغُوا۟ مِن فَضْلِهِۦ وَلَعَلَّكُمْ
تَشْكُرُونَ ﴿١٢﴾

12 - ئىككى دېڭىز ئوخشاش ئەمەس. بىرىنىڭ سۈيى تاتلىق، تەملىك، گالدىن تېز
ئۆتىدىغان، ئۇسسۇلۇقنى قاندۇرىدىغان ۋە ئىچىشلىكتۇر، يەنە بىرىنىڭ سۈيى ناھايىتى
ئاچچىق ۋە تۇزلۇقتۇر. سىلەر ھەر ئىككى خىل دېڭىزدىن يېڭى - يېڭى بېلىق
گۆشلىرىنى چىقىرىپ يەيسىلەر، يەنە ئۇ دېڭىزلاردىن سىلەر تاقايدىغان ئۈنچە -
مارجان قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى چىقىرىسىلەر. سەن كېمىلەرنىڭ دېڭىزدا دولقۇن
يېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. بۇ سودا - سېتىق قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئاللاھنىڭ
پەزلىدىن رىزقىڭلارنى ئىزدىشىڭلار ۋە بۇ نېمەتنى ئاتا قىلغان ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشىڭلار
ئۈچۈندۇر. (بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە ۋە يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە دەلىل بار).

يُولِجُ ٱلَّيْلَ فِى ٱلنَّهَارِ وَيُولِجُ ٱلنَّهَارَ فِى ٱلَّيْلِ وَسَخَّرَ ٱلشَّمْسَ وَٱلْقَمَرَ كُلٌّ يَجْرِى لِأَجَلٍ مُّسَمًّى ۚ
ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمْ لَهُ ٱلْمُلْكُ ۚ وَٱلَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِهِۦ مَا يَمْلِكُونَ مِن قِطْمِيرٍ ﴿١٣﴾

13 - ئاللاھ كېچىنىڭ ۋاقتىدىن بىر قىسمىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن
كۈندۈزنىڭ ۋاقتى كېچىدىن قانچىلىك قىسقارغان بولسا شۇنچىلىك ئۇزىرايدۇ. ئاللاھ
كۈندۈزنىڭ ۋاقتىدىن بىر قىسمىنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كېچىنىڭ ۋاقتى
كۈندۈزدىن قانچىلىك قىسقارغان بولسا شۇنچىلىك ئۇزىرايدۇ. ئاللاھ كۈن بىلەن ئاينى
(بەندىلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە) بويسۇندۇرۇپ بەردى. ھەر ئىككىسى مۇئەييەن مۇددەتكىچە
ئۆز ئوربىتىسىدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ، بۇلارنى شۇنداق قىلغان زات سىلەرنىڭ رەببىڭلار
ئاللاھتۇر، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر. سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان

نەرسىلىرىڭلار قىلچىلىك نەرسىگە ئىگە ئەمەس.

إِن تَدۡعُوهُمۡ لَا يَسۡمَعُواْ دُعَآءَكُمۡ وَلَوۡ سَمِعُواْ مَا ٱسۡتَجَابُواْ لَكُمۡۖ وَيَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ يَكۡفُرُونَ بِشِرۡكِكُمۡۚ وَلَا يُنَبِّئُكَ مِثۡلُ خَبِيرٖ ﴿١٤﴾

14 - ئى ئىنسانلار! بۇ ساختا مەبۇدلارنى چاقىرساڭلار، ئۇلار سىلەرنىڭ چاقىرغىنىڭلارنى ئاڭلىمايدۇ، ئۇلارنى ئاڭلايدۇ دەپ پەرەز قىلغان تەقدىردىمۇ سىلەرگە جاۋاب قايتۇرالمايدۇ، قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ ئاللاھقا ئۇلارنى شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئىنكار قىلىدۇ. ئى پەيغەمبەر! ھېچكىم ساڭا ھەممىنى بىلىدىغان ۋە ھەممىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىغان ئاللاھقا ئوخشاش راستچىللىق بىلەن ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ.

۞ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ أَنتُمُ ٱلۡفُقَرَآءُ إِلَى ٱللَّهِۖ وَٱللَّهُ هُوَ ٱلۡغَنِيُّ ٱلۡحَمِيدُ ﴿١٥﴾

15 - ئى ئىنسانلار! سىلەر ھەممە ئىشتا ئاللاھقا موھتاجسىلەر، سىلەر ئۇنىڭدىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىكمۇ بىھاجەت بولالمايسىلەر. ئاللاھ ھەممە كىشىدىن ۋە ھەممە نەرسىدىن بىھاجەتتۇر، زاتىدا، ئىش - پائالىيەتلىرىدە ۋە ئىسىم - سۈپەتلىرىدە مەدھىيەگە لايىقتۇر.

إِن يَشَأۡ يُذۡهِبۡكُمۡ وَيَأۡتِ بِخَلۡقٖ جَدِيدٖ ﴿١٦﴾

16 - ئى ئىنسانلار! ئەگەر ئاللاھ خالىسا سىلەرنى ھالاك قىلىۋېتىپ، ئورنۇڭلارغا سىلەردىن بەكرەك ئىتائەتمەن، يالغۇز ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان يەنە بىر قەۋمنى پەيدا قىلىدۇ.

وَمَا ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ بِعَزِيزٖ ﴿١٧﴾

17 - سىلەرنى ھالاك قىلىش ۋە باشقا بىر قەۋمنى كەلتۈرۈش ئاللاھقا قىيىن ئەمەس، بەلكى بەك ئاساندۇر.

وَلَا تَزِرُ وَازِرَةٞ وِزۡرَ أُخۡرَىٰۚ وَإِن تَدۡعُ مُثۡقَلَةٌ إِلَىٰ حِمۡلِهَا لَا يُحۡمَلۡ مِنۡهُ شَيۡءٞ وَلَوۡ كَانَ ذَا قُرۡبَىٰٓۗ إِنَّمَا تُنذِرُ ٱلَّذِينَ يَخۡشَوۡنَ رَبَّهُم بِٱلۡغَيۡبِ وَأَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَۚ وَمَن تَزَكَّىٰ فَإِنَّمَا يَتَزَكَّىٰ لِنَفۡسِهِۦۚ وَإِلَى ٱللَّهِ ٱلۡمَصِيرُ ﴿١٨﴾

18 - ھېچبىر گۇناھكار ئادەم باشقا بىر گۇناھكارنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ، گۇناھى ئېغىر بىر ئادەم باشقا بىر ئادەمنى ئۆز گۇناھىنى ئۈستىگە ئېلىۋېلىشقا چاقىرسىمۇ، ئۇنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئادەم تاپالمايدۇ، ھەتتا ئۇ چاقىرغان ئادەم ئۇنىڭ ئاتىسى ياكى قېرىندىشى دېگەندەك ئەڭ يېقىن تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئازراق نەرسىنىمۇ ئۈستىگە ئېلىۋالالمايدۇ. ئى پەيغەمبەر! سەن پەقەت خىلۋەتتە رەببىدىن قورقىدىغانلارنى، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغانلارنى ئاگاھلاندۇرالايسەن، كىمكى كۇفرى ۋە شېرىك قاتارلىق گۇناھلاردىن ئۆزىنى پاكلايدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن پاكلانغان بولىدۇ. بارچە خالايىقنىڭ ئاخىر قايتىدىغان جايى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر، ئاللاھ ئاخىرەتتە ھەربىر ئادەمگە قىلغان ئەمەلىگە قاراپ تېگىشلىك مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى بېرىدۇ.

وَمَا يَسۡتَوِي ٱلۡأَعۡمَىٰ وَٱلۡبَصِيرُ ﴿١٩﴾ وَلَا ٱلظُّلُمَٰتُ وَلَا ٱلنُّورُ ﴿٢٠﴾ وَلَا ٱلظِّلُّ وَلَا ٱلۡحَرُورُ ﴿٢١﴾ وَمَا يَسۡتَوِي ٱلۡأَحۡيَآءُ وَلَا ٱلۡأَمۡوَٰتُۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُسۡمِعُ مَن يَشَآءُۖ وَمَآ أَنتَ بِمُسۡمِعٖ مَّن فِي ٱلۡقُبُورِ ﴿٢٢﴾ إِنۡ أَنتَ إِلَّا نَذِيرٌ ﴿٢٣﴾ إِنَّآ أَرۡسَلۡنَٰكَ بِٱلۡحَقِّ بَشِيرٗا وَنَذِيرٗاۚ وَإِن مِّنۡ أُمَّةٍ إِلَّا خَلَا فِيهَا نَذِيرٞ ﴿٢٤﴾

19 ـ 24 ـ ھەقىقەتنى كۆرەلمەيدىغان مەنىۋى كور ئادەم بىلەن ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئادەم، شۇنداقلا كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن ئىماننىڭ نۇرى، سايە بىلەن ئاپتاپ باراۋەر بولمايدۇ. ئىمان بىلەن بېزەلگەن تىرىك قەلبلەر بىلەن كۇفرى بىلەن قارىداپ كەتكەن ئۆلۈك قەلبلەر باراۋەر ئەمەس. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ خالىغان كىشىلەرگە چۈشىنىدىغان ۋە قوبۇل قىلىدىغان شەكىلدە ئاڭلىتىدۇ. ئى پەيغەمبەر! سەن قەبرىلەردىكىلەرگە ئاڭلىتالمايسەن. سەن قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرگە ئاڭلىتالمىغاندەك قەلبى ئۆلگەن كاپىرلارغىمۇ ھېچ نەرسىنى ئاڭلىتالمايسەن. سەن پەقەتلا ئۇلارنى ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن ۋە جازاسىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن. بىز ھەقىقەتەن سېنى ئىمان ۋە ئىسلامدىن ئىبارەت ھەقىقەت بىلەن ئەۋەتتۇق، سېنى ساڭا ئىمان ئېيتىپ، يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى، سېنى ئىنكار قىلىپ، يولۇڭغا ئەگەشمىگەنلەرنى دوزاخ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. قانداقلا بىر ئۈممەت بولسۇن، ئۇلارغا ئۇلارنى كاپىرلىقنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەر كەلگەن.

وَإِن يُكَذِّبُوكَ فَقَدْ كَذَّبَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ جَآءَتْهُمْ رُسُلُهُم بِٱلْبَيِّنَٰتِ وَبِٱلزُّبُرِ وَبِٱلْكِتَٰبِ ٱلْمُنِيرِ ﴿٢٥﴾

25 ـ بۇ مۇشرىكلار سېنى ئىنكار قىلسا، ئۇنتۇمىغىنكى، ئۇلاردىن بۇرۇنقىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابلارنى ۋە توغرا يولنى يورۇتۇپ بېرىدىغان نۇرلۇق كىتابنى ئېلىپ كەلگەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئىدى.

ثُمَّ أَخَذْتُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ۖ فَكَيْفَ كَانَ نَكِيرِ ﴿٢٦﴾

26 ـ ئاندىن مەن ئۇ كاپىرلارنى تۈرلۈك ئازابلار بىلەن جازالىدىم. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قانداق يامان كۆرگەنلىكىمگە ۋە ئۇلارغا ئازابىمنىڭ قانداق چۈشكەنلىكىگە قارىغىن.

أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَخْرَجْنَا بِهِۦ ثَمَرَٰتٍ مُّخْتَلِفًا أَلْوَٰنُهَا ۚ وَمِنَ ٱلْجِبَالِ جُدَدٌۢ بِيضٌ وَحُمْرٌ مُّخْتَلِفٌ أَلْوَٰنُهَا وَغَرَابِيبُ سُودٌ ﴿٢٧﴾

27 ـ كۆرمەمسەنكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇردى. ئاشۇ سۇ بىلەن دەل ـ دەرەخ ۋە زىرائەتلەرنى سۇغاردۇق، ئۇ دەل ـ دەرەخلەردىن قىزىل، قارا، سېرىق دېگەندەك رەڭگارەڭ مېۋىلەرنى چىقاردۇق، تاغلاردىن ئاق، قىزىل ۋە ھەر خىل رەڭلىك يوللارنى، قاپقارا تاغلارنى ياراتتۇق.

وَمِنَ ٱلنَّاسِ وَٱلدَّوَآبِّ وَٱلْأَنْعَٰمِ مُخْتَلِفٌ أَلْوَٰنُهُۥ كَذَٰلِكَ ۗ إِنَّمَا يَخْشَى ٱللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ ٱلْعُلَمَٰٓؤُا۟ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ غَفُورٌ ﴿٢٨﴾

28 ـ ئىنسانلارنى، ھايۋانلارنى ۋە تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكە قاتارلىق چارۋىلارنى قىزىل، ئاق، قارا دېگەندەك رەڭگارەڭ قىلىپ ياراتتۇق. ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھنى بارچە سۈپەتلىرى بىلەن ياخشى تونۇغان، ئۇنىڭ دىنىنى ئوبدان بىلگەن، قۇدرىتىگە ئىشەنگەن ھەقىقىي ئالىم كىشىلەرلا ئۇنىڭدىن قورقىدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ چەكسىز قۇدرەتلىك زات بولۇپ، ئۇ ھەممىگە غالىبتۇر، ئىتائەت قىلغان بەندىلىرىنى مۇكاپاتلىغۇچى ۋە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ يَتْلُونَ كِتَٰبَ ٱللَّهِ وَأَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَأَنفَقُواْ مِمَّا رَزَقْنَٰهُمْ سِرًّا وَعَلَانِيَةً يَرْجُونَ تِجَٰرَةً
لَّن تَبُورَ ﴿٢٩﴾ لِيُوَفِّيَهُمْ أُجُورَهُمْ وَيَزِيدَهُم مِّن فَضْلِهِۦٓ ۚ إِنَّهُۥ غَفُورٌ شَكُورٌ ﴿٣٠﴾

29 - 30 - شۈبھىسىزكى، قۇرئاننى ئوقۇپ تۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىدىغان، نامازنى ئۆز ۋاقتىدا مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، بىز بەرگەن رىزىقتىن يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالدا زاكات، سەدىقىلەرنى بېرىدىغان كىشىلەر مەڭگۈ كاسات بولمايدىغان تىجارەتنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇ تىجارەت بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىشتۇر. ئاللاھ ئۇلارنىڭ مۇكاپاتلىرىنى تولۇق بېرىدۇ ۋە مەرھەمىتىدىن ئۇلارغا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ، شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بەرگۈچىدۇر.

وَٱلَّذِىٓ أَوْحَيْنَآ إِلَيْكَ مِنَ ٱلْكِتَٰبِ هُوَ ٱلْحَقُّ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ بِعِبَادِهِۦ لَخَبِيرٌۢ
بَصِيرٌ ﴿٣١﴾

31 - ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان ئاللاھ سەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلغان ساماۋى كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا كەلگەن ھەقىقەتتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئەلۋەتتە تولۇق بىلگۈچىدۇر، ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ئاللاھقا ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر.

ثُمَّ أَوْرَثْنَا ٱلْكِتَٰبَ ٱلَّذِينَ ٱصْطَفَيْنَا مِنْ عِبَادِنَا ۖ فَمِنْهُمْ ظَالِمٌ لِّنَفْسِهِۦ وَمِنْهُم مُّقْتَصِدٌ وَمِنْهُمْ
سَابِقٌۢ بِٱلْخَيْرَٰتِ بِإِذْنِ ٱللَّهِ ۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَضْلُ ٱلْكَبِيرُ ﴿٣٢﴾

32 - بىز بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، قۇرئاننى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئىچىدىن ئۆزىمىز تاللىغان كىشىلەرگە بەردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى گۇناھ - مەئسىيەت سادىر قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، بەزىسى پەرزلەرنى ئورۇنداپ، ھارام، گۇناھ ئىشلاردىن يىراق تۇرۇپ ئوتتۇراھاللىقتا تۇرغۇچىدۇر، يەنە بەزىسى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن پەرز، ۋاجىپ، نەپلە قاتارلىق بارلىق ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتا ئالدىرىغۇچىدۇر. ئىسلام ئۈممىتىگە قۇرئاننى ئاتا قىلىش ۋە (بارلىق ئۈممەتلەر ئىچىدىن) ئۇلارنى بۇ مەرتىۋىگە تاللاش ئاللاھنىڭ كاتتا ئىنئامىدۇر.

جَنَّٰتُ عَدْنٍ يَدْخُلُونَهَا يُحَلَّوْنَ فِيهَا مِنْ أَسَاوِرَ مِن ذَهَبٍ وَلُؤْلُؤًا ۖ وَلِبَاسُهُمْ فِيهَا حَرِيرٌ ﴿٣٣﴾
وَقَالُواْ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ٱلَّذِىٓ أَذْهَبَ عَنَّا ٱلْحَزَنَ ۖ إِنَّ رَبَّنَا لَغَفُورٌ شَكُورٌ ﴿٣٤﴾ ٱلَّذِىٓ أَحَلَّنَا دَارَ ٱلْمُقَامَةِ
مِن فَضْلِهِۦ لَا يَمَسُّنَا فِيهَا نَصَبٌ وَلَا يَمَسُّنَا فِيهَا لُغُوبٌ ﴿٣٥﴾

33 - 35 - مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتلەر ئاللاھ كىتابىنى ئاتا قىلىشقا تاللىغان كىشىلەرگە خاستۇر. ئۇلار جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەزۈكلەرنى سالىدۇ، مەرۋايىتلارنى تاقايدۇ، ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى نورمال كىيىمى يىپەكتىن بولىدۇ. ئۇلار جەننەتكە كىرگەن چاغدا: «جىمى ھەمدۇسانا بىزدىن غەم - قايغۇنى كەتكۈزۈۋەتكەن ئاللاھقا خاستۇر! بىزنىڭ رەببىمىز راستتىنلا ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ بارلىق گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلدى، ئۇ ئاز ئەمەلنىڭ مۇكاپاتىنى مول قىلىپ بەرگۈچىدۇر، چۈنكى بىزنىڭ ئەمەللىرىمىزنى قوبۇل قىلدى ۋە ھەسسىلەپ مۇكاپات بەردى. ئاللاھ ئۆز مەرھەمىتىدىن بىزنى جەننەتتە تۇرغۇزدى. جەننەتتە بىز ھەرگىز جاپا تارتمايمىز، ھەرگىز چارچىمايمىز» دەيدۇ.

وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَهُمۡ نَارُ جَهَنَّمَ لَا يُقۡضَىٰ عَلَيۡهِمۡ فَيَمُوتُواْ وَلَا يُخَفَّفُ عَنۡهُم مِّنۡ عَذَابِهَاۚ كَذَٰلِكَ نَجۡزِي كُلَّ كَفُورٖ ﴿٣٦﴾

36 ـ كاپىرلارغا كەلسەك، ئۇلار قاتتىق كۆيۈپ تۇرغان دوزاخ ئوتىغا تاشلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈم بىلەن ئارام تېپىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىنىپ جانلىرى ئېلىنمايدۇ، دوزاخ ئازابى ئۇلاردىن يېنىكلىتىلمەيدۇ. كوفرىغا ئۇزىنى ئاتقان ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرغان هەرقانداق كاپىرنى ئەنە شۇنداق جازالايمىز.

وَهُمۡ يَصۡطَرِخُونَ فِيهَا رَبَّنَآ أَخۡرِجۡنَا نَعۡمَلۡ صَٰلِحًا غَيۡرَ ٱلَّذِي كُنَّا نَعۡمَلُۚ أَوَلَمۡ نُعَمِّرۡكُم مَّا يَتَذَكَّرُ فِيهِ مَن تَذَكَّرَ وَجَآءَكُمُ ٱلنَّذِيرُۖ فَذُوقُواْ فَمَا لِلظَّٰلِمِينَ مِن نَّصِيرٍ ﴿٣٧﴾

37 ـ ئۇ كاپىرلار دوزاختىكى ئازابنىڭ قاتتىقلىقىدىن پەرياد قىلىپ: «رەببىمىز! بىزنى بۇ دوزاختىن چىقىرىۋەتكىن، بىزنى دۇنياغا قايتۇرغىن. ئەگەر شۇنداق قىلساڭ، بىز بۇرۇن قىلغان قىلمىشلىرىمىزنى قىلماي، ياخشى ئەمەللەرنى قىلاتتۇق، كاپىرلىقنىڭ ئورنىغا ئىماننى تاللايتتۇق» دەپ توۋلايدۇ. ئاندىن ئاللاھ ئۇلارغا: «بىز دۇنيادا سىلەرگە ۋەز - نەسىھەت ئالىدىغان ئادەم ۋەز - نەسىھەت ئېلىشقا يەتكۈدەك بىر ئۆمۈر ۋاقىت بەرمىدۇقمۇ؟ سىلەرگە مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام كەلدىغۇ؟ شۇنداق تۇرسىمۇ سىلەر ئۇنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلمىدىڭلار، ئەمدى دوزاخ ئازابىنى تېتىڭلار، كاپىرلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزغۇچى يوقتۇر» دەيدۇ.

إِنَّ ٱللَّهَ عَٰلِمُ غَيۡبِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ إِنَّهُۥ عَلِيمُۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿٣٨﴾

38 ـ شەكسىزكى، ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلگۈچىدۇر. هەقىقەتەن ئۇ دىللاردىكى سىرلارنى ئېنىق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، شۇڭا سىلەر ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە قارىتا شەك - شۈبهىلەرنى ياكى شېرىكنى دىلىڭلاردا يوشۇرۇۋاتقىنىڭلاردا ياكى مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە قارىتا شەك قىلىۋاتقىنىڭلاردا ئاللاھنىڭ سىلەردىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، بۇنداق قىلىشتىن هەزەر ئەيلەڭلار. بۇنىڭدىن تۆۋەن گۇناهلارنى سادىر قىلىشتىنمۇ هەزەر ئەيلەڭلار.

هُوَ ٱلَّذِي جَعَلَكُمۡ خَلَٰٓئِفَ فِي ٱلۡأَرۡضِۚ فَمَن كَفَرَ فَعَلَيۡهِ كُفۡرُهُۥۖ وَلَا يَزِيدُ ٱلۡكَٰفِرِينَ كُفۡرُهُمۡ عِندَ رَبِّهِمۡ إِلَّا مَقۡتٗاۖ وَلَا يَزِيدُ ٱلۡكَٰفِرِينَ كُفۡرُهُمۡ إِلَّا خَسَارٗا ﴿٣٩﴾

39 ـ ئى ئىنسانلار! ئاللاھ سىلەرنى زېمىندا بىر - بىرىڭلارغا ئورۇنباسار قىلغان زاتتۇر. سىلەردىن كىمكى ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى ئىنكار قىلىدىكەن، كاپىرلىقىنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. كاپىرلارنىڭ كۇفرىلىقى رەببىنىڭ دەرگاهىدا پەقەت غەزەپ - نەپرەتنىلا ئاشۇرىدۇ، كاپىرلارنىڭ كۇفرىلىقى ئۇلارغا ئازغۇنلۇقتىن ۋە هالاكەتتىن باشقىسىنى كۆپەيتمەيدۇ.

قُلۡ أَرَءَيۡتُمۡ شُرَكَآءَكُمُ ٱلَّذِينَ تَدۡعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ أَرُونِي مَاذَا خَلَقُواْ مِنَ ٱلۡأَرۡضِ أَمۡ لَهُمۡ شِرۡكٞ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ أَمۡ ءَاتَيۡنَٰهُمۡ كِتَٰبٗا فَهُمۡ عَلَىٰ بَيِّنَتٖ مِّنۡهُۚ بَلۡ إِن يَعِدُ ٱلظَّٰلِمُونَ بَعۡضُهُم بَعۡضًا إِلَّا غُرُورًا ﴿٤٠﴾

40 ـ ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان ئاشۇ ساختا مەبۇدلىرىڭلار يەر يۈزىدە نېمىنى يارىتالىدى؟ يا سىلەر چوقۇنۇۋاتقان ساختا مەبۇدلىرىڭلار ئاسمانلارنى ئاللاھ بىلەن بىرلىكتە ياراتتىمۇ؟ ياكى بىز ئۇلارغا بىر كىتاب بەرگەن بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ دەلىللىرىگە ئاساسلىنامدۇ؟» ئۇنداق

ئەمەس! ئۇ كاپىرلار بىر - بىرىگە قۇرۇق ئارزۇ ۋە يالغاندىن باشقا بىر نەرسىنى ۋەدە قىلىشمايدۇ.

۞ إِنَّ ٱللَّهَ يُمۡسِكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ أَن تَزُولَاۚ وَلَئِن زَالَتَآ إِنۡ أَمۡسَكَهُمَا مِنۡ أَحَدٖ مِّنۢ بَعۡدِهِۦٓۚ إِنَّهُۥ كَانَ حَلِيمًا غَفُورٗا ﴿٤١﴾

41 - شەكسىزكى، ئاللاھ ئاسمانلارنى چۈشۈپ كېتىشتىن، زېمىننى تەۋرەپ كېتىشتىن تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئاسمانلار چۈشۈپ كەتسە، زېمىن تەۋرەپ كەتسە، ئۇلارنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم تۇتۇپ تۇرالمايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ كاپىرلارنى ۋە گۇناھكارلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان، تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدىغان زاتتۇر.

وَأَقۡسَمُواْ بِٱللَّهِ جَهۡدَ أَيۡمَٰنِهِمۡ لَئِن جَآءَهُمۡ نَذِيرٞ لَّيَكُونُنَّ أَهۡدَىٰ مِنۡ إِحۡدَى ٱلۡأُمَمِۖ فَلَمَّا جَآءَهُمۡ نَذِيرٞ مَّا زَادَهُمۡ إِلَّا نُفُورًا ﴿٤٢﴾

42 - قۇرەيش كاپىرلىرى ئاللاھ تەرىپىدىن ئۆزلىرىنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان بىرەر پەيغەمبەر كەلسە، ئۆزلىرىنىڭ يەھۇدىيلاردىنمۇ، خىرىستىيانلاردىنمۇ ۋە ھەرقانداق بىر ئۈممەتتىنمۇ بەك ھىدايەت تاپقۇچى بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشكەن ئىدى. ئەمما ئۇلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېلىۋىدى، بۇ ئۇلارغا ھەقىقەتتىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ كېتىشتىن ۋە ئۇنىڭدىن قېچىشتىن باشقىسىنى زىيادە قىلمىدى.

ٱسۡتِكۡبَارٗا فِي ٱلۡأَرۡضِ وَمَكۡرَ ٱلسَّيِّيِٕۚ وَلَا يَحِيقُ ٱلۡمَكۡرُ ٱلسَّيِّئُ إِلَّا بِأَهۡلِهِۦۚ فَهَلۡ يَنظُرُونَ إِلَّا سُنَّتَ ٱلۡأَوَّلِينَۚ فَلَن تَجِدَ لِسُنَّتِ ٱللَّهِ تَبۡدِيلٗاۖ وَلَن تَجِدَ لِسُنَّتِ ٱللَّهِ تَحۡوِيلًا ﴿٤٣﴾

43 - ئۇلارنىڭ بۇنداق قەسەم قىلىشى ھەقىقەتنى ئىزدەشتىن ئىبارەت ياخشى نىيەتنى كۆزلىگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى يەر يۈزىدە ئىنسانلارغا چوڭچىلىق قىلىش ئۈچۈندۇر. ئۇلار بۇ قەسىمى ئارقىلىق كىشىلەرنى ئالدىماقچى ۋە رەزىل ھىيلە - مىكىرلىرىنى ئىشلەتمەكچى بولىدۇ. ھالبۇكى بۇ رەزىل ھىيلە - مىكىرنىڭ ۋابالى پەقەت ھىيلە - مىكىر ئىشلەتكەن ئادەمنىڭ ئۆزىگىلا بولىدۇ. بۇ ھىيلە - مىكىرچى مۇتەكەببىرلەر ئۆزلىرىدىن بۇرۇنقى كاپىرلارغا چۈشكەن ئازابلارغا ئوخشايدىغان بىر ئازابنىڭ چۈشۈشىنىلا كۈتىدۇ، ئاللاھنىڭ كاپىرلارنى جازالاش قانۇنىيىتىدە ھەرگىزمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن، ھېچقانداق يۆتكىلىشنىمۇ تاپالمايسەن، دېمەك ھېچكىم شۇ ئازاپنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، ھەمدە ئۇنى ئۆزىدىن ۋە باشقىلاردىن تۇسۇپ قالالمايدۇ.

أَوَلَمۡ يَسِيرُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَيَنظُرُواْ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡ وَكَانُوٓاْ أَشَدَّ مِنۡهُمۡ قُوَّةٗۚ وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيُعۡجِزَهُۥ مِن شَيۡءٖ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَلَا فِي ٱلۡأَرۡضِۚ إِنَّهُۥ كَانَ عَلِيمٗا قَدِيرٗا ﴿٤٤﴾

44 - مەككىلىك كاپىرلار يەر يۈزىنى كېزىپ، ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئاد، سەمۇد قاتارلىق كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبلىك قانداق ھالاك قىلىنغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ دىيارىنىڭ قانداق خارابىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ بۇرۇنقى ئاشۇ كاپىرلار مەككىلىك كاپىرلاردىن بەك كۈچلۈك، بەك قۇدرەتلىك ئىدى. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھېچ نەرسە ئاللاھنى ئاجىز قىلالمايدۇ، ئىلاجىسىز قالدۇرالمايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ كاپىرلارنىڭ قىلمىشلىرىنى

بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇلارنى ھالاك قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر.

وَلَوۡ يُؤَاخِذُ ٱللَّهُ ٱلنَّاسَ بِمَا كَسَبُواْ مَا تَرَكَ عَلَىٰ ظَهۡرِهَا مِن دَآبَّةٖ وَلَٰكِن يُؤَخِّرُهُمۡ إِلَىٰٓ أَجَلٖ مُّسَمّٗىۖ
فَإِذَا جَآءَ أَجَلُهُمۡ فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِعِبَادِهِۦ بَصِيرَۢا ﴿٤٥﴾

45 - ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۇلار سادىر قىلغان گۇناھ - مەئسىيەتلىرى ۋە قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن دەرھال جازالايدىغان بولسا ئىدى، يەر يۈزىدە ھېچبىر جان ئىگىسىنى قالدۇرمىغان بولاتتى. لېكىن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ جازاسىنى ئۆزى بەلگىلىگەن مۇئەييەن مۇددەتكىچە كېچىكتۈرىدۇ. ئۇلارنى جازالاش ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرمەي بېرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ھېچقانداق ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالى ئاللاھقا مەخپىي ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ئىچىدە ئاللاھ بىلمەيدىغىنى يوقتۇر. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىگە مۇكاپات، يامان ئەمەللىرىگە جازا بېرىدۇ.

# ياسىين سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

يسٓ ﴿١﴾

1 ـ يا، سىين (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

وَٱلۡقُرۡءَانِ ٱلۡحَكِيمِ ﴿٢﴾ إِنَّكَ لَمِنَ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿٣﴾ عَلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ﴿٤﴾

2 ـ 4 ـ ئاللاھ كۆپلىگەن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى، ئىلىم ـ ھېكمەتلەرنى ۋە ھەقىقەتنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇلۇغ قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىپ دەيدۇكى، «ئى پەيغەمبەر! ھەقىقەتەن سەن ئاللاھنىڭ ۋەھيى بىلەن ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىنسەن. سەن ئىسلامدىن ئىبارەت توغرا يولدىسەن.

تَنزِيلَ ٱلۡعَزِيزِ ٱلرَّحِيمِ ﴿٥﴾

5 ـ بۇ قۇرئان كاپىرلارنى ۋە گۇناھكارلارنى جازالاشقا ئەلۋەتتە قادىر، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.

لِتُنذِرَ قَوۡمٗا مَّآ أُنذِرَ ءَابَآؤُهُمۡ فَهُمۡ غَٰفِلُونَ ﴿٦﴾

6 ـ ئى پەيغەمبەر! بىز بۇ قۇرئاننى بىز سېنىڭ ئاتا- بوۋىلىرى ئاگاھلاندۇرۇلمىغانلىقتىن، غاپىل قالغان ئەرەبلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن نازىل قىلدۇق. ئۇلار ئىماندىن ۋە توغرا يولدا مېڭىشتىن غەپلەتتە قالغان قەۋم بولۇپ، پەيغەمبەر ئۈزۈلۈپ قالغان ھەرقانداق قەۋم ئەنە شۇنداق غەپلەتتە قالىدۇ. (بۇ ئايەت مۇسۇلمانلارنىڭ غەپلەتتە قالماسلىقى ئۈچۈن، ھەممىشە ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ تۇرۇشنىڭ ئۆلىمالارنىڭ بۇرچى ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ).

لَقَدۡ حَقَّ ٱلۡقَوۡلُ عَلَىٰٓ أَكۡثَرِهِمۡ فَهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ﴿٧﴾

7 ـ ئاشۇ كاپىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلام دەۋىتىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقانلىقتىن، ئۇلارغا ئازاب تېگىشلىك بولىدى. شۇڭا ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتمايدۇ، ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلمايدۇ.

إِنَّا جَعَلۡنَا فِيٓ أَعۡنَٰقِهِمۡ أَغۡلَٰلٗا فَهِيَ إِلَى ٱلۡأَذۡقَانِ فَهُم مُّقۡمَحُونَ ﴿٨﴾

8 ـ بىز ھەق دىنغا دەۋەت قىلساقمۇ ئۇنى قوبۇل قىلمىغان ۋە ئىماندىن باش تارتىپ كاپىرلىقتا چىڭ تۇرۇۋالغان ئاشۇ كاپىرلارنى بويۇنلىرىغا ئېڭەكلىرىگىچە تاقاقلار سېلىنغانلىقتىن، بېشىنى تۆۋەنگە ئېگەلمىگەن ئادەملەرگە ئوخشاش قىلدۇق. شۇڭا، ئۇلار ھەقىقەتنى

كۆرەلمەيدۇ، توغرا يولنى تاپالمايدۇ.

وَجَعَلْنَا مِنۢ بَيْنِ أَيْدِيهِمْ سَدًّا وَمِنْ خَلْفِهِمْ سَدًّا فَأَغْشَيْنَٰهُمْ فَهُمْ لَا يُبْصِرُونَ ﴿٩﴾

9 - كاپىرلارنىڭ ئالدىدا بىر توسۇق، كەينىدە بىر توسۇق قىلدۇق، ئۇلار ئالدى ۋە كەينى تەرىپىدىن يولى توسۇلۇپ قالغان ئادەملەرگە ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ كاپىرلىقى ۋە مۇتەكەببىرلىكى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىپ قويدۇق، شۇڭا ئۇلار توغرا يولنى كۆرەلمەيدۇ ۋە ئۇنى تاپالمايدۇ. ئىسلام دەۋىتىنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان ھەرقانداق ھاكاۋۇر ئەنە شۇنداق جازاغا تېگىشلىك بولىدۇ.

وَسَوَآءٌ عَلَيْهِمْ ءَأَنذَرْتَهُمْ أَمْ لَمْ تُنذِرْهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ ﴿١٠﴾

10 - ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇ كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن، ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىردۇر، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ ۋە دىنغا ئەمەل قىلمايدۇ.

إِنَّمَا تُنذِرُ مَنِ ٱتَّبَعَ ٱلذِّكْرَ وَخَشِىَ ٱلرَّحْمَٰنَ بِٱلْغَيْبِ ۖ فَبَشِّرْهُ بِمَغْفِرَةٍ وَأَجْرٍ كَرِيمٍ ﴿١١﴾

11 - سېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىڭدىن پەقەت قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرگەن، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەگەشكەن، ھېچقانداق ئىنسان يوق خىلۋەت جايلاردىمۇ رەھمان ئاللاھتىن قورققان ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان كىشىلا مەنپەئەت ئالىدۇ، سەن ئاشۇ كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدىغانلىقى ۋە ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىپ جەننەتكە كىرگۈزىدىغانلىقىدىن خۇش خەۋەر بەرگىن.

إِنَّا نَحْنُ نُحْىِ ٱلْمَوْتَىٰ وَنَكْتُبُ مَا قَدَّمُوا۟ وَءَاثَٰرَهُمْ ۚ وَكُلَّ شَىْءٍ أَحْصَيْنَٰهُ فِىٓ إِمَامٍ مُّبِينٍ ﴿١٢﴾

12 - شۈبھىسىزكى، بىز قىيامەت كۈنى ئۆلۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى تىرىلدۈرىمىز، ئۇلارنىڭ ياخشى - يامان بارلىق ئەمەللىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھايات ۋاقتىدا قىلىپ قويۇپ، ئۆزلىرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ داۋاملىشىشىغا سەۋەب بولغان ياخشى پەرزەنت، مەنپەئەتلىك ئىلىم ۋە سەدىقە جارىيە قاتارلىق ياخشى ئىشلىرىنى ۋە مۇشرىكلىك، گۇناھ - مەئسىيەت قاتارلىق يامان ئىشلىرىنى يېزىپ تۇرىمىز. بىز ھەممە نەرسىنى روشەن كىتاب — لەۋھۇلمەھپۇزدا تولۇق خاتىرىلەپ قويغانمىز. شۇڭا ئەقىل ئىگىسى بولغان ئىنسان ھاياتىدا ۋە ماماتىدا ياخشى ئىشلارغا ئۈلگە بولۇش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۆزىدىن ئۆزى ھېساب ئېلىپ تۇرۇشى لازىم.

وَٱضْرِبْ لَهُم مَّثَلًا أَصْحَٰبَ ٱلْقَرْيَةِ إِذْ جَآءَهَا ٱلْمُرْسَلُونَ ﴿١٣﴾ إِذْ أَرْسَلْنَآ إِلَيْهِمُ ٱثْنَيْنِ فَكَذَّبُوهُمَا
فَعَزَّزْنَا بِثَالِثٍ فَقَالُوٓا۟ إِنَّآ إِلَيْكُم مُّرْسَلُونَ ﴿١٤﴾

13 - 14 - ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭ ئىچىدىكى سېنىڭ دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان مۇشرىكلارغا، شەھەر ئاھالىسىنىڭ قىسسىسىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگىن. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا پەيغەمبەرلەر كەلگەن ئىدى. چۈنكى بىز ئۇلارنى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلسۇن ۋە مەخلۇقاتقا چوقۇنۇشنى تاشلىسۇن دەپ، ئۇلارغا ئىككى پەيغەمبەر ئەۋەتكەن ئىدۇق. ئەمما شەھەر ئاھالىسى بۇ ئىككى پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى پەيغەمبەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۇ ئىككىسىنى كۈچلەندۈردۇق. بۇ ئۈچ پەيغەمبەر شەھەر ئاھالىسىغا: «ئى قەۋم! بىز ھەقىقەتەن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرمىز» دېدى.

قَالُواْ مَآ أَنتُمۡ إِلَّا بَشَرٞ مِّثۡلُنَا وَمَآ أَنزَلَ ٱلرَّحۡمَٰنُ مِن شَيۡءٍ إِنۡ أَنتُمۡ إِلَّا تَكۡذِبُونَ ﴿١٥﴾

15 ـ شەھەر ئاھالىسى پەيغەمبەرلەرگە: «سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاشلا ئىنسان، رەھمان
ھېچقانداق ۋەھيى نازىل قىلغىنى يوق، سىلەر پەقەت يالغان ئېيتىۋاتىسىلەر» دېدى.

قَالُواْ رَبُّنَا يَعۡلَمُ إِنَّآ إِلَيۡكُمۡ لَمُرۡسَلُونَ ﴿١٦﴾ وَمَا عَلَيۡنَآ إِلَّا ٱلۡبَلَٰغُ ٱلۡمُبِينُ ﴿١٧﴾

16 ـ 17 ـ پەيغەمبەرلەر ئۇزىنىڭ سۆزلىرىنى تەكىتلەپ: «رەببىمىز بىلىدۇكى، بىز راستتىنلا
سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرمىز. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز پەقەتلا دىنىنى چۈشىنىشلىك
قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر، ئەمما سىلەرنى بىز ھىدايەت قىلالمايمىز، چۈنكى ھىدايەت
ئاللاھنىڭ قولىدىدۇر» دېدى.

قَالُوٓاْ إِنَّا تَطَيَّرۡنَا بِكُمۡۖ لَئِن لَّمۡ تَنتَهُواْ لَنَرۡجُمَنَّكُمۡ وَلَيَمَسَّنَّكُم مِّنَّا عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿١٨﴾

18 ـ شەھەر ئاھالىسى: «بىز سىلەردىن شۇملۇق ھېس قىلىۋاتىمىز. ئەگەر سىلەر بۇ
دەۋىتىڭلاردىن ۋازكەچمىسەڭلار، سىلەرنى چوقۇم چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمىز ۋە
بىزنىڭ قاتتىق جازايىمىزغا ئۇچرايسىلەر» دېدى.

قَالُواْ طَٰٓئِرُكُم مَّعَكُمۡ أَئِن ذُكِّرۡتُمۚ بَلۡ أَنتُمۡ قَوۡمٞ مُّسۡرِفُونَ ﴿١٩﴾

19 ـ پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا: «سىلەرنىڭ شۇملۇقۇڭلار ئۆزۈڭلار بىلەن بىللىدۇر، ئاللاھقا شېرىك
كەلتۈرۈش ۋە گۇناھ قىلىشتىن ئىبارەت يامان ئەمەللىڭلار ئۆزۈڭلارغا ئائىتتۇر، سىلەرگە
ئۆزۈڭلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنسا، شۇملۇق ھېس قىلىۋاتامسىلەر؟
بىزگە ئۆلۈم ۋە ئازاب بىلەن تەھدىت سالامسىلەر؟ بەلكى سىلەر ھەقىقەتنى ئىنكار
قىلىشتا ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەتتە ھەددىدىن ئاشقان قەۋم ئىكەنسىلەر» دېدى.

وَجَآءَ مِنۡ أَقۡصَا ٱلۡمَدِينَةِ رَجُلٞ يَسۡعَىٰ قَالَ يَٰقَوۡمِ ٱتَّبِعُواْ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿٢٠﴾ ٱتَّبِعُواْ مَن لَّا يَسۡـَٔلُكُمۡ أَجۡرٗا
وَهُم مُّهۡتَدُونَ ﴿٢١﴾

20 ـ 21 ـ شەھەرنىڭ يىراق چېتىدىن بىر ئادەم شەھەر ئاھالىسىنىڭ پەيغەمبەرلەرنى
ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يۈگۈرۈپ كېلىپ ئېيتتى: «ئى قەۋم! ئاللاھ
سىلەرگە ئەۋەتكەن بۇ پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىڭلار، ئۆزلىرى ھىدايەت ئۈستىدە بولغان،
كىشىلەرنى يالغۇز ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىشتا دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىگە
سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايدىغان بۇ كىشىلەرگە ئەگىشىڭلار، چۈنكى
ئۇلار سىلەرنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىشتا توغرا يولدىكى كىشىلەردۇر. (بۇ
ئايەتتە كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشنىڭ پەزىلىتىگە
ئىشارەت قىلىنغان).

وَمَا لِيَ لَآ أَعۡبُدُ ٱلَّذِي فَطَرَنِي وَإِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ ﴿٢٢﴾ ءَأَتَّخِذُ مِن دُونِهِۦٓ ءَالِهَةً إِن يُرِدۡنِ ٱلرَّحۡمَٰنُ بِضُرّٖ
لَّا تُغۡنِ عَنِّي شَفَٰعَتُهُمۡ شَيۡـٔٗا وَلَا يُنقِذُونِ ﴿٢٣﴾ إِنِّيٓ إِذٗا لَّفِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٍ ﴿٢٤﴾ إِنِّيٓ ءَامَنتُ بِرَبِّكُمۡ
فَٱسۡمَعُونِ ﴿٢٥﴾

22 ـ 25 ـ مېنىڭ مېنى ياراتقان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشىمغا نېمە توسقۇنلۇق قىلىدۇ؟
ھالبۇكى، ھەممىڭلار ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر. مەن ئاللاھنى قويۇپ، قولىدىن
ھېچ ئىش كەلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئىلاھ دەۋالسام بولامدۇ؟ ئەگەر رەھمان ئاللاھ ماڭا
مۇشۇ ساختا ئىلاھلار سەۋەبلىك بىرەر زىيان ـ زەخمەتنى ئىرادە قىلسا، بۇ ساختا
ئىلاھلار ئۇنى توسۇپ قالالمايدۇ، مېنى زىيان ـ زەخمەتتىن قۇتقۇزالمايدۇ. ئەگەر مەن

شۇنداق قىلسام، ئۇ چاغدا ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا پاتقان بولىمەن. مەن ھەقىقەتەن رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتتىم، سىلەر مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار، ئىمان ئېيتىشتا ماڭا ئەگىشىڭلار». ئۇ ئادەم يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئېيتقاندىن كېيىن، قەۋمى ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئاللاھ ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزدى.

قِيلَ ٱدْخُلِ ٱلْجَنَّةَ ۖ قَالَ يَٰلَيْتَ قَوْمِى يَعْلَمُونَ ﴿٢٦﴾

26 - (ئۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىززەت - ئىكرام قىلىش ئۈچۈن) «جەننەتكە كىرگىن» دېيىلدى.

بِمَا غَفَرَ لِى رَبِّى وَجَعَلَنِى مِنَ ٱلْمُكْرَمِينَ ﴿٢٧﴾

27 - ئۇ جەننەتتە ئۆزىگە قىلىنغان كاتتا ئىززەت - ئىكرامنى كۆرۈپ: «كاشكى مېنىڭ قەۋمىم مەن ئاللاھقا بولغان ئىمانىمدا چىڭ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىقىم، پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكەنلىكىم، ئاخىردا ھەق يولىدا شېھىت قىلىنغانلىقىم ئۈچۈن، رەببىمنىڭ مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغانلىقىنى ۋە مېنى ئالاھىدە ئىززەت - ئىكرامغا ئېرىشكەنلەر قاتارىدىن قىلغانلىقىنى بىلگەن بولسىچۇ! قەۋمىممۇ ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ، ماڭا ئوخشاش جەننەت ئەھلى بولۇۋالغان بولار ئىدى» دېدى.

۞ وَمَآ أَنزَلْنَا عَلَىٰ قَوْمِهِۦ مِنۢ بَعْدِهِۦ مِن جُندٍ مِّنَ ٱلسَّمَآءِ وَمَا كُنَّا مُنزِلِينَ ﴿٢٨﴾

28 - ئۇلار ئۆزلىرىگە نەسىھەت قىلغان ياخشى ئادەمنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، بىز ئۇلارنى جازالاش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئاسماندىن بىرەر قوشۇن چۈشۈرمىدۇق (چۈنكى ئادەم ئەۋلادى ناھايىتى ئاجىز ئىدى). بىز ھالاك قىلماقچى بولغان ھەرقانداق قەۋمگە ئاسماندىن پەرىشتە چۈشۈرگۈچى بولمىدۇق، بەلكى ئۇلارنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋېتىدىغان ئازاب ئەۋەتتۇق.



إِن كَانَتْ إِلَّا صَيْحَةً وَٰحِدَةً فَإِذَا هُمْ خَٰمِدُونَ ﴿٢٩﴾

29 - ئۇلارنى ھالاك قىلىش بىر ئاۋاز بىلەنلا بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ قېتىپلا قالدى.

يَٰحَسْرَةً عَلَى ٱلْعِبَادِ ۚ مَا يَأْتِيهِم مِّن رَّسُولٍ إِلَّا كَانُوا۟ بِهِۦ يَسْتَهْزِءُونَ ﴿٣٠﴾

30 - شۇ بەندىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنى ئازابىنى كۆرگەن ۋاقتىدىكى ھەسرەت - نادامىتىگە ئەپسۇسكى، ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن قانداقلا بىر پەيغەمبەر كەلسە، ئۇلار ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى.

أَلَمْ يَرَوْا۟ كَمْ أَهْلَكْنَا قَبْلَهُم مِّنَ ٱلْقُرُونِ أَنَّهُمْ إِلَيْهِمْ لَا يَرْجِعُونَ ﴿٣١﴾

31 - پەيغەمبەرلەرنى مەسخىرە قىلغان بۇ ئىنسانلار ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى كۆرمىدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ بۇ دۇنياغا قايتىپ كەلمىگەنلىكىدىن ئىبرەت ئالمىدىمۇ؟

وَإِن كُلٌّ لَّمَّا جَمِيعٌ لَّدَيْنَا مُحْضَرُونَ ﴿٣٢﴾

32 - بىز ھالاك قىلىۋەتكەن شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى قىيامەت كۈنى قىلمىشلىرىدىن ھېساب بېرىش ۋە تېگىشلىك جازاسىنى تارتىش ئۈچۈن بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزغا ھازىر

قىلىنىدۇ.

وَءَايَةٌ لَّهُمُ ٱلۡأَرۡضُ ٱلۡمَيۡتَةُ أَحۡيَيۡنَٰهَا وَأَخۡرَجۡنَا مِنۡهَا حَبّٗا فَمِنۡهُ يَأۡكُلُونَ ﴿٣٣﴾

33 - مۇشۇ زېمىن قۇرغاقچىلىقتىن ئۆلگەن ۋە ھېچقانداق گىياھسىز قاقاس بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، بىزنىڭ ئۇنىڭغا يامغۇر ياغدۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى تىرىلدۈرۈپ ياپيېشىل قىلىۋەتكەنلىكىمىز، ئۇنىڭدىن ئىنسانلار ۋە ھايۋانلار يەيدىغان تۈرلۈك ئۈسۈملۈك ۋە ئاشلىقنى چىقىرىپ بەرگەنلىكىمىز ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئاللاھنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنىڭ دەلىللىرىدۇر. قاقاس زېمىننى ئۈسۈملۈكلەر بىلەن تىرىلدۈرگەن زات خالايىقنى ئۆلگىنىدىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر.

وَجَعَلۡنَا فِيهَا جَنَّٰتٖ مِّن نَّخِيلٖ وَأَعۡنَٰبٖ وَفَجَّرۡنَا فِيهَا مِنَ ٱلۡعُيُونِ ﴿٣٤﴾ لِيَأۡكُلُواْ مِن ثَمَرِهِۦ وَمَا عَمِلَتۡهُ أَيۡدِيهِمۡۚ أَفَلَا يَشۡكُرُونَ ﴿٣٥﴾

34 - 35- ئىنسانلار مېۋىسىنى يېسۇن دەپ، بىز يەر يۈزىدە نۇرغۇنلىغان خورمىلىق ۋە ئۈزۈملۈك باغلارنى بەرپا قىلدۇق، ئۇنىڭدىن بۇلاقلارنى چىقاردۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە كۈچ - قۇدرىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن بولۇۋاتقان ئىشلاردۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ مۇشۇ سانسىز نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلمامدۇ؟

سُبۡحَٰنَ ٱلَّذِي خَلَقَ ٱلۡأَزۡوَٰجَ كُلَّهَا مِمَّا تُنۢبِتُ ٱلۡأَرۡضُ وَمِنۡ أَنفُسِهِمۡ وَمِمَّا لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٣٦﴾

36 - زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان ئۈسۈملۈكلەردىن، (ئىنسانلارنىڭ) ئۆزلىرىدىن ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان مەخلۇقاتتىن ھەممە تۈرنى ياراتقان ئاللاھ (بارچە نۇقسانلاردىن) پاكتۇر. ئاللاھ مەخلۇقاتنى ئۆزى يالغۇز ياراتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا باشقىلارنى شېرىك كەلتۈرۈشكە قەتئىي بولمايدۇ.

وَءَايَةٞ لَّهُمُ ٱلَّيۡلُ نَسۡلَخُ مِنۡهُ ٱلنَّهَارَ فَإِذَا هُم مُّظۡلِمُونَ ﴿٣٧﴾

37 - ئۇلارغا ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنىڭ بىرى كېچىدۇر. بىز كېچىدىن كۈندۈزنى ئايرىۋەتكىنىمىزدە، ئۇلار شۇ ھامان قاراڭغۇدا قالىدۇ.

وَٱلشَّمۡسُ تَجۡرِي لِمُسۡتَقَرّٖ لَّهَاۚ ذَٰلِكَ تَقۡدِيرُ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡعَلِيمِ ﴿٣٨﴾

38 - كۈننىڭ بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپمۇ كەتمەي، كېچىكىپمۇ قالماي، ئۆز ئوربىتىسىدا ئايلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىمۇ ئۇلارغا ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنىڭ بىرىدۇر، بۇ ھەممىگە غالىب، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھنىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىۋەتكەن ئىشىدۇر.

وَٱلۡقَمَرَ قَدَّرۡنَٰهُ مَنَازِلَ حَتَّىٰ عَادَ كَٱلۡعُرۡجُونِ ٱلۡقَدِيمِ ﴿٣٩﴾

39 - ئاي ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەردىن بىرى بولۇپ، بىز ئاي ئۈچۈن ھەر كېچە چىقىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق، ئۇ كىچىك باشلىنىدۇ، ئاندىن تەدرىجى مۇكەممەللىشىدۇ، ئاندىن يەنە كىچىكلىشىپ خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاپ قالىدۇ.

لَا ٱلشَّمۡسُ يَنۢبَغِي لَهَآ أَن تُدۡرِكَ ٱلۡقَمَرَ وَلَا ٱلَّيۡلُ سَابِقُ ٱلنَّهَارِۚ وَكُلّٞ فِي فَلَكٖ يَسۡبَحُونَ ﴿٤٠﴾

40 - كۈن، ئاي، كېچە، كۈندۈز قاتارلىقلاردىن ھەربىرى ئۈچۈن ئاللاھ بەلگىلىۋەتكەن مەلۇم ۋاقىت بار، ئۇلار شۇ ۋاقىتتىن ئۆتۈپ كەتمەيدۇ، كۈننىڭ ئايغا يېتىشىۋېلىپ،

ئۇنىڭ نۇرنى ئۆچۈرۈۋېتىشى، كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىپ، كۈندۈزنىڭ ۋاقتى تۈگەشتىن بۇرۇن كېلىشى مۇمكىن ئەمەس، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئوربىتىسىدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ.

وَءَايَةٌ لَّهُمْ أَنَّا حَمَلْنَا ذُرِّيَّتَهُمْ فِي ٱلْفُلْكِ ٱلْمَشْحُونِ ﴿٤١﴾

41 - ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىق بولغان يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكى ۋە بىردىنبىر نېمەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىللىرىنىڭ بىرى شۇكى، بىز توپاندىن كېيىن يەر يۈزىدە ھايات داۋاملاشسۇن دەپ، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى ئىچىدىن قۇتۇلۇپ قېلىشى پۈتۈلگەن كىشىلەرنى، نۇھنىڭ ئىنسانلار ۋە تۈرلۈك جانلىقلار بىلەن تولغان كېمىسىگە چىقاردۇق.

وَخَلَقْنَا لَهُم مِّن مِّثْلِهِۦ مَا يَرْكَبُونَ ﴿٤٢﴾

42 - بىز ئاشۇ مۇشرىكلارغا ۋە باشقىلارغا نۇھنىڭ كېمىسىگە ئوخشاش كاتتا قاتناش قوراللىرىنى يارىتىپ بەردۇق. ئۇلار بۇ قاتناش ۋاستىلىرى ئارقىلىق خالىغان جايلىرىغا بارىدۇ.

وَإِن نَّشَأْ نُغْرِقْهُمْ فَلَا صَرِيخَ لَهُمْ وَلَا هُمْ يُنقَذُونَ ﴿٤٣﴾

43 - ئەگەر بىز خالىساق ئۇلارنى غەرق قىلىۋېتىمىز-دە، ئۇ چاغدا ئۇلار ئۆزلىرىگە ياردەم قىلىپ ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قويىدىغان ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ.

إِلَّا رَحْمَةً مِّنَّا وَمَتَٰعًا إِلَىٰ حِينٍ ﴿٤٤﴾

44 - پەقەت بىز ئۇلارغا رەھىم قىلغانلىقتىن، ئۇلارنى ھالاكەتتىن ساقلاپ قالىمىز ۋە مۇئەييەن مۇددەتكىچە ھاياتتىن بەھرىمەن قىلىمىز. ئۇلارنى ھالاكەتتىن ساقلاپ قېلىشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالدىن ئىبرەت ئېلىپ، ئۆزىنى ئۆزگەرتىشى ۋە زايە قىلىۋەتكەن (ئىمان، ئىسلام ۋە ياخشى ئەمەل)لەرنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىشى ئۈچۈندۇر.

وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ ٱتَّقُوا۟ مَا بَيْنَ أَيْدِيكُمْ وَمَا خَلْفَكُمْ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ ﴿٤٥﴾

45 - مۇشرىكلارغا: «ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئاخىرەتتە زىيان تارتىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، دۇنيالىقتا ئالدىنىپ كېتىپ ئۇنىڭ ۋابالىغا قېلىشتىن قورقۇڭلار» دېيىلسە، ئۇلار بۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ ۋە بۇ نەسىھەتنى قوبۇل قىلمايدۇ.

وَمَا تَأْتِيهِم مِّنْ ءَايَةٍ مِّنْ ءَايَٰتِ رَبِّهِمْ إِلَّا كَانُوا۟ عَنْهَا مُعْرِضِينَ ﴿٤٦﴾

46 - ئۇ مۇشرىكلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇلارنى ھەقىقەتكە يېتەكلەيدىغان، پەيغەمبەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان بىرەر روشەن ئايەت كەلسىلا، ئۇلار بۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ئايەتلەردىن قىلچە مەنپەئەت ئالالمايدۇ.

وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ أَنفِقُوا۟ مِمَّا رَزَقَكُمُ ٱللَّهُ قَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لِلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ أَنُطْعِمُ مَن لَّوْ يَشَآءُ ٱللَّهُ أَطْعَمَهُۥٓ إِنْ أَنتُمْ إِلَّا فِي ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٤٧﴾

47 - كاپىرلارغا: «ئاللاھ سىلەرگە ئاتا قىلغان رىزىقتىن يوقسۇللارغا سەدىقە قىلىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار مۆئمىنلەرگە قارىتىپ: «ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئۆزى رىزىقلاندۇرىدىغان ئادەمنى بىز باقامدۇق؟ ئى مۆئمىنلەر! سىلەر بىزنى مۇشۇنداق ئىشقا بۇيرۇشتا ھەقىقەتتىن يىراقلىشىپ ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا تۇرۇۋاتىسىلەر» دەيدۇ.

وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَٰذَا ٱلْوَعْدُ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿٤٨﴾

48 - بۇ كاپىرلار قىيامەتنى ئىنكار قىلىپ: «ئەگەر سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، قىيامەت قاچان بولىدۇ؟» دەيدۇ .

مَا يَنظُرُونَ إِلَّا صَيْحَةً وَٰحِدَةً تَأْخُذُهُمْ وَهُمْ يَخِصِّمُونَ ﴿٤٩﴾

49 - ئاللاھ ئاگاھلاندۇرغان ئازابقا ئالدىراپ كەتكەن ئاشۇ مۇشرىكلار قىيامەت قايىم بولغان چاغدىكى بىر ئاۋازنىلا كۈتىدۇ. بۇ ئاۋاز ئۇلارنى ئۇلار بىر - بىرى بىلەن جاڭجال قىلىشىپ تۇرغاندا تۇيۇقسىز ھالاك قىلىدۇ.

فَلَا يَسْتَطِيعُونَ تَوْصِيَةً وَلَآ إِلَىٰٓ أَهْلِهِمْ يَرْجِعُونَ ﴿٥٠﴾

50 - سۇرغا پۈۋلەنگەن چاغدا ئاشۇ مۇشرىكلار بىر - بىرىگە ۋەسىيەت قالدۇرۇشقىمۇ، ئائىلىسىگە قايتىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدۇ، بەلكى ئۇلار تۇرغان يېرىدىلا ئۆلىدۇ.

وَنُفِخَ فِى ٱلصُّورِ فَإِذَا هُم مِّنَ ٱلْأَجْدَاثِ إِلَىٰ رَبِّهِمْ يَنسِلُونَ ﴿٥١﴾

51 - سۇرغا ئىككىنچى قېتىم پۈۋلەنگەن چاغدا ئۇلارنىڭ جانلىرى بەدەنلىرىگە قايتۇرۇلىدۇ، ئۇلار شۇ ھامان قەبرىلىرىدىن چىقىپ رەببى تەرەپكە يۈگۈرىدۇ.

قَالُوا۟ يَٰوَيْلَنَا مَنۢ بَعَثَنَا مِن مَّرْقَدِنَا ۜ هَٰذَا مَا وَعَدَ ٱلرَّحْمَٰنُ وَصَدَقَ ٱلْمُرْسَلُونَ ﴿٥٢﴾

52 - ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلار پۇشايمان قىلىپ: «ۋاي ئىسىت! بىزنى قەبرىمىزدىن كىم چىقاردى؟» دەيدۇ. ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «رەھمان ئاللاھ ۋەدە قىلغان قىيامەت مۇشۇدۇر، پەيغەمبەرلەر راست ئېيتقان» دېيىلىدۇ.

إِن كَانَتْ إِلَّا صَيْحَةً وَٰحِدَةً فَإِذَا هُمْ جَمِيعٌ لَّدَيْنَا مُحْضَرُونَ ﴿٥٣﴾

53 - قەبرىلەردىن تىرىلىپ چىقىش پەقەت بىر ئاۋاز بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ، شۇ چاغدا بارلىق خالايىق دۇنيادىكى ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىش ئۈچۈن بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزغا ھازىر قىلىنىدۇ.

فَٱلْيَوْمَ لَا تُظْلَمُ نَفْسٌ شَيْـًٔا وَلَا تُجْزَوْنَ إِلَّا مَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿٥٤﴾

54 - شۇ كۈندە ئادالەت بىلەن ھېساب ئېلىنىدۇ، ھېچبىر ئىنسان ساۋابى ئازايتىلىش، گۇناھلىرى كۆپەيتىلىش دېگەندەك ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىمايدۇ. سىلەر پەقەت دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭلا نەتىجىسىنى كۆرىسىلەر (يەنى ياخشى ئەمەللىرىڭلارنىڭ مۇكاپاتىنى ئالىسىلەر، يامان ئەمەللىرىڭلارنىڭ جازاسىنى تارتىسىلەر).

إِنَّ أَصْحَٰبَ ٱلْجَنَّةِ ٱلْيَوْمَ فِى شُغُلٍ فَٰكِهُونَ ﴿٥٥﴾

55 - شۈبھىسىزكى، جەننەت ئەھلى بولغان كىشىلەر ئۇ كۈندە تۈرلۈك نېمەتلەر ئىچىدە ھۇزۇرلىنىدۇ.

هُمْ وَأَزْوَٰجُهُمْ فِى ظِلَٰلٍ عَلَى ٱلْأَرَآئِكِ مُتَّكِـُٔونَ ﴿٥٦﴾

56 - ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ جۈپلىرى سايىلەرنىڭ ئاستىدا تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ نېمەتلىنىدۇ.

لَهُمْ فِيهَا فَٰكِهَةٌ وَلَهُم مَّا يَدَّعُونَ ﴿٥٧﴾

57 - جەننەتتە ئۇلارغا تۈرلۈك لەززەتلىك مېۋىلەر بار، ئۇلارغا كۆڭلى تارتقان نېمەتلەر بار.

سَلَٰمٞ قَوۡلٗا مِّن رَّبّٖ رَّحِيمٖ ﴿٥٨﴾

58 - ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ خۇشاللىقى ۋە ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىنغان ئەڭ كاتتا نېمەت ئۇلارغا رەھىم - شەپقەتلىك رەببى سۆز قىلغان ۋە سالام بەرگەن چاغدىكى خۇشاللىقدۇر. شۇ چاغدا ئۇلار ھەممە تەرەپتىن ئامانلىق ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە بولىدۇ.

وَٱمۡتَٰزُواْ ٱلۡيَوۡمَ أَيُّهَا ٱلۡمُجۡرِمُونَ ﴿٥٩﴾

59 - ئاشۇ كۈندە گۇناھكارلارغا: «ئى گۇناھكارلار! سىلەر مۇئمىنلەردىن ئايرىلىپ ئايرىم تۇرۇڭلار» دېيىلىدۇ.

۞ أَلَمۡ أَعۡهَدۡ إِلَيۡكُمۡ يَٰبَنِيٓ ءَادَمَ أَن لَّا تَعۡبُدُواْ ٱلشَّيۡطَٰنَۖ إِنَّهُۥ لَكُمۡ عَدُوّٞ مُّبِينٞ ﴿٦٠﴾ وَأَنِ ٱعۡبُدُونِيۚ هَٰذَا صِرَٰطٞ مُّسۡتَقِيمٞ ﴿٦١﴾

60 - 61- ئاللاھ ئۇلارغا كايىپ ۋە ئۇلارغا بۇرۇن ئېيتقان سۆزىنى ئەسلىتىپ: «مەن پەيغەمبەرلىرىمىزنىڭ تىلى ئارقىلىق سىلەرگە ‹شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماڭلار، چۈنكى ئۇ سىلەرگە ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ماڭا ئىبادەت قىلىش ۋە شەيتانغا ئالدانماسلىق مېنىڭ رازىلىقىمغا ۋە جەننىتىمگە ئېلىپ بارىدىغان داغدام يولدۇر› دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟

وَلَقَدۡ أَضَلَّ مِنكُمۡ جِبِلّٗا كَثِيرًاۖ أَفَلَمۡ تَكُونُواْ تَعۡقِلُونَ ﴿٦٢﴾

62 - شۈبھىسىزكى، شەيتان سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن نۇرغۇن كىشىلەرنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇپ كەتتى. ئى مۇشرىكلار؟ شۇ چاغدا سىلەردە سىلەرنى شەيتانغا ئەگىشىشتىن توسۇپ قالىدىغان ئەقىل بولمىدىمۇ؟ ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمىدىڭلارمۇ؟

هَٰذِهِۦ جَهَنَّمُ ٱلَّتِي كُنتُمۡ تُوعَدُونَ ﴿٦٣﴾

63 - مانا بۇ سىلەرنىڭ دۇنيادىكى ۋاقىتلاردا پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقىڭلار ۋە كاپىرلىقىڭلار سەۋەبلىك سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان دوزاختۇر.

ٱصۡلَوۡهَا ٱلۡيَوۡمَ بِمَا كُنتُمۡ تَكۡفُرُونَ ﴿٦٤﴾

64 - سىلەر بۈگۈن ئۆزۈڭلارنىڭ كاپىرلىقى سەۋەبلىك تېگىشلىك بولغان دوزاخقا كىرىڭلار، ئۇنىڭ قاتتىق ھارارەتلىك ئازابىنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ.

ٱلۡيَوۡمَ نَخۡتِمُ عَلَىٰٓ أَفۡوَٰهِهِمۡ وَتُكَلِّمُنَآ أَيۡدِيهِمۡ وَتَشۡهَدُ أَرۡجُلُهُم بِمَا كَانُواْ يَكۡسِبُونَ ﴿٦٥﴾

65 - شۇ كۈندە مۇشرىكلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىمىز، شۇنىڭ بىلەن گەپ قىلالماي قالىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى شۇ قىلمىشلارنى سادىر قىلغان قوللىرى بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ، گۇناھقا ماڭغان پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

وَلَوۡ نَشَآءُ لَطَمَسۡنَا عَلَىٰٓ أَعۡيُنِهِمۡ فَٱسۡتَبَقُواْ ٱلصِّرَٰطَ فَأَنَّىٰ يُبۡصِرُونَ ﴿٦٦﴾

66 - ئەگەر بىز خالىساق، ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋەتكەندەك كۆزلىرىنىمۇ يوق قىلىۋېتەتتۇق - دە، ئۇلار ئۇ چاغدا يولنى تېپىۋېلىشقا ئالدىرايتتى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى كۆرمىسە بۇنى قانداق قىلالايدۇ؟

وَلَوۡ نَشَآءُ لَمَسَخۡنَٰهُمۡ عَلَىٰ مَكَانَتِهِمۡ فَمَا ٱسۡتَطَٰعُواْ مُضِيّٗا وَلَا يَرۡجِعُونَ ﴿٦٧﴾

67 - ئەگەر بىز خالىساق، ئۇلارنى تۇرغان يېرىدىلا باشقا نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قوياتتۇق، تۇرغان يەرلىرىدە تۇرغۇزۇپلا قوياتتۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالدىغا مېڭىشقىمۇ، ئارقىسىغا قايتىشقىمۇ قادىر بولالمايتتى.

وَمَن نُّعَمِّرۡهُ نُنَكِّسۡهُ فِي ٱلۡخَلۡقِۚ أَفَلَا يَعۡقِلُونَ ﴿٦٨﴾

68 - بىز كىمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلساق، ئۇنى قېرىلىقنىڭ ناچار چاغلىرىغا يەتكۈزسەك، ئۇنى دەسلەپكى ئەقلى ۋە تېنى ئاجىز ۋاقتىغا قايتۇرۇۋېتىمىز، ئۇلار مۇشۇنداق قىلىشقا قادىر بولغان زاتنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقامدۇ؟

وَمَا عَلَّمۡنَٰهُ ٱلشِّعۡرَ وَمَا يَنۢبَغِي لَهُۥٓۚ إِنۡ هُوَ إِلَّا ذِكۡرٞ وَقُرۡءَانٞ مُّبِينٞ ﴿٦٩﴾ لِّيُنذِرَ مَن كَانَ حَيّٗا وَيَحِقَّ ٱلۡقَوۡلُ عَلَى ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٧٠﴾

69 - 70 - بىز پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا شېئىر ئۆگەتمىدۇق، شائىر بولۇشمۇ ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئەمەس. ئۇ ئېلىپ كەلگەن كىتاب پەقەت ئەقىل ئىگىلىرى تەپەككۇر قىلىپ چۈشىنىدىغان، قەلبى ئويغاق، ھوشيار كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان، كاپىرلارغا ئازابنىڭ تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى (بىلدۈرۈش ئۈچۈن نازىل بولغان) ۋەز - نەسىھەتتۇر. ئۇ بايانلىرى، ھېكمەتلىرى ۋە كۆرسەتمىلىرى ناھايىتى روشەن ۋە ئېنىق بايان قىلىنغان قۇرئاندۇر. كاپىرلارغا ئازاب تېگىشلىك بولدى. چۈنكى ئاللاھ قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى كۈچلۈك ھۆججەت تۇرغۇزدى.

أَوَلَمۡ يَرَوۡاْ أَنَّا خَلَقۡنَا لَهُم مِّمَّا عَمِلَتۡ أَيۡدِينَآ أَنۡعَٰمٗا فَهُمۡ لَهَا مَٰلِكُونَ ﴿٧١﴾

71 - ئىنسانلار كۆرمەمدۇكى، بىز ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن نۇرغۇن چارۋىلارنى ياراتتۇق، بۇ چارۋىلارنى ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار ئۇ چارۋىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلاردۇر.

وَذَلَّلۡنَٰهَا لَهُمۡ فَمِنۡهَا رَكُوبُهُمۡ وَمِنۡهَا يَأۡكُلُونَ ﴿٧٢﴾

72 - ئۇ چارۋىلارنى ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇقكى، ئۇلار ئۇ چارۋىلارنىڭ بەزىسىنى سەپەرلەردە مىنىش ۋە ئۈستىگە يۈكلىرىنى ئارتىش ئۈچۈن قوللىنىدۇ، بەزىسىنى بوغۇزلاپ گۆشىنى يەيدۇ.

وَلَهُمۡ فِيهَا مَنَٰفِعُ وَمَشَارِبُۚ أَفَلَا يَشۡكُرُونَ ﴿٧٣﴾

73 - ئۇ چارۋىلاردا ئىنسانلارغا يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە يۇڭدىن ۋە تېرىسىدىن پايدىلىنىشقا ئوخشاش كۆپلىگەن مەنپەئەتلەر بار. ئۇلار بۇ چارۋىلارنىڭ سۈتىنى ئىچىدۇ. ئۇلار بۇ نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان ئاللاھقا شۈكۈر قىلمامدۇ؟ ئىبادەتنى ئۇنىڭغا خالىس قىلمامدۇ؟

وَٱتَّخَذُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ ءَالِهَةٗ لَّعَلَّهُمۡ يُنصَرُونَ ﴿٧٤﴾

74 - مۇشرىكلار ھەقىقىي مەبۇد ئاللاھنى قويۇپ، ساختا مەبۇدلارغا چوقۇندى. ئۇلار بۇ ساختا مەبۇدلارغا: «ئۇلار بىزگە ياردەم قىلىدۇ ۋە بىزنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالىدۇ» دېگەن ئۈمىد بىلەن چوقۇنىدۇ.

لَا يَسۡتَطِيعُونَ نَصۡرَهُمۡ وَهُمۡ لَهُمۡ جُندٞ مُّحۡضَرُونَ ﴿٧٥﴾

75 - ئەمما ئۇ ساختا مەبۇدلار يا ئۆزلىرىگە ياكى چوقۇنغۇچىلىرىغا قىلچە ياردەم بېرەلمەيدۇ.
مۇشرىكلار ۋە ساختا مەبۇدلار بىر - بىرىگە لەنەت ئوقۇغان هالدا هەممىسى قىيامەت
كۈنى ئازابقا تاشلىنىدۇ.

فَلَا يَحْزُنكَ قَوْلُهُمْۘ إِنَّا نَعْلَمُ مَا يُسِرُّونَ وَمَا يُعْلِنُونَ ﴿٧٦﴾

76 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلارنىڭ ئاللاھنى ئىنكار قىلىشى، سېنى يالغانچى دېيىشى ۋە مەسخىرە
قىلىشى سەۋەبلىك غەمكىن بولمىغىن. شەكسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ يوشۇرغانلىرىنىمۇ ۋە
ئاشكارا قىلغانلىرىنىمۇ بىلىپ تۇرىمىز. ئۇلارغا تېگىشلىك جازاسىنى بېرىمىز.

أَوَلَمْ يَرَ ٱلْإِنسَٰنُ أَنَّا خَلَقْنَٰهُ مِن نُّطْفَةٍ فَإِذَا هُوَ خَصِيمٌ مُّبِينٌ ﴿٧٧﴾

77 - تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدىغان ئىنسان ئۆزىنىڭ يارىتىلىشىنىڭ قانداق باشلانغانلىقىنى
بىلىپ، ئۇنى ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە دەلىل قىلمامدۇ؟ بىز ئۇنى ئابمەنىيدىن
ياراتتۇق، ئاندىن ئۇ ئانىسىنىڭ قارنىدا بىر قانچە باسقۇچنى باشتىن كەچۈرۈش داۋامىدا
چوڭ بولدى. مانا ئەمدى ئۇ ئاشكارا خۇسۇمەتچى بولۇپ قالدى.

وَضَرَبَ لَنَا مَثَلًا وَنَسِيَ خَلْقَهُۥۖ قَالَ مَن يُحْيِ ٱلْعِظَٰمَ وَهِيَ رَمِيمٌ ﴿٧٨﴾

78 - تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدىغان ئۇ ئىنسان ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى ئۇنتۇغان هالدا،
ياراتقۇچىنىڭ قۇدرىتىنى مەخلۇقاتنىڭ قۇدرىتىگە قىياس قىلىپ، مۇناسىپ بولمىغان
بىر ئىشنى بىزگە مىسال قىلىپ كەلتۈرۈپ: «بۇ چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم
تىرىلدۈرەلەيدۇ؟» دېدى.

قُلْ يُحْيِيهَا ٱلَّذِيٓ أَنشَأَهَآ أَوَّلَ مَرَّةٍۖ وَهُوَ بِكُلِّ خَلْقٍ عَلِيمٌ ﴿٧٩﴾

79 - ئى پەيغەمبەر! ئۇنىڭغا ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ،
ئۇ مەخلۇقاتنىڭ هەممىسىنى ناهايىتى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇنىڭغا هېچ نەرسە مەخپى
قالمايدۇ».

ٱلَّذِي جَعَلَ لَكُم مِّنَ ٱلشَّجَرِ ٱلْأَخْضَرِ نَارًا فَإِذَآ أَنتُم مِّنْهُ تُوقِدُونَ ﴿٨٠﴾

80 - ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن يېشىل ۋە هۆل دەرەختىن كۆيدۈرىدىغان ئوت چىقىرىپ بەرگەن
زاتتۇر. مانا سىلەر يېشىل دەرەختىن ئوت يېقىۋاتىسىلەر. ئاللاھ هۆل دەرەختىن ئوت
چىقارغاندەك، زىت نەرسىدىن يەنە بىر - بىرىگە زىت نەرسىنى چىقىرىشقا قادىردۇر.
بۇ ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە، چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدۇ، شۇنىڭدەك،
ئاللاھنىڭ قىيامەت كۈنىدە ئۆلۈكلەرنى قەبرىلىرىدىن تىرىلدۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىغا
دالالەت قىلىدۇ.

أَوَلَيْسَ ٱلَّذِي خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ بِقَٰدِرٍ عَلَىٰٓ أَن يَخْلُقَ مِثْلَهُمۚ بَلَىٰ وَهُوَ ٱلْخَلَّٰقُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٨١﴾

81 - ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ياراتقان زات ئۇلارنىڭ
ئوخشىشىنى يارىتىشقا، ئۇلارنى دەسلەپتە قانداق پەيدا قىلغان بولسا شۇ هالىتىگە
قايتۇرۇشقا قادىر ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئەلۋەتتە بۇنىڭغا قادىردۇر، ئۇ بارلىق مەۋجۇداتنى
يوقتىن پەيدا قىلغان ماهىر ياراتقۇچىدۇر، ياراتقان ۋە يارىتىدىغانلىرىنىڭ هەممىسىنى
بىلگۈچىدۇر، ئۇنىڭغا هېچ نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر.

إِنَّمَآ أَمۡرُهُۥٓ إِذَآ أَرَادَ شَيۡـًٔا أَن يَقُولَ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ﴿٨٢﴾

82 - ئاللاھ بىرەر شەيئىنى يارىتىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «بول!» دەيدۇ - دە، ئۇ دەرھال بولىدۇ. تىرىلدۈرۈش، ئۆلتۈرۈش، ئاخىرەتتە ھېساب مەيدانىغا توپلاش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئاشۇ بىر ئېغىز سۆزى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

فَسُبۡحَٰنَ ٱلَّذِي بِيَدِهِۦ مَلَكُوتُ كُلِّ شَيۡءٖ وَإِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ ﴿٨٣﴾

83 - ئاللاھ ئاجىزلىقتىن ۋە شېرىككە موھتاج بولۇشتىن ئەلۋەتتە پاك ۋە ئۈستۈندۇر. ئاللاھ ھەممىنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇ بەندىلىرىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرى، نېمەتلىرىنىڭ مۇكەممەللىكى نامايان بولۇپ تۇرماقتا. ھەممىڭلار ئەمەللىرىڭلاردىن ھېساب بېرىش ۋە تېگىشلىك مۇكاپات ياكى جازايىڭلارنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.

# ساففات سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

وَٱلصَّٰٓفَّٰتِ صَفّٗا ﴿١﴾ فَٱلزَّٰجِرَٰتِ زَجۡرٗا ﴿٢﴾ فَٱلتَّٰلِيَٰتِ ذِكۡرًا ﴿٣﴾ إِنَّ إِلَٰهَكُمۡ لَوَٰحِدٞ ﴿٤﴾

1 - 4- ئاللاھ تائالا ئىبادەتتە سەپ - سەپ بولۇپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر بىلەن، ئاللاھنىڭ
ئەمرى بىلەن بۇلۇتلارنى ئىرادە قىلىنغان جايلارغا قوزغىتىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر
بىلەن ۋە قۇرئان ئوقۇپ، ئاللاھقا زىكىر ئېيتىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم
قىلىپ دەيدۇكى، ئى ئىنسانلار! شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار پەقەت بىر
ئىلاھتۇر، شۇڭا ئىبادەتنى ئۇنىڭغىلا قىلىڭلار، ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىڭلار. (ئاللاھ
ئۆزى خالىغان مەخلۇقاتى بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئەمما ئىنسانلار ئاللاھنىڭ ئىسمى
بىلەنلا قەسەم قىلالايدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ باشقىسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىش
ئاللاھقا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر).

رَّبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا بَيۡنَهُمَا وَرَبُّ ٱلۡمَشَٰرِقِ ﴿٥﴾

5 - ئاللاھ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ رەببىدۇر،
قۇياشنىڭ چىقىدىغان ۋە پاتىدىغان يەرلىرىنى بەلگىلەپ بەرگۈچىدۇر.

إِنَّا زَيَّنَّا ٱلسَّمَآءَ ٱلدُّنۡيَا بِزِينَةٍ ٱلۡكَوَاكِبِ ﴿٦﴾

6 - شەكسىزكى، بىز ئەڭ يېقىن ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدۇق.

وَحِفۡظٗا مِّن كُلِّ شَيۡطَٰنٖ مَّارِدٖ ﴿٧﴾

7 - ئاسماننى ھەرقانداق ئاسىي - گۇناھكار شەيتاندىن كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلار بىلەن
قوغدىدۇق.

لَّا يَسَّمَّعُونَ إِلَى ٱلۡمَلَإِ ٱلۡأَعۡلَىٰ وَيُقۡذَفُونَ مِن كُلِّ جَانِبٖ ﴿٨﴾ دُحُورٗاۖ وَلَهُمۡ عَذَابٞ وَاصِبٌ ﴿٩﴾

8 - 9 - شەيتانلار يۇقىرى ئۇپۇقلارغا يېتىپ، ئۇ جايلاردىكى پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى
ئاڭلىيالمايدۇ، شەيتانلار پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا ئۇرۇنسا، ئۇلار ھەر تەرەپتىن
كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلار بىلەن ئېتىلىپ قوغلىنىدۇ. ئۇلارغا ئاخىرەتتە دائىملىق ئازاب بار.

إِلَّا مَنۡ خَطِفَ ٱلۡخَطۡفَةَ فَأَتۡبَعَهُۥ شِهَابٞ ثَاقِبٞ ﴿١٠﴾

10 - پەقەت پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن ئوغرىلىقچە بىرەر نەرسە ئاڭلىۋالغان شەيتان
بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇ شەيتان مەزكۇر سۆزنى ئاستىدىكىسىگە تاشلايدۇ، ئاستىدىكىسى
ئۆزىنىڭ ئاستىدىكىسىگە تاشلايدۇ، بەزىدە شۇ جەرياندا كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇز قوغلاپ،
ئۇنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. بەزىدە ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن ئۇ سۆز كاھىنغا يېتىپ

بارىدۇ، كاھىن ئۇنىڭغا يۈز يالغاننى قوشۇپ سۆزلەيدۇ.

فَٱسۡتَفۡتِهِمۡ أَهُمۡ أَشَدُّ خَلۡقًا أَم مَّنۡ خَلَقۡنَآۚ إِنَّا خَلَقۡنَٰهُم مِّن طِينٖ لَّازِبِۭ ﴿١١﴾

11 - ئى پەيغەمبەر! ئاخىرەتتە تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلاردىن سورىغىنكى، ئۇلارنى يارىتىش قىيىنمۇ؟ ياكى بىز ياراتقان (ئاسمان - زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى) چوڭ مەخلۇقاتنى يارىتىشمۇ؟ شەكسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يېپىشقاق لايدىن ياراتتۇق.

بَلۡ عَجِبۡتَ وَيَسۡخَرُونَ ﴿١٢﴾

12 - بەلكىم سەن ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغانلىقىدىن ھەيران قالغانسەن، بۇنىڭدىنمۇ بەك ھەيران قالارلىقى ئۇلارنىڭ سېنى مەسخىرە قىلىشى، سېنىڭ سۆزلىرىڭنى مەسخىرە قىلىشىدۇر.

وَإِذَا ذُكِّرُواْ لَا يَذۡكُرُونَ ﴿١٣﴾

13 - ئۇلارغا ئۇنتۇپ قالغان ياكى غەپلەتتە قالغان ئىشلىرىنى خاتىرىلىتىپ ۋەز - نەسىھەت قىلىنسا، ئۇلار بۇنىڭدىن نەسىھەت ئالمايدۇ، چوڭقۇر ئويلىنىپ باقمايدۇ.

وَإِذَا رَأَوۡاْ ءَايَةٗ يَسۡتَسۡخِرُونَ ﴿١٤﴾

14 - ئۇلار سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە دالالەت قىلىدىغان بىرەر مۆجىزىنى كۆرسىلا ئۇنى مەسخىرە قىلىشىدۇ.

وَقَالُوٓاْ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّا سِحۡرٞ مُّبِينٌ ﴿١٥﴾ أَءِذَا مِتۡنَا وَكُنَّا تُرَابٗا وَعِظَٰمًا أَءِنَّا لَمَبۡعُوثُونَ ﴿١٦﴾ أَوَءَابَآؤُنَا
ٱلۡأَوَّلُونَ ﴿١٧﴾

15 - 17 - ئۇلار: «سەن ئېلىپ كەلگەن نەرسە ئوپئوچۇق سېھىردىن باشقا نەرسە ئەمەس، بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن راستتىنلا تىرىلىپ قەبرىمىزدىن چىقامدۇق؟ بىزنىڭ بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمىزمۇ تىرىلەمدۇ؟» دەيدۇ.

قُلۡ نَعَمۡ وَأَنتُمۡ دَٰخِرُونَ ﴿١٨﴾

18 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ھەئە، سىلەر خار ۋە رەسۋا بولغان ھالەتتە تىرىلىسىلەر».

فَإِنَّمَا هِيَ زَجۡرَةٞ وَٰحِدَةٞ فَإِذَا هُمۡ يَنظُرُونَ ﴿١٩﴾

19 - ئۇ تىرىلىش قاتتىق بىر ئاۋاز بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ ھېساب مەيدانىغا ھازىر قىلىنىدۇ ۋە ئۆزلىرىگە نېمە بولىدىغانلىقىغا قارىشىپ تۇرىدۇ.

وَقَالُواْ يَٰوَيۡلَنَا هَٰذَا يَوۡمُ ٱلدِّينِ ﴿٢٠﴾

20 - ئۇلار: «ۋاي بىزنىڭ ھالىمىزغا! مانا بۇ قىيامەت كۈنىدۇر» دەيدۇ.

هَٰذَا يَوۡمُ ٱلۡفَصۡلِ ٱلَّذِي كُنتُم بِهِۦ تُكَذِّبُونَ ﴿٢١﴾

21 - ئۇلارغا: «مانا بۇ سىلەر دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا ئىنكار قىلغان، بەندىلەرنىڭ ئارىسىدا

ئادالـەت بىلـەن ھۆكـۈم چىقىرىلىدىغـان قىيامـەت كۈنـدۇر» دېيىلىـدۇ.

﴿ ٱحۡشُرُواْ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ وَأَزۡوَٰجَهُمۡ وَمَا كَانُواْ يَعۡبُدُونَ ﴿٢٢﴾ مِن دُونِ ٱللَّهِ فَٱهۡدُوهُمۡ إِلَىٰ صِرَٰطِ ٱلۡجَحِيمِ ﴿٢٣﴾

22 ـ 23 ـ (ئاللاھ پەرىشتىلىرىگە مۇنداق ئەمر قىلىدۇ:) «ئاللاھنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنى ۋە ئۇلارغا ئوخشاش باشقا كاپىرلارنى ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان ساختا مەبۇدلىرى بىلەن بىرگە توپلاڭلار، ئاندىن ئۇلارنى دوزاخقا قاتتىق ھەيدەپ مېڭىڭلار.

وَقِفُوهُمۡۖ إِنَّهُم مَّسۡـُٔولُونَ ﴿٢٤﴾

24 ـ ئۇلارنى جەھەننەمگە ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن توختىتىپ تۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇلار دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى ۋە گەپ ـ سۆزلىرى ئۈستىدە سوراق قىلىنىدۇ، بۇ سوراق ئۇلارنى پۇشايمان قىلدۇرۇش ۋە ئۇلارغا كايىش ئۈچۈن قىلىنىدۇ».

مَا لَكُمۡ لَا تَنَاصَرُونَ ﴿٢٥﴾

25 ـ ئۇلارغا كايىپ: «سىلەرگە نېمە بولدى؟ بىر ـ بىرىڭلارغا ياردەم قىلىشمايسىلەرغۇ؟» دېيىلىدۇ.

بَلۡ هُمُ ٱلۡيَوۡمَ مُسۡتَسۡلِمُونَ ﴿٢٦﴾

26 ـ بەلكى ئۇلار بۇ كۈندە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنغۇچىدۇر، ئۇنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، ئۇنىڭدىن يىراق كېتەلمەيدۇ، ئۆزلىرىنى قوغداپمۇ قالالمايدۇ.

وَأَقۡبَلَ بَعۡضُهُمۡ عَلَىٰ بَعۡضٖ يَتَسَآءَلُونَ ﴿٢٧﴾

27 ـ كاپىرلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ مالامەت قىلىشىدۇ ۋە جېدەللىشىدۇ.

قَالُوٓاْ إِنَّكُمۡ كُنتُمۡ تَأۡتُونَنَا عَنِ ٱلۡيَمِينِ ﴿٢٨﴾

28 ـ ئەگەشكۈچىلەر ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە: «سىلەر بىزنى دىن ۋە ھەقىقەت نامىدىن ئازدۇراتتىڭلار، شەرىئەتنى ئاددىي قىلىپ كۆرسىتەتتىڭلار، بىزگە ئۇنى يامان كۆرسىتەتتىڭلار، ئازغۇنلۇقنى چىرايلىق كۆرسىتەتتىڭلار» دەيدۇ.

قَالُواْ بَل لَّمۡ تَكُونُواْ مُؤۡمِنِينَ ﴿٢٩﴾

29 ـ ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئەگەشكۈچىلەرگە ئېيتىدۇ: «ئەمەلىيەت سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، بەلكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلار ئىماننى ئىنكار قىلىپ، كۇفرىنى ۋە ئاسىيلىقنى قوبۇل قىلاتتى.

وَمَا كَانَ لَنَا عَلَيۡكُم مِّن سُلۡطَٰنِۭۖ بَلۡ كُنتُمۡ قَوۡمًا طَٰغِينَ ﴿٣٠﴾

30 ـ ئى مۇشرىكلار! بىزنىڭ ھەرگىز سىلەرنى ئىماندىن توسقۇدەك دەلىل ـ پاكىتىمىز ياكى كۈچىمىز يوق ئىدى، بەلكى ئۆزۈڭلار ھەقىقەتنىڭ چەك ـ چېگرىسىدىن ئېشىپ كەتكەن ئازغۇن بىر قەۋم ئىدىڭلار.

فَحَقَّ عَلَيۡنَا قَوۡلُ رَبِّنَآۖ إِنَّا لَذَآئِقُونَ ﴿٣١﴾

31 ـ شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىمىز رەببىمىز بىزنى ئالدىنئالا ئاگاھلاندۇرغان ئازابقا تېگىشلىك بولدۇق. دۇنيادا قىلغان گۇناھ ـ مەئسىيەتلىرىمىز سەۋەبلىك ھەممىمىز ئازابنى

تېتىغۇچىمىز.

فَأَغْوَيْنَٰكُمْ إِنَّا كُنَّا غَٰوِينَ ﴿٣٢﴾

32 - بىز سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشتىن ئازدۇردۇق، چۈنكى ئۆزىمىزمۇ راستتىنلا سىلەردىن ئىلگىرى ئازغان ئىدۇق. بىز كاپىرلىقىمىز سەۋەبلىك هالاك بولدۇق، سىلەرنىمۇ بىللە هالاك قىلدۇق».

فَإِنَّهُمْ يَوْمَئِذٍ فِى ٱلْعَذَابِ مُشْتَرِكُونَ ﴿٣٣﴾

33 - شەكسىزكى، ئەگەشكۈچىلەر بىلەن ئەگەشتۈرگۈچىلەر دۇنيادىكى ۋاقتىدا گۇناهتا ئورتاق بولغاندەك قىيامەت كۈنى ئازابتا ئورتاقتۇر.

إِنَّا كَذَٰلِكَ نَفْعَلُ بِٱلْمُجْرِمِينَ ﴿٣٤﴾

34 - بىز ھەقىقەتەن دۇنيادىكى ۋاقتىدا ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشنى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتىن ئەۋزەل كۆرگەن گۇناھكارلارنى مۇشۇنداق قىلىمىز، ئۇلارغا ئازابنى مۇشۇنداق تېتىتىمىز.

إِنَّهُمْ كَانُوٓا۟ إِذَا قِيلَ لَهُمْ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا ٱللَّهُ يَسْتَكْبِرُونَ ﴿٣٥﴾

35 - چۈنكى ئاشۇ مۇشرىكلارغا دۇنيادىكى چاغلىرىدا: «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق» دېيىلسە، ئۇلار ئىمانغا دەۋەت قىلىنسا ۋە مۇشرىكلىكتىن يېنىشقا بۇيرۇلسا، چوڭچىلىق قىلىپ ئىماندىن باش تارتاتتى، دەۋەت قىلغان كىشىنى كۆزگە ئىلمايتتى.

وَيَقُولُونَ أَئِنَّا لَتَارِكُوٓا۟ ءَالِهَتِنَا لِشَاعِرٍ مَّجْنُونٍۭ ﴿٣٦﴾

36 - ۋە : «بىز بىر مەجنۇن شائىرنى دەپ ئىلاھلىرىمىزنى تاشلىۋېتەمدۇق؟» دەيتتى. ئۇلار بۇ سۆزى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەقسەت قىلاتتى.

بَلْ جَآءَ بِٱلْحَقِّ وَصَدَّقَ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿٣٧﴾

37 - ئۇلار يالغان ئېيتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلار گۇمان قىلغاندەك شائىر ياكى مەجنۇن ئەمەس، بەلكى ئۇ قۇرئاننى، تەۋھىد ئەقىدىسىنى ئېلىپ كەلدى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق بەرگەن بېشارەتلىرىنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلىدى.

إِنَّكُمْ لَذَآئِقُوا۟ ٱلْعَذَابِ ٱلْأَلِيمِ ﴿٣٨﴾

38 - سىلەر ئى مۇشرىكلار! يالغان سۆزۈڭلار ۋە كاپىرلىقىڭلار تۈپەيلىدىن چوقۇم قاتتىق ۋە ئەلەملىك ئازابنى تېتىيسىلەر.

وَمَا تُجْزَوْنَ إِلَّا مَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿٣٩﴾

39 - سىلەر ئاخىرەتتە پەقەتلا مۇشۇ دۇنيادا سادىر قىلغان قىلمىشىڭلارغا يارىشا جازالىنىسىلەر.

إِلَّا عِبَادَ ٱللَّهِ ٱلْمُخْلَصِينَ ﴿٤٠﴾

40 - پەقەت ئاللاھقا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىدىغان ۋە ئاللاھمۇ تاللاپ ئۆز رەھمىتىگە داخىل قىلغان كىشىلەرلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. چۈنكى ئۇلار قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

أُو۟لَٰٓئِكَ لَهُمْ رِزْقٌ مَّعْلُومٌ ﴿٤١﴾

41 ـ ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرى بولۇپ، ئۇلار نېمەتلىرى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان مەڭگۈلۈك جەننەتلەردە مۇئەييەن رىزىقلار بىلەن نېمەتلىنىدۇ.

فَوَٰكِهُ وَهُم مُّكۡرَمُونَ ﴿٤٢﴾ فِي جَنَّٰتِ ٱلنَّعِيمِ ﴿٤٣﴾

42 ـ 43ـ ئۇ رىزىقلار تۈرلۈك مېۋىلەر بولۇپ، ئۇلار نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە ھەمىشە ئاللاھنىڭ ئىززەتلىشى بىلەن ئالاھىدە ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ.

عَلَىٰ سُرُرٖ مُّتَقَٰبِلِينَ ﴿٤٤﴾

44 ـ ئۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئىززەت ـ ئىكرامغا ئېرىشكەنلىكتىن ۋە ئۆزلىرىمۇ بىر ـ بىرىگە ئىززەت ـ ئىكرام قىلىشقانلىقتىن، (نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە)، تەختلەرنىڭ ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ.

يُطَافُ عَلَيۡهِم بِكَأۡسٖ مِّن مَّعِينِۭ ﴿٤٥﴾ بَيۡضَآءَ لَذَّةٖ لِّلشَّٰرِبِينَ ﴿٤٦﴾ لَا فِيهَا غَوۡلٞ وَلَا هُمۡ عَنۡهَا يُنزَفُونَ ﴿٤٧﴾

45 ـ 47 ـ ئۇلارغا جەننەتنىڭ ئۈستەڭلىرىدە ئېقىپ تۇرغان، رەڭگى ئاپئاق، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان، ئەقىلگە ياكى بەدەنگە زىيان يەتكۈزمەيدىغان شارابلاردىن تولدۇرۇلغان جاملار ئايلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ.

وَعِندَهُمۡ قَٰصِرَٰتُ ٱلطَّرۡفِ عِينٞ ﴿٤٨﴾ كَأَنَّهُنَّ بَيۡضٞ مَّكۡنُونٞ ﴿٤٩﴾

48 ـ 49ـ ئولتۇرۇشلىرىدا ئۇلارنىڭ يېنىدا ئەرلىرىدىن باشقىلارغا كۆز قىرىنى سالمايدىغان، (ئاقلىقتا) گويا قول تەگمەي ساقلانغان تۆگىقۇشنىڭ تۇخۇملىرىغا ئوخشايدىغان، شەھلا كۆزلۈك، ئېپپەتلىك ئاياللار بولىدۇ.

فَأَقۡبَلَ بَعۡضُهُمۡ عَلَىٰ بَعۡضٖ يَتَسَآءَلُونَ ﴿٥٠﴾

50 ـ ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ، دۇنيادىكى ئەھۋالى، تارتقان جاپالىرى ۋە جەننەتتىكى راھەتلىك تۇرمۇشى ھەققىدە پاراڭ سېلىشىدۇ. مانا بۇ ئەڭ كۆڭۈللۈك سۆھبەت ۋە ۋايىغا يەتكەن ھوزۇر ـ ھالاۋەتتۇر.

قَالَ قَآئِلٞ مِّنۡهُمۡ إِنِّي كَانَ لِي قَرِينٞ ﴿٥١﴾

51 ـ جەننەت ئەھلىدىن بىرەيلەن ئېيتىدۇ: «مېنىڭ دۇنيادا مەندىن ئايرىلمايدىغان بىر يېقىنىم بار ئىدى،

يَقُولُ أَءِنَّكَ لَمِنَ ٱلۡمُصَدِّقِينَ ﴿٥٢﴾ أَءِذَا مِتۡنَا وَكُنَّا تُرَابٗا وَعِظَٰمًا أَءِنَّا لَمَدِينُونَ ﴿٥٣﴾

52 ـ 53 ـ ئۇ: ماڭا ‹راستىنلا سەن ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىسىلەر دېگەن گەپكە ئىشىنەمسەن؟ بۇ ئاجايىپ گەپ ئەمەسمۇ؟ بىز ئۆلۈپ، بەدىنىمىز تىتىلىپ تۇپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن تىرىلىپ، دۇنيادىكى ئەمەللىرىمىز ھەققىدە ھېساب بېرەمدۇق؟› دەيتتى».

قَالَ هَلۡ أَنتُم مُّطَّلِعُونَ ﴿٥٤﴾

54 ـ جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن بۇ مۇئمىن ئادەم ھەمراھلىرىغا: «سىلەر مېنىڭ ئاشۇ يېقىنىمنى كۆرۈۋاتامسىلەر؟» دەيدۇ.

فَٱطَّلَعَ فَرَءَاهُ فِى سَوَآءِ ٱلْجَحِيمِ ﴿٥٥﴾

55 - ئۇ قاراپلا ئۇ يېقىنىنى دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرىدۇ.

قَالَ تَٱللَّهِ إِن كِدتَّ لَتُرْدِينِ ﴿٥٦﴾ وَلَوْلَا نِعْمَةُ رَبِّى لَكُنتُ مِنَ ٱلْمُحْضَرِينَ ﴿٥٧﴾

56 - 57 - ئۇ مۇئمىن ئادەم دوزاختا تاشلانغان ھېلىقى يېقىنىغا ئېيتىدۇ: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ناۋادا مەن ساڭا ئىتائەت قىلغان بولسام، سەن مېنى ئىماندىن توسۇپ ھالاك قىلغىلى تاس قاپتىكەنسەن. ئەگەر رەببىم مېنى ئىمانغا مۇۋەپپەق قىلىپ، ئىماندا مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ ماڭا مەرھەمەت قىلمىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە مەنمۇ سەن بىلەن بىللە دوزاختا ھازىر قىلىنغانلاردىن بولاتتىم.

أَفَمَا نَحْنُ بِمَيِّتِينَ ﴿٥٨﴾ إِلَّا مَوْتَتَنَا ٱلْأُولَىٰ وَمَا نَحْنُ بِمُعَذَّبِينَ ﴿٥٩﴾ إِنَّ هَٰذَا لَهُوَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ ﴿٦٠﴾

58 - 60 - بىز داۋاملىق بىر خىل تۇرىمىز، داۋاملىق نازۇنېمەت ئىچىدە بولىمىز، دۇنيادىكى ئۆلۈممىزدىن باشقا ئۆلمەيمىز، بىز ئەمدى جەننەتكە كىرگەندىن كېيىن ئازابقا دۇچار بولمايمىز ئەمەسمۇ؟ شەكسىزكى، بىز بەھرىمەن بولۇۋاتقان بۇ نېمەتلەر ھەقىقەتەن كاتتا ئۇتۇقتۇر.

لِمِثْلِ هَٰذَا فَلْيَعْمَلِ ٱلْعَٰمِلُونَ ﴿٦١﴾

61 - دۇنيادا ئىشلىگۈچىلەر ئاخىرەتتە مۇشۇنداق زور ئۇتۇقا ۋە كامالىغا يەتكەن دائىملىق نېمەتلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىشلىسۇن!».

أَذَٰلِكَ خَيْرٌ نُّزُلًا أَمْ شَجَرَةُ ٱلزَّقُّومِ ﴿٦٢﴾

62 - يۇقىرىدا سۆپەتلەنگەن جەننەت نېمەتلىرىدىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ مۇئمىنلەرگە ئاتا قىلغان بۇ زىياپىتى ياخشىمۇ؟ ياكى دوزاخ ئەھلىنىڭ تامىقى بولغان لەنەتلىك پاسكىنا دەرەخ — زەققۇم دەرىخىمۇ؟

إِنَّا جَعَلْنَٰهَا فِتْنَةً لِّلظَّٰلِمِينَ ﴿٦٣﴾

63 - بىز زەققۇم دەرىخىنى كۇفرىلىق ۋە گۇناھ - مەئسىيەت بىلەن ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان كاپىرلار ئۈچۈن ئازاب - ئوقۇبەت قىلدۇق.

إِنَّهَا شَجَرَةٌ تَخْرُجُ فِىٓ أَصْلِ ٱلْجَحِيمِ ﴿٦٤﴾ طَلْعُهَا كَأَنَّهُۥ رُءُوسُ ٱلشَّيَٰطِينِ ﴿٦٥﴾ فَإِنَّهُمْ لَءَاكِلُونَ مِنْهَا فَمَالِـُٔونَ مِنْهَا ٱلْبُطُونَ ﴿٦٦﴾ ثُمَّ إِنَّ لَهُمْ عَلَيْهَا لَشَوْبًا مِّنْ حَمِيمٍ ﴿٦٧﴾ ثُمَّ إِنَّ مَرْجِعَهُمْ لَإِلَى ٱلْجَحِيمِ ﴿٦٨﴾

64 - 68 - شۈبھىسىزكى، زەققۇم دەرىخى جەھەننەمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئۆسىدىغان دەرەختۇر. ئۇنىڭ مېۋىسى ئىنتايىن كۆرۈمسىز بولۇپ، گويا شەيتانلارنىڭ باشلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى شۇنداق بولغان يەردە ئۇنىڭ تەمىنى سوراشنىڭ ھاجىتى يوق. مۇشرىكلار مۇشۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يەپ قورساقلىرىنى تولدۇرىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارىلاشما قايناق سۇنى ئىچىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ قايتىدىغان جايى ئەلۋەتتە دوزاخ بولىدۇ.

إِنَّهُمْ أَلْفَوْا۟ ءَابَآءَهُمْ ضَآلِّينَ ﴿٦٩﴾ فَهُمْ عَلَىٰٓ ءَاثَٰرِهِمْ يُهْرَعُونَ ﴿٧٠﴾

69 ـ 70- چۈنكى ئۇلار دۇنيادىكى ۋاقتىدا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋە ئۇلارغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ ماڭغان ئىدى.

وَلَقَدْ ضَلَّ قَبْلَهُمْ أَكْثَرُ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿٧١﴾

71 ـ ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ قەۋمىڭدىن بۇرۇن، ئىلگىرى ئۆتكەن قەۋملەرنىڭ تولىسى راستتىنلا ھەقىقەتتىن ئېزىپ كەتكەن ئىدى.

وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا فِيهِم مُّنذِرِينَ ﴿٧٢﴾

72 ـ بىز ھەقىقەتەن ئاشۇ ئۈممەتلەرگە ئۇلارنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ئىدۇق. ئەمما ئۇلار ئۇ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى (ۋە ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتتى).

فَٱنظُرْ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلْمُنذَرِينَ ﴿٧٣﴾

73 ـ ئى پەيغەمبەر! ئۆزلىرىگە پەيغەمبەرلەر كەلگەن ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇلغان تۇرۇقلۇق، ئىمان ئېيتمىغان ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئاشۇ قەۋملەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقى ھەققىدە ئويلانغىن. ئۇلار راستتىنلا جازالاندى ۋە كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇپ قالدى.

إِلَّا عِبَادَ ٱللَّهِ ٱلْمُخْلَصِينَ ﴿٧٤﴾

74 ـ پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىخلاسى يۈزىسىدىن ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە نائىل بولغان ئىخلاسمەن بەندىلەرلا بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر.

وَلَقَدْ نَادَىٰنَا نُوحٌ فَلَنِعْمَ ٱلْمُجِيبُونَ ﴿٧٥﴾

75 ـ پەيغەمبىرىمىز نۇھ (قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەندىن كېيىن) بىزگە ئىلتىجا قىلىپ، قەۋمىگە قارشى بىزدىن ياردەم تەلەپ قىلغان ئىدى. (بىز ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدۇق) بىز نېمىدېگەن ياخشى قوبۇل قىلغۇچى!

وَنَجَّيْنَٰهُ وَأَهْلَهُۥ مِنَ ٱلْكَرْبِ ٱلْعَظِيمِ ﴿٧٦﴾

76 ـ بىز ئۇنى، ئائىلىسىدىكىلەرنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى مۇشرىكلارنىڭ ئەزىيەتلىرىدىن ۋە چوڭ توپان بالاسىدا غەرق بولۇشتىن قۇتقۇزدۇق.

وَجَعَلْنَا ذُرِّيَّتَهُۥ هُمُ ٱلْبَاقِينَ ﴿٧٧﴾

77 ـ نۇھنىڭ قەۋمى توپان بالاسىدا غەرق قىلىنغاندىن كېيىن، نۇھنىڭ نەسلىنى يەر يۈزىدە داۋاملىشىدىغان قىلدۇق.

وَتَرَكْنَا عَلَيْهِ فِى ٱلْءَاخِرِينَ ﴿٧٨﴾

78 ـ نۇھتىن كېيىن كەلگەنلەرنىڭ ئۇنى ئەسلەپ تۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ياخشى نامىنى قالدۇردۇق.

سَلَٰمٌ عَلَىٰ نُوحٍ فِى ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٧٩﴾

79 ـ نۇھقا ئامانلىق ۋە سالامەتلىك بولسۇنكى، ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەنلەر ئۇنى يامان سۆزلەر بىلەن ئەسلىمەيدۇ، بەلكى يارلىق گۈزەل سۆزلەر بىلەن ئەسلەيدۇ ۋە ئۇنى مەدھىيەلەيدۇ.

إِنَّا كَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿٨٠﴾

80 - بىز ئەمەل - ئىبادەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغۇچىلارنى نۇھنى مۇكاپاتلىغاندەك مۇكاپاتلايمىز.

إِنَّهُۥ مِنۡ عِبَادِنَا ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٨١﴾

81 - شەكسىزكى، نۇھ بىزنىڭ مۇئمىن، مۇخلىس بەندىلىرىمىز قاتارىدىندۇر.

ثُمَّ أَغۡرَقۡنَا ٱلۡأٓخَرِينَ ﴿٨٢﴾

82 - ئاندىن بىز نۇھ قەۋمىنىڭ كاپىرلىرىنى توپان بالاسىدا غەرق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ھېچكىم ھايات قالمىدى.

۞ وَإِنَّ مِن شِيعَتِهِۦ لَإِبۡرَٰهِيمَ ﴿٨٣﴾ إِذۡ جَآءَ رَبَّهُۥ بِقَلۡبٖ سَلِيمٍ ﴿٨٤﴾ إِذۡ قَالَ لِأَبِيهِ وَقَوۡمِهِۦ مَاذَا تَعۡبُدُونَ ﴿٨٥﴾ أَئِفۡكًا ءَالِهَةً دُونَ ٱللَّهِ تُرِيدُونَ ﴿٨٦﴾ فَمَا ظَنُّكُم بِرَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٨٧﴾

83 - 87 - نۇھنىڭ دىنىغا ۋە يولىغا تەۋە كىشىلەرنىڭ بىرى ئىبراھىم ئىدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا رەببىگە بۇزۇق ئېتىقادتىن ۋە ناچار ئەخلاقتىن خالىي ۋە ساغلام دىل بىلەن يۈزلەنگەن ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇ ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە كايىپ: «سىلەر ئاللاھنى قويۇپ نېمىگە چوقۇنۇۋاتىسىلەر؟ سىلەر ئىبادەت قىلىنىشقا تامامەن ھەقلىق بولغان ئاللاھنى قويۇپ، يالغان ئىلاھلارغا چوقۇنامسىلەر؟ سىلەر بۇتلارغا چوقۇنۇپ، ئۇ بۇتلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالساڭلار، ئالەملەرنىڭ رەببىنى ئۆزۈڭلارغا نېمە قىلىدۇ دەپ ئويلايسىلەر؟ سىلەر ئۇنىڭ جازالىشىدىن قورقمامسىلەر؟» دېگەن ئىدى.

فَنَظَرَ نَظۡرَةٗ فِي ٱلنُّجُومِ ﴿٨٨﴾ فَقَالَ إِنِّي سَقِيمٞ ﴿٨٩﴾ فَتَوَلَّوۡاْ عَنۡهُ مُدۡبِرِينَ ﴿٩٠﴾

88 - 90 - ئىبراھىم قەۋمىنىڭ بايرام مۇراسىمىغا چىقماسلىق ئۈچۈن بىرەر باھانە ئىزدەپ يۇلتۇزلارغا بىر قارىۋېتىپ: «مەن كېسەل بولۇپ قالدىم» دېدى. شۇنىڭ بىلەن قەۋمى ئۇنى چىقىشقا زورلىماي، ئۆزلىرى چىقىپ كەتتى.

فَرَاغَ إِلَىٰٓ ءَالِهَتِهِمۡ فَقَالَ أَلَا تَأۡكُلُونَ ﴿٩١﴾ مَا لَكُمۡ لَا تَنطِقُونَ ﴿٩٢﴾

91 - 92 - ئىبراھىم ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنىڭ يېنىغا يوشۇرۇن بېرىپ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلغان ھالدا: «ئالدىڭلارغا قويۇلغان بۇ تاماقلاردىن يېمەمسىلەر؟ نېمىشقا گەپ قىلمايسىلەر؟ نېمىشقا سوئالغا جاۋاب بەرمەيسىلەر؟» دېدى.

فَرَاغَ عَلَيۡهِمۡ ضَرۡبَۢا بِٱلۡيَمِينِ ﴿٩٣﴾

93 - ئاندىن ئۇلارغا يېقىنلاپ كېلىپ، بۇتلارغا چوقۇنۇشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بار كۈچى بىلەن ئۇلارنى چېقىشقا باشلىدى.

فَأَقۡبَلُوٓاْ إِلَيۡهِ يَزِفُّونَ ﴿٩٤﴾

94 - ئىبراھىمنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ يېنىغا غەزەپلەنگەن ھالدا ئالدىراپ كېلىشتى.

قَالَ أَتَعۡبُدُونَ مَا تَنۡحِتُونَ ﴿٩٥﴾ وَٱللَّهُ خَلَقَكُمۡ وَمَا تَعۡمَلُونَ ﴿٩٦﴾

95 - 96 - ئىبراھىم ئۇلارغا ئۆزىنىڭ مۇستەھكەم ئىرادىسى بىلەن يۈزلىنىپ: «سىلەر قانداقلارچە

سىلەرنى ۋە سىلەرنىڭ بارلىق ئىشلىرىڭلارنى ياراتقان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى تەرك ئېتىپ، ئۆز قولۇڭلار بىلەن ئويۇپ ياسىغان بۇتلارغا چوقۇنىسىلەر؟» دېدى.

قَالُواْ ٱبْنُواْ لَهُۥ بُنْيَـٰنًا فَأَلْقُوهُ فِى ٱلْجَحِيمِ ﴿٩٧﴾

97 - ئۇلار (ئۆزلىرىگە قارشى دەلىل - پاكىت ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، ئىبراھىمغا قارشى كۈچ ئىشلىتىشكە ئۆتۈپ): «ئىبراھىم ئۈچۈن بىر قورۇ ياساڭلار، ئۇنى ئوتۇن بىلەن تولدۇرۇڭلار، ئاندىن ئىبراھىمنى ئۇنىڭدىكى ئوتقا تاشلاڭلار» دېدى.

فَأَرَادُواْ بِهِۦ كَيْدًا فَجَعَلْنَـٰهُمُ ٱلْأَسْفَلِينَ ﴿٩٨﴾

98 - ئىبراھىمنىڭ قەۋمى ئۇنى يوق قىلىش ئۈچۈن سۇيىقەست پىلانلىۋىدى، بىز ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى بەربات قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدۇق. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىنى بىتچىت قىلدى ۋە ئوتنى ئىبراھىمغا سالقىن ۋە ئامانلىق قىلىپ بەردى.

وَقَالَ إِنِّى ذَاهِبٌ إِلَىٰ رَبِّى سَيَهْدِينِ ﴿٩٩﴾ رَبِّ هَبْ لِى مِنَ ٱلصَّـٰلِحِينَ ﴿١٠٠﴾

99 - 100 - ئىبراھىم: «مەن قەۋمىمنىڭ يۇرتىنى تاشلاپ رەببىم تەرەپكە، يەنى رەببىمگە ئىبادەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدىغان يەرگە ھىجرەت قىلىمەن، ئۇ مېنى دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىمدا ياخشىلىققا يېتەكلەيدۇ. ئى رەببىم! ماڭا بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن» دېدى.

فَبَشَّرْنَـٰهُ بِغُلَـٰمٍ حَلِيمٍ ﴿١٠١﴾

101 - بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق ۋە ئۇنىڭغا چوڭ بولغاندا ناھايىتى مۇلايىم بولىدىغان بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق. ئۇ ئىسمائىل ئىدى.

فَلَمَّا بَلَغَ مَعَهُ ٱلسَّعْىَ قَالَ يَـٰبُنَىَّ إِنِّىٓ أَرَىٰ فِى ٱلْمَنَامِ أَنِّىٓ أَذْبَحُكَ فَٱنظُرْ مَاذَا تَرَىٰ ۚ قَالَ يَـٰٓأَبَتِ ٱفْعَلْ
مَا تُؤْمَرُ ۖ سَتَجِدُنِىٓ إِن شَآءَ ٱللَّهُ مِنَ ٱلصَّـٰبِرِينَ ﴿١٠٢﴾

102 - ئىسمائىل چوڭ بولۇپ ئىبراھىمنىڭ ئىش - كۈشلىرىگە يارىغۇدەك بولغان چاغدا، ئىبراھىم ئۇنىڭغا: «ئى ئوغلۇم! مەن سېنى (قۇربانلىق ئۈچۈن) بوغۇزلاپ چۈشەپتىمەن، ئويلاپ باققىنا! قانداق قارايسەن؟» دېدى. ئىسمائىل ئاللاھنى رازى قىلغان، ئاتىسىغا رازىلىق بىلدۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا ماسلاشقان ھالدا، «ئى ئاتا! ئاللاھنىڭ مېنى بوغۇزلاش ھەققىدىكى بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغىن، ئاللاھ خالىسا مېنى چىدامچان، ئىتائەتمەن ۋە ساۋابنى كۆزلىگۈچى تاپىسەن» دېدى.

فَلَمَّآ أَسْلَمَا وَتَلَّهُۥ لِلْجَبِينِ ﴿١٠٣﴾ وَنَـٰدَيْنَـٰهُ أَن يَـٰٓإِبْرَٰهِيمُ ﴿١٠٤﴾ قَدْ صَدَّقْتَ ٱلرُّءْيَآ ۚ إِنَّا كَذَٰلِكَ نَجْزِى
ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿١٠٥﴾ إِنَّ هَـٰذَا لَهُوَ ٱلْبَلَـٰٓؤُاْ ٱلْمُبِينُ ﴿١٠٦﴾

103 - 106 - ھەر ئىككىسى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئىبراھىم ئۇنى بوغۇزلاش ئۈچۈن يەرگە يېنىچە ياتقۇزغان ۋاقىتتا، بىز ئۇنىڭغا: «ئى ئىبراھىم! سەن ھەقىقەتەن بۇيرۇلغان ئىشنى ئورۇندىدىڭ، چۈشۈڭنى ئەمەلگە ئاشۇردۇڭ. بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى سېنى مۇكاپاتلىغاندەك مۇكاپاتلايمىز، ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن قۇتقۇزىمىز. شەكسىزكى، ئوغلۇڭنى بوغۇزلاشتىن ئىبارەت بۇ سىناق ھەقىقەتەن زور بىر سىناق ئىدى، بۇنىڭ بىلەن سەن ئاللاھقا بولغان ئىمانىڭنى ۋە ساداقىتىڭنى ئىسپاتلىدىڭ» دەپ نىدا قىلدۇق.

وَفَدَيْنَٰهُ بِذِبْحٍ عَظِيمٍ ﴿١٠٧﴾

107 ـ بىز ئىسمائىلنى بوغۇزلىنىشتىن قۇتقۇزۇۋالدۇق، ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قوچقارنى بەردۇق.

وَتَرَكْنَا عَلَيْهِ فِى ٱلْـَٔاخِرِينَ ﴿١٠٨﴾

108 ـ ئىبراھىمدىن كېيىن كەلگەن ئۈممەتلەر ئىچىدە ئۇنىڭ ياخشى نامىنى قالدۇردۇق.

سَلَٰمٌ عَلَىٰٓ إِبْرَٰهِيمَ ﴿١٠٩﴾

109 ـ ئىبراھىمغا ئاللاھ تەرىپىدىن سالام ۋە ئامانلىق بولسۇن!

كَذَٰلِكَ نَجْزِى ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿١١٠﴾

110 ـ بىز ئىبراھىمنى ئۇنىڭ بىزگە بولغان ئىخلاسى ۋە ئىتائىتى يۈزىسىدىن مۇكاپاتلىغاندەك، تائەت ـ ئىبادەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغۇچىلارنىمۇ شۇنداق مۇكاپاتلايمىز.

إِنَّهُۥ مِنْ عِبَادِنَا ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿١١١﴾

111 ـ ئىبراھىم بەندىچىلىكنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلغان مۇئمىن بەندىلىرىمىزنىڭ قاتارىدىندۇر.

وَبَشَّرْنَٰهُ بِإِسْحَٰقَ نَبِيًّا مِّنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١١٢﴾

112 ـ بىز ئىبراھىمغا ياخشىلار ئىچىدىن پەيغەمبەر بولۇپ چىقىدىغان بىر ئوغلى ئىسھاق بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق. بۇ ئۇنىڭ سەۋرچانلىقى ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە رازىلىق بىلدۈرگەنلىكى ھەم ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىقى يۈزىسىدىن بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر.

وَبَٰرَكْنَا عَلَيْهِ وَعَلَىٰٓ إِسْحَٰقَ ۚ وَمِن ذُرِّيَّتِهِمَا مُحْسِنٌ وَظَالِمٌ لِّنَفْسِهِۦ مُبِينٌ ﴿١١٣﴾

113 ـ ئىبراھىمغا ۋە ئىسھاققا بەرىكەت ئاتا قىلدۇق، ھەر ئىككىسىنىڭ نەسلىدىن رەببىگە ئىتائەت قىلىپ ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغۇچىلارمۇ، كۇفرىلىق ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەت بىلەن ئۆزىگە ئاشكارا زۇلۇم قىلغۇچىلارمۇ چىقىدۇ.

وَلَقَدْ مَنَنَّا عَلَىٰ مُوسَىٰ وَهَٰرُونَ ﴿١١٤﴾ وَنَجَّيْنَٰهُمَا وَقَوْمَهُمَا مِنَ ٱلْكَرْبِ ٱلْعَظِيمِ ﴿١١٥﴾

114 ـ 115 ـ شەكسىزكى، بىز مۇسا بىلەن ھارۇنغا پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلدۇق. ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ قەۋمىنى سۇدا غەرق بولۇشتىن، قۇللۇقتىن ۋە خارلىقتىن قۇتقۇزدۇق.

وَنَصَرْنَٰهُمْ فَكَانُوا۟ هُمُ ٱلْغَٰلِبِينَ ﴿١١٦﴾

116 ـ بىز ئۇلارغا ياردەم بەردۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى.

وَءَاتَيْنَٰهُمَا ٱلْكِتَٰبَ ٱلْمُسْتَبِينَ ﴿١١٧﴾ وَهَدَيْنَٰهُمَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلْمُسْتَقِيمَ ﴿١١٨﴾ وَتَرَكْنَا عَلَيْهِمَا فِى ٱلْـَٔاخِرِينَ ﴿١١٩﴾

117 ـ 119 ـ مۇسا بىلەن ھارۇنغا تەۋراتتىن ئىبارەت روشەن بىر كىتابنى نازىل قىلدۇق. ئۇلارنى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق دىنى بولغان ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت قىلچە

قىڭغىرلىق بولمىغان توپتوغرا يولغا باشلىدۇق. ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ئۈممەتلەر
ئىچىدە ئۇلارنىڭ ياخشى نامىنى ۋە گۈزەل خاتىرىسىنى قالدۇردۇق.

سَلَٰمٌ عَلَىٰ مُوسَىٰ وَهَٰرُونَ ﴿١٢٠﴾ إِنَّا كَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿١٢١﴾ إِنَّهُمَا مِنۡ عِبَادِنَا ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١٢٢﴾

120 - 122 - مۇساغا ۋە ھارۇنغا ئاللاھ تەرىپىدىن سالام ۋە ئامانلىق بولسۇن! بىز مۇسا بىلەن
ھارۇننى ئەڭ ياخشى مۇكاپاتلىغاندەك ئىمانىدا راستچىل بولۇپ، ياخشى ئەمەللەرنى
قىلغان مۇئمىن بەندىلىرىمىزنىمۇ شۇنداق مۇكاپاتلايمىز. ھەقىقەتەن ئۇ ئىككىلەن
بىزنىڭ ئىمانى مۇستەھكەم بەندىلىرىمىز قاتارىدىندۇر.

وَإِنَّ إِلۡيَاسَ لَمِنَ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿١٢٣﴾ إِذۡ قَالَ لِقَوۡمِهِۦٓ أَلَا تَتَّقُونَ ﴿١٢٤﴾ أَتَدۡعُونَ بَعۡلٗا وَتَذَرُونَ أَحۡسَنَ
ٱلۡخَٰلِقِينَ ﴿١٢٥﴾ ٱللَّهَ رَبَّكُمۡ وَرَبَّ ءَابَآئِكُمُ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿١٢٦﴾

123 - 126 - ھەقىقەتەن ئىلياس بىز پەيغەمبەرلىك بىلەن ئىنئام قىلغان بەندىلىرىمىزنىڭ
بىرىدۇر. ئۇ ۋاقىتتا ئۇ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئىبارەت ئۆز قەۋمىگە: «ئاللاھتىن
قورقۇڭلار، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتا مەخلۇقاتنى شېرىك قىلىۋالماڭلار. سىلەر قانداقلارچە
ئىبادەت قىلىنىشقا تامامەن ھەقلىق بولغان، سىلەرنىڭ ۋە ئاتا - بوۋىلىرىڭلارنىڭ رەببى
بولغان، ئەڭ مۇكەممەل ياراتقۇچى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى قويۇپ، قولىدىن ھېچ
ئىش كەلمەيدىغان بۇتلارغا چوقۇنىسىلەر؟

فَكَذَّبُوهُ فَإِنَّهُمۡ لَمُحۡضَرُونَ ﴿١٢٧﴾ إِلَّا عِبَادَ ٱللَّهِ ٱلۡمُخۡلَصِينَ ﴿١٢٨﴾

127 - 128 - ئىلياسنىڭ قەۋمى ئۇنى يالغانچى دېدى. ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇلارنى
قىلمىشلىرىدىن ھېساب ئېلىش، ئاندىن دوزاخقا تاشلاپ جازالاش ئۈچۈن توپلايدۇ.
پەقەت ئاللاھنىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرىلا ئازابتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

وَتَرَكۡنَا عَلَيۡهِ فِي ٱلۡأٓخِرِينَ ﴿١٢٩﴾ سَلَٰمٌ عَلَىٰٓ إِلۡ يَاسِينَ ﴿١٣٠﴾ إِنَّا كَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿١٣١﴾ إِنَّهُۥ مِنۡ
عِبَادِنَا ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١٣٢﴾

129 - 132 - كېيىنكى ئۈممەتلەر ئىچىدە ئىلياسنىڭ ياخشى نامىنى قالدۇردۇق. ئاللاھتىن
ئىلياسقا سالام ۋە مەدھىيە بولسۇن! بىز ئىلياسنى تائەت - ئىبادىتى ئۈچۈن ياخشى
مۇكاپاتلىغاندەك بىزنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىمىز ئىچىدىن تائەت-ئىبادەتنى مۇكەممەل
قىلغۇچىلارنىمۇ شۇنداق مۇكاپاتلايمىز. ھەقىقەتەن ئىلياس ئاللاھنىڭ ئىخلاسمەن،
ئىمانىدا راستچىل مۇئمىن بەندىلىرى قاتارىدىندۇر.

وَإِنَّ لُوطٗا لَّمِنَ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿١٣٣﴾ إِذۡ نَجَّيۡنَٰهُ وَأَهۡلَهُۥٓ أَجۡمَعِينَ ﴿١٣٤﴾ إِلَّا عَجُوزٗا فِي ٱلۡغَٰبِرِينَ ﴿١٣٥﴾

133 - 135 - بەندىمىز لۇتنى تاللاپ چىقىپ، ئۇنى پەيغەمبەرلەردىن قىلدۇق. ئۆز ۋاقتىدا
ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنى ئازابتىن قۇتقۇزدۇق. پەقەت لۇتنىڭ قېرى
خوتۇنىلا كاپىرلىقى سەۋەبلىك، ھالاك قىلىنغان قەۋمى بىلەن بىرلىكتە ھالاك قىلىندى.

ثُمَّ دَمَّرۡنَا ٱلۡأٓخَرِينَ ﴿١٣٦﴾

136 - ئاندىن ئۇنىڭ قەۋمى ئىچىدىكى قالغان كاپىرلارنى ھالاك قىلدۇق

وَإِنَّكُمۡ لَتَمُرُّونَ عَلَيۡهِم مُّصۡبِحِينَ ﴿١٣٧﴾ وَبِٱلَّيۡلِۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ﴿١٣٨﴾

137 - 138 - ئى مەككىلىكلەر! سىلەر سەپەرلىرىڭلار جەريانىدا لۇت قەۋمىنىڭ خارابىلىرىدىن
ئەتىگەن - ئاخشامدا ئۆتۈپ تۇرىسىلەر، ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟ سىلەرگىمۇ ئاشۇ

ئازابىنىڭ كېلىشىدىن قورقماسىلەر؟

وَإِنَّ يُونُسَ لَمِنَ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿١٣٩﴾ إِذْ أَبَقَ إِلَى ٱلْفُلْكِ ٱلْمَشْحُونِ ﴿١٤٠﴾

139 - 140- بەندىمىز يۇنۇسنى تاللاپ چىقىپ، ئۇنى پەيغەمبەرلەردىن قىلدۇق. ئۇز ۋاقتىدا ئۇ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن، ئادەملەر ۋە يۈك - تاقلار بىلەن لىق تولغان بىر كېمىگە چىقىۋالغان ئىدى.

فَسَاهَمَ فَكَانَ مِنَ ٱلْمُدْحَضِينَ ﴿١٤١﴾

141 - كېمىنى قاتتىق دولقۇنلار قورشىۋالغان چاغدا، كېمىدىكى يولۇچىلار غەرق بولۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن كېمىنى يەڭگىللىتىش نىيىتى بىلەن ئۆز ئارىسىدا چەك تاشلاشقان بولۇپ، چەك يۇنۇسقا چىققان ئىدى.

فَٱلْتَقَمَهُ ٱلْحُوتُ وَهُوَ مُلِيمٌ ﴿١٤٢﴾

142 - شۇنىڭ بىلەن يۇنۇس دېڭىزغا تاشلاندى، ئۇ ئۆزىگە مالامەت قىلىپ تۇرغان ھالىتىدە، ئۇنى چوڭ بىر بېلىق يۇتۇۋەتتى.

فَلَوْلَآ أَنَّهُۥ كَانَ مِنَ ٱلْمُسَبِّحِينَ ﴿١٤٣﴾ لَلَبِثَ فِى بَطْنِهِۦٓ إِلَىٰ يَوْمِ يُبْعَثُونَ ﴿١٤٤﴾

143 - 144- ئەگەر ئۇ بېلىقنىڭ قارنىغا كىرىپ قېلىشتىن بۇرۇن ئىبادەتنى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلمىغان ۋە بېلىقنىڭ قارنىدا تۇرۇپ {ل ا ل ا ن ت
س ب ح ان ك ن ي ك ن ت م ن ال ال م ين } «سەندىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، سەن پاكتۇرسەن، مەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم» دەپ كۆپ تەسبىھ ئېيتمىغان بولسا ئىدى، ئۇ بېلىقنىڭ قارنىدا قىيامەتكىچە قالغان بولاتتى.

۞ فَنَبَذْنَٰهُ بِٱلْعَرَآءِ وَهُوَ سَقِيمٌ ﴿١٤٥﴾

145 - بىز ئۇنى بېلىقنىڭ قارنىدىن دەل - دەرەخسىز ۋە ئۆي - ئىمارەتسىز قاقاس بىر جايغا ئاتتۇق. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بەدىنى ئاجىزلىشىپ كەتكەن ئىدى.

وَأَنۢبَتْنَا عَلَيْهِ شَجَرَةً مِّن يَقْطِينٍ ﴿١٤٦﴾

146 - ئۇنىڭ ئۈستىگە سايە تاشلاپ تۇرسۇن دەپ، بىر تۈپ قاپاق ئۆستۈرۈپ بەردۇق.

وَأَرْسَلْنَٰهُ إِلَىٰ مِاْئَةِ أَلْفٍ أَوْ يَزِيدُونَ ﴿١٤٧﴾ فَـَٔامَنُوا۟ فَمَتَّعْنَٰهُمْ إِلَىٰ حِينٍ ﴿١٤٨﴾

147 - 148 - بىز ئۇنى ئۆز قەۋمىدىن بولغان يۈز مىڭ، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ كىشىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. ئۇلار ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ئەجىلى توشقانغا قەدەر ياشاتتۇق.

فَٱسْتَفْتِهِمْ أَلِرَبِّكَ ٱلْبَنَاتُ وَلَهُمُ ٱلْبَنُونَ ﴿١٤٩﴾

149 - ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلاردىن سوراپ باققىنكى، ئۇلار قانداقلارچە ئۆزلىرى يامان كۆرىدىغان قىزلارنى ئاللاھقا، ئۆزلىرى ياقتۇرىدىغان ئوغۇللارنى ئۆزلىرىگە مەنسۇپ قىلىشۋالىدۇ؟

أَمْ خَلَقْنَا ٱلْمَلَٰٓئِكَةَ إِنَٰثًا وَهُمْ شَٰهِدُونَ ﴿١٥٠﴾

150 - ئۇلاردىن سوراپ باققىنكى، بىز پەرىشتىلەرنى چىشى ياراتقان بولۇپ، ئۇلار ئۇنى كۆرۈپتىكەنمۇ؟

أَلَآ إِنَّهُم مِّنۡ إِفۡكِهِمۡ لَيَقُولُونَ ﴿١٥١﴾ وَلَدَ ٱللَّهُ وَإِنَّهُمۡ لَكَٰذِبُونَ ﴿١٥٢﴾

151 - 152 - بىلىڭلاركى، ئۇلار ئۇيپئۇچۇق يالغاننى توقۇپ: «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دەيدۇ. ئۇلار ئەلۋەتتە يالغانچىلاردۇر، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرى بىلمىگەن نەرسىنى سۆزلەيدۇ.

أَصۡطَفَى ٱلۡبَنَاتِ عَلَى ٱلۡبَنِينَ ﴿١٥٣﴾

153 - ئاللاھ قايسى ئىش ئۈچۈن ئوغۇللارنى تاللىماي، قىزلارنى تاللايدۇ؟

مَا لَكُمۡ كَيۡفَ تَحۡكُمُونَ ﴿١٥٤﴾

154 - ئى قەۋم! سىلەر چىقارغان ھۆكۈم نېمىدېگەن يامان. ھە! سىلەر قىزلارنى يامان كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇلارنى ئاللاھقا، ئوغۇللارنى ئۆزۈڭلارغا مەنسۇپ قىلامسىلەر؟

أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ﴿١٥٥﴾

155 - سىلەر ئاللاھنىڭ بالىسى يوقلۇقى ۋە ئۇنىڭغا بالىنىڭ لايىق ئەمەسلىكى ھەققىدە ئويلاپ باقامسىلەر؟ ئاللاھ سىلەر مەنسۇپ قىلغان نەرسىلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر.

أَمۡ لَكُمۡ سُلۡطَٰنٞ مُّبِينٞ ﴿١٥٦﴾

156 - سىلەرنىڭ بۇ سۆزۈڭلارغا ۋە بۇ بوھتانىڭلارغا ئېنىق پاكىتىڭلار بارمۇ؟

فَأۡتُواْ بِكِتَٰبِكُمۡ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿١٥٧﴾

157 - ئەگەر ئاللاھنىڭ كىتابىدا بىرەر دەلىلىڭلار بولسا، قېنى ئۇنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار. ئەگەر ئاللاھنىڭ بالىسى بار دېگەن سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار شۇنى قىلىپ باقامسىلەر؟

وَجَعَلُواْ بَيۡنَهُۥ وَبَيۡنَ ٱلۡجِنَّةِ نَسَبٗاۚ وَلَقَدۡ عَلِمَتِ ٱلۡجِنَّةُ إِنَّهُمۡ لَمُحۡضَرُونَ ﴿١٥٨﴾

158 - مۇشرىكلار: «ئاللاھ بىلەن جىنلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇغقانچىلىق ۋە نەسەب جەھەتتىن يېقىنلىق بار» دەپ جۆيلۈدى. پەرىشتىلەر مۇشرىكلارنىڭ قىيامەت كۈنى جەھەننەم ئازابىغا ھازىر قىلىنىدىغانلىقىنى شەكسىز بىلىدۇ.

سُبۡحَٰنَ ٱللَّهِ عَمَّا يَصِفُونَ ﴿١٥٩﴾

159 - ئاللاھ كاپىرلار سۈپەتلىگەن نالايىق سۈپەتلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر.

إِلَّا عِبَادَ ٱللَّهِ ٱلۡمُخۡلَصِينَ ﴿١٦٠﴾

160 - لېكىن ئاللاھنىڭ ئىبادەت ئۈچۈن تاللىغان بەندىلىرى ئاللاھنى پەقەت ئۇنىڭغا لايىق كېلىدىغان سۈپەتلەر بىلەنلا سۈپەتلەيدۇ.

فَإِنَّكُمۡ وَمَا تَعۡبُدُونَ ﴿١٦١﴾ مَآ أَنتُمۡ عَلَيۡهِ بِفَٰتِنِينَ ﴿١٦٢﴾ إِلَّا مَنۡ هُوَ صَالِ ٱلۡجَحِيمِ ﴿١٦٣﴾

161 - 163 - ئى ئاللاھقا مەخلۇقاتنى شېرىك قىلغۇچى مۇشرىكلار! سىلەر ۋە چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار، ئاللاھ كاپىرلىقى ۋە زالىملىقى سەۋەبلىك دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنى تەقدىر قىلغان كىشىدىن باشقا ھېچكىمنى ئازدۇرالمايسىلەر.

وَمَا مِنَّآ إِلَّا لَهُۥ مَقَامٌ مَّعۡلُومٌ ﴿١٦٤﴾ وَإِنَّا لَنَحۡنُ ٱلصَّآفُّونَ ﴿١٦٥﴾ وَإِنَّا لَنَحۡنُ ٱلۡمُسَبِّحُونَ ﴿١٦٦﴾

164 - 166 - پەرىشتىلەر دېدىكى، «ئاسماندا ھەربىرىمىزنىڭ مۇئەييەن ئورنى بار، شەكسىزكى، بىز ئاللاھقا تائەت - ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن سەپ تارتىپ تۇرغۇچىلارمىز، بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنى نالايىق سۈپەتلەردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلغۇچىلارمىز».

وَإِن كَانُواْ لَيَقُولُونَ ﴿١٦٧﴾ لَوۡ أَنَّ عِندَنَا ذِكۡرٗا مِّنَ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿١٦٨﴾ لَكُنَّا عِبَادَ ٱللَّهِ ٱلۡمُخۡلَصِينَ ﴿١٦٩﴾

167 - 169 - ئى پەيغەمبەر! مەككىلىك كاپىرلار سەن پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىشتىن ئىلگىرى: «ئەگەر بىزگىمۇ بۇرۇنقىلارغا كەلگەندەك پەيغەمبەرلەر ۋە كىتابلار كەلگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئاللاھقا ئىمانىدا راستچىل، ئىبادەتلەردە ئىخلاسمەن بەندىلىرىدىن بولاتتۇق» دەيتتى.

فَكَفَرُواْ بِهِۦۖ فَسَوۡفَ يَعۡلَمُونَ ﴿١٧٠﴾

170 - ئۇلارغا بۇرۇنقىلارنىڭ باياني، كېيىنكىلەرنىڭ ئىلمى، ساماۋى كىتابلارنىڭ ئەڭ مۇكەممىلى بولغان قۇرئان، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېلىۋىدى، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلىشتى، ئەمما ئۇلار بۇ قىلمىشى تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان ئازابنى ئاخىرەتتە بىلىپ قالىدۇ.

وَلَقَدۡ سَبَقَتۡ كَلِمَتُنَا لِعِبَادِنَا ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿١٧١﴾ إِنَّهُمۡ لَهُمُ ٱلۡمَنصُورُونَ ﴿١٧٢﴾ وَإِنَّ جُندَنَا لَهُمُ
ٱلۡغَٰلِبُونَ ﴿١٧٣﴾

171 - 173 - شەكسىزكى، بىزنىڭ پەيغەمبەر بەندىلىرىمىزگە ئالدىنئالا بەرگەن ۋە ھېچكىم قايتۇرالمايدىغان بىر سۆزىمىز بار بولۇپ، ئۇلار دۈشمەنلىرىگە قارشى دەلىل - پاكىت ۋە كۈچ - قۇۋۋەت جەھەتتە چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر. بىزنىڭ يولىمىزدا جىھاد قىلىدىغان قوشۇنىمىز ئاقىۋەت ئېتىبارى بىلەن دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن ھەممە ساھەدە چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر.

فَتَوَلَّ عَنۡهُمۡ حَتَّىٰ حِينٖ ﴿١٧٤﴾ وَأَبۡصِرۡهُمۡ فَسَوۡفَ يُبۡصِرُونَ ﴿١٧٥﴾

174 - 175 - ئى پەيغەمبەر! ئىمان ئېيتماسلىقتا چىڭ تۇرۇۋالغان ۋە ھەق دىنىنى قوبۇل قىلمىغان كاپىرلارنى مەن مۆھلەت بەرگەن ۋاقىت توشقانغا قەدەر قويۇپ تۇرغىن. ئاللاھنىڭ ئۇلارغا ئازاب چۈشۈرۈش ھەققىدىكى پەرمانى چوقۇم كېلىدۇ. سەن ساڭا قارشى چىققان بۇ كاپىرلارغا قانداق ئازابلارنىڭ چۈشىدىغانلىقىنى كۆزىتىپ تۇرغىن، ئۇلار ئۇزاققا قالماي ئۆزلىرىگە قانداق ئازابلارنىڭ چۈشىدىغانلىقىنى كۆرىدۇ.

أَفَبِعَذَابِنَا يَسۡتَعۡجِلُونَ ﴿١٧٦﴾ فَإِذَا نَزَلَ بِسَاحَتِهِمۡ فَسَآءَ صَبَاحُ ٱلۡمُنذَرِينَ ﴿١٧٧﴾

176 - 177 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ تېزرەك چۈشۈشىگە ئالدىراپ كېتىۋاتامدۇ؟ ئۇلارغا بىزنىڭ ئازابىمىز چۈشكەن چاغدا ئۇلارنىڭ ئەتىگىنى تولىمۇ يامان ئەتىگەن بولىدۇ.

وَتَوَلَّ عَنۡهُمۡ حَتَّىٰ حِينٖ ﴿١٧٨﴾ وَأَبۡصِرۡ فَسَوۡفَ يُبۡصِرُونَ ﴿١٧٩﴾

178 - 179 - ئاللاھ ئۇلارنى جازالاشقا رۇخسەت بەرگەنگە قەدەر سەن ئۇلاردىن ۋاقىتلىق يۈز ئۆرۈپ تۇرغىن. سەن ئۇلارغا قاراپ تۇرغىن، ئۇلار ئۇزاققا قالماي ئۆزلىرىگە قانداق

ئازابلارنىڭ چۈشىدىغانلىقىنى كۆرىدۇ.

سُبۡحَٰنَ رَبِّكَ رَبِّ ٱلۡعِزَّةِ عَمَّا يَصِفُونَ ﴿١٨٠﴾

180 ـ يېگانە كۈچ ـ قۇدرەت ئىگىسى بولغان رەببىڭ يالغانچى كاپىرلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن
ئەلۋەتتە پاكتۇر.

وَسَلَٰمٌ عَلَى ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿١٨١﴾

181 ـ بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن سالام، ئامانلىق ۋە مەدھىيەلەر بولسۇن!

وَٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٨٢﴾

182 ـ باشتىن ئاخىر ھەممە ئىشتا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىمىز. ئاللاھ
ھەمدۇساناغا تولىمۇ لايىق زاتتۇر، ئۇنىڭ ھېچبىر شېرىكى يوقتۇر.

# ساد سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

صٓۚ وَٱلۡقُرۡءَانِ ذِي ٱلذِّكۡرِ ۞ بَلِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فِي عِزَّةٖ وَشِقَاقٖ ۞

1 - 2- ساد (بۇ خىلدىكى ھەرپىنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى). ئاللاھ ئىنسانلار
غەپلەتتە قالغان ئىشلارنى ئۇلارغا ئەسلىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شانلىق قۇرئان بىلەن
قەسەم قىلىدۇ، ئەمما كاپىرلار ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقۇچىدۇر ۋە ئۇنىڭغا
مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىدۇر.

كَمۡ أَهۡلَكۡنَا مِن قَبۡلِهِم مِّن قَرۡنٖ فَنَادَواْ وَّلَاتَ حِينَ مَنَاصٖ ۞

3 - بىز ئاشۇ مۇشرىكلاردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق. ئۇلارغا ئازاب
كەلگەن ۋاقىتتا پەرياد قىلىشتى، تەۋبە قىلىشتى. ئەمما ئۇ تەۋبە قىلىشنىڭ ياكى
ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ ۋاقتى ئەمەس ئىدى.

وَعَجِبُوٓاْ أَن جَآءَهُم مُّنذِرٞ مِّنۡهُمۡۖ وَقَالَ ٱلۡكَٰفِرُونَ هَٰذَا سَٰحِرٞ كَذَّابٌ ۞ أَجَعَلَ ٱلۡأٓلِهَةَ إِلَٰهٗا وَٰحِدًاۖ
إِنَّ هَٰذَا لَشَيۡءٌ عُجَابٞ ۞

4 - 5 - ئۇ كاپىرلار ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىن بىر ئىنساننى ئۇلارنى ئاللاھقا ئىمان
ئېيتىشقا دەۋەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەر قىلىپ
ئەۋەتكەنلىكىگە ھەيران قېلىشتى ۋە «بۇ پەيغەمبەر ئەمەس، بەلكى ئۇچىغا چىققان
يالغانچى سېھىرگەردۇر. ئۇ نۇرغۇن ئىلاھلارنى قانداقلارچە بىر ئىلاھ قىلماقچى ئىكەن؟
ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگىنى ۋە دەۋەت قىلىۋاتقىنى ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش» دېدى.

وَٱنطَلَقَ ٱلۡمَلَأُ مِنۡهُمۡ أَنِ ٱمۡشُواْ وَٱصۡبِرُواْ عَلَىٰٓ ءَالِهَتِكُمۡۖ إِنَّ هَٰذَا لَشَيۡءٞ يُرَادُ ۞ مَا سَمِعۡنَا بِهَٰذَا فِي
ٱلۡمِلَّةِ ٱلۡأٓخِرَةِ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّا ٱخۡتِلَٰقٌ ۞

6 - 7 - ئۇلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشنى
داۋاملاشتۇرۇشقا ۋە ئىلاھلارغا چوقۇنۇش ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇشقا قىزىقتۇرۇپ،
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى: «بۇ مۇھەممەدنىڭ مەنسەپ ۋە نوپۇزغا ئېرىشىش
ئۈچۈن ئالدىن پىلانلاپ قىلىۋاتقان ئىشىدۇر، ئۇ دەۋەت قىلىۋاتقان دىننى بىز ئاتا
- بوۋىلىرىمىزدىن ياكى خىرىستىيان دىنىدىنمۇ ئاڭلاپ باقمىدۇق، بۇ پەقەتلا بىر
ئويدۇرمىدۇر» دەپ ئىنكار قىلدى.

أَءُنزِلَ عَلَيۡهِ ٱلذِّكۡرُ مِنۢ بَيۡنِنَاۚ بَلۡ هُمۡ فِي شَكّٖ مِّن ذِكۡرِيۚ بَل لَّمَّا يَذُوقُواْ عَذَابِ ۞

8 - بىز تۇرغان يەردە بۇ قۇرئان مۇھەممەدكە نازىل قىلىنىپتۇمۇ؟» دېيىشتى. ئى پەيغەمبەر!
ئەمەلىيەتتە، ئۇ كاپىرلار ئاللاھنىڭ ساڭا ۋەھيى قىلغانلىقى ۋە سېنى پەيغەمبەر قىلىپ

ئەۋەتكەنلىكى توغرۇلۇق شەكتىدۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئازابىنى تېتىپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەيدۇ. ئەگەر ئۇلار ئاللاھنىڭ ئازابىنى تېتىپ باققان بولسا مۇنداق دېيىشكە ھەرگىز پېتىنالمايتتى.

أَمْ عِندَهُمْ خَزَآئِنُ رَحْمَةِ رَبِّكَ ٱلْعَزِيزِ ٱلْوَهَّابِ ﴿٩﴾

9 - ياكى ئۇلاردا ھەممىگە غالىب، ناھايىتى كەرەملىك، ئۆزى خالىغان بەندىلىرىگە خالىغانچە رىزىق ۋە ئىنئام ئاتا قىلىدىغان رەببىڭنىڭ رەھمەت خەزىنىلىرى بارمىكەن؟

أَمْ لَهُم مُّلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا ۖ فَلْيَرْتَقُوا۟ فِى ٱلْأَسْبَٰبِ ﴿١٠﴾

10 - ياكى ئۇ مۇشرىكلار ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلامدىكەن؟ ئاتا قىلىش ۋە توسۇپ قېلىش ئۇلارنىڭ ئىلكىدىمىكەن؟ ئەگەر شۇنداق بولسا ئۇلار قېنى بىر ئاماللارنى قىلىپ ئاسمانغا چىقىپ پەرىشتىلەرنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى ئېلىپ چۈشۈشتىن توسۇپ باقسۇن.

جُندٌ مَّا هُنَالِكَ مَهْزُومٌ مِّنَ ٱلْأَحْزَابِ ﴿١١﴾ كَذَّبَتْ قَبْلَهُمْ قَوْمُ نُوحٍ وَعَادٌ وَفِرْعَوْنُ ذُو
ٱلْأَوْتَادِ ﴿١٢﴾ وَثَمُودُ وَقَوْمُ لُوطٍ وَأَصْحَٰبُ لْـَٔيْكَةِ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ ٱلْأَحْزَابُ ﴿١٣﴾ إِن كُلٌّ إِلَّا كَذَّبَ ٱلرُّسُلَ
فَحَقَّ عِقَابِ ﴿١٤﴾

11 - 14 - ئاشۇ ئىنكارچى قوشۇن مەغلۇبىيەتكە مەھكۇم بولغان بىر قوشۇندۇر. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكى بىرلەشمە قوشۇن خەندەك ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندەك چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ. ئۇلاردىن ئىلگىرى نۇھ قەۋمى، ئاد قەۋمى ۋە كۈچلۈك سەلتەنەت ئىگىسى بولغان پىرئەۋن، سەمۇد قەۋمى، لۇت قەۋمى ۋە ياپيېشىل بوستانلىقلارنىڭ ئىگىسى بولغان شۇئەيب قەۋمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كاپىرلىقنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ كۆردى، كۇفرىدا بىرلەشتى، پەيغەمبەرلىرىنى يالغانچى دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھنىڭ ئازابىغا تېگىشلىك بولدى ۋە ئۈستىگە چۈشكەن ئازاب بىلەن ھالاك بولدى.

وَمَا يَنظُرُ هَٰٓؤُلَآءِ إِلَّا صَيْحَةً وَٰحِدَةً مَّا لَهَا مِن فَوَاقٍ ﴿١٥﴾

15 - ئاشۇ مۇشرىكلار كاپىر پېتى قالغان ھالىتىدە ئۆزلىرىگە ئازابنىڭ چۈشۈشى ئۈچۈن بىر ئاۋازنىلا كۈتىدۇ.

وَقَالُوا۟ رَبَّنَا عَجِّل لَّنَا قِطَّنَا قَبْلَ يَوْمِ ٱلْحِسَابِ ﴿١٦﴾

16 - ئۇلار: «ئى رەببىمىز! بىزنىڭ ئازابتىن بولغان نېسىۋىمىزنى قىيامەت كېلىشتىن بۇرۇن مۇشۇ دۇنيادىلا بەرگىن» دەپ مەسخىرە قىلىشتى.

ٱصْبِرْ عَلَىٰ مَا يَقُولُونَ وَٱذْكُرْ عَبْدَنَا دَاوُۥدَ ذَا ٱلْأَيْدِ ۖ إِنَّهُۥٓ أَوَّابٌ ﴿١٧﴾

17 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلارنىڭ سەن ياقتۇرمايدىغان سۆزلەرنى قىلىشىغا سەۋر قىلغىن ۋە ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارىتا كۈچلۈك، تائەت - ئىبادەتكە چىداملىق بەندىمىز داۋۇدنى ئەسلىگىن. چۈنكى ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچى، كۆپ تەۋبە قىلغۇچى، ئاللاھ رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچى بەندە ئىدى. (بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىلگەن).

إِنَّا سَخَّرْنَا ٱلْجِبَالَ مَعَهُۥ يُسَبِّحْنَ بِٱلْعَشِىِّ وَٱلْإِشْرَاقِ ﴿١٨﴾ وَٱلطَّيْرَ مَحْشُورَةً ۖ كُلٌّ لَّهُۥٓ أَوَّابٌ ﴿١٩﴾

18 ـ 19 ـ شەكسىزكى، بىز داۋۇدقا تاغلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. تاغلار داۋۇد بىلەن
بىللە ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتاتتى. قۇشلارنىمۇ ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق،
ئۇلارمۇ (تەرەپ ـ تەرەپتىن) توپلىنىپ، داۋۇد بىلەن بىللە تەسبىھ ئېيتاتتى، (تاغلارنىڭ،
قۇشلارنىڭ) ھەممىسى ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچىدۇر.

وَشَدَدْنَا مُلْكَهُۥ وَءَاتَيْنَٰهُ ٱلْحِكْمَةَ وَفَصْلَ ٱلْخِطَابِ ﴿٢٠﴾

20 ـ بىز ئۇنىڭ سەلتەنىتىنى كۈچ ـ قۇۋۋەت، غەلىبە ۋە ھەيۋەت بىلەن كۈچەيتتۇق، ئۇنىڭغا
پەيغەمبەرلىك، (ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان) ھېكمەت ۋە (ھەق ـ ناھەقنى) ئايرىپ
سۆزلەش ئىقتىدارىنى ئاتا قىلدۇق.

۞ وَهَلْ أَتَىٰكَ نَبَؤُا۟ ٱلْخَصْمِ إِذْ تَسَوَّرُوا۟ ٱلْمِحْرَابَ ﴿٢١﴾ إِذْ دَخَلُوا۟ عَلَىٰ دَاوُۥدَ فَفَزِعَ مِنْهُمْ ۖ قَالُوا۟ لَا تَخَفْ ۖ
خَصْمَانِ بَغَىٰ بَعْضُنَا عَلَىٰ بَعْضٍ فَٱحْكُم بَيْنَنَا بِٱلْحَقِّ وَلَا تُشْطِطْ وَٱهْدِنَآ إِلَىٰ سَوَآءِ ٱلصِّرَٰطِ ﴿٢٢﴾

21 ـ 22 ـ ئى پەيغەمبەر! دەۋا قىلغۇچىلارنىڭ قىسسىسى ساڭا يەتتىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار
ئىبادەتگاھنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، داۋۇدنىڭ ئىبادەت قىلىۋاتقان يېرىگە
كىرىۋىدى، داۋۇد ئۇلاردىن قورقۇپ كەتتى. ئۇلار ئۇنىڭغا: «قورقمىغىن، بىز بىر ـ
بىرىمىزگە يولسىزلىق قىلغان ئىككى دەۋاگەرمىز، بىزنىڭ ئارىمىزدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم
قىلغىن، بىزگە ناھەق ھۆكۈم چىقارمىغىن، بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن» دېدى.

إِنَّ هَٰذَآ أَخِى لَهُۥ تِسْعٌ وَتِسْعُونَ نَعْجَةً وَلِىَ نَعْجَةٌ وَٰحِدَةٌ فَقَالَ أَكْفِلْنِيهَا وَعَزَّنِى فِى ٱلْخِطَابِ ﴿٢٣﴾

23 ـ ئۇلارنىڭ بىرى: «شۈبھىسىزكى، مېنىڭ بۇ قېرىندىشىمنىڭ توقسان توققۇز ساغلىقى بار،
مېنىڭ بىرلا ساغلىقىم بار، ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، ئۇ مەندىكىسىنى تەمە قىلىپ،
ئاشۇ بىرلا ساغلىقىنىمۇ ماڭا بەرگىن دەۋاتىدۇ، ئۇ مېنى سۆزدە يېڭىپ قويىدى» دېدى.

قَالَ لَقَدْ ظَلَمَكَ بِسُؤَالِ نَعْجَتِكَ إِلَىٰ نِعَاجِهِۦ ۖ وَإِنَّ كَثِيرًا مِّنَ ٱلْخُلَطَآءِ لَيَبْغِى بَعْضُهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ
إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَقَلِيلٌ مَّا هُمْ ۗ وَظَنَّ دَاوُۥدُ أَنَّمَا فَتَنَّٰهُ فَٱسْتَغْفَرَ رَبَّهُۥ وَخَرَّ
رَاكِعًا وَأَنَابَ ۩ ﴿٢٤﴾

24 ـ داۋۇد ئېيتتى: «بۇ قېرىندىشىڭ سېنىڭ ساغلىقىڭنى ئۆزىنىڭ ساغلىقلىرىغا قوشۇۋېلىشنى
تەلەپ قىلىپ راستتىنلا ساڭا ئۇۋال قىپتۇ. زادى شېرىكلەرنىڭ تولىسى بىر ـ بىرىگە
قارىتا يولسىزلىق قىلىدۇ، ھەققىنى يەۋېلىپ زۇلۇم قىلىدۇ، پەقەت ياخشى مۇئمىنلەرلا
بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئۇلار بىر ـ بىرىگە زۇلۇم قىلمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر بەك ئاز
تېپىلىدۇ». داۋۇد بىزنىڭ ئۇنى مۇشۇ پىتنە بىلەن سىنىغانلىقىمىزنى بىلىپ، رەببىدىن
مەغپىرەت تىلىدى، سەجدىگە باش قويدى ۋە ئاللاھقا تەۋبە قىلدى.

فَغَفَرْنَا لَهُۥ ذَٰلِكَ ۖ وَإِنَّ لَهُۥ عِندَنَا لَزُلْفَىٰ وَحُسْنَ مَـَٔابٍ ﴿٢٥﴾

25 ـ بىزمۇ ئۇنىڭ خاتالىقىنى ئەپۇ قىلدۇق، ئۇنى دەرگاھىمىزدا بىزگە ئەڭ يېقىن
كىشىلەردىن قىلدۇق ۋە ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا ياخشى ئاقىۋەتنى تەييارلىدۇق.

يَٰدَاوُۥدُ إِنَّا جَعَلْنَٰكَ خَلِيفَةً فِى ٱلْأَرْضِ فَٱحْكُم بَيْنَ ٱلنَّاسِ بِٱلْحَقِّ وَلَا تَتَّبِعِ ٱلْهَوَىٰ فَيُضِلَّكَ عَن
سَبِيلِ ٱللَّهِ ۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَضِلُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ لَهُمْ عَذَابٌ شَدِيدٌۢ بِمَا نَسُوا۟ يَوْمَ ٱلْحِسَابِ ﴿٢٦﴾

26 ـ ئى داۋۇد! شەكسىزكى، بىز سېنى يەر يۈزىدە خەلىپە قىلدۇق، سېنى پادىشاھ قىلدۇق.
شۇڭا سەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادالەت ۋە ئىنساپ بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن، ھۆكۈم

ئىشلىرىدا نەپسى خاھىشىغا ئەگەشمىگىن، چۈنكى نەپسى خاھىش سېنى ئاللاھنىڭ
دىنىدىن ۋە شەرىئىتىدىن ئازدۇرۇۋېتىدۇ. شۇ ئېنىقكى، ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازغانلار
ھېساب كۈنىنى ئۇنتۇغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ. )بۇ ئايەت
مۇسۇلمان ئىش باشقۇرغۇچىلارنى ئاللاھ چۈشۈرگەن شەرىئەت قانۇنى بويىچە ئىش
كۆرۈشكە ۋە بارلىق دەۋا ئىشلىرىنى شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئادالەت ۋە ئىنساپ
بىلەن ئېلىپ بېرىشقا چاقىرىدۇ).

وَمَا خَلَقۡنَا ٱلسَّمَآءَ وَٱلۡأَرۡضَ وَمَا بَيۡنَهُمَا بَٰطِلٗاۚ ذَٰلِكَ ظَنُّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْۚ فَوَيۡلٞ لِّلَّذِينَ كَفَرُواْ
مِنَ ٱلنَّارِ ﴿٢٧﴾

27 - ئاسمانني، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى بىكار ياراتمىدۇق، بۇلارنى
بىكار يارىتىلدى دەپ ئويلاش كاپىرلارنىڭ گۇمانىدۇر، بۇ كاپىرلار يامان گۇمانلىرى ۋە
ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنى دوزاختىكى ھالىغا ۋاي!

أَمۡ نَجۡعَلُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ كَٱلۡمُفۡسِدِينَ فِي ٱلۡأَرۡضِ أَمۡ نَجۡعَلُ ٱلۡمُتَّقِينَ كَٱلۡفُجَّارِ ﴿٢٨﴾

28 - بىز ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار
بىلەن ئوخشاش قىلامدۇق؟ ياكى تەقۋادار مۇئمىنلەرنى گۇناھكار كاپىرلار بىلەن ئوخشاش
قىلامدۇق؟ ئاللاھنىڭ ھېكمىتى ۋە ھۆكمى بۇنداق باراۋەرلىكنى قوبۇل قىلمايدۇ، چۈنكى
ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. بەلكى ئاللاھ تەقۋادار مۇئمىنلەرنى جەننەت
بىلەن مۇكاپاتلايدۇ، گۇناھكار كاپىرلارنى دوزاخ ئازابى بىلەن ئازابلايدۇ.

كِتَٰبٌ أَنزَلۡنَٰهُ إِلَيۡكَ مُبَٰرَكٞ لِّيَدَّبَّرُوٓاْ ءَايَٰتِهِۦ وَلِيَتَذَكَّرَ أُوْلُواْ ٱلۡأَلۡبَٰبِ ﴿٢٩﴾

29 - ئى پەيغەمبەر! ساڭا ۋەھيى ئارقىلىق نازىل قىلىنغان بۇ كىتاب ئۇلار ئايەتلىرىنى
تەپەككۇر قىلسۇن، كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلسۇن ۋە ساغلام ئەقىل ئىگىلىرى ئۆزلىرىگە
ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىدىن ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن دەپ نازىل قىلىنغان مۇبارەك كىتابتۇر.

وَوَهَبۡنَا لِدَاوُۥدَ سُلَيۡمَٰنَۚ نِعۡمَ ٱلۡعَبۡدُ إِنَّهُۥٓ أَوَّابٌ ﴿٣٠﴾

30 - بىز داۋۇدقا ئوغلى سۇلەيماننى نېمەت قىلىپ ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭ بىلەن كۆڭلىنى
خۇش قىلدۇق، سۇلەيمان نېمىدېگەن ياخشى بەندە! چۈنكى ئۇ ئاللاھقا بەكمۇ ئىتائەت
قىلغۇچى ۋە كۆپ تەۋبە قىلغۇچى ئىدى.

إِذۡ عُرِضَ عَلَيۡهِ بِٱلۡعَشِيِّ ٱلصَّٰفِنَٰتُ ٱلۡجِيَادُ ﴿٣١﴾ فَقَالَ إِنِّيٓ أَحۡبَبۡتُ حُبَّ ٱلۡخَيۡرِ عَن ذِكۡرِ رَبِّي
حَتَّىٰ تَوَارَتۡ بِٱلۡحِجَابِ ﴿٣٢﴾ رُدُّوهَا عَلَيَّۖ فَطَفِقَ مَسۡحَۢا بِٱلسُّوقِ وَٱلۡأَعۡنَاقِ ﴿٣٣﴾

31 - 33 - ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا كەچقۇرۇنلۇقى ياخشى يۈگۈرۈك
ئاتلار ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ئىدى. ئۇ ئاتلار چاققانلىقىدىن ئۈچ پۇتىنى
بېسىپ، بىر پۇتىنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئاتلارنى سۇلەيماننىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈش
داۋاملاشتى، ھەتتا كۈن پېتىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «مەن ئاتلارنىڭ مۇھەببىتىنى
رەببىمنى ياد ئېتىشتىن ئەۋزەل كۆرۈپ قاپتىمەن. كۈن پېتىپ قاپتۇ. ماڭا كۆرسىتىلگەن
ئاتلارنى قايتا ئالدىمغا ئەكېلىڭلار» دېدى. ئاتلار ئېلىپ كېلىنىۋىدى، ئۇ ئاتلارنى ئاللاھ
يولىدا قۇربان قىلىپ، ئۇلارنىڭ پاچاقلىرىنى، بويۇنلىرىنى چېپىشقا باشلىدى. (چۈنكى
بۇ ئاتلار ئۇنىڭ نامازنى كېچىكتۈرۈپ قويۇشىغا سەۋەب بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئات

قۇربانلىق قىلىش سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە بار ئىدى).

وَلَقَدْ فَتَنَّا سُلَيْمَٰنَ وَأَلْقَيْنَا عَلَىٰ كُرْسِيِّهِۦ جَسَدًا ثُمَّ أَنَابَ ﴿٣٤﴾ قَالَ رَبِّ ٱغْفِرْ لِى وَهَبْ لِى مُلْكًا لَّا يَنۢبَغِى لِأَحَدٍ مِّنۢ بَعْدِىٓ ۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلْوَهَّابُ ﴿٣٥﴾ فَسَخَّرْنَا لَهُ ٱلرِّيحَ تَجْرِى بِأَمْرِهِۦ رُخَآءً حَيْثُ أَصَابَ ﴿٣٦﴾

34 - 36 - بىز ھەقىقەتەن سۇلەيماننى سىنىدۇق، ئۇنىڭ تەختى ئۈستىگە بىر جەسەتنى تاشلاپ قويدۇق. سۇلەيمان: «مەن بارلىق ئاياللىرىم بىلەن يېتىپ چىقىمەن، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدىغان بىردىن مۇجاھىد تۇغۇپ بېرىدۇ» دەپ قەسەم قىلىپ، «ئاللاھ خالىسا» دېمىگەنلىكى ئۈچۈن، بىر ئايالىدىن باشقا ئاياللىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئېغىر ئاياق بولمىغان ۋە ئېغىر ئاياق بولغان ئاشۇ ئايالىدىن بەدىنىنىڭ يېرىمى يوق بىر بوۋاق تۇغۇلغان بولۇپ، سۇلەيماننىڭ تەختىگە تاشلاپ قويۇلغان جەسەت ئاشۇ بوۋاق ئىدى. سۇلەيمان شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى ۋە تەۋبە قىلىپ: «رەببىم! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا مەندىن كېيىن ھېچكىمگە نېسىپ بولمايدىغان بىر پادىشاھلىق ئاتا قىلغىن، چۈنكى سەن كۆپ ئاتا - ئېھسان قىلغۇچىسەن» دېدى. بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنىڭغا شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، شامال شۇنچە كۈچلۈك ۋە شىددەتلىك تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇ خالىغان تەرەپكە لەرزان ماڭاتتى.

وَٱلشَّيَٰطِينَ كُلَّ بَنَّآءٍ وَغَوَّاصٍ ﴿٣٧﴾ وَءَاخَرِينَ مُقَرَّنِينَ فِى ٱلْأَصْفَادِ ﴿٣٨﴾ هَٰذَا عَطَآؤُنَا فَٱمْنُنْ أَوْ أَمْسِكْ بِغَيْرِ حِسَابٍ ﴿٣٩﴾

37 - 39 - ھەمدە ئۇنىڭغا شەيتانلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. شەيتانلارنىڭ ئىچىدە ئۇستا بىناكارلار ۋە غەۋۋاسلار، يەنە باشقىلار بولۇپ، ئۇلار شەيتانلارنىڭ قوغلاندىلىرى ئىدى، ئۇلارنىڭ پۇت - قوللىرى زەنجىرلەر بىلەن باغلاقلىق ئىدى. بىز سۇلەيمانغا ئېيتتۇقكى، «ئى سۇلەيمان! ساڭا بېرىلگەن بۇ پادىشاھلىق ۋە بويسۇندۇرۇش بىزنىڭ ئىنئامىمىزدۇر، خالىغان كىشىلەرگە بەرگىن ياكى بەرمىگىن، سەندىن ھېساب ئېلىنمايدۇ».

وَإِنَّ لَهُۥ عِندَنَا لَزُلْفَىٰ وَحُسْنَ مَـَٔابٍ ﴿٤٠﴾

40 - ئەلۋەتتە سۇلەيمان ئاخىرەتتە بىزنىڭ يېقىنلىقىمىزغا ۋە ياخشى ئاقىۋەتكە ئىگە بولىدۇ.

وَٱذْكُرْ عَبْدَنَآ أَيُّوبَ إِذْ نَادَىٰ رَبَّهُۥٓ أَنِّى مَسَّنِىَ ٱلشَّيْطَٰنُ بِنُصْبٍ وَعَذَابٍ ﴿٤١﴾

41 - ئى پەيغەمبەر! بەندىمىز ئەييۇبنى ئەسلىگىن، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا رەببىگە ئىلتىجا قىلىپ: «شەيتان مېنىڭ كۆپ جاپا - مۇشەققەت تارتىشىمغا، كېسەل بولۇشۇمغا، پۇل مېلىمدىن ۋە ئائىلەمدىن ئايرىلىپ قېلىشىمغا سەۋەب بولدى» دەپ دۇئا قىلغان ئىدى.

ٱرْكُضْ بِرِجْلِكَ ۖ هَٰذَا مُغْتَسَلٌۢ بَارِدٌ وَشَرَابٌ ﴿٤٢﴾

42 - بىز ئۇنىڭغا: «پۇتۇڭ بىلەن يەرنى تەپكىن، ئۇ يەردىن ساڭا سوغۇق سۇ چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن ئىچكىن ۋە ئۇنىڭدا يۇيۇنغىن. شۇنداق قىلساڭ، سەن كېسەلدىن ساقىيىسەن» دېدۇق.

وَوَهَبْنَا لَهُۥٓ أَهْلَهُۥ وَمِثْلَهُم مَّعَهُمْ رَحْمَةً مِّنَّا وَذِكْرَىٰ لِأُو۟لِى ٱلْأَلْبَٰبِ ﴿٤٣﴾

43 - بىز ئۇنى قىيىنچىلىقتىن چىقاردۇق، ئۇنى ھۆرمەتلىدۇق، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئەھلى -

ئەۋلادىنى بەردۇق. يەنە ئۇنىڭغا ئۇلارغا ئوخشاش ئۇغۇللارنى ۋە نەۋرىلەرنى قوشۇپ بەردۇق. بۇنى ئۇنىڭغا رەھىم - شەپقەت قىلغانلىقىمىزدىن قىلدۇق. بۇنىڭدا ھەربىر ساغلام ئەقىل ئىگىسى ئۈچۈن سەۋرچانلىقنىڭ ئاخىرىنىڭ خۇشاللىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئىبرەت ۋە ساۋاق بار.

وَخُذْ بِيَدِكَ ضِغْثًا فَٱضْرِب بِّهِۦ وَلَا تَحْنَثْ ۗ إِنَّا وَجَدْنَٰهُ صَابِرًا ۚ نِّعْمَ ٱلْعَبْدُ ۖ إِنَّهُۥٓ أَوَّابٌ ﴿٤٤﴾

44 - بىز ئۇنىڭغا: «قەسىمىڭگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن، قولۇڭغا بىر باغلام چىۋىقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئايالىڭنى ئۇرغىن، قەسىمىڭنى بۇزمىغىن» دېدۇق. چۈنكى ئەييۇب ئەلەيھىسسالام كېسەل ۋاقتىدا، ئايالىدىن سادىر بولغان ئادەتتىكى بىر خاتالىق سەۋەبلىك، ساقايغاندا ئۇنى يۈز قامچا ئۇرۇشقا قەسەم قىلغان ئىدى. ئۇ ياخشى ئايال ئىدى. ئاللاھ بۇ ھۆكۈم بىلەن ئۇنىڭغا ۋە سالىھ ئەلەيھىسسالامغا مەرھەمەت قىلغان بولدى. بىز ھەقىقەتەن ئەييۇبنىڭ ئىنتايىن سەۋرچان ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق، ئۇ نېمىدېگەن ياخشى بەندە! ئۇ ئاللاھقا ناھايىتى ئىتائەت قىلغۇچىدۇر.

وَٱذْكُرْ عِبَٰدَنَآ إِبْرَٰهِيمَ وَإِسْحَٰقَ وَيَعْقُوبَ أُو۟لِى ٱلْأَيْدِى وَٱلْأَبْصَٰرِ ﴿٤٥﴾

45 - ئى پەيغەمبەر! بەندىلىرىمىز ۋە پەيغەمبەرلىرىمىز ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە يەئقۇبنى ئەسلىگىن. ئۇلار ھەقىقەتەن ئاللاھقا تائەت - ئىبادەت قىلىشتا كۈچلۈك، دىندا توغرا ئېتىقاد ۋە توغرا پىكىرلىك زاتلار ئىدى.

إِنَّآ أَخْلَصْنَٰهُم بِخَالِصَةٍ ذِكْرَى ٱلدَّارِ ﴿٤٦﴾ وَإِنَّهُمْ عِندَنَا لَمِنَ ٱلْمُصْطَفَيْنَ ٱلْأَخْيَارِ ﴿٤٧﴾

46 - 47 - بىز ئۇلارغا ئالاھىدە خۇسۇسىيەت ئاتا قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئاخىرەتنى ئەسلەپ تۇرىدىغان، ئۇلارنى ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئەمەل قىلىدىغان، كىشىلەرنى ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىدىغان، ئۇلارغا ئاخىرەتنى ئەسلىتىدىغان قىلدۇق. شەكسىزكى، ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەقىقەتەن بىزگە تائەت - ئىبادەت قىلىشقا ۋە پەيغەمبەرلىككە تاللانغان كىشىلەردۇر.

وَٱذْكُرْ إِسْمَٰعِيلَ وَٱلْيَسَعَ وَذَا ٱلْكِفْلِ ۖ وَكُلٌّ مِّنَ ٱلْأَخْيَارِ ﴿٤٨﴾

48 - ئى پەيغەمبەر! بەندىلىرىمىز ئىسمائىلنى، ئەلىيەسەنى ۋە زۇلكىفلنى ئەڭ ياخشى ئۇسۇلدا ئەسلىگىن. شەكسىزكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ بەندىلىرى ئارىسىدىن تاللاپ چىققان كىشىلەر بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارغا ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ ئېسىل سۈپەتلەرنى ئاتا قىلغان.

هَٰذَا ذِكْرٌ ۚ وَإِنَّ لِلْمُتَّقِينَ لَحُسْنَ مَـَٔابٍ ﴿٤٩﴾ جَنَّٰتِ عَدْنٍ مُّفَتَّحَةً لَّهُمُ ٱلْأَبْوَٰبُ ﴿٥٠﴾ مُتَّكِـِٔينَ فِيهَا يَدْعُونَ فِيهَا بِفَٰكِهَةٍ كَثِيرَةٍ وَشَرَابٍ ﴿٥١﴾

49 - 51 - ئى پەيغەمبەر! بۇ قۇرئان ساڭا ۋە قەۋمىڭگە شەرەپتۇر. شەكسىزكى، تەقۋادارلار ئۈچۈن دەرگاھىمىزدىكى دائىملىق تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردە گۈزەل ئاقىۋەت بار، ئۇلار ئېسىل جەننەتلەردە تۇرىدۇ، ئۇ ئېسىل جەننەتلەرنىڭ دەرۋازىلىرى ئۇلارغا ھەمىشە ئوچۇق تۇرىدۇ، ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە چىرايلىق بېزەلگەن تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، كۆڭلى تارتقان نۇرغۇن مېۋىلەرنى ۋە نۇرغۇن شەربەتلەرنى ئەكەلدۈرۈپ بەھرىمەن بولىدۇ.

۞ وَعِندَهُمْ قَٰصِرَٰتُ ٱلطَّرْفِ أَتْرَابٌ ﴿٥٢﴾

52 - ئۇلارنىڭ يانلىرىدا ئەرلىرىدىن باشقىسىغا كۆز قىرىنى سالمايدىغان، ياش قۇرامى ئوخشاش جۈپلىرى بولىدۇ.

هَٰذَا مَا تُوعَدُونَ لِيَوْمِ ٱلْحِسَابِ ﴿٥٣﴾ إِنَّ هَٰذَا لَرِزْقُنَا مَا لَهُۥ مِن نَّفَادٍ ﴿٥٤﴾

53 - 54 - ئى تەقۋادارلار! بۇلار قىيامەت كۈنى سىلەرگە ئاتا قىلىش ۋەدە قىلىنغان نېمەتلەردۇر. شەكسىزكى، بۇلار بىزنىڭ ھەرگىز تۈگەپ قالمايدىغان ئىنئاممىزدۇر.

هَٰذَا ۚ وَإِنَّ لِلطَّٰغِينَ لَشَرَّ مَـَٔابٍ ﴿٥٥﴾ جَهَنَّمَ يَصْلَوْنَهَا فَبِئْسَ ٱلْمِهَادُ ﴿٥٦﴾

55 - 56 - يۇقىرىقىلار تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان نېمەتلەردۇر، ئەمما كۇفرىلىقتا ۋە گۇناھكارلىقتا ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ بارىدىغان جايى ھەقىقەتەن ئەڭ يامان جاي بولۇپ، ئۇ جەھەننەمدۇر، ئۇلار جەھەننەمدە ئازابلىنىدۇ، ئازاب ئۇلارنى ھەممە تەرەپتىن ئورىۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ جايى بولغان دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!

هَٰذَا فَلْيَذُوقُوهُ حَمِيمٌ وَغَسَّاقٌ ﴿٥٧﴾ وَءَاخَرُ مِن شَكْلِهِۦٓ أَزْوَٰجٌ ﴿٥٨﴾

57 - 58 - ئۇ ئازاب ناھايىتى قىزىق سۇ ۋە دوزاخ ئەھلىنىڭ بەدىنىدىن ئاقىدىغان قان - يىرىڭدۇر، ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى ئىچىش بىلەن ئازابلىنىدۇ. ئۇلارغا يەنە مۇشۇ خىلدىكى تۈرلۈك - تۈرلۈك ئازابلار بار.

هَٰذَا فَوْجٌ مُّقْتَحِمٌ مَّعَكُمْ ۖ لَا مَرْحَبًۢا بِهِمْ ۚ إِنَّهُمْ صَالُوا۟ ٱلنَّارِ ﴿٥٩﴾

59 - كاپىرلار گۇرۇھى دوزاختا كەلتۈرۈلگەن چاغدا، ئۇلار بىر - بىرىگە تىل - ئاھانەت ياغدۇرۇپ: «بۇ گۇرۇھمۇ سىلەر بىلەن بىرگە دوزاخقا كىرگۈچىدۇر» دېيىلگەندە، ئۇلار بۇنىڭغا جاۋابەن: «ئۇلارنىڭ دوزاختىكى ئورنى تار بولسۇن، دوزاخ ئازابىنى ئۇلارمۇ بىز تارتقاندەك تارتسۇن» دەيدۇ.

قَالُوا۟ بَلْ أَنتُمْ لَا مَرْحَبًۢا بِكُمْ ۖ أَنتُمْ قَدَّمْتُمُوهُ لَنَا ۖ فَبِئْسَ ٱلْقَرَارُ ﴿٦٠﴾

60 - ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۇلارغا: «بەلكى سىلەرنىڭ ئورنۇڭلار تار بولسۇن، چۈنكى سىلەر دۇنيادا بىزنى ئازدۇرۇپ بىزنىڭ مۇشۇ دوزاخقا كىرىشىمىزگە سەۋەب بولدۇڭلار. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!» دەيدۇ.

قَالُوا۟ رَبَّنَا مَن قَدَّمَ لَنَا هَٰذَا فَزِدْهُ عَذَابًا ضِعْفًا فِى ٱلنَّارِ ﴿٦١﴾

61 - ئۇلار يەنە: «ئى رەببىمىز! بىزنى توغرا يولدىن ئازدۇرغانلارنىڭ دوزاختىكى ئازابىنى ئىككى ھەسسە ئاشۇرغىن» دەيدۇ.

وَقَالُوا۟ مَا لَنَا لَا نَرَىٰ رِجَالًا كُنَّا نَعُدُّهُم مِّنَ ٱلْأَشْرَارِ ﴿٦٢﴾ أَتَّخَذْنَٰهُمْ سِخْرِيًّا أَمْ زَاغَتْ عَنْهُمُ ٱلْأَبْصَٰرُ ﴿٦٣﴾

62 - 63 - باشلامچىلىرى دەيدۇكى، «بىز دۇنيادىكى چاغدا يامان ئادەملەر دەپ قارىغان ئادەملەرنى دوزاختا كۆرمەيمىزغۇ؟ ئۇلارنى تۆۋەن كۆرگەنلىكىمىز ۋە مەسخىرە قىلغانلىقىمىز خاتا بولغانمۇ ياكى ئۇلار دوزاختا بىز بىلەن بىللە بولسىمۇ بىز ئۇلارنى كۆرەلمەي قالدۇقمۇ؟»

إِنَّ ذَٰلِكَ لَحَقٌّ تَخَاصُمُ أَهْلِ ٱلنَّارِ ﴿٦٤﴾

64 - بۇ دوزاخ ئەھلىنىڭ ئۆزئارا قىلىشىدىغان جېدەللىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ دوزاختا مۇشۇنداق

جېدەللىشىدىغانلىقى مۇقەررەردۇر.

قُلْ إِنَّمَآ أَنَا۠ مُنذِرٌ ۖ وَمَا مِنْ إِلَـٰهٍ إِلَّا ٱللَّهُ ٱلْوَٰحِدُ ٱلْقَهَّارُ ﴿٦٥﴾

65 - ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە ئېيتقىنكى، «مەن پەقەتلا سىلەرنى سىلەرنىڭ كاپىرلىقىڭلار سەۋەبلىك بېشىڭلارغا ئاللاھنىڭ ئازابى كېلىپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن، بىر ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنىشقا تېگىشلىك بولغان ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ زاتىدا، ئىسىم - سۈپەتلىرىدە ۋە ئىش - پائالىيەتلىرىدە يەككە - يېگانە ئىلاھتۇر، ھەر نەرسىگە كۈچى يېتىدىغان ۋە ھەممىگە غالىب زاتتۇر.

رَّبُّ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا ٱلْعَزِيزُ ٱلْغَفَّـٰرُ ﴿٦٦﴾

66 - ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ ئىگىسىدۇر، كاپىرلارنى جازالاشقا قادىردۇر، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ھەقىقەتكە قايتقان بەندىلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر».

قُلْ هُوَ نَبَؤٌا۟ عَظِيمٌ ﴿٦٧﴾ أَنتُمْ عَنْهُ مُعْرِضُونَ ﴿٦٨﴾

67 - 68 - ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە ئېيتقىنكى، «بۇ قۇرئان ئىنتايىن مەنپەئەتلىك بولغان بىر خەۋەردۇر. ھالبۇكى، سىلەر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈۋاتىسىلەر، غەپلەتتە قېلىۋاتىسىلەر، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايۋاتىسىلەر.

مَا كَانَ لِىَ مِنْ عِلْمٍۭ بِٱلْمَلَإِ ٱلْأَعْلَىٰٓ إِذْ يَخْتَصِمُونَ ﴿٦٩﴾

69 - ئاللاھ ماڭا خەۋەر بەرمىگەن بولسا، پەرىشتىلەرنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىشى توغرۇلۇق قىلىشقان مۇنازىرىلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدىم.

إِن يُوحَىٰٓ إِلَىَّ إِلَّآ أَنَّمَآ أَنَا۠ نَذِيرٌ مُّبِينٌ ﴿٧٠﴾

70 - سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەر بولغانلىقىم ئۈچۈنلا، ماڭا مەن بىلمىگەن ئىشلار ۋەھيى قىلىنىدۇ».

إِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَـٰٓئِكَةِ إِنِّى خَـٰلِقٌۢ بَشَرًا مِّن طِينٍ ﴿٧١﴾ فَإِذَا سَوَّيْتُهُۥ وَنَفَخْتُ فِيهِ مِن رُّوحِى فَقَعُوا۟ لَهُۥ سَـٰجِدِينَ ﴿٧٢﴾

71 - 72 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئەسلەتكىنكى، ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن چوقۇم لايدىن بىر ئادەم يارىتىمەن. ئۇنىڭ بەدىنىنى يارىتىشنى تاماملاپ، ئۇنىڭغا روھنى پۈۋلەپ، جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا، دەرھال ئۇنىڭغا ھۆرمەت سەجدىسى قىلىڭلار» دېدى. (بۇ يەردىكى سەجدە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەتلا ھۆرمەت ۋە ئىززەت قىلىش يۈزىسىدىن قىلىنىدىغان ھۆرمەت سەجدىسى بولۇپ، ئىسلام دىنىدا ھۆرمەت سەجدىسى ھارام قىلىنغان).

فَسَجَدَ ٱلْمَلَـٰٓئِكَةُ كُلُّهُمْ أَجْمَعُونَ ﴿٧٣﴾ إِلَّآ إِبْلِيسَ ٱسْتَكْبَرَ وَكَانَ مِنَ ٱلْكَـٰفِرِينَ ﴿٧٤﴾

73 - 74 - شۇنىڭ بىلەن پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ ئادەمگە ھۆرمەت سەجدىسى قىلدى. پەقەت ئىبلىسلا مۇتەكەببىرلىك قىلىپ سەجدە قىلمىدى، ئۇ ئاللاھنىڭ ئىلمىدە كاپىرلاردىن ئىدى.

قَالَ يَٰٓإِبۡلِيسُ مَا مَنَعَكَ أَن تَسۡجُدَ لِمَا خَلَقۡتُ بِيَدَيَّۖ أَسۡتَكۡبَرۡتَ أَمۡ كُنتَ مِنَ ٱلۡعَالِينَ ﴿٧٥﴾

75 ـ ئاللاھ ئىبلىسقا ئېيتتى: «مەن ئىككى قولۇم بىلەن ياراتقان ۋە مەن ئىززەتلىگەن ئىنسانغا سېنى سەجدە قىلىشتىن توسقان نەرسە نېمە؟ سەن ئادەمنى كۆزگە ئىلماي شۇنداق قىلدىڭمۇ ياكى رەببىڭگە چوڭچىلىق قىلىۋاتامسەن؟». (بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق ئىككى قولى بارلىقى ئىسپاتلىنىدۇ).

قَالَ أَنَا۠ خَيۡرٞ مِّنۡهُ خَلَقۡتَنِي مِن نَّارٖ وَخَلَقۡتَهُۥ مِن طِينٖ ﴿٧٦﴾

76 ـ ئىبلىس رەببىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ: «مەن ئۇنىڭغا سەجدە قىلمايمەن، چۈنكى مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق. مېنى ئوتتىن ياراتتىڭ، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ (ئوت تۇپراقتىن ياخشىدۇر)» دېدى.

قَالَ فَٱخۡرُجۡ مِنۡهَا فَإِنَّكَ رَجِيمٞ ﴿٧٧﴾ وَإِنَّ عَلَيۡكَ لَعۡنَتِيٓ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلدِّينِ ﴿٧٨﴾

77 ـ 78 ـ ئاللاھ ئۇنىڭغا: «جەننەتتىن يوقال! چۈنكى سەن قوغلاندى بولدۇڭ، مېنىڭ رەھمىتىمدىن قوغلاندىڭ، ساڭا قىيامەت كۈنىگە قەدەر مېنىڭ لەنىتىم يېغىپ تۇرىدۇ» دېدى.

قَالَ رَبِّ فَأَنظِرۡنِيٓ إِلَىٰ يَوۡمِ يُبۡعَثُونَ ﴿٧٩﴾

79 ـ ئىبلىس: «ئى رەببىم! مېنىڭ ئەجىلىمنى كېچىكتۈرگىن، خالايىق قەبرىلىرىدىن تىرىلىپ چىقىدىغان قىيامەت كۈنىگە قەدەر ماڭا مۆھلەت بەرگىن» دېدى.

قَالَ فَإِنَّكَ مِنَ ٱلۡمُنظَرِينَ ﴿٨٠﴾ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡوَقۡتِ ٱلۡمَعۡلُومِ ﴿٨١﴾

80 ـ 81 ـ ئاللاھ ئىبلىسقا: «ئەلۋەتتە ساڭا مەلۇم ۋاقىتقىچە مۆھلەت بېرىلىدۇ، ئۇ بىرىنچى قېتىملىق سۇرغا پۈۋلەنگەندە بارلىق خالايىق ئۆلىدىغان ۋاقىتتۇر» دېدى.

قَالَ فَبِعِزَّتِكَ لَأُغۡوِيَنَّهُمۡ أَجۡمَعِينَ ﴿٨٢﴾ إِلَّا عِبَادَكَ مِنۡهُمُ ٱلۡمُخۡلَصِينَ ﴿٨٣﴾

82 ـ 83 ـ ئىبلىس ئېيتتى: «سېنىڭ ئىززىتىڭ ۋە ئۇلۇغلۇقۇڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئازدۇرىمەن. پەقەتلا سەن ئۇلاردىن ساڭا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن تاللىغان، مېنىڭ ئازدۇرۇپ كېتىشىمدىن ساقلاپ قالغان بەندىلىرىڭنىلا ئازدۇرالمايمەن. چۈنكى سەن ماڭا ئۇلارغا قارشى يول بەرمىدىڭ».

قَالَ فَٱلۡحَقُّ وَٱلۡحَقَّ أَقُولُ ﴿٨٤﴾ لَأَمۡلَأَنَّ جَهَنَّمَ مِنكَ وَمِمَّن تَبِعَكَ مِنۡهُمۡ أَجۡمَعِينَ ﴿٨٥﴾

84 ـ 85 ـ ئاللاھ ئېيتتىكى: «ھەقىقەت مەندىندۇر، مەن پەقەت ھەقىقەتنىلا ئېيتىمەن: ئەلۋەتتە سەن بىلەن، سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ بىلەن ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن ساڭا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن چوقۇم جەھەننەمنى توشقۇزىمەن».

قُلۡ مَآ أَسۡـَٔلُكُمۡ عَلَيۡهِ مِنۡ أَجۡرٖ وَمَآ أَنَا۠ مِنَ ٱلۡمُتَكَلِّفِينَ ﴿٨٦﴾

86 ـ ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭ ئىچىدىكى مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە دىنني يەتكۈزگەنلىكىمگە ۋە سىلەرنى ھىدايەتكە باشلىغانلىقىمغا سىلەردىن قىلچە ھەق تەلەپ قىلمايمەن ياكى مۇكاپات تىلىمەيمەن، ماڭا مەنسۇپ بولمىغان بىر ئىشنى ئۆزۈمگە مەنسۇپ قىلىۋالمايمەن. مەن پەقەتلا ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگە ئەگىشىمەن. مەن ئاللاھ ئېيتمىغاننى ئويدۇرۇپ چىقارغۇچىلاردىن ئەمەسمەن.

إِنۡ هُوَ إِلَّا ذِكۡرٞ لِّلۡعَٰلَمِينَ ﴿٨٧﴾

87 - بۇ قۇرئان پەقەتلا ئىنسانلار ۋە جىنلار ئۈچۈن نەسىھەتتۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىن ۋە
دۇنيالىق ئىشلىرىدا ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىدۇ.

وَلَتَعۡلَمُنَّ نَبَأَهُۥ بَعۡدَ حِينِۭ ﴿٨٨﴾

88 - ئى مۇشرىكلار! بۇ قۇرئان بەرگەن خەۋەرنىڭ راستلىقىنى ئىسلام غەلىبە
قىلغان، كىشىلەر ئىسلامغا توپ - توپ بولۇپ كىرگەن چاغدا ۋە ئۆزۈڭلارغا ئازاب
چۈشكەن، ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دۇنيانىڭ سەۋەبلىرى تۈگىگەن چاغدا چوقۇم
بىلىپ قالىسىلەر».

# زۇمەر سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن( باشلايمەن).

تَنزِيلُ ٱلۡكِتَٰبِ مِنَ ٱللَّهِ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡحَكِيمِ ١

1 ـ بۇ قۇرئان چەكسىز قۇدرەتلىك، گۇناھكارلارنى جازالاشقا قادىر، ھەممىگە غالىب، تەدبىرلىرىدە ۋە بەلگىلىمىلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتابتۇر.

إِنَّآ أَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ بِٱلۡحَقِّ فَٱعۡبُدِ ٱللَّهَ مُخۡلِصٗا لَّهُ ٱلدِّينَ ٢

2 ـ ئى پەيغەمبەر! شەكسىزكى، ساڭا بىز ھەقىقەتكە ۋە ئادالەتكە بۇيرۇيدىغان بۇ قۇرئاننى نازىل قىلدۇق، شۇڭا سەن يالغۇز ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلغىن ۋە دىنىڭنى ئاللاھقا خاس قىلغىن.

أَلَا لِلَّهِ ٱلدِّينُ ٱلۡخَالِصُۚ وَٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ مِن دُونِهِۦٓ أَوۡلِيَآءَ مَا نَعۡبُدُهُمۡ إِلَّا لِيُقَرِّبُونَآ إِلَى ٱللَّهِ زُلۡفَىٰٓ إِنَّ ٱللَّهَ يَحۡكُمُ بَيۡنَهُمۡ فِي مَا هُمۡ فِيهِ يَخۡتَلِفُونَۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهۡدِي مَنۡ هُوَ كَٰذِبٞ كَفَّارٞ ٣

3 ـ بىلىڭلاركى، شېرىكتىن خالىي بولغان. ھەقىقىي تائەت ـ ئىبادەت ئاللاھقا خاستۇر. مەخلۇقاتنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىغان، ئاللاھتىن باشقىلارنى ھىمايىچى قىلىۋالغان مۇشرىكلار: «بىز بۇ ئىلاھلارغا پەقەت بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرسۇن ۋە ئۇنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلسۇن دەپلا چوقۇنىمىز» دەيدۇ. ئۇ بۇ سۆزلىرى بىلەن كاپىر بولدى. چۈنكى ئىبادەت ئاللاھقىلا قىلىنىدۇ، شاپائەت ئاللاھتىنلا تىلىنىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئىخلاسمەن مۆئمىنلەر بىلەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن مۇشرىكلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئۇلار ئىبادەت قىلىشتا ئىختىلاپ قىلىشقان ئىش توغرۇلۇق ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئاندىن بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ھەربىرىگە ئۆزى تېگىشلىك بولغان مۇكاپات ۋە جازانى بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغان سۆزلىگەن ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنى ئاللاھ توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلمايدۇ.

لَّوۡ أَرَادَ ٱللَّهُ أَن يَتَّخِذَ وَلَدٗا لَّٱصۡطَفَىٰ مِمَّا يَخۡلُقُ مَا يَشَآءُۚ سُبۡحَٰنَهُۥۖ هُوَ ٱللَّهُ ٱلۡوَٰحِدُ ٱلۡقَهَّارُ ٤

4 ـ ئەگەر ئاللاھ بالا تۇتۇشنى خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، مەخلۇقاتى ئىچىدىن ئۆزى خالىغاننى تاللىۋالاتتى. ئاللاھ بالىسى بولۇشتىن ئەلۋەتتە پاكتۇر، ئىلاھلىقىدا، سۈپەتلىرىدە ۋە بارلىق ئىشلىرىدا ھېچكىمگە ئوخشىمايدۇ، چۈنكى ئۇ يېگانە ئىلاھتۇر، بەندىلىرىنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن بويسۇندۇرغۇچىدۇر، ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ.

خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ بِٱلۡحَقِّۖ يُكَوِّرُ ٱلَّيۡلَ عَلَى ٱلنَّهَارِ وَيُكَوِّرُ ٱلنَّهَارَ عَلَى ٱلَّيۡلِۖ وَسَخَّرَ ٱلشَّمۡسَ

وَٱلْقَمَرَ ۖ كُلٌّ يَجْرِى لِأَجَلٍ مُّسَمًّى ۗ أَلَا هُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْغَفَّٰرُ ﴿٥﴾

5 - ئاللاھ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ھەق ۋە ھېكمەت بىلەن ياراتتى. ئاللاھ كېچىنى ئېلىپ كېلىپ، كۈندۈزنى ئېلىپ كېتىدۇ ۋە كۈندۈزنى ئېلىپ كېلىپ كېچىنى ئېلىپ كېتىدۇ. كۈن بىلەن ئاينى بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ ئىنتىزاملىق ھەرىكەت قىلىدىغان قىلدى. بۇلارنىڭ ھەربىرى قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۆز ئوربىتىسىدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ. بىلىڭلاركى، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ قىلدى ۋە بەندىلىرىگە بۇلارنى ئىنئام قىلدى. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدىن غالىب، تەۋبە قىلغانلارنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلىدىغان زاتتۇر.

خَلَقَكُم مِّن نَّفْسٍ وَٰحِدَةٍ ثُمَّ جَعَلَ مِنْهَا زَوْجَهَا وَأَنزَلَ لَكُم مِّنَ ٱلْأَنْعَٰمِ ثَمَٰنِيَةَ أَزْوَٰجٍ ۚ يَخْلُقُكُمْ فِى بُطُونِ أُمَّهَٰتِكُمْ خَلْقًا مِّنۢ بَعْدِ خَلْقٍ فِى ظُلُمَٰتٍ ثَلَٰثٍ ۚ ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمْ لَهُ ٱلْمُلْكُ ۖ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ۖ فَأَنَّىٰ تُصْرَفُونَ ﴿٦﴾

6 - ئى ئىنسانلار! رەببىڭلار سىلەرنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ جۈپتى ھەۋۋانى ياراتتى، سىلەرگە ھايۋانلاردىن تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق سەككىز تۈرلۈك ئەركەك - چىشى ھايۋاننى يارىتىپ بەردى. ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قورساق، بالىياتقۇ ۋە بالا ھەمرىيى قاتارلىق ئۈچ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يارىتىدۇ. بۇلارنى ياراتقان زات يېگانە پادىشاھ، يالغۇز ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىق بولغان رەببىڭلاردۇر. ئەمەلىيەت شۇنداق تۇرۇقلۇق، سىلەر قانداقلارچە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن مەخلۇقاتقا چوقۇنۇشقا بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟

إِن تَكْفُرُوا۟ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَنِىٌّ عَنكُمْ ۖ وَلَا يَرْضَىٰ لِعِبَادِهِ ٱلْكُفْرَ ۖ وَإِن تَشْكُرُوا۟ يَرْضَهُ لَكُمْ ۗ وَلَا تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَىٰ ۗ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّكُم مَّرْجِعُكُمْ فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ۚ إِنَّهُۥ عَلِيمٌۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿٧﴾

7 - ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر رەببىڭلارنى ئىنكار قىلساڭلار، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىساڭلار، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئەگەشمىسەڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ سىلەرگە ھاجىتى يوقتۇر، ئۇ ھەممىدىن بىھاجەتتۇر، ئەمما سىلەر ئۇنىڭغا موھتاجسىلەر. ئۇ بەندىلىرىنىڭ كاپىر بولۇشىغا رازى بولمايدۇ، ئۇلارنى كاپىر بولۇشقىمۇ بۇيرۇمايدۇ. ئاللاھ پەقەتلا بەندىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىنغان نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىشىغا رازى بولىدۇ. دېمەك، سىلەر شۈكۈر قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەردىن رازى بولىدۇ، ھېچبىر گۇناھكار باشقا بىرىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. ئاندىن سىلەر رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، شۇ چاغدا ئۇ سىلەرگە بۇ دۇنيادا قىلغان ئەمەلىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ ۋە سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ دىللاردىكى سىرلارنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.

۞ وَإِذَا مَسَّ ٱلْإِنسَٰنَ ضُرٌّ دَعَا رَبَّهُۥ مُنِيبًا إِلَيْهِ ثُمَّ إِذَا خَوَّلَهُۥ نِعْمَةً مِّنْهُ نَسِىَ مَا كَانَ يَدْعُوٓا۟ إِلَيْهِ مِن قَبْلُ وَجَعَلَ لِلَّهِ أَندَادًا لِّيُضِلَّ عَن سَبِيلِهِۦ ۚ قُلْ تَمَتَّعْ بِكُفْرِكَ قَلِيلًا ۖ إِنَّكَ مِنْ أَصْحَٰبِ ٱلنَّارِ ﴿٨﴾

8 - ئىنساننىڭ بېشىغا ئاغرىق - سىلاق، ھادىسە، قىيىنچىلىق ۋە زىيان - زەخمەت دېگەندەك بىرەر بالا كەلسە، ئۇ دەرھال رەببىنى ئېسىگە ئالىدۇ، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەپ ئىلتىجا

قىلىدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىپ ئۇنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلسا ۋە ئۇنى بالادىن قۇتقۇزسا، ئۇ بۇرۇن ھاجىتىنى تىلەپ رەببىگە ئىلتىجا قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، باشقىلارنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن، مەخلۇقاتنى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرىدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئېيتقىنكى، «سەن ئەجىلىڭ توشقانغا قەدەر كاپىرلىقىڭ بىلەن ئازغىنا (ۋاقىت) مەنپەئەتلىنىۋالغىن، چۈنكى سەن بەرىبىر دوزاخ ئەھلىدىن بولىسەن ۋە دوزاختا مەڭگۈ قالىسەن.

أَمَّنْ هُوَ قَٰنِتٌ ءَانَآءَ ٱلَّيْلِ سَاجِدًا وَقَآئِمًا يَحْذَرُ ٱلْـَٔاخِرَةَ وَيَرْجُواْ رَحْمَةَ رَبِّهِۦۗ قُلْ هَلْ يَسْتَوِى ٱلَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَٱلَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَۗ إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُوْلُواْ ٱلْأَلْبَٰبِ ﴿٩﴾

9 ـ ئۆزىنىڭ كاپىرلىقىنى داۋاملاشتۇرغان ئادەم ياخشىمۇ ياكى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، رەببىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، كېچىنىڭ سائەتلىرىنى سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان ھالدا ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ئادەممۇ؟ ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، «ئۆزىنىڭ رەببىنى ۋە دىنىنى بىلىدىغانلار بىلەن رەببى توغرۇلۇق ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ ئۇلار ھەرگىز باراۋەر بولمايدۇ. بۇنىڭ پەرقىنى پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا بىلىدۇ».

قُلْ يَٰعِبَادِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ رَبَّكُمْۚ لِلَّذِينَ أَحْسَنُواْ فِى هَٰذِهِ ٱلدُّنْيَا حَسَنَةٌۗ وَأَرْضُ ٱللَّهِ وَٰسِعَةٌۗ إِنَّمَا يُوَفَّى ٱلصَّٰبِرُونَ أَجْرَهُم بِغَيْرِ حِسَابٍ ﴿١٠﴾

10 ـ ئى پەيغەمبەر! ماڭا ئىمان ئېيتقان ۋە ساڭا ئەگەشكەن بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، «رەببىڭلاردىن قورقۇڭلار، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇ توسقان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئازابىغا ئۇچراپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، مۇشۇ دۇنيادا رەببىگە مۇكەممەل ئىبادەت قىلغان ۋە تولۇق ئىتائەت قىلغان كىشىلەر، ئاخىرەتتە جەننەتتىن ئىبارەت ياخشى ئاقىۋەتكە، بۇ دۇنيادا تەن ساقلىقى، رىزىق، غەلىبە قاتارلىق كۆپلىگەن ياخشىلىقلارغا ئېرىشىدۇ. ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭدۇر، دىنىڭلارنى بەرپا قىلىشقا، ئىبادەتلىرىڭلارنى ئازادە قىلىشقا بولىدىغان جايلارغا ھىجرەت قىلىڭلار. پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى بىر تەرەپتىن ھېسابسىز بېرىلىدۇ».

قُلْ إِنِّىٓ أُمِرْتُ أَنْ أَعْبُدَ ٱللَّهَ مُخْلِصًا لَّهُ ٱلدِّينَ ﴿١١﴾ وَأُمِرْتُ لِأَنْ أَكُونَ أَوَّلَ ٱلْمُسْلِمِينَ ﴿١٢﴾

11 ـ 12 ـ ئى پەيغەمبەر! ئىنسانلارغا ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ھەقىقەتەن مېنى ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەرنى ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىشقا بۇيرىدى، مېنى ئۈممىتىم ئىچىدە ئىمان ئېيتقانلارنىڭ تۇنجىسى بولۇشقا بۇيرىدى». (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ ئىبادەتنى ئۇنىڭ ئۆزىگە خالىس قىلدى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق دېگەن ئېتىقادتا چىڭ تۇرۇپ، بارلىق باتىل ئىلاھلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلدى).

قُلْ إِنِّىٓ أَخَافُ إِنْ عَصَيْتُ رَبِّى عَذَابَ يَوْمٍ عَظِيمٍ ﴿١٣﴾

13 ـ ئى پەيغەمبەر! ئىنسانلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر مەن رەببىمنىڭ ئىبادەتنى خالىس قىلىش ۋە بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش دېگەن ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلسام، قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىغا قېلىشتىن قورقىمەن، قىيامەت كۈنى ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق كۈندۇر».

قُلِ ٱللَّهَ أَعْبُدُ مُخْلِصًا لَّهُۥ دِينِى ﴿١٤﴾ فَٱعْبُدُواْ مَا شِئْتُم مِّن دُونِهِۦۗ قُلْ إِنَّ ٱلْخَٰسِرِينَ ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓاْ

أَنفُسَهُمْ وَأَهْلِيهِمْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ ۗ أَلَا ذَٰلِكَ هُوَ ٱلْخُسْرَانُ ٱلْمُبِينُ ﴿١٥﴾

14 - 15 - ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، «مەن ئاللاھقا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلىمەن. ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق زات يوقتۇر. ئى مۇشرىكلار! سىلەر ئاللاھنى قويۇپ، بۇتلارغا خالىغان نەرسىلىرىڭلارغا چوقۇنۇڭلار، سىلەرنىڭ بۇ قىلمىشىڭلار ماڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ». بۇ ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارغا چوقۇنغان ۋە مەخلۇقاتنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن مۇشرىكلارغا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، «ھەقىقىي زىيان تارتقۇچىلار قىيامەت كۈنىدە ھەم ئۆزلىرىنى ھەم ئائىلىسىدىكىلەرنى زىيانغا ئۇچراتقۇچىلاردۇر. بۇ ئۇلارنى دۇنيادىكى ۋاقتىدا ئىماندىن ئازدۇرغانلىقى ئۈچۈندۇر. بىلىڭلاركى، ئاشۇ مۇشرىكلارنىڭ قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنى ۋە ئائىلىسىدىكىلىرىنى زىيانغا ئۇچراتقانلىقى ئوپئوچۇق زىيان تارتىشتۇر.

لَهُم مِّن فَوْقِهِمْ ظُلَلٌ مِّنَ ٱلنَّارِ وَمِن تَحْتِهِمْ ظُلَلٌ ۚ ذَٰلِكَ يُخَوِّفُ ٱللَّهُ بِهِۦ عِبَادَهُۥ ۚ يَٰعِبَادِ فَٱتَّقُونِ ﴿١٦﴾

16 - قىيامەت كۈنى ئاشۇ زىيان تارتقۇچىلارنى ئۈستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت، ئاستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت ئورىۋالىدۇ، ئاللاھ بەندىلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى مۇشۇنداق ئازابلار بىلەن قورقۇتىدۇ». ئى بەندىلىرىم! مېنىڭ بۇيرۇغانلىرىمنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىمدىن يېنىش ئارقىلىق ماڭا تەقۋالىق قىلىڭلار.

وَٱلَّذِينَ ٱجْتَنَبُوا۟ ٱلطَّٰغُوتَ أَن يَعْبُدُوهَا وَأَنَابُوٓا۟ إِلَى ٱللَّهِ لَهُمُ ٱلْبُشْرَىٰ ۚ فَبَشِّرْ عِبَادِ ﴿١٧﴾ ٱلَّذِينَ يَسْتَمِعُونَ ٱلْقَوْلَ فَيَتَّبِعُونَ أَحْسَنَهُۥٓ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ هَدَىٰهُمُ ٱللَّهُ ۖ وَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمْ أُو۟لُوا۟ ٱلْأَلْبَٰبِ ﴿١٨﴾

17 - 18 - شەيتانغا ئىتائەت قىلىشتىن ۋە ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنۇشتىن يىراق بولغان، ئاللاھقا يۈزلىنىپ ئىبادەتنى خالىس قىلغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئۇلارنى دۇنيادا ياخشى ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلىدىغانلىقى، ياخشى بەندىلىرى قاتارىدا قىلىدىغانلىقى، ئاخىرەتتە بولسا ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىدىغانلىقى ۋە ئېسىل جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقى ھەققىدە خۇش خەۋەر بار. ئى پەيغەمبەر! ھەق سۆزگە قۇلاق سالىدىغان ۋە ئەڭ ياخشى سۆزگە ئەگىشىدىغان بەندىلىرىمگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. شەكسىزكى، ھەق سۆز ۋە ئەڭ ياخشى سۆز ئاللاھنىڭ سۆزى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدۇر. ئەنە ئاشۇلار ئاللاھ توغرا يولغا ۋە توغرا ئەمەلگە يېتەكلىگەن كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار ساغلام ئەقىلگە ئىگە كىشىلەردۇر.

أَفَمَنْ حَقَّ عَلَيْهِ كَلِمَةُ ٱلْعَذَابِ أَفَأَنتَ تُنقِذُ مَن فِى ٱلنَّارِ ﴿١٩﴾

19 - ئى پەيغەمبەر! ئۆزىنىڭ ئازغۇنلۇقتا چىڭ تۇرۇشى ۋە ئىمان ئېيتماسلىقى سەۋەبلىك ئازابقا تېگىشلىك بولغان ئادەمنى سەن ھىدايەت قىلالمايسەن. سەن دوزاختىكى ئادەمنى قۇتقۇزالامسەن؟ ھەرگىز قۇتقۇزالمايسەن.

لَٰكِنِ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوْا۟ رَبَّهُمْ لَهُمْ غُرَفٌ مِّن فَوْقِهَا غُرَفٌ مَّبْنِيَّةٌ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ ۖ وَعْدَ ٱللَّهِ لَا يُخْلِفُ ٱللَّهُ ٱلْمِيعَادَ ﴿٢٠﴾

20 - ئەمما رەببىگە ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىدىغان تەقۋادار كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلارغا جەننەتتە قەۋەت - قەۋەت سېلىنغان، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان قەسىرلەر بار. بۇنى ئاللاھ تەقۋادار بەندىلىرىگە ۋەدە قىلدى، بۇ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغان راست ۋەدىدۇر، ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ.

أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَسَلَكَهُۥ يَنَٰبِيعَ فِى ٱلْأَرْضِ ثُمَّ يُخْرِجُ بِهِۦ زَرْعًا مُّخْتَلِفًا
أَلْوَٰنُهُۥ ثُمَّ يَهِيجُ فَتَرَىٰهُ مُصْفَرًّا ثُمَّ يَجْعَلُهُۥ حُطَٰمًا ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَذِكْرَىٰ لِأُو۟لِى ٱلْأَلْبَٰبِ ﴿٢١﴾

21 ـ ئى پەيغەمبەر! سەن كۆرمەمسەنكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرىدۇ، ئاندىن ئۇنى يەرگە سىڭدۈرۈپ، يەردىن ئېتىلىپ چىقىدىغان بۇلاقلارنى، ئېقىپ تۇرىدىغان سۇلارنى پەيدا قىلىدۇ. ئاندىن ئاشۇ سۇ بىلەن رەڭگارەڭ زىرائەتلەرنى ئۈندۈرىدۇ، ئاندىن ئۇ زىرائەت ياپيېشىل بولغاندىن كېيىن قۇرۇپ كېتىدۇ، سەن ئۇنىڭ رەڭگىنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن. ئاندىن ئۇنى پارچە - پارچە شاخ - شۇمبىغا ئايلاندۇرىدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بۇ قىلغانلىرىدا ساغلام ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار.

أَفَمَن شَرَحَ ٱللَّهُ صَدْرَهُۥ لِلْإِسْلَٰمِ فَهُوَ عَلَىٰ نُورٍ مِّن رَّبِّهِۦ ۚ فَوَيْلٌ لِّلْقَٰسِيَةِ قُلُوبُهُم مِّن ذِكْرِ ٱللَّهِ ۚ
أُو۟لَٰٓئِكَ فِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٢٢﴾

22 ـ ئاللاھ قەلبىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچقان، ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ۋە ئىمان ئېيتىش بىلەن كۆڭلى تويۇنغان، بۇنىڭ سايىسىدا رەببىنىڭ نۇرى ۋە ھىدايىتى ئۈستىدە بولغان ئادەم بۇ شەرەپكە ئېرىشەلمىگەن ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟ ئۇلار ھەرگىز ئوخشاش ئەمەس. دىللىرى قېتىپ كەتكەن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! ئەنە شۇلار ھەقىقەتتىن تولىمۇ يىراق ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتىدۇر.

ٱللَّهُ نَزَّلَ أَحْسَنَ ٱلْحَدِيثِ كِتَٰبًا مُّتَشَٰبِهًا مَّثَانِىَ تَقْشَعِرُّ مِنْهُ جُلُودُ ٱلَّذِينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُمْ ثُمَّ
تَلِينُ جُلُودُهُمْ وَقُلُوبُهُمْ إِلَىٰ ذِكْرِ ٱللَّهِ ۚ ذَٰلِكَ هُدَى ٱللَّهِ يَهْدِى بِهِۦ مَن يَشَآءُ ۚ وَمَن يُضْلِلِ ٱللَّهُ
فَمَا لَهُۥ مِنْ هَادٍ ﴿٢٣﴾

23 ـ ئاللاھ سۆزلەرنىڭ ئەڭ گۈزىلى بولغان ئۇلۇغ قۇرئاننى ئايەتلىرى مۇكەممەللىكتە، مۆجىزىلىكتە بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان، قىسسىلىرى، ئەھكاملىرى ۋە دەلىل - پاكىتلىرى تەكرارلىنىپ كېلىدىغان بىر كىتاب قىلىپ نازىل قىلدى. قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا رەببىدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرى ئۇنىڭدىكى ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن قورقۇپ تىترەيدۇ، ئاندىن ئاللاھنىڭ مۆئمىنلەرگە قىلغان گۈزەل ۋەدىلىرىدىن خۇشاللىنىپ، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى ئارام تاپىدۇ. قۇرئاندىن بۇنداق تەسىرلىنىش ئاللاھ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان ھىدايەتتۇر. ئاللاھ بۇ قۇرئان بىلەن خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ، كاپىرلىقتا چىڭ تۇرىۋالغانلىقى سەۋەبلىك ئاللاھ بۇ قۇرئانغا ئىشىنىشتىن يىراق قىلغان ئادەمنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ.

أَفَمَن يَتَّقِى بِوَجْهِهِۦ سُوٓءَ ٱلْعَذَابِ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ ۚ وَقِيلَ لِلظَّٰلِمِينَ ذُوقُوا۟ مَا كُنتُمْ تَكْسِبُونَ ﴿٢٤﴾

24 ـ ئۆزىنىڭ كاپىرلىقى ۋە ئازغۇنلۇقى سەۋەبلىك قىيامەت كۈنى پۇت - قوللىرى باغلانغان ھالدا دوزاختا تاشلىنىدىغان ۋە قاتتىق ئازابتىن ئۆزىنى يۈزى بىلەن مۇداپىئە قىلىشقا تىرىشىدىغان ئادەم ياخشىمۇ ياكى ئاللاھنىڭ يېتەكلىشى بىلەن جەننەتلەرنىڭ نېمەتلىرىدىن ھوزۇرلانغان ئادەممۇ؟ ئۇ كۈندە كاپىرلارغا: «دۇنيادا قىلغان گۇناھ - مەئسىيەتلىرىڭلارنىڭ جازاسىنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ.

كَذَّبَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ فَأَتَىٰهُمُ ٱلْعَذَابُ مِنْ حَيْثُ لَا يَشْعُرُونَ ﴿٢٥﴾ فَأَذَاقَهُمُ ٱللَّهُ ٱلْخِزْىَ فِى ٱلْحَيَوٰةِ

ٱلدُّنۡيَاۖ وَلَعَذَابُ ٱلۡأٓخِرَةِ أَكۡبَرُۚ لَوۡ كَانُواْ يَعۡلَمُونَ ﴿٢٦﴾

25 ـ 26 ـ ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ قەۋمىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان، بۇ سەۋەبتىن ئۇلارغا ئويلىمىغان يەردىن ئازاب كەلگەن ئىدى. ئاللاھ كاپىر قەۋملەرگە بۇ دۇنيادا ئازابنى ۋە خارلىقنى تېتىتتى، ئاخىرەتتە ئۇلارغا بۇنىڭدىنمۇ قاتتىق ئازابلارنى تەييارلىدى. ئەگەر ئاشۇ مۇشرىكلار بۇرۇنقى كاپىرلارغا پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبلىك چۈشكەن ئازابنى بىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالغان بولاتتى.

وَلَقَدۡ ضَرَبۡنَا لِلنَّاسِ فِي هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانِ مِن كُلِّ مَثَلٖ لَّعَلَّهُمۡ يَتَذَكَّرُونَ ﴿٢٧﴾ قُرۡءَانًا عَرَبِيًّا غَيۡرَ ذِي عِوَجٖ لَّعَلَّهُمۡ يَتَّقُونَ ﴿٢٨﴾

27 ـ 28 ـ شەكسىزكى، بىز مۇشرىكلارنى ئىبرەت ئالسۇن ۋە كۇفرىلىقتىن يانسۇن دەپ، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، بۇ قۇرئاندا ئۇلارغا بۇرۇنقىلارنىڭ قىسسىلىرىدىن تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق. ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىپ، توسقانلىرىدىن يېنىپ، تەقۋادارلىق قىلسۇن دەپ، بۇ قۇرئاننى مەنىسى ئوچۇق، لەۋزى ئاسان، ناھايىتى روشەن ۋە ئەگرىلىكتىن خالىي ئەرەبچە قۇرئان قىلىپ نازىل قىلدۇق.

ضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلٗا رَّجُلٗا فِيهِ شُرَكَآءُ مُتَشَٰكِسُونَ وَرَجُلٗا سَلَمٗا لِّرَجُلٍ هَلۡ يَسۡتَوِيَانِ مَثَلًاۚ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِۚ بَلۡ أَكۡثَرُهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٢٩﴾

1241

29 ـ ئاللاھ مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈردۇ: بىر ـ بىرى بىلەن تالىشىدىغان نۇرغۇن خوجايىنلار ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ۋە قايسىسىنى رازى قىلىش ھەققىدە چارىسىز قالغان بىر قۇل بىلەن، بىرلا خوجايىننىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغان، خوجايىنىنىڭ مۇرادىنى ۋە ئۇنى قانداق رازى قىلىشنى بىلىدىغان قۇل ئوخشاشمۇ؟ ئۇلار ھەرگىز ئوخشاش بولمايدۇ. مۇشرىكلارمۇ كۆپلىگەن خوجايىنلارنىڭ ئىلكىدە بولغان قۇلغا ئوخشاش چارىسىزلىكتە ۋە ئىككىلىنىش ئىچىدىدۇر. ئەمما مۇئمىنلەر تولۇق خاتىرجەملىك ئىچىدىدۇر. ئەڭ مۇكەممەل مەدھىيە بىر ئاللاھقىلا خاستۇر! ئەمما مۇشرىكلار بۇ ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭغا ئەگەشمەيدۇ.

إِنَّكَ مَيِّتٞ وَإِنَّهُم مَّيِّتُونَ ﴿٣٠﴾ ثُمَّ إِنَّكُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ عِندَ رَبِّكُمۡ تَخۡتَصِمُونَ ﴿٣١﴾

30 ـ 31 ـ ئى پەيغەمبەر! شەكسىزكى، سەنمۇ ئۆلىسەن، ئۇلارمۇ چوقۇم ئۆلىدۇ. ئاندىن كېيىن، ئى ئىنسانلار! سىلەر ھەممىڭلار قىيامەت كۈنى رەببىڭلارنىڭ ھۇزۇرىدا چوقۇم دەتالاش قىلىشىسىلەر. ئاندىن ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئادالەت ۋە ئىنساپ بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

۞ فَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّن كَذَبَ عَلَى ٱللَّهِ وَكَذَّبَ بِٱلصِّدۡقِ إِذۡ جَآءَهُۥٓۚ أَلَيۡسَ فِي جَهَنَّمَ مَثۡوٗى لِّلۡكَٰفِرِينَ ﴿٣٢﴾

32 ـ ئاللاھنىڭ بالىسى بار دەپ ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈش ياكى ئاللاھ ۋەھيى قىلمىغان تۇرۇقلۇق، ئاللاھقا ماڭا ۋەھيى قىلدى دەپ يالغان ئېيتىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم يوقتۇر، شۇنىڭدەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم يوقتۇر. ئاللاھنى ئىنكار قىلغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشەنمىگەن كاپىرلارغا جەھەننەمدە ئورۇن يوقمۇ؟ ئەلۋەتتە بار.

وَٱلَّذِى جَآءَ بِٱلصِّدْقِ وَصَدَّقَ بِهِۦٓ أُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُتَّقُونَ ﴿٣٣﴾

33 - گەپ - سۆزلىرىدە ۋە ئەمەلىيىتىدە ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلگەن، ئۇنى ئىمانى ۋە ئەمەلى بىلەن تەستىقلىغان پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەر ئۆزلىرىدە تەقۋادارلىق خىسلىتىنى يېتىلدۈرگەن كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ بېشىدا پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان، ئۇنىڭ شەرىئىتىگە ئەمەل قىلغان ساھابىلەر ۋە تا قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغان مۇئمىنلەر كىرىدۇ.

لَهُم مَّا يَشَآءُونَ عِندَ رَبِّهِمْ ۚ ذَٰلِكَ جَزَآءُ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٣٤﴾ لِيُكَفِّرَ ٱللَّهُ عَنْهُمْ أَسْوَأَ ٱلَّذِى عَمِلُوا۟ وَيَجْزِيَهُمْ أَجْرَهُم بِأَحْسَنِ ٱلَّذِى كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٣٥﴾

34 - 35- ئۇلارغا رەببىنىڭ دەرگاھىدا ئۆزلىرى خالىغان ھەر تۈرلۈك لەززەتلىك نازۇنېمەتلەر بار. مانا بۇ بۇرۇن قىلىپ قويغان ئەڭ يامان ئىشلىرىنى ئاللاھنىڭ ئۆچۈرۈۋېتىشىنى ۋە قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بويىچە جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىشىنى كۆزلەپ ئاللاھقا ھەقىقىي ئىتائەت قىلغان ۋە ئۇنىڭغا مۇكەممەل ئىبادەت قىلغان كىشىلەرنىڭ مۇكاپاتىدۇر.

أَلَيْسَ ٱللَّهُ بِكَافٍ عَبْدَهُۥ ۖ وَيُخَوِّفُونَكَ بِٱلَّذِينَ مِن دُونِهِۦ ۚ وَمَن يُضْلِلِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِنْ هَادٍ ﴿٣٦﴾

36 - ئاللاھ بەندىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۇشرىكلارنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ۋە بىرەر يامانلىق يەتكۈزۈشىدىن قوغداشقا يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە ئاللاھ ئۇنى دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىدا ھىمايە قىلىشقا ۋە ئۇنى يامانلىق قىلغۇچىلاردىن قوغداشقا يېتەرلىكتۇر. ئى پەيغەمبەر! ئۇلار: «بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىز سېنى جازالايدۇ» دەپ سېنى ساختا مەبۇدلىرى بىلەن قورقۇتىدۇ، ئاللاھ ھەق يولدىن يىراق قىلغان ئادەمنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان ھېچقانداق يېتەكچى يوقتۇر.

وَمَن يَهْدِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِن مُّضِلٍّ ۗ أَلَيْسَ ٱللَّهُ بِعَزِيزٍ ذِى ٱنتِقَامٍ ﴿٣٧﴾

37 - ئاللاھ ئىمان ئېيتىشقا، قۇرئانغا ئەمەل قىلىشقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئەگىشىشكە مۇۋەپپەق قىلغان ئادەمنى توغرا يولدىن ئازدۇرىدىغان ھېچبىر ئازدۇرغۇچى بولمايدۇ. ئاللاھ كاپىرلارنى ۋە ئاسىي - گۇناھكارلارنى جازالاشقا قادىر ئەمەسمۇ؟!

وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ ٱللَّهُ ۚ قُلْ أَفَرَءَيْتُم مَّا تَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ إِنْ أَرَادَنِىَ ٱللَّهُ بِضُرٍّ هَلْ هُنَّ كَٰشِفَٰتُ ضُرِّهِۦٓ أَوْ أَرَادَنِى بِرَحْمَةٍ هَلْ هُنَّ مُمْسِكَٰتُ رَحْمَتِهِۦ ۚ قُلْ حَسْبِىَ ٱللَّهُ ۖ عَلَيْهِ يَتَوَكَّلُ ٱلْمُتَوَكِّلُونَ ﴿٣٨﴾

38 - ئى پەيغەمبەر! ئەگەر سەن ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ئاشۇ مۇشرىكلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: «ئاللاھ ياراتقان» دەپ جاۋاب بېرىدۇ ۋە ياراتقۇچى ئاللاھنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلارچۇ! ئەگەر ئاللاھ ماڭا بىرەر زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى مەندىن يىراق قىلىشقا ياكى ماڭا يەتكەن زىيان - زەخمەتنى كۆتۈرۈۋېتىشكە سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلارنىڭ كۈچى يېتەمدۇ؟ ئاللاھ ماڭا رەھمەت قىلىشنى ياكى ماڭا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، بۇتلىرىڭلارنىڭ ئۇنى توسۇۋېلىشقا كۈچى يېتەمدۇ؟» ئۇلار چوقۇم: «كۈچى يەتمەيدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى،

«ئاللاھ ماڭا يېتەرلىكتۇر، ئۇ ماڭا كۇپايىدۇر، ئۆزىنى زىيان - زەخمەتتىن قوغداشتا ۋە ئۆزىگە پايدا - مەنپەئەت كەلتۈرۈشتە مەدەتكار تىلىگەنلەر ئاللاھقا تايانسۇن. چۈنكى ئاللاھ يالغۇز ھەممىگە قادىردۇر ۋە ھەممىگە يېتەرلىكتۇر. ئاللاھ مېنىڭ بارلىق ئىشلىرىمنى ئوڭۇشلۇق قىلىپ بېرىشكە يېتەرلىكتۇر».

قُلْ يَٰقَوْمِ ٱعْمَلُوا۟ عَلَىٰ مَكَانَتِكُمْ إِنِّى عَٰمِلٌ ۖ فَسَوْفَ تَعْلَمُونَ ﴿٣٩﴾ مَن يَأْتِيهِ عَذَابٌ يُخْزِيهِ وَيَحِلُّ عَلَيْهِ عَذَابٌ مُّقِيمٌ ﴿٤٠﴾

39 - 40 - ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭ ئىچىدىكى كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ئۆزۈڭلار قايىل بولۇپ تۇتقان يولۇڭلار بويىچە ئىش قىلىۋېرىڭلار، چۈنكى سىلەر ئىبادەتكە لايىق بولمىغان نەرسىلەرگە چوقۇنۇۋاتىسىلەر، ئۇلار سىلەرگە ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيدۇ. مەنمۇ ئاللاھ بۇيرۇغان تەۋھىد، ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلدىن ئىبارەت ئۆز يولۇم بويىچە ئىش قىلغۇچىمەن. بۇ دۇنيادا رەسۋا قىلغۇچى ئازابىنىڭ كىمگە كېلىدىغانلىقىنى، ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ئازابىنىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى ئۇزاققا قالماي بىلىپ قالىسىلەر».

إِنَّآ أَنزَلْنَا عَلَيْكَ ٱلْكِتَٰبَ لِلنَّاسِ بِٱلْحَقِّ ۖ فَمَنِ ٱهْتَدَىٰ فَلِنَفْسِهِۦ ۖ وَمَن ضَلَّ فَإِنَّمَا يَضِلُّ عَلَيْهَا ۖ وَمَآ أَنتَ عَلَيْهِم بِوَكِيلٍ ﴿٤١﴾

41 - ئى پەيغەمبەر! ھەقىقەتەن بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى جاھان ئەھلىنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن ھېكمەت بىلەن نازىل قىلدۇق، كىمكى ئۇنىڭ نۇرى بىلەن ھىدايەت تاپىدىكەن، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئەمەل قىلىدىكەن ۋە ئۇنىڭ قانۇن - پىرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرىدىكەن، بۇنىڭ پايدىسى ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ، كىمكى ئۆزىگە ھەقىقەت ئايان بولغاندىن كېيىن ئېزىپ كېتىدىكەن، بۇنىڭ زىيىنىمۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ، ئۇ كاپىرلىقى بىلەن ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى خاتىرىلەشكە ۋە ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشقا مەسئۇل ئەمەسسەن، ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلىغۇچىمۇ ئەمەسسەن، سەن پەقەتلا ھەق دىننى يەتكۈزگۈچىسەن.

ٱللَّهُ يَتَوَفَّى ٱلْأَنفُسَ حِينَ مَوْتِهَا وَٱلَّتِى لَمْ تَمُتْ فِى مَنَامِهَا ۖ فَيُمْسِكُ ٱلَّتِى قَضَىٰ عَلَيْهَا ٱلْمَوْتَ وَيُرْسِلُ ٱلْأُخْرَىٰٓ إِلَىٰٓ أَجَلٍ مُّسَمًّى ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٤٢﴾

42 - ئىنسانلارنىڭ ئەجىلى توشقان چاغدا ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالىدىغان زات ئاللاھتۇر. بۇ چوڭ ئۆلۈم بولۇپ، ئۇ ئەجەلنىڭ توشۇشى بىلەن ئۆلىدىغان ھەقىقىي ئۆلۈمدۇر. ئاللاھ يەنە ئەجىلى توشمىغانلارنىڭ جېنىنى ئۇخلىغان چاغدا ئالىدۇ. بۇ كىچىك ئۆلۈمدۇر. ئاللاھ بۇ جانلارنىڭ ئىچىدىن ئەجىلى توشۇپ قالغانلىرىنى تۇتۇپ قىلىپ، ئەجىلى توشمىغانلىرىنى بولسا ئەجىلى ۋە رىزقى توشقۇچە قويۇپ بېرىپ، ئۇلارنى ئۆز ئىگىلىرىنىڭ بەدەنلىرىگە قايتۇرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ ئۆلگەنلەرنىڭ جېنىنى ئېلىپ قىلىپ، ئۇخلىغانلارنىڭ جېنىنى بەدىنىگە قايتۇرۇشىدا پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر بار.

أَمِ ٱتَّخَذُوا۟ مِن دُونِ ٱللَّهِ شُفَعَآءَ ۚ قُلْ أَوَلَوْ كَانُوا۟ لَا يَمْلِكُونَ شَيْـًٔا وَلَا يَعْقِلُونَ ﴿٤٣﴾

43 - مۇشرىكلار ئاللاھنى قويۇپ، ئۆزلىرى چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىنى شاپائەتچى قىلىۋالدىمۇ؟ بۇتلىرى ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلامدىكەن؟ ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر مەزكۇر بۇتلىرىڭلارنى شاپائەت قىلىدۇ دەپ گۇمان قىلامسىلەر؟

بۇتلىرىڭلار ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايدىغان ۋە ھېچ نەرسىنى سەزمەيدىغان نەرسىلەر
تۇرسىمۇ، ئۇلارنى شاپائەتچى قىلىۋالامسىلەر؟».

قُل لِّلَّهِ ٱلشَّفَٰعَةُ جَمِيعٗاۖ لَّهُۥ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ ثُمَّ إِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ ﴿٤٤﴾

44 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «شاپائەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ
ئىلكىدىدۇر، ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ
پادىشاھلىقى ۋە ئىگىدارچىلىقى ئاللاھقا خاستۇر. ھېچكىم ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ
رۇخسىتىسىز شاپائەت قىلالمايدۇ. ئاللاھ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئىگىسى، ئۇلارنىڭ
ئارىسىدا ئۆزى خالىغان بويىچە ئىش قىلىدىغان زات بولغان ئىكەن، شاپائەتنى ئاللاھتىنلا
تىلەش، ئىبادەتنى ئاللاھقىلا قىلىش كېرەك. چۈنكى ئاللاھ ھەممىنىڭ ئىگىسى بولغان
ئىكەن، شاپائەتمۇ ئۇنىڭ ئىلكىدىدۇر. شاپائەت ھەرگىزمۇ قولىدىن ھېچبىر ئىش
كەلمەيدىغان، ھېچكىمگە پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ساختا ئىلاھلاردىن
سورالمايدۇ. ئاندىن سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن، ئەمەللىرىڭلاردىن ھېساب بېرىش ۋە
مۇكاپات ياكى جازا ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر».

وَإِذَا ذُكِرَ ٱللَّهُ وَحۡدَهُ ٱشۡمَأَزَّتۡ قُلُوبُ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡأٓخِرَةِۖ وَإِذَا ذُكِرَ ٱلَّذِينَ مِن دُونِهِۦٓ
إِذَا هُمۡ يَسۡتَبۡشِرُونَ ﴿٤٥﴾

45 - ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنسا، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە
ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ ئىچى سىقىلىپ دىللىرى نەپرەتلىنىپ كېتىدۇ. مۇشرىكلارغا
ئاللاھنىڭ ئورنىغا قويۇۋالغان بۇتلار ۋە باشقا ساختا ئىلاھلار تىلغا ئېلىنسا، ئۇلار
خۇشاللىقتىن ياياراپ كېتىدۇ.

قُلِ ٱللَّهُمَّ فَاطِرَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ عَٰلِمَ ٱلۡغَيۡبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ أَنتَ تَحۡكُمُ بَيۡنَ عِبَادِكَ فِي مَا
كَانُواْ فِيهِ يَخۡتَلِفُونَ ﴿٤٦﴾

46 - ئېيتقىنكى، «ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقان، يوشۇرۇننى ۋە ئاشكارىنى
بىلگۈچى ئاللاھ! سەن قىيامەت كۈنى بەندىلىرىڭنىڭ ئارىسىدا ئۇلارنىڭ سەن توغرۇلۇق
ئىختىلاپ قىلىشقان سۆزلىرى ئۈستىدە ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىسەن. سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭنى،
يېگانە پادىشاھلىقىڭنى، ساڭا ۋە سېنىڭ پەيغەمبەرلىرىڭگە بولغان ئىمانىمنى ۋەسىلە
قىلىپ سەندىن تىلەيمەنكى، مېنى ئۆز پەزلىڭ بىلەن ئىنسانلار ئىختىلاپ قىلىشقان
ئىشنىڭ ھەقىقىتىگە يېتەكلىگىن، شەكسىزكى، سەن خالىغان بەندىلىرىڭنى توغرا يولغا
يېتەكلەيسەن» (بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بولۇپ، بۇنىڭدا ئاللاھ تائالاغا
دۇئا قىلىشتا، ئۇنىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرىنى ۋە دۇئا قىلغۇچى ئۆزىنىڭ قىلغان ياخشى
ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىپ تۇرۇپ دۇئا قىلىش لازىملىقى ھەققىدە تەلىم بېرىلگەن).

وَلَوۡ أَنَّ لِلَّذِينَ ظَلَمُواْ مَا فِي ٱلۡأَرۡضِ جَمِيعٗا وَمِثۡلَهُۥ مَعَهُۥ لَٱفۡتَدَوۡاْ بِهِۦ مِن سُوٓءِ ٱلۡعَذَابِ يَوۡمَ
ٱلۡقِيَٰمَةِۚ وَبَدَا لَهُم مِّنَ ٱللَّهِ مَا لَمۡ يَكُونُواْ يَحۡتَسِبُونَ ﴿٤٧﴾

47 - ئەگەر يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى، يەنە شۇنىڭدەك بىر ھەسسە كۆپ نەرسە
ئاشۇ مۇشرىكلارنىڭ ئىلكىدە بولسا ئىدى، ئۇلار ئۇنى قىيامەت كۈنىدىكى قاتتىق ئازابتىن
قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە فىديە قىلىپ بېرىۋەتكەن بولاتتى. ناۋادا ئۇلار شۇنداق
فىديە بەرگەن تەقدىردىمۇ، بۇ ئۇلاردىن ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ، بۇ فىديە ئۇلارنى

ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ. ئۇ كۈندە ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇلارغا ئۆزلىرى دۇنيادىكى چاغلىرىدا بېشىغا كېلىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان قاتتىق ئازابلار ئاشكارا بولىدۇ.

وَبَدَا لَهُمْ سَيِّـَٔاتُ مَا كَسَبُواْ وَحَاقَ بِهِم مَّا كَانُواْ بِهِۦ يَسْتَهْزِءُونَ ﴿٤٨﴾

48 - قىيامەت كۈنى ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئۆزلىرىنىڭ يامان قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئاشكارا بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھقا لايىق كەلمەيدىغان سۈپەت ۋە ھەرىكەتلەرنى مەنسۇپ قىلدى ۋە دۇنيادىكى ھاياتىدا كۆپلىگەن يامانلىقلارنى سادىر قىلدى. ئۇ مۇشرىكلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاگاھلاندۇرغان ئازابنى مەسخىرە قىلاتتى ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنمەيتتى. شۇڭا ئۇلارنى ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان ئازاب ھەر تەرەپتىن قورشىۋالىدۇ.

فَإِذَا مَسَّ ٱلْإِنسَٰنَ ضُرٌّ دَعَانَا ثُمَّ إِذَا خَوَّلْنَٰهُ نِعْمَةً مِّنَّا قَالَ إِنَّمَآ أُوتِيتُهُۥ عَلَىٰ عِلْمٍۭ بَلْ هِىَ فِتْنَةٌ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٤٩﴾

49 - ئىنساننىڭ بېشىغا بىرەر بالايىئاپەت كەلسە، رەببىگە ئىلتىجا قىلىپ ئۇنىڭدىن بېشىغا كەلگەن بالانى كۆتۈرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ، بىز ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالانى كۆتۈرۈۋەتسەك ۋە ئۇنىڭغا دەرگاھىمىزدىن بىرەر نېمەت ئاتا قىلساق، ئۇ رەببىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭ پەزل - كەرەملىرىگە تېنىۋېلىپ: «بۇ (نېمەت) ماڭا پەقەت ئۆز ئامىتىمدىن كەلدى» (يەنى ئاللاھ مېنىڭ بۇ نېمەتكە ھەقلىق ئىكەنلىكىمنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى ماڭا ئاتا قىلدى) دەيدۇ. ئۇنداق ئەمەس، بۇ ئاللاھ بەندىلىرىنى شۈكۈر قىلامدۇ ياكى تۇزكورلۇق قىلامدۇ دەپ سىنايدىغان بىر سىناقتۇر. لېكىن، ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئۆزىنىڭ نادانلىقى، ئاللاھ ھەققىدە يامان گۇماندا بولغانلىقى سەۋەبلىك بۇ ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار سىناقنى نېمەت دەپ چۈشىنىۋالىدۇ.

قَدْ قَالَهَا ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ فَمَآ أَغْنَىٰ عَنْهُم مَّا كَانُواْ يَكْسِبُونَ ﴿٥٠﴾

50 - بۇ كاپىرلار ئېيتقان بۇ سۆزنى ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن كاپىر قەۋملەرمۇ ئېيتقان. ئۇلارنىڭ دۇنيالىقتىن ئېرىشكەن مال - دۇنياسى ۋە بالىلىرى ئۇلارغا ئازاب كەلگەن چاغدا ئۇلارغا قىلچە ئەسقاتمىدى.

فَأَصَابَهُمْ سَيِّـَٔاتُ مَا كَسَبُواْ وَٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ مِنْ هَٰٓؤُلَآءِ سَيُصِيبُهُمْ سَيِّـَٔاتُ مَا كَسَبُواْ وَمَا هُم بِمُعْجِزِينَ ﴿٥١﴾

51 - بۇ سۆزنى ئېيتقان بۇرۇنقى كاپىر قەۋملەر ئۆزلىرى قىلغان يامانلىقلارنىڭ جازاسىنى تارتتى. ئۇلار ئاخىرەتكە بارماي تۇرۇپ مۇشۇ دۇنيادىلا جازالاندى. ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ قەۋمىڭ ئىچىدىكى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارمۇ شۇنداق سۆزلەرنى قىلدى. ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى چوقۇم تارتىدۇ، ئۇلارمۇ بۇرۇنقى كاپىرلار جازالانغاندەك جازالىنىدۇ، ئۇلار ياكى ئۇلاردىن بۇرۇنقىلار ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

أَوَلَمْ يَعْلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ يَبْسُطُ ٱلرِّزْقَ لِمَن يَشَآءُ وَيَقْدِرُ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ ﴿٥٢﴾

52 - ئۇلار بىلمەمدۇكى، ئاللاھنىڭ ئىنسانغا رىزىق ئاتا قىلغانلىقى ئۇ ئىنساننىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ، چۈنكى ئاللاھ ئۆزىنىڭ چەكسىز ھېكمىتى بىلەن مەيلى

تەقۋادار مۇئمىن بولسۇن ياكى گۇناھكار كاپىر بولسۇن، بەندىلىرى ئىچىدىن خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىشىدا ۋە خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى تار قىلىشىدا، ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا ئىشىنىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن روشەن ئىبرەتلەر بار.

۞ قُلۡ يَٰعِبَادِيَ ٱلَّذِينَ أَسۡرَفُواْ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمۡ لَا تَقۡنَطُواْ مِن رَّحۡمَةِ ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ يَغۡفِرُ ٱلذُّنُوبَ جَمِيعًاۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلۡغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٥٣﴾

53 - ئى پەيغەمبەر! كۆپ گۇناھ قىلغان ۋە گۇناھنى قىلىۋېرىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، «سىلەر گۇناھنى كۆپ قىلدۇق دەپ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ تەۋبە قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن يانغان كىشىنىڭ ھەرقانچە كۆپ گۇناھى بولسىمۇ ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تەۋبە قىلغان بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

وَأَنِيبُوٓاْ إِلَىٰ رَبِّكُمۡ وَأَسۡلِمُواْ لَهُۥ مِن قَبۡلِ أَن يَأۡتِيَكُمُ ٱلۡعَذَابُ ثُمَّ لَا تُنصَرُونَ ﴿٥٤﴾

54 - ئى ئىنسانلار! سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئازابى چۈشۈپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمەيدىغان كۈن كېلىشتىن بۇرۇن، گۇناھلىرىڭلارغا تەۋبە قىلىپ رەببىڭلار تەرەپكە يۈزلىنىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار.

وَٱتَّبِعُوٓاْ أَحۡسَنَ مَآ أُنزِلَ إِلَيۡكُم مِّن رَّبِّكُم مِّن قَبۡلِ أَن يَأۡتِيَكُمُ ٱلۡعَذَابُ بَغۡتَةً وَأَنتُمۡ لَا تَشۡعُرُونَ ﴿٥٥﴾

55 - سىلەر غەپلەتتە تۇرغان ۋاقتىتا ئۇشتۇمتۇت ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن، رەببىڭلار تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتابلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ئەڭ ياخشىسى بولغان قۇرئانغا ئەگىشىڭلار، ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىڭلار، ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يېنىڭلار.

أَن تَقُولَ نَفۡسٞ يَٰحَسۡرَتَىٰ عَلَىٰ مَا فَرَّطتُ فِي جَنۢبِ ٱللَّهِ وَإِن كُنتُ لَمِنَ ٱلسَّٰخِرِينَ ﴿٥٦﴾

56 - بىراۋ: «دۇنيادا ئاللاھ بۇيرۇغان ئەمەللەرنى زايە قىلىۋەتكەنلىكىمگە، تائەت - ئىبادەتتە كەتكۈزۈپ قويغانلىرىمغا ئىسىت! مەن دۇنيادىكى ۋاقتىمدا راستىنلا ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى، ئۇنىڭ كىتابىنى، پەيغەمبىرىنى ۋە مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلغانلاردىن بولغان ئىكەنمەن» دەپ قاتتىق پۇشايمان قىلىدىغان كۈن كېلىشتىن بۇرۇن رەببىڭلارغا ئىتائەت قىلىڭلار ۋە گۇناھلىرىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار.

أَوۡ تَقُولَ لَوۡ أَنَّ ٱللَّهَ هَدَىٰنِي لَكُنتُ مِنَ ٱلۡمُتَّقِينَ ﴿٥٧﴾ أَوۡ تَقُولَ حِينَ تَرَى ٱلۡعَذَابَ لَوۡ أَنَّ لِي كَرَّةٗ فَأَكُونَ مِنَ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿٥٨﴾

57 - 58 - ياكى «ئاللاھ مېنى ھەق دىنغا يېتەكلىگەن بولسا ئىدى، مەنمۇ ئەلۋەتتە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ۋە گۇناھ قىلىشتىن ساقلانغۇچىلاردىن بولاتتىم» دېيىشتىن، ياكى قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ قورشىۋالغانلىقىنى كۆرگەن چاغدا: «كاشكى دۇنياغا قايتىشىمغا مۇمكىن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە مەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئەگەشكۈچىلەردىن بولغان بولاتتىم» دېيىشتىن بۇرۇن

رەببىڭلارغا ئىتائەت قىلىڭلار.

بَلَىٰ قَدْ جَآءَتْكَ ءَايَٰتِى فَكَذَّبْتَ بِهَا وَٱسْتَكْبَرْتَ وَكُنتَ مِنَ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٥٩﴾

59 - ئەمەلىيەت سەن دېگەندەك ئەمەس. ساڭا مېنىڭ ھەقىقەتكە ئوپئوچۇق دالالەت قىلىدىغان ئايەتلىرىم كەلگەن ئىدى، ئەمما سەن ئۇلارنى ئىنكار قىلغان ئىدىڭ، ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتقان ۋە ئاللاھنى، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلادىن بولغان ئىدىڭ.

وَيَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ تَرَى ٱلَّذِينَ كَذَبُوا۟ عَلَى ٱللَّهِ وُجُوهُهُم مُّسْوَدَّةٌ ۚ أَلَيْسَ فِى جَهَنَّمَ مَثْوًى لِّلْمُتَكَبِّرِينَ ﴿٦٠﴾

60 - قىيامەت كۈنى سەن ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ۋە ئۇنىڭغا لايىق كەلمەيدىغان نەرسىلەرنى مەنسۇپ قىلىپ، «ئاللاھنىڭ بالىسى بار، ئۇنىڭ شېرىكى بار» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلغان كاپىرلارنىڭ يۈزلىرىنىڭ قاپقارا بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن، ئاللاھقا چوڭچىلىق قىلىپ ئۇنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىغان مۇتەكەببىرلەر ئۈچۈن جەھەننەمدە ئورۇن يوقمىكەن؟ ئەلۋەتتە بار.

وَيُنَجِّى ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوْا۟ بِمَفَازَتِهِمْ لَا يَمَسُّهُمُ ٱلسُّوٓءُ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿٦١﴾

61 - ئاللاھ پەرزلەرنى ئادا قىلىپ، مەنئى قىلىنغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇپ تەقۋادارلىق قىلغانلارنى جەننەتكە كىرگۈزۈپ مۇرادىغا يەتكۈزۈش ئارقىلىق، ئۇلارنى دوزاختىن ۋە ئۇنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدۇ، ئۇلار ھەرگىز دوزاخ ئازابىغا ئۇچرىمايدۇ. ئۇلار دۇنيادا قالدۇرۇپ كەلگەن نەرسىلىرى ئۈچۈن ھەرگىز قايغۇرمايدۇ.

ٱللَّهُ خَٰلِقُ كُلِّ شَىْءٍ ۖ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ وَكِيلٌ ﴿٦٢﴾

62 - ئاللاھ بارلىق مەۋجۇداتنىڭ يېگانە ياراتقۇچىسىدۇر، ھەممىسىنىڭ رەببىدۇر، ھەممىسىنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر، ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر، ئۇ ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر.

لَّهُۥ مَقَالِيدُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۗ وَٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ أُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْخَٰسِرُونَ ﴿٦٣﴾

63 - ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. بەندىلىرىگە ئۇنىڭدىن خالىغانلىرىنى بېرىدۇ. قۇرئان ئايەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭدىكى روشەن دەلىل - پاكىتلارنى ئىنكار قىلغانلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار بۇ دۇنيادا ئىماندىن مەھرۇم قېلىش بىلەن، ئاخىرەتتە بولسا دوزاختا مەڭگۈ قېلىش بىلەن زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

قُلْ أَفَغَيْرَ ٱللَّهِ تَأْمُرُوٓنِّىٓ أَعْبُدُ أَيُّهَا ٱلْجَٰهِلُونَ ﴿٦٤﴾

64 - ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭ ئىچىدىكى مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «ئى ئاللاھنى تونۇمىغان نادانلار! ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق ھېچ نەرسە يوق تۇرسا، سىلەر مېنى ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇمسىلەر؟»».

وَلَقَدْ أُوحِىَ إِلَيْكَ وَإِلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِكَ لَئِنْ أَشْرَكْتَ لَيَحْبَطَنَّ عَمَلُكَ وَلَتَكُونَنَّ مِنَ ٱلْخَٰسِرِينَ ﴿٦٥﴾

65 - ئى پەيغەمبەر! ساڭا ۋە سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە: «ئەگەر سەن ئاللاھقا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ بارلىق ياخشى ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ، سەن ئەلۋەتتە دىنىدىن چىققان ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن. چۈنكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەمنىڭ ياخشى ئەمەلى قوبۇل

قىلىنمايدۇ» دەپ ۋەھيى قىلىندى.

بَلِ ٱللَّهَ فَٱعۡبُدۡ وَكُن مِّنَ ٱلشَّٰكِرِينَ ﴿٦٦﴾

66 - ئى پەيغەمبەر! شۇڭا سەن ئاللاھقا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلغىن ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە
شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن.

وَمَا قَدَرُواْ ٱللَّهَ حَقَّ قَدۡرِهِۦ وَٱلۡأَرۡضُ جَمِيعٗا قَبۡضَتُهُۥ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ وَٱلسَّمَٰوَٰتُ مَطۡوِيَّٰتُۢ بِيَمِينِهِۦۚ سُبۡحَٰنَهُۥ وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يُشۡرِكُونَ ﴿٦٧﴾

67 - ئۇ مۇشرىكلار ئاللاھنى لايىقىدا ئۇلۇغلىمىدى. چۈنكى ئۇلار ئاللاھقا قىلىدىغان ئىبادەتكە
ھېچكىمگە پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرنى قوشۇۋالدى. ئۇلار ئاشۇ ئاجىز
مەخلۇقاتنى ئۇلۇغ ياراتقۇچى ئاللاھقا تەڭ قىلىۋالدى. قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي
ئاللاھنىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ، ئاسمانلار ئاللاھنىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ
مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر. (بۇ
ئايەتتە ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق چاڭگال، ئوڭ قول ۋە قاتلاش قاتارلىق سۈپەتلىرىنىڭ
بارلىقىغا دەلىل بار).

وَنُفِخَ فِي ٱلصُّورِ فَصَعِقَ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَن فِي ٱلۡأَرۡضِ إِلَّا مَن شَآءَ ٱللَّهُۖ ثُمَّ نُفِخَ فِيهِ أُخۡرَىٰ فَإِذَا هُمۡ قِيَامٞ يَنظُرُونَ ﴿٦٨﴾

68 - سۇر چېلىنغان چاغدا، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئاللاھ خالىغاندىن باشقا
مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ، ئاندىن بارلىق خالايىقنىڭ تىرىلىپ ئاللاھنىڭ ئالدىدا
ھېساب بېرىشى ئۈچۈن، ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىم سۇر چالغان ھامان
ئۇلار قەبرىلىرىدىن تۇرۇپ، ئاللاھ ئەمدى بىزنى قانداق قىلار؟ دەپ كۈتۈپ تۇرىدۇ.

وَأَشۡرَقَتِ ٱلۡأَرۡضُ بِنُورِ رَبِّهَا وَوُضِعَ ٱلۡكِتَٰبُ وَجِاْيٓءَ بِٱلنَّبِيِّـۧنَ وَٱلشُّهَدَآءِ وَقُضِيَ بَيۡنَهُم بِٱلۡحَقِّ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ﴿٦٩﴾

69 - قىيامەت كۈنى ئاللاھ بەندىلىرى ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئۆزىنى
كۆرسەتكەن چاغدا، يەر - زېمىن ئۇنىڭ نۇرى بىلەن يورۇپ كېتىدۇ، پەرىشتىلەر ھەربىر
ئادەمنىڭ نامە - ئەمال دەپتىرىنى ئېچىپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلەردىن
دىننى يەتكۈزگەنلىكى ۋە قەۋمىنىڭ قانداق قىلغانلىقى توغرۇلۇق سورىشى ئۈچۈن
پەيغەمبەرلەر ۋە گۇۋاھچىلار كەلتۈرۈلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرىمۇ
بۇرۇنقى ئۈممەتلەر ئەگەر پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە دىننى يەتكۈزگەنلىكىنى ئىنكار
قىلىپ تۇرۇۋالسا، ئۇلارغا قارشى گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن ھازىر قىلىنىدۇ. ئاللاھ
بەندىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋايىغا يەتكەن ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، بىرەر
كىشىنىڭ ساۋابى كېمەيتىلىش بىلەن ياكى گۇناھى كۆپەيتىلىش بىلەن ئۇنىڭغا ئۇۋال
قىلىنمايدۇ.

وَوُفِّيَتۡ كُلُّ نَفۡسٖ مَّا عَمِلَتۡ وَهُوَ أَعۡلَمُ بِمَا يَفۡعَلُونَ ﴿٧٠﴾

70 - ئاللاھ ھەربىر ئادەمنىڭ قىلغان ياخشى - يامان ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى
تولۇق بېرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا قىلىۋاتقان ياخشى - يامان
ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوبدان بىلىدۇ.

وَسِيقَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِلَىٰ جَهَنَّمَ زُمَرًاۖ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءُوهَا فُتِحَتْ أَبْوَٰبُهَا وَقَالَ لَهُمْ خَزَنَتُهَآ أَلَمْ يَأْتِكُمْ رُسُلٌ مِّنكُمْ يَتْلُونَ عَلَيْكُمْ ءَايَٰتِ رَبِّكُمْ وَيُنذِرُونَكُمْ لِقَآءَ يَوْمِكُمْ هَٰذَاۚ قَالُواْ بَلَىٰ وَلَٰكِنْ حَقَّتْ كَلِمَةُ ٱلْعَذَابِ عَلَى ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٧١﴾

71 - ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلار جەھەننەمگە توپ - توپ بولۇپ ھەيدىلىدۇ، ئۇلار جەھەننەمگە يېتىپ كەلگەندە، جەھەننەمگە مەسئۇل قاتتىق قول پەرىشتىلەر جەھەننەمنىڭ يەتتە دەرۋازىسىنى ئاچىدۇ ۋە ئۇلارغا كايىپ: «ئاللاھقا نېمىشقا ئاسىيلىق قىلدىڭلار، ئۇنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى نېمىشقا ئىنكار قىلدىڭلار؟ سىلەرگە ئاراڭلاردىن رەببىڭلارنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان، سىلەرنى قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلمىگەنمۇ؟» دەيدۇ. ئۇلار ئۆز گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ: «ئەلۋەتتە ئەۋەتىلگەن، بىزگە رەببىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىرى ھەق دىنىنى ئېلىپ كەلگەن ۋە بىزنى بۇ كۈننىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. ئەمما ئاللاھنىڭ ئازابى كاپىرلارغا تېگىشلىك بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى ھۆكۈم ئاللىبۇرۇن چىقىرىلىپ بولغان» دەيدۇ.

قِيلَ ٱدْخُلُوٓاْ أَبْوَٰبَ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ فِيهَاۖ فَبِئْسَ مَثْوَى ٱلْمُتَكَبِّرِينَ ﴿٧٢﴾

72 - ئاللاھنىڭ ھەققىي ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنى خارلىغان ۋە رەسۋا قىلغان ھالدا ئۇلارغا: «جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىڭلار، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشتىن ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتىن چوڭچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ جايى نېمىدېگەن يامان!» دېيىلىدۇ.

وَسِيقَ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوْاْ رَبَّهُمْ إِلَى ٱلْجَنَّةِ زُمَرًاۖ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءُوهَا وَفُتِحَتْ أَبْوَٰبُهَا وَقَالَ لَهُمْ خَزَنَتُهَا سَلَٰمٌ عَلَيْكُمْ طِبْتُمْ فَٱدْخُلُوهَا خَٰلِدِينَ ﴿٧٣﴾

73 - ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىپ، ئاللاھ بۇيرۇغان شەرىئەت بويىچە ئەمەل قىلغان تەقۋادارلار جەننەتكە توپ - توپ بولغان ھالدا ماڭدۇرۇلىدۇ. ئۇلار جەننەتكە يېتىپ كەلگەن چاغدا، جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ بولغان بولىدۇ، جەننەتكە مەسئۇل پەرىشتىلەر ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ، ئۇلارغا خۇش خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈپ ئۇلارنى خۇشال قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھنىڭ ئەسەرلىرىدىن پاك ئىكەنلىكىنى ماختايدۇ ۋە ئۇلارغا: «سىلەرگە بارلىق ئاپەتلەردىن ئامانلىق بولسۇن، ئەھۋالىڭلار ياخشى ۋە كۆڭۈللۈك بولسۇن، جەننەتكە كىرىڭلار ۋە مەڭگۈ جەننەتتە قېلىڭلار» دەيدۇ.

وَقَالُواْ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ٱلَّذِى صَدَقَنَا وَعْدَهُۥ وَأَوْرَثَنَا ٱلْأَرْضَ نَتَبَوَّأُ مِنَ ٱلْجَنَّةِ حَيْثُ نَشَآءُۖ فَنِعْمَ أَجْرُ ٱلْعَٰمِلِينَ ﴿٧٤﴾

74 - مۇئمىنلەر: «ئاللاھقا شۈكرىكى، ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىزگە قىلغان ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى، بىزنى جەننەتنىڭ زېمىنىغا ۋارىس قىلدى، بىز ئەمدى جەننەتتە ئۆزىمىز خالىغان جايغا بېرىپ تۇرىمىز. تائەت - ئىبادەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتى نېمىدېگەن ياخشى!» دەيدۇ.

وَتَرَى ٱلْمَلَٰٓئِكَةَ حَآفِّينَ مِنْ حَوْلِ ٱلْعَرْشِ يُسَبِّحُونَ بِحَمْدِ رَبِّهِمْۖ وَقُضِىَ بَيْنَهُم بِٱلْحَقِّۚ وَقِيلَ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٧٥﴾

75 - ئى پەيغەمبەر! سەن پەرىشتىلەرنىڭ رەببىنى بارلىق نالايىق سۈپەتلەردىن پاك دەپ

سۈپەتلەپ ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتقان، ئۇنى مەدھىيەلەپ ھەمدۇسانا ئېيتقان ھالدا، ئەرشنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادالەت ۋە ھەققانىيلىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئىمان ئەھلىنى جەننەتلەرگە، كاپىرلارنى دوزاختا كىرگۈزىدۇ. ئاندىن «بارچە ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇركى، ئۇ جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلى ئوتتۇرىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقاردى» دېيىلىدۇ.

# غافىر سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

حمٓ ﴿١﴾

1 ـ ھا، مىيم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

تَنزِيلُ ٱلۡكِتَٰبِ مِنَ ٱللَّهِ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡعَلِيمِ ﴿٢﴾ غَافِرِ ٱلذَّنۢبِ وَقَابِلِ ٱلتَّوۡبِ شَدِيدِ ٱلۡعِقَابِ ذِي ٱلطَّوۡلِۖ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۖ إِلَيۡهِ ٱلۡمَصِيرُ ﴿٣﴾

2 ـ 3- بۇ چەكسىز كۈچ ـ قۇدرەتتە بىلەن بارچە مەخلۇقاتنى بويسۇندۇرغۇچى ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، گۇناھكارلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغۇچى، تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغۇچى، گۇناھ قىلىپ تەۋبە قىلمىغانلارنى قاتتىق ئازابلىغۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى بەندىلىرىگە ئىنئام ۋە پەزل ـ ئېھسان قىلغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان قۇرئاندۇر. ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىق بولغان ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، قىيامەت كۈنى ھەممە خالايىق ئۇنىڭ دەرگاھىغا توپلىنىدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە تېگىشلىك مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى بېرىدۇ.

مَا يُجَٰدِلُ فِيٓ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ إِلَّا ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَلَا يَغۡرُرۡكَ تَقَلُّبُهُمۡ فِي ٱلۡبِلَٰدِ ﴿٤﴾

4 ـ قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى بايان قىلغان دەلىللىرى توغرىسىدا پەقەت ئاللاھنىڭ ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلارلا تالاش ـ تارتىش قىلىشىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ سەپسەتىلىرى بىلەن ھەقىقەتكە قارشى چىقماقچى بولىدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارنىڭ سودا ـ سېتىق ۋە ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن شەھەرلەرنى كېزىپ يۈرۈشلىرى، دۇنيالىقتىن ئېرىشكەنلىرى سېنى ئالداپ قويمىسۇن.

كَذَّبَتۡ قَبۡلَهُمۡ قَوۡمُ نُوحٖ وَٱلۡأَحۡزَابُ مِنۢ بَعۡدِهِمۡۖ وَهَمَّتۡ كُلُّ أُمَّةِۭ بِرَسُولِهِمۡ لِيَأۡخُذُوهُۖ وَجَٰدَلُواْ بِٱلۡبَٰطِلِ لِيُدۡحِضُواْ بِهِ ٱلۡحَقَّ فَأَخَذۡتُهُمۡۖ فَكَيۡفَ كَانَ عِقَابِ ﴿٥﴾

5 ـ ئاشۇ كاپىرلاردىن بۇرۇن نۇھ قەۋمى ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى ئاد، سەمۇد قاتارلىق ئىنكاردا بىرلەشكەن قەۋملەرمۇ ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان ئىدى. بۇ قەۋملەردىن ھەربىر قەۋم ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەزىيەت يەتكۈزۈشكە، ئازابلاشقا، ھەتتا ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان ئىدى. ئۇلار ھەقنى بىكار قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ باتىل سۆزلىرى بىلەن مۇنازىرە قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى جازالىدىم. مېنىڭ ئازابىم قانداق ئىكەن؟ كېيىنكىلەرگە قانداق ئىبرەت بولدى؟

وَكَذَٰلِكَ حَقَّتْ كَلِمَتُ رَبِّكَ عَلَى ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَنَّهُمْ أَصْحَٰبُ ٱلنَّارِ ﴿٦﴾

6 - پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان بۇرۇنقى ئۈممەتلەرگە ئازاب تېگىشلىك بولغاندەك، كاپىرلارغا رەببىڭنىڭ: «شەكسىزكى، ئۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر» دېگەن سۆزى تېگىشلىك بولدى.

ٱلَّذِينَ يَحْمِلُونَ ٱلْعَرْشَ وَمَنْ حَوْلَهُۥ يُسَبِّحُونَ بِحَمْدِ رَبِّهِمْ وَيُؤْمِنُونَ بِهِۦ وَيَسْتَغْفِرُونَ لِلَّذِينَ ءَامَنُواْ رَبَّنَا وَسِعْتَ كُلَّ شَىْءٍ رَّحْمَةً وَعِلْمًا فَٱغْفِرْ لِلَّذِينَ تَابُواْ وَٱتَّبَعُواْ سَبِيلَكَ وَقِهِمْ عَذَابَ ٱلْجَحِيمِ ﴿٧﴾

7 - ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ۋە ئەرشنىڭ چۆرىسىدە تۇرىدىغان پەرىشتىلەر رەببىنى لايىق شەكىلدە مەدھىيەلەپ، ئۇنى بارچە ئەيىب - نۇقساندىن پاك دەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئۇنىڭغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئىمان ئېيتىدۇ ۋە مۇئمىنلەرگە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەيدۇ. ئۇلار ئېيتىدۇكى، «ئى رەببىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ساڭا شېرىك كەلتۈرگەنلىك گۇناھىدىن ۋە باشقا گۇناھلاردىن تەۋبە قىلغان ۋە ئىسلامدىن ئىبارەت سەن بۇيرۇغان توغرا يولدا ماڭغان كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.

رَبَّنَا وَأَدْخِلْهُمْ جَنَّٰتِ عَدْنٍ ٱلَّتِى وَعَدتَّهُمْ وَمَن صَلَحَ مِنْ ءَابَآئِهِمْ وَأَزْوَٰجِهِمْ وَذُرِّيَّٰتِهِمْ إِنَّكَ أَنتَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٨﴾

8 - ئى رەببىمىز! سەن مۇئمىنلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى، ئاياللىرى ۋە ئەۋلادلىرى ئىچىدىن ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئۇلارغا ۋەدە قىلغان مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرگۈزگىن. سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە غالىبسەن، ئىشلىرىڭدا، تەدبىرلىرىڭدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن.

وَقِهِمُ ٱلسَّيِّـَٔاتِ وَمَن تَقِ ٱلسَّيِّـَٔاتِ يَوْمَئِذٍ فَقَدْ رَحِمْتَهُۥ وَذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ ﴿٩﴾

9 - (ئى رەببىمىز!) سەن ئۇلارنى قىلمىشلىرىنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ساقلىغىن، ئۇلارنى جازالىمىغىن، قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب مەيدانىدا سەن كىمنى قىلمىشلىرىنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ساقلىساڭ، شۈبھىسىزكى، سەن ئۇنىڭغا كاتتا رەھمەت ئاتا قىلغان ۋە ئۆز پەزلىڭ بىلەن ئۇنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلاپ قالغان بولىسەن. مانا بۇ تەڭداشسىز كاتتا مۇۋەپپەقىيەتتۇر».

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يُنَادَوْنَ لَمَقْتُ ٱللَّهِ أَكْبَرُ مِن مَّقْتِكُمْ أَنفُسَكُمْ إِذْ تُدْعَوْنَ إِلَى ٱلْإِيمَٰنِ فَتَكْفُرُونَ ﴿١٠﴾

10 - شۈبھىسىزكى، ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلار ئۆزلىرىگە تەييارلانغان دوزاخ ئازابىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزىگە ئۆزى تاپا - تەنە قىلىدۇ ۋە بىر - بىرىگە غەزەپ قىلىدۇ. شۇ چاغدا جەھەننەمگە مەسئۇل پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «ئاللاھنىڭ سىلەرگە بولغان غەزىپى سىلەرنىڭ بىر - بىرىڭلارغا بولغان غەزىپىڭلاردىن ئېشىپ چۈشىدۇ، چۈنكى، دۇنيادىكى چېغىڭلاردا ئاللاھ سىلەرنى ئىمانغا ۋە پەيغەمبەرگە ئەگىشىشكە دەۋەت قىلغان تۇرسىمۇ، سىلەر بۇ دەۋەتنى قوبۇل قىلمىدىڭلار ۋە ئىمان ئېيتمىدىڭلار» دەپ نىدا قىلىدۇ.

قَالُواْ رَبَّنَآ أَمَتَّنَا ٱثْنَتَيْنِ وَأَحْيَيْتَنَا ٱثْنَتَيْنِ فَٱعْتَرَفْنَا بِذُنُوبِنَا فَهَلْ إِلَىٰ خُرُوجٍ مِّن سَبِيلٍ ﴿١١﴾

11 - كاپىرلار: «ئى رەببىمىز! بىزنى ئىككى قېتىم ئۆلتۈردۈڭ. بۇنىڭ بىرى، ئانىمىزنىڭ قارنىدا جان كىرىشتىن بۇرۇن مەنىيلىك ھالىتىمىزدە، يەنە بىرى، بۇ دۇنيادا ئەجىلىمىز

توشقاندا ئەمەلگە ئاشتى. بىزنى ئىككى قېتىم تىرىلدۈردۈڭ. بۇنىڭ بىرى، مۇشۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان كۈنىمىزدە، يەنە بىرى، قەبرىمىزدىن تىرىلىپ چىقىرىلغان كۈنىمىزدە بولدى. بىز هازىر بۇرۇنقى بارلىق گۇناهىمىزنى ئىقرار قىلدۇق، ئەمدى، بىزگە دوزاختىن چىقىش يولى بارمىدۇ؟ ئى رەببىمىز! ساڭا تائەت - ئىبادەت قىلىشىمىز ئۈچۈن، بىزنى دۇنياغا قايتۇرۇش مۇمكىنمۇ؟» دەيدۇ. ئەمما بۇ ئېتىراپنىڭ ئۇلارغا قىلچە پايدىسى بولمايدۇ.

ذَٰلِكُم بِأَنَّهُۥٓ إِذَا دُعِيَ ٱللَّهُ وَحْدَهُۥ كَفَرْتُمْ ۖ وَإِن يُشْرَكْ بِهِۦ تُؤْمِنُوا۟ ۚ فَٱلْحُكْمُ لِلَّهِ ٱلْعَلِيِّ ٱلْكَبِيرِ ﴿١٢﴾

12 - ئى كاپىرلار! سىلەرگە تەييارلانغان بۇ ئازاب شۇنىڭ ئۈچۈنكى، سىلەر ئاللاهنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشقا ۋە ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىنغاندا، ئۇنى ئىنكار قىلدىڭلار، ئاللاهقا شېرىك كەلتۈرۈلسە شۇنى قوللىدىڭلار ۋە شۇ بويىچە ئىش قىلدىڭلار. ئاللاه تائالا بەندىلىرى ئارىسىدا ئادالەت بىلەن هۆكۈم قىلىدىغان، هېچكىمگە قىلچىلىكمۇ ئۇۋال قىلمايدىغان زاتتۇر. ئاللاه تائالا خالىغان بەندىسىنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ، خالىغان بەندىسىنى ئازدۇرىدۇ، خالىغان بەندىسىگە رەهىم - شەپقەت قىلىدۇ، خالىغان بەندىسىنى جازالايدۇ، ئاللاهتىن باشقا هەقىقىي ئىلاه يوقتۇر، ئۇ مۇتلەق ئۈستۈن، ئەڭ ئالىي، قەهرى قىلغۇچى، هەممىدىن كاتتا ۋە هەممىدىن ئۇلۇغ زاتتۇر.

هُوَ ٱلَّذِى يُرِيكُمْ ءَايَٰتِهِۦ وَيُنَزِّلُ لَكُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ رِزْقًا ۚ وَمَا يَتَذَكَّرُ إِلَّا مَن يُنِيبُ ﴿١٣﴾

13 - ئى ئىنسانلار! ئاللاه ئۆزىنىڭ ئۆرنەكسىز ۋە تەڭداشسىز ياراتقۇچى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان كائىنات ئالامەتلىرى ئارقىلىق سىلەرگە قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىدىغان ۋە سىلەرگە ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق رىزىق بېرىدىغان زاتتۇر. پەقەت چىن قەلبى بىلەن ئاللاهقا يۈزلەنگەن ۋە ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلەن تائەت - ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەرلا بۇ ئايەتلەردىن ۋەز - نەسىهەت ئالىدۇ.

فَٱدْعُوا۟ ٱللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ وَلَوْ كَرِهَ ٱلْكَٰفِرُونَ ﴿١٤﴾

14 - ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئىبادەتنى ۋە دۇئانى ئاللاهقا خالىس قىلىڭلار، مۇشرىكلارنىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، ئۇلارنىڭ يامان كۆرگىنىگە پەرۋا قىلماڭلار.

رَفِيعُ ٱلدَّرَجَٰتِ ذُو ٱلْعَرْشِ يُلْقِى ٱلرُّوحَ مِنْ أَمْرِهِۦ عَلَىٰ مَن يَشَآءُ مِنْ عِبَادِهِۦ لِيُنذِرَ يَوْمَ ٱلتَّلَاقِ ﴿١٥﴾

15 - ئاللاهنىڭ مەرتىۋىسى ۋە قەدرى ناهايىتى يۇقىرىدۇر، هەممىدىن ئۈستۈندۇر، ئۇ ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇ بەندىلىرىگە رەهىم - شەپقەت قىلغانلىقتىن، ئۇلارنى بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى هەممە خالايىق ئۇچرىشىدىغان قىيامەت كۈنىدىن ئاگاهلاندۇرۇش ئۈچۈن، تاللانغان بەندىلىرىنى ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپ ۋەهيى قىلىدىغان زاتتۇر.

يَوْمَ هُم بَٰرِزُونَ ۖ لَا يَخْفَىٰ عَلَى ٱللَّهِ مِنْهُمْ شَىْءٌ ۚ لِّمَنِ ٱلْمُلْكُ ٱلْيَوْمَ ۖ لِلَّهِ ٱلْوَٰحِدِ ٱلْقَهَّارِ ﴿١٦﴾

16 - قىيامەت كۈنى خالايىق ئاللاهنىڭ ئالدىغا هازىر بولىدۇ، ئاللاهقا ئۇلارنىڭ هېچقانداق بىر ئىشى ۋە دۇنيادا قىلغان هېچقانداق ئەمەلى مەخپىي قالمايدۇ. ئاللاه: «بۈگۈن پادىشاهلىق كىمگە خاس؟» دەيدۇ ۋە ئۆزى جاۋاب بېرىپ: «ئەلۋەتتە زاتىدا، ئىسىم - سۈپەتلىرىدە ۋە بارلىق ئىشلىرىدا هېچكىمگە ئوخشىمايدىغان، يەككە - يېگانە، چەكسىز قۇدرەتتى ۋە كۈچ - قۇۋۋەتتى بىلەن بارچە مەخلۇقاتنى بويسۇندۇرغۇچى قەهرلىك

ئاللاھقىلا خاستۇر» دەيدۇ.

ٱلۡيَوۡمَ تُجۡزَىٰ كُلُّ نَفۡسِۭ بِمَا كَسَبَتۡۚ لَا ظُلۡمَ ٱلۡيَوۡمَۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَرِيعُ ٱلۡحِسَابِ ﴿١٧﴾

17 - ئاشۇ قىيامەت كۈنىدە ھەربىر ئادەم بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى - يامان ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى كۆرىدۇ، ئۇ كۈندە ھېچكىمگە قىلچىلىكمۇ ئۇۋال قىلىنمايدۇ، ھېچكىمنىڭ ياخشى ئەمەلى كېمەيتىلىپ، گۇناھلىرى كۆپەيتىلمەيدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر. ئۇ كۈننى يىراق سانىماڭلار، ئۇ يېقىندۇر.

وَأَنذِرۡهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡأٓزِفَةِ إِذِ ٱلۡقُلُوبُ لَدَى ٱلۡحَنَاجِرِ كَٰظِمِينَۚ مَا لِلظَّٰلِمِينَ مِنۡ حَمِيمٖ وَلَا شَفِيعٖ يُطَاعُ ﴿١٨﴾

18 - ئى پەيغەمبەر! سەن ئىنسانلارنى يېقىندا كېلىدىغان قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرغىن. قىيامەت بولغان كۈندە ئىنسانلار قورققانلىقتىن ۋە قاتتىق غەم - قايغۇدىن يۈرەكلىرى بوغۇزلىرىغا كېلىپ قالىدۇ. بۇ دۇنيادا ئىمان ئېيتماي ئۆزىگە ئۇۋال قىلغان زالىملارغا ھېچبىر يېقىن دوست ياكى شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدىغان بىرەر شاپائەتچى چىقمايدۇ.

يَعۡلَمُ خَآئِنَةَ ٱلۡأَعۡيُنِ وَمَا تُخۡفِي ٱلصُّدُورُ ﴿١٩﴾

19 - ئاللاھ كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە ئىنسانلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ.

وَٱللَّهُ يَقۡضِي بِٱلۡحَقِّۖ وَٱلَّذِينَ يَدۡعُونَ مِن دُونِهِۦ لَا يَقۡضُونَ بِشَيۡءٍۗ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡبَصِيرُ ﴿٢٠﴾

20 - ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇلارغا تېگىشلىك ھۆكۈمنى ئادىللىق بىلەن چىقىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان ساختا ئىلاھلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ھېچ نەرسىگە ھۆكۈم چىقىرالمايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئېغىزلىرىدىن چىققان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

۞ أَوَلَمۡ يَسِيرُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَيَنظُرُواْ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ كَانُواْ مِن قَبۡلِهِمۡۚ كَانُواْ هُمۡ أَشَدَّ مِنۡهُمۡ قُوَّةٗ وَءَاثَارٗا فِي ٱلۡأَرۡضِ فَأَخَذَهُمُ ٱللَّهُ بِذُنُوبِهِمۡ وَمَا كَانَ لَهُم مِّنَ ٱللَّهِ مِن وَاقٖ ﴿٢١﴾

21 - ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى ئىنكار قىلىۋاتقان ئاشۇ كاپىرلار زېمىننى كېزىپ، ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن كاپىر قەۋملەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ئۇلار بولسا يەر يۈزىدە كۈچ - قۇۋۋەت ۋە قالدۇرغان ئىزلىرى جەھەتتە بۇ كاپىرلاردىن كۆپ ئۈستۈن ئىدى. ئۇلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ۋە ئۈستۈنلۈكى ئۇلارغا قىلچە ئەسقاتمىدى. ئاللاھ ئۇلارنى گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن جازالىدى، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قوغداپ قالىدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ.

ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ كَانَت تَّأۡتِيهِمۡ رُسُلُهُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِ فَكَفَرُواْ فَأَخَذَهُمُ ٱللَّهُۚ إِنَّهُۥ قَوِيّٞ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ ﴿٢٢﴾

22 - بۇرۇن ئۆتكەن ئىنكارچى قەۋملەرگە چۈشكەن بۇ ئازاب شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ راستچىللىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئوپئوچۇق دەلىل - پاكىتلارنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنى يالغانچى دېدى، ئۇلار ئېلىپ كەلگەن دىننى ئىنكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنى جازالىدى. چۈنكى ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، ھېچكىم ئاللاھقا قارشى غەلىبە قىلالمايدۇ. ئاللاھ كۇفرىلىق قىلغان ۋە ئاسىيلىق قىلغانلارغا ئازابى تولىمۇ قاتتىق زاتتۇر.

وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا مُوسَىٰ بِـَٔايَٰتِنَا وَسُلْطَٰنٍ مُّبِينٍ ﴿٢٣﴾ إِلَىٰ فِرْعَوْنَ وَهَٰمَٰنَ وَقَٰرُونَ فَقَالُوا۟ سَٰحِرٌ
كَذَّابٌ ﴿٢٤﴾

23 ـ 24ـ شەكسىزكى، بىز مۇسانى ئۆزى دەۋەت قىلغان دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ۋە
ئۆزىنىڭ راستچىللىقىغا دالالەت قىلىدىغان روشەن مۆجىزىلىرىمىز بىلەن ۋە ئوپئوچۇق
دەلىل ـ پاكىتلار بىلەن مىسىر پادىشاھى پىرئەۋنگە، ئۇنىڭ ۋەزىرى ھامانغا ۋە ئەڭ
كاتتا باي قارۇنغا ئەۋەتتۇق. ئەمما ئۇلار ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلدى، ئۇنى
قوبۇل قىلىشتىن چوڭچىلىق قىلدى، مۇسانى «ئۇ سېھىرگەر ۋە يالغانچىدۇر، ئۇ ئۆزىنى
قانداقلارچە ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر دەپ دەۋا قىلىدۇ؟» دېيىشتى.

فَلَمَّا جَآءَهُم بِٱلْحَقِّ مِنْ عِندِنَا قَالُوا۟ ٱقْتُلُوٓا۟ أَبْنَآءَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ مَعَهُۥ وَٱسْتَحْيُوا۟ نِسَآءَهُمْ ۚ
وَمَا كَيْدُ ٱلْكَٰفِرِينَ إِلَّا فِى ضَلَٰلٍ ﴿٢٥﴾

25 ـ مۇسا پىرئەۋن، ھامان ۋە قارۇن قاتارلىقلارغا بىز تەرەپتىن ئوپئوچۇق مۆجىزە ئېلىپ
كەلگەندە، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلىش ۋە قارشى چىقىش بىلەنلا قالماستىن، «مۇساغا
ئەگەشكەنلەرنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈڭلار، قىزلىرىنى خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن تىرىك
قالدۇرۇڭلار» دېدى. كاپىرلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرى ئۆزلىرىنى ھالاك قىلىشتىن باشقا
نەرسىگە يارىمايدۇ.

وَقَالَ فِرْعَوْنُ ذَرُونِىٓ أَقْتُلْ مُوسَىٰ وَلْيَدْعُ رَبَّهُۥٓ ۖ إِنِّىٓ أَخَافُ أَن يُبَدِّلَ دِينَكُمْ أَوْ أَن يُظْهِرَ فِى
ٱلْأَرْضِ ٱلْفَسَادَ ﴿٢٦﴾

26 ـ پىرئەۋن ئۆز قەۋمىنىڭ كاتتىلىرىغا ئېيتتى: «مېنى قويۇپ بېرىڭلار مۇسانى ئۆلتۈرەي،
ئۇ ئۆزىنى بىزگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى دەپ دەۋا قىلىۋاتقان رەببىگە (يالۋۇرۇپ)
دۇئا قىلسۇن، رەببى ئۇنى بىزدىن قوغدىسۇن! چۈنكى مەن مۇسانىڭ دىنىڭلارنى
ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ياكى مىسىر زېمىنىدا قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن».

وَقَالَ مُوسَىٰٓ إِنِّى عُذْتُ بِرَبِّى وَرَبِّكُم مِّن كُلِّ مُتَكَبِّرٍ لَّا يُؤْمِنُ بِيَوْمِ ٱلْحِسَابِ ﴿٢٧﴾

27 ـ مۇسا پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى بولغان كاتتىباشلارغا ئېيتتى: «ئى قەۋم! مەن
ھەقىقەتەن مېنىڭمۇ رەببىم، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلار بولغان ئاللاھقا سېغىنىپ، ئاللاھ
بەندىلىرىدىن ھېساب ئالىدىغان قىيامەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان، ئاللاھنىڭ بىر
ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان ھەربىر
مۇتەكەببىرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن پاناھ تىلەيمەن».

وَقَالَ رَجُلٌ مُّؤْمِنٌ مِّنْ ءَالِ فِرْعَوْنَ يَكْتُمُ إِيمَٰنَهُۥٓ أَتَقْتُلُونَ رَجُلًا أَن يَقُولَ رَبِّىَ ٱللَّهُ وَقَدْ
جَآءَكُم بِٱلْبَيِّنَٰتِ مِن رَّبِّكُمْ ۖ وَإِن يَكُ كَٰذِبًا فَعَلَيْهِ كَذِبُهُۥ ۖ وَإِن يَكُ صَادِقًا يُصِبْكُم بَعْضُ
ٱلَّذِى يَعِدُكُمْ ۖ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهْدِى مَنْ هُوَ مُسْرِفٌ كَذَّابٌ ﴿٢٨﴾

28 ـ پىرئەۋن جەمەتىدىن بولۇپ ئىمانىنى يوشۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر مۇئمىن ئادەم ئۆز
قەۋمىگە كايىپ ئېيتتىكى، «سىلەر قانداقلارچە گۇناھسىز بىر ئادەمنى پەقەت ‹رەببىم
ئاللاھتۇر› دېگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆلتۈرۈشنى راۋا كۆرىسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇ سىلەرگە
رەببىڭلاردىن ئۆزى دەۋەت قىلىۋاتقان دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى
ئېلىپ كەلدى. ئەگەر مۇسا يالغانچى بولسا، ئۇنىڭ يالغانچىلىقىنىڭ زىيىنىنى پەقەتلا

ئۆزى تارتىدۇ، ئەگەر ئۇ راستچىل بولسا، ئۇ سىلەرنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابنىڭ بىر قىسمى سىلەرگە كېلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەقىقەتنى تەرك ئېتىپ، باتىلغا يۈزلىنىش ئارقىلىق ھەددىدىن ئاشقان يالغانچىنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلمايدۇ.

يَٰقَوۡمِ لَكُمُ ٱلۡمُلۡكُ ٱلۡيَوۡمَ ظَٰهِرِينَ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَمَن يَنصُرُنَا مِنۢ بَأۡسِ ٱللَّهِ إِن جَآءَنَاۚ قَالَ فِرۡعَوۡنُ
مَآ أُرِيكُمۡ إِلَّا مَآ أَرَىٰ وَمَآ أَهۡدِيكُمۡ إِلَّا سَبِيلَ ٱلرَّشَادِ ﴿٢٩﴾

29 - ئى قەۋمىم! بۈگۈنكى كۈندە سىلەر بۇ زېمىندا ئىسرائىل ئەۋلادى ئۈستىدە ۋە ئۇلاردىن باشقا خەلقلەر ئۈستىدە غالىبلارچە سەلتەنەت سۈرۈۋاتىسىلەر. ئەگەر بىزگە ئاللاھنىڭ ئازابى كېلىپ قالسا، بۇ ئازابتىن بىزنى كىم قوغداپ قالالايدۇ؟». پىرئەۋن ئۆز قەۋمىگە ئېيتتى: «مەن پەقەت سىلەرگە ئۆزۈمگە نېمىنى توغرا دەپ قارىسام، شۇنى مەسلىھەت بېرىۋاتىمەن ۋە سىلەرنى پەقەت توغرا يولغا يېتەكلەيمەن».

وَقَالَ ٱلَّذِيٓ ءَامَنَ يَٰقَوۡمِ إِنِّيٓ أَخَافُ عَلَيۡكُم مِّثۡلَ يَوۡمِ ٱلۡأَحۡزَابِ ﴿٣٠﴾ مِثۡلَ دَأۡبِ قَوۡمِ نُوحٖ وَعَادٖ وَثَمُودَ
وَٱلَّذِينَ مِنۢ بَعۡدِهِمۡۚ وَمَا ٱللَّهُ يُرِيدُ ظُلۡمٗا لِّلۡعِبَادِ ﴿٣١﴾

30 - 31 - پىرئەۋن جەمەتىدىن بولغان مۇئمىن ئادەم پىرئەۋنگە، ئۇنىڭ يېنىدىكى كاتتىباشلارغا نەسىھەت قىلىپ ۋە ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئەگەر سىلەر مۇسانى ئۆلتۈرسەڭلار، مەن سىلەرنىڭ نۇھ، ئاد، سەمۇد قەۋملىرىگە ئوخشاش ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرگە ئوخشاش پەيغەمبەرلىرىگە قارشى بىرلەشكەن ۋە كاپىرلىقتا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقتىن ئاللاھ ھالاك قىلىۋەتكەندەك ھالاك بولۇشۇڭلاردىن ئەنسىرەيمەن. ئاللاھ بەندىلىرىنى بىگۇناھ ئازابلاپ ئۇلارغا ئۇۋال قىلىشنى خالىمايدۇ. ئاللاھ زۇلۇم قىلىشتىن ۋە بارچە نۇقسانلىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر.

وَيَٰقَوۡمِ إِنِّيٓ أَخَافُ عَلَيۡكُمۡ يَوۡمَ ٱلتَّنَادِ ﴿٣٢﴾

32 - ئى قەۋمىم! شەكسىزكى، مەن سىلەرنىڭ كىشىلەر بىر - بىرىنى چاقىرىپ نالە - پەرياد قىلىدىغان قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن.

يَوۡمَ تُوَلُّونَ مُدۡبِرِينَ مَا لَكُم مِّنَ ٱللَّهِ مِنۡ عَاصِمٖۗ وَمَن يُضۡلِلِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِنۡ هَادٖ ﴿٣٣﴾

33 - ئۇ كۈندە سىلەر ئارقاڭلارغا بۇرۇلۇپ قاچماقچى بولىسىلەر، ئەمما سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ. ئاللاھ كىمنى ئازغۇن قىلىدىكەن ۋە توغرا يولغا يېتەكلىمەيدىكەن، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ھىدايەت قىلغۇچى چىقمايدۇ».

وَلَقَدۡ جَآءَكُمۡ يُوسُفُ مِن قَبۡلُ بِٱلۡبَيِّنَٰتِ فَمَا زِلۡتُمۡ فِي شَكّٖ مِّمَّا جَآءَكُم بِهِۦۖ حَتَّىٰٓ إِذَا هَلَكَ
قُلۡتُمۡ لَن يَبۡعَثَ ٱللَّهُ مِنۢ بَعۡدِهِۦ رَسُولٗاۚ كَذَٰلِكَ يُضِلُّ ٱللَّهُ مَنۡ هُوَ مُسۡرِفٞ مُّرۡتَابٌ ﴿٣٤﴾

34 - شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرگە مۇسادىن ئىلگىرى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئوپئوچۇق دالالەت قىلىدىغان دەلىل - پاكىتلار بىلەن ئەۋەتكەن ئىدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام سىلەرنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە بۇيرۇغان ئىدى. ئەمما سىلەر ئۇ سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتتىن ھەمىشە شەكلىنىش ئىچىدە بولدۇڭلار، تاكى ئۇ ۋاپات بولغاندا، شەكلىنىشڭلار تېخىمۇ ئېشىپ كەتتى ۋە: «ئاللاھ ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز پەيغەمبەر ئەۋەتمەيدۇ» دېدىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتنىڭ چەك - چېگراسىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ۋە ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە شەك قىلغان ھەربىر گۇمانخورنى مۇشۇنداق ئازدۇرىدۇ، ئۇنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق

قىلمايدۇ.

ٱلَّذِينَ يُجَٰدِلُونَ فِيٓ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ بِغَيۡرِ سُلۡطَٰنٍ أَتَىٰهُمۡۖ كَبُرَ مَقۡتًا عِندَ ٱللَّهِ وَعِندَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْۚ
كَذَٰلِكَ يَطۡبَعُ ٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ قَلۡبِ مُتَكَبِّرٖ جَبَّارٖ ﴿٣٥﴾

35 ـ ئۆزلىرىگە ھېچقانداق دەلىل كەلمىگەن تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ۋە دەلىل ـ پاكىتلىرى ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش قىلىدىغانلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ۋە مۇئمىنلەرنىڭ نەزىرىدە قاتتىق نەپرەتكە ئۇچرايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىلىنى ھىدايەتتىن مەھرۇم قىلغاندەك، ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتقان ھەرقانداق مۇتەكەببىر، زومىگەرنىڭ دىلىنى پېچەتلىۋېتىدۇ.

وَقَالَ فِرۡعَوۡنُ يَٰهَٰمَٰنُ ٱبۡنِ لِي صَرۡحٗا لَّعَلِّيٓ أَبۡلُغُ ٱلۡأَسۡبَٰبَ ﴿٣٦﴾ أَسۡبَٰبَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ فَأَطَّلِعَ إِلَىٰٓ إِلَٰهِ
مُوسَىٰ وَإِنِّي لَأَظُنُّهُۥ كَٰذِبٗاۚ وَكَذَٰلِكَ زُيِّنَ لِفِرۡعَوۡنَ سُوٓءُ عَمَلِهِۦ وَصُدَّ عَنِ ٱلسَّبِيلِۚ وَمَا كَيۡدُ
فِرۡعَوۡنَ إِلَّا فِي تَبَابٖ ﴿٣٧﴾

36 ـ 37 ـ پىرئەۋن مۇسانىڭ ئاللاھنى ئېتىراپ قىلىشقا چاقىرغان دەۋىتىگە قارشى چىقىپ: «ئى ھامان! سەن ماڭا كاتتا بىر بىنا ياستىپ بەرگىن، ئۇنىڭ بىلەن مەن بىۋاستە ئاسماننىڭ يوللىرىغا ئۇلىشىپ، مۇسانىڭ ئىلاھىغا قاراپ باقاي. چۈنكى مەن مۇسانى ‹سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئاللاھتۇر، ئۇ ئاسمانلارنىڭ يۇقىرىسىدا› دېگەن سۆزىدە چوقۇم يالغانچى دەپ ئويلاۋاتىمەن» دېدى. پىرئەۋنگە ئۇنىڭ يامان ئەمەلى شۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى، بارلىق قىلمىشلىرىنى يوللۇق دەپ سانىدى. پىرئەۋن باتىلنى ھەقىقەت دەپ كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ھىدايەتتىن مەھرۇم قالدى، پىرئەۋننىڭ كىشىلەرگە ئۆزىنى ھەقىقەت ئۈستىدە، مۇسانى بولسا ئازغۇنلۇقتا قىلىپ كۆرسىتىش يولىدىكى بارلىق ھىيلە ـ مىكىرلىرى ۋە ئۇنىڭغا قۇرغان تۇزاقلىرى تامامەن بەربات قىلىندى.

وَقَالَ ٱلَّذِيٓ ءَامَنَ يَٰقَوۡمِ ٱتَّبِعُونِ أَهۡدِكُمۡ سَبِيلَ ٱلرَّشَادِ ﴿٣٨﴾

38 ـ ئىمان ئېيتقان ھېلىقى ئادەم ئۆز قەۋمىگە قىلغان نەسىھىتىنى قايتىلاپ مۇنداق دېدى: «ئى قەۋمىم! سىلەر ماڭا ئەگىشىڭلار، مەن سىلەرنى توغرا يولغا باشلايمەن.

يَٰقَوۡمِ إِنَّمَا هَٰذِهِ ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَا مَتَٰعٞ وَإِنَّ ٱلۡأٓخِرَةَ هِيَ دَارُ ٱلۡقَرَارِ ﴿٣٩﴾

39 ـ ئى قەۋمىم! بۇ دۇنيا ھاياتى پەقەتلا ۋاقىتلىق ھايات بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭدا ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىنىدۇ، ئاندىن تېزلا ئاخىرلىشىدۇ. شۇڭا دۇنيا ھاياتىغا بېرىلىپ كەتمەسلىك كېرەك. شەكسىزكى، ئاخىرەت ۋە ئۇنىڭدىكى جەننەت نېمەتلىرى ھەقىقىي ھاياتلىقتۇر، ئۇ مەڭگۈلۈك قارارگاھتۇر. شۇڭا سىلەر ئاخىرەتلىكنى بۇ دۇنيالىقنىڭ ئالدىدا قويۇشۇڭلار ۋە ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى بەختلىك قىلىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشىڭلار كېرەك.

مَنۡ عَمِلَ سَيِّئَةٗ فَلَا يُجۡزَىٰٓ إِلَّا مِثۡلَهَاۖ وَمَنۡ عَمِلَ صَٰلِحٗا مِّن ذَكَرٍ أَوۡ أُنثَىٰ وَهُوَ مُؤۡمِنٞ فَأُوْلَٰٓئِكَ
يَدۡخُلُونَ ٱلۡجَنَّةَ يُرۡزَقُونَ فِيهَا بِغَيۡرِ حِسَابٖ ﴿٤٠﴾

40 ـ كىمكى ھاياتىدا ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ، توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىدىكەن، ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا قىلمىشىغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ. مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، كىمكى ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىپ ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، ئەنە

شۇنداق كىشىلەر جەننەتكە كىرىدۇ، جەننەتتە ئاللاھ ئۇلارغا جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن، نېمەتلىرىدىن ۋە لەززەتلىرىدىن ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ.

۞ وَيَٰقَوۡمِ مَا لِيٓ أَدۡعُوكُمۡ إِلَى ٱلنَّجَوٰةِ وَتَدۡعُونَنِيٓ إِلَى ٱلنَّارِ ﴿٤١﴾

41 - ئى قەۋمىم! مەن سىلەرنى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشقا، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە دەۋەت قىلىۋاتسام، بۇ دەۋەتنىڭ ئاخىرى سىلەرنى جەننەتكە كىرگۈزۈپ، دوزاختىن يىراق قىلىدىغان تۇرسا، سىلەر مېنى ئاللاھنىڭ ئازابىغا تېگىشلىك قىلىدىغان ۋە دوزاخقا كىرگۈزىدىغان يامان ئەمەللەرنى قىلىشقا دەۋەت قىلامسىلەر؟

تَدۡعُونَنِي لِأَكۡفُرَ بِٱللَّهِ وَأُشۡرِكَ بِهِۦ مَا لَيۡسَ لِي بِهِۦ عِلۡمٞ وَأَنَا۠ أَدۡعُوكُمۡ إِلَى ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡغَفَّٰرِ ﴿٤٢﴾

42 - سىلەر مېنى ئاللاھنى ئىنكار قىلىشقا، ئۇنىڭغا مەن ھەقىقىتىنى بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى شېرىك كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىۋاتىسىلەر. بۇ ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ قەبىھ گۇناھتۇر. ھالبۇكى، مەن سىلەرنى گۇناھكارلارنى جازالاشقا قەھرلىك، تەۋبە قىلغۇچىلارغا ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھقا ئېلىپ بارىدىغان يولغا دەۋەت قىلىۋاتىمەن.

لَا جَرَمَ أَنَّمَا تَدۡعُونَنِيٓ إِلَيۡهِ لَيۡسَ لَهُۥ دَعۡوَةٞ فِي ٱلدُّنۡيَا وَلَا فِي ٱلۡأٓخِرَةِ وَأَنَّ مَرَدَّنَآ إِلَى ٱللَّهِ وَأَنَّ ٱلۡمُسۡرِفِينَ
هُمۡ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِ ﴿٤٣﴾

43 - ھەقىقەت شۇكى، سىلەر مېنى ئېتىقاد قىلىشقا دەۋەت قىلىۋاتقان نەرسىلەر دەۋەت قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەر ئەمەس، ئۇ نەرسىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ۋە چارىسىزلىكىدىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھېچكىمنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرەلمەيدىغان نەرسىلەردۇر. بىلىڭلاركى، بارلىق خالايىق ئاخىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ بارىدۇ. ئاللاھ شۇ چاغدا ھەربىر ئادەمگە قىلغان ياخشى - يامان ئەمەلىگە قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. گۇناھ - مەئسىيەت سادىر قىلىپ ئاللاھ بەلگىلىگەن چەكتىن ئاشقان، بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنىنى تۆككەن ۋە كۇفرلىق قىلغانلار دوزاخقا كىرىدۇر».

فَسَتَذۡكُرُونَ مَآ أَقُولُ لَكُمۡۚ وَأُفَوِّضُ أَمۡرِيٓ إِلَى ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ بَصِيرُۢ بِٱلۡعِبَادِ ﴿٤٤﴾

44 - مۇئمىن ئادەم قەۋمىگە نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۇنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالمىغاندىن كېيىن، ئۇلارغا: «ئى قەۋمىم! مېنىڭ سىلەرگە قىلغان بۇ چىرايلىق نەسىھەتلىرىمنى پۇشايمان پايدا بەرمەيدىغان كۈندە چوقۇم ئەسلەيسىلەر، مەن ئىشىمنى ئاللاھقا تاپشۇرىمەن. چۈنكى ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ھەممە ئىشىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ قانداق مۇكاپات ياكى جازاغا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئاللاھقا ھېچقانداق نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر» دېدى.

فَوَقَىٰهُ ٱللَّهُ سَيِّـَٔاتِ مَا مَكَرُواْۖ وَحَاقَ بِـَٔالِ فِرۡعَوۡنَ سُوٓءُ ٱلۡعَذَابِ ﴿٤٥﴾

45 - نىھايەت، ئاللاھ ئۇ مۇئمىن كىشىنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ جازاسىدىن قوغداپ قالدى. پىرئەۋن تەۋەلىرىنى بولسا ئازابنىڭ ئەڭ يامىنى قورشىۋالدى، ئاللاھ ئۇلارنى سۇدا پۈتۈنلەي غەرق قىلىۋەتتى.

ٱلنَّارُ يُعۡرَضُونَ عَلَيۡهَا غُدُوّٗا وَعَشِيّٗاۚ وَيَوۡمَ تَقُومُ ٱلسَّاعَةُ أَدۡخِلُوٓاْ ءَالَ فِرۡعَوۡنَ أَشَدَّ ٱلۡعَذَابِ ﴿٤٦﴾

46 - ئۇلار ئاۋۋال غەرق قىلىندى، ئاندىن پۈتۈنلەي ھالاك بولدى، ئۇلار قەبرىلىرىدە ئازابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار تا قىيامەت كۈنىگە قەدەر ھەر ئەتىگەن - ئاخشام ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ، قىيامەت قايىم بولغان كۈندە: «پىرئەۋن تەۋەلىرىگە قىلمىشلىرىنىڭ

جازاسىنى تېتىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا كىرگۈزۈڭلار!» (دېيىلىدۇ). (بۇ ئايەت قەبرە ئازابىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ).

وَإِذۡ يَتَحَآجُّونَ فِي ٱلنَّارِ فَيَقُولُ ٱلضُّعَفَٰٓؤُاْ لِلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُوٓاْ إِنَّا كُنَّا لَكُمۡ تَبَعٗا فَهَلۡ أَنتُم مُّغۡنُونَ عَنَّا نَصِيبٗا مِّنَ ٱلنَّارِ ﴿٤٧﴾

47 - ئۇ چاغدا دوزاخ ئەھلى بىر - بىرى بىلەن تالاش - تارتىش قىلىشىدۇ ۋە بىر - بىرىگە كايىشىدۇ، دۇنيادىكى چاغلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ ھاكاۋۇر كاتتىباشلىرىغا ئەگەشكەن ۋە ئۇلارنىڭ دوزاخنىڭ يولىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ ئۆزلىرىنى ئازدۇرۇشىغا يول قويغانلار ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ ۋە ئۇلارغا: «بىز راستتىنلا سىلەرگە ئەگەشكەن ئىدۇق، ئەمدى بىزدىن دوزاخ ئازابىنىڭ بىر قىسمىنى بولسىمۇ ئېلىپ تاشلىيالامسىلەر؟» دەيدۇ.

قَالَ ٱلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُوٓاْ إِنَّا كُلّٞ فِيهَآ إِنَّ ٱللَّهَ قَدۡ حَكَمَ بَيۡنَ ٱلۡعِبَادِ ﴿٤٨﴾

48 - ھاكاۋۇر يولباشچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ: «دوزاخ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى سىلەردىن كۆتۈرۈۋېتەلمەيمىز، ھەممىمىز دوزاختىمىز، بىز بۇنىڭدىن ھەرگىز قۇتۇلالمايمىز. ھەربىرىمىزگە تېگىشلىك بولغان ئازابنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئادالەتلىك ھۆكۈمى بىلەن ئارىمىزدا تەقسىم قىلىپ بولدى» دەيدۇ.

وَقَالَ ٱلَّذِينَ فِي ٱلنَّارِ لِخَزَنَةِ جَهَنَّمَ ٱدۡعُواْ رَبَّكُمۡ يُخَفِّفۡ عَنَّا يَوۡمٗا مِّنَ ٱلۡعَذَابِ ﴿٤٩﴾

49 - دوزاختىكى ئەگەشكۈچىلەر بىلەن يولباشچىلار دوزاختا مەسئۇل پەرىشتىلەرگە يالۋۇرۇپ: «سىلەر رەببىڭلارغا دۇئا قىلساڭلار، ئۇ بىزدىن ئازابنى بىر كۈنلۈك بولسىمۇ يېنىكلىتىپ بەرگەن بولسا، بىز ئازراق بولسىمۇ ئارام ئېلىۋالغان بولساقكەن» دەيدۇ.

قَالُوٓاْ أَوَلَمۡ تَكُ تَأۡتِيكُمۡ رُسُلُكُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِۖ قَالُواْ بَلَىٰۚ قَالُواْ فَٱدۡعُواْۗ وَمَا دُعَٰٓؤُاْ ٱلۡكَٰفِرِينَ إِلَّا فِي ضَلَٰلٍ ﴿٥٠﴾

50 - دوزاختا مەسئۇل پەرىشتىلەر ئۇلارغا كايىپ: «سىلەرنىڭ بۇ تىلىكىڭلار ئەمەلگە ئاشمايدۇ. پەيغەمبىرىڭلار سىلەرگە ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى ئېلىپ كەلگەندە سىلەر ئۇنى ئىنكار قىلغان ئەمەسمۇ؟» دەيدۇ. گۇناھكارلار قىلمىشلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ: «ھەئە، ئەلۋەتتە ئېلىپ كەلگەن ئىدى» دەيدۇ. دوزاختا مەسئۇل پەرىشتىلەر ئۇلاردىن يىراقلىشىپ: «بىز سىلەر ئۈچۈن دۇئا قىلمايمىز ۋە سىلەرگە شاپائەتمۇ قىلمايمىز، خالىساڭلار ئۆزۈڭلار دۇئا قىلىڭلار. ئەمما دۇئايىڭلارنىڭ قىلچە پايدىسى بولمايدۇ. چۈنكى سىلەر كاپىر قەۋمسىلەر. شەكسىزكى، كاپىرلارنىڭ دۇئا قىلغىنى بىكاردۇر، قوبۇل قىلىنمايدۇ» دەيدۇ.

إِنَّا لَنَنصُرُ رُسُلَنَا وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَيَوۡمَ يَقُومُ ٱلۡأَشۡهَٰدُ ﴿٥١﴾

51 - شەك - شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبەرلىرىمىزگە ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە دۇنيا ھاياتىدا ئۇلارغا ئەزىيەت يەتكۈزگەنلەرگە قارشى چوقۇم ياردەم بېرىمىز، قىيامەت كۈنىدىمۇ ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز. ئۇ كۈندە پەيغەمبەرلەر، مۇئمىنلەر ۋە پەرىشتىلەر ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان قەۋملەرگە قارشى گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئۇلار پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلغانلىقىغا، ئۈممەتلىرىنىڭ ئۇلارنى ئىنكار قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

يَوۡمَ لَا يَنفَعُ ٱلظَّٰلِمِينَ مَعۡذِرَتُهُمۡۖ وَلَهُمُ ٱللَّعۡنَةُ وَلَهُمۡ سُوٓءُ ٱلدَّارِ ﴿٥٢﴾

52 - ئاللاھ بەلگىلىگەن چەكتىن ئېشىپ كەتكەن ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان زالىملارنىڭ ھېساب كۈنىدە بايان قىلغان ئۆزرىلىرى قىلچە پايدا بەرمەيدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىدۇ، دوزاختىن ئىبارەت ئەڭ يامان جايغا تاشلىنىدۇ.

وَلَقَدۡ ءَاتَيۡنَا مُوسَى ٱلۡهُدَىٰ وَأَوۡرَثۡنَا بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱلۡكِتَٰبَ ﴿٥٣﴾ هُدٗى وَذِكۡرَىٰ لِأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِ ﴿٥٤﴾

53 - 54 - شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا ھەقىقەتكە يېتەكلەيدىغان تەۋراتنى ۋە مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلدۇق، ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تەۋراتقا ۋارىسلىق قىلىدىغان قىلدۇق. تەۋرات كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى، ساغلام ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئۆگۈت ئىدى.

فَٱصۡبِرۡ إِنَّ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٞ وَٱسۡتَغۡفِرۡ لِذَنۢبِكَ وَسَبِّحۡ بِحَمۡدِ رَبِّكَ بِٱلۡعَشِيِّ وَٱلۡإِبۡكَٰرِ ﴿٥٥﴾

55 - ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلغىن. بىز سېنىڭ دىنىڭنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىشقا ۋەدە قىلدۇق، بىزنىڭ ۋەدىمىز ھەقتۇر، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىنمايدۇ. گۇناھىڭ ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلغىن، ئەتىگەن - ئاخشاملىرى رەببىڭنى بارچە نالايىق سۈپەتلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر، دەپ مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن.

إِنَّ ٱلَّذِينَ يُجَٰدِلُونَ فِيٓ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ بِغَيۡرِ سُلۡطَٰنٍ أَتَىٰهُمۡ إِن فِي صُدُورِهِمۡ إِلَّا كِبۡرٞ مَّا هُم بِبَٰلِغِيهِۚ فَٱسۡتَعِذۡ بِٱللَّهِۖ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡبَصِيرُ ﴿٥٦﴾

56 - شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ۋە قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرى توغرىسىدا ئۆزلىرىگە ھېچقانداق دەلىل كەلمىگەن تۇرۇپ، تالاش - تارتىش قىلىدىغان ۋە ئويپۇچۇق دەلىل - پاكىتلارنى ساختا گەپلەرگە ئارىلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرىدىغانلارنىڭ كۆڭلىدە كىبىردىن (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن پەزل - كەرەمگە ھەسەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۈستۈن كېلىش ھەۋىسىدىن) باشقا نەرسە يوقتۇر. ئۇلار ھەرگىز مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. سەن ئاللاھقا سىغىنىپ ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلىگىن. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

لَخَلۡقُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ أَكۡبَرُ مِنۡ خَلۡقِ ٱلنَّاسِ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٥٧﴾

57 - ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى ئەلۋەتتە ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشىدىن ۋە ئۇلارنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈپ توپلاشتىن چوڭ بىر ئىشتۇر. ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يارىتىشنىڭ ئاللاھقا تولىمۇ ئوڭاي ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

وَمَا يَسۡتَوِي ٱلۡأَعۡمَىٰ وَٱلۡبَصِيرُ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَلَا ٱلۡمُسِيٓءُۚ قَلِيلٗا مَّا تَتَذَكَّرُونَ ﴿٥٨﴾

58 - كور ئادەم بىلەن كۆزى كۆرىدىغان ئادەم باراۋەر بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ئاللاھنىڭ ھىدايىتى بىلەن توغرا يولغا كىرىپ، ئاللاھنىڭ ئىلاھلىقتا ھېچبىر شېرىكى يوق، يالغۇز ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان، پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنىڭ شەرىئىتىگە ئەمەل قىلغان مۇئمىنلەر بىلەن، ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە ئۇنىڭ دەلىل - پاكىتلىرىنى ئىنكار قىلغان، پەيغەمبەرنى يالغانغا چىقىرىپ، ئۇنىڭ شەرىئىتىگە ئەمەل قىلمىغان كاپىرلار باراۋەر بولمايدۇ. ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاللاھنىڭ دەلىل - پاكىتلىرى ئۈستىدە بەك ئاز تەپەككۇر قىلىسىلەر، بەك ئاز ئىبرەت ئالىسىلەر.

إِنَّ ٱلسَّاعَةَ لَأٓتِيَةٌ لَّا رَيۡبَ فِيهَا وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يُؤۡمِنُونَ ﴿٥٩﴾

59 ـ قىيامەت چوقۇم كېلىدۇ، بۇنىڭدا قىلچە شەك يوق، سىلەرمۇ ئۇنىڭ كېلىدىغانلىقىغا قىلچە شەك قىلماڭلار. ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ، ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئەمەلمۇ قىلمايدۇ.

وَقَالَ رَبُّكُمُ ٱدۡعُونِيٓ أَسۡتَجِبۡ لَكُمۡۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَسۡتَكۡبِرُونَ عَنۡ عِبَادَتِي سَيَدۡخُلُونَ جَهَنَّمَ دَاخِرِينَ ﴿٦٠﴾

60 ـ ئى بەندىلەر! رەببىڭلار ئېيتىدۇ: «دۇئانى ماڭىلا قىلىڭلار، ئىبادەتنى ماڭىلا خاس قىلىڭلار. مەن دۇئايىڭلارنى ۋە ئىبادەتلىرىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن. شەكسىزكى، مېنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلىشتىن ۋە ماڭىلا ئىبادەت قىلىشتىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار هالدا جەهەننەمگە تاشلىنىدۇ».

ٱللَّهُ ٱلَّذِي جَعَلَ لَكُمُ ٱلَّيۡلَ لِتَسۡكُنُواْ فِيهِ وَٱلنَّهَارَ مُبۡصِرًاۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَذُو فَضۡلٍ عَلَى ٱلنَّاسِ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَشۡكُرُونَ ﴿٦١﴾

61 ـ ئاللاھ سىلەرنىڭ ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە كېچىنى قاراڭغۇ قىلىپ بەرگەن، تىرىكچىلىك قىلىشىڭلار ئۈچۈن كۈندۈزنى يورۇق قىلىپ بەرگەن زاتتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ئىنسانلارغا ناھايىتى پەزل ـ كەرەملىكتۇر. ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش، ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق شۈكۈر قىلمايدۇ.

ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمۡ خَٰلِقُ كُلِّ شَيۡءٖ لَّآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۖ فَأَنَّىٰ تُؤۡفَكُونَ ﴿٦٢﴾

62 ـ سىلەرگە بۇ نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان زات دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى ياراتقان ئۇلۇغ رەببىڭلار ئاللاھتۇر. ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىق بولغان ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكى ھەققىدىكى دەلىل ـ پاكىتلار ئوپئوچۇق ئايان بولغان تۇرۇقلۇق، سىلەر قانداقلارچە ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشتىن بۇرۇلۇپ كېتىپ، مەخلۇقاتقا چوقۇنىسىلەر؟

كَذَٰلِكَ يُؤۡفَكُ ٱلَّذِينَ كَانُواْ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ يَجۡحَدُونَ ﴿٦٣﴾

63 ـ ئى قۇرەيش كاپىرلىرى! سىلەر ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭدىن باتىلغا بۇرۇلۇپ كەتكەندەك، ئاللاھنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرىنى ئىنكار قىلغانلارمۇ ھەقىقەتتىن ۋە ئىماندىن بۇرۇلۇپ كېتىدۇ.

ٱللَّهُ ٱلَّذِي جَعَلَ لَكُمُ ٱلۡأَرۡضَ قَرَارٗا وَٱلسَّمَآءَ بِنَآءٗ وَصَوَّرَكُمۡ فَأَحۡسَنَ صُوَرَكُمۡ وَرَزَقَكُم مِّنَ ٱلطَّيِّبَٰتِۚ ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمۡۖ فَتَبَارَكَ ٱللَّهُ رَبُّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٦٤﴾

64 ـ ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى تۇرالغۇ قىلىپ بەرگەن، سىلەرگە ئۇنىڭ ئۈستىدە ياشاشنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بەرگەن، ئاسماننى زېمىن ئۈچۈن تورۇس قىلىپ بەرگەن، ئۇنىڭدا يول باشلىغۇچى يۇلتۇزلارنى ياراتقان، سىلەرنى مۇكەممەل شەكىلدە ياراتقان، تۇرقۇڭلارنى چىرايلىق قىلغان ۋە سىلەرنى پاك نەرسىلەردىن رىزىقلاندۇرغان زاتتۇر. بۇ نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان ئاشۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئېھسانلىرى، پەزل ـ كەرەملىرى ۋە بەرىكىتى كۆپتۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇلاھلىقىغا لايىق كەلمەيدىغان بارلىق سۈپەتلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر، ئۇ بارچە مەخلۇقاتنىڭ رەببىدۇر.

هُوَ ٱلْحَيُّ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ فَٱدْعُوهُ مُخْلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ ۗ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٦٥﴾

65 ـ ئاللاھ مەڭگۈ ھاياتتۇر، ئۇنىڭ ھاياتى مۇكەممەل ۋە تولۇق ھاياتتۇر، ئۇ ھېچ ئۆلمەيدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. شۇڭا سىلەر دىنىڭلارنى ئاللاھقا خالىس قىلىپ، ئىبادەتنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىڭلار، ئەڭ مۇكەممەل ھەمدۇسانا پۈتكۈل ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر!

۞ قُلْ إِنِّى نُهِيتُ أَنْ أَعْبُدَ ٱلَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ لَمَّا جَآءَنِىَ ٱلْبَيِّنَٰتُ مِن رَّبِّى وَأُمِرْتُ أَنْ أُسْلِمَ لِرَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٦٦﴾

66 ـ ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭ ئىچىدىكى مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى: «ماڭا رەببىم تەرىپىدىن ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرى ۋە روشەن ئايەتلەر كېلىشى بىلەنلا، مەن سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەرگە چوقۇنۇشتىن مەنئى قىلىندىم، ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا ۋايىغا يەتكەن تائەت ـ ئىبادەت بىلەن بويسۇنۇشقا بۇيرۇلدۇم».

هُوَ ٱلَّذِى خَلَقَكُم مِّن تُرَابٍ ثُمَّ مِن نُّطْفَةٍ ثُمَّ مِنْ عَلَقَةٍ ثُمَّ يُخْرِجُكُمْ طِفْلًا ثُمَّ لِتَبْلُغُوٓا۟ أَشُدَّكُمْ ثُمَّ لِتَكُونُوا۟ شُيُوخًا ۚ وَمِنكُم مَّن يُتَوَفَّىٰ مِن قَبْلُ ۖ وَلِتَبْلُغُوٓا۟ أَجَلًا مُّسَمًّى وَلَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ ﴿٦٧﴾

67 ـ ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقتىن ياراتقان، ئاندىن سىلەرنى ئابىمەنىيدىن ياراتقان زاتتۇر. ئاندىن سىلەر ئۇيۇغان قانغا ئايلىنىسىلەر، ئاندىن سىلەر بوۋاق ھالىتىڭلاردا دۇنياغا كۆز ئېچىشتىن بۇرۇن ئاناڭلارنىڭ قارنىدا يارىتىلىش باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈرىسىلەر، ئاندىن قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىسىلەر، ئاندىن قېرىيسىلەر — سىلەردىن بەزىلەر بۇنىڭدىن بۇرۇن ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ — ئاندىن سىلەر بەلگىلەنگەن ئەجىلىڭلار توشقانغا قەدەر ياشايسىلەر. سىلەرنى ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى تونۇشقا ئەقلىنى ئىشلەتسۇن، ئايەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلسۇن، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقلۇقىنى ۋە ئىبادەتنىڭ ئۇنىڭغىلا قىلىنىدىغانلىقىنى بىلسۇن دەپ، ئايەتلەرنى مۇشۇنداق بايان قىلدۇق.

هُوَ ٱلَّذِى يُحْىِۦ وَيُمِيتُ ۖ فَإِذَا قَضَىٰٓ أَمْرًا فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ﴿٦٨﴾

68 ـ تىرىلدۈرۈش ۋە ئۆلتۈرۈش بىر ئاللاھنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. ئاللاھ قانداقلا بىر ئىشنىڭ بولۇشىنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «بول!» دەيدۇ ـ دە، ئۇ شۇ ھامان بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانىنى چەكلىگۈچى يوقتۇر.

أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ يُجَٰدِلُونَ فِىٓ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ أَنَّىٰ يُصْرَفُونَ ﴿٦٩﴾

69 ـ ئى پەيغەمبەر! ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلارنىڭ ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ۋە چەكسىز قۇدرىتىگە ئوپئوچۇق دالالەت قىلىدىغان بۇ ئايەتلەر ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتقانلىقىغا قارىمامسەن؟ ئۇلار بۇ روشەن ئايەتلەردىن قانداقلارچە بۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟ مۇشۇنداق روشەن بايانلاردىن كېيىن ئۇلار نەگە بارماقچى؟

ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِٱلْكِتَٰبِ وَبِمَآ أَرْسَلْنَا بِهِۦ رُسُلَنَا ۖ فَسَوْفَ يَعْلَمُونَ ﴿٧٠﴾ إِذِ ٱلْأَغْلَٰلُ فِىٓ أَعْنَٰقِهِمْ وَٱلسَّلَٰسِلُ يُسْحَبُونَ ﴿٧١﴾ فِى ٱلْحَمِيمِ ثُمَّ فِى ٱلنَّارِ يُسْجَرُونَ ﴿٧٢﴾

70 ـ 72 ـ ئاللاھ ئىنسانلارنى ھىدايەت تاپسۇن دەپ پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلغان قۇرئان ۋە

باشقا ساماۋى كىتابلارنى ئىنكار قىلغان مۇشرىكلار ئۇزاققا قالماي، بويۇنلىرىغا تاقاقلار، پۇتلىرىغا زەنجىرلەر سېلىنغان چاغدا بۇ قىلمىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلارنى دوزاختا مەسئۇل پەرىشتىلەر ناھايىتى ھارارەتلىك قايناق سۇغا سۆرەپ كىرگۈزىدۇ، ئاندىن دوزاخنىڭ ئوتىدا كۆيدۈرۈپ ئازابلايدۇ.

ثُمَّ قِيلَ لَهُمۡ أَيۡنَ مَا كُنتُمۡ تُشۡرِكُونَ ﴿٧٣﴾ مِن دُونِ ٱللَّهِۖ قَالُواْ ضَلُّواْ عَنَّا بَل لَّمۡ نَكُن نَّدۡعُواْ مِن قَبۡلُ شَيۡـٔٗاۚ كَذَٰلِكَ يُضِلُّ ٱللَّهُ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٧٤﴾

73 ـ 74 ـ ئاندىن ئۇلارغا كايىپ: «سىلەر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتىپ چوقۇنغان ئىلاھلىرىڭلار قېنى؟ ئۇلار بۈگۈن سىلەرگە ياردەم قىلمامدۇ؟ ئۇلارنى چاقىرىڭلار، ئەگەر قولىدىن كەلسە سىلەرنى بۇ ئازابتىن قۇتقۇزسۇن» دېيىلىدۇ، ئۇ ئىنكارچىلار: «دۇنيادا بىز ئىلاھ دەپ چوقۇنغان نەرسىلىرىمىز كۆزىمىزدىن غايىپ بولدى، بىزگە قىلچە ئەسقاتمىدى، بىز جاھالەتتە ۋە ئازغۇنلۇقتا ياشىغانلىقتىن، ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان ساختا نەرسىلەرنى ئىلاھ دەپ چوقۇنغان ئىكەنمىز» دەپ ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنى مۇشۇنداق ئازغۇنلۇقتا قالدۇرىدۇ.

ذَٰلِكُم بِمَا كُنتُمۡ تَفۡرَحُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّ وَبِمَا كُنتُمۡ تَمۡرَحُونَ ﴿٧٥﴾

75 ـ سىلەر ئۇچرىغان بۇ ئازاب دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا غەپلەتتە يۈرۈپ، قىلغان يامان ئىشلىرىڭلارغا ئورۇنسىز خۇشال بولغانلىقىڭلار، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى كۆزگە ئىلماي ئۇلارغا چوڭچىلىق قىلغانلىقىڭلار تۈپەيلىدىندۇر.

ٱدۡخُلُوٓاْ أَبۡوَٰبَ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ فِيهَاۖ فَبِئۡسَ مَثۡوَى ٱلۡمُتَكَبِّرِينَ ﴿٧٦﴾

76 ـ سىلەر ئەمدى، ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلىقىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغانلىقىڭلار سەۋەبلىك جەھەننەمگە كىرىڭلار ۋە ئۇ جايدا مەڭگۈ قېلىڭلار. ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان مۇتەكەببىرلەرنىڭ بارىدىغان يېرى بولغان جەھەننەم نېمىدېگەن يامان؟

فَٱصۡبِرۡ إِنَّ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٞۚ فَإِمَّا نُرِيَنَّكَ بَعۡضَ ٱلَّذِي نَعِدُهُمۡ أَوۡ نَتَوَفَّيَنَّكَ فَإِلَيۡنَا يُرۡجَعُونَ ﴿٧٧﴾

77 ـ ئى پەيغەمبەر! چىداملىق بولغىن، دەۋەت يولۇڭنى داۋاملاشتۇرغىن. شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، ئاللاھ ساڭا قىلغان ۋەدىسىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بىز مۇشرىكلارنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابنىڭ بىر قىسمىنى ئۇلارغا سەن ھايات ۋاقتىڭدا كۆرسىتىشىمىز ياكى ئۇلارغا ئازاب چۈشۈشتىن بۇرۇن سېنى ۋاپات قىلدۇرساقمۇ، بەرىبىر ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى قىلمىشىغا يارىشا جازالايمىز.

وَلَقَدۡ أَرۡسَلۡنَا رُسُلٗا مِّن قَبۡلِكَ مِنۡهُم مَّن قَصَصۡنَا عَلَيۡكَ وَمِنۡهُم مَّن لَّمۡ نَقۡصُصۡ عَلَيۡكَۗ وَمَا كَانَ لِرَسُولٍ أَن يَأۡتِيَ بِـَٔايَةٍ إِلَّا بِإِذۡنِ ٱللَّهِۚ فَإِذَا جَآءَ أَمۡرُ ٱللَّهِ قُضِيَ بِٱلۡحَقِّ وَخَسِرَ هُنَالِكَ ٱلۡمُبۡطِلُونَ ﴿٧٨﴾

78 ـ ئى پەيغەمبەر! شەكسىزكى، بىز سەندىن ئىلگىرىمۇ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئۆز قەۋملىرىنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىپ، ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلسۇن دەپ، ئۇلارغا ئەۋەتكەن ئىدۇق، ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارىسىدىن ساڭا بايان قىلىپ بەرگەنلىرىمىزمۇ، بايان قىلىپ بەرمىگەنلىرىمىزمۇ بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز قەۋمىگە ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان. ئۇ پەيغەمبەرلەردىن ھېچقايسىسى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىسىز ئەقلىي ياكى بىرەر ھىسسىي مۆجىزە كەلتۈرگەن ئەمەس، ئاللاھنىڭ ئىنكارچى كاپىرلارنى ئازابلاش ھەققىدىكى پەرمانى كەلگەن چاغدا، ئاللاھ پەيغەمبەرلەر بىلەن بۇ ئىنكارچى

كاپىرلار ئۇتتۇرىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئۇ چاغدا ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغان ئېيتقان ۋە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتىپ مەخلۇقاتقا چوقۇنغان كاپىرلار زىيان تارتىدۇ.

ٱللَّهُ ٱلَّذِي جَعَلَ لَكُمُ ٱلۡأَنۡعَٰمَ لِتَرۡكَبُواْ مِنۡهَا وَمِنۡهَا تَأۡكُلُونَ ﴿٧٩﴾ وَلَكُمۡ فِيهَا مَنَٰفِعُ وَلِتَبۡلُغُواْ عَلَيۡهَا حَاجَةٗ فِي صُدُورِكُمۡ وَعَلَيۡهَا وَعَلَى ٱلۡفُلۡكِ تُحۡمَلُونَ ﴿٨٠﴾

79 - 80 - ئاللاھ سىلەرگە چارۋىلارنى ئۇستىگە مىنىش، گۆشىنى يېيىش قاتارلىق مەنپەئەتلەر ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن زاتتۇر. سىلەر ئۇ چارۋىلارغا يۈك - تاقلىرىڭلارنى ئارتىپ يىراق جايلارغا ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق كۆڭلۈڭلاردىكى ھاجىتىڭلارنى ئەمەلگە ئاشۇرىسىلەر. سىلەر قۇرۇقلۇقتا ئاشۇ چارۋىلارنىڭ ئۈستىدە، دېڭىزدا كېمىلەردە سەپەر قىلىسىلەر.

وَيُرِيكُمۡ ءَايَٰتِهِۦ فَأَيَّ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ تُنكِرُونَ ﴿٨١﴾

81 - ئاللاھ سىلەرگە ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتى ئۈستىدىكى قۇدرىتىنىڭ ۋە تەدبىرىنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، سىلەر ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئىچىدىن قايسىبىر ئايەتنى ئىنكار قىلىسىلەر؟

أَفَلَمۡ يَسِيرُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَيَنظُرُواْ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡۚ كَانُوٓاْ أَكۡثَرَ مِنۡهُمۡ وَأَشَدَّ قُوَّةٗ وَءَاثَارٗا فِي ٱلۡأَرۡضِ فَمَآ أَغۡنَىٰ عَنۡهُم مَّا كَانُواْ يَكۡسِبُونَ ﴿٨٢﴾

82 - ئاشۇ ئىنكارچىلار زېمىننى كېزىپ ئۆزلىرىدىن بۇرۇنقى ئىنكارچى قەۋملەرنىڭ ھالاكىتى ھەققىدە تەپەككۇر قىلمىدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلمىدىمۇ؟ بۇلارغا قارىغاندا ئۇ قەۋملەرنىڭ سانى كۆپ، كۈچ - قۇۋۋىتى ئارتۇق ۋە بىناكارلىق، زىرائەتچىلىك قاتارلىق يەر يۈزىدە قالدۇرغان ئىزلىرى كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەرسىلىرى ئاللاھنىڭ ئازابى چۈشكەن چاغدا ئۇلارغا ئەسقاتمىدى.

فَلَمَّا جَآءَتۡهُمۡ رُسُلُهُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِ فَرِحُواْ بِمَا عِندَهُم مِّنَ ٱلۡعِلۡمِ وَحَاقَ بِهِم مَّا كَانُواْ بِهِۦ يَسۡتَهۡزِءُونَ ﴿٨٣﴾

83 - ئاشۇ ئىنكارچى قەۋملەرگە پەيغەمبەرلىرى ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرى بىلەن كەلگەندە، ئۇلار نادانلىقتىن، ئۆزلىرىنىڭ ئاز - تولا بىلىمىگە ئىشىنىپ مەغرۇرلىنىپ كەتتى. نەتىجىدە، ئۇلارنى ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان ئازاب قورشىدى. چۈنكى ئۇلارنى پەيغەمبەرلىرى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرسا، ئۇلار «ئۇ ئازاب قاچان كېلىدۇ؟» دەپ ئۇلارنى مەسخىرە قىلاتتى. (بۇ ئايەتتە ئىسلامغا زىت كېلىدىغان ياكى ئۇنى كەمسىتىدىغان ۋەياكى شەك پەيدا قىلىدىغان ھەرقانداق ئىلىمنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىگە دەلىل بار) .

فَلَمَّا رَأَوۡاْ بَأۡسَنَا قَالُوٓاْ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَحۡدَهُۥ وَكَفَرۡنَا بِمَا كُنَّا بِهِۦ مُشۡرِكِينَ ﴿٨٤﴾

84 - ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا: «بىز بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئىلگىرى ئىبادەتتە ئاللاھقا شېرىك قىلغان نەرسىلىرىمىزنى ئىنكار قىلدۇق» دەپ ئىمان پايدا بەرمەيدىغان بىر ۋاقىتتا ئىمان ئېيتتى.

فَلَمۡ يَكُ يَنفَعُهُمۡ إِيمَٰنُهُمۡ لَمَّا رَأَوۡاْ بَأۡسَنَاۖ سُنَّتَ ٱللَّهِ ٱلَّتِي قَدۡ خَلَتۡ فِي عِبَادِهِۦۖ وَخَسِرَ هُنَالِكَ ٱلۡكَٰفِرُونَ ﴿٨٥﴾

85 ـ شۇڭا، بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا ئېيتقان ئىمان ئۇلارغا قىلچە ئەسقاتمىدى. چۈنكى ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئېيتقان ئىمان ئەمەس، بەلكى مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقتىن ئېيتقان ئىمان ئىدى. ئاللاھنىڭ بارلىق ئۈممەتلەر ھەققىدە يۈرگۈزۈپ كەلگەن قانۇنىيىتى شۇكى، ئازابنى كۆرگەن چاغدا ئېيتقان ئىماننىڭ پايدىسى بولمايدۇ. ئاللاھنىڭ ئازابى كەلگەن چاغدا، بۇرۇن ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتقان كاپىرلار زىيان تارتتى.

# فۇسسىلەت سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

حمٓ ﴿١﴾

1 - ھا، مىيم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

تَنزِيلٌ مِّنَ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴿٢﴾

2 - بۇ قۇرئان كەرىم ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھ تەرىپىدىن مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابتۇر.

كِتَٰبٌ فُصِّلَتۡ ءَايَٰتُهُۥ قُرۡءَانًا عَرَبِيًّا لِّقَوۡمٍ يَعۡلَمُونَ ﴿٣﴾

3 - بۇ ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىنغان، ئەرەب تىلىنى بىلىدىغان قەۋمگە نىسبەتەن ئاسان
چۈشەنگىلى بولىدىغان، ئايەتلىرى ناھايىتى تەپسىلىي ئوچۇقلانغان، مەنىسى ۋە
ئەھكاملىرى روشەن بايان قىلىنغان قۇرئاندۇر.

بَشِيرًا وَنَذِيرًا فَأَعۡرَضَ أَكۡثَرُهُمۡ فَهُمۡ لَا يَسۡمَعُونَ ﴿٤﴾

4 - بۇ قۇرئان ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئەمەل قىلغان
كىشىلەرگە بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مۇكاپاتلار ھەققىدە خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئۇنى
ئىنكار قىلغان، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن كاپىرلارنى بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ قاتتىق
ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى كىتابتۇر. ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى
، ئۇلار قۇرئانغا كۆڭۈل قويۇپ قۇلاق سالمايدۇ.

وَقَالُواْ قُلُوبُنَا فِيٓ أَكِنَّةٖ مِّمَّا تَدۡعُونَآ إِلَيۡهِ وَفِيٓ ءَاذَانِنَا وَقۡرٞ وَمِنۢ بَيۡنِنَا وَبَيۡنِكَ حِجَابٞ فَٱعۡمَلۡ
إِنَّنَا عَٰمِلُونَ ﴿٥﴾

5 - قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈگەن ئاشۇ كاپىرلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: «بىزنىڭ دىللىرىمىز
سەن بىزنى دەۋەت قىلغان نەرسىلەردىن پەردىلەنگەن، قۇلاقلىرىمىز ئېغىر، شۇڭا
سۆزلىرىڭنى ئاڭلىمايمىز. ئى مۇھەممەد! سەن بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا سېنىڭ دەۋىتىڭنى
قوبۇل قىلىشتىن توسۇپ تۇرىدىغان بىر پەردە بار. شۇڭا سەن ئۆز دىنىڭ بويىچە
ئىش قىلغىن، بىزمۇ ئەلۋەتتە ئۆزىمىزنىڭ ئېتىقادى بويىچە ئىش قىلىۋېرەيلى» دەيدۇ.

قُلۡ إِنَّمَآ أَنَا۠ بَشَرٞ مِّثۡلُكُمۡ يُوحَىٰٓ إِلَيَّ أَنَّمَآ إِلَٰهُكُمۡ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞ فَٱسۡتَقِيمُوٓاْ إِلَيۡهِ وَٱسۡتَغۡفِرُوهُۗ
وَوَيۡلٞ لِّلۡمُشۡرِكِينَ ﴿٦﴾ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَهُم بِٱلۡأٓخِرَةِ هُمۡ كَٰفِرُونَ ﴿٧﴾

6 - 7- ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا: «مەنمۇ پەقەت سىلەرگە ئوخشاش ئىنسان، ماڭا ‹سىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق بولغان ئىلاھىڭلار بىرلا ئىلاھتۇر› دەپ ۋەھيى قىلىنىدۇ. شۇڭا سىلەر سىلەرنى ئاللاھقا ئېلىپ بارىدىغان يولغا مېڭىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەڭلار!» دېگىن. ئىبادەتكە لايىق بولغان ئاللاھنى قويۇپ، قىلچە پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتلارغا چوقۇنىدىغان، رەببىگە ئىمان ئېيتىپ ۋە ئىخلاس قىلىپ قەلبىنى كۇفرىلىقتىن پاكلىمىغان مۇشرىكلارنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇلار يوقسۇللارغا زاكات بەرمەيدىغان، ئاللاھقا ئىخلاس قىلمايدىغان، ھېچكىمگە مەنپەئەت يەتكۈزمەيدىغانلاردۇر. ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ئىشەنمەيدۇ، دوزاخ بىلەن جەننەتكىمۇ ئىشەنمەيدۇ.

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَهُمۡ أَجۡرٌ غَيۡرُ مَمۡنُونٖ ﴿٨﴾

8 - شەكسىزكى، ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، كىتابلىرىغا ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھقا ئىخلاس قىلىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر ئۈچۈن ئۈزۈلمەيدىغان مۇكاپات بار.

۞ قُلۡ أَئِنَّكُمۡ لَتَكۡفُرُونَ بِٱلَّذِي خَلَقَ ٱلۡأَرۡضَ فِي يَوۡمَيۡنِ وَتَجۡعَلُونَ لَهُۥٓ أَندَادٗاۚ ذَٰلِكَ رَبُّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٩﴾

9 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا كايىپ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئەجەبلىنىپ ئېيتقىنكى، «سىلەر زېمىننى ئىككى كۈندە ياراتقان ئاللاھنى ئىنكار قىلساڭلار ۋە ئىبادەت قىلىشتا ئۇنىڭغا شېرىكلەرنى قوشساڭلار بولامدۇ؟ ياراتقۇچى ئاللاھ بارچە ئالەملەرنىڭ رەببىدۇر».

وَجَعَلَ فِيهَا رَوَٰسِيَ مِن فَوۡقِهَا وَبَٰرَكَ فِيهَا وَقَدَّرَ فِيهَآ أَقۡوَٰتَهَا فِيٓ أَرۡبَعَةِ أَيَّامٖ سَوَآءٗ لِّلسَّآئِلِينَ ﴿١٠﴾

10 - ئاللاھ تولۇق تۆت كۈندە زېمىننىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم تاغلارنى ياراتتى، زېمىننى زېمىن ئەھلى ئۈچۈن بەرىكەتلىك قىلدى، زېمىن ئەھلىنىڭ يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق رىزقىنى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى بەلگىلىدى. يەنى ئىككى كۈندە زېمىننى ياراتتى، يەنە ئىككى كۈندە زېمىن ئۈستىگە تاغلارنى ئورناتتى ۋە زېمىن ئەھلىنىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى. بۇ ھەقتە سوئال سورىماقچى بولغانلار بۇنى بىلىۋالسا بولىدۇ.

ثُمَّ ٱسۡتَوَىٰٓ إِلَى ٱلسَّمَآءِ وَهِيَ دُخَانٞ فَقَالَ لَهَا وَلِلۡأَرۡضِ ٱئۡتِيَا طَوۡعًا أَوۡ كَرۡهٗا قَالَتَآ أَتَيۡنَا طَآئِعِينَ ﴿١١﴾

11 - ئاندىن ئاللاھ ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلەندى. ئاسمان بۇرۇن تۇمان ھالىتىدە ئىدى، ئاسمان بىلەن زېمىنغا: «ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي ھالدا مېنىڭ ئەمرىمگە بويسۇنۇڭلار» دېۋىدى، ئىككىلىسى: «ساڭا ئىختىيارىي ھالدا كەلدۇق، بىز سېنىڭ ئىرادەڭگە خىلاپلىق قىلمايمىز» دېدى.

فَقَضَىٰهُنَّ سَبۡعَ سَمَٰوَاتٖ فِي يَوۡمَيۡنِ وَأَوۡحَىٰ فِي كُلِّ سَمَآءٍ أَمۡرَهَاۚ وَزَيَّنَّا ٱلسَّمَآءَ ٱلدُّنۡيَا بِمَصَٰبِيحَ وَحِفۡظٗاۚ ذَٰلِكَ تَقۡدِيرُ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡعَلِيمِ ﴿١٢﴾

12 - ئاللاھ يەتتە ئاسماننى يارىتىش ۋە ئۇنى تاماملاشنى ئىككى كۈندە پۈتتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئاسمان - زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقان بولدى. گەرچە ئاللاھ ئۇلارنى بىر لەھزىنىڭ ئىچىدە يارىتىشقا قادىر بولسىمۇ، ئۆزىگە خاس مەلۇم ھېكمەتكە ئاساسەن شۇنداق قىلغان. ئاندىن ئاللاھ ھەربىر ئاسمانغا ئۆزى ئىرادە قىلغان ۋە بۇيرۇغان ئىشلارنى بىلدۈردى. ئەڭ تۆۋەنكى ئاسماننى يورۇق يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدۇق ۋە ئۇنى ئوغرىلىقچە گەپ ئاڭلىۋالىدىغان شەيتانلاردىن قوغدىدۇق، بۇ ئۆرنەكسىز يارىتىش پادىشاھلىقىدا ھەممىگە غالىب، ھەممىنى تولۇق بىلگۈچى ئاللاھنىڭ تەقدىرىدۇر.

فَإِنْ أَعْرَضُوا۟ فَقُلْ أَنذَرْتُكُمْ صَٰعِقَةً مِّثْلَ صَٰعِقَةِ عَادٍ وَثَمُودَ ﴿١٣﴾

13 - ئەگەر ئۇ مۇشرىكلار ئۆزلىرىگە قۇرئان كەرىمنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىم - سۈپەتلىرى تولۇق بايان قىلىنغاندىن كېيىن يەنىلا ئىماندىن باش تارتسا، سەن ئۇلارغا: «مەن سىلەرنى ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرى رەببىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلغاندا ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازابقا ئوخشاش پۈتۈنلەي ھالاك قىلىدىغان بىر ئازابنىڭ سىلەرنىڭمۇ بېشىڭلارغا كېلىپ قېلىشىدىن ئاگاھلاندۇرىمەن» دېگىن.

إِذْ جَآءَتْهُمُ ٱلرُّسُلُ مِنۢ بَيْنِ أَيْدِيهِمْ وَمِنْ خَلْفِهِمْ أَلَّا تَعْبُدُوٓا۟ إِلَّا ٱللَّهَ ۖ قَالُوا۟ لَوْ شَآءَ رَبُّنَا لَأَنزَلَ مَلَٰٓئِكَةً فَإِنَّا بِمَآ أُرْسِلْتُم بِهِۦ كَٰفِرُونَ ﴿١٤﴾

14 - مەزكۇر پەيغەمبەرلەر ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىگە ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ، ئۇلارنى بىر ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماسلىققا دەۋەت قىلغان چاغدا، ئۇلار پەيغەمبەرلەرگە: «ئەگەر رەببىمىز بىزنىڭ ئۇنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىپ، ئىبادەتلەرنى ئۇنىڭ ئۆزىگە قىلىشىمىزنى ئىرادە قىلغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە بىزنى ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئاسماندىن پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن بولاتتى ۋە بىزگە ئوخشايدىغان سىلەردەك ئىنسانلارنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتمىگەن بولاتتى. شۇڭا بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنى ۋە سىلەر ئېلىپ كەلگەن دىننى ئىنكار قىلىمىز» دېدى.

فَأَمَّا عَادٌ فَٱسْتَكْبَرُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ بِغَيْرِ ٱلْحَقِّ وَقَالُوا۟ مَنْ أَشَدُّ مِنَّا قُوَّةً ۖ أَوَلَمْ يَرَوْا۟ أَنَّ ٱللَّهَ ٱلَّذِى خَلَقَهُمْ هُوَ أَشَدُّ مِنْهُمْ قُوَّةً ۖ وَكَانُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا يَجْحَدُونَ ﴿١٥﴾

15 - ئاد قەۋمى يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ئورۇنسىز يوغانچىلىق قىلدى. ئۇلار مەغرۇرلۇق بىلەن: «كۈچ - قۇۋۋەتتە بىزدىن ئارتۇق كىم بار؟» دېدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ياراتقان ئاللاھنىڭ كۈچ - قۇۋۋەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن، جازالاشتا قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلمىدىمۇ؟ ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، ئۇلار بىزنىڭ دەلىل - پاكىتلىرىمىزنى ئىنكار قىلدى.

فَأَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ رِيحًا صَرْصَرًا فِىٓ أَيَّامٍ نَّحِسَاتٍ لِّنُذِيقَهُمْ عَذَابَ ٱلْخِزْىِ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا ۖ وَلَعَذَابُ ٱلْءَاخِرَةِ أَخْزَىٰ ۖ وَهُمْ لَا يُنصَرُونَ ﴿١٦﴾

16 - ئۇلارغا بۇ دۇنيادا خار قىلغۇچى ئازابنى تېتىتىشىمىز ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە شۇم كۈنلەردە يۇقىرى ئاۋازلىق قاتتىق سوغۇق بوراننى ئەۋەتتۇق. ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ خار قىلغۇچىدۇر، تېخىمۇ قاتتىقتۇر، بۇ ئازابنى ئۇلاردىن ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ.

وَأَمَّا ثَمُودُ فَهَدَيْنَٰهُمْ فَٱسْتَحَبُّوا۟ ٱلْعَمَىٰ عَلَى ٱلْهُدَىٰ فَأَخَذَتْهُمْ صَٰعِقَةُ ٱلْعَذَابِ ٱلْهُونِ بِمَا كَانُوا۟ يَكْسِبُونَ ﴿١٧﴾

17 - ئەمدى سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان سەمۇد قەۋمىگە كەلسەك، ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسەتكەن ئىدۇق، ئەمما ئۇلار ھىدايەتنىڭ ئورنىغا كورلۇقنى (ئىماننىڭ ھەقىقەتلىرىنى كۆرمەسلىكنى) تاللىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى يالغانغا چىقارغانلىقىدىن ئىبارەت گۇناھى ئۈچۈن خار قىلغۇچى چاقماق ئازابى ھالاك قىلدى.

وَنَجَّيْنَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَكَانُوا۟ يَتَّقُونَ ﴿١٨﴾

18 - ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازابتىن قۇتقۇزدۇق. ئازابتىن قۇتۇلۇپ قالغان ئاشۇ مۇئمىنلەر ئاللاھتىن قورقىدىغان ۋە تەقۋالىق قىلىدىغان كىشىلەر ئىدى.

وَيَوْمَ يُحْشَرُ أَعْدَآءُ ٱللَّهِ إِلَى ٱلنَّارِ فَهُمْ يُوزَعُونَ ﴿١٩﴾ حَتَّىٰٓ إِذَا مَا جَآءُوهَا شَهِدَ عَلَيْهِمْ سَمْعُهُمْ وَأَبْصَٰرُهُمْ وَجُلُودُهُم بِمَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٢٠﴾

19 - 20 - ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى دوزاخقا تاشلىنىش ئۈچۈن توپلىنىدىغان كۈندە، جەھەننەمگە مەسئۇل پەرىشتىلەر ئۇلارنى ھەممىسى توپلىنىپ بولغۇچە توختىتىپ تۇرىدۇ. ئۇلار دوزاخنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئىنكار قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ. شۇ چاغدا، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى ۋە تېرىلىرى ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان بارلىق گۇناھ - مەئسىيەتلىرىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

وَقَالُوا۟ لِجُلُودِهِمْ لِمَ شَهِدتُّمْ عَلَيْنَا ۖ قَالُوٓا۟ أَنطَقَنَا ٱللَّهُ ٱلَّذِىٓ أَنطَقَ كُلَّ شَىْءٍ ۚ وَهُوَ خَلَقَكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ﴿٢١﴾

21 - ئاشۇ گۇناھكارلار تېرىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قارشى گۇۋاھلىق بەرگەنلىكىگە كايىپ: «سىلەر نېمىشقا بىزگە قارشى گۇۋاھلىق بەردىڭلار؟» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ تېرىلىرى: «ھەر نەرسىنى سۆزلەتكەن ئاللاھ بىزنىمۇ سۆزلەتتى» دەيدۇ. ئاللاھ سىلەرنى يوقتىن بار قىلغان زاتتۇر. سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن، قىلمىشىڭلاردىن ھېساب بېرىش ۋە جازاسىنى تارتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر».

وَمَا كُنتُمْ تَسْتَتِرُونَ أَن يَشْهَدَ عَلَيْكُمْ سَمْعُكُمْ وَلَآ أَبْصَٰرُكُمْ وَلَا جُلُودُكُمْ وَلَٰكِن ظَنَنتُمْ أَنَّ ٱللَّهَ لَا يَعْلَمُ كَثِيرًا مِّمَّا تَعْمَلُونَ ﴿٢٢﴾ وَذَٰلِكُمْ ظَنُّكُمُ ٱلَّذِى ظَنَنتُم بِرَبِّكُمْ أَرْدَىٰكُمْ فَأَصْبَحْتُم مِّنَ ٱلْخَٰسِرِينَ ﴿٢٣﴾

22 - 23 - سىلەر دۇنيادىكى چاغلىرىڭلاردا نە قۇلىقىڭلارنىڭ، نە كۆزۈڭلارنىڭ، نە تېرىلىرىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ساقلانمايتتىڭلار ۋە گۇناھ - مەئسىيەتلىرىڭلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنى «ئاللاھ بىلمەيدۇ» دەپ قارىغان ئىدىڭلار. سىلەرنىڭ رەببىڭلار ھەققىدىكى ئاشۇ يامان قارىشىڭلار سىلەرنى ھالاك قىلدى ۋە سىلەرنى دوزاخقا ئېلىپ باردى. بۈگۈن سىلەر ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىنى زىيانغا ئۇچراتقانلاردىن بولدۇڭلار.

فَإِن يَصْبِرُوا۟ فَٱلنَّارُ مَثْوًى لَّهُمْ ۖ وَإِن يَسْتَعْتِبُوا۟ فَمَا هُم مِّنَ ٱلْمُعْتَبِينَ ﴿٢٤﴾

24 - ئۇلار ئازابقا قانچىلىك چىداملىق بولۇپ كەتسۇن، دوزاخ ئۇلارنىڭ جايىدۇر. ئەگەر ئۇلار ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئۈچۈن دۇنياغا قايتىشنى تىلىسىمۇ، ئۇلارنىڭ تىلىكى ئەمەلگە ئاشمايدۇ ۋە ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

۞ وَقَيَّضْنَا لَهُمْ قُرَنَآءَ فَزَيَّنُوا۟ لَهُم مَّا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَحَقَّ عَلَيْهِمُ ٱلْقَوْلُ فِىٓ أُمَمٍ قَدْ خَلَتْ مِن قَبْلِهِم مِّنَ ٱلْجِنِّ وَٱلْإِنسِ ۖ إِنَّهُمْ كَانُوا۟ خَٰسِرِينَ ﴿٢٥﴾

25 - بىز ئاشۇ ئىنكارچىلارغا ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيتانلاردىن يامان ۋە بۇزغۇنچى دوستلارنى ھەمراھ قىلىپ قويدۇق - دە، ئۇ شەيتان دوستلار بۇ ئىنكارچىلارغا دۇنيانىڭ لەززەتلىرىنى ۋە شەھۋەتلىرىنى چىرايلىق كۆرسەتتى، ئۇلارغا ئاخىرەتلىك

ئۇچۇن ئىشلىمەسلىكنى يوللۇق كۆرسىتىپ ئاخىرەتنى ئۇنتۇلدۇردى، ئاندىن ئۇلارنى ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىشقا كۈشكۈرتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىنسانلار ۋە جىنلاردىن بولغان گۇناھكارلار جامائەسى بىلەن بىرلىكتە دوزاختا كىرىشكە تېگىشلىك بولدى. شەكسىزكى، ئۇلار دۇنيادا ياخشى ئەمەل قىلماي زىيان تارتتى، ئاخىرەتتە بولسا ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر دوزاخ ئەھلى قاتارىدىن بولۇپ زىيان تارتتى.

وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَا تَسۡمَعُواْ لِهَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانِ وَٱلۡغَوۡاْ فِيهِ لَعَلَّكُمۡ تَغۡلِبُونَ ﴿٢٦﴾

26 - كاپىرلار بىر - بىرىگە تەۋسىيە قىلىشىپ: «سىلەر بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئىتائەت قىلماڭلار، بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنماڭلار، مۇھەممەد قۇرئان ئوقۇۋاتقاندا ئاۋازىڭلارنى چىقىرىپ تۇۋلاڭلار ۋە ئىسقىرتىڭلار، غەلۋە قىلىپ ئۇنى ئېلىشتۇرۇۋېتىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، قۇرئاننى ئاڭلاشتىن توسۇشتا غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن» دېدى.

فَلَنُذِيقَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ عَذَابًا شَدِيدًا وَلَنَجۡزِيَنَّهُمۡ أَسۡوَأَ ٱلَّذِي كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿٢٧﴾

27 - مۇشۇنداق دېگەن كاپىرلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز. ئەلۋەتتە بىز ئۇلارنىڭ يامان قىلمىشلىرىغا ئەڭ قاتتىق جازا بېرىمىز.

ذَٰلِكَ جَزَآءُ أَعۡدَآءِ ٱللَّهِ ٱلنَّارُۖ لَهُمۡ فِيهَا دَارُ ٱلۡخُلۡدِ جَزَآءَۢ بِمَا كَانُواْ بِـَٔايَٰتِنَا يَجۡحَدُونَ ﴿٢٨﴾

28 - ئاشۇ كاپىرلارغا بېرىلىدىغان بۇ جازا ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە تېگىشلىك جازا بولۇپ، ئۇلار دوزاختا كىرىدۇ. ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا بىزنىڭ دەلىل - پاكىتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، دوزاخ ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك تۇرىدىغان جايى بولىدۇ. (بۇ ئايەت كىشىلەرنى قۇرئاننى ئاڭلاشتىن، قۇرئان ئايەتلىرى ھەققىدە ئىزدىنىشتىن توسۇشنىڭ گۇناھىنىڭ ناھايىتى ئېغىر ۋە چوڭ ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ).

وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ رَبَّنَآ أَرِنَا ٱلَّذَيۡنِ أَضَلَّانَا مِنَ ٱلۡجِنِّ وَٱلۡإِنسِ نَجۡعَلۡهُمَا تَحۡتَ أَقۡدَامِنَا لِيَكُونَا مِنَ ٱلۡأَسۡفَلِينَ ﴿٢٩﴾

29 - ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلار دوزاختا كىرگەندە: «ئى رەببىمىز! ئىنسانلارنىڭ ۋە جىنلارنىڭ ئارىسىدىكى بىزنى ئازدۇرغانلارنى بىزگە كۆرسەتكىن، ئۇلارنىڭ دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىدە بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاياغلىرىمىزنىڭ ئاستىدا تۇتايلى» دەيدۇ.

إِنَّ ٱلَّذِينَ قَالُواْ رَبُّنَا ٱللَّهُ ثُمَّ ٱسۡتَقَٰمُواْ تَتَنَزَّلُ عَلَيۡهِمُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ أَلَّا تَخَافُواْ وَلَا تَحۡزَنُواْ وَأَبۡشِرُواْ بِٱلۡجَنَّةِ ٱلَّتِي كُنتُمۡ تُوعَدُونَ ﴿٣٠﴾ نَحۡنُ أَوۡلِيَآؤُكُمۡ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَفِي ٱلۡأٓخِرَةِۖ وَلَكُمۡ فِيهَا مَا تَشۡتَهِيٓ أَنفُسُكُمۡ وَلَكُمۡ فِيهَا مَا تَدَّعُونَ ﴿٣١﴾ نُزُلًا مِّنۡ غَفُورٖ رَّحِيمٖ ﴿٣٢﴾

30 - 32- شۈبھىسىزكى، «رەببىمىز بىرلا ئاللاھتۇر، ئۇنىڭ ھېچقانداق شېرىكى يوقتۇر» دېگەن، ئاندىن ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدە مۇستەھكەم تۇرغان كىشىلەر ۋاپات بولىدىغان چاغدا، ئۇلارنىڭ يېنىغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «ئۆلۈمدىن ۋە ئۆلۈمدىن كېيىنكى ئىشلاردىن ھەرگىز قورقماڭلار، سىلەر قالدۇرۇپ كېتىدىغان دۇنيا ئىشلىرىدىن غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت بىلەن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا سىلەرنىڭ دوستۇڭلارمىز، سىلەرگە ياردەم قىلىمىز، ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن سىلەرنى قوغدايمىز،

ئاخىرەتتىمۇ سىلەر بىلەن بىللە بولىمىز. جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان، كۆزلەر ھۇزۇرلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار. سىلەر نېمىنى تەلەپ قىلساڭلار، ئۇ دەرھال سىلەرگە تەقدىم قىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى گۇناھلىرىڭلارنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، سىلەرگە ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھ تەرىپىدىن سىلەرگە تەييارلانغان زىياپەتتۇر» دەيدۇ.

وَمَنْ أَحْسَنُ قَوْلًا مِّمَّن دَعَآ إِلَى ٱللَّهِ وَعَمِلَ صَٰلِحًا وَقَالَ إِنَّنِى مِنَ ٱلْمُسْلِمِينَ ﴿٣٣﴾

33 - ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە چىن ئېتىقاد قىلىپ ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە «مەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا بويسۇنىدىغان ۋە شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدىن» دېگەن ئادەمدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم يوقتۇر. (بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشنىڭ ۋە دەۋەت ئىشلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن بويىچە ھېكمەت بىلەن ئېلىپ بارىدىغان ئۆلىمالارنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان).

وَلَا تَسْتَوِى ٱلْحَسَنَةُ وَلَا ٱلسَّيِّئَةُ ٱدْفَعْ بِٱلَّتِى هِىَ أَحْسَنُ فَإِذَا ٱلَّذِى بَيْنَكَ وَبَيْنَهُۥ عَدَٰوَةٌ كَأَنَّهُۥ وَلِىٌّ
حَمِيمٌ ﴿٣٤﴾ وَمَا يُلَقَّىٰهَآ إِلَّا ٱلَّذِينَ صَبَرُوا۟ وَمَا يُلَقَّىٰهَآ إِلَّا ذُو حَظٍّ عَظِيمٍ ﴿٣٥﴾

34 - 35 - ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ، شەرىئەتتە مۇستەھكەم تۇرغان ۋە كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلغان مۆئمىنلەرنىڭ ياخشىلىقى بىلەن، ئاللاھنى ئىنكار قىلىپ ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغان ۋە كىشىلەرگە يامانلىق قىلغان كاپىرلارنىڭ يامانلىقى باراۋەر بولمايدۇ. ساڭا يامانلىق قىلغانلارغا ئەپۇچانلىقنىڭ، ئېسىل خىسلىتىڭ ۋە ياخشىلىقىڭ بىلەن تاقابىل تۇرغىن. ئۇنىڭ يامانلىقىغا ياخشىلىق قىلىش بىلەن جاۋاب بەرگىن. شۇنداق قىلساڭ، ساڭا يامانلىق قىلغان ۋە سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا ساڭا كۆيۈنىدىغان سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق گۈزەل خىسلەتكە پەقەت ئۆزىنى كۆڭلى ياقتۇرمايدىغان ياخشى ئىشلارغا زورلىيالايدىغان ۋە ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئىشنى قىلىشقا نەپسىنى بويسۇندۇرۇش بىلەن چىدامچانلىق كۆرسىتەلەيدىغان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ، شۇنداقلا يەنە بۇ خىسلەتكە پەقەت دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بۈيۈك نېسىۋىگە ئىگە ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ.

وَإِمَّا يَنزَغَنَّكَ مِنَ ٱلشَّيْطَٰنِ نَزْغٌ فَٱسْتَعِذْ بِٱللَّهِ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٣٦﴾

36 - ئەگەر شەيتاندىن كەلگەن بىر ۋەسۋەسە سېنى ساڭا يامانلىق قىلغان ئادەمگە يامانلىق قىلىشقا ئۈندىسە، دەرھال ئاللاھقا سېغىنىپ بۇ يامانلىقتىن پاناھ تىلىگىن. چۈنكى ئاللاھ سېنىڭ پاناھ تىلىگىنىڭنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، جىمى بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

وَمِنْ ءَايَٰتِهِ ٱلَّيْلُ وَٱلنَّهَارُ وَٱلشَّمْسُ وَٱلْقَمَرُ لَا تَسْجُدُوا۟ لِلشَّمْسِ وَلَا لِلْقَمَرِ وَٱسْجُدُوا۟ لِلَّهِ ٱلَّذِى
خَلَقَهُنَّ إِن كُنتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ ﴿٣٧﴾

37 - ئاللاھنىڭ ئۆزىنىڭ بىرلىكى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، بەندىلىرىگە كەلتۈرگەن دەلىل - پاكىتلىرىدىن بىرى، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ، كۈن بىلەن ئاينىڭ بىر - بىرى بىلەن ئالمىشىپ تۇرۇشى ۋە بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرىنىڭ كېلىشىدۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىدۇر. سىلەر قۇياشقىمۇ، ئايغىمۇ سەجدە قىلماڭلار، چۈنكى بۇلار ئاللاھ ياراتقان مەۋجۇداتتۇر. ئەگەر سىلەر راستتىنلا ئاللاھنىڭ

ئۆزىگە ئىبادەت قىلماقچى بولساڭلار، ئۇ نەرسىلەرنى ياراتقان ئاللاھقا سەجدە قىلىڭلار.

فَإِنِ ٱسْتَكْبَرُوا۟ فَٱلَّذِينَ عِندَ رَبِّكَ يُسَبِّحُونَ لَهُۥ بِٱلَّيْلِ وَٱلنَّهَارِ وَهُمْ لَا يَسْـَٔمُونَ ۩ ﴿٣٨﴾

38 - ئەگەر ئاشۇ مۇشرىكلار چوڭچىلىق قىلىپ، ئاللاھقا سەجدە قىلىشتىن باش تارتسا، بىلىپ قويسۇنكى، رەببىڭنىڭ دەرگاھىدىكى پەرىشتىلەر ھەرگىز بۇنىڭدىن چوڭچىلىق قىلمايدۇ، ئۇلار كېچە - كۈندۈز داۋاملىق ئاللاھنى بارچە نۇقساندىن سۈپەتلەردىن پاك دەپ تەسبىھ ئېيتىپ، ئۇنى ئۇلۇغلاپ تۇرىدۇ. ئۇلار ھەرگىز زېرىكىپ قالمايدۇ، ھېرىپ قالمايدۇ.

وَمِنْ ءَايَـٰتِهِۦٓ أَنَّكَ تَرَى ٱلْأَرْضَ خَـٰشِعَةً فَإِذَآ أَنزَلْنَا عَلَيْهَا ٱلْمَآءَ ٱهْتَزَّتْ وَرَبَتْ ۚ إِنَّ ٱلَّذِىٓ أَحْيَاهَا لَمُحْىِ ٱلْمَوْتَىٰٓ ۚ إِنَّهُۥ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿٣٩﴾

39 - ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنىڭ ۋە چەكسىز قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىدىن بىرى شۇكى، سەن زېمىننى ئۆسۈملۈكسىز قاقاس ھالەتتە كۆرىسەن، ئاندىن بىز ئۇنىڭغا يامغۇر ياغدۇرساق، ئۇنىڭدا ھايات پەيدا بولىدۇ ۋە زىرائەتلەر بىلەن ھەرىكەتلىنىپ كۆپىيىشىدۇ. شۈبھىسىزكى، سۇسىزلىقتىن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرگەن زات خالايىقنى ئۆلگىنىدىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. چۈنكى ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ يُلْحِدُونَ فِىٓ ءَايَـٰتِنَا لَا يَخْفَوْنَ عَلَيْنَآ ۗ أَفَمَن يُلْقَىٰ فِى ٱلنَّارِ خَيْرٌ أَم مَّن يَأْتِىٓ ءَامِنًا يَوْمَ ٱلْقِيَـٰمَةِ ۚ ٱعْمَلُوا۟ مَا شِئْتُمْ ۖ إِنَّهُۥ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿٤٠﴾

40 - شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈگەن، قۇرئاننى ئىنكار قىلغان، ئۇنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرىدىغانلار قىلمىشلىرىنى بىزدىن يوشۇرالمايدۇ، چۈنكى بىز ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرىمىز. دوزاختا تاشلىنىدىغان بۇ كاپىر ئادەم ياخشىمۇ؟ ياكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان ئېيتقانلىقى يۈزىسىدىن، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئازابتىن خاتىرجەم بولغان ھالدا كېلىدىغان ۋە مۇكاپاتقا تېگىشلىك بولىدىغان ئادەممۇ؟ ئى كاپىرلار! خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەس. ئاللاھ سىلەرنى قىلمىشىڭلارغا ئاساسەن جازالايدۇ. (بۇ ئايەتتە كاپىرلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن).

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ بِٱلذِّكْرِ لَمَّا جَآءَهُمْ ۖ وَإِنَّهُۥ لَكِتَـٰبٌ عَزِيزٌ ﴿٤١﴾ لَّا يَأْتِيهِ ٱلْبَـٰطِلُ مِنۢ بَيْنِ يَدَيْهِ وَلَا مِنْ خَلْفِهِۦ ۖ تَنزِيلٌ مِّنْ حَكِيمٍ حَمِيدٍ ﴿٤٢﴾

41 - 42 - شەكسىزكى، ئۆزلىرىگە قۇرئان كەلگەندە، ئۇنى ئىنكار قىلغانلار بۇ قىلمىشىنىڭ جازاسىنى چوقۇم تارتىدۇ، دوزاختا ئازابلىنىدۇ. شەكسىزكى، بۇ قۇرئان ئاللاھنىڭ ئەزىز قىلىشى ۋە قوغدىشى بىلەن ھەممىگە غالىب كېلىدىغان، ھەرقانداق بىر ئۆزگەرتىش ۋە بۇرمىلاشتىن ساقلانغان كىتابتۇر. ئۇنىڭغا ھېچقايسى تەرەپتىن ساختىلىق يۈزلەنمەيدۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىم زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇ كەم - زىيادە قىلىنىشتىن ساقلانغان كىتاب بولۇپ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيەگە لايىق ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.

مَّا يُقَالُ لَكَ إِلَّا مَا قَدْ قِيلَ لِلرُّسُلِ مِن قَبْلِكَ ۚ إِنَّ رَبَّكَ لَذُو مَغْفِرَةٍ وَذُو عِقَابٍ أَلِيمٍ ﴿٤٣﴾

43 - ئى پەيغەمبەر! بۇ مۇشرىكلارنىڭ ساڭا ئېيتقان سۆزلىرى بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ

قەۋملىرى ئىچىدىكى كاپىرلار ئۇز پەيغەمبەرلىرىگە ئېيتقان سۆزلەرنىڭ ئۆزىدۇر. كىشىلەرنى ئاللاھقا دەۋەت قىلىش يولىدا بېشىڭغا كەلگەنلەرگە سەۋر قىلغىن. شەكسىزكى، رەببىڭ تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، كاپىرلىقنى ۋە گۇناھنى داۋاملاشتۇرغۇچىلارنى قاتتىق ئازابلىغۇچىدۇر.

وَلَوۡ جَعَلۡنَٰهُ قُرۡءَانًا أَعۡجَمِيّٗا لَّقَالُواْ لَوۡلَا فُصِّلَتۡ ءَايَٰتُهُۥٓۖ ءَا۬عۡجَمِيّٞ وَعَرَبِيّٞۗ قُلۡ هُوَ لِلَّذِينَ ءَامَنُواْ هُدٗى وَشِفَآءٞۚ وَٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ فِيٓ ءَاذَانِهِمۡ وَقۡرٞ وَهُوَ عَلَيۡهِمۡ عَمًىۚ أُوْلَٰٓئِكَ يُنَادَوۡنَ مِن مَّكَانِۭ بَعِيدٖ ﴿٤٤﴾

44 - ئى پەيغەمبەر! مۇبادا بىز ساڭا نازىل قىلغان بۇ قۇرئاننى ئەرەب تىلىدىن باشقا تىلدا نازىل قىلغان بولساق، مۇشرىكلار ئەلۋەتتە: «ئۇنىڭ ئايەتلىرى بىز بىلىدىغان ۋە چۈشىنىدىغان تىلدا ئوچۇق بايان قىلىنسا بولمامتى؟ پەيغەمبەر ئەرەب تۇرسا، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتاب باشقا تىلدا بولسا قانداق بولىدۇ؟ بۇ توغرا ئەمەس» دەيتتى. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، بۇ قۇرئان ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقانلارنى ئازغۇنلۇقتىن ھىدايەتكە چىقىرىدىغان، ئۇلارنىڭ دىلىدىكى شەك قاتارلىق ئىللەتلەرگە شىپا بولىدىغان كىتابتۇر. قۇرئانغا ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ قۇلاقلىرىدا ئۇنى ئاڭلاشتىن ۋە تەپەككۇر قىلىشتىن توسۇپ تۇرىدىغان ئېغىرلىق بار، قۇرئان ئۇلارنىڭ دىللىرىغا كورلۇقتۇر. شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن ھىدايەت تاپالمايدۇ. ئۇ مۇشرىكلار يىراقتىن چاقىرىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ نىمىگە چاقىرىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمايۋاتقان ۋە چاقىرغۇچىغا جاۋاب بېرەلمىگەن ئادەمگە ئوخشاشتۇر.

وَلَقَدۡ ءَاتَيۡنَا مُوسَى ٱلۡكِتَٰبَ فَٱخۡتُلِفَ فِيهِۗ وَلَوۡلَا كَلِمَةٞ سَبَقَتۡ مِن رَّبِّكَ لَقُضِيَ بَيۡنَهُمۡۚ وَإِنَّهُمۡ لَفِي شَكّٖ مِّنۡهُ مُرِيبٖ ﴿٤٥﴾

45 - شەكسىزكى، بىز ساڭا قۇرئاننى نازىل قىلغاندەك مۇساغا تەۋراتنى ئاتا قىلغان ئىدۇق. قەۋمى ئۇنىڭدا ئىختىلاپ قىلىشتى، بەزىسى ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتى، بەزىسى ئۇنى ئىنكار قىلدى. ئەگەر رەببىڭ تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرۈش توغرۇلۇق ئالدىن ئېيتىلغان بىر سۆز بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە كاپىرلارنى دەرھال ھالاك قىلىش ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى. شەكسىزكى، مۇشرىكلار قۇرئان توغرىسىدا چوڭقۇر شەكتىدۇر.

مَّنۡ عَمِلَ صَٰلِحٗا فَلِنَفۡسِهِۦۖ وَمَنۡ أَسَآءَ فَعَلَيۡهَاۗ وَمَا رَبُّكَ بِظَلَّٰمٖ لِّلۡعَبِيدِ ﴿٤٦﴾

46 - كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىپ ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، قىلغان ياخشى ئەمەلىنىڭ پايدىسى ئۇنىڭ ئۆزىگىدۇر، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ يامان ئىش قىلىدىكەن، يامان ئەمەلىنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگىدۇر. رەببىڭ بەندىلەرگە ئۇۋال قىلغۇچى ئەمەستۇر.

۞ إِلَيۡهِ يُرَدُّ عِلۡمُ ٱلسَّاعَةِۚ وَمَا تَخۡرُجُ مِن ثَمَرَٰتٖ مِّنۡ أَكۡمَامِهَا وَمَا تَحۡمِلُ مِنۡ أُنثَىٰ وَلَا تَضَعُ إِلَّا بِعِلۡمِهِۦۚ وَيَوۡمَ يُنَادِيهِمۡ أَيۡنَ شُرَكَآءِي قَالُوٓاْ ءَاذَنَّٰكَ مَا مِنَّا مِن شَهِيدٖ ﴿٤٧﴾

47 - قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىلىم ئاللاھقا خاستۇر. چۈنكى قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. مېۋىلەرنىڭ بوغۇنلىرىدىن چىقىشى، ھەرقانداق بىر چىشىنىڭ ھامىلدار بولۇشى ۋە تۇغۇشى قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى

ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ قىيامەت كۈنى مۇشرىكلارغا كايىپ ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئاشكارىلاپ: «سىلەر ئىبادەت قىلىشتا ماڭا قوشۇۋالغان ئاتالمىش شېرىكلىرىم قېنى؟» دەپ نىدا قىلىدۇ، ئۇلار: «ساڭا مەلۇم قىلىمىزكى، ئارىمىزدا ھېچكىم سېنىڭ شېرىكىڭ بار دەپ گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ» دەيدۇ.

وَضَلَّ عَنۡهُم مَّا كَانُواْ يَدۡعُونَ مِن قَبۡلُۖ وَظَنُّواْ مَا لَهُم مِّن مَّحِيصٖ ﴿٤٨﴾

48 ـ ئۇ مۇشرىكلارنىڭ دۇنيادا چوقۇنغان مەبۇدلىرى ئۇلاردىن غايىب بولىدۇ، ئۇلارغا قىلچە مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇلار شۇ چاغدا ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قاچىدىغان جاي يوق ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدۇ.

لَّا يَسۡـَٔمُ ٱلۡإِنسَٰنُ مِن دُعَآءِ ٱلۡخَيۡرِ وَإِن مَّسَّهُ ٱلشَّرُّ فَيَـُٔوسٞ قَنُوطٞ ﴿٤٩﴾

49 ـ ئىنسان دۇنيالىق ئۈچۈن رەببىدىن ئۆزىگە ياخشىلىق تىلەشتىن زېرىكمەيدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا يوقسۇللۇق، قاتتىقچىلىق دېگەندەك بىرەر كۆلپەت يېتىپ قالسا، ئۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن تولىمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ، ئاللاھ ماڭا ياردەم قىلمايدۇ دەپ ئويلايدۇ.

وَلَئِنۡ أَذَقۡنَٰهُ رَحۡمَةٗ مِّنَّا مِنۢ بَعۡدِ ضَرَّآءَ مَسَّتۡهُ لَيَقُولَنَّ هَٰذَا لِي وَمَآ أَظُنُّ ٱلسَّاعَةَ قَآئِمَةٗ وَلَئِن رُّجِعۡتُ إِلَىٰ رَبِّيٓ إِنَّ لِي عِندَهُۥ لَلۡحُسۡنَىٰۚ فَلَنُنَبِّئَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِمَا عَمِلُواْ وَلَنُذِيقَنَّهُم مِّنۡ عَذَابٍ غَلِيظٖ ﴿٥٠﴾

50 ـ ئەگەر بىز ئىنسانغا بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۆلپەتتىن كېيىن، دەرگاھىمىزدىن بىر رەھمەت ئاتا قىلىپ نېمەتنى تېتىتساق، ئۇ ئاللاھقا شۈكۈر قىلمايدۇ. ئەكسىچە، ھەددىدىن ئېشىپ: «بۇ مېنىڭ ھەققىمدۇر، مەن ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغانلىقىم ئۈچۈن ماڭا كەلدى. قىيامەتنى بولمايدۇ دەپ ئويلايمەن، مۇبادا قىيامەت بولۇپ مەن رەببىمنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، شەكسىزكى، رەببىمنىڭ يېنىدا ماڭا جەننەت بار» دەيدۇ. قىيامەت كۈنىدە كاپىرلارغا بۇ دۇنيادىكى بارلىق قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىمىز ۋە ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز.

وَإِذَآ أَنۡعَمۡنَا عَلَى ٱلۡإِنسَٰنِ أَعۡرَضَ وَنَـَٔا بِجَانِبِهِۦ وَإِذَا مَسَّهُ ٱلشَّرُّ فَذُو دُعَآءٍ عَرِيضٖ ﴿٥١﴾

51 ـ بىز ئىنسانغا تەن ساقلىقى ياكى كەڭ رىزىق دېگەندەك ياخشىلىق ئاتا قىلساق، ئۇ بۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشتىن ۋە ھەقىقەتكە بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر كۆلپەت يەتسە، ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ توختىماي دۇئا قىلىدۇ.

قُلۡ أَرَءَيۡتُمۡ إِن كَانَ مِنۡ عِندِ ٱللَّهِ ثُمَّ كَفَرۡتُم بِهِۦ مَنۡ أَضَلُّ مِمَّنۡ هُوَ فِي شِقَاقِۭ بَعِيدٖ ﴿٥٢﴾

52 ـ ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ ئىنكارچىلارغا ئېيتقىنكى: «دەپ بېقىڭلارچۇ، بۇ (قۇرئان ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان بولسا، ئاندىن سىلەر ئۇنى ئىنكار قىلغان بولساڭلار، سىلەردىن ئازغۇن ئادەم يوقتۇر. چۈنكى سىلەر قۇرئاننى ئىنكار قىلىش بىلەن ھەقىقەتتىن پۈتۈنلەي يىراقلىشىپ كەتكەن بولىدۇڭلار».

سَنُرِيهِمۡ ءَايَٰتِنَا فِي ٱلۡأٓفَاقِ وَفِيٓ أَنفُسِهِمۡ حَتَّىٰ يَتَبَيَّنَ لَهُمۡ أَنَّهُ ٱلۡحَقُّۗ أَوَلَمۡ يَكۡفِ بِرَبِّكَ أَنَّهُۥ عَلَىٰ

كُلِّ شَيۡءٖ شَهِيدٌ ﴿٥٣﴾

53 - ئاشۇ ئىنكارچىلارغا قۇرئاننىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەق كىتاب ئىكەنلىكى شەك قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە ئېنىق ئايان بولغانغا قەدەر، بىز ئۇلارغا شەھەرلەرنىڭ پەتھى قىلىنىشى، ئىسلامنىڭ ھەرقايسى مەملىكەت ۋە رايونلارغا كەڭ تارقىلىشى، ئۇنىڭ بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇشىدىن ئىبارەت ئالامەتلىرىمىزنى ۋە ئاسمان - زېمىن ئەتراپىدىكى، ئۆزلىرىدىكى قۇدرىتىمىزگە، گۈزەل سەنئەتلىرىمىزگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەرنى كۆرسىتىپ تۇرىمىز. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقى، قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئاللاھنىڭ گۇۋاھ بولغانلىقى يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ چۈنكى، ئاللاھ قۇرئاننىڭ ھەق كىتاب ئىكەنلىكىگە گۇۋاھتۇر، ئاللاھنىڭ گۇۋاھلىقىدىن چوڭ گۇۋاھلىق يوقتۇر.

أَلَآ إِنَّهُمۡ فِي مِرۡيَةٖ مِّن لِّقَآءِ رَبِّهِمۡۗ أَلَآ إِنَّهُۥ بِكُلِّ شَيۡءٖ مُّحِيطُۢ ﴿٥٤﴾

54 - بىلىڭلاركى، ئۇ كاپىرلار ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىش ھەققىدە شەك ئىچىدىدۇر، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ئىلمى ۋە قۇدرىتى بىلەن قورشاپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇنىڭغا ئاسمان - زېمىندا ھېچقانداق نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر.

# شۇرا سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

حمٓ ﴿١﴾ عٓسٓقٓ ﴿٢﴾

1 ـ 2ـ ھا، مىيم، ئەين، سىين، قاف (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ
بېشىدا ئۆتتى).

كَذَٰلِكَ يُوحِيٓ إِلَيۡكَ وَإِلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِكَ ٱللَّهُ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٣﴾

3 ـ ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ ساڭا بۇ قۇرئاننى نازىل قىلغاندەك سەندىن ئىلگىرىكى
پەيغەمبەرلەرگىمۇ ساماۋى كىتابلارنى نازىل قىلغان ئىدى. ئاللاھ ئاسىي ـ گۇناھكارلارنى
جازالاشتا كۈچلۈكتۇر، ھەممە ئىشلىرىدا ۋە سۆزلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

لَهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۖ وَهُوَ ٱلۡعَلِيُّ ٱلۡعَظِيمُ ﴿٤﴾

4 ـ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھ زاتىدا،
قۇدرىتىدە ھەممىدىن ئۈستۈن ۋە ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر.

تَكَادُ ٱلسَّمَٰوَٰتُ يَتَفَطَّرۡنَ مِن فَوۡقِهِنَّۚ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ يُسَبِّحُونَ بِحَمۡدِ رَبِّهِمۡ وَيَسۡتَغۡفِرُونَ لِمَن فِي ٱلۡأَرۡضِۗ
أَلَآ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٥﴾

5 ـ ئاسمانلارنىڭ ھەربىرى ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ئەيمىنىپ يۇقىرى تەرىپىدىن يېرىلىپ
كېتىشكە تاس قالىدۇ، پەرىشتىلەر رەببىنى مەدھىيەلەپ، ئۇنى بارچە نۇقسانلاردىن
پاك دەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدە يەر يۈزىدىكى مۇئمىنلەرنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت
قىلىنىشىنى تىلەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئاللاھ بەندىلىرى ئىچىدىكى مۇئمىنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى
ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

وَٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ مِن دُونِهِۦٓ أَوۡلِيَآءَ ٱللَّهُ حَفِيظٌ عَلَيۡهِمۡ وَمَآ أَنتَ عَلَيۡهِم بِوَكِيلٍ ﴿٦﴾

6 ـ ئاللاھنى قويۇپ باشقىلارنى ئىلاھ قىلىۋالغان ۋە ئۇلارغا چوقۇنغانلارنىڭ قىلمىشلىرىنى
ئاللاھ كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ. ئى پەيغەمبەر!
سەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن مەسئۇل ئەمەسسەن. سەن پەقەتلا ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن.
شۇڭا سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ دىنىنى يەتكۈزۈشتۇر، بىزنىڭ ئىشىمىز بولسا ئۇلاردىن
ھېساب ئېلىشتۇر.

وَكَذَٰلِكَ أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ قُرۡءَانًا عَرَبِيّٗا لِّتُنذِرَ أُمَّ ٱلۡقُرَىٰ وَمَنۡ حَوۡلَهَا وَتُنذِرَ يَوۡمَ ٱلۡجَمۡعِ لَا رَيۡبَ فِيهِۚ
فَرِيقٞ فِي ٱلۡجَنَّةِ وَفَرِيقٞ فِي ٱلسَّعِيرِ ﴿٧﴾

7 ـ مەككە ئاھالىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ۋە كىشىلەرنى

كېلىدىغانلىقىدا قەتئىي شەك بولمىغان قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، سەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغىنىمىزدەك ساڭا قۇرئاننى ئەرەب تىلىدا ۋەھيى قىلدۇق. ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئىككى پىرقىگە ئايرىلىدىغان بولۇپ، بىر پىرقە جەننەتتە، يەنە بىر پىرقە جەھەننەمدە بولىدۇ. جەننەتكە كىرىدىغان پىرقە ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن دىنغا ئەگەشكەن كىشىلەردۇر، دوزاخقا كىرىدىغان پىرقە ئاللاھنى ئىنكار قىلغان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن دىنغا قارشى تۇرغان كاپىرلاردۇر.

وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ لَجَعَلَهُمۡ أُمَّةٗ وَٰحِدَةٗ وَلَٰكِن يُدۡخِلُ مَن يَشَآءُ فِي رَحۡمَتِهِۦۚ وَٱلظَّٰلِمُونَ مَا لَهُم مِّن وَلِيّٖ وَلَا نَصِيرٍ ﴿٨﴾

8 - ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، جىمى بەندىلىرىنى ھىدايەت قىلىپ ھەممىسىنى بىر ئۈممەت قىلاتتى، لېكىن ئاللاھ خالىغان ئادەمنى رەھمىتىگە كىرگۈزۈشنى ئىرادە قىلدى. ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارغا قىيامەت كۈنى ھېچقانداق ئىگە، ھېچقانداق مەدەتكار يوقتۇر، ئۇلارنى ئازابتىن قۇتقۇزۇپ قويىدىغان بىرەر ياردەمچى چىقمايدۇ.

أَمِ ٱتَّخَذُواْ مِن دُونِهِۦٓ أَوۡلِيَآءَۖ فَٱللَّهُ هُوَ ٱلۡوَلِيُّ وَهُوَ يُحۡيِ ٱلۡمَوۡتَىٰ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿٩﴾

9 - ئۇ مۇشرىكلار ئاللاھنى قويۇپ باشقىلارنى ئۆزىگە مەدەتكار قىلىۋالدى. ھالبۇكى، يېگانە مەدەتكار ئاللاھتۇر، مۆئمىنلەر تائەت - ئىبادەتلىرى بىلەن ئاللاھنى ئۇلۇغلايدۇ. ئاللاھمۇ مۆئمىن بەندىلىرىنى ئۇلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىدا قاراڭغۇلۇقلاردىن يورۇقلۇققا چىقىرىش بىلەن ھىمايە قىلىدۇ، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر، ھېچقانداق ئىشتىن ئاجىز كەلمەيدۇ.

وَمَا ٱخۡتَلَفۡتُمۡ فِيهِ مِن شَيۡءٖ فَحُكۡمُهُۥٓ إِلَى ٱللَّهِۚ ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبِّي عَلَيۡهِ تَوَكَّلۡتُ وَإِلَيۡهِ أُنِيبُ ﴿١٠﴾

10 - ئى ئىنسانلار! سىلەر دىنىڭلارغا مۇناسىۋەتلىك قانداقلا بىر ئىشتا ئىختىلاپلىشىپ قالساڭلار، ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىشتۇر. ئەنە شۇ ئاللاھ مېنىڭمۇ، سىلەرنىڭمۇ رەببىمىزدۇر. مەن بارلىق ئىشلىرىمدا ئۇنىڭغىلا تايانىمەن، ھەممە ئىشتا ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگىلا مۇراجىئەت قىلىمەن.

فَاطِرُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ جَعَلَ لَكُم مِّنۡ أَنفُسِكُمۡ أَزۡوَٰجٗا وَمِنَ ٱلۡأَنۡعَٰمِ أَزۡوَٰجٗا يَذۡرَؤُكُمۡ فِيهِۚ لَيۡسَ كَمِثۡلِهِۦ شَيۡءٞۖ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡبَصِيرُ ﴿١١﴾

11 - ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىرادىسى، قۇدرىتى ۋە ھېكمىتى بىلەن ياراتقان يېگانە ياراتقۇچىدۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۆزىڭىز - ئۆلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئۆز تىپىڭلاردىن جۈپلەرنى قىلىپ بەردى، سىلەرگە ھايۋانلاردىنمۇ ئەركەك - چىشىلەرنى قىلىپ بەردى، ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى ئارقىلىق سىلەرنى كۆپەيتىدۇ، ھېچقانداق بىر مەخلۇقات ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەستۇر، چۈنكى ئاللاھ زاتىدا، ئىسىم - پائالىيەتلىرىدە ۋە ئىسىم - سۈپەتلىرىدە ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان يەككە - يېگانە زاتتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ھەممىسى گۈزەل، سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسى كامالەت، ئىش - پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى كاتتا ۋە ئۇلۇغ ئىشلاردۇر. ئاللاھ ئاشۇ كاتتا

ئىش - پائالىيەتلىرى ئارقىلىق بارچە مەۋجۇداتنى ئۆرنەكسىز ياراتتى. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھقا بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىدىن ۋە گەپ - سۆزلىرىدىن ھېچقاندىقى مەخپىي ئەمەس. ئاللاھ ئۇلارغا شۇنىڭغا ئاساسەن مۇكاپات ياكى جازا بەلگىلەيدۇ.

لَهُۥ مَقَالِيدُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ يَبْسُطُ ٱلرِّزْقَ لِمَن يَشَآءُ وَيَقْدِرُ ۚ إِنَّهُۥ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌ ﴿١٢﴾

12 - ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئىگىدارچىلىقى ئاللاھقا خاستۇر، رەھمەت ۋە رىزقنىڭ ئاچقۇچلىرى ئۇنىڭ قولىدىدۇر، ئۇ خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھقا بەندىلىرىنىڭ ھېچقانداق بىر ئىشى مەخپىي ئەمەستۇر.

۞ شَرَعَ لَكُم مِّنَ ٱلدِّينِ مَا وَصَّىٰ بِهِۦ نُوحًا وَٱلَّذِىٓ أَوْحَيْنَآ إِلَيْكَ وَمَا وَصَّيْنَا بِهِۦٓ إِبْرَٰهِيمَ وَمُوسَىٰ وَعِيسَىٰٓ ۖ أَنْ أَقِيمُوا۟ ٱلدِّينَ وَلَا تَتَفَرَّقُوا۟ فِيهِ ۚ كَبُرَ عَلَى ٱلْمُشْرِكِينَ مَا تَدْعُوهُمْ إِلَيْهِ ۚ ٱللَّهُ يَجْتَبِىٓ إِلَيْهِ مَن يَشَآءُ وَيَهْدِىٓ إِلَيْهِ مَن يُنِيبُ ﴿١٣﴾

13 - ئى ئىنسانلار! ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆزى ۋەھيى قىلغان ئىسلام دىنىنى سىلەرگە دىن قىلىپ بەلگىلىدى. ئىلگىرى بۇ دىننى نۇھقا، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىيساغا تەۋسىيە قىلغان ئىدى. ئۇلارغا: «دىننى ئاللاھقا خالىس ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلىش بىلەن بەرپا قىلىڭلار، ئاللاھ بۇيرۇغان دىندا ئىختىلاپلىشىپ بۆلۈنمەڭلار» دەپ بۇيرۇغان ئىدى. ئى پەيغەمبەر! ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا خالىس ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت سەن دەۋەت قىلىۋاتقان ئىسلام دىنى مۇشرىكلارغا ئېغىر كەلدى. ئاللاھ بۇ ھەق دىنغا بەندىلىرى ئىچىدىن ئۆزى خالىغان ئادەمنى تاللايدۇ ۋە ئۆزى تەرەپكە يول ئالغان ئادەمنى تائەت - ئىبادەتكە مۇۋەپپەق قىلىدۇ.

وَمَا تَفَرَّقُوٓا۟ إِلَّا مِنۢ بَعْدِ مَا جَآءَهُمُ ٱلْعِلْمُ بَغْيًۢا بَيْنَهُمْ ۚ وَلَوْلَا كَلِمَةٌ سَبَقَتْ مِن رَّبِّكَ إِلَىٰٓ أَجَلٍ مُّسَمًّى لَّقُضِىَ بَيْنَهُمْ ۚ وَإِنَّ ٱلَّذِينَ أُورِثُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ مِنۢ بَعْدِهِمْ لَفِى شَكٍّ مِّنْهُ مُرِيبٍ ﴿١٤﴾

14 - مۇشرىكلار ئۆزلىرىگە ئىلىم كەلگەن ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكى توغرىسىدا دەلىل - پاكىتلار تولۇق ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، پىرقىلەرگە ۋە مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىغا تۈرتكە بولغان نەرسە ئۇلارنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى ۋە كاپىرلىقتا چىڭ تۇرۇۋېلىشتىن ئىبارەت بويۇنتاۋلۇقى ئىدى. ئى پەيغەمبەر! ئەگەر رەببىڭنىڭ ئۇلارنىڭ جازاسىنى قىيامەت كۈنىگە قەدەر كېچىكتۈرۈش ھەققىدىكى ئالدىن ئېيتقان سۆزى بولمىسا ئىدى، كاپىرلارنىڭ جازاسىنى تېزلىتىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقارغان بولاتتى. دىندا ئىختىلاپلاشقان ئاشۇ كىشىلەردىن كېيىن تەۋرات ۋە ئىنجىل قاتارلىق ساماۋى كىتابلارغا ۋارىسلىق قىلغانلار دىندا چوڭقۇر شەك ئىچىدە بولۇپ كەلدى.

فَلِذَٰلِكَ فَٱدْعُ ۖ وَٱسْتَقِمْ كَمَآ أُمِرْتَ ۖ وَلَا تَتَّبِعْ أَهْوَآءَهُمْ ۖ وَقُلْ ءَامَنتُ بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ مِن كِتَٰبٍ ۖ وَأُمِرْتُ لِأَعْدِلَ بَيْنَكُمُ ۖ ٱللَّهُ رَبُّنَا وَرَبُّكُمْ ۖ لَنَآ أَعْمَٰلُنَا وَلَكُمْ أَعْمَٰلُكُمْ ۖ لَا حُجَّةَ بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمُ ۖ ٱللَّهُ يَجْمَعُ بَيْنَنَا ۖ وَإِلَيْهِ ٱلْمَصِيرُ ﴿١٥﴾

15 - ئى پەيغەمبەر! سەن ئىنسانلارنى ئاللاھ جىمى پەيغەمبەرلەرگە بەلگىلەپ بەرگەن ئاشۇ ھەق دىنغا چاقىرغىن، ئاللاھ سېنى بۇيرۇغاندەك توغرا يولدا مۇستەھكەم بولغىن،

ھەقىقەت توغرۇلۇق شەك قىلىپ، دىنىدىن ئېزىپ كەتكەنلەرنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن ۋە ئېيتقىن: «مەن ئاللاھ پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىگە ئىمان ئېيتتىم، رەببىم مېنى ئاراڭلاردا ئادالەتلىك بولۇشقا بۇيرىدى، ئاللاھ بىزنىڭمۇ رەببىمىزدۇر، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر، بىزنىڭ ياخشى ئەمەللىرىمىزنىڭ ساۋابى ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ يامان ئەمەللىرىڭلارنىڭ جازاسىمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر. ھەقىقەت ئايان بولغاندىن كېيىن، سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا مۇنازىرىلىشىپ يۈرۈشكە ھاجەت يوق. ئاللاھ قىيامەت كۈنى ھەممىمىزنى يىغىدۇ ۋە بىز ئىختىلاپلاشقان مەسىلە توغرىسىدا ئارىمىزدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ھەممە خالايىقنىڭ ئاخىر قايتىدىغان جايى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر. ئاللاھ شۇ چاغدا ھەربىر ئادەمگە تېگىشلىك مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى بېرىدۇ».

وَٱلَّذِينَ يُحَآجُّونَ فِي ٱللَّهِ مِنۢ بَعۡدِ مَا ٱسۡتُجِيبَ لَهُۥ حُجَّتُهُمۡ دَاحِضَةٌ عِندَ رَبِّهِمۡ وَعَلَيۡهِمۡ غَضَبٞ وَلَهُمۡ عَذَابٞ شَدِيدٌ ﴿١٦﴾

16 - كىشىلەر ئاللاھنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتكەن دىنى توغرۇلۇق بەس - مۇنازىرە قىلىشىدىغانلارنىڭ بەس-مۇنازىرىلىرى رەببىنىڭ دەرگاھىدا بىكاردۇر. ئۇلار دۇنيادا ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، ئاخىرەتتە ئۇلارغا دوزاخ ئازابىدىن ئىبارەت قاتتىق ئازاب بار.

ٱللَّهُ ٱلَّذِيٓ أَنزَلَ ٱلۡكِتَٰبَ بِٱلۡحَقِّ وَٱلۡمِيزَانَۗ وَمَا يُدۡرِيكَ لَعَلَّ ٱلسَّاعَةَ قَرِيبٞ ﴿١٧﴾

17 - ئاللاھ ئىنسانلار ئارىسىدا ئىنساپ بىلەن ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، قۇرئاننى ۋە باشقا ساماۋى كىتابلارنى ھەق ۋە ھېكمەت بىلەن نازىل قىلغان، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئىنساپ بىلەن ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ئادالەتتىن ئىبارەت مىزاننى نازىل قىلغان زاتتۇر. سەن قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى نەدىن بىلىسەن؟ بەلكى ئۇنىڭ ۋاقتى يېقىندۇر.

يَسۡتَعۡجِلُ بِهَا ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِهَاۖ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مُشۡفِقُونَ مِنۡهَا وَيَعۡلَمُونَ أَنَّهَا ٱلۡحَقُّۗ أَلَآ إِنَّ ٱلَّذِينَ يُمَارُونَ فِي ٱلسَّاعَةِ لَفِي ضَلَٰلِۭ بَعِيدٍ ﴿١٨﴾

18 - قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ئۇنى مەسخىرە قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭ تېز كېلىشىگە ئالدىرايدۇ، ئەمما قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرگەنلەر بولسا ئۇنىڭدىن قورقىدۇ، ئۇنىڭ شەكسىز ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بىلىڭلاركى، قىيامەت توغرۇلۇق جېدەللىشىدىغانلار ئەلۋەتتە چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتىدۇر، ئۇلار ھەقىقەتتىن تولىمۇ يىراقتىدۇر.

ٱللَّهُ لَطِيفُۢ بِعِبَادِهِۦ يَرۡزُقُ مَن يَشَآءُۖ وَهُوَ ٱلۡقَوِيُّ ٱلۡعَزِيزُ ﴿١٩﴾

19 - ئاللاھ بەندىلىرىگە بەكمۇ كۆيۈمچاندۇر. ئۇ خالىغان بەندىسىگە كەڭ رىزىق ئاتا قىلىدۇ، خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن تار قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى كۈچلۈكتۇر، بارچە كۈچ ئۇنىڭدۇر، گۇناھكارلارنى جازالاشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر ۋە ھەممىگە غالىبتۇر.

مَن كَانَ يُرِيدُ حَرۡثَ ٱلۡأٓخِرَةِ نَزِدۡ لَهُۥ فِي حَرۡثِهِۦۖ وَمَن كَانَ يُرِيدُ حَرۡثَ ٱلدُّنۡيَا نُؤۡتِهِۦ مِنۡهَا وَمَا لَهُۥ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ مِن نَّصِيبٍ ﴿٢٠﴾

20 - كىمكى قىلغان ئەمەلى بىلەن ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتىنى كۆزلەپ، ئاللاھنىڭ ھەقلىرىنى ئادا

قىلسا، كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش ئىشلىرىغا پۇل - مال سەرپ قىلسا، بىز ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى كۆپەيتىمىز، ئالدىغان مۇكاپاتىنى ئون ھەسسىگىچە ۋە ئاللاھ خالىغان مىقدارغىچە ئاشۇرۇپ بېرىمىز، كىمكى ئەمەلى بىلەن دۇنيانىڭ مەنپەئەتىنىلا كۆزلىسە، ئۇنىڭغا ئۇ كۆزلىگەن مەنپەئەتتىن بىز تەقدىر قىلغان قىسمىنىلا بېرىمىز. ئەمما ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە مۇكاپاتتىن ھېچبىر نېسىۋە يوقتۇر.

أَمْ لَهُمْ شُرَكَٰٓؤُاْ شَرَعُواْ لَهُم مِّنَ ٱلدِّينِ مَا لَمْ يَأْذَنۢ بِهِ ٱللَّهُۚ وَلَوْلَا كَلِمَةُ ٱلْفَصْلِ لَقُضِىَ بَيْنَهُمْۗ وَإِنَّ ٱلظَّٰلِمِينَ لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٢١﴾

21 - ئۇ مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھقا مەخلۇقاتنى شېرىك قىلىۋېلىشتىن ئىبارەت ئاللاھ رۇخسەت قىلمىغان ئىشلارنى دىن قىلىپ بېكىتىپ بەرگەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟ ئەگەر ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ جازاسىنى ئاخىرەتكە كېچىكتۈرۈش ۋە ئۇلارنى بۇ دۇنيادا جازالىماسلىق ھەققىدىكى ھۆكمى بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئازاب كەلتۈرۈلۈپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى. شەكسىزكى، ئاللاھنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا ئاخىرەتتە ناھايىتى قاتتىق ۋە تولىمۇ دەرتلىك ئازاب بار.

تَرَى ٱلظَّٰلِمِينَ مُشْفِقِينَ مِمَّا كَسَبُواْ وَهُوَ وَاقِعٌۢ بِهِمْۗ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فِى رَوْضَاتِ ٱلْجَنَّاتِۖ لَهُم مَّا يَشَآءُونَ عِندَ رَبِّهِمْۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَضْلُ ٱلْكَبِيرُ ﴿٢٢﴾

22 - ئى پەيغەمبەر! قىيامەت كۈنى ئۇ كاپىرلارغا ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادىكى رەزىل قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى چۈشكەن چاغدا، سەن ئۇلارنىڭ قورقۇنچتىن تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇلار ئۇ ئازابنى چوقۇم تارتىدۇ. ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان كىشىلەر بولسا ئاخىرەتتە جەننەتلەرنىڭ باغچىلىرىدا ۋە ئېسىل قەسىرلىرىدە نېمەتلىنىدۇ، ئۇلار رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا كۆڭلى تارتقان نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئاللاھ ئۇلارغا ئاتا قىلىدىغان بۇ پەزل- كەرەملەر ھەقىقەتەن كاتتا ئىنئام بولۇپ، ئۇنى سۈپەتلەش ۋە ئىدراك قىلىشقا ئەقىل يەتمەيدۇ.

ذَٰلِكَ ٱلَّذِى يُبَشِّرُ ٱللَّهُ عِبَادَهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِۗ قُل لَّآ أَسْـَٔلُكُمْ عَلَيْهِ أَجْرًا إِلَّا ٱلْمَوَدَّةَ فِى ٱلْقُرْبَىٰۗ وَمَن يَقْتَرِفْ حَسَنَةً نَّزِدْ لَهُۥ فِيهَا حُسْنًاۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ شَكُورٌ ﴿٢٣﴾

23 - ئى ئىنسانلار! ئاخىرەتتىكى نېمەت، ئىززەت - ئىھتىرام قاتارلىق مەن خەۋەر بەرگەن ئىنئاملار، ئاللاھنىڭ بۇ دۇنيادا ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان بەندىلىرىگە بەرگەن خۇش خەۋىرىدۇر. ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭ ئىچىدىكى ئاخىرەت ھەققىدە شەك قىلىدىغانلارغا ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلغانلىقىمغا سىلەرنىڭ ماڭا پۇل - مال بېرىشىڭلارنى تەلەپ قىلمايمەن، پەقەت ئارمىنىزدىكى تۇغقاندارچىلىقنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشىڭلارنىلا تىلەيمەن». كىمكى بىرەر ياخشى ئىش قىلسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئون ھەسسىگىچە ئاشۇرۇپ بېرىمىز. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بەرگۈچىدۇر.

أَمْ يَقُولُونَ ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًاۖ فَإِن يَشَإِ ٱللَّهُ يَخْتِمْ عَلَىٰ قَلْبِكَۗ وَيَمْحُ ٱللَّهُ ٱلْبَٰطِلَ وَيُحِقُّ ٱلْحَقَّ بِكَلِمَٰتِهِۦٓۚ إِنَّهُۥ عَلِيمٌۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿٢٤﴾

24 - ئاشۇ مۇشرىكلار «مۇھەممەد ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇدى، ئۇ بىزگە ئوقۇپ بەرگەن قۇرئان ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققان سۆزلەردۇر» دەۋاتامدۇ؟ ئى پەيغەمبەر! ئەگەر

سەن شۇنداق قىلغان بولساڭ، ئاللاھ خالىسا، سېنىڭ قەلبىڭنى پېچەتلىۋەتكەن بولاتتى. ھەقىقەت شۇكى، قۇرئان ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر، سەن ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغان ئېيتمىدىڭ. ئاللاھ باتىلنى (يەنى ھەرقانداق ساختىلىقنى) ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ، ئۆزىنىڭ ئۆزگەرمەس سۆزلىرى ۋە چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغان راست ۋەدىلىرى ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ دىللىرىدىكىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئىش مەخپىي ئەمەستۇر.

وَهُوَ ٱلَّذِي يَقۡبَلُ ٱلتَّوۡبَةَ عَنۡ عِبَادِهِۦ وَيَعۡفُواْ عَنِ ٱلسَّيِّـَٔاتِ وَيَعۡلَمُ مَا تَفۡعَلُونَ ﴿٢٥﴾

25 - ئاللاھ گۇناھىغا پۇشايمان قىلىپ، ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان بەندىسىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىنى ئەپۇ قىلىدىغان، سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ياخشى - يامان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدىغان زاتتۇر. سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلاردىن ھېچبىرى ئاللاھقا مەخپىي ئەمەستۇر، ئاللاھ شۇنىڭغا ئاساسەن سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

وَيَسۡتَجِيبُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَيَزِيدُهُم مِّن فَضۡلِهِۦۚ وَٱلۡكَٰفِرُونَ لَهُمۡ عَذَابٞ شَدِيدٞ ﴿٢٦﴾

26 - ئاللاھ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ پەزل - كەرىمىدىن ئۇلارغا مۇكاپاتلىرىنى ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا ئاخىرەتتە ئىنتايىن قاتتىق ۋە دەرتلىك ئازاب بار.

۞ وَلَوۡ بَسَطَ ٱللَّهُ ٱلرِّزۡقَ لِعِبَادِهِۦ لَبَغَوۡاْ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلَٰكِن يُنَزِّلُ بِقَدَرٖ مَّا يَشَآءُۚ إِنَّهُۥ بِعِبَادِهِۦ خَبِيرُۢ بَصِيرٞ ﴿٢٧﴾

27 - ئەگەر ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ رىزقىنى بەك كەڭ قىلىۋەتسە ئىدى، ئۇلار ئەلۋەتتە يەر يۈزىدە ھەددىدىن ئېشىپ كېتەتتى، بىر - بىرىنى بوزەك قىلغان بولاتتى. لېكىن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ رىزقىنى ئۇلارغا يېتىدىغان مىقداردا ئۆزى خالىغانچە چۈشۈرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ بەندىلىرىگە نېمىنىڭ مەنپەئەتلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

وَهُوَ ٱلَّذِي يُنَزِّلُ ٱلۡغَيۡثَ مِنۢ بَعۡدِ مَا قَنَطُواْ وَيَنشُرُ رَحۡمَتَهُۥۚ وَهُوَ ٱلۡوَلِيُّ ٱلۡحَمِيدُ ﴿٢٨﴾

28 - ئاللاھ ئىنسانلار يامغۇردىن ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن، ئۇلارغا يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدىغان يېگانە زاتتۇر. ئاللاھ ئۆز رەھمىتىنى بەندىلىرى ئارىسىغا كەڭ تارقىتىدۇ، ھەممىسىنى يامغۇردىن بەھرىمەن قىلىدۇ. ئاللاھ پەزل - كەرەمى بىلەن بەندىلىرىنى پەرۋىش قىلىدىغان زاتتۇر، ئۇ ھەممە ئىشىدا مەدھىيەگە لايىقتۇر.

وَمِنۡ ءَايَٰتِهِۦ خَلۡقُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا بَثَّ فِيهِمَا مِن دَآبَّةٖۚ وَهُوَ عَلَىٰ جَمۡعِهِمۡ إِذَا يَشَآءُ قَدِيرٞ ﴿٢٩﴾

29 - ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى، ئۇلۇغلۇقىنى ۋە يېگانە پادىشاھلىقىنى كۆرسىتىدىغان كائىنات دەلىللىرىدىن بىرى، ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ئۆرنەكسىز يارىتىلغانلىقى ۋە ئاللاھنىڭ بۇ ئىككىسىدە ھەر خىل جانلىقلارنى تارقىتىۋەتكەنلىكىدۇر. ئاللاھ قىيامەت

كۆنى بارچە خالايىقنى تىرىلدۈرۈپ توپلاشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئىش قىيىن ئەمەس.

وَمَآ أَصَٰبَكُم مِّن مُّصِيبَةٍ فَبِمَا كَسَبَتۡ أَيۡدِيكُمۡ وَيَعۡفُواْ عَن كَثِيرٖ ﴿٣٠﴾

30 - ئى ئىنسانلار! دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىڭلاردا بېشىڭلارغا كەلگەن ھەرقانداق بىر مۇسىبەت سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار سادىر قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىندۇر. شۇنداقتىمۇ رەببىڭلار گۇناھىڭلاردىن نۇرغۇنلىرىنى ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ ۋە سىلەرنى جازالىمايدۇ.

وَمَآ أَنتُم بِمُعۡجِزِينَ فِي ٱلۡأَرۡضِۖ وَمَا لَكُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ مِن وَلِيّٖ وَلَا نَصِيرٖ ﴿٣١﴾

31 - ئى ئىنسانلار! (ئەگەر ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلساڭلار) يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا ئىگە بولىدىغان، سىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ھېچبىر ئىگە ۋە سىلەرنى زىيان - زەخمەتتىن ساقلاپ قالىدىغان ھېچبىر مەدەتكار يوقتۇر.

وَمِنۡ ءَايَٰتِهِ ٱلۡجَوَارِ فِي ٱلۡبَحۡرِ كَٱلۡأَعۡلَٰمِ ﴿٣٢﴾ إِن يَشَأۡ يُسۡكِنِ ٱلرِّيحَ فَيَظۡلَلۡنَ رَوَاكِدَ عَلَىٰ ظَهۡرِهِۦٓۚ إِنَّ
فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّكُلِّ صَبَّارٖ شَكُورٍ ﴿٣٣﴾

32 - 33 - ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە ۋە تەڭداشسىز پادىشاھلىقىغا دالالەت قىلىدىغان دەلىللىرىنىڭ بىرى، تاغدەك چوڭ كېمىلەرنىڭ دېڭىزدا قاتناپ يۈرۈشىدۇر. ئەگەر ئاللاھ خالىسا، شامالنى توختىتىۋېتىدۇ - دە، مېڭىۋاتقان كېمىلەر دېڭىزدا توختاپ قالىدۇ. كېمىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن دېڭىزدا مېڭىشىدا ۋە توختاپ قېلىشىدا، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتا ناھايىتى چىدامچان، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى ھەربىر بەندە ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە ئوپئوچۇق دەلىللەر ۋە ۋەز - نەسىھەتلەر بار.

أَوۡ يُوبِقۡهُنَّ بِمَا كَسَبُواْ وَيَعۡفُ عَن كَثِيرٖ ﴿٣٤﴾

34 - ياكى ئاللاھ بۇ كېمىلەرنى ئىچىدىكى يولۇچىلارنىڭ گۇناھلىرى سەۋەبلىك سۇغا غەرق قىلىۋېتىدۇ. يەنە نۇرغۇن گۇناھلارنى ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ ۋە گۇناھ قىلغۇچىلارنى جازالىمايدۇ.

وَيَعۡلَمَ ٱلَّذِينَ يُجَٰدِلُونَ فِيٓ ءَايَٰتِنَا مَا لَهُم مِّن مَّحِيصٖ ﴿٣٥﴾

35 - بىزنىڭ بىر ئىكەنلىكىمىزگە دالالەت قىلىدىغان ئايەتلىرىمىز ئۈستىدە ئورۇنسىز دەتالاش قىلىدىغانلار ئاللاھ ئۇلارنى گۇناھى تۈپەيلى جازالىغان چاغدا ئۆزلىرىگە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قېچىپ كېتىدىغان ھېچقانداق جاي يوقلۇقىنى بىلىپ قالىدۇ.

فَمَآ أُوتِيتُم مِّن شَيۡءٖ فَمَتَٰعُ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۖ وَمَا عِندَ ٱللَّهِ خَيۡرٞ وَأَبۡقَىٰ لِلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَلَىٰ رَبِّهِمۡ
يَتَوَكَّلُونَ ﴿٣٦﴾

36 - ئى ئىنسانلار! پۇل - مال ۋە بالىچاقا قاتارلىق سىلەرگە بېرىلگەن ھەرقانداق نەرسە، پەقەتلا مۇشۇ دۇنيا ھاياتىدا سىلەر مەنپەئەتلىنىدىغان نەرسىلەر بولۇپ، تېزلا يوقىلىپ كېتىدۇ. ئەمما ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى جەننەت نېمىتى بولسا ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ھەر ئىشتا ئاللاھقا تايىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ھەممىدىن ياخشى ۋە مەڭگۈلۈكتۇر.

وَٱلَّذِينَ يَجۡتَنِبُونَ كَبَٰٓئِرَ ٱلۡإِثۡمِ وَٱلۡفَوَٰحِشَ وَإِذَا مَا غَضِبُواْ هُمۡ يَغۡفِرُونَ ﴿٣٧﴾ وَٱلَّذِينَ ٱسۡتَجَابُواْ لِرَبِّهِمۡ
وَأَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَأَمۡرُهُمۡ شُورَىٰ بَيۡنَهُمۡ وَمِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ يُنفِقُونَ ﴿٣٨﴾ وَٱلَّذِينَ إِذَآ أَصَابَهُمُ ٱلۡبَغۡيُ
هُمۡ يَنتَصِرُونَ ﴿٣٩﴾

37 - 39 - ئۇلار ئاللاھ مەنئى قىلغان چوڭ گۇناھلاردىن ۋە بارلىق قەبىھ قىلمىشلاردىن ساقلىنىدىغان، ئۆزىگە يامانلىق قىلغان كىشىگە دەرغەزەپ بولغان چاغلىرىدا ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئۇنى كەچۈرەلەيدىغان، رەببىنىڭ ئىمانغا ۋە تەۋھىدكە چاقىرغان دەۋىتىگە ئاۋاز قوشىدىغان، پەرز نامازلارنى ئۆز ۋاقتىدا مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، قىلماقچى بولغان ھەرقانداق ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قىلىدىغان، بىز ئاتا قىلغان پۇل - مالنىڭ زاكىتىنى تېگىشلىك بولغان كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ۋە ئاللاھنىڭ يولىغا ئىختىيارىي ھالدا پۇل سەرپ قىلىدىغان، زۇلۇمغا ئۇچرىغاندا زۇلۇم قىلغانلارغا قارشى تۇرالايدىغان ۋە ئۇلارغا تېگىشلىك جازاسىنى بېرىشتە ئاشۇرۇۋەتمەيدىغان كىشىلەردۇر. ئەگەر ئۇلار باشقىلارنىڭ يامانلىقىغا سەۋر قىلسا، ئۇلار كۆپلىگەن ياخشىلىقلارغا ۋە كۆپ ئەجىر - ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

وَجَزَٰٓؤُاْ سَيِّئَةٖ سَيِّئَةٞ مِّثۡلُهَاۖ فَمَنۡ عَفَا وَأَصۡلَحَ فَأَجۡرُهُۥ عَلَى ٱللَّهِۚ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٤٠﴾

40 - بىر يامانلىق قىلغان كىشىنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر، قىلمىشىدىن ئارتۇق جازالاشقا بولمايدۇ. كىمكى ئۆزىگە يامانلىق قىلغان كىشىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئەپۇ قىلسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئارىسىنى تۈزىسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ بېرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ئىنسانلارغا يامانلىق قىلىدىغان زالىملارنى ھەرگىز ياخشى كۆرمەيدۇ.

وَلَمَنِ ٱنتَصَرَ بَعۡدَ ظُلۡمِهِۦ فَأُوْلَٰٓئِكَ مَا عَلَيۡهِم مِّن سَبِيلٍ ﴿٤١﴾

41 - كىمكى زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن يوللۇق ھالدا ئىنتىقام ئالسا، بۇنداق قىلغان كىشىلەرنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ.

إِنَّمَا ٱلسَّبِيلُ عَلَى ٱلَّذِينَ يَظۡلِمُونَ ٱلنَّاسَ وَيَبۡغُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّۚ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ عَذَابٌ
أَلِيمٞ ﴿٤٢﴾

42 - ئەيىبلىنىدىغانلار پەقەت كىشىلەرگە ئورۇنسىز يامانلىق قىلىدىغان ۋە زۇلۇم قىلىدىغان، يەر يۈزىدە ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن چەكتىن ئېشىپ كىشىلەرگە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىدىغانلاردۇر. ئەنە شۇلارغا قىيامەت كۈنى ئەلەملىك ئازاب بار.

وَلَمَن صَبَرَ وَغَفَرَ إِنَّ ذَٰلِكَ لَمِنۡ عَزۡمِ ٱلۡأُمُورِ ﴿٤٣﴾

43 - كىمكى ئەزىيەتكە سەۋر قىلسا ۋە يامانلىق قىلغۇچىنى ئەپۇ قىلسا، شەكسىزكى، بۇ ئەلۋەتتە ئاللاھ بۇيرۇغان ۋە ساۋاب بېرىشنى ۋەدە قىلغان، ماختىلىشقا ۋە رەھمەت ئېيتىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

وَمَن يُضۡلِلِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِن وَلِيّٖ مِّنۢ بَعۡدِهِۦۗ وَتَرَى ٱلظَّٰلِمِينَ لَمَّا رَأَوُاْ ٱلۡعَذَابَ يَقُولُونَ هَلۡ
إِلَىٰ مَرَدّٖ مِّن سَبِيلٖ ﴿٤٤﴾

44 - ئاللاھ كىمنى ئۆزىنىڭ يامانلىقى سەۋەبلىك ئازدۇرسا، ئۇنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان ھېچقانداق بىر ياردەمچى چىقمايدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئاللاھنى ئىنكار قىلغان كاپىرلار

قىيامەت كۈنى ئازابنى كۆرگەن چاغدا، سەن ئۇلارنىڭ ئاللاھقا يالۋۇرۇپ: «ئى رەببىمىز! ساڭا تائەت-ئىبادەت قىلىشقا دۇنياغا قايتىشىمىزغا يول بارمىدۇ؟» دەۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. ئەمما بۇ تەلەپ قوبۇل قىلىنمايدۇ.

وَتَرَىٰهُمۡ يُعۡرَضُونَ عَلَيۡهَا خَٰشِعِينَ مِنَ ٱلذُّلِّ يَنظُرُونَ مِن طَرۡفٍ خَفِيّٖۗ وَقَالَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِنَّ ٱلۡخَٰسِرِينَ ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ وَأَهۡلِيهِمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۗ أَلَآ إِنَّ ٱلظَّٰلِمِينَ فِي عَذَابٖ مُّقِيمٖ ﴿٤٥﴾

45 - ئى پەيغەمبەر! يەنە سەن ئاشۇ كاپىرلارنىڭ خارلىقتىن بېشىنى ساڭگىلاتقان ۋە قاتتىق قورققانلىقتىن كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن يوشۇرۇن قارىغان ھالدا دوزاخقا توغرىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. دۇنيادا ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەر جەننەتتە تۇرۇپ، كاپىرلارنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنى كۆرگەندە: «شۈبھىسىزكى، ھەقىقىي زىيان تارتقۇچىلار قىيامەت كۈنى دوزاخقا كىرىش بىلەن ئۆزىگە ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە زىيان سالغۇچىلاردۇر» دەيدۇ، بىلىڭلاركى، ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ ئۆزىگە ئۇۋال قىلغان زالىملار قىيامەت كۈنى مەڭگۈلۈك ئازابقا دۇچار بولىدۇ، ئۇلار دوزاختىن قەتئىي چىقالمايدۇ، ئازاب ئۇلاردىن ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ.

وَمَا كَانَ لَهُم مِّنۡ أَوۡلِيَآءَ يَنصُرُونَهُم مِّن دُونِ ٱللَّهِۗ وَمَن يُضۡلِلِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِن سَبِيلٍ ﴿٤٦﴾

46 - بۇ كاپىرلارنى ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئازابلىغاندا ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قويىدىغان بىرەر مەدەتكار چىقمايدۇ. ئاللاھ كىمنى ئۆزىنىڭ كاپىرلىقى ۋە زالىملىقى سەۋەبلىك ئازدۇرسا، ئۇنىڭغا دۇنيادا ئۇنى ھەقىقەتكە ئېلىپ بارىدىغان، ئاخىرەتتە جەننەتكە يەتكۈزىدىغان يول تېپىلمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا بارلىق نىجاتلىق يوللىرى تاقالغان بولىدۇ. ھىدايەت قىلىش ياكى ئازدۇرۇش ئاللاھنىڭ قولىدىدۇر.

ٱسۡتَجِيبُواْ لِرَبِّكُم مِّن قَبۡلِ أَن يَأۡتِيَ يَوۡمٞ لَّا مَرَدَّ لَهُۥ مِنَ ٱللَّهِۚ مَا لَكُم مِّن مَّلۡجَإٖ يَوۡمَئِذٖ وَمَا لَكُم مِّن نَّكِيرٖ ﴿٤٧﴾

47 - ئى كاپىرلار! قايتۇرۇۋېتىلىشى بولمايدىغان قىيامەت كۈن كېلىشتىن بۇرۇن رەببىڭلارنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىڭلار ۋە ئىتائەت قىلىڭلار. ئۇ كۈندە سىلەرگە ئازابتىن قاچىدىغان ۋە سىلەرنى يوشۇرىدىغان جاي تېپىلماي قالىدۇ، سىلەرگە ياردەم قىلىدىغان ھېچقانداق بىر مەدەتكار چىقمايدۇ.

فَإِنۡ أَعۡرَضُواْ فَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ عَلَيۡهِمۡ حَفِيظًاۖ إِنۡ عَلَيۡكَ إِلَّا ٱلۡبَلَٰغُۗ وَإِنَّآ إِذَآ أَذَقۡنَا ٱلۡإِنسَٰنَ مِنَّا رَحۡمَةٗ فَرِحَ بِهَاۖ وَإِن تُصِبۡهُمۡ سَيِّئَةُۢ بِمَا قَدَّمَتۡ أَيۡدِيهِمۡ فَإِنَّ ٱلۡإِنسَٰنَ كَفُورٞ ﴿٤٨﴾

48 - ئى پەيغەمبەر! ئەگەر ئاشۇ مۇشرىكلار ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتسا، بىلگىنكى، بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق، سەن ئۇلارنىڭ قىلمىشى سەۋەبلىك جاۋابكارلىققا تارتىلمايسەن، سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەتلا دىننى يەتكۈزۈشتۇر. ئەگەر بىز ئىنسانغا دەرگاھىمىزدىن بايلىق، تۇرمۇشتا باياشاتلىق دېگەندەك بىرەر رەھمەتنى تېتىتساق، ئۇ خۇشال بولۇپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا سادىر قىلغان گۇناھ - مەئسىيەتلىرى تۈپەيلىدىن يوقسۇللۇق، كېسەللىك دېگەندەك بىرەر مۇسىبەت يەتسە، ئىنسان ئۇ چاغدا تولىمۇ تۇزكور بولۇپ كېتىدۇ، مۇسىبەتلەرنىلا سانايدۇ، نېمەتلەرنى ئۇنتۇيدۇ.

لِّلَّهِ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ يَخۡلُقُ مَا يَشَآءُۚ يَهَبُ لِمَن يَشَآءُ إِنَٰثٗا وَيَهَبُ لِمَن يَشَآءُ ٱلذُّكُورَ ﴿٤٩﴾ أَوۡ

يُزَوِّجُهُمْ ذُكْرَانًا وَإِنَاثًا ۖ وَيَجْعَلُ مَن يَشَاءُ عَقِيمًا ۚ إِنَّهُ عَلِيمٌ قَدِيرٌ ﴿٥٠﴾

49 ـ 50 ـ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەۋجۇداتنىڭ ئىگىدارچىلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە ئوغۇللارسىز قىز پەرزەنتلەرنىلا ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە قىزلارسىز ئوغۇل پەرزەنتلەرنىلا ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە قىز ۋە ئوغۇل پەرزەنتلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، خالىغان ئادەمنى پەرزەنت كۆرمەيدىغان قىلىدۇ، ئۇنىڭ پەرزەنتى بولمايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ نېمە يارىتىشنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، خالىغان نەرسىنى يارىتىشقا قادىردۇر. ئاللاھ نېمىنى يارىتىشنى خالىسا ئۇنىڭغا ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ.

۞ وَمَا كَانَ لِبَشَرٍ أَن يُكَلِّمَهُ ٱللَّهُ إِلَّا وَحْيًا أَوْ مِن وَرَآيِ حِجَابٍ أَوْ يُرْسِلَ رَسُولًا فَيُوحِيَ بِإِذْنِهِ مَا يَشَآءُ ۚ إِنَّهُ عَلِيٌّ حَكِيمٌ ﴿٥١﴾

51 ـ ئاللاھنىڭ بىرەر ئىنسانغا گەپ قىلىشى پەقەت ئىلھام ئارقىلىق ياكى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سۆز قىلغاندەك پەردە ئارقىسىدىن ۋەياكى جىبرىل ئەلەيھىسسالامنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتكەندەك بىرەر پەرىشتىنى ئەۋەتىپ ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغىنىنى ۋەھيى قىلىشى ئارقىلىقلا بولىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۆز زاتىدا، ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدە ۋە ئىش ـ پائالىيەتلىرىدە ھەقىقەتەن ئۈستۈندۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغۇچى قەھرلىك زاتتۇر، ئۇ بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشتا ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچىدۇر. (بۇ ئايەت ئاللاھنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلاھلىقىغا خاس سۈپەتى بىلەن سۆزلىگۈچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ).

وَكَذَٰلِكَ أَوْحَيْنَآ إِلَيْكَ رُوحًا مِّنْ أَمْرِنَا ۚ مَا كُنتَ تَدْرِي مَا ٱلْكِتَٰبُ وَلَا ٱلْإِيمَٰنُ وَلَٰكِن جَعَلْنَٰهُ نُورًا نَّهْدِي بِهِۦ مَن نَّشَآءُ مِنْ عِبَادِنَا ۚ وَإِنَّكَ لَتَهْدِيٓ إِلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿٥٢﴾ صِرَٰطِ ٱللَّهِ ٱلَّذِي لَهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلْأَرْضِ ۗ أَلَآ إِلَى ٱللَّهِ تَصِيرُ ٱلْأُمُورُ ﴿٥٣﴾

52 ـ 53ـ ئى پەيغەمبەر! بىز سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك ساڭىمۇ ئۆز تەرىپىمىزدىن قۇرئاننى ۋەھيى قىلدۇق، سەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ساماۋى كىتابلارنىڭ، ئىماننىڭ ۋە شەرىئەت قانۇنلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىڭ، لېكىن بەندىلىرىمىزنىڭ ئارىسىدىن خالىغان كىشىلەرنى قۇرئان بىلەن توغرا يولغا يېتەكلىشىمىز ئۈچۈن، بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا نۇر قىلدۇق. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئى پەيغەمبەر! سەن كىشىلەرنى ئەلۋەتتە ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت توغرا يولغا ـــ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىلكىدە بولغان، ھېچقانداق شېرىكى بولمىغان ئاللاھنىڭ يولىغا باشلايسەن. ئى ئىنسانلار! ئۇنتۇماڭلاركى، سىلەرنىڭ ياخشى ـ يامان ھەممە ئىشلار ئاللاھقا قايتىدۇ. ئاللاھ ھەربىر ئادەمگە قىلغان ئەمەلىگە قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. ياخشى ئەمەل قىلغان بولسا مۇكاپات، يامان ئىش قىلغان بولسا جازا بېرىدۇ.

# زۇخرۇف سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

حمٓ ﴿١﴾

1 ـ ھا، مىيم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

وَٱلۡكِتَٰبِ ٱلۡمُبِينِ ﴿٢﴾ إِنَّا جَعَلۡنَٰهُ قُرۡءَٰنًا عَرَبِيًّا لَّعَلَّكُمۡ تَعۡقِلُونَ ﴿٣﴾

2 ـ 3 ـ ئاللاھ لەۋزى ۋە مەنىسى ناھايىتى روشەن ئۇلۇغ قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىپ دېدىكى، سىلەرنى قۇرئاننىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، دەلىل ـ پاكىتلىرىنى بىلىپ تەپەككۇر قىلسۇن دەپ، بىز ئۇنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەرەب تىلىدا نازىل قىلدۇق.

وَإِنَّهُۥ فِيٓ أُمِّ ٱلۡكِتَٰبِ لَدَيۡنَا لَعَلِيٌّ حَكِيمٌ ﴿٤﴾

4 ـ شەكسىزكى، قۇرئان بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىكى لەۋھۇلمەھپۇزدىن ئورۇن ئالغان، قىممىتى يۇقىرى، شەرىپى ئۈستۈن، ئايەتلىرىنىڭ مەنىسى ئوچۇق، ئىختىلاپ ۋە زىتلىقتىن خالىي بىر كىتابتۇر.

أَفَنَضۡرِبُ عَنكُمُ ٱلذِّكۡرَ صَفۡحًا أَن كُنتُمۡ قَوۡمًا مُّسۡرِفِينَ ﴿٥﴾

5 ـ بىز سىلەرنى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشتىن ۋە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتتى، كاپىرلىقتا ھەددىدىن ئاشتى دەپ، سىلەرنى تاشلاپ قويامدۇق؟ قۇرئاننى نازىل قىلىشتىن ۋاز كېچەمدۇق؟

وَكَمۡ أَرۡسَلۡنَا مِن نَّبِيّٖ فِي ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٦﴾ وَمَا يَأۡتِيهِم مِّن نَّبِيٍّ إِلَّا كَانُواْ بِهِۦ يَسۡتَهۡزِءُونَ ﴿٧﴾
فَأَهۡلَكۡنَآ أَشَدَّ مِنۡهُم بَطۡشٗا وَمَضَىٰ مَثَلُ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٨﴾

6 ـ 8 ـ ئى پەيغەمبەر! بىز بۇرۇن سېنىڭ قەۋمىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن قەۋملەرگە نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ئىدۇق. ئۇ قەۋملەر ئۆزلىرىگە قانداقلا بىر پەيغەمبەر كەلسە، ئۇنى خۇددى مەككىلىك مۇشرىكلار سېنى مەسخىرە قىلغاندەك مەسخىرە قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز پەيغەمبەرلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان قەۋملەرنى ھالاك قىلدۇق. ھالاك قىلىنغان مەزكۇر قەۋملەر كۈچ ـ قۇۋۋەتتە سېنىڭ قەۋمىڭدىن ئەلۋەتتە ئۈستۈن ئىدى. بۇرۇنقىلارنىڭ جازاسى ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىلىقى، ھەددىدىن ئاشقانلىقى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبلىك ھالاك قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. (بۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بار).

وَلَئِن سَأَلۡتَهُم مَّنۡ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ لَيَقُولُنَّ خَلَقَهُنَّ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡعَلِيمُ ﴿٩﴾

9 - ئى پەيغەمبەر! ئەگەر سەن قەۋمىڭ ئىچىدىكى مۇشرىكلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار: «ئۇلارنى پادىشاھلىقىدا ناھايىتى قۇدرەتلىك، ھەممىگە غالىب، مەۋجۇداتنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدىغان ئاللاھ ياراتقان» دەيدۇ.

ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ ٱلْأَرْضَ مَهْدًا وَجَعَلَ لَكُمْ فِيهَا سُبُلًا لَّعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ ﴿١٠﴾

10 - ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن زېمىننى كۆرپە قىلىپ يېيىپ بەرگەن، سودا - سېتىق ۋە باشقا ئىشلارنى قىلىپ، ئۆزۈڭلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق مەنپەئەتلىرىڭلارنى قولغا كەلتۈرۈشۈڭلار ئۈچۈن، زېمىندا (نۇرغۇن) يوللارنى قىلىپ بەرگەن زاتتۇر.

وَٱلَّذِى نَزَّلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءًۢ بِقَدَرٍ فَأَنشَرْنَا بِهِۦ بَلْدَةً مَّيْتًا ۚ كَذَٰلِكَ تُخْرَجُونَ ﴿١١﴾

11 - ئاللاھ سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ۋە چارۋىلىرىڭلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بولۇتتىن بەك كۆپمۇ ئەمەس، بەك ئازمۇ ئەمەس، ئۆلچەملىك مىقداردا يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر. ئاشۇ يامغۇر بىلەن سۇسىزلىقتىن ئۆلگەن قاقاس زېمىننى تىرىلدۈردۇق، يەنە شۇ يامغۇر بىلەن زېمىندىن ھەرخىل ئۆسۈملۈكلەرنى ۋە زىرائەتلەرنى چىقاردۇق. ئى ئىنسانلار! سىلەرمۇ ئۆلگەندىن كېيىن قەبرەڭلەردىن مۇشۇنداق چىقىرىلىسىلەر.

وَٱلَّذِى خَلَقَ ٱلْأَزْوَٰجَ كُلَّهَا وَجَعَلَ لَكُم مِّنَ ٱلْفُلْكِ وَٱلْأَنْعَٰمِ مَا تَرْكَبُونَ ﴿١٢﴾ لِتَسْتَوُۥا۟ عَلَىٰ ظُهُورِهِۦ ثُمَّ تَذْكُرُوا۟ نِعْمَةَ رَبِّكُمْ إِذَا ٱسْتَوَيْتُمْ عَلَيْهِ وَتَقُولُوا۟ سُبْحَٰنَ ٱلَّذِى سَخَّرَ لَنَا هَٰذَا وَمَا كُنَّا لَهُۥ مُقْرِنِينَ ﴿١٣﴾ وَإِنَّآ إِلَىٰ رَبِّنَا لَمُنقَلِبُونَ ﴿١٤﴾

12 - 14 - ئاللاھ چارۋىلاردىن ۋە ئۆسۈملۈكلەردىن ھەممە تۈرلەرنى ياراتقان، سىلەرنىڭ دېڭىز سەپەرلىرىدە چىقىشىڭلار ئۈچۈن كېمىلەرنى ۋە قۇرۇقلۇقتا مىنىشىڭلار ئۈچۈن تۆگە، ئات ۋە قېچىر قاتارلىق ئۇلاغلارنى يارىتىپ بەرگەن زاتتۇر. بۇ سىلەرنىڭ كېمىگە چىققاندا ۋە ئۇلاغقا مىنگەندە رەببىڭلارنىڭ نېمىتىنى ئەسلەپ: «بۇ نەرسىلەرنى بىزنىڭ مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئاللاھقا شۈكرىكى، بىز ئۇنىڭغا چىقىشقا ۋە مىنىشكە قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ئەلۋەتتە رەببىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز» دېيىشىڭلار ئۈچۈندۇر. (بۇ ئايەت ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ھەرخىل يوللار بىلەن تۈرلۈك نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان ۋە ئىبادەت قىلىنىشقا ھەممە ئەھۋالدا تامامەن ھەقلىق زات ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ).

وَجَعَلُوا۟ لَهُۥ مِنْ عِبَادِهِۦ جُزْءًا ۚ إِنَّ ٱلْإِنسَٰنَ لَكَفُورٌ مُّبِينٌ ﴿١٥﴾

15 - مۇشرىكلار (‹پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر› دەپ) ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن بىر قىسمىنى ئاللاھنىڭ بىر بۆلىكى قىلىۋالدى. شەكسىزكى، ئىنسان ئاللاھ ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى ئىنكار قىلىدىغان، نېمەت بەرگۈچىگە شۈكۈر قىلمايدىغان مەخلۇقاتتۇر. ئۇنىڭ تۇزكورلۇقىنىڭ ئىپادىسى شۇكى، ئۇ مۇسىبەتلەرنى ساناپ كۆپەيتىۋېتىدۇ، ئەمما نېمەتنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

أَمِ ٱتَّخَذَ مِمَّا يَخْلُقُ بَنَاتٍ وَأَصْفَىٰكُم بِٱلْبَنِينَ ﴿١٦﴾

16 - ئى نادانلار! سىلەر ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدىن سىلەر ياقتۇرمايدىغان قىزلارنى ئۆزى بالا قىلىۋېلىپ، ئوغۇللارنى سىلەرگە تاللاپ بەرگەن دەپ گۇمان قىلامسىلەر؟

وَإِذَا بُشِّرَ أَحَدُهُم بِمَا ضَرَبَ لِلرَّحْمَٰنِ مَثَلًا ظَلَّ وَجْهُهُۥ مُسْوَدًّا وَهُوَ كَظِيمٌ ﴿١٧﴾

17 - ئۇ مۇشرىكلار قىزلارنى ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىشۇالغىنىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە ئاياللىنىڭ قىز تۇغقانلىق خەۋىرى كەلسە، قايغۇغا چۆمۈپ يۈزى قارىداپ كېتىدۇ. (ئۇلار ئۆزلىرى ياقتۇرمايدىغان قىزلارنى قانداقلارچە ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىدۇ؟ ئاللاھ ئۇ مۇشرىكلار مەنسۇپ قىلغان سۈپەتلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر).

أَوَمَن يُنَشَّؤُاْ فِي ٱلۡحِلۡيَةِ وَهُوَ فِي ٱلۡخِصَامِ غَيۡرُ مُبِينٖ ۝١٨

18 - ئۇلار زىبۇزىننەت ئىچىدە چوڭ بولىدىغان، ئاياللىقى سەۋەبلىك مۇنازىرىدە مەقسىتىنى ئوچۇق بايان قىلالمايدىغان قىزلارنى ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىشقا قانداق جۈرئەت قىلىدى؟

وَجَعَلُواْ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةَ ٱلَّذِينَ هُمۡ عِبَٰدُ ٱلرَّحۡمَٰنِ إِنَٰثًاۚ أَشَهِدُواْ خَلۡقَهُمۡۚ سَتُكۡتَبُ شَهَٰدَتُهُمۡ وَيُسۡـَٔلُونَ ۝١٩

19 - ئۇلار رەھمان ئاللاھنىڭ بەندىلىرى بولغان پەرىشتىلەرنى قىز دەۋالدى. ئۇلار نېمىگە ئاساسلىنىپ پەرىشتىلەرنى قىز دەۋالىدۇ؟ ئەجەبا ئۇلار ئاللاھ پەرىشتىلەرنى ياراتقاندا ھازىر بولغانمىدى؟ ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى يېزىپ قويۇلىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلار مۇشۇ يالغان سۆزلىرى ئۈچۈن سوراققا تارتىلىدۇ.

وَقَالُواْ لَوۡ شَآءَ ٱلرَّحۡمَٰنُ مَا عَبَدۡنَٰهُمۗ مَّا لَهُم بِذَٰلِكَ مِنۡ عِلۡمٍۖ إِنۡ هُمۡ إِلَّا يَخۡرُصُونَ ۝٢٠

20 - قۇرەيش قەبىلىسى ئىچىدىكى ئاشۇ مۇشرىكلار: «رەھمان ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىز ئۇنىڭدىن باشقىسىغا چوقۇنمىغان بولاتتۇق» دېدى. بۇ ھېچبىر قىممىتى يوق باھانىدۇر. ئاللاھ بەندىلىرىگە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى، ئۇلارغا كىتابلارنى نازىل قىلىش ئارقىلىق ئۇلارغا پاكىت تۇرغۇزدى. ئۇلارنىڭ — پەيغەمبەرلەر ئاگاھلاندۇرغاندىن كېيىنمۇ،— ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى قىلمىغانلىقىنى قازا ۋە قەدەرگە ئارتىپ قويۇشى تولىمۇ قاملاشمىغان سەپسەتىدۇر. ئۇلار دېگەنلىرىدە ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، بىلمىگەن نەرسىلىرىنى سۆزلەيدۇ، ئۇلار پەقەت يالغاننىلا سۆزلەيدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇ خۇسۇستا ئاللاھ تەرىپىدىن ھېچقانداق ئىلىمگە ياكى دەلىل - پاكىتقا ئىگە ئەمەس.

أَمۡ ءَاتَيۡنَٰهُمۡ كِتَٰبٗا مِّن قَبۡلِهِۦ فَهُم بِهِۦ مُسۡتَمۡسِكُونَ ۝٢١

21 - ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇشرىكلار ئاللاھ پەرىشتىلەرنى ياراتقاندا ئۇ يەردە بارمىدى؟ ياكى بىز ئۇلارغا قۇرئاندىن ئىلگىرى بىرەر كىتاب نازىل قىلغان بولۇپ، ئۇلار شۇ كىتابنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەل قىلامدىكەن ۋە شۇ كىتاب بىلەن ساڭا قارشى تۇرامدىكەن؟

بَلۡ قَالُوٓاْ إِنَّا وَجَدۡنَآ ءَابَآءَنَا عَلَىٰٓ أُمَّةٖ وَإِنَّا عَلَىٰٓ ءَاثَٰرِهِم مُّهۡتَدُونَ ۝٢٢

22 - بەلكى ئۇلار: «بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىندا ۋە مۇئەييەن مەزھەپتە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، بىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭىمىز ۋە ئۇلارغا ئەگىشىش ئارقىلىق توغرا يولنى تاپىمىز» دەيدۇ.

وَكَذَٰلِكَ مَآ أَرۡسَلۡنَا مِن قَبۡلِكَ فِي قَرۡيَةٖ مِّن نَّذِيرٍ إِلَّا قَالَ مُتۡرَفُوهَآ إِنَّا وَجَدۡنَآ ءَابَآءَنَا عَلَىٰٓ أُمَّةٖ
وَإِنَّا عَلَىٰٓ ءَاثَٰرِهِم مُّقۡتَدُونَ ۝٢٣

23 - شۇنىڭدەك (ئى پەيغەمبەر!) سەندىن ئىلگىرى قانداقلا بىر شەھەرگە ئۇ شەھەر ئاھالىسىنى كاپىرلارغا تەييارلانغان ئازابىمىزدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتسەكلا، ئۇ شەھەرنىڭ نېمەت ئىچىدە كۆرەڭلەپ كەتكەن كاتتىباشلىرى: «بىز ھەقىقەتەن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەنلىكىنى بىلىمىز،

شەكسىزكى، بىزمۇ ئۇلارنىڭ دىنىغا ئەگىشىپ مېڭىشنى داۋاملاشتۇرىمىز» دېيىشەتتى.

۞ قَٰلَ أَوَلَوۡ جِئۡتُكُم بِأَهۡدَىٰ مِمَّا وَجَدتُّمۡ عَلَيۡهِ ءَابَآءَكُمۡۖ قَالُوٓاْ إِنَّا بِمَآ أُرۡسِلۡتُم بِهِۦ كَٰفِرُونَ ﴿٢٤﴾

24 - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن كەلگەن پەيغەمبەرلەر ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ
يولىغا ئەگىشىمىز دەپ تۇرۇۋالغان كىشىلەرگە: «مەن سىلەرگە بىردىنبىر ھەقىقەت
بولغان ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ مۇكەممەل دىننى ئېلىپ كەلگەن تۇرساممۇ، يەنىلا سىلەر
ئاتا - بوۋاڭلارنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇۋالامسىلەر؟» دېسە، ئۇلار گەدەنكەشلىك قىلىپ:
«بىز سىلەرگە ئەۋەتىلگەن دىنغا ئىشەنمەيمىز» دېيىشتى.

فَٱنتَقَمۡنَا مِنۡهُمۡۖ فَٱنظُرۡ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلۡمُكَذِّبِينَ ﴿٢٥﴾

25 - ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان مەزكۇر قەۋملەرنى يەرگە يۇتقۇزۇش،
سۇدا غەرق قىلىش دېگەندەك ھەر خىل ئازابلار بىلەن جازالىدۇق. ئى پەيغەمبەر!
ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق
بولغانلىقىغا قارىغىن. قەۋمىڭ ئىچىدىكى كاپىرلارنى بۇرۇنقىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن
ئازابلارغا ئوخشاش ئازابلارنىڭ كېلىشىدىن ئاگاھلاندۇرغىن.

وَإِذۡ قَالَ إِبۡرَٰهِيمُ لِأَبِيهِ وَقَوۡمِهِۦٓ إِنَّنِي بَرَآءٞ مِّمَّا تَعۡبُدُونَ ﴿٢٦﴾

26 - ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە مۇنداق
دېگەن ئىدى: «مەن سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ، چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلاردىن
ئەلۋەتتە يىراقمەن،

إِلَّا ٱلَّذِي فَطَرَنِي فَإِنَّهُۥ سَيَهۡدِينِ ﴿٢٧﴾

27 - مەن پەقەت مېنى ياراتقان ئىگەم ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىمەن. چۈنكى ئۇ مېنىڭ
رەببىمدۇر، ئۇ مېنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ» دېدى.

وَجَعَلَهَا كَلِمَةَۢ بَاقِيَةٗ فِي عَقِبِهِۦ لَعَلَّهُمۡ يَرۡجِعُونَ ﴿٢٨﴾

28 - ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام «لائىلاھە ئىللەللاھۇ» دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنى ئۆزىدىن
كېيىنكىلەر ئىچىدە قالدۇرۇپ كەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ كۇفرىدىن ۋە گۇناھ - مەئسىيەتتىن
يېنىپ، ئاللاھقا تائەت - ئىبادەت قىلىش دائىرىسىگە كىرىشى ئۈچۈندۇر.

بَلۡ مَتَّعۡتُ هَٰٓؤُلَآءِ وَءَابَآءَهُمۡ حَتَّىٰ جَآءَهُمُ ٱلۡحَقُّ وَرَسُولٞ مُّبِينٞ ﴿٢٩﴾

29 - ئى پەيغەمبەر! مەن سېنىڭ قەۋمىڭ ئىچىدىكى ئاشۇ مۇشرىكلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا
- بوۋىلىرىنى باياشات تۇرمۇشتىن بەھرىمەن قىلدىم. تاكى ئۇلارغا قۇرئان كەلگەن ۋە
سەن ئۇلارغا دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا ھاجەت بولىدىغان شەرىئەت مەسىلىلىرىنى
چۈشىنىشلىك قىلىپ تولۇق بايان قىلىپ بەرگەنگە قەدەر، ئۇلارنى كاپىرلىقى سەۋەبلىك
جازالاشقا ئالدىراپ كەتمىدىم.

وَلَمَّا جَآءَهُمُ ٱلۡحَقُّ قَالُواْ هَٰذَا سِحۡرٞ وَإِنَّا بِهِۦ كَٰفِرُونَ ﴿٣٠﴾

30 - ئۇلارغا قۇرئان كېلىۋىدى، ئۇلار: «مۇھەممەد بىزگە ئېلىپ كەلگەن بۇ قۇرئان
سېھىردۇر، ئۇ ئاللاھنىڭ سۆزى ئەمەس، بىز ئۇنى ئىنكار قىلىمىز» دېيىشتى.

وَقَالُواْ لَوۡلَا نُزِّلَ هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانُ عَلَىٰ رَجُلٖ مِّنَ ٱلۡقَرۡيَتَيۡنِ عَظِيمٍ ﴿٣١﴾

31 - قۇرەيش قەبىلىسى ئىچىدىكى ئاشۇ مۇشرىكلار: «بۇ قۇرئان راستتىنلا ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، نېمىشقا ئۇ مەككە ۋە تائىف قاتارلىق ئىككى شەھەرنىڭ كاتتىلىرىدىن بىرىگە نازىل قىلىنمىدى؟» دېيىشتى.

أَهُمۡ يَقۡسِمُونَ رَحۡمَتَ رَبِّكَۚ نَحۡنُ قَسَمۡنَا بَيۡنَهُم مَّعِيشَتَهُمۡ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۚ وَرَفَعۡنَا بَعۡضَهُمۡ فَوۡقَ بَعۡضٖ دَرَجَٰتٖ لِّيَتَّخِذَ بَعۡضُهُم بَعۡضٗا سُخۡرِيّٗاۗ وَرَحۡمَتُ رَبِّكَ خَيۡرٞ مِّمَّا يَجۡمَعُونَ ﴿٣٢﴾

32 - پەيغەمبەرلىكنى ئۇلار ئۆزلىرى تەقسىم قىلىپ، كىمنى خالىسا شۇنى پەيغەمبەر قىلامدىكەن؟ ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيا ھاياتىدىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىز تەقسىم قىلدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنىڭ يېنىدا ئىشلەپ تۇرمۇشىنى قامدىشى ئۈچۈن، بىرىنى باي، بىرىنى كەمبەغەل، بىرىنى كۈچلۈك، بىرىنى ئاجىز قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى بەزىسىنىڭكىدىن يۇقىرى قىلدۇق. ئى پەيغەمبەر! رەببىڭنىڭ جەننەتكە كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت بۇ كاتتا رەھمىتى ئۇلار توپلىغان دۇنيا بايلىقلىرىدىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر.

وَلَوۡلَآ أَن يَكُونَ ٱلنَّاسُ أُمَّةٗ وَٰحِدَةٗ لَّجَعَلۡنَا لِمَن يَكۡفُرُ بِٱلرَّحۡمَٰنِ لِبُيُوتِهِمۡ سُقُفٗا مِّن فِضَّةٖ وَمَعَارِجَ عَلَيۡهَا يَظۡهَرُونَ ﴿٣٣﴾

33 - ئىنسانلار ھەممىسى كاپىرلىقتا بىر ئۈممەت بولۇپ قالمايدىغان بولسا ئىدى، رەھمان ئاللاھنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا چىقىدىغان شوتىلىرىنى كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق.

وَلِبُيُوتِهِمۡ أَبۡوَٰبٗا وَسُرُرًا عَلَيۡهَا يَتَّكِـُٔونَ ﴿٣٤﴾ وَزُخۡرُفٗاۚ وَإِن كُلُّ ذَٰلِكَ لَمَّا مَتَٰعُ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۚ وَٱلۡأٓخِرَةُ عِندَ رَبِّكَ لِلۡمُتَّقِينَ ﴿٣٥﴾

34 - 35 - ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى ۋە يۆلىنىپ ئولتۇرىدىغان تەختلىرىنى كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق، ھەممىدە ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئالتۇندىن بېزەپ بېرەتتۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنيا ھاياتىنىڭ ئۆتكۈنچى مەنپەئەتلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇلار تېز يوقىلىپ كېتىدىغان مەنپەئەتتۇر. رەببىڭنىڭ دەرگاھىدىكى ئاخىرەت نېمەتلىرى پەقەت تەقۋادارلار ئۈچۈن ساقلانغاندۇر.

وَمَن يَعۡشُ عَن ذِكۡرِ ٱلرَّحۡمَٰنِ نُقَيِّضۡ لَهُۥ شَيۡطَٰنٗا فَهُوَ لَهُۥ قَرِينٞ ﴿٣٦﴾

36 - كىمكى رەھمان ئاللاھنىڭ زىكرى بولغان قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقمايدىكەن ۋە قۇرئاننىڭ يېتەكلىشى بىلەن ماڭمايدىكەن، بىز ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى سەۋەبلىك ئۇنىڭغا شەيتاننى تەيىنلەپ قويىمىز - دە، شەيتان ئۇنىڭغا دوست ۋە ھەمراھ بولۇپ، ئۇنى ئازدۇرىدۇ، ھالالدىن توسۇپ، ھارامغا قىزىقتۇرىدۇ.

وَإِنَّهُمۡ لَيَصُدُّونَهُمۡ عَنِ ٱلسَّبِيلِ وَيَحۡسَبُونَ أَنَّهُم مُّهۡتَدُونَ ﴿٣٧﴾

37 - شەك - شۈبھىسىزكى، شەيتانلار قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈگەن ئاشۇ ئازغۇنلارنى ھەقىقەتنىڭ يولىدىن توسىدۇ، ئۇلارغا ئازغۇنلۇقنى چىرايلىق كۆرسىتىدۇ، ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى يامان كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازغۇنلار شەيتانلارنىڭ زالالەتنى ھىدايەت ئورنىدا چىرايلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ ئويلايدۇ.

حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَنَا قَالَ يَٰلَيۡتَ بَيۡنِي وَبَيۡنَكَ بُعۡدَ ٱلۡمَشۡرِقَيۡنِ فَبِئۡسَ ٱلۡقَرِينُ ﴿٣٨﴾

38 ـ ئاللاھنىڭ زىكرىدىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى بولغان شەيتان قىيامەت كۈنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا كەلگەن چاغدا، ئۇ ئادەم شەيتان ھەمراھىغا: «كاشكى سەن بىلەن مېنىڭ ئارام كۈنچىقىش بىلەن كۈنپېتىشنىڭ ئارىسىدەك يىراق بولسىچۇ! سەن نېمىدېگەن يامان ھەمراھ! چۈنكى سەن مېنى ئازدۇردۇڭ» دەيدۇ.

وَلَن يَنفَعَكُمُ ٱلۡيَوۡمَ إِذ ظَّلَمۡتُمۡ أَنَّكُمۡ فِي ٱلۡعَذَابِ مُشۡتَرِكُونَ ﴿٣٩﴾

39 ـ (ئۇلارغا): «ئى ئاللاھنىڭ زىكرىدىن يۈز ئۆرۈگەن بەختسىزلەر! بۈگۈن سىلەرگە (ھەسرەت ـ نادامەت چەككەننىڭ) پايدىسى بولمايدۇ. چۈنكى سىلەر دۇنيادىكى ۋاقىتلاردا بىر ـ بىرىڭلارغا ھەمراھ ئىدىڭلار. ئەمدى سىلەر دوزاختىكى ئازابتىمۇ ھەمراھلىرىڭلار بىلەن بىللە بولىسىلەر، ھەربىرىڭلار ئۈچۈن تېگىشلىك ئازاب بار» دېيىلىدۇ.

أَفَأَنتَ تُسۡمِعُ ٱلصُّمَّ أَوۡ تَهۡدِي ٱلۡعُمۡيَ وَمَن كَانَ فِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٖ ﴿٤٠﴾

40 ـ ئى پەيغەمبەر! سەن ئاللاھ ھەقىقەتنى ئاڭلاشتىن گاس قىلىپ قويغان، ھەقىقەتنىڭ دەلىللىرىنى كۆرمەيدىغان كور قىلىپ قويغان ياكى ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا قالغان ئادەمنى ھىدايەت قىلالامسەن؟ سەن ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلىيەلمەيسەن، سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت ئۇلارغا (دىننى تولۇق) يەتكۈزۈشتۇر، ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ ئىشىڭ ئەمەس، چۈنكى ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ، خالىغان بەندىسىنى ئازغۇن قىلىدۇ.

فَإِمَّا نَذۡهَبَنَّ بِكَ فَإِنَّا مِنۡهُم مُّنتَقِمُونَ ﴿٤١﴾ أَوۡ نُرِيَنَّكَ ٱلَّذِي وَعَدۡنَٰهُمۡ فَإِنَّا عَلَيۡهِم مُّقۡتَدِرُونَ ﴿٤٢﴾

41 ـ 42 ـ ئى پەيغەمبەر! بىز قەۋمىڭ ئىچىدىكى ئىنكارچى كاپىرلارنى جازالاشتىن ئىلگىرى سېنى ۋاپات قىلدۇرساقمۇ، ئۇلارنى ئاخىرەتتە جازالايمىز ياكى ئۇلارنى بەدرى ئۇرۇشىدا جازالىغىنىمىزدەك، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابنى سەن ھايات چاغدا كەلتۈرۈپ ساڭا كۆرسىتىمىز. چۈنكى بىز ئۇلارنى جازالاشقا ئەلۋەتتە قادىر، سېنى ئۇلارغا غالىب قىلىمىز، ئۇلارنى سېنىڭ ۋە مۇئمىنلەرنىڭ قولى بىلەن خار قىلىمىز.

فَٱسۡتَمۡسِكۡ بِٱلَّذِيٓ أُوحِيَ إِلَيۡكَۖ إِنَّكَ عَلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ﴿٤٣﴾

43 ـ ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ ساڭا ۋەھيى قىلغان بۇ قۇرئاندىكى ئەمر ـ پەرمانلارغا تولۇق ئەمەل قىلغىن، شەكسىزكى، سەن ئەلۋەتتە توغرا يولدىسەن، ئىسلامدىن ئىبارەت بۇ دىن ئاللاھ بۇيرۇغان ھەق دىندۇر. (بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىرادىسىنى كۈچەيتىش كۆزدە تۇتۇلغان).

وَإِنَّهُۥ لَذِكۡرٞ لَّكَ وَلِقَوۡمِكَۖ وَسَوۡفَ تُسۡـَٔلُونَ ﴿٤٤﴾

44 ـ شەكسىزكى، بۇ قۇرئان ساڭا ۋە قەۋمىڭگە ئەلۋەتتە كاتتا شەرەپتۇر. چۈنكى بۇ قۇرئان ئۇلارنىڭ تىلى بولغان ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار قۇرئاننى ھەممىدىن بەك چۈشىنىدۇ، شۇڭا ئۇلار قۇرئانغا ئەمەل قىلىشتا ئالدىنقىلاردىن بولۇشقا ۋە بۇنىڭدا باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشقا تېگىشلىكتۇر. سەن ۋە سەن بىلەن بىللە بولغانلار ئاللاھقا قانچىلىك شۈكۈر قىلغانلىقىڭلار ۋە قۇرئانغا قانچىلىك ئەمەل قىلغانلىقىڭلار ھەققىدە چوقۇم سورىلىسىلەر.

وَسۡـَٔلۡ مَنۡ أَرۡسَلۡنَا مِن قَبۡلِكَ مِن رُّسُلِنَآ أَجَعَلۡنَا مِن دُونِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ءَالِهَةٗ يُعۡبَدُونَ ﴿٤٥﴾

45 - ئى پەيغەمبەر! بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىمىزنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن ۋە ئۇلارنىڭ شەرىئىتىگە ئەمەل قىلغۇچىلاردىن سوراپ باققىنكى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرى كىشىلەرنى ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇپتۇمۇ؟ ئۇلار جەزمەن «ئۇنداق بولمىدى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. چۈنكى بارلىق پەيغەمبەرلەر كىشىلەرنى ساپ ئوخشاش ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىشتىن توسقان.

وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا مُوسَىٰ بِـَٔايَـٰتِنَآ إِلَىٰ فِرْعَوْنَ وَمَلَإِيْهِۦ فَقَالَ إِنِّى رَسُولُ رَبِّ ٱلْعَـٰلَمِينَ ﴿٤٦﴾

46 - ئى پەيغەمبەر! بىزنى سېنى ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئەۋەتكەندەك، سەندىن ئىلگىرى مۇسانى پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىغا دەلىل - پاكىتلىرىمىز بىلەن ئەۋەتكەن ئىدۇق. مۇسا ئۇلارغا: «مەن ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ ئەلچىسىمەن» دېدى.

فَلَمَّا جَآءَهُم بِـَٔايَـٰتِنَآ إِذَا هُم مِّنْهَا يَضْحَكُونَ ﴿٤٧﴾

47 - مۇسا ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل - پاكىتلار بىلەن كېلىۋىدى، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى كاتتىباشلار مۇسا ئېلىپ كەلگەن مۆجىزىلەرنى ۋە دەلىل - پاكىتلارنى مەسخىرە قىلىپ كۈلدى.

وَمَا نُرِيهِم مِّنْ ءَايَةٍ إِلَّا هِىَ أَكْبَرُ مِنْ أُخْتِهَا ۖ وَأَخَذْنَـٰهُم بِٱلْعَذَابِ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ ﴿٤٨﴾

48 - بىز پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىغا بىر - بىرىدىن چوڭ ۋە مۇسانىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئوچۇق دالالەت قىلىدىغان ئەڭ كۈچلۈك دەلىل - پاكىتلارنى كۆرسەتتۇق، ئۇلارنى كۇفرىدىن يېنىپ ئاللاھقا ئىمان ئېيتسۇن دەپ، چېكەتكە، پىت، پاقا ۋە توپان قاتارلىق تۈرلۈك ئازاب - ئوقۇبەتلەر بىلەن جازالىدۇق.

وَقَالُوا۟ يَـٰٓأَيُّهَ ٱلسَّاحِرُ ٱدْعُ لَنَا رَبَّكَ بِمَا عَهِدَ عِندَكَ إِنَّنَا لَمُهْتَدُونَ ﴿٤٩﴾

49 - پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرى مۇساغا: «ئى ئالىم! (چۈنكى ئۇلار سېھىرگەرلەرنى ئالىم دەپ ئۇلۇغلايتتى، سېھىرنى يامان كۆرمەيتتى) سەن رەببىڭنىڭ (دۇئايىڭنى ئىجابەت قىلىمەن دېگەن) ۋەدىسىگە ۋە ساڭا ئاتا قىلغان ئارتۇقچىلىقلارغا ئاساسەن، بىزدىن بۇ ئازابلارنى كۆتۈرۈۋېتىشنى تىلەپ رەببىڭگە دۇئا قىلغىن. ئەگەر رەببىڭ بىزدىن بۇ ئازابنى كۆتۈرۈۋەتسە، بىز سەن ئېلىپ كەلگەن دىنغا چوقۇم ئەگىشىپ مۇئمىن بولىمىز» دېدى.

فَلَمَّا كَشَفْنَا عَنْهُمُ ٱلْعَذَابَ إِذَا هُمْ يَنكُثُونَ ﴿٥٠﴾

50 - مۇسا ئۇلاردىن ئازابنى كۆتۈرۈۋېتىش توغرۇلۇق بىزگە دۇئا قىلدى، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇلاردىن ئازابنى كۆتۈرۈۋېتىۋىدۇق، ئۇلار شۇ ھامان گېپىدىن يېنىۋالدى ۋە كاپىرلىقتا چىڭ تۇرۇۋالدى.

وَنَادَىٰ فِرْعَوْنُ فِى قَوْمِهِۦ قَالَ يَـٰقَوْمِ أَلَيْسَ لِى مُلْكُ مِصْرَ وَهَـٰذِهِ ٱلْأَنْهَـٰرُ تَجْرِى مِن تَحْتِىٓ ۖ
أَفَلَا تُبْصِرُونَ ﴿٥١﴾ أَمْ أَنَا۠ خَيْرٌ مِّنْ هَـٰذَا ٱلَّذِى هُوَ مَهِينٌ وَلَا يَكَادُ يُبِينُ ﴿٥٢﴾

51 - 52- پىرئەۋن ئۆز قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرى ئارىسىدا نىدا قىلىپ، ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقىدىن پەخىرلەنگەن ھالدا ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مىسىرنىڭ پادىشاھلىقى ۋە ئاستىمدىن ئېقىپ تۇرغان بۇ دەريالار مېنىڭ ئەمەسمۇ؟ سىلەر مېنىڭ قانچىلىك كاتتا پادىشاھ ئىكەنلىكىمنى، قۇدرىتىمنى ۋە مۇسانىڭ ئاجىز ۋە پېقىر بىرى ئىكەنلىكىنى

كۆرمەيۋاتامسىلەر؟ بەلكى مەن پېقىرلىقىدىن ۋە ئاجىزلىقىدىن ئۆزىنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلالمايدىغان ئۆزىنى خار قىلىۋاتقان ۋە تىلىدىكى ئىللەت سەۋەبلىك گېپىنى ئوچۇق قىلالمايدىغان شۇ ئەرزىمەس ئادەم (مۇسا)دىن ئەلۋەتتە ياخشىمەن». پىرئەۋنىنىڭ بۇ سۆزنى قىلىشىغا تۈرتكە بولغان نەرسە ئۇنىڭ كاپىرلىقى، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلماسلىقتىكى بويۇنتاۋلىقى ۋە كىشىلەرنى ھەقىقەتتىن توسۇش خاھىشىدۇر.

فَلَوْلَآ أُلْقِىَ عَلَيْهِ أَسْوِرَةٌ مِّن ذَهَبٍ أَوْ جَآءَ مَعَهُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ مُقْتَرِنِينَ ﴿٥٣﴾

53 - پىرئەۋن يەنە دېدىكى، «ئەگەر مۇسا راستتىنلا ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەر بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئالتۇن بىلەزۈكلەر تاشلاپ بېرىلسە ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىللە پەرىشتىلەر بىر - بىرىگە ھەمراھ بولۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ راستچىللىقىغا گۇۋاھلىق بەرسە بولمامتى؟».

فَٱسْتَخَفَّ قَوْمَهُۥ فَأَطَاعُوهُ ۚ إِنَّهُمْ كَانُوا۟ قَوْمًا فَٰسِقِينَ ﴿٥٤﴾

54 - پىرئەۋن قەۋمىنىڭ ئەقلىنى كۆزگە ئىلمىدى، ئۇلارنى ئازغۇنلۇققا بۇيرىدى. ئۇلارمۇ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى، مۇسانى ئىنكار قىلدى. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن ۋە توغرا يولدىن چىققان قەۋم ئىدى.

فَلَمَّآ ءَاسَفُونَا ٱنتَقَمْنَا مِنْهُمْ فَأَغْرَقْنَٰهُمْ أَجْمَعِينَ ﴿٥٥﴾

55 - ئۇلار بىزگە ئاسىيلىق قىلىش، مۇسانى يالغانچى دېيىش ۋە ئۇنىڭغا كەلگەن دىنىنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق بىزنى غەزەپلەندۈرۈۋىدى، بىزمۇ ئازابىمىزنى تېزلىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى قاتتىق جازالىدۇق. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى دېڭىزدا غەرق قىلدۇق.

فَجَعَلْنَٰهُمْ سَلَفًا وَمَثَلًا لِّلْءَاخِرِينَ ﴿٥٦﴾

56 - بىز دېڭىزدا غەرق قىلىۋەتكەن ئاشۇ كاپىرلارنى ئازابقا تېگىشلىك بولۇشتا، ئۇلاردىن كېيىن كېلىپ ئاشۇلار ئۆتكۈزگەن خاتالىقنى ئۆتكۈزىدىغانلار ئۈچۈن ئۆتمۈشنىڭ (ئاچچىق) ئەسلىمىسى قىلدۇق ۋە ئۇلارنى باشقىلارغا ئىبرەت قىلدۇق.

۞ وَلَمَّا ضُرِبَ ٱبْنُ مَرْيَمَ مَثَلًا إِذَا قَوْمُكَ مِنْهُ يَصِدُّونَ ﴿٥٧﴾

57 - ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلار سەن بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسانى ۋە خرىستىيانلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى مىسال كەلتۈرسە، سېنىڭ قەۋمىڭ شۇ ھامان خۇشاللىقتىن سۈرەن سېلىشىپ كېتىدۇ. ئاللاھ تائالا )(ئى مۇشرىكلار!) شەكسىزكى، سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسەڭلار بىلەن دوزاخنىڭ يېقىلغۇسى بولىسىلەر، سىلەر دوزاخقا كىرىسىلەر( دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغاندا، مۇشرىكلار: «بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىز ئىيسا بىلەن بىرلىكتە دوزاخقا كىرىدىغان بولسا، بىز بۇنىڭغا رازىمىز» دېدى، ئاندىن ئاللاھ تائالا )شەكسىزكى، بىز ياخشىلىققا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئالدىن بېكىتكەنلەر بولسا دوزاختىن يىراق قىلىنىدۇ( دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىش ئارقىلىق دوزاخقا تاشلىنىدىغانلارنىڭ مۇشرىكلار ئۆزىگە چوقۇنسا بۇنىڭغا رازى بولۇپ جىم تۇرغان ساختا مەبۇدلار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

وَقَالُوٓا۟ ءَأَٰلِهَتُنَا خَيْرٌ أَمْ هُوَ ۚ مَا ضَرَبُوهُ لَكَ إِلَّا جَدَلًۢا ۚ بَلْ هُمْ قَوْمٌ خَصِمُونَ ﴿٥٨﴾

58 - ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ قەۋمىڭ ئىچىدىكى مۇشرىكلار: «بىز چوقۇنۇۋاتقان ئىلاھلىرىمىز ياخشىمۇ ياكى خرىستىيانلار چوقۇنۇۋاتقان ئىيسامۇ؟ ئەگەر ئىيسا دوزاخقا كىرىدىغان

بولسا، بىز ۋە ئىلاھلىرىمىز دوزاختا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىمىز» دېدى. ئۇلار ساڭا بۇ مىسالنى پەقەت جېدەل تېرىش ئۈچۈنلا كەلتۈردى. دېمىسىمۇ ئۇلار جېدەلخور قەۋمدۇر.

إِنْ هُوَ إِلَّا عَبْدٌ أَنْعَمْنَا عَلَيْهِ وَجَعَلْنَٰهُ مَثَلًا لِّبَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ ﴿٥٩﴾

59 - ئىيسا پەقەت بىزنىڭ پەيغەمبەرلىك نېمىتىمىزگە ئېرىشكەن بىر بەندىدۇر، بىز ئۇنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان بىر دەلىل قىلدۇق.

وَلَوْ نَشَآءُ لَجَعَلْنَا مِنكُم مَّلَٰٓئِكَةً فِى ٱلْأَرْضِ يَخْلُفُونَ ﴿٦٠﴾

60 - ئەگەر بىز خالىساق، ئەلۋەتتە زېمىندا سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا بىر - بىرىنىڭ ئىزىنى باسىدىغان پەرىشتىلەرنى قىلاتتۇق.

وَإِنَّهُۥ لَعِلْمٌ لِّلسَّاعَةِ فَلَا تَمْتَرُنَّ بِهَا وَٱتَّبِعُونِ ۚ هَٰذَا صِرَٰطٌ مُّسْتَقِيمٌ ﴿٦١﴾

61 - قىيامەت قايىم بولۇشتىن ئىلگىرى ئىيسانىڭ ئاسماندىن چۈشۈشى ئەلۋەتتە قىيامەتكە ئاز قالغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ھەرگىز شەك كەلتۈرمەڭلار، ئۇنىڭ بولىدىغانلىقىدا قىلچە شەك يوقتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھتىن سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئەگىشىڭلار، بۇ سىلەرنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان توغرا يولدۇر، ئۇنىڭدا قىلچە قىڭغىرلىق يوقتۇر.

وَلَا يَصُدَّنَّكُمُ ٱلشَّيْطَٰنُ ۖ إِنَّهُۥ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ ﴿٦٢﴾

62 - شەيتان سىلەرنى مېنىڭ ئەمرى - پەرمانلىرىمنى ئورۇنداشتىن توسۇپ قويمىسۇن، چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر.

وَلَمَّا جَآءَ عِيسَىٰ بِٱلْبَيِّنَٰتِ قَالَ قَدْ جِئْتُكُم بِٱلْحِكْمَةِ وَلِأُبَيِّنَ لَكُم بَعْضَ ٱلَّذِى تَخْتَلِفُونَ فِيهِ ۖ فَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ﴿٦٣﴾

63 - ئىيسا ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئوپئوچۇق دەلىل - پاكىتلار بىلەن كېلىپ دېدى: «مەن سىلەرگە پەيغەمبەر بولۇپ كەلدىم، مەن سىلەرگە دىن توغرۇلۇق سىلەر ئىختىلاپ قىلىشىۋاتقان نەرسەڭلارنىڭ بەزىسىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلدىم. ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەقۋالىق قىلىڭلار، ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقۇڭلار، مېنىڭ ئاللاھتىن قورقۇش ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىش ھەققىدىكى تەلىماتلىرىمغا ئەمەل قىلىڭلار.

إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ رَبِّى وَرَبُّكُمْ فَٱعْبُدُوهُ ۚ هَٰذَا صِرَٰطٌ مُّسْتَقِيمٌ ﴿٦٤﴾

64 - شەكسىزكى، ئاللاھ مېنىڭ رەببىمدۇر، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر، شۇڭا ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچكىمنى ۋە ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار. ئاللاھتىن قورقۇش ۋە ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت مەن سىلەرنى بۇيرۇغان بۇ تەلىمات توغرا يولدۇر، ئاللاھنىڭ ھەق دىنىدۇر. ئاللاھ ھېچكىمدىن ئۇنىڭدىن باشقا دىننى قوبۇل قىلمايدۇ».

فَٱخْتَلَفَ ٱلْأَحْزَابُ مِنۢ بَيْنِهِمْ ۖ فَوَيْلٌ لِّلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ مِنْ عَذَابِ يَوْمٍ أَلِيمٍ ﴿٦٥﴾

65 - ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پىرقىلەر ئىيسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا ئىختىلاپلىشىپ مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىيسا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە بەندىسىدۇر، دەپ

ئىقرار قىلىدۇ. بۇ توغرا ئېتىقادتۇر. يەنە بەزىسى ئىيسا ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر، دەپ
گۇمان قىلىدۇ، يەنە بەزىسى ئىيسا ئاللاھتۇر، دەيدۇ. ئاللاھ ئۇلار مەنسۇپ قىلغان
سۈپەتلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ سۈپەتلىگەن
سۈپەتلەردىن باشقا سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەنلەرگە قىيامەت كۈنى ھالاكەت، ۋەيرانلىق
ۋە قاتتىق ئازاب بار.

هَلۡ يَنظُرُونَ إِلَّا ٱلسَّاعَةَ أَن تَأۡتِيَهُم بَغۡتَةً وَهُمۡ لَا يَشۡعُرُونَ ﴿٦٦﴾

66 - مەريەم ئوغلى ئىيسا توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان ئاشۇ گۇرۇھلار قىيامەتنىڭ ئۇلارغا
تۇيدۇرماي ئۇشتۇمتۇت كېلىشىنىلا كۈتىدۇ.

ٱلۡأَخِلَّآءُ يَوۡمَئِذِۭ بَعۡضُهُمۡ لِبَعۡضٍ عَدُوٌّ إِلَّا ٱلۡمُتَّقِينَ ﴿٦٧﴾

67 - بۇ دۇنيادا ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشتا دوست بولۇشقانلار قىيامەت كۈنى بىر - بىردىن
ۋازكېچىشىدۇ، ئەمما ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىشتا دوستلاشقانلارنىڭ دوستلۇقى دۇنيا ۋە
ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك داۋاملىشىدۇ.

يَٰعِبَادِ لَا خَوۡفٌ عَلَيۡكُمُ ٱلۡيَوۡمَ وَلَآ أَنتُمۡ تَحۡزَنُونَ ﴿٦٨﴾

68 - ئاشۇ تەقۋادار كىشىلەرگە: «ئى بەندىلىرىم! بۈگۈن سىلەرگە ئاللاھ بىزنى ئازابلارمۇ
دەپ قورقۇش يوق، سىلەر دۇنيادا قالدۇرۇپ كەلگەن نېمەتلەر ئۈچۈن قايغۇرمايسىلەر»
دېيىلىدۇ.

ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِـَٔايَٰتِنَا وَكَانُواْ مُسۡلِمِينَ ﴿٦٩﴾

69 - ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقان، پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ
كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلغان، ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا چىن قەلبى ۋە
بارلىقى بىلەن بويسۇنغان كىشىلەر ئىدى.

ٱدۡخُلُواْ ٱلۡجَنَّةَ أَنتُمۡ وَأَزۡوَٰجُكُمۡ تُحۡبَرُونَ ﴿٧٠﴾

70 - ئۇلارغا: «سىلەر ۋە سىلەرگە دوست بولغان مۇئمىنلەر بىلەن بىللە خۇشال - خۇرام
ھالدا جەننەتكە كىرىڭلار ۋە جەننەتتە خالىغانچە نېمەتلىنىڭلار» دېيىلىدۇ.

يُطَافُ عَلَيۡهِم بِصِحَافٖ مِّن ذَهَبٖ وَأَكۡوَابٖۖ وَفِيهَا مَا تَشۡتَهِيهِ ٱلۡأَنفُسُ وَتَلَذُّ ٱلۡأَعۡيُنُۖ وَأَنتُمۡ فِيهَا
خَٰلِدُونَ ﴿٧١﴾

71 - جەننەتتە ئۇلارغا نازۇنېمەتلەر تىزىلغان ئالتۇن لېگەنلەر ۋە شەربەت تولدۇرۇلغان ئالتۇن
جاملار ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلارغا كۆڭۈللىرى تارتىدىغان، كۆزلىرى لەززەتلىنىدىغان
نېمەتلەرنىڭ ھەممىسى بار. ئۇلار بۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ.

وَتِلۡكَ ٱلۡجَنَّةُ ٱلَّتِيٓ أُورِثۡتُمُوهَا بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٧٢﴾

72 - ئاللاھ سىلەرنى ۋارىس قىلغان بۇ جەننەت دۇنيادىكى چاغلىرىڭلاردا قىلغان ياخشى
ئەمەللىرىڭلار ۋە قىلغان ياخشىلىقىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلغان رەھمەت
ۋە مۇكاپاتتۇر.

لَكُمۡ فِيهَا فَٰكِهَةٞ كَثِيرَةٞ مِّنۡهَا تَأۡكُلُونَ ﴿٧٣﴾

73 - جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن تۈرلۈك مېۋىلەر بار، ئۇنىڭدىن خالىغانچە يەيسىلەر».

إِنَّ ٱلۡمُجۡرِمِينَ فِي عَذَابِ جَهَنَّمَ خَٰلِدُونَ ﴿٧٤﴾

74 - شەكسىزكى، گۇناھكار كاپىرلار دوزاخ ئازابىدا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.

لَا يُفَتَّرُ عَنۡهُمۡ وَهُمۡ فِيهِ مُبۡلِسُونَ ﴿٧٥﴾

75 - ئۇلاردىن ئازاب بىردەممۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلار ئازاب ئىچىدە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنگۈچىلەردۇر.

وَمَا ظَلَمۡنَٰهُمۡ وَلَٰكِن كَانُواْ هُمُ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٧٦﴾

76 - بىز ئۇ گۇناھكارلارنى جازالاپ ئۇلارغا ئۇۋال قىلمىدۇق، ئەمما ئۇلار ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلدى.

وَنَادَوۡاْ يَٰمَٰلِكُ لِيَقۡضِ عَلَيۡنَا رَبُّكَۖ قَالَ إِنَّكُم مَّٰكِثُونَ ﴿٧٧﴾ لَقَدۡ جِئۡنَٰكُم بِٱلۡحَقِّ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَكُمۡ لِلۡحَقِّ كَٰرِهُونَ ﴿٧٨﴾

77 - 78- ئاللاھ ئۇ گۇناھكارلارنى دوزاختا تاشلىغاندىن كېيىن، ئۇلار دوزاختا مەسئۇل پەرىشتىگە يالۋۇرۇپ: «ئى مالىك! رەببىڭ بىزنى ئۆلتۈرۈۋەتسۇن، بىز بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇپ كېتەيلى» دەپ توۋلايدۇ. مالىك ئۇلارغا: «سىلەر بۇ ئازابتا شۇنداق تۇرۇۋېرىسىلەر، سىلەرگە ئۇنىڭدىن چىقىش يوق ۋە ئۇنىڭدىن يىراقلىششمۇ يوق. دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا بىز سىلەرگە ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلگەن ۋە ئۇنى ئوپئوچۇق بايان قىلىپ بەرگەن ئىدۇق، لېكىن سىلەرنىڭ كۆپچىلىكىڭلار ئۇنى ياقتۇرمىدىڭلار» دەيدۇ.

أَمۡ أَبۡرَمُوٓاْ أَمۡرٗا فَإِنَّا مُبۡرِمُونَ ﴿٧٩﴾

79 - ئاشۇ مۇشرىكلار بىز ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتكە قارشى بىرەر ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىشنى قارار قىلدىمۇ؟ شەكسىزكى، بىزمۇ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ جازاسىنى بېرىشنى قارار قىلغۇچىمىز.

أَمۡ يَحۡسَبُونَ أَنَّا لَا نَسۡمَعُ سِرَّهُمۡ وَنَجۡوَىٰهُمۚ بَلَىٰ وَرُسُلُنَا لَدَيۡهِمۡ يَكۡتُبُونَ ﴿٨٠﴾

80 - ئۇ مۇشرىكلار بىزنى ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى ۋە ئۆز ئارىسىدا پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلىمايدۇ، دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. بىز ئەلۋەتتە ھەممىنى ئاڭلاپ ۋە بىلىپ تۇرىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قىلمىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ تۇرىدۇ.

قُلۡ إِن كَانَ لِلرَّحۡمَٰنِ وَلَدٞ فَأَنَا۠ أَوَّلُ ٱلۡعَٰبِدِينَ ﴿٨١﴾

81 - ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭ ئىچىدىكى «پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر» دەپ گۇمان قىلىدىغان مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «ناۋادا سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئاللاھنىڭ بالىسى بولسا ئىدى، مەن سىلەر گۇمان قىلغان ئاشۇ بالىغا ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەۋۋىلى بولاتتىم، لېكىن ئۇ ئۇنداق ئەمەس ۋە ئۇنداق بولمايدۇ. ئاللاھ ئايالى ۋە بالىسى بولۇشتىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر .

سُبۡحَٰنَ رَبِّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ رَبِّ ٱلۡعَرۡشِ عَمَّا يَصِفُونَ ﴿٨٢﴾

82 - ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ رەببى، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ رەببى ئاللاھ مۇشرىكلارنىڭ «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دېگەن تۆھمەتلىرىدىن ۋە ئۇلار مەنسۇپ قىلغان بارچە نالايىق سۈپەتلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر».

فَذَرۡهُمۡ يَخُوضُواْ وَيَلۡعَبُواْ حَتَّىٰ يُلَٰقُواْ يَوۡمَهُمُ ٱلَّذِي يُوعَدُونَ ﴿٨٣﴾

83 - ئى پەيغەمبەر! ئاللاھقا تۆھمەت قىلىدىغان بۇ ئازغۇنلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابقا ئۇچراشقانغا قەدەر ئۆز ئازغۇنلۇقىدا تېڭىرقاپ يۈرسۇن، ئۆزلىرىنىڭ ياڭغانلىرى بىلەن ئويناپ تۇرسۇن. ئۇلار يا بۇ دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە ۋەياكى بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم جازالىنىدۇ.

وَهُوَ ٱلَّذِي فِي ٱلسَّمَآءِ إِلَٰهٞ وَفِي ٱلۡأَرۡضِ إِلَٰهٞۚ وَهُوَ ٱلۡحَكِيمُ ٱلۡعَلِيمُ ﴿٨٤﴾

84 - ئۇ ئاللاھ ئاسماندىمۇ، زېمىندىمۇ ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق يېگانە ئىلاھتۇر. ئۇ مەخلۇقاتنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ياراتقان، دىنىي ئەھكاملارنى مۇكەممەل دەرىجىدە بەلگىلىگەن ۋە ھەر ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلىدىغان، مەخلۇقاتنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدىغان زاتتۇر. ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر.

وَتَبَارَكَ ٱلَّذِي لَهُۥ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا بَيۡنَهُمَا وَعِندَهُۥ عِلۡمُ ٱلسَّاعَةِ وَإِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ ﴿٨٥﴾

85 - ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى، ياخشىلىقلىرى كۆپتۇر ۋە پادىشاھلىقى مۇكەممەلدۇر. قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بىلىم پەقەتلا ئۇنىڭ دەرگاھىدىدۇر. قىيامەت كۈنى بارچە خالايىق قەبرىلىرىدىن چىقىپ ھېساب مەيدانىغا توپلىنىدۇ. ئى ئىنسانلار! سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر. ئاللاھ شۇ چاغدا سىلەرگە بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى - يامان ئەمەللىرىڭلارنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى بېرىدۇ.

وَلَا يَمۡلِكُ ٱلَّذِينَ يَدۡعُونَ مِن دُونِهِ ٱلشَّفَٰعَةَ إِلَّا مَن شَهِدَ بِٱلۡحَقِّ وَهُمۡ يَعۡلَمُونَ ﴿٨٦﴾

86 - مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇلارغا شاپائەت قىلالمايدۇ، پەقەت ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلىپ، ئاللاھنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئىقرار قىلغان ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەرگەن كىشىلەرلا شاپائەت قىلالايدۇ.

وَلَئِن سَأَلۡتَهُم مَّنۡ خَلَقَهُمۡ لَيَقُولُنَّ ٱللَّهُۖ فَأَنَّىٰ يُؤۡفَكُونَ ﴿٨٧﴾

87 - ئى پەيغەمبەر! ئەگەر سەن قەۋمىڭ ئىچىدىكى مۇشرىكلاردىن ئۆزلىرىنى كىمنىڭ ياراتقانلىقىنى سورىساڭ، ئۇلار ئەلۋەتتە: «بىزنى ئاللاھ ياراتقان» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلار قانداقلارچە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن بۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟ قانداقلارچە مەخلۇقاتنى ئۇنىڭغا شېرىك قىلىۋالىدۇ؟

وَقِيلِهِۦ يَٰرَبِّ إِنَّ هَٰٓؤُلَآءِ قَوۡمٞ لَّا يُؤۡمِنُونَ ﴿٨٨﴾

88 - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ھەق دىننى ئىنكار قىلغانلىقىدىن ئاللاھقا زارلىنىپ: «ئى رەببىم! بۇ قەۋم ساڭا ئىمان ئېيتمايدىغان ۋە سەن چۈشۈرگەن دىنغا ئىشەنمەيدىغان قەۋمدۇر» دېدى.

فَٱصۡفَحۡ عَنۡهُمۡ وَقُلۡ سَلَٰمٞۚ فَسَوۡفَ يَعۡلَمُونَ ﴿٨٩﴾

89 ـ ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈگىن، ئۇلارغا ئەقىل ئىگىلىرى نادانلارغا ئېيتىدىغان «خوش ئەمسە» دېگەن سۆزنىلا ئېيتقىن، ئۇلار ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى پات يېقىندا ئازابقا ئۇچرىغاندا بىلىپ قالىدۇ (بۇ ئايەتتە ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىدىغان گەدەنكەش كاپىرلار قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغان).

# دۇخان سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

حمٓ ١

1 ـ ھا، مىيم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

وَٱلۡكِتَٰبِ ٱلۡمُبِينِ ٢ إِنَّآ أَنزَلۡنَٰهُ فِي لَيۡلَةٖ مُّبَٰرَكَةٍۚ إِنَّا كُنَّا مُنذِرِينَ ٣ فِيهَا يُفۡرَقُ كُلُّ أَمۡرٍ
حَكِيمٍ ٤ أَمۡرٗا مِّنۡ عِندِنَآۚ إِنَّا كُنَّا مُرۡسِلِينَ ٥ رَحۡمَةٗ مِّن رَّبِّكَۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ٦
رَبِّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا بَيۡنَهُمَآۖ إِن كُنتُم مُّوقِنِينَ ٧ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ يُحۡيِۦ وَيُمِيتُۖ رَبُّكُمۡ
وَرَبُّ ءَابَآئِكُمُ ٱلۡأَوَّلِينَ ٨

2 ـ 8 ـ ئاللاھ لەۋزى ۋە مەنىسى ناھايىتى روشەن كىتاب — قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىپ دەيدۇكى، بىز بۇ قۇرئاننى كۆپلىگەن ياخشىلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇبارەك قەدىر كېچىسىدە نازىل قىلدۇق. ئۇ كېچە رامىزان ئېيىدا ئۆتىدۇ. شەكسىزكى، بىز ھەقىقەتەن كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە پايدىلىق ۋە زىيانلىق ئىشلارنى بىلدۈرۈش بىلەن ئاگاھلاندۇرغۇچىمىز. بۇ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش ۋە كىتابلارنى نازىل قىلىش بىلەن بولىدۇ. بۇ كېچىدە بىر يىللىق رىزىق، ئەجەل ۋە بولىدىغان ھەربىر ئىش تەقدىر قىلىنىپ، لەۋھۇلمەھپۇزدىن ئىنسانلارنىڭ نامە ـ ئەمەللىرىنى يازىدىغان پەرىشتىلەرگە چۈشۈرۈلىدۇ. ئۇ ھەرگىز ئۆزگەرتىلمەيدۇ، تەقدىر قىلىنغان بۇ ئىش بىز تەرەپتىن كېلىدۇ. بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئەمرى، ئىزنى ۋە ئىلمى بىلەن بولىدۇ. بىز ئىنسانلارغا رەھمەت قىلىپ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئاشۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىدۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ بارلىق ئاۋازلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بەندىلىرىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممە ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە رەببىدۇر. ئەگەر سىلەر بۇ ھەقىقەتلەرگە ھەقىقىي ئىشەنگۈچى بولساڭلار بىلىڭلاركى، ئاللاھ بارچە مەخلۇقاتنىڭ رەببىدۇر ۋە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئىلاھىدۇر. ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىق بولغان ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ بىردۇر، ئۇنىڭ ھېچبىر شېرىكى يوقتۇر، ئۇ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلار ۋە بۇرۇنقى ئەجدادلىرىڭلارنىڭمۇ رەببىدۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى ئىنسانلار! ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان، ھېچكىمگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنماي، ھەممىنىڭ يېگانە رەببى بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار.

بَلۡ هُمۡ فِي شَكّٖ يَلۡعَبُونَ ﴿٩﴾

9 ـ بەلكى مۇشرىكلار بۇ ھەقىقەتلەر توغرۇلۇق شەك ـ شۈبھە ئىچىدە ئويناپ يۈرىدۇ، ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ.

فَٱرۡتَقِبۡ يَوۡمَ تَأۡتِي ٱلسَّمَآءُ بِدُخَانٖ مُّبِينٖ ﴿١٠﴾ يَغۡشَى ٱلنَّاسَۖ هَٰذَا عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿١١﴾ رَّبَّنَا ٱكۡشِفۡ عَنَّا ٱلۡعَذَابَ إِنَّا مُؤۡمِنُونَ ﴿١٢﴾

10 ـ 12 ـ ئى پەيغەمبەر! سەن ئاسمان ئاشكارا تۈتۈن كەلتۈرىدىغان ۋە بۇ پۈتۈن ھەممە ئىنسانلارنى ئورىۋالىدىغان كۈندە ئاشۇ مۇشرىكلارغا چۈشىدىغان ئازابنى كۈتكىن. شۇ چاغدا ئۇلارغا: «بۇ ناھايىتى قاتتىق ۋە ئەلەملىك ئازابتۇر» دېيىلىدۇ. ئاندىن ئۇلار بۇ ئازابنى كۆتۈرۈۋېتىشنى تىلەپ: «ئى رەببىمىز! بىزدىن بۇ ئازابنى كۆتۈرۈۋەتكىن، ئەگەر سەن ئۇنى كۆتۈرۈۋەتسەڭ بىز چوقۇم ئىمان ئېيتىمىز» دەيدۇ. (بۇ ئايەتتە بېرىلگەن خەۋەر ئەمەلگە ئاشتى، ئەمما كاپىرلار ئۆزلىرى ۋەدە بەرگەن تۇرۇقلۇق، ئىمان ئېيتمىدى).

أَنَّىٰ لَهُمُ ٱلذِّكۡرَىٰ وَقَدۡ جَآءَهُمۡ رَسُولٞ مُّبِينٞ ﴿١٣﴾ ثُمَّ تَوَلَّوۡاْ عَنۡهُ وَقَالُواْ مُعَلَّمٞ مَّجۡنُونٌ ﴿١٤﴾

13 ـ 14 ـ ئۇلارغا ھەقىقەتنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدىغان پەيغەمبەر ـــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلگەندە، ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ: «قۇرئاننى ئۇنىڭغا ئىنسان ياكى جىن ۋەياكى شەيتانلار ئۆگەتكەن، ئۇ بولسا مەجنۇندۇر، ئۇ پەيغەمبەر ئەمەس» دېگەن تۇرسا، ئەمدى ئازاب چۈشكەندىن كېيىن، ئۇلار قانداقمۇ ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن؟!

إِنَّا كَاشِفُواْ ٱلۡعَذَابِ قَلِيلًاۚ إِنَّكُمۡ عَآئِدُونَ ﴿١٥﴾

15 ـ بىز سىلەردىن ئازابنى ئازغىنە ۋاقىت كۆتۈرۈۋېتىمىز، سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ بۇرۇنقى كاپىرلىقىڭلارغا، ئازغۇنلۇقۇڭلار ۋە ئىنكارچىلىقىڭلارغا قايتىۋالىدىغانلىقىڭلارنى كۆرىسىلەر. بىز سىلەرنى شۇنىڭغا ئاساسەن جازالايمىز

يَوۡمَ نَبۡطِشُ ٱلۡبَطۡشَةَ ٱلۡكُبۡرَىٰٓ إِنَّا مُنتَقِمُونَ ﴿١٦﴾

16 ـ بىز كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنى چوڭ ئازاب بىلەن ئازابلايدىغان قىيامەت كۈنى بىزنىڭ ئۇلارنى جازالايدىغان كۈنىمىزدۇر.

۞ وَلَقَدۡ فَتَنَّا قَبۡلَهُمۡ قَوۡمَ فِرۡعَوۡنَ وَجَآءَهُمۡ رَسُولٞ كَرِيمٌ ﴿١٧﴾

17 ـ بىز بۇ مۇشرىكلاردىن ئىلگىرى پىرئەۋن قەۋمىنى ھەقىقەتەن سىنىغان ئىدۇق. ئۇلارغا بىزنىڭ ئېسىل پەيغەمبىرىمىز مۇسا ئەلەيھىسسالام كەلگەن ئىدى. ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ھالاك بولدى. ئى پەيغەمبەر! ساڭا دۈشمەن بولغان ئاشۇ مۇشرىكلار ئەگەر ئىمان ئېيتمىسا، ئۇلارنى پىرئەۋن قەۋمىنى جازالىغاندەك جازالايمىز.

أَنۡ أَدُّوٓاْ إِلَيَّ عِبَادَ ٱللَّهِۖ إِنِّي لَكُمۡ رَسُولٌ أَمِينٞ ﴿١٨﴾

18 ـ مۇسا ئۇلارغا: «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى بولغان ئىسرائىل ئەۋلادىنى ماڭا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار، ئۇلار مەن بىلەن كەتسۇن، ئۇلار ئاللاھقا ئازادە ئىبادەت قىلسۇن. شەكسىزكى، مەن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئىشەنچلىك پەيغەمبەرمەن.

وَأَن لَّا تَعۡلُواْ عَلَى ٱللَّهِۖ إِنِّيٓ ءَاتِيكُم بِسُلۡطَٰنٖ مُّبِينٖ ﴿١٩﴾ وَإِنِّي عُذۡتُ بِرَبِّي وَرَبِّكُمۡ أَن تَرۡجُمُونِ ﴿٢٠﴾ وَإِن لَّمۡ تُؤۡمِنُواْ لِي فَٱعۡتَزِلُونِ ﴿٢١﴾

19 ـ 21 ـ ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلىش بىلەن ئاللاھقا چوڭچىلىق قىلماڭلار.
شەكسىزكى، مەن سىلەرگە مېنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمگە ئوپئوچۇق دالالەت
قىلىدىغان روشەن مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم. شۈبھىسىزكى، مەن مېنىڭمۇ رەببىم،
سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلار بولغان ئاللاھقا سىغىنىپ، سىلەرنىڭ مېنى چالما - كېسەك قىلىپ
ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭلاردىن پاناھ تىلەيمەن. ئەگەر ماڭا ئىمان ئېيتمىساڭلار، ھېچبولمىغاندا
مېنى دەۋەت قىلغىلى قويۇڭلار، ماڭا زىيانكەشلىك قىلماڭلار».

فَدَعَا رَبَّهُۥٓ أَنَّ هَٰٓؤُلَآءِ قَوۡمٞ مُّجۡرِمُونَ ٢٢

22 ـ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمى مۇسانى ئىنكار قىلىپ ئىمان ئېيتمىغاندىن كېيىن، مۇسا:
«بۇلار ھەقىقەتەن ئىمان ئېيتمايدىغان كاپىر قەۋمدۇر» دەپ رەببىگە ئىلتىجا قىلدى.

فَأَسۡرِ بِعِبَادِي لَيۡلًا إِنَّكُم مُّتَّبَعُونَ ٢٣

23 ـ ئاللاھ ئېيتتى: «ئى مۇسا! ساڭا ئەگەشكەن ۋە ساڭا ئىمان ئېيتقان بەندىلىرىمنى
كېچىدە ئېلىپ چىقىپ كەتكىن. چۈنكى پىرئەۋن قوشۇنى سىلەرنى تۇتۇش ئۈچۈن
كەينىڭلاردىن قوغلايدۇ. سىلەر قۇتۇلۇپ قالىسىلەر، ئۇلار غەرق بولۇپ تۈگىشىدۇ.

وَٱتۡرُكِ ٱلۡبَحۡرَ رَهۡوًاۖ إِنَّهُمۡ جُندٞ مُّغۡرَقُونَ ٢٤

24 ـ دېڭىزنى سەن ئۆتكەن چاغدىكى يېرىلغان ھالىتى بويىچە قويغىن. چۈنكى پىرئەۋن ۋە
ئۇنىڭ قوشۇنى دېڭىزدا غەرق بولىدۇ».

كَمۡ تَرَكُواْ مِن جَنَّٰتٖ وَعُيُونٖ ٢٥ وَزُرُوعٖ وَمَقَامٖ كَرِيمٖ ٢٦ وَنَعۡمَةٖ كَانُواْ فِيهَا فَٰكِهِينَ ٢٧

25 ـ 27 ـ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمى ئاللاھنىڭ سۇدا غەرق قىلىشى بىلەن ھالاك بولغاندىن
كېيىن، نۇرغۇن ياپيېشىل باغلارنى، ئېقىپ تۇرىدىغان بۇلاقلارنى، زىرائەتلەرنى،
چىرايلىق جايلارنى، ئۆزلىرى بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى.

كَذَٰلِكَۖ وَأَوۡرَثۡنَٰهَا قَوۡمًا ءَاخَرِينَ ٢٨

28 ـ ئاللاھ نېمەتكە شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا تۇزكورلۇق قىلغان ۋە ئاللاھنى ئىنكار قىلغان
كاپىرلارنى ئەنە شۇنداق جازالايدۇ. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمى ھالاك بولغاندىن كېيىن،
ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن ئاشۇ نېمەتلەرگە ئىسرائىل ئەۋلادىدىن كەلگەن باشقا بىر
قەۋمنى ۋارىس قىلدۇق.

فَمَا بَكَتۡ عَلَيۡهِمُ ٱلسَّمَآءُ وَٱلۡأَرۡضُ وَمَا كَانُواْ مُنظَرِينَ ٢٩

29 ـ ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ پىرئەۋننىڭ ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ھالاكىتىگە قايغۇرۇپ يىغلىمىدى،
ئۇلار ئۆزلىرىگە چۈشكەن ئازابنى تارتىشقا كېچىكىپمۇ قالمىدى.

وَلَقَدۡ نَجَّيۡنَا بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ مِنَ ٱلۡعَذَابِ ٱلۡمُهِينِ ٣٠ مِن فِرۡعَوۡنَۚ إِنَّهُۥ كَانَ عَالِيٗا مِّنَ ٱلۡمُسۡرِفِينَ ٣١

30 ـ 31 ـ شەكسىزكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى خىزمەتكە
سالىدىغان خار قىلغۇچى ئازابتىن — پىرئەۋندىن قۇتقۇزدۇق. پىرئەۋن ھەقىقەتەن زالىم
ئىدى، ئۇ ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلىشتا ۋە چوڭچىلىق قىلىشتا ھەقىقەتەن
ھەددىدىن ئاشقان ئىدى.

وَلَقَدِ ٱخۡتَرۡنَٰهُمۡ عَلَىٰ عِلۡمٍ عَلَى ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٣٢﴾

32 ـ شەكسىزكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىنى بىلىپ، ئۇلارنى ئۆز زامانىسىدىكى ئىنسانلاردىن ئارتۇق قىلىپ تاللىغان ئىدۇق.

وَءَاتَيۡنَٰهُم مِّنَ ٱلۡأٓيَٰتِ مَا فِيهِ بَلَٰٓؤٞاْ مُّبِينٌ ﴿٣٣﴾

33 ـ بىز ئۇلارغا مۇسانىڭ قولىدا نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەن ئىدۇق. بۇ مۆجىزىلەر ئۇلارنى ئاچلىق ۋە توقلۇقتا سىناش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى.

إِنَّ هَٰٓؤُلَآءِ لَيَقُولُونَ ﴿٣٤﴾ إِنۡ هِيَ إِلَّا مَوۡتَتُنَا ٱلۡأُولَىٰ وَمَا نَحۡنُ بِمُنشَرِينَ ﴿٣٥﴾

34 ـ 35 ـ ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭ ئىچىدىكى ئاشۇ مۇشرىكلار: «بىز پەقەت بىر قېتىملا ئۆلىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن تىرىلىش دەيدىغان نەرسە يوقتۇر، بىز ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلمەيمىز، ئەمەللەردىن ھېساب ئېلىش ۋە مۇكاپات ياكى جازا دېگەنلەر يوق گەپلەردۇر» دەيدۇ.

فَأۡتُواْ بِـَٔابَآئِنَآ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٣٦﴾

36 ـ ئۇلار يەنە: «ئى مۇھەممەد! ئەگەر سەن ۋە ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەر ئاللاھ قەبرىلەردىكىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ، دېگەن سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنى تىرىلدۈرۈپ ئەكېلىپ بېقىڭلار» دەيدۇ.

أَهُمۡ خَيۡرٌ أَمۡ قَوۡمُ تُبَّعٖ وَٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡ أَهۡلَكۡنَٰهُمۡۚ إِنَّهُمۡ كَانُواْ مُجۡرِمِينَ ﴿٣٧﴾

37 ـ (كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە شان ـ شەۋكەتتە قۇرەيش) مۇشرىكلىرى ئارتۇقمۇ؟ ياكى تۇببە[1] قەۋمى ۋە ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەن كاپىر قەۋملەرمۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى كاپىرلىقى ۋە گۇناھلىرى سەۋەبلىك ھالاك قىلدۇق. بۇ مۇشرىكلار ھالاك قىلىنغان ئاشۇ كاپىرلاردىن كۈچلۈك ئەمەس ياكى جازادىن قۇتۇلۇپ قالغۇدەك ياخشىمۇ ئەمەس.

وَمَا خَلَقۡنَا ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ وَمَا بَيۡنَهُمَا لَٰعِبِينَ ﴿٣٨﴾ مَا خَلَقۡنَٰهُمَآ إِلَّا بِٱلۡحَقِّ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٣٩﴾

38 ـ 39 ـ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى بىكاردىن ـ بىكار ياراتقىنىمىز يوق. بىز ئۇلارنى پەقەت ھەق ۋە ھېكمەت بىلەنلا ياراتتۇق، ئەمما ئاشۇ مۇشرىكلارنىڭ تولىسى بۇنى بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار بۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار جەننەتنى ئۈمىد قىلمايدۇ، دوزاختىن قورقمايدۇ.

إِنَّ يَوۡمَ ٱلۡفَصۡلِ مِيقَٰتُهُمۡ أَجۡمَعِينَ ﴿٤٠﴾

40 ـ شەكسىزكى، ئىنسانلارنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ـ يامان ئەمەللىرى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى توپلاشقا بەلگىلەنگەن ۋاقىتتۇر.

يَوۡمَ لَا يُغۡنِي مَوۡلًى عَن مَّوۡلٗى شَيۡـٔٗا وَلَا هُمۡ يُنصَرُونَ ﴿٤١﴾ إِلَّا مَن رَّحِمَ ٱللَّهُۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٤٢﴾

41 ـ 42 ـ ئۇ كۈندە دوست دوستقا قىلچە ئەسقاتمايدۇ، ئۇلار بىر ـ بىرىگە ياردەممۇ

[1] تۇببە ـ مىلادىيەدىن ئىلگىرى ھازىرقى يەمەندە قۇرۇلغان كۈچلۈك بىر پادىشاھلىقنىڭ نامى بولۇپ، ئۇلار ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغانلىقى سەۋەبلىك تۇببە(باغلىغۇچى) دەپ ئاتالغان. بۇ دۆلەت مىلادىيە 400 ـ يىلىدا ئېفىئوپىيەلىكلەر (ھەبەشىستان) تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلانغان.

قىلالمايدۇ. پەقەت ئاللاھ رەھىم قىلغان مۇئمىنلەرلا ئاللاھنىڭ رۇخسىتى بىلەن شاپائەت قىلالايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ دۈشمەنلىرىنى جازالاشقا قادىر ۋە ئۇلارغا غالىبتۇر، دوستلىرىغا ۋە ئىتائەتمەن بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

إِنَّ شَجَرَتَ ٱلزَّقُّومِ ﴿٤٣﴾ طَعَامُ ٱلۡأَثِيمِ ﴿٤٤﴾

43 - 44- دوزاخنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئۆسىدىغان زەققۇم دەرىخى ھەقىقەتەن گۇناھكارلارنىڭ تاماقىدۇر. ئەڭ چوڭ گۇناھ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر.

كَٱلۡمُهۡلِ يَغۡلِي فِي ٱلۡبُطُونِ ﴿٤٥﴾ كَغَلۡيِ ٱلۡحَمِيمِ ﴿٤٦﴾

45 - 46- زەققۇم دەرىخىنىڭ مېۋىسى ئېرىتىلگەن مەدەنلەردەك بولۇپ، مۇشرىكلارنىڭ قورساقلىرىدا ھارارىتى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەن قايناق سۇ قايىنىغاندەك قايناي دۇ.

خُذُوهُ فَٱعۡتِلُوهُ إِلَىٰ سَوَآءِ ٱلۡجَحِيمِ ﴿٤٧﴾ ثُمَّ صُبُّواْ فَوۡقَ رَأۡسِهِۦ مِنۡ عَذَابِ ٱلۡحَمِيمِ ﴿٤٨﴾

47 - 48- (دوزاختىكى مەسئۇل پەرىشتىلەرگە): «بۇ گۇناھكارنى تۇتۇپ دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىغا دۈشكەلەپ ئىتتىرىپ ئېلىپ بېرىڭلار، ئاندىن ئۇ گۇناھكارنىڭ بېشىغا قاتتىق ھارارەتلىك قايناق سۇنى قۇيۇپ ئازابلاڭلار» (دېيىلىدۇ). بۇ ئازاب ئۇلاردىن قەتئىي توختاپ قالمايدۇ.

ذُقۡ إِنَّكَ أَنتَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡكَرِيمُ ﴿٤٩﴾

49 - ئاشۇ بەتبەخت گۇناھكارغا كايىغان ھالدا: «بۈگۈنكى بۇ ئازابنى ئوبدان تېتىغىن، چۈنكى سەن ئۆز قەۋمىڭ ئىچىدە بەكمۇ ئىززەتلىك ۋە ھۆرمەتلىك بىرى ئىدىڭ.

إِنَّ هَٰذَا مَا كُنتُم بِهِۦ تَمۡتَرُونَ ﴿٥٠﴾

50 - شەكسىزكى، بۈگۈن سىلەر ئازابلىنىۋاتقان بۇ ئازاب دۇنيادىكى ۋاقىتىڭلاردا سىلەر شەك قىلغان ۋە ئىنكار قىلغان ئازابىڭ ئۆزىدۇر» دېيىلىدۇ.

إِنَّ ٱلۡمُتَّقِينَ فِي مَقَامٍ أَمِينٖ ﴿٥١﴾

51 - شەكسىزكى، دۇنيادا ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى قىلىش ۋە توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلغان كىشىلەر ئاخىرەتتە بارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەردىن ۋە بالايىئاپەتلەردىن پۈتۈنلەي ئەمىن جايدا بولىدۇ.

فِي جَنَّٰتٖ وَعُيُونٖ ﴿٥٢﴾

52 - ئۇلار باغلاردا، ئېقىپ تۇرغان بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ.

يَلۡبَسُونَ مِن سُندُسٖ وَإِسۡتَبۡرَقٖ مُّتَقَٰبِلِينَ ﴿٥٣﴾

53 - ئۇلار قېلىن، نېپىز يىپەك كىيىملەرنى كىيىپ بىر - بىرىنىڭ يۈزىگە قاراپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئۇلار قايسى تەرەپكە يۈزلەنسە، ئۇلار ئولتۇرغان تەختمۇ بىللە يۈزلىنىدۇ.

كَذَٰلِكَ وَزَوَّجۡنَٰهُم بِحُورٍ عِينٖ ﴿٥٤﴾

54 - بىز ئاشۇ تەقۋادارلارنى ئاخىرەتتە جەننەتتە كىرگۈزگەن ۋە يىپەك كىيىملەرنى كىيگۈزگەندەك، ئۇلارغا كۆزلىرى يوغان، ناھايىتى چىرايلىق ھۆرلەرنى جۈپ قىلىپ

بېرىمىز.

يَدۡعُونَ فِيهَا بِكُلِّ فَٰكِهَةٍ ءَامِنِينَ ﴿٥٥﴾

55 - ئۇ تەقۋادارلار جەننەتتە كۆڭلى تارتقان ھەر تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئەكەلدۈرۈپ تۇرىدۇ، بۇ مېۋىلەرنىڭ تۈگەپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەيدۇ.

لَا يَذُوقُونَ فِيهَا ٱلۡمَوۡتَ إِلَّا ٱلۡمَوۡتَةَ ٱلۡأُولَىٰۖ وَوَقَىٰهُمۡ عَذَابَ ٱلۡجَحِيمِ ﴿٥٦﴾ فَضۡلٗا مِّن رَّبِّكَۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ﴿٥٧﴾

56 - 57 - ئۇ تەقۋادارلار دۇنيادىكى ۋاقتىدا ئۆلگەن ئۆلۈمدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئۆلۈمنى تېتىمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز پەزل - كەرەمى بىلەن دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغاندۇر. تەقۋادارلارغا ئاخىرەتتە ئاتا قىلىنىدىغان بۇ كاتتا مۇكاپات ھەقىقەتەن زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

فَإِنَّمَا يَسَّرۡنَٰهُ بِلِسَانِكَ لَعَلَّهُمۡ يَتَذَكَّرُونَ ﴿٥٨﴾

58 - ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭنى ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن ۋە كۇفرىلىقتىن يانسۇن دەپ، بىز بۇ قۇرئاننى سېنىڭ تىلىڭدا نازىل قىلىپ، ئۇنىڭ لەۋزىنى ۋە مەنىسىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بەردۇق.

فَٱرۡتَقِبۡ إِنَّهُم مُّرۡتَقِبُونَ ﴿٥٩﴾

59 - ئى پەيغەمبەر! سەن مۇشرىكلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىن ئىبارەت مەن ۋەدە قىلغان غەلىبىنى ۋە ئۇلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئازابنى كۈتكىن. ئۇلارمۇ سېنىڭ ئۆلۈمىڭنى كۈتۈپ تۇرماقتا. ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە غەلىبىنىڭ ۋە ھەقىقىي زەپەرنىڭ كىمگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئۇزاققا قالماي بىلىپ قالىدۇ. بۇ غەلىبە ۋە زەپەر ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە خاستۇر.

# جاسىيە سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

حمٓ ﴿١﴾

1 ـ ھا، مىيم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

تَنزِيلُ ٱلۡكِتَٰبِ مِنَ ٱللَّهِ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡحَكِيمِ ﴿٢﴾

2 ـ بۇ قۇرئان دۈشمەنلىرىنى جازالاشتا ناھايىتى كۈچلۈك ۋە غالىب، بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.

إِنَّ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ لَأٓيَٰتٖ لِّلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٣﴾

3 ـ شەكسىزكى، يەتتە ئاسماندا، مەخلۇقات كېلىپ چىققان زېمىندا ۋە ئۇنىڭدىكى ھەر خىل ۋە ھەر تۈرلۈك مەخلۇقاتتا مۆئمىنلەر ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.

وَفِي خَلۡقِكُمۡ وَمَا يَبُثُّ مِن دَآبَّةٍ ءَايَٰتٞ لِّقَوۡمٖ يُوقِنُونَ ﴿٤﴾

4 ـ ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ يارىتىلىشىڭلاردا ۋە يەر يۈزىگە تارقىتىۋېتىلگەن جانلىقلارنىڭ يارىتىلىشىدا ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ دىنىغا چىن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن دەلىللەر بار.

وَٱخۡتِلَٰفِ ٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِ وَمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مِن رِّزۡقٖ فَأَحۡيَا بِهِ ٱلۡأَرۡضَ بَعۡدَ مَوۡتِهَا وَتَصۡرِيفِ ٱلرِّيَٰحِ ءَايَٰتٞ لِّقَوۡمٖ يَعۡقِلُونَ ﴿٥﴾

5 ـ كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئاللاھنىڭ ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، قۇرۇپ كەتكەن زېمىننى ئۇنىڭ بىلەن تىرىلدۈرۈشىدە، زېمىننىڭ ئۆسۈملۈك ۋە زىرائەتلەر بىلەن كۆپىيىشىدە ۋە شاماللارنىڭ يۆنىلىشىنى ھەر تەرەپتىن سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن ئۆزگەرتىپ تۇرۇشىدا، ئەقلىنى ئىشلىتىپ ئاللاھنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن دەلىللەر بار.

تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱللَّهِ نَتۡلُوهَا عَلَيۡكَ بِٱلۡحَقِّۖ فَبِأَيِّ حَدِيثِۭ بَعۡدَ ٱللَّهِ وَءَايَٰتِهِۦ يُؤۡمِنُونَ ﴿٦﴾

6 ـ ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا بۇ ئايەتلەرنى ۋە بۇ دەلىل ـ پاكىتلارنى ھەقىقەتنى بىلەن ئوقۇپ بېرىۋاتىمىز. ئۇلار ئاللاھقا، ئۇنىڭ ئايەتلىرىگە ۋە يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللىرىگە ئىشەنمەي، قانداق سۆزگە ئىشىنىدىغاندۇ؟ قانداق سۆزگە ئەمەل قىلىدىغاندۇ؟

وَيْلٌ لِّكُلِّ أَفَّاكٍ أَثِيمٍ ﴿٧﴾

7 - ھەربىر گۇناھكار يالغانچى ھالاك بولۇشقا مەھكۇمدۇر.

يَسْمَعُ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ تُتْلَىٰ عَلَيْهِ ثُمَّ يُصِرُّ مُسْتَكْبِرًا كَأَن لَّمْ يَسْمَعْهَا ۖ فَبَشِّرْهُ بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ﴿٨﴾

8 - ئۇ ئۆزىگە ئوقۇپ بېرىلىۋاتقان قۇرئان ئايەتلىرىنى ئاڭلايدۇ، ئاندىن ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بويسۇنۇشتىن چوڭچىلىق قىلىپ، كۇفرىدا ھەددىدىن ئېشىپ گويا ئوقۇپ بېرىلىۋاتقان ئايەتلەرنى ھېچ ئاڭلىمىغاندەك كۇفرىدا چىڭ تۇرىدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ گۇناھكار يالغانچىغا قىيامەت كۈنى جەھەننەمدىكى قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن.

وَإِذَا عَلِمَ مِنْ ءَايَٰتِنَا شَيْـًٔا ٱتَّخَذَهَا هُزُوًا ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ مُّهِينٌ ﴿٩﴾

9 - ئۇ گۇناھكار يالغانچى بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن بىرەر نەرسىنى بىلگەن چاغدا، ئۇنى مەسخىرە ماۋزۇسى قىلىۋالىدۇ. ئەنە ئاشۇلارنىڭ قۇرئاننى مەسخىرە قىلغانلىقىنىڭ جازاسى ئۈچۈن، ئۇلارغا قىيامەت كۈنى خار قىلغۇچى قاتتىق ئازاب بار.

مِّن وَرَآئِهِمْ جَهَنَّمُ ۖ وَلَا يُغْنِى عَنْهُم مَّا كَسَبُوا۟ شَيْـًٔا وَلَا مَا ٱتَّخَذُوا۟ مِن دُونِ ٱللَّهِ أَوْلِيَآءَ ۖ وَلَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴿١٠﴾

10 - ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىدىغان ئاشۇ كاپىرلارنىڭ ئالدىدا (ئۇلارنى كۈتۈۋاتقان) جەھەننەم تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېرىشكەن مال - دۇنياسى، باللىرى ۋە ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان باتىل (ساختا) ئىلاھلىرى ئۇلارغا قىلچە ئەسقاتمايدۇ، ئۇلارغا ئىنتايىن چوڭ ۋە بەكمۇ قاتتىق ئازاب بار.

هَٰذَا هُدًى ۖ وَٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ بِـَٔايَٰتِ رَبِّهِمْ لَهُمْ عَذَابٌ مِّن رِّجْزٍ أَلِيمٌ ﴿١١﴾

11 - ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا نازىل قىلغان بۇ قۇرئان كىشىلەرنى ئازغۇنلۇقتىن ھىدايەتكە چىقىرىدىغان ۋە ھەقىقەتنىڭ دەلىلى بولغان كىتابتۇر. بۇ كىتاب ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلغان كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. ھەقىقەتكە دالالەت قىلىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىغان كاپىرلارغا كەلسەك، قىيامەت كۈنى ئۇلارغا ئەڭ شىددەتلىك ۋە ئەڭ ئەلەملىك ئازاب بار.

۞ ٱللَّهُ ٱلَّذِى سَخَّرَ لَكُمُ ٱلْبَحْرَ لِتَجْرِىَ ٱلْفُلْكُ فِيهِ بِأَمْرِهِۦ وَلِتَبْتَغُوا۟ مِن فَضْلِهِۦ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿١٢﴾

12 - ئاللاھ ئۆز ئەمرى بىلەن دېڭىزدا كېمىلەرنىڭ يۈرۈشى ئۈچۈن، سىلەرنىڭ تۈرلۈك تىجارەتلەرنى قىلىپ ئاللاھنىڭ پەزلىدىن رىزقىڭلارنى تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن ۋە سىلەرنىڭ رەببىڭلارنىڭ بۇ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىپ، ئۇنىڭغا خالىس ئىبادەت قىلىشىڭلار ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر.

وَسَخَّرَ لَكُم مَّا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ جَمِيعًا مِّنْهُ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ ﴿١٣﴾

13 - ئاللاھ ئاسمانلاردىكى كۈن، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىقلارنى ۋە زېمىندىكى جانلىقلار، كېمىلەر، دەل - دەرەخ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ

بەردى. بۇ نېمەتلەرنىڭ ھەممىسى سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن قىلىنغان كاتتا ئېھساندۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سىلەر ئاللاھقا خالىس ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار. ئاللاھ سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن نەرسىلەردە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ۋە دەلىل - پاكىتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىپ ئىبرەت ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەر ۋە دەلىللەر بار.

قُل لِّلَّذِينَ ءَامَنُواْ يَغۡفِرُواْ لِلَّذِينَ لَا يَرۡجُونَ أَيَّامَ ٱللَّهِ لِيَجۡزِيَ قَوۡمَۢا بِمَا كَانُواْ يَكۡسِبُونَ ﴿١٤﴾

14 - ئى پەيغەمبەر! ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئېيتقىنكى، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىنى ئۈمىد قىلمايدىغان ۋە ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقمايدىغان مۇشرىكلاردىن ئەزىيەت ۋە يامانلىق يەتسە، ئۇلارنى ئەپۇ قىلسۇن. بۇ ئاللاھنىڭ ئاشۇ مۇشرىكلارنى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىش ۋە مۇئمىنلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈش قاتارلىق قىلمىشلىرى سەۋەبلىك جازالىشى ئۈچۈندۇر.

مَنۡ عَمِلَ صَٰلِحٗا فَلِنَفۡسِهِۦۖ وَمَنۡ أَسَآءَ فَعَلَيۡهَاۖ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّكُمۡ تُرۡجَعُونَ ﴿١٥﴾

15 - ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدىن كىمكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئەمەل قىلغان بولىدۇ، كىمكى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنىغا گۇناھ سادىر قىلغان بولىدۇ. ئاندىن سىلەر ئى ئىنسانلار! ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، رەببىڭلار ياخشىلارنىڭ ياخشىلىقىغا يارىشا مۇكاپات، يامانلارنىڭ گۇناھىغا تېگىشلىك جازا بېرىدۇ.

وَلَقَدۡ ءَاتَيۡنَا بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡحُكۡمَ وَٱلنُّبُوَّةَ وَرَزَقۡنَٰهُم مِّنَ ٱلطَّيِّبَٰتِ وَفَضَّلۡنَٰهُمۡ عَلَى ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٦﴾

16 - شەكسىزكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، ئۇلارنى بۇ ئىككى كىتابنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇدۇق. پەيغەمبەرلەرنىڭ كۆپلىرىنى ئۇلارنىڭ نەسلىدىن چىقاردۇق، ئۇلارنى پاك يېمەكلىكلەر، مېۋىلەر ۋە تۈرلۈك نېمەتلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى ئۆز زامانىدىكى جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلدۇق.

وَءَاتَيۡنَٰهُم بَيِّنَٰتٖ مِّنَ ٱلۡأَمۡرِۖ فَمَا ٱخۡتَلَفُوٓاْ إِلَّا مِنۢ بَعۡدِ مَا جَآءَهُمُ ٱلۡعِلۡمُ بَغۡيَۢا بَيۡنَهُمۡۚ إِنَّ رَبَّكَ يَقۡضِي بَيۡنَهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ فِيمَا كَانُواْ فِيهِ يَخۡتَلِفُونَ ﴿١٧﴾

17 - بىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھالال - ھارام ئىشلىرىدا روشەن شەرىئەت ۋە ھەقىقەتنى باتىلدىن ئايرىپ بېرىدىغان ئوپئوچۇق دەلىللەرنى ئاتا قىلدۇق. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىگە ئىلىم كەلگەندىن كېيىنلا ئىختىلاپ قىلىشتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىغا تۈرتكە بولغان نەرسە ئۇلارنىڭ چوڭچىلىق تالىشىپ بىر - بىرىگە قارشى يولسىزلىق قىلىشى ئىدى. ئى پەيغەمبەر! شەكسىزكى، رەببىڭ ئىسرائىل ئەۋلادى بۇ دۇنيادا ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشقان ئىشلار ئۈستىدە قىيامەت كۈنى ھۆكۈم چىقىرىدۇ. (بۇ بايانلار ئىسلام ئۈممىتىنى ئۇلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ).

ثُمَّ جَعَلۡنَٰكَ عَلَىٰ شَرِيعَةٖ مِّنَ ٱلۡأَمۡرِ فَٱتَّبِعۡهَا وَلَا تَتَّبِعۡ أَهۡوَآءَ ٱلَّذِينَ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿١٨﴾

18 - ئاندىن كېيىن، ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا دىن ئىشىدا روشەن بىر شەرىئەت ئاتا

قىلدۇق، سەن ئاشۇ شەرىئەتكە ئەگەشكىن، ھەقىقەتنى بىلمەيدىغان ۋە ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدىن خەۋىرى يوق نادانلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن. (بۇ ئايەتتە ئىسلام دىنىنىڭ مۇكەممەللىكىگە ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە، كاپىرلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمەسلىككە ئۇچۇق دەلىل بار).

إِنَّهُمْ لَن يُغْنُوا۟ عَنكَ مِنَ ٱللَّهِ شَيْـًٔا ۚ وَإِنَّ ٱلظَّـٰلِمِينَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَآءُ بَعْضٍ ۖ وَٱللَّهُ وَلِىُّ ٱلْمُتَّقِينَ ﴿١٩﴾

19 - ئى پەيغەمبەر! ناۋادا سەن سېنى ئۇز خاھىشلىرىغا ئەگىشىشكە دەۋەت قىلىۋاتقان ئاشۇ مۇشرىكلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشسەڭ، ئۇلار ساڭا ئاللاھتىن كېلىدىغان ئازابتىن ھېچ نەرسىنى توسۇپ قالالمايدۇ. شەكسىزكى، مۇناپىقلار، يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىكلاردىن ئىبارەت بۇ زالىملار مۇئمىنلەرگە قارشى بىر - بىرىگە ياردەمچىدۇر. ئاللاھ پەرز ئەمەللەرنى ئادا قىلىش، ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق تەقۋالىق قىلغان كىشىلەرنىڭ مەددەتكارىدۇر.

هَـٰذَا بَصَـٰٓئِرُ لِلنَّاسِ وَهُدًى وَرَحْمَةٌ لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ ﴿٢٠﴾

20 - ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا نازىل قىلغان بۇ قۇرئان ئىنسانلار ئۈچۈن يول كۆرسەتكۈچىدۇر، ئىنسانلار ئۇنىڭ بىلەن ھەقىقەتنى باتىلدىن ئايرىۋالىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن توغرا يولنى تونۇۋالىدۇ. بۇ قۇرئان ئۇنىڭ ھەق كىتاب ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھىدايەت ۋە رەھمەتتۇر، ئۇ ھەممىگە غالىب ۋە ھەر ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.

أَمْ حَسِبَ ٱلَّذِينَ ٱجْتَرَحُوا۟ ٱلسَّيِّـَٔاتِ أَن نَّجْعَلَهُمْ كَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ سَوَآءً مَّحْيَاهُمْ وَمَمَاتُهُمْ ۚ سَآءَ مَا يَحْكُمُونَ ﴿٢١﴾

21 - يامان ئىشلارنى قىلغان، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان، رەببىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلماي مەخلۇقاتقا چوقۇنغانلار بىزنىڭ ئۇلارنى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئەگەشكەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئوخشاش قىلىشىمىزنى ئويلامدۇ؟ ئۇلارنىڭ ياخشىلار بىلەن يامانلار باراۋەر بولىدۇ، دەپ چىقارغان بۇ ھۆكۈمى نېمىدېگەن يامان!

وَخَلَقَ ٱللَّهُ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ بِٱلْحَقِّ وَلِتُجْزَىٰ كُلُّ نَفْسٍۭ بِمَا كَسَبَتْ وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ ﴿٢٢﴾

22 - ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھەق ، ئادالەت ۋە ھېكمەت بىلەن ياراتتى. بۇ (ئۆزىنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىشى، شۇنداقلا) ئاخىرەتتە ھەر ئىنساننىڭ قىلغان ياخشى - يامان ئەمەلىگە تېگىشلىك مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىشى ئۈچۈندۇر. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىشتە ئۇلارغا قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ.

أَفَرَءَيْتَ مَنِ ٱتَّخَذَ إِلَـٰهَهُۥ هَوَىٰهُ وَأَضَلَّهُ ٱللَّهُ عَلَىٰ عِلْمٍ وَخَتَمَ عَلَىٰ سَمْعِهِۦ وَقَلْبِهِۦ وَجَعَلَ عَلَىٰ بَصَرِهِۦ غِشَـٰوَةً فَمَن يَهْدِيهِ مِنۢ بَعْدِ ٱللَّهِ ۚ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ﴿٢٣﴾

23 - ئى پەيغەمبەر! نەپسى خاھىشىنى ئۆزىگە ئىلاھ قىلىۋالغان، پەقەت ئاشۇ نەپسى خاھىشى بىلەنلا ئىش قىلىدىغان، ئۇنىڭغا ئىلىم كەلگەن، ھەقىقەت يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئاللاھ ئازغۇن قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ۋەز - نەسىھەتنى ئاڭلىمايدىغان، ئىبرەت ئالمايدىغان بولۇپ قالغان، ئاللاھ قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەنلىكتىن ھەقىقەتنى

چۈشەنمەيدىغان، كۆزىنى پەردىلىۋەتكەنلىكتىن ئاللاھنىڭ دەلىل - پاكىتلىرىنى كۆرەلمەيدىغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ ئاللاھ ئازدۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى كىم ھىدايەت قىلالايدۇ؟ كىم ئۇنىڭ ھەقىقەتنى تېپىشىغا مۇۋەپپەق قىلالايدۇ؟ ئى ئىنسانلار! سىلەر بۇنى ئويلاپ باقماسىلەر؟ ئاللاھ ھىدايەت قىلمىغان ئادەمنى ھېچكىمنىڭ ھىدايەت قىلالمايدىغانلىقىنى، ئۇنداق ئادەمگە ئۇنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان بىرەر دوست چىقمايدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟ (بۇ ئايەت مۆئمىنلەرنى ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگىشىپ ئىش قىلىشتىن مەنئى قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

وَقَالُواْ مَا هِيَ إِلَّا حَيَاتُنَا ٱلدُّنۡيَا نَمُوتُ وَنَحۡيَا وَمَا يُهۡلِكُنَآ إِلَّا ٱلدَّهۡرُۚ وَمَا لَهُم بِذَٰلِكَ مِنۡ عِلۡمٍۖ إِنۡ هُمۡ إِلَّا يَظُنُّونَ ﴿٢٤﴾

24 - ئۇ مۇشرىكلار ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلىپ، «ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى مۇشۇ ھاياتىمىزدۇر، بۇنىڭدىن باشقا ھايات يوقتۇر. بىز پەقەت كېچىلەرنىڭ ۋە كۈندۈزلەرنىڭ ئۆتۈشى، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش بىلەنلا يوق بولىمىز» دەيدۇ. ئۇ مۇشرىكلار بۇ خۇسۇستا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، ئۇلار پەقەت گۇمان، خىيال ۋە تەخمىن بىلەنلا سۆزلەيدۇ.

وَإِذَا تُتۡلَىٰ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتُنَا بَيِّنَٰتٖ مَّا كَانَ حُجَّتَهُمۡ إِلَّآ أَن قَالُواْ ٱئۡتُواْ بِـَٔابَآئِنَآ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٢٥﴾

25 - ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدىغان ئاشۇ مۇشرىكلارغا بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇلارنىڭ پاكىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: «ئەگەر سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، سەن ۋە سېنىڭ يېنىڭدىكى مۆئمىنلەر بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنى تىرىلدۈرۈپ ئەكىلىپ بېقىڭلارچۇ» دېيىشتىن باشقىسى بولمىدى.

قُلِ ٱللَّهُ يُحۡيِيكُمۡ ثُمَّ يُمِيتُكُمۡ ثُمَّ يَجۡمَعُكُمۡ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ لَا رَيۡبَ فِيهِ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٢٦﴾

26 - ئى پەيغەمبەر! ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدىغان ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەرنى بۇ دۇنيادا ئۆزى خالىغانچە ياشىتىدۇ، ئاندىن سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن كېلىدىغانلىقىدا قىلچە شەك بولمىغان قىيامەت كۈنىدە سىلەرنى تىرىلدۈرۈپ ھېساب مەيدانىغا يىغىدۇ. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ۋاپات قىلدۇرغاندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ».

وَلِلَّهِ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ وَيَوۡمَ تَقُومُ ٱلسَّاعَةُ يَوۡمَئِذٖ يَخۡسَرُ ٱلۡمُبۡطِلُونَ ﴿٢٧﴾

27 - ئاللاھ يەتتە ئاسماننىڭ ۋە زېمىننىڭ ياراتقۇچىسى، ئىگىسى ۋە ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى پادىشاھىدۇر. ئۆلۈكلەر قەبرىلىرىدىن تىرىلىپ چىقىدىغان ۋە ھېسابقا تارتىلىدىغان قىيامەت كۈنى كەلگەندە، ئاللاھنى ئىنكار قىلغان، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە نازىل قىلغان ئوپئوچۇق دەلىل - پاكىتلىرىنى ۋە روشەن ئايەتلىرىنى يالغان دېگەن كاپىرلار زىيان تارتىدۇ.

وَتَرَىٰ كُلَّ أُمَّةٖ جَاثِيَةٗۚ كُلُّ أُمَّةٖ تُدۡعَىٰٓ إِلَىٰ كِتَٰبِهَا ٱلۡيَوۡمَ تُجۡزَوۡنَ مَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٢٨﴾

28 - ئى پەيغەمبەر! قىيامەت قايىم بولغان كۈندە ھەربىر ئۈممەتنى تىزلانغان ھالدا كۆرىسەن، ھەربىر ئۈممەت ئۆزىنىڭ نامە - ئەمالىنى تاپشۇرۇۋېلىشقا چاقىرىلىدۇ، ئۇلارغا: «بۈگۈن سىلەر دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭلارنىڭ مۇكاپاتىنى ئالىسىلەر، يامان

ئەمەللىرىڭلارنىڭ جازاسىنى كۆرسىلەر» دېيىلىدۇ.

هَٰذَا كِتَٰبُنَا يَنطِقُ عَلَيۡكُم بِٱلۡحَقِّۚ إِنَّا كُنَّا نَسۡتَنسِخُ مَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٢٩﴾

29 - بۇ سىلەرگە بارلىق ئەمەللىرىڭلارنى كەم - زىيادە قىلماي راستچىللىق بىلەن ئېيتىپ بېرىدىغان كىتابىمىزدۇر. شەكسىزكى، بىز خاتىرىلىگۈچى پەرىشتىلەرگە سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى يېزىپ تۇرۇشقا بۇيرۇغان ئىدۇق.

فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فَيُدۡخِلُهُمۡ رَبُّهُمۡ فِي رَحۡمَتِهِۦۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡمُبِينُ ﴿٣٠﴾

30 - دۇنيادىكى ۋاقتىدا ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان، ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىپ، توسقان ئىشلاردىن يانغان كىشىلەرگە كەلسەك، رەببى ئۇلارنى ئۆز رەھمىتى بىلەن جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىش ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق مۇۋەپپەقىيەتتۇر، ئۇنىڭدىن كاتتا مۇۋەپپەقىيەت يوقتۇر.

وَأَمَّا ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَفَلَمۡ تَكُنۡ ءَايَٰتِي تُتۡلَىٰ عَلَيۡكُمۡ فَٱسۡتَكۡبَرۡتُمۡ وَكُنتُمۡ قَوۡمٗا مُّجۡرِمِينَ ﴿٣١﴾

31 - ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا كەلسەك، ئۇلارغا كايىپ: «دۇنيادا مېنىڭ ئايەتلىرىم سىلەرگە ئوقۇپ بېرىلگەن چاغدا، سىلەر چوڭچىلىق قىلىپ ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىشتىن ۋە ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقان ئەمەسمىدىڭلار؟ سىلەر گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلىدىغان، ئاخىرەتتىكى مۇكاپات ۋە جازاغا ئىشەنمەيدىغان قەۋم ئىدىڭلار ئەمەسمۇ؟

وَإِذَا قِيلَ إِنَّ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٞ وَٱلسَّاعَةُ لَا رَيۡبَ فِيهَا قُلۡتُم مَّا نَدۡرِي مَا ٱلسَّاعَةُ إِن نَّظُنُّ إِلَّا ظَنّٗا وَمَا نَحۡنُ بِمُسۡتَيۡقِنِينَ ﴿٣٢﴾

32 - سىلەرگە: ‹ئاللاھنىڭ ئۆلۈكلەرنى قەبرىلىرىدىن تىرىلدۇرۇپ چىقىرىدىغانلىقى ھەقىقەتەن ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، قىيامەتنىڭ بولۇشىدا ھېچ شەك يوق› دېيىلسە، سىلەر: ‹قىيامەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز، پەقەت ئۇنى بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلىمىز، بىزقىيامەتنىڭ كېلىدىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشەنمەيمىز› دېدىڭلار» دېيىلىدۇ.

وَبَدَا لَهُمۡ سَيِّـَٔاتُ مَا عَمِلُواْ وَحَاقَ بِهِم مَّا كَانُواْ بِهِۦ يَسۡتَهۡزِءُونَ ﴿٣٣﴾

33 - ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ئاشۇ مۇشرىكلارنىڭ دۇنيادىكى چاغلىرىدا قىلغان قەبىھ ئىشلىرى ئاشكارا بولىدۇ، ئاللاھنىڭ ئازابىنى مەسخىرە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئازاب چۈشىدۇ ۋە ئۇلارنى ئورىۋالىدۇ.

وَقِيلَ ٱلۡيَوۡمَ نَنسَىٰكُمۡ كَمَا نَسِيتُمۡ لِقَآءَ يَوۡمِكُمۡ هَٰذَا وَمَأۡوَىٰكُمُ ٱلنَّارُ وَمَا لَكُم مِّن نَّٰصِرِينَ ﴿٣٤﴾

34 - ئاشۇ كاپىرلارغا دېيىلىدۇ: «سىلەرنىڭ مۇشۇ كۈندىكى ئۇچرىشىش ئۈچۈن ئەمەل قىلىشنى ۋە رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىشنى تەرك قىلغىنىڭلار سەۋەبلىك، بۈگۈن بىز سىلەرنى دوزاختا تەرك ئېتىمىز، سىلەرنىڭ جايىڭلار دوزاخ بولىدۇ، سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قويىدىغان ھېچقانداق ياردەمچى چىقمايدۇ.

ذَٰلِكُم بِأَنَّكُمُ ٱتَّخَذۡتُمۡ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ هُزُوٗا وَغَرَّتۡكُمُ ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَاۚ فَٱلۡيَوۡمَ لَا يُخۡرَجُونَ مِنۡهَا وَلَا هُمۡ

يُسْتَعْتَبُونَ ﴿٣٥﴾

35 ـ سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ چۈشكەنلىكى سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە دەلىل
ـ پاكىتلىرىنى مەسخىرە ماۋزۇسى قىلىۋالغانلىقىڭلار سەۋەبىدىندۇر. دۇنيا تىرىكچىلىكى
سىلەرنى ئالداپ قويدى». بۇ كۈندە ئۇلار دوزاختىن چىقىرىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ دۇنياغا
قايتىپ گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ كېلىشىگىمۇ رۇخسەت
قىلىنمايدۇ.

فَلِلَّهِ ٱلْحَمْدُ رَبِّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَرَبِّ ٱلْأَرْضِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٣٦﴾

36 ـ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ رەببى، شۇنداقلا بارچە خالايىقنىڭ رەببى، ھەممىنىڭ
ياراتقۇچىسى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئاتا
قىلغان سانسىزلىغان نېمەتلىرى ئۈچۈن، جىمى ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر!

وَلَهُ ٱلْكِبْرِيَآءُ فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ وَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٣٧﴾

37 ـ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى تەڭداشسىز ئۇلۇغلۇق، كاتتىلىق، يېگانە پادىشاھلىق،
چەكسىز قۇدرەت كامال ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەممىگە غالىبتۇر، ھەممىگە كۈچى
يەتكۈچىدۇر، سۆزلىرىدە، ئىش ـ پائالىيەتلىرىدە ۋە بەلگىلىمىلىرىدە ھېكمەت بىلەن
ئىش قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر.

# ئەھقاف سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

حمٓ ﴿١﴾

1 ـ ھا، مىيم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

تَنزِيلُ ٱلۡكِتَٰبِ مِنَ ٱللَّهِ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡحَكِيمِ ﴿٢﴾

2 ـ بۇ قۇرئان ئەڭ كۈچلۈك، ھەممىدىن غالىب، بارلىق تەدبىرلىرىدە، ئىش ـ پائالىيەتلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.

مَا خَلَقۡنَا ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ وَمَا بَيۡنَهُمَآ إِلَّا بِٱلۡحَقِّ وَأَجَلٖ مُّسَمّٗىۚ وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ عَمَّآ أُنذِرُواْ مُعۡرِضُونَ ﴿٣﴾

3 ـ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى پەقەت ھېكمەت بىلەن ياراتتۇق. بىز ئۇلارنى ھەرگىزمۇ مەقسەتسىز بىكارغا ياراتمىدۇق، بەلكى ئىنسانلار ياراتقۇچىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تونۇپ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۆلگەنلەرنى ھاياتقا قايتۇرۇشقا قادىر ئىكەنلىكىنى بىلىشى، شۇنداقلا ئىنسانلار ئاللاھ بەلگىلىگەن مەلۇم مۇددەتكىچە ئۆز ئارىسىدا ئادالەتنى ۋە ھەققانىيەتنى بەرپا قىلىشى ئۈچۈن ياراتتۇق. ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلار قۇرئان ئۆزلىرىنى ئاگاھلاندۇرغان نەرسىلەردىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردۇر، ئۇلار ۋەز ـ نەسىھەت ئالمايدۇ، تەپەككۇر قىلمايدۇ.

قُلۡ أَرَءَيۡتُم مَّا تَدۡعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ أَرُونِي مَاذَا خَلَقُواْ مِنَ ٱلۡأَرۡضِ أَمۡ لَهُمۡ شِرۡكٞ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِۖ ٱئۡتُونِي بِكِتَٰبٖ مِّن قَبۡلِ هَٰذَآ أَوۡ أَثَٰرَةٖ مِّنۡ عِلۡمٍ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٤﴾

4 ـ ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان ساختا ئىلاھلىرىڭلارغا ۋە بۇتلىرىڭلارغا قاراپ بېقىڭلارچۇ، ئۇلار زېمىننىڭ قايسى بۆلىكىنى يارىتىپتۇ؟ ئۇنى ماڭا كۆرسىتىپ بېرىڭلار ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ئاللاھ بىلەن بىرلىكتە يارىتىپتىكەنمۇ؟ ئەگەر سىلەر گۇمانىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، بۇ قۇرئاندىن ئىلگىرى سىلەرنى قوللاپ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان بىرەر كىتاب ياكى ئىلگىرىكىلەردىن قېلىپ قالغان بىرەر ئىلىم بولسا مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار».

وَمَنۡ أَضَلُّ مِمَّن يَدۡعُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَن لَّا يَسۡتَجِيبُ لَهُۥٓ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ وَهُمۡ عَن دُعَآئِهِمۡ غَٰفِلُونَ ﴿٥﴾

5 ـ ئاللاھنى قويۇپ مەڭگۈگە بىرەر دۇئانى ئىجابەت قىلالمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدىغان ئادەمدىنمۇ ئازغۇن ئادەم يوقتۇر. چۈنكى، ئۇ مۇشرىكلار چوقۇنۇۋاتقان تاش، دەرەخ

قاتارلىق نەرسىلەر ئۇلارنىڭ دۇئا قىلغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ئۇلارغا پايدا - زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر ئەمەس.

وَإِذَا حُشِرَ ٱلنَّاسُ كَانُواْ لَهُمْ أَعْدَآءً وَكَانُواْ بِعِبَادَتِهِمْ كَٰفِرِينَ ﴿٦﴾

6 - ئىنسانلار دۇنيادا قىلغان ياخشى - يامان ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىش ۋە تېگىشلىك مۇكاپات ياكى جازانى كۆرۈش ئۈچۈن قىيامەت مەيدانىغا توپلانغان چاغدا، مۇشرىكلارنىڭ دۇنيادىكى چاغلىرىدا چوقۇنغان ساختا ئىلاھلىرى ئۇلارغا دۈشمەن بولىدۇ، ئۇلارغا لەنەت ئوقۇيدۇ، ئۇلاردىن يىراقلىشىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە چوقۇنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ.

وَإِذَا تُتْلَىٰ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتُنَا بَيِّنَٰتٍ قَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لِلْحَقِّ لَمَّا جَآءَهُمْ هَٰذَا سِحْرٌ مُّبِينٌ ﴿٧﴾

7 - ئۇ مۇشرىكلارغا بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇلار ئۆزلىرىگە كەلگەن قۇرئاننى «بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دەيدۇ.

أَمْ يَقُولُونَ ٱفْتَرَىٰهُ قُلْ إِنِ ٱفْتَرَيْتُهُۥ فَلَا تَمْلِكُونَ لِى مِنَ ٱللَّهِ شَيْـًٔا هُوَ أَعْلَمُ بِمَا تُفِيضُونَ فِيهِ كَفَىٰ بِهِۦ شَهِيدًۢا بَيْنِى وَبَيْنَكُمْ وَهُوَ ٱلْغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٨﴾

8 - ھەتتا ئۇ مۇشرىكلار قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىقتى دېيىشەمدۇ؟ ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر مەن قۇرئاننى ئاللاھنىڭ نامىدىن توقۇپ چىققان بولسام، ئاندىن ئاللاھ مېنى جازالىماقچى بولسا، ئۇ چاغدا سىلەر ئاللاھتىن كېلىدىغان ئازابنىڭ ھېچبىرىنى مەندىن توسۇپ قالالمايسىلەر، ئاللاھ ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەرنىڭ قۇرئان توغرىسىدىكى تۆھمەتلىرىڭلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ، ماڭا ۋە سىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر، ئۇ تەۋبە قىلغان بەندىسىنىڭ گۇناھىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، مۇئمىن بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر».

قُلْ مَا كُنتُ بِدْعًا مِّنَ ٱلرُّسُلِ وَمَآ أَدْرِى مَا يُفْعَلُ بِى وَلَا بِكُمْ إِنْ أَتَّبِعُ إِلَّا مَا يُوحَىٰٓ إِلَىَّ وَمَآ أَنَا۠ إِلَّا نَذِيرٌ مُّبِينٌ ﴿٩﴾

9 - ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭ ئىچىدىكى مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «مەن ئاللاھ ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن تۇنجى پەيغەمبەر ئەمەس، ئاللاھنىڭ دۇنيادا ماڭا ۋە سىلەرگە نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، مەن سىلەرنى بۇيرۇغان ۋە ئۆزۈم قىلىۋاتقان ئىشلاردا پەقەت ئاللاھ ماڭا قىلغان ۋەھيىگە ئەگىشىمەن، مەن پەقەت ئوپئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن».

قُلْ أَرَءَيْتُمْ إِن كَانَ مِنْ عِندِ ٱللَّهِ وَكَفَرْتُم بِهِۦ وَشَهِدَ شَاهِدٌ مِّنۢ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ عَلَىٰ مِثْلِهِۦ فَـَٔامَنَ وَٱسْتَكْبَرْتُمْ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٠﴾

10 - ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭ ئىچىدىكى مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «ئېيتىڭلارچۇ، بۇ قۇرئان ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن تۇرسا، سىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنمىسەڭلار، ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى سالامدىن ئىبارەت بىر گۇۋاھچى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە تەۋراتتا بېرىلگەن بېشارەتكە ئاساسەن، قۇرئاننىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئەمەل قىلغان تۇرسا، سىلەر تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئۇنى ئىنكار قىلساڭلار دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ناھەقچىلىق ۋە بۇنىڭدىنمۇ يامان كاپىرلىق بارمۇ؟ شەكسىزكى، ئاللاھنى ئىنكار قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم

قىلغان قەۋمنى ئاللاھ ئىسلامغا مۇۋەپپەق قىلمايدۇ، ئۇنى توغرا يولغا يېتەكلىمەيدۇ».

وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لِلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَوْ كَانَ خَيْرًا مَّا سَبَقُونَآ إِلَيْهِ ۚ وَإِذْ لَمْ يَهْتَدُواْ بِهِۦ فَسَيَقُولُونَ هَٰذَآ إِفْكٌ قَدِيمٌ ﴿١١﴾

11 - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلار ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلارغا: «ئەگەر سىلەرنىڭ مۇھەممەد دەۋەت قىلىۋاتقان دىنىغا كىرگىنىڭلار ياخشى بولىدىغان بولسا ئىدى، سىلەر بۇ دىنغا كىرىشتە بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كەتمىگەن بولاتتىڭلار» دېدى. ئۇلار بۇ قۇرئان بىلەن ھىدايەت تاپمىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىكى ھەقىقەتتىن مەنپەئەت ئالمىغانلىقى ئۈچۈن، «بۇ يالغاندۇر، بۇ بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئەپسانىدۇر» دەيدۇ.

وَمِن قَبْلِهِۦ كِتَٰبُ مُوسَىٰٓ إِمَامًا وَرَحْمَةً ۚ وَهَٰذَا كِتَٰبٌ مُّصَدِّقٌ لِّسَانًا عَرَبِيًّا لِّيُنذِرَ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ وَبُشْرَىٰ لِلْمُحْسِنِينَ ﴿١٢﴾

12 - بىز بۇ قۇرئاندىن بۇرۇن ئىسرائىل ئەۋلادىغا يېتەكچى بولسۇن ۋە ئىسرائىل ئەۋلادى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلسۇن دەپ، مۇساغا تەۋراتنى نازىل قىلغان ئىدۇق. تەۋرات ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان ۋە ئەمەل قىلغان كىشىلەرگە رەھمەت ئىدى. بۇ قۇرئان بولسا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنى تەستىقلىغۇچى كىتابتۇر. كۇفرىلىق بىلەن ۋە گۇناھ - مەئسىيەتلەر بىلەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ، ئەمەل - ئىبادەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بېرىش ئۈچۈن بۇ قۇرئاننى ئەرەب تىلىدا نازىل قىلدۇق.

إِنَّ ٱلَّذِينَ قَالُواْ رَبُّنَا ٱللَّهُ ثُمَّ ٱسْتَقَٰمُواْ فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿١٣﴾

13 - «رەببىمىز ئاللاھتۇر» دېگەن، ئاندىن ئىمانىدا مۇستەھكەم بولغانلارغا قىيامەتنىڭ دەھشەتلىرىدىن ھېچبىر قورقۇنچ يوقتۇر، ئۇلار ئۆلۈش بىلەن ئارقىدا قالدۇرۇپ كەتكەن دۇنيا نېمەتلىرىگە ھەرگىز قايغۇرمايدۇ.

أُوْلَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلْجَنَّةِ خَٰلِدِينَ فِيهَا جَزَآءًۢ بِمَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ ﴿١٤﴾

14 - ئەنە شۇلار جەننەت ئەھلىدۇر، ئۇلار ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈندۇر.

وَوَصَّيْنَا ٱلْإِنسَٰنَ بِوَٰلِدَيْهِ إِحْسَٰنًا ۖ حَمَلَتْهُ أُمُّهُۥ كُرْهًا وَوَضَعَتْهُ كُرْهًا ۖ وَحَمْلُهُۥ وَفِصَٰلُهُۥ ثَلَٰثُونَ شَهْرًا ۚ حَتَّىٰٓ إِذَا بَلَغَ أَشُدَّهُۥ وَبَلَغَ أَرْبَعِينَ سَنَةً قَالَ رَبِّ أَوْزِعْنِىٓ أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ ٱلَّتِىٓ أَنْعَمْتَ عَلَىَّ وَعَلَىٰ وَٰلِدَىَّ وَأَنْ أَعْمَلَ صَٰلِحًا تَرْضَىٰهُ وَأَصْلِحْ لِى فِى ذُرِّيَّتِىٓ ۖ إِنِّى تُبْتُ إِلَيْكَ وَإِنِّى مِنَ ٱلْمُسْلِمِينَ ﴿١٥﴾

15 - بىز ئىنساننى ئاتا - ئانىسىغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىشقا، بۇ دۇنيادا ئۇلارغا ياخشى ھەمراھ بولۇشقا، ئۇلارنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ ئۇلارغا دۇئا قىلىپ، ئۇلار قىلىپ كەلگەن ياخشىلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ ئۇلارغا ۋاپا قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنسان تۆرەلمە چېغىدا، ئۇنى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورسىقىدا كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى ئوتتۇز ئايدۇر. ئانىنىڭ دادىنىڭ ياردىمىسىز بۇ جاپالارنى تارتقانلىقىنى بايان قىلىش ئانىنىڭ پەرزەنت ئۈستىدىكى ھەققىنىڭ دادىنىڭ ھەققىدىن چوڭ ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. ئۇ بوۋاق ئۆسۈپ يېتىلىپ جىسمانىي ۋە ئەقلىي كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ، قىرىق ياشقا يەتكەندە، ئۇ رەببىگە

دۇئا قىلىپ: «ئى رەببىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا - ئانامغا ئاتا قىلغان نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشىمنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىشىمنى ماڭا ئىلھام قىلغىن، مەن ئۈچۈن مېنىڭ ئەۋلادلىرىمنى ياخشى كىشىلەر قىلغىن، مەن بارلىق گۇناھلىرىم ئۈچۈن ساڭا تەۋبە قىلدىم، شەكسىزكى، مەن سېنىڭ بۇيرۇغانلىرىڭنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىڭدىن يېنىش ئارقىلىق ساڭا ئىتائەت قىلغۇچى، ئەمرىڭگە بويسۇنغۇچى، ھۆكمىڭگە باش ئەگكۈچىمەن» دەيدۇ.

أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ نَتَقَبَّلُ عَنۡهُمۡ أَحۡسَنَ مَا عَمِلُواْ وَنَتَجَاوَزُ عَن سَيِّـَٔاتِهِمۡ فِيٓ أَصۡحَٰبِ ٱلۡجَنَّةِۖ وَعۡدَ ٱلصِّدۡقِ ٱلَّذِي كَانُواْ يُوعَدُونَ ﴿١٦﴾

16 - ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ مۇكەممەل قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلىپ، يامان ئىشلىرىنى كەچۈرۈم قىلىمىز. ئۇلار جەننەت ئەھلىنىڭ قاتارىدا بولىدۇ، بۇ بىز ئۇلارغا بەرگەن راست ۋەدىدۇر، بۇنىڭدا قىلچە شەك يوقتۇر.

وَٱلَّذِي قَالَ لِوَٰلِدَيۡهِ أُفّٖ لَّكُمَآ أَتَعِدَانِنِيٓ أَنۡ أُخۡرَجَ وَقَدۡ خَلَتِ ٱلۡقُرُونُ مِن قَبۡلِي وَهُمَا يَسۡتَغِيثَانِ ٱللَّهَ وَيۡلَكَ ءَامِنۡ إِنَّ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٞ فَيَقُولُ مَا هَٰذَآ إِلَّآ أَسَٰطِيرُ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿١٧﴾

17 - بەزىلەر ئۆزىنى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلغان ئاتا - ئانىسىغا: «ۋاي - ۋۇي! سىلەر مېنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىپ قەبرەمدىن چىقىرىلىسەن دەپ قورقۇتۇۋاتامسىلەر؟ مەندىن ئىلگىرى نۇرغۇن قەۋملەر ئۆتتى، ئۇلار ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگىدى، ئۇلاردىن قايسىبىرى تىرىلىپتۇ؟» دەيدۇ، ئاتا - ئانىسى ئاللاھتىن ئۇنىڭغا ھىدايەت تىلەيدۇ ۋە بالىسىغا: «ئىست ساڭا! ئىمان ئېيتقىن، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغىن، ئاللاھنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش ھەققىدىكى ۋەدىسى ئەلۋەتتە ھەقتۇر، بۇنىڭدا قىلچە شەك يوقتۇر» دەيدۇ. بالىسى ئاتا - ئانىسىغا: «سىلەرنىڭ دەۋاتقىنىڭلار بۇرۇنقىلارنىڭ كىتابلىرىدىن كۆچۈرۈۋالغان ئەپسانىدۇر» دەيدۇ.

أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ حَقَّ عَلَيۡهِمُ ٱلۡقَوۡلُ فِيٓ أُمَمٖ قَدۡ خَلَتۡ مِن قَبۡلِهِم مِّنَ ٱلۡجِنِّ وَٱلۡإِنسِۖ إِنَّهُمۡ كَانُواْ خَٰسِرِينَ ﴿١٨﴾

18 - مۇشۇنداق ئىنسانلارغا ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن تېگىشلىك بولىدۇ. ئۇلارغا ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىنسانلارنىڭ ۋە جىنلارنىڭ ئارىسىدىكى كاپىرلارغا چۈشكەن ئازاب - ئوقۇبەتلەر ئەلۋەتتە چۈشىدۇ. ئۇلار ھىدايەتنى ئازغۇنلۇققا، نېمەتنى ئازابقا تېگىشىپ زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

وَلِكُلّٖ دَرَجَٰتٞ مِّمَّا عَمِلُواْۖ وَلِيُوَفِّيَهُمۡ أَعۡمَٰلَهُمۡ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ﴿١٩﴾

19 - قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ياخشىلار بىلەن يامانلاردىن ئىبارەت بۇ ئىككى پىرقىدىن ھەربىرىنىڭ دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا دەرىجىلىرى بولىدۇ، ھەربىرى ئۆزىنىڭ مەرتىۋىسىگە لايىق ئورۇندا بولىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى تولۇق بېرىدۇ، ئۇلار گۇناھلىرى كۆپەيتىلىش ياكى ساۋابلىرى ئازايتىلىش دېگەندەك ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىمايدۇ.

وَيَوۡمَ يُعۡرَضُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ عَلَى ٱلنَّارِ أَذۡهَبۡتُمۡ طَيِّبَٰتِكُمۡ فِي حَيَاتِكُمُ ٱلدُّنۡيَا وَٱسۡتَمۡتَعۡتُم بِهَا فَٱلۡيَوۡمَ تُجۡزَوۡنَ عَذَابَ ٱلۡهُونِ بِمَا كُنتُمۡ تَسۡتَكۡبِرُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّ وَبِمَا كُنتُمۡ تَفۡسُقُونَ ﴿٢٠﴾

20 - كاپىرلار دوزاختا توغرىلىنىدىغان كۈندە، ئۇلارغا كايىپ دېيىلىدۇكى، «سىلەر لەززەتلىرىڭلارنى دۇنيادىكى ھاياتىڭلاردا بەھرىمەن بولۇپ تۈگىتىپ بولدۇڭلار. ئى كاپىرلار! سىلەر دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا يەر يۈزىدە ئورۇنسىز چوڭچىلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقانلىقىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن خار قىلغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر».

۞ وَٱذۡكُرۡ أَخَا عَادٍ إِذۡ أَنذَرَ قَوۡمَهُۥ بِٱلۡأَحۡقَافِ وَقَدۡ خَلَتِ ٱلنُّذُرُ مِنۢ بَيۡنِ يَدَيۡهِ وَمِنۡ خَلۡفِهِۦٓ أَلَّا تَعۡبُدُوٓاْ إِلَّا ٱللَّهَ إِنِّيٓ أَخَافُ عَلَيۡكُمۡ عَذَابَ يَوۡمٍ عَظِيمٖ ﴿٢١﴾

21 - ئى پەيغەمبەر! ئاد قەۋمىنىڭ نەسەبتىكى قېرىندىشى ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئۆز قەۋمىنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ قەۋمى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەھقاف دېگەن جايدا ياشايتتى. ھۇد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەر كەلگەن ۋە ئۇلار ئۆز قەۋملىرىنى: «ئاللاھقا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك قىلماڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ناھايىتى قورقۇنچلۇق قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن» دەپ ئاگاھلاندۇرغان ئىدى.

قَالُوٓاْ أَجِئۡتَنَا لِتَأۡفِكَنَا عَنۡ ءَالِهَتِنَا فَأۡتِنَا بِمَا تَعِدُنَآ إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٢٢﴾

22 - ئۇلار: «سەن دەۋىتىڭ بىلەن بىزنى ئىلاھلىرىمىزغا چوقۇنۇشتىن توسقىلى كەلدىڭمۇ؟ ئەگەر سەن سۆزۈڭدە ۋە ۋەدەڭدە راستچىللاردىن بولساڭ، بىزنى قورقۇتۇۋاتقان ئاشۇ ئازابنى بىر كەلتۈرۈپ باققىنە!» دېدى.

قَالَ إِنَّمَا ٱلۡعِلۡمُ عِندَ ٱللَّهِ وَأُبَلِّغُكُم مَّآ أُرۡسِلۡتُ بِهِۦ وَلَٰكِنِّيٓ أَرَىٰكُمۡ قَوۡمٗا تَجۡهَلُونَ ﴿٢٣﴾

23 - ھۇد ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىلىم پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، مەن پەقەتلا سىلەرگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن، مەن سىلەرگە ماڭا كەلگەن ۋەھيىنىلا يەتكۈزىمەن. ئەمما مەن سىلەرنى ئازابقا ئالدىراۋاتقان ۋە ئاللاھتىن قورقمايدىغان نادان قەۋم دەپ قارايمەن» دېدى.

فَلَمَّا رَأَوۡهُ عَارِضٗا مُّسۡتَقۡبِلَ أَوۡدِيَتِهِمۡ قَالُواْ هَٰذَا عَارِضٞ مُّمۡطِرُنَاۚ بَلۡ هُوَ مَا ٱسۡتَعۡجَلۡتُم بِهِۦۖ رِيحٞ فِيهَا عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿٢٤﴾

24 - ئۇلار تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلىۋاتقان ئازابنى ئاسماندا بۇلۇت ھالىتىدە ئۆزلىرىنىڭ ۋادىسى تەرەپكە سۈرۈلۈۋاتقان ھالدا كۆرگەن چاغدا: «مانا بۇ بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن بۇلۇتتۇر» دېيىشتى. ھۇد ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس، ئۇ سىلەر گۇمان قىلغاندەك بۇلۇت ۋە رەھمەت ئەمەس، بەلكى سىلەر تېزرەك كېلىشىنى تەلەپ قىلغان ئازابتۇر، ئۇ ئىچىدە قاتتىق ئازاب بولغان بوراندۇر».

تُدَمِّرُ كُلَّ شَيۡءِۭ بِأَمۡرِ رَبِّهَا فَأَصۡبَحُواْ لَا يُرَىٰٓ إِلَّا مَسَٰكِنُهُمۡۚ كَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡمُجۡرِمِينَ ﴿٢٥﴾

25 - ئۇ بوران رەببىنىڭ ئەمرى بىلەن ھەممە نەرسىنى ھالاك قىلىۋېتىدىغان ئازاب ئىدى. ئاد قەۋمى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئۇ جايدا ئۇلارنىڭ خارابىگە ئايلانغان ئۆي - ماكانلىرىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى. بىز گۇناھكار قەۋمنى ئەنە شۇنداق جازالايمىز.

وَلَقَدۡ مَكَّنَّٰهُمۡ فِيمَآ إِن مَّكَّنَّٰكُمۡ فِيهِ وَجَعَلۡنَا لَهُمۡ سَمۡعٗا وَأَبۡصَٰرٗا وَأَفۡـِٔدَةٗ فَمَآ أَغۡنَىٰ عَنۡهُمۡ

سَمْعُهُمْ وَلَآ أَبْصَٰرُهُمْ وَلَآ أَفْـِٔدَتُهُم مِّن شَىْءٍ إِذْ كَانُوا۟ يَجْحَدُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَحَاقَ بِهِم مَّا كَانُوا۟
بِهِۦ يَسْتَهْزِءُونَ ﴿٢٦﴾

26 - ئى قۇرەيش كاپىرلىرى! شەكسىزكى، بىز ئاد قەۋمىنى دۇنيادا كۈچلۈك بولۇپ ياشاشنىڭ بارلىق سەۋەب ۋە ئىمكانىيەتلىرىگە ئىگە قىلغان، سىلەرگە بەرمىگەنلەرنى ئۇلارغا بەرگەن ئىدۇق. ئۇلارغا ئاڭلايدىغان قۇلاقلارنى، كۆرىدىغان كۆزلەرنى، چۈشىنىدىغان قەلبلەرنى ئاتا قىلغان ئىدۇق. ئەمما ئۇلار بۇ ئەزالىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان ئىشلارغا ئىشلەتتى، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى ۋە دىللىرى ئۇلارغا قىلچە ئەسقاتمىدى، چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلاتتى. ئۇلار مەسخىرە قىلغان ۋە تېزرەك كېلىشىنى تىلىگەن ئازاب كېلىپ ئۇلارنى قورشىۋالدى. بۇ ئاللاھنىڭ كاپىرلارغا بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشىدۇر.

وَلَقَدْ أَهْلَكْنَا مَا حَوْلَكُم مِّنَ ٱلْقُرَىٰ وَصَرَّفْنَا ٱلْـَٔايَٰتِ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ ﴿٢٧﴾

27 - ئى مەككە ئاھالىسى! بىز ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەتراپىڭلاردىكى ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ شەھەرلىرى قاتارلىق نۇرغۇن شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىۋەتتۇق، ئۇ شەھەرلەرنى خارابىگە ئايلاندۇرۇۋەتتۇق. ئۇلارنى ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىشتىن يانسۇن دەپ، ئۇلارغا تۈرلۈك دەلىل - پاكىتلارنى تەپسىلي بايان قىلدۇق.

فَلَوْلَا نَصَرَهُمُ ٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُوا۟ مِن دُونِ ٱللَّهِ قُرْبَانًا ءَالِهَةًۢ ۖ بَلْ ضَلُّوا۟ عَنْهُمْ ۚ وَذَٰلِكَ إِفْكُهُمْ وَمَا
كَانُوا۟ يَفْتَرُونَ ﴿٢٨﴾

28 - بىز بۇرۇن ھالاك قىلىۋەتكەن قەۋملەرگە ئازاب كەلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ئاللاھقا يېقىنلىق ئىزدەيمىز، دېگەن گۇمان بىلەن چوقۇنغان مەبۇدلىرى نېمىشقا ئۇلارغا ياردەم قىلمىدى؟ ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ مەبۇدلىرى ئۇلاردىن غايىب بولدى، ئۇلارنىڭ نالە - پەريادلىرىغا جاۋاب بېرەلمىدى، ئۇلارنى قوغداپ قالالمىدى. «بۇتلار بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ» دېگەن سۆز ئۇلارنىڭ ئويدۇرمىسىدۇر ۋە (ئاللاھقا) چاپلىغان بوھتانلىرىدۇر.

وَإِذْ صَرَفْنَآ إِلَيْكَ نَفَرًا مِّنَ ٱلْجِنِّ يَسْتَمِعُونَ ٱلْقُرْءَانَ فَلَمَّا حَضَرُوهُ قَالُوٓا۟ أَنصِتُوا۟ ۖ فَلَمَّا قُضِىَ
وَلَّوْا۟ إِلَىٰ قَوْمِهِم مُّنذِرِينَ ﴿٢٩﴾

29 - ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا بىر تۈركۈم جىنلارنى سېنىڭ يېنىڭغا قۇرئان تىڭشاشقا ئەۋەتكەن ئىدۇق، ئۇلار كەلگەندە سەن قۇرئان ئوقۇۋاتاتتىڭ. شۇ چاغدا ئۇلار بىر - بىرىگە: «جىم تۇرۇڭلار، قۇرئاننى تىڭشايلى» دېيىشتى، سەن قۇرئان ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆز قەۋمىگە — ئەگەر ئۇلار ئىمان ئېيتمىسا ئاللاھنىڭ ئازابى چۈشىدىغانلىقى ھەققىدە — ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇپ قايتىشقان ئىدى.

قَالُوا۟ يَٰقَوْمَنَآ إِنَّا سَمِعْنَا كِتَٰبًا أُنزِلَ مِنۢ بَعْدِ مُوسَىٰ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ يَهْدِىٓ إِلَى ٱلْحَقِّ وَإِلَىٰ
طَرِيقٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿٣٠﴾

30 - ئۇلار ئېيتتى: «ئى قەۋمىمىز! ھەقىقەتەن بىز مۇسادىن كېيىن چۈشكەن ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارنى ئېتىراپ قىلىدىغان، ھەق دىنغا ۋە توغرا يولغا باشلايدىغان بىر كىتابنى تىڭشىدۇق.

يَٰقَوْمَنَآ أَجِيبُواْ دَاعِيَ ٱللَّهِ وَءَامِنُواْ بِهِۦ يَغْفِرْ لَكُم مِّن ذُنُوبِكُمْ وَيُجِرْكُم مِّنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ ﴿٣١﴾

31 ـ ئى قەۋمىمىز! ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار، ئۇ ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئىمان ئېيتىڭلار، ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ، سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتقۇزىدۇ.

وَمَن لَّا يُجِبْ دَاعِيَ ٱللَّهِ فَلَيْسَ بِمُعْجِزٍ فِي ٱلْأَرْضِ وَلَيْسَ لَهُۥ مِن دُونِهِۦٓ أَوْلِيَآءُ ۚ أُوْلَٰٓئِكَ فِي ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٣٢﴾

32 ـ كىمكى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دەۋەت قىلغان دىننى قوبۇل قىلمايدىكەن، ئاللاھ ئۇنى جازالىماقچى بولسا، ئۇ يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ئۇنىڭغا ئاللاھتىن باشقا ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان مەدەتكار بولمايدۇ. ئەنە شۇلار ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتىدۇر».

أَوَلَمْ يَرَوْاْ أَنَّ ٱللَّهَ ٱلَّذِي خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَلَمْ يَعْيَ بِخَلْقِهِنَّ بِقَٰدِرٍ عَلَىٰٓ أَن يُحْـِۧيَ ٱلْمَوْتَىٰ ۚ بَلَىٰٓ إِنَّهُۥ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ ﴿٣٣﴾

33 ـ ئۇلار بىلمەمدۇكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقان، ئۇلارنى يارىتىشتا ھېچ چارچاپ قالمىغان ئۇلۇغ ياراتقۇچى ئاللاھ دەسلەپتە ئۆزى يوقتىن ياراتقان، ئاندىن ئۆزى ۋاپات قىلدۇرغان ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە قادىردۇر. شەكسىزكى، بۇ ئىش ھەممە نەرسىگە قادىر بولغان ۋە ھېچقانداق بىر ئىشنى قىلىشتىن ئاجىز كەلمەيدىغان ئاللاھ ئۈچۈن ناھايىتى ئوڭايدۇر.

وَيَوْمَ يُعْرَضُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ عَلَى ٱلنَّارِ أَلَيْسَ هَٰذَا بِٱلْحَقِّ ۖ قَالُواْ بَلَىٰ وَرَبِّنَا ۚ قَالَ فَذُوقُواْ ٱلْعَذَابَ بِمَا كُنتُمْ تَكْفُرُونَ ﴿٣٤﴾

34 ـ كاپىرلار جازالىنىش ئۈچۈن دوزاخقا توغرىلىنىدىغان قىيامەت كۈنىدە ئۇلارغا: «بۇ ئازاب راست ئەمەسمىكەن؟» دېيىلىدۇ. ئۇلار: «رەببىمىزنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، ئەلۋەتتە راست ئىكەن» دەيدۇ. ئاندىن ئۇلارغا: «ئۇنداقتا، دۇنيادا ئىنكار قىلغانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن بۇ ئازابنى ئوبدان تېتىڭلار» دېيىلىدۇ.

فَٱصْبِرْ كَمَا صَبَرَ أُوْلُواْ ٱلْعَزْمِ مِنَ ٱلرُّسُلِ وَلَا تَسْتَعْجِل لَّهُمْ ۚ كَأَنَّهُمْ يَوْمَ يَرَوْنَ مَا يُوعَدُونَ لَمْ يَلْبَثُوٓاْ إِلَّا سَاعَةً مِّن نَّهَارٍۭ ۚ بَلَٰغٌ ۚ فَهَلْ يُهْلَكُ إِلَّا ٱلْقَوْمُ ٱلْفَٰسِقُونَ ﴿٣٥﴾

35 ـ ئى پەيغەمبەر! سېنى ئىنكار قىلغان مۇشرىكلار تەرىپىدىن كەلگەن بارلىق ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلغىن، سەندىن بۇرۇنقى نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا ۋە ئىيسا قاتارلىق ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن. قەۋمىڭگە كېلىدىغان ئازابقا ئالدىراپ كەتمىگىن. ئۇلار ئۆزلىرىگە ئازاب چۈشكەن ۋە ئازابنى ئوچۇق كۆرگەن چاغدا دۇنيادا ياشىغان ۋاقتىنى كۈندۈزنىڭ مەلۇم بىر قىسمىدىلا تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ. بۇ ئۇلارغا ۋە باشقىلارغا ھەقىقەتنى يەتكۈزۈشتۇر، ئاللاھنىڭ ئازابى بىلەن پەقەت ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان قەۋملا ھالاك قىلىنىدۇ.

# مۇھەممەد سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَصَدُّواْ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ أَضَلَّ أَعۡمَٰلَهُمۡ ١

1 - ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان ۋە كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىدىن توسقانلارنىڭ ئەمەللىرىنى ئاللاھ بىكار قىلىۋېتىدۇ، ئۇلارنى شۇ ئەمەللىرى سەۋەبلىك بەدبەخت قىلىۋېتىدۇ.

وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَءَامَنُواْ بِمَا نُزِّلَ عَلَىٰ مُحَمَّدٖ وَهُوَ ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّهِمۡ كَفَّرَ عَنۡهُمۡ سَيِّـَٔاتِهِمۡ وَأَصۡلَحَ بَالَهُمۡ ٢

2 - ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان، ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان شەكسىز ھەقىقەت — قۇرئانغا چىن ئىشەنگەن كىشىلەرگە كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى يۆگەيدۇ، ئۇلارنى جازالىمايدۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ ھالىنى ياخشىلايدۇ.

ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ ٱتَّبَعُواْ ٱلۡبَٰطِلَ وَأَنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّبَعُواْ ٱلۡحَقَّ مِن رَّبِّهِمۡۚ كَذَٰلِكَ يَضۡرِبُ ٱللَّهُ لِلنَّاسِ أَمۡثَٰلَهُمۡ ٣

3 - بۇ ھىدايەت قىلىش ۋە ئازدۇرۇش شۇنىڭ ئۈچۈنكى، كاپىرلار شەيتانغا ئەگەشتى ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى، مۆئمىنلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭغا رەببى تەرىپىدىن كەلگەن نۇرغا ۋە ھىدايەتكە ئەگەشتى. ئاللاھ مۆئمىنلەر بىلەن كاپىرلاردىن ئىبارەت بۇ ئىككى پىرقىگە تېگىشلىك ئىشلارنى قىلدىغانلىقىنى بايان قىلغىنىدەك، ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مىساللارنى كەلتۈرىدۇ.

فَإِذَا لَقِيتُمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَضَرۡبَ ٱلرِّقَابِ حَتَّىٰٓ إِذَآ أَثۡخَنتُمُوهُمۡ فَشُدُّواْ ٱلۡوَثَاقَ فَإِمَّا مَنَّۢا بَعۡدُ وَإِمَّا فِدَآءً حَتَّىٰ تَضَعَ ٱلۡحَرۡبُ أَوۡزَارَهَاۚ ذَٰلِكَۖ وَلَوۡ يَشَآءُ ٱللَّهُ لَٱنتَصَرَ مِنۡهُمۡ وَلَٰكِن لِّيَبۡلُوَاْ بَعۡضَكُم بِبَعۡضٖۗ وَٱلَّذِينَ قُتِلُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ فَلَن يُضِلَّ أَعۡمَٰلَهُمۡ ٤ سَيَهۡدِيهِمۡ وَيُصۡلِحُ بَالَهُمۡ ٥ وَيُدۡخِلُهُمُ ٱلۡجَنَّةَ عَرَّفَهَا لَهُمۡ ٦

4 - 6 - ئى مۆئمىنلەر! سىلەر جەڭ مەيدانىدا كاپىرلار بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، ئۇلار بىلەن قاتتىق ئېلىشىڭلار، ئۇلارنىڭ گەدەنلىرىگە ئۇرۇڭلار، سىلەر ئۇلارنىڭ كۆپىنى قىرىپ تاشلاپ، ئۇلارنى ئاجىزلاشتۇرغاندىن كېيىن، قالغانلىرىنى مەھكەم باغلاپ ئەسىر ئېلىڭلار. ئاندىن ئۇلارنى ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار ياكى

قىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار ياكى ئۇلار قۇل قىلىنسۇن ۋەياكى ئۆلتۈرۈلسۇن، تاكى
ئۇرۇش توختىغانغا قەدەر ئىش مۇشۇنداق بولسۇن. مۇئمىنلەرنى كاپىرلار بىلەن سىناش
ۋە كۈنلەرنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرۇش ھەققىدىكى ھۆكۈم مۇشۇدۇر.
ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە مۇئمىنلەرگە ئۇرۇشسىزمۇ ياردەم قىلغان بولاتتى.
لېكىن ئاللاھ سىلەرنى بىر - بىرىڭلار بىلەن سىناش ۋە سىلەر ئارقىلىق ھەق دىنىنى
ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، كاپىرلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن مەغلۇپ
قىلدى ۋە سىلەرگە جىھادنى پەرز قىلدى. ئاللاھنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن مۇئمىنلەرگە
كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنى ھەرگىز زايە قىلىۋەتمەيدۇ. ئۇلارنى
تائەت - ئىبادەتكە ۋە ئۆزىنىڭ رازىلىقىغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ
ئەھۋالىنى ياخشىلاپ بېرىدۇ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە بىلدۈرگەن ۋە تونۇشتۇرغان جەننەتكە
كىرگۈزىدۇ.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِن تَنصُرُواْ ٱللَّهَ يَنصُرۡكُمۡ وَيُثَبِّتۡ أَقۡدَامَكُمۡ ﴿٧﴾

7 - ئى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگەشكەن مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەر
ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، ئۇنىڭ كىتابى بويىچە ھۆكۈم قىلىش، بۇيرۇغانلىرىنى
ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق ئۇنىڭ دىنىغا ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ
سىلەرگە دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ، جەڭ مەيدانىدا قەدىمىڭلارنى
مۇستەھكەم قىلىدۇ.

وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَتَعۡسٗا لَّهُمۡ وَأَضَلَّ أَعۡمَـٰلَهُمۡ ﴿٨﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ كَرِهُواْ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فَأَحۡبَطَ
أَعۡمَـٰلَهُمۡ ﴿٩﴾

8 - 9 - كاپىرلارنى ئاللاھ ھالاك قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ياخشى دەپ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ
ئەجرىنى يوق قىلىۋېتىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا
نازىل قىلغان قۇرئاننى يامان كۆرىدۇ، ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ
ئەمەللىرىنى بەربات قىلىۋېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەمەللەر شەيتانغا ئەگىشىپ قىلغان ئەمەللەر
ئىدى.

۞ أَفَلَمۡ يَسِيرُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَيَنظُرُواْ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡۖ دَمَّرَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِمۡۖ وَلِلۡكَٰفِرِينَ
أَمۡثَٰلُهَا ﴿١٠﴾

10 - ئۇ كاپىرلار ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ زېمىنلىرىنى كېزىپ بۇرۇنقى كاپىر
ئۈممەتلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى، ئۇلارغا قانداق ئازابلارنىڭ چۈشكەنلىكىنى
كۆزەتمىدىمۇ؟ ئاللاھ ئاشۇ ئۈممەتلەرنىڭ دىيارىنى ۋەيران قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ھالاك
قىلىۋەتكەن ئىدى. بۇ كاپىرلارغىمۇ بۇرۇنقىلارغا كەلگەن يامان ئاقىۋەتنىڭ ئوخشىشى
ئەلۋەتتە كېلىدۇ.

ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ مَوۡلَى ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَأَنَّ ٱلۡكَٰفِرِينَ لَا مَوۡلَىٰ لَهُمۡ ﴿١١﴾

11 - مۇئمىنلەر بىلەن كاپىرلاردىن ئىبارەت بۇ ئىككى پىرقىگە قىلغانلىرىمىز شۇنىڭ
ئۈچۈنكى، ئاللاھ ئىمانىدا چىڭ تۇرغانلارنىڭ مەدەتكارىدۇر، ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ،
كاپىرلارغا ھېچبىر مەدەتكار ۋە ھېچبىر ياردەم قىلغۇچى يوقتۇر.

إِنَّ ٱللَّهَ يُدۡخِلُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ جَنَّـٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَـٰرُۖ وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ

يَتَمَتَّعُونَ وَيَأْكُلُونَ كَمَا تَأْكُلُ ٱلْأَنْعَٰمُ وَٱلنَّارُ مَثْوًى لَّهُمْ ﴿١٢﴾

12 - شەكسىزكى، ئاللاھ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرنى مۇكاپاتلاپ، قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل - دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، كاپىرلار دۇنيادا خۇددى يېيىش ئىچىشتىن باشقا ھېچبىر غېمى يوق ھايۋانلاردەك يېمەك - ئىچمەكتىن بەھرىمەن بولىدۇ. (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ.

وَكَأَيِّن مِّن قَرْيَةٍ هِىَ أَشَدُّ قُوَّةً مِّن قَرْيَتِكَ ٱلَّتِىٓ أَخْرَجَتْكَ أَهْلَكْنَٰهُمْ فَلَا نَاصِرَ لَهُمْ ﴿١٣﴾

13 - ئى پەيغەمبەر! سېنى ھەيدەپ چىقارغان مەككە شەھىرىنىڭ ئاھالىسىدىنمۇ كۈچلۈك بولغان نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسىنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنى تۈرلۈك ئازابلار بىلەن ۋەيران قىلىۋەتتۇق. ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قالىدىغان ھېچقانداق مەدەتكار چىقمىدى.

أَفَمَن كَانَ عَلَىٰ بَيِّنَةٍ مِّن رَّبِّهِۦ كَمَن زُيِّنَ لَهُۥ سُوٓءُ عَمَلِهِۦ وَٱتَّبَعُوٓاْ أَهْوَآءَهُم ﴿١٤﴾

14 - رەببى تەرىپىدىن كەلگەن ئوپئوچۇق دەلىللەرگە، رەببىنىڭ بىر ئىكەنلىكى ھەققىدە كەلگەن ئىلىمگە ئاساسلانغان ئادەم بىلەن ئۆزىنىڭ يامان ئەمەلى چىرايلىق كۆرسىتىلگەن، نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان ۋە ھېچقانداق دەلىلى يوق تۇرۇپ ئاللاھقا باشقىلارنى شېرىك كەلتۈرگەن ئادەم باراۋەر بولامدۇ؟ ھەرگىز باراۋەر بولمايدۇ.

مَّثَلُ ٱلْجَنَّةِ ٱلَّتِى وُعِدَ ٱلْمُتَّقُونَ ۖ فِيهَآ أَنْهَٰرٌ مِّن مَّآءٍ غَيْرِ ءَاسِنٍ وَأَنْهَٰرٌ مِّن لَّبَنٍ لَّمْ يَتَغَيَّرْ طَعْمُهُۥ وَأَنْهَٰرٌ مِّنْ خَمْرٍ لَّذَّةٍ لِّلشَّٰرِبِينَ وَأَنْهَٰرٌ مِّنْ عَسَلٍ مُّصَفًّى ۖ وَلَهُمْ فِيهَا مِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِ وَمَغْفِرَةٌ مِّن رَّبِّهِمْ ۖ كَمَنْ هُوَ خَٰلِدٌ فِى ٱلنَّارِ وَسُقُواْ مَآءً حَمِيمًا فَقَطَّعَ أَمْعَآءَهُمْ ﴿١٥﴾

15 - ئاللاھ تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇنىڭدا رەڭگى ئۆزگەرمىگەن سۈدىن چوڭ ئۆستەڭلەر، تەمى ئۆزگەرمىگەن سۈتتىن ئۆستەڭلەر، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان شارابتىن ئۆستەڭلەر ۋە ساپ ھەسەلدىن ئۆستەڭلەر بولىدۇ. ئۇلارغا جەننەتتە بەھرىمەن بولىدىغان تۈرلۈك مېۋىلەر بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كاتتا نېمەت رەببىنىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشىدۇر. جەننەتكە كىرگەن بۇ تەقۋادارلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغان، قايناق سۇ بىلەن سۇغىرىلىپ ھارارىتىدىن ئۈچەيلىرى پارە - پارە قىلىنىدىغانلار بىلەن ئوخشاشمۇ؟

وَمِنْهُم مَّن يَسْتَمِعُ إِلَيْكَ حَتَّىٰٓ إِذَا خَرَجُواْ مِنْ عِندِكَ قَالُواْ لِلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلْعِلْمَ مَاذَا قَالَ ءَانِفًا ۚ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ طَبَعَ ٱللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ وَٱتَّبَعُوٓاْ أَهْوَآءَهُمْ ﴿١٦﴾

16 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇناپىقلارنىڭ ئارىسىدا سېنىڭ سۆزۈڭنى كۆزگە ئىلمىغانلىقتىن، چۈشەنمەي تۇرۇپ ئۇنىڭغا قۇلاق سالىدىغانلىرىمۇ بار، ئۇلار سېنىڭ سۆھبىتىڭدىن چىققان چېغىدا، سۆھبىتىڭگە قاتناشقان ئىلىم ئەھلىلىرىنى مەسخىرە قىلغانلىقتىن، ئۇلارغا: «بايا مۇھەممەد نېمە دېدى؟» دەيدۇ. ئەنە شۇلار ئاللاھ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكەن ئادەملەردۇر. شۇڭا ئۇلار ھەقىقەتنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيدۇ، ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ كۇفرىلىقتا ۋە ئازغۇنلۇقتا چىڭ تۇرىدۇ.

وَٱلَّذِينَ ٱهْتَدَوْاْ زَادَهُمْ هُدًى وَءَاتَىٰهُمْ تَقْوَىٰهُمْ ﴿١٧﴾

17 - ھەقىقەتكە ئەگەشكەن مۆمىنلەرگە ھىدايەت تاپقانلارغا ئاللاھ ھىدايەتنى زىيادە قىلدى، ئۇلارنى تەقۋالىققا مۇۋەپپەق قىلدى ۋە ئۇلارغا تەقۋالىقنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بەردى.

فَهَلۡ يَنظُرُونَ إِلَّا ٱلسَّاعَةَ أَن تَأۡتِيَهُم بَغۡتَةٗۖ فَقَدۡ جَآءَ أَشۡرَاطُهَاۚ فَأَنَّىٰ لَهُمۡ إِذَا جَآءَتۡهُمۡ ذِكۡرَىٰهُمۡ ﴿١٨﴾

18 - ئاشۇ ئىنكارچىلار پەقەت ۋەدە قىلىنغان قىيامەتنىڭ ئۆزىگە تۇيۇقسىز كېلىشىنىلا كۈتىدۇ. قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈندى، ئەمما ئۇلار ھېچ ئىبرەت ئالمىدى. قىيامەت كەلگەن چاغدا ئۇلارنىڭ ئەقلىنى ئىشلەتكەنلىكىنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟!

فَٱعۡلَمۡ أَنَّهُۥ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا ٱللَّهُ وَٱسۡتَغۡفِرۡ لِذَنۢبِكَ وَلِلۡمُؤۡمِنِينَ وَٱلۡمُؤۡمِنَٰتِۗ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ مُتَقَلَّبَكُمۡ وَمَثۡوَىٰكُمۡ ﴿١٩﴾

19 - ئى پەيغەمبەر! بىلگىنكى، ئاللاھتىن باشقا تائەت-ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. گۇناھىڭغا تەۋبە قىلغىن، ئەر - ئايال مۇئمىنلەرگە مەغپىرەت تىلىگىن، ئاللاھ سىلەرنىڭ كۈندۈزدە ئويغاق چېغىڭلاردىكى ھەرىكىتىڭلارنى ۋە كېچىدە ئۇخلىغان چېغىڭلاردىكى قارارگاھىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.

وَيَقُولُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَوۡلَا نُزِّلَتۡ سُورَةٞۖ فَإِذَآ أُنزِلَتۡ سُورَةٞ مُّحۡكَمَةٞ وَذُكِرَ فِيهَا ٱلۡقِتَالُ رَأَيۡتَ ٱلَّذِينَ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٞ يَنظُرُونَ إِلَيۡكَ نَظَرَ ٱلۡمَغۡشِيِّ عَلَيۡهِ مِنَ ٱلۡمَوۡتِۖ فَأَوۡلَىٰ لَهُمۡ ﴿٢٠﴾ طَاعَةٞ وَقَوۡلٞ مَّعۡرُوفٞۚ فَإِذَا عَزَمَ ٱلۡأَمۡرُ فَلَوۡ صَدَقُواْ ٱللَّهَ لَكَانَ خَيۡرٗا لَّهُمۡ ﴿٢١﴾

20 - 21 - ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەر: «كاشكى، ئاللاھتىن بىزنى جىھادقا بۇيرۇيدىغان بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا ئىدى» دەيدۇ. ئەمما پەرزلەر ئېنىق بايان قىلىنغان، جىھادتىن سۆز ئېچىلغان بىرەر سۈرە نازىل قىلىنغان چاغدا، ئاللاھنىڭ دىنىغا قارىتا دىللىرىدا شەك ۋە مۇناپىقلىق بار كىشىلەرنىڭ — ئى پەيغەمبەر! — ساڭا ئۆلۈمدىن قورقۇپ ھوشىدىن كەتكەن ئادەمدەك قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. دىللىرىدا شەك ۋە مۇناپىقلىق كېسىلى بار ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشى ۋە شەرىئەتكە مۇۋاپىق ياخشى گەپ قىلىشى ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى ئىدى. جىھاد پەرز قىلىنىپ، جىھاد قىلىڭلار دەپ ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلسە، ئاشۇ مۇناپىقلار ئۇنى يامان كۆرىدۇ. ئۇلار ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغاندىن كۆرە، ئىمانىدا ۋە ئەمەلىدە سەممىي بولغان بولسا ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى.

فَهَلۡ عَسَيۡتُمۡ إِن تَوَلَّيۡتُمۡ أَن تُفۡسِدُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَتُقَطِّعُوٓاْ أَرۡحَامَكُمۡ ﴿٢٢﴾

22 - ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ كىتابىدىن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن يۈز ئۆرۈسەڭلار، سىلەر ئۇ چاغدا، ئاللاھنى ئىنكار قىلىدىغان، يەر يۈزىدە قان تۆكىدىغان، بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ۋە تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ قويىدىغان بولۇپ قالامسىلەر؟

أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ لَعَنَهُمُ ٱللَّهُ فَأَصَمَّهُمۡ وَأَعۡمَىٰٓ أَبۡصَٰرَهُمۡ ﴿٢٣﴾

23 - ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى ئاللاھ رەھمىتىدىن يىراق قىلىپ، ئۆزلىرىگە مەنپەئەتلىك بولغان نەرسىلەرنى ئاڭلىمايدىغان ۋە كۆرمەيدىغان قىلىپ قويىدى. شۇڭا ئۇلار ئاللاھنىڭ ئوپئوچۇق دەلىل - پاكىتلىرىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ.

أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ ٱلۡقُرۡءَانَ أَمۡ عَلَىٰ قُلُوبٍ أَقۡفَالُهَآ ﴿٢٤﴾

24 - ئۇ مۇناپىقلار قۇرئاننىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرى ۋە دەلىل - پاكىتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ بەلكى بۇ ھەقىقەتلەر ئۇلارنىڭ پىچەتلىنىپ كەتكەن دىللىرىغا يېتىپ بارالمايدۇ، شۇڭا ئۇلار ئاللاھنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلمايدۇ ۋە ئىبرەت ئالمايدۇ.

إِنَّ ٱلَّذِينَ ٱرۡتَدُّواْ عَلَىٰٓ أَدۡبَٰرِهِم مِّنۢ بَعۡدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ ٱلۡهُدَى ٱلشَّيۡطَٰنُ سَوَّلَ لَهُمۡ وَأَمۡلَىٰ لَهُمۡ ﴿٢٥﴾

25 - شەكسىزكى، ئۆزلىرىگە توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن ئىماندىن ۋە ھىدايەتتىن يېنىۋالغانلارغا شەيتان ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسەتتى ۋە ئۇلارنى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئارزۇسى بىلەن ئالداپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى.

ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ قَالُواْ لِلَّذِينَ كَرِهُواْ مَا نَزَّلَ ٱللَّهُ سَنُطِيعُكُمۡ فِي بَعۡضِ ٱلۡأَمۡرِۖ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ إِسۡرَارَهُمۡ ﴿٢٦﴾

26 - ئۇلارنىڭ شۇنداق قۇرۇق ئارزۇلار بىلەن كۇفرىدا ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەرنى يامان كۆرىدىغان يەھۇدىيلارغا: «بىز ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىگە خىلاپ كېلىدىغان بەزى ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىمىز» دېدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ يوشۇرغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ. مۇسۇلمان ئادەم ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىگە خىلاپ بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن ھەزەر ئەيلىشى لازىم.

فَكَيۡفَ إِذَا تَوَفَّتۡهُمُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ يَضۡرِبُونَ وُجُوهَهُمۡ وَأَدۡبَٰرَهُمۡ ﴿٢٧﴾

27 - پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرۇپ جانلىرىنى ئالغاندا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولار؟

ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمُ ٱتَّبَعُواْ مَآ أَسۡخَطَ ٱللَّهَ وَكَرِهُواْ رِضۡوَٰنَهُۥ فَأَحۡبَطَ أَعۡمَٰلَهُمۡ ﴿٢٨﴾

28 - ئۇلارغا تېگىشلىك بولغان بۇ ئازابنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار شەيتانغا ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت ئاللاھنى غەزەپلەندۈرىدىغان نەرسىلەرگە ئەگەشتى ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا ئوخشاش ئاللاھنى رازى قىلىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى يامان كۆردى. شۇڭا ئاللاھ ئۇلارنىڭ يوقسۇللارغا سەدىقە بېرىش، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش دېگەندەك ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنى بىكار قىلىۋەتتى.

أَمۡ حَسِبَ ٱلَّذِينَ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٌ أَن لَّن يُخۡرِجَ ٱللَّهُ أَضۡغَٰنَهُمۡ ﴿٢٩﴾

29 - مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ قەلبىدىكى ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى، دۈشمەنلىكىنى ئاللاھ ئوتتۇرىغا چىقارمايدۇ دەپ ئويلامدۇ؟ ياق، ئاللاھ راستچىللارنى يالغانچىلاردىن ئەلۋەتتە ئايرىپ چىقىدۇ.

وَلَوۡ نَشَآءُ لَأَرَيۡنَٰكَهُمۡ فَلَعَرَفۡتَهُم بِسِيمَٰهُمۡۚ وَلَتَعۡرِفَنَّهُمۡ فِي لَحۡنِ ٱلۡقَوۡلِۚ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ أَعۡمَٰلَكُمۡ ﴿٣٠﴾

30 - ئى پەيغەمبەر! ئەگەر بىز خالىغان بولساق، ئۇلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى ساڭا كۆرسىتەتتۇق، ئۇلارنى ئاشكارا ئالامەتلىرىدىن تونۇۋالاتتىڭ. شەكسىزكى، سەن ئەلۋەتتە، ئۇلارنى سۆزلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدىن تونۇۋالىسەن، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلار بىلەن ئاسىيلىق قىلغانلارنىڭ ئەمەللىرى مەخپىي ئەمەس، ئاللاھ ھەممىنى بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە تېگىشلىك بولغان مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى بېرىدۇ.

وَلَنَبۡلُوَنَّكُمۡ حَتَّىٰ نَعۡلَمَ ٱلۡمُجَٰهِدِينَ مِنكُمۡ وَٱلصَّٰبِرِينَ وَنَبۡلُوَاْ أَخۡبَارَكُمۡ ﴿٣١﴾

31 - ئى مۆئمىنلەر! تاكى بىز ئاراڭلاردىن جىھادقا چىققۇچىلارنى ۋە ئۇنىڭغا بەرداشلىق بەرگۈچىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغانغا قەدەر سىلەرنى ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا بۇيرۇش بىلەن ئەلۋەتتە سىنايمىز. سىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىڭلارنى، ئىش - ھەرىكىتىڭلارنى سىنايمىز، شۇنىڭ بىلەن ئاراڭلاردىكى راستچىللاردىن يالغانچىلارنى ئايرىپ چىقىمىز.

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَصَدُّواْ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ وَشَآقُّواْ ٱلرَّسُولَ مِنۢ بَعۡدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ ٱلۡهُدَىٰ لَن يَضُرُّواْ ٱللَّهَ شَيۡـٔٗا وَسَيُحۡبِطُ أَعۡمَٰلَهُمۡ ﴿٣٢﴾

32 - شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان، كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىدىن توسقان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇخالىپەتچىلىك قىلغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكى ئۆزلىرىگە ناھايىتى ئېنىق ئىسپاتلانغان تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقانلار ئاللاھنىڭ دىنىغا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۇ ئەمەللەرنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلغان ئەمەس.

۞ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَ وَلَا تُبۡطِلُوٓاْ أَعۡمَٰلَكُمۡ ﴿٣٣﴾

33 - ئى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگەشكەن كىشىلەر! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بۇيرۇغاننى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىڭلار، كۇفرىلىق ۋە گۇناھ - مەئسىيەت بىلەن ئەمەللىرىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەڭلار.

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَصَدُّواْ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ ثُمَّ مَاتُواْ وَهُمۡ كُفَّارٞ فَلَن يَغۡفِرَ ٱللَّهُ لَهُمۡ ﴿٣٤﴾

34 - شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان، كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىدىن توسقان، ئاندىن ئاشۇ كاپىرلىقى بىلەن ئۆلگەنلەرنى ئاللاھ ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ، ئۇلارنى كاپىرلىقى سەۋەبلىك جازالايدۇ، خالايىقنىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلىدۇ.

فَلَا تَهِنُواْ وَتَدۡعُوٓاْ إِلَى ٱلسَّلۡمِ وَأَنتُمُ ٱلۡأَعۡلَوۡنَ وَٱللَّهُ مَعَكُمۡ وَلَن يَتِرَكُمۡ أَعۡمَٰلَكُمۡ ﴿٣٥﴾

35 - ئى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! مۇشرىكلارغا قارشى جىھاد قىلىشتىن بوشىشىپ قالماڭلار، سىلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن تۇرۇپ دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇشتىن قورقماڭلار، ئۇلارنى سۈلھىگە دەۋەت قىلماڭلار. ئاللاھ ياردىمى ۋە قوللىشى بىلەن سىلەر بىلەن بىللىدۇر. ئاللاھ ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابىنى ھەرگىز كېمەيتىۋەتمەيدۇ. (ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ھەقىقىي مۆئمىنلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە بېشارەت بەرگەن).

إِنَّمَا ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَا لَعِبٞ وَلَهۡوٞۚ وَإِن تُؤۡمِنُواْ وَتَتَّقُواْ يُؤۡتِكُمۡ أُجُورَكُمۡ وَلَا يَسۡـَٔلۡكُمۡ أَمۡوَٰلَكُمۡ ﴿٣٦﴾ إِن يَسۡـَٔلۡكُمُوهَا فَيُحۡفِكُمۡ تَبۡخَلُواْ وَيُخۡرِجۡ أَضۡغَٰنَكُمۡ ﴿٣٧﴾

36 - 37 - دۇنيا ھاياتى پەقەتلا ئويۇن - تاماشا ۋە غەپلەتتىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتساڭلار ۋە ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يىراق تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ. ئاللاھ سىلەردىن پۇل - مېلىڭلارنىڭ ھەممىسىنى

زاكاتقا بېرىشنى تەلەپ قىلمايدۇ، بەلكى بىر قىسمىنى چىقىرىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ ئەگەر سىلەردىن پۇل - مېلىڭلارنى تەلەپ قىلىشتا چىڭ تۇرسا، (ھەممىنى تەلەپ قىلسا) سىلەر بېخىللىق قىلىسىلەر ۋە بەرمەيسىلەر، بۇ بېخىللىق سىلەرنىڭ دىلىڭلاردىكى ئۆچلۈكنى — سىلەر بېرىشنى ياقتۇرمايدىغان نەرسە سىلەردىن تەلەپ قىلىنغان چاغدىكى ئۆچلۈكۈڭلارنى — ئاشكارىلايدۇ.

هَٰٓأَنتُمۡ هَٰٓؤُلَآءِ تُدۡعَوۡنَ لِتُنفِقُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ فَمِنكُم مَّن يَبۡخَلُۖ وَمَن يَبۡخَلۡ فَإِنَّمَا يَبۡخَلُ عَن نَّفۡسِهِۦۚ وَٱللَّهُ ٱلۡغَنِيُّ وَأَنتُمُ ٱلۡفُقَرَآءُۚ وَإِن تَتَوَلَّوۡاْ يَسۡتَبۡدِلۡ قَوۡمًا غَيۡرَكُمۡ ثُمَّ لَا يَكُونُوٓاْ أَمۡثَٰلَكُم ﴿٣٨﴾

38 - ئى مۇئمىنلەر! سىلەر شۇنداق كىشىلەركى، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىش، ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن پۇل - مال سەرپ قىلىشقا چاقىرىلساڭلار، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئاللاھ يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلىشقا بېخىللىق قىلىدىغانلار بار. كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، بېخىللىقنىڭ زىيىنى پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا بولىدۇ. ئاللاھ سىلەرگە موھتاج ئەمەس، ئەكسىچە سىلەر ئاللاھقا موھتاجسىلەر. ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتساڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ھالاك قىلىۋېتىدۇ، سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ، ئاندىن ئۇلار سىلەردەك ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇنداشتىن باش تارتىدىغان بولمايدۇ، بەلكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل - مېلى بىلەن، جېنى بىلەن جىھاد قىلىدۇ.

# فەتھ سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

إِنَّا فَتَحۡنَا لَكَ فَتۡحٗا مُّبِينٗا ﴿١﴾

1 ـ ئى پەيغەمبەر! بىز سېنىڭ دىنىڭنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ۋە دۈشمەنلىرىڭنى مەغلۇپ قىلىش ئارقىلىق ساڭا ئوپئوچۇق بىر غەلىبە ئاتا قىلدۇق. ئۇ بولسا ھۇدەيبىيە كېلىشىمىدۇر. (بۇ كېلىشىم تۈزۈلگەندىن كېيىن ئىنسانلار ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئامانلىق ئىچىدە ياشاش پۇرسىتىگە ئېرىشتى، ئىسلام دەۋىتىنىڭ دائىرىسى كېڭەيدى، ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىشنى خالىغانلار ئۇنىڭ تەلىماتىنى ئەركىن ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى، كىشىلەر مۇشۇ كېلىشىم مۇددىتى ئىچىدە ئاللاھنىڭ دىنىغا توپ ـ توپ بولۇپ كىرىشكە باشلىدى. شۇڭا ئاللاھ بۇ غەلىبىنى «ئوپئوچۇق غەلىبە» دەپ ئاتىدى).

لِّيَغۡفِرَ لَكَ ٱللَّهُ مَا تَقَدَّمَ مِن ذَنۢبِكَ وَمَا تَأَخَّرَ وَيُتِمَّ نِعۡمَتَهُۥ عَلَيۡكَ وَيَهۡدِيَكَ صِرَٰطٗا مُّسۡتَقِيمٗا ﴿٢﴾ وَيَنصُرَكَ ٱللَّهُ نَصۡرًا عَزِيزًا ﴿٣﴾

2 ـ 3 ـ ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىش، ساڭا بەرگەن نېمەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، سېنى ھېچبىر قىڭغىرلىق بولمىغان توغرا يولغا يېتەكلەش، سېنىڭ دىنىڭنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ۋە دۈشمەنلىرىڭنى مەغلۇپ قىلىش ئارقىلىق ساڭا شانلىق زەپەر بىلەن ياردەم بېرىش ئۈچۈن، بىز ساڭا بۇ ئوپئوچۇق غەلىبىنى ئاتا قىلدۇق.

هُوَ ٱلَّذِيٓ أَنزَلَ ٱلسَّكِينَةَ فِي قُلُوبِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ لِيَزۡدَادُوٓاْ إِيمَٰنٗا مَّعَ إِيمَٰنِهِمۡۗ وَلِلَّهِ جُنُودُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمٗا ﴿٤﴾

4 ـ ئاللاھ مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدا مۇستەھكەم تۇرۇشى ئۈچۈن، ھۇدەيبىيە كېلىشىمى بولغان كۈنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا خاتىرجەملىك ۋە ئىشەنچ سالغان زاتتۇر. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى قوشۇنلار ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ بۇ قوشۇنلار بىلەن مۇئمىن بەندىلىرىگە ياردەم قىلىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىگە نېمىنىڭ مەنپەئەتلىك ئىكەنلىكىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، تەدبىرلىرىدە ۋە ئىش ـ پائالىيەتلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

لِّيُدۡخِلَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ وَٱلۡمُؤۡمِنَٰتِ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا وَيُكَفِّرَ عَنۡهُمۡ سَيِّـَٔاتِهِمۡۚ وَكَانَ ذَٰلِكَ عِندَ ٱللَّهِ فَوۡزًا عَظِيمٗا ﴿٥﴾

5 ـ بۇ ئاللاھنىڭ مۇئمىن ئەرلەرنى ۋە مۇئمىن ئاياللارنى قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل ـ دەرەخلىرىنىڭ

ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزۈشى، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىپ، ئۇلارنى جازالىماسلىقى ئۈچۈندۇر. مانا بۇ مۇكاپات ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئەڭ بۈيۈك مۇۋەپپەقىيەتتۇر ۋە بارلىق غەمدىن قۇتۇلۇشتۇر.

وَيُعَذِّبَ ٱلْمُنَٰفِقِينَ وَٱلْمُنَٰفِقَٰتِ وَٱلْمُشْرِكِينَ وَٱلْمُشْرِكَٰتِ ٱلظَّآنِّينَ بِٱللَّهِ ظَنَّ ٱلسَّوْءِ ۚ عَلَيْهِمْ دَآئِرَةُ ٱلسَّوْءِ ۖ وَغَضِبَ ٱللَّهُ عَلَيْهِمْ وَلَعَنَهُمْ وَأَعَدَّ لَهُمْ جَهَنَّمَ ۖ وَسَآءَتْ مَصِيرًا ﴿٦﴾

6 - شۇنداقلا، ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە ياردەم قىلمايدۇ، ئىسلام دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلمايدۇ دەپ، ئاللاھ توغرۇلۇق يامان ئويلاردا بولغان مۇناپىق ئەرلەرنى ۋە مۇناپىق ئاياللارنى، مۇشرىك ئەرلەرنى ۋە مۇشرىك ئاياللارنى ئازابلاش ئۈچۈندۇر. بارلىق يامان ئاقىۋەت ئۇلارغا بولىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا غەزەپ قىلدى، ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، ئۇلارغا جەھەننەمنى تەييارلىدى. ئۇلار بارىدىغان جاي نېمىدېگەن يامان جاي!

وَلِلَّهِ جُنُودُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَزِيزًا حَكِيمًا ﴿٧﴾

7 - ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى قوشۇنلار ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ ئاشۇ قوشۇنلار بىلەن مۆمىن بەندىلىرىگە ياردەم قىلىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىگە غالىبتۇر، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

إِنَّآ أَرْسَلْنَٰكَ شَٰهِدًا وَمُبَشِّرًا وَنَذِيرًا ﴿٨﴾

8 - ئى پەيغەمبەر! ئەلۋەتتە، بىز سېنى ئۈممەتلىرىڭگە دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بەرگۈچى، ئۇلارغا دىنىنى روشەن بايان قىلىپ بەرگۈچى، ساڭا ئىتائەت قىلغانلارغا خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاسىيلىق قىلغانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق.

لِّتُؤْمِنُوا۟ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَتُعَزِّرُوهُ وَتُوَقِّرُوهُ ۚ وَتُسَبِّحُوهُ بُكْرَةً وَأَصِيلًا ﴿٩﴾

9 - ئى ئىنسانلار! بۇ سىلەرنىڭ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىشىڭلار، ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم قىلىشىڭلار، ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلار ۋە ئەتىگەن - ئاخشامدا ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ يُبَايِعُونَكَ إِنَّمَا يُبَايِعُونَ ٱللَّهَ يَدُ ٱللَّهِ فَوْقَ أَيْدِيهِمْ ۚ فَمَن نَّكَثَ فَإِنَّمَا يَنكُثُ عَلَىٰ نَفْسِهِۦ ۖ وَمَنْ أَوْفَىٰ بِمَا عَٰهَدَ عَلَيْهُ ٱللَّهَ فَسَيُؤْتِيهِ أَجْرًا عَظِيمًا ﴿١٠﴾

10 - شەكسىزكى، ئى پەيغەمبەر! ھۇدەيبىيەدە جىھاد قىلىش ئۈچۈن ساڭا بەيئەت قىلغانلار ئەمەلىيەتتە ئاللاھقا بەيئەت قىلغان ۋە ئاللاھنىڭ جەننىتىنى، رازىلىقىنى تىلەپ ئۇنىڭ بىلەن ئەھدىلەشكەن بولىدۇ، ئاللاھنىڭ قولى ئۇلارنىڭ قوللىرىنىڭ ئۈستىدىدۇر، ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، ئورۇنلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممە ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ. كىمكى ئەھدىسىنى بۇزىدىكەن، ئۇنى بۇزغانلىقىنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. كىمكى ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن دۈشمەنلەر بىلەن ئېلىشقاندا چىدامچانلىق كۆرسىتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتتىن ئىبارەت كاتتا مۇكاپات ئاتا قىلىدۇ. (بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق قول سۈپىتىنىڭ بارلىقى ئىسپاتلىنىدۇ).

سَيَقُولُ لَكَ ٱلْمُخَلَّفُونَ مِنَ ٱلْأَعْرَابِ شَغَلَتْنَآ أَمْوَٰلُنَا وَأَهْلُونَا فَٱسْتَغْفِرْ لَنَا ۚ يَقُولُونَ بِأَلْسِنَتِهِم مَّا
لَيْسَ فِى قُلُوبِهِمْ ۚ قُلْ فَمَن يَمْلِكُ لَكُم مِّنَ ٱللَّهِ شَيْـًٔا إِنْ أَرَادَ بِكُمْ ضَرًّا أَوْ أَرَادَ بِكُمْ نَفْعًۢا ۚ بَلْ
كَانَ ٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرًۢا ﴿١١﴾

11 - ئى پەيغەمبەر! مەككىگە سەن بىلەن بىللە بېرىشتىن قېلىپ قالغان سەھرالىق ئەرەبلەرنىڭ بەزىسىگە كايىساڭ، ئۇلار ساڭا: «بىز ماللىرىمىز ۋە بالىچاقىلىرىمىز بىلەن بولۇپ قېلىپ چىقالمىدۇق، سەن بىز ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن» دەيدۇ، ئۇلار بۇ سۆزنى قەلبىدىن ئەمەس، تىلىنىڭ ئۇچىدىلا دەپ قويىدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە بىرەر يامانلىقنى ياكى بىرەر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ئالدىدا سىلەر ئۈچۈن كىم بىرەر ئىش قىلىپ بېرەلەيدۇ؟ ئۇ مۇناپىقلار دىلىمىزدىكىنى ئاللاھ بىلمەيدۇ دەپ گۇمان قىلىشىدۇ، ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇلار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، بەلكى ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر، ئۇنىڭغا بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچبىرى مەخپىي ئەمەس.

بَلْ ظَنَنتُمْ أَن لَّن يَنقَلِبَ ٱلرَّسُولُ وَٱلْمُؤْمِنُونَ إِلَىٰٓ أَهْلِيهِمْ أَبَدًا وَزُيِّنَ ذَٰلِكَ فِى قُلُوبِكُمْ
وَظَنَنتُمْ ظَنَّ ٱلسَّوْءِ وَكُنتُمْ قَوْمًۢا بُورًا ﴿١٢﴾

12 - ئەمەلىيەت ھەرگىز سىلەر دېگەندەك ماللىرىڭلار ۋە بالىچاقىلىرىڭلار بىلەن بولۇپ قالغانلىقىڭلار ئەمەس، بەلكى سىلەر پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەر ھالاك بولىدۇ، ئۇلار جىھادتىن مەڭگۈ قايتىپ كېلەلمەيدۇ، دەپ ئويلىدىڭلار، شەيتان بۇ ئويۇڭلارنى سىلەرگە دىلىڭلاردا چىرايلىق كۆرسەتتى. سىلەر ئاللاھ پەيغەمبەرگە ۋە مۇئمىنلەرگە دۈشمەنلىرىگە قارشى ياردەم بەرمەيدۇ دەپ، يامان ئويدا بولدۇڭلار - دە، ھالاك بولغۇچى قەۋم بولۇپ قالدىڭلار».

وَمَن لَّمْ يُؤْمِنۢ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ فَإِنَّآ أَعْتَدْنَا لِلْكَٰفِرِينَ سَعِيرًا ﴿١٣﴾

13 - كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىكەن ۋە ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ئەمەل قىلمايدىكەن، شەكسىزكى، ئۇ كاپىردۇر، ئۇنىڭغا ئازاب تېگىشلىكتۇر. ئەلۋەتتە بىز كاپىرلارغا دەھشەتلىك دوزاخ ئازابىنى تەييارلىدۇق.

وَلِلَّهِ مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ يَغْفِرُ لِمَن يَشَآءُ وَيُعَذِّبُ مَن يَشَآءُ ۚ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا ﴿١٤﴾

14 - ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ رەھمىتى بىلەن خالىغان ئادەمنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ، ئاللاھ تەۋبە قىلغان بەندىسىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

سَيَقُولُ ٱلْمُخَلَّفُونَ إِذَا ٱنطَلَقْتُمْ إِلَىٰ مَغَانِمَ لِتَأْخُذُوهَا ذَرُونَا نَتَّبِعْكُمْ ۖ يُرِيدُونَ أَن يُبَدِّلُوا۟
كَلَٰمَ ٱللَّهِ ۚ قُل لَّن تَتَّبِعُونَا كَذَٰلِكُمْ قَالَ ٱللَّهُ مِن قَبْلُ ۖ فَسَيَقُولُونَ بَلْ تَحْسُدُونَنَا ۚ بَلْ كَانُوا۟ لَا
يَفْقَهُونَ إِلَّا قَلِيلًا ﴿١٥﴾

15 - ئى پەيغەمبەر! سەن ساھابىلىرىڭ بىلەن خەيبەرگە ئاللاھ ۋەدە قىلغان غەنىيمەتنى ئالغىلى ماڭغاندا، ئىلگىرى مەككە سەپىرىدىن قېلىپ قالغانلار: «رۇخسەت قىلىڭلار، بىزمۇ سىلەر بىلەن خەيبەرگە چىقايلى» دەيدۇ، ئۇلار شۇنداق قىلىپ ئاللاھنىڭ سىلەرگە قىلغان ۋەدىسىنى ئۆزگەرتمەكچى بولىدۇ. سەن ئۇلارغا: «سىلەرنىڭ بىز بىلەن

خەيبەرگە چىقىشىڭلارغا قەتئىي بولمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ بىز مەدىنىگە قايتىشتىن بۇرۇن بىزگە ‹خەيبەرنىڭ غەنىيمەتلىرى ھۇدەيبىيەگە چىققانلارغا خاستۇر› دېگەن ئىدى» دېسەڭ، ئۇلار: «ئىش سىلەر دېگەندەك ئەمەس، چۈنكى ئاللاھ ئۇنداق دەپ بۇيرۇمىغان، سىلەر بىزگە ھەسەت قىلىپ، بىزنى غەنىيمەت ئالمىسۇن دەپ، شۇڭا سىلەر بىلەن چىقىشىمىزغا يول قويمايۋاتىسىلەر» دەيدۇ. ئەمەلىيەت ئۇلار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، بەلكى ئۇلار دىنىنىڭ مەسىلىلىرىدىن پەقەت ئاز قىسمىنىلا چۈشىنىدۇ.

قُل لِّلْمُخَلَّفِينَ مِنَ الْأَعْرَابِ سَتُدْعَوْنَ إِلَىٰ قَوْمٍ أُولِي بَأْسٍ شَدِيدٍ تُقَاتِلُونَهُمْ أَوْ يُسْلِمُونَ ۖ فَإِن
تُطِيعُوا يُؤْتِكُمُ اللَّهُ أَجْرًا حَسَنًا ۖ وَإِن تَتَوَلَّوْا كَمَا تَوَلَّيْتُم مِّن قَبْلُ يُعَذِّبْكُمْ عَذَابًا أَلِيمًا ﴿١٦﴾

16 - سەھرالىق ئەرەبلەردىن جىھادقا چىقىشتىن قېلىپ قالغانلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر يېقىندا بەك كۈچلۈك بىر قەۋمگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا چاقىرىلىسىلەر. يا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىسىلەر ياكى ئۇلار ئۇرۇشسىز مۇسۇلمان بولىدۇ. ئەگەر سىلەر بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىپ، ئۇلارغا قارشى جىھاد قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە جەننەتنى ئاتا قىلىدۇ. ئەگەر سىلەر بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەككىگە بېرىشتىن باش تارتقاندەك بۇيرۇققا ئىتائەت قىلمىساڭلار، ئاللاھ سىلەرنى قاتتىق ئازابلايدۇ».

لَّيْسَ عَلَى الْأَعْمَىٰ حَرَجٌ وَلَا عَلَى الْأَعْرَجِ حَرَجٌ وَلَا عَلَى الْمَرِيضِ حَرَجٌ ۗ وَمَن يُطِعِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ
يُدْخِلْهُ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ ۖ وَمَن يَتَوَلَّ يُعَذِّبْهُ عَذَابًا أَلِيمًا ﴿١٧﴾

17 - ئەماغا، توكۇرغا، كېسەل كىشىگە جىھادقا چىقمىغانلىقى سەۋەبلىك گۇناھ بولمايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقى يۈزىسىدىندۇر. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل - دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، جىھادقا چىقىشتىن باش تارتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى ئەڭ دەردلىك ئازاب بىلەن جازالايدۇ.

۞ لَّقَدْ رَضِيَ اللَّهُ عَنِ الْمُؤْمِنِينَ إِذْ يُبَايِعُونَكَ تَحْتَ الشَّجَرَةِ فَعَلِمَ مَا فِي قُلُوبِهِمْ فَأَنزَلَ السَّكِينَةَ
عَلَيْهِمْ وَأَثَابَهُمْ فَتْحًا قَرِيبًا ﴿١٨﴾ وَمَغَانِمَ كَثِيرَةً يَأْخُذُونَهَا ۗ وَكَانَ اللَّهُ عَزِيزًا حَكِيمًا ﴿١٩﴾

18 - 19 - ئى پەيغەمبەر! مۇئمىنلەر ساڭا ھۇدەيبىيەدە دەرەخ ئاستىدا بەيئەت قىلىۋاتقاندا، ئاللاھ ئۇلاردىن ھەقىقەتەن رازى بولغان ئىدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىلىدىكى ئىماننى، سەمىمىيلىكنى ۋە ۋاپادارلىقنى بىلىپ، ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئاتا قىلدى، دىللىرىنى مۇستەھكەم قىلدى ۋە ئۇلارنى خەيبەرنى ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت يېقىندا قولغا كېلىدىغان بىر غەلىبە بىلەن ۋە ئۇلار خەيبەرلىك يەھۇدىيلاردىن ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىيمەتلەر بىلەن مۇكاپاتلىدى. ئاللاھ دۈشمەنلىرىنى جازالاشتا غالىبتۇر، بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

وَعَدَكُمُ اللَّهُ مَغَانِمَ كَثِيرَةً تَأْخُذُونَهَا فَعَجَّلَ لَكُمْ هَٰذِهِ وَكَفَّ أَيْدِيَ النَّاسِ عَنكُمْ وَلِتَكُونَ
آيَةً لِّلْمُؤْمِنِينَ وَيَهْدِيَكُمْ صِرَاطًا مُّسْتَقِيمًا ﴿٢٠﴾ وَأُخْرَىٰ لَمْ تَقْدِرُوا عَلَيْهَا قَدْ أَحَاطَ اللَّهُ بِهَا ۚ
وَكَانَ اللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرًا ﴿٢١﴾ وَلَوْ قَاتَلَكُمُ الَّذِينَ كَفَرُوا لَوَلَّوُا الْأَدْبَارَ ثُمَّ لَا يَجِدُونَ وَلِيًّا وَلَا
نَصِيرًا ﴿٢٢﴾

20 - 22 - ئاللاھ سىلەرگە ۋاقتى كەلگەندە ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىيمەتلەرنى ۋەدە

قىلىپ، خەيبەرنىڭ غەنىيمىتىنى ئالدىن ئاتا قىلدى، سىلەرنى دۈشمەنلەرنىڭ قول سېلىشىدىن ساقلىدى. شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە قول سېلىشنى پىلانلىغان دۈشمەنلەر مەقسىتىگە يېتەلمىدى، سىلەرگە ياكى مەدىنىدىكى ئاھالىلارغا زىيان يەتكۈزەلمىدى. دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە سىلەرنىڭ غەلىبە قىلىشىڭلار ھەم غەنىيمەتلەرگە ئىگە بولۇشۇڭلار ئاللاھنىڭ سىلەرنى قوغدايدىغانلىقىنى، توغرا يولغا باشلايدىغانلىقىنى ۋە سىلەرگە ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن ئالامەتتۇر. سىلەر ئۆز كۈچۈڭلار بىلەن قولغا كەلتۈرەلمەيدىغان، لېكىن ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولۇپ سىلەرگە ۋەدە قىلغان ۋە سىلەر ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن چوقۇم ئېرىشىدىغان بىر غەنىيمەت بار. ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر، ئۇنىڭغا ھېچقانداق قىيىن ئىش يوقتۇر. قۇرەيش كاپىرلىرى مەككىدە سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلسا، ئۇلار چوقۇم يېڭىلىدۇ ۋە ئەلۋەتتە، ئارقىسىغا قاراپ قاچىدۇ، ئاندىن ئۇلار سىلەرگە قارشى ئۇرۇشتا ئۆزلىرىگە ياردەم قىلىدىغان ھېچقانداق مەدەتكار ياكى ياردەم قىلغۇچى تاپالمايدۇ.

سُنَّةَ ٱللَّهِ ٱلَّتِي قَدۡ خَلَتۡ مِن قَبۡلُۖ وَلَن تَجِدَ لِسُنَّةِ ٱللَّهِ تَبۡدِيلٗا ﴿٢٣﴾

23 - بۇ ئاللاھنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەپدارى بولغان مۆئمىنلەرگە ياردەم قىلىش ۋە دۈشمەنلىرى بولغان ياۋۇز كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلىشتىن ئىبارەت ئەزەلدىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان قانۇنىيىتىدۇر. ئى پەيغەمبەر! سەن ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن.

وَهُوَ ٱلَّذِي كَفَّ أَيۡدِيَهُمۡ عَنكُمۡ وَأَيۡدِيَكُمۡ عَنۡهُم بِبَطۡنِ مَكَّةَ مِنۢ بَعۡدِ أَنۡ أَظۡفَرَكُمۡ عَلَيۡهِمۡۚ وَكَانَ ٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرًا ﴿٢٤﴾

24 - ئاللاھ مەككە ئويمانلىقىدا سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى سىلەرگە قول سېلىشتىن، سىلەرنىمۇ ئۇلارغا قول سېلىشتىن توسقان زاتتۇر (ئۆز ۋاقتىدا مۇشرىكلاردىن سەكسەنگە يېقىن كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ھۇدەيبىيەگە بارغاندا، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى تۇتۇۋالغان بولسىمۇ قويۇۋەتكەن). ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر.

هُمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَصَدُّوكُمۡ عَنِ ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِ وَٱلۡهَدۡيَ مَعۡكُوفًا أَن يَبۡلُغَ مَحِلَّهُۥۚ وَلَوۡلَا رِجَالٞ مُّؤۡمِنُونَ وَنِسَآءٞ مُّؤۡمِنَٰتٞ لَّمۡ تَعۡلَمُوهُمۡ أَن تَطَـُٔوهُمۡ فَتُصِيبَكُم مِّنۡهُم مَّعَرَّةُۢ بِغَيۡرِ عِلۡمٖۖ لِّيُدۡخِلَ ٱللَّهُ فِي رَحۡمَتِهِۦ مَن يَشَآءُۚ لَوۡ تَزَيَّلُواْ لَعَذَّبۡنَا ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنۡهُمۡ عَذَابًا أَلِيمًا ﴿٢٥﴾

25 - قۇرەيش كاپىرلىرى ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان، سىلەرنى ھۇدەيبىيەدە مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشتىن توسقان ۋە قۇربانلىق ماللىرىنى ھەرەمگە ئاپىرىپ قۇربانلىق قىلىشتىن توسقانلاردۇر. مەككىدە كاپىرلاردىن قورقۇپ ئىمانىنى يوشۇرۇپ كەلگەن ۋە سىلەر بىلمەيدىغان ئەر - ئايال مۆئمىنلەر بار ئىدى، سىلەرنى بىلمەستىن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ گۇناھكار بولۇپ قالمىسۇن دېمىگەن بولساق، ئەلۋەتتە سىلەرنى مەككىدىكى كاپىرلارنىڭ ئۈستىگە سالغان بولاتتۇق. ئاللاھ بۇنى خالىغان ئادەمنى رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ ئۇنىڭغا كاپىرلىقتىن كېيىن ئىمان ئاتا قىلىش ئۈچۈن قىلدى. ئەگەر مۆئمىن ئەرلەر بىلەن مۆئمىن ئاياللار مەككىلىك كاپىرلاردىن ئايرىلىپ تۇرغان ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئايرىلىپ چىققان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ

ئارىسىدىكى كاپىرلارنى تولىمۇ دەردلىك ۋە قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايتتۇق.

إِذْ جَعَلَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ فِى قُلُوبِهِمُ ٱلْحَمِيَّةَ حَمِيَّةَ ٱلْجَٰهِلِيَّةِ فَأَنزَلَ ٱللَّهُ سَكِينَتَهُۥ عَلَىٰ رَسُولِهِۦ وَعَلَى
ٱلْمُؤْمِنِينَ وَأَلْزَمَهُمْ كَلِمَةَ ٱلتَّقْوَىٰ وَكَانُوٓا۟ أَحَقَّ بِهَا وَأَهْلَهَا ۚ وَكَانَ ٱللَّهُ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمًا ﴿٢٦﴾

26 ـ كاپىرلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن، ئەسەبىيلىكنى ـ ـ جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئەسەبىيلىكىنى ـ ـ دىللىرىغا پۈككەن چاغدا، ھەتتا ھۇدەيبىيە كېلىشىمىدە «بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم» دېگەن سۆزنى يېزىشتىن ۋە: «بۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد كېلىشىم تۈزگەن مەسىلىدۇر» دەپ يېزىشتىن باش تارتقان چاغدا، ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە تەمكىنلىكنى ئاتا قىلدى، ئۇلارنى تەقۋالىقنىڭ بېشى بولغان «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر» دېگەن كەلىمىدە مۇستەھكەم قىلدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇئمىنلەر تەقۋا كەلىمىسىگە مۇشرىكلاردىن ھەقلىقتۇر ۋە بۇ كەلىمىگە تولىمۇ لايىقتۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر.

لَّقَدْ صَدَقَ ٱللَّهُ رَسُولَهُ ٱلرُّءْيَا بِٱلْحَقِّ ۖ لَتَدْخُلُنَّ ٱلْمَسْجِدَ ٱلْحَرَامَ إِن شَآءَ ٱللَّهُ ءَامِنِينَ مُحَلِّقِينَ
رُءُوسَكُمْ وَمُقَصِّرِينَ لَا تَخَافُونَ ۖ فَعَلِمَ مَا لَمْ تَعْلَمُوا۟ فَجَعَلَ مِن دُونِ ذَٰلِكَ فَتْحًا قَرِيبًا ﴿٢٧﴾

27 ـ ھەقىقەتەن ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆزى كۆرسەتكەن چۈشنى راست كۆرسەتتى. ئى پەيغەمبەر! ئەلۋەتتە ئاللاھ خالىسا، سىلەر خاتىرجەم بولغان، بەزىلىرىڭلار چېچىڭلارنى چۈشۈرگەن ۋە بەزىلىرىڭلار قىرقىغان ھالدا، مۇشرىكلاردىن قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرەمگە كىرىسىلەر. ئاللاھ سىلەر بىلمەيدىغاننى بىلىدۇ (سىلەرنى ھۇدەيبىيەدىن مەككىگە كىرگۈزمەي قايتۇرۇۋېتىش، ئاندىن كېيىن سىلەرنى مەككىگە فەتھى بىلەن كىرگۈزۈش ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىدى). شۇڭا، ئاللاھ سىلەر مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشتىن بۇرۇن سىلەرگە يېقىنقى غەلىبىنى — ھۇدەيبىيە كېلىشىمىنى ۋە خەيبەرنى ئازاد قىلىشنى نېسىپ قىلدى.

هُوَ ٱلَّذِىٓ أَرْسَلَ رَسُولَهُۥ بِٱلْهُدَىٰ وَدِينِ ٱلْحَقِّ لِيُظْهِرَهُۥ عَلَى ٱلدِّينِ كُلِّهِۦ ۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ شَهِيدًا ﴿٢٨﴾

28 ـ ئاللاھ ھەق دىنىنى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت ئوپئوچۇق ھەقىقەت ۋە روشەن ھىدايەت بىلەن ئەۋەتكەن زاتتۇر. ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ ئۆزىنىڭ ساڭا ياردەم بەرگۈچى ۋە ئىسلام دىنىنى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلغۇچى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولۇشقا يېتەرلىكتۇر.

مُّحَمَّدٌ رَّسُولُ ٱللَّهِ ۚ وَٱلَّذِينَ مَعَهُۥٓ أَشِدَّآءُ عَلَى ٱلْكُفَّارِ رُحَمَآءُ بَيْنَهُمْ ۖ تَرَىٰهُمْ رُكَّعًا سُجَّدًا يَبْتَغُونَ فَضْلًا
مِّنَ ٱللَّهِ وَرِضْوَٰنًا ۖ سِيمَاهُمْ فِى وُجُوهِهِم مِّنْ أَثَرِ ٱلسُّجُودِ ۚ ذَٰلِكَ مَثَلُهُمْ فِى ٱلتَّوْرَىٰةِ ۚ وَمَثَلُهُمْ فِى ٱلْإِنجِيلِ
كَزَرْعٍ أَخْرَجَ شَطْـَٔهُۥ فَـَٔازَرَهُۥ فَٱسْتَغْلَظَ فَٱسْتَوَىٰ عَلَىٰ سُوقِهِۦ يُعْجِبُ ٱلزُّرَّاعَ لِيَغِيظَ بِهِمُ ٱلْكُفَّارَ ۗ
وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ مِنْهُم مَّغْفِرَةً وَأَجْرًا عَظِيمًۢا ﴿٢٩﴾

29 ـ مۇھەممەد ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلار كاپىرلارغا قاتتىق، ئۆزئارىسىدا مەرھەمەتلىكتۇر، سەن ئۇلارنى نامازلىرىدا رۇكۇ قىلغان ۋە سەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسەن، ئۇلار ئاللاھتىن ئۆزلىرىگە شەپقەت قىلىپ جەننەتكە كىرگۈزۈشىنى ۋە رازى بولۇشىنى تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئەسىرىدىن تائەت ـ ئىبادەتنىڭ ئالامەتلىرى بار. بۇ ئۇلارنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتىدۇر، ئۇلارنىڭ ئىنجىلدىكى سۈپىتى

شۈكى، ئۇلار بىخ ئۈرۈپ چىقىپ، شاخلىرى كۆپەيگەن، غولى چوڭايغان، ئاندىن غولى كۈچلىنىپ ئۆز غولى بىلەن ئۆرە تۇرغان، بولۇقلۇقى ۋە كۆركەم كۆرۈنۈشى بىلەن دېھقانلارنى مەمنۇن قىلغان بىر زىرائەتكە ئوخشايدۇ. مۇئمىنلەرنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى ۋە گۈزەل مەنزىرىسىنى بۇنداق زىرائەتكە ئوخشىتىش كاپىرلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈش ئۈچۈندۇر. (بۇ ئايەت ساھابىلەرنى يامان كۆرگەن ئادەمنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ). ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىپ، ئاللاھ بۇيرۇغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە ئاللاھ مەنئى قىلغان يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشنى ۋە جەننەتتىن ئىبارەت كاتتا مۇكاپاتنى ۋەدە قىلدى. (ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، ئاللاھ ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ. ساھابىلەرنىڭ ئىزىدىن ماڭغان ھەرقانداق ئادەم ئاشۇلارنىڭ قاتارىدىن بولىدۇ. ساھابىلەر ئېرىشكەن پەزىلەتكە ۋە كامالەتكە ئىسلام ئۈممىتىدىن ھېچكىم يېتەلمەيدۇ. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن).

# ھۇجۇرات سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تُقَدِّمُواْ بَيۡنَ يَدَيِ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٞ ١

1 ـ ئى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقانلار! دىنىڭلارنىڭ ئىشلىرىدا ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بولماستىن ھېچبىر ئىشنى بەلگىلىۋالماڭلار، ئەگەر ئۇنداق قىلساڭلار بىدئەت سادىر قىلغان بولىسىلەر. گەپ ـ سۆزۈڭلاردا، ئىش ـ ھەرىكىتىڭلاردا ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، شەكسىزكى، ئاللاھ سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، نىيىتىڭلارنى ۋە قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. (بۇ ئايەت مۇسۇلمانلارنى دىنىدا بىدئەت پەيدا قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ).

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَرۡفَعُوٓاْ أَصۡوَٰتَكُمۡ فَوۡقَ صَوۡتِ ٱلنَّبِيِّ وَلَا تَجۡهَرُواْ لَهُۥ بِٱلۡقَوۡلِ كَجَهۡرِ بَعۡضِكُمۡ لِبَعۡضٍ أَن تَحۡبَطَ أَعۡمَٰلُكُمۡ وَأَنتُمۡ لَا تَشۡعُرُونَ ٢

2 ـ ئى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگەشكەن كىشىلەر! پەيغەمبەرگە سۆز قىلغان چېغىڭلاردا ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار، بىر ـ بىرىڭلار بىلەن تowۋلاپ يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار، پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن تاللانغان، ئىمان ئېيتىش، ئىتائەت قىلىش، سۆيۈش ۋە ئەگىشىش زۆرۈر بولغان زات ئىكەن، ئۇنىڭغا باشقىلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلماڭلار، بۇ سىلەر تۇيماستىن ۋە ھېس قىلماستىن ئەمەللىرىڭلارنىڭ بىكار بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈندۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ يَغُضُّونَ أَصۡوَٰتَهُمۡ عِندَ رَسُولِ ٱللَّهِ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ ٱمۡتَحَنَ ٱللَّهُ قُلُوبَهُمۡ لِلتَّقۡوَىٰۚ لَهُم مَّغۡفِرَةٞ وَأَجۡرٌ عَظِيمٌ ٣

3 ـ شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۇزۇرىدا پەس ئاۋازدا گەپ قىلىدىغانلار، ئاللاھ دىللىرىنى سىنىغان ۋە تەقۋالىققا لايىق قىلىپ تاللىغان كىشىلەردۇر. ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن مەغپىرەت ۋە كاتتا مۇكاپات بار، ئۇ بولسا جەننەتتۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ يُنَادُونَكَ مِن وَرَآءِ ٱلۡحُجُرَٰتِ أَكۡثَرُهُمۡ لَا يَعۡقِلُونَ ٤

4 ـ ئى پەيغەمبەر! شەكسىزكى، سېنى ھۇجرىلىرىڭنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن تowۋلاپ چاقىرىدىغانلارنىڭ تولىسى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىدا ئەدەپلىك بولۇش ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەش توغرۇلۇق ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغان كىشىلەردۇر.

وَلَوْ أَنَّهُمْ صَبَرُواْ حَتَّىٰ تَخْرُجَ إِلَيْهِمْ لَكَانَ خَيْرًا لَّهُمْۚ وَٱللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٥﴾

5 - ئەگەر ئۇلار سەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققانغا قەدەر سەۋر قىلىپ تۇرغان بولسا ئىدى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇلار ئۈچۈن تولىمۇ ياخشى بولاتتى. چۈنكى ئاللاھ ئۇلارغا سېنى ھۆرمەتلەشنى بۇيرۇغان. ئاللاھ ئۇلارنىڭ نادانلىقتىن قىلىپ سالغان گۇناھلىرىنى ۋە ئەدەپ - ئەخلاققا دەخلى يەتكۈزىدىغان قىلمىشلىرىنى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر، شۇڭا ئۇلارنى قىلمىشلىرى سەۋەبلىك تېز جازالىمىدى.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِن جَآءَكُمْ فَاسِقُۢ بِنَبَإٍ فَتَبَيَّنُوٓاْ أَن تُصِيبُواْ قَوْمَۢا بِجَهَٰلَةٍ فَتُصْبِحُواْ عَلَىٰ مَا فَعَلْتُمْ نَٰدِمِينَ ﴿٦﴾

6 - ئى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگەشكەن كىشىلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، ئۇ خەۋەرگە ئىشىنىشتىن ۋە ئۇنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشتىن بۇرۇن ئۇنى چوقۇم ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار. بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلمەستىن، بىرەر قەۋمگە يامانلىق قىلىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر.

وَٱعْلَمُوٓاْ أَنَّ فِيكُمْ رَسُولَ ٱللَّهِۚ لَوْ يُطِيعُكُمْ فِى كَثِيرٍ مِّنَ ٱلْأَمْرِ لَعَنِتُّمْ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ حَبَّبَ إِلَيْكُمُ ٱلْإِيمَٰنَ وَزَيَّنَهُۥ فِى قُلُوبِكُمْ وَكَرَّهَ إِلَيْكُمُ ٱلْكُفْرَ وَٱلْفُسُوقَ وَٱلْعِصْيَانَۚ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلرَّٰشِدُونَ ﴿٧﴾

7 - بىلىڭلاركى، ئاراڭلاردا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بار، ئۇنىڭ ئالدىدا ئەدەپلىك بولۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ، سىلەرگە ياخشىلىقنىلا تىلەيدۇ. سىلەر بەزىدە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرگە قوشۇلمايدىغان ۋە ئۆزۈڭلارغا زىيانلىق بولغان يامان ئىشنى خالايسىلەر. ئەگەر پەيغەمبەر سىلەر تاللىغان نۇرغۇن ئىشلاردا سىلەرگە قوشۇلىدىغان بولسا ئىدى، سىلەر چوقۇم قىيىن ئەھۋالدا قالاتتىڭلار. لېكىن ئاللاھ سىلەرگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزدى ۋە ئۇنى دىلىڭلاردا كۆركەم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىمان ئېيتتىڭلار. ئاللاھ سىلەرگە كاپىرلىقنى، ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىشنى ۋە گۇناھ - مەئسىيەت سادىر قىلىشنى يامان كۆرسەتتى. ئەنە شۇنداق سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان كىشىلەر توغرا يولدا بولغۇچىلاردۇر.

فَضْلًا مِّنَ ٱللَّهِ وَنِعْمَةًۚ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿٨﴾

8 - ئۇلارغا نېسىپ بولغان بۇ ياخشىلىق ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە نېمىتىدۇر. ئاللاھ نېمەتكە شۈكۈر قىلغۇچىلارنى بىلگۈچىدۇر، بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

وَإِن طَآئِفَتَانِ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ٱقْتَتَلُواْ فَأَصْلِحُواْ بَيْنَهُمَاۖ فَإِنۢ بَغَتْ إِحْدَىٰهُمَا عَلَى ٱلْأُخْرَىٰ فَقَٰتِلُواْ ٱلَّتِى تَبْغِى حَتَّىٰ تَفِىٓءَ إِلَىٰٓ أَمْرِ ٱللَّهِۚ فَإِن فَآءَتْ فَأَصْلِحُواْ بَيْنَهُمَا بِٱلْعَدْلِ وَأَقْسِطُوٓاْۖ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُقْسِطِينَ ﴿٩﴾

9 - ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر مۇئمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتى بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا رازى بولۇشقا دەۋەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا ۋە ھۆكۈمنى قوبۇل قىلمىسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تەرەپ تاكى ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار،

ئەگەر ئۇلار ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ھۆكمىگە قايتسا، ھېچقايىسى تەرەپكە يان باسماي ئۇلارنى ئادىللىق بىلەن ئەپلەشتۈرۈپ قويۇڭلار، ھۆكۈم قىلغاندا ئادالەتلىك بولۇڭلار، ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ كۆرسەتمىسىدىن چىقىپ كەتمەڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ھۆكۈملىرىدە ۋە كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئىشلىرىدا ئادالەتلىك بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ. (بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق ياخشى كۆرۈش دېگەن سۈپىتىنىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ).

إِنَّمَا ٱلْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ فَأَصْلِحُوا۟ بَيْنَ أَخَوَيْكُمْ ۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ ﴿١٠﴾

10 - مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن دىندا قېرىنداشلاردۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى قېرىنداشلار بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار. رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممە ئىشىڭلاردا ئاللاھتىن قورقۇڭلار.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا يَسْخَرْ قَوْمٌ مِّن قَوْمٍ عَسَىٰٓ أَن يَكُونُوا۟ خَيْرًا مِّنْهُمْ وَلَا نِسَآءٌ مِّن نِّسَآءٍ عَسَىٰٓ أَن يَكُنَّ خَيْرًا مِّنْهُنَّ ۖ وَلَا تَلْمِزُوٓا۟ أَنفُسَكُمْ وَلَا تَنَابَزُوا۟ بِٱلْأَلْقَـٰبِ ۖ بِئْسَ ٱلِٱسْمُ ٱلْفُسُوقُ بَعْدَ ٱلْإِيمَـٰنِ ۚ وَمَن لَّمْ يَتُبْ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّـٰلِمُونَ ﴿١١﴾

11 - ئى ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغانلار! بىر مۇئمىن قەۋم يەنە بىر مۇئمىن قەۋمنى مەسخىرە قىلمىسۇن، بەلكى مەسخىرە قىلىنغۇچى قەۋم مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشى بولۇشى مۇمكىن. مۇئمىن ئاياللارمۇ مۇئمىن ئاياللارنى مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشى بولۇشى مۇمكىن. بىر - بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر - بىرىڭلارنى يامان كۆرۈلىدىغان لەقەملەر بىلەن چاقىرماڭلار، سىلەر ئىسلامغا كىرىپ، ھەقىقەتنى چۈشەنگەندىن كېيىن، مەسخىرە، قىلىش، يامان لەقەملەر بىلەن چاقىرىش، ئەيىبلەش دېگەندەك گۇناھلار بىلەن سۈپەتلىنىش ۋە شۇنداق ئاتىلىش نېمىدېگەن يامان! كىمكى بۇ گۇناھلارنى قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلمايدىكەن، ئەنە شۇلار ئاللاھ توسقان ئىشلارنى قىلىپ ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان بولىدۇ.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱجْتَنِبُوا۟ كَثِيرًا مِّنَ ٱلظَّنِّ إِنَّ بَعْضَ ٱلظَّنِّ إِثْمٌ ۖ وَلَا تَجَسَّسُوا۟ وَلَا يَغْتَب بَّعْضُكُم بَعْضًا ۚ أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَن يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوهُ ۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ تَوَّابٌ رَّحِيمٌ ﴿١٢﴾

12 - ئى ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! مۇئمىنلەر ھەققىدە تولا گۇمان قىلىشتىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى بەزى گۇمانلار گۇناھتۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار، بىر- بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشماڭلار (غەيۋەت — بىراۋ توغرۇلۇق ئۇ يامان كۆرىدىغان گەپنى ئۇ يوق يەردە ئېيتىشتۇر)، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامدۇ؟ سىلەر ئۇنى يامان كۆرىسىلەر. ئۇنداقتا، ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشنىمۇ يامان كۆرۈڭلار. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ مۇئمىن بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَـٰكُم مِّن ذَكَرٍ وَأُنثَىٰ وَجَعَلْنَـٰكُمْ شُعُوبًا وَقَبَآئِلَ لِتَعَارَفُوٓا۟ ۚ إِنَّ أَكْرَمَكُمْ

عِندَ ٱللَّهِ أَتْقَىٰكُمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ ﴿١٣﴾

13 - ئى ئىنسانلار! شەكسىزكى، بىز سىلەرنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت بىر ئاتىدىن
ۋە ھەۋۋادىن ئىبارەت بىر ئانىدىن ياراتتۇق، سىلەر نەسەب جەھەتتە بىر - بىرىڭلاردىن
ئارتۇق ئەمەس. ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نەسىللىنىپ كۆپىيىدىغان نۇرغۇن
مىللەت ۋە نۇرغۇن قەبىلىلەر قىلدۇق. شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك
ھېسابلىنىدىغىنىڭلار ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلاردۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ تەقۋادارلارنى
بىلگۈچىدۇر، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرداردۇر.

۞ قَالَتِ ٱلْأَعْرَابُ ءَامَنَّا ۖ قُل لَّمْ تُؤْمِنُوا۟ وَلَٰكِن قُولُوٓا۟ أَسْلَمْنَا وَلَمَّا يَدْخُلِ ٱلْإِيمَٰنُ فِى قُلُوبِكُمْ ۖ
وَإِن تُطِيعُوا۟ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ لَا يَلِتْكُم مِّنْ أَعْمَٰلِكُمْ شَيْـًٔا ۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١٤﴾

14 - سەھرالىق ئەرەبلەر: «بىز ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە مۇكەممەل ئىمان ئېيتتۇق»
دەيدۇ، ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ئۆزۈڭلارنى مۇكەممەل ئىمان ئېيتتۇق
دەۋالماڭلار، لېكىن سىلەر «بويسۇندۇق» دەڭلار، ئىمان تېخى دىلىڭلارغا كىرمىدى.
ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ
ئەمەللىرىڭلاردىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ تەۋبە قىلغان
بەندىلىرىنىڭ گۇناھىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.
(بۇ ئايەتتە ئۆزىنى مۇئمىن قىلىپ كۆرسىتىپ ئەمەلىيىتى باشقىچە بولغانلارغا
ئاگاھلاندۇرۇش بار).

إِنَّمَا ٱلْمُؤْمِنُونَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ ثُمَّ لَمْ يَرْتَابُوا۟ وَجَٰهَدُوا۟ بِأَمْوَٰلِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ فِى سَبِيلِ
ٱللَّهِ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلصَّٰدِقُونَ ﴿١٥﴾

15 - شەكسىزكى، ھەقىقىي مۇئمىنلەر ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە
ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان، ئاندىن ئىمانىدا قىلچە شەك بولمىغان، قىممەتلىك
پۇل - ماللىرى بىلەن، ئەزىز جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان كىشىلەردۇر.
ئەنە شۇلار ئىمانىدا راستچىل كىشىلەردۇر.

قُلْ أَتُعَلِّمُونَ ٱللَّهَ بِدِينِكُمْ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ ۚ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌ ﴿١٦﴾

16 - ئى پەيغەمبەر! سەھرالىق ئەرەبلەرگە ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھقا دىنىڭلارنى ۋە
دىلىڭلاردىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويماقچىمۇ؟ ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى
بىلىپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟ بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر،
ئۇنىڭغا دىلىڭلاردىكى ئىمان ياكى كۇفرى، ياخشىلىق ياكى يامانلىق ھەرگىز مەخپىي
ئەمەستۇر».

يَمُنُّونَ عَلَيْكَ أَنْ أَسْلَمُوا۟ ۖ قُل لَّا تَمُنُّوا۟ عَلَىَّ إِسْلَٰمَكُم ۖ بَلِ ٱللَّهُ يَمُنُّ عَلَيْكُمْ أَنْ هَدَىٰكُمْ لِلْإِيمَٰنِ
إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿١٧﴾

17 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ سەھرالىق ئەرەبلەر ساڭا ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى، ساڭا
ئەگەشكەنلىكىنى ۋە ساڭا ياردەم قىلغانلىقىنى مىننەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى،
«سىلەر ماڭا ئىسلامغا كىرگەنلىكىڭلارنى مىننەت قىلماڭلار، چۈنكى ئۇنىڭ پايدىسى
ئۆزۈڭلارغا بولىدۇ. ئەگەر سىلەر ئىمانىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ئىمانغا
ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن سىلەرگە مىننەت قىلىشقا ھەقلىقتۇر».

إِنَّ ٱللَّهَ يَعۡلَمُ غَيۡبَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ وَٱللَّهُ بَصِيرُۢ بِمَا تَعۡمَلُونَ ﴿١٨﴾

18 ـ شەكسىزكى، ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ئاندىن شۇنىڭغا ئاساسەن، سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ، ئەمەلىڭلار ياخشى بولسا مۇكاپات، يامان بولسا جازا بېرىدۇ.

# قاف سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

قٓۚ وَٱلۡقُرۡءَانِ ٱلۡمَجِيدِ ١

1 ـ قاف (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ باياني بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى). ئاللاھ شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغ قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىپ دېدىكى،

بَلۡ عَجِبُوٓاْ أَن جَآءَهُم مُّنذِرٞ مِّنۡهُمۡ فَقَالَ ٱلۡكَٰفِرُونَ هَٰذَا شَيۡءٌ عَجِيبٌ ٢

2 ـ ئاللاھنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغان كاپىرلار (ئىنكار قىلىش بىلەنلا قالماي) بەلكى ئۆزلىرىگە ئۆز ئىچىدىن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى كېلىپ ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغانلىقىدىن ئەجەبلىنىپ كەتتى، ئۇلار: «بۇ ئەجەبلىنەرلىك بىر ئىشتۇر،

أَءِذَا مِتۡنَا وَكُنَّا تُرَابٗاۖ ذَٰلِكَ رَجۡعُۢ بَعِيدٞ ٣

3 ـ بىز ئۆلۈپ توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن قانداق تىرىلىپ ئەسلىمىزگە قايتىمىز؟ بۇ ئەمەلگە ئېشىشى بەكمۇ يىراق بىر قايتىشتۇر» دېيىشتى.

قَدۡ عَلِمۡنَا مَا تَنقُصُ ٱلۡأَرۡضُ مِنۡهُمۡۖ وَعِندَنَا كِتَٰبٌ حَفِيظُۢ ٤

4 ـ بىز زېمىننىڭ ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىدىن قانچىلىك يەپ كەتكەنلىكىنى ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرىمىز، بىزنىڭ يېنىمىزدا ئۆزگەرتىلىشتىن ساقلانغان، ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ۋە ئۆلگىنىدىن كېيىن بولىدىغان بارلىق ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «لەۋھۇلمەھپۇز دەپ ئاتىلىدىغان» بىر كىتاب بار.

بَلۡ كَذَّبُواْ بِٱلۡحَقِّ لَمَّا جَآءَهُمۡ فَهُمۡ فِيٓ أَمۡرٖ مَّرِيجٍ ٥

5 ـ ئاشۇ مۇشرىكلار ئۆزلىرىگە كەلگەن قۇرئاننى ئىنكار قىلدى، شۇڭا ئۇلار مەۋقەسىز، قالايمىقان ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ.

أَفَلَمۡ يَنظُرُوٓاْ إِلَى ٱلسَّمَآءِ فَوۡقَهُمۡ كَيۡفَ بَنَيۡنَٰهَا وَزَيَّنَّٰهَا وَمَا لَهَا مِن فُرُوجٖ ٦

6 ـ ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلىشتا بۇ ھەقىقەتلەرنى بىلمىدىمۇ؟ ئۇلار ئۈستىدىكى ئاسماننى كۆرمىدىمۇ؟ بىزنىڭ ئۇنى قانداق بەرپا قىلغانلىقىمىزغا، ئۇنى يۇلتۇزلار بىلەن قانداق بېزەپ گۈزەللىكلىمىزگە، ئۇنىڭدا ھېچقانداق يوچۇق يوقلۇقىغا ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئەيىبلەردىن خالىي، مۇكەممەل ئىكەنلىكىگە قارىمامدۇ؟

وَٱلۡأَرۡضَ مَدَدۡنَٰهَا وَأَلۡقَيۡنَا فِيهَا رَوَٰسِيَ وَأَنۢبَتۡنَا فِيهَا مِن كُلِّ زَوۡجِۭ بَهِيجٖ ۝٧

7 - يەر يۈزىنى كەڭ قىلدۇق، ئۇنى ئۈستىدە ياشىغىلى بولىدىغان قىلدۇق، زېمىننى تەۋرەپ كەتمىسۇن دەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇستەھكەم تاغلارنى ئورۇنلاشتۇردۇق ۋە زېمىندا قارىغانلارنى خۇشال قىلىدىغان ھەر تۈرلۈك، تولىمۇ چىرايلىق ۋە پايدىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق.

تَبۡصِرَةٗ وَذِكۡرَىٰ لِكُلِّ عَبۡدٖ مُّنِيبٖ ۝٨

8 - ئاللاھ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارچە مەۋجۇداتنى ۋە ئۆزىنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان گۈزەل سەنئەتلەرنى ئاللاھتىن قورقىدىغان، ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىدىغان ھەربىر بەندە ئەقلىنى ئىشلەتسۇن، جاھالەتتىن قۇتۇلۇپ ھەقىقەتلەرنى كۆرسۇن دەپ ياراتتى.

وَنَزَّلۡنَا مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءٗ مُّبَٰرَكٗا فَأَنۢبَتۡنَا بِهِۦ جَنَّٰتٖ وَحَبَّ ٱلۡحَصِيدِ ۝٩ وَٱلنَّخۡلَ بَاسِقَٰتٖ لَّهَا طَلۡعٞ نَّضِيدٞ ۝١٠

9 - 10 - بۇلۇتتىن كۆپ مەنپەئەتلىك يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردۇق. ئاشۇ يامغۇر بىلەن نۇرغۇن دەل - دەرەخلىرى بولغان باغلارنى ۋە ئاشلىقلارنى، ئېگىز ئۆسكەن، مېۋىلىرى سانجاق - سانجاق بولۇپ كەتكەن خورما دەرەخلىرىنى ئۆستۈردۇق.

رِّزۡقٗا لِّلۡعِبَادِۖ وَأَحۡيَيۡنَا بِهِۦ بَلۡدَةٗ مَّيۡتٗاۚ كَذَٰلِكَ ٱلۡخُرُوجُ ۝١١

11 - بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بەندىلەرنىڭ رىزقى ئۈچۈن زېمىندىن چىقىرىپ بەردۇق، ئۇلار بۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ پايدىلىنىدۇ. بىز بۇلۇتتىن ياغدۇرغان ئاشۇ يامغۇر بىلەن سۇسىزلىقتىن قۇرۇپ كەتكەن، ھېچبىر ئۆسۈملۈك يوق ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۇردۇق. بىز قىيامەت كۈنى ئۆلۈكلەرنى ئەنە شۇ قۇپقۇرۇق زېمىننى تىرىلدۇرگەندەك تىرىلدۇرۇپ قەبرىلىرىدىن چىقىرىمىز.

كَذَّبَتۡ قَبۡلَهُمۡ قَوۡمُ نُوحٖ وَأَصۡحَٰبُ ٱلرَّسِّ وَثَمُودُ ۝١٢ وَعَادٞ وَفِرۡعَوۡنُ وَإِخۡوَٰنُ لُوطٖ ۝١٣ وَأَصۡحَٰبُ ٱلۡأَيۡكَةِ وَقَوۡمُ تُبَّعٖۚ كُلّٞ كَذَّبَ ٱلرُّسُلَ فَحَقَّ وَعِيدِ ۝١٤

12 - 14 - قۇرەيش مۇشرىكلىرىدىن بۇرۇن نۇھ قەۋمى، رەس ئاھالىسى، سەمۇد، ئاد، پىرئەۋن، لۇت قەۋملىرى، ئەيكە ئاھالىسى ۋە تۇببە قەۋمى — ئاشۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرلىرىنى يالغانچى دېگەن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرغان ئازاب ئۇلارغا تېگىشلىك بولدى.

أَفَعَيِينَا بِٱلۡخَلۡقِ ٱلۡأَوَّلِۚ بَلۡ هُمۡ فِي لَبۡسٖ مِّنۡ خَلۡقٖ جَدِيدٖ ۝١٥

15 - بىز مەۋجۇداتنى ئەڭ دەسلەپ يوقتىن بار قىلىشتا ئاجىز كەلدۇقمۇ؟ ھەرگىز ئاجىز كەلمىدۇق. ئۇنداقتا، بىز مەخلۇقاتنى ئۆلۈپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى قايتىدىن يارىتىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىرمىز. بىزگە ھېچقانداق نەرسە تۇسالغۇ بولالمايدۇ، نېمىنى خالىساق شۇنى قىلىمىز. ئەمما ئۇلار قىيامەت كۈنىدىكى تىرىلىش ۋە ھېساب مەيدانىغا توپلىنىش توغرۇلۇق گۇماندىدۇر.

وَلَقَدۡ خَلَقۡنَا ٱلۡإِنسَٰنَ وَنَعۡلَمُ مَا تُوَسۡوِسُ بِهِۦ نَفۡسُهُۥۖ وَنَحۡنُ أَقۡرَبُ إِلَيۡهِ مِنۡ حَبۡلِ ٱلۡوَرِيدِ ۝١٦

16 - ھەقىقەتەن ئىنساننى بىز ياراتتۇق، بىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلتۈرگەنلىرىنى بىلىپ

تۇرىمىز، بىز ئىنسانغا ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز.

إِذۡ يَتَلَقَّى ٱلۡمُتَلَقِّيَانِ عَنِ ٱلۡيَمِينِ وَعَنِ ٱلشِّمَالِ قَعِيدٞ ﴿١٧﴾

17 - ئىنساننىڭ ئوڭ تەرىپىدە ۋە سول تەرىپىدە ئولتۇرۇپ خاتىرىلەيدىغان ئىككى پەرىشتە بولۇپ، ئوڭ تەرەپتىكىسى ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى يازىدۇ، سول تەرەپتىكىسى ئۇنىڭ يامان ئەمەللىرىنى يازىدۇ.

مَّا يَلۡفِظُ مِن قَوۡلٍ إِلَّا لَدَيۡهِ رَقِيبٌ عَتِيدٞ ﴿١٨﴾

18 - ئىنسان قانداقلا بىر سۆزنى قىلسۇن، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ يېنىدا كۆزىتىپ تۇرىدىغان ۋە يازىدىغان مەخسۇس پەرىشتە بولىدۇ.

وَجَآءَتۡ سَكۡرَةُ ٱلۡمَوۡتِ بِٱلۡحَقِّۖ ذَٰلِكَ مَا كُنتَ مِنۡهُ تَحِيدُ ﴿١٩﴾

19 - ئۆلۈمنىڭ سەكراتى قايتۇرۇۋەتكىلى ياكى قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان (ئۆلۈمدىن ئىبارەت) بىر ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى ئى ئىنسان! بۇ سەن ئەزەلدىن قېچىپ كېلىۋاتقان نەرسىدۇر.

وَنُفِخَ فِي ٱلصُّورِۚ ذَٰلِكَ يَوۡمُ ٱلۡوَعِيدِ ﴿٢٠﴾

20 - خالايىقنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىككىنچى قېتىم سۈر چېلىنىدۇ، ئەنە ئاشۇ چېلىش ئاللاھ كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرغان كۈندە بولىدۇ.

وَجَآءَتۡ كُلُّ نَفۡسٖ مَّعَهَا سَآئِقٞ وَشَهِيدٞ ﴿٢١﴾

21 - ھەربىر ئىنسان ھېساب مەيدانىغا ئىككى پەرىشتە بىلەن بىللە كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئۇنى ھەيدەپ ماڭىدۇ، يەنە بىرى ئۇنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى - يامان ئەمەللىرىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

لَّقَدۡ كُنتَ فِي غَفۡلَةٖ مِّنۡ هَٰذَا فَكَشَفۡنَا عَنكَ غِطَآءَكَ فَبَصَرُكَ ٱلۡيَوۡمَ حَدِيدٞ ﴿٢٢﴾

22 - ئۇنىڭغا: «ئى ئىنسان! سەن ھازىر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان مۇشۇ كۈندىن غەپلەتتە ئىدىڭ، ئەمدى سېنىڭ دىلىڭنى يۆگىۋالغان پەردەڭنى ئېلىپ تاشلىدۇق، غەپلەت سەندىن يوقىلىپ كەتتى. شۇڭا بۈگۈن كۆزۈڭ كۆرۈشتە ناھايىتى بەك ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى» دېيىلىدۇ.

وَقَالَ قَرِينُهُۥ هَٰذَا مَا لَدَيَّ عَتِيدٌ ﴿٢٣﴾

23 - ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولغان پەرىشتە: «مانا بۇ ئۇنىڭ نامە - ئەمالىدۇر، ھازىر ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا تەيياردۇر» دەيدۇ.

أَلۡقِيَا فِي جَهَنَّمَ كُلَّ كَفَّارٍ عَنِيدٖ ﴿٢٤﴾ مَّنَّاعٖ لِّلۡخَيۡرِ مُعۡتَدٖ مُّرِيبٍ ﴿٢٥﴾ ٱلَّذِي جَعَلَ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ فَأَلۡقِيَاهُ فِي ٱلۡعَذَابِ ٱلشَّدِيدِ ﴿٢٦﴾

24 - 26- ئاللاھ ئىنسانلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، ھەربىر ئىنساننى ھەيدەپ ماڭغان ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولغان ئىككى پەرىشتىگە ئەمر قىلىپ: «كۇفرىدا چىڭ تۇرغۇچى، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقۇچى، ئۇستىدىكى ھەق - ھوقۇقلارنى ئادا قىلىشتىن باش تارتقۇچى، ئاللاھنىڭ چەك - چېگراسىدىن چىقىپ كەتكۈچى،

ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلىشتا ھەددىدىن ئاشقۇچى، ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ۋە ئاگاھلاندۇرغانلىرىغا شەك كەلتۈرگۈچى، ئاللاھقا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرۈپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن بىللە ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنغۇچى ھەربىر كاپىرنى شىددەتلىك دوزاخ ئازابىغا تاشلاڭلار» دەيدۇ.

﴿ قَالَ قَرِينُهُۥ رَبَّنَا مَآ أَطۡغَيۡتُهُۥ وَلَٰكِن كَانَ فِي ضَلَٰلِۭ بَعِيدٖ ۝٢٧ ﴾

27 - دۇنيادا ئۇنىڭ ھەمراھى بولغان شەيتان: «ئى رەببىمىز! مەن ئۇنى ئازدۇرمىدىم، لېكىن ئۇ ئۆزى ھەقىقەتتىن ئىنتايىن يىراق، چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا ئىدى» دەيدۇ.

﴿ قَالَ لَا تَخۡتَصِمُواْ لَدَيَّ وَقَدۡ قَدَّمۡتُ إِلَيۡكُم بِٱلۡوَعِيدِ ۝٢٨ ﴾

28 - ئاللاھ: «سىلەر بۈگۈن مېنىڭ ئالدىمدا ھېساب مەيدانىدا تۇرۇپ دەۋالاشماڭلار، چۈنكى بۇنىڭ ھېچ پايدىسى يوق. دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا سىلەرنى كىمكى مېنى ئىنكار قىلسا ۋە ماڭا ئاسىيلىق قىلسا ئۇنى قاتتىق جازالايمەن دەپ ئاگاھلاندۇرغان ئىدىم.

﴿ مَا يُبَدَّلُ ٱلۡقَوۡلُ لَدَيَّ وَمَآ أَنَا۠ بِظَلَّٰمٖ لِّلۡعَبِيدِ ۝٢٩ ﴾

29 - مېنىڭ دەرگاھىمدا سۆز ئۆزگەرمەيدۇ، مەن بەندىلىرىمدىن بىرىنىڭ گۇناھى سەۋەبلىك يەنە بىرىنى جازالىمايمەن، كىمنى جازالىسام ئۇنى گۇناھى دەلىل - پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلانغاندىن كېيىن جازالايمەن، ھېچكىمگە ئۇۋال قىلغۇچى ئەمەسمەن» دەيدۇ.

﴿ يَوۡمَ نَقُولُ لِجَهَنَّمَ هَلِ ٱمۡتَلَأۡتِ وَتَقُولُ هَلۡ مِن مَّزِيدٖ ۝٣٠ ﴾

30 - ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە شۇنى ئېيتقىنكى، قىيامەت كۈنى بىز جەھەننەمگە: «توشتۇڭمۇ؟» دەيمىز، جەھەننەم: «ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ گۇناھكارلىرىدىن يەنە بارمۇ؟» دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭغا قەدىمىنى قويىدۇ. بۇ چاغدا جەھەننەم تارلىشىدۇ ۋە: «بولدى مەن تولۇپ كەتتىم، مەندە ئورۇن قالمىدى» دەيدۇ.

﴿ وَأُزۡلِفَتِ ٱلۡجَنَّةُ لِلۡمُتَّقِينَ غَيۡرَ بَعِيدٍ ۝٣١ ﴾

31 - جەننەت تەقۋادارلارغا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ ۋە ئۇلاردىن ھەرگىز يىراق بولمايدۇ. ئۇلار جەننەتنى كۆرۈپ تېخىمۇ خۇشال بولىدۇ.

﴿ هَٰذَا مَا تُوعَدُونَ لِكُلِّ أَوَّابٍ حَفِيظٖ ۝٣٢ مَّنۡ خَشِيَ ٱلرَّحۡمَٰنَ بِٱلۡغَيۡبِ وَجَآءَ بِقَلۡبٖ مُّنِيبٍ ۝٣٣ ﴾

32 - 33 - جەننەت ئەھلىگە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئى تەقۋادارلار! سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت مۇشۇدۇر، بۇ جەننەت گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ ئاللاھقا يۈزلەنگەن، بارلىق پەرزلەرنى ئۆز ۋاقتىدا تولۇق ئورۇنداپ، ساۋابلىق ئەمەللەرنى قىلىپ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان، دۇنيادىكى ۋاقتىدا ئاللاھتىن قورققان ۋە ئاللاھقا گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ پاكلانغان ئىخلاسمەن قەلب بىلەن ئۇچراشقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە خاستۇر.

﴿ ٱدۡخُلُوهَا بِسَلَٰمٖۖ ذَٰلِكَ يَوۡمُ ٱلۡخُلُودِ ۝٣٤ ﴾

34 - ئۇ مۇئمىنلەرگە: «بارلىق ئاپەتلەردىن ۋە ھەرقانداق يامانلىقلاردىن ئامان بولغان ھالدا جەننەتكە كىرىڭلار، بۇ مەڭگۈ قېلىش كۈنىدۇر» دېيىلىدۇ.

﴿ لَهُم مَّا يَشَآءُونَ فِيهَا وَلَدَيۡنَا مَزِيدٞ ۝٣٥ ﴾

35 - ئۇلارغا جەننەتتە ئۆزلىرى خالىغان نېمەتلەر بار ۋە بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزدا ئۇلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىمىزدىن ئالاھىدە بولغان كاتتا بىر نېمەت بار. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ

جامالىنى كۆرۈشتۇر.

وَكَمۡ أَهۡلَكۡنَا قَبۡلَهُم مِّن قَرۡنٍ هُمۡ أَشَدُّ مِنۡهُم بَطۡشٗا فَنَقَّبُواْ فِي ٱلۡبِلَٰدِ هَلۡ مِن مَّحِيصٍ ﴿٣٦﴾

36 - بىز قۇرەيش مۇشرىكلىرىدىن بۇرۇن كۆپلىگەن قەۋملەرنى هالاك قىلىۋەتتۇق. ئۇلار بۇ مۇشرىكلارغا قارىغاندا بەك كۈچلۈك، جازالىشى بەك قاتتىق قەۋملەر ئىدى. ئۇلارغا هالاكەت يۈزلەنگەندە قاچىدىغان جاي بارمىدۇ دەپ ھەرقايسى شەھەرلەرنى كېزىپ چىققان ئىدى. ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قاچقىلى بولامدۇ؟!

إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَذِكۡرَىٰ لِمَن كَانَ لَهُۥ قَلۡبٌ أَوۡ أَلۡقَى ٱلسَّمۡعَ وَهُوَ شَهِيدٞ ﴿٣٧﴾

37 - شەكسىزكى، بۇرۇنقى قەۋملەرنىڭ هالاك قىلىنىشىدا ئەقلىنى ئىشلىتەلەيدىغان ياكى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدىغان ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار.

وَلَقَدۡ خَلَقۡنَا ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ وَمَا بَيۡنَهُمَا فِي سِتَّةِ أَيَّامٖ وَمَا مَسَّنَا مِن لُّغُوبٖ ﴿٣٨﴾

38 - شەكسىزكى، بىز يەتتە ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارچە مەۋجۇداتنى ئالتە كۈندە ياراتتۇق. ئۇلارنى يارىتىشتا بىزگە ھېچقانداق ھاردۇق يەتكىنى يوق. (ئاللاھنىڭ بۇ قۇدرىتى ئۇنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ).

فَٱصۡبِرۡ عَلَىٰ مَا يَقُولُونَ وَسَبِّحۡ بِحَمۡدِ رَبِّكَ قَبۡلَ طُلُوعِ ٱلشَّمۡسِ وَقَبۡلَ ٱلۡغُرُوبِ ﴿٣٩﴾ وَمِنَ ٱلَّيۡلِ
فَسَبِّحۡهُ وَأَدۡبَٰرَ ٱلسُّجُودِ ﴿٤٠﴾

39 - 40 - ئى پەيغەمبەر! بۇ كاپىرلارنىڭ بىھۇدە سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى بامدات نامىزىنى، كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى ئەسىر نامىزىنى ئوقۇغىن، باشقا نامازلارنىمۇ ۋاقتىدا ئوقۇغىن، كېچىدە تەھەججۇد ئوقۇغىن، ھەر نامازدىن كېيىن رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن.

وَٱسۡتَمِعۡ يَوۡمَ يُنَادِ ٱلۡمُنَادِ مِن مَّكَانٖ قَرِيبٖ ﴿٤١﴾ يَوۡمَ يَسۡمَعُونَ ٱلصَّيۡحَةَ بِٱلۡحَقِّۚ ذَٰلِكَ يَوۡمُ
ٱلۡخُرُوجِ ﴿٤٢﴾

41 - 42 - ئى پەيغەمبەر! ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام سۇر چېلىپ[1] يېقىن بىر جايدىن نىدا قىلىدىغان كۈندە نىداغا قۇلاق سالغىن. ئۇ كۈندە بارلىق خالايىق سۈرنىڭ ئاۋازىنى شەك - شۈبھىسىز ئاڭلايدۇ، ئەنە شۇ قەبرىدىكى ئۆلۈكلەرنىڭ قەبرىلىرىدىن چىقىش كۈنىدۇر.

إِنَّا نَحۡنُ نُحۡيِۦ وَنُمِيتُ وَإِلَيۡنَا ٱلۡمَصِيرُ ﴿٤٣﴾ يَوۡمَ تَشَقَّقُ ٱلۡأَرۡضُ عَنۡهُمۡ سِرَاعٗاۚ ذَٰلِكَ حَشۡرٌ عَلَيۡنَا
يَسِيرٞ ﴿٤٤﴾

43 - 44 - بىز ھەقىقەتەن ئىنسانلارنى دۇنيادا ياشىتىمىز ۋە ۋاپات قىلدۇرىمىز. قىيامەت كۈنى بارلىق خالايىق ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىش ۋە تېگىشلىك مۇكاپات ياكى جازالىرىنى

[1] نىدا قىلغۇچى ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق سۇر چېلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى بىرىنچى قېتىملىق سۇر چېلىشى بىلەن ھەممە جانلىق ئۆلىدۇ، ئىككىنچى قېتىملىق سۇر چېلىشىدا ھەممە تىرىلىپ قەبرىلىرىدىن چىقىدۇ.

ئېلىش ئۈچۈن بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ. ئۇ كۈندە يەر يېرىلىپ قەبرىدىكى ئۆلۈكلەر تىرىلىپ چاقىرىلغان تەرەپكە قاراپ تېز چىقىپ كېلىدۇ. ئۇلارنى ھېساب مەيدانىغا بۇنداق يىغىش بىز ئۈچۈن تولىمۇ ئاساندۇر.

نَّحْنُ أَعْلَمُ بِمَا يَقُولُونَ ۖ وَمَآ أَنتَ عَلَيْهِم بِجَبَّارٍ ۖ فَذَكِّرْ بِٱلْقُرْءَانِ مَن يَخَافُ وَعِيدِ ﴿٤٥﴾

45 - بىز مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھقا تۆھمەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىپ دەيدىغان سۆزلىرىنى ئوبدان بىلىمىز. ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلارنى ئىسلامغا كىرىشكە زورلىغۇچى ئەمەس، چۈنكى مەن سېنى ھەق دىنىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈنلا ئەۋەتتىم. شۇڭا، سەن مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمدىن قورقىدىغانلارغا قۇرئان بىلەن ۋەز - نەسىھەت قىلغىن. چۈنكى مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمدىن قورقمايدىغانلار ۋەز - نەسىھەتكە قۇلاق سالمايدۇ.

# زارىيات سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

وَٱلذَّٰرِيَٰتِ ذَرۡوٗا ﴿١﴾ فَٱلۡحَٰمِلَٰتِ وِقۡرٗا ﴿٢﴾ فَٱلۡجَٰرِيَٰتِ يُسۡرٗا ﴿٣﴾ فَٱلۡمُقَسِّمَٰتِ أَمۡرًا ﴿٤﴾ إِنَّمَا تُوعَدُونَ
لَصَادِقٞ ﴿٥﴾ وَإِنَّ ٱلدِّينَ لَوَٰقِعٞ ﴿٦﴾

1 - 6 - ئاللاھ توپىلارنى سورىغۇچى شاماللار بىلەن، كۆپ مىقداردىكى يامغۇرنى كۆتۈرگۈچى بۇلۇتلار بىلەن، دېڭىزلاردا يېنىك ماڭغۇچى كېمىلەر بىلەن، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بەندىلىرى ئارىسىدا تەقسىم قىلغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىپ دەيدۇكى، ئى ئىنسانلار! ئاخىرەتتە تىرىلىش، بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى - يامان ئەمەللەردىن ھېساب بېرىش ھەققىدە سىلەرگە قىلىنغان ۋەدە شەكسىز راستتۇر، ئۇ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.

وَٱلسَّمَآءِ ذَاتِ ٱلۡحُبُكِ ﴿٧﴾ إِنَّكُمۡ لَفِي قَوۡلٖ مُّخۡتَلِفٖ ﴿٨﴾ يُؤۡفَكُ عَنۡهُ مَنۡ أُفِكَ ﴿٩﴾

7 - 9 - ئاللاھ چىرايلىق يارىتىلغان ئاسمان بىلەن قەسەم قىلىپ دەيدۇكى، ئى كاپىرلار! ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قۇرئان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى گېپىڭلارنىڭ تۇتامى يوق. ئىماندىن بۇرۇۋېتىلگەن ئادەم قۇرئاندىن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇۋېتىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ ئوپئوچۇق دەلىل - پاكىتلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى ئۈچۈندۇر. شۇڭا، ئۇ ياخشىلىققا يول تاپالمىغان.

قُتِلَ ٱلۡخَرَّٰصُونَ ﴿١٠﴾ ٱلَّذِينَ هُمۡ فِي غَمۡرَةٖ سَاهُونَ ﴿١١﴾

10 - 11 - ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىدىغان كاززاپلارغا لەنەت بولسۇنكى، ئۇلار كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇققا پاتقان غاپىللاردۇر، كۇفرىلىقتا چىڭ تۇرۇۋالغۇچىلاردۇر.

يَسۡـَٔلُونَ أَيَّانَ يَوۡمُ ٱلدِّينِ ﴿١٢﴾

12 - ئۇ كاززاپلار قىيامەت كۈنىگە ئىشەنمىگەنلىكتىن ئۇنى مەسخىرە قىلىپ: «سىلەر دېگەن ئۇ ھېساب بېرىش ۋە جازالىنىش كۈنى قاچان بولىدۇ؟» دەپ سورايدۇ.

يَوۡمَ هُمۡ عَلَى ٱلنَّارِ يُفۡتَنُونَ ﴿١٣﴾ ذُوقُواْ فِتۡنَتَكُمۡ هَٰذَا ٱلَّذِي كُنتُم بِهِۦ تَسۡتَعۡجِلُونَ ﴿١٤﴾

13 - 14 - كاپىرلار جازالىنىدىغان كۈن بولسا ئۇلار دوزاختا كۆيدۈرۈلىدىغان كۈندۇر. ئۇلارغا دېيىلىدۇكى، «سىلەر دۇنيادىكى چېغىڭلاردا تېزرەك كېلىشىنى تەلەپ قىلغان ئازابىڭلارنى تېتىڭلار».

إِنَّ ٱلۡمُتَّقِينَ فِي جَنَّٰتٖ وَعُيُونٍ ﴿١٥﴾ ءَاخِذِينَ مَآ ءَاتَىٰهُمۡ رَبُّهُمۡۚ إِنَّهُمۡ كَانُواْ قَبۡلَ ذَٰلِكَ مُحۡسِنِينَ ﴿١٦﴾

15 - 16 - شەكسىزكى، ئاللاھتىن قورقىدىغان كىشىلەر كاتتا جەننەتلەردە ۋە ئېقىپ تۇرىدىغان بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا ئۇلار ئارزۇ قىلغان نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى

ئاتا قىلىدۇ. ئۇلار بۇ نېمەتلەرنى تامامەن رازى بولغان ۋە تولىمۇ خۇشال هالدا تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇ نېمەتلەرگە ئېرىشىشتىن بۇرۇن دۇنيادىكى چاغلىرىدا تائەت ـ ئىبادەتنى مۇكەممەل قىلىدىغان كىشىلەر ئىدى.

كَانُوا۟ قَلِيلًا مِّنَ ٱلَّيْلِ مَا يَهْجَعُونَ ﴿١٧﴾ وَبِٱلْأَسْحَارِ هُمْ يَسْتَغْفِرُونَ ﴿١٨﴾

17 ـ 18 ـ ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى، رەببىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تەھەججۇد نامىزى ئوقۇيتتى، كېچىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا ۋە بامدات نامىزىدىن بۇرۇن گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، رەببىدىن مەغپىرەت تىلەيتتى.

وَفِىٓ أَمْوَٰلِهِمْ حَقٌّ لِّلسَّآئِلِ وَٱلْمَحْرُومِ ﴿١٩﴾

19 ـ ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىدا هاجەتلىرىنى كىشىلەردىن تىلەيدىغان موهتاجلارنىڭ ۋە هايا قىلىپ تىلىمەيدىغان ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ هەققى بار ئىدى.

وَفِى ٱلْأَرْضِ ءَايَٰتٌ لِّلْمُوقِنِينَ ﴿٢٠﴾

20 ـ زېمىندا ئاللاھنىڭ يەككە ـ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە چىن ئېتىقاد قىلىدىغان، مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەر ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئوپئوچۇق دەلىللەر ۋە ئىبرەتلەر بار.

وَفِىٓ أَنفُسِكُمْ ۚ أَفَلَا تُبْصِرُونَ ﴿٢١﴾

21 ـ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلاردا ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەر ۋە سىلەرگە ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئىبادەتنىڭ ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئىبرەتلەر بار. سىلەر بۇلاردىن غەپلەتتە قالدىڭلارمۇ؟ بۇلارنى كۆرۈپ ئىبرەت ئالمامسىلەر؟

وَفِى ٱلسَّمَآءِ رِزْقُكُمْ وَمَا تُوعَدُونَ ﴿٢٢﴾

22 ـ ئاسماندا سىلەرنىڭ رىزقىڭلار بار. سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان ياخشىلىق، يامانلىق، مۇكاپات ۋە جازا قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تەقدىر قىلىنىپ يېزىلىپ كەتكەن.

فَوَرَبِّ ٱلسَّمَآءِ وَٱلْأَرْضِ إِنَّهُۥ لَحَقٌّ مِّثْلَ مَآ أَنَّكُمْ تَنطِقُونَ ﴿٢٣﴾

23 ـ ئاللاھ ئۆزىنىڭ مۇبارەك زاتى بىلەن قەسەم قىلىپ دەيدۇكى، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسىلەر شەكسىز راستتۇر. سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ئاغزىڭلاردىن چىقىۋاتقان گەپكە شەك قىلمىغاندەك ئۇنىڭغا قەتئىي شەك قىلماڭلار.

هَلْ أَتَىٰكَ حَدِيثُ ضَيْفِ إِبْرَٰهِيمَ ٱلْمُكْرَمِينَ ﴿٢٤﴾ إِذْ دَخَلُوا۟ عَلَيْهِ فَقَالُوا۟ سَلَٰمًا ۖ قَالَ سَلَٰمٌ قَوْمٌ مُّنكَرُونَ ﴿٢٥﴾

24 ـ 25 ـ ئى پەيغەمبەر! ساڭا ئىبراھىمنىڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلىرى ھەققىدىكى خەۋەر كەلدىمۇ؟ ئۇلار پەرىشتىلەر ئىدى. ئۇ پەرىشتىلەر ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئۇنىڭغا: «سالام» دېدى، ئىبراھىم «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سىلەر ناتونۇش ئادەملەرغۇ» دەپ سالامنى ئىلىك ئالدى.

فَرَاغَ إِلَىٰٓ أَهْلِهِۦ فَجَآءَ بِعِجْلٍ سَمِينٍ ﴿٢٦﴾ فَقَرَّبَهُۥٓ إِلَيْهِمْ قَالَ أَلَا تَأْكُلُونَ ﴿٢٧﴾ فَأَوْجَسَ مِنْهُمْ

خِيفَةً قَالُواْ لَا تَخَفْ وَبَشَّرُوهُ بِغُلَٰمٍ عَلِيمٍ ﴿٢٨﴾

26 ـ 28ـ شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا ئائىلىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ كېتىپ، بىر سېمىز موزاينى بوغۇزلىدى، ئۇنى كاۋاپ قىلىپ ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە ئۇلارنى يېيىشكە تەكلىپ قىلىپ: «يېمەمسىلەر؟» دېدى. ئىبراھىم ئۇلارنىڭ يېمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن قورقۇشقا باشلىدى، ئۇلار: «قورقمىغىن، بىز ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرى» دېدى ۋە ئۇنىڭغا ئايالى سارەنىڭ بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىدىغانلىقى، كېيىنچە ئۇ بالىنىڭ ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ دىنىنى بىلىدىغان ئالىم كىشى بولىدىغانلىقى ھەققىدە خۇش خەۋەر بەردى. ئۇ ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ئىدى.

فَأَقْبَلَتِ ٱمْرَأَتُهُۥ فِى صَرَّةٍ فَصَكَّتْ وَجْهَهَا وَقَالَتْ عَجُوزٌ عَقِيمٌ ﴿٢٩﴾ قَالُواْ كَذَٰلِكِ قَالَ رَبُّكِ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلْحَكِيمُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٣٠﴾

29 ـ 30 ـ ئىبراھىمنىڭ ئايالى پەرىشتىلەرنىڭ خۇش خەۋەر بەرگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ۋارقىراپ كېلىپ، ھەيرانلىقتىن ئۆزىنىڭ يۈزىنى كاچاتلاپ: «مەن بىر تۇغماس موماي تۇرسام، ئەمدى قانداقمۇ تۇغىمەن؟» دېدى. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: «رەببىڭ شۇنداق دېدى. بىز ئۇنى ئەينەن يەتكۈزدۇق. رەببىڭ ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە قادىردۇر. شۇڭا، ئۇنىڭ قۇدرىتىدىن ھەيران قالمىساڭمۇ بولىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممە ئىشنى ھېكمەت بىلەن ئۆز يولىدا قىلىدىغان، بەندىلىرىگە نېمىنىڭ مەنپەئەتلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدىغان زاتتۇر» دېدى.

۞ قَالَ فَمَا خَطْبُكُمْ أَيُّهَا ٱلْمُرْسَلُونَ ﴿٣١﴾ قَالُوٓاْ إِنَّآ أُرْسِلْنَآ إِلَىٰ قَوْمٍ مُّجْرِمِينَ ﴿٣٢﴾ لِنُرْسِلَ عَلَيْهِمْ حِجَارَةً مِّن طِينٍ ﴿٣٣﴾ مُّسَوَّمَةً عِندَ رَبِّكَ لِلْمُسْرِفِينَ ﴿٣٤﴾

31 ـ 34 ـ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە: «ئى ئەلچىلەر! سىلەرگە نېمە بولدى، نېمە ئىش بىلەن ئەۋەتىلدىڭلار» دېدى. ئۇلار: «شەكسىزكى، بىز ئاللاھقا ئىشەنمىگەنلىكتىن رەزىل قىلمىشلارنى سادىر قىلغان بىر قەۋمگە ئەۋەتىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە رەببىڭنىڭ دەرگاھىدا گۇناھ ـ مەئسىيەتتە ھەددىدىن ئاشقان ئاشۇ قەۋملەر ئۈچۈن بەلگە قويۇلغان ساپال تاشلارنى ياغدۇرۇپ ھالاك قىلىشقا ئەۋەتىلدۇق» دېدى.

فَأَخْرَجْنَا مَن كَانَ فِيهَا مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٣٥﴾

35 ـ (ھالاك بولمىسۇن دەپ) ئۇ شەھەردىكى مۇئمىنلەرنى دەرھال سىرتقا چىقىرىۋەتتۇق.

فَمَا وَجَدْنَا فِيهَا غَيْرَ بَيْتٍ مِّنَ ٱلْمُسْلِمِينَ ﴿٣٦﴾

36 ـ بىز ئۇ شەھەردە مۇسۇلمانلاردىن پەقەت بىر ئائىلىنىلا تاپتۇق. ئۇ بولسىمۇ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسى ئىدى.

وَتَرَكْنَا فِيهَآ ءَايَةً لِّلَّذِينَ يَخَافُونَ ٱلْعَذَابَ ٱلْأَلِيمَ ﴿٣٧﴾

37 ـ بىز ئۇ شەھەردە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە ۋە كاپىرلارنى قانداق جازالىغانلىقىغا دالالەت قىلىدىغان ئازاب ئىزنالىرىنى قالدۇردۇق. بۇ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقىدىغانلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈندۇر.

وَفِى مُوسَىٰٓ إِذْ أَرْسَلْنَٰهُ إِلَىٰ فِرْعَوْنَ بِسُلْطَٰنٍ مُّبِينٍ ﴿٣٨﴾ فَتَوَلَّىٰ بِرُكْنِهِۦ وَقَالَ سَٰحِرٌ أَوْ مَجْنُونٌ ﴿٣٩﴾

38 ـ 39 ـ بىزنىڭ مۇسانى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىغا مۆجىزىلەر بىلەن

ۋە ئۇيپۇچۇق دەلىل - پاكىتلار بىلەن ئەۋەتكەنلىكىمىزدە، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقىدىغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار. پىرئەۋن ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە ۋە قوشۇنلىرىغا ئىشىنىپ، ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتتى ۋە مۇساني: «بۇ بىر سېھىرگەر ياكى مەجنۇندۇر» دېدى.

فَأَخَذْنَٰهُ وَجُنُودَهُۥ فَنَبَذْنَٰهُمْ فِى ٱلْيَمِّ وَهُوَ مُلِيمٌ ﴿٤٠﴾

40 - شۇڭا بىز پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ قوشۇننى جازالىدۇق، ئۇلارنى دېڭىزغا تاشلىدۇق، پىرئەۋن ئۆزىنىڭ كاپىرلىقى ۋە زالىملىقى سەۋەبلىك ئۆزىگە مالامەت ئېلىپ كەلگەن بىرىدۇر.

وَفِى عَادٍ إِذْ أَرْسَلْنَا عَلَيْهِمُ ٱلرِّيحَ ٱلْعَقِيمَ ﴿٤١﴾ مَا تَذَرُ مِن شَىْءٍ أَتَتْ عَلَيْهِ إِلَّا جَعَلَتْهُ كَٱلرَّمِيمِ ﴿٤٢﴾

41 - 42 - ئاد قەۋمىنىڭ قىسسىسىدە ۋە ئۇلارنىڭ ھالاكىتىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار. ئۆز ۋاقتىدا بىز ئۇلارغا قىلچە ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدىغان، زىيانلىق بوراننى ئەۋەتكەن ئىدۇق. ئۇ بوران قانداقلا نەرسىنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇنى چىرىگەن نەرسىگە ئوخشاش قىلىۋېتەتتى.

وَفِى ثَمُودَ إِذْ قِيلَ لَهُمْ تَمَتَّعُوا۟ حَتَّىٰ حِينٍ ﴿٤٣﴾ فَعَتَوْا۟ عَنْ أَمْرِ رَبِّهِمْ فَأَخَذَتْهُمُ ٱلصَّٰعِقَةُ وَهُمْ يَنظُرُونَ ﴿٤٤﴾

43 - 44 - سەمۇد قەۋمىنىڭ قىسسىسىدە ۋە ئۇلارنىڭ ھالاكىتىدىمۇ نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا پەيغەمبىرى سالىھ ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ئەجىلىڭلار توشقانغا قەدەر ئۆيلىرىڭلاردا ئۈچ كۈن ياشىۋېلىڭلار» دېگەن ئىدى. ئۇلار رەببىنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلدى، شۇڭا بىلەن ئۇلار جازانى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان ھالىتىدە، ئۇلارنى قاتتىق چاقماق سوقتى.

فَمَا ٱسْتَطَٰعُوا۟ مِن قِيَامٍ وَمَا كَانُوا۟ مُنتَصِرِينَ ﴿٤٥﴾

45 - ئۇلار ئازابتىن قېچىپ كېتەلمىدى، قۇتۇلۇپمۇ كېتەلمىدى، ھەتتا ئۆزلىرىنى قوغداشقىمۇ كۈچى يەتمەي قالدى.

وَقَوْمَ نُوحٍ مِّن قَبْلُ ۖ إِنَّهُمْ كَانُوا۟ قَوْمًا فَٰسِقِينَ ﴿٤٦﴾

46 - بىز ئۇلاردىن بۇرۇن نۇھ قەۋمىنى ھالاك قىلغان ئىدۇق. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان قەۋم ئىدى.

وَٱلسَّمَآءَ بَنَيْنَٰهَا بِأَيْي۟دٍ وَإِنَّا لَمُوسِعُونَ ﴿٤٧﴾

47 - ئاسماننى مۇكەممەل ياراتتۇق، ئۇنى قۇدرىتىمىز بىلەن زېمىننىڭ ئۈگزىسى قىلدۇق. بىز زېمىننىڭ ئەتراپىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ تۇرىمىز.

وَٱلْأَرْضَ فَرَشْنَٰهَا فَنِعْمَ ٱلْمَٰهِدُونَ ﴿٤٨﴾

48 - بىز زېمىننى مەخلۇقاتنىڭ ئورۇنلىشىشى ئۈچۈن سېلىنچا قىلىپ ياراتتۇق. بىز نېمىدېگەن ياخشى ئورۇنلاشتۇرغۇچىمىز!

وَمِن كُلِّ شَيْءٍ خَلَقْنَا زَوْجَيْنِ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ ﴿٤٩﴾

49 - بىز سىلەرنى ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ھەققىدە تەپەككۇر قىلسۇن ۋە ئىبرەت ئالسۇن دەپ، مەۋجۇداتنىڭ ھەممە تۈرىنى جۈپ ياراتتۇق.

فَفِرُّوٓاْ إِلَى ٱللَّهِۖ إِنِّي لَكُم مِّنْهُ نَذِيرٌ مُّبِينٌ ﴿٥٠﴾

50 - ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىش، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىپ، رەھمىتىگە يۈزلىنىڭلار. شەكسىزكى، مەن سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسە، دەرھال ناماز ئوقۇيتتى. مانا بۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە يۈزلەنگەنلىكتۇر).

وَلَا تَجْعَلُواْ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَۖ إِنِّي لَكُم مِّنْهُ نَذِيرٌ مُّبِينٌ ﴿٥١﴾

51 - سىلەر ئاللاھقا ساختا مەبۇدلارنى شېرىك قىلىۋالماڭلار. مەن راستتىنلا سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئوچۇق-ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن».

كَذَٰلِكَ مَآ أَتَى ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِم مِّن رَّسُولٍ إِلَّا قَالُواْ سَاحِرٌ أَوْ مَجْنُونٌ ﴿٥٢﴾

52 - مەككىلىكلەر ئۆزلىرىگە كەلگەن پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنى «شائىر»، «سېھىرگەر» ۋە «مەجنۇن» دېگەندەك، ئۇلاردىن ئىلگىرىكى قەۋملەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە شۇنداق قىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئازابى تېگىشلىك بولغان.

أَتَوَاصَوْاْ بِهِۦۚ بَلْ هُمْ قَوْمٌ طَاغُونَ ﴿٥٣﴾

53 - پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىشنى بۇرۇنقى ۋە كېيىنكىلەر بىر-بىرىگە تەۋسىيە قىلىشقانمۇ؟ بەلكى، ئۇلار كاپىرلىقتا، ھەددىدىن ئېشىشتا دىللىرى بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان گۇناھكارلاردۇر. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئاۋۋالقىلىرى بىلەن كېيىنكىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنكاردا بىرلەشكەن ۋە پەيغەمبەرلىرىگە بىر خىل گەپلەرنى قىلغان.

فَتَوَلَّ عَنْهُمْ فَمَآ أَنتَ بِمَلُومٍ ﴿٥٤﴾

54 - ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلار توغرۇلۇق ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگەنگە قەدەر سەن ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، سەن ھېچكىم تەرەپتىن ئەيىبلەنمەيسەن. چۈنكى سەن دىنني ئۇلارغا تولۇق يەتكۈزدۈڭ.

وَذَكِّرْ فَإِنَّ ٱلذِّكْرَىٰ تَنفَعُ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٥٥﴾

55 - ئى پەيغەمبەر! سەن مۇشرىكلارنى قويۇپ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشنى ۋە ئۇلارغا ۋەز - نەسىھەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرغىن. چۈنكى ۋەز - نەسىھەت مۆئمىنلەرگە پايدىلىقتۇر، دەۋەت قىلىش بىلەن ۋەز - نەسىھەت قىلىش ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرگە قارشى دەلىل - پاكىت تۇرغۇزغانلىقتۇر (چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ ئالدىدا بۇنى ئىنكار قىلالمايدۇ).

وَمَا خَلَقْتُ ٱلْجِنَّ وَٱلْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ ﴿٥٦﴾

56 - مېنىڭ جىنلارنى، ئىنسانلارنى ياراتقانلىقىم ۋە ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەنلىكىم پەقەت بىرلا ئۇلۇغ غايە ئۈچۈن بولۇپ، ئۇ ماڭا خالىس ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈندۇر.

مَآ أُرِيدُ مِنۡهُم مِّن رِّزۡقٖ وَمَآ أُرِيدُ أَن يُطۡعِمُونِ ٥٧

57 - مەن ئۇلاردىن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنىمۇ خالىمايمەن. چۈنكى مەن رىزىق بەرگۈچى يېگانە زاتتۇرمەن. ئاللاھ مەخلۇقاتقا موھتاج ئەمەس، بەلكى بارچە مەخلۇقات ھەممە ئىشتا ئاللاھقا موھتاجدۇر. ئاللاھ ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى، ئىگىسى ۋە رىزىق بەرگۈچىسىدۇر.

إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلرَّزَّاقُ ذُو ٱلۡقُوَّةِ ٱلۡمَتِينُ ٥٨

58 - شەكسىزكى، ئاللاھ جىمى مەخلۇقاتىغا رىزىق بەرگۈچى ۋە ئۇلارنى رىزىقلاندۇرۇشقا كاپالەت قىلغۇچى يېگانە زاتتۇر، چەكسىز قۇدرەت ۋە كۈچ - قۇۋۋەت ئىگىسىدۇر، ئاللاھنىڭ تەڭدىشى يوقتۇر.

فَإِنَّ لِلَّذِينَ ظَلَمُواْ ذَنُوبٗا مِّثۡلَ ذَنُوبِ أَصۡحَٰبِهِمۡ فَلَا يَسۡتَعۡجِلُونِ ٥٩

59 - شەكسىزكى، مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان ئاشۇ ئىنكارچىلارغا بۇرۇنقى ئىنكارچى قەۋملەر ئۇچرىغان ئازابقا ئوخشاش ئازابتىن ئەلۋەتتە نېسىۋە بار. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىگە كېلىدىغان ئازابقا ئالدىراپ كەتمىسۇن، ئازاب ئۇلارغا چوقۇم چۈشىدۇ.

فَوَيۡلٞ لِّلَّذِينَ كَفَرُواْ مِن يَوۡمِهِمُ ٱلَّذِي يُوعَدُونَ ٦٠

60 - ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنىڭ ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇلغان قىيامەت كۈنىدىكى ھالىغا ۋاي!

# تۇر سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

وَٱلطُّورِ ﴿١﴾ وَكِتَٰبٖ مَّسۡطُورٖ ﴿٢﴾ فِي رَقّٖ مَّنشُورٖ ﴿٣﴾ وَٱلۡبَيۡتِ ٱلۡمَعۡمُورِ ﴿٤﴾ وَٱلسَّقۡفِ ٱلۡمَرۡفُوعِ ﴿٥﴾
وَٱلۡبَحۡرِ ٱلۡمَسۡجُورِ ﴿٦﴾ إِنَّ عَذَابَ رَبِّكَ لَوَٰقِعٞ ﴿٧﴾ مَّا لَهُۥ مِن دَافِعٖ ﴿٨﴾ يَوۡمَ تَمُورُ ٱلسَّمَآءُ
مَوۡرٗا ﴿٩﴾ وَتَسِيرُ ٱلۡجِبَالُ سَيۡرٗا ﴿١٠﴾

1 ـ 10 ـ ئاللاھ ئۆزى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سۆز قىلغان تۇر تېغى بىلەن، يېزىلغان قەغەزگە پۈتۈلگەن كىتاب — قۇرئان بىلەن، ئاسماندا پەرىشتىلەر ھەمىشە تاۋاپ قىلىپ تۇرىدىغان بەيتۇلمەئمۇر بىلەن، زېمىننىڭ ئۆگزىسى بولغان بىرىنچى ئاسمان بىلەن، سۇ بىلەن تولۇپ كەتكەن دېڭىز بىلەن قەسەم قىلىپ دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! رەببىڭنىڭ ئازابى كاپىرلارغا چوقۇم چۈشكۈچىدۇر، ئۇنى چۈشۈشتىن ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ، ئۇ كۈندە ئاسمان قاتتىق تەۋرەيدۇ، ئۇنىڭ نىزامى بۇزۇلىدۇ. بۇ تەۋرەش دۇنيا ھاياتىنىڭ ئاخىرلىششى بولۇپ، ئۇ چاغدا تاغلار ئورۇنلىرىدىن سۇرۇلۇپ بۇلۇتلاردەك ھەر تەرەپكە يۈرۈپ كېتىدۇ.

فَوَيۡلٞ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُكَذِّبِينَ ﴿١١﴾ ٱلَّذِينَ هُمۡ فِي خَوۡضٖ يَلۡعَبُونَ ﴿١٢﴾

11 ـ 12 ـ غەپلەتكە چۆمۈپ ئويناپ يۈرىدىغان، دىنىنى ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرىدىغان ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلىدىغان كاپىرلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

يَوۡمَ يُدَعُّونَ إِلَىٰ نَارِ جَهَنَّمَ دَعًّا ﴿١٣﴾ هَٰذِهِ ٱلنَّارُ ٱلَّتِي كُنتُم بِهَا تُكَذِّبُونَ ﴿١٤﴾ أَفَسِحۡرٌ هَٰذَآ أَمۡ
أَنتُمۡ لَا تُبۡصِرُونَ ﴿١٥﴾ ٱصۡلَوۡهَا فَٱصۡبِرُوٓاْ أَوۡ لَا تَصۡبِرُواْ سَوَآءٌ عَلَيۡكُمۡۖ إِنَّمَا تُجۡزَوۡنَ مَا كُنتُمۡ
تَعۡمَلُونَ ﴿١٦﴾

13 ـ 16 ـ ئۇ كۈندە ئاشۇ ئىنكارچى كاپىرلار خارلانغان ھالدا دوزاخقا قاتتىق ئىتتىرىلىدۇ. ئۇلارغا: «مانا بۇ سىلەر ئىنكار قىلغان دوزاختۇر. سىلەر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بۇ ئازاب سېھىرمىكەن؟ ياكى سىلەر ئۇنى كۆرمەيۋاتامسىلەر؟ سىلەر بۇ دوزاخ ئوتىنىڭ ھارارىتىنى ۋە ئازابىنى تېتىپ بېقىڭلار، ئۇنىڭ ئازابىغا ۋە شىددىتىگە مەيلى چىداڭلار ياكى چىدىماڭلار، بەرىبىر سىلەرگە ئوخشاشتۇر، سىلەردىن ئازاب قەتئىي يەڭگىللىتىلمەيدۇ، ئۇنىڭدىن ھەرگىز چىقالمايسىلەر. سىلەر پەقەت دۇنيادا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىڭلارنىڭ جازاسىنىلا تارتىسىلەر» دېيىلىدۇ.

إِنَّ ٱلۡمُتَّقِينَ فِي جَنَّٰتٖ وَنَعِيمٖ ﴿١٧﴾ فَٰكِهِينَ بِمَآ ءَاتَىٰهُمۡ رَبُّهُمۡ وَوَقَىٰهُمۡ رَبُّهُمۡ عَذَابَ ٱلۡجَحِيمِ ﴿١٨﴾

17 - 18 - شەكسىزكى، تەقۋادارلار جەننەتلەردە كاتتا نېمەت ئىچىدە بولۇپ، رەببى ئاتا
قىلغان تۈرلۈك نېمەتلەر بىلەن ھوزۇرلىنىدۇ، رەببى ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدۇ.

كُلُوا۟ وَٱشْرَبُوا۟ هَنِيٓـًٔا بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿١٩﴾ مُتَّكِـِٔينَ عَلَىٰ سُرُرٍ مَّصْفُوفَةٍ ۖ وَزَوَّجْنَٰهُم بِحُورٍ عِينٍ ﴿٢٠﴾

19 - 20 - ئۇلارغا: «دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭلارنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن تۈرلۈك
تائاملاردىن سىڭىشلىك يەڭلار ۋە لەززەتلىك شارابلاردىن ئىچىڭلار» دېيىلىدۇ. ئۇلار
بولسا قاتار تىزىلغان تەختلەر ئۈستىدە يۆلەنگەن ھالدا ئولتۇرىدۇ، بىز شەھلا كۆزلۈك،
ئاپئاق ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىپ بېرىمىز.

وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَٱتَّبَعَتْهُمْ ذُرِّيَّتُهُم بِإِيمَٰنٍ أَلْحَقْنَا بِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَمَآ أَلَتْنَٰهُم مِّنْ عَمَلِهِم مِّن شَىْءٍ ۚ
كُلُّ ٱمْرِئٍۭ بِمَا كَسَبَ رَهِينٌ ﴿٢١﴾

21 - ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقان كىشىلەرگە
ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى قوشۇپ قويىمىز، گەرچە ئەۋلادلىرى ياخشى ئەمەلدە ئاتا -
ئانىسىغا يېتىشەلمىگەن بولسىمۇ ئۇلارنى جەننەتتە ئاتا - ئانىسى بىلەن بىر دەرىجىدە
قىلىمىز. ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيمىز، ھەر ئادەم
ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە مەسئۇلدۇر، ئۇ ھېچكىمنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ.

وَأَمْدَدْنَٰهُم بِفَٰكِهَةٍ وَلَحْمٍ مِّمَّا يَشْتَهُونَ ﴿٢٢﴾ يَتَنَٰزَعُونَ فِيهَا كَأْسًا لَّا لَغْوٌ فِيهَا وَلَا تَأْثِيمٌ ﴿٢٣﴾

22 - 23 - ئۇلارغا يەنە ئۆزلىرى ھوزۇرلىنىۋاتقان نېمەتلەرنىڭ ئۈستىگە كۆڭلى تارتقان مېۋە ۋە
گۆش قاتارلىقلارنى زىيادە قىلىپ بېرىمىز. ئۇلار جەننەتتە شاراب تولدۇرۇلغان جاملارنى
بىر - بىرىگە تۇتۇشىدۇ. جەننەتنىڭ شارابلىرى دۇنيانىڭ هاراقلىرىغا ئوخشىمايدىغان،
ئىچكەن كىشىنىڭ ئەقلىنى يوقاتمايدىغان، ئۇنى مەست قىلمايدىغان، قالايمىقان
سۆزلىتىپ گۇناھ - مەئسىيەتكە سەۋەب بولمايدىغان ھالال شارابلاردۇر.

۞ وَيَطُوفُ عَلَيْهِمْ غِلْمَانٌ لَّهُمْ كَأَنَّهُمْ لُؤْلُؤٌ مَّكْنُونٌ ﴿٢٤﴾

24 - ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە تەييارلانغان ياش مۇلازىملار ئۇلارنى ئايلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇلار
ئاقلىقتا، سۈزۈكلۈكتە ۋە باراۋەرلىكتە سەدەپنىڭ ئىچىدە ساقلانغان مەرۋايىتقا ئوخشايدۇ.

وَأَقْبَلَ بَعْضُهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ يَتَسَآءَلُونَ ﴿٢٥﴾ قَالُوٓا۟ إِنَّا كُنَّا قَبْلُ فِىٓ أَهْلِنَا مُشْفِقِينَ ﴿٢٦﴾ فَمَنَّ ٱللَّهُ عَلَيْنَا
وَوَقَىٰنَا عَذَابَ ٱلسَّمُومِ ﴿٢٧﴾ إِنَّا كُنَّا مِن قَبْلُ نَدْعُوهُ ۖ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلْبَرُّ ٱلرَّحِيمُ ﴿٢٨﴾

25 - 28 - جەننەتتىكىلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ ھازىرقى ئالاھىدە قارشى
ئېلىنىش ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى ھەققىدە بىر - بىرىدىن سورىشىدۇ. ئۇلار ئېيتىدۇ: «بىز
دۇنيادىكى چاغدا ئائىلىمىزدە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن، قىيامەت كۈنىدىكى جازاسىدىن
قورقاتتۇق. ئاللاھ بىزگە ھىدايەت ۋە تەۋپىق ئاتا قىلدى، تېنىمىزنىڭ ئىچىگە ئۆتۈپ
كېتىدىغان جەھەننەم ئازابىدىن ساقلىدى. ھەقىقەتەن بىز بۇرۇن ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى
شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق، بىر ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ بىزنى دوزاختىن ساقلىشىنى ۋە
جەننەتكە نېسىپ قىلىشىنى تىلەيتتۇق. ئاللاھ بىزنىڭ دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلىپ،
تىلىگەنلىرىمىزنى بەردى. ئاللاھ ھەقىقەتەن تولىمۇ شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان زاتتۇر،
ئاللاھنىڭ بىزنى ئۆز رەھمىتىگە داخىل قىلغانلىقى ۋە جەننەتكە مۇيەسسەر قىلغانلىقى،
دوزاختىن ساقلىغانلىقى ئۇنىڭ بىزگە قىلغان كاتتا رەھىم - شەپقىتىدۇر».

فَذَكِّرْ فَمَآ أَنتَ بِنِعْمَتِ رَبِّكَ بِكَاهِنٍ وَلَا مَجْنُونٍ ﴿٢٩﴾

29 - ئى پەيغەمبەر! سەن ئەۋەتىلگەن كىشىلەرگە قۇرئان بىلەن ۋەز - نەسىھەت قىلغىن. سەن رەببىڭنىڭ پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت كاتتا نېمىتىگە نائىل بولغان ۋە ئەقلى ئۆتكۈر كىشىسەن، سەن مۇشرىكلار دېگەندەك كاھىن ئەمەس ۋە مەجنۇنمۇ ئەمەس.

أَمۡ يَقُولُونَ شَاعِرٞ نَّتَرَبَّصُ بِهِۦ رَيۡبَ ٱلۡمَنُونِ ٣٠ قُلۡ تَرَبَّصُواْ فَإِنِّي مَعَكُم مِّنَ ٱلۡمُتَرَبِّصِينَ ٣١

30 - 31 - ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇشرىكلار تېخى سەن توغرۇلۇق: «مۇھەممەد بولسا بىر شائىردۇر، بىز ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتىمىز» دەۋاتامدۇ؟ ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر مېنىڭ ئۆلۈمۈمنى كۈتۈڭلار، مەنمۇ سىلەرگە چۈشىدىغان ئازابنى كۈتىمەن. قارايمىز قېنى، ياخشى ئاقىۋەت كىمگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى يېقىندا كۆرىسىلەر».

أَمۡ تَأۡمُرُهُمۡ أَحۡلَٰمُهُم بِهَٰذَآۚ أَمۡ هُمۡ قَوۡمٞ طَاغُونَ ٣٢

32 - ئاشۇ ئىنكارچىلارنىڭ ئەقلى ئۇلارنى مۇشۇنداق بىر - بىرىگە زىت سۆزلەرنى قىلىشقا بۇيرۇمدۇ؟ چۈنكى، كاھىنلىق، شائىرلىق ۋە مەجنۇنلۇق بىر ئادەمدە بىر ۋاقىتتا قانداقمۇ بىللە تېپىلسۇن؟! بەلكى ئۇلار ئازغۇنلۇقتا ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن قەۋمدۇر.

أَمۡ يَقُولُونَ تَقَوَّلَهُۥۚ بَل لَّا يُؤۡمِنُونَ ٣٣

33 - ئۇ مۇشرىكلار: « قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىقتى» دېيىشەمدۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇلار قۇرئانغا ئىشەنمەيدۇ. ئەگەر ئۇلار قۇرئانغا ئىشەنسە ئۇنداق دېمەيتتى.

فَلۡيَأۡتُواْ بِحَدِيثٖ مِّثۡلِهِۦٓ إِن كَانُواْ صَٰدِقِينَ ٣٤

34 - ئەگەر ئۇلار: «قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىقتى» دېگەن سۆزىدە راستچىل بولسا، قۇرئانغا ئوخشايدىغان بىر كىتابنى كەلتۈرۈپ باقسۇن.

أَمۡ خُلِقُواْ مِنۡ غَيۡرِ شَيۡءٍ أَمۡ هُمُ ٱلۡخَٰلِقُونَ ٣٥

35 - ئاشۇ مۇشرىكلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ ياكى ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ياراتقانمۇ؟ ھەر ئىككىلا ئىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئۇلارنى ۋە جىمى كائىناتنى ياراتقان زات ئاللاھتۇر، ئاللاھ ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق يېگانە ئىلاھتۇر.

أَمۡ خَلَقُواْ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَۚ بَل لَّا يُوقِنُونَ ٣٦

36 - ياكى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئاشۇ مۇشرىكلار مۇشۇنداق مۇكەممەل شەكىلدە ياراتقانمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! بەلكى ئۇلار ئاللاھنىڭ ئازابىغا ئىشەنمەيدۇ.

أَمۡ عِندَهُمۡ خَزَآئِنُ رَبِّكَ أَمۡ هُمُ ٱلۡمُصَۜيۡطِرُونَ ٣٧

37 - ياكى رەببىڭنىڭ خەزىنىلىرى ئۇلارنىڭ قولىدا بولۇپ ئۆزلىرى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلامدىكەن ياكى ئۇلار ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈمرانلىق قىلامدىكەن؟

أَمۡ لَهُمۡ سُلَّمٞ يَسۡتَمِعُونَ فِيهِۖ فَلۡيَأۡتِ مُسۡتَمِعُهُم بِسُلۡطَٰنٖ مُّبِينٍ ٣٨

38 - ياكى ئۇلارنىڭ ۋەھىينى تىڭشاش ئۈچۈن ئاسمانغا چىقىدىغان شوتىسى بارمۇ؟ شۇڭا ئۆزلىرىنى ھەق ئۈستىدە دەپ گۇمان قىلامدىكەن؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۇلارنى ۋەھىينى تىڭشايدۇ دەپ گۇمان قىلغان ئادەم بۇنىڭغا ئوچۇق بىر پاكىت كەلتۈرسۇن.

أَمْ لَهُ ٱلْبَنَٰتُ وَلَكُمُ ٱلْبَنُونَ ﴿٣٩﴾

39 - قىزلار ئاللاھنىڭ، ئوغۇللار سىلەرنىڭمۇ؟ سىلەر ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇپ مۇشۇنداق دەپ گۇمان قىلامسىلەر؟

أَمْ تَسْـَٔلُهُمْ أَجْرًا فَهُم مِّن مَّغْرَمٍ مُّثْقَلُونَ ﴿٤٠﴾

40 - ئى پەيغەمبەر! سەن ئاشۇ مۇشرىكلارغا دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىڭ ئۈچۈن ئۇلاردىن ھەق تەلەپ قىلدىڭمۇ؟ ئۇلار سەن تەلەپ قىلغان مەبلەغنى بېرىپ بولالماي جاپا تارتىپ قاپتۇمۇ، شۇڭا يۈكى ئېغىرلىشىپ كېتىپتىمۇ؟

أَمْ عِندَهُمُ ٱلْغَيْبُ فَهُمْ يَكْتُبُونَ ﴿٤١﴾

41 - ياكى ئۇلاردا غەيبنىڭ ئىلمى بولۇپ، ئۇلار ئۇنى يېزىپ كىشىلەرگە خەۋەر قىلامدۇ؟ ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، چۈنكى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبلەرنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

أَمْ يُرِيدُونَ كَيْدًا ۖ فَٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ هُمُ ٱلْمَكِيدُونَ ﴿٤٢﴾

42 - بەلكى ئۇلار ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە ھىيلە - مىكىر ئىشلەتمەكچى بولىدۇ. كاپىرلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قايتىدۇ.

أَمْ لَهُمْ إِلَٰهٌ غَيْرُ ٱللَّهِ ۚ سُبْحَٰنَ ٱللَّهِ عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴿٤٣﴾

43 - ياكى ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىق بولغان مەبۇدى بارمىكەن؟ ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر. ئاللاھنىڭ ھېچبىر شېرىكى يوقتۇر، ئاللاھ زاتىدا، ئىش - ھەرىكەتلىرىدە ۋە سۈپەتلىرىدە يېگانىدۇر، ئىبادەت بىر ئاللاھقىلا قىلىنىدۇ.

وَإِن يَرَوْا۟ كِسْفًا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ سَاقِطًا يَقُولُوا۟ سَحَابٌ مَّرْكُومٌ ﴿٤٤﴾

44 - ئۇ مۇشرىكلار ئاسماننىڭ ئۆزلىرىگە ئازاب بولۇپ چۈشۈۋاتقان بىرەر پارچىسىنى كۆرسە، كاپىرلىقتىن يېنىش ئۇياقتا تۇرسۇن: «بۇ ئۈستى - ئۈستىگە توپلاشقان بۇلۇتتۇر» دەيدۇ.

فَذَرْهُمْ حَتَّىٰ يُلَٰقُوا۟ يَوْمَهُمُ ٱلَّذِى فِيهِ يُصْعَقُونَ ﴿٤٥﴾

45 - ئى پەيغەمبەر! شۇڭا سەن ئۇلارنى ئۆزلىرى ھالاك قىلىنىدىغان قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرگىن.

يَوْمَ لَا يُغْنِى عَنْهُمْ كَيْدُهُمْ شَيْـًٔا وَلَا هُمْ يُنصَرُونَ ﴿٤٦﴾

46 - ئۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكرى ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قىلچە ئەسقاتمايدۇ، ئۇلارنى ئازابتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھېچكىم ياردەم قىلمايدۇ.

وَإِنَّ لِلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ عَذَابًا دُونَ ذَٰلِكَ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٤٧﴾

47 - شەكسىزكى، ئۇ زالىم كاپىرلارغا ئاخىرەتتىكى ئازابتىن باشقا بۇ دۇنيادىمۇ ئۆلتۈرۈلۈش، ئەسىرگە ئېلىنىش ۋە قەبرە ئازابى دېگەندەك ئازابلار بار. لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى بۇنى بىلمەيدۇ.

وَٱصۡبِرۡ لِحُكۡمِ رَبِّكَ فَإِنَّكَ بِأَعۡيُنِنَاۖ وَسَبِّحۡ بِحَمۡدِ رَبِّكَ حِينَ تَقُومُ ﴿٤٨﴾ وَمِنَ ٱلَّيۡلِ فَسَبِّحۡهُ
وَإِدۡبَٰرَ ٱلنُّجُومِ ﴿٤٩﴾

48 ـ 49 ـ ئى پەيغەمبەر! رەببىڭنىڭ ساڭا تاپشۇرغان پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشتا چىداملىق بولغىن، قەۋمىڭدىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن بىزنىڭ كۆزئالدىمىزدا ۋە قوغدىشىمىز ئاستىدىسەن، ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تۇرغان ۋاقتىڭدا ۋە ئۇيقۇدىن تۇرغان ۋاقتىڭدا رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدىمۇ رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن، ئۇنى ئۇلۇغلىغىن، ئۇنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ ناماز ئوقۇغىن، سەن بۇنى بامدات نامىزىدا ۋە يۇلتۇزلار پاتقاندىن كېيىنكى ۋاقىتتىمۇ قىلغىن. (بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق كۆز سۈپىتىنىڭ بارلىقى ئىسپاتلىنىدۇ).

# نەجم سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

وَٱلنَّجۡمِ إِذَا هَوَىٰ ﴿١﴾ مَا ضَلَّ صَاحِبُكُمۡ وَمَا غَوَىٰ ﴿٢﴾ وَمَا يَنطِقُ عَنِ ٱلۡهَوَىٰٓ ﴿٣﴾ إِنۡ هُوَ إِلَّا
وَحۡيٞ يُوحَىٰ ﴿٤﴾

1 - 4- ئاللاھ ساقىغان يۇلتۇزلار بىلەن قەسەم قىلىپ شۇنى تەكىتلەيدۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرا يولدىن ئازمىدى، ئىشىدا ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ، قۇرئان بىلەن سۈننەت ئاللاھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلغان ۋەھىيسىدۇر.

عَلَّمَهُۥ شَدِيدُ ٱلۡقُوَىٰ ﴿٥﴾ ذُو مِرَّةٖ فَٱسۡتَوَىٰ ﴿٦﴾ وَهُوَ بِٱلۡأُفُقِ ٱلۡأَعۡلَىٰ ﴿٧﴾ ثُمَّ دَنَا فَتَدَلَّىٰ ﴿٨﴾ فَكَانَ
قَابَ قَوۡسَيۡنِ أَوۡ أَدۡنَىٰ ﴿٩﴾ فَأَوۡحَىٰٓ إِلَىٰ عَبۡدِهِۦ مَآ أَوۡحَىٰ ﴿١٠﴾ مَا كَذَبَ ٱلۡفُؤَادُ مَا رَأَىٰٓ ﴿١١﴾

5 - 11- مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھىينى ناھايىتى كۈچلۈك ۋە چىرايلىق كۆرۈنۈشلۈك پەرىشتە — جىبرىل ئۆگەتتى. جىبرىل يۇقىرى ئۇپۇقتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ھەقىقىي شەكلىدە كۆرۈندى. ئاندىن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىنلاشتى، ھەتتا ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئازراق ئارىلىق قالغۇچە يېقىنلاشتى. ئاللاھ تائالا بەندىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا جىبرىلنىڭ ۋاستىسى بىلەن ۋەھيى قىلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرىنى ئۇنىڭ دىلى ئىنكار قىلمىدى.

أَفَتُمَٰرُونَهُۥ عَلَىٰ مَا يَرَىٰ ﴿١٢﴾ وَلَقَدۡ رَءَاهُ نَزۡلَةً أُخۡرَىٰ ﴿١٣﴾ عِندَ سِدۡرَةِ ٱلۡمُنتَهَىٰ ﴿١٤﴾ عِندَهَا جَنَّةُ
ٱلۡمَأۡوَىٰٓ ﴿١٥﴾ إِذۡ يَغۡشَى ٱلسِّدۡرَةَ مَا يَغۡشَىٰ ﴿١٦﴾ مَا زَاغَ ٱلۡبَصَرُ وَمَا طَغَىٰ ﴿١٧﴾ لَقَدۡ رَأَىٰ مِنۡ ءَايَٰتِ
رَبِّهِ ٱلۡكُبۡرَىٰٓ ﴿١٨﴾

12 - 18- (ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆرگەن ئىلاھىي ئالامەتلەر ۋە مۆجىزىلەر توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن تالاش - تارتىش قىلىشامسىلەر؟ شەكسىزكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جىبرىلنى سىدرەتۇلمۇنتەھا دەرىخىنىڭ يېنىدا ئىككىنچى قېتىم ئەسلىدىكى ھەقىقىي سۈرىتىدە كۆردى. سىدرەتۇلمۇنتەھا يەتتىنچى ئاسماندا بولۇپ، زېمىندىن ئۆرلەپ چىققانلارمۇ ۋە يۇقىرىدىن چۈشكەنلەرمۇ شۇ يەردە توختايدۇ، مۇئمىنلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەتۇلمەئۋا شۇ جايدىدۇر. ئۇ چاغدا سىدرەتۇلمۇنتەھانى نېمە ئىكەنلىكىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان ئاجايىپ بىر خىل نەرسە قاپلىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ چاغدىمۇ مۇستەھكەم تۇرغان ۋە ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدە ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ كۆزى ئوڭ - سولغا بۇرۇلۇپ كەتمىدى، كۆرۈشكە

بۇيرۇلغان شەيئىلەردىن ئۆتۈپ كەتمىدى. شەكسىزكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىراج كېچىسى ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئەڭ كاتتا ئالامەتلەرنى كۆردى. ئۇلار بولسا جەننەت، دوزاخ قاتارلىقلار ئىدى.

أَفَرَءَيۡتُمُ ٱللَّٰتَ وَٱلۡعُزَّىٰ ﴿١٩﴾ وَمَنَوٰةَ ٱلثَّالِثَةَ ٱلۡأُخۡرَىٰٓ ﴿٢٠﴾

19 - 20 - ئى مۇشرىكلار! سىلەر چوقۇنۇۋاتقان لات، ئۇززا ۋە ئۈچىنچىسى بولغان مانات دېگەن بۇتلار توغرۇلۇق ئويلىنىپ باقتىڭلارمۇ؟ ئۇلار بىراۋغا پايدا - زىيان يەتكۈزەلەمدۇ؟ ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان تۇرسا، سىلەر قانداقلارچە ئۇلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالىسىلەر؟

أَلَكُمُ ٱلذَّكَرُ وَلَهُ ٱلۡأُنثَىٰ ﴿٢١﴾ تِلۡكَ إِذٗا قِسۡمَةٞ ضِيزَىٰٓ ﴿٢٢﴾ إِنۡ هِيَ إِلَّآ أَسۡمَآءٞ سَمَّيۡتُمُوهَآ أَنتُمۡ وَءَابَآؤُكُم مَّآ أَنزَلَ ٱللَّهُ بِهَا مِن سُلۡطَٰنٍۚ إِن يَتَّبِعُونَ إِلَّا ٱلظَّنَّ وَمَا تَهۡوَى ٱلۡأَنفُسُۖ وَلَقَدۡ جَآءَهُم مِّن رَّبِّهِمُ ٱلۡهُدَىٰٓ ﴿٢٣﴾

21 - 23 - ئۆزۈڭلار ياقتۇرىدىغان ئوغۇللارنى سىلەرگە، ئۆزۈڭلار ياقتۇرمايدىغان قىزلارنى ئاللاھقا مەنسۇپ قىلامسىلەر؟ ئۇنداقتا بۇ ئادالەتسىز تەقسىماتتۇر. بۇ بۇتلار سىلەر ۋە ئاتا - بوۋىلىرىڭلار باتىل ئېتىقادىڭلارغا ئاساسەن ئاتىۋالغان قۇرۇق ناملاردىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئاللاھ ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ھېچبىر دەلىل - پاكىت چۈشۈرگەن ئەمەس». ئۇ مۇشرىكلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق ئاللاھتىن ھىدايەت كەلگەن تۇرۇقلۇق، ئۇلار ئۇنىڭدىن پايدىلىنالمىدى. شۇڭا، پەقەت گۇمانغىلا ۋە ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ.

أَمۡ لِلۡإِنسَٰنِ مَا تَمَنَّىٰ ﴿٢٤﴾ فَلِلَّهِ ٱلۡأٓخِرَةُ وَٱلۡأُولَىٰ ﴿٢٥﴾

24 - 25 - ئىنسان مۇشۇ ساختا مەبۇدلار ياكى باشقا مەبۇدلار بىزگە شاپائەت قىلىدۇ دەپ ئارزۇ قىلغىنى بىلەن، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇلارغا قىلچىلىكمۇ شاپائەت قىلالمايدۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر.

۞ وَكَم مِّن مَّلَكٖ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ لَا تُغۡنِي شَفَٰعَتُهُمۡ شَيۡـًٔا إِلَّا مِنۢ بَعۡدِ أَن يَأۡذَنَ ٱللَّهُ لِمَن يَشَآءُ وَيَرۡضَىٰٓ ﴿٢٦﴾

26 - ئاسمانلاردىكى نۇرغۇن پەرىشتىلەر شۇنچىلىك يۇقىرى مەرتىۋىلىك بەندىلەر تۇرۇقلۇق، ئاللاھ رۇخسەت قىلمىغۇچە ئۇلارنىڭ شاپائىتى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، پەقەت ئاللاھ ئۆزى خالىغان ۋە رازى بولغان ئادەمگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلغاندىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ شاپائىتى ئەسقاتىدۇ.

إِنَّ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡأٓخِرَةِ لَيُسَمُّونَ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةَ تَسۡمِيَةَ ٱلۡأُنثَىٰ ﴿٢٧﴾ وَمَا لَهُم بِهِۦ مِنۡ عِلۡمٍۖ إِن يَتَّبِعُونَ إِلَّا ٱلظَّنَّۖ وَإِنَّ ٱلظَّنَّ لَا يُغۡنِي مِنَ ٱلۡحَقِّ شَيۡـٔٗا ﴿٢٨﴾

27 - 28 - شەكسىزكى، ئاخىرەت ھاياتىغا ئىشەنمەيدىغان ۋە ئاخىرەتلىك ئۈچۈن تەييارلىقمۇ قىلمايدىغان ئەرەب كاپىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقىدىن پەرىشتىلەرنى «ئاللاھنىڭ قىزلىرى» دېگەن باتىل ئېتىقادى سەۋەبلىك پەرىشتىلەرنى چىشى جىنس نامى بىلەن ئاتايدۇ. ئۇلار مۇنداق ئاتاشتا ھېچقانداق ئىلىمگە ئىگە ئەمەس، ئۇلار پەقەت ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ، گۇمانغا تايىنىپ ھېچقانداق ھەقىقەتنى ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ.

فَأَعْرِضْ عَن مَّن تَوَلَّىٰ عَن ذِكْرِنَا وَلَمْ يُرِدْ إِلَّا ٱلْحَيَوٰةَ ٱلدُّنْيَا ﴿٢٩﴾ ذَٰلِكَ مَبْلَغُهُم مِّنَ ٱلْعِلْمِ ۚ إِنَّ
رَبَّكَ هُوَ أَعْلَمُ بِمَن ضَلَّ عَن سَبِيلِهِۦ وَهُوَ أَعْلَمُ بِمَنِ ٱهْتَدَىٰ ﴿٣٠﴾

29 - 30 - ئى پەيغەمبەر! بىزنىڭ زىكرىمىز بولغان قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈگەن، پەقەت دۇنيا
تىرىكچىلىكىنىلا كۆزلىگەنلەر بىلەن كارىڭ بولمىسۇن. ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى ۋە تەلەپ
قىلىدىغىنى شۇنچىلىكتۇر. شەكسىزكى، رەببىڭ توغرا يولدىن ئازغان ئادەمنى ئوبدان
بىلىدۇ، ھىدايەت تېپىپ ئىسلام يولىغا كىرگەن ئادەمنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. (بۇ ئايەتتە
ئاللاھنىڭ كىتابىدىن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن يۈز ئۆرۈگەن، نەپسى
خاھىشىنى ۋە دۇنيا مەنپەئەتلىرىنى دەپ ئاخىرەتلىكتىن ۋاز كەچكەن ئازغۇنلارغا قاتتىق
ئاگاھلاندۇرۇش بار).

وَلِلَّهِ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ لِيَجْزِىَ ٱلَّذِينَ أَسَٰٓـُٔوا۟ بِمَا عَمِلُوا۟ وَيَجْزِىَ ٱلَّذِينَ أَحْسَنُوا۟
بِٱلْحُسْنَى ﴿٣١﴾ ٱلَّذِينَ يَجْتَنِبُونَ كَبَٰٓئِرَ ٱلْإِثْمِ وَٱلْفَوَٰحِشَ إِلَّا ٱللَّمَمَ ۚ إِنَّ رَبَّكَ وَٰسِعُ ٱلْمَغْفِرَةِ ۚ هُوَ
أَعْلَمُ بِكُمْ إِذْ أَنشَأَكُم مِّنَ ٱلْأَرْضِ وَإِذْ أَنتُمْ أَجِنَّةٌ فِى بُطُونِ أُمَّهَٰتِكُمْ ۖ فَلَا تُزَكُّوٓا۟ أَنفُسَكُمْ ۖ
هُوَ أَعْلَمُ بِمَنِ ٱتَّقَىٰٓ ﴿٣٢﴾

31 - 32 - ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ ئۇلارنى
يامان ئىش قىلغانلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ جازالاش، تائەت - ئىبادەتلەرنى مۇكەممەل
قىلغانلارنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلاش ئۈچۈن ياراتتى. ئۇلار كىچىك گۇناھلاردىن
خالىي بولالمىسىمۇ، چوڭ گۇناھلاردىن ۋە قەبىھ ئىشلاردىن يىراق تۇرىدىغان كىشىلەردۇر.
كىچىك گۇناھلار — ئاندا - ساندا سادىر قىلىپ سالىدىغان ۋە داۋاملاشتۇرۇلمايدىغان
گۇناھلاردۇر. ئۇلار پەرز ئەمەللەرنى ئورۇنداش ۋە ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش
ئارقىلىق ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ،
كەمچىلىكلىرىنى يۆگەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى كەڭدۇر. ئاللاھ ئاتاڭلار ئادەمنى
تۇپراقتىن ياراتقان چاغدىمۇ، سىلەر ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدىكى تۆرەلمە ۋاقتىڭلاردىمۇ
سىلەرنى ئوبدان بىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئاقلىماڭلار، ئۆزۈڭلارنى
تەقۋادار قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنماڭلار. ئاللاھ ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ ھارامدىن
يىراق تۇرغان تەقۋادار بەندىلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ.

أَفَرَءَيْتَ ٱلَّذِى تَوَلَّىٰ ﴿٣٣﴾ وَأَعْطَىٰ قَلِيلًا وَأَكْدَىٰٓ ﴿٣٤﴾

33 - 34- ئى پەيغەمبەر! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان ۋە (ئۆزى ۋەدە قىلغان
نەرسىدىن) ئازغىنە بىر نەرسە بېرىپ، قالغىنىنى بېرىشنى توختاتقان ۋە بەرمەيدىغان
بولغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟

أَعِندَهُۥ عِلْمُ ٱلْغَيْبِ فَهُوَ يَرَىٰٓ ﴿٣٥﴾

35 - بەرمەكچى بولغانلىرىنى بېرىشنى توختاتقان ئاشۇ ئادەم، ئەگەر توختىتىۋالمىسا مال -
دۇنياسى تۈگەپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە غەيبنى بىلەمدۇ؟ ئۇ غەيبنى كۆرۈپ تۇرامدۇ؟
ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، چۈنكى ئۇ پەقەت بېخىللىق قىلىپلا بېرىشنى
توختاتتى.

أَمْ لَمْ يُنَبَّأْ بِمَا فِى صُحُفِ مُوسَىٰ ﴿٣٦﴾ وَإِبْرَٰهِيمَ ٱلَّذِى وَفَّىٰٓ ﴿٣٧﴾

36 - 37 - ئۇ تەۋرات تېكىستلىرىدىكى ۋە ئۇز ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلغان ئىبراھىمنىڭ سەھىپىلىرىدىكى مۇنۇ سۆزلەردىن خەۋەردار بولمىدىمۇ:

أَلَّا تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَىٰ ﴿٣٨﴾

38 - «بىر گۇناھكار ئادەم باشقىسىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ.

وَأَن لَّيْسَ لِلْإِنسَٰنِ إِلَّا مَا سَعَىٰ ﴿٣٩﴾

39 - ئىنسان پەقەت ئۆزى قىلغان ئەمەلىنىڭلا نەتىجىسىنى كۆرىدۇ.

وَأَنَّ سَعْيَهُۥ سَوْفَ يُرَىٰ ﴿٤٠﴾

40 - ئۇنىڭ قىلغان ئەمەلى ئاخىرەتتە كۆرۈلىدۇ. ياخشى ئەمەل قىلغانلارنى ھۆرمەتلەش ۋە يامان ئىش قىلغانلارغا كايىش ئۈچۈن، ياخشى ئەمەل بىلەن يامان ئەمەل ئايرىلىدۇ.

ثُمَّ يُجْزَىٰهُ ٱلْجَزَآءَ ٱلْأَوْفَىٰ ﴿٤١﴾

41 - ئاندىن ئىنسان ئۆزىنىڭ ياخشى - يامان ئەمەلىگە يارىشا تولۇق مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ ياكى قىلمىشىغا تېگىشلىك جازاغا ئۇچرايدۇ.

وَأَنَّ إِلَىٰ رَبِّكَ ٱلْمُنتَهَىٰ ﴿٤٢﴾

42 - ئى پەيغەمبەر! بارلىق خالايىقنىڭ ئاخىرقى بېكىتى رەببىڭنىڭ دەرگاھىدۇر».

وَأَنَّهُۥ هُوَ أَضْحَكَ وَأَبْكَىٰ ﴿٤٣﴾

43 - شەكسىزكى، ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى بۇ دۇنيادا خۇشال قىلىپ كۈلدۈرىدۇ، خالىغان بەندىسىنى غەمكىن قىلىپ يىغلىتىدۇ.

وَأَنَّهُۥ هُوَ أَمَاتَ وَأَحْيَا ﴿٤٤﴾

44 - ئاللاھ ھەقىقەتەن بەندىلىرىدىن كىمنىڭ ئۆلۈشىنى خالىسا ئۇنى ۋاپات قىلدۇرىدۇ، كىمنى ياشىتىشنى خالىسا ئۇنى ياشىتىدۇ. ئۆلتۈرۈش ۋە ياشىتىش بىر ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر.

وَأَنَّهُۥ خَلَقَ ٱلزَّوْجَيْنِ ٱلذَّكَرَ وَٱلْأُنثَىٰ ﴿٤٥﴾ مِن نُّطْفَةٍ إِذَا تُمْنَىٰ ﴿٤٦﴾

45 - 46 - ئاللاھ ئىنسان ۋە ھايۋاناتنىڭ بالىياتقۇسىغا تۆكۈلگەن مەنىيدىن ئەركەك - چىشىدىن ئىبارەت بىر جۈپنى ياراتتى.

وَأَنَّ عَلَيْهِ ٱلنَّشْأَةَ ٱلْأُخْرَىٰ ﴿٤٧﴾

47 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلارنى ئۆلگىنىدىن كېيىن ھاياتقا قايتۇرۇش ئەلۋەتتە ئاللاھقا خاستۇر.

وَأَنَّهُۥ هُوَ أَغْنَىٰ وَأَقْنَىٰ ﴿٤٨﴾

48 - ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە پۇل - مال ئاتا قىلىپ ئۇنى باي قىلدىغانمۇ، ئۇلارنى مال - دۇنياغا ئىگە قىلىپ خۇشال قىلدىغانمۇ زاتتۇر.

وَأَنَّهُۥ هُوَ رَبُّ ٱلشِّعْرَىٰ ﴿٤٩﴾

49 - ئاللاھ شىئرا يۇلتۇزىنىڭ[1] رەببىدۇر. (جاھىلىيەتتىكى بەزى كىشىلەر شىئرا يۇلتۇزىغا چوقۇناتتى).

وَأَنَّهُۥٓ أَهۡلَكَ عَادًا ٱلۡأُولَىٰ ﴿٥٠﴾ وَثَمُودَاْ فَمَآ أَبۡقَىٰ ﴿٥١﴾ وَقَوۡمَ نُوحٖ مِّن قَبۡلُۖ إِنَّهُمۡ كَانُواْ هُمۡ أَظۡلَمَ وَأَطۡغَىٰ ﴿٥٢﴾ وَٱلۡمُؤۡتَفِكَةَ أَهۡوَىٰ ﴿٥٣﴾ فَغَشَّىٰهَا مَا غَشَّىٰ ﴿٥٤﴾

50 - 54 - شەكسىزكى، ئاللاھ ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان ئاۋۋالقى ئاد قەۋمىنى ۋە سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان سەمۇد قەۋمىنى ھالاك قىلدى. ئۇلاردىن ھېچكىمنى ھايات قويمىدى. ئاللاھ بۇرۇن نۇھ قەۋمىنى ھالاك قىلغان ئىدى. ئۇلار كېيىن كەلگەنلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ زالىم تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقان قەۋم ئىدى. ئاللاھ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ يۇرتىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كۆمتۈردى. ئۇ جاينىڭ ئاستىنى ئۈستىگە قىلىۋەتتى. ئۇلارغا ئاسماندىن ئارقا - ئارقىدىن تاش ياغدۇردى.

فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكَ تَتَمَارَىٰ ﴿٥٥﴾

55 - ئى ئىنكارچى ئىنسان! سەن رەببىڭنىڭ قايسىبىر نېمىتىگە شەك قىلىسەن؟

هَٰذَا نَذِيرٞ مِّنَ ٱلنُّذُرِ ٱلۡأُولَىٰٓ ﴿٥٦﴾

56 - بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ئاگاھلاندۇرغان نەرسە بىلەن ئاگاھلاندۇرىدىغان ھەق پەيغەمبەردۇر. ئۇنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنىغا ئوخشىمايدىغان بىر دىننى ئېلىپ كەلگىنى يوق.

أَزِفَتِ ٱلۡأٓزِفَةُ ﴿٥٧﴾ لَيۡسَ لَهَا مِن دُونِ ٱللَّهِ كَاشِفَةٌ ﴿٥٨﴾

57 - 58 - قىيامەت يېقىنلاشتى، ئۇنىڭ ۋاقتى كەلگىلى ئاز قالدى. ئۇنى ئاللاھتىن باشقا ھېچ كىم توسۇپ قالالمايدۇ ، ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

أَفَمِنۡ هَٰذَا ٱلۡحَدِيثِ تَعۡجَبُونَ ﴿٥٩﴾ وَتَضۡحَكُونَ وَلَا تَبۡكُونَ ﴿٦٠﴾ وَأَنتُمۡ سَٰمِدُونَ ﴿٦١﴾ فَٱسۡجُدُواْۤ لِلَّهِ وَٱعۡبُدُواْ۩ ﴿٦٢﴾

59 - 62 - ئى مۇشرىكلار! سىلەر بۇ قۇرئاننىڭ توغرىلىقىغا ئەجەبلىنىۋاتامسىلەر؟ ئۇنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىدىن قورقۇپ يىغلاشنىڭ ئورنىغا، ئۇنى مەسخىرە قىلىپ غاپىللارچە كۈلۈۋاتامسىلەر؟ (ۋاي ئىسىت سىلەرگە! كېلىڭلار) ئاللاھقا سەجدە قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىڭلار، ئىشىڭلارنى ئۇنىڭ ئەمرىگە تاپشۇرۇڭلار.

[1] شىئرا يۇلتۇزى - ئەرەبلەرنىڭ خۇراپە قەبىلىسى چوقۇنغان يۇلتۇزدۇر.

# قەمەر سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

ٱقۡتَرَبَتِ ٱلسَّاعَةُ وَٱنشَقَّ ٱلۡقَمَرُ ١

1 ـ قىيامەت يېقىنلاشتى، مەككىلىك كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۆجىزە تەلەپ قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا دۇئا قىلغۇدى، ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، تەلەپ قىلغان مۆجىزىنى كۆرسىتىپ، ئاينى ئىككىگە يېرىپ بەردى.

وَإِن يَرَوۡاْ ءَايَةٗ يُعۡرِضُواْ وَيَقُولُواْ سِحۡرٞ مُّسۡتَمِرّٞ ٢

2 ـ مۇشرىكلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر دەلىل ـ پاكىتنى كۆرسىلا، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتىدۇ، ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە ئۇنى «بۇ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سېھىردۇر» دېيىشىدۇ.

وَكَذَّبُواْ وَٱتَّبَعُوٓاْ أَهۡوَآءَهُمۡۚ وَكُلُّ أَمۡرٖ مُّسۡتَقِرّٞ ٣

3 ـ ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلدى، ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقىغا ۋە نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشتى. قىيامەت كۈنى مۇكاپات ۋە جازا كۆرۈلگەن چاغدا، ياخشى ـ يامان ھەممە ئىش ئۆز ئىگىسىنى تاپىدۇ.

وَلَقَدۡ جَآءَهُم مِّنَ ٱلۡأَنۢبَآءِ مَا فِيهِ مُزۡدَجَرٌ ٤

4 ـ شەكسىزكى، مەككىلىك كاپىرلارغا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان قەۋملەرنىڭ خەۋەرلىرى ۋە ئۇلارغا چۈشكەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنىڭ بايانى ئۇلارنى كۇفرىلىقتىن مەنئى قىلىشقا يېتەرلىك دەرىجىدە كەلدى.

حِكۡمَةُۢ بَٰلِغَةٞۖ فَمَا تُغۡنِ ٱلنُّذُرُ ٥

5 ـ ئۇلارغا كەلگەن بۇ قۇرئان ۋايىغا يەتكەن كاتتا ھېكمەتتۇر. ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغان قەۋمگە ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟!

فَتَوَلَّ عَنۡهُمۡۘ يَوۡمَ يَدۡعُ ٱلدَّاعِ إِلَىٰ شَيۡءٖ نُّكُرٍ ٦

6 ـ ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئەھۋالىنى كۈتكىن. ئۇ چاغدا ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ھېساب مەيدانىغا توپلىنىشتىن ئىبارەت دەھشەتلىك ئىشقا چاقىرىدۇ.

خُشَّعًا أَبۡصَٰرُهُمۡ يَخۡرُجُونَ مِنَ ٱلۡأَجۡدَاثِ كَأَنَّهُمۡ جَرَادٞ مُّنتَشِرٞ ٧ مُّهۡطِعِينَ إِلَى ٱلدَّاعِۖ يَقُولُ

ٱلۡكَٰفِرُونَ هَٰذَا يَوۡمٌ عَسِرٞ ﴿٨﴾

7 - 8 - ئۇلار قورقۇنچتىن تىكىلىپ قارىيالمىغان ھالدا، گويا تارىلىپ كەتكەن چېكەتكۇدەك
قەبرىلىرىدىن چىقىپ كېلىدۇ ۋە چاقىرىلغان تەرەپكە بويۇنلىرىنى سوزغان ھالدا تېز
يۈگۈرىدۇ، كاپىرلار: «بۇ ھەقىقەتەن قىيىن بىر كۈنغۇ» دېيىشىپ كېتىدۇ.

۞ كَذَّبَتۡ قَبۡلَهُمۡ قَوۡمُ نُوحٖ فَكَذَّبُواْ عَبۡدَنَا وَقَالُواْ مَجۡنُونٞ وَٱزۡدُجِرَ ﴿٩﴾

9 - ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ قەۋمىڭدىن بۇرۇن نۇھنىڭ قەۋمى ئىنكار قىلغان ئىدى، ئۇلار
بەندىمىز نۇھنى ئىنكار قىلىپ مەجنۇن دېگەن ۋە ئۇنىڭغا تۈرلۈك ئەزىيەتلەر بىلەن
تەھدىت سېلىپ، ئۇنى دەۋەت قىلىشتىن توسۇشقا ئۇرۇنغان ئىدى.

فَدَعَا رَبَّهُۥٓ أَنِّي مَغۡلُوبٞ فَٱنتَصِرۡ ﴿١٠﴾

10 - شۇنىڭ بىلەن نۇھ رەببىگە دۇئا قىلىپ: «مەن راستتىنلا ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىدىم،
ئۇلارنى سېنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن جازالاش ئارقىلىق ماڭا ياردەم قىلغىن» دەپ
تىلىدى.

فَفَتَحۡنَآ أَبۡوَٰبَ ٱلسَّمَآءِ بِمَآءٖ مُّنۡهَمِرٖ ﴿١١﴾ وَفَجَّرۡنَا ٱلۡأَرۡضَ عُيُونٗا فَٱلۡتَقَى ٱلۡمَآءُ عَلَىٰٓ أَمۡرٖ قَدۡ قُدِرَ ﴿١٢﴾

11 - 12 - بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىنى قۇيۇلۇپ
ياغقۇچى يامغۇر بىلەن ئېچىۋەتتۇق. زېمىندىن بۇلاقلارنى ئېتىلدۇرۇپ چىقاردۇق، نۇھنىڭ
قەۋمىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئالدىن بەلگىلەنگەن ئىشقا بىنائەن، يامغۇر سۈيى بىلەن
بۇلاق سۈيى بىر - بىرىگە قوشۇلدى. بۇ ئۇلارنىڭ كاپىرلىقىنىڭ جازاسى ئىدى.

وَحَمَلۡنَٰهُ عَلَىٰ ذَاتِ أَلۡوَٰحٖ وَدُسُرٖ ﴿١٣﴾ تَجۡرِي بِأَعۡيُنِنَا جَزَآءٗ لِّمَن كَانَ كُفِرَ ﴿١٤﴾

13 - 14 - نۇھنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنى تاختا ۋە مىخلار بىلەن ياسالغان
كېمىگە چىقاردۇق. كاپىرلارنى جازالاش ۋە نۇھقا ياردەم قىلىش يۈزىسىدىن، كېمە
بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ۋە ھىمايىمىز ئاستىدا ماڭاتتى. (بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ ئۆزىگە
لايىق كۆز سۈپىتىنىڭ بارلىقى ئىسپاتلىنىدۇ).

وَلَقَد تَّرَكۡنَٰهَآ ءَايَةٗ فَهَلۡ مِن مُّدَّكِرٖ ﴿١٥﴾ فَكَيۡفَ كَانَ عَذَابِي وَنُذُرِ ﴿١٦﴾

15 - 16 - نۇھتىن كېيىنكى قەۋملەرنىڭ ئىبرەت ئېلىپ توغرا يولغا كىرىشى ئۈچۈن، نۇھنىڭ
ئۆز قەۋمى بىلەن بولغان قىسسىسىنى كامالىي قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىلى قىلىپ قالدۇردۇق،
بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟ مېنى ۋە پەيغەمبىرىمنى ئىنكار قىلغان ۋە قىلىنغان ۋەز
- نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلمىغانلار ئۈچۈن مېنىڭ ئازابىم ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىم قانداق
بولدى؟! ئۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىق ۋە ئەلەملىك ئازاب ئىدى.

وَلَقَدۡ يَسَّرۡنَا ٱلۡقُرۡءَانَ لِلذِّكۡرِ فَهَلۡ مِن مُّدَّكِرٖ ﴿١٧﴾

17 - ھەقىقەتەن بىز نەسىھەت ۋە ئىبرەت ئېلىشنى خالىغان ئادەم ئۈچۈن بۇ قۇرئاننىڭ
لەۋزىنى ئوقۇش ۋە يادلاشقا، ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ۋە بىلىشكە ئاسان قىلدۇق،
بۇنىڭدىن ۋەز - نەسىھەت ئالغۇچى بارمۇ؟ (بۇ ئايەتتە ۋە بۇ سۈرىدە تەكرارلىنىپ كەلگەن
ئايەتلەردە قۇرئان ئۆگىنىش ۋە ئوقۇشقا، ئۇنى ئۆگىتىشكە قاتتىق تەشەببۇس قىلىنغان).

كَذَّبَتۡ عَادٞ فَكَيۡفَ كَانَ عَذَابِي وَنُذُرِ ﴿١٨﴾

18 - ئاد قەۋمى ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ھۇدنى ئىنكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن

ئۇلارنى جازالىدۇق. كۇفرىلىقى سەۋەبلىك ئۇلارغا بەرگەن ئازابىم ۋە پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقانلىقىغا بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشلىرىم قانداق بولدى؟! ئۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىق ۋە ئەلەملىك ئازاب ئىدى.

إِنَّآ أَرۡسَلۡنَا عَلَيۡهِمۡ رِيحٗا صَرۡصَرٗا فِي يَوۡمِ نَحۡسٖ مُّسۡتَمِرّٖ ١٩ تَنزِعُ ٱلنَّاسَ كَأَنَّهُمۡ أَعۡجَازُ نَخۡلٖ مُّنقَعِرٖ ٢٠

19 - 20 - شەكسىزكى، بىز ئۇلارغا شۇملۇقى ئۈزۈلمەيدىغان بىر كۈندە قاتتىق سوغۇق بورانىنى ئەۋەتتۇق. ئۇ بوران ئىنسانلارنى باشلىرى بىلەن يەرگە ئاتاتتى، ئاندىن ئۇلارنىڭ بويۇنلىرى قاتلىشىپ، باشلىرى تەنلىرىدىن ئاجراپ كېتەتتى. ئۇلار بولسا قومۇرۇپ تاشلانغان خورما كۆتەكلىرىدەك ياتاتتى.

فَكَيۡفَ كَانَ عَذَابِي وَنُذُرِ ٢١

21 - مېنى ئىنكار قىلغان، پەيغەمبەرلىرىمنى يالغانچى دەپ تۆھمەت قىلىپ ئۇلارغا ئىمان ئېيتمىغانلارغا مېنىڭ ئازابىم ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىم قانداق بولدى؟! ئۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىق ۋە ئەلەملىك ئازاب ئىدى.

وَلَقَدۡ يَسَّرۡنَا ٱلۡقُرۡءَانَ لِلذِّكۡرِ فَهَلۡ مِن مُّدَّكِرٖ ٢٢

22 - ھەقىقەتەن بىز نەسىھەت ۋە ئىبرەت ئېلىشنى خالىغان ئادەم ئۈچۈن بۇ قۇرئاننىڭ لەۋزىنى ئوقۇش ۋە يادلاشقا، ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ۋە بىلىشكە ئاسان قىلدۇق، بۇنىڭدىن ۋەز - نەسىھەت ئالغۇچى بارمۇ؟

كَذَّبَتۡ ثَمُودُ بِٱلنُّذُرِ ٢٣ فَقَالُوٓاْ أَبَشَرٗا مِّنَّا وَٰحِدٗا نَّتَّبِعُهُۥٓ إِنَّآ إِذٗا لَّفِي ضَلَٰلٖ وَسُعُرٍ ٢٤

23 - 24 - سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان سەمۇد قەۋمى ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئايەتلەرنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار: «بىز شۇنچە كۆپ جامائەت تۇرۇپ ئارىمىزدىكى بىر ئادەمگە ئەگىشەمدۇق؟ ئەگەر شۇنداق قىلساق بىز ئۇ چاغدا راستتىنلا توغرىلىقتىن ئازغان ساراڭلاردىن بولغان بولىمىز.

أَءُلۡقِيَ ٱلذِّكۡرُ عَلَيۡهِ مِنۢ بَيۡنِنَا بَلۡ هُوَ كَذَّابٌ أَشِرٞ ٢٥

25 - ئارىمىزدىكى شۇنچە كۆپ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۇنىڭغا ۋەھيى چۈشۈپتۇمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، ئۇ كۆپ يالغان ئېيتىدىغان مۇتەكەببىر بىرىدۇر» دېدى.

سَيَعۡلَمُونَ غَدٗا مَّنِ ٱلۡكَذَّابُ ٱلۡأَشِرُ ٢٦

26 - ئۇلارغا دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب چۈشكەن چاغدا، كىمنىڭ يالغانچى ۋە مۇتەكەببىر ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ.

إِنَّا مُرۡسِلُواْ ٱلنَّاقَةِ فِتۡنَةٗ لَّهُمۡ فَٱرۡتَقِبۡهُمۡ وَٱصۡطَبِرۡ ٢٧

27 - (بىز سالىھقا): «ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن، بىز ئۇلار تەلەپ قىلغان چىشى تۆگىنى تاشتىن چىقىرىپ بېرىمىز. ئى سالىھ! سەن ئۇلارغا چۈشىدىغان ئازابنى كۈتكىن، دەۋەتنى داۋاملاشتۇرۇشتا چىداملىق بولغىن ۋە ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلغىن.

وَنَبِّئۡهُمۡ أَنَّ ٱلۡمَآءَ قِسۡمَةُۢ بَيۡنَهُمۡۖ كُلُّ شِرۡبٖ مُّحۡتَضَرٞ ٢٨

28 - قەۋمىڭگە ئۇلار بىلەن تۆگىنىڭ ئارىسىدا سۇنىڭ تەقسىم قىلىنىدىغانلىقىنى، قۇدۇقتىن ئۇلار بىر كۈن سۇ ئالىدىغانلىقىنى، تۆگە بىر كۈن سۇ ئىچىدىغانلىقىنى، قايسىسىنىڭ نۆۋىتى كەلسە شۇنىڭ ھازىر بولىدىغانلىقىنى، نۆۋىتى كەلمىگىنى ھازىر بولمايدىغانلىقىنى ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويغىن» (دېدۇق).

فَنَادَوۡاْ صَاحِبَهُمۡ فَتَعَاطَىٰ فَعَقَرَ ﴿٢٩﴾ فَكَيۡفَ كَانَ عَذَابِي وَنُذُرِ ﴿٣٠﴾

29 - 30 - ئۇلار بىر بۇرادىرىنى تۆگىنى ئۆلتۈرۈشكە كۈشكۈرتۈپ چاقىردى. ئۇ تۆگىگە قول سېلىپ ئۇنى بوغۇزلىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنى جازالىدىم. مېنىڭ كاپىرلارنى ئازابلىشىم ۋە پەيغەمبىرىمگە ئاسىيلىق قىلغانلارنى ئاگاھلاندۇرۇشۇم قانداق بولدى؟! ئۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىق ۋە ئەلەملىك ئازاب ئىدى.

إِنَّآ أَرۡسَلۡنَا عَلَيۡهِمۡ صَيۡحَةٗ وَٰحِدَةٗ فَكَانُواْ كَهَشِيمِ ٱلۡمُحۡتَظِرِ ﴿٣١﴾

31 - شەكسىزكى، بىز ئۇلارغا جىبرىلنى ئەۋەتتۇق، جىبرىل قاتتىق ئاۋاز بىلەن بىر توۋلىۋىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھالاك بولۇپ كەتتى، ئۇلار خۇددى قوتان ياسىغۇچىنىڭ تاشلاندۇق شاخ - شۇمبىلىرىدەك بولۇپ قالدى.

وَلَقَدۡ يَسَّرۡنَا ٱلۡقُرۡءَانَ لِلذِّكۡرِ فَهَلۡ مِن مُّدَّكِرٖ ﴿٣٢﴾

32 - ھەقىقەتەن بىز نەسىھەت ۋە ئىبرەت ئېلىشنى خالىغان ئادەم ئۈچۈن بۇ قۇرئاننىڭ لەۋزىنى ئوقۇش ۋە يادلاشقا، ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ۋە بىلىشكە ئاسان قىلدۇق، بۇنىڭدىن ۋەز - نەسىھەت ئالغۇچى بارمۇ؟

كَذَّبَتۡ قَوۡمُ لُوطِۭ بِٱلنُّذُرِ ﴿٣٣﴾

33 - لۇتنىڭ قەۋمى ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىنى ئاگاھلاندۇرغان ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلدى.

إِنَّآ أَرۡسَلۡنَا عَلَيۡهِمۡ حَاصِبًا إِلَّآ ءَالَ لُوطٖۖ نَّجَّيۡنَٰهُم بِسَحَرٖ ﴿٣٤﴾ نِّعۡمَةٗ مِّنۡ عِندِنَاۚ كَذَٰلِكَ نَجۡزِي مَن شَكَرَ ﴿٣٥﴾

34 - 35 - بىز ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاش ياغدۇرىدىغان قاتتىق بوراننى ئەۋەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن لۇتنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى ھالاك قىلىۋەتتۇق. لۇتنىڭ ئائىلىسىنى بولسا دەرگاھىمىزدىن بىر نېمەت بىلەن كېچىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا قۇتقۇزدۇق. بىز لۇتقا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ئىنئام قىلىپ، ئۇلارنى بىزنىڭ ئازابىمىزدىن قۇتقۇزغىنىمىزدەك، بىزگە ئىمان ئېيتقان ۋە شۈكۈر قىلغان بەندىنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز.

وَلَقَدۡ أَنذَرَهُم بَطۡشَتَنَا فَتَمَارَوۡاْ بِٱلنُّذُرِ ﴿٣٦﴾

36 - شەكسىزكى، لۇت ئۆز قەۋمىنى ئاللاھنىڭ جازاسىدىن ۋە ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، ئۇلار بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلارغا قۇلاق سالمىدى، بەلكى ئۇنىڭدىن شەكلەندى ۋە ئۇنى ئىنكار قىلدى.

وَلَقَدۡ رَٰوَدُوهُ عَن ضَيۡفِهِۦ فَطَمَسۡنَآ أَعۡيُنَهُمۡ فَذُوقُواْ عَذَابِي وَنُذُرِ ﴿٣٧﴾

37 - ئۇلار لۇتتىن ئۇنىڭ پەرىشتىلەردىن بولغان مېھمانلىرى بىلەن بەچچىۋازلىق قىلىشقا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. شۇڭا بىز ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىۋەتتۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارغا: «بۇرۇن

سىلەرنى لۇت ئەلەيھىسسالام ئاگاھلاندۇرغان بۇ ئازابنى تېتىڭلار» دېيىلىدى.

وَلَقَدْ صَبَّحَهُم بُكْرَةً عَذَابٌ مُّسْتَقِرٌّ ﴿٣٨﴾ فَذُوقُوا۟ عَذَابِى وَنُذُرِ ﴿٣٩﴾

38 ـ 39 ـ ھەقىقەتەن ئۇلارغا ئەتىگەنلىك ۋاقىتتا، ئۇلارنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا قەدەر ئېلىپ
بارىدىغان دائىملىق ئازاب چۈشتى. ئۇ ئازاب بولسا ئۇلارغا تاش ياغدۇرۇش ۋە يۇرتىنى
ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كۆمتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئاستىنى ئۈستۈن قىلىۋېتىشتىن ئىبارەت بولدى.
ئۇلارغا: «سىلەرنىڭ كۇفرىلىقىڭلار ۋە ئىنكارىڭلار سەۋەبلىك مەن سىلەرگە چۈشۈرگەن
ۋە لۇت ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن بۇرۇن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرغان بۇ ئازابىمنى تېتىڭلار»
دېيىلىدى.

وَلَقَدْ يَسَّرْنَا ٱلْقُرْءَانَ لِلذِّكْرِ فَهَلْ مِن مُّدَّكِرٍ ﴿٤٠﴾

40 ـ ھەقىقەتەن نەسىھەت ۋە ئىبرەت ئېلىشنى خالىغان ئادەم ئۈچۈن بۇ قۇرئاننىڭ لەۋزىنى
ئوقۇش ۋە يادلاشقا، ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ۋە بىلىشكە ئاسان قىلدۇق، بۇنىڭدىن
ۋەز ـ نەسىھەت ئالغۇچى بارمۇ؟

وَلَقَدْ جَآءَ ءَالَ فِرْعَوْنَ ٱلنُّذُرُ ﴿٤١﴾

41 ـ شەكسىزكى، پىرئەۋننىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمىز
ئازاب بىلەن كەلدى. بۇ ئۇلارنىڭ كاپىرلىقىنىڭ جازاسى ئىدى.

كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَـٰتِنَا كُلِّهَا فَأَخَذْنَـٰهُمْ أَخْذَ عَزِيزٍ مُّقْتَدِرٍ ﴿٤٢﴾

42 ـ ئۇلار ئاللاھنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە دالالەت
قىلىدىغان دەلىل ـ پاكىتلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنى
ئۆزىنىڭ غالىبلىقىغا ۋە چەكسىز قۇدرىتىگە لايىق بىر شەكىلدە جازالىدى.

أَكُفَّارُكُمْ خَيْرٌ مِّنْ أُو۟لَـٰٓئِكُمْ أَمْ لَكُم بَرَآءَةٌ فِى ٱلزُّبُرِ ﴿٤٣﴾

43 ـ ئى قۇرەيش قەۋمى! سىلەرنىڭ كاپىرلىرىڭلار بۇرۇن كاپىرلىقى سەۋەبلىك ھالاك قىلىنغان
ئاشۇ قەۋملەردىن ياخشىمۇ؟ ياكى پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن كىتابلاردا سىلەرنىڭ ئازابتىن
كەچۈرۈم قىلىنغانلىقىڭلارغا دائىر مەلۇمات بارمۇ؟

أَمْ يَقُولُونَ نَحْنُ جَمِيعٌ مُّنتَصِرٌ ﴿٤٤﴾

44 ـ مەككىلىك كاپىرلار: «بىز ئىرادىلىك ۋە توغرا پىكىرلىك كىشىلەر بولۇپ، بىرلىكتە
ئىش قىلىمىز. شۇڭا بىز غالىب كەلگۈچى جامائەمىز، بىز بىلەن ئېلىشماقچى بولغانلار
غەلىبە قىلالمايدۇ» دەۋاتامدۇ؟

سَيُهْزَمُ ٱلْجَمْعُ وَيُوَلُّونَ ٱلدُّبُرَ ﴿٤٥﴾

45 ـ ئۆزلىرىنى كۈچلۈك جامائە دەپ كۆرەڭلىگەن مەككىلىك كاپىرلار مۇئمىنلەرنىڭ ئالدىدا
ئۇزاقqa قالماي چوقۇم يېڭىلىدۇ ۋە ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ. (بۇ بەدرى ئۇرۇشىدا يۈز
بەرگەن ئىدى).

بَلِ ٱلسَّاعَةُ مَوْعِدُهُمْ وَٱلسَّاعَةُ أَدْهَىٰ وَأَمَرُّ ﴿٤٦﴾

46 ـ قىيامەت كۈنى ئۇلارغا قىلمىشلىرىغا تېگىشلىك جازا بېرىشنىڭ ۋاقتىدۇر. قىيامەت كۈنى

ئۇلار تارتىدىغان ئازاب بەدرى ئۇرۇشىدا تارتقان ئازابلىرىدىن ئەلۋەتتە چوڭ ۋە قاتتىق بولىدۇ.

إِنَّ ٱلْمُجْرِمِينَ فِى ضَلَٰلٍ وَسُعُرٍ ﴿٤٧﴾ يَوْمَ يُسْحَبُونَ فِى ٱلنَّارِ عَلَىٰ وُجُوهِهِمْ ذُوقُوا۟ مَسَّ سَقَرَ ﴿٤٨﴾

47 - 48 - شەكسىزكى، گۇناھكارلار ھەقىقەتتىن تامامەن يىراقلاشقان چوڭقۇر ئازغۇنلۇق ۋە ئازاب ئىچىدىدۇر. ئۇلار دوزاختا دۈم ياتقۇزۇلۇپ يۈزىچە سۆرىلىدىغان كۈندە، ئۇلارغا: «دوزاخنىڭ قاتتىق ئازابىنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ.

إِنَّا كُلَّ شَىْءٍ خَلَقْنَٰهُ بِقَدَرٍ ﴿٤٩﴾

49 - شەكسىزكى، بىز ھەممە نەرسىنى مۇئەييەن مىقدار بىلەن ئۆلچەملىك ياراتتۇق. بىز ئۇنى شۇنداق تەقدىر قىلدۇق، لەۋھۇلمەھپۇزغىمۇ شۇنداق يېزىۋەتتۇق.

وَمَآ أَمْرُنَآ إِلَّا وَٰحِدَةٌ كَلَمْحٍۭ بِٱلْبَصَرِ ﴿٥٠﴾

50 - بىز قانداقلا بىر ئىشنى قىلماقچى بولساق، ئۇنىڭغا «بول!» دەيمىز - دە، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئورۇندىلىپ بولىدۇ، ھەرگىز كېچىكىپ قالمايدۇ.

وَلَقَدْ أَهْلَكْنَآ أَشْيَاعَكُمْ فَهَلْ مِن مُّدَّكِرٍ ﴿٥١﴾

51 - بىز ھەقىقەتەن بۇرۇنقى ئۈممەتلەر ئىچىدىكى سىلەرگە ئوخشاش كاپىرلارنى ھالاك قىلدۇق. ئۇلارغا چۈشكەن ئازابتىن ئىبرەت ئالىدىغانلار بارمۇ؟

وَكُلُّ شَىْءٍ فَعَلُوهُ فِى ٱلزُّبُرِ ﴿٥٢﴾

52 - بۇرۇن ئۆتكەن ئاشۇ ئۈممەتلەرنىڭ ياخشى - يامان ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى پەرىشتىلەر خاتىرىلەپ ماڭغان نامە - ئەمال دەپتىرىدە مەۋجۇتتۇر.

وَكُلُّ صَغِيرٍ وَكَبِيرٍ مُّسْتَطَرٌ ﴿٥٣﴾

53 - ئۇلارنىڭ چوڭ - كىچىك ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ نامە - ئەمەل دەپتىرىدە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇلار شۇنىڭغا ئاساسەن مۇكاپاتقا ياكى جازاغا تېگىشلىك بولىدۇ.

إِنَّ ٱلْمُتَّقِينَ فِى جَنَّٰتٍ وَنَهَرٍ ﴿٥٤﴾ فِى مَقْعَدِ صِدْقٍ عِندَ مَلِيكٍ مُّقْتَدِرٍۭ ﴿٥٥﴾

54 - 55- شەكسىزكى، قىيامەت كۈنى تەقۋادارلار كاتتا جەننەتلەردە، كەڭرى كەتكەن ئۆستەڭلەرنىڭ يېنىدا، يېگانە ياراتقۇچى، ھەممىگە قادىر، تەڭداشسىز پادىشاھ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى بىھۇدىلىكتىن ۋە گۇناھ - مەئسىيەتتىن خالىي بولغان ھەق مەجلىستە بولىدۇ.

# رەھمان سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

ٱلرَّحۡمَٰنُ ﴿١﴾ عَلَّمَ ٱلۡقُرۡءَانَ ﴿٢﴾

1 ـ 2ـ رەھمان ئاللاھ ئىنسانغا قۇرئاننى ئۆگەتتى، ئۇنى ئوقۇشنى، يادلاشنى، مەنىسىنى چۈشىنىشنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بەردى.

خَلَقَ ٱلۡإِنسَٰنَ ﴿٣﴾ عَلَّمَهُ ٱلۡبَيَانَ ﴿٤﴾

3 ـ 4 ـ ئىنساننى ياراتتى، ئۇنى باشقا مەخلۇقاتتىن پەرقلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا كۆڭلىدىكىنى ئىپادىلەشنى ئۆگەتتى.

ٱلشَّمۡسُ وَٱلۡقَمَرُ بِحُسۡبَانٍ ﴿٥﴾

5 ـ كۈن بىلەن ئاي مۇكەممەل ھېساب بويىچە ئايلىنىپ تۇرىدۇ، خاتالاشمايدۇ ۋە ئېزىپ كەتمەيدۇ.

وَٱلنَّجۡمُ وَٱلشَّجَرُ يَسۡجُدَانِ ﴿٦﴾

6 ـ ئاسماندىكى يۇلتۇزلار، زېمىندىن چىقىدىغان غولسىز ئوت ـ چۆپلەر ۋە غوللۇق دەل ـ دەرەخلەرمۇ ئاللاھنى بىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدۇ، ئۇلار ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن بەلگىلىگەن ھەممە ئىشلاردا ئاللاھقا بويسۇنىدۇ.

وَٱلسَّمَآءَ رَفَعَهَا وَوَضَعَ ٱلۡمِيزَانَ ﴿٧﴾ أَلَّا تَطۡغَوۡاْ فِي ٱلۡمِيزَانِ ﴿٨﴾

7 ـ 8ـ ئاللاھ ئاسماننى زېمىننىڭ ئۈستىدە ئېگىز قىلىپ ياراتتى، ئۆلچەمدە كەم ـ زىيادە قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن، زېمىندا ئادالەتنى بەلگىلىدى.

وَأَقِيمُواْ ٱلۡوَزۡنَ بِٱلۡقِسۡطِ وَلَا تُخۡسِرُواْ ٱلۡمِيزَانَ ﴿٩﴾

9 ـ تارازىنى ئادالەت بىلەن توغرا تۇتۇڭلار، كىشىلەرگە تارازىدا بىر نەرسە تارتىپ بەرگەندە كەم بەرمەڭلار.

وَٱلۡأَرۡضَ وَضَعَهَا لِلۡأَنَامِ ﴿١٠﴾ فِيهَا فَٰكِهَةٞ وَٱلنَّخۡلُ ذَاتُ ٱلۡأَكۡمَامِ ﴿١١﴾ وَٱلۡحَبُّ ذُو ٱلۡعَصۡفِ وَٱلرَّيۡحَانُ ﴿١٢﴾

10 ـ 12 ـ ئاللاھ زېمىننى مەخلۇقاتنىڭ ماكانلىشىشى ۋە ئۈستىدە ياشىشى ئۈچۈن سېلىنچا قىلىپ ياراتتى. ئۇنىڭدا مېۋىلەر، بوغۇنلۇق خورما دەرەخلىرى، پوستى بار دانلىق زىرائەتلەر بار. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىلەرنىڭ ۋە چارۋىلىرىڭلارنىڭ ئوزۇقلىنىشى ئۈچۈن ياراتتى، زېمىندا يەنە خۇشبۇي ئۆسۈملۈكلەر بار.

فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿١٣﴾

13 - ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلار ئاتا قىلغان دىن ۋە دۇنيالىق نېمەتلەرنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۈرىنى جىنلارغا ئوقۇپ بەرگەندە، جىنلارنىڭ جاۋابى نېمىدېگەن گۈزەل بولغان! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ ئايەتتىن ھەر قېتىم ئۆتكەندە، جىنلار: «بىز رەببىمىزنىڭ نېمەتلىرىدىن ھېچقايسىسىنى ئىنكار قىلمايمىز، ئى رەببىمىز! ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىمىز» دېگەن. ھەربىر مۇسۇلمان ئادەم بۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلغاندا ياكى ئاڭلىغاندا شۇنداق دېيىشى ۋە ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشى لازىم).

خَلَقَ ٱلۡإِنسَٰنَ مِن صَلۡصَٰلٖ كَٱلۡفَخَّارِ ﴿١٤﴾ وَخَلَقَ ٱلۡجَآنَّ مِن مَّارِجٖ مِّن نَّارٖ ﴿١٥﴾

14 - 15 - ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەمنى چەكسە ئاۋاز چىقىقۇدەك قۇرۇغان قارا لايدىن ياراتتى، ئىبلىسنى ۋە جىنلارنى ئوت يالقۇنىدىن ياراتتى.

فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿١٦﴾

16 - ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

رَبُّ ٱلۡمَشۡرِقَيۡنِ وَرَبُّ ٱلۡمَغۡرِبَيۡنِ ﴿١٧﴾

17 - ئاللاھ يازدا ۋە قىشتا قۇياش بىلەن ئاي چىقىدىغان ۋە ئولتۇرىدىغان ئىككى مەشرىقنىڭ ۋە ئىككى مەغرىبنىڭ رەببىدۇر.

فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿١٨﴾

18 - ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

مَرَجَ ٱلۡبَحۡرَيۡنِ يَلۡتَقِيَانِ ﴿١٩﴾ بَيۡنَهُمَا بَرۡزَخٞ لَّا يَبۡغِيَانِ ﴿٢٠﴾

19 - 20 - ئاللاھ بىرى تاتلىق، بىرى ئاچچىق ئىككى دېڭىزنىڭ سۈيىنى يانداشتۇرۇپ ئاققۇزدى، ئۇلار ئۇچرىشىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان توسۇق بولغاچقا، ئىككى دېڭىزنىڭ سۈيى بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ، ھەربىرى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قالىدۇ، تاتلىق سۇ تاتلىق پېتى، ئاچچىق سۇ ئاچچىق پېتى قالىدۇ.

فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٢١﴾

21 - ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

يَخۡرُجُ مِنۡهُمَا ٱللُّؤۡلُؤُ وَٱلۡمَرۡجَانُ ﴿٢٢﴾

22 - ئاشۇ ئىككى دېڭىزدىن ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن مەرۋايىت بىلەن مارجان چىقىدۇ.

فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٢٣﴾

23 - ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

وَلَهُ ٱلۡجَوَارِ ٱلۡمُنشَـَٔاتُ فِي ٱلۡبَحۡرِ كَٱلۡأَعۡلَٰمِ ﴿٢٤﴾

24 - دېڭىزلاردا قاتناۋاتقان تاغدەك كېمىلەرنى بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر.

فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٢٥﴾

25 - ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

كُلُّ مَنْ عَلَيْهَا فَانٍ ﴿٢٦﴾ وَيَبْقَىٰ وَجْهُ رَبِّكَ ذُو ٱلْجَلَٰلِ وَٱلْإِكْرَامِ ﴿٢٧﴾

26 - 27 - يەرنىڭ ئۈستىدىكى بارچە خالايىق ئۆلىدۇ، كاتتىلىقنىڭ، ئۇلۇغلۇقنىڭ ۋە بارچە پەزل - كەرەمنىڭ، جىمى ئاتا - ئىھسانلارنىڭ يېگانە ئىگىسى بولغان رەببىڭ مەڭگۈ قالىدۇ.

فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٢٨﴾

28 - ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

يَسْـَٔلُهُۥ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ كُلَّ يَوْمٍ هُوَ فِي شَأْنٍ ﴿٢٩﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٣٠﴾

29 - 30 - ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە مەۋجۇدات ئاللاھتىن ھاجەتلىرىنى تىلەيدۇ، ئۇلار ئاللاھتىن بىھاجەت بولالمايدۇ، ئاللاھ ھەر كۈنى بىر ئىش بىلەن بولۇپ تۇرىدۇ. خالىغان بەندىسىنى ئەزىز قىلىدۇ، خالىغان بەندىسىنى خار قىلىدۇ، بىرلىرىگە بېرىدۇ ۋە بىرلىرىگە بەرمەيدۇ. ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

سَنَفْرُغُ لَكُمْ أَيُّهَ ٱلثَّقَلَانِ ﴿٣١﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٣٢﴾

31 - 32 - ئى ئىنسانلار ۋە جىنلار جامائەسى! سىلەرنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى - يامان ئەمەللىرىڭلاردىن ھېساب ئېلىشقا يۈزلىنىمىز، ياخشى ئەمەل قىلغانلارنى مۇكاپاتلايمىز، گۇناھكارلارنى جازالايمىز. ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

يَٰمَعْشَرَ ٱلْجِنِّ وَٱلْإِنسِ إِنِ ٱسْتَطَعْتُمْ أَن تَنفُذُوا۟ مِنْ أَقْطَارِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ فَٱنفُذُوا۟ ۚ لَا تَنفُذُونَ إِلَّا بِسُلْطَٰنٍ ﴿٣٣﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٣٤﴾

33 - 34 - ئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسى! ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن ۋە ھۆكۈمىدىن قېچىپ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ چېگرالىرىدىن ئۆتۈپ كېتەلىسەڭلار، ئۆتۈپ كېتىڭلار، ئەمما ئالاھىدە بىر كۈچ - قۇدرەت، دەلىل پاكىت بولمىغۇچە ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلمىگۈچە سىلەر ئۆتۈپ كېتەلمەيسىلەر. سىلەر ئۆزۈڭلارغا پايدا يەتكۈزۈشكە، زىياندىن ساقلىنىشقا قادىر بولالمايدىغان تۇرۇقلۇق، ئۇنى قانداقمۇ قىلالايسىلەر؟ ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

يُرْسَلُ عَلَيْكُمَا شُوَاظٌ مِّن نَّارٍ وَنُحَاسٌ فَلَا تَنتَصِرَانِ ﴿٣٥﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٣٦﴾

35 - 36 - سىلەرگە قىزىق ئوتنىڭ يالقۇنى ۋە ئېرىتىلىپ بېشىڭلارغا قۇيۇلىدىغان مىس ئەۋەتىلىدۇ، سىلەر بىر - بىرىڭلارغا ياردەم قىلالمايسىلەر. ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

فَإِذَا ٱنشَقَّتِ ٱلسَّمَآءُ فَكَانَتْ وَرْدَةً كَٱلدِّهَانِ ﴿٣٧﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٣٨﴾

37 - 38 - قىيامەت كۈنى ئاسمان يېرىلغان چاغدا، ئۇ قىزىل گۈلدەك قىپقىزىل، قاينىتىلغان مايدەك قىزىرىپ، ئېرىتىلگەن قوغۇشۇندەك بولۇپ قالىدۇ. بۇ قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشىتىدىندۇر. ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى

ئىنكار قىلالايسىلەر؟

فَيَوْمَئِذٍ لَّا يُسْـَٔلُ عَن ذَنۢبِهِۦٓ إِنسٌ وَلَا جَآنٌّ ﴿٣٩﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٤٠﴾

39 ـ 40 ـ بۇ كۈندە پەرىشتىلەر ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ ئىچىدىكى گۇناھكارلاردىن گۇناھلىرى توغرىسىدا سورىمايدۇ. ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

يُعْرَفُ ٱلْمُجْرِمُونَ بِسِيمَٰهُمْ فَيُؤْخَذُ بِٱلنَّوَٰصِى وَٱلْأَقْدَامِ ﴿٤١﴾

41 ـ پەرىشتىلەر گۇناھكارلارنى ئالامەتلىرىدىن تونۇۋالىدۇ. ئۇلارنى كوكۇلىسىدىن ۋە پۇتلىرىدىن تۇتۇپ جەھەننەمگە تاشلايدۇ.

فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٤٢﴾

42 ـ ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

هَٰذِهِۦ جَهَنَّمُ ٱلَّتِى يُكَذِّبُ بِهَا ٱلْمُجْرِمُونَ ﴿٤٣﴾

43 ـ ئاشۇ گۇناھكارلارغا كايىپ ئېيتىلىدۇكى، «مانا بۇ، گۇناھكارلار دۇنيادا ئىنكار قىلغان جەھەننەمدۇر».

يَطُوفُونَ بَيْنَهَا وَبَيْنَ حَمِيمٍ ءَانٍ ﴿٤٤﴾

44 ـ ئۇلار بەزىدە دوزاخ ئوتى بىلەن ئازابلىنىدۇ، بەزىدە قايناپ تۇرغان سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ. جەھەننەمنىڭ قايناق سۈيى يۇقىرى ھارارەتلىك سۇ بولۇپ، ئىچكەنلەرنىڭ ئۈچەيلىرىنى پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىدۇ.

فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٤٥﴾

45 ـ ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

وَلِمَنْ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِۦ جَنَّتَانِ ﴿٤٦﴾

46 ـ ئىنسانلاردىن ۋە جىنلاردىن رەببىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا ھېساب بېرىش ئۈچۈن تۇرۇشتىن ئەنسىرەپ، رەببىگە ئىتائەت قىلغان ۋە گۇناھتىن ساقلانغان ئادەمگە ئىككى جەننەت بار.

فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٤٧﴾

47 ـ ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

ذَوَاتَآ أَفْنَانٍ ﴿٤٨﴾

48 ـ ئۇ ئىككى جەننەتتە تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر بار.

فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٤٩﴾

49 ـ ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

فِيهِمَا عَيْنَانِ تَجْرِيَانِ ﴿٥٠﴾

50 ـ ئۇ ئىككى جەننەتتە ئېقىپ تۇرىدىغان ئىككى بۇلاق بار.

فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٥١﴾

51 ـ ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

فِيهِمَا مِن كُلِّ فَٰكِهَةٍ زَوْجَانِ ﴿٥٢﴾

52 ـ ئۇ ئىككى جەننەتتە بارلىق مېۋىلەردىن ئىككى خىلدىن بار.

فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٥٣﴾

53 ـ ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

مُتَّكِـِٔينَ عَلَىٰ فُرُشٍۭ بَطَآئِنُهَا مِنْ إِسْتَبْرَقٍۚ وَجَنَى ٱلْجَنَّتَيْنِ دَانٍ ﴿٥٤﴾

54 ـ رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا سوراق قىلىنىشتىن قورققان كىشىلەرگە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئالىدىغان ئىككى جەننەت بار بولۇپ، ئۇلار ئەستەرلىرى قېلىن تاۋاردىن بولغان تۆشەكلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، ئىككى جەننەتنىڭ مېۋىسى (ئۇلارنىڭ ئۈزۈۋېلىشى ئۈچۈن) يېقىن قىلىنىدۇ.

فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٥٥﴾

55 ـ ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

فِيهِنَّ قَٰصِرَٰتُ ٱلطَّرْفِ لَمْ يَطْمِثْهُنَّ إِنسٌ قَبْلَهُمْ وَلَا جَآنٌّ ﴿٥٦﴾

56 ـ ئاشۇ تۆشەكلەردە ئەرلىرىدىن باشقىلارغا قارىمايدىغان، بۇرۇن ھېچبىر ئىنسان ۋە جىنمۇ تۇتۇپ باقمىغان ھۆرلەر بولىدۇ.

فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٥٧﴾

57 ـ ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

كَأَنَّهُنَّ ٱلْيَاقُوتُ وَٱلْمَرْجَانُ ﴿٥٨﴾

58 ـ ئۇ ھۆرلەر سۈزۈكلۈكتە، گۈزەللىكتە ياقۇت بىلەن مەرۋايىتقا ئوخشايدۇ.

فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٥٩﴾

59 ـ ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

هَلْ جَزَآءُ ٱلْإِحْسَٰنِ إِلَّا ٱلْإِحْسَٰنُ ﴿٦٠﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٦١﴾

60 ـ 61 ـ ئەمەل ـ ئىبادەتنى مۇكەممەل قىلغانلىقنىڭ مۇكاپاتى جەننەتتۇر. ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

وَمِن دُونِهِمَا جَنَّتَانِ ﴿٦٢﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٦٣﴾

62 ـ 63 ـ ئالدىنقى ئىككى جەننەتتىن باشقا يەنە ئىككى جەننەت بار. ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

مُدْهَآمَّتَانِ ﴿٦٤﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٦٥﴾

64 ـ 65 ـ ئۇ ئىككى جەننەت ياپيېشىل جەننەتلەر بولۇپ، رەڭگىنىڭ قويۇقلۇقىدىن قارامتۇل

كۆرۈنىدۇ. ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

فِيهِمَا عَيْنَانِ نَضَّاخَتَانِ ﴿٦٦﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٦٧﴾

66 ـ 67 ـ ئۇ ئىككى جەننەتتە ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدىغان، ھېچ توختاپ قالمايدىغان ئىككى بۇلاق بار.

فِيهِمَا فَٰكِهَةٌ وَنَخْلٌ وَرُمَّانٌ ﴿٦٨﴾

68 ـ ئۇ ئىككى جەننەتتە تۈرلۈك مېۋىلەر، خورمىلار ۋە ئانارلار بار.

فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٦٩﴾

69 ـ ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

فِيهِنَّ خَيْرَٰتٌ حِسَانٌ ﴿٧٠﴾

70 ـ ئاشۇ تۆت جەننەتتە ئەخلاقى گۈزەل ۋە چىرايلىق ھۆرلەر بار.

فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٧١﴾

71 ـ ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

حُورٌ مَّقْصُورَٰتٌ فِى ٱلْخِيَامِ ﴿٧٢﴾

72 ـ ئاشۇ ھۆرلەر چېدىرلارنىڭ ئىچىدە پەردىلەرنىڭ ئارقىسىدا ساقلانغان بولىدۇ.

فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٧٣﴾

73 ـ ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

لَمْ يَطْمِثْهُنَّ إِنسٌ قَبْلَهُمْ وَلَا جَآنٌّ ﴿٧٤﴾

74 ـ ئۇ ھۆرلەرنى بۇرۇن ھېچقانداق ئىنسان ياكى جىن تۇتۇپ باقمىغان.

فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٧٥﴾

75 ـ ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

مُتَّكِـِٔينَ عَلَىٰ رَفْرَفٍ خُضْرٍ وَعَبْقَرِيٍّ حِسَانٍ ﴿٧٦﴾

76 ـ ئۇلار يېشىل قاپلىق ياستۇقلارغا، مۇكەممەل ۋە تولىمۇ چىرايلىق ياسالغان بىساتلارغا يۆلەنگەن ھالدا راھەتلىنىدۇ.

فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٧٧﴾

77 ـ ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

تَبَٰرَكَ ٱسْمُ رَبِّكَ ذِى ٱلْجَلَٰلِ وَٱلْإِكْرَامِ ﴿٧٨﴾

78 ـ رەببىڭنىڭ ئىسمى ناھايىتى بەرىكەتلىك ۋە ياخشىلىقلىرى كۆپتۇر. رەببىڭ ناھايىتى قۇدرەتلىكتۇر، مۇكەممەل مەدھىيەگە لايىقتۇر، دوستلىرىغا (يەنى ئىخلاسمەن بەندىلىرىگە) كۆپ ئاتا ـ ئېھسان قىلغۇچىدۇر.

# ۋاقىئە سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

إِذَا وَقَعَتِ ٱلۡوَاقِعَةُ ﴿١﴾ لَيۡسَ لِوَقۡعَتِهَا كَاذِبَةٌ ﴿٢﴾ خَافِضَةٌ رَّافِعَةٌ ﴿٣﴾

1 ـ 3ـ قىيامەت قايىم بولغان چاغدا، ئۇنى ئىنكار قىلىدىغان ھېچكىم بولمايدۇ. ئۇ قىيامەت ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان كاپىرلارنى دوزاخ چوڭقۇرلىرىغا چۈشۈرگۈچىدۇر، ئاللاھنىڭ مۆئمىن بەندىلىرىنىڭ جەننەتتىكى دەرىجىلىرىنى كۆتۈرگۈچىدۇر.

إِذَا رُجَّتِ ٱلۡأَرۡضُ رَجّٗا ﴿٤﴾ وَبُسَّتِ ٱلۡجِبَالُ بَسّٗا ﴿٥﴾ فَكَانَتۡ هَبَآءٗ مُّنۢبَثّٗا ﴿٦﴾ وَكُنتُمۡ أَزۡوَٰجٗا ثَلَٰثَةٗ ﴿٧﴾

4 ـ 7ـ زېمىن شىددەتلىك تەۋرىتىلگەن، تاغلار پارچىلىنىپ توزاندەك توزۇپ كەتكەن ۋە ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرگەن چاغدا، ئى ئىنسانلار! سىلەر ئۈچ پىرقىغە بۆلۈنىسىلەر.

فَأَصۡحَٰبُ ٱلۡمَيۡمَنَةِ مَآ أَصۡحَٰبُ ٱلۡمَيۡمَنَةِ ﴿٨﴾

8 ـ (بىرىنچى پىرقە) نامە ـ ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلىدىغان ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار نېمىدېگەن بەختلىك ئادەملەر!

وَأَصۡحَٰبُ ٱلۡمَشۡـَٔمَةِ مَآ أَصۡحَٰبُ ٱلۡمَشۡـَٔمَةِ ﴿٩﴾

9 ـ (ئىككىنچى پىرقە) نامە ـ ئەمالى سول قولىغا بېرىلىدىغان ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار نېمىدېگەن بەختسىز ئادەملەر!

وَٱلسَّٰبِقُونَ ٱلسَّٰبِقُونَ ﴿١٠﴾ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلۡمُقَرَّبُونَ ﴿١١﴾ فِي جَنَّٰتِ ٱلنَّعِيمِ ﴿١٢﴾

10 ـ 12ـ (ئۈچىنچى پىرقە) بۇ دۇنيادا ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا ئەڭ ئالدىدا بولغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار ئاخىرەتتە مۇكاپاتلىرىنى ئېلىشتىمۇ ئەڭ ئالدىدا بولغۇچىلاردۇر. ئۇلار ئاللاھقا يېقىن بولغۇچىلار بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارنى نازۇنېمەتلىك جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ.

ثُلَّةٞ مِّنَ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿١٣﴾ وَقَلِيلٞ مِّنَ ٱلۡأٓخِرِينَ ﴿١٤﴾ عَلَىٰ سُرُرٖ مَّوۡضُونَةٖ ﴿١٥﴾ مُّتَّكِـِٔينَ عَلَيۡهَا مُتَقَٰبِلِينَ ﴿١٦﴾

13 ـ 16ـ بۇلارنىڭ قاتارىغا ئىسلام ئۈممىتى ئەۋۋىلىدىن كۆپ كىشىلەر ۋە بۇلاردىن باشقا ئۈممەتلەردىنمۇ كۆپ كىشىلەر كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇشۇ ئۈممەتنىڭ ئاخىرقىلىرىدىن ئاز كىشىلەر بولىدۇ. ئۇلار ئالتۇندىن توقۇلغان تەختلەرگە يۆلەنگەن ھالدا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ.

يَطُوفُ عَلَيۡهِمۡ وِلۡدَٰنٞ مُّخَلَّدُونَ ﴿١٧﴾ بِأَكۡوَابٖ وَأَبَارِيقَ وَكَأۡسٖ مِّن مَّعِينٖ ﴿١٨﴾ لَّا يُصَدَّعُونَ عَنۡهَا وَلَا يُنزِفُونَ ﴿١٩﴾

17 ـ 19ـ ھەمىشە ياش تۇرىدىغان، ھېچ ئۆلمەيدىغان ياش مۇلازىملار ئۇلارغا خىزمەت

قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، جەننەتتە ئېقىپ تۇرىدىغان شارابتىن تولدۇرۇلغان پىيالە، چەينەك ۋە جاملارنى ئۇلارغا سۇنۇپ تۇرىدۇ. ئۇ شاراب ئۇلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتمايدۇ ۋە مەست قىلمايدۇ.

وَفَٰكِهَةٖ مِّمَّا يَتَخَيَّرُونَ ﴿٢٠﴾ وَلَحۡمِ طَيۡرٖ مِّمَّا يَشۡتَهُونَ ﴿٢١﴾ وَحُورٌ عِينٞ ﴿٢٢﴾ كَأَمۡثَٰلِ ٱللُّؤۡلُوِ ٱلۡمَكۡنُونِ ﴿٢٣﴾ جَزَآءَۢ بِمَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿٢٤﴾

20 - 24- ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرىدىغان ياش مۇلازىملار ئۇلارغا ئۆزلىرى خالىغان مېۋىلەرنى ۋە كۆڭۈللىرى تارتقان قۇش گۆشلىرىنى تەقدىم قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارغا سەدەپنىڭ ئىچىدە ساقلانغان گۆھەرگە ئوخشايدىغان شەھلا كۆزلۈك گۈزەل ھۆرلەر بار. بۇ ئۇلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرى يۈزىسىدىن ئۇلارنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر.

لَا يَسۡمَعُونَ فِيهَا لَغۡوٗا وَلَا تَأۡثِيمًا ﴿٢٥﴾ إِلَّا قِيلٗا سَلَٰمٗا سَلَٰمٗا ﴿٢٦﴾

25 - 26- ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە ۋە يالغان سۆزلەرنى ئاڭلىمايدۇ، ئۇلار گۇناھتىن خالىي بولغان ۋە بىر - بىرىگە سالام قىلىشقان سۆزلەرنىلا ئاڭلايدۇ.

وَأَصۡحَٰبُ ٱلۡيَمِينِ مَآ أَصۡحَٰبُ ٱلۡيَمِينِ ﴿٢٧﴾ فِي سِدۡرٖ مَّخۡضُودٖ ﴿٢٨﴾ وَطَلۡحٖ مَّنضُودٖ ﴿٢٩﴾ وَظِلّٖ مَّمۡدُودٖ ﴿٣٠﴾ وَمَآءٖ مَّسۡكُوبٖ ﴿٣١﴾ وَفَٰكِهَةٖ كَثِيرَةٖ ﴿٣٢﴾ لَّا مَقۡطُوعَةٖ وَلَا مَمۡنُوعَةٖ ﴿٣٣﴾ وَفُرُشٖ مَّرۡفُوعَةٍ ﴿٣٤﴾

27 - 34- نامە - ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەرنىڭ مۇكاپاتى ۋە دەرىجىسى نېمىدېگەن كاتتا! ئۇلار تىكەنسىز سىدرى دەرىخىنىڭ، مېۋىسى سانجاق - سانجاق بولۇپ كەتكەن بانان دەرىخىنىڭ سايىسىدا، دائىملىق سايىنىڭ، ئېقىپ تۇرىدىغان سۇنىڭ يېنىدا، تۈگىمەيدىغان ۋە چەكلەنمەيدىغان مول مېۋىلەرنىڭ ئارىسىدا ۋە كارۋاتلارنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان (قېلىن، يۇمشاق) تۆشەكلەردە بولىدۇ.

إِنَّآ أَنشَأۡنَٰهُنَّ إِنشَآءٗ ﴿٣٥﴾ فَجَعَلۡنَٰهُنَّ أَبۡكَارًا ﴿٣٦﴾ عُرُبًا أَتۡرَابٗا ﴿٣٧﴾ لِّأَصۡحَٰبِ ٱلۡيَمِينِ ﴿٣٨﴾

35 - 38- شەكسىزكى، بىز جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرىنى دۇنيادا ياراتقىنىمىزغا ئوخشىمايدىغان شەكىلدە مۇكەممەل ياراتتۇق. ئۇلار ئۆلمەيدۇ، ئۇلارنى ھەمىشە قىزلىق ھالىتىدە تۇرىدىغان قىلدۇق. ئۇلارنى ئەرلىرىگە ئامراق، بىر - بىرى بىلەن تەڭتۇش قىلدۇق. ئۇلارنى نامە -ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن بەختلىك كىشىلەر ئۈچۈن ياراتتۇق.

ثُلَّةٞ مِّنَ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٣٩﴾ وَثُلَّةٞ مِّنَ ٱلۡأٓخِرِينَ ﴿٤٠﴾

39 - 40- بۇلار ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىچىدىنمۇ كۆپتۇر، كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدىنمۇ كۆپتۇر.

وَأَصۡحَٰبُ ٱلشِّمَالِ مَآ أَصۡحَٰبُ ٱلشِّمَالِ ﴿٤١﴾ فِي سَمُومٖ وَحَمِيمٖ ﴿٤٢﴾ وَظِلّٖ مِّن يَحۡمُومٖ ﴿٤٣﴾ لَّا بَارِدٖ وَلَا كَرِيمٍ ﴿٤٤﴾

41 - 44- نامە - ئەمالى سول قولىغا بېرىلگەنلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە جازاسى نېمىدېگەن يامان! ئۇلار جەھەننەمنىڭ ئوتىدىن كەلگەن قاتتىق ئىسسىق شامالنىڭ، يۇقىرى ھارارەتلىك قايناق سۇنىڭ ۋە قارا تۈتۈندىن ھاسىل بولغان سالقىنمۇ ئەمەس، كۆركەممۇ ئەمەس سايىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ.

إِنَّهُمۡ كَانُواْ قَبۡلَ ذَٰلِكَ مُتۡرَفِينَ ﴿٤٥﴾

45 - چۈنكى ئۇلار دۇنيادا هارامدىن هۇزۇرلىنىپ راھەت - پاراغەتكە چۆمگەن، پەيغەمبەرلەر
دەۋەت قىلغان دىننى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان ئىدى.

وَكَانُواْ يُصِرُّونَ عَلَى ٱلۡحِنثِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿٤٦﴾

46 - ئۇلار ئاللاھنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشنى ۋە گۇناھ - مەئسىيەتنى
داۋاملاشتۇرغان، تەۋبە قىلىشنى خالىمىغان ئىدى.

وَكَانُواْ يَقُولُونَ أَئِذَا مِتۡنَا وَكُنَّا تُرَابًا وَعِظَٰمًا أَءِنَّا لَمَبۡعُوثُونَ ﴿٤٧﴾ أَوَءَابَآؤُنَا ٱلۡأَوَّلُونَ ﴿٤٨﴾

47 - 48- ئۇلار ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلىپ: «بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق
سۆڭەككە ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ تىرىلدۈرۈلەمدۇق؟ بىز ۋە بۇرۇن ئۆتكەن ئاتا - بوۋىلىرىمىز راستتىنلا تىرىلدۈرۈلەمدۇق؟» دەيتتى. بۇ ئۇلارنىڭ
ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنى يىراق سانىغانلىقى ۋە ئىشەنمىگەنلىكىدىن ئىدى.

قُلۡ إِنَّ ٱلۡأَوَّلِينَ وَٱلۡأٓخِرِينَ ﴿٤٩﴾ لَمَجۡمُوعُونَ إِلَىٰ مِيقَٰتِ يَوۡمٍ مَّعۡلُومٍ ﴿٥٠﴾

49 - 50- ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «شەكسىزكى، ئىنسان ئەۋلادىنىڭ بۇرۇنقىلىرى
بىلەن كېيىنكىلىرى ھەممىسى قىيامەت كۈنىدىن ئىبارەت مەلۇم كۈندىكى مۇئەييەن
ۋاقىتتا ئەلۋەتتە توپلىنىدۇ.

ثُمَّ إِنَّكُمۡ أَيُّهَا ٱلضَّآلُّونَ ٱلۡمُكَذِّبُونَ ﴿٥١﴾ لَأٓكِلُونَ مِن شَجَرٖ مِّن زَقُّومٖ ﴿٥٢﴾ فَمَالِـُٔونَ مِنۡهَا ٱلۡبُطُونَ ﴿٥٣﴾
فَشَٰرِبُونَ عَلَيۡهِ مِنَ ٱلۡحَمِيمِ ﴿٥٤﴾ فَشَٰرِبُونَ شُرۡبَ ٱلۡهِيمِ ﴿٥٥﴾

51 - 55 - ئاندىن سىلەر ئى ھىدايەتنى قوبۇل قىلمىغان ئازغۇنلار، ئاللاھنىڭ ۋەدىلىرىگە
ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا ئىشەنمىگەن ئىنكارچىلار! چوقۇم زەققۇم دەرىخىدىن يەيسىلەر. ئۇ
ئەڭ يامان دەرەخ بولۇپ، قاتتىق ئاچلىق سەۋەبلىك ئۇنىڭدىن يەپ قورساقلىرىڭلارنى
تولدۇرىسىلەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرمايدىغان، يۇقىرى ھارارەتلىك قايناق
سۇنى خۇددى ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ كەتكەن تۆگىلەردەك ئىچىسىلەر».

هَٰذَا نُزُلُهُمۡ يَوۡمَ ٱلدِّينِ ﴿٥٦﴾

56 - مانا ئۇلار ئۇچرىغان بۇ ئازاب ئۇلارغا قىيامەت كۈنىدە تەييارلانغان زىياپەتتۇر. (بۇ
ئايەت دوزاخ ئەھلىگە كايىشنى ۋە ئۇلارنى مەنىۋى جەھەتتىن ئازابلاشنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان).

نَحۡنُ خَلَقۡنَٰكُمۡ فَلَوۡلَا تُصَدِّقُونَ ﴿٥٧﴾

57 - ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز يوقتىن ياراتقان تۇرساق، سىلەر ئەمدى ئاخىرەتتىكى
تىرىلىشكە ئىشەنمەمسىلەر؟

أَفَرَءَيۡتُم مَّا تُمۡنُونَ ﴿٥٨﴾ ءَأَنتُمۡ تَخۡلُقُونَهُۥٓ أَمۡ نَحۡنُ ٱلۡخَٰلِقُونَ ﴿٥٩﴾

58 - 59- سىلەر ئاياللىڭلارنىڭ بالىياتقۇسىغا تۆكىدىغان مەنىيگە قاراپ باقمامسىلەر؟ ئۇنى
سىلەر ئىنسان قىلىپ يارىتامسىلەر ياكى ياراتقۇچى بىزمۇ؟

نَحۡنُ قَدَّرۡنَا بَيۡنَكُمُ ٱلۡمَوۡتَ وَمَا نَحۡنُ بِمَسۡبُوقِينَ ﴿٦٠﴾ عَلَىٰٓ أَن نُّبَدِّلَ أَمۡثَٰلَكُمۡ وَنُنشِئَكُمۡ فِي مَا لَا
تَعۡلَمُونَ ﴿٦١﴾

60 ـ 61ـ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۆلۈمنى بىز تەقدىر قىلدۇق، سىلەرنى قىيامەت كۈنى باشقىچە قىلىپ يارىتىشقا ۋە سىلەرنى ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان شەكىل ۋە سۈپەتتە يارىتىشقا ئاجىز ئەمەسمىز.

وَلَقَدۡ عَلِمۡتُمُ ٱلنَّشۡأَةَ ٱلۡأُولَىٰ فَلَوۡلَا تَذَكَّرُونَ ﴿٦٢﴾

62 ـ شەكسىزكى، سىلەر ئاللاھنىڭ سىلەرنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانلىقىنى بىلدىڭلار. ئەمدى سىلەر ئاللاھنىڭ سىلەرنى قايتا يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىپ كۆرمەمسىلەر؟

أَفَرَءَيۡتُم مَّا تَحۡرُثُونَ ﴿٦٣﴾ ءَأَنتُمۡ تَزۡرَعُونَهُۥٓ أَمۡ نَحۡنُ ٱلزَّٰرِعُونَ ﴿٦٤﴾ لَوۡ نَشَآءُ لَجَعَلۡنَٰهُ حُطَٰمٗا فَظَلۡتُمۡ تَفَكَّهُونَ ﴿٦٥﴾ إِنَّا لَمُغۡرَمُونَ ﴿٦٦﴾ بَلۡ نَحۡنُ مَحۡرُومُونَ ﴿٦٧﴾

63 ـ 67ـ سىلەر تېرىيدىغان زىرائەتكە قاراپ باقتىڭلارمۇ؟ ئۇنى زېمىندىن سىلەر ئۆندۈرەمسىلەر ياكى ئۇنى زېمىندا ئورۇنلاشتۇرغۇچى ۋە ئۆندۈرگۈچى بىزمۇ؟ ئەگەر بىز خالىساق ئەلۋەتتە ئاشۇ زىرائەتنى دانسىز قۇرۇق چۆپكە ئايلاندۇرۇۋېتىمىز ـ دە، سىلەر ئۇ چاغدا زىرائەتلىرىڭلارغا نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالاتتىڭلار ۋە: «بىز راستتىنلا زىيان تارتتۇق، بۇ زىيان سەۋەبلىك قاتتىق ئازابلاندۇق، بەلكى بىز رىزىقتىن قۇرۇق قاپتۇق» دەپ كېتەتتىڭلار.

أَفَرَءَيۡتُمُ ٱلۡمَآءَ ٱلَّذِي تَشۡرَبُونَ ﴿٦٨﴾ ءَأَنتُمۡ أَنزَلۡتُمُوهُ مِنَ ٱلۡمُزۡنِ أَمۡ نَحۡنُ ٱلۡمُنزِلُونَ ﴿٦٩﴾

68 ـ 69 ـ سىلەرنىڭ ھاياتىڭلارنىڭ مەنبەسى بولغان سۇغا قاراپ باقتىڭلارمۇ؟ ئۇنى بۇلۇتتىن زېمىنغا سىلەر چۈشۈردۇڭلارمۇ ياكى سىلەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىپ بىز چۈشۈردۇقمۇ؟

لَوۡ نَشَآءُ جَعَلۡنَٰهُ أُجَاجٗا فَلَوۡلَا تَشۡكُرُونَ ﴿٧٠﴾

70 ـ ئەگەر بىز خالىساق ئۇ سۇنى يا ئىچىشكە ياكى زىرائەت سۇغىرىشقا يارىمايدىغان ئىنتايىن تۇزلۇق قىلىپ قوياتتۇق. سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن بۇلۇتتىن تاتلىق سۇ چۈشۈرۈپ بەرگەن رەببىڭلارغا شۈكۈر قىلمامسىلەر؟

أَفَرَءَيۡتُمُ ٱلنَّارَ ٱلَّتِي تُورُونَ ﴿٧١﴾ ءَأَنتُمۡ أَنشَأۡتُمۡ شَجَرَتَهَآ أَمۡ نَحۡنُ ٱلۡمُنشِـُٔونَ ﴿٧٢﴾

71 ـ 72 ـ سىلەر ياندۇرۇۋاتقان ئوتقا قاراپ باقتىڭلارمۇ؟ ئاشۇ ئوتنى ياندۇرۇش ئۈچۈن كۆيدۈرىدىغان دەرەخنى سىلەر ياراتتىڭلارمۇ ياكى ياراتقۇچى بىزمۇ؟

نَحۡنُ جَعَلۡنَٰهَا تَذۡكِرَةٗ وَمَتَٰعٗا لِّلۡمُقۡوِينَ ﴿٧٣﴾

73 ـ بىز سىلەر ياندۇرىدىغان ئاشۇ ئوتنى سىلەرگە دوزاخ ئوتىنى خاتىرىلىتىش ۋە يولۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ياراتتۇق.

فَسَبِّحۡ بِٱسۡمِ رَبِّكَ ٱلۡعَظِيمِ ﴿٧٤﴾

74 ـ ئى پەيغەمبەر! ئىسمىلىرىدە ۋە سۈپەتلىرىدە كامالەت ئىگىسى بولغان، ئاتا ـ ئېھسانلىرى سانسىز بولغان ئۇلۇغ رەببىڭنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلغىن.

۞ فَلَآ أُقۡسِمُ بِمَوَٰقِعِ ٱلنُّجُومِ ﴿٧٥﴾ وَإِنَّهُۥ لَقَسَمٞ لَّوۡ تَعۡلَمُونَ عَظِيمٌ ﴿٧٦﴾

75 ـ 76ـ ئاللاھ يۇلتۇزلارنىڭ پاتقان ۋاقتىدىكى ئورۇنلىرى بىلەن قەسەم قىلدى. ئەگەر

بىلسەڭلار، ئۇ ئەلۋەتتە بۈيۈك قەسەمدۇر.

إِنَّهُۥ لَقُرۡءَانٞ كَرِيمٞ ﴿٧٧﴾ فِي كِتَٰبٖ مَّكۡنُونٖ ﴿٧٨﴾ لَّا يَمَسُّهُۥٓ إِلَّا ٱلۡمُطَهَّرُونَ ﴿٧٩﴾

77 ـ 79ـ شەكسىزكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان بۇ قۇرئان كۆپ پايدىلىق، ياخشىلىقلىرى سانسىز، ئىلمى مول، لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغان ئۇلۇغ قۇرئاندۇر. بۇ قۇرئان پەرىشتىلەرنىڭ قوللىرىدا بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ بارچە ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن ۋە گۇناھلاردىن پاك قىلغان ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەرلا تۇتىدۇ. شۇڭا ئۇنى كاپىرلىقتىن، جۇنۇپلۇقتىن پاك بولغان كىشىلەر تاھارەت بىلەن تۇتىدۇ.

تَنزِيلٞ مِّن رَّبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٨٠﴾

80 ـ بۇ قۇرئان كەرىم ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان شەكسىز ھەق كىتابتۇر.

أَفَبِهَٰذَا ٱلۡحَدِيثِ أَنتُم مُّدۡهِنُونَ ﴿٨١﴾

81 ـ ئى مۇشرىكلار! سىلەر مۇشۇ قۇرئاننى ئىنكار قىلىۋاتامسىلەر؟

وَتَجۡعَلُونَ رِزۡقَكُمۡ أَنَّكُمۡ تُكَذِّبُونَ ﴿٨٢﴾

82 ـ سىلەر ئاللاھ سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۇ نېمەتلەرنى ئىنكار قىلامسىلەر؟ (ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە قۇرئاننى ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىنى كۆزگە ئىلمايدىغانلارغا قاتتىق كايىغان).

فَلَوۡلَآ إِذَا بَلَغَتِ ٱلۡحُلۡقُومَ ﴿٨٣﴾ وَأَنتُمۡ حِينَئِذٖ تَنظُرُونَ ﴿٨٤﴾ وَنَحۡنُ أَقۡرَبُ إِلَيۡهِ مِنكُمۡ وَلَٰكِن لَّا تُبۡصِرُونَ ﴿٨٥﴾

83 ـ 85ـ سىلەر سەكراتتا چۈشۈپ جېنى ھەلقۇمىغا يەتكەن ۋە جان تالىشىۋاتقان بىرىگە قاراپ تۇرىسىلەر. شۇ ھالدا سىلەر ئۇنىڭ جېنىنى بەدىنىدە تۇتۇپ قالالامسىلەر؟ ھەرگىز قىلالمايسىلەر. بىز ئۇنىڭغا پەرىشتىلىرىمىز ئارقىلىق سىلەردىن بەكرەك يېقىنمىز، لېكىن سىلەر ئۇ پەرىشتىلەرنى كۆرمەيسىلەر.

فَلَوۡلَآ إِن كُنتُمۡ غَيۡرَ مَدِينِينَ ﴿٨٦﴾ تَرۡجِعُونَهَآ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٨٧﴾

86 ـ 87ـ (ئەگەر سىلەر گۇمان قىلغاندەك)، دۇنيادىكى ئەمەللىرىڭلاردىن ھېساب بەرمەيدىغان، قىلمىشىڭلارغا تېگىشلىك جازاغا تارتىلمايدىغان بولساڭلار ۋە بۇ سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ئۇ مېيىتنىڭ جېنىنى تېنىگە قايتۇرالامسىلەر؟ ھەرگىز قايتۇرالمايسىلەر.

فَأَمَّآ إِن كَانَ مِنَ ٱلۡمُقَرَّبِينَ ﴿٨٨﴾ فَرَوۡحٞ وَرَيۡحَانٞ وَجَنَّتُ نَعِيمٖ ﴿٨٩﴾

88 ـ 89ـ ئەگەر ئۇ مېيىت ئاللاھقا يېقىن كىشىلەردىن بولسا، ئۆلگەن چېغىدا ئۇنىڭغا خۇشاللىق، كەڭ رەھمەت، كۆڭلى راھەتلىنىدىغان ھەر نەرسە ۋە ئاخىرەتتە نازۇنېمەتلىك جەننەت بار.

وَأَمَّآ إِن كَانَ مِنۡ أَصۡحَٰبِ ٱلۡيَمِينِ ﴿٩٠﴾ فَسَلَٰمٞ لَّكَ مِنۡ أَصۡحَٰبِ ٱلۡيَمِينِ ﴿٩١﴾

90 ـ 91ـ ئەگەر ئۇ مېيىت نامە ـ ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەردىن بولسا، ئۇنىڭغا: «نامە ـ ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەردىن بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا ئامانلىق ۋە خاتىرجەملىك يار بولسۇن!» دېيىلىدۇ.

وَأَمَّآ إِن كَانَ مِنَ ٱلۡمُكَذِّبِينَ ٱلضَّآلِّينَ ﴿٩٢﴾ فَنُزُلٞ مِّنۡ حَمِيمٖ ﴿٩٣﴾ وَتَصۡلِيَةُ جَحِيمٍ ﴿٩٤﴾

92 ـ 94ـ ئەگەر ئۇ مېيىت ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى ۋە ھىدايەتتىن ئازغۇچىلاردىن بولسا، ئۇ يۇقىرى ھارارەتلىك قايناق سۇ بىلەن كۈتۈۋېلىنىدۇ، جەھەننەم ئوتىدا كۆيدۈرۈلىدۇ ۋە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ.

إِنَّ هَٰذَا لَهُوَ حَقُّ ٱلۡيَقِينِ ﴿٩٥﴾ فَسَبِّحۡ بِٱسۡمِ رَبِّكَ ٱلۡعَظِيمِ ﴿٩٦﴾

95 ـ 96 ـ ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا ئېيتىپ بەرگەنلەرنىڭ ھەممىسى شەك ـ شۈبھىسىز ھەقىقەتتۇر. ئۇلۇغ رەببىڭنى بارچە نۇقسانلاردىن پاك دەپ سۈپەتلەپ، ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، كاپىرلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئەلۋەتتە پاك دەپ ئېتىقاد قىلغىن.

# ھەدىد سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

سَبَّحَ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ١

1 - ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەممە مەۋجۇدات ئاللاھنى بارچە يامانلىقتىن پاك دەپ سۈپەتلەپ، ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتتى. ئاللاھ بەندىلىرىگە غالىبتۇر، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

لَهُۥ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ يُحۡيِۦ وَيُمِيتُۖ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ٢

2 - ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەۋجۇداتنىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ مەخلۇقاتىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر ۋە ھەممىنىڭ ئىگىسىدۇر. ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ئاللاھ خالىغان ھېچقانداق ئىش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ، ئاللاھ ئىرادە قىلغان ئىش بولىدۇ، ئۇ ئىرادە قىلمىغان ئىش بولمايدۇ.

هُوَ ٱلۡأَوَّلُ وَٱلۡأٓخِرُ وَٱلظَّٰهِرُ وَٱلۡبَاطِنُۖ وَهُوَ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٌ ٣

3 - ئاللاھ ئاۋۋالدۇر، ئاللاھتىن بۇرۇن ھېچ نەرسە يوق ئىدى، ئاللاھ ئاخىردۇر، ھەممە پانىي بولغاندىن كېيىنمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغۇچىدۇر، ئاللاھ ئاشكاردۇر، ئۇنىڭ ئۈستىدە ھېچ نەرسە يوقتۇر، ئاللاھ مەخپىيدۇر، ئۇنىڭدىن مەخپىي شەيئى يوقتۇر، ئاسمان - زېمىندا ئاللاھقا مەخپىي نەرسە يوقتۇر، ئۇ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.

هُوَ ٱلَّذِي خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ فِي سِتَّةِ أَيَّامٖ ثُمَّ ٱسۡتَوَىٰ عَلَى ٱلۡعَرۡشِۖ يَعۡلَمُ مَا يَلِجُ فِي ٱلۡأَرۡضِ
وَمَا يَخۡرُجُ مِنۡهَا وَمَا يَنزِلُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ وَمَا يَعۡرُجُ فِيهَاۖ وَهُوَ مَعَكُمۡ أَيۡنَ مَا كُنتُمۡۚ وَٱللَّهُ
بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٞ ٤

4 - ئاللاھ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتقان، ئاندىن ئەرشكە ئۆزىگە لايىق بىر شەكىلدە ئۆرلىگەن زاتتۇر، ئۇ زېمىنغا كىرىپ كېتىدىغان سۇ، دان قاتارلىق نەرسىلەرنى، ئۇنىڭدىن چىقىدىغان ئۆسۈملۈك، زىرائەت، مېۋە قاتارلىق نەرسىلەرنى، ئاسماندىن چۈشىدىغان يامغۇر قاتارلىق نەرسىلەرنى، ئاسمانغا ئۆرلەيدىغان پەرىشتە ۋە ياخشى ئەمەل قاتارلىقلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر قەيەردە بولساڭلار، ئاللاھ ئىلمى بىلەن سىلەر بىلەن بىللىدۇر. ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

لَّهُۥ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ وَإِلَى ٱللَّهِ تُرۡجَعُ ٱلۡأُمُورُ ٥

5 - ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاخىرەتتە خالايىقنىڭ بارىدىغان جايى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى - يامان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى بېرىدۇ.

يُولِجُ ٱلَّيۡلَ فِي ٱلنَّهَارِ وَيُولِجُ ٱلنَّهَارَ فِي ٱلَّيۡلِۚ وَهُوَ عَلِيمُۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ٦

6 - ئاللاھ كېچىنىڭ قىسقارغان سائەتلىرىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۈندۈزنىڭ ۋاقتى ئۇزىرىدۇ، ئۇ كۈندۈزنىڭ قىسقارغان سائەتلىرىنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كېچىنىڭ ۋاقتى ئۇزىرايدۇ. ئاللاھ سىرلارنى ۋە دىللارنىڭ يوشۇرغانلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر.

ءَامِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَأَنفِقُواْ مِمَّا جَعَلَكُم مُّسۡتَخۡلَفِينَ فِيهِۖ فَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنكُمۡ وَأَنفَقُواْ لَهُمۡ أَجۡرٞ كَبِيرٞ ٧

7 - ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئاتا قىلغان پۇل - مالنىڭ ۋە سىلەرنى ئىگە قىلغان ھەر نەرسىنىڭ زاكىتىنى بېرىڭلار. ئى ئىنسانلار! سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئاللاھ يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلغانلار ئۈچۈن كاتتا مۇكاپات بار.

وَمَا لَكُمۡ لَا تُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلرَّسُولُ يَدۡعُوكُمۡ لِتُؤۡمِنُواْ بِرَبِّكُمۡ وَقَدۡ أَخَذَ مِيثَٰقَكُمۡ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ٨

8 - پەيغەمبەر سىلەرنى رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلىۋاتقان، ئاللاھ سىلەردىن بۇ ھەقتە ئەھدە ئالغان تۇرسا، سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتماسلىقىڭلار، ئۇنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلماسلىقىڭلارغا قانداق ئۆزرەڭلار بار؟ ئەگەر سىلەر ياراتقۇچى ئىگەڭلار ئاللاھقا ئىمان ئېيتماقچى بولساڭلار، ئۇنىڭغا ئالدىراڭلار.

هُوَ ٱلَّذِي يُنَزِّلُ عَلَىٰ عَبۡدِهِۦٓ ءَايَٰتِۢ بَيِّنَٰتٖ لِّيُخۡرِجَكُم مِّنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ بِكُمۡ لَرَءُوفٞ رَّحِيمٞ ٩

9 - ئاللاھ سىلەرنى كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىماننىڭ يورۇقلۇقىغا چىقىرىش ئۈچۈن، بەندىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەپسىلىي ۋە روشەن قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلغان زاتتۇر. شەك - شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى كۇفرىدىن ئىمانغا چىقىرىش ئارقىلىق سىلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن كاتتا رەھمەت ئاتا قىلىدىغان، ئاخىرەتتە سىلەرگە ئەڭ ياخشى مۇكاپات ئاتا قىلىدىغان مەرھەمەتلىك زاتتۇر.

وَمَا لَكُمۡ أَلَّا تُنفِقُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَلِلَّهِ مِيرَٰثُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ لَا يَسۡتَوِي مِنكُم مَّنۡ أَنفَقَ مِن قَبۡلِ ٱلۡفَتۡحِ وَقَٰتَلَۚ أُوْلَٰٓئِكَ أَعۡظَمُ دَرَجَةٗ مِّنَ ٱلَّذِينَ أَنفَقُواْ مِنۢ بَعۡدُ وَقَٰتَلُواْۚ وَكُلّٗا وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلۡحُسۡنَىٰۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرٞ ١٠

10 - سىلەرنى ئاللاھ يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلىشتىن توسۇپ قويغان زادى نېمە؟ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ مىراسى ئاللاھقا خاستۇر. ئاسمان - زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھقا قالىدۇ، ھېچكىم ئىگە بولالمايدۇ. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن مەككە پەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى پۇل - مال سەرپ قىلغانلار ۋە كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلغانلار بىلەن مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن پۇل - مال سەرپ قىلغانلار ۋە ئۇرۇش قىلغانلار

ئەجىر - ساۋابتا باراۋەر ئەمەس، ئەنە شۇلارنىڭ دەرىجىسى كېيىن پۇل - مال سەرپ قىلغان ۋە ئۇرۇشقا قاتناشقانلارنىڭ دەرىجىسىدىن ئارتۇقتۇر، ھەر ئىككى پىرقىگە ئاللاھ جەننەتنى ۋەدە قىلدى. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر، ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر.

مَّن ذَا ٱلَّذِى يُقْرِضُ ٱللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا فَيُضَٰعِفَهُۥ لَهُۥ وَلَهُۥٓ أَجْرٌ كَرِيمٌ ﴿١١﴾

11 - كىمكى چىن قەلبىدىن ساۋابنى ئۈمىد قىلىپ، مىننەت قىلماي، ئەزىيەت بەرمەي، ئاللاھ يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئەجىر - ساۋابنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭغا جەننەتتىن ئىبارەت ئېسىل مۇكاپات بېرىدۇ.

يَوْمَ تَرَى ٱلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَٰتِ يَسْعَىٰ نُورُهُم بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَبِأَيْمَٰنِهِم بُشْرَىٰكُمُ ٱلْيَوْمَ جَنَّٰتٌ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا ۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ ﴿١٢﴾

12 - ئۇ كۈندە مۇئمىن ئەرلەرنى، مۇئمىن ئاياللارنى كۆرسەنكى، ئۇلار سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە ئۇلارنىڭ نۇرى ئەمەللىرىگە يارىشا ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئوڭ تەرىپىدە چاقنايدۇ، ئۇلارغا: «بۈگۈن سىلەرگە قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل - دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان كەڭرى جەننەتلەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ، سىلەر ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىسىلەر، ھەرگىز چىقىرىۋېتىلمەيسىلەر، بۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەتتۇر» دېيىلىدۇ.

يَوْمَ يَقُولُ ٱلْمُنَٰفِقُونَ وَٱلْمُنَٰفِقَٰتُ لِلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱنظُرُونَا نَقْتَبِسْ مِن نُّورِكُمْ قِيلَ ٱرْجِعُوا۟ وَرَآءَكُمْ فَٱلْتَمِسُوا۟ نُورًا فَضُرِبَ بَيْنَهُم بِسُورٍ لَّهُۥ بَابٌۢ بَاطِنُهُۥ فِيهِ ٱلرَّحْمَةُ وَظَٰهِرُهُۥ مِن قِبَلِهِ ٱلْعَذَابُ ﴿١٣﴾

13 - ئۇ كۈندە مۇناپىق ئەرلەر، مۇناپىق ئاياللار سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈۋاتقان مۇئمىنلەرگە: «كۈتۈپ تۇرۇڭلار، سىلەرنىڭ نۇرۇڭلاردىن ئازراق نەپ ئېلىۋالايلى» دەيدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارغا تەنە قىلىپ: «ئارقاڭلارغا قايتىپ نۇر ئىزدەپ بېقىڭلار» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر سېپىل سوقۇلىدۇ، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى بولىدۇ، دەرۋازىنىڭ مۇئمىنلەرگە يېقىن بولغان ئىچكى تەرىپىدە رەھمەت، مۇناپىقلارغا يېقىن بولغان سىرتقى تەرىپىدە ئازاب بولىدۇ.

يُنَادُونَهُمْ أَلَمْ نَكُن مَّعَكُمْ ۖ قَالُوا۟ بَلَىٰ وَلَٰكِنَّكُمْ فَتَنتُمْ أَنفُسَكُمْ وَتَرَبَّصْتُمْ وَٱرْتَبْتُمْ وَغَرَّتْكُمُ ٱلْأَمَانِىُّ حَتَّىٰ جَآءَ أَمْرُ ٱللَّهِ وَغَرَّكُم بِٱللَّهِ ٱلْغَرُورُ ﴿١٤﴾

14 - مۇناپىقلار مۇئمىنلەرنى چاقىرىپ: «بىز سىلەر بىلەن دۇنيادا بىللە ئەمەسمىدۇق، ئىبادەتلەرنى بىللە قىلمىغانمىدۇق؟» دەپ توۋلايدۇ، مۇئمىنلەر: «توغرا، كۆرۈنۈشتە شۇنداق ئىدىڭلار، لېكىن سىلەر مۇناپىقلىق قىلىپ ئۆزۈڭلارنى ھالاك قىلدىڭلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلۈمىنى ۋە مۇئمىنلەرگە بالايىئاپەت كېلىشىنى كۈتتۈڭلار، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشتىن شەكلەندىڭلار، يالغان ئارزۇلىرىڭلار سىلەرنى ئالدىدى. سىلەرگە ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر شۇ ئېتىقادتا بولدۇڭلار. شەيتان سىلەرنى ئاللاھ مەغپىرەت قىلىدۇ دەپ ئالدىدى» دەيدۇ.

فَٱلْيَوْمَ لَا يُؤْخَذُ مِنكُمْ فِدْيَةٌ وَلَا مِنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ۚ مَأْوَىٰكُمُ ٱلنَّارُ ۖ هِىَ مَوْلَىٰكُمْ ۖ وَبِئْسَ

ٱلْمَصِيرُ ﴿١٥﴾

15 - ئى مۇناپىقلار! بۈگۈن سىلەرنىڭ ئازابتىن قۇتۇلۇپ قېلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەردىن
ھېچقانداق فىدىيە ئېلىنمايدۇ، ئاللاھنى، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلاردىنمۇ
فىدىيە ئېلىنمايدۇ، ھەممىڭلارنىڭ بارىدىغان جايىڭلار دوزاختۇر، دوزاخ سىلەرگە ئەڭ
لايىقتۇر، دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!.

۞ أَلَمْ يَأْنِ لِلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ أَن تَخْشَعَ قُلُوبُهُمْ لِذِكْرِ ٱللَّهِ وَمَا نَزَلَ مِنَ ٱلْحَقِّ وَلَا يَكُونُوا۟ كَٱلَّذِينَ
أُوتُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ مِن قَبْلُ فَطَالَ عَلَيْهِمُ ٱلْأَمَدُ فَقَسَتْ قُلُوبُهُمْ ۖ وَكَثِيرٌ مِّنْهُمْ فَٰسِقُونَ ﴿١٦﴾

16 - ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان، ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان
كىشىلەرنىڭ ئاللاھنى ياد ئەتكەندە ۋە قۇرئان ئايەتلىرىنى ئاڭلىغاندا دىللىرى ئېرىيدىغان
ۋاقىت يېتىپ كەلمىدىمۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەن يەھۇدىيلار ۋە
خرىستىيانلاردەك قەلبى قاتتىق بولۇپ قالمىسۇن، زاماننىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ
دىللىرى قېتىپ كەتتى، ئۇلار ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، ئۇلارنىڭ كۆپلىرى
ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان پاسىقلاردۇر. (بۇ ئايەتتە قۇرئان ئايەتلىرىنى ئاڭلىغاندا،
ئاللاھنى ياد ئېتىپ، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىشكە ۋە يەھۇدىي، خرىستىيانلارغا ئوخشاپ
قالماسلىققا تەشەببۇس قىلىنغان).

ٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ يُحْىِ ٱلْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا ۚ قَدْ بَيَّنَّا لَكُمُ ٱلْءَايَٰتِ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ ﴿١٧﴾

17 - بىلىڭلاركى، ئاللاھ زېمىننى (سۇسىزلىقتىن) ئۆلگەندىن كېيىن يامغۇر بىلەن تىرىلدۈرىدۇ.
شۇ يامغۇر بىلەن زېمىندىن ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىدۇ. ئاللاھ ئۆلگەنلەرنى قىيامەت كۈنى
ئەنە شۇنداق تىرىلدۈرىدۇ. ئاللاھ قاتتىق قەلبلەرنى يۇمشىتىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر. بىز
ھەقىقەتەن سىلەرگە ئەقلىنى ئىشلىتىپ ياخشى چۈشەنسۇن ۋە ئىبرەت ئالسۇن دەپ،
قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنى بايان قىلدۇق.

إِنَّ ٱلْمُصَّدِّقِينَ وَٱلْمُصَّدِّقَٰتِ وَأَقْرَضُوا۟ ٱللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا يُضَٰعَفُ لَهُمْ وَلَهُمْ أَجْرٌ كَرِيمٌ ﴿١٨﴾

18 - پۇل - مېلىدىن سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەرگە، سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا ۋە ئاللاھنىڭ
رازىلىقىنى كۆزلەپ ئاللاھ يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلغۇچىلارغا ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى
ھەسسىلەپ بېرىلىدۇ، ئۇلارغا ھەممىدىن كاتتا بىر مۇكاپات بار بولۇپ، ئۇ بولسا
جەننەتتۇر.

وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦٓ أُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلصِّدِّيقُونَ ۖ وَٱلشُّهَدَآءُ عِندَ رَبِّهِمْ لَهُمْ أَجْرُهُمْ وَنُورُهُمْ ۖ
وَٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ وَكَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَآ أُو۟لَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلْجَحِيمِ ﴿١٩﴾

19 - ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقان، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ
ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەستىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەر ئەقىدىدە،
سۆزدە ۋە ئەمەلدە ئىمانى مۇكەممەللەشكەن كىشىلەردۇر، شېھىتلەر رەببىنىڭ دەرگاھىدا
كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ نۇرى كاتتا بولىدۇ. بىزنىڭ دەلىل
- پاكىتلىرىمىزنى ۋە ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئاخىرەتتە ئۇلارغا
ئەجىرمۇ يوق، نۇرمۇ يوقتۇر.

ٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّمَا ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَا لَعِبٌ وَلَهْوٌ وَزِينَةٌ وَتَفَاخُرٌۢ بَيْنَكُمْ وَتَكَاثُرٌ فِى ٱلْأَمْوَٰلِ وَٱلْأَوْلَٰدِ ۖ
كَمَثَلِ غَيْثٍ أَعْجَبَ ٱلْكُفَّارَ نَبَاتُهُۥ ثُمَّ يَهِيجُ فَتَرَىٰهُ مُصْفَرًّا ثُمَّ يَكُونُ حُطَٰمًا ۖ وَفِى ٱلْءَاخِرَةِ

عَذَابٌ شَدِيدٌ وَمَغْفِرَةٌ مِّنَ ٱللَّهِ وَرِضْوَٰنٌ ۚ وَمَا ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَآ إِلَّا مَتَٰعُ ٱلْغُرُورِ ﴿٢٠﴾

20 - ئى ئىنسانلار! بىلىڭلاركى، دۇنيا ھاياتى پەقەت دىللارنى غەپلەتتە قويىدىغان، بەدەنلەرنى ئويۇنتىدىغان ئويۇن - تاماشىدىن ۋە كىشىلەر ئۆزلىرىنى زىننەتلەيدىغان، ئۆزئارا پەخىرلىنىدىغان، پۇل - مال ۋە پەرزەنتلەرنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ماختىنىدىغان زىبۇزىنەتتىنلا ئىبارەتتۇر. بۇ دۇنيا ھاياتى يامغۇر يېغىش بىلەن ئۈنۈپ چىقىپ دېھقانلارنى خۇشال قىلىۋەتكەن ئۆسۈملۈككە ئوخشايدۇ، ئاندىن ئۇ ئۆسۈملۈك قۇرۇپ قالىدۇ - دە، ئۇنىڭ سارغىيىپ قالغانلىقىنى كۆرىسەن، ئاندىن ئۇ يانچىلغان چۆپكە ئايلىنىدۇ. ئاخىرەتتە كاپىرلارغا قاتتىق ئازاب بار، مۇئمىنلەرگە ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقى بار، ئاخىرەتلىكىنى ئۇنتۇپ، دۇنيالىق ئۈچۈنلا ئىشلەيدىغان كىشىلەر ئۈچۈن بۇ دۇنيا ھاياتى پەقەت ئالدىنىشتىنلا ئىبارەتتۇر.

سَابِقُوٓاْ إِلَىٰ مَغْفِرَةٍ مِّن رَّبِّكُمْ وَجَنَّةٍ عَرْضُهَا كَعَرْضِ ٱلسَّمَآءِ وَٱلْأَرْضِ أُعِدَّتْ لِلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦ ۚ ذَٰلِكَ فَضْلُ ٱللَّهِ يُؤْتِيهِ مَن يَشَآءُ ۚ وَٱللَّهُ ذُو ٱلْفَضْلِ ٱلْعَظِيمِ ﴿٢١﴾

21 - ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتقانلارغا تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان - زېمىندەك كېلىدىغان جەننەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن يىراق تۇرۇش ۋە سەمىمي تەۋبە قىلىش ئارقىلىق، رەببىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە نائىل بولۇشقا ئالدىراڭلار. بۇ ئاللاھنىڭ پەزلى بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى بەندىلىرى ئىچىدىن خالىغان ئادەمگە نېسىپ قىلىدۇ. جەننەتكە پەقەت ئاللاھنىڭ رەھمىتى، پەزل - كەرەمى ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەنلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن كاتتا ئاتا - ئېھسان ۋە پەزل - كەرەم ئىگىسىدۇر.

مَآ أَصَابَ مِن مُّصِيبَةٍ فِى ٱلْأَرْضِ وَلَا فِىٓ أَنفُسِكُمْ إِلَّا فِى كِتَٰبٍ مِّن قَبْلِ أَن نَّبْرَأَهَآ ۚ إِنَّ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٌ ﴿٢٢﴾

22 - ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدە يۈز بەرگەن مۇسىبەتلەر ۋە ئۆزۈڭلار ئۇچرىغان كېسەللىك، ئاچارچىلىق قاتارلىق كۈلپەتلەرنىڭ ھەممىسى بىز يارىتىشتىن بۇرۇنلا لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلىپ كەتكەن ئىدى، شەكسىزكى، بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر.

لِّكَيْلَا تَأْسَوْاْ عَلَىٰ مَا فَاتَكُمْ وَلَا تَفْرَحُواْ بِمَآ ءَاتَىٰكُمْ ۗ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ ﴿٢٣﴾ ٱلَّذِينَ يَبْخَلُونَ وَيَأْمُرُونَ ٱلنَّاسَ بِٱلْبُخْلِ ۗ وَمَن يَتَوَلَّ فَإِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلْغَنِىُّ ٱلْحَمِيدُ ﴿٢٤﴾

23 - 24 - ئاللاھ بۇنى قولۇڭلاردىن كەتكەنگە قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە ئاللاھنىڭ بەرگەنلىرىگە كۆرەڭلەپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈن بايان قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ئېرىشكەن مال - دۇنياسى بىلەن پەخىرلىنىپ ئۆزىنى باشقىلاردىن چوڭ تۇتىدىغان ۋە باشقىلارنىڭ ئالدىدا ماختىنىدىغانلارنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ. ئۇ مۇتەكەببىرلەر مال - دۇنياسىغا بېخىللىق قىلىدىغان، ئاللاھ يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلمايدىغان ۋە كىشىلەرگە بېخىللىقنى چىرايلىق كۆرسىتىپ ئۇلارنى بېخىللىق قىلىشقا بۇيرۇيدىغانلاردۇر. كىمكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىدىكەن، بۇنىڭ زىيىنىنى پەقەتلا ئۆزى تارتىدۇ، ئۇ ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ بەندىلىرىدىن بىھاجەتتۇر، ئاللاھ ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ گۈزەل سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ بارچە گۈزەل مەدھىيەلەرگە لايىقتۇر.

لَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا بِٱلْبَيِّنَٰتِ وَأَنزَلْنَا مَعَهُمُ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْمِيزَانَ لِيَقُومَ ٱلنَّاسُ بِٱلْقِسْطِ ۖ وَأَنزَلْنَا ٱلْحَدِيدَ فِيهِ بَأْسٌ شَدِيدٌ وَمَنَٰفِعُ لِلنَّاسِ وَلِيَعْلَمَ ٱللَّهُ مَن يَنصُرُهُۥ وَرُسُلَهُۥ بِٱلْغَيْبِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ قَوِىٌّ عَزِيزٌ ﴿٢٥﴾

25 - بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى ئوپئوچۇق دەلىل - پاكىتلار بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە شەرئەت ئەھكاملىرى بايان قىلىنغان كىتابنى چۈشۈردۇق. ئىنسانلار ئۆز ئارىسىدىكى مۇئامىلە ئىشلىرىدا ئادالەت بىلەن ئىش كۆرسۇن دەپ، تارازىنى چۈشۈردۇق. بىز يەنە ئۇلارغا كۈچ - قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئىنسانلار ئۈچۈن كۆپ پايدىلىق بولغان تۆمۈرنىمۇ چۈشۈردۇق. بۇ ئاللاھنىڭ دىنىغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە غايىبانە (سەممىي ئىخلاس بىلەن) ياردەم بېرىدىغانلارنى ئەمەلىي مەيداندا بىلىشى (يەنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى) ئۈچۈندۇر. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھەممىدىن كۈچلۈكتۇر، ھەممىگە غالىبتۇر.

وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا نُوحًا وَإِبْرَٰهِيمَ وَجَعَلْنَا فِى ذُرِّيَّتِهِمَا ٱلنُّبُوَّةَ وَٱلْكِتَٰبَ ۖ فَمِنْهُم مُّهْتَدٍ ۖ وَكَثِيرٌ مِّنْهُمْ فَٰسِقُونَ ﴿٢٦﴾

26 - بىز ھەقىقەتەن نۇھنى ۋە ئىبراھىمنى ئۆز قەۋملىرىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، پەيغەمبەرلىكنى ۋە ساماۋى كىتابلارنى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدا قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدە توغرا يولنى تاپقانلىرىمۇ بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كۆپلىرى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.

ثُمَّ قَفَّيْنَا عَلَىٰٓ ءَاثَٰرِهِم بِرُسُلِنَا وَقَفَّيْنَا بِعِيسَى ٱبْنِ مَرْيَمَ وَءَاتَيْنَٰهُ ٱلْإِنجِيلَ ۖ وَجَعَلْنَا فِى قُلُوبِ ٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُوهُ رَأْفَةً وَرَحْمَةً ۚ وَرَهْبَانِيَّةً ٱبْتَدَعُوهَا مَا كَتَبْنَٰهَا عَلَيْهِمْ إِلَّا ٱبْتِغَآءَ رِضْوَٰنِ ٱللَّهِ فَمَا رَعَوْهَا حَقَّ رِعَايَتِهَا ۖ فَـَٔاتَيْنَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ مِنْهُمْ أَجْرَهُمْ ۖ وَكَثِيرٌ مِّنْهُمْ فَٰسِقُونَ ﴿٢٧﴾

27 - ئاندىن بىز نۇھ ۋە ئىبراھىمدىن كېيىن، ئۇلارغا ئەگەشتۈرۈپ، پەيغەمبەرلىرىمىزنى داۋاملىق ئەۋەتىپ تۇردۇق، ئارقىدىن مەريەم ئوغلى ئىيسانى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشكەنلەرنىڭ دىللىرىغا شەپقەت ۋە مېھرىبانلىقنى سالدۇق، ئۇلار ئۆز ئارىسىدا كۆيۈمچان ئىدى، ئۇلار ئىبادەتتە چەكتىن ئېشىپ بىز پەرز قىلمىغان رەھبانىيەت (تەركىدۇنيالىق)نى ئوتتۇرىغا چىقىرىۋالدى. ئۇلار ئۇ بىدئەتنى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ پەيدا قىلىۋالدى. ئۇلار ئۇنىڭغىمۇ لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەجرىنى ئەمەلگە يارىشا بەردۇق. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۆپلىرى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغان كاپىرلاردۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَءَامِنُوا۟ بِرَسُولِهِۦ يُؤْتِكُمْ كِفْلَيْنِ مِن رَّحْمَتِهِۦ وَيَجْعَل لَّكُمْ نُورًا تَمْشُونَ بِهِۦ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ۚ وَٱللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٢٨﴾

28 - ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئورۇنداڭلار، ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇڭلار. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە رەھمىتىدىن ئىككى ھەسسە بېرىدۇ ۋە سىلەرگە سىلەر يورۇقىدا ماڭىدىغان نۇر ئاتا قىلىدۇ، گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

لِّئَلَّا يَعْلَمَ أَهْلُ ٱلْكِتَٰبِ أَلَّا يَقْدِرُونَ عَلَىٰ شَىْءٍ مِّن فَضْلِ ٱللَّهِ وَأَنَّ ٱلْفَضْلَ بِيَدِ ٱللَّهِ يُؤْتِيهِ مَن يَشَآءُ ۚ وَٱللَّهُ ذُو ٱلْفَضْلِ ٱلْعَظِيمِ ﴿٢٩﴾

29 - يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ئاللاھنىڭ پەزل - كەرەمىگە قىلچىلىك ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى، پەزل - كەرەمنىڭ ھەممىسى يالغۇز ئاللاھنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇنى بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە بېرىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە قارىتا كاتتا پەزل - كەرەم ۋە كۆپ ئاتا - ئېھسان ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن، ئاللاھ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىلەرگە بەردى.

# مۇجادەلە سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

قَدۡ سَمِعَ ٱللَّهُ قَوۡلَ ٱلَّتِي تُجَٰدِلُكَ فِي زَوۡجِهَا وَتَشۡتَكِيٓ إِلَى ٱللَّهِ وَٱللَّهُ يَسۡمَعُ تَحَاوُرَكُمَآۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعُۢ بَصِيرٌ ١

1 - ئېرى ئەۋس ئىبنى سامىت توغرىسىدا سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن سەئلەبە بىنتى (قىزى) خەۋلەنىڭ سۆزىنى ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاڭلىدى. ئاللاھ ئەۋسنىڭ خەۋلەنى زىھار قىلىپ[1]: «سەن مەن ئۈچۈن ئانامنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشاش» دېگەنلىكىنى ۋە خەۋلەنىڭ ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ ئۆزىنى بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشىنى تىلىگەنلىكىنىمۇ ئاڭلىدى. ئاللاھ ئىككىڭلارنىڭ سۆزلەشكىنىڭلارنى ئاڭلاپ تۇردى. چۈنكى ئاللاھ ھەممە سۆزنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ئاللاھقا ھېچقانداق نەرسە مەخپىي ئەمەس.

ٱلَّذِينَ يُظَٰهِرُونَ مِنكُم مِّن نِّسَآئِهِم مَّا هُنَّ أُمَّهَٰتِهِمۡۖ إِنۡ أُمَّهَٰتُهُمۡ إِلَّا ٱلَّٰٓـِٔي وَلَدۡنَهُمۡۚ وَإِنَّهُمۡ لَيَقُولُونَ مُنكَرٗا مِّنَ ٱلۡقَوۡلِ وَزُورٗاۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَعَفُوٌّ غَفُورٞ ٢

2 - سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن ئاياللىرىنى (تالاق قىلىش ئۈچۈن) «سەن مەن ئۈچۈن (نىكاھ چۈشمەسلىكتە) ئانامنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشاش» دەپ زىھار قىلغانلار ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلدى ۋە شەرىئەتكە مۇخالىپەتچىلىك قىلدى مەزكۇر ئاياللىرى ھەقىقەتتە ئۇلارنىڭ ئانىلىرى ئەمەس، (بەلكى ئۇلارنىڭ ئاياللىرىدۇر) پەقەت ئۇلارنى تۇغقان ئاياللارلا ئۇلارنىڭ ئانىسىدۇر. ئاياللىرىنى زىھار قىلغۇچىلار ئەلۋەتتە يامان سۆزنى، يالغان سۆزنى قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ بۇنداق سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپ سەممىي تەۋبە قىلغانلارنى ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ گۇناھىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

وَٱلَّذِينَ يُظَٰهِرُونَ مِن نِّسَآئِهِمۡ ثُمَّ يَعُودُونَ لِمَا قَالُواْ فَتَحۡرِيرُ رَقَبَةٖ مِّن قَبۡلِ أَن يَتَمَآسَّاۚ ذَٰلِكُمۡ تُوعَظُونَ بِهِۦۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرٞ ٣

3 - ئاياللىنى زىھار قىلىپ ئۆزىگە ھارام قىلغان، ئاندىن ئېيتقان سۆزىگە پۇشايمان قىلغان ۋە ئاياللىنى ئۆزىگە قايتۇرۇۋېلىشقا بەل باغلىغان كىشىلەر ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى قىلمىشىنىڭ كاپارىتى ئۈچۈن بىر مۇسۇلمان قۇلنى ئازاد قىلىشى لازىم. بۇ ئاياللىنى زىھار قىلغان كىشىلەر ھەققىدىكى ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىدۇر. ئى ئىمان

[1] زىھار ئۈچۈن ئەھزاب سۈرىسىنىڭ 4 - ئايىتىگە بەت ئاستىدا بېرىلگەن ئىزاھاتقا قارالسۇن.

ئېيتقانلار! سىلەرنىڭ مۇشۇنداق ئىشنى قايتا سادىر قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە نەسىھەت قىلىنىۋاتىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر، ئاللاھقا ھېچقانداق ئىش مەخپىي ئەمەس، سىلەرگە ئەمەللىرىڭلارغا قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

فَمَن لَّمۡ يَجِدۡ فَصِيَامُ شَهۡرَيۡنِ مُتَتَابِعَيۡنِ مِن قَبۡلِ أَن يَتَمَآسَّاۖ فَمَن لَّمۡ يَسۡتَطِعۡ فَإِطۡعَامُ سِتِّينَ مِسۡكِينٗاۚ ذَٰلِكَ لِتُؤۡمِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦۚ وَتِلۡكَ حُدُودُ ٱللَّهِۗ وَلِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٤﴾

4 - ئازاد قىلىشقا قۇل تاپالمىغان ئادەم ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى، ئىككى ئاي ئارقا - ئارقىدىن روزا تۇتۇشى لازىم. يېتەرلىك ئۆزرىسى سەۋەبلىك ئىككى ئاي روزا تۇتۇشقا قادىر بولالمىغان ئادەم ئاتمىش پېقىرنى تويغۇچە بىر قېتىم غىزالاندۇرۇشى لازىم. زىھار توغرۇلۇق بىز بايان قىلغان بۇ ھۆكۈملەر ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشىڭلار، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگىشىشىڭلار، ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىشىڭلار ۋە جاھىلىيەتنىڭ ئادەتلىرىنى تاشلىشىڭلار ئۈچۈندۇر. بايان قىلىنغان بۇ ھۆكۈملەر ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر، ئۇنىڭدىن چەتنەپ كەتمەڭلار. بۇنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا قاتتىق ئازاب بار.

إِنَّ ٱلَّذِينَ يُحَآدُّونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ كُبِتُواْ كَمَا كُبِتَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡۚ وَقَدۡ أَنزَلۡنَآ ءَايَٰتِۭ بَيِّنَٰتٖۚ وَلِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابٞ مُّهِينٞ ﴿٥﴾

5 - شەكسىزكى، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىققانلار، ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغانلار، ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىققان ئۈممەتلەر رەسۋا قىلىنغاندەك رەسۋا قىلىنىدۇ، ئۇلار ھالاك قىلىنغاندەك ھالاك قىلىنىدۇ. بىز ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ۋە بەلگىلىمىلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئوپئوچۇق دالالەت قىلىدىغان روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق. بۇ ئايەتلەرنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا جەھەننەمدە خار قىلغۇچى ئازاب بار.

يَوۡمَ يَبۡعَثُهُمُ ٱللَّهُ جَمِيعٗا فَيُنَبِّئُهُم بِمَا عَمِلُوٓاْۚ أَحۡصَىٰهُ ٱللَّهُ وَنَسُوهُۚ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ شَهِيدٌ ﴿٦﴾

6 - ئى پەيغەمبەر! قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۆلۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى تىرىلدۈرۈپ، بۇرۇنقىلىرى بىلەن كېيىنكىلىرىنى بىر يەرگە توپلايدۇ، ئاندىن ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى - يامان ئەمەللىرىنى لەۋھۇلمەھپۇزغا خاتىرىلەنگەن بويىچە ئېيتىپ بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى نامە - ئەمال دەپتىرىگە خاتىرىلەپ قويغان، ئۇلار بولسا ئۇنى ئۇنتۇپ قالغان. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ ۋە كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسە مەخپىي ئەمەس.

أَلَمۡ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ يَعۡلَمُ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۖ مَا يَكُونُ مِن نَّجۡوَىٰ ثَلَٰثَةٍ إِلَّا هُوَ رَابِعُهُمۡ وَلَا خَمۡسَةٍ إِلَّا هُوَ سَادِسُهُمۡ وَلَآ أَدۡنَىٰ مِن ذَٰلِكَ وَلَآ أَكۡثَرَ إِلَّا هُوَ مَعَهُمۡ أَيۡنَ مَا كَانُواْۖ ثُمَّ يُنَبِّئُهُم بِمَا عَمِلُواْ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٌ ﴿٧﴾

7 - سەن ئاللاھنىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ئۈچ ئادەم پىچىرلىشىدىكەن، ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئىلمى ۋە قۇدرىتى بىلەن ئۇلارنىڭ تۆتىنچىسىدۇر. بەش ئادەم پىچىرلىشىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئالتىنچىسى ئەلۋەتتە ئاللاھتۇر، مەيلى ئۇنىڭدىن ئاز ئادەم ياكى كۆپ ئادەم پىچىرلاشسۇن، ئۇلار قەيەردە بولسۇن، ئاللاھ ھامان ئۇلار بىلەن بىللىدۇر، ئاللاھقا

ئۇلارنىڭ ھېچقانداق بىر ئىشى مەخپىي ئەمەستۇر. ئاندىن قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا ياخشى - يامان ئەمەللىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ ۋە ئۇلارغا ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا مەخپىي ئەمەس.

أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ نُهُوا۟ عَنِ ٱلنَّجْوَىٰ ثُمَّ يَعُودُونَ لِمَا نُهُوا۟ عَنْهُ وَيَتَنَٰجَوْنَ بِٱلْإِثْمِ وَٱلْعُدْوَٰنِ وَمَعْصِيَتِ ٱلرَّسُولِ وَإِذَا جَآءُوكَ حَيَّوْكَ بِمَا لَمْ يُحَيِّكَ بِهِ ٱللَّهُ وَيَقُولُونَ فِىٓ أَنفُسِهِمْ لَوْلَا يُعَذِّبُنَا ٱللَّهُ بِمَا نَقُولُ ۚ حَسْبُهُمْ جَهَنَّمُ يَصْلَوْنَهَا ۖ فَبِئْسَ ٱلْمَصِيرُ ﴿٨﴾

8 - (ئى پەيغەمبەر!) مۆئمىنلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدە شەك قوزغايدىغان گەپ - سۆزلەر بىلەم پىچىرلىشىشتىن مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇزلىرى مەنئى قىلىنغان بۇ ئىشقا قايتىۋالغان، گۇناھ قىلىش، دۈشمەنلىك قىلىش ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش ھەققىدە پىچىرلاشقان يەھۇدىيلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇ يەھۇدىيلار سېنىڭ يېنىڭغا كەلگەندە، ئاللاھ ساڭا سالام قىلغان «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەي، «ئەسسامۇ ئەلەيكۇم» يەنى (سىلەرگە ئۆلۈم كەلسۇن) دېگەن سۆزلەر بىلەن سالام قىلىدۇ، ئۇلار ئۆز ئارىسىدا: «ئەگەر مۇھەممەد راست پەيغەمبەر بولىدىغان بولسا، ئاللاھ بۇ سۆزىمىز تۈپەيلىدىن بىزنى جازالىماسمىدى؟» دەيدۇ، دوزاخ ئۇلارغا يېتەرلىك جازادۇر، ئۇلار دوزاخقا كىرىدۇ، ئۇنىڭ قاتتىق ھارارەتلىك ئازابىنى تېتىيدۇ، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي!

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِذَا تَنَٰجَيْتُمْ فَلَا تَتَنَٰجَوْا۟ بِٱلْإِثْمِ وَٱلْعُدْوَٰنِ وَمَعْصِيَتِ ٱلرَّسُولِ وَتَنَٰجَوْا۟ بِٱلْبِرِّ وَٱلتَّقْوَىٰ ۖ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ ٱلَّذِىٓ إِلَيْهِ تُحْشَرُونَ ﴿٩﴾

9 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! سىلەر ئۆز ئاراڭلاردا پىچىرلاشساڭلار گۇناھ بولىدىغان ياكى باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆزلەر بىلەن ۋەياكى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش توغرىسىدا پىچىرلاشماڭلار، ياخشىلىق، تەقۋالىق ھەققىدە پىچىرلىشىڭلار، ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىدىن يېنىش بىلەن ئۇنىڭغا تەقۋالىق قىلىڭلار، ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقۇڭلار. سىلەر بارلىق ئەمەلىڭلار ۋە گەپ - سۆزلىرىڭلار بىلەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ بارچە ئەمەلىڭلارنى ساناپ قويغان بولۇپ، شۇنىڭغا ئاساسەن، سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

إِنَّمَا ٱلنَّجْوَىٰ مِنَ ٱلشَّيْطَٰنِ لِيَحْزُنَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَلَيْسَ بِضَآرِّهِمْ شَيْـًٔا إِلَّا بِإِذْنِ ٱللَّهِ ۚ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ ٱلْمُؤْمِنُونَ ﴿١٠﴾

10 - گۇناھ ۋە دۈشمەنلىك قىلىش توغرىسىدا پىچىرلىشىش شەيتاننىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن بولىدۇ. چۈنكى شەيتان مۆئمىنلەرنى قايغۇغا سېلىش ئۈچۈن، بەزى كىشىلەرگە مۇشۇنداق پىچىرلىشىشنى چىرايلىق كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىدۇ. ئۇلار بۇنداق پىچىرلىشىش بىلەن مۆئمىنلەرگە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، پەقەتلا ئاللاھ ئىرادە قىلغان ئىش بولىدۇ. شۇڭا، مۆئمىنلەر ھەممە ئىشلىرىنى ئاللاھقا تاپشۇرسۇن.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِذَا قِيلَ لَكُمْ تَفَسَّحُوا۟ فِى ٱلْمَجَٰلِسِ فَٱفْسَحُوا۟ يَفْسَحِ ٱللَّهُ لَكُمْ ۖ وَإِذَا

قِيلَ ٱنشُزُواْ فَٱنشُزُواْ يَرۡفَعِ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنكُمۡ وَٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡعِلۡمَ دَرَجَٰتٖۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرٞ ﴿١١﴾

11 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! ئەگەر سورۇندا سىلەرگە: «بىر - بىرىڭلارغا ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار» دېيىلسە، سىلەر دەرھال ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە كەڭ ئورۇن بېرىدۇ. ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەر ئۇچۇن ياخشىلىق بولغان ھەرقانداق بىر ئىشتا سىلەر: «ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار» دېيىلسە، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار، ئاللاھ ئاراڭلاردىكى ئىخلاسمەن مۇئمىنلەرنىڭ ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ جەننەتتىكى مەرتىۋىسىنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر، ئاللاھقا ھېچقانداق نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر، ئاللاھ سىلەرگە ئەمەلىڭلارغا يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. (بۇ ئايەتتە ئۆلىمالارنىڭ ئورنى، دەرىجىسى ۋە شان - شەرىپىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىنغان).

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا نَٰجَيۡتُمُ ٱلرَّسُولَ فَقَدِّمُواْ بَيۡنَ يَدَيۡ نَجۡوَىٰكُمۡ صَدَقَةٗۚ ذَٰلِكَ خَيۡرٞ لَّكُمۡ وَأَطۡهَرُۚ فَإِن لَّمۡ تَجِدُواْ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٌ ﴿١٢﴾

12 - ئى ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! پەيغەمبەر بىلەن يالغۇز مۇڭداشماقچى بولساڭلار، ئالدى بىلەن يوقسۇللارغا سەدىقە بېرىڭلار. بۇ سىلەرگە ساۋاب بولىدىغان ياخشى ئىشتۇر ۋە دىلىڭلارنى گۇناھتىن پاكلايدىغان ئەمەلدۇر. ئەگەر سەدىقە قىلىدىغان نەرسە تاپالمىساڭلار، سىلەرگە گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ مۇئمىن بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا بەكمۇ مېھرىباندۇر.

ءَأَشۡفَقۡتُمۡ أَن تُقَدِّمُواْ بَيۡنَ يَدَيۡ نَجۡوَىٰكُمۡ صَدَقَٰتٖۚ فَإِذۡ لَمۡ تَفۡعَلُواْ وَتَابَ ٱللَّهُ عَلَيۡكُمۡ فَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ وَأَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥۚ وَٱللَّهُ خَبِيرُۢ بِمَا تَعۡمَلُونَ ﴿١٣﴾

13 - سىلەر رەسۇلۇللاھ بىلەن مۇڭدىشىشتىن ئىلگىرى سەدىقە بېرىش بىلەن نامرات بولۇپ قېلىشتىن قورقتۇڭلارمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا سىلەر سەدىقە بەرمىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ئەپۇ قىلدى. سەدىقە بەرمەسلىكنى سىلەرگە رۇخسەت قىلدى. شۇڭا، سىلەر نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىشنى، زاكات بېرىشنى، ھەر ئىشتا ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇڭلار، بۇنىڭدا چىڭ تۇرۇڭلار. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر، شۇنىڭغا قاراپ سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

۞ أَلَمۡ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ تَوَلَّوۡاْ قَوۡمًا غَضِبَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِم مَّا هُم مِّنكُمۡ وَلَا مِنۡهُمۡ وَيَحۡلِفُونَ عَلَى ٱلۡكَذِبِ وَهُمۡ يَعۡلَمُونَ ﴿١٤﴾

14 - سەن ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان يەھۇدىيلارنى دوست تۇتقان مۇناپىقلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ مۇناپىقلار ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدىن ئەمەس، ئۇلار يەھۇدىيلارنىڭ قاتارىدىنمۇ ئەمەس. ئۇلار يالغاندىن قەسەم قىلىپ ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەۋالىدۇ. ئى پەيغەمبەر! سەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىسەن. مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ قەسەم قىلىدۇ.

أَعَدَّ ٱللَّهُ لَهُمۡ عَذَابٗا شَدِيدًاۖ إِنَّهُمۡ سَآءَ مَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿١٥﴾

15 ـ ئاللاھ ئاشۇ مۇناپىقلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدى. ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقى ۋە يالغانغا قەسەم قىلىش قاتارلىق قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!

ٱتَّخَذُوٓاْ أَيۡمَٰنَهُمۡ جُنَّةٗ فَصَدُّواْ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ فَلَهُمۡ عَذَابٞ مُّهِينٞ ﴿١٦﴾

16 ـ ئۇ مۇناپىقلار بۇزغۇنچىلىقى ۋە كاپىرلىقى سەۋەبلىك ئۆلتۈرۈلۈشتىن ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش، مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشتىن ۋە ماللىرىنى مۇسادىرە قىلىشتىن توسۇش ئۈچۈن، يالغان قەسەملىرىنى قالقان قىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنى ۋە باشقىلارنى ئاللاھنىڭ يولى بولغان ئىسلامدىن توستى. شۇڭا ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقانلىقى ۋە كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرەتتە خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

لَّن تُغۡنِيَ عَنۡهُمۡ أَمۡوَٰلُهُمۡ وَلَآ أَوۡلَٰدُهُم مِّنَ ٱللَّهِ شَيۡـًٔاۚ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿١٧﴾

17 ـ مۇناپىقلارنىڭ پۇل ـ ماللىرى، بالىلىرى ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قىلچە توسۇپ قالالمايدۇ، ئۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاختا تاشلىنىدۇ ۋە دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ھەرگىز چىقالمايدۇ. بۇ جازا كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىدىن توسقان كاپىرلارنىڭ ھەممىسىگە بولىدۇ.

يَوۡمَ يَبۡعَثُهُمُ ٱللَّهُ جَمِيعٗا فَيَحۡلِفُونَ لَهُۥ كَمَا يَحۡلِفُونَ لَكُمۡ وَيَحۡسَبُونَ أَنَّهُمۡ عَلَىٰ شَيۡءٍۚ أَلَآ إِنَّهُمۡ هُمُ ٱلۡكَٰذِبُونَ ﴿١٨﴾

18 ـ قىيامەت كۈنى ئاللاھ مۇناپىقلارنىڭ ھەممىسىنى تىرىلدۈرۈپ قەبرىلىرىدىن چىقىرىدۇ. ئى مۇئمىنلەر! ئۇ مۇناپىقلار دۇنيادىكى ۋاقتىدا سىلەرگە: «بىز مۇسۇلمانمىز» دەپ يالغاندىن قەسەم ئىچكەندەك، ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئالدىدىمۇ «بىز مۇسۇلمان ئىدۇق» دەپ قەسەم قىلىدۇ. مۇناپىقلار بۇنداق قەسەم قىلىشنى ئۆزىگە پايدىلىق دەپ ئويلايدۇ، دۇنيادا مۇسۇلمانلارنى يالغان قەسەم بىلەن ئىشەندۈرگەندەك ئاللاھنىمۇ ئىشەندۈرىمىز دەپ خام خىيال قىلىشىدۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى، مۇناپىقلار ھەقىقەتەن يالغانچىلاردۇر.

ٱسۡتَحۡوَذَ عَلَيۡهِمُ ٱلشَّيۡطَٰنُ فَأَنسَىٰهُمۡ ذِكۡرَ ٱللَّهِۚ أُوْلَٰٓئِكَ حِزۡبُ ٱلشَّيۡطَٰنِۚ أَلَآ إِنَّ حِزۡبَ ٱلشَّيۡطَٰنِ هُمُ ٱلۡخَٰسِرُونَ ﴿١٩﴾

19 ـ شەيتان ئۇلارغا غالىب كەلدى ۋە ئۇلارنى تىزگىنلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلىشتىن ۋاز كەچتى. شۇڭا ئۇلار شەيتاننىڭ قوشۇنىدۇر، شەيتاننىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدۇر. بىلىڭلاركى، شەيتاننىڭ قوشۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ يُحَآدُّونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥٓ أُوْلَٰٓئِكَ فِي ٱلۡأَذَلِّينَ ﴿٢٠﴾

20 ـ شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەڭ خار ۋە ئەڭ رەزىل ئىنسانلار قاتارىدا بولىدۇ.

كَتَبَ ٱللَّهُ لَأَغۡلِبَنَّ أَنَا۠ وَرُسُلِيٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ قَوِيٌّ عَزِيزٞ ﴿٢١﴾

21 ـ ئاللاھ لەۋھۇلمەھپۇزغا: «مەن چوقۇم غەلىبە قىلىمەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىمۇ چوقۇم

غەلىبە قىلىدۇ» دەپ يېزىۋەتكەن ۋە : «غەلىبە ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان قۇرئانغا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ھەقىقىي مۇئمىنلەرگە خاستۇر» دەپ ھۆكۈم قىلغان. ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، ھەممىگە غالىبتۇر.

لَّا تَجِدُ قَوْمًا يُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِ يُوَآدُّونَ مَنْ حَآدَّ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَلَوْ كَانُوٓا۟ ءَابَآءَهُمْ أَوْ أَبْنَآءَهُمْ أَوْ إِخْوَٰنَهُمْ أَوْ عَشِيرَتَهُمْ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ كَتَبَ فِى قُلُوبِهِمُ ٱلْإِيمَٰنَ وَأَيَّدَهُم بِرُوحٍ مِّنْهُ ۖ وَيُدْخِلُهُمْ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا ۚ رَضِىَ ٱللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا۟ عَنْهُ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ حِزْبُ ٱللَّهِ ۚ أَلَآ إِنَّ حِزْبَ ٱللَّهِ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ ﴿٢٢﴾

22 - ئى پەيغەمبەر! ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان بىر قەۋمنىڭ ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە دۈشمەنلىك قىلغۇچىلارنى — ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، ياكى قېرىنداشلىرى، ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ — ئۆزلىرىگە دوست قىلىۋالغانلىقىنى كۆرمەيسەن. ئاللاھ ئۇچۇن ياخشى كۆرىدىغان، ئاللاھ ئۈچۈن دۈشمەن بولىدىغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ئاللاھ ئىماننى مەھكەم قىلدى ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان مەدەت بىلەن ئۇلارنى دۈشمەنلىرىگە غالىب قىلىپ كۈچلەندۈردى، ئاللاھ ئۇلارنى قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل - دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارغا قەتئىي غەزەپ قىلمايدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھ ئاتا قىلغان كاتتا مەرتىۋە ۋە ئالىي مۇكاپاتلاردىن مەمنۇن بولىدۇ. ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ قوشۇنىدۇر، ئاللاھنىڭ دوستلىرىدۇر. ئەنە شۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادەتلىرىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر.

# ھەشر سۈرىسى

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

سَبَّحَ لِلَّهِ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ ۖ وَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿١﴾

1 - ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنى بارچە نالايىق سۈپەتلەردىن پاك دەپ تەرىپلەپ، ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتتى. ئاللاھ مۇتلەق غالىبتۇر، ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ، ئىشلارنى تەقدىر قىلىشتا، شەرىئەت بەلگىلەشتە، بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ۋە ھۆكۈم قىلىشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

هُوَ ٱلَّذِىٓ أَخْرَجَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِنْ أَهْلِ ٱلْكِتَٰبِ مِن دِيَٰرِهِمْ لِأَوَّلِ ٱلْحَشْرِ ۚ مَا ظَنَنتُمْ أَن يَخْرُجُوا۟ ۖ وَظَنُّوٓا۟ أَنَّهُم مَّانِعَتُهُمْ حُصُونُهُم مِّنَ ٱللَّهِ فَأَتَىٰهُمُ ٱللَّهُ مِنْ حَيْثُ لَمْ يَحْتَسِبُوا۟ ۖ وَقَذَفَ فِى قُلُوبِهِمُ ٱلرُّعْبَ ۚ يُخْرِبُونَ بُيُوتَهُم بِأَيْدِيهِمْ وَأَيْدِى ٱلْمُؤْمِنِينَ فَٱعْتَبِرُوا۟ يَٰٓأُو۟لِى ٱلْأَبْصَٰرِ ﴿٢﴾

2 - ئاللاھ ئەھلى كىتابتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغان بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنى، مەدىنىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلارغا قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان جايلىرىدىن ھەيدەپ چىقارغان زاتتۇر. بۇ تۇنجى قېتىملىق سۈرگۈن بولۇپ، يەھۇدىيلار مەدىنىدىن شامغا سۈرگۈن قىلىنغان ئىدى. ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىدىن سىلەر ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن بۇنداق خار بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىمىغان ئىدىڭلار، يەھۇدىيلارمۇ قورغانلىرىمىز بىزنى ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قوغداپ قالىدۇ، بىزگە ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى. ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئازابى ئۇلار ئويلىمىغان يەردىن كەلدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قاتتىق قورقۇنچ ۋە ئەندىشە سالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆيلىرىنى ئۆز قوللىرى بىلەن ۋە مۇئمىنلەرنىڭ قوللىرى بىلەن بۇزۇپ تاشلىدى. ئى ئەقلى ئۆتكۈر، پىكرى ساغلام كىشىلەر! يەھۇدىيلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ جازادىن ئىبرەت ئېلىڭلار.

وَلَوْلَآ أَن كَتَبَ ٱللَّهُ عَلَيْهِمُ ٱلْجَلَآءَ لَعَذَّبَهُمْ فِى ٱلدُّنْيَا ۖ وَلَهُمْ فِى ٱلْءَاخِرَةِ عَذَابُ ٱلنَّارِ ﴿٣﴾

3 - ئەگەر ئاللاھ ئۇلارغا يۇرتلىرىدىن ھەيدىلىشىنى پۈتۈۋەتمىگەن تەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە ئۇلارنى بۇ دۇنيادا ئۆلتۈرۈش ۋە ئەسىرگە ئېلىش بىلەن ئازابلايتتى. ئۇلارغا ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابى بار.

ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ شَآقُّوا۟ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ ۖ وَمَن يُشَآقِّ ٱللَّهَ فَإِنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ ﴿٤﴾

4 - يەھۇدىيلارنىڭ دۇنيادا ئۆز يۇرتىدىن سۈرگۈن قىلىنىشى ۋە ئاخىرەتتە ئازابقا قېلىشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىنتايىن قاتتىق مۇخالىپەتچىلىك قىلدى، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچتى ۋە ئۇلارنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلدى. كىمكى

ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، شەك - شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ.

مَا قَطَعْتُم مِّن لِّينَةٍ أَوْ تَرَكْتُمُوهَا قَآئِمَةً عَلَىٰٓ أُصُولِهَا فَبِإِذْنِ ٱللَّهِ وَلِيُخْزِىَ ٱلْفَٰسِقِينَ ﴿٥﴾

5 - ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر خورما دەرەخلىرىدىن قانداقلا بىرىنى كەسكەن بولۇڭلار ياكى ئۇنىڭغا چېقىلماي بۇرۇنقى ھالىتى بويىچە ئۆز غولىدا ئۆرە قالدۇرغان بولۇڭلار، بۇنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغاندۇر. بۇنداق قىلىش ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان ۋە ئۇنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلغانلارنى رەسۋا قىلىش ئۈچۈندۇر. شۇڭا ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ سىلەرنى ئۇلارغا مۇسەللەت قىلدى - دە، سىلەر ئۇلارنىڭ خورما دەرەخلىرىنى كەستىڭلار ۋە كۆتەكلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدىڭلار.

وَمَآ أَفَآءَ ٱللَّهُ عَلَىٰ رَسُولِهِۦ مِنْهُمْ فَمَآ أَوْجَفْتُمْ عَلَيْهِ مِنْ خَيْلٍ وَلَا رِكَابٍ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يُسَلِّطُ رُسُلَهُۥ عَلَىٰ مَن يَشَآءُ ۚ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿٦﴾

6 - ئاللاھ پەيغەمبىرىگە نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ مال - مۈلۈكىدىن ئۇرۇشسىز غەنىيمەت قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى سىلەر ئات - تۆگىلەر بىلەن چېپىپ يۈرۈپ قولغا كەلتۈرگەن ئەمەس. لېكىن، ئاللاھ پەيغەمبەرلىرىنى دۈشمەنلىرىدىن ئۆزى خالىغان ئادەملەرنىڭ ئۈستىگە سالىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مال - مۈلۈكنى ئۇرۇشسىزلا تاپشۇرىدۇ. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر، ئاللاھنى ھېچقانداق نەرسە ئاجىز قىلالمايدۇ.

مَّآ أَفَآءَ ٱللَّهُ عَلَىٰ رَسُولِهِۦ مِنْ أَهْلِ ٱلْقُرَىٰ فَلِلَّهِ وَلِلرَّسُولِ وَلِذِى ٱلْقُرْبَىٰ وَٱلْيَتَٰمَىٰ وَٱلْمَسَٰكِينِ وَٱبْنِ ٱلسَّبِيلِ كَىْ لَا يَكُونَ دُولَةًۢ بَيْنَ ٱلْأَغْنِيَآءِ مِنكُمْ ۚ وَمَآ ءَاتَىٰكُمُ ٱلرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَىٰكُمْ عَنْهُ فَٱنتَهُوا۟ ۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ ۖ إِنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ ﴿٧﴾

7 - ئاللاھ شەھەر ئەھلى بولغان مۇشرىكلارنىڭ مال - مۈلۈكىدىن سىلەرگە ئۇرۇشسىز غەنىيمەت قىلىپ بەرگەن نەرسىلەر ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھەققىدۇر. ئۇ غەنىيمەت مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىغا (ھاشىم ۋە مۇتتەلىب ئەۋلادىغا)، يېتىملەرگە (بالاغەتكە يەتمەستىن ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەن بالىلارغا)، ھېچ نەرسىسى يوق يوقسۇللارغا، يول خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا بېرىلىدۇ. بۇ، پۇل - مالنىڭ بايلارنىڭ ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، يوقسۇللارنىڭ ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىنماسلىقى ئۈچۈندۇر. پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەن پۇل - مالنى ئېلىڭلار، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى قوبۇل قىلىڭلار، پەيغەمبەر ئېلىشتىن ياكى قىلىشتىن چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، ئۇنىڭ جازاسىدىن قورقۇڭلار. ئۇنتۇماڭلاركى، ئاسىيلىق قىلغانلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر. (بۇ ئايەت گەپ - سۆزدە ۋە ئىش - ھەرىكەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگىشىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ).

لِلْفُقَرَآءِ ٱلْمُهَٰجِرِينَ ٱلَّذِينَ أُخْرِجُوا۟ مِن دِيَٰرِهِمْ وَأَمْوَٰلِهِمْ يَبْتَغُونَ فَضْلًا مِّنَ ٱللَّهِ وَرِضْوَٰنًا وَيَنصُرُونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥٓ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلصَّٰدِقُونَ ﴿٨﴾

8 - شۇنىڭدەك، ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ئۇرۇشسىز ئاتا قىلغان غەنىيمەتنىڭ بىر قىسمى كاپىرلارنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرى تۈپەيلىدىن، يۇرتىنى، مال - مۈلۈكنى تاشلاپ،

ئاللاھنىڭ بۇ دۇنيادا رىزىق بېرىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئاخىرەتتە جەننەتنى نېسىپ قىلىشىنى تىلەپ، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ دىنىغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن مەككىدىن ھىجرەت قىلغان يوقسۇل مۇھاجىرلارغا بېرىلىدۇ. ئەنە شۇلار سۆزى بىلەن ئەمەلىيىتى بىردەك بولغان ۋە ئىمانىدا راستچىل كىشىلەردۇر.

وَٱلَّذِينَ تَبَوَّءُو ٱلدَّارَ وَٱلْإِيمَـٰنَ مِن قَبْلِهِمْ يُحِبُّونَ مَنْ هَاجَرَ إِلَيْهِمْ وَلَا يَجِدُونَ فِى صُدُورِهِمْ حَاجَةً مِّمَّآ أُوتُوا۟ وَيُؤْثِرُونَ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمْ وَلَوْ كَانَ بِهِمْ خَصَاصَةٌ ۚ وَمَن يُوقَ شُحَّ نَفْسِهِۦ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ ﴿٩﴾

9 - مۇھاجىرلار ھىجرەت قىلىشتىن بۇرۇن مەدىنىدە يەرلىشىپ قالغان ۋە ئىمان ئېيتقان ئەنسارلار ئۆزلىرىنىڭ يېنىغا كەلگەن مۇھاجىرلارنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارغا پۇل - مال ياردەم قىلىدۇ، ئۇرۇشسىز قولغا كەلگەن غەنىيمەتلەردىن ۋە باشقا ياردەملەردىن ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن كۆڭۈللىرىدە چىدىماسلىق ھېس قىلمايدۇ ۋە ئۆزلىرى پۇل - مالغا موھتاج تۇرۇقلۇق ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ. ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ۋە ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن ئاشقان نەرسىلەرنى يوقسۇللارغا بېرىشكە بېخىللىق قىلىشتىن ساقلانغان كىشىلەر مۇرادىغا يېتىدىغان كىشىلەردۇر.

وَٱلَّذِينَ جَآءُو مِنۢ بَعْدِهِمْ يَقُولُونَ رَبَّنَا ٱغْفِرْ لَنَا وَلِإِخْوَٰنِنَا ٱلَّذِينَ سَبَقُونَا بِٱلْإِيمَـٰنِ وَلَا تَجْعَلْ فِى قُلُوبِنَا غِلًّا لِّلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ رَبَّنَآ إِنَّكَ رَءُوفٌ رَّحِيمٌ ﴿١٠﴾

10 - مۇھاجىرلاردىن ۋە ئەنسارلاردىن كېيىن كەلگەن مۆئمىنلەر: «ئى رەببىمىز! بىزنىڭ ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆئمىنلەردىن بىرەرسىگە قارشى دۈشمەنلىك ۋە ھەسەت پەيدا قىلمىغىن، ئى رەببىمىز! شەكسىزكى، سەن مۆئمىن بەندىلىرىڭگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ناھايىتى كەڭ رەھمەت ئاتا قىلغۇچىسەن» دەيدۇ. (بۇ ئايەت مۆئمىن ئادەمنىڭ بۇرۇنقى مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىشى، ئۇلارغا دۇئا قىلىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى سۆيۈشى لازىملىقىغا دالالەت قىلىدۇ).

۞ أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ نَافَقُوا۟ يَقُولُونَ لِإِخْوَٰنِهِمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِنْ أَهْلِ ٱلْكِتَـٰبِ لَئِنْ أُخْرِجْتُمْ لَنَخْرُجَنَّ مَعَكُمْ وَلَا نُطِيعُ فِيكُمْ أَحَدًا أَبَدًا وَإِن قُوتِلْتُمْ لَنَنصُرَنَّكُمْ وَٱللَّهُ يَشْهَدُ إِنَّهُمْ لَكَـٰذِبُونَ ﴿١١﴾

11 - ئى پەيغەمبەر! مۇناپىقلارنىڭ بەنى نەزىر قەبىلىسىدىكى يەھۇدىي دوستلىرىغا: «ئەگەر مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن چىقىرىۋەتسە، بىزمۇ ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىللە چىقىپ كېتىمىز، ھەرگىز سىلەرنىڭ زىيىنىڭلار ھېسابىغا باشقا بىر ئادەمگە ئىتائەت قىلمايمىز. ئەگەر سىلەرگە ئۇرۇش ئېچىلسا، بىز چوقۇم سىلەرگە ياردەم قىلىمىز» دېيىشكەنلىكىگە قارىمىدىڭمۇ؟ ئاللاھ گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، مۇناپىقلار بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىغا بەرگەن ۋەدىسىدە شەكسىز يالغانچىلاردۇر.

لَئِنْ أُخْرِجُوا۟ لَا يَخْرُجُونَ مَعَهُمْ وَلَئِن قُوتِلُوا۟ لَا يَنصُرُونَهُمْ وَلَئِن نَّصَرُوهُمْ لَيُوَلُّنَّ ٱلْأَدْبَـٰرَ ثُمَّ لَا يُنصَرُونَ ﴿١٢﴾

12 - شەكسىزكى، ئەگەر يەھۇدىيلار مەدىنىدىن ھەيدەپ چىقىرىلسا، مۇناپىقلار ئۇلار بىلەن

بىللە چىقمايدۇ، ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشقا كىرسە، مۇناپىقلار ھەرگىز ئۆزلىرى ۋەدە قىلغاندەك ئۇلار بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلمايدۇ، ئۇلار بىلەن بىللە ئۇرۇشقا كىرگەن تەقدىردىمۇ يېڭىلىپ ئارقىسىغا قاراپ قاچىدۇ، ئاندىن ئۇلارغا ھەرگىز ياردەم بەرمەيدۇ، بەلكى ئۇلارنى تاشلىۋېتىدۇ.

لَأَنتُمۡ أَشَدُّ رَهۡبَةً فِي صُدُورِهِم مِّنَ ٱللَّهِۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ قَوۡمٌ لَّا يَفۡقَهُونَ ﴿١٣﴾

13 - ئى مۇئمىنلەر! يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلارنىڭ دىللىرىدىكى سىلەردىن قورقۇش تۇيغۇسى ئاللاھتىن قورقۇشتىنمۇ چوڭ ۋە قاتتىقتۇر. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى چۈشەنمەيدىغان، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقمايدىغان قەۋمدۇر.

لَا يُقَٰتِلُونَكُمۡ جَمِيعًا إِلَّا فِي قُرًى مُّحَصَّنَةٍ أَوۡ مِن وَرَآءِ جُدُرِۭۚ بَأۡسُهُم بَيۡنَهُمۡ شَدِيدٞۚ تَحۡسَبُهُمۡ جَمِيعًا وَقُلُوبُهُمۡ شَتَّىٰۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ قَوۡمٞ لَّا يَعۡقِلُونَ ﴿١٤﴾

14 - يەھۇدىيلار پەقەت قورغان ئىچىدە ياكى تاملارنىڭ ئارقىسىدا تۇرغاندىلا، ئاندىن سىلەرگە قارشى بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلالايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ توخۇ يۈرەكلىكىدىن ۋە دىللىرىغا سىڭىپ كەتكەن قورقۇنچاقلىقىدىندۇر. ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئاداۋەتلىرى تېخىمۇ قاتتىقتۇر، سەن ئۇلارنى ئۇيۇم دەپ ئويلاپ قالىسەن، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ دىللىرى تارقاقتۇر، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرى توغرۇلۇق ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغان، ئۇنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلمايدىغان قەۋمدۇر.

كَمَثَلِ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡ قَرِيبٗاۖ ذَاقُواْ وَبَالَ أَمۡرِهِمۡ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿١٥﴾

15 - ئاشۇ يەھۇدىيلارغا چۈشكەن ئازاب مۇشرىكلار بەدرى ئۇرۇشىدا تېتىغان ۋە قەينۇقا يەھۇدىيلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازابلارغا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۇلار كاپىرلىقىنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەنلىك قىلغانلىقىنىڭ جازاسىنى بۇ دۇنيادا تېتىدى، ئۇلارغا ئاخىرەتتە بەكمۇ قاتتىق ئازاب بار.

كَمَثَلِ ٱلشَّيۡطَٰنِ إِذۡ قَالَ لِلۡإِنسَٰنِ ٱكۡفُرۡ فَلَمَّا كَفَرَ قَالَ إِنِّي بَرِيٓءٞ مِّنكَ إِنِّيٓ أَخَافُ ٱللَّهَ رَبَّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٦﴾

16 - ئاشۇ مۇناپىقلارنىڭ يەھۇدىيلارنى ئۇرۇشقا قىزىقتۇرۇشى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇلارغا غەلىبىنى ۋەدە قىلىشى خۇددى ئىنسانغا كاپىرلىقنى چىرايلىق كۆرسىتىپ، ئۇنى كاپىر بولۇشقا دەۋەت قىلىپ، ئاندىن ئۇ ئىنسان كاپىر بولغان چاغدا: «مېنىڭ سەن بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتىم يوق، مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھتىن قورقىمەن» دېگەن شەيتانغا ئوخشايدۇ.

فَكَانَ عَٰقِبَتَهُمَآ أَنَّهُمَا فِي ٱلنَّارِ خَٰلِدَيۡنِ فِيهَاۚ وَذَٰلِكَ جَزَٰٓؤُاْ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٧﴾

17 - شەيتان بىلەن ئۇ شەيتانغا ئىتائەت قىلىپ كاپىر بولغان ئىنسان ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئاقىۋىتى بىرلىكتە دوزاخقا كىرىش ۋە دوزاختا مەڭگۈ قېلىشتىن ئىبارەت بولدى. مانا بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن چەتنەپ كەتكۈچىلەرنىڭ جازاسىدۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَلۡتَنظُرۡ نَفۡسٞ مَّا قَدَّمَتۡ لِغَدٖۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ خَبِيرُۢ بِمَا تَعۡمَلُونَ ﴿١٨﴾

18 - ئى ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىڭلار. ھەركىم ئۆزىنىڭ قىيامەت ئۈچۈن قانداق ئەمەللەرنى قىلىپ تەييارلانغانلىقىنى ئويلىسۇن، سىلەر قىلغان ۋە تەرك ئەتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئاللاھتىن قورقۇڭلار. چۈنكى ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر، سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلاردىن ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا مەخپىي ئەمەستۇر، ئاللاھ سىلەرگە ئەمەلىڭلارغا يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

وَلَا تَكُونُوا۟ كَٱلَّذِينَ نَسُوا۟ ٱللَّهَ فَأَنسَىٰهُمْ أَنفُسَهُمْ ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْفَـٰسِقُونَ ﴿١٩﴾

19 - ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ھەرگىز ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشنى تەرك ئەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۆزلىرىنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتىن مەھرۇم قىلغان كىشىلەردەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن چەتنەپ كەتكەن پاسىقلاردۇر.

لَا يَسْتَوِىٓ أَصْحَـٰبُ ٱلنَّارِ وَأَصْحَـٰبُ ٱلْجَنَّةِ ۚ أَصْحَـٰبُ ٱلْجَنَّةِ هُمُ ٱلْفَآئِزُونَ ﴿٢٠﴾

20 - دوزاختا ئازابلىنىدىغان دوزاخ ئەھلى بىلەن جەننەتتە نېمەتلىنىدىغان جەننەت ئەھلى باراۋەر بولمايدۇ، جەننەت ئەھلى بولسا تىلىگەنلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشكەن، بارچە يامانلىقلاردىن ساقلىنىپ قالغان كىشىلەردۇر.

لَوْ أَنزَلْنَا هَـٰذَا ٱلْقُرْءَانَ عَلَىٰ جَبَلٍ لَّرَأَيْتَهُۥ خَـٰشِعًا مُّتَصَدِّعًا مِّنْ خَشْيَةِ ٱللَّهِ ۚ وَتِلْكَ ٱلْأَمْثَـٰلُ نَضْرِبُهَا لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٢١﴾

21 - ئەگەر بىز بۇ قۇرئاننى تاغلاردىن بىرەر تاغقا نازىل قىلغان بولساق، ئۇ قۇرئاندىكى ھەقىقەتلەرنى چۈشەنگەن بولسا، سەن ئەلۋەتتە، ئۇ تاغنىڭ ئاللاھتىن قورقۇپ، ئۆزىنىڭ شۇنچە مەزمۇت ۋە شۇنچە قاتتىق ئىكەنلىكىگە قارىماي كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھقا باش ئەگكەنلىكىنى ۋە يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ، بىز بۇ مىساللارنى ئىنسانلار ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتى ۋە ئۇلۇغلۇقى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلسۇن دەپ، ئۇلارغا بايان قىلىپ بېرىۋاتىمىز. (بۇ ئايەتتە قۇرئاننى تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇشقا، ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشقا تەشەببۇس قىلىنغان).

هُوَ ٱللَّهُ ٱلَّذِى لَآ إِلَـٰهَ إِلَّا هُوَ ۖ عَـٰلِمُ ٱلْغَيْبِ وَٱلشَّهَـٰدَةِ ۖ هُوَ ٱلرَّحْمَـٰنُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٢٢﴾

22 - ئاللاھ ھەقىقىي مەبۇدتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا تائەت-ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ يوشۇرۇننى، ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، كۆرۈنمەيدىغان نەرسىلەرنى ۋە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان نەرسىلەرنى بىلگۈچىدۇر. ئاللاھ رەھمىتى ھەممىگە ئومۇمىي بولغان ناھايىتى مېھرىبان ۋە مۇئمىن بەندىلىرىگە ناھايىتى رەھىم - شەپقەتلىك زاتتۇر.

هُوَ ٱللَّهُ ٱلَّذِى لَآ إِلَـٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلْمَلِكُ ٱلْقُدُّوسُ ٱلسَّلَـٰمُ ٱلْمُؤْمِنُ ٱلْمُهَيْمِنُ ٱلْعَزِيزُ ٱلْجَبَّارُ ٱلْمُتَكَبِّرُ ۚ سُبْحَـٰنَ ٱللَّهِ عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴿٢٣﴾

23 - ئاللاھ ھەقىقىي مەبۇدتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ ھەممىنىڭ ئىگىسى، ھەممە ئىشنى ھېچبىر توسالغۇسىز قىلىدىغان، بارچە ئەيىب - نۇقساندىن پاك، ئىنسانلارغا روشەن دەلىل - پاكىتلار بىلەن ئەۋەتكەن بارلىق پەيغەمبەرلىرىنىڭ

راستچىللىقىغا گۇۋاھ بولغۇچى، بەندىلىرىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى، ھەممىگە غالىب كەلگۈچى، بارچە مەخلۇقاتنى قەھر قىلغۇچى، جىمى مەۋجۇداتنى بويسۇندۇرغۇچى، ھەممىدىن كاتتا ۋە ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك زاتتۇر. ئاللاھ مۇشرىكلار ئىبادەتلىرىدە شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلەردىن پۈتۈنلەي پاكتۇر.

هُوَ ٱللَّهُ ٱلۡخَٰلِقُ ٱلۡبَارِئُ ٱلۡمُصَوِّرُۖ لَهُ ٱلۡأَسۡمَآءُ ٱلۡحُسۡنَىٰۚ يُسَبِّحُ لَهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ وَهُوَ
ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٢٤﴾

24 ـ ئاللاھ ھەممىنى ياراتقۇچى، مەۋجۇداتنى ئۆزىنىڭ ھېكمىتىگە ئاساسەن پەيدا قىلغۇچى، ئۇلارنى ئۆزى خالىغان سۈرەتكە كىرگۈزگۈچى زاتتۇر، ئاللاھنىڭ ئەڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە ئەڭ ئېسىل سۈپەتلىرى بار. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنى بارلىق نۇقسانلاردىن پاكتۇر دەپ، ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ھەممىگە غالىبتۇر، دۈشمەنلىرىنى جازالاشقا قادىردۇر، بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ھېكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرغۇچىدۇر.

# مۇمتەھىنە سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَّخِذُواْ عَدُوِّي وَعَدُوَّكُمۡ أَوۡلِيَآءَ تُلۡقُونَ إِلَيۡهِم بِٱلۡمَوَدَّةِ وَقَدۡ كَفَرُواْ بِمَا جَآءَكُم مِّنَ ٱلۡحَقِّ يُخۡرِجُونَ ٱلرَّسُولَ وَإِيَّاكُمۡ أَن تُؤۡمِنُواْ بِٱللَّهِ رَبِّكُمۡ إِن كُنتُمۡ خَرَجۡتُمۡ جِهَٰدٗا فِي سَبِيلِي وَٱبۡتِغَآءَ مَرۡضَاتِيۚ تُسِرُّونَ إِلَيۡهِم بِٱلۡمَوَدَّةِ وَأَنَا۠ أَعۡلَمُ بِمَآ أَخۡفَيۡتُمۡ وَمَآ أَعۡلَنتُمۡۚ وَمَن يَفۡعَلۡهُ مِنكُمۡ فَقَدۡ ضَلَّ سَوَآءَ ٱلسَّبِيلِ ١

1 - ئى ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! ئەگەر سىلەر راستىنلا مېنىڭ يولۇمدا مۇجاھىد بولۇپ ۋە رازىلىقىمنى تىلەپ ھىجرەت قىلىپ چىققان كىشىلەر بولساڭلار، مېنىڭ دۈشمىنىم، ئۆزۈڭلارنىڭمۇ دۈشمىنىڭلار بولغان كاپىرلار بىلەن دوست بولۇپ، ئۇلارنى سىلەر مۇھەببەت ئىزھار قىلىدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋەرلىرىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ سىرلىرىنى يەتكۈزىدىغان سىرداش قىلىۋالماڭلار. ئۇلار سىلەرگە كەلگەن ھەقىقەتنى — ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ۋە قۇرئانغا ئىمان ئېيتىشتىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان، سىلەر رەببىڭلار ئاللاھقا ئىمان ئېيتقىنىڭلار ۋە ئۇنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، ئۇلار پەيغەمبەرنى ۋە سىلەرنى مەككىدىن ھەيدەپ چىقارغان ئىدى. (شۇنداق تۇرسىمۇ) سىلەر ئۇلارغا يوشۇرۇن دوستلۇق يەتكۈزۈۋاتىسىلەر، مەن سىلەر يوشۇرغان ۋە ئاشكارىلىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىمەن، سىلەردىن كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ.

إِن يَثۡقَفُوكُمۡ يَكُونُواْ لَكُمۡ أَعۡدَآءٗ وَيَبۡسُطُوٓاْ إِلَيۡكُمۡ أَيۡدِيَهُمۡ وَأَلۡسِنَتَهُم بِٱلسُّوٓءِ وَوَدُّواْ لَوۡ تَكۡفُرُونَ ٢

2 - سىلەر مەخپىي ھالدا دوستلىشىۋاتقان ئاشۇ كىشىلەر ئەگەر سىلەرنى يەڭسە، ئۇلار سىلەرگە دۈشمەن بولىدۇ، سىلەرنى ئۆلتۈرۈش ۋە ئەسىرگە ئېلىش ئارقىلىق سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ، سىلەرنى سۆكۈش ۋە تىللاش ئارقىلىق سىلەرگە ئازار بېرىدۇ، سىلەرنىڭ ئۆزلىرىدەك كاپىر بولۇشۇڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ.

لَن تَنفَعَكُمۡ أَرۡحَامُكُمۡ وَلَآ أَوۡلَٰدُكُمۡۚ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ يَفۡصِلُ بَيۡنَكُمۡۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٞ ٣

3 - سىلەر بۇ دۇنيادا كاپىرلارنى دوست تۇتقىنىڭلار بىلەن قىيامەت كۈنى ئۇ كاپىر تۇغقانلىرىڭلار ۋە ئەۋلادلىرىڭلار سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمايدۇ، ئاللاھ ئاراڭلارنى

ئايرىۋېتىدۇ، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان مۇئمىنلەر جەننەتكە، ئاسىيلىق قىلغان كاپىرلار دوزاخقا كىرىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ئاللاھقا سىلەرنىڭ گەپ - سۆزۈڭلاردىن ۋە ئىش - ھەرىكىتىڭلاردىن ھېچقانداق نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر.

قَدۡ كَانَتۡ لَكُمۡ أُسۡوَةٌ حَسَنَةٞ فِيٓ إِبۡرَٰهِيمَ وَٱلَّذِينَ مَعَهُۥٓ إِذۡ قَالُواْ لِقَوۡمِهِمۡ إِنَّا بُرَءَٰٓؤُاْ مِنكُمۡ وَمِمَّا تَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ كَفَرۡنَا بِكُمۡ وَبَدَا بَيۡنَنَا وَبَيۡنَكُمُ ٱلۡعَدَٰوَةُ وَٱلۡبَغۡضَآءُ أَبَدًا حَتَّىٰ تُؤۡمِنُواْ بِٱللَّهِ وَحۡدَهُۥٓ إِلَّا قَوۡلَ إِبۡرَٰهِيمَ لِأَبِيهِ لَأَسۡتَغۡفِرَنَّ لَكَ وَمَآ أَمۡلِكُ لَكَ مِنَ ٱللَّهِ مِن شَيۡءٖۖ رَّبَّنَا عَلَيۡكَ تَوَكَّلۡنَا وَإِلَيۡكَ أَنَبۡنَا وَإِلَيۡكَ ٱلۡمَصِيرُ ﴿٤﴾

4 - ئى مۇئمىنلەر! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۇئمىنلەردە سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئوبدان ئۈلگە بار. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئۆز قەۋمى ئىچىدىكى كاپىرلارغا: «بىز ھەقىقەتەن سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھنى قايرىپ قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلاردىن يىراقمىز، بىز سىلەرنى ۋە سىلەرنىڭ كاپىرلىقىڭلارنى قەتئىي ئىنكار قىلىمىز. سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك ئوتتۇرىغا چىقتى، بۇ ئاداۋەت بىلەن ئۆچمەنلىك تاكى سىلەر يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ» دېگەن ئىدى. لېكىن، ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا ئېيتقان: «ئەلۋەتتە ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، ئاللاھتىن كېلىدىغان (ئازابتىن) ھېچ نەرسىنى سەندىن توسۇپ قالالمايمەن» دېگەن سۆزى ئۈلگە قىلىش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئىش ئىبراھىم ئاتىسىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن چاغدا بولغان ئىدى. ئىبراھىم ئاتىسىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئاتىسىدىن يىراقلاشتى. ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۇئمىنلەر مۇنداق دۇئا قىلدى: «ئى رەببىمىز! ساڭىلا تاياندۇق، ساڭىلا يۈزلەندۇق، قىيامەت كۈنى قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر.

رَبَّنَا لَا تَجۡعَلۡنَا فِتۡنَةٗ لِّلَّذِينَ كَفَرُواْ وَٱغۡفِرۡ لَنَا رَبَّنَآۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٥﴾

5 - ئى رەببىمىز! بىزنى جازالاش ئارقىلىق ياكى كاپىرلارنى ئۈستىمىزگە مۇسەللەت قىلىش ۋەياكى ئۇلارنىڭ بىزنى دىنىمىزدىن ياندۇرۇشىغا يول قويۇش ئارقىلىق بىزنى كاپىرلارنىڭ كۇفرىدا تېخىمۇ چىڭ تۇرۇشىغا سەۋەبچى قىلىپ، ئۇلارنى: ‹ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى ھەق بولىدىغان بولسا ئىدى، ئۇلار بۇ دۇنيادا جازالانمىغان بولاتتى، كاپىردىن ئۈستۈن بولغان بولاتتى› دېيىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلمىغىن. ئى رەببىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن. رەببىمىز! شەكسىزكى، سەن ھەممىگە غالىبسەن، سۆزلىرىڭدە ۋە ئىشلىرىڭدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن».

لَقَدۡ كَانَ لَكُمۡ فِيهِمۡ أُسۡوَةٌ حَسَنَةٞ لِّمَن كَانَ يَرۡجُواْ ٱللَّهَ وَٱلۡيَوۡمَ ٱلۡأٓخِرَۚ وَمَن يَتَوَلَّ فَإِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡغَنِيُّ ٱلۡحَمِيدُ ﴿٦﴾

6 - ئى مۇئمىنلەر! ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەردە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھتىن ياخشىلىق كۈزلەيدىغان كىشىلەرگە ياخشى ئۈلگە بار. كىمكى ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئۈلگە قىلىپ، كاپىرلارنى دۈشمەن تۇتۇشقا بۇيرۇغان ئەمرىدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىلىپ قالسۇنكى، ئاللاھ بەندىلىرىگە موھتاج ئەمەستۇر، زاتىدا، سۈپەتلىرىدە ۋە بارلىق ئىشلىرىدا مەدھىيەگە لايىقتۇر، ئۇ ھەممە ئەھۋالدا ئۆزىگە مەدھىيە ئوقۇلىدىغان زاتتۇر.

۞ عَسَى ٱللَّهُ أَن يَجۡعَلَ بَيۡنَكُمۡ وَبَيۡنَ ٱلَّذِينَ عَادَيۡتُم مِّنۡهُم مَّوَدَّةٗۚ وَٱللَّهُ قَدِيرٞۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٧﴾

7 - ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ سىلەر بىلەن سىلەر ئۆچ كۆرىدىغان مۇشرىك تۇغقانلىرىڭلار ئوتتۇرىسىدا، بۇ دۈشمەنلىكتىن كېيىن ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ئىسلامغا ئېچىش ئارقىلىق دوستلۇق ۋە مۇھەببەت پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر، ئۇ بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

لَّا يَنْهَىٰكُمُ ٱللَّهُ عَنِ ٱلَّذِينَ لَمْ يُقَٰتِلُوكُمْ فِى ٱلدِّينِ وَلَمْ يُخْرِجُوكُم مِّن دِيَٰرِكُمْ أَن تَبَرُّوهُمْ وَتُقْسِطُوٓا۟ إِلَيْهِمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُقْسِطِينَ ﴿٨﴾

8 - ئى مۇئمىنلەر! كاپىرلاردىن سىلەر بىلەن دىن توغرىسىدا ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ سىلەرنى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن ۋە ئادالەتلىك بولۇشتىن توسمايدۇ، شەكسىزكى، ئاللاھ گەپ - سۆزىدە ۋە ئىش - ھەرىكىتىدە ئادالەتلىك بولغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

إِنَّمَا يَنْهَىٰكُمُ ٱللَّهُ عَنِ ٱلَّذِينَ قَٰتَلُوكُمْ فِى ٱلدِّينِ وَأَخْرَجُوكُم مِّن دِيَٰرِكُمْ وَظَٰهَرُوا۟ عَلَىٰٓ إِخْرَاجِكُمْ أَن تَوَلَّوْهُمْ ۚ وَمَن يَتَوَلَّهُمْ فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٩﴾

9 - ئاللاھ دىن خۇسۇسىدا سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان، سىلەرنى ھەيدەپ چىقارماقچى بولغان كاپىرلارغا ياردەم قىلغان ۋە ئۇلار بىلەن دوست بولغانلارنى دوست تۇتۇشتىن سىلەرنى مەنئى قىلىدۇ، كىمكى ئۇلارنى مۇئمىنلەرگە قارشى ياردەمچى قىلىۋالىدىكەن ۋە دوست تۇتىدىكەن، شەكسىزكى، ئۇلار ھەقىقەتەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر، ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِذَا جَآءَكُمُ ٱلْمُؤْمِنَٰتُ مُهَٰجِرَٰتٍ فَٱمْتَحِنُوهُنَّ ۖ ٱللَّهُ أَعْلَمُ بِإِيمَٰنِهِنَّ ۖ فَإِنْ عَلِمْتُمُوهُنَّ مُؤْمِنَٰتٍ فَلَا تَرْجِعُوهُنَّ إِلَى ٱلْكُفَّارِ ۖ لَا هُنَّ حِلٌّ لَّهُمْ وَلَا هُمْ يَحِلُّونَ لَهُنَّ ۖ وَءَاتُوهُم مَّآ أَنفَقُوا۟ ۚ وَلَا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ أَن تَنكِحُوهُنَّ إِذَآ ءَاتَيْتُمُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ ۚ وَلَا تُمْسِكُوا۟ بِعِصَمِ ٱلْكَوَافِرِ وَسْـَٔلُوا۟ مَآ أَنفَقْتُمْ وَلْيَسْـَٔلُوا۟ مَآ أَنفَقُوا۟ ۚ ذَٰلِكُمْ حُكْمُ ٱللَّهِ ۖ يَحْكُمُ بَيْنَكُمْ ۚ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿١٠﴾

10 - ئى ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! مۇئمىن ئاياللار كۇفرى دىيارىدىن ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت قىلىپ كەلسە، ئۇلارنىڭ ئىمانىدا راستچىل ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن سىناپ كۆرۈڭلار، ئۇلارنىڭ ئىمانىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى بەرگەن ئىپادىسى ۋە مۇئمىنلىك ئالامەتلىرى ئارقىلىق ھەقىقىي مۇئمىن دەپ قارىساڭلار، ئۇلارنى كاپىر ئەرلىرىگە قايتۇرۇپ بەرمەڭلار. چۈنكى مۇئمىن ئاياللارنىڭ كاپىرلارغا ياتلىق بولۇشى ھالال ئەمەس، كاپىر ئەرلەرنىڭمۇ مۇئمىن ئاياللارغا ئۆيلىنىشى ھالال ئەمەس. مۇئمىن ئاياللارنى نىكاھىڭلارغا ئالماقچى بولساڭلار، ئۇلارغا ئەرلىرى بەرگەن مەھرىنىڭ ئوخشىشىنى بېرىڭلار، ئۇلارنى مەھرىنى بېرىپ نىكاھىڭلارغا ئالساڭلارمۇ سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، كاپىر ئاياللارنى ئەمرىڭلاردا ساقلىماڭلار، ئىسلامدىن يېنىپ مۇرتەد بولۇپ مۇشرىكلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن ئاياللىرىڭلارغا بەرگەن مەھرىڭلارنى مۇشرىكلاردىن تەلەپ قىلىڭلار، ئۇ مۇشرىكلارمۇ سىلەر تەرەپكە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇئمىن ئاياللىرىغا بەرگەن مەھرىنى تەلەپ قىلسۇن، بۇ ئايەتتىكى ھۆكۈم ئاللاھ سىلەرگە بەلگىلەپ بەرگەن ھۆكۈمدۇر، ئۇنىڭغا ھەرگىز خىلاپلىق قىلماڭلار. ئاللاھ

ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر، ئاللاھ سۆزلىرىدە ۋە بارلىق ئىشلىرىدا تولىمۇ ھېكمەتلىك زاتتۇر.

وَإِن فَاتَكُمْ شَيْءٌ مِّنْ أَزْوَاجِكُمْ إِلَى ٱلْكُفَّارِ فَعَاقَبْتُمْ فَـَٔاتُواْ ٱلَّذِينَ ذَهَبَتْ أَزْوَاجُهُم مِّثْلَ مَآ أَنفَقُواْۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ ٱلَّذِيٓ أَنتُم بِهِۦ مُؤْمِنُونَ ﴿١١﴾

11 - ئەگەر سىلەرنىڭ بەزى ئاياللىرىڭلار مۇرتەد بولۇپ كاپىرلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتسە، ئۇ كاپىرلار مەزكۇر ئاياللارغا سىلەر بۇرۇن بەرگەن مەھرىنى سىلەرگە قايتۇرۇپ بەرمىسە، ئاندىن سىلەر ئۇلار بىلەن ياكى باشقىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ غەنىيمەت ئالساڭلار، ئايالى كاپىرلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن كىشىلەرگە غەنىيمەتتىن ئۇلار بەرگەن مەھرىگە تەڭ مىقداردا بىر نەرسە بېرىڭلار. سىلەر ئىمان ئېيتقان ئاللاھتىن قورقۇڭلار.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ إِذَا جَآءَكَ ٱلْمُؤْمِنَٰتُ يُبَايِعْنَكَ عَلَىٰٓ أَن لَّا يُشْرِكْنَ بِٱللَّهِ شَيْـًٔا وَلَا يَسْرِقْنَ وَلَا يَزْنِينَ وَلَا يَقْتُلْنَ أَوْلَٰدَهُنَّ وَلَا يَأْتِينَ بِبُهْتَٰنٍ يَفْتَرِينَهُۥ بَيْنَ أَيْدِيهِنَّ وَأَرْجُلِهِنَّ وَلَا يَعْصِينَكَ فِي مَعْرُوفٍ فَبَايِعْهُنَّ وَٱسْتَغْفِرْ لَهُنَّ ٱللَّهَۖ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١٢﴾

12 - ئى پەيغەمبەر! مۇئمىن ئاياللار سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ، ئىبادەتتە ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىنى تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ياكى كېيىن ئۆلتۈرمەسلىككە، باشقىلاردىن تۇغقان بالىنى يالغاندىن ئېرىنىڭ بالىسى دەۋالماسلىققا، سەن بۇيرۇغان ياخشى ئىشلارنى ئورۇنداشتىن باش تارتىپ ساڭا مۇخالىپەتچىلىك قىلماسلىققا بەيئەت قىلسا، ئۇلارنىڭ بۇ بەيئىتىنى قوبۇل قىلغىن، ئۇلارغا ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ تەۋبە قىلغان بەندىلىرىنىڭ گۇناھىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَوَلَّوْاْ قَوْمًا غَضِبَ ٱللَّهُ عَلَيْهِمْ قَدْ يَئِسُواْ مِنَ ٱلْأٓخِرَةِ كَمَا يَئِسَ ٱلْكُفَّارُ مِنْ أَصْحَٰبِ ٱلْقُبُورِ ﴿١٣﴾

13 - ئى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! سىلەر كاپىرلىقى سەۋەبلىك ئاللاھ غەزەپ قىلغان قەۋمنى ھەرگىز دوست تۇتماڭلار. ئۇلار قەبرىلەردىكى كاپىرلار ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىگە ئاخىرەتتە ئازابتىن باشقا ھېچ نەرسە يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد ئۈزگەندەك ياكى كاپىرلار تىرىلىشنى ئىنكار قىلغانلىقتىن، قەبرىلەرگە كۆمۈلگەن تۇغقانلىرىنىڭ تىرىلىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەندەك، ئاللاھنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتلىرىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن كىشىلەردۇر.

# سەف سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

سَبَّحَ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۖ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ١

1 ـ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنى بارلىق نالايىق سۈپەتلەردىن پاك دەپ تەرىپلەپ، ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتتى. ئاللاھ ناھايىتى كۈچلۈكتۇر، ھەممىدىن غالىبتۇر، سۆزلىرىدە ۋە ئىشلىرىدا ھېكمەتلىك ۋە دانا زاتتۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لِمَ تَقُولُونَ مَا لَا تَفۡعَلُونَ ٢

2 ـ ئى ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەپ ۋەدە قىلىسىلەر؟

كَبُرَ مَقۡتًا عِندَ ٱللَّهِ أَن تَقُولُواْ مَا لَا تَفۡعَلُونَ ٣

3 ـ سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى تىلىڭلارنىڭ ئۇچىدا قىلىمىز دەپ قويۇشۇڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر.

إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلَّذِينَ يُقَٰتِلُونَ فِي سَبِيلِهِۦ صَفّٗا كَأَنَّهُم بُنۡيَٰنٞ مَّرۡصُوصٞ ٤

4 ـ شەكسىزكى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ. (بۇ ئايەتتە جىھادنىڭ ۋە مۇجاھىدلارنىڭ پەزىلىتى، ئاللاھنىڭ دۈشمەنگە قارشى بىر سەپتە تۇرۇپ جىھاد قىلىدىغان مۇئمىن بەندىلىرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان).

وَإِذۡ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوۡمِهِۦ يَٰقَوۡمِ لِمَ تُؤۡذُونَنِي وَقَد تَّعۡلَمُونَ أَنِّي رَسُولُ ٱللَّهِ إِلَيۡكُمۡۖ فَلَمَّا زَاغُوٓاْ أَزَاغَ ٱللَّهُ قُلُوبَهُمۡۚ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡفَٰسِقِينَ ٥

5 ـ ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە شۇنى بايان قىلىپ بەرگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىگە: «ئى قەۋمىم! سىلەر مېنىڭ ئاللاھ سىلەرگە ئەۋەتكەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمىشقا ماڭا تىل ـ ئىلىڭلار ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىڭلار بىلەن ئازار بېرىسىلەر؟» دېگەن ئىدى، ئۇلار ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن بۇرۇلۇپ كېتىپ، ئازغۇنلۇقنى داۋاملاشتۇرۇۋېدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرىۋەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ھىدايەتنىڭ ئورنىغا ئازغۇنلۇقنى تاللىغانلىقىنىڭ جازاسى ئىدى. ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان ۋە ھەق يولدىن بۇرۇلۇپ كەتكەن قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

وَإِذۡ قَالَ عِيسَى ٱبۡنُ مَرۡيَمَ يَٰبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ إِنِّي رَسُولُ ٱللَّهِ إِلَيۡكُم مُّصَدِّقٗا لِّمَا بَيۡنَ يَدَيَّ مِنَ ٱلتَّوۡرَىٰةِ

وَمُبَشِّرًا بِرَسُولٍ يَأۡتِي مِنۢ بَعۡدِي ٱسۡمُهُۥٓ أَحۡمَدُۖ فَلَمَّا جَآءَهُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِ قَالُواْ هَٰذَا سِحۡرٞ مُّبِينٞ ٦

6 - ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە شۇنى بايان قىلىپ بەرگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا مەريەم ئوغلى ئىيسا ئۆز قەۋمىگە: «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن ھەقىقەتەن ئاللاھ سىلەرگە ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىقلىغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەرنىڭ راستچىللىقىغا گۇۋاھ بولغۇچى ۋە ئۇنى تەستىقلاشقا دەۋەت قىلغۇچى پەيغەمبەرمەن، كېلىدىغان مەزكۇر پەيغەمبەر — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر» دېگەن ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئوپئوچۇق دەلىل - پاكىتلارنى ئېلىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «سەن بىزگە ئېلىپ كەلگەن بۇ قۇرئان ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېدى.

وَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّنِ ٱفۡتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ ٱلۡكَذِبَ وَهُوَ يُدۡعَىٰٓ إِلَى ٱلۡإِسۡلَٰمِۚ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ٧

7 - ئۆزى ئىسلامغا كىرىشكە ۋە ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلىشقا دەۋەت قىلىنىغان تۇرۇقلۇق، ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇغان، ئىبادەتتە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەمدىنمۇ زالىم ۋە دۈشمەن ئادەم يوقتۇر. ئاللاھ كۇفرىلىقنى تاللاپ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان قەۋمنى نىجاتلىق يولىغا يېتەكلىمەيدۇ ۋە مۇۋەپپەق قىلمايدۇ.

يُرِيدُونَ لِيُطۡفِـُٔواْ نُورَ ٱللَّهِ بِأَفۡوَٰهِهِمۡ وَٱللَّهُ مُتِمُّ نُورِهِۦ وَلَوۡ كَرِهَ ٱلۡكَٰفِرُونَ ٨

8 - ئاشۇ زالىم كاپىرلار ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتكەن نۇر — قۇرئاننى يالغان گەپلىرى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولىدۇ. ئاللاھ بولسا ئۇ ئىنكارچى كاپىرلارنىڭ يامان كۆرگىنىگە قارىماي، ئۆزىنىڭ دىنىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقارغۇچىدۇر.

هُوَ ٱلَّذِيٓ أَرۡسَلَ رَسُولَهُۥ بِٱلۡهُدَىٰ وَدِينِ ٱلۡحَقِّ لِيُظۡهِرَهُۥ عَلَى ٱلدِّينِ كُلِّهِۦ وَلَوۡ كَرِهَ ٱلۡمُشۡرِكُونَ ٩

9 - ئاللاھ مۇشرىكلارنىڭ يامان كۆرگىنىگە قارىماي، ھەق دىنىنى بارلىق دىنلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قۇرئان ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن زاتتۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ هَلۡ أَدُلُّكُمۡ عَلَىٰ تِجَٰرَةٖ تُنجِيكُم مِّنۡ عَذَابٍ أَلِيمٖ ١٠

10 - ئى ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان ناھايىتى ئۇلۇغ بىر تىجارەتكە باشلاپ قويايمۇ؟

تُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَتُجَٰهِدُونَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ بِأَمۡوَٰلِكُمۡ وَأَنفُسِكُمۡۚ ذَٰلِكُمۡ خَيۡرٞ لَّكُمۡ إِن كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ١١

11 - ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان ئىمانىڭلاردا چىڭ تۇرۇڭلار، ئاللاھنىڭ دىنىنى قوغداش ئۈچۈن، ئاللاھ يولىدا پۇل - مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار. بۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن دۇنيالىق تىجارەتتىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر. ئەگەر سىلەر نېمىنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلسەڭلار، ئاللاھنىڭ بۇ ئەمرىنى ئورۇنداڭلار.

يَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَيُدْخِلْكُمْ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ وَمَسَٰكِنَ طَيِّبَةً فِى جَنَّٰتِ عَدْنٍ ۚ ذَٰلِكَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ ﴿١٢﴾ وَأُخْرَىٰ تُحِبُّونَهَا ۖ نَصْرٌ مِّنَ ٱللَّهِ وَفَتْحٌ قَرِيبٌ ۗ وَبَشِّرِ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿١٣﴾

12 - 13 - ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇندىساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل - دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، دائىمىي تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىكى گۈزەل سارايلاردا تۇرغۇزىدۇ. بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر. بۇنىڭدىن كاتتا مۇۋەپپەقىيەت يوقتۇر. ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە يەنە سىلەر ياخشى كۆرىدىغان كاتتا بىر نېمەت بار، ئۇ بولسا ئاللاھتىن سىلەرگە كېلىدىغان ياردەم ۋە يېقىندا قولۇڭلارغا كېلىدىغان غەلىبىدۇر. ئى پەيغەمبەر! مۇئمىنلەرگە دۇنيادا نۇسرەت ۋە غەلىبە بىلەن، ئاخىرەتتە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ كُونُوٓا۟ أَنصَارَ ٱللَّهِ كَمَا قَالَ عِيسَى ٱبْنُ مَرْيَمَ لِلْحَوَارِيِّۦنَ مَنْ أَنصَارِىٓ إِلَى ٱللَّهِ ۖ قَالَ ٱلْحَوَارِيُّونَ نَحْنُ أَنصَارُ ٱللَّهِ ۖ فَـَٔامَنَت طَّآئِفَةٌ مِّنۢ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ وَكَفَرَت طَّآئِفَةٌ ۖ فَأَيَّدْنَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ عَلَىٰ عَدُوِّهِمْ فَأَصْبَحُوا۟ ظَٰهِرِينَ ﴿١٤﴾

14 - ئى ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ياردەمچىلىرى بولغاندەك، سىلەرمۇ ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ياردەمچىلىرى بولۇڭلار. مەريەم ئوغلى ئىيسا يېنىدىكى مۇئمىنلەرگە: «مېنىڭ كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش ئىشلىرىمدا ئاراڭلاردىن ماڭا كىملەر ياردەملىشىدۇ؟» دېگەندە، ئۇلار: «بىز ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ياردەمچىلىرىمىز» دېدى، ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر بۆلۈكى ئىمان ئېيتتى، يەنە بىر بۆلۈكى كاپىر بولدى. ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقانلارنى قوللىدۇق، ئۇلارنى خىرىستىيان پىرقىلىرى ئىچىدىكى دۈشمەنلىرىگە قارشى كۈچلەندۈردۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۈشمەنلىرىگە غالىب كەلدى. بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشتى.

# جۇمۇئە سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

يُسَبِّحُ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِ ٱلۡمَلِكِ ٱلۡقُدُّوسِ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡحَكِيمِ ۝١

1 ـ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنى بارلىق نالايىق سۈپەتلەردىن پاك دەپ تەرىپلەپ، ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىنىڭ يېگانە ئىگىسىدۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر، بارچە نۇقسانلاردىن پاكتۇر، ناھايىتى كۈچلۈكتۇر، ھەممىگە غالىبتۇر، تەدبىرلىرىدە ۋە بارلىق ئىشلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

هُوَ ٱلَّذِي بَعَثَ فِي ٱلۡأُمِّيِّـۧنَ رَسُولٗا مِّنۡهُمۡ يَتۡلُواْ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتِهِۦ وَيُزَكِّيهِمۡ وَيُعَلِّمُهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡحِكۡمَةَ وَإِن كَانُواْ مِن قَبۡلُ لَفِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٖ ۝٢ وَءَاخَرِينَ مِنۡهُمۡ لَمَّا يَلۡحَقُواْ بِهِمۡۚ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ۝٣

2 ـ 3 ـ ئاللاھ ئوقۇشنى ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان، ھېچقانداق كىتابى بولمىغان، پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنىدىن ھېچبىر ئەسەر قالمىغان ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۇلارغا قۇرئاننى ئوقۇپ بېرىدىغان، ئۇلارنى بۇزۇق ئەقىدىلەردىن ۋە ناچار ئەخلاقتىن پاكلايدىغان، ئۇلارغا قۇرئان ۋە سۈننەتنى ئۆگىتىدىغان بىر پەيغەمبەرنى چىقىرىپ، ئۇنى بارلىق ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زاتتۇر. ئۇلار ئۇ پەيغەمبەر كېلىشتىن بۇرۇن ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئىدى. ئاللاھ ئۇ پەيغەمبەرنى ئۇلارنىڭ زامانىسىدا بولمىغان، ئۇلاردىن كېيىن كېلىدىغان ئەرەب ۋە باشقا قەۋملەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ئاللاھ ناھايىتى كۈچلۈكتۇر، ھەممىگە غالىبتۇر، سۆزلىرىدە ۋە ئىشلىرىدا تولىمۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

ذَٰلِكَ فَضۡلُ ٱللَّهِ يُؤۡتِيهِ مَن يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ ذُو ٱلۡفَضۡلِ ٱلۡعَظِيمِ ۝٤

4 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەرەب ۋە ئەجەملەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكى ئاللاھنىڭ كاتتا پەزل ـ كەرەمى بولۇپ، ئاللاھ بۇ پەزل ـ كەرەمنى بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆزى خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ كاتتا پەزل ـ كەرەم ئىگىسىدۇر.

مَثَلُ ٱلَّذِينَ حُمِّلُواْ ٱلتَّوۡرَىٰةَ ثُمَّ لَمۡ يَحۡمِلُوهَا كَمَثَلِ ٱلۡحِمَارِ يَحۡمِلُ أَسۡفَارَۢاۚ بِئۡسَ مَثَلُ ٱلۡقَوۡمِ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِۚ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ۝٥

5 ـ تەۋراتقا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلغان تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان يەھۇدىيلار كىتاب يۈدۈۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى بىلمەيدىغان ئېشەككە ئوخشايدۇ. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنالمىغان قەۋمنىڭ مىسالى نېمىدېگەن يامان! ئاللاھ ئۆزى بەلگىلەپ بەرگەن چەك ـ چېگرادىن چەتنەپ كەتكەن ۋە ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان قەۋمنى توغرا يولغا يېتەكلىمەيدۇ.

قُلْ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ هَادُوٓا۟ إِن زَعَمْتُمْ أَنَّكُمْ أَوْلِيَآءُ لِلَّهِ مِن دُونِ ٱلنَّاسِ فَتَمَنَّوُا۟ ٱلْمَوْتَ إِن كُنتُمْ صَـٰدِقِينَ ﴿٦﴾

6 - ئى پەيغەمبەر! ئۆزگەرتىۋېتىلگەن ساختا يەھۇدىيلىققا ئېسىلىۋالغانلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر بارچە مىللەتلەرنىڭ ئىچىدىن ئۆزۈڭلارنىلا ‹ئاللاھنىڭ دوستلىرى› دېگەن دەۋايىڭلاردا راستچىل بولساڭلار ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلارچۇ!».

وَلَا يَتَمَنَّوْنَهُۥٓ أَبَدًۢا بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيهِمْ ۚ وَٱللَّهُ عَلِيمٌۢ بِٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿٧﴾

7 - ئۇ يەھۇدىيلار ئۆزلىرى سادىر قىلغان تۈرلۈك يامانلىقلار ۋە قەبىھ گۇناھلىرى سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ جازاسىغا ئۇچراشتىن قورققانلىقتىن ۋە بۇ دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەت ھاياتىدىن ئەۋزەل كۆرگەنلىكتىن، ئۆلۈمنى ھەرگىز ئارزۇ قىلمايدۇ. ئاللاھ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ئاللاھقا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر.

قُلْ إِنَّ ٱلْمَوْتَ ٱلَّذِى تَفِرُّونَ مِنْهُ فَإِنَّهُۥ مُلَـٰقِيكُمْ ۖ ثُمَّ تُرَدُّونَ إِلَىٰ عَـٰلِمِ ٱلْغَيْبِ وَٱلشَّهَـٰدَةِ فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿٨﴾

8 - ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر قاچىدىغان ۋە قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن بولمايدىغان ئاشۇ ئۆلۈم ئەجىلىڭلار كەلگەندە چوقۇم سىلەرنى تاپىدۇ، ئاندىن سىلەر ئاخىرەتتە تىرىلگەندىن كېيىن ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغان ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر. شۇ چاغدا ئاللاھ سىلەرگە بارچە ياخشى - يامان ئەمەللىرىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ، ئاندىن شۇنىڭغا ئاساسەن سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ».

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِذَا نُودِىَ لِلصَّلَوٰةِ مِن يَوْمِ ٱلْجُمُعَةِ فَٱسْعَوْا۟ إِلَىٰ ذِكْرِ ٱللَّهِ وَذَرُوا۟ ٱلْبَيْعَ ۚ ذَٰلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٩﴾

9 - ئى ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! جۈمە كۈنلۈكتە مۇئەززىن جۈمە نامىزىغا ئەزان ئوقۇغان چاغدا، سىلەر ئېلىم - سېتىمنى ۋە سىلەرنى نامازغا بېرىشتىن توسۇپ قويىدىغان بارلىق ئىشلارنى قويۇپ تۇرۇپ، جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئوقۇشقا دەرھال بېرىڭلار، مۇشۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر. شۇنداق قىلساڭلار، گۇناھىڭلار مەغپىرەت قىلىنىدۇ ۋە ئاللاھ تەرىپىدىن كۆپ ساۋابقا ئېرىشىسىلەر. ئەگەر بۇنى بىلگەن بولساڭلار، سىلەرگە بۇيرۇلغان بۇ ئەمەللەرنى ئورۇنداڭلار. (بۇ ئايەتتە جۈمە نامىزى ئوقۇش ۋە خۇتبىنى تىڭشاشنىڭ پەرزلىكىگە دەلىل بار).

فَإِذَا قُضِيَتِ ٱلصَّلَوٰةُ فَٱنتَشِرُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ وَٱبْتَغُوا۟ مِن فَضْلِ ٱللَّهِ وَٱذْكُرُوا۟ ٱللَّهَ كَثِيرًا لَّعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ﴿١٠﴾

10 - سىلەر جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاپ بولغان ۋە نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، زېمىنغا تارقىلىپ تىرىكچىلىك قىلىش ئارقىلىق ئاللاھتىن رىزقىڭلارنى تەلەپ قىلىڭلار، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، پۈتۈن ھايات ساھەلىرىڭلاردا ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار.

وَإِذَا رَأَوْا۟ تِجَـٰرَةً أَوْ لَهْوًا ٱنفَضُّوٓا۟ إِلَيْهَا وَتَرَكُوكَ قَآئِمًا ۚ قُلْ مَا عِندَ ٱللَّهِ خَيْرٌ مِّنَ ٱللَّهْوِ وَمِنَ ٱلتِّجَـٰرَةِ ۚ

وَٱللَّهُ خَيۡرُ ٱلرَّٰزِقِينَ ﴿١١﴾

11 - ئى پەيغەمبەر! بەزى مۇسۇلمانلار بىرەر تىجارەتنى ياكى دۇنيانىڭ ئويۇن - تاماشالىرىدىن بىرەرسىنى كۆرۈپ قالسا، سېنى مۇنبەردە ئۆرە تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇۋاتقان ھالىتىڭدە تەرك ئېتىپ، جامائەتتىن ئايرىلىپ شۇ تەرەپكە كېتىدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپاتلار ۋە نېمەتلەر ئويۇن - تاماشىدىن ۋە تىجارەتتىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر ۋە پايدىلىقتۇر. ئاللاھ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. شۇڭا، رىزىقنى ئاللاھتىن تىلەڭلار، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ دەرگاھىدىكى ئىككى ئالەملىك ياخشىلىقلارغا ئېرىشىڭلار».

# مۇنافىقۇن سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

إِذَا جَآءَكَ ٱلۡمُنَٰفِقُونَ قَالُواْ نَشۡهَدُ إِنَّكَ لَرَسُولُ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ إِنَّكَ لَرَسُولُهُۥ وَٱللَّهُ يَشۡهَدُ إِنَّ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ
لَكَٰذِبُونَ ١

1 - ئى پەيغەمبەر! مۇناپىقلار سېنىڭ مەجلىسىڭگە كەلگەن چاغدا، ئۇلار تىلىنىڭ ئۇچىدا: «گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، سەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىسەن» دەيدۇ. ئاللاھ سېنىڭ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ. ئاللاھ مۇناپىقلارنىڭ ساڭا گۇۋاھلىق بېرىمىز دېگەن سۆزىدە چوقۇم يالغانچىلار ئىكەنلىكىگە، دىلىدىكى كۇفرىلىقنى يوشۇرۇپ، تىلىنىڭ ئۇچىدا قەسەم قىلغانلىقىغا گۇۋاھتۇر.

ٱتَّخَذُوٓاْ أَيۡمَٰنَهُمۡ جُنَّةٗ فَصَدُّواْ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِۚ إِنَّهُمۡ سَآءَ مَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ٢ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ ءَامَنُواْ
ثُمَّ كَفَرُواْ فَطُبِعَ عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ فَهُمۡ لَا يَفۡقَهُونَ ٣

2 - 3 - مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ يالغان قەسەملىرىنى جازالانماسلىقنىڭ قالقىنى قىلىۋېلىپ، ئۆزلىرىنى ۋە باشقىلارنى ئاللاھنىڭ توغرا يولىدىن توستى. ئۇلارنىڭ قىلمىشى نېمىدېگەن يامان! چۈنكى ئۇلار كۆرۈنۈشتە ئىمان ئېيتىپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە كاپىر بولغان ئادەملەردۇر. ئۇلارنىڭ كاپىرلىقى سەۋەبلىك ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىلىنى پېچەتلىۋەتكەن. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىگە پايدىلىق ئىشلارنى چۈشەنمەيدۇ.

۞ وَإِذَا رَأَيۡتَهُمۡ تُعۡجِبُكَ أَجۡسَامُهُمۡۖ وَإِن يَقُولُواْ تَسۡمَعۡ لِقَوۡلِهِمۡۖ كَأَنَّهُمۡ خُشُبٞ مُّسَنَّدَةٞۖ يَحۡسَبُونَ كُلَّ
صَيۡحَةٍ عَلَيۡهِمۡۚ هُمُ ٱلۡعَدُوُّ فَٱحۡذَرۡهُمۡۚ قَٰتَلَهُمُ ٱللَّهُۖ أَنَّىٰ يُؤۡفَكُونَ ٤

4 - سەن ئۇ مۇناپىقلارغا قارايدىغان بولساڭ، ئۇلارنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى ۋە كۆرۈنۈشى سېنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇلار سۆزلىسە، سۆزلىرىنىڭ ئېسىللىكىدىن ئۇلارنىڭ سۆزىگە قىزىقىپ قالىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار دىلىنىڭ ئىماندىن، ئەقلىنىڭ چۈشىنىشتىن ۋە مەنپەئەتلىك ئىلىمدىن پۈتۈنلەي خالىيلىقىدا، گويا تامغا يۆلەپ قويۇلغان ياغاچلارنىڭ ئۆزىدۇر، ئۇلار دىلىدا ئورناپ كەتكەن قورقۇنچاقلىقتىن ۋە ئۆزلىرىنىڭ يالغانچىلىقىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىن، ھەرقانداق ئاۋازنى ئۆزلىرىگە قارىتىلغان زىيانلىق ئاۋاز دەپ ئويلايدۇ. ئۇلار ساڭا ۋە مۇئمىنلەرگە ھەقىقىي دۈشمەندۇر، ئۇلار ساڭا ۋە مۇئمىنلەرگە ناھايىتى قاتتىق دۈشمەندۇر. شۇڭا، ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلىگىن، ئاللاھ ئۇلارنى رەسۋا قىلسۇن! ئۆز رەھمىتىدىن يىراق قىلسۇن! ئۇلار قانداقلارچە ھەقىقەتتىن ئازغۇنلۇققا ۋە مۇناپىقلىققا بۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟

وَإِذَا قِيلَ لَهُمۡ تَعَالَوۡاْ يَسۡتَغۡفِرۡ لَكُمۡ رَسُولُ ٱللَّهِ لَوَّوۡاْ رُءُوسَهُمۡ وَرَأَيۡتَهُمۡ يَصُدُّونَ وَهُم مُّسۡتَكۡبِرُونَ ٥

5 ـ ئاشۇ مۇناپىقلارغا: «سىلەر سادىر قىلغان گۇناھلار ۋە يامان سۆزلىرىڭلارغا تەۋبە قىلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىڭلار، رەسۇلۇللاھ سىلەرگە ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىسۇن» دېيىلسە، ئۇلار چوڭچىلىق قىلىپ بۇ سۆزنى مەسخىرە قىلغانلىقتىن باشلىرىنى چايقايدۇ. ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن تەلەپ قىلغان ئىشنى ئورۇنداشتىن باش تارتىپ، تەكەببۇرلۇق بىلەن سەندىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرىسەن.

سَوَآءٌ عَلَيۡهِمۡ أَسۡتَغۡفَرۡتَ لَهُمۡ أَمۡ لَمۡ تَسۡتَغۡفِرۡ لَهُمۡ لَن يَغۡفِرَ ٱللَّهُ لَهُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡفَٰسِقِينَ ﴿٦﴾

6 ـ ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇناپىقلارغا ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ، قىلمىساڭمۇ، بەرىبىر ئوخشاش. ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ كۇفرىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەنلىكى ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلماسلىقتا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈندۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان كاپىر قەۋمنى ئىمانغا مۇۋەپپەق قىلمايدۇ.

هُمُ ٱلَّذِينَ يَقُولُونَ لَا تُنفِقُواْ عَلَىٰ مَنۡ عِندَ رَسُولِ ٱللَّهِ حَتَّىٰ يَنفَضُّواْۗ وَلِلَّهِ خَزَآئِنُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَلَٰكِنَّ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ لَا يَفۡقَهُونَ ﴿٧﴾

7 ـ مەدىنىلىكلەرگە: «رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىكى مۇھاجىرلارغا بىر نەرسە بەرمەڭلار، ئۇلار تارقىلىپ كەتسۇن» دەيدىغان مۇناپىقلار ئاشۇلاردۇر. شەكسىزكى، ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ رىزىق خەزىنىلىرى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئاللاھ خالىغان بەندىلىرىگە بېرىدۇ، خالىغان بەندىلىرىگە بەرمەيدۇ. لېكىن مۇناپىقلار ئاللاھنى تونۇمىغانلىقى ئۈچۈن، رىزىقنىڭ ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ.

يَقُولُونَ لَئِن رَّجَعۡنَآ إِلَى ٱلۡمَدِينَةِ لَيُخۡرِجَنَّ ٱلۡأَعَزُّ مِنۡهَا ٱلۡأَذَلَّۚ وَلِلَّهِ ٱلۡعِزَّةُ وَلِرَسُولِهِۦ وَلِلۡمُؤۡمِنِينَ وَلَٰكِنَّ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٨﴾

8 ـ ئۇ مۇناپىقلار: «ئەگەر بىز مەدىنىگە قايتساق، بىزنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەزىز بولغان پىرقىمىز ئەڭ خار پىرقە بولغان مۇئمىنلەرنى مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ» دېيىشىدۇ. ئىززەت ۋە غەلىبە پەقەتلا ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپتۇر، لېكىن مۇناپىقلار ئەقىلسىزلىكىدىن بۇ ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تُلۡهِكُمۡ أَمۡوَٰلُكُمۡ وَلَآ أَوۡلَٰدُكُمۡ عَن ذِكۡرِ ٱللَّهِۚ وَمَن يَفۡعَلۡ ذَٰلِكَ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡخَٰسِرُونَ ﴿٩﴾

9 ـ ئى ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! سىلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەرنى ئاللاھقا تائەت ـ ئىبادەت قىلىشتىن ۋە ئۇنىڭ ئەمرىنى ئورۇنداشتىن غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن، كىمنىكى پۇل ـ مېلى ۋە بالىلىرى ئۇنىڭدىن غەپلەتتە قويىدىكەن، ئەنە شۇلار ئالدىنىپ كېتىپ، ئاللاھتىن كېلىدىغان مۇكاپات ۋە رەھمەتتىن قۇرۇق قېلىپ، ئۆزىنى زىيانغا ئۇچراتقۇچىلاردۇر.

وَأَنفِقُواْ مِن مَّا رَزَقۡنَٰكُم مِّن قَبۡلِ أَن يَأۡتِيَ أَحَدَكُمُ ٱلۡمَوۡتُ فَيَقُولَ رَبِّ لَوۡلَآ أَخَّرۡتَنِيٓ إِلَىٰٓ أَجَلٖ قَرِيبٖ فَأَصَّدَّقَ وَأَكُن مِّنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٠﴾

10 - ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە ئۆلۈم كېلىپ، ئۇنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنگەندە: پۇشايمان قىلىپ:
«ئى رەببىم! نېمىشقا ماڭا ئازراق مۆھلەت بەرمىدىڭ، ئەجىلىمنى بىرئاز كېچىكتۈرگەن
بولساڭ، پۇل - مېلىمدىن سەدىقە قىلىپ تەقۋادار، سالىھ كىشىلەردىن بولار ئىدىم»
دەپ قېلىشتىن بۇرۇن، بىز سىلەرگە ئاتا قىلغان پۇل - مالدىن بىر قىسمىنى سەدىقە
قىلىڭلار.

وَلَن يُؤَخِّرَ ٱللَّهُ نَفۡسًا إِذَا جَآءَ أَجَلُهَاۚ وَٱللَّهُ خَبِيرُۢ بِمَا تَعۡمَلُونَ ﴿١١﴾

11 - ئاللاھ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ، ئۆلىدىغان ۋاقتى كەلگەن ئادەمنىڭ ئەجىلىنى ھەرگىز
كېچىكتۈرمەيدۇ. ئاللاھ سىلەر قىلىۋاتقان ياخشى - يامان ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق
خەۋەرداردۇر ۋە سىلەرگە شۇنىڭغا يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

# تەغابۇن سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

يُسَبِّحُ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۖ لَهُ ٱلۡمُلۡكُ وَلَهُ ٱلۡحَمۡدُۖ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ١

1 - ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنى بارچە نالايىق سۈپەتلەردىن پاكتۇر، دەپ تەرىپلەپ، ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىدۇ. ھەممە نەرسىنىڭ مۇتلەق ھاكىمىيىتى ۋە پادىشاھلىقى بىر ئاللاھقا خاستۇر، گۈزەل ماختاشلار ۋە ئېسىل مەدھىيەلەر ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

هُوَ ٱلَّذِي خَلَقَكُمۡ فَمِنكُمۡ كَافِرٞ وَمِنكُم مُّؤۡمِنٞۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٌ ٢

2 - ئاللاھ سىلەرنى يوقتىن ياراتقان زاتتۇر. شۇنداق تۇرۇقلۇق، بەزىلىرىڭلار ئاللاھنىڭ يېگانە ئىلاھلىقىنى ئىنكار قىلدىڭلار، بەزىلىرىڭلار ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتىڭلار ۋە ئۇنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلدىڭلار. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ھېچقانداق بىر ئىش مەخپىي ئەمەستۇر، سىلەرگە شۇنىڭغا يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ بِٱلۡحَقِّ وَصَوَّرَكُمۡ فَأَحۡسَنَ صُوَرَكُمۡۖ وَإِلَيۡهِ ٱلۡمَصِيرُ ٣

3 - ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ۋايىغا يەتكەن ھېكمەت بىلەن ياراتتى، سىلەرنى ئەڭ چىرايلىق شەكىلگە كىرگۈزدى. قىيامەت كۈنى قايتىدىغان جايىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر، ئاللاھ ھەربىر ئادەمگە بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى - يامان ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

يَعۡلَمُ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَيَعۡلَمُ مَا تُسِرُّونَ وَمَا تُعۡلِنُونَۚ وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ٤

4 - ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئى ئىنسانلار! ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۆز ئاراڭلاردا يوشۇرغان ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ دىللاردىكى سىرلارنىمۇ بىلگۈچىدۇر.

أَلَمۡ يَأۡتِكُمۡ نَبَؤُاْ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِن قَبۡلُ فَذَاقُواْ وَبَالَ أَمۡرِهِمۡ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ٥

5 - ئى مۇشرىكلار! سىلەرگە بۇرۇن ئۆتكەن كاپىر ئۈممەتلەرنىڭ خەۋىرى كەلمىدىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقى ۋە يامان ئەمەللىرى سەۋەبلىك ئازاب چۈشكەن ئىدى. ئۇلارغا ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بار.

ذَٰلِكَ بِأَنَّهُۥ كَانَت تَّأۡتِيهِمۡ رُسُلُهُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِ فَقَالُوٓاْ أَبَشَرٞ يَهۡدُونَنَا فَكَفَرُواْ وَتَوَلَّواْۖ وَّٱسۡتَغۡنَى ٱللَّهُۚ
وَٱللَّهُ غَنِيٌّ حَمِيدٞ ٦

6 - ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا جازالانغانلىقى ۋە ئاخىرەتتىمۇ ئازابقا قالىدىغانلىقى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى روشەن مۆجىزىلەرنى ۋە ئوپئوچۇق دەلىل - پاكىتلارنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار مەزكۇر پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىپ: «بىزگە ئوخشايدىغان ئىنسان بىزگە يول كۆرسەتمەدىكەن؟» دېدى، ئۇلار ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى دەۋەت قىلغان دىننى ئىنكار قىلدى، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتتى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىمانىغا ۋە ئىبادىتىگە موھتاج ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قويىدى. ئاللاھ ھەممىدىن بىھاجەتتۇر، ھېچ نەرسىگە موھتاج ئەمەستۇر، بارلىق سۈپەتلىرىدە، سۆزلىرىدە ۋە ئىشلىرىدا ئەڭ مۇكەممەل مەدھىيەگە لايىقتۇر، بەندىلىرىنىڭ كاپىر بولۇشى بىلەن ئاللاھقا قىلچىلىك زىيان يەتمەيدۇ.

زَعَمَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَن لَّن يُبۡعَثُواْۚ قُلۡ بَلَىٰ وَرَبِّي لَتُبۡعَثُنَّ ثُمَّ لَتُنَبَّؤُنَّ بِمَا عَمِلۡتُمۡۚ وَذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٞ ﴿٧﴾

7 - ئاللاھنى ئىنكار قىلغان كاپىرلار ئۆلگەندىن كېيىن قەبرىمىزدىن ھەرگىز تىرىلىپ چىقمايمىز دەپ گۇمان قىلىشتى. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا: «ئەمەلىيەت ھەرگىز سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، رەببىمنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر چوقۇم قەبرەڭلاردىن تىرىلىپ چىقىرىلىسىلەر، ئاندىن سىلەرگە دۇنيادا قىلغان قىلمىشىڭلاردىن چوقۇم خەۋەر بېرىلىدۇ، بۇ ئاللاھقا ناھايىتى ئاساندۇر» دېگىن.

فَـَٔامِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَٱلنُّورِ ٱلَّذِيٓ أَنزَلۡنَاۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرٞ ﴿٨﴾

8 - ئى مۇشرىكلار! سىلەر ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، ئاللاھ پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان قۇرئان بىلەن ھىدايەت تېپىڭلار. ئاللاھ سىلەرنىڭ بارلىق گەپ - سۆزۈڭلاردىن ۋە ئەمەللىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر، ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر، قىيامەت كۈنى سىلەرگە ئەمەللىرىڭلارغا يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

يَوۡمَ يَجۡمَعُكُمۡ لِيَوۡمِ ٱلۡجَمۡعِۖ ذَٰلِكَ يَوۡمُ ٱلتَّغَابُنِۗ وَمَن يُؤۡمِنۢ بِٱللَّهِ وَيَعۡمَلۡ صَٰلِحٗا يُكَفِّرۡ عَنۡهُ سَيِّـَٔاتِهِۦ وَيُدۡخِلۡهُ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدٗاۚ ذَٰلِكَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ﴿٩﴾

9 - قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب مەيدانىنى ئەسلەڭلاركى، ئاللاھ ئاۋۋالقى ۋە كېيىنكى بارلىق خالايىقنى توپلايدىغان ئاشۇ كۈندە سىلەرنىمۇ توپلايدۇ، بۇ، بەندىلەر ئارىسىدىكى ئالدانغانلىق ۋە پەرقلەر ئوتتۇرىغا چىقىدىغان كۈندۇر. ئۇ كۈندە مۇئمىنلەر كاپىرلارنىڭ ۋە پاسىقلارنىڭ ئالدانغانلىقىنى كۆرىدۇ. مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ، كاپىرلار ئاللاھنىڭ ئادالىتى بىلەن دوزاخقا كىرىدۇ. كىمكى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يۇيۇۋېتىدۇ، ئۇنى قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل - دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. بۇ ئەڭ كاتتا مۇۋەپپەقىيەتتۇر، ئۇنىڭدىن چوڭ مۇۋەپپەقىيەت يوقتۇر.

وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَكَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَآ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِ خَٰلِدِينَ فِيهَاۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ ﴿١٠﴾

10 - ئاللاھنىڭ ھەقىقىي ئىلاھ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يارىتىشتا، ئىگىدارچىلىق قىلىشتا ۋە باشقۇرۇشتا يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ۋە يالغۇز ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىگە

دالالەت قىلىدىغان دەلىل - پاكىتلارنى ئىنكار قىلغان كاپىرلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!

مَآ أَصَابَ مِن مُّصِيبَةٍ إِلَّا بِإِذۡنِ ٱللَّهِۗ وَمَن يُؤۡمِنۢ بِٱللَّهِ يَهۡدِ قَلۡبَهُۥۚ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٞ ١١

11 - بىراۋغا يەتكەن ھەرقانداق بىر يامانلىق پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىرى ۋە بەلگىلىمىسى بىلەنلا يېتىدۇ، كىمكى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشقا، ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇشقا يېتەكلەيدۇ، ئۇنى ئەڭ ياخشى سۆزنى قىلىشقا، ئەڭ ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا ۋە ئەڭ ياخشى ھالەتتە بولۇشقا يېتەكلەيدۇ. چۈنكى ھىدايەت دىلنى يورۇتىدۇ، بەدەندىكى ئەزالار ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئىش مەخپىي ئەمەستۇر.

وَأَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَۚ فَإِن تَوَلَّيۡتُمۡ فَإِنَّمَا عَلَىٰ رَسُولِنَا ٱلۡبَلَٰغُ ٱلۡمُبِينُ ١٢

12 - ئى ئىنسانلار! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، ئاللاھ بۇيرۇغان ۋە توسقان ھەممە ئىشتا ئۇنىڭغا بويسۇنۇڭلار، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام رەببىدىن يەتكۈزگەن ئەمر - پەرمانلارنى ئورۇنداشتا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار. ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتساڭلار، پەيغەمبىرىمىزگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى سىلەرگە دىنىنى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتىنلا ئىبارەتتۇر.

ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۚ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلۡيَتَوَكَّلِ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ١٣

13 - ئاللاھ ھەقىقىي مەبۇدتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا تائەت-ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە چىن ئىشەنگەن مۆئمىنلەر بارلىق ئىشلىرىدا ئاللاھقا تايانسۇن.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِنَّ مِنۡ أَزۡوَٰجِكُمۡ وَأَوۡلَٰدِكُمۡ عَدُوّٗا لَّكُمۡ فَٱحۡذَرُوهُمۡۚ وَإِن تَعۡفُواْ وَتَصۡفَحُواْ
وَتَغۡفِرُواْ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٌ ١٤

14 - ئى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! شەكسىزكى، سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلار ۋە باللىرىڭلار ئىچىدە سىلەرگە دۈشمەن بولىدىغانلىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسىدۇ، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن بوشاشتۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا، سىلەر ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلەڭلار، ئۇلارغا ئىتائەت قىلماڭلار. ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ يامانلىقىنى ئەپۇ قىلساڭلار، ئەيىبلىرىنى ياپساڭلار ۋە كەچۈرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە رەھىم قىلىدۇ، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى كاتتىدۇر، رەھمىتى ناھايىتى كەڭدۇر.

إِنَّمَآ أَمۡوَٰلُكُمۡ وَأَوۡلَٰدُكُمۡ فِتۡنَةٞۚ وَٱللَّهُ عِندَهُۥٓ أَجۡرٌ عَظِيمٞ ١٥

15 - سىلەرنىڭ پۇل - ماللىرىڭلار، باللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن پەقەتلا سىناق ۋە ئىمتىھاندۇر. مەخلۇقاتقا ئىتائەت قىلماي، بىر ئاللاھقىلا ئىتائەت قىلغان، پۇل-مېلىدىكى ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كاتتا مۇكاپات بار.

فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ مَا ٱسۡتَطَعۡتُمۡ وَٱسۡمَعُواْ وَأَطِيعُواْ وَأَنفِقُواْ خَيۡرٗا لِّأَنفُسِكُمۡۗ وَمَن يُوقَ شُحَّ نَفۡسِهِۦ
فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ١٦

16 - ئى مۆئمىنلەر! شۇڭا سىلەر ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىشتا بارچە كۈچۈڭلارنى ۋە تاقىتىڭلارنى سەرپ قىلىڭلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسىھەتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ،

دىققىتىڭلارنى يىغىپ تۇرۇپ ئاڭلاڭلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرۇغان ئىشلارنى ئورۇنداپ، ئۇ توسقان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئاتا قىلغان پۇل - مالدىن ئۇنىڭ يولىغا سەرپ قىلىڭلار. بۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. كىمكى ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلىنىدىكەن ۋە ھاجىتىدىن ئارتۇق مال - دۇنياسىدىن ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىكەن، ئەنە شۇنداق كىشىلەر بارچە مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكەن، ھەممە ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرگەن بولىدۇ.

إِن تُقۡرِضُواْ ٱللَّهَ قَرۡضًا حَسَنٗا يُضَٰعِفۡهُ لَكُمۡ وَيَغۡفِرۡ لَكُمۡۚ وَٱللَّهُ شَكُورٌ حَلِيمٌ ﴿١٧﴾

17 - ئەگەر سىلەر پۇل - مېلىڭلارنى ئىخلاس بىلەن ۋە ياخشى نىيەت بىلەن ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئەمەلىڭلارنىڭ ساۋابىنى ھەسسىلەپ بېرىدۇ، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ياخشىلىق يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلغۇچىلارغا ئەمەلىگە يارىشا ئەڭ ياخشى مۇكاپات بەرگۈچىدۇر، گۇناھكارلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر.

عَٰلِمُ ٱلۡغَيۡبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿١٨﴾

18 - ئاللاھ يوشۇرۇننى ۋە ئاشكارىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، ناھايىتى كۈچلۈكتۇر، ھەممىگە غالىبتۇر، سۆزلىرىدە ۋە ئىشلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

# تالاق سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ إِذَا طَلَّقۡتُمُ ٱلنِّسَآءَ فَطَلِّقُوهُنَّ لِعِدَّتِهِنَّ وَأَحۡصُواْ ٱلۡعِدَّةَۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ رَبَّكُمۡۖ لَا
تُخۡرِجُوهُنَّ مِنۢ بُيُوتِهِنَّ وَلَا يَخۡرُجۡنَ إِلَّآ أَن يَأۡتِينَ بِفَٰحِشَةٖ مُّبَيِّنَةٖۚ وَتِلۡكَ حُدُودُ ٱللَّهِۚ وَمَن يَتَعَدَّ
حُدُودَ ٱللَّهِ فَقَدۡ ظَلَمَ نَفۡسَهُۥۚ لَا تَدۡرِي لَعَلَّ ٱللَّهَ يُحۡدِثُ بَعۡدَ ذَٰلِكَ أَمۡرٗا ١

1 - ئى پەيغەمبەر! سەن ۋە مۇئمىنلەر ئاياللىرىڭلارنى تالاق قىلماقچى بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددەت[1] تۇتۇشىغا قولايلىق پەيتتە (يەنى ھەيزدىن پاكلىنىپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلمىگەن ھالەتتە) تالاق قىلىڭلار. ئاياللىرىڭلارنى قايتۇرۇۋېلىش مۇمكىنچىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئىددىتىنى ئوبدان ھېسابلاڭلار. رەببىڭلار بولغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار. ئۇلار ئوپئوچۇق (يەنى ئېنىق ۋە دەلىل - ئىسپاتلىق) پاھىشە قىلمىغان بولسىلا، ئۇلارنى ئىددىتى توشمىغۇچە ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىدىن چىقىرىۋەتمەڭلار، ئۇلارمۇ چىقىپ كەتمىسۇن. ئادەت كۆرۈش يېشىغا يەتمىگەن قىزلار، ئادەتتىن توختاپ قالغان چوڭ ئاياللار ۋە ھامىلىدار ئاياللاردىن باشقا ئاياللارنىڭ ئادىتى ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرۈش بىلەن تاماملىنىدۇ. مانا بۇ ئاللاھ بەندىلىرىگە بەلگىلەپ بەرگەن ھۆكۈملەردۇر. كىمكى ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن چەتنەپ كېتىدىكەن، ئۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان ۋە ئۆزىنى ھالاكەتكە ئاتقان بولىدۇ. ئى تالاق قىلغۇچى! نەدىن بىلىسەن؟ بەلكى ئاللاھ تالاقتىن كېيىن بىرەر ئىشنى (يەنى تالاق قىلغانلىقىڭغا پۇشايمان قىلىپ، ئايالىڭنى قايتۇرۇۋېلىشىڭنى) مەيدانغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن.

فَإِذَا بَلَغۡنَ أَجَلَهُنَّ فَأَمۡسِكُوهُنَّ بِمَعۡرُوفٍ أَوۡ فَارِقُوهُنَّ بِمَعۡرُوفٖ وَأَشۡهِدُواْ ذَوَيۡ عَدۡلٖ مِّنكُمۡ
وَأَقِيمُواْ ٱلشَّهَٰدَةَ لِلَّهِۚ ذَٰلِكُمۡ يُوعَظُ بِهِۦ مَن كَانَ يُؤۡمِنُ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِۚ وَمَن يَتَّقِ ٱللَّهَ
يَجۡعَل لَّهُۥ مَخۡرَجٗا ٢ وَيَرۡزُقۡهُ مِنۡ حَيۡثُ لَا يَحۡتَسِبُۚ وَمَن يَتَوَكَّلۡ عَلَى ٱللَّهِ فَهُوَ حَسۡبُهُۥٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ
بَٰلِغُ أَمۡرِهِۦۚ قَدۡ جَعَلَ ٱللَّهُ لِكُلِّ شَيۡءٖ قَدۡرٗا ٣

2 - 3 - ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشاي دېگەندە، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە يارىشىپ قېلىڭلار، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىڭلار، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار ياكى ئۇلار بىلەن ئۇلارنىڭ ھەققىنى بېرىپ ۋە قىلچە زىيان يەتكۈزمەي ئاجرىشىپ كېتىڭلار، يارىشىپ قالغىنىڭلاردا ياكى ئاجراشقىنىڭلاردا ئاراڭلاردىن ئادالەتلىك ئىككى ئادەمنى گۇۋاھ قىلىڭلار. ئى گۇۋاھچىلار! سىلەر ئاللاھ رازىلىقىنى ئىزدىگەن ئاساستا خالىس

---

[1] ئىددەت - ئاياللارنىڭ بالىياتقۇسىنىڭ پاكلىنىشى ئۈچۈن كۈتىدىغان مۇددەتتۇر.

گۇۋاھ بولۇڭلار. ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەرگە ئاللاھ بۇنى ئەمر قىلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن نەسىھەت قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، ئاللاھنىڭ توسقانلىرىدىن يىراق تۇرۇپ، ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىن چىقىش يولى بېرىدۇ، ئۇنىڭغا ئويلىمىغان ۋە كۈتۈلمىگەن يەردىن رىزقىنىڭ يوللىرى ۋە سەۋەبلىرىنى ھازىر قىلىپ بېرىدۇ. كىمكى ئاللاھقا ئىشەنچ بىلەن تايىنىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايىدۇر، بارلىق ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشقا يېتەرلىكتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۆز ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىدۇر، قەتئىي ئاجىز كەلمەيدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەربىر نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن مىقدار، مەلۇم ۋاقىت بەلگىلىدى.

وَٱلَّٰٓـِٔي يَئِسۡنَ مِنَ ٱلۡمَحِيضِ مِن نِّسَآئِكُمۡ إِنِ ٱرۡتَبۡتُمۡ فَعِدَّتُهُنَّ ثَلَٰثَةُ أَشۡهُرٖ وَٱلَّٰٓـِٔي لَمۡ يَحِضۡنَۚ وَأُوْلَٰتُ
ٱلۡأَحۡمَالِ أَجَلُهُنَّ أَن يَضَعۡنَ حَمۡلَهُنَّۚ وَمَن يَتَّقِ ٱللَّهَ يَجۡعَل لَّهُۥ مِنۡ أَمۡرِهِۦ يُسۡرٗا ﴿٤﴾

4 ـ ياشىنىپ قالغانلىقتىن، ھەيز كۆرۈشتىن توختاپ قالغان ئاياللارنىڭ ئىددىتى قانداق بولار دەپ، ئۇنىڭ ھۆكمى توغرۇلۇق شەك قىلىپ قالساڭلار، (بىلىڭلاركى) ئۇلارنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر، تېخى ھەيز كۆرمىگەن كىچىك قىزلارنىڭمۇ ئۈچ ئايدۇر. ھامىلىدار ئاياللارنىڭ ئىددىتى يەڭگىگەنگە قەدەردۇر. كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن ۋە ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇندايدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ئىشىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

ذَٰلِكَ أَمۡرُ ٱللَّهِ أَنزَلَهُۥٓ إِلَيۡكُمۡۚ وَمَن يَتَّقِ ٱللَّهَ يُكَفِّرۡ عَنۡهُ سَيِّـَٔاتِهِۦ وَيُعۡظِمۡ لَهُۥٓ أَجۡرًا ﴿٥﴾

5 ـ ئى ئىنسانلار! سىلەرگە بايان قىلىنغان بۇ تالاق، ئىددەت قاتارلىق ھۆكۈملەر ئاللاھنىڭ سىلەرگە چۈشۈرگەن ئەمرىدۇر. ئاللاھ بۇلارنى سىلەرنى بىلسۇن ۋە ئەمەل قىلسۇن دەپ چۈشۈردى. كىمكى ئاللاھ بۇيرۇغان پەرزلەرنى ئورۇنداپ، مەنئى قىلغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تەقۋالىق قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يۇيۇۋېتىدۇ، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە جەننەتتىن ئىبارەت كاتتا مۇكاپات ئاتا قىلىدۇ.

أَسۡكِنُوهُنَّ مِنۡ حَيۡثُ سَكَنتُم مِّن وُجۡدِكُمۡ وَلَا تُضَآرُّوهُنَّ لِتُضَيِّقُواْ عَلَيۡهِنَّۚ وَإِن كُنَّ أُوْلَٰتِ
حَمۡلٖ فَأَنفِقُواْ عَلَيۡهِنَّ حَتَّىٰ يَضَعۡنَ حَمۡلَهُنَّۚ فَإِنۡ أَرۡضَعۡنَ لَكُمۡ فَـَٔاتُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ وَأۡتَمِرُواْ بَيۡنَكُم
بِمَعۡرُوفٖۖ وَإِن تَعَاسَرۡتُمۡ فَسَتُرۡضِعُ لَهُۥٓ أُخۡرَىٰ ﴿٦﴾

6 ـ تالاق قىلىنغان ئاياللارنى ئىددەت تۇتۇۋاتقان مۇددىتى ئىچىدە قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۆزۈڭلار تۇرۇۋاتقان ئۆيلەردە تۇرغۇزۇڭلار، ئۇلارنى تۇرىدىغان جاي مەسىلىسىدە تەڭلىكتە قالدۇرۇپ، كېتىشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن، ئۇلارغا زىيان يەتكۈزمەڭلار، ئەگەر ئۇلار ھامىلىدار بولسا، يەڭگىگەنگە قەدەر ئۇلارنى نەپىقە بىلەن تەمىنلەڭلار، ئەگەر ئۇلار سىلەردىن بولغان بوۋاقلىرىنى سىلەردىن ھەق ئېلىپ ئېمىتىپ بەرسە، ئۇلارنىڭ ھەققىنى بېرىڭلار، بۇ خۇسۇستا توغرا يوسۇندا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىڭلار، ئەگەر بوۋاقنى ئۆز ئانىسى ئېمىتىپ بېرىش مەسىلىسىدە كېلىشەلمىسەڭلار، بوۋاقنى باشقا بىر ئايال ئېمىتسىمۇ بولىدۇ.

لِيُنفِقۡ ذُو سَعَةٖ مِّن سَعَتِهِۦۖ وَمَن قُدِرَ عَلَيۡهِ رِزۡقُهُۥ فَلۡيُنفِقۡ مِمَّآ ءَاتَىٰهُ ٱللَّهُۚ لَا يُكَلِّفُ ٱللَّهُ نَفۡسًا
إِلَّا مَآ ءَاتَىٰهَاۚ سَيَجۡعَلُ ٱللَّهُ بَعۡدَ عُسۡرٖ يُسۡرٗا ﴿٧﴾

7 ـ ماددىي ئىمكانىيىتى ياخشى ئادەم بالىسىنى ئېمىتىۋاتقان ۋە ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايالىنى شۇ ئىمكانىيىتىگە يارىشا تەمىنلىسۇن، رىزقى تار قىلىنغان يوقسۇل ئادەم ئاللاھنىڭ

بەرگىننگە يارىشا تەمىنلىسۇن. يوقسۇل ئادەم باي ئادەمگە ئوخشاش تەمىنلەشكە مەجبۇرلانمايدۇ. ئاللاھ ھېچكىمنى قۇربى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ. ئاللاھ ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىق ئاتا قىلىدۇ.

وَكَأَيِّن مِّن قَرۡيَةٍ عَتَتۡ عَنۡ أَمۡرِ رَبِّهَا وَرُسُلِهِۦ فَحَاسَبۡنَٰهَا حِسَابٗا شَدِيدٗا وَعَذَّبۡنَٰهَا عَذَابٗا
نُّكۡرٗا ﴿٨﴾ فَذَاقَتۡ وَبَالَ أَمۡرِهَا وَكَانَ عَٰقِبَةُ أَمۡرِهَا خُسۡرًا ﴿٩﴾

8 - 9 - نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى رەببىنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلدى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلدى ۋە كۇفرىلىقنى، گۇناھ - مەئسىيەتنى داۋاملاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن قىلمىشلىرى توغرۇلۇق مۇشۇ دۇنيادا قاتتىق ھېساب ئالدۇق ۋە ئۇلارنى شىددەتلىك ئازاب بىلەن جازالىدۇق. نەتىجىدە، ئۇلار كۇفرىلىقىنىڭ ۋە بارلىق قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تېتىدى، ئۇلارنىڭ كاپىرلىقىنىڭ ئاقىۋىتى ھالاك بولۇش ۋە زىيان تارتىشتىنلا ئىبارەت بولدى.

أَعَدَّ ٱللَّهُ لَهُمۡ عَذَابٗا شَدِيدٗاۖ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ يَٰٓأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْۚ قَدۡ أَنزَلَ ٱللَّهُ إِلَيۡكُمۡ
ذِكۡرٗا ﴿١٠﴾ رَّسُولٗا يَتۡلُواْ عَلَيۡكُمۡ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ مُبَيِّنَٰتٖ لِّيُخۡرِجَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ
مِنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِۚ وَمَن يُؤۡمِنۢ بِٱللَّهِ وَيَعۡمَلۡ صَٰلِحٗا يُدۡخِلۡهُ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا
ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدٗاۖ قَدۡ أَحۡسَنَ ٱللَّهُ لَهُۥ رِزۡقًا ﴿١١﴾

10 - 11 - ئاللاھ ھەددىدىن ئاشقان ئاشۇ قەۋم ئۈچۈن ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب تەييارلىدى. ئى ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان ئەقلى ئۆتكۈر كىشىلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئۇنىڭ ئازابىدىن ھەزەر ئەيلەڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرگە ئاللاھنى ئەسلىتىدىغان، دىققەت - ئېتىبارىڭلارنى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتىن كېلىدىغان بەخت - سائادەتكە قارىتىدىغان بىر ۋەز - نەسىھەتچىنى ئەۋەتتى. ئۇ بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەرنى كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىماننىڭ نۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن، سىلەرگە ئاللاھنىڭ ھەقنى باتىلدىن ئايرىپ بېرىدىغان روشەن ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ. كىمكى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل - دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. ئاللاھ سالىھ مۇئمىنلەرگە جەننەتلەردە ئەڭ ئېسىل رىزىقلەرنى بېرىدۇ.

ٱللَّهُ ٱلَّذِي خَلَقَ سَبۡعَ سَمَٰوَٰتٖ وَمِنَ ٱلۡأَرۡضِ مِثۡلَهُنَّۖ يَتَنَزَّلُ ٱلۡأَمۡرُ بَيۡنَهُنَّ لِتَعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ
شَيۡءٖ قَدِيرٞ وَأَنَّ ٱللَّهَ قَدۡ أَحَاطَ بِكُلِّ شَيۡءٍ عِلۡمَۢا ﴿١٢﴾

12 - ئاللاھ يەتتە ئاسماننى ۋە يەتتە قات زېمىننى ئۆزى يالغۇز ياراتقان، پەيغەمبەرلىرىگە ۋەھيى قىلغان ۋە ئاسمانلار بىلەن زېمىن ئارىسىدىكى مەۋجۇداتنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى ئەمر - پەرمانلىرىنى چۈشۈرگەن زاتتۇر. ئى ئىنسانلار! بۇ ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى، ھېچ نەرسىدىن ئاجىز كەلمەيدىغانلىقىنى، ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى ۋە ھېچ نەرسىنىڭ ئۇنىڭ ئىلمىدىن ۋە قۇدرىتىدىن تاشقىرى ئەمەسلىكىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

# تەھرىم سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ لِمَ تُحَرِّمُ مَآ أَحَلَّ ٱللَّهُ لَكَۖ تَبۡتَغِي مَرۡضَاتَ أَزۡوَٰجِكَۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ١

1 - ئى پەيغەمبەر! سەن نېمە ئۈچۈن ئاياللىرىڭنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئاللاھ ساڭا ھالال قىلغان نەرسىدىن ئۆزۈڭنى چەكلەيسەن؟ ئاللاھ سېنى ئەلۋەتتە كەچۈرگۈچىدۇر، ساڭا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

قَدۡ فَرَضَ ٱللَّهُ لَكُمۡ تَحِلَّةَ أَيۡمَٰنِكُمۡۚ وَٱللَّهُ مَوۡلَىٰكُمۡۖ وَهُوَ ٱلۡعَلِيمُ ٱلۡحَكِيمُ ٢

2 - ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ سىلەرگە قەسەمىڭلاردىن كاپارەت بېرىپ چىقىپ كېتىشنى بەلگىلىدى، قەسەمنىڭ كاپارىتى: ئون پېقىرنى بىر ۋاخ تويغۇزۇش ياكى بىر قۇر كىيىندۇرۇش ۋەياكى بىر قۇل ئازاد قىلىش، بۇلارنى قىلالمىسا، ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشتۇر. ئاللاھ سىلەرگە ياردەم قىلغۇچىدۇر، سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر، ئۇ سىلەرگە نېمىنىڭ مەنپەئەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ، شۇنى بەلگىلەيدىغان، سۆزلىرىدە ۋە ئىشلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان زاتتۇر.

وَإِذۡ أَسَرَّ ٱلنَّبِيُّ إِلَىٰ بَعۡضِ أَزۡوَٰجِهِۦ حَدِيثٗا فَلَمَّا نَبَّأَتۡ بِهِۦ وَأَظۡهَرَهُ ٱللَّهُ عَلَيۡهِ عَرَّفَ بَعۡضَهُۥ وَأَعۡرَضَ
عَنۢ بَعۡضٖۖ فَلَمَّا نَبَّأَهَا بِهِۦ قَالَتۡ مَنۡ أَنۢبَأَكَ هَٰذَاۖ قَالَ نَبَّأَنِيَ ٱلۡعَلِيمُ ٱلۡخَبِيرُ ٣

3 - ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئايالى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بىر سىرنى ئېيتقان ئىدى، ئۇ بۇ سۆزنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئېيتىپ قويغان، ئاللاھ سىرنىڭ ئاشكارىلىنىپ كەتكەنلىكىنى پەيغەمبەرگە بىلدۈرگەن چاغدا، پەيغەمبەر ئۇ ئاشكارىلاپ قويغان سۆزلەرنىڭ بەزىسىنى ھەفسەنىڭ يۈزىگە سالدى، ئۇنى ئاسرىغانلىقتىن بەزىسىنى يۈزىگە سالمىدى. پەيغەمبەر ئۇنىڭغا ئۇنىڭ سىرنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقىنى ئېيتقان چاغدا، ئۇ: «بۇنى ساڭا كىم خەۋەر قىلدى؟» دېدى، پەيغەمبەر: «ماڭا بۇنى ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچى، ھەممە مەخپىيەتلىكنى بىلىپ تۇرغۇچى زات — ئاللاھ خەۋەر قىلدى» دېدى.

إِن تَتُوبَآ إِلَى ٱللَّهِ فَقَدۡ صَغَتۡ قُلُوبُكُمَاۖ وَإِن تَظَٰهَرَا عَلَيۡهِ فَإِنَّ ٱللَّهَ هُوَ مَوۡلَىٰهُ وَجِبۡرِيلُ وَصَٰلِحُ
ٱلۡمُؤۡمِنِينَۖ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ بَعۡدَ ذَٰلِكَ ظَهِيرٌ ٤

4 - ئەگەر ئائىشە بىلەن ھەفسە ئىككىڭلار پەيغەمبەرنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاپ ئۇ ياقتۇرمايدىغان ئىشنى قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئاللاھقا تەۋبە قىلساڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر سىلەر بىرلىشىپ پەيغەمبەرگە يامانلىق قىلساڭلار، ئۇنتۇماڭلاركى، ئۇنىڭ مەدەتكارى ئاللاھتۇر، جىبرىلمۇ، مۇئمىنلەرنىڭ ياخشىلىرىمۇ ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر.

ئاللاھنىڭ ياردىمىدىن كېيىن، پەرىشتىلەر ئۇنىڭ ياردەمچىسىدۇر، ئۇنىڭغا ئەزىيەت بەرگەن ۋە دۈشمەنلىك قىلغانلارغا قارشى ئۇنىڭغا مەدەت بېرىدۇ.

عَسَىٰ رَبُّهُۥٓ إِن طَلَّقَكُنَّ أَن يُبْدِلَهُۥٓ أَزْوَٰجًا خَيْرًا مِّنكُنَّ مُسْلِمَٰتٍ مُّؤْمِنَٰتٍ قَٰنِتَٰتٍ تَٰٓئِبَٰتٍ عَٰبِدَٰتٍ سَٰٓئِحَٰتٍ ثَيِّبَٰتٍ وَأَبْكَارًا ﴿٥﴾

5 - ئى ئاياللار! ئەگەر پەيغەمبەر سىلەرنى قويۇۋەتسە، رەببى ئۇنىڭغا سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا سىلەردىن ياخشى، ئاللاھقا تائەت - ئىبادەت بىلەن بويسۇنغۇچى، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقۇچى، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچى، ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەرنى قىلغۇچى، كۆپ ئىبادەت قىلغۇچى، روزا تۇتقۇچى چوكانلارنى ۋە قىزلارنى ئاتا قىلىشى مۇمكىن.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ قُوٓا۟ أَنفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا ٱلنَّاسُ وَٱلْحِجَارَةُ عَلَيْهَا مَلَٰٓئِكَةٌ غِلَاظٌ شِدَادٌ لَّا يَعْصُونَ ٱللَّهَ مَآ أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ ﴿٦﴾

6 - ئى ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىدىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزۈڭلارنى ۋە بالىچاقاڭلارنى يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاشتىن ئىبارەت بولىدىغان، دوزاخ ئەھلىنى جازالاشقا ئۇلارغا قىلچە رەھىم قىلمايدىغان ، مۇئامىلىسى قاتتىق ۋە كۈچلۈك پەرىشتىلەر مەسئۇل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار. دوزاخقا مەسئۇل پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، ئاللاھ نېمىگە بۇيرۇسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لَا تَعْتَذِرُوا۟ ٱلْيَوْمَ ۖ إِنَّمَا تُجْزَوْنَ مَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿٧﴾

7 - ئاللاھنىڭ ھەقىقىي ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتقان كاپىرلارنى دوزاخقا تاشلايدىغان چاغدا: «ئى كاپىرلار! بۈگۈن ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر پەقەت دۇنيادىكى قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنىلا تارتىسىلەر» دېيىلىدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ تُوبُوٓا۟ إِلَى ٱللَّهِ تَوْبَةً نَّصُوحًا عَسَىٰ رَبُّكُمْ أَن يُكَفِّرَ عَنكُمْ سَيِّـَٔاتِكُمْ وَيُدْخِلَكُمْ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ يَوْمَ لَا يُخْزِى ٱللَّهُ ٱلنَّبِىَّ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ مَعَهُۥ ۖ نُورُهُمْ يَسْعَىٰ بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَبِأَيْمَٰنِهِمْ يَقُولُونَ رَبَّنَآ أَتْمِمْ لَنَا نُورَنَا وَٱغْفِرْ لَنَآ ۖ إِنَّكَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿٨﴾

8 - ئى ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! گۇناھتىن يېنىپ، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، قايتا گۇناھ قىلماسلىققا بەل باغلاپ ئاللاھقا سەمىمىي تەۋبە قىلىڭلار. ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، رەببىڭلار سىلەرنىڭ يامان ئەمەللىرىڭلارنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، سىلەرنى قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل - دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ. ئۇ كۈندە ئاللاھ پەيغەمبەرنى ۋە ئۇنىڭ بىللە ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى خار قىلمايدۇ، ئۇلارنى ئازابلىمايدۇ، ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرىدۇ، ئۇلار سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە، ئۇلارنىڭ نۇرى ئەمەللىرىگە يارىشا ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئوڭ تەرىپىدە چاقناپ تۇرىدۇ، ئۇلار: «ئى رەببىمىز! سىراتتىن سالامەت ئۆتۈپ جەننەتكە بېرىۋېلىشىمىز ئۈچۈن، بىزگە نۇرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگىن، بىزنى ئەپۇ

قىلغىن، گۇناھىمىزدىن ئۆتۈۋەتكىن، ئۇنى يۆگىگىن، شەكسىزكى، سەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن» دەيدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ جَٰهِدِ ٱلْكُفَّارَ وَٱلْمُنَٰفِقِينَ وَٱغْلُظْ عَلَيْهِمْ ۚ وَمَأْوَىٰهُمْ جَهَنَّمُ ۖ وَبِئْسَ ٱلْمَصِيرُ ﴿٩﴾

9 - ئى پەيغەمبەر! ئۆزىنىڭ كاپىرلىقىنى ئاشكارا ئېلان قىلغان كاپىرلارغا قارشى قورال بىلەن، ئۆزىنىڭ كاپىرلىقىنى يوشۇرۇپ يالغاندىن ئۆزىنى مۇسۇلمان دەۋالغان مۇناپىقلارغا قارشى دەلىل - پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش، جازالارنى يۈرگۈزۈش، دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىش بىلەن جىھاد قىلغىن. ھەر ئىككى پىرقىغا قارشى جىھاد قىلىشتا ئۇلارغا قاتتىق قول بولغىن، ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە بارىدىغان ۋە ئورۇن ئالىدىغان جايى جەھەننەمدۇر، ئۇلار بارىدىغان جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!

ضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلًا لِّلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ٱمْرَأَتَ نُوحٍ وَٱمْرَأَتَ لُوطٍ ۖ كَانَتَا تَحْتَ عَبْدَيْنِ مِنْ عِبَادِنَا صَٰلِحَيْنِ فَخَانَتَاهُمَا فَلَمْ يُغْنِيَا عَنْهُمَا مِنَ ٱللَّهِ شَيْـًٔا وَقِيلَ ٱدْخُلَا ٱلنَّارَ مَعَ ٱلدَّٰخِلِينَ ﴿١٠﴾

10 - ئاللاھ كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشاش ئەھۋالىغا ۋە ئۇ كاپىرلارنىڭ كاپىر تۇرۇقلۇق، مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىغانلىقىنىڭ ھېچ پايدىسى بولمايدىغانلىقىغا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىنى ۋە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كەلتۈردى، بۇ ئىككى ئايال بىزنىڭ بەندىلىرىمىزدىن ئىككى ياخشى بەندە (نۇھ بىلەن لۇت) نىڭ ئەمرىدە ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى ئەرلىرىگە دىندا خىيانەت قىلدى، ئۇلار كاپىر ئاياللار ئىدى. ئۇ ئىككى پەيغەمبەر ئاللاھتىن ئاياللىرىغا كەلگەن ئازابتىن ھېچ نەرسىنى توسۇپ قالالمىدى ۋە ئۇ ئىككى ئايالغا: «دوزاخقا كىرگۈچىلەر بىلەن بىللە دوزاخقا كىرىڭلار» دېيىلدى. (بۇ مىسالدا ئۆزىنىڭ يامان قىلمىشلىرىنى تاشلىماي تۇرۇپ، ياخشى كىشىلەرگە يېقىن بولۇش بىلەنلا ياخشى ئادەم قاتارىغا ئۆتكىلى بولمايدىغانلىقىغا ئىشارەت بار).

وَضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلًا لِّلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱمْرَأَتَ فِرْعَوْنَ إِذْ قَالَتْ رَبِّ ٱبْنِ لِى عِندَكَ بَيْتًا فِى ٱلْجَنَّةِ وَنَجِّنِى مِن فِرْعَوْنَ وَعَمَلِهِۦ وَنَجِّنِى مِنَ ٱلْقَوْمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١١﴾

11 - ئاللاھ ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان، ئۇنىڭغا خالىس ئىبادەت قىلغان ۋە ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە ئەمەل قىلغان مۇئمىنلەرنىڭ ئەھۋالىغا ۋە كاپىرلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىغانلىقىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىمانىغا قىلچە زىيان يەتكۈزمەيدىغانلىقىغا ئەشەددىي كاپىر پىرئەۋننىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كەلتۈردى. ئۇ مۇئمىن ئايال ئىدى، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھقا دۇئا قىلىپ: «ئى رەببىم! جەننەتتە سېنىڭ دەرگاھىڭدا ماڭا بىر ئۆي بىنا قىلىپ بەرگىن، مېنى پىرئەۋندىن، ئۇنىڭ پىتنىسىدىن ۋە ئۇنىڭ يامانلىقلىرىدىن قۇتقۇزغىن، مېنى زالىملىقتا، ئازغۇنلۇقتا پىرئەۋنگە ئەگەشكەن قەۋمدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئازابلىشىدىن قۇتقۇزغىن» دېگەن ئىدى.

وَمَرْيَمَ ٱبْنَتَ عِمْرَٰنَ ٱلَّتِىٓ أَحْصَنَتْ فَرْجَهَا فَنَفَخْنَا فِيهِ مِن رُّوحِنَا وَصَدَّقَتْ بِكَلِمَٰتِ رَبِّهَا وَكُتُبِهِۦ وَكَانَتْ مِنَ ٱلْقَٰنِتِينَ ﴿١٢﴾

12 - ئاللاھ ئۆزىنى پاك تۇتقان، ئەزاسىنى زىنادىن ساقلىغان ئىمران قىزى مەريەمنى مىسال قىلىپ كەلتۈردى. ئاللاھ جىبرىل ئەلەيھىسسالامنى مەريەمنىڭ كۆڭلىكىنىڭ يېڭىگە پۈۋلەشكە بۇيرىدى. جىبرىلنىڭ پۈۋلىشى مەريەمنىڭ بالىياتقۇسىغا بېرىپ يەتتى، شۇنىڭ

بىلەن مەريەم ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ھامىلىدار بولدى. مەريەم رەببىنىڭ سۆزلىرىگە، پەيغەمبەرلىرىگە نازىل قىلغان كىتابلىرىغا ئىمان ئېيتتى ۋە بەندىلىرىگە بەلگىلەپ بەرگەن شەرىئەتكە ئەمەل قىلدى، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن بولدى.

# مۇلك سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

تَبَٰرَكَ ٱلَّذِي بِيَدِهِ ٱلۡمُلۡكُ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ١

1 ـ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ پادىشاھلىقى ۋە مۇتلەق ھاكىمىيىتى قولىدا بولغان، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئەمر ـ پەرمانلىرى ئىجرا بولۇپ تۇرغان ئاللاھنىڭ ئاتا ـ ئېھسانلىرى ۋە بەرىكىتى كۆپتۇر. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. (بۇ ئايەت ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق قول سۈپىتىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ).

ٱلَّذِي خَلَقَ ٱلۡمَوۡتَ وَٱلۡحَيَوٰةَ لِيَبۡلُوَكُمۡ أَيُّكُمۡ أَحۡسَنُ عَمَلٗاۚ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡغَفُورُ ٢

2 ـ ئاللاھ سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئۆلۈمنى ۋە ھاياتلىقنى ياراتقان زاتتۇر. ئاللاھ ھەممىگە غالىبتۇر، ھېچقانداق ئىشتىن ئاجىز كەلمەيدۇ، تەۋبە قىلغان بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. (بۇ ئايەت كىشىلەرنى ئاللاھقا تائەت ـ ئىبادەت قىلىشقا تەرغىب قىلىشنى ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەت سادىر قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

ٱلَّذِي خَلَقَ سَبۡعَ سَمَٰوَٰتٖ طِبَاقٗاۖ مَّا تَرَىٰ فِي خَلۡقِ ٱلرَّحۡمَٰنِ مِن تَفَٰوُتٖۖ فَٱرۡجِعِ ٱلۡبَصَرَ هَلۡ تَرَىٰ مِن فُطُورٖ ٣

3 ـ ئاللاھ يەتتە ئاسماننى بىرىنى بىرىنىڭ ئۈستىدە، بىرى بىرىگە تۇتاشمايدىغان قىلىپ ياراتقان زاتتۇر. ئى قارىغۇچى! رەھمان ئاللاھنىڭ ياراتقانلىرىدىن ھېچقانداق زىتلىق ۋە ئىختىلاپ كۆرمەيسەن، سەن ئاسمانلارغا تەكرار قاراپ باققىنىكى، بىرەر يېرىقنى ياكى نۇقساننى كۆرەمسەنكىن؟

ثُمَّ ٱرۡجِعِ ٱلۡبَصَرَ كَرَّتَيۡنِ يَنقَلِبۡ إِلَيۡكَ ٱلۡبَصَرُ خَاسِئٗا وَهُوَ حَسِيرٞ ٤

4 ـ ئاندىن سەن ئاسمانغا يەنە تەكرار قارىغىن. كۆزۈڭ ئاسمانلاردا بىرەر نۇقساننى تېپىشتىن ئۈمىد ئۈزگەن، خارلانغان ۋە تالغان ھالدا قايتىدۇ.

وَلَقَدۡ زَيَّنَّا ٱلسَّمَآءَ ٱلدُّنۡيَا بِمَصَٰبِيحَ وَجَعَلۡنَٰهَا رُجُومٗا لِّلشَّيَٰطِينِۖ وَأَعۡتَدۡنَا لَهُمۡ عَذَابَ ٱلسَّعِيرِ ٥

5 ـ كۆزلەر كۆرۈپ تۇرىدىغان ئەڭ يېقىن ئاسماننى كاتتا يورۇق يۇلتۇزلار بىلەن بېزىدۇق ۋە يۇلتۇزلارنى يەنە پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشاشقا ئۇرۇنغان شەيتانلارنى ئاتىدىغان ئوت ئۇچقۇنى قىلدۇق، شەيتانلارغا ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابىنى تەييارلىدۇق.

وَلِلَّذِينَ كَفَرُوا۟ بِرَبِّهِمْ عَذَابُ جَهَنَّمَ ۖ وَبِئْسَ ٱلْمَصِيرُ ﴿٦﴾

6 - ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا دوزاخ ئازابى بار. ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى بولغان دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!

إِذَآ أُلْقُوا۟ فِيهَا سَمِعُوا۟ لَهَا شَهِيقًا وَهِىَ تَفُورُ ﴿٧﴾

7 - ئاشۇ كاپىرلار دوزاخقا تاشلانغان چاغدا، قاتتىق قايناپ تۇرغان دوزاخنىڭ ئىنتايىن يېقىمسىز ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ.

تَكَادُ تَمَيَّزُ مِنَ ٱلْغَيْظِ ۖ كُلَّمَآ أُلْقِىَ فِيهَا فَوْجٌ سَأَلَهُمْ خَزَنَتُهَآ أَلَمْ يَأْتِكُمْ نَذِيرٌ ﴿٨﴾

8 - دوزاخ كاپىرلارغا بولغان قاتتىق غەزەپتىن (يېرىلىپ) پارچە - پارچە بولۇپ كېتىشكە تاس قالىدۇ. دوزاخقا ھەرقاچان بىر توپ ئادەم تاشلانغان چاغدا، دوزاخقا مەسئۇل پەرىشتىلەر ئۇلارغا كايىپ: «دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا سىلەرگە سىلەرنى بۇگۈنكى بۇ ئازابتىن ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەر كەلمىگەنمىدى؟» دەپ سورايدۇ.

قَالُوا۟ بَلَىٰ قَدْ جَآءَنَا نَذِيرٌ فَكَذَّبْنَا وَقُلْنَا مَا نَزَّلَ ٱللَّهُ مِن شَىْءٍ إِنْ أَنتُمْ إِلَّا فِى ضَلَٰلٍ كَبِيرٍ ﴿٩﴾

9 - ئۇلار: «ئۇنداق ئەمەس، ئەلۋەتتە بىزگە ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەر كەلگەن ۋە بىزنى ئاگاھلاندۇرغان، ئەمما بىز ئۇنى 〈يالغانچى〉 دېگەن ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئايەتلەر توغرۇلۇق: 〈ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىن ھېچكىمگە بىر نەرسە نازىل قىلمىغان، ئى پەيغەمبەرلەر! سىلەر پەقەت ھەقىقەتتىن چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا تۇرۇۋاتىسىلەر〉 دېگەن ئىدۇق» دەيدۇ.

وَقَالُوا۟ لَوْ كُنَّا نَسْمَعُ أَوْ نَعْقِلُ مَا كُنَّا فِىٓ أَصْحَٰبِ ٱلسَّعِيرِ ﴿١٠﴾

10 - ئۇلار گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ: «ئەگەر بىز ھەقىقەتنى ئىزدەۋاتقان كىشى سۈپىتىدە قۇلاق سالغان بولساق ياكى بىز دەۋەت قىلىنغان دىن ھەققىدە ئەقلىمىزنى ئىشلىتىپ ئويلىنىپ كۆرگەن بولساق، دوزاخ ئەھلىنىڭ قاتارىدا بولماس ئىكەنمىز» دەيدۇ.

فَٱعْتَرَفُوا۟ بِذَنۢبِهِمْ فَسُحْقًا لِّأَصْحَٰبِ ٱلسَّعِيرِ ﴿١١﴾

11 - شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ دوزاخ ئەھلى قاتارىدىن بولۇشىغا سەۋەب بولغان كاپىرلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. دوزاخ ئەھلى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولسۇن!

إِنَّ ٱلَّذِينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُم بِٱلْغَيْبِ لَهُم مَّغْفِرَةٌ وَأَجْرٌ كَبِيرٌ ﴿١٢﴾

12 - رەببىدىن قورقىدىغان، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغان ۋە كىشىلەر كۆرمىگەن جايلاردا گۇناھ قىلمايدىغان، ئاخىرەتنىڭ ئازابىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۇنىڭدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى ئاللاھ مەغپىرەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا جەننەتتىن ئىبارەت كاتتا مۇكاپات ئاتا قىلىدۇ.

وَأَسِرُّوا۟ قَوْلَكُمْ أَوِ ٱجْهَرُوا۟ بِهِۦٓ ۖ إِنَّهُۥ عَلِيمٌۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿١٣﴾

13 - ئى ئىنسانلار! قانداقلا بىر ئىشتا سۆزۈڭلارنى مەيلى مەخپىي قىلىڭلار ياكى ئاشكارا قىلىڭلار، ئۇ ئاللاھقا نىسبەتەن ئوخشاشتۇر. چۈنكى ئاللاھ دىللاردىكى سىرلارنى بىلگۈچىدۇر. ئەھۋال بۇنداق تۇرسا، سىلەرنىڭ گەپ - سۆزۈڭلار ياكى ئەمەللىڭلار ئاللاھقا قانداقمۇ مەخپىي قالسۇن؟!

أَلَا يَعۡلَمُ مَنۡ خَلَقَ وَهُوَ ٱللَّطِيفُ ٱلۡخَبِيرُ ﴿١٤﴾

14 - ئاللەلەرنىڭ رەببى بولغان زات ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى بىلمەمدۇ؟ ئاللاھ ھەممە مەۋجۇداتنى ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ياراتقان زاتتۇر، ئۇ بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر، ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

هُوَ ٱلَّذِي جَعَلَ لَكُمُ ٱلۡأَرۡضَ ذَلُولٗا فَٱمۡشُواْ فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُواْ مِن رِّزۡقِهِۦۖ وَإِلَيۡهِ ٱلنُّشُورُ ﴿١٥﴾

15 - ئاللاھ زېمىننى سىلەرنىڭ ماكانلىشىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە بويسۇنىدىغان قىلىپ بەرگەن زاتتۇر. سىلەر زېمىننىڭ تەرەپ - تەرەپلىرىدە يۈرۈڭلار ۋە ئاللاھنىڭ سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بېرىدىغان رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر قىيامەت كۈنى قەبرەڭلاردىن چىقىپ، ئەمەللىرىڭلاردىن ھېساب بېرىش ۋە تېگىشلىك مۇكاپات ياكى جازانى ئېلىش ئۈچۈن بارىدىغان بىردىنبىر يېرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر. (بۇ ئايەتتە تىرىكچىلىك قىلىپ رىزىق تەلەپ قىلىشقا تەشەببۇس قىلىنغان، ئايەتتە يەنە ئاللاھنىڭ يەككە - يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكى، ھېچقانداق شېرىكى يوقلۇقى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرى بار، يەنە ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلىتىش، دۇنيالىققا بېرىلىپ كېتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش بار).

ءَأَمِنتُم مَّن فِي ٱلسَّمَآءِ أَن يَخۡسِفَ بِكُمُ ٱلۡأَرۡضَ فَإِذَا هِيَ تَمُورُ ﴿١٦﴾ أَمۡ أَمِنتُم مَّن فِي ٱلسَّمَآءِ أَن يُرۡسِلَ عَلَيۡكُمۡ حَاصِبٗاۖ فَسَتَعۡلَمُونَ كَيۡفَ نَذِيرِ ﴿١٧﴾

16 - 17 - ئى مەككىلىك كاپىرلار! سىلەر ئاسماندىكى ئاللاھنىڭ سىلەرنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن خاتىرجەم بولالامسىلەر؟ ئۇ چاغدا زېمىن تۇيۇقسىز قاتتىق تەۋرەپ كېتىدۇ، (ھەتتا سىلەر پۈتۈنلەي ھالاك بولغانغا قەدەر تەۋرەيدۇ) ياكى ئاسماندىكى ئاللاھنىڭ سىلەرگە تاش ياغدۇرۇشىدىن خاتىرجەم بولالامسىلەر؟ ئى كاپىرلار! سىلەر ئازابنى كۆرگەن چاغدا مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسىلەر. ئۇ چاغدا بىلگىنىڭلارنىڭ سىلەرگە قىلچە پايدىسى بولمايدۇ. (بۇئايەت ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق ئۈستۈنلۈك سۈپىتىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ).

وَلَقَدۡ كَذَّبَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡ فَكَيۡفَ كَانَ نَكِيرِ ﴿١٨﴾

18 - شەكسىزكى، مەككىلىك كاپىرلاردىن بۇرۇن نۇھ قەۋمى، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىگە ئوخشىغان قەۋملەر ئۆزلىرىگە كەلگەن پەيغەمبەرلەرنى «يالغانچى» دېگەن ئىدى. مېنىڭ ئۇلارغا بەرگەن جازايىم قانداق بولدى؟ مەن ئۇلارغا ئازاب ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۇلاردىكى نېمەتنى قانداق ھالاكەتكە ئايلاندۇردۇم؟

أَوَلَمۡ يَرَوۡاْ إِلَى ٱلطَّيۡرِ فَوۡقَهُمۡ صَٰٓفَّٰتٖ وَيَقۡبِضۡنَۚ مَا يُمۡسِكُهُنَّ إِلَّا ٱلرَّحۡمَٰنُۚ إِنَّهُۥ بِكُلِّ شَيۡءِۭ بَصِيرٌ ﴿١٩﴾ أَمَّنۡ هَٰذَا ٱلَّذِي هُوَ جُندٞ لَّكُمۡ يَنصُرُكُم مِّن دُونِ ٱلرَّحۡمَٰنِۚ إِنِ ٱلۡكَٰفِرُونَ إِلَّا فِي غُرُورٍ ﴿٢٠﴾ أَمَّنۡ هَٰذَا ٱلَّذِي يَرۡزُقُكُمۡ إِنۡ أَمۡسَكَ رِزۡقَهُۥۚ بَل لَّجُّواْ فِي عُتُوّٖ وَنُفُورٍ ﴿٢١﴾

19 - 21 - ئاشۇ كاپىرلار بىلمەمدۇ؟ قاناتلىرىنى بەزىدە يايغان ۋە بەزىدە يىغقان ھالدا ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرۈۋاتقان قۇشلارنى كۆرمىدىمۇ؟ ھاۋادىكى بۇ قۇشلارنى چۈشۈپ كېتىشتىن پەقەت رەھمان ئاللاھ تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى

كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇنىڭ ياراتقانلىرىدا ھېچقانداق نۇقسانىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئى كاپىرلار! سىلەرنىڭ گۇمانىڭلارچە ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە بىر يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، سىلەرگە رەھماندىن باشقا ياردەم قىلىدىغان قوشۇنۇڭلار كىملەر؟ كاپىرلار بۇ گۇمانلىرىدا پەقەتلا شەيتانغا ئالدىنىش ۋە ئازغۇنلۇق ئىچىدىدۇر. ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە بېرىپ كېلىۋاتقان رىزقىنى توختىتىپ قويسا، سىلەرنىڭ گۇمانىڭلاردىكى سىلەرگە رىزىق بېرىدىغان ئاشۇ رىزىق بەرگۈچى كىم؟ كاپىرلار بۇلارنى ئويلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقىدا، تەكەببۇرلۇقىدا، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىشتا تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار ھەق گەپنى ئاڭلىمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشمەيدۇ.

أَفَمَن يَمْشِي مُكِبًّا عَلَىٰ وَجْهِهِۦٓ أَهْدَىٰٓ أَمَّن يَمْشِي سَوِيًّا عَلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿٢٢﴾

22 - ئۆزىنىڭ نەگە بېرىشىنى ۋە قانداق بېرىشىنى بىلمەي يۈزىچە يىقىلىپ يۈرۈپ ماڭغان ئادەم ئەڭ توغرا يولدىكى ئادەممۇ ياكى قەددىنى رۇس تۇتۇپ، توپتوغرا يولدا تۈز ماڭغان ئادەممۇ؟ (بۇ ئايەتتە ئاللاھ كاپىر بىلەن مۇئمىن ئۈچۈن مىسال كەلتۈرگەن).

قُلْ هُوَ ٱلَّذِىٓ أَنشَأَكُمْ وَجَعَلَ لَكُمُ ٱلسَّمْعَ وَٱلْأَبْصَٰرَ وَٱلْأَفْـِٔدَةَ ۖ قَلِيلًا مَّا تَشْكُرُونَ ﴿٢٣﴾ قُلْ هُوَ ٱلَّذِى ذَرَأَكُمْ فِى ٱلْأَرْضِ وَإِلَيْهِ تُحْشَرُونَ ﴿٢٤﴾

23 - 24 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەرنى يوقتىن بار قىلغان، سىلەرگە ئاڭلاش ئۈچۈن قۇلاقنى، كۆرۈش ئۈچۈن كۆزلەرنى ۋە ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىشىڭلار ئۈچۈن دىللارنى ئاتا قىلغان زاتتۇر. ئى كاپىرلار! سىلەر رەببىڭلار ئاتا قىلغان بۇ نېمەتلەرنىڭ شۈكرانىسىنى بەكمۇ ئاز ئادا قىلىسىلەر». ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەرنى ياراتقان ۋە يەر يۈزىگە تارقاتقان زاتتۇر. سىلەر مۇشۇ تارقىلىشتىن كېيىن، قىيامەت كۈنى ئەمەللىرىڭلاردىن ھېساب بېرىش ۋە ئۇنىڭغا يارىشا مۇكاپات ياكى جازا ئېلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر».

وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَٰذَا ٱلْوَعْدُ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿٢٥﴾ قُلْ إِنَّمَا ٱلْعِلْمُ عِندَ ٱللَّهِ وَإِنَّمَآ أَنَا۠ نَذِيرٌ مُّبِينٌ ﴿٢٦﴾

25 - 26 - كاپىرلار: «ئى مۇھەممەد! ھېساب مەيدانىغا توپلىنىش قاچان ئەمەلگە ئاشىدۇ؟ ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەر بۇ سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بىزگە دەپ بېرەلەمسىلەر؟» دەيدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا: «قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىلىم ئاللاھقا خاستۇر، مەن پەقەتلا سىلەرنى كاپىرلىقىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقىتىدىغان ئوپئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن، مەن سىلەرگە ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ناھايىتى روشەن بايان قىلىپ بېرىمەن» دېگىن.

فَلَمَّا رَأَوْهُ زُلْفَةً سِيٓـَٔتْ وُجُوهُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ وَقِيلَ هَٰذَا ٱلَّذِى كُنتُم بِهِۦ تَدَّعُونَ ﴿٢٧﴾

27 - كاپىرلار ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ ئۆزلىرىگە يېقىن تۇرغانلىقىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى خارلىقتىن ۋە قايغۇدىن قارىداپ كېتىدۇ ۋە ئۇلارغا كايىپ: «مانا بۇ سىلەر دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا تېزرەك كېلىشىنى تەلەپ قىلغان ئازابتۇر» دېيىلىدۇ.

قُلْ أَرَءَيْتُمْ إِنْ أَهْلَكَنِىَ ٱللَّهُ وَمَن مَّعِىَ أَوْ رَحِمَنَا فَمَن يُجِيرُ ٱلْكَٰفِرِينَ مِنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ ﴿٢٨﴾

28 - ئى پەيغەمبەر! ئۇ كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ئارزۇ قىلغاندەك ئاللاھ مېنى ۋە مەن بىلەن بولغان مۇئمىنلەرنى مەيلى ھالاك قىلىۋەتسۇن ياكى بىزگە رەھىم قىلىپ ئەجىلىمىز

توشقۇچە بىزگە مۆھلەت بەرسۇن ۋە بىزنى ئازابتىن ساقلاپ قالسۇن، سىلەرنى قاتتىق
ئازابتىن كىم قوغداپ قالىدۇ؟ كىم قۇتقۇزىدۇ؟».

قُلۡ هُوَ ٱلرَّحۡمَٰنُ ءَامَنَّا بِهِۦ وَعَلَيۡهِ تَوَكَّلۡنَاۖ فَسَتَعۡلَمُونَ مَنۡ هُوَ فِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٖ ٢٩
29 - ئېيتقىنكى، «ئۇ ئاللاھ ناھايىتى مېھرىباندۇر، بىز ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق، ئۇنىڭ
شەرىئىتىگە ئەمەل قىلدۇق، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدۇق، بارلىق ئىشلىرىمىزدا يالغۇز
ئۇنىڭغىلا تاياندۇق. ئى كاپىرلار! ئازاب كەلگەن چاغدا، بىز بىلەن سىلەردىن ئىبارەت
بۇ ئىككى پىرقىدىن قايسىسىنىڭ توغرا يولدىن يۆتۈلەي يىراقتا ۋە تامامەن ئازغۇنلۇقتا
ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسىلەر».

قُلۡ أَرَءَيۡتُمۡ إِنۡ أَصۡبَحَ مَآؤُكُمۡ غَوۡرٗا فَمَن يَأۡتِيكُم بِمَآءٖ مَّعِينِۭ ٣٠
30 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «دەپ بېقىڭلارچۇ، ئىچىۋاتقان سۈيۈڭلار
يەرگە سىڭىپ كەتسە، ھېچقانداق چارە بىلەن ئۇنى قايتۇرۇپ كېلەلمىسەڭلار، سىلەرگە
ئاللاھتىن باشقا كىم زېمىندا ئاقىدىغان سۇنى كەلتۈرۈپ بېرىدۇ؟».

# قەلەم سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

نٓۚ وَٱلۡقَلَمِ وَمَا يَسۡطُرُونَ ١ مَآ أَنتَ بِنِعۡمَةِ رَبِّكَ بِمَجۡنُونٖ ٢ وَإِنَّ لَكَ لَأَجۡرًا غَيۡرَ مَمۡنُونٖ ٣
وَإِنَّكَ لَعَلَىٰ خُلُقٍ عَظِيمٖ ٤

1 - 4 - نۇن (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى). ئاللاھ پەرىشتىلەر ۋە ئىنسانلار خەت يازىدىغان قەلەم بىلەن ۋە ئۇلار يازىدىغان ياخشىلىق، مەنپەئەت ۋە ئىلىم قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىپ دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! سەن رەببىڭ ئاتا قىلغان پەيغەمبەرلىك نېمىتى سەۋەبلىك ھەرگىز مەجنۇن (كەم ئەقىل ۋە نادان) ئەمەسسەن. شەك - شۈبھىسىزكى، سېنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش يولىدا تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىڭ ئۈچۈن، ئەلۋەتتە ساڭا تۈگىمەس - پۈتمەس ۋە كاتتا مۇكاپاتلار بار. سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن. قۇرئان ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەخلاق - پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى سەندە تېپىلىدۇ. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان بىلەن ئەخلاقلىنىپ، قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئىش كۆرەتتى، قۇرئاندا بۇيرۇلغاننى قىلىپ، مەنئى قىلىنغاندىن يىراق تۇراتتى).

فَسَتُبۡصِرُ وَيُبۡصِرُونَ ٥ بِأَييِّكُمُ ٱلۡمَفۡتُونُ ٦

5 - 6 - ئى پەيغەمبەر! قايسىڭلاردا پىتنە، مەجنۇنلۇق بار ئىكەنلىكىنى كەلگۈسىدە سەنمۇ كۆرىسەن، ئۇلار كاپىرلارمۇ كۆرىدۇ.

إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعۡلَمُ بِمَن ضَلَّ عَن سَبِيلِهِۦ وَهُوَ أَعۡلَمُ بِٱلۡمُهۡتَدِينَ ٧

7 - شەكسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ ھەق دىنىنىڭ ۋە ھىدايەتنىڭ يولىدىن ئازغان بەدبەختلەرنى ئوبدان بىلىدۇ، ھەق دىنىنىڭ يولىغا كىرىپ ھىدايەت تاپقان تەقۋادارلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.

فَلَا تُطِعِ ٱلۡمُكَذِّبِينَ ٨

8 - ئى پەيغەمبەر! ھەق دىنىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا قارشى تۇرۇشتا چىڭ تۇرغىن، ئۇلارغا ھەرگىز ئىتائەت قىلمىغىن.

وَدُّواْ لَوۡ تُدۡهِنُ فَيُدۡهِنُونَ ٩

9 - ئۇلار سېنىڭ مادارا قىلىشىڭنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭمۇ سەن بىلەن مادارا قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

وَلَا تُطِعۡ كُلَّ حَلَّافٖ مَّهِينٍ ١٠ هَمَّازٖ مَّشَّآءِۭ بِنَمِيمٖ ١١ مَّنَّاعٖ لِّلۡخَيۡرِ مُعۡتَدٍ أَثِيمٍ ١٢ عُتُلِّۭ بَعۡدَ ذَٰلِكَ

زَنِيمٍ ﴿١٣﴾ أَن كَانَ ذَا مَالٍ وَبَنِينَ ﴿١٤﴾ إِذَا تُتْلَىٰ عَلَيْهِ ءَايَٰتُنَا قَالَ أَسَٰطِيرُ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿١٥﴾

10 - 15 - ئى پەيغەمبەر! ھەربىر قەسەمخور، يالغانچى، پەسكەش، كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدىن گەپ قىلىدىغان غەيۋەتخور، كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى بۇزۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گەپ توشۇپ يۈرىدىغان سۇخەنچى، ھەقىقەتنىڭ دۈشمىنى، پۇل - مالغا بېخىللىق قىلغۇچى، ياخشىلىقتىن توسقۇچى، كىشىلەرگە يامانلىق قىلىشتا ۋە ھارام ئىشلارنى قىلىشتا ھەددىدىن ئاشقۇچى، ئۇچىغا چىققان گۇناھكار، ئەشەددىي كاپىر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارامدىن بولغان ئادەمگە بويسۇنمىغىن. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇ مال - مۈلۈكى ۋە ئوغۇللىرى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىپ كۆرەڭلەپ: «بۇ بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدۇر ۋە ئۇلارنىڭ خۇراپاتلىرىدۇر» دەيدۇ. (بۇ ئايەتلەر گەرچە ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە قاتارلىق بەزى مۇشرىكلار ھەققىدە نازىل قىلىنغان بولسىمۇ، مۇسۇلمانلارنى مۇشۇ رەزىل ئالامەتلەر بار كىشىلەر بىلەن دوست بولۇشتىن ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا رازىلىق بىلدۈرۈشتىن ئاگاھلاندۇرغان).

سَنَسِمُهُۥ عَلَى ٱلْخُرْطُومِ ﴿١٦﴾

16 - بىز يېقىندا ئۇنىڭ بۇرنىغا ھاياتى بويىچە قۇتۇلالمايدىغان بىر بەلگىنى سالىمىز. بۇ ئۇنى قىلمىشلىرى سەۋەبلىك جازالاش ۋە كىشىلەرنىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلىش ئۈچۈندۇر.

إِنَّا بَلَوْنَٰهُمْ كَمَا بَلَوْنَآ أَصْحَٰبَ ٱلْجَنَّةِ إِذْ أَقْسَمُوا۟ لَيَصْرِمُنَّهَا مُصْبِحِينَ ﴿١٧﴾ وَلَا يَسْتَثْنُونَ ﴿١٨﴾

17 - 18 - شەكسىزكى، بىز مەككىلىكلەرنى خۇددى باغ ئىگىلىرىنى سىنىغاندەك قەھەتچىلىك ۋە ئاچارچىلىق بىلەن سىنىدۇق. ئۇز ۋاقتىدا باغ ئىگىلىرى بېغىنىڭ مېۋىلىرىنى كەمبەغەللەر كۆرمەستىن سەھەردىلا ئۈزۈۋېلىشقا قەسەم ئىچىشكەن ۋە «ئاللاھ خالىسا» دېمىگەن ئىدى.

فَطَافَ عَلَيْهَا طَآئِفٌ مِّن رَّبِّكَ وَهُمْ نَآئِمُونَ ﴿١٩﴾ فَأَصْبَحَتْ كَٱلصَّرِيمِ ﴿٢٠﴾

19 - 20 - ئۇلار ئۇخلاۋاتقاندا، ئۇ باغقا رەببىڭ يانغىن چۈشۈرۈپ، ئۇنى كۆيدۈرۈۋەتتى ۋە بىردەمدىلا قاپقارا كېچىدەك قىلىۋەتتى.

فَتَنَادَوْا۟ مُصْبِحِينَ ﴿٢١﴾ أَنِ ٱغْدُوا۟ عَلَىٰ حَرْثِكُمْ إِن كُنتُمْ صَٰرِمِينَ ﴿٢٢﴾

21 - 22 - ئۇلار: ئەتىگەندە: بىر - بىرىنى چاقىرىپ: «ئەگەر مېۋىلەرنى ئۈزمەكچى بولساڭلار، باغقا سەھەردە بېرىڭلار» دەپ توۋلاشقان ئىدى.

فَٱنطَلَقُوا۟ وَهُمْ يَتَخَٰفَتُونَ ﴿٢٣﴾ أَن لَّا يَدْخُلَنَّهَا ٱلْيَوْمَ عَلَيْكُم مِّسْكِينٌ ﴿٢٤﴾

23 - 24 - ئۇلار: «بۈگۈن كەمبەغەللەردىن ھېچقايسىسى باغقا كىرمىسۇن» دەپ بىر - بىرى بىلەن پىچىرلىشىپ ناھايىتى تېز ماڭغان ئىدى.

وَغَدَوْا۟ عَلَىٰ حَرْدٍ قَٰدِرِينَ ﴿٢٥﴾

25 - ئۇلار: «كەمبەغەللەرنى باغقا كىرىشتىن ۋە باغنىڭ مېۋىسىنى ئېلىشتىن توسۇپ قېلىش مەقسىتى بىلەن ئەتىگەن سەھەردە يولغا چىققان. ئۇلار ئۆز گۇمانىدا قارارىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىر ئىدى.

فَلَمَّا رَأَوْهَا قَالُوٓا۟ إِنَّا لَضَآلُّونَ ﴿٢٦﴾ بَلْ نَحْنُ مَحْرُومُونَ ﴿٢٧﴾ قَالَ أَوْسَطُهُمْ أَلَمْ أَقُل لَّكُمْ لَوْلَا

تُسَبِّحُونَ ﴿٢٨﴾ قَالُواْ سُبۡحَٰنَ رَبِّنَآ إِنَّا كُنَّا ظَٰلِمِينَ ﴿٢٩﴾ فَأَقۡبَلَ بَعۡضُهُمۡ عَلَىٰ بَعۡضٖ يَتَلَٰوَمُونَ ﴿٣٠﴾ قَالُواْ
يَٰوَيۡلَنَآ إِنَّا كُنَّا طَٰغِينَ ﴿٣١﴾ عَسَىٰ رَبُّنَآ أَن يُبۡدِلَنَا خَيۡرٗا مِّنۡهَآ إِنَّآ إِلَىٰ رَبِّنَا رَٰغِبُونَ ﴿٣٢﴾ كَذَٰلِكَ
ٱلۡعَذَابُۖ وَلَعَذَابُ ٱلۡأٓخِرَةِ أَكۡبَرُۚ لَوۡ كَانُواْ يَعۡلَمُونَ ﴿٣٣﴾

26 ـ 33 ـ ئۇلار بېغىنىڭ كۆيۈپ كۇل بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇنى قوبۇل قىلالمىدى ۋە: «بىز چوقۇم يولدا ئېزىپ قاپتۇق» دېيىشتى، ئاندىن ئۇلار بۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بېغى ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە، «بىز كەمبەغەللەرنى باغدىن توسۇشنى ۋە بېخىللىقنى كۆزلىگەنلىكىمىز ئۈچۈن بۇ باغدىن قۇرۇق قاپتۇق» دېيىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەقىللىقراق بىرى: «مەن سىلەرگە ‹ئاللاھ خالىسا› دېسەڭلارچۇ دېمىگەنمىدىم؟» دېدى. ئۇلار ئۆز خاتالىقىنى تونۇپ، توغرىلىققا قايتقاندىن كېيىن: «بېشىمىزغا كەلگەن بۇ مۇسىبەتتە رەببىمىز بىزگە زۇلۇم قىلدى، دېمەيمىز، چۈنكى رەببىمىز زۇلۇم قىلىشتىن ۋە ھەرقانداق كەمچىلىكتىن ئەلۋەتتە پاكتۇر، ئەمەلىيەتتە، بىز ‹ئاللاھ خالىسا› دېمەي ۋە كەمبەغەللەرگە بېخىللىق قىلىپ، ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلىپتۇق» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ‹ئاللاھ خالىسا› دېمىگەنلىكى ۋە يامان ئىشنى نىيەت قىلغانلىقى سەۋەبلىك بىر ـ بىرىگە مالامەت قىلىشقا باشلىدى. ئاندىن ئۇلار: «ۋاي ئىستت! بىز راستتىنلا كەمبەغەللەرنى باغدىن مەنئى قىلىپ ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ بەكمۇ ھەددىمىزدىن ئېشىپتۇق، ئۈمىدىمىز شۇكى، بىز گۇناھىمىزنى تونۇغان ۋە ئاللاھقا تەۋبە قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، رەببىمىز بىزگە كۆيۈپ كەتكەن بېغىمىزدىن ياخشىراق بىر باغنى بەرگەي، بىز يالغۇز رەببىمىزدىنلا ئۈمىد كۈتىمىز، ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەيمىز، ئۇنىڭدىن ياخشىلىق تىلەيمىز» دېيىشتى. بىز رەببىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغان، رەببى ئاتا قىلغان پۇل ـ مالنىڭ زاكىتىنى بېرىشكە بېخىللىق قىلىپ ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان ھەرقانداق گۇناھكارنى بۇ دۇنيادا خۇددى باغ ئىگىلىرىنى جازالىغاندەك جازالايمىز. ئاخىرەتنىڭ ئازابى بۇ دۇنيانىڭ ئازابىدىن تېخىمۇ قاتتىقتۇر، تېخىمۇ چوڭدۇر. ئەگەر ئۇلار بىلسە ئىدى، ئۆزلىرىنىڭ جازالىنىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى قىلمىغان بولاتتى.

إِنَّ لِلۡمُتَّقِينَ عِندَ رَبِّهِمۡ جَنَّٰتِ ٱلنَّعِيمِ ﴿٣٤﴾

34 ـ شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، ئۇنىڭ توسقانلىرىدىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلانغان تەقۋادار كىشىلەرگە ئاخىرەتتە رەببىنىڭ دەرگاھىدا نازۇنېمەتلىك جەننەتلەر بار، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك تۇرىدۇ.

أَفَنَجۡعَلُ ٱلۡمُسۡلِمِينَ كَٱلۡمُجۡرِمِينَ ﴿٣٥﴾ مَا لَكُمۡ كَيۡفَ تَحۡكُمُونَ ﴿٣٦﴾

35 ـ 36 ـ بىز ئاللاھقا بويسۇنۇپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان كىشىلەرنى كاپىرلار بىلەن باراۋەر قىلامدۇق؟ سىلەرگە نېمە بولدى؟ سىلەر قانداقلارچە بۇنداق ئادالەتسىز ھۆكۈمنى چىقىرىپ ئۇلارنى باراۋەر سانايسىلەر؟

أَمۡ لَكُمۡ كِتَٰبٞ فِيهِ تَدۡرُسُونَ ﴿٣٧﴾ إِنَّ لَكُمۡ فِيهِ لَمَا تَخَيَّرُونَ ﴿٣٨﴾

37 ـ 38 ـ ياكى سىلەردە ئاللاھ نازىل قىلغان بىرەر كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىتائەتمەنلەر بىلەن ئاسىي ـ گۇناھكارلار باراۋەر بولىدۇ دەپ يېزىلغانمۇ؟ سىلەر ئۇنى ئوقۇپ شۇڭا بۇنداق ئادالەتسىز ھۆكۈمنى چىقىرامسىلەر؟ ئۇ كىتابتا سىلەر كۆڭلۈڭلار تارتقاننى قىلساڭلار بولىدۇ دەپ بارمۇ؟ سىلەرگە مۇنداق ئىش يوق.

أَمۡ لَكُمۡ أَيۡمَٰنٌ عَلَيۡنَا بَٰلِغَةٌ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ إِنَّ لَكُمۡ لَمَا تَحۡكُمُونَ ﴿٣٩﴾

39 - ياكى «سىلەر نېمىنى خالىساڭلار ۋە كۆڭلۈڭلار نېمىنى تارتسا شۇنى قىلساڭلار بولىدۇ» دەپ ئارىمىزدا تۈزۈلگەن بىرەر كېلىشىم بارمۇ؟

سَلۡهُمۡ أَيُّهُم بِذَٰلِكَ زَعِيمٌ ﴿٤٠﴾ أَمۡ لَهُمۡ شُرَكَآءُ فَلۡيَأۡتُواْ بِشُرَكَآئِهِمۡ إِن كَانُواْ صَٰدِقِينَ ﴿٤١﴾

40 - 41 - ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلاردىن سورىغىنكى، ئۇلارنىڭ قايسىسى بۇ ھۆكۈمگە كېپىللىك قىلالايدۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ كېپىللىك قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى خالىغان ئىشلىرىنى قىلىشىغا ياردەم قىلىدىغان ئىلاھلىرى بارمۇ؟ ئەگەر ئۇلار بۇ سۆزىدە راستچىل بولسا، ئاشۇ ئىلاھلىرىنى كەلتۈرۈپ باقسۇن.

يَوۡمَ يُكۡشَفُ عَن سَاقٍ وَيُدۡعَوۡنَ إِلَى ٱلسُّجُودِ فَلَا يَسۡتَطِيعُونَ ﴿٤٢﴾

42 - قىيامەت كۈنى ئىش قىيىنلىشىدۇ، قورقۇنچ ئېغىرلىشىدۇ. ئاللاھ بەندىلەر ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن كېلىدۇ، ئاللاھ مۇبارەك پاچىقىنى ئاچىدۇ، مەلۇمكى، ھېچقانداق نەرسە ئاللاھنىڭ پاچىقىغا ئوخشىمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رەببىمىز پاچىقىنى ئاچىدۇ، ھەربىر ئەر ۋە ئايال مۇئمىن ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدۇ، دۇنيادا ئاللاھ ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەجدە قىلغانلار سەجدە قىلماقچى بولىدۇ - يۇ، سەجدە قىلالمايدۇ» (ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى).

خَٰشِعَةً أَبۡصَٰرُهُمۡ تَرۡهَقُهُمۡ ذِلَّةٌۖ وَقَدۡ كَانُواْ يُدۡعَوۡنَ إِلَى ٱلسُّجُودِ وَهُمۡ سَٰلِمُونَ ﴿٤٣﴾

43 - ئۇلار قورقۇپ كەتكەنلىكتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ قالىدۇ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىيالمايدۇ، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن بولغان قاتتىق خارلىق قاپلىۋالىدۇ. ئۇلار دۇنيادا ئاللاھقا سەجدە قىلىشقا، ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىنغان چاغدا، ئۇلار سەجدە قىلىشقا قادىر، تېنى ساق تۇرۇقلۇق، چوڭچىلىق قىلىپ ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىپ سەجدىدىن باش تارتقان ئىدى.

فَذَرۡنِي وَمَن يُكَذِّبُ بِهَٰذَا ٱلۡحَدِيثِۖ سَنَسۡتَدۡرِجُهُم مِّنۡ حَيۡثُ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٤٤﴾ وَأُمۡلِي لَهُمۡۚ إِنَّ كَيۡدِي مَتِينٌ ﴿٤٥﴾

44 - 45 - ئى پەيغەمبەر! بۇ قۇرئاننى ئىنكار قىلغانلارنى ماڭا قالدۇرغىن، مەن ئۇلارنىڭ جازاسىنى بېرىمەن. بىز ئۇ كاپىرلارغا پۇل - مال، ئەۋلاد ۋە نېمەتلەرنى ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى تۇيدۇرماستىن ئاستا - ئاستا ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىمىز. ئۇلارنىڭ گۇناھقا ئېغىرمۇ بەك پېتىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا مۆھلەت بېرىمەن، ئۇلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىمەن. شەكسىزكى، مېنىڭ كاپىرلارغا قارىتا تەدبىرىم پۇختىدۇر.

أَمۡ تَسۡـَٔلُهُمۡ أَجۡرٗا فَهُم مِّن مَّغۡرَمٖ مُّثۡقَلُونَ ﴿٤٦﴾ أَمۡ عِندَهُمُ ٱلۡغَيۡبُ فَهُمۡ يَكۡتُبُونَ ﴿٤٧﴾

46 - 47 - ياكى سەن ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارنى دىنغا دەۋەت قىلغانلىقىڭغا ئۇلاردىن ھەق تەلەپ قىلغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ يۈكى ئېغىرلىشىپ قاپتۇمۇ؟ ياكى ئۇلاردا غەيب ئىلمى بولۇپ، ئۆزلىرىنى مۇئمىنلەردىن ئەۋزەل دەپ ھۆكۈم قىلىشى ئۈچۈن، ئاشۇ غەيب ئىلمىدىن بىر نەرسىلەرنى يېزىۋالامدۇ؟

فَٱصۡبِرۡ لِحُكۡمِ رَبِّكَ وَلَا تَكُن كَصَاحِبِ ٱلۡحُوتِ إِذۡ نَادَىٰ وَهُوَ مَكۡظُومٞ ﴿٤٨﴾ لَّوۡلَآ أَن تَدَٰرَكَهُۥ نِعۡمَةٞ

مِّن رَّبِّهِۦ لَنُبِذَ بِٱلۡعَرَآءِ وَهُوَ مَذۡمُومٞ ﴿٤٩﴾ فَٱجۡتَبَٰهُ رَبُّهُۥ فَجَعَلَهُۥ مِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٥٠﴾

48 ـ 50 ـ ئى پەيغەمبەر! رەببىڭنىڭ ھۆكۈم قىلغان ۋە تەقدىر قىلغان ئىشلىرىغا سەۋر قىلغىن، ئاللاھنىڭ كاپىرلارغا مۆھلەت بەرگەنلىكى ۋە ساڭا نۇسرەت بېرىشنى كېچىكتۈرگەنلىكى ئۇنىڭ ھۆكمىدۇر. سەن ھەرگىز سەۋرسىزلىك قىلىپ، قەۋمىدىن ئاغرىنىپ، ئاخىرى بېلىقنىڭ قارنىغا كىرىپ كەتكەن يۇنۇس ئەلەيھىسسالامدەك بولمىغىن. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قەۋمىگە تېزرەك ئازاب كېلىشىنى تىلەپ، چوڭقۇر غەمگە پاتقان ھالدا رەببىگە ئىلتىجا قىلغان ئىدى. ئەگەر ئۇ رەببىنىڭ نېمىتىگە ئېرىشىپ تەۋبە قىلىشقا ۋە تەۋبىسى قوبۇل بولۇشقا مۇۋەپپەق بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇ مالامەت قىلىنغان ھالدا بىر قاقاس دالاغا تاشلانغان بولاتتى. ئۇ ئۆزىگە مالامەت كەلتۈرىدىغان ئىشنى قىلدى. لېكىن رەببى ئۇنى پەيغەمبەر قىلىشقا تاللىدى ۋە ئۇنى نىيىتى، ئەمەلى ۋە گەپ ـ سۆزلىرى دۇرۇس بولغان سالىھ مۇئمىنلەر قاتارىدىن قىلدى.

وَإِن يَكَادُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَيُزۡلِقُونَكَ بِأَبۡصَٰرِهِمۡ لَمَّا سَمِعُواْ ٱلذِّكۡرَ وَيَقُولُونَ إِنَّهُۥ لَمَجۡنُونٞ ﴿٥١﴾

51 ـ ئى پەيغەمبەر! كاپىرلار سېنى يامان كۆرگەنلىكتىن، ئۇلار قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا، ئاللاھ سېنى ساقلىمىسا ۋە قوغدىمىسا يامان كۆزلىرى بىلەن سېنى يىقىتىۋېتىشكە تاس قالىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىچە سېنى: «ئۇ چوقۇم بىر مەجنۇندۇر» دېيىشىدۇ.

وَمَا هُوَ إِلَّا ذِكۡرٞ لِّلۡعَٰلَمِينَ ﴿٥٢﴾

52 ـ قۇرئان ئىنسانلار ۋە جىنلار ئۈچۈن پەقەتلا پەند ـ نەسىھەت ۋە باياندۇر.

# هاققە سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

ٱلۡحَآقَّةُ ﴿١﴾

1 ـ ۋەدىلەر ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلار ئەمەلگە ئاشىدىغان قىيامەت چوقۇم بولىدۇ.

مَا ٱلۡحَآقَّةُ ﴿٢﴾

2 ـ چوقۇم بولىدىغان ئاشۇ قىيامەتنىڭ سۈپىتى ۋە ئەھۋالى قانداق؟

وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا ٱلۡحَآقَّةُ ﴿٣﴾

3 ـ ئى پەيغەمبەر! سەن قىيامەتنىڭ ھەقىقىتىنى، قانداق ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ دەھشىتىنى بىلەمسەن؟

كَذَّبَتۡ ثَمُودُ وَعَادُۢ بِٱلۡقَارِعَةِ ﴿٤﴾

4 ـ سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان سەمۇد قەۋمى ۋە ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان ئاد قەۋمى دەھشىتى بىلەن دىللارغا قورقۇنچ سالىدىغان ئاشۇ قىيامەتنى ئىنكار قىلدى.

فَأَمَّا ثَمُودُ فَأُهۡلِكُواْ بِٱلطَّاغِيَةِ ﴿٥﴾ وَأَمَّا عَادٌ فَأُهۡلِكُواْ بِرِيحٖ صَرۡصَرٍ عَاتِيَةٖ ﴿٦﴾ سَخَّرَهَا عَلَيۡهِمۡ سَبۡعَ
لَيَالٖ وَثَمَٰنِيَةَ أَيَّامٍ حُسُومٗاۖ فَتَرَى ٱلۡقَوۡمَ فِيهَا صَرۡعَىٰ كَأَنَّهُمۡ أَعۡجَازُ نَخۡلٍ خَاوِيَةٖ ﴿٧﴾ فَهَلۡ تَرَىٰ
لَهُم مِّنۢ بَاقِيَةٖ ﴿٨﴾

5 ـ 8 ـ سەمۇد ھەددىدىن زىيادە قاتتىق ۋە ئىنتايىن يۇقىرى بىر ئاۋاز بىلەنلا ھالاك قىلىندى. ئاد قەۋمى بولسا ناھايىتى قاتتىق ۋە سوغۇق بوران بىلەن ھالاك قىلىندى. ئاللاھ بوراننى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز ئۈزۈلدۈرمەي قويۇۋەتتى. ئۇ قەۋمنىڭ ئاشۇ كېچە ـ كۈندۈزلەردە ئۆلۈپ تۆگەشكەنلىكىنى ۋە خورما دەرىخىنىڭ پور كۆتەكلىرىدەك ياتقانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇلاردىن بىرەر ئادەمنىڭ ھالاك بولماي قالغانلىقىنى كۆرەلەمسەن؟

وَجَآءَ فِرۡعَوۡنُ وَمَن قَبۡلَهُۥ وَٱلۡمُؤۡتَفِكَٰتُ بِٱلۡخَاطِئَةِ ﴿٩﴾ فَعَصَوۡاْ رَسُولَ رَبِّهِمۡ فَأَخَذَهُمۡ أَخۡذَةٗ رَّابِيَةً ﴿١٠﴾

9 ـ 10 ـ زالىم پىرئەۋن، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان كاپىر قەۋملەر ۋە كاپىرلىقى، مۇشرىكلىكى، قەبىھ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك شەھەرلىرى دۇم كۆمتۈرۈلگەن لۇت قەۋمى قاتارلىق قەۋملەرنىڭ ھەربىرى گۇناھقا پاتقان ۋە ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىدى.

إِنَّا لَمَّا طَغَا ٱلْمَآءُ حَمَلْنَٰكُمْ فِى ٱلْجَارِيَةِ ﴿١١﴾ لِنَجْعَلَهَا لَكُمْ تَذْكِرَةً وَتَعِيَهَآ أُذُنٌ وَٰعِيَةٌ ﴿١٢﴾

11 ـ 12ـ شەكسىزكى، توپان بالاسى كېلىپ، سۇ كۆتۈرۈلگەن ۋە ھەممە نەرسىنىڭ ئۈستىگە ئۆرلىگەن چاغدا، بىز سىلەرنىڭ ئەجدادىڭلارنى نۇھ بىلەن بىللە سۇنىڭ ئۈستىدە ئۈزۈپ كېتىۋاتقان كېمىگە چىقارغان ئىدۇق. بىز مۇئمىنلەر قۇتقۇزۇلغان ۋە كاپىرلار سۇدا غەرق قىلىنغان بۇ ۋەقەنى سىلەرگە ئىبرەت ۋە ۋەز ـ نەسىھەت قىلدۇق. ئاللاھتىن ئاڭلىغانلىرىنى ساقلىيالايدىغان قۇلاقلار ئۇنى ساقلايدۇ ۋە بۇ قۇلاقلارنىڭ ئىگىسى بولغان ئىنسانلار تەپەككۇر قىلىدۇ.

فَإِذَا نُفِخَ فِى ٱلصُّورِ نَفْخَةٌ وَٰحِدَةٌ ﴿١٣﴾ وَحُمِلَتِ ٱلْأَرْضُ وَٱلْجِبَالُ فَدُكَّتَا دَكَّةً وَٰحِدَةً ﴿١٤﴾ فَيَوْمَئِذٍ
وَقَعَتِ ٱلْوَاقِعَةُ ﴿١٥﴾ وَٱنشَقَّتِ ٱلسَّمَآءُ فَهِىَ يَوْمَئِذٍ وَاهِيَةٌ ﴿١٦﴾ وَٱلْمَلَكُ عَلَىٰٓ أَرْجَآئِهَا ۚ وَيَحْمِلُ عَرْشَ
رَبِّكَ فَوْقَهُمْ يَوْمَئِذٍ ثَمَٰنِيَةٌ ﴿١٧﴾ يَوْمَئِذٍ تُعْرَضُونَ لَا تَخْفَىٰ مِنكُمْ خَافِيَةٌ ﴿١٨﴾

13 ـ 18ـ ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم سۇر چالغان ۋە دۇنيا پۈتۈنلەي ھالاك بولىدىغان چاغدا، زېمىن ۋە تاغلار ئورۇنلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ بىر ـ بىرىگە بىرلا ئۇرۇلۇش بىلەن كۇكۇم تالقان بولۇپ كەتكەن چاغدا، ئەنە ئاشۇ چاغدا قىيامەت قايىم بولىدۇ، ئاسمان يېرىلىدۇ، بۇ كۈندە ئاسمان بوشىشىپ كېتىدۇ، ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالمايدۇ، مۇستەھكەملىكىنى يوقىتىدۇ، پەرىشتىلەر ئاسماننىڭ ئەتراپىدا تۇرىدۇ، ئۇ كۈندە رەببىڭنىڭ ئەرشىنى پەرىشتىلەرنىڭ كاتتىلىرىدىن سەككىز پەرىشتە ئۆز ئۈستىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئى ئىنسانلار! سىلەر بۇ كۈندە ئەمەللىڭلاردىن ھېساب بېرىش ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىرىلىسىلەر، ئاللاھقا سىلەرنىڭ سىرىڭلاردىن ھېچقانداق نەرسە مەخپىي قالمايدۇ.

فَأَمَّا مَنْ أُوتِىَ كِتَٰبَهُۥ بِيَمِينِهِۦ فَيَقُولُ هَآؤُمُ ٱقْرَءُوا۟ كِتَٰبِيَهْ ﴿١٩﴾ إِنِّى ظَنَنتُ أَنِّى مُلَٰقٍ حِسَابِيَهْ ﴿٢٠﴾
فَهُوَ فِى عِيشَةٍ رَّاضِيَةٍ ﴿٢١﴾ فِى جَنَّةٍ عَالِيَةٍ ﴿٢٢﴾ قُطُوفُهَا دَانِيَةٌ ﴿٢٣﴾ كُلُوا۟ وَٱشْرَبُوا۟ هَنِيٓـًٔا بِمَآ أَسْلَفْتُمْ
فِى ٱلْأَيَّامِ ٱلْخَالِيَةِ ﴿٢٤﴾

19 ـ 24ـ نامە ـ ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەم قاتتىق خۇشاللىقتىن: «ئېلىڭلار! مېنىڭ نامە ـ ئەمالىمنى ئوقۇپ بېقىڭلار، مەن دۇنيادىكى چاغلىرىمدا ئەمەلىمنىڭ مۇكاپاتىنى قىيامەت كۈنى چوقۇم كۆرىدىغانلىقىمغا ئىشەنگەن، شۇڭا ئىمان ئېيتىپ ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن تەييارلىق قىلغان ئىدىم» دەيدۇ. ئۇ مېۋىلىرى ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان ۋە ياتقان ھەربىر كىشىنىڭ ئۈزۈۋېلىشى ئۈچۈن يېقىن قىلىنغان، يۈكسەك جايلاردىكى ئالىي دەرىجىلىك جەننەتلەردە باياشات تۇرمۇشتا بولىدۇ. ئۇلارغا: «ئۆتكەنكى دۇنيا ھاياتىدا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭلار ئۈچۈن، ھەرقانداق كۆڭۈلسىزلىكتىن ۋە غەم ـ قايغۇدىن پۈتۈنلەي يىراق بولغان ھالدا، خۇشال ـ خۇرام ياشاڭلار، جەننەتنىڭ نازۇنېمەتلىرىدىن يەڭلار، ئۇنىڭ لەززەتلىك شارابلىرىدىن ئىچىڭلار» دېيىلىدۇ.

وَأَمَّا مَنْ أُوتِىَ كِتَٰبَهُۥ بِشِمَالِهِۦ فَيَقُولُ يَٰلَيْتَنِى لَمْ أُوتَ كِتَٰبِيَهْ ﴿٢٥﴾ وَلَمْ أَدْرِ مَا حِسَابِيَهْ ﴿٢٦﴾
يَٰلَيْتَهَا كَانَتِ ٱلْقَاضِيَةَ ﴿٢٧﴾ مَآ أَغْنَىٰ عَنِّى مَالِيَهْ ۜ ﴿٢٨﴾ هَلَكَ عَنِّى سُلْطَٰنِيَهْ ﴿٢٩﴾

25 ـ 29ـ نامە ـ ئەمالى سول قولىغا بېرىلگەن ئادەم قاتتىق ھەسرەت چەككەن ۋە پۇشايمان قىلغان ھالدا: «كاشكى، نامە ـ ئەمالىم ماڭا بېرىلمىگەن بولسىچۇ! جازايىمنىڭ نېمە

ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولسامچۇ! كاشكى، دۇنيادىكى ئۆلۈمۈم بىلەن ھەممە ئىش
تۈگىگەن بولسا ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ھېچ تىرىلدۈرۈلمىگەن بولسامچۇ! دۇنيادا توپلىغان
پۇل - مېلىم ماڭا قىلچە ئەسقاتمىدى، مېنىڭ ھوقۇقۇم قولۇمدىن كەتتى» دەپ كېتىدۇ.

خُذُوهُ فَغُلُّوهُ ﴿٣٠﴾ ثُمَّ ٱلۡجَحِيمَ صَلُّوهُ ﴿٣١﴾ ثُمَّ فِي سِلۡسِلَةٖ ذَرۡعُهَا سَبۡعُونَ ذِرَاعٗا فَٱسۡلُكُوهُ ﴿٣٢﴾ إِنَّهُۥ كَانَ
لَا يُؤۡمِنُ بِٱللَّهِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿٣٣﴾ وَلَا يَحُضُّ عَلَىٰ طَعَامِ ٱلۡمِسۡكِينِ ﴿٣٤﴾

30 - 34 - جەھەننەمگە مەسئۇل پەرىشتىلەرگە دېيىلىدۇ: «بۇ گۇناھكارنى تۇتۇڭلار، قوللىرىنى
زەنجىرلەر بىلەن بويىنىغا باغلاڭلار، ئاندىن ئۇنى قاتتىق ئوتتا جازالاش ئۈچۈن دوزاخقا
تاشلاڭلار، ئاندىن ئۇنى ئۇزۇنلۇقى يەتمىش گەز كېلىدىغان تۆمۈر زەنجىر بىلەن
باغلاڭلار. چۈنكى ئۇ گۇناھكار ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى
يوقتۇر، دەپ ئىمان ئېيتمىغان، ئاللاھنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلمىغان ۋە ئاش - نانغا
موھتاج پېقىرلارغا تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمىغان ئىدى.

فَلَيۡسَ لَهُ ٱلۡيَوۡمَ هَٰهُنَا حَمِيمٞ ﴿٣٥﴾

35 - بۇ قىيامەت كۈنىدە ئۇ كاپىرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالىدىغان ھېچقانداق
يېقىن دوست يوقتۇر.

وَلَا طَعَامٌ إِلَّا مِنۡ غِسۡلِينٖ ﴿٣٦﴾ لَّا يَأۡكُلُهُۥٓ إِلَّا ٱلۡخَٰطِـُٔونَ ﴿٣٧﴾

36 - 37 - ئۇنىڭغا دوزاخ ئەھلىنىڭ بەدىنىدىن چىقىدىغان يىرىڭ - زەردابتىن باشقا تاماق
يوقتۇر، ئۇنى پەقەت ئاللاھنى ئىنكار قىلىشتا چېك تۇرغان گۇناھكارلار يەيدۇ».

فَلَآ أُقۡسِمُ بِمَا تُبۡصِرُونَ ﴿٣٨﴾ وَمَا لَا تُبۡصِرُونَ ﴿٣٩﴾ إِنَّهُۥ لَقَوۡلُ رَسُولٖ كَرِيمٖ ﴿٤٠﴾ وَمَا هُوَ بِقَوۡلِ شَاعِرٖۚ
قَلِيلٗا مَّا تُؤۡمِنُونَ ﴿٤١﴾ وَلَا بِقَوۡلِ كَاهِنٖۚ قَلِيلٗا مَّا تَذَكَّرُونَ ﴿٤٢﴾ تَنزِيلٞ مِّن رَّبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٤٣﴾

38 - 43 - مەن سىلەر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان نەرسىلەر بىلەن ۋە سىلەر كۆرەلمەيدىغان
نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ قۇرئان ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر، ئۇنى ھۆرمەتلىك
ئەلچى جىبرىل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇپ بېرىدۇ. ئۇ سىلەر گۇمان قىلغاندەك
شائىرنىڭ سۆزى ئەمەس. سىلەر تولىمۇ ئاز ئىمان ئېيتىسىلەر، ئۇ كاھىنلارنىڭ
قاپىيەلىك سۆزلىرىگە ئوخشايدىغان سۆزمۇ ئەمەس. ئاراڭلاردا تەپەككۇر قىلىدىغان ۋە
ئاللاھنىڭ سۆزى بىلەن ئىنسان سۆزى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى بىلەلەيدىغان كىشىلەر
ناھايىتى ئازدۇر. شەكسىزكى، قۇرئان ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھنىڭ مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان سۆزىدۇر.

وَلَوۡ تَقَوَّلَ عَلَيۡنَا بَعۡضَ ٱلۡأَقَاوِيلِ ﴿٤٤﴾ لَأَخَذۡنَا مِنۡهُ بِٱلۡيَمِينِ ﴿٤٥﴾ ثُمَّ لَقَطَعۡنَا مِنۡهُ ٱلۡوَتِينَ ﴿٤٦﴾ فَمَا
مِنكُم مِّنۡ أَحَدٍ عَنۡهُ حَٰجِزِينَ ﴿٤٧﴾ وَإِنَّهُۥ لَتَذۡكِرَةٞ لِّلۡمُتَّقِينَ ﴿٤٨﴾

44 - 48 - ئەگەر مۇھەممەد بىز ئېيتمىغان سۆزلەرنى بىزنىڭ نامىمىزدىن توقۇپ چىققان بولسا
ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇنى قۇدرىتىمىز بىلەن ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىمىز بىلەن قاتتىق جازالىغان
بولاتتۇق، ئاندىن ئۇنىڭ جان تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق. ئۇ چاغدا، ئاراڭلاردىن
ھېچكىم ئۇنى بىزنىڭ ئازابىمىزدىن قوغداپ قالالمايتتى. شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ
قۇرئان ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يىراق تۇرىدىغان تەقۋادار
مۇئمىنلەر ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەتتۇر.

وَإِنَّا لَنَعْلَمُ أَنَّ مِنكُم مُّكَذِّبِينَ ﴿٤٩﴾ وَإِنَّهُۥ لَحَسْرَةٌ عَلَى ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٥٠﴾ وَإِنَّهُۥ لَحَقُّ ٱلْيَقِينِ ﴿٥١﴾ فَسَبِّحْ
بِٱسْمِ رَبِّكَ ٱلْعَظِيمِ ﴿٥٢﴾

49 ـ 52ـ شەكسىزكى، قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى روشەن تۇرسىمۇ، ئاراڭلاردا ئۇنى ئىنكار قىلىدىغانلارنىڭ بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمىز. مۇقەررەركى، قۇرئاننى ئىنكار قىلىش كاپىرلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن چوڭقۇر ھەسرەت ـ نادامەتتۇر. كاپىرلار ئۆزلىرىگە تەييارلانغان ئازابنى ۋە مۇئمىنلەرگە تەييارلانغان نېمەتنى كۆرگەن چاغدا قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ. قۇرئان شەكسىز ھەقىقەتتۇر. ئاللاھنى بارچە نالايىق سۈپەتلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر، دەپ ئېتىقاد قىلغىن، ئۇنى ئۇلۇغ ئىسىملىرى بىلەن ياد ئەتكىن.

# مەئارىج سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

سَأَلَ سَآئِلُۢ بِعَذَابٖ وَاقِعٖ ١ لِّلۡكَٰفِرِينَ لَيۡسَ لَهُۥ دَافِعٞ ٢ مِّنَ ٱللَّهِ ذِي ٱلۡمَعَارِجِ ٣ تَعۡرُجُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ وَٱلرُّوحُ إِلَيۡهِ فِي يَوۡمٖ كَانَ مِقۡدَارُهُۥ خَمۡسِينَ أَلۡفَ سَنَةٖ ٤

1 - 4- مۇشرىكلاردىن بىرەيلەن ئۆزىگە ۋە قەۋمىگە ئاللاھنىڭ ئازابى كېلىشىنى تەلەپ قىلدى. قىيامەت كۈنى ئۇ ئازاب ئۇلارغا چوقۇم چۈشىدۇ، بۇنىڭدا قىلچە شەك يوق. يۈكسەك مەرتىۋىلىك ئاللاھتىن كېلىدىغان بۇ ئازابنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ. پەرىشتىلەر ۋە جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئۇزاقلىقى دۇنيانىڭ يىللىرىدىن ئەللىك مىڭ يىل كېلىدىغان بىر كۈندە ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئۆرلەيدۇ. بۇ ئەللىك مىڭ يىل مۇئمىن ئادەمگە نىسبەتەن پەرز ناماز ئوقۇغانچىلىك ۋاقىتتۇر.

فَٱصۡبِرۡ صَبۡرٗا جَمِيلًا ٥

5 - ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارنىڭ مەسخىرىلىرىگە ۋە ئازابقا ئالدىراپ كەتكىنىگە قارىتا سەۋرچان بولغىن، ئاللاھتىن باشقىسىغا دەردلەنمىگىن، ئۆزۈڭنى بىئارام قىلمىغىن.

إِنَّهُمۡ يَرَوۡنَهُۥ بَعِيدٗا ٦ وَنَرَىٰهُ قَرِيبٗا ٧

6 - 7- كاپىرلار ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنى يىراق سانايدۇ ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بىز بولساق ئۇنى يېقىندا چوقۇم چۈشىدۇ، دەپ قارايمىز.

يَوۡمَ تَكُونُ ٱلسَّمَآءُ كَٱلۡمُهۡلِ ٨ وَتَكُونُ ٱلۡجِبَالُ كَٱلۡعِهۡنِ ٩

8 - 9- ئۇ كۈندە ئاسمان ئېرىتىلگەن مىستەك بولۇپ قالىدۇ. تاغلار شامال ئۇچۇرتقان رەڭلىك يۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ.

وَلَا يَسۡـَٔلُ حَمِيمٌ حَمِيمٗا ١٠

10 - ھېچبىر يېقىن ئۆزىنىڭ يېقىنىنىڭ ئەھۋالىنى سورىمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىنىڭ دەردى بىلەن بەند بولۇپ كېتىدۇ.

يُبَصَّرُونَهُمۡۚ يَوَدُّ ٱلۡمُجۡرِمُ لَوۡ يَفۡتَدِي مِنۡ عَذَابِ يَوۡمِئِذِۭ بِبَنِيهِ ١١ وَصَٰحِبَتِهِۦ وَأَخِيهِ ١٢ وَفَصِيلَتِهِ ٱلَّتِي تُـٔۡوِيهِ ١٣ وَمَن فِي ٱلۡأَرۡضِ جَمِيعٗا ثُمَّ يُنجِيهِ ١٤

11 - 14- ئۇلار بىر - بىرىنى كۆرىدۇ ۋە تونۇيدۇ، ئەمما ھېچبىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە قىلچە ياردەم قىلالمايدۇ. كاپىر ئادەم قىيامەتنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن

ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىنى، ئاياللىنى، قېرىندىشىنى، بارلىق قەۋم - قېرىنداشلىرىنى ۋە يەر يۈزىدىكى ھەممە ئادەمنى تۇتۇپ بېرىپ بولسىمۇ، ئازابتىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

كَلَّآ إِنَّهَا لَظَىٰ ﴿١٥﴾ نَزَّاعَةً لِّلشَّوَىٰ ﴿١٦﴾ تَدْعُواْ مَنْ أَدْبَرَ وَتَوَلَّىٰ ﴿١٧﴾ وَجَمَعَ فَأَوْعَىٰ ﴿١٨﴾

15 - 18 - ئى كاپىر! ئىش ھەرگىز سەن ئارزۇ قىلغانىدەك بولمايدۇ، سەن ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھېچكىمنى تۇتۇپ بېرەلمەيسەن. ئۇ دوزاخ قاتتىق يالقۇنجاپ كۆيىدىغان ئوتتۇر، ئۇنىڭ ھارارىتى باشنىڭ تېرىسىنى ۋە پۈتۈن بەدەننىڭ تېرىسىنى شىلىدۇ. ئۇ ئوت دۇنيادا ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە پۇل - مال يىغىپ ئۇنىڭ زاكىتىنى بەرمەي ساقلىغان كىشىلەرنى چاقىرىدۇ.

إِنَّ ٱلْإِنسَٰنَ خُلِقَ هَلُوعًا ﴿١٩﴾ إِذَا مَسَّهُ ٱلشَّرُّ جَزُوعًا ﴿٢٠﴾ وَإِذَا مَسَّهُ ٱلْخَيْرُ مَنُوعًا ﴿٢١﴾ إِلَّا ٱلْمُصَلِّينَ ﴿٢٢﴾ ٱلَّذِينَ هُمْ عَلَىٰ صَلَاتِهِمْ دَآئِمُونَ ﴿٢٣﴾ وَٱلَّذِينَ فِىٓ أَمْوَٰلِهِمْ حَقٌّ مَّعْلُومٌ ﴿٢٤﴾ لِّلسَّآئِلِ وَٱلْمَحْرُومِ ﴿٢٥﴾ وَٱلَّذِينَ يُصَدِّقُونَ بِيَوْمِ ٱلدِّينِ ﴿٢٦﴾ وَٱلَّذِينَ هُم مِّنْ عَذَابِ رَبِّهِم مُّشْفِقُونَ ﴿٢٧﴾ إِنَّ عَذَابَ رَبِّهِمْ غَيْرُ مَأْمُونٍ ﴿٢٨﴾ وَٱلَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَٰفِظُونَ ﴿٢٩﴾ إِلَّا عَلَىٰٓ أَزْوَٰجِهِمْ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَٰنُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ ﴿٣٠﴾

19 - 30 - ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز ۋە قاتتىق ھېرىسمەن قىلىپ يارىتىلدى. ئۇنىڭغا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك ۋە قىيىنچىلىق يەتسە زارلىنىپ كېتىدۇ، بىرەر ياخشىلىققا ۋە ئۇگايلىققا ئېرىشسە قاتتىق بېخىللىشىپ كېتىدۇ. ئەمما نامازنى بارلىق شەرتلىرىگە رىئايە قىلىپ، ئۆز ۋاقتىدا مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، تىرىكچىلىكنى دەپ نامازدىن غەپلەتتە قالمايدىغان كىشىلەر ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار پۇل - مېلىدا ئاللاھ پەرز قىلغان زاكات بارلىقىنى، ئۇنىڭدا تىلەيدىغان ۋە ئېپپەتلىك بولغانلىقتىن تىلىمەيدىغان پېقىر كىشىلەرگە بېرىشكە تېگىشلىك مۇئەييەن ھەق بارلىقىنى بىلىدىغان ۋە ئۇنى تولۇق ئادا قىلىدىغان، قىيامەت كۈنى بارلىق ياخشى - يامان ئەمەللەردىن ھېساب بېرىدىغانلىقىنىڭ ۋە تېگىشلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقىنىڭ ياكى جازاغا ئۇچرايدىغانلىقىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ، ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ تەييارلىق قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقىدىغان كىشىلەردۇر. شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچكىم خاتىرجەم بولالمايدۇ. ئۇلار جىنسىي ئەزالىرىنى ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلاردىن ساقلايدىغان كىشىلەردۇر. ئۆزىنىڭ ئايالى ۋە چۆرىلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. چۈنكى بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغانلارغا مالامەت قىلىنمايدۇ.

فَمَنِ ٱبْتَغَىٰ وَرَآءَ ذَٰلِكَ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْعَادُونَ ﴿٣١﴾ وَٱلَّذِينَ هُمْ لِأَمَٰنَٰتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَٰعُونَ ﴿٣٢﴾ وَٱلَّذِينَ هُم بِشَهَٰدَٰتِهِمْ قَآئِمُونَ ﴿٣٣﴾ وَٱلَّذِينَ هُمْ عَلَىٰ صَلَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ ﴿٣٤﴾ أُوْلَٰٓئِكَ فِى جَنَّٰتٍ مُّكْرَمُونَ ﴿٣٥﴾

31 - 35 - كىمكى ئۆزىنىڭ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرىدىن باشقا ئاياللار بىلەن جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى ئىزدەيدىكەن، ئۇلار ھەددىدىن ئېشىپ ھالالدىن ھارامغا ئۆتۈپ كەتكەنلەردۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ ۋە بەندىلەرنىڭ ئامانەتلىرىگە، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە بەرگەن ۋەدىسىگە رىئايە قىلىدىغان، گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئىشلاردا گۇۋاھلىقنى يوشۇرماي، ئۆزگەرتمەي ئەينەن ئادا قىلىدىغان، نامازلىرىنى ۋە بارلىق پەرزلەرنى ۋاقتىدا ئادا قىلىدىغان كىشىلەردۇر. يۇقىرىقى گۈزەل سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان كىشىلەر نېمەتلىك جەننەتلەرگە ئورۇنلىشىدۇ، ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە تۈرلۈك نازۇنېمەتلەر بىلەن ئىززەت -

ئىكرام قىلىنىدۇ.

فَمَالِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ قِبَلَكَ مُهۡطِعِينَ ﴿٣٦﴾ عَنِ ٱلۡيَمِينِ وَعَنِ ٱلشِّمَالِ عِزِينَ ﴿٣٧﴾ أَيَطۡمَعُ كُلُّ ٱمۡرِيٕٖ مِّنۡهُمۡ أَن يُدۡخَلَ جَنَّةَ نَعِيمٖ ﴿٣٨﴾ كَلَّآۖ إِنَّا خَلَقۡنَٰهُم مِّمَّا يَعۡلَمُونَ ﴿٣٩﴾

36 - 39 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ كاپىرلارنىڭ سەن تەرەپكە ئالدىراپ كېلىشىگە تۇرتكە بولغان نەرسە زادى نېمىدۇ؟ ئۇلار ساڭا قاراپ بويۇنلىرىنى سوزۇپ كېلىدۇ ۋە ئوڭ - سول تەرىپىڭدە توپلىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئاشۇ كاپىرلارنىڭ ھەربىرى تېخى ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىنى نازۇنېمەتلىك جەننەتكە كىرگۈزۈشىنى تەمە قىلىۋاتامدۇ؟ ئىش ھەرگىز ئۇلار تەمە قىلغاندەك بولمايدۇ. ئۇلار جەننەتكە ھەرگىز كىرەلمەيدۇ. شەكسىزكى، بىز ئۇلارنى ۋە باشقىلارنى ئۆزلىرى بىلىدىغان مەنىيدىن ياراتتۇق. ئۇلار ئىمان ئېيتمىدى. ئۇلار قانداقلارچە جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولسۇن؟!

فَلَآ أُقۡسِمُ بِرَبِّ ٱلۡمَشَٰرِقِ وَٱلۡمَغَٰرِبِ إِنَّا لَقَٰدِرُونَ ﴿٤٠﴾ عَلَىٰٓ أَن نُّبَدِّلَ خَيۡرٗا مِّنۡهُمۡ وَمَا نَحۡنُ بِمَسۡبُوقِينَ ﴿٤١﴾

40 - 41- ئاي، كۈن، يۇلتۇز قاتارلىقلارنىڭ چىقىدىغان ۋە پاتىدىغان ئورۇنلىرىنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ ئۆزىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ دەيدۇكى، بىز ئۇلارنى يوق قىلىۋېتىپ، ئورنىغا ئۇلاردىن ياخشىراق ۋە ئاللاھقا بەكرەك ئىتائەت قىلىدىغان قەۋمنى كەلتۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىرمىز. ئەگەر بىز شۇنداق قىلىشنى ئىرادە قىلساق، بىزگە ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ ۋە ھېچكىم بىزنى ئاجىز قىلالمايدۇ.

فَذَرۡهُمۡ يَخُوضُواْ وَيَلۡعَبُواْ حَتَّىٰ يُلَٰقُواْ يَوۡمَهُمُ ٱلَّذِي يُوعَدُونَ ﴿٤٢﴾ يَوۡمَ يَخۡرُجُونَ مِنَ ٱلۡأَجۡدَاثِ سِرَاعٗا كَأَنَّهُمۡ إِلَىٰ نُصُبٖ يُوفِضُونَ ﴿٤٣﴾ خَٰشِعَةً أَبۡصَٰرُهُمۡ تَرۡهَقُهُمۡ ذِلَّةٞۚ ذَٰلِكَ ٱلۡيَوۡمُ ٱلَّذِي كَانُواْ يُوعَدُونَ ﴿٤٤﴾

42 - 44 - لېكىن بىزنىڭ ئىلمىمىزدە ۋە ئىرادىمىزدە كاپىرلارنى جازالاشنى كېچىكتۈرۈش ۋە ئۇلارنى باشقا قەۋمگە ئالماشتۇرماسلىق يېزىلىپ كەتكەن. ئى پەيغەمبەر! شۇڭا، سەن ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنى تېتىغانغا قەدەر باتىلغا چۆمۈپ، ئويناپ تۇرسۇن. ئۇلار قەبرىلىرىدىن تىرىلىپ چىقىدىغان كۈنى خۇددى بۇ دۇنيادا ئۆزلىرى تىكلىۋالغان بۇتلىرىغا قاراپ تېز يۈگۈرگەندەك كۆزلىرى چەكچەيگەن، ئۆزلىرىنى خارلىق - زەبۇنلۇق قاپلىۋالغان ھالدا ھېساب مەيدانىغا يۈگۈرىدۇ. ئەنە شۇ ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان قىيامەت كۈنى بولۇپ، ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا ئۇ كۈننى ئىنكار قىلاتتى ۋە مەسخىرە قىلاتتى.

# نۇھ سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

إِنَّآ أَرۡسَلۡنَا نُوحًا إِلَىٰ قَوۡمِهِۦٓ أَنۡ أَنذِرۡ قَوۡمَكَ مِن قَبۡلِ أَن يَأۡتِيَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ١ قَالَ يَٰقَوۡمِ
إِنِّي لَكُمۡ نَذِيرٞ مُّبِينٌ ٢ أَنِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ وَٱتَّقُوهُ وَأَطِيعُونِ ٣ يَغۡفِرۡ لَكُم مِّن ذُنُوبِكُمۡ
وَيُؤَخِّرۡكُمۡ إِلَىٰٓ أَجَلٖ مُّسَمًّىۚ إِنَّ أَجَلَ ٱللَّهِ إِذَا جَآءَ لَا يُؤَخَّرُۚ لَوۡ كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ٤

1 - 4 - شەكسىزكى، بىز نۇھنى ئۆز قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق ۋە ئۇنىڭغا: «قەۋمىڭگە قاتتىق ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغىن» دېدۇق. نۇھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنى — ئەگەر ماڭا ئاسىيلىق قىلساڭلار — سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئازابى كېلىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن پەيغەمبەرمەن. ئاللاھقا خالىس ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن قورقۇڭلار ۋە مەن بۇيرۇغان ئىشلارنى ئورۇنداش ۋە مەن توسقان ئىشلاردىن يېنىش ئارقىلىق ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار. ئەگەر سىلەر ماڭا ئىتائەت قىلساڭلار ۋە دەۋىتىمنى قوبۇل قىلساڭلار، ئاللاھ گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ ۋە سىلەرنىڭ ئۆمرۈڭلارنى بەلگىلەنگەن ئەجىلىڭلار توشقۇچە ئۇزارتىدۇ. شەكسىزكى، ئەجەل كەلگەن چاغدا ئۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ. ئەگەر سىلەر بۇنى بىلگەن بولساڭلار، ئەلۋەتتە ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشقا ۋە تائەت - ئىبادەتكە ئالدىرايتتىڭلار.

قَالَ رَبِّ إِنِّي دَعَوۡتُ قَوۡمِي لَيۡلٗا وَنَهَارٗا ٥ فَلَمۡ يَزِدۡهُمۡ دُعَآءِيٓ إِلَّا فِرَارٗا ٦ وَإِنِّي كُلَّمَا دَعَوۡتُهُمۡ
لِتَغۡفِرَ لَهُمۡ جَعَلُوٓاْ أَصَٰبِعَهُمۡ فِيٓ ءَاذَانِهِمۡ وَٱسۡتَغۡشَوۡاْ ثِيَابَهُمۡ وَأَصَرُّواْ وَٱسۡتَكۡبَرُواْ ٱسۡتِكۡبَارٗا ٧
ثُمَّ إِنِّي دَعَوۡتُهُمۡ جِهَارٗا ٨ ثُمَّ إِنِّيٓ أَعۡلَنتُ لَهُمۡ وَأَسۡرَرۡتُ لَهُمۡ إِسۡرَارٗا ٩ فَقُلۡتُ ٱسۡتَغۡفِرُواْ
رَبَّكُمۡ إِنَّهُۥ كَانَ غَفَّارٗا ١٠

5 - 10 - نۇھ يەنە ئېيتتى: «ئى رەببىم! مەن ھەقىقەتەن قەۋمىمنى ساڭا ئىمان ئېيتىشقا ۋە ئىتائەت قىلىشقا كېچە - كۈندۈز دەۋەت قىلدىم. ئەمما مېنىڭ بۇ دەۋىتىم ئۇلارنى مەندىن تېخىمۇ قاچىدىغان ۋە دەۋىتىمدىن تېخىمۇ يۈز ئۆرۈيدىغان قىلىۋەتتى. مەن ئۇلارنى سېنىڭ مەغپىرىتىڭگە ئېرىشسۇن دەپ، ھەرقاچان ساڭا ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلسام، ئۇلار ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن، بارماقلىرىنى قۇلاقلىرىغا تىقىۋالدى، مېنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن، كىيىملىرى بىلەن باشلىرىنى چۈمكىۋالدى، ئۇلار كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالدى، چوڭچىلىق قىلىپ ئىمان ئېيتىشتىن قاتتىق باش تارتتى. ئاندىن مەن ئۇلارنى ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا ئىمانغا دەۋەت قىلدىم، ئاندىن ئۇلارغا بەزىدە دەۋەتنى يۇقىرى ئاۋازدا ئاشكارا ئاڭلاتتىم، بەزىدە يوشۇرۇن دەۋەت قىلدىم. مەن ئۇلارغا ئېيتتىم: ‹رەببىڭلاردىن گۇناھىڭلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى تىلەڭلار،

كاپىرلىقتىن يېنىپ ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار. ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تەۋبە قىلغان ۋە ھەق يولغا قايتقان بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

يُرْسِلِ ٱلسَّمَآءَ عَلَيْكُم مِّدْرَارًا ﴿١١﴾ وَيُمْدِدْكُم بِأَمْوَٰلٍ وَبَنِينَ وَيَجْعَل لَّكُمْ جَنَّٰتٍ وَيَجْعَل لَّكُمْ أَنْهَٰرًا ﴿١٢﴾ مَّا لَكُمْ لَا تَرْجُونَ لِلَّهِ وَقَارًا ﴿١٣﴾ وَقَدْ خَلَقَكُمْ أَطْوَارًا ﴿١٤﴾ أَلَمْ تَرَوْا۟ كَيْفَ خَلَقَ ٱللَّهُ سَبْعَ سَمَٰوَٰتٍ طِبَاقًا ﴿١٥﴾ وَجَعَلَ ٱلْقَمَرَ فِيهِنَّ نُورًا وَجَعَلَ ٱلشَّمْسَ سِرَاجًا ﴿١٦﴾

11 - 16 - ئەگەر سىلەر گۇناھىڭلارغا تەۋبە قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئارقا - ئارقىدىن مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، پۇل - مېلىڭلارنى، باللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە مېۋىلىرى بىلەن كەڭتاشا نېمەتلىنىدىغان، مەنزىرىسى بىلەن ھوزۇرلىنىدىغان باغلارنى ئاتا قىلىدۇ، سۈيى بىلەن زىرائەتلىرىڭلارنى ۋە چارۋىلىرىڭلارنى سۇغىرىدىغان ئۆستەڭلەرنى ئېقىتىپ بېرىدۇ. ئى قەۋم! سىلەر نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ۋە ئۇنىڭ پادىشاھلىقىدىن ئەيمەنمەيسىلەر؟ ئاللاھ سىلەرنى بىر قانچە باسقۇچقا بۆلۈپ ئاۋۋال مەنىي، ئاندىن ئەلەق، ئاندىن گۆش پارچىسى قىلىپ، ئاندىن سىلەرگە سۆڭەك قوندۇرۇپ، ئاندىن گۆش قوندۇرۇپ ياراتتى. سىلەر ئاللاھنىڭ يەتتە ئاسماننى قانداق بىر بىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىپ ياراتقانلىقىنى، ئاشۇ ئاسمانلاردا ئاينى نۇر قىلغانلىقىنى، كۈننى زېمىن ئەھلى ئۈچۈن نۇرلۇق چىراغ قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟

وَٱللَّهُ أَنۢبَتَكُم مِّنَ ٱلْأَرْضِ نَبَاتًا ﴿١٧﴾ ثُمَّ يُعِيدُكُمْ فِيهَا وَيُخْرِجُكُمْ إِخْرَاجًا ﴿١٨﴾ وَٱللَّهُ جَعَلَ لَكُمُ ٱلْأَرْضَ بِسَاطًا ﴿١٩﴾ لِّتَسْلُكُوا۟ مِنْهَا سُبُلًا فِجَاجًا ﴿٢٠﴾

17 - 20 - ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەسلىڭلارنى زېمىندىن ياراتتى. ئاندىن سىلەرنى ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن يەنە زېمىنغا قايتۇرىدۇ، ئاندىن قىيامەت كۈنى سىلەرنى زېمىندىن چىقىرىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ يەر يۈزىدە كەڭ يوللاردا مېڭىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە يەر يۈزىنى بىپايان قىلىپ بەردى» ».

قَالَ نُوحٌ رَّبِّ إِنَّهُمْ عَصَوْنِى وَٱتَّبَعُوا۟ مَن لَّمْ يَزِدْهُ مَالُهُۥ وَوَلَدُهُۥٓ إِلَّا خَسَارًا ﴿٢١﴾ وَمَكَرُوا۟ مَكْرًا كُبَّارًا ﴿٢٢﴾ وَقَالُوا۟ لَا تَذَرُنَّ ءَالِهَتَكُمْ وَلَا تَذَرُنَّ وَدًّا وَلَا سُوَاعًا وَلَا يَغُوثَ وَيَعُوقَ وَنَسْرًا ﴿٢٣﴾ وَقَدْ أَضَلُّوا۟ كَثِيرًا ۖ وَلَا تَزِدِ ٱلظَّٰلِمِينَ إِلَّا ضَلَٰلًا ﴿٢٤﴾ مِّمَّا خَطِيٓـَٰٔتِهِمْ أُغْرِقُوا۟ فَأُدْخِلُوا۟ نَارًا فَلَمْ يَجِدُوا۟ لَهُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ أَنصَارًا ﴿٢٥﴾

21 - 25 - نۇھ ئېيتتى: «ئى رەببىم! قەۋمىم ماڭا ئاسىيلىق قىلىشتا ۋە مېنى ئىنكار قىلىشتا بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاجىزلار كۈچلۈكلەرگە — پۇل - مېلى ۋە باللىچاقىلىرى ئۆزلىرىگە دۇنيادا ئازغۇنلۇقتىن، ئاخىرەتتە ئازابتىن باشقىسىنى زىيادە قىلمايدىغان ئازغۇن كاتتىباشلارغا ئەگەشتى. ئۇ ئازغۇن كاتتىباشلار ئۆزلىرىگە ئەگەشكەن ئاجىزلارغا چوڭ بىر ھىيلە - مىكىر ئىشلەتتى ۋە ئۇلارغا: ‹سىلەر نۇھ دەۋەت قىلىۋاتقان بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئەقىدىسىنى دەپ مەبۇدلىرىڭلارغا چوقۇنۇشنى ھەرگىز تاشلىماڭلار، بولۇپمۇ ۋەد، سۇۋائ، يەغۇس، يەئۇق ۋە نەسر قاتارلىق بۇتلىرىڭلاردىن ھەرگىز ۋاز كەچمەڭلار› دېدى». (ۋەد، سۇۋائ، يەغۇس، يەئۇق ۋە نەسر قاتارلىق بۇتلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى چوقۇنىدىغان بۇتلارنىڭ ناملىرى بولۇپ، ئەسلىدە بۇلار ياخشى كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرى ئىدى. ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن، شەيتان ئۇ قەۋمنى ئالداپ، ۋاپات بولغان مەزكۇر ياخشى كىشىلەرنىڭ ھەيكەللىرىنى ياساپ چىقىشقا قىزىقتۇرىدۇ. ئۇلار ياخشى كىشىلەرنىڭ ھەيكەللىرىنى ۋە سۈرەتلىرىنى كۆرۈپ

تۇرۇش ئارقىلىق تائەت - ئىبادەتلەرنى جانلىق ۋە روھلۇق ھالەتتە قىلىش، ئۇلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش نىيىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەيكەللىرىنى ياساپ چىقىدۇ. ئاندىن مەزكۇر ھەيكەللەرنى ياسىغان قەۋم ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ زامانىغا كەلگەندە، بۇ ئەۋلادلار ئەجدادلىرىنىڭ بۇ ھەيكەللەرنى چوقۇنۇش ئۈچۈن ياسىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ھەيكەللەرنى ئاللاھقا ۋەسىلە قىلغانلىقىنى گۇمان قىلىپ، بۇ ھەيكەللەرگە رەسمىي چوقۇنۇشنى يولغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇتلارغا چوقۇنىدىغان قەۋم بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامدا ھەيكەللەرنى ياساش، تىكلەش ۋە قەبرىلەرگە گۈمبەز ياساش مەنئى قىلىنغان. چۈنكى زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىنسانلار ئۇ نەرسىلەرگە چوقۇنىدىغان بولۇپ قالىدۇ). نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئىچىدىكى ئاشۇ ئازغۇن كاتتىباشلار ئازغۇنلۇقنى توغرا يول دەپ كۆرسىتىش ئارقىلىق نۇرغۇن كىشىلەرنى ھەق دىنىدىن ئازدۇرۇپ كەتتى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا: «ئى رەببىم! كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىش ۋە ئىماننى قوبۇل قىلماسلىق ئارقىلىق ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان ئاشۇ زالىم قەۋمنى تېخىمۇ ئازغۇنلۇقتىلا قالدۇرغىن!» دەپ دۇئا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار گۇناھلىرى ۋە كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى تۈپەيلىدىن توپان بالاسىدا غەرق قىلىندى، ئۇلار غەرق قىلىنغاندىن كېيىنلا ناھايىتى يالقۇنلۇق ۋە قاتتىق كۆيدۈرگۈچى ئوتقا تاشلاندى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالىدىغان ھېچقانداق مەدەتكار ياكى ئۆزلىرىگە ياردەم قىلىدىغان بىرەر ياردەم قىلغۇچىنى تاپالمىدى.

وَقَالَ نُوحٌ رَّبِّ لَا تَذَرْ عَلَى ٱلْأَرْضِ مِنَ ٱلْكَٰفِرِينَ دَيَّارًا ﴿٢٦﴾ إِنَّكَ إِن تَذَرْهُمْ يُضِلُّوا۟ عِبَادَكَ
وَلَا يَلِدُوٓا۟ إِلَّا فَاجِرًا كَفَّارًا ﴿٢٧﴾ رَّبِّ ٱغْفِرْ لِى وَلِوَٰلِدَىَّ وَلِمَن دَخَلَ بَيْتِىَ مُؤْمِنًا وَلِلْمُؤْمِنِينَ
وَٱلْمُؤْمِنَٰتِ ۖ وَلَا تَزِدِ ٱلظَّٰلِمِينَ إِلَّا تَبَارًۢا ﴿٢٨﴾

26 - 28 - نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «ئى رەببىم! سېنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنىڭ ھېچبىرىنى يەر يۈزىدە ھايات قالدۇرمىغىن. چۈنكى ئەگەر سەن ئۇلارنى ھالاك قىلماي ھايات قالدۇرساڭ، شەكسىزكى، ئۇلار ساڭا ئىمان ئېيتقان بەندىلىرىڭنى ھەق يولدىن ئازدۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ نەسلىدىن پەقەت ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈيدىغان، كۇفرىدا چىڭ تۇرىدىغان ۋە ساڭا ئاسىيلىق قىلىدىغان گۇناھكار ئەۋلادلارلا چىقىدۇ. ئى رەببىم! ماڭا، ئاتا - ئانامغا، مېنىڭ ئۆيۈمگە ئىمان ئېيتىپ كىرگەن ھەركىمگە ۋە بارلىق مۇئمىن ئەرلەرگە، مۇئمىن ئاياللارغا مەغپىرەت قىلغىن، كاپىرلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھالاكەت بىلەن زىياننىلا زىيادە قىلغىن».

# جىن سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

قُلۡ أُوحِيَ إِلَيَّ أَنَّهُ ٱسۡتَمَعَ نَفَرٌ مِّنَ ٱلۡجِنِّ فَقَالُوٓاْ إِنَّا سَمِعۡنَا قُرۡءَانًا عَجَبًا ١ يَهۡدِيٓ إِلَى ٱلرُّشۡدِ
فَـَٔامَنَّا بِهِۦۖ وَلَن نُّشۡرِكَ بِرَبِّنَآ أَحَدًا ٢

1 ـ 2ـ ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ماڭا شۇنداق ۋەھيى قىلدىكى، بىر قانچە نەپەر جىن مېنىڭ قۇرئان ئوقۇۋاتقانلىقىمنى ئاڭلاپ، ئۆز قەۋمىگە مۇنداق دېدى: ‹بىز ھەقىقەتەن پاساھەتتە، بەدىئىيلىكتە، ھۆكۈملىرىدە، ھېكمەتلىرىدە ۋە خەۋەرلىرىدە كامالىغا يەتكەن، توغرا يولغا ۋە ھىدايەتكە دەۋەت قىلىدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلدۇق. بىز بىزنى ياراتقان رەببىمىزگە ئىبادەت قىلىشتا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز.

وَأَنَّهُۥ تَعَٰلَىٰ جَدُّ رَبِّنَا مَا ٱتَّخَذَ صَٰحِبَةً وَلَا وَلَدًا ٣

3 ـ شەكسىزكى، رەببىمىزنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، ئۇنىڭ ئايالى ياكى بالىسى يوقتۇر.

وَأَنَّهُۥ كَانَ يَقُولُ سَفِيهُنَا عَلَى ٱللَّهِ شَطَطًا ٤

4 ـ بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئەخمەق ئىبلىس ئاللاھنىڭ ئايالى ۋە بالىسى بار، دەپ ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق كەلمەيدىغان، ھەقىقەتتىن تولىمۇ يىراق سۆزلەرنى قىلغان ئىدى.

وَأَنَّا ظَنَنَّآ أَن لَّن تَقُولَ ٱلۡإِنسُ وَٱلۡجِنُّ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا ٥

5 ـ بىز ئىنسانلاردىن ۋە جىنلاردىن ھېچكىم ئاللاھ توغرۇلۇق يالغان گەپلەرنى توقۇپ، ئۇنىڭ ئايالى ۋە بالىسى بار دېمەيدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدۇق.

وَأَنَّهُۥ كَانَ رِجَالٌ مِّنَ ٱلۡإِنسِ يَعُوذُونَ بِرِجَالٍ مِّنَ ٱلۡجِنِّ فَزَادُوهُمۡ رَهَقًا ٦

6 ـ ئەمەلىيەتتە، ئىنسانلار ئىچىدىكى بەزى كىشىلەر بەزى جىنلاردىن پاناھ تىلەيتتى، ئىنسانلار جىنلاردىن پاناھ تىلىگەنلىكتىن ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقى، قورقۇنچىسى تېخىمۇ ئېشىپ كەتتى. (ئاللاھتىن باشقىسىغا سىغىنىپ پاناھ تىلەش جاھىلىيەتتىكى خۇراپاتلاردىن بولۇپ، بۇنداق قىلغانلار مەخلۇقاتنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. چۈنكى بۇ چوڭ شېرىك تۈرىگە كىرىدۇ. ئۇلار سەمىمىي تەۋبە قىلمىغۇچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ. ئاللاھ بۇ ئايەتتە سېھىرگەرلەرگە، رەممالىلارغا ۋە پالچىلارغا بېرىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان).

وَأَنَّهُمْ ظَنُّوا۟ كَمَا ظَنَنتُمْ أَن لَّن يَبْعَثَ ٱللَّهُ أَحَدًا ﴿٧﴾

7 - ئى جىنلار! ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىكى كاپىرلارمۇ سىلەرگە ئوخشاش، ئاللاھ ھېچكىمنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرمەيدۇ، دەپ قارايتتى.

وَأَنَّا لَمَسْنَا ٱلسَّمَآءَ فَوَجَدْنَٰهَا مُلِئَتْ حَرَسًا شَدِيدًا وَشُهُبًا ﴿٨﴾

8 - بىز جىنلار تائىپىسى پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاش ئۈچۈن ئاسمانغا چىقىشقا ئۇرۇنغان ئىدۇق، ئاسماننىڭ كۈچلۈك مۇھاپىزەتچى پەرىشتىلەر بىلەن ۋە يېقىنلاشقانلارغا ئېتىلىدىغان كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلار بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدۇق.

وَأَنَّا كُنَّا نَقْعُدُ مِنْهَا مَقَٰعِدَ لِلسَّمْعِ ۖ فَمَن يَسْتَمِعِ ٱلْـَٔانَ يَجِدْ لَهُۥ شِهَابًا رَّصَدًا ﴿٩﴾

9 - ھالبۇكى، بىز بۇرۇن ئاسماننىڭ ئولتۇرۇشقا بولىدىغان جايلىرىدا خەۋەر تىڭشاش ئۈچۈن ئولتۇراتتۇق. ئەمدى كىمكى ئوغرىلىقچە تىڭشاشقا ئۇرۇنىدىكەن، ئۇ ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرغان كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلارغا يولۇقىدۇ، كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلار ئۇنى كۆيدۈرۈپ ھالاك قىلىۋېتىدۇ. (يۇقىرىقى ئىككى ئايەت سېھىرگەرلەرنىڭ ۋە پالچىلارنىڭ غەيبنى بىلىمىز دېگەن سۆزىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ).

وَأَنَّا لَا نَدْرِىٓ أَشَرٌّ أُرِيدَ بِمَن فِى ٱلْأَرْضِ أَمْ أَرَادَ بِهِمْ رَبُّهُمْ رَشَدًا ﴿١٠﴾

10 - بىز جىنلار تائىپىسى ئاللاھ يەر يۈزىدىكىلەرگە يامانلىق چۈشۈرۈشنى ئىرادە قىلدىمۇ ياكى ئۇلارغا ياخشىلىقنى ۋە ھىدايەتنى ئىرادە قىلدىمۇ؟ بىز ئۇنى بىلمەيمىز.

وَأَنَّا مِنَّا ٱلصَّٰلِحُونَ وَمِنَّا دُونَ ذَٰلِكَ ۖ كُنَّا طَرَآئِقَ قِدَدًا ﴿١١﴾

11 - شەكسىزكى، بىزنىڭ ئارىمىزدا تەقۋادار ياخشى كىشىلەرمۇ، ئۇلاردىن تۆۋەن تۇرىدىغان گۇناھكارلار ۋە كاپىرلارمۇ بار. بىز تۈرلۈك پىرقىلەرگە ۋە مەزھەپلەرگە بۆلۈنىدۇق.

وَأَنَّا ظَنَنَّآ أَن لَّن نُّعْجِزَ ٱللَّهَ فِى ٱلْأَرْضِ وَلَن نُّعْجِزَهُۥ هَرَبًا ﴿١٢﴾

12 - بىز جەزمەن ئىشەندۇقكى، ئاللاھ بىزگە قادىردۇر، بىز ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە سەلتەنىتى ئاستىدا تۇرۇۋاتىمىز، بىز ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىدىن چىقىپ كېتەلمەيمىز، ئۇ بىزگە قانداقلا بىر ئىشنى ئىرادە قىلسا، بىز نەدە بولساق ئۇنىڭ ئىرادىسىدىن ھەرگىز چىقىپ كېتەلمەيمىز. ئەگەر بىزنى ئازابلىماقچى بولسا، ئۇنىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايمىز ياكى ئاسمانغا چىقىپ كېتەلمەيمىز.

وَأَنَّا لَمَّا سَمِعْنَا ٱلْهُدَىٰٓ ءَامَنَّا بِهِۦ ۖ فَمَن يُؤْمِنۢ بِرَبِّهِۦ فَلَا يَخَافُ بَخْسًا وَلَا رَهَقًا ﴿١٣﴾

13 - بىز قۇرئاننى ئاڭلىغان چېغىمىزدا ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق، ئۇنىڭ ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلدۇق، كىمكى رەببىگە ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدىن ياكى گۇناھلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىپ ناھەقچىلىككە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرىمەيدۇ.

وَأَنَّا مِنَّا ٱلْمُسْلِمُونَ وَمِنَّا ٱلْقَٰسِطُونَ ۖ فَمَنْ أَسْلَمَ فَأُو۟لَٰٓئِكَ تَحَرَّوْا۟ رَشَدًا ﴿١٤﴾ وَأَمَّا ٱلْقَٰسِطُونَ فَكَانُوا۟
لِجَهَنَّمَ حَطَبًا ﴿١٥﴾

14 - 15 - بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ بويسۇنغۇچىلارمۇ ۋە توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىپ ئۆزگە زۇلۇم قىلغۇچىلارمۇ بار. مۇسۇلمان بولۇپ، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلار توغرا يولنى ئىزدىگەن، توغرا يولنى تاللاشتا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن، شۇنىڭ

بىلەن ئاللاھنىڭ ھىدايىتىگە مۇۋەپپەق بولغان كىشىلەردۇر. ئەمما ئىسلامنىڭ يولىدىن
چىققۇچىلار جەھەننەمگە ئوتۇن بولىدۇ».

وَأَلَّوِ ٱسْتَقَٰمُوا۟ عَلَى ٱلطَّرِيقَةِ لَأَسْقَيْنَٰهُم مَّآءً غَدَقًا ﴿١٦﴾ لِّنَفْتِنَهُمْ فِيهِ ۚ وَمَن يُعْرِضْ عَن ذِكْرِ
رَبِّهِۦ يَسْلُكْهُ عَذَابًا صَعَدًا ﴿١٧﴾

16 - 17- ئەگەر ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ ئارىسىدىكى كاپىرلار ئىسلامنىڭ توغرا يولىدا ماڭغان
ۋە ئۇنىڭدىن ئېزىپ كەتمىگەن بولسا ئىدى، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ نېمىتىگە قانداق شۈكۈر
قىلىدۇ، دەپ سىناش ئۈچۈن، ئۇلارغا مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرەتتۇق، دۇنيادا ئۇلارنىڭ
رىزقىنى كەڭ قىلاتتۇق. كىمكى رەببىگە ئىتائەت قىلىشتىن، قۇرئاننى ئاڭلاشتىن،
ئۇنىڭ مەنىسى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشتىن، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشتىن
يۈز ئۆرۈيدىكەن، رەببى ئۇنى قاتتىق ئازابقا كىرگۈزىدۇ.

وَأَنَّ ٱلْمَسَٰجِدَ لِلَّهِ فَلَا تَدْعُوا۟ مَعَ ٱللَّهِ أَحَدًا ﴿١٨﴾

18 - شەكسىزكى، مەسجىدلەر ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن خاس قىلىنغان
ئورۇنلاردۇر، شۇڭا سىلەر مەسجىدلەردە ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماڭلار، ئۇنىڭدا
دۇئانى ۋە ئىبادەتنى ئاللاھقا خاس قىلىڭلار. چۈنكى مەسجىدلەر پەقەت ئاللاھقا ئىبادەت
قىلىش ئۈچۈنلا بىنا قىلىنىدۇ. (بۇ ئايەتتە مەسجىدلەرنى ئىخلاسقا ۋە سۈننەتكە زىيان
يەتكۈزىدىغان نەرسىلەردىن تازىلاشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئىپادىلىنىدۇ).

وَأَنَّهُۥ لَمَّا قَامَ عَبْدُ ٱللَّهِ يَدْعُوهُ كَادُوا۟ يَكُونُونَ عَلَيْهِ لِبَدًا ﴿١٩﴾

19 - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا تۇرغان ۋاقتىدا، جىنلار قۇرئان
تىلاۋىتىنى ئاڭلاش ئۈچۈن، ئولىشىپ كېلىپ، بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ
ئولتۇرۇشۇپ، ئۇنى بېسىۋېلىشقا تاس قالىدۇ.

قُلْ إِنَّمَآ أَدْعُوا۟ رَبِّى وَلَآ أُشْرِكُ بِهِۦٓ أَحَدًا ﴿٢٠﴾

20 - ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، «مەن پەقەت رەببىمگىلا ئىبادەت قىلىمەن،
ئىبادەتتە ئۇنىڭغا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن».

قُلْ إِنِّى لَآ أَمْلِكُ لَكُمْ ضَرًّا وَلَا رَشَدًا ﴿٢١﴾ قُلْ إِنِّى لَن يُجِيرَنِى مِنَ ٱللَّهِ أَحَدٌ وَلَنْ أَجِدَ مِن
دُونِهِۦ مُلْتَحَدًا ﴿٢٢﴾ إِلَّا بَلَٰغًا مِّنَ ٱللَّهِ وَرِسَٰلَٰتِهِۦ ۚ وَمَن يَعْصِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَإِنَّ لَهُۥ نَارَ جَهَنَّمَ
خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًا ﴿٢٣﴾

21 - 23- ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە پايدا يەتكۈزۈشكە ياكى
سىلەرنى زىياندىن توسۇپ قېلىشقا ئىگە بولالمايمەن». ئېيتقىنكى، «ئەگەر مەن ئاللاھقا
ئاسىيلىق قىلسام، مېنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ، مەن ئاللاھتىن
باشقا ھېچقانداق پاناھگاھمۇ تاپالمايمەن. لېكىن مەن ئاللاھ مېنى سىلەرگە يەتكۈزۈشكە
بۇيرۇغان ئىشلارنى ۋە ماڭا كەلگەن دىنىنى يەتكۈزەلەيمەن، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ
پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ ئاللاھنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى
جەھەننەمدۇر. ئۇ، جەھەننەمدىن ھەرگىز چىقالمايدۇ.

حَتَّىٰٓ إِذَا رَأَوْا۟ مَا يُوعَدُونَ فَسَيَعْلَمُونَ مَنْ أَضْعَفُ نَاصِرًا وَأَقَلُّ عَدَدًا ﴿٢٤﴾

24 ـ مۇشرىكلار ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنى كۆرگەن ۋە ئۇ ئازاب ئۆزلىرىگە چۈشكەن چاغدا، كىمنىڭ ياردەمچىسى ئەڭ ئاجىز ۋە ئەسكەر سانى ئەڭ ئاز ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ».

قُلۡ إِنۡ أَدۡرِيٓ أَقَرِيبٞ مَّا تُوعَدُونَ أَمۡ يَجۡعَلُ لَهُۥ رَبِّيٓ أَمَدًا ﴿٢٥﴾ عَٰلِمُ ٱلۡغَيۡبِ فَلَا يُظۡهِرُ عَلَىٰ غَيۡبِهِۦٓ
أَحَدًا ﴿٢٦﴾ إِلَّا مَنِ ٱرۡتَضَىٰ مِن رَّسُولٖ فَإِنَّهُۥ يَسۡلُكُ مِنۢ بَيۡنِ يَدَيۡهِ وَمِنۡ خَلۡفِهِۦ رَصَدٗا ﴿٢٧﴾ لِّيَعۡلَمَ أَن
قَدۡ أَبۡلَغُواْ رِسَٰلَٰتِ رَبِّهِمۡ وَأَحَاطَ بِمَا لَدَيۡهِمۡ وَأَحۡصَىٰ كُلَّ شَيۡءٍ عَدَدَۢا ﴿٢٨﴾

25 ـ 28 ـ ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىڭ ۋاقتى يېقىنمۇ ياكى رەببىم ئۇنىڭغا ئۇزاق بىر مۇددەتنى بەلگىلەمدۇ، مەن بۇنى ئۇقمايمەن. ئاللاھ كۆزلەر كۆرەلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلگۈچىدۇر، ئاللاھ ئۆزىگە خاس سىرلارنى بەندىلىرىدىن ھېچكىمگە ئاشكارىلىمايدۇ. پەقەت ئۆزى پەيغەمبەرلىككە تاللىغان ۋە رازى بولغان كىشىگىلا بەزى غەيبلەرنى ئاشكارىلايدۇ. ئاللاھ پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا ۋە ئارقىسىغا جىنلارنىڭ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋېلىپ رەمباللارغا ۋە كاھىنلارغا يەتكۈزۈشىدىن قوغدايدىغان پەرىشتىلەرنى سېلىپ قويىدۇ. بۇنداق قىلىش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەھيىنى راستچىللىق بىلەن تولۇق يەتكۈزۈشتە ئۆزىگە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭمۇ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەردەك قوغدالغانلىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ ئۇلاردىكى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق مەسىلىلەرنى، ھۆكۈملەرنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچى، ھەممە نەرسىنىڭ سانىنى تولۇق ئىگىلىگۈچى ئىكەنلىكىنى، ئاللاھقا ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەسلىكىنى بىلىشى ئۈچۈندۇر».

# مۇززەممىل سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡمُزَّمِّلُ ١ قُمِ ٱلَّيۡلَ إِلَّا قَلِيلٗا ٢ نِّصۡفَهُۥٓ أَوِ ٱنقُصۡ مِنۡهُ قَلِيلًا ٣ أَوۡ زِدۡ عَلَيۡهِ وَرَتِّلِ ٱلۡقُرۡءَانَ تَرۡتِيلًا ٤

1 - 4- ئى كىيىمگە يۆگىنىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!) كېچىنىڭ كۆپ قىسمىدا، يېرىمىدا ياكى يېرىمىدىنمۇ ئازراقىدا، ياكى يېرىمىدىن كۆپرەكىدە ناماز ئوقۇغىلى تۇرغىن، قۇرئاننى ئالدىرىماي، ھەرپلىرىنى تولۇق چىقىرىپ، دانە - دانە ئوقۇغىن.

إِنَّا سَنُلۡقِي عَلَيۡكَ قَوۡلٗا ثَقِيلًا ٥

5 - ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا ئەمر - پەرمانلارنى، چەكلىمىلەرنى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆزئىچىگە ئالغان ئۇلۇغ قۇرئاننى نازىل قىلىمىز.

إِنَّ نَاشِئَةَ ٱلَّيۡلِ هِيَ أَشَدُّ وَطۡـٔٗا وَأَقۡوَمُ قِيلًا ٦

6 - شۈبھىسىزكى، كېچىدە تۇرۇپ قىلغان ئىبادەت كۆڭۈلنى دۇنيالىقنىڭ مەشغۇلاتلىرىدىن ئازاد قىلىپ، ئاللاھقا قارىتىشتا دىلغا ئىنتايىن تەسىرلىك، قىرائەتتە ئەڭ روشەن ئەمەلدۇر.

إِنَّ لَكَ فِي ٱلنَّهَارِ سَبۡحٗا طَوِيلٗا ٧

7 - سەن ھەقىقەتەن كۈندۈزى تىرىكچىلىك ئىشلىرىڭغا ۋە كىشىلەرگە دىنىنى يەتكۈزۈشكە كۆپ ۋاقتىڭنى سەرپ قىلىسەن. شۇڭا، كېچىلىرى رەببىڭگە ئىبادەت قىلىش بىلەن بولغىن.

وَٱذۡكُرِ ٱسۡمَ رَبِّكَ وَتَبَتَّلۡ إِلَيۡهِ تَبۡتِيلٗا ٨ رَّبُّ ٱلۡمَشۡرِقِ وَٱلۡمَغۡرِبِ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ فَٱتَّخِذۡهُ وَكِيلٗا ٩

8 - 9 - ئى پەيغەمبەر! رەببىڭنىڭ ئىسمىنى ياد ئەتكىن، ئۇنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلغىن، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتا پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن يۈزلەنگىن، ئۇنىڭغا تايانغىن. ئۇ كۈنپېتىشنىڭمۇ، كۈنچىقىشنىڭمۇ ئىگىسىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا تائەت-ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلغىن، بارلىق ئىشىڭنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغىن.

وَٱصۡبِرۡ عَلَىٰ مَا يَقُولُونَ وَٱهۡجُرۡهُمۡ هَجۡرٗا جَمِيلٗا ١٠

10 - مۇشرىكلارنىڭ سەن توغرۇلۇق ۋە دىنىڭ توغرۇلۇق ئېيتقان نالايىق سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرغىن، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگىن ۋە ئۇلارنى جازالاشنى قويۇپ تۇرغىن.

وَذَرۡنِي وَٱلۡمُكَذِّبِينَ أُوْلِي ٱلنَّعۡمَةِ وَمَهِّلۡهُمۡ قَلِيلًا ﴿١١﴾

11 ـ ئى پەيغەمبەر! مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ئىنكار قىلغان، بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىگە ۋە كەيپ ـ ساپالىرىغا چۆكۈپ كەتكەن ئاشۇ دۆلەتمەن كاپىرلارنى ماڭا قويۇپ بەرگىن، ئۇلارنىڭ جازالىنىش ۋاقتى كەلگەنگە قەدەر، جازاسىنى كېچىكتۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارغا بىرئاز مۆھلەت بەرگىن.

إِنَّ لَدَيۡنَآ أَنكَالٗا وَجَحِيمٗا ﴿١٢﴾ وَطَعَامٗا ذَا غُصَّةٖ وَعَذَابًا أَلِيمٗا ﴿١٣﴾

12 ـ 13 ـ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ئۇلار ئۈچۈن ھازىرلانغان ئېغىر ئىشكەللەر، دەھشەتلىك ئوت ئازابى، گالغا تۇرۇپ قالىدىغان سېسىق پۇراقلىق تاماق ۋە قاتتىق ئازاب بار.

يَوۡمَ تَرۡجُفُ ٱلۡأَرۡضُ وَٱلۡجِبَالُ وَكَانَتِ ٱلۡجِبَالُ كَثِيبٗا مَّهِيلًا ﴿١٤﴾

14 ـ ئۇ كۈندە زېمىن ۋە تاغلار قاتتىق تەۋرەيدۇ، تاغلار تەۋرىنىپ ئۆزىنىڭ مۇستەھكەم ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ، كۆچمە قۇم بارخانلىرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

إِنَّآ أَرۡسَلۡنَآ إِلَيۡكُمۡ رَسُولٗا شَٰهِدًا عَلَيۡكُمۡ كَمَآ أَرۡسَلۡنَآ إِلَىٰ فِرۡعَوۡنَ رَسُولٗا ﴿١٥﴾ فَعَصَىٰ فِرۡعَوۡنُ ٱلرَّسُولَ فَأَخَذۡنَٰهُ أَخۡذٗا وَبِيلٗا ﴿١٦﴾

15 ـ 16 ـ ئى مەككىلىكلەر! ھەقىقەتەن بىز ھەددىدىن ئاشقان زالىم پىرئەۋنگە مۇسانى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندەك، سىلەرگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سىلەرنىڭ كاپىرلىق ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەت قاتارلىق قىلمىشلىرىڭلارغا گۇۋاھ بولىدىغان پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. پىرئەۋن مۇسانى ئىنكار قىلدى، ئۇنىڭ دىنىغا ئىشەنمىدى، ئۇنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇنى قاتتىق ھالاكەت بىلەن جازالىدۇق. (بۇ ئايەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلىشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىگە ۋە ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنىڭ پىرئەۋنگە ئوخشاش ھالاكەتكە ئۇچرىشى مۇمكىنلىكىگە ئىشارەت قىلىنغان).

فَكَيۡفَ تَتَّقُونَ إِن كَفَرۡتُمۡ يَوۡمٗا يَجۡعَلُ ٱلۡوِلۡدَٰنَ شِيبًا ﴿١٧﴾

17 ـ ئەگەر سىلەر ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلساڭلار، دەھشىتىدىن ۋە قاتتىقلىقىدىن باللارنىڭ بېشىغا ئاق كىرگۈزۈۋېتىدىغان قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن قانداق ساقلىنىسىلەر؟

ٱلسَّمَآءُ مُنفَطِرُۢ بِهِۦۚ كَانَ وَعۡدُهُۥ مَفۡعُولًا ﴿١٨﴾

18 ـ ئۇ كۈندە قىيامەتنىڭ زىلزىلىسىدىن ئاسمان يېرىلىدۇ، ئاللاھنىڭ بۇ كۈننىڭ كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.

إِنَّ هَٰذِهِۦ تَذۡكِرَةٞۖ فَمَن شَآءَ ٱتَّخَذَ إِلَىٰ رَبِّهِۦ سَبِيلًا ﴿١٩﴾

19 ـ قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ئايەتلەر كىشىلەرگە ھەقىقەتەن نەسىھەت ۋە ئىبرەتتۇر. بۇ ئايەتلەردىن پەند ـ نەسىھەت ۋە نەپ ئېلىشنى خالىغان ئادەم تەقۋادارلىق بىلەن تائەت ـ ئىبادەتنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنىڭ يولى قىلسۇن.

۞ إِنَّ رَبَّكَ يَعۡلَمُ أَنَّكَ تَقُومُ أَدۡنَىٰ مِن ثُلُثَيِ ٱلَّيۡلِ وَنِصۡفَهُۥ وَثُلُثَهُۥ وَطَآئِفَةٞ مِّنَ ٱلَّذِينَ مَعَكَۚ وَٱللَّهُ يُقَدِّرُ ٱلَّيۡلَ وَٱلنَّهَارَۚ عَلِمَ أَن لَّن تُحۡصُوهُ فَتَابَ عَلَيۡكُمۡۖ فَٱقۡرَءُواْ مَا تَيَسَّرَ مِنَ ٱلۡقُرۡءَانِۚ عَلِمَ أَن سَيَكُونُ مِنكُم مَّرۡضَىٰ وَءَاخَرُونَ يَضۡرِبُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ يَبۡتَغُونَ مِن فَضۡلِ ٱللَّهِ وَءَاخَرُونَ يُقَٰتِلُونَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِۖ فَٱقۡرَءُواْ مَا تَيَسَّرَ مِنۡهُۚ وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ وَأَقۡرِضُواْ ٱللَّهَ قَرۡضًا حَسَنٗاۚ وَمَا تُقَدِّمُواْ لِأَنفُسِكُم مِّنۡ خَيۡرٖ تَجِدُوهُ عِندَ ٱللَّهِ هُوَ خَيۡرٗا وَأَعۡظَمَ أَجۡرٗاۚ وَٱسۡتَغۡفِرُواْ ٱللَّهَۖ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمُۢ ﴿٢٠﴾

20 ـ ئى پەيغەمبەر! ئەلۋەتتە، رەببىڭ سېنىڭ بەزىدە كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا يەتمىگەن ۋاقىتتا، بەزىدە يېرىمىدا ۋە بەزىدە ئۈچتىن بىر قىسمىدا تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن تۇرىدىغانلىقىڭنى بىلىدۇ، ساھابىلىرىڭدىن بىر توپ كىشىمۇ سەن بىلەن بىللە تەھەججۇد نامىزىغا تۇرىدۇ. ئاللاھ كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ مىقدارىنى بەلگىلەيدىغان زاتتۇر، ئاللاھ ئۇ ئىككىسىنىڭ مىقدارىنى بىلىدۇ، قانچىلىك ئۆتكەن ۋە قانچىلىك قالغانلىقىنى بىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ كېچىنىڭ ھەممىسىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇپ بولالمايدىغانلىقىڭلارنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن سىلەرگە يەڭگىللىتىپ بەردى. نامازدا قۇرئاندىن قانچىلىك ئوقۇيالىساڭلار شۇنچىلىك ئوقۇڭلار. ئاللاھ بىلىدۇكى، ئاراڭلاردا بەزىلەر كېسەللىك سەۋەبلىك تەھەججۇد نامىزىغا تۇرالماي قالىدۇ، بەزىلەر ئاللاھنىڭ پەزلىنى ئىزدەپ تىجارەت ياكى باشقا ئىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن يەر يۈزىدە سەپەر قىلىدۇ، يەنە بەزىلەر ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ۋە تارقىتىش ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، نامىزىڭلاردا قۇرئاندىن قانچىلىك ئوقۇيالىساڭلار شۇنچىلىك ئوقۇڭلار، پەرز نامازلارنى مۇكەممەل ئوقۇڭلار، سىلەرگە پەرز بولغان زاكاتنى بېرىڭلار، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ پۇل ـ مېلىڭلاردىن ئاللاھ يولىدا ياخشى جايلارغا سەدىقە ۋە ئېھسان قىلىڭلار. ئۆزۈڭلار ئۈچۈن قانداقلا بىر ياخشى ئىشنى قىلساڭلار، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى سىلەر دۇنيادا قىلغان ۋە بەرگەنلىرىڭلاردىنمۇ كۆپ ۋە مۇكەممەل دەرىجىدە تاپىسىلەر. بارلىق ئەھۋاللىرىڭلاردا ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەڭلار، شەكسىزكى، ئاللاھ جىمى گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

# مۇددەسسىر سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡمُدَّثِّرُ ﴿١﴾ قُمۡ فَأَنذِرۡ ﴿٢﴾ وَرَبَّكَ فَكَبِّرۡ ﴿٣﴾ وَثِيَابَكَ فَطَهِّرۡ ﴿٤﴾ وَٱلرُّجۡزَ فَٱهۡجُرۡ ﴿٥﴾ وَلَا تَمۡنُن تَسۡتَكۡثِرُ ﴿٦﴾ وَلِرَبِّكَ فَٱصۡبِرۡ ﴿٧﴾

1 - 7- ئى كىيىمگە يۆگىنىۋالغۇچى! ئورنۇڭدىن تۇر! ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغىن، رەببىڭنى ئۇنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىش ۋە ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ئۇلۇغلىغىن، كىيىمىڭنى پاسكىنىچىلىقلاردىن پاك تۇتقىن، چۈنكى تاشقى پاكلىق ئىچكى پاكلىقنى تولۇقلايدۇ، بۇتلاردىن ۋە شېرىك ئەمەللىرىدىن (يەنى بۇتلارغا يېقىن كېلىشتىن ۋە مۇشرىكلارنىڭ قىلىقىنى قىلىشتىن) يىراق تۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغىن، ئۇنىڭغا ھەرگىز يېقىنلاشمىغىن، كىشىلەرگە بىر نەرسە بەرسەڭ كۆپرەك ئۇندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بەرمىگىن، رەببىڭنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتا چىداملىق بولغىن.

فَإِذَا نُقِرَ فِي ٱلنَّاقُورِ ﴿٨﴾ فَذَٰلِكَ يَوۡمَئِذٖ يَوۡمٌ عَسِيرٌ ﴿٩﴾ عَلَى ٱلۡكَٰفِرِينَ غَيۡرُ يَسِيرٖ ﴿١٠﴾

8 - 10- ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن سۇر چېلىنغان ۋاقىت — كاپىرلار ئۈچۈن ناھايىتى قاتتىق بىر كۈندۇر. چۈنكى ئۇ كۈندە قىلمىشلىرىدىن بىر - بىرلەپ ھېساب بېرىش ۋە باشقا ئىشلار كاپىرلارغا ھەرگىز ئاسان ئەمەستۇر.

ذَرۡنِي وَمَنۡ خَلَقۡتُ وَحِيدٗا ﴿١١﴾ وَجَعَلۡتُ لَهُۥ مَالٗا مَّمۡدُودٗا ﴿١٢﴾ وَبَنِينَ شُهُودٗا ﴿١٣﴾ وَمَهَّدتُّ لَهُۥ تَمۡهِيدٗا ﴿١٤﴾ ثُمَّ يَطۡمَعُ أَنۡ أَزِيدَ ﴿١٥﴾ كَلَّآۖ إِنَّهُۥ كَانَ لِأٓيَٰتِنَا عَنِيدٗا ﴿١٦﴾ سَأُرۡهِقُهُۥ صَعُودًا ﴿١٧﴾

11 - 17 - مەن ئانىسىنىڭ قارنىدا پۇل - مېلى يوق، بالىسىمۇ يوق ھالدا تەنھا قىلىپ ياراتقان شۇ ئادەمنى ماڭا قويۇۋەتكىن[1]. مەن ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال - دۇنيا ئاتا قىلدىم، ئۇنىڭغا مەككىدە ھەمىشە يېنىدا تۇرىدىغان ئوغۇللارنى بەردىم. ئۇنىڭغا تىرىكچىلىك يوللىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بەردىم. ئۇ بولسا يەنىمۇ كۆپ پۇل - مال ۋە ئەۋلادلارنى ئاتا قىلىشىمنى تەمە قىلىدۇ. ئۇ مېنى ئىنكار قىلىدى. ئىش ھەرگىز ئۇ گۇناھكار ئادەم گۇمان قىلغاندەك بولمايدۇ، مەن ئۇنىڭ تەمە قىلغانلىرىنى بەرمەيمەن. چۈنكى ئۇ گەدەنكەشلىك قىلىپ قۇرئانغا ۋە ئاللاھنىڭ دەلىل - پاكىتلىرىغا قارشى چىقتى ۋە ئۇلارنى ئىنكار قىلدى. شۇڭا مەن ئۇنى يېقىندا ھەرگىز قۇتۇلالمايدىغان قاتتىق ئازابقا

[1] ئايەتتىكى «ئادەم» ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە ئىسىملىك كاپىر بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى«ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدە مېنىڭ تەڭدىشىم يوق» دەپ تەكەببۇرلۇق قىلاتتى. (تەپسىرى رازىدىن).

قىستايمەن. بۇ ھەقىقەتكە قارشى چىققان ھەرقانداق گۇناھكارنىڭ جازاسىدۇر.

إِنَّهُۥ فَكَّرَ وَقَدَّرَ ﴿١٨﴾

18 - ئۇ ئۆزى يالغۇز ئويلاندى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە قۇرئان ھەققىدە قانداق
تۆھمەتلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىش توغرۇلۇق پىلان تۈزدى.

فَقُتِلَ كَيۡفَ قَدَّرَ ﴿١٩﴾ ثُمَّ قُتِلَ كَيۡفَ قَدَّرَ ﴿٢٠﴾ ثُمَّ نَظَرَ ﴿٢١﴾ ثُمَّ عَبَسَ وَبَسَرَ ﴿٢٢﴾ ثُمَّ أَدۡبَرَ
وَٱسۡتَكۡبَرَ ﴿٢٣﴾ فَقَالَ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّا سِحۡرٞ يُؤۡثَرُ ﴿٢٤﴾ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّا قَوۡلُ ٱلۡبَشَرِ ﴿٢٥﴾

19 - 25 - ئۇنىڭغا لەنەت قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھالاك بولۇشقا تېگىشلىك بولدى. ئۇ
ئىچىدە بۇ تۆھمەتنى قانداق ئويلاپ چىقتى؟ ئاندىن ئۇنىڭغا يەنە لەنەت قىلىندى.
ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ قۇرئانغا قانداق تۆھمەت توقۇشنى پىلانلىغانلىقى ئۈستىدە ئويلاپ
كۆردى، ئاندىن قوشۇمىسىنى تۈردى ۋە قۇرئان توغرۇلۇق تۆھمەت قىلىشقا بىر نەرسە
تاپالماي جىلە بولغانلىقتىن، چىرايىنى تېخىمۇ تۈرۈپ پۈرۈشتۈردى. ئاندىن ئۇ ھەقىقەتنى
قوبۇل قىلىشتىن باش تارتتى، قۇرئاننى ئېتىراپ قىلىش ئېغىر كېلىپ، قۇرئان
توغرۇلۇق: «مۇھەممەد ئوقۇپ بېرىۋاتقان بۇ سۆزلەر ئىلگىرىكىلەردىن قالغان سېھىردىن
باشقا نەرسە ئەمەس، بۇ پەقەتلا ئىنسان سۆزىدۇر، مۇھەممەد ئۇنى ئىنسانلاردىن
ئۆگىنىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى ئاللاھنىڭ سۆزى دەۋاتىدۇ» دېدى.

سَأُصۡلِيهِ سَقَرَ ﴿٢٦﴾ وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا سَقَرُ ﴿٢٧﴾ لَا تُبۡقِي وَلَا تَذَرُ ﴿٢٨﴾ لَوَّاحَةٞ لِّلۡبَشَرِ ﴿٢٩﴾ عَلَيۡهَا تِسۡعَةَ
عَشَرَ ﴿٣٠﴾

26 - 30 - ئۇنى مەن يېقىندا ئوتتا كۆيدۈرۈپ قاتتىق جازالاش ئۈچۈن جەھەننەمگە
تاشلايمەن. سەن جەھەننەمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇ جەھەننەم شۇنداق بىر
دەھشەتلىك ئوتكى، گۆش، سۆڭەك ھەممە نەرسىنى قالدۇرماي كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ،
ئىنسانلارنىڭ تېرىسىنى كۆيدۈرۈپ قاپقارا قىلىۋېتىدۇ. جەھەننەمگە ۋە جەھەننەم ئەھلىنى
ئازابلاشقا ناھايىتى قاتتىق قول پەرىشتىلەردىن ئون توققۇز پەرىشتە مەسئۇلدۇر.

وَمَا جَعَلۡنَآ أَصۡحَٰبَ ٱلنَّارِ إِلَّا مَلَٰٓئِكَةٗۖ وَمَا جَعَلۡنَا عِدَّتَهُمۡ إِلَّا فِتۡنَةٗ لِّلَّذِينَ كَفَرُواْ لِيَسۡتَيۡقِنَ
ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ وَيَزۡدَادَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِيمَٰنٗا وَلَا يَرۡتَابَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡمُؤۡمِنُونَ
وَلِيَقُولَ ٱلَّذِينَ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٞ وَٱلۡكَٰفِرُونَ مَاذَآ أَرَادَ ٱللَّهُ بِهَٰذَا مَثَلٗاۚ كَذَٰلِكَ يُضِلُّ ٱللَّهُ مَن يَشَآءُ
وَيَهۡدِي مَن يَشَآءُۚ وَمَا يَعۡلَمُ جُنُودَ رَبِّكَ إِلَّا هُوَۚ وَمَا هِيَ إِلَّا ذِكۡرَىٰ لِلۡبَشَرِ ﴿٣١﴾

31 - بىز جەھەننەمگە مەسئۇل پەرىشتىلەرنى پەقەت قاتتىق قول پەرىشتىلەردىن قىلدۇق،
بىز ئۇلارنىڭ سانىنى پەقەت كاپىرلارنى سىناش ئۈچۈن ئون توققۇز قىلدۇق. بۇنداق
قىلىشىمىز (بۇ سان تەۋرات ۋە ئىنجىللاردا بايان قىلىنغان سانغا مۇۋاپىق كەلگەچكە)
يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ قۇرئاندىكى جەھەننەمگە مەسئۇل پەرىشتىلەر
توغرۇلۇق كەلگەن خەۋەرنىڭ ئاللاھتىن كەلگەن راست خەۋەر ئىكەنلىكىگە تولۇق
ئىشەنچ ھاسىل قىلىشى، مۇئمىنلەرنىڭ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان
ئىمانىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشى، ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىش روھىنىڭ تېخىمۇ
كۈچلىنىشى، كىتاب بېرىلگەنلەر ۋە مۇئمىنلەرنىڭ بۇ ھەقتە شەكلەنمەسلىكى، شۇنداقلا
دىلىدا مۇناپىقلىق كېسىلى بارلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ: «ئاللاھ بۇ مىسال بىلەن نېمىنى
ئىرادە قىلغاندۇ؟» دەپ قېلىشى ئۈچۈندۇر. ئاللاھ بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ گۇمراھ قىلىشنى

خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ، ھىدايەت قىلىشنى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ. رەببىڭنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ۋە پەرىشتىلىرىنىڭ سانىنى رەببىڭ ئۆزىلا بىلىدۇ. جەھەننەم ئىنسانلار ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەتتۇر.

كَلَّا وَٱلْقَمَرِ ﴿٣٢﴾ وَٱلَّيْلِ إِذْ أَدْبَرَ ﴿٣٣﴾ وَٱلصُّبْحِ إِذَآ أَسْفَرَ ﴿٣٤﴾ إِنَّهَا لَإِحْدَى ٱلْكُبَرِ ﴿٣٥﴾ نَذِيرًا
لِّلْبَشَرِ ﴿٣٦﴾ لِمَن شَآءَ مِنكُمْ أَن يَتَقَدَّمَ أَوْ يَتَأَخَّرَ ﴿٣٧﴾

32 - 37- ئەمەلىيەت كاپىرلار دېگەندەك ئەمەس! ئاللاھ ئاي بىلەن، ئۆتۈپ كەتكەن كېچە بىلەن، يورۇغان سۈبھى بىلەن قەسەم قىلىپ دەيدۇكى، ھەقىقەتەن، دوزاخ ئىنسانلارنى، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ رەببىڭنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى ياكى گۇناھ قىلىپ ئۇنىڭدىن چېكىنىشنى خالىغان ئادەملەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان چوڭ بالالارنىڭ بىرىدۇر.

كُلُّ نَفْسٍ بِمَا كَسَبَتْ رَهِينَةٌ ﴿٣٨﴾ إِلَّآ أَصْحَٰبَ ٱلْيَمِينِ ﴿٣٩﴾ فِى جَنَّٰتٍ يَتَسَآءَلُونَ ﴿٤٠﴾ عَنِ
ٱلْمُجْرِمِينَ ﴿٤١﴾ مَا سَلَكَكُمْ فِى سَقَرَ ﴿٤٢﴾ قَالُوا۟ لَمْ نَكُ مِنَ ٱلْمُصَلِّينَ ﴿٤٣﴾ وَلَمْ نَكُ نُطْعِمُ
ٱلْمِسْكِينَ ﴿٤٤﴾ وَكُنَّا نَخُوضُ مَعَ ٱلْخَآئِضِينَ ﴿٤٥﴾ وَكُنَّا نُكَذِّبُ بِيَوْمِ ٱلدِّينِ ﴿٤٦﴾ حَتَّىٰٓ أَتَىٰنَا
ٱلْيَقِينُ ﴿٤٧﴾

38 - 47 - ھەر ئىنسان ئۆزى قىلغان يامان ئەمەل بىلەن رەنىگە ئېلىنغان بولۇپ، ئۈستىدىكى ھەق - ھوقۇقلارنى ئادا قىلمىغۇچە ۋە جازاسىنى تارتمىغۇچە ئۇنىڭدىن خالاس بولالمايدۇ، ئەمما نامە - ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن، ئەمەل - ئىبادەت ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزغان ئىخلاسمەن مۆئمىنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. ئۇلار تەرىپلەپ بولغۇسىز گۈزەل جەننەتلەردە تۇرۇپ، دوزاختىكى گۇناھكار كاپىرلاردىن: «سىلەرنى دوزاخقا ئېلىپ كەلگەن نەرسە نېمە؟ بۇ يەردە ئازابلىنىشىڭلارغا نېمە سەۋەب بولدى؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ گۇناھكارلار: «بىز دۇنيادىكى چاغلىرىمىزدا ناماز ئوقۇيدىغانلاردىن بولمىغان ئىدۇق، پېقىرلارغا ۋە مىسكىنلەرگە سەدىقە قىلمايتتۇق ۋە ياخشىلىق قىلمايتتۇق، ئازغۇنلار بىلەن باتىل سۆزلەرنى كۆپ قىلىشاتتۇق، قىيامەت كۈنىنى، ئۇ كۈندىكى مۇكاپات بىلەن جازانى ئىنكار قىلاتتۇق، تاكى ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر بىز شۇنداق قىلغان ئىدۇق» دەيدۇ.

فَمَا تَنفَعُهُمْ شَفَٰعَةُ ٱلشَّٰفِعِينَ ﴿٤٨﴾

48 - ئۇلارغا پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر ۋە باشقا بارلىق شاپائەتچىلەرنىڭ شاپائىتى قىلچە پايدا بەرمەيدۇ. چۈنكى شاپائەت دېگەن ئاللاھ رازى بولۇپ، شاپائەت قىلىنىشى ئۈچۈن ئىجازەت بەرگەن كىشىگىلا قىلىنىدۇ.

فَمَا لَهُمْ عَنِ ٱلتَّذْكِرَةِ مُعْرِضِينَ ﴿٤٩﴾ كَأَنَّهُمْ حُمُرٌ مُّسْتَنفِرَةٌ ﴿٥٠﴾ فَرَّتْ مِن قَسْوَرَةٍ ﴿٥١﴾

49 - 51- ئۇ مۇشرىكلار نېمىشقا بۇ قۇرئاندىن ۋە ئۇنىڭدىكى ۋەز - نەسىھەتلەردىن خۇددى يولۋاستىن قاچقان ياۋايى ئېشەكلەردەك قېچىشىدۇ؟

بَلْ يُرِيدُ كُلُّ ٱمْرِئٍ مِّنْهُمْ أَن يُؤْتَىٰ صُحُفًا مُّنَشَّرَةً ﴿٥٢﴾ كَلَّا ۖ بَل لَّا يَخَافُونَ ٱلْـَٔاخِرَةَ ﴿٥٣﴾

52 - 53- ئاشۇ مۇشرىكلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىگە ئاللاھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغىنىدەك ئاسماندىن ئېچىقلىق كىتاب نازىل قىلىشنى تەمە قىلىدۇ. ئىش ھەرگىز ئۇلار

گۇمان قىلغاندەك ئەمەس. ھەقىقەت شۇكى، ئۇلار ئاخىرەتتىن قورقمايدۇ، ئاخىرەتتىكى تىرىلىشكە ۋە مۇئمىنلەرنىڭ جەننەتكە، كاپىرلارنىڭ دوزاخقا كىرىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ.

كَلَّآ إِنَّهُۥ تَذْكِرَةٌ ﴿٥٤﴾ فَمَن شَآءَ ذَكَرَهُۥ ﴿٥٥﴾ وَمَا يَذْكُرُونَ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُۚ هُوَ أَهْلُ ٱلتَّقْوَىٰ وَأَهْلُ ٱلْمَغْفِرَةِ ﴿٥٦﴾

54 ـ 56ـ شەك ـ شۈبھىسىزكى، قۇرئان ھەركىمنىڭ ئۈگۈت ئېلىشى ۋە ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك بولغان ئۈگۈت ۋە ۋەز ـ نەسىھەتتۇر. نەسىھەت ئېلىشنى خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىكى ئۈگۈتلەردىن نەسىھەت ئالىدۇ، ئۇلار ئاللاھ ھىدايەت قىلىشنى خالىغاندىلا ۋەز ـ نەسىھەت ئالالايدۇ، ئاللاھ قورقۇشقا ۋە ئىتائەت قىلىشقا تېگىشلىك، ئىمان ئېيتقان ۋە ئىتائەت قىلغان كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشقا لايىق زاتتۇر.

# قىيامەت سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

لَآ أُقۡسِمُ بِيَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ ١ وَلَآ أُقۡسِمُ بِٱلنَّفۡسِ ٱللَّوَّامَةِ ٢ أَيَحۡسَبُ ٱلۡإِنسَٰنُ أَلَّن نَّجۡمَعَ عِظَامَهُۥ ٣
بَلَىٰ قَٰدِرِينَ عَلَىٰٓ أَن نُّسَوِّيَ بَنَانَهُۥ ٤

1 ـ 4 ـ ئاللاھ ھېساب ئېلىش ۋە ئەمەللەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىش كۈنى بىلەن، تائەت ـ ئىبادەتنى تەرك ئەتكەنلىكىگە، گۇناھ، يامان ئىشلارنى قىلغانلىقىغا ئۆزىنى ئەيىبلەپ تۇرىدىغان مۇئمىن ئادەمنىڭ نەپسى بىلەن قەسەم قىلىپ دەيدۇكى، ئىنسانلار چوقۇم تىرىلدۈرۈلىدۇ. ئاشۇ كاپىر ئىنسان بىزنى ئۆزىنىڭ چىرىپ ئۇۋۇلۇپ كەتكەن سۆڭەكلىرىنى يىغالمايدۇ دەپ ئويلامدۇ؟ ئىش ئۇ كاپىر گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، بىز ئەلۋەتتە ئۇنى يىغىمىز، ھەتتا ئۇنىڭ بارماقلىرىنى ۋە بارماقلىرىنىڭ ئۇچلىرىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بۇرۇنقىدەكلا قىلىشقا قادىرمىز.

بَلۡ يُرِيدُ ٱلۡإِنسَٰنُ لِيَفۡجُرَ أَمَامَهُۥ ٥ يَسۡـَٔلُ أَيَّانَ يَوۡمُ ٱلۡقِيَٰمَةِ ٦

5 ـ 6 ـ بەلكى بۇ كاپىر ئىنسان قىيامەتنى ئىنكار قىلىدۇ، قېلىپ قالغان ئۆمرىنى گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر بىلەن ئۆتكۈزمەكچى بولىدۇ، ئۇ كاپىر قىيامەتنى يىراق سانىغانلىقتىن: «قىيامەت قاچان بولىدۇ؟» دەپ سورايدۇ.

فَإِذَا بَرِقَ ٱلۡبَصَرُ ٧ وَخَسَفَ ٱلۡقَمَرُ ٨ وَجُمِعَ ٱلشَّمۡسُ وَٱلۡقَمَرُ ٩ يَقُولُ ٱلۡإِنسَٰنُ يَوۡمَئِذٍ أَيۡنَ
ٱلۡمَفَرُّ ١٠

7 ـ 10 ـ كۆزلەر كۆرگەنلىرىدىن قورقۇپ گاڭگىراپ قالىدىغان، ئاينىڭ نۇرى ئۆچكەن، كۈن بىلەن ئاي بىرلەشتۈرۈلۈپ يورۇقلۇق پۇتۇنلەي كېتىپ قالغان ئاشۇ قىيامەت كۈنىدە، ئىنسان: «ئازابتىن قاچىدىغان جاي قەيەردە؟» دەپ كېتىدۇ.

كَلَّا لَا وَزَرَ ١١ إِلَىٰ رَبِّكَ يَوۡمَئِذٍ ٱلۡمُسۡتَقَرُّ ١٢

11 ـ 12 ـ ئى ئىنسان! ئىش ھەرگىز سەن ئارزۇ قىلغاندەك بولمايدۇ، ساڭا قاچىدىغان ھېچقانداق پاناھگاھ يوقتۇر. قىيامەت كۈنى بارچە خالايىقنىڭ بارىدىغان ۋە ئورۇنلىشىدىغان يېرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر، ئاللاھ ھەربىر ئادەمگە ئۆزىنىڭ قىلغان ياخشى ـ يامان ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

يُنَبَّؤُاْ ٱلۡإِنسَٰنُ يَوۡمَئِذِۭ بِمَا قَدَّمَ وَأَخَّرَ ١٣

13 ـ بۇ كۈندە ئىنسانغا دۇنيادىكى چاغلىرىدا ئىلگىرى ـ ئاخىر قىلغان بارلىق ئەمەللىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ.

بَلِ ٱلۡإِنسَٰنُ عَلَىٰ نَفۡسِهِۦ بَصِيرَةٞ ﴿١٤﴾ وَلَوۡ أَلۡقَىٰ مَعَاذِيرَهُۥ ﴿١٥﴾

14 - 15 - بەلكى ئىنسان ئۆزىنىڭ زىيىنىغا ئوپئوچۇق دەلىلدۇر. ئۇ ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن قانچە ئۆزرە ئېيتقان تەقدىردىمۇ، ئۆزرىسى ئۇنىڭغا قىلچە ئەسقاتمايدۇ.

لَا تُحَرِّكۡ بِهِۦ لِسَانَكَ لِتَعۡجَلَ بِهِۦٓ ﴿١٦﴾ إِنَّ عَلَيۡنَا جَمۡعَهُۥ وَقُرۡءَانَهُۥ ﴿١٧﴾ فَإِذَا قَرَأۡنَٰهُ فَٱتَّبِعۡ قُرۡءَانَهُۥ ﴿١٨﴾ ثُمَّ إِنَّ عَلَيۡنَا بَيَانَهُۥ ﴿١٩﴾

16 - 19 - ئى پەيغەمبەر! ساڭا ۋەھيى چۈشۈۋاتقان چاغدا، ئۇنى ئۇنتۇپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئېسىڭگە ئېلىۋېلىشقا ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما. شەكسىزكى، ئۇنى سېنىڭ دىلىڭغا توپلاش ۋە ئۇنى خالىغان ۋاقتىڭدا ئوقۇيالايدىغان قىلىش بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر. شۇڭا، بىزنىڭ ئەلچىمىز جىبرىل ساڭا ئوقۇپ بەرگەندە، سەن ئۇنىڭ قىرائىتىنى جىم تۇرۇپ ئاڭلىغىن. ئاندىن ساڭا قانداق ئوقۇپ بەرگەن بولسا شۇنداق ئوقۇغىن. ئاندىن ئۇنىڭ مەنىسى ۋە ئەھكاملىرىدىن سەن چۈشىنەلمىگەن يەرلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر.

كَلَّا بَلۡ تُحِبُّونَ ٱلۡعَاجِلَةَ ﴿٢٠﴾ وَتَذَرُونَ ٱلۡأٓخِرَةَ ﴿٢١﴾

20 - 21 - ئى مۇشرىكلار! ئەمەلىيەت سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، ئاخىرەتتىكى تىرىلىش ۋە ئەمەللەرنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى كۆرۈش ھەقتۇر. بەلكى سىلەر بۇ دۇنيا ھاياتىنى ۋە ئۇنىڭ زىننىتىنى بەك ياخشى كۆرىدىغان، ئەمما ئاخىرەتلىكنى ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرى ئۈچۈن ئەمەل قىلىشنى تەرك ئەتكەن قەۋمسىلەر.

وُجُوهٞ يَوۡمَئِذٖ نَّاضِرَةٌ ﴿٢٢﴾ إِلَىٰ رَبِّهَا نَاظِرَةٞ ﴿٢٣﴾

22 - 23 - قىيامەت كۈنىدە، سائادەتمەن كىشىلەرنىڭ يۈزلىرى نۇرلۇق، پارقىراق بولىدۇ، ئۇلار ياراتقان ئۇلۇغ رەببىنى كۆرۈپ تېخىمۇ خۇشال بولىدۇ.

وَوُجُوهٞ يَوۡمَئِذِۭ بَاسِرَةٞ ﴿٢٤﴾

24 - قىيامەت كۈنىدە، بەختسىزلەرنىڭ يۈزلىرى تۇتۇق بولىدۇ.

تَظُنُّ أَن يُفۡعَلَ بِهَا فَاقِرَةٞ ﴿٢٥﴾

25 - ئۇلار ئۆزلىرىگە ئومۇرتقىسىنى سۇندۇرۇپ تاشلايدىغان چوڭ مۇسىبەت چۈشىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىدۇ.

كَلَّآ إِذَا بَلَغَتِ ٱلتَّرَاقِيَ ﴿٢٦﴾ وَقِيلَ مَنۡۜ رَاقٖ ﴿٢٧﴾ وَظَنَّ أَنَّهُ ٱلۡفِرَاقُ ﴿٢٨﴾ وَٱلۡتَفَّتِ ٱلسَّاقُ بِٱلسَّاقِ ﴿٢٩﴾ إِلَىٰ رَبِّكَ يَوۡمَئِذٍ ٱلۡمَسَاقُ ﴿٣٠﴾

26 - 30 - شەك - شۈبھىسىزكى، جان ھەلقۇمغا كەلگەن چاغدا، ئۇنىڭ يېنىدىكى كىشىلەر بىر - بىرىگە: «بۇنى داۋالاپ ئەسلىگە قايتۇرالايدىغان بىرەرسى بارمىدۇ؟» دەپ كېتىدۇ. سەكراتقا چۈشكەن ئادەم ئەزرائىلنى كۆرۈپ، بۇنىڭ دۇنيادىن ئايرىلىش ئىكەنلىكىگە جەزم قىلىدۇ. بۇ ۋاقىت دۇنيانىڭ ئاخىرىدىكى قىيىنچىلىق بىلەن ئاخىرەتنىڭ بېشىدىكى قىيىنچىلىق تۇتاشقان ۋاقىتتۇر. قىيامەت كۈنى بەندىلەر ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئاندىن ئۇلار يا جەننەتكە ياكى دوزاخقا بارىدۇ.

فَلَا صَدَّقَ وَلَا صَلَّىٰ ﴿٣١﴾ وَلَٰكِن كَذَّبَ وَتَوَلَّىٰ ﴿٣٢﴾ ثُمَّ ذَهَبَ إِلَىٰٓ أَهْلِهِۦ يَتَمَطَّىٰٓ ﴿٣٣﴾ أَوْلَىٰ لَكَ
فَأَوْلَىٰ ﴿٣٤﴾ ثُمَّ أَوْلَىٰ لَكَ فَأَوْلَىٰٓ ﴿٣٥﴾

31 ـ 35 ـ كاپىر ئىنسان پەيغەمبەرگە ۋە قۇرئانغا ئىمان ئېيتمىدى، ناماز ئوقۇپ ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدى. ئەكسىچە، قۇرئاننى ئىنكار قىلدى، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتتى. ئاندىن كېرىلگەن ھالدا مۇتەكەببىرلىك بىلەن مېڭىپ ئۆيىگە قايتتى. ھالاكەت ساڭا تېگىشلىكتۇر! تېگىشلىك بولغاندىمۇ تازا تېگىشلىكتۇر! يەنە بۇ ھالاكەت ساڭا تېگىشلىكتۇر! تېگىشلىك بولغاندىمۇ تازا تېگىشلىكتۇر!

أَيَحْسَبُ ٱلْإِنسَٰنُ أَن يُتْرَكَ سُدًى ﴿٣٦﴾ أَلَمْ يَكُ نُطْفَةً مِّن مَّنِيٍّ يُمْنَىٰ ﴿٣٧﴾ ثُمَّ كَانَ عَلَقَةً فَخَلَقَ
فَسَوَّىٰ ﴿٣٨﴾ فَجَعَلَ مِنْهُ ٱلزَّوْجَيْنِ ٱلذَّكَرَ وَٱلْأُنثَىٰٓ ﴿٣٩﴾ أَلَيْسَ ذَٰلِكَ بِقَٰدِرٍ عَلَىٰٓ أَن يُحْـِۧىَ ٱلْمَوْتَىٰ ﴿٤٠﴾

36 ـ 40 ـ ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدىغان ئاشۇ كاپىر ئىنسان: «بىز ئۆز مەيلىمىزگە قويۇۋېتىلىمىز، ھېچقانداق ئىشقا بۇيرۇلمايمىز ۋە ھېچقانداق ئىشتىن مەنئى قىلىنمايمىز، ئاخىرەتتە ئەمەللەردىن ھېساب بېرىش، گۇناھلارنىڭ جازاسىنى تارتىش دېگەنلەر يوق» دەپ ئويلامدۇ؟ بۇ كاپىر ئىنسان ئەسلىدە بالىياتقۇغا تۆكۈلگەن ئەرزىمەس سۇدىن ئىبارەت ئىنتايىن ئاجىز بىر مەنىي ئەمەسمىدى؟ ئاندىن ئۇ بىر پارچە ئۇيۇل قانغا ئايلانغاندىن كېيىن ئاللاھ ئۇنى چىرايلىق شەكىلدە ئىنسان قىلىپ ياراتقان ئەمەسمۇ؟ ئاللاھ بۇ ئىنساندىن ئەركەك، چىشى قىلىپ ئىككى تۈرنى قىلدى. بۇلارنى يوقتىن ياراتقان ئاللاھ ئۇلار ئۆلۈپ توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارنى ئەسلىگە قايتۇرۇشقا قادىر ئەمەسمۇ؟ ئاللاھ بۇنىڭغا ئەلۋەتتە قادىردۇر.

# ئىنسان سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

هَلۡ أَتَىٰ عَلَى ٱلۡإِنسَٰنِ حِينٞ مِّنَ ٱلدَّهۡرِ لَمۡ يَكُن شَيۡـٔٗا مَّذۡكُورًا ﴿١﴾

1 ـ ئىنسانغا جان كىرگۈزۈلۈشتىن بۇرۇن، ئۇ ئۇزۇن ۋاقىتنى باشتىن كەچۈردى، ئۇ ئاشۇ چاغلاردا تىلغا ئېلىنغۇدەك بىر نەرسە ئەمەس ئىدى، بارلىقىدىن ھېچبىر ئەسەر يوق ئىدى.

إِنَّا خَلَقۡنَا ٱلۡإِنسَٰنَ مِن نُّطۡفَةٍ أَمۡشَاجٖ نَّبۡتَلِيهِ فَجَعَلۡنَٰهُ سَمِيعَۢا بَصِيرًا ﴿٢﴾ إِنَّا هَدَيۡنَٰهُ ٱلسَّبِيلَ إِمَّا
شَاكِرٗا وَإِمَّا كَفُورًا ﴿٣﴾

2 ـ 3 ـ ھەقىقەتەن، بىز ئىنساننى ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئارىلاشما مەنىيسىدىن ياراتتۇق، بىز ئۇنى دىنىي مەجبۇرىيەتلەر بىلەن سىنايمىز، شۇڭا، بىز ئۇنى ئايەتلەرنى ئاڭلىسۇن، ھەقىقەتنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسۇن دەپ، ئاڭلايدىغان ۋە كۆرىدىغان قىلىپ ياراتتۇق. شەكسىزكى، بىز ئۇنىڭغا ھىدايەت ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ يولىنى كۆرسەتتۇق. بۇ ئۇنىڭ يا توغرا يولدا مېڭىپ شۈكۈر قىلغۇچى مۇئمىن بولۇشى ياكى خاتا يولدا مېڭىپ تۇزكورلۇق قىلغۇچى كاپىر بولۇشى ئۈچۈندۇر.

إِنَّآ أَعۡتَدۡنَا لِلۡكَٰفِرِينَ سَلَٰسِلَاْ وَأَغۡلَٰلٗا وَسَعِيرًا ﴿٤﴾

4 ـ شەكسىزكى، بىز كاپىرلارغا ئۇلارنىڭ پۇتلىرىغا سالىدىغان تۆمۈر زەنجىرلەرنى، قوللىرىنى بويۇنلىرىغا قەدەر باغلايدىغان تاقاقلارنى ۋە ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ جازالاش ئۈچۈن يالقۇنجاپ تۇرغان دوزاخنى تەييارلىدۇق.

إِنَّ ٱلۡأَبۡرَارَ يَشۡرَبُونَ مِن كَأۡسٖ كَانَ مِزَاجُهَا كَافُورًا ﴿٥﴾

5 ـ ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىدىغان ئىتائەتمەن، ئىخلاسمەن كىشىلەر قىيامەت كۈنى كافۇر[1] ئارىلاشتۇرۇلغان ئەڭ ئېسىل شارابلارنى ئىچىدۇ.

عَيۡنٗا يَشۡرَبُ بِهَا عِبَادُ ٱللَّهِ يُفَجِّرُونَهَا تَفۡجِيرٗا ﴿٦﴾ يُوفُونَ بِٱلنَّذۡرِ وَيَخَافُونَ يَوۡمٗا كَانَ شَرُّهُۥ
مُسۡتَطِيرٗا ﴿٧﴾ وَيُطۡعِمُونَ ٱلطَّعَامَ عَلَىٰ حُبِّهِۦ مِسۡكِينٗا وَيَتِيمٗا وَأَسِيرًا ﴿٨﴾ إِنَّمَا نُطۡعِمُكُمۡ لِوَجۡهِ ٱللَّهِ
لَا نُرِيدُ مِنكُمۡ جَزَآءٗ وَلَا شُكُورًا ﴿٩﴾ إِنَّا نَخَافُ مِن رَّبِّنَا يَوۡمًا عَبُوسٗا قَمۡطَرِيرٗا ﴿١٠﴾

6 ـ 10 ـ كافۇر ئارىلاشتۇرۇلغان ئاشۇ شاراب جەننەتتىكى بىر بۇلاقنىڭ سۈيى بولۇپ، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدۇ ۋە ئۆزلىرى خالىغان جايلارغا ئېقىتىدۇ. ئۇلار شۇنداق

[1] كافۇر ــ بىر خىل خۇشپۇراق ماددا بولۇپ، زامانىمىزدا ئىنسانلار ئۇنى بەزى دورىلارنى ياساشقا ئىشلىتىدۇ، مېيىتنى يۇيۇپ تاراش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىدۇ.

كىشىلەركى، ئۇلار ئاللاھقا ۋەدە بېرىپ ئۆز ئۈستىگە ئالغان ھەرقانداق بىر ئىشنى ئورۇندايدۇ، زېمىننى ۋە خەتىرى ئاللاھ رەھىم قىلغان كىشىلەردىن باشقىلارغا كەڭ دائىرىلىك بولىدىغان قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن قورقىدۇ. ئۆزى پۇل- مالغا ئېھتىياجلىق ۋە ئۇنىڭغا ئامراق تۇرۇقلۇق، مىسكىن (ھاجىتىنى راۋا قىلغۇدەك بىر نەرسىسى بولمىغان ۋە ئىشلەشتىن ئاجىز كەلگەن يوقسۇل ئادەم) گە، يېتىملەرگە ۋە كاپىرلار تەرىپىدىن ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان كىشىلەرگە تائام بېرىدۇ. ئۇلار: «بىز سىلەرگە پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ۋە ساۋاب تېپىش ئۈچۈنلا تائام بېرىمىز، بىز سىلەردىن ھېچقانداق ھەق ۋە تەشەككۇر تەلەپ قىلمايمىز. شەكسىزكى، بىز قورقۇنچتىن يۈزلەر تورۇلۇپ كېتىدىغان ئاشۇ دەھشەتلىك قىيامەت كۈنىدە رەببىمىزدىن قورقىمىز» دەيدۇ.

فَوَقَىٰهُمُ ٱللَّهُ شَرَّ ذَٰلِكَ ٱلْيَوْمِ وَلَقَّىٰهُمْ نَضْرَةً وَسُرُورًا ﴿١١﴾ وَجَزَىٰهُم بِمَا صَبَرُوا۟ جَنَّةً وَحَرِيرًا ﴿١٢﴾
مُّتَّكِـِٔينَ فِيهَا عَلَى ٱلْأَرَآئِكِ ۖ لَا يَرَوْنَ فِيهَا شَمْسًا وَلَا زَمْهَرِيرًا ﴿١٣﴾ وَدَانِيَةً عَلَيْهِمْ ظِلَٰلُهَا
وَذُلِّلَتْ قُطُوفُهَا تَذْلِيلًا ﴿١٤﴾

11 - 14 - ئاللاھ ئۇلارنى ئاشۇ كۈننىڭ يامانلىقىدىن ساقلايدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە نۇر، دىللىرىغا خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ، دۇنيادىكى چاغلىرىدا تائەت - ئىبادەتتە چىداملىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆزى خالىغانچە كەڭتاشا ياشايدىغان جەننەت بىلەن ۋە جەننەتتىكى يۇمشاق يىپەك كىيىملەر بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە ئەڭ ئېسىل كىيىملەرنى كىيگەن ھالدا تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇلار جەننەتتە قاتتىق ئىسسىقنىمۇ، قاتتىق سوغۇقنىمۇ كۆرمەيدۇ. جەننەتتىكى دەرەخلەرنىڭ سايىلىرى ئۇلارغا چۈشۈپ تۇرىدۇ، جەننەتنىڭ مېۋىلىك دەرەخلىرى ئۇلارنىڭ مېۋە ئۈزۈشى ئۈچۈن ئېگىلىپ بېرىدۇ.

وَيُطَافُ عَلَيْهِم بِـَٔانِيَةٍ مِّن فِضَّةٍ وَأَكْوَابٍ كَانَتْ قَوَارِيرَا۠ ﴿١٥﴾ قَوَارِيرَا۟ مِن فِضَّةٍ قَدَّرُوهَا
تَقْدِيرًا ﴿١٦﴾ وَيُسْقَوْنَ فِيهَا كَأْسًا كَانَ مِزَاجُهَا زَنجَبِيلًا ﴿١٧﴾ عَيْنًا فِيهَا تُسَمَّىٰ سَلْسَبِيلًا ﴿١٨﴾

15 - 18 - ئۇلارغا جەننەتتىكى مۇلازىم باللار كۈمۈش قاچىلارنى ۋە مىقدارىنى ئۆزلىرى ئېھتىياجىغا قاراپ بەلگىلەپ بەرگەن شاراب تولدۇرۇلغان شىشىدەك سۈزۈك كۈمۈش جاملارنى ئايلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. ئاشۇ ياخشى كىشىلەر جەننەتتە زەنجىۋىل سۈيى ئارىلاشتۇرۇلغان شاراب بىلەن سۇغىرىلىدۇ. بۇ شاراب جەننەتتىكى «سەلسەبىل» دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاقنىڭ سۈيىدۇر.

۞ وَيَطُوفُ عَلَيْهِمْ وِلْدَٰنٌ مُّخَلَّدُونَ إِذَا رَأَيْتَهُمْ حَسِبْتَهُمْ لُؤْلُؤًا مَّنثُورًا ﴿١٩﴾

19 - ھەمىشە ياش تۇرىدىغان مۇلازىم باللار ئاشۇ ياخشى كىشىلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ خىزمەت قىلىدۇ، ئەگەر سەن ئۇلارنى كۆرسەڭ ئۇلارنىڭ رەڭگىنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن، يۈزىنىڭ پارلاقلىقىدىن چېچىلىپ كەتكەن مەرۋايىتمىكىن دەپ قالىسەن.

وَإِذَا رَأَيْتَ ثَمَّ رَأَيْتَ نَعِيمًا وَمُلْكًا كَبِيرًا ﴿٢٠﴾

20 - سەن جەننەتتە نەگە قارىساڭ، ئۇ يەردە تەسۋىرلەپ بولغۇسىز نېمەتلەرنى ۋە شاھانە تۇرمۇشنى كۆرىسەن.

عَلِيَهُمْ ثِيَابُ سُندُسٍ خُضْرٌ وَإِسْتَبْرَقٌ ۖ وَحُلُّوٓا۟ أَسَاوِرَ مِن فِضَّةٍ وَسَقَىٰهُمْ رَبُّهُمْ شَرَابًا طَهُورًا ﴿٢١﴾

21 - ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدا ئىنچى يۇپقا يىپەكتىن، تېشى قېلىن يىپەكتىن تىكىلگەن يېشىل رەڭلىك كىيىملەر بولىدۇ، كۈمۈش بىلەزۈكلەرنى سېلىپ زىننەتلىنىدۇ، يۇقىرىقى نېمەتلەردىن باشقا يەنە رەببى ئۇلارنى پاك - پاكىز شاراب بىلەن سۇغىرىدۇ.

إِنَّ هَٰذَا كَانَ لَكُمْ جَزَآءً وَكَانَ سَعْيُكُم مَّشْكُورًا ﴿٢٢﴾

22 - ئۇلارغا ئېيتىلىدۇكى، «مانا بۇ سىلەرنىڭ ياخشى ئەمەللىرىڭلارنىڭ بەدىلىگە تەييارلانغان مۇكاپاتتۇر، سىلەرنىڭ دۇنيادىكى ئەمەلىڭلاردىن ئاللاھ رازى بولغان ۋە ئەمەللىرىڭلار ئۇنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولغان ئىدى».

إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا عَلَيْكَ ٱلْقُرْءَانَ تَنزِيلًا ﴿٢٣﴾

23 - ئى پەيغەمبەر! ھەقىقەتەن بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى كىشىلەر ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن دەپ ئۆز دەرگاھىمىزدىن بۆلۈپ - بۆلۈپ نازىل قىلدۇق.

فَٱصْبِرْ لِحُكْمِ رَبِّكَ وَلَا تُطِعْ مِنْهُمْ ءَاثِمًا أَوْ كَفُورًا ﴿٢٤﴾ وَٱذْكُرِ ٱسْمَ رَبِّكَ بُكْرَةً وَأَصِيلًا ﴿٢٥﴾

24 - 25 - سەن رەببىڭ تەقدىر قىلغان ھۆكۈمگە سەۋر قىلغىن، ئۇنى قوبۇل قىلغىن، دىنىدا بۇيرۇغان ھۆكمىگە ئەمەل قىلغىن، سەن مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدىكى كۇفرىغا ۋە ئازغۇنلۇققا پېتىپ كەتكەن گۇناھكار كاپىرلاردىن ھېچقايسىسىغا ئىتائەت قىلمىغىن. ئەتىگەن - ئاخشامدا رەببىڭنىڭ ئىسمىنى ياد ئېتىشنى ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشنى داۋاملاشتۇرغىن.

وَمِنَ ٱلَّيْلِ فَٱسْجُدْ لَهُۥ وَسَبِّحْهُ لَيْلًا طَوِيلًا ﴿٢٦﴾

26 - كېچىنىڭ بىر قىسمىدا رەببىڭگە ئىبادەت قىلغىن، ئۇنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ناماز ئوقۇغىن، كېچىنىڭ كۆپ قىسمىدا ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن.

إِنَّ هَٰٓؤُلَآءِ يُحِبُّونَ ٱلْعَاجِلَةَ وَيَذَرُونَ وَرَآءَهُمْ يَوْمًا ثَقِيلًا ﴿٢٧﴾

27 - شەكسىزكى، ئاشۇ مۇشرىكلار دۇنيالىقنىلا ياخشى كۆرۈپ، ئاخىرەتلىككە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئەمەل قىلمايدۇ، قىيامەت كۈنىدىن ئىبارەت ئاشۇ قاتتىق كۈننىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قېلىشقا تۈرتكە بولىدىغان ئەمەللەرگە سەل قارايدۇ.

نَّحْنُ خَلَقْنَٰهُمْ وَشَدَدْنَآ أَسْرَهُمْ ۖ وَإِذَا شِئْنَا بَدَّلْنَآ أَمْثَٰلَهُمْ تَبْدِيلًا ﴿٢٨﴾

28 - ئۇلارنى بىز ياراتتۇق، ئۇلارنىڭ يارىتىلىشىنى مۇكەممەل قىلدۇق، ئەگەر بىز خالىساق ئۇلارنى ھالاك قىلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلىدىغان ئىتائەتمەن بىر قەۋمنى كەلتۈرىمىز.

إِنَّ هَٰذِهِۦ تَذْكِرَةٌ ۖ فَمَن شَآءَ ٱتَّخَذَ إِلَىٰ رَبِّهِۦ سَبِيلًا ﴿٢٩﴾ وَمَا تَشَآءُونَ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ
عَلِيمًا حَكِيمًا ﴿٣٠﴾ يُدْخِلُ مَن يَشَآءُ فِى رَحْمَتِهِۦ ۚ وَٱلظَّٰلِمِينَ أَعَدَّ لَهُمْ عَذَابًا أَلِيمًۢا ﴿٣١﴾

29 - 31 - شەكسىزكى، بۇ سۈرە ئۆز ئىچىگە ئالغان رىغبەتلەندۈرۈش، ئاگاھلاندۇرۇش، ۋەدە قىلىش ۋە قورقىتىش قاتارلىق بارلىق مەزمۇنلىرى بىلەن جاھان ئەھلىگە ئۈگۈتتۇر ۋە نەسىھەتتۇر. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۆزىگە ياخشىلىقنى خالىغان ئادەم ئىمان ۋە تەقۋالىق ئارقىلىق ئۆزىنى رەببىنىڭ مەغپىرىتىگە، رازىلىقىغا ۋە جەننىتىگە ئېلىپ بارىدىغان يولنى تۇتسۇن. سىلەر قانداقلا بىر ئىشنى قىلماقچى بولساڭلار، ئۇنى پەقەت

ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشى بىلەنلا قىلالايسىلەر. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، تەدبىرلىرىدە ۋە بارلىق ئىشلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمنى رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ. ئۇلار بولسا مۇئمىنلەردۇر. ئاللاھ ئۆزى بەلگىلەپ بەرگەن چەك - چېگرادىن چەتنەپ كەتكەن زالىملارغا قاتتىق ئازابنى تەييارلىدى.

# مۇرسەلات سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

وَٱلۡمُرۡسَلَٰتِ عُرۡفٗا ﴿١﴾ فَٱلۡعَٰصِفَٰتِ عَصۡفٗا ﴿٢﴾ وَٱلنَّٰشِرَٰتِ نَشۡرٗا ﴿٣﴾ فَٱلۡفَٰرِقَٰتِ فَرۡقٗا ﴿٤﴾ فَٱلۡمُلۡقِيَٰتِ ذِكۡرًا ﴿٥﴾ عُذۡرًا أَوۡ نُذۡرًا ﴿٦﴾ إِنَّمَا تُوعَدُونَ لَوَٰقِعٞ ﴿٧﴾

1 - 7 - ئاللاھ ئۇزۇلمەي چىقىدىغان شاماللار بىلەن، شىددەت بىلەن چىقىدىغان ھالاك قىلغۇچى بورانلار بىلەن، بۇلۇتلارنى ئاللاھ ئىرادە قىلغان جايلارغا تارقىتىشقا مەسئۇل پەرىشتىلەر بىلەن، ھەق بىلەن باتىلنى، ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىغۇچى ھۆكۈملەرنى ئاللاھ تەرىپىدىن ئېلىپ چۈشىدىغان پەرىشتىلەر بىلەن، ئىنسانلارنىڭ بىزنىڭ خەۋىرىمىز يوق ئىكەن دەپ ئۆزرە ئېيتىپ تۇرۇۋالماسلىقى ۋە ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيىنى ئېلىپ چۈشكۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىپ دېدىكى، سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان قىيامەت ۋە ئۇنىڭدىكى ھېساب ئېلىش، ئاندىن ھەركىمگە ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىش قاتارلىق ئىشلار چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.

فَإِذَا ٱلنُّجُومُ طُمِسَتۡ ﴿٨﴾ وَإِذَا ٱلسَّمَآءُ فُرِجَتۡ ﴿٩﴾ وَإِذَا ٱلۡجِبَالُ نُسِفَتۡ ﴿١٠﴾ وَإِذَا ٱلرُّسُلُ أُقِّتَتۡ ﴿١١﴾ لِأَيِّ يَوۡمٍ أُجِّلَتۡ ﴿١٢﴾ لِيَوۡمِ ٱلۡفَصۡلِ ﴿١٣﴾ وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا يَوۡمُ ٱلۡفَصۡلِ ﴿١٤﴾ وَيۡلٞ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُكَذِّبِينَ ﴿١٥﴾

8 - 15 - يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى ئۆچۈرۈلگەن ۋە يورۇقى كېتىپ قالغان، ئاسمان يېرىلغان، تاغلار تىتىلىپ شامال ئۇچۇرتقان توزانلاردەك توزۇغان، پەيغەمبەرلەرگە ئۆزلىرى بىلەن ئۈممەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىش ئۈچۈن ۋاقىت بەلگىلەنگەن چاغدا، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىشى قايسى ئۇلۇغ كۈنگە كېچىكتۈرۈلدى؟ دېيىلىدۇ. خالايىقنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈنگە كېچىكتۈرۈلدى. ئى ئىنسان! ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈننىڭ قانداق كۈن ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭدىكى قىيىنچىلىقنى بىلەمسەن؟ ۋەدە قىلىنغان مۇشۇ كۈننى ئىنكار قىلغانلارغا چوڭ بىر ھالاكەت بار.

أَلَمۡ نُهۡلِكِ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿١٦﴾ ثُمَّ نُتۡبِعُهُمُ ٱلۡأٓخِرِينَ ﴿١٧﴾ كَذَٰلِكَ نَفۡعَلُ بِٱلۡمُجۡرِمِينَ ﴿١٨﴾

16 - 18 - بىز ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرنىڭ ئىچىدىكى نۇھنىڭ قەۋمى ۋە ئاد، سەمۇد قەۋملىرى قاتارلىق كاپىرلارنى ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبلىك ھالاك قىلمىدۇقمۇ؟ ئاندىن كېيىنكى ئۈممەتلەرنىڭ ئارىسىدىن كۇفرىدا ۋە ئاسىيلىقتا ئۇلارغا ئوخشاش بولغانلارنى ھالاك قىلدۇق. مەككىلىك كاپىرلارنىمۇ ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبلىك ئەنە شۇنداق قاتتىق جازالايمىز.

وَيۡلٞ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُكَذِّبِينَ ﴿١٩﴾

19 ـ ئاللاھ ھەقىقىي ئىلاھتۇر، ئۇنىڭ ھېچقانداق شېرىكى يوقتۇر، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى ھەقتۇر، ئاخىرەتتىكى تىرىلىش ۋە دۇنيادىكى ئەمەللەردىن ھېساب بېرىش ھەق ۋە راستتۇر، دېگەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان ھەرقانداق كاپىر قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

أَلَمۡ نَخۡلُقكُّم مِّن مَّآءٖ مَّهِينٖ ﴿٢٠﴾ فَجَعَلۡنَٰهُ فِي قَرَارٖ مَّكِينٍ ﴿٢١﴾ إِلَىٰ قَدَرٖ مَّعۡلُومٖ ﴿٢٢﴾ فَقَدَرۡنَا فَنِعۡمَ ٱلۡقَٰدِرُونَ ﴿٢٣﴾

20 ـ 23 ـ ئى كاپىرلار! بىز سىلەرنى شۇ ئەرزىمەس ۋە ئاجىز مەنىيدىن ياراتمىدۇقمۇ؟ بىز ئۇ سۇنى ئاللاھ بەلگىلىگەن مەلۇم ۋاقىتقىچە ئايالنىڭ بالىياتقۇسىدىن ئىبارەت پۇختا قارارگاھتا تۇرغۇزدۇق. بىز ئۇنى يارىتىشقا، شەكىلگە كىرگۈزۈشكە ۋە ئانىسىنىڭ قارنىدىن چىقىرىشقا قادىر بولدۇق. بىز نېمىدېگەن قۇدرەتلىك!

وَيۡلٞ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُكَذِّبِينَ ﴿٢٤﴾

24 ـ بىزنىڭ بۇ قۇدرىتىمىزنى ئىنكار قىلغانلار قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا قالىدۇ.

أَلَمۡ نَجۡعَلِ ٱلۡأَرۡضَ كِفَاتًا ﴿٢٥﴾ أَحۡيَآءٗ وَأَمۡوَٰتٗا ﴿٢٦﴾ وَجَعَلۡنَا فِيهَا رَوَٰسِيَ شَٰمِخَٰتٖ وَأَسۡقَيۡنَٰكُم مَّآءٗ فُرَاتٗا ﴿٢٧﴾

25 ـ 27 ـ بىز سىلەر ياشاپ تۇرۇۋاتقان ئاشۇ زېمىننى، ئۈستىدە ئۇلار ھېسابىنى ئېلىپ بولالمايدىغان دەرىجىدە كۆپ تىرىكلەرنى كۆتۈرىدىغان ۋە ئۇلار ھېسابلاپ بولالمايدىغان دەرىجىدە كۆپ ئۆلۈكلەرنى ئىچىدە ساقلايدىغان جاي قىلمىدۇقمۇ؟

وَيۡلٞ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُكَذِّبِينَ ﴿٢٨﴾

28 ـ بۇ نېمەتلەرنى ئىنكار قىلغانلار قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا قالىدۇ.

ٱنطَلِقُوٓاْ إِلَىٰ مَا كُنتُم بِهِۦ تُكَذِّبُونَ ﴿٢٩﴾ ٱنطَلِقُوٓاْ إِلَىٰ ظِلّٖ ذِي ثَلَٰثِ شُعَبٖ ﴿٣٠﴾ لَّا ظَلِيلٖ وَلَا يُغۡنِي مِنَ ٱللَّهَبِ ﴿٣١﴾ إِنَّهَا تَرۡمِي بِشَرَرٖ كَٱلۡقَصۡرِ ﴿٣٢﴾ كَأَنَّهُۥ جِمَٰلَتٞ صُفۡرٞ ﴿٣٣﴾

29 ـ 33 ـ قىيامەت كۈنى كاپىرلارغا: «سىلەر دۇنيادا يالغان دەپ كېلىۋاتقان جەھەننەمگە قاراپ ئىلگىرىلەڭلار، ئۈچ تارماققا ئايرىلىپ چىقىدىغان، قەتئىي سەگىدەتمەيدىغان، جەھەننەمنىڭ ئوت يالقۇنىنىمۇ توسالمايدىغان ئاچچىق تۈتۈندىن ئىبارەت سايىگە بېرىپ سايىداڭلار» دېيىلىدۇ. جەھەننەمنىڭ ئوت يالقۇنى ھەربىرى ئېگىز ۋە چوڭ بىنادەك كېلىدىغان كاتتا ئۇچقۇنلارنى چىقىرىدۇ. ئۇ ئۇچقۇنلار قارامتۇل تۆگىلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

وَيۡلٞ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُكَذِّبِينَ ﴿٣٤﴾

34 ـ ئاللاھنىڭ بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى ئىنكار قىلغانلار قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا ئۇچرايدۇ.

هَٰذَا يَوۡمُ لَا يَنطِقُونَ ﴿٣٥﴾ وَلَا يُؤۡذَنُ لَهُمۡ فَيَعۡتَذِرُونَ ﴿٣٦﴾

35 ـ 36 ـ بۇ، كاپىرلار ئۆزلىرىگە پايدىلىق ھېچقانداق گەپ قىلالمايدىغان، ئۆزرە ئېيتىشى ئۈچۈن گەپ قىلىشقىمۇ ئىجازەت بېرىلمەيدىغان قىيامەت كۈنىدۇر. چۈنكى بۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

وَيۡلٞ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُكَذِّبِينَ ﴿٣٧﴾

37 - ئاللاھنىڭ بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى ئىنكار قىلغانلار قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا ئۇچرايدۇ.

هَٰذَا يَوۡمُ ٱلۡفَصۡلِۖ جَمَعۡنَٰكُمۡ وَٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٣٨﴾ فَإِن كَانَ لَكُمۡ كَيۡدٞ فَكِيدُونِ ﴿٣٩﴾

38 - 39 - بۇ. ئاللاھ خالايىق ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدىغان، ھەق بىلەن باتىل ئايرىلىدىغان كۈندۇر. ئى مۇشۇ ئۈممەتنىڭ ئارىسىدىكى كاپىرلار! بىز سىلەرنى بۇرۇنقى ئۈممەتلەر ئىچىدىكى كاپىرلار بىلەن بىر يەرگە توپلىدۇق. ئەگەر سىلەرنىڭ ئازابتىن قۇتۇلۇشقا بىرەر چارەڭلار بولسا، قېنى قىلىپ بېقىڭلار ۋە ئۆزۈڭلارنى ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قۇتقۇزۇپ بېقىڭلار.

وَيۡلٞ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُكَذِّبِينَ ﴿٤٠﴾

40 - قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلغانلار قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا ئۇچرايدۇ.

إِنَّ ٱلۡمُتَّقِينَ فِي ظِلَٰلٖ وَعُيُونٖ ﴿٤١﴾ وَفَوَٰكِهَ مِمَّا يَشۡتَهُونَ ﴿٤٢﴾ كُلُواْ وَٱشۡرَبُواْ هَنِيٓـَٔۢا بِمَا كُنتُمۡ
تَعۡمَلُونَ ﴿٤٣﴾ إِنَّا كَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿٤٤﴾ وَيۡلٞ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُكَذِّبِينَ ﴿٤٥﴾

41 - 45 - شەكسىزكى، دۇنيادىكى چاغلىرىدا ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش، توسقانلىرىدىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلغان كىشىلەر، قىيامەت كۈنى دەرەخلەرنىڭ سايىلىرى ئاستىدا، ئېتىلىپ تۇرغان بۇلاقلارنىڭ ۋە كۆپلىگەن مېۋىلەرنىڭ يېنىدا بولىدۇ، ئۇلار كۆڭلى تارتقان مېۋىلەردىن كەڭتاشا بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا: «دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭلار يۈزىسىدىن خۇشال - خۇرام يەڭلار ۋە ئىچىڭلار» دېيىلىدۇ. بىز تائەت - ئىبادەتنى مۇكەممەل قىلغان ۋە بىزگە ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىتائەت قىلغان كىشىلەرنى ئەلۋەتتە مۇشۇنداق كاتتا مۇكاپاتلار بىلەن مۇكاپاتلايمىز. قىيامەت كۈنىنى ۋە ئۇنىڭدىكى ھېساب ئېلىش، ياخشىلارغا مۇكاپات، يامانلارغا جازا بېرىش قاتارلىق ھەقىقەتلەرنى ۋە جەننەتتىكى نېمەتلەرنى ئىنكار قىلغانلار ئۇ كۈندە قاتتىق ئازابقا ئۇچرايدۇ.

كُلُواْ وَتَمَتَّعُواْ قَلِيلًا إِنَّكُم مُّجۡرِمُونَ ﴿٤٦﴾

46 - ئاندىن ئاللاھ كاپىرلارنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ، مۇنداق دېدى: «دۇنيانىڭ لەززەتلىك نېمەتلىرىدىن يەڭلار ۋە ئۇنىڭ پانىي لەززەتلىرىدىن ۋاقىتلىق بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇڭلار، شەكسىزكى، سىلەر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكىڭلار ئۈچۈن گۇناھكارسىلەر».

وَيۡلٞ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُكَذِّبِينَ ﴿٤٧﴾

47 - ھېساب بېرىدىغان ۋە مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدىغان ئاشۇ قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلغانلار ئۇ كۈندە قاتتىق ئازابقا ئۇچرايدۇ.

وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ ٱرۡكَعُواْ لَا يَرۡكَعُونَ ﴿٤٨﴾

48 - ئاشۇ مۇشرىكلارغا: «ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ناماز ئوقۇڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار» دېيىلسە، ئۇلار ناماز ئوقۇمايدۇ ۋە ئاللاھتىن قورقمايدۇ.

وَيۡلٞ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُكَذِّبِينَ ﴿٤٩﴾ فَبِأَيِّ حَدِيثِۭ بَعۡدَهُۥ يُؤۡمِنُونَ ﴿٥٠﴾

49 ـ 50ـ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا ئۇچرايدۇ. ئۇلار بۇ قۇرئانغا ئىشەنمىسە، ئۇنىڭدىن كېيىن قايسى كىتابقا ۋە قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟ ھالبۇكى، قۇرئان ھەممە نەرسىنى بايان قىلىپ بەرگەن، ھېكمەتلىرى، ھۆكۈملىرى ۋە خەۋەرلىرى ناھايىتى ئېنىق، لەۋزى ۋە مەنىسى مۆجىزە بولغان ئۇلۇغ كىتابتۇر.

# نەبەئ سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

عَمَّ يَتَسَآءَلُونَ ١ عَنِ ٱلنَّبَإِ ٱلۡعَظِيمِ ٢ ٱلَّذِي هُمۡ فِيهِ مُخۡتَلِفُونَ ٣

1 - 3- قۇرەيش كاپىرلىرى ئۆز ئارىسىدا نېمە توغرۇلۇق سورىشىۋاتىدۇ؟ ئۇلار ئاخىرەتتىكى تىرىلىشتىن ئىبارەت ئۆزلىرى شەك كەلتۈرگەن ۋە ئىنكار قىلغان ھەقىقەتتىن خەۋەر بەرگەن شان - شەرەپلىك خەۋەر — ئۇلۇغ قۇرئان توغرۇلۇق سورىشىۋاتىدۇ.

كَلَّا سَيَعۡلَمُونَ ٤ ثُمَّ كَلَّا سَيَعۡلَمُونَ ٥

4 - 5- ئەمەلىيەت ئۇ مۇشرىكلار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، ئۇ مۇشرىكلار بۇ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىنى يېقىندا بىلىپ قالىدۇ، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنى جازالىغاندا ھەممە ئىش ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا بۇ ھەقىقەتنى يەنە تەكىتلەيدۇ ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلىۋاتقان دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى قايتا تەكىتلەيدۇ. (بۇ بارلىق كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈندۇر).

أَلَمۡ نَجۡعَلِ ٱلۡأَرۡضَ مِهَٰدٗا ٦

6 - بىز زېمىننى سىلەر ئۈچۈن سېلىنچىغا ئوخشاش يايمىدۇقمۇ؟

وَٱلۡجِبَالَ أَوۡتَادٗا ٧

7 - زېمىن تەۋرەپ كەتمىسۇن دەپ تاغلارنى قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟

وَخَلَقۡنَٰكُمۡ أَزۡوَٰجٗا ٨

8 - بىز سىلەرنى ئەر - ئايال قىلىپ ياراتمىدۇقمۇ؟

وَجَعَلۡنَا نَوۡمَكُمۡ سُبَاتٗا ٩

9 - ئۇيقۇڭلارنى بەدىنىڭلار ئۈچۈن راھەت قىلىپ بەرمىدۇقمۇ؟ سىلەر ئۇيقۇ بىلەن راھەتلىنىسىلەر ئەمەسمۇ؟

وَجَعَلۡنَا ٱلَّيۡلَ لِبَاسٗا ١٠

10 - كېچىنى خۇددى كىيىم بەدەننى يۆگەپ تۇرغاندەك، قاراڭغۇلۇقى بىلەن سىلەرنى يۆگەپ تۇرىدىغان كىيىم قىلمىدۇقمۇ؟

وَجَعَلۡنَا ٱلنَّهَارَ مَعَاشٗا ١١

11 - كۈندۈزنى سىلەر تىرىكچىلىك قىلىدىغان ۋە مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ۋاقىت قىلمىدۇقمۇ؟

وَبَنَيۡنَا فَوۡقَكُمۡ سَبۡعٗا شِدَادٗا ﴿١٢﴾

12 - ئۈستۈڭلاردا مۇستەھكەم ۋە ئەيىب - نۇقساندىن خالىي يەتتە ئاسماننى بىنا قىلمىدۇقمۇ؟

وَجَعَلۡنَا سِرَاجٗا وَهَّاجٗا ﴿١٣﴾

13 - قۇياشنى يېنىپ تۇرىدىغان نۇرلۇق چىراغ قىلمىدۇقمۇ؟

وَأَنزَلۡنَا مِنَ ٱلۡمُعۡصِرَٰتِ مَآءٗ ثَجَّاجٗا ﴿١٤﴾ لِّنُخۡرِجَ بِهِۦ حَبّٗا وَنَبَاتٗا ﴿١٥﴾ وَجَنَّٰتٍ أَلۡفَافًا ﴿١٦﴾

14 - 16 - ئىنسانلار يەيدىغان ئاشلىقلارنى، چارۋىلار يەيدىغان ئوت - چۆپلەرنى ۋە دەل - دەرەخلىرى قويۇق باغلارنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، بۇلۇتلاردىن مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرمىدۇقمۇ؟

إِنَّ يَوۡمَ ٱلۡفَصۡلِ كَانَ مِيقَٰتٗا ﴿١٧﴾ يَوۡمَ يُنفَخُ فِي ٱلصُّورِ فَتَأۡتُونَ أَفۡوَاجٗا ﴿١٨﴾

17 - 18 - خالايىق ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان قىيامەت كۈنى ئاۋۋالقىلار ۋە ئاخىرقىلار ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتۇر. پەرىشتە قەبرىدىكىلەرنىڭ تىرىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، سۇر چالغان كۈندە سىلەر ھەربىر ئۈممەت توپ - توپ بولۇپ، ھەربىرىڭلار يولباشچىڭلار بىلەن بىللە كېلىسىلەر.

وَفُتِحَتِ ٱلسَّمَآءُ فَكَانَتۡ أَبۡوَٰبٗا ﴿١٩﴾

19 - ئاسمان ئېچىلىپ پەرىشتىلەرنىڭ چۈشۈشى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشىكلەر بولىدۇ.

وَسُيِّرَتِ ٱلۡجِبَالُ فَكَانَتۡ سَرَابًا ﴿٢٠﴾

20 - مۇستەھكەم تاغلار ئورنىدىن قوزغىتىلىپ سەراپتەك بولۇپ قالىدۇ.

إِنَّ جَهَنَّمَ كَانَتۡ مِرۡصَادٗا ﴿٢١﴾ لِّلطَّٰغِينَ مَـَٔابٗا ﴿٢٢﴾ لَّٰبِثِينَ فِيهَآ أَحۡقَابٗا ﴿٢٣﴾ لَّا يَذُوقُونَ فِيهَا بَرۡدٗا وَلَا
شَرَابًا ﴿٢٤﴾ إِلَّا حَمِيمٗا وَغَسَّاقٗا ﴿٢٥﴾ جَزَآءٗ وِفَاقًا ﴿٢٦﴾

21 - 26 - شەكسىزكى، ئۇ كۈندە جەھەننەم جەھەننەم ئەھلى بولىدىغان كاپىرلارنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. جەھەننەم ھەددىدىن ئاشقان كاپىرلارنىڭ بارىدىغان جايىدۇر. ئۇلار جەھەننەمدە ناھايىتى ئۇزۇن مۇددەت قالىدۇ. ئۇلار جەھەننەمنىڭ قاتتىق ھارارىتىدىن بىرەر سالقىنغا ۋە قاتتىق ئۇسسۇزلۇقتىن بىرەر ئىچىملىككە ئېرىشىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېرىشىدىغىنى پەقەت يۇقىرى ھارارەتلىك قايناق سۇ ۋە جەھەننەم ئەھلىنىڭ قان - يىرىڭلىرىدىن باشقىسى بولمايدۇ. بۇ ئۇلارغا بېرىلگەن مۇۋاپىق جازا بولۇپ، ئۇلارنىڭ دۇنيادا قىلغان يامانلىقلىرىغا تېگىشلىك جازادۇر.

إِنَّهُمۡ كَانُواْ لَا يَرۡجُونَ حِسَابٗا ﴿٢٧﴾ وَكَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا كِذَّابٗا ﴿٢٨﴾ وَكُلَّ شَيۡءٍ أَحۡصَيۡنَٰهُ كِتَٰبٗا ﴿٢٩﴾ فَذُوقُواْ
فَلَن نَّزِيدَكُمۡ إِلَّا عَذَابًا ﴿٣٠﴾

27 - 30 - چۈنكى ئۇلار قىلمىشلىرى توغرۇلۇق ھېساب بېرىشتىن قورقمايتتى، شۇڭا ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئەمەل قىلمايتتى، ئۇلار يەنە پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتلەرنى قاتتىق ئىنكار قىلاتتى. بىز ھەربىر ئىشنى بىلىپ تۇرغان ۋە لەۋھۇلمەھپۇزغا ئەينەن خاتىرىلەپ قويغان ئىدۇق. ئى كاپىرلار! بۇ قىلمىشلىرىڭلارنىڭ جازاسىنى تېتىڭلار، سىلەرگە ئازابنىڭ

ئۇستىگە ئازابنى كۆپەيتىمىز.

إِنَّ لِلْمُتَّقِينَ مَفَازًا ﴿٣١﴾ حَدَآئِقَ وَأَعْنَٰبًا ﴿٣٢﴾ وَكَوَاعِبَ أَتْرَابًا ﴿٣٣﴾ وَكَأْسًا دِهَاقًا ﴿٣٤﴾ لَّا يَسْمَعُونَ
فِيهَا لَغْوًا وَلَا كِذَّٰبًا ﴿٣٥﴾

31 - 35- شەكسىزكى، رەببىدىن قورقىدىغان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىغان كىشىلەر جەننەتكە كىرىش بىلەن بارچە مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىدۇ. جەننەتتە ئۇلارغا كاتتا باغلار، ئۈزۈملەر، كۆكسى كۆتۈرۈلگەن، تەڭتۇش ھۆرلەر، شاراب تولدۇرۇلغان جاملار بار. ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە ۋە يالغان سۆزلەرنى ئاڭلىمايدۇ ۋە بىر - بىرىگە يالغان ئېيتمايدۇ.

جَزَآءً مِّن رَّبِّكَ عَطَآءً حِسَابًا ﴿٣٦﴾ رَّبِّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا ٱلرَّحْمَٰنِ لَا يَمْلِكُونَ
مِنْهُ خِطَابًا ﴿٣٧﴾ يَوْمَ يَقُومُ ٱلرُّوحُ وَٱلْمَلَٰٓئِكَةُ صَفًّا لَّا يَتَكَلَّمُونَ إِلَّا مَنْ أَذِنَ لَهُ ٱلرَّحْمَٰنُ وَقَالَ
صَوَابًا ﴿٣٨﴾ ذَٰلِكَ ٱلْيَوْمُ ٱلْحَقُّ فَمَن شَآءَ ٱتَّخَذَ إِلَىٰ رَبِّهِۦ مَـَٔابًا ﴿٣٩﴾

36 - 39 - بۇلارنىڭ ھەممىسى جەننەت ئەھلىگە ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن كاتتا مۇكاپات ۋە يېتەرلىك ئىنئامدۇر. ئاللاھ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ رەببىدۇر. ئاللاھ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ناھايىتى رەھىم - شەپقەتلىك زاتتۇر. ئۇ كۈندە ئاللاھ يول قويغان دائىرىنىڭ سىرتىدا ھېچكىم گەپ سورالمايدۇ. جىبرىل ۋە باشقا پەرىشتىلەر سەپ بولۇپ تۇرۇپ كېتىدىغان كۈندە، رەھمان ئاللاھ شاپائەت قىلىشقا ئىجازەت بەرگەن، ھەق سۆزنى قىلغان كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم شاپائەت قىلالمايدۇ. ئەنە شۇ كېلىدىغانلىقىدا قىلچە شەك بولمىغان ھەق كۈندۇر. كىمكى قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇشنى خالىسا، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق رەببىگە ئېلىپ بارىدىغان يولنى تۇتسۇن.

إِنَّآ أَنذَرْنَٰكُمْ عَذَابًا قَرِيبًا يَوْمَ يَنظُرُ ٱلْمَرْءُ مَا قَدَّمَتْ يَدَاهُ وَيَقُولُ ٱلْكَافِرُ يَٰلَيْتَنِى كُنتُ
تُرَٰبًۢا ﴿٤٠﴾

40 - بىز سىلەرنى ھەقىقەتەن يېقىندا يۈز بېرىدىغان ئاخىرەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇردۇق، ئۇ كۈندە ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى - يامان ئەمەللىرىنى كۆرىدۇ، كاپىر ئادەم ھېساب بېرىشنىڭ قىيىنلىقىدىن: «كاشكى مەن توپا بولۇپ كەتكەن بولسامچۇ، تىرىلدۈرۈلمىگەن بولسامچۇ!» دەپ كېتىدۇ.

# نازىئات سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

وَٱلنَّٰزِعَٰتِ غَرۡقٗا ﴿١﴾ وَٱلنَّٰشِطَٰتِ نَشۡطٗا ﴿٢﴾ وَٱلسَّٰبِحَٰتِ سَبۡحٗا ﴿٣﴾ فَٱلسَّٰبِقَٰتِ سَبۡقٗا ﴿٤﴾
فَٱلۡمُدَبِّرَٰتِ أَمۡرٗا ﴿٥﴾ يَوۡمَ تَرۡجُفُ ٱلرَّاجِفَةُ ﴿٦﴾ تَتۡبَعُهَا ٱلرَّادِفَةُ ﴿٧﴾

1 ـ 7 ـ ئاللاھ كاپىرلارنىڭ جانلىرىنى قاتتىق تارتىپ ئالغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن، مۇئمىنلەرنىڭ جانلىرىنى سىلىق ئالغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئېلىپ چۈشۈش جەريانىدا ئاسماندىن چۈشۈش ۋە چىقىش بىلەن تېز ھەرىكەت قىلىپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنداش ئۈچۈن بىر - بىرى بىلەن بەسلەشكۈچى پەرىشتىلەر بىلەن، ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىپ دېدىكى، بىرىنچى قېتىم سۇر چېلىنىشى بىلەن بارلىق شەيئىلەر تەۋرەپ ھالاك بولۇپ كېتىدۇ، ئاندىن (ھەممىنى) تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن سۇر ئىككىنچى قېتىم چېلىنىدىغان كۈندە ئۆلۈكلەرنىڭ ھەممىسى چوقۇم تىرىلدۈرۈلىدۇ ۋە ئەمەللىرىدىن ھېساب ئېلىنىدۇ.

قُلُوبٞ يَوۡمَئِذٖ وَاجِفَةٌ ﴿٨﴾ أَبۡصَٰرُهَا خَٰشِعَةٞ ﴿٩﴾

8 ـ 9 ـ ئۇ كۈندە كاپىرلارنىڭ دىللىرى قورقۇنچتىن تىترەپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە قورقۇنچ بىلەن خارلىقنىڭ ئەسەرلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

يَقُولُونَ أَءِنَّا لَمَرۡدُودُونَ فِي ٱلۡحَافِرَةِ ﴿١٠﴾ أَءِذَا كُنَّا عِظَٰمٗا نَّخِرَةٗ ﴿١١﴾ قَالُواْ تِلۡكَ إِذٗا كَرَّةٌ خَاسِرَةٞ ﴿١٢﴾

10 ـ 12 ـ ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلار: «بىز ئۆلگەندىن كېيىن راستتىنلا دۇنيادىكى تىرىك ھالىتىمىزگە قايتۇرۇلامدۇق؟ يەنى بىز چىرىگەن سۆڭەك بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئەسلىدىكى ھالىتىمىزگە قايتۇرۇلامدۇق؟» دېيىشىۋاتىدۇ. ئۇلار يەنە: «ئۇنداقتا، بىزنىڭ بۇ قايتىشىمىز زىيانلىق قايتىش ئىكەنغۇ!» دېدى.

فَإِنَّمَا هِيَ زَجۡرَةٞ وَٰحِدَةٞ ﴿١٣﴾ فَإِذَا هُم بِٱلسَّاهِرَةِ ﴿١٤﴾

13 ـ 14 ـ ئۇ ئىككىنچى قېتىملىق سۇرنىڭ چېلىنىشى بىرلا ئاۋاز بولۇپ، ئۇ چاغدا خالايىق تىرىلىپ قەبرىلىرىدىن زېمىن يۈزىگە چىقىپ قالىدۇ.

هَلۡ أَتَىٰكَ حَدِيثُ مُوسَىٰٓ ﴿١٥﴾ إِذۡ نَادَىٰهُ رَبُّهُۥ بِٱلۡوَادِ ٱلۡمُقَدَّسِ طُوًى ﴿١٦﴾

15 ـ 16 ـ ئى پەيغەمبەر! ساڭا مۇسانىڭ خەۋىرى كەلدىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا رەببى ئۇنىڭغا تۇۋا ناملىق مۇقەددەس ۋادىدا نىدا قىلغان ئىدى.

ٱذْهَبْ إِلَىٰ فِرْعَوْنَ إِنَّهُۥ طَغَىٰ ﴿١٧﴾ فَقُلْ هَل لَّكَ إِلَىٰٓ أَن تَزَكَّىٰ ﴿١٨﴾ وَأَهْدِيَكَ إِلَىٰ رَبِّكَ فَتَخْشَىٰ ﴿١٩﴾

17 - 19 - رەببى ئۇنىڭغا شۇ چاغدا مۇنداق دېگەن: «سەن پىرئەۋننىڭ قېشىغا بارغىن. ئۇ گۇناھكارلىقتا ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇنىڭغا: ‹ سەن ئۆزۈڭنى نۇقسانلاردىن پاك قىلىشنى ۋە ئىمان بىلەن زىننەتلەشنى ۋە مېنىڭ سېنى رەببىڭگە ئىتائەت قىلىدىغان يولغا يېتەكلىشىمنى خالامسەن؟ شۇنداق قىلساڭ، رەببىڭدىن قورقىدىغان بولىسەن› دېگىن».

فَأَرَىٰهُ ٱلْـَٔايَةَ ٱلْكُبْرَىٰ ﴿٢٠﴾ فَكَذَّبَ وَعَصَىٰ ﴿٢١﴾ ثُمَّ أَدْبَرَ يَسْعَىٰ ﴿٢٢﴾

20 - 22 - مۇسا پىرئەۋنگە ئەجدىھاغا ئايلىنىدىغان ھاسا بىلەن ئاپئاق بولۇپ يانىدىغان قولدىن ئىبارەت چوڭ مۆجىزىنى كۆرسەتتى. ئەمما پىرئەۋن مۇسانى يالغانچى دېدى ۋە ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلدى. ئاندىن ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتىپ، مۇساغا قارشى تۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى.

فَحَشَرَ فَنَادَىٰ ﴿٢٣﴾ فَقَالَ أَنَا۠ رَبُّكُمُ ٱلْأَعْلَىٰ ﴿٢٤﴾ فَأَخَذَهُ ٱللَّهُ نَكَالَ ٱلْـَٔاخِرَةِ وَٱلْأُولَىٰٓ ﴿٢٥﴾ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَعِبْرَةً لِّمَن يَخْشَىٰٓ ﴿٢٦﴾

23 - 26 - پىرئەۋن دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرىنى توپلاپ، ئۇلارغا: «مەن سىلەرنىڭ ئەڭ ئۇستۈن رەببىڭلار بولىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ پىرئەۋننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا دۇچار قىلدى. ئۇنى ھەددىدىن ئاشقان بارلىق زالىملار ئۈچۈن ئىبرەت قىلدى. شەكسىزكى، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭغا كەلگەن ئازابتا ئىبرەت ئالىدىغان ۋە ئاللاھتىن قورقىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت ۋە ساۋاقلار بار.

ءَأَنتُمْ أَشَدُّ خَلْقًا أَمِ ٱلسَّمَآءُ ۚ بَنَىٰهَا ﴿٢٧﴾ رَفَعَ سَمْكَهَا فَسَوَّىٰهَا ﴿٢٨﴾ وَأَغْطَشَ لَيْلَهَا وَأَخْرَجَ ضُحَىٰهَا ﴿٢٩﴾ وَٱلْأَرْضَ بَعْدَ ذَٰلِكَ دَحَىٰهَآ ﴿٣٠﴾ أَخْرَجَ مِنْهَا مَآءَهَا وَمَرْعَىٰهَا ﴿٣١﴾ وَٱلْجِبَالَ أَرْسَىٰهَا ﴿٣٢﴾ مَتَٰعًا لَّكُمْ وَلِأَنْعَٰمِكُمْ ﴿٣٣﴾

27 - 33 - ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ قارىشىڭلارچە سىلەرنى ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن تىرىلدۈرۈش قىيىنمۇ ياكى ئاسماننى يارىتىشمۇ؟ ئاللاھ ئاسماننى ئۈستۈڭلارغا بىنادەك ياراتتى، ئۇنى ئېگىز ۋە كەم - كوتىسىز قىلدى، ئۇ ئاسماننىڭ كېچىسىنى قۇياشنى پاتقۇزۇش ئارقىلىق قاپقاراڭغۇ قىلدى، كۈندۈزىنى قۇياشنى چىقىرىش ئارقىلىق يوپيورۇق قىلدى، ئاسماننى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن زېمىننى ياشاشقا لايىق قىلىپ يايدى، زېمىندا نۇرغۇن نېمەتلەرنى ياراتتى، ئۇنىڭدىن بۇلاقلارنى ئاقتۇردى، ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردى، تاغلارنى مۇستەھكەم قىلىپ ئورناتتى. ئاللاھ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىلەرنىڭ ۋە چارۋىلىرىڭلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ياراتتى. قىيامەت كۈنى سىلەرنى تىرىلدۈرۈپ ئەسلىڭلارغا قايتۇرۇش ئاللاھ تائالاغا نىسبەتەن مۇشۇ نېمەتلەرنى ياراتقاندىن ئوڭايدۇر. ئاللاھقا ھەممە ئىش ئوڭايدۇر.

فَإِذَا جَآءَتِ ٱلطَّآمَّةُ ٱلْكُبْرَىٰ ﴿٣٤﴾ يَوْمَ يَتَذَكَّرُ ٱلْإِنسَٰنُ مَا سَعَىٰ ﴿٣٥﴾ وَبُرِّزَتِ ٱلْجَحِيمُ لِمَن يَرَىٰ ﴿٣٦﴾

34 - 36 - قىيامەت قايىم بولۇپ، سۇر ئىككىنچى قېتىم چېلىنغان چاغدا، ئىنسانغا بارلىق ياخشى - يامان ئەمەللىرى كۆرسىتىلىدۇ. ئىنسان ئۇلارنى ئېسىگە ئالىدۇ ۋە قىلمىشلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، كۆرەلەيدىغان ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن جەھەننەم ئوچۇق كۆرسىتىلىدۇ.

فَأَمَّا مَن طَغَىٰ ﴿٣٧﴾ وَءَاثَرَ ٱلْحَيَوٰةَ ٱلدُّنْيَا ﴿٣٨﴾ فَإِنَّ ٱلْجَحِيمَ هِىَ ٱلْمَأْوَىٰ ﴿٣٩﴾

37 - 39- كىمكى ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا قارشى چىقىدىكەن ۋە دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرىدىكەن، ئۇنىڭ بارىدىغان جايى ھەقىقەتەن جەھەننەم بولىدۇ.

وَأَمَّا مَنْ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِۦ وَنَهَى ٱلنَّفْسَ عَنِ ٱلْهَوَىٰ ﴿٤٠﴾ فَإِنَّ ٱلْجَنَّةَ هِىَ ٱلْمَأْوَىٰ ﴿٤١﴾

40 - 41- ئەمدى، رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇپ سوراققا تارتىلىشتىن قورقىدىغان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ.

يَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلسَّاعَةِ أَيَّانَ مُرْسَىٰهَا ﴿٤٢﴾ فِيمَ أَنتَ مِن ذِكْرَىٰهَآ ﴿٤٣﴾ إِلَىٰ رَبِّكَ مُنتَهَىٰهَآ ﴿٤٤﴾ إِنَّمَآ أَنتَ مُنذِرُ مَن يَخْشَىٰهَا ﴿٤٥﴾ كَأَنَّهُمْ يَوْمَ يَرَوْنَهَا لَمْ يَلْبَثُوٓا۟ إِلَّا عَشِيَّةً أَوْ ضُحَىٰهَا ﴿٤٦﴾

42 - 46- ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلار قىيامەتنى ئاددىي سانىغانلىقتىن، سەندىن ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. سەن ئۇنىڭ ۋاقتىنى بىلمەيسەن، ئۇنى پەقەت ئاللاھلا بىلىدۇ. سېنىڭ بۇ ئىشتىكى ۋەزىپەڭ ئۇنىڭدىن قورقىدىغان كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ئۇلار قىيامەتنى كۆرگەن كۈندە، ئۇ كۈننىڭ قىيىنلىقىدىن ئۆزىنى دۇنيادا پەقەت پېشىن ۋاقتىدىن كۈن پاتقۇچىلىك ياكى كۈن چىققان ۋاقتتىن چۈشكىچىلىك تۇرغاندەكلا ھېس قىلىدۇ.

# ئەبەسە سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

عَبَسَ وَتَوَلَّىٰٓ ﴿١﴾ أَن جَآءَهُ ٱلۡأَعۡمَىٰ ﴿٢﴾

1 ـ 2ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشنىڭ كاتتىباشلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش بىلەن مەشغۇل ئىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم دېگەن ئەما ئادەم پەيغەمبەرنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن مەسىلە سوراشقا باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىرايىنى ئۆزگەرتتى ۋە تۈردى.

وَمَا يُدۡرِيكَ لَعَلَّهُۥ يَزَّكَّىٰٓ ﴿٣﴾ أَوۡ يَذَّكَّرُ فَتَنفَعَهُ ٱلذِّكۡرَىٰٓ ﴿٤﴾

3 ـ 4ـ ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى نەدىن بىلىسەن؟ بەلكى ئۇ سەندىن سوراپ ئۆگىنىش ئارقىلىق نەپسىنى پاكلىشى ياكى كۆپرەك ئىبرەت ۋە ۋەز ـ نەسىھەت ھاسىل قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

أَمَّا مَنِ ٱسۡتَغۡنَىٰ ﴿٥﴾ فَأَنتَ لَهُۥ تَصَدَّىٰ ﴿٦﴾ وَمَا عَلَيۡكَ أَلَّا يَزَّكَّىٰ ﴿٧﴾

5 ـ 7ـ سەن سېنىڭ دەۋىتىڭدىن ئۆزىنى بىھاجەت سانايدىغان ئادەمگە يۈزلىنىۋاتىسەن ۋە ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىۋاتىسەن. ئۇ ئادەم كۇفرىدىن پاكلانمىسا، ساڭا نېمە زىيىنى بار؟

وَأَمَّا مَن جَآءَكَ يَسۡعَىٰ ﴿٨﴾ وَهُوَ يَخۡشَىٰ ﴿٩﴾ فَأَنتَ عَنۡهُ تَلَهَّىٰ ﴿١٠﴾ كَلَّآ إِنَّهَا تَذۡكِرَةٞ ﴿١١﴾ فَمَن
شَآءَ ذَكَرَهُۥ ﴿١٢﴾ فِي صُحُفٖ مُّكَرَّمَةٖ ﴿١٣﴾ مَّرۡفُوعَةٖ مُّطَهَّرَةِۭ ﴿١٤﴾ بِأَيۡدِي سَفَرَةٖ ﴿١٥﴾ كِرَامِۭ بَرَرَةٖ ﴿١٦﴾

8 ـ 16ـ ئەمما سېنى كۆرۈشكە ۋە سېنىڭ دەۋىتىڭنى ئاڭلاشقا قىزىقىپ يېنىڭغا يۈگۈرۈپ كەلگەن ۋە ئىلىم تەلەپ قىلىشتا كەمچىلىك سادىر قىلىپ قويۇپ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن قورقىدىغان كىشىگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا قارىمايۋاتىسەن. ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇنداق قىلمىغىن. ھىدايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ سۈرە ساڭا ۋە ئىبرەت ئېلىشنى خالىغان ھەرقانداق ئادەمگە ئۈگۈتتۇر. خالىغان ئادەم ئاللاھنى ياد ئەتسۇن، ئۇنىڭ ۋەھيىگە ئەگەشسۇن. ئاللاھنىڭ ۋەھيى قۇرئان بولۇپ، ئۇ قىممەتلىك، يۇقىرى مەرتىۋىلىك پاك سەھىپىلەرگە ھۆرمەتلىك، ياخشى پۈتۈكچى پەرىشتىلەرنىڭ قولى بىلەن پۈتۈلگەن كىتابتۇر.

قُتِلَ ٱلۡإِنسَٰنُ مَآ أَكۡفَرَهُۥ ﴿١٧﴾ مِنۡ أَيِّ شَيۡءٍ خَلَقَهُۥ ﴿١٨﴾ مِن نُّطۡفَةٍ خَلَقَهُۥ فَقَدَّرَهُۥ ﴿١٩﴾ ثُمَّ
ٱلسَّبِيلَ يَسَّرَهُۥ ﴿٢٠﴾ ثُمَّ أَمَاتَهُۥ فَأَقۡبَرَهُۥ ﴿٢١﴾ ثُمَّ إِذَا شَآءَ أَنشَرَهُۥ ﴿٢٢﴾ كَلَّا لَمَّا يَقۡضِ مَآ أَمَرَهُۥ ﴿٢٣﴾

17 - 23- كاپىر ئىنسانغا لەنەت بولسۇن، ئۇ ئازابقا دۇچار بولسۇن، ئۇنىڭ كاپىرلىقى نېمىدېگەن يامان! ئاللاھنىڭ ئۇنى دەسلەپتە نېمىدىن ياراتقانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ ئاللاھ ئۇنى ئابىمەنىيدىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭ ئەزالىرىنى باسقۇچلارغا بۆلۈپ تاكامۇللاشتۇردى ۋە ئۆلچەملىك قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭغا ياخشىلىق ۋە يامانلىق يوللىرىنى بايان قىلىپ بەردى. ئاندىن ئۇنى ۋاپات قىلدۇرۇپ قەبرىگە كىرگۈزدى. ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا تىرىلدۈرىدۇ. ئىش ھەرگىز ئۇ كاپىر ئىنسان دېگەندەك ۋە قىلغاندەك ئەمەس، ھەقىقەت شۇكى، ئۇ كاپىر ئىنسان ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇندىمىدى، ئاللاھقا ئىمان ئېيتمىدى، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلمىدى.

فَلۡيَنظُرِ ٱلۡإِنسَٰنُ إِلَىٰ طَعَامِهِۦٓ ﴿٢٤﴾ أَنَّا صَبَبۡنَا ٱلۡمَآءَ صَبّٗا ﴿٢٥﴾ ثُمَّ شَقَقۡنَا ٱلۡأَرۡضَ شَقّٗا ﴿٢٦﴾ فَأَنۢبَتۡنَا فِيهَا حَبّٗا ﴿٢٧﴾ وَعِنَبٗا وَقَضۡبٗا ﴿٢٨﴾ وَزَيۡتُونٗا وَنَخۡلٗا ﴿٢٩﴾ وَحَدَآئِقَ غُلۡبٗا ﴿٣٠﴾ وَفَٰكِهَةٗ وَأَبّٗا ﴿٣١﴾ مَّتَٰعٗا لَّكُمۡ وَلِأَنۡعَٰمِكُمۡ ﴿٣٢﴾

24 - 32- ئىنسان ئويلاپ باقسۇن، ئاللاھ ئىنسان ھاياتىنىڭ ئوزۇقى بولغان يېمەك - ئىچمەكلەرنى قانداق ياراتتى؟ شەكسىزكى، بىز يەر يۈزىگە زور مىقداردا يامغۇر ياغدۇردۇق، ئاندىن زېمىننى ئۇنىڭدىن تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىش بىلەن ياردۇق. زېمىندا دانلىق زىرائەتلەرنى، ئۈزۈمنى، چارۋىلارنىڭ يېمەكلىرىنى، زەيتۇننى، خورمىنى، دەرەخلىرى قويۇق باغلارنى، تۈرلۈك مېۋىلەرنى، ئوت - چۆپلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىلەرنىڭ ۋە چارۋىلىرىڭلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن ياراتتۇق.

فَإِذَا جَآءَتِ ٱلصَّآخَّةُ ﴿٣٣﴾ يَوۡمَ يَفِرُّ ٱلۡمَرۡءُ مِنۡ أَخِيهِ ﴿٣٤﴾ وَأُمِّهِۦ وَأَبِيهِ ﴿٣٥﴾ وَصَٰحِبَتِهِۦ وَبَنِيهِ ﴿٣٦﴾ لِكُلِّ ٱمۡرِيٕٖ مِّنۡهُمۡ يَوۡمَئِذٖ شَأۡنٞ يُغۡنِيهِ ﴿٣٧﴾

33 - 37- قىيامەتنىڭ قۇلاقلارنى گاس قىلىۋېتىدىغان قاتتىق ئاۋازى كەلگەن چاغدا، ئەنە شۇ كۈندە ئىنسان ئۇ كۈندىكى قورقۇنچ سەۋەبلىك ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، ئايالىدىن ۋە باللىرىدىنمۇ قاچىدۇ. ئۇ كۈندە ھەركىم ئۆز غېمى بىلەنلا بولۇپ كېتىدۇ.

وُجُوهٞ يَوۡمَئِذٖ مُّسۡفِرَةٞ ﴿٣٨﴾ ضَاحِكَةٞ مُّسۡتَبۡشِرَةٞ ﴿٣٩﴾ وَوُجُوهٞ يَوۡمَئِذٍ عَلَيۡهَا غَبَرَةٞ ﴿٤٠﴾

38 - 40- ئۇ كۈندە جەننەت ئەھلىنىڭ يۈزلىرىدىن نۇر، كۈلكە ۋە خۇشال - خۇراملىق يېغىپ تۇرىدۇ، دوزاخ ئەھلىنىڭ يۈزلىرى چاڭ - توزان باسقان ۋە قارىداپ كەتكەن بولىدۇ.

تَرۡهَقُهَا قَتَرَةٌ ﴿٤١﴾ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡكَفَرَةُ ٱلۡفَجَرَةُ ﴿٤٢﴾

41 - 42- ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى خارلىق قاپلىۋالىدۇ. ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلغان، ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان، ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلارغا جۈرئەت قىلغان گۇناھكار كاپىرلاردۇر.

# تەكۋىر سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

إِذَا ٱلشَّمۡسُ كُوِّرَتۡ ﴿١﴾ وَإِذَا ٱلنُّجُومُ ٱنكَدَرَتۡ ﴿٢﴾ وَإِذَا ٱلۡجِبَالُ سُيِّرَتۡ ﴿٣﴾ وَإِذَا ٱلۡعِشَارُ عُطِّلَتۡ ﴿٤﴾
وَإِذَا ٱلۡوُحُوشُ حُشِرَتۡ ﴿٥﴾ وَإِذَا ٱلۡبِحَارُ سُجِّرَتۡ ﴿٦﴾ وَإِذَا ٱلنُّفُوسُ زُوِّجَتۡ ﴿٧﴾ وَإِذَا ٱلۡمَوۡءُۥدَةُ سُئِلَتۡ ﴿٨﴾
بِأَيِّ ذَنۢبٖ قُتِلَتۡ ﴿٩﴾ وَإِذَا ٱلصُّحُفُ نُشِرَتۡ ﴿١٠﴾ وَإِذَا ٱلسَّمَآءُ كُشِطَتۡ ﴿١١﴾ وَإِذَا ٱلۡجَحِيمُ سُعِّرَتۡ ﴿١٢﴾ وَإِذَا
ٱلۡجَنَّةُ أُزۡلِفَتۡ ﴿١٣﴾ عَلِمَتۡ نَفۡسٞ مَّآ أَحۡضَرَتۡ ﴿١٤﴾

1 ـ 14 ـ كۈن يۆگىلىپ، ئۇنىڭ نۇرى ئۆچكەن، يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن ۋە يورۇقلۇقى يوقالغان، تاغلار پارچىلىنىپ توزاندەك تۇزۇپ يەر يۈزىدىن قوزغىلىپ كەتكەن، بوغاز تۆگىلەر تاشلىۋېتىلگەن، ياۋايى ھايۋانلار بىر ـ بىرىدىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن توپلانغان، دېڭىزلار ئوت بولۇپ يانغان، جانلار ئۆزىنىڭ ئوخشاشلىرىغا قوشۇلغان، قىز بوۋاقلارنى تىرىك كۆمۈۋەتكەن زالىملارنى پۇشايمان قىلدۇرۇش ئۈچۈن، تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىز بوۋاقتىن: «سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئىدىڭ؟» دەپ سورالغان، نامە ـ ئەماللار ئېچىلغان، ئاسمان يۈزى ئېچىپ تاشلانغان ۋە ئورنىدىن يوقالغان، دوزاخ قىزىتىلغان، جەننەت جەننەت ئەھلى بولغان تەقۋادار كىشىلەرگە يېقىنلاشتۇرۇلغان چاغدا، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى بىلىدۇ.

فَلَآ أُقۡسِمُ بِٱلۡخُنَّسِ ﴿١٥﴾ ٱلۡجَوَارِ ٱلۡكُنَّسِ ﴿١٦﴾ وَٱلَّيۡلِ إِذَا عَسۡعَسَ ﴿١٧﴾ وَٱلصُّبۡحِ إِذَا تَنَفَّسَ ﴿١٨﴾ إِنَّهُۥ لَقَوۡلُ
رَسُولٖ كَرِيمٖ ﴿١٩﴾ ذِي قُوَّةٍ عِندَ ذِي ٱلۡعَرۡشِ مَكِينٖ ﴿٢٠﴾ مُّطَاعٖ ثَمَّ أَمِينٖ ﴿٢١﴾

15 ـ 21 ـ ئاللاھ كۈندۈزى كۆرۈنمەيدىغان ۋە پاتىدىغان ۋاقتىدا يوشۇرۇنىدىغان سەييارە يۇلتۇزلار بىلەن، قاراڭغۇلۇقنى ئېلىپ كەلگەن كېچە بىلەن، يورۇشقا باشلىغان سۈبھى بىلەن قەسەم قىلىپ دېدىكى، بۇ قۇرئان ھۆرمەتلىك، بۇيرۇلغان ئىشنى ئورۇنداشتا كۈچلۈك، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلىك، پەرىشتىلەرنى باشقۇرىدىغان، ۋەھيىنى ساق ـ سالامەت ئېلىپ چۈشۈشتە ناھايىتى ئىشەنچلىك ئەلچى — جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئېلىپ كەلگەن ۋەھيىدۇر.

وَمَا صَاحِبُكُم بِمَجۡنُونٖ ﴿٢٢﴾ وَلَقَدۡ رَءَاهُ بِٱلۡأُفُقِ ٱلۡمُبِينِ ﴿٢٣﴾ وَمَا هُوَ عَلَى ٱلۡغَيۡبِ بِضَنِينٖ ﴿٢٤﴾ وَمَا هُوَ
بِقَوۡلِ شَيۡطَٰنٖ رَّجِيمٖ ﴿٢٥﴾

22 ـ 25 ـ سىلەر بىلىدىغان مۇھەممەد مەجنۇن ئەمەس. شەكسىزكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ۋەھيى ئېلىپ كېلىدىغان جىبرىلنى، مەككىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىگە جايلاشقان ھىرا غارىدىكى روشەن ئۇپۇقتا، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى شەكلى بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرگەن ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋەھيىنى يەتكۈزۈشتە بېخىل ئەمەستۇر.

بۇ قۇرئان ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغان لەنىتى شەيتاننىڭ سۆزى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ سۆزى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلغان ۋەھيىسىدۇر.

فَأَيۡنَ تَذۡهَبُونَ ﴿٢٦﴾ إِنۡ هُوَ إِلَّا ذِكۡرٞ لِّلۡعَٰلَمِينَ ﴿٢٧﴾ لِمَن شَآءَ مِنكُمۡ أَن يَسۡتَقِيمَ ﴿٢٨﴾ وَمَا تَشَآءُونَ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُ رَبُّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٢٩﴾

26 ـ 29 ـ مۇشۇنداق كەسكىن دەلىل ـ پاكىتتىن كېيىن، قۇرئاننى ئىنكار قىلىشتا سىلەرنىڭ ئەقلىڭلار نەگە كېتىپ باردۇ؟ بۇ قۇرئان پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن پەقەتلا ۋەز ـ نەسىھەتتۇر. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ھەقىقەت ۋە ئىمان ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشنى خالايدىغان كىشىلەر ئۈچۈنمۇ ۋەز ـ نەسىھەتتۇر. سىلەر بۇنداق مۇستەھكەم تۇرۇشقا پەقەت بارچە خالايىقنىڭ رەببى ئاللاھ ئىرادە قىلغاندىلا قادىر بولالايسىلەر.

# ئىنفىتار سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

إِذَا ٱلسَّمَآءُ ٱنفَطَرَتۡ ١ وَإِذَا ٱلۡكَوَاكِبُ ٱنتَثَرَتۡ ٢ وَإِذَا ٱلۡبِحَارُ فُجِّرَتۡ ٣ وَإِذَا ٱلۡقُبُورُ بُعۡثِرَتۡ ٤ عَلِمَتۡ نَفۡسٞ مَّا قَدَّمَتۡ وَأَخَّرَتۡ ٥

1 ـ 5ـ ئاسمان يېرىلغان، ئۇنىڭ نىزامى بۇزۇلغان، يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن، ئاللاھ دېڭىزلارنى بىر ـ بىرىگە قوشۇۋەتكەن ۋە سۈيى تۈگەپ كەتكەن، قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەر تىرىلدۈرۈلۈپ چىقىرىلغان چاغدا، ھەربىر ئادەم ئىلگىرى ـ كېيىن قىلغان بارلىق ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ ۋە مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى كۆرىدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡإِنسَٰنُ مَا غَرَّكَ بِرَبِّكَ ٱلۡكَرِيمِ ٦ ٱلَّذِي خَلَقَكَ فَسَوَّىٰكَ فَعَدَلَكَ ٧ فِيٓ أَيِّ صُورَةٖ مَّا شَآءَ رَكَّبَكَ ٨

6 ـ 8ـ ئى ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغان كاپىر ئىنسان! سېنىڭ سانسىزلىغان ئاتا ـ ئېھسان ئىگىسى، شۈكۈرگە ۋە ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان كەرەملىك رەببىڭگە ئاسىيلىق قىلىشىڭدا سېنى نېمە ئالداپ قويىدى؟ ئاللاھ سېنى يارىتىپ، ئەزالىرىڭنى بېجىرىم، قامىتىڭنى تۈز قىلغان، ئەزالىرىڭنى ۋەزىپەڭنى ئۆتەشكە قادىر قىلغان ۋە سېنى ئۆزى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزگەن زات ئەمەسمۇ؟!

كَلَّا بَلۡ تُكَذِّبُونَ بِٱلدِّينِ ٩ وَإِنَّ عَلَيۡكُمۡ لَحَٰفِظِينَ ١٠ كِرَامٗا كَٰتِبِينَ ١١ يَعۡلَمُونَ مَا تَفۡعَلُونَ ١٢

9 ـ 12 ـ ئەمەلىيەت ھەرگىز سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، سىلەرنىڭ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى قويۇپ، مەخلۇقاتقا چوقۇنغانلىقىڭلار ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتۇر. بەلكى سىلەر ھېساب ئېلىش ۋە مۇكاپات ياكى جازا بېرىش كۈنى بولغان قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلىۋاتىسىلەر. (ئۇنتۇماڭلاركى) ئۈستۈڭلاردا سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى، قىلمىشىڭلارنى يېزىپ تۇرغۇچى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بار. ئۇلار سىلەرنىڭ ھەرقانداق ئەمەلىڭلارنى تولۇق يېزىپ تۇرىدۇ، ياخشى ـ يامان بارلىق ئەمەلىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.

إِنَّ ٱلۡأَبۡرَارَ لَفِي نَعِيمٖ ١٣

13 ـ شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى ئادا قىلغان تەقۋادار كىشىلەر چوقۇم جەننەتتە بولىدۇ.

وَإِنَّ ٱلْفُجَّارَ لَفِى جَحِيمٍ ﴿١٤﴾ يَصْلَوْنَهَا يَوْمَ ٱلدِّينِ ﴿١٥﴾ وَمَا هُمْ عَنْهَا بِغَآئِبِينَ ﴿١٦﴾

14 - 16 - ئاللاھنىڭ ھەقلىرىنى ۋە ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى زايە قىلىۋەتكەن گۇناھكارلار چوقۇم دوزاختا بولىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇلارنى دوزاخنىڭ يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتى كۆيدۈرىدۇ، ئۇلار دوزاختا ئازابتىن يا قېچىپ كېتەلمەيدۇ ياكى ئۆلۈپ قۇتۇلالمايدۇ.

وَمَآ أَدْرَىٰكَ مَا يَوْمُ ٱلدِّينِ ﴿١٧﴾ ثُمَّ مَآ أَدْرَىٰكَ مَا يَوْمُ ٱلدِّينِ ﴿١٨﴾ يَوْمَ لَا تَمْلِكُ نَفْسٌ لِّنَفْسٍ شَيْـًٔا ۖ وَٱلْأَمْرُ يَوْمَئِذٍ لِّلَّهِ ﴿١٩﴾

17 - 19 - سەن قىيامەت كۈنىنىڭ قانداق كۈن ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ راستتىنلا سەن قىيامەت كۈنىنىڭ قانداق كۈن ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇ ھېچقانداق بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە قىلچە ياردەم بېرەلمەيدىغان كۈندۇر، ئۇ كۈندە ھۆكۈم قىلىش ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدىغان، ھېچكىم تالاش - تارتىش قىلالمايدىغان ۋە ھېچكىم قەھر قىلالمايدىغان يېگانە ئاللاھقا خاستۇر.

# مۇتەففىفىين سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

وَيۡلٞ لِّلۡمُطَفِّفِينَ ﴿١﴾ ٱلَّذِينَ إِذَا ٱكۡتَالُواْ عَلَى ٱلنَّاسِ يَسۡتَوۡفُونَ ﴿٢﴾ وَإِذَا كَالُوهُمۡ أَو وَّزَنُوهُمۡ يُخۡسِرُونَ ﴿٣﴾
أَلَا يَظُنُّ أُوْلَٰٓئِكَ أَنَّهُم مَّبۡعُوثُونَ ﴿٤﴾

1 ـ 4 ـ ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بەرگۈچىلەر قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغاندا تولۇق ئالىدۇ، كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەندە بولسا كەم بېرىدۇ. كەم بەرگۈچىلەر قاتتىق ئازابقا تېگىشلىك بولغان يەردە، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى ئوغرىلىغان، يولسىزلىق قىلىپ يەۋالغان ۋە ئۇلارنى زىيان ـ زەخمەتلەرگە ئۇچراتقانلارنىڭ ھالى قانداق بولماقچى؟ ئەلۋەتتە ئۇلار ئالدىنقىلاردىن بەكرەك قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. كىشىلەرگە تارتىپ بەرگەندە كەم تارتىپ بېرىدىغان ئاشۇ ئىنسانلار ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ئاخىرەتتە تىرىلدۈرىدىغانلىقىغا، قىلمىشلىرىدىن ھېساب ئالىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ؟

لِيَوۡمٍ عَظِيمٖ ﴿٥﴾ يَوۡمَ يَقُومُ ٱلنَّاسُ لِرَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٦﴾

5 ـ 6 ـ ئۇلار قورقۇنچلۇق بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلدۈرۈلىدۇ. ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ مەيلى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن بارلىق ئەمەللىرىدىن ھېساب ئالىدۇ. ئۇلار ئۇ كۈندە ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا تامامەن بويسۇنغۇچىدۇر.

كَلَّآ إِنَّ كِتَٰبَ ٱلۡفُجَّارِ لَفِي سِجِّينٖ ﴿٧﴾ وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا سِجِّينٞ ﴿٨﴾ كِتَٰبٞ مَّرۡقُومٞ ﴿٩﴾

7 ـ 9 ـ ھەقىقەت شۇكى، گۇناھكارلارنىڭ ئاقىۋىتى ۋە بارىدىغان جايى ئىنتايىن تار جاي بولىدۇ. ئۇنىڭ قانداق تار جاي ئىكەنلىكىنى سەن بىلەمسەن؟ ئۇ مەڭگۈلۈك تۈرمە ۋە قاتتىق ئازابتۇر. ئۇ گۇناھكارلارغا ئالدىن بەلگىلىنىپ بولغان جايدۇر، ئۇنىڭغا كەم ـ زىيادە قىلىنمايدۇ.

وَيۡلٞ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُكَذِّبِينَ ﴿١٠﴾ ٱلَّذِينَ يُكَذِّبُونَ بِيَوۡمِ ٱلدِّينِ ﴿١١﴾ وَمَا يُكَذِّبُ بِهِۦٓ إِلَّا كُلُّ مُعۡتَدٍ أَثِيمٍ ﴿١٢﴾
إِذَا تُتۡلَىٰ عَلَيۡهِ ءَايَٰتُنَا قَالَ أَسَٰطِيرُ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿١٣﴾ كَلَّاۖ بَلۡۜ رَانَ عَلَىٰ قُلُوبِهِم مَّا كَانُواْ يَكۡسِبُونَ ﴿١٤﴾
كَلَّآ إِنَّهُمۡ عَن رَّبِّهِمۡ يَوۡمَئِذٖ لَّمَحۡجُوبُونَ ﴿١٥﴾ ثُمَّ إِنَّهُمۡ لَصَالُواْ ٱلۡجَحِيمِ ﴿١٦﴾ ثُمَّ يُقَالُ هَٰذَا ٱلَّذِي كُنتُم
بِهِۦ تُكَذِّبُونَ ﴿١٧﴾

10 ـ 17 ـ قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلار ئۇ كۈندە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. قىيامەت كۈنىنى پەقەت ھەددىدىن ئاشقان، گۇناھكار ئادەملا ئىنكار قىلىدۇ. ئۇنىڭغا قۇرئان ئايەتلىرى ئوقۇپ بېرىلسە، «بۇ قەدىمكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرىدۇر» دەيدۇ.

ئەمەلىيەت ھەرگىز كاپىرلار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلغان سۆزىدۇر. ئۇلار گۇناھنى قىلىۋېرىپ دىللىرى قارىيىپ كەتكەنلىكتىن، دىللىرى بۇ قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن توسۇلۇپ قالغان. ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇ كاپىرلار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، بەلكى ئۇ كاپىرلار قىيامەت كۈنىدە ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم قىلىنىدۇ. (بۇ ئايەت مۇئمىنلەرنىڭ جەننەتتە ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ). ئاندىن ئۇ كاپىرلار ئەلۋەتتە دوزاخقا تاشلىنىدۇ ۋە دوزاخنىڭ يۇقىرى ھارارەتلىك ئوت ئازابىدا ئازابلىنىدۇ. ئاندىن ئۇلارغا: «سىلەر ئىنكار قىلغان جازا مانا مۇشۇدۇر» دېيىلىدۇ.

كَلَّآ إِنَّ كِتَٰبَ ٱلۡأَبۡرَارِ لَفِي عِلِّيِّينَ ﴿١٨﴾ وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا عِلِّيُّونَ ﴿١٩﴾ كِتَٰبٞ مَّرۡقُومٞ ﴿٢٠﴾ يَشۡهَدُهُ
ٱلۡمُقَرَّبُونَ ﴿٢١﴾

18 ـ 21 ـ ھەقىقەت شۇكى، ياخشىلارنىڭ (يەنى تەقۋادارلارنىڭ) نامە ـ ئەمالى جەننەتتىكى ئالىي مەرتىۋىلەردە بولىدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇ ئالىي مەرتىۋىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن بىلەمسەن؟ ياخشىلارنىڭ نامە ـ ئەمالى يېزىلىپ بولغان بولۇپ، ئۇنىڭغا كەم ـ زىيادە قىلىنمايدۇ، ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ ھەرقايسى ئاسمانلاردىكى يېقىن پەرىشتىلىرى خەۋەردار بولىدۇ.

إِنَّ ٱلۡأَبۡرَارَ لَفِي نَعِيمٍ ﴿٢٢﴾ عَلَى ٱلۡأَرَآئِكِ يَنظُرُونَ ﴿٢٣﴾ تَعۡرِفُ فِي وُجُوهِهِمۡ نَضۡرَةَ ٱلنَّعِيمِ ﴿٢٤﴾ يُسۡقَوۡنَ
مِن رَّحِيقٖ مَّخۡتُومٍ ﴿٢٥﴾ خِتَٰمُهُۥ مِسۡكٞۚ وَفِي ذَٰلِكَ فَلۡيَتَنَافَسِ ٱلۡمُتَنَٰفِسُونَ ﴿٢٦﴾ وَمِزَاجُهُۥ مِن
تَسۡنِيمٍ ﴿٢٧﴾ عَيۡنٗا يَشۡرَبُ بِهَا ٱلۡمُقَرَّبُونَ ﴿٢٨﴾

22 ـ 28 ـ شەكسىزكى، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان راستچىل كىشىلەر ئەلۋەتتە ئېسىل جەننەتلەردە، تەختلەرگە يۆلىنىپ، ئاللاھنىڭ جامالىغا ۋە ئۆزلىرىگە ھازىرلانغان مۇكاپاتلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ نېمەتلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنىڭ ئىپادىلىرىنى كۆرىسەن. ئۇلار ئاغزى پېچەتلەنگەن، ئەڭ ئاخىرقى يۇتۇمىمۇ ئىپار پۇرايدىغان ساپ شاراب بىلەن سۇغىرىلىدۇ. بەسلەشمەكچى بولغانلار مۇشۇ مەڭگۈلۈك نېمەتلەرگە ئېرىشىش يولىدا بەسلەشسۇن! ئۇ شارابقا جەننەتتىكى «تەسنىم» دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاقنىڭ سۈيى ئارىلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. ئۇ بۇلاق ئاللاھنىڭ تەقۋادار بەندىلىرىنىڭ ئىچىپ نېمەتلىنىشى ئۈچۈن تەييارلانغان بۇلاقتۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ أَجۡرَمُواْ كَانُواْ مِنَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ يَضۡحَكُونَ ﴿٢٩﴾ وَإِذَا مَرُّواْ بِهِمۡ يَتَغَامَزُونَ ﴿٣٠﴾ وَإِذَا
ٱنقَلَبُوٓاْ إِلَىٰٓ أَهۡلِهِمُ ٱنقَلَبُواْ فَكِهِينَ ﴿٣١﴾ وَإِذَا رَأَوۡهُمۡ قَالُوٓاْ إِنَّ هَٰٓؤُلَآءِ لَضَآلُّونَ ﴿٣٢﴾ وَمَآ أُرۡسِلُواْ
عَلَيۡهِمۡ حَٰفِظِينَ ﴿٣٣﴾

29 ـ 33 ـ شەكسىزكى، ئۇ گۇناھكار كاپىرلار دۇنيادا مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىپ كۈلەتتى، مۇئمىنلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتسە ئۇلارغا قاراپ ئۆزئارا كۆز قىسىشاتتى، ئۆيلىرىگە قايتقاندا ئۆي ئىچىدىكىلىرى بىلەن مۇئمىنلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ ھۇزۇرلىناتتى. ئۇ كاپىرلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىدايەت يولىدا مېڭىۋاتقان ساھابىلىرىنى كۆرسە، «بۇلار مۇھەممەدكە ئەگەشكەن ئازغۇنلاردۇر» دېيىشەتتى. ھالبۇكى، بۇ گۇناھكار كاپىرلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى كۆزىتىشكە ئەۋەتىلگەن ئەمەس.

فَٱلۡيَوۡمَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنَ ٱلۡكُفَّارِ يَضۡحَكُونَ ﴿٣٤﴾

34 ـ ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلغان مۇئمىنلەر قىيامەت كۈنى دۇنيادا ئۆزلىرىنى مەسخىرە قىلغان كاپىرلارنى مەسخىرە قىلىدۇ.

عَلَى ٱلۡأَرَآئِكِ يَنظُرُونَ ﴿٣٥﴾ هَلۡ ثُوِّبَ ٱلۡكُفَّارُ مَا كَانُواْ يَفۡعَلُونَ ﴿٣٦﴾

35 ـ 36ـ مۇئمىنلەر جەننەتتە ئالىي تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئاللاھ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان ئىززەت ـ ئىكرام ۋە ئېسىل نېمەتلەرگە قاراپ تاماشا قىلىدۇ. بۇ نېمەتلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كاتتا نېمەت ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈشتۇر. كاپىرلار دۇنيادىكى قىلمىشلىرىغا تېگىشلىك جازاسىنى تارتتىمۇ؟ ھەئە، ئۇلار ئەلۋەتتە بارلىق يامانلىقلىرىنىڭ ۋە گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى ئەڭ مۇۋاپىق ۋە ئەڭ ئادالەتلىك ھالدا تارتىدۇ.

# ئىنشىقاق سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

إِذَا ٱلسَّمَآءُ ٱنشَقَّتۡ ﴿١﴾ وَأَذِنَتۡ لِرَبِّهَا وَحُقَّتۡ ﴿٢﴾ وَإِذَا ٱلۡأَرۡضُ مُدَّتۡ ﴿٣﴾ وَأَلۡقَتۡ مَا فِيهَا وَتَخَلَّتۡ ﴿٤﴾
وَأَذِنَتۡ لِرَبِّهَا وَحُقَّتۡ ﴿٥﴾

1 ـ 5ـ قىيامەت كۈنى ئاسمان يېرىلغان، بۇلۇتلار بىلەن پارچىلانغان، رەببىنىڭ «يېرىلغىن» دېگەن ئەمرىگە ئىتائەت قىلغان ۋە رەببىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشقا لايىق بولغان، زېمىن سوزۇلغان ۋە كېڭەيگەن، تاغلار بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلغان، زېمىن قويnىدىكى ئۆلۈكلەرنى سىرتقا چىقىرىپ قۇرۇقدىلىپ قالغان، رەببىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغان ۋە رەببىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشقا لايىق بولغان چاغدا، ھەربىر ئادەم ياخشى ـ يامان بارلىق ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡإِنسَٰنُ إِنَّكَ كَادِحٌ إِلَىٰ رَبِّكَ كَدۡحٗا فَمُلَٰقِيهِ ﴿٦﴾

6 ـ ئى ئىنسان! شەكسىزكى، سەن ئاللاھ تەرەپكە ئىلگىرىلەۋاتىسەن، ياخشى ـ يامان ئەمەللەرنى قىلىسەن، ئاندىن قىيامەت كۈنى ئاللاھقا ئۇچرىشىسەن. شۇ چاغدا ئاللاھ سېنىڭ ئەمەلىڭگە ئۆز پەزلى بىلەن ياكى ئادالىتى بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ.

فَأَمَّا مَنۡ أُوتِيَ كِتَٰبَهُۥ بِيَمِينِهِۦ ﴿٧﴾ فَسَوۡفَ يُحَاسَبُ حِسَابٗا يَسِيرٗا ﴿٨﴾ وَيَنقَلِبُ إِلَىٰٓ أَهۡلِهِۦ مَسۡرُورٗا ﴿٩﴾

7 ـ 9ـ نامە ـ ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەم رەببىگە ئىمان ئېيتقان مۇئمىن ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭدىن ناھايىتى ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ، ئۇ جەننەتتىكى ئائىلىسىگە خۇشال ـ خۇرام قايتىدۇ.

وَأَمَّا مَنۡ أُوتِيَ كِتَٰبَهُۥ وَرَآءَ ظَهۡرِهِۦ ﴿١٠﴾ فَسَوۡفَ يَدۡعُواْ ثُبُورٗا ﴿١١﴾ وَيَصۡلَىٰ سَعِيرًا ﴿١٢﴾ إِنَّهُۥ كَانَ فِيٓ
أَهۡلِهِۦ مَسۡرُورًا ﴿١٣﴾ إِنَّهُۥ ظَنَّ أَن لَّن يَحُورَ ﴿١٤﴾ بَلَىٰٓۚ إِنَّ رَبَّهُۥ كَانَ بِهِۦ بَصِيرٗا ﴿١٥﴾

10 ـ 15ـ نامە ـ ئەمالى ئارقا تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەم رەببىنى ئىنكار قىلغان كاپىر ئادەم بولۇپ، ئۇ: «ۋاي ئۆلۈپىلا قۇتۇلسامچۇ!» دەپ ۋارقىرايدۇ ۋە لاۋۇلداپ تۇرغان دوزاخ ئوتىغا كىرىدۇ. شەكسىزكى ئۇ ئادەم دۇنيادىكى ئائىلىسىدە شاد ـ خۇرام ۋە ھاكاۋۇر ئىدى، ئاقىۋەتنى ھەققىدە ئويلانمايتتى، چۈنكى ئۇ ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىش ئۈچۈن رەببىنىڭ دەرگاھىغا قايتمايمەن دەپ گۇمان قىلاتتى. ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇ گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، ئاللاھ ئۇنى دەسلەپتە ياراتقاندەك تىرىلدۈرىدۇ ۋە قىلغان ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىدىن ھېساب ئالىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. ھەقىقەتەن رەببى ئۇنى ياراتقان كۈنىدىن تاكى ئاخىرەتتە تىرىلدۈرگەنگە قەدەر، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ ۋە كۆزىتىپ تۇرغان ئىدى.

فَلَآ أُقۡسِمُ بِٱلشَّفَقِ ﴿١٦﴾ وَٱلَّيۡلِ وَمَا وَسَقَ ﴿١٧﴾ وَٱلۡقَمَرِ إِذَا ٱتَّسَقَ ﴿١٨﴾ لَتَرۡكَبُنَّ طَبَقًا عَن طَبَقٖ ﴿١٩﴾

16 - 19 - ئاللاھ كۈن پېتىش ۋاقتىدا قىزارغان شەپەق بىلەن، كېچە ۋە كېچىدە توپلانغان
هايۋان، هاشارەت قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن، تولۇن ئاي بىلەن قەسەم قىلىپ دېدىكى،
ئى ئىنسانلار! سىلەر مەنىيدىن لەختە قانغا، ئۇنىڭدىن پارچە گۆشكە، ئاندىن جان
كىرگۈزۈلگەن ئىنسانغا، ئاندىن ئۆلگەنگە، ئاندىن ئاخىرەتتىكى تىرىلىشكىچە بولغان
ھەرخىل باسقۇچلارغا، بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئەھۋاللارغا يۆتكىلىپ تۇرىسىلەر.
(ئاللاھ ئۆزى خالىغان مەخلۇقاتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئەمما ئىنسان ئاللاھتىن
باشقىسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ).

فَمَا لَهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ﴿٢٠﴾ وَإِذَا قُرِئَ عَلَيۡهِمُ ٱلۡقُرۡءَانُ لَا يَسۡجُدُونَ۩ ﴿٢١﴾ بَلِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يُكَذِّبُونَ ﴿٢٢﴾ وَٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِمَا يُوعُونَ ﴿٢٣﴾ فَبَشِّرۡهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ﴿٢٤﴾

20 - 24 - ئۇلارغا ئايەتلەر ئېنىق بايان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە
ئىمان ئېيتىشتىن توسقان نەرسە زادى نېمە؟ ئۇلار ئۆزلىرىگە قۇرئان ئوقۇپ بېرىلگەن
چاغدا نېمىشقا سەجدە قىلمايدۇ؟ نېمىشقا قۇرئاندا كەلگەن ھەقىقەتلەرگە ئىشەنمەيدۇ؟
چۈنكى كاپىرلارنىڭ قىلىقى ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشتۇر.
ئاللاھ ئۇلار دىللىرىدا يوشۇرغان نەرسىلەرنى ۋە قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ
تۇرۇپ ئۇنى قوبۇل قىلماسلىقتا چىڭ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئى پەيغەمبەر!
ئۇلارغا ئاللاھنىڭ قاتتىق ئازاب تەييارلىغانلىقى ھەققىدە خوش خەۋەر بەرگىن.

إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَهُمۡ أَجۡرٌ غَيۡرُ مَمۡنُونِۭ ﴿٢٥﴾

25 - ئەمما ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھ ئۆزلىرىگە پەرز قىلغان
ئەمەللەرنى ئورۇندىغان كىشىلەرگە ئاخىرەتتە ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ۋە كېمىيىپ
كەتمەيدىغان ئەجىر - مۇكاپات بار.

# بۇرۇج سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

وَٱلسَّمَآءِ ذَاتِ ٱلۡبُرُوجِ ١ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡمَوۡعُودِ ٢ وَشَاهِدٖ وَمَشۡهُودٖ ٣ قُتِلَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡأُخۡدُودِ ٤ ٱلنَّارِ ذَاتِ ٱلۡوَقُودِ ٥ إِذۡ هُمۡ عَلَيۡهَا قُعُودٞ ٦ وَهُمۡ عَلَىٰ مَا يَفۡعَلُونَ بِٱلۡمُؤۡمِنِينَ شُهُودٞ ٧ وَمَا نَقَمُواْ مِنۡهُمۡ إِلَّآ أَن يُؤۡمِنُواْ بِٱللَّهِ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡحَمِيدِ ٨ ٱلَّذِي لَهُۥ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ شَهِيدٌ ٩

1 ـ 9- ئاللاھ كۆپ بىلەن ئاي ئايلىنىپ تۇرىدىغان ئوربىتىلارغا ئىگە ئاسمان بىلەن، ئاللاھ خالايىقنى توپلايدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان قىيامەت كۈنى بىلەن، ئۇ كۈندە گۇۋاھ بولغۇچى ۋە گۇۋاھ قىلىنغۇچىلار بىلەن قەسەم قىلىپ دېدىكى، مۇئمىنلەرنى ئازابلاش ئۈچۈن، چوڭقۇر ئورەك كولاپ، ئۇنىڭغا لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرغان ئوتنى ياندۇرغان، ئۆزلىرى ئورەكنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇئمىنلەرنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ قىيناۋاتقانلىقىنى تاماشا قىلغان زالىملارغا لەنەت بولسۇن! ئۇ زالىملار مۇئمىنلەرنى پەقەت ئۇلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك، ھەممىگە غالىب، سۆزلىرىدە، ئىشلىرىدا ۋە سۈپەتلىرىدە مەدھىيەگە لايىق، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈنلا شۇنداق قاتتىق ئازاب بىلەن ئازابلىغان ئىدى. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ فَتَنُواْ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ وَٱلۡمُؤۡمِنَٰتِ ثُمَّ لَمۡ يَتُوبُواْ فَلَهُمۡ عَذَابُ جَهَنَّمَ وَلَهُمۡ عَذَابُ ٱلۡحَرِيقِ ١٠

10 ـ مۇئمىن ئەرلەرنى ۋە مۇئمىن ئاياللارنى دىنىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن ئوت بىلەن كۆيدۈرۈپ ئازابلىغاندىن كېيىن تەۋبە قىلمىغانلار قىيامەت كۈنى جەھەننەمنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارغا لاۋۇلداپ تۇرغان قاتتىق ئوت ئازابى بىلەن ئازاب قىلىنىدۇ.

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَهُمۡ جَنَّٰتٞ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُۚ ذَٰلِكَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡكَبِيرُ ١١

11 ـ ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، شەكسىزكى، ئۇلار قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل ـ دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ. بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

إِنَّ بَطۡشَ رَبِّكَ لَشَدِيدٌ ١٢ إِنَّهُۥ هُوَ يُبۡدِئُ وَيُعِيدُ ١٣ وَهُوَ ٱلۡغَفُورُ ٱلۡوَدُودُ ١٤ ذُو ٱلۡعَرۡشِ ٱلۡمَجِيدُ ١٥

فَعَّالٌ لِّمَا يُرِيدُ ﴿١٦﴾

12 ـ 16 ـ شەكسىزكى، رەببىڭنىڭ دۈشمەنلىرىدىن ئالىدىغان ئىنتىقامى ۋە ئۇلارغا بېرىدىغان جازاسى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىنسانلارنى يوقتىن بار قىلىدىغان، ئۇلارنى ئۆلگەندىن كېيىن ھاياتقا قايتۇرىدىغان زاتتۇر. ئاللاھ تەۋبە قىلغان بەندىسىنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، مۇئمىن، تەقۋادار بەندىلىرىنى ئالاھىدە ياخشى كۆرىدىغان زاتتۇر، ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر، پەزل ـ كەرەمدە چېكىگە يەتكەن ئۇلۇغ زاتتۇر، خالىغىنىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغۇچىدۇر، ئۇنى قىلماقچى بولغان ئىشىدىن توسۇۋالغۇچى يوقتۇر.

هَلۡ أَتَىٰكَ حَدِيثُ ٱلۡجُنُودِ ﴿١٧﴾ فِرۡعَوۡنَ وَثَمُودَ ﴿١٨﴾ بَلِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فِي تَكۡذِيبٖ ﴿١٩﴾ وَٱللَّهُ مِن وَرَآئِهِم مُّحِيطُۢ ﴿٢٠﴾ بَلۡ هُوَ قُرۡءَانٞ مَّجِيدٞ ﴿٢١﴾ فِي لَوۡحٖ مَّحۡفُوظِۭ ﴿٢٢﴾

17 ـ 22 ـ ئى پەيغەمبەر! ساڭا پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلار توپىنىڭ — پىرئەۋن ۋە سەمۇدنىڭ قانداق ھالاك قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدىمۇ؟ كاپىرلار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالمىدى، ئۇلار بۇرۇنقىلارغا ئوخشاش ئىنكاردا ۋە كاپىرلىقتا چىڭ تۇرۇشنى داۋاملاشتۇرماقتا. ئاللاھ ئۇلارنى ئىلمى ۋە قۇدرىتى بىلەن قورشاپ تۇرغۇچىدۇر، ئاللاھقا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ھېچقانداق نەرسە مەخپىي ئەمەس. قۇرئان ئىنكارچىلار ۋە مۇشرىكلار گۇمان قىلغاندەك شېئىر ياكى سېھىر ئەمەس. كاپىرلار ئۇنى ئىنكار قىلدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغان ئۇلۇغ قۇرئاندۇر، ئۇنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ ۋە بۇرمىلىيالمايدۇ.

# تارىق سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

وَٱلسَّمَآءِ وَٱلطَّارِقِ ﴿١﴾ وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا ٱلطَّارِقُ ﴿٢﴾ ٱلنَّجۡمُ ٱلثَّاقِبُ ﴿٣﴾ إِن كُلُّ نَفۡسٍ لَّمَّا عَلَيۡهَا حَافِظٞ ﴿٤﴾

1 ـ 4 ـ ئاللاھ ئاسمان بىلەن ۋە تۈندە چاقنىغۇچى يۇلتۇز بىلەن قەسەم قىلىپ دېدىكى، بۇ يۇلتۇزنىڭ قانداق كاتتا يۇلتۇز ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇ ياندىغان يورۇق يۇلتۇزدۇر. ھەربىر ئادەم قىيامەت كۈنى ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئەمەللىرىنى ساقلاشقا مەسئۇل نازارەتچى پەرىشتە بار.

فَلۡيَنظُرِ ٱلۡإِنسَٰنُ مِمَّ خُلِقَ ﴿٥﴾ خُلِقَ مِن مَّآءٖ دَافِقٖ ﴿٦﴾ يَخۡرُجُ مِنۢ بَيۡنِ ٱلصُّلۡبِ وَٱلتَّرَآئِبِ ﴿٧﴾ إِنَّهُۥ عَلَىٰ رَجۡعِهِۦ لَقَادِرٞ ﴿٨﴾

5 ـ 8 ـ ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدىغان ئىنسان يوقتىن بار قىلىشتىن بارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ھەرگىز قىيىن ئەمەسلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ نېمىدىن يارىتىلغانلىقىغا قاراپ باقسۇن. ئۇ ئىنسان ئەرنىڭ ئومۇرتقىسى بىلەن ئايالنىڭ كۆكرەك سۆڭەكلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، ئايالنىڭ بالىياتقۇسىغا تۆكۈلىدىغان مەنىيدىن يارىتىلغان. ئىنساننى مۇشۇ سۇدىن ياراتقان زات ئۇنى ئۆلگىنىدىن كېيىن ھاياتقا قايتۇرۇشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر.

يَوۡمَ تُبۡلَى ٱلسَّرَآئِرُ ﴿٩﴾ فَمَا لَهُۥ مِن قُوَّةٖ وَلَا نَاصِرٖ ﴿١٠﴾

9 ـ 10 ـ سىرلار يوشۇرۇنغان جايلىرىدىن چىقىرىلىدىغان، ياخشىسى يامىنىدىن ئايرىلىدىغان كۈندە، ئىنسانغا ئۇنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالىدىغان ھېچقانداق كۈچ ۋە ھېچقانداق مەدەتكار چىقمايدۇ.

وَٱلسَّمَآءِ ذَاتِ ٱلرَّجۡعِ ﴿١١﴾ وَٱلۡأَرۡضِ ذَاتِ ٱلصَّدۡعِ ﴿١٢﴾ إِنَّهُۥ لَقَوۡلٞ فَصۡلٞ ﴿١٣﴾ وَمَا هُوَ بِٱلۡهَزۡلِ ﴿١٤﴾

11 ـ 14 ـ يامغۇر يېغىپ تۇرىدىغان ئاسمان بىلەن، زىرائەتلەرنى ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىش ئارقىلىق يېرىلىدىغان زېمىن بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، قۇرئان ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان سۆزدۇر، ئۇ ھەرگىزمۇ چاقچاق قىلىپ ئېيتىلغان سۆز ئەمەس.

إِنَّهُمۡ يَكِيدُونَ كَيۡدٗا ﴿١٥﴾ وَأَكِيدُ كَيۡدٗا ﴿١٦﴾ فَمَهِّلِ ٱلۡكَٰفِرِينَ أَمۡهِلۡهُمۡ رُوَيۡدَۢا ﴿١٧﴾

15 ـ 17 ـ شەكسىزكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋە قۇرئاننى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلار ھەقىقەتكە قارشى چىقىپ، باتىلنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن، ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئىشلىتىدۇ. كاپىرلار قانچىلىك يامان كۆرسىمۇ، ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن، مەن ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى بەربات قىلىمەن. ئى پەيغەمبەر! شۇڭا سەن ئۇلارغا

ئازاب چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلىشتا ئالدىراپ كەتمىگىن، ئۇلارغا ئازراق مۆھلەت بەرگىن، ئۇلارنىڭ ھالاكىتىگە ئالدىراپ كەتمىگىن. ئۇزاققا قالماي ئۇلارغا چۈشىدىغان ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى كۆرىسەن.

# ئەئلا سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

سَبِّحِ ٱسۡمَ رَبِّكَ ٱلۡأَعۡلَى ١ ٱلَّذِي خَلَقَ فَسَوَّىٰ ٢ وَٱلَّذِي قَدَّرَ فَهَدَىٰ ٣ وَٱلَّذِيٓ أَخۡرَجَ
ٱلۡمَرۡعَىٰ ٤ فَجَعَلَهُۥ غُثَآءً أَحۡوَىٰ ٥

1 ـ 5 ـ بارچە مەخلۇقاتنى ياراتقان ۋە ئۇنىڭ يارىتىلىشىنى مۇكەممەل قىلغان، ھەممە
تەقدىرنى بەلگىلىگەن، ھەربىر مەۋجۇداتنى ئۆزىگە مۇناسىپ ئىشقا يېتەكلىگەن،
يېشىل ئۆسۈملۈكلەرنى چىقارغان، ئاندىن ئۇ ئۆسۈملۈكلەرنى يېشىللىق ھالىتىدىن قارىغا
ئۆزگىرىپ كەتكەن قۇرۇق ـ چۆپكە ئايلاندۇرغان ئۇلۇغ رەببىڭنىڭ ئىسمىنى
شېرىكتىن ۋە بارلىق نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلغىن.

سَنُقۡرِئُكَ فَلَا تَنسَىٰٓ ٦ إِلَّا مَا شَآءَ ٱللَّهُۚ إِنَّهُۥ يَعۡلَمُ ٱلۡجَهۡرَ وَمَا يَخۡفَىٰ ٧

6 ـ 7 ـ ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى قىرائەت قىلىپ ئوقۇتىمىز، سەن ئۇنى
ئۇنتۇمايسەن، پەقەت ئاللاھ ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن ئۇنتۇلدۇرۇشنى ئىرادە قىلسا بۇ
مۇستەسنادۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلغان گەپ ـ سۆزلەرنى ۋە
ئەمەللەرنى تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ.

وَنُيَسِّرُكَ لِلۡيُسۡرَىٰ ٨

8 ـ سېنى بارلىق ئىشلىرىڭدا ئاسانلىققا مۇۋەپپەق قىلىمىز. پەيغەمبەرلىك ۋەزىپەڭنى ئادا
قىلىش ئىشىنىمۇ ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىمىز. ئاللاھ سېنىڭ دىنىڭنى قىيىنچىلىقتىن خالىي،
ئوڭاي دىن قىلدى.

فَذَكِّرۡ إِن نَّفَعَتِ ٱلذِّكۡرَىٰ ٩ سَيَذَّكَّرُ مَن يَخۡشَىٰ ١٠

9 ـ 10 ـ ئى پەيغەمبەر! دىنىنى ساڭا ئوڭايلاشتۇرۇپ بەرگىنىمىز بويىچە قەۋمىڭگە ۋەز ـ
نەسىھەت قىلغىن، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە پايدىلىق ئىشلارغا يېتەكلىگىن. ۋەز ـ نەسىھەتنىڭ
پايدىسى بولىدىغان كىشىلەرگە ئالاھىدە ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن. ۋەز ـ نەسىھەتنىڭ
پايدىسى بولمايدىغان ۋە ئۇنىڭدىن قاچىدىغانلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىمەن دەپ ئاۋارە
بولمىغىن. ئاللاھتىن قورققان ئادەم ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدۇ.

وَيَتَجَنَّبُهَا ٱلۡأَشۡقَى ١١ ٱلَّذِي يَصۡلَى ٱلنَّارَ ٱلۡكُبۡرَىٰ ١٢ ثُمَّ لَا يَمُوتُ فِيهَا وَلَا يَحۡيَىٰ ١٣ قَدۡ أَفۡلَحَ
مَن تَزَكَّىٰ ١٤ وَذَكَرَ ٱسۡمَ رَبِّهِۦ فَصَلَّىٰ ١٥

11 ـ 15 ـ ئاللاھتىن قورقمايدىغان ئەڭ بەختسىز ئادەم ۋەز ـ نەسىھەتتىن قاچىدۇ. ئۇ

جەھەننەمنىڭ ئەڭ چوڭ ئوتىغا كىرىدۇ، جەھەننەمنىڭ قاتتىق ھارارىتىنى تېتىيدۇ. ئاندىن ئۇ جەھەننەمدە يا ئۆلۈپ راھەتلەنمەيدۇ ياكى تىرىكتەك ياشىمايدۇ. ئۆزىنى ناچار ئەخلاقلاردىن پاكلىغان، ئاللاھنى ياد ئەتكەن، ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتقان، ئۇنىڭغا دۇئا قىلغان، ئۇنى رازى قىلىدىغان ئەمەللەرنى قىلغان، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، نامازلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلغان ئادەم مۇرادىغا يەتتى.

بَلۡ تُؤۡثِرُونَ ٱلۡحَيَوٰةَ ٱلدُّنۡيَا ﴿١٦﴾

16 - ئى ئىنسانلار! سىلەر دۇنيالىق مەنپەئەتلەرنى ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئارتۇق كۆرىسىلەر.

وَٱلۡأٓخِرَةُ خَيۡرٞ وَأَبۡقَىٰٓ ﴿١٧﴾

17 - ئاخىرەت ھاياتى ۋە ئۇنىڭدىكى مەڭگۈلۈك نېمەتلەر دۇنيالىقتىن ياخشىدۇر ۋە مەڭگۈلۈكتۇر.

إِنَّ هَٰذَا لَفِي ٱلصُّحُفِ ٱلۡأُولَىٰ ﴿١٨﴾ صُحُفِ إِبۡرَٰهِيمَ وَمُوسَىٰ ﴿١٩﴾

18 - 19 - شەكسىزكى، سىلەرگە بۇ سۈرىدە بىلدۈرۈلگەن ھەقىقەتلەر قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان سەھىپىلەردىن - ئىبراھىم ۋە مۇسانىڭ سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئالغان ھەقىقەتلەردۇر.

# غاشىيە سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

هَلۡ أَتَىٰكَ حَدِيثُ ٱلۡغَٰشِيَةِ ﴿١﴾

1 - ئى پەيغەمبەر! ساڭا ئۆزىنىڭ قاتتىق دەھشىتى بىلەن كىشىلەرنى ئورىۋالىدىغان قىيامەتنىڭ خەۋىرى كەلدىمۇ؟

وُجُوهٞ يَوۡمَئِذٍ خَٰشِعَةٌ ﴿٢﴾ عَامِلَةٞ نَّاصِبَةٞ ﴿٣﴾ تَصۡلَىٰ نَارًا حَامِيَةٗ ﴿٤﴾ تُسۡقَىٰ مِنۡ عَيۡنٍ ءَانِيَةٖ ﴿٥﴾ لَّيۡسَ لَهُمۡ طَعَامٌ إِلَّا مِن ضَرِيعٖ ﴿٦﴾ لَّا يُسۡمِنُ وَلَا يُغۡنِي مِن جُوعٖ ﴿٧﴾

2 - 7 - ئۇ كۈندە كاپىرلارنىڭ يۈزلىرى ئازاب بىلەن خارلانغان، جاپالىق ئىش بىلەن چارچىغان ۋە دوزاخنىڭ قاتتىق ھارارىتىگە تۇتۇلغان بولىدۇ. ئۇلار دوزاخنىڭ يۇقىرى ھارارەتلىك قايناق سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ، دوزاخ ئەھلىگە يەرگە چاپلىشىپ قالغان تىكەنلىك ئۆسۈملۈكتىن باشقا تائام يوقتۇر. ئۇ تائام ئەڭ ناچار يېمەكلىك بولۇپ، دوزاخ ئەھلىنىڭ ئورۇق بەدىنىنى يا سەمرىتمەيدۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئاچلىقىغا دال بولالمايدۇ.

وُجُوهٞ يَوۡمَئِذٖ نَّاعِمَةٞ ﴿٨﴾ لِّسَعۡيِهَا رَاضِيَةٞ ﴿٩﴾ فِي جَنَّةٍ عَالِيَةٖ ﴿١٠﴾ لَّا تَسۡمَعُ فِيهَا لَٰغِيَةٗ ﴿١١﴾ فِيهَا عَيۡنٞ جَارِيَةٞ ﴿١٢﴾ فِيهَا سُرُرٞ مَّرۡفُوعَةٞ ﴿١٣﴾ وَأَكۡوَابٞ مَّوۡضُوعَةٞ ﴿١٤﴾ وَنَمَارِقُ مَصۡفُوفَةٞ ﴿١٥﴾ وَزَرَابِيُّ مَبۡثُوثَةٌ ﴿١٦﴾

8 - 16 - ئۇ كۈندە مۆئمىنلەرنىڭ يۈزلىرىدىن نېمەتنىڭ ئەسىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى چاغلىرىدا تائەت - ئىبادەتلەر بىلەن بولغانلىقى ۋە ئاخىرەتتە ئېرىشكەن مۇكاپاتلىرىدىن رازى بولغانلىقى يۈزىسىدىندۇر. ئۇلار ئالىي دەرىجىلىك ۋە يۇقىرى جايدىكى جەننەتتە تۇرىدۇ، جەننەتتە بىھۇدە سۆز ئاڭلىمايدۇ، ئۇ جەننەتتە بۇلاقلار ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇ جەننەتتە ئېگىز تەختلەر، قاتار تىزىلغان قەدەھلەر، رەت - رەت قويۇلغان ياستۇقلار، يەرگە سېلىنغان نۇرغۇن بىساتلار بار.

أَفَلَا يَنظُرُونَ إِلَى ٱلۡإِبِلِ كَيۡفَ خُلِقَتۡ ﴿١٧﴾ وَإِلَى ٱلسَّمَآءِ كَيۡفَ رُفِعَتۡ ﴿١٨﴾ وَإِلَى ٱلۡجِبَالِ كَيۡفَ نُصِبَتۡ ﴿١٩﴾ وَإِلَى ٱلۡأَرۡضِ كَيۡفَ سُطِحَتۡ ﴿٢٠﴾

17 - 20 - ئۇ ئىنكارچى كاپىرلار تۆگىلەرگە قاراپ باقمامدۇ؟ بۇ ئاجايىپ مەخلۇق قانداق يارىتىلدى؟ ئاسمانغا قاراپ باقمامدۇ؟ ئاسمان قانداق ئۆرنەكسىز كۆتۈرۈلدى؟ تاغلارغا قاراپ باقمامدۇ؟ ئۇ تاغلار قانداق تىكلەندى؟ تاغلار زېمىننى تەۋرەپ كېتىشتىن قانداق تۇتۇپ تۇرىدۇ؟ زېمىنغا قاراپ باقمامدۇ؟ ئۇ قانداق يېيىتىلدى؟

فَذَكِّرۡ إِنَّمَآ أَنتَ مُذَكِّرٞ ﴿٢١﴾ لَّسۡتَ عَلَيۡهِم بِمُصَيۡطِرٍ ﴿٢٢﴾

21 - 22 - ئى پەيغەمبەر! سەن سېنىڭ دەۋىتىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرگە ۋەز - نەسىھەت

قىلغىـــن، ئۇلارنىــڭ يـۈز ئۆرۈگەنلىكىگــە غەمكىـــن بولمىغىـــن. ســەن ئۇلارغــا پەقەتــلا ۋەز ـ
نەسـىھەت قىلغۇچىسـەن، سـىنىڭ ئۇلارنـى ئىمـان ئېيتىشـقا مەجبـۇرلاش ۋەزىپـەڭ يـوق.

إِلَّا مَن تَوَلَّىٰ وَكَفَرَ ﴿٢٣﴾ فَيُعَذِّبُهُ ٱللَّهُ ٱلْعَذَابَ ٱلْأَكْبَرَ ﴿٢٤﴾

23 ـ 24ـ لېكىـــن، كىمكـى ۋەز ـ نەسـىھەتتىن بـاش تارتـىپ كاپىرلىقتـا چىـڭ تۇرىۋالىدىكـەن،
ئالـلاھ ئۇنـى دوزاختـا ئـەڭ قاتتـىق ئـازاب بىلـەن جازالايـدۇ.

إِنَّ إِلَيْنَآ إِيَابَهُمْ ﴿٢٥﴾ ثُمَّ إِنَّ عَلَيْنَا حِسَابَهُم ﴿٢٦﴾

25 ـ 26ـ ئـۇلار ئۆلگەنـدىن كېيىـن چوقـۇم بىزنىـڭ دەرگاھىمىزغـا قايتىـدۇ. ئانـدىـن ئۇلارنىـڭ
ئەمەللىرىـدىـن ھېسـاب ئېلىـش ئەلۋەتتـە بىزنىـڭ ئىشـىمىزدۇر.

# فەجر سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

وَٱلۡفَجۡرِ ۝١ وَلَيَالٍ عَشۡرٍ ۝٢ وَٱلشَّفۡعِ وَٱلۡوَتۡرِ ۝٣ وَٱلَّيۡلِ إِذَا يَسۡرِ ۝٤ هَلۡ فِي ذَٰلِكَ قَسَمٌ لِّذِي
حِجۡرٍ ۝٥

1 ـ 5 ـ ئاللاھ سۈبھى ۋاقتى بىلەن، زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كېچىسى بىلەن، بۇلارنىڭ پەزىلىتى بىلەن، شەيئىلەردىن ھەربىر جۈپ ۋە تاق بىلەن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن ئۆتۈۋاتقان كېچە بىلەن قەسەم قىلدى. يۇقىرىقىلاردا ئەقلى بار ئادەمنى قانائەتلەندۈرگۈدەك قەسەم بار ئەمەسمۇ؟!

أَلَمۡ تَرَ كَيۡفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِعَادٍ ۝٦ إِرَمَ ذَاتِ ٱلۡعِمَادِ ۝٧ ٱلَّتِي لَمۡ يُخۡلَقۡ مِثۡلُهَا فِي ٱلۡبِلَٰدِ ۝٨

6 ـ 8 ـ ئى پەيغەمبەر! سەن كۈچ ـ قۇۋۋەتتە ۋە تەن قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭلۇقىدا شەھەرلەردە ئوخشىشى يارىتىلىپ باقمىغان، ئېگىز بويلۇق ئىرەملىك ئاد قەۋمىنى رەببىڭنىڭ قانداق جازالىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

وَثَمُودَ ٱلَّذِينَ جَابُواْ ٱلصَّخۡرَ بِٱلۡوَادِ ۝٩

9 ـ تاغ جىلغىسىدا قورام تاشلارنى يونۇپ ئۆيلەرنى سالغان سەمۇد قەۋمىنى قانداق جازالىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

وَفِرۡعَوۡنَ ذِي ٱلۡأَوۡتَادِ ۝١٠

10 ـ ھاكىمىيىتىنى قوغدايدىغان، ئەمرىنى ئىجرا قىلىدىغان كۈچلۈك لەشكەرلىرى بولغان مىسىر پادىشاھى پىرئەۋننى قانداق جازالىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

ٱلَّذِينَ طَغَوۡاْ فِي ٱلۡبِلَٰدِ ۝١١ فَأَكۡثَرُواْ فِيهَا ٱلۡفَسَادَ ۝١٢ فَصَبَّ عَلَيۡهِمۡ رَبُّكَ سَوۡطَ عَذَابٍ ۝١٣ إِنَّ
رَبَّكَ لَبِٱلۡمِرۡصَادِ ۝١٤

11 ـ 14 ـ ئۇلار مۇستەبىتلىك قىلىپ، ئاللاھنىڭ زېمىنىدا زۇلۇمنى ۋە بۇزغۇنچىلىقنى كۆپ قىلىشتى، رەببىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قاتتىق ئازابنى چۈشۈردى. ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ رەببىڭ ھەقىقەتەن گۇناھكارلارنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ، ئۇلارغا ئازراق مۆھلەت بېرىدۇ، ئاندىن قاتتىق جازالايدۇ.

فَأَمَّا ٱلۡإِنسَٰنُ إِذَا مَا ٱبۡتَلَىٰهُ رَبُّهُۥ فَأَكۡرَمَهُۥ وَنَعَّمَهُۥ فَيَقُولُ رَبِّيٓ أَكۡرَمَنِ ۝١٥

15 ـ ئىنساننى رەببى نېمەت بىلەن سىناپ، ئۇنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلسا ۋە ئۇنى كۆڭۈللۈك

تۇرمۇشتا قىلسا، بۇنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلىك بولغانلىقىم ئۈچۈن شۇنداق بولدى دەپ گۇمان قىلىپ : «رەببىم مېنى ئىززەتلىدى» دەيدۇ.

وَأَمَّآ إِذَا مَا ٱبْتَلَىٰهُ فَقَدَرَ عَلَيْهِ رِزْقَهُۥ فَيَقُولُ رَبِّىٓ أَهَٰنَنِ ﴿١٦﴾

16 - ئەمما رەببى ئۇنى قىسىنچىلىق بىلەن سىناپ، ئۇنىڭ رىزقىنى تار قىلسا، بۇنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قىممەتسىز بولغانلىقىم ئۈچۈن شۇنداق بولدى دەپ گۇمان قىلىپ: «رەببىم مېنى خار قىلدى» دەيدۇ.

كَلَّا ۖ بَل لَّا تُكْرِمُونَ ٱلْيَتِيمَ ﴿١٧﴾ وَلَا تَحَٰٓضُّونَ عَلَىٰ طَعَامِ ٱلْمِسْكِينِ ﴿١٨﴾ وَتَأْكُلُونَ ٱلتُّرَاثَ أَكْلًا لَّمًّا ﴿١٩﴾ وَتُحِبُّونَ ٱلْمَالَ حُبًّا جَمًّا ﴿٢٠﴾

17 - 20- ئىش ھەرگىز ئۇ ئىنسان گۇمان قىلغاندەك ئەمەس. ھەقىقەت شۇكى، ئىززەت - ئىكرام ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەن، خارلىق ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىش بىلەن بولىدۇ. سىلەر يېتىمنى ھۆرمەت قىلمايسىلەر، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلمايسىلەر، بىر - بىرىڭلارنى ئۆزىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغۇدەك بىر نەرسىسى بولمىغان يوقسۇلغا ئاش، نان بېرىشكە تەرغىب قىلمايسىلەر، مىراستا باشقىلارنىڭ ھەققىنى (ھالال - ھارام دېمەي) ھەدەپ يەيسىلەر، مال - دۇنيانى ھەددىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرىسىلەر.

كَلَّآ إِذَا دُكَّتِ ٱلْأَرْضُ دَكًّا دَكًّا ﴿٢١﴾ وَجَآءَ رَبُّكَ وَٱلْمَلَكُ صَفًّا صَفًّا ﴿٢٢﴾

21 - 22 - سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلار بۇنداق بولماسلىقى لازىم. زېمىن تەۋرىتىلىپ، بىر - بىرىنى پارچىلىغان چاغدا، رەببىڭ بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ، پەرىشتىلەر سەپ - سەپ بولۇپ ھازىر بولىدۇ.

وَجِاْىٓءَ يَوْمَئِذٍۭ بِجَهَنَّمَ ۚ يَوْمَئِذٍ يَتَذَكَّرُ ٱلْإِنسَٰنُ وَأَنَّىٰ لَهُ ٱلذِّكْرَىٰ ﴿٢٣﴾ يَقُولُ يَٰلَيْتَنِى قَدَّمْتُ لِحَيَاتِى ﴿٢٤﴾

23 - 24- ئاشۇ ئۇلۇغ كۈندە جەھەننەم كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇ كۈندە كاپىر ئىنسان ئىبرەت ئالىدۇ ۋە گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىدۇ. ئۇلار دۇنيادا ئىبرەت ئېلىش ۋە تەۋبە قىلىشنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن تۇرسا، ئۇ چاغدا ئىبرەت ئالغانلىقىنىڭ ۋە تەۋبە قىلغانلىقىنىڭ ئۇلارغا قانداق پايدىسى بولسۇن!؟ ئۇ: «كاشكى دۇنيادىكى ۋاقتىمدا ئاخىرەتتىكى ھاياتىم ئۈچۈن پايدىلىق ئەمەللەرنى قىلغان بولسامچۇ!» دەپ كېتىدۇ.

فَيَوْمَئِذٍ لَّا يُعَذِّبُ عَذَابَهُۥٓ أَحَدٌ ﴿٢٥﴾ وَلَا يُوثِقُ وَثَاقَهُۥٓ أَحَدٌ ﴿٢٦﴾

25 - 26- ئاشۇ قاتتىق كۈندە ھېچكىم ئاسىي - گۇناھكارلارنى ئاللاھ جازالىغاندەك جازالىيالمايدۇ، ھەمدە ھېچكىم ئاللاھ باغلىغاندەك باغلىيالمايدۇ، ھېچكىم ئاللاھ قىلغاننى قىلالمايدۇ.

يَٰٓأَيَّتُهَا ٱلنَّفْسُ ٱلْمُطْمَئِنَّةُ ﴿٢٧﴾ ٱرْجِعِىٓ إِلَىٰ رَبِّكِ رَاضِيَةً مَّرْضِيَّةً ﴿٢٨﴾ فَٱدْخُلِى فِى عِبَٰدِى ﴿٢٩﴾ وَٱدْخُلِى جَنَّتِى ﴿٣٠﴾

27 - 30 - ئى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش بىلەن، ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ۋە مۇئمىنلەر ئۈچۈن تەييارلانغان نېمەتلەر بىلەن ئارام تاپقۇچى جان! رەببىڭنىڭ ئىززەت - ئىكراملىرىدىن رازى بولغان ھالدا ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن، رەببىڭ ھەقىقەتەن سەندىن رازى بولدى. سەن مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىمنىڭ قاتارىغا قوشۇلغىن، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە جەننىتىمگە كىرگىن.

# بەلەد سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

لَآ أُقۡسِمُ بِهَٰذَا ٱلۡبَلَدِ ﴿١﴾ وَأَنتَ حِلُّۢ بِهَٰذَا ٱلۡبَلَدِ ﴿٢﴾ وَوَالِدٖ وَمَا وَلَدَ ﴿٣﴾ لَقَدۡ خَلَقۡنَا ٱلۡإِنسَٰنَ فِي كَبَدٍ ﴿٤﴾

1 ـ 4- ئاللاھ بۇ مۇقەددەس شەھەر مەككە بىلەن قەسەم قىلىپ دېدىكى، ئى پەيغەمبەر! سەن بۇ شەھەردە خالىغىنىڭنى قىلساڭ بولىدۇ. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەككىنى فەتھى قىلغان كۈنى كاپىرلاردىن خالىغىنىنى ئۆلتۈرۈش ۋە خالىغىنىنى ئەسىرگە ئېلىشقا كۈندۈزدىن ئاز ۋاقىتلا رۇخسەت قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىمگە ھەرەمدە ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمىغان. بۇ ئايەتتە مەككىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا فەتھى قىلىنىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان). ئاللاھ يەنە ئىنسانىيەتنىڭ ئاتىسى بولغان ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ۋە ئۇنىڭ پۇشتىدىن بولغان بالا بىلەن قەسەم قىلىپ دېدىكى، بىز ئىنساننى دۇنيادا ھەقىقەتەن جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئىشلەيدىغان قىلىپ ياراتتۇق.

أَيَحۡسَبُ أَن لَّن يَقۡدِرَ عَلَيۡهِ أَحَدٞ ﴿٥﴾

5 ـ ئىنسان توپلىغان مال ـ دۇنياسىغا ئىشىنىپ ئاللاھنى ئۆزىگە كۈچى يەتمەيدۇ دەپ ئويلامدۇ؟

يَقُولُ أَهۡلَكۡتُ مَالٗا لُّبَدًا ﴿٦﴾ أَيَحۡسَبُ أَن لَّمۡ يَرَهُۥٓ أَحَدٌ ﴿٧﴾

6 ـ 7- ئۇ ئىنسان ئۆزىنى ماختاپ: «مەن كۆپ مال ـ دۇنيا سەرپ قىلدىم» دەيدۇ. ئۇ قىلمىشىنى ئاللاھ كۆرمەيدۇ ۋە چوڭ ـ كىچىك ھەممىدىن ھېساب ئالمايدۇ دەپ ئويلامدۇ؟

أَلَمۡ نَجۡعَل لَّهُۥ عَيۡنَيۡنِ ﴿٨﴾ وَلِسَانٗا وَشَفَتَيۡنِ ﴿٩﴾ وَهَدَيۡنَٰهُ ٱلنَّجۡدَيۡنِ ﴿١٠﴾

8 ـ 10- بىز ئۇنىڭغا كۆرىدىغان ئىككى كۆز، گەپ قىلىدىغان بىر تىل، ئىككى كالپۇك ياراتمىدۇقمۇ؟ ئۇنىڭغا ياخشى يول بىلەن يامان يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟

فَلَا ٱقۡتَحَمَ ٱلۡعَقَبَةَ ﴿١١﴾

11 ـ ئۇ پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلىش بىلەن ئاخىرەتنىڭ مۇشەققەتلىرىنى يېڭىپ خاتىرجەم بولسىچۇ،

وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا ٱلۡعَقَبَةُ ﴿١٢﴾

12 ـ ئاخىرەتنىڭ مۇشەققەتلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى قانداق يەڭگىلى بولىدىغانلىقىنى

سەن نەدىن بىلىسەن؟

فَكُّ رَقَبَةٍ ﴿١٣﴾

13 ـ ئۇ بىرەر مۇئمىن قۇلنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىشتۇر.

أَوْ إِطْعَٰمٌ فِى يَوْمٍ ذِى مَسْغَبَةٍ ﴿١٤﴾ يَتِيمًا ذَا مَقْرَبَةٍ ﴿١٥﴾ أَوْ مِسْكِينًا ذَا مَتْرَبَةٍ ﴿١٦﴾

14 ـ 16 ـ ياكى ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن كۈنلەردە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ يېتىم بالىلىرىغا
تائام بېرىشتۇر، — بۇنداق قىلىشتا سەدىقە قىلغانلىقنىڭ ۋە تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنى
داۋاملاشتۇرغانلىقنىڭ ساۋابى بولىدۇ— ياكى ھېچقانداق نەرسىسى يوق پېقىرغا تائام
بېرىشتۇر.

ثُمَّ كَانَ مِنَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَتَوَاصَوْا۟ بِٱلصَّبْرِ وَتَوَاصَوْا۟ بِٱلْمَرْحَمَةِ ﴿١٧﴾

17 ـ ئاندىن يۇقىرىقى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن بىللە ئاللاھقا ئىمانىدا ئىخلاسمەن
بولغان، بىر ـ بىرىگە تائەت ـ ئىبادەتتە، گۇناھتىن يىراق تۇرۇشتا چىداملىق بولۇشنى
تەۋسىيە قىلىشقان، ئىنسانلارغا مەرھەمەتلىك بولۇش ھەققىدە بىر ـ بىرىگە تەۋسىيە
قىلىشقان كىشىلەردىن بولۇشتۇر.

أُو۟لَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلْمَيْمَنَةِ ﴿١٨﴾

18 ـ بۇ ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر سائادەتمەن كىشىلەر بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئۇلار ئوڭ
تەرىپىدىن تۇتۇپ جەننەتكە كىرگۈزۈلىدۇ.

وَٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا هُمْ أَصْحَٰبُ ٱلْمَشْـَٔمَةِ ﴿١٩﴾

19 ـ قۇرئاننى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا كەلسەك، ئۇلار قىيامەت كۈنى سول تەرىپىدىن
سۆرەپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ.

عَلَيْهِمْ نَارٌ مُّؤْصَدَةٌۢ ﴿٢٠﴾

20 ـ ئۇلارنىڭ جازاسى ئىشىكلىرى مەھكەم تاقالغان دوزاخقا سولىنىشتۇر.

# شەمس سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

وَٱلشَّمۡسِ وَضُحَىٰهَا ﴿١﴾ وَٱلۡقَمَرِ إِذَا تَلَىٰهَا ﴿٢﴾ وَٱلنَّهَارِ إِذَا جَلَّىٰهَا ﴿٣﴾ وَٱلَّيۡلِ إِذَا يَغۡشَىٰهَا ﴿٤﴾ وَٱلسَّمَآءِ
وَمَا بَنَىٰهَا ﴿٥﴾ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا طَحَىٰهَا ﴿٦﴾ وَنَفۡسٖ وَمَا سَوَّىٰهَا ﴿٧﴾ فَأَلۡهَمَهَا فُجُورَهَا وَتَقۡوَىٰهَا ﴿٨﴾ قَدۡ
أَفۡلَحَ مَن زَكَّىٰهَا ﴿٩﴾ وَقَدۡ خَابَ مَن دَسَّىٰهَا ﴿١٠﴾

1 - 10 - ئاللاھ قۇياش بىلەن، قۇياش چىققان كۈندۈز بىلەن، قۇياشنىڭ چاشگاھ ۋاقتىدىكى نۇرى بىلەن، چىقىشتا ۋە پېتىشتا قۇياشقا ئەگەشكەن چاغدىكى ئاي بىلەن، قاراڭغۇلۇقنى يورۇتقان چاغدىكى كۈندۈز بىلەن، يەر يۈزىنى قاراڭغۇلۇقى بىلەن قاپلىغان چاغدىكى كېچە بىلەن، ئاسمان ۋە ئۇنىڭ مەھكەم بىناسى بىلەن، زېمىن ۋە ئۇنىڭ يېيىلغانلىقى بىلەن، ھەربىر جان بىلەن ۋە ئۇ جاننىڭ ھاياتتىكى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ مۇكەممەل ياراتقانلىقى بىلەن، ئۇنىڭغا ياخشىلىق - يامانلىقنى بىلدۈرگەنلىكى بىلەن قەسەم قىلىپ دېدىكى، نەپسىنى پاك قىلغان، ئۇنى ياخشى ئىشلار بىلەن بېزىگەن ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ، ئۆز نەپسىنى گۇناھ - مەئسىيەتكە كۆمگەن ئادەم چوقۇم زىيان تارتىدۇ.

كَذَّبَتۡ ثَمُودُ بِطَغۡوَىٰهَآ ﴿١١﴾ إِذِ ٱنۢبَعَثَ أَشۡقَىٰهَا ﴿١٢﴾ فَقَالَ لَهُمۡ رَسُولُ ٱللَّهِ نَاقَةَ ٱللَّهِ وَسُقۡيَٰهَا ﴿١٣﴾ فَكَذَّبُوهُ
فَعَقَرُوهَا فَدَمۡدَمَ عَلَيۡهِمۡ رَبُّهُم بِذَنۢبِهِمۡ فَسَوَّىٰهَا ﴿١٤﴾ وَلَا يَخَافُ عُقۡبَٰهَا ﴿١٥﴾

11 - 15 - سەمۇد قەۋمى گۇناھ - مەئسىيەتتە ھەددىدىن ئېشىش بىلەن ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرى سالىھ ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلدى. ئۆز ۋاقتىدا قەبىلىدىكىلەرنىڭ ئەڭ بەتبەخت ئادىمى چىشى تۆگىنى بوغۇزلىماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرغاندا، سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «بۇ چىشى تۆگىگە چېقىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار. چۈنكى ئۇ ئاللاھ سىلەرگە ئەۋەتكەن مۆجىزىدۇر. ئۇ تۆگە مېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمگە دالالەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ قۇدۇق سۈيىدىن ئىچىشىگە قارشى چىقىپ، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، ئۇ مەلۇم بىر كۈن ئىچسۇن، سىلەرمۇ مەلۇم بىر كۈن ئىچىڭلار» دېدى. بۇ تەقسىمات ئۇلارغا ئېغىر كەلدى، ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئىنكار قىلىپ، تۆگىنى بوغۇزلىدى. شۇنىڭ بىلەن رەببى ئۇلارنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن ئۈستىگە ئازاب چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى، ئارىسىدىن ھېچكىم قۇتۇلۇپ قالمىدى. ئاللاھ ئۇلارغا چۈشۈرگەن قاتتىق ئازابنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇپ قالمايدۇ.

# لەيل سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

وَٱلَّيۡلِ إِذَا يَغۡشَىٰ ﴿١﴾ وَٱلنَّهَارِ إِذَا تَجَلَّىٰ ﴿٢﴾ وَمَا خَلَقَ ٱلذَّكَرَ وَٱلۡأُنثَىٰٓ ﴿٣﴾ إِنَّ سَعۡيَكُمۡ لَشَتَّىٰ ﴿٤﴾

1 ـ 4- ئاللاھ قاراڭغۇلۇقى يەر - زېمىننى ۋە ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسىنى قاپلىغان چاغدىكى كېچە بىلەن، نۇرى بىلەن قاراڭغۇلۇقنى يورۇتقان چاغدىكى كۈندۈز بىلەن، ئەركەك - چىشىدىن ئىبارەت جۈپنىڭ يارىتىلىشى بىلەن قەسەم قىلىپ دېدىكى، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار دۇنيالىق ئۈچۈن ئىشلەيدىغانلار ۋە ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئىشلەيدىغانلار ئوتتۇرىسىدا ھەقىقەتەن خىلمۇخىلدۇر.

فَأَمَّا مَنۡ أَعۡطَىٰ وَٱتَّقَىٰ ﴿٥﴾ وَصَدَّقَ بِٱلۡحُسۡنَىٰ ﴿٦﴾ فَسَنُيَسِّرُهُۥ لِلۡيُسۡرَىٰ ﴿٧﴾

5 ـ 7- پۇل - مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغان، ئاللاھتىن قورققان، «لائىلاھە ئىللەللاھۇ» دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىگە، بۇ كەلىمە تەلەپ قىلىدىغان ئىشلارغا ۋە ئۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەل قىلغان كىشىلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتقا چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن ئادەمنى ياخشى ۋە توغرا ئىشلارنى قىلىشىنىڭ يوللىرىغا يېتەكلەيمىز ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىمىز.

وَأَمَّا مَنۢ بَخِلَ وَٱسۡتَغۡنَىٰ ﴿٨﴾ وَكَذَّبَ بِٱلۡحُسۡنَىٰ ﴿٩﴾ فَسَنُيَسِّرُهُۥ لِلۡعُسۡرَىٰ ﴿١٠﴾ وَمَا يُغۡنِي عَنۡهُ مَالُهُۥٓ إِذَا تَرَدَّىٰٓ ﴿١١﴾

8 ـ 11- پۇل - مېلىغا بېخىللىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىدىن ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، «لائىلاھە ئىللەللاھۇ» دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنى، بۇ كەلىمە تەلەپ قىلىدىغان ئىشلارنى ۋە ئۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەل قىلغانلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپاتنى ئىنكار قىلغانلارغا يامانلىقنىڭ سەۋەبلىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىمىز. ئۇ دوزاخقا تاشلانغان چاغدا، ئۇنىڭ بېخىللىق قىلغان پۇل - مېلى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ.

إِنَّ عَلَيۡنَا لَلۡهُدَىٰ ﴿١٢﴾ وَإِنَّ لَنَا لَلۡأٓخِرَةَ وَٱلۡأُولَىٰ ﴿١٣﴾

12 ـ 13- شەكسىزكى، ئۆز پەزلىمىز ۋە ھېكمىتىمىز بىلەن كىشىلەرنى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ جەننىتىگە ئېلىپ بارىدىغان توغرا يولنى ئازغۇنلۇقتىن ئايرىپ كۆرسىتىپ بېرىش بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر. دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ پادىشاھلىقى ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئىلكىمىزدىدۇر.

فَأَنذَرۡتُكُمۡ نَارٗا تَلَظَّىٰ ﴿١٤﴾

14 ـ ئى ئىنسانلار! مەن سىلەرنى لاۋۇلداپ تۇرغان دوزاخ ئوتىدىن ئاگاھلاندۇردۇم.

لَا يَصۡلَىٰهَآ إِلَّا ٱلۡأَشۡقَى ﴿١٥﴾ ٱلَّذِي كَذَّبَ وَتَوَلَّىٰ ﴿١٦﴾

15 ـ 16 ـ ئۇنىڭغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغان، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىشتىن، ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان بەدبەخت ئادەملا كىرىدۇ.

وَسَيُجَنَّبُهَا ٱلْأَتْقَى ﴿١٧﴾ ٱلَّذِى يُؤْتِى مَالَهُۥ يَتَزَكَّىٰ ﴿١٨﴾ وَمَا لِأَحَدٍ عِندَهُۥ مِن نِّعْمَةٍ تُجْزَىٰٓ ﴿١٩﴾ إِلَّا ٱبْتِغَآءَ وَجْهِ رَبِّهِ ٱلْأَعْلَىٰ ﴿٢٠﴾ وَلَسَوْفَ يَرْضَىٰ ﴿٢١﴾

17 ـ 21 ـ كۆپلەپ ساۋابقا ئېرىشىش ئۈچۈن پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلىدىغان، قىلغان ياخشىلىقى بىراۋنىڭ ياخشىلىقىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۇلۇغ رەببىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن بولغان ناھايىتى تەقۋادار ئادەم دوزاختىن يىراق قىلىنىدۇ. كەلگۈسىدە ئاللاھ جەننەتتە ئۇنىڭغا ئۇ رازى بولىدىغان مۇكاپاتلارنى ئاتا قىلىدۇ.

# دۇھا سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

وَٱلضُّحَىٰ ۝١ وَٱلَّيۡلِ إِذَا سَجَىٰ ۝٢ مَا وَدَّعَكَ رَبُّكَ وَمَا قَلَىٰ ۝٣

1 ـ 3. ئاللاھ چاشگاھ ۋاقتى، يەنى تولۇق بىر كۈن بىلەن، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن كېچە بىلەن قەسەم قىلىپ دېدىكى، ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ سېنى تاشلىۋەتمىدى، ئۇنىڭ ۋەھيىنى كېچىكتۈرگەنلىكى سېنى يامان كۆرۈپ قالغانلىقتىن ئەمەس. (ئاللاھ مەخلۇقاتىدىن ئۆزى خالىغان بىرسى بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئەمما ئىنسانلارنىڭ ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىشى جائىز ئەمەس. چۈنكى ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىش ئاللاھقا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر).

وَلَلۡأٓخِرَةُ خَيۡرٞ لَّكَ مِنَ ٱلۡأُولَىٰ ۝٤ وَلَسَوۡفَ يُعۡطِيكَ رَبُّكَ فَتَرۡضَىٰٓ ۝٥

4 ـ 5. ئى پەيغەمبەر! ساڭا ئاخىرەت ھاياتى بۇ دۇنيا ھاياتىدىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر. رەببىڭ ئاخىرەتتە ساڭا سەن رازى بولغۇدەك دەرىجىدە ھەر تۈرلۈك نېمەتلەرنى ئاتا قىلىدۇ.

أَلَمۡ يَجِدۡكَ يَتِيمٗا فَـَٔاوَىٰ ۝٦ وَوَجَدَكَ ضَآلّٗا فَهَدَىٰ ۝٧ وَوَجَدَكَ عَآئِلٗا فَأَغۡنَىٰ ۝٨

6 ـ 8. سەن ئاناڭنىڭ قارنىدىكى چاغدا ئاتاڭ ئۆلۈپ كەتكەن بىر يېتىم ئىدىڭ، ئاللاھ ساڭا پاناھ بەرمىدىمۇ؟ سېنى پاناھىغا ئالمىدىمۇ؟ كىتابنىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىڭ، ئاللاھ ساڭا بىلمىگەنلىرىڭنى ئۆگەتمىدىمۇ؟ سېنى ئەڭ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلمىدىمۇ؟ يوقسۇل ئىدىڭ، ئاللاھ ساڭا رىزىق بەرمىدىمۇ؟ قانائەت ۋە سەۋر ئاتا قىلىپ نەپسىڭنى باي قىلمىدىمۇ؟

فَأَمَّا ٱلۡيَتِيمَ فَلَا تَقۡهَرۡ ۝٩ وَأَمَّا ٱلسَّآئِلَ فَلَا تَنۡهَرۡ ۝١٠ وَأَمَّا بِنِعۡمَةِ رَبِّكَ فَحَدِّثۡ ۝١١

9 ـ 11. سەن يېتىمگە يامان مۇئامىلە قىلما، تىلەمچىنى سىلكىشلىمە، ئۇنىڭغا تىلىگىنىنى بەر، ھاجىتىنى راۋا قىل. رەببىڭنىڭ ساڭا ئاتا قىلغان نېمىتىنى ئاغزىڭدىن چۈشۈرمە.

# شەرھ سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

أَلَمۡ نَشۡرَحۡ لَكَ صَدۡرَكَ ﴿١﴾ وَوَضَعۡنَا عَنكَ وِزۡرَكَ ﴿٢﴾ ٱلَّذِيٓ أَنقَضَ ظَهۡرَكَ ﴿٣﴾

1 ـ 3 ـ ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسۈڭنى دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى قوبۇل قىلىشقا، ئاللاھقا دەۋەت قىلىشقا ۋە گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن سۈپەتلىنىشكە ئاچمىدۇقمۇ؟ بىز سەندىن بېلىڭنى ئېگىۋەتكەن ئېغىر يۈكۈڭنى ئېلىۋەتمىدۇقمۇ؟

وَرَفَعۡنَا لَكَ ذِكۡرَكَ ﴿٤﴾

4 ـ بىز ئاتا قىلغان گۈزەل ئەخلاق بىلەن مەرتىۋەڭنى يۇقىرى قىلمىدۇقمۇ؟

فَإِنَّ مَعَ ٱلۡعُسۡرِ يُسۡرًا ﴿٥﴾ إِنَّ مَعَ ٱلۡعُسۡرِ يُسۡرًا ﴿٦﴾

5 ـ 6ـ دۈشمەنلىرىڭنىڭ ئەزىيەتلىرى سېنى ھەق دىنىنى يەتكۈزۈشتىن توسۇپ قويمىسۇن. مۇقەررەركى، ھەربىر قىيىنچىلىق بىلەن چوقۇم بىر ئوڭايلىق بار. ھەقىقەتەن ھەربىر قىيىنچىلىق بىلەن چوقۇم بىر ئوڭايلىق بار.

فَإِذَا فَرَغۡتَ فَٱنصَبۡ ﴿٧﴾ وَإِلَىٰ رَبِّكَ فَٱرۡغَب ﴿٨﴾

7 ـ 8ـ دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن بىكار بولغان چېغىڭدا ئىبادەتكە قاتتىق بېرىلگىن، رەببىڭنىڭ دەرگاھىدىكى نېمەتكىلا قىزىققىن.

# تىن سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

وَٱلتِّينِ وَٱلزَّيۡتُونِ ﴿١﴾ وَطُورِ سِينِينَ ﴿٢﴾ وَهَٰذَا ٱلۡبَلَدِ ٱلۡأَمِينِ ﴿٣﴾ لَقَدۡ خَلَقۡنَا ٱلۡإِنسَٰنَ فِيٓ أَحۡسَنِ
تَقۡوِيمٖ ﴿٤﴾ ثُمَّ رَدَدۡنَٰهُ أَسۡفَلَ سَٰفِلِينَ ﴿٥﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فَلَهُمۡ أَجۡرٌ غَيۡرُ
مَمۡنُونٖ ﴿٦﴾

1 ـ 6ـ ئاللاھ مەشھۇر مېۋىلەردىن ئەنجۈر بىلەن، زەيتۇن بىلەن، ئۆزى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا گەپ قىلغان تۇرسىنا تېغى بىلەن، ھەرقانداق قورقۇنچتىن ئەمىنلىك بولغان ۋە ۋەھيىنىڭ بۆشۈكى بولغان مەككە شەھىرى بىلەن قەسەم قىلىپ دېدىكى، بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق، ئاندىن ئەگەر ئۇ ئىنسان ئاللاھقا ئىتائەت قىلمىسا ۋە پەيغەمبەرگە ئەگەشمىسە، بىز ئۇنى دوزاختا قايتۇرىمىز. لېكىن ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ۋە كېمىيىپ كەتمەيدىغان ئەجىر ـ مۇكاپات بار.

فَمَا يُكَذِّبُكَ بَعۡدُ بِٱلدِّينِ ﴿٧﴾

7 ـ ئى ئىنسان! ئاللاھنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئوپئوچۇق دەلىللەر تۇرسا، سېنىڭ ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلىشىڭغا سەۋەب بولغان نەرسە نېمە؟

أَلَيۡسَ ٱللَّهُ بِأَحۡكَمِ ٱلۡحَٰكِمِينَ ﴿٨﴾

8 ـ قىيامەت كۈنىنى ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدىغان كۈن قىلىپ بەلگىلىگەن ئاللاھ ھەممە مەخلۇقات ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەمەسمۇ؟ ئەھۋال بۇنداق بولغان ئىكەن، ئىنسانلار ياخشىلىقتا بۇيرۇلماي ياكى يامانلىقتىن مەنئى قىلىنماي، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىگە مۇكاپات، يامان ئەمەللىرىگە جازا بېرىلمەي تەرك ئېتىلەمدۇ؟ بۇنداق بولۇشى توغرا ئەمەس ۋە ھەرگىز مۇنداق بولمايدۇ.

# ئەلەق سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

ٱقۡرَأۡ بِٱسۡمِ رَبِّكَ ٱلَّذِي خَلَقَ ١ خَلَقَ ٱلۡإِنسَٰنَ مِنۡ عَلَقٍ ٢ ٱقۡرَأۡ وَرَبُّكَ ٱلۡأَكۡرَمُ ٣ ٱلَّذِي
عَلَّمَ بِٱلۡقَلَمِ ٤ عَلَّمَ ٱلۡإِنسَٰنَ مَا لَمۡ يَعۡلَمۡ ٥

1 ـ 5 ـ ئى پەيغەمبەر! ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئان ئايەتلىرىنى ھەممە ئىنسانلارنى ئۇيۇلغان قىزىل قان پارچىسىدىن ياراتقان يېگانە ياراتقۇچى رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن باشلاپ ئوقۇغىن. ئى پەيغەمبەر! ساڭا نازىل قىلىنغان ئايەتلەرنى ئوقۇغىن. ھەقىقەتەن سېنىڭ رەببىڭ بەندىلىرىگە قەلەم بىلەن يېزىشنى ئۆگەتكەن، ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلىرىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنى جاھالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىلىم ـ ئىرپاننىڭ نۇرىغا چىقارغان، ئاتا ـ ئېھسانلىرى ناھايىتى كۆپ، ئەڭ كەرەملىك زاتتۇر.

كَلَّآ إِنَّ ٱلۡإِنسَٰنَ لَيَطۡغَىٰٓ ٦ أَن رَّءَاهُ ٱسۡتَغۡنَىٰٓ ٧ إِنَّ إِلَىٰ رَبِّكَ ٱلرُّجۡعَىٰٓ ٨

6 ـ 8 ـ شەكسىزكى، بايلىق ئىنسانلارنى ھاكاۋۇرلاشتۇرغان چاغدا، ئۇ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدىن چەتنەپ كېتىدۇ. ھەربىر ھەددىدىن ئاشقۇچى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىدىغانلىقىنى بىلىپ قالسۇن. ئاللاھ شۇ چاغدا ھەربىر ئادەمگە قىلغان ياخشى ـ يامان ئەمەلىگە قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

أَرَءَيۡتَ ٱلَّذِي يَنۡهَىٰ ٩ عَبۡدًا إِذَا صَلَّىٰٓ ١٠ أَرَءَيۡتَ إِن كَانَ عَلَى ٱلۡهُدَىٰٓ ١١ أَوۡ أَمَرَ بِٱلتَّقۡوَىٰٓ ١٢

9 ـ 12 ـ ناماز ئوقۇۋاتقان بەندىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ناماز ئوقۇشتىن توسقان ئەبۇ جەھىلنىڭ بۇ ھاكاۋۇرلۇقىدىنمۇ ئاجايىپ ئىشنى كۆردۈڭمۇ؟ دەپ باققىنە، ناۋادا ناماز ئوقۇشتىن مەنئى قىلىنغان كىشى توغرا يولدا بولۇپ، كىشىلەرنى تەقۋادارلىققا بۇيرۇغان بىرى بولسىچۇ؟ شۇنداق بولسىمۇ ئۇنى توسامدۇ؟

أَرَءَيۡتَ إِن كَذَّبَ وَتَوَلَّىٰٓ ١٣ أَلَمۡ يَعۡلَم بِأَنَّ ٱللَّهَ يَرَىٰ ١٤ كَلَّا لَئِن لَّمۡ يَنتَهِ لَنَسۡفَعَۢا
بِٱلنَّاصِيَةِ ١٥ نَاصِيَةٖ كَٰذِبَةٍ خَاطِئَةٖ ١٦ فَلۡيَدۡعُ نَادِيَهُۥ ١٧ سَنَدۡعُ ٱلزَّبَانِيَةَ ١٨ كَلَّا لَا تُطِعۡهُ
وَٱسۡجُدۡ وَٱقۡتَرِب ۩ ١٩

13 ـ 19 ـ دەپ باققىنە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ناماز ئوقۇشتىن توسقان ئەبۇ جەھىل ئۆزى دەۋەت قىلىنغان ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان ۋە ئىماندىن ئېيتىشتىن باش تارتقان بىرى بولسىچۇ؟ ئۇ بارلىق قىلمىشلىرىنى ئاللاھنىڭ كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمىدىمۇ؟ ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇ ئەبۇ جەھىل گۇمان قىلغاندەك ئەمەس. ئەگەر ئۇ ساڭا دۈشمەنلىك قىلىشتىن ۋە ئەزىيەت قىلىشتىن يانمىسا، بىز بۇنداق يالغانچى گۇناھكارنى كوكۇلىسىدىن

قاتتىق تۇتۇپ جەھەننەمگە تاشلايمىز. بۇ ھەددىدىن ئاشقان گۇناھكار ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ سورۇنداشلىرىنى ياردەمگە چاقىرىپ باقسۇن، بىز بولساق دوزاخنىڭ ئازاب پەرىشتىلىرىنى چاقىرىمىز. ئەمەلىيەت ھەرگىز ئەبۇ جەھىل گۇمان قىلغاندەك ئەمەس. ئى پەيغەمبەر! ئۇ كاپىر ساڭا قىلچە زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ، سەن ئۇنىڭغا ھەرگىز ئىتائەت قىلمىغىن، نامازدىن توسسا بويسۇنمىغىن، رەببىڭگە سەجدە قىلغىن ۋە تائەت ـ ئىبادەتنى كۆپ قىلىپ، ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا يېقىنلىق ھاسىل قىلغىن.

# قەدر سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

إِنَّآ أَنزَلۡنَٰهُ فِي لَيۡلَةِ ٱلۡقَدۡرِ ١

1 ـ شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز قۇرئاننى رامىزان كېچىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك قەدر كېچىسىدە نازىل قىلدۇق.

وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا لَيۡلَةُ ٱلۡقَدۡرِ ٢

2 ـ ئى پەيغەمبەر! قەدر كېچىسىنىڭ قانداق كېچە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

لَيۡلَةُ ٱلۡقَدۡرِ خَيۡرٞ مِّنۡ أَلۡفِ شَهۡرٖ ٣

3 ـ قەدر كېچىسى مۇبارەك كېچە بولۇپ، ئۇ كېچىدە قىلىنغان ئەمەل ـ ئىبادەت باشقا ۋاقىتلاردا مىڭ ئاي ئەمەل ـ ئىبادەت قىلغاندىن ياخشىدۇر. بۇ ئاللاھ ئىسلام ئۈممىتىگە ئاتا قىلغان كاتتا ئىنئامدۇر.

تَنَزَّلُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ وَٱلرُّوحُ فِيهَا بِإِذۡنِ رَبِّهِم مِّن كُلِّ أَمۡرٖ ٤

4 ـ ئۇ كېچىدە پەرىشتىلەر ۋە جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈشى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، ئۇلار رەببى شۇ يىلى بەلگىلىگەن ھەربىر ئىش توغرۇلۇق رەببىنىڭ ئەمرى بىلەن چۈشىدۇ.

سَلَٰمٌ هِيَ حَتَّىٰ مَطۡلَعِ ٱلۡفَجۡرِ ٥

5 ـ ئۇ كېچە تاڭ يورۇغانغا قەدەر پۈتۈنلەي ئامانلىق بولغان ۋە يامانلىق بولمىغان بىر كېچە بولىدۇ.

# بەيىنە سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

لَمۡ يَكُنِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ وَٱلۡمُشۡرِكِينَ مُنفَكِّينَ حَتَّىٰ تَأۡتِيَهُمُ ٱلۡبَيِّنَةُ ﴿١﴾

1 - يەھۇدىيلار، خرىستىيانلار ۋە مۇشرىكلاردىن ئىبارەت كاپىرلار ئۆزلىرىگە بۇرۇنقى ساماۋى كىتابلاردا ۋەدە قىلىنغان ئالامەت كەلگەنگە قەدەر، ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقىنى تاشلىمىدى.

رَسُولٞ مِّنَ ٱللَّهِ يَتۡلُواْ صُحُفٗا مُّطَهَّرَةٗ ﴿٢﴾

2 - ئۇ ئالامەت ئۇلارغا پاك سەھىپىلەردىكى قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

فِيهَا كُتُبٞ قَيِّمَةٞ ﴿٣﴾

3 - ئۇ سەھىپىلەر كىشىلەرنى ھەقىقەتكە ۋە توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان راست خەۋەرلەرنى، ئادالەتلىك ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

وَمَا تَفَرَّقَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ إِلَّا مِنۢ بَعۡدِ مَا جَآءَتۡهُمُ ٱلۡبَيِّنَةُ ﴿٤﴾

4 - ئۆزلىرىگە ساماۋى كىتابلار نازىل بولغان يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلار ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى بېشارەتلەرنى ئوقۇپ ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى بىلگەن بولۇپ، ئۇلار كېلىدىغانلىقى تەۋرات ۋە ئىنجىلدا ۋەدە قىلىنغان پەيغەمبەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى ئېنىق ۋە روشەن بىلگەندىن كېيىنلا ئىختىلاپلاشتى. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ھەممە بىردەك ئىتتىپاق ئىدى، ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كېلىۋىدى، ئۇلار ئىككى پىرقىغا ئايرىلدى، بىر پىرقە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتتى، يەنە بىر پىرقە ھەسەت قىلىپ ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلدى.

وَمَآ أُمِرُوٓاْ إِلَّا لِيَعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مُخۡلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ حُنَفَآءَ وَيُقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤۡتُواْ ٱلزَّكَوٰةَۚ وَذَٰلِكَ دِينُ ٱلۡقَيِّمَةِ ﴿٥﴾

5 - ئۇلار بارچە شەرىئەتلەردە مۇشرىكلىكتىن يىراق تۇرۇپ، ئىمانغا پۈتۈنلەي يۈزلەنگەن ھالدا، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ، ئەمەل - ئىبادەتلەرنى پەقەت ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا قىلىشقا، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە بۇيرۇلغان ئىدى. ئەنە شۇ توغرا دىن بولغان ئىسلامدۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ وَٱلۡمُشۡرِكِينَ فِي نَارِ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ فِيهَآۚ أُوْلَٰٓئِكَ هُمۡ شَرُّ ٱلۡبَرِيَّةِ ﴿٦﴾

6 ـ شەكسىزكى، يەھۇدىيلاردىن، خرىستىيانلاردىن ۋە مۇشرىكلاردىن ئىبارەت كاپىرلارنىڭ جازاسى جەھەننەمدۇر. ئۇلار جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ. ئەنە شۇلار مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أُوْلَٰٓئِكَ هُمْ خَيْرُ ٱلْبَرِيَّةِ ﴿٧﴾

7 ـ شەكسىزكى، ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان، پەيغەمبەرگە ئەگەشكەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئەنە شۇلار مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

جَزَآؤُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ جَنَّٰتُ عَدْنٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًاۖ رَّضِىَ ٱللَّهُ عَنْهُمْ
وَرَضُواْ عَنْهُۚ ذَٰلِكَ لِمَنْ خَشِىَ رَبَّهُۥ ﴿٨﴾

8 ـ ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنى رەببىنىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپاتى قەسىرلىرىنىڭ، دەل ـ دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، دائىملىق تۇرالغۇ بولغان ناھايىتى ئېسىل جەننەتلەردۇر. ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولۇپ، ياخشى ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە تەييارلىغان كاتتا ئىنئاملىرىدىن رازى بولىدۇ. بۇ مۇكاپاتقا رەببىدىن قورققان ۋە ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلانغان ئادەملا ئېرىشەلەيدۇ.

# زەلزەلە سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

إِذَا زُلۡزِلَتِ ٱلۡأَرۡضُ زِلۡزَالَهَا ۝١ وَأَخۡرَجَتِ ٱلۡأَرۡضُ أَثۡقَالَهَا ۝٢ وَقَالَ ٱلۡإِنسَٰنُ مَا لَهَا ۝٣

1 ـ 3ـ زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەن، زېمىن قوينىدىكى ئۆلۈكلەرنى ۋە خەزىنىلەرنى سىرتقا چىقارغان چاغدا، ئىنسان قاتتىق قورققانلىقتىن: «بۇ زېمىنغا نېمە بولغاندۇ؟» دەپ كېتىدۇ.

يَوۡمَئِذٖ تُحَدِّثُ أَخۡبَارَهَا ۝٤ بِأَنَّ رَبَّكَ أَوۡحَىٰ لَهَا ۝٥

4 ـ 5ـ قىيامەت كۈنى زېمىن ئۆزىنىڭ ئۈستىدە قىلىنغان ياخشى ـ يامان ئەمەللەردىن خەۋەر بېرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئۇنى شۇنداق خەۋەر بېرىشكە بۇيرۇيدۇ.

يَوۡمَئِذٖ يَصۡدُرُ ٱلنَّاسُ أَشۡتَاتٗا لِّيُرَوۡاْ أَعۡمَٰلَهُمۡ ۝٦

6 ـ ئۇ كۈندە ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى بېرىشى ئۈچۈن، ئۇلار ھېساب مەيدانىدىن بىر قانچە توپقا بۆلۈنگەن ھالدا قايتىشىدۇ.

فَمَن يَعۡمَلۡ مِثۡقَالَ ذَرَّةٍ خَيۡرٗا يَرَهُۥ ۝٧ وَمَن يَعۡمَلۡ مِثۡقَالَ ذَرَّةٖ شَرّٗا يَرَهُۥ ۝٨

7 ـ 8 ـ كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلسا، ئاخىرەتتە ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئاخىرەتتە ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

# ئادىيات سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

وَٱلۡعَٰدِيَٰتِ ضَبۡحٗا ﴿١﴾ فَٱلۡمُورِيَٰتِ قَدۡحٗا ﴿٢﴾ فَٱلۡمُغِيرَٰتِ صُبۡحٗا ﴿٣﴾ فَأَثَرۡنَ بِهِۦ نَقۡعٗا ﴿٤﴾ فَوَسَطۡنَ
بِهِۦ جَمۡعًا ﴿٥﴾ إِنَّ ٱلۡإِنسَٰنَ لِرَبِّهِۦ لَكَنُودٞ ﴿٦﴾ وَإِنَّهُۥ عَلَىٰ ذَٰلِكَ لَشَهِيدٞ ﴿٧﴾ وَإِنَّهُۥ لِحُبِّ ٱلۡخَيۡرِ
لَشَدِيدٌ ﴿٨﴾

1 ـ 8ـ ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا دۈشمەن تەرەپكە قاراپ تېز چاپقۇچى، ناھايىتى تېز چاپقانلىقتىن تىنىقلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرغۇچى، تۇياقلىرىدىن ئوت چىقارغۇچى، ئەتىگەندە دۈشمەن ئۈستىگە باستۇرۇپ كىرگۈچى، تېزلىكىدىن توپا ـ چاڭ چىقارغۇچى، تېز يۈگۈرگەنچە بېرىپ دۈشمەن توپى ئىچىگە كىرىپ كەتكۈچى ئاتلار بىلەن قەسەم قىلىپ دېدىكى، ئىنسان ھەقىقەتەن رەببىنىڭ نېمەتلىرىگە بەكمۇ تۇزكورلۇق قىلغۇچىدۇر. شەكسىزكى، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇزكورلۇقىنى ئىقرار قىلغۇچىدۇر، ئۇ پۇل ـ مالنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. (ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىش ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر).

۞ أَفَلَا يَعۡلَمُ إِذَا بُعۡثِرَ مَا فِي ٱلۡقُبُورِ ﴿٩﴾ وَحُصِّلَ مَا فِي ٱلصُّدُورِ ﴿١٠﴾ إِنَّ رَبَّهُم بِهِمۡ يَوۡمَئِذٖ
لَّخَبِيرُۢ ﴿١١﴾

9 ـ 11ـ ئۇ ئىنسان ئاللاھ ھېساب ئېلىش ۋە تېگىشلىك مۇكاپات ياكى جازا بېرىش ئۈچۈن، قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرنى سىرتقا چىقارغان دىللاردا يوشۇرۇنغان ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئوچۇق ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىققان چاغدا، ئۆزىنى قانداق ئىشلارنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلمەمدىغاندۇ؟ ئۇ كۈندە ئىنسانلارنىڭ رەببى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر، ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر.

# قارىئە سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

ٱلۡقَارِعَةُ ١

1 ـ دەھشىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالغۇچى.

مَا ٱلۡقَارِعَةُ ٢

2 ـ ئۇ دەھشەت سالغۇچى نېمە؟

وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا ٱلۡقَارِعَةُ ٣

3 ـ ئۇ دەھشەت سالغۇچىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن نەدىن بىلىسەن؟

يَوۡمَ يَكُونُ ٱلنَّاسُ كَٱلۡفَرَاشِ ٱلۡمَبۡثُوثِ ٤

4 ـ (ئۇ قىيامەت كۈنىدۇر) شۇ كۈندە ئىنسانلار كۆپلۈكتە، تارقىلىشتا ۋە ھەرىكەتتە خۇددى تارقىلىپ يۈرۈپ، بىر تەرەپتىن ئوتقا چۈشۈۋاتقان پەرۋانىلەردەك بولۇپ كېتىدۇ.

وَتَكُونُ ٱلۡجِبَالُ كَٱلۡعِهۡنِ ٱلۡمَنفُوشِ ٥

5 ـ تاغلار ئېتىلغان ھەر خىل رەڭلىك يۇڭدەك بولۇپ، توزۇپ كېتىدۇ.

فَأَمَّا مَن ثَقُلَتۡ مَوَٰزِينُهُۥ ٦ فَهُوَ فِي عِيشَةٖ رَّاضِيَةٖ ٧

6 ـ 7 ـ ياخشى ئەمەلى ئېغىر كەلگەن ئادەمگە كەلسەك، ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا بولىدۇ.

وَأَمَّا مَنۡ خَفَّتۡ مَوَٰزِينُهُۥ ٨ فَأُمُّهُۥ هَاوِيَةٞ ٩

8 ـ 9 ـ ياخشى ئەمەلى يېنىك كەلگەن ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ جايى ھاۋىيە بولىدۇ.

وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا هِيَهۡ ١٠

10 ـ ھاۋىيەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن بىلەمسەن؟

نَارٌ حَامِيَةُۢ ١١

11 ـ ئۇ قىزىق ئوتتۇر.

# تەكاسۇر سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

أَلۡهَىٰكُمُ ٱلتَّكَاثُرُ ① حَتَّىٰ زُرۡتُمُ ٱلۡمَقَابِرَ ②

1 ـ 2ـ (ئى ئىنسانلار!) پۇل ـ مالنىڭ ۋە بالىلارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن پەخىرلىنىش سىلەرنى ئاللاھقا تائەت ـ ئىبادەت قىلىشتىن غەپلەتتە قالدۇردى. سىلەردىكى بۇ غەپلەت سىلەر ئۆلۈپ قەبرىگە كۆمۈلگەنگە قەدەر داۋاملاشتى.

كَلَّا سَوۡفَ تَعۡلَمُونَ ③

3 ـ بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس، ئاخىرەت نېمەتلىرىنىڭ سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كەلگۈسىدە بىلىپ قالىسىلەر.

ثُمَّ كَلَّا سَوۡفَ تَعۡلَمُونَ ④

4 ـ ئاندىن يەنە ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئاللاھقا تائەت ـ ئىبادەت قىلىشتىن غەپلەتتە قېلىشتەك بۇ قىلمىشىڭلارنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى كەلگۈسىدە بىلىپ قالىسىلەر.

كَلَّا لَوۡ تَعۡلَمُونَ عِلۡمَ ٱلۡيَقِينِ ⑤ لَتَرَوُنَّ ٱلۡجَحِيمَ ⑥ ثُمَّ لَتَرَوُنَّهَا عَيۡنَ ٱلۡيَقِينِ ⑦ ثُمَّ لَتُسۡـَٔلُنَّ يَوۡمَئِذٍ عَنِ ٱلنَّعِيمِ ⑧

5 ـ 8ـ پۇل ـ مېلىمىزنى ۋە بالىلىرىمىزنى كۆپەيتىمىز دەپ، ئاللاھقا تائەت ـ ئىبادەت قىلىشتىن غەپلەتتە قېلىش قەتئىي توغرا ئەمەس. ئەگەر سىلەر راستتىنلا بىلگەن بولساڭلار، ئەلۋەتتە بۇنداق قىلىشتىن يانغان ۋە ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئالدىرىغان بولاتتىڭلار. سىلەر چوقۇم جەھەننەمنى كۆرىسىلەر. كۆرگەندىمۇ شەك قىلالمايدىغان دەرىجىدە ئېنىق كۆرىسىلەر. ئاندىن قىيامەت كۈنى دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن نېمەتلەر توغرۇلۇق سوراق قىلىنىسىلەر.

# ئەسر سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

وَٱلۡعَصۡرِ ١ إِنَّ ٱلۡإِنسَٰنَ لَفِي خُسۡرٍ ٢

1 ـ 2ـ ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ۋە چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئاجايىپ ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زامان بىلەن قەسەم قىلىپ، ئادەم بالىسىنىڭ ھالاكەت ئىچىدە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَتَوَاصَوۡاْ بِٱلۡحَقِّ وَتَوَاصَوۡاْ بِٱلصَّبۡرِ ٣

3 ـ پەقەت ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشنى، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنى ۋە ئۇنىڭدا چىداملىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەرلا زىيان تارتمايدۇ.

# ھۇمەزە سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

وَيۡلٞ لِّكُلِّ هُمَزَةٖ لُّمَزَةٍ ١

1 ـ كىشىلەرنى كەمسىتكۈچى ۋە ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلغۇچى ھەربىر گۇناھكارنىڭ ھالىغا ۋاي!

ٱلَّذِي جَمَعَ مَالٗا وَعَدَّدَهُۥ ٢

2 ـ ئۇ پۇل ـ مال توپلاش ۋە ئۇنى ساناش بىلەنلا بولۇپ كەتتى.

يَحۡسَبُ أَنَّ مَالَهُۥٓ أَخۡلَدَهُۥ ٣

3 ـ ئۇ توپلىغان پۇل ـ مېلىنى ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا مەڭگۈ قېلىشىغا ۋە ئاخىرەتتە ھېساب بېرىشتىن قېچىپ قۇتۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ دەپ ئويلايدۇ.

كَلَّاۖ لَيُنۢبَذَنَّ فِي ٱلۡحُطَمَةِ ٤

4 ـ ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇ ئويلىغاندەك بولمايدۇ، ئۇ تاشلانغان ھەربىر ئادەمنى پارچىلىۋېتىدىغان دوزاخ ئوتىغا تاشلىنىدۇ.

وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا ٱلۡحُطَمَةُ ٥

5ـ ئى پەيغەمبەر! سەن دوزاخنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

نَارُ ٱللَّهِ ٱلۡمُوقَدَةُ ٦ ٱلَّتِي تَطَّلِعُ عَلَى ٱلۡأَفۡـِٔدَةِ ٧

6 ـ 7ـ ئۇ ئاللاھ ياندۇرغان، ھارارىتىنىڭ قاتتىقلىقىدىن بەدەنلەردىن ئۆتۈپ يۈرەكلەرگە كىرىپ كېتىدىغان شىددەتلىك ئوتتۇر.

إِنَّهَا عَلَيۡهِم مُّؤۡصَدَةٞ ٨ فِي عَمَدٖ مُّمَدَّدَةِۭ ٩

8 ـ 9 ـ ئۇلار چىقىپ كېتەلمەسلىكى ئۈچۈن ئۇزۇن دەملەر بىلەن تاقىلىدىغان دوزاخقا سولىنىدۇ.

# فىل سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

أَلَمۡ تَرَ كَيۡفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِأَصۡحَٰبِ ٱلۡفِيلِ ١

1 - ئى پەيغەمبەر! ئۇلۇغ كەئبىنى يىقىتىش ئۈچۈن يەمەندىن ئاتلىنىپ كەلگەن ئەبرەھەنىڭ پىللىق قوشۇننى رەببىڭنىڭ قانداق ھالاك قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

أَلَمۡ يَجۡعَلۡ كَيۡدَهُمۡ فِي تَضۡلِيلٖ ٢

2 - رەببىڭ ئۇلارنىڭ بۇ رەزىل پىلانىنى بەربات قىلىۋەتمىدىمۇ؟

وَأَرۡسَلَ عَلَيۡهِمۡ طَيۡرًا أَبَابِيلَ ٣ تَرۡمِيهِم بِحِجَارَةٖ مِّن سِجِّيلٖ ٤

3 - 4 - رەببىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ساپال تاشلارنى ياغدۇرىدىغان توپ - توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى.

فَجَعَلَهُمۡ كَعَصۡفٖ مَّأۡكُولِۭ ٥

5 - شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇشلار ئۇلارنى چاينىۋېتىلگەن سامانەك قىلىۋەتتى.

# قۇرەيش سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

لِإِيلَٰفِ قُرَيۡشٍ ١ إِۦلَٰفِهِمۡ رِحۡلَةَ ٱلشِّتَآءِ وَٱلصَّيۡفِ ٢ فَلۡيَعۡبُدُواْ رَبَّ هَٰذَا ٱلۡبَيۡتِ ٣ ٱلَّذِيٓ أَطۡعَمَهُم مِّن جُوعٖ وَءَامَنَهُم مِّنۡ خَوۡفِۭ ٤

1 ـ 4ـ قۇرەيشلەرگە ئۇڭايلىق يارىتىپ بېرىلگەنلىكى، ئۇلارنىڭ خاتىرجەملىكى، مەنپەئەتلىرىنىڭ ئۈزۈلمەي داۋاملىشىشى، يول باشلىغۇچى ۋە يېڭىنىڭ چاپقانلىقى... ئۈز يولىدا داۋاملىشىۋاتقانلىقى، قىشتا يەمەنگە، يازدا شامغا قىلىدىغان سەپەرلىرىنىڭ مۇنتىزىم كېتىۋاتقانلىقى، ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىگە ئېرىشىش يوللىرىنىڭ ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاچلىقتىن تويغۇزغان، چوڭ قورقۇنچلاردىن خاتىرجەم قىلغان ۋە مۇشۇ ئۇلۇغ كەئبىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھقا شۈكۈر قىلسۇن ۋە ئىبادەت قىلسۇن.

# مائۇن سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

أَرَءَيۡتَ ٱلَّذِي يُكَذِّبُ بِٱلدِّينِ ١

1 ـ ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنى، ئەمەللەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدىغانلىقىنى يالغان دېگەن ئادەمنىڭ ھالىنى كۆردۈڭمۇ؟

فَذَٰلِكَ ٱلَّذِي يَدُعُّ ٱلۡيَتِيمَ ٢ وَلَا يَحُضُّ عَلَىٰ طَعَامِ ٱلۡمِسۡكِينِ ٣

2 ـ 3ـ ئۇ يېتىمنىڭ ھەققىنى بەرمەي، ئۇنى دۆشكەلەيدىغان، يېتىمنى قاتتىقلىقتىن ھەيدەيدىغان، ئۇ يۇرتىكىنىڭ قاتتىقلىقىدىن، ھاجىتىنى راۋا قىلغۇدەك بىر نەرسىسى بولمىغان موھتاجغا تاماق بېرىشكە باشقىلارنى تەرغىب قىلمايدىغان ئادەمدۇر. ئۇ باشقىلارنى تەرغىپ قىلمىغان يەردە، ئۆزى قانداقمۇ بەرسۇن؟!

فَوَيۡلٞ لِّلۡمُصَلِّينَ ٤ ٱلَّذِينَ هُمۡ عَن صَلَاتِهِمۡ سَاهُونَ ٥

4 ـ 5ـ نامازنى بېپەرۋالىق بىلەن ئوقۇيدىغان، ۋاقتىغا رىئايە قىلمايدىغان، تەلەپ قىلىنغان بويىچە ئادا قىلمايدىغان كىشىلەرگە قاتتىق ئازاب بار.

ٱلَّذِينَ هُمۡ يُرَآءُونَ ٦ وَيَمۡنَعُونَ ٱلۡمَاعُونَ ٧

6 ـ 7ـ ئۇلار ياخشى ئەمەللىرىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىدىغان، (يىپ، يىڭنە چاغلىق) ئەڭ ئەقەللىي ئۆتنە ـ يېرىمىنىمۇ قىلمايلا قالماي، باشقىلارنىمۇ قىلىشتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىبادەتنىمۇ مۇكەممەل ئادا قىلمايدىغان، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگىمۇ ياخشىلىق قىلمايدىغان كىشىلەردۇر.

# كەۋسەر سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

إِنَّآ أَعۡطَيۡنَٰكَ ٱلۡكَوۡثَرَ ١

1 - ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا ھەقىقەتەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك نۇرغۇنلىغان ياخشىلىقلارنى ئاتا
قىلدۇق. جەننەتتە ساڭا ئاتا قىلىنىدىغان، ئىككى تەرىپى مەرۋايىت بىلەن قاپلانغان،
تېگى ئىپاردىن بولغان ھەۋزى كەۋسەرمۇ بۇنىڭ قاتارىدىندۇر.

فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَٱنۡحَرۡ ٢

2 - شۇڭا، سەن بارلىق نامازلىرىڭنى رەببىڭ ئۈچۈن خالىس ئادا قىلغىن، قۇربانلىقىڭنى
ئۇنىڭ ئۈچۈنلا قىلغىن.

إِنَّ شَانِئَكَ هُوَ ٱلۡأَبۡتَرُ ٣

3 - بارچە ياخشىلىقتىن مەھرۇم بولۇپ، نام - نىشانسىز قالىدىغان ئادەم دەل سەن ئېلىپ
كەلگەن ھىدايەت بىلەن نۇرنى يامان كۆرىدىغان ۋە ساڭا ئۆچمەنلىك قىلىدىغان
ئادەمدۇر.

# كافىرۇن سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

قُلۡ يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡكَٰفِرُونَ ١ لَآ أَعۡبُدُ مَا تَعۡبُدُونَ ٢

1 ـ 2 ـ ئى پەيغەمبەر! ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغانلارغا ئېيتقىنكى، «ئى
كاپىرلار! سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا ۋە ساختا ئىلاھلارغا مەن چوقۇنمايۋاتىمەن.

وَلَآ أَنتُمۡ عَٰبِدُونَ مَآ أَعۡبُدُ ٣

3 ـ سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلمايۋاتىسىلەر. ئۇ ئىبادەت
قىلىنىشقا ھەقلىق بولغان يېگانە ئىلاھتۇر.

وَلَآ أَنَا۠ عَابِدٞ مَّا عَبَدتُّمۡ ٤

4 ـ مەن سىلەر چوقۇنغان بۇتلارغا ۋە باتىل ئىلاھلارغا قەتئىي چوقۇنمايمەن.

وَلَآ أَنتُمۡ عَٰبِدُونَ مَآ أَعۡبُدُ ٥

5 ـ سىلەرمۇ بۇنىڭدىن كېيىن مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاللاھقا ئىبادەت قىلمايسىلەر.

لَكُمۡ دِينُكُمۡ وَلِيَ دِينِ ٦

6 ـ سىلەر ئەگىشىشتە چىڭ تۇرۇۋاتقان دىنىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزۈم
ئۈچۈندۇر، مەن بۇ دىندىن باشقا دىننى تەلەپ قىلمايمەن». (بۇ ئايەت بىر قىسىم
مۇشرىكلار ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى
ئەزەلىي ئىلمى بىلەن بىلگەن).

# نەسر سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

إِذَا جَآءَ نَصۡرُ ٱللَّهِ وَٱلۡفَتۡحُ ١ وَرَأَيۡتَ ٱلنَّاسَ يَدۡخُلُونَ فِي دِينِ ٱللَّهِ أَفۡوَاجٗا ٢ فَسَبِّحۡ بِحَمۡدِ رَبِّكَ وَٱسۡتَغۡفِرۡهُۚ إِنَّهُۥ كَانَ تَوَّابَۢا ٣

1 ـ 3 ـ ئى پەيغەمبەر! ساڭا قۇرەيش كاپىرلىرى ئۈستىدىن غەلىبە ۋە مەككىنىڭ فەتھىسى نېسىپ بولغان ۋە سەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگەن چېغىڭدا، رەببىڭنى مەدھىيەلەپ كۆپلەپ تەسبىھ ئېيتىش ۋە كۆپلەپ ئىستىغپار ئېيتىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشقا تەييارلىق قىلغىن. شەكسىزكى، ئاللاھ ئەزەلدىن تەسبىھ ئېيتقۇچىلارنىڭ ۋە گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ ئۇلارغا رەھىم قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

# مەسەد سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

تَبَّتۡ يَدَآ أَبِي لَهَبٖ وَتَبَّ ١

1 ـ ئەبۇ لەھەب مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! ئۇ بەدبەخت بولۇپ كەتسۇن! ئەبۇ لەھەبنىڭ ھالاكىتى ئەمەلگە ئاشتى.

مَآ أَغۡنَىٰ عَنۡهُ مَالُهُۥ وَمَا كَسَبَ ٢

2 ـ ئۇنىڭ پۇل ـ مېلى ۋە بالىلىرى ئۇنىڭغا قىلچە ئەسقاتمىدى، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا چۈشكەن ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرالمىدى.

سَيَصۡلَىٰ نَارٗا ذَاتَ لَهَبٖ ٣ وَٱمۡرَأَتُهُۥ حَمَّالَةَ ٱلۡحَطَبِ ٤

3 ـ 4ـ ئۇ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا تىكەنلەرنى تاشلاپ قويۇپ ئەزىيەت قىلىدىغان ئايالى ئۇزاققا قالماي لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ.

فِي جِيدِهَا حَبۡلٞ مِّن مَّسَدِۭ ٥

5 ـ ئايالىنىڭ بويىنىدا مەھكەم ئېشىلگەن قاتتىق ۋە قوپال ئارغامچا بولىدۇ، ئۇ ئارغامچا بىلەن دوزاخقا سۆرىلىدۇ، ئاندىن دوزاخنىڭ ئاستى قەۋىتىگە تاشلىنىدۇ.

# ئىخلاس سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

قُلۡ هُوَ ٱللَّهُ أَحَدٌ ١

1 - ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، ئۇ ئاللاھ ئىلاھلىقتا، ئىسىم - سۈپەتلىرىدە يەككە - يېگانىدۇر، ھېچكىم ئۇنىڭغا شېرىك بولالمايدۇ.

ٱللَّهُ ٱلصَّمَدُ ٢

2 - ئاللاھ ھۆرمەت - ئىززەتتە، ئۇلۇغلۇق ۋە كاتتىلىق سۈپەتلىرىدە كامالىغا يەتكەن زات بولۇپ، خالايىق ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشتا ئۇنىڭغا يۈزلىنىدۇ، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىدۇ.

لَمۡ يَلِدۡ وَلَمۡ يُولَدۡ ٣

3 - ئۇنىڭ بالىسى يوق، ئاتىسىمۇ يوق ۋە ئايالىمۇ يوقتۇر.

وَلَمۡ يَكُن لَّهُۥ كُفُوًا أَحَدُۢ ٤

4 - ئىسىملىرىدا ياكى سۈپەتلىرىدە ۋەياكى ئىش - پائالىيەتلىرىدە ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭداش ياكى ئوخشاش بولالمايدۇ.

# فەلەق سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

قُلۡ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلۡفَلَقِ ﴿١﴾ مِن شَرِّ مَا خَلَقَ ﴿٢﴾ وَمِن شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ ﴿٣﴾ وَمِن شَرِّ ٱلنَّفَّٰثَٰتِ فِي ٱلۡعُقَدِ ﴿٤﴾ وَمِن شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ ﴿٥﴾

1 - 5- ئى پەيغەمبەر! سەن «بارلىق مەخلۇقاتنىڭ يامانلىقىدىن، زىيانكەشلىكىدىن، قاتتىق قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ يامانلىقىدىن، ئۇ كېچىدىكى يامانلىقلاردىن ۋە زىيانكەشلىكلەردىن، چىگىكلەرگە دەم سالىدىغان سېھىرگەرلەرنىڭ يامانلىقىدىن، ئاللاھ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېمەتكە چىدىماي، ئۇنىڭ يوقۇلۇشىنى تىلەيدىغان ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى يامانلىقىدىن، سۇبھىنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن قوغدىنىمەن» دېگىن.

# ناس سۈرىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

قُلۡ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلنَّاسِ ۝١ مَلِكِ ٱلنَّاسِ ۝٢ إِلَٰهِ ٱلنَّاسِ ۝٣ مِن شَرِّ ٱلۡوَسۡوَاسِ ٱلۡخَنَّاسِ ۝٤ ٱلَّذِي
يُوَسۡوِسُ فِي صُدُورِ ٱلنَّاسِ ۝٥ مِنَ ٱلۡجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ ۝٦

1 - 6 - ئى پەيغەمبەر! سەن «ئىنسانلارنىڭ دىللىرىغا يامانلىقلارنى ۋەسۋەسە قىلغۇچىلارنىڭ يامانلىقىدىن، ئۇلارنى ساقلاشقا قادىر بولغان رەببى، ئىنسانلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچى ۋە ئۇلاردىن بىھاجەت بولغۇچى پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ھەقىقىي مەبۇدى ۋە يېگانە ئىلاھى بولغان ئاللاھقا سىغىنىپ، كىشىلەر غەپلەتتە قالسا ئۇلارغا يامانلىقلارنى خىيال قىلدۇرىدىغان، ئۇلار ئاللاھنى ياد ئەتسە دەرھال يوقىلىدىغان شەيتاننىڭ زىيانكەشلىكىدىن، ئىنسانلارنىڭ دىللىرىغا يامانلىقنى ۋە شەك - شۈبھىلەرنى سالىدىغان جىن شەيتانلارنىڭ ۋە ئادەمىي شەيتانلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن ۋە ئاللاھقا سىغىنىپ قوغدىنىمەن» دېگىن.

ئۇلۇغ ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ۋە مۇۋەپپەق قىلىشى بىلەن «تەپسىرى مۇيەسسەر»نىڭ تەرجىمىسىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق تۈزىتىلىشى تاماملاندى.

ھىجرىيە 1444 - يىلى، سەپەر ئېيىنىڭ 19 - كۈنى.
مىلادىيە 2022 - يىلى، 15 - سېنتەبىر، ئاخشام سائەت 21.00.
جىددە — سەئۇدى ئەرەبىستان.

# «قۇرئان كەرىم» ھەققىدە

## ◈ «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇشى

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ دەستۇرى، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ بىرىنچى ئاساسلىق مەنبەسىدۇر. ئۇ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ۋەھيى يولى بىلەن نازىل قىلىنغان ساماۋىي كىتابتۇر.

«قۇرئان» دېگەن سۆز «قرأ» يەنى «ئوقۇدى» دېگەن پېئىلدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، «ئوقۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ﴿لَا تُحَرِّكْ بِهِ لِسَانَكَ لِتَعْجَلَ بِهِ . إِنَّ عَلَيْنَا جَمْعَهُ وَقُرْآنَهُ . فَإِذَا قَرَأْنَاهُ فَاتَّبِعْ قُرْآنَهُ . ثُمَّ إِنَّ عَلَيْنَا بَيَانَهُ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر! ساڭا ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقان چاغدا) ئۇنى ئېسىڭگە ئېلىۋېلىشقا ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما. چۈنكى ئۇ ۋەھيىنى (سېنىڭ دىلىڭغا) توپلاش ۋە ئۇنى ساڭا ئوقۇتۇش بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر. شۇڭا، بىز ئۇنى (ساڭا جىبرىل ئارقىلىق) ئوقۇپ بەرگەندە، سەن ئۇنى (جىم تۇرۇپ) ئاڭلىغىن﴾[1] دېگەن ئايەتتىكى «قُرْآنَ» يەنى «قۇرئان» دېگەن سۆز بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

## ◈ ۋەھيى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

ۋەھيى ـ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلغان تەلىماتى دېگەنلىك بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» دە: ﴿أوحى﴾ يەنى «ۋەھيى قىلدى»، ﴿كلم﴾ يەنى «سۆزلىدى»، ﴿قال﴾ يەنى «ئېيتتى»، ﴿أمر﴾ يەنى «بۇيرۇدى»، ﴿القى﴾ يەنى «تاشلىدى»، ﴿أنزل﴾ يەنى «نازىل قىلدى (يەنى چۈشۈردى)»، ﴿نادى﴾ يەنى «نىدا قىلدى» قاتارلىق ئىپادىلەر بىلەن ئەمەلگە ئاشقان. ۋەھيىنىڭ يوللىرى بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان: ﴿ئاللاھ بىر ئىنسانغا پەقەت ۋەھيى يولى بىلەن ياكى پەردە ئارقىسىدىن سۆزلەيدۇ، ياكى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ ئۇ ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغان ۋەھيىنى قىلىدۇ﴾[2].

ۋەھيى ئۆزى بىلەن ئەڭ ئاۋۋال تونۇشقان ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىققان ۋە ئۇلارنىڭ ياشاش تەرزىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى ئازغۇنلۇقتىن ھىدايەتكە، ئىناقسىزلىقتىن بىرلىككە، نادانلىقتىن ئىلىم ـ مەرىپەتكە، ئاجىزلىقتىن كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تەدرىجىي ئېلىپ بارغان ئىدى. چۈنكى ۋەھيى يېڭى بىر ھاياتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن نازىل بولغان ئىلاھىي قانۇندۇر. زادى ۋەھيىنىڭ مەقسىتى ئىنساننى مەركەز قىلغان بىر ھايات، ئىماننى مەركەز قىلغان بىر ھايات، ئىلىم ـ مەرىپەتنى مەركەز قىلغان بىر ئىمان ۋە ھەقىقەتنى مەركەز قىلغان ئىلىم ـ مەرىپەت ئىدى. شەكسىزكى، ھەقىقەتنىڭ مەنبەسى ئاللاھ تائالادۇر. ۋەھيىنىڭ روھى بىلەن پارلاق بىر ھاياتقا ئېرىشكەن ساھابىلەر بارلىق ئەخلاق ـ پەزىلەتتە، ھەقىقەتنى نامايان قىلىشتا، ھەقىقەت ئۈچۈن پىداكارلىق قىلىشتا ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن

---

[1] قىيامەت سۈرىسى: 16 ـ 18 ـ ئايەتلەر.

[2] شۇرا سۈرىسى: 51 ـ ئايەت.

خىزمەت قىلىشتا ۋايىغا يەتكەن ۋە پۈتۈن دۇنيا ئەللىرىگە ئۈچمەس ئۆلگىلەرنى ياراتقان ئىدى.

ۋەھيى تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرلۈك بولغان:

(1) پەردە ئارقىسىدىن سۆز قىلىش. ئاللاھ تائالا مىسىرنىڭ تۇر تېغىدا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا پەرىشتىنىڭ ۋاستىسىسىز سۆز قىلغان. ﴿ئاللاھ مۇساغا بىۋاستە سۆز قىلدى﴾[1].

(2) ئىلھام قىلىش ياكى پەيغەمبەرنىڭ قەلبىگە ئورنىتىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جىبرىل مېنىڭ قەلبىمگە ‹ھېچكىم رىزقىنى تولۇق تۈگەتمەستىن ئۆلمەيدۇ› دەپ ئىلھام قىلدى، سىلەر ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى نەرسىلەرنى تىلەڭلار»[2].

(3) راست چۈش. پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ۋەھيىدۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھقا ۋەھيى دەسلەپتە ياخشى چۈش كۆرۈش بىلەن باشلانغان»[3].

(4) ئاللاھ تائالانىڭ جىبرىلنى ئەۋەتىشى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيى توغرۇلۇق سورالغىنىدا: «ۋەھيى ماڭا بەزىدە قاتتىق جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن كېلىدۇ، گاھىدا پەرىشتە بىر ئادەمنىڭ سۈرىتىدە كۆرۈنۈپ كېلىپ ماڭا سۆز قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق ئېسىمدە تۇتۇۋالىمەن»[4] دەپ جاۋاب بەرگەن.

## ◈ مۆجىزە ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

مۆجىزە ـ پەيغەمبەرلەرنىڭ راستىنلا ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن دەلىل، ئىسپات ۋە پاكىت دېمەكتۇر.

ئاللاھ تائالا ھەربىر پەيغەمبەرنى يېتەرلىك مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتكەن. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا «ئوتتا كۆيمەس مۆجىزىسى»نى بەرگەن، بابىل پادىشاھى نەمرۇد ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى چوڭ بىر ئوت دۆۋىسىگە ئاتقاندا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەھشەتلىك ئوت ئىچىدە تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ نە بەدىنى، نە تېرىسى كۆيمىگەن، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قولى چىراقتەك ياندىغان، ھاسىسى ئەجدىرھاغا ئايلىنىدىغان مۆجىزىلەرنى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغان، ئاق كېسەلنى ساقايتىدىغان، تۇغما كورنىڭ كۆزىنى ئاچىدىغان مۆجىزىلەرنى بەرگەن. بۇلار «قۇرئان كەرىم» ۋە باشقا ساماۋىي كىتابلاردا قەيت قىلىنغان. ئاخىرقى پەيغەمبەر ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ نۇرغۇن مۆجىزىلەر بېرىلگەن. ئۇنىڭ ۋە بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە پەرقلىق ۋە تا قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە بولغان بىردىنبىر جانلىق مۆجىزە ـ قۇرئاندۇر.

مۆجىزىلەر ئەزەلدىن ھەربىر دەۋر ۋە جەمئىيەتنىڭ شارائىتىغا قاراپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان نەرسىنىڭ جىنسىدىن بولۇپ، ئۇنى بېسىپ چۈشىدىغان ئالاھىدە پەرقلىق ئۈستۈنلۈكى بىلەن كەلگەن. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرگە مۆجىزە ئاتا قىلىشتىكى پرىنسىپىدۇر. ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا مۆجىزە ئەۋەتىشنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى بولمايتتى. چۈنكى بىر پەننى بىلمىگەن خەلققە باشقا بىر پەن بىلەن دۇئىل ئېلان قىلغاننىڭ ئەھمىيىتى بولمايتتى. بەلكى دۇئىل ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئەڭ ئۈچىغا چىققان نەرسىسىنىڭ جىنسىدىن بولغاندىلا ئۇنىڭ قىممىتى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەسىلەن: پىرئەۋننىڭ زامانىدا سېھرگەرلىك ئىنتايىن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا شۇ زاماننىڭ تەقەززاسىغا

---

[1] نىسا سۈرىسى164 ـ ئايەت.

[2] شھاب قۇزائىينىڭ «مۇسنەد» ناملىق ھەدىس توپلىمى115 ـ ھەدىس، 2 ـ توم،185 ـ بەت.

[3] «سەھىھۇلبۇخارى» 3 ـ ھەدىس، فەتھۇلبارى 1 ـ توم،27 ـ بەت.

[4] «سەھىھۇلبۇخارى»2 ـ ھەدىس، فەتھۇلبارى1 ـ توم،23 ـ بەت.

ماسلاشتۇرغان ھالدا، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن سېھىرلەرنى بەربات قىلىپ، سېھىرگەرلەرنى مات قىلىدىغان مۆجىزە ئاتا قىلغان. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرى تىببىي جەھەتتە زور يۈكسەلگەن بىر دەۋر بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئۇستا دوختۇرلىرىمۇ ساقايتالمىغان ئاق كېسەلنى، تۇغما كورنى ساقايتىدىغان ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكلەرنىمۇ تىرىلدۈرىدىغان مۆجىزىنى ئاتا قىلغان.

ئەمما ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىغا كەلگەندە، ئەرەبلەردە ئەدەبىيات، شېئىرىيەت ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى. ئەرەبلەر چوڭ - كىچىك ھەممىسى بىردەك شېئىرخۇمار خەلق ئىدى. ئۇلار ھەر يىلى مەلۇم بىر كۈننى بەلگىلەپ «ئۇكاز»[1] بازىرىدا بارلىق مەشھۇر ئەدىبلەر ۋە شائىرلار ماھارەت كۆرسىتەتتى. «ئۇكاز» ئەينى زاماندا شائىرلارنىڭ شېئىر سورۇنىغا ئايلانغانىدى. ئەرەبلەرنىڭ شېئىرىيەتكە بۇنچىلىك زور ئەھمىيەت بېرىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى: بىر تەرەپتىن، ئۇلار قۇملۇق سەھرالار ۋە يايلاقلاردا ھايات كەچۈرىدىغان خەلق بولغاچقا، تەبىئەتنىڭ ھەرخىل مەنزىرىلىرى ئۇلارنى شېئىر ۋە غەزەللەرنى ئېيتىشقا ئۈندەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەرەبلەردە ئومۇمىي بىرلىك بولماستىن، ئۇلار قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ، ھەربىر قەبىلە ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى شېئىر ۋە غەزەللەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ پەخىرلىنىش ۋە شېئىر بىلەن رەقىبلىرىنى سۆكۈش، ھەتتا بۇ سەۋەبتىن بىر - بىرىگە قارشى چوڭ ئۇرۇشلارنى باشلىتىش قاتارلىق مۇددىئالار بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزەتتى. شۇڭا ئۇلار ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر بىلەن تۈيۈنغان بەدىئىي شېئىرلارغا ۋە تالانتلىق شائىرلارغا زور ئېھتىياجلىق ئىدى. قىسقىسى، ئۇلار شېئىر بىلەن كۆتۈرۈلەتتى، شېئىر بىلەن چۈشەتتى. بەزى بەدىئىي شېئىرلىرىنى كەئبىكە ئېسىش بىلەن پەخىرلىنەتتى.

## ◈ «قۇرئان كەرىم» مەڭگۈلۈك مۆجىزىدۇر

«قۇرئان كەرىم» ئۆزىنىڭ پارلاق نۇرى بىلەن دۇنياغا نۇر چاچقان، بەدىئىيلىك ۋە ئەدەبىيلىك جەھەتتە ئەڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ھالدا، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنىشى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ئۆزلىرىنى «ئەرەب (تىلى راۋان)» باشقا مىللەتلەرنى «ئەجەم (تىلى راۋان ئەمەس)» دەپ مەغرۇرلانغان ئاتاغلىق ئەدىبلىرى بىلەن تالانتلىق شائىرلىرىنى سەھنىدىن چۈشۈردى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا «قۇرئان كەرىم»نىڭ جىمى ئەرەبلەرگە دۈئىل ئېلان قىلىشى ئىدى. ئۇلار قۇرئاننىڭ ئالدىدا خۇددى چۈش ۋاقتىدا قۇياشقا تىكىلىپ قارىغان كىشىنىڭ كۆزى خىرەلىشىپ قالغىنىدەك، ئەقىللىرى خىرەلىشىپ بارچە ماھارەتلىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان ھالدا گاڭگىراپ قالدى.

«قۇرئان كەرىم» جىمى ئەرەبلەرگە دۈئىل ئېلان قىلغىنىدەك، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە دۈئىل ئېلان قىلغانىدى. قۇرئان بۇ خۇسۇستا نۇرغۇنلىغان ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن ۋە بۇ ئىشلار ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرىغا چىققان. مەسىلەن: شۇ ۋاقىتتىكى ئىككى چوڭ ئىمپېراتورلۇقلاردىن بولغان رىملىقلار بىلەن ئىرانلىقلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولۇپ، ئىرانلىقلار رىملىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال مۇشرىك ئەرەبلەرنى مەمنۇن، مۇسۇلمانلارنى بولسا غەمكىن قىلىدۇ. چۈنكى ئىرانلىقلار ئەرەبلەرگە ئوخشاش بۇتپەرەس، رىملىقلار ساماۋىي دىنغا - خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەر ئىدى. شۇڭا مۇشرىك ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىرانلىق دىنداشلىرىنىڭ رىملىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭمۇ رىملىقلارغا ئوخشاش بولۇشىنى تىلەيتتى. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنى قاتتىق غەمكىن قىلغانىدى. شۇ ۋاقىتتا قۇرئان رىملىقلارنىڭ كېيىنكى غەلىبىسىدىن خەۋەر بېرىپ: ﴿ الٓمٓ . غُلِبَتِ الرُّومُ . فِىٓ أَدْنَى الْأَرْضِ وَهُمْ مِنْ بَعْدِ غَلَبِهِمْ

---

[1] ئۇكاز - ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ مەككە بىلەن تائىف شەھەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى.

سَيَغْلِبُونَ . فِى بِضْعِ سِنِينَ لِلَّهِ الْأَمْرُ مِن قَبْلُ وَمِنْ بَعْدُ وَيَوْمَئِذٍ يَفْرَحُ الْمُؤْمِنُونَ . بِنَصْرِ اللَّهِ يَنصُرُ مَن يَشَاءُ وَهُوَ الْعَزِيزُ الرَّحِيمُ﴾ ﴿رىملىقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى. ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ، ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر، بۇ كۈندە مۆئمىنلەر ئاللاھنىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ، ئاللاھ خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، (مۆئمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1] دېگەنىدى. بۇ خەۋەرنى مۇسۇلمانلار «ھەق ۋە راست» دەپ تەستىق قىلىشقان، ئەرەب مۇشرىكلىرى، يەھۇدىيلار ۋە مۇناپىقلار بۇ خەۋەرنى «بۇ يالغان ۋەدە، قېنى كۆرىمىز، قايسىمىزنىڭ كۈتكىنى ئەمەلگە ئاشىدىكەن» دېيىشكەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى پىرقە ئىرانلىقلار بىلەن رىملىقلارنىڭ ئۇرۇشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن ئىدى. ئارىدىن تولۇق 7 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، رىملىقلار خۇددى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئالدىنئالا خەۋەر بەرگىنىدەك ئىرانلىقلارنى يېڭىدۇ. ناۋادا ئەھۋال «قۇرئان كەرىم» خەۋەر بەرگەنىدەك بولماستىن، ئەكسىچە بولۇپ رىملىقلار يېڭىلگەن بولسا ياكى ئۇرۇش يۈز بەرمىگەن بولسا نېمە بولماقچى ئىدى؟ شەكسىزكى، ئەرەبلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «يالغاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان، شۇڭا گەپلىرى يالغان چىقتى» دېگەن تۆھمەتلىرىنى راستقا چىقىرىشىغا شەرت ـ شارائىت ھازىرلانغان بولاتتى. ئەمما بۇ خەۋەرنى بەرگۈچى زات ئاللاھ تائالا ئىدى. چۈنكى يەتتە يىلدىن كېيىن بولىدىغان مۇنداق بىر ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدىن خەۋەر بېرىش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭلا ئەمەس، پىشقان تەجرىبىلىك ھەربىي قوماندانلارنىڭمۇ قولىدىن كېلىدىغان بىر ئىش ئەمەس ئىدى.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان يەنە بىر تەرىپى شۇكى، ھەرقانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىسى ئايرىم ۋە دەستۇرى ئايرىم ئىدى. مەسىلەن: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ھاسا بولسا، دەستۇرى تەۋرات ئىدى. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى مېدىتسىنا بولسا، دەستۇرى ئىنجىل ئىدى. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئۇنىڭ دەستۇرىنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت ئۇلۇغ دەستۇرنىڭ مۆجىزە بىلەن قوغدىلىپ مەڭگۈ داۋاملىشىشى ۋە مۆجىزىنىڭ دەستۇردا ھەمىشە بولۇشى ئۈچۈن ئىدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرى شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىگە ئامانەت قىلىنغان ۋە ئۇلار كىتابلىرىنى چىڭ ساقلاشقا ئەمر قىلىنغان. ئەمما «قۇرئان كەرىم»نى ساقلاش، ئۇنى ئۆزگەرتىش ۋە بۇرمىلاشلاردىن قوغداش ئىشىنى ئاللاھ تائالا ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾ يەنى ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆزىمىز قوغدايمىز﴾[2]

## ◈ «قۇرئان كەرىم» نىڭ تەدرىجىي نازىل قىلىنغانلىقى

«قۇرئان كەرىم» نىڭ بىراقلا نازىل قىلىنماستىن، ئاز ـ ئازدىن، پارچە ـ پارچە نازىل قىلىنغانلىقىنىڭ ھېكمىتى ۋە سىر ـ ئەسرارلىرى ناھايىتى كۆپ. ئاللاھ تائالا بۇلارنىڭ بەزىسىنى ئوچۇق قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇش ۋە ئىرادىسىنى كۈچەيتىش، ئۇنىڭ قەۋمىدىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە تەسەللى بېرىش. ئۇنى دەۋەت يولىدىكى جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى سەۋرچانلىق بىلەن قوبۇل قىلىشقا ئۈندەش، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى ھېكايە قىلىپ بېرىش ئارقىلىق كۈچلۈك بولۇشقا تەشەببۇس قىلىش، ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ ياردەم قىلىدىغانلىقى ۋە ئەڭ چوڭ نۇسرەت ئاتا قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە

[1] رۇم سۈرىسى:2-5 ـ ئايەتلەر.

[2] ھىجر سۈرىسى:9 ـ ئايەت.

قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ قەلبىنى مۇستەھكەملەش... قاتارلىقلاردۇر.

بۇنىڭدىن باشقا، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاز - ئازدىن نازىل قىلىنغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى يادلىۋېلىشى ئۈچۈن ئوڭايلىق ئىدى. بۇ ئىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئايەتلەرنى دەرھال يادلىۋېلىشى ۋە بۇ ئايەتلەردە كۆرسىتىلگەنلەرنى تۇرمۇشىغا تولۇق تەتبىقلاشنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئوڭايلىق يارىتىپ بېرەتتى.

## ◈ ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ تەرتىپى

«قۇرئان كەرىم»دىكى ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ تەرتىپى ئۇلارنىڭ نازىل بولۇش تەرتىپى بويىچە ئەمەس، بەلكى جىبرىلنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ ئورۇنلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشىگە ئاساسەن رەتلەنگەن. شۇڭا فاتىھە سۈرىسى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەڭ بېشىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇ دەسلەپ نازىل بولغان سۈرە ئەمەس. بەلكى ئەڭ دەسلەپ نازىل بولغىنى ئەلەق سۈرىسى بولۇپ، ئۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ 30 - پارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

## ◈ جىبرىلنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇرئان ئوقۇتۇشى

جىبرىل ئەلەيھىسسالام ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننى بىر قېتىم باشتىن ئاخىرغىچە ئوقۇپ بېرىپ، ئاندىن يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشتىن ئاخىر تىڭشايتتى. پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى رامىزان ئېيىدا، ئۇنىڭغا «قۇرئان كەرىم»نى ئىككى قېتىم ئوقۇپ بېرىپ، ئىككى قېتىم تىڭشىغان. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسكە كۆرە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆيۈملۈك قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «جىبرىل ماڭا قۇرئاننى ھەر يىلى بىر قېتىم ئوقۇپ بېرەتتى، بۇ يىل ئىككى قېتىم ئوقۇپ بەردى، بۇنىڭدىن ئەجىلىمنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى سېزىۋاتىمەن» دېگەن[1].

## ◈ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ساقلىنىشى

ئاللاھ تائالا ساماۋى كىتابلارنىڭ ئاخىرقىسى بولغان «قۇرئان كەرىم» نى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان پېتى ساقلاشنىڭ پۈتۈن شەرت - شارائىتلىرىنى ۋە سەۋەبلىرىنى تولۇقلاپ بەرگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنى نازىل بولغان پېتى ساقلاپ، ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلارغا سالامەت يەتكۈزگەن. شۇڭا «قۇرئان كەرىم» ھەرقانداق بىر ئۆزگەرتىش، ئالماشتۇرۇش ۋە بۇرمىلاشلاردىن پۈتۈنلەي ساقلىنىپ، بىزلەرگىچە ئۆز پېتى بىلەن يېتىپ كەلگەن يېگانە كىتابتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى نازىل بولغان پېتى ساقلاش ئىشىدىكى ھوشيارلىقى ۋە چېكىگە يەتكەن ئېھتىياتچانلىقى دۇنيا تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئەھۋال. بۇنىڭغا مۇسۇلمان ئەمەس ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ گۇۋاھ.

«قۇرئان كەرىم» يادقا ئېلىش ۋە يېزىپ قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى يول بىلەن ساقلىنىپ كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»دىن نازىل بولۇپ تۇرغان ئايەت ۋە سۈرىلەرنى شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا ساھابىلەرگە يادقا ئالدۇرۇش ۋە تېرىلەرگە، خورما يوپۇرماقلىرىغا يازدۇرۇش ئارقىلىق ساقلاپ كەلگەن.

---

[1] «سەھىھۇلبۇخارى» 6285 - ھەدىس، فەتھۇلبارى11 - توم،94 - بەت.

## ◈ «قۇرئان كەرىم»نىڭ توپلىنىشى

«قۇرئان كەرىم» بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىغا بىر يىلمۇ توشمىغان ۋاقىت ئىچىدە، يەنى ھىجرىيەنىڭ 12 ـ يىلى (631 ـ مىلادى) يەمامە ئۇرۇشىدىن كېيىنلا رەسمىي كىتاب شەكلىدە توپلانغان. «قۇرئان كەرىم»نى كىتاب شەكلىدە توپلاپ چىقىش ئىشىنى زەيد ئىبنى سابىت باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم ساھابىلەر ئۈستىگە ئالغان. ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا «ۋەھيى كاتىبلىرى كومىتېتى»نىڭ ئەزالىرى ئىدى.

## ◈ «ۋەھيى كاتىبلىرى كومىتېتى»

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەخسۇس كاتىبى ۋە «ۋەھيى كاتىبلىرى كومىتېتى»نىڭ رەئىسى بولۇپ، قارىيلارنىڭ ئەڭ سەرخىلى، پەۋقۇلئاددە زېرەك، ھوشيار ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ئالاھىدە يۇقىرى كىشى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئاۋۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭدىن كېيىن خەلىپىلەر ئۇ كىشىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن مەخسۇس كاتىب قىلىپ ئىشلەتكەن. زەيد ئىبنى سابىت جىبرىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئان كەرىم»نى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم باشتىن ئاخىر ئوقۇپ بېرىپ، يەنە ئۇنىڭدىن تىڭشىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ھازىر بولۇش شەرىپىگە نائىل بولغان، ئىشەنچلىكلىكى، ئېھتىياتچانلىقى ۋە تەقۋالىقى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قايىل قىلغان ساھابىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

## ◈ «ۋەھيى كاتىبلىرى كومىتېتى»نىڭ «قۇرئان كەرىم»نى توپلاشتىكى ئۇسۇلى

زەيد ئىبنى سابىت باشچىلىقىدىكى«ۋەھيى كاتىبلىرى كومىتېتى» ئەزالىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرىنى توپلاپ كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈشتە دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەڭ ئىلغار ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك ئۇسۇلنى قوللانغان بولۇپ، «ۋەھيى كاتىبلىرى كومىتېتى»نىڭ ئەزالىرى تېرىلەرگە، سىلىق تاشلارغا، خورما دەرىخىنىڭ قوۋزاقلىرىغا ۋە يوپۇرماقلىرىغا، شۇنداقلا سۆڭەكلەرگە يېزىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە ساقلانغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرىنى شۇ ۋاقىتتىكى قارىيلارنىڭ يادلىغانلىرىغا بىرمۇ بىر سېلىشتۇرۇپ، ھەربىر قارىيدىن تىڭشىغان ئايەتلەردىن ھەربىر ئايەتنىڭ توغرىلىقىغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە يېزىپ ساقلانغان ئايەتلەردىن ھەربىر ئايەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا يېزىلغانلىقىغا ئىككى گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئېلىشنى شەرت قىلغان. ئۇلار ھەربىر ئايەت ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا، ئۇنىڭ دەپ بېرىشى بىلەن يېزىلغانلىقىغا ئەڭ ئاز دېگەندە ئىككى گۇۋاھچىنى قەسەم قىلدۇراتتى، ئاندىن شۇ ئايەتنىڭ ئۆزىنى قارىيلاردىن تىڭشاپ كۆرەتتى، قارىيلارنىڭ ئوقۇغىنى بىلەن يېزىلىپ ساقلانغىنى ئەينەن چىقسا، ئاندىن ئۇنى رەسمىي «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى قاتارىدىن ساناپ توپلاپ ماڭاتتى.

## ◈ «ۋەھيى كاتىبلىرى كومىتېتى»نىڭ ئەزالىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا ۋەھيىلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشقا ۋە كېيىنچە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى توپلاشقا بەلگىلەنگەن «ۋەھيى كاتىبلىرى كومىتېتى»نىڭ ئەزالىرى ساھابىلەرنىڭ ئەڭ مۇكەممەل قارىيلىرىدىن تاللاپ چىقىلغان ئەڭ تەقۋادار، ئەڭ ئالىم، ئەڭ ھوشيار ۋە ئەڭ ئېھتىياتچان شەخسلەردىن تەشكىللەنگەن گۇرۇپپا ئىدى. «قۇرئان كەرىم»نىڭ پۈتۈن ئايەتلىرىنى جەملەپ، ئۇلارنى كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈش ئىشىغا ساق بىر يىل كەتكەن.

### ◈ «قۇرئان كەرىم» نۇسخىسىنىڭ كۆپەيتىلىشى

«قۇرئان كەرىم» ھىجرىيىنىڭ 25 ـ يىلى (645 ـ مىلادى) ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە، ئۇنىڭ مەخسۇس پەرمانى بىلەن نۇسخىلاندۇرۇپ كۆپەيتىلگەن. «قۇرئان كەرىم» نى نۇسخىلاندۇرۇپ كۆپەيتىش پىكرىنى قارىيلارنىڭ پېشۋاسى ھۇزەيفە ئىبنى يەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ پىكرنى خەلىپىدىن باشلاپ پۈتۈن ئۆلىمالار قوللىغان. «قۇرئان كەرىم»نى ھەربىر قارىينىڭ ئۆزى مەنسۇپ بولغان شۇئىدە ئوقۇشى ۋە ھەربىر قارىينىڭ ئۆزى ئوقۇغان شۇئىنى ھەممىدىن ئەۋزەل سانىشى نەتىجىسىدە چىققان ئىختىلاپنى يوق قىلىپ، «قۇرئان كەرىم»نى ھەممە بىر خىل قىرائەت ۋە بىر خىل شۇئىدە ئوقۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتى بىلەن ئۇنى بىرلا قۇرەيش شۇئىسىدە نۇسخىلاندۇرۇپ، ھەرقايسى ئىسلام ئەللىرىگە بىر نۇسخىدىن ئەۋەتكەن.

### ◈ «قۇرئان كەرىم»نى نۇسخىلاندۇرۇش ئۇسۇلى

«قۇرئان كەرىم»نى نۇسخىلاش ئىشىنى «ۋەھيى كاتىبلىرى كومىتېتى»نىڭ رەئىسى زەيد ئىبنى سابىت، ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير، سەئىد ئىبنى ئاس، ئابدۇراھمان ئىبنى ھارىس قاتارلىق قارىي ساھابىلەر ئۈستىگە ئالغان. «قۇرئان كەرىم»نى نۇسخىلاندۇرۇشقا بەلگىلەنگەنلەر بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا توپلانغان «قۇرئان كەرىم» نۇسخىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدىن سوراپ ئېلىپ كېلىپ، نۇسخىلارنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇشۇ نۇسخىسىغا ئاساسلىنىپ نۇسخىلاندۇرغان، ئاندىن ئەسلى نۇسخىنى يەنە ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قايتۇرۇپ بېرىپ، يېڭى نۇسخىلاردىن بىرىنى خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىپ قالغانلىرىنى ئىسلام ئەللىرىدىن ھەر بىرىگە بىر نۇسخىدىن بىر قارى بىلەن قوشۇپ ئەۋەتىپ بەرگەن ۋە ھەر جايدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇشۇ نۇسخىسىنى ئوقۇش توغرۇلۇق مەخسۇس پەرمان چىقارغان. ئاندىن مۇشۇ قېتىم نۇسخىلارغا كۆپەيتكەندىن باشقا قۇرئان دەپ سانالغانلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان.

ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا نۇسخىلاندۇرۇلغان «قۇرئان كەرىم» زامانىمىزدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئوقۇلۇۋاتقان «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆزىدۇر. بۇ نۇسخا «مۇسھەف ئوسمانى» (ئوسمانىي قۇرئان) دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا كۆپەيتىلگەن «قۇرئان كەرىم» نۇسخىلىرى بەش ئىدى دېگەنلەرمۇ ۋە ئالتە ئىدى دېگەنلەرمۇ بار. ئەمما خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مىسىر، بەھرەين، يەمەن، مەككە، بەسرە قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ھەربىرىگە بىردىن «قۇرئان كەرىم»نى بىردىن قارى بىلەن قوشۇپ ئەۋەتكەنلىكى ئېنىق.

### ◈ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زامانىدىكى قۇرئاننىڭ قوليازما نۇسخىلىرى

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا نۇسخىلارغا كۆپەيتىلىپ، ھەرقايسى ئىسلام ئەللىرىگە ئەۋەتىلگەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەسلى نۇسخىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوقاپ كەتكەن. ئەمما شۇ ۋاقىتتىكى قوليازما نۇسخىلاردىن بىرى ھازىر مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە، يەنە بىرى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدىكى توپقاپى سارىيى «مۇقەددەس ئامانەتلەر مۇزېيى»دە، يەنە بىر نۇسخىسى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى «مۇسۇلمانلار ئىدارىسى»نىڭ كۇتۇپخانىسىدا، تامغا ئورنىتىلغان مەخسۇس ئەينەك ساندۇقتا ساقلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم.

# تەرجىمە قىلغۇچى ھەققىدە

ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن 1968- يىلى 10- فېۋرال كۈنى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كېرىيە ناھىيىسىدە ئىلىم-مەرىپەتلىك ئائىلە — مۇھەممەد تۇرسۇن ھاجىم ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ھۆكۈمەت مەكتىپىگە كىچىك يېشىدىلا ئوقۇشقا كىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەھەللىدىكى يوشۇرۇن مەدرىسىدە ئاخشاملىرى «قۇرئان كەرىم»نى يادلاشقا باشلىغان.

1985- يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈش بىلەن بىرگە، قارىلىقنىمۇ تولۇق تۈگەتكەن. شۇ يىلى رامىزان ئېيىدا ئۇ كېرىيە ناھىيىسىنىڭ چوڭ جامەسىدە تۇنجى خەتمىنى ئۆتكەندە، كېرىيە خەلقىنىڭ زور ئالقىشىغا ۋە كاتتا ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئىدى. ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن، شۇنىڭدىن كېيىن بىر يىلغا يېقىن ئەرەب تىلى ئۆگەندى. 1986 - يىلى ئۇنى ئاتىسى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بارىدىغان ھاجىلارغا قېتىپ قويدى ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىپ ھەج پائالىيەتلىرىنى تۈگىتىپ، مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىگە ئوقۇشقا بارغان ۋە ئىككى ئايلىق ئەرەب تىلى كۇرسىدىن كېيىن، ئەزھەر ئىنىستىتۇتىنىڭ بىرىنچى سىنىپىغا ئىمتىھان بېرىپ ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتكەن. تۆت يىللىق ئىنىستىتۇتنى مۇسابىقە ئارقىلىق ئۈچ يىلدا تۈگىتىپ، 1989- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرىئەت ۋە قانۇن فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا چۈشكەن.

1993 - يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، تۈركىيىدە بىر يىل ئەرەب تىلى ۋە «قۇرئان كەرىم» ئۆگىتىشتىن مۇئەللىم بولغان. 1995- يىلى فېۋرال ئېيىدا ئۇ قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئىسىك شەھىرىگە كېلىپ ئۇ جايدىكى «قازاق-تۈرك ئىنىستىتۇتى» دا ئەرەب تىلىدىن مۇئەللىم بولۇپ ئىشلەشكە باشلىدى. بۇ جەرياندا ئۇ بىر تەرەپتىن قازاقىستاننىڭ جۇمھۇرىيەتلىك گېزىتلىرىدىن «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىدە دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن «ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى»، «ناماز ئوقۇش قائىدىسى»، «ئىسلام ئەقىدىلىرى»، «زاكات كىتابى»، «روزا ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى» قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپ چىقىپ نەشر قىلدۇردى. قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئۇنىڭ ماقالىلىرىنى ۋە كىتابلىرىنى قىزىقىپ ئوقۇيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ماقالىلىرىنى ۋە بەزى كىتابلىرىنى قازاق قېرىنداشلار قازاقچىغا تەرجىمە قىلىپ «شافاغات نۇر» دېگەن ئايلىق قازاقچە ژۇرنالدا يىللارچە ئېلان قىلغان ئىدى. چۈنكى ئۇ 70 يىل دىنسىزلىق ھۆكۈم سۈرگەن بىر مەملىكەتتە، يىللاردىن بېرى كوممۇنىزم بىلەن سوتسىيالىزمنى ۋە دىنسىزلىقنى تەشۋىق قىلىپ كەلگەن گېزىتلەردە تۇنجى بولۇپ «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دەپ ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن دىنى ماقالە يازغان، كىشىلەرگە دىنىنى ئۆگەتكەن ئىدى.

ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن 2001- يىلىغىچە قازاقىستاندا ئەنە شۇنداق بىر تەرەپتىن ئوقۇتۇش ۋە يېزىش، يەنە بىر تەرەپتىن خەلققە دىنىنى توغرا يوسۇندا يەتكۈزۈش بىلەن شۇغۇللاندى. شۇ يىلى ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتىنىڭ مەخسۇس تەكلىپى بىلەن

سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ، سەئۇدى ئەرەبىستان دۆلەت رادىيوسى تەركىبىدىكى ئۇيغۇر بۆلۈمىدە دىكتور بولۇپ ئىشلەشكە باشلىدى. 2005 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن سەئۇدى ئەرەبىستان رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

### ◈ ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇننىڭ ئەسەرلىرى توغرۇلۇق قىسقىچە مەلۇمات

ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە كىتاب يېزىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇ تۇنجى بولۇپ، «ئىككى دۇنيا سائادىتى» ناملىق بىر كىتابچە يازغان ۋە ئۇنى ۋەتەنگە قېرىنداشلىرىغا ئەۋەتىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇلار نۇسخىلارغا كۆپەيتىپ ئوقۇپ پايدىلانغان. ھازىر بۇ ئەسەر قولىيازما ھالىتىدە ساقلىنىپ تۇرماقتا.

### ◈ ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇننىڭ پىكىر- قارىشى

ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن دىنىي جەھەتتە ئوتتۇراھاللىقنى ئاساس قىلغان ئىلغار پىكىر-قاراشقا ئىگە بولۇپ، رادىكاللىقتىن ۋە چەكلىك مۇھىت تەسىرىدىن ئەلۋەتتە يىراقتۇر.

تىنىمسىز ئىزدىنىش روھىغا ئىگە ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن ھازىرغىچە 20 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يازغاننىڭ سىرتىدا، ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا 10 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭ ھەر قايسى گېزىت-ژۇرناللاردا ۋە ئىنېرنېت تورلىرىدا ئېلان قىلغان ماقالىلىرى 200 پارچىدىن ئاشىدۇ، 150 پارچىدىن كۆپرەك ئۇن ـ سىن سۆھبەت لېنتىلىرى تارقالغان . ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇننىڭ كىتابلىرى ئانا ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى يۇقىرى شۆھرەت تاپقان بولۇپ، ھەركىم ئۇنىڭ كىتابلىرىنى ئىزدەپ ۋە ئەزىزلەپ ئوقۇپ كەلمەكتە. ئانا ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلار مەككىگە بارغانلاردىن ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇننىڭ كىتابلىرىنى سورايدىكەن. ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە ئاۋۇستىرالىيە قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇننىڭ كىتابلىرى چىقمايدىغان بىرەرمۇ ئۆي يوق دېيەرلىك. ئۇنىڭ كىتابلىرى قازاقىستاندىمۇ كۆپ تارقىتىلدى. ئۇنىڭ كىتابلىرى ھەممە كىشى ئۈچۈن تولىمۇ ئاممىباب، چۈشىنىشلىك، تىلى راۋاندۇر. شۇڭا ھەركىم ئۇنىڭ كىتابلىرىنى قەدىرلەيدۇ.

ۋەتەن ئىچىدىكى ۋە چەتئەللەردىكى ئىلىم ئەھلىلىرى ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇننى ئۇيغۇر تارىخىدا ئەڭ كۆپ مول ھوسۇللۇق دىنىي زىيالىي دەپ باھالايدۇ. ئۇ ئىلغار پىكىرلىك ئۆلىما ۋە ئىسلامىي يازغۇچىدۇر.

تۆۋەندە ئۇنىڭ كىتابلىرىنى تونۇشتۇرىمىز:

1. «ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى» 1996- يىلى بىرىنچى نەشرى، ئىستانبۇل. 2002- يىلى ئىككىنچى نەشرى، ئىستانبۇل، 2010 - يىلى ئۈچىنچى نەشرى بەيرۇتتا، تۆتىنچى نەشرى 2013 - يىلى مىسىردا، كىرىل يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسى 2020- يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان.
2. «ئىسلام ئەقىدىلىرى» 1997- يىلى بىرىنچى نەشرى، ئالمۇتىدا، كىرىل يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، 1998- يىلى ئىككىنچى نەشرى قەشقەردە ئۇيغۇر تىلىدا، 2003 - يىلى ئۈچىنچى نەشرى ئالمۇتا قازاق تىلىدا، 2004- يىلى تۆتىنچى نەشرى ئىستانبۇلدا ئۇيغۇر تىلىدا، 2005 - يىلى ئالمۇتىدا كىرىل يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، 2006 - يىلى ئالمۇتىدا قازاق تىلىدا، 2008 - يىلى كىرىل يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، 2009 - يىلى يەنە كىرىل يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، 2010 - يىلى يەنە كىرىل يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، 2013 - يىلى ئالتىنچى نۇسخىسى مىسىردا ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان. روسچە نەشرى ھازىر ئالمۇتىدا يورۇق كۆرۈش ئالدىدا تۇرماقتا.
3. «ناماز ۋە ئۇنىڭ قائىدە - تەرتىپلىرى» بىرىنچى نەشرى 1998- يىلى ئالمۇتا كىرىل يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، ئىككىنچى نەشرى 2007 - يىلى ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىستانبۇلدا، ئۈچىنچى نەشرى 2008 - يىلى بەيرۇتتا، تۆتىنچى نەشرى 2013- يىلى بەيرۇتتا، بەشىنچى نەشرى 2017- يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.
4. «ناماز ھەققىدە ساۋات» 1998- كىرىل يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا بىرىنچى نەشرى ئالمۇتا، 2006 - يىلى ئىككىنچى نەشرى ئالمۇتا، 2008 - يىلى ئۈچىنچى نەشرى ئالمۇتا، تۆتىنچى نەشرى 2009 - يىلى ئالمۇتا، 2010 - يىلى بەشىنچى نەشرى ئالمۇتىدا ئالاھىدە رەڭلىك بېسىلدى. 2012 - 2013 - 2014 - 2016 - يىللىرى ئارقا - ئارقىدىن يەنە ئالمۇتىدا نەشر قىلىندى. 2020 - يىلى ئىستانبۇلدا ئۇيغۇر تىلىدا رەڭلىك نەشر قىلىنغان.
5. «روزا ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى» 1999 - يىلى ئالمۇتىدا بىرىنچى نەشرى كىرىل ۋە ئۇيغۇر يېزىقلىرىدا، 2004 - يىلى ئىستانبۇلدا ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان.
6. «دىنىمىزنىڭ ساپلىقىنى قوغدايلى» («يېڭى ھايات» ۋە «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرىنىڭ توپلىمى)، 1999 - يىلى بىرىنچى نەشرى ئالمۇتىدا ئۇيغۇر تىلىدا، ئىككىنچى نەشرى 2005- يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.
7. «زاكات كىتابى» 2003 - يىلى بىرىنچى نەشرى ئىستانبۇلدا ئۇيغۇر تىلىدا، 2018- يىلى ئىككىنچى نەشرى يەنە ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.
8. «دۇئا ۋە ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى» 2004 - يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.
9. «ئىلاھىي قورغان» بىرىنچى نەشرى 2005- يىلى ، ئىككىنچى نەشرى 2006 - يىلى، ئۈچىنچى نەشرى 2010- يىلى، ئىستانبۇلدا، تۆتىنچى نەشرى 2012 - يىلى بەيرۇتتا، بەشىنچى نەشرى 2013- ئىستانبۇلدا، ئالتىنچى نەشرى 2016 - يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.
10. «غەرب مەدەنىيىتى ۋە بىز» 2004- يىلى بىرىنچى نەشرى ئىستانبۇلدا ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان.
11. «ھەج ۋە ئۆمرە قوللانمىسى» 2005 - يىلى بىرىنچى نەشرى ئىستانبۇلدا، 2007 - يىلى ئىككىنچى نەشرى سەئۇدى ئەرەبىستان پايتەختى رىيازدا، 2009- يىلى ئۈچىنچى نەشرى ئالمۇتىدا كىرىل يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، تۆتىنچى نەشرى 2011- يىلى مەككىدە، بەشىنچى نەشرى 2017- يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

12. «ئىسلامدىكى ھارام ۋە چەكلەنگەن ئىشلار» بىرىنچى نەشرى 2009 - يىلى ئىستانبۇلدا ئۇيغۇر تىلىدا، ئىككىنچى نەشرى 2010 - يىلى ئالمۇتىدا كىرىل يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، ئۈچىنچى نەشرى 2010 - يىلى بەيرۇتتا، تۆتىنچى نەشرى 2013 - يىلى ئىستانبۇلدا، بەشىنچى نەشرى 2017 - يىلى ئىستانبۇلدا ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان.
13. «بەش پەرز ۋە ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى» 6 كىتابنىڭ توپلىمى بولۇپ، 2009 - يىلى بەيرۇتتا قاتتىق مۇقاۋىلىق قىلىپ نەشر قىلىنغان.
14. «ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن دىنىي ساۋات» بىرىنچى نەشرى 2009 - يىلى بەيرۇتتا، ئىككىنچى نەشرى 2012 - يىلى بەيرۇتتا، ئۈچىنچى نەشرى 2013 - يىلى ئىستانبۇلدا، تۆتىنچى نەشرى 2020 - يىلى كىرىل يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان.
15. «دىن ۋە ھايات (1600 سوئالغا جاۋاب)» 2009 - يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان.
16. «دىن ۋە ھايات (2000 سوئالغا جاۋاب)» بىرىنچى ۋە ئىككىنچى نەشرى 2010 - يىلى، ئۈچىنچى نەشرى 2011 - يىلى بەيرۇتتا، ئۈچىنچى نەشرىنىڭ كىرىل يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسى2013 - يىلى ئالمۇتىدا، تۆتىنچى نەشرى 2013 - يىلى قاھىرە ۋە بەيرۇتتا ئىككى تومluق نەشر قىلىنغان.
17. «ئىسلام ئەخلاقى» بىرىنچى نەشرى 2010 - يىلى بەيرۇتتا، ئىككىنچى نەشرى 2013 - يىلى مىسىردا نەشر قىلىنغان.
18. «ھەج بەدەل تىجارىتىنىڭ ھاراملىقى ھەققىدە ئوچۇق سۆز» بىرىنچى نەشرى 2012 - يىلى بەيرۇتتا، ئىككىنچى نەشرى 2013 - مەككىدە نەشر قىلىنغان.
19. «پەرزەنتلىرىمىزنى قانداق تەربىيەلەيمىز؟» بىرىنچى نەشرى 2013 - يىلى بەيرۇتتا، ئىككىنچى نەشرى 2013 - يىلى قاھىرەدە، ئۈچىنچى نەشرى 2018 - يىلى كىرىل يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان.
20. «مانا بۇ ئىسلام» بىرىنچى نەشرى2013 - يىلى قاھىرەدە نەشر قىلىنغان.
21. «ئىسلام دىنىدىن ساۋات» 2017 - يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.
22. «بەخت - سائادەتنىڭ 40 رېتسېپى» ئۇيغۇرچە نۇسخىسى2017 - يىلى ئىستانبۇلدا، تۈركچە تەرجىمىسى 2018 - يىلى ئىستانبۇلدا، كىرىل يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسى 2019 - يىلى ئالمۇتىدا، رەڭلىك ئالاھىدە نۇسخىسى 2020 - يىلى يەنە ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان.
23. «قەلەم ئىلھاملىرى» (ماقالىلار توپلىمى)، 1-2- توملىرى. بىرىنچى نەشرى 2018 - يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.
24. «قۇرئان كەرىم قانداق كىتاب» بىرىنچى نەشرى 2018 - يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.
25. «ئازغۇن پىرقىلەر» بىرىنچى نەشرى 2018 - يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.
26. «ئەڭگۈشتەر (مۇئمىنىنىڭ ھەمراھى)» بىرىنچى نەشرى 2019 - يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.
27. «ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈڭ» بىرىنچى نەشرى 2020 - يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.
28. «ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى» بىرىنچى نەشرى 2021 - يىلى، ئىككىنچى نەشرى 2022 - يىلى ئىستانبۇلدا، ئۈچىنچى نەشرى 2022 - يىلى ئالمۇتىدا كىرىل يېزىقىدا نەشر قىلىنغان. (تۈركچە تەرجىمىسى يېقىندا نەشردىن چىقىدۇ).
29. «تەپسىر جەۋھەرلىرى» 10 توم، نەشر قىلىنىش ئالدىدا.

## ◈ نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئەسەرلىرى:

1. «قۇرئان ئوقۇش قائىدىلىرى».
2. «غۇربەتتىكى ياشلىق» (شېئىرلار توپلىمى).
3. «يۈرەك سىرى» (شېئىرلار توپلىمى).
4. «قۇرئان كەرىم بىزنىڭ نىجات يولىمىزدۇر».
5. «قەلەم ئىلھاملىرى» (ماقالىلار توپلىمى) 3-4- توملىرى.

## ◈ ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان ئەسەرلىرى:

1. «قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى».
2. «تەپسىرى مۇيەسسەر»نىڭ تەرجىمىسى.
3. «ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي ماقالىلار توپلىمى». ئاپتورى: سەئۇدى ئەرەبىستان ئۆلىمالىرى.
4. «قۇرئاندىكى دىنلار» ئاپتورى: دوكتور مەھمۇد شەرىف.
5. «ھەقىقەتنىڭ ئېلانى». ئاپتورى: ئەللامە رەھمەتۇللا ھىندى.
6. «تەۋھىد كىتابى». ئاپتورى: سالىھ ئەلفەۋزان.
7. «توغرا ئەقىدە». ئاپتورى: ئەللامە ئىبنى باز.
8. «ئىمان ئاساسلىرىنىڭ شەرھى». ئاپتورى مۇھەممەد سالىھ ئەل ئۇسەيمىن.
9. «ئەھلى سۈننەتنىڭ يولى». ئاپتورى: ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب.
10. «خىرىستىيان دىنىنىڭ ئەسلى ۋە بۈگۈنى». ئاپتورى: ئەللامە مۇھەممەد ئابدۇللاھ سەھىم.
11. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇش كەيپىيتى». ئاپتورى: مۇھەممەد ئىبنى ناسىرۇددىن ئەلبانى.
12. «بەختلىك ھايات يوللىرى» ئەللامە ئابدۇراھمان ناسىر ئەل سەئدى.
13. «مۇسۇلمانلارغا مۇھىم تەلىماتلار». ئاپتورى: ئىبنى باز.
14. «نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىشنىڭ 33 ئامىلى». ئاپتورى: مۇھەممەد سالىھ ئەل مۇنەججىد.

— نەشرىياتتىن